شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

باش مۇھەررىر : ھاپىز سىيىت

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

حقوق الطبع محفوظة

## ئون سەككىزىنچى قىسىم

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## I باب

## پىلان - ستاتىستىكا

### 1§. پىلان باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى (مەمۇرىي مەھكىمە) پىلان باشقۇرىدىغان مەخسۇس تارماق ياكى ئاپپارات تەسىس قىلمىدى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 9- ئايدىن كېيىن مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىدە ئۈچ بۆلۈم تەسىس قىلىندى، ئىقتىساد ۋە پىلانغا ئائىت ئىشلارغا قۇرۇلۇش بۆلۈمى مەسئۇل بولىدى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ ئىقتىسادى پۈتۈنلەي بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان بىكىنمە ھالەتتىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ناتۇرا ئىگىلىك ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پىلانلىق باشقۇرۇش بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە يولغا قويۇلدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

1. ئاپپاراتلار

1953- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسىدە مالىيە- ئىقتىساد پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇ ئىسمى بار، جىسمى يوق ئاپپارات ئىدى. 1954- يىلى، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1957- يىل 4- ئايدا، مالىيە - ئىقتىساد - پىلان كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى، مۇئاۋىن ۋالىي خەن تەيخې قوشۇمچە مۇدىر، قادىر ئاسىپ 1- مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. يەنە بىر قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى. 1963- يىل 11- ئايدا، پىلان كومىتېتىنىڭ نامى ۋىلايەتلىك مالىيە - ئىقتىساد - پىلان كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىقتىسادىي خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىي قوشۇمچە مۇدىر بولدى. 1966- يىلى، بۇ كومىتېتنىڭ نامى يەنە ۋىلايەتلىك ئىقتىساد- پىلان كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتنىڭ مالىيە، باھا، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئەمگەك- مائاش ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تەقسىملەش خىزمەتلىرىنى باشقۇردى. 1969- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قارمىقىدىكى ئۇنىۋېرسال گورۇپپا پىلان، ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1974- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى. 1990- يىلىدىكى شتاتى 19.

### 2. پىلان، شتات

ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى ۋىلايەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق باشقۇردى، پىلان كومىتېتى باشتىن- ئاخىر («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى 1967-، 1968- يىللىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، چۈنكى شۇ يىللاردا پىلان ئاپپاراتى پالەچ ئىدى) «بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ يىللىق پىلانى» نى تۈزدى ھەمدە ۋىلايەتنىڭ 2- بەش يىللىقتىن 7- بەش يىللىققىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. پىلان ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى، يەنى: سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە پىلانى، مالىيە كىرىم- چىقىمى پىلانى، نوپۇس، ئەمگەك، مائاش پىلانى، ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پىلانى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزۈشتە، ۋىلايەتكە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىك پىلان كومىتېتلىرى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش كۆرسەتكۈچلىرىنى ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىغا يوللىسا، پىلان كومىتېتى يۇقىرى چۈشۈرۈپ بەرگەن كۆرسەتكۈچلەرگە ئاساسەن تەڭشەپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھۆججەت شەكىللەندۈرۈپ، تۆۋەننىڭ ئىجراسىغا چۈشۈردى. ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ يوللىغان ئىلتىماسى بويىچە، پىلان كومىتېتى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭشەپ، ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە تەستىقلاپ چۈشۈردى. باشقا پىلانلارنىمۇ مەسئۇل تارماقلارنىڭ تۈزۈپ يوللىغان پىلانىغا ئاساسەن، پىلان كومىتېتى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭشەپ تەستىقلاپ چۈشۈردى. 1966 – 1970 - يىلغىچە بولغان 3- بەش يىللىق پىلانىنى تۈزگەندە «سولچىل» خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن، دېھقانچىلىقتا سۇ، تۇپراق ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلماي، «كۆلەمنى كېڭەيتىش بىلەن بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىر « ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» تەرەپلىمە تەكىتلەندى، ئوتلاقلار بۇزۇۋېتىلىپ، بوز يەر ئېچىلدى، نەتىجىدە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تەسىرگە ئۇچراپلا قالماي، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئاستىلىدى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى 6 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ 7- بەش يىللىق پىلان» پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. 7 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈشتىكى مۇھىم ئاساسلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇمۇل ۋىلايىتىدە «ئۈچنى بىر قاتلاش» (سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1980- يىلدىكىدىن بىر قاتلاش، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنى 1980- يىلدىكىدىن بىر قاتلاش، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى 1980- يىلدىكىدىن 2.1 قاتلاش) ئىشقا ئېشىپ، تارىختىكى ئۈچ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى (سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتىدە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 12.8%؛ مالىيە كىرىمى تۇنجى 40 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 12%؛ تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىدىمۇ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 9.8% تىن ئېشىپ ماڭدى). بۇ نەتىجىلەر 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ياخشى ئاساس سالدى.

### 2. پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

پىلانلىق ئىگىلىك 1950 – 1990 - يىلغىچە بولغان 41 يىل جەريانىدا، ئۈچ يىل ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۈچ يىل ئىقتىسادنى تەڭشەش ۋە يەتتە بەش يىللىق پىلانىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت توققۇز مەزگىلنى بېسىپ ئۆتتى. قۇمۇل ۋىلايىتى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى ۋە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن 2-

بەش يىللىق پىلاننى ئورۇندىيالمىغاندىن سىرت، قالغانلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. 41 يىلدىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.49% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.88%، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.39% ئاشتى.

1) ئۈچ يىللىق ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە 1- بەش يىللىق پىلان مەزگىلى

ئۈچ يىللىق ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950 — 1952). 1952- يىلدىكى تۇرغۇن باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1952- يىلى ۋىلايەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 385 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1949- يىلى 5 مىليون 13 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئۈچ يىل ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىكى 167.28% سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سۈرئىتى 18.71% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 14.08%، سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 83.14% بولدى؛ يىل ئاخىرىدىكى چارۋا 1949 – يىلى 362 مىڭ 300 تۇياق ئىدى، 1952 – يىلى 320 مىڭ 300 تۇياق بولدى، ئومۇمىي ئاشلىق 1949 – يىلى 10 مىليون 676 مىڭ 500 كىلوگرامغا، 1952 - يىلى 21 مىليون 594 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتتى، ئۈچ يىلدا ئاشلىق ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34.27% تىن ئاشتى. 1950- يىلى مالىيە كىرىمى 373 مىڭ يۈەن ئىدى، 1952- يىلى، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1952- يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 7 مىليون 23 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1- بەش يىللىق پىلان (1953 — 1957) مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى، باش ۋەزىپىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچلەرگە ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يىللىق پىلانلارنى تۈزۈپ چىقتى، پىلاندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مۇھىم نۇقتا قىلىندى. 1957- يىلى ۋىلايەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 448 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 936 مىڭ 600 يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 511 مىڭ 800 يۈەن بولدى. 1- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 162.46%، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى 158.71%، سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى 184.06% بولۇپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 10.19%، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى 9.68%، سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى 12.98% بولدى.

2) 2- بەش يىللىق پىلان بىلەن ئۈچ يىللىق تەڭشەش مەزگىلى

2- بەش يىللىق پىلان (1958 — 1962) مەزگىلىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش «سولچىل» لۇشيەن يۈرگۈزۈلۈپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «مۇلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى»، «كوممۇنىزمچىلىك»، «قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش» ئەۋجىگە چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زور تەسىرگە ئۇچرىدى. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنغاچقا، تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ مەھسۇلات زور مىقداردا كېمىيىپ كەتتى. 1957- يىلدىكى تۇرغۇن باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 11.82% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 5.65%، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 30.61% بولدى.

ئۈچ يىللىق تەڭشەش مەزگىلى (1963 — 1965) دە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەركىزىي كومىتېتنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇكسەلدۈرۈش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، «سولچىل» خاتالىقنى تۈزىتىپ، كۆپتۈرمىچىلىككە قارشى تۇرۇپ، يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» (ياخشى ئېرىق-ئۆستەڭ، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى يول، ياخشى ئاھالىلەر نۇقتىسى ) قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىدا يۇكسىلىش بولدى. ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى قۇمۇلنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئىقتىسادىي پىلان- كۆرسەتكۈچلەرنى تۈزۈپ چىقتى. 1962- يىلى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 261 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 712 مىڭ 700 يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 548 مىڭ 600 يۈەن بولدى. 1965- يىلى، ۋىلايەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 131 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 982 مىڭ 800 يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 148 مىڭ 600 يۈەن بولدى. ئۈچ يىللىق تەڭشەش مەزگىلىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 9.46% بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكنىڭ 11.84%، سانائەتنىڭ 5.3% بولدى.

3) 3- بەش يىللىق، 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى

3-، 4- بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1966 — 1975) دەل 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولۇپ، پىلان تارماقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىقتىساد، پىلاننى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئورۇنلاشتۇردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى چېكىدىن ئاشقان «سولچىل» پىكىر ئېقىمىنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى تۈزۈلگەن پىلانلار ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتتى، قارىغۇلارچە سۈرئەت قوغلىشىش بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىلمىدى. پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىدا، يەنە قاتتىق بۇيرۇقۋازلىق بولغاچقا، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىچكى نىسبىتى ئېغىر ھالدا بۇزۇۋېتىلدى، سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى گەرچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى؛ ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشقان بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر مىللەت كادىر، ئامما «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ چېكىدىن ئاشقان «سولچىل » لۇشيەنىگە ئاگاھلىق قارشى تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى مالىمانچىلىقتىمۇ تەرەققىي قىلىپ ماڭدى.

4) 5- بەش يىللىق پىلان مەزگىلى

5- بەش يىللىق پىلان (1976 — 1980) مەزگىلىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشتى، ساھەلەر قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشىدى، ئىقتىسادىي پىلان تەدرىجىي ئۆز يولغا چۈشتى، بولۇپمۇ 1978- يىلىدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ توغرا فاڭجېن، سىياسەتلىرى شەھەر، يېزىلاردا ئەمەلىيلىشىپ، توغرا شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلەشتى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلدى.

5) 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى

6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1981 — 1985) دە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىپ، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى، پىلان خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىنىپ، ماكرو جەھەتتە ۋاستىلىك تەڭشەش، تىزگىنلەش يولغا قويۇلدى، يەنى، بۇيرۇق

خاراكتېرلىك پىلان يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانغا ئۆزگەرتىلدى. كارخانىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۆز-ئۆزىگە خوجايىنلىق ھوقۇقى كېڭەيتىلدى، ئىقتىساد يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. 1985- يىلى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 192 مىليون 302 مىڭ 600 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980- يىلدىكىدىن 87.36% ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980- يىلدىكىدىن 50.6% ئاشتى؛ يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 36 مىليون 906 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى؛ ئاشلىق مەھسۇلاتى 1980- يىلدىكىدىن 11.19% ئېشىپ، ئاشلىقنىڭ بەش يىللىق ئېشىپ بېرىش نىسبىتى 0.75% بولدى؛ يىل ئاخىرىدىكى چارۋا 1980- يىلدىكىدىن 149 مىڭ 500 تۇياق كېمەيدى؛ مالىيە كىرىمى 44 مىليون 573 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980- يىلدىكى 25 مىليون 273 مىڭ يۈەندىن 76.37% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 209 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980- يىلدىكى 105 مىليون 550 مىڭ يۈەندىن 98.55% ئاشتى.

6) 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى

7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1986 — 1990) دە «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دا چىڭ تۇرۇلۇپ، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىندى، تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، «قومۇلنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ۋىلايەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئۇدا مۇقىم، ماس ھالدا تەرەققىي قىلدى. 1990- يىلى، سانائەت يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە (1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى كۆرسەتكۈچىنىڭ 100.4% ى ئورۇندالدى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 7- بەش يىللىق پىلانىنىڭ 101.46% ى ئورۇندالدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 7- بەش يىللىق پىلانىنىڭ 104.41% تى ئورۇندالدى؛ يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىدە 7- بەش يىللىق پىلانىنىڭ 107.13% ى ئورۇندالدى؛ مالىيە كىرىمى 67 مىليون 366 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 8.61% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 408 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 15.12% ئاشتى؛ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97%، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98%، رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى 81.1%، تېلېۋىزىيىنىڭ 76.3% بولدى؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 1000 نوپۇسقا 2.92 دوختۇر، 5.01 كارىۋات توغرا كەلدى.

قۇمىل ۋىلايىتى بويىچە 1978 — 1990 - يىلىغىچە مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 – 1

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | مىللىي دارامەت | يېزا ئىگىلىكى | سانائەت | بىناكارلىق | ترانسپورت، پوچتا | سودا، يېمەك- ئىچمەك كەسپى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 8814 | 3186 | 3999 | 337 | 153 | 1139 |
| 1980 | 7692 | 3266 | 2682 | 441 | 207 | 1096 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 16957 | 6476 | 5316 | 1856 | 459 | 2850 |
| 1986 | 18447 | 6230 | 6829 | 1464 | 489 | 3435 |
| 1987 | 23069 | 9315 | 7595 | 1489 | 807 | 3963 |
| 1988 | 30883 | 11706 | 11077 | 1722 | 804 | 5574 |
| 1989 | 32814 | 10451 | 13071 | 2091 | 829 | 6372 |
| 1990 | 36801 | 13064 | 13800 | 2255 | 903 | 6779 |

ئىزاھ: مۇتلەق سان (شۇ يىللىق باھا) بويىچە ھېسابلاندى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1978 – 1990 - يىلىغىچە بولغان ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

جەدۋەل: 18 – 2

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يېزا ئىگىلىكى | سانائەت | بىناكارلىق | ترانسپورت، پوچتا كەسپى | سودا، يېمەك-ئىچمەك كەسپى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 16068 | 4562 | 8639 | 1012 | 455 | 1400 |
| 1980 | 16103 | 4679 | 7007 | 1344 | 611 | 2462 |
| 1985 | 33816 | 9409 | 14656 | 4581 | 1498 | 3672 |
| 1986 | 36464 | 9206 | 17133 | 4624 | 1148 | 4353 |
| 1987 | 42839 | 12454 | 18894 | 4245 | 2023 | 5223 |
| 1988 | 54423 | 15795 | 24247 | 5164 | 2126 | 7091 |
| 1989 | 62298 | 14932 | 31117 | 5727 | 2390 | 8132 |
| 1990 | 70704 | 17732 | 34779 | 7125 | 2424 | 8644 |

ئىزاھ: مۇتلەق سان (شۇ يىللىق باھا) بويىچە ھېسابلاندى.

## 1985 – 1990 - يىللىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 – 3

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس (تۈمەن كىشى) | ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممەت (شۇ يىللىق باھا) | مىللىي دارامەت (شۇ يىللىق باھا) | ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (شۇ يىللىق باھا) | سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 38.71 | 33816 | 16957 | 20409 | 19230.26 |
| 1986 | 39.29 | 36464 | 18447 | 23502 | 21799.25 |
| 1987 | 39.56 | 42839 | 23069 | 28044 | 22642.94 |
| 1988 | 40.04 | 54423 | 30883 | 37105 | 25896.11 |
| 1989 | 40.44 | 62298 | 32814 | 40245 | 27447.40 |
| 1990 | 41.05 | 70704 | 36801 | 43796 | 30229.93 |

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1949 – 1990 - يىللىغىچە سانائەت يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

جەدۋەل: 18 – 4

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | | يىللار | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | جەمئىي | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى |
| 1949 | 501.31 | 481.08 | 20.23 | 1970 | 3762.14 | 2194.33 | 1567.81 |
| 1950 | 514.14 | 459.22 | 54.92 | 1971 | 4610.52 | 2551.11 | 2059.41 |
| 1951 | 586.68 | 503.23 | 65.45 | 1972 | 3699.79 | 2136.81 | 1562.98 |
| 1952 | 838.55 | 714.29 | 124.26 | 1973 | 4118.29 | 2180.09 | 1938.20 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2250.91 | 2306.59 | 4557.50 | 1974 | 159.65 | 848.96 | 1008.61 | 1953 |
| 3632.34 | 2441.69 | 6074.03 | 1975 | 147.95 | 1024.72 | 1172.67 | 1954 |
| 4956.13 | 2851.75 | 7807.88 | 1976 | 133.20 | 1047.82 | 1176.02 | 1955 |
| 5917.23 | 3381.32 | 9298.55 | 1977 | 191.01 | 1133.83 | 1324.84 | 1956 |
| 6501.17 | 4088 | 10589.17 | 1978 | 251.18 | 1196.66 | 1444.84 | 1957 |
| 6406.87 | 4346 | 10752.87 | 1979 | 495.27 | 1460.03 | 1955.30 | 1958 |
| 5956.25 | 4308 | 10264.25 | 1980 | 982.03 | 1791.59 | 2773.62 | 1959 |
| 6853.98 | 4844 | 11697.98 | 1981 | 1940.7 | 1558.78 | 3499.48 | 1960 |
| 7593.20 | 5379.96 | 12937.16 | 1982 | 617.03 | 1646.54 | 2263.57 | 1961 |
| 8815.28 | 6228.61 | 15043.89 | 1983 | 954.86 | 1571.27 | 2526.13 | 1962 |
| 10327.29 | 6802.45 | 17129.74 | 1984 | 782.73 | 1818.96 | 2601.69 | 1963 |
| 12742.39 | 6487.87 | 19230.26 | 1985 | 901.28 | 2063.98 | 2965.26 | 1964 |
| 15007.33 | 6791.92 | 21799.25 | 1986 | 1114.86 | 2198.28 | 3313.14 | 1965 |
| 15001.40 | 7641.54 | 22642.94 | 1987 | 1367.10 | 2288.16 | 3655.26 | 1966 |
| 17864.4 | 8031.71 | 25896.11 | 1988 | 1404.13 | 2150.25 | 3554.38 | 1967 |
| 20437.2 | 7010.20 | 27447.4 | 1989 | 1138.58 | 2015.12 | 3145.21 | 1968 |
| 22012.4 | 8217.53 | 30229.93 | 1990 | 1152.61 | 2107.65 | 3260.26 | 1969 |

ئىزاھ: ① 1949 — 1956 - يىلىغىچە بولغان سانلار 1952- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى،
② 1957 — 1970 - يىلىغىچە بولغان سانلار 1957- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.
③ 1971 — 1980 - يىلىغىچە بولغان سانلار 1970- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.
④ 1981 — 1990 - يىلىغىچە بولغان سانلار 1980- يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى،

#### 4. ئاساسىي قۇرۇلۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى 1950- يىلدىن باشلاپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سالدى. 1950 – 1990 - يىللىرىچە ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇقىم مۈلۈككە 417 مىليون 336 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 341 مىليون 920 مىڭ يۈەن. 1950 – 1960- يىللىرىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 21 مىليون 926 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 11 مىليون 25 مىڭ يۈەن، پۈتتۈرۈلگەن ئاساسىي تۈرلەر — قۇمۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ سۇ ئامبىرى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئىتتىپاق سۇ ئامبىرى ۋە ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتى، خۇرۇم زاۋۇتى، كىيىم – كېچەك زاۋۇتى ھەمدە قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، قۇمۇل ناھىيىلىك كۆمۈر كان ۋە رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1961 – 1970- يىللىرىچە، مۇقىم مۈلۈككە جەمئىي 34 مىليون 846 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 31 مىليون 615 مىڭ يۈەن. قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلۈق قوشماق سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، بوغاز سۇ ئامبىرى ھەم ئۆستىڭى، قارادۆۋە سۇ ئامبىرى، ئاراتۈرۈك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەر پۈتكۈزۈلدى.

1971 – 1977- يىللىرىچە، مۇقىم مۈلۈككە جەمئىي 65 مىليون 795 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 40 مىليون 270 مىڭ 100 يۈەن. قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلۈق ئۇلاتاي سۇ باشلاش ئۆستىڭى، قارادۆۋە ئاقتېرەك ئۆستىڭى، تاشۆيلۈق قوشماق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تاشۆيلۈق خوتۇنتام ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە تۆرۈك سۇ ئامبىرى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيە چوڭ شىمكو (ئىگەرتاش) سۇ ئامبىرى، نوم غول ئۆستىڭى ھەم شەرقىي، غەربىي تارماق ئۆستەڭلەر، جەنۇبىي قىرغاق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى؛ باركۆل كۆڭگىرەك غول سۇ ئامبىرى، شەرقىي قارىغول سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ئۈچكۆل سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەر پۈتكۈزۈلدى.

4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1971 – 1975 )، سانائەتتە ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى ۋە باركۆل ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ئىش باشلىدى؛ باركۆل كۆمۈر كانىنىڭ 21- نومۇرلۇق قۇدۇقى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى.

1978 – 1985- يىللىرىچە، مۇقىم مۈلۈككە جەمئىي 168 مىليون 511 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 133 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاساسلىق تۆۋەندىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتكۈزۈلدى: قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز ئېلېكتر ئىستانسىسى، غەربىتاغ بەكتىغول ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىر يېزىسى تاملىق سۇ ئامبىرى، باي سۇ ئامبىرى، ئاداق ئۆستىڭى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، نېرىنكىر، تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئىشخانا قۇرۇلۇشى، تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئۈستى يېپىق قوتان قۇرۇلۇشى؛ باركۆل ناھىيە 2- ئۆستەڭ سۇ ئامبىرى، قاراغول ئېلېكتر ئىستانسىسى، خۇگەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئۈستى يېپىق قوتان قۇرۇلۇشى ۋە قۇدۇقلىرى؛ ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى. سانائەتتە، 5- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1976 — 1980)

پۈتكۈزۈلگەن ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار: قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى، ياغاچ سايمان زاۋۇتى، تۇزچىلىق مەيدانى، سۇلياۋ زاۋۇتى، قەغەز يەشىك زاۋۇتى؛ باركۆل ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2- قارارلىق قۇرۇلۇشى، 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ناھىيىلىك كۆمۈر كانىنىڭ 24- نومۇرلۇق قۇدۇقى قاتارلىقلار. 6- بەش يىللىق پىلان (1981 – 1985 ) مەزگىلىدە ۋىلايەتتىكى نۇرغۇن زاۋۇت، كارخانىلار كېڭەيتىپ قۇرۇلدى، ئاساسلىقى: ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك چىقىرىش ئىقتىدارىنى 24 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى؛ ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 44 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ يىللىق پولات تاۋلاش ئىقتىدارىنى 7707 توننىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ يىللىق چويۇن قۇيۇش ئىقتىدارىنى 500 توننىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ يىللىق زاپچاس قۇيۇش ئىقتىدارىنى 250 توننىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، يەتتە قۇدۇق تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ يىللىق تۇز چىقىرىش ئىقتىدارىنى 136 مىڭ 900 توننىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا باركۆل ناھىيىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىڭ توننىلىق سېمونت زاۋۇتى، يىللىق مەھسۇلاتى 1000 توننىلىق شۇلتا زاۋۇتى ۋە ناھىيىلىك خۇرۇم زاۋۇتى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كۆمۈر كانى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىقلار.

1986 – 1990- يىلىغىچە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 126 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سانائەتتە مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 30 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىشقا ۋە يېنىك توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ئىشلىتىلدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

1950 – 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەتنىڭ سودا، ئاشلىق ۋە تاشقى سودا ساھەلىرىدە تاماملانغان ئاساسلىق تۈرلەر: ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتىنىڭ بىناسى، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بىرلەشمە ئىشخانا بىناسى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار 1- سودا سارىيى، سودا مەركىزى، شەرقىي يېڭى بازار، قۇمۇل مېھمانخانىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپىراتىپى تىجارەت بىناسى؛ باركۆل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى، يېمەكلىك ماگىزىنى، توڭ ئىسكىلاتى، تۈرلۈك ماللار ئىسكىلاتى، باركۆل ناھىيىلىك مېھمانخانا. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە تارماقلىرى تاماملىغان ئاساسلىق تۈرلەر: ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن، كۆتۈپخانا، مەركىزىي بالىلار باغچىسى، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى ۋە رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىقلار؛ قۇمۇل شەھەرلىك 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6- ئوتتۇرا مەكتەپلەر، 2-، 4- باشلانغۇچ مەكتەپ، قارادۆۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپ، لاپچۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، پالۋانتۇر ئوتتۇرا مەكتەپ؛ ئاراتۈرۈك ناھىيە تىياتىر- كىنوخانىسى، مەدەنىيەت يۇرتى، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى؛ باركۆل ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى بىناسى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كىتابخانا بىناسى، باركۆل ناھىيىلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك كىنوخانا ۋە تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى قاتارلىقلار.

شەھەرنىڭ ئاممىۋى ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىقى: يول، ئۆلتۈراق ئۆي، تۇرۇبا سۇيى زاۋۇتى قاتارلىق تۈرلەر ئىشلەندى.

## 1978 – 1990- يىللىقچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 – 5

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار | | | | | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار | | | شەھەر، يېزىلاردىكى شەخسلەر | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئاساسىي قۇرۇلۇش | يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش | تاۋار ئۆي | باشقىلار | جەمئىي | شەھەر، بازار | يېزا | جەمئىي | شەھەر، بازار | يېزا |
| 1978 | 1210 | 1152 | 1152 | | | | 8 | 8 | | 50 | | 50 |
| 1979 | 1091 | 1029 | 1029 | | | | 2 | 2 | | 60 | | 60 |
| 1980 | 1594 | 1460 | 1379 | 81 | | | 54 | 54 | | 80 | | 80 |
| 1981 | 1306 | 1148 | 1001 | 147 | | | 58 | 58 | | 100 | | 100 |
| 1982 | 2084 | 1851 | 1677 | 174 | | | 33 | 33 | | 200 | | 200 |
| 1983 | 2563 | 2174 | 1474 | 512 | | 188 | 127 | 22 | 105 | 262 | 61 | 201 |
| 1984 | 3185 | 2731 | 2095 | 369 | | 267 | 151 | 53 | 98 | 303 | | 303 |
| 1985 | 5907 | 5000 | 3621 | 757 | | 602 | 370 | 118 | 252 | 537 | 50 | 487 |
| 1986 | 5459 | 4078 | 2184 | 1726 | | 168 | 1010 | 468 | 542 | 371 | 70 | 301 |
| 1987 | 5269 | 4497 | 2318 | 2071 | | 108 | 376 | 256 | 120 | 396 | 157 | 239 |
| 1988 | 7556 | 6259 | 2224 | 3957 | | 78 | 910 | 861 | 43 | 393 | 192 | 201 |
| 1989 | 8524 | 5702 | 2527 | 3175 | | | 2495 | 2400 | 95 | 327 | 208 | 119 |
| 1990 | 9619 | 6318 | 3368 | 2918 | 32 | | 2586 | 1782 | 804 | 715 | 305 | 410 |

## §2. ئومۇملاشتۇرۇپ ستاتىستىكىلاش خىزمىتى

### 1. ستاتىستىكا ئاپپاراتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ستاتىستىكا خىزمىتى ئالاقىدار تارماقلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ بېرىلدى. 1953- يىلى، ۋىلايەتتە مالىيە، ئىقتىساد، پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى. 1954- يىلى، ۋىلايەتلىك پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1959- يىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكا بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ستاتىستىكا خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1969- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى تەۋەلىكىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1980- يىلى ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1984- يىلدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بىر مۇستەقىل تارمىقى بولۇپ قۇرۇلدى. 1985- يىلى، ناھىيىدىن يۇقىرى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ستاتىستىكا تارماقلىرىنىڭ شتاتى يۇقىرىغا، كەسپىي خىراجىتى دۆلەتكە يوللىنىپ، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى، مەمۇرىي خىراجەت، خادىملار يەنىلا يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

1990- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ستاتىستىكا ھېسابلاش پونكىتى قۇرۇلدى، مۇستەقىل كەسپىي ئورۇن بولۇپ قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

### 2. ستاتىستىكا دائىرىسى

ۋىلايەتنىڭ ستاتىستىكا تارمىقى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ ستاتىستىكا تارماقلىرى بېكىتكەن ستاتىستىكا دائىرىسى، ئۇسۇلى، تۈزۈمى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى، ماددىي ئەشيا، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئەمگەك، مائاش قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى قەرەللىك ستاتىستىكىلاپ يۇقىرىغا يوللىدى. 1985- يىلى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ھېسابلاشنى باشلىدى؛ مەسئۇل تارماقلارنىڭ يۇقىرىغا يوللايدىغانلىرىدىن نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، يېزا- بازار كارخانىلىرى، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، ھاۋارايى، خەلق ئىشلىرى، ئەدلىيە قاتارلىق كەسپىي ستاتىستىكا جەدۋەللىرى بولۇپ، ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق تۈرلەر بويىچە يۇقىرىغا يوللىدى، مەسئۇل تارماقلار ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى يۇقىرىغا يوللاش بىلەن بىرگە تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا تارمىقىغا سۇندى.

مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ۋە بىڭتۇەن ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋەللىرى مەسئۇل تارماقلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىغا بىۋاستە يوللاندى.

### 3. دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم تەكشۈرۈشلەر

1953-، 1964- يىللىرى 1-، 2- قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1977- يىلى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان

ئەمەلىي ئادەم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 1978- يىلى، پەن- تېخنىكا خادىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاندى، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 1982- يىلى 3- قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇس ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر ماتېرىياللار توپلىمى تۈزۈپ چىقىلدى. 1985- يىلى 2- قېتىملىق مەملىكەت بويىچە سانائەت ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، رايونلار ۋە جايلار بويىچە ئىككى خىل تەكشۈرۈش ماتېرىيالى توپلىمى تۈزۈپ چىقىلدى. 1987- يىلى، سېلىنما- ھاسىلات تەكشۈرۈلۈپ، سېلىنما- ھاسىلاتنىڭ ئاددىي تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەدۋىلى تۈزۈلدى. 1990- يىلى، مەملىكەتلىك 4- قېتىملىق نوپۇس ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 4- قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىنىڭ ماتېرىيال توپلىمىنى تۈزۈپ چىقىلدى.

### 4. ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى

1975- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا، ئەمگەك، مائاش، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى، قاتناش- ترانسپورت، باھا قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى ساقلىدى.

1975- يىلى، ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەن ئورۇنلىرى يەرلىككە قوشۇۋېتىلدى، 1975 – 1977 - يىلىغىچە، يەرلىكنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى ئەسلىدىكى بىڭتۈەن قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1982- يىلى، رايون ئىچىدىكى بىڭتۈەن ئورۇنلىرى يەرلىكتىن بۆلۈنۈپ چىقتى.

1984- يىلى، 1949 – 1984 - يىلىغىچە نوپۇس ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى رەتلەندى.

1990- يىلى، 1949 – 1990 - يىلىغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى رەتلەندى.

1990-يىلى، 1978 – 1990 - يىلىغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى رەتلەندى.

### 5. ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ستاتىستىكا خەۋەرلىشىش ئۇسكۈنىلىرى ۋە ھېسابلاش ۋاسىتىلىرىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 1984- يىلىدىن ئىلگىرى ئاساسلىقى چوت، قولدا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەنىدى. 1985- يىلى، M24، M240 تىپلىق ھېسابلاش ماشىنىسى سەپلەندى. 1990- يىلىدىكى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە خۇيپۇ 386، AST386 تىپلىق مىكرو كومپيۇتېر سەپلەندى، بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان تېلېفون ئورنىتىلىپ، يىراق مۇساپىلىك خەۋەرلىشىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى يوللىنىدىغان بولدى.

ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى يوللاشتا زور ياخشىلىنىش بولدى. 1964- يىلى «كۆيدۇرگۇ» تىپىدىكى فوتوتېلېگراف ئاپپاراتى سەپلەندى، 1976- يىلى 2- ئەۋلاد «كۆيدۇرگۇ» تىپىدىكى فوتوتېلېگراف ئاپپاراتى سەپلەندى، 1978- يىلى تۈلۈق شەكىلدىكى فوتوتېلېگراف ئاپپاراتى، 1985- يىلى يېزىق بىلەن سۈرەتنى تەڭ يوللىغىلى بولىدىغان فوتوتېلېگراف ئاپپاراتى سەپلەندى. 1990- يىلى، يىراق مۇساپىلىك خەۋەرلىشىش ئۇسكۈنىسى سېلىنىپ، يىراق مۇساپىلىك ئالاقىدە بىۋاسىتە كومپيۇتېر قوللىنىلىدىغان بولدى.

# II باب

# سودا۔ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## §1. ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، سودا بازارلىرىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى سودا۔ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، سودا۔ سانائەت ئورۇنلىرىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، سودا۔ سانائەت تىجارەت ئىشلىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاساسلىقى سودا۔ سانائەتچىلەرنى تىزىملاش، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنى كېڭەيتىپ، سودا۔ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتتى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، سودا۔ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى ۋە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت ئىككى مۇستەقىل تەشكىلاتقا ئايرىلدى. ئىككىنچى يىلى قىشتا، بۇ ئىككى ئۇيۇشما قايتا بىرلىشىپ بۇرۇنقى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، 1950- يىل 10- ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسىدە سودا۔ سانائەتچىلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ناھىيىلەردىمۇ سودا۔ سانائەتچىلەر بۆلۈمى كەينى۔ كەينىدىن قۇرۇلۇپ، سودا۔ سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1957- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سودا۔ سانائەتچىلەر بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1958- يىل 3- ئايدا، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سودا ئىشلىرى بۆلۈمى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. سودا ئىدارىسىدا بەش بۆلۈم، بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى، سودا۔ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئاساسلىق سودا۔ مەمۇرىيەت ـ باھا بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1959 – 1961 - يىللىرىچە، باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىسىدە بازار باھا كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت ھايەنكەشلىك، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، بازار باھاسىنى باشقۇرۇش، تىجارەت كىنىشكىلىرىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈزۈلۈنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى. 1962- يىلى باھاردا، سودا ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم، ئىشخانىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا مەمۇرىيىتى خىزمىتىنى ئىشخانا بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سودا ئىدارىسى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1974- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان سودا۔ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى. 1977- يىل 1- ئاينىڭ 28- كۈنى، ۋىلايەتلىك سودا۔ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، سودا ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1977 – 1978 - يىللىرى ئۈچ ناھىيە (قۇمۇل ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى) دە سودا۔ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1979- يىل 3- ئاينىڭ 23- كۈنى، ۋىلايەتلىك سودا۔ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى مۇستەقىل تەسىس قىلىندى. ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەر (قۇمۇل ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى،

باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى) دە ھەم تارانچى كان رايونىدا سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. 1980- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 13 ئاساسىي قاتلام سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ۋىلايەت بويىچە سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرى 84 كە يەتتى. 1984- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نامى ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىلى، ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسىدا ئىقتىسادىي توختام كېسىم ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، 1985- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى.

1991- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەر ۋە تارانچى كان رايونىدا بولۇپ، جەمئىي بەش سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى (ئىدارىسى) ۋە ئاپتونوم رايون تەسىس قىلغان بىر ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا كارخانىلارنى تىزىملاش بۆلۈمى، يەككە تىجارەتچىلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، توختام باشقۇرۇش بۆلۈمى، بازار باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش بۆلۈمى، قانۇن- تۈزۈم بۆلۈمى ۋە مەمۇرىي ئىشخانىدىن ئىبارەت ئالتە بۆلۈم، بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئىدارىلەردە بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى. باشقۇرۇش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، ۋەزىپىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ۋىلايەتنىڭ سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قوشۇنىمۇ زورىيىپ، 1979- يىلدىكى 66 كىشىدىن 1991- يىلدىكى 243 كىشىگە يەتتى. سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى بازار باشقۇرۇش، كارخانىلارنى رويخەتكە ئېلىش، ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش، تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش، ھايانكەشلەرگە زەربە بېرىش، ئوبوروت ساھەسىدىكى ناتوغرا كەيپىياتلارنى چەكلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

## §2. سودا- سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش

سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي خاراكتېردىكى سودا- سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت باشلاش، تىجارەت توختىتىش، بىرلىشىش، كەسىپ ئالماشتۇرۇش، يۆتكىلىش، ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى تىزىملاش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدى، كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق تىجارىتىنى قوغدىدى، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلىدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) دىكى باركۆل ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە 277 سودا- سانائەت ئورنى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، سودا- سانائەت ئورنى 152، قول سانائەت ئورنى 125 ئىكەن. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدە 92 سودا- سانائەتچى ئورنى بولۇپ، بۇنىڭ 47 سى سودا ئورنى، 45 ى قول سانائەت ئورنى ئىدى. شۇ يىلى 9- ئايدىن ئىلگىرى، قۇمۇل ناھىيىسىدە شىندۇڭ كۆمۈرچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى ۋە قۇمۇل چىراغ ئېلېكتر ئىستانسىسى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى بويىچە 19 كەسىپ، 236 ئورۇن، سودا ساھەسى بويىچە 17 كەسىپ، 270 ئورۇن بار ئىدى. 1949- يىل 9- ئاينىڭ 28- كۈنى، قۇمۇل بازىرىدا «28- سېنتەبىر» ئالتۇن بۇلاش دېلوسى يۈز بېرىپ، 508 سودا- سانائەت ئورنى زىيانغا ئۇچرىدى، 227 ئېغىز ئۆي كۆيدۈرۈۋېتىلدى، بىر قىسىم سودىگەرلەر كوچىلاردا يايمىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى، بازارلار چۆلدەرەپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سودا- سانائەت كارخانىلىرى تىزىمغا ئېلىندى،

خۇسۇسىي سودا- سانائەت ئورنى 1719 غا، كەسپكار 2127 گە، مەبلىغى 841 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئورنى 574، 877، مەبلىغى 264 مىليون 210 مىڭ يۈەن؛ سودا ئورنى 1140، 1250، مەبلىغى 577 مىليون 310 مىڭ يۈەن. تىجارەت ئىستىقبالى بولمىغان سودا- سانائەتچىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ كەسپى ئۆزگەرتىلدى، بەزىلىرىنىڭ تىجارىتى توختىتىلدى، بەزىلىرى قوشۇۋېتىلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى 101 ترانسپورت ئورنى، 69 ئۇن تارتىش، ياغ بېسىش ئورنى تىجارىتىنى توختىتىلدى ياكى كەسپىنى دېھقانچىلىققا ئۆزگەرتتى، ئۆز يۇرتى بېيجىڭغا كۆچۈپ كەتكەن يەرلىك مەھسۇلات، ملىچمال سودا ئورنى 73، يايما ئورنى 184، توكلاگچىلىق، رېمونتچىلىق، قاساپلىق، تىككۈچىلىك، گەزمالچىلىق ئورنى 33. باركۆل ناھىيىسىدە تىجارىتىنى توختاتقان، كەسپىنى ئۆزگەرتكەن ئورۇن 37، يېڭىدىن ئىش باشلىغان ئورۇن 30 نەچچە. تارانچى كۆمۈر كېنى 21 كۆمۈرچىلىك ئورنىنى كۆمۈرچىلىك شىركىتىگە قوشۇۋەتتى.

1955- يىلى، ھەر دەرىجىلىك سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، ۋىلايەتتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى تەمىنات- سودا ئورۇنلىرى ۋە خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەرنى تىزىملاپ، كىنىشكا تارقىتىپ بەردى. كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلگەن خۇسۇسىي سودا- سانائەت ئورنى 1188، بۇنىڭ ئىچىدە، قول ھۈنەرۋەنلىك ئورنى 528، سودا ئورنى 345، مۇلازىمەت ئورنى 127، يېمەك- ئىچمەك ئورنى 31، ترانسپورت ئورنى 15. سودا- سانائەت كارخانىلىرىدىن مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن قەتئىي شۇغۇللىنىش، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ئۇلتۇراق تىجارەتچىلەر، تۇراقسىز تىجارەتچىلەر، يايمىچىلار، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سىياسەت جەھەتتىكى چەك- چېگرىسىنى قاتتىق ئايرىش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ماي، پاختىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتىگە ئاساسەن نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى. 1956- يىلى، ۋىلايەت بويىچە قول سانائەت، خۇسۇسىي سودا- سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كارخانىلارنى تىزىملاش، باشقۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن توختىدى. 1971- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سودا كارخانىلىرى تىزىمغا ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىسى ۋە تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سودا كارخانىسى 37، ئادىمى 1817.

1978- يىلدىكى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، تىزىملاش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيدى، سودا- سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى تىجارەت خاراكتېرلىك تىزىملاشتىن تەدرىجىي كارخانا قانۇن ئىگىلىرىنى تىزىملاشقا ئۆتتى، باشقۇرۇش خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم مۇنتىزىملاشتى. باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىمۇ كۆنىسىدىن كۆپ خىللىشىپ، مەمۇرىي ئۇسۇل ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىن باشقا، يەنە ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، سودا- سانائەت كارخانىلىرى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىندى ھەم ساغلام تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەندى. 1991- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا تىزىملىتىپ رويخەتكە ئېلىنغان تۈرلۈك سودا- سانائەت كارخانىسى 2697 گە يېتىپ، 1980- يىلدىكىدىن 5·06 ھەسسە، كەسپكار 79 مىڭ 858 يېتىپ، 2·12 ھەسسە، مەبلىغى 1 مىليارد 107 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3.17 ھەسسە كۆپەيدى. 13 يىلدىن بۇيان، ۋىلايەتنىڭ كارخانىلارنى تىزىملاش- باشقۇرۇش خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىشلەندى. 1980 – 1981- يىللىرى، سانائەت ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ تىزىملاندى. 1981 – 1982- يىللىرى، سودا، يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەتچىلىك كەسپلىرى، قاتناش- ترانسپورت، بىناكارلىق كەسپلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تىزىملىنىپ، ئىقتىسادىي نوپۇس تۇرغۇزۇلدى. 1982- يىلى، «سودا- سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى»غا ئاساسەن، سودا- سانائەت كارخانىلىرىنى

ئومۇمىيۈزلۈك تىزىملاش، كىنىشكا بېگىلاش خىزمىتى ئىشلىنىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى، كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1988- يىل 7- ئاينىڭ 9- كۈنى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كارخانا قانۇنىي ئىگىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. سودا- سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ئادەتتىكى كارخانىلارنى تىزىملاشتىن قانۇنىي ئىگىلىرىنى تىزىملاشقا ئۆتتى، كارخانىلارنىڭ نامى، تىزىملاتقان مەبلىغى، نىزامنامىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، يىللىق تەكشۈرۈش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، كارخانا باشقۇرۇش قانۇن- تۈزۈم ئىزىغا سېلىندى. ئىككى دەرىجىلىك تەربىيىلەش تەدبىرى ئارقىلىق، كارخانا ئىگىلىرى «نىزام»، «تەپسىلىي قائىدە» نىڭ كونكرېت ماددىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نوقۇل ھالدىكى مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق باشقۇرۇشتىن مەمۇرىي، قانۇنىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي- ئىدىيىۋى تەربىيە ۋاستىلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇشقا ئۆتۈپ، قانۇنلىشىش، تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1989- يىلى، كارخانىلارنى قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، سودا- سانائەت قانۇنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىندى، بېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1987 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى 20 مىڭ 220 كارخانىنى قايتا تەكشۈردى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 454 كارخانىنى بىر تەرەپ قىلىپ، 109 مىڭ 800 يۈەن جەرىمانە قويدى. 1984 – 1991 - يىلىغىچە، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىش، كارخانا قۇرۇش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى، نامى بىلەن ئەمەلىيىتى ئۇيغۇن كەلمىگەن شىركەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

## §3. خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنى باشقۇرۇش

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يەككە قول سانائەت ئورنى 340 نەچچە، يەككە سودا ئورنى 300 ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى قول سانائەت ئورنى 230، ئاز سانلىق مىللەتلەر سودا ئورنى 100 دىن، خەنزۇلار سودا ئورنى 100 دىن ئاشاتتى؛ باركۆل ناھىيىسىدە ئاز كەم 100 سودا ئورنى، 105 قول سانائەت ئورنى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ «سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شەھەر- يېزىلارنىڭ ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش، تاۋار، مال سودىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، سىياسەت ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىنىپ، خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەرنىڭ سودا ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نورمال تىجارىتى ئارقىلىق سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى. تەرتىپكە سېلىش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق، 1952- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەتتىكى يەككە سودا- سانائەت ئورنى 1172 گە، كەسپكار 1618 گە، مەبلىغى 12 مىليارد 567 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە يەتتى. 1953- يىلى، مەركىزىي كومىتېت ئىككىنچى قېتىملىق سودا- سانائەت كەسپىنى تەڭشەش يوليورۇقىنى چۈشۈرۈپ، بەزى چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن، يەككە سودا- سانائەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى تەرەققىي قىلدى، 1952- يىلدىكىدىن 188 سودا - سانائەت ئورنى، 371 كەسپكار كۆپەيدى.

1956- يىلدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە، سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەرنى باشقۇرۇپ، «ئۇششاق تىجارەتچى، ئۇششاق ئېلىپ- ساتار، ئۇششاق قول سانائەتچىلەرنى ھەمكارلىشىش يولىغا سېلىش» بولدى. 6- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، ۋىلايەت بويىچە بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان يەككە سودا- سانائەت ئورنى 1114 كە، كەسىپكار 1130 غا، مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنلار ئومۇمىي سودا- سانائەت ئورنىنىڭ 95.4% ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يەككە قول سانائەت ئورنى 482، يەككە سودا ئورنى 1323، باشقا سودا – سانائەت ئورنى 308. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەن، سودا- سانائەت ئورنى ئىچىدە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانا 8، بىر تۇتاش ھېسابات قىلىدىغان قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى 11، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى ئالتە، ساتىراشلىق كوپېراتىپى بىر، ترانسپورت كوپېراتىپى ئىككى، ھەمكارلىق سودا ماگىزىنى ئۈچ، ھەمكارلىق تىجارەت گۇرۇپپىسى تۆت، سېتىش، ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى 40. 1958- يىلى، قول سانائەتچىلەر ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلدىن باشلاپ، 1958- يىلدىن بۇيان قۇرۇلغان ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردىن، قۇمۇل ناھىيىلىك تېرە- يۇڭ پىششىقلاش زاۋۇتىدىن باشقا كارخانىلارنىڭ مەبلىغى، ئۈسكۈنىلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇلۇپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1964- يىلى، شەھەر- يېزىلاردا «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، يەككە سودا- سانائەتنىڭ تەرەققىياتى چەكلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يەككە سودا- سانائەت ئىگىلىكى يېزىلاردا مەجبۇرىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، شەھەر- بازارلاردا ئاساسەن سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

1978- يىلدىكى، ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ رولىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قاتار سىياسەت- بەلگىلىمىلەرنى كەينى- كەينىدىن تۈزۈپ تارقاتتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەككە سودا- سانائەت كەسىپلىرى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، سودا، ماددىي ئەشيا، باج قاتارلىق تارماقلار خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن مەبلەغ، مال مەنبەسى، مەيدان، ئورۇن، باج، بازار باشقۇرۇش جەھەتلەردە قوللىدى ۋە قولايلىق يارىتىپ بەردى. سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى جەمئىيەتتىكى ھۈنىرى بار، تىجارەتتە ئېپى بار كىشىلەرنى سودا- سانائەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئىلھام بەردى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا قوبۇل قىلدى ۋە ئۇستىلار شاگىرت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، تېخنىكىلىق تەربىيىلىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك، پارچە سېتىش سودىلىرى، يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەتچىلىك، رېمونتچىلىق، ترانسپورت، ئۆي بېزەكچىلىك كەسىپلىرى تەرەققىي قىلدى. شەھەر، بازاردىكى يەككە سودا- سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەت سورۇنى ئۈچۈن شەھەر رايونىدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىلىپ، ئەنئەنىۋى يايمىچىلىق بازىرى ۋە تاۋار بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپ تەرەپتىن شارائىت ھازىرلاپ بېرىلگەچكە، يەككە سودا- سانائەت ئورنى 1979- يىلدىكى 28 دىن 1981- يىلى 588 گە كۆپەيدى. سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، شەھەر- يېزىلاردىكى سودا-

سانائەت كەسپىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1991- يىلى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- يېزىلاردىكى يەككە سودا- سانائەت ئورنى 6594 كە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 11.21 ھەسسە، كەسپكار 8487 گە يېتىپ 10 ھەسسە، تىزىملاتقان مەبلىغى 21 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.67 ھەسسە كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسىي كارخانا 14 بولۇپ، ياللانما ئىشچى 375 كە، تىزىملاتقان مەبلىغى 3 مىليون يۈەنگە، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، 28 شەخسلەر شېرىكلىشىپ قۇرغان كارخانا بولۇپ، كەسپكارى 142 گە، مەبلىغى 360 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شەھەر- يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ۋىلايەت بويىچە 5328 ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش ۋە جەمئىيەتتىكى بىكارچى يەككە تىجارەت يولىغا ماڭدى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ يۈكى يېنىكلىدى؛ 3651 دېھقان، چارۋىچى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى. 1979 – 1989 - يىلغىچە، يەككە سودا- سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار جەمئىي 34 مىليون 640 مىڭ يۈەن قىممەت ياراتتى، ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 145 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دۆلەتكە 14 مىليون 610 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى.

يەككە سودا- سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارەت تۈرلىرى ئازلىقتىن كۆپەيدى. 1990- يىلغا كەلگەندە، 100 خىلدىن ئاشتى، ئۆششاق قول سانائىتى، پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەتچىلىك، رېمونتچىلىق ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى ھۈنەر- سەنئەتتىن باشقا يەنە گۈزەل سەنئەت، تۈي- دۈكان بېزەكچىلىكى، مۇزىكىلىق چايخانا، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، كاراOK قاتارلىق يېڭى كەسىپلەر بارلىققا كەلدى، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى بېيىپ، 3- كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

## §4. سودا بازارلىرىنى باشقۇرۇش

1950- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، يايمىچىلىق سورۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى، يەتتە جاينى ئاجرىتىپ، مۇقىم بازار ئورنىنى شەكىللەندۈردى. ھۆكۈمەت بىر تۈتاش رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرغاچقا، بازار تەرتىپى ئىزىغا چۈشتى. 1952- يىلى، «بەشكە قارشى» ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلۇپ، بازارلار تەرتىپكە سېلىندى، قانۇنسىز سودىگەرلەرنىڭ «بەش خىل زەھەر» ى تازىلاندى. كېيىنكى يېرىم يىلدا، خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەرنى مال بىلەن تەمىنلەش مىقدارى كۆپەيتىلدى، تىجارەت دائىرىسى كېڭەيتىلدى، مال زاكاز قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش يولىغا قويۇلۇپ، بازار تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1953- يىلى، باركۆل ناھىيىسى «6- ئىيون» ئەنئەنىۋى بۇتخانا سەيلىسىدىن پايدىلىنىپ سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. 9- ئايدا، شىمالدىكى يېزىلاردا قەرەللىك سودا بازىرى قۇردى. قۇمۇل ناھىيىسى توغۇچى قاتارلىق جايلاردا سودا بازىرى تەشكىللىدى ھەمدە ناھىيە بازىرىدا ئاشلىق، چارۋامال بازىرى قۇردى. شۇ يىلى 6 مىليون 270 مىڭ كىلوگرام بۇغداي، 570 مىڭ كىلوگرام قارا ئاشلىق، 5347 تۇياق چوڭ- ئۇششاق چارۋا سودا بولدى. 1956- يىلى، خۇسۇسىي سودا- سانائەت

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك بازار تەدرىجىي شەكىللەندى. 1950- يىللاردا، قۇمۇلدىكى ھەر دەرىجىلىك بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاساسلىقى بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش، ئاشلىق، ترانسپورت ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى باشقۇرۇش، ئۆلچەم- تارازىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى تۇتۇپ، باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى بازارلارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، بازارلار ئاساسەن تاقىلىپ قالدى. شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونىدا، دېھقانلار ئۆزلىرى تېرىغان كۆكتات، قورۇق، ھۆل مېۋە- چېۋىلەرنى يېپىپ ساتاتتى، تۈرى ۋە سانىمۇ ئاز ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «سولچىل» لۇشيەن يۈرگۈزۈلگەچكە، بازارلار ئاساسەن يوقالدى.

1978- يىلدىكى، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش» ۋە «جانلاندۇرىمەن دەپ قالايمىقانلاشتۇرىۋەتمەسلىك، باشقۇرىمەن دەپ يوق قىلىۋەتمەسلىك» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى، كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرى ئېچىلىپ، كۆپ خىل تىجارەت يولغا قويۇلدى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بازارلىرى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى ۋە جانلىنىپ كەتتى. دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۆكتات، قوغۇن- تاۋۇز، مېۋە- چېۋىلىرى، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، گۆش، چارۋا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سالدى. قۇمۇل شەھىرى مەدەنىيەت غەربىي يولىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، مەدەنىيەت شەرقىي يولىدا سانائەت بۇيۇملىرى بازىرى قۇرۇلدى، پويىز ئىستانسىسى بازىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى. 1984- يىلى، باشقا ئۆلكە، رايونلاردىن قۇمۇلغا كېلىپ سودا ۋە رېمونتچىلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 1365 ئادەم ( قېتىم ) غا يەتتى. 1985- يىلى 1767 ئادەم (قېتىم) غا، تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 650 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاۋار ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، سودا بازارلىرى ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردە، سودا بازارلىرىغا كىرىدىغانلار 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى، ھېيت- بايرام ۋە ھاردۇق كۈنلىرىدە بولسا 30 مىڭ - 40 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ تۈرى بارغانچە كۆپەيدى، سانىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشتى. 1985- يىلى، بازارغا سېلىنغان تاۋار 2350 خىلغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت بۇيۇمى 2100 خىلدىن، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 250 خىلدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇيۇمى 80 خىلدىن، مىللىيلار ئېھتىياجلىق بۇيۇم 20 خىلدىن ئېشىپ كەتتى.

بازار قۇرۇلۇشى ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى. 1984- يىلى، ۋىلايەتلىك سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇرۇشلۇق قۇمۇل شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ناھىيە (شەھەر) بازارلىرىدا ئۈچ يىلغىچە بىردىن ئۈچكىچە بىر قەدەر زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە سانائەت بۇيۇملىرى بازىرى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. پىلان لايىھىسىدە، ئاۋۋال قۇمۇل خەلق مەيدانىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرىپىدىكى ئورمان بەلۋاغ يولى ۋە يېڭىشەھەر رايونىنىڭ مەركىزى قاتارلىق سەككىز ئورۇندا بازار قۇرۇش بېكىتىلدى. خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرۇش پرىنسىپى بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخس كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ جۇغلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئاپتونوم رايون مەخسۇس بازار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن چۈشۈرگەن 400 مىڭ يۈەنلىك قەرز كۆرسەتكۈچىنى قوشقاندا، ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون 356 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلاندى (بۇنىڭ ئىچىدە، تىجارەتچىلەر توپلىغان مەبلەغ 696 مىڭ يۈەن). 1985- يىلى، بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە، بىر كان رايونىدا بەش سودا بازىرى قۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش پىلانىدىكى قەرەلدىن بىر يىل بۇرۇن تاماملاندى. 1991- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 4 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 17 شەھەر- يېزا سودا بازىرى قۇرۇلدى، ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر مەيدانى 58 مىڭ 21 كۋادرات مېترغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 48 مىڭ 923 كۋادرات مېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەينەك پلاستىك كاھىش قۇرۇلمىلىق لاپاس بازار كۆلىمى 16 مىڭ 78 كۋادرات مېتىر، ئۆي ئىچى بازىرى 21 مىڭ 707

كۋادرات مېتىر، سېمونت سودا سۇپىسى 2423 مېتىر؛ يەنە بەش تەبىئىي شەكىللەنگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى بار. ۋىلايەت بويىچە سودا بازىرى 22 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەردىكىسى 12، يېزىدىكىسى 10 بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇرۇشلۇق جاي — قۇمۇل شەھىرىنى مەركەز، ناھىيە بازارلىرى ۋە ئاساسلىق يېزا، مەيدانلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، ۋىلايەتنىڭ شەھەر- يېزا سودا بازىرى تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى. سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى «جانلاندۇرسا مەن دەپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، باشقۇرىمەن دەپ يوق قىلىۋەتمەسلىك» ۋە «قويۇۋېتىشنىڭ چېكى بولۇش، جانلىق ھەم تەرتىپلىك بولۇش، باشقۇرۇشنىڭ چارىسى بولۇش» قائىدىسىدا چىڭ تۇردى. بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتتى؛ بازار باشقۇرۇشتا ئاساسلىقى بازارغا سېلىنغان ماللارنى، بازار باھاسىنى، ئۆلچەم- تارازىلارنى ۋە يېمەكلىك تازىلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى بازار ئۇچۇرى مۇلازىمىتى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇلازىمەتلەرنى كۈچەيتتى. 1985- يىلى، يېزا بازارلىرىنىڭ باھا ئەھۋالى جەدۋىلى ۋە بازار ئۇچۇرلىرى بولۇپ 100 گە يېقىن ئۇچۇر تارقاتتى، 25 تۈلكە، شەھەر، ناھىيىگە تارقىتىلدى، كېيىن بازار ئەھۋالىدىن ئۇچۇر قايتۇرغان رايون كۆپىيىپ، 36 تۈلكە، شەھەر، ناھىيىگە يەتتى. ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، تاۋار ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى رول ئوينىدى. بازار باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، باشقۇرۇشنى مۇلازىمەت جەريانىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، مەركىزىي بازاردا سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج، باھا، ج خ، كارانتىن قاتارلىق ئورۇنلارنى تەسىس قىلدى. ئورۇنلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بازار تەرتىپىنى ئورتاق قوغداپ، ياخشى مۇلازىمەتچىلىك قىلدى. سودا بازارلىرىغا سېلىنىدىغان ماللارنىڭ تۈرى، سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، تىجارەت سوممىسى يىلدىن يىلغا ئاشتى. 1991- يىلى، شەھەر، يېزا سودا بازارلىرىدا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 43 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980- يىلدىكى 3 مىليون 690 مىڭ يۈەندىن 13.44 ھەسسە ئاشتى؛ سودا بازارلىرىدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ 10.33% ىنى ئىگىلەپ، 1980- يىلدىكى 3.8% تىن 6.5 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. شەھەر سودا بازارلىرىنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 1439 توننىغا يېتىپ، شەھەر رايونىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ پارچە سېتىش مىقدارىنىڭ 96.25% ىنى، كۆكتات 15 مىڭ 496 توننىغا يېتىپ، 684% نى، قۇرۇق، ھۆل مېۋە 4596 توننىغا يېتىپ، 1209% نى ئىگىلەپ، تاۋار ئوبوروتىنىڭ ئاساسىي يولى، شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر مەنبەسىگە ئايلاندى.

[قوشۇمچە]

**1990- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر، يېزا سودا بازارلىرىدا ئاساسلىق سودىلاشقان تاۋار مىقدارى**

1. **ئاشلىق** 104 مىڭ 184 كىلوگرام. بۇنىڭ ئىچىدە، بۇغداي 60 مىڭ كىلوگرام، قوناق 36 مىڭ 570 كىلوگرام.

2. **ماي، ياغلىق دان** 112 مىڭ 408 كىلوگرام. بۇنىڭ ئىچىدە، خاسىڭ 2260 كىلوگرام، سۇ مېيى 30 مىڭ 975 كىلوگرام.

3. **گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم** 1 مىليون 562 مىڭ 869 كىلوگرام. بۇنىڭ ئىچىدە، چوشقا گۆشى 740 مىڭ 828 كىلوگرام، كالا گۆشى 192 مىڭ 195 كىلوگرام، قوي گۆشى 242 مىڭ 848 كىلوگرام، تۇخۇم 216 مىڭ 814 كىلوگرام، توخۇ 102 مىڭ 387 كىلوگرام.

4. **سۇ مەھسۇلاتلىرى** 115 مىڭ 750 كىلوگرام. بۇنىڭ ئىچىدە، بېلىق 12 مىڭ 231 كىلوگرام.

5. **كۆكتات** 17 مىليون 96 مىڭ 69 كىلوگرام. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭى كۆكتات 17 مىليون 78 مىڭ 687 كىلوگرام،

تۇرۇپ 706 مىڭ 387 كىلوگرام، يېسىۋىلەك 2 مىليون 265 مىڭ 91 كىلوگرام، كۈدە 512 مىڭ 766 كىلوگرام، كەرەپشە 695 مىڭ 928 كىلوگرام، تۇزلانغان كۆكتات 17 مىڭ 382 كىلوگرام.

6. قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋە 5 مىليون 156 مىڭ 816 كىلوگرام. بۇنىڭ ئىچىدە، ئالما 399 مىڭ 996 كىلوگرام، نەشپۈت 254 مىڭ 128 كىلوگرام، تاۋۇز 1 مىليون 963 مىڭ 512 كىلوگرام، قوغۇن 14 مىليون 381 مىڭ 521 كىلوگرام، ھۆل ئۈزۈم 522 مىڭ 210 كىلوگرام، شاپتۇل 45 مىڭ 10 كىلوگرام، ئۆرۈك 200 مىڭ 469 كىلوگرام، چىلان 255 مىڭ 991 كىلوگرام.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985- يىللىق ۋە 1990- يىللىق ئىجتىمائىي يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مىقدارى**

جەدۋەل: 18 – 6

| تۈرى / سانى / يىللار | يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئاشلىق (تۈمەن كىلوگرام) | ئۆسۈملۈك مېيى (تونا) | چوشقا | كالا | قوي (تۇياق) | تۆگى قوشلىرى (دانە) | تۇخۇم (كىلوگرام) | سۇ مەھسۇلاتلىرى (كىلوگرام) | قۇرۇق، ھۆل كۆكتات (تونا) |
| 1985 | 5046 | 32695 | 685 | 4253 | 1987 | 86763 | 36811 | 869786 | 45508 | 5267 |
| 1990 | 12894 | 60206 | 724 | 29305 | 1877 | 72489 | 10046 | 429814 | 166308 | 22137 |

(يۇقىرىقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| تۈرى / سانى / يىللار | يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىشى (تۈمەن يۈەن) | سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قۇرۇق، ھۆل مېۋە (تونا) | ھەسەل (كىلوگرام) | پاختا (تونا) | قوي يۇڭى (تونا) | جۇۋۇز (تونا) | تىۋىت (كىلوگرام) | تېرە (100 پارچە) | قوي تېرىسى (100 پارچە) | ئۆچكە تېرىسى (پارچە) | كەندىر (كىلوگرام) |
| 1985 | 5046 | 13642 | 1144 | 217 | 1144 | 40 | 34981 | 63 | 1605 | 621 | 1884 |
| 1990 | 12894 | 6993 | 32223 | 2388 | 592 | 61 | 71538 | 57 | 1023 | 607 | 300 |

## 1979 – 1990 - يىللىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى سودا بازارلىرىدا پۈتۈشۈلگەن سودا ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 – 7

| تۈرى / يىللار | بازار سانى | | | بازارلارنىڭ سودىلىشىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | | ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | شەھەر بازىرى | يېزا | جەمئىي | شەھەر بازىرى | يېزا | ئاشلىق، ماي | يەر مەھسۇلاتلىرى | كۆكتات | قۇرۇق، ھۆل مېۋە | گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم |
| 1979 | 3 | 3 | | 183 | 183 | | 0.6 | 0.08 | 104 | 29 | 41 |
| 1980 | 7 | 5 | 2 | 369 | 273 | 96 | 0.7 | 4 | 114 | 42 | 69 |
| 1981 | 10 | 7 | 3 | 410 | 336 | 74 | 1 | 2 | 199 | 65 | 109 |
| 1982 | 10 | 7 | 3 | 416 | 341 | 75 | 2 | 2 | 140 | 74 | 147 |
| 1983 | 13 | 9 | 4 | 713 | 613 | 100 | 3 | 2 | 300 | 95 | 198 |
| 1984 | 14 | 9 | 5 | 1191 | 1024 | 167 | 13 | 8 | 664 | 130 | 289 |
| 1985 | 19 | 12 | 7 | 1525 | 1403 | 122 | 19 | 12 | 788 | 179 | 426 |
| 1986 | 19 | 12 | 7 | 1524 | 1224 | 299 | 11 | 15 | 613 | 201 | 490 |
| 1987 | 20 | 12 | 8 | 1963 | 1448 | 515 | 19 | 27 | 686 | 229 | 577 |
| 1988 | 22 | 12 | 10 | 2273 | 1829 | 444 | 15 | 37 | 881 | 50 | 743 |
| 1989 | 22 | 12 | 10 | 2904 | 2324 | 580 | 13 | 50 | 1035 | 496 | 1007 |
| 1990 | 21 | 12 | 9 | 2871 | 2199 | 672 | 9 | 59 | 1037 | 590 | 970 |

## §5. ئىقتىسادىي توختام، تاۋار ماركىسى، ئېلان باشقۇرۇش

### 1. ئىقتىسادىي توختام باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل مەمۇرىي رايونىدىكى سودا كارخانىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت توختام ئارقىلىق ئىشقا ئاشاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت توختامنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى رولىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. 1950- يىلى، ئاشلىق ۋە باشقا ماددىي ئەشيالار توختام ئارقىلىق توشۇلدى. 1951- يىلى، ۋىلايەت قول سانائىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت سودا ئورۇنلىرى ۋە كوپېراتىپلاردىن توختام ئارقىلىق مال زاكاز قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى، 1952- يىلى، مال زاكاز قىلىش بويىچە تۈزۈلگەن توختامنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 500 مىليون يۈەنگە، 1953- يىلى 570 مىليون يۈەنگە، 1954- يىلى 1 مىليارد 600 مىليون (بۇلار كونا خەلق پۇلى بويىچە) يۈەنگە يەتتى. 1958- يىلى، خەلق گۇڭشېسىدا «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئىقتىسادىي توختامنىڭ ئېگىشلىك رولى بىر مەھەل توختاپ قالدى. 1962- يىلى، ئىقتىسادىي توختام قايتا قوللىنىلىشقا باشلىدى، ۋىلايەتتىكى كەسپىي مەسئۇل تارماقلار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي توختامنى باشقۇردى، توختام ماجىرالىرى كۆرۈلسە، كۆپ ھاللاردا دەۋاگەرلەر ئۆزئارا كېڭىشىپ ھەل قىلدى ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى بىر تەرەپ قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىقتىسادىي توختام ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي باردى- كەلدى كۈنسايىن قويۇقلىشىپ، ئىقتىسادىي توختام، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. 1980- يىلى، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەر، بىر كان رايونىدا توختام باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلدى، بىر تەرەپتىن تەشۋىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن توختاملارنى ھەقسىز باھالاپ بەردى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىغا قەدەر 261 توختام تۈزۈلدى، توختام سوممىسى 17 مىليون 963 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 109 سېتىۋېلىش، سېتىش توختامى، سوممىسى 11 مىليون 788 مىڭ يۈەن؛ 100 بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك توختامى، سوممىسى 6 مىليون 82 مىڭ يۈەن بولدى. باشقا توختاملار 42 بولۇپ، سوممىسى 493 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توختام ئىجرا قىلىشتا كۆكتات شىركىتىنىڭ توختاملىرىنىڭ توختامغا ئەمەل قىلىنىشى 50% بولغاندىن سىرت، باشقىلىرى توختام بويىچە ئەمەلىيلەشتى. 1981- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تۈزۈلگەن توختام 45 پارچە بولۇپ، سوممىسى 112 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1982- يىل 7- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي توختام قانۇن- نىزاملىرى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىندى، كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىرى، كەسپىي خادىملىرى، بوغالتىرىيە بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە تايانچىلار قانۇن- نىزام بويىچە تەربىيىلەندى، ئۇلارنىڭ قانۇن- تۈزۈم ئېڭى ئۆستۈرۈلدى. سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي توختام باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشىغا ياردەملەشتى، ئۆلچەملىك توختام نۇسخىسىنى يولغا قويۇپ، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختاملارنى تەستىقلاش، باشقۇرۇش، ئىناۋەتسىز توختاملارنى بېكىتىش ۋە قانۇنغا خىلاپ توختاملارغا چارە كۆرۈش خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى، بۇ

ئارقىلىق ئىقتىسادىي توختام باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەدرىجىي ئۆلچەملەشتۈردى. 1991- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 47 مىڭ 139 ئىقتىسادىي توختام تۈزۈلدى، توختام سوممىسى 707 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىناۋەتسىز توختام ۋە چارە كۆرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ توختام 49 بولۇپ، توختام سوممىسى 7 مىليون 597 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى؛ 4 مىليون 160 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى ۋە ساقلاپ قېلىندى، ھەقدارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

دۆلەت سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «ئىقتىسادىي توختام كېسىم كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قائىدىسى» گە ئاساسەن، 1984- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك بەش ئىقتىسادىي توختام كېسىم كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك كېسىم كومىتېتلىرى «ئىقتىسادىي توختام كېسىم كومىتېتىنىڭ دېلو بېجىرىش قائىدىسى» ۋە «كېسىمچىلەر رىئايە قىلىدىغان قائىدىلەر» بويىچە، «كېلىشتۈرۈشنى ئاساس، كېسىمنى قوشۇمچە قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، 34 پارچە توختام ماجىراسىنى كېلىشتۈردى ۋە كېسىم قىلدى. ئارىدا 14 توختام ماجىراسى ھەقدارنىڭ ئۆزئارا يول قويۇشى، كېلىشىشى ئارقىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. تالاش- تارتىش سوممىسى 2 مىليون 941 مىڭ 400 يۈەنلىك 61 پارچە ئىقتىسادىي توختام ماجىرا دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، ھەقدارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالدى.

1988- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، كارخانىلاردا «توختامغا ئەمەل قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرۇش» نى مەزمۇن قىلغان سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. كارخانىلار ئارىسىدا قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، كەسپىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش تەشەببۇس قىلىندى، بۇ پائالىيەت كارخانىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، 199 كارخانا بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدى. 1991- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر 52 كارخانىغا «توختامغا ئەمەل قىلىپ، ۋەدىسىدە تۇرغان كارخانا» دېگەن نام بەردى، بۇ كارخانىلار ئىچىدە ئىككى كارخانا ئۇدا تۆت قېتىم، بەش كارخانا ئۇدا ئۈچ قېتىم، 13 كارخانا ئۇدا ئىككى قېتىم بۇ نامغا ئېرىشتى.

2. تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش

تاۋار ماركىلىرىنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى ئۆزۈندىن بۇيان قۇمۇل ۋىلايىتىدە بوشلۇق بولۇپ كېلىۋاتاتتى. 1982- يىل 8- ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاۋار ماركىسى قانۇنى»، 1983- يىلى «تاۋار ماكىسى قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ تاۋار ماركىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى باشلاندى. ئالدى بىلەن، دۆلەتنىڭ تايانچ كارخانىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، كارخانىلارغا سىياسەت، قانۇن- نىزاملار بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى. كارخانىلارنىڭ تاۋار ماركىلىرىنى لايىھىلەش، رويخەتكە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىغا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە ياردەم بېرىلدى. گېزىت- ژۇرنال، رادىئو، قاراتاختاي گېزىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق «تاۋار ماركىسى قانۇنى» ۋە «يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى، كەڭ ئىستېمالچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ تاۋار ئېڭى كۈچەيتىلدى، تاۋار ماركىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1991- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت 56 پارچە تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدى. ئۆيغۇرچىسى يوق تاۋار ماركىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى تولدۇرۇلدى. تاۋار ماركىلىرىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش ئىلتىماسلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە تاۋار ماركىلىرىنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ساختا، يالغان، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئىتىگە دەخلى- تەرۇز قىلىشتەك ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈچەيتىلدى. 1979 – 1991 - يىلىغىچە، ساختا، يالغان تاۋار ماركىسىغا، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە دائىر 200 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 1 مىليون 116 مىڭ 800 دانە ساختا، يالغان تاۋار

ماركىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، تاۋار ماكىسى پاتېنت ھوقۇقى قوغدالدى.

### 3. تاۋار سۈپىتىنى تەكشۈرۈش

ھەر دەرىجىلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى «ئەلا سۈپەت يارىتىش، داڭلىق ماركىغا كاپالەتلىك قىلىش» پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈردى. ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «تەڭرىتاغ قارى» ماركىلىق ناترىي سۇلفات پاراشوكى دۆلەت تەرىپىدىن ئىشەنچلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى، ئېكسپورتتىكى بارلىق تەكشۈرۈشلەر كەچۈرۈم قىلىندى؛ قىزىلبۇلتۇز دورا زاۋۇتىنىڭ «سايبۇلاق» (گېچۇەن) ماركىلىق ئېفېدرىن تەركىبلىك جۇڭيى تەييار دورىسى خەلقئارالىق دورا ئۆلچىمىگە يەتتى؛ باركۆل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى بىلەن يېنىك سانائەت ئۈنۋېرسال زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئىشقار سۇلفىد ھورلاندۇرۇش قازىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەمگە يەتتى.

### 4. ئېلان باشقۇرۇش

ئېلانچىلىق — تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا بارلىققا كەلگەن كەسىپ. دەسلەپتە بەزى شارائىتى بار ئورۇنلار، مەسىلەن، كىچىك تىپتىكى گېزىت- ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى تەشۋىقات ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇمچە ئېلانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. كوچىلاردىكى ئېلانلار ھەممىلا جايدا يامراپ كەتتى. 1986- يىلى 2- ئايدا، دۆلەتنىڭ «ئېلان باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» ۋە «يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ ئېلانچىلىق ئىشلىرى نورمال باشقۇرۇش ئىزىغا چۈشۈرۈلدى. ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنى پائال يۆلەش، تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش پرىنسىپى بويىچە، تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ئېلانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش كىنىشكىسىنى بېجىرىپ بېرىشكە ۋە مەخسۇس تالون تۈزۈمى ئورنىتىشقا ياردەم بېرىلدى. 1991- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن يەتتىگە، كەسپىي خادىمى 115 كە يەتتى. 1984- يىلىدىن باشلاپ، كوچىلاردىكى ئېلانلار تەرتىپكە سېلىنىپ، مەخسۇس ئېلان تاختىلىرى ئورنىتىلدى. قانۇن- قائىدىلەرگە خىلاپ ئېلانلار تەكشۈرۈپ چارە كۆرۈلدى، ئېلانلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى قېلىپقا چۈشۈرۈلدى. 1989 – 1991 - يىلىغىچە، ژۇرنال ۋە رادىئودا بېرىلگەن ئىككى قائىدىگە خىلاپ ئېلان، ئالتە چەكلىمىگە خىلاپ ۋە يالغان ئېلان تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

## §6. كارخانىلارنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش

كارخانىلارنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش — دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم ۋاستە، سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھايانكەشلىككە زەربە بېرىش، سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ھايانكەشلىككە زەربە بېرىش ۋە جەرىمانە قويۇش، باج تولۇقلاش خىزمىتىدە، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك سودا-

ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى «تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىشنى ئاساس، جازالاشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، باج ئوغرىلىغان، باج تاپشۇرمىغانلاردىن باجنى ئەمەلىي سان بويىچە تولۇقلاپ ئالدى، هايانكەشلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈنجى قېتىم سادىر قىلغان دېھقانلارغا، جىمانىي جەھەتتىن ئاجىز، قىلمىشى يېنىكلەرگە كەڭچىلىك قىلدى؛ بازارنى قالايمىقانلاشتۇرغان هايانكەشلەرنى قاتتىق جازالىدى ۋە سودىسىنى توختاتتى. 1956- يىلى، خۇسۇسىي سودا- ساناەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك بىرلىككە كەلگەن بازار دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، قۇمۇلدا هايانكەشلىك ھەرىكەتلىرى ئاساسەن يوقىتىلغانىدى. 1959 – 1961 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى، هايانكەش ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نورمال تاۋار ئوبوروتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. 1962- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى 135 هايانكەشلىك دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ساناەت بۇيۇملىرىغا چېتىشلىقى 83 پارچە، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا چېتىشلىقى 29 پارچە، ئاشلىق يېمەكلىكلەرگە چېتىشلىقى 17 پارچە، ئاشلىق بېلىتى ۋە رەخت بېلىتىگە چېتىشلىقى ئالتە پارچە، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولار ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق توشۇش دېلوسى 20% تىن ئاشىدۇ. 1964- يىلى، 65 هايانكەشلىك دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇزۇن يوللۇق توشۇش هايانكەشلىكى 63% نى ئىگىلەيدۇ. 1965- يىلى، ئۇزۇن يوللۇق توشۇش هايانكەشلىك دېلوسى 1964- يىلىدىكىدىن 10% ئازايدى، لېكىن قىلمىشى ئېغىر ئالتە كىشى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. هايانكەشلىك قىلمىشلىرىغا قارىتا، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ 1963- يىلىدىكى «هايانكەشلەرگە زەربە بېرىش ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئۇزۇن يوللۇق توشۇشىنى توختىتىشقا ئائىت بىر قانچە سىياسەت چېكى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى بىر نەچچە تۈرلۈك كونكرېت پىكىر»ىگە ئاساسەن، ئۇلارغا قەتئىي زەربە بەردى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە، هايانكەشلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. 1966- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى بازارلاردا ئىزچىل تۈردە هايانكەشلىك قىلىپ، قايتا- قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن، قىلمىشى ئېغىر 12 كىشىنى بىر تەرەپ قىلدى، ئۇلارنىڭ ئالتىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى، ئالتىسىنى يېزىلارغا ئەمگەككە چۈشۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، سودا- ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، بازار باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، «ئاممىۋى دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ئەترىتى» نىڭ دېگىنى دېگەن بولۇپ كەتكەچكە، زەربە بېرىش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلدى. 1975- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى 192 هايانكەشلىك دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭدا بەزى خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولارمۇ كۆرۈلدى. 1982- يىلى، يەتتە دېلو قايتىدىن قاراپ چىقىلىپ، تۆت خاتا دېلو تۈزىتىلدى.

1978- يىلى، هايانكەشلەر ۋاستە ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ بوشلۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ هايانكەشلىكنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت «نىزام» ۋە «ۋاقىتلىق چارە» سى ھەم مەركەز، گوۋۇيۈەننىڭ «ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن، قانۇن بويىچە ئەستايىدىل دېلو بېجىرىپ، قائىدە- قانۇنلارغا خىلاپ هايانكەشلىك ھەرىكەتلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇش بىلەن قوللاش، جانلاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بىلەن يېتەكچىلىك، مۇلازىمەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى، چوڭ، مۇھىم دېلولارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش يېتەكچى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ھەر تەرەپلىمە تۈزۈش» فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى، دائىملىق قانۇن- تۈزۈم تەشۋىقاتى ۋە يېتەكلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەش بىلەن تۈپتىن تۈزەش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلدى. دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئاۋۋال تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قانۇنغا خىلاپ

پاكىتلىرى، خىلاپلىق قىلىنغان سىياسەت، قانۇن ـ نىزام ماددىلىرى، مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە زىيىنى، چارە كۆرۈش، جازالاش پرىنسىپى، ھەقدارنىڭ ھوقۇقى، شۇنىڭدەك مەسىلىنى تۈزىتىش نىشانى قاتارلىقلار ھەقدارلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈلدى. نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، يېتەكلەش- مۇلازىمەت قىلىش ۋە قوللاش- جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلدى. دېلو بېجىرىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «پاكىتلار ئېنىق بولۇش، دەلىل- ئىسپاتلار ئىشەنچلىك بولۇش، خاراكتېرىنى بېكىتىش توغرا بولۇش، بىر تەرەپ قىلىش مۇۋاپىق، رەسمىيەتلەر قانۇنلۇق بولۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، دېلو بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى، ھەرىكەت ئۆلچىمى، ئارخىپ باشقۇرۇش، دېلو تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، دېلولارنى تەكشۈرۈشكە يوللاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت 10 تۈرلۈك قائىدە- تۈزۈم ئورنىتىلدى. ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1988- يىلى ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ ئەسلى ئارخىپ- ماتېرىياللىرى ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللىرى بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1979- يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە قانۇن ـ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 1684 ى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ 631 ى ھايانكەشلىك دېلوسى بولۇپ، 1 مىليون 487 مىڭ 900 يۈەنلىك جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، ئالتە جاۋابكار ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

1985- يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇمۇل ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىت 13 سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىنجاڭغا كىرگەن ۋە شىنجاڭدىن چىققىدىغان ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1985 – 1990 ـ يىلغىچە، قانۇن ـ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىنغان 2733 ئىقتىسادىي دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 518 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى، 792 مىڭ يۈەن باشقۇرۇش ھەققى يىغدى، دۆلەت مالىيىسىگە 1 مىليون 490 مىڭ يۈەن تاپشۇردى.

# III باب

# ئۆلچەم باشقۇرۇش ۋە سۈپەت نازارەتچىلىكى

## §1. ئاپپاراتلار

1958- يىل 9- ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسىدە ئۆلچەم تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى. ۋىلايەتنىڭ ئۆلچەم تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1959- يىل 12- ئايدا، سودا ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەم ئەسۋابلىرى زاۋۇتى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۆلچەم تەكشۈرۈش پونكىتىغا ئۆلچەم ئەسۋابلىرى تەجرىبە زاۋۇتى قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1960- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئۆلچەم تەكشۈرۈش پونكىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىلى، نامى ئۆلچەملەشتۈرۈش ـ ئۆلچەم باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش ـ ئۆلچەم باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1987- يىل 1- ئايدا، ئۆلچەم ئۈسكۈنىلىرىنى نازارەت قىلىش-

تەكشۈرۈش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1992- يىلى 5- ئايدا، نامى ۋىلايەتلىك تېخنىكا نازارەتچىلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1988- يىلى 8- ئايدا باركوۋلدە، 10- ئايدا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئۆلچەم نازارەتچىلىكى ئورنى قۇرۇلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى ئۆلچەم خىزمىتى خادىمى 48 گە، ۋىلايەتكە قاراشلىق 39 غا يەتتى. ۋىلايەت 10 نەچچە تۈرلۈك، 40 نەچچە خىل ئۆلچەم ئەسۋابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى.

## §2. ئۆلچەم سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى

چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۇزاق ۋاقىت چىن، خەن سۇلالىلىرىنىڭ بىرلىكلىرىنى ئىشلىتىلىپ كەلدى. ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكىدە سارجان، چاڭ، گەز، سۇڭ، پۇڭ؛ سىغىم بىرلىكىدە خۇ، كۇرە، شىڭ، ئوچۇم، قوشۇق؛ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكىدە دادەن، گۇ، تىڭ (قوتا)، سەر، جۇ قاتارلىقلار بىرلىك قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋىلايەتنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىدە «رۇس بىرلىكى»، «ئېنگىلىز بىرلىكى» بىلەن جۇڭگونىڭ كونا ئۆلچەم بىرلىكى تەڭ ئىشلىتىلدى. ماگىزىنلاردا قايسى دۆلەتنىڭ تاۋىرى سېتىلسا، شۇ دۆلەتنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ئىشلىتىلدى. مەكتەپلەردە قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى بىردەك ئەمەس ئىدى. ئەل ئىچىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى «چى»، ئېغىرلىق بىرلىكى «جىڭ»، سىغىم بىرلىكى «شىڭ»، كۆلەم بىرلىكى «مو» (بىر مو 10 پۇڭغا تەڭ) ئىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر «داڭ» ۋە غېرىچنى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى قىلدى (بىر داڭ ئىككى چىغا تەڭ)، تۆت غېرىچ بىر داڭغا تەڭ ئىدى. ئېغىرلىق بىرلىكى «جىڭ» بولۇپ، بىر جىڭ 16 سەرگە تەڭ ئىدى؛ سىغىم بىرلىكى «شىڭ» (بىر شىڭ تەخمىنەن ئالتە ئاپقۇرغا ياكى 10 ئوچۇمغا تەڭ) ئىدى، 10 شىڭ بىر كۇرىگە، 10 كۇرە بىر دادەنگە تەڭ ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 34- يىلى (1908- يىلى)، قانۇنلاشقان ئۆلچەم بىرلىكى يولغا قويۇلۇپ، «چى» ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، «ساۋخۇ» سىغىم ئۆلچىمى، «كۇپىڭ» ئېغىرلىق ئۆلچىمى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «چى» ئۇزۇنلۇقنىڭ ئاساسىي بىرلىكى (بىر يىگىرمىچى 32 سانتىمېتىرغا تەڭ)، ساۋخۇ سىغىمنىڭ ئاساسىي بىرلىكى (ساۋخۇدىكى بىر شىڭ 1035 مىللىلىتىرغا تەڭ)، سەر ئېغىرلىقنىڭ ئاساسىي بىرلىكى (بىر كۇپىڭ سەر 37.301 گرامغا، بىر جىڭ 596.8 گرامغا تەڭ) قىلىش بېكىتىلدى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، ئىككى خىل ئۆلچەم تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يەنى دۇنياۋى ئۆلچەم (ئۆلچەملىك تۈزۈم) ۋە جۇڭگوچە تۈزۈم (قوشۇمچە تۈزۈم). جۇڭگوچە تۈزۈم «بىر، ئىككى، ئۈچ» تۈزۈم دەپمۇ ئاتالدى. يەنى بىر دۇنياۋى شىڭ ئىككى جۇڭگوچە شىڭغا تەڭ، بىر مېتىر ئۈچ جۇڭگوچە چىغا تەڭ. جۇڭگوچە تۈزۈمدە بىر مېتىرنىڭ ئۈچتىن بىرى بىر چىغا (قىسقارتىپ «چى» دەپ ئاتالدى) تەڭ، ئېغىرلىقتا بىر كىلوگرامنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى بىر جۇڭگوچە جىڭغا (قىسقارتىلىپ جىڭ دېيىلدى) تەڭ بولدى، سىغىمدا بىر لىتىر بىر جۇڭگوچە شىڭغا تەڭ بولدى، بىر جىڭ 16 سەرگە، 1500 چى بىر يولغا، 6000 كۋادرات چى بىر موغا تەڭ. قالغانلىرى 10 لۇق سىستېما بىلەن ماڭدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، جۇڭگوچە ئۆلچەم بىرلىكلىرى تۈزۈمى ئۇزاققىچە قوللىنىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىيچە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىمۇ قوللاندى. ئۇزۇنلۇق بىرلىكىدە «تاش»، «يول»، «由尔»، «قۇلاق»، «ئارشىڭ» قاتارلىقلارنى قوللاندى. بىر تاش 25 يۈزغا، بىر يۈز 360 قۇلاققا تەڭ. بىر تاش 1200 تۆگە ماڭدىمىغا تەڭ. بىر يول تەخمىنەن 300 – 320 مېتىرغا تەڭ. بىر قۇلاق تەخمىنەن 0.83 - 0.89 مېتىرغا تەڭ. بىر ئارشىڭ ئىككى يىگىرمىچى (2.13 چى) غا (تەخمىنەن 0.7112 مېتىر)

تەڭ. «ئارشىڭ» روسىيەدىن قوبۇل قىلىنغان بىرلىك. ئېغىرلىق بىرلىكىدە تاغار ئۆلچەم قىلىنىدى، ئادەتتە بىر تاغار تەخمىنەن 96 كىلوگرام، بەزىسى تەخمىنەن 72 كىلوگرام. ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكىدە «چالاق»، «سەر» ۋە ئۆيغۇرلار جىڭى ئۆلچەم قىلىنىدى. بىر چالاق 200 سەرگە، 16 ئېنگلىز قادىقىغا ياكى كونا جىڭ ھېسابىدا 12.5 جىڭغا، ھازىرقى 7.96 كىلوگرامغا تەڭ؛ بىر سەر كونا جىڭ ھېسابىدا 0.0626 جىڭغا، 0.0373 كىلوگرامغا تەڭ. بىر ئۆيغۇر جىڭى 1.0667 جۇڭگو جىڭىغا، 0.5334 كىلوگرامغا تەڭ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بازارلاردا يەنە رۇس ۋە ئېنگلىز ئۆلچەم بىرلىكلىرى قوللىنىلدى. رۇس ئۇزۇنلۇق بىرلىكىدە ئارشىڭ، ئېغىرلىق بىرلىكىدە فۇت بىرلىك قىلىنىدى. فۇت قانۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكىگە سۇندۇرۇلسا تەخمىنەن 16.38 كىلوگرام، بىر رۇس قادىقى 0.41 كىلوگرامغا توغرا كېلىدۇ. ئېنگلىز ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكىدە يارد (بىر يارد 0.9144 مېتىر كېلىدۇ)، ئېنگلىزچىسى (بىر ئېنگلىزچىسى 0.304 مېتىر كېلىدۇ)، ئېنگلىز سۇڭى (بىر ئېنگلىز سۇڭى 2.54 سانتىمېتىر كېلىدۇ) قوللىنىلدى؛ ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكىدە گاللون (بىر گاللون 4.546 لىتىرغا تەڭ) قوللىنىلدى.

بۇلاردىن باشقا، بازارلاردا يەنە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەيدىغان بىسەر؛ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تارازا، يەنى بىر جىڭى 16 سەرگە تەڭ كونا جىڭ، زەرگەر دۇكانلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر جىڭى 16 سەرگە تەڭ مىسقال جىڭى، تۈگمەنلەردە ئىشلىتىلىدىغان بىر جىڭى 18 سەرگە، بىر جىڭى 12 سەرگە تەڭ خادا جىڭ، بىر جىڭى 16 سەرگە تەڭ خوتەن جىڭى ۋە بىر جىڭى 16 سەرگە تەڭ يېڭى جىڭ قاتارلىقلار ئىشلىتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى، ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ نامى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1953- يىلى، بازارلاردىكى تۈرلۈك ئۆلچەم ئەسۋابلىرى تەرتىپكە سېلىنىدى، داڭ، چىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مېتىر ئىشلىتىلىدىغان بولدى؛ كۈرە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇڭگو سىستېمىسى (بىر جىڭ 16 سەرگە تەڭ) قوللىنىلىشقا باشلىدى. 1959- يىل 6 - ئايدا، مېتىر بىرلىكى يولغا قويۇلدى، جۇڭگو سىستېمىسى ئىسلاھ قىلىنىدى، ئېنگلىز، رۇس بىرلىكلىرىگە چەك قويۇلدى، كونا بىرلىكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ 16 سەر بىر جىڭ تۈزۈمى 10 سەر بىر جىڭ تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى؛ بازارلاردا قوللىنىلغان قاداق، داگزا قاتارلىق كونا بىرلىكلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1960- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، پۈتۈنلەي خەلقئارالىق ئورتاق تۈزۈم يولغا قويۇلدى. 1978- يىل 5- ئايدا، جۇڭگىچە رېتسېپلارنى يېزىش، جۇڭيى دورىلىرىنى سېتىشتا گرام، مىللىگرامنى ئۆلچەم قىلىش يولغا قويۇلدى؛ سەر، مىسقال، پۇڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1985- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، لىتىر، مىللىلىتىر ھەجىم بىرلىكى قىلىنىپ، جىڭ، سەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو سىستېمىسى تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىردەك مېتىر، كىلوگرام بىرلىكى يولغا قويۇلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەتتە قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆلچەم بىرلىكى يولغا قويۇلدى، يەر مەيدانىنى ئۆلچەشتە كۋادرات كىلومېتىر، گېكتار، كۋادرات مېتىر قوللىنىلدى.

## 2. ئۆلچەم ئەسۋابلىرى

چىن، خەن سۇلالىسىدىن مىڭ، چىڭ سۇلالىسىگىچە، چى، تارازا، كۈرە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئۆلچەم قىلىش ئۈچۈن نەمۇنىلەرگە بىر يۇرۇشتىن «كۈرە، شىڭ، ئوچۇم» ئەسۋابلىرىنى تارقىتىپ بەردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1- يىلى (1909- يىلى)، شىنجاڭ «چى، كۈرە، سوۋېت تارازىسى، جۇڭگو تارازىسى» ئارقىلىق پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىنى بىرلىككە كەلتۈردى. مىنگو دەۋرىدە يېڭىدىن جۇڭگو مېتىرى، كونىچە مېتىر، پۈكلىمە مېتىر، تۈز مېتىر، قاتلىما مېتىر، پولات يۆگەك مېتىر قاتارلىق ئۇزۇنلۇق ئۆلچىگۈچلەر بارلىققا كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1960- يىلى، ئۆلچەم ئەسۋابلىرى تەجرىبە زاۋۇتلىرى ئاساسلىقى تۈرلۈك ئېغىرلىق ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى، مەسىلەن، ياغاچ چوكىلىق تارازا، ئۈستەل تارازىسى، يەر گىرى قاتارلىقلارنى ياسىدى ۋە رېمونت قىلدى. 1962- يىلى، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىدىن چى، تارازا تېشى، ئۆلچەس ئەسۋابى،

مانومېتىر قاتارلىقلار بار ئىدى. 1980 – 1990 - يىلغىچە، ئىسسىقلىق تېخنىكىسى، مېخانىكا، ئېلېكتر ئىلمى، خىمىيە قاتارلىق كەسىپلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئۆلچىگۈچلەر ئارقا - ئارقىدىن ئىشلىتىلدى، تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئېلېكتروكاردىئوگرامما، ئېلېكتروئېنسېفالوگرامما، B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق دىئاگنوز ئاپپاراتى، رېنتگېن نۇرى قاتارلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتتى. سان كۆرسەتكۈچ (توپلاشتۇرۇلغان توك يولى) لۇق ئېلېكترو مېگىلىك سپېكتروفوتومېتىر، ھېسابلىغۇچ، ئېلېكترونلۇق سائەت، كۋارتس سائەت قاتارلىقلار پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ساھەسىگە كىردى.

## §3. ئۆلچەم باشقۇرۇش

### 1. ئۆلچەم ئەسۋابلىرىغا لاياقەتلىك تامغىسى ئۇرۇش

چىڭ ھۆكۈمىتى، لاياقەتلىك تارازىلارنىڭ چوكىسىغا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ چوغ تامغىسىنى بېسىشنى بەلگىلىگەن. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى)، مىللىي ھۆكۈمەت لاياقەتلىك بولغانلىكى ئۆلچەم ئەسۋابلىرىغا «用» (ئىشلىتىلىدۇ) خېتىنى، لاياقەتسىزلىرىگە «销» (يوقىتىلىدۇ) خېتىنى بېسىشنى بەلگىلىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، 1957- يىلى، لاياقەتلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرىغا ئۇرۇلىدىغان تامغا يۇملاق شەكىلدە ياسالدى، دىئامېتىرى 2، 3، 4، 6، 9 مىللىمېتىرلىق بەش خىل ئۆلچەمدە بولدى. مەسىلەن، ئىككى مىللىمېتىرلىق بەلگىگە بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن ھەمدە ئۆلچەم ئورۇنلىرىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى ئۇرۇشى بەلگىلەندى، قۇمۇل رايونىنىڭ ۋاكالەت نومۇرىنىڭ ئورنى بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزنىڭ سول تەرىپىدە ئىدى.

1964- يىلى، قۇمۇل رايونىدا مانومېتىر، ۋاكۇئۇمېتىر، ئوكسىگېن سائىتى قاتارلىقلارنىڭ لاياقەتلىك بەلگىسى قاتارىدا پېچەتلىك تامغا ئىشلىتىلدى.

1986- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتتە سانائەتتىكى ئۆلچەملەرنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىش، دەرىجە ئۆستۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى، قىزىلبۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ۋە قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ ۋاگونلار ئوچاستكىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇننىڭ ئۆلچىمى 3- دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلدى؛ 1987- يىلى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ قۇمۇل سېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى، قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى قاتارلىق 15 ئورۇننىڭ ئۆلچەم دەرىجىسى 3- دەرىجە قىلىپ بېكىتىلدى؛ 1988- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك پولات دېرىزە زاۋۇتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق 13 ئورۇن 3- دەرىجە، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ سۇ- توك بىلەن تەمىنلەش ئوچاستكىسى، پاراۋوز ئوچاستكىسى 2- دەرىجە قىلىپ بېكىتىلدى؛ 1989- يىلى، قۇمۇل تۆمۈريول ۋاگونلار ئوچاستكىسى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ھاراق زاۋۇتى قاتارلىق 11 ئورۇن 3- دەرىجە، ۋىلايەتلىك تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قاتارلىق ئىككى ئورۇن 2- دەرىجە قىلىپ بېكىتىلدى. ئۆلچەمدە دەرىجىگە توشقانلىكى ئورۇنلارغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

1988- يىلىدىن ئېتىبارەن، ئۆلچەم مەمۇرىيىتى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل شەھىرىدە «باھا ۋە ئۆلچەمدە ئىشەنچلىك ئورۇن» بولۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭغا سودا، تەمىنات – سودا ئاشلىق قاتارلىق پارچە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 45 ئورۇن قاتناشتى. 1990- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەت، شەھەر ۋە تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن 15 كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، 26

ئورۇننىڭ ئۆلچەم، باھا ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىككى سودا سارىيى «قوش ئىشەنچلىك» ئورۇن بولۇپ باھالاندى. قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ تۇرمۇش تەمىنات پونكىتى، ۋىلايەتلىك سودا شىركىتىنىڭ ئىبۇيرغول سودا سارىيى، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى تۆلپار سودا سارىيى قاتارلىق 14 ئورۇنغا «باھا، ئۆلچەمدە ئىشەنچلىك ئورۇن» دېگەن نامنى بەردى. قۇمۇل شەھەرلىك تۇرلۇك ماللار 1- سودا سارىيى، ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى ۋە ۋىلايەتلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ يېمەكلىك سودا سارىيى قاتارلىق ئورۇنلارغا «باھا ۋە ئۆلچەمدە ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن» دېگەن نامنى بەردى.

2. ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش

1958- يىلى، ۋىلايەتتە ئۆلچەم تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلۇپ، سودا ساھەسىدە قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈردى. 1959- يىلى، ئۆلچەمگە توشمىغان ياغاچ چوكىلىق ۋە تەخسىلىك تارازىدىن 20 دىن ئارتۇقىنى مۇسادىرە قىلدى. 1978- يىلى، چى، چوكىلىق تارازىسى، ئۈستەل تارازا، ئاپتوماتىك تارازا، پەللىلىك تارازا، گاز سائىتى، سۇ سائىتى، بېنزىن كۆرسەتكۈچ قاتارلىق ئۆلچەم ئەسۋابلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. 1985- يىلى، تېرمومېتىر، سۈت تەركىبىنى تەكشۈرگۈچ، سۇ سائىتى، ئەينەك مېتىرۇركا قاتارلىقلار يېڭىدىن كۆپەيدى. 1986 – 1987- يىللىرى، 7550 ئۆزۈنلۈق، تېرمولوگىيە، مېخانىكا، ئېلېكتر، ۋاقىت چاستوتىسى قاتارلىقلارنى ئۆلچەش ئەسۋابى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. 1990- يىلى، بېكىتىش مەزمۇنى كۆپىيىپ، تەكشىلىك، بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ، پارقىراقلىق، يۇقىرى ھارارەت، ئوتتۇرا ھارارەت، سۈيەت، سىغىم، زىچلىق، بېسىم، دىنامومېتىر، قاتتىقلىق، ئېلېكتر قارشىلىقى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، توك بېسىمى قاتارلىق 55 تۈرگە يەتتى. شۇ يىلى، 4751 دانە ئۆلچەش ئەسۋابى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

1986- يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 34 مىڭ 320 دانە ھەر خىل ئۆلچەش ئەسۋابى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغىنى 12 مىڭ 120 دانە، تېببىي داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغىنى 3010 دانە، مۇھىت ئاسراشقا ئىشلىتىلىدىغىنى بەش دانە، بىخەتەرلىك، قوغدىنىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغىنى 4500 دانە ئىكەن. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە تىزىمدىكى مەجبۇرىي تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابى 48 تۈر، 80 خىل بولۇپ، 62 مىڭ دانىگە يەتتى. 1988- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ سودا سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىۋاتقان 250 دانىدىن ئارتۇق ئۆلچەم ئەسۋابى تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوكىلىق تارازا 160 نەچچە بولۇپ، لاياقەتسىزى بەش دانە. شۇ يىلى 11- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونى ۋە تارانچى كان رايونىدىكى 158 سودا- سانائەت ئورنىنىڭ 196 دانە ھەر خىل ئۆلچەم ئەسۋابى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك نىسبىتى 90% بولدى. قۇمۇل شەھەرلىك 1-، 2-، 3- ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 14 خالتا ئۇننىڭ ئېغىرلىقى تەكشۈرۈلگەنىدى، نەتىجىدە ئېغىرلىقى ئۆلچەمگە توشتى. دوختۇرخانىلار قوللىنىۋاتقان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئايرىلاپ تەكشۈرگەندە، تەخسىلىك تارازىنىڭ 100% ى، ئانالىز تارازىنىڭ 60% ى، قان بېسىم ئۆلچىگۈچنىڭ 41% ى ئۆلچەمسىز چىقتى. 1989- يىلدىكى باسقۇچلۇق قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە، تۇرلۇك ماللار 1- سودا سارىيىنىڭ 13 ئۈستەل تارازىسىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 86%، تۆمۈريول تەمىنات پونكىتىنىڭ ئۈستەل تارازىسىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 90%، دوختۇرخانىنىڭ تارازا، قان بېسىم ئۆلچىگۈچ، ئوكسىگېن سائىتى قاتارلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى قۇرۇلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئۆلچەم ئەسۋابى ۋە تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى 40 مىڭ 500 دانىگە، ئۆلچەم ئىمارەتلىرىنىڭ كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىرغا، ئومۇمىي سېلىنما 8 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى 44 كارخانىنىڭ 43 ىدە ئۆلچەمخانا تەسىس قىلىندى، مەخسۇس خادىمى 74

كە، ئۆلچەم ئەسۋابى 405 دانىگە يېتىپ، ئۇزۇنلۇق، تېرمولوگىيە، مېخانىكا، ئېلېكتر ئىلمى ساھەسىدىكى 55 خىل ئۆلچەم ئەسۋابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتەلەيدىغان بولدى. «ئۆلچەم قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابى سەككىز تۈر، 21 خىل.

## §4. مەھسۇلات سۈپىتى نازارەتچىلىكى

1988- يىلى يازدا، ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈلگەن 15 سوغۇق ئىچىملىك زاۋۇتىنىڭ بىرسىمۇ لاياقەتلىك چىقمىدى. ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىكى بەش كارخانا ئىشلەپچىقارغان جياگېۋ، ئاچچىقسۇنىڭ پەقەت 29% ىلا لاياقەتلىك بولدى. شۇ يىلى تەكشۈرۈلگەن 124 تۈركۈم مەھسۇلاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 61% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا تەۋە مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 71.5%، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 80%، يېمەكلىكلەرنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 50%. ساپ قوي يۇڭى نىسبىتى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، 1987- يىلى قوي يۇڭىنىڭ ساپ يۇڭ نىسبىتى 38%، 1988- يىلى 44% بولۇپ، 1989- يىلى 50% كە، 1990- يىلى 50.12% كە ئۆرلىدى. 1990- يىلى، 200 توننا پاختا تەكشۈرۈلدى.

1990- يىلى، مەھسۇلات سۈپىتى ماجىرالىرى ئۈستىدىن كېسىم چىقىرىش خىزمىتى باشلاندى. 1991 – 1992 - يىللىرى، 65 پارچە سۈپەت ماجىراسى ئۈستىدىن كېسىم چىقىرىلىپ، زىيانغا ئۇچرىغۇچى تەرەپنىڭ 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيىنى قايتۇرۇپ كېلىندى. 1991- يىلى، گېئولوگىيە 704- ئەترەت زىيالىي ياشلار ئەمگەك مۇلازىمىتى شىركىتى خېنەندىن 10 مىڭ يۈەنلىك پارۋاي كىرگۈزۈپ، سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىك سەۋەبىدىن مالنى قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، كېسىم كومىتېتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق پارۋايلارنىڭ قۇراشتۇرۇلۇش ھىملىقى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكىنى بايقىدى ۋە مالنى قايتۇرۇۋېتىشكە كېسىم چىقاردى. ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى خۇنەندىن 15 دانە ئازاد ماركىلىق ئاپتوموبىل كابىنكىسىنىڭ ھەر بىرىنى 2000 يۈەندىن كىرگۈزگەندى، مەھسۇلات ئۆلچەمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، كېسىم كومىتېتى ھەر بىرىنى 200 يۈەندىن بىر تەرەپ قىلدى. ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى شەنشى ئاپتوموبىل زاۋۇتىغا 160 مىڭ يۈەنلىك ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى سېتىپ بەرگەندى، شەنشى ئاپتوموبىل زاۋۇتى مەھسۇلات سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىك توغرىسىدا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى، كېسىم كومىتېتى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە تامامەن يەتكەنلىكى ۋە پۇلنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش ھەققىدە كېسىم كەستى.

1985- يىلى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسى قۇمۇل شەھەرلىك تۇز مەيدانىنىڭ قايتا ئىشلەنگەن تۇزىغا، يەتتە قۇدۇق تۇز مەيدانىنىڭ قايتا ئىشلەنگەن تۇزى، سۇسىز ناترىي سۇلفىد، قىزىلىيۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئىشقارى ۋە ناترىي تىئوسۇلفىدى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ سۇسىز ناترىي سۇلفاتى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئادەتتىكى سېمونتى ۋە داشقال سېمونتى، تۆمۈريول سېمونت زاۋۇتىنىڭ داشقال سېمونتى ۋە ئادەتتىكى سېمونتى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ چويۇنى قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

1990- يىلى، ۋىلايەتتە ناچار، ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، رايون ئىچىدىكى گۇۋاھنامىسىز ۋە ساختا مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. شۇ يىلى، 1 مىليون 627 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 82 مىڭ 700 دانە ساختا، ناچار مەھسۇلات، 2 مىليون 763 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى گۇۋاھنامىسىز ئىشلەپچىقىرىلغان

65 مىڭ 400 دانە تاۋار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. يەنە جىجياڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى سودىگەر ۋىلايەتتىكى ئاز ساندىكى كارخانىلارنىڭ تىجارىتىگە ۋە ۋاكالىتەن سېتىشىغا بېرىلگەن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تۆۋەن بېسىملىق ساختا ئېلېكتر سايمانلىرى، 49 مىڭ 800 يۈەن قىممىتىدىكى 1500 دانە ناچار، ساختا گىلەم، 1 مىليون 254 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 69.5 توننا ساختا سوپۇن پاراشوكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

# IV باب

# باھا باشقۇرۇش

## §1. ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھۆكۈمەتتە باھا باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغانىدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، قۇمۇل رايونىدا باھانى مۇقىملاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاشلىق بازىرىنىڭ باھاسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدى؛ باركۆل ناھىيىسىدە باھا كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاشلىق باھاسىنى ھەدەپ ئۆستۈرگەن سودىگەرلەرگە جەرىمانە قويۇشقا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، قۇمۇل رايونىدا باھا كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بازار باھاسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل رايونىنىڭ باھا كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك باھا باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت بازارلارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەكشە باھانى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى تولىمۇ ئاز بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە سودا-سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، باھا قوشۇمچە باشقۇردى. 1959- يىلى، ۋالىي مەھكىمىدە بازار باھا كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1961- يىل 4-ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بازار كومىتېتى باھا كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1965- يىل 11- ئايدىن 1966- يىل 5- ئايغا قەدەر، باھا كومىتېتى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ دائىملىق ئاپپاراتى بولۇپ تۇردى. 1969- يىلى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئۈنۈمىرسال گۇرۇپپىسى باشقۇردى. 1974- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى باھا خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولدى. 1978- يىلى، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىدا باھا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1980- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك باھا باشقارمىسى قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. تارانچى كان رايونى ئىش باشقارمىسىغا باھا مەخسۇس خادىمى قويۇلدى، ئۇ كان رايونىنىڭ باھا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدى. 1984- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك باھا تەكشۈرۈش ئورنى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە باھا باشقۇرۇش خادىمى 56 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ۋىلايەتنىڭ 26؛ ناھىيە، شەھەر، كان رايونىنىڭ 30؛ ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردا مەخسۇس باھا خادىمى قويۇلدى، بەزى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردا باھا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

# §2. باھا تەڭشەش

**1. مىنگو دەۋرىدىكى باھا**

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل بازارلىرىدا باھا تۇراقسىز ئىدى. باھانىڭ ئۆرلىشى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 5- ئايدا، بىر دادىن بۇغداي (400 جىڭغا تەڭ) 32 يۈەن، بىر جىڭ كىرسىن بىر يۈەن، 100 جىڭ كوكس 15 يۈەن ئىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، بىر دادىن بۇغداينىڭ باھاسى 25 مىڭ يۈەنگە، بىر جىڭ كىرسىننىڭ باھاسى 600 يۈەنگە، 100 جىڭ كوكسنىڭ باھاسى 800 يۈەنگە چىقتى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى پاخاللىشىپ كەتتى. قۇمۇل ناھىيىسىدە پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) نىڭ ئىلگىرىكىسىگە قارىغاندا 539 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. باھا كۈنگە نەچچە ئۆزگىرىپ، بازار قالايمىقان بولغاچقا، خەلقنىڭ كۈنى تەسلىشىپ كەتتى. باھا تۇراقسىز، قەغەز پۇلنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتكەچكە، قۇمۇل بازارلىرىدا پۇل ئىشلەتمەي نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇپ سودىلىشىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، بىر كىلوگرام بۇغداينىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 982 يۈەن بولسا، مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، بىر كىلوگرام بۇغداينىڭ باھاسى ئۆرلەپ 199 مىڭ 500 يۈەنگە چىقتى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 2- ئايدا، بىر كىلوگرام بۇغداينىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى ئۆرلەپ 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، 4- ئايدا يەنە ئۆرلەپ 3 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە چىقىپ، مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) دىكىدىن 3869 ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

**2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باھا**

**1) يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ تەڭشىلىشى**

(1) ئاشلىق 1950- يىل 3 - ئايدا، ئوسمان سابىق گومىنداڭ قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى يولۋاس بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈردى، خەلق پاراكەندە بولغاچقا، ئېتىيازلىق تېرىلغۇغا تەسىر يەتتى. بازاردا ماددىي بۇيۇملار قىس بولۇپ، ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. ھەر 100 كىلوگرام ئۆلچەملىك ئۇننىڭ باھاسى 330 يۈەندىن بىراقلا 680 (شىنجاڭ كۆمۈش تەڭگىسى) يۈەنگە چىقتى، 12- ئايدا يەنە ئۆرلەپ 1040 يۈەنگە چىقىپ، 1950- يىلدىكىدىن 2.2 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. يازكۈلدە باھا قۇمۇلنىڭكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى بولدى. 1950- يىلى كۈزدە توپىلاڭ تىنچىتىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق باھاسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، قۇمۇلغا ئاشلىق ئاجرىتىپ بەردى. ئاشلىقنى قۇمۇل سودا شىركىتى تاختاي ئېسىپ تەمىنلىدى. ھەر 50 كىلوگرام ئۇننىڭ باھاسى 1046 يۈەندىن 460 يۈەنگە چۈشتى؛ 11- ئايدا بىر تاختا چاينىڭ باھاسى 190 يۈەندىن 130 يۈەنگە، كېيىن يەنە 100 يۈەنگە چۈشتى. بازاردا باھا مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1951- يىل 1- ئايدا، قۇمۇلدا بىر كىلوگرام ئۇننىڭ باھاسى 0.5424 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئىدى، 4- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۇننىڭ باھاسى 157.1% ئۆرلىدى. 4- ئاينىڭ 8- كۈنى، بىر كىلوگرام ئۇن 0.88 يۈەنگە چىقىپ، باھاسى بىر ھەسسە ئۆرلىدى. 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، بىر كىلوگرام ئۇننىڭ باھاسى 0.90 يۈەنگە تەڭشەلدى.

بۇغداي، ئۇن، گۈرۈچنىڭ 1951- يىلدىكى ئوتتۇرىچە بازار نەرخى 1950- يىلى 10- ئايدىكى باھادىن

%121.4 يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، بۇغدايىنىڭ %345.6، ئۇنىنىڭ %293.6، گۈرۈچىنىڭ %57.8 يۇقىرى بولدى. 1952- يىلى، قۇمۇلدا بىر كىلوگرام ئاشلىقنىڭ باھاسى 0.90 يۈەندىن 0.60 يۈەنگە چۈشۈپ، %33.34 تۆۋەنلىدى؛ ئارپىنىڭ باھاسى 0.72 يۈەندىن 0.4664 يۈەنگە چۈشۈپ، %35.25 تۆۋەنلىدى؛ گۈرۈچنىڭ باھاسى 1.23 يۈەندىن 0.84 يۈەنگە چۈشۈپ، %31.7 تۆۋەنلىدى. بۇ ئۈچ خىل ئاشلىقنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %33.12 تۆۋەنلىدى.

1953- يىلى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان بولدى ھەمدە تەدرىجىي پىلانلىق تۈردە تەڭشىلىدىغان بولدى. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىپ چىقىرىشنىڭ باھا پەرقى بۇغدايىنىڭ %8 كە، باشقا ئاشلىقلارنىڭ %13 كە تەڭشەلدى. 8- ئاينىڭ 4- كۈنى، ۋىلايەت بويىچە ئۈچ بازاردا تارتىلمىغان ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.1 چۈشتى. ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق بەش خىل پىششىقلانغان ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.9 تۆۋەنلىدى، سېتىۋېلىش- سېتىش باھا پەرقى %5.6 لىك بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىندى.

1954- يىل 1- ئايدا، گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش ۋە پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇق» ى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلدى. 7- ئاينىڭ 27- كۈنى، ۋالىي مەھكىمە ئاساسىي ئاشلىق بىلەن قارا ئاشلىقنىڭ باھا نىسبىتىگە ئاساسەن، ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش، سېتىلىش باھاسىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى، بۇغداي، سېرىق پۇرچاق ۋە ماشنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10.5 تۆۋەنلىتىلدى، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، قىزىل قوناق، ئارپا، يالىڭاچ ئارپا، سېرىق پۇرچاق، كۆك پۇرچاق، يېسى پۇرچاق، داۋۇر قاتارلىق توققۇز خىل ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %5.21 ئۆستۈرۈلدى. ھەر 100 كىلوگرام بۇغدايىنىڭ سېتىلىش باھاسى 36.3 يۈەندىن 33 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %9.1 چۈشۈرۈلدى؛ ھەر 100 كىلوگرام ئۇننىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 51.6 يۈەندىن 48 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %7.10 چۈشۈرۈلدى؛ گۈرۈچنىڭ 82 يۈەندىن 77.50 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %5.5 چۈشۈرۈلدى.

1955- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەت ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، سېتىلىش باھاسىنى تەڭشىدى. ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ تارتىلمىغان ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرىچە %5.70 چۈشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەر كىلوگرام بۇغدايىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.3060 يۈەندىن 0.2706 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %11.57 چۈشۈرۈلدى؛ قارا ئاشلىقنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.7 چۈشۈرۈلدى. ۋىلايەتتىكى ئۈچ بازاردا تارتىلمىغان ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7 چۈشتى. ھەر كىلوگرام ئۇننىڭ بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسى 0.96 يۈەندىن 1.0428 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %8.6 ئۆستۈرۈلدى. 10- ئاينىڭ 15- كۈنى، قۇمۇل تۈگمەن ئۇننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.46 يۈەندىن 0.452 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %1.74، زاۋۇت ئۇنىنىڭ باھاسى 0.976 يۈەندىن 0.956 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %2.09 چۈشۈرۈلدى.

1956- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە تارتىلمىغان ئاشلىقنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. ئۈچ بازاردا ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %1.85 چۈشۈرۈلدى، سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %3.39 ئۆستۈرۈلدى. 1957- يىلى، تارتىلمىغان ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.77 چۈشۈرۈلدى، سېتىلىش باھاسىمۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.77 چۈشۈرۈلدى.

1958- يىلى، بۇغدايىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.42، تارتىلمىغان ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى %2.41، بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسى %2.47 چۈشۈرۈلدى.

1961- يىل 3- ئاينىڭ 10- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ بازاردا تارتىلمىغان 12 خىل ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %15.28 ئۆستۈرۈلدى، سېتىلىش باھاسى ئۆزگەرمىدى.

1964- يىل 1- ئايدا، يېزىلاردىكى ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى بىلەن شەھەردە سودا- سانائەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. ھەر كىلوگرام گۈرۈچنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشتە بەش يۈەندىن ئارتۇق ئۆستۈرمەسلىك، بۇغداي، ئۇن، سېرىق پۇرچاقنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشتە تۆت يۈەندىن ئارتۇق ئۆستۈرمەسلىك، باشقىلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئۈچ يۈەندىن ئارتۇق ئۆستۈرمەسلىك بەلگىلەندى.

1965- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاشلىقنى زىيىنىغا سېتىپ چىقارغان رايونلارغا قارىتا سېتىلىش باھاسى بىلەن سېتىۋېلىنىش باھاسىنى تەڭلەشتۈرۈش چارىسى قوللىنىلدى. شەھەردە تارتىلمىغان ئاشلىقنىڭ بىر تۈتاش سېتىلىش باھاسى جايلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلدى. پىششىقلانغان ئاشلىقنىڭ بىر تۈتاش سېتىلىش باھاسى سودا- سانائەت ساھەسىنى تەمىنلەيدىغان باھا بىلەن تەڭلەشتۈرۈلدى.

1966- يىلى، يېڭى ئاشلىق بازارغا سېلىنغاندىن باشلاپ، ئاشلىقنى بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلۈپ، شەھەر، يېزىلاردا ئوخشاش باھا يولغا قويۇلدى. ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيە دەرىجىلىك بازارلاردىكى 15 خىل ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %2.3 ئۆستۈرۈلدى.

1971- يىل 8- ئاينىڭ 21- كۈنى، دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ نورمىدىن ئاشۇرۇپ ساتقان ئاشلىقىغا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى، قوشۇپ بېرىلىدىغان باھانى تاختاي باھاسىنىڭ %30 دىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك بەلگىلەندى.

1979- يىل 7- ئاينىڭ 9- كۈنى، تارتىلمىغان 19 خىل ئاشلىقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۈتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25.61 يۈەندىن 32.16 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، %25.60 ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز باشقۇرىدىغان ئالتە خىل ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 25.76 يۈەندىن 30.11 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %16.9 ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان 11 خىل ئاشلىقنىڭ باھاسى 26.54 يۈەندىن 34.62 يۈەنگە تەڭشىلىپ، %30.44 ئۆستۈرۈلدى. مەركەز، ئاپتونوم رايون باشقۇرمايدىغان ئىككى خىل ئاشلىقنىڭ باھاسى %32.35 ئۆستۈرۈلدى. ۋىلايەتلەر ئارا بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھا پەرقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش باھا يولغا قويۇلدى.

1985- يىل 4- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاشلىقنى بىر تۈتاش سېتىۋېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، توختام زاكاز ئارقىلىق سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. توختام بىلەن سېتىۋېلىنىدىغىنى بۇغداي، شال (گۈرۈچ)، قوناقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاشلىق بولۇپ، دۆلەت توختام بىلەن سېتىۋالغانلىكى ئاشلىقنى «3:7» ئۆلۈش بويىچە باھا قويۇپ سېتىۋالدى، يەنى ئۈچ ئۆلۈشىنى بىر تۈتاش باھا بويىچە، يەتتە ئۆلۈشىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ساتقان باھا بويىچە باھا قوشۇپ سېتىۋالدى. نورمىدىن ئاشۇرۇپ ساتقان قىسمىغا ئەسلىدىكى بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھا ئاساسىدا، بۇغدايغا %60، شال (گۈرۈچ) ۋە كۆممىقوناقتا %50 تىن باھا قوشۇپ بېرىلدى. توختاملىق زاكازدىن باشقا ئاشلىق پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلدى.

1987- يىل 9- ئايدا، يېڭى ئاشلىق بازارغا سېلىنغاندىن باشلاپ، باركۆل ناھىيىسى قارا ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنى تەڭشىدى؛ 1- دەرىجىلىك پۇرچاقنىڭ ھەر كىلوگرامى 0.55 يۈەنگە، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.54 يۈەنگە، 3- دەرىجىلىكنىڭ 0.53 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ 1- دەرىجىلىك يالىڭاچ ئارپىنىڭ ھەر كىلوگرامى 0.5092 يۈەنگە، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.4944 يۈەنگە، 3- دەرىجىلىكنىڭ 0.48 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ 1- دەرىجىلىك ئارپىنىڭ ھەر كىلوگرامى 0.45 يۈەنگە، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.44 يۈەنگە، 3- دەرىجىلىكنىڭ 0.43 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ 1- دەرىجىلىك دادۇرنىڭ ھەر كىلوگرامى 0.49 يۈەنگە، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.48 يۈەنگە، 3- دەرىجىلىكنىڭ 0.47 يۈەنگە تەڭشەلدى.

1988- يىل 2- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن باشلاپ، كېلىشىم باھادىكى ئۆلچەملىك گۈرۈچنىڭ يۆتكەپ كېلىنىش باھاسى 0.96 يۈەندىن 0.98 يۈەنگە، سېتىلىش باھاسى 1.1 يۈەندىن 1.15 يۈەنگە تەڭشەلدى. سوقچاق گۈرۈچنىڭ

يۆتكەپ كېلىنىش باھاسى 0.96 يۈەنگە، سېتىلىش باھاسى 1.1 يۈەنگە تەڭشەلدى.

1988- يىل 8- ئايدىن باشلاپ، يېزىلارغا قايتىدىن سېتىپ بېرىلىدىغان ئۇننىڭ باھاسى تەڭشەلدى. يەنى، ھەر 50 كىلوگرام 1- دەرىجىلىك ئالاھىدە ئۇننىڭ باھاسى 39 يۈەندىن 41.6 يۈەنگە، 2- دەرىجىلىك ئالاھىدە ئۇننىڭ باھاسى 36 يۈەندىن 37.6 يۈەنگە، ئۆلچەملىك ئۇننىڭ باھاسى 30 يۈەندىن 32 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

1988- يىل 12- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك كېلىشىم باھا شىركىتى قۇمۇل شەھىرى ۋە تارانچى كان رايونىدا ئۆلچەملىك ئۇننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنى 0.82 يۈەندىن 1.01 يۈەنگە ئۆستۈردى، تارانچى كان رايونىدا 1.02 يۈەن بولدى، توپ سېتىلىش باھاسى 0.94 يۈەن بولدى.

1989- يىل 3- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك 2- ئاشلىق ئىسكىلاتىدىكى ھەر كىلوگرام كۆممىقوناق ئۇننىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.58 يۈەن بولدى.

1989- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن باشلاپ، ھەر 50 كىلوگرام ئەتىيازلىق بۇغداينىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىۋېلىنىش كېلىشىم باھاسى: قۇمۇل شەھىرىدە 1- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 37.8يۈەن، 2- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 36.8 يۈەن، 3- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 35.7 يۈەن، 4- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 34.6 يۈەن، 5- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 33.6 يۈەن بولدى. باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە، 1- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ باھاسى 34.4 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 33.4 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 32.4 يۈەن، 4- دەرىجىلىكنىڭ 31.4 يۈەن، 5- دەرىجىلىكنىڭ 30.4 يۈەن بولدى؛ ھەر 50 كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ باھاسى قۇمۇل شەھىرىدە 1- دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 27.5 يۈەن، 2- دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 27 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 26.5 يۈەن؛ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 1- دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 21.1 يۈەن، 2- دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 20.5 يۈەن، 3- دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 19.9 يۈەن بولدى.

1989- يىل 11- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن باشلاپ، ھەر 50 كىلوگرام كۈزلۈك بۇغداينىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىۋېلىنىش كېلىشىم باھاسى: قۇمۇل شەھىرىدە 1- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 38.8 يۈەن، 2- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 37.7 يۈەن، 3- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 36.6 يۈەن، 4- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 35.6 يۈەن، 5- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 34.5 يۈەن بولدى. باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە 1- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 35.3 يۈەن، 2- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 34.3 يۈەن، 3- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 33.3 يۈەن، 4- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 32.3 يۈەن، 5- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 31.3 يۈەن بولدى.

1990- يىل 11- ئاينىڭ 29- كۈنىدىن باشلاپ، ھەر 50 كىلوگرام 1- دەرىجىلىك قۇمۇل بۇغدىينىڭ كېلىشىمدىكى ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسى 42.4 يۈەن، 2- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 41.2 يۈەن، 3- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 40 يۈەن، 4- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 38.8 يۈەن، 5- دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 37.6 يۈەن بولدى.

1990- يىلى يېڭى ئاشلىق بازارغا سېلىنغاندىن باشلاپ، ھەر كىلوگرام 1- دەرىجىلىك قۇمۇل ئارپىسىنىڭ كېلىشىم باھاسى 0.64 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.63 يۈەن بولدى.

(2) ياغلىق دان ۋە سۇ مېيى ھەر كىلوگرام قىچا مېيىنىڭ ئوتتۇرىچە بازار باھاسى: 1950- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.34 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، باركۆل ناھىيىسىدە 1.20 يۈەن بولدى؛ 1951 - يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.62 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 2.40 يۈەن بولدى؛ 1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 3.20 يۈەن بولدى. 1954- يىل 11- ئاينىڭ 19- كۈنى، زىغىر، قىچا مايلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش تاختاي باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 2.8 يۈەندىن 3.2 يۈەنگە ئۆرلەپ، 14.29% ئۆستى؛ ياغلىق دان يىغىۋېلىشتا: زىغىرنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى قۇمۇل ناھىيىسىدە 0.60 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 1.16 يۈەن، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 1.72 يۈەن بولدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگرام قىچىنىڭ باھاسى 1.24 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 1.044 يۈەن، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە 1.664 يۈەن بولدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە زاراڭزا، كەندىرنىڭ باھاسى 0.84 يۈەن بولدى. 1956- يىلى،

ۋىلايەت ئالتە خىل ياغلىق داننىڭ ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسىنى 19.27 يۈەندىن 19.19 يۈەنگە چۈشۈرۈپ، 0.42% تۆۋەنلەتتى. 1958- يىلى، يەتتە خىل ياغلىق داننىڭ ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسىنى 18.10 يۈەندىن 17.90 يۈەنگە چۈشۈرۈپ، 1.1% تۆۋەنلەتتى.

1961- يىلى، ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيە دەرىجىلىك بازاردىكى توققۇز تۈرلۈك ياغلىق داننىڭ ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 16.87 يۈەندىن 20.81 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 23.36% ئۆستۈرۈلدى.

1971- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتتە توققۇز تۈرلۈك ياغلىق داننىڭ ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 21.18 يۈەندىن 23.03 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 8.73% ئۆستى.

1979- يىل 7 - ئاينىڭ 9- كۈنى، ۋىلايەتتە توققۇز تۈرلۈك ياغلىق داننىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى تۆۋەندىكىدەك تەڭشەلدى: ھەر 50 كىلوگرام قىچا مېيىنىڭ باھاسى 85 يۈەندىن 106 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 24.71% ئۆستۈرۈلدى؛ ھەر 50 كىلوگرام زىغىر مېيىنىڭ باھاسى 85 يۈەندىن 108 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 27.06% ئۆستۈرۈلدى، گازىر مېيى 88 يۈەندىن 110 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 25% ئۆستۈرۈلدى؛ ئىنەكيىتى (ئابدىملىك) مېيى (سانائەتتە ئىشلىتىلىدۇ) 85 يۈەندىن 120 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 41.08% ئۆستۈرۈلدى؛ قىچا مېيى 28 يۈەندىن 35 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 25% ئۆستۈرۈلدى؛ زىغىر مېيى 28 يۈەندىن 36 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 28.57% ئۆستۈرۈلدى؛ كەندىر مېيى 50 يۈەندىن 60 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 20% ئۆستۈرۈلدى، چىگىت مېيى سەككىز يۈەندىن 10 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 25% ئۆستۈرۈلدى، مايلىق گازىر 22.9 يۈەندىن 35 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 52.84% ئۆستۈرۈلدى، گازىر 23.9 يۈەندىن 26 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 13.54% ئۆستۈرۈلدى. يېمەكلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماي ۋە ياغلىق داننىڭ نورمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسمىغا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا 50% باھا قوشۇپ بېرىلدى.

1985- يىلى، ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بىلەن سېتىلىش باھاسى ئوخشاش بولدى. شەھەر- بازارلاردا سېتىلىش باھاسى ئۆزگەرمىدى.

1988- يىل 4- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن ئېتىبارەن، كېلىشىم باھادىكى ھەر كىلوگرام قىچا مېيىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 3.3 يۈەنگە، پارچە سېتىلىش باھاسى 3.6 يۈەنگە تەڭشەلدى.

1988- يىل 11- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن ئېتىبارەن، كېلىشىم باھادىكى ھەر كىلوگرام قىچا مېيىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 3.9 يۈەندىن 5.2 يۈەنگە تەڭشەلدى.

1989- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن ئېتىبارەن، ھەر 50 كىلوگرام ياغلىق داننىڭ ئەڭ يۇقىرى كېلىشىم باھاسى ۋىلايەت بويىچە ئوخشاش بولدى: 1- دەرىجىلىك قىچىنىڭ كېلىشىم باھاسى 67.4 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 65.4 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 63.4 يۈەن؛ ھەر 50 كىلوگرام 1- دەرىجىلىك زىغىرنىڭ كېلىشىم باھاسى 73.8 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 71.5 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 69.5 يۈەن؛ ھەر 50 كىلوگرام 1- دەرىجىلىك مايلىق گازىرنىڭ كېلىشىم باھاسى 63.8 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 61.9 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 60 يۈەن، ھەر 50 كىلوگرام 1- دەرىجىلىك چىگىتنىڭ كېلىشىم باھاسى 22.4 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 21.8 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 21.1 يۈەن بولدى.

1990- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ھەر 50 كىلوگرام 2- دەرىجىلىك ياغلىق داننىڭ نىسبەت بويىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى تەڭشەلدى. يەنى، قىچىنىڭ باھاسى 52.3 يۈەندىن 70.4 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 18.1 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛ زىغىرنىڭ باھاسى 57.3 يۈەندىن 75.4 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 18.1 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛ مايلىق گازىرنىڭ باھاسى 49.5 يۈەندىن 69.4 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 19.9 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛ ئادەتتىكى گازىرنىڭ باھاسى 37.5 يۈەندىن 52 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 14.5 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛ چىگىت 17.4 يۈەندىن 22.9 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 5.5 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛ ھەر 50 كىلوگرام قىچا مېيى ۋە زىغىر مېيىنىڭ باھاسى 49 يۈەن ئۆستۈرۈلدى، گازىر مېيى 48.4 يۈەن،

چېكىت مېيى 44.5 يۈەن ئۆستۈرۈلدى.

(3) پاختا (قوزۇقلۇق پاختىسى)

A. سېتىۋېلىنىش باھاسى 1955- يىلى 9- ئاينىڭ 5- كۈنى، قومۇل بازارلىرىدا ھەر 50 كىلوگرام ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەرلىك سورت ساپ پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 104 يۈەن بولدى؛ باشقا دەرىجىدىكى پاختىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكى 104.81 يۈەندىن، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 100 يۈەندىن، تۆۋەن دەرىجىلىكى 95.4 يۈەندىن يىغىۋېلىندى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك سېرىق پاختىنىڭ باھاسى 73.43 يۈەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىكىنىڭ باھاسى 61.57 يۈەن، تۆۋەن دەرىجىلىكىنىڭ باھاسى 58.18 يۈەن بولدى. پاختا بىلەن ئاشلىقنىڭ باھا نىسبىتى 1:6.9 بولدى.

1956- يىلى 11- ئاينىڭ 21- كۈنى، قومۇل بازارلىرىدىكى ساپ پاختا 5- دەرىجىلىك ئىنچىكە تالا 7/8 سۈڭ ئۆلچىمى بويىچە، ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ باھاسى 104 يۈەندىن 105 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 1% ئۆستۈرۈلدى؛ يىرىك تالالىقى ئىنچىكە تالالىقىنىڭ 96%ى بويىچە سېتىۋېلىندى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى پاختا، ئاشلىق نىسبىتى 1:7.5 بولدى.

1972- يىلى 7- ئاينىڭ 24- كۈنى، ئۆلچەملىك (3- دەرىجە 27 مىللىمېتىر) توزۇندى پاختىنىڭ ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 115 يۈەنگە تەڭشىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى باھا 105 يۈەندىن 9.52% ئۆستۈرۈلدى. شەھەر، يېزىلاردا ئوخشاش باھا يۈرگۈزۈلدى.

1978- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، ۋىلايەت بويىچە بىر تۇتاش باھا يۈرگۈزۈلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 50 كىلوگرام (ئۆلچەملىك 3- دەرىجە 27 مىللىمېتىر) پاختىنىڭ باھاسى 102 يۈەندىن 115 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ ھەرە چىشلىق چىغدىقتا چىقىرىلغان پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى توزۇندى پاختىنىڭ باھاسى بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ مۇتلەق باھاسىغا 4.6 يۈەن قوشۇپ بېرىلدى.

1979- يىلى 4- ئاينىڭ 5- كۈنى، ھەر 50 كىلوگرام ئۆلچەملىك توزۇندى پاختىنىڭ باھاسى 138.25 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ ھەرە چىشلىق چىغدىقتا چىقىرىلغان پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوخشاش دەرىجىدىكى توزۇندى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئاساسىدا، ھەر 50 كىلوگرامىغا 5.5 يۈەن قوشۇپ بېرىلدى (دەرىجىگە توشمىغانلىرىغا قوشۇلمىدى).

1984- يىلى 7- ئاينىڭ 7- كۈنى، قومۇلدا رايون باھا پەرقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر 50 كىلوگرام ئۆلچەملىك (3- دەرىجە 27 مىللىمېتىر) توزۇندى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش تاختاي باھاسى 153.1 يۈەندىن 145.8 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 7.245% چۈشۈرۈلدى؛ پاختىغا باھا قوشۇپ بېرىش «تەتۈر 2:8 ئۆلۈش» بويىچە ئىجرا قىلىندى، يەنى تاختاي باھاسى 20% نى، قوشۇپ بېرىش باھاسى 80% نى ئىگىلىدى. باھا قوشۇپ بېرىش سالمىقى يەنىلا 30% بولدى. تاختاي باھاسى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدىغان باھانى ئارىلاشتۇرۇپ يىغىۋالغاندا، ھەر 50 كىلوگرامى 180.80 يۈەن بولدى. ھەر 50 كىلوگرام ھەرە چىشلىق چىغدىقتا چىقىرىلغان ساپ پاختىنىڭ خوراش قىسمىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان پۇل 6.1 يۈەندىن 5.8 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى.

1985- يىلى 4- ئاينىڭ 16- كۈنى، قومۇلدا پاختىغا باھا قوشۇش نىسبىتى تەتۈر «2:8» ئۆلۈشتىن تەتۈر «3:7» ئۆلۈشكە ئۆزگەرتىلدى. يەنى، تاختاي باھاسى 30% نى، قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا 70% نى ئىگىلىدى. باھا قوشۇپ بېرىش سالمىقى يەنىلا 30% بولدى. قومۇلدا ئۆلچەملىك (3- دەرىجە 27 مىللىمېتىر) توزۇندى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش تاختاي باھاسى ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ يەنىلا 145.8 يۈەن بولدى، تەتۈر «3:7» نىسبەت بويىچە ھەر 50 كىلوگرام پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 176.42 يۈەن بولدى، تەتۈر «3:7» نىسبەتلىك باھا بويىچە ئۆلچەملىك پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى يەنە بەش يۈەن تۆۋەنلىتىلدى.

### 1987- يىلى يېڭى پاختا بازارغا سېلىنغاندا قۇمۇل بازارلىرىدىكى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش تاختاي باھاسى

جەدۋەل: 18 – 8 بىرلىكى: 50كىلوگرام / يۈەن

| سۈپەت دەرىجىسى / باھاسى / تالا ئۇزۇنلۇقى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 مىللىمېتىر | 189.51 | 180.79 | 172 | 163.29 | | | |
| 31 مىللىمېتىر | 180.39 | 172 | 163.29 | 154.54 | | | |
| 29 مىللىمېتىر | 172 | 163.29 | 154.54 | 145.80 | | | |
| 27 مىللىمېتىر | 163.29 | 154.54 | 145.80 | 137.05 | 122.47 | | |
| 25 مىللىمېتىر | 156 | 147.25 | 138.51 | 129.76 | 115.18 | | |
| 23 مىللىمېتىر | 178.71 | 139.96 | 131.22 | 122.47 | 107.89 | 90.39 | 72.90 |

### 1987- يىلى قۇمۇل بازارلىرىدا پاختىنى «تەتۈر ئۈچتە يەتتە ئۆلۈش» بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى

جەدۋەل: 18 – 9 بىرلىكى: 50كىلوگرام / يۈەن

| سۈپەت دەرىجىسى / باھاسى / تالا ئۇزۇنلۇقى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 مىللىمېتىر | 222.84 | 212.56 | 202.27 | 191.99 | | | |
| 31 مىللىمېتىر | 212.56 | 202.27 | 191.99 | 181.70 | | | |
| 29 مىللىمېتىر | 202.27 | 191.99 | 181.70 | 171.42 | | | |
| 27 مىللىمېتىر | 191.99 | 181.70 | 171.42 | 161.13 | 143.99 | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 25 مىللىمېتىر | 183.41 | 173.13 | 162.84 | 152.56 | 135.42 | | |
| 23 مىللىمېتىر | 174.84 | 164.56 | 154.27 | 143.99 | 126.85 | 106.28 | 85.71 |

1989- يىلى يېڭى پاختا بازارغا سېلىنغاندىن باشلاپ، ۋىلايەت بويىچە ئۆلچەملىك تورۇندى پاختا (3- دەرىجىلىك، تالا ئۇزۇنلۇقى 27 مىللىمېتىر، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) نىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 1988- يىلدىكى تەتۈر 3:7 نىسبەت بويىچە، ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ 191.82 يۈەن (1988- يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىلگەن 25 يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن 231.82 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە ھەر 50 كىلوگرام ئۆلچەملىك تورۇندى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 236.42 يۈەن بولدى. ئاراتۈرۈك بازىرىدا تورۇندى پاختىنىڭ باھاسى قۇمۇل بازارلىرىنىڭكىدىن 2.50 يۈەن تۆۋەن بولدى. ھەر خىل دەرىجىدىكى ھەرە چىشلىق چىغىرىقتا چىقىرىلغان پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى شۇ دەرىجىدىكى تورۇندى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئاساسىدا، ھەر 50 كىلوگرام ساپ پاختىنىڭ خوراش قىسمىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا 5.8 يۈەندىن 8.2 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

1990- يىلى، يېڭى پاختا بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەتتە ھەر 50 كىلوگرام تورۇندى پاختا (3- دەرىجە، تالا ئۇزۇنلۇقى 27 مىللىمېتىر) نىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 231.82 يۈەندىن 295.4 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ھەر 50 كىلوگرام پاختىنىڭ 4.6 يۈەنلىك رايون باھا پەرقى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە ھەر 50 كىلوگرام ئۆلچەملىك پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 300 يۈەن بولدى. ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدا ھەر 50 كىلوگرام تورۇندى پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى قۇمۇل بازارلىرىنىڭكىدىن 2.50 يۈەن تۆۋەن بولدى. ھەر 50 كىلوگرام ھەرە چىشلىق چىغىرىقتا چىقىرىلغان ھەر دەرىجىلىك ساپ پاختىنىڭ خوراش قىسمىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان پۇلى ھازىرقى 8.20 يۈەندىن 10.8 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

B. **يۆتكەش باھاسى** 1955- يىل 9- ئايدا، قۇمۇلنىڭ يەرلىك پاختىسىنى يۆتكىرىنىڭ يۆتكەش باھاسى ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ 122.52 يۈەن بولدى.

1972- يىل 11- ئاينىڭ 8- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر 50 كىلوگرام پاختىنىڭ باھاسى 127.4 يۈەن (تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە 116.7 يۈەن) بولدى.

1974- يىل 8- ئاينىڭ 21- كۈنى، پاختا تۇۋتىنىڭ يۆتكەش باھاسى تەڭشەلدى، زاۋۇت باھاسى ئاساسىدا ھەر 50 كىلوگرامىغا 3.5 يۈەن ئوراش ھەققى ۋە 2.5% تىجارەت ھەققى قوشۇلدى، ھەر 50 كىلوگرام 1- تۈر 1- دەرىجىلىكى 50.7 يۈەن، 2- دەرىجىلىكى 46.6 يۈەن، 3- دەرىجىلىكى 37.4 يۈەن بولدى. 2- تۈر 1- دەرىجىلىكى 43.6 يۈەن، 2- دەرىجىلىكى 36.4 يۈەن، 3- دەرىجىلىكى 30.2 يۈەن بولدى. 3- تۈر 1- دەرىجىلىكى 41.5 يۈەن، 2- دەرىجىلىكى 34.3 يۈەن، 3- دەرىجىلىكى 27.2 يۈەن بولدى. دەرىجىگە توشمايدىغان پاختا تۇۋتىنىڭ باھاسى 3- دەرىجىلىك پاختا باھاسىنىڭ 70% ى بويىچە ھېسابلاندى.

C. **پاختىنىڭ سېتىلىش باھاسى** 1950- يىلى، قۇمۇل بازارلىرىدا ھەر بىر كىلوگرام پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە پارچە سېتىلىش باھاسى (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا) 2.302 يۈەن، 1952- يىلى 2.93 يۈەن، 1953- يىلى 3.3 يۈەن، 1954- يىلى 2.92 يۈەن بولدى.

1955- يىل 9- ئاينىڭ 30- كۈنى، قۇمۇل بازارلىرىدا ھەر كىلوگرام ئارىلاشما پاختىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 2.54 يۈەن، پارچە سېتىلىش باھاسى 2.646 يۈەن؛ ئۆلچەمگە توشقان يەرلىك پاختىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 3.04 يۈەن، ئارىلاشما تور پاختىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 3.0662 يۈەن، پارچە سېتىلىش باھاسى 3.162 يۈەن؛ يۇقىرى

دەرىجىلىك يەرلىك تور پاختىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى 3.4432 يۈەن، پارچە سېتىلىش باھاسى 3.55 يۈەن بولدى.

1983- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل بازارلىرىدا ھەر 50 كىلوگرام پاختىنىڭ باھاسى 118 يۈەنگە تەڭشەلدى، ھەر 50 كىلوگرام (3- دەرىجىلىك، تالا ئۇزۇنلۇقى 27 مىللىمېتىرلىق) پاختىنىڭ باھاسى 190 يۈەن بولدى. باركۆل ناھىيىسىدە (3- دەرىجىلىك، تالا ئۇزۇنلۇقى 27 مىللىمېتىرلىق) ھەر 50 كىلوگرام پاختىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 192 يۈەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 193 يۈەن بولدى.

**پاختىنىڭ قۇمۇل بازارلىرىدا 1990- يىل 11- ئاينىڭ 10- كۈنىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى**

جەدۋەل: 18 – 10

بىرلىكى: كىلوگرام / يۈەن

| سۈپەت دەرىجىسى / باھاسى / تالا ئۇزۇنلۇقى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 مىللىمېتىر | 11.66 | 11.12 | 10.58 | 10.05 | | | |
| 31 مىللىمېتىر | 11.12 | 10.58 | 10.05 | 9.51 | | | |
| 29 مىللىمېتىر | 10.58 | 10.05 | 9.51 | 8.97 | | | |
| 27 مىللىمېتىر | 10.05 | 9.51 | 8.97 | 8.43 | 7.53 | | |
| 25 مىللىمېتىر | 9.6 | 9.06 | 8.52 | 7.98 | 7.09 | | |
| 23 مىللىمېتىر | 9.15 | 8.61 | 8.07 | 7.53 | 6.64 | 5.58 | 4.49 |

**پاختىنىڭ ئاراتۈرۈك بازارلىرىدا 1990- يىل 11- ئاينىڭ 10- كۈنىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى**

جەدۋەل: 18 – 11

بىرلىكى: كىلوگرام / يۈەن

| سۈپەت دەرىجىسى / باھاسى / تالا ئۇزۇنلۇقى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 مىللىمېتىر | 11.97 | 11.43 | 10.87 | 10.32 | | | |
| 31 مىللىمېتىر | 11.42 | 10.87 | 10.32 | 9.76 | | | |

| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 29 سانتىمېتىر | 10.87 | 10.32 | 9.76 | 9.21 | | | |
| 27 سانتىمېتىر | 10.32 | 9.76 | 9.21 | 8.66 | 7.74 | | |
| 25 سانتىمېتىر | 9.85 | 9.30 | 8.75 | 8.20 | 7.28 | | |
| 23 سانتىمېتىر | 9.39 | 8.84 | 8.29 | 7.74 | 6.82 | 5.71 | 4·61 |

**پاختىنىڭ باركۆل بازارلىرىدا 1990- يىلى 11- ئاينىڭ 10- كۈنىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى**

جەدۋەل: 18 – 12 بىرلىكى: كىلوگرام / يۈەن

| سۈپەت دەرىجىسى / باھاسى / تالا ئۇزۇنلۇقى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 سانتىمېتىر | 11.96 | 11.41 | 10.86 | 10.30 | | | |
| 31 سانتىمېتىر | 11.41 | 10.86 | 10.30 | 9.75 | | | |
| 29 سانتىمېتىر | 10.86 | 10.30 | 9.75 | 9.20 | | | |
| 27 سانتىمېتىر | 10.30 | 9.75 | 9.20 | 8.65 | 7.73 | | |
| 25 سانتىمېتىر | 9.84 | 9.29 | 8.74 | 8.19 | 7.28 | | |
| 23 سانتىمېتىر | 9.38 | 8.83 | 8.28 | 7.73 | 6.81 | 5.70 | 4.60 |

(4) گۆش 1950- يىلى، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىدە سۆگەكلىك چوشقا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگرامى 1.70 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىدا)؛ 1952- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە 2.11 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 1.60 يۈەن؛ 1953- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 3.70 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 2.22 يۈەن؛ 1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 3.70 يۈەن بولدى.

1950- يىلى، ھەر كىلوگرام سۆگەكلىك كالا گۆشىنىڭ باھاسى قۇمۇل ناھىيىسىدە 0.62 يۈەن؛ 1951- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.24 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 1 يۈەن؛ 1952- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.19 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 0.82 يۈەن؛ 1953- يىلى، باركۆل ناھىيىسىدە 0.98 يۈەن؛ 1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.84 يۈەن بولدى. 1950- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگرام سۆگەكلىك قوي گۆشىنىڭ باھاسى 0.93 يۈەن، باركۆل

ناھىيىسىدە 0.76 يۈەن؛ 1952- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.5 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 1.42 يۈەن؛ 1952- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.56 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 1.20 يۈەن؛ 1953- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1.63 يۈەن، باركۆل ناھىيىسىدە 1.48 يۈەن؛ 1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 2.22 يۈەن بولدى.

1955- يىل 5- ئاينىڭ 27- كۈنى، ۋىلايەت بويىچە سۆگەكلىك قوي گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 1.87 يۈەندىن 1.73 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 7.5% تۆۋەنلىدى؛ قۇمۇل ناھىيىسىدە شۇلۇك كالا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 2 يۈەندىن 1.80 يۈەنگە تەڭشەلدى، ئارائۇرۇك ناھىيىسىدە 1.60 يۈەندىن 1.70 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 6.25% ئۆستۈرۈلدى؛ قۇمۇل ناھىيىسىدە سۆگەكلىك چوشقا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ باھاسى 3.40 يۈەندىن 2.80 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 17.65% چۈشۈرۈلدى.

1965- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەت ئۆچكە گۆشىنىڭ باھاسىنى قوي گۆشىنىڭ باھاسىنىڭ90% - 92% ى بويىچە بېكىتتى. قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگىرام سۆگەكلىك قوي گۆشىنىڭ باھاسى 1.11 يۈەن بولدى، سۆگەكلىك ئۆچكە گۆشىنىڭ باھاسى 1 يۈەنگە، شۇلۇك ئۆچكە گۆشىنىڭ باھاسى 1.122 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ باركۆل، ئارائۇرۇك ناھىيىلىرىدە سۆگەكلىك قوي گۆشىنىڭ باھاسى 1.03 يۈەن بولدى، سۆگەكلىك ئۆچكە گۆشىنىڭ باھاسى 0.92 يۈەنگە تەڭشەلدى.

1979- يىل 10- ئاينىڭ 30- كۈنى، ۋىلايەت بويىچە سۆگەكلىك چوشقا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 1.75 يۈەندىن 2.15 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 22.86% ئۆستۈرۈلدى؛ شۇلۇك كالا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 1.02 يۈەندىن 1.42 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 39.21% ئۆستۈرۈلدى؛ سۆگەكلىك قوي گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 1.02 يۈەندىن 1.34 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 31.37% ئۆستۈرۈلدى.

1985- يىل 7- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن باشلاپ، گۆش باھاسى قويۇۋېتىلدى. ۋىلايەتنىڭ سۆگەكلىك چوشقا گۆشىگە قارىتا بەلگىلىگەن يېتەكچى باھاسى 2.19 يۈەندىن 2.91 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 32.88% ئۆستۈرۈلدى.

1987- يىل 10- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل شەھىرى (جۈملىدىن دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار ۋە بازارلار) دە ھەر كىلوگىرام چوشقا گۆشىگە قويۇلغان ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى تۆت يۈەندىن 4.50 يۈەنگە، سۆگەكلىك قوي گۆشىگە قويۇلغان ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى 4.80 يۈەندىن 5 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ئۆچكە گۆشىگە قويۇلغان ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى 4.50 يۈەن بولدى، كالا گۆشىگە قويۇلغان ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى 4.60 يۈەندىن 4.80 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

1988- يىل 12- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېمەكلىك شىركىتى ھەر كىلوگىرام كالا گۆشىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنى 6.40 يۈەندىن 6.80 يۈەنگە، قوي گۆشىنىڭ باھاسىنى 7.20 يۈەندىن 7.50 يۈەنگە تەڭشىدى.

1989- يىل 12- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل بازارلىرىدا گۆشكە ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى قويۇلدى: سۆگەكلىك چوشقا گۆشىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنى 6 يۈەندىن، سۆگەكلىك ھەر كىلوگىرام يېڭى قوي گۆشىنىڭ باھاسىنى 9 يۈەندىن، ھەر كىلوگىرام شۇلۇك يېڭى كالا گۆشىنىڭ باھاسىنى 8 يۈەندىن ئاشۇرماسلىق بەلگىلەندى.

1990- يىل 8- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن باشلاپ، پىلان ئىچىدىكى ھەر كىلوگرام قوي گۆشىنىڭ يۆتكەش باھاسى 6.50 يۈەنگە، ئۆچكە گۆشىنىڭ 4.95 يۈەنگە تەڭشەلدى.

(5) تۇخۇم 1950- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى بازارلىرىدا بىر دانە تۇخۇمنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 0.09 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا) ئىدى، 1951- يىلى 0.13 يۈەن بولدى.

1958-، 1959- يىللىرى، قۇمۇل ناھىيىسى بازارلىرىدا تۇخۇم كۆپ بولغان پەسىللەردە ھەر كىلوگرام تۇخۇمنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 1.65 يۈەن ئىدى، 1960- يىلى 2.40 يۈەن بولدى.

1965- يىلى 2- ئاينىڭ 26- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگرام تۇخۇمنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 2.20 يۈەندىن 1.90 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە 2 يۈەندىن 1.80 يۈەنگە تەڭشەلدى. 4- ئاينىڭ 19- كۈنى، تۈپ بازاردا تۇخۇمنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ، تاختاي باھاسى بازار باھاسىدىن يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى. شۇڭا يېڭى تۇخۇمنىڭ سېتىۋېلىنىش - سېتىلىش باھاسى يەنە بىر قېتىم تەڭشەلدى،قۇمۇل ناھىيىسى بازارلىرىدا ھەر كىلوگرام تۇخۇمنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 1.70 يۈەنگە، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە 1.45 يۈەن بولدى.

1979-يىلى، ۋىلايەت بويىچە مولچىلىق پەسىللەردىكى ھەر كىلوگرام تۇخۇمنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 1.60 يۈەندىن 2.07 يۈەنگە تەڭشەلدى.

1985- يىلى 4- ئاينىڭ 6- كۈنى، ئۆي قۇشلىرى ۋە تۇخۇمنىڭ تىجارەت باھاسى قويۇۋېتىلدى، تاختاي باھاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەركىن ئېلىم - سېتىم يولغا قويۇلدى.

(6) قوغۇن 1951 – 1953 - يىلىغىچە، قۇمۇل ناھىيىسى بازارلىرىدا قوغۇن مولچىلىق پەسىللەردە ھەر بىر دانە 1- دەرىجىلىك قوغۇننىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.30 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.20 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 0.15 يۈەن بولدى.

1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە قوغۇن مولچىلىق پەسىلدە بىر دانە 1- دەرىجىلىك قوغۇننىڭ پارچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.45 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.40 يۈەن، 3- دەرىجىلىكنىڭ 0.25 يۈەن بولدى. بىر كىلوگرام قوغۇننىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.16 يۈەن بولدى.

1956- يىلى 8- ئاينىڭ 8- كۈنى، ھەر كىلوگرام قوغۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.28 يۈەن بولدى.

1957- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگرام قوغۇننىڭ ئوتتۇرىچە پارچە سېتىلىش باھاسى 0.35 يۈەن بولدى.

1960- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگرام قوغۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.20 يۈەن، پارچە سېتىلىش باھاسى 0.26 يۈەن بولدى. ھەر كىلوگرام 1- دەرىجىلىك كۈزلۈك قوغۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.24 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.20 يۈەن بولدى. 1- دەرىجىلىك قوغۇننىڭ سېتىلىش باھاسى 0.28 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.24 يۈەن بولدى.

1961- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگرام قوغۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.34 يۈەنگە، پارچە سېتىلىش باھاسى 0.40 يۈەنگە تەڭشەلدى. 1- دەرىجىلىك كۈزلۈك قوغۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.34 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.28 يۈەن بولدى. 1- دەرىجىلىك كۈزلۈك قوغۇننىڭ سېتىلىش باھاسى 0.40 يۈەن، 2- دەرىجىلىكنىڭ 0.34 يۈەن بولدى.

1964- يىلى 7- ئاينىڭ 3- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوگرام تۇنجى يازلىق قوغۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.16 يۈەندىن 0.12 يۈەنگە تەڭشەلدى، ھەر كىلوگرام 1- دەرىجىلىك كۈزلۈك قوغۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.13 يۈەن، سېتىلىش باھاسى 0.17 يۈەن بولدى.

1985- يىلى 5- ئايدا، كۆلگەچ، ئايسخان كۆكچى، تورلۇق خۇش پۇراق، تورلۇق ئاقپوستا، ناشپەر، قارا كۆكچى قاتارلىق ئالاھىدە سورتلۇق قوغۇننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.24 يۈەن؛ جاغدا، قاراقاش، مىجگەن، قىزىل كۆكچى، كەندىر كۆكچى، سېرىق چوقۇر كۆكچى، سېرىق كۆكچى قاتارلىق سورتلۇق قوغۇننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.21 يۈەن بولدى. 1986- يىلى، باھا قويۇۋېتىلىپ، سېتىش- سېتىۋېلىشتا كېلىشىم باھا يولغا قويۇلدى.

## 1981 – 1986 - يىللىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھا كۆرسەتكۈچى

جەدۋەل: 18 – 13 — بىرلىكى: %

| تۈرى / كۆرسەتكۈچ / يىللار | | | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي كۆرسەتكۈچ | | | 101.7 | 100.2 | 101.6 | 102.5 | 142.6 | 120.6 |
| ئاشلىق | ئوتتۇرىچە | | 100 | 100 | 100 | 100 | 157 | 108.9 |
| ئاشلىق | ئۇنىڭ ئىچىدە | بۇغداي | 100 | 100 | 100 | 100 | 145.2 | 101.4 |
| ئاشلىق | ئۇنىڭ ئىچىدە | ئاق قوناق | | | 100 | 100 | 120.4 | 100.3 |
| ئاشلىق | ئۇنىڭ ئىچىدە | سويا پۇرچاق | | | | 100 | 100 | 104.5 |
| ئىقتىسادىي زىرائەت | | | | | 100 | 100 | 153.8 | 102.7 |
| چارۋا مەھسۇلاتلىرى | ئوتتۇرىچە | | 101.8 | 100.2 | 104.3 | 105.1 | 139.8 | 142.2 |
| چارۋا مەھسۇلاتلىرى | ئۇنىڭ ئىچىدە | كالا | 100 | 100 | 197.0 | 100 | 104.3 | 100.9 |
| چارۋا مەھسۇلاتلىرى | ئۇنىڭ ئىچىدە | قوي | 100 | 100 | 196.3 | 100 | 110.2 | 103.3 |
| تېرە | ئوتتۇرىچە | | 106 | 100 | 96.5 | 167.0 | 124.3 | 150.7 |
| تېرە | ئۇنىڭ ئىچىدە | قوي تېرىسى | 98.2 | 100 | 104.6 | 191.8 | 141.7 | 162.1 |
| تېرە | ئۇنىڭ ئىچىدە | ئۆچكە تېرىسى | 103.4 | 100 | 75.3 | 153.3 | 86.9 | 164.7 |
| تېرە | ئۇنىڭ ئىچىدە | كالا تېرىسى | 110.6 | 100 | 93.2 | 125.4 | 112.9 | 93.4 |
| تېرە | ئۇنىڭ ئىچىدە | ئات تېرىسى | 73.9 | 100 | 138.6 | 128.9 | 144.4 | 127.3 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۈك | ئوتتۇرىچە | | 109.8 | 106.8 | 115.2 | 101.0 | 144.4 | 143.9 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | قوي يۇڭى | 109.6 | 100 | 124.4 | 100 | 146.4 | 136.2 |
| | | چۇبۇر | 105.5 | 100 | 79.5 | 139 | 96.2 | 223.2 |
| | | تۆگە يۇڭى | 119.5 | 142.9 | 72.7 | 100 | 147.7 | 137.7 |
| | | ئۆچكە تىۋىتى | 112.4 | 100 | 108.8 | 106.8 | 134.9 | 236.8 |
| باشقا چارۋا مەھسۇلاتلىرى | | | 109.6 | 100 | 80.3 | 112.6 | 106.8 | 228.5 |

2. يولۇچى ۋە يۈك توشۇش كىراسىنىڭ تەڭشىلىشى

1950- يىلى 11- ئايدا، قۇمۇلدىن باركۆل، ئاراتۈرۈككىچە بولغان تاشيول ترانسپورتىدا، ھەر توننا يۈكنىڭ ھەر كىلومېتىرغا يۆتكىلىش كىراسى 0.5033 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا) بولدى. 1954- يىلى 7- ئايدا، باركۆلدىن قۇمۇل ناھىيىسىگىچە قات يول بويىچە ھېسابلىنىدىغان بولدى، يەنى ھەر توننا كىلومېتىرى 0.2860 يۈەنلىك ئاساسىي باھاغا 40% ئاپتوموبىل قۇرۇق يۈرۈش ھەققى قوشۇلۇپ، ھەر توننا كىلومېتىرى 0.4004 يۈەن بويىچە ھېسابلىنىدىغان بولدى. 1955- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنى، 100 كىلومېتىر مۇساپە ئىچىدىكى ترانسپورت قىسقا مۇساپىلىك ترانسپورت ھېسابلىنىپ، مۇساپە بېكىتىلگەنچە كىرا ھەققىنى ئۆرلىتىش، يىراقلىغانچە كىرا ھەققىنى كېمەيتىش چارىسى يولغا قويۇلدى. يەنى 100 كىلومېتىر ئىچىدە قىسقا مۇساپە بويىچە، 101 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە، ئۇزۇن يوللۇق مۇساپە بويىچە كىرا ھەققى ھېسابلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىن قۇمۇل ناھىيىسىگىچە، قۇمۇل ناھىيىسىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان 101 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىدە، يېتىپ چىقىشى يۈكلۈك پۈتۈن ئاپتوموبىل ئېغىرلىقى بويىچە ھەر توننا كىلومېتىرنىڭ كىرا ھەققى 0.312 يۈەن بويىچە، قايتىشى 0.11 يۈەن بويىچە ھېسابلاندى.

1956- يىلى 6- ئايدا، كىرا ھەققى تەڭشىلىپ، لىنىيە ۋە چىقىش- قايتىشتىكى يۈكنى دەرىجىگە ئايرىپ ھېسابلاش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1976- يىلى 11- ئايدىكى باركۆل ناھىيىسىدىكى يولۇچىلار بېكىتىنىڭ بېلەت باھاسى، باش بېكەتتىن ئاخىرقى بېكەتكىچە بولغان ئەمەلىي مۇساپىگە ئاساسەن ئاپتوبۇسنىڭ ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر كىلومېتىر مۇساپىسى ئۈچۈن 0.026 يۈەندىن، قارا ماشىنىنىڭ ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر كىلومېتىر مۇساپىسى ئۈچۈن 0.024 يۈەندىن كىرا ئېلىندى. ئۇزۇن مۇساپىلىك ئاپتوموبىل ھۆددىلەشتە، توننا كىلومېتىر بويىچە كىرا ھەققى ھېسابلاندى، قىسقا مۇساپىلىك ھۆددىلەشتە، ھەر سائەتكە ھەر بىر ئورۇندۇق ئۈچۈن 0.50 يۈەندىن كىرا ھەققى ھېسابلاندى.

1986- يىلى 1- ئايدا، ئاپتونوم رايون يۈك توشۇش باھاسىنى 15%، 10% ۋە 5% لىك ئۈچ باسقۇچ بويىچە تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

1987- يىلى 12- ئاينىڭ 15- كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تاشيول يولۇچى قاتناش قوشۇمچە خىراجەت يىغىش يولغا قويۇلدى. بېلەت باھاسىغا ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر كىلومېتىر مۇساپىسى ئۈچۈن ئىككى لى

قوشۇلدى.

1990- يىل 4- ئاينىڭ 19- كۈنى، قۇمۇل شەھىرىدىن ئۈرۈمچىگە قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسىنىڭ كىرا ھەققى، شۇ ۋاقىتتىكى بېلەت باھاسى ئاساسىدا 21.49% چۈشۈرۈلۈپ، ۋاقىتىنچە 19 يۈەن (كىشى بېشىغا يىغىلىدىغان قوشۇمچە خىراجەت 0.002 يۈەن بۇنىڭ ئىچىدە) گە تەڭشەلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1990- يىللىق قىسقا مۇساپىلىك يۈك توشۇش كىرا ھەققى**

جەدۋەل: 18 – 14

| توشۇش ئارىلىقى (كىلومېتىر) | پۈتۈن ئاپتوموبىل توشۇش باھاسى(كىلومېتىر) | توشۇش ئارىلىقى (كىلومېتىر) | پۈتۈن ئاپتوموبىل توشۇش باھاسى(كىلومېتىر) | توشۇش ئارىلىقى (كىلومېتىر) | پۈتۈن ئاپتوموبىل توشۇش باھاسى (كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1.375 | 15 | 0.513 | 29 | 0.331 |
| 2 | 1.063 | 16 | 0.500 | 30 | 0.323 |
| 3 | 0.850 | 17 | 0.488 | 31 | 0.314 |
| 4 | 0.750 | 18 | 0.475 | 32 | 0.305 |
| 5 | 0.675 | 19 | 0.463 | 33 | 0.299 |
| 6 | 0.644 | 20 | 0.450 | 34 | 0.293 |
| 7 | 0.619 | 21 | 0.438 | 35 | 0.286 |
| 8 | 0.600 | 22 | 0.425 | 36 | 0.280 |
| 9 | 0.588 | 23 | 0.410 | 37 | 0.274 |
| 10 | 0.575 | 24 | 0.395 | 38 | 0.268 |
| 11 | 0.563 | 25 | 0.380 | 39 | 0.261 |
| 12 | 0.550 | 26 | 0.366 | 40 | 0.255 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | 0.354 | 27 | 0.538 | 13 |
| | | 0.343 | 28 | 0.525 | 14 |

**3. سانائەت يەرلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ تەڭشىلىشى**

1) كۆمۈر 1956 - يىلى، تارانچى كۆمۈر كانىدا ھەر توننا تەبىئىي كۆمۈرنىڭ زاۋۇت باھاسى 14.20 يۈەن، كان رايونىدا پارچە سېتىلىش باھاسى 17 يۈەن، قۇمۇل شەھىرى بازارلىرىدا پارچە سېتىلىش باھاسى 46 يۈەن بولدى. 1957- يىلى، تارانچى كۆمۈر كانىدا ھەر توننا تەبىئىي كۆمۈرنىڭ زاۋۇت باھاسى، ئوتتۇرا قۇدۇقنىڭ يەنىلا 14.20 يۈەن، كەينى قۇدۇقنىڭ 13.7 يۈەنگە تەڭشەلدى. ئوتتۇرا قۇدۇق كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ كان رايونىدا سېتىلىش باھاسى 17 يۈەن، كەينى قۇدۇقنىڭ 16.50 يۈەن بولدى؛ قۇمۇل ناھىيە بازارلىرىدا ھەر توننا كۆمۈرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 42 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 8.7% تۆۋەنلىتىلدى. 1960- يىلى، تارانچى كۆمۈر كېنى تەبىئىي كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 14.2 يۈەندىن 18 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، 26.8% ئۆرلىتىلدى. باركۆل ناھىيىسىدە كوكس كۆمۈرنىڭ ھەرتونىسىنىڭ باھاسى 32 يۈەندىن 42 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 31.3% ئۆرلىتىلدى. 1966- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە تەبىئىي كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 30.1 يۈەندىن 28.8 يۈەنگە، شەھەر رايونىدا 36.5 يۈەندىن 33.2 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ كۆمۈر مەيدانىدا كاللەك كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 40 يۈەندىن 39 يۈەنگە، شەھەر رايونىدا 48 يۈەندىن 43.50 يۈەنگە چۈشتى.

1980- يىلى، ئاراتۇرۇك كۆمۈر كانىدا ھەر توننا كاللەك كۆمۈرنىڭ زاۋۇت باھاسى 15 يۈەندىن 12 يۈەنگە چۈشۈرۈلۈپ، 20% تۆۋەنلىتىلدى.

1984- يىل 12- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كانى كۆمۈرنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تەڭشىدى. ھەر توننا تەبىئىي كۆمۈرنىڭ باھاسى 10 يۈەندىن 13 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، كاللەك كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىغا يىگىرمە 16.80 يۈەنلىك باھا بېكىتىلدى، ھەر توننا كوكسنىڭ باھاسى 22 يۈەندىن 30 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. 1985- يىل 8- ئايدا، جايلاردىكى كۆمۈر كانلارنىڭ زاۋۇت باھاسى تەڭشىلىپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر توننا كۆمۈرنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.03 يۈەن ئۆستۈرۈلدى. بىر تۈتاش تەقسىمات تۈزۈمىدىكى كۆمۈر كانلاردا ھەر خىل كۆمۈرلەرنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى تەڭشەلگەنلىكى ۋە قىسقا مۇساپىلىك تۈمۈريولنىڭ يۈك يۆتكەش كىراسى ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى تىجارەت قىلىۋاتقان بىر تۈتاش سېتىلىدىغان كۆمۈرنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. يەنى ھەر توننا تەبىئىي كۆمۈرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 27 يۈەندىن 44.30 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ھەر توننا كاللەك كۆمۈرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 37 يۈەندىن 55 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. 1990- يىل 1- ئايدا، يەرلىك كۆمۈر كانلاردىكى كۆمۈرنىڭ زاۋۇت باھاسى تەڭشىلىپ، پىلاننىڭ سىرتىدىكى كۆمۈرگە باھا قوشۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈر كانىدا ھەر توننا تەبىئىي كۆمۈرنىڭ زاۋۇت باھاسى 29 يۈەن بولدى، كاللەك كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 41.20 يۈەنگە تەڭشىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 38% ئۆستۈرۈلدى؛ باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كان، قىزىلبۇلتۇز كۆمۈر كانىنىڭ كوكس تاۋلايدىغان تەبىئىي كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 26 يۈەن، كاللەك كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 31.70 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 44% ئۆستۈرۈلدى؛ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كۆمۈر كانىدا كۆمۈرنىڭ ھەر توننا زاۋۇت باھاسى يەنىلا 14 يۈەن بولدى، كاللەك كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسىنىڭ باھاسى 24 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن 50% ئۆستۈرۈلدى. كۆمۈرنىڭ زاۋۇت باھاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك كۆمۈر شىركىتى تورمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنىڭ باھاسىنى مۇناسىپ تەڭشىدى. يەنى، ھەر تونىنا تەبىئىي كۆمۈرنىڭ باھاسى 37 يۈەندىن 53.80 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ھەر تونىنا ئارىلاشما كۆمۈرنىڭ باھاسى 28.30 يۈەندىن 38 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. تورمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنىڭ بازار باھاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تورمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر باھاسىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى ئۆزگەرمىدى.

2) توك 1958-، 1959-يىللىرى، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتى 0.30 يۈەن، يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتى 0.35 يۈەن بولدى. 1962-يىلى، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتى 0.28 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 6.7% تۆۋەنلىتىلدى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ باھاسى 0.15 يۈەن بولدى. يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتى داۋاملىق 0.35 يۈەن بولدى.

1963-يىل 8-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.10 يۈەنگە چۈشۈرۈلۈپ، 33.3% تۆۋەنلىتىلدى. سانائەتتىن باشقا كەسىپلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك بىلەن ئادەتتىكى سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى بىردەك 0.28 يۈەن بولدى.

1964-يىل 7-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.08 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 20% تۆۋەنلىتىلدى. يورۇتۇش توكىنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ باھاسى 0.30 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 14.3% تۆۋەنلىتىلدى. سانائەت توكىنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتى 0.24 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 14.3% تۆۋەنلىتىلدى. 1965-يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك توكىنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ باھاسى 0.18 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 6.7% تۆۋەنلىتىلدى، ھەر كىلوۋات سائەت سانائەت توكىنىڭ باھاسى 0.20 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 16.7% تۆۋەنلىتىلدى. 1966-يىل 4-ئايدا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان توكقا ئېتىبار باھا يولغا قويۇلۇپ، بىر كىلوۋولتقا توشمىسا كىلوۋات سائەت توكىنىڭ باھاسى 0.06 يۈەن، 1 - 10 كىلوۋولت ئىچىدە بولسا، ھەر كىلوۋات سائەت توكىنىڭ باھاسى 0.058 يۈەن، 35 كىلوۋولتتىن يۇقىرى بولسا، ھەر كىلوۋات سائىتى 0.055 يۈەن بولدى. شۇ يىلى 11-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە توكنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى. ھەر كىلوۋات سائەت يېزا ئىگىلىك توكىنىڭ باھاسى 0.06 يۈەن، ھەر كىلوۋات سائەت سانائەت توكىنىڭ باھاسى 0.18 يۈەن، ھەر كىلوۋات سائەت يورۇتۇش توكىنىڭ باھاسى 0.26 يۈەن بولدى. 1976-يىل 8-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر كىلوۋات سائەت سانائەت توكىنىڭ باھاسى 0.16 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 11.11% چۈشتى. ھەر كىلوۋات سائەت يورۇتۇش توكىنىڭ باھاسى 0.24 يۈەن بولۇپ، 7.69% چۈشتى. 1988-يىل 7-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئېلېكتر تورىدا ئۈچ خىل باھا قوللىنىلدى، يەنى، سانائەتتە توك ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن مەزگىلدە، ھەر كىلوۋات سائەت توكىنىڭ باھاسى 0.20 يۈەن، توك ئەڭ ئاز ئىشلىتىلىش مەزگىلىدە ھەر كىلوۋات سائەت توكىنىڭ باھاسى 0.13 يۈەن، نورمال چاغلاردا شۇ مەزگىلدىكى نورمال باھا بويىچە ماڭدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە توك ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مەزگىلدە، ھەر كىلوۋات سائەت توكىنىڭ باھاسى 0.08 يۈەن، توك ئەڭ ئاز ئىشلىتىلىدىغان مەزگىلدە ھەر كىلوۋات سائەت توكىنىڭ باھاسى 0.05 يۈەن، نورمال چاغلاردا شۇ مەزگىلدىكى نورمال باھا بويىچە ماڭدى. 1990-يىل 1-ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئادەتتىكى سانائەت توكىنىڭ ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ باھاسى 0.16 يۈەندىن 0.195 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، 21.88% ئۆستى؛ تۆمۈر قېتىشمىسى تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسى ئېغىر سانائەت توك باھاسى بويىچە ھەر كىلوۋات سائىتىنىڭ باھاسى 0.1275 يۈەن بولدى.

3) سېمونت 1972-يىل 2-ئايدا، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئادەتتىكى

سېمونتنىڭ زاۋۇت باھاسى (خالتىغا قاچىلانمىغان) 300- نومۇرلۇقتىن تۆۋەنلىرىنىڭ ھەر توننىسى 45 يۈەن، 300- نومۇرلۇقلىرىنىڭ ھەر توننىسى 55 يۈەن، 400- نومۇرلۇقلىرىنىڭ ھەر توننىسى 66 يۈەن، 500- نومۇرلۇقلىرىنىڭ ھەر توننىسى 78 يۈەن بولدى. قەغەز خالتىغا قاچىلانسا ھەر توننىسىغا 10 يۈەن قاچىلاش ھەققى قوشۇلدى.

1979- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ خالتىغا قاچىلانمىغان ھەر توننا 500- نومۇرلۇق ئادەتتىكى كرېمنىي كىسلاتا تۇزلۇق سېمونتىنىڭ زاۋۇت باھاسى 100 يۈەن بولۇپ، قەغەز خالتىغا قاچىلانغىنىنىڭ ھەر توننىسىغا 12 يۈەن قاچىلاش ھەققى قوشۇلدى (تۆۋەندە ئوخشاش). 400- نومۇرلۇقنىڭ ھەر توننىسى 90 يۈەن، 300- نومۇرلۇقنىڭ ھەر توننىسى 80 يۈەن بولدى؛ خالتىغا قاچىلانمىغان ھەر توننا 500- نومۇرلۇق داشقال كرېمنىي كىسلاتا تۇزلۇق سېمونتنىڭ زاۋۇتتى باھاسى 90 يۈەن بولدى، خالتىغا قاچىلانغىنىنىڭ ھەر توننىسىغا 12 يۈەن قاچىلاش ھەققى قوشۇلدى (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، 400- نومۇرلۇقنىڭ توننىسى 80 يۈەن، 300- نومۇرلۇقنىڭ توننىسى 70 يۈەن بولدى. 1986- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى سېمونتنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تەڭشىدى، ئادەتتىكى 425- نومۇرلۇق لىق خالتىغا قاچىلانمىغان سېمونتنىڭ زاۋۇت باھاسى 100 يۈەندىن 112 يۈەنگە، 12% ئۆستۈرۈلدى. باشقا ئۆلچەمدىكى سېمونتلارنىڭ باھاسىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

1990- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 325- نومۇرلۇق، 425- نومۇرلۇق ئادەتتىكى كرېمنىي كىسلاتا تۇزلۇق سېمونت ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارغا باھا قوشۇش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان خالتىغا قاچىلانمىغان سېمونتنىڭ پىلان ئىچىدىكى زاۋۇت باھاسى ئاساسىدا 10% باھا قوشۇپ بېرىلدى. پىلان سىرتىدىكى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتقا ھەر توننىسىغا قوشۇلغان باھا 25 يۈەندىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى.

4) ساپ ئىشقار ۋە كۆيدۈرگۈچى ئىشقارنىڭ باھاسى  قۇمۇلدا ساپ ئىشقار، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ئاساسلىقى سىرتتىن كىرگۈزۈلەتتى. 1960- يىللارنىڭ بېشىدا، قۇمۇلدا سۈيۇقلاندۇرۇلغان كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى.

1960- يىلى، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان سۇيۇق ھالەتتىكى كۆيدۈرگۈچى ئىشقارنىڭ ساپلىق دەرىجىسى 30% يۇقىرى بولۇپ، ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 800 يۈەن بولدى. 1963- يىلى، ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 180 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 77.5% چۈشۈرۈلدى. 1965- يىلى، ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 145.66 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى، 100% لىك سۇيۇق ئىشقارنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 485 يۈەن بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلات باھاسى بىلەن تەڭ بولدى.

1978- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ناھىيە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىشقار زاۋۇتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىلغان قاتتىق جىسىملىق كۆيدۈرگۈچى ئىشقارنىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى ۋاقىتىنچە 850 يۈەن (قاچىلاپ ئوراش ھەققى 50 يۈەن بۇنىڭ ئىچىدە) قىلىپ بېكىتىلدى.

1984- يىل 6- ئايدا، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (ساپلىقى 30%) نىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 145.66 يۈەندىن 160 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. 100% لىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقارنىڭ ھەر توننىسى 485 يۈەندىن 533 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان سۇيۇق ھالەتتىكى كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (ئىشقار تەركىبى ≤30%) نىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 190 يۈەنگە تەڭشىلىپ 18.7% ئۆستۈرۈلدى. 1987- يىل 2- ئايدا، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان 30% لىك سۇيۇق كۆيدۈرگۈچى ئىشقارنىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 340 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، 40 يۈەن باھا قوشۇلدى (قاچىلانمىغان، ئىسكىلات باھاسى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق).

1988- يىل 6- ئايدا، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان 30% لىك سۇيۇق كۆيدۈرگۈچى ئىشقارنىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 280 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

1990- يىل 4- ئايدا، پىلان سىرتىدىكى ئىشلەپچىقىرىلغان ۋە سېتىلغان ساپ ئىشقار، كۆيدۈرگۈچى ئىشقارغا قارىتا ۋىلايەت بويىچە بىر تۇتاش ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى قويۇلدى، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان سۇيۇق ئىشقار (ئىشقار تەركىبى ≤30%) نىڭ ھەر توننىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى زاۋۇت باھاسى 580 يۈەن بولدى، ھەر توننىسىنىڭ ۋىلايەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى سېتىلىش باھاسى 630 يۈەن بولدى.

5) سۇلفىد ئىشقارى 1958- يىلى، ھەر تونىنا سۇلفىد ئىشقارنىڭ تاختاي باھاسى 810 يۈەن بولدى. 1964- يىلى، قۇمۇل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، قىزىلبۇلتۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 63.5% لىك سۇلفىد ئىشقارى (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 490 يۈەن بولدى. 1967- يىلى 460 يۈەندىن 450 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى.

1985- يىل 1- ئايدا، ئاپتونوم رايون سۇلفىد ئىشقارنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تەڭشىدى. A خىل 1- دەرىجىلىك ھەر تونىنا سۇلفىد ئىشقارى (ئىشقار تەركىبى ≤60%) نىڭ باھاسى 550 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، 10%، B خىل 1- دەرىجىلىك سۇلفىد ئىشقارى (ئىشقار تەركىبى ≤52%) نىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 500 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، 11% ئۆستۈرۈلدى، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى باھا 1990- يىلغا قەدەر ئىجرا قىلىندى.

6) تازىلانغان شور 1966- يىلى، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ساپلىقى 99% تىن يۇقىرى تازىلانغان شورنىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 237 يۈەن بولدى. قۇمۇل بازارلىرىدا (98% تىن يۇقىرى) تازىلانغان شورنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 255 يۈەن بولۇپ، توپ باھاسى بىلەن پارچە باھاسىنىڭ باھا پەرق نىسبىتى 12% بولدى.

1978- يىل 1- ئايدا، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان تازىلانغان شور (ناترىي سۇلفات تەركىبى 99% تىن يۇقىرى) نىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 160 يۈەن، يۆتكەش باھاسى ھەر توننىسىنىڭ 183 يۈەن (خالتىغا قاچىلانمىغىنى) بولدى؛ ناترىي سۇلفات تەركىبى 95% ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى سۇسىزلاندۇرۇلغان شورنىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 140 يۈەن، يۆتكەش باھاسى 163 يۈەن بولدى. شۇ يىلى 2- ئايدا، ناترىي سۇلفات تەركىبى 98% ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى سۇسىزلاندۇرۇلغان شورنىڭ (خالتىغا قاچىلانمىغىنى) ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى 160 يۈەندىن 210 يۈەنگە (قاچىلانغان) ئۆستۈرۈلدى.

1985- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك تازىلانغان شورنىڭ زاۋۇت باھاسىغا باھا قوشۇشقا رۇخسەت قىلىندى، قوشۇلىدىغان باھا 10% تىن ئاشۇرۇۋېتىلمەسلىك بەلگىلەندى. ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتقا باھا قوشۇش ۋاقتى تۆت يىل بولدى.

1990- يىل 5- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان شورنىڭ زاۋۇت باھاسى: ناترىي سۇلفات تەركىبى 98% بولغان شورنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 290 يۈەن، 95% لىكىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 280 يۈەن، 85% لىكىنىڭ باھاسى 240 يۈەن بولدى. ناترىي سۇلفات تەركىبى 80% بولغان ھەر تونىنا شورنىڭ باھاسى 80 يۈەن، 75% لىكىنىڭ 75 يۈەن، 70% لىكىنىڭ 70 يۈەن، 65% لىكىنىڭ 65 يۈەن، 60% لىكىنىڭ 60 يۈەن، 50% لىكىنىڭ 50 يۈەن بولدى.

7) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باھاسى

(1) دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتلارنىڭ باھاسى 1950 – 1953 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە،

قۇمۇل بازارلىرىدا ئاممونىي سۇلفات (ئازوت تەركىبى 20.8%، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 478 يۈەن، 446 يۈەن، 424 يۈەن، 356 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا) بولدى. 1952- يىلى، قۇمۇلدا ھەر تونىنا ئەملىنىشچان «666» (پروپان تەركىبى 6%، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ باھاسى 3400 يۈەن، گېسارول (DDT) (ئېمۇلسىيىلىگۈچ تەركىبى 25%، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ باھاسى 6540 يۈەن بولدى. 1954- يىلى، ھەر تونىنا ناترىي سۇلفىتنىڭ باھاسى 330 يۈەن بولدى. ھەر تونىنا ئاممونىي نىتراتنىڭ (ئازوت تەركىبى 34%، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 396 يۈەن بولدى؛ ھەر تونىنا ئەملىنىشچان «666» نىڭ باھاسى 1580 يۈەن بولۇپ 48.7%، گېسارولنىڭ باھاسى 4320 يۈەن بولۇپ، 20.3% چۈشۈرۈلدى. 1957- يىلى، ھەر تونىنا ئۇرېيا (ئازوت تەركىبى 45%) نىڭ باھاسى 660 يۈەن، ھەر تونىنا ئەملىنىشچان «666» نىڭ باھاسى 920 يۈەن، گېسارولنىڭ باھاسى 3100 يۈەن بولدى. 1958 – 1963 - يىللىغىچە، ھەر تونىنا ئەملىنىشچان «666» نىڭ باھاسى 700 يۈەن بولدى. 1960 – 1963 - يىللىغىچە، ھەر تونىنا دىپتېرېكسنىڭ باھاسى (50% لىك، بىر كىلوگراملىق قۇتىغا قاچىلانغان، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 9200 يۈەن، 1961 - يىلى 7840 يۈەن، 1962 - يىلى 7760 يۈەن، 3700 يۈەن بولدى. 1966- يىلى، ھەر تونىنا ئاممونىي نىتراتنىڭ باھاسى 330 يۈەن، ھەر تونىنا ئاممونىي سۇلفاتنىڭ باھاسى 330 يۈەن، ئۇرېيانىڭ 600 يۈەن، ئاممونىي سۇپېر فوسفاتنىڭ 170 يۈەن بولدى.

1983- يىل 11- ئايدا، ئاپتونوم رايون ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (ئازوت تەركىبى 16%، 18%، فوسفور تەركىبى 48%، 46%) نىڭ باھاسى 700 يۈەن، ئۈچ تەركىبلىك كالتسىي سۇپېر فوسفاتنىڭ باھاسىنى (فوسفور V ئوكسىد تەركىبى 43%) 470 يۈەن، ئازوت- فوسفور- كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇتنىڭ باھاسىنى (ئازوت تەركىبى 15%، فوسفور تەركىبى 15%، كالىي تەركىبى 15%) 440 يۈەن، ئازوت- فوسفور بىرىكمە ئوغۇتنىڭ باھاسى (ئازوت تەركىبى 20%، فوسفور تەركىبى 20%) 440 يۈەن، كالىي خلورىدنىڭ باھاسىنى (كالىي تەركىبى 50% - 60%)340 يۈەن ۋە كالىي سۇلفاتنىڭ باھاسى (كالىي تەركىبى 48%) 390 يۈەن قىلىپ بېكىتتى. پولىپروپىلىندا توقۇلغان خالتىغا قاچىلانغان (ئىچىگە سۇلياۋ ئەستەر ئېلىنغان) ئۇرېيا ئوغۇتنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 458 يۈەن بولدى. 1987- يىل 2- ئايدا، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئادەتتىكى كالتسىي سۇپېر فوسفات (12% لىك، تالقان ھالەتتىكىسى) نىڭ زاۋۇت باھاسى 175 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى، يالاڭ قات سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغانلىرىنىڭ ھەر توننىسىغا 18 يۈەن باھا قوشۇلدى، دانىچە ھالەتتىكى كالتسىي سۇپېر فوسفاتنىڭ باھاسى پاراشوك ھالەتتىكى كالتسىي سۇپېر فوسفاتنىڭ باھاسى ئاساسىدا ھەر توننىسىغا 40 يۈەن قوشۇلدى. تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفور 1% ئۆرلىسە، ھەر توننىسىغا 7 يۈەندىن باھا قوشۇلدى. 2- ئاينىڭ 27- كۈنىدىن باشلاپ، «ئاشلىق بىلەن ئوغۇت چېتىلغان» مۇكاپاتلىق ئوغۇت باھاسى بولغا قويۇلدى، ھەر تونىنا ئۇرېيا (توقۇلما خالتىلىق) نىڭ باھاسى 520 يۈەن، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغىنىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ باھاسى 700 يۈەن بولدى. ئاشلىق بىلەن ئوغۇتنى چېتىپ، مۇكاپاتلىق سېتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئۇرېيا ئوغۇتنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ۋىلايەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغىنىنىڭ ھەر توننىسى 577 يۈەندىن 590 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. توقۇلما خالتىغا قاچىلانغىنى 587 يۈەندىن 600 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

1988- يىل 7- ئاينىڭ 10- كۈنى، ۋىلايەت يەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ زاۋۇت باھاسىنى تەڭشىدى. ئادەتتىكى ئاممونىي فوسفاتنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 203 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 16% ئۆستۈرۈلدى. يالاڭ قات سۇلياۋ توقۇلما خالتىغا قاچىلانغىنىنىڭ ھەر توننىسىغا چاپلىنىدىغان باھا 18 يۈەندىن 30 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. دانىچە ھالەتتىكى ئوغۇتنىڭ ھەر توننىسىغا چاپلىنىدىغان باھا 40 يۈەندىن 37 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. ئۈنۈملۈك فوسفور تەركىبى 1% ئۆرلىسە ھەر توننىسىغا چاپلىنىدىغان باھا 7 يۈەندىن 8 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. 8- ئايدا، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان

قويۇقلۇق دەرىجىسى تۆۋەن، ئازوت- فوسفور بىرىكمە ئوغۇتى (ئازوت تەركىبى 13.4%، فوسفور V ئوكسىد تەركىبى 10.7%) نىڭ زاۋۇت باھاسى ۋاقىتىنچە 445 يۈەن (خالتىغا قاچىلانمىغان) قىلىپ بېكىتىلدى، خالتىلىقى (بىر قات نىلون ئەستەرلىك توقۇلما خالتا) نىڭ باھاسى 477 يۈەن بولدى.

1989- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەت يەرلىك ئازوت- فوسفور بىرىكمە ئوغۇتىنىڭ باھاسىنى رايونلارغا ئايرىپ بېكىتتى. يەنى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر رايونىدا ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 514 يۈەن، بۇلۇڭتوغراق رايونىدا 518 يۈەن، قارادۆۋە رايونىدا 523 يۈەن، تاشۆيلۈق رايونىدا 532 يۈەن، يەتتە قۇدۇقتا 552 يۈەن بولدى. باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە باھا قويۇش چارىسى يولغا قويۇلدى، يەنى تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە باھا قويۇلدى: ئاساسىي قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرىدىكى سېتىلىش باھاسى = (زاۋۇت باھاسى + توشۇش كىراسى) × (1 + ئۇنىۋېرسال نىسبەت 6%). 9- ئايدا، يەرلىك چېرىندى كىسلاتا بىرىكمە ئوغۇتىنىڭ ھەر توننىسىنىڭ زاۋۇت باھاسى ۋاقىتىنچە 480 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

(2) دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 1977- يىلى، ئاپتونوم رايون دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسىنى تۆۋەندىكىدەك بېكىتتى: ھەر توننا يۇقىرى بېسىملىق پولى ئېتىلىن يوپۇقنىڭ زاۋۇت باھاسى 3600 يۈەن، يۇقىرى بېسىملىق پولى ئېتىلىن لاپاس يوپۇقنىڭ باھاسى 3570 يۈەن، يۇقىرى بېسىملىق پولى ئېتىلىن سۇ سىگمەس يوپۇقنىڭ باھاسى 3550 يۈەن، يۇقىرى بېسىملىق پولى ئېتىلىن سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسى 3600 يۈەن، سىزىقلىق زىچلىقى تۆۋەن پولى ئېتىلىن نېپىز سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسى 4400 يۈەن بولدى. تىجارەت ھالقىلىرىنىڭ تىجارەت سەرپىيات نىسبىتى 8.5% بولدى، يەنى زاۋۇت باھاسىغا 8.5% باھا قوشۇلسا، پارچە سېتىش باھاسى بولدى. 1986- يىلى، قۇمۇلدا ئىشلەپچىقىرىلغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ھەر توننىسىنىڭ ۋاقىتلىق زاۋۇت باھاسى 3720 يۈەن، پارچە سېتىش باھاسى 3980 يۈەن بولدى. 1989- يىل 1- ئايدا، ئاپتونوم رايون دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنىڭ زاۋۇت باھاسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە تەڭشىگۈلاشتۇردى. ھەر توننا نېپىز سۇلياۋ يوپۇقنىڭ باھاسى 7600 يۈەن، ئادەتتىكى سۇلياۋ يوپۇقنىڭ 6800 يۈەن، لاپاس يوپۇقنىڭ 6700 يۈەن بولدى. دېھقانچىلىق سۇلياۋ يوپۇقلىرىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن پارچە سېتىلىش باھاسى: نېپىز يوپۇقنىڭ 8830 يۈەن، ئادەتتىكى يوپۇقنىڭ 7700 يۈەن، لاپاس يوپۇقنىڭ 7590 يۈەن بولدى. دېھقانچىلىق سۇلياۋ يوپۇقى تىجارىتىدە، ئاپتونوم رايون، ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيا شىركەتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تىجارەت يولغا قويۇلۇپ، تىجارەت ھەققىنىڭ نىسبىتى 10% بولدى. بىگتۇەن ئورۇنلىرى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان سۇلياۋ يوپۇقلارنىڭ خام ئەشياسى ئىمپورت قىلىنىپ كىرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر توننا خام ئەشيانىڭ باھاسى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بېكىتكەن باھادىن 1331 يۈەن يۇقىرى بولۇپ كەتتى، شۇڭا، بىگتۇەندە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش باھاسىنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولمىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، ۋىلايەت 2- ئايدا، ھەر توننا ئادەتتىكى سۇلياۋ يوپۇقنىڭ زاۋۇت باھاسىنى 8100 يۈەن قىلىپ بېكىتتى، ئەمما بۇ باھا بىگتۇەن سىستېمىسىدا ئىجرا قىلىنمىدىغان بولدى.

4. يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ تەڭشىلىشى

1) پاختا يىپ 1950- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا بىر توپ تېرىكىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 72 يۈەن، رەختنىڭ باھاسى 78.16 يۈەن، گۈللۈك بىجىنىڭ باھاسى 75 يۈەن بولدى. 1954- يىل 9- ئايدا، بىر قىسىم پاختا رەختنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. 146 خىل پاختا رەختتىن 12 خىلىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.2% ئۆستۈرۈلدى،

54 خىل رەختنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.4% چۈشۈرۈلدى. 1956 – يىل 8 – ئاينىڭ 18 – كۈنى ئاپتونوم رايون 28 خىل داكا، رەخت باھاسىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.39% چۈشۈردى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى 9.78% چۈشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى7.65% چۈشۈرۈلدى. 1967- يىل 2- ئايدا، ئاپتونوم رايون رايونلار پەرقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش باھانى يولغا قويدى. يەرلىك پاختا رەختلەرنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.55%، ئىچكىرى جايلاردىن كىرگۈزۈلگەن رەختلەرنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.07% چۈشۈرۈلدى. 1983- يىل 1- ئايدا، دۆلەت خىمىيە تالالىق توقۇلما مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى زور دەرىجىدە چۈشۈرۈپ، ساپ پاختا يىپ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن سېتىش باھاسى داۋاملىق يۈرگۈزۈلدى. ئاق رەختلەرنىڭ ھەر مېترى 0.22 يۈەن (22%) دىن، رەڭلىك رەختلەرنىڭ مېترى 0.26 يۈەن (20%) دىن، گۈللۈك رەختلەرنىڭ مېترى 0.32 يۈەن (24%) دىن، رەڭلىك توقۇلما رەختلەرنىڭ مېترى 0.20 يۈەن (11%) دىن ئۆستۈرۈلدى.

1989- يىلى، پاختا يىپ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىكلىرىگە يۇقىرى باھا قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنى، قۇمۇل ناھىيىسى بازارلىرىدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان جايلارنىڭ توپ سېتىش باھاسى ئاساسىدا پەرقلىق باھا قوشۇلدى. شۇ يىلى 12- ئايدا، باھا تەڭشەلگەندىن كېيىن، پاختا رەختنىڭ كىرگۈزۈش ۋە سېتىش ئارىلىقىدىكى باھا پەرقى 11% بولدى؛ باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئومۇمىي باھا پەرق نىسبىتى 2.5% بولدى، تارانچى كان رايونىدا 1% بولدى. توپ، پارچە سېتىش باھا پەرقى نىسبىتى بىردەك 14% بولدى. 1990- يىل 10- ئاينىڭ 30- كۈنى، پاختا يىپ توقۇلما بۇيۇملىرى دۆلەت باھا بېكىتىدىغان تاۋارلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرى باھادا كىرگۈزۈپ، باھا چاپلاپ سېتىش مەنئى قىلىندى. باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئومۇمىي باھا پەرق نىسبىتى 2.5%، تارانچى كان رايونىدا 1.5% قىلىپ بېكىتىلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە پاختا يىپ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ 1900 – يىل 10 – ئايدا تەڭشەلگەندىن كېيىنكى سېتىلىش باھاسى**

جەدۋەل: 18 - 15 بىرلىكى: مېتىر/ يۈەن

| مەھسۇلات نامى | ئىشلەپچىقىرىلغان جاي | قۇمۇل شەھىرى | | تارانچى كان رايونى | | باركۆل ناھىيىسى | | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | توپ سېتىش | پارچە سېتىش | توپ سېتىش | پارچە سېتىش | توپ سېتىش | پارچە سېتىش | توپ سېتىش | پارچە سېتىش |
| 2121 تېپلىق باسما | ئۈرۈمچى | 2.54 | 2.90 | 2.61 | 2.98 | 2.16 | 2.98 | 2.58 | 2.94 |
| 3333 تېپلىق سېپتا توقۇلغان رەخت | ئۈرۈمچى | 2.54 | 2.79 | 2.51 | 2.86 | 2.52 | 2.86 | 2.48 | 2.84 |
| يىپەك ئاق باسما | شىخەنزە | 3.01 | 3.43 | 3.09 | 3.52 | 3.09 | 3.52 | 3.06 | 3.49 |
| سۇس گۈللۈك باسما | شىخەنزە | 3.59 | 4.09 | 3.68 | 4.20 | 3.68 | 4.20 | 3.65 | 4.16 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاق باسما | قەشقەر | 2.61 | 2.98 | 2.68 | 3.06 | 2.68 | 3.06 | 2.65 | 3.02 |
| يىپەك قىزىل باسما | قەشقەر | 2.73 | 3.11 | 2.80 | 3.19 | 2.80 | 3.19 | 2.77 | 3.16 |

2) ئىنچىكە، يىرىك يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى 1957- يىل 3- ئاينىڭ 26- كۈنى، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 20%، ئارىلاشما توقۇلما بۇيۇملارنىڭ باھاسى 15% ئۆستۈرۈلدى. 1966- يىل 12- ئايدا، ھەر خىل يۇڭ رەختلەرنىڭ زاۋۇت باھاسى 11% چۈشۈرۈلدى، سودا ساھەسىدە سېتىۋېلىش - سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرق نىسبىتى 12% بولدى. 1983- يىل 3- ئايدا، باھا تەڭشەلگەندىن كېيىنكى سېتىۋېلىش- سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرق نىسبىتى 2% بولدى. قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ ئومۇمىي باھا پەرق نىسبىتى 0.5% بولدى، قۇمۇل شەھىرىدە يۇڭ گاباردىنىنىڭ ھەر مېتىرىنىڭ توپ باھاسى (ئاپتۇاي باھاسى) 25.30 يۈەندىن 25.20 يۈەنگە، پارچە سېتىلىش باھاسى 28.80 يۈەندىن 28.70 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ ۋالىتىنىنىڭ ھەر مېتىرىنىڭ توپ باھاسى 25.50 يۈەندىن 25.40 يۈەنگە، پارچە سېتىلىش باھاسى 29.10 يۈەندىن 29 يۈەنگە تەڭشەلدى. 1987- يىل 3- ئايدا، رايونىمىزدا ئىشلەنگەن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى، ئوبوروت ساھەلىرىدە باھا پەرقى نىسبىتى ئارقىلىق كونترول قىلىش يولغا قويۇلدى. باھا قويۇۋېتىلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە «2201» ماركىلىق يۇڭ گاباردىنىنىڭ ھەر مېتىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 25.20 يۈەن بولدى.

**1988- يىلى ۋە 1990- يىل 9- ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يىرىك يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىش باھاسى**

جەدۋەل: 18- 16

| (مەھسۇلات) نومۇرى | نامى | 1988- يىلىدىكى زاۋۇت باھاسى (مېتىر/ يۈەن) | 1990- يىل 9- ئايدىكى زاۋۇت باھاسى (مېتىر/ يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 12012 | سوكنا | 20.8 | 33.5 |
| A12062 | سوكنا | 22.10 | 35.6 |
| 13002 | ئارىلاش تالالىق توقۇلما سوكنا | 24.3 | 39.1 |
| 14001 | ئارىلاش تالالىق توقۇلما شارجا | 21.9 | 35.3 |
| 16001 | ئارىلاش تالالىق فلانېل | 15.8 | 25.4 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 17029 | شەنلەنگكە سارجا | 12.3 | 19.8 |
| 19007 | سوكنا | 24.7 | 39.8 |

## §3. سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا سېلىشتۇرمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ياكى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشقا يېقىنلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى پىلانلىق تۈردە ئۆستۈرۈلدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى ياكى تۆۋەنلىتىلدى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشتىكى باھا سېلىشتۇرمىسى كىچىكلىتىلدى.

**1. سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەككە باھا ئىندېكسى**

1) **ئاشلىق باھا ئىندېكسى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قومۇلنىڭ ئاشلىق تىجارىتىدە باشتىن- ئاخىر پىلانلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. دۆلەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن سېتىۋېلىش- سېتىش باھاسى ئىجرا قىلىندى، زىياننى دۆلەت تولۇقلاپ بەردى. 1990- يىلى، دۆلەت قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق باھاسىغا قوشۇپ بەرگەن پۇل 13 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن چۈشۈشى چېكىنىشتۇرۇلغاچقا، ئاشلىق باھاسى چۈشۈشكە يۈزلەندى. 1950- يىلى، ئاشلىق باھا ئىندېكسى 100 ئىدى، 1990- يىلى %88.2 بولۇپ، 1950- يىلدىكىدىن %11.3 تۆۋەنلىدى.

2) **قوشۇمچە يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئىندېكسى** قوشۇمچە يېمەكلىك باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئاساسلىقى يېڭى كۆكتات، گۆش، تۇخۇم قاتارلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. 1990- يىلى، قوشۇمچە يېمەكلىك باھاسى 1950- يىلدىكىدىن 3.68 ھەسسە ئۆستى. 1985- يىلدىن باشلاپ، قوشۇمچە يېمەكلىك باھا ئىندېكسى يىلىغا ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئۆسۈپ ماڭدى. 1985- يىلدىن 1990- يىلغىچە، قوشۇمچە يېمەكلىك باھاسى 1.22 ھەسسە ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭى كۆكتاتنىڭ باھاسى 1.17 ھەسسە، چوشقا گۆشى باھاسى 2.04 ھەسسە، كالا گۆشى باھاسى 2.40 ھەسسە، قوي گۆشى باھاسى 2.36 ھەسسە، يېڭى تۇخۇم باھاسى 1.23 ھەسسە ئۆستى.

3) **سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا ئىندېكسى** 1950- يىلى 100 ئىدى، 1990- يىلغا كەلگەندە، پاختا رەخت باھاسى %188.5 ئۆستى، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى باھاسى %51.6، تاماكا باھاسى %39.7 ئۆستى، ھاراق باھاسى %21.7 چۈشتى، چاي باھاسى %88.7، شېكەر باھاسى %38.1 ئۆستى.

1978- يىلدىن كېيىن، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆرلىدى. 1978- يىلدىكى باھا ئىندېكسىنى 100 دەپ ھېسابلىغاندا، 1990- يىلغا كەلگەندە، تاماكا باھاسى %53.9، ھاراق باھاسى %22.7، چاي باھاسى %39.2، شېكەر باھاسى %64.6، پاختا رەخت باھاسى %147، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى باھاسى %51.8 ئۆستى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1952 – 1990 - يىللىغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەككە تۈر باھا ئىندېكىسى

(1950- يىلى باھا ئىندېكىسى 100 ئىدى)

بىرلىكى: %

جەدۋەل: 18 – 17

| يىللار / باھا ئىندېكسى / تۈرى | ئاشلىق | قوشۇمچە يېمەكلىك | | | | | | ئىستېمال قىلىنىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | [illegible] | كۆكتات | چوشقا گۆشى | كالا گۆشى | قوي گۆشى | تۇخۇم | پاختا رەخت | كۈندىلىك بۇيۇملار | تاماكا | ھاراق | چاي | شېكەر | جۇڭيى دورىسى | غەربچە دورا |
| 1952 | 86.7 | 107.4 | 111.1 | 115.4 | 112.6 | 102.7 | 98.8 | 117.7 | 106.8 | 107.4 | 101.7 | 130.8 | 109.0 | 118.4 | 122.7 |
| 1957 | 55.5 | 101.1 | 122.2 | 102.4 | 101.9 | 98.3 | 135.9 | 116.2 | 100.1 | 98.1 | 85.6 | 122.7 | 76.2 | 122.5 | 113.1 |
| 1958 | 53.3 | 104.3 | 139.7 | 106.2 | 101.9 | 98.3 | 154.4 | 116.2 | 97.3 | 98.0 | 76.4 | 122.7 | 77.5 | 112.5 | 113.1 |
| 1959 | 51 | 110.2 | 174.6 | 106.2 | 101.9 | 98.3 | 157.5 | 116.2 | 97.3 | 94.0 | 76.4 | 125.3 | 77.5 | 110.6 | 108.0 |
| 1960 | 51 | 111.6 | 183.3 | 106.2 | 101.9 | 98.3 | 157.5 | 116.2 | 95.5 | 90.0 | 76.4 | 125.3 | 93.2 | 110.6 | 84.5 |
| 1961 | 60.8 | 191.8 | 265.7 | 106.2 | 101.9 | 256.0 | 181.1 | 116.2 | 95.5 | 90.9 | 76.4 | 125.3 | 93.2 | 110.6 | 73.9 |
| 1962 | 60.8 | 192.0 | 256.7 | 106.2 | 101.9 | 256.0 | 163.0 | 116.2 | 97.0 | 90.9 | 76.4 | 125.9 | 93.2 | 98.8 | 68.9 |
| 1963 | 60.8 | 171.2 | 139.1 | 106.2 | 103.8 | 256.0 | 163.0 | 116.2 | 102.1 | 90.5 | 70.3 | 127.8 | 93.2 | 98.8 | 72.1 |
| 1964 | 60.8 | 163.9 | 128.3 | 106.2 | 107.3 | 256.0 | 106.3 | 116.2 | 99.8 | 92.2 | 67.3 | 127.7 | 92.7 | 101.4 | 64.4 |
| 1965 | 60.8 | 153.4 | 118.4 | 106.8 | 103.0 | 246.8 | 83.9 | 116.2 | 89.6 | 91.9 | 65.6 | 127.1 | 91.1 | 101.4 | 64.4 |
| 1978 | 60.4 | 149.9 | 118.4 | 109.0 | 103.0 | 246.8 | 86.2 | 114.6 | 89.6 | 90.8 | 63.5 | 135.6 | 84.0 | 100.7 | 37.2 |
| 1979 | 60 | 157.2 | 118.2 | 115.4 | 103.0 | 253.7 | 90.5 | 114.8 | 89.6 | 90.8 | 63.5 | 135.6 | 84.0 | 100.7 | 37.2 |
| 1980 | 60 | 180.8 | 125.3 | 137.3 | 103.0 | 320.7 | 127.6 | 114.6 | 89.6 | 92.0 | 63.5 | 135.6 | 84.0 | 109.1 | 37.2 |
| 1981 | 60 | 184.8 | 136.8 | 137.3 | 103.0 | 320.7 | 155.2 | 114.6 | 89.6 | 102.6 | 66.3 | 135.6 | 84.0 | 113.2 | 37.2 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 60 | 184.4 | 135.2 | 137.3 | 103.0 | 320.7 | 155.2 | 114.6 | 89.6 | 144.2 | 72.1 | 136.5 | 82.4 | 134.3 | 38.2 |
| 1983 | 60 | 190.8 | 147.3 | 137.3 | 103.0 | 320.7 | 155.2 | 137.5 | 91.3 | 131.1 | 72.1 | 129.9 | 82.8 | 138.8 | 38.2 |
| 1984 | 60.2 | 210.9 | 173.6 | 154.6 | 112.5 | 354.4 | 155.2 | 150.6 | 92.6 | 131.1 | 72.4 | 126.8 | 82.8 | 164.2 | 37.8 |
| 1985 | 68.3 | 37.7 | 22.05 | 168.2 | 149.4 | 458.9 | 155.2 | 148.9 | 97.2 | 131.1 | 72.4 | 154.4 | 82.8 | 164.2 | 38.0 |
| 1986 | 71.3 | 279.7 | 270.3 | 191.6 | 207.5 | 686.5 | 180.0 | 150.9 | 99.6 | 131.1 | 72.4 | 153.9 | 82.8 | 176.6 | 39.2 |
| 1987 | 75.1 | 310.8 | 275.5 | 275.1 | 244.9 | 717.4 | 220.9 | 159.8 | 104.7 | 131.1 | 72.4 | 153.9 | 82.8 | 156.2 | 41.3 |
| 1988 | 75.9 | 384.4 | 340.3 | 445.7 | 313.5 | 958.5 | 261.2 | 184.2 | 123.6 | 142.1 | 76.2 | 168.7 | 107.2 | 242.4 | 59.5 |
| 1989 | 89.4 | 468.2 | 379.1 | 516.1 | 407.6 | 1258.5 | 294.3 | 254.0 | 143.7 | 160.4 | 78.5 | 187.6 | 130.8 | 272.3 | 64.4 |
| 1990 | 88.2 | 467.8 | 376.8 | 468.6 | 382.3 | 1154.0 | 345.8 | 288.5 | 151.6 | 139.7 | 78.3 | 188.7 | 188.1 | 280.2 | 67.7 |

2. سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەككە باھا نىسبىتى

1) ئاشلىق، پاختىنىڭ باھا نىسبىتى ۋە ئاشلىق، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ يەككە باھا نىسبىتى ئاشلىق باھاسىدىكى ئۆزگىرىش باشقا يېزا ئىگىلىك، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا نىسبىتىدىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1950- يىلدىن 1990- يىلغىچە، ئاشلىق باھاسىنىڭ باھا ئىندېكسى تۆۋەنلەپ، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا ئىندېكسى ئۆرلىدى. 1950- يىلدىكى باھا ئىندېكسىنى 100 دەپ ھېسابلىغاندا، 1990- يىلدىكى ئاشلىق باھا ئىندېكسى 88.2 بولۇپ، 11.8% تۆۋەنلىدى؛ پاختا رەخت باھا ئىندېكسى 371.7% بولۇپ، 2.72 ھەسسە ئۆرلىدى. ئاشلىق باھاسى بىلەن پاختا باھاسىدىكى قارىمۇ قارشى يۆنىلىشلىك ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئاشلىق بىلەن پاختىنىڭ باھا نىسبىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. 1952- يىلى، بىر دېن ئەلا سۈپەتلىك بۇغدايىنى 13.3 كىلوگرام پاختىغا ئالماشتۇرغىلى بولاتتى. 1985- يىلغا كەلگەندە، بىر دېن ئەلا سۈپەتلىك بۇغدايىنى ئاران 6.6 كىلوگرام پاختىغا ئالماشتۇرغىلى؛ 1990- يىلغا كەلگەندە، پەقەت تۆت كىلوگرام پاختىغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسى ئۆسۈپ، ئاشلىق باھا ئىندېكسى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئوخشاش مىقداردىكى ئاشلىقنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلۇشى يىلسايىن ئازايدى. 1952- يىلى، 50 كىلوگرام بۇغدايىنى 300 كىلوگرام تۇزغا، 19 كىلوگرام ئاق شېكەرگە، 27.6 مېتىر ئىنچىكە توقۇلغان ئاق رەختكە، 102 بولاق (10 قاپلىق) سەرەڭگىگە، 60 كىلوگرام كىرسىنگە، 50 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇتقا، 11.6 كىلوگرام چايغا، 34 دانە سوپۇنغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى.

2) پاختا، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەككە باھا نىسبىتى پاختا باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئالماشتۇرۇش نىسبىتىمۇ ئۆستى. 1952- يىلدىكى پاختىنىڭ باھا ئىندېكسىنى 100 دەپ ھېسابلىغاندا، 1990- يىلغا كەلگەندە 371.7% كە ئۆرلەپ، 2.71 ھەسسە ئۆستى. 1952- يىلى، بىر دېن پاختىنى 620 كىلوگرام تۇزغا، 35.5 كىلوگرام ئاق شېكەرگە، 103.5 مېتىر ئىنچىكە توقۇلغان ئاق رەختكە، 384 بولاق سەرەڭگىگە، 117 كىلوگرام

كىرسىنكە، 190 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇتقا، 43.6 كىلوگرام چايغا، 130 دانە سوپۇنغا ئالماشتۇرغىلى بولاتتى. 1990-يىلىغا كەلگەندە، بىر دەن پاختىنى 1818 كىلوگرام تۇزغا، 164 كىلوگرام ئاق شېكەرگە، 92 مېتىر ئىنچىكە توقۇلغان ئاق رەختكە، 752 بولاق سەرەڭگىگە، 417 كىلوگرام كىرسىنكە، 875 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇتقا، 108 كىلوگرام چايغا، 278 دانە سوپۇنغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان بولدى.

1957- يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەككە باھا نىسبىتى

جەدۋەل: 18 – 18

| ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم (بىرلىكى: 50 كىلوگرام) | | | ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تۇز (كىلوگرام) | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | ئاق ئىنچىكە رەخت (مېتىر) | سەرەڭگە (بولاق) | كىرسىن (كىلوگرام) | خىمىيىۋى ئوغۇت (توننا) | چاي (كىلوگرام) | سوپۇن (دانە) |
| نامى | تۈرلىرى | ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش باھاسى (يۈەن) | ھەر كىلوگرامى 0.130 يۈەن | كىلوگرامى 1.780 يۈەن | مېتىرى 0.935 يۈەن | بىر بولاق (10 قاپ) 0.20 يۈەن | كىلوگرامى 0.36 يۈەن | توننىسى 330.00 يۈەن | كىلوگرامى 2.06 يۈەن | دانىسى 0.62 يۈەن |
| بۇغداي | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 12.90 | 397 | 29.00 | 13.80 | 64.80 | 71.60 | 0.039 | 6.30 | 20.80 |
| كۆممىقوناق | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 9.00 | 277 | 20.20 | 9.60 | 45.00 | 50 | 0.027 | 4.40 | 14.50 |
| شال | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 23.40 | 720 | 32.60 | 25.00 | 117.00 | 130 | 0.071 | 11.40 | 37.70 |
| پاختا | ساپ پاختا (327) | 105.00 | 3230.80 | 236 | 112.30 | 525.00 | 583.40 | 0.318 | 51.00 | 169.40 |
| قوي | 1-دەرىجىلىك ناركالا | 24.50 | 753 | 55 | 26.20 | 122.50 | 130 | 0.074 | 11.90 | 39.50 |
| كالا | 1-دەرىجىلىك كالا | 22.00 | 677 | 49.40 | 23.50 | 110.00 | 136 | 0.067 | 10.70 | 35.50 |
| ئەسلىك قوي يۇڭى | ئوتتۇراھال | 159.00 | 4893.40 | 357.40 | 170.00 | 795.00 | 122.20 | 882.4 | 77.20 | 256.50 |
| يېرىم ئەسلىك قوي يۇڭى | ئوتتۇراھال | 62.50 | 1923 | 140.40 | 66.80 | 312.50 | 347.2 | 0.199 | 30.30 | 100.80 |
| تۆگە يۇڭى | ئوتتۇراھال | 122.00 | 3753.80 | 274.00 | 130.50 | 610.00 | 677.8 | 0370 | 59.20 | 196.80 |
| تۇخۇم | پىلە | 115.00 | 3538.40 | 258.40 | 123.00 | 575.00 | 638.80 | 0.348 | 55.80 | 185.50 |
| قوغۇن | | 6.50 | 200.00 | 14.60 | 3.60 | 7.00 | 36 | 0.020 | 3.20 | 10.50 |

## 1965- يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەككە باھا نىسبىتى

جەدۋەل: 18 – 19

| ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم ( بىرلىكى: 50 كىلوگرام) | | | ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تۇز (كىلوگرام) | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | رەخت (مېتىر) | سەرەڭگە (بولاق) | كېرسىن (كىلوگرام) | ئامونىي سۇلفات (توننا) | چاي (كىلوگرام) | سوپۇن (دانە) |
| نامى | ئۆلچىمى | ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى (يۈەن) | ھەر كىلوگرامى 0.13 يۈەن | كىلوگرامى 1.62 يۈەن | مېتىرى 0.21 يۈەن | بىر بولاق (10 قاپ) 0.20 يۈەن | كىلوگرامى 0.72 يۈەن | تونننىسى 330 يۈەن | كىلوگرامى 2.06 يۈەن | دانىسى 0.62 يۈەن |
| بۇغداي | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 14.00 | 430.8 | 34.60 | 15.20 | 70.00 | 77.80 | 0.039 | 6.80 | 22.60 |
| كۆممىقوناق | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 9.70 | 298.4 | 24.00 | 10.50 | 48.50 | 53.80 | 0.30 | 4.70 | 15.60 |
| تېچا | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 22.50 | 692.40 | 45.60 | 24.40 | 112.50 | 125.00 | 0.068 | 10.90 | 36.30 |
| پاختا | ساپ پاختا (327) | 105.00 | 3230.8 | 259.20 | 114.00 | 525.00 | 583.40 | 0.318 | 11.00 | 169.40 |
| قوي | 1- دەرىجىلىك ئەركەك | 20.80 | 640 | 51.40 | 22.60 | 104.00 | 119.60 | 0.063 | 10.00 | 13.50 |
| كالا | 1- دەرىجىلىك كالا | 17.00 | 4769.20 | 42.00 | 18.50 | 85.00 | 84.40 | 0.052 | 8.30 | 27.40 |
| تەسلىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | 155.00 | 2092.92 | 382.30 | 168.30 | 775.00 | 861.20 | 0.47 | 75.20 | 250.00 |
| يەرلىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | 68.00 | 6153.80 | 168.06 | 73.80 | 340.00 | 377.80 | 0.0210 | 33.00 | 109.70 |
| تۆگە يۇڭى | ئارىلاشما | 200.00 | 3000 | 493.80 | 217.20 | 1000.00 | 1111.20 | 0.606 | 97.10 | 322.60 |
| تۇخۇم | يېڭى | 97.50 | | 240.80 | 105.90 | 487.50 | 551.60 | 0.295 | 47.30 | 157.30 |
| توخۇ | | 4.80 | 147.60 | 11.80 | 5.20 | 24.50 | 26.60 | 0.015 | 2.30 | 7.70 |

## 1978- يىللىق يېزا ئېكىنلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەككە باھا نىسبىتى

جەدۋەل : 18 – 20

| ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم (بىرلىكى: 50 كىلوگرام) | | | ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تۇز (كىلوگرام) | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | ئاق ئىنچىكە رەخت (مېتىر) | سەرەڭگە (بولاق) | كېرسىن (كىلوگرام) | ئاسۇنىي سۇلفات (توننا) | چاي (كىلوگرام) | سوپۇن (دانە) |
| نامى | تۈرلۈكى | ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى (يۈەن) | ھەر كىلوگرامى 0.14 يۈەن | كىلوگرامى 1.62 يۈەن | مېتىرى 0.84 يۈەن | بىر بولاق (10 قاپ) 0.20 يۈەن | كىلوگرامى 0.62 يۈەن | توننىسى 540 يۈەن | كىلوگرامى 2.06 يۈەن | دانىسى 0.58 يۈەن |
| بۇغداي | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 14.00 | 400.00 | 34.70 | 16.70 | 70.00 | 9040 | 0.052 | 7.00 | 25.00 |
| كۆممىقوناق | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 9.70 | 279.20 | 24.00 | 11.50 | 48.50 | 6260 | 0.036 | 4.70 | 17.30 |
| قىچا | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | -26.60 | 760.00 | 65.60 | 31.70 | 133.00 | 161.60 | 0.099 | 12.90 | 47.50 |
| پاختا | سىپ پاختا(327) | 115.00 | 3285.80 | 284.00 | 137.00 | 575.00 | 742.00 | 0.426 | 55.80 | 205.40 |
| قوي | 1-دەرىجىلىك [illegible] | 30.50 | 871.40 | 75.40 | 36.30 | 152.50 | 199.40 | 0.113 | 14.80 | 54.50 |
| كالا | 1- دەرىجىلىك كالا | 30.60 | 824.00 | 75.60 | 36.40 | 153.00 | 199.40 | 0.113 | 14.80 | 54.50 |
| ئەسلىلىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | -159.5 | 4147.20 | 393.84 | 190.00 | 797.50 | 1025.00 | 0.591 | 77.40 | 284.80 |
| يەرلىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | 133.50 | 3814.20 | 329.60 | 158.90 | 667.50 | 861.20 | 0.494 | 64.80 | 238.30 |
| تۆگە يۇڭى | ئارىلاشما | 258.00 | 2371.40 | 637.00 | 307.10 | 1290.00 | 1664.60 | 0.956 | 125.20 | 460.70 |
| تۇخۇم | يېڭى | 83.00 | 2371.40 | 203.00 | 98.80 | 415.00 | 535.40 | 0.307 | 40.30 | 148.20 |
| قوغۇن | | 5.50 | 1592.00 | 13.60 | 6.50 | 27.50 | 35.40 | 0.020 | 2.70 | 9.80 |

### 1985- يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەككە باھا نىسبىتى

جەدۋەل: 18 – 21

| ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم ( بىرلىكى: 50 كىلوگرام) | | | ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تۇز (كىلوگرام) | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | ئاق ئىنچىكە رەخت (مېتىر) | سەرەڭگە (بولاق) | كىرسىن (كىلوگرام) | ئاموننىي سۇلفات (توننا) | چاي (كىلوگرام) | سوپۇن (دانە) |
| نامى | تۈلچىمى | ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى (يۈەن) | ھەر كىلوگرامى 0.14 يۈەن | كىلوگرامى 1.62 يۈەن | مېتىرى 1.06 يۈەن | بىر بولاق (10 قاپ) 0.30 يۈەن | كىلوگرامى 1.28 يۈەن | توننىسى 350 يۈەن | كىلوگرامى 2.77 يۈەن | دانىسى 0.62 يۈەن |
| بۇغداي | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 14.00 | 400.00 | 34.60 | 13.20 | 46.70 | 43.80 | 0.040 | 5.00 | 21.80 |
| كۆممىقوناق | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 9.70 | 277.20 | 24.00 | 9.20 | 32.30 | 30.00 | 0.023 | 3.50 | 15.60 |
| قىچا | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 26.60 | 760.00 | 65.60 | 25.10 | 88.70 | 83.20 | 0.076 | 9.60 | 42.90 |
| پاختا | ساپ پاختا (327) | 171.43 | 4898.00 | 423.20 | 161.70 | 571.40 | 525.80 | 0.489 | 62.00 | 276.50 |
| قوي | 1- دەرىجىلىك ئەركەك | 31.00 | 885.80 | 76.60 | 29.20 | 109.30 | 56.80 | 0.089 | 11.20 | 50.00 |
| كالا | 1- دەرىجىلىك كالا | 50.00 | 1428.60 | 163.40 | 47.20 | 166.70 | 56.80 | 0.143 | 18.00 | 81.00 |
| نەسىللىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | 215.00 | 6142.80 | 530.80 | 202.80 | 716.70 | 672.60 | 0.614 | 77.60 | 346.80 |
| يەرلىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | 163.00 | 4657.20 | 402.40 | 153.80 | 543.30 | 509.40 | 0.466 | 58.80 | 262.90 |
| تۆگە يۇڭى | ئارىلاشما | 348.00 | 9942.40 | 859.20 | 328.30 | 1160.00 | 509.40 | 0.994 | 125.60 | 561.00 |
| تۇخۇم | يېڭى | 103.00 | 2042.80 | 254.40 | 97.20 | 343.30 | 322.00 | 0.294 | 37.00 | 166.00 |
| قوغۇن | | 6.00 | 121.40 | 14.80 | 5.70 | 20.00 | 18.80 | 0.017 | 2.20 | 9.70 |

## 1990- يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەككە باھا نىسبىتى

جەدۋەل: 18 – 22

| ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم ( بىرلىكى: 50 كىلوگرام) | | | ئالماشتۇرۇلىدىغان بۇيۇم | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تۇز (كىلوگرام) | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | ئاق ئىنچىكە رەخت (مېتىر) | سەرەڭگە (بولاق) | كىرسىن (كىلوگرام) | ئاممونىي سۇلفات (توننا) | چاي (كىلوگرام) | سوپۇن (دانە) |
| نامى | ئۆلچىمى | ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى (يۈەن) | ھەر كىلوگرامى 0.33 يۈەن | كىلوگرامى 3.66 يۈەن | مېتىرى 3.27 يۈەن | بىر بولاق (10 قاپ) 0.40 يۈەن | كىلوگرامى 1.44 يۈەن | توننىسى 350 يۈەن | كىلوگرامى 2.77 يۈەن | دانىسى 1.08 يۈەن |
| بۇغداي | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 40.00 | 48.40 | 44.00 | 12.00 | 100.00 | 112.00 | 0.114 | 14.00 | 37.00 |
| كۆممىقوناق | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 22.50 | 27.28 | 24.00 | 7.00 | 56.00 | 62.00 | 0.064 | 8.00 | 21.00 |
| قىچا | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 54.15 | 65.60 | 60.00 | 17.00 | 135.00 | 150.00 | 0.155 | 20.00 | 50.00 |
| پاختا | ساپ پاختا (327) | 300.00 | 363.60 | 328.00 | 92.00 | 752.00 | 834.00 | 0.857 | 108.00 | 278.00 |
| قوي | 1- دەرىجىلىك ئەركەك | 125.00 | 151.60 | 136.00 | 38.00 | 313.00 | 348.00 | 0.357 | 45.00 | 116.00 |
| كالا | 1- دەرىجىلىك كالا | | | | | | | | | |
| ئەسلىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | 438.50 | 531.60 | 58.00 | 134.00 | 1096.00 | 1218.00 | 1.253 | 158.00 | 406.00 |
| يەرلىك قوي يۇڭى | ئارىلاشما | | | | | | | | | |
| تۆگە يۇڭى | ئارىلاشما | 66.00 | 800.00 | 722.00 | 202.00 | 1650.00 | 1834.00 | 1.888 | 238.00 | 611.00 |
| تۇخۇم | يېڭى | 297.00 | 360.00 | 324.00 | 91.00 | 743.00 | 826.00 | 0.849 | 107.00 | 275.00 |
| قوغۇن | | | | | | | | | | |

### 3. سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش سان ئىندېكسى

1952- يىلدىن كېيىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى كۆپ قېتىم تەڭشىلىپ،

مەھسۇلاتلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش سانىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 1950- يىلى، 50 كىلوگرام بۇغداينىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلۇش مىقدارى 1952- يىلدىكىدىن 12% تۆۋەنلىدى (ئوتتۇرا ھېسابتا)؛ لېكىن پاختا، قوي يۇڭى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلۇش مىقدارى زور دەرىجىدە ئۆرلىدى (ئوتتۇرا ھېسابتا). قوي يۇڭىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى 59.2%، پاختىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتى 121.1% ئۆرلىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش سان ئىندېكسى

جەدۋەل: 18 – 23

| ئالماشتۇرىدىغان بۇيۇم | ئالماشتۇرۇلغان بۇيۇم | 1952 | 1957 | 1960 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1985 | 1990 | 1990- يىلىدىكىسى 1952- يىلىدىكىنىڭ (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي (50 كىلوگرام) | تۇز (كىلوگرام) | 330.8 | 198.50 | 200 | 215.4 | 200 | 200 | 200 | 200 | 242 | 73.2 |
| | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | 19 | 14.5 | 13 | 17.3 | 17.3 | 17.3 | 21.2 | 17.3 | 22 | 115.8 |
| | ئاق شىچىكە رەخت (مېتىر) | 27.6 | 13.8 | 13.9 | 15.2 | 15.2 | 16.7 | 16.7 | 13.2 | 12 | 43.5 |
| | سەرەڭگە (بولاق) | 102 | 84.5 | 65 | 70 | 70 | 70 | 70 | 46.7 | 100 | 98.0 |
| | كېرەسىن (كىلوگرام) | 59.7 | 35.8 | 36.1 | 38.9 | 45.2 | 50 | 45.2 | 21.9 | 56 | 93.3 |
| | ئاليۇمىنىي سۇلغان (كىلوگرام) | 50 | 39 | 39 | 39 | 352 | 52 | 52 | 40 | 114 | 228.0 |
| | چاي (كىلوگرام) | 11.6 | 6.3 | 6.3 | 8.3 | 6.8 | 7 | 0.8 | 5 | 14 | 120.7 |
| | سوپۇن (دانە) | 34.7 | 20.8 | 21 | 22.6 | 25 | 25 | 25 | 21.8 | 37 | 106.6 |
| قىيا (50 كىلوگرام) | تۇز (كىلوگرام) | 360 | 360 | 346.2 | 346.5 | 380 | 380 | 380 | 380 | 328 | 91.1 |
| | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | 20.7 | 26.3 | 22.5 | 27.8 | 32.8 | 32.8 | 40.6 | 32.8 | 30 | 144.9 |
| | رەخت (مېتىر) | 30 | 25 | 24.1 | 24.4 | 28.9 | 31.7 | 31.7 | 25.1 | 17 | 56.7 |
| | سەرەڭگە (بولاق) | 111.4 | 117 | 112.5 | 112.5 | 133.0 | 133.0 | 133 | 88.7 | 135 | 121.2 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرسىن (كىلوگرام) | 65 | 65 | 62.5 | 62.5 | 85.8 | 95 | 85.8 | 41.6 | 75 | 115.4 |
| | ئامونىي سۇلفات (كىلوگرام) | 55 | 71 | 68 | 68 | 98.5 | 98.5 | 98.5 | 76 | 155 | 281.8 |
| | چاي (كىلوگرام) | 12.6 | 11.4 | 10.9 | 10.9 | 12.9 | 13.9 | 12.9 | 9.6 | 20 | 158.7 |
| | سوپۇن (دانە) | 37.7 | 37.7 | 36.3 | 36.3 | 47.5 | 47.5 | 47.5 | 42.9 | 50 | 132.6 |
| پاختا (50 كىلوگرام) | تۇز (كىلوگرام) | 1241.5 | 1615.4 | 1615.4 | 1615.4 | 1642.9 | 1642.9 | 2187.1 | 2449 | 1818 | 146.4 |
| | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | 71.4 | 118 | 105 | 129.6 | 142 | 142 | 232 | 211.6 | 164 | 229.7 |
| | ئاق شىنجىكە رەخت (مېتىر) | 103.5 | 112.3 | 112.3 | 114 | 124.9 | 136.9 | 182.3 | 161.7 | 92 | 88.9 |
| | سەرەڭگە (بولاق) | 384.3 | 525 | 525 | 525 | 575 | 575 | 765.5 | 571.4 | 725 | 188.7 |
| | كىرسىن (كىلوگرام) | 224.2 | 291.7 | 191.7 | 291.7 | 371 | 410.7 | 493.9 | 267.9 | 417 | 186.0 |
| | ئامونىي سۇلفات (كىلوگرام) | 190.3 | 318.2 | 318.2 | 318.2 | 426 | 426 | 567 | 490 | 857 | 450.3 |
| | چاي (كىلوگرام) | 43.6 | 513 | 51 | 51 | 55.8 | 55.8 | 74.3 | | 108.8 | 247.7 |
| | سوپۇن (دانە) | 130.1 | 169.4 | 169.4 | 169.4 | 206.4 | 205.4 | 273.4 | 276.5 | 278 | 213.7 |
| قوي (50 كىلوگرام) | تۇز (كىلوگرام) | 458.8 | 376.5 | 423 | 320 | 271.4 | 357.1 | 442.9 | 442.9 | 758 | 167.0 |
| | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | 26.1 | 27.5 | 27.5 | 25.8 | 23.5 | 30.9 | 47 | 38.3 | 68 | 260.5 |
| | ئاق شىنجىكە رەخت (مېتىر) | 37.8 | 26.2 | 29.4 | 22.6 | 20.6 | 29.8 | 36.9 | 29.2 | 38 | 100.5 |
| | سەرەڭگە (بولاق) | 140.5 | 122.5 | 137.5 | 104 | 95 | 125 | 155 | 103.5 | 313 | 222.8 |
| | كىرسىن (كىلوگرام) | 81.9 | 68.8 | 76.4 | 57.3 | 61.3 | 89.3 | 100 | 48.4 | 174 | 212.5 |
| | ئامونىي سۇلفات (كىلوگرام) | 70 | 74 | 83 | 63 | 70.4 | 92.8 | 114.8 | 88.6 | 357 | 510.0 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | چاي (كىلوگرام) | 15.9 | 11.9 | 13.3 | 10 | 9.2 | 12.1 | | 11.2 | 45 | 283.0 |
| | سوپۇن (دانە) | 47.6 | 30.5 | 44.4 | 33.5 | 33.9 | 44.6 | 55.4 | 50 | 110 | 231.1 |
| ئوتتۇرا نورمى بويىچە (50 كىلوگرام) | تۇز (كىلوگرام) | 2500 | 2446.2 | 446.2 | 384.6 | 2278 | 2278 | 3071 | 3071 | 2658 | 1063 |
| | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | 143.8 | 178.7 | 159 | 191.4 | 196.9 | 196.9 | 325.8 | 265.4 | 240 | 166.9 |
| | ئاق شىنجاڭ رەخت (مېتىر) | 208.3 | 170 | 170 | 168.3 | 173.2 | 190 | 256 | 202.8 | 134 | 64.3 |
| | سەرەڭگە (بولاق) | 773.8 | 795 | 795 | 775 | 797.5 | 797.5 | 1075 | 716.7 | 1096 | 141.6 |
| | كېرسىن (كىلوگرام) | 451.8 | 441.7 | 441.7 | 430.6 | 514.5 | 569.6 | 693.5 | 336 | 609 | 134.8 |
| | ئامونىي سۇلفات (كىلوگرام) | 383.3 | 482 | 481.8 | 470 | 591 | 591 | 796.3 | 614.3 | 1253 | 326.9 |
| | چاي (كىلوگرام) | 87.8 | 77.2 | 77.2 | 75.2 | 77.4 | 77.4 | 104.4 | 77.6 | 158 | 178.0 |
| | سوپۇن (دانە) | 262.1 | 256.5 | 256.5 | 250 | 284.8 | 284.8 | 384 | 346.8 | 406 | 154.9 |
| يۇقىرى بويىچە (50 كىلوگرام) | تۇز (كىلوگرام) | 1246.2 | 1876.9 | 876.9 | 3076.9 | 2928.6 | 3685.7 | 4971.4 | 4971.4 | 4000 | 321 |
| | ئاق شېكەر (كىلوگرام) | 71.4 | 137 | 122 | 246.9 | 253 | 318.5 | 527.2 | 429.6 | 361 | 505.6 |
| | ئاق شىنجاڭ رەخت (مېتىر) | 103.8 | 130.5 | 130.5 | 217.2 | 222.6 | 307.1 | 414.3 | 328.3 | 202 | 194.6 |
| | سەرەڭگە (بولاق) | 385.7 | 610 | 610 | 1000 | 1025 | 1290 | 1740 | 1160 | 1650 | 427.3 |
| | كېرسىن (كىلوگرام) | 225 | 338.9 | 338.9 | 555.6 | 661.3 | 921.4 | 1122.6 | 543.8 | 917 | 407.6 |
| | ئامونىي سۇلفات (كىلوگرام) | 191 | 370 | 370 | 606 | 759.3 | 955.6 | 1289 | 994.3 | 1887 | 988.0 |
| | چاي (كىلوگرام) | 43.8 | 59.2 | 59.2 | 97.1 | 99.5 | 125.2 | 1689 | 125.6 | 235 | 536.5 |
| | سوپۇن (دانە) | 130.6 | 106.8 | 106.8 | 322.6 | 366 | 460.7 | 621.4 | 561 | 611 | 467.8 |

## §4. باھا ئومۇمىي سەۋىيىسى ۋە تەسىرى

1. بازار باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسى

1) ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندېكسى  قۇمۇل بازارلىرىدىكى باھا ئومۇمىي سەۋىيىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە تۆۋەنلەپ، كېيىن ئۆرلىدى. 1952- يىلدىن 1978- يىلغىچە، 1952- يىلدىكى باھا ئىندېكسىنى 100 بويىچە ھېسابلىغاندا، 1961- يىلدىكى باھا ئىندېكسى 1952- يىلدىكىدىن يۇقىرى بولغاننى ھېسابلىمىغاندا، قالغان يىللارنىڭ 1952- يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى. 1978- يىلى، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى 95.3% بولدى. 1979- يىلدىن 1990- يىلغىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى يىلدىن يىلغا ئۆرلەپ ماڭدى. 1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرى بازارلىرىدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى 103.1% 1978 – يىلى، بازارلاردا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى 99.3% بولدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندېكسى 1988 – يىلى 114%، 1989 – يىلى 118.2% بولدى. 1990- يىلى، باھا ئىندېكسى بىر ئاز تۆۋەنلىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە 1950 – 1990 - يىلغىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى

جەدۋەل: 18 – 24

| يىللار | جەمئىيەت بويىچە پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى % | ئاساسىي ئىندېكس % | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | 1952- يىلدىكى ئىندېكس 100 | 1957- يىلدىكى ئىندېكس 100 | 1978- يىلدىكى ئىندېكس 100 | 1980- يىلدىكى ئىندېكس 100 |
| 1950 - 1952 | 102.8 | | | | |
| 1952 - 1957 | 91.7 | 94.3 | | | |
| 1958 | 99.1 | 95.1 | 97.9 | | |
| 1959 | 101.2 | 96.3 | 99.1 | | |
| 1960 | 97.2 | 93.6 | 96.9 | | |
| 1961 | 124.2 | 116.2 | 119.6 | | |
| 1962 | 98.6 | 114.6 | 117.9 | | |
| 1963 | 95.4 | 109.3 | 112.5 | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 98.2 | 107.3 | 110.5 | | |
| 1965 | 97.3 | 104.4 | 107.5 | | |
| 1978 | 95.3 | 99.5 | 102.5 | | |
| 1979 | 101.4 | 100.9 | 103.9 | 100.8 | |
| 1980 | 104.6 | 105.6 | 108.7 | 105.4 | |
| 1981 | 102.8 | 108.5 | 111.7 | 108.4 | 107.5 |
| 1982 | 101.0 | 109.6 | 112.8 | 109.5 | 108.6 |
| 1983 | 102.9 | 112.8 | 116.1 | 112.7 | 111.7 |
| 1984 | 103.6 | 116.9 | 120.2 | 116.7 | 115.8 |
| 1985 | 108.2 | 126.4 | 130.1 | 126.3 | 125.3 |
| 1986 | 108.8 | 137.6 | 141.6 | 137.4 | 136.3 |
| 1987 | 107.4 | 147.8 | 152.1 | 147.6 | 146.4 |
| 1988 | 114.0 | 168.4 | 173.4 | 168.2 | 166.9 |
| 1989 | 118.2 | 199.1 | 204.9 | 198.9 | 197.3 |
| 1990 | 103.1 | 205.5 | 211.3 | 205.0 | 203.4 |

### قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1979 – 1990 – يىلىغىچە بولغان مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا ئىندېكسى

جەدۋەل: 18 – 25

بىرلىكى: %

| نامى / يىللار | مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا ئىندېكسى | ئۆي ئىجارىسى | سۇ- توك ھەققى | قاتناش خىراجىتى | پوچتا ھەققى | داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش ھەققى | ئوقۇش، ساقلىق ساقلاش راسخوتى | مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش راسخوتى | رېمونت ۋە باشقا مۇلازىمەت ھەققى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 99.1 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 98.7 |
| 1980 | 99.2 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 98.7 |
| 1981 | 100.8 | 116.7 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 87.4 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 100.6 | 116.7 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 87.4 |
| 1983 | 101.0 | 116.7 | 100.0 | 100.0 | 107.7 | 100.0 | 100.0 | 100.0 | 87.4 |
| 1984 | 108.5 | 157.5 | 100.0 | 103.0 | 113.9 | 100.0 | 100.0 | 132.9 | 88.8 |
| 1985 | 115.6 | 190.8 | 100.0 | 103.0 | 113.9 | 100.0 | 141.7 | 165.9 | 93.7 |
| 1986 | 117.0 | 190.8 | 100.0 | 103.0 | 113.9 | 100.0 | 141.7 | 198.4 | 97.9 |
| 1987 | 119.1 | 190.8 | 100.0 | 103.0 | 113.9 | 100.0 | 144.3 | 296.6 | 101.0 |
| 1988 | 123.0 | 192.5 | 100.0 | 106.3 | 122.9 | 100.0 | 144.3 | 329.8 | 110.4 |
| 1989 | 137.3 | 218.9 | 100.0 | 136.3 | 122.9 | 100.0 | 144.3 | 459.0 | 122.7 |
| 1990 | 158.5 | 218.9 | 100.0 | 199.1 | 174.3 | 103.9 | 144.3 | 459.0 | 125.1 |

2) بىر نەچچە تۈرلۈك مۇھىم تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئىندېكسى. بازارلاردا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى يېمەكلىك ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئۆرلىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 1952- يىلدىن 1980- يىلغىچە، يېمەكلىك باھاسى 32.5%، كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسى 32.1% ئۆستى. 1983- يىلدىن باشلاپ، باھا زور دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتتى. 1983- يىلدىكى باھا ئىندېكسىنى 100 بويىچە ھېسابلىغاندا، 1990- يىلغا كەلگەندە يېمەكلىك باھاسى 98%؛ كىيىم- كېچەك باھاسى 73.8%، كىتاب، ژۇرنال باھاسى 3.71 ھەسسە، جۇڭگىي دورىسى، غەربچە دورىلارنىڭ باھاسى 86.5% ئۆستى.

**قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1984 ~ 1990- يىلغىچە بولغان بىر نەچچە خىل ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ باھا ئىندېكسى**
(ئالدىنقى يىلدىكى باھا ئىندېكسى 100)

جەدۋەل: 18– 26 بىرلىكى: %

| يىللار / مەھسۇلات تۈرى | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988. | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېمەكلىك | 106.0 | 113.1 | 112.2 | 108.3 | 115.8 | 117.0 | 100.3 |
| كىيىم- كېچەك | 102.7 | 101.2 | 106.5 | 107.7 | 113.8 | 119.8 | 107.5 |
| كۈندىلىك بۇيۇم | 96.1 | 102.2 | 103.3 | 106.1 | 109.3 | 112.0 | 105.5 |
| مەدەنىيەت، كۇلتۇر ئېچىش بۇيۇملىرى | 99.4 | 99.6 | 104.4 | 104.4 | 111.4 | 117.3 | 159 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كىتاب، گېزىت-ژۇرنال | 102.9 | 132 | 103.7 | 102.2 | 110.0 | 202.5 | 134.8 |
| جۇڭيى دورىسى، غەربچە دورىلار | 105.7 | 100.4 | 105.1 | 97.7 | 149.4 | 110.2 | 104 |
| كۆمۈر | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 113.5 |

3) بازار سودىسى باھا ئىندېكسى شەھەر، يېزا بازارلىرىنىڭ باھا ئىندېكسى 1978- يىلىدىكىنى 100 بويىچە ھېسابلىغاندا، 1990- يىلىغا كەلگەندە، سودا بازارلىرىدىكى تاۋار باھاسى 1.25 ھەسسە ئۆرلەپ، يىلىغا 6.4% لىك سۈرئەت بىلەن ئۆسۈپ ماگدى.

**قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1980 – 1990- يىللىرىغىچە سودا بازارلىرىدىكى تاۋارلارنىڭ باھا ئىندېكسى**

**(ئالدىنقى يىلدىكى باھا ئىندېكسى 100)**

جەدۋەل: 18 – 27

| يىللار / ئىندېكس (%) / تۈرى | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي ئىندېكس | 91.7 | 123.5 | 107.2 | 90.6 | 117.1 | 113.1 | 112.0 | 102.0 | 119.8 | 113.6 | 98.3 |
| 1. ئاشلىق | 72.7 | 119.3 | 106.9 | 98.9 | 98.4 | 101.5 | 107.6 | 121.5 | 127.0 | 114.4 | 99.1 |
| گۈرۈچ | 66.7 | | | | | | | | | | |
| تېرىق | 75.0 | 133.3 | 100 | 98.5 | 106.6 | 81.0 | | | 122.7 | 124.7 | 111.7 |
| ئۇن | 78.0 | 95.0 | 131.6 | | | | | | 92.6 | | |
| 2. ماي، ياغلىق دان | 93.0 | 92.0 | 89.8 | 97.8 | 114.1 | 75.0 | | | | | |
| گازىر مېغى | 93.0 | 92.9 | | | | | | | | | |
| 3. تاماكا، كەندىر | 83.0 | 80.0 | 125.0 | 100.6 | 114.8 | | | | | | |
| 4. گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم | 80.0 | 97.4 | 103.5 | 96.4 | 95.2 | 110.3 | 100.2 | 114.2 | 136.3 | 110.6 | 94.8 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چوشقا گۆشى | 70.0 | 100 | 100 | 96.7 | 100 | 119.2 | 129.0 | 102.2 | 163.8 | 114.8 | 92.5 |
| كالا گۆشى | 78.0 | 100 | 100 | 105.3 | 100 | 119.0 | 118.1 | 111.3 | 130.4 | 120.6 | 93.8 |
| قوي گۆشى | 81.00 | 100 | 100 | 116.7 | 106 | 113.1 | 106.3 | 128.0 | 143.2 | 122.8 | 82.2 |
| تۇخۇم | 112.0 | 93.7 | 125.8 | 95.9 | 90.6 | 103.9 | | | 118.2 | 112.7 | 117.5 |
| 5. سۇ مەھسۇلاتلىرى | | | | | | | 100.5 | 122 | 106.3 | 106.3 | 107.6 |
| 6. يېڭى كۆكتات | 98.3 | 84.0 | 125.9 | 93.7 | 143.1 | 107.0 | 114.9 | 101.9 | 112.7 | 111.1 | 96.8 |
| 7. قۇرۇق، ھۆل مېۋىلەر | 93.8 | 109.7 | 91.8 | 77.7 | 121.0 | 139.9 | 114.4 | 76.9 | ھۆل 105.5 قۇرۇق 100.1 | 100 105.2 | 106.2 102.4 |

2. باھانىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرى

1) ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى 1979- يىلدىن باشلاپ، نامۇۋاپىق مەھسۇلات قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، باھا مۇناسىۋىتى ئۆڭشالدى. باھادا ئۆسۈش كۆرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندى. 1978- يىلدىن1990- يىلغىچە، بازارلاردا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئىندېكسى 105% ئۆستى، ئومۇمىي ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 3.78 ھەسسە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2.98 ھەسسە؛ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4.08 ھەسسە؛ مىللىي دارامەت 3.28 ھەسسە ئاشتى، مالىيە كىرىمى 85.4% كۆپەيدى.

2) ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى كۆپەيدى 1990- يىلى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 408 مىليون يۈەنگە يەتتى، 1952- يىلدىكىگە قارىغاندا 57 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا 11.3% تىن ئېشىپ ماڭدى؛ باھا ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 26 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا 9.1% ئاشتى. 1990 – يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ ئوتتۇرىچە پارچە سېتىلدى سوممىسى 994 يۈەنگە يېتىپ، 1952 – يىلدىكىدىن 9.82 ھەسسە ئاشتى. 1990- يىلى، مالىيە كىرىمى 67 مىليون 366 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952- يىلدىكىدىن 55.1 ھەسسە كۆپەيدى، 1978- يىلدىكىدىن 85.4% ئاشتى.

چوڭ تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى جەھەتتە، 1990- يىلى، يېمەكلىك تۈردىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1983- يىلدىكىدىن 1.6 ھەسسە، كىيىم-كېچەك تۈردىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3.06 ھەسسە، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش تۈردىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1.31 ھەسسە؛ كىتاب- ژۇرناللارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 2.13 ھەسسە ئاشتى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1951 – 1990 - يىلىغىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ ئىندېكسى

جەدۋەل: 18 – 28

| يىللار | ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى | | | كىشى كېشىگە توغرا كېلىدىغان پارچە سېتىلىش سوممىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي (تۈمەن يۈەن) | ئىندېكس (%) | | جەمئىي (تۈمەن يۈەن) | ئىندېكس (%) | |
| | | ئالدىنقى يىلدىكىسى 100 | 1952- يىلدىكىسى 100 | | ئالدىنقى يىلدىكىسى 100 | 1952- يىلدىكىسى 100 |
| 1951 | 585.1 | | | 76.8 | | |
| 1952 | 702.3 | 120.0 | | 91.8 | 119.4 | |
| 1953 | 560.79 | 79.9 | 79.9 | 69.2 | 75.4 | 75.4 |
| 1954 | 1002.9 | 178.8 | 142.8 | 127.0 | 183.7 | 138.5 |
| 1955 | 1123.4 | 112.0 | 160.0 | 137.2 | 107.9 | 149.5 |
| 1956 | 1337.4 | 119.0 | 190.4 | 134.7 | 98.2 | 146.7 |
| 1957 | 1617.1 | 120.9 | 230.3 | 157.2 | 116.7 | 171.2 |
| 1958 | 4558.2 | 281.9 | 649.0 | 351.7 | 223.7 | 383.1 |
| 1959 | 5088.9 | 111.6 | 724.6 | 252.4 | 71.7 | 274.5 |
| 1960 | 7833.0 | 153.9 | 1115.3 | 362.0 | 143.7 | 394.3 |
| 1961 | 4704.7 | 60.1 | 670.0 | 240.9 | 65.5 | 262.4 |
| 1962 | 3192.5 | 67.9 | 554.6 | 171.0 | 71.0 | 186.3 |
| 1963 | 3026.5 | 94.8 | 430.9 | 166.7 | 97.5 | 181.6 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 163.4 | 90.0 | 150.0 | 408.8 | 94.9 | 2871.0 | 1964 |
| 150.4 | 92.1 | 138.1 | 418.1 | 102.3 | 2936.2 | 1965 |
| 162.7 | 108.2 | 149.4 | 490.4 | 117.3 | 3444.0 | 1966 |
| 150.3 | 92.4 | 138.0 | 464.2 | 94.7 | 3260.0 | 1967 |
| 172.7 | 114.9 | 158.5 | 543.5 | 117.1 | 3817.0 | 1968 |
| 143.6 | 83.2 | 131.8 | 504.1 | 92.7 | 3540.0 | 1969 |
| 157.3 | 110.0 | 144.4 | 567.4 | 112.6 | 3985.0 | 1970 |
| 160.6 | 102.1 | 147.4 | 590.8 | 104.1 | 4149.0 | 1971 |
| 149.9 | 93.4 | 137.6 | 581.4 | 98.4 | 4083.0 | 1972 |
| 153.3 | 102.3 | 140.7 | 634.1 | 109.1 | 4453.0 | 1973 |
| 158.2 | 103.2 | 145.2 | 660.6 | 104.2 | 4639.7 | 1974 |
| 201.9 | 127.6 | 185.3 | 365.6 | 131.0 | 6079.3 | 1975 |
| 209.4 | 103.7 | 192.2 | 939.1 | 108.5 | 6595.4 | 1976 |
| 234.1 | 111.8 | 214.9 | 1070.2 | 114.0 | 7515.7 | 1977 |
| 241.8 | 103.3 | 222.0 | 1142.1 | 106.7 | 8020.8 | 1978 |
| 279.1 | 115.4 | 256.2 | 1328.3 | 116.3 | 9329.0 | 1979 |
| 308.8 | 110.7 | 283.5 | 1502.9 | 112.8 | 10555.0 | 1980 |
| 331.5 | 107.3 | 304.3 | 1625.1 | 108.1 | 11413.0 | 1981 |
| 367.5 | 110.9 | 337.4 | 1821.7 | 112.1 | 12794.0 | 1982 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 14137.0 | 110.5 | 2013.0 | 367.3 | 108.9 | 400.1 |
| 1984 | 17226.0 | 121.9 | 2452.8 | 450.4 | 122.6 | 490.6 |
| 1985 | 20957.0 | 121.7 | 2984.1 | 546.5 | 121.3 | 595.3 |
| 1986 | 23370.0 | 110.9 | 3308.2 | 591.3 | 108.2 | 644.1 |
| 1987 | 25426.0 | 109.4 | 3619.2 | 947.1 | 109.4 | 704.6 |
| 1988 | 33293.0 | 130.9 | 4337.5 | 831.3 | 125.5 | 905.5 |
| 1989 | 36466.0 | 100.5 | 5187.6 | 889.4 | 106.9 | 967.0 |
| 1990 | 40803.0 | 111.9 | 5804.9 | 994 | 109.2 | 1082.3 |

# V باب

# ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى شىنجاڭ ئىقتىسادىي رېۋىزىيە كومىتېتىدىن خادىم ئەۋەتىپ، بىۋاسىتە باشقۇردى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، شىنجاڭ ئىقتىسادىي رېۋىزىيە كومىتېتى زۇ نەيشياڭ، خەن چيەنجى، ۋۇ كېچىڭ قاتارلىق كومىتېت ئەزالىرىنى ۋە مەمۇرىي تەپتىش شۇ چۈنبونى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ، ھاكىم نىڭ خەنۋېن قاتارلىقلارنىڭ ھەربىيلەرگە لازىملىق قوي يۇڭىنى باشقا بۇيۇملارغا ئالمىشىپ، ئوتتۇرىدا 17 مىڭ 585 يۈەن توققۇز مو پايدا ئالغانلىق قىلمىشىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، نىڭ خەنۋېنغا بىر قېتىم ئېغىر گۇناھ يېزىپ، بىر ئايلىق مائاشىنى تۇتۇپ قېلىش جازاسى بەردى.

1949- يىلدىن 1983- يىلغىچە، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىكىنى مالىيە رېۋىزىيىسى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىگە مالىيە تارماقلىرى مەسئۇل بولدى. 1952- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە مالىيە رېۋىزىيىسىگە مەسئۇل مەخسۇس خادىم قويۇلدى. ناھىيە ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىدا مالىيە رېۋىزىيە ئالاقىچىسى تەسىس قىلىندى. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ خام چوت، نەق چوت ھەم خىراجەت چىقىملىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. 1955- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە رېۋىزىيە خادىملىرى ۋىلايەتتىكى 17 ئورۇننىڭ مالىيە- ئىقتىساد ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈپ، 7159 يۈەن ھارام پۇلنى، يۆتكەپ ئىشلەتكەن 1022 يۈەن پۇلنى، 2049 يۈەنلىك

زىيانغا ئۇچرىتىش، ئىسراپچىلىق ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، 20 كىشىگە جازا بەردى. 1977-يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەت بويىچە يىلدا بىر قېتىم مالىيە ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 1984-يىل 1-ئايدىن باشلاپ، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەردە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى، ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، مالىيە كىرىم-چىقىمىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەت قىلدى. 1990-يىلى، ۋىلايەتتە ئىقتىسادىي تەپتىش كادىرى 77 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك باشقارمىسىنىڭ كادىرى 36.

## §1. دۆلەت ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىكى

1984-يىلى، ۋىلايەتتە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىكى ئورگىنى قۇرۇلدى. 5-ئايدا، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك كادىرىدىن 20 نى تەشكىللەپ، ۋىلايەتلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇندا سىناق تەرىقىسىدە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ مەبلەغدىن 3 مىليون 860 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 3 مىليون 830 مىڭ يۈەن. 1985-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان ھۆججەت روھىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورۇنلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك، مالىيە ئورۇنلىرى ئورتاق مەسئۇل بولۇپ، يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان مالىيە ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتتىكى 381 ئورۇن، ئۆزىنى ئۆزى ۋە بىر - بىرىنى تەكشۈردى، 79 ئورۇندا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئىنتىزامغا خىلاپ مەبلەغدىن 6 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى، بۇنىڭدىن مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن، خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن، تۆت پارچە دېلو ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

1986-يىلدىن 1989-يىلغىچە، «تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» نى چۆرىدەپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، ئاساس سېلىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلار، قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، دۆلەت مەخسۇس ئاجراتقان پۇل قاتارلىقلار ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى. 1987-يىلى، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا تۇنجى قېتىم ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەت قىلىش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە «ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش، ھەر قېتىمدا ئىككى يىلنىڭ ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىكىنى قىلىش» تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا قارىتا قەرەللىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ مەركەزنىڭ «ئۈچىنى قوغداش، ئۈچىنى قىسقارتىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئۆزى مەبلەغ توپلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مەبلەغ مەنبەسىگە قارىتا ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك قىلىندى، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردا قەرەللىك ھالدا ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك تۈزۈمى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) ۋەزىپىدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ۋە كارخانا مۆددىگەرلىكىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مالىيە كىرىم-چىقىمى دائىملىق ئىقتىسادىي

مۇپەتتىشلىك ئاساسىدا، زامانىۋى ئىقتىسادىي ئۇنۇم مۇپەتتىشلىكىگە تەدرىجىي يۈزلەندۈرۈلدى. يەنە زىيان تارتىۋاتقان چوڭ كارخانىلار، ئاشلىق، ماي، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش قاتارلىق مەخسۇس مەبلەغلەرگە قارىتا مەخسۇس ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ، قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش، كەڭچىلىك بىلەن قاتتىق تۇتۇشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈپ، قائىدىگە خىلاپ مەسىلىلەرگە مۇۋاپىق چارە كۆرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1990- يىلى، «پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ساھەسى پائال كېڭەيتىلىپ، ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1985- يىلدىن 1990- يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە 1358 ئورۇندا ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىقتىسادتىن 27 مىليون 778 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى، مالىيىگە تاپشۇرۇلغىنى 4 مىليون 540 مىڭ يۈەن. مالىيىدىن ئاجرىتىلىدىغان پۇل ۋە تولۇقلىما ياردەم 110 مىڭ يۈەن ئازايدى. ئىگىلىۋېلىنغان، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىنغان 300 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، 936 مىليون 480 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن زىيان ۋە ئىسراپ بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم 12 مىليون 760 مىڭ يۈەن ئۆستۈرۈلدى، يەتتە پارچە ئىقتىسادىي دېلو مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئالتە كىشى ئىنتىزام رېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا، بەش كىشى ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 33 پارچە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك دوكلاتى سۇنۇلدى.

## §2. ئىچكى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك

1984- يىلدىن 1990- يىلغىچە، ۋىلايەتلىك تۆز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى، ئاپتوموبىل ترانسپورت باش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا توققۇز ئىچكى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئاپپاراتى قۇرۇلدى، 17 ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك خادىمى سەپلەندى، 98 ئورۇندا ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى، زىيان بولغان، ئىسراپ قىلىنغان ئىقتىسادتىن 520 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى، 2 مىليون 680 مىڭ يۈەن چىقىم تېجەپ قېلىندى، 3 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك ئىنتىزامغا خىلاپ مەبلەغ ئۆڭشالدى.

## §3. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك

1984- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىقتىسادىي خىزمەتتى بويىچە مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇلدى. 1987- يىلى، بۇ ئورۇننىڭ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەسئۇل ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلەر ئىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. ئارقىدىنلا ناھىيە، شەھەرلەردە مەسئۇل ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلەر ئىش ئورنى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلەر ئىش ئورنىدا ئىشلەيدىغانلار 14 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تەكلىپ بىلەن ئىشلەيدىغىنى ئۈچ. ئۇلار قانۇن

بويىچە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش، كىنىشكا تەكشۈرۈش ۋە مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ھەقلىق مۇلازىمەتنى يولغا قويۇپ، كىرىم- چىقىمغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، مۇستەقىل ھېساب يۈرگۈزۈپ، قائىدە بويىچە باج تاپشۇردى. 1990- يىلغىچە، جەمئىي ھاۋالە قىلىنغان 1749 تۈرلۈك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش ۋە كىنىشكا تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئىنتىزامغا خىلاپ مەبلەغدىن 120 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى، 13 تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلو باھالاپ بېكىتىلدى، 1642 تۈرلۈك يىللىق مەبلەغ تەكشۈرۈلدى، توققۇز ئورۇنغا دائىملىق مەسلىھەتچىلىك قىلىندى، باشقا 83 تۈرلۈك خىزمەت تاماملاندى، 318 كىشى تەربىيىلەندى.

## §4. مەخسۇس تۈردىكى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك

### 1. ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت مۇپەتتىشلىكى

ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت مۇپەتتىشلىكى 1987- يىلى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردا تۇنجى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلدى.

1987- يىل 6- ئايدا، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق خام چوت ئىچىدىكى كارخانىلاردىن ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغىنى 34 بولۇپ، كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 89.5% نى ئىگىلىدى، 1988- يىلىدىن 1990- يىلىغىچە بولغان تۇنجى قارارلىق ھۆددىگەرلىك مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى كارخانىلارنىڭ ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىشتىن ئىلگىرى ۋە يىللىق ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى ھەمدە ھۆددىگەرلىك مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقلىرى (دىرېكتورلىرى) ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى مۇپەتتىشلىك قىلدى.

### 2. يېزا ئىگىلىك مەبلىغى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىكى

1985- يىلىدىن 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى 15 مىليون 774 مىڭ 900 يۈەن يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى. ئىنتىزامغا خىلاپ 1 مىليون 610 مىڭ 100 يۈەننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 364 مىڭ 300 يۈەن پۇل مالىيىگە تاپشۇرۇلدى ياكى مەبلەغنىڭ ئەسلى كېلىش ئورنىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1984- يىلى، ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «ۋىلايەتتىكى سۇ- توك سىستېمىسىدا بىر قېتىم مالىيىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ تەلىپى بويىچە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تۆت تۈرلۈك مەخسۇس مەبلىغىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى، مۇپەتتىشلىك قىلىنغان سومما 428 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى تۆرۈك سۇ سىستېمىسىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىپ، 65 مىڭ 800 يۈەننى يۆتكەپ ئىشلەتكەن، ئىگىلىۋالغان مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تەپتىش باشقارمىسى تۆرۈك سۇ سىستېمىسىنى باشقۇرۇش ئورنىنى 1985- يىلىدىن بۇيان يىغىۋالغان سۇ ھەققىدىن 65 مىڭ 800 يۈەننى مالىيىگە تاپشۇرۇشقا بۇيرىدى. 1985- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى مالىيە ئىنتىزامىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ھەم كەسىپلەر بويىچە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىشقا بىرلەشتۈرۈش، 1984-

يىلى، ئاپتونوم رايون چۇشۇرۇپ بەرگەن 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق سۇ مەبلىغىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىپ، مەسىلە بار مەبلەغدىن 141 مىڭ 400 يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى سۇ ئىشلىرى تارمىقىنى بۇ مەبلەغنى ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە بۇيرىدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى باشقۇرۇشتىكى مەبلەغنى ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ مالىيە كۈچى ئاجىز بولۇش، يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇشتەك مەسىلىلەرگە قارىتا تۆت تۈرلۈك تەكلىپ بەردى: ① سۇ ئىشلىرى مەبلىغىنى دەرىجىگە بۆلۈپ، باشقۇرۇشنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش؛ ② مەبلەغنى يۇقىرىدىن بۇيرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپ بېرىش بىلەن بانكىلاردىن قەرز ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىش؛ ③ سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىش چارىسىنى يولغا قويۇش؛ ④ مالىيە، سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورۇنلار سۇ ئىشلىرىغا بېرىلگەن مەخسۇس مەبلەغقە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مالىيىنى «كاسىر تىپلىق» باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى «نازارەت تىپلىق» باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش. بۇ تەكلىپلەر ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

1987 – 1993 - يىللىقچە، يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش خىزمىتى نورماللاشتى. موشۇ باسقۇچتا ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سومما 8 مىليون 37 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغتىن 57 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن 55 مىڭ 700 يۈەن مەخسۇس مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىندى.

1987- يىلى، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگىنى تۆت گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ۋىلايەتتىكى ئۈچ مەسئۇل تارماق ۋە 12 ئاساسىي قاتلام ئورۇننىڭ 19 تۈرى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى. يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنىڭ ھەقىقىي بېرىلگەن 1 مىليون 82 مىڭ يۈەن مەبلىغىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى. بۇ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 90% ىنى ئىگىلەيدۇ. ھەقلىق بېرىلگەن 50 مىڭ يۈەن ئايلانما مەبلەغنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى. يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئومۇمىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئالدىن مۆلچەرلەنگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى، لېكىن يەنىلا بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى. ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش جەريانىدا، ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىققا مەسئۇل تارمىقىنىڭ 55 مىڭ 700 يۈەن ئالاھىدە مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلەتكەنلىكى بايقىلىپ، دەرھال تۈزىتىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىندى.

3. نامراتلارغا ياردەم بولۇش مەبلىغىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىش

1988 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 2 مىليون 830 مىڭ يۈەننى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 40 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئېنىقلاپ چىقتى، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن 10 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ، ئىسراپ قىلىپ زىيانغا ئۇچرىتىلغان 10 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇپ كەلدى.

1988- يىلى، گوۋۇيۈەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنى دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. 1989- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى بىرلەشمە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، 1989- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 1988- يىللىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى تەقسىملەش، باشقۇرۇپ ئىشلىتىش ھەم ئۈنۈم ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ۋە تۇز- شور كانىغا بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تۈردە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك قىلدى. 1988- يىلى، دۆلەت ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە خەلق ئىشلىرى بويىچە

نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن 30 مىڭ يۈەن ئايلانما مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى، «مەركەز چارۋىچىلىق رايونلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ياردەم ئۆسۈملۈك مەخسۇس قەرز پۇل» كۆرسەتكۈچىدىن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەننى، «ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى» دىن 1 مىليون يۈەننى، جەمئىي 2 مىليون 830 مىڭ يۈەن چۈشۈرۈپ بەرگەندى. خەلق ئىشلىرى بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بېرىلگەن 30 مىڭ يۈەن 1988- يىلى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن قوي سېتىۋېلىش ۋە سۈت كالىسى فېرمىسى قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى؛ «ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى» 1 مىليون يۈەننى ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 4 مىليون 450 مىڭ يۈەنلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ بىر قىسىم مەبلىغى قاتارىدا ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا تارقىتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى؛ «مەركەز چارۋىچىلىق رايونلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بەرگەن ياردەم ئۆسۈملۈك مەخسۇس قەرز پۇل» 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن 600 مىڭ يۈەننى 1988- يىلى ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ناھىيىلىك تۇز- شور كانىغا بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. قالغان 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن شۇ يىللىق ئىناۋەتلىك قەرز كۆلىمى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، 1989- يىل 7- ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 400 مىڭ يۈەن تۇز- شور كانىغا، 400 مىڭ يۈەن تېرە- خۇرۇم زاۋۇتىغا، 400 مىڭ يۈەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە نامراتلارنى يۆلەش چارۋىسى سېتىۋېلىشقا بېرىلدى. مۇشۇ مەبلەغلەر شۇ جاينىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئىقتىسادىي مۇنەپتەئەتلىك قىلىش خىزمىتى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىگە تۈرتكە بولۇپلا قالماي، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىيىم يۇتۇن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنداقلا، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 677 ئائىلە، 3334 كىشىنىڭ كىيىم يۇتۇن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى، بۇ ئومۇمىي نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1985- يىلدىكى 129 يۈەندىن 409 يۈەنگە كۆپىيىپ، نامراتلىق مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولدى.

# VI باب

## يەر باشقۇرۇش

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتى 1954- يىلى باشلاندى. 1988- يىلى، ۋىلايەتلىك يەر باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەرنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى قاتتىق تۇتۇپ، غەيرىي يېزا ئىگىلىككە ئىشلىتىلگەن يەرلەرنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سالدى. يەرلەرنى كۆپ تەرەپ تەستىقلاش، كۆپ تەرەپ باشقۇرۇشتەك كونا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى، يەرلەرنى يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. يەرلەرنى ھەقسىز ئىشلىتىش ھەقلىق ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىلدى. يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى يەر تەۋەلىكىنى، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى باشقۇرۇش، يەر رېۋىزىيىسى، يەرلەرنى پىلانلاش، ئېچىپ پايدىلىنىش، يەرلەرنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1988- يىلدىن 1990- يىلغىچە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 69 مىڭ 675.13 مو كېڭەيدى (بۇنىڭ ئىچىدە، كۆپ يىل تاشلىنىپ قېلىپ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن

تېرىلغۇ يەر 30 مىڭ 485.13 مو، ئۈچ يىلدا يىگىدىن كېڭەيتىلگەن تېرىلغۇ يەر 39 مىڭ 190 مو). ئۈچ يىلدا يىگىدىن ئېچىلغان تېرىلغۇ يەر ئىچىدە، ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن 1157.85 مو تېرىلغۇ يېرىنى چىقىرىۋەتكەندە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 38 مىڭ 32 مو كېڭەيدى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەردىن ئۆزگەرتىلگىنى 10 مىڭ 90 مو). ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 4 مىليون 412 مىڭ كىلوگرام كۆپەيتىلدى.

## §1. ئاپپارات، خادىم

### 1. ۋىلايەتلىك ئاپپارات

1954- يىلىدىن باشلاپ، يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى باشقارمىسى، دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق باشقارمىسى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ كەلدى. 1986- يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا يەر باشقۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1988- يىلى، ۋىلايەتتە يەر باشقۇرۇش باشقارمىسى (ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇن) قۇرۇلدى، تۆت شتات بېرىلدى. بىر باشقارما باشلىقى، بىر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قويۇلدى. باشقارمىدا يەر پىلانلاش ئەترىتى (رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن) تەسىس قىلىندى. 1993- يىلى، ۋىلايەتلىك يەر باشقۇرۇش باشقارمىسىدا يەر باشقۇرۇش خادىمى تۆتكە، قارمىقىدىكى يەر پىلانلاش ئەترىتىنىڭ شتاتى 20 گە يەتتى.

### 2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاپپاراتلار

1988- يىلى، قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى (بۆلۈم دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇن). 1993- يىلى، ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەردىكى يەر باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ شتاتى 39 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي شتاتتىكىلەر 18، كەسپىي شتاتتىكىلەر 21.

### 3. باشقا ئاپپاراتلار

1989- يىلى، تارانچى ئىش باشقارمىسىدا يەر باشقۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1989- يىلى، يېزا (بازار) لاردا يەر باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، يېزا (بازار) لاردا يەر باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزدى. يەر باشقۇرۇش پونكىتلىرى مەمۇرىي جەھەتتىن يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، كەسپىي خىزمىتىگە ناھىيە (شەھەر) لىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىلىرى يېتەكچىلىك قىلدى. يېزا (بازار) لىق يەر باشقۇرۇش پونكىتلىرىغا 2 - 5 كىچە ئادەم سەپلەپ بېرىلدى. 1993- يىلى، 29 يېزا- بازاردا يەر باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. شتاتى 61 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي شتات 17، كەسپىي شتات 44 ) شتاتتىن سىرتىدىكىسى 29 ، ئەمەلىي بار خادىم 90. 29 يېزا (بازار) نىڭ مەمۇرىي كەنتىدە يەر باشقۇرۇش ئالاقىلاشقۇچىسى سەپلەندى.

ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەردە مۇكەممەل بولغان ئۈچ دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش تورى شەكىللىنىپ، يەرلەرنى ۋە يەر مەمۇرىيىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئەمەلگە ئاشتى، ئۆزلۈكىدىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يەرلەرنى كۆپ تەرەپ باشقۇرۇش، تارقاق باشقۇرۇشتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. باشقۇرۇش قانۇن بويىچە بىر تۇتاش ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش

ئىزىغا چۈشتى. 1988 – 1989 - يىللىرى، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ تەلىپى ۋە بەلگىلىگەن پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ 10 تۈرلۈك يەرلىك مىزان ۋە قائىدە- تۈزۈم تۈزۈپ چىقىلدى. ناھىيىلىك، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر 150 تىن ئارتۇق ھۆججەت تارقىتىپ، يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋالىدىغان ئەھۋالنى تىزگىنلەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداپ قالدى. 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەت بويىچە ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇش (دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر) ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1157.58 مو بولۇپ، 6- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2999.65 مودىن 1842.07 مو ئاز بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، غەيرىي يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يەرلەرگە قارىغاندا، تېرىلغۇ يەر يىلدىن يىلغا كۆپىيىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1991- يىلدىن 1993- يىلغىچە تېرىلغۇ يەر 36 مىڭ 41 مو كۆپەيدى.

## §2. يەر باشقۇرۇش خىزمىتى

**1. دۆلىتىمىزنىڭ يەر ئەھۋالى، يەر سىياسىتى، يەر قانۇنى ھەققىدىكى تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى**

1986- يىل 6- ئاينىڭ 25- كۈنى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش يولىغا چۈشتى. ۋىلايەتلىك يەر باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر باشقۇرۇش قانۇن - نىزاملار تەشۋىقاتىدىكى باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، بولۇپمۇ ھەر يىلقى «25- ئىيۇن» مەملىكەتلىك يەر كۈنى تەشۋىقاتىنى ياخشى ئېلىپ باردى، رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت- ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە تام گېزىتى چىقىرىش، مەسلىھەت بېرىش، ئۆگىنىش كۇرسى تەشكىللەش، ئائىلىلەرگە بېرىپ تەشۋىق قىلىشتەك كۆپ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، يەر باشقۇرۇش قانۇن- نىزامى ۋە دۆلەت يەر- زېمىن ئېڭى تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ باردى. تەربىيىلىنىش دائىرىسى 95% تىن يۇقىرى بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك كادىر، ئامما بىرىنچىدىن، يەر باشقۇرۇشتا قانۇن بار ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئىككىنچىدىن، يەر ئىشلىتىشتە قانۇنلۇق بولۇشنى بىلىش، ئۈچىنچىدىن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغاندا جازالىنىدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بىلىش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق «يەرنى قەدىرلەش، بىر سوۋنىڭ يەردىنمۇ مۇۋاپىق پايدىلىنىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ھەقىقىي قوغداش» تىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ۋىلايەتتە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يەر باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئالاقىدار تارماقلار پائال ماسلىشىدىغان، پۈتكۈل جەمئىيەت تەڭ ھەرىكەتلىنىدىغان تەشەببۇسكار ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ۋىلايەتنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە پۇختا ئاساس سېلىندى.

**2. يەر تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتى**

1987- يىلى باشلاندى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يەر بايلىقى ئەھۋالى تۈنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەندى. ئارقىدىن ۋە يىللىق ستاتىستىكا ئىشلىرى سىستېمىلاشتى، سانلىق مەلۇماتلار كومپيۇتېر ئارقىلىق جەملىنىدىغان بولدى، كومپيۇتېر ئارقىلىق خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇلۇپ يەر ستاتىستىكىسىدىكى زامانىۋىلىشىش دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى تىزىملاش

ۋە ھوقۇقىنى جەزملەشتۈرۈپ كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى 1988- يىلىنىڭ ئاخىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 1993- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە 5199 مەمۇرىي، كارخانا - كەسپىي ئورۇن ۋە شەخس يەردىن پايدىلىنىش كىنىشكىسى بېجىرىشكە تىزىملاتتى، تىزىملىتىشقا سۇنۇلغان يەر 5788 پارچە بولۇپ، ھوقۇق تەۋەلىكى قانۇنلۇق بولۇش، چېگرىسى ئېنىق بولۇش، يەر مەيدانى توغرا بولۇش تەلىپى بويىچە، 4651 سىگە يەردىن پايدىلىنىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىمۇ باشلاندى، 1993- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 18 مىڭ 222 ئولتۇراق ئۆي ئورنى تىزىملىتىلىپ، يەرلەرنى نوپۇس باشقۇرغانغا ئوخشاش باشقۇرۇش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

3. يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى باشقۇرۇش

1989- يىل 6- ئايدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹يەر باشقۇرۇش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە يەرلەرنى تېجەپ ئىشلىتىش، تېرىلغۇ يەرلىرىنى قوغداش پرىنسىپى بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ بىرتەرەپلىمە تەكشۈرۈش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. 1991 – 1993 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن 15 مىڭ 800 مو يەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 510 مو، قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 13 مىڭ 845.23 مو. بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 373.77 مو، ئۈچ يىلدا جەمئىي 1954.77 مو يەر تېجەپ قېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 136.23 مو.

1) دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن يەر ھەر دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى «بىرىنچىدىن، يېمەكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، يەر ئىشلىتىشتىكى بەلگىلەنگەن شەرتلەر ۋە تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى، تەرتىپى بويىچە، ئىش بېجىرىش بىلەن بىللە، يەر ئىشلىتىش ئورۇنلىرى ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلدى. يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ «كۆزنەك» لىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. 1991 – 1993 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە، دۆلەت قۇرۇلۇشىغا 13 مىڭ مو يەر ئاجرىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 366 مو ئىدى، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن يەر 11 مىڭ 264.87 مو، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 248.95 مو.

2) يېزا (بازار)، كەنت قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش ناھىيە (شەھەر) لىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ۋىلايەتنىڭ ھەر يىلى يېزا (بازار)، كەنتلەرگە چۈشۈرۈپ بەرگەن قۇرۇلۇش يېرى كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، شۇ جاينىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يەر مەيدانىغا بىرلەشتۈرۈپ، پىلان كۆرسەتكۈچى بويىچە يەر ئىشلىتىشنى قاتتىق يولغا قويدى. رەسمىيىتىنى بېجىرىشتە، يەر ئىشلەتكۈچىلەر ئالدى بىلەن يېزا (بازار)، كەنتكە ئىلتىماس سۇنۇش، يېزا (بازار)، كەنت تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، ناھىيە (شەھەر) لىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە تەستىقلىشىغا سۇنۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1991 – 1993 - يىللىغىچە، ۋىلايەتتىكى يېزا (بازار)، كەنت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 800 مو يەر كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 54 مو ئىدى، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن يەر 621.91 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 42.09 مو.

3) دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ خۇسۇسىي ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر ناھىيە (شەھەر) لىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى يېزا (مەيدان) لىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئولتۇراق ئۆي ئۆلچىمىنى بېكىتتى، كەنتلەر بوش يەر، بوز يەرلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىمكانقەدەر ئىگىلىمەسلىك ياكى ئاز ئىگىلەش پرىنسىپى بويىچە، چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئۆي ئورنى كۆرسەتكۈچىدىكى سان بويىچە يەر تەستىقلىدى. 1991 – 1993 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 2000 مو يەر

كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 90 مو ئىدى، ئەمەلىيەتتە 1958.45 مو يەر ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 82.73 مو.

4. «سۇ مەنبەسىنى ئېچىش» بىلەن «سۇ تېجەش» نى تەڭ تۇتۇپ، ئاساسىي ئېتىز- ئېرىق قوغداش رايونلىرىنى بېكىتىپ، يەر ئېچىش، يەرلەرنى ئىسلىگە كەلتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش

ھەر دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئاساسىي ئېتىز- ئېرىق قوغداش رايونلىرىنى بېكىتىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. 1993- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە، 143 مىڭ 800 مو ئاساسىي ئېتىز- ئېرىق قوغدىلىش رايونى بېكىتىلدى. دۆلەت يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «بوز يەر ئېچىشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇ- تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، مەمۇرىي مەھكىمە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، مۇناسىپ تەدبىر ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىلتىماسلىرىنى تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچەملىرىنى، شۇنداقلا، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 1991 – 1993 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە، دۆلەت ئىلكىدىكى بوز يەردىن 36 مىڭ 404.44 مو ئۆزلەشتۈرۈلدى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىكى لاياقەتلىك نىسبىتى 89.8% بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى ھازىر بار بولغان يەرلەردىن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، زاپاس يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە بوز يەرلەرنى قايتا ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى، يۇقىرى چۈشۈرگەن بوز يەرلەرنى قايتا ئۆزلەشتۈرۈش پىلانىنى ۋاقتىدا تاماملىدى. تاشلاندۇق بوز يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، چۆكمە يەرلەرنى تۈزەش ئارقىلىق، 1990 – 1993- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە قايتا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر 1769.41 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تېرىلغۇ يەر 1005.55 مو.

5. يەرلەرنى ئۆلچەپ سىزىش خىزمىتى

ۋىلايەتلىك يەر پىلانلاش ئەترىتى تەرەققىي قىلىپ دۆلەتنىڭ ئۆلچەپ سىزىش ئىجازەتنامىسىگە ۋە يەرلەرنىڭ تەۋەلىك چېگرىسىنى ئايرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. يەر پىلانلاش ئەترىتى ناھىيىلىك، شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىلىرى بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈش، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يول قوش لىنىيىسى بويىدىكى ئىستانسىلار ۋە مەيدانلارنىڭ تەۋەلىك چېگرىسىنى ئايرىش، بىگتۇەننىڭ يەر ھوقۇقى چېگرىسى (نوم دېھقانچىلىق مەيدانى قىسمى) نى ئايرىش، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش- لايىھىلەش قاتارلىق چوڭ تۈرلەرنى تاماملىدى. يەر بايلىقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. ھاۋادىن ئۆلچەش، تېلېمېتىرلىك ئۆلچەش، كومپيۇتېر قاتارلىق ئىلغار ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ يەر بايلىقىنى تۇنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىگىلەپ چىقتى. پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ 1:10000، 1:50000، 1:100000، 1:250000، 1:500000 نىسبەتلىك يەر بايلىقى خەرىتىسىنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تۈرغۇنلاشقان سانلىق ماتېرىيال ۋە ئانالىز دوكلاتلىرىنى تاماملاپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا قارىتا ماكرولۇق تەدبىر بەلگىلەشنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

نەچچە يىلدىن بۇيانقى، يەرلەرنى ئۆلچەپ سىزىش خىزمىتىدە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ يەرلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، باركۆل

ناھىيىسىنىڭ يەرلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ يەر باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر نەتىجە بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ھەم دۆلەت يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 2- دەرىجىلىك موكاپاتقا ئېرىشتى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قوش لىنىيىسى بويىدىكى بېكەت ۋە مەيدانلارنىڭ تەۋەلىك چېگرىسىنى بېكىتىشنىڭ دالا كەسپى قىسمى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالاندى. نوم يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تەرەققىيات تۈرلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، دەسلەپكى كۆلەم شەكىللەندى.

## §3. يەر مۇپەتتىشلىكى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە قالايمىقان بولۇپ كەلدى. يەر باشقۇرۇش قانۇن- تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولمىدى، سىياسەت چىقىرىدىغان ئورۇن كۆپ بولۇپ كەتتى، بىرلىككە كەلگەن يەر باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولمىدى، قانۇنىي تەستىق ئالماي تۇرۇپ، يەر ئىگىلەپ ئۆي سالىدىغان ۋە يەرلەرنى ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئەھۋال بىر قەدەر ئېغىر بولدى. 1986- يىلى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، ۋىلايەتتە ھەر دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر مۇپەتتىشلىكىنىڭ تەشكىلىي ۋە كەسپىي قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق تۇتۇلۇپ، قانۇنسىز يەر ئىشلىتىش، تەستىقلاش ئەھۋالى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى. يەر مۇپەتتىشلىكىنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

1986- يىلى، ۋىلايەت مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ 1982- يىلدىن بۇيانقى غەيرىي يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن يەرلەرنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قانۇنغا خىلاپ يەر ئىگىلەپ ئۆي سالغان دېلولار (ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دىن 7429 ى ئېنىقلاندى، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 14 مىڭ 369.2 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 5421 مو؛ ھۆججەت روھى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قانۇنسىز يەر ئىگىلەپ ئۆي سالغۇچىلارغا تۈرلەرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسى قوللىنىلدى. 6773 رەسمىيەت تولۇقلاپ بېجىرىلدى، 35 ئائىلىنىڭ قانۇنغا خىلاپ سالغان قۇرۇلۇشى چېقىۋېتىلدى.

1991- يىلى، ۋىلايەت گوۋيۈەن ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قاتارلىق تۆت ئورۇننىڭ ‹دۆلەت كادىرلىرى شەخسىي ئۆي سېلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە›، ‹پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە› سىنى تەستىقلاپ چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تىكى تەلەپلەرنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، كادىرلارنىڭ خۇسۇسىي ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىدى. تەكشۈرۈلگەن 521 ئائىلە ئىچىدىكى 385 كادىر ئائىلىسىدىن 163 مىڭ 598.62 يۈەن يەر ھەققى تولۇقلاپ يىغىۋېلىندى، 3196.97 كۋادرات مېتىر ئۆي ئورنى قايتۇرۇۋېلىندى.

مەخسۇس تۈردىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلۇش بىلەن بىرگە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىشلارغا دېلو تۇرغۇزۇش ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ يەر ماجىرا دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق كۈندىلىك خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەندى. 1989- يىلدىن 1993- يىلغىچە، 1127 پارچە دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 1074 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، 4161 مو يەرگە چېتىشلىق دېلو بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىلغۇ يەر 63 مو؛ 883 پارچە

يەر ماجىراسى دېلوسى تۇرغۇزۇلۇپ 839 پارچىسى بىر تەرەپ قىلىندى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 95% بولدى.

دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1992- يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەتتە «ئۆچتىن خالىي يېزا- بازار» (قانۇنغا خىلاپ يەر تەستىقلاشتىن، قانۇنغا خىلاپ يەر ئىشلىتىشتىن، قانۇنغا خىلاپ يەر باشقۇرۇشتىن خالىي) پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇش، ئادەم ئاجرىتىش، نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىشىش ھەمدە ئۈنى ماناش بىلەن چېتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ پائالىيەت ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1993- يىلغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە 36 مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاندى. باركۆل ناھىيىسىدە يەنە «ئۆچتىن خالىي كەنت» بەرپا قىلىش بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىدا بىردىن ئىككىگىچە كىشى مەخسۇس يەر مۇپەتتىشلىكى خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. يەنە مەخسۇس خادىم قويۇش بىلەن قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەشنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك يەر مۇپەتتىشلىكى تورى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 63 ئادەم سەپلەندى. يەر قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى ئۈستىدە، چىقىرىلغان مەمۇرىي جازا قارارىنىڭ تېز، ياخشى ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوت مەھكىمىلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق قۇمۇل شەھىرى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدە يەر قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى بېجىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

# پارتیه

## ئون توققۇزىنچى قىسىم

# پارتىيە

## I باب

# 30- يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قومۇلدىكى پائالىيەتلىرى

20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى، شىنجاڭدا ئاساسلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزاسلىق سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭغا خىزمەت ئىشلەشكە كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قومۇلغا كەلگەن كومپارتىيە ئەزاسى يەتتە بولۇپ، ئۇلار: شيۇڭ شيايۈەن (1936- يىل 10- ئايدىن 1937- يىل 10- ئايغىچە قومۇلنىڭ مەمۇرىي باش ئەمەلدارى بولغان)، خۈيېگجۇ (1935- يىلى باركۆل ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان)، بيەن فاگمىڭ (بيەن فۇلىن)، جى جى ( لۇەن باۋتىڭ، قومۇل ۋىلايەتلىك ئامانلىق قوغداش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان)، يۈچېڭفا (قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان)، ئاباي (ئاباۋ، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان)، ليۇجىنجۇڭ (چېن پېيشېڭ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شېڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا كەلگەن كومپارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئۆزىنىڭ پارتىيە ئەزاسلىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق، پارتىيە تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئۈچ پرىنسىپقا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، 1934- يىلدىن 1938- يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال بىرقانچە تۈركۈم كومپارتىيە ئەزاسىنى شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى، قومۇلغا كەلگەن كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، قومۇلنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پائال تۆھپە قوشتى.

### 1. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى قۇرۇپ، ئىنقىلاب تايانچلىرىنى يېتىشتۈردى

شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسى مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 8- ئايدا قۇرۇلدى، كېيىنكى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، بۇ بىرلەشمىنىڭ نىزامنامىسىغا ئۆزگىتىش

كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئالتە بۆيۈك سىياسەت (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش) مەزمۇنىنى قوشتى ھەمدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئورۇنداشقا تېگىشلىك 13 تۈرلۈك ۋەزىپىنى ۋە بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتىكى ئاساسلىق ۋاسىتىلەرنى بەلگىلىدى. قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى نىزامنامىسىنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئىجرا قىلىپ، قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، كۇرس ئۇيۇشتۇرۇپ، تايانچلارنى تەربىيىلەپ، مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) ئەتىياز قۇمۇلدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى قۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىدى، بۇ، قۇمۇلنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەركىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

**2. قۇمۇلنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەركىتىنى ئىلگىرى سۈردى**

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 7- ئايدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يىغىنى ئېچىلىپ، دۇنيا فاشىزمىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش فاكجىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 10- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى مەشھۇر «1- ئاۋغۇست خىتابنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىردەك قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇمۇلغا خىزمەت قىلىشقا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلىك سېپى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشنى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلدى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقىنىڭ ئۆرتكىسىدە، شېڭ شىسەي مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 7- ئايدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ «1- ئاۋغۇست خىتابنامىسى» نى ھىمايە قىلىش، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت يەتتە تۈرلۈك دۆلەتنى قۇتقۇزۇش پروگراممىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ پروگرامما ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سېپىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى يەتتە تۈرلۈك دۆلەتنى قۇتقۇزۇش پروگراممىسىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى: (1) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ھەر قېتىملىق جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى خاتىرىلەش كۈنلىرىدە، مەسىلەن: «4- ماي»، «18- سېنتەبىر»، «28- يانۋار» قاتارلىق خاتىرە كۈنلەردە قۇمۇلدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، شوئار- لوزۇنكا چاپلاپ، تەشۋىقات تېزىسى بېسىپ تارقىتىپ، خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى، يەنە لېكسىيە سۆزلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ باردى، جاھانگىرلىككە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاشقا تەشكىللىدى، مەكتەپلەر جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى دەرسى تەسىس قىلدى، جاھانگىرلىككە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان سىياسىي سىناق ئىمتىھانلىرىنى تەشكىللىدى. كۆپ خىل شەكىلدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. (2) كۈندىلىك مال سېتىۋالماسلىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى ) 10- ئاينىڭ 15- كۈنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى بىرلەشمە ئەزالىرىدىن كۈندىلىك مال سېتىۋالماسلىقنى تەلەپ قىلىپ، ئالتە تۈرلۈك چارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ چاقىرىقى بىلەن، قۇمۇلغا قاراشلىق ناھىيەلەردىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ياپون جاھانگىرلىكىگە بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكى بىلەن قەتئىي كۈندىلىك مال سېتىۋالماي، ئۆزلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى. (3) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەردى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 7- ئاينىڭ 7- كۈنى مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بويىچە ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پائال ياردەم بەردى.

### 3. تۈرلۈك قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى تۈزۈشكە ياردەم بەردى

قۇمۇلدا كۆپ يىل ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خارابلىشىپ، ھەممە جاينى جاراھەت ئىزى قاپلاپ كەتكەچكە، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ئىش بولۇپ قالغانىدى. قۇمۇلغا خىزمەت قىلىشقا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بەردى. ئىدارە- ئورگانلاردىكى خادىملار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش تەشۋىقات ئەترىتى قۇرۇپ، يېزىلارغا چۈشۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن يېزا ئىگىلىك تەجرىبە مەيدانى قۇرۇپ، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋىلاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن بۇرۇنقى سەۋىيىگە يەتكۈزدى.

قاتناش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بەردى. قۇمۇلنىڭ قاتناش ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، خەۋەرلىشىشنىڭ راۋان بولماسلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزگەنىدى، قۇمۇلغا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى ئۇرۇمچىدىن قۇمۇلغىچە بولغان مۇنتىزىم تاشيول ياساش ۋە قۇمۇل – شىڭشىڭشيا تاش يولىنى ياساشنى پائال قوللاپ، تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، كونا تېلېگراما ئىستانسىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرگە تېلېگراما يوللىيالايدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن جايلار بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسى قىلالايدىغان بولدى.

### 4. مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇردى

ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى بىر تۇتاش خام چوت ۋە نەق چوت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، مەمۇرىي مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ

خىراجىتىنى بىردەك خام چوت چىقىمىغا كىرگۈزۈش، ئۇنى مالىيە نازارىتى تەكشۈرۈپ تارقىتىش؛ ئورگانلارنىڭ قالدۇق پۇلىنى مالىيە نازارىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماي تۇرۇپ، خالىغانچە ئىشلەتمەسلىك؛ باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى ۋە چېگرا بېجى ئاتتاشىپى تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك چېگرا بېجىنى يەرلىك باجقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، باج پۇلىنىڭ ئومۇمىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى.

5. مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى

ئىلگىرى، ھۆكۈمرانلار خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇشتەك ئەھۋالىغا ئاساسەن، «مىللىي مەدەنىيەت شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەت مەزمۇن» قىلىنغان يېڭى مەدەنىيەت فاكچىينىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. سەھەلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، مىنگونىڭ 23 – 27 – يىللىرىچە (1934 – 1938 – يىللىرىچە) قۇمۇلدىن ھەر مىللەتتىن بولغان 17 ياش ئوقۇغۇچى تاللىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، تىبابەتچىلىك، سۇچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆگەندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى يەنە ئۇرۇمچى مەدەنىيەت كىتابخانىسىدىن ماركسىزم- لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە نۇرغۇن ئىلغار كىتاب - ژورنال سېتىۋېلىپ، قۇمۇلدا ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلدى.

6. ئامانلىق قوغداش، چېگرا ئىشلىرى ئورگىنى قۇرۇپ، ئاخبارات توپلىدى ۋە ئاخبارات بىلەن تەمىنلىدى

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش،چېگرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭغا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرى شېڭ شىسەينىڭ ئامانلىق قوغداش، چېگرا ئىشلىرى ئورگىنىنى قۇرۇشىغا ياردەملەشتى. شۇ يىلى 10- ئايدا، شېڭ شىسەي سىياسىي تەپتىش ئىدارىسىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتتى، قۇمۇلدا رايونلۇق، ناھىيىلىك ئامانلىق قوغداش شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرىدىن يۈچىڭفا، جى جىلا قۇمۇل شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 5- ئايدا، ئەسلىدىكى رايونلۇق، ناھىيىلىك ئامانلىق قوغداش شۆبە ئىدارىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى كۈزدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭشىسەي بىرلىشىپ قۇرغان ھەربىي ئىشلار ئاخبارات ئورگىنى بولۇپ، بۇ باشقارما تۆرلۈك ئاخبارات توپلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قۇمۇل شىڭشىڭشيادا ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، گومىنداڭ ۋە غەربىي شىمال ما جەمەتى مىلىتارىستلىرىنىڭ ئاخباراتلىرىنى توپلاشقا مەسئۇل قىلدى؛ قۇمۇلدا تەسىس قىلىنغان شىنسۇي ئاپتوموبىل شىركىتى ئىش باشقارمىسى ياپونىيە تەرەپنىڭ ئاخباراتىنى توپلاشقا مەسئۇل بولدى. ئىش باشقارمىسى ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا كېيىن يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىدىن ليۇچىگىنەن (مەخپىي ئىسمى ۋەن يۈلىن)، ۋاڭ جىنكۈن (مەخپىي ئىسمى ۋۇنەنشەن)، ياڭ تيەنيۈن (مەخپىي ئىسمى جياشىپىڭ) قاتارلىقلار قوشۇلدى. توپلانغان ئاخباراتلار شېڭ شىسەيگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، بىر قىسمى لەنجۇ ئارقىلىق يەنئەندىكى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، كومپارتىيە ئەزاسى ليۇجىنجۇڭ يەنە ئۆزىنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ساقلاپ قېلىشتا تۆھپە قوشتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

# II باب

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ قۇمۇلدىكى پائالىيەتلىرى

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا «12- ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ ئىتتىپاق تۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى زور بىر تۈركۈم مەسلىھەتچىلەرنى ۋە بىر تۈركۈم جۇڭگولۇق كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، شېڭشىسەي «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن شېڭشىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سېپى قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 7- ئاينىڭ 14- كۈنى «دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا يەتتە تۈرلۈك پروگراما» نى ئېلان قىلدى. بۇ، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سېپى قۇرۇشقا ياخشى شارائىت ھازىرلىدى.

يولداش چېن يۈن ۋە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى سول قانات تارماق ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ خەلقئارادىكى، مەملىكەت ئىچى مۇھىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى مۇھىم ئورنىغا قاراپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: (1) شىنجاڭنىڭ باشتىن- ئاخىر جۇڭگو زېمىنىدا بولۇشىنى ساقلاپ قېلىپ، شىنجاڭنى جاھانگىرلارنىڭ قانلىق قولىغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق. (2) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى بۇ مۇھىم ئارقا سەپ ۋە خەلقئارالىق مۇھىم قاتناش يولىنى مۇستەھكەملەش. (3) ئارقىدا قالغان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مىللەتلەرنى تىنچ، ئىناق تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش. بۇ ئالاھىدە خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، «پەقەتلا ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ھىمايە قىلىش ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەس- كېسەل ئىجرا قىلىش»، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئاساسىدىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش كېرەك».

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن شىپڭ شىسەيى بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي سىياسىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزاسىلىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، ئالتە كومپارتىيە ئەزاسى قۇمۇلغا كەلدى، ئەينى چاغدا، قۇمۇل خەلقلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ قالغاچقا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى قۇمۇلغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، 1938- يىل 8- ئايدىن 1942- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ليۇشىپىڭ (مەخپىي ئىسمىنىڭ خەنزۇچە خېتى ئوخشىمايدۇ، 1938- يىل 8- ئايدىن 1941- يىل 8- ئايغىچە قۇمۇلنىڭ مەمۇرىي باش ئەمەلدارى بولغان، كېيىن ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان)، پەن توڭ (پەن بەيىنەن، 1941- يىل 8- ئايدىن 1948- يىل 7- ئايغىچە قۇمۇلنىڭ مەمۇرىي باش ئەمەلدارى بولغان، كېيىن ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان)، جاڭ دوگيۈ، لى تاۋ، شېن لىڭ (ئايال)، چى تيەنمىن (1939- يىل 1- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1939- يىل 11- ئاينىڭ 12- كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن قۇمۇلدا ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار قۇمۇلغا كېلىپ ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ تارماقلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىدى.

ئۇلار يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، كومپارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماي، تەشكىلنى تەرەققىي قىلدۇرماي، پەقەت ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى سالاھىيىتى بىلەنلا خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قۇمۇلنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىغا نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

## §1. ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تەشكىلەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى ) 8- ئايدا، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىللىشى ۋە ئۇرتكىسىدە، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) دىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ھەردەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ناھايىتى تېزلىكتە شىنجاڭنىڭ شەھەر، يېزىلىرىغا تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇشىدىكى ئەڭ چوڭ تەشكىلاتىغا ئايلاندى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش بىرلەشمىسى مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) ئەتىيازدا قۇرۇلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، لى تاۋ مىنگونىڭ 27 – 30 - يىلىغىچە (1938 – 1941- يىلىغىچە) شۆبە بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات كادىرى بولدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش بىرلەشمىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھەر يىلقى مۇھىم خاتىرە كۈنلەردە، مەسىلەن: «8- مارت» ئاياللار بايرىمى، «7- ئىيول» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خاتىرە كۈنى، «13- ئاۋغۇست» سۇڭخۇ

بىرلەشمە جىبگى، «18- سېنتەبىر» ۋە شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى قۇرۇلغان كۈن قاتارلىق خاتىرە كۈنلەردە ئېلىپ بېرىلدى، ھەر يىلقى «12- ئاپرېل» (شېڭ شىسەي بەلگىلىگەن ئىنقىلاب بايرىمى) كۈنى بولسا ئەڭ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەشۋىقاتىغا ماسلىشىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرى ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چى تيەنمىن، مەمۇرىي مەھكىمە 1- بۆلۈمىنىڭ 1- دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، كېيىن بۆلۈم باشلىقى بولغان جاڭ دۇگيۈ، قۇمۇل باھىسلىك قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى شېن لىگلار ئەدەبىيات- سەنئەتكە قىزىقىدىغان ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى مەكتەپ، كوچا- مەھەللە، يېزا- كەنتلەرگە بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا دائىم تەشكىللەپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەردە خور مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، «مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ناخشا ساداسى ئارقىلىق ھەممە جاينى ئويغىتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭغا مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ۋە ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. «سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدا»، «پىدائىلار مارشى»، «ماي ئېيىدىكى گۈللەر»، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئارمىيە مارشى»، «قىلىچ ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلار قۇمۇلنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدا ياڭرىدى، «زېمىنەپكە تۆھمەت»، «غېرىپ- سەنەم» قاتارلىق ئويغۇرچە دراما، ئوپېرالار قۇمۇلنى زىلزىلىگە سالدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى مەكتەپلەردىن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ «ئىجتىمائىي تەربىيە ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ياشلار ئويۇن قويۇش ئۆمىكى»، «باللار تىياتىر ئۆمىكى» تەشكىللەپ، «12- ئاپرېل» ۋە «7- ئىيۇل» خاتىرە كۈنلىرى داڭلىق سەنئەتكار جاۋدەن قاتارلىقلار ئىجاد قىلغان «سۇمرۇغ شەھرى»، «جەڭگىۋار ئوغۇل- قىزلار» ناملىق چوڭ تىپتىكى دراملارنى ئوينىدى. ئامما ئۆزلىرى تەييارلىغان كىچىك دراملارنى ۋە «ئاسماندىكى يۇلتۇزلار»، «لوگوچياۋكۆۋرۈكىدىكى جەڭ» قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇندىدى. ئامما كۆرگەندىن كېيىن: «ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!، زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى!» دەپ شوئار توۋلاشتى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى ۋە باركۆل ناھىيىسىدە ئاممىۋى كۇلۇب ھەم كىتابخانا قۇرۇلدى. شۇ يىلى 9- ئايدا، يەرلىك جامائەت پاراۋانلىق، ئىئانە پۇلىدىن 3 مىليون 95 مىڭ سەر كۈمۈش، كېيىنكى يىلى يەنە 4000 يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاممىۋى كۇلۇب قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى.

يەرلىك گېزىت چىقىرىلىپ، ماركسىزم- لېنىنىزم، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتى تەشۋىق قىلىنىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئەزالىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىندى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 7- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە ئىجتىمائىي تەربىيە كومىتېتى چىقىرىدىغان «سەھەردىكى سائەت قوڭغۇرىقى» گېزىتىنىڭ نامى «پۇقرالار» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىدى گەۋدىلەندۈرۈلدى. مەمۇرىي مەھكىمە بۇ گېزىتتىن پايدىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچلۇق، تەسلىمچىلىك قىلمىشىنى پاش قىلىپ، خەلقنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشقا چاقىردى.

مىنگونىڭ 28 – 29 - يىللىرى (1939 – 1940 - يىللىرى)، قۇمۇل مائارىپ ئىدارىسى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ئىككى قارار ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، چى تيەنمىن، جاڭ دۇگيۈ، لى تاۋ قاتارلىقلار كۇرستا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت توغرىسىدا» ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتى توغرىسىدا نۇقتىلىق دەرس ئۆتتى. كۇرسانتلار يەنە ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يېڭى باسقۇچ توغرىسىدا» ۋە «شىنخۇا گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سېپى» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردىكى ماركسىزم - لېنىنىزم تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلارنى ئۆگەندى. جوڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى دەرس ئۆتكەندە، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىنىمۇ، جوڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەمەلىيىتىنىمۇ سۆزلەپ، كۇرسانتلارنى «8- ئارمىيە»، «يېڭى 4- ئارمىيە» نىڭ كومپارتىيە قوشۇنى ئىكەنلىكىنى، نامرات خەلقنىڭ ئارمىيىسى ئىكەنلىكىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا ھەقىقىي قارشى تۇرىۋاتقىنى «8- ئارمىيە» ۋە «يېڭى 4- ئارمىيە» ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات پائالىيىتى داۋامىدا، قۇمۇل ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى شېن لىڭ ئاياللارنى ئازاد قىلىش، ئاياللارنى كىشىلىك ھوقۇققا ئېرىشتۈرۈش ئىرادىسىنى نامايەن قىلىپ، ئاياللارغا ئاياللارنى ئازاد قىلىشنىڭ داۋلىسىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئۇ يەنە ئالدى بىلەن قۇمۇل سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى باشلىقىنىڭ قىزى ۋە ئوقۇمۇشلۇق خۇيزۇ زات ماجۇنجېنىڭ قىزىنى ئۆيدىن چىقىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم خانىم - قىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات سېپىگە ئاتلاندى. كەڭ خانىم- قىزلار ئۆزلىرىنىڭ تويلۇق بىساتلىرى، ياخشى كۆرىدىغان ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈك - ھالقىلىرىنى بەس- بەستە ئىئانە قىلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش بىرلەشمىسىنىڭ مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) دىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە مىنگونىڭ 27 – 29 - يىلىغىچە (1938 ~ 1940- يىلىغىچە) جەمئىي ئىئانە قىلىنغان پۇل 64 مىڭ 336.88 يۈەنگە، كۆمۈش 8 مىليون سەرگە يەتكەن.

## 2 §. مائارىپ خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش

جوڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە تەلىم- تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك سېپىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى.

قۇمۇلغا كەلگەن ئالتە كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئۈچى مائارىپ تارماقلىرىغا تەقسىم قىلىندى، قالغان ئۈچىسى گەرچە باشقا خىزمەت ئورنىدا ئىشلىسىمۇ، لېكىن مائارىپ خىزمىتىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلىدى. ئەينى چاغدا، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئاران بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالتە ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ (قۇمۇلدا تۆت، باركۆل بىلەن ئاراتۈرۈكتە بىردىن)، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرغان تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن 20 نەچچىسى بار ئىدى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەن، ئوقۇتقۇچى كەمچىل، يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مەكتەپلەر ئىدى. كومپارتىيە ئەزالىرى يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا كىرىشتى. جاڭ دۇڭيۈ مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 10- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە نۆلدىن تۆۋەن 30℃گرادۇس سوغۇققا قارىماي، ئۆزى يالغۇز تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىككى ناھىيىگە بېرىپ، ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى نەچچە ئون مەكتەپ ۋە خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە

تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەمۇرىي مەھكىمىگە مائارىپ خىزمىتىنى كۆچەيتىش توغرىسىدا 15 مىڭ خەتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى سۇندى. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ۋىلايىتىمىزدىكى مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنى، مەكتەپ ئۆيلىرى ۋە مۇئەسسەسلىرى، ساقلىق ساقلاش- تازىلىق ئەھۋاللىرى ھەتتا ئوقۇغۇچىلار تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ مەكتەپكە يىراق- يېقىنلىقى، قىز- ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى، يېشى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ قۇمۇلنىڭ مائارىپ تارىخىدا ئەڭ تەپسىلىي يېزىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى ئىدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چى تيەنمىن يېڭى خىزمەت ئورنىغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مائارىپ ئاپپاراتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، مەكتەپ قۇرۇش خىزمىتىنى تۇتتى. ئۇ مەبلەغ قىس بولۇش، مەكتەپ باشقۇرۇش خىراجىتى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىغا قارىتا، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق مەبلەغ توپلىدى، بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت ئاجراتقان پۇل بىلەن ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە دىنىي زاتلارنى مەبلەغ چىقىرىپ ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئەينى چاغلاردا، قۇمۇلدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئۆي- زېمىن ۋە مال- مۈلۈكلىرى بار ئىدى، مائارىپ ئىدارىسى ئۇيۇشمىلارنى مەبلەغ ئىئانە قىلىشقا، ئۆي- ئىمارەت بېرىشكە، مەكتەپ قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكە، مەكتەپ باشقۇرۇشقا بىر تۇتاش مەسئۇل بولدى. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، قۇمۇلنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدا ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى نەچچە ئون باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئۇيۇشما قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ يېڭىدىن قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 28 – 29 - يىللىرى (1939 – 1940- يىللىرى)، مائارىپ ئىدارىسى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئىككى قارار ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا ھۆكۈمەت سىياسىتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى، ئوقۇتۇش مېتودى قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى، ھەر ھەپتىدە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى، ئىدارە- ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، چى تيەنمىن، جاڭ دۇگىيۇ، لى تاۋلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى، ئىقتىساد مەسىلىلىرى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈشكە مەسئۇل بولدى. ئىككى قارار كۇرستا 200 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى.

چى تيەنمىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېزىمۇ- يېزا، ئائىلىمۇ- ئائىلە يۈرۈپ، تاغ- داۋانلارنى ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، مەكتەپلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، بەزىدە دەرسخانىلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلىدى، دەرستىن كېيىن ئازسانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سەمىمىي سىردىشىپ، ئەھۋال ئىگىلىدى.

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941- يىلى) غا كەلگەندە، قۇمۇلدا ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) دىكى ئالتىدىن 20 نەچچىگە، ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپ 20 نەچچىدىن 40 نەچچىگە، ئوقۇتقۇچى 100 نەچچىدىن 300 نەچچىگە يەتتى.

مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چى تيەنمىن ئازسانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلدى، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالدى، ئۇ «ھەممە ئىشتا خاتىرە قالدۇرۇش، ھەممە ئىشنىڭ دېرىكىنى قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇردى.ئادەتتە، ئازسانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرى دائىم ئۇنى ئىزدەپ ئۇنىڭغا ئەھۋال ئىنكاس قىلاتتى، ئۆزئارا ھال- ئەھۋاللىشىپ تۇراتتى. ئۇ قۇمۇلدىكى مائارىپ ساھەسىدىكى ئازسانلىق مىللەت زاتلىرىغا

سەممىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئېغىر كۆڭۈلدە بىللە بولۇپ، قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، چې تيەنمىن پۇتۇن كۈن كونا پۇللارنى كۆيدۈرۈشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقانلىقى، ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلىپ ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى 8- تۈمەن دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 11- ئاينىڭ 12- كۈنى سەھەردە ۋاپات بولدى. چې تيەنمىن خىزمەت ئورنىدا قۇربان بولغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ئىدارە - ئورگان، مەكتەپ، تەشكىلات، سودا- سانائەت سەھەسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقان، چارۋىچىلاردىن بولۇپ، مىڭغا يېقىن كىشى دەپنە قىلىشقا قاتناشتى، كىشىلەر كۆتۈرۈۋالغان بىر تەزىيە نامىگە: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئۆزىنىڭ بىر قابىل كىشىسىدىن، مائارىپ ئىدارىسى ئۆزىنىڭ بىر ياخشى باشلىقىدىن ئايرىلىپ قالدى» دەپ يېزىلغانىدى.

## §3. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش

كومپارتىيە ئەزالىرى مەمۇرىي مەھكىمىدە ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى نۇقسانلارنى ئىمكان قەدەر تۈگىتىپ، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، خىزمەتچى خادىملارنى تەكشۈرۈپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. دېھقان بېشى، شياگيۇ تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، رايون، كەنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئۇلار ناھىيە قارىمىقىدىكى كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، رايون، كەنت باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىشنىڭ مەقسىدى ۋە ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى ئېچىپ، رايون باشلىقى، كەنت باشلىقلىرىنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە سايلاتقۇزۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى دېموكراتىك ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، رايون، كەنت باشلىقلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «رايون، كەنت باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى» ئېچىپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»، سىياسىي ۋە ئىقتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا دەرس ئۆتكەندىن سىرت، خادىم تەشكىللەپ «يېزا، كەنت خىزمەت پروگراممىسى»، «خائىنلارنى تازىلاش خىزمىتى توغرىسىدا» قاتارلىق ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقتى. جاڭ دۇڭيۇ كۇرستا «ھۆكۈمەت سىياسىتى» (يەنى ئالتە بۈيۈك سىياسەت) توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى ھەمدە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. كومپارتىيە ئەزالىرى ئالدى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ «رايون، كەنتلەرگە ئايرىلىش لايىھىسى» نى تاماملاپ، «دېھقان بېشى، شياگيۇ» دىن ئىبارەت بۇ كىشەننى بۇزۇپ تاشلاپ، تەبىئىي ئولتۇراقلىشىش شارائىتىغا قاراپ، قۇمۇل ناھىيىسىنى ئالتە رايون، 11 كەنتكە ئايرىپ چىقىپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىغا ئاساس سالدى.

كومپارتىيە ئەزالىرى قۇمۇلغا كېلىشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە قالايمىقان بىر تەنزە ئىدى. خادىملارنىڭ سالاپىسى تۆۋەن، خىزمەتتە پاسسىپ بولۇپ، دائىم ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ تۇراتتى. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، ئۇلار زەھەر چېكىشتەك يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى. كومپارتىيە ئەزالىرى مەمۇرىي مەھكىمىگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خادىملارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ، مۇنەۋۋەر ۋە لاياقەتلىكلىرىنى تاللاپ، خادىملار قوشۇنىنى تولۇقلىدى. ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىغان، ئىشنى ئاقسىتقان، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان خادىملارغا ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە چارە كۆردى، مەسىلەن: 2- بۆلۈمدىن فاڭ فامىلىلىك بۆلۈم ئەزاسى

ئارىغا ئىرچىل بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، خىزمەت ۋە ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزگەنلىكى، بۆلۈم باشلىقى بىلەن قارشىلاشقانلىقى ھەم كىشىلەرنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە شېڭ شىسەينىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، بۇ كىشىگە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ، ئالتە ئاي خىزمەتتىن توختىتىش جازاسى بەردى. 3- بۆلۈمدىن جاڭ فامىلىلىك بۆلۈم ئەزاسى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقى، كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ توۋا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلماقچى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، بىر قېتىم چوڭ گۇناھ يېزىش، بىر ئايلىق مائاشىنى تۇتۇپ قېلىش جازاسى بېرىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە قارار ماقۇللاپ: ئەگەر خىيانەتچىلىك، كۆز بويامچىلىق قىلغانلار، خىزمەتتە پاسسىپ بولغان، خىزمەتنى ئاقساتقانلار بايقالسا، كۆپ قېتىم تەربىيە بېرىلسىمۇ ۋە قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەنسىمۇ، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى تۈزەتمىگەنلەرنى چوقۇم قانۇن بويىچە جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت ئالدۇرۇش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

لىۋ شىپىڭ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى بولغان مەزگىلدە، مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، مەمۇرىي مەھكىمىدە تاماكىنى مەنئى قىلىش (ئەپيۇن چېكىشنى كۆرسىتىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ھەرىكىتى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدۇ ھەمدە «تاماكا چەككەن يۇقىرىلار تىزىمغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تاماكا تاشلاتقۇزۇلىدۇ؛ تاماكا چەككەن ھۆكۈمەت خادىملىرىنى باشلىقلار مەسئۇل بولۇپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئېلىپ بېرىپ، قاتتىق نازارەت بىلەن تاماكا تاشلاتقۇزىدۇ» دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. تەشۋىق قىلىش ۋە كونكرېت تەدبىرلەر تۈزۈلۈش بىلەن، تاماكىنى مەنئى قىلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن تاماكا چېكىدىغانلار ئىنتايىن ئازايدى.

كومپارتىيە ئەزالىرى مەمۇرىي مەھكىمىدە ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى خىزمەت قىلىپ ئۈلگە بولدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، ۋالىي لىۋ شىپىڭ يىغىن ئېچىپ، ناھىيە، ئىدارىلەردىن جەزمەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خىزمەت پىلانى تۈزۈپ چىقىشنى، خىزمەت ۋاقتىغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى ھەمدە خىزمەتلەرنى پىلانلىق تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى، يۇقىرىغا دوكلات يوللىغاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى، قۇرۇق گەپ ساتماسلىقنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى، «قەغەزۋازلىق، بيۇروكراتلىق» ئىستىلىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ھەر ئايدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم شياڭيۇ، دېھقان بېشلىرى يىغىنى ئېچىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشنى، «خەلق رايى ساندۇقى» تەسىس قىلىپ، ئۇنى كوچا- مەھەللىلەرگە ئېسىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

كومپارتىيە ئەزاسى لى تاۋ ھېساباتقا پىششىق، ئىقتىسادقا دائىر بىلىملىرى مول بولغاچقا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 2- بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغاندا بوغالتىرلىق ۋە ئارخىپ رەتلەش ئىشىنى ئاساسلىق تۇتتى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى جايلاردىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن «يېڭى بوغالتىرلىق ھېسابات دەپتىرى» نى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە دەرھال ئارمىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئورگان باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، يېڭى ھېسابات دەپتىرىنى تارقاتتى ھەمدە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدى، كۇرسقا قۇمۇل ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدىكى مالىيە خادىملىرى، بىر قىسىم ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە سودىگەرلەردىن بولۇپ جەمئىي 94 كىشى قاتناشتى.

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ھەق- تەلەپ دەۋا ئىشلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئاخۇنلارنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ئىمتىيازى بىكار قىلىندى. كومپارتىيە ئەزالىرى دېلو بېجىرىشكە قاتناشتى، مەسىلەن: مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 1- بۆلۈمىدىن جاڭ دۇڭيۈ ئەرزلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن باشقا، ئەمەلىيەتكە ۋە نەق مەيدانغا

چوڭقۇر چۈكۈپ، ئورغۇن مۇرەسسە خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنى كېلىشتۈردى. دېلو بېجىرىش جەريانىدا، ماجىرالاشقۇچى تەرەپلەر، يەرلىكتىكى مىللەتلەر مەدەنىيى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، شياڭيۇ-دېھقان بېشلىرىنى تەڭ قاتناشتۇرۇپ دېلو بېكىتىپ ۋە كېسىم چىقىرىپ، تەرەپلەرنى ئوخشاش رازى قىلدى.

## §4. مالىيىنى ئىدارە قىلىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش

تارىختا قۇمۇلنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىدا قالغانلىقتىن، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالمايتتى. كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بېكىتكەن 1- قارارلىق ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە، ئامىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، قۇمۇلنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى.

شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىشنى قارار قىلدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 4- ئاينىڭ 22-كۈنى، قۇمۇلدا زايوم تارقىتىش كومىتېتى قۇرۇلدى، كومپارتىيە ئەزاسى ليۇ شىڭ بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىر ئەزاسى بولدى. كومىتېت قارىمىقىدا بوغالتىرلىق؛ تەشۋىقات، سېتىش گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى. تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللىنىپ، شەھەر، يېزىلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى، ئىدارە-ئورگان، قىسىملار، تەشكىلاتلار، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر يىغىنلىرى ئېچىلدى، ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلارنىڭ جۈمە كۈنلىرىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، زايوم تارقىتىش كومىتېتى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ رايونلاردىكى چوڭ مەسچىتلەردە نۇتۇق سۆزلەپ، زايوم تارقىتىش تەشۋىقات خىزمىتىنى جانلىق ۋە تەسىرلىك ئېلىپ باردى. مەمۇرىي مەھكىمە مەخسۇس ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ ئىدارە-ئورگانلاردىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدىن زايوم سېتىۋېلىشتا ئۈلگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش نەتىجىسىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە جەمئىي 100 مىڭ يۈەن زايوم سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە باركۆلدە 35 مىڭ يۈەنلىك، قۇمۇل ناھىيىسى ۋە ئاراتۇرۇك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا 65 مىڭ يۈەنلىك زايوم سېتىلدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، قۇمۇلدا ئاشلىق توپلاپ، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش جامائەت كوپېراتىپى قۇرۇلدى، لى تاۋ تەشۋىقات كادىرى بولدى، يەرلىكتىن غەيرەت-شىجائەتلىك كىشىلەر ئىئانە توپلاش ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. ئاشلىق توپلاپ، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش جامائەت كوپېراتىپى كىشىلەرنى ئاشلىق ۋە پۇل ئىئانە قىلىشقا چاقىرىپ، «بىر شىگدىن ئاشلىق ئىئانە قىلىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى؛ دېھقانچىلىق قەرز پۇلى ۋە ئۇرۇقلۇق تارقىتىپ بەردى، ھەر يىلى ئەتىيازدا، ئىئانە قىلىنغان ئاشلىقنى نامرات دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلار ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن ئۆز پېتى يىغىۋالدى. قۇمۇلنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، رايون، كەنتلەرنىڭ شەھەر-بازار بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە يۈز چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، تەييارلانغان ئاشلىقنى شەھەردىن يېزىلارغا يۆتكەش تولىمۇ قولايسىز ئىدى. ئاشلىق توپلاپ، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش جامائەت كوپېراتىپى شەھەر رايونىغا يىراق بولغان رايون، كەنتلەر ئارىسىدا، مەسىلەن: تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا شۆبە ئىشكىلات قۇرۇپ، ئاشلىق توپلاش ۋە تارقىتىپ بېرىش ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە بۇ كومىتېت پۇل قەرز بېرىش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ يېزىغا چۈشۈرۈپ تەشۋىقات ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «نامراتلارنى قالدۇرماسلىق، بايلارغا ئۆتنە

بەرمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، نامرات دېھقان، چارۋىچىلارغا پۇل قەرز بېرىپ ۋە ئاشلىق ئۆتنە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتىيازدىكى قەمەتچىلىكتىن ئۆتىۋېلىشىغا، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، ئۆتنە ئالغان ئاشلىقنى ئۆز پېتى ھۆكۈمەتكە قايتۇرۇپ بېرىشىگە ياردەم بەردى. يېرىم يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئاشلىق توپلاپ، قەمەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى بېرىش جەھەتتە نامايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئىسكىلاتتىكى بوغداي 480 كۆرە يەتتە شىڭغا، كۆممىقوناق يەتتە دادەن توققۇز كۆرىگە، ئارپا 39 دادەن سەككىز كۆرىگە، كۆمۈش تەڭگە 470 يۈەنگە، ئۆلكە تەڭگىسى 90 مىڭ 90 سەرگە يەتكەن. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 5- ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق توپلاپ، قەمەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش جامائەت كوپېراتىپىدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق زاپىسى: «قۇمۇل ناھىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان بۇغداي 570 دادەن، باركۆل ناھىيىسىدە ساقلىنىۋاتقىنى 50 دادەن» دەپ ئېلان قىلىنغان.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە 2- بۆلۈمنىڭ 2- دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى لى تاۋ ئورگان خىزمەتچىلىرى، ئاھالىلەر ۋە دېھقانلارنى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە يىغىن ئېچىپ، «خائىنلار مۈلكى (شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغانلارنىڭ مۈلكى - ت) » دىن پۇل ئاجرىتىپ، قارادۆۋە ۋە قارىموقچىدىكى دېھقانلارنىڭ كارىز چېپىپ، تېرىلغۇ يەرلىرىنى كېڭەيتىشىگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. قۇمۇلدا ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتى بولغان تۆرۈك توسمىسىنى ياساش پىلانلىنىپ، ھۆكۈمەت بۇ قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىشقا چامى يەتمىگەنلىكتىن، ئاممىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا، خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەرنى خالىس ئەمگەككە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ ھال سوراپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ توسما ياساش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئاز پۇل خەجلەپ بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى تاماملىدى.

قۇمۇلنىڭ يېزا ئىگىلىكى قالاق بولۇپلا قالماي، يەرلىك سانائەتنىڭ ئادەتتىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. كومپارتىيە ئەزالىرى قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، لى تاۋ ئۆزى ئىككى قېتىم، يەنى 1- قېتىم: مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 8- ئايدىن 12- ئايغىچە، 2- قېتىم: مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) نىڭ ئاخىرىدىن مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) ئەتىيازغىچە تارانچىغا بېرىپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆتتى. تارانچىدا بۇرۇن شەخسلەر ئاچقان بىر ئۈستى ئوچۇق كۆمۈركان بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، ئاران 100 ئىشچىسى بولۇپ، كۈنىگە 20 توننىلا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلاتتى. لى تاۋ كانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىشچىلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ- قوپۇشتا ۋە ئەمگەكتە بىللە بولدى، ئۇلارنىڭ كۆلۈب قۇرۇشىغا ياردەم بەردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پائال تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ئىشچىلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپلەپ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھاملاندۇردى. لى تاۋ يەنە ئىشچىلار بىلەن بىرگە بىر ئاددىي مۇنچا سالدى. ئىشچىلارنىڭ تاماق، ياتاق ۋە كۆڭۈل ئېچىش شارائىتىنى ياخشىلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۈنلۈك كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 10 ھەسسە ئېشىپ، 200 توننىغا يەتتى. كېيىن مەمۇرىي مەھكىمە يەنە بۇ كاننى «قۇمۇل كۆمۈرچىلىك شىركىتى» گە ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىدىغان شىركەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەت كېيىن شىنجاڭدا نامى چىققان تارانچى كۆمۈر كانى بولۇپ قالدى.

لى تاۋ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 2- بۆلۈمدە ئىشلىگەن مەزگىلدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېلېكتر چىراغ يېقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇلدىكى سودا- سانائەت ساھەسىدىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ھەم جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، مەمۇرىي

مەھكىمىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەرنى كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قۇمۇل ئېلېكتر شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. لى تاۋ تەرەپ- تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، چارە- ئامال تېپىپ، ئاخىرى قۇمۇلدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئېلېكتر چىراغ ياندۇردى.

لىيۇ شىپىڭ سودا خىزمىتىدە نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى، مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، قۇمۇلنىڭ بازار ئىچىدىن بىر بوش جاينىڭ كۆلىمىنى ئۆلچەپ چىقىپ، يېڭىدىن بىر بازار قۇردى، مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 10- ئايدا خۇاگوسەندە سودا بازىرى قۇرۇلدى، بۇ بازارنى ج خ ئىدارىسى بىلەن مالىيە ئىدارىسى بىرلىكتە باشقۇردى، «چارۋا مال سودىسىنى باشقۇرىدىغان ۋە كېلىشتۈرىدىغانلار» نى سەپلىدى. تاختاي باھاسى كومىتېتى قۇرۇپ، ئاشلىقنى تاختاي باھاسى بويىچە سېتىپ بېرىپ، نامرات كىشىلەرنىڭ قەھەتچىلىكتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

قۇمۇلنىڭ ئۇرلۇق ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مالىيە كىرىمى ئاشتى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، قۇمۇل مالىيە ئىدارىسى ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى، شۇ يىلى ئېلىنغان چارۋىچىلىق بېجى مالىيە نازارىتى بەلگىلىگەن %88 لىك خام چوت كۆرسەتكۈچىدىن ھالقىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %136 ئاشتى. شۇڭا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئالاقىدار خادىملارغا «ئالاھىدە مۇكاپات» بەردى.

## §5. شەھەر قىياپىتىنى ياخشىلاش، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش

كومپارتىيە ئەزالىرى يەنە قۇمۇلنىڭ شەھەر قىياپىتىنى ياخشىلىدى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 6- ئايدا، قۇمۇلدا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە نۇرغۇن قېتىم يىغىن ئېچىلىپ، كۆپچىلىك بىردەك: «قۇمۇلنىڭ كوچا يوللىرىنىڭ تار بولۇشى قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، بۇ ھال سودا- سانائەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىگە ۋە ئاھالىنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىش ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيۋاتىدۇ» دەپ قاراپ، دەرھال «چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، كوچا يوللىرىنى ۋە ئولتۇراق رايوننى كېڭەيتىش» توغرىسىدا قارار چىقاردى. كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يوقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۆرۈمچىنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىشلىتىش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، قۇمۇلنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆچۈرۈلگەن شەھەر ئاھالىلىرىغا مۇۋاپىق ياردەم پۇلى بېرىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

## §6. ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنى قوغداپ قېلىش

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 5- ئايدا، ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلار پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، داۋالىنىش نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار قۇمۇلغا چۈشكەن ئاخشىمى شېڭ شىسەي قۇمۇلنىڭ ۋالىيسىغا ئۇلارنى تۇتۇپ قېلىش توغرىسىدا تېلېگراما

بولىدى، كېيىن يەنە ئۇلارنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى، لىۇ شىپىڭ شېڭ شىسەينىڭ يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشىلارنى ئەتىسى سەھەردە ئايرودرومغا ئاپىرىپ قۇمۇلدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

# III باب

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تەشكىلاتلىرى

## §1. ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى

1.تەرەققىيات جەريانى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 16- شى پارتكومى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۈرۈمچى رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئورنى قۇمۇل ناھىيە بازىرى ئىچىدە بولدى، شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گۇەن شېڭجى يەرلىك كومىتېت شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

1952- يىلى 4- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، ئالتە دائىمىي كومىتېت ئەزاسىدىن تەركىب تاپتى.

1956- يىلى 5- ئاينىڭ 21- كۈنى، ج ك پ قۇمۇل يەرلىك 1- قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، بىر شۇجى، ئىككى مۇئاۋىن شۇجى، 17 ئەزا، ئىككى كاندىدات ئەزادىن تەركىب تاپتى. 1959- يىلى 1- ئايدا، بىر مۇئاۋىن شۇجى تولۇقلاندى. 1961- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېتتا شۇجىچۇ تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، شۇجىچۇ بىر شۇجى، ئۈچ مۇئاۋىن شۇجى، ئىككى كاندىدات شۇجىدىن تەركىب تاپتى. 1963- يىلى 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېت شۇجىچۇسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر شۇجى، ئۈچ مۇئاۋىن شۇجى قويۇلدى. 1969- يىلى 3- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى يولغا قويۇلدى. 1969- يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنى، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بىر گۇرۇپپا باشلىقى، ئىككى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقىدىن تەركىب تاپتى. 1970- يىلى 12- ئاينىڭ 29- كۈنى، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى يادرو گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1973- يىلى 3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ بىر شۇجىسى، تۆت مۇئاۋىن شۇجىسى سايلاپ چىقىلدى.

1983- يىلى 6- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكومدا دائىمىي ئەزا قويۇلماي، بىر شۇجى، ئىككى مۇئاۋىن شۇجى ۋە بىر

قانچە ئەزا قوبۇلدى. 1985- يىل 5- ئايدا، بىر مۇئاۋىن شۇجى تولۇقلاندى. 1988- يىلى، يەنە بىر مۇئاۋىن شۇجى تولۇقلاندى.

2. خىزمەت ئاپپاراتلىرى

(1) ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى 1950- يىل 3- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم كاتىبات باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، 1959- يىل 1- ئايدا نامى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1969- يىلى پارتىيىنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، 1974- يىل 11- ئايدا يادرو گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(2) ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى 1950- يىل 3- ئايدا، تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1969- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلات گۇرۇپپىسى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(3) ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1950- يىل 3- ئايدا تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1969- يىل 3- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(4) ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىجتىمائىي ئىشلار بۆلۈمى 1950- يىل 3- ئايدا تەسىس قىلىنىپ، 6- ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(5) ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى 1950- يىل 3- ئايدا تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1969- يىل 3- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئامما خىزمەت گۇرۇپپىسى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1974- يىل 11- ئايدا بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(6) ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمى 1954- يىلى يېزا خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، خىزمەتتىن توختىدى. 1974- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(7) ۋىلايەتلىك مالىيە- سودا بۆلۈمى 1955- يىلى مالىيە- سودا بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، 1962- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(8) ۋىلايەتلىك پارتكوم سانائەت- قاتناش بۆلۈمى 1958- يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، 1962- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(9) ۋىلايەتلىك پارتكوم مالىيە- ئىقتىساد- سىياسىي بۆلۈمى 1964- يىلى مالىيە - ئىقتىساد - سىياسىي بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، 1966 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(10) مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى 1962- يىل 2- ئايدا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى پالەچ هالغا چۈشۈپ قېلىپ، خىزمىتىنى توختاتتى، 1984- يىل 6- ئايدا، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قايتا قۇرۇلدى.

(11) ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى 1984- يىل 1- ئايدا تەسىس قىلىندى.

(12) ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسەت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى 1979- يىل 2- ئايدا تەسىس قىلىنىپ، 1983- يىلىنىڭ ئاخىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(13) ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسى 1980- يىل 12- ئايدا تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى؛ 1986- يىل 9- ئايدا مەمۇرىي مەھكىمىگە تۈتكۈزۈپ بېرىلىپ، 2- دەرىجىلىك باشقارما قىلىپ بېكىتىلدى.

(14) پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى باشقارمىسى 1984- يىل 10- ئايدا تەسىس قىلىندى.

(15) ۋىلايەتلىك تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسى 1984- يىل 10- ئايدا تەسىس قىلىندى.

(16) ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى 1954- يىلى كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 9- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيە مەكتىپىنىڭ خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، خىزمەت توختاتتى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(17) قۇمۇل گېزىتى ئىدارىسى 1951- يىل 3- ئايدا «قۇمۇل گېزىتى» چىقىرىلدى، 1953- يىل 4 - ئايدا توختىتىلدى، 1958 - يىل 9 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1974- يىل 10- ئايدا يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1986- يىل 7- ئايدا قۇمۇل گېزىتى ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1987- يىل 1- ئايدا گېزىت چىقىرىلدى.

(18) قۇمۇل ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى 1954- يىل 9- ئايدا ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1957- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باش ياچېيكا تەڭشىلىپ، مالىيە- سودا ۋە قاتناش- تراسپورت ياچېيكىسىدىن ئىبارەت ئىككى باش ياچېيكا تەسىس قىلىندى. 1964- يىل 3- ئاينىڭ 30- كۈنى ۋىلايەتلىك ئورگانلار پارتكومى قۇرۇلدى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1974- يىلى ئورگانلار پارتكومى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## §2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوملار

1950- يىل 2- ئايدا، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 6- شى پارتكومى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر تۈركۈم كادىر، جەڭچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك، باركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنى قۇرۇپ، يەرلىكنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى. شۇ يىلى 5-، 8- ۋە كېيىنكى يىلى 3- ئايدا قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكلەردە ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ج ك پ قۇمۇل ناھىيىلىك كومىتېتى، ج ك پ باركۆل ناھىيىلىك كومىتېتى، ج ك پ ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ج ك پ يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونلۇق كومىتېتى (1954- يىل 4- ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) قۇرۇلدى.

1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك، باركۆل ناھىيىلىك، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1969- يىل 4-، 10- ئايدا ۋە 1970- يىل 2- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى، قۇمۇل ناھىيىسى ۋە باركۆل ناھىيىسىدە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1973- يىل 2- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىدە پارتىيە 5 - قۇرۇلتىيى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە پارتىيە 4 -

قۇرۇلتىيى، 3- ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىدە پارتىيە 6 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، شۇ نۆۋەتلىك كومىتېت سايلاپ چىقىلىپ، ئالتە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت خىزمىتى توختاپ قالغان ناھىيىلىك كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1977- يىل 3- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى.

## §3. مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى

**1. مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى**

1950- يىل 5- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى قۇرۇلدى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، خىزمەتتىن توختىدى. 1973- يىلى ئەسلىگە كەلدى. 1979- يىل 7- ئايدا مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەمۇرىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولدى.

**2. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى**

1954- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، بىر شۇجى، تۆت ھەيئەت قويۇلدى، باش ياچېيكا قارمىقىدا 10 ياچېيكا تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ئەزاسى 154 كە يەتتى. 1955- يىلى 11 ياچېيكا تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ئەزاسى 219 غا يەتتى. 1956- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، پارتىيە ياچېيكىسى 17 گە، پارتىيە ئەزاسى 315 كە يەتتى. 1957- يىلى، مالىيە- سودا پارتىيە باش ياچېيكىسى، قاتناش- ترانسپورت پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتىيە باش ياچېيكىسى ئۈزىگە قاراشلىق سەككىز ياچېيكىنى تەگشەپ، پارتىيە ئەزاسىنى 150 كە يەتكۈزدى. 1958- يىلى، ياچېيكا 12 گە، پارتىيە ئەزاسى 205 كە يەتتى. 1960- يىلى، پارتىيە باش ياچېيكىسى تەگشىلىپ، بىر شۇجى، سەككىز ھەيئەت قويۇلدى، باش ياچېيكا قارمىقىدا 13 ياچېيكا تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ئەزاسى 139 غا يەتتى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتىيە باش ياچېيكىسى ئاساسلىقى تەشكىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى تۇتتى، پارتىيە ئەزاسى 1954- يىلىدىكى 154 تىن 1963 - يىلى 278 گە يەتتى.

1964- يىل 3- ئاينىڭ 30- كۈنى، ۋىلايەتلىك ئورگانلار پارتكومى قۇرۇلۇپ، بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى ۋە 12 ھەيئەت قويۇلدى، قارمىقىدا تۆت پارتىيە باش ياچېيكىسى ۋە ئالتە پارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىندى. 1965- يىلى، قارمىقىدا ئۈچ باش ياچېيكا، 30 ياچېيكا تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ئەزاسى 542 گە يەتتى. ئورگانلار پارتكومى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق تۇتتى، پارتىيە ئەزاسى 1963- يىلىدىكى 278 دىن، 1965- يىلى 542 گە يەتتى. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە ئاساسلىقى «پارتىيە ئەزالىرىغا دائىر 10 ماددا»، «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا» دېگەن مەزمۇنلار ئۆگىنىلدى.

1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئورگانلار پارتكومى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ،

خىزمەت توختاتتى. 1974- يىلى، خىزمەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بىر شۆجى، ئالتە ھەيئەت قويۇلدى، قارمىقىدا سەككىز ياچېيكا تەسىس قىلىندى. 1975- يىلى قارمىقىدا ئۈچ ئاساسىي قاتلام پارتكومى، 24 پارتىيە ياچېيكىسى تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ئەزاسى 332 گە يەتتى. 1981- يىلى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، 11 ھەيئەت قويۇلدى، قارمىقىدا 20 ياچېيكا تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ئەزاسى 287 گە يەتتى. 1989- يىلى، ئورگانلار پارتكومى تەڭشىلىپ، ئىككى مۇئاۋىن شۇجى، ئالتە ھەيئەت قويۇلدى، قارمىقىدا 48 ياچېيكا، 14 پارتگۇرۇپپا تەسىس قىلىنىپ، پارتىيە ئەزاسى 853 كە يەتتى. ئورگانلار پارتكومى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مەركەزلىك چىڭ تۇتتى. 1985- يىلدىن بۇيان، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوتتۇرا ياش، ياش زىيالىلارغا ۋە كەسپىي تايانچلارغا قارىتىپ، شۇ يىلى پارتىيىگە 47 ئەزا قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىيدىن 33 ى بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 70% ىنى ئىگىلىدى. 1982- يىلى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاياللارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ يىلى پارتىيىگە 52 ئەزا قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت سەككىز، ئايال 11. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە نۇقۇل پارتىيە ئاساسىي بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، نەزەرىيە ئۆگىنىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىش، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ» تا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، قانۇن- ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىلىي، ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتتىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

# IV باب

# قۇرۇلتاي

## §1. ۋىلايەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

1950- يىل 2- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى، 16- شى پارتكومى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گۇەن شېڭجى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

### 1. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شى پارتىيە قۇرۇلتىيى

1950- يىل 10- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە، 6- جۈن 16- شىنىڭ 1- قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا رەسمىي ۋەكىلدىن 210 ى، سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن 58 ى، 16- شىدىكى قىسىملار ۋە يەرلىكتىكى 95 پارتىيە ياچېيكىسىغا ۋاكالىتەن 3381 رەسمىي پارتىيە ئەزاسى ۋە 653 كاندىدات پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، پارتىيە سىرتىدىكى 14 زات ۋۇرۇلتايىنى سىرتتىن ئاڭلىدى. قۇرۇلتايدا شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گۇمىن شىڭجى خىزمەت دوكلاتى بەردى، ۋاڭ شى، ۋۇ زۇڭشىيەنلەر پارتكومنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك مەسىلىسى ۋە مۇنتىزىم تۈزۈملەرنى ئورنىتىش، پارتىزانلىق كەيپىياتقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا تۆۋەندىكىدەك قارار ماقۇللاندى: (1) باندىت يوقىتىش مەركەز قىلىنغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداش، قىسمەندىكىلەرنىڭ ئاگاھلىقىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ مەغرۇرلىنىشقا، مىلىتارىستلىق كەيپىياتقا، ئىشۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئىستىلىغا قارشى تۇرۇش؛ (2) 1951- يىلدىكى ئاساسلىق خىزمەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىشنى، قىسىم قۇرۇلۇشىنى، يەرلىكنىڭ خىزمەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ (3) قىسىم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەردەرىجىلىك پارتكوم (ياچېيكا) لارنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇنتىزىم خىزمەت ئىستىلى تۇرغۇزۇپ، چېچىلاڭغۇلۇقنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، يەرلىكنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش. قۇرۇلتايدا شى پارتكومى (قوشۇمچە ۋىلايەتلىك پارتكوم) نىڭ 13 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى؛ 1- قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدا شى پارتكومى (قوشۇمچە خىزمەت كومىتېتى) نىڭ بەش ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ئۇلار: گۇمىن شىڭجى (شۇجى)، ۋۇ زۇڭشيەن (مۇئاۋىن شۇجى)، ليەن چېڭشيەن، ۋاڭ شى، جاڭ جياشۇدىن ئىبارەت.

قۇرۇلتايدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يەر ئىسلاھاتى مەركەز قىلىنغان دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى – يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ چوڭ ھەرىكەت دەپ ئاتالدى. قۇمۇلدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى 1951- يىل 4- ئايدا باشلىنىپ، 1953- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

يەر ئىسلاھاتى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن يەنە بىرمۇنچە خىزمەتلەر ئىشلەندى: بىرىنچى، «نىكاھ قانۇنى» كەڭ تەشۋىق قىلىندى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ ئىككىنچىدىن، كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان رەزىللىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇلنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ھەرىكىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 1950- يىلى، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «ھەممە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، كېسەللىكلەرنى ئازايتىپ، ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەيلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تازىلىق ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردى.

دېموكراتىك ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى، 1950 – 1952 - يىلغىچە ئۈچ يىل ئىچىدە، قۇمۇلدا خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى غەلىبىلىك ئورۇندىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى.

2. ج ك پ قۇمۇل يەرلىك 1 - قۇرۇلتىيى

1956- يىل 5- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، ج ك پ قۇمۇل يەرلىك 1- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 1342 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن 92 ۋەكىل (بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت 20، ئايال 10) قاتناشتى. جاڭ جياشۇ يەرلىك كومىتېتقا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا «ج ك پ قۇمۇل يەرلىك كومىتېتىنىڭ تۆت يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر» دېگەن تېمىدا، چىن ياۋجۇڭ: «ج ك پ قۇمۇل

يەرلىك كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پروگراممىسى (لايىھە) نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئىزاھات» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ھەققىدە چۈشەنچە» دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتايدا «ج ك پ قۇمۇل يەرلىك كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پروگراممىسى» (لايىھە) نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى كونكرېت پىلانى» ۋە «يەرلىك كومىتېتنىڭ تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى دوكلات ھەققىدە قارار» بىردەك ماقۇللاندى. قۇرۇلتايدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 17 ئەزاسى، ئىككى كاندىدات ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. 1- نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1- قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدا يەرلىك كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى. جاڭ جياشۇ يەرلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى، ئابدۇللايوف 1- مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋېي خاۋ 2- مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. قۇرۇلتايدا يەنە ج ك پ قۇمۇل يەرلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ 11 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ئابدۇللايوف شۇجى، تو چېڭگۇي مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

1956- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما ج ك پ قۇمۇل يەرلىك 1- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

1956 – 1957 - يىللىرى، ھەر يىلى قىشتا زور بىر تۈركۈم كادىرلار كوپېراتىپلارنى تەرتىپكە سېلىپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، كوپېراتىپلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش ۋە كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېزا ئىلارغا ئەۋەتىلدى.

1956- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت خۇسۇسىي سودا- سانائەتكە ۋە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تاماملاپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى.

3. ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- قۇرۇلتىيى

1973- يىل 3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا ۋىلايەتتىكى 6732 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن 295 ۋەكىل (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 50، دېھقان 104، ھەربىي 32، باشقا ئەمگەكچى 23، ئىنقىلابىي كادىر 81، ئىنقىلابىي زىيالىي تۆت، ئوقۇغۇچى بىر؛ ئاز سانلىق مىللەت 125 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 42.6% ىنى؛ ئايال 53 بولۇپ، 17.9% ئىگىلىدى) قاتناشتى. قۇرۇلتايغا فەن شۈدې «لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 36 ئەزاسى، 2- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1- ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا 11 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى. فەن شۈدې شۇجىلىققا، جاڭ شاۋپېڭ، ئوبۇلخەيرى ئىسمائىل، چىن ياۋجۇڭ، ۋېي خاۋلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 1974- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لى جيايۇنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. گوۋۆيۈەن زۇڭلىسى جۇئېنلەي ۋە گوۋۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلىپ، كادىر ئاجرىتىلىپ، گۇڭشې- ئەترەتلەرنىڭ

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۈزۈلدۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن تۇتۇپ بېرىشكە ياردەم بەردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيانقى دېلولار قايتا تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، كادىرلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم كادىر ئازاد قىلىنىپ، تەرەپبازلىق تۈگىتىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى**

جەدۋەل: 19 – 1

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| گۇەن شېڭجى | شۇجى | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1950.2 ~ 1952.1 |
| جاڭ جياشۇ | شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1952 ·4 ~1966 |
| ۋۇزۇڭشيەن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | | 1950.4 ~ 1952.1 |
| خې جۇڭخۇا | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەنشى | 1952.4 ~ 1954.6<br>1959.1 ~ 1966 |
| ئابدۇللايوف | مۇئاۋىن شۇجى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1956.5 ~ 1957.7 |
| ۋېي خاۋ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | خېبېي | 1956.5 ~ 1966 |
| قادىر ئاسىپ | مۇئاۋىن شۇجى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1963.3 ~ 1966 |
| جۇلىيۇن | ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادروگۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | خەنزۇ | خېبېي | 1969.12~ 1972.5 |
| فەن شۇدي | ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | خەنزۇ | گەنسۇ | 1972.6~ 1973.4 |
| فەن شۇدي | ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | خەنزۇ | گەنسۇ | 1970.8 ~ 1972.5 |
| لۇڭ خۇيرۇي | ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | خەنزۇ | جياڭشى | 1969.12 ~1970.3 |
| سۇن چاڭخەي | ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | خەنزۇ | سەندۇڭ | 1969.12~ 1972.9 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ليۇجىجۇڭ | ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | خەنزۇ | بېيجىڭ | 1973.1~ 1973.4 |
| فەن شۇدې | شۇجى | خەنزۇ | گەنسۇ | 1973.4 ~ 1974.2 |
| لى جيايۇ | شۇجى | خەنزۇ | شەنشى | 1974.2 ~ 1979.2 |
| جاڭشاۋپىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | خېبېي | 1973.4 ~ 1977.6 |
| ئوبۇلخەيرى ئىسمائىل | مۇئاۋىن شۇجى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1973.4 ~ 1979.1 |
| چىن ياۋجۇڭ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1973.4 ~ 1980.7 |
| ۋېي خاۋ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | خېبېي | 1973.4 ~ 1978.12 |
| يىجاقان | مۇئاۋىن شۇجى | قازاق | شىنجاڭ | 1974.2 ~ 1978.12 |
| ئېزىزوف قاسىم | مۇئاۋىن شۇجى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1974.8 ~ 1975.8 |
| يەن گوجۇن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەنشى | 1975.5 ~ 1985.5 |
| لو باڭشياۋ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەنشى | 1975.5 ~ 1978.9 |
| گويۇڭخەي | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەنشى | 1978.12 ~ 1983.6 |
| خەن پېڭتۇ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1978.1 ~ 1979.2 |
| خەن پېڭتۇ | شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1979.2 ~ 1990.12 |
| ياسىن ھاپىز | مۇئاۋىن شۇجى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1978.12 ~ 1983.5 |
| قادىر ئاسىپ | مۇئاۋىن شۇجى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1978.12 ~ 1981.4 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ جېنجۇڭ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1979.1 ~ 1981.2 |
| جېن ۋېيگۇي | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | شەنشى | 1981.1 ~ 1983.4 |
| لى زوڭباۋ | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | خېبېي | 1983.6 ~ 1985.5 |
| جاڭ يىڭجيا | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | سەنشى | 1985.5~ 1991.6 |
| ئابدۇراخمان كېرىم | مۇئاۋىن شۇجى | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1985.5 ~ |
| ۋېن جاۋكۇن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | سەندۇڭ | 1985.5 ~ 1988.8 |
| جېن دېمىن | مۇئاۋىن شۇجى | خەنزۇ | تيەنجىن | 1988.10~ |

## §2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتىيە قۇرۇلتايلىرى

### 1. قۇمۇل ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتىيە قۇرۇلتىيى

1956- يىل 4- ئاينىڭ 23- كۈنى، تۇنجى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 534 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 60 رەسمىي ۋەكىل، 15 سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 13 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1958- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە، پارتىيە 2- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 602 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 91 رەسمىي ۋەكىل، 17 سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 17 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1960- يىل 4- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە، پارتىيە 3- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 1359 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 134 رەسمىي ۋەكىل، 21 سىرتتىن قاتناشىدىغان ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 19 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى. 1961- يىلى، ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ تەسىس قىلىندى.

1962- يىل 6- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 28- كۈنىگىچە، پارتىيە 4- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 1353 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 130 رەسمىي ۋەكىل، 31 سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 14 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى. 1963- يىل 5-

ئايدا، ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1966- يىل 2- ئاينىڭ 21 – 22 - كۈنلىرى، پارتىيە 5- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 143 ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 19 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1973- يىل 3- ئاينىڭ 10- كۈندىن 17- كۈنگىچە، پارتىيە 6- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 2070 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 242 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 23 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1985- يىل 2- ئاينىڭ 10- كۈندىن 15- كۈنگىچە، قۇمۇل شەھەرلىك پارتىيە 1- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن شەھەردىكى 3445 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 198 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ دائىمىي ئەزالىرى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى، 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى.

2. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

1956 - يىل 5- ئاينىڭ 5- كۈندىن 12- كۈنگىچە، پارتىيە 1 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 296 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 65 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 15 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1959- يىل 8- ئاينىڭ 6- كۈندىن 14- كۈنگىچە، پارتىيە 2 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 544 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 121 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 21 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى. 1961- يىل 1- ئاينىڭ 10- كۈنى، ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ تەسىس قىلىندى.

1962- يىل 3- ئاينىڭ 26- كۈندىن 4- ئاينىڭ 2- كۈنگىچە، پارتىيە 3- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا ناھىيىدىكى 1076 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 142 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 17 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى. 1963 - يىل 5- ئاينىڭ 20- كۈنى، ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1966- يىل 3- ئاينىڭ 5- كۈندىن 14- كۈنگىچە، پارتىيە 4- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 1281 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 138 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 20 ئەزاسى، ئىككى كاندىدات ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1973- يىل 2- ئاينىڭ 24- كۈندىن 3- ئاينىڭ 4- كۈنگىچە، پارتىيە 5- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 1348 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 236 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 31 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1985- يىل 1- ئاينىڭ 26- كۈندىن 30- كۈنگىچە، پارتىيە 6- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 2070 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن، 152 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 25 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

3. ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

1965- يىلى 1- ئاينىڭ 23- كۈنى، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 65 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 38. يىغىندا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ توققۇز ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1960- يىلى 3- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە، پارتىيە 1- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 155 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالەتەن، 40 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 15 ئەزاسى، ئۈچ كاندىدات ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1962- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە، پارتىيە 2- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 256 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالەتەن، 68 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 12 ئازاسى، بىر كاندىدات ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1964- يىلى 12- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە، پارتىيە 3- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 259 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالەتەن، 54 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 11 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1973- يىلى 2- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 29- كۈنىگىچە، پارتىيە 4- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 314 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالەتەن، 72 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 16 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

1985- يىلى 3- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە، پارتىيە 5- قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 524 پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالەتەن، 77 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 18 ئەزاسى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى سايلاپ چىقىلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ج ك پ مەملىكەتلىك 12-، 13-، 14- قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر

جەدۋەل: 19 — 2

| نۆۋىتى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|
| 12- نۆۋەتلىك | خەلچىخان ياقۇپ | ئايال | ئۇيغۇر | ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى |
| 13- نۆۋەتلىك | ئايۇپ قۇربان | ئەر | ئۇيغۇر | مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى |
| 14- نۆۋەتلىك | زەينەپ ئەخمەت | ئايال | ئۇيغۇر | قۇمۇل شەھىرى رامەتباغ يېزىسىنىڭ باشلىقى |

# V باب

# پارتىيە خىزمىتى

## §1. تەشكىلىي قۇرۇلۇش

### 1. پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش

1950- يىل 2- ئايدا، 6- جۇن 16- شى پارتكومى ئاساس، قىسىملاردىكى پارتىيە ئەزالىرى تايانچ قىلىنىپ، ۋىلايەتتە پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، يەرلىكتە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ «پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئىلغار تەشكىلاتلاردىكى ھەر مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم ئاكتىپلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئاكتىپ بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش» تىن ئىبارەت پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش فاڭجېنى بويىچە، ئالدى بىلەن شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئىلغار تەشكىلاتتىن ئاكتىپلارنى تەربىيىلىدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولدى. 1950- يىل 6- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە پارتىيە ياچېيكىسىدىن جاڭ جياشۇ، چىن ياۋجۇگلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى نىياز قۇربان؛ قۇمۇل پارتىيە ياچېيكىسىدىن ياڭ ۋېنيى، خەن گويجېنلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىمىن ئوسمان؛ 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە ياچېيكىسىدىن گوۋىن شېگجى، لياڭ جيەنچيۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئابدۇللايوف قاتارلىقلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

يېزىلاردا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا باشلاندى. 1952 — 1953 - يىللىرى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، قۇمۇلنىڭ يېزىلىرىدا داغدۇغىلىق ھالدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى «ئېھتىياتچان، سالماق بولۇش» تىن ئىبارەت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى ئۇقتىدا سىناق قىلغان يېزىلاردا ئېلىپ باردى. 1952- يىل 12- ئاينىڭ 21- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسى شەھەر ئىچى رايونىنىڭ ئىككى يېزىسىدا تەركىبى ياخشى، تارىخى ئېنىق، ئىدىيىسى ساپ، خىزمەتتە ئاكتىپ بولغان ئەلانۇرۇللا، ئىپارخان بوسۇق، خەلچىخان نۇرشا، ياچى بوسۇق قاتارلىق تۆت دېھقان كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇمۇلنىڭ يېزىلىرىدا تۇنجى بولۇپ پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئەلانۇرۇللا رايونلۇق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بۇ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 1953- يىل 6- ئايدا، تۆت كاندىدات پارتىيە ئەزاسى رەسمىيلەشتى. يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، ياچى بوسۇق ياچېيكا شۇجىسى، ئەلانۇرۇللا تەشۋىقات ھەيئىتى، ئىپارخان بوسۇق تەشكىلىي ھەيئەت بولدى، بۇ قۇمۇل يېزىلىرىدا قۇرۇلغان تۇنجى يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسى

ھېسابلىنىدۇ. 1952- يىلى 6- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە ياچېيكىسى كادىر سۇ ۋەنجۈننى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى.

1950 – 1953 - يىللىرىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى پارتىيە ئەزاسى 111 دىن 361 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسملار يەرلىككە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پارتىيە ئەزاسى 80.

1954- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 95 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

1955- يىلى، «ئاكتىپ بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش» فاڭجېنى ۋە «ئالاھىدە سالماق بولۇش» ئۇسۇل- باسقۇچلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 358 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

1956- يىلىنىڭ ئاخىرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، «مۇستەھكەملەش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا مۇستەھكەملەش» ۋە «ئاكتىپ بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش» فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1956 – 1957- يىللىرى، 455 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

1959- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى زاۋۇت، كان، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، مالىيە- سودا، دېھقان- چارۋىچىلارغا قارىتىش بىلەن بىللە، ئاياللار ئىچىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنى تەكىتلىدى. شۇ يىلى 627 كىشى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال پارتىيە ئەزاسى 169.

1963- يىلى، مەركىزىي كومىتېت «تەربىيىلەشنى مۇستەھكەملەش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشتا چەك بولۇش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىنمىدى. 1963 – 1965 - يىللىرىچە، جەمئىي 177 كىشى پارتىيىگە كىردى.

1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

1971 – 1973 - يىللىرىچە، ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش باشلاندى. ئۈچ يىلدا، جەمئىي 1096 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ۋىلايەت بويىچە 3328 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. ئىنتايىن سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە تەرەپبازلىقنىڭ تەسىرى بىلەن، بىر مەزگىل پارتىيىگە زورىيدارلىق بىلەن ئەزا قوبۇل قىلىنغاچقا، بەزى لاياقەتسىز كىشىلەرمۇ پارتىيىگە كىرىپ قالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش» فاڭجېنى بويىچە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، زىيالىلار ئىچىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى، 1989- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە پارتىيىلىك زىيالىي 2193 كە يېتىپ، 1978- يىلىدىكىدىن 205.2% كۆپىيىپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. 1977 – 1987 - يىللىرىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 4856 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئەزاسى جەمئىي 15 مىڭ 456 گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 3928 گە يەتتى.

2. ئىلغارلاردىن بولۇش

1958- يىلى، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «جاپالىق ۋە ئەمەلىي ئىشلەپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ھەر بىر ياچېيكا ئىلغار ياچېيكا، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى

مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا «بەشتە ياخشى» (سىياسىي، ئىدىيىدە ياخشى، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە تۇرلۇك ھەرىكەتلەردە ياخشى، ئاممىۋى خىزمەتتە ياخشى، خىزمەت ئۇسۇلىدا ياخشى، تەشكىلىي تۇرمۇشتا ياخشى) پارتىيە ياچېيكىلىرىنى باھالاش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە «بەشتە ياخشى» پارتىيە ياچېيكىسىدىن سەككىزى، 1959- يىلى، 24 ى باھالاپ چىقىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە 54 ۋەكىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاچقان «بەشتە ياخشى» پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشتى. 1964- يىلى، «بەشتە ياخشى» پارتىيە ياچېيكىلىرىنى باھالاش پائالىيىتى، مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىنى تەنقىد قىلىش ۋە تۈگىتىش ئازادلىق ئارمىيىدىن، داچىڭدىن ۋە داجەيدىن ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىلغارلاردىن بولۇش پائالىيىتى توختىتىپ قويۇلدى. 1980- يىلى، يەنە ۋىلايەت بويىچە «ئىلغارلاردىن بولۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، شۇ يىلى ۋىلايەت ئۆلگىلىك پارتىيە ياچېيكىسىدىن بەشنى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىدىن 51 نى تەقدىرلىدى. 1981- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەت ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىدىن 41 نى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىدىن 107 نى باھالاپ چىقىپ تەقدىرلىدى. 1982- يىل 6- ئايدا، ۋىلايەت ئىككى ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 25 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى. 1983- يىل 12- ئايدا، 38 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 103 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى. 1983- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 1990- يىلىغىچە، بەش قېتىم «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، 158 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 411 مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى تەقدىرلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1984- يىل 6- ئايدا، ۋىلايەت يەتتە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 22 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى؛ 1986- يىل 1- ئايدا، 45 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 130 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى؛ 1987- يىل 7- ئايدا، 12 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 26 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى؛ 1988- يىل 2- ئايدا، 52 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 121 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى؛ 1989- يىل 7- ئايدا، تۆت ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، تۆت مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، بەش مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى؛ 1990- يىل 6- ئايدا، 42 ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 112 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 11 مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسىنى تەقدىرلىدى.

3. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش

1951 – 1987 - يىل 8- ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە توققۇز قېتىم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى.

1954- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارار» ىنىڭ روھى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېزىلاردىن باشقا، ۋىلايەت دائىرىسىدە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك كۆرس ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ پارتىيىنى تەرتىپكە سالدى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 133 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىگە قارىتا چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەنقىد ئېلىپ بېرىلىپ، تەربىيە ئاساس قىلىنىپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى، خاتالىق ئۆتكۈزگەن توققۇز پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، تۆت كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلدى، بىر كىشى پارتىيىدىن

چىقىرىلدى، ئىككى كىشى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا 48 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا 24 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، بىرەيلەنگە ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. باركۆل ناھىيىسىدە قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقانلىقتىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش كېچىكتۈرۈلدى.

1955 – 1959 - يىلىغىچە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم مەركەزنىڭ «كۆكلەش قۇرۇش، كۆكلىشىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «يېزىلاردا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا جەمئىي 2552 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 58 پارتىيە ئەزاسىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 15 كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش، تۆت كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، ئۈچ كىشىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، يەتتە كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلدى، 17 كىشىنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى، 12 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى.

1959- يىل 8- ئايدا، «ئوڭچىل» لىققا قارشى تۇرۇش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. مەركەزنىڭ «ئوڭچىللىق» ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» ىغا ئاساسەن، ئاتالمىش «ئوڭچىل» لىق كەيپىيات تەنقىد قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 13 ئادەمتىكى كادىر خاتا بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى پارتىيە ئەزاسى «ئېغىر ئوڭچىل» لىق خاتالىقى ئۆتكۈزدى» دەپ بېكىتىلىپ، كېيىن ھەر ئىككىلىسى ئاقلاندى.

1960- يىل 12- ئايدىن 1961- يىل 5- ئايغىچە، يېزىلاردا ئىستىل تۈزىتىش، كۆكلىشىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. بەش ئايدىن ئارتۇق ئېلىپ بېرىلغان ئىستىل تۈزىتىش، كۆكلىشىنى تەرتىپكە سېلىشتا، ۋىلايەت بويىچە 459 كىشىگە چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 201 كىشى «سەپتىن» قالدۇرۇلدى، 36 كىشىنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلدى، 171 كىشى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، 12 كىشى ئەمگەككە سېلىنىپ نازارەت قىلىندى، 24 كىشى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، 21 كىشى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 52 پارتىيىلىك كادىرغا چارە كۆرۈلدى، ئىككى كىشىگە پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش، بەش كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، تۆت كىشىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 13 كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش چارىسى كۆرۈلدى، 22 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى.

1963 – 1966 - يىلىغىچە، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە شەھەرلەردىكى «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى داۋامىدا ئېلىپ بېرىلدى. 1963- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 12 كۆكلەش (مەيدان) دا ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا 650 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى. 1964- يىل 3- ئايدا، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان تۆت كۆكلىشىدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئاخىرلاشتى، بۇنىڭغا 295 پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 14 كىشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 4.7% ىنى ئىگىلىدى. 1965- يىل 8- ئايدىن 12- ئايغىچە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئالتە كۆكلەش- مەيدانىدا ۋە ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى، مېتال بۇيۇم شىركىتىدە نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. 974 ئاساسىي قاتلام كادىرى ئىچىدە، 172 مىڭ كادىر مەسىلىسى كۆپ، خاراكتېرى بىر قەدەر ئېغىر، دەپ قارالدى، 20 كىشى دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، 89 كىشىگە ھەر خىل چارە كۆرۈلدى، 44 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى. 1966- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تۆت كۆكلىشىدا نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ

بېرىش قانات يايدۇرۇلۇپ، توققۇز يېرىم ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئاتالمىش «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» نىڭ ئەدىبى بېرىلدى. ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان يېزىلاردىكى «تۆتنى ئېنىقلاش» ۋە شەھەرلەردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا ئورۇنسىز زەربە بېرىلدى ۋە چارە كۆرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش. 1970 – 1973- يىلىغىچە، 48 ئاساسىي قاتلام پارتكومى، 491 پارتىيە ياچېيكىسىدا ئومۇميۈزلۈك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئىنتايىن سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە تەرەپبازلىقنىڭ تەسىرى بىلەن، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى ۋە ئۇلارغا چارە كۆرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى لاياقەتسىز كىشىلەرمۇ پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا 1399 كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1366 پارتىيە ئەزاسىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 29 كىشى تەشكىلىي تۇرمۇشتىن ۋاقىتىنچە توختىتىپ قويۇلدى، 24 كىشى تەشكىلىي تۇرمۇشتىن يېرىم توختىتىپ قويۇلدى، ئۈچ كىشىنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق مۇددىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۈچ كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، ئۈچ كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش چارىسى كۆرۈلدى، يەتتە كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، بىر كىشى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلدى.

1983- يىلى، ئومۇميۈزلۈك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. 1983- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى 1984- يىل 12- ئايدىن 1987- يىل 8- ئايغىچە يەتتە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ باردى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا ۋىلايەت بويىچە 80 ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن، 405 ناھىيە. شەھەر دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام ئورۇن، 93 ئاساسىي قاتلام پارتكوم، 43 باش ياچېيكا، 981 ياچېيكا، 9854 پارتىيە ئەزاسى، بۇنىڭ ئىچىدە 694 كاندىدات پارتىيە ئەزاسى قاتناشتى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا ئەمەلىي قاتناشقان پارتىيە ئەزاسى 9160 بولۇپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا 51 پارتىيە ئەزاسىغا ھەر خىل چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، سەككىز كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش چارىسى كۆرۈلدى، بىر كىشىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 14 كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، 21 كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، 62 كىشى تىزىمغا ئېلىنمىدى، 36 كىشىنىڭ تىزىمغا ئېلىش مۇددىتى كېچىكتۈرۈلدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئۈچ خىل ئادەم» تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ۋىلايەت بويىچە 40 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنىپ، ئىككى كىشى «ئۈچ خىل ئادەم» دەپ بېكىتىلىپ، پارتىيىدىن چىقىرىلدى؛ 15 كىشى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىشى تىزىمغا ئېلىنمىدى، ئىككى كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش، تۆت كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، ئىككى كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بىر كىشىگە مەمۇرىي گۇناھ يېزىش، بەش كىشىگە گۇناھ يېزىش چارىسى كۆرۈلدى.

1988- يىلدىن بۇيان، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە، نۇقتىدىن ئومۇمىي دائىرىگىچە، «پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مەۋقەنى تەربىيىلەشكە قارىتىش، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ئونىۋېرسال تۈزەش» فاڭجېنى بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە بۇ خىزمەت لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 1990- يىل 3- ئايغىچە، 1- قارارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاشقا قاتناشقان پارتىيە ياچېيكىسى 1156 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 97.94% نى، باھالاشقا قاتناشقان پارتىيە ئەزاسى 14 مىڭ 276 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 95.88% نى ئىگىلىدى، 826 كىشى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 9903

كىشى لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى، 483 كىشى ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى، 42 كىشى ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتسىز پارتىيە ئەزاسى، 32 كىشى لاياقەتسىز پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، ئالتە كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش جارىسى كۆرۈلدى، 84 كىشى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە خاتالىقىنى تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى، يەتتە كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، ئۈچ كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش چارىسى كۆرۈلدى، سەككىز كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، سەككىز كىشى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلدى، ئىككى كىشى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلدى، ئىككى كىشىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى ئۇزارتىلدى، بىر كىشىنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى.

### 4. كادىر باشقۇرۇش

**1) كادىر باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئۆلكىلىك پارتكوم (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم) ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىرى، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە ۋىلايەت ئورگىنىدىكى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلاردىكى مۇئاۋىن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيە، بۆلۈم دەرىجىلىك ۋە رايونلۇق پارتكوم شۇجىلىرى، رايون باشلىقلىرىنى باشقۇردى. 1957- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزالىرى، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە ۋىلايەت ئورگىنىدىكى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلاردىكى مۇئاۋىن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى باشقۇرىدىغان بولدى. 1964- يىلى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مۇئاۋىن ھاكىملار ۋە ۋىلايەت ئورگىنىدىكى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلاردىكى مۇئاۋىن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشقۇرىدىغان، ۋىلايەتلىك پارتكوم بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار ۋە گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىلىرى، گۇڭشې باشلىقلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. 1971- يىلى، ۋىلايەت ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدىكى ئىشخانا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە خەلق گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىلىرى، ئىنقىلابىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. 1979- يىلىدىن كېيىن، پوچتا- تېلېگراف، مېتېئورولوگىيە، بانكا، ئېلېكتر، تاماكا ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلارنى ئاپتونوم رايون ئاساسلىق باشقۇرۇش، ۋىلايەت رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت قوش رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بۇ تارماقلارنى ئاساسلىقى ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان بولدى. 1981- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتتىكى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلارنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ناھىيىلىك پارتكوم ئەزالىرى، مۇئاۋىن ھاكىملار، رايونلۇق پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، رايون باشلىقلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. 1984- يىلى، جانلىق باشقۇرۇش، ئاز ۋە ساز باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتتىكى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلارنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلارغا قاراشلىق بۆلۈم باشلىقلىرى، مۇئاۋىن بۆلۈم، باشلىقلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، ھاكىم (شەھەر باشلىقى ) لارنى يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشقۇرىدىغان، باشقا ھاكىم دەرىجىلىك مۇئاۋىن باشلىقلارنى ۋىلايەتلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان بولدى.

**2) كادىر تەربىيىلەش** 1950 – 1954 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار % 91.6 نى ئىگىلىگەنلىكتىن، سىياسىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى يېتەرسىز ئىدى. شۇڭا ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، پەقەت ۋىلايەتتىلا يەتتە قارار كۇرس ئېچىپ، 654 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، 231 كادىرنى تاللاپ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە ۋە تەمىنات- سودا مەكتىپىگە ئالتە ئايلىقتىن 12 ئايلىققىچە پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەپتىسىگە سەككىز سائەت ئىشتىن سىرتقى سىياسىي ئۆگىنىش ۋە

مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇقلاشقا تەشكىللىدى.

1955- يىلىدىن باشلاپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش «نېمە ئىش قىلسا، شۇنى ئۆگىنىش، نېمە كەم بولسا، شۇنى تولۇقلاش» پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ۋىلايەت بويىچە سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، مەدەنىيەت تولۇقلاش، ئىقتىساد- سودا، يېزا ئىقتىسادى، تەرجىمانلىق قاتارلىق كۇرسلار ئېچىلدى.1957- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىلا 10 قارار كۇرس ئېچىپ، ئاساسلىقى پارتىيە سىياسىتى ، سىياسىي- ئىقتىساد، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن دەرس ئۆتۈپ، جەمئىي 509 كادىرنى تەربىيىلىدى.

1958 – 1964 - يىللىرىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە 21 قارار كۇرس ئېچىلىپ، «سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «پارتىيە تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە » ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرى ئۆگىنىلدى، ئۆگىنىشكە قاتناشقان كادىر 2154 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە رايون دەرىجىلىك كادىرلار ۋە كۆكشى كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇددەت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، قاتلاملار بويىچە بىر نۆۋەت تەربىيىلەپ چىقىلدى، مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىر قىسىم كادىرلار ئاپتونوم رايون ئاچقان كۇرسقا قاتناشتۇرۇلدى.شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور بىر تۈركۈم كادىر تاللاپ چىقىلىپ باشقا جايلاردا تەربىيىلەندى. 1964- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە كادىرلار قوشۇنىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىن ئۆۋەنلەر % 75 نى ئىگىلىدى، بەلگىلىك ساندىكى كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتۇش توختىتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرى، پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 40 نەچچە قارار كىتاب ئوقۇش كۇرسى، ئۆگىنىش كۇرسى ۋە تايانچلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلدى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايەتنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، تەربىيىلەش مەزمۇنى تېخىمۇ تولۇقلاندى تەربىيىلەش شەكلى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1979 – 1983 - يىللىرىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە 23 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 2055 كادىر (قېتىم) كادىر تەربىيىلەندى. 1984- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئوتتۇرا تېخنىكوم تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، باھالاش تەكشۈرۈش تۈزۈمى، ئوقۇش تارىخى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئېھتىياجغا قاراپ ئوقۇتۇش پرىنسىپى بويىچە، مۇھىم نۇقتا ھاكىم دەرىجىلىك كادىرلار، يېزا- بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار، ياش- ئوتتۇرا ياشلىق تايانچلار ۋە زاپاس كادىرلارنى تەربىيىلەشكە قارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىش ئورنى ۋەزىپىسى بويىچە تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇلدى. پارتىيە مەكتىپى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئوبدان ئېچىش ئاساسىدا، توققۇز قارار ئىككى يىللىق ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، بەتتە قارار ئۈچ يىللىق ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئېچىپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە 362 كادىرنى ۋە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە 251 كادىرنى تەربىيىلەپ چىقتى. 1978 – 1990 - يىللىرىچە، ۋىلايەتتىكى تۈرلۈك كۇرسلارغا قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك كادىر 9398 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

3) پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى 1960- يىلىدىن كېيىن، بىر قىسىم كادىرلار ياشىنىپ، تېنى ئاجىزلاپ،كېسەلچان بولۇپ قالدى، ئەينى چاغدا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمى تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن بولغاچقا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان خادىملار سىياسىي ۋە تۇرمۇش تەمىناتىنى ئۆزگەتمەسلىك ئالدىنقى شەرتى بىلەن، شتات سىرتىدىكى «ئۇزۇن مۇددەت بېقىلىدىغانلار » قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىشتىن ئايرىلىپ مەخسۇس دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا ياكى يېنىكرەك ئىشلارنى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بەزىلىرى ھاۋاسى ۋە مۇھىتى ياخشىراق جايلارغا تەكشەپ قويۇلدى. كېيىن يەنە «ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ بېقىش »تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە، پېشقەدەم كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتۈدىغان ئادەم

بولماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. 1979-يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم 60 ياشتىن ئاشقان كادىرلارغا قارىتا، ئىدىيۋى خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئاساسىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، 1981-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 77كادىر دەم ئېلىشقا، مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 81 كادىر پېنسىيەگە چىقىرىلدى؛ بىر قىسىم پېشقەدەم كادىرلار 2-سەپكە چېكىندۇرۇلۇپ، مەسلىھەتچى بولۇشقا، پەخرىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەشلەردە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1979 – 1984 - يىلىغىچە، ۋىلايەت ۋىلايەتلىك كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى، پېنسىيەگە چىققان كادىرلارنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى قۇرۇپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. 1984-يىلى، ۋىلايەت پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن خىزمەتلەردە خېلى ياخشىلىنىش بولدى. 1985-يىلى ، ۋىلايەت پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ۋەرىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىشەنچىنى چىڭىتتى. يىل ئاخىرىدا، ۋىلايەت يەنە 2-قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۈچ قارار پېشقەدەم كادىرلار خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 270 ئادەم (قېتىم ) نى تەربىيىلىدى. 1987-يىلى، ۋىلايەت 2-قېتىملىق «قوش ئىلغار » لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، ئىككى قېتىملىق «قوش ئىلغار »لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، ئىلغار پېشقەدەم كادىرلاردىن جەمئىي 80 ئادەم (قېتىم)، ئىلغار پېشقەدەم كادىرلار خىزمەتچىسىدىن 32 ئادەم (قېتىم )، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپتىن19 ئورۇن (قېتىم ) تەقدىرلەندى. 1988-يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەتتە ياشانغانلار كومىتېتى، ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ياشانغانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئورۇنلاردا دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، يەنە ۋىلايەتلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ، 1990-يىلىغىچە، ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىدا 12 خىل دەرس تەسىس قىلىنىپ، كۇرسانت 993 كە يەتتى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە دەم ئېلىشقا چىقىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پېشقەدەم كادىرلار 775 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1937-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن بۇرۇن ئىنقىلابقا قاتناشقانلار 11، 1937-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 1945-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە ئىنقىلابقا قاتناشقانلار 152، 1945-يىل 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 1949-يىل 9-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە ئىنقىلابقا قاتناشقانلار 612. يۇقىرىقى كادىرلار ئىچىدە، ۋاپات بولۇپ كەتكىنى 110، ھاياتلىرى 665. بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرگىنى 619. دەم ئېلىشقا چىققان 120 كادىرنىڭ مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىلىك ۋە مۇئاۋىن ۋىلايەت دەرىجىلىك تەمىناتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 133 پېشقەدەم كادىر تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىندى. ۋىلايەت پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى پائال مۇۋاپىق ھەل قىلدى. 1990-يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە پېشقەدەم كادىرلارنىڭ %90 نىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىدىكى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى؛ پېشقەدەم كادىرلار ساقلىق ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك دوختۇرخانىلاردا پېشقەدەم كادىرلار ياتقىدىن يەتتىسى، كېسەل كارۋىتىدىن 14ى تەسىس قىلىندى؛ 70 ياشلىق پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىگە پەرۋىش خادىملىرى، پېشقەدەم كادىرلارغا 15 مەخسۇس ماشىنا سەپلەپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە 37 چوڭ-كىچىك پائالىيەتخانا سېلىنىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى، كىتاپ-ماتېرىيال ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سەپلىنىپ، كىنو ۋە ئويۇن كۆرۈشكە تەشكىللىنىپ، ياشانغانلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىتىلدى. پېشقەدەم كادىرلار ھەر يىلى ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ياكى دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا تەشكىللەندى، ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى، يەل گۈمپىسى، ئۇسسۇل ئۆگىنىش، مۇزىكا ئاڭلاش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئەھۋالغا قاراپ ياشانغانلارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۇلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەسلىمە يېزىش، مەكتەپ ۋە قىسىملاردا

ئىنقىلابىي ئەنئەنە دەرسى ئۆتۈش، مەكتەپ سىرتىدىكى يېتەكچى، خەلق زاسىتانىلى، بازاردىكى باھا تەكشۈركۈچى، تازىلىق نازارەتچىسى، قائىناش نازارەتچىسى، يەل كۆمپا يېتەكچىسى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئۆقۇتقۇچى بولۇشقا دەۋەت قىلىندى. ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ئەنئەنە تەربىيىسى بويىچە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ باردى.

4) زاپاس كادىرلار خىزمىتى 1954- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن خىزمەت داۋامىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاپ، «كۆڭۈلدە سان بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، مەقسەتلىك ۋەزىپە يۈكلەپ، تاللاپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن يەنە كادىر تەكشۈرۈش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پىلانلىق زاپاس كادىرلار تىزىملىكى تۈزۈلدى. 1957- يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن ھاكىم، بۆلۈم دەرىجىلىك زاپاس كادىر 89 غا يەتتى.

1964- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، قايتىدىن زاپاس كادىرلار قوشۇنىنى تۈرغۈزدى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە «تۆتنى ئىنقىلاش» ھەرىكىتىدە، «ئاساسىي قاتلاملاردا قابىل كىشىلەرنى تاللاش، كەمبەغەل دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش، تەشكىلىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە سىناش» نى يولغا قويدى. 1966- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن ھاكىم، بۆلۈم دەرىجىلىك زاپاس كادىر 158 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياش كادىر 118، ئازسانلىق مىللەت كادىر 56. كېيىن بۇ كادىرلارنىڭ 94 ى ھاكىم، بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك پارتكوم زاپاس كادىرلار خىزمىتىنى نورمال قانات يايدۇرالمىدى.

ج ك پ 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ھەردەرىجىلىك پارتكوم، تەشكىلات تارماقلىرى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ۋە زاپاس كادىرلار خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىدى. تاللاش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، كادىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، ھەر يىلىدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە تەڭشەشكە بىرلەشتۈرۈپ، زاپاس كادىرلارنىمۇ تەكشۈرۈپ بېكىتتى؛ يەنە زاپاس كادىرلارنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ ئوقىتىلىق تەربىيىلىدى. 1981- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن زاپاس كادىر 118 گە، بۇنىڭ ئىچىدە دەرىجىلىك كادىر 43 كە، يېزا- بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 75 كە يەتتى. «جايىدا تاللاپ چىقىلغان» ياش كادىرلار ۋە زاپاس كادىرلار رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەشتە ۋە سايلامدا دادىل ئۆستۈرۈلدى. 1984- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم «قومۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ 3- سەپ قوشۇنىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تۈزۈپ چىقتى، ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كادىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە مەسئۇل بولۇپ، «زاپاس كادىرلارنى تىزىملاش جەدۋىلى» نى تولدۇردى، تەشكىلات تارماقلىرى ئادەم تاللاشتا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، زاپاس كادىرلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، بەش تۈركۈم كادىرنى تاللاپ تەنجىڭ، سۇجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق ئىچكىرىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى؛ ئايال زاپاس كادىرلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، دېموكراتىك كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەردى. 1986- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەتتە زاپاس كادىر 415 كە، بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 109 غا، يېزا- بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 306 غا يەتتى. 1987- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «ۋىلايەتنىڭ 3- سەپ قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقىتىپ، زاپاس

كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشكە قارىتا، يېشى، مەلۇماتى، نەسەبى ۋە قىزىللىقىنى، كەسپلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىپ، بۇ خىزمەتنى تۈزۈملەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ زاپاس كادىرلار قوشۇنى ياخشى سۈپەتلىك دەۋر قىلىپ، ياخشىلىرى تاللاپ ئۆستۈرۈلۈپ، ناچارلىرى شاللىنىپ، ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ ۋە كۆچەيتىلدى. 1990- يىلى، 32 مۇنەۋۋەر ياش كادىر ۋە زاپاس كادىر تاللاپ چىقىلىپ، يېزا- بازارلاردىكى ۋە چەت- ياقا جاپالىق جايلاردىكى كارخانىلارغا بىر يىللىق ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتتە 515 زاپاس كادىر، بۇنىڭ ئىچىدە 139 ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر، 376 يېزا- بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بارلىققا كەلدى.

5) زىيالىيلار خىزمىتى 1950- يىلى، كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە، ۋىلايەت بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار سەككىز كىشى ئىدى. 1966- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە زىيالىي 318 گە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 10% ىنى ئىگىلىدى. 1957- يىلىدىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئېغىر ھالدىكى كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى سەۋەبىدىن، 144 كىشى «ئوڭچى» قىلىپ قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىي 106.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قومۇل ئېغىر ئاپەت رايونىغا ئايلىنىپ قېلىپ، بىلىم ئېلىش بۇرمىلىنىپ، زىيالىيلار كەمستىشكە ئۇچرىدى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەز «بىلىمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش» يادرولۇق مەزمۇن قىلىنغان زىيالىيلار سىياسىتىنى بەلگىلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم زىيالىيلارغا سىياسىي جەھەتتە تولۇق ئىشەندى، خىزمەتتە ئۇلارنى دادىل ئىشلەتتى، تۇرمۇشتا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئېتىبار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنى پائال يېتەكلەپ، ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل زىيالىي 13 مىڭ 800 (ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) دىن ئېشىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 75.34% ىنى ئىگىلىدى. 1978- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ، ۋىلايەت زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەش ۋە ئۆز كەسپىگە ماس كېلىدىغان خىزمەتكە قويۇش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. ۋىلايەت بويىچە تەبىئىي پەن تېخنىكا خادىمى 1922 گە يەتتى، كەسپىي پەن تۈرلىرى بويىچە پەن- تېخنىكا كادىرلىرى ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، ئۆگەنگەن كەسپىگە قويۇلمىغان 198 كەسپىي تېخنىك خادىمنىڭ ئىش ئورنى تەڭشەلدى، 92 كىشى كەسپى ماس كېلىدىغان ئورۇنغا قويۇلدى.

1980 – 1984- يىلىغىچە، 283 زىيالىي پارتىيە تەشكىلاتىغا كىردى، 300 مۇنەۋۋەر زىيالىي بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا تاللاپ ئۆستۈرۈلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زىيالىيلارنىڭ ئۆنۋان ئېلىش مەسىلىسى ۋە ئەر- ئايال ئايرىلىپ تۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1985- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم «قومۇل ۋىلايىتىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى، 1987- يىل 6- ئايغىچە، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ 129 نامەق، يالغان، خاتا دېلوسى ئاقلاندى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، 560 ئائىلىلىكنىڭ ئۆي شارائىتى ياخشىلاندى، زىيالىيلار پەرزەنتلىرىدىن 206 سى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 727 زىيالىينىڭ پەرزەنتى ۋە جۆرىسى يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، زىيالىيلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى زىيالىيلار قوشۇنىنى نورمال باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىندى.

1988- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە 6944 زىيالىينىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋان ئالغانلار ئۈچ، كاندىدات ئالىي ئۇنۋان ئالغانلار 166، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 1152، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 5550؛ يەنە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، 5583 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەملىك مائاشىنىڭ 10% ى بويىچە مائاش قوشۇپ بېرىلدى، مەمۇرىي،

كەسىپىي ئورۇنلاردىكى زىيالىيلارنىڭ ھەممىسىگە بىر دەرىجە مائاش قوشۇپ بېرىلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە يەتتە زىيالىي ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالاندى.

1989- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي تېخنىكا مۇتەخەسسىس ئىگىلىرىنى تاللاپ ئۈستۈرۈش، باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر يىلى 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئۇنى باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە مۇكاپاتلاش فوندى قىلدى؛ 5- ئايدا، ۋىلايەت تۇنجى تۈركۈمدىكى 10 كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي تېخنىكا مۇتەخەسسىس ئىگىسىگە نام بېرىش ۋە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى ناھىيە ۋە بىر شەھەرگە پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم، باركۆل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرىگە پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىنى ئەۋەتتى، زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان مۇتەخەسسىسلەر- تېخنىكا مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى قۇرۇپ، زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ بەردى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تۇنجى تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي تېخنىكا مۇتەخەسسىس ئىگىلىرى**

جەدۋەل: 19 – 3

| ئىسىم فامىلىسى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى | ئۇنۋانى |
|---|---|---|---|
| ياڭ چىڭشەن | قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | ياردەمچى ئىنژېنېر |
| ۋاڭ يۇشۇي | ۋىلايەتلىك دورا زاۋۇتى | زاۋۇت باشلىقى | ئىنژېنېر |
| فېڭ لىيچاڭ | قۇمۇل شەھەرلىك قوسقورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى | ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ياردەمچى ئىنژېنېر |
| جاڭ سۇگىيەن | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى | كاندىدات مۇدىر ۋراچ |
| شياڭ سۇگيۇڭ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | ئىچكى بۆلۈم مۇدىرى | كاندىدات مۇدىر ۋراچ |
| ۋېي جىگۇەن | ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى | رېنتگېن بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | مەسئۇل تېخنىك |
| جاڭ شىشياۋ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا مەركىزى | مۇدىر | ئالىي ئاگرونوم |
| چېن فۇيۈن | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا مەركىزى | ئوسۇملۇك ئاسراش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئاگرونوم |
| چېن پېيرېن | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكتى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | كادىر | ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى |
| ئابدۇرېشىت ئەمەت | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوقۇتقۇچى | 2- دەرىجىلىك فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى |

6) **كادىر تەكشۈرۈش** كادىر تەكشۈرۈش كادىرلار خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك دائىملىق خىزمەت. 1950- يىل 2- ئايدىن

1952- يىلى 12- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن 176 كادىرنى يەرلىككە يۆتكىدى. 350 ھەر دەرىجىلىك كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت كادىرى 110) نى تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئاساسلىقى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى پارتىيە. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تولۇقلىدى.

1956- يىلى، كادىرلار قوشۇنىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى، سىياسىي ۋە تارىخىي مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بەش تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ باردى، بۇنىڭدا 7740 كادىر تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدىكى 785 كادىر نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە ئېنىقلىغان ئەھۋاللار كادىرلارنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىندى. 1958- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پرىنسىپ جەھەتتىن ئۈچ دەرىجە (ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا) نىلا باشقۇردى، 1963- يىلى يەنە مۇۋاپىق يىغىۋېلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاشنى كۆچەيتتى؛ «تەكشۈرۈش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە «چىڭ، ئىنچىكە، ياخشى باشقۇرۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ياخشىلىرى تاللاپ ئىشقا قويۇلۇپ، ئارتۇقچىلىقلىرى جارى قىلدۇرۇلدى. 1953 – 1966- يىلىغىچە، ۋىلايەت تاللاپ ئۆستۈرگەن كادىر 447 ئادەم (قېتىم) گە، تەكشۈرگەن كادىر 760 نەچچە ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ۋىلايەت ئىنقىلابىي كومىتېتى سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، كادىرلارنى تەكشۈرۈش ئىشىغا مەسئۇل قىلدى. 1974- يىلى 11- ئايدا، ۋىلايەت تەشكىلات كادىرلىرىنى تەكشۈرۈشنى باشقۇرغاندىن سىرت، بىر مەزگىل يەنە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئادەتتىكى كادىرلار ئىشلىرىنىمۇ باشقۇردى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «تۈزلەشتۈرۈش» «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىك ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمى بويىچە، «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش» ۋە كادىرلار ئىستىلىنى تۈزىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەكشۈرۈلۈپ، كادىرلار سىياسىتىنى ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا ئۆلارنىڭ خىزمىتى يېڭىباشتىن تەكشۈرۈلدى. 1979- يىلى 12- ئايغىچە، ۋىلايەتتىكى 24 تارماق، تۆت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن. مەيدانى، 32 گۇڭشې. مەيدانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىندى ھەمدە ئاراتۇرۇك، باركۆل ناھىيىلىرىنىڭ 1-، 2- قول رەھبەرلىرى تەكشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كادىرلار سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى تەربىيىلەندى ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈلدى. 1980 – 1981- يىللىرى، ناھىيىلەر ۋە شەھەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن، يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتى ئۆرلەش، ئوتتۇرىچە يېشى تۆۋەنلەش، مەلۇماتى يۇقىرىلاش ھالىتى بارلىققا كەلدى. 6- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەتنىڭ خىزمەت مۇھىم نۇقتىسىنىڭ بۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەتنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان 18 كارخانىسى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان 11 خىزمەت ئاپپاراتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەكشۈرۈلدى، سىياسىي قانۇن، باج، پۇل مۇئامىلە، سودا. سانائەت قاتارلىق تارماقلارنىڭ كۈچى تولۇقلىنىپ، كەسىپكە پىششىق، باشقۇرۇشقا ماھىر كىشىلەر رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە قويۇلدى.

1983- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ‹تۈزلەشتۈرۈش› قۇرۇلۇشىنىڭ سەككىز يىللىق (1983 – 1990 - يىلىغىچە) پىلانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ناھىيە، بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سەپلەشكە دائىر كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1984- يىلى، ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى بويىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تارماقلىرى ۋە ناھىيەلەر، شەھەرنىڭ پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەڭشەلدى. تەڭشەشتىن ئىلگىرى، ۋىلايەتتىكى 45 ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت تارمىقىدىكى 98 ئاساسلىق، مۇئاۋىن رەھبەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 52.14 ياش ئىدى؛ تەڭشەلگەندىن كېيىن، 30 تارماقتىكى 78 ئاساسلىق، مۇئاۋىن رەھبەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە 45.11 ياشقا چۈشتى، بەنزە ئىچىدە ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار ئەسلىدىكى %15.3 تىن %43.6 كە يەتتى. ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ پارتىيە- ھۆكۈمەت بەنزىسىدە، تەڭشەشتىن ئىلگىرى 44 كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 53.67 ياش ئىدى، تەڭشەلگەندىن كېيىن، 35 كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 49 ياشقا چۈشتى؛ بەنزىگە يېڭىدىن كىرگەن 17 كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 40.17 ياش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 40 ياشتىن تۆۋەنلەر %52.5 نى ئىگىلەيدۇ، پارتىيە- ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى ئەسلىدىكى 55 ياشتىن 47 ياشقا چۈشتى. تەڭشەلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك، شەھەرلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى ئىچىدە ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار ئەسلىدىكى %2.3 تىن %37 كە يەتتى. ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سەپلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، ۋىلايەتتىكى پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى %34.61 نى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى %54.41 نى ئىگىلىدى. 1984 – 1988 - يىللىرىچە، ۋىلايەت جەمئىي 219 ناھىيە، بۆلۈم دەرىجىلىك بەنزىنى تەڭشىدى.

پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا ۋە «تەشكىلات قانۇن» ىدىكى بەلگىلىمىلەردە چىڭ تۇرۇلۇپ، ناھىيەلەر ۋە شەھەردىكى يۇرۇشلۇق بەنزىلەرنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدىن بۇرۇن، ئەسلىدىكى بەنزە ئەزالىرى ۋە ئامما يېڭىدىن كۆرسەتكەن نامزاتلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ياخشىلىرى تاللىنىپ نامزات ئىسىملىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «كارخانا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، كارخانا بەنزىلىرىنى تەڭشەشتە «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كەسپ ئالاھىدىلىكى، ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئىش ئورنى خاراكتېرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىشقا قاراپ ئادەم تاللاش، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش، ئىختىساسلىقلارنى داۋاملىق ئىشلىتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئەندىزە قوللىنىلىپ، ئادەم ئىشلىتىشتە بىر خىل شەكىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، كادىر تەكشۈرۈش خىزمىتى «ئاز، ياخشى، جانلىق باشقۇرۇش» يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدى. 1984- يىلى، كارخانىلار تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. 1985- يىلى، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇش روھى بويىچە، ئورۇنلار تۈرگە ئايرىلىپ، 1- دەرىجە ياكى 2- دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1987- يىلى، مەمۇرىي رەھبەرلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى ئىسلاھ قىلىنىپ، مەمۇرىي مەھكىمە پارتگۇرۇپپىسى ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇزاكىرە قىلىپ كۆرسەتكەن نامزات ئىسىملىكىگە ئاساسەن مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدىغان ھەمدە مەمۇرىي مەھكىمە نامىدا كادىرلارنى تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە مەمۇرىي باشلىقلار مەسئۇل بولىدىغان سىناپ تەكشۈرۈش خىزمىتى يولغا قويۇلدى ھەمدە ئادەم باشقۇرۇش بىلەن ئىشنى باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن كادىر باشقۇرۇش مېخانىزمى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك

پارتكوم كادىر ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇپ، كادىر تەڭشەشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە دادىل ئىزدەندى.

## §2. تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى

### 1. تەشۋىقات قوشۇن قۇرۇلۇشى

1951- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە تەشۋىقات تورى ئومۇمىيۈزلۈك بارلىققا كېلىپ، تەشۋىقاتچى 62 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 52، ئۇيغۇر بەش، خۇيزۇ تۆت نەپەر. 1953- يىلى، يېگىدىن 210 تەشۋىقاتچى كۆپەيتىلدى. 1954- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەشۋىقاتچى 302 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 135، ئۇيغۇر 153، خۇيزۇ 14.

1951- يىلى، ۋىلايەت دەرىجىلىك دوكلاتچى بەشكە، 1953- يىلى يەتتىگە يەتتى. 1952- يىلى، ناھىيىلىك پارتكوملاردا ناھىيە دەرىجىلىك دوكلاتچى سەپلەندى، 1954- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەردەرىجىلىك دوكلاتچى 32گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك دوكلاتچى يەتتە، ناھىيە دەرىجىلىك دوكلاتچى 11، رايون دەرىجىلىك دوكلاتچى 14.

1951- يىلى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردا 84 گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، گېزىت ئوقۇش خادىمى 100 گە يەتتى. 1956- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتتە يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان نەزەرىيە ئۆگىنىش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى قۇرۇلدى.

1959- يىلى، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلار ئىشتىن سىرتقى لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى قۇرۇلدى، ئۈچ ناھىيىدىمۇ ئارقا- ئارقىدىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار ئىشتىن سىرتقى لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى خىزمەت توختاتتى. 1984- يىل 4- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى كادىرلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى (رايون دەرىجىلىك، كېيىن مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى) قۇرۇلدى، بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆمەك ۋىلايەتتىكى كادىرلارنى ماركسىزم- لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى، بولۇپمۇ نۇقتىلىق ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى.

### 2. سىياسىي ئۆگىنىش

50- يىللارنىڭ باشلىرىدا، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى بىلەن تەشۋىقات ھەيئىتى يېتەكچىلىك قىلىشقا، گېزىتلەردىكى مۇھىم ماقالىلەرنى ئۆگىنىشكە مەسئۇل بولدى. ۋىلايەت، ناھىيە ئورگانلىرىدىكىلەر مەلۇماتنى قاراپ يۇقىرى يىللىق، ئوتتۇرا يىللىق، تۆۋەن يىللىق گۇرۇپپىلارغا ئايرىلدى، تەشۋىقات بۆلۈمى ئامېرىكا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە دائىر ھۆججەت، ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. 1953- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىلىپ، تۇققۇز ئاي سەرپ قىلىپ باش لۇشيەننى سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۆگىنىشكە ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگان كادىرلىرىدىن 231 ى قاتناشتى. 1955- يىلى، «بولشېۋىكلار پارتىيىسى تارىخى» نىڭ 9-، 12- بابى شۇنىڭدەك «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەرسلىكى»، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر ھۆججەتلەر ۋە «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات»، پارتىيە 7- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلدى. ئۆگىنىشكە يېتەكچىلەر

مەسئۇل بولدى. 1956- يىلى 2- ئايدا، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارە- ئورگانلاردىكى كادىرلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سىياسىي مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ماركسىزم- لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئۆگىنىلدى. ئالدى بىلەن «بولشېۋىكلار پارتىيىسى تارىخى» ۋە «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەرسلىكى» نى ئۆگىنىش سىنىپىدىن ئىككىسى ئېچىلىپ، ئۆگىنىشكە 530 كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «دېھقانلار سىياسىي دەرسلىكى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى دېھقانلار مەكتىپىنىڭ سىياسىي دەرسلىك ماتېرىيالى قىلدى. 1956 — 1958 - يىلغىچە، خۇسۇسىي سودا- سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك پارتكوم قىسقا مۇددەتلىك لېكسىيە سۆزلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۇكان ئىگىلىرى ۋە سودا- سانائەتچىلەرگە «كاپىتالىزمنى سۇپۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش» توغرىسىدا تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ باردى. 1957- يىلى، ئىستىل تۈزىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 1957- يىلى 2- ئايدا ئېچىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئىشلىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا بەرگەن دوكلاتى شۇنداقلا «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» ھەمدە لىيۇشاۋچىنىڭ 8- قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتى ئۆگىنىلدى. 1958- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە يېزىلاردا پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنى تەربىيىسى مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، ۋىلايەتتە «سوتسىيالىستىك تەربىيە كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتكە كونكرېت مەسئۇل قىلىندى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئۆگىنىشكە ماسلىشىپ، ئىككى قارار يېزا، گۇڭشې كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 134 كىشىنى تەربىيىلىدى. 1959- يىلى، ۋىلايەتتە تۆت ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ «خەلق گۇڭشېسىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» ئۆگىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورگان كادىرلىرى ئارىسىدا «ئاتېئىزم» تەشۋىقات - تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. 60- يىللاردا، سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئاساسلىقى ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى ۋە شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، شيۇجېڭجۇيىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر ماقالىلەر ئۆگىنىلدى، ئۆگىنىشكە ۋىلايەت بويىچە 519 تەربىيىچى ۋە 8116 پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرى قاتناشتى. 1960- يىلى 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە 107 كادىر قاتناشقان كۇرس ئېچىلىپ، ئاساسلىقى ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيە ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆگىنىلدى. 1961- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1963- يىلى 7- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە بەش قارار كۇرس ئېچىلدى، كۇرسقا رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 563 كادىر نۆۋەت بىلەن قاتنىشىپ، ئاساسلىقى مەركەز تۈزگەن «سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «پارتىيە تۇرمۇشىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» نى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ كۇرستا قىلغان دوكلاتلىرىنى ئۆگەندى. 1960- يىلى، زاۋۇت، كارخانىلار، شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1961- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم يەنە ھاكىم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورگان كادىرلىرىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى نۇقتىلىق تۇتتى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتى» قاتارلىق يەتتە پارچە ماقالە ئۆگىنىلدى. 1963- يىلى 3- ئايدا، كادىرلار ئارىسىدا شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش سىياسىي ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. ئامما ئارىسىدا ئاساسلىقى پارتىيە 8- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 10- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى تۇتقا، سىنىپىي كۈرەش مەركەز قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلدى. 1964- يىلى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بويىچە 747 گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «لىبېرالىزمغا قارشى تۇرايلى» ۋە «ياشلار ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى» قاتارلىق يەتتە پارچە ماقالە ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 1964 — 1966 - يىلغىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئارقا- ئارقىدىن ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشنى، كادىرلارنىڭ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4- تومىنى ئۆگىنىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. 1968- يىلى 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1- نۆۋەتلىك ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئاكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 205 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ماۋجۇشى

ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ ۋە ئالماشتۇرۇلۇپ، 35 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 141 ئاكتىپ تەقدىرلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاممىۋى خاراكتېرلىك سىنىپىي كۈرەش تەربىيىسىنى تۇتۇپ، «تۆت تارىخ» (ئائىلە تارىخى، كەنت تارىخى، شەخسنىڭ ئۆسۈپ- يېتىلىش تارىخى، كۆڭۈلسىز تارىخ) نى تۈزۈپ 2 چىقىپ، «شەھەر ئىچى سىنىپىي كۈرەش كۆرگەزمىسى» نى ئۇيۇشتۇردى، كۆرگەزمىنى كۆرگەنلەر 27 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىنتايىن سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى بىلەن، سىياسىي ئۆگىنىشتە شەكىلۋازلىق قىلىش، شەخسكە چوقۇنۇش، مېتافىزىكا ئەۋج ئېلىپ، سىياسىي نەزەرىيە تەربىيىسى تۈيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خاتا نەزەرىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 1976- يىلىنىڭ ئاخىرى، كادىرلار جىياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ پارتىينى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىنى، رەزىل جىنايەت پاكىتلىرىنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي سەپسەتىلىرىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىشقا تەشكىللەندى. 1977- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلار ۋە ئاممىنى «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5- تومىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، ۋىلايەت بويىچە 5190 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ۋە كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسقا قاتناشقانلار 200 مىڭغا يەتتى. 1978- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەت ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى، دېگەن تېمىدا ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرىنى قانات يايدۇردى، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ۋىلايەتتىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن 40 نەچچە كىشى قاتناشقان تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۆستۈردى. 1979- يىل 6- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، بىر قىسىم كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ، بىر تۈركۈم نەزەرىيە تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، 1980- يىلى، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ھۆججەتلەر ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتى ئۆگىنىلىپ، تۆت قارار تەربىيىچىلەر ئۆگىنىش كۇرسى ۋە كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىلىپ، 173 نەزەرىيە تايانچىسى تەربىيىلەپ چىقىلدى. 1982- يىلى، پارتىيە 12- قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلىپ، 242 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. 1983- يىلى، «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۆگىنىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە كۇرس ئېچىلىپ، تەشۋىقات، نەزەرىيە كادىرلىرى گۇڭشېلارغا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن- مەيدانلىرىغا بېرىپ سەييارە دەرس سۆزلىدى.

1986 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا ئاساسلىقى ماركسىزم- لېنىنىزم نەزەرىيىسى بويىچە مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، ئاساسلىقى «ماركسىزملىق پەلسەپە پروگراممىسى»، «ماكسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەت سىياسىتى»، «سىياسىي- ئىقتىساد ئىلمى»، «ئىلمىي سوتسىيالىزم» ۋە «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاساسىي مەسىلىلەر» ئۆگىنىلدى، بۇنىڭدا مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىش، تارقاقلاشتۇرۇپ ئوقۇتۇش، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش يولغا قويۇلدى. 1987- يىل 1- ئايدا، 3000 كادىر 12 ئىمتىھان رايونىدا ئىمتىھانغا قاتناشتى، بۇ، ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك كادىر سانىنىڭ 43% ىنى ئىگىلىدى، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.8% گە يەتتى. 1988- يىلى، پارتىيە 13- قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى قانالملار بويىچە ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى، ۋىلايەتلىك پارتكوم 228 ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك كادىر قاتناشقان ئۈچ قارار ئۆگىنىش كۇرسى ۋە بىر قارار 136 نەزەرىيە تايانچىسى قاتناشقان مۇھاكىمە كۇرسى ئاچتى. 1987- يىل 1- ئايدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

سىياسىي تەربىيە چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، 1989- يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا بېيجىڭدا سىياسىي ۋەقە يۈز بەرگەندە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەي، قۇمۇلنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيىتى قوغداپ قېلىندى.

### 3. ۋەزىيەت تەربىيىسى

1949- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2- جۈننىڭ كوماندىر جەڭچىلىرى قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، شەھەر ئاھالىلىرى يىغىنى ئېچىپ، جۇنجاڭ گوپېڭ، سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋلار شەھەر ئاھالىلىرىغا ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلدى. 1950- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش، ئازادلىق ئارمىيىگە ياردەم بېرىش، باندىت تازىلاش ۋەزىيەت تەربىيىسى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1951 – 1952 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت- ماكانىنى ۋە دۆلەتنى قوغداش تەربىيىسى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى؛ دېھقانلارغا ۋەتەننى سۆيۈش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، تەربىيە ئالغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 80% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا يەنە ۋىلايەتتىكى ئىدارە- ئورگان، مەكتەپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش بويىچە «ئورتاق مۇداپىئە كۆرۈش ئەھدىنامىسى» گە ئىمزا قويۇش ۋەزىيەت تەربىيىسى ۋە پۇل- مال ئىئانە قىلىپ، ئايروپىلان، زەمبىرەك سېتىۋېلىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1955- يىل 2- ئايدا، ۋىلايەت بىر ئاي داۋام قىلغان «ئاتوم قورالى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش بويىچە ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى» نى قانات يايدۇردى، ۋىلايەت بويىچە 68 مىڭ 700 كىشى دۇنيا تىنچلىق كېڭىشىنىڭ «پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە چاقىرغان مۇراجىئەتنامىسى» گە ئىمزا قويدى، ئىمزا قويغانلار ۋىلايەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 87.7% ىنى ئىگىلىدى.

50- يىللارنىڭ ئاخىرى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن مەزگىلدە، ۋىلايەتلىك پارتكوم «دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى»، «يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىقنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش»، «يېزىلاردىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت مەسىلىسى» ۋە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇش» تىن ئىبارەت تۆت مەخسۇس تېما بويىچە ۋەزىيەت تەربىيىسى ئېلىپ باردى. 1963- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم «كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى ۋە دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇشقا تەشكىللەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چۈشۈرۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى شېئىر ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاساسلىقى ئاتالمىش پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش نەزەرىيىسى ئۆگىنىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى چوڭقۇر پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زەھىرىنى تازىلىدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا پائال ئاتلاندى.

### 4. ئىجتىمائىي تەشۋىقات خىزمىتى

1949- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇمۇل بازىرىغا كىرگەندە، كوچىلارغا

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرگە چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى چاپلاندى، كوچىلاردا يەنە ئازادلىق ئورۇشىغا دائىر رەسىم كۆرگەزمىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2- جۇڭ جۇڭبۇسى جۇڭگوشەنتاڭدا «قۇمۇلنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش ئارمىيە- خەلق يىغىنى» ئاچتى، گوبېڭ، ۋاڭ ئېنماۋلار ھەر مىللەت خەلقىگە كومپارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مۇقىملاشتۇردى. 1951- يىلى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى» داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىندى، ناھىيىلەر يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى (يىگۇەنداۋ) نىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش بويىچە سەييارە كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇردى. 1951 – 1952 – يىللىرى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلىكى، تەخىرسىزلىكى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنىپ، ھەر مىللەت دېھقانلىرى فېئوداللىققا قارشى كۈرەش قىلىشقا پائال ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 1951- يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلغاندا، شەھەر- يېزىلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 20 مىڭدىن كۆپرەك كىشى كۈچ كۆرسىتىش نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىشتەك جىنايى قىلمىشىغا ئېتىراز بىلدۈردى. يەنە ھەر مىللەت خەلقى چاۋشيەنگە بېرىپ ھال سوراش ئۆمىكى 1- شۆبە ئۆمىكى 3- گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشقا تەشكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ئۇرغۇتۇلدى، ئۇرۇنلار بەس- بەستە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇ يىلى، دوكلاتچىلار، تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1952- يىلى، خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلدى؛ شەھەر- بازارلاردا پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش- باج تاپشۇرماسلىققا، دۆلەتنىڭ مال- مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ، ماتېرىيال ئوغرىلاش ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. 1953- يىلى، ناھىيىلەردە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلىدىكى باش لۇشيەنى ۋە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش توغرىسىدىكى سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى. 1954- يىلى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى (لايىھىسى)» ۋە يېزا ھەمكارلىق كوپېراتىپى تەشۋىق قىلىندى. 1956- يىلى، «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسى (لايىھىسى)» ۋە خۇسۇسىي سودا- سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. 1958- يىلى، ناھىيىلەر خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ۋە تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت باش لۇشيەن توغرىسىدا، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسى توغرىسىدا تەشۋىقاتنى ئانات يايدۇردى. 1959- يىل 8- ئايدا، «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، تېجەشلىك بولۇش توغرىسىدا تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلدى. 1961- يىلى، خەلق ئىگىلىكىنى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى تەشۋىق قىلىندى. 1963- يىلى، يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۇقتۇرۇشى سىناق قىلىنىپ، ئائىلە تارىخى، كەنت تارىخى، گۇڭشې تارىخى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سىنىپىي كۈرەش تەربىيىسى ئۇقتۇرۇشىدىن ئومۇمىي دائىرىگىچە قانات يايدۇرۇلدى، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» ۋە ۋيېتنامغا ياردەم بېرىش، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا

قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى، 1965- يىلى، 32111- بۇرغىلاش ئەترىتى ۋە لېيىڭجۇننىڭ ئىش- ئىزلىرىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تەشۋىق قىلىندى. 1970 – 1976 - يىللىغىچە، «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلدى.

1979- يىل 4- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھىسى) تەشۋىق قىلىندى؛ 11- ئايدا، جىنايى ئىشلار قانۇنى ئاساس قىلىنغان قانۇن- تۈزۈم تەشۋىقاتى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1980- يىلى، خەلق ئىگىلىكىنى «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى تەشۋىق قىلىندى. 1981- يىلى، «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ بىر قانچە تارىخىي مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ۋە يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەشۋىق قىلىندى. 1982 – 1983 - يىللىرى، پارتىيە 12- قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپە تەشۋىق قىلىندى.

### 5. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقاتى

قۇمۇل كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. 1949- يىل 9- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2- جۈنى قۇمۇلغا كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلدى. 1950- يىلى، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» دىكى مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر مەزمۇنلار ئۆگىنىلدى ۋە تەشۋىق قىلىندى. 1950 – 1951 - يىلىنىڭ بېشىغىچە، ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقىغە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. 1951 – 1953 - يىللىغىچە، مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. 1952- يىل 9 – 10 - ئايلاردا، مىللەتلەر سىياسىتى تەشۋىقات ئېيى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىدارە- ئورگان كادىرلىرى جان- دىل بىلەن چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى يەنىمۇ تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. 1953 – 1956 - يىللىغىچە، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى تەشۋىق قىلىنىپ، چوڭ خەنزۇچىلىق تەنقىد قىلىندى. 1954- يىلى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» تەشۋىق قىلىندى. 1957- يىلى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇق» ى تەشۋىق قىلىنىپ، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر قائىدە- تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلدى، مىللەتلەر ئۆز- ئارا تىل- يېزىق ئۆگەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت دىنىي زاتلىرى تارتىپ چىقىلىپ كۆرەش قىلىندى، نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار پەيدا بولدى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا بۇ خىل ئەھۋاللار تۈزىتىلدى.

80- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك مىللەتلەر سىياسىتى تەشۋىقات - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى. 1983- يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى 5- ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ» دىن ئىبارەت «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇلدى.

مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك پارتكوم ماركسىزم- لېنىنىزملىق مىللەت

نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. 1950- يىلى، «ئورتاق پروگرامما» نىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ماددىلىرى ئۆگىنىلدى. 1953- يىل 9- ئايدىن 1954- يىل 1- ئايغىچە، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى 1058 ئورگان كادىرى مەلۇماتى بويىچە ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگەندى.

1980- يىلدىن كېيىن، مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. 1986- يىلى، «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئۆگىنىلدى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مىللەت نەزەرىيىسى لېكسىيىسى ئورۇنلاشتۇردى، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سۆزلەش ئۆمىكى مىللەت نەزەرىيىسى بىلىملىرىگە دائىر 40 تېما ۋە 11 مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىنى بېسىپ تارقاتتى. 1987-1988- يىللىرى، 200 دىن كۆپ ھەر مىللەت نەزەرىيە تايانچىسى قاتناشقان تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئازسانلىق مىللەت يېزىقىدىكى مىللەت نەزەرىيىسى ئوقۇشلۇقى سېتىۋېلىندى، كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە 14 مىڭ 629 كادىردىن ئىمتىھان ئېلىندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىمتىھان نەتىجىسى 87 گە يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 200 دىن ئارتۇق كىشى مىللەت نەزەرىيىسى، مىللەتلەر سىياسىتى ئاساسىي بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى.

ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەردەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1980- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىك سەپ بۆلۈمى 3000 پارچە «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن قوللانمىنى بېسىپ تارقاتتى. 1986- يىلى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتى مەسىلىسىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئاساسەن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى. 1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرى «قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەش ۋە تىجارىتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەش ۋە باشقۇرۇشقا قارىتا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى.

1990- يىلغا قەدەر، ئۇدا سەككىز يىل «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نۇرغۇن نەمۇنە كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. 1982 – 1990 - يىلغىچە، ئۇدا تۆت قېتىم تەقدىرلەش يىغىنى ياكى نام بېرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك 83 مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، 223 ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلدى. 1989- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىككىدە نەمۇنە شەھەر» دېگەن نام، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى، تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، يامانسۇ كانغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن» دېگەن نام، 1990 – يىل 8 – ئايدا بىگتۈن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى – تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئىدارە»، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ناھىيە» دېگەن نام بېرىلدى.

### 6. مەنىۋى مادەنىيلىك تەشۋىقاتى

1982- يىل 3- ئايدا، ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇش» ئەھۋالى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىلدى. قۇمۇل شەھىرىدىكى ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تۆت «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تازىلىق رايونى، سەككىز «قىزىل گۈلستۈكلار تازىلىق رايونى» ۋە تۆت «قىزىل

كالۋىستۇكلۇقلار قاتناش نازارەت ئورنى» قۇرۇلدى. 1982- يىلى 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى كومىتېتى (كېيىن نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلدى، مەنىۋى بۇلغىنىشنى تۈگىتىش كۈرىشى ئېچىلدى. مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيىدىكى يەكشەنبە كۈنلىرى، ئورۇنلار خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1985 - يىلى 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شۆبە ھەربىي رايونى، 8- ئاۋئاتسىيە مەكتىپى ۋە بىگتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشتىكى 13 ئىلغار ئورۇن، 20 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. سانائەت، قاتناش كارخانىلىرى زاۋۇت قائىدە- بەلگىلىمىلىرىنى، يېزىلار يېزا قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىلىرىنى، مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار مەدەنىي بولۇش قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 1987- يىلى 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 2- قېتىملىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك 66 مەدەنىي ئورۇن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى 31 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 99 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. 1987 – 1990 - يىللىغىچە، قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭ بويىچە 14 شەھەرنىڭ «ئۈچتە ئەلا، بىردىن تۈگىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدە ئۈدا تۆت قېتىم بىرىنچى بولدى. 1990- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تۈتكۈزۈۋېلىشى بىلەن قۇمۇل شەھىرى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر (ناھىيە)» دېگەن نام بېرىلدى.

7. پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى

1) پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش 1950- يىلى، ۋىلايەتتە پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەم پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، ھەم پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش چىڭ تۇتۇلدى. 1955- يىلى 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى، 2- يىلى 9- ئايدا، ئۇنىڭ نامى ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپىدىن ئۈچى، يېزا- بازارلىق پارتىيە مەكتىپىدىن 17 سى، كارخانا پارتىيە مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 3328 پارتىيە ئەزاسى، 549 پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپى تەربىيىلەندى.

1956- يىلى، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاساسلىقى كوممۇنىزم ئاساسىي نەزەرىيىسى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پروگراممىسى قاتارلىقلار ئۆگىنىلدى. 1957- يىلى 11- ئايدا، پارتىيە دەرسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، ئاساسلىقى «پارتىيە نىزامنامىسى» ئۆگىنىلدى. 1963- يىلى 12- ئاي، 1964- يىلى 2- ئايدا، ئىككى قارار پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاساسلىقى «بىر ياخشى كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى بولايلى» ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 10 ماددىلىق ئۆلچىمى ئۆگىنىلدى. 1965- يىلى 12- ئاي، 1966- يىلى 3- ئايدا، ئىككى قارار پارتىيىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاساسلىقى «بىر ياخشى كومپارتىيە ئەزاسى بولايلى» ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 10 ماددىلىق ئۆلچىمى، «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ؟» قاتارلىقلار ئۆگىنىلدى. 1977- يىلى 3- ئايدا، بىر قارار پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5- تومى ۋە «10 چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» قاتارلىقلار نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى. 1979- 1982- يىللىغىچە، توققۇز قارار پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاساسلىقى پارتىيە

قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى، پەلسەپە قائىدىلىرى، سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى، يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپە، «ئاساسىي قانۇن»، «مىزان»، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «زىددىيەت توغرىسىدا»، «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ بىر قانچە تارىخىي مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ۋە مىللەتلەر سىياسىتى قاتارلىقلار ئۆگىنىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە دەرسى تەربىيىسىدە «بەش بولۇش» (پىلان بولۇش، تۈزۈم بولۇش، تەكشۈرۈش بولۇش، خۇلاسە بولۇش، باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش) ۋە «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» (تەربىيىلەش ۋاقتى، مەزمۇنى، خادىم، ئۈنۈم) نى ئىشقا ئاشۇردى؛ يەنە كومپارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «ئالتىنى ئۆگىنىش» (نەزەرىيە ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، سىياسىينى ئۆگىنىش، ئىلىم- پەن ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، باشقۇرۇشنى ئۆگىنىش» ۋە «تۆتتە نەمۇنە بولۇش» (ئۆگىنىشتە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتتە، تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتا، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەكىتلىدى.

1989- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن غۇلجا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغار ئىش- ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پارتىيە دەرسى تەربىيىۋى چاتما فىلىمى «بوستانلىقتىكى ئالىيجاناب روھ» نى ئىشلىدى. 1990- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن غۇلجا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ «ئۇلار ئىش ئورنىدا» ناملىق مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ كۆرسىتىپ، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ۋىلايەتتىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى سەپلەردە مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى.

2) پارتىيە مەكتىپى تەربىيىسى 50- يىللارنىڭ باشلىرىدا، غۇلجىنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن ئارقىدا قالغانىدى. غۇلجىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى زور بىر تۈركۈم كادىرلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى. 1955- يىل 3- ئايدا، غۇلجا ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلار مەكتىپىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى، ئۈچ ئاي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، شۇ يىلى 7- ئايدا، ئوقۇش باشلاندى. 1956- يىل 9- ئايدا، غۇلجا ۋىلايەتلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ نامى ج ك پ غۇلجا ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ئەسلىدىكى كادىرلار مەكتىپى ئاساسىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يەنىمۇ تولۇقلىنىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، پارتىيە مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۆلەمگە ئىگە، كادىرلارنى تەربىيىلەش تەلىپىگە ئاساسەن ئۆيغۇنلىشالايدىغان بازىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، غۇلجا ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ۋەزىپىگە ماسلىشىپ، تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى داۋاملىق ئېچىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر ساھە، ھەر كەسىپلىرى ئۈچۈن كادىر يېتىشتۈرۈپ بەردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پارتىيە مەكتىپى تاقىلىپ قالدى. 1975- يىلى مەكتەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983- يىلى، پارتىيە 12 قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئىلگىرىكى مۇنتىزىم تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىشتىن،كادىرلارنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىشقا ئۆتتى، ئىدىيىۋى ئېڭى بىر قەدەر يۇقىرى، نەزەرىيىۋى ئاساسى بىر قەدەر پۇختا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئوقۇتۇشنىڭ 1- سېپىگە تولۇقلاپ، مەكتەپنىڭ نەزەرىيە ئوقۇتۇش قوشۇنىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەكتىپى تەربىيىسىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، پارتىيە مەكتىپىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇردى.

1985 – 1990- يىلغىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە ئۈچ قارار ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، مەدەنىيەت سىنىپى، سىياسىي خىزمەت سىنىپى، كادىرلار بىلىم

ئاشۇرۇش سىنىپىدىن 11 ى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدىن بەشى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش سىنىپى ئېچىلىپ، سىياسىي نەزەرىيە، ئىگىلىك باشقۇرۇش، كاتىباتلىق، مەمۇرىي باشقۇرۇش، كاتىباتلىق - ئارخىپ قاتارلىق تۆت كەسىپ تەسىس قىلىندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 447 گە، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 143 كە يەتتى. پارتىيە مەكتىپى يەنە ۋىلايىتىمىزدىكى پارتىيە- ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن قىسقا مۇددەتلىك تەربىيلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى.

1990- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئوقۇتۇش ۋە ئارقا سەپ كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسى شەكىللەندى، مەكتەپ بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 71 گە، خىزمەتتىكى خادىم 61 گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 27 ( بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئالىي ئۇنۋانى بارلار ئۈچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 10، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 10) گە يەتتى. 1985- يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 7 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى بەش.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، پارتىيە مەكتىپىمۇ ئىچكى قىسمدا ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. مەكتەپ باشقۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزدى. مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئىلگىرىكىدەك ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيلەشنى ئاساس قىلىشتىن، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە سىنىپ ۋە قېتىم سانىنى ئاساس قىلىپ تەربىيلەشكە ئۆتتى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە، ئىلگىرىكىدەك سىستېمىلىق قائىدە سۆزلەشنى ئاساس قىلىشتىن، مەخسۇس تېما بويىچە سۆزلەشنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈپ، ئوقۇتۇشنى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشقا ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ، «ئۆگەنگەننى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش» روھىنى گەۋدىلەندۈردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلمىسى خېلى مۇكەممەل، باشقۇرۇشى قاتتىق، ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، مۇئەييەن ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە ئوتتۇرا تېخنىكوم تۈزۈلمىسىدىكى مەكتەپكە ئايلاندى.

## §3. بىرلىك سەپ خىزمىتى

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، ج ك پ نىڭ ئالتە ئەزاسى بولۇپ قۇمۇلدا خىزمەت قىلدى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى، مىللەتلەر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، جۇڭگو- سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارقىلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىپ، بىرلىك سەپ خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ خىزمىتى بۆلۈمىنى تەسىس قىلدى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بىرلىك سەپ بۆلۈمى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، بىرلىك سەپ خىزمىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1974- يىل 11- ئايدا، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە 11-، 12- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى

ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى ئالاقە باشقارمىسى بىلەن بولغان مەسلىھەتلىشىش ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىك نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى.

**1. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش**

1950- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتىكى كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 27.71% نى، شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا تەۋە كادىرلار 7.66% نى، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن كادىرلار 12.16% نى ئىگىلىدى. كادىرلار ئىچىدە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا، «دوستنى كۆپەيتىش، دۈشمەننى ئازايتىش» پرىنسىپى بويىچە، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە بىرلىك سەپ سىياسىتىگە ئاساسەن، ۋىلايەت جەمئىي 44 يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلارنى قوغداپ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەتئىي قوغدالغىنى 19، ئادەتتىكىچە قوغدالغىنى 16، ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈلگىنى 9؛ ئۈچ ناھىيىدىن 76 مىللىي، دىنىي زات قوغداپ قېلىندى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە جەمئىي 120 مىللىي، دىنىي زات ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى دېموكراتىك زات قوغداپ قېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇئاۋىن ۋالىي لى رۇي، ئابدۇل ھېمىت ھاجى ئاخۇنۇم قاتارلىقلار بار. يەنە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ۋاقىتلىق مىللەتلەر كومىتېتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ئارقىلىق، ھەر مىللەت، ھەرساھە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىغا ھەمدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا كەڭ دائىرىدە قاتناشتۇرۇلدى. 1954- يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك سايلامدا، يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلدى، ئۈچ ناھىيىدىكى 225 ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىچىدە، يۇقىرى قاتلامدىكى زاتتىن 31 ى بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 13.7% ىنى ئىگىلىدى؛ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلانغان 9 كىشى ئىچىدە، دېموكراتىك زاتتىن تۆتىسى بولۇپ، 44.4% نى ئىگىلىدى؛ ئومۇمىيۈزلۈك سايلامدا سايلاپ چىقىلغان ناھىيىلىك خەلق كومىتېت (ھۆكۈمەت) لىرىنىڭ 47 ئەزاسى ئىچىدە، يۇقىرى قاتلامدىكى زاتتىن 25 ى بولۇپ، 53.19% نى ئىگىلىدى. 1954- يىل 10- ئايدا، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، دېموكراتىك زاتتىن 14 ى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى جەمەت ئاقساقاللىرىدىن ئىككىسى، يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي زاتتىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتتىن يەتتىسى، سودا- سانائەت ساھەسىدىكى زاتتىن بىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئورگىنىدىكىلەردىن ئۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئەزالىرى ئىچىدىكى پارتىيىسىز زات 63% نى ئىگىلىدى. خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكەندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە سودا- سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار ئارىسىدىكى يۇقىرى قاتلامدىكى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە 51 كىشى دىرېكتور، زاۋۇت باشلىقى، مۇدىر، گۇرۇپپا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى، چارۋىدارلار ۋە ۋەكىل خاراتېرىگە ئىگە كىشىلەر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەملىكەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەزاسىدىن بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسى ئەزاسىدىن ئىككىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن يەتتىسى، ناھىيىلىك خەلق ۋەكىلىدىن 32 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1956 – 1957 - يىللىرى، گەنسۇ، چىڭخەيگە كۆچۈپ كەتكەن چارۋىچىلار شىنجاڭغا قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىپ، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىي تاغ، تاشۆيلىق ۋە باركۆل ناھىيىسىگە جەمئىي 477 كىشى ئورۇنلاشتى، قايتىپ كەلگەن قەبىلىنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ئەسلىدىكى دەرىجىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1950- يىلى، ناھىيىلەردە ھەر مىللەت، ھەرساھە خەلقىنىڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دائىمىي كومىتېتى

(دائىمىي ئورگان ئەمەس) قۇرۇلۇپ، دائىمىي كومىتېتقا دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلاردىن نامان ئاخۇنۇم، ئابدۇۋاھىت ھاجىلار قويۇلدى. 1951- يىلى، ئۈچ ناھىيىدىكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئورگىنىنىڭ 39 دائىمىي ئەزاسى ئىچىدە دىنىي زاتلاردىن ئالتىسى بولۇپ، 15.38% نى ئىگىلىدى. 1955- يىلى، ناھىيىلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياكى دائىمىي ئەزالىقىغا بىردىن ئارتۇق دىنىي زات قويۇلدى. يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى تەسىر دائىرىسى چوڭ بولغانلىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشلەرگە، 1954- يىلى، ئابدۇۋاھىت ھاجى، نامان ئاخۇنۇملار تۇنجى بولۇپ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولدى. 1958- يىلى ۋە 1962- يىلى قۇمۇلدىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولغان ئالتە كىشى ئىچىدە دىنىي زاتتىن ئىككىسى بار. 1986- يىلى، قۇمۇلدىن 10 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق 5- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي زاتتىن ئۈچىسى بار.

1953- يىلى، نامان ئاخۇنۇم، سۇلايمان داموللا (قازاق) لار مەملىكەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. كېيىنكى نۆۋەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى يىغىنلىرىغا قومۇلدىن ئىككى ۋەكىل قاتناشتى. 1986- يىلى، قۇمۇلدىن سەيدۇللا سېيىت ئاخۇنۇم، جاپپار ھاجى (قازاق) قاتارلىق ئىككى دىنىي زات قاتناشتى. 1956- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا، قۇمۇلدىن 10 ۋەكىل قاتنىشىپ، تۆت كىشى ئەزالىققا سايلاندى. 1988- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ 4- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قۇمۇلدىن توققۇز ۋەكىل قاتنىشىپ، بەش كىشى ئەزالىققا سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرىدىن ئوسمانشاھ ھاجى، باركۆل ناھىيىسىدىن ئۇرۇم دامولla دائىمىي ئەزالىققا سايلاندى، 1983- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا، باركۆل ناھىيىسىدىن گۈاگبۇلاما (موڭغۇل) يىغىنغا قاتناشتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 389 دىنىي زات ئىچىدە 100 كىشى سىياسىي ۋەزىپىگە قويۇلدى. تەرەققىيپەرۋەر يۇقىرى قاتلامدىكى دېموكراتىك زات لى رۇي 1935- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، مىنگو دەۋرىدە ئۇ قۇمۇلنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مۇئاۋىن ۋالىي بولغان، 1963- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا، 1979- يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىككى نۆۋەتلىك دائىمىي ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن، ئۇ 70 يېشىدا دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، يەنىلا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

يۇقىرى قاتلامدىكى مىللىي زاتلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىل داۋامىدا، ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. 1957- يىلى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدىكى دېھقانلار پىتنە ـ ئېغۋالارغا ئىشىنىپ، گۆشكىغا تاپشۇرغان چارۋىلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى كوللېكتىپ تەلەپ قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، بىرلىك سەپ تارماقلىرى ئادەم ئەۋەتىپ خىزمەت ئىشلىدى، دىنىي زاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەمكارلاشتى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار بۇلاپ كەتكەن چارۋىلارنى گۆشكىغا قايتۇرۇپ بەردى، يېزا بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ئالىي كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1985- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈر كانىدا ئېغىر دەرىجىدە كان ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئوسمانشاھ ھاجى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كان رايونىغا شۇ ھامان يېتىپ بېرىپ، قازا قىلغان كان ئىشچىلىرىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ، كان رايونىنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغدىدى. شۇ يىلى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى قاراسۇ كەنتىدىكى دېھقانلار بىلەن بىگتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانى ئارىسىدا يەر ماجىراسى يۈز

بەرگەندە، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيدۇللا ئاخۇنۇم ئۆزى قاراسۇغا بېرىپ دېھقانلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى قايىل قىلىپ، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، يەرلىك بىلەن بىڭتۈەننىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىللىي، دىنىي زاتلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1958- يىلى 22 مىڭ يۈەن، 1984- يىلى 40 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 389 دىنىي زات بار بولۇپ، تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولغىنى 119 كىشىگە يېتىپ، 30.59% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىدىكىلەر 117، خىرىستىئان دىنىدىكىلەر بىر، بۇددا دىنىدىكىلەر بىر، پۈتۈن يىلدا جەمئىي 63 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى تارقىتىلىپ، ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 190 يۈەن، ئەڭ ئاز بولغاندا 25 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى.

قۇمۇلدىكى يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار پارتىيىگە ئىشەندى ۋە پارتىيىدىن مىننەتدار بولدى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى 98 ياشلىق نوپۇزلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇۋاھىت ھاجى: «مەن بىر ئۆمۈر كومپارتىيىگە ئەگەشتىم، مەن ئوغۇللىرىم، نەۋرە- چەۋرىلىرىمنى پارتىيىگە مەڭگۈ ئەگىشىپ مېڭىشقا دەۋەت قىلىمەن» دېدى.

1985- يىلىدىن باشلاپ، مىللىي، دىنىي زاتلار ۋە ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار ناھىيىلەرنىڭ ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

**2. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى بىرلىك سەپ زاتلىرىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش**

1950 – 1951- يىللىرى، باركۆل ناھىيىسىدە تۆت قېتىم ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى، تۆت قېتىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى جەمەت ئاقساقاللىرى يىغىنى، ئۈچ قارار چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى.

1951- يىل 3- ئايدىن 10- ئايغىچە، باركۆل ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى 140 كىشى قاتناشقان ئىككى قارار يۇقىرى قاتلامدىكى مىللىي زاتلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە «ئورتاق پروگرامما» نى ئۆگەندى. 1953- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئالتە قېتىم ھەر مىللەت ساھەدىكىلەر سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 265 دېموكراتىك زات قاتناشتى. 2- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم تۇنجى قېتىملىق بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. 1962- يىلى، يۇقىرى قاتلام زاتلارنى ئۆگىنىش، ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، تەربىيىگە ئىگە قىلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم 50- يىللاردىن باشلاپلا، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى. 1957- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ج ك پ 8- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، يېڭىدىن كەلگەن كادىرلارغا قارىتا مىللەتلەر سىياسىتى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، ئۆزئارا تىل- يېزىق ئۆگىنىشكە دائىر تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى. 1980- يىلى، ۋىلايەتتە مىللەتلەر سىياسىتى بويىچە قايتا تەربىيە قانات يايدۇرۇلۇپ، كادىرلار مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللىنىپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلدى؛ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلايلى» دېگەن كىتاب بېسىپ تارقىتىلدى. 1983- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى 5- ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلدى. 1987- يىلىدىن كېيىن، مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىشتە، مەركەزنىڭ «مىللەتلەر خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئىزچىللاشتۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

زور بىر تۈركۈم ئادەتتىكى دىنىي كەسپىي خادىملارغا قارىتا، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك بىرلىك سەپ تارماقلىرى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، سىياسەت ئۆگىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشنى ئۆستۈرۈشكە دائىم تەشكىللىدى. 1959 – 1960 - يىللىرى، باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن سىياسىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ، دىنىي زاتلار ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى، 48 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، ئۆگىنىشكە 580 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.1961- يىلى ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، ھەر يىلى يېرىم يىللىق ۋە ئىككى ھەپتىلىك دىنىي زاتلار ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، دىنىي زاتلار دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ ۋەزىيىتى شۇنداقلا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1961 – 1990 - يىلغىچە، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتە ئۆگىنىشكە قاتناشقان دىنىي زاتلار ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تېگىشلىك بارلىق خادىملارنىڭ 71.99% ىنى ئىگىلىگەن، يەنە ئۈچ ئىسلام دىنىي كەسپىي خادىمى، ئىككى خىرىستىئان دىنىي كەسپىي خادىمى تاللاپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان دىنىي خادىملار ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى.

1961- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتە ئۈچ قارار خۇسۇسىي سودا- سانائەت ساھاسىدىكى زاتلار ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى مىللىي، دىنىي زاتلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. 1961 – 1990- يىلغىچە، بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى زاتلار ئۆگىنىش كۇرسىدىن جەمئىي 42 قارار ئېچىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 1580 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى- سىرتىدا ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمغا، ۋەتىنىمىزگە بولغان مېھرى- مۇھەببىتى ئاشۇرۇلدى. 1963- يىل 9- ئايدىن 11- ئايغىچە ۋە 1984- يىل 7- ئايدا، ئىككى قېتىم 75 كىشى ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى 57 كۈن ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەندى.

3. پارتىيە سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1957- يىلدىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە 1959- يىلدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، كېڭەيتىۋېتىش تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم زىيالىيلارغا ۋە دېموكراتىك زاتلارغا ئازار بېرىلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنە بىر قىسىم بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى زاتلارغا ئازار بېرىلدى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەدرىجىي پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى، دىن سىياسىتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە زىيالىيلار، مۇھاجىرلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، سابىق گومىنداڭدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى قايتا ئەمەلىيلەشتۈردى. 1958- يىلى خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ قويۇلغان 237 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت بويىچە 144 كىشى «ئوڭچى» قىلىپ قويۇلغان، باشقىلىرى سىرتتىن كەلگەن ) ۋە 1959- يىلى خاتا ھالدا يەرلىك مىللەتچى قىلىپ قويۇلغان 49 كىشىنىڭ ھەممىسىنى ئاقلاپ ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. 190 سودا- سانائەتچىگە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى 47 چارۋىدارغا 52 مىڭ 600 يۈەن پاي پۇلى ۋە تۇراقلىق ئۆسۈم قايتۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا (كارخانىلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن) كاپىتالىستلار ۋە چارۋىدارلارنىڭ مائاشى، تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى تولۇقلاپ بەردى.

سودا- سانائەت ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مۇسادىرە قىلىنغان 109 مىڭ 300 يۈەن ئامانەت پۇلىنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇپ بېرىلدى، تۇتۇپ قېلىنغان 161 مىڭ يۈەن مائاشى، بېرىلمىگەن 18 مىڭ 500 يۈەن تۇراقلىق ئۆسۈمنىڭ ھەممىسى تولۇقلاپ بېرىلدى، بېزىلارغا كەتكۈزۈۋېتىلگەن 25 سودا - سانائەتچى

شەھەرگە قايتىپ كەلدى.-سىياسىي كىبگەش ئەزالىرى ئىچىدىكى خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان 49 كىشىگە قارىتا، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ،تۇرمۇش ياردەم پۇلى تولۇقلاپ بېرىلدى، ئەسلىدە بىر تەرەپ قىلىنغان 45 يوقىرى قاتلام زات ۋە 35 دىنىي زات تۇرمۇش ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كومىنداڭدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلار ئىچىدىكى خاتا مۇئامىلە قىلىنغان 139كىشىگە قارىتا، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بەزىلىرى ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە، تۆت ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، دەپ خاتا بېكىتىلگەن 37 كادىرنىڭ ھەممىسى ئۈزۈل-كېسىل ئاقلاندى، ئاپتونوم رايون 247 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ، ئالاقىدار ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى، يەنە سابىق ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سىيىت قۇربانىنىڭ شەرقىي تۈركىستان قۇمۇل ئىشچى- دېھقانلار بىرلەشمىسىگە دائىر دېلوسى ۋە ما يىمىگىنىڭ دېلوسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىلگىرىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە خاتا بىرتەرەپ قىلىنغان 22 زىيالىي، تەيۋەنلىك قېرىنداش ۋە مۇھاجىرنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا قارىتا ئالاقىدار سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 1775 بىرلىك سەپ ئوبيېكتىدىن 693 كىشىگە قارىتا سىياسەت بويىچە قايتا تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 187، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 41، سىياسىي كېڭەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 145، سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى بىر، 39 كىشى تۇرمۇش ياردەم پۇلى (ئايمۇ ئاي بېرىلىدىغان ۋە ۋاقىتلىق بېرىلىدىغان ئىككى خىل ياردەم پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )دىن بەھرىمان قىلىنىپ، 1990- يىلى جەمئىي 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا دۆلەت مالىيىسىدىن جەمئىي 500 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

### [قوشۇمچە] ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك سىياسىي مەكتەپ

#### 1. ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ

1961-يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ (رايون دەرىجىلىك) قۇرۇلدى. 7- ئاينىڭ 11- كۈنى، سىياسىي مەكتەپتە تۇنجى قارار 50 كىشى قاتناشقان، ئالتە ئايلىق خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەر ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. 2- قارارلىق سودا- سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار ئۆگىنىش كۇرسىدا، تارىخىي ماتېرىيالىزم، ئىجكى - تاشقى ۋەزىيەت، پارتىيىنىڭ كاپىتالىستىك سودا- سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە دائىر سىياسەتلىرى قاتارلىقلار ئۆگىنىش مەزمۇنى قىلىندى. ئوقۇتۇشتا «ئالاھىدە »شەكىل قوللىنىلىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاش، سىلىق مۇئامىلە قىلىش، ئاگلىق بولۇش، ئۆزى ئىختىيارقىلىش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئەركىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش، خۇسۇسىي سودا- سانائەتنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 3- قارارلىق كۇرستا يۇقىرى قاتلامدىكى مىللىي دىنىي زاتلارنى تەربىيلەش ئاساس قىلىندى.

1964- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەت ئەسلىدىكى تراكتور پونكىتىنىڭ 65.8 مو يېرى (ھازىرقى قۇرۇلۇش يولى 7- نومۇر )نى سىياسىي مەكتەپنىڭ ئورنى قىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن سىياسىي مەكتەپ مۇقىم ئورۇنغا ئىگە بولدى، ھەريىلى 2 - 3 قارار كۇرس ئاچتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، سىياسىي مەكتەپ سەككىز يىل تاقىلىپ قالدى.

1974- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975- يىل 2- ئايدا تۇنجى قارار

12 كىشى قاتناشقان كۇرس ئېچىلدى. 1975- يىل 10- ئايدىن 1976- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەكتەپ يەنە تاقىلىپ قالدى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە كادىرلار يېزىلارغا بېرىپ سوتسىيالىستىك تەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى.

1971 – 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەكتەپ جەمئىي سەككىز قارار ئۆگىنىش كۇرس ئاچتى. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپ جەمئىي 24 قارار كۇرس ئاچتى.

1961 – 1990 - يىلىغىچە، سىياسىي مەكتەپ جەمئىي 12 قارار بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى زاتلار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 1580 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى قاتلامدىكى مىللىي زات 194، چارۋىچى ۋە جەمەت ئاقساقىلى 85، دىنىي زات 1104، سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زات 120، باشقىلار 77.

1982- يىل 4- ئايدا، سىياسىي مەكتەپنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى. 1986- يىلى، شتاتى 24 قىلىپ بېكىتىلدى.

2. ناھىيىلىك ، شەھەرلىك سىياسىي مەكتەپ

قۇمۇل ناھىيىسىدە 1960- يىل 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىدە 1959- يىلى سىياسىي مەكتەپ قۇرۇلدى، مىللىي، دىنىي زاتلار ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ۋەزىيەت، سىياسەت تەربىيىسى، شۇنىڭدەك سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. 1966 – 1989 - يىلىغىچە، سىياسىي مەكتەپ تاقىلىپ قالدى، 1990- يىل 11- ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## §4. ئىنتىزام تەكشۈرۈش

1. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى

1950- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلەردىمۇ ئارقا- ئارقىدىن ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 5 - ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ج ك پ قۇمۇل يەرلىك رېۋىزىيە كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى، بۇ كومىتېت ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1964- يىل 10- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل يەرلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ نامى «ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومدا تۇرۇشلۇق رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى »غا ، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىنىڭ نامى « دائىمىي تۇرۇشلۇق رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى» غا ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتتىكى ئالتە زاۋۇت- كان پارتكومىنىڭ تۆتىدە، 19 خەلق كوممۇنىسىنىڭ 11 ىدە پارتىيىنىڭ رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە كەسپىي رېۋىزىيە كادىرلىرى رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۆت كىشىدىن 21 كىشىگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومدا تۇرۇشلۇق رېۋىزىيە گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتى توختىدى. 1979- يىل 1- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تۆت خىزمەتچى خادىم سەپلەندى، كېيىن ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1985- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ خىزمەت تارمىقىدىن ئايرىۋېتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئوخشاش

«بەش يۈزۈش بەنزە» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتى 25 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىر، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۈچ، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەشكىلاتى 18، ۋىلايەت بويىچە كەسپىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى 116.

1. ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

1) ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى 1950 – 1958 - يىلغىچە، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش (رېۋىزىيە) كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش»، ئىستىل تۈزىتىش، ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش، باش لۇشيەن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش»ۋە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش قاتارلىق مەركىزىي خىزمەتلەرنى چۆرىدەپ، سىنىپىي مەيداننى يوقاتقان، ئاينىپ كەتكەن، بۇيرۇقۋازلىق قىلغان، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە بېرىش بولدى. پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان92 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيىدىن چىقىرىش، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئاگاھلاندۇرۇش، نەسىھەت قىلىش، كاندىدات پارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىش قاتارلىق چارىلەر كۆرۈلدى. 1959 – 1966 - يىلغىچە، قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 673 پارتىيە ئەزاسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، لېكىن 1959- يىلىدىكى «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش قىلىشقا جۈرئەت قىلغان بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارغا خاتا چارە كۆرۈلدى. 1962- يىلى تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈلۈپ ئاقلاندى ۋە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىن شەھەر- يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە «تۆتنى ئېنىقلاش » ھەركىتىدە، بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلار يەنە خاتا ھالدا تەنقىد، كۈرەش قىلىندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك پارتكوم رېۋىزىيە كومىتېتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى توختاپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1979- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى 9267 كىشىنىڭ دېلوسى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ تولۇق ئاقلانغىنى 6383 كىشى، قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغىنى 1804 كىشى، ئەسلىدىكى يەكۈن ساقلاپ قېلىنغىنى 572 كىشى، ئىلگىرى يەكۈن چىقىرىلماي، كېيىن يەكۈن چىقىرىلغىنى 498 كىشى. خاتا بىرتەرەپ قىلىنغان ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، چېتىلىپ قالغان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى، ئاز ساندىكى قاتىللار ۋە نامەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئويدۇرۇپ چىقارغانلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىلىپ، ئۇلارغا پارتىيە ئىنتىزام جازاسى ۋە قانۇنىي جازا بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى يەنە ياتكوملارغا ھەمكارلىشىپ، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، پارتىيە ئەزالىرىغا قانۇن- ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى، قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

2) ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش 1950 – 1956 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ھەرخىل ئىنتىزامغا خىلاپلىق

قىلىش دېلولىرى ئىچىدە، پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەن پارتىيە ئەزاسى 92، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 17، پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلغىنى 19، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى ئىككى، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 41، نەسىھەت بېرىلگىنى 13، جازا بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە ھاكىم دەرىجىلىك كادىر ئۈچ، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 44.

1956 – 1966 - يىلىغىچە، قۇمۇل ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىزم قۇرۇش مەزگىلىگە قەدەم قويدى، ۋىلايەت ئىستىل تۈزىتىش، ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ، «تۆتنى ئېنىقلاش» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى باشتىن كۆچۈردى، بۇ جەرياندا 674 پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 212، پارتىيە ئىچىدە 122، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى 39، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 161، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 140، چارە كۆرۈلگەنلەر پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە، ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىر 18، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 98، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 139.

1979- يىل 3- ئايدىن 1990- يىل 12- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، 12 يىلدا، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 402 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 329 ى ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى % 81.84 كە يەتكۈزۈلدى، 280 پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 49 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، 51 كىشى پارتىيە ئىچىدە ، 17 كىشىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 78 كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، 85 كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. چارە كۆرۈلگەن پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە، ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىر 4، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 25، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 84، ئادەتتىكى پارتىيىلىك كادىر 89، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزاسى 78، 1983- يىل 2 - ئايدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە كادىرلاردىكى ئۆي سېلىش، ئۆي تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار تەكشۈرۈپ چىقىلدى، شەخسىي ئۆي سالغان 348 كادىر ئىچىدە، پارتىيە ئەزاسى 193، ناھىيە دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىر 16، بۆلۈم دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىر 45، ئادەتتىكى پارتىيىلىك كادىر 132، ئۇلار ئىشلىتىۋالغان كوللېكتىپنىڭ ماتېرىياللىرى ۋە قاتناش ھەققىنى تۆلىدى ۋە قايتۇردى، يەرھەققىنى تولۇقلاپ تاپشۇردى، يەنە بەزىلىرى ئارتۇق ئىگىلىۋالغان ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى قايتۇردى. 1982- يىل 1- ئايدىن 1984- يىل 8- ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ماسلىشىپ، ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، ۋىلايەت بويىچە ھەرخىل ئىقتىسادىي دېلودىن 65 ى تۇرغۇزۇلدى ۋە تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتكەسچىلىك دېلوسى ئىككى، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق دېلوسى 15، پارا بېرىش- پارا ئېلىش دېلوسى يەتتە، ھايانكەشلىك، ئالدامچىلىق دېلوسى 26، باشقا دېلو ئۈچ بولۇپ، 54 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 83% بولدى. دېلوغا چېتىشلىق 14 پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، ئىككى كىشى پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلدى، بىر كىشى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئۈچ كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. 1987- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە «ئۈچنى قوبۇل قىلىش، ئىككىنى تۈزگەرتىش» (ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش ۋە يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش، ئىشچىلارنى كادىرلىققا ئۆزگەرتىش) جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى. 1989- يىلى، ۋىلايەتتە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭدا 66 دېلو تۇرغۇزۇلدى، دېلوغا چېتىشلىق دەرىجىلىك كادىر سەككىز، پارتىيە ئەزاسى 30، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر قانۇنسىز ئېرىشكەن 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى ۋە ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارغا چېتىشلىق چوڭ، مۇھىم دېلو سەككىز بولۇپ، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ قايتۇرۇۋېلىنغان ھارام پۇل 168 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتتىكى ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش

كومىتېتلىرى ئىنتىزامغا خىلاپ شەخسىي ئۆي سېلىشنى ئېنىقلاشنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاك- دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتى سۈپىتىدە تۇتتى، 1987- يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە شەخسىي ئۆي سالغان كادىر 583 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 35، رايون دەرىجىلىك كادىر 179، ئادەتتىكى كادىر 369، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىلىك كادىر 353، بۇلاردىن ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغىنى 19، تۈرغۇزۇلغان دېلو 13. تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتە «ئۈچ ئېشىپ كېتىش » مەسىلىسىۇ تەكشۈرۈش بىر تەرەپ قىلىندى. 1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدىكى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ئۇمومىنىڭ پۇلىغا بولۇشغا يەپ- ئىچىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشتەك دېلولارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، پارتىيە ئەزالىرىدىكى ئىنتىزامغا خىلاپ 64 دېلونى تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىپ، 60 دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 55 پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆردى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى.

3) پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى 50 - يىللاردا، پارتىيە ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتەك ئاساسىي ئېغىشقا قارىتا، پارتىيە دەرسى ئۆتۈش، تىپىك دېلولارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش ۋە چارە كۆرۈلگەن پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا تەكشۈرۈش، تەربىيە ئېلىپ بېرىش، تىپىك دېلولارغا دائىر ماتېرىياللارنى تۈزۈپ تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە بېرىلدى.

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، خاتالىق بىخلىرى ئۆز ۋاقتىدا بايقىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.1987- يىلىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ خىزمىتى ئىلگىرىكى «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش»تىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىزىغا سېلىندى، ئۇزۇن مۇددەت «سولچىللىق» خاتالىقىنىڭ ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە بولغان تونۇشى مۈجمەل ئىدى، ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويماي، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە پارتىيە ئاساسىي بىلىملىرى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. 1980- يىل 2- ئايدا، مەركەزنىڭ «پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىر قانچە مىزان» ى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. 1984- يىلى، مەركەزنىڭ «پارتىيە ئىستىلىنى تېزدىن تۈپتىن ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارار» ى ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئىجرا قىلىندى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋىلايەتلىك پارتكومغا «پارتكوملارنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈتۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا دوكلات »نى ئوتتۇرىغا قويدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ پارتكومكلارغا ھەمكارلىشىپ، ھەردەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈتۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تەستىقلاپ تارقاتتى. شۇ يىلى 10- ئايدا، ۋىلايەت تۇنجى قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى بويىچە 24 ئىلغار ئورۇن ۋە 61 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. 1984- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 10 مىڭ 100 پارتىيە ئەزاسى تەربىيىلەندى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋىلايەتلىك پارتكومغا ھەمكارلىشىپ «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش پىلانى»، «پارتىيە ئىستىلى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ۋىلايەتنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى، پارتىيە ئىستىلىنى تۈتۈپ، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى، پارتىيە ئىستىلى بويىچە ئالاقىلىشىش نۇقتىسى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدە پارتكوملارنىڭ پارتىيە ئىستىلى بويىچە ئالاقىلىشىش نۇقتىسى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئالاقىلىشىش ئائىلىسى ۋە پارتىيە ئىستىلىنى نازارەت قىلغۇچىلار تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش

يىغىنى ئېچىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ نازارەت قىلدى. شۇ يىلى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، «تۆت بولۇش»تەربىيىسى ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقتى، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تۆگىنىشكە قاتنىشىپ، تەربىيىگە ئىگە بولدى. 1986- يىلى، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، 93 ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستىلى ياخشى ئورۇن 53 بولۇپ، % 57 نى، بىر قەدەر ياخشى ئورۇن 40 بولۇپ، % 43 نى، ناچار ئورۇن بىر بولۇپ، % 1 نى ئىگىلىدى. 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، 40 ئورۇن ۋە شەخس تەجرىبە تونۇشتۇردى. 1987- يىلى، پارتىيە ئىستىلى بويىچە ئالاقىلىشىش نۇقتىلىرى كۆپەيتىلىپ، ئەسلىدىكى يەتتىدىن 36 غا يەتكۈزۈلدى، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرىغا ماسلىشىپ پارتىيە دەرسى ئۆتۈلدى. بۇلۇڭتوغراق يېزىسىدا تۇنجى دېھقانلار پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ياچېيكىسىدىن يۇقىرى پارتىيە تەشكىلاتلىرى 1120 قېتىم پارتىيە دەرسى ئۆتتى، دەرس ئاڭلىغۇچىلار15 مىڭ 344 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت- ژۇرناللاردا 50 تىن ئارتۇق ئورۇن ۋە 150 تىن كۆپرەك ياخشى ئادەم، ياخشى ئىش تەقدىرلەندى، 100 قىسىمغا يېقىن تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ فىلىمى سەييارە كۆرستىلىپ،، كۆرگۈچىلەر 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، تىپىك دېلولار ئاشكارا ئېلان قىلىنىش ئارقىلىق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىگە يېتىلدى. 1988- يىلى ،«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا پاكلىقنى ساقلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈپ، ئىسلاھاتنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش» توغرىسىدا چاقىرىق چىقىرىپ، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. 1990- يىلغىچە، ئالتە قېتىم پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈپ، ئىسلاھاتنى، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى،

4)تارىخىي دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش 1961- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ «تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم رېۋىزىيە كومىتېتىنى ئاساس قىلىپ، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، 110 مەخسۇس كادىر ئاجراتتى، 1963- يىل 5- ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 2210 كىشى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇ، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي دېلونىڭ % 98.4 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشچى ۋە دېھقان 1131، پارتىيە ئەزاسى 407، ئاز سانلىق مىللەتلەر 172، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسلىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىنغىنى 1216 كىشى بولۇپ، 55% نى، ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بولغىنى 387 كىشى بولۇپ، 17.5% نى، قىسمەن خاتا بولۇپ قالغىنى 217 كىشى بولۇپ، 9.8% نى، ئاساسىي جەھەتتىن خاتا ۋە پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ قالغىنى 390 كىشى بولۇپ، 17.6% نى ئىگىلىدى، ئۈچ كىشىنىڭ پارتىيىلىكى، 11 كىشىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 10 كىشىگە بېرىلگەن جازا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1979- يىل 3- ئايدىن 1983- يىلغىچە، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلىدى، ۋىلايەت بويىچە قايتا تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك كىشى 9267 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «تۆتنى ئېنىقلاش» تىن ئىلگىرىكىسى 1038، «تۆتنى ئېنىقلاش» مەزگىلىدىكىسى 917، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكىسى 7312. قايتا تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى ئىچىدە، ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىر 10، ناھىيە- تۈمەن دەرىجىلىك كادىر 104، ئادەتتىكى كادىر 2084، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرى 519، ئىشچى 2728، يېزىلاردىكى كۆڭۈللۈك ئەزاسى 2682، باشقىلار 1149. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، تولۇق ئاقلانغانلار 6382، قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغانلار 1804، ئەسلىدىكى يەكۈن ساقلاپ قېلىنغانلار 572، ئىلگىرى يەكۈن چىقىرىلماي، كېيىن يەكۈن چىقىرىلغانلار 498. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

مەزگىلىدە بىنورمال ئۆلۈپ كەتكەن 419 كىشىگە قارىتا توغرا يەكۈن چىقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ياخشى بىر تەرەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن 663 كادىر ۋە ئىشچى- خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 256 كىشى پېنسىيىگە چىقىرىلدى، 530 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى، 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مائاش تولۇقلاپ تارقىتىلدى. يەنە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن ھەر خىل چارە كۆرۈلگەن 786 پارتىيە ئەزاسى قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، ئاقلانغىنى 140، قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغىنى 79، ئەسلىدىكى يەكۈن ساقلاپ قېلىنغىنى 20، پارتىيىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 14، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش داۋامىدىكى دېلولارمۇ قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئېغىر مەسىلىسى بار 45 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغىنى سەككىز، پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، داۋاملىق ئىشلىتىلگىنى ئالتە، پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى بىر، پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلغىنى يەتتە، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى بەش، پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى ئۈچ، مەمۇرىي جەھەتتىن چوڭ گۇناھ يېزىش ۋە كىچىك گۇناھ يېزىش جازاسى بېرىلگىنى 13. 1984 – 1987 - يىلىغىچە، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشقان 9160 پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە، تىزىمغا ئېلىنغىنى 9035 بولۇپ، 98.64% نى، تىزىمغا ئېلىنمىغىنى 62 بولۇپ، 0.68% نى، تىزىمغا ئېلىش كېچىكتۈرۈلگىنى 36 بولۇپ، 0.3% نى، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ۋاقىتنچە تىزىمغا ئېلىنمىغىنى 35 بولۇپ، 0.38% نى ئىگىلىدى.

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ( رېۋىزىيە كومىتېتى ) غا شۇجى ( گۇرۇپپا باشلىقى ) بولغانلار**

جەدۋەل: 19 – 4

| ئىسىم-فامىلىسى | ۋەزىپىسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ۋاڭ كېگۇڭ | شۇجى | شەندۇڭنىڭ نىگجىس ناھىيىسىدىن | 1950.1 ~ 1952.8 |
| خې جۇڭخۇا | شۇجى | شەنشىنىڭ چىڭجيەن ناھىيىسىدىن | 1952.10 ~ 1954.5 |
| ياڭ خۇگلىين | شۇجى | شەنشىنىڭ چىڭجيەك ناھىيىسىدىن | 1954.5 ~ 1956.5 |
| ئابدۇللايوف | شۇجى | ئىنجاڭ قەشقەردىن | 1956.5 ~ 1957.7 |
| ۋۇچاگرىن | شۇجى | شەنشىنىڭ خۇاگشەن ناھىيىسىدىن | 1957.8 ~ 1964.10 |
| ۋۇچاگرىن | گۇرۇپپا باشلىقى | شەنشىنىڭ خۇاگشەن ناھىيىسىدىن | 1964.10 ~ 1966 |
| گوبۇگخەي | شۇجى | شەنشىنىڭ چىگجيەن ناھىيىسىدىن | 1979.1 ~ 1983.5 |
| شاۋشىبەنخۇا | شۇجى | جياگسۇنىڭ پېيشيەن ناھىيىسىدىن | 1983·6 ~ |

## قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1950 – 1990 – يىلغىچە پارتىيە ئەزالىرىغا چارە كۆرۈلۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 19 – 5

| يىللار | چارە كۆرۈلگەن ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى | پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلغىنى | پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغىنى | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى | ئاگاھلاندۇرۇش، نەسىھەت بېرىلگىنى |
| 1950 | | | | | | |
| 1951 | 5 | | 2 | | 3 | |
| 1952 | 37 | 8 | 8 | 1 | 14 | 6 |
| 1953 | 15 | 1 | | | 10 | 4 |
| 1954 | 25 | 5 | 7 | | 10 | 3 |
| 1955 | 10 | 3 | 2 | 1 | 4 | |
| 1956 | 22 | 2 | | | 14 | 6 |
| 1957 | 17 | 7 | 3 | | 2 | 5 |
| 1958 | 63 | 25 | 9 | 1 | 16 | 12 |
| 1959 | 54 | 15 | 13 | 1 | 15 | 10 |
| 1960 | 100 | 29 | 25 | 8 | 19 | 14 |
| 1961 | 112 | 36 | 24 | 12 | 18 | 22 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 44 | 11 | 13 | 5 | 8 | 8 |
| 1963 | 47 | 14 | 9 | 1 | 14 | 9 |
| 1964 | 58 | 25 | 11 | 2 | 11 | 9 |
| 1965 | 157 | 48 | 16 | 9 | 44 | 40 |
| 1980 | 15 | 8 | 2 | | | 5 |
| 1981 | 66 | 1 | 2 | 2 | 6 | 5 |
| 1982 | 22 | 2 | 4 | 3 | 7 | 6 |
| 1983 | 19 | 6 | 2 | | 6 | 5 |
| 1984 | 22 | 4 | 6 | 1 | 4 | 7 |
| 1985 | 20 | 1 | 4 | 1 | 4 | 12 |
| 1986 | 34 | 6 | 4 | | 14 | 10 |
| 1987 | 26 | 2 | 7 | 4 | 13 | |
| 1988 | 26 | 6 | 7 | 1 | 5 | 7 |
| 1989 | 25 | 3 | 3 | 2 | 10 | 7 |
| 1990 | 55 | 10 | 12 | 1 | 12 | 20 |

ئىزاھ: 1966 - يىلىدىن 1979- يىلىغىچە بولغان ماتېرىياللار تولۇق بولمىغانلىقتىن كىرگۈزۈلمىدى.

## 5§. سىياسىي قانۇن خىزمىتى

**1. ئاپپاراتلار**

1981- يىل 10- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى سىياسىي قانۇن خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يەن گوجۇن گۇرۇپپا باشلىقى، ئالتە كىشى ئەزا بولدى. 1982- يىل 12- ئايدا، سىياسىي قانۇن خىزمىتى رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1983- يىل 8- ئايدا، ئىككى ئەزا كۆپەيتىلىپ، سەككىز ئەزا بار بولدى.

1984- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، تۆت خادىم قويۇلدى.

1989- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى تەڭشەپ تولۇقلاندى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇراخمان كېرىم شۇجى بولدى، 10 نەپەر ئەزا قويۇلدى. سىياسىي قانۇن كومىتېتى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ خادىم قويۇلدى.

1984- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، يەن گوجۇن گۇرۇپپا باشلىقى، 15 كىشى ئەزا بولدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

1989- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەڭشەپ تولۇقلىدى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ موئاۋىن شۇجىسى ئابدۇراخمان كېرىم گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. 20 ئەزا قويۇلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

**2. مەسئۇلىيەت ۋە خىزمەتلىرى**

ۋىلايەتلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە ئالاقىدار مۇھىم يوليورۇقلىرى ۋە يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىيلىق ۋە باسقۇچلۇق خىزمەت ۋەزىپىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىياسىي قانۇن تارماقلىرىغا بولغان تەشكىللەش، يېتەكچىلىك، ماسلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتتى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە چېگرا ئىچى- سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن كېلىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ، يوشۇرۇن سەپتىكى كۈرەشنى كۈچەيتىپ، سىڭىپ كىرىشكە، ئاغدۇرمىچىلىققا، بۇزغۇنچىلىققا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، چېگرا ئىچى- سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بەردى.

1982- يىلدىن كېيىن، سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنى تەشكىللەپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش

كۆرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بىر تۇتاش تەشكىللەپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۆرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بىر تۇتاش تەشكىللەپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، چوڭ ھەم مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۆرىشىدە مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1983- يىل 8- ئايدىن باشلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە تېز، قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە، ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈچ يىل ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. بۇ كۆرەش ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ۋاقتى ئۇزۇن، دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭ بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشتىكى ھەيۋىسى ئەڭ چوڭ، ئۈنۈمى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان بىر قېتىملىق زور ھەرىكەت بولدى. ئۈچ يىل «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى ئىلگىرىكىدىن 31.74%، جىنايەتچىلەرنىڭ نىسبىتى يېرىم ھەسسە ئازايدى، دېلو يۈز بېرىش نىسبىتى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10 مىڭدىن 10.5% نى ئىگىلىدى.

ئۈچ يىللىق «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىدە جەمئىيەت ئامانلىقى دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال ، يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش باشتىن ئاخىرغىچە ئەڭ مۇھىم ھالقا سۈپىتىدە قەتئىي بوشاشتۇرماي قانات يايدۇرۇلدى. ھەرقايسى مەزگىللەردىكى جىنايەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەر يىلى 2 ـ 3 قېتىم ۋىلايەت بويىچە مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش زەربە بېرىش ھەرىكىتى ۋە مەخسۇس كۆرەش قانات يايدۇرۇلدى. كۆرەش داۋامىدا، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىش ئومۇمىي ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، چوڭ، چىگىچ دېلولارغا قارىتا، سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئەزالىرى يىغىنى ياكى سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر قىسىم جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئامانلىق جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىپ، مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى دائىم ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىنىپ، پاھىشىۋازلىق، ئىپپەت- نومۇسنى سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىلىپ، جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرنىڭ يامراپ كېتىش ۋەزىيىتى توسۇپ قېلىنىپ، ئىجتىمائىي مۇھىت ساپلاشتۇرۇلدى.

سىياسىي قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دائىملىق تەربىيە ۋە تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بارلىق سىياسىي قانۇن كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى كۈچەيتىش ۋە مۇۋاپىق پەيتتە تەڭشەش ئارقىلىق، بەنزىنىڭ باشلامچىلىق، يادرولۇق رولى جارى قىلدۇرۇلدى، بۇ، سىياسىي قانۇن خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى رول ئوينىدى.

## §6. ئەرزىيەت خىزمىتى

1950 – 1966 - يىللىرى، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە مەخسۇس ئەرزىيەت خىزمىتى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلمىغاچقا، خەلقنىڭ ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ئادەتتە ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى كاتىبات باشقارمىسى ئىشخانىغا مەسئۇل خادىملارغا ۋاكالىتەن بېجىرىشكە ھاۋالە قىلاتتى.

1969- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى ئۇنۇۋېرسال گۇرۇپپا مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئۈچ شتات بېرىلدى. 1974- يىل 11- ئاينىڭ 5- كۈنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى قايتا قۇرۇلۇپ، تۆت نەپەر ئەرزىيەت كادىرى سەپلەندى. 1979- يىلى 2- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى، ئەرزىيەت بۆلۈمىنىڭ نامى مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى ئەرزىيەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1977- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ «ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلات »نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، ئورۇنلاردىن ئەرزىيەت خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەرزىيەت خىزمىتى خادىملىرىنى تولۇقلاپ سەپلەشنى تەلەپ قىلدى. شەھەر، ناھىيىلەردە ئىككىدىن ئۈچكىچە ئەرزىيەت خىزمىتى كادىرى، ۋىلايەتتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈمەن- مەيدانلىرىدا بىر مەخسۇس ئەرزىيەت كادىرى، ۋىلايەتتىكى ئارماق (ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانا) لاردا ۋە ئورۇنلاردا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئەرزىيەت كادىرى سەپلەندى. بۇ مەزگىلدە، ئەرزىيەت بۆلۈمى ئاممىنىڭ بىر تۈركۈم ئەرزىنى قوبۇل قىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قايتا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كادىرلارنى ئازاد قىلدى. 1977- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىدىكى جاڭ گومىننىڭ ئائىلە چېن شۆيىڭ بەختكە قارشى قازا قىلدى. ئۇ، مەيدان سىياسىي باشقارمىسىنىڭ ئايالىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قايىل بولماي، كۆپ قېتىم ئەرز قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى ئەرزىيەت بۆلۈمى شۆجى لى جيايۇنىڭ تەستىقىي يولىيورۇقىغا ئاساسەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «قۇمۇل قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىدىكى جاڭ گومىننىڭ ئەرز قىلىش مەزگىلىدىكى ماتاشنى تولۇقلاپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى يېزىپ چىقتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتنىڭ موزاكىرە قىلىشى بىلەن بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىندى .

1979- يىل 2- ئايدىن 1987- يىل 4- ئايغىچە، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى ئەرزىيەت بۆلۈمىگە تۆت شتات بېرىلدى. 1981- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى (شەھىرى)، باركۆل ناھىيىسىدە ئەرزىيەت بۆلۈمى (ئىشخانىسى) قۇرۇلۇپ، بۆلۈم (ئىشخانا) رەھبەرلىرى سەپلەندى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىدە ئاممىنىڭ ئەرز-شىكايىتىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەرزىيەت خىزمىتى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 27 مەخسۇس ئەرزىيەت كادىرى سەپلەندى. 1978- يىلى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1979- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەڭشەپ تولۇقلىنىپ، 13 ئەزا

قويۇلدى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خەن پېڭتۇ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ئەرزىيەت تارماقلىرى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئورۇنلاردىكى ئەرزىيەت خىزمىتى تارماقلىرى ۋە مەخسۇس (قوشۇمچە) خىزمەت ئىشلەيدىغان ئەرزىيەت كادىرلىرى خەت ـ چەكلەرنى كۆرۈپ چىقىش، قوبۇل قىلىش، يۈزتۇرانە سۆزلىشىش ئارقىلىق، خاراكتېرى، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە يوللاپ بەردى. 1985- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىكىنى ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1987- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، بەش شتات بېرىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئالتە كىشى سەپلەندى، ئىككى نەپەر باشقارما باشلىقى تەيىنلەندى. 1988- يىلى، ۋىلايەتنىڭ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئەرزىيەت باشقارمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1987 ـ 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسى ئاممىدىن كەلگەن جەمئىي 2116 پارچە خەت- چەكنى قوبۇل قىلىپ، 5147 ئادەم (قېتىم) نى مەخسۇس زىيارەت قىلدى، مەركەز، ئاپتونوم رايون بېجىرىشكە تاپشۇرغان 69 دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، رەھبەرلىكنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشى بىلەن، ئەرزىيەت باشقارمىسى ئاممىنىڭ 60 پارچە ئەرزىيىتىنى ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە بىر تەرەپ قىلدى. 1988- يىلدىن كېيىن، ئەرزىيەت باشقارمىسى «خەلقنىڭ ئەرزىيىتىنى ئىسپلار بويىچە ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ قوبۇل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»، «ئاممىنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئەرز قىلىشقا يېتەكلەشكە دائىر سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق 12 خىل تۈزۈمنى ئورناتتى، ئەرزىيەت تارماقلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن سىناپ تەكشۈرۈشكە دائىر تۆت تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى مىقدارلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. «ئەرزىيەت ئۇچۇرى»، «ئەرزىيەت ئەھۋالى»، « تەرمىلەرگېزىتى» نى چىقىرىپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، رەھبەرلەرنى جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرزىيەتكە دائىر 247 كونا دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، دېلو بېسىپ قويماسلىقنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى. 1990 - يىلى، ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## §7 . مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

### 1. ئاپپاراتلار

1966- يىل 2- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1984- يىل 6- ئايدا، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قايتا قۇرۇلدى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ مەخسۇس كادىر سەپلەندى. باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرىدىمۇ 1984 ـ 1985- يىلى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى ھەممىدە مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1988- يىلى «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن،

ۋىلايىتىمىزنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى يېڭى بىر مەزگىلگە قەدەم قويدى.

1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، مەخپىيەتلىك ئاشكارلىنىپ قېلىش ۋەقەسىدىن بىرى بايقالدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. 1984 – 1990- يىلىغىچە، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، مەخپىيەتلىك ئاشكارلىنىپ قېلىش ۋەقەسىدىن بەشى بايقالدى، بۇنىڭدا 21 پارچە ھۆججەت، ئىچكى ماتېرىيال ۋە ژۇرنال يوقالغان بولۇپ، بىر كىشى پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، ئۈچ كىشى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ۋە ئاغزاكى تەنقىد قىلىندى.

2. ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

1984- يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەتتىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتلىرى تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1) ھەردەرىجىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ۋە ناھىيەلەر، شەھەردىكى كۆپ قىسىم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ياكى قوشۇمچە خىزمەت ئىشلەيدىغان مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كادىرلىرى سەپەندى.

2) ھەر يىلى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى 1984 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش نىسبىتى 100% كە يەتتى، تەكشۈرۈش قېتىم سانى يىلدا ئىككى قېتىمدىن ئاشتى، ناھىيە، شەھەرلەردىكى رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنى ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتلىرى تەكشۈردى.

3) تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى 1987- يىلى، ۋىلايەتتىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى «ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر بەلگىلىمە»، «ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئالاقىدار خادىملارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر بەلگىلىمە»، «مەخپىي ھۆججەت، ئىچكى ھۆججەت، ماتېرىيال، ژۇرنال، چېرتيوژلارنى كۆيدۈرۈشكە دائىر بەلگىلىمە»، «كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىش پونكىتلىرىنىڭ كېرەكسىز قەغەزلەرنى يىغىۋېلىشتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر بەلگىلىمە» قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ناھىيىلەر، شەھەردىكى ئورۇنلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى.

4) مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى 1984- يىلىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى رادىئو، تېلېۋىزىيە، سىنئالغۇ، قارا تاختاي گېزىتى، گېزىت- ژۇرنال، رەسىم، نۇتۇق سۆزلەش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كەڭ ئېلىپ باردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى «ئىبرەت»، «تاللاش»، «خەت - ئالاقە مەخپىيەتلىكى ماتېرىيال فىلىمى»، «ھالاكەت يولى» قاتارلىق سىنئالغۇ فىلىملىرىنى 192 مەيدان (قېتىم) كۆرۈشكە تەشكىللەپ، 20 مىڭ 850 كىشىنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەردەرىجىلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى ھەم ئىمتىھان ئېلىشنى تەشكىللىدى.

5) تايانچىلار تەربىيىلەندى 1986- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتلىرى تۆت قارار مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، جەمئىي 360

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تايانچىسىنى تەربىيىلىدى.

6) مۆججەتلەرنى باشقۇرۇش كۆچەيتىلدى 1985- يىل 10 پارچە مۆججەتنىڭ يوقالغانلىقى بايقالدى، 1990- يىلى مۆججەت يوقالمىدى.

7) مەخپىيەتلىك دەرىجىسىنى ئايرىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىندى 1985- يىلى ۋىلايەتلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى يەنە ئورۇنلارنىڭ مەخپىيەتلىك دەرىجىسىنى ئايرىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 89 ناھىيە. باشقارما دەرىجىلىك ئورۇننىڭ 76 سى مەخپىيەتلىك دەرىجىسىنى ئايرىش خىزمىتىنى تاماملىدى، بۇ، مەخپىيەتلىك دەرىجىسىنى ئايرىشقا تېگىشلىك ئورۇنلارنىڭ % 84.6 نى ئىگىلىدى.

8) چېگرا رايونلاردىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى ۋە خەت ـ ئالاقە مەخپىيەتلىكى خىزمىتى كۈچەيتىلدى 1986- يىلى ۋە 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتلىرى ئىككى قېتىم ئۈچكۆل، نوم، تاشۆيلىق قاتارلىق چېگرا ياقىسىدىكى يېزا- بازارلارغا بېرىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. 1986- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى، ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى باشقارمىسى، پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى، سىمسىز تېلېگراف كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلار بىرلىشىپ خەت- ئالاقە ماخپىيەتلىكى بويىچە ئالاقىلىشىش يىغىنى ئاچتى.

1984- يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەتتە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتىكى بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. 1988- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بويىچە تەكشۈرۈپ باھالاشتا، ۋىلايىتىمىز بويىچە ئىككى ئورۇن ئىلغار كوللېكتىپ، ئۈچ كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار شەخس، بىر كىشى مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

# VI باب

# جۇڭگو گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدىكى تەشكىلاتلىرى

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) ، شېڭ شىسەي ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى چىقتى، گومىنداڭ كۈچلىرى تېزلىكتە شىنجاڭغا كىردى،شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى ئورۇنچىسى، گومىنداڭ مەركىزىي تەلىم- تەربىيە ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم گومىنداڭ تايانچىلىرىنى تەربىيىلىدى، ناھىيىلەردە ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن تايانچىلارنى ئەۋەتىپ، پارتىيە ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. 1- قارارلىق تەلىم- تەربىيە ئۆمىكىنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپىدىكى كۇرسانتلارنىڭ كۆپىنچىسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقىغا تولۇقلاپ قويۇلۇپ، ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە مەسئۇل قىلىندى ھەمدە ئۇلارغا قوشۇمچە شۇجىجاڭلىق ۋەزىپىسى بېرىلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى )، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى كۇڭ چىگرۇي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. كېيىن،

پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسىلىك ۋەزىپىسىنى زىك يۈگېۋ، لى لاڭشىڭ، يولۋاس قاتارلىق ۋالىيلار قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، ۋىلايەت بويىچە ئۈچ ناھىيىلىك پىرقا، يەتتە رايونلۇق پىرقە (ئومۇمەن، ئۈچتىن ئارتۇق شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلغان بولسا، بىر رايونلۇق پىرقە قۇرۇشقا بولىدۇ )، 45 شۆبە رايونلۇق پىرقە (يەتتە قۇدۇق بىۋاستە قاراشلىق شۆبە رايونلۇق پىرقە شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاندىن سىرت، قالغان شۆبە رايونلۇق پىرقىلەر ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى)، شىككى مەركىزىي تەلىم ـ تەربىيە ئۆمىكى خەۋەر ـ ئالاقە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسى 960 نەچچە ( ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرگە تارقالغان) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۆبە رايونلۇق پىرقىنىڭ ئەزاسىدىن يۇقىرى تاپانچ 204 بولۇپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ تەخمىنەن 24% نى ئىگىلىدى.

## §1. ئاپپاراتلار

### 1. ۋالىي مەھكىمىسى گومىنداڭ شۆبە رايونلۇق پىرقىسى

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943-يىلى )،قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى كۇڭ چىگرۇي چۇڭچىڭغا بېرىپ مەركىزىي تەلىم- تەربىيە ئۆمىكىدە تەربىيىلەندى، ئۇ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى، قوشۇمچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيسى بولدى، كۇڭ چىگرۇينىڭ يېتەكچىلىكىدە، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا مەمۇرىي مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە سوت مەھكىمىلىرىدە گومىنداڭغا زور كۈچ بىلەن ئەزا قوبۇل قىلىندى. شۇ يىللا پارتىيىگە 100 دىن ئارتۇق ئەزا قوبۇل قىلىندى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاساسلىق خادىملارغا گومىنداڭنىڭ تاپانچ كىشلىرى تولۇقلاپ قويۇلدى. كۇڭ چىگرۇي ۋىلايەتتىكى ئىدارە- ئورگان، مەكتەپ، تەشكىلاتلاردىكى گومىنداڭ ئەزالىرىنى ئەسلىدىكى «ئۈچ مەسلەك گۇرۇپپىسى» ئاساسىدا زورايتىپ، مەمۇرىي مەھكىمە گومىنداڭ شۆبە رايونلۇق پىرقىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

### 2. گومىنداڭ باركۆل يېتەكچىلىك كومىتېتى

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) 1 - ئايدا، جۇڭگو گومىنداڭ باركۆل يېتەكچىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت مۇتىۋەر ۋە سودىگەرلەردىن جاڭ جىنجيەن، لى خەنيىڭ، لى يۈگۈا، ياڭ شىجىن، ياڭ فۇچېڭ، لوخۇيرۇ، زۇ رۇيشېڭ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپتى. يېتەكچىلىك كومىتېتىغا دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل بىر يېتەكچى ئەزا، ئالتە ئەزا قويۇلدى. پائالىيەت خىراجىتى سودا ساھەسىدىكىلەردىن غەملەندى، شۇ يىلى 5- ئايدا، ماجۇڭيىڭ باركۆلنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە سەنشىلىكلەر ئۇيۇشمىسىدا ج خ ئىدارىسى قۇردى، باركۆل پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىلىك كومىتېتى تارقىتىۋېتىلىپ، پائالىيىتى توختىتىلدى.

### 3. ناھىيىلىك پىرقە

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 6- ، 8- ئايدا ۋە مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى )2- ئايدا، باركۆل، قۇمۇل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە پىرقە قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى ) 5- ئايدا، گومىنداڭ شىنجاڭ

ئۆلكىلىك پىرقە مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسىگە ۋاكالىتەن تەربىيەلەپ بېرىشكە ئەۋەتكەن 1- قارارلىق سىنىپنى پۈتتۈرگەن كۇرسانت فېڭ ۋېيمىن، دۆڭ كېجۇڭ، ئىسمائىل ۋە جياڭ مىڭجېڭلار باركۆل، قۇمۇل ناھىيىلىرىگە بېرىپ، گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. فېڭ ۋېيمىن قاتارلىق ئۈچ كىشى باركۆل ناھىيىسىگە كېلىپ ھاكىم لى خەنۋېن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جېڭ گوپۇلار بىلەن بىرگە گومىنداڭ باركۆل ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنى تەشكىللىدى. شۇ يىلى 6- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلدى، 8- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلدى. كېيىنكى يىلى 2- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) دىن ئىلگىرى، ناھىيىلىك پىرقىدە كادىر تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇجىجاڭنىڭ قول ئاستىدا كاتىپ، تەرجىمان، تەشكىلات- تەربىيە كادىرى، تەشۋىقات كادىرى، خوجىلىق كادىرى تەسىس قىلىندى، باركۆل ناھىيىلىك پىرقىگە ئالتە كادىر، ئۈچ ياردەمچى كادىر قويۇلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە بىردىن كاتىپ، تەرجىمان ۋە ياردەمچى كادىر قويۇلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) قىشتا، ناھىيىلىك پىرقە كومىتېت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى. ئىككى كومىتېتنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن دائىمىي ئەزا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دائىمىي ئىجرائىيە ئەزاسى (مۇدىر ئەزا دەپمۇ ئاتالدى) قوشۇمچە شۇجىجاڭ بولدى، ئۇ، كاتىبات، تەشكىلات- تەربىيە كادىرى، تەشۋىقات كادىرى، خوجىلىق كادىرى، تەرجىمانلارغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىپ، پىرقىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)4- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك پىرقىدە ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى، ئىجرائىيە كومىتېتىغا بىر دائىمىي ئەزا ، ئالتە ئەزا، بىر كاندىدات ئەزا قويۇلدى، رېۋىزىيە كومىتېتىغا بىر دائىمىي ئەزا، ئۈچ ئەزا، بىر كاندىدات ئەزا قويۇلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 9- ئايدا، ناھىيىلەردىكى پىرقە تارقىتىۋېتىلدى.

4. ئۆلكىلىك پىرقىگە بىۋاسىتە قاراشلىق يەتتە قۇدۇق شۆبە رايونلۇق پىرقىسى

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى )، يەتتە قۇدۇق گومىنداڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى شۆبە رايونلۇق پىرقىسىنىڭ 5 - گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، گومىنداڭ يەتتە قۇدۇق شۆبە رايونلۇق پىرقىسى قۇرۇلۇپ، بىۋاسىتە ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىدى، بىر قوشۇمچە پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى ۋە بىر شۇجىلا قويۇلدى. پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىلىكىنى باشتىن - ئاخىر ليۇ داۋېن قوشۇمچە ئۆتىدى، شۇجىلىقنى جيا خۇگېن، ليۇ شياۋتيەن، ۋاڭ يىشىنلار قوشۇمچە ئۆتىدى، شۆبە رايونلۇق پىرقە ئەڭ كۆپ بولغاندا 13 ئەزادىن تەشكىل تاپتى.

5. رايونلۇق پىرقە ۋە شۆبە رايونلۇق پىرقىلەر

قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئارقا- ئارقىدىن ئۈچ رايونلۇق پىرقە، 17 شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى، ۋالىي مەھكىمىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، 1- مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، سودا بانكىسى، پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى، تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن، يەرلىك سوت، قىزلار مەكتىپى، سودا شىركىتى، تاشيول ئۆچاستكىسى، مەركىزىي ترانسپورت بېكىتى، جۇڭگىشەن بازارلىق ھۆكۈمەت باج ئىشلىرى باشقارمىسى، تاشۆبلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورۇنلاردا شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىدە مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى ) 9- ئايدىن مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 1- ئايغىچە، 15 شۆبە رايونلۇق پىرقە، ئىككى رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى، مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى ) 1- ئايدىن مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى ) 1- ئايغىچە بەش شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلۇپ، بىر رايونلۇق پىرقە كۆپەيتىلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى ) 8- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك پىرقە قارمىقىدا ئۈچ رايونلۇق پىرقە، 20 شۆبە

رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك پىرقە قارمىقىدا يەتتە شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلدى.

**6. ناھىيىلىك پىرقىلەردە شۇجىجاڭ بولغانلار**

1) باركۆل ناھىيىسى فېڭ ژېيمىن مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 6- ئايدىن مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 3- ئايغىچە، دۇڭ كېجۇڭ مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 4- ئايدىن مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى )7- ئايغىچە، جاڭ جياشۇ مىنگونىڭ 36- يىلى(1947-يىلى) 8- ئايدىن مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى ) 9- ئايغىچە شۇجىجاڭ بولدى.

2) قۇمۇل ناھىيىسى جياڭ مىڭجېڭ مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 8- ئايدىن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، لۇچۇنپۇ مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) نىڭ بېشىدىن مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 2- ئايغىچە، سەي رۇزۇ مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى ) 2- ئايدىن 9- ئايغىچە، لى چىفاڭ مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 9- ئايدىن 12- ئايغىچە، جاۋيىخۇڭ مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىل) 1- ئايدىن مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى ) 12- ئايغىچە، لياۋ يۈگېيۇ مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئايدىن ئازاد بولغىچە شۇجىجاڭ بولدى.

3) ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ساۋخەنچېڭ مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 2-ئايدىن مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 7- ئايغىچە شۇجىجاڭ بولدى، مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى ) 7- ئايدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقە جۇڭ مىڭخۇينى شۇجىجاڭ قىلىپ تەيىنلىدى، جۇڭ مىڭخۇي ئاراتۇرۇكنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، نامدا ناھىيە، ئەمەلىيەتتە كەنت - بازارچىلىك كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈنىغىچە رۇخسەت سوراپ، يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلمىدى. ئۆلكىلىك پىرقە يەنە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك پىرقىنىڭ كاتىبات كادىرى جېڭ جيەنجاڭنى شۇجىجاڭلىققا ئۆستۈردى، ئۇ، مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 5- ئايغىچە شۇجىجاڭ بولدى. 5- ئايدىن كېيىن نيې جۇنرېن مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 9 - ئايغىچە شۇجىجاڭ بولدى، نيې جۇنرېن كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى يولۋاس ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى ناسىرنى قوشۇمچە شۇجىجاڭلىق ۋەزىپىسىگە قويدى، ناسىر 1949- يىل 9- ئايغىچە شۇجىجاڭ بولدى.

## §2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

**1. گومىنداڭنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى تەشۋىق قىلىش**

ناھىيىلىك پىرقىلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى بىر قېتىم «10- ئۆكتەبىر» نى تەبرىكلەش يىغىلىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ھەم ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنلىرى ۋە ئىدارە- ئورگان خادىملىرى قاتناشقان ھەپتىلىك يىغىنلارنى ئېچىپ، گومىنداڭنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى تەشۋىق قىلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى ) يەنە ئاتالمىش «يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى» نى يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىغا فېئودال ئەخلاق ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، فېئوداللىق قائىدە-يوسۇن ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە سۆز- ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ، تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە ھالقىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر بويىچە خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىيغا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان نارازىلىقىنى بۇراپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىدى.

2. گومىنداڭغا ئەزا قوبۇل قىلىش

ناھىيىلىك پىرقىلەر تۆۋەندىكىدەك بەش خىل شەكىل بىلەن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلدى: ناھىيىلىك پىرقىلەرنىڭ مەسئۇلى ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، مەكتەپ، تەشكىلاتلاردىكى تونۇلغان كىشىلەرنى پارتىيىگە بىۋاستە قوبۇل قىلدى؛ ئاساسىي قاتلاملار تەكشۈرۈش ئارقىلىق قوبۇل قىلدى؛ گومىنداڭغا كوللېكتىپ ئەزا قوبۇل قىلىندى؛ شۇ كىشىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ، تىزىملىككە ئىسمى يېزىلىپلا پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى؛ ئاياللار جەمئىيىتى ئارقىلىق پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. قۇمۇل 1- مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ شۆبە رايونلۇق پىرقىسىنىڭ شۇجىسى بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە باشقىلارنىڭ قولىنى بېسىپ «پارتىيىگە كىرىش» رەسمىيىتىنى ئۆتىدى. مىنگونىڭ 32- يىلىدىن 37- يىلىغىچە (1943- يىلىدىن 1948- يىلىغىچە)، ۋىلايەت بويىچە گومىنداڭغا 960 نەپەرچە ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسى ۋە باركۆل ناھىيىسى 400 نەپەردىن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 162 ئەزا قوبۇل قىلدى.

3. پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش

ناھىيىلىك پىرقىلەر پارتىيە ئەزالىرىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ ئۆگىنىشكە ۋە تەربىيىلىنىشكە تەشكىللىدى. تۆۋەن دەرىجىلىك گۇرۇپپا «پارتىيە ئەزالىرى قائىدىسى» ، «ئۈچ مەسىلەكتىن سوئال- جاۋابلار» قاتارلىق مەزمۇنلارنى، يۇقىرى دەرىجىلىك گۇرۇپپا «ئۈچ مەسلەك»، «زۇڭسەي تەلىماتى»، «جۇڭگونىڭ تەقدىرى»، «دۆلەت قۇرۇش ئومۇمىي پروگراممىسى» قاتارلىق مەزمۇنلارنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ناھىيىلىك پىرقىلەر يەنە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلاردىكى تايانچلارنى تاللاپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە تەربىيىلىدى، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدىن ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەنلەر 34 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باركۆل ناھىيىسىدىن 28 كىشى بار.

4.ئىشانە توپلاش

مىنگونىڭ 33 – 34 - يىللىرى (1944 – 1945 - يىللىرى)، باركۆل ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى فېڭ ۋېيمىن ئەينى چاغدا مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى كۈنسايىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بەزى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى ھەمدە ئايروپىلان سېتىۋېلىشقا پۇل ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى ئورۇنلىرىدىكىلەر ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى قاتناشقان سەپەرۋەرلىك يىغىنلىرىنى ئېچىپ، سەييارە تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلىرى توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ باردى، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ياڭ خەنشېڭ يازغان «چۆپلۈكتىكى قەھرىمان» ناملىق درامىنى ئوينىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 10- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك ئىئانە توپلاش ئىتتىپاقى 30 مىڭ يۈەن غەلىبە زايومى توپلىدى، مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 3 - ئايدا، يەنە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بويىچە ئات ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 3000 يۈەن كۈمۈش تەڭگە ئىئانە توپلىدى،شۇ يىلى 8- ئايدا «شىنجاڭ باركۆل» ناملىق بىر ئايروپىلان سېتىۋېلىشقا ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

**5. رىقابەت سايلىمىغا قاتنىشىش**

مىنگونىڭ 35 – 36 - يىللىرى ( 1946 – 1947 - يىللىرى)، ۋىلايەت بويىچە ۋالىي، هاكىملارنىڭ رىقابەت سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى. باركۆل ناھىيىلىك پىرقىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «هاكىم رىقابەت سايلىمى » ئۈچۈن تەرەپ- تەرەپكە قاتراپ ، ناھىيىدىكى كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنى يولۋاسنىڭ قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى بولۇشىنى ۋە «گومىنداڭ قۇرۇلتىيى » غا ۋەكىل قىلىپ سايلاشنى قوللاشقا قوزغاتتى. ئاقىۋەت «رىقابەت سايلىمى » ئارقىلىق، يولۋاس مىنگونىڭ 36- يىلى (1947-يىلى ) 10- ئاينىڭ 16-كۈنى قۇمۇلنىڭ ۋالىيلىقىغا سايلاندى.

**6. ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش**

گومىنداڭ هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قۇمۇلدا بىر نەچچە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، قۇمۇلغا بىر قىسىم ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئەۋەتتى.

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچى ئىشلىرى گۇرۇپپىسى**

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945-يىلى) 8- ئايدا قۇرۇلدى، ساقچى ئىدارىسىدىكى لى يۈتاڭ گۇرۇپپا باشلىقى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى 20 كىشى ئەزا بولدى. ئىككى ۋاتلىق ۋە 10 ۋاتلىق بىر تېلېگرامما قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى سەپلەندى. تېلېگرامما ئىستانسىسى ئەڭ دەسلەپتە چۆەنشىن كوچىسى (هازىرقى بەخت كوچىسى) دىكى فۇشىڭ ۋە سودا سارىيى ئىچىدە قۇرۇلدى، كېيىن خۇاگوسەندىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاشلىقلار قورۇسى ئىچىگە كۆچۈرۈلۈپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېلېگرامما ئىستانسىسى نامى بىلەن ئاشكارا قۇراشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى – شۇ جاينىڭ سىياسىي، هەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپقا دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش ۋە تىڭ تىڭلاش، «ئۈچ ۋىلايەت» (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى كۆزىتىش، كومپارتىيىنىڭ يەر ئاستى هەرىكىتىدىن ساقلىنىش، شىنجاڭ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى ) 12- ئايدا، بۇ گۇرۇپپا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پائالىيىتى توختىتىلدى. تېلېگرامما ئىستانسىسى ئۇرۇمچىدىكى تارماق ئىستانسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بىر قىسىم خادىملىرى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ ئاخبارات پونكىتىنىڭ قۇمۇل گۇرۇپپىسىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى.

**دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ ئاخبارات پونكىتى قۇمۇل گۇرۇپپىسى**

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) قۇرۇلدى، لى يۈتاڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، بۇ گۇرۇپپا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ ئاخبارات پونكىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، تېلېگرامما ئىستانسىسى گۇرۇپپىسى، ئىچكى خىزمەت گۇرۇپپىسى، تاشقى خىزمەت گۇرۇپپىسى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ، 20 نەچچە كىشى سەپلەندى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سابىق قۇمۇل ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ ئىشپىيونى ئىدى. گۇرۇپپىغا ئىككى ۋاتلىق تېلېگرامما ئاپپاراتىدىن بىرى (1949- يىلى يەنە بىر 10 ۋاتلىق تېلېگرامما ئاپپاراتى سەپلەندى ) سەپلەندى، تېلېگرامما ئىستانسىسى مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەڭ دەسلەپتە قۇملۇق كوچىسى (هازىرقى دېموكراتىيە كوچىسى) دىكى مى جەمەتى قورۇسى ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كېيىن چۆەنشىن كوچىسىدىكى جاڭ لاۋئېر قورۇسى ئىچىگە كۆچۈرۈلدى. تاشقى ئالاقە باغلاش نۇقتىسى جۇڭخۇا يولىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي بانكىسى (هازىرقى غەربىي ئۆستەڭ رايونلۇق ئاھالىلەر كومىتېتى) نىڭ ئۇدۇلىدىكى «جيەنشىن كىتابخانىسى» ئىچىدە قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى – شۇ جاينىڭ سىياسىي، هەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىجتىمائىي ئىشلارغا دائىر

ئاخباراتلارنى توپلاش، تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسى ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىش، «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىنى باستۇرۇش، ئىلغار زاتلار ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش بولدى.

**دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ ئاخبارات پونكىتى قوشۇمچە قوللىنىش بوشۇرۇن گۇرۇپپىسى** مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 4- ئايدا قۇرۇلدى، قوشۇمچە خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى شۇي لى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، بۇ گۇرۇپپا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ ئاخبارات پونكىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — ئۇزۇن مۇددەت يوشۇرۇنۇپ پۇرسەت كۈتۈپ ھەرىكەت قىلىش بولدى.

**گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئالاھىدە تەكشۈرۈش باشقارمىسى قوشۇمچە ئاۋىئاتسىيە تەكشۈرۈش ئورنى** مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى ) 6- ئايدا قۇرۇلدى. خۇاڭ زىجېن تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ باشلىقى بولدى، بۇ تەكشۈرۈش ئورنى گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئالاھىدە تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. تەكشۈرۈش ئورنىغا بىر باشلىق، بىر مۇدىر تەكشۈرگۈچى، يەتتە تەكشۈرگۈچى، بىر كاتىپ، بىر خەۋەر - ماتېرىيال يەتكۈزۈش بەنىنىڭ باشلىقى، بىر خىزمەتچى ئەسكەر، بىر ئاشپەز بولۇپ، جەمئىي 13 كىشى قويۇلدى. تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ ۋەزىپىسى — مەركەز، ياۋروپا - ئاسىيا، جوڭگو، جوڭگو - سوۋېت قاتارلىق ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ ئايروپىلان قاتنىشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش، كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ۋە جوڭگو- موڭغۇلىيە چېگرىسى ئەھۋالى، شۇنىڭدەك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆز- ھەرىكىتىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش بولدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى )12- ئايدا، بۇ تەكشۈرۈش ئورنى گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پائالىيىتى توختىتىلدى.

**شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق شتابى 2- باشقارمىسىنىڭ قوشۇمچە ئاخبارات گۇرۇپپىسى** مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 1- ئايدا قۇرۇلدى، جۇلىڭيۈن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، گۇرۇپپا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۈچ كىشى قويۇلدى. شۇ يىلى 6- ئايدا، ماجۇنچياڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، خادىملار تولۇقلىنىپ 39 كىشىگە يەتكۈزۈلدى ھەمدە باركۆل، ئاراتۇرۇكلەردە ئاخبارات گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. يەتتە قۇدۇق، شىڭشىڭشيالاردا ئاخباراتچى سەپلەندى. ئاخبارات خادىملىرى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى ئىدارىسى، مەركىزىي ترانسپورت بېكىتى، مەكتەپ، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، مۇلازىمەت باشقارمىسى قاتارلىق ئورگان، تەشكىلاتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاخبارات گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورۇقلۇق، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى ۋە قوشۇمچە تۇرۇشلۇق خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش، گومىنداڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىدىكى باشلىقلار، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆز- ھەرىكىتىنى كۆزىتىش بولدى. بۇ گۇرۇپپا قۇرۇلغاندا تېلېگرامما ئىستانسىسى بولمىغاچقا، بارلىق ئاخباراتلارنى شىنجاڭ ئاخبارات پونكىتىنىڭ قوشۇمچە گۇرۇپپىسى ۋاكالىتەن تارقاتتى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949- يىلى) 5- ئايدا، كونا شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى 38 - قورۇ (ھازىرقى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش جەنۇبىي يولى) دا بىر تېلېگرامما ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

**دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 2- نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق قوشۇمچە گۇرۇپپىسى** مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئايدا قۇرۇلدى، خەن شياۋيۇ گۇرۇپپا باشلىقى، شى كېربىن تېلېگرامما ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى، شيا جۇنجې ئىچكى ئىشلارغا مەسئۇل بولدى، باركۆل، ئاراتۇرۇكلەردە تۆت تاشقى ئاخبارات خادىمى قوبۇل قىلىندى. بۇ

گۇرۇپپىغا ئامېرىكىدا ياسالغان«GMS» ئالاھىدە 2 نامىلىق بىر تېلېگىراما ئاپپاراتى سەپلەندى، تېلېگىراما ئىستانسىسى دەسلەپتە كونا غەربىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى شىن فېڭشياڭ قورۇسى ئىچىدە بولۇپ، كېيىن كونا شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولى 38- قورۇغا كۆچۈرۈلدى.شۇ يىلى 4-ئايدا بۇ گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تېلېگىراما ئىستانسىسى شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق شتابى 2- باشقارمىسىنىڭ قۇمۇل ئاخبارات گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

باركۆل ناھىيىلىك پىرقە «خەۋەرلىشىش» گۇرۇپپىسى    مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، شىنجاڭ مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكى بەنگۈگتىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە، باركۆل ناھىيىلىك پىرقە «خەۋەرلىشىش» گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

باشقىلار    ئازادلىقتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ يەنە ئىشپىيونلۇق ئورگىنى، ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋە ھەربىي قىسىملاردىن پايدىلىنىپ، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قانلىق باستۇردى ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. گومىنداڭنىڭ 178- لۈ جاسۇسلۇق مەلۇماتى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جاۋجېنجياڭ ئىلغار زات ۋاڭ جېنمىڭنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە ئامىنى قاقتى- سوقتى قىلىپ، زەھەر ئېلىپ - سېتىپ، ئامىنى قامىدى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گومىنداڭنىڭ جاسۇسى ھەم ئىشپىيونى جاڭ گۈچۈەن ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئامېرىكا جاسۇسى ۋۇ كېجىڭ، ئەنگلىيە جاسۇسى خې رېنجىلارغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇردى. 1949- يىلى، جاڭ گوچۈەن گومىنداڭ 178- لۈ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ ياردەم خىراجىتىنى قوبۇل قىلىپ، «مۇناسىر» تەشكىللىدى. 1949- يىل 8- ئايدا، خې رېنجى قۇمۇلغا كېلىپ جاڭ گۈچۈەنگە ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى 9- ئايدا، گۇڭ شۈزېن (جۇنتۇڭ ئىشپىيونى) قۇمۇلغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ گۈچۈەن، گۇڭ شۈزېن، لى شيىڭ (جۇنتۇڭ ئىشپىيونى)لار ئېخىمۇ تىل بىرىكتۈرۈپ، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، ئەكسىيەتچى ئوفىتسېر ۋاڭ جىمىن، ياۋرۇگتىيەنلەرنى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. ياڭ گۈچۈەن، گۇڭ شۈزېنلار نەنجىڭ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھەرىكەت قىلدى. ياڭ گوسەي (گومىنداڭ ئەزاسى) مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى )، دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئەن رەننى يوشۇرۇن ئۆلتۈردى، مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى )شىنجاڭغا كېلىپ، جاڭ جىنشيەن بىلەن بىرگە ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئازادلىقتىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومغا كۆز بوياپ كىرىۋېلىپ، كادىرلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، 3- دۇنيا ئۇرۇشى پات ئارىدا پارتلايدۇ، دەپ داۋراڭ سېلىپ، مەخپىي قورال ساقلاپ، يوشۇرۇن قاتىللىق قىلىش كويىدا بولدى.

### 7. باشقىلار

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ۋىلايەتلىك گومىنداڭ شۆبە رايونلۇق پىرقىسى يەنە قەرەللىك ھالدا شۆبە رايونلۇق پىرقىدىكى گومىنداڭ ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، ۋەزىپىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، ھەر دۈيشەنبە كۈنى زۇڭلىنى خاتىرىلەش ھەپتىلىكى، ھەر كۈنى بايراق چىقىرىش- چۈشۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ «ئۈچ مەسىلەك» توغرىسىدا ھەرخىل مۇقامدا داۋراڭ سېلىپ، جياڭ جېشىنى كۆچىنىڭ بارىچە مەدھىيىلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيىگە بوھتان چاپلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كومپارتىيىگە قارشى تۇردى. سىرتقا قارىتا ھەرخىل ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى، مەسىلەن : «يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى» قانات يايدۇرۇلغاندا، «يېڭى تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلغاندىلا، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرغىلى، خەلقنى بېيىتىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغىلى بولىدۇ »

دېگەنلەرنى تەرغىپ قىلدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ۋالىي زېڭ يوڭچىۋ «يات كىشىلەر» نى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۆتكىۋەتتى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، لى لاگىشاڭ ۋالىي بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ «رەھبەرلىك يادروسى» نى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پىرقىلەردە ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى قورۇپ، گومىنداڭنىڭ پارتىيە ئىشلىرى پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، يولۋاس ۋالىي بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى، شۆجىجاڭلىرىغا پارتىيە ئىشلىرى پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈردى. ۋىلايەتلىك گومىنداڭ شۆبە رايونلۇق پىرقىسىنىڭ شۆجىسى شۆجىيۇ مىنگونىڭ 36 – 37 - يىللىرى (1947 – 1948 - يىللىرى ) ئىككى قېتىم پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىپ، «گومىنداڭ ئەزاسى بولمىغانلارنىڭ بۈگۈندىن كېيىن مەنسىپى ئۆستۈرۈلمەيدۇ » دەپ تەشۋىق قىلىپ، قول ئاستىدىكى بارلىق خادىملارنى گومىنداڭغا ئەزا بولۇشقا مەجبۇرلىدى. يولۋاس مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىق نامى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىي چېن شۈپىڭنى «ئالاھىدە پارتىيە ئەزاسى »لىققا تونۇشتۇردى.

[قوشۇمچە] قۇمۇل جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى

قۇمۇل جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى - دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ پونكىتىنىڭ قۇمۇل ئاخبارات گۇرۇپپىسى (قىسقىچە، پونكىت گۇرۇپپىسى دېيىلدى) ئىشپىيونلۇق سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ، ئىشپىيونلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارىدىغان تايانچ پونكىت.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، سەنشىنىڭ پىڭلۇ، خېنەننىڭ جىيۈەندىكى ئىككى تەربىيە يۇرتىدىكى 400 مۇساپىر بالا مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى ) 11- ئايدا، شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇلاردىن 220 نەپىرى قۇمۇلدا ئېلىپ قېلىندى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى ) ئەتىيازدا، لۇگۇاڭمياۋ (يەنى كىچىك گازارما، ھازىرقى قىزىل يۇلتۇز دوختۇرخانىسى)غا مەركەزلەشتۈرۈلدى، كېيىن يەنە چوڭ گازارمىغا كۆچۈرۈلدى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە سەنشىلىكلەر ئۇيۇشمىسى (ھازىرقى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى ) غا كۆچۈرۈلدى، دەسلەپتە «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەربىيە يۇرتى » دەپ ئاتالدى، لېكىن ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى «مۇساپىر بالىلار مەكتىپى» دەپ ئاتىدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 5- ئايدا، باندىت- ئىشپىيونلارنىڭ باشلىقى لى يۈتاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى، ئىشپىيونلۇق ھەرىكەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇ، مەكتەپتىن ئىبارەت ئاشكارا تەشكىلات ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ قۇمۇلدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان «پونكىت گۇرۇپپىسى» نىڭ ئىشپىيونلۇق سالاھىيىتىنى يوشۇرۇش چارىسىنى ئويلاپ تاپتى، بىر تۈركۈم مۇساپىر بالىلارنىڭ مۇشۇ پەيتتە قۇمۇلغا كېلىشى بۇ ئىشقا دەل توغرا كەلدى، لى يۈتاڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ماتارېنى راۋاجلاندۇرۇش ، مۇساپىر بالىلارنى قۇتقۇزۇش، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تايانچلىرىنى تەربىيلەشنى نىقاب قىلىپ، مەكتەپ قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، لى يۈتاڭ مەكتەپ قۇرۇشقا ئاكتىپ تەييارلىق كۆردى، ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى بولدى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى لۈي چۈنپۇ، مۇئاۋىن مۇدىرى لى زىشيۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ، خىراجەتنى خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۈستىگە ئالدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشتى، سەنشىلىكلەر ئۇيۇشمىسىنى مەكتەپنىڭ ئورنى قىلدى، مەكتەپنىڭ نامىنى «جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى » قىلىپ بېكىتتى، يەنە سەنشىلىك مۇساپىر بالىلارغا قاراپ قويۇشنى نىقاب قىلىپ، قۇمۇلدىكى سەنشىلىك سودىگەرلەرنى مەكتەپ قۇرۇش خىراجىتى ۋە ئۇسكۈنە سېتىۋېلىش خىراجىتى ئۈچۈن ئىئانە قىلىشقا قىستىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى )3- ئايدا، مەكتەپتە دەرس باشلاندى.

لى يۈتاڭ «پونكىت گۇرۇپپىسى» نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇرغۇن خادىملار ۋە نىقابلىنىۋالغان كەسپى بولمىغان باندىت ئىشپىيونلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئىشپىيونلۇق قىلىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بەردى ھەم ئوقۇتقۇچى نامىدا ئۇلارغا مائاش بەردى.

1949-يىل 9-ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە يوشۇرۇنغان باندىت ئىشپىيونلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپتىن ئايرىلدى، بەزىلىرى قېچىپ كەتتى، بەزىلىرى قولغا ئېلىنىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە سېلىندى. 1953-يىل 3-ئايدا، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەكتەپنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار، ئۇسكۈنىلەرنى غۇلجا ناھىيىلىك 3-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

# VII باب

# زور سىياسىي ۋەقەلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجا ۋىلايىتىدە زور سىياسىي ۋەقەلەر بىر قەدەر كۆپ بولدى، چوڭ ئىشلارمۇ ئاز بولمىدى، مەسىلەن: يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش، خۇسۇسىي سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار، بۇلار باشقا بۆلۈم-بابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولغاچقا، بۇ يەردە تەكرارلانمىدى، بۇ بابتا پەقەت ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش»، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىندى.

## §1 ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

1950-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى ھەمدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، ئۇرۇش ئوتىنى جۇڭگونىڭ چېگرىسىغىچە تۇتاشتۇردى. چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن يېڭى جۇڭگونى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىنلىك بىلەن «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى

تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداش» چاقىرىقىنى چىقاردى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەردە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى. قۇمۇل، باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى كادىرلارنى شەھەر، يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى، ھەرمىللەت ئاممىسىنى «ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى» تۈزۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، تېجەشلىك بولۇپ، ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىئانە قىلىنغان خەلق پۇلى، ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ماددىي بۇيۇم جەمئىي 230 مىڭ يۈەن، (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسى 133 مىڭ يۈەن، باركۆل ناھىيىسى 72 مىڭ 600 يۈەن، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى 22 مىڭ يۈەن. ئەينى چاغدا ئىئانە قىلىنغان بۇ پۇلغا بىر كۈرەشچى ئايروپىلان، بىر زەمبىرەك سېتىۋېلىشقا بولاتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قازاق ئاممىسى بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسى يەنە مىلتىق، ئات ئىئانە قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى. ۋىلايەت بويىچە 36 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش تەشەببۇسنامىسىغا ئىمزا قويدى، ھەرمىللەت ياشلىرى يەنە ئارمىيىگە قاتنىشىشقا بەس ـ بەس بىلەن ئۆزىنى تىزىملىغا ئالدۇردى.

## §2. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى» غا ئاساسەن، ۋىلايەت 1951- يىل 4- ئايدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ ھەرىكەت 1953- يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى.

بۇ ھەرىكەت جەريانىدا، ج خ ئورگانلىرى كادىر ـ ساقچىلارنى شەھەر، يېزىلارغا ئەۋەتىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. خادىملارنى نۇقتىلىق ئوبيېكتلارنى تەكشۈرۈشكە، ماتېرىيال رەتلەشكە تەشكىللىدى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىلەرگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل كادىرلىرى قاتناشقان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، مەركەزنىڭ يوليورۇقلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق جازالاش » سىياسىتىگە ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 460 ئىشپىيون، زومىگەر، باندىت، ئەكسىيەتچى پارتىيە ـ تەشكىلاتلارنىڭ تايانچىسى ۋە ئەكسىيەتچى تەشكىلات (خۇيداۋمېن) نىڭ كاتىباشلىرى قولغا ئېلىنىپ، ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى. 44 بۇددا ئىبادەتخانىسى تارقىتىۋېتىلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 12 دانە پىلىموت ، 830 دانە مىلتىق ۋە تاپانچا، ئىككى سىمسىز تېلېگرامما ئاپپاراتى يىغىۋېلىندى.

## §3. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى

مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ۋىلايەت 1952- يىل 2- ئاينىڭ 23- كۈنى، ۋىلايەت بويىچە ئىدارە- ئورگان، زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا 556 كادىر، ئىشچى- خىزمەتچى قاتناشقان خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» بويىچە ۋاقىتلىق خەلق سوت كوللېگىيىسى قۇردى. ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، پاش قىلىش، ئىقرار قىلىپ مەسىلە تاپشۇرۇش، قايتا تەكشۈرۈپ تەھقىقلەش، ئەڭ ئاخىرىدا دېلو بېكىتىپ بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچلىرى بويىچە ئىش كۆرۈلدى. شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 16- كۈنىدىكى ستاتىستىكا (بانكا،سودا شىركەتلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتى يوق ) غا ئاساسلانغاندا، خىيانەتچىلىك قىلمىشى سادىر قىلغانلار 387 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىم 251، بېگىدىن خىزمەتكە قاتناشقانلار 97، خىيانەت قىلغان پۇل جەمئىي 605 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) دىن ئارتۇق، خىيانەت قىلغان پۇل 1000 يۈەندىن ئاشىدىغانلار 73. خىيانەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ۋاستىسى قەبىھ بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان پۇلغىمۇ خىيانەت قىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 27 كىشىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

«ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى بىلەن تەڭ، قۇمۇل ۋە باركۆل ناھىيىلىرىدە سودا - سانائەت ساھەسىدە «پارىخورلۇققا، باج تاپشۇرماسلىققا، باج ئوغرىلاش، دۆلەتنىڭ مال- مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ، ماتېرىيال ئوغرىلاشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت « بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى (ئادەتتە «بەش زەھەرگە قارشى تۇرۇش» دەپ ئاتالدى) قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتتە چوڭ سودا- سانائەت كارخانىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەسىلە ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ ماتېرىيال ئوغرىلىغان، باج ئوغرىلىغان ۋە باج تاپشۇرمىغانلار تەنقىد قىلىندى، ئۇلارغا جەرىمانە قويۇلدى ۋە باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش چارىسى كۆرۈلدى.

## §4. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش

1956- يىلى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ئاساسىدا، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش بەش كىشىلىك گۇرۇپپىلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1956- يىل 1- ئايدىن 1961- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى ئالتە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، جەمئىي 22 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىدىن 11 مىڭ 368 كىشى، باركۆل ناھىيىسىدىن 8990 كىشى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن 217 كىشى قاتناشتى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىدە يوشۇرۇنۇۋالغان بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلار ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلاردا تارىخىي

ئەكسىلئىنقىلابچىدىن توققۇزى، بۇزۇق ئۇنسۇردىن بىرى تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، ئايرىم بىر تەرەپ قىلىندى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش بىلەن بىرگە، كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1956- يىل 1-ئايدا باشلىنىپ، ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 1- تۈركۈمدە كادىرلارنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان 2066 كىشى ئىچىدە، 83 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، 62 كىشى ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىلدى. 2- تۈركۈمدە 2896 كىشى ئىچىدە، 267 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 144 كىشى ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىلدى. 3- تۈركۈمدە 1- قارارلىق تەكشۈرۈشكە قاتناشقان 1267 كىشى ئىچىدە، 72 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 35 كىشى ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىلدى؛ 2- قارارلىق تەكشۈرۈشكە قاتناشقان 761 كىشى ئىچىدە، 53 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 29 كىشى ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىلدى . ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1959- يىل 4- ئايدا باشلاندى، تەكشۈرۈشكە 300 كىشى قاتناشتى، 36 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 كىشى ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىلدى. كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1960- يىل 1- ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. 1961- يىل 1- ئايدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا،ۋىلايەت بويىچە 7290 كادىر تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن، 511 كادىر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 288 كىشى ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىلغان، يەكۈن چىقىرىلمىغانلار تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغانلارنىڭ % 14.5 نى ئىگىلىگەن.

## §5. ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1957- يىل 4 - ئاينىڭ 27- كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرگە بيۇروكراتلىققا، مەزھەپچىلىككە، سۇبيېكتىپچىلىققا قارشى تۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق چىقاردى. ۋىلايەتتىكى ھەردەرىجىلىك پارتكوملار، ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 4743 كادىر بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 732، پارتىيە ئەزاسى 732، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى 840، ئۇلار ئالدى بىلەن ئىستىل تۈزىتىش بويىچە ئۆگىنىشكە قاتناشتى، 12- ئايدا، ئۇلار ئېچىلىش، سايراش، بەس مۇنازىرە قىلىشقا ئۆتۈپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە، ھەرمىللەت كادىرلار ۋە ئامما نۇرغۇن ياخشى پىكىرلەرنى بەردى، لېكىن يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇرژۇئا ئوڭچىلىرىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق چۈشۈردى. 1958- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قەدەم قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئايرىم يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلىپ ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش قىلدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئىككى يىلغا يېقىن ئېلىپ بېرىلىپ، 1959- يىلى 6- ئاينىڭ ئاخىرى ئاياغلاشتى.

1958- يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 144 كىشى «ئوڭچى » قىلىپ ئايرىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 32 كىشى، قۇمۇل ناھىيىسىدىن 42 كىشى (سەككىز «يەرلىك مىللەتچى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باركۆل ناھىيىسىدىن 52 كىشى (21 «يەرلىك مىللەتچى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)،

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن توققۇز كىشى (ئىككى «يەرلىك مىللەتچى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ توققۇز كىشى «ئۆچىغا چىققان ئۇگچى» قىلىپ ئايرىلغان. ھەرىكەت جەريانىدا يەنە 10 خىيانەتچى پاش قىلىندى، ئۇلار جەمئىي 19 مىڭ 773 يۈەن ئومومنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر كىشىنىڭ خىيانەت قىلغان پۇلى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ئۇگچىلار ۋە خىيانەتچىلەرگە ئايرىم مەمۇرىي جازا ۋە جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىلدى.

ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇگچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىش تامامەن زۆرۈر ئىدى، بىراق ئۇگچىلارغا قارشى تۇرۇش كۆرىشى ئىنتايىن كېڭەيتىۋېتىلىپ، بىر قىسىم زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە پارتىيە ئىچىدىكى كادىرلار خاتا ھالدا «ئۇگچى» قىلىپ قويۇلۇپ، كۆڭۈلسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. 1979- يىلىدىن باشلاپ، مەركەزنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، خاتا ھالدا «ئۇگچى »قىلىپ قويۇلغانلارغا قارىتا سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ «ئۇگچى» قالپىقى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاندى.

## §6. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش

1958- يىل 5- ئايدا، ج ك پ 8- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دولقۇنى قوزغالدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، ناھىيىلەردە ھە- ھۇ بىلەن « خەلق كۆڭۈلسى قوزۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ۋىلايەت 9- ئايدا تۈزۈپ چىققان 1959- يىللىق دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىدا: «ۋىلايەت بويىچە 244 مىڭ مو بوز يەر ئېچىش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 610 مىڭ موغا، بىرلىك ھوسۇلنى 306.5 كىلوگرامغا، ئومۇمىي ھوسۇلنى 140 مىليون كىلوگرامغا يەتكۈزۈش» يۇقىرى كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە قارغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ قوغلىشىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. 1960- يىل 4 - ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا: «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا 40كۈن جاپالىق ئىشلەپ، 400 مىڭ مو يەر تېرىش، 80 مىليون جىڭ ئاشلىق ئېلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە 140 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى، بۇ، ۋىلايەت بويىچە تارىختا ئەڭ كۆپ بوز يەر ئېچىلغان بىر يىل بولدى. ۋىلايەت بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1957-يىلدىكى 503 مىڭ 300 مودىن 1960- يىلى بىراقلا 1 مىليون 53 مىڭ 800 موغا يەتتى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ھەددىدىن تېز كۆپەيتىلگەچكە ، باشقۇرۇش يېتىشەلمەي، كۆپ تېرىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى، ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 1958 - يىلدىكى 37 مىليون 897 مىڭ كىلوگرامدىن 1960 – يىلى 29 مىليون 485 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى.

ۋىلايەتتە سانائەتتىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئومۇمىي خەلق كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاشتىن باشلاندى. 1958- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەزالىرى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا: شۇ يىلى ئاپتونوم رايون چۈشۈرۈپ بەرگەن 900 توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئورۇنداش، 5000 تونىنغا يەتكۈزۈش كۈرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 10- ئايدا، ۋىلايەتنىڭ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش خىزمىتىگە ئوقتىلىق رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەتتە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى، تارانچى كانى، قۇمۇل تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسى، بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى جەمئىي 10 مىڭ 530 كىشىنى سەپەرۋەر قىلىپ، پولات تاۋلاش چوڭ بىرلەشمە جىڭگە ئاتلاندى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدىن باشقا، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن چەت ئەلنىڭ ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن سەككىز كىچىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلدى. يىل

ئاخىرىدا، يەنە يەرلىك ئۇز پېچتىن 3620 سى ياسالدى، پۈتۈن يىلدا 23 مىڭ 406 توننا پولات تاۋلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن پولات ئاران 637 توننا بولدى. 1959- يىلى، يەرلىك كىچىك دومنا پېچلەر تەدرىجىي كىچىك دومنا پېچكە ئۆزگەرتىلىپ پولات تاۋلاندى. 1960- يىلى، سىغىمى 28 كۇب مېتىردىن تۆۋەن بولغان كىچىك دومنا پېچتىن 11 ى ياسالدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتى 1961- يىلىغىچە ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرغاندىن باشقا، قالغان كىچىك دومنا پېچلەر ئۆزۈنغا بارماي ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى.

كەڭ كۆلەمدە پولات- تۆمۈر تاۋلاشقا نەچچە ئون مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، كوكس قاتارلىق خام ئەشيا ماتېرىيالى كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تاۋلاپ چىقىلغىنىنىڭ كۆپىنچىسى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان داشقاللىق تۆمۈردىن ئىبارەت بولۇپ، زىيان 1 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1958- يىللا قۇمۇل ناھىيىسى كەڭ كۆلەمدە پولات- تاۋلاشتىن 620 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشتە، سىستېمىلار ۋە ساھەلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئالايلۇق، يېزا ئىگىلىكىدە 10 يىللىق كۆرسەتكۈچنى بىر يىلدا ئورۇنداپ بولۇش، ماتارپىتا بىر يىلدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، ئەدەبىيات- سەنئەتتە «ئەدەبىيات - سەنئەت سوتسىي ھەمراھى» نى كۆپلەپ قويۇپ بېرىش، ھەممەيلەن ئىجادىيەتكە ئۇتتۇش قىلىش قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ سەكرەپ ئىلگىرىلەش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئورۇنداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«سەكرەپ ئىلگىرىلەشتە، ۋىلايەت بويىچە ھەردەرىجىلىكتىن تەكشۈرۈپ يۆتكەلگەن ئومۇمىي پۇل قىممىتى 14 مىليون 830 مىڭ يۈەن (سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش ۋە كەڭ كۆلەمدە پولات - تۆمۈر تاۋلاشتا يۆتكەپ كېلىنگەن 15 مىليون 140 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك كۈچى 1826، يەر 15 مىڭ 32 مۇ، چارۋا 20 مىڭ 871 تۇياق، تېرىلغۇ ئۆلىغى 781 تۇياق، دېھقانچىلىق سايمىنى 11 مىڭ 496، ھارۋا ئاپتوموبىل 125، ئۆي 2680 ئېغىز، ئائىلە جاھازىسى 18 مىڭ 942، ئاشلىق 24 مىڭ 787.5 كىلوگرام، باشقا بۇيۇم 51 مىڭ 570، كېيىن قايتۇرۇپ بېرىلگەن ۋە تۆلەپ بېرىلگەن ئومۇمىي پۇل قىممىتى 1 مىليون 412 مىڭ 700 يۈەن (سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش ۋە كەڭ كۆلەمدە پولات - تۆمۈر تاۋلاشتا قايتۇرۇپ بېرىلگەن 797 مىڭ 800 يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) بولۇپ، تۆلەپ بېرىش ۋە قايتۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنىڭ 95.2 % ىنى ئىگىلىدى، جەمئىي 1619 ئەمگەك كۈچى، 8079 مو يەر، 10 مىڭ 250 تۇياق چارۋا، 246 تۇياق تېرىلغۇ ئۆلىغى، 1021 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 71 ھارۋا، 438 ئېغىز ئۆي ، 7130 دانە ئۆي جاھازىسى، 3703 دانە باشقا بۇيۇم قايتۇرۇپ بېرىلدى ۋە تۆلەپ بېرىلدى.

## §7. «ئوڭچىللىق» قا قارشى تۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش

1959- يىل 8- ئايدىن كېيىن، ج ك پ 8- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، خەلق كوممۇنىسىغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان قاراشتا بولغان بىر قىسىم يولداشلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كە، خەلق كوممۇنىسى قۇرۇشقا قارشى تۇرغۇچى ئوڭچىل مۇتەئەسسىپ ئىدىيىدىكىلەر دەپ قارالدى ھەمدە پاش قىلىپ تەنقىد قىلىندى.

شۇ يىلى 12- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن نەچچە يۈز كادىر

ئاجرىتىلىپ، 10 خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەندى، ئۇلار گۇڭشې (مەيدان) لارغا بېرىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرىكەت جەريانىدا، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 883 كادىر ۋە دېھقان تەنقىد قىلىندى ۋە چارە كۆرۈلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىدىن 406 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئەترەت باشلىقىدىن يۇقىرى كادىر 190)، باركۆل ناھىيىسىدىن 436 كىشى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن 41 كىشى.

1962 – 1963 - يىلى 5- ئايغىچە، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش خىزمىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئاساس قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 2210 كىشى تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈلدى، بۇ، تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈلىدىغان 2251 كىشىنىڭ % 98.4 نىنى ئىگىلىدى، ئەسلىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 1216 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ % 55 نىنى، ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 387 كىشى بولۇپ، %17.5 نى، قىسمەن خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 217 كىشى بولۇپ، % 9.8 نى، ئاساسىي جەھەتتىن خاتا ۋە پۈتۈنلەي خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانلار 390 كىشى بولۇپ، % 17.6 نى ئىگىلىدى.

## §8 . سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى

### 1. ئومۇمىي دائىرە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش

1962 - يىلى 9- ئايدا، ج ك پ 8- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 10- ئومۇمىي يىغىنىدا بىر قېتىم سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 190 كادىر ئاجرىتىپ، ۋىلايەت بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى مۇستەھكەملەشنى مەركەز، «خەلق گۇڭشېسىغا دائىر 60 ماددا » نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى (ئومۇمىي دائىرە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش دەپمۇ ئاتالدى ) نى قانات يايدۇردى. بۇ ھەرىكەت قۇمۇل ناھىيىسىدە 1962- يىل 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى باشلىنىپ، 1963- يىل 4 - ئايدا ئاخىرلاشتى، باركۆل ناھىيىسىدە 1962- يىل 12- ئاينىڭ 10- كۈنى باشلىنىپ، 1963- يىل 3- ئاينىڭ 20- كۈنى ئاخىرلاشتى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 1963- يىل 9- ئاينىڭ 10- كۈنى باشلىنىپ، 1964- يىل 2- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاخىرلاشتى.

ھەرىكەت جەريانىدا، ئىجابىي تەربىيە ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ۋەتەننى، كوللېكتىپنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش ئېشەنچىسى كۈچەيتىلدى. نۇرغۇن گۇڭشې ئەزالىرى ئېلىپ كەتكەن ياكى ئىگىلىۋالغان ئاشلىق- تېرىلغۇ يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى قايتۇرۇلدى، بىر قىسىم تۆت خىل ئۇنسۇر (پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر) لار تەنقىد- كۈرەش قىلىندى ھەمدە كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بىر تۈركۈم قانۇنسىز ئۇنسۇر بىر تەرەپ قىلىندى، «ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگە بېرىش» نى ئوتتۇرىغا قويغان ياكى قوللىغان كادىرلار، گۇڭشې ئەزالىرى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلار، دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىندى، ھەتتا ئۇلارغا زەربە بېرىلدى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى كادىرلارنىڭ ئىستىل ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەر سىنىپىي كۈرەش ياكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى، دەپ قارالدى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئورۇنسىز زەربىگە ئۇچرىدى.

2. نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش

1963- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك پارتكوملار 340 نەپەر كادىرنى ئاجرىتىپ، بىرلەشمە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ يېزىلارغا ئەۋەتىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى (نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش دەپمۇ ئاتالدى) نى قانات يايدۇردى، نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىش قۇمۇل ناھىيىسىدە 1963- يىل 9- ئايدىن كېيىنكى يىلى 3- ئايغىچە شەھەر ئەتراپى، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرىدا سىناق قىلىندى، باركۆل ناھىيىسىدە 1963- يىل 6- ئايدىن باشلاپ شىرىنبۇزى گۇڭشېسىدا سىناق قىلىندى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 1964 - يىل 2 - ئايدىن 8 – ئايغىچە نوم، ئاداق گۇڭشېلىرىدا نۇقتىدا سىناق قىلىندى.

خىزمەت ئەترىتى كەنتلەرگە كېلىپلا بىرىنچىدىن، ئاممىغا سوتسىيالىزم، كوللېكتىۋىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ باردى ھەمدە كەمبەغەللەردىن ھال- ئەھۋال سوراپ، مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى؛ ئىككىنچىدىن، كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن «يۇيۇنۇپ»، مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، بوغچىنى تاشلاپ ھەرىكەتكە قاتنىشىشقا قوزغىدى، ئۈچىنچىدىن، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ تۆتنى (ھېساباتنى، ئامبارنى، مال- مۈلۈكنى، نومۇرنى ) ئېنىقلىدى؛ تۆتىنچىدىن، دۈشمەنلەرنى كۈرەش قىلىش، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، ئەڭ ئاخىرىدا، ھەرخىل تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سالدى، قۇرۇپ چىقتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، كادىرلارنىڭ ئەمگەك تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ناھىيىلەردىكى يېزا، مەيدانلاردا تۈركۈمگە بۆلۈپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە 1964- يىل 2- ئايدىن 7- ئايغىچە يەتتە قۇدۇق، ئاستانە، توغۇچى گۇڭشېلىرىدا، 8- ئايدىن 10- ئايغىچە شەھەرئىچى، راھەتباغ، بوغاز گۇڭشېلىرىدا نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 1964 - يىل 8 – ئايدىن 1965 – يىل - ئايغىچە بايدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې، كۆيسۇ گۇڭشېلىرىدا نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.

3. 2- باسقۇچلۇق سوتسىيالىستىك تەربىيە

1965- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەت بويىچە 2- باسقۇچلۇق سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 2- باسقۇچلۇق سوتسىيالىستىك تەربىيە ئىقتىسادنى، تەشكىلنى، سىياسىينى، ئىدىيىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت تۆت جەھەتكە كېڭەيتىلىپ، «تۆتنى ئېنىقلاش » ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى. بۇ ھەرىكەت قۇمۇل ناھىيىسىدىكى شەھەر ئىچى، بوغاز، بۇلۇڭتوغراق، ساقىدىن ئىبارەت تۆت گۇڭشې، مەيداندا قانات يايدۇرۇلدى؛ 1966- يىل 2- ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە يەنە تەڭرىتاغ، غەربىي تاغ، تاشبۇلاق، قارادۆۋە، شوپۇل، قوبلۇق قاتارلىق گۇڭشې، مەيدانلاردا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ئۈچ ناھىيىدىن كەلگەن خىزمەت ئەترىتى ئەزاسىدىن 800 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى، كېيىنكى باسقۇچتا يەنە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 129 ئوقۇغۇچى قېتىلدى. «تۆتنى ئېنىقلاش » ھەرىكىتى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 1965- يىل 10- ئايدىن 1966- يىل 5- ئايغىچە تۇركۆل، نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىك 13 ئورۇندا ئېلىپ بېرىلىپ، جەمئىي 39 خىيانەتچى، ئوغرى، ھايانكەش پاش قىلىندى. باركۆل ناھىيىسى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ 100 نەپەر كادىرنى قۇمۇل ناھىيىسىگە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتكەندىن سىرت، يەنە 46 كادىرنى تەشكىللەپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «بىر ۋەتەن، بىر يول، بىر سىياسەت» تىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ باردى، يەنە 90 يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنى تەرتىپكە سالدى.

بۇ قېتىمقى «تۈزىنى ئېنىقلاش» جەريانىدا، زور بىر تۈركۈم خىيانەت قىلىنغان، ئوغرىلانغان ئاشلىق ۋە پۇل- مال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىلدى، ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىدىن 68 پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 39 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى. يېزىلاردىكى «تۆت خىل ئۇنسۇر» لار ئۈستىدە قايىل قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى ياكى ئۇلاردىن ئىقتىسادىي ھېساب ئېلىندى، ئىپادىسى ياخشى بولغان ئاز ساندىكى «تۆت خىل ئۇنسۇر» نىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى.

ھەرىكەت جەريانىدا يەنە ئورغۇن كۆڭۈلسىز، چوڭ ئەترەتلەردە «ھوقۇق تارتىۋېلىش» ئېلىپ بېرىلدى، بىر قىسىم يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار سۈپىتىدە تارتىپ چىقىرىلدى. سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى، شۇڭا ھەرىكەتكە سىنىپىي تەركىبنى ئومۇميۈزلۈك ئايرىش، «تۆت كونا» نى بۇزۇپ، «تۆت يېڭى» نى تىكلەش، «جىن- شەيتانلارنى تەلتۆكۈس تازىلاش » دېگەندەك ئوخشاش مەزمۇنلار قوشۇلدى. شۇ ئاساستا يەنە 100 دىن ئارتۇق پومېشچىك (چارۋىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، باي دېھقان (باي چارۋىچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ تەركىبى تولۇقلاپ ئايرىلدى، ئورغۇن كادىر ۋە ئامما «جىن- شەيتان» دەپ قارىلىپ تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىندى، يەنە ئورغۇن مەسچىت - چېركاۋلار ۋە ئاسار ئەتىقىلەر بۇزۇۋېتىلدى، زور بىر تۈركۈم دىنىي كىتاب ۋە باشقا بىر قىسىم كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

## §9. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

1966- يىل 5- ئاينىڭ 16- كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى» نى ماقۇللىدى، پۈتۈن مەملىكەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قانات يايدۇرۇلدى. ئەينى چاغدا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرى بىر قەدەر تىنچ ئىدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا،كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر يەنىلا نورمال خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ۋە ناھىيىلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار يازلىق تەتىلدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا دائىر ھۆججەتلەرنى مەركەزلىك ئۆگەندى. 8- ئاينىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئارقا- ئارقىدىن قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، قىزىل قوغدىغۇچىلار كوچىلارغا چىقىپ، ئاتالمىش «تۆت كونا» نى بۇزۇپ، «تۆت يېڭى» نى تىكلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. 9- ئاينىڭ 3- كۈنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىغا بېسىپ كىرىشتەك «3- سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەردىكى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، ئوقۇغۇچى ۋە سودا ساھەسىدىكى ئامما تەڭلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا كىرىشىپ كەتتى. ھەرخىل نامدىكى جەڭگىۋار ئەترەتلەر ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئاتالمىش «بۇرژۇئا ئەكسىلئىنقىلابىي لۇشيەنى» نى تەنقىد قىلىش، «ۋىلايەتلىك پارتكومنى توپقا تۇتۇش»، «ناھىيىلىك پارتكومنى توپقا تۇتۇش» ھەردەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنى تەنقىد - كۈرەش قىلىش باشلىنىپ كەتتى، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967- يىل 1- ئاينىڭ 21- كۈنى، قىسمەن ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىشىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ناھىيىلەر ۋە شەھەر- يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئورگان- ئىدارىلەردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ ئارقا- ئارقىدىن ھوقۇق تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن ئامما قۇمۇلنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدا 14 قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۈرىشى پەيدا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال- مۈلكى غايەت

زور زىيانغا ئۇچرىدى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» 10 يىل داۋام قىلىپ، قۇمۇلغا ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، يېڭى جۇڭگونى ئەڭ ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ۋە زىيانغا ئۇچراتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، قۇمۇلدا زاۋۇتلار ئىشتىن توختىدى، ماگىزىنلار تاقىلىپ قالدى، مەكتەپلەر دەرس توختاتتى، ئىدارە- ئورگانلار پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، كارخانىلار زىيان تارتتى، ئاشلىق ھوسۇلى كېمىيىپ كەتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1968- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 452 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، 1966- يىلدىكىدىن 5 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتكەن، 1969- 1974- يىلىغىچە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىزچىل ھالدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 20 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە تۇرۇپ قالغان، 1974- يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 1952- يىلدىكىدىن 26.5 كىلوگرام چۈشۈپ كەتكەن، 1968- يىلى قوتاندىكى چارۋا 937 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1966- يىلدىكىدىن 100 مىڭ تۇياق كېمىيىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنە زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار پەيدا قىلىندى.

### 1. «3- سېنتەبىر ۋەقەسى»

1966- يىل 9- ئاينىڭ 2-كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم پىڭجۇيۈەن تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدا ماۋجۇشىننىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا 500 مىڭ ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا يەرلىك، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقارمىسى، تۆمۈريول ۋە ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى كادىرلار، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقارمىسى قىزىل يۇلتۇز مەكتىپىدىكى ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئاساس قىلغان ئوقۇغۇچىلار پىڭجۇيۈەن تىياتىرخانىسىدا بېيجىڭ گەنجياكۇ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن كەلگەن بەش قىزىل قوغدىغۇچى بىلەن كۆرۈشتى، بېيجىڭدىن كەلگەن قىزىل قوغدىغۇچىلار قىزىل يۇلتۇز مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بېيجىڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا دائىر ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى، ئۇلار: «بېيجىڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بىر قىسىم چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەردىن چىقىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى داغدۇغىلىق ئېلىپ بارماقتا، سىلەرنىڭ قۇمۇلدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى سۇس ئىكەن، سىلەر مەكتەپلەردىلا ئىنقىلاپ قىلىۋېتىپسىلەر، بونداق قىلساڭلار ۋەزىيەتكە يېتىشەلمەيسىلەر، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش مەكتەپتىن چىقىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشىڭلار كېرەك » دېدى. شۇ كۈنى قىزىل يولتۇز ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار «قۇمۇل گېزىتى » گە بېسىلغان ماۋجۇشىننىڭ سۈرىتى كەينىگە دەل ئۇدۇل كېلىپ قالغان ماۋجۇشىننىڭ «يوقىتايلى » دېگەن سۆزىنى كۆرۈپ، بۇ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ماۋجۇشىغا قارشى تۇرۇش «جىنايەت پاكىتى »دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار دەرھال چوڭ خەتلىك گېزىت ۋە شوئارلارنى يازدى. بىڭتۇەن قۇمۇل باشقارمىسى پارتكومى مەكتەپلەرگە ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، ياخشى خىزمەت ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى، يەرلىككە بېرىپ ئىش تېرىماسلىقنى تەلەپ قىلدى، لېكىن بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. كەچ سائەت توققۇزلاردا، مەكتەپ ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مەسئۇلى پۇشتەك چېلىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنى مەيدانغا يىغدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ خەتلىك گېزىت، بەزىلىرى شوئار- لوزۇنكا، بەزىلىرى شىلىم، بەزىلىرى سۈپۈرگە كۆتۈرۈپ، مەكتەپتىن چىقىپ، جەمئىيەتكە يۈزلەندى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىغا كەلگەندىن كېيىن، بەزىلەر يېزىپ تەييارلاپ قويغان «قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنى

توپقا تۇتايلى»، «ۋىلايەتلىك پارتكوم، دېگەن بۇ ئەبجەق ۋۇيۇسكىنى پاچاقلاپ تاشلايلى »، «ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارا ئۇۋۇسىنى پاچاقلاپ تاشلايلى »دېگەن شوئارلارنى يىغىن زالى ۋە ئىشخانىلارنىڭ تاملىرىغا چاپلىدى، بەزىلەر ئىشخانىلارغا كىرىپ، ماۋجۇشىغا قارشى تۇرۇش «جىنايەت پاكىتلىرى »نى ئىزدىدى، بەزىلەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ موئاۋىن شۇجىسى خې چۇڭخۇا بىلەن ۋېي خاۋلارنى قورشىۋالدى، بەزىلەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ «ئىسيان كۆتۈرۈش ھەرىكىتى » 9- ئاينىڭ 3- كۈنى سەھەر سائەت ئۈچلەرگىچە داۋاملاشتى.

«3- سېنتەبىر » ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس بىردەك بولمىدى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە «3- سېنتەبىر » ۋەقەسىنى چۈرىدىگەن ھالدا كەسكىن بەس- مۇنازىرە قانات يېيىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش كېلىپ چىقتى.

2. «27- يانۋار » دىكى ھوقۇق تارتىۋېلىش

شاڭخەيدە «يانۋار بورىنى» ھوقۇق تارتىۋېلىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار شۇئان ئۇنى ئۈلگە قىلدى، 1967- يىل 1- ئاينىڭ 21- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سانائەت- قاتناش سىستېمىسىدىكى ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم ئاممىدىن تەشكىللەنگەن «ئىشچىلار بىرلەشمىسى » تۆت ئورۇندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەمۇرىي مەھكىمە «قىزىل ئىسيانكارلار ئۆمىكى» مۇ مەمۇرىي مەھكىمە ۋە بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، قۇمۇل ج خ باشقارمىسىنىڭ «قىزىل قاراۋۇل » لىرىمۇ ج خ باشقارمىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال «قۇمۇل ۋىلايەتلىك ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتابى» دېگەن نامغىنى ئويدۇردى، خىزمەتچىلەر گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى، تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، خىزمەتچى خادىملارنى سەپلەپ، تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

1) «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش »نى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى؛

2) ئىشچىلار بىرلەشمىسى، تۆمۈر يول بىرلەشمىسى، مەمۇرىي مەھكىمە قىزىل ئىسيانكارلار ئۆمىكى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى شىددەتلىك ئوت 2- گۇرۇپپىسى قاتارلىق 10نەچچە ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ نامىدا «قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چىقىرىلغان مۇراجىئەتنامە » دىن ئىبارەت ھوقۇق تارتىۋېلىش باياناتى (1- نومۇرلۇق ئومۇمىي بۇيرۇق دەپمۇ ئاتالدى ) نى بېسىپ تارقاتتى؛

3) پائال كۈچ تەشكىللەپ، چوڭ خەتلىك گېزىت ۋە شوئار يېزىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى ئاما يازغان چوڭ خەتلىك گېزىت ۋە شوئارلار ھەممە يەرنى قاپلىدى.

4) «ئىنقىلابىي تۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش » مەزمۇن قىلىنغان 2- نومۇرلۇق ئومۇمىي بۇيرۇقنى بېسىپ تارقاتتى.

1967- يىل 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا ۋىلايەتنىڭ «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش » ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن تەركىب تاپقان «قۇمۇل ۋىلايەتلىك ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتابى» ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

3. ئەلەم كۈرىشى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، قۇمۇل ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون بولۇپ، جياڭ چىڭنىڭ «قەلەم بىلەن جەڭ

قىلىپ ئەلەم بىلەن قوغدىنىش » توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى نەتىجىسىدە، ئىككى تەرەپ بولۇپ قارشىلاشقان ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارىسىدا 1967- يىل 6- ئاينىڭ 4- كۈنىدىن 1968- يىل 10- ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە 14 قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، 210 كىشى ئۆلدى (سىرتتىن قۇمۇلغا كېلىپ ئۆلگەن ئوقۇغۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى ۋە بىكۇناھ ئاھالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 400 نەچچە كىشى مېيىپ بولدى.

1967- يىل 6- ئاينىڭ 4- كۈنى كەچتە، تۆمۈريول پاراۋۇز ئۇچاستكىسىدا قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىم خېلى چوڭ ئەلەم كۆرىشى يۈز بەردى.

6- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە، مەمۇرىي مەھكىمە بىناسىدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، ئىككى كىشى ئۆلدى، 100 نەچچە كىشى يارىلاندى.

7- ئاينىڭ 10- كۈنى، قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانىدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، ئىككى كىشى ئېغىر يارىلاندى.

7- ئاينىڭ 28- كۈنى، مەمۇرىي مەھكىمە بىناسىدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بەردى.

9- ئاينىڭ 17- كۈنى، قىزىل يۇلتۇز 4- مەيدانى، سەيخۇمياۋدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، 10 كىشى ئۆلدى.

10- ئاينىڭ 4- كۈنى، تۆمۈر يولدىكى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولى قۇمۇل ۋوگزالىنىڭ تىرانسپورتى 51 سائەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

10- ئاينىڭ 6- كۈنى، ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، بىر كىشى ئۆلدى.

10- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئەلەم كۆرىشى ئۈزلۈكسىز ئەۋجىگە چىقتى، شۇكۈنى، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 21 دە، قۇمۇل ۋوگزالىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش توختىدى، 10- ئاينىڭ 20- كۈنى سائەت نۆلدە، ئاندىن تۆمۈر يولدا قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

10- ئاينىڭ 27- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىدە ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، ئۈچ كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 2- كۈنى، ۋىلايەتلىك سودا شىركىتىدە ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، ئىككى كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 7- كۈنى، قۇمۇل ۋوگزالىنىڭ بىكىتۈەن يۈك يۆتكەش مەيدانىدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، تۆت كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 8- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە، قۇمۇل ناھىيىسى بولۇگتوغراقتا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، 24 كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 21- كۈنى، بىر قىسىم ئاما لىۋيۈەن ۋوگزالىدىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ قورالىنى بۇلىدى، نەسىھەت بىلەن توسۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىمى بولمىغاچقا، يەتتە كىشى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

11- ئاينىڭ 23- كۈنى، ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، 11 كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 25- كۈنى، پوچتا- تېلېگىراف بىناسى پارتلىتىۋېتىلدى، ئالتە كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 27- كۈنى، قۇمۇل ۋوگزالىنىڭ ھەربىي پونكىت ئەتراپىدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، بىر كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ 30- كۈنى سەھەردە، قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانىدا ئەلەم كۆرىشى يۈز بېرىپ، 15 كىشى ئۆلدى.

11- ئاينىڭ ئاخىرى، قىزىل يۇلتۇز 1- مەيدانىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قىزىل نۇر ۋوگزالىنىڭ غەربىي ئاچال يۆتكەش ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى 37.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى رېلىسنى چۇۋۇۋەتتى، 30- كۈنى كەچتە يەنە قىزىل نۇر ۋوگزالى ئۆيىنىڭ 1-، 2- نومۇرلۇق قوشۇمچە ئۆيىنى ۋە خەۋەرلىشىش قوماندانلىق مۇئەسسەسلىرىنى پارتلىتىۋەتتى.

11- ئاينىڭ 10- كۈنى، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى تۆمۈر يولنىڭ ئىككى تال رېلىسى چۇۋۇۋېتىلدى، سەككىز جۈپ تېلېفون سىمى ئۈزۈۋېتىلدى، ئەلەم كۆرىشى ئەۋجىگە چىقىپ، قۇمۇل بۆلىكىدە تۆمۈر يول ترانسپورتى 64 سائەت ئۈزۈلۈپ قالدى. گوۋيۈەن زوگلىسى جۇئېنلەي قۇمۇل ۋوگزالىنى ئېچىۋېتىش، ئىككى تەرەپنىڭ

تولىدىكى قورال- ياراغلارنى پىچەتلەپ ساقلاش توغرىسىدا ئۈچ قېتىم بىۋاسىتە يوليورۇق بەردى.

1968- يىل 6- ئاينىڭ 13- كۈنى، ئاشلىق ئىدارىسىدا ئەلەم كۆرۈشى يۈز بېرىپ، بىر كىشى ئۆلدى.

10- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە، مەمۇرىي مەھكىمە خىزمەت بىناسى، ئاشخانا، زال، كادىرلار ياتىقى ۋە قوشۇمچە ئىمارەتلەر، قىزىل يۇلتۇز ماگىزىنى ۋە تىياتىرخانا پارتلىتىۋېتىلدى، 11 كىشى ئۆلدى، دۆلەتكە 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

4. «قوشۇننى تازىلاش »، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۆچكە قارشى تۇرۇش»

1970- يىل 2- ئاينىڭ 21- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋىلايەت پىگجۇيۈەن تىياتىرخانىسىدا 1000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان «قوشۇننى تازىلاش (سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش) »، «بىرگە زەربە بىرىش، ئۆچكە قارشى تۇرۇش (نەق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە قارشى تۇرۇش)» سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قارىمىقىدىكى تېرە- يۇڭ زاۋۇتىنىڭ ئىنقىلاب رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش، «قوشۇننى تازىلاش »ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۆچكە قارشى تۇرۇش »نى قانات يايدۇرۇشتىكى تەجرىبىسى كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت دائىرىسىدە «قوشۇننى تازىلاش» ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۆچكە قارشى تۇرۇش» باشلىنىپ كەتتى، ئىنتايىن سول ئىدىيۋى ئېقىم ۋە تەرەپبازلىقنىڭ تەسىرىدە، قالايمىقان تارتىپ چىقىرىلىپ ۋە قالايمىقان كۈرەش قىلىنىپ، كىشىلەرگە ئازار بېرىلدى، نۇرغۇن كادىر ۋە ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلو پەيدا قىلىندى.

ۋىلايەت بويىچە تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان ۋە قاماپ قويۇلغان كادىر ۋە ئامما جەمئىي 7312 گە يېتىپ، ئەينى چاغدىكى ۋىلايەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ %2.61 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ـ ئىدارە دەرىجىلىك كادىر 10، ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك كادىر 88، ئادەتتىكى كادىر 1404، ئىشچى 1830، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى باشلىقىدىن يۇقىرى كادىر 289، كۆكتات ئەزاسى 2561، باشقىلار 1130، ئاتالمىش گۇرۇھ خاراكتېرلىك 10 نەچچە دېلو پەيدا قىلىنىپ، چېتىلدۇرۇلغان كىشى 500 دىن ئاشتى.

قىيناپ سوراق قىلىش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش داۋامىدا، 50 نەچچە خىل جىنايى جازا قوللىنىلدى، ۋىلايەت بويىچە 1000 نەچچە كىشى ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويۇلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمگەك ۋە تۇرمۇش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالدى، 170 كىشى بىنورمال ئۆلۈپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 كىشى قاتتىق تاياق يەپ ئۆلۈپ كەتتى،127 كىشى قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، 26 كىشى قاماپ قويۇلۇپ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

5. «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش »

ۋىلايەتتە «لىن بياۋنى، كۇڭ زىنى تەنقىد قىلىش» بەش يىل داۋام قىلدى.

1971- يىلى، لىن بياۋنىڭ «13- سېنتەبىر» ئاسىيلىق قىلىپ قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «لىن بياۋ، چېن بودا پارتىيىگە قارشى گۇرۇھىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشىنى تارمار قىلىش كۈرىشى» توغرىسىدىكى 1-، 2-، 3- ماتېرىيالنى ۋە چېن بودانىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تارىخىي جىنايىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئارقا- ئارقىدىن تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە تەنقىد قىلىش قانات يايدۇرۇلدى، ئەينى چاغدا بۇ، «لىن بياۋنى، تەنقىد قىلىش ـ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى »دەپ ئاتالدى. 1973- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە يەنە «لىن بياۋنى، كۇڭ زىنى تەنقىد قىلىش» ھەرىكىتى باشلاندى. لىن بياۋنى، كۇڭ زىنى تەنقىد قىلىش ـ جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئۆزىنىڭ ئۈنىگدىن پايدىلانغان بىر قېتىملىق ھەرىكەت بولۇپ، ئۇلار جۇئېنلەي ۋە باشقا پېشقەدەم ئىنقىلابىي كادىرلارغا دارىتمىلاپ ھۇجۇم قىلدى.

1973- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش- ئىستىل تۈزىتىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش- ئىستىل تۈزىتىشتە، ئالدى بىلەن لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئاندىن ئىستىل تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىستىل تۈزىتىشتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆزىنى توغرىلاشنى، ئۆزىنى قاتتىق ئانالىز قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1974- يىل 2- ئاينىڭ 5- كۈنى، ۋىلايەتتە لىن بياۋنى، كوڭزىنى تەنقىد قىلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىپ، مەركەزنىڭ ھۆججىتى يەتكۈزۈلدى، «لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش ـ ئىستىل تۈزىتىش» «لىن بياۋنى، كوڭزىنى تەنقىد قىلىش» قا ئۆزگەرتىلىپ، «ئۆزگەنى تۇت، ئەدەبكە قايت» دېگەننى تەنقىد قىلىش ـ ئۇنىڭ يادروسى قىلىنىپ، تىغ ئۇچى زۇڭلى جۇئېنلەيگە ۋە باشقا پېشقەدەم ئىنقىلابىي كادىرلارغا قارىتىلدى.

## §10. پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش

1976- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ تارمار قىلىنغانلىقىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئارقىدىنلا، ۋىلايەت بويىچە جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى بىلەن چېتىشلىقى بار ئادەم ۋە ئىشلارنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش قانات يايدۇرۇلدى.

1977 – 1980- يىلىغىچە، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش ( لىن بياۋ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش، ھوقۇق تارتىۋېلىش قەستىدە بولغان جىنايىتىنى پاش قىلىش، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سولچىل لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلارنى ئېنىقلاش) ۋە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرى بىلەن ئالاقىدار دېلولارنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، 43 كىشىنىڭ خاراكتېرى بېكىتىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى جازا بېرىلگىنى ئۈچ، پارتىيە ئىچىدە چارە كۆرۈلۈپ،قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگىنى ئالتە، پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى بىر، پارتىيە ئىچىدە سىناققا قالدۇرۇلغىنى يەتتە، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغىنى بەش، پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى ئۈچ، مەمۇرىي جەھەتتىن گۇناھ يېزىش جازاسى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 13. بۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇل تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىدىن 38كىشىگە ھەر خىل چارە كۆرۈلدى.

1984- يىل 4- ئايدىن كېيىن، « ئۈچ خىل ئادەم ( لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىغا ئەگىشىپ ئىسيان كۆتەرگەنلەر، تەرەپبازلىق ئىدىيىسى ئېغىر كىشىلەر، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلار) نى ئېنىقلاش خىزمىتى باشلاندى. « ئۈچ خىل ئادەم»)نى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىدە، « بىرىنچىدىن قەتئىي بولۇش، ئىككىنچىدىن ئېھتىياتچان بولۇش، ئۈچىنچىدىن چىڭ تۇتۇش » تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈلدى، ۋىلايەت بويىچە 27 تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئېنىقلاش مەخسۇس كادىرىدىن 88 ى سەپلىنىپ، 1966- يىلدىكى « 3- سېنتەبىر » ۋەقەسى، 1967- يىلدىكى « 27- يانۋار » ھوقۇق تارتىۋېلىش، 14 قېتىملىق ئەلەم كۆرسىتىش، ئۆز ئالدىغا سوراقخانا قۇرۇش، قاتتىق قىيىن- قىستاققا ئېلىش، ناھەق، يالغان، خاتا دېلو پەيدا قىلىش، « ئېقىمغا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسى » قۇرۇش، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئۈچۈن قارا ئەرز قىلىش، ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش، «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا زەربە بېرىش » جەريانىدا تىغ ئۇچىنى

بىۋاسىتە دېلو شىياۋپىڭغا قارىتىش، يۇقىرى- تۆۋەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنى كادىرنى چىقىرىشقا ئۈزۈنۈش، ئورگانلارنى چېقىش، ئارخىپلارنى بۇلاش، شەخسىي تېلگىراما ئىستانسىسى قۇرۇش قاتارلىق 25 ۋەقە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە 39كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاكىم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 12، پارتىيە ئەزاسى 29، كادىر 36، ئىشچى ئۈچ، بۇلاردىن « ئۈچ خىل ئادەم » دەپ بېكىتىلگىنى ئىككى، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگىنى ئۈچ.

## §11. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1978- يىل، ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدا بەلگىلەنگەن «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىق بولسا چوقۇم تۈزىتىش» فاڭجېنى بويىچە، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ناھەق، يالغان خاتا دېلولار ئومۇميۈزلۈك، قەدەم- باسقۇچلۇق ھەل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى سىياسىي ھەرىكەتلەردە قېپقالغان تارىخىي مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈلدى. 1978- يىل 4- ئايدىن 1986- يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە 700 دىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىلىپ،ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. 1988- يىل 4- ئايغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە جەمئىي 10 مىڭ 395كىشىنىڭ ھەرخىل دېلوسى قايتا تەكشۈرۈپ ئايرىلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، تولۇق ئاقلانغان كىشى 9201، قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغان كىشى 269، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان كىشى 925.

1. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى دېلولار 7312كىشىگە چېتىلغان بولۇپ، پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، تولۇق ئاقلانغان كىشى 6845، قىسمەن خاتا بولۇپ، قىسمەن ئاقلانغان كىشى تۆت، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغان كىشى 463. خاتا ھۆكۈم چىقىرىلغان تەسىرى زور بىر قىسىم دېلولار ئاشكارا ئاقلاندى. سابىق قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ جياشۇ 1971- يىل 9- ئايدا تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، دەپ بېكىتىلىپ، پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن؛ سابىق قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خې چۈڭخۇا 1971- يىلى تۈزىنى مەلۇم قىلغان ئاپىنغان ئۇنسۇر، دەپ بېكىتىلىپ، پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن؛ سابىق ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كاندىدات شۇجىسى قادىر ئاسىپ 1971- يىلى تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى، دەپ بېكىتىلىپ، پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن؛ سابىق بىڭتۈەن قۇمۇل باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ جىنشىڭ تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، دەپ بېكىتىلىپ، يېزىغا چۈشۈرۈلۈپ نازارەت بىلەن ئەمگەككە سېلىنغانىدى. بۇ قېتىمقى قايتا تەكشۈرۈشتە، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى خاتا دېلو، دەپ قارىلىپ ، ئۇزۇل- كېسىل ئاقلاندى. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىيلىرىدىن ھامۇتخان بىلەن لى رۇي «قوشۇننى ئېنىقلاش»، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» تا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان ۋە سولاپ قويۇلغان ئىدى، قايتا تەكشۈرۈشتە ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇرۇمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل سۇ- ئېلېكتر ئۇچاستكىسىنىڭ

سابىق تېخنىكى شىن بۇەنخۋا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، ئۇ، 1970- يىلى نەق ئەكسىلئىنقىلابچى، دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەسلىدىكى ھۆكۈم بىكار قىلىنىپ ئاقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى گورۇھ خاراكتېرلىك دېلولار، باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې كۆكشىبىدا يۈز بەرگەن «29- مارت» ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئاداق كۆكشىبىدا يۈزبەرگەن «چەت ئەلگە قېچىش دېلوسى» ۋە « شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى دېلوسى » ، قۇمۇل كىلن ئىشلىرى ئىدارىسىدا يۈز بەرگەن «01» نومۇرلۇق دېلوسى قاتارلىقلار قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئاقلاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بارلىققا كەلگەن ناھەق، يالغان، خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان كادىرلار، ئىشچىلار قايتا تەكشۈرۈپ ئاقلانغاندىن كېيىن، داۋاملىق خىزمەت ئىشلىيەلەيدىغانلىرى ئەسلىدىكى خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلدى، خىزمەت ئىشلىيەلمەيدىغانلىرى پېنسىيىگە چىقىرىلدى؛ ناھەق، يالغان، خاتا دېلو تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئائىلە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلگەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئېتىبار بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياكى مائاشىنى تۇلۇقلاپ بېرىلدى ۋە ياردەم پۇلى بېرىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1979 – 1988- يىللىرىدا، خاتا بىر تەرەپ قىلىنىپ خىزمەتتىن قالغان 1131 كادىر ۋە ئىشچى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ياكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىلدى؛ مائاشى تۇتۇپ قېلىنغانلارنىڭ مائاشى تولۇقلاپ بېرىلىپ، 421 كىشىگە جەمئىي960 مىڭ يۈەن مائاش تولۇقلاپ بېرىلدى. مۇسادىرە قىلىنغان مال- مۈلۈك ئېنىقلاپ چىقىلىپ، ئەسلىدىكى مال- مۈلۈك بار بولسا، قايتۇرۇپ بېرىلدى، ئەسلىدىكى مال- مۈلۈك بولمىسا، باھاغا سۇندۇرۇپ تۆلەپ بېرىلدى، ۋىلايەت بويىچە 541 ئائىلىگە جەمئىي 210 مىڭ 800 يۈەن پۇل قايتۇرۇپ بېرىلدى. سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئاقلانغان 4500 يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرى، ئاما ۋە شەھەر ئاھالىسىگە بىر قېتىمدىلا جەمئىي 660 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى؛ تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغان، قاماپ قويۇلغان يېزا كادىرلىرى، ئامىغا ئىش نومۇرى خاتىرىلەنمىگەن بولسا، كۆكشىپ ـ ئەترەتلەر تەرىپىدىن تولۇقلاپ بېرىلىپ، جەمئىي 310 مىڭ يۈەن تولۇقلىما بېرىلدى. سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قاماق جازاسى بېرىلگەن، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاقلانغان دېھقان- چارۋىچىلار، شەھەر ئاھالىلىرىگە سوت مەھكىمىسى بەلگىلىمە بويىچە جەمئىي 310 مىڭ يۈەن ناھەق تۈرمىدە يېتىش ياردەم پۇلى بەردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلدى ياكى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى، بۇنىڭدا جەمئىي 1380 پارچە، 9383 بەت ئارخىپ ماتېرىيال كۆيدۈرۈۋېتىلدى، 716 پارچە، 5001 بەت ئارخىپ ماتېرىيال ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

2.« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن ئىلگىرىكى دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش

1959- يىلى ھۆكۈم چىقىرىلغان باركۆل ناھىيىسىدىكى بەش ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھ دېلوسى، يەنى ئالتۇنبېك ( سابىق قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى )، قوسىمان ( سابىق باركۆل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ) باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش گورۇھى دېلوسى، كابىن ئوقان باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي باندىتلار توپىلاڭ كۆتۈرۈش گورۇھى دېلوسى، ئىرغايباي باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي باندىتلار توپىلاڭ كۆتۈرۈش گورۇھى دېلوسى، قوسمان ۋە ئەختەملەر باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي باندىتلار توپىلاڭ كۆتۈرۈش دېلوسى، قارمان ۋە قابىشلار باشچىلىقىدىكى ياشلار ئۆستىگى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈش گورۇھى

دېلوسى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىلدى. 1979- يىلىدىن باشلاپ، بەش گۇرۇھ دېلوسىدىكى ئالاقىدار كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى كۆپ قېتىم ئەرز سۇنغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم 1980- يىل 10- ئايدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى كاملجان گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ئالاقىدار تارماقلاردىن 20نەچچە كىشى ئاجرىتىلىپ، قايتا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. قايتا- قايتا تەكشۈرۈش، ئىسپات ئېلىش ئارقىلىق، بۇ بەش دېلونى قايتا تەكشۈرۈش 1982- يىلى ئاخىرلاشتى. قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى: بۇ بەش دېلونى خاتا دېلو، ئۇنى ئاقلاش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئايرىم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ باشقا جىنايى ئىشلار جىنايىتى بېكىتىلگەندىن سىرت، بۇ بەش دېلو پۈتۈنلەي ئاقلاندى. ئاپتونوم رايون بۇنىڭ ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن ناھەق تۇرمىدە يېتىش ياردەم پۇلى، دەپنە قىلىش پۇلى ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان تۇرمۇش پۇلى ئاجراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، پېنسىيىگە چىقىرىلغانلارنىڭ 33 پەرزەنتى ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنىدىن جەمئىي 33 كىشى خىزمەتتىن ھەيدەلگەن، پارتىيىدىن چىقىرىلغان ۋە «قالپاق» كەيگۈزۈلگەنىدى. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 31 كىشىنىڭ دېلوسى خاتا دېلو دەپ قارىلىپ، تۈزىتىلدى. سابىق ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سېيىت قۇربان، ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇۋايىت 1966- يىلىنىڭ بېشىدا ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھقا قاتنىشىش جىنايىتى بىلەن، سېيىت قۇربانغا 20 يىللىق قاماق جازاسى، ئابدۇۋايىتقا 16 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەنىدى. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خاتا دېلو، دەپ بېكىتىلىپ، 1985- يىل 11- ئايدا بۇ ئىككى كىشى گۇناھسىز، دەپ ئېلان قىلىنىپ، ئاقلاندى ۋە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

### 3. 1964 – يىلى «تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى» دىكى دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش

مەلۇماتقا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىدە بارلىققا كەلگەن جەمئىي 917 كىشىنىڭ ئەرز قىلىش دېلوسى قايتا تەكشۈرۈلگەن، «تۆتنى ئېنىقلاش» تا خاتا ئايرىلغان 110 ئائىلىلىك پومېشچىك، باي دېھقان، كاپىتالىستنىڭ تەركىبى تۈزىتىلىپ، ئۇلارنىڭ يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئايرىلغان تەركىبى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

### 4. سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلار يېڭى ھاكىمىيەت خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر «ئۆچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ۋە كېيىنكى بەزى ھەرىكەتلەردە بىر تەرەپ قىلىندى. بەزىلىرى ھەتتا قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مەلۇماتقا قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلار جەمئىي 554كىشى بولۇپ، بۇلاردىن 86 كىشىنىڭ تارىخىي مەسىلىسى سۈرۈشتۈرۈلگەن، سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، 20 كىشىگە ئەكسىلئىنقىلابچى ۋە بۇزۇق ئۇنسۇر، دەپ قالپاق كەيگۈزۈلگەن، 17 كىشى خىزمەتتىن ھەيدەلگەن، 19 كىشىنىڭ ئىدىيىسى تازىلانغان.

1979- يىلى، سابىق گومىنداڭدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم «6- نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى» قۇرۇپ، سابىق گومىنداڭدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلەر بىر ئائىلە، ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويۇش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش» فاڭجېنى بويىچە قايتا تەكشۈرۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغان 169 قوزغىلاڭ كۆتىرىپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلار دېلوسىنىڭ 153ى (قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغىنى 114، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلەر قاتارىغا كىرمەيدىغىنى 39) قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئومۇمەن، تارىخىي مەسىلە سەۋەبلىك جازا كۆرۈلگەنلەر ئاقلاندى ھەم نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بەزىلىرى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقان كىشىنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇلاردىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 50 كىشىگە بىر قېتىمدىلا 15 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. يۇرتىغا ئەمگەك قىلىشقا قايتۇرۇلغان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقان 90 كىشىگە بەلگىلىك دەرىجىدە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىۋېلىشقا ياردەم پۇل بېرىلدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى يەنە بارلىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلارغا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىك ۋە ھەقىقەتكە قايتقانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

### 5. «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ۋە قايتا تەكشۈرۈش، تۈزىتىش خىزمىتى

1957- يىلىدىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە ئارقىدىنلا ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە 144 كىشى ئوڭچى، 36 كىشى يەرلىك مىللەتچى قىلىپ ئايرىلىپ، بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، نازارەت بىلەن ئەمگەككە سېلىنغانىدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم 1978- يىل 4- ئايدا، ئوڭچىلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇردى، ناھىيە (شەھەر) لەردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە «ئوڭچى» قالپىقى كەيگۈزۈلگەن كىشىلەرگە قارىتا قايتا تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈش، قالپىقىنى ئېلىۋېتىش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇ خىزمەت 1979- يىلى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى.

ۋىلايەت بويىچە ئەسلىدە ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى قىلىپ ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتا تۈزىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. ۋىلايەت بويىچە ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى قىلىپ ئايرىلغان جەمئىي 237 (سىرتقى ئۆلكىلەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن، خاتا ئوڭچى قىلىپ قويۇلغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، خاتا ئوڭچى قىلىپ قويۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئاقلاندى ھەمدە ئۇلاردىن 127 كىشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. داۋاملىق خىزمەت ئىشلىيەلمەيدىغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئورنىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 6. ئەسلىدىكى سودا- سانائەتچىلەرگە قارىتا پەرقلەندۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش

قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئەسلىدە 189 كىشى (ئائىلە) سودا سانائەتچى قىلىپ ئايرىلغان بولۇپ، پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق، 168 كىشى (ئۇششاق تىجارەتچى، يايمىچى، قول سانائەتچى) قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئەسلىدىكى سودا- سانائەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 89% نى ئىگىلىدى؛ 21 كىشى سودا- سانائەتچى قىلىپ ئايرىلدى، بۇلار 11% نى

ئىگىلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئەسلىدىكى 39 سودا-سانائەتچىنىڭ ئائىلە تەئەللۇقاتى مۇسادىرە قىلىنغان بولۇپ، سىياسەت بويىچە ھەممىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇسادىرە قىلىنغان بانكا ئامانەت پۇلى (باھاغا سۇندۇرۇلغان ئالتۇن-كۈمۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، ھەممىسى ئېرىتىلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى ھەمدە بانكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆسۈم بېرىلدى؛ مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكلەر ئەسلىدىكى مال-مۈلۈكلەر بولغان بولسا، ئەسلىدىكى مال-مۈلكى قايتۇرۇپ بېرىلدى، ئەسلىدىكى مال-مۈلكى بولمىسا، مۇۋاپىق تۆلەم بېرىلدى؛ تۇتۇپ قېلىنغان مائاشى تولۇقلاپ بېرىلدى؛ ئىلگىرى بېرىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ بېرىلمىگەن تۇراقلىق ئۆسۈممۇ بېرىلدى؛ يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەن 40 نەچچە كىشىنىڭ نوپۇسى شەھەر نوپۇسىغا ئالدۇرۇلدى ، بۇلاردىن خىزمەت ئىشلىيەلەيدىغان 19 كىشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە 11 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مائاش تولۇقلاپ بېرىلدى.

7. «2-قېتىملىق چارۋىچىلىقتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» تىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

1958-يىلى، ۋىلايەت «2-قېتىملىق چارۋىچىلىقتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» داۋامىدا، ئەسلىدە مۇكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى 101 ئائىلىگە شېرىكلەشكەندىن كېيىن قالدۇرۇلغان چارۋىلارنى خاتا پاي قوشۇشقا ئۆزگەرتىپ، جەمئىي 6743 تۇياق ئۆلچەملىك قوي، بەش كالا، 23 ئات، ئىككى تۆگىنى پاي قىلىپ قوشقاندى، بۇ چارۋىلارنى باھاغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 232 مىڭ 200 يۈەن بولاتتى، بىر قىسىم كىشىلەر ئىزچىل يىغىۋېلىنىپ پاي قىلىپ قوشۇلغان بۇ چارۋىلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ھەر بىر ئائىلىگە بىر قىسىم چارۋا ۋە پۇل قايتۇرۇپ بېرىلدى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 2014 تۇياق چارۋا، 101 مىڭ 800 يۈەن پۇل قايتۇرۇپ بېرىلدى.

8. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

ۋىلايەت 35 دىنىي زاتنىڭ نامەق، يالغان، خاتا دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئاقلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تاقىۋېتىلگەن دىنىي پائالىيەت نۇقتىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئېچىۋەتتى. 1990-يىلى، 255 مەسچىت ۋە پائالىيەت نۇقتىسى، بىر خىرىستىئان چېركاۋىسى ۋە ئائىلىۋى يىغىلىش نۇقتىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئېچىۋېتىلدى، ئىگىلىۋېلىنغان، ئېلىۋېلىنغان ۋە مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان مەسچىت، چېركاۋلارنىڭ ئۆي-مۈلۈكلىرى قايتۇرۇپ بېرىلدى ۋە باھاغا سۇندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى، شەنشى مەسچىتىنىڭ 169 ئېغىز، سۇجۇ مەسچىتىنىڭ 28 ئېغىز ئۆيى 9160 يۈەن پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ قايتۇرۇپ بېرىلدى؛ لىگمىگتاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ گۈمبىزى ۋە 12 ئېغىز ئۆيى، بىر باغچە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 106 دىنىي زاتقا يىلىغا 45 مىڭ 900 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلدى.

9. باشقا بىرلىك سەپ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1) ۋىلايەت بويىچە ئاپتونوم رايون، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسىدىن جەمئىي 236 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن 63 كىشىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كەلدى.

2) 28 ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتىنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

3) 22 ئائىلىلىك تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ سىياسىتى

ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

ۋىلايەت بويىچە بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 92 ئائىلىدىكى578 كىشى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەن، 98 كىشىنىڭ پەرزەنتى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 115 كىشى قايتا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 87 كىشى پېنسىيىگە چىقىرىلغان، 32 كىشىنىڭ جەمئىي 145 مىڭ 243 يۈەن مائاشى تولۇقلاپ بېرىلگەن.

## §2. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش

### 1. يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قومۇلنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئىسلاھاتى ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىدىن باشلاندى. 1979- يىلى ، ۋىلايەت بويىچە قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا تەنقىد قىلىنغان نورمىلىق باشقۇرۇش ۋە كىچىك بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. 1980- يىلى، قومۇل ناھىيىسىدىكى كۆپ ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش » (ئەمگەك كۈچىنى، يەرنى، تەننەرخنى، مەھسۇلاتنى، نورمىنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، كېمەيتكەنلەرنى جازالاش) ۋە باشقا شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى، شۇ يىلى قارادۆۋە گۈڭشېسى بىلەن راھەتباغ گۈڭشېسىدا بەش ئائىلىلىك دېھقان مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالدى، باركۆل ناھىيىسى ناھىيە بويىچە 17 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرىغا مەھسۇلات، ئادەم ئىشلىتىش، ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرى، خىراجەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش پىلان - كۆرسەتكۈچلىرىنى چۈشۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت «مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئەترەتتە مەھسۇلات ئاشتى. 1981- يىلى، قومۇل ناھىيىسىنىڭ قارادۆۋە، راھەتباغ گۈڭشېسىدىكى ئاز ساندىكى بىرقىسىم دېھقانلار مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئاشلىق ھوسۇلنى 10% تىن كۆپرەك ئاشۇردى. 1982 – 1983 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا چوڭ ھۆددىگەرلىك (ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ) يولغا قويۇلدى.

1980- يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىقتا «بەشنى بېكىتىش، تولۇق مۇكاپاتلاش، تولۇق تۆلىتىۋېلىش» ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، يەنى مال قوروۋلىرى (ھەرخىل مال قوروۋلىرىنىڭ سانى، كۆپىيىش نىسبىتى، ساپ ئېشىش نىسبىتى ۋە يېشىغا توختىغان چارۋىلارنىڭ زىيىنى) نى بېكىتىش، ئىشقا چىقىشنى بېكىتىش، مائاشنى بېكىتىش، خىراجەت (مائاش ۋە مال قوروۋسىنىڭ خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى بېكىتىش، مەھسۇلات (چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتى) نى بېكىتىش، تولۇق مۇكاپاتلاش، تولۇق تۆلىتىۋېلىش، ئېھەپ قالغان خىراجەتنى ئۆزىگە قالدۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1983 – 1984- يىللىرى چارۋىلار ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. يىل ئاخىرى، باركۆل ناھىيىسى يەنە «چارۋىلارنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش» ۋە «باھاغا سۇندۇرۇپ ھۆددىگە بېرىش» تىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، 1985- يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1978-

يىلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى.

### 2. شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

شەھەر تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلدى. 1979 – 1980 - يىللىرى، قومۇلنىڭ ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنىپ، كارخانا ئىسلاھاتى چوڭ جەھەتتىن ئىككى باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى باسقۇچ: 1979 – 1986 - يىلىغىچە، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش باسقۇچى. 1979- يىلى، ۋىلايەت قومۇل ئېلېكتر ئىستانسىدا كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، ئاندىن ئۇنى تەدرىجىي دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىلىرىغا كېڭەيتىش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش پىلانى، مەھسۇلات باھاسى، كادىرلار ۋە ئەمگەك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ماياش، مۇكاپات پۇلى قاتارلىق 10 جەھەتتىن ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى.

1979- يىلى، دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتى تەڭشىلىپ، كارخانىلارنىڭ دۆلەت پىلانىنى ئورۇنداش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ماياش ئومۇمىي سوممىسىنى ئۈستۈرسە بولىدىغان بولدى. 1980- يىلى، ۋىلايەتتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا پايدىنى بۆلۈشۈش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا كارخانىلار پايدىنى قانچە كۆپ ياراتسا، كارخانىغا قالىدىغان پايدىمۇ شۇنچە كۆپ بولدى. 1983- يىلى، ۋىلايەت بىرقىسىم كارخانىلاردا 1- قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارغا قالدۇرىدىغان پايدىنى كۆپەيتتى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1987 – 1990 - يىلىغىچە، كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىكى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقوقى ئايرىۋېتىلدى. ۋىلايەتتە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش تەڭ ئېلىپ بېرىلدى. 1982- يىلى، بىرقىسىم كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985- يىلى، ۋىلايەتتىكى كارخانىلار بىلەن سىبىخ، ئىسمىنا، گورۇپپىلاردا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى. 1986- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەت 1985- يىللىق ھۆددىگەرلىك پىلان- ۋەزىپىلەر بويىچە مۇكاپاتلاش- جازالاشنى نەقلەشتۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەسئۇلىيەت، ھوقوق، پايدىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانىلار ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. 1985 -يىلى، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەردىكى 25 كارخانىدا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1987- يىل 7- ئايدا، كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلاردا «ئىككى خىل تۈزۈم» تەڭ تۈتۈلدى.

1985- يىل 3 - ئايدا، ۋىلايەت كارخانىلاردا ئەمگەك، ماياش، كادىرلار ئىشلىرىدىن ئىبارەت «ئۈچ چوڭ» تۈزۈم ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى، بۇ، كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، ئىشچىلارنى تەڭشەپ سەپلەشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقوق دائىرىسى، «تۆمۈر تاۋاق» ۋە «داشقازان»نى چېقىپ تاشلاش، ماياش تۈزۈمى ئىسلاھاتى قاتارلىق 10 تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆزئىچىگە ئالدى.

ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چىڭ تۇتۇلۇش بىلەن بىرگە، ئوبوروت ساھەسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمۇ چىڭ تۇتۇلدى.1984- يىل 12- ئايدىن باشلاپ، كىچىك تىپتىكى پارچە سېتىش سودىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدرىجىي ئېلىپ بېرىلىپ، «ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش» يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى سودىنىڭ مۇستەقىل تىجارەت قىلىش ھالىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئومۇمىي

مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىگە ئىگە، كۆپ يوللۇق، ئاز ھالقىلىق ئوبوروت ساھەسىنىڭ سودا تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

1987 – 1990- يىلىغىچە، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، بىرىنچى قاراردا ھۆددىگە بېرىلگەن جەمئىي 197 دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى، تەمىنات- سودا، يېزا- بازار كارخانىسىدا ھۆددىگەرلىك توختامنامىسىنىڭ نەقلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 100%كە يەتكۈزۈلۈپ، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش ئېنىق ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسئۇلىيەت، ھوقوق، پايدا، ئۈنۈم ئۆزئارا باغلانغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ يەنە كارخانىلارنى قوشۇۋېلىش، بىرلەشتۈرۈش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، ئۇزۇن مۇددەت زىيان تارتقان ياكى پايدىسى ئاز كارخانىلارغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇلدى.

3. ئىقتىساد- تېخنىكا ھەمكارلىقى

«ئىچكى جەمئىيەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىشىك كەڭ ئېچىۋېتىلىپ، سىرتقى جايلار ۋە سىرتقى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد- تېخنىكا ھەمكارلىقى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1984 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى «سىرتقا چىقىپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا سىرتتىن ئادەم تەكلىپ قىلىش» چارىسىنى قوللىنىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ۋىلايەت سىرتقى ئۆلكىلەرگە تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشكە 39 ۋەكىللەر ئۆمىكى، 410 ئادەم (قېتىم) ئەۋەتىپ، ھەمكارلىشىش تۈرلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى؛ قۇمۇلغا كەلگەن 114 ۋەكىللەر ئۆمىكى،جەمئىي 1267 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتى، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ شەھىرى، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ لېشەن ۋىلايىتى، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ لياۋيۈەن شەھىرى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، تېخنىكا، ئىقتىساد ھەمكارلىقى ۋە رايونلار ئارا ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

1985- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون ئىچى- سىرتىدىن 100 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە پەن- تېخنىكا خادىمىنى قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ،19 مەيدان (قېتىم ) ئىلمىي دوكلات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 100 دىن ئارتۇق مەسىلە توغرىسىدا جاۋاپ- مەسلىھەت بەردى.

1986- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى، 16 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 71 ۋەكىلى نۇسخا كۆرۈپ مال زاكاز قىلىش، سودا ئۈستىدە كېڭىشىشكە قاتناشتى، مال زاكاز قىلىش پۈتۈشۈش سوممىسى 11 مىليون 528 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 8- ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە پۈتۈشۈلگەن تۈرلۈك تاشقى ئىقتىساد- تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 419 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇددىئا خاراكتېرلىك كېلىشىم 80% نى ئىگىلىدى، ھەمكارلىشىش ئومۇمىي سوممىسى 92 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ۋىلايەت ئىچى - سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 5 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، پۈتۈشۈلگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى 287 گە يەتتى، 1986- يىلىغا كەلگەندە، بۇ تۈرلەرنىڭ 15 ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا- باج 1 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سىرتقى ئۆلكە، شەھەرلەردىن قۇمۇلغا تۈرلۈك كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشكە 150 نەچچە ئادەم

(قېتىم) تەكلىپ قىلىندى.

1987 – 1990 - يىلغىچە، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئارقىلىق، قۇمۇل ۋىلايىتىدە قۇمۇل شەھەرلىك بىرلەشمە ئالتۇن كانى، قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتىنىڭ ئۇنسۇ شۆبە زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ يېڭى ئايلانما پېچى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قۇلۇپ زاۋۇتى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ قوياش ئېنېرگىيىسى زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈرلەر يېڭىدىن قۇرۇلدى.

1990- يىلغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۈرلۈك توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد- تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن جەمئىي 48 ى ئىمزالىنىپ، بۇنىڭدىن 43 تۈر ئىجرا قىلىنىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي سانىنىڭ % 89.6 نى ئىگىلىدى، ئىجرا قىلىنغان تۈرلەر ئىچىدە، ئىقتىسادىي بىرلىشىش تۈرى 19، تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 15، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش تۈرى توققۇز، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 72 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاشۇرۇلغان مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 666 مىڭ يۈەن، پايدا- باج 1 مىليون 488 مىڭ 800 يۈەن. 1985- 1990- يىلغىچە، كېلىشىم ئارقىلىق چىقىرىلغان ماددىي ئەشيا ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 537 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن مىرابىلىت پاراشوكى، مانگانلىق تۆمۈر، چويۈن، سۇلفات ئىشقارى قاتارلىقلار بار؛ كېلىشىم ئارقىلىق جەمئىي 17 مىليون 943 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات كىرگۈزۈلدى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن پولات ماتېرىيال، ئاپتوموبىل، سېمونت، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار بار. ئالماشتۇرۇلغان ۋە تەربىيىلەنگەن ئىختىساس ئىگىسى 6612 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## يىگىرمىنچى بۆلۈم

# هاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## I باب

## فېئودال خاندانلىقلار دەۋرىدىكى هاكىمىيەت ۋە يەرلىك ۋاڭلىق هاكىمىيىتى

قۇمۇل قەدىمكى زاماندا ئىبۇرغول (ئۇيغۇرغول) دەپ ئاتالدى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قۇمۇل خەن سۇلالىسى شېنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) دىن باشلاپلا غەربىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا، جۇڭگودا ئۆتكەن بارلىق فېئودال خاندانلىقلار قۇمۇلدا ئاپپارات تەسىس قىلىپ، ئەمەلدار تۇرغۇزۇپ، هەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ، مەركىزىي خاندانلىقنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويىندى. بۇ هەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە تۈرلۈك ئەمەلدارلارنىڭ قويۇلۇشى، تارىختا مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ قۇمۇلنى باشقۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ھەقىقىي ۋە كونكرېت نامايەن قىلدى. خەن سۇلالىسىدىن بۇيان، قۇمۇل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتى جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

### §1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار ۋە ئەمەلدارلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى)، مەركىزىي هۆكۈمەت غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇمۇل غەربىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار «خەن سۇلالىسى مۆھرى بېسىلغان پۆپۈك تاقىدى»، ئىچكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە نامى يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن قورۇقچىبەگنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇندى. كېيىنكىلەر بۇنداق باشقۇرۇش شەكلىنى «نوقتا سېلىپ تىزگىننى تارتىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى» دەپ ئاتىدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە

كەلگەندە، قۇمۇلدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى بىلەن نوقتا سېلىپ تىزگىننى تارتىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ھەربىي بىلەن ھاكىمىيەت بىرلىشىش ھالىتى شەكىللىنىپ، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ئەمىر-پەرمانلىرى ۋە قانۇن-نىزاملىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى. جيۇەن دەۋرىدىكى ئەمەل تۈزۈمىدە جىن سۇلالىسىنىڭ ئەمەل تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىندى، ھەتتا نۇرغۇن ئورگانلار ۋە ئەمەللەرنىڭ نامىمۇ ئوخشاش بولدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئومۇمەن ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى مەزگىلى ۋە ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمى مەزگىلىدىن ئىبارەت ئىككى باشقۇچنى بېشىدىن كەچۈردى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قۇمۇلدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاش ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، باركۆل – ئۈرۈمچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، مەمۇرىي جەھەتتە گەنسۇغا قارام بولدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنىلا ئەنئەنىۋى جاساق تۈزۈمى ساقلىنىپ قالدى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلدى. قۇمۇلنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئەمەل سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى.

**1. مەمۇرىي تەشكىلاتلار**

**1) غەربىي خەن، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى** خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، قۇمۇل خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. مىللەتلەرنىڭ سەردارلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلارغا ئوتوغات نامى بېرىشنى قورۇقچىبەگ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىدىغان بولدى. تەشكىلىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ نامى يەنىلا ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. قورۇقچىبەگ جايلارنى شۇلار ئارقىلىق باشقۇردى. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئەينى ۋاقىتتا «(غەربىي يۇرتتا) ئومۇمىي بەگلىك 50 بولۇپ (غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە 36 بەگلىكتىن بۆلۈنۈپ، 50 تىن ئارتۇق بەگلىك بولدى)، تىلماچبەگ، ھاربېگى، تۇرە، ئازارەتچى، خىزمەتچى، خەزىنىچى، يۈزبېشى، مىڭبېشى، كاھبەگ، كۆكبېشى، ياساقبېگى، سانغۇن، ۋەزىردىن بەگ، ۋاڭغىچە بولغان 376 ئەمەلدارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى مۆھۈرى بېسىلغان پۆپۈك تاقىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەرلىك خەلق ئىشلىرىنى مۇشۇنداق باشقۇرۇش شەكلى «نوقتا سېلىپ تىزگىننى تارتىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى» دەپ ئاتالدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ تۇنجى يىلى (25- يىلى)، ليۇ شيۇ خېبېيدا ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى)، خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى دۇگۇ، گېڭ جۇڭ 12 مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ جيۇچۈەندىن ئاتلىنىپ، بەيشەن تېغى (تەڭرىتاغ) نىڭ شەرقىي قىسمىغا يۈرۈش قىلىپ، ھونلارنىڭ خانى قويانخاننى مەغلۇپ قىلىپ، باركۆلگىچە قوغلاپ باردى. «ئىۋۇرغولدا لەشكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.... بۇ يەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىۋۇرغول كاھبېگى تەسىس قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈردى». ئىۋۇرغول كاھبېگى شەرقىي خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلىنغان ئەينى ۋاقىتتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تۇنجى ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ھېسابلاندى.

خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭجيەن 6- يىلى (131- يىلى)، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئىۋۇرغولنى يېرى مۇنبەت، غەربىي يۇرتقا يېقىن جاي دەپ قاراپ، بۇ جايدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا قايتا يارلىق چۈشۈردى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىۋۇرغول ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلدى.

**2) ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي سۇلالىسى دەۋرى** II ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن تارتىپ ئۈچ بەگلىك، ئىككى جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرى ئۆتۈپ، VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سۇي سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت، جۇڭگو تارىخىدا بىر مەزگىل پارچىلىنىپ

بۆلۈنمە ھالەتتە ئۆتكەن دەۋر بولدى. بۇ مەزگىلدە قۇمۇل يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى رايون خاراكتېرلىك ھاكىمىيەت ياكى خانىدانلىقلار بىلەن بەزىدە قويۇق، بەزىدە ئاندا- ساندا مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كونا تۈزۈم بويىچە بولدى. خەت ئالاقىلىرىدە بىردەك خەنزۇ تىلىنى قوللاندى، دەپ قائىدىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قائىدىلىرى بىلەن ئوخشاش بولدى. بۇ مەزگىلدە ئىچكى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۆلۈنمە ھالەتتىكى خانىدانلىقلار ياكى رايون خاراكتېرلىك يەرلىك ھاكىمىيەتلەر قۇمۇلنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا كۆپ ئارىلاشقانلىقتىن ۋە قۇرۇلما ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن كۆپ خىل مەزمۇن ۋە شەكىللەر بارلىققا كەلدى.

**(1) ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىشى** ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ تۇنجى يىلى (200- يىلى)، ساۋساۋنىڭ ئوغلى ساۋپىي ساۋۋېي ھاكىمىيىتىنى قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي يۇرتنىڭ جاي - جايلىرىغا شىمالدا قۇرۇلغان ساۋۋېي ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قۇمۇلدا «ئىۋۇرغول كاھىبگى» تەسىس قىلىندى. ئۇ غەربىي يۇرت دورغابېغا قاراشلىق ئىركەك ۋە ئوتتۇرانچى ئىركەك چېرىكچى بولۇشىمۇ ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئەمەلدار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

جىن سۇلالىسىنىڭ تەيشى تۇنجى يىلى (265- يىلى)، سىمايەن ساۋۋېي ھاكىمىيىتى ئورنىغا جىن سۇلالىسىنى قۇردى. قۇمۇلدا يەنىلا «ئىۋۇرغول كاھىبگى» ساقلىنىپ قالدى. جىن سۇلالىسىنىڭ جيەنشىڭ 4- يىلى (316- يىلى) غەربىي جىن سۇلالىسى ھالاك بولدى. IV ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ، سۇي سۇلالىسى قۇرۇلغانغا قەدەر ئالدىنقى چىن، ئالدىنقى لياڭ، كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ قاتارلىق سۇلالىلەر خەن، جىن سۇلالىرىنىڭ كونا تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قۇمۇلنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلدى.

**(2) ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ قۇمۇلدا يولغا قويۇلۇشى** غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا لياڭجۇنىڭ ئايماقبېگى جاڭ گۈينىڭ نەۋرىسى جاڭ جۈن خېشىدا ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى. جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنجىن 2- يىلى (327- يىلى)، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتتا ئىدىقۇت ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. «جىننامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە، ئىۋۇرغول ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ دۇنخۇاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ غەربىي يۇرتتا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ھەربىي ئىشلاردا ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى قۇمۇلدا يەنە ئىۋۇرغول كاھىبگى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى.

مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ياڭ جيەن سۇي سۇلالىسىنى قۇردى. سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 4- يىلى (608- يىلى)، سۇي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭ گۇاڭ شۆشېيۇڭ، پېي جۈنى ئىۋۇرغولغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار ئىۋۇرغولنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، «شېيۇڭ ئىۋۇرغول شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يەنە بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئىۋۇرغول دەپ نام بەردى، خەزىنىبېگى ۋاڭ ۋېينى 1000 دىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ ئۆزى قايتتى». دايې 6- يىلى (610- يىلى) سۇي سۇلالىسى ئىۋۇرغول ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، بىر ئەمىرلەشكەر قويدى.

**3) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە** سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، تەيۈەننى ساقلاۋاتقان گۈەنلۇگلۇق لى يۈەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چاڭئەنگە باستۇرۇپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى ( 618 – 907 ). تاڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى باشقۇرۇشتا مۇنداق ئىككى خىل شەكىلنى، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭكىدەك ئايماق، ناھىيە، يېزا، مەھەللە تۈزۈمى ۋە چېگرا رايوننىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش نوقتا سېلىپ تىزگىننى تارتىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

**(1) ئەنشى، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرى ۋە نوقتا سېلىپ تىزگىننى تارتىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى ۋىلايەت، ئايماقلار** دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى تۇنجى يىلى (885 – يىلى) يېزىلغان «شاجۇ، ئىۋۇرغول ئايمىقىنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى» (قالدۇق پارچە جىلدىسى) دىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 4 - يىلى (630- يىلى) «ئىۋۇرغولنىڭ سەركەردىسى شى ۋەنىيەن يەتتە شەھەردىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، تاڭ سۇلالىسى

ئىبۇرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلدى»، «كونا تاڭنامە» دە «سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، غەربىي يۇرتنى غوزلار ئىگىللىۋالغاندى، ئۇلار جېنگۇەن 4- يىلى بەيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي ئىبۇرغول ئايمىقى تەسىس قىلىندى. ئالتە يىلدىن كېيىن (غەربىي) دېگەن سۆز ئېلىپ تاشلاندى» دېيىلگەن. دېمەك، ئىبۇرغول ئايمىقى تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان تۇنجى مەمۇرىي ئاپپارات ھېسابلىنىدۇ. قارمىقىدا ئۈچ ناھىيە، يەنى قۇمۇل ناھىيىسى، روبان ناھىيىسى، لاپچۇق ناھىيىسى بولۇپ، ناھىيىلەرنىڭ قارمىقىدا يېزا تەسىس قىلىندى. قۇمۇل ناھىيىسىدە تۆت يېزا، لاپچۇق ناھىيىسىدە يەتتە يېزا، روبان ناھىيىسىدە بىر يېزا (بازار) تەسىس قىلىندى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىلەن تامامەن ئوخشاش مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پۇقرالىرى نوپۇسقا ئېلىنىپ، باج- سېلىق تاپشۇرىدىغان بولدى.

(2) **ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى** «يېڭى تاڭنامە، ھەربىي تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەندى: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، چېگرانى قوغدايدىغان لەشكەرلەرنىڭ بىرلىكى قوشۇن، كىچىكى قورۇل، ئۇنىڭدىن قالغانلىرى قەلئە، قورغان بولۇپ تومۇملاشتۇرۇلۇپ، داۋ دەپ ئاتالدى». تاڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا تەسىس قىلغان ھەربىي ئاپپارات ــــ ئىبۇرغول قوشۇنى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلۇڭ تۇنجى يىلى (710- يىلى) تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا 3000 لەشكەر، 1040 ئات بار. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئىبۇرغول، تەڭرىتاغ قوشۇنلىرى خېشداۋ دەپ ئاتالغان، قوشۇن، قورۇل، قەلئە، قورغانلار ئارا تورالار ئۇلارنى بىر- بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، پۇختا ھەربىي مۇداپىئە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىدى.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ نامى، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن دائىم ئۆزگىرىپ تۇردى. مەسىلەن، تيەنباۋ تۇنجى يىلى (742- يىلى)، تاڭ سۇلالىسى مەھكىمە، ئايماقنى ۋىلايەت، ناھىيىگە ئۆزگەرتكەندە، بۇ غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، بۇرۇنقى ئىبۇرغول ئايمىقىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەندە چيەنيۈەن تۇنجى يىلى (758- يىلى) ئىبۇرغول ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇنقى ئاپپارات نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

4) يۈەن، مىڭ سۇلالىرى دەۋرى

(1) **يۈەن سۇلالىسى دەۋرى** قۇمۇلدا تەسىس قىلىنغان ھەربىي، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى «دادۇغاچ» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تىنچىتقۇچى» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئۇ بىر يەرلىك مەمۇرىي ياملۇل بولۇپ، «نوپۇس، باج- سېلىق، ئەسكەر ئېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان بولۇپ، ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى». بېشبالىق مۇۋەققەت دىۋان ۋازارىتى قۇرۇلۇپ، «يۈەن سۇلالىسىغا قاراشلىق بۆرەتىكىن تېمۇر 24 شەھەرنىڭ بىرىسىدە تۇردى». تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ 24 شەھەر ھازىرقى قۇمۇل، تۇرپان تەۋەلىكىدە.

(2) **مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى** مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 4- يىلى (1406- يىلى) تەسىس قىلىندى. تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ياساۋۇلخانا مەخسۇس چېگرا رايون ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان ھەربىي بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن يەرلىك ئاپپارات. مىڭ سۇلالىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇش يۈزىسىدىن قىسمەن ئەمەلدارلارنىلا ئەۋەتتى، يەرلىك نەسەبىي تۆرىلەرگە تايىنىپ ئىدارە قىلدى.

5) چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

(1) **چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى** گۇاڭشۈي 10- يىلى (1884- يىلى)، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، قۇمۇل، باركۆلنى مەمۇرىي جەھەتتە لەنجۇدا تۇرۇشلۇق شەنشى- گەنسۇ باش ۋالىيسى قوشۇمچە باشقۇردى. قۇمۇل، باركۆلدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنى ئىلى جاڭجۈنى قوشۇمچە باشقۇردى.

چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)، قۇمۇلدا خەن ئامبال تەسىس قىلىندى. ئۇ ئۇرۇمچى باش بۇغىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

خەلق ئىشلىرى جەھەتتە، جايلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشىمايدىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئادىتىگە قاراپ ئىدارە قىلىش قائىدىسى قوللىنىلدى. قۇمۇل رايونىدا ئىككى تۈرلۈك بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرسى، ئىچكى

ئۆلكىلەرنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ شەنشى- گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، قارمىقىدا باركۆل مەھكىمىسى ۋە جىمكۆل قاتارلىق ناھىيىلەر تەسىس قىلىندى. باۋ- جيا تۈزۈمى ۋە مەھەللە، يېزا، شاڭيو تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنە بىرسى، چىڭ سۇلالىسىغا بالدۇرراق بەيئەت قىلغان قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، باشلىقلىرىغا ۋاڭلىق مەرتىۋە ئۇتوغات نامى بېرىلدى. بۇنىڭغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىندىغان بولدى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرىنىڭ نازارىتىدە بولۇپ، بىر- بىرىنى ئۆزئارا تۇتاش باشقۇرمىدى، چوڭ ئىشلارنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى.

ھەربىي ئاپپاراتنىڭ تەسىس قىلىنىشى جەھەتتە، ئۈرۈمچى باش بۇغى ئاساسەن قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان قوشۇنلارنى باشقۇردى. چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)، ئەنشى ياساۋۇلبېگى باركۆلگە يۆتكەپ كېلىنىپ، نامى باركۆل ياساۋۇلبېگىگە ئۆزگەرتىلدى. ئۇ باركۆل قاتارلىق جايلاردىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلارنىڭ مۇداپىئە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇردى، باركۆل باش بۇغى ياساۋۇلبېگىنىڭ نازارىتىدە بولدى.

(2) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى   ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەھكىمە (ئايماق، ۋازارەت)، ناھىيىلەر ساقلاپ قېلىندى، گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى) ليۇجىنتاڭ قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، باش مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى.

باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسى   بۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر مەھكىمە، تۆت ۋازارەت بار. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇلدا باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى، قۇمۇل ۋازارىتىدىن ئىبارەت ئىككى ۋازارەت بار. چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) مەھكىمە تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا جىمكۆل ناھىيىسى، گۈچۈڭ ناھىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە بولدى. شيەنفېڭ 3- يىلى (1853- يىلى) بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارەتكە ئۆزگەرتىلىپ، جىمكۆل ناھىيىسىنى باشقۇرىدىغان بولدى، گۈچۈڭ ئۈرۈمچىگە قارايدىغان بولدى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى)، قۇمۇل ۋازارىتى بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارەتكە ئۆستۈرۈلدى، مەھكىمە ئورنى قۇمۇلدا بولدى.

ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي تۈزۈم جەھەتتە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قاراشلىق لەشكەرلەر باش مۇپەتتىشكە بىۋاسىتە قاراشلىق قوشۇن قويۇلدى، باركۆل- مانجۇ يىڭى قاتارلىق لەشكەرلەر گۈچۈڭگە يىغىلىپ، گۈچۈڭ قۇناتقۇچى لەشكەر بېشى ئامبىلى تەسىس قىلىندى. ئۇ شىنجاڭ باش مۇپەتتىشىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدا بولدى. شىنجاڭدا ئۈچ قورغان (باركۆل قورغىنى بۇنىڭ بىرسى)، يەتتە بىرىگادا (قۇمۇل بىرىگادىسى بۇنىڭ بىرى)، 29 گازارما تەسىس قىلىندى.

2. مەمۇرىي ئەمەلدارلار

1) شەرقىي خەن ۋە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى   غەربىي خەن سۇلالىسى باركۆلگە خەنزۇ ئەمەلدار قويدى. ئۇ قورۇقچىبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. باركۆلدىكى ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسى دۆلەتكە يۆلەنچىبەگ، سول قول، ئوڭ قول كاھىبەگ، سول قول، ئوڭ قول سانغۇندىن ئىبارەت بولۇپ، بىردىن بەشكىچە كىشى قويۇلدى. ئارقا باركۆل دۆلىتىدە دۆلەتكە يۆلەنچىبەگ، سول قول، ئوڭ قول كاھىبەگ، سانغۇن، تىلماچىبەگنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بەش كىشى قويۇلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى) جىمكۆل كاھىبېگى تەسىس قىلىندى، مەھكىمە ئورنى ئېبۇرغول شەھىرىدە بولۇپ، شۇ جايدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى لەشكەرلەرنى باشقۇردى. جيەنچۇ 2- يىلى (77- يىلى) ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۇڭدىنىڭ يۇڭجيەن 6- يىلى (131- يىلى) ئېبۇرغول ئەمىرلەشكىرى تەسىس قىلىندى. مائاشى 600 دادەن ئاشلىق بولۇپ، شۇ جايدىكى ھەربىيلەرنى باشقۇردى. قوشۇمچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇردى، شەھەرنى ساقلىدى.

**2) ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي سۇلالىسى دەۋرى** غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە، ساۋۇبىي ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە تەسىس قىلىنغان جىمكۆل ئېۋۇرغول كاھىپكى داۋاملاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، بىزگە مەلۇم بولغان ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جاڭ جۈننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى سۇفۇ «ئېۋۇرغول كاھىپكى بولدى»، «ئېۋۇرغول كاھىپكى» ئېھتىمال جىمكۆل- ئېۋۇرغول كاھىپكى بولسا كېرەك. ئېۋۇرغول ناھىيىسى دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولدى. سۇي سۇلالىسى ئېۋۇرغول ۋىلايىتى ۋالىيسى قويدى (ئېۋۇرغولنى باشقۇردى، يەنە بىر رىۋايەتتە پەقەت ئەمرلەشكەرلا تەسىس قىلىندى دېيىلگەن). سۇي سۇلالىسى ياڭدىنىڭ دايې يىللىرىنىڭ بېشىدا ئېۋۇرغولدا ئېۋۇرغول باسقاۋۇلى قويۇلغان.

**3) تاڭ سۇلالىسى دەۋرى** ئېۋۇرغول ئايمىقىنىڭ ئاياقبېگى شۇ جاينىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇنى كۆپىنچە قورۇقچىبەگ قوشۇمچە ئۆتىدى ھەم خەنزۇ ئەمەلدارلاردىن تەيىنلەندى. قول ئاستىدا تەخمىنەن 23 خىزمەتچى ئىشلىدى. بىزگە مەلۇم بولغانلاردىن ئېۋۇرغول ئايمىقىنىڭ ئاياقبېگى قوشۇمچە ئېۋۇرغول قوشۇنىنىڭ ئەمەلدارى گۇجىيۇەن بار. يەنە ناھىيە ئامبىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ناھىيىنى مىسال قىلغاندا، 7- دەرىجىلىك بىر ئامبال بولغاندىن سىرت يەنە 25 خىزمەتچى قويۇلدى. بىزگە مەلۇم ئامباللاردىن ئېۋۇرغول، رويان، لاپچۇق ناھىيىلىرىنىڭ ئامباللىرى بار.

**4) مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى** مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 4- يىلى (1406- يىلى) 3- ئايدا تەسىس قىلىندى. مەھكىمە ئورنى قۇمۇلدا بولدى، قول ئاستىدا پەنساد، مىڭبېشى، يۈز بېشى، باسقاق قۇتانتقۇچى، باش كاتىپ، دورغاپ، مەسلىھەتچى قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى.

مىڭ سۇلالىسى سادىق- ئىستائەتمەن ۋاڭ، سادىق- ئادىل ۋاڭ تەيىنلىدى. ئۇلار قۇمۇلنىڭ ھەربىي- مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارى سادىق- ئىستائەتمەن ۋاڭنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇم قىلىشى بىلەن تەيىنلەندى.

**5) چىڭ سۇلالىسى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇمۇلغا بىر خان ئامبال، بىر ياردەمچى خان ئامبال (ياكى ياردەمچى، نازارەتچى خان ئامبال) قويۇلدى. خان ئامبال مەھكىمىسى قارىمىقىدا بىر مۆھۈر تۇتقۇچى زەڭگى، بىر بېتكچى، خان ئامبال تەيىنلەندى. ئالتە بېتكى، بىر ئاشلىق مەھكىمىسى ئامبىلى، بىر سەييارە ئامبال قويۇلدى. باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىنىڭ تولۇق نامى باركۆل- ئۈرۈمچى ئاشلىق، قورال- ياراغ ئىشلىرىنى ئايرىم تەپتىش قىلىش مەھكىمىسى بولۇپ، چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) تەسىس قىلىندى. دەسلەپتە قارىمىقىدا ئۈرۈمچى بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى، باركۆل مەھكىمىسى بار بولۇپ، گەنسۇ پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. باشتا ئۇ ئەنشى مەھكىمىسى بولۇپ، مەھكىمە ئورنى قۇمۇلدا بولدى، كېيىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى باش بۇغىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى)، ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ پەرمانبەردار مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. باركۆل مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) تەسىس قىلىندى، ئۇ 4- دەرىجىلىك مەنسەپ بولۇپ، جىمكۆل، گۇچۇڭدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى باشقۇردى. باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىنىڭ بىر ئۇتاش باشقۇرۇشىدا بولدى. شيەنفېڭ 5- يىلى (1855- يىلى) ۋازارەتكە ئۆزگەرتىلدى. ئىككى ھاكىم، ئىككى مەشقاۋۇلبېگى، ئىككى پاششاپبەگ قويۇلدى. قۇمۇلغا بىر ئاشلىق مەھكىمىسى ئامبىلى، بىر مۇدەررىس، بىر باش كاتىپ قويۇلدى. باركۆلدە بىر، بىر مەشقاۋۇلبېگى، بىر پاششاپبەگ قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى مەھكىمە (ئاياق، ۋازارەت) ناھىيە ئەمەلدارى. باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسى، باركۆل- ئۈرۈمچى ئاشلىق- قورال- ياراغ ئىشلىرىنى ئايرىم تەپتىش قىلىش مەھكىمىسىنىڭ دوتيى گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى) قوشۇمچە تەپتىش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە، ئۆتەڭ ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. شۈەنتۇڭ 2- يىلى 4- دەرىجىلىك تەپتىشكە ئۆزگەرتىلدى. يامۇل قارىمىقىدا بىر قوشۇمچە 9- دەرىجىلىك مەھكىمە خەزىنە باش ئەلچىسى بولۇپ، ئەدلىيە، تۈرمە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىر مەھكىمە، تۆت ۋازارەت تەسىس قىلىندى. باركۆل بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى، گۇاڭشۈ 12- يىلى (1886- يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، باشتا بىر ياندash ئاياقبېگى

قويۇلدى. مەھكىمە قارىمىقىدا دەسلەپتە 8- دەرىجىلىك بىر مەشقاۋۇلبېگى، قوشۇمچە 9- دەرىجىلىك بىر جاۋىو تەسىس قىلىندى. گۇاڭشۇ 10- يىلى (1884- يىلى)، قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. گۇاڭشۇ 11 - يىلى (1885- يىلى) بىر ياندداش ئالياقبېگى قويۇلدى، ئۇ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قوشۇمچە باشقۇردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر سەيياره ئامبال قويۇلدى.

قۇمۇل جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان رايون بولۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ نامى ۋە سانى مۇنداق بولدى: ۋاڭ بىر (ئۇنىڭغا قاراشلىق قوغدىغۇچى، قائىدە- يوسۇنچى 27 )، خوشۇن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىدىغان بەگ بىر، تۇغچى، خوشۇن زەڭگىسى بىر، مىيلىڭ زەڭگى بىر، ئوتوغات ئىككى، ياردەمچى ئەمىر 12، چەۋەنداز چېرىكچى 13.

3. مەمۇرىي باشقۇرۇش

1) شەرقىي خەن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى

جىمكۆل كاھىبېگى  شەرقىي خەن سۇلالىسى مىڭدى مەزگىلىدە تەسىس قىلىندى، ئۇ ئىبۇرغول شەھىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان لەشكەرلىرىنى باشقۇردى.

ئىبۇرغول ئەمىرلەشكىرى  شەرقىي خەن سۇلالىسى شۇڭدى مەزگىلىدە تەسىس قىلىندى، ئىبۇرغول شەھىرىدە تۇردى، شۇ جايدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى، قوشۇمچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇردى، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلدى.

2) ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرى

جىمكۆل - ئىبۇرغول كاھىبېگى  ساۋ ۋېي ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە تەسىس قىلىندى، غەربىي جىن سۇلالىسى مەزگىلىدە بۇ ئەمەل داۋاملاشتۇرۇلدى، شۇ جاينىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى.

ئىبۇرغول ئامبىلى (دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق)  ناھىيىدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدار بولۇپ، شۇ ناھىيىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا باش دەپتەردار، مەنسەپبېگى، مۇتەۋەللىبەگ، پوتۈكچى قاتارلىقلار بار ئىدى.

3) سۈي سۇلالىسى دەۋرى  ئىبۇرغول ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى (ئىبۇرغولنى باشقۇردى، بىر رىۋايەتتە پەقەت ئەمىرلەشكەرلا قويۇلدى دېيىلگەن)، ئىبۇرغول باسقاۋۇلى، بۇ سۈي سۇلالىسى تەيىنلىگەن ئەمەلدارلارنىڭ نامى بولۇپ، سۈي سۇلالىسى ياڭدى دايىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىبۇرغولغا قويۇلغان.

4) تاڭ سۇلالىسى دەۋرى  تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىندى.

5) مىڭ سۇلالىسى دەۋرى  بۇ جاينىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى خاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ، سادىق ئادىل ۋاڭ باشقۇردى، چوڭ ئىشلارنى مىڭ سۇلالىسى ئوردىدىن يوليورۇق سورىدى.

6) چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

خان ئامبال  قۇمۇل خان ئامبىلى قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدار بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. مەھكىمە ئورنى قۇمۇلدا بولۇپ، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ نازارىتىدە بولدى. مەھكىمىدە مۆھۈر تۇتقۇچى زەڭگى، ھەربىي تەمىنات زەڭگىسى، ئۇيغۇرلار ئىشلىرى زەڭگىسى، بېتىكى (تەرجىمە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى)، خان ئامبال تەيىنلىگەن بېتىكى قاتارلىق ئەمەلدارلار بار.

باركۆل مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى  چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) تەسىس قىلىندى. دەسلەپتە ئۈرۈمچى ئايمىقى، جىمكۆل ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئۈرۈمچى ئايمىقى بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماققا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، جىمكۆل، گۇچۇڭدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى باشقۇردى. باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولدى. ئۇ شۇ جاينىڭ ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى بولۇپ، «ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنى باشقۇردى، ئەلنى ئىدارە قىلىش نىزاملىرىنى ئېلان قىلدى، پايدىلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، زىيانلىق ئىشلارنى توسىدى، دەۋا- دەستۇرلارنى سوراپ، بۇزۇقچىلىق

قىلغانلارنى تەكشۈردى»، قول ئاستىدا ئىككى مەشقاۋۇل، ئىككى پاشىپپەگ بار ئىدى.

**جىمكۇل ئامبىلى (جىمكۇل ناھىيىسىنى باشقۇرىدۇ)** چيەن سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 38- يىلى (1773- يىلى) يىل بېشىدا قويۇلدى. مەزكۇر ناھىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى، قول ئاستىدا مەشقاۋۇلبېگى، پاشىپپەگ قاتارلىقلار بار ئىدى.

**ياساۋۇلبېگى** چيەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 13- يىلى (1735- يىلى) يىل بېشىدا قۇمۇلدا تەسىس قىلىندى، كېيىن تۇرۇشلۇق جايى كۆپ قېتىم يۆتكەلدى. باركۆل ياساۋۇلبېگى، قۇمۇل ياساۋۇلبېگى، باركۆل قاتارلىق جايلاردىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ مۇداپىئە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇردى، قول ئاستىدا باش بۇغ، ئورۇنباسار سانغۇن، مەسلىھەتچى سانغۇن، تۇرغاقبەگ بارگاھبېگى، ياندا ش بارگاھبېگى، باقاۋۇل، مىڭبېشى، يۈزبېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى.

**ياندا ش ئايماقبېگى** قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىسى (مەھكىمىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى قۇمۇل)، باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىسى (مەھكىمىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى باركۆل) نىڭ ئەمەلدارى قۇمۇل، باركۆلنىڭ ئەڭ چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ، مەھكىمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. قول ئاستىدا بىر نەچچە سەييارە ئامبال، مەشقاۋۇلبېگى، جاۋمو، ئەدلىيە، تۈرمىبېگى قاتارلىقلار بار.

**چيەن سۇلالىسى دەۋرىدە باركۆل - ئۈرۈمچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغانلار**

جەدۋەل: 20 – 1

| ئىسىم، فامىلىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|
| بولۇ چيەن | چيەنلوڭ 37 – 39 - يىلىغىچە (1772 – 1774 - يىلىغىچە) |
| باياندا ي | چيەنلوڭ 39 – 40 - يىلىغىچە (1774 – 1775 - يىلىغىچە ) |
| گۇمن لۇ | چيەنلوڭ 40- يىلى (1775- يىلى) 2- ئايدىن 9- ئايغىچە |
| يۇڭ چىڭ | چيەنلوڭ 40- يىلى (1775- يىلى) 9- ئايدىن 10- ئايغىچە |
| مۇ خېلۇن | چيەنلوڭ 40- يىلى 10- ئايدىن 42- يىلىغىچە (1775 ~ 1777- يىلىغىچە) |
| باياندا ي | چيەنلوڭ 42 ~ 46- يىلىغىچە (1777 ~ 1781- يىلىغىچە ) |
| دې پېڭ | چيەنلوڭ 46 ~ 47- يىلىغىچە (1781 ~ 1782- يىلىغىچە ) |
| گۇمن چيەن | چيەنلوڭ 47- يىلى (1782- يىلى) 3- ئايدىن 8- ئايغىچە |
| باۋ نىيەن | چيەنلوڭ 47- يىلى 8- ئايدىن 49- يىلىغىچە (1782 ~ 1784- يىلىغىچە) |
| دارېنگئا | چيەنلوڭ 49- يىلى (1784- يىلى) 4- ئايدىن 6- ئايغىچە |

| | |
|---|---|
| يۇڭ چىڭ | چيەنلۇڭ 49- يىلى (1784- يىلى) 6- ئايدىن 10- ئايغىچە |
| خەن تۇ | چيەنلۇڭنىڭ 49- يىلى 10- ئايدىن 52- يىلغىچە (1784 ~ 1787- يىلغىچە) |
| فېڭ شياڭ | چيەنلۇڭنىڭ 53 ~ 55- يىلغىچە (1788 ~ 1790- يىلغىچە) |
| ۋېن خۇي | چيەنلۇڭنىڭ 55 ~ 56- يىلغىچە (1790 ~ 1791- يىلغىچە) |
| رۇڭ دي | چيەنلۇڭنىڭ 56 ~ 60- يىلغىچە (1791 ~ 1795- يىلغىچە) |
| قۇچىڭ | چيەنلۇڭنىڭ 60- يىلىدىن جياچىڭنىڭ 3- يىلغىچە (1795 ~ 1798- يىلغىچە) |
| يالىڭئا | جياچىڭنىڭ 3- يىلىدىن 7- يىلغىچە (1798 ~ 1802- يىلغىچە) |
| فۇ يىڭ | جياچىڭنىڭ 7- يىلىدىن 10- يىلى 9- ئايغىچە (1802 ~ 1805- يىلغىچە) |
| تۇڭ فۇ | جياچىڭنىڭ 10- يىلى (1805- يىلى) 9- ئاي |
| خې شياڭ | شيەنفېڭنىڭ 4- يىلى ۋەزىپىدە بولغان (1854- يىلى) |
| شياڭ يۇ | شيەنفېڭنىڭ 8- يىلى ۋەزىپىدە بولغان (1858- يىلى) |
| يى جاڭئا | ؟ يىلىدىن تۇڭجىنىڭ 6- يىلغىچە (؟~ 1867- يىلغىچە) |
| ۋېن لىن | تۇڭجىنىڭ 10- يىلى (1871- يىلى) |
| جۇجۇڭفۇ | گۇاڭشۈنىڭ 4- يىلى (1878- يىلى) |
| بىڭ لىن | گۇاڭشۈنىڭ 11- يىلىدىن 12- يىلى 8- ئايغىچە (1885 ~ 1886- يىلغىچە) |
| ئېن لۇن | گۇاڭشۈنىڭ 12 (13)- يىلىدىن 16- يىلى 8- ئايغىچە (1886 ~ 1890 يىلغىچە) |
| چېن مىڭيۇ | گۇاڭشۈنىڭ 16- يىلى 8- ئايدىن 17- يىلغىچە (1890 ~ 1891- يىلغىچە) |
| جۇجۇڭفۇ | گۇاڭشۈنىڭ 17 ~ 18- يىلغىچە (1891 ~ 1892- يىلغىچە) |
| خۇاڭ گۇاڭدا | گۇاڭشۈنىڭ 18 ~ 19- يىلغىچە (1892 ~ 1893- يىلغىچە) |

| | |
|---|---|
| دېڭ جىندو | گۇاڭشۈنىڭ 19- يىلىدىن 21- يىلى 11- ئايغىچە (1893 ~ 1895- يىلىغىچە) |
| يىڭ لىن | گۇاڭشۈنىڭ 21- يىلىدىن 23- يىلى 2- ئايغىچە (1895- يىلىدىن 1897- يىلىغىچە) |
| فەن شياۋسۇ | گۇاڭشۈنىڭ 23- يىلى 2- ئايدىن 24- يىلىغىچە (1897 ~ 1898- يىلىغىچە) |
| جۇ مېيەنىڭ | گۇاڭشۈنىڭ 24 ~ 25- يىلىغىچە (1898 ~ 1899- يىلىغىچە) |
| فەن شياۋسۇ | گۇاڭشۈنىڭ 25 ~ 26- يىلىغىچە (1899 ~ 1900- يىلىغىچە) |
| لى زىسېن | گۇاڭشۈنىڭ 26 ~ 28- يىلىغىچە (1900 ~ 1902- يىلىغىچە) |
| چىڭ شيۇ | گۇاڭشۈنىڭ 28- يىلىدىن 30- يىلىغىچە (1902- يىلىدىن 1904- يىلىغىچە) |
| لى زىسېن | گۇاڭشۈنىڭ 30- يىلىدىن 31- يىلى 6- ئايغىچە (1904 ~ 1905- يىلىغىچە) |
| خېرگىنتا | گۇاڭشۈنىڭ 31- يىلى (1905- يىلى) 6- ئايدىن 9- ئايغىچە |
| خۇاڭ بىڭكۇن | گۇاڭشۈنىڭ 31- يىلى 9- ئايدىن 32- يىلى 4- ئايغىچە (1905 ~ 1906- يىلىغىچە) |
| رۇڭ پېي | گۇاڭشۈنىڭ 32- يىلى 4- ئايدىن شۇەنتۇڭنىڭ 3- يىلى 3- ئايغىچە (1906 ~ 1911- يىلىغىچە) |
| ياڭ زىڭشىن | شۇەنتۇڭنىڭ 3- يىلى (1911- يىلى) 3- ئاي |

**چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلغا خان ئامبال بولغانلار**

جەدۋەل: 20 – 2

| ئىسىم-فامىلىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|
| فەن يىن | چيەنلۇڭ 3- يىلى ۋەزىپىدىن قالغان (1738- يىلى) |
| لى شىگۇۋ | چيەنلۇڭ 3 ~ ؟ يىلىغىچە(1738 ~ ؟) |
| ۋۇجى | چيەنلۇڭ 24 ~ 25- يىلىغىچە (1759 ~ 1760- يىلىغىچە) |
| يۇڭ نىڭ | چيەنلۇڭنىڭ 25 ~ 26- يىلىغىچە (1760 ~ 1761- يىلىغىچە) |

| | |
|---|---|
| سەن باۋ | چيەنلۇڭنىڭ 26 ~ 28- يىلىغىچە (1761 ~ 1763- يىلىغىچە) |
| كاڭ باۋ | چيەنلۇڭنىڭ 28 ~ ؟ يىلىغىچە(1763 ~ ؟) |
| ساخلن | چيەنلۇڭنىڭ 30 ~ 32- يىلىغىچە (1765 ~ 1767- يىلىغىچە) |
| ۋېن شۇ | چيەنلۇڭنىڭ 32 ~ 33- يىلىغىچە (1767 ~ 1768- يىلىغىچە) |
| زا مۇچىنتۇ | چيەنلۇڭنىڭ 33 ~ 34- يىلىغىچە (1768 ~ 1769- يىلىغىچە) |
| جىڭ شەن | چيەنلۇڭنىڭ 34 ~ 35- يىلىغىچە (1769 ~ 1770- يىلىغىچە) |
| شۇ جى | چيەنلۇڭنىڭ 34- يىلى (1769- يىلى) |
| فو دې | چيەنلۇڭنىڭ 36 ~ 38- يىلىغىچە (1771 ~ 1773- يىلىغىچە) |
| مىڭ چى | چيەنلۇڭنىڭ 38 ~ 41- يىلىغىچە (1773 ~ 1776- يىلىغىچە) |
| فو دې | چيەنلۇڭنىڭ 41 ~ 46- يىلىغىچە (1776 ~ 1781- يىلىغىچە) |
| خاجىڭگا | چيەنلۇڭنىڭ 46 ~ 48- يىلىغىچە (1781 ~ 1783- يىلىغىچە) |
| موخېلىن | چيەنلۇڭنىڭ 48 ~ ؟ يىلىغىچە (1783 ~ ؟ يىلىغىچە) |
| فۇ گۇاڭ | چيەنلۇڭنىڭ 50 ~ ؟ يىلىغىچە (1785 ~ ؟ يىلىغىچە) |
| بايەنسەن | چيەنلۇڭنىڭ 51 ~ ؟ يىلىغىچە (1786 ~ ؟ يىلىغىچە) |
| ئىساڭگا | چيەنلۇڭنىڭ 51 ~ 55- يىلىغىچە (1786 ~ 1790- يىلىغىچە) |
| شۇلىن | چيەنلۇڭنىڭ 55 ~ ؟ يىلىغىچە (1790 ~ ؟ يىلىغىچە) |
| يادې | چيەنلۇڭنىڭ 58 ~ 60- يىلىغىچە (1793 ~ 1795- يىلىغىچە) |
| مۇخېلىن | چيەنلۇڭنىڭ 60 ~ ؟ يىلىغىچە (1795 ~ ؟ يىلىغىچە) |
| سىڭ باۋجۇ | جياچىڭنىڭ 1 ~ ؟ يىلىغىچە (1796 ~ ؟ يىلىغىچە) |

| | |
|---|---|
| ۋۇمۇسۇن | جياچىڭ 1 – 4 - يىلىغىچە (1796 - 1799- يىلىغىچە) |
| فۇزى | جياچىڭ 4 – 5 - يىللىرى (1799 – 1800 – يىللىرى) |
| لۇڭ فۇ | جياچىڭ 6 – 7- يىللىرى (1801 – 1802 - يىلىغىچە) |
| چىلىن باۋ | جياچىڭنىڭ 7 ~ 8- يىلىغىچە (1802 ~ 1803- يىلىغىچە) |
| جىڭ يى | جياچىڭنىڭ 8 ~ 10- يىلىغىچە (1803 ~ 1805- يىلىغىچە) |
| مىڭ شىڭ | جياچىڭنىڭ 10 ~ 11- يىلىغىچە (1805 ~ 1806- يىلىغىچە) |
| جىڭ شۇ | جياچىڭنىڭ 11- يىلى (1806- يىلى) |
| خۇاشاڭئا (مۇۋەققەت) | جياچىڭنىڭ11 ~ 13- يىلىغىچە (1806 ~ 1808- يىلىغىچە) |
| جىڭ دې | جياچىڭنىڭ13 ~ 16- يىلىغىچە (1808 ~ 1811- يىلىغىچە) |
| ۋېن بى | جياچىڭنىڭ16- يىلى (1811- يىلى) |
| دې تۇڭ (مۇۋەققەت) | جياچىڭنىڭ16 ~ 19- يىلى كەبىسە ئايغىچە (1811 ~ 1814- يىلىغىچە) |
| جىڭ چاڭ | جياچىڭنىڭ 19 ~ 20- يىلىغىچە (1814 ~ 1815- يىلىغىچە) |
| دۇڭ لىن | جياچىڭنىڭ 20 ~ 23- يىلىغىچە (1815 ~ 1818- يىلىغىچە) |
| دو شەن | جياچىڭنىڭ 23 ~ 24- يىلىغىچە (1818 ~ 1819- يىلىغىچە) |
| فۇجۇلۇڭئا | جياچىڭنىڭ 23- يىلىدىن داۋگۇاڭنىڭ 1- يىلىغىچە (1819 ~ 1821- يىلىغىچە) |
| جاڭ جىڭ | داۋگۇاڭنىڭ 2 ~ 3- يىلىغىچە (1822 ~ 1823- يىلىغىچە) |
| خېڭ جىڭ | داۋگۇاڭنىڭ 3 ~ 7- يىلىغىچە (1823 ~ 1827- يىلىغىچە) |
| ئېن مىڭ | داۋگۇاڭنىڭ 7 ~ 9- يىلىغىچە (1827 ~ 1829- يىلىغىچە) |
| مۇشەنئا | داۋگۇاڭنىڭ 9 ~ 10- يىلىغىچە (1829 ~ 1830- يىلىغىچە) |

| | |
|---|---|
| بۇ يانتەي | داۋگۇاڭ 10- يىلى (1830- يىلى) |
| سۇلا بىن (مۇۋەققەت) | داۋگۇاڭ 10 – 11 - يىللىرى (1830 – 1831- يىللىرى) |
| گۇلباڭ | داۋگۇاڭ 11- يىلى (1831- يىلى) |
| سەي شاڭتا | داۋگۇاڭ 11 – 12 - يىللىرى (1831 – 1832- يىللىرى) |
| كېڭ فۇ | داۋگۇاڭ 12- يىلى (1832- يىلى) |
| سايىڭئا (مۇۋەققەت) | داۋگۇاڭ 12 – 15 - يىلىغىچە (1832 – 1835- يىلىغىچە) |
| تاداڭئا | داۋگۇاڭ 15 – 17 - يىلىغىچە (1835 – 1837 - يىلىغىچە) |
| گوچىڭ | داۋگۇاڭ 17 – 18 - يىللىرى (1837 - 1838 - يىللىرى) |
| كېڭ فۇ | داۋگۇاڭنىڭ 18 – 19 - يىلىغىچە (1838 – 1839 – يىللىرى) |
| دې چۈەن | داۋگۇاڭ 19 – 23 - يىلىغىچە (1839 – 1843 - يىلىغىچە) |
| داخۇڭئا | داۋگۇاڭ 23- يىلى (1843- يىلى) |
| رۇي يۈەن | داۋگۇاڭ 23 – 24 - يىللىرى (1843 – 1844 - يىللىرى) |
| جۇڭ فاڭ (مۇۋەققەت) | داۋگۇاڭ 24 – 27 - يىلىغىچە (1844 – 1847 - يىلىغىچە) |
| چىڭ يۈەن | داۋگۇاڭ 24- يىلىدىن شيەنفېڭ 2- يىلىغىچە (1847 – 1852- يىلىغىچە) |
| ۋېن يۈي | شيەنفېڭ 2 – 3 - يىلىغىچە (1852- 1853- يىللىرى) |
| مىڭ يى | شيەنفېڭ 3 – 4 - يىللىرى (1853 – 1854 - يىللىرى) |
| ساكې ئانئۇڭ | شيەنفېڭنىڭ 4 ~ 5- يىلىغىچە (1854 – 1855 – يىللىرى) |
| سۇن چېڭ | شيەنفېڭ 5 – 8 - يىلىغىچە (1855 – 1858 - يىلىغىچە) |
| دو خۇي | شيەنفېڭ 8 – 10 - يىلىغىچە (1858 – 1860 - يىلىغىچە) |

| | |
|---|---|
| مۇ لۇ | شيەنفېڭ 10 – 11- يىللىرى (1860 – 1861- يىللىرى) |
| شىڭ تەي | شيەنفېڭ 11- يىلىدىن تۇڭجى تۇنجى يىلىغىچە (1861 – 1862 - يىلىغىچە) |
| ۋېن شياڭ | تۇڭجى تۇنجى يىلىدىن 3- يىلىغىچە (1862 – 1864 - يىلىغىچە) |
| باۋ خېڭ | تۇڭجى 3 ~ 4- يىلىغىچە (1864 – 1865 - يىلىغىچە) |
| زاكى تۇڭئا | تۇڭجى 4- يىلى (1865- يىلى) |
| ۋېن لىن | تۇڭجى 5- يىلىدىن گۇاڭشۈ 2- يىلىغىچە (1866 – 1867 - يىلىغىچە) |
| مىڭ چۈن | گۇاڭشۈ 2- يىلى كەبىسە 5- ئاي (1876- يىلى) |

## §2. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىبۇرغول ۋاڭى

تارىختا قۇمۇلدا يەرلىك ۋاڭلىق هاكىمىيىتى تەسىس قىلىندى (ياكى مەركەز تەرىپىدىن تەيىنلەندى). بۇنداق يەرلىك ۋاڭلار توۋەندىكىلەر: شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ 7- يىلى (422- يىلى)، ئاۋارلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى هازىرقى قۇمۇل تەۋەلىكىدە ئىبۇرغول ۋاڭلىقىنى قۇردى؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇلدا قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىندى هەم قۇمۇلدا هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سادىق- ئىنتائەتمەن ۋاڭ، سادىق- ئادىل ۋاڭدىن ئىبارەت ۋاڭلار ئۆتتى؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇلدا ئۇيغۇر قۇمۇل ۋاڭلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەرلىك ۋاڭلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولدى هەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرىغا بويسۇنۇپ ئۆتتى.

شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، جاهان قالايمىقانلىشىپ، فېئودال كۈچلەر بۆلۈنمە هاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ، ئۆزئارا بىر- بىرىگە هۇجۇم قىلىپ، زېمىن تالىشىپ، خەلقنى تالان- تاراج قىلىپ، ماكانلىرىدىن ئايرىپ سەرسان قىلغاندا جۇڭگودا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى.

جيەنخې تۇنجى يىلى (400- يىلى)، خېشىلىق خەنزۇ لى خاۋ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كېيىنكى لياڭ بەگلىكىنىڭ (ئۇرۇقداش لۇ گۇاڭ قۇردى، ۋۇۋېينى پايتەخت قىلدى) قابىلىيەتلىك هۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، دۇنخۇاڭنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى لياڭ بەگلىكىنىڭ خانى دەپ جاكارلىدى، تارىختا بۇ غەربىي لياڭ بەگلىكى دەپ ئاتالدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ 6- يىلى (421- يىلى)، غەربىي لياڭ بۆلۈنمە هاكىمىيىتى هونلاردىن جۈرجى مۇڭسۇن قۇرغان شىمالىي لياڭ هاكىمىيىتى تەرىپىدىن يوقىتىلدى، لى خاۋنىڭ نەۋرىسى لى باۋ ۋە تاغىسى تاڭ چى، تاڭ خېلار هونلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، گۇزاڭ (هازىرقى ۋۇۋېي) دا قاماپ قويۇلدى. بىر يىلدىن كېيىن تاڭچى، تاڭخېلار جيەنى لى باۋ بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، ئىگىبىر جاپا- مۇشەققەتتە ئاخىرى ئىبۇرغولغا قېچىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىبۇرغول ئاۋار قاغانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولۇپ، خېشى ئەترابىدىن پاناهلىق ئىزدەپ قېچىپ كەلگەن 2000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق خەنزۇنى پاناهىغا ئالدى. ئاۋار ئاقسۆڭەكلىرى ئېگىدىن ئېقىنغان خەنزۇ پۇقرالارنى ئېخمۇ ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، تاڭ چىنى ئىبۇرغول ۋاڭى قىلىپ تەيىنلىدى.

تاڭ چى ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، ئىنىسى تاڭ خې، جىيەنى لى باۋ بىلەن بىرلىكتە ئاقسۆڭەكلەرنى يەنىمۇ يىغىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى. ئەسكەر ۋە پۇقرالارنى مەشىق قىلدۇرۇپ، قايتا باش كۆتۈرۈش قەستىدە بولدى. 20 يىل غەيرەت بىلەن تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئېۋىرغول بوستانلىقىدا ئېتىزلىقلار ئارا يوللار گىرەلىشىپ، بىپايان مۇنبەت يەرلەر مول ھوسۇل بەردى، خەلق بېيىپ، تۇرمۇشى باياشات بولدى.

بۇ مەزگىلدە، سىيانپىلاردىن توغبات گۈي قۇرغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھاكىمىيىتى كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى. شىمالدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئارقا- ئارقىدىن يوقىتىلدى. توغبات گۈينىڭ تەسىر كۈچى خېشى ۋە غەربىي يۇرتقا قىستاپ يېقىن كېلىپ قالدى. تاڭ چى قاتارلىقلار پايدا- زىياننى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز، ئاۋارلارغا يېقىنسىپ ئۆتسەك پەقەت ئېۋىرغولنىلا ساقلاپ ئۆتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قاچان ھالاك بولۇش خەۋپىدىن خالىي بولالمايمىز، دەپ قاراپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى لەشكەرلىرى شىمالىي لياڭ بەگلىكىنىڭ باشلىقى جورجى مۇسۇننى يوقاتقاندىن كېيىن، لى باۋ دۇنخۇاڭغا قايتىپ كەلدى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇنى دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى.

ئاۋارلار تاڭ چى قاتارلىقلارنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، تاڭ چى قاتارلىقلارغا ئىدىقۇت (ھازىرقى تۇرپان) غا كۆچۈپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. تاڭ چى قاتارلىقلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ئىدىقۇتقا كېلىپ، ئاۋارلارنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئۇرۇش قىلدى، تاڭ چى ئۇرۇشتا ئۆلدى، تاڭ خې قالغان ئەسكەرلەرنى توپلاپ، جىيەنى تاڭ شۈەندا بىلەن بىرلىكتە ئاۋارلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلدى، غەربىي يۇرتتا ئۇرۇش بىلەن ئۆتكەن 20 يىل جەريانىدا تالاي قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشىدىكى بىر مۇھىم ئەربابى بولۇپ قالدى.

تەيپىڭ جېنجۈن 12- يىلى (451- يىلى)، تاڭ خې جىيەنى تاڭ شۈەندا بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى پىڭچېڭ (ھازىرقى سەنشى داتۇڭ) غا قايتىپ كېلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. تاڭ خېنىڭ ئەمەلى ئۆسۈپ، جېجۇنىڭ ئايماقبېگى، باش ئوردابېگى، كۆنپېتىشقا يۈرۈش قىلغۇچى باش سانغۇن، مۇراسىمبېگى، جيۇچۈەن ۋاڭى بولدى. تاڭ شۈەنداغا جېنچاڭ ھەزرەت ئۇنۋانى بېرىلدى، ئەمەلى ئۆسۈپ، خۇاجۇنىڭ ئايماقبېگى بولدى.

## §3. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇلنىڭ يەرلىك ۋاڭى

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىمالىي چۆللۈكتە موڭغۇللار باش كۆتۈردى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كەيشى 2- يىلى (1206- يىلى) بۆرە تېكىن قەبىلىسىدىن تېمۇرچىن (چىڭگىزخان) موڭغۇللارنىڭ چوڭ قاغانى بولدى، ئۈچ يىلدىن كېيىن، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېكىن موڭغۇللارغا بېقىندى، شۇنىڭدىن باشلاپ تارىخنامىلاردا ئۇلارنىڭ تەرجىمە نامى ئۇيغۇر دەپ يېزىلىدىغان بولدى، قوچو ئىدىقۇتى موڭغۇللارغا بېقىنغاندىن كېيىن، 1- تۈركۈمدە ئىستېلا قىلىنغان ئوبيېكتلىرى خانىمېنلى، سوتان، خوي- خوي قاتارلىق ئەللەر بولدى. خانىمېنلى ھازىرقى قۇمۇل بولۇپ، موڭغۇللارغا تەۋە بولغاندىن كېيىن قوچوغا قوشۇلۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بولدى، قوچو بىلەن تەڭ تۈرىدىغان بىر يەرلىك ھاكىمىيەت بولدى.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدىڭ تۇنجى يىلى (1260- يىلى)، قۇبلاي موڭغۇللارنىڭ چوڭ قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۆگدايىنىڭ نەۋرىسى قايدۇ غەربىي شىمالدا توپىلاڭ كۆتۈردى، چاغاتايىنىڭ نەۋرىسى دۇۋا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. شۇنداق قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ھەممە جاينى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى ۋە 40 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ئەينى

ۋاقىتتا توپىلاڭچىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلغان يولىنغ شىلياڭ قۇمۇلدىن ئۆتتى، بۇ مەزگىلدە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق باش سانغۇن بولۇپ، «قارارگاھ» تەسىس قىلىندى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 12- يىلى (1275- يىلى)، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دۇۋانىڭ قىستىشى بىلەن قوچۇ شەھىرىنى تاشلاپ قېچىپ قۇمۇلغا كەلدى. قايدۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى قۇمۇلغىچە قوغلاپ كەلدى، ئىدىقۇتنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى، ئۆزى ئۇرۇشتا قازا قىلدى.

كەينى- كەينىدىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچرىغان قۇمۇل خەلقى ئىچكىرىگە كۆچتى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 16- يىلى (1279- يىلى)، قۇبلايخان خانبالىقنى (ھازىرقى بېيجىڭ) نى پايتەخت قىلىپ، چاغاتايلىنىڭ ئەۋرىسى ئازىجىنى بېشبالىققا باسقاۋۇل قىلىپ تەيىنلەپ، قوشۇمچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان قاراقوجۇ (ئىدىقۇت) ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ھەربىي بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 18- يىلى (1281- يىلى)، گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىندى، قۇمۇل گەنسۇ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جىيۈەن 24- يىلى (1287- يىلى)، خەنزۇ قوشۇنى ھەم يېڭى بېقىنغان قوشۇندىن بولۇپ، يەنە 500 ئادەم بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ يەنيۇ 6- يىلى (1319- يىلى)، خان «قۇمۇللۇقلار ۋە ئۇيغۇرلار (ئىدىقۇت) نىڭ دەۋا ئىشلىرىنى يەرلىك ئەمەلدارلار باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى سورىسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ ئۈنىچى يىلى (1368- يىلى)، جۇيۈەنجاڭ جىنلىڭ (ھازىرقى نەنجىڭ) دا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. يۈەن خۇيزۇڭ شىمالىي چۆللۈككە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى. يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى، ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەلىكىنى سوراۋاتقان چاغاتاي خانلىقىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى، شىنجاڭنىڭ جايلىرىدا بىر مۇنچە يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق جەسۇر ۋاڭ ئۇرناشلىمۇ ئۆزىنى قۇمۇلنىڭ خانى دەپ جاكارلىدى.

قۇمۇلنىڭ خانلىقىنىڭ تەۋەلىكى «جەنۇبى شاجۇ ئايمىقىغىچە، غەربى قاراغوجىغىچە، شىمالى ئۇيراتلارغىچە، شەرقىي جەنۇبى شۇجۇ ئايمىقىغىچە بولدى»، قۇمۇل خانلىقىنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر، قاراخۇيلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ قەۋم بىر شەھەردە ياشىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 13- يىلى (1380- يىلى)، لياڭجۇدا تۇرۇۋاتقان تۇتۇق ۋالىي پۇيىڭ خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن لەشكەر تارتىپ قۇمۇلغا يۈرۈش قىلدى، بۇ خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇرناشىل قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولدى، كېيىنكى يىلى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىن ئالاۋۇددىننى خانغا ئات تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتتى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنى دوستانە كۈتۈۋالدى، ئورغۇن سوۋغا ھەدىيە قىلدى. ئالاۋۇددىنغا غەربىي يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى ۋە ئەخلاق- پەزىلىتىنى تەشۋىق قىلىشنى تاپشۇردى، لېكىن ئۇرناشىل چىن دىلىدىن تەسلىم بولمىغاچقا، كېيىن يەنە قاتناشنى توسۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەر ئوردىغا تارتۇق قىلغان بۇيۇملارنى بۇلاپ- تالىدى ھەتتا ئادەم ئەۋەتىپ قۇمۇلدىن ئۆتكەن ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرگۈزدى. خۇڭۋۇ 24- يىلى (1391- يىلى)، جۇيۈەنجاڭنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن تۇتۇق ۋالىي ۋە گەنسۇ تۇتۇق ۋالىيسى مىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ، قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالدى.

ئىككىنچى يىلى، ئۇرناشىل ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا قېچىر، ئات تارتۇق قىلىپ كەچۈرۈم سورىدى، جۇيۈەنجاڭ ئۇنىڭ ۋاڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ۋاڭ بولۇشقا ماقۇل بولدى ھەم ئاق ئالتۇن، تاۋار- دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى.

خۇڭۋۇ 26- يىلى (1393- يىلى)، ئۇرناشىل كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى ئەنىق تېمۇر ۋاڭ بولدى.

يۇڭلې ئۈنىچى يىلى (1403 – يىلى)، جۇ يۈەنجاڭنىڭ ئۇكىسى تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، چېگرا

مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەنىق تېمۇرنىڭ «ئات سودىسى» قىلىشىغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلدى. ئەنىق تېمۇر بىرىنچى قېتىمدا خانغا 4740 ئات تارتۇق قىلدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز باھاسى بويىچە پۇل بەردى. ئەنىق تېمۇر ئات سودىسىدىن تاپقان پۇلغا نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى.

يۇڭلې 2- يىلى (1404- يىلى) خان ئەنىق تېمۇرگە سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ، دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن قۇمۇلنىڭ مۇناسىۋىتى بىخەتەر، مۇقىم بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى ئويراتلارنىڭ قاغانى گۈلچ ئەنىق تېمۇرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، جىيەنى توقتۇ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. توقتۇ كىچىكىدىن پايتەخت بېيجىڭدا چېن زۇ خاننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئەنىق تېمۇرنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، قۇمۇلنىڭ مۆتىۋەرلىرى توقتۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ۋەجىدىن چېن زۇ خان توقتۇنى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ بېرىپ، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىشقا بۇيرىدى. توقتۇ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، كۆپ ھاللاردا مومىسى بىلەن پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمىدى، مومىسى ئۇنىڭغا يول قويمىدى، ھەتتا بىر كۈنى ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. چېن زۇ خان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئەيىبلىدى، توقتۇ شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېن زۇ يۇڭلې 8- يىلى (1410- يىلى)، توقتۇۋاڭ تۇيۇقسىز قازا قىلدى. توقتۇنىڭ ئوغلى تېخى كىچىك بولۇپ، ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىن بولمىغاچقا، ئىنىسى ئۆلى تۆمۈرگە سادىق- ئادىل ۋاڭ، دەپ نام بېرىلىپ، مۆھۈر، قاشتېشى بەلۋاغ ئىنئام قىلدى. باش بۇيۇرغا ئايماقبېگى قاراخانا يانداش تۇتۇققا ئۆستۈرۈلدى.

يۇڭلې 17- يىلى (1419- يىلى)، سادىق- ئادىل ۋاڭ ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قۇمۇلدىن ئۆتكەن- كەچكەن ئوردا ئەلچىلىرىگە ئىززەت- ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن، چېن زۇ خان قۇمۇلغا ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى، ئاپىسى ۋە ئايالىغا ئالتۇن، ئۈنچە- مەرۋايىت، كىيىم- كېچەك، پۇل ھەدىيە قىلدى ھەمدە ئەمەلدارلارنى مۇكاپاتلىدى. شۇ يىلى سادىق- ئادىل ۋاڭ ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا 3500 دىن ئارتۇق ئات، يەنە سۆسەر تېرىسى قاتارلىق بۇيۇملارنى تارتۇق قىلدى، خاننىڭ يارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا 32 مىڭ نۆكچە كۆمۈش، 1000 توپ تاۋار ھەدىيە قىلىندى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭشى تۇنجى يىلى (1425- يىلى)، سادىق- ئادىل ۋاڭ تۇلا تېمۇر ئۆلدى. ئىككىنچى يىلى مەرھۇم توقتۇ ۋاڭنىڭ ئوغلى بوداشىر خاننىڭ يارلىقى بىلەن سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن (1428- يىلى)، بوداشىرنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى يەنە يارلىق چۈشۈرۈپ، سادىق- ئادىل ۋاڭ تۇلى تېمۇرنىڭ ئوغلى توغان تېمۇرنى سادىق- ئادىل ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە باشقۇرۇشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ قۇمۇلدا ئىككى ۋاڭ بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ 2- يىلى (1437- يىلى)، توغان تېمۇر قازا قىلدى، ئوغلى توقتۇ تېمۇر سادىق- ئادىل ۋاڭلىققا تەيىنلەندى، ئۇمۇ ئۇزاق ئۆتمەي قازا قىلدى. سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ بوداشىر قازا قىلغاندىن كېيىن، بوداشىرنىڭ ئوغلى داۋاداشىر يارلىققا بىنائەن سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدى.

قۇمۇلنىڭ يەرلىك ۋاڭلىرىنىڭ ۋاڭلىق ھوقۇقى گەرچە موڭغۇللارغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن، ئەمەلىي ھوقۇق ئۈچ قەۋمنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدا بولدى. ۋاڭلىق ھوقۇق كىچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولدى. ئۇلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈت تېپىشىپ بىرلىككە كېلەلمەي، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئاجىزلاتتى. شۇڭا دائىم دېگۈدەك كۈچلۈك قوشنىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ۋە تالان- تاراج قىلىشىغا ئۇچرىدى. خاندۇڭ، شاجۇ، چىرچىن قەبىلىلىرى دائىم لەشكەر تارتىپ قۇمۇلۇقتىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنى تالان- تاراج قىلدى. قۇمۇلدىكى قەۋم باشلىقلىرىنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرغۇدەك مادارى بولمىغاچقا، ئۇلار خالىغانچە تالان- تاراج قىلدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ماكان تۇتقان ئويراتلار دائىم لەشكەر تارتىپ، تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تالان- تاراج قىلدى. ئويراتلارنىڭ باشلىقى ئىسەننىڭ ئاچىسى نۇۋىن داشىرى سادىق- ئىتائەتمەن

ۋاڭ بوداشىرغا ياتلىق بولدى. تەختتىكى سادىق. ئىنائەتمەن ۋاڭ داۋاداشىر ئىسەننىڭ جىيەنى ئىدى. مانا مۇشۇنداق يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋەتمۇ ئىسەننىڭ تاجاۋۇز قىلىش قارا نىيىتىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ، قۇمۇل شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئوت قويدى، ئەر- ئاياللارنى تۇتقۇن قىلدى، سان- ساناقسىز ئات- كالا، تۆگىلەرنى بۇلىدى، ھەتتا ئاچىسى، جىيەنى، جىيەنىنىڭ ئايالى قاتارلىقلارنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. ئىسەننىڭ تەھدىت سېلىشى، ئاردۇرۇشى بىلەن داۋاداشىر ئىككى كېمىگە دەسسەپ، كۆرۈنۈشتە مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئىنائەت قىلغاندەك بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇيراتلار بىلەن يوشۇرۇن بېرىش- كېلىش قىلدى. كېيىن، ئىسەن دىققەت- ئېتىبارىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرا رايونلارغا قارىتىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭتەي 6- يىلى (1455- يىلى)، مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇمۇل بىر ئاز ئەمىن تاپتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن تۇنجى يىلى (1457- يىلى)، داۋاداشىر قازا قىلىپ، ئىنىسى بوراق سادىق- ئىنائەتمەن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن بوراقمۇ قازا قىلدى، ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا، دۆلەت ئىشلىرىنى ئانىسى نۇيىن داشىر باشقۇردى، ئوردا كاتىپۋاشلىرىدىن كازىجى قاتارلىقلار توغان تېمۇرنىڭ قىزىدىن بولغان نەۋرىسى، تۇتۇق ۋالىي باتامورنى ۋارىسلىققا كۆرسەتتى، ۋاڭنىڭ ئانىسى «رەئىيەت ۋارىسلىق قىلالمايدۇ» دېگەننى سەۋەب كۆرسىتىپ رەت قىلدى. ۋاڭنىڭ ئانىسى ئەندىلىك ياساۋۇلخانىسىنىڭ ۋاڭى ئالچا سادىق- ئىنائەتمەن ۋاڭ بىلەن بىر ئەجدادتىن، ئۇ ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ دەپ قارىدى. ئوردا موزاكىرە قىلىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى، ئەمما ئالچا قۇمۇلنىڭ ھەم ھۇجۇم قىلىدىغان، ھەم چېكىنىپ ساقلايدىغان مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى، قوشنىلىرى دائىم خىرىس قىلىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئېچكى جەھەتتە بىرلىك يوقلۇقىنى ئوبدان بىلگەچكە ھۆرۈرە ئېيتتى. بۇ ۋاقىتتا، قۇمۇلنىڭ شىمالىي قىسمىنى موڭغۇللاردىن چەجاسىلەن ئىگىلىۋالدى، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىپ، تالان- تاراج قىلدى. ۋاڭنىڭ ئانىسى ئۇرۇق- تۇغقان، ئوردا كاتىپۋاشلىرىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ كۇيۇ دېگەن جايىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى، بۇ جەرياندا ئادەم ئەۋەتىپ خانغا، بىر نەچچە قېتىم ئارتۇق ئېلىپ باردى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن قۇمۇل خەلقى سەرگەردان بولۇپ، ئاچ- يالىڭاچ قېلىپ، كەينى- كەينىدىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ باردى. قۇمۇللۇق مۇساپىرلاردىن 200 دىن ئارتۇق كىشى بېيجىڭغا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلدى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئالتە كۈرە گۇرۇچ، ئىككى توپ رەخت بېرىپ قۇمۇلغا قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قويدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 2- يىلى (1466- يىلى) چەجاسىلەن چېكىندى، ۋاڭنىڭ ئانىسى قاتارلىقلار قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 3- يىلى (1467- يىلى)، قۇمۇلنىڭ سادىق- ئىنائەتمەن ۋاڭنىڭ ئورنى ئۇزۇنغىچە بوش قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مىللەت ئاقساقاللىرى باتامورنى يەنە بىر قېتىم ۋارىسلىققا كۆرسەتتى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى باتامورنى (ئۇيغۇر) ئوڭ قول تۇتۇقلۇققا ئۆستۈردى، ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇردى. بەش يىلدىن كېيىن باتامور قازا قىلدى، ئوغلى خەنشىن ئاتىسىنىڭ ئەملىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى، لېكىن ئوردا مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈپ، پەقەت تۇتۇقلۇققىلا ۋارىسلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا رۇخسەت قىلمىدى. قۇمۇل يەنىلا يارلىق چىقىرىپ بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولۇپ، ۋاڭسىز قالدى.

تەخمىنەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 6- يىلى (1462- يىلى) نىڭ ئالدى- كەينىدە، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن ئەلى (يەنە بىر ئىسمى يۇنۇس) ئاقسۇ، تۇرپان ئەتراپىدا كۈندىن كۈنگە قۇدرەت تاپتى. ئەلىخان ياش ۋاقتىدا ئىران، ئەرەبىستان، ئىراق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر تەقۋادار مۇسۇلمان بولدى، ئۇ شەرق- غەربنىڭ سودا يولىنىڭ بوغۇزىنى كونترول قىلىش ھەم ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇلنى، ھەتتا جيايۈگۇەننىڭ غەربىدىكى بىپايان رايوننى تالىشىشقا باشلىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 8- يىلى (1472- يىلى)، ئەلىخان لەشكەر تارتىپ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىپ، ۋاڭنىڭ ئانىسىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە ۋاڭنىڭ مۆھۈرىنى بۇلاپ كەتتى، سىڭلىسىنىڭ كۈيۈسى يارەننى قۇمۇلنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى.

قۇمۇلنىڭ تۇتۇقى خەنشىن ئامالسىز ئەلنى باشلاپ گەنسۇنىڭ كۈيۇ دېگەن جايىغا قېچىپ بېرىپ، ئۆزاقنى ئويلاپ قەلئە سېلىپ، ئۈستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

چېڭخۇا 14- يىلى (1478- يىلى)، تۇرپانلىق ئەلىخان قازا قىلدى، ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنى ئىككى ئوغلى بۆلۈشۈپ ئىگىلىدى، ئىككىنچى ئوغلى ئەخمەد تۇرپان، ئاقسۇ، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى.

قۇمۇلنىڭ تۇتۇقى خەنشىن كۈيۇدە 10 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ، خېلى كۈچىيىپ قالدى. ئۇ ئەلىخان ئەمدىلا قازا قىلغان، ئەخمەدنىڭ ئورنى تېخى مۇستەھكەملەنمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىرجىن، خەندۇڭ ياساۋۇلخانىلىرى بىلەن بىرلىشىپ 10 مىڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ، چېڭخۇا 14- يىلى (1478- يىلى) قۇمۇلغا يۈرۈش قىلدى. يارمىن تەڭ كېلەلمەي قېچىپ كەتتى، خەنشىن قۇمۇلنى ئوڭۇشلۇق قايتۇرىۋالدى. شۇڭا خان ئالاھىدە يارلىق چۈشۈرۈپ خەنشىننى سول قول تۇتۇقلۇققا ئۆستۈردى ۋە 100 سەر ئاق ئالتۇن ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. خۇڭجى تۇنجى يىلى (1488- يىلى)، شياۋزۇڭ مىڭ سۇلالىسى خان تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ خەنشىننى سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا ئۆستۈردى. خەنشىننىڭ ۋاڭ بولۇشىغا تۇرپانلىق ئەخمەد يول قويمىدى. شۇ يىلى 11- ئايدا، ئۇ لەشكەر تارتىپ قۇمۇلغا كېلىپ، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ خەنشىننى ئۆلتۈرۈپ، يارىمنى قۇمۇلنى ساقلاشقا قويدى. ئەخمەدنىڭ نوخولىسىنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى «ئىنئام- ئىلتىپاتنى ئازايتىش ۋە ياكى ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قېلىش، تارتۇقلىرىنى رەت قىلىش، گۇناھى ئۈچۈن تۇۋا قىلدۇرۇش» قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئەخمەد ئىلاجىسىزلىقتىن قۇمۇلنىڭ سەككىز شەھىرىنى ۋە سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ مۆھۈرى، 500 دىن ئارتۇق ئاھالىنى قايتۇرۇپ بەردى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەندىلىڭ ۋاڭ جەمەتىدىن بولغان شانبا (سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ توقتۇنىڭ جىيەن نەۋرىسى) نى سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ قىلىپ تەيىنلىدى. خۇڭجى 6- يىلى (1493- يىلى)، ئەخمەد قۇمۇلنى قايتا ئىشغال قىلىپ، شانبانى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى.

ئەخمەد ئۇتتۇرۇقسىز، ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۇرپان بىلەن بېرىش- كېلىش قىلىشنى رەت قىلدى ھەم تۇرپاننىڭ ئەلچىلىرىدىن 172 كىشىنى تۇتۇپ قالدى. خۇڭجى 8- يىلى (1495- يىلى)، گەنسۇنىڭ مۇپەتتىشى شۇجىن باش ئەمىرلەشكەر ليۇنىڭنى باشلاپ چىقىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. تۇرغاق سانغۇن يارمىن يېڭىلىپ قېچىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە قۇمۇل ۋاڭسىز قالدى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى خەنشىننىڭ ئوغلى يانقېبۇللا ۋاقىتلىق باشقۇردى.

ئەخمەد بىلەن مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى قايتا- قايتا تالىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئىنىسى مەخمۇدنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىننى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان ئۆزبەكلەر تارتىۋالدى. ئەخمەد چوڭ ئوغلى مەنسۇرنى ھاكىمىيەتنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئىنىسىغا ياردەم بەرگىلى كەتتى. كېيىن، ئەخمەد كېسەل سەۋەبى بىلەن ئاقسۇدا قازا قىلدى. مەنسۇر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قارشى چىققان ئىنىلىرىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى ھەم شەرقتە قۇمۇلغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 18- يىلى (1505- يىلى) قىشتا شانبا ئۆلدى، ئوغلى بايياجى ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىدى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولدى. بايياجى نادان، قاپاقۋاش، بىشەدەپ، زوراۋان بىر ئادەم بولغاچقا، دائىم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم بولالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپانلىق مەنسۇرخان دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ۋائىزلىق قىلىپ، تەھدىت سېلىپ، ئازدۇرۇپ، ئۇنى مىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە دەۋەت قىلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدې 8- يىلى (1513- يىلى)، بايياجى ئاخىرى قۇمۇل بىلەن كارى بولماي، قۇمۇلنى تاشلاپ، ئاسىيلىق قىلىپ تۇرپانغا بېرىۋالدى. مەنسۇر خوجا، تاجىدىننى قۇمۇلدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدې 10- يىلى (1515- يىلى)، باش تەپتىش پېڭ زې تاۋار، شايى، پاختا رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ، ھاجى قاتارلىقلارنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، مەنسۇردىن بايياجى ۋە ۋاڭ مۆھۈرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خوجا تاجىدىن ۋاڭ مۆھۈرىنى قايتۇرۇپ بەردى، بايياجى ئاقسۇغا بېرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، قايتىپ كېلىشنى رەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇرپان دائىم دېگۈدەك قۇمۇلنى ۋاستە قىلىپ، خېشىدىكى ناھىيىلەرگە تالاي قېتىم ھۇجۇم

قىلىپ، ئۇلارنى ھەدەپ تالان- تاراج قىلدى، جىيايۇگۇەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىكى خەلق ئۇنىڭ قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. مەنسۇر بىر تەرەپتىن خىشىغا پاراكەندىچىلىك سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلچى ئەۋەتىپ، خانغا تارتۇق ئېلىپ باردى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ قايتىپ كەلگىلى ئۇنىمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھالى كۈندىن- كۈنگە خارابلىشىپ، ھەربىي يۈرۈشنى توختىتىپ خەلقنى دەم ئالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشنى باھانە قىلىپ، قۇمۇل بىلەن كارى بولمىدى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇلنىڭ يەرلىك ۋاڭلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 2- يىلى (1404- يىلى) دىن باشلاپ ۋاڭلىق مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، جىڭدې 9- يىلى (1514- يىلى) تۇرپان خانى ئىشغال قىلغۇالغانغا قەدەر 11 ئەۋلاد (سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ سەككىز كىشى، سادىق- ئادىل ۋاڭ ئۈچ كىشى)، جەمئىي 110 يىل داۋاملاشتى.

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىدىكى ئىتائەتمەن، ئادىل ۋاڭلار شەجەرىسى

جەدۋەل: 20 – 3

| ئىسمى، فامىلىسى | ئۇنۋانى نامى | ئالدىنقى ۋاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى | تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ئۇرناشىل | تەپتىش ۋاڭ | | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇنىڭ خۇڭۇۋ 13 ~ 25- يىلىغىچە (1380 ~ 1392- يىلىغىچە ) |
| ئەنىق تېمۇر | تەپتىش ۋاڭ | ئىنىسى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇنىڭ 26- يىلىدىن يۇڭلېنىڭ تۇنجى يىلىغىچە (1393 ~ 1403- يىلىغىچە ) |
| ئەنىق تېمۇر | سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ | ئىنىسى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 2 ~ 3- يىلىغىچە (1404 ~ 1405- يىلىغىچە) |
| توقتۇ | سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ | جىيەنى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 4 ~ 8- يىلىغىچە (1406 ~ 1410- يىلىغىچە) |
| تۆلتېمۇر | سادىق- ئادىل ۋاڭ | بىر ئەۋرە ئىنىسى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 9- يىلىدىن مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى رېنزۇڭنىڭ خۇڭشى تۇنجى يىلىغىچە (1411 ~ 1425- يىلىغىچە) |
| بوداشىر | سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ | جىيەنى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنزۇڭنىڭ شۈەندى تۇنجى يىلىدىن مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يىڭزۇڭنىڭ جېڭتۇڭ 3- يىلىغىچە (1426 ~ 1438- يىلىغىچە) |
| توغان تېمۇر | سادىق- ئادىل ۋاڭ | تۆلتېمۇرنىڭ ئوغلى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنزۇڭنىڭ شۈەندى 3- يىلىدىن مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يىڭزۇڭنىڭ جېڭتۇڭ 2- يىلىغىچە (1428 ~ 1437- يىلىغىچە) |
| دوۋاداشىر | سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ سۇلتان دەپمۇ ئاتالدى | تۆلتېمۇرنىڭ جىيەنى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يىڭزۇڭنىڭ جېڭتۇڭ 4- يىلىدىن مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يىڭزۇڭنىڭ تيەنشۇڭ تۇنجى يىلىغىچە (1439 ~ 1457- يىلىغىچە) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۇقتۇ تېمۈر | سادىق. ئادىل ۋاڭ | توغان تېمۈرنىڭ ئوغلى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يىڭزۇڭنىڭ جېڭتۇڭ 3- يىلى (1438- يىلى) |
| بوداق | سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭ | دوۋداشىرنىڭ ئوغلى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يىڭزۇڭنىڭ تيەنشۇڭ تۇنجى يىلىدىن 4- يىلىغىچە (1457 ~ 1460- يىلىغىچە) |
| تۇۋىل داشىر | (هاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلغان، باشقۇرغان مەزگىل) | ئانىسى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يىڭزۇڭنىڭ تيەنشۇڭ 5- يىلىدىن مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شيەنزۇڭنىڭ چېڭخۇا 23- يىلىغىچە (1461 ~ 1487- يىلىغىچە) |
| خەنشىن | سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭ | ئەۋرىسى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى تۇنجى يىلى (1488- يىلى) |
| شانبا | سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭ | توقتۇنىڭ ئەۋرىسى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 5 ~ 18- يىلىغىچە (1492 ~ 1505- يىلىغىچە) |
| باياجى | سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭ | ئوغلى | مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇزۇڭنىڭ جېڭدې تۇنجى يىلىدىن 9- يىلىغىچە (1506 ~ 1514- يىلىغىچە) |

## §4. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل باساۋۇلخانىسى

1. قۇمۇل باساۋۇلخانىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، ھەتتا غەربتىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان قۇرۇقلۇق سودا يولىنى قوغداش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تەيزۇخان تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا غەربىي يۇرتتىكى موڭغۇل يۇمن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى جازا يۈرۈشىنى باشلىۋەتتى.

مىڭ سۇلالىسى ھەربىي قوشۇنى قۇمۇلغا تېخى يېتىپ كەلمەيلا، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان جايلاردا «چىچەن موڭغۇل، ئەندىڭ، چۇشيەن، ئادۇمن، خەندۇڭ، خەن دۇڭزۇ ۋە دەسلەپتە تەسىس قىلىنىپ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان شاجۇ» ياساۋۇلخانىلىرىدىن ئىبارەت يەتتە ياساۋۇلخانا تەسىس قىلىپ، قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يۈرۈش قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. خۇڭۋۇ 13- يىلى (1380- يىلى) 4- ئايدا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇ تۇتۇق پۇيىڭنى لەشكەر تارتىپ غەربتە قۇمۇلغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرىدى، قۇمۇلنىڭ ۋاڭى ئورناشىل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقتى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا تارتۇق يوللىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشى توختاپ قالدى. 2- يىلى 5- ئايدا، ئورناشىل يەنە ئۇيغۇرلاردىن ئالاۋۇدۇننى ئەلچى قىلىپ خانغا ئات تارتۇق ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى. كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان قاتناش تۈگۈنىگە تايىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بارىدىغان ئەلچىلەرگە، سودىگەرلەرگە توسقۇنلۇق قىلىپ، تارتۇق پايدىسىنى مونوپول قىلماقچى، مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىنى كونترول قىلماقچى بولدى. بۇ تەبىئىي ھالدا مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. خۇڭۋۇ 24- يىلى (1391- يىلى) 8 - ئايدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تەيزۇ سول قانات لەشكەر ياندىش تۇتۇقى ليۇجېن، سۇڭ شىڭلارنى لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرىدى. ليۇجېن قاتارلىقلار لياڭجۇدىن يولغا چىقىپ قۇمۇلغا يۈرۈش قىلدى.

ئۇرناشقىل بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىدىن ناھايىتى قورقتى. 2- يىلى، ئۇ «ئات، قىچىر تارتۇق قىلىپ، خاندىن كەچۈرۈم سورىدى». شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلاشتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې تۇنجى يىلى (1403- يىلى)، مىڭ سۇلالىسىنىڭ چىڭزۇ خانى جۇدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، قۇمۇلغا نىسبەتەن بىرىنچىدىن، خان ئاتىسىنىڭ تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش، سىرت بىلەن ئالاقە قىلماسلىقتەك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرتنىڭ قۇمۇل قاتارلىق جايلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، «جۇڭگو بازىرىدا ئات سودىسى قىلىشقا رۇخسەت قىلدى». قۇمۇل بىر قېتىمدىلا خانغا 4740 ئات تارتۇق قىلدى. مىڭ سۇلالىسى چىڭزۇخانى جۇدى «ئۈز قىممىتى بويىچە ھەقىقىي ئىنئام قىلىنسۇن، ئوبدان 10 ئات تاللىنىپ مىراقۇلغا تاپشۇرۇپ بېرىلسۇن، قالغىنى چېگرا مۇداپىئە چەۋەندازلىرىغا بېرىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. بۇنىڭدىن سىرت، قۇمۇلنىڭ ئەلچىلىرىگە پۈتۈن يۈرۈش زەرباپ كىيىم- كېچەك قاتارلىق بۇيۇملار ئىنئام قىلدى. قۇمۇل ۋاڭىغا يەنە 100 سەر كۈمۈش، يىپەك ئىچ كىيىم، تاش كىيىم ئىنئام قىلدى.

ئىككى جاينىڭ ئىقتىسادىي سودا بېرىش- كېلىشىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز قويۇقلاشتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 2- يىلى (1404- يىلى) 6- ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى ئەنىق تېمۇر ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خاننىڭ ئۇنۋان ئىنئام قىلىشىنى سورىدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ دەپ نام بەردى.

2- يىلى، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ ئەنىق تېمۇر ئۆيراتلارنىڭ يى بىي قاغانى گۈلچ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى، كېيىنكى يىلى، مىڭ سۇلالىسى ئەنىق تېمۇرنىڭ جىيەنى توقتۇنى سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىققا تەيىنلىدى. يۇڭلې 4 - يىلى (1406- يىلى) 3- ئايدا، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىندى. باشلىقى ماخمۇت خوجا قاتارلىقلار بۇيۇرغا، مىڭبېشى، يۈزبېشى، باسقاق قۇتانقۇچى، گۈسچىك، ھاجى مەخمۇتلار كاتىپ بولدى. خەنزۇلاردىن يەنە جۇئەن سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ دورغىبى، ليۇشىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭغا ياردەمدە بولدى. شۇ يىلى قىشتا يەنە 19 ئادەمگە باش بۇيۇرغا قاتارلىق ئەمەل بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قۇمۇل مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرىدىغان ياساۋۇلخانىسى بولۇپ قالدى.

2. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى چېگرا رايون ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلدى، ھەربىي بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى قارمىقىدا يانداش تۇتۇق، باش بۇيۇرغا، مىڭبېشى، يۈزبېشى، باسقاق قۇتانقۇچى قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارمۇ، كاتىپ، مەسلىھەتچى، ئۇستاز قاتارلىق مۈلكىي ئەمەلدارلارمۇ بار. ئالدىنقىلار ئاساسلىقى ھەربىي قوشۇننى ۋە ئۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇردى، كېيىنكىلەر سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭغا ياردەملىشىپ، دۆلەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇردى.

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەشكىلىي قۇرۇلما جەھەتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىچە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى باشقۇرۇشتا، ئاپتونومىيىگە ئوخشايدىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ باج كىرىمىنى ئالمىدى، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تۈرلۈك باج كىرىملىرى سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ، جۈملىدىن سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يەرلىك ھەر قايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن تەيىنلەندى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ يوقىرالىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، مىڭ سۇلالىسى ئومۇمەن ئارىلاشمىدى، قۇمۇل ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەۋەلىكىدە ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزمىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قورااللىق

قوشۇنى بار ئىدى.

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقى سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭ بولۇپ، ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوننى باشقۇرىدىغان ۋاكالەتچىسى بولىدى. سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەرتىپ بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، يەرلىك ئەمەلدارلار نامزات كۆرسەتتى، ئىككىنچىسى، مىڭ سۇلالىسى تەستىقلاپ بەردى. سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭ بولغۇچى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئاساسىي شەرتنى ھازىرلىدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى بولۇش، ئىككىنچىسى، قارا قىلغان سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ جەمەتىدىن بولۇش. مەسىلەن، چېڭخۇا يىللىرىدا، قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ۋاڭلىق ئورۇن بوش قالدى. ئۇيغۇرلاردىن خەنشىن ۋاڭغا ۋاكالىتەن قۇمۇلنى باشقۇرۇپ تۇردى، يۈگلېخان پەقەت ئۇنىڭ مۈلكىي ئەمەلگىلا ۋارىسلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا باشتىن. ئاخىرغىچە رۇخسەت قىلمىدى.

سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر، قاراخۇيدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋمنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بولۇپ، ئۇلار سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ئورتاق ھەمدەمدە بولدى. سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ يارلىقلىرى مەزكۇر ئۈچ قەۋمنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتسە، ئاندىن ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى. دېمەك ئۈچ قەۋمنىڭ ئاقساقاللىرى ئەمەلىيەتتە قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەقىقىي ھوقۇقدارلار بولدى. قەۋم ئاقساقاللىرى سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ كۆرستىشى بىلەن مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مۇئەييەن ئەمەلگە تەيىنلەندى. بۇنىڭدىن سىرت، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىدا يەنە مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن باش بۇيۇرغا ئاتاباقبېگى، ياندىش تۇتۇق، باش بۇيۇرغا، ياندىش باش بۇيۇرغا، مىڭبېشى، يۈزبېشى، باسقاق قوتانقۇچى قاتارلىقلار بار. بۇ ئەمەللەرنىڭ كۆپچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. لېكىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت ئىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىدا قوللانغان سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى «چېگرانى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچكە، ئەسلى قائىدىلەرگە، يەرلىكنى باشقۇرۇش ئۈچۈن شۇ جايدىكى ئاقساقاللارغا تايىنىش» تىن ئىبارەت بولدى.

3. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوتتوغات نامى بېرىلگەن بەگلىك بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولدى. مىڭ سۇلالىسى سىياسىي جەھەتتە قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ رەھبىرىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، جيايۈگۈەن قوۋۇقىنىڭ غەربىدە قۇمۇل قاتارلىق «قوۋۇقنىڭ غەربىدە يەتتە ياساۋۇلخانا» تەسىس قىلىندى، بۇ يەتتە ياساۋۇلخانا ئىچىدە، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇردى. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى، قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقىدا. 1) قۇمۇل مىڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۆزئارا بېرىش. كېلىش قىلىدىغان بوغۇزى بولغاچقا، ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جاي. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى موڭغۇللار بولۇپ، موڭغۇللار مىڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان زېمىننى ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە غەربىي يۇرتنىمۇ ئىگىلىدى. شىمالدىكى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى خانلىرىدىن تەيزۇ، چېڭزۇخانلار تارىختىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشتا، خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدىنىڭ «ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ تاشلاش لازىم» دېگەن ئىستراتېگىيىسى بويىچە ئىش تۇتتى. شۇ ۋەجىدىن، قۇمۇل

«قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى يەتتە ياساۋۇلخانا» ئىچىدە ھالقىلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. 2) مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇلنى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە قارىتا كۆزىتىۋېلىش پونكىتى، ئۆتەڭ بېكەت قىلدى. 3) مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇلنى يەنە ئۆزىنىڭ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان غەربىي يۇرتتىكى ئالدىنقى قاراۋۇلى قىلدى («ۋاسساللار ھەققىدىكى ئومۇمىي ئۇچۇرلار»).

قۇمۇلنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى ۋە قۇمۇلنى قاتتىق كونترول قىلدى. يۇڭلې 4- يىلى، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ئىككى خەنزۇ ئەمەلدار ئەۋەتتى، يەنى «جوۋئەن سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ دوغاپى، ليۇشىڭ مەسلىھەتچى بولۇپ، توقتۇغا ياردەملەشتى».
11- ئايدا، يەنە توقتۇنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەل تۈزۈمى بويىچە «يۇرت ئاقساقاللىرىدىن ليۇشى، ئەلى قاتارلىق 19 كىشىگە باش بۇيۇرغا، بۇيۇرغا، مىڭبېشى، يۈزبېشى قاتارلىق ئەمەل» بېرىلدى. قۇمۇل بەگلىكىدە سادىق. ئىتائەتمەن ۋاڭغا يار. يۆلەك بولىدىغان ئۈچ قەۋمدە، ئۆز قەۋملىرىنى بىر ئۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسىسىغا ئۇتۇقبېگى تەيىنلىدى. شۈەندې ئۈنجى يىلى (1426- يىلى)، مىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خاتى جۇجەن خانلىق تەختكە ئولتۇرۇپ، ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقى پەقەت مىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئىجرا قىلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ئالاھىدە ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇمۇلدىكى چوڭ. كىچىك ئەمەلدارلارغا ۋە ئەسكەر، پۇقرالارغا «يارلىق چۈشكەن كۈندىن ئېتىبارەن، بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەر مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، بىردەك كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، قۇمۇلنىڭ مىڭ سۇلالىسىغا تايىنىشى كەينى. كەينىدىن خانغا تارتۇق تەقدىم قىلىش سودىسىدا ئىپادىلەندى. قۇمۇلدا ياخشى ئات، تۆگە، قاشتېشى كۆپ بولغان بىلەن پاختا رەخت، تاۋار، تۆمۈر جابدۇق، چاي قاتارلىق تۇرمۇشقا لازىم بۇيۇملار كەمچىل بولدى، بۇلارنى مىڭ سۇلالىسىدىن ئېلىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كۆپ چىقىدىغان رەۋەن، ئېپار قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرىمۇ قۇمۇل ئۈچۈن ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، قۇمۇل مۇقەررەر ھالدا مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىنى چىڭ تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى، پادىشاھقا تارتۇق تەقدىم قىلىش سودا ئۆمىكىنىڭ خادىمى كۆپ بولغاندا 300 دىن ئېشىپ كەتتى، ئاز بولغاندىمۇ بىر نەچچە ئون ئادەم بولدى، بەزىدە بىر يىلدا بىر قېتىم، بەزىدە بىر يىلدا بىر نەچچە قېتىم تارتۇق تەقدىم قىلدى. قۇمۇل تارتۇق تەقدىم قىلىش سودىسىدىن مول ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى. بىرىنچىدىن، «ياندۇرۇپ ئىنئام بېرىش». بۇ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارتۇق تەقدىم قىلىش شەكلى بىلەن ئېلىپ كەلگەنماللىرى ئۈچۈن ھەق بېرىش ئۇسۇلى بولۇپ، بىر خىل ئىقتىسادىي سودا بولدى. قۇمۇلنىڭ تارتۇق بۇيۇملىرى ئاساسلىقى ئات، قاشتېشى، تۆگە قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئات كۆپرەك. يۇڭلې17- يىلى (1419- يىلى) 3500 ئات، 21- يىلى (1423- يىلى) 330 تۆگە، 1000 ئات تارتۇق قىلدى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇلنىڭ تارتۇق بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتىگە قاراپ ئايرىم «ياندۇرۇپ ئىنئام بەردى». مەسىلەن، ياخشى ئاتنىڭ ھەر بىرىگە ئەستەرلىكى بىلەن تۆت كىيىملىك گۈللۈك تاۋار، بىر تۆگىگە تۆت كىيىملىك ئەستەرلىك تاۋار، بىر دانە ئالماسقا تۆت توپ شايى، 2- دەرىجىلىك بىر دانە ئالماسقا ئىككى توپ شايى بەردى ۋە باشقىلار. ھەتتا تۈرلۈك قاشتېشى، تېرە، مەسىلەن، يىلپىز تېرىسى، قۇندۇز تېرىسى ۋە ئۈزۈم قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بولدى. ئومۇمەن «ياندۇرۇپ بېرىلگەن ئىنئام» نىڭ قىممىتى «تارتۇق بۇيۇملىرى» نىڭ قىممىتىدىن يۇقىرى بولدى، ھەتتا يولدا زىيانغا ئۇچرىغانماللارغىمۇ مۇۋاپىق باھادا «ئىنئام بېرىلدى». مەسىلەن، يولدا ئۆلگەن ھەر بىر ئاتقا ئۈچ توپ شايى، ئۆلگەن ھەر بىر تۆگىگە ئەستەرلىكى بىلەن ئۈچ كىيىملىك گۈللۈك تاۋار، تۆت توپ شايى بەردى. تارتۇق تەقدىم قىلغۇچىلار ئارقا. ئارقىدىن كېلىۋەرگەچكە، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇنى بەكمۇ ئاۋارىچىلىك ئىكەن دەپ قاراپ، تارتۇق تەقدىم قىلىش قەرەلى توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم چەكلەش بەلگىلىمىسى

چىقاردى. دەسلەپتە بىر يىلدا بىر قېتىم تارتۇق تەقدىم قىلىدىغان بولدى، كېيىن ئۈچ يىلدا بىر قېتىم، بەش يىلدا بىر قېتىم تارتۇق تەقدىم قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارتۇق تەقدىم قىلىشقا كېلىدىغان ئادەم سانىنى قاتتىق چەكلىدى. ھەر بىر تارتۇق ئېلىپ كېلىدىغان ئۆمەكنىڭ ئادەمى ئەڭ كۆپ بولغاندا 300 دىن ئاشمايدىغان بولدى، ئۇلار ئاۋۋال گەنجۇغا يىغىلدى، پەقەت ئۇلارنىڭ 20 ~ 30 پىرسەنتىگىلا تارتۇق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىندى، قالغانلىرى قانجۇ (گەنجۇ) دا قېپقېلىپ، يەرلىك كىشىلەر بىلەن سودا قىلدى يا بېيجىڭغا كەتكەنلەرنى ساقلاپ ياتتى. بېيجىڭغا بارغانلار يول بويى مىڭ سۇلالىسى ئۆتەڭلىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، باش ئەلچى، مۇئاۋىن ئەلچى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىغا دەرىجىگە ئايرىپ ئايرىم ئاشلىق، گۆرۈچ تارقىتىپ بېرىلدى. ئەلچىلەر بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن ئىككى ئاي مۆھلەت ئىچىدە مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئورغۇن ئىنئاملارنى ئېلىپ قايتتى. ھەر بىرىگە ئەستەرلىكى بىلەن بىر كىيىملىك گۈللۈك تاۋار، بىر توپ شايى بېرىلدى، ھەتتا ھېچقانداق تارتۇق ئالماي ئەگىشىپ بارغۇچىلارغىمۇ بىر توپتىن شايى ھەدىيە قىلىندى. ئىككىنچىسى، سودا. قۇمۇلنىڭ ئەلچىلىرى تارتۇق تەقدىم قىلىشقا بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بېيجىڭغا تۈرلۈك يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىگە لازىم تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ۋە دورا ماتېرىياللىرىغا ئالماشتۇرۇپ كەلدى. بېيجىڭغا تارتۇق ئېلىپ بارغان ھەر بىر ئەلچىنىڭ 50 جىڭ چاي، 50 دانە زەڭگەر فارفور قاچا، بەش دانە مىس- قەلەي لوڭقا، 15 توپ ھەر خىل تاۋار- دۇردۇن، 30 توپ شايى، 50 جىڭ بوياق، 30 جىڭ مېۋە- چېۋە، 30 جىڭ قۇمشېكەر، 30 جىڭ قۇرۇتۇلغان زەنجىۋىل، 30 جىڭ چاي يەمچۈكى... سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئىشلىرى «ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش سارىيى» دا ئېلىپ بېرىلدى. تارتۇق تەقدىم قىلىشقا بارغان ئەلچىلەرنىڭ تارتۇقىنى تەقدىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش سارىيىدا بەش كۈن سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. «ئەمەلدارلارنىڭ، پۇقرالارنىڭ، تىجارەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك ماللارنى ئېلىپ سارايغا كېلىپ، تەڭ باھادا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى».

«ياندۇرۇپ ئىنئام بېرىش» بىلەن سودىغا يول قويۇش مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانغا تارتۇق قىلىش سودىسى ئارقىلىق قۇمۇلنى كونترول قىلىشنى كۆچەيتىدىغان بىر خىل تەدبىر بولدى. ۋەھالەنكى، قۇمۇلمۇ بۇنداق قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئايرىلماس مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. شۇڭا، كېيىن مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى كونترول قىلالماي قالغاندىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي بېرىش- كېلىشى بۇرۇنقىدەكلا قويۇق بولدى.

4. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولى

قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ھەربىي بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن يەرلىك باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەسىس قىلىنغان كۈندىن باشلاپلا مىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ ئەمىر- پەرمانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش، ئۆز تەۋەلىكىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن بولغان بېرىش- كېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مىڭ سۇلالىسىمۇ ئۆزىگە قاراشلىق مۇنداق بىر ياساۋۇلخانىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىماسلىقىنى قوغداش، قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا يار- يۆلەكتە بولۇش، خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

**1) قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى**

**(1) مەركىزىي خانىدانلىققا ۋاكالىتەن قۇمۇلنى باشقۇرۇش** قۇمۇلنىڭ سادىق- ئىتائەتمەن ۋاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ

قۇمۇلدىكى ئەڭ ئالىي ۋاكالەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن- نىزاملىرىنى، پادىشاھنىڭ «ئەمىر- پەرمانلىرى» نى ئىزچىل ئىجرا قىلدى. دۆلەتنىڭ بارلىق ئىچكى چوڭ ئىشلىرىنى، ھەتتا خاننىڭ قوشنا قەۋملەر بىلەن بولغان توي ئىشلىرىنى دائىم ئوردىغا مەلۇم قىلىپ، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن ئىش قىلدى. تۆۋەنگە نىسبەتەن ئالىي ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، قۇمۇل پۇقرالىرى ئۇنىڭغا باج تاپشۇردى، ئالۋان- سېلىقلىرىنى ئادا قىلدى.

(2) **«غەربىي چېگرانىڭ ئارقا دەرۋازىسىنى ساقلاش، يات تائىپىلەرنىڭ ئۆچۈرىنى تەكشۈرۈش»** مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇلنىڭ چېگرىسى غەربىي يارغول ئايمىقىغىچە («يازما مۇججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھلىل» نىڭ داۋامى) ياكى «غەربىي قاراقۇجۇغىچە»، جەنۇبىي شاجۇغىچە، شىمالىي ئۆيراتلارغىچە بولدى. شەرقىي مىڭ سۇلالىسىغا قاراشلىق ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جايلىرى بىلەن تۇتاشقاندىن سىرت، قالغان قوشنىلىرى پۈتۈنلەي قۇدرەت تاپقان تائىپىلەردىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ كۈچلۈك قوشنا تائىپىلەر پەقەت قۇمۇلغا تەھدىت سېلىش بىلەنلا قالماي، دائىم دېگۈدەك شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلىپ تۇردى. شۇڭا، قۇمۇل تەبىئىي مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت ياكى شىمالىي چۆللۈكتىكى جايلارنى رازۋېتكا قىلىدىغان، نازارەت قىلىدىغان كۆۋرۈك بېشىدىكى ئىستىھكامى بولۇپ قالدى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى چېگرا ئەھۋالىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ھەر قېتىمدا چوڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشتى. مەسىلەن، تيەنشۈن 3- يىلى (1459- يىلى) 8- ئايدا، قۇمۇلنىڭ سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭى بوداق ئەلچىسى سادىغاننى چېگرا ئىشلىرىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئەۋەتكەندە، مىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «پۇل، زەر يىپەك كىيىم ئىنئام قىلدى».

(3) **شەرق ۋە غەربنىڭ ئەلچى، سودىگەر، راھىبلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇش، قوغداش** بۇ قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى بولدى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى بۇنى نەتىجىلىك ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن دائىم ئىلتىپاتقا ئېرىشەتتى، ئەمەلى ئۆسەتتى. مەسىلەن، «سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ بوداق ئوردا ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش، ئاپىرىپ قويۇش ئىشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، تيەنشۈن 3- يىلى (1459- يىلى) 12- ئايدا، مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنىڭ ياندىش باش بۇيرۇغىسى تۇچۇ تېمۇرنى باش بۇيرۇغا ئاياقبېگىگە، باش مىڭبېشى ئادۇللانى ياندىش بۇيرۇغلۇققا، يۈزبېشى ھاجىنى ياندىش مىڭبېشىلىققا، شىرخا قاتارلىق ئالتە كىشىنى يۈزبېشىلىققا ئۆستۈردى».

**2) قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى مىڭ سۇلالىسىغا قاراشلىق بىر ياساۋۇلخانا بولغاچقا، تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى**

(1) **قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەش** مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلغا قارىتىلغان تۈرلۈك كونكرېت سىياسەتلىرىدە پەقەت قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىلا بەھرىمەن بولىدىغان، ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن ياساۋۇلخانىلار بەھرىمەن بولالمايدىغان ئىمتىيازلار ۋە مۇئامىلىلەر بار. لېكىن، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىقنى ئىلتىپات قىلىشتىن تارتىپ باشقا قۇتاتقۇچىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگىچە ھەممىنى مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزەتتى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ھەربىي- مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلەشنىڭ ئادەتتىكى تەرتىپى مۇنداق: قۇمۇلنىڭ سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭى نامزاتلىقنى كۆرسىتىپ، سەۋەبىنى مەلۇم قىلاتتى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى مۇزاكىرە قىلاتتى، خان يارلىق چۈشۈرۈپ تەيىنلەيتتى، گۇۋاھنامە، ئالتۇن مۆھۈر، مۆھۈر ۋە پۆپۈكچەك، كىيىم تارقىتىپ بېرەتتى.

(2) **قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش** قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۆيرات، چەجياسىلەن، غەربتىكى تۇرپان قاتارلىق «يۇرت» لار قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى شەھىرىنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بىر قانچە نۆۋەت ئىشغال قىلىۋالدى. ياساۋۇلخانىنىڭ ئورنى بىر مەزگىل گەنسۇنىڭ كۇيۇ دېگەن جايىنىڭ يېنىغا كۆچۈرۈلدى، بۇنىڭغا نىسبەتەن مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بىر قانچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ، قۇمۇلنى تالان- تاراجدىن قۇتۇلدۇردى. مەسىلەن، جىڭتۇڭ يىللىرىدا تۇرپان قۇمۇلنى ئىككى قېتىم ئىشغال قىلىۋالدى، ئۆيراتلارمۇ قۇمۇلنى ئىككى قېتىم

بېسىۋالدى. شۇ ۋەجىدىن، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۇتتۇق ئايماقىغىكى لى ۋېن، ما ۋېنشىڭ قاتارلىقلارنى گەنسۇ، غەربىي يۇرتقا باستۇرۇپ ئەۋەتىپ، قۇمۇل تەبىئىي ئابەت ياكى ئۇرۇش ماللىمانچىلىقى تۈپەيلى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، قەھەتچىلىك تۈپەيلى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە، مىڭ سۇلالىسى پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ياردەم قىلدى. مەسىلەن، چىڭزۇنىڭ يۇڭلې يىللىرىدا، قۇمۇلنىڭ ئاچارچىلىققا ئۇچرىغان پۇقرالىرىدىن 278 ئائىلە قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئامباردىن تېرىق ئاجرىتىپ ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. خۇڭجى 10- يىلى (1497- يىلى) 3- ئايدا، تۇرپانلىقلار قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئادەملىرىنى يارىلاندۇرۇپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويغاندا، «سۇجۇنىڭ كالا، قوي، ئاشلىق ئاجرىتىپ قۇمۇلنى قۇتقۇزۇشنى بۇيرىدى».

3) قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى تەسىس قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى　قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن قۇمۇل رايونى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇندۇرۇلغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مۇناسىۋەت داۋاملاشتى؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى بېرىش-كېلىشىگە پايدىلىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى؛ قۇمۇل بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى قويۇقلاشتى. بۇ قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇلدا يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاج تاپتى.

5. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، تۇرپان قۇمۇلنى بىر قانچە قېتىم بېسىۋالدى. مەركىزىي خانىدانلىقنىڭ قۇمۇلنى كونترول قىلىشى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. يۇڭلې 2- يىلى قۇمۇلدا ۋاڭ قويۇلغاندىن باشلاپ جياجىڭ 8- يىلى (1529- يىلى)، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شىزۇ گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋاڭ زىنىڭ تەۋسىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، قۇمۇل بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالغۇچە جەمئىي 126 يىل ئۆتتى. بۇنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ، يۇڭلې 2 - يىلى (1404- يىلى) دىن باشلاپ تيەنشۇن 4 - يىلى (1460- يىلى) غىچە بولغان 50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلنى ئەڭ قاتتىق كونترول قىلغان مەزگىلى. ئىككىنچى باسقۇچ، تيەنشۇن 4- يىلى (1460- يىلى) دىن خۇڭجى 18- يىلى (1505- يىلى) غىچە بولغان 40 نەچچە يىل داۋامىدا، تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى چۆرىدەپ كۆپ قېتىم ئېلىشتى. تۇرپان تەدرىجىي ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلنى كونترول قىلىشى بارغانسېرى ئاجىزلاشقان مەزگىلى. ئۈچىنچى باسقۇچ، جېڭدې تۇنجى يىلى (1506- يىلى) دىن جياجىڭ 8- يىلى (1529- يىلى) غىچە بولغان 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، تۇرپان قۇمۇلنى ۋاستىتە قىلىپ، گەنسۇغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. مىڭ سۇلالىسى كۆنسايىن زەئىپلىشىپ، قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا مادارى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىراقلا جيايۇگۈەن قوۋۇقىنى تاقاپ، قۇمۇلنى كونترول قىلىشتىن ئەبەدىي مەھرۇم بولدى. بۇنىڭ بىلەن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياجىڭ 8- يىلى (1529- يىلى) قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، قۇمۇل تۇرپانغا قارىدى، لېكىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل بىلەن بولغان ئالاقىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە داۋاملاشتى.

## §5. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى

**1. تارىخىي جەريانى**

X VII ئەسىردە، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا تېز تارقىلىشقا باشلىدى، بەزىبىر ئۆزىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى دەۋالغان خوجىلار چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان كېيىنكى ۋاڭلارنىڭ ئۇستازى بولۇۋالدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نامايىتى چوڭ ئىمتىيازغا ۋە مول بايلىققا ئىگە ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ جايلارنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالغانلار ئىدى. شۇ مەزگىلدە، قۇمۇلدىمۇ مۇھەممەتشاھ غازى قۇمۇلدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئۇستازى بولۇۋېلىپ، چوڭ ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. مۇھەممەتشاھ غازىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا بەگ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 18- يىلى (1679- يىلى) جۇڭغارلارنىڭ خانى غالدان ئەسكەر چىقىرىپ قۇمۇل، تۇرپاننى بېسىۋالدى، ئەبەيدۇللا بەگكە «تارخان» دېگەن نامنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇڭغارلارنىڭ قۇمۇلدىكى ۋاكالەتچىسى بولۇپ قالدى.

جۇڭغارلارنىڭ قەبىھ ھۆكۈمرانلىقى خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى، جاي- جايلاردىكى ئۇيغۇر خەلقى «ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن ئېغىر ئازاب- ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپ، تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ، خاتىرجەم ياشىغىدەك جاي تاپالمىدى». «ئاشلىق ۋە مال- دۇنياسىنى كۆمۈپ قويۇپ» يۇرتىنى تاشلاپ، ئىچكىرىگە قېچىپ باردى، ئىچكىرىگە قېچىپ بارغان ئۇيغۇر خەلقى ئومۇمەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى شۇلۇپ، زۇلۇم سېلىپ، بوزەك قىلىشىغا قاتتىق نارازى بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئەمىنلىك ئاتا قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان رەھىمدىل تەدبىرىدىن ياخشى تەسىر ئالدى. شۇڭا ئۇ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەل بولۇش نىيىتىگە كەلدى. كاڭشى 35- يىلى (1696- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەسكەر چىقىرىپ، غالداننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئەبەيدۇللا ئاق تاغلىقلارغا چېتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن جۇڭغارلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولدى. شۇ يىلى 9- ئايدا، ئەبەيدۇللا ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئات، تۆگە تارتۇق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇش ئارزۇسىنى ئېنىق بىلدۈردى. 12- ئايدا، يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ خانغا «ناۋادا غالدان كېلىپ قالسا، كەمىنە ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىك تۇتىمەن، ئۇچۇر بولسا يەنە يەتكۈزۈپ تۇرىمەن» دەپ مەكتۇپ يوللاپ، غالداندىن ئۈزۈل- كېسىل قول ئۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كاڭشى خان ئەبەيدۇللا نىڭ چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇش ئارزۇسىغا نىسبەتەن قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئەبەيدۇللاغا ئەمەلدارلىق تونى، بۆلەغۇن تۇماق، ئالتۇن كەمەر قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىنئام قىلدى. كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى)، زاۋالغا يۈزلەنگەن غالدان چوڭ ئوغلى سەپتەن بالجۇرنى غەللە- پاراق يىغىشقا باركۆلگە ئەۋەتكەندە، ئەبەيدۇللا ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. كاڭشى خان ئەبەيدۇللاغا پۇل، تون، ئاق ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى. غالدان زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جىيەنى دەنجىلا، قىزى جۇڭچىخەي قۇمۇل تەۋەلىكىدىن ئۆتۈپ جىمارغا قېچىپ كەتتى. ئەبەيدۇللا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى ۋە دەنجىلانى ھەمراھلىرى بىلەن قۇمۇلغا ئالدۇرۇپ كەلدى. دەنجىلا كاڭشى خان بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى، ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى گۇپا بەگنى قوشۇپ ئۇنى قوغداپ ئىچكىرىگە ئاپىرىپ قويدى.

غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، سېۋىن ئارابدان ئۇنىڭ ۋارىسى بولدى. ئۇ قۇمۇلنىڭ جۇڭغارلاردىن يۈز ئۆرۈپ، چىڭ

سۇلالىسىغا ئەل بولغانلىقىغا ناھايىتى خاپا بولدى. ئەبەيدۇللا بۇنىڭدىن بەكمۇ نەپرەتلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ يوللاپ، مۇھۇر بېرىشنى ۋە پاناھىغا ئېلىشنى ئىلتىجا قىلدى. كاڭشى ئەبەيدۇللانى چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلىپتۇ، «ئالاھىدە ماختاشقا ئەرزىيدۇ، ئۇنى تەرىپلەپ، ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك» دەپ قاراپ، موڭغۇللارنىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە ئەبەيدۇللاغا 1- دەرىجىلىك جاساق مەنسىپىنى ئىنئام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «تارخان» نامىنى يەنىلا ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ قىزىل جىيەكلىك ئۇيغۇر خوشۇنى قىلىپ تۈزۈلدى. ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نام بېرىلگەن 1- ئەۋلاد قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى بولدى.

ئەبەيدۇللا ۋاڭلىققا تەيىنلىنىپ ئىككىنچى يىلى (1698- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدىكى ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەبەيدۇللاغا قۇمۇلنى ئىدارە قىلىش مۆھۈرىنى ۋە يامبۇ، قىزىل تۇغ قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلدى. چوڭ ئوغلى گۇپا بەگنى 2- دەرىجىلىك جاساقلىققا تەيىنلەپ، خوشۇن ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن سۆجۆدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرىدى. ئىككىنچى ئوغلى بەچى بەگنىمۇ 2- دەرىجىلىك جاساقلىققا تەيىنلەندى، خوشۇندا زەڭگى، ئورۇنباسار زەڭگى، جارا ئېرجىن، سۇمۇن زەڭگى، چەۋانداز چېرىكتىن ئىبارەت ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلدى ھەمدە سۆجۆغىمۇ بىر سۇمۇن زەڭگى قويدى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ئۇيغۇر خوشۇنىنىڭ تەشكىلىي ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ بولدى. جۇڭغارلارنىڭ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشىنى توساش، قۇمۇلنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭنى سوراۋاتقان سېۋېن ئاربۇدانغا قۇمۇلغا پاراكەندىچىلىك سالماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەبەيدۇللانىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، قۇمۇل سودىگەرلىرىنىڭ گەنسۇ بىلەن سودا- ئالاقە قىلىشىغا يول قويدى. كاڭشى 48- يىلى (1709- يىلى) ئەبەيدۇللا ۋاپات بولدى.

ئەبەيدۇللا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى گۇپا بەگ 1- دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىككە ۋارىسلىق قىلدى. مەزكۇر 2- ئەۋلاد قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى ئىككى يىل تەختتە ئولتۇرۇپلا ۋاپات بولدى.

3- ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭى ئېمىن گۇپابەگنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، 29 يىل تەختتە ئولتۇردى (1711 – 1739 - يىلغىچە). كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى) نىڭ بېشىدا سېۋېن ئاربۇدان قۇمۇلنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتتى. ئېمىن ۋاڭ ئوردا قوشۇنىنى باشلاپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق تۇرغاقبەگ پەن جىشەن باشچىلىقىدىكى 200 چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرى بىلەن بىرلىكتە باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇردى. باش بۇغ لۇجېنىشىڭ قوشۇنىنى باشلاپ ياردەمگە كەلدى، سېۋېن ئاربۇدان ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. قۇمۇل شەھىرىنى ساقلاش ئۇرۇشىدا ئاز ئەسكەر بىلەن كۆپ ئەسكەرنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن كاڭشى خاننىڭ تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. ئېمىن ۋاڭ، پەن جىشەن ۋە ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلار 15 مىڭ سەر تەڭگە بىلەن مۇكاپاتلاندى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغان پۇقرالارغا ئاشلىق ۋە چارۋا تارقىتىپ بېرىلدى. جۇڭغارلار قۇمۇلنى ئىشغال قىلىشتىن ئىبارەت يامان نىيىتىدىن يەنىلا ۋاز كەچمەي، يۇڭجېڭ 10- يىلى (1732- يىلى) 1- ئايدا 6000 ئەسكەر بىلەن قۇمۇلنى يەنە مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ چاغدا، قۇمۇلدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان 2000 دىن كۆپرەكلا ئەسكەر بار ئىدى. قۇمۇلدىكى ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالار يۈكسەك جەڭگىۋارلىق روھ بىلەن دۈشمەنگە باتۇرانە قارشى تۇرۇپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئىلگىرىلەتمىدى. يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى باش سانغۇن يۆجۈڭچى باش بۇغ ساۋ شياڭنى 7000 ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. جۇڭغار ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ چېكىندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەڭگە قاتناشقان ھەربىي ۋە خەلققە 5000 سەر تەڭگە مۇكاپات بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 10 مىڭ سەر تەڭگە ئاجرىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇشتا تارتقان زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەردى.

ئۇيغۇر ۋاڭ ئېمىن قۇمۇلدىكى ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالارنى باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ماسلىشىپ، قۇمۇلنى تاجاۋۇزچىلىقتىن ساقلاپلا قالماي يەنە زور كۈچ بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ شۇ جايدا

تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇق- تۈلۈك تەمىناتىنى ھەل قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سېۋەن ئاراۋبدانىنىڭ قۇمۇلغا يەنە تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باركۆل قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قىسىملىرىنى كۆپەيتتى. قاتناشىنىڭ قولايسىزلىقىدىن قوشۇن ئوزۇق- تۈلۈكتىن قىسىلىپ قالغاندا، ئىمىن ۋاڭ ئۆزىنىڭ زاپاس ئاشلىقى ۋە مال- چارۋىلىرىنى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلدى. كاڭشى 57- يىلى (1718- يىلى)، ئىمىن ۋاڭ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باشلاپ، تالناچىنغا بېرىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى ۋە ئىككىنچى يىلى 400 دادەن ئارپا ئېلىپ، ھەممىسىنى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە ئاپىرىپ بەردى. يۇڭجېڭ 12- يىلى (1734- يىلى)، ئىمىن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ 4000 مو پىشىشىق يېرىنى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ تېرىشىغا بەردى. پادىشاھ شىزۇڭ قۇمۇل دېھقانلىرىغا بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىر پارچە ئاقىيەرنى ئىمىنغا بۆلۈپ بەردى ھەم ئۆكۈز، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلدى. يۇڭجېڭ 13- يىلى (1735- يىلى)، سېۋەن ئاراۋبدانىنىڭ چوڭ ئوغلى غالدان سېرىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يارىشىشنى تەلەپ قىلدى. قۇمۇلدا ۋاقىتىنچە مۇقىملىق بارلىققا كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا ئاران 5000 ئەسكەر قالدۇرۇپ، باركۆلدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنى پۈتۈنلەي ئىچكىرىگە يۆتكەپ كەتتى. ئىمىن ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەچكە قۇمۇلنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، زاپاس ئاشلىق 200 مىڭ دادەندىن ئېشىپ كەتتى. قۇمۇلنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، چيەنلۇڭ تۇنجى يىلى (1736- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق ئىجارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە ئىمىن ۋاڭ قاتارلىقلارغا يەنە تەڭگە پۇل ئىنئام قىلدى، ئىمىن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، قوشۇنغا ياردەم بېرىشكە كۈچ چىقىرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. چيەنلۇڭ 4- يىلى (1739- يىلى)، ئىمىن ۋاڭ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1000 سەر تەڭگە ئاجرىتىپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ زەڭگىسىنى تەزىيە بىلدۈرۈپ ھال سوراشقا بۇيرىدى ھەمدە ئىمىن ۋاڭنىڭ خوتۇنىغا تەڭگە ئىنئام قىلىپ ھال سورىدى.

ئىمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۈسۈپ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 4- ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭى بولۇپ، 26 يىل تەختتە ئولتۇردى (1740 – 1766- يىللار). يۈسۈپ ئوردىغا سادىق بولۇپ، جەڭلەردە كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ، ئوردىنىڭ قاتتىق ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. چيەنلۇڭ 21- يىلى (1756- يىلى)، تۇرپاندىكى مەڭلىك بەگ جوڭغارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كۆتەردي. مەڭلىكنىڭ ئوغلى باي خوجا قۇمۇلدىن ئۆتكەندە يۈسۈپ ئۇنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن ئۆزى 300 ئۇيغۇر ئەسكەرنى باشلاپ تۇرپانغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلدى. توپىلاڭ تېزلا تىنچىتىلدى. چيەنلۇڭ 23- يىلى (1758- يىلى)، يۈسۈپ يەنە ئۆزى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ- كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشقا باردى. گاۋزۇڭ خان ئۇنى ئاغلاقچى ئامبالىقىغا تەيىنلىدى ھەم بېلى ئۇنۋانى بىلەن ئالاھىدە تارتۇقلىدى، قەشقەرنى باشقۇرۇشقا بۇيرىدى. چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى) 9- ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى يۈسۈپنى دورويېلىلىققا ئۆستۈردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭغا يەنە ئىنانچىخانلىق دەرىجىسىنى ئىنئام قىلدى. چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈسۈپ ئىنانچىخانغا شىنجاڭنىڭ 40 يەرلىك بېگىنى باشلاپ بېيجىڭغا كېلىپ خاننى زىيارەت قىلىشنى تاپشۇردى. پادىشاھ گاۋزۇڭ ئۇلارنى «نۇرانە ساراي» دا قوبۇل قىلىپ، خاس تون، تەڭگە ئىنئام قىلدى، زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى. يۈسۈپ ۋاڭنىڭ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ بىر يىل دەم ئېلىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبالىقىغا تەيىنلىدى. چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى)، يۈسۈپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. كېيىنكى يىلى چوڭ ئوغلى ئىبراھىمنى ئېلىپ بېيجىڭغا خاننى زىيارەت قىلىشقا بارغاندا، يولدا چېچەك چىقىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلدى.

يۈسۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاق ئىناتچىخان دەرىجىلىك دورۋېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 5- ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭ بولۇپ، 14 يىل تەختتە ئولتۇردى (1767 – 1780 - يىللىرى). ئۇمۇ جىچەك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى.

6- ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭ ئىسھاقنىڭ چوڭ ئوغلى ئەردىشىر بولۇپ، 23 يىل تەختتە ئولتۇردى (1780 – 1813- يىللىرى). بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولۇپ، ۋەزىيەت مۇقىملاشقان بولغاچقا، ئەردىشىر تۆت قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلدى، ئەردىشىرنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ دۆلەتكە تۆھپە قوشقانلىقتىن، رېنزۇڭ خان كۆپ قېتىم ئۆزى زىياپەتلەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى.

ئەردىشىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى بېشىر ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 7- ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭ بولۇپ، 53 يىل تەختتە ئولتۇردى (1813 – 1866- يىللىرى). داۋگۇاڭ 6- يىلى (1826- يىلى)، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا كەينى- كەينىدىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ ئەكەلدى. يول يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوزۇق- تۈلۈك، يەم- خەشەك توشۇشتا تولىمۇ قىينالدى، بۇ چاغدا بېشىر كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، 1000 كالا ھارۋىسى تەييارلاپ، دېھقانلارنى ئوزۇق- تۈلۈك توشۇپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە تەشكىللەپ، ئوزۇق- تۈلۈكنى بىۋاسىتە ئاقسۇغىچە يەتكۈزۈپ بەردى. جاھانگىر خوجا توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، بېشىر «ھارۋا تەييارلاپ، ئەسكەرلەرگە ئوزۇق- تۈلۈك يەتكۈزۈپ بەرگەن» تۆھپىسى ئۈچۈن ئىنئامغا ئېرىشتى. داۋگۇاڭ 13- يىلى (1833- يىلى) 12- ئايدا، بېشىر بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلغاندا، پادىشاھ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا زىجىنچىڭغا ئاتلىق كىرىشكە رۇخسەت قىلدى ھەم ئىناتچىخان دەرىجىلىك بېلىدىن دورو ئىناتچىخانلىققا ئۆستۈردى. بېشىر پادىشاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن پايدىلىنىپ، كۆرەڭلەپ ئېرىنسىغا پاناھى قالدى، قۇمۇلدا خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ، خەلقنى قاقتى- سوقتى قىلدى، بېشىرنىڭ زۇلۇمى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسى قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالارنىڭ بىردەك قارشىلىقىنى قوزغىدى.

ئوردىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بېشىر قۇمۇلدا ئۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرگە 5000 سەر كۈمۈش ئىئانە قىلدى ھەم قۇمۇلنىڭ خان ئامبىلى ۋېن شياڭنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياسىشىغا ياردەم بەردى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ماسلىشىپ ئىسيانچىلارنى باستۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىگە ئېرىشتى.

تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى ۋە شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىمۇ دېھقانلار ئارقا- ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەردى. تۇڭجى 4- يىلى، قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلنىڭ كونا شەھەر، شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىپ، خان ئامبال زاكى داڭئانى ئۆلتۈرۈپ، بېشىرنى ئەسىرگە ئالدى. كېيىنكى يىلى، باركۆلنىڭ باش بۇغى خې گۈەن تۇرغاقبېگى لىن شياڭنى لەشكەر تارتىپ قۇمۇلغا بېرىشقا بۇيرىدى. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنى چېكىندۈرۈپ، بېشىرنى قۇتقۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار قارادۆۋىنى ئىشغال قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى يوشۇرۇن زەربىگە ئۇچراپ، پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشقا تاسلا قالدى. بېشىر قوجىۋاڭ خېنىم (ۋاڭنىڭ خوتۇنى) نى باركۆلگە ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى، ئۆزى كىچىك قوجىۋاڭ خېنىم بىلەن قالدۇق ئەسكەرلەرنى باشلاپ سومقاغىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. كىچىك قوجىۋاڭ خېنىم ئاتلارنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ ئۆلدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا، بېشىر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغاچقا قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. باركۆلدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈردى. چىڭ ھۆكۈمىتى مەرھۇم بېشىرغا «خوشۇت چىڭۋاڭى» دەپ نام بەردى.

تۇڭجى 6- يىلى (1867- يىلى)، بېشىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەت خوشۇت چىڭۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 8- ئەۋلاد ۋاڭ بولدى. مۇھەممەت تۇغما پالەچ بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرالمىغاچقا، ئوردىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئانىسى مېھرىبانۇ تۇتتى. مېھرىبانۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە چەكسىز سادىق بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا چىڭۋاڭ قوجىۋاڭلۇق


مەرتىۋىسىنى بەردى. تۇڭجى 12- يىلى (1873- يىلى) 4- ئايدا، شەنشى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى بەي يەنخۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۈسۈپ بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلدى. مېھرىبانۇنى تۇتقۇن قىلىپ، قوقان خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ باشلىقى ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى. شەھەر ئىچى ئۇرۇش ئاپىتى تۈپەيلىدىن خارابىلىققا ئايلاندى. گۇاڭشۈ 3- يىلى (1877- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ياقۇپبەگ، بەي يەنخۇنىڭ كۈچلىرىنى يوقاتتى. مېھرىبانۇ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. قۇمۇل خەلقى ئارقا- ئارقىدىن ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، تۇرمۇش كەچۈرۈشمۇ مۈشكۈل ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ھوقۇقىغا زور چەكلەرنى قويدى.

گۇاڭشۈ 8- يىلى (1882- يىلى)، مۇھەممەت ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ۋە قىزىنىڭ بولمىغاچقا، قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالدى.

مۇھەممەت قازا قىلغاندىن كېيىن، مېھرىبانۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ تەستىقلىتىشى بىلەن كۈيئوغلى شاھ مەخسۇت جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 9- ئەۋلاد ۋاڭ بولۇپ، 48 يىل تەختتە ئولتۇردى (1882 – 1930 - يىلىغىچە). شاھ مەخسۇت ناھايىتى چېچەن، ئىقتىدارلىق بولغاچقا، ۋاڭ ئوردىسىنى ناھايىتى تەرتىپلىك باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر نەچچە ئون يىل بۇرت سوراپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بايلىقىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيتتى. لېكىن ئۇيغۇرلار قۇل ئورنىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، چىدىغۇسىز جاپا- مۇشەققەت، دەرد- ئەلەمگە مۇپتىلا بولدى. شاھ مەخسۇتنىڭ زوراۋانلىقى تۈپەيلىدىن گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907- يىلى)، تۆرپاق خوجامنىياز قوزغىلىڭى ۋە مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912- يىلى) دىكى تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى پارتلىدى. تۆرپاق غوجامنىياز قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭىمۇ دۆلەتنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە پارچىلىنىپ مەغلۇپ بولدى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمۇلدا 48 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاخىرقى ئۇيغۇر ۋاڭ شاھ مەخسۇت كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

شاھ مەخسۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن شاھ مەخسۇتنىڭ چوڭ ئوغلى نەزەرگە ۋاقىتنچە مۆھۆردارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. بۇ چاغدا، جاپا- مۇشەققەتنى كۆپ تارتقان قۇمۇل ئۇيغۇر خەلقى ھۆكۈمەتتىن «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەلىپى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنىڭ شىجاڭى لىيۇ شىزىڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى ئۆزگەرتىش ھەيئىتى تەسىس قىلدى. 11- ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى ئېلان قىلدى. ئەسلىدىكى قۇمۇل ۋاڭنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئىختىيارىي تېرىشقا بول قويۇلۇپ، باجنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، 233 يىل داۋاملاشقان قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىكار قىلىندى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى ئىككىنچى قېتىم يولغا قويغاندا، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىمتىيازى ئاندىن ئۈزۈل- كېسىل بىكار قىلىندى.

# قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى



**قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋاقىت جەدۋىلى**

ئەبەيدۇللا: (1697 – 1709 - يىلىغىچە) «1 – دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگ» بولغان.

ئىككىنچى ئەۋلاد گۇپبەگ: (1709 – 1711 – يىلىغىچە) «1 – دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگ» لىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.

ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىمىن: (1711 – 1740 – يىلىغىچە) «دۆلەت ئەركانى خوشۇن بېيزى» بولغان.

تۆتىنچى ئەۋلاد يۇسۇپ: (1740 ~ 1766 – يىلىغىچە) «دۆلەت ئەركانى خوشۇن بېيزى» ئىنانچىخان دەرىجىلىك دورو بېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.

بەشىنچى ئەۋلاد ئىساق: (1767 – 1780 – يىلىغىچە) ئىنانچىخان، ئاغلاقچى، ئامبال، ئىنانچىخان دەرىجىلىك جاساق دوروبېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.

ئالتىنچى ئەۋلاد ئەردېشىر: (1780 – 1813 – يىلىغىچە) ئىنانچىخان دەرىجىلىك، جاساق دورو بېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.

يەتتىنچى ئەۋلاد بېشىر – بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالى مېھرىبانۇ فۇجىۋاڭ (1813 – 1866 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە) ئىنانچىخان دەرىجىلىك جاساق دورو بېلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم دورو بېل ئىنانچىخان چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن.

سەككىزىنچى ئەۋلاد غولام مۇھەممەتكە (1867 – 1882 – يىلىغىچە) خوشۇن چىڭۋاڭلىق، جاساق خوشۇن چىڭۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش مەرتىۋىسى بېرىلگەن.

توققۇزىنچى ئەۋلاد شاھمەخسۇت (كۆيئوغۇل) (1882 – 1930 – يىل 6 – ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە) 1 – دەرىجىلىك جىيافى ئۇردىنى ئالغان، ھېسابچى، سەركەردە، قوش چىڭۋاڭ، دۆلەت ئەركانى، نايىپ ئاركان، بېيزى مەنسەپلىرىگە ئېرىشكەن.

نەزەر: (1930 - يىل 6 - ئايدىن 1933 – يىل 1 – ئايغىچە) مۇھۆردارلىق مەنسىپى ھەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەنسىپىنى ئۆتىگەن. قوش چىڭۋاڭلىق ماناشىدىن بەھرىمەن بولغان.

بېشىر: (1934 – يىل 6 – ئاينىڭ 14 – كۈنىدىن 1935 – يىل 4 – ئايغىچە) قوش چىڭۋاڭلىق ماناشىدىن بەھرىمەن بولغان.

(جەدۋەلدە ئىزاھلانغان ۋاقىت، ئەمەلگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئەمەلدىن قېلىپ قالغان ۋاقتى، تۇغۇلغان – ئۆلگەن ۋاقتى ئەمەس).

**2. ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى قۇمۇل ئۇيغۇر فېئوداللىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشى ئەڭ بالدۇر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە قوشقان تۆھپىسى ئەڭ زور، يەنە كېلىپ ئەڭ سادىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئەمەل ئۇنۋانلىرى «ئەۋلادمۇ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغان» ئوتوغات نامىنى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن بار سۇيۇرغاللىق يەرلىرى ۋە پۇقراسىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە قوغدىدى. ۋاڭ، بەگ، بېلى، بەيسى، تەيجى قاتارلىق ئەمەل- مەرتىۋىلەر يەنىلا ئاۋۋالقىدەك مىراس بولۇپ قالىدىغان بولدى.

قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ئىمتىيازى بولۇپ، ئۇلار ھەم دىنىي باشلىق ھەم مەمۇرىي باشلىقتىن ئىبارەت قوش سالاھىيەتكە ئىگە بولدى. شۇڭا تەشكىلىي جەھەتتە، ئۇلار، ھەم مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىمتىيازىغا، ھەم دىنىي زاتلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولدى. دىنىي ئەدلىيە ھوقۇقىمۇ باشتىن-ئاخىر ۋاڭلارنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن قوشۇلۇپ بىر بولۇپ كەلدى. مەھكىمە شەرئى ئۆرۈپ-ئادەت سوتىنىڭ ئورنىنى باستى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى «قازىخانا» بىلەن شەھەر ئىچىدىكى ئىككى چوڭ مەسچىتتە تەسىس قىلىندى. مەھكىمە شەرئى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئالىي ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى «قازىخانا» بىلەن مەسچىتلەردىكى مەھكىمە شەرئىگە ۋاڭ تەيىنلىگەن قازى-ئاخۇنۇملار مەسئۇل بولدى ھەم ۋاڭنى ئەڭ ئالىي باشلىق قىلىپ، ۋاڭنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

1) مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشتىن ئىلگىرى، قۇمۇلنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئۇنۋانلىرى مىراس بولۇپ قالىدىغان بەگ تۈزۈمى بولدى. كاڭشى 17-يىلى (1678-يىلى)، يەكەن خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، قۇمۇلدا جۇڭغارلار ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئەمەلىيەتتە قۇمۇلنى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كاتتىۋاشلىرى ئۆزلىرى سورىدى، لېكىن، ئۇلار جۇڭغارلار تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ھەر يىلى جۇڭغارلارغا نۇرغۇن ئولپان، باج تاپشۇردى، دېمەك ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقلىرى ئەمەلىيەتتە جۇڭغارلارنىڭ قۇمۇلدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان چوڭ بەگلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ، «شەھەر ئىچىنىڭ جايلىرىنى ھەممە جەھەتتىن باشقۇردى».

ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 36-يىلى (1697-يىلى) 10-ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا ئايماق-خوشۇن تۈزۈمىنى يەنى موڭغۇل رايونلىرىنىڭ ئايماق-خوشۇن تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئايماق، خوشۇن تۈزۈمى شارائىتىدا يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ باۋ-جيا تۈزۈمىمۇ يولغا قويۇلدى. بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

چىڭ سۇلالىسى پەقەت قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىغىلا ماناش بەردى، قالغان ئەمەلدارلارنىڭ ماناشىنى چىڭ سۇلالىسى ئۆز ئۈستىگە ئالمىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئايماق-خوشۇن تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇنلىشىشى تەس بولۇپ قالدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى ۋە ئەبەيدۇللانىڭ جەمەتى بۇ تۈزۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇردى. XVIII ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغا كەلگەندە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى «ئەمەل تەسىس قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئايرىپ»، «خوشۇن ئاغالىسى بىلەن ئوخشاش بولدى». بۇ بۇرۇن يولغا قويۇلغان ئايماق-خوشۇن تۈزۈمىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. لېكىن، مۇنداق تۈزۈم كەم دېگەندىمۇ XIX ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە ساقلاندى. 1864-يىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى ئۈزۈل-كېسىل گۇمران بولدى. چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر يۈرۈش يېڭى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى تەسىس قىلدى. بۇ شاھ مەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە راۋاجلىنىپ، مۇكەممەللىشىش باسقۇچىغا ئۆتتى.

«جىياچىڭ دەۋرىدە قايتا پۈتۈلگەن ئومۇمىي تەزكىرە» دىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەيىنلىگەن ئەمەلدارلارغا بەرگەن ئوتوغات نامى، بەلگىلەنگەن مەرتىۋە دەرىجىسى مۇنداق بولدى: «ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدىغان ۋاڭ بىر ئادەم (ئۇنىڭ قول ئاستىدا 27 قوغدىغۇچى، قائىدە-يوسۇنچى بار)، ئىككى خوشۇن ئىشلىرىغا ياردەملەشكۈچى بەگ، بىر تۇغچى زەڭگى، ئىككى مىلىڭ زەڭگى، ئىككى ئوتوغات، 13 سۇمۇن زەڭگى، 13 چەۋانداز چېرىكچى بار». «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «ئىككى مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ياردەمچى بەگ، بىر تۇغچى خوشۇن زەڭگىسى، ئىككى مىلىڭ زەڭگى، ئىككى زالەن زەڭگى، 13 چەۋانداز چېرىكچى، بەش 1-دەرىجىلىك قوغدىغۇچى، ئۈچ 2-دەرىجىلىك قوغدىغۇچى، تۆت 3-دەرىجىلىك قوغدىغۇچى، بىر 5-دەرىجىلىك قائىدە-يوسۇنچى، بىر 6-دەرىجىلىك قائىدە-يوسۇنچى بار». يۇقىرىقىلاردىن زالەن زەڭگىدىن قائىدە-يوسۇنچىغىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋاڭ ئۆزى تەيىنلىدى، يۇقىرىغا يوللىدى.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىدە «قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر جاساق چىڭۋاڭى بىر، ئۈچ توسىراقچى تەيجى، بىر خوشۇن زەڭگىسى، ئىككى مىيلىڭ زەڭگى، ئىككى زالەن زەڭگى، 13 سۇمۇن زەڭگى، 13 سۇمۇن چەۋانداز چېرىكچىسى بار» دېيىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىمۇ بېكىتىلدى. ياقۇپبەگ توپىلىڭىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلار ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، يۇرۇنقى تۈزۈم ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قۇمۇل مۇسۇلمانلار يۇرتىدا بىر جاساق چىڭۋاڭ، بىر توسىراقچى تەيجى، بىر خوشۇن زەڭگىسى، ئىككى مىيلىڭ زەڭگىسى، ئىككى زالەن زەڭگى، 13 سۇمۇن زەڭگى، 13 سۇمۇن چەۋانداز چېرىكچى قويۇلدى.

قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى ئاساسلىق «جاساق» ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن سىرت، يەنە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن تەيىنلەندى. ياردەمچى نازارەتچى ئامبال، لەشكەربېشى ئامبال، مەسلىھەتچى ئامبال قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى تەۋەلىكىدە، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن يۇقىرىقى ئەمەلدارلارغا بېرىلگەن ئۇنۋانلار نامىلىرى، بېكىتىلگەن مەرتىۋە دەرىجىسى بولغاندىن تاشقىرى، يەرلىك ئەھۋالغا، ئىشقا قاراپ قويۇلغان تەيجى، بەگ، قازى، مىراب، دېھقانبېشى، دورغا، قورمال، مۇتەسسىپ، خەتىپ، سەدىر، شاگىيو قاتارلىق چوڭ- كىچىك ئەمەلدارلار بار. «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتىنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دا: «ئۇيغۇر ۋاڭ تەۋەلىكىدە جەمئىي 12 قورول بولۇپ، ھەر بىر قورولدا بىردىن دورغا تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، قارمىقىدا ئۈچ مەھكىمە تەسىس قىلىندى، ئۇلار دىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پەرمان يەتكۈزۈش، دەۋا- دەستۇر قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قۇمۇلنىڭ يەرلىك ۋاڭلىرى ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغان فېئوداللىق تۈزۈمنى يولغا قويغان مەزگىللەردە، شەھەرنى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى قىلدى. بىر «ھاكىمبەگ» شۇ شەھەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق يېزا، بازارلارنىڭ ئالىي يەرلىك ئەمەلدارى بولۇپ، ھەممىنى باشقۇردى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بىر «ئىشىكئاغا بەگ» قويۇلدى. ئۇ ھاكىمبەگكە ياردەملىشىپ ئاۋام پۇقراغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇردى. ئۇ ئىككىنچى چوڭ بەگ دەپمۇ ئاتالدى.

ھاكىمبەگدىن قالسا 20 نەچچە چوڭ- كىچىك بەگلەر قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىنشائاتلىرى، باج- سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگەكلىرىنى، ھەربىي تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، سودا ۋە سودا بېجىنى باشقۇرىدىغان، ھەربىي قاتناش، خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بەگلەر بار.

ھەر دەرىجىلىك بەگلەر ئەجدادىنىڭ ئەملىكە ۋارىسلىق قىلغان فېئوداللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ خان (ۋاڭ) غا، تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرگە مەلۇم ئۇلپان تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار. خان (ۋاڭ) نىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يىغىن تۈزۈمى بار.

4- ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئەجدادى قول ئاستىدىكى بەگلەرگە مۇقىم تەمىنات بېرىش تۈزۈمىنى يۈزگۈزمىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى) دىن كېيىن، بىر بۆلۈم ئاساسلىق بەگلەرگە قىسمەن يەر ۋە يانچى بەردى. ئادەتتىكى كىچىك بەگلەرگە يەنىلا بەرمىدى.

ھاكىمبەگ يەرلىك ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنى خان ئامبال ۋەزىپىگە تەيىنلەيتتى، ئەڭ تۆۋىنى 7- دەرىجىلىك، ئەڭ يۇقىرىسى 3 - دەرىجىلىك. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا يەنە تۈرلۈك بەگلەر قويۇلدى، ئۇلار تۈرلۈك ئىشلارنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇردى. « دىيانەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا مائاش ئورنىدا يەر، تېرىقچىلىق قىلىدىغان يانچى بېرىلدى، مائاشىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكى دەرىجە بويىچە پەرقلەندۈرۈلدى».

قۇمۇلنىڭ 3- دەرىجىلىك ھاكىمبېگىنىڭ يېرى 795 دادەن، يانچىسى 80 ئۆيلۈك.

4- دەرىجىلىك ئىشىكئاغابېگىنىڭ يېرى 530 دادەن، يانچىسى 50 ئۆيلۈك.

4- دەرىجىلىك هاكىم، شاڭ بەگ، خەزىنىچى بەگلەرنىڭ يېرى 424 دادەن، يانچىسى 30 ئۆيلۈك.

5- دەرىجىلىك قازى، كاتىپنىڭ يېرى 318 دادەن، يانچىسى 15 ئۆيلۈك.

5- دەرىجىلىك مىرابنىڭ يېرى 212 دادەن، يانچىسى 15 ئۆيلۈك.

5- دەرىجىلىك هاكىمبەگ مۇتىسىپنىڭ يېرى 212 دادەن، يانچىسى 15 ئۆيلۈك.

6- دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ يېرى 59 دادەن، يانچىسى تۆت ئۆيلۈك.

7- دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ يېرى 53 دادەن، يانچىسى ئىككى ئۆيلۈك.

«جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتىنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دا: «شۇ مەزگىللەردە شەھەرلەرنىڭ هاكىمبەگلىرى پۈتۈنلەي قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ جەمەتىدىن بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپ قەشقەرگە هاكىمبەگ، مەسلىھەتچى ئامبال بولدى، ئىنىسى ئابدۇللا ئۈچتۇرپانغا هاكىمبەگ بولدى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىنى يەرلىك ۋىلايەت (مەھكىمە)، ئايماق، ناھىيىلەر بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى. لېكىن، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ هۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. شاھ مەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدىكى هۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى مۇنداق: ۋاڭ قۇمۇلدىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرى (ئۇيغۇرلار) نى بىر تۇتاش باشقۇرۇش هوقۇقىنى ئۆزى تۇتتى. ۋاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ تەدبىر بەلگىلەيدىغان ئاپپارات تەسىس قىلىندى. ئۇ بىر چوڭ تەيجى، بىر كىچىك تەيجى، ئىككى مەسلىھەتچى، بىر قازى ئاخۇنۇم، بىر خەنزۇ مىرزىدىن تەركىب تېپىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يۇقىرى قاتلام هۆكۈمرانلىق گورۇھىنىڭ يادروسى بولدى. چوڭ- كىچىك تەيجىلەر ئەمەلىي هوقۇق تۇتقۇچىلار بولۇپ، مەسلىھەتچى، قازى ئاخۇنۇم، مىرزىلار ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشتۇرۇلدى. هەر قېتىم هەربىي، مەمۇرىي چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ۋاڭ ئۇلارنى يىغىپ مۇھاكىمە قىلىپ، قولىنىدىغان مۇھىم تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنى ۋاڭنىڭ تەستىقى بىلەن ئىجرا قىلدى.

چوڭ- كىچىك تەيجىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا تۈرلۈك ئىش بېجىرىدىغان فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتلار يەنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىجرائىيە ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شتاتىغا چەك قويۇلمىغان، ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەندى.

شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، چوڭ تەيجى رەھبەرلىكىدىكى فۇنكسىيىلىك ئورۇنلاردىن ئىشخانا (كاتىپ، تىلماچ، ئالاقە، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مالىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى)، مۈلۈك باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، مەمۇرىيەت، قوراللىق قوغداش ئورۇنلىرى بولدى. كىچىك تەيجى رەھبەرلىكىدىكى فۇنكسىيىلىك ئورۇنلاردىن ئىشخانا، قازىخانا، دىن ئىشلىرى، ئىچكى جەھەتتە ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاشلىق، تۇرمۇش پاراۋانلىق ئورۇنلىرى بار. بۇ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام فۇنكسىيىلىك تەشكىلاتلىرى ئىدى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى ۋاڭ ئوردىسى تەيجىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولدى. ئۇلار شەھەر ئەتراپى، قارادۆۋە، ئاراتۇرۇك، تەگرىتاغدىن ئىبارەت تۆت مەمۇرىي رايونغا بۆلۈندى. هەر قايسىسىغا بىردىن ئۈچىبېگى ياكى «قازى» قويۇلۇپ، ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىنى ئايرىم باشقۇردى. شەھەر ئەتراپى ئالتە رايونغا، قارادۆۋە بەش رايونغا، ئاراتۇرۇك ئالتە رايونغا، تەگرىتاغ 10 رايونغا بۆلۈندى. هەر بىر رايوندا بىر دورغا (قازى) ياكى (مىراب) قويۇلدى. دورغىنىڭ قول ئاستىدا بىر «قورمال» تەيىنلىنىپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇردى. بىردىن مۇتىسىپ قويۇلۇپ، ئۇلار دىنىي ئىشلارنى باشقۇردى. زۆرۈر بولغاندا يەنە بىر «خەتىپ» تەيىنلىنىپ، ئۇلار نىكاھ، دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇردى. بىر نەچچىدىن «دېھقانبېشى» قويۇلۇپ، ئۇلار دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى، ئۇزۇن- قىسقا ۋاقىتلىق مەدىكارلارنى، يانچىلارنى باشقۇردى. بىر قانچىدىن «مىراب» قويۇلۇپ، ئۇلار يىلقا، قوي پادىسى ۋە پادىچى يانچىلارنى باشقۇردى. بەزى جايلاردا يەنە مەخسۇس «چارۋا دورغىلىرى» تەيىنلەندى، ئۇ 10 قوتان قوي پادىسىنى باشقۇردى (هەر بىر قورۇدا 500 دىن 1000 غىچە قوي بار). بەزى جايلارنىڭ دوغىسى

يەنە ئۇلارنى بىر نەچچە كىچىك باشلىقلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى مەھەللىلەردە ئايرىم ۋەزىپە ئۆتەشكە قويىدى.

دىنىي مەسچىتلەرنى قۇمۇل ۋاڭى بىۋاسىتە چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ھەر بىر مەسچىتنىڭ رىياسەتچى ئاخۇنۇمىنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ، قازىخانىنىڭ ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان بولدى. رايونلارنىڭ ۋە رايونلار قارىمىقىدىكى جايلارنىڭ مەسچىتلىرى ۋە ئاخۇنۇملىرىمۇ شۇ جاينىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىغا بىۋاسىتە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دىنىي ۋەزىپە ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ئىككى چوڭ مەسچىتنى قۇمۇل ۋاڭى كونترول قىلغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئالىي قاتلىمى بولۇپ، جاي- جايلاردىكى مەسچىتلەر بىر تۇتاش مۇشۇ ئىككى مەسچىتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

مەدەنىيەت- مائارىپ ئىشلىرىنى مەسچىتلەر بىۋاسىتە باشقۇردى. چوڭ مەسچىتلەردە مەدرىس، كىچىك مەسچىتلەردە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى.

2) **دىنىي ئاپپاراتلار** ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى بىلەن دىنىي ئاپپاراتلىرىنى ئېنىق ئايرىش ناھايىتى تەس ئىدى. دىنىي زاتلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ، مەمۇرىي خىزمەتلەردىكى دىنغا ئائىت ئىشلارنى باشقۇرغاندىن سىرت، يەنە باشقا مەمۇرىي ئىشلارغىمۇ ئارىلاشتى. جاي- جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرىمۇ شۇ جايلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپ، جايلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئەگەر قاتتىق پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، دىنىي ئاپپاراتلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئاپپاراتقا بۆلۈنىدى، بۇنىڭ بىرى ئاپپاراتلار، ۋاڭ ئوردىسىدا قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان دىنىي ئاپپارات؛ يەنە بىرى، چوڭ- كىچىك مەسچىتلەردىكى دىنىي ئاپپاراتلاردىن ئىبارەت.

(1) **ۋاڭ ئوردىسىدا قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان دىنىي ئاپپاراتلار** ۋاڭ ئوردىسىدىكى كىچىك تەيجى مەھكىمىسىدە تۆۋەندىكى دىنىي ئەمەللەر تەسىس قىلىندى: ئىككى قازى بولۇپ، ئۇلار رايونلاردىكى ماجىرا ئىشلىرىنى باشقۇردى؛ ئۈچ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، دىنىي قانۇن- نىزاملارغا ئاساسەن مىراسقا ئائىت ئىشلارنى باشقۇردى؛ ئىككى سەدىر بولۇپ، ۋارىسى يوق مىراسنى باشقۇردى؛ ئىككى خەتىپ، تاغلىق رايونلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇردى؛ ئىككى مۇتەسسىپ، دىنىي تۈزۈمۈش، ناماز ئوقۇش ئىشلىرىنى باشقۇردى. ۋاڭ ئوردىسىدىكى توققۇز قىرائەتچى ئاخۇن؛ توققۇز ھەق- تەلەپ دەۋالىرىنى باشقۇرىدىغان ئاخۇن، شۇ دائىرىنىڭ دىنىي ئىشلىرى، نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى، ھەق- تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلوسى، دىنىي ئەھكاملارنى تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇردى.

يەرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلاردا قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان دىنىي ئەمەللەردە «مۇتەسسىپ» بولۇپ، ئۇلار دىنىي ئىشلارنى باشقۇردى. بەزى رايونلاردا «خەتىپ» قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس ھەق- تەلەپ، نىكاھ، دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇردى.

دىنىي ئىشلار مەمۇرىي ئورگانلار باشقۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان دىنىي زاتلار بىلەن باشقا ئەمەلدارلار بىرلىكتە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنى شەكىللەندۈردى.

(2) **مەسچىتلەرنى سىستېما قىلغان دىنىي ئاپپاراتلار** مەسچىتلەرنىڭ ئىچكى تەشكىلى بىر ناھايىتى چوڭ ئىجتىمائىي تەشكىل بولۇپ، بارلىق دىنىي ئىشلارنى قازى ئاخۇنۇم باشقۇردى. قازى ئاخۇنۇم ۋاڭ ئوردىسىدىكى يادرو ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھەر قانداق ئىشنى بىر تەرەپ قىلغاندا ۋاڭنىڭ «مۇددىئاسى» بويىچە ئىش قىلدى. ۋاڭ قازى ئاخۇنۇم ئارقىلىق پۈتكۈل مەسچىت سىستېمىسىدىكى دىنىي ئاپپاراتلارنى كونترول قىلدى.

قۇمۇلدا ئىككى چوڭ مەسچىت بولۇپ، بۇنىڭ بىرى كونا مەدرىس (مەدرىس مەسچىتى). يەنە بىرى يېڭى مەدرىس (مەدرىس مەسچىتى)، ئۇلارنىڭ ئورنى شەھەر ئىچىدە. چۈنكى بۇ ئىككى مەسچىت قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت بولغاچقا، ئادەتتە چوڭ مەسچىت دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى مەسچىتتە بەش تەشكىل تەسىس قىلىندى. 1) ھەر بىر مەسچىت بىردىن ئالىي مەكتەپ ئاچتى، 100 دىن ئاتۇق تالىپى بار. 2) دىنىي تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 3) قازىخانا تەسىس قىلىندى، ئۇ تەيجى ۋە ئاخۇنۇمدىن تەركىب تاپتى. 4) خوجىلىق باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ مەسچىتنىڭ بارلىق مال- مۈلكىنى

باشقۇردى. 5) تىزىملاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ ئاخۇنۇملار بىلەن تالىپلارنى تىزىملىدى. بۇ تەشكىللەرنىڭ خىزمىتىگە قازى ئاخۇنۇم، ئىككىنچى ئاخۇنۇم، ئۈچىنچى ئاخۇنۇم، تۆتىنچى ئاخۇنۇم ، بەشىنچى ئاخۇنۇم، ئالتىنچى ئاخۇنۇم دەپ ئاتىلىدىغان ئاخۇنۇملار رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتى تۆۋەندىكىدەك:

قازى ئاخۇنۇم ۋاڭغا ۋاكالىتەن مەسچىتنىڭ دىنىي ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئىككىنچى ئاخۇنۇم مەخسۇس دىنىي تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۈچىنچى ئاخۇنۇم مەخسۇس سوراق قىلىش ۋە سوت قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. تۆتىنچى ئاخۇنۇملار (سەككىز كىشى) قازى ئاخۇنۇم تەرىپىدىن جاي- جايلارغا ئەۋەتىلىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي ئەھكاملارنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىمارلارغا دەم سېلىپ، كېسەلنى داۋالىدى، قىمارۋازلىق، قەھەتچىلىك بولغاندا، ئەگەر يامغۇر تىلەپ دۇئا- تىلاۋەت قىلدى. بەشىنچى ئاخۇنۇم يەر، چارۋا ئىجارىسى ۋە بېجى قاتارلىقلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ۋە ئۇنى يىغىشقا مەسئۇل بولدى. ئالتىنچى ئاخۇنۇم زاپاس ئاخۇنۇم بولۇپ، قازا قىلغان ئاخۇنۇملارنىڭ ئورنىغا سەپلىنىدىغان ئاخۇنۇم. مەسچىتتە جەمئىي 40 تىن ئارتۇق ئاخۇنۇم قويۇلدى.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ دىنىي ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدىغان ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇ «مۇتىسىپ» دەپ ئاتالدى، خادىملىرى «نائىپ» دەپ ئاتالدى. ئۇلار بىلەكلىرىگە بەلگە تاقاپ، قوللىرىغا تاياق- توقماق ئېلىپ، كوچا- مەھەللىلەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا دىنىي قائىدىلەرنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، تەرتىپكە سالدى. دىنىي رايونلاردا يەنە مەسچىت سېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى.

**(3) قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى ۋە ئاھالىسى** قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئاھالىسى ۋە سۇيۇرغاللىق يېرى بار ئىدى. ئاھالىسى تۆۋەن دەرىجىلىك فېئوداللارنى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى ۋاڭلىق ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى كېڭەيدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قۇمۇلنى جۇڭغارلار ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەبەيدۇللا قۇمۇلغا چوڭ بەگ بولدى. بىر نەچچە ئون ئېتى، بىر قانچە ئون ئەگەشكۈچىسى بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەت تىنچلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئىچكىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى قويۇقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل بىر ئاز راۋاج تاپتى. لېكىن يەنىلا ناھايىتى نامرات ئۆتتى. كاڭشى 52- يىلى (1713- يىلى) 4- ئايدا، جاساق ئىمىنىڭ 17 يەردە تۇرالغۇ ئۆي- زېمىنى بار ئىدى. ئىساق «ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇل، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋىدىن ئىبارەت ئالتە شەھىرىنى باشقۇرغانىدى. بارلىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئىساقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، بۇنىڭغا ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلار تۇرلۇك بەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، ئاھالىسى ناھايىتى ئاز بولۇپ، 2000 ئۆيلۈككە يەتمەيتتى، كۆپىنچىسى نامرات بولۇپ، ئۆزىنى- ئۆزى تەمىنلىيەلمەيتتى». كاڭشى 35- يىلىدىن چيەنلۇڭ 31- يىلىغىچە (1696 — 1766- يىلىغىچە)، تۆت ئەۋلاد ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ئۆتتى، ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى ئالتە شەھەر بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا بىر قاتار جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەنىدى. چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى مەجمۇئەسى» دە «قۇمۇلنىڭ شەرقى تاشيۈلىق ئارقىلىق قالقا بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربى قارادۆۋە ئارقىلىق تۇرپان بىلەن تۇتىشىدۇ ۋە غەربىي جەنۇبى بەنچېچۇەن، شىڭشىڭشيا، بۇلۇت ئېغىزى ئارقىلىق ئەنشى ۋىلايىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبى قۇملۇق چۆل بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى تەڭرىتاغ ئارقىلىق باركۆل بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بەش قورولى بولۇپ، ئۇلار سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، قارادۆۋە، لاپچۇقتىن ئىبارەت» دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى 70 يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى كېڭەيدى. «خان بېكىتكەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ- گۇڭلىرىنىڭ يىلنامىسى» دا، «قۇمۇل ئۇيغۇر يۇرتلىرى جيايۈگۈەن قوۋۇقىنىڭ تېشىدا بولۇپ،...... شەرقى قالقا بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى تۇرپان بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى

قۇملۇق چۆل بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى تەڭرىتاغ ئارقىلىق باركۆل بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 13 يېزىسى بولۇپ، ئۇلار سۇمقاغا، ئاستانە، تۇغۇچى، قارادۆۋە، لاپچۇق، يەندۆڭ، شىڭشىڭشىيا، باي، موغاي، تاشبۇلاق، بەنچىچۇەن، دۆربەجىن، بۇلۇت ئېغىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ھەممىسى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاساق ئىناننچىخانىغا قارايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋاقىتتا، قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئۆزگىرىپ تۇتىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشبۇلاق ئارقىلىق تەڭرىتاغنى ھالقىپ، ھازىرقى ئاراتۈرۈكنىڭ باي، موغاي دېگەن جايلىرىغىچە كېڭەيدى.

چيەنلوڭ 24- يىلى (1759- يىلى) دىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ ئاھالىسى 1950 ئائىلە، 13 مىڭ 293 ئادەم ئىكەن، 5- ئەۋلاد قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى باشقۇرۇشىدىكى ئاھالە 2000 ئائىلىگىمۇ يەتمەيدىكەن. 1766- يىلى قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى نامايىتى تېز كۆپىيىپ كەتكەچكە، خاننىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئىلىغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى)، قۇمۇلنىڭ ئۇيغۇرلىرى 10 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئېشىپ كەتتى. 1874- يىلىدىن بۇرۇن قۇمۇلدا 20 – 30 مىڭ نوپۇس بار ئىدى، لېكىن ياقۇپبەگ، تۇدىلىن، بەي يەنخۇ يېغىلىقلىرىدىن كېيىن، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەچكە ۋە سەرگەردان بولۇپ باشقا يۇرتلارغا كەتكەچكە، نوپۇس زور دەرىجىدە ئازىيىپ، ئاران 2000 – 3000 ئادەم قالدى. گۇاڭشۈ 3- يىلى (1877- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تۇرپاننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەي يەنخۇ مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇردىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەم تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، قۇمۇلغا دەرھال قايتۇرۇپ كېلىندى. 1891- يىلى، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر 6200 ئادەمدىن ئاشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ ئەلنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېزىشى تۈپەيلى، دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى، خەلق باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىپ، نوپۇس يەنە زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909- يىلى)، قۇمۇل ئۇيغۇر خوشۇنىنىڭ تەۋەلىكىدە 13 سومۇن، 1950 ئائىلە، 8447 نوپۇس بولۇپ، بۇنى قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى ئۆز ئالدىغا باشقۇردى.

مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى)، يەنى ئۇيغۇر ۋاڭ شاھ مەخسۇت ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيە تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ۋە نوپۇس سانىنى تەپسىلىي تەكشۈرگەندە، ئۇيغۇرلار ئاساسەن شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، شەرقىي يېزا، جەنۇبىي يېزا، غەربىي يېزا، شىمالىي يېزا قاتارلىق ئالتە يېزىنىڭ 38 مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋاڭ باشقۇرۇشىدا 2603 ئائىلە، 14 مىڭ 583 نوپۇس بار ئىدى.

ئۇيغۇر ۋاڭلار ئاھالىنى 12 قورۇل ياكى 13 سومۇن قىلىپ تەشكىللەپ، ئۇيغۇر باشلىقلارنى ئەۋەتىپ باشقۇردى. «ئۇيغۇر ۋاڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىي 13 سومۇن (ھەر بىر سومۇننىڭ ئاھالىسى 150 ئائىلە بولۇپ، بىردىن باشلىق قويۇلدى) بولۇپ... يولدىن چىققانلارغا ۋاڭ جازا ھۆكۈم قىلىپ، گۇناھى يېنىكلەرنى تاياق- توقماق بىلەن ئۇراتتى، گۇناھى ئېغىرلارنى قاراڭغۇ زىندانغا سولاپ قوياتتى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەمەل تەسىس قىلىندى، مەسئۇلىيىتى ئايرىلدى، بۇ خوشۇن بىلەن ئوخشاش بولىدى.... مەھەللىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا تاللاپ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلدى، ئۇلار جايلارنى باشقۇردى، ۋاڭ ئوردىسىدا چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى، زەڭگى تەيجى، قازى ئاخۇنۇم، قازىبەگ قاتارلىق باشلىقلار بار. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىراب، دورغا، مۆتىسىپ، قورمال، ئونبېشى قاتارلىقلار بار. دورغا خەزىنىلەرنىڭ دېھقان بېشى، قورمال خەزىنىلەرنىڭ شاگىيو (يېزا ئاقساقىلى) بىلەن ئوخشاش..... ».

(4) ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەسكەر، ساقچى، قازىخانا، تۈرمىسى    ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسى ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالاتتى. سۇيۇرغاللىق يەرلىرى ۋە ئاھالىسىگە ۋاڭ ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇيغۇر ۋاڭلار يەرلىك ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەر، ساقچى، قازىخانا ۋە تۈرمىسى بار بولۇپ، قانۇن چىقىرىش ئىمتىيازى ۋە ئەدلىيە ئىمتىيازى بار ئىدى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەقەت قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭلا ئىمتىيازى بۇرۇنقى پېتى ساقلىنىپ قالدى. «قۇمۇل

مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ئاشلىق، باج، دەۋا ئىشلىرىنى يەنىلا ۋاڭ سورىدى، ئۆتەڭلىرىدىكى قاتنىلىق، ئوغرىلىق دېلولىرىنى مەھكىمە بىر تەرەپ قىلدى»،

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى ئىككىنچى قېتىم يولغا قويغاندا، ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋە ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغان ئىمتىيازى ئاندىن ئۈزۈل- كېسىل بىكار قىلىنىپ، قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى، پۇقراسى، سوت قىلىش ھوقۇقى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتتى.

# II باب

## ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى

### §1. مىنگو دەۋرىدىكى ۋىلايەتلىك ئاپپاراتلار

1. قۇمۇل باش مەمۇرىي مەھكىمىسى

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئايدا، قۇمۇل باش مەمۇرىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، باش مەمۇر، مۇئاۋىن مەمۇر تەيىنلەندى، ئۇنىڭغا قۇمۇل، باركۆلدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە ۋە يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى (ئۈرۈمچى رايونىدىن قۇمۇل رايونىغا ئايرىپ بېرىلدى) قارىدى. مەھكىمە قارمىقىدا كاتىبات، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، قۇرۇلۇش، مائارىپ، تەكشۈرۈش بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى، 28 خادىم قويۇلدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، كاتىپ، باجخانا نازارەتچىلىرى، مۇھاپىزەتچىلەر بۆلۈمى ئىشخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشخانا، مالىيە، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم تەسىس قىلىندى، 33 خادىم قويۇلدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، مۇئاۋىن مەمۇر قويۇلۇپ،كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

2. مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، گومىنداڭ شىنجاڭنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 5- ئاينىڭ 24- كۈنى، قۇمۇل باش مەمۇرىي مەھكىمىسى 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭغا قۇمۇل ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ۋە يەتتە قۇدۇق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىدى. «مۇپەتتىش» (مۇئاۋىن ۋالىي بىلەن تەڭ) كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ۋالىي قوشۇمچە رايون پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى بولدى، يەنە رايون ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، مەھكىمە قارمىقىدا كاتىپلار ئىشخانىسى ۋە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، بوغالتىرلار بۆلۈمى، تەرجىمانلار ئىشخانىسىدىن ئىبارەت يەتتە بۆلۈم ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى، 52 خادىم قويۇلدى.

## مىنگو دەۋرىدە قۇمۇل رايونىدا باش مەمۇر، ۋالىي بولغانلار

جەدۋەل: 20 – 6

| ئىسىم - فامىلىسى | ئىدارە نامى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| لىۋ يىڭلىن | قۇمۇل رايونى باش مەمۇر مەھكىمىسى | باش مەمۇر | مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئاي |
| شېڭ شياۋيۈەن | قۇمۇل رايونى باش مەمۇر مەھكىمىسى | باش مەمۇر | مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 10- ئاينىڭ 21- كۈنى |
| نيۇ جىنخەن | قۇمۇل رايونى باش مەمۇر مەھكىمىسى | باش مەمۇر | مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 11- ئاي |
| لىۋ شىپىڭ | قۇمۇل رايونى باش مەمۇر مەھكىمىسى | باش مەمۇر | مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 8- ئاينىڭ 30- كۈنى |
| فەن يۇنەن (فەن تۇڭ) | قۇمۇل رايونى باش مەمۇر مەھكىمىسى | باش مەمۇر | مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 8- ئاينىڭ 26- كۈنى |
| كۇڭ چېڭرۇي | قۇمۇل رايونى باش مەمۇر مەھكىمىسى | باش مەمۇر | مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 7- ئاينىڭ 22- كۈنى |
| زاڭ يۈگيۇ | 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | ۋالىي | مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 8- ئاينىڭ 21- كۈنى |
| لى لاڭشىڭ | 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | ۋالىي | مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئاينىڭ 1- كۈنى |
| يولۋاس | 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | ۋالىي | مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 10- ئاي |
| ئاباي | قۇمۇل باش مەمۇر مەھكىمىسى | مۇئاۋىن باش مەمۇر | مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) قىش |
| ئادىل | قۇمۇل باش مەمۇر مەھكىمىسى | مۇئاۋىن باش مەمۇر | مىنگونىڭ 25 ~ 27- يىلىغىچە (1936 ~ 1938- يىلى 2- ئايغىچە) |
| خەنتۇگبەگ | قۇمۇل باش مەمۇر مەھكىمىسى<br>9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | مۇئاۋىن باش مەمۇر، مۇئاۋىن ۋالىي | مىنگونىڭ 29 ~ 32- يىلىغىچە (1940 ~ 1943- يىلىغىچە) |
| ئالتۇنبەگ | 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | مۇئاۋىن ۋالىي | مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 10- ئاينىڭ 13- كۈنى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چېن شۈپېڭ | 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | مۇئاۋىن ۋالىي | مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 10- ئاي |
| ئاكىبېن | 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | مۇئاۋىن ۋالىي | مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) |
| لى رۇي | 9- رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى | مۇئاۋىن ۋالىي | مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 8- ئاي |

**[قوشۇمچە] مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بەزى ئاساسلىق پائالىيەتلىرى**

**1) يەرلىك قوراللىق قوشۇن تەشكىللىدى، خەلقنى كونترول قىلىدىغان باۋ- جيا تۈزۈمىنى يولغا قويدى** مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇل رايونى ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىنىپ، ۋالىي قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى بولۇپ، يەرلىك قوراللىق قوشۇننى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، خەلققە قارىتىلغان قەبىھ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى چۈشۈرگەن ئومۇمىي بۇيرۇققا ئاساسەن ناھىيىلەردە ئۆزىنى قوغداش ئۆمىنى تەشكىللەندى. ھاكىم قوشۇمچە ئۆمەنجاڭ، يېزا باشلىقى ياكى ساقچىخانىنىڭ باشلىقى، قوغداش ئەترىتىنىڭ قوشۇمچە ئەترەت باشلىقى بولۇپ، قاۋۇل دېھقانلارنى مەجبۇرىي يىغىپ، ئۆزلىرىگە ئات، ئوزۇق- تۈلۈك تەييارلىتىپ مەشىق قىلدۇردى ۋە يەنە يېزا- مەھەللىلەردە پوست قويۇپ، ئۆتكەن- كەچكەنلەرنى تەكشۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى ئازارەت قىلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 8- ئايدا، ۋالىي كۆك چىگرۈينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ناھىيىلەر مەھەللە باشلىقى بىرلەشمە ئىش باشقارمىلىرى بىلەن رايونلارنىڭ كەنت تەشكىلاتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باۋجاڭ- جياجاڭ تەشكىلاتىنى قۇردى. پۇقرالارغا بىرلىشىپ ئامانلىقنى ساقلاش ئەھدىنامىسى يازدۇرۇپ، بىر ئادەم «قانۇنغا خىلاپلىق» قىلسا، 10 ئۆيلۈكنى شۇ گۇناھ بىلەن جازالاشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئائىلىلەرنىڭ چوقۇم «پۇقرالىق كىنىشكىسى»، «يول خېتى» ئېلىش بەلگىلەندى.

**2) ساختا دېموكراتىيىنى بازارغا سېلىپ، ئەمەلدار سايلىدى** مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 10- ئايدا، قۇمۇل رايونىدا ۋالىي لى لاڭشىڭنىڭ باشتىن- ئاخىر چات كېرىشۈپلىشى بىلەن ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرى سايلاندى. سايلام نەتىجىسىدە، بېشىر (ۋاڭنىڭ ئەۋلادى) قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ئەبەيدۇللا (گومىنداڭنىڭ تايانچىسى) ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) كۈزدە، قۇمۇل رايونىنىڭ باش ۋالىيسى، مۇئاۋىن ۋالىيسى «سايلاندى». يولۋاس، ھەممىنى كونترول قىلىۋالغاچقا ۋە ئۆزىگە قارىتىۋالغاچقا، سايلام يىغىنىدا بارلىق پالاتا ئەزالىرى يولۋاسنى ۋالىيلىققا سايلىدى. ئالتۇنبەگ، چېن شۈپېڭ مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ سايلاندى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) لى رۇي مۇئاۋىن ۋالىي بولدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) قىشتا، «مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى» سايلاندى، بۇنىمۇ يولۋاس كونترول قىلىۋالغاچقا، ئەبەيدۇللا، ئۆلەگەن، ئىسمائىل تاھىر مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. قۇمۇل رايونىدىن ئەن ۋېنخۇي قانۇن تۈزگۈزۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

**3) ھەربىي، ئىشپىيون، ساقچىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، خەلقنى خانىۋەيران قىلدى** مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) قىشتا، گومىنداڭنىڭ 29- جىتۈەنجۈنى قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك تەۋەلىكىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. خەلقنى باستۇرۇش ئۈچۈن، شەھەر ۋە يېزىلاردا پوتەي ياساپ، قەدەمدە بىر ئىستىھكام قۇرۇپ، خەلقنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىنى چەكلىدى.

**4) كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى** مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) كۆك چىگرۈي ساقچى ئىدارىسىغا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قۇمۇل جۇڭگو- سوۋېت ئىتتىپاقى ئايرودرومىغا بىر بەن ساقچى تۇرغۇزۇپ،

سوۋېتلىكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق نازارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوۋېت كىنولىرىنى قويۇشنى چەكلىدى. ئىلغار كىتاب- ژۇرناللارنى مۇسادىرە قىلدى، كۆيدۈردى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 4 - ئايدا، يولۋاس كوممۇنىستىك پارتىيىگە جان- جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ بىر قانچە مىليون ئەسكىرى بار، «كوممۇنىستىك پارتىيىنى چوقۇم يوقىتىمىز» دەپ داۋراڭ سالدى.

**5) رايون بويىچە مەمۇرىي يىغىن ئېچىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭچېنىنى ۋە ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلدى** مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ئەتىيازدا، لى لاڭشىڭ قۇمۇل رايونىنىڭ مەمۇرىي يىغىنىنى ئېچىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭچېنىنى ۋە ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. يىغىن قارار ماقۇللاپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر ناھىيىلىك پىرقىلەرنىڭ گومىنداڭغا ئەزا قوبۇل قىلىشىغا، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق- تۈلۈك، ئاشلىق، يەم- خەشەك سېتىۋېلىشىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىدىغان بولدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 5- ئايدا، يولۋاس رايون بويىچە مەمۇرىي يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، ناھىيىلەرنىڭ ساقچى ئىدارىسى، يېزىلىق مەھكىمىلەرگە شۇ جايدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن ماسلىشىپ جايلارنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى كۈچەيتىشنى تاپشۇرۇش، جوڭسەنتاڭ سارىيىنى سېلىش، قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ۋە باج- سېلىق يىغىشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**6) زورلۇق بىلەن ئالۋان- ياساق سېلىپ، خەلقنى شۇلىۋالدى، ئالدامچىلىق، خىيانەتچىلىك قىلدى** مىنگونىڭ 33 – 34- يىللىرى (1943 – 1944- يىللىرى)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى ئىككى قېتىم ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، تۆرلۈك باھانە- سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، باجدىن تاشقىرى يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق «قوشۇمچە بېجى»، سودا- سانائەت بېجى دېگەنلەرنى قوشتى. باجنىڭ تۈرى كۆپ، نىسبىتى يۇقىرى بولغاچقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ، تۇرمۇشى قىيىنلاشتى.

ۋالىي بولغانلار، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق قىلىپ، خەلقنى شۇلىدى. ۋالىي لى لاڭشىڭ مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ئەتىيازدا، گەنسۇ، چىڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاق چارۋىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق شىنجاڭ پۇلىغا تەڭ نۇرغۇن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىغا خىيانەت قىلدى. ئۇ جوڭسەن خاتىرە سارىيىنى سالغاندا، قۇرۇلۇش پۇلىدىن 50 مىليون يۈەننى خىيانەت قىلدى. ۋالىي يولۋاسنىڭ خىيانىتى، ئېكسپلاتاتسىيىسى ئادەمنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ. ئۇ سودا بانكىسى، مەركەز بانكىسىدىن نۇرغۇن قەرز پۇل ئېلىپ ۋە ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ، قۇمۇل، لەنجۇ، چېڭدۇ، شىئەن قاتارلىق جايلاردا مال ئېلىپ- سېتىپ، بېسىمدارلىق قىلدى. توغۇچى قاتارلىق جايلاردا نامرات دېھقانلارنى زورلاپ تېرىقچىلىق قىلدۇردى.

### 3. قاراشلىق ئاپپاراتلار

**1) يەر بېجىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەيئىتى** مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 1- ئايدا قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 12- ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ليۇ يىڭلىنىڭ مۇدىر، يولۋاس مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. توققۇز ھەيئەت قويۇلدى. قۇمۇل، ئاراتۇرۇكنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى (ئاساسلىقى ۋاڭنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرى) نى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مو سانى، دەرىجىسى ۋە بېجىنى بېكىتىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىغۇچىلارغا كەڭ يول ئېچىپ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 60 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

**2) ئاسىيلارنىڭ مال- مۈلكىنى ئېنىقلاش ھەيئىتى** مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) ئەتىيازدا قۇرۇلدى. نيۇ جىڭخەن مۇدىر، يۈچىڭفا، يۈمىن فۇسەن، جاڭ چۈەنچىن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، ئالتە ھەيئەت قويۇلدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، بوغالتىرلىق، ساقلاش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ئاتالمىش «ئاسىيلارنىڭ مال- مۈلكى» دېگىنى شېڭ شىسەي قولغا ئالغانلارنىڭ مال- مۈلكى بولۇپ، قۇمۇل، ئاراتۇرۇكتە «ئاسىيلارنىڭ مال- مۈلكى» دىن جەمئىي 3000 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر، 10 دىن

ئارتۇق كارىز، شەھەر- يېزىلاردا 600 ئېغىزدىن ئارتۇق تۈي، 1000 دىن ئارتۇق كالا، قوي تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. تېرىلغۇ يەر، قورۇ- جاي، كىيىم- كېچەك باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىپ، ئۆلكىلىك خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى.

3) **قورال- ياراغ ئېنىقلاش ھەيئىتى** مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) ئەتىيازدا قۇرۇلدى. ليۇشېيىڭ مۇدىر، يۈ چىڭفا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، توققۇز ھەيئەت قويۇلدى. كاتىبات، تەشۋىقات، تەكشۈرۈش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 400 دىن ئارتۇق ھەر خىل مىلتىق، 20 مىڭ دىن ئارتۇق ئوق- دورا يىغىۋېلىنىپ، ھەممىسى دۆبەن مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

4) **سىياسىي ئىشلار ھەيئىتى** مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) قۇرۇلدى. نيۇ جېنخەن مۇدىر، يۈ چىڭفا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، بەش ھەيئەت، بىر كاتىپ قويۇلدى. ۋەزىپىسى ئاپپارات، مەكتەپ (ئاممىۋى تەشكىلات) لارنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، پۈتۈن رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، يىغىندا ماقۇللانغان ئىشلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ، تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلدى.

5) **كۆكيار سۇ قۇرۇلۇشى باشقارمىسى** مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) قۇرۇلدى. بۇ ۋالىي مەھكىمىسى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ئاپپاراتى بولۇپ، قارمىقىدا كاتىبات، خوجىلىق، بوغالتىرلىق، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ماتېرىيال بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم تەسىس قىلىندى. مەبلەغ بولمىغاچقا ئىش باشلىيالماي، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدى.

6) **جۇڭخۇا خاتىرە سارىيىنى سېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى** مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) يازدا قۇرۇلدى. زېڭ يۈگۇ مۇدىر بولدى، 10 ھەيئەت قويۇلدى. كاتىبات، بوغالتىرلىق، ئىئانە توپلاش، قۇرۇلۇش قىلىش بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى. يولۋاس ۋالىي بولغانغا قەدەر خەلقتىن زورلۇق بىلەن پۇل، ماددىي ئەشيا يىغىپ، يېرىم يىل ئىشلەپ، مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) پۈتتۈردى.

7) **سايلام ھەيئىتى** مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) كۈزدە قۇرۇلدى. لى لاڭشىڭ مۇدىر بولدى، ئالتە ھەيئەت قويۇلدى. سايلام ھەيئىتى سايلام خىزمەتلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن سايلام نازارەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ باردى. قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى سايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدى.

8) **شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قازاقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەيئىتى** مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ئەتىيازدا قۇرۇلدى. سالىس مۇدىر، لى لاڭشىڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، يەتتە ھەيئەت قويۇلدى. ئادەم ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي دەۋرىدە گەنسۇ، چىڭخەي ئەترابىغا كۆچۈپ كەتكەن قازاق چارۋىچىلارنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە نازارەت قىلدى. جەمئىي 5000 دىن ئارتۇق ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، باركۆلنىڭ كۆكقىر، ئاراتۈرۈكنىڭ نېرىنكىر، قۇمۇلنىڭ شوپۇل قاتارلىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## §2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋىلايەتلىك ئاپپاراتلار

**1. قۇمۇل رايونى مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 1- ئاينىڭ 16- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل رايونى مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. 10- ئاينىڭ 9- كۈنى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى بولۇپ بېكىتىلدى. ئۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولۇپ، بىر ۋالىي، بىر

مۇئاۋىن ۋالىي تەيىنلەندى. قارىمىقىدا بىر ئىشخانا (كاتىبات ئىشخانىسى)، ئالتە بۆلۈم (خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مەدەنىيەت-مائارىپ، سودا- سانائەت، قۇرۇلۇش، سەھىيە بۆلۈملىرى)، ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، 120 مەمۇرىي شتات سەپلەندى.

### 2. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ۋالىي مەھكىمىسى خىزمەتنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. 1967- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1969- يىل 3- ئاينىڭ 18- كۈنى، بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تەشكىلى — قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى. 1970- يىل 1- ئايدا، پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئايرىپ بېرىلدى (1975- يىل 1- ئايدا تۇرپان ۋىلايىتىگە ئايرىپ بېرىلدى).

### 3. قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسى

1979- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەتچى ئاپپاراتى - قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلدى.

**ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغانلار**

جەدۋەل: 20 – 7

| ئاپپارات | ۋەزىپىسى | ئىسمى- فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە | ۋالىي | يولۋاس | ئۇيغۇر | 1950- يىلى 1- ئايدىن 1950- يىلى 3- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | جاڭ جيانشۇ | خەنزۇ | 1950- يىلى 1- ئايدىن 1950- يىلى 3- ئايغىچە |
| | ۋالىي | جاڭ جيانشۇ | خەنزۇ | 1950- يىلى 3- ئايدىن 1957- يىلى 6- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | ھاپىزخان | ئۇيغۇر | 1950- يىلى 1- ئايدىن 1954- يىلى 7- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | لى رۇي | خەنزۇ | 1950- يىلى 1- ئايدىن 1954- يىلى 7- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | ئالتۇنبەگ | قازاق | 1951- يىلى 7- ئايدىن 1954- يىلى 7- ئايغىچە |
| | 1- مۇئاۋىن ۋالىي | چېن ياۋجۇڭ | خەنزۇ | 1954- يىلى 7- ئايدىن 1955- يىلى 10- ئايغىچە |
| | 2- مۇئاۋىن ۋالىي | ھاپىزخان | ئۇيغۇر | 1954- يىلى 7- ئايدىن 1955- يىلى 10- ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | 3- مۇئاۋىن ۋالىي | لى رۇي | خەنزۇ | 1954- يىلى 7- ئايدىن 1955- يىلى 10- ئايغىچە |
| | ۋالىي | چىن باۋجوڭ | خەنزۇ | 1957- يىلى 6- ئايدىن 1966- يىلى 5- ئايغىچە |
| | 1- مۇئاۋىن ۋالىي | چىن باۋجوڭ | خەنزۇ | 1955- يىلى 10- ئايدىن 1957- يىلى 6- ئايغىچە |
| | 2- مۇئاۋىن ۋالىي | ھاموتخان | ئۇيغۇر | 1955- يىلى 10- ئايدىن 1966- يىلى 5- ئايغىچە |
| | 3- مۇئاۋىن ۋالىي | لى رۇي | خەنزۇ | 1955- يىلى 10- ئايدىن 1966- يىلى 5- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | ئالتۇنبەگ | قازاق | 1957- يىلى 6- ئايدىن 1960- يىلى 9- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | تىنجەت | قازاق | 1958- يىلى 12- ئايدىن 1960- يىلى 9- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | جاڭ شياۋ | خەنزۇ | 1959- يىلى 5- ئايدىن 1963- يىلى 3- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | سەيپۇللايوپ | ئۇيغۇر | 1960- يىلى 2- ئايدىن 1966- يىلى 5- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | خەن تەيجى | خەنزۇ | 1961- يىلى 9- ئايدىن 1966- يىلى 5- ئايغىچە |
| | ۋالىي | چىن باۋجوڭ | خەنزۇ | 1966- يىلى 5- ئاي |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | ھاموتخان | ئۇيغۇر | 1966- يىلى 5- ئاي |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | لى رۇي | خەنزۇ | 1966- يىلى 5- ئاي |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | سەيپۇللايوپ | ئۇيغۇر | 1966- يىلى 5- ئاي |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | خەن تەيجى | خەنزۇ | 1966- يىلى 5- ئاي |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت | مۇدىر | جولىيون (ھەربىي ۋەكىل) | خەنزۇ | 1969- يىلى 3- ئايدىن 1972- يىلى 5- ئايغىچە |
| | مۇدىر | فەنشۇدى (ھەربىي ۋەكىل) | خەنزۇ | 1972- يىلى 5- ئايدىن 1973- يىلى 4- ئايغىچە |
| | مۇدىر | جاڭ شياۋيىك (كادىر) | خەنزۇ | 1973- يىلى 4- ئايدىن 1976- يىلى 10- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جاڭ خۇڭبىن (ھەربىي ۋەكىل) | خەنزۇ | 1969- يىلى 3- ئايدىن 1973- يىلى 4- ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مۇئاۋىن مۇدىر | سۇن چاڭخەي (ھەربىي ۋەكىل) | خەنزۇ | 1969-يىلى 3-ئايدىن 1973-يىلى 1-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | يەن يۇخې (ھەربىي ۋەكىل) | خەنزۇ | 1969-يىلى 3-ئايدىن 1973-يىلى 4-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ ۋېيجېڭ (ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلى) | خەنزۇ | 1969-يىلى 3-ئايدىن 1976-يىلى 10-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جۇ خېيجېڭ (ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلى) | خەنزۇ | 1969-يىلى 3-ئايدىن 1976-يىلى 10-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جاڭ شىياۋيېڭ (كادىر) | خەنزۇ | 1970-يىلى 3-ئايدىن 1973-يىلى 4-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئوبۇلقەيۇم ئىسمائىل (كادىر) | ئۇيغۇر | 1972-يىلى 5-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | چېن ياۋجۇڭ (كادىر) | خەنزۇ | 1972-يىلى 12-ئايدىن 1976-يىلى 10-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ۋېي خاۋ (كادىر) | خەنزۇ | 1972-يىلى 12-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | شىياۋزىجېڭ (ھەربىي ۋەكىل) | خەنزۇ | 1973-يىلى 4-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | بىي جيەنخۇا (ھەربىي ۋەكىل) | خەنزۇ | 1973-يىلى 8-ئايدىن 1975-يىلى 10-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ما لىجۇڭ (كادىر) | خەنزۇ | 1973-يىلى 11-ئايدىن 1974-يىلى 8-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ئىجانقۇل (كادىر) | قازاق | 1974-يىلى 2-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جۇ رىنشۈي (كادىر) | خەنزۇ | 1974-يىلى 8-ئايغىچە 1977-يىلى 9-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | توختىخان ئىسمائىل (كادىر) | ئۇيغۇر | 1975-يىلى 7-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | يەن گوجۈن (كادىر) | خەنزۇ | 1975-يىلى 7-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لوياڭشياۋ (كادىر) | خەنزۇ | 1975-يىلى 7-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لىۋچېڭجاڭ (كادىر) | خەنزۇ | 1975- يىلى 7- ئايدىن 1979- يىلى 2- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | خې چېڭدې (كادىر) | خەنزۇ | 1975- يىلى 7- ئايدىن 1979- يىلى 2- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | يىن رۇڭ (كادىر) | خەنزۇ | 1975- يىلى 7- ئايدىن - |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | لى ياۋشىڭ (كادىر) | خەنزۇ | 1975- يىلى 7- ئايدىن 1979- يىلى 2- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جاڭ شاۋپىڭ | خەنزۇ | 1976- يىلى 10- ئايدىن 1977- يىلى 6- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | ۋاڭ ۋېيچىڭ | خەنزۇ | 1976- يىلى 10- ئايدىن 1978- يىلى 12- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جۇ خېيچىڭ | خەنزۇ | 1976- يىلى 10- ئايدىن 1978- يىلى 12- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن مۇدىر | جېڭ جىجيې (كادىر) | خەنزۇ | 1976- يىلى 10- ئايدىن 1985- يىلى 5- ئايغىچە |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە | ۋالىي | باسىت ھاپىز | ئۇيغۇر | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1983- يىلى 6- ئايغىچە |
| | ۋالىي | ئايۇپ قۇربان | ئۇيغۇر | 1983- يىلى 6- ئايدىن~ |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | يىن گوجۇن | خەنزۇ | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1983- يىلى 6- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | گو يۇڭخەي | خەنزۇ | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1983- يىلى 6- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | قادىر ئاسىپ | ئۇيغۇر | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1981- يىلى 4- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | لىۋجېڭجاڭ | خەنزۇ | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1983- يىلى 1- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | خې جېڭدې | خەنزۇ | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1982- يىلى 5- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | لى ياۋشىڭ | خەنزۇ | 1979- يىلى 2- ئايدىن1980- يىلى 5- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | جېڭ جىجيې | خەنزۇ | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1985- يىلى 5- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | توختىخان ئىسمائىل | ئۇيغۇر | 1979- يىلى 2- ئايدىن~ |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | ۋاڭ جىنشىڭ | خەنزۇ | 1979- يىلى 2- ئايدىن 1983- يىلى 10- ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مۇئاۋىن ۋالىي | لى زۇگېاۋ | خەنزۇ | 1979- يىلى 11- ئايدىن 1983- يىلى 6- ئايغىچە |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | يەن شۇفەن | خەنزۇ | 1985- يىلى 12- ئايدىن ~ |
| | مۇئاۋىن ۋالىي | كامىلجان | قازاق | 1985- يىلى 12- ئايدىن ~ |

4. خىزمەت ئاپپاراتلىرى

1950- يىل 5- ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى 10 ئىدى. 1966- يىل 5- ئايغىچە 25 كە يەتتى. 1969- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا تۆت چوڭ گۇرۇپپا تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قارمىقىدا توققۇز ئىشخانا (گۇرۇپپا) تەسىس قىلىندى. 1990- يىلى مەمۇرىي مەھكىمىدە 68 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىندى.

1) مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى 1949- يىل 10- ئايدا، سابىق ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى، قۇرۇلۇش، مالىيە، مائارىپ باشقارمىلىرىدىن ئىبارەت خىزمەت تارماقلىرى ۋە باج ئېلىش، قۇمۇل پوچتا، تېلېگراف ئىدارىلىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇمۇل شۆبە بانكىسى قاتارلىق بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلار ساقلىنىپ قالدى.

1950- يىل 5- ئايدا، تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى قايتىدىن تەسىس قىلىنىپ، كاتىبات، خەلق ئىشلىرى، قۇرۇلۇش، مائارىپ، سەھىيە، سودا- سانائەت، مالىيە بۆلۈملىرى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتارلىق خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. پوچتا، تېلېگراف ئىدارىلىرى تەرتىپكە سېلىندى.

2) قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى 1950- يىل 10- ئاينىڭ 9- كۈنى، قۇمۇل مەمۇرىي تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى دەپ ئاتالدى. قارمىقىدىكى خىزمەت ئاپپاراتلىرى ئۆزگەرمىدى. 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇمۇل شۆبە بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى قۇمۇل تارماق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1951- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، بۇرۇنقى باج ئېلىش ئىدارىسى باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 4- ئايدا، ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1952- يىلىنىڭ بېشىدا، ئەمگەك - كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1953- يىلى، مالىيە- ئىقتىساد - پىلان كومىتېتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 5- ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى (1961- يىل 4- ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى).

1956- يىل 10- ئايدا، سۇ قۇرۇلۇشى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 12- ئايدا، قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى.

1957- يىل 5- ئايدا، سودا- سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت- قاتناش بۆلۈمى، سودا بۆلۈمى قۇرۇلدى.

1958- يىل 3- ئايدا، ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1959- يىل 7- ئايدا، تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1960- يىلى، ئەمگەك - كادىرلار بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، فۇنكسىيىسى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 2- ئايدا، مېتېئورولوگىيە بۆلۈمى، سانائەت ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، شتات كومىتېتى تەسىس قىلىندى. سانائەت- قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 6- ئايدا، تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە پەن- تېخنىكا

كومىتېتى قۇرۇلدى، 12-ئايدا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى تەسىس قىلىندى (1962-يىل 5-ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى).

1961-يىل 4-ئايدا، تارانچى كان رايونى مەمۇرىي كومىتېتى قۇرۇلدى. 1962-يىل 1-ئايدا، قول-سانائەت باشقارمىسى تەسىس قىلىندى (سانائەت بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى). 7-ئايدا، ۋىلايەتلىك ھەمكارلىق ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1963-يىل 11-ئايدا، ئارخىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1963-يىل 12-ئايدىن 1964-يىل 5-ئايغىچە، ئەمگەك-مائاش بۆلۈمى ۋە كادىرلار بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1964-يىل 3-ئايدا، باج ئىدارىسى بىلەن مالىيە ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە-باج بۆلۈمى قۇرۇلدى.

1967-يىل 3-ئايدا، شۆبە ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئۇنىۋېرسال گۇرۇپپا، سانائەت-قاتناش گۇرۇپپىسى، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى، مالىيە-سودا گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

3) قوزغول ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خىزمەت ئاپپاراتلىرى 1969-يىل 3-ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت ئىش بېجىرىش، سىياسىي خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق ۋە خەلق قوغداش گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى.

1970-يىل 9-ئايدا، ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشخانىسى قۇرۇلدى (كېيىن «خەلق مۇداپىئە ئىشخانىسى» دەپ ئاتالدى).

1971-يىل 10-ئايدا، «7-ماي» كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى. 1973-يىل 3-، 4-ئايلاردا، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى بىلەن تەنتەربىيە كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1974-يىل 4-ئايدا، زىيالىيلارنى تاغ ۋە يېزىلارغا ئەۋەتىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 11-ئايدا، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ «تۆت چوڭ گۇرۇپپىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىشخانا، پىلان كومىتېتى، سانائەت-قاتناش، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق، مالىيە، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، سۇ-ئېلېكتر، خەلق ئىشلىرى، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە ئىدارىلىرى ۋە پەن-تېخنىكا كومىتېتى تەسىس قىلىندى.

1975-يىل 5-ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 7-ئايدا، تارانچى ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 12-ئايدا، رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

1976-يىل 6-ئايدا، تاشقى ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1977-يىل 1-ئايدا، ۋىلايەتلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

1978-يىل 7-ئايدا، قوزغول ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

4) قوزغول ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى 1979-يىل 2-ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى ئايرىپ تەسىس قىلىندى.

1979-يىل 10-ئايدا، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1980-يىل 4-ئايدا، ۋىلايەتلىك قانۇن مەسلىھەتچىلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى، 10-ئايدا، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1980-يىل 11-ئايدا، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى بىرلىشىپ ۋىلايەتلىك مالىيە-باج باشقارمىسى بولدى.

1980-يىل 12-ئايدا، ۋىلايەتلىك دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، گۆشلۈك-ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى

(ۋىلايەتلىك گۇڭشې- ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسى 1984- يىل 1- ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى)، 2- يېنىك سانائەت، مال باھا، ستاتىستىكا، ئەمگەك- كادىرلار باشقارمىلىرى قۇرۇلدى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1981- يىل 4- ئايدا، سانائەت- قاتناش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي كومىتېت قۇرۇلدى.

1982- يىل 4- ئاينىڭ 27- كۈنى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1984- يىل 1- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بارلىق ئىدارىلىرى باشقارمىغا ئۆزگەرتىلدى. خەلق مۇداپىئە ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شەھەر- يېزا قۇرۇلۇشى- مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى، ئىقتىسادىي تەتقىقات باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 10- ئايدا، مالىيە- باج باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مالىيە باشقارمىسى، باج باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. تاشقى ئىشلار باشقارمىسى تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشخانىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ۋىلايەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

1986- يىل 5- ئايدا، يېزا- بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئورگان خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئەسۋابلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

1987- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1988- يىل 2- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى (1987- يىل 8- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى).

1988- يىل 2- ئاينىڭ 8- كۈنى، ۋىلايەتلىك تەپتىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 4- ئاينىڭ 7- كۈنى، ۋىلايەتلىك كادىرلار مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 5- ئاينىڭ 24- كۈنى، ۋىلايەتلىك يەر باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1989- يىل 2- ئاينىڭ 16- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساياھەتچىلىك باشقارمىسى (تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىدۇ) قۇرۇلدى.

1990- يىل 1- ئاينىڭ 2- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورگان شتاتى كومىتېتى (ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ) قۇرۇلدى. 5- ئاينىڭ 12- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق باشقارمىلىرى قۇرۇلدى (ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق باشقارمىسى بۆلۈنۈپ، ئايرىم تەسىس قىلىندى). 6- ئاينىڭ 12- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - سۇغۇرتا باشقارمىسى قۇرۇلدى (مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك، ۋىلايەتلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ تەسىس قىلىندى). 10- ئاينىڭ 12- كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ قۇمۇل شۆبە مەكتىپى قۇرۇلدى (مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك). 10- ئاينىڭ 5- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مالىيە ھەقلىق مەبلەغ باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى (مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك).

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلىرى 1984- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئېلېكتر- ئېنېرگىيە سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى (سەھىيە باشقارمىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىدۇ) تەسىس قىلىندى. 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، 1985- يىل 2- ئايدا، نامى دۆلەت يەر- زېمىننى رەتكە سېلىش - باشقۇرۇش يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسى ۋىلايەتلىك پارتكومدىن مەمۇرىي مەھكىمىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1986- يىل 11- ئايدا، يايلاق ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

# III باب

# ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت

## §1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت

1. باركۆل ناھىيىسى

1) باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى، ئەنشى چارلاش دوتەيلىكى، باركۆل مەھكىمىسى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى)، باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى تەسىس قىلىندى. چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى)، ئەنشى چارلاش دوتەيلىكى قوشۇمچە ئەسكەر تەمىناتى سەيياھ ئامبىلى باركۆلگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئەسكەر تەمىناتى قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى. چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) 8- ئايدا، ئەنشى چارلاش دوتەيلىكى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. 9- ئايدا، باركۆلدە تەسىس قىلىنىپ، باركۆل مەھكىمىسى دەپ ئاتالدى. گەنسۇ پەرمانبەردارىغا قاراشلىق بولدى. ئۇنىڭغا جىمكۆل (باركۆل)، گۇچۇڭدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە قارىدى.

2) جىمكۆل ناھىيىلىك مەھكىمە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى) 9- ئايدا، باركۆلدە مەھكىمە تەسىس قىلىنغاندا، باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جىمكۆل ناھىيىسى قۇرۇلدى. جىمكۆل ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا پاشاپبەگ، تەلىم- تەربىيە بېگى، تۈرمە، ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلدى.

3) جىنشى (باركۆل) بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفىڭ 5- يىلى (1855- يىلى) باركۆل مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جىمكۆل ناھىيىلىك ۋازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. گۇچۇڭ ناھىيىسى ئۈرۈمچى ئايمىقىغا تەۋە بولدى، باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتىدە سىلاۋچى ئاياقبېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. بىر ئەدلىيە بېگى، بىر تەلىم- تەربىيە بېگى تەيىنلەندى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى)، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ، باركۆل ۋازارىتى باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارىدى. باركۆل ۋازارىتى ئاساسىي قاتلامدا يېزا، مەھەللە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يېزىلاردا دېھقان بېشى ياكى شاڭيو، مەھەللىلەرگە تۇڭتۇبېشى قويۇلدى. گۇاڭشۈ 28- يىلى (1902- يىلى)، باركۆل ۋازارىتىدە باۋ- جيا ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. تەكشۈرۈش، رازۋېتكا قىلىش، چارلاش، تۇتۇش ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909- يىلى)، يەرلىك ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. باركۆل مەھكىمىسىدە نوپۇس تەكشۈرۈش ئورنى تەسىس قىلىندى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، باۋ- جيا تۈزۈمى تەپتىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

4) ناھىيىلىك مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) 4- ئايدا، باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى باركۆل ناھىيىلىك مەھكىمىگە، ئاياقبېگى ئامبىلغا ئۆزگەرتىلىپ، باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارىدى. ناھىيىلىك مەھكىمە يەنىلا كونا تۈزۈمنى قوللىنىپ، مەھكىمە قارمىقىدا «ئالتە قاڭ، ئۈچ بەن» تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ

باشقۇرۇشىدا ئىلىم مەھكىمىسى، ئەدلىيە بېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئامبالنىڭ قول ئاستىدا بىر تۇرمە باشقۇرغۇچى، بىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، ئۇلار دەۋا- دەستۇر، باج - سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇردى.

مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى) 7- ئايدا، ناھىيىلىك مەھكىمە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، ئامبال ھاكىمغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە خوجىلىق ئىشخانىسى، 1- بۆلۈم (ئاساسلىقى ئىچكى ئىشلار بىلەن مائارىپنى باشقۇردى)، 2- بۆلۈم (ئاساسلىقى مالىيە، باج ۋە كەسىپلەرنى باشقۇردى) تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، گەنسۇلۇق مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ باركۆلنى ئىشغال قىلىپ، ما شۇسەننى ھاكىملىققا تەيىنلىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ، خەلق ئىشلىرى، مائارىپ، مالىيە، قوغۇلۇش، ئەدلىيەدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئىسكىلات قۇردى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىسى قۇمۇل باش مەمۇرىي مەھكىمىسىگە قارىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى، قوغۇلۇش، مائارىپ، مالىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 8- ئايدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مەمۇرىي كومىتېت، كاتىبات ئىشخانىسى، ساقچى ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، قوغۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى)، باركۆلدە ئاساسىي قاتلام رايون، يېزىلار قۇرۇلدى. ناھىيىدە ئالتە رايون، بىر يېزا (يېزا- قىشلاقلاردا ئالتە رايون، ئۈچكۆلدە بىر يېزا) قۇرۇلدى. رايوندا دېھقان بېشى، يېزىدا شاڭيو قويۇلدى (چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ بىر نەچچە شاڭيو قويۇلدى). مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) دىن مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا، دېھقان بېشى، شاڭيو ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون (بازار)، كەنت (كوچا) تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ناھىيىدە بىر بازار، ئۈچ رايون قۇرۇلدى. بازار باشلىقى، مەھەللە باشلىقى ۋە ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى قويۇلدى. رايونلۇق مەھكىمىگە رايون باشلىقى، بىر نەچچە مۇئاۋىن رايون باشلىقى قويۇلدى. رايون قارمىقىدا بىر نەچچە كەنت تەسىس قىلىنىپ، كەنتلەردە كەنت باشلىقى تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، باۋ- جيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ناھىيىدە بىر بازار، تۆت يېزا قۇرۇلدى. بىر بازار باشلىقى، بىر مۇئاۋىن بازار باشلىقى قويۇلدى. يېزىلاردا بىر يېزا باشلىقى، بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قويۇلدى. يېزا (بازار) قارمىقىدا 23 باۋ، ئىككى ئالاھىدە جيا، 112 ئادەتتىكى جيا تەسىس قىلىندى. باۋ- جيالاردا باۋجاڭ، جياجاڭ قويۇلدى.

2. قۇمۇل ناھىيىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)، قۇمۇلغا خان ئامبال قويۇلدى، مۇمۇرىگە «قۇمۇل ئەسكەر تەمىناتى خان ئامبىلى» دېگەن نام ئۇيۇلدى. لېكىن يەرلىكنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىمۇ ئۇ بىر تۇتاش باشقۇردى. ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەمچى خان ئامبال ياردەملەشتى. مەھكىمىسىدە مۇھۇر تۇتقۇچى زەڭگى، چەۋەنداز چېرىكچى، يىتكى قاتارلىق ئەمەلدارلار بولۇپ، كۆندىلىك كونكرېت ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى) 10- ئايدا، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلدى. شۇ يىلى قۇمۇلدا بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارەت تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) 4- ئايدا، قۇمۇل ۋازارىتى قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى جەھەتتە يەنىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمى قوللىنىلدى، ناھىيىلىك مەھكىمىدە بىر ئامبال، بىر بۆلۈم باشلىقى، ئىككى بۆلۈم ئەزاسى، تۆت ياللانما خادىم قويۇلدى. خىزمەتچىلەردىن باشقا، قوۋۇقبېگى، جەسەت تەكشۈرگۈچى، كۆرىچى يىلى، ياساۋۇل قاتارلىق 25 ئادەم قويۇلدى. كېيىن، شەھەر ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي بانكا، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. يۈەن شىكەي ئۇيغۇر ۋاڭ شاھ مەخسۇتنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازىنى ئېتىراپ قىلغاچقا، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى يەنىلا ئۇيغۇر ۋاڭ باشقۇردى. شۇڭا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى

خەنزۇ، خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلار بىلەنلا چەكلەندى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) دىن كېيىن، جىن شۇرېن «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» نى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازىنى بىكار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىدە ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

**3. پەتتە قۇدۇق**

پەتتە قۇدۇق — لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، تاشيول قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇ يەردە تەدرىجىي ئولتۇراقلىشىپ، ئاشپۇزۇل، سارايلار ئاچتى. مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى) 2- ئايدا، نائىپ ئامبال يامۇلى تەسىس قىلىندى. ئۇ قۇمۇل ناھىيىسى ھاكىمىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شۇ جاينىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى)، باركۆل- ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارىدى. نائىپ ھاكىم ئاساسلىقى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، قاتناشنى قوغداش، ئادەتتىكى دەۋا- دەستۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە يالاپ ماڭغان جىنايەتچىلەرنى كۆتۈۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى. گۇ مىڭدې تۇنجى نائىپ ئامبال بولدى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، پەتتە قۇدۇق نائىپ ھاكىم يامۇلى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ تەستىقى بىلەن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن سودا كارۋانلىرى ئازىيىپ، ئاھالىلەر كۆچۈپ كەتكەچكە، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالىرى لەنجۇ- شىنجاڭ تاشيولى ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلدى. شۇ ۋەجىدىن، پەتتە قۇدۇقنىڭ رولى يەنە مۇھىم بولۇپ قالدى. شۇڭا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، مەركىزىي ترانسپورت بېكىتى، ئايرودروم، پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تەيىنلەندى. كاتىپ ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى ۋە خەلق ئىشلىرى- مائارىپ، مالىيە- قۇرۇلۇش بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم تەسىس قىلىندى؛ 20 نەپچە ئىشچى- خىزمەتچى قويۇلدى. يەرلىك ئاھالە ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە زور كۆپچىلىكى سودا، مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمى ئازغىنە تىجارەت بېجىلا بولۇپ، راسخوتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئايمۇ ئاي بېرىپ تۇردى.

مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا سوتچى، كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەر تەسىس قىلىندى. لېكىن، مەخسۇس ئادەم سەپلەنمەي، ئىدارىدىكى خىزمەتچىلەر قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

لىۋ داۋېن ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردە، خوبېيلىق يۇرتداشلىرىنى كۆپرەك ئىشلەتتى، بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرىلار پۈتۈنلەي خوبېيلىقلار بولۇپ، مەزكۇر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى «خوبېيلىق يۇرتداشلار جەمئىيىتى» دەپمۇ ئاتالدى.

**4. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى**

1) **مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى** مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 8- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن 9- ئاينىڭ 16- كۈنى ئاراتۈرۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تەيىنلەندى. ئىككى ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى، ئىككى كاتىپ، بىر تىلماچ، بىر موللا، ئىككى ئەدلىيە ساقچىسى، ئىككى خەۋەرچى ساقچى، تۆت يايى، ئىككى كۆرىچى قويۇلدى. تۇغۇلۇدا رايونلۇق مەھكىمە تەسىس قىلىنىپ، بىر رايون باشلىقى سەپلەندى. قارىمىقىدا ئالتە كەنت تەسىس قىلىنىپ، كەنتلەرگە بىردىن كەنت باشلىقى قويۇلدى.

2) **ناھىيىلىك ھۆكۈمەت** مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 1- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى

بىلەن ئاراتۇرۇك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، 3- دەرىجىلىك ناھىيە بولدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مالىيە بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) يەنە قۇرۇلۇش، مائارىپ بۆلۈملىرى، بوغالتىر ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 5- ئايدا، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى مەزگىلىدىكى رايون، كەنت تۈزۈمى يېزا، بازار، باۋ- جيا تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، توخۇلۇ ئەتراپىدا ئۈچ بازارلىق مەھكىمە ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا ئالتە باۋ تەسىس قىلىندى. بازارلىق مەھكىمىدە بىر بازار باشلىقى، بىر مۇئاۋىن بازار باشلىقى، بىر كاتىپ، بىردىن خەلق مائارىپى، مالىيە- قۇرۇلۇش خىزمەتچىسى سەپلەندى.

## §2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 1- ئايدا، ھەر دەرىجىلىك كونا ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ۋاقتىنچە ساقلىنىپ قالدى. 1950- يىل 3 – 9 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ۋىلايەتكە قاراشلىق يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى قۇرۇلدى. 1954- يىل 1 – 4 - ئايغىچە، ناھىيىلەردە خەلق قۇرۇلتايلىرى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى سايلاپ چىقىلدى. ۋىلايەتكە قاراشلىق يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇ قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق يەتتە قۇدۇق بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتلىرى خىزمىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. 1967- يىل 3- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1969- يىل 3-، 4- ئايلاردا، ناھىيىلەردە ئارقا- ئارقىدىن ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1977- يىل 1- ئايدا، گوۋۇيۈەن قۇمۇل شەھىرىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 1980- يىل 6- ئايدىن 1981- يىل 10- ئايغىچە، ناھىيە، شەھەرلەردە خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983- يىل 9- ئايدا، گوۋۇيۈەن قۇمۇل ناھىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىشنى، بەنلا ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى. 1990- يىلغىچە، ناھىيە (شەھەر) خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىپ، ھاكىم (شەھەر باشلىقى)، مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى)، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنى سايلاپ چىقتى.

## §3. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى

**1. دېموكراتىك ئاساستا ھاكىمىيەت قۇرۇش**

1950- يىل 2- ئايدا، مەمۇرىي كېڭەش ئېلان قىلغان «يېزا (مەمۇرىي كەنت) خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي ئومۇمىي قائىدىسى» ۋە «يېزا (مەمۇرىي كەنت) خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىلىي ئومۇمىي قائىدىسى» گە ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە

مەركىزىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى — رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇلدى. يېزىلاردا باۋ-جيا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك يېزا، كەنت ھاكىمىيىتى تىكلەندى. 1951-يىل 4-ئايدا، مەمۇرىي كېڭەش ئېلان قىلغان «خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇق» قا ئاساسەن، رايون، يېزىلارنىڭ دائىرىسى كىچىكلىتىلدى. 10-ئايدا، ۋىلايەت بويىچە 16 رايونلۇق مەھكىمە، 42 يېزا، 230 مەمۇرىي كەنت قۇرۇلدى.

2. دېموكراتىك سايلام

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951-يىل 5-ئايدا، ۋىلايەت بويىچە رايون، يېزىلاردا ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى قاتناشقان يېزا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. خەلق ۋەكىللىرى ھەر يىلى بىر نۆۋەت قايتا سايلاندى، ئۇدا سايلانغانلار ئۇدا ۋەكىل بولدى.

1953-يىل 6-ئايدىن 1954-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە 1-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 1145 يېزا (بازار) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، 225 ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاندى. مىللەت تەركىبى بويىچە ئايرىغاندا، ئۇيغۇر 438، خەنزۇ 428، قازاق 243، خۇيزۇ 27، موڭغۇل توققۇز. ئۈچ ناھىيىنىڭ 10 ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىمى سايلاپ چىقىلدى.

1958-يىل 5-ئايدا، ۋىلايەت بويىچە ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلىپ، 255 ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى.

1965-يىل 6 — 12-ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قاتلام سايلام خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىي 888 گۇڭشې، بازار دەرىجىلىك خەلق ۋەكىلى، 355 ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى. 1980-يىلى، ۋىلايەتنىڭ سايلامنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قۇمۇل ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەتتە سايلامنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 352 كادىر ئاجرىتىلىپ، خىزمەت گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىنىپ، گۇڭشې-مەيدانلارغا ئەۋەتىلىپ، سايلام خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. باركۆل، ئارائۇرۇك ناھىيىلىرىدە 1981-يىل 8-ئايدا بىۋاسىتە سايلام ئېلىپ بېرىلدى، جەمئىي 622 خەلق ۋەكىلى، 65 ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، 29 ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار سايلاپ چىقىلدى.

1990-يىلى 7-ئايدا، ۋىلايەت بويىچە 420 ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ۋەكىلى، 1654 يېزا (بازار) لىق خەلق ۋەكىلى، ئۈچ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، 12 مۇئاۋىن مۇدىرى، 36 ئەزاسى، ئۈچ ھاكىم (شەھەر باشلىقى)، 10 مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى)، ئۈچ پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى)، ئۈچ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى، ئۈچ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى، 35 يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ دائىمىي رەئىسى، 39 يېزا (بازار) باشلىقى، 51 مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقى، يەتتە پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى سايلاپ چىقىلدى.

3. مىللىي يېزا قۇرۇش

1954-يىل 4-ئايدا، ۋىلايەت مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى 3-قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى ئاساسىي خۇلاسە» سىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1954-يىللىق ئومۇمىي سايلامغا بىرلەشتۈرۈپ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، مۇزاكىرە قىلىش

ئارقىلىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلىپ، گوۋۇيۈەنگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1984- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىدە ئۇلاناي قازاق مىللىي يېزىسى قۇرۇلدى (سابىق قۇمۇل شەھىرى تاشۇبلىق كۆكشىپسىنىڭ ئۇلاناي چوڭ ئەترىتى). 1985- يىل 4- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نېرىنكىر قازاق يېزىسى (سابىق ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نېرىنكىر فېرمىسى) ۋە قۇمۇل شەھىرى دەۋلدۇرۇك قازاق يېزىسى (سابىق قۇمۇل شەھىرى غەربىتاغ كۆكشىپسىنىڭ 1-، 2- چوڭ ئەترەتلىرى) قۇرۇلدى.

**4. خەلق كۆمۈنىسى، ھاكىمىيەت بىلەن كۆمۈنىنى ئايرىپ تەسىس قىلىش**

1958- يىلى، ۋىلايەتنىڭ يېزىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك خەلق كۆكشىپسى قۇرۇلۇپ، «ھاكىمىيەت بىلەن كۆكشىپ بىرلەشتۈرۈلگەن» تۈزۈلمە يولغا قويۇلدى.

1983- يىل 3- ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ « ھاكىمىيەت بىلەن كۆكشىپنى ئايرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىغا ئاساسەن، ۋىلايەت ناھىيىلەردە بىر كۆكشىپنى تاللاپ ھاكىمىيەت بىلەن كۆكشىپنى ئايرىپ تەسىس قىلىشنى سىناق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەت نۇقتىدىن دائىرىگە كېڭەيتىلىپ، ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1984- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم « ھاكىمىيەت بىلەن كۆكشىپنى ئايرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ۋىلايەت بويىچە 2621 كادىر ئاجرىتىلىپ، تەربىيىلىنىپ، ئەترەت، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئاساسىي قاتلاملارغا ئەۋەتىلدى. ئۈچ ئاي خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ۋىلايەتتىكى 22 كۆكشىپنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن كۆكشىپ بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى. ئۈچ رايونلۇق مەھكىمە (باركۆل ناھىيىسى سارچوقا رايونى، قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى ۋە تاشۇبلىق رايونى)، 35 يېزا، ئىككى بازار قۇرۇلدى، 725 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 177 كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە 422 كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ج ك پ يېزىلىق (بازارلىق) كومىتېتى ۋە كەنت ياچېيكىلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە يېزا (بازار) ئىقتىسادىي بىرلەشمە كوپىراتىپى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى، ھاكىمىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولغا قويۇلدى.

**5. يېزا، بازار رەھبىرىي كادىرلىرىنى خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەش**

1987- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 155 يېزا، بازار رەھبىرىي كادىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 79 ئىدى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ «يېزا، بازار رەھبىرىي كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا، بازار رەھبىرىي كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى تەشكىللەپ تەربىيىلىدى. 1989- يىل 10- ئايدىن 1990- يىل 1- ئايغىچە، يېزا، بازار رەھبىرىي كادىرىدىن جەمئىي 47 سى تەربىيىلەندى. 1990- يىل 8- ئايدا، «ئاھالە كومىتېتى تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەت بىر قارار 58 ئاھالە كومىتېتى مۇدىرلىرى قاتناشقان خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

شۇ يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ «ئىلغار يېزا (بازار)، كەنت (ئاھالە) كومىتېتلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تارقاتتى. ۋىلايەت بويىچە ئالتە ئىلغار يېزا (بازار)، ئالتە نەمۇنە يېزا (بازار) باشلىقى، 10 ئىلغار كەنت كومىتېتى، 10 نەمۇنە كەنت مۇدىرى، ئۈچ ئىلغار ئاھالە كومىتېتى، ئۈچ نەمۇنە ئاھالە كومىتېتى مۇدىرى سايلاپ چىقىلىپ، ۋىلايەتنىڭ تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نوم

پېزىسى ئىلغار يېزا، قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىدىن ئۇسمان ھوشۇر نەمۇنە يېزا باشلىقى (بازار باشلىقى)، باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ يېزىسى، كۆيسۇ كەنتى ئىلغار كەنت، باركۆل ناھىيىسى داخې يېزىسى شىخۇشى كەنتىدىن ۋاڭ يەنمىڭ نەمۇنە كەنت مۇدىرى، قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ رايونى شەرقىي يول ئاھالە كومىتېتى ئىلغار ئاھالە كومىتېتى، قۇمۇل شەھىرى شەرقىي ئۆستەڭ رايونى ئاقيەر ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ چۈنيىڭ نەمۇنە ئاھالە كومىتېت مۇدىرى بولدى.

# IV باب

# خەلق قۇرۇلتىيى

## §1. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى

### 1. ئاپپاراتلار

1985- يىل 3- ئاينىڭ 3- كۈنى، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئالاقىلىشىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، دەرىجىسى ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك بولدى.1989- يىل 11- ئاينىڭ 6- كۈنى، نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئالاقىلىشىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1991- يىل 7- ئاينىڭ 24- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئالاقىلىشىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىندى، دەرىجىسى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك بولۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى.**

جەدۋەل: 20 – 8

| ئىسىم- فامىلىسى | ۋەزىپىسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ئايۇپ قۇربان | مۇدىر | شىنجاڭ قۇمۇل | 1994- يىل 2- ئايدىن ~ |
| خې شۇيىي | مۇئاۋىن مۇدىر | بېيجىڭ شەھىرى | 1993 - يىل 10 - ئايدىن 1997- يىل 10- ئايغىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خەلچەخان ياقۇپ | مۇئاۋىن مۇدىر (ئايال) | شىنجاڭ قۇمۇل | 1991- يىل 6- ئايدىن ~ |
| ۋۇۋەنشىياڭ | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەنخۇي تەيخې | 1992-يىلى 7- ئايدىن ~ |

2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

1) ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش 1989- يىل 1- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 23- كۈنىچىگە، مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ۋەكىللىرى دائىرىلەر بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 1988- يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى، ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى رەتكە سېلىش، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى.

1990- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ۋەكىللىرى دائىرىلەر بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 1989- يىلى پارتىيە 13- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ئومۇمىي يىغىنى، 5- ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 3- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 14- ئەزالار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يەنىمۇ ئوڭشاش، تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەھۋالى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2- يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىزمىتى ئەھۋالى، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش، پاكلىق قۇرۇلۇشى ئەھۋالى، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى.

1991- يىل 1- ئاينىڭ 7- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ۋەكىللىرى دائىرىلەر بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 1990- يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» نى يولغا قويۇش ئەھۋالى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئەھۋالى، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، «نىكاھ قانۇنى» نى يولغا قويۇش ئەھۋالى، سەھىيە، تىببىي داۋالاش خىزمىتى ئەھۋالى، مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆي- ئىمارەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى.

1992- يىل 1- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ۋەكىللىرى دائىرىلەر بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 1991- يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قۇمۇلنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قۇمۇلنى يەنە تېخىمۇ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، چوڭ، ئوتتۇرا، كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سەھىيە، تىببىي داۋالاش، پىلانلىق تۇغۇت، «مەجبۇرىيەت مائارىپى

قانۇنى» نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى.

1994- يىل 1- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 18- كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ۋەكىللىرى كوللېكتىپ كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئۆز ئالدىغا كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىل بىلەن ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 1993- يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى، مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش ئەھۋالى، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى، يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى. 6- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم ۋەكىللىرى «سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش — تۈزەش قانۇنى»، «ھاۋا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش — تۈزەش قانۇنى»، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى. 1994- يىل 12- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ۋەكىللىرى دائىرىلەر بويىچە ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 1994- يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى، نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش خىزمىتى ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك قۇرۇلۇشى، باھا، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى، تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى تۇرمۇش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەندى.

كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ 196 تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكرى تاپشۇرۇپ ئېلىندى ھەم تۈرگە ئايرىلىپ، ئايرىم ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، يولغا قويۇلۇشىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار، بەلگىلىمىلىرىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى.

2) نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى 1987- يىل 2- ئايدا، ۋىلايەتلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى شۇ يىلى 10- ئايدا ئاياغلاشتى.

1989- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى 1990- يىل 3- ئايدا ئاياغلاشتى.

1992- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك سايلام خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى 1993- يىل 3- ئايدا ئاياغلاشتى، جەمئىي 423 ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، 1699 يېزا- بازار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى. ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تۈرلۈك تەركىبلىرى بىر قەدەر ئەقىلغا مۇۋاپىق بولدى. ۋەكىللەرنىڭ ساپاسى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش

ئىقتىدارى خېلى يۇقىرى بولدى. ۋەكىللەرنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭدىن ئاما رازى بولدى. سايلامدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى كادىرلارنىڭ «تۆتلەشتۈرۈش» تەلىپىگە ئۇيغۇن بولدى. مەلۇماتى ئومۇمىيۈزلۈك خېلى يۇقىرى بولۇپ، ياش قورامى ،جەمەتتە شوتا شەكىللىك قۇرۇلما ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. ئىختىساسلىقلارنىڭ سەپلىنىشى ئەقىلغا مۇۋاپىق، مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولدى. ئاپتونوم رايون قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 21 سان بەرگەندى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىش، كېڭىشىش ئارقىلىق، پەرقلىق سان سايلىمى پرىنسىپى بويىچە 26 نامزات بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 21 ۋەكىلىنى ۋاقتىدا، تولۇق سايلاپ چىقتى.

3) قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش 1988- يىل 7- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى» نىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

1991- يىل 3 – 4 - ئايلاردا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» نىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. 6- ئايدىن 8- ئايغىچە « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

1992- يىل 5 – 6- ئايلاردا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يايلاق قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» نىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

1993- يىل 12- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى» نىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

1994- يىل 4- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

1994- يىل 8- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىن 4- نۆۋەتلىكتىن 8- نۆۋەتلىككىچە بولغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولغانلار**

جەدۋەل: 20 – 9

| نۆۋىتى | ئىسم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|
| 4- نۆۋەتلىك | پەردىھەسەن | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ شوپۇرى |
| 5- نۆۋەتلىك | ھوشۇر قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | قۇمۇل باراۋۇز ئۇچاستىكىسىنىڭ پويىز شوپۇرى |
| | بېيكەن | ئايال | قازاق | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ئويتاغ يېزىسىنىڭ چارۋىچىسى |

| | مۇھەممەت ئابدۇرۇسول | ئەر | ئۇيغۇر | يامانسۇ كانىنىڭ ئىشچىسى |
|---|---|---|---|---|
| 6- نۆۋەتلىك | زىلىخان ياقۇپ | ئايال | ئۇيغۇر | قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىدىن، دېھقان |
| | لىۋ جۈنياۋ | ئەر | خەنزۇ | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى |
| | جاڭ جىڭيى | ئەر | خەنزۇ | قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى |
| 7- نۆۋەتلىك | خېن پىڭتو | ئەر | خەنزۇ | ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى |
| 8- نۆۋەتلىك | چېن دېمىن | ئەر | خەنزۇ | ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى |
| | نۇرسۇن چوتاي | ئەر | قازاق | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى |

## §2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى

**1. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى**

1950- يىلى، ناھىيىلەر ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. ناھىيىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن ئىلگىرىكى بىر خىل ئۆتكۈنچى شەكىل بولدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەتلىرىنى سايلىدى. 1953- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيىلەر تۆت قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى.

ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى سايلاپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن دائىمىي كومىتېت (دائىملىق ئاپپارات ئەمەس) ۋەكىللەر يىغىنى ئەزگىلدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدىغان ئاپپاراتى بولدى. بۇ ۋەكىللەر يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى يوق بولۇپ، يېرىم يىل ئەتراپىدا بىر قېتىم قايتا سايلىنىپ تۇردى. مەسىلەن، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 1950- يىل 4- ئاينىڭ 15- كۈنى ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدىن 1953- يىل 9- ئاينىڭ 5- كۈنى ئېچىلغان ئاخىرقى قېتىملىق يىغىنىغىچە دائىمىي كومىتېت سەككىز قېتىم قايتا سايلاندى. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۇزۇن بولغىنى سەككىز ئاي، قىسقىسى تۆت ئاي بولدى.

1951- يىلدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئۈچ ناھىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىدى 39 دائىمىي كومىتېت ئەزاسىنى سايلاپ چىققان (قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 15، باركۆل ناھىيىسىنىڭ 15، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توققۇز). تەركىبى مۇنداق بولغان: دىنىي ساھەدىكىلەر ئالتە، سودا- سانائەت ساھەسىدىكىلەر ئىككى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يۇقىرى قاتلام ئەربابى ئىككى، مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ئىككى، دېموكراتىك زات بەش، دېھقان- چارۋىچى 10، كومپارتىيە ئەزاسى 10،

كومىۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى ئىككى، ئومۇمىي سان ئىچىدە بىرلىك سەپ زاتلىرى ھېسابىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 17 بولۇپ، 43.5% نى ئىگىلىگەن.

2. خەلق قۇرۇلتىيى

1954- يىل 1- ئايدا، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. 1954- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك 1- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. 9- ئايغىچە، ناھىيىلەردە 1- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئېچىلدى. 1969 – 1979 - يىلىغىچە، ناھىيىلەردە ئىنقىلابىي كومىتېت ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلمىدى.

1980- يىلى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى.

1990- يىلىغىچە، قۇمۇل ناھىيىسى سەككىز نۆۋەتلىك، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى توققۇز نۆۋەتلىك، قۇمۇل شەھىرى ئىككى نۆۋەتلىك، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى توققۇز نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئاچتى.

1988- يىلىدىن كېيىن، تەدرىجىي يېزا- بازار خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى قۇرۇلدى ھەم دائىمىي رەئىس تەسىس قىلىندى. يېزا- بازار خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يەنىمۇ تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

[قوشۇمچە] مىنگو دەۋرىدىكى كېڭەش

1) قۇمۇل ناھىيىلىك كېڭەش

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 10- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە يەرلىك پارلامېنت ئاپپاراتى ــــ كېڭەش تەسىس قىلىندى. تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەش 10 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئۇلار: شۇۋېنچىڭ، ئەزىزجان، لۇ چۈنبۇ، لى زىشيۇ، مادىچۈمەن، نى سۇندې، توختى قورمال، سوپى ھاجى، گې چاگدې، باجىيىگلار بولۇپ، شۇ ۋېنچىڭ كېڭەش باشلىقى، ئەزىزجان مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) ئەتىيازدا، كېڭەش ئۆزگەرتىپ سايلاندى. شۇ ۋېنچىڭ، ئەزىزجان يەنە كېڭەش باشلىقى، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. سوپى ھاجى، سوپى خوجىنىياز، نى سۇندې، ماجۇنجې، گې چاگدېلار ئەزا بولدى ھەم شۇ ۋېنچىڭ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 10- ئايدا، كېڭەش 2- قېتىم ئۆزگەرتىپ سايلاندى. لى رۇي كېڭەش باشلىقى،نىياز مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. ماجۇنجې، گې چاگدې، ئالتۇن سوپى، سۇۋۇر سوپى، شۇ لى، خوجىنىيازلار ئەزا بولدى.

2) باركۆل ناھىيىلىك كېڭەش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى)، باركۆلدە كېڭەش قۇرۇلۇپ، بىر كېڭەش باشلىقى، ئىككى مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، تۆت كېڭەش ئەزاسى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) قىشتا، باركۆل ناھىيىسىدە ۋاقىتلىق كېڭەش قۇرۇلدى. جاڭ جىيايۇ كېڭەش باشلىقى، يى شىگجۇن مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. توققۇز كىشى كېڭەش ئەزاسى بولدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) ئەتىيازدا، ناھىيىلىك كېڭەش ئۆزگەرتىپ سايلاندى. ئالتۇنبەك كېڭەش باشلىقى، يى شىگجۇن مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. ئالتە كىشى كېڭەش ئەزاسى بولدى. جاڭ جىيايۇ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. شۇ يىلى 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك كېڭەش ئۆزگەرتىپ سايلىنىپ، توققۇز كىشى كېڭەش ئەزاسى، يى شىگجۇن كېڭەش باشلىقى، ئالتۇنبەك مۇئاۋىن

كېڭەش باشلىقى بولدى.

3) ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كېڭەش

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى ) 6- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە كېڭەش قۇرۇلۇپ، گېلىت كېڭەش باشلىقى، يۇسۇپ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى. كېڭەشتە بىر كاتىپ، تۆت ئىش بېجىرگۈچى قويۇلدى.

# V باب

# خەلق سىياسىي كېڭىشى

## §1. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى

### 1. ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

1987- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش ئالاقىلىشىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 1990- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش ئالاقىلىشىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، ئېرمەجەپ باشقارما باشلىقى بولدى، ئىككى خىزمەتچى قويۇلدى. 1991- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بولدى. دەرىجىسى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك بولۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

**ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى**

جەدۋەل: 20 – 10

| ئىسىم، فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| جاڭ بىگجيا | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | شەنشى جىجيېك | 1991- يىل 6- ئايدىن ~ |
| ئىبراھىم سالى | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر (قوشۇمچە) | شىنجاڭ قۇمۇل | 1992- يىل 7- ئايدىن ~ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئېرەجەپ | قازاق | مۇئاۋىن مۇدىر | شىنجاڭ غۇلجا | 1992- يىل 7- ئايدىن 1995 - يىل 1- ئايغىچە |
| تۇردى قۇربان | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | شىنجاڭ مورى | 1993- يىل 10- ئايدىن ~ |

1994- يىلى، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىغا 15 ئەزا قوبۇلدى. ئۇلار: جاڭ يىڭجيا، تۇردى قۇربان، ئىبراھىم سالى، ئېرەجەپ، ئوسمانشا ھاجى، رۇەن شياگېەن، غوپۇر قادىر، شۇجىجۇ، لۇشيەنمىڭ، بەي جۇنرېن، يەن خاۋلەن، دەي يۇۋېن، چېن باۋشەن، جىڭ چىڭجيا، ۋاڭ چيۇئەيدىن ئىبارەت.

2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى 1992- يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ قۇمۇلدىكى ئەزالىرىنى ۋە ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سەككىز قېتىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى، زاۋۇت، كان، كارخانىلار، مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە، تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلىشقا تەشكىللىدى. ئۇلار يېزا ئېتىز- ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى، نومنى ئېچىش، دېھقان- چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈش، چېرىندى كىسلاتاسىنى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، كارخانىلاردا زىيان تارتىشنى تۈزگەرتىش، ئوقۇتقۇچىلار قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، بازار باھاسى، مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 11 پارچە قىممىتى بار تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى. ئەزالارنىڭ 31 تۈرلۈك تەكلىپى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ يوللار بىلەن كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئۇسكۇنىسى كىرگۈزۈپ بەردى. مەسىلەن، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا سوپۇن پاراشوكى ۋە پۈرچاق پىشلىقى ئىشلەپچىقىرىدىغان لىنىيىسى، ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتىغا بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ بەردى. 1993- يىلى، قۇمۇل قوغۇن بايرىمىنى كۆتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، خىزمەت كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلنىڭ تۇنجى قاتناش، سودا، ساياھەت خەرىتىسىنى ئىشلىدى. 1992- يىل 9- ئايدا، خىزمەت كومىتېتى جۇڭگو ئىچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خاتىرە ئابىدىسىنى ياساشقا باش بولۇپ، 1993- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى ئىش باشلاپ، 1994- يىل 9- ئاينىڭ 20- كۈنى لېنتا كېسىپ يوپۇقنى ئاچتى.

1993- يىل 7- ئايدىن 24- كۈندىن 26- كۈنىگىچە، قۇمۇلدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. شىنجاڭ بويىچە سەككىز ۋىلايەتنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى (مۇئاۋىن مۇدىرلىرى)، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى ۋە ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى.

1995- يىل 3- ئاينىڭ 8- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» نىڭ قۇمۇل مۇخبىرلار پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» نىڭ شىنجاڭدىكى ۋىلايەت- ئوبلاست - شەھەرلەردە قۇرغان تۇنجى مۇخبىرلار پونكىتى ھېسابلىنىدۇ.

1995- يىلىنىڭ بېشىدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ

مۇئاۋىن مۇدىرى جالال بىگجىيا تەيپارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 4- ئاينىڭ 27- كۈنى، ۋىلايەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئەزا ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

خىزمەت كومىتېتى يەنە باشقا جايلاردىكى ۋە شۇ جايدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، پاي تۈزۈمى، مەبلەغ سېلىش ماھارىتى، سۇ بايلىقى، ئولتۇراق ئۆي ئىسلاھاتى، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە يەتتە قېتىم لېكسىيە يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. مەملىكىتىمىزنىڭ جايلىرىدىن كەلگەن سىياسىي كېڭەش ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 170 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. يۇقىرىغا جەمئىي 50 پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك يازما ماتېرىيال، 32 پارچە ماقالە يوللىدى، بۇنىڭدىن 24 پارچىسى ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت- ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

3. ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش

خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزالىرىنى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە، ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇردى. 1995- يىلغىچە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ 15 قېتىم مەخسۇس يىغىنىنى ئاچتى.

4. باشقا خىزمەتلەر

1) ئورگان ژۇرنىلى «تەقدىرداش» نى چىقاردى 1992- يىل 3- ئايدا، ئورگاننىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى — «قۇمۇل سىياسىي كېڭىشى» (خەنزۇچە نەشرى) نى چىقاردى. ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئورگان كادىرلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى مەشھۇر زاتلاردىن تەركىب تاپقان تەھرىر ھەيئىتىنى قۇردى. 1992- يىل 10- ئايدا، يەنە « قۇمۇل سىياسىي كېڭىشى » نىڭ (ئۇيغۇرچە نەشرى) نى چىقاردى. 1993- يىل 4- ئايدا، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا چىقىدىغان «قۇمۇل سىياسىي كېڭىشى» نىڭ نامىنى «تەقدىرداش» قا ئۆزگەرتتى. 1994- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، خەنزۇچە 22 سان (تەخمىنەن 800 مىڭ خەت)، ئۇيغۇرچە توققۇز سان (تەخمىنەن 500 مىڭ خەت) چىقاردى. «تەقدىرداش» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، سىياسىي كېڭەش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەشۋىق قىلدى ۋە نامايان قىلدى.

2) تارىخ ماتېرىياللىرى تۈزدى 1994- يىلى، خىزمەت كومىتېتى «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىرلىك سەپ ماتېرىيالى توپلىمى» نى تۈزۈشنى تەشكىللىدى. بۇ توپلامغا ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەت، دىن ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، مۇھاجىرلار، خۇاكيو ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەھۋالى، قۇمۇلنىڭ سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، مىللەت، دىن، تارىخىي شەخسلەر ۋە جەمئىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخ مەدەنىيىتىگە ئائىت تەخمىنەن 110 مىڭ خەتلىك 31 پارچە ماقالە رەتلىنىپ كىرگۈزۈلدى.

3) ئىقتىسادىي گەۋدە قۇردى 1992- يىل 10- ئايدا، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى ئىقتىسادىي گەۋدە — «جىيىنخۇا» ئۇقەتچىلىك تەرەققىيات باش شىركىتىنى قۇردى (كېيىن نامىنى «جىنخۇا» ئۇقەتچىلىك تەرەققىيات باش شىركىتىگە ئۆزگەرتتى). ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر نەچچە شۆبە شىركەت قۇرۇلدى. 1992- يىل 2- ئايدا، يېزا ئىگىلىك خىمىيە سودا شىركىتىنى قۇردى. باش شىركەت خىزمەت كومىتېتى ئورگىنى بىلەن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، پايدا- زىيانغا ئۆزى

ئىگە بولۇپ، ئۆز- ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇپ، 1995- يىلى 1 مىليون يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈككە ئىگە بولدى.

4) ۋىلايەتنىڭ مۇتەخەسسىس- مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ۋىلايەتلىك مۇتەخەسسىس- مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى 1994- يىل 5- ئاينىڭ 6- كۈنى قۇرۇلدى، كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى مەسئۇل بولدى. خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ يىڭجىيا قوشۇمچە مۇتەخەسسىس- مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى قوشۇمچە مۇتەخەسسىس- مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىسى بولدى. مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا پۇل مۇئامىلە - مالىيە- سودا، سانائەت- قاتناش، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق، پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە - تارىخ، ھەر تەرەپلىمە تۈزۈش، شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش قاتارلىق ئالتە گۇرۇپپا قۇرۇلدى. ۋىلايەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن 115 مۇتەخەسسىس، مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىندى ھەم «نىزام»، «پائالىيەت تەپسىلىي قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. 1994- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇرۇلۇپ يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ۋىلايەتنىڭ ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان يەتتە چوڭ تەدبىر بەلگىلەش خاراكتېرىدىكى ھۆججىتىنىڭ «كوپىيىسى» ھەققىدە مەسلىھەت بەردى ۋە ئۇنى دەلىللىدى. لاپالىق كۆكتات قۇرۇلۇشى، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمەتلىرىگە ۋە چوڭ تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، مەسىلەن، ئاراتۇرۇك نومنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېچىش، قىزىل زەمچە ئېچىش تۈرى قاتارلىقلارغا قاتناشتى ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بازار باھاسى ئەھۋالى ھەققىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى.

## §2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق سىياسىي كېڭىشى

1955 – 1956 - يىللىرى، ناھىيىلەر 1- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، سىياسىي كېڭەش تەشكىلىنى قۇردى، ئۇ دائىملىق ئاپپارات بولدى. 1966- يىلغىچە، قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش بەش نۆۋەتلىك، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى تۆت نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەر پائالىيەتتىن توختىدى. 1980- يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى سەككىز نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى. 1981- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش بىرلىشىپ، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلۇپ، 1990- يىلغىچە، ئۈچ نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنى ئاچتى.

1990- يىلى بىلەن 1955- يىلنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، مەيلى سىياسىي كېڭەشنىڭ تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇلۇشى، خادىملىرىنىڭ سەپلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئەزالىرىنىڭ سانى، سالاسى، تەركىبى جەھەتتىن بولسۇن ھەممىلا جەھەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. 1) ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى سانى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى، ئەزالارنىڭ تەركىب نىسبىتى بارغانسېرى مۇۋاپىقلاشتى. مەسىلەن، 1955- يىل 9- ئايدا ئېچىلغان سىياسىي كېڭەش باركۆل ناھىيىلىك 1- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدا 58 ئەزا بولۇپ، جەمئىي 11 تەركىب بار، پەن- تېخنىكا، مائارىپ، تەنتەربىيە، ئاخبارات، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىن بولغان ئەزالار يوق ئىدى، 1993- يىل 2- ئايدا ئېچىلغان 9- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدا، 66 ئەزا بولۇپ، 1- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدىكىدىن سەككىزى كۆپەيدى. جەمئىي 18 تەركىب بولۇپ، پەن- تېخنىكا، مائارىپ، تەنتەربىيە، ئاخبارات، نەشرىيات قاتارلىق ساھەلەردىن بولغان ئەزالار قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ پارتىيىنىڭ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارنى

مۇرەسسەلەش سىياسىتىنى نامايان قىلدى. 2) ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ رەئىسلىرى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەشتىن تەدرىجىي مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولدى. دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. 1-، 2- نۆۋەتلىك ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ رەئىسلىرى پۈتۈنلەي قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر ئىدى. 3-، 4-، 5- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ رەئىسلىرى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ بىرقىسمىمۇ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيتتى. يەنى ھاكىم، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەر خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەرتىلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سىياسىي كېڭەشلىرىدە 5- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدىن باشلاپ 9- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىغىچە سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكى (مۇئاۋىن رەئىسلىكى) نى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولدى. قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 6- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدىن باشلاپ ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەر بىرلەشكەنگە قەدەر، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكى (مۇئاۋىن رەئىسلىكى) نى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولدى. باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ۋە سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ 9- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنى، قۇمۇل شەھەرى سىياسىي كېڭىشىنىڭ 5- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدىن باشلاپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىنى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قوشۇمچە ئۆتەيدىغانلار قالمىدى. مۇئاۋىن رەئىسلەر ئىچىدىمۇ ناھايىتى ئازايدى. لېكىن ئورگاندا مۇقىم تۇرۇپ ئىشلەيدىغان مۇئاۋىن رەئىسلەرمۇ بولدى. سىياسىي كېڭەش رەئىسى (مۇئاۋىن رەئىس) لىرىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلاردىن مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارغا ئۆزگەرتىلىشى سىياسىي كېڭەشنىڭ «سىياسىي مەسلىھەتلىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش» فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق بولدى، شۇنداقلا سىياسىي كېڭەش رەئىسلىرى (مۇئاۋىن رەئىسلىرى) نىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلىشىگە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مەخسۇس سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى ئىشلىشىگە پايدىلىق بولدى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي ئەزالىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. مەسىلەن، باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدا 10 دائىمىي ئەزا بار ئىدى. 2-، 3- نۆۋەتلىكتە 15 كە، 9- نۆۋەتلىككە كەلگەندە 20 گە يەتتى. قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىدا سەككىز دائىمىي ئەزا بار ئىدى. شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 5- نۆۋەتلىك ئەزالار يىغىنىغا كەلگەندە 22 گە يېتىپ، ئىككى ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. دائىمىي ئەزالارنىڭ كۆپىيىشى سىياسىي كېڭەشنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىغا پايدىلىق بولدى. 3) سىياسىي كېڭەشنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى يەنىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئەزالارنىڭ رولى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەر قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قارىمىقىدا بىر ئىشخانىلا بولۇپ، مەخسۇس كومىتېتلار يوق ئىدى، خىزمەتچىلىرى ئاز، خىزمەت شارائىتى ناچار ئىدى. 1990- يىلى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدىغان ئىشخانىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆگىنىش، خىزمەت، تەكلىپ، تارىخ ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەخسۇس كومىتېتلار تەسىس قىلىندى. مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەركىبتىكى ئەزالارنىڭ سىياسىي كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق بولدى.

# ئاممۋى تەشكىلاتلار

### يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## I باب

## ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەشكىلاتلىرى

### §1. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشى، نازارەتچىلىك ھەيئىتى

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 6- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشى بىلەن نازارەتچىلىك ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تامچىلىق، كۆنچىلىك، كىگىزچىلىكتىن ئىبارەت بەش كەسپىتكىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىندى، 171 ئەزاس بار ئىدى.

شۇ يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سودا- سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. قۇمۇلدا ئەينى ۋاقىتتا يىرىك سانائەت يوق، پەقەت بىر قىسىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىلا بار ئىدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاز ساندىكى تەسىرى بارلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش، مال زاكاز قىلىش توختاملىرىنى تەستىقلاش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئارىدا پايدا ئۇندۇرۇپ، ئىشچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتكەنىدى، مەمسۇلاتلىرى سېتىلماي، تۇرمۇشى خاراب بولغاچقا، ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيۇشمىغا كىرىشنى خالىمايتتى. بەدەل پۇلى تاپشۇرغۇچىلارمۇ بەك ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) قىشتا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى سودا- سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى بولۇپ بىرلەشتى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 6- ئايدىن مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 6- ئايغىچە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشى، نازارەتچىلىك ھەيئىتى باشقىدىن سايلاپ چىقىلدى، ئەزاسى 214 كە يەتتى.

### §2. باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

**1. ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1959- يىل 5- ئاينىڭ 28- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېتقا بىر رەئىس، بىر مۇئاۋىن رەئىس، توققۇز دائىمىي ھەيئەت، 19 ھەيئەت، سەككىز مەخسۇس كادىر، ئىككى كىنو قويغۇچى سەپلەندى.

1963- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش باشقارمىسىغا سەككىز شتات سەپلەندى.

قۇمۇل ناھىيىسى 1951- يىلدىن باشلاپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، 1953- يىلى قۇردى. 1973- يىلى نامى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. باركۆل ناھىيىسىدە 1951- يىلى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، 1973- يىلى نامى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1977- يىلى، يېڭىدىن قۇرۇلغان قۇمۇل شەھىرىدە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1979- يىل 5- ئاينىڭ 25- كۈنى قۇرۇلدى. 1984- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇمۇل شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1990- يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەخسۇس كادىرى 26 غا يەتتى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 21 – 1

| يىللار | ئىشچى- خىزمەتچى جەمئىي | ئىشچى- خىزمەتچى: يۇنىڭ ئىچىدە مىللىي | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى جەمئىي | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى: يۇنىڭ ئىچىدە مىللىي | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپلى | ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | گۇرۇپپا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 1152 | | 410 | | 5 | 12 | 6 | 15 |
| 1956 | 2007 | | 1756 | | 26 | 142 | 42 | 210 |
| 1960 | 4500 | | 2566 | | 85 | 1025 | 90 | 820 |
| 1965 | 11487 | | 5400 | | 43 | 356 | 51 | 382 |
| 1980 | 16500 | | 12460 | | 80 | 836 | 85 | 793 |
| 1985 | 25561 | 5204 | 21782 | 4130 | 120 | 1902 | 226 | 1381 |
| 1990 | 34936 | 7819 | 32264 | 7161 | 152 | 4150 | 321 | 1887 |

ئىزاھ: مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

1) ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ۋىلايەت بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كۆپ قېتىملىق ئىشچىلار قۇرۇلتايلىرى ئارقىلىق، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قا پائال قاتنىشىشقا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشقا، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەشكىللىدى. 1962 – 1990- يىلىغىچە، ئۈچ ناھىيە (شەھەر) لىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تۆتتىن بەش قېتىمغىچە ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2) ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئوخشاش ئىش تۈرى، ئوخشاش كەسىپلەر بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىش تەرتىپىنى زىچ باغلاش ۋە ماسلاشتۇرۇش، بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ كەسىپ ۋە كۆرسەتكۈچلىرىدە تولۇق ئۆلچەمگە يېتىش، زاۋۇتلار ئارا ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىلىرىنى قانات يايدۇردى. 1956- يىل 2- ئايدا، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدا قارار چىقاردى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە 17 ئورۇندىن 1762 ئىشچى - خىزمەتچى ئەمگەك مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاشيول باشقۇرۇش ئۆچاستكىسىنىڭ يول تۈزلەش ئىش ئۈنۈمى 850 كۋادرات مېتىردىن 4250 كۋادرات مېتىرغا، ئېگىز- پەس يوللارنى تەكشىلەش ئۈنۈمى 160 كۋادرات مېتىردىن 275 كۋادرات مېتىرغا، توپا ئىتتىرىش ئۈنۈمى يەتتە كۇب مېتىردىن 12.5 كۇب مېتىرغا يەتتى. 1961 – 1965- يىلىغىچە، سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش، ئېشىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى. تۆمۈريول قۇرۇلۇش 1- باشقارمىسى 1- ئايدىن 3- ئايغىچە پىلاننى ئايمۇ ئاي ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، 1- پەسىلدىكى پىلان 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 655 مىڭ 400 يۈەن ئورۇندىدى؛ تارانچى خۇگۇ كۆمۈر كانىدىكى بىر گۇرۇپپا 1- پەسىللىك كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى پىلاندىن 1605 توننا ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. 1979- يىلى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 68 مىڭ 700 يۈەن ئورۇندىلىپ 1977- يىلدىكىدىن 8.27% ئاشتى. 1984- يىلى، تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ياز پەسىللىك تۇز سۈزۈش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 133 مىڭ تونىنغا يېتىپ، قىممىتى 15 مىليون يۈەندىن ئاشتى. قۇمۇل شەھىرى تېخنىكىدىن ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1- ئايدىن 9- ئايغىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 440 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.17% ئاشتى. 1987- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 2- قېتىملىق چوت سوقۇش، خەت ئۇرۇش، كاتىپلىق، پۇل ساناش، يېمەكلىك ئوراپ- قاچىلاش، ئاشپەزلىك قاتارلىق جەھەتتە كەسپىي تېخنىكا ماھارىتى كۆرسىتىشكە تەشكىللىدى، 94 ئورۇندىن 156 ماھىر مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، بۇنىڭدىن 32 سى نەتىجىگە ئېرىشتى ھەمدە ۋىلايەت بويىچە «كەسپىي تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى تۇز سۈزۈشنىڭ مولچىلىق مەزگىلىدە 50 كۈن قاتتىق ئىشلەپ، تۇز مەھسۇلاتىنى ئەسلىدىكى پىلاندىن 40 مىڭ توننا ئاشۇردى، سىرتقا 50 مىڭ توننا كۆل تۇزىنى ئارتۇق يۆتكىدى. يىللىق پايدا – باج 4 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كەڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بېرىش، تېخنىكا يېڭىلاش قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى ۋە سەپەرۋەر قىلدى. 1959- يىلى،

قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 1346 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپ بەردى، بۇنىڭ 556 تۈرى قوبۇل قىلىنىپ، ئىش ئۈنۈمى 25% ئاشتى. مىتال ئېرىتىش پېچىدا تېخنىكا يېڭىلانغاندىن كېيىن، تۆمۈر ئېرىتىش نىسبىتى سائىتىگە 2.5 توننىدىن تۆت تونىنغا، تېمپېراتۇرىسى 1280℃ تىن 1320℃ قا يېتىپ، ئىش ئۈنۈمى 70% ئاشتى. 1960- يىلى، قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى 120 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپ بەردى. بۇنىڭ 86 تۈرى قوبۇل قىلىنىپ، يولغا قويۇلۇپ، مەھسۇلات 175 مىڭ يۈەن ئاشتى، 47 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى.

1982 – 1984 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى- خىزمەتچىلەر 1339 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىپ، 348 تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قىيىن ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، كارخانىلارنى جانلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت پىلانىنى ئورۇنداشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بېرىلگەن 1395 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپتىن 863 تۈرى قوبۇل قىلىنىپ، 499 مىڭ 600 يۈەن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىلدى. 83 تۈرلۈك تېخنىكا يېڭىلىنىپ، 2 مىليون 130 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىلدى؛ ئورۇنلار بەرگەن 1847 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپتىن 935 تۈرى قوبۇل قىلىنىپ، 575 تۈرى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 135 تۈرى 560 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. 48 تۈرى مۇكاپاتلاندى.

3) **تېخنىكا ھەمكارلىقىغا تەشكىللەش** 1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىككى ھەمكارلىق تەشكىلاتى (مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 10 خىزمەتچى خادىمى بار)، 13 مەخسۇس كېڭەيتىش ئەترىتى (56 ئەترەت ئەزاسى بار)، بىر تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پونكىتى (مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بىر خىزمەتچى خادىمى بار) قۇرۇلدى، ئىككى ھالقىلىق تېخنىكا تۈرى ئۆتكىلى بۆسۈپ ئۆتۈلدى. 20 قېتىم تېخنىكا ماھارىتى كۆرىستىلدى (ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار 1858 ئادەم - قېتىم)، 59 قېتىم تېخنىكا لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى (لېكسىيە ئاڭلىغانلار 2367 ئادەم - قېتىم)، 11 تۈرلۈك تېخنىكا كېڭەيتىلدى. 1986- يىلى، مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 95 خىزمەتچى خادىم، تۆت مەخسۇس كېڭەيتىش ئەترىتى (ئەترەت ئەزاسى 37)، 12 تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پونكىتى بولۇپ،، 138 قېتىم تېخنىكا لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، 4220 ئادەم (قېتىم) لېكسىيە ئاڭلىدى. توققۇز تېخنىكا كېڭەيتىلىپ، 2 مىليون 730 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. 1989- يىلى، تېخنىكا ھەمكارلىق ھەققى مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تۆت ئورۇن تىجارەت گۇۋاھنامىسى ئالدى. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 301 ئەزاسى بولۇپ، 20 تۈر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 173 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يۇقىرىغا 4434 يۈەن باج تاپشۇرۇلدى. 19 مىڭ 500 يۈەندىن كۆپرەك ساپ كىرىم قىلىندى. 1990- يىلى، پۈتۈشۈش سوممىسى 192 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يۇقىرىغا 6200 يۈەندىن كۆپرەك باج تاپشۇرۇلدى، 12 مىڭ 800 يۈەن ساپ كىرىم قىلىندى.

4) **ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش** 1953- يىلى، قۇمۇلدىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا ئەمگەك سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلدى. 1958- يىلى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى 1387.23 يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتىسى پۇلى تاپشۇردى. قۇمۇل يول ئاسراش ئۆچاستكىسى ئەپىقە بېرىش، دەپنە قىلىش، تۇغۇت، دەم ئېلىش قاتارلىق خىراجەتلەرگە 1677 يۈەن چىقىم قىلدى. 1959- يىلى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ھەر خىل ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتىگە 3024 يۈەن چىقىم قىلدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ خىزمەت كومىتېتى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش، دەپنە ۋە تۇغۇت قاتارلىق ئىشلىرىغا 15 مىڭ 958 يۈەن چىقىم قىلدى. تارانچى كۆمۈر كانى قۇدۇق قۇرۇلۇشى باشقارمىسى بىر يىلدا 3750 يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتىسى پۇلى چىقىم قىلدى؛ 1960 – يىلى قۇمۇل يول ئاسراش ئۆچاستكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمگەك سۇغۇرتىسى ئۈچۈن 4557 يۈەن چىقىم قىلدى؛ قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىدا 2909 كىشى ئەمگەك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. بىر يىل جەريانىدا 218 كىشى ئەمگەك سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى، جەمئىي 1120 يۈەن چىقىم قىلىندى؛ تۆمۈريول 1- قۇرۇلۇش باشقارمىسىدا 1023 ئىشچى- خىزمەتچى ئەمگەك سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولدى، جەمئىي 39 مىڭ 673

مىڭ يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتىسى پۇلى چىقىم قىلىندى، تۆمۈريول قۇيۇلما زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقىغا ئاجراتقان ھەر خىل ئەمگەك سۇغۇرتىسى سوممىسى 166 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 81.12 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1964- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە 21 ئورۇندىن 12 مىڭ 365 ئىشچى- خىزمەتچى ئەمگەك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.

قۇمۇل ۋىلايى بويىچە 1984 – 1990 - يىللىقىچە ئەمگەك سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 21 – 2

| تۈرى / يىللار | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورۇنلار | | | | | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئورۇنلار | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاساسىي قاتلامدىكى ئورۇنلار | ئىشچى- خىزمەتچى | پېنسىيىگە چىققانلارنى باشقۇرۇش گورۇپپىسى | پېنسىيىگە چىققان ئىشچى- خىزمەتچى | دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى- خىزمەتچى | ئاساسىي قاتلامدىكى ئورۇنلار | ئىشچى- خىزمەتچى | پېنسىيىگە چىققانلارنى باشقۇرۇش گورۇپپىسى | پېنسىيىگە چىققان ئىشچى- خىزمەتچى | دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى- خىزمەتچى |
| 1984 | 169 | 21424 | | 2141 | | 19 | 1250 | | 119 | |
| 1985 | 192 | 23250 | 28 | 2069 | 276 | 34 | 2311 | 3 | | |
| 1986 | 156 | 24964 | 33 | 2920 | 305 | 22 | 2536 | 2 | 285 | 12 |
| 1987 | 210 | 24107 | 38 | 2807 | 332 | 35 | 2732 | 2 | 312 | 11 |
| 1988 | 240 | 26580 | 41 | 3035 | 455 | 35 | 2493 | 2 | 326 | 19 |
| 1989 | 257 | 38310 | 42 | 3325 | 430 | 38 | 3141 | 2 | 383 | 18 |
| 1990 | 283 | 32099 | 45 | 3103 | 411 | 38 | 2837 | 7 | 416 | 30 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەل ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق 12 ئورنىنى، 15 مىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

بۇ جەدۋەلدىكى ئىشچى- خىزمەتچى سانى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5) مەدەنىيەت، تېخنىكا تەربىيىسى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى (تەپسىلاتى «مائارىپ قىسمى»، «مەدەنىيەت قىسمى» غا قارالسۇن).

6) تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش 1959- يىلى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تەنتەربىيە كادىرلىرى سەپلىنىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تەنتەربىيە

ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق تەشكىلاتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئىتتىپاق خىزمىتىگە سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلات گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى.

1973- يىل 7- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 286 كىشى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 146. قۇرۇلتايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 29 ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. كومىتېت 10 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىر شۇجى، ئۈچ مۇئاۋىن شۇجىنى سايلاپ چىقتى. 1976- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ناھىيىلىك كومىتېتى، 31 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى، 929 ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1985- يىل 10- ئايدا، ياش زىيالىيلار بىرلەشمە تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1986- يىل 2- ئايدا، جۇڭگو ئۆسمۈرلەر ئاۋانگارت ئەترىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى، ھەربىي قىسىملار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

**2) ناھىيە (شەھەر) لىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى** 1950- يىل 8- ئايدا ۋە 1951- يىل 7- ئايدا، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى باركۆل ناھىيىلىك، قۇمۇل ناھىيىلىك ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتلىرى ئارقا ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1954- يىل 1- ئايدا، 1954- يىل 6- ئايدا ۋە 1957- يىل 6- ئايدا، ئۈچ ناھىيىلىك كومىتېتلىرى تۇنجى نۆۋەتلىك ناھىيىلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىپ، شۇ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى سايلاپ چىقتى. 1957- يىلى، ئۈچ ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1977- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قۇمۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1990- يىلىغا قەدەر، قۇمۇل ناھىيىسى بەش قېتىم، باركۆل ناھىيىسى سەككىز قېتىم، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئالتە قېتىم، قۇمۇل شەھىرى قېتىم ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئاچتى.

**3) مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ ئىتتىپاق كومىتېتلىرى**

**(1) تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتى** 1959- يىل 2- ئايدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل تۆمۈريول خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. 1963- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل تۆمۈريول رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى قۇرۇلدى. 1977- يىل 5- ئايدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل تۆمۈريول خىزمەت كومىتېتى قايتىدىن تەشكىللەندى. 1982- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل تۆمۈريول رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شۆبە ئىدارە ئىتتىپاق كومىتېتىغا قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 19 غا، باش ياچېيكا بەشكە، ياچېيكا 10 غا، ئىتتىپاق ئەزاسى 4316 غا يەتتى.

**(2) قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتى** 1959- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل كۆمۈر كان قۇرۇلۇشى تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى ئىتتىپاق كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۈچ باش ياچېيكا، يەتتە ياچېيكا بولۇپ، 115 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بار ئىدى. 1980- يىل 12 - ئايدا نامى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى توقۇز ئىدى. 1990- يىلى، كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتىغا قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 10 غا، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 11 گە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 167 گە، ئىتتىپاق ئەزاسى 2725 كە يەتتى.

(3) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتى 1950- يىلىنىڭ بېشىدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسى ياشلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1952- يىلى ياشلار بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىتتىپاق خىزمىتىگە تەشكىلات بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1953- يىلى، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قۇرۇلدى، ئىتتىپاق خىزمىتىگە سىياسىي بۆلۈمدىن مەخسۇس كىشى مەسئۇل بولدى. 1957- يىل 1- ئايدا، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قىزىليۇلتۇز باش مەيدانىغا قىسقارتىلىپ، مۇناسىپ ھالدا يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قىزىليۇلتۇز باش مەيدانى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. 7- ئايدا، نامى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قىزىليۇلتۇز باش مەيدانى خىزمەت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1959- يىلى، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1963- يىل 2- ئايدا، يېزا ئىگىلىك 5- شىسى بورتالا ئوبلاستىغا كۆچۈرۈلۈپ، قۇمۇلدا باشقارما تەسىس قىلىندى. 1975- يىل 5- ئايدا، باشقارما ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1975- يىل 5- ئايدىن 1982- يىل 4- ئايغىچە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتى تەسىس قىلمىدى، ئىتتىپاق خىزمىتىگە ئىدارە تەشكىلات كادىرلار بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1981- يىل 12- ئايدا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى دېگەن نامى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1959- يىل 1- ئايدىن 1982- يىل 3- ئايغىچە، ئىتتىپاق خىزمىتىگە ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى (1959- يىل 1- ئايدىن 1982- يىل 3- ئايغىچە ئىتتىپاق خىزمىتى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە بولدى). 1984- يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى كومىتېتى قۇرۇلدى ھەم مەيدان (زاۋۇت) ئىتتىپاق كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1985- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىپ، بۇ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتى قارىمىقىدا 15 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى، 12 ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى، 225 ئىتتىپاق ياچېيكىسى بولۇپ، ئىتتىپاق ئەزاسى 4201 گە يەتتى.

2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قانات يايدۇرغان ئاساسلىق پائالىيەتلەر:

1) **ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا ئەزا قوبۇل قىلىش** 1950- يىلىنىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەت بويىچە 88 ئىتتىپاق ئەزاسى بار ئىدى؛ 1952 – 1953 - يىللىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋىلايەت بويىچە ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا 1115 ئىتتىپاق ئەزاسى قوبۇل قىلىندى. 1959- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىتتىپاق ئەزاسى 5105 كە؛ 1961- يىلى 6065 كە؛ 1964- يىلى 5426 كە؛ 1974- يىلى 14 مىڭ 750 كە؛ 1980- يىلى 19 مىڭ 494 كە؛ 1984- يىلى 17 مىڭ 500 گە؛ 1990- يىلى 19 مىڭ 179 غا يەتتى.

2) **خالىس ئەمگەككە قاتنىشىش، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش**

(1) **ئورمان بىنا قىلىش زەربىدارلار پائالىيىتى** 1951- يىلى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئورمان بىنا قىلىشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 1956- يىلى، ياش زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللىنىپ، 57 مو يەرگە 720 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت تىكتى، 232 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 1958 – 1960 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە 74 مىڭ مو ئورمان بىنا قىلىندى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي كۈچ كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار بولدى. 1980- يىلى، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى مەملىكەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر ئورمان بىنا قىلىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياش ئۆسمۈرلەرنى يېتەكلەپ، كەڭ كۆلەمدە ئورمان بىنا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە ياش ئۆسمۈرلەر 1 مىليون 156 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، 113 مو يەردە ياشلار ئورمىنى بىنا قىلدى

(جەمئىي 59 مىڭ 800 تۈپ)، 67 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، «ياشلار ئورمىنى»، «تۆت ئەتراپنى ئورمانلاشتۇرۇش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، نوقۇل كۆچەت تىكىشتىن ئوت-چۆپ، گۈل ئۆستۈرۈش، كىچىك گۈللۈك ياساشقا تەرەققىي قىلدى. 1989-يىلدىن باشلاپ يەنە ياش ئۆسمۈرلەر كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرى رايونىدا تۇنجى ياشلار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلدى.

(2) **يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى (ئەترىتى) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش** 1978-يىلى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئارىسىدا «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى (ئەترىتى) بولۇشتا بەسلىشىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مۇسابىقە كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىپ، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 12-ئاينىڭ 3-كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تۇنجى قېتىملىق «ياش زەربىدارلار ئەترىتى» ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا بەش ئىلغار كوللېكتىپ، 26 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. 1979-يىلى، ۋىلايەت بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇلدى ھەم مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «يۈز يۈەن تۆھپە قىلىش» پائالىيىتىنىڭ كۆرسەتكۈچىنى ھەر بىر ئىتتىپاق ياچېيكىسى، ئىتتىپاق ئەزاسى، ياشلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى «ئوننى تېجەش» (بىر تامچە بېنزىن، بىر تامچە سۇ، بىر سۇڭ ماتېرىيال، بىر كىلوۋات سائەت توك، بىر گۈرجەك كۆمۈر، بىر پارچە خىش، بىر تال ۋىنتا، بىر سائەت ۋاقىت، بىر تال تاياق، بىر باغلام يىپ) تېجەش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئىدارە بويىچە ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار 150 توننا كېرەكسىز تۆمۈرنى يىغىۋالدى. 1566 ئەمگەك كۈنىنى خالىسانە تەقدىم قىلىپ، 74.5 كۇب مېتىر شىپال، 1742 كىلوگرام ملتىق دورىسى، 627 كان ۋاگونى كۆمۈرنى تېجەپ قالدى، 580 دىن كۆپرەك كونا، كېرەكسىز ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، جەمئىي 79 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغنى تېجەپ قالدى. يامانسۇ كان ئىتتىپاق كومىتېتى 13 تۈر بويىچە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر يىلدا دۆلەت ئۈچۈن 160 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي قىممەتنى ئارتۇق ياراتتى. تۆرۈك سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان ياشلار جاپادىن، خېيىمخەتەردىن قورقمىدى. قۇرۇلۇش جەريانىدا سەككىز ياش شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، 483 ئىتتىپاق ئەزاسى، ياش خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، 41 كىشى 1-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، سەككىز كىشى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. شۇ يىلى 10-ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىپ، 105 يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى، 76 يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلار ئەترىتىنى تەقدىرلىدى ۋە ئۇلارغا نام بەردى. 1980 – 1981-يىللىرى، يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى بولۇشتا بەسلىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى بولۇشتا بەسلىشىش بىلەن «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى ئىستىل تىكلەش» پائالىيىتى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇسابىقە مەزمۇنى بېيىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 90 لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. 17 يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى ئەترىتى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە تەڭ دەرىجىلىك ئورۇننىڭ، 41 كىشى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئۇنىڭغا تەڭ دەرىجىلىك ئورۇننىڭ تەقدىرلىشى ۋە نام بېرىشىگە ئېرىشتى. 1982-يىلى، ۋىلايەت بويىچە 436 يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى (ئەترىتى) گە نام بېرىلدى ۋە تەقدىرلەندى. 1983-يىلى، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 1300 كىلوگرام ئۇرۇقلۇق بۇغداي ياردەم قىلدى، 339 مو يېرىنى تېرىپ بەردى، 1115 كۇب مېتىر ئوغۇت توپلاپ توشۇپ بەردى. قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسى، تۆز خىمىيە سانائىتى باش مەيدانى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى

زاۋۇتى قاتارلىق ئالتە ئورۇندىن 48 ياشلار ئىسمىدا. گورۇپپىسى، 890 كىشى ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان «ياشلار ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئىسمىدا. گورۇپپىسى» بەرپا قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى. مۇسابىقە جەريانىدا بىر تۈركۈم ئاكتىپلار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، ۋىلايەتلىك تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ياش توك ئىشچىسى جاۋ گۇاڭگىنىڭ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ «ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ ئارقىلىق پار قازىنىنىڭ كۆمۈر سەرپىياتىنى ئاپتوماتىك ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى» نى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، بىر يىلدا 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 420 توننا كۆمۈرنى تېجەپ، 1985- يىلى « يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» بولۇپ باھالىنىپ، «چېكرادىكى مۇنەۋۋەر ئوغۇل- قىزلارغا مېدال ئېلىش» پائالىيىتىدە كۆمۈش مېدالغا ئېرىشتى. 1987- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى بىر تۈركۈم ياش زەربىدارلار ئەترىتى (زەربىدارلار) نى تەقدىرلىدى ۋە ئۇلارغا نام بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئىككى يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلار ئەترىتى، يەتتە ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى بار.

(3) ھەر خىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ۋەزىپىسىگە ماسلىشىپ، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە يېتەكلەپ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش، بەشتە ياخشى ئىسمىدا. گورۇپپا، لېي فېڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار ئىسمىدا. گورۇپپا، مەدەنىيەتلىك ـ ئەدەبلىك ئىسمىدا ـ گورۇپپا بەرپا قىلىش ۋە مۇنەۋۋەر ئىسمىدا ـ گورۇپپا بەرپا قىلىشتا بەسلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1953- يىلى، كومسومولنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە يېتەكلەپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلارغا ئومۇمنىڭ مال- مۈلكىنى ئاسراش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش؛ يېزا ياشلىرىغا ئاشلىقنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش؛ كارخانا ياشلىرىغا كۆرسەتكۈچ بېكىتىش، مۇۋاپىق تەكلىپ- پىكىر بېرىش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، ھادىسىنى ئازايتىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

1959- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە 80% ئىتتىپاق ياچېيكىسى «بەشتە ياخشى» ياچېيكا بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇنىڭ تەشكىلىي قىزىل بايراق زەربىدارلىرى، ياشلار نازارەتچىلىك ئورنى، بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش ئەترىتى، ياشلار ئىقتىسادچانلىق ئەترىتى، ئۇزۇن سەپەر ئوغۇت توپلاش ئەترىتى، تېخنىكا گورۇپپىلىرى قاتارلىق تەشكىلىي شەكىللىرى بولۇپ، يەنە «300 توننا كۆمۈر ئۈچۈن جاپالىق جەڭ قىلايلى» قاتارلىق شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە 63 «بەشتە ياخشى» ئىتتىپاق ياچېيكىسى، 530 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى، 652 ياشلار قىزىل بايراق زەربىدارى بارلىققا كەلدى. 1960- يىلى، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت ياشلىرىنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا پائال ئاتلىنىشقا تەشكىللىدى ۋە يېتەكلىدى. ۋىلايەت بويىچە 3514 ياش سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باركۆل ناھىيىسىدە 2094 ياش «ئىتتىپاق» سۇ ئامبىرىنى ياساشقا قاتناشتى. 64 كۈن جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، سۇ ئامبىرى مۆددەتتىن بۇرۇن پۈتۈپ، سۇغىرىش كۆلىمى 30 مىڭ مو كۆپەيدى؛ يېزىلاردىكى 6488 ياش ئوغۇت توپلاشقا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باركۆل ناھىيىسىدىن 3608 ياش جەمئىي 275 مىليون كىلوگرام ئوغۇت توپلىدى؛ يەنە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە 179 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بوز يەر ئېچىش، ئۇزۇن سەپەر ئەترىتى توغۇچى گۆڭشىسىدا 3000 مو بوز يەر ئاچتى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئېتىز پەرۋىشى ۋە يازلىق، كۈزلۈك يىغىم جەريانىدا زەربىدارلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، زەربىدارلار ھەرىكىتىگە قاتناشتى. باركۆل، قۇمۇل ناھىيىلىرىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، يازلىق، كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدىلا 413 ياش «ياشلار ئۈلگىسى»، «قىزىل بايراقدار» بولۇپ باھالانغان. 1961- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 344 ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ 307 سى «قوش بەشتە ياخشى» (بەشتە ياخشى ياچېيكا، بەشتە ياخشى ياش)

پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ پائالىيەتكە تەخمىنەن 20 مىڭ ئىتتىپاق ئەزاسى قاتناشتى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەردىن 1716 «بەشتە ياخشى» ياش سايلاپ چىقىلدى. 1962 – 1966- يىللىرىچە، «قوش بەشتە ياخشى» ۋە «تۆتتە ياخشى» ياشلار ئۈلگىسى پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت ئىككى قېتىم «بەشتە ياخشى ياچېيكا» ۋە «تۆتتە ياخشى» ياش ئۈلگىلەرگە نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى. 1977- يىل 3- ئايدا، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى 680 «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1979- يىلى، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى ئىستىل تىكلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 1982- يىلىغىچە يەنە «مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇش» ھالىتى تەرتىپكە سېلىندى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە 1227 «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» گۇرۇپپىسى، 160 مىڭ ئادەم (قېتىم) 118 مىڭ تۈرلۈك ياخشى ئىش قىلىپ، 43 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئەخلەتنى تازىلىدى. 297 ھاجەتخانا ۋە تەخمىنەن 1 مىليون 100 مىڭ كۋادرات مېتىر تامنى ئاقارتتى، 114 مىڭ مېتىر يول ياسىدى، 925 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، 7500 تەشتەك گۈل ئۆستۈردى، 875 كۋادرات مېتىر يەرگە ئوت- چۆپ تېرىدى. قۇمۇل شەھىرى سەككىز ئىتتىپاق كومىتېتى تازىلىق رايونى ۋە قىزىل گالستۇكلۇقلار تازىلىق رايونى بەرپا قىلدى. قىزىل گالستۇكلۇقلار قاتناشنى ئۇزاق مەزگىللىك نازارەت قىلىش ئورنى تەسىس قىلدى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 32 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 129 ئىلغار شەخسنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى.

1983 – 1985- يىللىرىچە، مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى جەريانىدا «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى» ۋە خەلق ئۈچۈن ھەر خىل مۇلازىمەت قىلىش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈچ يىل جەريانىدا، ۋىلايەت بويىچە 101 مىڭ ياش مۇھىت تازىلىقى پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، كوچا قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى، 15 مىڭ ياش خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، 1985- يىلدىلا 731 ۋېلسىپىت، توققۇز موتسىكلىت، 11 تېلېۋىزور، 18 ئۈنئالغۇنى رېمونت قىلدى. 121 ئادەمنىڭ چېچىنى ياساپ قويدى، 7620 كۇب مېتىر ئەخلەتنى تازىلىدى، 2692 تۈپ كۆچەت تىكتى. يەنە «ياش ئىشچىلار تېخنىكا ماھارەت كۆرسىتىش»، «ھەر ساھە ماھىرلىرى مۇسابىقىسى»، بەش كىچىك كەشپىيات مۇسابىقىسى «ياشلار ئىسمىنا- گۇرۇپپىلىرى مۇسابىقىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى «بىر ئىتتىپاق، بىر ئەترەت، ئۈچ ئائىلە» (بىر ئىتتىپاق ياچېيكىسى، بىر ياش زەربىدارلار ئەترىتى، ئۈچ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىش) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى.

1986 – 1990- يىللىرىچە، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئۆز خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «ياش ئىشچىلار تېخنىكا ماھارەت كۆرسىتىش»، «ئۆلچەمگە يېتىش ئىرادىسى تىكلەش» قاتارلىق ھەر خىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. كارخانىلاردا 1987- يىلى «مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش، كىشى بېشىغا 100 يۈەندىن پايدا يارىتىش» نى ئاساسىي تېما قىلغان «تۆھپە يارىتىپ ئىگىلىك تىكلەش لوگقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى»، «زاۋۇت باشلىقىغا بىر تەكلىپ بېرىمەن»، «ئىشتىن سىرت تۇز سوزۇپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مۇسابىقىسى»، «ئىككىنى ئاشۇرۇپ، ئىككىنى تېجەش»، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 1987- يىلى، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، تۇز زاۋۇتى 1- ئەترىتىنىڭ ئالتە ئىسمېنىسىدىكى 61 ياش ئىشچى 48 كۈنلۈك تۇز سوزۇش مۇسابىقىسىدا 620 مىڭ توننا تۇزنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ سوزۇپ، كىشى بېشىغا 2540 يۈەندىن جەمئىي 140 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. ۋىلايەتلىك 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى ياش ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، سەككىز تۈردە تېخنىكا ئىگىلەپ، 41 مىڭ يۈەن مەبلەغنى تېجەپ

قالدى. يىل ئاخىرىدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ۋىلايەت بويىچە 72 كارخانىدا 35 ياشتىن تۆۋەن 10 مىڭ 862 ئىشچى بولۇپ، 54 كارخانا، 7603 ياش ئىشچى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، جەمئىي 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن قىممەت ياراتتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ياش ئىشچىلار كىشى بېشىغا 150 يۈەندىن پايدا ياراتتى. بەش ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» تىكى ئىلغار كارخانا ئىتتىپاق كومىتېتى، بىر ياشلار ئىسىمىنىسى مۇنەۋۋەر ياشلار ئىسمىنا. گۇرۇپپىسى بولۇپ باھالاندى. 1988 – 1990 - يىلىغىچە، ھەر خىل مۇسابىقىلەردە ۋىلايەت بويىچە 90 دىن كۆپرەك ئىتتىپاق ئەزاسى، ياش ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەرلىك) لىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا، بەش ئىلغار كوللېكتىپ، ئۈچ ئىلغار شەخس ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

3) مەدەنىيەت- تېخنىكا ئۆگىنىشكە قاتنىشىش (تەپسىلاتى «مائارىپ قىسمى» غا قارالسۇن).

4) پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قۇرۇلۇپلا، ئۆسمۈر بالىلار خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. 1986- يىل 2- ئايدا، جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پىئونېرلار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى.

1950- يىل 10- ئايدا، بىر قىسىم مەكتەپلەر ئۆسمۈر بالىلار ئەترىتىنى قۇرۇشنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئۇقتىلىق قانات يايدۇردى. 1951- يىل 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 1-، 2- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۆسمۈر بالىلار ئەترىتى قۇرۇلدى. ئەترەت ئەزاسى 129 بولۇپ، ئىككىنچى يىلى 330 غا يېتىپ، ناھىيە بويىچە مەكتەپلەردىكى ئەترەت يېشىدىكى بالىلارنىڭ 25% نى ئىگىلىدى. 1953- يىل 6- ئايدا، ئۆسمۈر بالىلار ئەترىتىنىڭ نامى پىئونېرلار ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1954- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 798 پىئونېر بولۇپ، 1956- يىلىغا كەلگەندە 1472 گە يەتتى. 1963- يىلى 6420 پىئونېر بولۇپ، 1966- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، كۆپ ساندىكى ئۆسمۈر پىئونېرلار ئەترىتىگە قاتناشتى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ئورنىنى «كىچىك قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتى ئىگىلىدى. 1976- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە 66 مىڭ 273 ئۆسمۈر بالا ئىچىدە 22 مىڭ 319 ى كىچىك قىزىل قوغدىغۇچى بولدى. 1978- يىلى، پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەردىكى «كىچىك قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1982- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 57 مىڭ ئۆسمۈر بالىنىڭ 70% ى قىزىل گالىستۇك تاقىدى. 1988- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە 24 مىڭ 348 ئۆسمۈر بالىنىڭ 22 مىڭ 420 سى پىئونېر، 1152 سى پىئونېرلار تەربىيىچىسى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 20 سى مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تەربىيىچى، 18 ى مەكتەپ سىرتىدىن تەكلىپ قىلىنغان تەربىيىچى.

پىئونېرلار ئەترىتى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان پائالىيەتلەرنى دائىم قانات يايدۇردى. 1954- يىلى «بەشنى سۆيۈش» (ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پەننى، ئومۇمنىڭ مال- مۈلكىنى سۆيۈش) تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. 1959- يىلى «ئۈچ مول ھوسۇل (كىتاب ئوقۇش، ئەمگەك، ئىدىيە) نى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيىگە سوۋغا تەقدىم قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1963- يىلى «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش»، نامرات ئائىلىلەرنى يوقلاش، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بەختنىڭ قەدرىگە يېتىش، يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەتنى سېلىشتۇرۇش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە» لەرگە ياردەم بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىندى. 1978- يىلىدىن كېيىن، «بەشنى سۆيۈش» تەربىيىسى ۋە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى ئىستىل تىكلەپ، ئۈچتە ياخشى (ئۆگىنىشتە، سالامەتلىكتە، ئەخلاقتا ياخشى) بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش»، «ئورمان بىنا قىلىپ، ۋەتەننى كۆكەرتىش»، «جاڭ خەيدىدىن ئۆگىنىپ، كوممۇنىزملىق كىشىلىك

تۇرمۇش قارىشى تىكلەش»، «كىچىك ئوت- چۆپ تېرىغۇچى، كىچىك باغۋەنچى، كىچىك پەن تەتقىقاتچى، كىچىك ماھىر، كىچىك ياردەمچى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. 1986- يىلى، «ھايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇش»، قانۇن- تۈزۈم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. 1987- يىلى «قىزىل گالستۇكلۇقلار كىتاب- گېزىت ئوقۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «ھېكايە پادىشاھى» نى تاللاش مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللىدى. 1988- يىلى «ئەڭ ياخشى ئەترەت كۈنى» پائالىيىتى مۇسابىقىسىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە 115 ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 112 سىدە پىئونېرلار ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەردىكى 24 مىڭ 348 ئۆسمۈرنىڭ 22 مىڭ 420 سى پىئونېر بولدى، 1152 سى پىئونېرلار يېتەكچىسى بولدى. 1989- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە مەملىكەتلىك «ئون ياخشى پىئونېردىن ئۆگىنىش» تېمىسىدىكى ئەڭ ياخشى ئەترەت يىغىنى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 18 ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپتىن كەلگەن 3000 ئۆسمۈر بالا مۇسابىقىگە قاتناشتى، قۇمۇل شەھەرلىك 4- باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەر «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ياخشى بالىسى بولۇش»، قىزىل گالستۇكلۇقلار كىچىك نىشان تېمىسىدىكى ئەترەت كۈنى مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 3- ئايدا، 1300 ئۆسمۈر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، لېي فېڭنى مەدھىيىلەپ، كوممۇنىزم ئىزباسارلىرىدىن بولايلى» دېگەن ئاساسىي تېمىدا ئۆتكۈزگەن ئەترەت يىغىنىغا قاتناشتى. 6- ئاينىڭ 1- كۈنى، يەنە «لېي فېڭ، لەي نىگدىن ئۆگىنىش» تېمىسىدىكى ناخشا مۇسابىقىسى، «لەي نىگدىن ئۆگىنىش ھېكايە پادىشاھى» مۇسابىقىسى، «لەي نىگدىن ئۆگىنىش تېمىسىدىكى ئەترەت كۈنى» نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەت بويىچە لەي نىگدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. 10 پىئونېر مەملىكەت بويىچە لەي نىگدىن ئۆگىنىشتىكى مۇنەۋۋەر پىئونېر دېگەن نامغا ئېرىشتى. 55 پىئونېرلار چوڭ، ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن لەي نىگدىن ئۆگىنىشتىكى مۇنەۋۋەر ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

**ۋىلايەتتىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ 1980 – 1990 – يىللىرىغىچە بولغان ئەھۋالى**

جەدۋەل: 21 – 3

| تۈرى / يىللار سانى | ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتلىرى | ئىتتىپاق ياش ياچېيكىلىرى | ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى | ئەق ئىتتىپاق ئەزاسى: ئومۇمىي سانى | قىز ئىتتىپاق ئەزاسى | ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزاسى: جەمئىي | قىز ئىتتىپاق ئەزاسى | يېشى توشۇپ كېتىپ ئىتتىپاقتىن چېكىنگەنلەر | پارتىيىگە كىرگەن ئىتتىپاق ئەزاسى | ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەنلەر: جەمئىي | ئىتتىپاقتىن چەتلەشتۈرۈلگەنلەر | باشقا سەۋەبتىن ئىتتىپاقتىن چېكىنگەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 57 | 118 | 1322 | 19494 | 3605 | 5956 | 3225 | 1517 | 1775 | 98 | 8 | | 43 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 57 | 173 | 1212 | 20098 | 8832 | 6361 | 3476 | 1689 | 1964 | 139 | 17 | 11 | 94 |
| 1982 | 48 | | 1206 | 17129 | 7932 | 5514 | 1862 | 953 | 1249 | 72 | 22 | 6 | 186 |
| 1983 | 50 | 159 | 1187 | 17435 | 7870 | 5247 | 1825 | 872 | 730 | 56 | 24 | 13 | 13 |
| 1984 | 56 | 162 | 1236 | 17500 | 8696 | 5580 | 2382 | 931 | 846 | 63 | 32 | 15 | 117 |
| 1985 | 56 | 104 | 1029 | 18461 | 6907 | 5741 | 2132 | 1007 | 794 | 160 | 22 | 3 | 61 |
| 1986 | 72 | 159 | 1242 | 20433 | 8966 | 6094 | 2564 | 984 | 924 | 197 | 20 | 7 | 43 |
| 1987 | 74 | 204 | 1305 | 21749 | 10025 | 6910 | 3259 | 1531 | 1250 | 305 | 32 | 10 | 198 |
| 1988 | 69 | 182 | 1057 | 21891 | 12583 | 6270 | 2403 | 1169 | 1344 | 191 | 17 | 7 | 44 |
| 1989 | 58 | 143 | 1205 | 17378 | 8048 | 4832 | 1653 | 1074 | 1723 | 156 | 13 | 4 | 62 |
| 1990 | 63 | 128 | 1272 | 19179 | 9131 | 5676 | 1878 | 924 | 1459 | 157 | 12 | 3 | 63 |

**[قوشۇمچە] ياشلار مۇلازىمەت كوپېراتىپى**

1988- يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار مۇلازىمەت كوپېراتىپىنى قۇردى. بۇ كوپېراتىپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ، قارمىقىدا «چىگداۋ سوغۇق ئىچىملىك قەھۋەخانىسى»، «چىگداۋ ئۈنئۈپرسال رېمونتخانىسى»، «يەرلىك مەھسۇلاتلار تىجارىتى مۇلازىمەت ئورنى»، «مەدەنىيەت- كىتاب بۆلۈمى» ۋە «گۈزەل سەنئەت زىننەتلەش ئورنى» قاتارلىق ئورۇنلار بار.

1989- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار مۇلازىمەت كوپېراتىپىنى ماددىي يۆلەنچۈك قىلغان «قۇمۇل ۋىلايەتلىك ياشلار كۇلۇبى»، «ياشلار كىتاب ئوقۇش جەمئىيىتى» نى قۇردى. 1990- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ياشلار مۇلازىمەت كوپېراتىپىنى ئاساس قىلغان، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزىنى قۇردى، قارمىقىدا ئېيۇرغول ناخشا- ئۇسسۇل زالى، ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش زالى ۋە سوغۇق ئىچىملىك دۇكىنى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى. بۇ مەركەز نورمال تىجارەتتىن سىرت، يەنە «قۇمۇل بوستان ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى» نى مەشىق مەيدانى بىلەن تەمىن ئەتتى.

# III باب

# ئاياللار تەشكىلاتلىرى

## §1. قۇمۇل ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى

مىنگو دەۋرىدە، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە دېموكراتىك زاتلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىدا مەلۇم ئىلگىرىلەش بولدى، ئاياللارنى ئازاد قىلىش شوئارىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇمۇل ئاياللار بىرلەشمىسى مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلدى.

قۇمۇل ئاياللار بىرلەشمىسى مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) قۇرۇلدى. نامى «قۇمۇل ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى» دەپ ئاتالدى. ئاياللار بىرلەشمىسىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، قۇمۇل قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى شېن لىنڭ تەشەببۇس قىلدى ۋە تەشكىللىدى. قۇمۇل ئاياللار بىرلەشمىسى مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) قۇرۇلغاندىن تارتىپ، مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) ئۈزۈلۈپ كەتكەنگە قەدەر تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى شېن لىڭ، ياڭ سۇڭ، ۋۇ دېيجېنلار ئۈستىگە ئالدى.

ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنى تەشكىللەپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە پائال ئاتلاندۇردى، ئاياغ تىكىپ، پايپاق توقۇپ، ئارمىيىدىن ھال سوراش، ئالتۇن تەقدىم قىلىش، ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى؛ تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، كوچىلارغا بېرىپ، ئامموۋى يىغىنلاردا ۋە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلدى، «پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرايلى»، «ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى»، «تەسلىم بولۇشقا، مۇرەسسە قىلىشقا قارشى تۇرايلى» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. «7- ئىيۇل»، «18- سېنتەبىر»، يەنە شېڭ شىسەي بەلگىلىگەن «12- ئاپرېل» قاتارلىق خاتىرە كۈنلەردىن پايدىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەشۋىق قىلدى. «12- ئاپرېل» دا ئاساسلىق «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تەشۋىق قىلدى. كۈندۈزى تەشۋىق قىلىپ، ئاخشىمى ئامموۋى كېچىلىك ئۆتكۈزدى، ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات، مەكتەپلەرگە ماسلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان نومۇرلارنى ئورۇندىدى. يەنە قىشلىق ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ ۋە ياردەم بېرىپ، تەشۋىقاتچىلارنى تەشكىللەپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئاياللارغا ساۋات چىقىرىشنىڭ ياخشىلىقىنى تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

ئاياللارنى ئائىلىدىن چىقىپ، ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار كەسپىي سىنىپى ئاچتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئاياللارغا بىر تەرەپتىن تىككۈچىلىكنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى چىقاردى (كەسپىي سىنىپ قىزلار مەكتىپىدە ئېچىلدى). دەسلەپتە بىرلا سىنىپ

بولۇپ، كېيىن ئىككى سىنىپقا كۆپەيدى، ئوقۇغۇچىسى 60 دىن ئاشتى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 3- ئايدا، «ئايالار» نامىلىق ئايروپىلانغا ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. شەھەر ۋە يېزا- كەنتلەردىن ئىئانە توپلاندى. قۇمۇل ماتارىپ ئىدارىسى 1- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋاڭ رۇڭچىڭ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خادىمى ئامۇرقان (ئەر، قازاق— تەرجىماندىن) نى سۇمۇقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق ۋە قارادۆۋە قاتارلىق جايلارغا تەشۋىق قىلىشقا ئەۋەتتى. يېزا- كەنت باشلىقلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئايالارنىڭ ئامىۋى يىغىنلىرىنى ئېچىپ، نەق مەيداندا ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بەزىلىرى نەق پۇل ئىئانە قىلدى. كۆپلىگەن ئايالار ئۆزلىرىنىڭ بىلەزۈك، ھالقا قاتارلىق ئېسىل زىبۇ زىننەتلىرىنى ئىئانە قىلدى. پەقەت يۇقىرىدىكى بىر قانچە يېزا، كەنتتىلا 50 سەردىن كۆپرەك زىبۇ زىننەت بۇيۇمى، 300 يۈەندىن كۆپرەك نەق پۇل ئىئانە توپلاندى.

## §2. قۇمۇل ناھىيىلىك ئايالار جەمئىيىتى

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 8- ئايدا، گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىسى لياۋيۇگېيۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى زورايتىپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاتالمىش «ھەرمىللەت ئاياللىرى ئۈچۈن ئازادلىق ئىزدەش» ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ئايالار جەمئىيىتى (يەنە بىر نامى قۇمۇل ناھىيىلىك ئايالار بىرلەشمىسى) نى قۇردى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 9- ئايدا، قۇمۇل قىزلار مەكتىپىدە 1- قېتىملىق ئايالار ئامىۋى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا مەكتەپنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئورگاندىكى ئايال خىزمەتچىلەر ئاساس قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئايالار، قىزلار مەكتىپىنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتۇرۇلدى. لياۋيۇگېيۇ يىغىندا ئايالار جەمئىيىتى قۇرۇشنىڭ مەقسىتى ۋە زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈردى. جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى ۋە نامزاتلارنىڭ ئىش تەقسىماتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېلان قىلدى، نەق مەيداندا تىزىملاپ جەمئىيەتكە ئەزا قوبۇل قىلدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) قىشتا، ئايالار جەمئىيىتى جەمئىيەتكە فوند يىغىشنى باھانە قىلىپ، لياۋيۇگېيۇ باشچىلىقىدا ، قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تايانچ قىلغان «بەش ئاچا- سىڭىل» قاتارلىق ئۈچ درامىنى ئويىنىدى، دراما بېلەتلىرىنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىمنى بۇزۇپ چېچىۋەتكەندىن باشقا، ئاشقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى لياۋيۇگېيۇ ئۆزى يۇتۇۋالدى.

## §3. باركۆل ناھىيىلىك ئايالار بىرلەشمىسى

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدىكى ئورگان، مەكتەپلەردىكى ئايال خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلارنى تايانچ قىلغان باركۆل ناھىيىلىك ئايالار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. بىرلەشمە بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، تۆت ئەزا، تۆت خادىم جەمئىي 10 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ليۇرۇيلەن تۇنجى مۇدىر بولدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، كۆپ ساندىكى خادىملار يۆتكىلىپ كەتكەچكە، 2- قېتىم باشقىدىن سايلام ئېلىپ بېرىلدى، ياڭ يۈبي مۇدىر بولدى.

ئاياللار بىرلەشمىسى مىڭگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) ۋە مىڭگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) دىكى «8- مارت» ئاياللار بايرىمىدا ئىككى نۆۋەت خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى، 1- قېتىملىق يىغىلىشتا ھەر مىللەت ئاياللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پائال ياردەم بېرىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىندى. يىغىندىن كېيىن ئاياللار ئاياغ تىكىپ، پايپاق توقۇپ ئارمىيىدىن ھال سوراشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 2- قېتىملىق يىغىلىشتا ئاياللاردىن ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە پائال قاتنىشىپ يەرلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

ئاياللار بىرلەشمىسى يەنە ناھىيىلىك پىرقىگە ھەمكارلىشىپ، رايونلۇق تارماق بۆلۈملەرنى قۇرۇش ۋە پارتىيىگە ئەزا تونۇشتۇرۇشتەك پارتىيە خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردى ھەم ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ «قوش ئون بايرام»، «12- ئاپرېل» نى خاتىرىلەش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، تام گېزىتى چىقىرىش، ھەجۋى رەسىملەرنى سىزىپ چاپلاش ۋە دراما ئويناش قاتارلىق تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

## §4. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى

### 1. ئاپپاراتنىڭ تەرەققىيات جەريانى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 3- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇمۇل باشقارمىسى قۇرۇلدى. 4- ئايدىن 10- ئايغىچە، ۋىلايەتنىڭ ناھىيىلىرىدە دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى كەينى- كەينىدىن قۇرۇلدى. 1951- يىل 7-، 9-، 12- ئايلاردا، ناھىيىلەر تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتايلىرىنى ئاچتى. 1954- يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇمۇل باشقارمىسىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇمۇل شۆبە بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1957- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1963- يىل 1- ئايدا قۇمۇل ئاياللار بىرلەشمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ ئاياللار تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1969- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاياللار خىزمىتىگە سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973- يىل 8- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 12- كۈنىچىگە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 1- نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ كومىتېت 27 ئەزادىن تەركىب تاپتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە بىر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئۈچ ناھىيە (شەھەر) لىك ئاياللار بىرلەشمىسى، 42 يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى، 10 كوچا ئاياللار بىرلەشمىسى، شەھەردە 70 ئاساسىي قاتلام ئاياللار بىرلەشمىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 219 ئاساسىي قاتلام ئاياللار بىرلەشمىسى، ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا 88 ئاياللار كومىتېتى، يېزا- بازار كارخانىلىرىدا 21 ئاياللار كومىتېتى، 48 كوللېكتىپ ئەزا، بىر ھەر قايسى ساھە ئاياللىرىنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق تەشكىلاتى، ئىككى دېموكراتىك پارتىيە- گۇرۇھلار ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئاياللار كومىتېتى بار بولدى.

### 2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئېلىپ بارغان

ئاساسلىق پائالىيەتلەر:

1) ئانا- بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش 1950- يىللاردا، ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى، ئەر- ئاياللار باراۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتتى، ئائىلىدە ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئاياللارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلدى. ئوخشاش ئىش تۈرىدە ئەر- ئاياللار ئوخشاش ھەق ئېلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئايال ئەمگەك ئەمۇنچىلىرىنى پىلانلىق يېتىشتۈردى، ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلدى ۋە ياردەم قىلدى، ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش جەريانىدىكى «تۆت مەزگىل» (ھەيز مەزگىلى، ھامىلىدارلىق مەزگىلى، تۇغۇت مەزگىلى ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلى) دىكى قوغداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى، نىكاھ ئائىلە ماجىرالىرىنى مۇۋاپىق، قانۇنلۇق ھەل قىلدى. ئاياللار- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

1957 – 1959 - يىللىرى، يېڭىچە تۇغدۇرۇش ئۇسۇلىنى كېڭەيتتى، ئاياللار- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئاياللارنى ئاشخانا، يەسلى، بالىلار باغچىسى ئېچىشقا تەشكىللىدى.

1960- يىللاردا، ئاياللار ئەمگەك مۇھاپىزىتى خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ھەيز مەزگىلىدە قۇرۇق ئورۇندا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇش، ھۆلچىلىكتە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرماسلىق، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە يېنىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېغىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرماسلىق، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە يېقىن ئورۇنغا يۆتكەپ قويۇش، يىراققا ئەۋەتمەسلىكنى يولغا قويدى.

1970- يىللاردا، ئوخشاش ئىش تۈرىدە ئەر- ئاياللار ئوخشاش ھەق ئېلىش، پىلانلىق تۇغۇت، يېڭى نىكاھ قانۇنى، ئاياللار ئەمگەك مۇھاپىزىتى قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى تۇتۇلدى. نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى قاتارلىقلار تەنقىد قىلىندى، توي- تۆكۈننى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇلدى. 1975- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شىڭ زۇڭفەن قىزىنىڭ تويىنى ئاددىي- ساددا ئۆتكۈزۈپ، سوۋغا قوبۇل قىلمىغانلىقى، مېھمان چاقىرمىغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلەندى. 1978- يىل 8- ئايدا، باركۆل قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئوخشاش ئىش تۈرىدە ئەر- ئاياللارغا ئوخشاش ھەق بەرگەنلىك تەجرىبىسى تەشۋىق قىلىنىپ كېڭەيتىلدى.

1980- يىللاردا، ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى كېڭەيتىلدى. 1984- يىل 2- ئايدا قانات يايدۇرۇلغان ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى جەريانىدا، ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىدىن 180 نى قۇردى. 781 مەخسۇس كادىر ئاجراتتى، 130 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتتى، 63 تايانچ خادىمنى تەربىيىلىدى. ئۈچ قېتىم 500 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشقان دوكلات يىغىنى ئاچتى. 131 تەشۋىقات- تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تۈزۈپ، بېسىپ تارقاتتى، 13 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك تەشۋىقات شوئارى ئاستى ۋە چاپلىدى، رادىئودا 511 قېتىم مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئۆيۈشتۈردى، 14 تەشۋىقات ئاپتوموبىلىنى ئىشقا سالدى، 922 قارا دوسكا گېزىتى چىقاردى؛ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش، مەسلىھەتچىلەر پونكىتىدىن سەككىزنى تەسىس قىلىپ، ئەرزىيەت ئىشلىرىدىن 54 نى قوبۇل قىلدى، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ باسقۇنچىلىق، نۇۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغان، لوكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاياللار ۋە بالىلارغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزگەن 85 جىنايەتچىنى پاش قىلدى. ئاياللارنى، بالىلارنى ئالداپ ساتقان ئىككى جىنايەتچىگە زەربە بەردى. ئالتە نەپەر ئايال، 11 ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى، 154 ئەر - ئايالنى ياراشتۇرۇپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم قىلدى. 4- ئاينىڭ 6- كۈنى ۋىلايەت «ئاياللار- بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش» تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن 38 ئىلغار كوللېكتىپ، 89 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. 1984- يىلى، ئاياللار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى

ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ باردى. 1990- يىلىغا قەدەر، 164 قارار قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ۋىلايەت بويىچە قۇرامىغا يەتكەن 93.7% ئايال قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى.

1984- يىل 2- ئايدا، 144- قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىدىن كېسەللىك سەۋەبىدىن پۇتى مېيىپ بولۇپ قالغان ئانا- ئانىسى تاشلىۋەتكەن ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالا تېپىلدى، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى پۇل، ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بالىنىڭ كېسىلىنى داۋالاتتى. كېيىن بالىنى ئۈرۈمچى دارىلېتامىغا ئاپىرىپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. 1987- يىل 9- ئايدا، خادىملارنى تەشكىللەپ ۋىلايەتلىك يەسلى، باللار باغچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە تازىلىقىنى تەكشۈردى، باللارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان، تازىلىققا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئۆي- هويلا، ئويۇنچۇقلارغا قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەتەرنى تۈگەتتى؛ يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ مېيىپ باللاردىن هال سورىدى. 1990- يىلىغا قەدەر جەمئىي 92 مېيىپ بالىدىن هال سورالدى.

1986 – 1990 - يىلغىچە، ئايال ئىشچىلارنىڭ هوقۇق- مەنپەئەتى هەر تەرەپلىمە قوغدالدى. قوغدىنىش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلدى، سالامەتلىك قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى، هامىلىدارلىق، ئېمىتىش مەزگىللىرىدە ئۇزۇن مۇددەت دەم ئالسا مەلۇم نىسبەتتە مائاش بېرىلدى، روھىي، جىسمانىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى، ۋاهاكازالار. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاياللارنىڭ 80 پارچە ئەرزى قوبۇل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن 56 پارچىسى بىر تەرەپ قىلىندى. ئۆي تەقسىملەش، مائاش، ئىشچى، ئوقۇغۇچى، كادىر قوبۇل قىلىشتا ئەر- ئاياللارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلماسلىقتەك مەسىلىلەر هەل قىلىندى.

1986- يىلى، ۋىلايەتتىن تارتىپ ناهىيە، يېزا، كەنتلەرگىچە توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ، ئۆلۈم- يېتىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كېڭەشلىرى قۇرۇلدى، كونا قائىدە- تۈزۈم، نامۇۋاپىق ئادەتلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ، توي- تۆكۈنلەر يېڭىچە، نەزىر- چىراغلار ئاددىي ئۆتكۈزۈلدى.

2) ئەلالارنى باھالاش مۇسابىقىسى 1954 – 1957 - يىلغىچە، ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنى ئەمگەك مۇسابىقىسىگە، «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا، ئومۇمىي سايلامغا قاتنىشىشقا، زايوم سېتىۋېلىشقا ۋە بىرلىشىش، هەمكارلىشىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1958- يىلى «ئىككىدە تىرىشچان- ئىقتىسادچىل بولۇش» (دۆلەت قۇرۇش، ئائىلە باشقۇرۇشتا تىرىشچان- ئىقتىسادچىل بولۇش) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاياللارنى پولات تاۋلاشقا، سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئاياللارنىڭ «يېرىم دۇنيا» لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. 1960- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 121 «8- مارت» قىزىل بايراقدارىغا نام بېرىلدى، 108 «8- مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىلغارلارنى باھالاش پائالىيىتى ئۈزۈلۈپ قالدى.

1978- يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان ئاياللار خىزمىتى فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاياللار سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا- بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. 1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 147 «8- مارت» قىزىل بايراقدارى، 46 «8- مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، هەر قايسى سەپلەردىن يەتتە مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى، بىر «8- مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ باھالاپ چىقىلدى. 1982- يىلى، مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپتىن بىرى باھالاپ چىقىلدى. 1989- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك مىللىي كەشتىچىلىك زاۋۇتىنىڭ باشلىقى جاڭ رۈيجىغا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «8- مارت» قىزىل بايراقدارى دەپ نام بېرىلدى. 1978 – 1987 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 126 ۋىلايەت دەرىجىلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ، 497 «8- مارت» قىزىل بايراقدارى تەقدىرلەندى.

1984 – 1987 - يىلىغىچە، «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1983- يىلى ۋىلايەت 55 «بەشتە ياخشى» ئائىلىنى تەقدىرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەككىز ئائىلە مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى» ئائىلە، 30 ئائىلە ئاپتونوم رايون بويىچە «بەشتە ياخشى» ئائىلە بولۇپ باھالاندى. 1986 – 1987 - يىللىرى 240 ۋىلايەت دەرىجىلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە باھالاپ چىقىلدى.

1961- يىلدىكى «بەشتە ياخشى» مۇسابىقە پائالىيىتىدە، تۆت «بەشتە ياخشى» ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرى، بىر ئاياللار خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئىككى ئىلغار كۆكشى باھالاپ چىقىلدى. 1964 – 1985 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 383 ۋىلايەت دەرىجىلىك «بەشتە ياخشى» ئىشچى- خىزمەتچى، ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرى، ئالتە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاياللار- بالىلارنىڭ قانۇن ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ئىلغار شەخس، توققۇز «بەشتە ياخشى» ئاياللار تەشكىلاتى سايلاپ چىقىلدى.

3) يەسلى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ھەمكارلىشىش 1952- يىلى، ۋىلايەتنىڭ يېزىلىرىدا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە يەسلى ۋە بالا بېقىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 1954- يىلى، قومۇل ناھىيىسىدە ئورگان يەسلىسى قۇرۇلدى. 1956- يىلى، يېزىلاردا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدىكى يەسلىدىن 1072 سى قۇرۇلدى. 1960- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 127 يەسلى بولۇپ، يەسلىگە 5527 بالا بېرىلدى، بوۋاقلارنى، بالىلارنى باققۇچى ۋە تەربىيىچى 438 يەتتى. 1966 – 1976 - يىلىغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يەسلى خىزمىتى زەربىگە ئۇچرىدى.

1977- يىلى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن يۇقىرى ئورۇنلار يەسلى تەشكىلاتلىرىنى قۇردى. 1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 740 يەسلى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 203 نى ھۆكۈمەت، 537 سىنى پۇقرالار ئاچتى. 5184 بالا يەسلىگە بېرىلىپ، بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتى 65% كە يەتتى. بالا باققۇچى ۋە تەربىيىچى 1306 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 434 ى شتاتلىق. شۇ يىلى 12- ئايدا، ۋىلايەت بالىلارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش كومىتېتى قۇردى. 1981- يىلى، ۋىلايەتلىك بالىلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ماسلاشتۇرۇش فۇنكسىيىسى جارى قىلدۇرۇلۇپ، بالىلارغا ئېتىبار باھادا ياكى ھەقسىز مۇلازىمەت قىلدى.

1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە تۆت بالىلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى، 22 ئائىلە تەربىيىسى كومىتېتى، ئىككى بالىلار، ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى، تۆت ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى، ئۈچ بالىلار پائالىيەت پونكىتى، 13 بالىلار قىرائەتخانىسى، بىردىن بالىلار شادلىق باغچىسى، بالىلار ماگىزىنى، بالىلار كىيىم- كېچەكلىرى سېخى، بالىلار يېمەكلىكلىرى سېخى قۇرۇلدى. 1981 – 1986 - يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئالتە تۈركۈمگە ئايرىپ، جەمئىي 110 بالا باققۇچى، تەربىيىچىنى ۋە ئاياللار بىرلەشمىلىرى كادىرلىرىنى ئىچكىرىگە يەسلى خىزمىتى ۋە ئائىلە تەربىيىسى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. 249 بالا باققۇچى ۋە تەربىيىچى قاتناشقان سەككىز قارار كۇرس ئاچتى. 1985 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە خۇسۇسىيلار ئاچقان يەسلى بەشكە يەتتى.

1985- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاتا - ئانىلار مەكتىپى قۇردى. 1986- يىل 6- ئايدا، بۇ مەكتەپ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە، بىر ئاتا - ئانا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1986- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلىغا قەدەر فوند جەمئىيىتى جەمئىي 59 مىڭ يۈەن ئىئانە پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئائىلە تەربىيىسى، ئىلمىي بالا تەربىيىلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بالىلارنىڭ زېھىن سىناش ۋە تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. 100 مىڭدىن كۆپرەك بالا بۇ مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. 1986 – 1988 - يىلىغىچە، ۋىلايەت ئىككى قېتىم چوڭ تىپتىكى بالىلار ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى، ھېكايە ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

**4) سەھىيە، ساقلىق ساقلاش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ ئاياللار، بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش** 1953- يىلى، سەھىيە تارماقلىرىغا ماسلىشىپ 41 كىشى قاتناشقان ئىككى قارار يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش كۇرسى ئېچىلدى، ھامىلدار ئاياللار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى، بالىلاردىكى ئىچى سۈرۈش كېسىلى داۋالىتىلدى. 1956- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئورنى يەتتىگە، تۇغۇت قوبۇل قىلىش گۇرۇپپىسى 26 گە، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىدىغان تۇغۇت ئانىسى 134 كە يەتتى، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى 87% كە يەتتى. 1989- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى 92.17% كە يەتتى. 1978- يىلى، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى سەھىيە تارماقلىرىغا ماسلىشىپ 60 ياشتىن تۆۋەن ئاياللاردىكى بالىياتقۇسى چىقىپ قېلىش، بالىياتقۇ بويىنى راكى، جىنسىي يولى ياللۇغى، داس بوشلۇقى ياللۇغى، ئەمچەك راكى كېسەللىكلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ داۋالىدى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ داس سۆڭىكىنى ئۆلچەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى 85% تىن كۆپرەككە، داۋالاش نىسبىتى 95% تىن كۆپرەككە، ساقىيىش نىسبىتى 85% تىن كۆپرەككە يەتتى.

1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش ۋە سۈيدۈك ئاقمىسى كېسەللىكى بىلەن ئېغىر ئاغرىغۇچىلار بايقالمىدى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا «ھەر بىر ئادەم داس، لوڭگىلىرىنى ئايرىم تۇتۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا ئاياللىرىنىڭ ناچار تازىلىق ئادەتلىرى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىلدى. 1988- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە بالىلارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش- ئەملەش نىسبىتى 85% كە، كارتوچكا تۇرغۇزۇلۇش نىسبىتى 99.44% كە يەتتى.

1985 – 1989 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق بالىنىڭ راخىت كېسەللىكى ۋە تۆمۈر ماددىسى يېتىشمەسلىكتىن بولىدىغان كەمقانلىق كېسەللىكى تەكشۈرۈلۈپ داۋالاندى.

**5) ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش** 1953- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 80% تىن 90% كىچە ئايال سايلىغۇچى سايلامغا قاتناشتى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى 16 يېزىدا 83 ئايال خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 25.5% نى ئىگىلىدى؛ يېزىلىق ھۆكۈمەتلەردە 17 ئايال ھەيئەت بولۇپ، ئومۇمىي ھەيئەتنىڭ 12.6% نى ئىگىلىدى.

1956- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ 335 مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرى ئىچىدە 102 سى ئايال مۇئاۋىن مۇدىر ئىدى. كوپېراتىپنىڭ 977 ھەيئەت ئەزاسى ئىچىدە، 211 ى ئايال ھەيئەت ئەزاسى ئىدى. 371 تەپتىش ھەيئەت ئەزاسى ئىچىدە، 129 ى ئايال ھەيئەت ئەزاسى ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 590 ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىرى ئىچىدە، 259 ى ئايال ئەترەت باشلىقى ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ 1186 گۇرۇپپا باشلىقى ئىچىدە، 507 سى ئايال گۇرۇپپا باشلىقى ئىدى. 40 ئايال تېخنىك خادىم بار ئىدى.

ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئايال كادىر ئۈچ بولۇپ، ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 2.4% نى ئىگىلەيتتى. رايون دەرىجىلىك ئايال كادىر 14 بولۇپ، ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 6% نى ئىگىلەيتتى. 1978- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئايال كادىر 16 گە، گۇڭشې، رايون دەرىجىلىك ئايال كادىر 74 كە يەتتى.

1989- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئايال كادىر 6901 گە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 38.69% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرى 2172 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئايال كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 31.5% نى ئىگىلىدى. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئايال كادىر ئۈچ بولۇپ، ۋىلايەت

بويىچە ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلارنىڭ 28% ىنى ئىگىلىدى. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئايال كادىر 19 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئوخشاش دەرىجىدىكى كادىرلارنىڭ 36.8% ىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەت بويىچە 21 ئايال كادىر كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانغا، 476 ئايال كادىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا، 3818 ئايال كادىر باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

1990- يىلى، ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، ئايال ۋەكىللەرنىڭ نىسبىتى ئالدىنقى نۆۋەتتىكى 17.9% تىن 19.9% كە يەتتى. خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى جەمئىيەتتە سەككىز تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

6) ئىشلەپچىقىرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش  1951- يىلى، 1300 ئايالدىن تەشكىللەنگەن 120 لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى بىر ئۈستەڭنى چېپىشقا قاتناشتى، 3000 بۇلاق كولىدى، 150 هارۋا مەھەللىۋى ئوغۇت توپلىدى، 16 مو بوز يەر ئاچتى، 6300 دانە كېپەك قويدى، 5600 مو يەرنى ئوتىدى، 3690 تۈپ كۆچەت تىكتى. 1954- يىلى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشقان يېزا ئاياللىرى يېزا ئاياللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 36.1% ىنى ئىگىلىدى. 1956- يىلىغا كەلگەندە، 90% تىن كۆپرەككە يەتتى. ئالتە ئالىي كوپېراتىپنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 1956- يىلى، 164 ئايال يىگى تىپتىكى ساپان، سېيالكا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان.

1960- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاياللارنىڭ 2389 كەسپىي ئەترىتى، 456 كەسپىي گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىق سەككىز ئورۇندىكى 1452 ئايال تېخنىكا ييگىلاشقا قاتناشتى. 1961- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە 1773 ئايال ماھىر مەيدانغا كەلدى، 1962- يىلى 1845 كە يەتتى. 1970- يىلى، قۇمۇل بازىرىدىكى ئائىلە ئايالى جاڭ رۇيجى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ، كوچا- مەھەللە كارخانىسى قۇرۇپ، پەلەي توقىدى، يەنە 1979- يىلى مىللىي كەشتىچىلىك زاۋۇتى قۇردى. بۇ زاۋۇت قۇمۇل شەھىرىدىكى «ئون ياخشى» كارخانىنىڭ بىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق مىللىي كەشتىچىلىك داڭدار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا بولۇپ قالدى. 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل شەھىرىدە 982 ئائىلە ئايالى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان قىزلار بىناكارلىق- قۇرۇلۇش كوپېراتىپى، تىككۈچىلىك كوپېراتىپى، رېمونتچىلىق بۆلۈمى، ۋاكالىتەن تىجارەتلىك ئاشخانا، ئىلمە توقۇلما پەلەي زاۋۇتى، گىلەمچىلىك كارخانىسى، كەشتىچىلىك زاۋۇتى قاتارلىق ساھەلەردە خىزمەت قىلىپ، ئىشكارچىلارنىڭ 59.58% ىنى ئىگىلىدى. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاياللارنى ئاساس قىلغان 711 كەسپىي ئائىلە، قوشۇمچە كەسپىي ئائىلە ۋە بىرلەشمە گەۋدە بولۇپ، 1936 ئايال يېزا- بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەككىز ئايال يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى. قۇمۇل شەھىرى شەرقىي ئۆستەڭ رايونىدا 180 دىن كۆپرەك ئايال تىجارەت كۆۋاھنامىسى ئالدى.

1986 – 1990 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە «ھويلا- ئارام ئىگىلىكى» ۋە «ئىككىدىن ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئۆگىتىلدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 1737 ئائىلە مۇسابىقىگە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1153 ئائىلە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى. قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىدا توققۇز ئائىلە باغۋەنچىلىق، كەشتىچىلىك، گىلەم توقۇشقا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. شۇ يىلى 10- ئايدا، ۋىلايەت «قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ قول ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزۈپ، 160 نەپەردىن كۆپرەك ئايالنىڭ 200 پارچە ئەسىرىنى كۆرگەزمە قىلدى. 1989- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھويلا- ئارام ئىگىلىكىگە قاتناشقان 2296 ئائىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مۇشۇ تۈردىكى كىرىم ئائىلە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 20% ىنى ئىگىلىگەن. 1990- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەت «ھويلا- ئارام ئىگىلىكى» ۋە «ئىككىدىن ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقىسىدە نەتىجە قازانغان 170 ئىلغار شەخس ۋە تۆت ئىلغار كوللېكتىپنى

تەقدىرلەندى. شۇ يىلى 10- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە يەنە 3726 ئايال مۇسابىقىگە قاتناشتى. بۇ يېزا- بازارلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 11.7% نى ئىگىلەيدۇ. «ئىككىدىن ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» مۇسابىقىسى ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 2497 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

# IV باب

# دېھقانلار تەشكىلاتلىرى

## §1. دېھقانلار ئۇيۇشمىسى

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) ئەتىيازدا، باركۆل يېزىلىرىدا شاگيولۇق، دېھقان بېشى تۈزۈمى بىكار قىلىندى. يۇگفېڭ، كاڭلى يېزىلىرى بىرلىشىپ باركۆل ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنى قۇردى. ۋاڭ جىنكۈن ئۇيۇشما باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى كېڭەشى تەسىس قىلىندى، ۋاڭ جىنكۈن كېڭەش باشلىقى، شۇ تەيرۇ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى.

## §2. دېھقانلار جەمئىيىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان باۋ- جيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ھاكىمىيىتى تۇرغۇزۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1950- يىل 2- ئايدىن 4- ئايغىچە، باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىلىرىدە دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1950- يىلى قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى دېھقانلار قۇرۇلتايلىرىنى ئېچىپ، ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيەتلىرىنى قۇردى. ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1951- يىل 8- ئايدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئاچتى، دېھقانلار جەمئىيىتىدە دائىمىي ئاپپارات ۋە مەخسۇس خىزمەتچى خادىم تەسىس قىلىندى.

1950- يىل 7- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 18- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە قازاق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. 112 ۋەكىل (باركۆل ناھىيىسىدىن 102، قۇمۇل ناھىيىسىدىن 10) قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدىن 70 ۋەكىلنى خەلق سايلىدى، 42 ۋەكىلنى ھۆكۈمەت تەكلىپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، چارۋىدارلار ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 13% نى، ئاقساقاللار 11% نى، باي چارۋىچىلار 9% نى، ئوتتۇراھال چارۋىچىلار 27% نى، كەمبەغەل چارۋىچىلار 15% نى، پادىچىلار 19% نى، ئىشچىلار 3% نى، ئاياللار 6% نى، كۆچمە چارۋىچى سودىگەرلەر 0.9% نى، دۆلەت مەمۇرلىرى 1.8% نى ئىگىلىدى. يىغىندا كۆچمە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالتە تۈرلۈك قارار

ماقۇللىنىپ، قازاق خەلقىنى باندىت، ئىشپىيونلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئىشەنمەي، تېز ئويغىنىشقا، ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنغان باندىت، ئىشپىيونلارنى پاش قىلىشقا، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، باندىتلارنى يوقىتىشقا، تالان-تاراج قىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى تىنچلاندۇرۇشقا، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشقا ۋە قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن باندىت، ئىشپىيونلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىنى ئېچىپ تاشلاشقا چاقىردى.

1954- يىل 7- ئايدا، يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دېھقانلار جەمئىيىتى تۈزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى. ھەر دەرىجىلىك دېھقانلار جەمئىيەتلىرى دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش، باندىت تازىلاش، توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

## §3. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

1965- يىل 3- ئايدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (چارۋىچى) لارنىڭ «سىنىپىي ئۈستۈنلۈكىنى» تىكلەش ئۈچۈن، ناھىيىلەر كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيەتلىرىنى قۇردى، بۇ دائىمىي ئاپپارات بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوملار بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى.

1965- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىدىن ئۈچى قۇرۇلدى، ۋىلايەتتە دېھقانلار تەشكىلاتى قۇرۇلمىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1966 – 1972 - يىللىرىغىچە، ناھىيىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيەتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1973- يىلى، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1976- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە ئۈچ ناھىيىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى، 31 گۇڭشې، مەيدان كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى، 188 ئاساسىي قاتلام كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

1974- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (چارۋىچى) لار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

1975- يىل 3- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان (چارۋىچى) لار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 204 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى قارار مۇزاكىرە ئارقىلىق ماقۇللاندى. 1- نۆۋەتلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى كومىتېتىنىڭ 26 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. كومىتېت توققۇز دائىمىي ئەزانى سايلاپ چىقتى. ۋىلايەتلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر مۇدىرى، ئالتە مۇئاۋىن مۇدىرى سايلاپ چىقىلدى. 1979 – 1984 - يىللىرىغىچە، ۋىلايەتلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى مەخسۇس شتاتتىكى ئۈچ كىشى ئىشلىدى.

1984- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيەتلىرى ئاپپارات تەگشەشتە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

# V باب

# سودا- سانائەتچىلەر تەشكىلاتى

## §1. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

### 1. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ئۇيۇشمىغا بىر ئۇيۇشما باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى قويۇلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدىمۇ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بار ئىدى.

### 2. سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، شىنجاڭغا شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنى سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتتى. سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى كومىتېت تۈزۈمىدە بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى دائىمىي ئىشلار ۋە تەپتىشتىن ئىبارەت ئىككى كومىتېت تەسىس قىلدى، دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقلىقىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. باركۆل ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىر باشلىقى، بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن باشلىقى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت ئىككى مۇستەقىل تەشكىلات بولۇپ ئايرىلدى. ئىككىنچى يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھوقۇقى باي سودىگەرلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھايانكەشلىك قىلىدىغان، بازارنى تىزگىنلەيدىغان، ئۇششاق سودىگەر ۋە ئىستېمالچىلارنى شۇلىۋالىدىغان ئاپپاراتى بولۇپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 4- ئاينىڭ 28- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىدىكى سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قايتىدىن تەشكىللىدى، يېڭى سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 11 كىشىدىن تەشكىل تاپتى. 1953- يىل 12- ئاينىڭ 9- كۈنى، قۇمۇل سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. بىرلەشمە 900 دىن كۆپرەك ئەزا قوبۇل قىلدى. سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى يەككە سودا- سانائەتچىلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا، باج تاپشۇرۇپ، زايوم سېتىۋېلىشقا، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلارنى تەشكىللەپ «بەشكە قارشى تۇرۇش» (پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش، باج يوشۇرۇشقا،

دۆلەتنىڭ مال- مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، قۇرۇلۇش ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتلىرىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى؛ خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەرگە ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى، خۇسۇسىي سودا- سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا، سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ھۆكۈمەت ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئۆز رولىنى پائال جارى قىلدۇردى. 1958- يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ئەزالارنى ئۆگىنىشكە، ئۆز- ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىشكە ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، كارخانا باشقۇرۇش جەريانىدا چارە- تەدبىر كۆرسىتىشكە تەشكىللىدى.

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى پائالىيەتلىرىنى توختاتتى.

## §2. ۋىلايەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى 1985- يىل 10- ئايدا قۇرۇلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر، بىر كان رايونىدىمۇ ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ قارمىقىدا بولدى. جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىنى سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ كادىر شتات كۆرسەتكۈچى يوق بولغاچقا، خىزمەتلىرىنى تەكلىپ قىلىنغان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ۋە يۆتكەپ بېرىلگەن سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئىشلىدى. خىزمەت خىراجىتىنى سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ياردەم قىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى «ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، كەڭ ئاممىنىڭ ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلىش، تاۋار ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىگە ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك قىلىش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» تە چىڭ تۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلدى، جان- دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىيىتىدە، كىچىك ئىش دەپ تاشلاپ قويماي، قىيىن ئىشتىن باش تارتماي، پۈتۈن ئىجتىھات بىلەن ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1990- يىلىغا قەدەر، ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى ئىستېمالچىلارنىڭ 1432 پارچە ئەرزىنى، 175 ئادەم (قېتىم) ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىپ، ئىستېمالچىلارنى 367 مىڭ 800 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى. دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 96.5% كە يەتتى؛ رادىئو- تېلېۋىزىيە، گېزىت- ژۇرناللاردا 246 ماقالە ئېلان قىلىپ، سىياسەت، قائىدە- نىزاملارنى تەشۋىق قىلدى، تاۋار بىلىملىرىنى تونۇشتۇردى، جامائەتچىلىكنى مۇلازىمەت ۋە تاۋار سۈپىتىنى نازارەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلدى، ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش بويىچە ساختا، ناچار تاۋارلانى كوچىلاردا كۆرگەزمە قىلىش، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى 26 قېتىم قانات يايدۇردى. سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باھا، يۇقۇمدىن ساقلىنىش، سۈپەت تەكشۈرۈش قاتارلىق تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، بازاردا

سېتىلىۋاتقان ساختا، ناچار تاۋارلارغا قارىتا ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈپەتلىك تاۋارلارنى باھالاش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

## §3. ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى

1984- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە، شەھەر ۋە تارانچى كان رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتلىرى كەينى- كەينىدىن قۇرۇلدى ۋە ھەر دەرىجىلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قارمىقىدا بولدى. سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل رەھبىرى ۋە كەسپىي بۆلۈم (بۆلۈمچە) لەرنىڭ باشلىقلىرى جەمئىيەت باشلىقلىقى، باش كاتىپلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ھەر دەرىجىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى شەھەر، يېزا يەككە سودا- سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئەزاسى 8487 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئەزا 1709)، شەھەر، يېزا 15 ئاساسىي قاتلام تارماق جەمئىيەت، 103 ئەزالار گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ئىككى ئەزالار پارتىيە ياچېيكىسى (پارتىيە ئەزاسى 20)، بىر ئىتتىپاق ياچېيكىسى (ئىتتىپاق ئەزاسى 23) قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتلىرى سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ھەر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى، يەنە ئەزالارنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، چوڭ يىغىنلارنى يىغىلىپ ئېچىش، كىچىك يىغىنلارنى بۆلەكلەر بويىچە ئېچىش، كۈندىلىك پائالىيەتلەر گۇرۇپپا بويىچە بولۇش شەكلىنى قوللاندى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ۋە نۇتۇق سۆزلەش شەكىللىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش، سىياسەتنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، تەربىيىنى جانلىق ئېلىپ باردى، كەڭ ئەزالارغا سىياسىي، ئىدىيە، قانۇن- تۈزۈم ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ باردى. جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، 30 قارار تايانچ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 900 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى ھەم ئەزالارنى ئۈستەڭ چېپىش، يول ياساش، كۆچەت تىكىش قاتارلىق خالىس ئەمگەكلەرگە ۋە ناھىيە، يېزىلار ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. پۇل ئىئانە قىلىپ مائارىپقا ياردەم بېرىش، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش، زايوم سېتىۋېلىش ۋە كوچىلارغا چىقىپ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. 1987 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە يەككە ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا 306 كىشى ھەر دەرىجىلىك ئىلغار يەككە ئەمگەكچى بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ كىشى مەملىكەت بويىچە، 14 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار يەككە ئەمگەكچى بولۇپ باھالاندى. سەككىز كىشى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، سەككىز كىشى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. ھەر مىللەت يەككە ئەمگەكچىلىرى بېيىغاندا دۆلەتنى

ئۇنۇتماي 172 مىڭ 600 يۈەنلىك زايوم سېتىۋالدى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا 130 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى.

# VI باب

# مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى

## §1. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، قۇمۇل خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما (1937- يىلى ئۇيغۇر- قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، 1942- يىل 3- ئايدا قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى) لىرى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلار شېڭ شىسەينىڭ «مىللەتنى شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان» مەدەنىيەت- مائارىپ فاگجىننى يولغا قويدى. دەسلەپتە ئۇيۇشمىنىڭ ئىشلىرىغا يەرلىك كۆرسىتىپ بەرگەن مۆتىۋەرلەر، باي سودىگەرلەر، ئاخۇنۇملار رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەربىيلىگەن مەدەنىيەت خادىملىرى يېتەكچىلىك قىلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئۇيۇشمىلارغا رەھبەرلىك قىلدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى يەنە ئىجرائىيە ھەيئىتى، مەمۇرىي تەپتىش ھەيئىتى ۋە فوندى ھەيئىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. ئىجرائىيە ھەيئىتى قارمىقىدا كاتىبات، مەدەنىيەت، تەشۋىقات، تەشكىلات (كېيىن كاتىبات بۆلۈمچىسىگە قوشۇۋېتىلدى) مالىيە ۋە ئەدىبىيات- سەنئەت (كېيىن تەشۋىقات بۆلۈمچىسىگە قوشۇۋېتىلدى) بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ قۇردى، ھەيئەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇدىرىيەت تەسىس قىلىپ، بىر باش مۇدىر، بىر مۇئاۋىن باش مۇدىر قويدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا مەدەنىيەت، خوجىلىق ئىشلىرى، فوند قاتارلىق بۆلۈمچىلەرنى تەسىس قىلدى. قۇمۇلدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولدى ھەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى، مەمۇرىي مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلدى.

مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئاممۋى تەشكىلات بولسىمۇ، لېكىن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياردىمى ۋە قاتنىشىشى بىلەن قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپ، تەشۋىقات خىزمەتلىرىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. سەنئەت ئۆمىكى، مۇزىكا ئەترىتى تەشكىللەپ، مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردا مەكتەپ ئېچىش، مائارىپ كومىتېتى قۇرۇش يولىدا ئۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ناھىيىلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇردى،

پەقەت قۇمۇل ناھىيىسىدىلا 27 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىسى 40 تىن ئېشىپ، ئوقۇغۇچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1323 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 19 باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇردى، 20 دىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچىسى، 1014 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى؛ خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلغان بولۇپ، 20 دىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچىسى، 309 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرغان بولۇپ، 70 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. باركۆل ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرغان بولۇپ، 30 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى؛ خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 11 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرغان بولۇپ، 12 ئوقۇتقۇچىسى، 350 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى، ئۇلار يەنە بىر ئاممىۋى تەنتەربىيە سارىيى، بىر كۇلۇب، بىر چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكى (20 ئارتىسى بار) قۇردى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە ھەر يىلى قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى ئاچتى. بۇنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيۇشما قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىندى، ئوقۇتقۇچىلار خالىس دەرس ئۆتتى، خىراجەتنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئۈستىگە ئالدى.

مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى يەنە مەدەنىيەت، تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاددىي سەھنىلەرنى ياساپ، «غېرىب- سەنەم»، «غۇنچەم»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «شاگىرەي كېچىسى»، «كۆرەشچان قىزلار»، «رابىيە- سەئىدىن» قاتارلىق دراملارنى ئوينىدى. يەنە «توغان پالۋان»، «پۇتى چىققان ئالتۇن» قاتارلىق دراملارنى ئۆزلىرى تۈزۈپ ئوينىدى. ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ، خۇاگوسەندە خەلق كۇلۇبى سېلىپ، مىنگونىڭ 33-، 34- يىللىرى (1944-، 1945- يىللىرى) ئويۇن، كىنولارنى قويدى. مىنگونىڭ 36-، 37- يىللىرى (1947-، 1948- يىللىرى) «ئالتاي» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كۇلۇب سېلىپ، شىجۇ تىياتىرى ھەيئىتى قۇردى، ئۇنىڭ قارمىقىدا باللار تىياتىرخانىسى، چىڭچاڭ تىياتىرخانىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر كىنو ئاپپاراتى، بىر كىتابخانىسى بار ئىدى. مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. ئۇلار «7- ئىيۇل» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەش كېچىلىكى، دوكلات بېرىش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادچىل بولۇش، ئەپيۇننى چەكلەش، ئاشلىق ھازىرلاپ، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش تەشۋىقاتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، كېچىلىك ئۆتكۈزۈپ، كوچا- كويلارغا چىقىپ تەشۋىق قىلىش چارىلىرىنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەپيۇننى چەكلەش، جازالاش ماددىلىرىنى ئېلان قىلغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئەپيۇننىڭ زىيىنىنى، كېلىش مەنبەسى، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ زەھەرلەش سىياسىتى، ئەپيۇننى چەكلەش چارىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئىقتىسادچىللىق تەشۋىقاتىدا، ئىقتىسادچىللىقنىڭ ئەھمىيىتى، ئىقتىسادچىللىقنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادچىل بولۇشنىڭ چارە- تەدبىرلىرى تەشۋىق قىلىندى. خەنزۇ ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلاردا تام گېزىتى چىقاردى، تاملارغا ھەجۋى رەسىم ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» چاپلىدى.

ئومۇمەن شېڭ شىسەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن ئىلگىرى، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياردىمىدە، قۇمۇلنىڭ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىدا پائال رول ئوينىدى.

قۇمۇل خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتىنى بىرىنچىدىن، خەنزۇ مەمۇرلار بىلەن سودىگەرلەر ئىئانە قىلدى. ئىككىنچىدىن، ئۇيۇشمىلار، بۇتخانىلار ئۆز مۈلكىنىڭ 80% نى يەنى 306 ئېغىز ئۆي، 1730 مودىن كۆپرەك يېرىنى ئىئانە قىلدى. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆي ۋە يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن

ئىجارە ھەققىنى پائالىيەت خىراجىتى قىلدى، باركۆل ناھىيىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بۇتخانىلاردىن ئۆتكۈزۈۋالغان 1000 مو يەرنىڭ ئىجارە ھەققىدىن يىغىلىدىغان 50 دادەن بۇغداينى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى 110 ئېغىز دۇكاننىڭ يىللىق ئىجارە ھەققىنى مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى خىراجىتى قىلدى.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلەغ ئاساسلىقى ئاما ئارىسىدىن يىغىلدى، مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 5000 تۇياق قوي، «خائىنلار مۈلكى» دىن مۇسادىرە قىلىنغان 2000 مودىن كۆپرەك يېرى بار ئىدى. ھەر يىلى 200 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك يەر ئىجارىسى يىغىۋالاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆشرە- زاكات كىرىمى ۋە قۇربانلىق قىلىنغان چارۋىلارنىڭ تېرە- ئۈچەيلىرىدىن قىلىنغان كىرىمنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەئەللۇق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مىنگونىڭ 29 – 32 - يىلىغىچە (1940 – 1943 - يىلىغىچە) بولغان تۆت يىل ئىچىدە، ئۇلارنىڭ كىرىم جەمئىي 209 مىڭ 855.68 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭدىن 183 مىڭ 952.79 يۈەننى چىقىم قىلىپ، 95 مىڭ 902.89 يۈەننى يېجەپ قالدى.

خۇيزۇ، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئۆي- جاي مۈلكى يوق ئىدى. خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتىنى شەنشى، سۇجو مەسچىتلىرى ئۈستىگە ئالدى.

## §2. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى (قىسقارتىپ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى دەپ ئاتالدى) 1991- يىل 8- ئاينىڭ 30- كۈنى قۇرۇلدى ھەم تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئاچتى. قۇرۇلتايغا ۋىلايەتتىكى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك 30 دىن كۆپرەك ئىلمىي جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ناھىيە، شەھەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر قاتناشتى. تولۇق كېڭەشىش، مۇزاكىرە ۋە دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، كومىتېت ئاچقان تۇنجى قېتىملىق يىغىندا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا پەخرىي رەئىس كۆرسىتىلدى، رەئىس نامزات كۆرسىتىش ئارقىلىق باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپ نامزاتى ماقۇللاندى.

خې شۆيى پەخرىي رەئىس، تۇردى قۇربان رەئىس، دېڭ شۆچى، شەن جىچىڭلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## §3. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتى

1990- يىل 7- ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ تەستىقلىغان ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيەتلىرى 14 بولۇپ، ئۇلار: ۋىلايەتلىك سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك سودا- ئىقتىساد ئىلمىي جەمئىيىتى،

ۋىلايەتلىك پۇل مۇئامىلە جەمئىيىتى («قۇمۇل پۇل مۇئامىلىسى» نى نەشر قىلغان)، شىنجاڭ ئاشلىق. ئىقتىسادىي زىرائەت ئىلمىي جەمئىيىتى قۇمۇل شۆبە جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئىلمىي جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇمۇل ئەزالار گۇرۇپپىسى، ۋىلايەتلىك سانائەت. ترانسپورت ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك بوغالتىرلار ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى («قۇمۇل مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋەرلىرى» نى نەشر قىلدى)، ۋىلايەتلىك يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى ئەزاسى جەمئىي 5521. ئىلمىي جەمئىيەتلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىر قىسىم ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئۆزىنىڭ ئىلمىي جەمئىيەت ژۇرناللىرىنى نەشر قىلدى، جەمئىيەت ئەزالىرى يىغىنلىرىنى ئېچىپ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىدە ئىشچى. خىزمەتچىلەر سىياسىي. ئىدىيە خىزمىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئەدەبىيات. سەنئەت خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، جوڭگو پاراۋوز تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى.

## §4. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى

**1. ئاپپاراتلىرى ۋە قۇرۇلتايلىرى**

1961- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك پەن. تېخنىكا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1963- يىل 11- ئايدا، پەن. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى تەشۋىقات بۆلۈمى باشقۇرىدىغان بولدى، پەن. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ پەقەت نامىلا ساقلاپ قېلىنىپ، مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىدى. ۋىلايەتلىك پەن. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى (قوشۇمچە) لى رۈي بولدى.

1981- يىل 2- ئايدا، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن. تېخنىكا جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ۋىلايەتلىك پەن. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى تەيىنلەندى. پەن. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى يەن گوجۇن (قوشۇمچە)، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى لى پىڭفاڭ (قوشۇمچە)، ئابلاجان كېرىم (قوشۇمچە)، ما شۇرېن (قوشۇمچە)، جاڭ شىزى (قوشۇمچە)، گۇ جېڭچىڭ، مۇقانلار ئۆتىدى.

1982- يىل 8- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك پەن. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 1- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 150 كىشى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا، 1- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 47 ئەزاسى، 15 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. يەن گوجۇن، ۋەن جاۋكۇن، يەن شۇفەنلەر رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

1988- يىل 1- ئاينىڭ 27 – 29 - كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك پەن. تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 2- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى

ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 200 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى 2- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 53 ئەزاسى، 17 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. رەئىسلىكنى ۋۇن جياۋكۇن، جاڭ بىڭجيا، خې شۆيلەر قوشۇمچە ئۆتىدى.

2. ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى

ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، گوۋۇيۈەنىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ئەنگە ئېلىپ باشقۇرۇش نىزامى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامىنىڭ تەدبىقلاش قائىدىسىگە ئاساسەن، ئۆزىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سالدى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاش نىزامىغا ماس كېلىدىغان ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنى قايتىدىن تىزىملاپ، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ تەستىقلاپ ئېتىراپ قىلىشىغا يوللىدى، ھەم جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى. قايتىدىن تىزىملىغاندىن كېيىنكى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق جەمئىي 30 ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە: ۋىلايەتلىك مېدىتسىنا جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك سېستىرالار ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك جۇڭگوچە داۋالاش جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئالدىنى ئېلىش تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئانا- بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك تىببىي دورا ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك تۇپراق- ئوغۇت ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق- مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك زىرائەت ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك سۈپەت باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك سۈپەت ئۆلچەم بىرلىكى جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك سىلىكات كىسلاتاسى تۇزچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك مېخانىك قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ماشىنا قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا ياپون تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك چوت جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر پەن- تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى، جەمئىيەت ئەزاسى جەمئىي 3415. بۇنىڭدىن سىرت يەنە شىنجاڭ تۆمۈريول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇمۇل شۆبە جەمئىيىتى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى مالىيە- بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيەتلىرىمۇ بار.

3. ناھىيىلىك، شەھەرلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ۋە باشقا پەن- تېخنىكا تەشكىلاتلىرى

قۇمۇل شەھەرلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى 1982- يىل 11- ئايدا قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئايدا ناھىيىلىك،

شەھەرلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيەتلىرى بىرلەشتۈرۈلدى. 1987- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەزاسى 1320 گە يەتتى، 11 يېزا (بازار) لىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى.

باركۆل ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيتى 1982- يىل 7- ئايدا قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1987- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 5 يېزىلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئەزاسى 317 گە يەتتى. باشقا جەمئىيەتلەردىن ئۆچى بولۇپ، ئەزاسى 70 كە يەتتى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيتى 1983- يىل 11- ئايدا قۇرۇلدى. 1987- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تۆت يېزىلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئەزاسى 120 گە يەتتى.

## §5. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

1. ئاپپاراتلار

1984- يىل 9- ئاينىڭ 12- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇنجى قېتىملىق ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمەتچىلىرى قۇرۇلتىيى ۋە ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇرۇش يىغىنى ئاچتى. قۇرۇلتايغا جەمئىي 155 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر 40 ، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەر 42 ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكىلەر 21 ، شىجۈي تىياتىرى ساھەسىدىكىلەر 12، فوتو- سۈرەت ساھەسىدىكىلەر 15، خەتتاتلىق ساھەسىدىكىلەر 14، كىنوچىلىق ساھەسىدىكىلەر 11 بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، رۇس ۋە مانجۇدىن ئىبارەت ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپتى.

قۇرۇلتايدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تۇردى قۇربانىنىڭ دوكلاتى بىلەن «قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى» ماقۇللاندى، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى، ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، شىجۈي تىياتىرى، فوتو ـ سۈرەت، كىنو، خەتتاتلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى سايلاپ چىقىلدى.

تۇردى قۇربان قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى، ئەزاسى 37 گە يەتتى.

2. بىرلەشمىگە قاراشلىق جەمئىيەتلەر

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يەتتە جەمئىيەت قارايدۇ: ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، كېڭەش ئەزاسى توققۇز ؛ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، كېڭەش ئەزاسى توققۇز ؛ گۈزەل سەنئەت خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، كېڭەش ئەزاسى يەتتە ؛ شىجۈي تىياتىرى خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، كېڭەش

ئەزاسى ئۈچ ؛ فوتو- سۈرەت خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، كېڭەش ئەزاسى ئالتە ؛ كىنو خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، كېڭەش ئەزاسى بەش ؛ خەتتاتلىق خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى، كېڭەش ئەزاسى بەش.

# VII باب

# سىياسىي تەشكىلاتلار

## §1. شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 6- ئايدا، سابىق شىنجاڭ تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىيە ئىتتىپاقى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلار ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 7- ئايدا شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى قۇرۇلدى. قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، تەشكىلاتلارنىڭ بارلىق ئەزالىرى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە ئەزا بولدى. شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ خەلق دېموكراتىيە بىرلىك سەپ تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» نى ئاساس قىلىپ، نىزامنامە تۈزۈپ، خىزمەتلەرنى دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى بويىچە قانات يايدۇردى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، بولۇپمۇ مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات، دىنىي ئىسلاھاتلار جەريانىدا باشلامچىلىق، كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى ئىجرائىيە ھەيئىتى تەسىس قىلدى، ئابدۇرېھىم ئابلايوف ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولدى (1953- يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان).

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا ئەزا قوبۇل قىلىشتا مىللەت، سىنىپىي تەركىبىگە چەك قويۇلمىدى، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» نى ھىمايە قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشقانلىكى ئىشچى، دېھقان، خىزمەتچى، زىيالىي، دىنىي زاتلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ھەممىسى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولالىدى. شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى قارمىقىدا كاتىبات، تەشكىلات، تەشۋىقات، مالىيەدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈمچە، يەنە سەنئەت ئۆمىكى، كىنو قويۇش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. شاپگراپىتا قىسقا خەۋەر گېزىتى

چىقاردى. شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىك سەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1950- يىل 12- ئاينىڭ 11- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىدىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا تار مىللەتچىلىك ۋە بۈيۈك پانتۈركىزم ئىدىيە كۆز قارىشىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىدىغان چوڭ ئائىلىگە ئايلاندۇرۇش» ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارغا شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسىگە بولغان رەھبەرلىكنى قانداق كۈچەيتىش ھەققىدە مەخسۇس ھۆججەت تارقاتتى.

شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى ئەزالارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى، كۈرەش ئاچالايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى كەچ كۇرس ۋە ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، چوڭلار ئارىسىدا ساۋات چىقىرىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايەتنىڭ ماائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئورتكىلىك رول ئوينىدى.

1954- يىل 4- ئايدا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى باش جەمئىيىتى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاپپاراتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئۇقتۇردى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلىك، رايونلۇق، يېزىلىق تەشكىلاتلار پائالىيىتىنى توختاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ 1000 دىن كۆپرەك ئەزاسى بار ئىدى. بۇ تەشكىلات تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كادىر ۋە ئەزالار ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتى، نۇرغۇن كىشىلەر يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدىن بولۇپ قالدى.

## §2. ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ باركۆل، قۇمۇل ناھىيىلىك باچېيكىلىرى

### 1. تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 11- ئاينىڭ 9- كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياچېيكىسى ئۈرۈمچى غەربىي ئۆستەڭ ئارقا كوچا 18- نومۇرلۇق قورۇدىكى ليۇ شۇمىڭنىڭ ئۆيىدە قۇرۇلدى. ئەينى چاغدىكى ياڭ تيەنيۈن، ۋاڭ مىنگاڭ، ياڭ ۋېنگۋاڭ، ليۇ شۇمىڭ، شيا تىڭفاڭ، شېن يۇجى، سو شياۋبو قاتارلىقلار ئاساسلىق ئەزا بولدى. ئۇيېيكتىپ مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۆلكىلىك ياچېيكا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىيالمىغاچقا، تەشكىلات نامى مەركەزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار «ئاۋانگارتلار» ژۇرنىلىنى مەخپىي نەشر قىلغاچقا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، «ئۆلكىلىك ياچېيكا» نىڭ نامى «ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى» گە ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) نىڭ بېشىدا، «شىنجاڭ·كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» (كېيىن «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى» گە ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنىدى ياكى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى پارچىلىنىپ كەتتى. 5- ئايدا، دېموكراتىك

ئىنقىلاب پارتىيىسىنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان ۋاڭ مىڭگاڭ باركۆلگە كونا ساۋاقداشلىرى ۋۇ دۇگىيا، ۋۇ نەنشەن ۋە ۋەن يۈلىن (لىيۇ چىڭنەن) لارنى ئىزدەپ باردى. بىر ئايدىن كېيىن، ۋاڭ مىڭگاڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. 7- ئاينىڭ 3- كۈنى ۋۇ نەنشەن، ۋۇ دۇگىيا، جاڭ جىيايۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى ۋاڭ مىڭگاڭ، جۇ خاۋرەن (ياڭ ۋېنگاڭ) لەردىن كەلگەن خەتتىكى يولىيورۇق بويىچە «كوممۇنىزم تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نى قۇردى، ۋۇ نەنشەن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ماركسىزمنى ئۆگىنىپ، تەشكىلات قۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ مىڭگاڭ يەنە خوڭ جېنىنى ئۈرۈمچىدىن باركۆلگە گۇرۇپپا پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. شۇ يىلى 11- ئايدا، ج ك پ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياچېيكىسى تەشكىلات خادىمى جيا شىپىڭنى باركۆلگە «كوممۇنىزم تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باركۆل ناھىيىلىك ياچېيكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە ئەۋەتتى. ۋۇ نەنشەننى ناھىيىلىك ياچېيكىنىڭ شۇجىسى، ۋۇ دۇگىيانى تەشۋىقات خادىمى، جاڭ جىيايۇنى تەشكىلات خادىمى، يۇ خۇگېننى ياشلار خادىمى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەزا قوبۇل قىلىش شەرتلىرى: «1. ئىدىيىسى پاك بولۇش؛ 2. تۇپ سىياسىي تونۇشقا ئىگە بولۇش؛ 3. سىنىپىي ئېڭى بولۇش؛ 4. ئىنقىلابىي ئاكتىپچانلىقى بولۇش؛ 5. شىڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، ئىدىيىسى پاك بولغان ئىنقىلابچىلاردىن بولۇش». مۇشۇ شەرتلەر بويىچە، ئاساسلىقى ئىشچى- دېھقانلار ئاممىسى، شۆنداقلا ئوقۇتقۇچى، دوختۇر ۋە خىزمەتچىلەردىن ئەزا قوبۇل قىلىندى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك ياچېيكا ئوقۇتقۇچى يى چىڭخەي ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن ۋاڭ يىفۇ، يۇ خۇگېن، دىڭ بىگىنەنلەرنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 4- ئايدىن 12- ئايغىچە، يەنە يۈيۈلىن، ۋاڭ رۇ، ۋاڭ يۇسەن، خەن فۇشياڭ، سۇ ۋەنجۇن قاتارلىق كىشىلەرنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 3- ئايدا، ئۆلكىلىك ياچېيكا رەھبەرلىكىدىكى باركۆل شۆبە ياچېيكىسىنىڭ ئالاقىچىسى جاڭ جىيايۇنى قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى دۇ جياشياڭ، قۇمۇل ناھىيىلىك كېڭەش باشلىقى لى رۇي، قۇمۇل مەركىزىي 1- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋۇ جيۇيىگلارنى «ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى» نىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇرۇشقا قۇمۇلغا ئەۋەتتى. ئۆلكىلىك ياچېيكا قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكىنى قۇرۇشنى دەرھال تەستىقلىدى، دۇ جياشياڭ شۇجى، لى رۇي تەشكىلات خادىمى، ۋۇ جيۇيىڭ تەشكىلات خادىمى بولدى. شۇ يىلى كۈزدە، قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكا ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى جۇ چاڭفۇ، ياشلار مۇلازىمەت كوپىراتىپى مەدەنىيەت بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ رۇڭجىڭ، تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىسى جۇ ۋېيدىڭ، قۇمۇل رايونلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى جيا جېڭيۈەن، دوختۇرى تاۋ شۇجېن، سېستراسى سۇڭ جياجېن، ياشلار مۇلازىمەت كوپىراتىپىنىڭ ئەزاسى جو خېڭشۇن، قۇمۇل قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يۈەن يۈلىن قاتارلىقلارنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى؛ باركۆل شۆبە ياچېيكىسى باركۆل مەركىزىي 1- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋاڭ رۇ، شىپاخانىنىڭ دوختۇرى ۋاڭ يۇسەن قاتارلىق كىشىلەرنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى 9- ئايدا، ئۆلكىلىك ياچېيكا تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قۇمۇل رايونلۇق ياچېيكىنى قۇرۇپ، باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك شۆبە ياچېيكىلارغا رەھبەرلىك قىلدى. ۋەن يۈلىن قۇمۇل رايونلۇق ياچېيكىنىڭ شۇجىسى، جاڭ جىيايۇ تەشكىلات كادىرى (قوشۇمچە)، ۋۇ دۇگىيا تەشۋىقات خادىمى (قوشۇمچە) بولدى.

## 2. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 7- ئايدىن مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى زۇلمەت ئىچىدە قالدى. ئىشپىيونلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،

ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى تەرتىپلىك يىغىن تۈزۈمى ئورناتمىدى. سىياسىي، ۋەزىيەت ئۆگىنىشىدە تەشۋىقات خادىمى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى مەخپىي ئاڭلاپ، ئايرىم ئالاقە باغلاپ يەتكۈزدى ھەم ئىنقىلابىي كىتاب. ژۇرناللارنى ئالماشتۇرۇپ ئوقىدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) دىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىكى ئوفىتسېرلارغا ۋە ئورگان، ئىدارە. جەمئىيەتلەردىكى خادىملار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى تەشۋىق قىلدى، قىسىملارنىڭ ھەربىي كۈچى، قوراللىنىشى، پائالىيەتلىرىنى مەخپىي ئىگىلەپ، ئۆلكىلىك ياچېيكىغا دوكلات قىلىپ تۇردى، باركۆل ناھىيىلىك تارماق ياچېيكا باركۆل ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتى ۋە ناھىيىلىك پىرقىنى كونترول قىلىپ، ھاكىم ۋاڭ دۈگياڭنى كۆزەتتى، يەنە كەسىپ ئىتتىپاقى ئاستىدا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، ئىلغارلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈردى، ئەكسىيەتچىلەرنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۇلارغا زەربە بەردى.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 1- ئايدىن 9- ئاينىڭ 24- كۈنىگىچە، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، جاڭ جىجوڭنىڭ سۈيىقەستىنى پاش قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1949- يىلىدىكى ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى (چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى ئازاد قىلىش، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنى ئېچىش، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەش) نى تەشۋىق قىلدى، ئۈچ چوڭ جەڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، كىشىلەرنى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار قىلدى. بىر قىسىم ئىدىيىسى مۈجمەل كىشىلەرنىڭ جاڭ جىجوڭ ھاكىمىيىتىگە بولغان خام خىيالىنى تۈگىتىپ، گومىنداڭنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىكى كوماندىر. جەڭچىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىكى ھەيۋىسىنى چۈشۈردى. جاڭ جىجوڭ گورۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گورۇھۋازلىق زىددىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلدى. يەنە مەخپىي يەتكۈزۈش شەكلى ئارقىلىق «ئاۋانگارتلار» ژۇرنىلىنى ئوقۇدى. باركۆل تارماق ياچېيكىسى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ دۈگياڭغا ھەمكارلىشىپ ئوسماننى خاتىرجەم قىلدى، بېلورۇسسىيە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئوسماندىن ئايرىلىپ، ئالتايغا قايتىپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈردى.

1949- يىل 10- ئايدىن 1950- يىل 4- ئايغىچە، ئۆلكىلىك ياچېيكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، قۇمۇل رايونلۇق ياچېيكا تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، ھەر خىل سىياسىي ئىغۋالارنى پاش قىلدى ۋە تارمار قىلدى، خەلقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلغا كىرىشىنى كۈتۈۋالدى. خەلق ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ھەمكارلىشىپ، دۈشمەن ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى ئۈستىدە ھەر خىل تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكا ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن جۇخېڭشۈن، سۇڭ شۇچېن، جۇ ۋېيدىڭ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن جيا يۈشۇ، دىڭ يۈگچاڭ، دې لىنيۈەن قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، 2- جۈن بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، خىزمەت قىلىشىغا ئىلھام بەردى؛ ناھىيىلىك ياچېيكا ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى دۇ جياشياڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن 40 تىن ئارتۇق ياش ئوقۇغۇچى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشتى. قۇمۇل ناھىيىلىك ياچېيكا يەنە ۋاڭ رۇڭجىڭ، ۋۇ جيۇيىڭ، جيا جىگيۈەنلەرنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئۆتنە ئاشلىق يىغىش تەشۋىقاتىغا ۋە ئەمەلىي ئاشلىق يىغىشقا ھەمكارلاشتۇردى.

1950- يىل 2-، 3- ئايلاردا، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىلىك شۆبە ياچېيكىلىرى تارقىتىۋېتىلدى، پائالىيىتىمۇ ئاياغلاشتى. ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتلىرى سۈپىتىدە بىر قىسىملىرى ۋىلايەت، ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئاۋانگارتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ھامۇتخان، سۇ ۋەنجۈن، يۈەن يۈلىن

قانارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدىن بولۇپ قالدى؛ لى رۇي، يۈەن يۈلىن، ۋېن يۈلىن قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بوران- چاپقۇنلاردا بىللە بولغان سادىق دوستلىرى بولۇپ قالدى.

## §3. شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسىنىڭ قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق 8- شۆبىسى

### 1. تەشكىلىي ئاپپاراتى

شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاممىۋى بىرلەشمىسىنىڭ قۇمۇل بىۋاسىتە قاراشلىق 8- شۆبىسى مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) قۇمۇل گارنىزونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە مۇۋەققەت ۋالىيسى نيۇ جېنخەن بىلەن قۇمۇل تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇگيانىڭ تەييارلىقىدا قۇرۇلدى. قۇمۇلدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش شۆبىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى.

قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش 8- شۆبىسى قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ، ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش جەمئىيىتى ۋە قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا «ئاۋامنى قوزغاش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، كەڭ ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت» بولدى.

### 2. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش 8- شۆبىسىگە بىر يېتەكچى سەپلەنگەن بولۇپ، 8- شۆبىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. قارىمىقىدا بىر كاتىپ شۆبىنىڭ خەت- ئالاقە ۋە كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. بىر تەشكىلات خادىمى، ئەزا قوبۇل قىلىش، تۆگىنىشلەرگە تەشكىللەش، جەمئىيەتنىڭ بەدەل پۇلىنى يىغىشقا مەسئۇل بولدى. بىر تەشۋىقات خادىمى، تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۇلار بىر يېتەكچى، ئۈچ خادىمدىن تەشكىللەنگەن بۇ مۇدىرىيەت باش بىرلەشمىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى.

شۆبىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قۇمۇل گارنىزونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە ۋالىي نيۇجېنخەن (1938- يىلى ئەتىيازدىن 8- ئايغىچە)، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ليۇ شىمىڭ (1938- يىل 8- ئايدىن 1941- يىل 8- ئايغىچە)، قۇمۇل مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋېي زەنتاڭ (1941- يىل 8- ئايدىن 1942- يىلغىچە) لار ئۆستىگە ئالدى. شۆبە قارىمىقىدا ئاساسىي قاتلام گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى. ئاساسىي قاتلام گۇرۇپپىلىرى ئەزالار مەركەزلەشكەن ئورگان، ئورۇن، مەكتەپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار دائىرىسىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەزالىرى ئاساسىي قاتلام گۇرۇپپىلىرىنى بىرلىك قىلىپ، قەرەلسىز تەشكىلىي تۈرمۇش ئۆتكۈزدى، سىياسىي ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، خىزمەت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، كاندىدات ئەزالارنى رەسمىيلەشتۈردى.

شۆبە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پەقەت 40 تىن كۆپرەك ئادىمى بولۇپ، ئاساسلىقى ئۈرۈمچىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن پېشقەدەم ئەزالار، شۇنداقلا قۇمۇلدىكى ئورگانلارنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىگە قاتناشقان

خىزمەتچىلىرى بولۇپ، مەمۇرىي مەھكىمە، تېلېگىرامما ئىستانسىسى، قىزىلار مەكتىپى، رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى، 1- باشلانغۇچ مەكتەپ، دوختۇرخانا، پوچتا- تېلېگىراف ئىدارىسى قاتارلىق توققۇز ئورۇنغا تارقالغانىدى. ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە، شۆبە ئەزا 20 نەچچە گۇرۇپپىغا، 300 دىن كۆپرەككە يەتتى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئورگانلىرى، تېلېگىرامما ئىستانسىسى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى، قۇمۇل چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگىراف ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى، بانكا، دوختۇرخانا، ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىدارىسى، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، قۇمۇل 1-، 2- باشلانغۇچ مەكتەپ، قۇمۇل سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگىچە تارقالدى، ئەزالىرى ئورگان خىزمەتچىلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىچە، مەھەللىلەردىكى ئاكتىپلار، سودا- سانائەتچىلەر ۋە دېھقانلار ئاممىسىغىچە كېڭەيدى. شۆبە ئەزالار تاپشۇرغان بەدەل پۇلىنى ئاساسلىق پائالىيەت خىراجىتى قىلدى.

3. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش 8- شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئاممىسىنى تەربىيىلەش، ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش، تەشكىللەش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى (تەپسىلاتى 19- قىسىم «سىياسىي پارتىيىلەر» «II باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە قۇمۇلدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى» گە قارالسۇن).

# VIII باب

# باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

## §1. يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن، شىنجاڭ تىنچتىلىپ، باركۆلدە مەمۇرىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى، ئارمىيىگە ئەگىشىپ ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر، ھەربىي سەپتىن قىسقارتىلغان بولسىمۇ، ئىچكىرىگە قايتىشنى خالىمىغان ئەسكەرلەر ۋە شەنشى، گەنسۇلۇق كۆچمەنلەر باركۆل، قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشتى. ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر يۇرتداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئۇيۇشما سارىيى سالدى، ئۇيۇشمىلار ئۆلكىلەر بويىچە قۇرۇلغاندىن سىرت، بىر قىسىم ئادەم سانى كۆپ بىر ۋىلايەت، ناھىيىلىكلەرمۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى قۇردى. مىنگو يىللىرىدا، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلاندى، ئۇلار قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، مۇدىرىيەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. بىر يۇرتلۇقلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىپ بەردى. تەسىرىنى زورايتىش ئۈچۈن، يۇرتداشلار

ئۇيۇشمىلىرى ھەشەمەتچىلىكتە ئۆز ئارا بەسلەشتى، چوگراق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرى يەنە ھەر يىلى قەرەللىك كاتتا ئويۇنلارنى قويدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرى پارچىلىنىپ كەتتى، ئۇيۇشمىنىڭ جاي-مۈلكىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالدى.

## §2. قۇمۇل ئاشلىق توپلاش - قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 3- ئاينىڭ 21- كۈنى قۇرۇلدى، 12 ئەزادىن تەركىب تاپتى. ھۆكۈمەت لىيۇشىپېڭنى كومىتېت باشلىقلىقىغا، نيۇجېنخەننى مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىقىغا كۆرسەتتى. ئاشلىق توپلاش - قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى نامرات ئائىلىلەرنىڭ يېمەك ئاشلىقى ۋە ئۇرۇقى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاساسلىقى ئاشلىق ۋە پۇل توپلاپ، ئۇلارغا 1/10 پىرسەنتلىك ئۆسۈم بويىچە تارقىتىپ بەردى. «ئاشلىق ئىشانە قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى» نى تۈزۈپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يىغىش، ساقلاش- تارقىتىش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 46 مىڭ 200 كىلوگرام بۇغداي، 13 مىڭ 200 كىلوگرام ئارپا توپلىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 7- ئايدا پائالىيىتىنى توختاتتى.

## §3. خۇاگچۇ ھەربىي مەكتىپى ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇمۇل ئالاقە گۇرۇپپىسى

1984- يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خۇاگچۇ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە خۇاگچۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ئالاقە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپىغا ئاپتونوم رايونلۇق خۇاگچۇ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. قۇمۇل ئالاقە گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جەمئىي 34 ئەزا قوبۇل قىلدى. خۇاگچۇ ھەربىي مەكتىپى شىئەن يەتتىنچى شۆبە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى فۇ دىڭۋاڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

## §4. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

1980- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ دوستلۇق گۇرۇپپا ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ۋاڭ ۋېنخەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

1987- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى 2- نۆۋەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى

ۋەكىللەر يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ۋىلايەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە تەشەببۇسنامىسى، «قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى» ماقۇللاندى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ۋاڭ ۋېنخەن، خۇاڭ كېمىڭلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## §5. قۇمۇل شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

1988- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىدە ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. جەمئىيەتكە ئوسمانشاھ ھاجى رەئىس، سىدىق ئىمىن، ما زېڭشياڭ (خۇيزۇ) ئاخۇنلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى، جەمئىيەتكە توققۇز دائىمىي ئەزا، 33 ئەزا قويۇلدى.

## §6. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى

1990- يىل 6- ئاينىڭ 28- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك، شەھەرلىك مېيىپلار بىرلەشمىلىرىمۇ 1990- يىل 12- ئايدا قۇرۇلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېزا، بازار، مەھەللىلەردە جەمئىي 36 مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 14 مىڭدىن كۆپرەك مېيىپنىڭ 2900 دىن كۆپرەككە كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىگە يەن شۇفەن، ئابدۇراخمان كېرەم، توختىخان ئىسمائىل، لى رۇيلەر پەخرىي رەئىس، ئابدۇنىياز رەئىس بولدى.

# خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى

## يىگىرمە ئىككىنچى بۆلۈم

# خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى

## I باب

## خەلق ئىشلىرى

### §1. ئاپپاراتلار

1. ۋىلايەتلىك ئاپپارات

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى) ، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن، قۇمۇل، باركۆلدە تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى ئامبال ۋە خان ئامبالىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىش بېجىرگۈچىلەر خەلق ئىشلىرىنى بېجىردى. قۇمۇل، باركۆل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىدە نەپىقە ياردەمچى ئامبىلى تەيىنلىنىپ، خەلق ئىشلىرى ۋە ئۆزگە قاراشلىق جايلارنىڭ باشقا مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل، باركۆل بىۋاستە قاراشلىق مەھكىمىسىدىكى باش پۈتۈكچى بىر نەچچە بۆلۈمگە ئايرىلىپ ئىش بېجىردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۈتۈن بۆلۈمى (ئادەتتە پۇقرالار بۆلۈمى دەپ ئاتىلاتتى) خەلق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئايدا، قۇمۇل رايونلۇق ۋالىي مەھكىمىسى (كېيىن مەمۇرىي باش تەپتىش ۋالىي مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى) دە بىرىنچى بۆلۈم قۇرۇلۇپ، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 2- ئاينىڭ 28- كۈنى، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1966 – 1968 - يىلغىچە، خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئاساسەن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، پەقەتلا كەسپىي ئىشلار خىراجىتىنى ئاجرىتىش ئىشلىرىغىلا مەسئۇل بولدى.

1969- يىل 3- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى. خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئۇنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاراشلىق ئاممۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ بېرىلدى.

1973- يىلىدىن كېيىن، ئاممۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى خەلق ئىشلىرى كەسپى خەلق ئىشلىرى ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1974- يىلى، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1984- يىلى، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، باشقارمىدا ئىشخانا ۋە خەلق ئىشلىرى، نەپىقە، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق ئۈچ بۆلۈم تەسىس قىلىندى.

2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى- كەينىدە قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن، ناھىيىلەردە تۇتتۇن (نوپۇس) بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، خەلق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئىككى ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك يامۇلدا بىرىنچى بۆلۈم قۇرۇلۇپ، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 2- ئاينىڭ 28- كۈنى، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 20- كۈنى، ناھىيە قارىمىقىدا رايونلۇق مەھكىمە تەسىس قىلىنىپ، بىردىن مەخسۇس خەلق ئىشلىرى ياردەمچىسى سەپلەندى. يەتتە قۇدۇق مەركىزىي رايونىدا خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1969- يىلى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. كېيىنچە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1973- يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى دەپ ئاتالدى.

## §2. نەپىقە

1. نەپىقە ئوبيېكتلىرى

نەپىقە خىزمىتى بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك نەپىقە ئوبيېكتى جەمئىي 7601 ئائىلە، 17 مىڭ 534 ئادەم بولۇپ، ۋىلايەتتىكى 107 مىڭ 845 ئائىلىنىڭ 7.05% نى، 410 مىڭ 508 كىشىنىڭ 4.27% نى ئىگىلىدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان ئىنقىلابىي قۇربان جەمئىي 320 ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى جەمئىي 44 ئائىلە، 143 ئادەم (بۇ باشقا ئۆلكە- رايونلاردىن كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ۋىلايەتتىكى 320 ئىنقىلابىي قۇربان ئىچىدە، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇربان بولغانلار 11 ، ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە قۇربان بولغانلار ئۈچ ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بانditت تازىلاش ھەرىكىتى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىللىرىدە قۇربان بولغانلار 255 ، ئىز- دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن خەلق ئەسكىرى، خەلق ئىشچىسى 51.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ۋالىي مەھكىمىسى ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنى تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدى. گوۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش، تولۇقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ۋە 1950- يىل 12- ئاينىڭ 11- كۈنى، دۆلەت ئىشلىرى باش مىنىستىرلىكى تەستىقلاپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىنقىلابىي ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ۋاقىتلىق نىزامى» ۋە «قۇربان بولغان،

كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ئىنقىلابىي ھەربىيلەرگە نەپىقە بېرىش ۋاقىتلىق نىزامى»غا ئاساسەن ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىشنى يولغا قويدى.

1979- يىل 4- ئاينىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەت بويىچە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى جەمئىي 7370 ئائىلە، 9998 ئادەم بولۇپ، بۇ ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ %6.1 ىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %3.8 ىنى ئىگىلىگەن. ۋىلايەت بويىچە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 40 ئائىلە، 154 ئادەم. ئومۇم ئۈچۈن قۇربان بولغان ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىككى ئائىلە، يەتتە ئادەم. كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى توققۇز ئائىلە، 22 ئادەم، يوقاپ كەتكەن ھەربىيلەر ئىككى ئائىلە، توققۇز ئادەم. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 993 ئائىلە، 3582 ئادەم. بۇنىڭ ئىچىدە، جەڭچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 819 ئائىلە، 2951 ئادەم، ھەربىي كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 174 ئائىلە، 539 ئادەم، ئىنقىلابىي مەجرۇھلار 197 ئادەم. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزىدىكىلەر 27 ئادەم، خىزمەتتىكىسى 170 ئادەم، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار 2714 ئادەم. بۇنىڭ ئىچىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكىلىرى 107 ئادەم. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىلىرى 1311 ئادەم. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەربىي سەپكە قاتناشقانلار 1296 ئادەم، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى يەتتە ئادەم، ھەربىي سەپتىن دىم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار سەككىز ئادەم.

1983- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە ئىنقىلابىي قۇربان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان بولغانلار، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 136 ئادەم بولۇپ، 1979- يىلىغا قارىغاندا 47 ئادەم ئازايغان. گۇۋاھنامىسى بولغان ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن چېگرىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەنلەر ياكى ئۆزلۈكىدىن شىنجاڭغا كەلگەنلەردىن ئىبارەت. ۋىلايەت بويىچە قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر بولۇپ، نەپىقە ئالىدىغان ئوبيېكتلار جەمئىي 38 ئائىلە.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىنقىلابىي مەجرۇھ بولغان خادىملار 211 ئادەم. بۇنىڭ ئىچىدە، خىزمەتتىكىلىرى 189 ئادەم، يېزىدىكىلىرى 22 ئادەم. ئىنقىلابىي مەجرۇھ بولغان ھەربىيلەر 187 ئادەم، مەجرۇھ بولغان خىزمەتچى خادىملار 16 ئادەم. ئۇرۇشقا قاتنىشىپ مەجرۇھ بولغان خەلق ئەسكەرلىرى، خەلق ئىشچىلىرى بەش ئادەم. مەجرۇھ بولغان خەلق ساقچىسى ئۈچ ئادەم.

نەپىقە بېرىش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 1952- يىلى، 1962- يىلى، 1972-، 1973- يىللىرى ۋە 1981-، 1982- يىللىرى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە تۆت قېتىم مەجرۇھلۇقنى باھالاش، گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1982- يىلى، ۋىلايەتنىڭ مەجرۇھلارنىڭ گۇۋاھنامىسىنى يېڭىلاش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە مەجرۇھلار جەمئىي 197 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكىلەر 170 ئادەم، يېزىدىكىلەر 27 ئادەم؛ ئالاھىدە دەرىجىدىكىسى بىر ئادەم، ئىككىنچى دەرىجىلىكنىڭ A دەرىجىدىكى خىزمەتتىكىسى يەتتە ئادەم، يېزىدىكىسى بىر ئادەم، ئىككىنچى دەرىجىلىكنىڭ B دەرىجىدىكى خىزمەتتىكىسى بەش ئادەم، يېزىدىكىسى ئىككى ئادەم. ئۈچىنچى دەرىجىلىكنىڭ A دەرىجىدىكى خىزمەتتىكىسى 70 ئادەم، يېزىدىكىسى يەتتە ئادەم. ئۈچىنچى دەرىجىلىكنىڭ B دەرىجىدىكى خىزمەتتىكىسى 68 ئادەم، يېزىدىكىسى 16 ئادەم.

**2. «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ۋە «نەپىقە بېرىش» ۋەكىللەر يىغىنى**

1) **«ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ۋەكىللەر يىغىنى** 1982- يىل 11- ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 19- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە مەلۇم قىسمى بىرلىكتە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش بويىچە ئىلغار

كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللەر يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا 326 ھەر مىللەت ۋەكىلى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 221 يەرلىكتىن كەلگەن ۋەكىل، 101 ھەربىي ۋەكىل، تۆت ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل بار. يىغىن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلققە «تەشەببۇسنامە» ئېلان قىلدى ۋە «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش ئەھدىنامىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، يىغىندا «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» بويىچە 95 ئىلغار كوللېكتىپ، 193 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى ۋە لەۋھە، تەقدىرنامە، مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى.

2) ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى ۋەكىللەر يىغىنى 1958 – 1982 - يىلىغىچە، تۆت قېتىم ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى ۋەكىللەر يىغىنى ۋە ئاكتىپلار يىغىنى چاقىردى.

1958- يىل 7- ئايدا، ۋالىي مەھكىمە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى كۆڭشېسىدا قۇربان بولغان ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەردىن بولۇپ جەمئىي 50 نەچچە ئادەم قاتناشقان قەسەمياد يىغىنى چاقىردى ۋە ئوبيېكتلارنى شائىلىق ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشەببۇسنامە ئېلان قىلدى.

1958- يىل 9- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە، ۋالىي مەھكىمە ۋىلايەت بويىچە ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا جەمئىي 32 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتتە نەمۇنىچى بولغان ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ۋاڭ گۈيفېڭ قاتارلىق يەتتە ئادەم تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

1959- يىل 10- ئاينىڭ 21- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قۇمۇل بازىرى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون چاقىرغان 2- قېتىملىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مەجرۇھ بولغان، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ئىچىدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

1978- يىل 11- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە، ۋىلايەت تۇنجى قېتىملىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مەجرۇھ بولغان ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا 217 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 31 ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىلى، 10 مەجرۇھ بولغان ھەربىيلەر ۋەكىلى، 158 ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋەكىلى، سەككىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋەكىلى، 10 پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بار. يىغىندا سايلام ئارقىلىق 19 ئادەم ئاپتونوم رايونلۇق 3- قېتىملىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تاللاندى. يىغىندا يەنە 4 ئورۇن، 43 ئادەمگە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش جەھەتتە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

3. ئاممىۋى غەمخورلۇق

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى غەمخورلۇق تېرىقچىلىقىنى قىلىشىپ بېرىش، چارۋىسىنى بېقىشىپ بېرىش، ئەمگەك كۈچى ۋە نەق پۇل مۇئامىلىلىرىدە غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) تېرىقچىلىقىنى قىلىشىپ بېرىش 1951- يىلى، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى ئەمگەك كۈچى بولمىغان 72 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيلەرنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە كۈزلۈك يىغىم ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. 1953 – 1954 - يىللىرى، قۇمۇل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا

310 مارۋا ئۇغۇت توشۇپ بەردى، 1800 مو زىرائەتنى ئورۇپ بەردى.

1955- يىلى، ۋىلايەت باركۆل ناھىيە داخىي (قاراسۇ) يېزىسىدىكى ئىككى ئائىلىلىك ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغان ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتىغا ياردەمچى ئەمگەكچى بەلگىلەپ، 433 ئەمگەك كۈچى ئىشلەتتى، 35.15 مو يېرىنى تېرىپ بەردى.

2) ئەمگەك كۈنى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش 1956- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە تېرىقچىلىقنى ۋاكالىتەن قىلىشىپ بېرىش، ئەمگەك كۈنىگە ئېتىبار بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كۆڭۈل ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئېتىبار بېرىش كۆۋاھنامىسى تارقاتتى ياكى ئەمگەك قوللانمىسىغا ئىش نومۇرى قوشۇپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئېتىبار بېرىش ئىش نومۇرى بىلەن ئۆزى تاپقان ئىش نومۇرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئاشلىق، نەق پۇل ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى تەقسىملەشكە قاتناشتۇردى. 1957- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار 12 ئائىلىلىك 69 ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرگە 10 مىڭ 800 پۇڭ ئىش ھەققى نومۇرى ياردەم قىلدى. بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 922.25 يۈەنگە، ھەر بىر ئائىلىگە چاچقاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 76.85 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. 1962- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 68 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 19 مىڭ 400 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1965 – 1978 - يىلغىچە، باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ كۆڭشې سەنشىخۇ چوڭ ئەترىتى 6- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئۇدا 14 يىل ئالتە ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتى، ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىي ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەرگە 29 مىڭ ئىش نومۇرى ياردەم قىلدى. بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 3166 يۈەنگە توغرا كېلىپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېسابتا 527 يۈەندىن توغرا كەلدى. بۇ ئەترەت ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيە بويىچە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1980- يىلى، باركۆل ناھىيىسى 42 ئائىلىلىك ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ كوللېكتىپقا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك 18 مىڭ 47 يۈەن قەرزىنى كەچۈرۈم قىلدى.

3) ئېتىبار بېرىش پۇلى 1982- يىلى، ۋىلايەت بويىچە، ئېتىبار بېرىش ئەمگەك كۈنى «ئېتىبار بېرىش پۇلى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1985- يىلىدىن ئىلگىرى، ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش كەنتنى بىرلىك قىلىپ، باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتى. 1985- يىل 12- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربان، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيلەر، ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىيلەرگە ئېتىبار بېرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. 1986- يىلىدىن باشلاپ يېزا (مەيدان) لار تەڭشەپ زىممىسىگە ئېلىش، ئېتىبار بېرىش پۇلىنى ھۆددىگەرلىك توختامنامىسىغا كىرگۈزۈش، يىل بېشىدا باھالاپ بېكىتىش، يازلىقى تەكشۈرۈش، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە ئايرىم ھېساب ئېچىپ بانكىغا قويۇش، ھەربىيلەر ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندە بىر قېتىمدىلا ئۆزىگە قايتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بولغان ئاممىۋى ئېتىبار بېرىشتە، ئوخشاش ئەمگەكچىنىڭ بىر يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 2/3 قىسمى بويىچە نەق پۇل ئارقىلىق ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بەزى يېزا، مەيدانلار پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلدى، يەنى بىر يىل مەجبۇرىيەت ئۆتىسە 1/3 ى بويىچە، ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە مەجبۇرىيەت ئۆتىسە 2/3 بويىچە، تۆت يىل مەجبۇرىيەت ئۆتىسە بىر پۈتۈن ئەمگەك كۈچى بويىچە ئېتىبار قىلدى. نەق پۇل ئارقىلىق ئېتىبار بېرىشتىن سىرت، باشقا جەھەتلەردىمۇ ئېتىبار بەردى. يېزا- قىشلاقلاردىن ياشلار ھەربىي سەپكە ماڭسا، ئۇنىڭ ھۆددىگە ئېلىنغان يېرى، قالدۇرۇق يېرى، قالدۇرۇق چارۋىلىرىنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى باشقۇرۇپ پايدىلىنىپ تۇردى، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار تېرىش، يىغىۋېلىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي سەپكە قاتناشقانلارنىڭ مەسئۇلىيەت يېرىدىن قالدۇرۇق پۇل تۆلەنمىدى، ھاشار ئەمگىكى كەچۈرۈم قىلىندى.

1986- يىلى، قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ يىل چەكلىمىسىگە ئاساسەن ئېتىبار قىلدى. ھەربىي مەجبۇرىيەتنى بىرىيىل ئۆتىسە 120 يۈەن، ئىككى يىل ئۆتىسە 160 يۈەن، ئۈچ يىل ئۆتىسە 200 يۈەن، تۆت يىلدىن ئارتۇق بولسا 240 يۈەن ئېتىبار قىلدى. 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتسە 500 يۈەن، 2- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتسە 300 يۈەن، 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتسە 100 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى. تۈەن تەرىپىدىن مۇكاپاتلانسا 60 يۈەن، يىڭ تەرىپىدىن مۇكاپاتلانسا 40 يۈەن، ليەن تەرىپىدىن مۇكاپاتلانسا 20 يۈەن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىلغار بولۇپ باھالانسا 40 يۈەن نەق پۇل بىلەن تەقدىرلەندى. 1988- يىلى، باركۆل ناھىيە شىرىنزا يېزىسى ئۆزلىرىنىڭ يېزا كارخانىسىنىڭ كىرىمىگە ئاساسەن، ئېتىبار بېرىش ئۆلچىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھەر يىلى ھەر بىر ئائىلىگە 800 يۈەندىن ئېتىبار بېرىش پۇلى ئەمەلىيلەشتۈردى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1982 – 1990 - يىلىغىچە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 – 1

| يىللار | ئېتىبار بېرىلگەن ئائىلە | ئېتىبار بېرىلگەن پۇل (يۈەن) | ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1982 | 328 | 65928 | 201 |
| 1983 | 356 | 74760 | 210 |
| 1984 | 387 | 91000 | 235 |
| 1985 | 547 | 101000 | 185 |
| 1986 | 629 | 113232 | 180 |
| 1987 | 592 | 116000 | 196 |
| 1988 | 574 | 132020 | 230 |
| 1989 | 580 | 142100 | 245 |
| 1990 | 562 | 144000 | 256 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى سانلار پىنداشىي ئەسكەرلەر ۋە كادىر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

**4. دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش**

يېزىلاردىكى ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرى بەلگىلىمە بويىچە ئاممىۋى ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن،

يۈزنىڭ ئىچىدە يېتىم ـ يېسىر، ياشانغان، كېسەل، مېيىپ بولۇپ مۇقىم كىرىمى بولمىغان، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا دۆلەت قەرەللىك مەلۇم مىقداردا ئېتىبار بەردى ياكى قەرەللىك نەپىقە بەردى. تەبىئىي ئاپەت ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغانلارغا دۆلەت تەرىپىدىن ۋاقىتلىق ياردەم بېرىلدى.

1) قەرەللىك، مىقدارلىق ياردەم

1950- يىلى، ئائىلىسى يېزىدا بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر ئايلىق نورما ئاشلىقى 7.5 كىلوگىرامدىن ئاشمىغانلارغا، ئائىلىسى شەھەردە بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورما ئاشلىقى 10 كىلوگىرامدىن ئاشمىغانلارغا ھۆكۈمەت قەرەللىك، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم قىلدى. 1954- يىلى ۋىلايەت بويىچە 13 ئائىلىلىك 46 ئادەمگە 1550 كىلوگىرام بۇغداي قوشۇمچە ياردەم قىلدى. بۇ ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 119.23 كىلوگىرامدىن توغرا كەلدى. 1963- يىلى ياردەم قىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، ۋىلايەت بويىچە قەرەللىك بەلگىلەنگەن مىقداردا ياردەمگە ئېرىشكەنلەر 21 ئائىلە بولۇپ، ۋاقىتلىق ياردەمگە ئېرىشكەنلەر 149، ياردەمگە قىلىنغان پۇل 3044 يۈەن بولدى.

1979- يىلى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا قەرەللىك، مىقدارلىق ياردەم قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مەجرۇھ بولغان ئەسكەرلەرگە ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىپ ياردەم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايىتى قەرەللىك، مىقدارلىق ياردەمدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك 108 ئوبيېكتقا، بىر يىلدا جەمئىي 12 مىڭ 552 يۈەن پۇل ئاجراتتى. 1983- يىل 1- ئايدا ۋىلايەت بويىچە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، يېزىدا ئولتۇراقلاشقان ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان ياشانغان، يەككە ـ يېگانە ھەربىيلەرگە ھەر ئايدا 10 يۈەندىن كۆپەيتىپ ياردەم قىلدى. 1949- يىلدىن بۇرۇن ھەربىي سەپكە كىرگەن يېزىلاردىكى 3- دەرىجىلىك مېيىپ، ياشانغان، يەككە ـ يېگانە ھەربىيلەرگە ھەر ئايدا سەككىز يۈەندىن ياردەم قىلدى. ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، يېگانە، ياشانغان، ھەربىي سەپتىن قايتقانلارغا ئەسلىدىكى ھەر ئايدا بەھرىمەن بولۇۋاتقان 7.47 يۈەن ئاساسىدا يەنە 10 يۈەن قوشۇپ 17.47 يۈەن قىلىپ بەردى. 1984- يىلى قەرەللىك ياردەمگە ئېرىشىش شەرتىگە توشقانلىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى (بۇ قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن، يوقاپ كەتكەن ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەگەر يېزىدا بولسا، ھەر بىر ئادەمگە ھەر ئايدا 25 يۈەن، شەھەردە بولسا ھەربىر ئادەمگە 25 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە ياردەم قىلدى. قىزىل ئارمىيە، 8- ئارمىيەنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرى (ئەسلىدىكى سەرسان بولغان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى) گە ھەر بىر ئادەمگە ھەر ئايدا 45 يۈەندىن، يېزىدا ئولتۇراقلاشقان يېگانە، ياشانغان ھەربىي سەپتىن قايتقانلارغا ھەر ئايدا 25 يۈەندىن ياردەم قىلدى. 1949- يىلدىن بۇرۇن ھەربىي سەپكە قاتناشقان يېزىدىكى 3- دەرىجىلىك مېيىپ ھەربىيلەرگە، مېيىپلىق نەپىقە پۇلى تارقىتىشتىن باشقا، ھەر بىرىگە ھەر ئايدا سەككىز يۈەندىن ياردەم قىلدى، شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە بەلگىلەنگەن مىقداردا ياردەم قىلىنغان ئوبيېكت 189 بولۇپ، بىر يىلدا جەمئىي 50 مىڭ 228 يۈەن ياردەم قىلىندى. 1985- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا بېرىلىدىغان قەرەللىك، مىقدارلىق ياردەم ئۆلچىمىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆپەيتتى ۋە قەرەللىك، مىقدارلىق ياردەم قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

2) قەرەللىك نەپىقە بېرىش 1985- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان قەرەللىك، مىقدارلىق ياردەمنى قەرەللىك نەپىقە بېرىشكە ئۆزگەرتتى.

3) ۋاقىتلىق ياردەم قىلىش 1951 – 1952 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ۋاقىتلىق ياردەم قىلىپ تارقاتقان ئاشلىق 10 مىڭ 500 كىلوگىرامغا يەتتى. 1953- يىلدىن كېيىن

ۋاقىتلىق ياردەم نەق پۇل ئارقىلىق ياردەم قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1955 – 1960 - يىللىرىچە، ۋاقىتلىق ياردەم قىلىنغان پۇل 18 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 1965 – 1976 - يىللىرىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 126 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى، 1980 – 1988 - يىللىرىچە 210 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. بۇ مەبلەغلەر ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ مەلۇم ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى.

## §3. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش

**1. ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىش**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قوشۇلغا كىرگەن ۋە باندىت تازىلاش مەزگىللىرىدە، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاكتىپلىق بىلەن ئارمىيىنى قوللاپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى، قىسىملار ئۈچۈن ئاخبارات توپلىدى ۋە ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەردى، يول باشلىغۇچى بولدى، ئوت- چۆپ، ئوق- دورا يەتكۈزۈپ بەردى، ياربىدار- كېسەللەرنى قۇتقۇزدى، ھەربىي ئۆتۈك، ئاياغ تىكتى، ھال سوراش خېتى يازدى، ئەدەبىيات- سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇندىدى، ھال سوراش ماددىي بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلدى.

**2. ئازادلىق ئارمىيىدىن ھال سوراش**

قىسىملار شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ھەر يىلى «1- ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇش بايرىمى، يېڭى يىل، چاغان، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە شەھەر- بازارلاردىن يېزا- قىشلاقلارغىچە، ئىدارە- ئورگانلاردىن مەكتەپلەرگىچە كەڭ كۆلەملىك ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى.

1949- يىل 10- ئايدا، ۋالىي مەھكىمىسى ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى قارشى ئالدى، يىغىندىن كېيىن ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىق تامىقىنى يېدى، ئويۇن كۆردى، ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى. 1956- يىلى، ۋىلايەت ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى، شۆبە ھەربىي رايونى ۋە 19 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. 1958 – 1965 - يىللىرىچە ۋە 1975 ~ 1990- يىللىرىچە، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ قوشۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ھال سورىدى، 1983 ~ 1988- يىللىرىچە، قوشۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو - ۋيېتنام چېگراسىدا ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتناشقان قىسىملاردىن ھال سوراپ 18 مىڭ 270 پارچە خەت يازدى، 27 مىڭ 135 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، «قوغۇن دىيارىدىن كەلگەن سالام» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلەپ، جەڭگە قاتناشقان قىسىملارغا ئەۋەتىپ بەردى. 1985- يىلى چاغاندا، ئاپتونوم رايون ھال سوراش باش ئۆمىكى قوشۇل شۆبە ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، قىسىملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسى قاتارلىق 20 نەچچە ئورۇنغا بېرىپ خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى. 1987- يىلى، «1- ئاۋغۇست» ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايون شەرقىي شىنجاڭ ھال سوراش ئۆمىكى قوشۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئورگانلىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە 1- سېپىدە تۇرۇۋاتقان ئوفىتسېر - جەڭچىلەردىن ھال سورىدى، ھال سوراش جەريانىدا ئارمىيە- خەلق سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، قىسىملارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى، قىسىملارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئىگىلەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى.

3. ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار قىلىش

1951- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 110 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربان، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە شۆھرەتكە ئېرىشكەن ھەربىيلەرگە شەرەپ تاختىسى ئاستى. 61 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يوقلىدى، كېيىن، ۋىلايەت ۋە ناھىيە (شەھەر) لەر ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەن ھەربىيلەرگە تۈرلۈك جەھەتلەردىن ئېتىبار قىلدى (مۇشۇ بابنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدىكى «نەپىقە بېرىش» كە قاراڭ).

1981- يىل 12- ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باركۆل ناھىيىسىگە «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى. 1982- يىل 3- ئاينىڭ 26- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باركۆل ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق يىغىن چاقىرىپ، باركۆل ناھىيىسىگە «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن لەۋھەنى بەردى. 1982- يىل 1- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى چاقىرغان «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش دوكلات بېرىش يىغىنى» غا قاتنىشىپ، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، باش سىياسىي بۆلۈم يەنە باركۆل ناھىيىسىگە «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلق بىر ئائىلە» دېگەن لەۋھەنى تەقدىم قىلدى. 1983- يىل 2- ئاينىڭ 23- كۈنى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى بىرلىكتە چاقىرغان ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. 1984- يىل 2- ئايدا، باركۆل ناھىيىسى مەملىكەتلىك «ئىككىنى ھىمايە قىلىش»، «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 1985- يىلى، باركۆل ناھىيىسى ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك «ئىككىنى ھىمايە قىلىش»، «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

1990- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقىدىكى «قوش نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر)» دېگەن نامنى بەردى.

4. ئارمىيىنى ئەقلىي جەھەتتىن ھىمايە قىلىش

1984- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر قىسىملارغا ھەربىي قىسىمدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان خادىملارنى تەربىيىلەشكە ياردەملەشتى. 1985 – 1989 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسى ئەقلىي جەھەتتىن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش يوللىرىنى كەڭ ئاچتى. يېنىك سانائەت ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ليەندۇيلىرىگە تراكتور، ئاپتوموبىل شوپۇرلۇق، ماشىنا- ئاپتوموبىل رېمونتچىلىق، كەپشەرچىلىك، ئىستانوك مەشغۇلاتى، سېلىسارلىق قاتارلىق تېخنىكا خادىملىرىدىن 63 نى تەربىيىلەپ بەردى. 1977 – 1990 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ليەندۇيلىرىگە 104 سەھىيە خادىمى تەربىيىلەپ بېرىپ، قىسىملار ئۈچۈن جەمئىي 13 مىڭ يۈەن تەربىيىلەش خىراجىتى ئىقتىساد قىلىپ بەردى.

5. ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ بېيىشىغا يار- يۆلەك بولۇش

1985- يىلى، ۋىلايەتتە «ئىككىگە يار- يۆلەك بولۇش» (نامرات ئائىلىلەرگە يار- يۆلەك بولۇش، ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا يار- يۆلەك بولۇش) رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1985 – 1986 - يىللىرى ۋىلايەت يار- يۆلەك بولغان «ئىككىگە يار- يۆلەك بولۇش» ئىقتىسادىي گەۋدىلەر

(كونىبرۋا زاۋۇتى، بېلىقچىلىق مەيدانى) گە 14 مىڭ 500 يۈەن خىراجەت ئاجراتتى، 1987- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئېتىبار، نەپىقە ئوبيېكتى 82 ئائىلە بولۇپ، يىل ئاخىرىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى 20 ئائىلە، بۇ، يار- يۆلەكتىن بەھرىمەن بولغان ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 24.4% نى تەشكىل قىلدى. 1985- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەت نامراتلارغا ۋە ئېتىبار بېرىلىدىغانلارغا يار- يۆلەك بولۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى، 180 ۋەكىل قاتناشتى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئايۇپ قۇربان «نامراتلارغا ۋە ئېتىبار بېرىلىدىغانلارغا يار- يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، قۇمۇلنى ئېچىش ۋە قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات قىلدى. يىغىندا «ئىككىنى قوللاش» خىزمىتىدىكى 14 ئىلغار كوللېكتىپ، 34 ئىلغار شەخس ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغان ئىلغار شەخسلەرگە لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى.

## §4. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق

### 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە نامرات، يېتىم- يېسىرلار سەيناسى قۇرۇلدى. گۇاڭشۈ 21- يىلى (1895- يىلى)، باركۆل مەھكىمىسىدە قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئورنى قۇرۇلدى، پۇل ۋە ئاشلىق يىغىپ 25 ئادەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

### 2. مىنگو دەۋرى

مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى)، قۇمۇلدىكى بېقىش، قۇتقۇزۇش ئورنى 28 يېتىم - يېسىرنى يىغىپ، ھەر بىرىنى ھەر كۈنى 0.25 كىلوگرام ئۇن بىلەن تەمىنلىدى.

مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، قۇمۇلدا قۇتقۇزۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، مۇساپىرلاردىن 66 نى يىغىپ باقتى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇتقۇزۇش ئورنى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، ئۆي- ماكانسىز 40 يېتىم- يېسىرنى يىغىپ، ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئاجراتقاندىن باشقا، ئۇلارنى ئۇششاق ئەمگەكلەرگە تەشكىللەپ، تاپاۋىتىنى تۇرمۇشىغا قوشۇمچە قىلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) غىچە، بۇ ئورۇندا 10 نەپەر يېتىم- يېسىر، قېرى- چۆرىلەر بار ئىدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، شەنشى، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن قۇمۇلغا كېلىپ قالغان 220 دىن ئارتۇق سەرگەردان بالىنى يىغىش ئارقىلىق، بېقىپ تەربىيىلەش ئورنى قۇردى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) نىڭ بېشىدا، بېقىپ تەربىيىلەش ئورنى ئاساسىدا جوڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 10 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ياشلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، تەربىيىلەش ئورنى ۋە باشلانغۇچ دارىلئېيتام قۇرۇپ، قورۇقلۇق ئارمىيە 45 - شىسىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

### 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن

1) يىغىپ- تەربىيىلەش، يېتىملار ئورنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى قۇتقۇزۇش ئورنى بىلەن يېتىملار ئورنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىش، قۇتقۇزۇش ۋە

يېتىملار ئورنى قۇردى. يېغىپ بېقىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغانلارنى ئىنقىلاپ، شەرتلىرى توشقان ئوبيېكتلارنى قوبۇل قىلدى.

2) بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىلىرىنى بېقىش   1957- يىلدىن باشلاپ بەزى يېتىم- يېسىر، ئاجىز، قېرى- چۆرىلەرنى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش (يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، يېقىلغۇ، خەۋەر ئېلىش، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش) يولغا قويۇلدى. 1957- يىلى ۋىلايەت بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىسىدىن جەمئىي 210 ئائىلە (512 ئادەم) بار ئىدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئازراق ئەمگەك كۈچى بولغان يېتىم- يېسىردىن 263 ئائىلىلىك (713 ئادەم) نى كوللېكتىپ يېنىك ئەمگەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئېتىبار قىلدى. جان سانى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز، كۆپ يىللاردىن بېرى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان 375 ئائىلىلىك (1199 ئادەم) نى كوللېكتىپتىن يېنىك ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئىش نومۇرى جىقراق بولغان ئەمگەكلەرگە سېلىش ئارقىلىق ئېتىبار قىلدى. 1964- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىسىدىن 322 ئائىلە، 512 ئادەم، 1979- يىلى، 285 ئائىلە، 425 ئادەم، 239 ئائىلە 304 ئادەم بار ئىدى. 1980- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، كۆڭلىنىڭ تەستىقى بىلەن 239 ئائىلە، 304 ئادەمگە «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈپ تەمىنلەش كىنىشكىسى»، 36 مىڭ 800 يۈەن تەمىنلەش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ 310 مىڭ يۈەن، دۆلەت 5800 يۈەن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى بەردى، بۇنىڭدىن باشقا، 21 ئائىلىلىك 22 ئادەمگە قەرەللىك ھالدا 3340 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ ھەر بىر ئادەمگە ھەر يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 151 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1984- يىلىدىكى ۋىلايەت بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىسى 228 ئائىلە، 291 ئادەم. 1985- يىلى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىلىرىگە قارىتىلغان بېقىپ تەمىنلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولدى: بىرىنچىسى، كەنت بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، تارقاقلاشتۇرۇپ تەمىنلەش، لازىملىق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى كەنتنىڭ قالدۇقىدىن ھەل قىلىش؛ ئىككىنچىسى، تۇغقانلىرى ۋاكالىتەن مەسئۇل بولۇپ قاراش، كەنت كومىتېتى پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تۇغقانلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىش؛ ئۈچىنچىسى، يەرنى كۆتۈرە بېرىپ، ۋاكالىتەن تېرىش، ۋاكالىتەن بېقىش، كەنت كومىتېتى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىسىگە ۋەزىپە يېرىنى ئاجرىتىپ بېرىش، بېقىشقا كېرەكلىك پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىگە يەرنى ھۆددىگە ئالغۇچى مەسئۇل بولۇش.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1982 – 1990 - يىلىغىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىلىرىنى بېقىپ تەمىنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 – 2

| تۈرلەر / يىللار | بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش | | دۆلەت ياردىمى (تۈمەن يۈەن) | يېزىلاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە مەركەزلىك بېقىلىۋاتقانلار | | يېزىلاردا تارقاق تۇرۇۋاتقانلار | | شەھەر - بازاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە بېقىلىۋاتقانلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە | ئادەم | | ئادەم | پۇلى (تۈمەن يۈەن) | ئادەم | پۇلى (تۈمەن يۈەن) | ئادەم | پۇلى (تۈمەن يۈەن) |
| 1982 | 264 | 356 | 3.3 | | | 356 | 3.3 | | |
| 1983 | 244 | 317 | 2.9 | | | 317 | 2.9 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 228 | 291 | 3.9 | | | 270 | 2.5 | 21 | 1.4 |
| 1985 | 209 | 267 | 3.7 | 84 | 0.8 | 162 | 1.5 | 21 | 1.4 |
| 1986 | 197 | 249 | 6.1 | 65 | 0.6 | 163 | 1.6 | 21 | 3.9 |
| 1987 | 189 | 240 | 4.3 | 95 | 0.9 | 73 | 0.9 | 72 | 2.5 |
| 1988 | 176 | 229 | 5.7 | 96 | 0.9 | 113 | 1.4 | 20 | 3.4 |
| 1989 | 177 | 216 | 4.0 | 89 | 1.1 | 108 | 1.4 | 19 | 1.5 |
| 1990 | 155 | 205 | 5.1 | 105 | 1.7 | 85 | 1.4 | 15 | 2 |

3) **باشانغانلار ساناتورىيىسى** 1958- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت ھەر خىل شەكىلدىكى يېزا باشانغانلار ساناتورىيىلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. بۇنى ئىگە- چاقىسىز، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان قېرى- چۆرىلەرنى، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتلىرىنى بېقىشنىڭ بىر خىل شەكلى قىلدى. 1958- يىلى، باركۆل ناھىيىسىدە ئۈچ باشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلۇپ، 30 قېرى - چۆرە بېقىلدى.

1959- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى ئىككى جايدا باشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇپ، يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتىدىن 31 نى باقتى. 1962- يىلى قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئۈچ باشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى.

1980- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بازار ئىچىدە بىر باشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇپ، يېزىلاردىكى قېرى، ئاجىز، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئالتە ئادەمنى يىغىپ باقتى.

1985- يىلى، باركۆل ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى بەش جايدا يېزا دەرىجىلىك باشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئائىلىسىدىن 20 ئادەمنى باقتى.

1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزىلىق باشانغانلار ساناتورىيىلىرىدىن بولۇڭتوغراقتا ئالتە ئادەم، پالۋانتۇردا ئۈچ ئادەم، راھەتباغدا بەش ئادەم، باركۆل ناھىيىسىنىڭ خۇايۈەن يېزىسىدا ئىككى ئادەم، كۆيسۇ يېزىسىدا تۆت ئادەم بار ئىدى، ئىككى ناھىيە، شەھەردىكى بەش ئورۇندىكى باشانغانلار ساناتورىيىسىدە جەمئىي 43 كارىۋات، يەتتە ئىشچى- خىزمەتچى، 70 مو كۆكتاتلىق يېرى، 16 مو مېۋىلىك بېغى، ئاشخانا، شىپاخانا، پارقازان ئۆيى، ياتاق قاتارلىق 2773 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى، ھويلىسىدا 6000 تۈپ كۆچىتى بار ئىدى. 1990- يىلى، بېقىلىۋاتقانلار 25 كە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 17 گە يەتتى.

4) **مېيىپلار ئىشلىرى** 1990- يىل 7 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. 11- ئايدا قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە مېيىپلار بىرلەشمىسى «ئۈچنى ساغلاملاشتۇرۇش» (بالىلار پالەچ ئاسارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى، گاس - گاچىلار تىل تەربىيىسى، كۆزىگە ئاق چۈشۈشنى ئوپېراتسىيە قىلىش) ئىشخانىسى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىلىرىگە سەككىز كادىر شتات بېرىلدى.

1979- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە تۆت جەھەتتە مېيىپ بولغانلار 961 ئادەم، 1982- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قارىغۇ، گاس- گاچا 435 ئادەم، 1990- يىلىدىكى تۆت جەھەتتە مېيىپ بولغانلار 14 مىڭ 557 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە كۆزى مېيىپلار 1129 ئادەم، ئاڭلاش ئىقتىدارى يوقلار 3389 ئادەم، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەنلەر 4769 ئادەم، پۇت- قولى مېيىپلار 2887 ئادەم، روھىي كېسەللەر 878 ئادەم، ئۇنىۋېرسال مېيىپ 1505 ئادەم. 1958- يىلى، شەھەر ئەتراپىي بىرىنچى يەتتە مېيىپنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1979- يىلى، ۋىلايەتتە مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. 1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىن ئىككىسى بولۇپ، 25 ئادەم ئىشلىدى، يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 81 مىڭ يۈەن بولدى. 1985- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىش شىركىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، 8000 يۈەن پايدا ئالدى. شەھەرلىك غەربىي ئۆستەڭ رايونى ئىلمە توقۇلما فابرىكىسى 26 مېيىپنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، باركۆل ناھىيىلىك پاراۋانلىق تىككۈچىلىك زاۋۇتىنىڭ 9645 يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى بولۇپ، يىللىق تىجارەت كىرىمى 30 مىڭ يۈەن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1376 يۈەن بولدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاتلە پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدە، ئۈچى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىدە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 245 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېيىپ 122 ، مېيىپلار 219 ئىشلەپچىقىرىش خادىمىنىڭ 55.7% نى تەشكىل قىلىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 424 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ 1 مىليون 288 مىڭ يۈەن، يىللىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 655 مىڭ 700 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليون 117 مىڭ يۈەن، كەچۈرۈم قىلىنغان باج 97 مىڭ 100 يۈەن، ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان پايدا 207 مىڭ 300 يۈەن بولدى. شۇ يىلى 22 مېيىپنىڭ ئۆزى كەسىپ تاللاپ شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بېرىلدى، كەسپىي ئورۇنلارغا 15 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1990- يىلى، 308 ئادەم كۆزىگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلدۇردى، 122 ئادەم بالىلار پارالىچىنى ئوڭشاش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، ئۈچ ئادەم گاس- گاچا بالىلارنىڭ سۆزلەش مەشىقىنى قىلدى.

## §5. ئىجتىمائىي ئورۇنلاشتۇرۇش

### 1. قازاق چارۋىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، گەنسۇدىن شىنجاڭغا قايتقان ئىككى تۈركۈم جەمئىي 124 قازاق چارۋىچى دىڭشاۋگۇۋغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا، باركۆل ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق فېرمىسى ھەر بىر ئادەمگە ئالتە قوي، 15 كىلوگرامدىن ئۇن تارقىتىپ بەردى. مىنگونىڭ 36-، 37- يىللىرى (1947-، 1948- يىللىرى)، گەنسۇ، چىڭخەيدىن قۇمۇلغا 5000 دىن ئارتۇق قازاق چارۋىچى قايتىپ كەلدى، شىنجاڭغا قايتىش يولىدا ھەر كۈنى ھەر بىر ئادەمگە 26 سەر ئۇن، 100 يۈەن يېڭى پۇل تارقىتىپ بەردى. قۇمۇلدا شىنجاڭغا قايتقان قازاقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇلار قۇمۇلغا كەلگەندە جايلار كۈتۈۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلىپ، ھال سورىدى، 500 تۆگە تەييارلاپ، قازاق چارۋىچىلارنى باركۆلگە يۆتكىدى. باركۆل ناھىيىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى كومىتېتى تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەر ئۈچ ئادەمنى بىرلىك قىلىپ، ئۈچتىن ئىنەك، ئىككىدىن قوزىلىق ساغلىق شىنجاڭ پۇلىدىن 20 مىڭ يۈەن ۋە ئارپا، ماتا، چاي

قاتارلىق بۆيۈملارنى تارقىتىپ بەردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مورى ناھىيىسىدىن 26 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچى باركۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەربىي چارۋىچىلىق رايونىنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويىرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى. 1953- يىلى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قازاق چارۋىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن 1 مىليارد (كونا خەلق پۇلى) يۈەن ئاجراتتى. جەمئىي 436 ئائىلىلىك، 1719 چارۋىچىنى ئورۇنلاشتۇردى، 4011 قوي، 15 ئىنەك، يەتتە ئات سېتىۋالدى.

1956-، 1957- يىللىرى، تۆت تۈركۈمدە جەمئىي197 ئائىلىلىك قازاق چارۋىچى گەنسۇ، چىڭخەيدىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرى ياخشى جايلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا قۇتقۇزۇش پۇلى، قوي تارقىتىپ بېرىلدى، ئۆتەڭگە ئورۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مال- چارۋا بېرىلدى، باركۆل ناھىيىسى يەنە قارشى ئېلىش يىغىنى چاقىرىپ، قەبىلە ئاقساقاللىرىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. شىنجاڭغا قايتقان قازاق چارۋىچىلار ئارىسىدىكى كادىرلار، ئاقساقاللار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1984- يىلى، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن يەتتە ئائىلىلىك، 28 قازاق چارۋىچى باركۆلگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1985- يىل 7- ئايدا، ئىلگىرى چىڭخەينىڭ گارمۇن ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېتىپ، يەنە باركۆل ۋە قۇمۇل شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن 13 ئائىلىلىك، 46 قازاق چارۋىچىنى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

2. كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1955- يىلى، سەندۇڭ ئۆلكىسى چاڭبا ناھىيىسى ئاپەتكە ئۇچرىغاندا، بىر قىسىم دېھقانلار شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلدى، باركۆل ناھىيىسى 17 ئادەمنى ئورۇنلاشتۇردى، ئايرىملىرىنى ئورگانغا، كۆپىنچىسىنى كۆيسۇ يېزىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى.

1958- يىلى، سەندۇڭ ئۆلكىسى لياڭشەن ناھىيىسىدىن سۇ ئېلېكتر مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 334 ئادەم باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆكشى، مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەر بىر ئادەمگە 347 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى ئاجرىتىلدى، ئۇلارنىڭ قىشلىق ئوتۇن- كۆمۈر ۋە تۇرالغۇ جاي مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى.

1957- يىلى، تۆمۈريول ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى قىسقارتقاندا، قۇمۇلدا 2000 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغاندى. ئۇلار ماكانلىشىش خىراجىتىنى ئالغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللانماي، باشقا جايلارغا ئۆز ئالدىغا ئۇقەت قىلغىلى تارقىلىپ كەتتى.

3. ئاققۇنلارنى يىغىۋېلىش، قايتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، گەنسۇ، خېنەن، سەندۇڭ، سىچۈەن، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە ( ئاپتونوم رايون) نىڭ شەھەر- بازارلىرىدىكى ئىشسىزلار ياكى دېھقانلار قارىغۇلارچە قۇمۇلغا ئېقىپ كەلدى. بولۇپمۇ 1960- يىلى ئەتراپىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، ناھايىتى زور ساندىكى ئاققۇنلار قۇمۇلغا كەلدى.

1956- يىلدىن بۇرۇن، قارىغۇلارچە قۇمۇلغا ئېقىپ كەلگەنلەرنى ئادەتتە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىش، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىش پرىنسىپى قوللىنىلدى، قايتۇرغاندا، ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلارغا خەلق ئىشلىرى ئورۇنلىرى قاتناش بېلىتى ئېلىپ بەردى ياكى بېلەت، تاماق ياردەم پۇلى بېرىپ، قۇمۇلدىن كېتىشكە ئۈندىدى. 1957- يىلدىن كېيىن، قارىغۇلارچە قۇمۇلغا ئېقىپ كەلگەنلەر شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1957- يىلى 2000 ئادەمگە، 1958 – 1960 - يىللىقچە 16 مىڭ 62 ئادەمگە يېتىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى. ۋىلايەت «بىر تۇتاش يىغىۋېلىش، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش ۋە شۇ جايدا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك

مۇقىملاشتۇرۇش، ئىززەت مۇددەتكىچە مۇستەھكەملەش» فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈپ، ئاققۇنلارنىڭ ئىپادىسىگە ئاساسەن، ئەينى ۋاقىتتىكى يېزىلاردا ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاققۇنلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. 4078 ئادەمنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرغاندىن باشقا 5468 ئادەمنى ئەمگەك ئورۇنلىرى، دۆلەت ئورگانلىرى، سودا، يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت ئورۇنلىرى، زاۋۇت، كان- كارخانىلارغا تونۇشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى، 3473 ئادەمنى قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ يېزىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتۇردى. 1962 – 1966 - يىلىغىچە، ۋىلايەت جەمئىي 25 مىڭ 614 ئادەمنى يىغىۋالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدىن 14 مىڭ 159 ى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. 1982 – 1990 - يىلىغىچە 12 مىڭ 884 ئادەمنى يىغىۋېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدە، 12 مىڭ 852 ئادەمنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى. ئاققۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 48 مىڭ 430 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى، 8959 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئاجراتتى.

1961- يىلى، قۇمۇلدا ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا قاراشلىق يىغىپ قايتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. 1971- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

4. چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1959 – 1965 - يىلىغىچە، دۆلەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ياشلارنى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغاندا، بىر قىسىم ياشلار قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلاشتى. شۇ ئارىلىقتا ۋىلايەت تۈركۈمگە بۆلۈپ، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ خۇيئەن، چيۇشەن، دۇڭتەي، پېيشيەن، تەيشيەن، فۇنىڭ، رۇدوڭ، تۇڭشەن، شيياڭ، فېڭشيەن ناھىيىلىرىدىن ۋە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇڭئەن، خۇاڭگاڭ ناھىيىسىدىن، شۇنداقلا ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن چېگرا رايونلارغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن ياشلاردىن جەمئىي 16 مىڭ 315 ئادەمنى كۆتۈۋالدى. گوۋۇيۈەننىڭ چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلارنى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىققا يۈزلەندۈرۈش ۋە «مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپى بويىچە، گۇڭشېلارغا قارىغاندا يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىغا كۆپرەك، شارائىتى ناچار گۇڭشېلارغا قارىغاندا شارائىتى ياخشى گۇڭشېلارغا كۆپرەك، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىغاندا يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلى يۇرتىدىكى كۆچمە ئەترەتلەر بويىچە ھەر 30 ياكى 50 ئادەم بىر گۇرۇپپا قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 12 مىڭ 836 ئادەم، زاۋۇت، كان- كارخانىلارغا 3001 ئادەم، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا 478 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئورۇنلار بويىچە ئايرىغاندا، باركۆل ناھىيىسىگە 8214 ئادەم، قۇمۇل ناھىيىسىگە 4143 ئادەم، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە 605 ئادەم، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى يېزا ئىگىلىك 5- شىسىگە 2977 ئادەم، قۇمۇل ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىغا 281 ئادەم، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىغا 454 ئادەم، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- قۇرۇلۇش شىركىتىگە 381 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھاۋا كىلىماتىغا كۆنەلمەسلىك، تۇرمۇشقا ئادەتلىنەلمەسلىك قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1962- يىلى 6070 ئادەم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلارنى گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ كۈتۈۋېلىش خىزمىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ۋىلايەت، ناھىيە، گۇڭشېلاردا كۈتۈۋېلىش كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەخسۇس خادىملار تەيىنلەندى، يەنە كۈتۈۋېلىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ھەر مىللەت ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بەردى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھەدىيە قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەتتى. ئاپتونوم رايون قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلارغا 872 مىڭ 411 مېتىر رەخت بېلىتى، 13 مىڭ 899.5 كىلوگرام پاختا، پاختىلىق كىيىم-

كېچەك ئۈچۈن 98 مىڭ 320 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى، يەنە ئۆي سېلىشقا ياغاچ ماتېرىيال، قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى ۋە ۋاقىتلىق قوتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر 1959- يىلى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلارغا 2514 ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى، 1630 جۈۋا، 4189 پارچە كىگىز، 7410 جۈپ پىيما، 28 مىڭ دانە كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانى، نەچچە 10 مىڭ دانە تۇرمۇش بۇيۇمى ئېلىپ بەردى. 2351 يۈەن قىممىتىدە تېببىي داۋالاش دورىلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت تارماقلىرى كۆپ قېتىم ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. 1959- يىل 7 -ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يېزا ئىگىلىك، سودا، خەلق ئىشلىرى، داۋالاش- سەھىيە، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق تارماقلاردىن 20 دىن ئارتۇق كادىرنى ئاجرىتىپ، ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، مۇئاۋىن ۋالىي جاڭ شياۋ باشچىلىقىدا گۇڭشې، زاۋۇت، كان- كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ھال سورىدى، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى 981 ياشنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز داۋالىدى، 468 ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى، 16 مىڭ 380 يۈەن قەرز بەردى. جياڭسۇ، خۇبېي ئۆلكىلىرىنىڭ ھال سوراش شۆبە ئۆمەكلىرىمۇ قۇمۇلغا كېلىپ، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن ھال سورىدى. ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنە كۆپ قېتىم مەخسۇس پۇل، ئادەم ئاجرىتىپ بەردى. چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلارنىڭ ئەسلى يۇرتىدىن 3000 دىن ئارتۇق ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار قۇمۇلدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەرگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرىنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاق، ھەمكارلاشقان ئاساستا بوستانلىقنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇردى. قۇمۇل ناھىيىسى ئۈچقورۇل ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى 40 ياش، 1959- يىلى يازدا 4502 مو يەردىكى بۇغداي ۋە كۆممىقوناقنى ئوروش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىللە، يەنە 20 ئېغىز ئۆي سالدى؛ باركۆل ناھىيىسىدىكى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار 1959-، 1960- يىللىرىدىكى «تۆت ئامبار، توققۇز تۈستەڭ» نى ياساش ئەمگىكى داۋامىدا، 781 مىڭ 300 كۇب مېتىر توپا قېزىپ، 13 مىڭ 900 كۇب مېتىر تاش توشۇپ، توپا- تاش ئومۇمىي ۋەزىپىسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئورۇندىدى، يەنە 222 بۇلاقنى ئاچتى، 39 قۇدۇق قازدى، 12 مىڭ 100 مېتىر ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى، 112 مىڭ 600 مو بوز يەر ئېچىپ، بۇ ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك كېڭەيتتى. چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، ئورغۇنلىغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىلىرى بارلىققا كەلدى. چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار ئاساس قىلىنىپ تەشكىللەنگەن قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە گۇڭشې 3- چوڭ ئەترىتىنىڭ 2- ئەترىتى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. باركۆل ناھىيىسىدىكى چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياش شيا جېيىڭ مەملىكەت بويىچە «8- مارت» قىزىل بايراقدارى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئاكتىپى» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى.

### 5. شەھەر- بازارلاردىكى بىكارچى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1950- يىل 5- ئايدا، باركۆل ناھىيىسى ناھىيە بازىرىدا ئىشسىز قالغان بىر تۈركۈم ئاقئۇنىنى يېزىلارغا بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى.

1951- يىلى، باركۆل ناھىيە بازىرىدا تۆت سانائەت قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا 28 ئائىلە، 104 ئادەم قاتنىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قامدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 157 ئائىلىلىك ئىشسىز ئاھالە يېزىلارغا بېرىپ ماكانلاشقا، 374 ئائىلىلىك ئەتىياز پەسلىدە يېزىلارغا بېرىپ يەر تېرىپ، كۈزدە ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 1956- يىلى، باركۆل ناھىيە

بازىرىدىكى 416 ئائىلە يېزىلارغا بېرىپ ئۇزاق يىل دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندى.

1964- يىلى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردىكى بىكارچى ئەمگەك كۈچى تەخمىنەن 900 ئادەمگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىسقارتىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن شەھەردە قېپقالغانلار، ئوقۇشقا چىقالماي قالغان زىيالىي ياشلار، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىپ ۋە تەربىيىلىنىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم كەسپى بولمىغان بىكارچىلار، شۇنىڭدەك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېقىپ كەلگەنلەر بار ئىدى. بۇ بىر تۈركۈم بىكارچىلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت جەمئىيەتتىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىكارچى ئەمگەك كۈچلىرىنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىپ، بىكارچى خادىملارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. 1964- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ياكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا 697 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 137 ئادەم يېزا خەلق كۈڭشېلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ماكانلاشتى. يېزىلارغا ئورۇنلاشقان خادىملارغا ھەقسىز بىر تۇياقتىن ئىككى تۇياقىچە چارۋا مال، ئۆي قۇشى تارقىتىپ بېرىلگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي سېلىشى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن، ھەر بىر ئادەمگە يەنە 180 يۈەندىن ئورۇنلىشىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1965- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەنە 240 بىكارچى يېزىلارغا بېرىپ ماكانلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

6. تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1960 – 1962 - يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، شەھەر- بازارلاردىكى نوپۇسنى قىسقارتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سەپىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، 37 مىڭ 164 ئىشچى- خىزمەتچىنى قىسقارتتى. بۇنىڭ كۆپ قىسمى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە زاۋۇتلارغا قوبۇل قىلىنغان دېھقان ئىشچىلار بولۇپ، قىسقارتىلغاندىن كېيىن يۇرتلىرىغا قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

1975- يىلدىن كېيىن، 1960- يىللىرى قىسقارتىلغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئەر- خوتۇن ئىككىيلەن تەڭ قىسقارتىۋېتىلگەن ئىشچى- خىزمەتچىلەر بولسا، ئۆزى ياكى بىر پەرزەنتى ئەسلىدىكى ئورنىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ 1957- يىلدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقا ن پېشقەدەم ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە ھەر ئايدا ئىقتىسادىي قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، بىر قىسملىرى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى.

7. زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يەنى 1969- يىلى، ۋىلايەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋاقىتلىق تەقسىم قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1974- يىل 4- ئايدا، بۇ ئىشخانا قۇمۇل ۋىلايەتلىك زىيالىي ياشلارنى تاغ، يېزىلارغا ئەۋەتىش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە، زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ ماكانلىشىشى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىندى. 1969- يىل 3- ئايدا، تۇنجى تۈركۈمدە 2118 زىيالىي ياش تاغ، يېزىلارغا باردى. 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى زىيالىي ياشتىن جەمئىي 13 مىڭ 350 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاراتۇرۇك ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسىغا ئۈرۈمچىلىك زىيالىي ياشتىن 512 سى، بېيجىڭلىق زىيالىي ياشتىن 108 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك ۋە پىچاندىن ئىبارەت تۆت ناھىيىدىكى 26 گۇڭشېنىڭ 313 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 11 دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىغا ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك

تۇرۇمسىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتى.

1973- يىلى، ۋىلايەت دۆلەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىمارلار، مېيىپلار، يالغۇز پەرزەنتلەر، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلار، ئاتا- ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئاتا- ئانىسىنىڭ تېنى ئاجىز، كېسەلچان پەرزەنتلەرنى تاغ، يېزىلارغا بېرىشقا سەپەرۋەر قىلمىدى، يېشى 16 غا توشمىغان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاغ، يېزىلارغا بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈردى. 1978- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 640 زىيالىي ياش سىياسەت بويىچە شەھەر- بازارلاردا قېپقېلىش رەسمىيىتى بېجىردى. 1978- يىلى، مەركەز زىيالىي ياشلارنى تاغ، يېزىلارغا ئەۋەتىش سىياسىتىنى تەڭشەپ، زىيالىي ياشلارنى تاغ، يېزىلارغا ئەۋەتىش دائىرىسىنى تەدرىجىي تارايتىپ، شەھەر- بازارلاردا مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، تاغ، يېزىلارغا ئەۋەتىش، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش، شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت تۆتكە يۈزلەندۈرۈش پرىنسىپىنى يولغا قويدى. ۋىلايەت يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھى بويىچە تارانچى، يەتتە قۇدۇق، يامانسۇ كان قاتارلىق ئادەم ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق چەت- ياقا جايلار زىيالىي ياشلارنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتتى.

1979- يىلى، مەركەزنىڭ «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش» توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەت زىيالىي ياشلارنى تاغ، يېزىلارغا بېرىشقا قايتا سەپەرۋەر قىلمىدى، شەھەردە قېپقېلىش رەسمىيىتىنىمۇ بېجىرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى سىستېما ۋە ئورۇنلار شەھەر ئەتراپلىرىدا زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى، زىيالىي ياشلار ئەترىتى ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ بازىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى كەينى- كەينىدىن قۇرۇپ، زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زىيالىي ياشلار تاغ، يېزىلارغا بارمايدىغان بولدى.

يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان زىيالىي ياشلار مەكتەپلەرنى بىرلىك قىلغان ئاساستا خەلق گۇڭشېلىرى ياكى دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا كوللېكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، «سىستېمىلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، زاۋۇت (ئورۇن) لار بىلەن ئەترەتلەرنى چېتىش، كوللېكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش» چارىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى: 1) ئەترەتلەرگە كوللېكتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، زىيالىي ياشلار نۇقتىلىرى قۇرۇلدى. باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى يېزىلاردا زىيالىي ياشلار نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، زىيالىي ياشلارنى كوللېكتىپ ئورۇنلاشتۇردى؛ 2) گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ياشلار ئەترەتلىرى قۇرۇلدى؛ 3) ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلدى. تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، قۇمۇل تۆمۈريول ئىش باشقارمىسى زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى كەينى- كەينىدىن قۇرۇپ، ئۆز سىستېمىسىدىكى زىيالىي ياشلارنى كوللېكتىپ ئاساستا ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن، زىيالىي ياشلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن جايلاردا، يېتەكچى كادىرلار سەپلىنىپ، زىيالىي ياشلار خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى.

دۆلەت شەھەر- بازارلىرىن تاغ، يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلارغا ئورۇنلىشىش قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى تارقىتىپ بەردى. 1973- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئولتۇراق ئۆيى بار، ئەمما تۇرمۇشىنى ھازىرچە قامدىيالمايدىغان زىيالىي ياشلارنىڭ ھەر بىرىگە 100 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى؛ ئولتۇراق ئۆيى يوقلارغا ئۆي سېلىۋېلىشى ئۈچۈن 100 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى كۆپەيتىپ بېرىلىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1974- يىلدىن كېيىن، قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارغا كىشى بېشىغا 400 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى زىيالىي ياشلار مەيدانى (ئەترىتى) قۇرغان ياكى يېزىغا قايتىپ ماكانلاشقانلارغا كىشى بېشىغا 500 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ

سەبىيارە چارۋا بېقىش بىلەن شۇغۇللانغانلارغا كىشى بېشىغا 700 يۈەندىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1969 – 1978 - يىلىغىچە بولغان 10 يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قومۇل ۋىلايىتىگە زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن 4 مىليون 290 مىڭ يۈەن پۇل، تۇرالغۇ ئۆي سېلىش ئۈچۈن 1273 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ئاجرىتىپ بەردى، جەمئىي 1545 ئېغىز ئۆي سېلىنىپ، كۆلىمى تەخمىنەن 13 مىڭ 413 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1974 – 1978 - يىلىغىچە بولغان بەش يىلدا، يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىيلارغا كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 4015 ى، ئۇتتۇرا، كىچىك تىپتىكى تراكتوردىن توققۇزى، ئات ھارۋىسىدىن ئۈچى، ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن تۆتى، ئۆۋتىش ماشىنىسىدىن ئۈچى، ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى سەپلەپ بېرىلدى.

1970- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىدا تۇرغان يىل چەكلىمىسىگە ئاساسەن ئۇلارنى ئىشچىلىققا، كادىرلىققا، ئەسكەرلىككە ۋە ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. 1978- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە تاغ، يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشتىن 6553 ى يېزىلاردىن ئايرىلدى. 1979- يىلىدىن كېيىن، مەركەزنىڭ «بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش» توغرىسىدىكى فاگجېنىغا ئاساسەن، يېزىلارغا چۈشكەن توي قىلمىغان زىيالىي ياشلارغا يېزىدىن يۆتكىلىش توغرىسىدىكى مەخسۇس كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1972- يىلىدىن بۇرۇن يېزىلارغا چۈشكەن، توي قىلمىغان كونا زىيالىي ياشلارغا ۋە يېشى چوڭىيىپ كەتكەن قىز زىيالىي ياش (خەنزۇلار 25 ياشتىن يۇقىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 23 ياشتىن يۇقىرى) لارغا قارىتا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىشتا ئالدىن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. 1981- يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 1978- يىلىدىن ئىلگىرى يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ ھەممىسى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندى ياكى شەھەر- بازارلارغا يۆتكەپ كېلىنىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ سىرتقى جايلاردىن كەلگەن زىيالىي ياشلار ئىشچىلىققا، ئەسكەرلىككە، ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىش ۋە ئەسلى يۇرتلىرىغا قايتىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ھەممىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە يۆتكەپ كېتىلدى.

1990- يىلى، ھۆكۈمەت ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىش كۈتۈپ تۇرغان 760 زىيالىي ياشنى ۋە ئۆز خىراجىتى بىلەن «بەش ئالىي مەكتەپ» نى پۈتتۈرگەن 160 ئوقۇغۇچىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

**1969- يىلىدىن 1979- يىلىغىچە قومۇل ۋىلايىتىنىڭ تاغ، يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 22 – 3

بىرلىكى: ئادەم

| تۈرى / يىللار | يېزىلارغا بېرىپ ئورۇنلاشقانلار | | | | | يېزىلاردىن يۆتكەلگەنلەر | | | | | | يىلىدىن بويىچە يېزىلارغا چۈشۈپ كېيىن قالغان زىيالىي ياشلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئەترەتكە ئورۇنلاشقانلار | دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشقانلار | كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى زىيالىي ياشلار مەيدانىغا ئورۇنلاشقانلار | سىرتقى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەنلەر | جەمئىي | ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغانلار | ئوقۇشقا چىققانلار | ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلار | كادىرلىققا قوبۇل قىلىنغانلار | باشقىلار | |
| 1969 ~ 1979 | 2625 | | | | | 1579 | 1431 | | 148 | | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 1954 | | | | | 1812 | 1755 | 6 | | | 51 | 463 |
| 1972 | 1076 | | | | | 370 | 76 | 223 | | | 71 | |
| 1973 | 799 | | | | | | | | | | | |
| 1974 | 2374 | 1027 | 118 | 1229 | 8 | 769 | 5 | 503 | 261 | | | |
| 1975 | 1572 | 822 | 216 | 534 | 214 | 678 | 390 | 265 | 1 | 14 | 8 | |
| 1976 | 483 | | | | | | | | | | | 177 |
| 1977 | 1444 | 505 | 274 | 665 | 2 | 244 | 235 | | 9 | | | |
| 1978 | 944 | 141 | 90 | 713 | 1101 | 462 | 365 | 84 | 13 | | | |
| 1979 | 79 | | | | | | | | | | | |
| جەمئىي | 13350 | | | | | 5914 | 4257 | 1081 | 432 | 14 | 130 | 640 |

8. ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى

1978- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن، ۋىلايەت زىيالىي ياشلارنى تاغ، يېزىلارغا بېرىشقا كەڭ كۆلەمدە تەشكىللەشنى توختاتتى. ۋىلايەت بويىچە 5000 دىن ئارتۇق زىيالىي ياش شەھەردە قېپقېلىپ ئىش كۈتۈپ تۇردى. يەنە ئىلگىرىكى قارارلاردا يېزىلارغا چۈشكەن 3989 زىيالىي ياش شەھەرگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇردى.

1979- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك سودا- سانائەت، قاتناش سىستېمىلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى ئۆز شارائىتىغا ئاساسەن، كۆپ نۇقتىلار بويىچە تارقاقلاشتۇرۇش پرىنسىپىنى قوللىنىپ، زىيالىي ياشلارنى، رېمونتچىلىق، سودا مۇلازىمىتى، باقمىچىلىق، شۇنىڭدەك قاچىلاش- چۈشۈرۈش، يۆتكەش، بىناكارلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىچىك تىپتىكى زىيالىي ياشلار ئەترەتلىرىنى قۇرۇشقا تەشكىللىدى. سودا سىستېمىسى زىيالىي ياشلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىن يەتتىنى تەشكىللەپ، 81 ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشنى ئورۇنلاشتۇردى. قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىدا زىيالىي ياشلار باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇردى، ۋىلايەتلىك سانائەت- قاتناش سىستېمىسى «7- ماي» زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە سانائەت بىلەنمۇ، يېزا ئىگىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان زىيالىي ياشلار ئەترىتى قۇردى. 12- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىدە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى. 1980- يىلى، ۋىلايەتلىك ئەمگەك باشقارمىسى قارمىقىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى؛ مەمۇرىي مەھكىمە تۈنجى نۆۋەتلىك ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىنى ئېچىپ، ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى يولىنى كەڭ

ئېچىپ، تەجرىبىلىك، كەسپىنى بىلىدىغان 100 دىن ئارتۇق كادىر، ئىشچىنى ئاجرىتىپ زىيالىي ياشلارنى ھەر خىل مۇلازىمەتچىلىك كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىدى. 1981- يىلىغا كەلگەندە، زىيالىي ياشلار كوپىراتىپى (گۇرۇپپىسى) دىن جەمئىي 118 ى، زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانىدىن تۆتى، يېزا ئىگىلىك، سودا- سانائەت شىركىتىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشتىن جەمئىي 3435 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1982– 1985 - يىلىغىچە، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى ۋە ۋىلايەتلىك سانائەت- قاتناش، تاشقى سودا، يېزا ئىگىلىك سىستېمىلىرىدا ئەسلىدىكى كوپىراتىپ ئاساسىدا ئەمگەك مۇلازىمەتچىلىك شىركەتلىرى قۇرۇلدى. 1983- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 15 ئەمگەك مۇلازىمەتچىلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيە (شەھەر) لىك ئەمگەك مۇلازىمەتچىلىك شىركىتى ئۈچ، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارغا قاراشلىق ئەمگەك مۇلازىمەتچىلىك شىركىتىدىن 12 سى؛ ئەمگەك مۇلازىمەتچىلىك شىركەتلىرى قۇرغان زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت تور - نۇقتىسىدىن 186 سى بولۇپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشتىن 7171 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 775 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، باج- پايدىسى 2 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە، ئايلانما مەبلىغى 1 مىليون 397 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 1768.2 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1982- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەت 2- نۆۋەتلىك ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، زىيالىي ياشلارنى ئۆزى ئىش تېپىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە ياردەم بەردى، ئالاقىدار تارماقلار مۇناسىپ ھالدا سىياسەتنى كەڭ قويۇۋەتتى. 1979 – 1985 - يىلىغىچە بولغان يەتتە يىلدا، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرى زىيالىي ياشلار كوللېكتىپى ۋە شەخسلەرگە 3 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىش مەبلىغى تارقىتىپ بەردى، زىيالىي ياش يەككە تىجارەتچى 1689 ئادەم (ئائىلە) گە يەتتى.

1983- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك زىيالىي ياشلار گىلەم زاۋۇتى قاتارلىق 29 ئىلغار كوللېكتىپ، توققۇز ئىلغار ئورۇن، 52 ئىلغار شەخس، 31 ئەترەت يېتەكچىسى، ئۈچ يەككە تىجارەتچى زىيالىي ياش تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. قۇمۇل شەھىرى شەرقىي تۈستەڭ رايونىدىن لى يۈلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى كەسىپ تاللاپ، ماتورلۇق ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلىپ، خېرىدارلارغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونلۇق زىيالىي ياشلار ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىشقا كۆرسىتىلدى.

## §6. ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

1. ئاشلىق يىغىپ ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش

1) ئاشلىق يىغىپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوپىراتىپى: مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 3- ئايدا، قۇمۇل رايونىدا ئاشلىق يىغىپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوپىراتىپى قۇرۇلدى. ئۇ قۇرۇلغاندا «نەق مەيداندا، 120 دادەن ئاشلىق ئىئانىسى يىغىۋېلىندى». ئەينى چاغدا قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئالتە كومپارتىيە ئەزاسى ئاشلىق يىغىش خىزمىتىنى ئىرىشىپ ياخشى ئىشلىدى. ئاشلىق يىغىش كوپىراتىپى ھەر يىلى 8000 يۈەن كۆمۈش تەڭگە ئاجرىتىپ، نامرات دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئۇرۇق، ئاشلىق سېتىۋېلىشى ئۈچۈن قەرز بەردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما قۇتقۇزدى، ئۇلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 9- ئايدا، ئاشلىق يىغىش كوپېراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى، ئاشلىق يىغىش كوپېراتىپىنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرى تەرتىپكە سېلىندى. مىنگو يىللىرى ۋىلايەت بويىچە 158 مىڭ 666 دادەن بۇغداي، 1.8 دادەن كۆك پۇرچاق، 1.03 دادەن ئارپا ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قاچقۇنلاردىن 22.82 دادەن ئاشلىقنى يىغىۋېلىشقا ئامال بولمىدى.

2) ساخاۋەت ئامبىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۆيلىق رايونىدا يېڭىدىن بىر ساخاۋەت ئاشلىق ئامبىرى ياسىلىپ (قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشكىلاتى)، دېرى بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلۇپ 132.6 دادەن ئاشلىق يىغىۋېلىندى.

1951- يىلى، باركۆل ناھىيىسى بىر يېزىدا سىناق تەرىقىسىدە ساخاۋەت ئامبىرى ياسىدى، 1952- يىلى ئۇنى كېڭەيتىپ، ئامىنى ئىشانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىي 678.31 دادەن ساخاۋەت ئاشلىقى يىغدى. 1953- يىلى ئەتىيازدا، 120.66 دادەن ئاشلىق ئۆتنە بېرىلىپ، 287 ئائىلىنىڭ ئاشلىق ئوزۇقى ھەل قىلىپ بېرىلدى؛ يازلىق ئوتاق ۋە ئۆستەڭ ياساش ئۈچۈن 104.4 دادەن ئاشلىق قەرز بېرىلىپ، 206 ئائىلىنىڭ ئوزۇق- تۈلۈكى ھەل قىلىندى؛ ئوت-چۆپ ئورۇش، كۆزلۈك يىغىم ئۈچۈن 116.8 دادەن ئاشلىق قەرز بېرىلىپ، 218 ئائىلىنىڭ ئوزۇق- تۈلۈكى ھەل قىلىندى.

1953- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ساخاۋەت ئامبىرىغا 167.35 دادەن ئاشلىق يىغىلدى.

1955- يىلى، ساخاۋەت ئامبىرى ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

2. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 7- ئاينىڭ 15- كۈنى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ قاتارلىق جايلىرىدا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتتى. ئەينى چاغدا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، كومپارتىيە ئەزاسى ماۋزېمىن ئاشلىق ياردەم قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر بىر يۇقراغا ھەر ئايدا 30 جىڭدىن ئۇن (25 ئائىلە) تارقىتىپ بەردى، ھەمدە ئېغىر دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان 39 ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى ئاپەتكە ئۇچرىغان 47 ئائىلىلىك دېھقانغا «60 دادەن ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشقا يول قويۇش» قا بۇيرىدى. تۇركۆلگە 20 دادەن ئارپا، بۇرۇلغا 30 دادەن بۇغداي ئۆتنە بەردى. شۇ يىلى كۈزدە، قۇمۇل ناھىيىسىمۇ سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ، خەلق ئاممىسى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ناھىيە، رايونلار جەمئىي 125 دادەن بۇغداي، 15 دادەن ئارپا، سەككىز دادەن كۆك پۇرچاق، بەش دادەن كۆممىقوناق ئۆتنە بەردى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 3- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ لاپچۇق كەنتىدە قۇرغاقچىلىق بولغاندا، ھۆكۈمەت بىر يىللىق ۋەزىپە ئاشلىقنى يەنى 21 دادەن يەتتە كۈرە بەش شىڭ ئاشلىقنى تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلدى. مىنگونىڭ 27 – 29 - يىلغىچە (1938 – 1940 - يىلغىچە)، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قارامۇقچا، ساقىدىكى 30 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ 1800 مو تېرىلغۇ يېرى قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىدى، ھۆكۈمەت «ۋەزىپە ئاشلىق تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلدى».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە تەبىئىي ئاپەتلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇردى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر «ئاممىغا، كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئاساس، دۆلەتنىڭ زۆرۈر ئىجتىمائىي ياردىمىنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا پائال تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇردى.

1950- يىل 10- ئايدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتكە 1 مىليارد يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قۇتقۇزۇش

ئاشلىق پۇلى ئاجرىتىپ، 73 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئۈچ ناھىيەدىكى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى. 12- ئايدا، ۋىلايەتكە يەنە 620 مىليون يۈەن قىشلىق (كونا خەلق پۇلى) قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەھەتچىلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇمۇل سودا شىركىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن قۇمۇلغا ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ ساتتى. ھۆكۈمەت يەنە قىيىنچىلىقتا قالغان ئاممىنى ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ئۆتنە قىلىشقا چاقىردى. باركۆل ناھىيەسىدىكى 444 ئائىلىگە 242 دادەن بۇغداي، 97 دادەن قارا ئاشلىق تەگىشەپ تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، قۇمۇل ناھىيەسىدە 101.09 دادەن بۇغداي، 43.7 دادەن قارا ئاشلىق ئۆزئارا ئۆتنە قىلىندى. 1951- يىلى ئەتىياز پەسلىدە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتكە 97 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئۇرۇقى ئاجرىتىپ بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 1953- يىلى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 260 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قۇتقۇزۇش خىراجىتى ۋە قىشلىق قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ، جەمئىي 1446 ئائىلە، 5691 ئادەمگە ياردەم بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئۇرۇقى ۋە چارۋىچىلارنىڭ يېمەكلىكىنى ھەل قىلدى. 1950 – 1951 - يىللىرى، ئاراتۇرۇك ناھىيەسىدە توپىلاڭ يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۆلكە، ۋىلايەت جەمئىي 1 مىليارد 900 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قۇتقۇزۇش خىراجىتى، 13 مىڭ 300 كىلوگرام قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئاجرىتىپ بەردى.

1955- يىلى، قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە «ئۆز قىلىق ئىشلىتىش، ئادەتتىكىگە ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتكە 30 مىڭ 450 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئاجرىتىپ بەردى، شۇ يىلى يەنە 16 مىڭ 942 يۈەن ئاجرىتىپ، 907 ئائىلە، 3388 ئادەمگە ياردەم بەردى، 24 ئائىلە، 104 نامرات چارۋىچىغا 214 تۇياق ئۆچكە، 20 تۇياق قوي تارقىتىپ بەردى. 1956- يىلى، قۇمۇل ناھىيەسىگە 23 مىڭ 650 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىلىپ، 329 ئائىلىلىك چارۋىچى، 1633 ئادەمگە ئىجتىمائىي ياردەم بېرىلىپ، 11 مىڭ 50 يۈەن ئەمەلىي چىقىم قىلىندى؛ 130 ئائىلە، 180 ئادەمگە ۋاقىتلىق ئىجتىمائىي ياردەم، 59 ئائىلە، 80 ئادەمگە قەرەللىك ئىجتىمائىي ياردەم بېرىلىپ، جەمئىي 3269 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بېرىلدى.

1962- يىلى، ۋىلايەتتە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ناھايىتى ئېغىر بولدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى ۋىلايەت بويىچە زىرائەت كۆلىمىنىڭ 67.85% نى ئىگىلىدى، باركۆل ناھىيەسى تېرىغان زىرائەت كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن ئاشلىق ئالالمىدى. قالغان يېرىمىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى ئاران 12 كىلوگرامغا يېتىپ، شۇ يىللىق سېلىنغان ئۇرۇقى بىلەن تەڭلىشىپ، ناھىيە بويىچە 3 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كېمىيىپ كەتتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئاپەت قەھەتچىلىكىنى يېڭىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋىلايەتكە 150 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەخسۇس مەبلىغى ئاجرىتىپ بەردى، بۇنىڭ 140 مىڭ يۈەنى باركۆل ناھىيەسىگە ئاجرىتىپ بېرىلىپ، 10 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدىكى 2549 ئائىلە، 15 مىڭ 501 ئادەمگە 220 مىڭ 300 كىلوگرام ئاشلىق، 857 كىيىم- كېچەك، يوتقان- كۆرپە، 29 مىڭ 165.5 كىلوگرام كۆمۈر ھەل قىلىپ بېرىلدى.

1974- يىلى، ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيە پەۋقۇلئاددە زور قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باركۆل ناھىيەسىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلىمى 176 مىڭ موغا يېتىپ، ئاشلىق ھوسۇلى 62% كېمىيىپ كەتتى، ئاپتونوم رايون 280 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

1978- يىل 6- ئاينىڭ 12- كۈنى، قۇمۇل ناھىيەسى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى تۆگىچىبۇلاق چوڭ ئەترىتى سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ، ئەترەت يىغىن زالى، ئىشخانىلىرى، شىپاخانىسى، ئامبارلىرى ئۆرۈلۈپ كەتتى، دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيەسى ئاممىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەشكىللىدى، 3- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 32 ئائىلىلىك دېھقان ئىشچى 2- ئەترەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 70 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، بىر قىسىم پولات ماتېرىيال، سېمونت ۋە 42 مىڭ يۈەن

پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

1979- يىلى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سارچوقا كۆكشىبىسى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئاداق يېزىسى سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپتونوم رايون 120 مىڭ يۈەن پۇل، 10 مىڭ مېتىر رەخت بېلىتى، 2000 كىلوگرام پاختا بېلىتى ئاجرىتىپ بەردى.

1981- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭتوغراق، ئاستانە، پالۋانتۇر، تاشبۇلاق كۆكشىبىلىرىدە سۇ ئاپىتى تۈپەيلىدىن 142 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 865 مىڭ كىلوگرام بۇغداي زىيانغا ئۇچرىدى، 37 ئائىلە، 192 ئادەم ئۆي- ماكانسىز قالدى. ئاپتونوم رايون 150 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 2800 كونا ھەربىي كىيىم (باش كىيىم) ئىئانە قىلدى.

1982- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 175 مىڭ مو يەر قۇم- بوران، كەلكۈن، كېبەلەك، ھاشارەت، ئۆششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 42 مىڭ 593 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 3 مىليون 365 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كېمىيىپ كەتتى. 385 تۇياق چوڭ چارۋا ئۆلدى، 129 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 4 مىليون 666 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن 111 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش ئاشلىق پۇلى، 36 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىيىم- كېچەك، يوتقان، يەنە 190 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇل ئاجرىتىپ بەردى ھەمدە 34 ئائىلىلىك ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 41 ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى.

1983- يىلى، باركۆل ناھىيە بازىرى ۋە قۇمۇل ناھىيىسى سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 15 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقىگە تارقىتىپ بەردى.

1984- يىلى، باركۆل ناھىيىسى پەۋقۇلئاددە زور قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، تاغ سۇلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى، ناھىيە بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 53.9% كېمىيىپ كەتتى، 40 مىڭ 700 ئاھالە ئاپەتكە ئۇچراپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ 81% ىنى ئىگىلىدى. 17 مىڭ 200 ئادەم پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 4294 ئادەم ئاپەت تۈپەيلىدىن ھېچقانداق ھوسۇل ئالالمىدى، ناھىيە بويىچە ئىقتىسادىي زىيان 255 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت 243 مىڭ يۈەن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 340 مىڭ مو يەر ئاپەتكە ئۇچراپ، ئاپەت بولغان كۆلەم 236 مىڭ موغا يەتتى، ئاشلىق ھوسۇلى 19 مىليون 790 مىڭ كىلوگرام كېمىيىپ كەتتى، 47 مىڭ 300 (تۇياق) چارۋا مال ئۆلدى، 18 مىڭ 500 ئائىلە، 99 مىڭ 500 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 4696 ئائىلە، 23 مىڭ 400 ئادەم ئېغىر ئاپەتكە، 3096 ئائىلە، 18 مىڭ 200 ئادەم پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئاپەتكە ئۇچرىغانلاردىن ھال سورىدى. ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى ئاپەت رايونىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇردى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت جەمئىي 630 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان 4125 ئائىلە، 22 مىڭ 300 ئادەمگە ياردەم بەردى.

1986- يىلى، ۋىلايەت يىل بويى ئاپەتكە ئۇچرىدى. 4- ئايدا ئۆششۈك ئاپىتى، 5- ئايدا بوران ئاپىتى، 6- ئايدا سۇ ئاپىتى، 7- ئايدا يۇقىرى تېمپېراتۇرا، 8- ئايدا مۆلدۈر ئاپىتى، 9- ئايدا باش قىراۋ ئاپىتى بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلىمى 277 مىڭ موغا يېتىپ، 154 مىڭ مو يەردە ئاپەت بولدى، ئاشلىق ھوسۇلى 5 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام كېمىيىپ كەتتى، 16 مىڭ 196 ئائىلە، 80 مىڭ 845 ئادەم ئاپەت ئىچىدە قالدى. 9896 ئائىلە، 52 مىڭ 900 ئادەم ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، 5021 ئائىلە، 25 مىڭ 469 ئادەمگە ئاشلىق يېتىشمەي، جەمئىي 2 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئۈكسۈپ قالدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۈچ ئادەم ئۆلدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان

12 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇئاۋىن باش كاتىپ مەسەتنى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى ھەمدە 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى. مەمۇرىي مەھكىمە 170 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، كادىرلار، پەن- تېخنىكا خادىملىرىنى ئاپەت رايونىدا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

1987- يىلى، ۋىلايەت سوغۇق ئېقىمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، چارۋىچىلىقتا زىيان ناھايىتى ئېغىر بولدى. 4998 ئائىلە، 39 مىڭ 132 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 2 مىليون 175 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام يەم- خەشەك ئۆكسۈپ قالدى. باركۆل ناھىيىسى جەمئىي 338 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ، 4595 ئائىلە، 28 مىڭ 869 ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

1990- يىل 7- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن ئىككىنچى كۈنى سائەت ئالتىغىچە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تۇركۆل يېزىسىغا كەلكۈن كېلىپ، كوللېكتىپنىڭ 1 مىليون يۈەنلىك مال- مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتتى. سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 22- كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇراخمان كېرەم ئاپەت رايونىغا باردى ھەم ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە 10 توننا ئۇن، 10 توننا كۆمۈر، تۆت توننا بېنزىن ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

1984 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 6 مىليون 260 مىڭ مو يەر، 319 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، ئاشلىق ھوسۇلى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى، 47 مىڭ 450 تۇياق چوڭ چارۋا ئۆلدى. دۆلەت جەمئىي 2 مىليون 135 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەخسۇس پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان 143 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) ئىجتىمائىي ياردەم بەردى.

3. گەنسۇدىن شىنجاڭغا كەلگەن مۇساپىرلارنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 3- ئايدا، سۇجۇ ئەتراپىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق قەھەتچىلىكتىن قېچىپ قۇمۇلغا كەلدى، قۇمۇل رايونىدىكى مۇساپىر 540 تىن ئېشىپ كەتتى. قۇمۇل شىنجاڭ گومىنداڭ بۆلۈمى مىساۋ بۇتخانىسىدا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، مۇساپىرلارغا تاماق تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر بىر ئادەمگە كۈندە 0.5 كىلوگرامدىن ئۇن تارقىتىلدى. ئۇلارنىڭ قونۇشى ئۈچۈن كىگىز، بورا، سامان بېرىلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، گەنسۇدىن قۇمۇلغا كەلگەن مۇساپىرلارنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، كۈتۈۋېلىش ئورنى قۇرۇلدى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لۇ چۈنپۇ باشلىق بولدى.

4. شەھەر- بازارلاردىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 8- ئايدا، ماۋزېمىن تۈزگەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئورنىنىڭ «پروگراممىسى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قۇمۇل ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئورنى تەرتىپكە سېلىنىپ، قۇتقۇزۇش ئورنىغا قوبۇل قىلىنغان 13 مۇساپىر خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسى شەھەرگە 83 مىليون 800 مىڭ يۈەن (كونا

خەلق پۇلى) قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئىجتىمائىي ياردەم بەردى.

1958- يىلى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردا «بەشتە كاپالەتلىك» ئائىلىدىن 71 ئائىلە، 102 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، يېقىلغۇ، داۋالىنىش، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1964- يىلى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىغا قەرەللىك ياكى ۋاقىتلىق ئىجتىمائىي ياردەم بېرىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردا ئۇزاق مۇددەتلىك قىيىنچىلىقى بار 48 ئائىلە، 106 ئادەمگە، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقى بار 486 ئائىلە، 2282 ئادەمگە، بەشتە كاپالەتلىك 70 ئائىلە، 81 ئادەمگە جەمئىي 12 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 19 ئائىلە، 25 ئادەمگە قەرەللىك بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە 2200 يۈەن ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1962 – 1965 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردىكى جەمئىي 559 ئائىلە، 1486 ئادەمگە 40 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى.

1978- يىلى، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردىكى مېيىپ، قىيىنچىلىقى بار جەمئىي 55 ئادەمگە ئىجتىمائىي ياردەم بېرىلدى.

1979- يىلىدىن كېيىن، شەھەر- بازارلاردا بىر قىسىم ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا سىياسەت ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئۆلچىمى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

1984 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردىكى سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن 189 ئادەمگە 161 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىلىپ بېرىلدى.

5. «ئۈچ خىل خادىم» لارنى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

«ئۈچ خىل خادىم» لار چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار، ئورگانلاردىن قىسقارتىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە ئاققۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1961- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە 26 مىڭ 300 مېتىر قوشۇمچە رەخت بېلىتى، 4613 قۇر كىيىم - كېچەك ئاجرىتىلدى؛ شۇ يىلى 11- ئايدا، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلارغا يەنە 20 مىڭ 600 مېتىر قىشلىق قوشۇمچە رەخت بېلىتى، 4050 كىلوگرام پاختا ياردەم بېرىلدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلارنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 67 مىڭ 400 يۈەن پۇل، ئۆي سېلىش ئۈچۈن 1500 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ئاجرىتىپ بەردى. شۇ يىلى قىشتا، ئورۇنلاشقان ئاققۇنلارنىڭ قىشلىق كىيىم- كېچىكى ئۈچۈن 11 مىڭ 500 مېتىر رەخت بېلىتى، 2100 كىلوگرام پاختا ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە 7815 يۈەن ئورۇنلىشىش خىراجىتى ۋە 80 مىڭ يۈەن قىشلىق تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1962- يىلى، ئاپتونوم رايون قومۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ خىل خادىملارغا 470 مىڭ يۈەن ئىنقىلاپ قايتۇرۇش پۇلى، 220 مىڭ يۈەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە قىشلىق قوشۇمچە ياردەم ئۈچۈن 20 مىڭ 500 مېتىر رەخت، 3100 مېتىر رەخت بېلىتى ئاجرىتىپ، جەمئىي 9773 ئادەمنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون قومۇل ۋىلايىتىدىكى ئۈچ خىل خادىملارغا 20 مىڭ يۈەن ئورۇنلىشىش قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى. 1963- يىلى، ۋىلايەت چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن 50 مىڭ 900 مېتىر رەخت، 19 مىڭ كىلوگرام پاختا سەرپ قىلىپ، يول خىراجىتى، ئورۇنلىشىش خىراجىتى ۋە كىيىم- كېچەك خىراجىتى ئۈچۈن جەمئىي 895 مىڭ 700 يۈەن چىقىم قىلدى. 1966- يىلى، ۋىلايەت «ئۈچ خىل خادىم» لارغا جەمئىي 22 مىڭ مېتىر قوشۇمچە رەخت بېلىتى، 13 مىڭ 400 كىلوگرام پاختا، 500 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال ئاجرىتىپ بەردى، قومۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئاھالىلىرىنى قىسقارتىپ، ئۇلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن 28 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى، ئاپتونوم رايون يەنە

«ئۈچ خىل خادىم» لارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن، ئېگىز ۋە سوغۇق رايون پۇلى ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن، ئادەتتىكى رايون قۇتقۇزۇش پۇلى ئۈچۈن 5000 يۈەن ۋە 8000 مېتىر پاختا رەخت، 4498 كىلوگرام پاختا، 1560 قۇر يىپ كىيىم - كېچەك ئاجرىتىپ بەردى.

## §7. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش

### 1. نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1960- يىلى، ۋىلايەت بويىچە قىيىنچىلىقى بار 1497 ئائىلە، 6084 ئادەم، بەشتە كاپالەتلىك 308 ئائىلە، 584 ئادەم بار ئىدى. قومۇل ناھىيىسى بىر يىلدا بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە جەمئىي 47 مىڭ 63 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 4000 مېتىر پاختا رەخت، 1100 كىلوگرام پاختا، 144 كىيىم- كېچەك تارقىتىپ بەردى.

يەنە قۇتقۇزۇش پۇلىغا 37 ئېشەك، 50 ئېشەك ھارۋىسى سېتىۋېلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. 1964- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 1890 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە، 7624 قىيىنچىلىقى بار ئادەم، 322 بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىسى، 512 بەشتە كاپالەتلىك ئادەم بار بولۇپ، جەمئىي 149 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1965 – 1966 - يىللىرى، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا نورمال ئىجتىمائىي ياردەم بېرىلگەندىن سىرت، نامرات، قىيىنچىلىقى بار دېھقان- چارۋىچىلارغىمۇ ماددىي بۇيۇم تارقىتىپ بېرىلدى. ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايون قومۇل ۋىلايىتىگە 4000 مېتىر رەخت بېلىتى، 900 كىلوگرام پاختا، 92 يوتقان، 57 قۇر پاختىلىق كىيىم ۋە 12 مىڭ مېتىر رەخت كۆرسەتكۈچى ئاجرىتىپ بەردى. 1966- يىلى، باركۆل ناھىيىسى ئامما ئارىسىدا ئۆزئارا ۋە ئۆز- ئۆزىنى قۇتقۇزۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە رەخت، پاختا، ئوتۇن، كۆمۈر تارقىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۆي سېلىشىغا، قالدۇرۇق يەرلەرنى تېرىشىغا ياردەم قىلدى. بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە 43 توننا ئوتۇن ئاپىرىپ بەردى، 210 كىيىمنى تىكىپ، ياماپ بەردى؛ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 114 ئېشەك ھارۋىسى، يەتتە ئېشەك ئېلىپ بەردى، 17 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 7000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى، 850 كىلوگرام ياڭيۇ (سەيە) ياردەم قىلدى، 27 مىڭ 800 يۈەن قەرز پۇلنى كەچۈرۈم قىلدى، 111 ئائىلىنى جامائەت پاراۋانلىق فوندى بىلەن يۆلىدى.

1977- يىلى قىشتا، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ۋىلايەتكە 8500 مېتىر رەخت بېلىتى، 3000 كىلوگرام پاختا بېلىتى، 240 پاختىلىق كىيىم- كېچەك، 1200 تېۋىتلىق كىيىم- كېچەك ئاجرىتىپ، نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى.

1973 – 1983 - يىلىغىچە، قومۇل ناھىيىسى جەمئىي 130 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئاجراتتى، 1979 – 1985 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسى 703 مىڭ 400 يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى ئاجراتتى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىڭ 500 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1983 – 1990 - يىلىغىچە، خەلق ئىشلىرى كەسپىي خىراجىتىنى ئىشلىتىشتە، ناھىيىلەرنى بىرلىك قىلغان

ئاساستا مۇددىتىگە يېتىپ ئىشلىتىش يولغا قويۇلدى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى «ئاپەت بولسا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئاپەت بولمىسا نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، قۇتقۇزۇش پۇلى ئارقىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى.

2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش

1965-يىلى، ۋىلايەت نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى باشلىدى، 11-ئايدا باركۆل ناھىيىسى شىرىنزا گۇڭشېسىنىڭ 3-چوڭ ئەترىتىنى سىناق نۇقتىسى قىلدى. بۇ چوڭ ئەترەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك قىيىنچىلىقى بار 39 ئائىلە، 217 ئادەم بار بولۇپ، گۇڭشې ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 13.8% نى ئىگىلەيتتى؛ ئۇزاق مۇددەتلىك قەرزى بار 68 ئائىلە بولۇپ، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 38% نى ئىگىلەيتتى. چوڭ ئەترەت 16 خىل دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە جامائەت پاراۋانلىق فوندىدىن 3243 يۈەن ئاجرىتىپ، 32 ئائىلە، 182 ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى؛ ئالتە ھەربىي ئائىلىسىگە ۋە شۇ يىلى ھەربىي سەپتىن قايتقان خادىملارنىڭ ھەر بىرسىگە 2000 دىن ئىش نومۇرى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 174 يۈەن) ئېتىبار قىلدى، 156 يۈەندىن نەق پۇل ياردەم بەردى. نۇقتىلىق قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 1000 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىپ، 30 ئائىلە، 164 ئادەمنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1979-يىلى، ۋىلايەت باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ گۇڭشې ئېرشىلى (20 چاقىرىم) چوڭ ئەترىتىنىڭ 4-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، سارچوقا گۇڭشې 4-چوڭ ئەترىتىنىڭ 3-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، قۇمۇل ناھىيىسى بۇلۇڭتوغراق گۇڭشې ساۋۇلاق چوڭ ئەترىتى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ (شارتۆيلەر) گۇڭشېسىنىڭ بۇلاقبېشى چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئەترەتلەرنى نامراتلارنى يۆلەش سىناق نۇقتىسى قىلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇردى. 1980-يىلى، ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيىدە نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى (ئورنى خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىدا). 1983-يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى ھەمدە 15 ئىدارە، باشقارمىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەر (قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى، قۇمۇل شەھىرى) دىكى 23 گۇڭشېدا ناھىيە، شەھەر، گۇڭشې دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق، نامرات ناھىيە، يېزا، كەنتلەر بېكىتىلدى: 1) نامرات ناھىيىلەر: ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 1985-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە نامرات ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1988-يىل 3-ئايدا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە نامرات ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى؛ باركۆل ناھىيىسى 1988-يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە نامرات ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2) نامرات يېزىلار: قۇمۇل ناھىيىسى (شەھىرى) نىڭ پالۋانتۇر، قارادۆۋە، تەڭرىتاغ رايونى (قارمىقىدا تۆت يېزا بار)، دەۋلەتدۆۋۈك، راھەتباغ، بۇلۇڭتوغراق، بوغاز، يەتتە قۇدۇق ۋە شەھەر ئەتراپى يېزىلىرى؛ باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆلياقا، سارچوقا، شالوبا (كۆنگەيسۇ) يېزىلىرى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئاداق يېزىسى. 3) نامرات كەنتلەر: ۋىلايەت بويىچە 15 نامرات كەنت بار.

1983- يىلدىن ئىلگىرى، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 7633 نامرات ئائىلە، بار بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 18% ىنى ئىگىلىدى. ئىلگىرى نامراتلارنى يۆلەشتە نوقۇل تۇرمۇشىغىلا ياردەم بېرىشتەك «قان بېرىش» ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1983- يىلدىن باشلاپ، هۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ناھىيە، شەھەرلەرنى، تارماقلار يېزا- كەنتلەرنى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، كادىرلار ئائىلىلەرنى هۆددىگە ئالدى، پەن- تېخنىكا تارماقلىرى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تۇتتى. 1987- يىلى، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى، مالىيە- باج باشقارمىلىرى نامراتلارنى يۆلەش ئوبوروت فوندى جەمئىيىتى قۇرۇپ، قۇمۇل شەھرىگە 120 مىڭ يۈەن، باركۆل ناھىيىسىگە 100 مىڭ يۈەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە 28 مىڭ يۈەن ئاشلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

1986- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 744 نامرات ئائىلە، 3743 نامرات ئادەم باربولۇپ، دېھقان- چارۋىچىلار ئائىلىسىنىڭ 22.5% ىنى ئىگىلىدى. 1980- يىلى، ناھىيە بويىچە كىشى بېشى كىرىمى 164 يۈەن بولدى، كىشى بېشى كىرىمى 40 يۈەندىن تۆۋەن 97 ئائىلە، 494 ئادەم بار. 1986- يىلدىن بۇيان، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە جەمئىي 1052 تۇياق قوي تارقاتتى. 1986 – 1988 - يىلغىچە، 51 نامرات ئائىلە 96 مىڭ يۈەنلىك نەپكە ئېرىشتى.

1987- يىلىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل شەھرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق، بوغاز، يەتتە قۇدۇق يېزىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 1988- يىلى، قۇمۇل شەھرىنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

1988- يىلى، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق، خەلق ئىشلىرى باشقارمىلىرى شەھەرئىچى يېزىسىدىكى 33 نامرات ئائىلىنى هۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارغا 1220 كىلوگرام سۈپەتلىك ئۇرۇق نەقلەشتۈرۈپ بەردى، 4295 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت ھەل قىلىپ بەردى، 15 ئائىلىنى توخۇ بېقىش كەسپىي ئائىلىسى قىلىپ تەشكىللىدى، ئۇلار جەمئىي 2845 توخۇ باقتى. يىل ئاخىرىدا، يۇقىرىقى ئائىلىلەر كىشى بېشىغا 480 كىلوگرامدىن ئاشلىق ئالدى، كىشى بېشى كىرىمى 408 يۈەنگە يەتتى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، 1985- يىلى، باركۆل ناھىيىسى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن تۇنجى تۈكۈمدە 1050 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، 39 نامرات ئائىلىنىڭ بېقىپ ھاللىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. 1986- يىلى، 42 مىڭ 525 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، 524 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، نامرات چارۋىچىلارنىڭ بېقىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى، شۇ يىللىق كىرىم 26 مىڭ 353 يۈەنگە يېتىپ، ئائىلە ئوتتۇرىچە كىرىمى 505 يۈەنگە كۆپەيدى. 1987- يىلى، قۇمۇل شەھرى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن جەمئىي 2300 تۇياق چارۋا مال سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 92 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن جەمئىي 600 تۇياق چارۋا مال سېتىۋالدى، بۇنىڭغا 24 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى.

1988- يىلى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا 474 نامرات ئائىلە، 3139 نامرات ئادەم بار بولۇپ، چارۋىچىلار ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 16.7% ىنى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن 6566 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، 290 نامرات ئائىلىنىڭ بېقىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. شۇ يىلى چارۋا مەھسۇلات قىممىتى 203 مىڭ يۈەنگە، ھەربىر ئائىلىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 700 يۈەنگە، يىللىق كىشى بېشى كىرىمى 112 يۈەنگە يەتتى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرىنئۇا يېزىسى كالا گۆشى كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرۇپ، يەتتە نامرات ۋە مېيىپنى، توققۇز

نەپىقىلەنگۈچىنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ «قوش يۆلەش» ئوبيېكتلىرىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتتى.

1987- يىلى، قۇمۇل شەھىرى تەگرىتاغ، تاشۆيلۇق رايونلىرى، ئەربىتاغ يېزىسىدىكى نامراتلارنى پايدىسى تېز كۆرۈنىدىغان چارۋا بىلەن يۆلىدى، 100 مىڭ يۈەن ئوبوروت پۇلى ئاجراتتى. بۇنىڭدىن 20 مىڭ يۈەنگە 1692 تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، 123 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 200 يۈەندىن 428 يۈەنگە كۆپەيدى؛ 80 مىڭ يۈەن ھەقلىق يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىپ، نامرات يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇشىنى قوللىدى، مەسىلەن، ئەربىتاغ يېزىسى 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ھاك زاۋۇتى قۇردى، يىل ئاخىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 72 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 15 مىڭ 825 يۈەنگە، 13 نامرات ئائىلىنىڭ يەتتە ئايلىق كىشى بېشى كىرىمى 910 يۈەنگە يەتتى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 8833 نامرات ئائىلىگە ياردەم بېرىلىپ، 3790 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ ياردەم بېرىلگەن نامرات ئائىلىنىڭ 42.9% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 400 نامرات ئائىلىدىكىلەر روھىي كېسەل، گومۇش، لەقۋا ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى يوقاتقانلار بولۇپ، يىل بويى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ياردىمىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئائىلىلەردۇر.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1980 – 1990 - يىللىقچە نامراتلارنى يۆلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 – 4

| تۈرى / يىللار | نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتى | | نامراتلارنى يۆلەش پىلانى | | نامراتلارنى يۆلەشكە سېلىنغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى تېز كۆرۈنىدىغان نامراتلارنى يۆلەش | | | نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە | نوپۇس | ئائىلە | نوپۇس | | ئومۇمىي ئائىلە | ئومۇمىي نوپۇس | نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئومۇمىي ئائىلە | ئائىلە | نوپۇس |
| 1980 | | | | | | | | | 227 | 1180 |
| 1981 | | | | | | | | | 258 | 1343 |
| 1982 | 2478 | 12912 | | | | | | | 293 | 1494 |
| 1983 | 7633 | 38928 | | | | | | | 347 | 1744 |
| 1984 | 2957 | 13437 | 747 | 2520 | 26.5 | | | | 283 | 1443 |
| 1985 | 4501 | 27339 | 1260 | 7186 | 14.0 | 1050 | 39 | | 304 | 1670 |
| 1986 | 9194 | 39630 | 722 | 4110 | 11.6 | | | | 194 | 951 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 3447 | 16763 | 538 | 3076 | 57.9 | 7878 | 306 | 152 | 564 | 2820 |
| 1988 | 8251 | 44928 | | | 41.5 | 10569 | 414 | 380 | 450 | 2250 |
| 1989 | 1393 | 7613 | | | 10.3 | 10569 | 414 | 575 | 344 | 1754 |
| 1990 | | | | | 9.3 | 10569 | 414 | 715 | 526 | 2662 |

ئىزاھ: (1) 1984- يىلىدىن 1987- يىلغىچە نامراتلارنى يۆلەش پىلانى تۈزۈلدى، قالغان يىللاردا پىلان تۈزۈلمىدى.

(2) ھەر يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرمۇ، شۇنداقلا يېڭىدىن نامراتلاشقان ئائىلىلەرمۇ بار.

## §8. نىكاھلانغانلارنى تىزىملاش

1950- يىل 4- ئاينىڭ 30- كۈنى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىندى. 1951- يىلى، باركۆل، قۇمۇل ناھىيىسىدىن ئىبارەت ئاساسىي قاتلام ھوقۇقلۇق ئورگىنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى نىكاھ قانۇنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىندى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى 1954- يىلىدىن باشلاپ نىكاھلانغانلارنى تىزىملاشنى يولغا قويدى. 1954- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تىزىملىتىپ توي قىلغانلار 1186 جۈپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ناھىيىسىدە 893 جۈپ، باركۆل ناھىيىسىدە 273 جۈپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 20 جۈپ؛ تىزىملىتىپ نىكاھدىن ئاجراشقانلار 13 جۈپ (بۇنىڭ ئىچىدە باركۆل ناھىيىسىدە 12 جۈپ)، سوت مەھكىمى ئارقىلىق نىكاھدىن ئاجراشتۇرۇلغانلار 11 جۈپ.

1955- يىلى، دۆلەت «نىكاھ تىزىملاش چارىسى» نى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن «چارە» دە بەلگىلەنگىنى بويىچە، ۋىلايەت تەۋەسىدە نىكاھلىنىشنى، نىكاھدىن ئاجرىشىشنى ۋە يارىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرىدىغان بولدى، نىكاھلانغۇچىلار ئادەتتە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تىزىمغا ئالدۇردى، نىكاھدىن ئاجراشقۇچىلار، يارىشىۋالغۇچىلار جەزمەن ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدا تىزىمغا ئالدۇرىدىغان بولدى. 1957- يىلى، ۋىلايەت بويىچە نىكاھدىن ئاجرىشىشنى تىزىملاتقانلار 528 جۈپ، سوتقا يوللىنىپ سوت ئارقىلىق نىكاھدىن ئاجراشقانلار 39 جۈپ بولدى؛ نىكاھلانغانلارنى تىزىملاشنى ئەسلىدىكى رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر بېجىرگەن بولسا، يەنىلا رايونلۇق ھۆكۈمەت بېجىردى، قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت بېجىردى.

1962- يىلى، ۋىلايەت بويىچە نىكاھلىنىشنى تىزىملاتقانلار 1876 جۈپ، يارىشىۋالغانلار 19 جۈپ، سوت ئارقىلىق نىكاھدىن ئاجراشقانلار 15 جۈپ بولدى.

1979- يىلى، كېچىكىپ توي قىلىش ۋە تۇغۇت چەكلەش تەشەببۇسى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقات ۋە تەربىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. 1983 – 1990 - يىلىغىچە، نىكاھلانغۇچىلارنى

تىزىملاش خىزمىتىدە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ئىشلەندى: 1) «نىكاھ قانۇنى»، «نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش چارىسى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاشقا ئائىت قوشۇمچە بەلگىلىمىلىرى ئىزچىل تەشۋىق قىلىندى؛ 2) نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملىغۇچى كادىرلار قوشۇنى تەربىيىلەندى، باھالاش، سىناق ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە يېزا، بازا، مەيدانلاردىكى 55 نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش خادىمىغا تەكلىپنامە تارقىتىلدى، نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتى قانۇن بويىچە بېجىرىلىش ئىزىغا چۈشۈرۈلدى؛ 3) توي- تۆكۈندە مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئىقتىسادچىل بولۇش، ھەشەمەتچىلىك، چىچىپ- تۆكۈشكە قارشى تۇرۇش تەشۋىقىي تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بالدۇر نىكاھلىنىش ۋە يېقىنى بوشۇرۇپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ نىكاھلىنىشتەك ھادىسىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۈزۈل- كېسىل تۈگىتىلمىدى.

## §9. دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

گوۋۇيۈەن 1985- يىلى ئېلان قىلغان «دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەت كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەدرىجىي يولغا قويۇپ، تۇپراققا دەپنە قىلىشنى ئىسلاھ قىلدى، فېئوداللىق خۇراپىيلارچە دەپنە قىلىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتتى. دەپنە ئىشلىرىدا تېجەشلىك بولۇش، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كېڭىشى قۇرۇلۇپ، دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇردى.

1979- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1490 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش سېلىندى. شۇ يىلى، قۇمۇل – باركۆل تاشيولىنىڭ غەربىگە، قۇمۇل شەھەر رايونىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا قۇمۇل جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا ئاپتونوم رايون 160 مىڭ يۈەن پۇل ئاجراتتى، 15 شتات چۈشۈردى. 1980- يىلى، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ 16 مىڭ كۋادرات مېتىر جايدا قۇرۇلۇش باشلاندى. 1984- يىل 4- ئايدا، قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىش باشلىدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 698.5 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇ كۆيدۈرۈش سېخى، ماتەم زالى، ئىشخانا، دەم ئېلىش ئۆيى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1984 – 1990 - يىلغىچە، جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىدا 1336 جەسەت كۆيدۈرۈلدى.

# II باب

# ئەمگەك

## 1§. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى

### 1. مىنگو دەۋرى

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، سانائەت ئاساسى ئاجىز، سودا ئىشلىرىمۇ روناق تاپمىغان. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 9- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە پەقەت ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان شىندۇڭ (يېڭى شەرق) كۆمۈرچىلىك ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى ۋە ئاپتوموبىل ماتورى ئارقىلىق توك ھاسىل قىلىدىغان قۇمۇل ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار ئىدى. قول سانائىتىدىن پەقەت تۆگمەن، تىككۈچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرلا بولۇپ، بازاردا 270 سودا دۇكىنى بار ئىدى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 25- كۈنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، 9- ئاينىڭ 28- كۈنى، گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي مەيداندا چىڭ تۇرغان ئاز سانلىق ئوفىتسېرلار چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى قوترىتىپ، قۇمۇل ناھىيە بازىرىدىكى بانكا، سودا دۇكانلىرىنى قوراللىق بۇلاش ۋەقەسىنى تۇغدۇردى. نەتىجىدە سودا- سانائەتچىلەر زور زىيانغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىشسىز قالدى.

### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشسىز ئىشچىلار، سودا- سېتىقچىلار، خىزمەتچىلەر ۋە نامرات شەھەر ئاھالىلىرىنى قارىتا ئىشقا تونۇشتۇرۇش، كەسپىنى ئۆزگەرتىش تەلىم - تەربىيىسى بېرىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق چارە- تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1956- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەت بىر تۈركۈم زاۋۇت، كان، كارخانىلارنى يېڭىدىن قۇردى، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى كۆپەيتتى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئورمان تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاشۇردى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قۇمۇل بۆلىكىدە ئىش باشلىدى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە مۇقىم ئىشچىلىققا 365 (بۇنىڭ ئىچىدە، شاگىرت ئىشچى 156)، پەسىل خاراكتېرلىك ۋاقىتلىق ئىشچىلىققا 3999 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە، بىر تۈركۈم قۇمۇلغا ئېقىپ كەلگەنلەرمۇ بار) تونۇشتۇرۇلدى. 1957- يىلى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ۋاقىتلىق ئىش توختىدى، ۋىلايەتنىڭ باشقا تۈرلەرگە سالغان مەبلىغىمۇ ئالدىنقى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا ئازايدى، شۇ يىلى 550 ئەمگەك كۈچى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىن 100 مۇقىم ئىشچى قوبۇل قىلىندى، 450 كىشى ۋاقىتلىق

ئىشچىلىقىقا تونۇشتۇرۇلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە قومۇلغا ئېقىپ كىرگەن ئاققۇندىن 120 سى، بازاردىكى ئارتۇقچە ئەمگەكچىدىن 96 سى بار. 1958- يىلى، قومۇلدا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلق زور كۆلەمدە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشتەك «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە ئاشتى. شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە مەمۇرىي مەھكىمە 5200 ئەمگەكچىنى بىر تۇتاش قوبۇل قىلدى، ئىدارىلارمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىن 7000 ئەمگەكچىنى قوبۇل قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە بىر تۇتاش قوبۇل قىلغان ئەمگەك كۈچىنىڭ 70% ى پولات- تۆمۈر، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرىغا تەقسىم قىلىندى. 1959- يىلى، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىشچى- خىزمەتچىلەر قوشۇنى تېز زورايدى، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1958- يىلىنىڭ بېشىدىكى 33 مىڭ 540 تىن 54 مىڭ 862 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت تارماقلىرىدىكىسى 10 مىڭ 660 بولۇپ، 1958- يىلدىكىدىن 66.25% ؛ قاتناش- ترانسپورت تارماقلىرىدىكىسى 9499 بولۇپ، 1958- يىلدىكىدىن 13.99% ؛ سودا، يېمەكلىك مۇلازىمىتى تارماقلىرىدىكىسى 4014 بولۇپ، 1958- يىلدىكىدىن 64.3% ؛ ئېتىز- ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تارماقلىرىدىكىسى 14 مىڭ 190 بولۇپ، 1958- يىلدىكىدىن 98.76% ؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش تارماقلىرىدىكىسى 13 مىڭ 222 بولۇپ، 1958- يىلدىكىدىن 39.16% ؛ پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت- مائارىپ، سەھىيە، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلات تارماقلىرىدىكىسى 3277 بولۇپ، 1958- يىلدىكىدىن 11.55% كۆپەيدى. لېكىن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي ئاپەت سەۋەبلىك خەلق ئىگىلىكىنى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىپ، 1960- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1962- يىلغىچە، مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئورگانلارنى ئىخچاملاش، شەھەر - بازار نوپۇسىنى ئازايتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن 37 مىڭ 164 ى يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە چۈشۈرۈلۈپ تولۇقلاندى. 1963 – 1965 - يىلغىچە، ئۈچ يىللىق تەڭشەش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكى تېزدىن ئەسلىگە كەلدى، ۋىلايەتتە شەھەردىكى ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىكارچى، تارقاق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېزىغا چۈشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 1964- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ياكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغا 697 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1966- يىلى، ۋىلايەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشچى- خىزمەتچى 19 مىڭ 146 گە يەتتى. 1972- يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ «ۋاقىتلىق ئىشچى، ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان ئىشچى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، 1974- يىلغىچە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى تەخمىنەن 1000 دىن ئارتۇق ۋاقىتلىق ئىشچى، ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار مۇقىم ئىشچىلىقىقا ئۆزگەرتىلدى. 1971 – 1980 - يىلغىچە، ۋىلايەتتىكى ئەمگەك- كادىرلار تارماقلىرى ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون تەستىقلاپ چۈشۈرگەن ئىشچى قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا 7930 زىيالىي ياشنى قوبۇل قىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا 4249 ئادەم قوبۇل قىلدى. 1979- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي ئىشچى- خىزمەتچىسى 30 مىڭ 284 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 6056. 1980 – 1985 - يىلغىچە، ۋىلايەت جەمئىي 22 مىڭ 808 ئادەمنى

ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3257 ئادەمدىن توغرا كەلدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 35 مىڭ 396 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىسى 8849. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 44 مىڭ 17 گە يەتتى.

### 1961 – 1990 - يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى تۈزۈمىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى- خىزمەتچىلەر

جەدۋەل: 22 – 5

بىرلىكى: ئادەم

| تۈرى / يىللار | ئومۇمىي ئىشچى- خىزمەتچى | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|
| | | ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى | خەنزۇ |
| 1961 | 15117 | 1007 | 14110 |
| 1962 | 15307 | 1093 | 14214 |
| 1963 | 15354 | 1095 | 14256 |
| 1964 | 15453 | 1188 | 14256 |
| 1965 | 18507 | 1423 | 17084 |
| 1966 | 19146 | 1595 | 17551 |
| 1967 | 19264 | 1605 | 17659 |
| 1968 | 19478 | 1770 | 17708 |
| 1969 | 19941 | 1812 | 18129 |
| 1970 | 20704 | 2070 | 18634 |
| 1971 | 20790 | 2310 | 18480 |
| 1972 | 20814 | 2312 | 18502 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 18708 | 2372 | 21380 | 1973 |
| 18941 | 2705 | 21646 | 1974 |
| 19106 | 2729 | 21835 | 1975 |
| 20098 | 4019 | 24117 | 1976 |
| 24504 | 4900 | 29404 | 1977 |
| 24764 | 6190 | 30954 | 1978 |
| 24228 | 6056 | 30284 | 1979 |
| 24991 | 6247 | 31238 | 1980 |
| 26720 | 6679 | 33399 | 1981 |
| 26709 | 8903 | 35612 | 1982 |
| 26487 | 8829 | 35316 | 1983 |
| 25688 | 8562 | 34250 | 1984 |
| 26547 | 8849 | 35396 | 1985 |
| 27723 | 9240 | 36963 | 1986 |
| 25412 | 12705 | 38117 | 1987 |
| 25924 | 12961 | 38885 | 1988 |
| 27780 | 13890 | 41670 | 1989 |
| 29345 | 14672 | 44017 | 1990 |

## §2. ئەمگەك، مائاش

### 1. مائاش تۈزۈمى

مىنگو دەۋرىدە، مەمۇرلارنىڭ ئايلىق مائاشىغا پۇل ياكى ماددىي بۇيۇم بېرىلەتتى، ئايلىق مائاش تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھا ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، پۇل ئۈزلۈكسىز پاخاللىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مەمۇرىي خادىملارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولالمايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، داۋاملىق ئىشلىتىلگەن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرلىرى ئەسلىدىكى بيۇروكرات كاپىتالىزم كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي سودا- سانائەتچىلەرگە قارىتا ئەسلىدىكى خىزمەت ۋەزىپىسى بىلەن ئەسلىدىكى مائاشىنى ساقلاپ قېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، يەنى مائاش ئۆلچىمى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى (1949- يىل 9- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن ئىلگىرىكى) ئۈچ ئايلىق مائاشىنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنى ئۆلچەم قىلىپ، شۇ چاغدىكى باھا بويىچە بەلگىلىك مىقداردىكى ماددىي بۇيۇمغا سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، نەق پۇل چىقىم قىلىپ مائاش بېرىلدى. قىسمەن كەلگەنلەر بىلەن ئازاد رايونلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن دۆلەت كادىرلىرىغا قارىتا، تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يېڭىدىن خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان كادىرلارغا قارىتا مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1950- يىل 7- ئايدا، تەمىنلەش تۈزۈمى تۇرمۇش خىراجىتىنى «كىچىك ھۆددىگە ئېلىش» قا ئۆزگەرتىلىپ (ئاشلىق، كۆكتات، كۆمۈر پۇلى، ئاياغ، پايپاق، يوتقان، قوشۇمچە ياردەم، بايراملىق راسخوت ۋە داۋالىنىش قوشۇمچە ياردەم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، خىزمەت دەرىجىسىگە ئاساسەن چوڭ قازان، ئوتتۇرا قازان، كىچىك قازان دەپ ئايرىلىپ، چوڭ قازان ئاسىدىغان ھەر بىر كىشىگە 130 جىڭدىن، ئوتتۇرا قازان ئۈچۈن 165 جىڭ، كىچىك قازان ئۈچۈن 225 جىڭدىن تېرىق ھېسابىدا پۇلغا سۇندۇرۇپ شەخسلەرگە تارقىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىيىم- كېچەك، ئېخىنكا قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ساغلاملىق ياردەم راسخوتى، ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش راسخوتى، ئايال خىزمەتچىلەر تۇغۇت راسخوتى، بوۋاقلارنى تەربىيىلەش راسخوتى، ئائىلە خىزمەتچىسى ياردەم راسخوتى، ئالتە ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇش راسخوتى ۋە ئۆي، سۇ، توك، ئائىلە سايمانلىرى قاتارلىقلار بۇرۇنقىغا ئوخشاش تەمىنلەندى.

1952- يىلى، تۇنجى قېتىملىق مائاش ئىسلاھاتىدا، دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە دەرىجە مائاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن مائاش ئارقىلىق مائاش ھېساباتى بىرلىكىنى ئايرىش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1954- يىلى، ۋىلايەت «ئەمگەكچىلەر ۋە كاپىتالىستلارغا تەڭ پايدا بولۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، خۇسۇسىي كارخانىچىلار بىلەن كېڭىشىپ، توققۇز تۈرلۈك كەسىپتە ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلار كوللېكتىپ كېلىشىمنامە ئىمزالاپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئىستاژى ئۇزۇن، مائاشى تۆۋەن بولۇشتەك نامۇۋاپىق مەسىلىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى.

1956- يىلى، 2- قېتىملىق مائاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. مائاش، تەقسىمات تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مائاش مۇناسىۋىتى تەڭشەلدى، مۇكاپات، ئىشقا قاراپ مائاش بېرىش ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ دەرىجە مائاش تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئومۇميۈزلۈك

ئۆستى. پۈتۈن مەملىكەت جەمئىي 11 مائاش رايونىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، قۇمۇلدا 11- رايون ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورگانلىرىنىڭ مائاش دەرىجىسى 30 دەرىجىگە ئايرىلدى، كارخانىلاردىكى ئىشچىلارغا قارىتا سەككىز دەرىجىلىك مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1981-يىلى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە ئىشقا قاراپ مائاش بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1934 ئادەمگە ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئومۇمىي مائاش جەمئىي 1 مىليون 191 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي مائاشنىڭ 3.96% نى ئىگىلىدى؛ 1985- يىلى 2713 ئادەمگە ئىشىغا قاراپ بېرىلگەن مائاش 2 مىليون 52 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي ئىش 4.5% نى ئىگىلىدى.

1985- يىلى، 3- قېتىملىق مائاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا ۋەزىپە مائاشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان قۇرۇلما مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، يەنى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئاساسىي مائاش، ۋەزىپە مائاشى، خىزمەت ئىستاژى ياردەم پۇلى، مۇكاپات سوممىسىدىن تەركىب تاپتى. ۋىلايەت بويىچە مائاش ئىسلاھاتىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 13 مىڭ 981 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمگە ئايدا 22.55 يۈەن قوشۇلۇپ، ئىسلاھات ئالدىدىكىگە قارىغاندا 26.1% ئۆستۈرۈلدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىمۇ ئىسلاھ قىلىندى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىن مائاش ئىسلاھاتىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 13 مىڭ 360 بولۇپ، ئىسلاھاتتىن كېيىن، ئوتتۇرا ھېسابتا ھەر بىر ئادەمگە ئايدا 19.50 يۈەن قوشۇلدى. يىلىغا قوشۇلغان مائاش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولدى؛ 11 مىڭ 69 ئىشچى- خىزمەتچىگە تولۇقسىز مائاش قوشۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېرىم دەرىجە قوشۇلغانلار 142 (ئايدا جەمئىي 973 يۈەن قوشۇلدى)، بىر دەرىجە قوشۇلغانلار 10 مىڭ 927 (ئايدا جەمئىي 177 مىڭ 596 يۈەن قوشۇلدى) بولۇپ، بىر يىلدا جەمئىي 2 مىليون 130 مىڭ يۈەن قوشۇلدى.

1986- يىلى، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مائاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭى دەرىجىلىك مائاش ئۆلچىمى يولغا قويۇلدى. كارخانا ئورۇنلىرىدا ئومۇمىي مائاش سوممىسىنى يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا بىلەن باغلاش ئۇقتىدا سىناق قىلىندى.

1985 – 1990 - يىللىقچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى

جەدۋەل: 22 – 6 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | مائاش ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|
| 1985 | 5643.97 |
| 1986 | 6720.85 |
| 1987 | 7185.65 |

| | |
|---|---|
| 8331.20 | 1988 |
| 9308.00 | 1989 |
| 11114.81 | 1990 |

2. مائاش تەقسىمى

1959- يىلى، بىر قىسىم ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش، قاتناش- ترانسپورت، جامائەت ئىشلىرى ئورۇنلىرىدا ئۆسۈش دائىرىسى ئىشچىلار 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 30% نى، كادىرلار 10% نى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى تارماقلىرىدىكى ئىشچىلار ۋە سودا تارماقلىرىدىكى پىركازچىك، مۇلازىم، يېمەك- ئىچمەك ساھەسىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى، شۇ تارماقلاردىكى ئىشچىلارنىڭ 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانىنىڭ 5% نى ئىگىلىدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، ئۆسۈش دائىرىسى 1% ~ 2% كىچە بولدى. 1960- يىلى پۈتۈن كۆلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشى تەڭشەلدى، ئۆسۈش دائىرىسى 25% بولدى.

1961- يىلى، كان رايونلىرى ۋە ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى ئىشچىلار ھەمدە قۇدۇق ئاستى ۋە ئورمان كېسىش نەق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ مائاشى تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى قۇدۇق ئاستى ئىشچىلىرىنىڭ 35% بولدى، نەق مەيدان كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى ئىشچىلارنىڭ ئۆسۈش دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك پرىنسىپى بويىچە بېجىرىلدى؛ باشقا مېتاللورگىيە ۋە ئورمان رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈش دائىرىسىمۇ شۇ تارماقلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30% دىن ئېشىپ كەتمەسلىك پرىنسىپى ئاساسىدا بولۇپ، مائاشىنىڭ ئۆسۈشى پەقەت بىر دەرىجە بىلەن چەكلەندى. ۋىلايەت بويىچە كان رايونلىرى، ئورمان رايونلىرىدىن جەمئىي 196 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ مائاشى ئۆسۈپ، ھەر بىر ئادەمگە ھەر ئايدا ئوتتۇرىچە 11.80 يۈەن قوشۇلدى.

1963- يىلى، بىر قىسىم ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى.ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئۆسۈش دائىرىسى 40% بويىچە بولدى. ئىشچىلار ۋە 18- دەرىجىدىن تۆۋەن كادىرلارنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى 40% بولدى؛ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى 14- دەرىجىدىن 17- دەرىجىگىچە بولغان مەمۇرىي كادىرلارنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى 25%، 11- دەرىجىدىن 13- دەرىجىگىچە بولغان مەمۇرىي كادىرلارنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى 5% ئىچىدە بولدى. مائاشى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى 17- دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مائاشى بىلەن تەڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان تېخنىكا كادىرلىرى ۋە ئىقتىسادىي كادىرلارنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى سەل ئازادىرەك بولدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئادەتتە پەقەت بىر دەرىجە ئۆستى. سانائەت، قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا تارماقلاردىن 3048 ئىشچىنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا سەككىز يۈەن قوشۇلدى، قوشۇلغان دەرىجە سانى 3170 دەرىجە، ئۆسۈش دائىرىسى 57.06% بولدى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى 2420 ئىشچىنىڭ دەرىجىسى ئۆستى، قوشۇلغان دەرىجە سانى 2508 دەرىجە، ئۆسۈش دائىرىسى 37.06% بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر دەرىجىگە ئايدا 6.2 يۈەن قوشۇلدى؛ ۋىلايەت بويىچە 1567 كادىرنىڭ دەرىجىسى ئۆستى، قوشۇلغان دەرىجە سانى 1645 دەرىجە، ئۆسۈش دائىرىسى 55.1% بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر دەرىجىگە ئايدا 10.5 يۈەن قوشۇلدى. ۋىلايەت بويىچە شۇ يىلى جەمئىي 7035 ئادەمنىڭ دەرىجىسى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە 288 ئادەمنىڭ ئىككى دەرىجە

ئۆستى، ئوتتۇرىچە ئۆسۈش دائىرىسى 48.97% بولدى، ئۆسكەندىن كېيىن ئومۇمىي مائاش سوممىسىغا جەمئىي 58 مىڭ 300 يۈەن قوشۇلدى، ھەر بىر دەرىجىگە ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.96 يۈەن قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇل رايونىدا 11- مائاش رايونى ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى.

1964- يىلى، ناھىيەدىن يۇقىرى ئورۇنلارغا قاراشلىق كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ۋاقىتقا قاراپ مائاش بېرىش تۈزۈمىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى، ئۆسۈش دائىرىسى 30% تىن 40% كىچە بولۇپ، كادىرلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئايرىم كونترول قىلىندى، ئاساسلىقى مائاشى تۆۋەن ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە 294 ئادەمنىڭ مائاش دەرىجىسى ئۆسۈپ، ئۆسكەن دەرىجە سانى 308 دەرىجە بولدى.

1971- يىلى، بىر قىسىم مائاشى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى، تەڭشىلىش دائىرىسى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىشچىلار، كادىرلار بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى دەرىجىلىك مائاش تۈزۈمىدىكى بىر قىسىم ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىمۇ مۇۋاپىق تەڭشەلدى.

1977- يىلى، مائاش تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خىزمەت ئىستاژى ئۇزۇن، مائاشى تۆۋەن ئىشچى- خىزمەتچىلەر بولۇپ، ئۆسۈش دائىرىسى 40% تىن ئاشمىدى، 17- دەرىجىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ تەڭشەلمىدى.

1978- يىلى، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىشتىكى نەتىجىسى ئەلا، تۆھپىسى بىر قەدەر زور ۋە ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئىپادىسى ياخشى بولغان، مائاشى تۆۋەن ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، ئۆگىنىشى ئالاھىدە بولغان شاگىرت ئىشچىلارمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ، دەرىجىگە تۇرغۇزۇلدى، مائاش دەرىجىسى ئۆسۈش دائىرىسى 1978- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 2% تى ئىچىدە كونترول قىلىندى، ئەدەبىيات- سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ 6% كە كېڭەيتىلدى.

1979- يىلى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مائاش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40% بولدى، ئىشچىلار، كادىرلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش دائىرىسىدە ئۆزئارا بىر- بىرىنىڭ پىرسەنتىنى ئىگىلىمىدى. كارخانىلارنىڭ مائاش دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش دائىرىسى پەرقلەندۈرۈلدى، يەنى قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 41%، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنىڭ 40.5%، ۋىلايەتلىك پولات زاۋۇتىنىڭ 39%، ۋىلايەتلىك قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتىنىڭ 38% بولۇپ، تۆھپىسىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى ئاساس قىلىنىپ، ئەلالىرىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش دائىرىسى كەڭرەك بولدى. شۇ يىلى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن مائاش دەرىجىسى ئۆسكەنلەرنىڭ سانى 4247 بولۇپ، ئادەتتە بىر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈلدى.

1981- يىلى، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيەدىن ئىبارەت ئۈچ تارماقتىكى بىر قىسىم ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى.

1982- يىلى، دۆلەت ئورگانلىرى، پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت- مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تارماقلاردىكى بىر قىسىم خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى. بۇ قېتىم 4183 ئادەمنىڭ مائاش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 3753 ئادەمنىڭ بىر دەرىجە، 430 ئادەمنىڭ ئىككى دەرىجە ئۆستى، دەرىجە ئۆسكەندىن كېيىن، ئايلىق ئاشۇرۇلغان مائاش ئومۇمىي سوممىسى 45 مىڭ 31 يۈەن 36 پۇڭ بولدى.

1983- يىلى، كارخانا ئىشچى- خىزمەتچىلىرى ۋە بىر قىسىم كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى، 16 مىڭ 790 ئادەمنىڭ مائاشى ئۆستى. بۇنىڭ ئىچىدە، 413 ئادەمنىڭ ئىككى دەرىجىدىن ئۆستى،

يىللىق ئاشقان مائاش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 224 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا 1957-، 1958-، 1963- يىللىرى ئىشچى، كادىرلارنىڭ مائاش ئۆلچىمى تەڭشەلدى، يەنى 9- دەرىجىدىن 17- دەرىجىگىچە بولغان پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ مائاشى 1% كېمەيتىلدى؛ ئادەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى ئەسلى مائاش ئۆلچىمىدىن 8% ~ 15% كىچە كېمەيتىلدى؛ قارا خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مائاش ئۆلچىمى مەمۇرىيلارنىڭ 28- دەرىجىسىدىن ئاشۇرۇلمىدى. ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەمۇرىي 21- دەرىجىدىن 22- دەرىجىگە ئۆزگەرتىلدى.

1985- يىلى، ئورگانلاردىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاشى ئىسلاھ قىلىندى، ۋىلايەت بويىچە مائاش ئىسلاھاتىغا قاتناشقان ئادەم 12 مىڭ 447 بولۇپ،7- ئايدىن 12- ئايغىچە بولغان مائاش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 122 مىڭ 500 يۈەن كۆپەيدى.

1986- يىلى، مەمۇرىي ۋەزىپە مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە مەمۇرىي ۋەزىپە مائاشى ئالغان 826 ئادەمنىڭ ئايلىق ئاشقان مائاش سوممىسى 13 مىڭ 761 يۈەن بولدى.

1986- يىلى، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاشى تەڭشىلىپ، ۋىلايەت بويىچە 4606 ئادەمنىڭ ئايلىق ئومۇمىي مائاشىغا 43 مىڭ 854 يۈەن قوشۇلدى؛ خەۋپسىزلىك سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاشى تەڭشىلىپ، ۋىلايەت بويىچە 152 ئادەمنىڭ مائاشىغا 1657 يۈەن قوشۇلدى.

1988- يىلى، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا ئۇنۋانى بويىچە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنۋان مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ۋىلايەت بويىچە 2304 ئادەمنىڭ ئايلىق مائاشىغا 3000 يۈەن قوشۇلدى؛ 5583 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مائاشى 10% ئۆستۈرۈلۈپ، ئايلىق ئومۇمىي مائاش سوممىسى 62 مىڭ 600 يۈەن كۆپەيدى.

1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 406 خىزمەتچىنىڭ مائاش ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، ئايلىق مائاشىغا 4250 يۈەن قوشۇلدى. 1989- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 15 مىڭ 685 خىزمەتچىنىڭ مائاشى تەڭشىلىپ، ئايلىق مائاشىغا 151 مىڭ 328 يۈەن قوشۇلدى.

1990- يىلى، قومۇل ۋىلايىتىدىكى ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى 1- تۈركۈمدە تۇراقسىز مائاشتىن بەھرىمەن بولغان 685 خادىمنىڭ تۇراقسىز مائاشى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، مۇقىملاشتۇرۇلغان ئومۇمىي مائاش سوممىسى 9079.28 يۈەن بولدى، شۇنداقلا ئۇلارغا يەنە بىر دەرىجە تۇراقسىز مائاش قوشۇلدى، قوشۇلغان ئومۇمىي مائاش سوممىسى 9332 يۈەن بولدى.

3. مۇكاپات

1950- يىللاردا، كارخانا ئورۇنلىرى مۇكاپات تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1958- يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋاقتىدا بۇ تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1959- يىلى، كارخانا، پۇل مۇئامىلە ۋە شەھەر ئاممىۋى ئىشلار كەسپىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە بىر قېتىملىق يېرىم ئايلىق مائاشىغا باراۋەر بولغان «سەكرەپ ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى» تارقىتىلدى. 1960- يىلدىن كېيىن، بىر قىسىم كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئۈنىۋېرسال مۇكاپاتنى تۇرغۇزدى. 1961- يىلى، بىر قىسىم كارخانىلار ۋەزىپىنى ئاشۇرۇش مۇكاپاتى، ئىقتىسادچىللىق مۇكاپاتى، سۈپەت مۇكاپاتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مۇكاپات تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1971- يىلى، ئۈنىۋېرسال مۇكاپات قوشۇمچە مائاشقا ئۆزگەرتىلدى. 1978- يىلى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى

قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇكاپات سوممىسىنى ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائاش ئۆلچىمىنىڭ %10 ى ئىچىدە كونترول قىلدى. 1979- يىلى، سانائەت، قاتناش سىستېمىسى مەخسۇس يىغىلغۇ، خام ماتېرىيالنى تېجەش مۇكاپاتىنى يېكىتىپ، سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1980- يىلىدىن باشلاپ، دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە «خىراجەتنى ھۆددىگە بېرىش- تېجەش مۇكاپاتى» (ھۆددىگە بېرىلگەن خىراجەتتىن تېجەپ قېلىنغىنىنىڭ %20 ى مۇكاپاتقا ئىشلىتىلىدۇ) يولغا قويۇلدى، كەسپىي ئورۇنلاردا كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى تېجەش مۇكاپاتى يولغا قويۇلدى (تېجەلگەن قىسمىنىڭ %15 ى مۇكاپاتقا ئىشلىتىلدى)، مۇكاپات سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ شۇ ئورۇندىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ بىر ئايلىق ئاساسىي مائاش سوممىسىدىن ئاشۇرۇلمىدى. 1981- يىلى، كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات سوممىسى شۇ كارخانىنىڭ ئىككى ئايلىق مائاش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە كونترول قىلىندى. 1982- يىلى، مۇكاپات سوممىسىنى تىزگىنلەش پىلانى تۈزۈلۈپ، بىر يىلدا 136 مىڭ يۈەن مۇكاپات تارقىتىلدى. 1984- يىلى، كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات سوممىسىغا چەك قويۇلماي، مۇكاپات پۇلىدىن باج ئېلىش يولغا قويۇلدى. 1985- يىلى، ۋىلايەت 3 مىليون 743 مىڭ 300 يۈەن مۇكاپات تارقاتتى، بۇ ئومۇمىي مائاشنىڭ %8.11 ىنى ئىگىلىدى. 1985- يىلى، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش مۇكاپاتى ھەر ئايدا بەش يۈەن بويىچە ئاساسىي ۋەزىپە مائاشىغا قوشۇۋېتىلدى. 1986- يىلى، سەككىز يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. 1987- يىلى 10 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، 1988- يىلى 15 يۈەنگە ئۆستۈرۈلگەندىن سىرت، يىل ئاخىرىدا بىر قېتىمدىلا مەمۇرىي چىقىمنى تېجەش مۇكاپاتى تارقىتىلدى.

4. ھەر خىل قوشۇمچە ياردەم پۇللار

1) تۇرمۇش ياردەم پۇلى 1956- يىلى، ۋىلايەتتىكى سانائەتتىن باشقا تارماقلار (دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە سودا كارخانىلىرى) نىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمى: قۇمۇل ناھىيىسىدە مائاش ئۆلچىمىنىڭ %32 ى بويىچە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ %21 ى بويىچە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ %25 ى بويىچە بولدى؛ سانائەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە قاتناش- ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمى: قۇمۇل ناھىيىسىدە مائاش ئۆلچىمىنىڭ %21 ى بويىچە، باركۆل ناھىيىسىدە %11 ى بويىچە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە %15 ى بويىچە بولدى. تۇرمۇش ياردەم پۇلى باھانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەڭشەلدى. 1958- يىلى، ۋىلايەتتىكى سانائەتتىن باشقا تارماقلاردىكى كادىرلارنىڭ مائاش تەركىبىدىكى تۇرمۇش ياردەم پۇلى: قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ %32 تىن %23 كە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ %29 تىن %10 كە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ %25 تىن %20 كە تۆۋەنلىتىلدى، ۋىلايەتتىكى سانائەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش، قاتناش كارخانىلىرىدىكى كادىرلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ %21 تىن %13 كە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ %11 تىن %10 كە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ %15 تىن %10 كە چۈشۈرۈلدى. ئىشچىلار، قارا خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئەسلى ئۆلچەم بويىچە بولدى.

1983- يىلى، سانائەتتىن باشقا تارماقلاردىكى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى كادىرلار بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدە ئىجرا قىلىندى، يەنى: قۇمۇل ناھىيىسىدە %23، باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە %20.

1985- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدىكى كارخانا ئىشچىلىرى ۋە كادىرلىرىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى بىر تۈتاش 11- خىلدىكى رايون مائاش ئۆلچىمىنىڭ %32 ى بويىچە ئىجرا قىلىندى. ئورگان كادىرلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئەسلىدىكى %32 لىك ئۆلچەمگە كەلتۈرۈلدى.

2) قوشۇمچە يېمەكلىك باھاسىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان قوشۇمچە پۇل 1979- يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قۇمۇل

ناھىيىسىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مۇقىم ئىشچىلار، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا 6.50 يۈەندىن، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە سەككىز يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى. 1980- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى چېگرا ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايدا سەككىز يۈەندىن ياردەم پۇلى بېرىلدى.

3) چېگرا رايون ياردەم پۇلى    ۋىلايەتتە 1952- يىلدىن 1960- يىلىنىڭ بېشىغىچە چېگرا ياردەم پۇلى مائاش سوممىسىنىڭ 15% ى بويىچە يولغا قويۇلدى. 1960- يىل 4- ئايدىن باشلاپ، كادىرلارنىڭ چېگرا ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىشچىلارنىڭ «نامدا يوق، ئەمەلىيەتتە بار» چارىسى بويىچە ساقلاپ قېلىندى.

4) چېگرا رايون خىزمەت ئىستاژى قوشۇمچە پۇلى    1984- يىلدىن باشلاپ قۇمۇلدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان، بەش يىلغا توشمىغانلارغا ئايدا ئىككى يۈەن، بەش يىل توشقانلارغا ئايدا ئۈچ يۈەن قوشۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھەر بەش يىلغا ئۈچ يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭدا خىزمەت قىلۋاتقىنىغا 25 يىلغا توشقان دۆلەت كادىرلىرىغا بىر دەرىجە تۇراقسىز مائاش قوشۇپ بېرىلدى. سەككىز يىلدىن كېيىن تۇراقسىز مائاش مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، يەنە بىر دەرىجە تۇراقسىز مائاش قوشۇلدى.

5) ساغلاملىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى    1963- يىل 3- ئايدىن باشلاپ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت تارماقلىرىدىكى قانۇن دوختۇرلىرىغا ۋە زەھەرلىك بۇيۇملار لابىرانتلىرىغا ئايدا توققۇز يۈەندىن ساغلاملىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1979- يىل 11- ئايدىن باشلاپ 10 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. يەنە زىيانلىق، زەھەرلىك، چاڭ- توزانلىق، رادىئوئاكتىپلىق مۇھىتتا ئىشلەيدىغانلارغا ئالتە يۈەندىن، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مۇھىتتا ئىشلەيدىغانلارغا 4.5 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى. 1985- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يۇقىرىقى ئۆلچەملەر ئايرىم 10 يۈەن، يەتتە يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

6) ساقلىق ساقلاش - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ۋە داۋالاش - سەھىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى    1980- يىلدىن باشلاپ قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ئۆلچىمى تۆت تۈرگە بۆلۈنۈپ، 1- تۈرگە ھەر بىر كىشىگە ھەر كۈندە 0.6 يۈەندىن، 2- تۈرگە 0.5 يۈەندىن، 3- تۈرگە 0.35 يۈەندىن، 4- تۈرگە 0.25 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى. 1984- يىلى، ساقلىق ساقلاش- يۇقۇمدىن ساقلىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۆلچىمى بەش تۈرگە بۆلۈنۈپ، 1- تۈردىكىلەرگە ھەر كۈنى ھەر ئادەمگە 0.6 يۈەندىن، 2- تۈرگە 0.5 يۈەندىن، 3- تۈرگە 0.4 يۈەندىن، 4- تۈرگە 0.3 يۈەندىن، 5- تۈرگە 0.2 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى؛ داۋالاش سەھىيە قوشۇمچە ياردىمى 1980- يىلدىكى تۆت تۈر ئاساسىدا بەش تۈرگە كۆپەيتىلىپ، 5- تۈرگە كۈنىگە ھەر ئادەمگە 0.2 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى.

7) سىنىپ مۇدىرلىق ياردەم پۇلى    1979- يىل 11- ئايدىن باشلاپ سىنىپ مۇدىرلىق ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. ئۆلچىمى، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى 20 دىن ئاشمىسا، ئايدا تۆت يۈەندىن، 21 دىن 35 كىچە بولسا، بەش يۈەندىن، 36 دىن 50 كىچە بولسا، ئالتە يۈەندىن، 51 دىن ئارتۇق بولسا، يەتتە يۈەندىن؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچى 20 دىن ئاز بولسا، ئايدا ئۈچ يۈەندىن، 21 دىن 35 كىچە بولسا، تۆت يۈەندىن، 36 دىن 50 كىچە بولسا، بەش يۈەندىن، 51 دىن ئارتۇق بولسا، ئالتە يۈەندىن بېرىلدى.

8) ئىش ئورنى ياردەم پۇلى    1980- يىلى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى باشقۇرغان شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرى، ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا كۈنىگە 0.4 يۈەندىن، ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق ئورۇنلىرىدىكىلەرگە 0.3 يۈەندىن، يىغىۋېلىپ قايتۇرۇش پونكىتلىرىدىكىلەرگە 0.2 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى؛ زەھەرلىك، زىيانلىق، پاسكىنىچىلىق ئىشلەيدىغانلارغا كۈنىگە 0.3 يۈەندىن، سېسىقچىلىق بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلارغا 0.2 يۈەندىن، كېرەكسىز بۇيۇملار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلارغا 0.15 يۈەندىن قوشۇپ بېرىلدى. خىزمەت

ئورنى قوشۇمچە پۇلى تارقىتىشتا، يەنە يۇقىرىقىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلارغىمۇ خىزمەت ئورنى قوشۇمچە پۇلى بېرىلدى.

9) **ئوقۇتقۇچىلىق، سېستىرالىق ئۇستاز پۇلى** 1985- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، يەسلى ماتارىپى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە دوختۇرخانىلاردىكى سېستىرالارغا خىزمەت ئۇستازىغا قاراپ بەش يىل توشۇپ، 10 يىل توشمىغانلارغا ئايدا ئۈچ يۈەندىن، 10 يىل توشۇپ، 15 يىل توشمىغانلارغا ئايدا بەش يۈەندىن، 15 يىل توشۇپ، 20 يىل توشمىغانلارغا ئايدا يەتتە يۈەندىن، 20 يىلدىن ئاشقانلارغا ئايدا 10 يۈەندىن تارقىتىلدى.

10) **زىيالىيلار ياردەم پۇلى** 1984- يىلىدىن باشلاپ، قومۇلدا خىزمەت قىلغىنىغا 15 يىلدىن ئاشقان، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇناسىپ تېخنىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان زىيالىيلارغا زىيالىيلار ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى. قومۇل شەھىرىدە ھەر بىر ئادەمگە ھەر ئايدا 15 يۈەندىن، باركۆل ناھىيىسىدە 20 يۈەندىن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 25 يۈەندىن بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر دەرىجىدىن تۇراقسىز مائاش قوشۇلدى. ئالتە يىل توشقاندىن كېيىن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، يەنە بىر دەرىجە تۇراقسىز مائاش قوشۇلدى.

11) **گېزىت- ژۇرنال ياردەم پۇلى** 1983- يىلىدىن باشلاپ، زىيالىيلار ۋە تېخنىك خادىملارغا گېزىت- ژۇرنال ياردەم پۇلى بېرىلدى. قومۇل شەھىرىدە ھەر بىر ئادەمگە يىلدا 30 يۈەندىن، باركۆل ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە يىلىغا ھەر بىر ئادەمگە 40 يۈەندىن بېرىلدى.

12) **شاگىرت يېتەكلەش ياردەم پۇلى** 1983- يىل 2- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن باشلاپ، ئاشپەزلەر بىر شاگىرت يېتەكلىسە، ئاشپەزلەر ئۇنۋان ياردەم پۇلىنى ئالغاندىن باشقا، يەنە ئايدا بەش يۈەن شاگىرت يېتەكلەش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى.

13) **باشقىلار** يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق شارائىتتا بېرىلىدىغان ۋاقىتلىق ياردەم پۇلى، كېچىلىك سمېنا ياردەم پۇلى، جاپالىق جايلاردىكى مېتېئورولوگىيە ئىستانسا- پونكىتلىرى ياردەم پۇلى ۋە سەييارە قۇرۇلۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىقلار بار.

## §3. ئەمگەك مۇھاپىزىتى، پاراۋانلىق

### 1. ئەمگەك بىخەتەرلىكى رېۋىزىيىسى

1) **ئەمگەك مۇھاپىزىتى** مىنگو دەۋرىدە، ئەمگەك مۇھاپىزەت تەدبىرلىرى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، كۆمۈركان، ياغاچ كېسىش مەيدانى ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ قول سانائەت كارخانىلىرىدا مۇھاپىزەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە مۇھاپىزەت بۇيۇملىرى يوق ئىدى. 1956- يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ «زاۋۇتلارنىڭ بىخەتەرلىك، تازىلىق قائىدىسى»، «بىناكارلىق- قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىخەتەرلىك قائىدىسى»، «ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يارىلىنىش- ئۆلۈش ھادىسىلىرىنى دوكلات قىلىش قائىدىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى. تارانچى، باركۆل ناھىيىسىدىكى ئىككى كۆمۈركانىنىڭ چىقىرىش، توشۇش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىندى. 1958- يىلى، بىر قىسىم كارخانىلار قارىغۇلارچە ئىش باشلاپ، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، يۇقىرى سۈرئەتنى قوغلىشىپ، ئەمگەك ۋاقتىنى خالىغانچە ئۇزارتىپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەچكە، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ھادىسىلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بەردى. 1960- يىللاردا، ئەمگەك

مۇھاپىزەت بۇيۇملىرى ۋە ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنى تارقىتىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. 1979- يىلى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاۋلاش ئىشچىلىرىغا قوشۇمچە پۇل تارقىتىلدى. 1983 – 1990 - يىللىرى، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەر كانچىلىق، ئېھتىيات ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق كەسىپلەردە، چاڭ- توزاننى تىزگىنلەپ، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلىدى.

چاڭ- توزانلىق ئۆپكە كېسىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق كەسپىي كېسەل. 22 كارخانا 1975- يىلى 1985- يىلى 26 كارخانا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 1975- يىلى، چاڭ- توزان بىلەن ئۇچرىشىدىغان 1205 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 54 ئادەمنىڭ چاڭ- توزانلىق ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 4.48% بولغانلىقى بايقالدى؛ 1985- يىلى، چاڭ- توزان بىلەن ئۇچرىشىدىغان 3652 ئادەم تەكشۈرۈلدى، بۇلار ئىچىدە ئۆپكە چاڭ- توزانلىق كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئادەم 81 بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 2.22% كە تۆۋەنلىگەن. ئۇلار ئىش ئورنىدىن ئايرىپ داۋالىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زاۋۇت، كان، كارخانىلار چاڭ- توزاندىن قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، تېخنولوگىيە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ماشىنىلىشىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇردى. شامال ئۆتكۈزۈشنى كۈچەيتىش، ھۆللىقنى ئاشۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى كۈچەيتىپ، چاڭ- توزاننىڭ سىرتقا كېڭىيىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، زىيان يەتكۈزۈش دەرىجىسىنى ئازايتتى؛ يەنە ئەمگەك بىخەتەرلىك تەربىيىسى ۋە بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى دائىملىق قانات يايدۇردى. 1958- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈركاندا يۈز بەرگەن ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسىگە قارىتا، بىخەتەرلىك تەربىيىسى تۈزۈمى ۋە بىخەتەر مەشغۇلات قائىدىسى تۇرغۇزۇلدى. 1959- يىلى، ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، خەتەرلىك يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان 50 نۇقتىنى تېپىپ چىقتى ۋە مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1976- يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ «مەملىكەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تولۇقلىدى ۋە كۈچەيتتى. 1977- يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ شەرتلىرى» نى تارقاتتى؛ شۇ يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە چاڭ- توزان ۋە زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۆمەك تەشكىللەپ، زاۋۇت، كانلارنىڭ چاڭ- توزان، زەھەرنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ يەنە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، مەشغۇلات قائىدىسى، يوقلىما تۈزۈمى قاتارلىق قائىدە- تۈزۈملەرنى تۇرغۇزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 1980 – 1984- يىللىرى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. نەتىجىدە، كارخانا كادىر، ئىشچى- خىزمەتچىلىرى دۆلەت تارقاتقان ئەمگەك بىخەتەرلىك قائىدە- قانۇنلىرىنى بىر قەدەر پۇختا ئىگىلەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى ئۆستى، ئۆلۈش- يارىلىنىش ھادىسىلىرى ئازايدى. 1956 – 1990 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە كارخانىلاردا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىپ ئۆلگەن ئىشچى- خىزمەتچى 56 گە يەتتى.

1985 – 1990 - يىللىرى، سانائەت، قاتناش، كان ۋە كارخانىلاردا جەمئىي 72 ئادەم ئۆلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1989- يىل 11- ئاينىڭ 9- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كېنى 21- قۇدۇقتا پەۋقۇلئاددە زور كۆمۈر گازى پارتلاش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە 17 ئادەم ئۆلدى، ئۈچ ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئىقتىسادىي زىيان 740 مىڭ يۈەن بولدى.

2) پارقازان، بېسىملىق قاچا بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ــ تەكشۈرۈش 1966- يىلدىن ئىلگىرى، ۋىلايەت بويىچە پەقەت ئۈچ پارقازان بار ئىدى. 1980- يىلى 63 كە، 1985- يىلى 178 گە، بېسىملىق قاچا 196 غا يەتتى.

(1) پارقازان بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ــ تەكشۈرۈش 1975- يىل 4 - ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە پارقازان،

بىسىملىق قاچا بىخەتەرلىكى ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. 1975- يىلى ۋە 1978- يىللىرى، پارقازان ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 72 ئىشچى تەربىيىلەندى. 1981- يىلىنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ «پارقازان ئىشلىتىشنى تىزىملاش ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، ۋىلايەت تەۋەسىدە پارقازانلارنى تىزىملاش ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇش خىزمىتى تاماملىنىپ، شۇ يىلى 48 پارقازان تىزىملىتىش گۇۋاھنامىسى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن پارقازانلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى قائىدە ـ نىزام ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىزىغا چۈشۈرۈلدى.

1984- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارقازان تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلۇپ، يەتتە ئىشچى ـ خىزمەتچى سەپلەندى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئالىي ئىنژېنېر)، ئۇلار پار قازانلارنىڭ بېسىم قاچىسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1985 – 1990 - يىلىغىچە، پار قازان تەكشۈرۈش پونكىتى جەمئىي 187 قېتىم پار قازاننى سىناپ ئورناتتى، 93 قېتىم پار قازاننى سىنىدى ۋە رېمونت قىلدى، 726 پار قازاننى قەرەللىك تەكشۈردى، بىر پار قازاننى كىلاتا ئارقىلىق يۇدى. 997 ئوت قالىغۇچىنى، 196 سۇنى بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكا خادىمىنى، 74 پار قازان ئىشچىسىنى، پاياتلاش ئىشچىسى ۋە بېسىم قاچىسى ئىشچىلىرىنى تەربىيىلىدى.

(2) بېسىم قاچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى رېۋىزىيە قىلىش 1984- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، قىزىل يۇلتۇز دورا زاۋۇتىنىڭ ئېفېدرىن سېخىنىڭ 3- نومۇرلۇق چىلاپ قاينىتىش ئىدىشىدا پارتلاش يۈز بېرىپ، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 40 مىڭ يۈەن بولدى. ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى باشقارمىسى نەق مەيداننى تەكشۈردى. نەتىجىدە، پارتلاش ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا چىلاپ قاينىتىش ئىدىشىنىڭ تولىمۇ قوپال ئىشلەنگەنلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە قەرەللىك رېمونت قىلىش تۈزۈمىنىڭ بولماسلىقىدەك ئامىللار سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. كېيىن، بېسىم قاچىسىنىڭ بىخەتەرلىك رېۋىزىيىسى كۈچەيتىلىپ، ھادىسە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 1985 – 1990 - يىلىغىچە، بېسىم قاچىسى 144 قېتىم تەكشۈرۈلدى.

(3) خەتەرلىك ئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋىلايەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى 1989- يىلى، 71 كورپۇس (سېخ)، جەمئىي 22 مىڭ 608 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆينى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. 1990- يىلى، 235 كورپۇس (سېخ) جەمئىي 73 مىڭ 866.52 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆينى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. بۇ خەتەرلىك ئۆيلەر قايتا ئىشلىتىلمەي، ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

2. ئەمگەك سۇغۇرتىسى

1951- يىلى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتىسى نىزامى» غا ئاساسەن، مەمۇرىي مەھكىمە كۆمۈركان ۋە ياغاچ كېسىش مەيدانلىرىنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتا تەمىنات تۆلچىمىنى تۈزدى. 1956- يىلى، «ئەمگەك سۇغۇرتا نىزامى» سودا، تاشقى سودا، ئاشلىق، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، بىناكارلىق قاتارلىق تارماقلارغا كېڭەيتىلدى، كارخانىلار مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 3% ى بويىچە سۇغۇرتا فوندى يىغىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە، داۋالىنىش، نەپىقە، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجەتلىرى ئۈچۈن ئىشلەتتى. 1958- يىلى، يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان قومۇل پولات زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، خىمىيە سانائەت زاۋۇتى ۋە ئاممىباب ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلاردا ئەمگەك سۇغۇرتا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1959- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 44 مىڭ يۈەن

ئەمگەك سۇغۇرتا خىراجىتى بىۋاسىتە تاپشۇرۇلدى. 1961- يىلى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئورگانلاردىكى 7535 ئادەم 150 مىڭ يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتا خىراجىتى تاپشۇردى. ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئورگانلاردىكى 12 مىڭ 811 ئادەم 460 مىڭ يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتا خىراجىتى تاپشۇردى. 1984- يىلى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا توختاملىق ئىشچىلارغا قارىتا ياشانغاندا كۆتۈنۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1989- يىل 11- ئايدا، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە خىراجىتىگە قارىتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

1952- يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئومۇمنىڭ خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. 1977- يىلى، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ئومۇمنىڭ پۇلىغا داۋالىنىش خىراجىتى ئۈچۈن 217 مىڭ يۈەن چىقىم قىلدى. 1983- يىلى، بىر قىسىم كارخانىلار ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ يالغۇز پەرزەنتلىرى كېسەل بولۇپ قېلىپ، بالنىستتا يېتىپ قالسا، داۋالىنىش خىراجىتىنى بالنىستتىن چىققاندىن كېيىنكى ھېسابات تالونىنىڭ 50%ى بويىچە ئاتىچوت قىلىپ بەردى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل- ترانسپورت شىركىتى، پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق كارخانىلار «ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كېسەل رۇخسىتى ۋە داۋالىنىش تەمىناتى ئىسلاھاتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى» نى تارقىتىپ، داۋالىنىش خىراجىتى چىقىمىنى تىزگىنلىدى.

دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئاخىرەتلىك نەپىقە تەمىناتى ۋە ھەر خىل دەم ئېلىشلاردىن بەھرىمەن بولدى.

### 3. ئىشچى- خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقى

1952- يىلى، ۋىلايەت تۇنجى بولۇپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. 1953- يىلى، قىيىنچىلىقى بار ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئۇزاق مۇددەتلىك ياكى قىسقا مۇددەتلىك پاراۋانلىق ياردىمى بېرىش چارىسى قوللىنىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە قوشۇمچە پاراۋانلىق خىراجىتى ئۈچۈن 100 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) ئاجرىتىلدى. 1954- يىلى 306 ئادەم ياردەمگە ئېرىشىپ، 24 مىليون 400 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) پاراۋانلىق خىراجىتى چىقىم قىلىندى. شۇ يىلى 6- ئايدا، ۋىلايەتلىك بالىلار باغچىسى قورۇلۇشىغا 12 مىليون يۈەن پاراۋانلىق خىراجىتى چىقىم قىلىندى. 1957- يىلى، ۋىلايەت بويىچە شتاتى بېكىتىلگەن خادىملارنىڭ ھەر بىرىدىن 14 يۈەندىن فوند ئېلىنىپ بالىلار باغچىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ سەپلەش ۋە قىش پەسلىلىك ئىسسىنىش ياردىمى قىلىپ ئىشلىتىلدى. 1957 – 1958 - يىللىرى، قۇمۇل تۆرلۈك ماللار شىركىتى، باركۆل كۆمۈر كانى ۋە تارانچى كۆمۈر كانى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىق شارائىتىنى تەدرىجىي ياخشىلىدى. 1960- يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتىدىن پىرسەنت ئاجرىتىپ ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2.5% ىنى ئېلىپ پاراۋانلىق خىراجىتى قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1% ىنى ئورۇنلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقسىملەپ بەردى، قالغان 1.5% ىنى كوللېكتىپ پاراۋانلىق خىراجىتى قىلدى. خەلق گۇڭشېلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ دۆلەت تەمىنلىگەن پاراۋانلىق خىراجىتى نىسبىتى مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1%ى بويىچە بولدى. شۇ

يىلى ۋىلايەت بويىچە زاۋۇت، كان، قاتناش- ترانسپورت، ئاساسىي قۇرۇلۇش، سودا، يېمەك- ئىچمەك كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى چىقىم قىلغان پاراۋانلىق ياردەم پۇلى 84 مىڭ 300 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىلگەن پۇل 29 مىڭ يۈەن بولدى. 1962- يىل 2- ئايدا، يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك كادىرلارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش پاراۋانلىق كومىتېتى «پاراۋانلىق خىراجىتىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. 1963- يىل 11 – ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە «خىزمەتچى خادىملارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى چۈشۈردى. 1964- يىل 2- ئايدا، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتى مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2%ى بويىچە ئېلىندى. شۇ يىلى 11- ئايدا، پاراۋانلىق خىراجىتىدىن 5000 يۈەننى ۋىلايەتلىك بالىلار باغچىسى ۋە ئۈچ ناھىيىدىكى بالىلار باغچىلىرىغا بالىلار باغچىلىرى ياردەم خىراجىتى قىلىپ ئاجرىتىلدى. 1965- يىلى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 2847 ئىشچى- خىزمەتچىسىدىن 741، 33 مىڭ 900 يۈەن ياردەم پۇلى ئالدى. بالىلار باغچىلىرىغا 4502 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1979- يىلى، ۋىلايەت 2.5% بويىچە 46 مىڭ 300 يۈەن كادىرلار پاراۋانلىق خىراجىتى ئېلىپ، شۇ يىلى 431 كادىرغا ياردەم بەردى. بۇ كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 20% نى ئىگىلىدى. ياردەم پۇل 38 مىڭ 800 يۈەن، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ياردىمى 12 مىڭ 500 يۈەن بولدى. 1983- يىلى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىققا ئىشلەتكەن قوشۇمچە خىراجىتى 240 مىڭ يۈەن بولدى. كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئورگانلارنىڭ ئۆزى غەملىگەن خىراجەتتىن ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىق مۇئەسسەسىلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى 385 مىڭ يۈەن بولدى. 1988- يىل 7- ئايدا، گۆش، كۆكتات، تۇخۇم، ئاق شېكەر قاتارلىق تۆت خىل قوشۇمچە يېمەكلىكنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، خەزىنە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا 10 يۈەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە 12 يۈەن، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا سەككىز يۈەن، شەھەر- بازارلاردىكى نەپىقە ئوبيېكتلىرىغا يەتتە يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى.

## §4. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش

### 1. دەم ئېلىشقا چىقىش

1980- يىلىدىن باشلاپ، كادىرلارنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كادىرلار دەم ئېلىشقا چىققاندا ئۆلچەملىك مائاشى ئەينەن تارقىتىلىپ، پاراۋانلىق تەمىناتى ئۆزگەرمىدى. 1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە 629 ئادەم دەم ئېلىشقا چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك تەمىناتتىن 36 ئادەم، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك تەمىناتتىن 308 ئادەم بەھرىمەن بولدى.

2. پېنسىيىگە چىقىش

1966- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە سەككىز ئىشچى - خىزمەتچى پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. 1979- يىلى، پېنسىيىگە چىقىش شەرتىگە ماس كېلىدىغان 223 ئىشچى - خىزمەتچى ئىچىدىن 106 سى پېنسىيىگە چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 64 ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار بولغانلىقتىن، ئەمگەك كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر پەرزەنتىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. 1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى، كادىر 2618 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، پېنسىيىگە چىققان كادىر 640 ، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى 1978. 1985- يىلى، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئورنى قۇرۇلۇپ، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى. خىزمەتچىلەرنى باشقۇردى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە پېنسىيىگە چىققان كادىر، ئىشچى 2901 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكىلەر 894، كەسپىي ئورۇنلاردىكىلەر 1154، كارخانىلاردىكىلەر 853.

3. ياشانغانلار ئاپپاراتى ۋە ياشانغانلار خىزمىتى

1) ئاپپاراتلار 1987- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ياشانغانلار مەسلىھەت كومىتېتى قۇرۇلۇپ (كېيىن ياشانغانلار كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى)، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، تۆت مەمۇرىي، كەسپىي شتات بېرىلدى. ئۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە مالىشىپ ئۇنىۋېرسال ئىش بېجىرىدىغان ئاپپارات بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1990- يىل 6- ئاينىڭ 30- كۈنى، ۋىلايەت تۇنجى قېتىم ياشانغانلار خىزمەت يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا ناھىيىلەر (شەھەر) نىڭ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ياشانغانلار ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 60 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، ناھىيە (شەھەر) لەردە ياشانغانلار كومىتېتى ۋە ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، خىزمەتچى خادىملار سەپلەندى.

1992- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەت يېزىلارنىڭ ياشانغانلار خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندىن كېيىن قۇمۇل شەھرىنىڭ 13 ئىستىما، رايون، يېزىلىرىدا ياشانغانلار خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شەھەر رايونىنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىسىنىڭ تۆت خەنزۇلار مەمۇرىي كەنتىدە يېزا ياشانغانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ يېزا (مەيدان) لىرىدا ياشانغانلار خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەر، ۋە يېزىلاردا ياشانغانلار خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ياشانغانلارنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش، داۋالىنىش، رولىنى جارى قىلىش، ئۆگىنىش، كۆڭۈللۈك ئۆتۈش، ساغلام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ۋىلايەتتە ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى، ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ياشانغانلار جەمئىيىتى، ياشانغانلار پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى، كەچكى شەپەق سەنئەت ئۆمىكى، ياشانغانلار بېلىق تۇتۇش جەمئىيىتى، تىيانىر جەمئىيىتى قاتارلىق ياشانغانلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ۋە ياشانغانلارنى ئاساس قىلىپ، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

2) خىزمەتلەر

(1) ياشانغاندىمۇ ئۆگىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش 1988- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆپ يىللاردىن بۇيان، بۇ مەكتەپ «ياشانغاندىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، ساغلام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت

قىلىش» تىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش مەقسىتىنى چۆرىدەپ سىياسەت، مۇزىكا، خەتتاتلىق، رەسساملىق، ساغلاملىق، ئۇسسۇل، ئاشپەزلىك، ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، 11 ئوقۇتۇش ئوقۇتقۇچىسىدا 21 سىنىپ ئاچتى. مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ۋە كۇرس تاماملىغانلار 586 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. كۇرسانتلار ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىم ئاشۇرۇپ، تەزىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، سالامەتلىكىنى ياخشىلاپلا قالماستىن، يەنە ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە پائال تۆھپە قوشتى. ھەر يىلى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ئىككى قېتىم رەسساملىق، خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئاچتى. 7 – 8 مەيدان چوڭ كۆلەمدە، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى قانات يايدۇردى. ئومۇمەن، ۋىلايەت ئۆتكۈزگەن بىر قەدەر چوڭ پائالىيەتلەر ۋە خاتىرىلەش كۈنلىرى، بايراملارغا ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتى، ياڭگىر ئەترىتى، خەتتاتلىق، رەسساملىق سىنىپىدىكى كۇرسانتلار قاتنىشىپ، مول، رەڭدار تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. قۇمۇل ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئۆزگىچىلىكنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1990- يىلى جۇڭگو ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيىتىگە ئەزا مەكتەپ بولۇپ باھالاندى.

(2) بەدەن چېنىقتۇرۇپ، كېسەللىكنى ئازايتىپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇپ، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈش 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت، ياشانغانلار تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك چېنىقىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇردى. ئانالىقى ياشانغانلار قىزىقىدىغان ۋارىسنا توپى، يەل كۆپىسى، سالامەتلىكنى ئاسراش گىمناستىكىسى، ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش، تەيجى كۆپىسى، تەيجى قىلىچۋازلىقى، قاتارلىق تۈرلەرنى قانات يايدۇردى. ھەر كۈنى شەھەر رايونىدا 1000 غا يېقىن كىشى ھەر خىل بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ كەلدى. 1991- يىل 9- ئايدا، قۇمۇلدا شىنجاڭ- گەنسۇ ئىككى ئۆلكە- ئاپتونوم رايوننىڭ 10 شەھەردىكى ياشانغانلارنىڭ ۋارىسنا توپ تەكلىپ مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، دوستلۇق كۈچەيتىلدى، توپ ماھارىتى ئۆستۈرۈلدى.

ۋىلايەت بويىچە ياشانغانلار پائالىيەت ئۆيى 562 بولۇپ، كۆلىمى 4887 كۋادرات مېترغا يەتتى.

(3) ياشانغانلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ۋىلايەت ياشانغانلارنى ئەھمىيەتلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەشنى ياشانغانلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەرئىچى ياشلانغۇچ مەكتىپىدە «ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» نى مەزمۇن قىلغان ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى؛ ياشانغانلار بايرىمى مەزگىللىرىدە، شەھەر ئەتراپى يېزىسىنىڭ بىر قانچە كەنتلىرىدە توي قىلغىلى 30، 40 يىل بولغان جۈپلەرنى كوللېكتىپ تەبرىكلەش، 70 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى كوللېكتىپ تەبرىكلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتتە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بەرپا قىلىپ، ئىناق- ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىلايەتتە ئالتە ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر- بازاردا قۇرۇلغىنى ئىككى (ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورنى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ بەخت باغچىسى)، يېزىلاردا قۇرۇلغىنى تۆت (قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر، راھەتباغ، بۇلۇڭتوغراق يېزىلىرى ۋە باركۆل ناھىيە كۆيسۇ يېزىسىدا) بولۇپ، ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار يىغىۋېلىنىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىنىدى.

# باب III

# كادىرلار ئىشلىرى

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۆلۈم، ئىدارە باشلىقلىرىدىن تۆۋەن كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى ۋالىي قارار قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە خادىملىرىغا مۇئەييەن سان بېكىتىلمىگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى تارماقلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئەگىشىپ كۆپىيىپ، ئازىيىپ تۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ شتاتى ۋە كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە بىر قانچە قېتىم چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋە يۆتكەش ئىشلىرىنى دەرىجىلەر بويىچە باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى ئايرىم قارار قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمىدە شتات كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئىدارە- ئورگان خادىملىرىنىڭ شتاتىنى باشقۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى (باشقارمىسى) پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى يۆتكەش، سەپلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا كونكرېت مەسئۇل بولدى.

## §1. شتات باشقۇرۇش

1950- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە مەمۇرىي شتاتتىكى ئادەم 571 ئىدى. 1955- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 1205، 1961- يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1556، 1962- يىلىنىڭ ئاخىرىدا 951، 1965- يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1044، 1978- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 2139، 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2411، 1980- يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2664 كە يەتتى. 1981- يىل 10- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى قومۇل ۋىلايىتىگە بېكىتىپ بەرگەن مەمۇرىي شتات 2677، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ئورگىنىنىڭ 671، 1984- يىلقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي شتاتى 2136 قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ئورگىنىنىڭ 444، 1985- يىلى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي شتاتى 2911 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ئورگىنىنىڭ 617، 1986- يىلى ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتى ۋىلايەتنىڭ كەسپىي ئورۇنلىرىغا قارىتا شتات ۋە ئىش ئورنىنى بېكىتىپ بېرىشنى يولغا قويۇپ، خادىملارنىڭ كۆپىيىشىنى ۋە مالىيە چىقىمىنى تىزگىنلىدى. 1987- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتى ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلىرىدا شتاتى بىلەن مائاش فوندىنى، شتاتى بىلەن مالىيە خام چوتىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، شتاتنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، مالىيە يۈكىنى يەڭگىللەتتى.

1990- يىلى، ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئاممىۋى تەشكىلات، مەمۇرىي ئورگانلار، كەسپىي ئىدارە- ئاپپاراتلارنىڭ شتات ئارخىپى ۋە خادىملار شتات كارتوچكىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ

قۇرۇلمىسىنى قېلىپلاشتۇردى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە مەمۇرىي شتاتتىكى خادىم 3652 گە، ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئۆزى بېكىتكەن كەسپىي شتاتتىكىلەر 543 كە، ئەمەلىي بار ئادەم 4076 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق مەمۇرىي شتاتتىكى خادىم 890، كەسپىي شتاتتىكى خادىم 224، ئەمەلىي بار ئادەم 1052.

## §2. كادىرلار قوشۇنى

### 1. كادىرلار سانى

1950- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە 800 كادىر بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت ئورگىنىدىكىسى 364)، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 214 ئىدى. بۇ كىشىلەر ئاساسلىقى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئۆز جايىدىن قوبۇل قىلىنغان خادىملاردىن تەركىب تاپقانىدى. 1952- يىلىدىكى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئاكتىپلار مەيدانغا كەلدى، ئۇلار ئىچىدىن بىر قىسمى كادىرلىققا قوبۇل قىلىندى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىپ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 400 گە يەتتى. 1953- يىلى، دۆلەت پىلانى بويىچە، بىر تۇتاش قوبۇل قىلىپ، بىر تۇتاش يۆتكەپ تەڭشىگەندىن كېيىن يىل ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە مەمۇرىي كادىر 1559 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال كادىر 178، مەمۇرىي ئورگان كادىرى 576؛ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 28، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 119، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 1412. 1958 – 1959 - يىللىرى بولغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە ئاساسىي قۇرۇلۇشتا قارىغۇلارچە ئىش تۇتۇپ، سانائەتتە يېڭىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ئاپپاراتلار كۆپەيتىلگەنلىكتىن، كۆپلەپ كادىر قوبۇل قىلىندى. 1959- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي كادىر سانى 4377 گە يەتتى. 1960 – 1962 - يىلىغىچە، «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بىر قىسىم كارخانا ۋە ئاپپاراتلارنى تاقىۋېتىش، توختىتىش، قوشۇۋېتىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. ئاپپاراتلار ئىخچاملىنىپ، كادىرلار تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. 1963- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە كادىر 2915 كە ئازايدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كادىر قوبۇل قىلىش خىزمىتى توختىتىلدى. بىر قىسىم زاۋۇت، كارخانىلاردا كادىر يېتىشمىسە، ئىشچىلاردىن تاللاپ يۆتكەپ كادىرلىققا قويۇلدى. بۇ «ئىشچى شتاتىدىكى كادىر» دەپ ئاتالدى. كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، زور بىر تۈركۈم «ئىشچى شتاتلىق كادىرلار» نى پەيدا قىلدى.

1971- يىلىدىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغانلار ۋە ئارمىيىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قۇمۇلغا كەلگەنلەر كۆپەيدى. 1979- يىلىدىن كېيىن، جەمئىيەتتىن بىر تۈركۈم كادىر قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىشچى شتاتىدىكى كادىر» لارنىڭ كادىرلىققا رەسمىيلەشتۈرۈلۈشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كادىرلارنىڭ سانى كۆپەيدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئەمەلىي كادىر 17 مىڭ 863 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 6110.

كادىرلار قوشۇنىنىڭ مەلۇمات قۇرۇلمىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولۇپ، مەلۇمات ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1950- يىلى، ۋىلايەت بويىچە كادىرلار قوشۇنىدا ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 27، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

مەلۇماتلىقلار 63، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 710 ئىدى. 1990- يىلى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 3681 گە، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا تەڭلەر 198 گە، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار 6991 گە، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا تەڭلەر 447 گە، ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتلىقلار 2557 گە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 3990 گە يەتتى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كادىرلارنىڭ 1950 – 1990 - يىللىقچە ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 – 7 بىرلىكى: ئادەم

| تۈرى / كادىر سانى / يىللار | ئومۇمىي كادىر | جىنسى: ئەر | جىنسى: ئايال | مىللىتى: ئاز سانلىق مىللەت | مىللىتى: خەنزۇ | مەلۇماتى: ئالىي مەكتەپ: پۈتتۈرگەنلەر | مەلۇماتى: ئالىي مەكتەپ: خۇلاسىدىن ئۆتكىنىگە باراۋەر مەلۇماتلىقلار | مەلۇماتى: ئوتتۇرا تېخنىكوم: پۈتتۈرگەنلەر | مەلۇماتى: ئوتتۇرا تېخنىكوم: خۇلاسىدىن ئۆتكىنىگە باراۋەر مەلۇماتلىقلار | مەلۇماتى: تولۇق ئوتتۇرا | مەلۇماتى: تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار | كومپارتىيە ئەزاسى | كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى | تېخنىك خادىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 800 | 761 | 39 | 214 | 586 | 27 | | | | 63 | 710 | 103 | 32 | 57 |
| 1951 | 1016 | 931 | 85 | 314 | 702 | 19 | | | | 75 | 922 | 161 | 63 | 53 |
| 1952 | 1235 | 1127 | 108 | 400 | 835 | 24 | | | | 104 | 1107 | 175 | 200 | 91 |
| 1953 | 1559 | 1381 | 178 | 543 | 1016 | 28 | | | | 119 | 1412 | 242 | 281 | 124 |
| 1954 | 1669 | 1445 | 224 | 580 | 1089 | 27 | | | | 120 | 1522 | 284 | 326 | 138 |
| 1955 | 1980 | 1694 | 286 | 642 | 1338 | 35 | | | | 246 | 1699 | 431 | 387 | 143 |
| 1956 | 2928 | 2352 | 576 | 940 | 1988 | 47 | | | | 239 | 2642 | 638 | 666 | 248 |
| 1957 | 3435 | 3086 | 349 | 1043 | 2392 | 61 | | | | 270 | 3104 | 749 | 831 | 272 |
| 1958 | 3177 | 2132 | 1045 | 958 | 2219 | 72 | | | | 350 | 2755 | 771 | 709 | 317 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 423 | 926 | 1065 | 3788 | 488 | | | | 101 | 3323 | 1054 | 974 | 3403 | 4377 | 1959 |
| 459 | 580 | 1003 | 2515 | 446 | | | | 80 | 2456 | 585 | 491 | 2550 | 3041 | 1960 |
| 561 | 722 | 1261 | 2875 | 529 | | | | 116 | 2871 | 649 | 612 | 2908 | 3520 | 1961 |
| 425 | 608 | 1104 | 2230 | 457 | | | | 118 | 2248 | 557 | 489 | 2316 | 2805 | 1962 |
| 495 | 592 | 1145 | 2287 | 480 | | | | 148 | 2316 | 599 | 464 | 2354 | 2915 | 1963 |
| 691 | 594 | 1250 | 2433 | 595 | | | | 187 | 2551 | 664 | 567 | 2648 | 3215 | 1964 |
| 920 | 1062 | 1867 | 3144 | 1522 | | | | 579 | 3815 | 1430 | 1197 | 4048 | 5245 | 1971 |
| 1209 | 1687 | 2449 | 4416 | 2110 | | | | 706 | 4858 | 2374 | 1683 | 5549 | 7232 | 1972 |
| 1615 | 1524 | 2353 | 4578 | 1929 | | | | 754 | 4899 | 2362 | 1867 | 5394 | 7261 | 1973 |
| 1570 | 2642 | 2448 | | | | | | | 5142 | 2505 | 1968 | 5679 | 7647 | 1974 |
| | 1208 | 2929 | | | | | | | 6908 | 1735 | 2436 | 6203 | 8643 | 1975 |
| | 1393 | 3607 | | | | | | | 7374 | 1960 | 2689 | 6645 | 9334 | 1976 |
| 1863 | 1263 | 3241 | | | | | | | 7835 | 2142 | 2989 | 6988 | 9977 | 1977 |
| 2372 | 1283 | 3374 | 5735 | 3695 | | | | 957 | 7955 | 2432 | 3201 | 7186 | 10387 | 1978 |
| 2415 | 1381 | 3518 | 5701 | 3931 | | | | 973 | 8089 | 2516 | 3246 | 7359 | 10605 | 1979 |
| 4161 | 1776 | 3792 | 5790 | 1831 | 202 | 3318 | 36 | 1012 | 8919 | 3032 | 3901 | 8050 | 11951 | 1980 |
| 4568 | 2307 | 3809 | 5324 | 2246 | 243 | 4235 | 81 | 1015 | 9423 | 3397 | 4594 | 8226 | 12820 | 1981 |
| 4618 | 2430 | 3478 | 5486 | 2199 | 34 | 4356 | 50 | 961 | 9380 | 3622 | 4817 | 8185 | 13002 | 1982 |
| 7786 | 2678 | 3429 | 5220 | 2345 | 11 | 4928 | 35 | 1073 | 9660 | 3906 | 4906 | 8660 | 13566 | 1983 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 13860 | 8693 | 5167 | 4364 | 9496 | 1319 | | 5089 | | 2415 | 5037 | 3520 | 2784 | 7607 |
| 1985 | 10131 | 6964 | 3167 | 2714 | 7417 | 1022 | | 3347 | | 1879 | 3883 | 3459 | 1845 | 3652 |
| 1986 | 10697 | 7226 | 3471 | 2863 | 7834 | 1248 | 90 | 3585 | 344 | 1987 | 3877 | 3852 | 2029 | 3806 |
| 1987 | 11889 | 7866 | 4023 | 3209 | 8680 | 1813 | | 4144 | | 2047 | 3885 | 4287 | 2181 | 5421 |
| 1988 | 11866 | 7797 | 3793 | 3158 | 8432 | 1840 | 88 | 4001 | 188 | 1927 | 3546 | 3873 | 1918 | 10225 |
| 1989 | 17266 | 10428 | 6683 | 5706 | 11405 | 3234 | 36 | 6670 | 119 | 2651 | 4401 | 4989 | 3006 | 12282 |
| 1990 | 17863 | 10676 | 7187 | 6110 | 11753 | 3681 | 198 | 6991 | 447 | 2557 | 3990 | 5183 | 3076 | 12704 |

## §3. كادىر باشقۇرۇش

**1. كادىر تەڭشەش**

**1) كادىر تەڭشەش** 1953 – 1965 - يىللىرى، سانائەت ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پۇل مۇئامىلە، مالىيە، سودا سېپىنى تولۇقلاش، يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ رەھبەرلىك كۈچىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك بىرىنچى سېپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 760 تىن ئارتۇق كادىر تەڭشەلدى. 1979 – 1990 - يىللىرى، يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان 18 كارخانىغا 425 كادىر، سىياسىي قانۇن، باج، پۇل مۇئامىلە، سودا- سانائەت مەستىپىملىرىغا 290 كادىر سەپلەندى.

**2) ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەر- خوتۇنلارغا ئېتىبار بېرىش** 1949 – 1965 - يىللىرى، كادىرلار ئارىسىدىكى ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەر- خوتۇنلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 960 تىن ئارتۇق كادىر يۆتكەلدى، ئۇلار ئاساسلىقى ئىچكى ئۆلكە- شەھەرلەردىن يۆتكەپ كېلىندى. 1980 – 1990 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە كادىرلار ئارىسىدىكى ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان 280 دىن ئارتۇق ئەر- خوتۇن يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىردى.

**3) ئۆلكە ئاتلىتىپ يۆتكەش** 1950 – 1965 - يىللىرى، قومۇلغا ئىچكى جايلاردىن زور تۈركۈمدە كادىر يۆتكەپ كېلىندى. 1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يۆتكەپ كېلىنگەنلەر ئاز، يۆتكەپ كېتىلگەنلەر كۆپ بولدى. بولۇپمۇ داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلارنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشى تېخىمۇ كۆپ بولدى. 1980- يىلى، 21 ئادەم يۆتكىلىپ كەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىم 12)، 101 ئادەم يۆتكىلىپ كەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىم 87). 1985- يىلى، توققۇز ئادەم يۆتكىلىپ كەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىم بەش)، 36 ئادەم يۆتكىلىپ كەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىم 20). 1978 – 1985 - يىللىرى، 80 ئادەم يۆتكىلىپ كەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىم 35)، 619 ئادەم يۆتكىلىپ كەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خادىم 400).

2. مەمۇرىي ۋەزىپە تەسىس قىلىش

1950 – 1986 - يىلغىچە، مەمۇرىي ئورگان ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا، ئورۇنلارنىڭ دەرىجىسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى بويىچە، يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، مەمۇرىي كادىر ۋەزىپىسى تەسىس قىلىنىپ، ۋەزىپە بويىچە كادىر سەپلەندى.

1986- يىلى، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا قىسمەن مەمۇرىي كادىرنىڭ ۋەزىپىسى تەسىس قىلىندى. ۋىلايەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت تارمىقىدىكى بۆلۈم تەسىس قىلىنغان ئورۇنلاردا 1 – 2 كىچە بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى تەسىس قىلىندى. بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بىلەن خىزمەتچى خادىملارنىڭ نىسبىتى 1:3.5 تىن ئاشمىدى. ناھىيە (شەھەر) ئورگان خىزمەت تارماقلىرىدا 2 – 3 كىچە باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىق تەسىس قىلىندى. باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلار بىلەن خىزمەتچى خادىملارنىڭ نىسبىتى 1:5 تىن ئاشمىدى. پارتكومنىڭ بۆلۈم تەسىس قىلىنمىغان تارماقلىرىغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، خادىملار سەپلەندى؛ مەمۇرىي تارماقلارغا مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى، بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچى سەپلەندى. ۋەزىپە تۆتەش شەرتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، يېشى 50 تىن، خىزمەت ئىستاژى 30 يىلدىن ئاشقان كادىرلارغا بۆلۈم تەسىس قىلىنغان ياكى قىلىنمىغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىلا مۇدىر بۆلۈم ئەزاسلىق ياكى مۇئاۋىن مۇدىر بۆلۈم ئەزاسلىق تەمىناتى بېرىلدى.

3. قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كونا ھاكىمىيەت خىزمەتچىلىرى شتاتتا قالدۇرۇلۇپ داۋاملىق ئىشلىتىلدى.

50- يىللاردىن 60- يىللارغىچە، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن كۆپلەپ كادىر قوبۇل قىلىندى، 1952- يىلى 85 ئاز سانلىق مىللەت كادىرى قوبۇل قىلىندى. 1951 – 1964 - يىلغىچە، جەمئىي 3410 دىن ئارتۇق كادىر قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلدى.

1978 – 1985 - يىلغىچە، 946 ئاز سانلىق مىللەت كادىرى قوبۇل قىلىندى، 248 توختاملىق كادىر تەكلىپ قىلىندى، ئىشچى، پىركازچىك ۋە قارا خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن 1746، دېھقانلار ئارىسىدىن 1434 ى، شەھەر - بازارلار ۋە جەمئىيەتتىكى ياشلار ئارىسىدىن 1244 ى كادىرلىققا قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلدى.

1988- يىل 10- ئايدا، «ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش، رىقابەتلىشىش، ئەلالىرىنى تاللاش» پرىنسىپى بويىچە، جەمئىيەتتىن كادىر قوبۇل قىلىشقا يۈزلىنىپ، ئىمتىھان ئارقىلىق 146 كادىر قوبۇل قىلىندى.

4. ئىشچىنى كادىر ئورنىدا ئىشلىتىش

60 - يىللاردىن بۇيان، بىر تۈركۈم ئىشچى كادىر ئورنىدا ئىشلىتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «كادىر ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئىشچى» لار زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1983- يىلى، «كادىر ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئىشچى» لار باھالىنىپ، تەرتىپكە سېلىندى. 1984- يىلى، جەمئىي 1500 ئادەم كادىرلىق رەسمىيىتىنى تولۇقلاپ بېجىرىپ ۋە كادىرلىقى رەسمىيلىشىپ، دۆلەتنىڭ رەسمىي كادىرىغا ئايلاندى.

5. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋىلايەتتە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن سەككىزى بار ئىدى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 7063 كە يەتتى.

1956- يىلدىن ئىلگىرى، ۋىلايەت ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 170 نى قوبۇل

قىلدى. 1960 – 1965 - يىللىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 163 ى، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 46 سى قوبۇل قىلىندى. 1980 – 1985 - يىللىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 458 ى، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 417 سى قوبۇل قىلىندى. ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى، سەھىيە مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن 2967 ئوقۇغۇچى تەقسىم قىلىندى. 1986 – 1990 - يىللىرى، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 1922 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 1218 (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 62.48% نى، خەنزۇ 37.58% نى ئىگىلەيدۇ)، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 704 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 50.14% نى، خەنزۇ 49.86% نى ئىگىلەيدۇ).

6. ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشقان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1950- يىل 2- ئايدىن 3- ئايلاردا، ھەربىي قىسىم 16- شىسىدىن 146 كوماندىر- جەڭچى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بېرىپ، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئاجرىتىلدى. 1952- يىلى، ھەربىي قىسىمدىن 176 كادىر ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى تولۇقلاشقا يۆتكەلدى. 1953 – 1965 - يىللىرى، ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشقان 281 كادىر قوبۇل قىلىنىپ تەقسىملەندى. 1980 – 1985 - يىللىرى، ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشقان 162 كادىر قوبۇل قىلىنىپ تەقسىملەندى، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا، ئاز ساندىكىسى دۆلەت ئورگانلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. 1986 – 1990 - يىللىرى، ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشقان 140 كادىر قوبۇل قىلىنىپ تەقسىملەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك كادىر بىر، تۆۋەن دەرىجىلىك كادىر 19.

## §4. ئۇنۋان باھالاش ۋە تەكلىپ قىلىش

1. كەسپىي كادىرلار قوشۇنى

1949- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىككى تەبىئىي پەن- تېخنىكا خادىمى بار ئىدى. 1956- يىلى، ۋىلايەتتە تېخنىك خادىملار 206 غا يەتتى (37 سى ئىشچى- دېھقانلار ئارىسىدىن ئۆستۈرۈلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى سانائەت ئىنژېنېرى، بىرى تېخنىك، 25 ى دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمى، ئىككىسى سۇچىلىق تېخنىكا خادىمى، ئالتىسى چارۋىچىلىق تېخنىكا خادىمى، ئالتىسى تەرجىمان، 134 ى سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 28 ى پوچتا- تېلېگراف، بانكا كەسپىي خادىمى، تۆتى باشقىلار ئىدى. 1966- يىلى، تېخنىكا خادىمى 378 گە يېتىپ، 1956- يىلدىكىدىن 172 سى كۆپەيدى.

1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى تۈرلۈك تەبىئىي پەن- تېخنىكا خادىمى 3596 غا يېتىپ، 1978- يىلدىكىدىن 1052 سى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 576 غا يېتىپ، 368 ى ؛ دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمى 409 غا يېتىپ، 99 ى؛ سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1160 قا يېتىپ، 249 ى كۆپەيدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ نوپۇسقا 78 دىن تەبىئىي پەن- تېخنىكا خادىمى توغرا كېلىپ، 1978- يىلدىكىدىن 25 ى كۆپەيدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملار 21 مىڭ 148 ( 7339 ئوقۇتقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە يەتتى.

2. كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاش ۋە تەكلىپ قىلىش

1978- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەتتىكى تەبىئىي پەن- تېخنىكا خادىمى 1922 گە يەتتى.

1980- يىلى، سانائەت، دېھقانچىلىق، سۇچىلىق، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىغا قارىتا تېخنىكا ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 168 كىشىنىڭ ئۇنۋانى باھالاپ بېكىتىلدى، ئالتە ئادەم ياردەمچى ئىنژېنېر بولۇپ باھالاندى.

1981- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەبىئىي پەن ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان 2741 تېخنىكا كادىرىدىن 621 ى ياردەمچى ئىنژېنېرلىققا ياكى ئىنژېنېرلىققا ئۆستۈرۈلدى، 1989 ئادەم تېخنىك بولۇپ باھالاندى، 931 تىببىي خادىم فېلدشېر، سېستىرا بولۇپ باھالاندى. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە 31 ئادەم مەسئۇل بوغالتىر، 83 ئادەم ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىر، 13 ئادەم بوغالتىر بولۇپ باھالاندى.

1983- يىلى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئورۇن ۋە ۋەزىپە سان كۆرسەتكۈچ چەكلىمىسى قويۇلمىدى، مائاشى بىلەنمۇ باغلانمىدى، پەقەت بىر خىل تېخنىكا نام قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى، ۋىلايەت بويىچە تۆت كىشىنىڭ ئالىي، 300 كىشىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك، 912 كىشىنىڭ باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى باھالاپ چىقىلدى.

1986- يىل 11- ئاينىڭ 17- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇنۋان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن بويىچە ئىككى ئۇنۋان ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، ناھىيە، شەھەر ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي سىستېمىلاردا مۇناسىپ ھالدا ئۇنۋان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلدى. 1987- يىل 7- ئاينىڭ 29- كۈنى، 8- ئاينىڭ 18- كۈنى ۋە 1989- يىل 5- ئاينىڭ 16- كۈنى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى تولۇقلاندى ۋە تەڭشەلدى. ھەممىسىدە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياكى مۇئاۋىن ۋالىيسى گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك ئەمگەك- كادىرلار باشقارمىسىدا تەسىس قىلىندى (ئىشخانا ئاستىدا ئۇنۋان بۆلۈمى تەسىس قىلىندى)، ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئەمگەك- كادىرلار تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، كۈندىلىك كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

1986 – 1989 - يىلىغىچە، ۋىلايەت ئۇنۋان باھالاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويدى، باھالاش بىلەن تەكلىپ قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆرسەتكۈچكە چەك قويۇپ تىزگىنلىدى (كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تەكلىپ قىلىشنى مائاش تەمىناتى بىلەن باغلىدى. ۋىلايەتلىك ئۇنۋان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى، كەسپلەرمۇ نۇقتىدىن دائىرىگىچە قاراپ كېڭەيتىلدى، يەنى ئەسلىدىكى بىر نەچچە كەسپتىن كېڭىيىپ ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، تېخنىك مەكتىپى، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ، سەھىيە، يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش، ئىقتىساد، بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا، كۇتۇپخانىچىلىق، ئارخىپچىلىق، تەرجىمانلىق، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، ئاممىۋى مەدەنىيەت، سەنئەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقى ۋە مۇزېي، تەنتەربىيە، جامائەت گۇۋاھلىقى، ئادۋوكاتلىق قاتارلىق 26 سىستېما، نەچچە ئون كەسپكە يەتتى.

ئۇنۋان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن 1983- يىل 9- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن ئىلگىرىكى ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىدە قېپقالغان «تەستىقنى كۈتۈپ تۇرۇش» (ئۇنۋان تەگپۈگلاشتۇرۇشنى كۈتۈش)، «ئۇنۋان بېرىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇش» تەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. 1986- يىل 12- ئايدىن 1987- يىل 3- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە، 28 ئادەمنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى (ئىجتىمائىي پەندىكىلەر 11، تەبىئىي پەندىكىلەر 17)، 223 ئادەمنىڭ باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى (ئىجتىمائىي پەندىكىلەر 139، تەبىئىي پەندىكىلەر 84 ) تەكشۈرۈپ

تەستىقلاندى.

1985- يىلى، ۋىلايەت ئادەم تەشكىللەپ، خىزمەتتىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملارنىڭ ئوقۇش تارىخى قاتلىمى، خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقتى، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى، ئۈنۋانى بار - يوقلۇقى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى، ئورۇنلار ستاتىستىكا قىلىپ يۇقىرىغا يوللىدى. ۋىلايەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان 8504 كەسپىي خادىم بار بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2100، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2234 )، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن، ۋىلايەتتىكى سىستېمىلار بويىچە 14 ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۋان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، 24 ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. ناھىيە، شەھەر ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدا باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۈنۋان باھالاش ھەيئەتلىرى قۇرۇلۇپ، كەسپىي ئۈنۋان باھالاش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. ۋىلايەت كەسپىي ئورۇنلارغا 185 ئالىي ئۈنۋان كۆرسەتكۈچى، 1392 ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۋان كۆرسەتكۈچى، 7062 باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۈنۋان كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى.

1987- يىل 6- ئاينىڭ 12- كۈنى، 11- ئاينىڭ 6- كۈنى ۋە 1988- يىل 1- ئاينىڭ 14 – 15 - كۈنلىرى، ۋىلايەت ئۈچ قېتىم ئۈنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي خادىملارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۈنۋانىنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئۈنۋان ئىسلاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 1990- يىل 10- ئاينىڭ 19- كۈنى تارقاتقان «ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدا كەسپىي تېخنىكا ئۈنۋانى بويىچە تولۇقلاپ باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قوشۇمچە پىكىر»، ۋىلايەتلىك ئۈنۋان ئىسلاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تارقاتقان «كەسپىي تېخنىكا ئۈنۋانى بويىچە تولۇقلاپ باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قوشۇمچە پىكىر» گە ئاساسەن، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا تولۇقلاپ باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە كارخانىلاردىكى ئىدىيە، سىياسىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈنۋانىنى باھالاش خىزمىتى ئىشلىنىپ، جەمئىي 433 ئادەم باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 ئادەم ئالىي سىياسىي خىزمەتچى، 120 ئادەم سىياسىي خىزمەتچى، 184 ئادەم ياردەمچى سىياسىي خىزمەتچى، 116 ئادەم سىياسىي خىزمەت خادىمى بولۇپ باھالاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى، ئىقتىسادچى، ستاتىستىكىچىلاردىن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنىپ، باھالاشتا ئاشكارا بولۇش ۋە سالاھىيەت بىلەن ۋەزىپىنى بىرلەشتۈرۈش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۋانى بارلارنىڭ كەسپىي تېخنىك خادىملىرى ئارىسىدىكى نىسبىتى زور ھەجىمدە ئۆستى. 1983- يىلى، ئالىي ئۈنۋانلىقلار 0.047% نى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۋانى بارلار 3.5% نى ئىگىلىدى؛ 1989- يىلى، ئالىي ئۈنۋانلىقلار 1.51% نى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۋانى بارلار 12.7% نى ئىگىلىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى پەقەت باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈنۋان باھالاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، ئالىي ئۈنۋانىنى باھالاشقا ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش مەسئۇل بولدى.

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى،

# تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت

### يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت

## I باب

## تاشقى ئىشلار

قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 586.663 كىلومېتىر، ۋىلايەتكە قاراشلىق ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر، يەنى بارىكۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرى چېگرا ناھىيە، شەھەر ھېسابلىنىدۇ.

1975- يىلى 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنى تەسىس قىلدى. 1976- يىلى 6 - ئايدا، تاشقى ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1984- يىلى 10- ئايدا، تاشقى ئىشلار- مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

### 1§. جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىنىڭ قۇمۇل بۆلىكى

1. چېگرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى تاشقى موڭغۇلىيە جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. 1921- يىلى 7- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن بۇرۇن، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆلكە چېگرىسى ئىدى. قۇمۇل بۆلىكى ئۆلكە چېگرىسىدىكى بىر بۆلەكتىن ئىبارەت ئىدى. 7- ئاينىڭ 11- كۈنى، تاشقى موڭغۇلىيە پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت قۇرۇپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 1924- يىلى 11- ئاينىڭ 26- كۈنى، تاشقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇنى ئېتىراپ قىلمىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىدىكى چېگرا لىنىيىسى يەنىلا 1921- يىلىدىكى تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن لىنىيە ۋە تارىختىن بۇيان كونترول قىلىپ كەلگەن چېگرا لىنىيىسى بويىچە

بولغۇردى. 1946- يىلى 1- ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ چېگرىسى كونكرېت تەكشۈرۈپ بېكىتىلمىگەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1962- يىلى 12- ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرا كېلىشىمى» ئىمزالاندى. 1964- يىلى 6- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىككى دۆلەت چېگرىسى توغرىسىدا توختامنامە» ئىمزالاندى.

1982- يىلى، جۇڭگو، موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت بىرلەشمە تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇردى. مەزكۇر كومىتېت 1962- يىلى ئىمزالانغان جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى كېلىشىمى ۋە 1964- يىلى ئىمزالانغان جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت چېگرا توختامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، زېمىن موقۇقى ۋە باراۋەرلىككە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئۆزئارا چۈشىنىش، ھەمكارلىشىش ۋە ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا، 1982- يىل 2- ئايدىن 1984- يىل 7- ئايغىچە، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا لىنىيىسىنى بىرىنچى قېتىم بىرلىشىپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى قۇمۇل بۆلىكىدە 107 قوشۇمچە بەلگە كۆپەيتىلدى، ئىككى دۆلەت چېگرىسى تېخىمۇ ئېنىق، مۇقىم ئايرىلدى. 1984- يىل 7- ئايدا، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە بىرىنچى قېتىم بىرلىشىپ تەكشۈرۈش توختامنامىسىنى ئىمزالىدى. يېڭى ئىمزالانغان توختامنامە ۋە 1984- يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرا خەرىتىسى» (1:100000) دە، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا يۆنىلىشى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، قۇمۇل بۆلىكىنىڭ چېگرا يۆنىلىشى: غەربتە كىچىك قاپتىك تېغىنىڭ غەربىدىكى 1185.0 ئېگىزلىكىدىن باشلاپ (شەرقىي ئۇزۇنلۇق "91°25'42"، شىمالىي كەڭلىك "45°09'24")، شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتىن كىچىك قاپتىك تېغىنى بويلاپ، نەنجىنخار تېغىنىڭ تاغ چوققىسىدىكى 1920.1 ئېگىزلىك، تۈز سىزىق يۆنىلىشى بويىچە شىمال تەرەپتىن شەرققە يانتۇ كەلگەن 2083.9 ئېگىزلىكىدىن، يۆنىلىشىنى شەرقىي جەنۇبقا ئۆزگەرتىپ، چوڭ قاپتىك تېغىنىڭ 2478.0 ئېگىزلىككە بېرىپ، ئاندىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ كەلگەن سۇڭگېتى تېغىدىكى 2801.0 ئېگىزلىك يەنە شەرقتىن ئېخساچەن تېغىنىڭ 1870.0 ئېگىزلىكىگىچە يەنە شەرقىي يۆنىلىشتىن جەنۇبقا يانتۇ كەلگەن كۆكتاش تېغىنىڭ 1904 ئېگىزلىكى ئارقىلىق كۆك ئوندىس ئۆلاردىكى 2554.5 ئېگىزلىك، ئۈخبىرجۇلۇت تېغىدىكى 2216.0 ئېگىزلىك، دىگگىنخار تېغىدىكى 2208.0 ئېگىزلىك، ساگدەيجاپ تېغىدىكى 2527.0 ئېگىزلىك، تاخىيىن ئۇچۇر داۋىنىدىن ئۆتۈپ گوجى ئۆلار تاغ چوققىسىدىن 134- نومۇرلۇق چېگرا بەلگىسىگىچە قىلىپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتىن ئۈچلۈق ئېگىز تېغى، قاراتاش تېغى، تۆلكە تاغ، تۆمۈرتام، بورگىنبىت ئۇتلۇق تېغىدىكى 885.0 ئېگىزلىكتىن ئۆتۈپ، ئېرىن تېغىدىكى ئۈچ ئېگىزلىك (1009.0، 956.0، 928.0) سەيجىنخۇ رۇنتولغوي تېغىدىكى 1007.0 ئېگىزلىك، خورىن تېغىدىكى 1038.0 ئېگىزلىك، سارتورغون تېغىدىكى 896.9 ئېگىزلىك، شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، غەربكە قىيپاش كەلگەن بالغاتىنخار تېغىنىڭ شەرقىي باشلىنىشىدىكى 1344 ئېگىزلىككىچە، يەنە يۆنىلىشىنى شەرقىي جەنۇبقا ئۆزگەرتىپ، 1229.5 ئېگىزلىككىچە بارىدۇ، يەنە جەنۇب تەرەپتىن غەربكە يانتۇ كەلگەن سوندغويئول تولغاي تېغىدىكى 1009.0 ئېگىزلىك، يەنە جەنۇبقا سوزۇلۇپ قۇرۇق كۆندۈ ئاچچىقسۇدىكى 162- نومۇرلۇق چېگرا بەلگىسىگىچە، يەنە تۈز سىزىق يۆنىلىشى بويىچە شەرققە قاراپ 770 ئېگىزلىكىگىچە، يۆنىلىشى شەرققە ئۆزگىرىپ، جەنۇبقا سەل قىيسىيىپ 806.7 ئېگىزلىكتىكى 164- نومۇرلۇق چېگرا بەلگىسىگىچە، يەنە تۈز سىزىق يۆنىلىشى بويىچە شەرقىي جەنۇبتىن ئېلىش سايدانئارئول تولغاي تېغى، ئىمىنگوبى خوتخار خوشۇ تېغىدىكى 762.4 ئېگىزلىككىچە، سارئوخاگېن جونغار تولگىيدىكى 749.4 ئېگىزلىككە بېرىپ، ئاندىن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، جەنۇب تەرەپتىن شەرققە قىيسايغان دالايىن

بۇلاققا بېرىپ، ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي جەنۇبقا ئۆتۈپ دالاگتولى تېغى، كىچىك ئېرىستىكى 865.4 ئېگىزلىك، قۇرۇققۇمتاغدىكى 1196.2 ئېگىزلىك، خوشەنبۇنىڭ ئۈستىدىكى 1312.0 ئېگىزلىك، تالىنمورىت شىنشۇندېرئۇبو تېغىدىكى1457.0 ئېگىزلىكتىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، تۈز سىزىق بويىچە سالىنخار تاغ قاپتىلى، چولوت خورىن تاغ قاپتىلىدىن ئۆتۈپ 1667.0 ئېگىزلىككىچە (شەرقىي ئۇزۇنلۇق "96°23'12، شىمالىي كەڭلىك "42°43'30) كېلىدۇ. 1667.0 ئېگىزلىكتىن باشلاپ تۈز سىزىق بويىچە شەرققە سوزۇلغان قىسمى دۆلىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن موڭغۇلىيە دۆلىتى چېگرىلىنىدىغان بۆلەكتۇر.

2. چېگرا سىزىقى

1963- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى 3- بىرلەشمە چېگرا تەكشۈرۈش ئەترىتىنى قۇردى، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى 5-، 6-، 7- بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى: چوڭ قاپتال تېغىنىڭ شەرقىدىن (2338.7 ئېگىزلىك) باشلاپ خارشىن بارون ئۇلۇگبائۇغىچە چېگرا لىنىيىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە، چېگرا بەلگىسىنىڭ ئورنىنى تاللاپ تىكلەشكە، چېگرا خەرىتىسىنى تەكشۈرۈپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى. چېگرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى شۇ يىلى 10- ئايدا تاماملاندى. 1964- يىل 6- ئاينىڭ 30- كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىلىرى ئۇلانباتۇردا ئىككى دۆلەت چېگرا توختامنامىسىنى ئىمزالىدى. چېگرىنى ئايرىش خىزمىتى شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى.

چېگرىنى ئايرىش ئارقىلىق، قۇمۇل ۋىلايىتى بۆلىكىگە 80 چېگرا بەلگىسى ئورنىتىلدى، يەنى چېگرا بەلگىسى 98- نومۇردىن 177- نومۇرغىچە، بۇنىڭ ئىچىدە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا بەلگىسى 98- نومۇردىن 115- نومۇرغىچە، جەمئىي 18 چېگرا بەلگىسى بار. بۇ بۆلەكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 81.674 كىلومېتىر. چېگرا لىنىيىسىنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى چېگرا بۆلىكى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، غەربىي تەرىپى بولسا ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمى، شەرقىي تەرىپى نوم چۆللۈكى، شەرقىي جەنۇبى بولسا تەڭرىتاغنىڭ قالدۇق تىزمىسىدىكى ئېدىرلىقلارغا توغرا كېلىدۇ.

3. چېگرىنى ئاسراش

جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە باش سەنۇبۇسىنىڭ «جۇڭگو ـ سوۋېت، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە سۆھبەت بەلگىلىمىسى» بويىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى باراۋەر، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئادەم، مال- چارۋا، ماشىنىلارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىش ۋە چېگرا بەلگىسىنى ئاسراشتىن ئىبارەت بىر قاتار چېگرا ئىشلىرىنى موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلدى.

قۇمۇل ئاسراش رايونىنىڭ تەۋەسىدە ئەسلى 63 دانە چېگرا بەلگىسى بار بولۇپ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى تەرەپ چېگرىنى ياساش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چېگرا بەلگىسىنى ئاسراش كېلىشىمنامىسىگە ئاساسەن، جۇڭگو تەرەپ تاق ساندىكى چېگرا بەلگىسىدىن 32 نى، تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ جۈپ نومۇرلۇقتىن 31 نى ئاسراشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. «جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا كېلىشىمنامىسى» دا، ھەر بەش يىلدا چېگرىنى بىر قېتىم بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، ئەگەر ئىككى تەرەپ قوشۇلسا، تەكشۈرۈش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە ياكى پەقەت چېگرىنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە لىنىيىسى قۇمۇل بۆلىكى چېگرا بەلگىسىنى تەكشۈرۈپ ئورناتقاندىن كېيىن، تەبىئىي ۋە سۈنئىي سەۋەبلەردىن بەزى چېگرا بەلگىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى بىر قەدەر ئېغىر بولدى. «جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا كېلىشىمنامىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1972- يىلى ۋە 1977- يىلى ئىككى دۆلەت يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا لىنىيىسى قۇمۇل بۆلىكىنى ئىككى قېتىم بىرلىشىپ تەكشۈردى. 1982- يىلى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى غەربىي تەرىپىدىكى پۈتۈن لىنىيىنى تۇنجى قېتىم بىرلىشىپ تەكشۈردى، بۇزۇلغان چېگرا بەلگىلىرىنى رېمونت قىلدى. بەزى قوشۇمچە بەلگىلەرنى ئورناتتى ھەمدە چېگرا خەرىتىسىنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىش كىرگۈزدى.

## §2. پاكىستاننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش

1968- يىل 5- ئاينىڭ 6- كۈنى، پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ـ پاكىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ھۆججەت ئالماشتۇرۇپ بېكىتىش ئارقىلىق، جۇڭگو تەرەپ تاشيول ياساش خادىملىرىنى پاكىستانغا ئەۋەتىپ، خونجىراپ داۋىنىدىن پاسۇغىچە بولغان 140 كىلومېتىر تاشيولنى ياسىدى. 1973- يىل 6- ئاينىڭ 25- كۈنى، پاكىستاننىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق، جۇڭگو ـ پاكىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى «خالى گېشى ـ تاكوت تاشيولىنى ياساش توغرىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى» غا ئاساسەن، 460 كىلومېتىرلىق تاشيولنى، جۇڭگو تەرەپ 9000 ئىشچى، پاكىستان تەرەپ 6000 ئىشچى چىقىرىپ، ئورتاق ياساشنى بەلگىلىدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ 1- قارارلىق پۈتكەن قۇرۇلۇشنى پاكىستان ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، كەلكۈن، لاي- لاتقا قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان يوللارنى ياساش ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت كېلىشىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ 2- قارارلىق قۇرۇلۇشىدىن قېپقالغان كادىر، ئىشچىلارنى، شۇنداقلا دۆلەت ئىچىدىن 1000 دىن ئارتۇق كادىر، ئىشچىنى ئەۋەتىپ، يول ياساش قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، 1979- يىل 10- ئايغىچە، 1567 كىلومېتىرلىق تاشيولنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. يول ياساش مەزگىلىدە قۇمۇل ۋىلايىتى تۆت تۈركۈم (1968- يىل 8- ئايدىن 1971- يىل 1- ئايغىچە، 1969 – 1971 - يىل 3- ئايغىچە، 1974 – 1978 - يىلىغىچە، 1978- يىل 6- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە) جەمئىي 49 ئادەمنى پاكىستاننىڭ تاشيول ياساش قۇرۇلۇشىغا ئەۋەتتى. بۇ تاشيول خەتەرلىك، ئېگىز تاغ- دەريالارنى بويلىغان بولغاچقا ۋە يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ھاۋا كىلىماتى ناچار، لاتقا ئېقىش، قار كۆچۈشلەر دائىم بولۇپ تۇرغاچقا، ياردەمگە بارغان خادىملار ناچار، جاپالىق مۇھىتتا خىزمەت قىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ۋەزىپىلەرنى كۆرۈنەرلىك ئورۇندىدى، نۇرغۇن ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، ۋىلايەتلىك رېمونت زاۋۇتىدىكى ياۋجۈن، قىزىل يۇلتۇز 3- مەيدانىدىكى رۇپىيېك، يەتتە قۇدۇق تۇز خىمىيە سانائىتى باش مەيدانىدىكى لياڭ شۆچيەن، قۇمۇل ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى سەي شېڭجۈن قاتارلىقلار ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىققا قارىماي، كېسەل بولسىمۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، تۆھپە يارىتىپ، ئوتتۇرا ئەترەت تەرىپىدىن ئىلغار شەخس، زەربىدار، بەشتە ياخشى ئىشچى- خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. پاكىستانغا ياردەم بېرىش ئىشخانىسى ئۆلارنى، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، لياڭ شۆچيەن ئىككى قېتىم 3- دەرىجىلىك تۆھپە ياراتقۇچى بولدى ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتقا ياردەم بېرىش سېپىنىڭ «قوش ئۆگىنىش» (داچىڭدىن ئۆگىنىش، داجەيدىن ئۆگىنىش) ۋەكىلى بولۇپ تاللاندى، يەنە

ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى تۈگىتىش ئۆلگىسى بولۇپ سايلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

## §3. تاشقى تەشۋىقات

1980- يىللارنىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تاشقى تەشۋىقات تەلىپىگە ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايىتى «قۇمۇلنى دۇنياغا تونۇتۇش، قۇمۇلنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش» دېگەن تاشقى تەشۋىقات شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى، ئىقتىسادنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىش ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە، جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىيىم- كېچەك، يېمەك- ئىچمەك، تۇرالغۇ، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىمۇ تونۇشتۇردى. ۋىلايەتنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى، شۇنداقلا ھەر خىل كونكرېت تەدبىر، بەلگىلىمىلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ۋىلايەتنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان سىرتقا قارىتا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە تاشقى سودىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ۋە ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تونۇشتۇردى. قۇمۇلنىڭ تارىخى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ- ئادىتى، دىنى ۋە يىپەك يولىدىكى ئاسار ئەتىقىلەر، تەبىئىي مەنزىرىلەرنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، كۆپلىگەن چەت ئەللىك مېھمانلارنى قۇمۇلغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى، شۇنداقلا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاخبارات ساھەسى ئارقىلىق قۇمۇلنى سىرتقا تەشۋىق قىلىپ، قۇمۇلنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 1985 – 1990 - يىلىغىچە، تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ياسىدى ۋە نەشر قىلدى. مەسىلەن، كىتاب، ئالبوم، كارتوچكا، ساياھەت خەرىتىسى قاتارلىق تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىپ، قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى، ئاساسلىق بايلىق مەنبەلىرىنى، ئەلا مەھسۇلاتلىرىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا ئۆرپ- ئادەت، مەشھۇر ئاسارە ئەتىقىلەرنى نۇقتىلىق تونۇشتۇردى.

# II باب

# مۇھاجىرلار خىزمىتى

## §1. قازاق مۇھاجىرلارنىڭ تارقىلىشى

قۇمۇلدا چەت ئەللىك قازاق مۇھاجىرلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلاردىن 1585 ى بولۇپ، ئۇلار تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئامېرىكا، تايلاند، مالايسىيا، موڭغۇلىيە، ھىندىستان، ياپونىيە، ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن

قاتارلىق 26 دۆلەت ۋە رايونغا تارقالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلىم- پەندە ئارتۇقچىلىقى بارلاردىن 37 سى، ئىقتىسادىي ئاساسى بارلىرىدىن 18 ى، جەمئىيەتتە نام- ئابرويى بارلاردىن ئالتىسى، سىياسىي جەھەتتە تەسىرى بارلاردىن 12 سى بار.

تۈركىيىدە ئولتۇراقلاشقان قازاق مىللىتىنىڭ كۆپ قىسمى XX ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا شىڭ شىسەينىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىگە چىدىماي گەنسۇ، چىڭخەي ئارقىلىق شىزاڭغا كىرىپ تۈركىيىگە كەتكەن، بىر قىسمىلىرى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاسنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا ئەگىشىپ چېگرىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇلار كەشمىرگە بارغاندىن كېيىن، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، بىرقىسمى ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلارغا (تەخمىنەن 2000 ئادەم) باردى، ئۇنىڭ ئىچىدە يېرىمى پەنجاپقا يىراق بولمىغان تاغلىق رايونلارغا، تەخمىنەن 1/4 قىسىم ئادەم ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوپارغا، تەخمىنەن 1/4 قىسمى ھىمالايا تاغلىق رايونلىرىغا تارقالدى. بوپاردىكى قازاقلارغا ئازراق يەر بۆلۈپ بەردى، ئۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. بۇنىڭدىن باشقا ئىككى تۈركۈم ئادەم سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ، نەچچە يۈز ئادەم تاسمان، بومباي، يېڭى دېھلىلارغا ئېقىپ باردى. 1947- يىلى، ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنگەندە كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار پاكىستانغا يىغىلىشى كېرەك دېيىلدى. ھىندىستاندا ئولتۇراقلاشقان قازاقلار پاكىستانغا كۆچۈپ كېلىپ راۋالپىندى، پىشاۋىر قاتارلىق شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشتى. گەرچە ئۇلار پاكىستان تەرەپنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تۇرمۇشى يەنىلا ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا ئۆتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى، بەزىلىرى تىلەمچىلىك قىلدى، بەزىلىرى كۆنلۈك ئىشلىدى، يەنە بەزىلىرى تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قازاق مىللىتىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرى يولۋاسنىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا ئەگىشىپ كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن تەخمىنەن 450 ئادەم 1952 – 1954 - يىلىغىچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ تۈركىيىگە كەتتى. ئەڭ دەسلەپتە ئۇلار سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن، بىر قەدەر سوغۇق بولغان شەرقىي تەرەپتىكى ئانىتالا رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشتى. كېيىن ئاساسلىق ئىستانبول، ئىزمىر، ئەنقەرە، سالىھ، بورسا، ئەيىس ئىشىر، قەسەيلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. 1953- يىلى، پاكىستان، ھىندىستاندا ئولتۇراقلاشقان قازاقلار، ھۆكۈمەت تەستىقلاش ئارقىلىق تۈركىيىگە كۆچتى. 1953- يىل 9- ئايدىن 1960- يىلىغىچە بىر- بىرلەپ تۈركىيىگە كۆچكەن قازاقلار 3000 غا يەتتى. ئۇلار دەسلەپتە ئەنقەرەنىڭ جەنۇبىدىكى ئاناتولىيە ئېگىزلىكىگە جايلاشتى، ئۇلار دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغاندىن باشقا يەنە چارۋىچىلىقنى، بەزى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. 1960- يىللاردىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشلار دېھقانچىلىقنى تاشلاپ سودا- سانائەت بىلەن شۇغۇللاندى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى تەخمىنەن 25% ئادەم دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلدى، تەخمىنەن 75% ئادەم يېنىك سانائەت ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار ئاساسلىق بۇغداي ۋە كۆممىقوناق تېرىدى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار ئاساسلىقى شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن سۇلياۋ، كۆن- خۇرۇم، قەغەزچىلىك، بوياقچىلىق ۋە تىككۈچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. سودا بىلەن شۇغۇللانغانلار قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ ياكى بولمىسا ئېلىپ- سېتىش سودىسى قىلدى. قازاق مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى ئاستا- ئاستا بېيىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر ئىستانبولنىڭ شەھەر سىرتىدا قازاق كەنتىنى قۇردى، بەزى كوچىلارنى تېخى ئالتاي ۋە باركۆل دەپ ئەسلى يۇرتلىرىنىڭ يەر نامى بىلەن ئاتىدى.

تۈركىيىدە ئولتۇراقلاشقان قازاق مىللىتىنىڭ كۆپ قىسىم قېرىلىرى ساۋاتسىز بولۇپ، پەقەت ئاز قىسمىلا دىنىي

كىتابلارنى ئۆگەنگەن. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا بىر نەچچە مەكتەپ ئېچىپ بەردى. شۇڭلاشقا قازاق ياشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى ھەر خىل مۇتەخەسسىسلەر ۋە تېخنىكا خادىم بولۇپ يېتىشىپ، سۇ ئېلېكترى، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق، داۋالاش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بەزىلىرى ئارخىتېكتور، چارۋىچىلار بىلەن شېرىكلىشىپ، غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئالدى.

1960- يىللاردىن باشلاپ، غەربىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولغانلىقتىن، كۆپ مىقداردا ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغاندا، قازاقلارنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى غەربىي گېرمانىيىنىڭ مىيونخېندا (نەچچە يۈز ئادەم) ۋە فرانسىيەدە (200 – 300 ئادەم) ئولتۇراقلاشتى. ئاز قىسمى ئىتالىيە، شۋېيتسارىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئولتۇراقلاشتى. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپى زاۋۇتلاردا ئىشلىدى، ئاز قىسمى باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ كىچىك تىپتىكى زاۋۇتلارنى قۇردى ۋە ماگىزىنلارنى ئاچتى.

## §2. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى

1987- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەتتىكى مۇھاجىر، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر 46 ئائىلە، 272 ئادەم، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى 698 ئائىلە، 3762 ئادەم، شياڭگاڭ، ئاۋمېندىن يۇرتقا قايتقان قېرىنداشلار 11 ئائىلە، 46 ئادەم، تەيۋەنگە كەتكەنلەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن 92 ئائىلە، 407 ئادەم بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋىتى بارلاردىن 46 ئائىلىلىك، 168 ئادەم بار ئىكەن.

مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 4- ئاينىڭ 6- كۈنى، ھىندىستاندا ئولتۇراقلاشقان قازاق مۇھاجىردىن 53 ئادەم قەشقەر ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدى. تۆت ئادەم باركۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز قىسمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ جايلىرىدىن تەقسىم قىلىنىپ بۆلۈنگەن ئوقۇغۇچىلار، خىزمەت ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن خەنزۇلاردۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پاكىستانغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان مۇھاجىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئۆتتى، 1952- يىلى يازدا، 1937- يىل 10- ئايدا باركۆلدىن ئايرىلغان بايتىس ئائىلىسى، باركۆلگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا 20 ئۇياق قوي، كىگىز ئۆي قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ھەقسىز بەردى. 1955 – 1956 - يىللىرى، موڭغۇلىيىدىن قايتىپ كەلگەن شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر، قازاق مۇھاجىرلىرىنىڭ بىر قىسمى قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، بۇ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەر، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلىرى ۋە بىگتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش شىدارىسى، يامانسۇ، تارانچى، تۆمۈريول قاتارلىق 49 ئورۇنغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلار قۇمۇلنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

قۇمۇلدا ئولتۇراقلاشقان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان، موڭغۇلىيە،

چاۋشيەن، ھىندونېزىيە، ھىندىستان، تايلاند، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردىن قايتىپ كەلگەن.

قازاق مۇھاجىرلارنىڭ يۇرتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن باركۆل ناھىيە سارچوقا رايونىدا مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتىدىن 120 ئائىلىلىك، 720 نەچچە ئادەم بار. قەبىلە مۇناسىۋىتى بىلەن خەت- ئالاقە قىلىۋاتقانلاردىنلا 4000 – 5000 ئادەم بار. 1979 – 1986 - يىلىغىچە، غەربىي ئاسىيادىن ۋەتەنگە كېلىپ سارچوقىغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلەرلا 180 دىن ئارتۇق، 1979- يىل 12- ئايدا، تۈركىيىلىك قازاق مۇھاجىر مەنسۇر سارچوقىغا تۇغقان يوقلىغىلى كەلدى. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈركىيىدىن شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەن تۇنجى قازاق مۇھاجىر. 1979 – 1989 - يىلىغىچە، ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلەردىنلا يەنە شىمالىي ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن كەلگەن مۇھاجىرلار، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بار، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ. 1990- يىل 12- ئايدا، تارانچى كلن رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن 16 ئادەمنى، تەيۋەندىن كەلگەن 12 ئادەمنى جەمئىي چەت ئەلدىن كەلگەن 28 ئادەمنى كۈتۈۋالدى.

1982- يىلدىن بۇرۇن، ۋەتەن ۋىلايىتىدىن چەت ئەلگە چىقىشنى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق رايونلارغا تۇغقان يوقلىغىلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلار 84 بولۇپ، 22 ئادەم شياڭگاڭغا، 28 ئادەم تۈركىيىگە، 14 ئادەم ئامېرىكىغا، ئۈچ ئادەم ياپونىيىگە، ئۈچ ئادەم مىسىرغا، تۆت ئادەم مالايسىياغا، ئىككى ئادەم سىنگاپورغا، تۆت ئادەم كاناداغا، ئىككى ئادەم بىرمىغا، ئىككى ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، تارانچىدىن ياپونىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە شياڭگاڭغا تۇغقان يوقلىغىلى بارغانلار جەمئىي 46.

## §3. مۇھاجىرلار ئەۋەتكەن ئىقتىساد

چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ ۋەتەنگە ئەۋەتكەن تاشقى پېرېۋوتىنىڭ ئاساسلىقى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بېقىش، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ھەدىيە قىلىش، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خىراجىتىنى ئىبارەت. 1976 – 1977 - يىللىرى مۇھاجىرلار بانكا ئارقىلىق قىلغان پېرېۋوت 891.12 يۈەنگە، 1978 – 1979 - يىللىرى بانكا ئارقىلىق ئەۋەتكەن پۇلى 3815.79 يۈەنگە، بانكىنىڭ سودا- سانائەت ئىدارىسىغا ۋاكالەت بولۇپ تارقاتقان مۇھاجىرلار پېرېۋوت چېكى 3840 يۈەنگە يەتتى. 1979 – 1987 - يىلىغىچە ئەۋەتكەن تاشقى پېرېۋوت تالونى 24 مىڭ 855 يۈەن بولۇپ، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 259 مىڭ 869 يۈەن بولدى.

مۇھاجىر پېرېۋوت تالونىنىڭ تارقىلىپ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇلارنى ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش، دۆلىتىمىزنىڭ «مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا قولايلىق بولۇش، مۇھاجىر قېرىنداشلارغا مۇلازىمەت قىلىش» تىكى مۇھىم سىياسىتىدۇر.

1981 – 1987 - يىلىغىچە، ۋىلايەت تارقاتقان مۇھاجىرلار پېرېۋوت تالونى 65 مىڭ پارچە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ۋىلايەتكە رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، داڭلىق ۋېلىسىپىت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق ھاراق- تاماكىلارنى كىرگۈزدى. 1985- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك مۇھاجىرلار تىجارەت ئورنى قۇرۇلدى. ئۇ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ماگىزىن بولۇپ، توققۇز ئادىمى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن خىزمەت

كۆتۈپ تۇرغان ياش ئالتە.

# III باب

# تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت

1983- يىل 11- ئاينىڭ 6- كۈنى ۋە 1985- يىل 9- ئاينىڭ 18- كۈنى ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەيۋەن خىزمىتى ئىشخانىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەيۋەن خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

## §1. تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1983- يىل 5- ئاينىڭ 26- كۈنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى «تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چۈشۈرۈپ، ئۆتكەندىكى ھەرىكەتلەردە تەيۋەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىپ بېكىتىلگەن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىشنى، شەخسلەرنىڭ ئارخىپىدىكى «تەيۋەنگە چېتىشلىق»، «تارىخى ئېنىق ئەمەس»، «ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ» قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاشنى، تەيۋەنگە كەتكەن خادىملارنىڭ چوڭ قورۇقلۇقتىكى تۇغقانلىرىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، باراۋەر كۆرۈش، كەمسىتمەسلىك، ئەر- ئايال ئىككىيلەندىن بىر تەرەپنىڭ ئەسلى يۇرتى تەيۋەنلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ قورۇقلۇقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان پەرزەنتلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش، ھەربىيگە قاتنىشىش، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئالدىن ئېتىبار بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان 25 دېلودىن 24 ى ئەمەلىيلەشتى. ناھەق، يالغان، خاتا دېلودىن 20 سى تۈزىتىلدى. مال- مۈلكى ئاختۇرۇپ تارتىۋېلىنىپ قايتۇرۇلغىنى ئىككى ئادەم، ئۆيى قايتۇرۇپ بېرىلگىنى ئۈچ ئادەم (12 ئېغىز ئۆي)، 30 پارچە ئارخىپ ئېنىقلاندى، 25 ئادەمنىڭ يېزا نوپۇسى شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## §2. تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى كۈتۈۋېلىش

### 1. تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى، تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش

1980- يىللارغا كەلگەندە، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملىنىپ، كارتوچكا تۇرغۇزۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، تىزىملانغان تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتى 277 ئائىلە، 1382 ئادەمگە يەتتى. 1988 – 1990 - يىلىغىچە قۇمۇلغا تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار 50 نەچچە ئادەم (قېتىم) غا، قۇمۇلدىكى تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق يەرلەرگە بېرىپ تۇغقان يوقلىغانلار 60 نەچچە ئادەم (قېتىم) غا، تەيۋەنگە تۇغقان يوقلىغىلى بارغانلار توققۇز ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

### 2. تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش

لىياڭ گويۈەن ئەسلىدە خەلق ئاۋئاتسىيە ئىدارىسىدا خىزمەت قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۇكا- سىڭىللىرى تەيۋەندە بولغانلىقتىن، ئۇ قۇمۇل قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئاشخانا زاپخوزلۇقىغا چۈشۈرۈۋېتىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلاندى، يەنە ئۇنىڭ چوڭ كېلىنىگە ئېتىبار قىلىنىپ ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، چوڭ ئوغلى ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا ئالماشتۇرۇلدى. قۇمۇل قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى ئائىلە ئايالى سۇ فېيشيانىڭ ئاتا- ئانا، ئىنى- سىڭىللىرى تەيۋەندە ئىدى. 1983- يىلى ھۆكۈمەت مەخسۇس ئەمگەك كۈرسەتكۈچىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى قۇمۇل قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىشچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ھەمدە كۆپ قېتىم تەيۋەنگە تۇغقانلىرىنى يوقلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

يولۋاس 1950- يىلى تەيۋەنگە كەتكەندىن كېيىن، قۇمۇلدا قالغان چوڭ نەۋرىسى ناسىرنىياز «تەيۋەنگە چېتىشلىق» دەپ قارىلىپ، خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قاراتال كەنتىگە چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى. 1985- يىلى مەھۇرىي مەھكىمە ئۇنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، پېنسىيىگە چىققان كادىر قاتارىدا پېنسىيە خىراجىتى بېرىشنى بەلگىلىدى ھەمدە ئالتە ئېغىز ئۆيىنى قايتۇرۇپ بەردى، ئائىلىسىدىكى بەش كىشىنىڭ نوپۇسى شەھەر نوپۇسى قىلىندى. يولۋاسنىڭ قىزى زۆھرەخان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىكىگە سايلاندى. خۇيزۇ تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتى مايۇخۇانىڭ قىزى 1949- يىلى يولدىشى بىلەن تەيۋەنگە كەتتى، ئۇ 1989- يىلى قۇمۇلغا تۇغقان يوقلىغىلى كېلىپ، ياشانغان ئانىسىغا ھۆكۈمەت ياخشى قارىغانلىقىنى، يەنى سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇچراشقانلارغا «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان سىياسىتى ياخشىكەن» دېدى. باركۆل ناھىيىلىك تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتى شىڭ لاۋ ئاققۇن بولۇپ قۇمۇلغا كەلگەن ياغاچچى ئىدى. كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ يېتىشىپ، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ مۇخبىرلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ ئىشلىدى ھەم كادىرلىققا ئۆستۈرۈلدى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقلىقىغا قويۇلدى، ناھىيىلىك سىياسىي

كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە سايلاندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە يەتتە ئادەم نامىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

3. تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كۈتۈۋېلىش

1986 – 1990 - يىلىغىچە، ئالتە تۈركۈم ئادەم كۈتۈۋېلىندى. 1986- يىل 9- ئايدا، تەيۋەننىڭ سابىق «قانۇن تۈزغۈزۈش ھەيئىتى» خۋاڭ سۇنشىڭ ئەپەندىنى كۈتۈۋالدى. ئۇ بېيجىڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، قۇمۇلغا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈرگىلى كەلدى. 1987- يىل 9- ئايدا، ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەلگەن سابىق «دۆلەت پىرقىسى ۋەكىلى» بولغان جاڭ چۈنەن باشلىق ئالتە ئادەم كۈتۈۋېلىندى. ئۇلار قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بىللە غىزالىنىپ ناخشا- ئۇسسۇل قىلىشتى. ئەگرىتاغ ئىبادەتخانىسى، سۇمۇشتانلارنى ساياھەت قىلدى . ئاقتاشتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توي مۇراسىمىغا قاتناشتى. 1989- يىل 7- ئاينىڭ 22- كۈنى، تەيۋەنلىك قېرىنداش لى جىشۇ، ۋاڭ مېي خانىم باركۆل ناھىيىسىگە تۇغقان يوقلىغىلى كەلگەندە، ۋاڭ مېي خانىمنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالاپ قۇتقۇزۇشى ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. لى جىشۇ ئەپەندى ئۆز تەسىراتى ۋە ئاڭلىغان- بىلگەنلىرىگە ئاساسەن پارتىيىنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان سىياسىتىنى مەدھىيىلەپ ماقالە يازدى. 8- ئاينىڭ 6- كۈنى ۋاڭ مېي خانىمنىڭ جەسەت كۈلى قۇتىسىنى لى جىشۇ ئەپەندى تەيۋەنگە ئېلىپ كەتتى.

## §3. تەيۋەنگە قارىتىلغان تەشۋىقات

ۋىلايەتلىك پارتكوم تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى كادىرلار ۋە تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ 1000 دەك ئادەمنى تەشكىللەپ «جۇڭگو تەيۋەن» دېگەن سىنئالغۇ فىلىمىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇردى، يەنە نەچچە مىڭغا يېقىن ئادەم قاتناشقان «بىر پارچە خەت يېزىشنى قانات يايدۇرۇش» پائالىيىتىنى تەشكىللىدى ھەمدە ئۇلار تەيۋەنلىك تۇغقانلىرىغا خەت يازدى. قۇمۇلغا تۇغقان يوقلاپ كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ناخشا- ئۇسسۇل ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 200 قاپنى ھەدىيە قىلدى. تەيۋەنگە تۇغقان يوقلىغىلى بارىدىغانلارغا، مېگشتىن بۇرۇن تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، «تەيۋەنگە بېرىش كۆرسەتمىسى» سىنئالغۇ فىلىمىنى قويۇپ بەردى، ئۇگۇشلۇق تەيۋەنگە بېرىپ، بىخەتەر قايتىپ كېلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

# جامائەت خەۋپسىزلىكى
# ۋە ئەدلىيە خىزمىتى

### يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم

# جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە خىزمىتى

## I باب

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### §1. ئاپپاراتلار

1. ۋىلايەتلىك ئاپپارات

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، قۇمۇل رايونلۇق ئامانلىق ساقلاش تارماق ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىدارە قارمىقىدا ساقچى ئىشلىرى بۆلۈمى، ئىشپىيونلۇق ئەترىتى، خوجىلىق بۆلۈمى، ئامانلىق ساقلاش، مەمۇرىي بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى، 43 كادىر ـ ساقچى شتاتى بېرىلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 12- ئايدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1951- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1953- يىل 2- ئايدا، ۋىلايەت بىلەن ناھىيەدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قايتىدىن تەشكىل قىلىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى.

1954- يىل 4- ئايدا شىڭشىڭشيا بىلەن يەتتە قۇدۇق يەنە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قايتۇرۇپ بېرىلىپ، ساقچىخانا تەسىس قىلىندى.

1955- يىل 8- ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى خەلق قوراللىق ساقچى چوڭ ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى (قىسقارتىلىپ خەلق قوراللىق ساقچى چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالدى).

1957- يىل 2- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1959- يىل 2- ئايدا، ئۈچقۇرول سانائەت رايونى (قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى) ساقچىخانىسى ۋە تارانچى كىلن ساقچىخانىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىدى. 1962- يىل 4- ئايدا خەلق ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ باش ئەترىتى ۋە قۇمۇل ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967- يىل 2- ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

1973- يىل 6- ئايدا «ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 11- ئايدا چېگرا مۇداپىئە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1974- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ھەربىي رايونى ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتقان قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1976- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى.

1977- يىل 4- ئايدا، ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى قۇمۇل شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 7- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خەلق قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى بىلەن قاماقخانا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1979- يىل 11- ئايدا، خەلق ساقچىلىرى بۆلۈمى خەلق ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى (ناھىيە دەرىجىلىك).

1980- يىل 5- ئايدا، چېگرا مۇداپىئە بۆلۈمى، سىرتقا قارىتا قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق قوراللىق چېگرا مۇداپىئە ساقچى ئەترىتى، ئىچكى جەھەتتە قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چېگرا مۇداپىئە ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسى دەپ ئاتالدى. 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1981- يىل 11- ئايدا، چېگرا مۇداپىئە ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسى بىلەن خەلق ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خەلق چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچى ئەترىتى دەپ ئاتىلىپ (قىسقىچە ئاتىلىشى «قوراللىق ساقچى ئەترىتى»)، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى بىلەن شىنجاڭ قوراللىق ساقچى باش ئەترىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1983- يىل 7- ئايدا، ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمى قوراللىق ساقچى قىسىم تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. بۆلۈمدىكى خادىملارغا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان خادىملار بويىچە مۇئامىلە قىلىندى. 8- ئايدا، يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى مەجبۇرىي يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى.

1984- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1985- يىل 6- ئايدىن 1990- يىلغىچە، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئاپپارات قۇرۇلمىسىغا قارىتا تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. باشقارما قارمىقىدا سىياسىي باشقارما (ئىككىنچى دەرىجىلىك باشقارما)، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى (ئىككىنچى دەرىجىلىك باشقارما)، ئىشخانا، سىياسىي قوغداش بۆلۈمى، ئىچكى قوغداش بۆلۈمى (ئىككىنچى بۆلۈم)، ئامانلىق بۆلۈمى (ئۈچىنچى بۆلۈم)، سوراق بۆلۈمى (تۆتىنچى بۆلۈم)، رازۋېدكا بۆلۈمى (بەشىنچى بۆلۈم)، ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمى (قوراللىق ساقچى شتاتىدا)، قاماقخانا (بۆلۈمچە دەرىجىلىك)،

يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش ئورنى (بۆلۈمچە دەرىجىلىك) تەسىس قىلىندى. 10- ئايدا، ئاپشاركا تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇلدى.

### 2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912- يىلى)، مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913- يىلى) باركۆل، قۇمۇل ناھىيىلىرىدىكى ساقچى ئاپپاراتلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرىنى داۋاملىق قوللاندى. مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915- يىلى)، باركۆل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئىككى ساقچى تەربىيىلەش ئورنىنىڭ نامى ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ما جۇڭيىڭ قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىنى بېسىۋېلىپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنى قۇردى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) تارقىتىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۈستىگە ئالدى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، باركۆل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 8- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاراتۈرۈك، باركۆل ۋە قۇمۇل ناھىيىلىرىدىكى ساقچى ئىدارىلىرىدە ئىشلەۋاتقان ساقچى 426 گە يەتتى.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، يەتتە قۇدۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، يەتتە قۇدۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 2- ئايدا، شىڭشىگىشيا ساقچىخانىسىنىڭ دەرىجىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئۆستۈرۈلدى. كېيىن يەنە ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ساقچى ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ۋە نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىل 5- ئايدا، خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ساقچى ئىدارىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، قۇمۇل، باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى قۇردى. يەتتە قۇدۇق، شىڭشىگىشيا ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ شتاتى قىسقارتىلىپ ساقچىخانىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدا بىردىن ئىدارە باشلىقى، بىردىن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تەيىنلەندى. ئىدارە قارمىقىدا كاتىبات بۆلۈمچىسى، رازۋېدكا بۆلۈمچىسى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى، قاماقخانا تەسىس قىلىندى. 1953- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترەتلىرى تەسىس قىلىندى.

1977- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىلەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## §2. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش

### 1. باندىت تازىلاش

1949- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، سابىق ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئوسمان، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى

ماكىنىنىڭ پىلانلىشى بىلەن قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. 1950- يىل 3- ئاينىڭ 19- كۈنى، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كېتىپ (سابىق گومىنداڭ قۇمۇل رايونىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش سىلىگى بولدى)، ئوسمان، جانىمقان قاتارلىق باندىت ئاتامانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، مال- مۈلۈكلەرنى بۇلاپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. 5- ئايغا قەدەر ۋىلايەت تەۋەسىدە 10 قېتىمدىن ئارتۇق توپىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى.

1950- يىل 3- ئاينىڭ 22- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 16- شىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق 40- تۈمەن 3- يىگى 11 مىڭ ئەسكەر، 41 جەڭ ئاپتوموبىلى، 200 نەچچە ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، باركۆلنى ئاساسىي ئۇرۇش لىنىيىسى قىلغان باندىت تازىلاش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 8- ئاينىڭ 10- كۈنىگە قەدەر ۋىلايەت تەۋەسىدىكى باندىتلارنىڭ ئاساسىي كۈچى تارمار قىلىنىپ، 1514 باندىت ئەسىرگە ئېلىندى، 446 باندىت ئۆلدى ۋە يارىلاندى. 1950- يىل 6- ئايدا، توۋا قىلغان باندىتلارنى تىزىملاش چارىسى ئېلان قىلىنىپ، باندىتلارنى تىزىملاش خىزمىتى باشلاندى. 9- ئاينىڭ 1- كۈنىگە قەدەر پەقەت قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 175 باندىتنى تىزىمغا ئالدى، ھەر خىل قورال- ياراغدىن 53 نى، ئاتتىن 83 نى يىغىۋالدى. قالدۇق باندىتلار يەنىلا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ تۇردى. قۇمۇلدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە زىچ ماسلىشىپ، «سىياسىي ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىش، ھەربىي كۈچى ئارقىلىق تازىلاشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئارمىيىگە ئەگىشىپ خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، باندىتلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى پارچىلاپ، ئامىنى ئەمىن تاپقۇزدى. سەككىز توپ باندىتتىن 74 ى ھەققەتكە قايتتى. تۆت ئاپتومات، 29 مىلتىق، ئىككى تاپانچىنى قولغا چۈشۈردى. 1953- يىلى توپىلاڭنى بېسىقتۇرغانغا قەدەر، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى يوقىتىلىپ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى مۇستەھكەملەندى.

### 2. ئىشپىيون تازىلاش

گومىنداڭنىڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئەگىشىپ يىمىرىلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاز ساندىكى ئەزالىرى چەت ئەل ۋە باشقا رايونلارغا قېچىپ كەتكەندىن سىرت، كۆپ ساندىكى ئەزالىرى يەنىلا ۋىلايەتتىكى ئورگان، تەشكىلاتلاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋەردى. لەنجۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەربابلىرى، ئىشپىيونلار خېشى كارىدورىنى بويلاپ شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ قۇمۇلغا توپلاندى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئىشپىيونلار يىغىلىپ قېلىشتەك مۇرەككەپ ۋەزىيەت شەكىللەندى.

1950- يىل 2- ئايدا، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 16- شىنىڭ شەھەر قوغداش قوماندانلىق شتابى مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ «ئىشپىيونلارنى تازىلاش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقى» ھەمدە شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئىشپىيونلارنى تىزىملاش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 8- ئايغىچە جەمئىي 78 ئىشپىيون تىزىمغا ئېلىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 42 مايور، گورۇپپا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، ئىدىيىسى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل بولغان ئىشپىيونلارغا قارىتا باشقۇرۇش، مەشىق قىلدۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئاشكارا ۋە يېرىم ئاشكارا ئىشپىيونلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تازىلاپ دۈشمەنلەرنى پارچىلىۋەتتى. ئىشپىيونلارنى تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەكسىيەتچىل پارتىيە- گۇرۇھلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەردىن 532 نى يىغىۋېلىپ مەشىق قىلدۇردى.

3. ئەكسىيەتچى ئۇيۇشما گۇرۇھلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يىڭجىشاڭ، بەيلاۋخۇي، چىڭباڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچىل ئۇيۇشما، مەزھەپلەر بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يىگۇەنداۋ مەزھىپىنىڭ تەشكىلى چوڭ، پائالىيەت دائىرىسى كەڭ ھەم گەۋدىلىك بولۇپ، ئاساسەن قۇمۇل، باركۆلدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا تارقالغانىدى. يىگۇەنداۋ مەزھىپى مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) قۇمۇلغا كىرگەن بولۇپ، 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە جەمئىي چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك بۇتخانىدىن 44 نى قۇردى. بۇ گۇرۇھنىڭ بىر كاتتىۋېشى، 70 ئۇقتىدا ئالاقىلاشقۇچىسى، 132 قۇتبە باشلىقى، يەتتە پالچىسى، 3122 مۇرىتى، 3332 ئەزاسى بار بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئەينى چاغدىكى خەنزۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ 11.24% ىنى تەشكىل قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يىگۇەنداۋ مەزھىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەكسىيەتچىل ئۇيۇشما، مەزھەپلەر بۇيرۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىككى قېتىملىق ئەكسىيەتچىلەرنى باستۇرۇش، زەربە بېرىش كۈرىشى ئارقىلىق پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى.

[قوشۇمچە] گېلاۋخۇي، يىگۇەنداۋ، چىڭباڭ، خۇڭباڭ

1) گېلاۋخۇي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى باركۆلگە تارقىلىپ كىردى. ئەينى چاغدىكى بۇ تەشكىلات، شۇ جايدىكى ئارمىيە ۋە خەلق ئارىسىدىكى مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 6- يىلى (1880- يىلى)، زوزۇڭتاڭ خۇنەن، سىچۇەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەندە، قوشۇن ئىچىدىلا گېلاۋخۇي تەشكىلاتى بار ئىدى. گۇاڭشۈ 32- يىلى(1907- يىلى)، باركۆلدىكى بارلىق ئەسكەرلەر باركۆلدە ئاشكارا بۇتخانا قۇرۇپ، تەشكىلاتقا ئادەم قوبۇل قىلدى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئەسكەرلەر، يەرلىك قول ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار ئۇنىڭغا ئەزا بولۇپ كىرىپ، ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە گۇرۇھقا ئايلىنىپ قالدى. گېلاۋخۇي چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى قوللىدى. مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) 5- ئايدا، باركۆلدىكى گېلاۋخۇينىڭ باشلىقلىرىدىن خۇ دىڭكې، ۋاڭ جېگيۈەن قاتارلىقلار باركۆلدە ما بۇفاگنىڭ ھەر قايسى ئەترەتلەردىكى كوماندىر- جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ، باركۆلنىڭ باشلىقى جاڭ زېيىنىنى ئۆلتۈرۈپ، زور تەسىر پەيدا قىلدى. گېلاۋخۇينىڭ بىرلەشمە قوشۇن قوزغىلىڭىنى ياڭ زېڭشىن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، ناھايىتى تېزلا باستۇرۇۋەتتى. قوزغىلاڭنىڭ ئاياتچىلىرى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گېلاۋخۇي قۇمۇلدىن ئىز- دېرەكسىز يوقالدى.

2) يىگۇەنداۋ مەزھىپى مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، يىگۇەنداۋ مەزھىپىنى سۇڭ توگجاڭ بىلەن ۋېي جىيىڭ قۇمۇلغا تارقاتتى. دەسلەپتە قۇمۇل ناھىيىسى بازىرىدىكى جەنۇبىي كۆكتاتلىقتىكى ۋاڭ گويىگنىڭ ئۆيىدە بۇتخانا قۇردى. كېيىن شىمالىي كۆكتاتلىقتىكى لىيۇ دېيۇەنىنىڭكىگە كۆچۈپ، ئۇنىڭغا «باۋخۇاتەن» قۇتبىسى دەپ، كېيىن نامىنى «فۇتەيتەن» قۇتبىسىغا ئۆزگەرتىپ، ئون نەچچە مۇرىت قوبۇل قىلدى. كېيىن يەنە قۇمۇل ناھىيىسىدىكى كونا شەھەر، غەربىي قوۋۇق ئىچى، يېڭىشەھەر قوۋۇق ئىچى، يېڭى بازار، جۇگسەن يولى، غەربىي ئۆستەڭ، يۇقىرى ئاقيەر قاتارلىق جايلاردا بۇتخانا قۇردى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) دىن تارقاتقۇچى جاڭ كەيشاڭ قۇمۇلدىكى دىن ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرۇپ، جىنىنىڭ بارچە ھەرىكەت قىلىپ، بۇتخانا سېلىپ، تەشكىلىنى قۇمۇل بازىرىدىن قوم توغراق، ساۋۇلاق، ئاستانە، توغۇچى، چۆەنشۈيدى، قىزىل يۇلغۇن، چەيخۇمياۋ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىپ، ئۇندىن ئارتۇق بۇتخانا قۇردى. شۇ يىلى دىن تارقاتقۇچى لى زىشىڭ باركۆلگە بېرىپ، «بوز يەر ئېچىش» تىن پايدىلىنىپ مۇرىتلىرىنى كۆپەيتتى. ناھىيە بازىرى، داخې، خۇاجياگزى، ئۇچكۆل قاتارلىق جايلاردا بۇتخانا قۇردى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) يىگۇەنداۋنىڭ باشلىقى جاڭ گۇاڭبى ئۈرۈمچىدىن كېيىن، «ئۇستازغا بەيئەت قىلىش»، «قۇشناشقا بەيئەت قىلىش» تىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش

ئۈچۈن مۇرىتلىرىنى كۆپەيتتى. يىگۇەنداۋ كىشىلەرنى ئالداش يولى بىلەن تەشكىلىگە كىرگۈزۈپ، پۇل ۋە مال- مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئاياللارنى دەپسەندە قىلدى. سىياسىي جەھەتتىكى تۆسەك سۆزلەرنى، قىيمادالىق، خۇراپاتلىقنى تارقاتتى. مىنگونىڭ 38- يىلىنىڭ ئاخىرى (1949- يىلى)، ۋىلايەت بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك بۇتخانىدىن 44 (قۇمۇلنىڭ يېزا- بازارلىرىدا 24 ى، باركۆلنىڭ يېزا- بازارلىرىدا 20 سى) ى قۇرۇلۇپ، كانتىۋېشى بىرگە، ئوقتىدا دىن تارقاتقۇچى 70 كە، قۇتبە ئىگىسى 132 گە، پالچىسى يەتتىگە، مۇرىتلار 3122 گە، ئەزاسى 3332 گە يەتتى. بۇ ئەينى چاغدا ۋىلايەتتىكى خەنزۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ %11.24 نى تەشكىل قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت پەرمان چۈشۈرۈپ يىگۇەنداۋنى ئەمەلدىن قالدۇردى. كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، جىنايى پاكىتلار كۆرگەزمىسى ئېچىش، مۇرىتلار شىكايەت قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يىگۇەنداۋنىڭ ئالدامچىلىق جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىندى. ئالدانغان مۇرىتلار ئۆزلىرىنى بەس- بەستە تىزىمغا ئالدۇردى. مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشقا، تىزىملاشقا قارشىلىق قىلغان يىگۇەنداۋنىڭ كانتىۋاشلىرىغا قانۇن بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. 1955- يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە يۇقىرى ئاقىيەر، جۇەنشۈيدى قاتارلىق جايلارغا يوشۇرۇنغان يىگۇەنداۋنىڭ تۆت دىن تارقاتقۇچىسى، ئالتە قۇتبە ئىگىسى ئىنقىلاپ چىقىلىپ، مەزھەپنىڭ قائىدە- تۈزۈملىرى ۋە بىر تۈركۈم ئەكسىيەتچىل كىتابلار قولغا چۈشۈرۈلدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە، يىگۇەنداۋ كانتىۋاشلىرىدىن 31 كىشىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى.

3) **چىڭباڭ** مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، قۇمۇلدىكى چىڭباڭ تەشكىلاتىنى خۇچجىيا قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئوبيېكتى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى، سودىگەر، شوپۇر، ھەربىي، ساقچى قاتارلىقلار ئىدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) ئۇنىڭ ئەزاسى كۆپىيىپ 20 گە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىلىرى، يوشۇرۇن تىلى، پارولى بار بولۇپ، ئۆيۈشمىغا سادىق بولۇش تەكىتلىنەتتى. كېيىن تەشكىلاتنى يەرلىك ھۆكۈمەت سېزىپ قېلىپ، پائالىيىتىنى توختىتىش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. تەشكىلاتنىڭ كانتىۋېشى خۇچجىيا قېچىپ كەتتى، چىڭباڭ گۇرۇھىمۇ ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

4) **خۇڭباڭ گۇرۇھى** مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، قۇمۇلدىكى خۇڭباڭ تەشكىلاتىنى جاۋ تىڭشىن بىلەن ياڭ ۋەنفۇ تەشەببۇس قىلىپ قۇردى. جاۋ تىڭشىن ئۆزىنى «كانتىۋاش» دەپ ئاتىدى. بۇ تەشكىلات سۆڭجاڭ ئىلاھىغا چوقۇندى. تەشكىلاتنىڭ قاتتىق بەلگىلىمىلىرى بولۇپ، تەشكىلاتقا ئون نەچچە ئەزا قوبۇل قىلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، يەرلىك ھۆكۈمەت جاۋ تىڭشىننى قۇمۇل شەھىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. خۇڭباڭ گۇرۇھى تارقىلىپ كەتتى، پائالىيىتى توختىدى.

**4. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش**

بىرىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەت گەرچە باندىتلار، ئىشپىيونلار، ئەكسىيەتچى پارتىيە- گۇرۇھلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى، ئەكسىيەتچى ئۇيۇشما تەشكىلاتلارنىڭ كانتىۋاشلىرى ۋە باشقا ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارغا قارىتا باستۇرۇش ئېلىپ بېرىپ بەلگىلىك ئۇتۇقكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار ئۈزۈل- كېسىل ئىنقىلاپ چىقىلىپ زەربە بېرىلمىگەنىدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1951- يىل 3- ئاينىڭ 24- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 1951- يىل 4- ئاينىڭ 10- كۈنى ۋىلايەت بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، تۇنجى تۈركۈمدە 22 ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرنى قولغا ئېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش داۋامىدا پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن، جىنايىتىدىن قول ئۈزمىگەن

ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار قاتتىق جازالاندى. جىنايىتىنى تونۇش ئىپادىسى ياخشى بولغان، ئاممىنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولمىغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. 1953- يىلىنىڭ ئاخىرى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى تاماملانغانغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە ئاممىنىڭ پاش قىلىشى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشى ئارقىلىق باندىتلار، زوراۋانلار، ئىشپىيونلار، ئەكسىيەتچى پارتىيە- گۇرۇھلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى، ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 617 كىشى ئېنىقلاپ چىقىلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى 1955- يىل 4- ئايدىن 1956- يىل 12- ئايغىچە، ئىككىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە 429 ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر قولغا ئېلىندى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كان، كارخانا، ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈركۈملەر بويىچە ئىچكى جەھەتتىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ۋە كادىرلارنى تەكشۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئېنىقلاپ چىقىلىپ، بىر قىسىم كادىرلارنىڭ سىياسىي، تارىخىي مەسىلىلىرى ئايدىڭلىشىپ كادىرلار قوشۇنى پاكلاشتۇرۇلدى. لېكىن ھەرىكەت داۋامىدا، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. پارتىيىنىڭ «ئەكسىيەتچىلەر بولىدىكەن قەتئىي تازىلاش، خاتالىق بولىدىكەن چوقۇم تۈزىتىش» پرىنسىپى بويىچە خاتالىقلار ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك مەخسۇس كۈرىشى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1957- يىل 10- ئايدىن 1958- يىل 6- ئايغىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پومېشچىكلارغا، باي دېھقانلارغا، ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا، بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا، ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1959- يىل 1- ئايدىن 5- ئايغىچە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

### 5. زەھەرلىك چېكىملىكنى مەنئى قىلىش

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاز ساندىكى كىشىلەر ئەپيۇن چېكەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1950- يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «ئەپيۇن چېكىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» نى ئېلان قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى پەقەت قۇمۇل بازىرىدىلا ئەپيۇن ياسايدىغان، ساتىدىغان، چېكىدىغان 344 كىشىنى ئېنىقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان، زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدىغان كىشىلەرنى پاش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇ يىلى پەقەت شىڭشىڭشىيا ساقچىخانىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان ئون قېتىملىق زەھەرلىك چېكىملىك دېلوسىدا 1011.27 سەر نەشە قولغا چۈشۈرۈلدى. 1953-، 1954-، 1957- يىللىرى ۋىلايەت بويىچە ئۈچ قېتىم چوڭ كۆلەملىك زەھەر چەكلەش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى. 1953 – 1957 - يىلىغىچە، جەمئىي 1956 سەر نەشە قولغا چۈشۈرۈلدى. قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەن، زەھەر ئېلىپ - ساتقۇچىلاردىن 133 ى قولغا ئېلىندى. 1958- يىلى قىلمىشى ئېغىر بولغان 77 زەھەر ئېلىپ - ساتقۇچى، 73 قايتا چەككۈچى يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلدى، 34 كىشى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى، 23 كىشى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە بۇيرۇلدى، 13 كىشى ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىغا

تاپشۇرۇپ بېرىلدى، 103 سەر ئەپيۇن قولغا چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەپيۇن چېكىشكە ئۈزۈل- كېسىل خاتىمە بېرىلدى.

**6. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش**

**قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى تەربىيىلەش** جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارغا ياردەم بېرىش، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان خادىملارنى يامان يولدىن قايتىپ ياخشى يولغا مېڭىشقا يېتەكلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە كونترول قىلىندى.

1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ياردەم بېرىش، تەربىيىلەش ئوبيېكتى 479 بولۇپ (يىگىتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ياردەم بېرىش، تەربىيىلەش گۇرۇپپىسىدىن 120 سى قۇرۇلۇپ، ياردەم بېرىش، تەربىيىلەشكە 375 كىشى ئاجرىتىلدى. تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش ئارقىلىق 140 كىشىنىڭ تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش ئوبيېكتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 249 ياردەم بېرىش، تەربىيىلەش ئوبيېكتى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى توختاتتى.

**قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياش- ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش** 1961- يىلى قىشتىن باشلاپ، ۋىلايەتتە ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى بارغانچە ئېغىرلاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق ئەھۋاللىرى گەۋدىلىك بولۇپ، ئىجتىمائىي ئامانلىق تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى. 1962- يىلى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى يېزا- بازارلارنىڭ ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، 60 نەچچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياش- ئۆسمۈرنى يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈپ تەربىيىلىدى. 1250 جىنايى ئىشلار دېلوسى پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى دېلو 1233، چوڭ دېلو 17. قىلمىشى ئېغىر بولغان ياش- ئۆسمۈرلەر قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلىرىنى ئاتا- ئانىلار ۋە مەكتەپنىڭ نازارەت قىلىپ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، ساقچىخانىلار تەربىيىلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياش- ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا پائال ماسلىشىپ، ياردەم بېرىش- تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئائىلە، مەكتەپ، ئىتتىپاق كومىتېتلىرى، ئاياللار بىرلەشمىلىرى، ئامما ئاكتىپلىرى زىچ ماسلاشقان ھالدا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياش- ئۆسمۈرلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش، ھۆددىگە ئېلىپ تەربىيىلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى ۋە ئازايتىلدى.

**7. جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش**

1983- يىل 8- ئايدىن باشلاپ، ۋىلايەت بويىچە ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى (قىسقىچە «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى دەپ ئاتالدى). «ئېغىر جازالاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، بىراقلا يوقىتىش» روھىغا ئاساسەن، جىنايى ئىشلار جىنايەتچى ئۇنسۇرلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىلدى.

«قاتتىق زەربە بېرىش» نى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، 1983- يىل 8- ئاينىڭ 22- كۈنى سائەت 2:00 دە، ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى قېتىملىق جەڭ قانات يايدۇرۇلدى. بىرىنچى قېتىملىق جەڭدە 334 كىشى يىغىۋېلىنىپ، لۈكچەكلىك، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق قاتارلىق قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان 33 جىنايەتچىلەر گۇرۇھى پاش قىلىنىپ، 112 جىنايەتچى قولغا ئېلىندى.

9- ئاينىڭ 23- كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، ۋىلايەت «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشى باشلانغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئوچۇق سوت هۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 15 دېلودىكى 41 جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە هۆكۈم ئېلان قىلدى، 16 مىڭدىن ئارتۇق هەر مىللەت ئاممىسى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلغان «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشى 1983- يىل 8- ئاينىڭ 22- كۈنى باشلىنىپ، 1987- يىل 1- ئايدا ئاخىرلاشتى. ئۈچ يىل بەش ئاي ۋاقىت جەريانىدا جەمئىي ئۈچ قېتىملىق ئوپېراتسىيە، توققۇز قېتىملىق جەڭ ئېلىپ بېرىلىپ، ۋىلايەت بويىچە 1428 كىشى يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈلدى. لۈكچەكلىك، باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان 78 جىنايەتچىلەر گۇرۇهى پاش قىلىندى، گۇرۇه ئەزاسىدىن 323 قولغا چۈشتى. 641 كىشىنى قولغا ئېلىش تەستىقلاندى، 271 كىشى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، يەتتە ئۈسمۈر ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلدى، ئورلۇك ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن 460 جىنايەتچى ئۈنسۈرغا هۆكۈم ئېلان قىلىندى. 18 قورال، 1600 پايدىن ئارتۇق ئوق، 350 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 1961 پىستان، 408 مېتىر يىپلە، قىممىتى 250 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق هارام پۇل، هارام مال قولغا چۈشۈرۈلدى. شەهۋانىي بۇيۇملارنى ياساش، سېتىش، تارقىتىش دېلولىرىدىن سەككىزى پاش قىلىنىپ، 181 كىشى جازالاندى، بىر كىشىگە جىنايى ئىشلار بويىچە هۆكۈم ئېلان قىلىندى.

«قاتتىق زەربە بېرىش» ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشىلىنىپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئازايتىلدى. 1983- يىلى يۈز بەرگەن دېلو 1982- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا %26، 1984- يىلى يۈز بەرگەن دېلو 1983- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا %48، 1985- يىلى يۈز بەرگەن دېلو 1984- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا %8 تۆۋەنلىدى.

جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە «قاتتىق زەربە بېرىش» جەريانىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر- ساقچىلىرى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە بىردەك غەزەپكە كېلىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلغاچقا، بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. بىر ساقچى 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 21 ساقچى 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 349 كادىر- ساقچى مۇكاپاتلاندى، 31 ئىلغار كوللېكتىپ مەيدانغا كەلدى.

## §3. نوپۇس باشقۇرۇش

1958- يىل 1- ئاينىڭ 9- كۈنى، نوپۇسنى تىزىملاشنى هەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئاساسلىق باشقۇرىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شەهەر- بازارلاردا دائىملىق نوپۇس، ۋاقىتلىق نوپۇس، تۇغۇلغان- ئۆلگەنلەرنى تىزىملاش، نوپۇسنى يۆتكەپ كېتىش، نوپۇس يۆتكەپ كېلىش، نوپۇس كۆتىكىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق يەتتە خىل تىزىملاش چارىسىنى ۋە كۆچمە نوپۇسنى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. يېزىلاردا دائىملىق نوپۇسنى تىزىملاش، تۇغۇلغان- ئۆلگەنلەرنى تىزىملاش، نوپۇسنى يۆتكەپ كەتكەن، يۆتكەپ كەلگەنلەرنى تىزىملاش قاتارلىق تۆت خىل تىزىملاشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا- بازارلاردىكى نوپۇس تىزىملاش تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتى. يېزا- بازارلاردا جان سانىغا قاراپ نوپۇس دەپتىرى تارقىتىپ بېرىلدى. يېزىلاردا نوپۇسنى خەلق گۇڭشېسى (ئەسلىدىكى يېزىلىق هۆكۈمەت) بىلەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى باشقۇرىدىغان ئىككى دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، نوپۇس دەپتىرى تارقىتىپ بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ نوپۇسنى تىزىملىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى بىرلىك

قىلىنغان نوپۇس تىزىملاش دەپتىرىنى ئاساس قىلىپ، خەلق كۆكشىپىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى ئايرىم ساقلىدى ھەمدە خەلق كۆكشىپىسىنىڭ كاتىپى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ بوغالتىرى نوپۇسنى باشقۇردى. 1977- يىلىدىن باشلاپ، ناھىيىلىك، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى خەلق كۆكشىپ (يېزا) لىرىدا، بازارلاردا ساقچىخانىلارنى كۆپەيتىپ قۇردى. يېزا- بازارلارنىڭ نوپۇسىنى ساقچىخانىلار بىلەن يېزا- بازارلار ئورتاق باشقۇرۇپ، يېزا- بازارلارنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، ۋىلايەتنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ئىزىغا سالدى. 1985- يىل 9- ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كىملىك نىزامى» ئېلان قىلىندى. 1986- يىل 9- ئايدىن باشلاپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيە ( شەھەر) لەردە كىملىك تارقىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، كادىر يۆتكەپ ۋە تەربىيىلىنىپ، كىملىك تارقىتىش خىزمىتى ئۇقتىدىن داغىرىگە قانات يايدۇرۇلدى. 1988 – 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 258 مىڭ 595 كىشىگە كىملىك تارقىتىلدى.

## §4. قاتناش باشقۇرۇش

1952- يىل 10- ئايدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايىتى قەرەللىك ھالدا قاتناش تەرتىپىنى تەرتىپكە سالدى ھەمدە ماشىنىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈردى. 1962- يىلى، ماشىنىلارنىڭ قىش پەسلىدىكى بىخەتەر يول يۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. 1980- يىلى باھاردا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، قاتناش نازارەتچىلىك پونكىتى، سانائەت - قاتناش ئىدارىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ماشىنىلارنىڭ قائىدىگە خىلاپ يول يۈرۈش مەسىلىسىنى ئۇقتىلىق تەكشۈردى.

**1. بىخەتەرلىك تەربىيىسى**

1950- يىللاردا، قۇمۇل ناھىيىسىدە قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقات ھەرىكىتى كومىتېتى، قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى قاتناشنى تەرتىپكە سېلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قاتناش تەكشۈرۈش خادىملىرى قويۇلدى. «قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقات ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ قاتناش قائىدىلىرى تەشۋىق قىلىندى. 1962- يىل 11- ئايدىن 1963- يىل 7- ئايغىچە، «باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش»، «5- ئايدا قىزىل بىخەتەر يول يۈرۈش» پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، قاتناش بىخەتەرلىكىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم يارىتىلدى. 1961- يىل 11- ئايدىن 1962- يىل 7- ئايغىچە بولغان مەزگىلنى باشقا ئوخشاش مەزگىللەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قاتناش ھادىسىلىرى 35.8%، ئۆلۈش- يارىلىنىش ئەھۋالى 30%، مال- مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى 45.4% تۆۋەنلىدى.

1977- يىلى، قۇمۇل شەھەر رايونىدا «ئۈچنى ساقلىغۇچى خادىملار» (دۇكانلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىغۇچى خادىملار، قاتناش تەرتىپىنى ساقلايدىغان دېجورنىي خادىملار، ۋېلسىپىتلەرنى باشقۇرغۇچى، قارىغۇچى خادىملار) تەشكىللەندى. قاتناش ھادىسىلىرى 1976- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 40%، ئادەم ئۆلۈش نىسبىتى 50% ئازايدى. 1980- يىلى، قاتناش تەرتىپكە سېلىنىپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ يول يۈرگەن ماشىنىلار تەكشۈرۈلۈپ، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ پراۋىسى، ماشىنىسى تۇتۇپ قېلىندى ۋە ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى.

1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرى قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقات تەربىيىسىنىڭ سالمىقى كۈچەيتىلدى. يېڭى يىل، چاغان، 5- ئاي، 9- ئايلاردا تەشۋىقات ماشىنىسى، كىنو، تېلېۋىزىيە، سىملىق رادىئو قاتارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭى تۇرغۇزۇلۇپ، بىخەتەر توشۇش خىزمىتى پائال ياخشى ئېلىپ بېرىلدى.

2. قاتناش باشقۇرۇش سۇپىلىرىنى ياساش، بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى ئورنىتىش

1951 – 1990 - يىللىغىچە، قۇمۇل شەھىرىدە بەش جايدا قاتناش باشقۇرۇش سۇپىسى ياسىلىپ، ئاپتوماتىك باشقۇرۇش چىراغلىرى ئورنىتىلدى. قۇمۇل شەھىرىدە پىيادىلەر يولى، ئاپتوموبىل يولى، ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرى يوللىرى ئايرىۋېتىلدى ۋە يول يۆرۈشنى چەكلەش بەلگىسى ئورنىتىلىپ، يول قاتنىشىنىڭ ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

3. قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

1978- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك قاتناش باشقۇرۇش ئەترىتى ۋېلسىپىتلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ۋېلسىپىتلەرگە نومۇر بېرىپ، كىنىشكا تارقىتىپ، ۋېلسىپىت توختىتىش ئورۇنلىرىنى قۇردى. 1985- يىلدىن باشلاپ، ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈش ۋە نومۇر تاختىسى ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، 20 مىڭ 637 نومۇر تاختىسىنى تەكشۈردى ۋە ئالماشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 7637 ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرى بار. 1986 – 1990 - يىللىغىچە، ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئايلاندى.

4. قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلار ۋە قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

1972- يىل 3- ئايدىن باشلاپ، شەھەر قاتنىشىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان، شەھەر قاتنىشى بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەن، ئەمما ھادىسە پەيدا قىلمىغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلدى. 1981 – 1983 - يىللىغىچە، قۇمۇل شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش قائىدىسىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغان شوپۇرلارنىڭ پراۋىسىنى 204 قېتىم تۇتۇپ قالدى. 1985- يىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى قائىدىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان 23 دېلونى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 موتسىكلىت ھادىسىسى، 10 باشقا ھادىسىلەر بار. قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ ھادىسە پەيدا قىلغانلارغا پراۋىنى تۇتۇپ قېلىش، ماشىنىسىنى تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق جازالار بېرىلدى. 1980 – 1985 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 451 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 259 كىشى يارىلاندى، 112 كىشى ئۆلدى. 1986 – 1990 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 493 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 213 كىشى يارىلاندى، 87 كىشى ئۆلدى، ئىقتىسادىي زىيان 751 مىڭ 731 يۈەنگە يەتتى.

## §5. ئوت ئۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى باشقۇردى. 1966- يىل 6- ئاينىڭ 19- كۈنى، قۇمۇل

ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى، 1976- يىلى قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1982- يىلى چېگرا مۇداپىئە، قوراللىق ساقچى، ئوت ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمنىڭ شتاتى قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خەلق قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئوت ئۆچۈرۈش قىسىملىرىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى بىر تۇتاش باشقۇردى، كەسپىي جەھەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى رەھبەرلىك قىلدى.

1990- يىلى، ئوت ئۆچۈرۈش كادىر - ساقچىسى كۆپىيىپ 32 گە، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى يەتتىگە يەتتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئوت ئۆچۈرۈش ئورۇنلىرى ۋىلايەتنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا بەش تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللاندى: بىرىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ دائىملىق ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، بىخەتەرلىك تەشۋىقات تەربىيىسىگە تايىنىپ، نەق مەيداندا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى ئۆگەتتى؛ ئىككىنچىدىن، دائىم ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشنى مەركەز قىلغان بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، يوشۇرۇن ئاپەت كۆرۈلگەن ھامان دەرھال تۈزەتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1983- يىلى ۋىلايەت بويىچە يوشۇرۇن ئاپەتتىن جەمئىي 90 ى بايقىلىپ، سەككىز قېتىملىق ئېغىر ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنغان؛ ئۈچىنچىدىن، يازلىق يىغىم، ھېيت- بايراملار، قىش ۋە ئەتىياز مەزگىللىرىدە، بىخەتەرلىك ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، سەييارە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ تۆتىنچىدىن، نۇقتىلىق ئورۇنلار، مۇھىم ئورۇنلارنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋىلايەت بويىچە كارخانىلاردا ئىككى كەسپىي ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى، ۋىلايەت، شەھەردىكى كان، كارخانىلاردا 36 خالىس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى (700 كىشىدىن ئارتۇق) قۇرۇپ، تۈرلۈك خىمىيىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى ھەمدە سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى؛ بەشىنچىدىن، 1963- يىل 10- ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى چىقارغان شەھەرلەردىكى ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى ۋە 1983- يىل 5- ئاينىڭ 13- كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلەشتە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن قۇرۇلۇشلارغا قارىتا ئۆزگەرتىش تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن نۇقتىلىق ئوتتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 20 ئورۇننى ئوتتىن مۇداپىئە كۆرىدىغان نۇقتىلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ، ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەشىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ تۈرلۈك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ھەمدە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت بىلەن بىۋاسىتە باغلاپ ئوت ئاپىتىنى ئازايتتى.

## §6. تۈرمە خىزمىتى

1950- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدا قاماقخانا قۇرۇلدى. دەسلەپتە قاماقخانىلارنى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈملىرى باشقۇردى. سوراق بۆلۈملىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاماقخانىلارنى سوراق بۆلۈملىرى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى.

قاماقخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغان جىنايەتچىلەرنى قاماشتىن باشقا، سوت

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىمۇ باشقۇراتتى. 1955- يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدىكى قاماقخانىلاردا نازارەت قىلىنىپ ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 1959- يىل 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا يۆتكەپ كېلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى باشقۇرۇۋاتقان، ھۆكۈمى ئېلان قىلىنىپ بولغان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولدى. 1964- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بەلگىلەنگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىلدى، قاماقخانىلار ئاساسەن ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىغان، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىنىدىغان ۋە بىر يىللىقتىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇپ نازارەت قىلىدىغان بولدى.

قاماقخانىلار قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش، ئالدىن سوراق قىلىش، ئەيىبلەش، سوت خىزمىتى قاتارلىقلارغا پائال ماسلىشىپ، قاماقخانىلارنىڭ جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى دىكتاتورلىق فۇنكسىيىسى جارى قىلدۇرۇلدى.

## §7. چېگرا باشقۇرۇش

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، موڭغۇلىيە بىلەن بولغان چېگرا لىنىيىسى 586.663 كىلومېتىر، چېگرا باشقۇرۇش كۆلىمى 22 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، سىرتقا چىقىدىغان تاغ ئۆتەڭلىرى 20 دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 18 يولدا يىل بويى ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ. 1964- يىل 8- ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى، شۆۋ ھەربىي رايونى، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىنى چېگرىدىكى مەنئى قىلىنغان رايون قىلىپ بېكىتىپ 35 بەلگە تاختىيى ئورناتتى.

1975- يىلى، ئاپتونوم رايون چېگرىدىكى مەنئى قىلىنغان رايوننى چېگرا باشقۇرۇش رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ قۇلۇنچەرى، ئەرخۇگسەن، ئۇچكۆل، ساقا بۇلاق ساقچىخانىلىرىنىڭ چېگرا باشقۇرۇش كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ چېگرا باشقۇرۇش رايونى باشقۇرغان تەۋەلىك كۆلىمى 900 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشتى. قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋېلىق چېگرا باشقۇرۇش رايونىنىڭ باشقۇرۇش كۆلىمى 6700 كىلومېتىردىن ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 10 چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى بار بولدى. 1977- يىلى، قۇمۇلنىڭ چېگرا بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئادەم بولۇش، ھەممە ئائىلىلەردە قوراللىق بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئالتە چېگرا مۇداپىئە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ئالتە بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى، 28 بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسى، 19 ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى، 31 ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1979- يىل 5- ئاينىڭ 7- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئورۇنلىرى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئاساسلىق رايونلاردىكى بۆلەك، دائىرىلەرنى ئايرىش ئۆسۈلىنى قوللىنىپ، چېگرا

سىزىقنىڭ يۆنىلىشى ۋە چېگرا قوزۇقى ئىچىدىكى يەر شەكلى، يول ئۆتەڭلەر، سۇ مەنبەسى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە ئورنىنى بەلگىلەپ، چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرىنىڭ چېگرا باشقۇرۇش دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

1980- يىلى، چېگرا باشقۇرۇش ئۇل خىزمىتى كۈچەيتىلگەندىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىلىرى چېگرا رايونلاردا 24 ئارمىيە ـ خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە كومىتېتى، 10 پەسىل خاراكتېرلىك بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى، ئىككى چېگرا باشقۇرۇش ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى، 10 ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى قۇردى. ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيىلىدى، كېيىن ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرىدا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

1980 – 1989 - يىلىغىچە، 10 ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 41 ئامانلىق ساقلاش ئاكتىپى ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا چاقىرىلغان ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

## §8. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش

### 1. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش

1951- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇش، مەشىق قىلدۇرۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى.

1953- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىككى يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسى بېرىلگەن، ئەمگەك ئىقتىدارى بار بولغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىگە يۆتكەپ كېتىلىدىغان بولدى، باشقا جىنايەتچىلەر قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسىغا قالدى.

1954- يىل 12- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۆلكە كۆرسىتىش دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1955- يىلىنىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قارىمىقىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش ئەترىتىنى تەسىس قىلدى.

1957- يىل 3- ئاينىڭ 12- كۈنى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش 6- ئەترىتىگە، ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ نامى شىنجاڭ يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى ئۈچقورول دېھقانچىلىق مەيدانى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ نامى شىنجاڭ يەرلىك دۆلەت

ئىلكىدىكى ئاقىيەر بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1958- يىل 10- ئايدا، ئۈچقورول دېھقانچىلىق مەيدانى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، نامى ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، جازا مۇددىتى توشمىغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر ئاقىيەر بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتىگە يۆتكەپ كېتىلدى.

1959- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى.

1960- يىل 5- ئايدا، ئاقىيەر بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، شىنجاڭ يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى قۇمۇل يېڭى هايات ماشىنىسازلىق رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى.

1961- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى قۇمۇل شەھرىنىڭ بوغاز يېزىسىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى. 1964- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتتىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان جىنايەتچىلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شايار، خوتەندىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

2. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش

1958- يىل 3- ئايدا، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئالدىن سوراق قىلىش بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلدى.

1958- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1961- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى بىلەن ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى قوشۇۋېتىلدى.

1983- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. 45 ۋاقىتلىق شتاتى بولۇپ، ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1984 – 1990 - يىللىرىغىچە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا ئالتە قارار ساۋات چىقىرىش سىنىپى، ئىككى باشلانغۇچ سىنىپ، سەككىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئېچىپ، 820 ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 72.3% نى تەشكىل قىلدى. 1984 – 1986 - يىللىرىغىچە 89 كىشى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 14 كىشىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولۇپ، 15.7% نى؛ 71 كىشىنىڭ ئىپادىسى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، 79.7% نى؛ تۆت كىشىنىڭ ئىپادىسى ناچار بولۇپ، 4.6% نى تەشكىل قىلدى. 1986 – 1988 - يىللىرىغىچە، 127 كىشى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 24 كىشىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولۇپ، 18.1% نى؛ 68 كىشىنىڭ ئىپادىسى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، % 58.45 نى؛ 29 كىشىنىڭ ئىپادىسى ناچار بولۇپ، 22.8% نى؛ ئالتە كىشى قايتا جىنايەت سادىر قىلغان بولۇپ، قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 5.6% نى تەشكىل قىلدى.

1986- يىلىدىن كېيىن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن بوشىتىلغان 137 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەسلى

ئەمگەك مۇناسىۋىتى بار بولغان 55 كىشىدىن بىر كىشىنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەندىن باشقا، قالغان 54 كىشىنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىش كۈتۈپ تۇرغان 82 كىشىدىن يەتتە كىشى ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 15 كىشى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرىدە ئىشلىدى، 12 كىشى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى.

## [قوشۇمچە] مىنگو دەۋرىدىكى چېگرا مۇداپىئە ۋە ساقچى ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى

### 1. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قومۇل ئىش باشقارمىسى

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش، پاك- دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ج ك پ نىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ يېڭى سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، غەربىي كۆچلەرنى تازىلاپ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىكى مابۇفاڭ، ماخۇڭكۈي ھەمدە گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)،شېڭ شىسەي پەرمان چۈشۈرۈپ، چېگرا مۇداپىئە نازارەتچىلىك مەھكىمىسىدە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلدى. بۇ باشقارما قومۇلدا ئىش باشقارمىسى قۇردى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) قىشتا، جۇڭگو ئىشچى- دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى خېشى كارىدورىدا مابۇفاڭ قىسىملىرىنىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا قارشى تۇرۇۋاتقان پەيتتە، شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى شتابى ئورۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بېقىش ئۈچۈن جى دېيەنخەننى مەخپىي قومۇلغا ئەۋەتىپ، سودا شىركىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سودا قىلىش نامى بىلەن ئاخبارات توپلاتتى. شۇ يىلى شېڭ شىسەي قومۇل ۋىلايەتلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۇ جياتيەننى ئىش باشقارمىسىنى قۇرۇشقا ئەۋەتىپ، بۇ باشقارمىنىڭ تۇنجى مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. باشقارما قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇنىڭ باش ۋەزىپىسى يولۋاسنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىش ئىدى. يولۋاس قېچىپ كېتىپ توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، بۇ باشقارمىنىڭ خىزمەت نىشانى مەخسۇس مابۇفاڭ، ماخۇڭكۈي ۋە جياڭ جيېشىنىڭ شېڭ شىسەيگە دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، شىنجاڭنى ئىگىلىۋېلىش ئاماسىدا بولۇش ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارنى، شۇنداقلا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشى توغرىسىدىكى ئاخباراتلارنى توپلاشقا يۆتكەلدى. ئۇلارنىڭ ئاخبارات توپلاش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ئىشلار، مائارىپ، باج ئىشلىرى، جەمئىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي ئىشلار، قورال- ياراغ، ئارقا سەپ، ئۇرۇش پىلانى، ھەربىي مەشىق، ھەربىي ھەرىكەت، ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى، خادىملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھەرىكەت پىلانى ھەمدە تىلىگراما ئاپپاراتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق ئاخباراتلار مۇھىم نۇقتا قىلىناتتى.

شىڭشىڭشيا شۆبە ئىش باشقارمىسى قومۇل ئىش باشقارمىسىنىڭ شىڭشىڭشيا چېگرا مۇداپىئە ئۆتكىلىدە تۇرۇشلۇق ۋاكالەت ئاپپاراتى بولۇپ، شتاتتىكى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىلا يۈرگۈزۈلەتتى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، شېڭ شىسەي بۈيۈك «ئالتە سىياسەت» تىن ۋاز كەچتى، گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىردى. شۇ يىلى 5- ئايدا، شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك نازارەتچىلىك مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىلغار زاتلار ۋە ئىنقىلابىي يولداشلارنى قولغا ئالدى، سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئىنستىرۇكتورلار (ھەربىي ئوقۇتقۇچى) بۇيرۇققا بىنائەن دۆلىتىگە قايتتى، نازارەتچىلىك مەھكىمىسىنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى مىنگونىڭ 32- يىلى (1943-

يىلى) باھاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى 5- ئايدا، قۇمۇل ئىش باشقارمىسمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇ باشقارمىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىلغار زاتلار ۋە ئىنقىلابىي يولداشلار تۈرمىگە تاشلاندى. ئايرىم ساندىكى ۋاڭ شياۋدىيەنگە ئوخشاش تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالغانلار، ئۇزۇن مۇددەتلىك رۇخسەت سوراپ، يولۋاس ئېغىزىدىن قۇتۇلدى. بۇ باشقارمىنىڭ ئۆي، مال- مۈلۈكلىرىنى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. تۆگە، ئات- ئۇلاغ، ئاپتوموبىل، قورال- ياراغ قاتارلىقلار ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىندى.

2. شىڭشىڭشيا ساقچى ئىشلىرى گۇرۇپپىسى ۋە ساقچى ئىدارىسى

1) شىڭشىڭشيا ساقچى ئىشلىرى گۇرۇپپىسى مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 11- ئايدا شىڭشىڭشيا ساقچى ئىشلىرى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يىشىڭ ئۈستىگە ئالدى، بۇ گۇرۇپپا يولۇچىلارنى قاتتىق تەكشۈرگەندىن باشقا، شۇ جايدىكى ئورگان، مېھمانخانا، ئاشخانا، ماگىزىنلاردىكى خادىملارنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، ئېھتىياجلىق بولغان ئاخباراتلارنى توپلىدى.

1949- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇ گۇرۇپپىدىكى جاڭ شىمىن، چېن جىنجوڭ جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەندىن باشقا ئەزالارنى ھەممە ئىدارىدىكى ساقچى ئەمەلدارلىرىنى خەلق ھۆكۈمىتى ئەھۋالنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر تەرەپ قىلدى.

2). شىڭشىڭشيا ساقچى ئىدارىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە مىنگو دەۋرىدە شىڭشىڭشيادا پوچتا پونكىتى بار بولۇپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى ھەمدە يولۇچىلارنى كۈتەتتى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شىڭشىڭشيادا ساقچىخانا قۇرۇپ، يولۇچىلارنىڭ يۈك- تاقلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەتكەس ماللارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) ساقچىخانا كېڭەيتىلىپ شىڭشىڭشيا ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شىڭشىڭشيا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىمۇ ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە بۇ ئىدارىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، گومىنداڭ ھەممە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا ئېقىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇ جايدىكى ئورگانلاردىكى خادىملارنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى سۆز- ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىش، بارلىق ئەتكەس ماللارنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىنى تەكشۈرۈش، ئەپيۇن قاتارلىق چەكلەنگەن بۇيۇملارنى يۆتكەشنى چەكلەش، يولۇچىلارنىڭ يۈك- تاقلىرى، ئاپتوموبىل ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىدارىنى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى كونترول قىلىۋېلىپ، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار زاتلارنى تەكشۈرۈپ ئاختۇردى؛ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورگانلىرى ۋە خادىملىرىنى تەكشۈردى؛ قاتناشنى كونترول قىلدى؛ يولۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈردى؛ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى قاتارلىقلارنى رازۋېدكا قىلدى.

بۇ ئىدارە ئاچچىقسۇدا ساقچىخانا (1947- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) ۋە شياكۇدا تەكشۈرۈش پونكىتى (1945- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) قۇرغانىدى.

بۇ ئىدارە ئەسلىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقۇرۇش باشقارمىسىغا قارايتتى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 7- ئايدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا قارىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ ئىدارە نامدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە قارىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى ساقچى ئىشلار بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلدى.

3) يەتتە قۇدۇق ساقچى ئىدارىسى مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 5- ئايدا، يەتتە قۇدۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ قاتناشنى كونترول قىلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 3- ئايدا، يەتتە قۇدۇق ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە تەشكىلىي ئاپپاراتى كېڭەيتىلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 6- ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنى ئادەم ئەۋەتىپ ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئىشپىيونلار بىلەن ساقچىلارنى بىرگەۋدىلەشتۈردى.

# باب II

# تەپتىش

## §1. ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدىكى ياڭ زېڭشىن بىلەن جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، قۇمۇلدا مۇستەقىل ئەدلىيە ئورگىنى يوق بولۇپ، ھەق - تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ ھەممىسىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن قۇمۇل ۋاڭلىرى بىر تەرەپ قىلاتتى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئەدلىيە بىلەن مەمۇرىيەت ئايرىۋېتىلمىدى، ھاكىم يەنىلا ئەدلىيە خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) قىشتىن باشلاپ، قۇمۇلدا ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 2- ئاينىڭ 16- كۈنى، قۇمۇلدا ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا سوت، تەپتىش، كاتىبات ئەمەلدارلىرى تەسىس قىلىنىپ، ھاكىم تەپتىش ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئۆتەپ، بارلىق دەۋا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى، ئەدلىيە بىلەن مەمۇرىي ئاپپاراتلار ئايرىۋېتىلدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 11- ئاينىڭ 16- كۈنى، قۇمۇل ئەدلىيە باشقارمىسى قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. يەرلىك سوت مەھكىمىسىدە تەپتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، تەپتىش باشقارمىسىدا باش تەپتىش، كاتىبات ئەمەلدارى ۋە قانۇن ساقچىلىرىدىن بولۇپ 19 كىشى ۋەزىپە ئۆتىدى. مىنگونىڭ 33 – 38 - يىللىقىچە (1944 – 1949 - يىللىقىچە) جەمئىي ئالتە كىشى تەپتىش باشقارمىسىنىڭ باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. تەپتىش باشلىقلىرىنى تەيىنلەشتە كۆرسىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، تەپتىش باشلىقى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن دىپلومى بولۇشى ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇندا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇشى شەرت قىلىناتتى. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق

كۆرسىنى يۈتتۈركەنلەر تەپتىش باشلىقى بولۇش ئۈچۈن ئىككى يىل پراكتىكا قىلىشى لازىم ئىدى، بۇ ئۆگەنگۈچى تەپتىش ئەمەلدارى دەپ ئاتىلاتتى. تەپتىش باشلىقلىرىنىڭ سىياسىي ۋە تۇرمۇش مۇئامىلىسى باشقا ئوخشاش دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭكىدىن ئۈستۈن بولاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951- يىلى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئومۇمىي تەشكىلىي پرىنسىپى» نى ماقۇللىدى. بۇ ئومۇمىي پرىنسىپقا ئاساسەن، 9- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ۋە باركۆل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنى قۇردى، بۇ ئىككى مەھكىمىدە جەمئىي سەككىز كادىر- ساقچى بار ئىدى. 1955- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى. 1966- يىلىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە بىر شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى، ئۈچ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئاپپاراتى ساقلاپ قېلىندى، 25 كادىر- ساقچىسى بار ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، تەپتىش ئاپپاراتلىرى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1967- يىل 2- ئايدا ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1973- يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1979- يىل 1- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك، قۇمۇل شەھەرلىك، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەسلىگە كەلدى ۋە قۇرۇلدى. 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي بەش تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى (تۆمۈريول بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى تەپتىش مەھكىمىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كادىر- ساقچى 203 كە يەتتى.

تۆمۈريول ترانسپورت تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتىمىز تۆمۈريول ترانسپورت سىستېمىسىدا قۇرغان مەخسۇس تەپتىش ئاپپاراتى، 1982- يىل 1- ئايدا قۇمۇل تۆمۈريول ترانسپورت تەپتىش مەھكىمىسى تەشكىل قىلىنىپ، 5- ئاينىڭ 1- كۈنى سىرتقا قارىتا ئىش بېجىردى.

بىڭتۇەن قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1984- يىل 1- ئايدا قۇمۇل شەھىرىنىڭ دايىگفاڭدا قۇرۇلۇپ، 5- ئايدا ئىش باشلىدى.

## §2. جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

### 1. قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش

1951- يىلى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى جىنايەتچىلەرنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1954- يىلىدىن باشلاپ، ناھىيىلەردىكى تەپتىش ئاپپاراتلىرى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئەيىبلەش فۇنكسىيىسىنى يولغا قويدى.

1979- يىل 10 – 12 - ئايغىچە، ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەردىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئاپپاراتلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان دېلولارغا قارىتا قايتا تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، جىنايەتچىلەرنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشنىڭ توغرىلىق نىسبىتىنى %90 تىن ئاشۇردى. 1979 – 1987 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان جىنايەتچى 1506 بولۇپ، 1261 نى قولغا ئېلىش تەستىقلاندى، بۇ قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي دېلونىڭ %80.2 نى تەشكىل قىلدى. 653 كىشى چوڭ

دېلولارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قولغا ئېلىش تەستىقلانغىنى ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ % 51.6 ىنى تەشكىل قىلدى. 1983- يىل 8- ئايدىن 1986- يىل 12- ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى 750، 641 كىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ قولغا ئېلىندى، بۇ قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان ئومۇمىي سانىنىڭ 85.47% نى تەشكىل قىلدى. 1988- يىلى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ھەيئەتلىرى كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ «جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئەنگە ئېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ماقۇللاپ، 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، قولغا ئېلىشنى تەستىقلايدىغان، قولغا ئېلىشنى تەستىقلىمايدىغان دېلولارغا قارىتا ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈشتە داۋاملىق چىڭ تۇرغاندىن باشقا، ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان، ئەيىبلەنمەيدىغان دېلولارنىمۇ ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. 1988- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئوغرىلىق دېلولىرى گەۋدىلىك بولغاچقا، پەقەت 1- ئايدىن 5- ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا ئوغرىلىق قىلغان 53 جىنايەتچىنى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. بۇ تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان دېلونىڭ 77.9% نى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇنى 1987- يىلدىكى ئوخشاش مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 96% ئاشتى. ئوغرىلىق دېلولىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە ئىپادىلەندى: بىرىنچى، مال- چارۋىلارنى ئوغرىلاش كۆپ بولۇش؛ ئىككىنچى، ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلارنى ئوغرىلاش كۆپ بولۇش؛ ئۈچىنچى، ئېقىپ يۈرۈپ دېلو سادىر قىلىش كۆپ بولۇش؛ تۆتىنچى، بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش كۆپ بولۇش؛ بەشىنچى، ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى كۆپ بولۇش. 1988- يىلى ۋىلايەت بويىچە قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش نىسبىتى 100% كە يېتىپ، خاتا قولغا ئالماسلىق ئۇدا ئۈچ يىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1989- يىل 1- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 9- كۈنىگىچە، قۇمۇل شەھىرى ۋە تارانچى كان رايونىدا ئۇدا 10 قېتىم قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى، جىنايى ئىشلار تەپتىش كادىرلىرى دېلولارغا ئالدىن قاتنىشىپ رازۋېدكا قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، دېلولارنى نىھايىتى تېزلا پاش قىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتتىكى تەپتىش ئاپپاراتلىرى 43 دېلونى رازۋېدكا قىلىش، ئالدىن سوراققا قاتناشتى، 32 نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، دېلوغا ئالدىن قاتناشقان كادىر- ساقچى 104 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا بىرلىكتە تەكلىپ پىكىر 76 غا يەتتى.

2. ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈش

1956- يىلى، تەپتىش ئورگانلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئەيىبلەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

1951- يىل 9- ئايدىن 1966- يىلغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دېلودىن 903 نى قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 810 دېلونى ئەيىبلەشنى قارار قىلدى.

1980- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، «ئىككى قانۇن» ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئەيىبلەشنى تەكشۈرۈش ۋە سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۈستىگە ئالدى. 1981- يىل 1- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 23- كۈنىگىچە، ۋىلايەت تەۋەسىدە سەككىز قېتىم قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، خەلق ئامىسىدىن سەككىز كىشى ئۆلدى، تۆت كىشى ئېغىر يارىلاندى. شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئۆز ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ، كۈچ سەپلەپ چىڭ تۇتۇپ، قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلغانلىقتىن 8- ئايغىچە دېلولارنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. قىزىل يۇلتۇز 2- مەيدانىدىكى دۆڭ جوگجۇ، ما شياۋپىڭ قاتارلىق سەككىز كىشىنىڭ ئىككى ئادەمنى قەستەن يارىلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش دېلوسىنى بېجىرگەن چاغدا، دېلو ئەھۋالى مۇرەككەپ

بولغانلىقى، ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار جاۋابكارنى خەلق ئۈچۈن بالايىئاپەتنى يوقاتتى دەپ ھېسابلاپ، كۆپچىلىك نامىدىن خەت يېزىپ، سىياسىي- قانۇن ئورگانلىرىدىن جاۋابكارغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ، گۇرۇپپا تەشكىللەپ، زىيچ ماسلىشىپ، بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1983 – 1986 - يىللىغىچە، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 508 دېلودىكى 855 كىشىنى تەكشۈرۈپ، 461 دېلودىكى 744 كىشىنى ئەيىبلەشنى قارار قىلدى، بۇ سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلونىڭ 90.75% ىنى تەشكىل قىلدى؛ ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 26 دېلودىكى 67 كىشى بولۇپ، سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلونىڭ 5.1% ىنى تەشكىل قىلدى. ۋىلايەتتىكى ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى 1979- يىلى قايتا قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1987- يىلغا قەدەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەيىبلەشكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 1119 دېلودىكى 1782 كىشىنى تەكشۈرۈپ، 963 دېلودىكى 1465 كىشىنى ئەيىبلەشنى قارار قىلدى، 56 دېلودىكى 142 كىشىنى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلدى، 22 دېلودىكى 46 كىشىنى ئەيىبلىمىدى، 78 دېلودىكى 129 كىشىنى تولۇقلاپ رازۋېدكا قىلىپ، ئەيىبلەشنى نازارەت قىلىش فۇنكسىيىلىك رولىنى توغرا يولغا قويدى.

3. سوتقا چىقىپ ئەيىبلەش

1951- يىلى ۋىلايەتتىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، 1963- يىلى 48 قېتىم ئەيىبلەشنى قوللىدى، بۇ سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلونىڭ 53.23% ىنى تەشكىل قىلدى. توققۇز پارچە ئەيىبلەش سۆزى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، بۇ ئەيىبلەنگەن دېلونىڭ 18.75% ىنى تەشكىل قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەپتىش ئورگانلىرى قايتا قۇرۇلدى. 1978- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش خىزمىتىنى ئالدى بىلەن ئۇقتىدا سىناق قىلدى. 7- ئاينىڭ 10 كۈنى، قومۇل ۋىلايىتىدىكى تەپتىش ئورگانلىرى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم سوتقا چىقىپ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئەيىبلەشنى قوللاپ، جىنايەتچىلەرنى بويسۇندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇن- تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتتى. 1980- يىلى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى قومۇل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش خىزمىتىدىكى بىر قىسىم كونكرېت ئۇسۇل- چارىلىرىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ۋىلايەتنىڭ ئەيىبلەشنى قوللاش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

1980 – 1986 - يىللىغىچە، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى بىرىنچى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى جەمئىي 1304 قېتىم قوللاپ، 1244 پارچە ئەيىبلەش سۆزىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

4. رازۋېدكا پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش

1962- يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قولغا ئالغان دېلولارنىڭ ھەممىسىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تەپتىش ئورگانلىرىدا ئەسلىدىنلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

1979- يىلى، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رازۋېدكا قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش، يىغىۋېلىپ سوراق قىلىش، قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش، ئەيىبلەش، قاماش، جاۋابكارنى سوراق قىلىش، ئاممىدىن كەلگەن ئەرزلەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى

ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرىنى رازۋېد قىلدى. 1983- يىل 8- ئايدىن 1987- يىل 1- ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى داۋامىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى رازۋېدكا قىلغان 14 چوڭ دېلونىڭ رازۋېدكا پائالىيىتىگە قاتناشتى، رازۋېدكا قىلىش، قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئەيىبلەش ھالقىلىرىدا بايقالغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى يازما ماتېرىيال ئارقىلىق بەش قېتىم، ئېغىزاكى 16 قېتىم تۈزىتىلدى. 1980 – 1987 - يىلىغىچە، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىدىن 72 نى تۈزەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 50 قېتىم ئېغىزاكى، 22 قېتىم يازما ماتېرىيال ئارقىلىق تۈزەتتى.

### 5. سوت پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش

1953- يىلى سوت، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى «ئۈچ خىل خاتا دېلو» (خاتا قولغا ئېلىنغان، خاتا ئەيىبلەنگەن، خاتا ھۆكۈم قىلىنغان) غا قارىتا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. مەسىلەن، باركۆل ناھىيىسىدە ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولار، زومىگەرلىك دېلولىرى، ئەكسىيەتچىل پارتىيە- گۇرۇھلار، ئەكسىيەتچىل مەزھەپ- ئويۇشمىلارغا قارشى تۇرۇش دېلولىرى، ئىشپىيونلۇق دېلولىرى ھەمدە ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن 93 ى قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، خاتا قولغا ئېلىنغان دېلو يەتتە (قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلو سانىنىڭ 7.5% نى تەشكىل قىلدى)، خاتا ھۆكۈم قىلىنغىنى 21 (قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلو سانىنىڭ 22.6% نى تەشكىل قىلدى)، يېنىك جىنايەتكە ئېغىر ھۆكۈم قىلىنغىنى 32 (قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلو سانىنىڭ 34.4% نى تەشكىل قىلدى)، ئەسلى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنغىنى 30 (قايتا تەكشۈرۈلگەن دېلو سانىنىڭ % 32.5 نى تەشكىل قىلدى). خاتا قولغا ئېلىنغان، خاتا ھۆكۈم قىلىنغان، يېنىك جىنايەتكە ئېغىر ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنىڭ ئەھۋالى ۋىلايەتلىك پارتكومغا مەلۇم قىلىنىپ تۈزىتىلدى.

1957- يىلى، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى مۇۋاپىق بولمىغان، جازا ئۆلچەش بىرقەدەر ئېغىر ياكى يېنىك بولۇپ قالغان دېلولارغا قارىتا ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. بىر يىلدا ئەرز قىلىش تەرتىپى بويىچە ئۈچ دېلوغا، سوتنى نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە ئىككى دېلوغا ئېتىراز بىلدۈرۈلدى، سوت مەھكىمىسى بۇ دېلولارنىڭ ھەممىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە قايتا ھۆكۈم قىلدى.

1987- يىلى، سوت مەھكىمىلىرى بىر قەدەر يېنىك ياكى ئېغىر ھۆكۈم قىلىنغان 43 دېلوغا ئېتىراز بىلدۈردى، سوت مەھكىمىلىرى 21 دېلونىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتتى، بۇ ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ 48.8% نى تەشكىل قىلدى، قانۇنغا خىلاپ بېجىرىلگەن يەتتە دېلو ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىش ئارقىلىق تۈزىتىلدى.

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى داۋامىدا بىرىنچى، ئىككىنچى سوت ھۆكۈمىدىن 540 پارچىسى تەكشۈرۈلۈپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى جىنايەت پاكىتلىرىنى بېكىتىش ئېنىق بولمىغان، خاراكتېرىنى بېكىتىشى مۇۋاپىق بولمىغان، قانۇنلارنىڭ تەتبىقلىنىشى مۇۋاپىق بولماسلىقتىن جازا ئۆلچەشكە تەسىر يەتكەن، جازا ئۆلچەش بىر قەدەر يېنىك ياكى ئېغىر بولۇپ قالغان 21 دېلوغا قارىتا ئېتىراز بىلدۈرۈلدى. ئىككىنچى سوتتا 15 كىشىگە چېتىلىدىغان 12 دېلونىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ 57% نى تەشكىل قىلدى.

1988- يىلى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولارغا قارىتا دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى ئېتىراز بىلدۈرۈش مۇۋاپىق بولمىغان يەتتە دېلونىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈش قارارنامىسى قايتۇرۇۋېتىلدى.

1989- يىلى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى 11 دېلوغا ئېتىراز

بىلدۈردى. شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئۈچ پارچە ئېتىرازنامىنى قايتۇرۇۋالدى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ئىككى دېلونىڭ ئەسلى ھۆكۈمىنى ساقلاپ قالدى، ئالتە دېلونىڭ ھۆكۈمىنى قانۇن بويىچە ئۆزگەرتتى، ئېتىراز بىلدۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 75% كە يەتتى. تەپتىش مەھكىمىسى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۈچ قېتىم ئىككىنچى سوتقا قاتنىشىپ، ئۈچ دېلوغا قارىتا ئېتىراز سۆزىنى قوللاپ سوت مۇنازىرىسىگە قاتناشتى. ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ئاخىرىدا تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پىكرىنى قوللاپ، ئۈچ دېلونىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتتى.

1990- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە 1989- يىلىدىن بۇيان، يۇتۇكچىلەر سوتچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتەپ كېڭەشمە سوت ئېچىش، كېڭەشمە سوت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ سالاھىيىتى قانۇنغا ئۇيغۇن بولماسلىق دېلوسىدىن 13 نى بايقىدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار بۆلۈمى ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سوت مەھكىمىسىگە بۇ خىل ئەھۋالنى تۈزىتىش توغرىسىدا ئاغزاكى پىكىر بەرگەندىن باشقا، «قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشنى تۈزىتىش ئۇقتۇرۇشى» ئەۋەتتى، سوت مەھكىمىسى نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىپ دەرھال تۈزەتتى.

## §3. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

1951- يىل 9- ئايدا قۇمۇلدا تەپتىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، تارىخىي دەۋرلەردە تۈزۈلگەن قانۇن- تۈزۈم ۋە پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە ئاساسەن مەركىزىي خىزمەتكە ماسلىشىپ، رازۋېدكا قىلىش فۇنكسىيىسىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، قانۇن- تۈزۈم دېلولىرىنى رازۋېدكا قىلىشنى دەسلەپكى قەدەمدە قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ 1979- يىلى تەپتىش ئاپپاراتلىرى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، رازۋېدكا خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئادەم ۋە ئاپپاراتلار ئۈزلۈكسىز زورايدى ۋە مۇكەممەللەشتى. 1980- يىلىدىن كېيىن، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئاپپاراتلىرىدا ئارقا- ئارقىدىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگىنى قۇرۇلدى، رازۋېدچىك 23 كە يەتتى. 1990- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈمى «خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش بۆلۈمى» گە ئۆزگەرتىلدى. باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈملىرىنىڭ نامىمۇ «خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇن- تۈزۈم تەپتىش بۆلۈمى» گە ئۆزگەرتىلدى.

1955 – 1957 - يىللىرىچە، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش كۈچى كۈچەيتىلىپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئىقتىسادىي دېلولار يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1962 – 1966 - يىللىرىچە، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى «بەشكە قارشى تۇرۇش»، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى مەركىزىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، باشقا ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى رازۋېدكا قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. 1980- يىلى ۋىلايەت بويىچە ئەنگە ئېلىنغان ئىقتىسادىي تەپتىش كادىرى 19 غا يەتتى.

### 1. دېلو قوبۇل قىلىش، دېلو تۇرغۇزۇش

1954- يىلى، ۋىلايەتتىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلودىن جەمئىي 170

نى قوبۇل قىلدى. 1958 – 1961 - يىلىغىچە جەمئىي 420 دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1960- يىلى قوبۇل قىلىنغان دېلو 105 بولۇپ، 46 خىيانەتچىلىك دېلوسى بار. 1960 – 1966 - يىلىغىچە، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلودىن جەمئىي 75 نى قوبۇل قىلدى.

1979- يىلى، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي دېلولارنى رازۋېدكا قىلىشتا زور تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. 1987- يىلغا قەدەر، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلودىن 237 نى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1985 – 1987 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي دېلو 151. 1988 – 1989 - يىللىرى، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلودىن 159 نى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 83 ى خىيانەتچىلىك دېلوسى، 32 سى پارا بېرىش دېلوسى. 1986 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى جەمئىي 151 ئادەمگە چېتىشلىق 120 تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلو تۇرغۇزدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 71 ى خىيانەتچىلىك دېلوسى بولۇپ، 81 كىشىگە؛ 15 ى پارا بېرىش - پارا ئېلىش دېلوسى بولۇپ، 20 كىشىگە؛ يەتتىسى باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرۇش دېلوسى بولۇپ، توققۇز كىشىگە؛ باشقا دېلو 27 بولۇپ، 41 كىشىگە چېتىلىدۇ.

2. تەھقىقلەپ بىر تەرەپ قىلىش

1954- يىلىدىن ئىلگىرى، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىن جەمئىي 130 نى تەھقىقلەپ ئەيىبلىدى.

1954 – 1957 - يىلىغىچە، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىن 82 نى تەھقىقلەپ، 58 كىشىنى ئەيىبلىدى.

1962 – 1965 - يىلىغىچە، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى 72 ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىكى 74 كىشىنى تەھقىقلەپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 33 خىيانەتچى ئۇنسۇر بار.

1963- يىلىدىن كېيىن، ئىچكى قىسىمدا مەخسۇس خادىم تەكشۈرۈش، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قارار قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش دېلو بېجىرىش تۈزۈملىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى. 1981- يىلى ناھىيىلىك، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش تارماقلىرى يەتتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مالىيە، سودا، كان- كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالىنى ئېنىقلىدى، ۋىلايەت بويىچە 11 كىشىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى بار بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. 1981- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى 18 ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىكى 22 ئادەمنىڭ دېلوسىنى تەھقىقلىدى، ئالتە دېلودىكى سەككىز كىشىنى ئەيىبلىدى، ئالتە دېلودىكى ئالتە كىشىنى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلدى، ئىككى دېلودىكى ئىككى كىشىنىڭ دېلوسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 45 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇۋالدى. 1983 – 1985 - يىلىغىچە، 44 ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسىدىكى 65 كىشىنىڭ دېلوسىنى تۇرغۇزۇپ، 25 دېلودىكى 33 كىشىنى سوتتا ئەيىبلەپ، 16 دېلودىكى 29 كىشىنى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئۈچ دېلودىكى تۆت كىشىنىڭ دېلوسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ 190 مىڭ 300 يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنىنى قايتۇرۇۋالدى.

1986 – 1987 - يىللىرى، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىش تارماقلىرى مۇھىم نۇقتىنى تۇرغۇزۇلۇپ بولغان دېلولارنى تەھقىقلەشكە قارىتىپ، 32 دېلودىكى 47 كىشىنىڭ دېلوسىنى تەھقىقلەپ، 14 دېلودىكى 23 كىشىنى ئەيىبلىدى، 13 دېلودىكى 19 كىشىنى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلدى، بەش دېلودىكى ئالتە كىشىنىڭ دېلوسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 208 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى. 1988 – 1990 -

يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 84 دېلودىكى 103 كىشىنىڭ ئىقتىسادىي دېلوسى تەھقىقلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، 31 دېلودىكى 37 كىشى ئەيىبلەندى، 34 دېلودىكى 42 كىشى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى، سەككىز دېلودىكى توققۇز كىشىنىڭ دېلوسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 844 مىڭ 500 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

1980 – 1990 - يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەپتىش سىستېمىسى بىجىرگەن ئىقتىسادىي دېلولار (جەدۋەل: 24 - 1)

| ئورنى | تۈرى \ يىللار | 1980 دې. | 1980 كى. | 1981 دې. | 1981 كى. | 1982 دې. | 1982 كى. | 1983 دې. | 1983 كى. | 1984 دې. | 1984 كى. | 1985 دې. | 1985 كى. | 1986 دې. | 1986 كى. | 1987 دې. | 1987 كى. | 1988 دې. | 1988 كى. | 1989 دې. | 1989 كى. | 1990 دې. | 1990 كى. |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى | قوبۇل قىلىنغىنى | 3 | | 5 | | | | 1 | | | | 10 | | | | | | 2 | | 13 | | | |
| | تۇرغۇزۇلغان دېلو | | | | | | | | | | | 1 | 1 | | | | | | | 9 | 14 | 7 | 7 |
| | ئەيىبلەنگىنى | | | | | 1 | 2 | | | | | | | | | | | | | | | 2 | 3 |
| | ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | 2 | 3 | 6 | 7 |
| | قايتۇرۇۋېلىنغىنى | 1 | 1 | | | | | | | | | | | | | | | | | 1 | 1 | | 2 |
| قۇمۇل شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى | قوبۇل قىلىنغىنى | 3 | | 12 | | 12 | | 10 | | 11 | | 32 | | 23 | | 20 | | 26 | | 42 | | | |
| | تۇرغۇزۇلغان دېلو | 2 | 2 | 3 | 4 | 6 | 7 | 7 | 14 | 7 | 12 | 8 | 15 | 12 | 22 | 8 | 8 | 25 | | 17 | 24 | 20 | 23 |
| | ئەيىبلەنگىنى | 1 | 1 | 2 | 3 | 1 | 1 | 5 | 7 | 5 | 8 | 6 | 9 | 6 | 12 | 3 | 3 | 12 | 15 | 9 | 10 | | |
| | ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى | | | 1 | 1 | 3 | 3 | 1 | 3 | 2 | 3 | 1 | 8 | 4 | 7 | 3 | 4 | 7 | 10 | 12 | 17 | 6 | 7 |
| | قايتۇرۇۋېلىنغىنى | | | | | | | | | 1 | 1 | | 1 | 1 | 3 | 3 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | | 4 |
| بارىكۆل ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسى | قوبۇل قىلىنغىنى | 1 | | 3 | | 7 | | 12 | | 3 | | 22 | | 15 | | 7 | | 3 | | 11 | | | |
| | تۇرغۇزۇلغان دېلو | 1 | 1 | 1 | 1 | 3 | 4 | 9 | 11 | 2 | 2 | 6 | 6 | 7 | 9 | 3 | 7 | 2 | | 5 | 6 | 6 | 9 |
| | ئەيىبلەنگىنى | | | | | | | 6 | 6 | 2 | 2 | | | 2 | 2 | 2 | 5 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| | ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى | 1 | 1 | | | | | 2 | 3 | 2 | 4 | 6 | 6 | 5 | 6 | 1 | 2 | 1 | 1 | 2 | 3 | | |
| | قايتۇرۇۋېلىنغىنى | | | | | | 1 | 1 | | | | | | | | 1 | 2 | | | | | 1 | 3 |
| ئارا تۈرۈك ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسى | قوبۇل قىلىنغىنى | | | 6 | | 1 | | 4 | | 2 | | 6 | | 3 | | 3 | | 2 | | 7 | | | |
| | تۇرغۇزۇلغان دېلو | | | | | | | 1 | 1 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 | | | 2 | | 5 | 5 | 2 | 2 |
| | ئەيىبلەنگىنى | | | | | | | 1 | 1 | | | 1 | 1 | 1 | 1 | | | | | 1 | 1 | 1 | 1 |
| | ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى | | | | | | | | | | | 2 | 2 | | | | | | | 2 | 2 | 3 | 3 |
| | قايتۇرۇۋېلىنغىنى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | 1 | 1 | | |
| قايتۇرۇۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان (بىرلىكى تۈمەن يۈەن) | | 0.43 | | 0.40 | | 3.52 | | 20 مىڭ 800 يۈەن، يەنە ئەترىپىل 13.68 كۇب مېتىر | | 5.90 | | 11.43 | | 14.08 | | 6.78 | | | | | | | |

ئىزاھ: قۇمۇل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى 1984- يىلى قوشۇۋېتىلدى، بۇ جەدۋەلدە قۇمۇل شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكىسى ئاساس قىلىندى.

# §4. قانۇن- ئىنتىزام تەپتىشلىكى

1. دېلو قوبۇل قىلىش، دېلو تۇرغۇزۇش

1962 – 1965 - يىلىغىچە، جەمئىي 75 دېلودىكى 67 كىشىنىڭ ئېغىر ھالدا قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى قوبۇل قىلىندى. 1979- يىلى قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قىيناپ سوراق قىلىپ، قەستەن ئىقرار قىلدۇرۇش، تۆھمەت چاپلاش، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش، قانۇنسىز رىجىمغا ئېلىش، باشقىلارنىڭ تۇرالغۇسىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇش، ئۆچ ئېلىپ زىيان يەتكۈزۈش، قانۇنسىز ھالدا باشقىلارنى دىنىي ئېتىقاد ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە دەخلى- تەرۇز يەتكۈزۈش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ زىيانكەشلىك قىلىش، جىنايى ئىسپاتنى يوشۇرۇش، پۇقرالارنىڭ خەت- ئالاقە ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزۈش، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش، ناھەق سورۇشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىش دېلوسى، ئۆز ئالدىغا جىنايەتچىلەرنى قويۇۋېتىش، ئۆز ئالدىغا باشقىلارنىڭ خەت- چەك، پوچتا يوللانمىلىرى، تېلېگراممىلىرىنى ئېچىۋېتىش، يوشۇرۇپ قويۇش، بۇزۇۋېتىش قاتارلىق قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى قوبۇل قىلدى. 1983 – 1987 - يىلىغىچە، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ زور ھادىسە پەيدا قىلىش دېلوسى، خىزمەت ئورنىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش دېلوسى، قوش نىكاھلىنىش دېلوسىنىمۇ تەپتىش تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. قانۇن- ئىنتىزام تەپتىشلىكى تارماقلىرى تۈرلۈك قانۇن- ئىنتىزام دېلوسىدىن 242 نى قوبۇل قىلىپ، 141 دېلونى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1954 – 1957 - يىلىغىچە، جەمئىي 117 دېلو قوبۇل قىلىندى.

1962 – 1965 - يىلىغىچە، قانۇنسىز ئاختۇرۇش، ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىش، داۋالاش ھادىسىسى، كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز يەتكۈزۈش، قىيناپ سوراق قىلىپ، قەستەن ئىقرار قىلدۇرۇشقا دائىر جەمئىي 72 دېلو تۇرغۇزۇلدى.

1979 – 1985 - يىلىغىچە، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرلۈك قانۇن- ئىنتىزام دېلوسىدىن جەمئىي 25 نى تۇرغۇزدى، مۇھىم دېلولارنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلدى. 1987 – 1990 - يىلىغىچە، خىزمەت ئورنىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ زور ھادىسە پەيدا قىلىش دېلوسىدىن جەمئىي 19 نى تۇرغۇزدى.

1988 – 1990 - يىلىغىچە، جەمئىي 66 قانۇن- ئىنتىزام دېلوسى تۇرغۇزۇلدى.

2. تەھقىقلەش، بىر تەرەپ قىلىش

1956 – 1957 - يىللىرى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قانۇن- ئىنتىزام دېلوسىدىن 66 نى تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەپ، 36 نى ئەيىبلىدى. 1962- يىلىدىن كېيىن قانۇن- ئىنتىزام دېلولىرىنى تەھقىقلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1965- يىلىغا قەدەر، 72 قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى تۇرغۇزۇلۇپ، 74 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، 38 كىشى قولغا ئېلىندى. باشقا دېلولار مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

1979 – 1982 - يىلىغىچە، تۈرلۈك قانۇن- ئىنتىزام دېلوسىدىن 83 ى قوبۇل قىلىنىپ، 16 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ تەھقىقلەندى، قالغان 67 دېلو باشقا ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. 1984- يىلى سىياسىي- قانۇن ئورۇنلىرىدىكى

خىزمەتچى خادىملار قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، قىيناپ سوراق قىلىپ، قەستاپ ئىقرار قىلدۇرغان، تەن جازاسى بېرىپ جىنايەتچىلەرنى خورلىغان، قانات ئاستىغا ئالغان تۆت دېلودىكى بەش كىشى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى. 1984 – 1990 - يىلىغىچە، تۈرلۈك قانۇن- ئىنتىزام دېلوسىدىن جەمئىي 35 ى تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلۈپ تەھقىقلىنىپ، 18 دېلودىكى 20 كىشى ئەيىبلەندى. 1984 – 1987 - يىلىغىچە، قىيناپ سوراق قىلىپ، قەستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، قانۇنسىز قاماش، جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىش، جىنايەتچىلەرنى خورلاپ تەن جازاسى بېرىش دېلوسىدىن بەشنى تەھقىقلەپ، ئالتە كىشىنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سىياسىي- قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر- ساقچىلىرى ئېغىر ھالدا قانۇن- ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان بەش كىشىگە چېتىشلىق دېلو تۆت، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ زور ۋەقە سادىر قىلغان بەش كىشىگە چېتىشلىق دېلو تۆت، خىزمەت ئورنىدا بىپەرۋالىق قىلغان توققۇز كىشىگە چېتىشلىق دېلو سەككىز.

## §5. تۈرمە تەپتىشلىكى

**1. جىنايى ئىشلار ھۆكۈمى ۋە كېسىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بولغان نازارەتچىلىك**

1980- يىل 2- ئاينىڭ 29- كۈنى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى تۈرمە تەپتىش بۆلۈمى تەسىس قىلدى. ناھىيە (شەھەر) لىك تەپتىش مەھكىمىلىرى كېيىن- كېيىندىن مەخسۇس خادىم سەپلەپ، ناھىيە (شەھەر) لىك تۈرمە، قاماقخانىلارغا قارىتا تەپتىشلىكنى يولغا قويدى. 1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە تۈرمە تەپتىش كادىرى يەتتە كىشىگە يەتتى. 1982- يىلى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى بىر كىشىنى ۋىلايەتلىك قاماقخانىغا تەپتىشلىككە ئەۋەتتى.

جىنايى ئىشلار ھۆكۈمى ۋە كېسىمىگە قارىتا نازارەتچىلىك قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى جىنايى ئىشلار بويىچە، ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ بولغان جىنايەتچىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىغا ئېلىپ بارغان- بارمىغانلىقىنى تەپتىش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزگەرتىشكە قارشى چىقىپ يەنە قايتا جىنايەت ئۆتكەزگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگۈچىلەر، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملارنى قانۇن بويىچە سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ ئەيىبلەشتىن ئىبارەت. 1958 – 1963 - يىلىغىچە، 70 كىشىگە جىنايى ئىشلار بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان بولۇپ، جىنايىتىگە ئىقرار قىلىپ، قانۇنغا بويسۇنۇپ توۋا قىلغان 58 كىشىنىڭ قانۇن بويىچە جازا مۇددىتى قىسقارتىلدى. جىنايەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەرزلىرى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مۇددىتى توشقان بولسىمۇ قويۇپ بېرىلمىگەن قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللار قانۇن بويىچە تۈزىتىلدى. 1959- يىلى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن 20 كىشى ئالاھىدە كەچۈرۈمگە ئېرىشتى.

1979- يىلى، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا مانلىشىپ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئۈچ قاماقخانىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىپ، قانۇنغا خىلاپ تۇتۇپ تۇرۇلغان، قويۇۋېتىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ قويۇپ بېرىلمىگەن، ھۆكۈمى ئېلان قىلىنىپ بولغان بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىلمىگەن قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئېنىقلاپ تۈزەتتى.

شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تۈرمە تەپتىشلىك بۆلۈمى قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنى تىزىملاش كارتوچكىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلغان، قولغا ئېلىنغان، ئەيىبلەنگەن، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان ھەمدە دەۋا قىلىش جەريانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تىزىملاپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى دەل

ۋاقىتىدا تۈزىتىپ، ھۆكۈم- كېسىملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقۇرۇش، تەربىيىلەشكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، قاماقخانىدىكى جىنايەتچىلەرگە قارىتا جىنايىتىگە ئىقرار قىلىپ، قانۇنغا بويسۇنۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزگەرتىشكە بويسۇنماسلىق ئەھۋاللىرىغا زەربە بەردى.

1983- يىل 8- ئاينىڭ 13- كۈنى، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تۈرمە تەپتىشلىك بۆلۈمىدىكى بارلىق كادىر- ساقچىلار تۇرۇشلۇق جايدىكى قاماقخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇردى ھەمدە قاماقخانىنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇردى. ھۆكۈمى چىقىرىلغان ھامان ئۆزگەرتىلىدىغان ئورۇنغا ئۆز ۋاقتىدا يۆتكىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1980 – 1990 - يىللىغىچە، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تۈرمە تەپتىشلىكىدە، ھۆكۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشنى باشتىن- ئاخىر مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتتى. جىنايەتچىلەرنىڭ تۈرمىدىن قېچىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ قولغا چۈشۈردى.

تەپتىش ئورگانلىرى قاماقتىكى جىنايەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەرزلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. دېلودا ھەقىقەتەن مەسىلە بارلىقى سېزىلگەن ھامان دېلو بېجىرگەن ئورۇن بىلەن دەرھال ئالاقىلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، قايتا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئورۇنسىز ئەرزلەرنى جىددىي رەت قىلىپ، جىنايىتىگە ئىقرار قىلىپ قانۇنغا بويسۇنۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى، ھەقىقەتەن خىزمەت كۆرسەتكەن جىنايەتچىلەرگە نىسبەتەن جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش تەكلىپلىرىنى بېرىپ، جىنايەتچىلەرنى تېزراق ئۆزگىرىپ، بالدۇرراق ياخشى ئادەم بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى. رېجىمغا ئېلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىش، جازانىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلىش، تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش ھۆكۈمى ئېلان قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى (قىسقارتىلىپ «بەش خىل جىنايەتچىلەر» دېيىلدى) تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىپ ئىجرا قىلماي، جەمئىيەتكە قويۇپ بېرىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇل بولۇپ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. تەپتىش ئورگانلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان «بەش خىل جىنايەتچىلەر» نىڭ جىنايىتىگە ئىقرار قىلىپ قانۇنغا بويسۇنۇش، باشقۇرۇشقا، ئۆزگەرتىشكە بويسۇنۇش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىجرا قىلغان- قىلمىغانلىقىغا قارىتا نازارەتچىلىكنى يولغا قويدى.

شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىدىن ھەر يىلى «بەش خىل جىنايەتچىلەر» نى ئۆزگەرتىش، تەربىيىلەش خىزمىتىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىملىق تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1990- يىلغىچە، قەرەللىك ھالدا ئومۇميۈزلۈك تەپتىش قىلىش بىلەن قەرەلسىز ھالدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «بەش خىل جىنايەتچىلەر» گە قارىتا جەمئىي 521 ئادەم (قېتىم) تەپتىشلىك قىلدى. تەپتىشلىكتىن كېيىن كارتوچكا تۇرغۇزۇپ، ئومۇميۈزلۈك مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالىنى خاتىرىلىدى.

2. تۈرمە باشقۇرۇش، ئۆزگەرتىش ئورگانلىرىنىڭ ئىجرا پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش

1952- يىلى، ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى (مەيدانى) دىكى جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق قامالغان- قامالمىغانلىقى ھەمدە سىياسەت، قانۇن- بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش قىلغان- قىلمىغانلىقىغا قارىتا ئۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەپتىش جەريانىدا 15 كىشىنىڭ خاتا قولغا ئېلىنغانلىقى، قولغا ئېلىنىپ- ئېلىنماي بولىدىغان 74 كىشىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەنلىكى، بەش كىشىنىڭ ئېغىر جىنايىتىگە يېنىك ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقى، 43

كىشىنىڭ يېنىك جىنايىتىگە ئېغىر ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقى، ئالتە كىشىنى قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ قويۇپ بېرىلمىگەنلىكى، يەتتە كىشىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى بايقىلىپ، قانۇن بويىچە تۈزىتىلدى.

1953 – 1958 - يىلغىچە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى (مەيدانى) نىڭ تۈرمىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ساقلانغان «ئەمگەككىلا قىلدۇرۇپ ئۆزگەرتمەسلىك، باشقۇرۇپلا قويۇپ تەربىيىلىمەسلىك» ھەمدە «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋاقتى توشسىلا قويۇۋېتىش» تەك ئەھۋاللارنى نۇقتىلىق تۈزەتتى، جىنايەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئۆزگەرتىشكە قارشى چىقىش، تۈرمىدىن قېچىش قاتارلىق يېڭىدىن سادىر قىلغان جىنايى ھەرىكەتلىرىنى قايتىدىن تەكشۈردى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش، تەربىيىلەش، ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، جىنايەتچىلەر ئارىسىدا تۆھپىسى بىلەن گۇناھىنى يېزىش تۈزۈمىنى قانات يايدۇردى.

1961 – 1963 - يىلغىچە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدا قالدۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان «ئۈچ خىل» خادىملارنى ئېنىقلىدى. ئۈچ يىلدا جەمئىي 2690 دېلو ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ، «ئۈچ خىل» خادىملاردىن 610 نى ئېنىقلاپ چىقتى (بۇنىڭ ئىچىدە، 52ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچى، 400ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلار، 158 ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا قېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار بار). بۇنىڭدىن باشقا يەنە، جىنايەتچىلەر پۇل ۋە مال- مۈلۈكلەرنى باشقۇرۇش، خالىغانچە كوچىلارغا چىقىش، ئۆز مەيلىچە ئائىلىسىگە قايتىش قاتارلىق باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىخۇدلۇق قىلمىشلىرىنى تەپتىش قىلىپ تۈزەتتى.

1981 – 1982 - يىللىرى، تۈرمە تەپتىشلىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىشقا ماسلىشىش، ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش، ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قانۇن- تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، مەدەنىي باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

1983- يىلى، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى باشلاندى. جەڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرى قاماقخانىلارغا ھەمكارلىشىپ «قاتتىق زەربە بېرىش» نىڭ تەييارلىق خىزمىتى ۋە جىنايەتچىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ دېلو ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا قارىتا زۆرۈر بولغان باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، تۈرمە قائىدىلىرىگە خىلاپ ئەھۋاللارنى جىددىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى يولغا قويۇپ، تاپشۇرۇۋېلىپ قاماش، تىزىمغا ئېلىش تۈزۈملىرىنى چىڭىتتى.

دېلو بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىش رەسمىيەتلىرىنىڭ تولۇق بولماسلىق ئەھۋاللىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىپ، يوچۇقلارنى توسىدى ۋە كونترول قىلدى. قاماقخانىدىكى كادىر- ساقچىلار ۋە دېجورنىلىق قىلىۋاتقان قوراللىق ساقچىلارنىڭ قاماقتىكى جىنايەتچىلەرگە تەن جازاسى بېرىش ئەھۋاللىرىنى تۈزەتتى. 1985- يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىكى يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىغا قارىتا تەپتىشلىك ئېلىپ باردى.

1988- يىلى، ۋىلايەتلىك قاماقخانا ۋە ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ تەربىيىلەشكە سەل قاراش، قائىدە- تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلماسلىق، باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش ئەھۋاللىرىغا قارىتا شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى كۆپ قېتىم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورۇنلىرىغا تەكلىپ بېرىپ، بۇ ئىككى ئورۇننىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆزگەرتتى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ھەمكارلىشىپ قاماقخانىلارنى تەرتىپكە سالدى. 1990- يىلى ئىككى قېتىملىق ئېغىر ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

## §6. ئەرز، دەۋا تەپتىشلىكى

1985- يىلى 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئەرز دەۋا تەپتىشلىكى بۆلۈمى تەسىس قىلغاندا مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئىككى خادىم بار ئىدى. 1990- يىلغا كەلگەندە تۆت كىشىگە يەتتى. قۇمۇل شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى 1987- يىلى 12- ئايدا ئەرز، دەۋا بۆلۈمىنى قۇرۇپ، تۆت مەخسۇس خادىمنى ۋەزىپە ئۆتەشكە سەپلىدى. باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىدىكى ئىشخانا مۇدىرلىرى ئەرز- دەۋا خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

### 1. ھال - ئەھۋال ئىبىتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

1951- يىلى 9- ئايدا، ھال - ئەھۋال ئىيتىپ كەلگەن ئادەمنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئادەمدىن كەلگەن خەت- چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1952- يىلى، ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، يوشۇرۇنۇۋالغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلار، دۈشمەن ئۇنسۇرلار ۋە ئىشپىيونلار پاش قىلىندى. شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ئامما توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا- بازارلارنىڭ ھەممىسىدە پاش قىلىش ساندۇقى ئورناتتى، پارىخورلۇقنى پاش قىلىش جەمئىيىتىكى خەت- چەكتىنلا 187 نى تاپشۇرۇۋېلىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 75 دېلونى ئەيىبلىدى.

1960 – 1964 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئادەمدىن كەلگەن خەت- چەكلەردىن جەمئىي 405 پارچىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دېلونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزى بېجىرىشكە تېگىشلىكلەرنى ئۆزى بېجىرىپ، بېجىرىشكە تېگىشلىك بولمىغانلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەپتىش ئورگانلىرى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرز، دەۋا دېلولىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1979 – 1982 - يىلىغىچە، جەمئىي 2133 ئەرز، دەۋا دېلوسى قوبۇل قىلىندى. 1983 – 1987 - يىلىغىچە، ئەرز، دەۋا دېلوسىدىن 1435 ى قوبۇل قىلىندى. 1988- يىلى 8- ئاينىڭ 18- كۈنى ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى پاش قىلىش مەركىزى (پونكىتى) قۇرۇپ، ۋۇقىسىكا ئىبىپ ئىش باشلىدى. شۇ يىلى 11- ئايغا قەدەر 24 دېلونى قوبۇل قىلدى (يەتتە خىيانەتچىلىك دېلوسى، ئىككى باج ئوغرىلاش دېلوسى، بىر مەسئۇلىيەتسىزلىك دېلوسى، 14 باشقا دېلو ).

1989- يىلى، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ پاش قىلىش مەركەز (پونكىت) لىرى پاش قىلىش يىپ ئۇچىغا ئاساسەن 187 دېلونى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 50 خىيانەتچىلىك دېلوسى، 25 پارا قوبۇل قىلىش دېلوسى، 12 ھايانكەشلىك دېلوسى، 24 قانۇن- ئىنتىزام دېلوسى، 76 باشقا دېلو بار.

1990- يىلى، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئەرز، دەۋا دېلوسى، پاش قىلىش ماتېرىيالىدىن 272 نى تاپشۇرۇۋالدى، بۇنى ئالدىنقى يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 26% ئاۋايدى.

### 2. تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش ۋە قايتا تەكشۈرۈش

1951 – 1966 - يىلىغىچە، ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئەرز دېلولىرىنى پائال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ

قىلدى.

1979 – 1985 - يىللىرىچە، ئەرز، دەۋا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تارىخىي دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش، ئۇۋال قىلىنغان، يالغان، خاتا دېلولارنى تۈزىتىش بولدى.

1979- يىلى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى، سوت مەھكىمىلىرىگە ھەمكارلىشىپ، ئۇۋال قىلىنغان، ساختا، خاتا دېلولار ۋە بېسىلىپ قالغان دېلودىن 26 نى قايتا تەكشۈرۈپ، «تۆت خىل ئۇنسۇرلار» (پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر ۋە بۇزۇق ئۇنسۇرلار) دىن 67 كىشىنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى.

1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەتنىڭ تەپتىش ئورگانلىرى ئامما دىن كەلگەن ئەرز، دەۋادىن 4295 پارچىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاممىدىن كەلگەن خەت 2551 پارچە، ئەرز قىلىپ كەلگەن ئاممىسى 1744 ئادەم (قېتىم). 341 دېلونى تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 406 دېلوغا بىۋاسىتە جاۋاب بەردى، قالغان دېلولار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئەرز قىلىپ كەلگەن ئامما ۋە خەتلەر ئىچىدە ئەرزگە تەۋە دېلو 964، ئىلتىماسەن ئەرزگە تەۋە دېلو 1552، تۇنجى قېتىم ئەرز، دەۋا قىلىپ كەلگەن دېلو 2170، تەكرار ئەرز قىلىپ كەلگەن دېلو 791.

1988- يىلى، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىدا پاش قىلىش مەركىزى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990- يىلىغىچە، جەمئىي 375 قېتىملىق پاش قىلىشنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك دېلوسى 91، پارا ئېلىش دېلوسى 50، باشقا ئىقتىسادىي دېلو 69، قانۇن - ئىنتىزام دېلوسى 51، ھايانكەشلىك دېلوسى 57، باشقا دېلو 51.

تەپتىش مەھكىمىلىرىدىكى ئەرز تارماقلىرى ئاممىدىن كەلگەن ئەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئەرزىيەت كادىرلىرىنى ئاساس قىلغان 14 كىشىلىك قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 1986- يىل 10- ئايدىن باشلاپ ۋىلايەتتىكى ئۇۋال قىلىنغان تارىخىي دېلولارغا قارىتا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 1987- يىل 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتۇردى. قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، تەپتىش ئورگانلىرى قايتا قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 1806 دېلو ماتېرىيالىنى كۆرۈپ چىقىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان 61 تارىخىي دېلودىكى 61 كىشىنى تېپىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلاب دېلوسى 50 بولۇپ، 50 كىشىگە، باشقا جىنايى ئىشلار دېلوسى 11 بولۇپ، 11 كىشىگە چېتىلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان 61 تارىخىي دېلونى قايتا. قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 24 دېلودىكى 24 كىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ قايتا تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان، ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان تارىخىي دېلو سانىنىڭ 39% ىنى تەشكىل قىلدى. 33 دېلودىكى 33 كىشى ئۈستىدە چىقىرىلغان ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىندى. بۇ ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان تارىخىي دېلو سانىنىڭ 54% ىنى تەشكىل قىلدى. 1988- يىلى ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئومۇمىي كۈرىشىگە قاتنىشىپ، ئومۇمىي كۈرەشنى 22 پارچە ئىقتىسادىي جىنايەت يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، باشقا قانۇنغا خىلاپلىق دېلوسىدىن 17 سى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلىنغان دېلو ئالتە بولۇپ، سەككىز كىشىگە چېتىلىدۇ، باشقا دېلولار مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، 49 مىڭ 533 يۈەن 53 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

1989- يىلى قوبۇل قىلىنغان دېلولار ئىچىدىن 34 پارچە يىپ ئۇچى بايقىلىپ، ئالتە دېلو تۇرغۇزۇلدى، تۆت دېلو تەكشۈرۈلۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئىككى دېلو ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىندى، 180 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

# III باب

# سوت

## §1. ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇلغا خان ئامبال ۋە ياردەمچى خان ئامبال قويۇلدى، باركۆل ناھىيىسىدە باشلامچى خان ئامبال قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھەم ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ھەم ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا قۇمۇل، باركۆلدە بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە قۇرۇلۇپ ئەدلىيە ئىشلىرىنى ۋالىي، ھاكىملار بىلەن ياندىش ئاياقبېگى قوشۇمچە ئۆتەيتتى، ئەدلىيە مەمۇرىيەتكە تەۋە بولۇپ، ئەدلىيە بىلەن مەمۇرىيەت قوشۇۋېتىلگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل بىلەن باركۆلدە بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە قۇرۇلۇپ، ھاكىملار بىلەن ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى يەرلىكنىڭ توپۇس، يەر بېجى، چارۋا ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن باشقا، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قۇمۇلنىڭ مەمۇرىيىتىدە ئەدلىيە ئورگىنى تەسىس قىلىنمىغان بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە پەقەت بىر سوتچىلا بار ئىدى، ئۇ (ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى، مىنگونىڭ 25- يىلىدىن كېيىن، ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىۋاسىتە ئادەم ئەۋەتىپ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى) ھاكىمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، قۇمۇلدا ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، قۇمۇل ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ نامى قۇمۇل يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. يەرلىك سوت مەھكىمىسىدە تەپتىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، تەپتىش ئەمەلدارلىقىنى ھاكىم ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلار قوشۇمچە ئۆتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇمۇل ناھىيىسىدە ئەدلىيە بىلەن مەمۇرىيەت ئايرىۋېتىلدى. باركۆل بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى يەنىلا ھاكىم قوشۇمچە ئۆتىدى، ئەدلىيە يەنىلا مەمۇرىيەتكە تەۋە بولدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ۋاڭلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل ھالدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەرزلەرگە ھۆكۈم قىلاتتى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى. باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاق قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەرزلەرنى شۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلاتتى، يەرلىك ھۆكۈمەت ئادەتتە بۇنىڭغا ئارىلاشمايتتى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چىڭ سۇلالىسىدىن مىنگو دەۋرىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى بىرلىككە كەلمىگەن بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت، قۇمۇل ۋاڭلىرى، قازاق قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. قەبىلە باشلىقلىرى، دىنىي ئىمتىيازغا ئىگە قالدۇق كۈچلەرنىڭ سوت قىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سوت ھوقۇقىنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىر تۇتاش يۈرگۈزىدىغان بولدى.

## §2. جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش

1950- يىل 5- ئايدىن 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا جاۋابكاردىن 7084 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەكسىلئىنقىلاب دېلوسى تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئىچىدە ئوغرىلىق دېلوسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭدىكى جاۋابكارلار جىنايى ئىشلار دېلوسىدىكى جاۋابكارلارنىڭ 15% نىنى تەشكىل قىلدى، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى جاۋابكارلار 85% نى تەشكىل قىلدى، جىنايى جازا بېرىلگەنلىرى 85.83% نى تەشكىل قىلدى.

1950 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى سوتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئىچىدە، قۇمۇل ناھىيە (شەھەر) لىك سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان دېلو 65% نى، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان دېلو 10.20% نى، باركۆل ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان دېلو 20% نى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقارغان دېلو 4.8% نى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭدىن قۇمۇل ناھىيىسى (شەھىرى) نىڭ ئەزەلدىنلا جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 1950 – 1990 - يىلىغىچە بولغان 41 يىلدا، جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەنلىدى. 60- يىللارنى 50- يىللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا 51.71%؛ 70- يىللارنى 60- يىللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا 32.86%؛ 1950- يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 67.58% تۆۋەنلىدى. 80- يىللارغا كەلگەندە، ئەكسىلئىنقىلاب دېلولىرى داۋاملىق ئازايغاندىن باشقا، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ ھەممىسى ئۆرلەش ھالىتىدە تۇردى. 1980 ~ 1990- يىلىغىچە، بىرىنچى سوتتا قوبۇل قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى جاۋابكار ئالدىنقى 30 يىلدا قوبۇل قىلىنغان جاۋابكار ئومۇمىي سانىنىڭ 32.83% نىنى ئىگىلىدى.

80- يىللاردا، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىشىگە بىرىنچىدىن، قومۇل قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقى، مۇقىم نوپۇس كۆپىيىپلا قالماي، كۆچمە نوپۇسنىڭ كۆپەيگەنلىكى، ئاقىۋەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا بىر قىسىم غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ساغلام بولمىغان تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ سىڭىپ كىرىپ، بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ياسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، لۈكچەكلىك، زەخىملەندۈرۈش قاتارلىق دېلولارنى سادىر قىلغانلىقى سەۋەب بولدى.

1. ئەكسىلئىنقىلاب دېلولىرىنى سوت قىلىش

1949- يىلى كۈزدە، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن گومىنداڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەتتىكى مۇھىم ئەربابلىرى، ئارمىيە، ساقچى ئورۇنلىرىدىكى ئىشپىيونلار، لەنجۇ ــ شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ تۈركۈملەپ قۇمۇلغا كىردى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلات ئەزالىرى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئاز بىر قىسمى چەت ئەللەرگە ۋە باشقا رايونلارغا قېچىپ كەتكەندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى

ئورگانلارغا، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا سۇقۇنۇۋالدى، ھەتتا بەزىلىرى مۇھىم ھوقۇق تۇتتى. 1950- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئىشپىيونلارنى تازىلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشپىيونلار، ئەكسىيەتچىل پارتىيە- گۇرۇھلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى ۋە ئەكسىيەتچىل ئۇيۇشما مەزھەپلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى تىزىملاپ ھەم باشقۇرۇپ تەربىيىلىدى. ئاشكارا ئەكسىلئىنقىلابچىلار تارمار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلار يەنىلا ئۇزۇل- كېسىل تازىلىنىپ كېتىلمىدى.

1950- يىل 3- ئايدا، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس (قۇمۇلنىڭ سابىق ۋالىيسى، ئامانلىق ساقلاش سىلىڭلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى) ۋەزىپىسىنى تاشلاپ تاغقا قېچىپ چىقىپ ئوسمان (ئالتاينىڭ سابىق ۋالىيسى)، جانىمقان (ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلاردا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، مال- مۈلۈكلەرنى بۇلىدى، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. توپىلاڭ گەرچە تىنچىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن قالدۇق باندىتلار پۈتۈنلەي تازىلانمىدى.

1951- يىل 4- ئايدىن 1953- يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بىرىنچى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا، باندىتلار، زومىگەرلەر، ئىشپىيونلار، ئەكسىيەتچى پارتىيە- گۇرۇھلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى، ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئۇيۇشمىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئىبارەت بەش خىل ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇر باستۇرۇش ئوبيېكتى قىلىندى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا باستۇرۇش بىلەن كەڭچىلىك قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسەت يۈرگۈزۈلۈپ، باش جىنايەتچىلەرنى چوقۇم جازالاش، ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش، «سالماق، دەل، قاتتىق بولۇش» فاڭجېنى قوللىنىلدى، «ئۆلتۈرۈش، باشقۇرۇش، قاماش، كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش» قاتارلىق ئۇسۇل- چارىلەرنى قوللىنىپ، «سالماق بولۇش، پۇختا ئىلگىرىلەش» ۋە «ئاز كۆرۈش قىلىش، ئاز قولغا ئېلىش، ئاز ئۆلتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. قەدەم باسقۇچ جەھەتتە ئالدى بىلەن شەھەر، ئاندىن يېزىلار، ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرى، ئاندىن چارۋىچىلىق رايونلىرى تۇتۇلدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتا ئالدى بىلەن خەنزۇلار ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار باستۇرۇلدى. خەنزۇلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

1955- يىلى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوشۇرۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى «قەتئىي، ئۇزۇل- كېسىل، پۈتۈنلەي، پاك- پاكىز تازىلاش يوليورۇقى» غا ئاساسەن، ئىككىنچى قېتىملىق «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزگەن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە باشقا ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا قارىتىلدى. 1956- يىل 9- ئايغا قەدەر جەمئىي 26 ئەكسىلئىنقىلابچىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1955- يىل 8- ئايدىن باشلاپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلار ھەمدە ناھىيىلەردىكى ئورگانلاردا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلاردا توققۇز تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى، بىر بۇزۇق ئۇنسۇر ئېنىقلاپ چىقىلدى.

1957- يىلدىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىن كېيىن، يومبىشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت تۆتكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 1958- يىل 6- ئايدا تاماملاندى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 164 تۆت خىل ئۇنسۇر قولغا ئېلىندى. 1959- يىلى ئەتىيازدا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ھەرىكىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، 381 كىشى سوت قىلىندى.

2. باندىتلارنى سوتلاش

1952- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 164 نەپەر باندىتنىڭ دېلوسى قوبۇل قىلىنىپ، 116 باندىتقا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى.

3 . زومىگەرلەرنى سوتلاش

زومىگەر دېگىنىمىز — يومىچىكلار سىنىپى ئىچىدىكى ھوقۇقدارلار بولۇپ، ئەكسىيەتچىل، كۆچىگە تايىنىپ بىر جايغا زومىگەرلىك قىلىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. 1954- يىلى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىكى سوت مەھكىمىلىرى 55 زومىگەرگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى.

4. ئىشپىيون، جاسۇسلارنى سوتلاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە گومىنداڭنىڭ ئاخبارات ئىشپىيونلۇق گۇرۇپپىسىدىن يەتتىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى: سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت ئەھۋالى جەھەتلەردىكى ئاخباراتلارنى توپلاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تورۇشلۇق قورۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئۇلغار زاتلارنى نازارەت قىلىش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتىدىن قاتتىق ساقلىنىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، سىرتلاردىن كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغان ئىشپىيون، جاسۇسلارمۇ بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرىنچى قېتىملىق «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ھەرىكىتىدە، ۋىلايەتتىكى سوت ئورگانلىرى 103 ئىشپىيون، جاسۇسقا ھۆكۈم ئېلان قىلدى.

## §3. ھەق ـ تەلەپ دېلولىرىنى سوتلاش

1950 – 1990 - يىلىغىچە، بىرىنچى سوتتىكى ھەق ـ تەلەپ دېلولىرى ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى 55.99% نى، بېقىش- بېقىۋېلىش ماجىراسى 3.65% نى، ۋارىسلىق ماجىراسى 1.25% نى، قەرز ماجىراسى 24.57% نى، تۆلەم ماجىراسى 3.14% نى، ئۆي- زېمىن ماجىراسى 2.60% نى، يەر ماجىراسى 1.02% نى، باشقا ماجىرا 7.78% نى تەشكىل قىلدى.

1. نىكاھ ماجىرالىرىنى سوتلاش

1950 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا 10 مىڭ 537 نىكاھ دېلوسىنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇ ماجىرالارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زورلاپ نىكاھلاش، شەكلى ئۆزگەرگەن نىكاھ سودىسى، يەڭگىللىك بىلەن توي قىلىش، توي ئاساسى پۇختا بولماسلىق قاتارلىقلار ئاساسىي سەۋەب بولدى.

80- يىللاردىكى ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ، غەرب كاپىتالىزمىنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش ئادەتلىرى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەچكە، توي ئىشلىرىدا ھەشەمەتچىلىك قىلىش، يەڭگىللىك قىلىش، ئالا كۆڭۈللۈك قىلىش، يېڭىسىنى كۆرۈپ كونىسىدىن زېرىكىش، جىنسىي ئازادلىقنى قوغلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىكاھنى ۋاسىتە قىلىپ مال- مۈلۈك ئۇندۇرۇۋالىدىغان

نىكاھلارمۇ ئەۋج ئېلىپ قالدى. 1985- يىلىدىن باشلاپ، نىكاھ ماجىرالىرى يىلدىن- يىلغا كۆپىيىشكە باشلىدى. 1990- يىلىدىكىنى 1985- يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نىكاھ ماجىراسى 85.87% كۆپەيدى. بۇ مەزگىلدە قوبۇل قىلىنغان نىكاھ دېلولىرى ئىچىدە، 30 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ نىكاھدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش نىسبىتى 50% نى تەشكىل قىلدى.

2. بېقىش- بېقىۋېلىش دېلولىرىنى سوتلاش

1950 – 1990 - يىللىرىچە، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوتتا بېقىۋېلىش دېلوسىدىن 465 نى، بېقىش دېلوسىدىن 225 نى، جەمئىي 690 دېلونى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، 383 دېلو مۇرەسسە بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلدى، 145 دېلو ھۆكۈم ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلدى. 162 دېلو باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلدى، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 55 بېقىش- بېقىۋېلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 نى مۇرەسسە قىلدى،21 نىڭ ئەسلى ھۆكۈمىنى ساقلاپ قالدى، 11 نىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى، ئالتىسىنىڭ نارازىلىق ئەرزى قايتۇرۇۋېتىلدى. ئاياللار، بالىلار ۋە ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئەتى قوغدالدى.

3. مىراسخورلۇق ماجىرالىرىنى سوتلاش

1950 – 1990 - يىللىرىچە، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوتتا مىراسخورلۇق دېلوسىدىن 233 نى سوتلىدى. مۇرەسسە قىلىش نىسبىتى 60% گە، ھۆكۈم بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 32% كە، باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 8% كە يەتتى. ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 59 مىراسخورلۇق دېلوسىنى سوت قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 23 ى مۇرەسسە قىلىندى، سەككىز دېلونىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى، 22 سىنىڭ ئەسلى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىندى، ئالتە دېلو باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى.

سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان مىراسخورلۇق دېلولىرى 50- ۋە 80- يىللاردا بىر قەدەر كۆپ بولدى. 50- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى مىراسخورلۇق ماجىرالىرى، ئاساسەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قېپقالغان ماجىرالار ئىدى. 1980- يىللاردىكى مىراسخورلۇق ماجىرالىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سىياسەتنىڭ شەخسىي مال- مۈلۈكنىڭ كۆپىيىشىگە يول قويغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنىڭ تۈزىتىلىشى بىلەن مىراسخورلۇق مەسىلىرىگە چېتىشلىق بولۇپ قالغانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، مىراسخورلۇق قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاچقا، ھەقدارلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولدى.

4. قەرز ماجىرالىرىنى سوتلاش

1950 – 1990 - يىللىرىچە، ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا 4489 قەرز ماجىرا دېلوسىنى سوت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 2013 ى مۇرەسسە قىلىندى، 2118 نگە ھۆكۈم قىلىندى، 358 ى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلدى، 143 ى ئوتتۇرا سوتقا نارازىلىق ئەرزى بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 35 ى مۇرەسسە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى، 68 نىڭ ئەسلى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىندى، 24 نىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى، سەككىزى يېڭۋاشتىن سوت قىلىشقا قايتۇرۇلدى، سەككىزى قايتۇرۇۋېلىندى ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

5. زىياننى تۆلىتىش دېلولىرىنى سوتلاش

1980- يىلىدىن ئىلگىرى، تۆلەم دېلولىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ھەق - تەلەپ دېلولىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 1.8% نى تەشكىل قىلدى. 1981 – 1990 - يىللىرىچە تۆلەم دېلوسى 4.3% كە يەتتى.

1950 – 1990 - يىللىرىچە، ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوتتا تۆلەم دەۋاسىدىن 586 نى سوتلىدى (ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوت قىلغان دېلو ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە، 1986 ~ 1990- يىللىرىچە بولغان بەش يىل جەريانىدا سوت قىلىنغان دېلو ئىلگىرىكى 36 يىلدا سوت قىلىنغان دېلو سانىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ 10 نەچچە دېلو كۆپەيدى. 1980- يىلىدىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان تۆلەم دېلولىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، 1980- يىلى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىسمانىي زىيان تۆلەم دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش دائىرىسى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقارغانلىقىدىن بولدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ خىلدىكى تۆلەم دېلولىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىشكە باشلىدى.

6. ئۆي- جاي ماجىرالىرىنى سوتلاش

1950 – 1990 - يىللىرىچە، ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوتتا سوتلىغان ئۆي ماجىرا دېلوسى 485 (ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوت قىلغان دېلو ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە، 172 سى مۇرەسسە قىلىندى، 246 سىگە ھۆكۈم قىلىندى، 67 سى باشقا ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 80 نارازىلىق دېلوسىغا قاراپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 12 سى مۇرەسسە قىلىندى، 54 نىڭ ئەسلى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىندى، سەككىزىنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى، ئالتىسى باشقا ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

7. يەر- زېمىن ماجىرالىرىنى سوتلاش

1950 – 1990 - يىللىرىچە، ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوتتا يەر- زېمىن ماجىراسىدىن 191 نى سوت قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 85 ى مۇرەسسە قىلىندى، 94 كە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى، 12 سى باشقا ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى يەتتە نارازىلىق دېلوسىغا قاراپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككىسى مۇرەسسە قىلىندى، تۆتىنىڭ ئەسلى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىندى، بىرىنىڭ ھۆكۈمى ئۆزگەرتىلدى.

يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدىن ئىلگىرىكى يەر دېلولىرىدا، يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش ماجىراسى ئەڭ كۆپ ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كوڭشېلىشىشقىچە بولغان مەزگىلدە ئولتۇراق جاي ماجىراسى ئەڭ كۆپ بولدى.

## §4. ئىقتىسادىي دېلولارنى سوتلاش

1980- يىلىدىن ئىلگىرى، ۋىلايەت بويىچە ئىقتىسادىي دېلولار بىر قەدەر ئاز ئىدى. 1980 – 1990 - يىللىرىچە، ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى سوتتا قاراپ چىقىلغان ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسى 1066 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 80% تىن ئارتۇق دېلو مۇرەسسە شەكلى ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلدى، تالاش- تارتىش قىلىنغان سومما 19 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1. ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى دېلولىرىنى سوتلاش

ئىقتىسادىي توختام ماجىرا دېلولىرىنى سوتلاشتا، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي توختامنىڭ ئۈنۈمى مەسىلىسىنى بېكىتىشكە توغرا كەلدى. ئىناۋەتسىز توختامنىڭ قانۇنىي جەھەتتە چەكلەش كۈچى بولمىغاچقا، قانۇن تەرىپىدىن

قوغدالمايدۇ. ئىناۋەتسىز ئىقتىسادىي توختاملاردىن كېلىپ چىققان ماجىرالارغا قارىتا ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ھەق- ناھەقنى ئېنىق ئايرىغان ئاساستا، قانۇن- بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئىقتىسادىي ماجىرا دېلولىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۈنۈملۈك توختام دەپ ئېتىراپ قىلىنغان توختاملار بولۇپ، پۇل قەرز ئېلىش، قورۇلۇش پۇلى ماجىرالىرى بىر قەدەر كۆپ. ئىقتىسادىي توختاملارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇدا مەسئۇلىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان، شۇڭا بۇ خىل دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا پاكىتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، مەسئۇلىيەت پرىنسىپى بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم.

2. يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىرالىرىنى سوتلاش

ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى 1985- يىلىدىن باشلاپ، يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك توختام ماجىرا دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. 1990- يىلغا قەدەر جەمئىي 28 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇ دېلولارنىڭ ھەممىسى مۇرەسسە ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇلدى. ماجىرا كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى: 1) ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ ھۆددىگە ئالغۇچى تەرەپنىڭ پايدا ئالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆزى قىزىرىپ تۇتۇپ ئۆز ئالدىغا توختامنى ئۆزگەرتىپ، ھۆددىگە بېرىش كۆرسەتكۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ 2) ھۆددىگە بەرگۈچى تەرەپ ھۆددىگە ئېلىش توختامنى ھۆددىگە ئالغۇچى تەرەپنىڭ يەككە ھالدىكى توختامنى ئىجرا قىلىش كاپالەتنامىسى دەپ قاراپ، ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا توختامنامىنى ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىش ھەمدە مەمۇرىي ۋاستە قوللىنىپ، ھۆددىگە ئالغۇچىغا خالىغانچە جەرىمانە قويۇش؛ 3) ھۆددىگە ئالغۇچى باشقۇرۇش، تىجارەت قىلىشى مۇۋاپىق بولماسلىق ۋە ياكى ھۆددىگە ئېلىش ئىقتىدارى بولماسلىق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشنى باھانە قىلىپ، ھۆددىگە ئېلىش توختام پۇلىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ، ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتىمەسلىك.

3. ئىقتىسادىي تۆلەم ماجىرالىرىنى سوتلاش

1984 – 1985 - يىللىرى، ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا ئىقتىسادىي تۆلەم دېلولىرىدىن توققۇزنى سوتلىدى، بىر دېلو ھۆكۈم ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرۇلدى، قالغانلىرى مۇرەسسە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى.

## §5. دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈش

«ئەكسىلئىنقىلابچىلارلا بولىدىكەن قەتئىي تازىلاش، خاتالىق بولىدىكەن چوقۇم تۈزىتىش» پارتىيىنىڭ ئىزچىل سىياسىتى. تارىختىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە كۆرۈلگەن خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىكى ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى 1953- يىلى ۋە 1956- يىلى ئىككى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە جازا بېرىلگەن دېلولارنى قايتا تەكشۈردى. 1959- يىلى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە جازا بېرىلگەن دېلولارنى، 1975- يىلى «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» قا دائىر دېلولارنى، 1978- يىلى«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا دائىر دېلولارنى، 1979 – 1986 - يىلغىچە «بىرلىك سەپ» كە دائىر دېلولارنى قايتا تەكشۈردى.

1950 – 1953 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى قېتىملىق «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» دېلوسى قايتا تەكشۈرۈلدى. بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ 18% نى تەشكىل قىلدى، 57 خاتا دېلو تۈزىتىلدى.

1956- يىلى قانات يايدۇرۇلغان «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 96 سى تەكشۈرۈلدى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» مەزگىلىدە قولغا ئېلىنغان، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ 45% ىنى تەشكىل قىلدى. خاتا قولغا ئېلىنىش دېلوسىدىن 39 ى، (17% نى ئىگىلەيدۇ) خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان دېلودىن 29 ى، يېنىك قىلمىشقا ئېغىر ھۆكۈم قىلىنغان دېلودىن 20 سى، جىنايەت پاكىتلىرى ئېنىق بولمايلا يېنىكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان دېلودىن ئالتىسى تۈزىتىلدى، بۇ تۆت تۈرنى قوشقاندا 26.5% نى تەشكىل قىلدى.

1975 – 1978 - يىلىغىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى تۆۋال، يالغان، خاتا دېلولار، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۆچكە قارشى تۇرۇش» قا دائىر دېلولار قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، خاتا دېلو 37.2% نى تەشكىل قىلدى. « زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىش» ھەمدە «ئۇچ خىل ئۆنسۇر» لارغا دائىر خاتا دېلو 95.3% نى تەشكىل قىلدى، قايتا تەكشۈرۈلگەن «بىرلىك سەپ» كە دائىر دېلودا، خاتا دېلو 71.4% نى ئىگىلىدى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەققەتكە قايتقانلار قانارىدا مۇئامىلە قىلىنغانلارغا دائىر دېلو 66 ، قوزغىلاڭ كۆتۈرمەي ھەققەتكە قايتقانلار قانارىدا مۇئامىلە قىلىنغانلارغا دائىر دېلو 14، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەققەتكە قايتىشقا تەۋە بولىمغانلارغا دائىر دېلو 15، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەققەتكە قايتقاندىن كېيىن جىنايى ئىشلار جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە دائىر دېلو 13. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەققەتكە قايتقانلارنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

# IV باب

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

## §1. ئاپپاراتلار

### 1. قومۇل ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 2- ئاينىڭ 16- كۈنى، قومۇل ناھىيىسىدە ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلۇپ سوتچى، تەپتىش، پۈتۈكچى قويۇلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 11- ئاينىڭ 16- كۈنى، قومۇل ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى قومۇل ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

### 2. قومۇل ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1980- يىل 2- ئايغا قەدەر، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى، مۇرەسسە، ئادۋوكاتلىق، جامائەت گۇۋاھلىقى قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلدى.

1980- يىل 4- ئاينىڭ 17- كۈنى، قومۇل ۋىلايەتلىك قانۇن مەسلىھەتچىلىك باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1980- يىل 10- ئاينىڭ 8- كۈنى، قومۇل ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، قومۇل ۋىلايەتلىك قانۇن مەسلىھەتچىلىك

باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1984- يىلى 12- ئاينىڭ 7- كۈنى، ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، مۇرەسسە بۆلۈمى، جامائەت گۇۋاھلىقى ئادۋوكاتلىق بۆلۈمى، تەشۋىقات - تەربىيە بۆلۈمى، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەشنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئاساسىي قاتلام بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

3. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئەدلىيە ئىدارىلىرى

1980- يىلى 2- ئايدىن 1981- يىلى 1- ئايغىچە، ۋىلايەتتىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئەدلىيە بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. 1984- يىلى 3- ئايدا ئەدلىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## §2. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى

1950- يىلى 6- ئايدىن 1957- يىلى 4- ئايغىچە، ۋىلايەت، ناھىيىلەر زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرى، ئىش باشقارمىلىرى ۋە مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، «يەر ئىسلاھاتى قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامى»، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»، «نۆۋەتتىكى خۇسۇسىي سودا- سانائەتنى ۋە قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» نى تەشۋىق قىلدى.

1979 – يىلى 7 - ئايدىن 1982- يىلى 8- ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار» تەشۋىق قىلىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 120 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، ئالتە قارار ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 402 قېتىم قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، لېكسىيىنى 110 مىڭ ئادەم ئاڭلىدى. 30 قارار ئازغان ياشلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 1510 كىشى تەربىيىلەندى. قۇمۇل شەھىرىدە تۆت قېتىم چوڭ تىپتىكى قارا تاختاي كۆرگەزمىسى ئېچىلىپ، 38 ماقالە، 61 رەسىم كۆرگەزمە قىلىندى. كۆرگەزمىنى كۆرگۈچىلەر 136 مىڭ 400 گە يەتتى؛ 220 قېتىم قانۇن بىلىملىرى پروپېكسىيە پلاستىنكىسى قويۇپ بېرىلىپ، 36 مىڭ كىشى تەربىيىلەندى. رادىئودا 44 پارچە قانۇنچىلىق تەشۋىقات ماقالىسى ئاڭلىتىلدى.

1983- يىلى، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى داۋامىدا ۋىلايەت بويىچە 113 قېتىم قانۇنچىلىق تەشۋىقات ئېيى (ھەپتىلىكى، كۈنى) پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. 260 قېتىم تەشۋىقات ئاپتوموبىلى ئاجرىتىلدى، 160 مىڭ 700 دىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى؛ 426 قېتىم سەپەرۋەرلىك يىغىنى ۋە دوكلات يىغىنى ئېچىلدى، ئاڭلىغۇچىلار 77 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) غا؛ 1467 مەيدان قانۇنچىلىق دەرسى ئۆتۈلۈپ، ئاڭلىغۇچىلار 105 مىڭغا يەتتى؛ 256 قېتىم رادىئو لېكسىيىسى سۆزلەندى، گېزىت- ژۇرنال، رادىئو- تېلېۋىزىيىدە 166 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى، 54 قېتىم ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلدى، 1619 قېتىم قارا تاختاي گېزىتى، تام گېزىتى چىقىرىلدى. 36 قېتىم چوڭ تىپتىكى كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 500 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە، 1240 پارچىدىن ئارتۇق

رەسىم كۆرگەزمە قىلىندى؛ بەش قېتىم سەييارە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 594 پارچە رەسىم كۆرگەزمە قىلىندى، كۆرگۈچىلەر 240 مىڭغا يەتتى؛ 164 قېتىم ئويۇن قويۇلدى، كۆرگۈچىلەر 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى. تارانچى كان رايونىدا 1983- يىلى سەككىز جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەرگەنىدى، 1984- يىلى جىنايى ئىشلار دېلوسى تۆتكە چۈشتى، ئامانلىق دېلوسى 1983- يىلدىكى 19 دىن 1984- يىلى تۆتكە چۈشتى؛ تەشۋىقات پائالىيىتى ئېيىدا 36 كىشى سىياسىي- قانۇن ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

1984- يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تەشۋىق قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىقىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان كەيپىيات شەكىللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

1985- يىلى ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئارىسىدا قانۇن بىلىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىيالىدىن 90 مىڭدىن ئارتۇق تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن «كادىرلار ئۈچۈن قانۇن ئوقۇشلۇقى» 11 مىڭ 120 نۇسخا (ئۇيغۇرچىسى 1816 نۇسخا)، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن قانۇن ئوقۇشلۇقى» 22 مىڭ 105 نۇسخا (ئۇيغۇرچىسى 3338 نۇسخا)، «دېھقانلار ئۈچۈن قانۇن ئوقۇشلۇقى» 32 مىڭ 473 نۇسخا (ئۇيغۇرچىسى 8292 نۇسخا) «قانۇنچىلىق تەشۋىقاتچىلىرى قوللانمىسى» 1870 نۇسخا، «دېھقان- چارۋىچىلارغا قانۇن ئومۇملاشتۇرۇشتىن سوئال- جاۋابلار» 2000 نۇسخا، «قانۇن- نىزاملاردىن تاللانما» 12 مىڭ 960 نۇسخا، «12 قانۇن، بىر مىزان» دىن لېكسىيە 8450 نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى. جايلار 92 مىڭدىن ئارتۇق قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش كونسۇلتاتسىيە ماتېرىيالىنى تۈزۈپ تارقاتتى.

ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەر ۋە كان رايونلىرىدا 108 كىشىدىن تەركىب تاپقان بەش لېكتورلار ئۆمىكى تەشكىللەندى. ۋىلايەت بويىچە 30 دىن ئارتۇق كونسۇلتاتسىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يېتەكچى 603 كە يەتتى، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات تايانچىسىدىن 2480 ى تەربىيىلەندى.

ۋىلايەتتىكى ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك 565 كادىرنىڭ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش نىسبىتى 100% كە، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىغان 558 خادىمنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.8% كە، بۆلۈم دەرىجىلىك 2666 كادىرنىڭ ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.6% كە يەتتى. 17 مىڭ 119 ئادەتتىكى كادىرنىڭ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش نىسبىتى 99% كە، 16 مىڭ 954 كىشىنىڭ قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99% كە يەتتى.

كارخانىلاردىكى37 مىڭ 261 ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش نىسبىتى 94.95% كە، 35 مىڭ 335 كىشىنىڭ قانۇن ئۆگىنىش ۋەزىپىسى تاماملاش بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 94.5% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە قانۇن ئۆگىنىش ئوبيېكتى بولغان دېھقان- چارۋىچى 109 مىڭ 329 بولۇپ، ئۆگىنىشكە قاتنىشىش نىسبىتى 90% كە يەتتى؛ 98 مىڭ 529 كىشىگە قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 91.1% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 283 دىنىي زات ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلۇپ، 280 دىنىي زات «12 قانۇن، بىر مىزان» نى ئۆگىنىشنى تاماملىدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى 3038 بولۇپ، ئۆگىنىشكە قاتنىشىش نىسبىتى 86.5% كە يەتتى. 2628 كىشى قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 86% كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە 238 مەكتەپتىكى 74 مىڭ 564 ئوقۇغۇچى قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئالدى. يېزا- بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش نىسبىتى 86% كە يېتىپ، 2967 كىشى قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 68.2% كە يەتتى.

1990- يىل 3- ئايغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتى 267 مىڭ 213 كە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 66.42% ىنى ئىگىلىدى. 252 مىڭ 53 كىشى قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىگە ئىگە بولۇپ، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئوبيېكتنىڭ 94.3% ىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قانۇن ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 250 مىڭ 392 بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.7% كە يەتتى.

باركۆل ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چۇي خۇاچاڭ باركۆل ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ، يۇقىرىلارغا قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن 1990- يىل 4- ئاينىڭ 15- كۈنى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە قانۇن ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

1990- يىلى مەملىكىتىمىزدە تۇنجى «نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى، يېڭى «نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە، ۋىلايەت جەمئىي 155 قېتىم تەشۋىقات ئاپتوموبىلى ئاجراتتى. 537 سان قارا تاختاي گېزىتى چىقاردى، 50 مىڭدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقاتتى، رادىئو- تېلېۋىزىيىدە 12 قېتىم نۇتۇق سۆزلەندى، 350 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيىگە ئىگە بولدى.

## §3. ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى

1957- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئىككى ئادۋوكات سەپلەندى. شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 17- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە، جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن جەمئىي تۆتى بىر تەرەپ قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە، بىر ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى، بىر ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق دېلوسى، ئىككى قاتناش ھادىسىسى بار). بۇ ئەينى چاغدىكى سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ 9.7% ىنى تەشكىل قىلدى. ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلىشى ئارقىلىق بىر دېلونىڭ جازاسى يېنىكلىتىلدى، بىر دېلونىڭ بىر قىسىم پاكىتلىرى ئۆزگەرتىلىپ يېڭىدىن بىر تەرەپ قىلىندى، بىرسى جىنايى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى. ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىلگەن قانۇنىي خاراكتېرلىك ماتېرىيال 133 بولۇپ (ئۇيغۇرچە 94، خەنزۇچە 39)، قۇمۇلدىكى ئىككى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىنغان دېلونىڭ 76.4% ىنى ئىگىلىدى. ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 247 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىنىپ، 109 دېلوغا قانۇندىن مەسلىھەت بېرىلدى (ئۇيغۇرچە 54، خەنزۇچە 55).

1959- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1980- يىل 4- ئاينىڭ 17- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 8- كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1982- يىلى قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىدە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى قۇرۇلدى. 1983- يىل 8- ئاينىڭ 25- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى قۇرۇلدى. 1984- يىلى، بىگتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى قۇرۇلدى. 1985- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى قۇرۇلدى، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرى ئادۋوكاتلار ئىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985- يىل 4- ئاينىڭ 22- كۈنى، ۋىلايەتتە ئىقتىسادىي ئادۋوكاتلار ئىش ئورنى قۇرۇلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي تۆت ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئادۋوكات 38 گە يەتتى. ئۇلار تۈرلۈك دەۋا ئىشلىرى ۋە غەيرىي دەۋا دېلوسىدىن 3636 نى بىر تەرەپ قىلدى، 38 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، مەبلەغ ئاشكارلىنى 33 مىليون 210 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

## §4. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى

مىنگونىڭ 35- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى تەسىس قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدە گۇۋاھلىق ئورنى قۇرۇلۇپ، بىر سوتچى گۇۋاھچىلىق خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

1957- يىل 3- ئايدىن 12- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك گۇۋاھلىق ئورنى گۇۋاھلىق ئىشلىرىدىن 56 نى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىقتىسادىي توختام گۇۋاھلىقى 48 بولۇپ، 85.7% نى تەشكىل قىلدى، گۇۋاھلىق كۆرسەتكۈچى سوممىسى 476 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 1958- يىلى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1982- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، 1983- يىل 8- ئاينىڭ 25- كۈنى، قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئاينىڭ 8- كۈنى، قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلدى. 1985- يىل 2- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى، 7- ئايدا ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلدى. 1987- يىلى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىگتۇەنى قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلدى.

1983- يىل 10- ئايدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا چېتىشلىق بولغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ نامىدا بېجىرىپ كەلدى.

ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى 1983- يىلدىكى ئالتىدىن 1990- يىلى 10 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يەتتە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى، بىر قوشۇمچە خادىم، ئىككى خىزمەتچى خادىم بار.

1981 – 1990 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 3227 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىلىپ، 107 مىڭ 996 يۈەن 43 پۇڭ كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 3060 دۆلەت ئىچىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى، 167 سىرتقا چېتىشلىق

ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بار.

## §5. ھەق - تەلەپ مۇرەسسەلىكى

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلنىڭ جاي - جايلىرىدىكى خەلق ئىچىدىكى غەيرىي دەۋالارنى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەققدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇق- تۇغقانلىرى، قولۇم- قوشنىلىرىنى چاقىرىپ مۇرەسسە قىلدۇراتتى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا دىنىي ئۆلىمالار دىنىي قائىدىلەر بويىچە مۇرەسسە قىلاتتى، قازاقلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ماجىرالارنى قەبىلە باشلىقلىرى مۇرەسسە قىلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ناھىيىلەرنىڭ يېزىلىرىدىكى رايون، يېزا - كەنتلىرىدە ۋە شەھەر - بازارلاردىكى مەھەللىلەردە مۇرەسسە ھەيئىتى ۋە مۇرەسسە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيىلەر يەر ئىسلاھاتى، ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئەدلىيە ئىسلاھاتى قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ مۇرەسسە ئىشلىرىنى باشقۇردى.

1957- يىلىغا قەدەر، ناھىيىلەردىكى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى، يېزا- بازارلارنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا مۇرەسسە ھەيئىتى ۋە مۇرەسسە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، زور بىر تۈركۈم خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. قۇمۇل بازىرىدىكى يەتتە مۇرەسسە ھەيئىتى 1957- يىل 1- ئايدىن 9- ئايغىچە، ھەر خىل ماجىرادىن 446 نى مۇرەسسە قىلدى، شۇنىڭدەك ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىمۇ ئوخشاش مەزگىلدە ھەق - تەلەپ دېلوسىدىن 300 نى قوبۇل قىلدى.

1957- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يېزا- بازارلاردىكى مۇرەسسە ھەيئەتلىرىنىڭ خىزمىتى خەلق ئىشلار خىزمىتى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، خەلق ئىشلار مۇرەسسە خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مۇرەسسە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىشتىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچى ئونسۇرلارنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلدى.

1958- يىلى گۇڭشېلەشكەندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى مۇرەسسە خىزمىتى ھەيئىتى بىلەن ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى يەنە قوشۇۋېتىلىپ، ئامانلىق ساقلاش مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ئامانلىق ساقلاش مۇرەسسە ھەيئىتى گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ئەينى چاغدا ۋىلايەتتىكى 17 خەلق گۇڭشېسى، 14 دېھقانچىلىق مەيدانىدا، 134 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدە ھەمدە بازارلاردىكى باشقۇرۇش رايونلىرىدا جەمئىي 197 ئامانلىق ساقلاش مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى قەدەممۇ قەدەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1982- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 23 مۇرەسسە تەشكىلى، 203 مۇرەسسە ھەيئىتى، 744 مۇرەسسە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مۇرەسسە خادىمى 2677 گە يەتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1982- يىلى تۈرلۈك ماجىرادىن 1720 سى مۇرەسسە قىلىنغان، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئوخشاش مەزگىلدە قوبۇل قىلغان ھەق - تەلەپ دېلوسى 577 بولۇپ، خەلق سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان دېلودىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغان. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تەرتىپكە سېلىش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق مۇرەسسە ھەيئىتى 364 (قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك بولغىنى 368) كە، مۇرەسسە خادىمى 1586 غا يەتتى. 841 كىشى تەربىيىلەندى. 173 مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىنىپ تەڭشەلدى. ۋىلايەت بويىچە 1- تۈردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 163 كە، 2- تۈردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 177 گە، 3- تۈردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 24 كە يەتتى. تۈرلۈك ماجىرادىن 1550 ى مۇرەسسە قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، 88% ى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

1989- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتىكى 1- تۈردىكى مۇرەسسە تەشكىلى 194 كە، 2- تۈردىكى مۇرەسسە تەشكىلى

45 كە، 3- تۈردىكى مۇرەسسە تەشكىلى 49 غا يەتتى.

1982 – 1990 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك ماجىرا دېلوسىدىن 19 مىڭ 300 ى مۇرەسسە قىلىندى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 ى مۇرەسسە قىلىندى. بۇ سوت مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلغان دېلونىڭ تۆت، بەش ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. مۇرەسسەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى %85 ئەتراپىدا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇرەسسە قىلىنغان نىكاھ ماجىراسى ئومۇمىي دېلونىڭ %20 نى ئىگىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت خاراكتېرلىك ماجىرا 1886 بولۇپ، مۇرەسسە قىلىنغان ئومۇمىي دېلونىڭ %10 نى تەشكىل قىلدى. مۇرەسسەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %92 كە يەتتى.

1986- يىلى، ناھىيە، شەھەرلەردىكى مۇرەسسە ھەيئەتلىرى جەمئىي 301 قېتىم مەخسۇس تەشۋىقات ئېلىپ باردى، 1234 قارا تاختاي گېزىتى چىقاردى، 634 پارچە رەسىمنى كۆرگەزمە قىلدى، كۆرگۈچىلەر 33 مىڭغا يەتتى. 220 مىڭ نۇسخا تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 529 قېتىم لېكسىيە سۆزلەندى، 42 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تەربىيىگە ئىگە بولدى، 833 ئازغان ياش- ئۆسمۈر تەربىيىلەندى. مۇرەسسە ھەيئەتلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ، «بەشتە ياخشى ئائىلە»، «مەدەنىي كەنت (كوچا)»، «ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، قانۇنغا بويسۇنىدىغان شەرەپلىك ئائىلە» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كانىنىڭ مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ گوسۇي (ئايال) نىڭ خىزمىتى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، 1985- يىل 12- ئاينىڭ 3- كۈنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە خەلق مۇرەسسە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1990- يىلغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 10 يېزا- بازاردا قانۇن مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇلدى، 36 ئەدلىيە ياردەمچىسى مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 10 قانۇن مۇلازىمەت ئورنىدا جەمئىي 30 كىشى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 16 مەخسۇس خادىم، 13 قوشۇمچە خادىم، بىر تەكلىپلىك خادىم بار. ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ھەق - تەلەپ دېلوسىدىن 70 نى بېجىردى، 26 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، 64 مىڭ 191 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇۋېلىندى، 102 پارچە گۇۋاھلىق ئىشىنى بېجىرىشكە ياردەملەشتى، 55 پارچە قانۇنىي ھۆججەت، ماتېرىيالنى ۋاكالىتەن يېزىپ بەردى، 591 قېتىم قانۇندىن مەسلىھەت بەردى، ئىقتىسادىي ماجىرادىن 70 نى، باشقا ماجىرادىن 26 نى مۇرەسسە قىلدى، 39 مەيدان قانۇندىن لېكسىيە سۆزلىدى.

# هەربي ئەشلار

## يىگىرمە بەشىنچى قىسىم

# هەربىي ئىشلار

قۇمۇل ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى، دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسى قۇمۇل شەھىرى، باركۆل يايلاقلىرىدىن ئۆتىدۇ؛ قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 586.633 كىلومېتىر. باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ تۆت تەرىپى تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، بەئەينى سېپىلغا ئوخشايدۇ، ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەگە ئەپلىك. قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، قەدىمدىن بۇگۈنگىچە ئىستراتېگىيىلىك جاي بولۇپ كەلدى. خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ تارىختىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى قۇمۇلدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، چېگرىنى ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئارمىيە ۋە خەلق باندىت تازىلاش، خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قوغداش جەھەتلەردە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

## I باب

# هەربىي ئاپپارات

### §1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، ئىلى كۆرە جاڭجۈن مەھكىمىسى، باركۆل باش بۇغى، باركۆل ياساۋۇل بېگى، قۇمۇل، تارلاچىن (تاشۋىلىق)، جىگدە قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)، توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى ياندىش سانغۇن، باش دىۋان بېگى قۇمۇلغا

كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە باركۆل ياساۋۇل بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

گۇاڭشۇ 34- يىلى (1908- يىلى)، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى لىيەن كۇي جايلاردىكى پىيادە ئەسكەرلەردىن بىر قىسىم غەربىي تەمىنات ئاجرىتىپ، سەييارە مىرشاپ ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، قۇمۇلدا سەييارە مىرشاپ شۆبىگىدىن ئىبارەت بارلىققا كەلدى.

1. يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن مەھكىمىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 3- يىلى (1725- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار خانى سېۋان ئارۇبدان بىلەن تۈنجى قېتىم سۈلھى كېلىشىمى ئىمزالىدى، باركۆلدە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېكىنىپ كەتتى. يۇڭجېڭ 5- يىلى (1727- يىلى)، سېۋان ئارۇبدان ئۆلۈپ، ئوغلى غالدان سېرىن جۇڭغار خانلىقى تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىردى. يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بولدانىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلىرىنى ئالتايىنى ئاساس قىلغان شىمالىي يول، يۆجۇڭچىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلىرىنى باركۆلنى ئاساس قىلغان غەربىي يول قىلىپ ئاتالاندۇرۇپ، جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. يۆ جۇڭچى باركۆلدە قوشۇن تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم جايلارغا قاراۋۇلخانا قۇرۇپ، تۇرالارنى ياسىغاندىن سىرت، يۇڭجېڭ 9- يىلى (1731- يىلى)، ئوردىنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ باركۆلدە بىر يېشىل تۇغلۇق قوشۇن قەلئەسىنى سالدۇردى، قەلئە ئىچىدە يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ غەربىي يول چوڭ قوشۇنىنىڭ قارمىقىدا بولدى.

2. باركۆل ياساۋۇل بەگ مەھكىمىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27- يىلى (1762- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گەنسۇدىكى ئەنشى ياساۋۇل بەگ مەھكىمىسىنى باركۆلگە يۆتكەپ كېلىپ، نامىنى باركۆل ياساۋۇل بەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. چيەنلۇڭ 29- يىلى (1764- يىلى)، ياساۋۇل بەگ مەھكىمىسى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلدى.

3. باركۆل باش بۇغ مەھكىمىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 29- يىلى (1764- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باركۆلدىكى خەنچېڭ (يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار قەلئەسى) دە باركۆل باش بۇغ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. باش بۇغ مەھكىمىسى ئۈرۈمچى ياساۋۇل بېگى ۋە ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، باشقۇرۇش دائىرىسى باركۆلنىڭ ئوتتۇرا، ئوڭ، سول تەرەپلىرى ئىدى، قەلئەنى تۆت بارگاھ ۋە قۇمۇل يانداش بارگاھى، گۇچۇڭ (چىتەي) بارگاھى، مورى بارگاھى، تۇرپان بارگاھى قوغدايتتى. يەنە بارگاھ، ئۆتەڭ، غەربىي راباتلارنىمۇ باشقۇردى. باش بۇغ مەھكىمىسى باركۆل تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، ئوڭ، سول بارگاھلىرىغا ئۈچ نەپەر ھەرىكەتچان بەگ تەيىنلىدى، قەلئەنى قوغدايدىغان بارگاھقا بىر باش دۇۋان، تۆت باقاۋۇل، يەتتە مىڭبېشى،

14 يۈزبېشى ۋە شتاتتىن تاشقىرى 20 كىشى قويۇلدى. شۇەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، باش بوغ باش ئورۇنباسار سانغۇنغا ئۆزگەرتىلدى، يامۇل تەسىس قىلىندى.

4. مانجۇلار بارگاھى ئاغلاقچى ئامبال مەھكىمىسى

چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا ھەربىي ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئىلى جاڭجۈنى قارمىقىدا تۇتۇق، مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامبال، ئاغلاقچى ئامبال قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، چېگرىنى ساقلايدىغان قوشۇنلارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلدى ھەمدە ھەر قايسى جايلاردىكى ھاكىمىيەتلەرگە نازارەتچىلىك قىلدى. چيەنلۇڭ 37- يىلى (1772- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باركۆلدە، مانجۇلار بارگاھى ئاغلاقچى ئامبال قويدى، ئۇنىڭ يامۇلى مەنچىڭ (خۇيىنىڭ قەلئەسى) دە ئىدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا تۆت يانداش ئامبال، تۆت يانداش ئەمىر، 16 تۇرغاق بەگ، 16 شىرمەت چەۋنداز بار. گۇاڭشۈ 14- يىلى (1888- يىلى)، مانجۇلار بارگاھى گۇچۇڭغا يۆتكەلدى. گۇاڭشۈ 17- يىلى (1891- يىلى)، ئاغلاقچى ئامبال يامۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

5. باش بوغ، ياساۋۇل بېگى، ئەلنى تىنچلاندۇرغۇچى ياندىش سانغۇن، باش دىۋان مەھكىمىلىرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، ئېھتىياجغا ئاساسەن، باش بوغ، ياساۋۇل بېگى تۇرغۇزۇپ، قۇمۇل، تارلاچىن، جىگدە قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)، توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى ياندىش سانغۇن، باش دىۋان مەھكىمىسى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، باركۆل ياساۋۇل بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. چيەنلۇڭ 26- يىلى (1761- يىلى)، قۇمۇلنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدى، قۇمۇلدا گازارما تەسىس قىلىنىپ، باركۆل باش بوغى (جېنتەي دېپۇ ئاتىلىدۇ) غا قارىدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، قۇمۇلدا ياندىش سانغۇن، باش دىۋان، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ھاسىلات بېگى قويۇلدى. ياندىش سانغۇن قۇمۇل گازارمىسىدىكى قوشۇنلارنى، ئاتلارنى، تەمىنات ۋە ھەربىي مەشىق ئىشلىرىنى باشقۇردى، ئىككى باش دىۋان قويۇلدى، بىرى تېرىقچىلىق ۋە ھەربىي مەشىق ئىشلىرىغا مەسئۇل، يەنە بىرى ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى، قوشۇمچە ھەربىي پوچتا، مۇلازىمەت ئېتى ۋە ھەربىي ئات، زاپاس ئاتلارنى تەييارلاش ۋە تەقسىم قىلىش ھەمدە لەشكەرلەرنىڭ ھەربىي تەمىنات، مەشىق ئىشلىرىنى باشقۇردى؛ ئىككى مىڭبېشى قويۇلدى، ئۇلار ئۆز گازارمىسىدىكى ئەسكەرلەرگە مەسئۇل بولدى، قوشۇمچە ھەربىي مەشىقنى باشقۇردى؛ ئالتە يۈزبېشى قويۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىككىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا، تۆتى گازارمىدىكى ھەربىي مەشىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى؛ ھاسىلات بەگلىكىگە ئالتە كىشى قويۇلدى، ئۇلارنىڭ بىرى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. بەش نەپىرى ھەربىي مەشىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى؛ شتاتتىن سىرت يەنە يەتتە كىشى قويۇلدى، ئۇلاردىن ئىككىسى بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا، قالغان بەشى گازارمىدىكى ھەربىي مەشىققە مەسئۇل بولدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل گازارمىسىغا بىر ياندىش سانغۇن، بىر باش دىۋان، ئىككى

باقاۋۇل (تاشۋىلىق، لياۋدۇنلاردا بىردىن تۇراتتى)، ئىككى مىگبېشى، ئالتە يۈزبېشى ۋە تۆت ھاسىلات بېگى قويۇلدى.

## §2. مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار

1. باركۆل باش ياندىش سانغۇن يامۇلى

مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912- يىلى)، باركۆلدە باش ياندىش سانغۇن (باش چېرىكچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يامۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

2. قۇمۇل شەھەر مۇداپىئە شتابى

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ماجۇڭيىڭ قۇمۇلغا بېسىپ كىرگەن چاغدا، شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئۇ، شەھەر مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، بۇ ئاپپارات يىمىرىلدى.

3. قۇمۇل شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى

مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى)، قۇمۇلدا شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، تۆت لىنىيە بويىچە قوماندانلىق قىلدى، قارىمىقىدا شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۆت شى بار ئىدى.

4. قۇمۇل ـ باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابى

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئايدا، قۇمۇلدا قۇمۇل ـ باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل، باركۆلنى قوغداش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسى رەھبەرلىك قىلدى. بۇ گارنىزون قوماندانلىق شتابىدا شتاب ئوفىتسېرى، ھەربىي لازىمەت، كونۋوي، كاتىبات، ھەربىي قورال- ياراغ، ھەربىي قانۇن، ھەربىي دوختۇر، مالىيە باشقارمىلىرىدىن ئىبارەت سەككىز باشقارما تەسىس قىلىندى. يولۋاس تۇنجى گارنىزون قوماندانى بولدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، يولۋاس ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا نيۇ جېنخەن قوماندان بولدى، قوماندانلىق شتابى قۇمۇلدىن باركۆلگە يۆتكىلىپ، ئاتلىق 32- تۈەننىڭ قارىمىقىدا بولدى. گېنېرال نيۇ جېنخەن مالىيە باشقارمىسىنى مال دوختۇرلۇق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتتى، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ئىنىستىروكتورلارنى تەكلىپ قىلىپ، ھەربىي قىسىملارنى مەشىق قىلدۇردى. مىنگونىڭ 28 – 29 – يىللىرى، جاڭ فېڭيى قوماندان بولدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، بۇ شتاب ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

5. قۇمۇل رايونى ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى

رەھبەرلىك قىلدى، بۇ شتاب قوشۇن ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي مۇداپىئە ئىشلىرى ۋە جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. قوماندانلىقنى ۋالىي قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، بىر مۇئاۋىن قوماندان، بىر شتاب ئوفىتسېرى قويۇلدى. قارمىقىدا ئامانلىق قوغداش چوڭ ئەترىتى قوغدىنىش چوڭ ئەترىتى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى قوغدىنىش تۈەنلىرى بار ئىدى. بۇ شتابقا كۇڭ چىگرۇي، زېڭ يۇگېۋ، لى لاڭشىڭ، يولۋاسلار قوماندان بولدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى بىلەن قوشۇل ناھىيىسى قوغدىنىش تۈەنى تارقىتىۋېتىلدى.

6. 29- ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، 29- ئارمىيە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭغا كىرىپ قوماندانلىق شتابىنى قۇمۇلدا تەسىس قىلدى. لى تيېجۈن باش قوماندان بولدى. شىنجاڭنى كونترول قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى 42- جۈن بىلەن يېڭى 2- جۈن شەرقىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭلارغا ئورۇنلاشتى. باش قوماندانلىق شتابى شتاب ئوفىتسېرى، كونۇۋي، ھەربىي قانۇن، ترانسپورت باشقارملىرى، مەخپىيەتلىك ئىشخانىسى، داۋالاش پونكىتى، ئالاھىدە پىرقە قاتارلىق يەتتە ئاپپارات تەسىس قىلدى. بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملاردىن بىر پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەش يىڭى، بىر زېنىت توپچىلار لىيەنى، بىر ئۇرۇش ئاپتوموبىلى لىيەنى، سەپلەپ بېرىلگەن قىسىملاردىن بىر ئاپتوموبىل يىڭى، ئىككى خەۋەرچىلەر لىيەنى بولۇپ، تەخمىنەن 3000 ئادىمى بار ئىدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 10- ئايدا، قوماندانلىق شتاب ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى.

7. مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە ھەربىي لاۋازىم باش قوماندانلىق شتابىنىڭ شىنجاڭدىكى تەمىنلەش باش ئىدارىسىنىڭ 3- شۆبە ئىدارىسى

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 8- ئايدا قۇرۇلدى. ئىدارىدە شتاب ئوفىتسېرى ئىشخانىسى، كونۇۋي ئىشخانىسى، 1- بۆلۈم، 2- بۆلۈم، 3- بۆلۈم تەسىس قىلىندى. سىرتتا خىزمەت ئىشلەيدىغان ئاپپاراتلاردىن 7- تەمىنلەش پونكىتى (شىڭشىڭشيادا)، 8- تەمىنلەش پونكىتى (ئاراتۇرۇكتە)، 9- تەمىنلەش پونكىتى (باركۆلدە)، 10- تەمىنلەش پونكىتى (يەتتەقۇدۇقتا)، 6- ئوزۇق- تۈلۈك ۋە يەم- خەشەك ساقچىخانىسى (قوۋۇق ئېغىزىدا)، 7- ئوزۇق- تۈلۈك ۋە يەم- خەشەك ساقچىخانىسى (توغۇچىدا) بار. سەپلەپ بېرىلگەن ئاپپاراتلاردىن قۇمۇل ماي قاچىلاش پونكىتى، ئاپتوموبىل ئاسراش 4- لىيەنى ۋە 5- لىيەنى، كارۋان ئەترىتى، ئات ترانسپورت ئەترىتى، قورال- ياراغ ۋە ئوق- دورا ساقلاش پونكىتى، كۆزەتچىلەر لىيەنى قاتارلىقلار بار. ئىدارە بويىچە 132 ئوفىتسېر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە لىيەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 95 ئوفىتسېر بار. ئاساسلىق ۋەزىپىسى قۇمۇلغا كېلىپ- كېتىپ تۇرغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق تەمىناتى ۋە شەرقىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ تەمىناتىغا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت. سۇ زۇشى، ۋۇ جۈرمن، لى فاڭ، شوڭ پىگيۈمن قاتارلىقلار شۆبە ئىدارىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. 1949- يىل 9- ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

8. شىنجاڭ ھەربىي ترانسپورت قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇمۇل رايونلۇق ئىشخانىسى

بۇ ئىشخانا مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 5- ئايدا قۇرۇلدى. ئاساسلىق ۋەزىپىسى ترانسپورت ئىشلىرىنى تەشكىللەش، سودا- سانائەت ئاپتوموبىللىرىنى سەپلەپ، ھەربىي ترانسپورت پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. ئىشخانىدا 20 ئادەم ئىشلىدى. شۆ تىڭبى، شەن چاۋچۈن، جېڭ جيەنچىڭ قاتارلىقلار مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

1949- يىل 9- ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

9. قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە تەكشۈرۈش پونكىتى

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بەنگۈگتىكى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە تەكشۈرۈش پونكىتىنى قۇردى.

10. شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 7- ئايدا قۇرۇلدى. ئۇنى گومىنداڭ ئارمىيىسى 78- شىنىڭ 178- لۈيى (سابىق 45- شىدىن قىسقارتىلىپ تەشكىللەندى) باشقۇردى.

11. قۇمۇل شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، گومىنداڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ 78- شى 178- لۈي 532- تۇەنى قۇمۇلدا شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابىنى قۇردى. 1949- يىل 9- ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

مىنگونىڭ 32 – 37 - يىلىغىچە (1943 – 1948 - يىلىغىچە) گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئاپپاراتلىرى

جەدۋەل: 25 – 1

| نامى / يىل | ھەربىي ئاپپاراتلار |
|---|---|
| مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە | قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئارىلاشما لۈيى 2- تۇەنى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بەنگۈگتىكى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە تەكشۈرۈش ئورنى |
| مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە | قۇمۇلنى ئىنچىلاندۇرۇش قوماندانلىق ئورنى، قۇمۇل ئامانلىق ساقلاش شتابى، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە تەكشۈرۈش ئورنى، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى، ھەربىي قىسىم تەمىنات 3- شۆبە ئىدارىسى |
| مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئايغىچە | شەرقىي شىنجاڭ مۇداپىئە شتابى، قۇمۇل شەھەر مۇداپىئەسى قوماندانلىق شتابى، ھەربىي قىسىم تەمىنات 3- شۆبە ئىدارىسى، ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرى كومىتېتى ئاۋىئاتسىيە پونكىتى، ھاۋا ئارمىيىسى ئاخبارات مەھكىمىسى، ھەربىي قىسىم 44- رادىئو ئىستانسىسى، ھەربىي قىسىم 4- كىيىم- كېچەك فابرىكىسى، يۈكچى قىسىم 20- تۇەنى، 4- تۇەن 4- گازارمىسى |
| مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە | ئالدىنقى بىرىم يىلدىكىدىن 50- ۋە 52- ھەربىي دوختۇرخانىلىرى كۆپەيدى |

| | |
|---|---|
| مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 6- ئايغىچە | شەرقىي شىنجاڭ مۇداپىئە شتابى، تەمىنات 3- شۆبە ئىدارىسى، ھاۋا ئارمىيىسى 144- تۈزۈنى، ھاۋا ئارمىيىسى ئاخبارات مەركىزى، بىرلەشمە ۋەزىپە ئۆتەش باش شتابى 44- مەركىزى، ئۈرۈمچى كىيىم كېچەك فابرىكىسى، كىيىم كېچەك فابرىكىسى، يۈكچى قىسىم 20- تۈزۈنى، يۈكچى قىسىم 4- تۈزەن 4- گازارمىسى، ھەربىي ترانسپورت قوماندانلىق شتابى 15- باشقارمىسى، 50- ھەربىي پونكىت دوختۇرخانىسى، ئاتلىق قوشۇن |
| مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە | شەرقىي شىنجاڭ مۇداپىئە شتابى، تەمىنات 3- شۆبە ئىدارىسى، بىرلەشمە ۋەزىپە ئۆتەش باش شتابى كىيىم كېچەك فابرىكىسى، بىرلەشمە ۋەزىپە ئۆتەش باش شتابى 44- مەركىزى، بىرلەشمە ۋەزىپە ئۆتەش باش شتابى 8- ئۆلچەش ئەترىتى، 122- ھەربىي پونكىت دوختۇرخانىسى، ھەربىي ترانسپورت 13- باشقارمىسى، ھاۋا ئارمىيىسى 149- پونكىتى، ھاۋا ئارمىيىسى ئاخبارات مەركىزى |
| مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 6- ئايغىچە | شەرقىي شىنجاڭ مۇداپىئە شتابى، تەمىنات 3- شۆبە ئىدارىسى، بىرلەشمە ۋەزىپە ئۆتەش باش شتابى كىيىم كېچەك فابرىكىسى، بىرلەشمە ۋەزىپە ئۆتەش باش شتابى 44- مەركىزى، بىرلەشمە ۋەزىپە ئۆتەش باش شتابى 8- ئۆلچەش ئەترىتى، 52- ھەربىي پونكىت دوختۇرخانىسى، ھەربىي ترانسپورت 15- باشقارمىسى، ھاۋا ئارمىيىسى 149- پونكىتى، ھاۋا ئارمىيىسى ئاخبارات مەركىزى |
| مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) نىڭ ئاخىرىغىچە | ھەربىي ئاپپاراتلىرى ئالدىنقى يىرىم يىلدىكى بىلەن ئوخشاش |

## §3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەربىي ئاپپاراتلار

1949- يىل 9- ئاينىڭ 25 – 26 - كۈنلىرى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 1949- يىل 10- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شىنىڭ شىجاڭى ۋۇ ژۇڭشيەن، سىياسىي كومىسسارى گۇەن شىڭجى قىسىمنى باشلاپ قۇمۇلغا كىردى.

1. قۇمۇل شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى

1949- يىل 11- ئاينىڭ ئاخىرى قۇرۇلغان شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى قۇمۇلنىڭ مۇداپىئە، ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. شيې جېڭخاۋ شەھەر مۇداپىئە قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسار، ياڭ شيۈفېڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بولدى. 1950- يىل 2- ئايدا، لو شياۋۋېي قوماندان بولدى.

شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى چېچىلىپ يۈرگەن گومىنداڭ ئەسكىرىدىن 500 نەچچىنى يىغىۋېلىپ، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى ياكى پۇل بېرىپ يۇرتلىرىغا قايتۇردى؛ 56 گومىنداڭ ئىشپىيونى، ساقچى خادىمى ئۈستىدىن ئىقرار خاتىرىسى قالدۇردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شياۋگۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېر سەككىز نەپەر. «28- سېنتەبىر» ئالتۇن بۇلاش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، تارقىلىپ كەتكەن ئالتۇن. كۆمۈشلەرنى يىغىۋالدى؛ زەھەر ئەتكەسچىلىكى، زەھەر چېكىش، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق،

ئۇغرىلىق قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرنى مەنئى قىلدى.

1950- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇرۇلدى، 3- ئايدا شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سابىق شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابىنىڭ خىزمىتى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىجتىمائىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشى (كېيىنكى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى) غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. چىن يۈجۇڭ بۆلۈم باشلىقى بولدى.

2. قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى

1950- يىل 2- ئايدا، تورۇشلۇق قىسىم 16- شى قوشۇمچە قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى، 16- شى پارتكومى قوشۇمچە قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومى بولدى. شىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گۇمىن شېڭجى شۇجىلىققا، شىجاڭ ۋۇ زوڭشيەن قوشۇمچە باش قوماندان ۋە مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلەندى.

1953- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى قۇرۇلدى، ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى سىياسىي كومىسسارلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

1969- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقنى قوشۇمچە ئۆتەش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1979- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ بىرىنچى سىياسىي كومىسسارلىقنى قوشۇمچە ئۆتەش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1986- يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقنى قوشۇمچە ئۆتەش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىدا باش قوماندان، مۇئاۋىن باش قوماندان، سىياسىي كومىسسار بولغانلار**

جەدۋەل: 25 – 2

| ۋەزىپىسى | ئىسىم- فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| باش قوماندان | ۋۇ زوڭشيەن | خەنزۇ | 1950·2 ~ 1953·7 | قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەن |
| | ليۇ فېڭلىن | خەنزۇ | 1953·7 ~ 1956·4 | |
| | فېڭ زوۋۇ | خەنزۇ | 1956·7 ~ 1965·10 | |
| | سۇن يىۋېي | خەنزۇ | 1965·10 ~ 1969·2 | |
| | جۇ لىيۇن | خەنزۇ | 1969·3 ~1972·1 | |
| | ئېزىزۇق قاسىم | ئۇيغۇر | 1974·10 ~ 1975·8 | |
| | ياڭ زوڭچۇن | خەنزۇ | 1979·2 ~ 1981·6 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | 1981·6 ~ 1983·5 | خەنزۇ | گۇ رۇڭشىڭ | |
| | 1983·5 ~ 1988·8 | خەنزۇ | يۈي سەيفۇ | |
| ۋەزىپە ئۆتىمىگەن | 1986·2 | خەنزۇ | شى خوگشىن | |
| | 1988·10 ~ 1990·9 | خەنزۇ | ليۇ ۋېنجۇڭ | |
| | 1990·9 ~ 1990·12 | خەنزۇ | ۋاڭ چېنلىن | |
| | 1954·4 ~ 1959·5 | ئۇيغۇر | ناسىروۋ زاكىر | مۇئاۋىن باش قوماندان |
| | 1956·4 ~ 1961·1 | خەنزۇ | فەن ۋېنشېڭ | |
| | 1962·8 ~ 1965·10 | خەنزۇ | سۇن يۇۋېي | |
| | 1967·7 ~ 1980·11 | خەنزۇ | جياۋ زىلىن | |
| | 1970·10 ~ 1979·12 | خەنزۇ | ۋاڭ جى | |
| | 1970·12 ~ 1973·1 | ئۇيغۇر | ئەيسايوۋ سېيىت | |
| | 1974·11 ~ 1980·11 | خەنزۇ | خەن يوگيۇ | |
| | 1977·2 ~ 1983·5 | ئۇيغۇر | قاسىموۋ سۇلتان | |
| | 1979·1 ~ 1983·5 | موڭغۇل | بىن جىلى | |
| | 1981·10 ~ 1983·5 | خەنزۇ | شۆ يۇتاڭ | |
| | 1983·5 ~ 1987·11 | خەنزۇ | جاڭ جىنگيى | |
| | 1983·5 ~ 1985·11 | خەنزۇ | شى بىڭغا | |
| | 1984·12 ~ 1985·11 | ئۇيغۇر | بەكرى ئىلياز | |
| | 1985·11 ~ 1990·2 | ئۇيغۇر | ئابلىمىت مەۋۇت | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | ليۇ گۇاڭشۇ | خەنزۇ | 1990.9 ~ 1990.12 | |
| سىياسىي كومىسسار | گۇمن شىڭجى | خەنزۇ | 1950.2 ~ 1953.7 | |
| | جاڭ جيانشۇ | خەنزۇ | 1953.7 ~ 1967.1 | |
| | ۋاڭ گېنشېڭ | خەنزۇ | 1953.7 ~ 1956.8 | |
| | لواڭ خۇيرۇي | خەنزۇ | 1960.9 ~ 1969.2 | |
| | فەن شۇدې | خەنزۇ | 1972.10 ~ 1974.10 | |
| | جاڭ خوڭبىڭ | خەنزۇ | 1975.10 ~ 1979.1 | |
| | يەن جاڭفا | خەنزۇ | 1974.10 | |
| | خەن پىڭتۇ | خەنزۇ | 1979.2 ~ 1986.2 | |
| | ۋاڭ جيېنجوڭ | خەنزۇ | 1979.2 ~ 1981.6 | |
| | خاۋ جاڭشۇن | خەنزۇ | 1981.6 ~ 1983.5 | |
| | جاڭ جىنخۇا | خەنزۇ | 1983.5 ~ 1988.10 | |
| | خوڭ جۇڭدۇڭ | خەنزۇ | 1988.10 ~ 1990.12 | |
| مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | چېن لېي | خەنزۇ | 1956.6 ~ 1959.5 | |
| | جاڭ خۇگېن | خەنزۇ | 1966.6 ~ 1975.10 | |
| | رېن شۇفېڭ | خەنزۇ | 1969.8 ~ 1978.11 | |
| | گاۋ تېڭكۇي | خەنزۇ | 1973.1 ~ 1980.11 | |
| | گۇ ۋېيرېن | خەنزۇ | 1978.11 ~ 1984.9 | |
| | شيا يىنجياڭ | خەنزۇ | 1979.1 ~ 1984.9 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | شۈي بەيلۇڭ | خەنزۇ | 1983.5 ~ 1985.11 | |
| | ئابلىمىت مەۋت | ئۇيغۇر | 1983.5 ~ 1985.11 | |
| | يۈەن تىڭشۈەن | خەنزۇ | 1990.9 ~ 1990.12 | |
| ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى | شۈي بەيلۇڭ | خەنزۇ | 1987.7 ~ 1990.9 | |
| شۆبە ھەربىي رايون مەسلىھەتچىسى | رېن شىڭخەي | خەنزۇ | 1978.11 | ۋەزىپە ئۆتىمىگەن |
| | ژاڭ جىڭخەي | خەنزۇ | 1979.6 ~ 1983.5 | |
| | سۈن جىڭجاڭ | خەنزۇ | 1980.11 ~ 1983.5 | |
| | گاۋ تىڭكۈي | خەنزۇ | 1980.11 ~ 1983.5 | |
| | شۇ يۈتاڭ | خەنزۇ | 1983.5 ~ 1985.11 | |

1979- يىل 1- ئايدا، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قارمىقىدا بولدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قارمىقىدا ئىدى. 1986- يىل 1- ئايدا، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قارمىقىدا بولدى.

3. ناھىيە، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى، كان رايونى خەلق قوراللىق بۆلۈمى

1955- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1960- يىل 2- ئايدا، ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ 3- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىلەن باركۆل ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1960- يىل 3- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. خەلق قوراللىق بۆلۈمى ھەربىي سىستېما بىلەن يەرلىك پارتكومنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەربىي سىستېما ئاساسلىق رەھبەرلىك قىلدى. 1986- يىلى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى يەرلىككە ئۆتكۈزۈلۈپ، يەرلىك بىلەن ئارمىيىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىدىغان بولدى.

1969- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل تارانچى كان رايونىدا خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1970- يىل 3- ئايدا، پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، پىچان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى قارمىقىدا بولدى. 1975- يىل 10- ئايدا، تۇرپان ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ، پىچان ناھىيىسى تۇرپان ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، پىچان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى يەنە تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونى قارمىقىدا بولدى.

**4. قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى خەلق قوراللىق بۆلۈمى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى خەلق قوراللىق بۆلۈمى**

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەسىس قىلدى، ھەر قايسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن- مەيدانلىرىمۇ ئاساسىي قاتلام خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى قۇردى، ئۇلار شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەربىي ئىشلار بۆلۈمى بىلەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتىمۇ خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەسىس قىلدى.

**5. ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى خەلق قوراللىق كومىتېتى**

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى خەلق قوراللىق كومىتېتى 1966- يىل 1- ئاينىڭ 20- كۈنى قۇرۇلدى، ئىشخانىسى قۇمۇل شۆبە خەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ تەشكىلات- سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىدە بولدى.

# باب II

# ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

## §1. چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى)، خەن مىڭدى دۇكۇ، گېڭ جۇڭ قوماندانلىقىدا 12 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرنى ئەۋەتىپ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدە ھونلارنىڭ قويان خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىۋىرغولنى ئالدى ھەمدە قىسمەن ئەسكەرلەرنى شۇ يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ساقلاشقا قالدۇردى. يۇڭيۈەن 2- يىلى (90- يىلى)، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى دۇشيەن ئەۋەتكەن ئورۇنباسار چېرىكچى يەن پەن قوماندانلىقىدىكى 2000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن شىمالىي ھونلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. يۇڭيۈەن 3- يىلى (91- يىلى)، خەن سۇلالىسى ئىۋىرغولدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرنى قوغداشقا كەپتاۋۇل رېن شاڭنى ئەۋەتتى. يۇڭچۇ 6- يىلى (112- يىلى)، خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن دورغاپ سوبەن قوماندانلىقىدىكى 1000 نەچچە كىشىلىك قوشۇن ئىۋىرغولغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كەلدى.

ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3- يىلى (222- يىلى)، غەربىي يۇرتنىڭ يولى قايتا ئېچىلدى. ۋېي ۋىندى ئىۋىرغولدا تۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتتى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ جيەنشىڭ تۈنجى يىلىدىن شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن تۈنجى يىلىغىچە (317 – 376 - يىللىرىغىچە)، چيەن لياڭ قۇمۇلدا كاھبەگ تەسىس قىلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 6- يىلى (610- يىلى)، 1000 نەچچە كىشىلىك لەشكەر ئىۋىرغولنى ساقلىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلۇڭ 4- يىلى (710- يىلى)، قۇمۇلدا ئىۋۇرغول قوشۇنى قۇرۇلدى، بۇ قوشۇندا 3000 لەشكەر، 1040 ئات بار. ئىۋۇرغول ئايماق بېگى ئىۋۇرغول قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. قوشۇن بارسكۆلدىكى گەنلۇچۇەندە تۇردى (ھازىرقى باركۆل ناھىيىسى تەۋەلىكىدە). تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ ئونىنچى يىلى (742- يىلى)، تاڭ سۇلالىسى ئىۋۇرغول ئايمىقىنى ئىۋۇرغول ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتتى، بەشبالىق ھىراۋۇل بېگى بايقال، تەگرىتاغ، ئىۋۇرغول قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئىۋۇرغول، قوجۇ ئايماقلىرى تەۋەسىدە تۇردى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 24- يىلى (1287- يىلى)، بەشبالىقتىكى خەنزۇ قوشۇنى ۋە يېڭى بېقىنغان قوشۇندىن بولۇپ، 500 ئادەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىلدى.

## §2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى)، جۇڭغار خانى غالدان توپىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلى 2- ئايدا، كاڭشى خان ئۇۋتانقۇچى سانغۇن فېي ياڭگۇنى چوڭ قوشۇننى باشلاپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى، باش بۇغ ئانەن 2000 كىشىلىك ئالدىن يۈرەر قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ باركۆلگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى)، جۇڭغار خانى سېۋان ئارابدان توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، 2000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەنسەپ- تۆتۈۋق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى، ئەلنى تىنچىتقۇچى سانغۇن فۇ نىڭئەن قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باركۆلگە مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارگاھ بېگى پەن جىشەننى 200 كىشىلىك يېشىل تۇغلۇق قوشۇن بىلەن قۇمۇلغا مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتىپ، جۇڭغار توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ شەرققە ئىلگىرىلىشىدىن مۇداپىئەلەندى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى باركۆلدە كەينى- كەينىدىن گازارما، قاراۋۇلخانا قۇردى. كاڭشى 55- يىلى (1716- يىلى)، باركۆلدىكى 200 چاقىرىم دائىرىدە جەمئىي 23 گازارما قۇرۇلدى، كاڭشى 60- يىلى (1721- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېكىنىپ، باركۆلدە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ئەسكىرىدىن 500 ى مۇداپىئە ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قالدۇرۇلدى.

يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى)، جۇڭغار خانى غالدان سېرىن توپىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەنشى- شەنشىنىڭ ۋالىيسى، يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ سانغۇنى يۆ جۇڭچى 26 مىڭ 500 كىشىلىك غەربىي يول چوڭ قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، باركۆلگە ئورۇنلىشىپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى. يۇڭجېڭ 9- يىلى (1731- يىلى)، يېشىل تۇغلۇق قوشۇن قەلئەسىنى بىنا قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىڭ سۇلالىسى باركۆلدە ئىزچىل قوشۇن تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. يۇڭجېڭ 13- يىلى (1735- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا 2000 كىشىلىك مۇداپىئە قوشۇنى تۇرغۇزدى.

چيەنلۇڭ ئونىنجى يىلى (1736- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى باركۆلدىن ئەسكەر چېكىندۈردى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن 5000 كىشىگە كۆپەيدى. چيەنلۇڭ 18- يىلى (1753- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا ئەسكەرلىك تۈزۈمى بېكىتىپ، ئەنشى، گەنسۇ، لياڭجۇ، سۇجۇدىن ئىبارەت تۆت ياساۋۇل بەگ بارگاھىدىن 20 ئەمەلدار، 2000 ئەسكەرنى ئاجرىتىپ قۇمۇلدا تۇرغۇزدى. چيەنلۇڭ 21- يىلى (1756- يىلى)، گۇاجۇ (ئەنشى) دە تۇرۇشلۇق 1000 نەپەر مانجۇ بارگاھىدىكى خوشۇن ئەسكىرى باركۆل قەلئەسىگە يۆتكەپ كېلىندى. چيەنلۇڭ 22- يىلى (1757- يىلى)، چىڭ

سۇلالىسى جىڭنى، گۇاجۇ، دۇنخۇاڭلاردىكى كازارمىلارنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كەلدى. چيەنلوڭ 26- يىلى (1761- يىلى)، قۇمۇلدىكى ئەسلى بار بولغان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گۇاجۇ بارگاھىدىكى 300 ئەسكەر، بۇلۇنجىر بارگاھىدىكى 200 ئەسكەر ۋە دۇنخۇاڭ بارگاھىدىكى 200 ئەسكەر قۇمۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قۇمۇل كازارمىسى قۇرۇلۇپ، باركۆل باش بۆغىمغا قارىدى. چيەنلوڭ 27- يىلى (1762- يىلى)، ئەنشى ياساۋۇل بەگ بارگاھىدىن يەنە 100 ئەسكەر قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئەنشىنىڭ ياساۋۇل بېگى ۋاڭ فۇ بۇيرۇققا بىنائەن چوڭ- كىچىك 20 نەچچە ئەمەلدار ۋە ئۈچ بارگاھدىكى يېشىل تۇغلۇق خوشۇن ئەسكىرىنى باركۆلگە يۆتكەپ كېلىپ، باركۆل ياساۋۇل بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى ۋە يۇقىرىقى بارگاھلارغا مەسئۇل بولدى. چيەنلوڭ 29- يىلى (1764- يىلى)، ياساۋۇل بەگ مەھكىمىسى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. شۇ يىلى، ئۈرۈمچىنىڭ باش بۆغى شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل تۆت بارگاھنى باركۆلگە يۆتكەپ كېلىپ، باركۆل باش بۆغ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ھەر بىر بارگاھدا چېرىكلەردىن سىرت، 948 ئەمەلدار، تۆت بارگاھدا جەمئىي 1095 خوشۇن ئەسكىرى، 1129 پىيادە ئەسكەر، 1350 ئات بار. چيەنلوڭ 37- يىلى (1772- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى باركۆل كونا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا خۇيىنىڭ مەنچىڭ قەلئەسىنى بىنا قىلدى، گەنسۇنىڭ ئەنشىدىكى 2000 نەپەر مانجۇ ئەسكىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن مەزكۇر قەلئەگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ سەككىز خوشۇن ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇشلۇق قوشۇن بولۇپ، باركۆل ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ئىككىنچى يىلى، چىڭ سۇلالىسى باركۆل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئەنشىدىكى مانجۇ بارگاھىدىن 1000 كىشىلىك ئەسكەر يۆتكەپ كەلدى؛ گەنسۇنىڭ ئەنشى قاتارلىق جايلىرىدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىن 2000 ئەسكەر يۆتكەپ، باركۆل باش بۆغىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 13- يىلى (1874- يىلى) 6- ئايدا، ھەربىي ۋالىي زوزۇڭتاڭ ياقۇپبەگكە جازا يۈرۈشى قىلدى، جىن شۇن قىسمىدىن ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەر بولۇپ 20 بارگاھ، جاڭ ياۋ قىسمىدىن ئاتلىق ئەسكەر 14 بارگاھ قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. 10- ئايدا، جىن شۇن تۆت بارگاھ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، باركۆلگە كىرىپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 2- يىلى (1876- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى سەركەردىسى، سىچۇەن قوشۇنىنىڭ ياساۋۇل بېگى شۇ جيەنبياۋ ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەردىن بەش بارگاھنى باشلاپ باركۆلنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتى ۋە باركۆل بازىرىنىڭ باش بۆغى بولدى. گۇاڭشۇ 6- يىلى (1880- يىلى) 6- ئاينىڭ 15- كۈنى، زوزۇڭتاڭ خان مۇپەتتىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن چوڭ بارگاھنى سۇجۇدىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى فېڭخۇاڭتەيگە ئورۇنلاشتى ھەمدە ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىقىنى كۆردى، بۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەر 5000 دىن ئاشتى.

گۇاڭشۇ 12- يىلى (1886- يىلى)، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، شەرقىي شىنجاڭدا باركۆلنى بايراقدار قاراۋۇلخانا قىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا بەش پىيادە ئەسكەرلەر بارگاھى، بىر خوشۇن، ئىككى كۆزەتخانا ۋە يەتتە ئاتلىق خوشۇن بار بولۇپ، قۇمۇل، تاشبۇلىق، مورى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. گۇاڭشۇ 29- يىلى (1903- يىلى)، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى پەن شياۋسۇ بۇيرۇققا بىنائەن ئەسكەر ئېلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى ياللانما ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋېتىپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قۇمۇل بارگاھىنىڭ ئەسكەر سانى، ئاتلىق ئەسكەر ئىككى خوشۇن (ھەر خوشۇندا 50 ئەسكەر بار)، پىيادە ئەسكەر ئىككى بارگاھ (ھەر بارگاھدا 200 ئەسكەر بار) بولۇپ، جەمئىي 500 ئەسكەر قىلىپ بېكىتىلدى. گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى)، باركۆل قاراۋۇلخانىسىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ پىيادە ئەسكەر، تۆت ئاتلىق

ئەسكەر بارگاھى بولۇپ، باركۆل، گۇچۇڭ، سورى، قۇمۇللارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى)، قۇمۇلغا 32 نەپەر سەييارە مىرشاپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## §3. مىنگو دەۋرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇش

### 1. ياڭ زېڭشىڭ دەۋرى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، قۇمۇلدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي تۈزۈمى داۋاملىق يۈرگۈزۈلدى. قۇمۇل ھەمكارلاشقۇچى قوشۇنى ساقلاپ قېلىنىپ، ئورۇنباسار سانغۇن قويۇلدى. مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى)، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، تۇرۇشلۇق قىسىملارنى كېڭەيتىش بىلەن، قۇمۇل ھەمكارلاشقۇچى قوشۇنى ئۆزلۈكىدىن يوقالدى.

مىنگونىڭ ئۈنجى يىلى (1912- يىلى)، قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى پارتلىدى. شۇ ۋاقىتتا قۇمۇلدا قۇمۇل ھەمكارلاشقۇچى قوشۇنىنىڭ ئىككى چارلىغۇچى يىڭى، قورۇقلۇق ئارمىيە 19- تۇمەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچ يىڭى، زەمبىرەكچى ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى ئەترىتى، يېڭى قوشۇننىڭ بىر يىڭى، ئوردىنىڭ ئاتلىق، پىيادە قىسىملىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر يىڭ بولۇپ، جەمئىي سەككىز يىڭ، ئىككى ئەترەت ئەسكەر بار ئىدى. شۇ يىلى 11- ئايدا، شىنجاڭنىڭ ئۇتۇقى ياڭ زېڭشىڭ باركۆلنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاتلىق، پىيادە قىسىملارنىڭ ھەر بىر يىڭىدىن بىرنى كۆپەيتىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭغا بىر يىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىپ مەشىق قىلدۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى)، دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېڭى ئارمىيىسىنى قايتۇرۇپ كەتتى، قۇمۇل ۋاڭنىڭ پىيادىلەر يىڭى قىسقارتىلدى. مىنگونىڭ 8- يىلى (1919- يىلى)، قورۇقلۇق ئارمىيىنىڭ بىر تۇەنى قۇمۇلدا تۇردى. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ يىڭ قۇمۇل بازىرى، توخۇلۇ، تاشۇبلىق قاتارلىق جايلاردا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى بىۋاستە تۇەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا بولدى. ئىككى يىڭ پىيادە ئەسكەرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. ھەربىي تەمىنات ئاز بولغانلىقتىن، ئەسكەرلەرنىڭ ئاتاقتىكى سانى بىلەن ئەمەلىي سانى ئۈچتىن بىر ئۈلۈش پەرقلىنەتتى. مىنگونىڭ 13- يىلى (1924- يىلى)، قۇمۇلدىكى قورۇقلۇق ئارمىيە كېڭەيتىلىپ لۈيگە ئۆزگەرتىلدى، شتاتىدا ئىككى تۇەن بار، ليۇ شىزېڭ لۈيجاڭ بولدى. ئەينى چاغدا قۇمۇلدا يەنە موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق يېڭى ئارمىيە، چارلاش يىڭى ۋە قۇمۇل ۋاڭنىڭ قوشۇنى بولۇپ، جەمئىي 16 يىڭ ئەسكەر بار ئىدى. مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى)، باركۆلنىڭ ئورۇنباسار سانغۇنى قارىمىقىدىكى بىر يىڭ ئاتلىق ئەسكەر قىسقارتىلىپ، قورۇقلۇق ئارمىيە 8- تۇەنگە قوشۇۋېتىلدى، ئوفىتسېر - ئەسكەر 1700 دىن ئاشتى، بۇ تۇەن باركۆلنىڭ مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولدى.

### 2. جىن شۇرېن دەۋرى

مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى)، قۇمۇلدا شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. لى خەيرۇ قوماندان، شېڭ شىيەي شتاب باشلىقى بولدى. قىسىم شتاتى كېڭەيتىلىپ شىغا ئۆزگەرتىلدى، شىنجاڭدا جەمئىي تۆت شى بار، قورۇقلۇق ئارمىيە 3- شىسى قۇمۇلدا تۇردى، ليۇ شىزېڭ شىجاڭ بولدى (كېيىن جۇ رۇيشى شىجاڭ بولدى). قىسىملار قۇمۇل بازىرى، تاشۇبلىق، شىڭشىڭشيا، يەتتەقۇدۇق ۋە باركۆل قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتى، شى شتابى قۇمۇلدا

تۇردى، چارلاش يىڭى، ئوردىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭىمۇ ساقلاپ قېلىندى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، جىن شۇرېن ئورمۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى، ئەۋەتكەن ئەسكەر 10 مىڭدىن ئاشتى. 7- ئايدا ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ قوراللىق ئارمىيە 9- تۇەنى باركۆلگە كىرىپ، 8- پولك بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل، ئاراتۇرۇكتىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇردى. سۇۋۇل بۇلىقى جېڭىدە، دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن ما جۇڭيىڭ قىسمى قوراللىق ئارمىيە 9- تۇەننى تارمار قىلدى. ماجۇڭيىڭ باركۆل ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ، بىر لىيەن ئەسكىرىي كۈچنى ساقلاشقا قالدۇردى. 9- ئايدا، دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ گۇەن دېشىڭ تۇەندىكى بىر يىڭ يەتتەقۇدۇقتىن داخې يېزىسىغا كىرىپ، لى ئەنىڭ مىنتۇەنى بىلەن بىرلىشىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ باركۆلنى ساقلاشقا قالدۇرغان لىيەننى قوغلاپ چىقاردى. گۇەن دېشىڭ تۇەنى باركۆلنى ساقلاشقا قالدى. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى)، شېڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇردى، چېن پېيشيۇ تۇەنىنىڭ 2000 دىن كۆپ ئەسكىرىنى باركۆلنى ساقلاشقا قالدۇردى. ئىككىنچى يىلى 6- ئايدا، ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ باركۆلدىن مورىغا چېكىنىپ كېتىشى بىلەن، ما جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ باركۆلنى ئىشغال قىلىۋالدى ۋە 80 دىن ئارتۇق ئەسكەر تۇرغۇزدى، كېيىن مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئايدا، مىنتۇەن تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.

### 3. شېڭ شىسەي دەۋرى

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 5- ئايدا، قۇمۇل- باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ قۇمۇلدا 10 ھەربىي تەلىم- تەربىيە لىيەنى، بىر ئاتلىق ئەسكەر لىيەنى، بىر پىيادە ئەسكەر لىيەنى بولۇپ، جەمئىي 700 دىن ئارتۇق ئەسكەر تۇردى. ئۇنىڭدىن سىرت، باركۆلدە يەنە بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى تۇردى. قىسملار بىر تۇتاش قۇمۇل- باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قۇمۇل- باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابى قۇمۇل، باركۆلدىن ئىبارەت ئىككى جاينىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى، يولۋاس تۇنجى گارنىزون قوماندانى بولدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، شىڭشىڭشىيادا چېگرا ئىشلىرى ئەترىتى تەسىس قىلىندى، مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، ئاتلىق ئەسكەرلەر 26- تۇەنى قۇمۇل، باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە تۇردى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8- پولكى قۇمۇلغا كىردى، قۇمۇل – باركۆل گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى پۈتۈنلەي باركۆلگە يۆتكەلدى، قۇمۇلنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل 8- پولكى ئۈستىگە ئالدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ 30 ئەسكىرى ئاساسىدا، يەنە ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ 42- تۇەنى، 16- تۇەنى ۋە ئۈرۈمچى شەھەر مۇداپىئە يىڭىدىن 150 ئەسكەر يۆتكەپ كېلىنىپ، مۇستەقىل چېگرا قاراۋۇلخانىسى چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى ۋە شىڭشىڭشىيا مەركەز قىلىنىپ چېگرا ئەتراپىدا كۆزەتخانىلار تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، قۇمۇلدا ئورۇشلۇق قوراللىق ئارمىيە ھەربىي لازىمەت ئاپتوموبىل 4- تۇەنى قۇرۇلدى، ئۇ دۆلەت مۇداپىئەسى بىرلەشمە خىزمەت باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. تۇەن شتابىغا بىر ھەربىي تەلىم- تەربىيە لىيەنى ۋە بىر مۇلازىمەت لىيەنى سەپلەپ بېرىلدى، قارمىقىدا تۆت يىڭ ئەسكەر، بىر رېمونت زاۋۇتى، تەخمىنەن 500 ئاپتوموبىلى بار. ئاساسلىقى گەنسۇ، شەنشى ۋە شىنجاڭلارنىڭ ھەربىي ترانسپورت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. تۇەندىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر 2062، ئوفىتسېر 264 بولۇپ، 1949- يىل 9- ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، ئۇ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي مۇداپىئەسى ۋە يەرلىكنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. قوماندانلىقنى ۋالىي قوشۇمچە ئۆتىدى، بىر مۇئاۋىن قوماندان، بىر شتاب باشلىقى قويۇلدى، قارىمىقىدا ئامانلىق قوغداش چوڭ ئەترىتى (مۇستەقىل چېگرا قاراۋۇلخانىسى چوڭ ئەترىتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، چوڭ ئەترەتنىڭ شتابى قۇمۇلدا، ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ئۈچكۆل بىلەن بايدا تۇردى)، قوغدىنىش چوڭ ئەترىتى ۋە ناھىيىلەردە قوغدىنىش تۈەنى قۇرۇلدى. كۆك چىگرۈي، زىڭ يۈگېيۇ، لى لاگشىڭ ۋە يولۋاسلار قوماندان بولدى. قۇمۇلدا 6- سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، 22 ئادەم ئىشلىدى.

4. گومىنداڭ دەۋرى

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) 9- ئايدا، گومىنداڭ مەركىزىي قوراللىق ئارمىيە 18- ئارمىيە لۈيىنىڭ 2- تۈەنى قۇمۇلغا كىردى، تۈەن شتابى قۇمۇلدا تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ ئىككى يىگى باركۆلنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 6- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك گومىن بىڭتۈەنى (قوغدىنىش تۈەنى) قۇرۇلدى. ھاكىم قوشۇمچە تۈەنجاڭ بولدى، بىردىن مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، چوڭ ئەترەت باشلىقى، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، ئارماق ئەترەت باشلىقى قويۇلدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، ئامانلىق قوماندانلىق شتابى بىلەن قۇمۇل ناھىيىلىك قوغدىنىش تۈەنى تارقىتىۋېتىلدى؛ 4- ئايدا، گومىنداڭ مەركىزىي قوراللىق ئارمىيە 18- ئارمىيە لۈيىنىڭ باركۆلنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى يىگى گۇچۇڭغا يۆتكەلدى، قوراللىق ئارمىيە 45- شىنىڭ 3- تۈەنى يەنە باركۆلگە ئورۇنلاشتى، 8- ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى، 9- ئايدا بۇ شىنىڭ 533- تۈەنى باركۆلنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى، 29 - ئارمىيە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىن ئۆتمەي شىنجاڭغا كىردى. قوماندانلىق شتابى قۇمۇلدا تۇردى. لى تېيجۈن باش قوماندان بولدى. بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملاردىن بىر پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەش يىگى، بىر زېنىت توپچىلار لىيەنى، بىر ئورۇش ئاپتوموبىلى لىيەنى بار. سەپلەپ بېرىلگەن قىسىملاردىن بىر ئاپتوموبىل يىگى، ئىككى خەۋەرچىلەر لىيەنى بولۇپ، 3000 ئەتراپىدا ئادەم بار. 10- ئايدا، قوماندانلىق باش شتابى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە خىزمەت باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇمۇل كىيىم- كېچەك فابرىكىسى قۇرۇلدى. فابرىكىدا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، تۆۋەندە ئەمگەك ئىشلىرى، ماتېرىيال، مالىيە، خوجىلىق بۆلۈملىرى ۋە بىر شىپاخانا تەسىس قىلىندى. ئەمگەك ئىشلىرى بۆلۈمچىسى قارىمىقىدا تېرە- يۇڭ، تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، پىيمىچىلىكتىن ئىبارەت تۆت سېخ بار. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى شەرقىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنى تەمىنلىدى. فابرىكىدا تەخمىنەن 200 ئادەم ئىشلىدى. بۇ فابرىكا 1949- يىلىدىن كېيىن تارقىتىۋېتىلدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 6- ئايدا، قوراللىق ئارمىيە يۈك توشۇغۇچى ھەربىيلەر ئاپتوموبىل كالونىنىڭ 20- تۈەنى قۇرۇلدى، تۈەن شتابىدا سىياسىي خىزمەت، كونۋوي، ھەربىي لازىمەتلىك، تېخنىكا، ھەربىي دوختۇرلۇق ئىشخانىلىرىدىن ئىبارەت بەش ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بىۋاسىتە قاراشلىق پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە پەيى بىلەن ئالاقە پەيى بولۇپ، بۇ تۈەننىڭ قارىمىقىدا يەنە تۆت يىڭ بار. تۈەندە تەخمىنەن 1150 ئوفىتسېر- ئەسكەر، 560 ئاپتوموبىل بار. 1949- يىل 9- ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 11- ئايدا، قوراللىق ئارمىيە 42- شىنىڭ 52- تۈەنى گەنسۇدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى؛ مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 9- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانلىق شتابى

گارنىزون تۇەنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، تۇەن شتابىدا كاتىبات، سىياسىي خىزمەت، ھەربىي لازىمەتلىك، قورال- ياراغ، كونۇۋوي ئىشخانىسىدىن ئىبارەت بەش ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بىۋاستە قاراشلىق قىسىملاردىن مۇلازىمەتچىلەر، توپچىلار، ترانسپورت لېيەنلىرى ۋە سەھىيە ئەترىتى بار، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا ئۈچ يىلڭ بولۇپ، ئوفىتسېر- ئەسكەر 78. ۋىزىپىسى شىڭشىڭشيا، توغۇچى، يەتتەقۇدۇق ئەتراپىدىكى تاشيول لىنىيىلىرىدە قوغداش ۋىزىپىسىنى ئۆتىدى. بۇ تۇەن 1949- يىل 9- ئايدا ھەقىقەتكە قايتتى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، گومىنداڭ قىسىملىرى تۇركۇم- تۇركۇملەپ شىنجاڭغا كىرگەچكە، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملار توختىماي يۆتكىلىپ تۇردى، 12- ئايدا، يېڭى 2- جۈن، 45- شى، 91- شى، 191- شى، شىنجاڭ 9- رايون ئامانلىق ئەترىتى قاتارلىق قىسىملار قۇمۇلغا ئورۇنلاشتى؛ تۇرۇشلۇق ھەربىي ئورگاندىن 11 ى بولۇپ، ئۇلار شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى، قۇمۇل شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى، تەمىنلەش 3- شۆبە ئىدارىسى، ھاۋا ئارمىيىسى 149- پونكىتى، ھاۋا ئارمىيىسى ئاخبارات ئىستانسىسى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 44- ئىستانسىسى، 4- كىيىم- كېچەك فابرىكىسى، ھەربىي لازىمەتلىك 20- تۇەنى، ھەربىي لازىمەتلىك 4- تۇەن 4- يىڭى، 52- ھەربىي پونكىت دوختۇرخانىسى، 50- ھەربىي پونكىت دوختۇرخانىسى قاتارلىقلار بار.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 7- ئايدا، گومىنداڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ 45- شىسى، 78- شى 178- لۈيى قىلىپ قىسقارتىپ تەشكىللىنىپ، مو ۋۇرو لۈيجاڭ بولدى، كېيىن يەنە شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى قورۇلغاندا موۋۇرو قوشۇمچە قوماندانلىققا تەيىنلەندى. لۈي شتابىدا باش شتاب، ئاخبارات، ھەربىي لازىمەتلىك، كونۇۋوي، قورال- ياراغ، ھەربىي قانۇن- تۈزۈم، مەخپىيەتلىك، سىياسىي خىزمەت ئىشخانىلىرى ۋە بىر «خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئەترىتى» تەسىس قىلىندى. بىۋاستە قاراشلىق قىسىملاردىن ھەربىي لازىمەتلىك يىڭى، پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەش لېيەنى، ئالاقىلىشىش لېيەنى بولۇپ، قارىمىقىدا 532- تۇەن (تۇرپاندىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىنگەن)، 533- تۇەن (1944- يىل 4- ئايدا باركۆلگە كىرىپ ئورۇنلاشتى)، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى بار، ئەسكىرىي كۈچى تەخمىنەن 4000. قاراشلىق رايون ئىككى مۇداپىئەلىنىش رايونىغا ئايرىلدى: بىرى، باركۆل — ئاراتۇرۇك مۇداپىئەلىنىش رايونى بولۇپ، 533- تۇەننىڭ باشلىقى چېن گۇگېۋ قوماندان بولدى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى، قوۋۇق ئېغىزىدىن شەرقتە ئاراتۇرۇك بايغىچە، شىمالدا نوم، ئۆچكۆلگىچە، غەربتە باركۆلنىڭ دىگاۋگۇ، بەيگەتۆپىگىچە بولغان جايلارنى ساقلىدى، ئاساسلىق چېگرىنى چارلىدى، چارۋىچىلىق رايونىدىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلدى؛ يەنە بىرى، قۇمۇل مۇداپىئەلىنىش رايونى بولۇپ، 532- تۇەننىڭ باشلىقى چېن مىگرۇ قوماندان بولدى، قۇمۇلدا شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى، شەرقتە شىڭشىڭشيا، تاشۆيلىقتىن، غەربتە يەتتەقۇدۇق، توغۇچىغىچە بولغان رايونلارنى مۇداپىئە قىلدى. ئاساسلىق قۇمۇلدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، يولۇچىلارنى تەكشۈرۈدى، قاتناش يوللىرىنى ساقلىدى، ئىنقىلابىي تەرەققىيپەرۋەر پائالىيەتلەرنى نازارەت قىلدى. 1949- يىل 9- ئايدا، 178- تۇەن ھەقىقەتكە قايتتى، شۇ يىللىرى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن يەنە يۈك توشۇغۇچى ئاپتوموبىل 20- تۇەنى، گارنىزون تۇەنى، 78- شى دالا زەمبىرەك يىڭىنىڭ 1- لېيەنى، يۈك توشۇغۇچى ئاپتوموبىل 4- تۇەن 1- يىڭىنىڭ 2- لېيەنى، ئاپتوموبىل 3- تۇەن 3- يىڭ 9- لېيەنى، زىنىت توپ 11- لېيەنى، ئاپتوموبىل ئاسىراش يىڭىنىڭ 4- لېيەنى بار بولۇپ، ئوفىتسېر- ئەسكەر جەمئىي 4303 ئىدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئورگانلاردىن شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى، تەمىنلەش 3- شۆبە ئىدارىسى، بىرلەشمە لاۋازىم باش شتابىنىڭ كىيىم- كېچەك فابرىكىسى، بىرلەشمە لاۋازىم باش شتابىنىڭ 44- ئىستانسىسى، بىرلەشمە لاۋازىم باش شتابىنىڭ ئۈلچەش 8- ئەترىتى، 122- ھەربىي پونكىت، ئاپتوموبىل ئاسىراش يىڭىنىڭ 4 - لېيەنى دوختۇرخانىسى، ھەربىي ترانسپورت 13- ئىش بېجىرىش ئورنى، ھاۋا ئارمىيە 149- پونكىتى، ھاۋا ئارمىيە ئاخبارات ئىستانسىسى بار.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 12- ئايدا، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق باشقىدىن تەشكىللەنگەن قىسىملاردىن 178- لۈي قارمىقىدىكى ئاپتوموبىل 8- ئۈەنى، گارنىزون تۈەنى، 73- شى دالا زەمبىرەك يىگىنىڭ 1- لىيەنى، ئاپتوموبىل 4- تۈەن 1- يىگىنىڭ 2- لىيەنى، ئاپتوموبىل 3- تۈەن 3- يىگىنىڭ 9- لىيەنى، زىنىت توپچىلار 11- لىيەنى، ئاپتوموبىل ئاسىراش يىگىنىڭ 4 - لىيەنى بولۇپ، جەمئىي 4203 ئادەم بار ئىدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئورگانلاردىن شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى، تەمىنلەش 3- شۆبە ئىدارىسى، بىرلەشمە لاۋازىم باش شتابىنىڭ كىيىم- كېچەك فابرىكىسى، بىرلەشمە لاۋازىم باش شتابىنىڭ 44- ئىستانسىسى، بىرلەشمە لاۋازىم باش شتابىنىڭ تۈلچەش 8- ئەترىتى، 52- ھەربىي پونكىت دوختۇرخانىسى، ھەربىي ترانسپورت 15- ئىش باشقارمىسى، ھاۋا ئارمىيە 149- پونكىتى ۋە ھاۋا ئارمىيە ئاخبارات ئىستانسىسى بار. مۇنتىزىم ئارمىيىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، قۇمۇل ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى شەرقىي شىنجاڭ چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، ئۇ شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىغا بىۋاسىتە قارىدى ھەمدە شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە 178- لۈينىڭ قوماندانلىقىدا بولدى. چوڭ ئەترەت شتابى ئاراتۇرۇككە يۆتكەلدى، چوڭ ئەترەت سىياسىي خىزمەت، كونۋوي، كاتىبات، ھەربىي لازىمەتلىك، مال دوختۇرلۇق ئىشخانىسىدىن ئىبارەت بەش ئىشخانا تەسىس قىلدى، يەنە بىر سىمسىز راتسىيە ئىستانسىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىككى ئوتتۇرا ئەترەت، 250 ئوفىتسېر- ئەسكەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، لىيەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر 24، ئات 20. قاراشلىق قىسىملار باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك چېگرا لىنىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1949- يىل 9- ئايدا، چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتى ھەقىقەتكە قايتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت، مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش ئۈچۈن، قۇمۇل ھەربىي ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئايرودرومى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئايرودرومنى كېڭەيتىپ، پونكىت ئىچىدە تېلېگراما ئىستانسىسى، ئاخبارات ئىستانسىسى، رېمونت ئورنى، بېنزىن ئامبىرى قاتارلىقلارنى قۇردى. ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلار خىزمەتچىسى 36 نەپەر بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى شىنجاڭغا كىرىدىغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئايروپىلاندا توشۇش بولدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، كەسپىي ئىشلىرى ئازىيىپ كەتكەچكە، شتاتى قىسقارتىلىپ، نامى ئۇرۇمچى ئاۋىئاتسىيە پونكىتى قۇمۇل ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

[قوشۇمچە] گومىنداڭ دەۋرىدىكى قۇمۇل ھەربىي تېلېگراما ئىستانسىلىرى

ھەربىي تېلېگراما ئىستانسىسى رەھبەرلىك سىستېمىسىغا ئاساسەن، سىرتنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ دەپ ئىككىگە ئايرىلدى: مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ھەربىي سىياسىي بۆلۈمنىڭ نەنجىڭ باش ئىستانسىسىنىڭ قوماندانلىقىدىكى قۇمۇل 4- تېلېگراما ئىستانسىسىدا يەتتە نەپەر خىزمەتچى خادىم بار ئىدى؛ جۇڭچىڭ ئاۋىئاتسىيە باش ئىستانسىسى قوماندانلىقىدىكى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى تېلېگراما ئىستانسىسى بىلەن ئاخبارات ئىستانسىسىدا 11 نەپەر خىزمەتچى خادىم بار ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى قىسىملار ۋە ھەربىي ئاپپاراتلارنىڭ مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) قۇمۇلدا تەسىس قىلىنغان قۇمۇل گارنىزون تۈەنى باش سىمسىز تېلېگراما ئىستانسىسى بولۇپ، قارمىقىدىكى 1- يىڭ يەتتەقۇدۇقتا، 2- يىڭ شىگىشىگىشيادا، 2- يىڭ 5- لىيەن تاشۆيلىقتا تۇردى، جەمئىي ئۈچ تارماق ئىستانسىغا ئايرىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەتتەقۇدۇق ھەربىي ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئاخبارات ئىستانسىسى، يەتتەقۇدۇق خەۋەرلىشىش 7- تۈەن تېلېگراما ئىستانسىسى؛ شىگىشىگىشيا ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى

18- تېلېگراما ئىستانسىسى بار.

**جۇنتۇڭنىڭ ئىشپىيونلۇق تېلېگراما ئىستانسىلىرى: شىنجاڭ ئۆلكىلىك قوغداش باشقارمىسى قومۇل** رايونلۇق قوغداش گۇرۇپپىسى تېلېگراما ئىستانسىسى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 8- ئايدا، قومۇل رايونى قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۈرۈمچىدىن جۇنتۇڭنىڭ ئىشپىيونى يەن گاڭ بۇ تېلېگراما ئىستانسىغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتىلدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئايدا، قومۇل رايونى قوغداش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، لى يۈتاڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭ پونكىتى قومۇل گۇرۇپپىسىنى قۇردى، ئۇنىڭدىن سىرت تېلېگراما ئىستانسىسى قۇردى، 7- ئايلاردا، يەن گاڭ ئاپپاراتلارنى شىنجاڭ پونكىتىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق ئىستانسىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ پونكىتى قومۇل گۇرۇپپىسى تېلېگراما ئىستانسىسى:** مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 6- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، شىكاگدىن يۆتكەپ كېلىنگەن جۇنتۇڭنىڭ ئىشپىيونى شۇ جىجېي ئىستانسا باشلىقى بولدى. مەزكۇر ئىستانسا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ پونكىتىنىڭ شەرقىي شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم تېلېگراما ئىستانسىسى بولۇپ، قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئازاد بولغىچە، خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى ئىزچىل ئۈزۈپ قويمىدى، ئادەتتە شىنجاڭ پونكىتىنىڭ قومۇل گۇرۇپپىسى ئۈچۈن تېلېگراما قوبۇل قىلاتتى، بۇ پونكىت ئۈرۈمچى تارماق ئىستانسىسى بىلەن باشتىن. ئاخىر ئالاقىدە بولۇپ كەلدى، مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، بىر مەزگىل لەنجۇ تارماق ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالاقىسى توختىدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 1- ئايدا، يەنە ئۈرۈمچىدىكى يوشۇرۇن پونكىتىنىڭ تېلېگراما ئىستانسىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى، ناۋادا شىنجاڭدا «ئىش چىقسا»، «ئۈرۈمچى تارماق ئىستانسىسى» چېكىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىستانسا بىلەن خەۋەرلىشىش داۋاملىق ئالاقىلىشىشنى مەقسەت قىلدى. 1949- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ ئۈرۈمچى تارماق ئىستانسىسى پارچىلاندى، بۇ ئىستانسىمۇ خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

**شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىق شتابى 2- باشقارمىسىنىڭ قومۇل گۇرۇپپىسى تېلېگراما ئىستانسىسى:** بۇ ئىستانسا ئەسلىدە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 2- نازارىتىنىڭ قارىمىقىدىكى قومۇل گۇرۇپپىسى تېلېگراما ئىستانسىسى بولۇپ، مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئايدا قۇرۇلدى، ئىستانسىغا شى كېرىن باشلىق بولدى. ئەينى چاغدا ئىستانسا ئاشكارا قۇرۇلدى، ئانتېننىسى سىرتقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، «2- باشقارمىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق ئىستانسىسى» بىلەن سىناق تەرىقىسىدە خەۋەرلىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1- ئايدىن 4- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ ئىستانسىدا خەن شياۋيۇ گۇرۇپپىسى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 2- نازارىتى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تېلېگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارغا تېلېگراما يوللاشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلدى. ئېلېكتر كۈچى ئاجىز بولغاچقا، نەنجىڭ بىلەن بىۋاستە خەۋەرلىشەلمەيتتى، شۇڭا يوللىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان تېلېگراممىلارنى 2- باشقارمىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق ئىستانسىسى ۋاكالىتەن يەتكۈزدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 5- ئايدىن كېيىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 2- نازارىتىنىڭ بىۋاستە قارىمىقىدىكى قومۇل گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ ئىستانسا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قومۇلدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. تاكى مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 7- ئايغا كەلگەندىلا، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى 2- نازارىتى مەزكۇر ئىستانسىنى رەسمىي 2- باشقارمىنىڭ قومۇل گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1949- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى؛ 10- ئايدا، شى كېرىن ئۈرۈمچىگە قېچىپ بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، بۇ ئىستانسىنىڭ بارلىق تېلېگراف ئاپپاراتلىرى، مەخپىي ھۆججەت ۋە شەرتلىك سىگنال جەدۋىلى قاتارلىقلارنى گارنىزون باش شتابىنىڭ 2-

باشقارمىسى ئارقىلىق جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوغداش بۆلۈمىگە يوللاپ بەردى.

**دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ پونكىتى قومۇل يوشۇرۇن گورۇپپىسى تېلېگراممىا ئىستانسىسى:** بۇ ئىستانسا مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 5- ئايدا، شىنجاڭ پونكىتىنىڭ قومۇل يوشۇرۇن گورۇپپىسىغا قارىغان بولۇپ، پېڭ رىنجى ئىستانسا باشلىقى بولدى، «يوشۇرۇن گورۇپپا»لارنىڭ تېلېگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەۋەتىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلدى. بۇ ئىستانسا قومۇل ئازاد بولغاندىن كېيىن مەخپىي سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنى مەزگىل يوشۇرۇنۇپ، داۋاملىق ئىشپىيونلۇق خەۋرلىشىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش خام خىيالىدا بولدى.

1949- يىل 9- ئاينىڭ 25- كۈنى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى، «ئۈرۈمچى تارماق ئىستانسىسى» خادىملىرى پاتپاراق بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چەت ئەلگە قاچماقچى بولدى، پېڭ رىنجى باشقا ئامال قالمىغان ئەھۋالدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

## §4. قومۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئارمىيىسى

**1. ھاۋا ئارمىيە بازىسى**

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى، جوڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ھەربىي ئايروپىلان، ترانسپورت ئاپتوموبىلى، بېنزىن ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى سېتىپ بېرىشنى قارار قىلدى، بۇلار شىنجاڭ ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە توشۇلىدىغان بولدى. قومۇل شەھرىنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان بۇرۇنقى ياۋروپا ـ ئاسىيا ئايرودرومى ئايروپىلانلارنىڭ قونىدىغان ۋە ماي قاچىلايدىغان جايى بولۇپ قالدى. ئايرودرومنىڭ مۇئەسسەسىلىرى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئاشخانا قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان بىر نەچچە ئېغىز كېمەك ئۆيلا بار ئىدى. ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى، يەر ئۈستى خىزمەتچىلىرى ۋە ئايرودروم خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھەممىسى چېدىر ئۆيلەردە تۇراتتى. قىرغۇچى ئايروپىلان، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سەپ بويىچە ئۇچۇپ كېلىپ قومۇل ئايرودرومىغا قونۇپ، ماي ۋە سۇ قاچىلىغاندىن كېيىن، لەنجۇ، شىئەن، چۇڭچىڭ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا ئۇچاتتى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) يازدا، قىرغۇچى ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى قومۇلدا قۇراشتۇرۇلىدىغان، زاپچاسلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يوك ئاپتوموبىلى ئارقىلىق يۆتكەپ كېلىنىدىغان بولدى. ئەينى چاغدا ياپونىيە ئايروپىلانلىرى لەنجۇنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى، قىسمەن بومباردىمانچى ئايروپىلانلار تېخى جاڭيېنىمۇ بومباردىمان قىلدى. ئايروپىلانلارنى بىخەتەر قۇراشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ياپونىيىنىڭ ئوغرىلىقچە بومباردىمان قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قومۇل ئايرودرومىغا 10 دىن ئارتۇق قىرغۇچى ئايروپىلان ۋە بىر C6 تىپتىكى يىراق مۇساپىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلان چوڭ ئەتىرىتى، شۇنىڭدەك ئاز ساندىكى باشقا ئايروپىلانلار تۇرى سەپلەندى. ئايروپىلانلار قۇراشتۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھاۋا ئارمىيىسىدىن زور بىر تۈركۈم ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى، يەر ئۈستى خىزمەتچىلىرىنى يۆتكەپ كەلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپمۇ نۇرغۇن قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرىنى يۆتكەپ كەلدى، ئۇلار ئەسلىدىكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مېخانىكلىرى (ئاساسلىقى جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغانلار) گە

ياردەملىشىپ، ئايروپىلان قوراشتۇرۇشقا كىرىشتى، قوراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئايروپىلانلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىچكىرىگە ھەيدەپ كېتەتتى. ئايروپىلانلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش- ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن گېنېرال ئالېكسېيېۋ، جۇڭگو تەرەپتىن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ما باگچۇ (جاڭ جيېشىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىنىڭ ئىنىسى) مەسئۇل بولدى، ئەينى چاغدا ئايرودرومدا يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا، جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تېخنىكا خادىملىرى كۈندۈزدىلا ئىشلىدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، قىزىل 8- تۈەن قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، ئايرودروم قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ماي ئىسكىلاتى، ئوق- دورا ئىسكىلاتى، زاپچاسلار ئىسكىلاتى، ئايروپىلان توختىتىش زالى، ماشىنا ئىسكىلاتى، ماشىنا رېمونتخانىسى سالدى، ھەر خىل تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرى ۋە بىر كۇلۇب سالدى. قۇرۇلۇشنى لايىھەلەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىر ئىنژېنېر بىلەن ئۆلكە مەركىزىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بىر ئىنژېنېر مەسئۇل بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئاپتوموبىل چىقىرىپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇدى، قالغان قۇرۇلۇش ئۈستىلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ياللاپ ئىشلەتتى، ماتېرىياللارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سېتىۋېلىپ يەتكۈزۈپ بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئادەتتە بازىدا 200 چە ئادىمى تۇردى، كۆپ بولغاندا 500 گە يەتتى. ھەر بىرىگە ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن قورال بېرىلدى، ئۇلار ھەربىي فورما كىيمىدى. كېيىن ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىدىن بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيە پىدائىيلار قىسمىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭنىڭ ھاۋا ئارمىيە فورمىسىنى كىيدى. قۇمۇلدا قوراشتۇرۇلغان ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى قىرغۇچى ئايروپىلان ۋە يېنىك بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئىدى. C6 بەلگىلىك يىراق مۇساپىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلان، ئېغىر 3—T6 بەلگىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلان، 5—P بەلگىلىك قۇتقۇزۇش ئايروپىلانلىرى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىقىپ، يول ئۈستىدىكى ئايرودروملارغا چۈشۈپ، ئىچكىرىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئۇچۇپ باراتتى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، سوۋېت – گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا پائالىيەت توختىدى.

2. قىزىل 8- تۈەن

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، شېڭ شىسەينى قوللاش ئارقىلىق، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بىر ھاكىمىيەتنى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 7 – ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىدى. 8- ئاينىڭ 21- كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «جۇڭگو- سوۋېت ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ھەربىي ئايروپىلان، ترانسپورت ئاپتوموبىلى، بېنزىن ۋە باشقا ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى سېتىپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنى قوللاشنى قارار قىلدى. بۇ ماددىي ئەشيالار پەقەت شىنجاڭ ئارقىلىقلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە توشۇلدى. شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان قۇمۇل گەنسۇ- شىنجاڭ تاشيولى ۋە ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، يەنە كېلىپ، ھەربىي ئايروپىلانلارنى قوراشتۇرىدىغان ھاۋا ئارمىيە بازىسى بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋانلىقىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتتى. شېڭ شىسەي بۇنى باھانە قىلىپ، مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 1- ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ قۇمۇلنىڭ مۇداپىئەسىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن روسىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 8- تۈەنى شىنجاڭغا كىردى، بۇ تۈەن غۇلجا، ئۈرۈمچى، تۇرپان ئارقىلىق قۇمۇلغا يېتىپ

كەلدى. قىزىل 8- تۈەننىڭ ھەربىي يۈرۈشى ئىنتايىن مەخپىي بولۇپ، ئاپتوموبىللىرى كېچىدە يۈرۈپ، كۈندۈزى چۆل- باياۋانلاردا قوندى.

قىزىل 8- تۈەن چېگرىدىن كىرىشى بىلەن، شېڭ شىسەي مەسلىھەتچىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىگە قوشۇپ قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، قۇمۇلنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى لىۋ شىيېڭ قاتارلىق ئاساسلىق ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، قۇمۇل شەھرىدە گازارما سېلىشنى قارار قىلدى. قىزىل 8- تۈەن قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بەي بىگدې قىزىل 8- تۈەننىڭ باشلىقى ئۇشىنكوف، ھەربىي لازىمەتلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سىيلچوكوفقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشىپ، گازارما قۇرۇلۇشىغا بىرلىكتە مەسئۇل بولدى. يەر، ئۇتلاق سېتىۋېلىش، دەل- دەرەخ كېسىشتىن تارتىپ، ماددىي ئەشيا ۋە ئەمگەك كۈچى تەشكىللەش قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردىن زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلدى. قىزىل 8- تۈەن 430 مو يەرنى ئېلىپ ئىشلەتتى. قالغان گازارما قۇرۇش راسخوتىنى شىنجاڭ دۆلەت مەھكىمىسى ئۈستىگە ئالدى. ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، قورال- ياراغ ئىسكىلاتى، مەشىق مەيدانى قاتارلىق ھەربىي ئەسلىھەلەرمۇ ئىنتايىن مۇكەممەل قىلىندى.

روسىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر 8- تۈەننىڭ قۇمۇلغا كىرىشىدە شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ئالدىغا كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەنجەڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمىدى. ئەنجەڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇمانى ۋە ئاۋارىلىشىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىرتقا قارىتا شىنجاڭ يەرلىك قىسىملىرىنىڭ پارولى قوللىنىلىپ، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى قارىمىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 8- تۈەنى دەپ ئاتالدى، شىنجاڭغا كىرگەندە شىنجاڭ ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پاگون- كاكارلىرىنى تاقىدى.

قىزىل 8- تۈەن قورال- ياراغلىرى خىل، ماشىنىلاشقان قىسىم بولۇپ، پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىم، ساپيورلار قىسمى، خەۋەرلىشىش قىسمىدىن باشقا يەنە بىر تانكا لىيەنى، بىر توپچىلار يىڭى بار ئىدى، ھەربىي ئايروپىلانمۇ سەپلەپ بېرىلدى. تۈەننىڭ ھەربىي يۈرۈشىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەربىي ئاپتوموبىللىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قوشۇمچە ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، رېمونتچىلىق، توكچىلىق سېخلىرى تەسىس قىلىندى، چوڭ پارقازان، توك ھەرىسى، پار بازغىنى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر سەپلەنگەن بولۇپ، خۇددى چوڭ بىر ھەربىي زاۋۇتقا ئوخشايتتى. بۇ تۈەندە 680 پىيادە ئەسكەر، 700 ئاتلىق ئەسكەر، 120 ساپيور، 500 موتىبېكلىتلىق ئەسكەر، 562 توپچى ئەسكەر، 125 يۈك توشۇغۇچى ئەسكەر، بىر قانچە تانكىس، ئۇچقۇچى ۋە ھاۋادىكى ئوت ئاچقۇچىلاردىن 90 ئادەم بار ئىدى. بارلىق ئەسكىرىي كۈچى تەخمىنەن 3000 دىن ئاشتى. قارىمىقىدىكى ئىشچى ۋە باشقا مەمۇرىي خادىملارنى قوشقاندا جەمئىي 5000 ئەتراپىدا ئادەم بار ئىدى. قىزىل 8- تۈەن شەرقتە شىڭشىڭشىيا، غەربتە يەتتەقۇدۇق، شىمالدا ئاراتۈرۈك، باركۆل، جەنۇبتا لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى جايلارنى ئاساسلىق مۇداپىئە قىلدى. قىزىل 8- تۈەن قۇمۇلنىڭ يەر شەكلى، تاغ- سۇلىرىنى ئىنچىكە ئۆلچەپ چىقىپ، ھەربىي خەرىتە سىزىپ، ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇردى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) 9- ئايدا، سوۋېت ــ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىدى، شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كومپارتىيىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى چىقتى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى) نىڭ باشلىرىدا، شېڭ شىسەي جاڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇش ئىشى توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. 2- ئاينىڭ 9- كۈنى، جاڭ جيېشى تېلېگرامما قايتۇرۇپ، پىلان بويىچە ئىش قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. شېڭ شىسەي 3- ئاينىڭ 16- كۈنى دۆلەت مەھكىمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى ۋاسلىيېۋنى قوبۇل قىلىپ، قىزىل 8- تۈەننى چېكىندۈرۈپ، دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئۇچقۇچىلار ئەترىتى، ئۈرۈمچىدىكى ئايروپىلان زاۋۇتى ۋە بارلىق ئىشچى ھەم تېخنىكا خادىملىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. قىزىل 8- تۈەننىڭ تۈنجى تۈركۈم قىسمى 6-

ئاينىڭ باشلىرىدا قۇمۇلدىن چېكىنىپ چىقتى، 9- ئاينىڭ بېشىدا، گومىنداڭ 18- ئارىلاشما لۈيى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن قىزىل 8- تۈەن چېكىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. بىر يول پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر سومۇشتان، باركۆل، قۇلىنچەرى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قوبدو ئارقىلىق دۆلەتكە قايتتى؛ يەنە بىر يول ماشىنىلاشقان قىسىم تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ غەربكە مېڭىپ، قورغاس ئارقىلىق دۆلەتكە قايتتى. قىزىل 8- تۈەننىڭ بارلىق گازارمىلىرى 6 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلىغا (10 مىليون دېگەن گەپمۇ بار) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىلدى. ھاۋا ئارمىيە بازىسىنىڭ بارلىق قورۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسى ئۆتكۈزۈۋالدى.

## §5. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قوشۇن تۇرغۇزۇش ئەھۋالى

1949- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1- بىڭتۈەن 2- جۈن 5- شى 14- تۈەننىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى يول ئۈستىدە قۇمۇلدىن ئۆتتى. 6- جۈن 16- شى 1949- يىل 12- ئايدىن 1950- يىل 3- ئايغىچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. 1949- يىل 12- ئاينىڭ 24- كۈنى، 16- شى 46- تۈەن باركۆلگە كىرىپ ھەربىي ئىدارە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى، باركۆل ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى. 1950- يىل 2- ئاينىڭ 14- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاراتۈرۈككە كىرىپ ئورۇنلاشتى، ئاراتۈرۈك ئازاد بولدى. 16- شىنىڭ شىجاڭى ۋۇ ژۇڭشيەن، سىياسىي كومىسسار گۇمەن شېڭجى قۇمۇلنىڭ مۇداپىئەسىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، باندىتلارنى تازىلاپ، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 16- شىنىڭ شتاب باشلىقى شيې جىڭخاۋ قوشۇمچە باش قوماندانلىقىدىكى شەھەر مۇداپىئە باش قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى. 1950- يىل 3- ئاينىڭ بېشىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمىتىنى رەسمىي قانات يايدۇرۇپ، شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق شتابىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

**1. شۆبە ھەربىي رايون قارمىقىدىكى قىسىملار**

1953- يىل 3- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شىسى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. شۆبە ھەربىي رايون قارمىقىدا خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم- تەربىيە ئەترىتى، مۇھاپىزەت- ئالاقە پەيى ۋە «1- ئاۋغۇست» قورال- ياراغ ئىسكىلاتى قاتارلىق ئورۇنلار بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى، ھەربىي رايون ئاتلىق ئەسكەرلەر 2- تۈەننىڭ 3- ليەنىنى ۋاكالىتەن باشقۇردى، كېيىن شۆبە ھەربىي رايون قارمىقىدىكى قىسىملاردا ئاساسلىقى ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى، چېگرا مۇداپىئە قىسمى، خەۋەرلىشىش لىنىيىسى ئىشلىرى قىسمى، دوختۇرخانا، ئارقا سەپ تەمىنات ئىسكىلاتى قاتارلىقلاردا بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر بولدى.

1954- يىل 10- ئايدا، شۆبە ھەربىي رايون قارمىقىدا تەلىم- تەربىيە ئەترىتى، ساقلىق ساقلاش پونكىتى ۋە مۇھاپىزەت- خەۋەرلىشىش پەيى بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى بىلەن ئاتلىق قىسىم 2- تۈەن 3- ليەنىنى ۋاكالىتەن باشقۇردى.

1962- يىل 8- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە باش پونكىتى قۇرۇلدى، قارمىقىدا باي، سارنۇرغۇن، تۈمۈرتام قاتارلىق ئۈچ چېگرا مۇداپىئە پونكىتى قۇرۇلدى.

1964- يىلى 4- ئايدا، بۇ پونكىت بىلەن ئۈچ چېگرا مۇداپىئە پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تۆمۈرتامدا تۆمۈرتىلم ئۇچرىشىش پونكىتى (تۆمەن دەرىجىلىك) قۇرۇلدى.

2. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى

1) 8- ئۇچقۇچىلار ئىنستىتۇتى 1967- يىلى 7- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى دەپ ئاتالدى، كېيىن ئىنستىتۇتقا ئۆزگەرتىلدى، ئاساسەن ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرىغا قىرغۇچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1982- يىلى 5- ئايدا، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بۇ ئىنستىتۇتنى بىر قېتىم كوللېكتىپ 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى. 1987- يىلى 7- ئايدا، بۇ ئىنستىتۇت قەھرىمان، نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ تەقدىرلەندى.

2) رادار قىسمى قۇمۇل رايونىدا رادار قىسمى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ قىسىم ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كېچە- كۈندۈز ھوشيارلىق بىلەن قوغداپ كەلدى.

3. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق باشقا قىسىملار

قۇمۇل رايونى تەۋەسىدە دالا ئارمىيە دوختۇرخانىسى، ئارقا سەپ ئۇنىۋېرسال ئىسكىلاتى، ماي ئىسكىلاتى ۋە تېخنىكىلىق رازۋېدكا قانارلىق قىسىملار تۇردى.

4. جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى قۇمۇل رايونلۇق تارماق ئەترىتى

1949- يىلى 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى قوراللىق قىسمى قۇرۇلدى.

1950- يىلى 10- ئايدا، قۇمۇل جامائەت خەۋپسىزلىكى قوراللىق قىسمى جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمى قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1952- يىلى 12- ئايدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىغا ئۆزگەرتىلىپ، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ئىچكى قوغداش ۋە چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1955- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرى قۇمۇل خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىغا ئۆزگەرتىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

1961- يىلى 11- ئايدا، ساقچى قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى.

1982- يىلى 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى خەلق ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1963- يىلى 1- ئايدا، يەنە جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمى شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ھەربىي سىستېما بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى.

1966- يىلى 6- ئايدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا ئەترىتى بىلەن شۆبە ھەربىي رايون مۇھاپىزەت پەيى قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇستەقىل لىيەنى قىلىپ قايتىدىن تەشكىللەندى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1976- يىلى 1- ئايدا، ھەر قايسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق قىسىملىرى رەھبەرلىك قىلىدىغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتلەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ناھىيىلىك خەلق

قوراللىق ساقچى ئۆتتۇرا ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا خەلق قوراللىق ساقچى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1979- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك خەلق قوراللىق ساقچى بۆلۈمى خەلق ساقچى چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ مۇستەقىل يىگىنىڭ 1- دەرىجىلىك تەشكىلىي تۈزۈلۈشىدە بولۇپ، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

1980- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چېگرا مۇداپىئە قوغداش شۆبە ئىدارىسىنى قۇردى. مەزكۇر شۆبە ئىدارە تۇمەن دەرىجىلىك بولۇپ، يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك چېگرا مۇداپىئە قوغداش ئىدارىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. يۇقىرى دەرىجىلىك چېگرا مۇداپىئە قوغداش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلدى.

1981- يىل 11- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى چېگرا مۇداپىئە شۆبە ئىدارىسى (مەمۇرىي مەھكىمە خەلق قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتى) بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى خەلق ساقچى چوڭ ئەترىتى رەھبەرلىك ئورگىنىنى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە خەلق چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتى دەپ ئاتالدى (تۇمەن دەرىجىلىك).

1982- يىل 6- ئايدا، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى قايتىدىن تەشكىل قىلىندى، قوراللىق ساقچى، چېگرا مۇداپىئە، ئوت ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ساقچى تۈرى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، «ئۈچ خىل ساقچىنى بىرلەشتۈرۈش» يولغا قويۇلۇپ، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى تەشكىل قىلىندى، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيىگە ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى. قۇمۇل تارماق ئەترىتى ئاپتونوم رايونلۇق قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. قۇمۇل تارماق ئەترىتىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) چوڭ ئەترەت، قۇمۇلغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا ئەترەت، ئوقۇت بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتى، ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۆلەت ئىچىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خاراكتېرىنى ھەم كۈچلۈك ھەربىي خاراكتېرنى ئالدى.

# III باب

# مۇداپىئە مۇئەسسەسەلىرى

## §1. ئۆرالار

ئۆرا قەدىمكى دەۋردىكى ھەربىي خەۋەرلىشىش مۇئەسسەسەسى بولۇپ، كۆپىنچە يول بويىدىكى ئېگىزلىككە ياسىلىدۇ، ئەسكەرلەر ساقلايدۇ، كۈندۈزى ئۈتەك چىقىرىپ، كېچىسى ئوت يېقىپ بەلگە بېرىپ، چېگرىنىڭ ھەربىي ئەھۋالى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

ئېۋىرغول بىلەن بارىسكۆل غەربىي رايوندىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، خەن ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىپەك يولىنىڭ يېڭى شىمالىي يولى بۇ جايدىن ئۆتىدۇ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئىستراتېگىيىلىك جاي بولۇپ كەلدى. خەن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان 2000 يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن غەربىي يۇرتتىكى كۆچمە چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى، يەرلىك تەپرىقىچى كۈچلەر بۇ زېمىندا كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈركلەر، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار، مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئويراتلار، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار قۇمۇل ئويمانلىقى بىلەن باركۆل يايلاقلىرىدا كۆپ قېتىم كەسكىن جەڭلەرنى قىلدى، قۇمۇلنىڭ جەنۇب- شىمال يوللىرىدىكى چوڭ- كىچىك تۇرالار ئاشۇ بىر تارىخىي جەرياندا ياسالدى.

قۇمۇلدىكى تۇرالار ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئەڭ دەسلەپ تاڭ سۇلالىسىدىكى كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن. ئېۋىرغول ئايمىقىدىكى ئۈچ ناھىيىدە چوڭ- كىچىك جەمئىي 19 تۇرا بار. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىغا كىرگەندىن كېيىن، تۇرالارنى ياسىدى. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگە كەلگەندە، 20 نەچچە جايدا تۇرا ياسالدى. ئۇزۇن يىللىق بوران- چاپقۇن، يامغۇر- يېشىن، مىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى تۇرالارنىڭ كۆپىنچىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، ھازىر ساقلىنىپ قالغان تۇرالارنىڭ كۆپىنچىسى مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان. ئىلگىرىكى شىڭشىڭشيا، يەتتەقۇدۇقتا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان ھەيۋەتلىك تۇرالاردىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىرسىمۇ قالمىدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا- كەنتلەرگە يېقىن تۇرالارنى دېھقانلار ئوغۇت ئورنىدا توشۇپ كەتتى. ھازىر قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدا ساقلىنىپ قالغان تۇرا جەمئىي 51 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدە 19 ى، باركۆل ناھىيىسى تەۋەسىدە 29 ى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۈچى بار.

ھازىرقى قېپقالغان تۇرالارنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىردىن 10 مېتىرغىچە بولۇپ، كەسمە يۈزى تراپېتسىيە شەكىللىك ۋە چاسا شەكىللىك، كۆپىنچە توپىنى خاڭداش ئارقىلىق ياسالغان. ئارىسىغا قەۋەتلەپ شاخ- شۇمبا ئېلىنغانلىقتىن، نەچچە يۈز يىللىق بوران- چاپقۇننى باشتىن كەچۈرسىمۇ يەنىلا مەزمۇت تۇرماقتا. قۇمۇل شەھىرى ئىچىدىكى تۇرالارنىڭ كۆپىنچىسى كېسەكتە قوپۇرۇلغان.

تۇرالار كۆپىنچە ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ئۈستىگە پەلەمپەي بىلەن چىققىلى بولىدۇ. تۇرالارنىڭ ئاستىغا ئوتۇنلار تەخلەنگەن بولۇپ، چېگرىدا بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىپ، ئوت يېقىش ياكى ئىس- تۈتەك قويۇپ بېرىش ئارقىلىق سىگنال يەتكۈزۈلىدۇ.

قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى يول بويلىرىغا ياسالغان تۇرالارنىڭ تارقىلىشى: قۇمۇلدىن شەرقتە شىڭشىڭشياغىچە، غەربتە پىچانغىچە، شەرقىي شىمالدا تاشبۇلاققىچە، شىمالدا باركۆلگىچە، جەنۇبتا دۈنخۇاڭ ۋە كروران قەدىمكى دۆلىتىگىچە، غەربىي جەنۇبتا توغۇچىنىڭ جەنۇبىدىن لۈكچۈن، تۇرپانغىچە؛ باركۆلدىن شەرقتە ئاراتۈرۈك دەريا ۋادىسىدىن باشلاپ ماجۇاڭشەنگىچە، غەربكە بۇرۇلغاندا غەربىي جەنۇبتىن يەتتەقۇدۇققىچە، يول بويى غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭغاندا مورىغىچە، شىمالغا ئىچكىرىلىگەندە ئۈچكۆلگىچە، ئۈچكۆلدىن چىقىپ نومغىچە بار.

يەندۈن، لياۋدۈن، كۆشۈتى، چوگدۈڭ، بەيكەتۆپە، ساقابۇلاق، باي قاتارلىق يەتتە جايدا بۈگۈنكىچە ساقلىنىپ قالغان ئاساسلىق تۇرالار بار.

1. يەندۈن تۇراسى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 80 كىلومېتىر شەرقىگە، بولۇڭتوغراق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ تەخمىنەن 45

كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمال تەرىپى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىغا يېقىن. ئەڭ دەسلەپ تاڭ سۇلالىسىدا ياسالغانىدى، كېيىن ئۇرۇشلاردا ۋەيران بولدى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن يەنە ۋەيران بولۇپ كەتتى. ھازىرقى ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، كېسەكتە قوپۇرۇلغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تۇرا قاتناش يولىدىكى مۇھىم غەربىي ئورۇنغا جايلاشقان، ئېۋىرغول ئېيمىقىنىڭ شەرقىدىكى كۆپلىگەن تۇرالار ئارقىلىق قورشىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ شەرقتە شىڭشىڭشيا بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، غەربتە ساۋۇلاق بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالدا تارلاچىن قاتارلىق جايلاردىكى تۇرالار بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۇچپۇتلۇق داگقان ھالىتىدە تۇرىدۇ.

2. لياۋدۇن تۇراسى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 120 كىلومېتىر غەربىدىكى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تاشيولى ئەتراپىغا جايلاشقان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان، ھازىر قېپقالغان تۇرانىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئوتتۇرىسىغا قومۇش ۋە ياغاچلار ئېلىنغان، ئۇ مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، بۇ تۇرا قۇمۇلنىڭ غەربىي يولىدىكى ئاساسلىق تۇرا بولۇپ، ئۇ توغۇچى، لاپچۇق، يەتتەقۇدۇق، دېگاۋگۇ قاتارلىق مۇھىم قاتناش يوللىرىدا خەۋەر يەتكۈزۈش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر تۇرادا ئوت يېقىپ بەلگە بېرىلسە ئەتراپتىكى ھەممە تۇرالارنى ئۆزئارا بىر- بىرىگە ئۇتاشتۇرغىلى بولاتتى.

3. كۆشۆتى تۇراسى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ 40 كىلومېتىر شىمالىدىكى قۇمۇل ـ باركۆل تاشيولىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، يېپەك يولىنىڭ يېڭى شىمالىي يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتا چېبىل تۇراسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي جەنۇبى چېگرا چارسى تۇراسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، ئۇ تەگرىتاغ بۇتخانىسى داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، تۇرا يېنىغا مۇھاپىزەتخانا سېلىنغان بولۇپ، ئەسكەرلەر تەگرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى يوللارنىڭ ھەربىي ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى ۋە قاتناش يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايتتى. ھازىر ساقلىنىپ قالغان تۇرانىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىر، ئۇ خاگداپ ياسالغان، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

4. چوگدۆڭ كەنتى تۇراسى

باركۆل ناھىيىسى خۇايۈەن يېزىسى چوگدۆڭ كەنتىنىڭ 300 مېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالى باركۆل ـ سارچوقا تاشيولىغا يېقىن، ئۇ يىپەك يولىنىڭ يېڭى شىمالىي يولىدىكى باركۆلدىن بەشبالىق تۇتتۇق مەھكىمىسىگە بېرىشتا ئۆتىدىغان بىرىنچى ئېگىز تۇرا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تويا خاگدىلىپ ياسالغان. نەچچە يۈز يىللىق قار-يامغۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپمۇ يەنىلا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ھازىر قالدۇق ئېگىزلىكى 8.7 مېتىر، ئۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

5. بەيگە تۆپە تۇراسى

باركۆل ناھىيىسىنىڭ شيالوبا يېزىسىدىكى بەيگەتۆپىنىڭ بەش كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ،

تولاي داۋان بىلەن دېڭساۋگۇدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە توغرا كېلىدۇ. ئەتراپىنىڭ سۇيى مول، يېشىللىق، جەنۇبى تەگرىتاغقا تۇتاشقان بولۇپ، تاغ داۋىنى بۇلاڭ- باراقسان قارىغاي بىلەن قاپلانغان. كارۋانلار كۆپىنچە بۇ جاي ئارقىلىق لياۋدۇڭغا ئۆتىدۇ، غەربىي جەنۇبقا ماڭغاندا يەتتەقۇدۇققا بارالايدىغان بولغاچقا، ئۇ باركۆل يايلاقلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مۇھىم تۇرا سانىلىدۇ. ھازىرقى ئېگىزلىكى 7.8 مېتىر بولۇپ، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

6. ساقابۇلاق تۇراسى

باركۆل ناھىيە ئۈچكۆل يېزا ساقابۇلاق كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈچكۆلدىن نومغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى مۇھىم تۇرا. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان، كېيىن ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا ياسالغان، تېگى تاشتىن، ئۈستى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. ھازىر قالدۇق تۇرانىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق بولۇشى مۇمكىن.

7. باي تۇراسى

ئاراتۈرۈك ناھىيە باي يېزا يۇقىرى مەھەللە كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربى باي كونا شەھىرى قەلئەسىگە ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىرقى قالدۇق ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تۇرا تارلاچىندىن قۇملۇقنىڭ شىمالىغا بارىدىغان قەدىمكى سودا يولىغا جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سازلىق دەپ ئاتىلاتتى، موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى كارۋانلار بۇ يەردىن تەگرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىغا بېرىپ- كېلىپ تۇراتتى.

## §2. ئۆتەڭلەر

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن 14- يىلى (640- يىلى)، تاڭ سۇلالىسى ئىدىقۇتنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئىۈرغولنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يوللاردا قاراۋۇلخانا ۋە ئۆتەڭلەرنى قۇردى. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئېۈرغول، لاپچۇق، رويان ۋە بارىسكۆل ئەينى چاغدا ئېۈرغول ئايمىقىدىكى داڭلىق تۆت چوڭ ئۆتەڭ ئىدى، رويان بىلەن لوخۇ ئېۈرغول ئايمىقىنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى ئىككى چوڭ قاراۋۇلخانا ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار باركۆل بىلەن قۇمۇلنى ئىېقىندۇرۇپ، تەگرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى يوللارنى قايتا ئېچىپ، ئۆتەڭ، قاراۋۇلخانىلىرىنى تەسىس قىلدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر» دە يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 18- يىلى (1281 – يىلى ) تەگرىتاغنىڭ شىمالى يولىدا شەرقتە تەيخىلىندىن، غەربتە بەشبالىققىچە يىگىرمىدىن 30 ئۆتەڭ قاراۋۇلخانىسى تەسىس قىلىندى، دەپ بايان قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، قۇمۇلدىكى تەگرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى ئۆتەڭلەر ئاساسەن ئۈچ يولغا بۆلۈندى: بىرىنچىسى، شىڭشىڭشىيادىن باشلىنىپ قۇمۇلدىن ئۆتۈپ پىچانغىچە؛ ئىككىنچىسى، قۇمۇلدىن باشلىنىپ باركۆلدىن ئۆتۈپ مورىغىچە؛ ئۈچىنچىسى، باركۆلدىن باشلىنىپ سۆجىدىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ يەتتەقۇدۇققىچە.

ئۆتەڭدىن قالسا، بۇگۈنكى تاشئۆيلۈك (تارلاچىن) بىلەن ئاراتۇرۇكمۇ قەدىمكى كارۋان يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەر ئىدى.

### 1. شىڭشىڭشىيا (ئارا يۇلتۇز) ئۆتىڭى

شىڭشىڭشىيا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جىكۇ دەپ ئاتالغان، «كاڭشى خەرىتىسى» دە قارا چوققا دەپ ئېلىنغان. ئۇنىڭ غەربى قۇمۇلغا 200 كىلومېتىر كېلىدۇ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى خېشى كارىدورىدىن ئېۋۇرغول ئايمىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا كىرىدىغان مۇھىم بېكەت ۋە ئېغىز ھېسابلىنىدۇ. قەدىمدە غەربىي رايوننىڭ شەرقىي دەرۋازىسى دېگەن نامى بار ئىدى. شىڭشىڭشىيادا تۇرا، ئىبادەتخانا، ئۆتەڭ ۋە دۇكان- ساراي قاتارلىقلار سېلىنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى، غەربىي لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، غەربىي رابات ياسىلىپ، ئات- ھارۋىلار سەپلەندى ۋە راباتتا ئەسكەرمۇ تۇرغۇزۇلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ يىللىرى، ۋېن جىيىڭ «كۇئېنلۇن ساياھەت خاتىرىسى» دە شىڭشىڭشىيا ئۆتىڭىنى مۇنداق تەرىپلىدى: «ھۆكۈمەت سارايلىرىنىڭ دېرىزە قەغەزلىرى يىرتىلىپ ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆينى بورا بىلەن توساپ قويۇپتۇ، ئىشىكلىرى ھاڭدەك ئېچىلغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ، ئىككى خۇسۇسىي ساراي ئېچىنىشلىق ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ، ئات ئەترىتىنىڭ بىر كىچىك گازارمىسى، بىر غەربىي مۇنچا، ئىككى پوچتا ئېتى بار ئىكەن». مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، «بىر چوڭ ساراي، ئىككى كىچىك ساراي، بىر ئائىلىلىك تۇرالغۇ ئۆي سېلىنىدى، يەم- خەشەك ۋە ئوزۇق- تۈلۈك تاشىلىشتىن كەلتۈرۈلدى، يولنىڭ جەنۇبىدىكى كېپەك تۈيلەردە بىر پەيجاڭ بىلەن تۆت ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى». 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى، شىڭشىڭشىيا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن جۇڭگوغا بەرگەن ماددىي ئەشيالىرىنى ئۆتكۈزىدىغان ۋە ئۆتكۈزۈۋالىدىغان پونكىتى بولدى، ئاپتوموبىل ۋە ئات- ئۇلاغلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، مېھمانخانا، چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورنى، پوچتىخانا قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

### 2.قۇمبۇلاق ئۆتىڭى

قۇمبۇلاق ئۆتىڭى شەرقتە شىڭشىڭشىياغا 40 كىلومېتىر، غەربتە ئاچچىقسۇ ئۆتىڭىگە 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتەڭنىڭ يېنىغا ئىبادەتخانا، كېيىنكىسى سارايلار سېلىنغان، ئۆيغۇر، خەنزۇ بولۇپ 10 نەچچە تۈتۈن بار ئىدى، قەدىمكى چۆل يولىغا يۈلغۇن، ئاقتىرەك سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. شىڭشىڭشىيادىن چىققاندا يول بويى قاقاسلىق بولۇپ، ئاندا- ساندا ئىس- تۈتەك ۋە يېشىللىقلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. تۇڭجى يىلىدىكى توپىلاڭدىن كۇاڭشۈ يىللىرىغىچە، قۇمبۇلاق ئۆتىڭىدە «ئۈچ ساراي، 10 نەپەر قاراۋۇل بار بولۇپ، چوڭقۇرلىقى بىر غۇلاچتىن ئارتۇقراق بولغان بىر قۇدۇق، يولنىڭ جەنۇبىدا چوڭقۇرلۇقى بەش چى كېلىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، سۈيى سەل تۇزلۇق ئىدى».

### 3. ئاچچىقسۇ ئۆتىڭى

بۇ ئۆتەڭ شەرقتە شىڭشىڭشىياغا 80 كىلومېتىر، غەربتە يەندۇن تۇراسىغا 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئورنى قۇم- بارخانلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇم بورىنى چىقىپ تۇرىدۇ، يول بويى قەدىمدىن قېپقالغان ھارۋىلارنىڭ ئۆلتاڭلىرى، ئات- ئۇلاغلارنىڭ ئۇستىخانلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا، ئاچچىقسۇ ئۆتىڭىدە ئىبادەتخانا سېلىنغان بولۇپ، «تۆت ساراي، 10 نەپەر قاراۋۇل، سۈيى ئاچچىق، سەككىز چى چوڭقۇرلۇقتىكى بىر بۇلاق بار ئىدى». مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) دىكى «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە: ئاچچىقسۇ ئۆتىڭىدە «ئۈچ ساراي، بىر پوچتىخانا بار ئىدى، يەم- خەشەك، ئوزۇق-

تۈلۈكلەر تاشۇپلىقتىن كەلتۈرۈلەتتى، بۇ جاينىڭ ئۈزىدىن ھېچنېمە چىقمايتتى، بۇلىقنىڭ چوڭقۇرلۇقى سەككىز چى، سۈيى ئىنتايىن ئاچچىق بولغاچقا، ئىچىملىك سۇ قۇمبۇلاقتىن ئېلىپ كېلىنەتتى. ئەتراپتىكى 200 چاقىرىم دائىرىدە دائىم قۇم بورىنى چىقىپ تۇراتتى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئات- ئۇلاغلارنىڭ سېسىپ- چىرىپ كەتكەن تاپلىرى چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

4. غازى ياندۇڭ ئۆتىكى

بۇ موڭغۇل تىلىدا «گاشۇنشات» دەپ ئاتىلىدۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ «كاگشى خەرىتىسى» دە «كاسان يانتو» دەپ ئاتالغان، كېيىن غازى ياندۇڭ دەپ ئاتالغان، قىسقارتىلىپ تۇرا دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يەردە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا سېلىنغان يوغان ھەم ئېگىز تۇرالار بولغاچقا، كۆپىنچە كىشىلەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتاپ كەلگەنىدى. لېكىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ يەرنىڭ نامىنىڭ تۇرا بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى، «كاسان يانتۇ» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ «10 مىڭ چاقىرىملىق سەپەر خاتىرىسى» دە: «غازى ياندۇڭ تۇراسىنىڭ شەكلى بەئەينى يېرىق قازانغا ئوخشايتتى، قوشۇمچە ياسالغان قۇم قاراۋۇلخانىسىنىڭ بېشىدىكى قۇدۇقنىڭ سۈيى ناچار بولسىمۇ، ئىچىشكە بولاتتى، بىر ئىبادەتخانا ۋە قۇم قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئۈستىدە كەپتەر ئۇۋىلىرى بار ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. غازى ياندۇڭ تۇراسىنىڭ ئورنى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسىدىكى مۇھىم قاتناش ئېغىزى بولۇپ، شەرقى گۇاجۇ بىلەن، غەربى ئېۋۈرغول ئايىمىقى بىلەن تۇتىشاتتى، جەنۇبتا ياڭگۇەنگە، شىمالدا موڭغۇلىيىگە بارغىلى بولاتتى. ئۇ مۇھىم كارۋان ئۆتىكى بولغاچقا، تارىختىكى سۇلالىلەر ساقلاشقا لەشكەر تۇرغۇزغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 21- يىلى (1756- يىلى)، شەنشى- گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى خۇاڭ تىڭگۈي قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەندە، بۇ يەردە قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىپ، 30 مىڭ كىشىلىك لەشكەرنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈش قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغاچقا، ئۆتەڭ يېنىغا لۇڭۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى سېلىپ، خاسىيەتلىك بۇلاق ئابىدىسى تۇرغۇزدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى)، لىن زېشۇ سەپەر ئۈستىدە غازى ياندۇڭ تۇراسىدىن ئۆتكەندە يازغان «جۇللۇكتىكى سەپەر خاتىرىسى» دە: «بۇ جايدا 20 نەچچە تۈتۈن، بىر نەچچە ساراي بار بولۇپ، سۈيى ناچار بولسىمۇ ئىچىشكە بولىدىكەن، كەپتەرمۇ نااھايىتى كۆپ ئىكەن» دەپ يازغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 17- يىلى (1891-يىلى)، تاۋ باۋلىيەن بۇ يەر توغرىسىدا: «تۆت ساراي، بىر كىچىك دۇكان، 10 قاراۋۇل، تۆت قۇدۇق بار ئىدى، قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى سەككىز چى كېلەتتى، سۈيى تۇزلۇق ئىدى» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

5. تارلاچىن ئۆتىكى

بۇ ئۆتەڭ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 90 كىلومېتىر شەرقىدىكى تاشۇپلىقتا جايلاشقان. قەدىمكى دەۋرلەردە، بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت- چۆپى مول بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ ياخشى ماكانى ئىدى، بولۇپمۇ ئاق تۆگە كۆپىيىدىغان ماكانلىقى بىلەن داڭلىق بولۇپ، تارىختىن بۇيان ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان مۇھىم جايلاردىن بولۇپ كەلدى. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە رۇيۇەن بازىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رۇيۇەن ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. ئۇلار ئېۋۈرغول ئايىمىقى قەدىمىي يولىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ قاراۋۇلخانىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەرقى خېشى كارىدورى بىلەن، غەربى ئېۋۈرغول ئايىمىقى، شەرقىي شىمالى نوغاي، باي قاراۋۇلخانىلىرى ئارقىلىق، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشىيا، تاشقى موڭغۇلىيىلەر بىلەن تۇتىشىدۇ، يول بويىدا تۇرا، قاراۋۇلخانا ياسالدى. ھازىرمۇ تاشۇپلىقتىن شوپۇل، باي قاتارلىق جايلارغىچە چوڭ تۇرا، 2- تۇرا، 3- تۇرا قاتارلىق تۇرالارنىڭ ئىزنالىرى بار. تاشۇپلىقتىن قۇمۇلغىچە

بولغان ئارىلىقتا چىڭشەنزى، شوربۇلاق قاتارلىق چوڭ- كىچىك تۈرا خارابىلىرى بار. «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت- ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۈەن يىللىرىدا، رۇيۈەندە قاراۋۇلخانا قۇرۇلغان، كېيىن ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ دۇكان- سارايلىرى ئېچىلغان، بۇ يەر شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان كارۋان- سودىگەرلەر قونىدىغان ۋە ئات- تۆگىلىرىنى سۇغىرىدىغان جاي بولغاچقا، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى كارۋان يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭگى بولغان.

تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۆزگىرىش- سۈيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تۈبۈتلەر قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سودىگەرلىرى كۆپىنچە جيۇچۈەندىن شىمالغا مېڭىپ، جۇتىڭ يولى ئارقىلىق تارلاچىنغا كىردى، شىمالدا تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، باركۆل يايلاقلىرى ئارقىلىق غەربكە بارىدىغان بولدى. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە بارغاندا مۇشۇ يەر بىلەن غەربتىكى ئېبۇرغول ئايمىقىغا باردى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇل چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۆگە كارۋانلىرى مۇشۇ يول بىلەن شىمالدىكى چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەر قايسى جايلارغا باردى. مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت- چۆپلىرى بوقاپ، يول بويى قاراقچىلار ئەدەپ كەتكەچكە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سودىگەرلىرى كۆپىنچە خېشى كارىدورى ئارقىلىق شىڭشىڭشيا، قۇمۇل، پىچان ياكى موري ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ- چىقىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن تاشۇبلىقتىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي ئۆتەڭ پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە شەھەر ئىزنالىرى قېلىپ، بىر مۇدايشە قاراۋۇلخانىسى تۇرغۇزۇلدى.

6. ئەلتۇمۇر ئۆتىڭى

بۇ ئۆتەڭ قەدىمكى يولنىڭ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە غازى ياندۆڭ تۈراسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 35 كىلومېتىر، غەربتە قۇمۇل بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۇەندى ئىبادەتخانىسى سېلىندى، 10 تۈتۈن، بەش دۇكان- ساراي، مۇھاپىزەتچى لەشكەر، پوچتىكەش قاتارلىقلار بار ئىدى.

مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى)، شيې بىن ئەلتۆمۈر ئۆتىڭىدىن ئۆتكەندە يازغان «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە: «مەزكۇر ئۆتەڭدە يەتتە ساراي، ئالتە تۈتۈن، بىر پەيجاڭ، بەش ئاتلىق ئەترەت بار ئىكەن، ئەتراپى ئوتلاق بولۇپ، ئاق تېرەك، توغراق قاتارلىق 20 ~ 30 تۈپ دەرەخ بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىكەن» دېگەن خاتىرىلەر بار.

7. ساربۇلاق ئۆتىڭى

بۇ ئۆتەڭ قۇمۇلغا يېقىن، قومۇش ۋە ئوت- چۆپ بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، بۇ يەردە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئاھالىلىرى بىر قەدەر كۆپ، ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالارنىڭ كېسەك ئۆيلىرى، دۇكان- سارايلىرى، تۈرا، ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان. ئۇ قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى سەككىز ئۆتەڭنىڭ تۈنجىسى ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى، ساربۇلاق ئۆتىڭىدە «10 تۈتۈن، تۆت ساراي، ئالتە تۈپ ئاق تېرەك، بىر غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق بار بولۇپ، دالا ئوت- چۆپى ناھايىتى كۆپ». چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، ساربۇلاق ئۆتىڭىدە 13 تۈتۈن، تۆت ساراي، بەش دۇكان بولۇپ، ئۈچ پوچتا ئەسكىرى تۇرغان.

8. سۇمقاغا ئۆتىڭى

«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «سۇمقاغا توپۇ دېيىمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ 60 چاقىرىم غەربىدە» دەپ خاتىرىلەنگەن. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، بۇ يەر بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق روناق تاپقان، شۇنداقلا سودا- ساياھەتچىلەر كېلىپ- كېتىپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى بۇ يەردە ھەربىي رابات، پوچتا ئۆتىڭى قۇرغان. قەلئەدە ئىبادەتخانا، ساراي، شەخسلەر دۇكانلىرى، ئات

ئېغىلى قاتارلىقلار بار ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، يۈەن داخۇا سۇمىغا‌غىدىن ئۆتكەندە: «18 ئۆيلۈك ئۇيغۇر، ئىككى خەنزۇلار سارىيى، بىر دۇكان، بىر ياغاچچىلىق دۇكىنى ۋە ئىككى تەپەر پوچتىكەش بار ئىكەن» دەپ خاتىرىلىگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، سۇمىغاغا ئۆتىدىغان ئۈچ ساراي، ئىككى دۇكان بار بولۇپ، پوچتىكەش ۋە باجگىر قاتارلىق خادىملار تۇرغۇزۇلغان.

9. توغۇچى ئۆتىڭى

توغۇچىدا ئېۋۇرغول ئايمىقىنىڭ قەدىمكى يولى ئىككىگە ئايرىلىدۇ، جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا قارادۆۋە، سار، لۈكچۈن ئارقىلىق ئىدىقۇتقا بارغىلى، غەربىي شىمالغا ماڭغاندا لياۋدۇن، سەنجايار ئارقىلىق پىچانغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ جاي قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغاندا، سۇڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ يەندې ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە بارغاندا مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 7- يىلى، سىچۈەن-شەنشىنىڭ باش ۋالىيسى مالەنتەي چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا «توغۇچى قۇمۇلدىكى مۇھىم ئۆتەڭ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى 300 لەشكەر قويۇلۇپ قوغدالسا» دەپ مەلۇمات يوللىغان. ئۆتەڭنىڭ شەرقىدە يۇگۇر دېگەن جاي بار، بۇ يەردىكى قارلۇق غولىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يارلارغا يۈز ئۆڭكۈرى ۋە بۇتخانىلار ياسالغان، بۈگۈنكى توغۇچىدىكى يانبۇلاق كونا شەھىرى، لاپچۇقتىكى لاپچۇق كونا شەھىرى ۋە قارادۆۋىدىكى قىزىل چوققىلاردا قەدىمي قەبرىستانلىقلار، ئۈچ ئورۇندا تۇرا خارابىلىرى بار. بۇ جايلار قۇمۇل قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى.

10. تارانچى ئۆتىڭى

بۇ يەر بىر قەدەر بۇرۇن ئېچىلغان، بۇ يەردە بۇلاق ۋە كارىزلار بار. مۇھىم قاتناش ئېغىزىغا يېقىن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتەڭ تەسىس قىلىنىپ، ساراي سېلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا بۇ يەردە «ئالتە ئۆيلۈك ئۇيغۇر، خەنزۇ ئائىلىسى، تۆت ساراي، بىر دۇكان» بار ئىدى. مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى)، بۇ يەردە بەش ساراي بار ئىدى، ئەسكەر، پوچتىكەشلەر تۇرغۇزۇلغان.

11. لياۋدۇن ئۆتىڭى

لياۋدۇن مۇشۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك تۇرانىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. چوڭ دۆڭ ئۆتەڭنىڭ شەرق تەرىپىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 17- يىلى (1891- يىلى)، تاۋ باۋلىيەن «شىن ماۋسى سەپەر خاتىرىسى» دە مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ يەردە بىر ھۆكۈمەت سارىيى، ئۈچ پۇقرالار سارىيى بولۇپ،100 چېرىك ساقلايدىكەن».

12. يالغۇزبۇلاق ئۆتىڭى

يالغۇزبۇلاق شەرقتە لياۋدۇنغا 35 كىلومېتىر، غەربتە يەتتەقۇدۇققا 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالى تەڭرىتاغنىڭ تولاي داۋىنى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باركۆلدىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشىدا ئۆتىدىغان يولى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى)، ئۆتەڭدە تۆيلەر، ئات ئېغىللىرى بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 17- يىلى (1891- يىلى)، تاۋ باۋلىيەن يالغۇزبۇلاق ئۆتىڭىدىن ئۆتكەندە «شىن ماۋسى سەپەر خاتىرىسى» دە: «بۇ يەردە 3 ~ 4 يورۇش ۋەيرانە ئۆي بىلەن بىر ساراي بار ئىكەن» دەپ يازغان. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، يۈەن داخۇامۇ يالغۇزبۇلاق ئۆتىڭىدىن ئۆتكەن.

### 13. چاقبۇلاق ئۆتىڭى

چاقبۇلاق ئۆتىڭىنىڭ تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان. ئۆتەڭ قومۇلنىڭ جەنۇبىدىكى چىغىر يولغا جايلاشقان. يولۇچىلارنىڭ ئايغى ئۈزۈلمەيدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۆتەڭ قۇرۇلغان، تۇرۇشلۇق ئاھالە يوق ئىدى، ئىككى تۈپ توغراق، بىر ئېغىز ئۆي بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا، ئۆتەڭدە ئۈچ ساراي، ئىككى نەپەر پوچتىكەش بار ئىدى. شۇەنتۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە بۇ ئۆتەڭگە بىر ساراي، بىر ئېغىل سېلىندى. مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى)، شيې بىن «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» گە چاقبۇلاق ئۆتىڭىدە «ئۈچ ئېغىل، بىر ساراي بار ئىكەن، ئۆتەڭنى تاغلار ئوراپ تۇرىدىكەن، جىلغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 نەچچە چاقىرىم كېلىدىكەن» دەپ يازغان.

### 14. يەتتەقۇدۇق ئۆتىڭى

ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرىدۇ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولۇپ، ئېۋىرغولنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبى ئىدىقۇتقا بېرىشتىكى بىردىنبىر يول. غەربىي شىمالى بىلەن قاراكۆز جىلغىسى ئارقىلىق گۇچۇڭغا بارغىلى بولىدۇ. شىمالغا سارقامىس ئارقىلىق ماڭغاندا، يېپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسى بىلەن قوشۇلۇپ، باركۆلدىكى دۇڭ باساۋ ئۆتىڭىگە بارىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يەتتەقۇدۇقتا تۇرا ۋە قەلئەلەر سېلىنغان. ئۇ ئېۋىرغول ئايمىقىنىڭ غەربىدىكى مۇھىم جاي بولغاچقا، تارىختىكى سۇلالىلەر بۇ جايدا قوشۇن تۇرغۇزغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى يەتتەقۇدۇق ئۆتىڭىدە «بىر ھاسىلات خادىمى، بىر ئاتلىق ئەترەت، چوڭ- كىچىك بولۇپ تۆت دۇكان، 10 قۇدۇق» بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، ۋېن جيىڭ «كۇئېنلۇن ساياھەت خاتىرىسى» دە: «يەتتە قۇدۇق ئۆتىڭىدە 3 – 4 ساراي، ئاتلىق قاراۋۇلخانا بار ئىكەن، ئىچىملىك سۈيى ياخشى، يېقىلغۇ كۆپ ئىكەن» دەپ يازغان.

### 15. سۇمۇشتان ئۆتىڭى

سۇمۇشتان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۈك- باراقسان قارىغايلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسى بارگاھ قۇرغان. قەدىمدە سۇمۇشتان ھازىرقى قوۋۇق ئېغىزى ئەتراپى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەڭرىتاغدىكى سۇمۇشتان دەپ ئاتالغان. شۈ سوڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا- ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» سىدە يۈەن سۇلالىسىدىكى يوللىغ چۇسەي غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىدە، سۇمۇشتاندىن ئۆتۈپ بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) قا بارغان دەپ خاتىرىلىگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، بۇ يەردە ئۆتەڭ قۇرۇلۇپ، ساراي، ئېغىل، ئۆتەڭ قونالغۇسى سېلىنغان، ئەتراپىدا 10 نەچچە تۈتۈن چارۋىچى بار ئىدى.

### 16. كىندىك تۆپە ئۆتىڭى

شىمالىدا كۆل، سازلىق بار، تۆگە ۋە ئاتلار كۆپ، ئۇ يېپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسىدىكى مۇھىم قاتناش ئېغىزى ئىدى، ھازىرقى قومۇل – باركۆل تاشيولى مۇشۇ جايدىن ئۆتىدۇ. قەدىمكى تۇرالارنىڭ ئىزنالىرى ھازىرمۇ بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارگاھ، ئۆتەڭ قونالغۇسى، ساراي سېلىندى. ئۇنىڭ غەربى باركۆل شەھىرىگە 34 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاغنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ھېسابلىنىدۇ.

### 17. سۇجە ئۆتىڭى

شەرقتە باركۆل بازىرىغا 40 كىلومېتىر كېلىدۇ، يېپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ

ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكى تاغ چوققىسىغا تۇرا سېلىنغان، ئۆتەڭدە ساراي، ئېغىل بار ئىدى.

سۈجە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان، سۇ ۋە ئوت- چۆپى مول، تۆگە ۋە ئات كۆپ، مۇھىم قاتناش يولى بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى بۇ يەردە بارگاھ قۇرغان، سۈجەدىن غەربكە ماڭغاندا سارقامىس جىلغىسىدىكى تاشقوۋۇق ئارقىلىق مورى، گۇچۇڭغا بارغىلى؛ غەربىي جەنۇبقا ماڭغاندا بەيگەتۆپە ئۆتىكىدىن ئۆتۈپ، دېڭساۋگۇ ئارقىلىق قۇمۇلدىكى لياۋدۇنغا بارغىلى؛ تولاي داۋاندىن ئۆتكەندە، يالغۇزبۇلاق ۋە يەتتەقۇدۇقلارغا بارغىلى بولىدۇ. دېڭساۋگۇ بىلەن تولاي جىلغىسىنىڭ يوللىرى تىك كېسىپ چۈشكەن يار بولغاچقا، قەدىمدىن تا بۈگۈنگىچە تۆگە ۋە ئاتلارلا قاتنىغان، ھارۋىلار ماڭالمىغان.

18. بەيگە تۆپە ئۆتىكى

بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئوت- چۆپلىرى مول بولغاچقا، كۆچمە چارۋىچىلار مال- چارۋا بېقىپ كۆپەيتكەن. سۈجىنىڭ 12.5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، تولاي داۋانغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بەيگەتۆپىدە ئۆتەڭ، ساراي، ئېغىل سېلىپ، ھاربىي رابات قۇرۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى دېڭساۋگۇ بىلەن تولاي داۋان يولىنىڭ قاتناش ترانسپورتىنى باشقۇرغان. ھازىر بۇ جاينىڭ شەرقىي شىمالىدا تۇرا ئىزناسى، ئىبادەتخانا ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرى بار.

19. ئوتۇنچى ئۆتىكى

«يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» دە: «قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى خانى ئوتۇنچى جىلغىسىنى ئىدارە قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئوتۇنچى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم، سۇ ۋە ئوت- چۆپى مول، تۆگە ۋە ئات كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا، قەدىمكى زاماندا ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ كەلگەن. يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسى بۇ يەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرقتە باركۆل بازىرىغا 80 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربكە ماڭغاندا بۈرخانقۇدۇق بىلەن ئۇدۇل تاشقوۋۇققا بارغىلى؛ جەنۇبقا ماڭغاندا تولاي داۋان بىلەن يەتتە قۇدۇققا بارغىلى بولىدۇ. ئۇ باركۆل يايلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم قاتناش ئۆتىكى. ئۆتەڭنىڭ جەنۇبىغا تۇرا سېلىنغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارگاھ قۇرۇلۇپ، ئات، تۆگە، ھارۋا سەپلەپ بېرىلگەن، قاتناش ترانسپورتىنى باشقۇرۇشقا ئەمەلدار، لەشكەر قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ باشلىرىدا، بۇ ئۆتەڭدىن ئۆتىدىغانلار ئازلاپ چۆلدىرەپ قالدى. ھازىرقى باركۆل — ئويتاغ تاشيولى بۇ جايدىن شىمالغا سەككىز كىلومېتىر سۈرۈلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرى، تەشرىپدار لى ئاۋشۇمن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يولى بىلەن مېڭىپ، ئوتۇنچى ئۆتىكىدە قونغان.

20. دۆڭ باستاۋ ئۆتىكى

دۆڭ باستاۋ ئۆتىكى ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى لىنىيىسى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. بۈگۈنكى باركۆل — ئويتاغ تاشيولى كونا يولنى بويلاپ ياسالغان. ئۇ تارىختىن بۈگۈنگىچە قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلدى.

بۇ ئۆتەڭ ھازىرقى ئويتاغنىڭ يەتتە كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان، شەرقى بۈرخانقۇدۇق جىلغىسى بىلەن تۇتاش، باركۆل بازىرىغا 110 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربى سارقامىسقا يېقىن، ئۇ قەدىمكى زاماندىكى باركۆلدىن مورى، گۇچۇڭلارغا بېرىشتىكى بىردىنبىر يول. كونا ئۆتەڭ ئىزنالىرى باركۆل — ئويتاغ تاشيولى ياسالغاندا تۈزلىۋېتىلدى.

چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن، دۆڭ باستاۋ، سودا كارۋانلىرى دەم ئالىدىغان كىچىك بېكەت ئىدى، كېيىن بۇ جايغا 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان سارقامىش بېكىتى يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، دۆڭ باستاۋ پەيدىنپەي چوڭ ئۆتەڭگە ئايلىنىپ، ئۆتەڭ، ساراي سېلىندى، ساقلاشقا لەشكەرلەر تۇرغۇزۇلۇپ، ئات، تۆگە ۋە هارۋىلار سەپلىنىپ، قاتناش ترانسپورتنى باشقۇردى.

## §3. هەربىي رابات، بارگاھ، قاراۋۇلخانىلار

### 1. هەربىي رابات ۋە بارگاھلار

هەربىي رابات ۋە بارگاھ چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى جۇڭغارلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىدىكى يوللارغا ياسىغان هەربىي بېكەتلەردۇر. بەزىلىرى بىر يول ئۈستىگە، بەزىلىرى ئايرىم ياسالغان، ئادەتتە بىر تۈتاش ئىشلىتىلەتتى، ئۇرۇش مەزگىلىدە هەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بار ئىدى، هەربىي راباتقا رابات ئەمەلدارى، خوجىلىق ئىشلىرى بېگى، لەشكەر ۋە چەۋەنداز قويۇلدى. هەربىي مەلۇماتلارنى تېز يەتكۈزۈش هەمدە ئۆتكەن-كەچكەن ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. بارگاھقا هارۋا، تۆگە- ئات ۋە چېرىكلەر سەپلەپ بېرىلدى. هەربىي لازىمەتلىك ۋە ئوزۇق- تۈلۈكلەر كېچە- كۈندۈز توختىماي توشۇلۇپ تۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 32- يىلى (1767- يىلى)، قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللاردا هەربىي رابات ۋە بارگاھ قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدىكى ئۆتەڭلەر ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. قۇمۇلدىكى جەنۇبىي يولدا شەرقتە شىڭشىڭشيادىن باشلىنىپ، غەربتە دىگاۋگۇغىچە جەمئىي 13 هەربىي رابات قۇرۇلدى، بۇ يولدىكى بارگاھلار بىلەن هەربىي راباتلار بىر جايغا ئورۇنلاشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە: «جەنۇبىي يولدىكى هەربىي راباتتا جەمئىي 128 چېرىك، 167 ئات بار، يىللىق خىراجىتى 3560 سەر كۈمۈش تەڭگە » دەپ خاتىرىلەنگەن.

قۇمۇل شىمالىي يول جەنۇبتا قۇمۇلدىن باشلىنىپ، شىمالدا باركۆلنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى قاراكۆزگىچە بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 340 كىلومېتىر. بۇ يولدا 12 بارگاھ قۇرۇلۇپ، 65 چېرىك، 33 ياغاچ هارۋا، 107 تۆگە ۋە ئات سەپلەندى، كېيىن باركۆلدىن مورىغىچە، باركۆلدىن پىچانغىچە بولغان چوڭ يولدىكى ئۆتەڭلەرمۇ بىردەك هەربىي راباتقا ئۆزگەرتىلدى.

### 2. قاراۋۇلخانىلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرىدىكى «بۈيۈك چىڭ قامۇسى» دا: «مۇھىم ئۆتكەللەردە كۆزەتخانىلار قۇرۇلدى، بۇ قاراۋۇلخانا دەپ ئاتالدى»، دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى يوللاردا جەمئىي 26 قاراۋۇلخانا قۇرۇلدى، كۆپىنچىسى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلار بولۇپ، چېرىك ۋە چەۋەندازلار سەپلەندى، ئۇ ئامانلىقنى ساقلاش، يولۇچىلارنى تەكشۈرۈش، مەلۇمات يەتكۈزۈش، ماددىي ئەشيالارنى توشۇش، قاتناش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولدى.

قاراۋۇلخانىلار دائىملىق قاراۋۇلخانا، يۆتكىلىشچان قاراۋۇلخانا ۋە ۋاقىتلىق قاراۋۇلخانا دەپ ئايرىلدى. ئۇلار يەرلىكتىكى خان ئامبال ياكى ئاغلاقچى خان ئامبالنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قاراۋۇلخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن ياسالدى، تىنچ مەزگىللەردە قىسقارتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى، قۇمۇلدىكى

تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى مۇھىم ئۆتكەللەرگە قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىندى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دائىملىق قاراۋۇلخانىلار ئىدى، ئادەتتە ئامانلىق ساقلاش، تەكشۈرۈش ۋە قاتناش بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىدى. قاراۋۇلخانىلار ئاساسەن قۇمۇلدىكى تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى ھەر قايسى مۇھىم ئېغىزلارغا تارقالغان بولۇپ، جەمئىي 13 ئورۇندا بار ئىدى، قاراۋۇلخانىلارنى 50 چېرىك ساقلايتتى. تەگرىتەغنىڭ شىمالىدىكى قاراۋۇلخانىلار كۆپىنچىسى كۆچمە قاراۋۇلخانىلار بولۇپ، بۇ قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئورنى ھەربىي ئەھۋاللارنىڭ جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىكىگە، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپ- ئازلىقىغا قاراپ تەسىس قىلىندى. «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دە: چيەنلۇڭ يىللىرىدا باركۆلدىكى ھەر قايسى مۇھىم يول ئېغىزلىرىدا كۆچمە قاراۋۇلخانىدىن جەمئىي 10 ى قۇرۇلغان بولۇپ، 82 چېرىك ۋە 52 ئات- تۆگە بار، دەپ خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى، قۇمۇلغا تەۋە يوللاردا 18 قاراۋۇلخانا بار بولۇپ، ئۇنىڭ 70 چېرىكى، 49 ئېتى بار ئىدى.

## §4. ئۆتكەل ۋە داۋان

### 1. ئۆتكەل

1) شىڭشىڭشيا　قۇمۇل شەھىرىنىڭ 200 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا يولىدىكى خېشى كارىدورىدىن ئىۋىرغولغا كىرىدىغان تۇنجى مۇھىم ئۆتكەل، ئۇنىڭ قۇمۇلنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى دېگەن نامىمۇ بار. جىلغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر، ئەڭ تار جايىدىن بىر ھارۋا ئاران ئۆتەلەيدۇ. ئۇزۇن يىللىق قار- يامغۇر ۋە ئات- ھارۋىلار جىلغىدىكى داۋاندا ئورغۇن كاتاڭلارنى شەكىللەندۈرگەن، ھارۋىلار سىلكىنىپ تەستە ئۆتىدۇ، پەقەت ئات- تۆگىلەرلا كاتاڭ يولدا ئۆتەلەيدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا، گەنسۇ باش مۇپەتتىشى ۋۇ داشىەن ئەمەلدار ۋە لەشكەر ئەۋەتىپ يېڭى يول ئاچتى. «جىلغىنىڭ ئىككى يېنى پالتا بىلەن چاپقاندەك تىك قىيا بولغاچقا، تاغنى يېرىپ يول ئاچتى». شىڭشىڭشيانىڭ يوللىرى ئەگرى- توقاي، يەر شەكلى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، تارىختىكى ھەربىي ئالىملار بۇ يەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. تاڭ سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، بۇ يەرنى ساقلاشقا ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى، تۇرا، ئۆتەڭ، ھەربىي رابات ۋە باركاھلار سېلىندى، مىنگو دەۋرىدە پوچتىخانا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، چېگرا ساقچىسى ۋە جۇڭگو — سوۋېت ماددىي ئەشيالارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش- ئۆتكۈزۈۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلىندى.

2) قاشالىق ئۆتكەل　«غەربىي يۇرتنىڭ دەريا- ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» نىڭ 3- جىلدىدا: «قاشالىق ئۆتكەلنى چېرىكلەر ساقلايتتى، سۇمۇشتانغا ھەمدە تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 14 چاقىرىم كېلىدىغان تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆتكەل ياغاچ بىلەن قاشالاپ قويۇلغان، ئوتتۇرىسىغا ئىشىك ئېچىلغان، ئۆتكەن- كەچكەنلەر تەكشۈرۈلىدۇ، ئادەتتە قاشالىق ئۆتكەل دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قاشالىق ئۆتكەل ھازىرقى قوۋۇق ئېغىزىدا بولۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، ئۆتكەن- كەچكەن يولۇچىلار تەكشۈرۈلدى. جىددىي ھەربىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە، قوۋۇق تاقىلىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى توسالدى. ئۇ قەدىمكى دەۋردە باركۆلنىڭ جەنۇبىي تېغىدىكى مۇھىم ھەربىي ئۆتكەل ھېسابلىناتتى.

قەدىمكى دەۋردە باركۆل غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان 2000 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن غەربىي يۇرتتىكى كۆچمە چارۋىچى ئاقسۆڭەكلەر بۇ يەردە شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلدى، بۇ يەردىكى يېڭىش- يېڭىلىش غەربىي يۇرتنىڭ قولغا كېلىش- قولدىن كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى يولى بىلەن باركۆل يايلاقلىرىدىكى يوللارنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ئۆتكەل بولغاچقا، غەربىي كۆچلەرنىڭ كەسكىن تالىشىدىغان جايى بولۇپ كەلدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بېشىدا 2- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 72- يىلى)، خەن سۇلالىسى جاۋ چۇڭگونى باركۆل سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى. جاۋ چۇڭگو 30 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، بۇ يەرنى ئىگىلەپ ياتقان قويان خېن بىلەن شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنجيا تۇنجى يىلى (151- يىلى)، ئىبۇرغولنىڭ ئەمرلەشكىرى ماۋ كەي 500 لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، قاشالىق ئۆتكەلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاۋازلىق قومتاغ ئەتراپىدا ھونلارنىڭ خىللانغان ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، «ئۇلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلدى».

چىڭ سۇلىسى دەۋرىدە، يۈجۇڭچى باركۆلدە بوز يەر ئېچىپ، قاشالىق ئۆتكەلدە مۇداپىئەدە تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدىن يۈگجىڭ يىللىرىغىچە بولغان مەزگىللەردە، قاشالىق ئۆتكەل قاراۋۇلخانىلىرى تەسىس قىلىندى. تۇڭجى يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، قاشالىق ئۆتكەل ئۇرۇش ئاپىتىدە ۋەيران بولدى. مىنگو دەۋرىدە يوللارغا ۋاقىتلىق توغرىسىغا ياغاچ قويۇلۇپ، ئۆتكەن- كەچكەن ماشىنىلار توسۇپ تەكشۈرۈلدى.

## 2. داۋان

ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ قومۇل رايونى تەۋەسىدە غەربتىن شەرققە 420 كىلومېتىردىن ئارتۇق سوزۇلۇپ ياتىدۇ، قومۇل رايونى تەۋەسىدىكى تاغلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىلمان تاغلىرى دەپ ئاتالغان، ئۇ ھازىرقى قومۇل رايونىنى جەنۇب، شىمال دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يېڭى يولى تاغنىڭ جەنۇبىدىن تاغنىڭ شىمالىغا كىرىپ، تەڭرىتاغدىكى ئالتە داۋاننى شەكىللەندۈرگەن. تارىخىي مەلۇماتلاردا «ئىبۇرغول ئايمىقىدىكى تەڭرىتاغدا ئالتە داۋان بار» دەپ خاتىرىلەنگەن.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، قومۇل ھونلارنىڭ خانى قويان خانغا تەۋە ئىدى. ھازىرقى توغۇچى، لاپچۇق ئەتراپلىرى ئەلنىڭ پائالىيەت ۋە قاتناش مەركىزى بولۇپ، ھازىرقى دۇربەجىننىڭ شىمالىدىكى خامار داۋنى ئەينى چاغدا ئىبۇرغولنىڭ شىمالىدىن باركۆلگە كىرىدىغان ئاساسلىق يول ئىدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 4- يىلى (608- يىلى)، بۈيۈك سانغۇن شۆ شىيۇڭ ئىبۇرغولدا بوز يەر ئېچىپ، «خەن سۇلالىسىدىكى ئىبۇرغول كونا شەھىرىنىڭ شەرقىدە يەنە بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلدى، ئۇنىڭغا يېڭى ئىبۇرغول دەپ نام بېرىلدى». كېيىن يولۇچىلار كۆپىنچە نامداۋان (ھازىرقى تەڭرىتاغ بۇتخانىسى ئەتراپىدىكى تاغلار) ئارقىلىق تاغنىڭ شىمالىغا ئۆتىدىغان بولدى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋۇگېڭ يىللىرىدا (617 — 618- يىللار)، پىچان ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قاڭقىل خانىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى شىمالدىن باركۆلدىكى جورجانلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، دائىم دېگۈدەك باركۆلنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغنىڭ سارقامىس بىلەن تولايدىن ئىبارەت ئىككى جىلغا ئارىسىدا كىرىپ- چىقىپ يۈرىدىغان بولدى، يولۇچىلارنىڭ كۆنايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەردە پەيدىنپەي يول پەيدا بولدى.

ئىبۇرغول ئايمىقىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى يوللار قەدىمدىن تارتىپ ھەر قايسى ھاكىمىيەتلەرنىڭ

ئالمىشىشى، ھەربىي يۆتكىلىشلەر ۋە تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشى داۋامىدا، بەزىلىرى گۈللەندى، بەزىلىرى پەيدىنپەي تاشلىنىپ، خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى.

1) خامار داۋىنى

خامار داۋىنى قۇمۇل شەھىرى توغۇچى يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەڭرىتاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىر خەرىتىلەردە «يەكەي داۋىنى» دەپ ئېلىنغان، قەدىمدە جومىشيەن تېغى دەپ ئاتالاتتى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇق غول بىلەن ئۆتۈشىدىغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلىدىغان يول بار. ئېگىز جايى دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىر ئېگىز، يول بويىدا سۇ ۋە ئوت- چۆپ بار بولۇپ، ئۇ باركۆلدىن ئىبۇرغولغا بارىدىغان ئۇدۇل يول ھېسابلىناتتى، قەدىمكى دەۋردە كۆچمە چارۋىچىلارنىڭ ئات- تۆگىلىرى كۆپىنچە مۇشۇ يول بىلەن چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا كىرىپ- چىقىپ تۇراتتى.

بۇ يول بىر قەدەر بۇرۇن ئېچىلغان، يېقىنقى دەۋردە يېزىلغان «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، جۇ مۇۋاڭ غەربىي يۇرتنى ساياھەت قىلغاندا قۇمۇلدىكى جومىشيەن تېغىدىن، خامار داۋىنىدىن ئۆتكەنىكەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرىدا، بەن چاۋ بىلەن دوۋگۇ باركۆلدىكى ھونلارنىڭ توسۇشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، چۆل- جەزىرىلەر ئارقىلىق قاڭقىللار ئوردىسى (بۈگۈنكى يارغول قەدىمىي شەھىرى) گە بارغاندا، مۇشۇ يول بىلەن جەنۇبقا ماڭغان.

2) نامداۋان

«غەربىي يۇرتنىڭ دەريا- ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دە، «بۇ داۋاننى قىش- ياز قار قاپلاپ تۇراتتى، ھونلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا چوقۇناتتى» دېيىلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆشۈتى چوققىسى دەپ ئاتالغان، چىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن تەڭرىتاغ بۇتخانىسى داۋىنى دەپ ئاتالغان. ئۇ جەنۇبتا كۆشۈتى ئېقىنىدىن باشلىنىپ، شىمالدا سۇمۇشتانغىچە بولۇپ، 48 توقاي بار، ئۇزۇنلۇقى جەنۇبتىن شىمالغا 30 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يول تاشلىق ھەم تىك، قار كۆچۈش ئاپىتى بولۇپ تۇرغاچقا، يولۇچىلار ئۇنى ئىزچىل يامان داۋان دەپ ئاتاپ كەلدى. بۇ داۋان قەدىمكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىشىدىكى ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ جەنۇبتىكى تارىم ئويمانلىقىغا چۈشۈشىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغاچقا، خەن، تاڭ سۇلالىلىرىگە دائىر ئابىدىلەر ۋە تەڭرىتاغ بۇتخانىسى قاتارلىق تارىخىي ئىزنالار قېپقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تەڭرىتاغ بۇتخانىسى داۋاننىڭ چوققىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاراتۇرۇك بىلەن باركۆلگە بارىدىغان قاتناش بوغۇزى ھېسابلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن 14- يىلى (640- يىلى)، تاڭ سۇلالىسى ئىدىقۇتنى تىنچىتىش ھارپىسىدا، ھەربىي يۇرۇش ياندىش باش بۇغى جياڭ شىڭبېن سۇمۇشتاندىكى نامداۋان ئەتراپىدا شەھەرنى ئېلىشنىڭ تەييارلىقى سۈپىتىدە قورال- ياراغ ياسىدى ۋە كېيىن تەڭرىتاغ چوققىسىغا خاتىرە ئابىدىسى تۇرغۇزدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى كۆپىنچە مۇشۇ يول بىلەن قۇمۇل بوستانلىقىغا كىرىپ چىقاتتى. سۇمۇشتان، داۋان بېشى ۋە كۆشۈتىدە ئۆتەڭخانىلار قۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 11- يىلى (1733- يىلى)، يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بۈيۈك سانغۇن يۆ جۇڭچى غەيرىي رەسمىي ئامبال ئا بىگىنىڭگە لەشكەرلەر ۋە خەلقنى باشلاپ تەڭرىتاغ بۇتخانىسى داۋىنىنى ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20- يىلى (1755- يىلى)، گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋۇ داشيەن ئەسكەر ئەۋەتىپ داۋاننى قايتا ياساتتى. داۋانغا 80 نەچچە توقاي يول، 70 نەچچە ياغاچ كۆۋرۈك سالدى ھەمدە «ئەسكەر تۇرغۇزۇپ يوللارنى ساقلىدى».

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ تۇنجى يىلى (1875- يىلى)، زو زوڭتاڭ سۇڭگۇۋجۇن قوشۇنىنىڭ باش چېرىكچىسى جاڭ ياۋغا لەشكەر ۋە ھەربىي خىراجەت تويلاپ، تەڭرىتاغ بۇتخانىسى داۋىنىنىڭ 32 توقىيىنى ياساش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن يول كېڭەيتىلىپ، يول ياقىلىرىغا تاش ۋە ياغاچلاردىن قاشالار ياسالدى، يولنىڭ بىر غولاچتىن ئارتۇق كېڭىيىشى بىلەن ئات- ئۇلاغلارنىڭ يۈرۈشى راۋانلاشتى، بۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، زو زوڭتاڭ ئۆز قولى بىلەن «تەڭرىتاغ قاشالىق ئۆتكىلى ئەستىلىكى» دەپ يېغىشلىما يېزىپ قالدۇردى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8- ئۆمەنى بىلەن يەرلىك خەلق ئاممىسى داۋان يوللىرىنى قايتا ياسىدى. كېيىنكى يىلى يازدا، نامداۋاندا تۇنجى قېتىم ئاپتوموبىل قاتنىدى.

3) قاسساپ تاغ داۋىنى

ئۇ ھازىرقى لياۋدۇننىڭ 20 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەڭرىتاغ جىلغىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ شىمالىي ئېغىزى باركۆل ناھىيىسى سۆجە كەنتىنىڭ 22 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، قەدىمكى دەۋردە باركۆلنىڭ غەربىي جەنۇبى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. دېڭساۋگۇنىڭ شىمالى يۇقىرى بەيكە تۆپە ئۆتىڭگە يېقىن، بۇ يەرنىڭ سۈيى ۋە ئوت- چۆپى مول، قارىغايلار قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، باركۆلنىڭ جەنۇبىدىن لياۋدۇنغا، غەربىي جەنۇبىدىن يەتتەقۇدۇققا بارغىلى بولىدىغان مۇھىم سودا كارۋان يولىدۇر.

داۋاننىڭ شىمالىدىكى جىلغا تىك يارلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ، تۆگە ۋە ئاتلارنىڭ چىقىشى نا ھايىتى تەس، تاغ قىرىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي تۆپىلىككە چۈشكەندە، تاغ بىر قەدەر تۈز بولغاچقا، ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ، ئۇنىڭ بىر بۆلىكىلا تاشلىق جىلغا بولۇپ، يوللىرى ئەگرى – بۈگرى شېغىللىق، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە ھەربىي رابات تەسىس قىلىنىپ، لياۋدۇن، يەتتەقۇدۇق، خۇيجىگزى، پىچان تۇتاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن ئۈرۈمچىگە، غەربىي جەنۇبى بىلەن تۇرپانغا بارغىلى بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1960- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، باركۆل ناھىيىسىدىكى قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى قاسساپ تاغ داۋىنىنى تەكشۈرۈپ، ئاپتوموبىل يۈرەلەيدىغان ئۇرۇش تەييارلىقى تاشيولىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆردى، كېيىن ئىقتىساد يار بەرمىگەنلىكتىن تاشلىنىپ قالدى.

4) تولايتى داۋىنى

ئۇ، باركۆل ناھىيىسىدىكى كۆنەيسۇنىڭ 50 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى تولاي جىلغىسىغا جايلاشقان، ئوتتۇرىسىدا ئىككى قۇدۇق بار بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە، بىر قۇدۇق تولاي قۇدۇقى دەپ ئاتالدى. مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ داۋان باركۆلنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، قۇمۇلدىكى يالغۇزبۇلاق ۋە يەتتە قۇدۇقلارغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولدى، كارۋانلار كۆپىنچە مۇشۇ يول ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىغا ئۆتەتتى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. يوللار ھەققىدە ئىككىنچى تەزكىرە» دە: «سۆجە ئۆتىڭىدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 60 چاقىرىم ماڭغاندا دۆشەنزى (بۈگۈنكى باركۆلدىكى پاۋماشيەن تېغى) گە، 10 چاقىرىم ماڭغاندا يۇقىرى

بەيكەتۆپە ئۆتىڭىگە، 10 چاقىرىم ماڭغاندا تولايتى داۋىنىغا، 50 چاقىرىم ماڭغاندا تولايتى ئۆتىڭىگە، 40 چاقىرىم ماڭغاندا ئاقتۇمسىق ئېغىزىغا، يەنى تولايتى جىلغىسى ئېغىزىغا، پىچاننىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىغا يېقىن بولغان ھۆكۈمەت يولىغا بارغىلى بولاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

داۋاننىڭ يەر تۈزۈلۈشى كەڭ، شىمالىي قىسمى تاغلىق بولۇپ، ئات- ئۇلاغلار ماڭالايدۇ. جەنۇبىي جىلغا بولۇپ، ئەگرى- توقاي ۋە ئېگىز- پەس، ئاپتوموبىل يۈرەلمەيدۇ ئات ــ تۆگىلەرلا ماڭالايدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەربىي رابات، ئۆتەڭ، بارۇنكەشلەر تۇرالغۇلىرى قۇرۇلدى.

5) چاپقانتاش داۋىنى

باركۆل ناھىيىسىدىكى كۆنگەيسۇنىڭ بەش كىلومېتىر جەنۇبىدىكى چاپقانتاش تېغى ئېغىزىغا جايلاشقان، ئەڭ ئېگىز جايى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچىلغان، ھارۋا ئارانلا ئۆتەلەيتتى، كىشىلە ئۇنى شىمىن (تاشقوۋۇق ــــ ت) دەپ ئاتىدى. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك، يوللىرى ئەگرى- توقاي، ئېگىز- پەس. ئۇ باركۆل ناھىيىسىدىكى تەبىئىي توساق بولۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ غەربىتە مورى بىلەن تۇتىشىدىغان، جەنۇبتا چاپقانتاش ئارقىلىق يەتتەقۇدۇققا تۇتىشىدىغان مۇھىم قاتناش ئۆتكىلى. «باركۆلنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى» دە، تاشقوۋۇقنى ئېچىش ئەھۋالى، «داۋگۇاڭ يىللىرى باركۆل ئايمىقىدىكى خۇاڭ فامىلىلىك سودىگەر 200 سەردىن ئارتۇق ئىئانە قىلىپ، تاشچى ياللاپ، بەش ئايچە قېزىش ئارقىلىق، تۈز يول ياسىدى، جىلغىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر جاڭ ئالتە چى، كەڭلىكى ئىككى غۇلاچتىن ئارتۇق، ئۇزۇنلۇقى 7 ~ 8 غۇلاچ كېلەتتى. بۇ يول تۈز بولغاچقا، ئات- ئۇلاغلار توسالغۇسىز يۈرەلەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىن بۇ يول قايتا ياسالدى. ھازىرقى تاشقوۋۇق جىلغىسى ئېغىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 مېتىر، كەڭلىكى 3.12 مېتىر، ئېگىزلىكى 4.66 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1600 مېتىر بولۇپ، ئاپتوموبىل ئۆتەلەيدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ يەرگە چاپقانتاش بارگاھى قۇرۇلدى، كېيىن ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلدى، غەربتە قاراكۆز ئۆتىڭىگە 30 كىلومېتىر، شەرقتە ئۇتۇنچى ئۆتىڭىگە 45 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇش ۋە سودىگەرلەرنىڭ قاتنىشىغا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، چېرىك، ئات- تۆگە ۋە بارۇنكەشلەر سەپلەندى.

6) ئۈچ داۋان

ئۇ قەدىمدە مۇڭگۇز داۋان دەپ ئاتالغان. داۋاندا ئۈچ تەكشى تاغ ئومۇرتقىسى بولۇپ، ئۈچ دەۋان دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئەڭ ئېگىز جايىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1300 مېتىر بولۇپ، قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى يەر تۈزۈلۈشى تەكشى جەنۇب- شىمال يولى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شىمالى باي بىلەن، جەنۇبىي شوپۇل ۋە تارلاچىن بىلەن تۇتىشىدۇ، ئوتتۇرىسىدا موغاي بار. بۇ مۇھىم ئۆتەڭلەرگە تارىختىكى سۇلالىلەر قاراۋۇلخانا، تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرغان بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى دەۋردىكى قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مۇداپىئە توساقلىرىدۇر. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى موڭغۇل ۋە نىڭشيادىن قۇمۇل تەۋەسىدىكى كىچىك سازلىققا كىرىدىغان سودا كارۋانلىرى مۇشۇ جايدا ئىككى يولغا ئايرىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى بىلەن غەربكە مېڭىپ، قۇمۇل ۋە باركۆل قاتارلىق جايلارغا باراتتى.

داۋاننىڭ تاغ تۈزۈلۈشى تەكشى، سۈيى ۋە ئوت- چۆپى مول، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا ۋە گەنسۇلار بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، قەدىمكى دەۋرلەردە سودا كارۋانلىرى كۆپىنچە بۇ يەر ئارقىلىق غەربتىن شەرققە يول ئالاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 4- يىلى (1865- يىلى)، شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب،

شىمالدىكى ئاساسلىق يوللار ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، بۇ يولمۇ سودىگەرلەرنىڭ قۇمۇل ۋە باركۆلگە كىرىپ- چىقىشىدىكى خەتەرلىك يول بولۇپ قالدى.

1950- يىل 3- ئايدا، ئاراتۇرۇكنى قوغداش 40 كۈنلۈك جىڭدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسىنىڭ بىر تارماق ئەترىتى دەل مۇشۇ يول ئارقىلىق ئەپچىللىك بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە كىرىپ قورشاۋدىن قۇتۇلدى.

بۇ داۋان بىلەن تۇتىشىدىغان قۇمۇلدىكى تەگرىتاغنىڭ جەنۇب- شىمالىدىكى يەر ناملىرى ۋە مۇساپىسى مۇنداق: تاشۋىلىقتىن شەرقىي شىمالغا 15 كىلومېتىر ماڭغاندا خوتۇنتامدىكى سەنساخې ئۆستىڭىگە، 25 كىلومېتىر ماڭغاندا شوپۇلغا، شوپۇل ئارقىلىق تاشۇ ئۆستىڭىدىن ئۆتۈپ مۇگكۇز داۋانىدىن 40 كىلومېتىر ماڭغاندا موغايغا، 35 كىلومېتىر ماڭغاندا بايغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

## §5. هەربىي قەلئە

1. باركۆل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ھەربىي قەلئەلەر

1) تاڭ قەلئەسى   تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باركۆل تەگرىتاغ ۋە ئىبۇرغولدىكى ئۈچ تارماق مۇنتىزىم قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلۇڭ 4- يىلى (710- يىلى)، 3000 كىشىلىك ئىبۇرغول قوشۇنى باركۆلنىڭ داخې يېزىسى غولتۇستەڭ غەربىي كەنتىدە بىر ھەربىي قەلئە بىنا قىلدى. (تەپسىلاتىنى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر جايلار» دېگەن قىسىمدىن كۆرۈۋېلىڭ).

2) يېشىل تۇغلۇق قوشۇن قەلئەسى   ئۇ ھازىرقى باركۆلدىكى خەنچېڭنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 9- يىلى (1731- يىلى)، يۆ جۇڭچى لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ ياتقان. ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئايلانمىسى 14 ~ 15 چاقىرىم، 30 مىڭ چېرىك سىغىدىغان باركۆل يېشىل تۇغلۇق قوشۇن قەلئەسىنى بىنا قىلىشنى پىلانلىغانىدى، لېكىن ۋاقىت قىس بولغاچقا ، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈپ چىققان قەلئەنىڭ ئايلانمىسى ئاران 8.2 چاقىرىمغا يەتتى. يەر كۆلىمى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، كېيىن ئاساسىي قەلئەنىڭ شەرقى بىلەن غەربىگە بەش چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئايلانمىسى 2.5 چاقىرىم كېلىدىغان ئايرىم- ئايرىم ئىككى كىچىك قەلئە بىنا قىلىندى.

3) مانجۇ قوشۇنلىرى قەلئەسى   ئۇ ھازىرقى باركۆلدىكى مەنچېڭنى كۆرسىتىدۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 37- يىلى (1772- يىلى)، ئۇ دائىملىق 2000 كىشىلىك خوشۇن ئەسكىرى ئۈچۈن سېلىنغان. قەلئە خەنچېڭنىڭ يېرىم چاقىرىم شەرقىگە سېلىنغان بولۇپ، سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 6.3 چاقىرىم كېلىدۇ.

4) ياغاچ قەلئە   ھازىرقى داخې يېزىسىنىڭ شىمالى، مۇچىن ئۇلار تېغىنىڭ جەنۇبى يانباغرىدىكى ئۆچكۆلگە تۇتىشىدىغان مۇھىم يولغا جايلاشقان. ئۇ يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە قۇرۇلۇش بولۇپ، كېسەكتە قوپۇرۇلغان، ئەتراپىغا ياغاچلار قاشالانغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئىزنالىرى بار.

2. قاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ھەربىي قەلئەلەر

باي قەدىمىي قەلئەسى

(تەپسىلاتىنى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر جايلار» دېگەن قىسمىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

3. قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىكى قەلئەلەر

1) قۇمۇل يېڭى قەلئەسى بۇ قەلئە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 5- يىلى (1727- يىلى) بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئايلانمىسى بىر چاقىرىم، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 2.46 غۇلاچ كېلىدۇ، شەرق، غەرب، شىمالدا ئۈچ سېپىل دەرۋازىسى بار، دەسلەپتە سېپىل ئىچى ئاشلىق باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار تۇرىدىغان ھەم ھەربىي ئورزۇق- تۈلۈك ساقلايدىغان جاي بولغان، شۇڭا ئۇ ئاشلىق قەلئەسى دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى) دىن كېيىن، خان مۇپەتتىش ئامبىلى، ياردەمچى نازارەتچى ئامبال، قۇمۇل يانداش ئاياقبېگى، ئورۇنباسار سانغۇن يامۇلىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى)، شەھەر ئىچىدە 400 ئېغىز چېرىك ياتىقى سېلىنىپ، مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ، چېرىكلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇردى. قەلئەنىڭ شەرق، شىمال قوۋۇقى ۋە غەربىي شىمالى سودا - سېتىق رايونى ھەم ئاھالىلەر رايونى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 26- يىلى (1846- يىلى) دىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، شەرقىي قوۋۇقتا 912 ، شىمالىي قوۋۇقتا 472، غەربىي قوۋۇقتا 567، جەمئىي 1951 ئادەم بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 4- يىلى (1865- يىلى)، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەھەرگە بۆسۈپ كىرىپ، يامۇلغا ئوت قويۇپ، خان مۇپەتتىش ئامبىلى زاكېداڭگا، ياندىش ئاياق بېگى چېن يېخې، ئورۇنباسار سانغۇن ۋاڭ دېيۈنى ۋە 1000 دىن ئارتۇق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لەشكىرىنى ئۆلتۈردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 7- يىلى (1868- يىلى) نىڭ ئاخىرى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن قۇمۇلنىڭ ياردەمچى خان ئامبىلى ۋېن لىن قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتىكى قۇمۇلنىڭ شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، خەلق سەرسان بولغان، ئېتىز- ئېرىق، باغ- ۋارانلار قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ۋېن لىن بىر تەرەپتىن، قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاچ، قورغان ۋە بېكەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇرۇنقى قەلئەنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىي-شىمالدا بىر ھەربىي قەلئە بىنا قىلدى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە مالىيە كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن، ھەربىي قەلئەنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك ئېلىنىپ، ئايلانمىسى بىر چاقىرىم قىلىندى، جەنۇبى بىلەن شىمالىغا ئىككىلا دەرۋازا قويۇلدى. كېيىنچە كىشىلەر بۇ ھەربىي قەلئەنى يېڭى قەلئە، ۋەيران بولغان قۇمۇل كونا قەلئەسىنى كونا قەلئە (كونا شەھەر) دەپ ئاتىدى. بۇلارغا شەھەر ئىچى قەلئەسى (ئۇيغۇر قەلئەسى) قوشۇلۇپ قۇمۇلدىكى ئۈچ قەلئە دەپ ئاتالدى.

تۇڭجى 13- يىلى (1874- يىلى)، جاڭ ياۋ سۇڭ ۋۇجۈن قوشۇنىنى باشلاپ چىقىپ، كونا قەلئەنى ئالتە- مۇنچە رېمونت قىلىپ لەشكەرگاھ قىلدى ۋە شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە كىچىك بىر قورغان ياساپ، ئۇنى ئوزۇق- تۈلۈك ۋە يەم- خەشەك ساقلايدىغان ئورۇن قىلدى. كېيىن كىشىلەر ئۇنى «ئاشلىق ئىسكىلاتى» دەپ ئاتىدى.

گۇاڭشۈ 6- يىلى (1880- يىلى)، زو زوڭتاڭ چوڭ لاگېرنى سۇجۇدىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كەلدى. چوڭ لاگېر بىلەن تەڭ چىققان سودىگەرلەرمۇ ئارقا- ئارقىدىن قۇمۇلغا كېلىپ توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن «تۈزلىنىپ ئازگال ھەم قۇم بارخانلىرى، يېڭىدىن سېلىندى ئۆي ۋە سارايلار، سوزۇلۇپ ھەر يانغا قاتار دۇكانلار، چۆمۈلدى شادلىققا شەھەر- بازارلار. قارىسا كوچىدا ئادەم مىغىلدار، خىلمۇ خىل ماللارغا تولغان رەستىلەر. يار بولدى بۇ يۇرتقا شادلىق ئىلاھى، ياگرىدى ھەر ياندا سۇناي- بۇرغىلار» (شياۋشيۇڭ «غەربىي زېمىن ھەققىدە نەزمە — قۇمۇل» ) دېگەندەك ھالەت بارلىققا كەلدى. يېڭىدىن بىنا قىلىنغان كوچىنىڭ بىرى، يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقىدىن باشلىنىپ، يېڭىشەھەر كوچىسى ئارقىلىق

جەنۇبىي دەرۋازىغا بارىدۇ، ئاندىن شەرققە بۇرۇلۇپ، خۇاگوسەن بىلەن تۇتىشىدۇ؛ يەنە بىرى، ھازىرقى تۆتكوچىدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ، كونا شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

گۇاڭشۇ 9- يىلى (1883- يىلى)، كونا قەلئە قايتىدىن ياسالدى، قورۇلۇشنى قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭغا ئىككى يىل ۋاقىت، 26 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش سەرپ قىلىندى. كېڭەيتىپ قورۇلغاندىن كېيىنكى كونا قەلئەنىڭ ئايلانمىسى 3.5 چاقىرىم بولۇپ، بۇرۇنقىدىن ئىككى ھەسسە كېڭەيدى، تۆت تەرەپكە قوۋۇق ئېچىلدى، مەشرىق قوۋۇققا «شياگياڭ»، مەغرىب قوۋۇققا «يىشۇاڭ»، تۆۋەن قوۋۇققا «يىگشۇن»، يۇقىرى قوۋۇققا «گۇڭچېن» دەپ ئىسىم قويۇلدى. قەلئە ئىچىدە شەرقتىن غەربكە ۋە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئىككى ئاساسىي كوچا بولۇپ، ئۇلار تۆت قوۋۇققا تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كوچىغا زو زۇڭتاڭ كوچىسى دەپ نام بېرىلدى، شاھزادە جاساق ئىبادەتخانىسى، زو زۇڭتاڭ ئىبادەتخانىسى، دېڭ شياڭۇاڭ بۇتخانىسى قاتارلىقلار بۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كوچا «دېگيۇەن يولى» دەپ ئاتالدى، قومۇل ئورۇنباسار سانغۇن يامۇلى ۋە لەشكەرگاھى مۇشۇ كوچىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرقىي قاسنىقىدا تۇردى.

2) **ئالتىزاق (يانبۇلاق) قەدىمكى قەلئەسى** (تەپسىلاتىنى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر جايلار» دېگەن قىسىمدىن كۆرۈۋېلىڭ).

3. **لاپچۇق قەدىمكى قەلئەسى** (تەپسىلاتىنى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەشھۇر جايلار» دېگەن قىسىمدىن كۆرۈۋېلىڭ).

4) **ئىسكى شەھەر قەدىمكى قەلئەسى** ئۇ قارادۆۋىنىڭ 26 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان. بوران يالاپ شەكىللەندۇرگەن يارداڭلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە يارغا يۆلەپ سېلىنغان ئىككى قەلئە بار، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ. ئۈستىدە كۆزىتىش تۆشۈكى ۋە ئىككى قەلئەگە تۇتىشىدىغان يول بار. قەلئەنىڭ تەكتىدە يەر ئاستى يولى بار.

5) **دايىڭفاڭ (چوڭ گازارما)** قومۇل شەھىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 1- ئايدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قومۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى باھاردا، قومۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ليۇ شىيىڭ، ھاكىم بەي بىگدې، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ چېڭفا دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شتاب خادىملىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئەسكەرلەر تۇرۇشلۇق گازارما ئورنىنى چارلىدى. تاللاش ئارقىلىق، چۈەنشۇيدىكى لى شياگۈۋڭ، شۇ ۋەنچېڭ قاتارلىق بىر قانچە ئائىلىلىكنىڭ يېرىگە يىگىدىن گازارما سېلىشنى قارار قىلدى، پومېشچىكلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يولۋاس مۇسادىرە قىلىۋالغان «خائىنلار مۈلكى» بىلەن تېگىشىدىغانغا كېلىشتى. گازارما سېلىشقا كېتىدىغان ياغاچ- تاشلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قارىمىقىدىكى ئەمەلدار- ساقچىلار كوپىراتىپىنىڭ ياغاچچىلىق زاۋۇتى، خىش- كاھىشلارنى ۋاڭ مىڭلياڭ، پېڭ يۇجاڭ تەمىنلىدى، كېيىنكىنى سوۋېت ئارمىيىسى ئۆزى ھەل قىلدى، قۇرۇلۇش شۇ يىلى 11- ئايدا پۈتتى، قۇرۇلۇشقا كەتكەن خىراجەتنى دۇبەن مەھكىمىسى ھېساباتتىن ئەينەن ئاتچوت قىلدى.

دايىڭفاڭ دەسلەپتە سېلىنغان چاغدا، بەش يۇلتۇز شەكلىدە بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئىدى. كېيىن قۇرۇلۇش كۆلىمى يىلمۇ يىل كېڭەيتىلدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قىزىل 8- تۈەن بۇيرۇققا بىنائەن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، دايىڭفاڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىلدى، گومىنداڭ 18- لۇيى قومۇلغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى

قىسىملار تۇرۇشلۇق گازارما قىلدى.

1949- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، دايىڭفاڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىنىڭ شتابى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىنىڭ شتابى ۋە يېزا ئىگىلىك 5- شىسى قۇمۇل باشقارمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولدى. ھازىر ئۇ، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 13- شىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ قالدى.

# IV باب

# ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش

## §1. ئەسكەرلىككە ئېلىش، ئەسكەرلىككە تۇتۇش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قۇمۇل، باركۆلدىكى ئەسكەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن قوبۇل قىلىنىپ ئېلىپ كېلىنەتتى. چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرىدىن كېيىن، باركۆلنىڭ ئاھالىسى كۆپەيدى، بىر قىسىم بايلارنىڭ پەرزەنتلىرى ھەربىيلىككە قاتنىششنى ئەمەل- مەنسەپ تۇتۇشنىڭ يولى ھېسابلاپ، يۇرتىدا ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۆتكەندىن كېيىن، كۆپىنچىسى ھەربىي خىزمەت ئۆتىدى، مىڭبېشى، گارنىزون قوماندانى، يامۇل باشلىقلىرى ئىچىدە ئۇلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇلاردىن ھەتتا باش بۇغ بولغانلارمۇ بار.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، باركۆل بىلەن قۇمۇلدا ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 5- ئايدا، ماجۇڭيىڭ گومىنداڭنىڭ 36- شىسىغا قوماندانلىق قىلىپ، قۇمۇل ۋە باركۆلنى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، باركۆل ناھىيىسىدىلا ئۈچ قېتىمدا 500 ئادەمنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ قىسمىنى تولۇقلىدى، ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇشتا، كېسەل بىلەن ئۆلدى ياكى ئىز- دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

## §2. پىدائىي ئەسكەرلەر، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەر ۋە زاپاس ئەسكەرلەر

### 1. پىدائىي ئەسكەرلەر

قۇمۇل تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1949- يىل 10- ئاينىڭ 17- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2- جۈنى قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، قۇمۇل 1- باشلانغۇچ مەكتەپتىكى خەن رۈيجېن (ئايال)، 2- باشلانغۇچ

مەكتەپتىكى جاڭ شىڭچېڭ، جۇ ۋېيدىڭ، لى فۇ، ساقچى ئىدارىسىدىن جاڭ مىڭخې، نى ۋۇراڭ، يەن خاۋشېن، سۇڭ شى، ھاشىم، شى جەنچىڭ، فەن مىڭدې، گۇ تيەنسەي، تاھىر، شۇ گۇاڭشى، ياڭ يۇخېڭ، يۇ جيافۇ، گاۋ رۇيچىڭ قاتارلىق 17 ياش 2- جۇڭگە كېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشتى.

1950- يىل 2- ئاينىڭ 14- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ھەربىي سەپتىن قايتىش. ئەسكەر ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 400 دىن ئارتۇق ياش بەس- بەستە ھەربىيلىككە قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇردى، ئۇلاردىن 130 ى شەرەپ بىلەن ھەربىي سەپكە كىردى (قۇمۇل ناھىيىسىدىن 90، باركۆل ناھىيىسىدىن 30، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن 10). 1951- يىلى باركۆل ناھىيىسىدىن 70 نەچچە ياش ھەربىيلىككە قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇردى، بۇلاردىن تەستىقلىنىپ ھەربىي سەپكە كىرگىنى 17 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر، بىر قازاق بار.

2. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەر

1955- يىلى، دۆلەت ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1958- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى پىلان بويىچە 65 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلدى. شۇ چاغدا ۋىلايەتتە يېشى مۇۋاپىق كېلىدىغان 1722 ياش بار بولۇپ، ئۇلاردىن 1455 ى تىزىمغا ئالدۇردى. 1959- يىل 1- ئاينىڭ 2- كۈنى، باركۆل ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، جەمئىي 30 ئەسكەر قوبۇل قىلىنىپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسى پىلاندىكىدىن بەش ئارتۇق قوبۇل قىلىندى. 1961- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى 100 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلدى، 3520 ياش تىزىمغا ئالدۇرغانىدى. 1962- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 101 ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. 1963- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدىن 40 ياش ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 20 سى مىللى. 1965- يىلى قىشتا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۆبە ھەربىي رايون بىلەن خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئەسكەر ئېلىش گۇرۇپپىلىرىنى كۆكشى، چوڭ ئەترەتلەرگە ئەۋەتىپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلدى، چاقىرىققا ئاۋاز قوشقان ياشلار بەس- بەستە تىزىمغا ئالدۇردى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ۋە سىياسىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 12 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 11، خۇيزۇ بىر. 1969- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 100 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 80، مىللىي 20.

1970- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ئۈچ ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. 1973- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 153 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. 1976- يىلى ۋىلايەت بويىچە 250 ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 212 سى يېزا ياشلىرى.

1978- يىلى، دۆلىتىمىز ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان ئەسكەرلەر بىلەن پىدائىي ئەسكەرلەر ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ۋىلايەت بويىچە 3572 ياش ھەربىيلىككە قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇردى، بۇلاردىن 296 سى تەستىقلىنىپ ھەربىي سەپكە كىردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىللى 62. 1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 414 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، ھەربىي سەپكە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن 3165 ياش تىزىملاتتى.

ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1979- يىلىدىن باشلاپ، ئەسكەر ئېلىش مەزگىلىدە، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن تارتىپ يېزا- بازارلارغىچە، ئەسكەر قوبۇل قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ناھىيىلەرنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، سىياسىي

تەكشۈرۈش، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىدىن ئىبارەت ئۈچ كىچىك گۇرۇپپا تەشكىللەندى، ئۇلار ئالدى بىلەن كەڭ ھەم چوڭقۇر تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ۋە ھەربىي سەپكە قاتنىشىش شەرەپ تۇيغۇسىنى قوزغاپ، كەڭ ياشلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى، ئاندىن سىياسىي تەكشۈرۈش ۋە سالامەتلىك تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىدىغانلارنى تاللىدى.

1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 876 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، چاقىرىق بويىچە 2694 ياش تىزىمغا ئالدۇردى.

1984- يىلدىن باشلاپ، قىسىملار ئەسكەر قوبۇل قىلىش يەرلىك ئورۇنلار ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە 911 ياش ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى، يېشى مۇۋاپىق كېلىدىغان 2700 نەچچە ياش تىزىمغا ئالدۇردى، قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 567 سى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 481 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 401، مىللىي 80. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 436 يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 376، مىللىي 60. يېشى مۇۋاپىق كېلىدىغان 1811 ياش تىزىمغا ئالدۇردى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە چاقىرىققا ئاساسەن تىزىمغا ئالدۇرغان ياش 2162 بولۇپ، ئۇلاردىن 501 ى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى.

3. زاپاس ئەسكەرلەر

1980- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقانلار زاپاس ئەسكەرلىككە تىزىملاندى، شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى بىر قېتىم ستاتىستىكا قىلىنىدىغان، سېلىشتۇرۇلىدىغان بولدى. 1982- يىلى، يەنە 1970- يىلدىن بۇيانقى 36 ياشتىن تۆۋەن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر تىزىملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى (18 ياشتىن 28 ياشقىچە) 1- خىلدىكى زاپاس ئەسكەرلەر، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى (28 ياشتىن 35 ياشقىچە) 2- خىلدىكى زاپاس ئەسكەرلەر دەپ ئېنىق بېكىتىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تۈزۈمى بىلەن زاپاس خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلدى. 1980- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 632 كىشى زاپاس ئەسكەرلىككە تىزىملاندى. 1981- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 28 مىڭ 270 كىشى زاپاس ئەسكەرلىككە تىزىملاندى. 1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە زاپاس ئەسكەرلىككە 1043 كىشى تىزىملاندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېخنىك ئەسكەر 320.

1987- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 624 كىشى زاپاس ئەسكەرلىككە تىزىملاندى. 1990- يىلى، ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن 801 كىشى زاپاس ئەسكەرلىككە تىزىملاندى.

4. ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە تىزىملىتىش

يېڭى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1988- يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى 18 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان ئەر پۇقرالارغا قارىتا ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە تىزىملىتىش يولغا قويۇلدى، يېشى مۇۋاپىق كېلىدىغان ياشلارنىڭ سۈپىتى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى ئىككى ئاي مەركەزلىك تەكشۈرۈلدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېشى مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەر پۇقرىنى 12 مىڭ 530 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىي سەپكە قاتنىشىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغىنى 12 مىڭ 266 ، چاقىرىق بويىچە ئەسكەرلىككە تىزىملاتقان پۇقرا 10 مىڭ 575 ، ئەسكەرلىككە قوبۇل

قىلىش كەينىگە سۈرۈلگىنى 1177، قوبۇل قىلىنمىغىنى 11، هەربىي خىزمەت ئۆتەش كەچۈرۈم قىلىنغىنى 241، هەربىي خىزمەت ئۆتەشكە بولمايدىغىنى 12.

# V باب

# خەلق ئەسكەرلىرى

## §1. تەشكىلىي قۇرۇلۇش

1. دېھقانلار قوغدىنىش ئەترىتى

1950- يىلىنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيە، رايونلاردىكى خەلقنى تەشكىللەپ، «باندىت تازىلاپ، ئۆزىنى قوغدىدى». شۇ يىلى 4- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلىق رايونلۇق پارتكوم 60 نەچچە كەمبەغەل ياش دېھقاننى تاللاپ، دېھقانلار قوغدىنىش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۇلارنى رايون، يېزىلاردا مەشىق قىلىشقا ھەمدە پوستتا تۇرۇش، چارلاش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇ قۇمۇل رايونىدىكى ئەڭ دەسلەپ تەشكىللەنگەن قوغدىنىش ئەترىتى ئىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ج ك پ باركۆل ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى قولىغا قورال ئېلىپ، قېچىپ يۈرگەن ئاز ساندىكى باندىتلارغا زەربە بېرىشكە، يوقىتىشقا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قاتناش بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا چاقىردى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، ناھىيە بويىچە ناھايىتى تېزلا 12 دېھقانلار قوغدىنىش ئوتتۇرا ئەترىتى تەشكىللىنىپ، ئادىمى 1033 كە يەتكۈزۈلدى ھەم قورال- ياراغ سەپلەپ بېرىلدى. بۇ قوغدىنىش ئەترىتى ئەزالىرى كۈندۈزى تېرىقچىلىق قىلسا، كېچىسى پوستتا تۇردى، دۈشمەن ئەھۋالى بايقالسا دەرھال ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

1953- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە قوغدىنىش ئەترىتى ئەزاسى 1520 گە يەتتى، ئۇلارغا 500 دىن ئارتۇق مىلتىق تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ قوغدىنىش ئەترىتى قىسىملارغا يول باشلاپ، خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئاشلىق، مال- چارۋا، گۆش توشۇپ، ئۇزۇق- تۈلۈك، ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ، قىسىملارنىڭ تۇپىلاڭچىلارنى تىنچىتىشىغا ئاكتىپ ياردەملەشتى. قۇمۇل تاشۆيلىق رايونىنىڭ باشلىقى، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى لى جىشېڭ 1950- يىلى 5- ئايدا 30 نەچچە قوغدىنىش ئەترىتى ئەزاسىنى ئاراتۇرۇكتىكى قىسىملارغا يول باشلاشقا، ئوق- دورا ۋە ھەربىي ئوزۇق- تۈلۈك توشۇشقا، يارىدارلارنى قۇتقۇزۇشقا ياردەمگە ئەۋەتتى. باندىت تازىلاپ، تۇپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى جەمئىي 756 قوغدىنىش ئەترىتى ئەزاسىنى سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 475 ھارۋا ۋە 1563 ئات، تۆگە، كالا ياردەم قىلدى، قىسىملار ئۈچۈن 134 مىڭ 900 كىلوگرام ئاشلىق، 189 مىڭ كىلوگرام يەم- خەشەك تەييارلاپ بەردى. قوغدىنىش ئەترىتى ئەزالىرى قىسىملارغا ماسلىشىپ، تۇپىلاڭنى تىنچىتىش جېڭىگە قاتناشتى. 1950- يىلى يازدا، تاشۆيلىقنىڭ شىلۇ كەنتىدە ئامىغا پاراكەندىچىلىك سالغان بىر ئۆچۈم باندىت بايقالغاندا، قوغدىنىش ئەترىتى ئەزالىرىدىن جاۋ فۇتاڭ، ۋاڭ چۈەنخۇالار قىسىمغا قوماندانلىق قىلىپ باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى، بىر سەئەتلىك

جەڭدىن كېيىن باندىتلار تاغلىق رايونغا قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىملىق جەڭدە جاۋفۇتاڭ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ بىر باندىتنى ئەسىرگە ئېلىپ، بىر مىلتىق ئولجا ئالدى.

1950- يىلىنىڭ باشلىرىدىن 1953- يىلى 11- ئايغىچە، تاشئۆستەڭ رايونىدىكى خەلق ئەسكەرلەر قوغدىنىش ئەترىتى قىسىملارغا ماسلىشىپ، چىگشەنزى، گۈەنىيگشىيەن تېغى، سۆجە بۇلاق، سۆجى كارىز، كۆگدۈلۈشەن تېغى قاتارلىق جايلاردا 10 نەچچە قېتىم باندىت تازىلاش جېڭىگە قاتنىشىپ، دۈشمەندىن 200 نى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 30 باندىتنى قولغا چۈشۈردى، جەڭدە 12 قوغدىنىش ئەترىتى ئەزاسى شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. 1950- يىلى 4- ئايدىن 7- ئايغىچە، باركۆلدىكى قوغدىنىش ئەترىتى ئەزالىرى باندىتلار بىلەن چوڭ كۆلەمدە ئالتە قېتىم ئېلىشىپ يەتتە باندىتنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بەش باندىتنى يارىلاندۇرۇپ، ئالتىسىنى ئەسىر ئالدى، بىر قىسىم قورال- ياراغ ۋە ئات- ئۇلاغلارنى ئولجا ئالدى.

2. خەلق ئىسكەرلىرى تەشكىلاتى

1958- يىلى 9- ئاينىڭ 29- كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئەسكەرلىرى شىسى قۇرۇش»، «ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش» توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاساسەن، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئومۇمىيۈزلۈك خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىنى قۇردى. بېزىلاردا ئادەتتە كۆكشى، چوڭ ئەترەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىرلىك قىلىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تۇەنى، يىگى، لىيەنى قۇرۇلدى. 1958- يىلى 9- ئاينىڭ 26- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى شىسى قۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرى ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى، تايانچ خەلق ئەسكىرى، قوراللىق خەلق ئەسكىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى. تارقىتىپ بېرىلگەن قورال- ياراغ 800 دىن ئاشاتتى. 1958- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە خەلق ئەسكىرى 15 مىڭ 285 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 10 مىڭ 371 بولۇپ، ئىككى تۇەن، 17يىڭ، 72 لىيەن؛ تايانچ خەلق ئەسكىرى 4914 بولۇپ، يەتتە يىڭ، 35 لىيەن قۇرۇلدى.

1959- يىلى 5- ئايدا، ۋىلايەتتىكى شەھەر ـ بېزىلار، زاۋۇت ـ كانلار ۋە ئىدارە- ئورگانلاردا خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۈچ تۇەن، 32 يىڭ، 139 لىيەن قۇرۇلدى، خەلق ئەسكىرى 21 مىڭ 911 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تايانچ خەلق ئەسكىرى 7714، ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 14 مىڭ 197. 1960- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە 64 مىڭ 134 خەلق ئەسكىرى تەشكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق ئەسكىرى كادىرى 3367 گە، تايانچ خەلق ئەسكىرى 23 مىڭ 290 گە، ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 37 مىڭ 477 (ئايال خەلق ئەسكىرى 12 مىڭ 911) گە يەتتى.

1962- يىلى 6- ئاينىڭ 19- كۈنى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ «خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە تەشكىلنى، سىياسىينى، ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك» دېگەن يوليورۇقنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلىپىگە ئاساسەن، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. 1963- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن ناھىيىلەرنىڭ قوراللىق بۆلۈملىرى كادىر ئەۋەتىپ ئاساسىي قاتلامدىكى نۇقتىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىلغار تىپلارنى يېتىشتۇردى ۋە تۇرغۇزدى ھەمدە ۋىلايەت دائىرىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تىكى ئىلغار ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1964- يىل 6- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشئۆستەڭ كۆكشىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى بويىچە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» كە دائىر تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت ئىككى كۆكشى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئىشىنى ئىلگىرى

سۈردى.

1969- يىل 3- ئايدا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ «ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ۋىلايەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى ۋە ھەر يىلى بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىشتا چىڭ تۇردى. 1970- يىلىنىڭ باشلىرى، باركۆل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى دىجورنىلىك يىڭى قۇرۇلدى، ئۇ داخې گۇڭشېسى، شىرىنزى گۇڭشېسى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئۈچ قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، جەمئىي 545 خەلق ئەسكىرى بار ئىدى. شۇ يىلى 1- ئاينىڭ 26- كۈنى، شۆبە ھەربىي رايونى قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتىدا خىمىيىلىك گازدىن مۇداپىئە كۆرگۈچى بىر لىيەننى قۇردى. 1974- يىلى، باركۆل ناھىيىسىدە قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى تۇەنى قۇرۇلدى، قارىمىقىدا سەككىز يىڭ، 48 لىيەن بولۇپ، قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكىرى 8504 كە يەتتى.

1975- يىل 1- ئايدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» توقۇپ چىقارغان «شاگخەيىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش»، «خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشكە قاتناشتۇرۇش» نىڭ تەسىرى ئاستىدا، ناھىيىلەرگە قاراشلىق بازارلاردا بازارلىق خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، بەزى گۇڭشېلاردا خەلق ئەسكەرلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش كىچىك ئەترەتلىرى تەشكىللەندى. بۇ خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش جەھەتلەردە مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» تىن ئىبارەت «سولچىل» خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇن قابىل ئەمگەك كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قويۇلغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. 1976- يىل 10- ئايدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى بىلەن كىچىك ئەترەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىنى ئىنقىلاشقا كىرىشىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىنى ساپلاشتۇردى.

1977- يىل 8- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى شىسى قۇرۇلدى. 1978- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى شىسى قايتىدىن قۇرۇلدى، گۇڭشېلاردا خەلق ئەسكەرلىرى تۇەنى قۇرۇلدى، شى قارىمىقىدا بەش تۇەن، 30 يىڭ، 174 لىيەن، 546 پەي بار.

1978- يىلى، شۆبە ھەربىي رايون ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنى، خەلق ئەسكەرلىرى كەسپىي تارماق ئەترەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە تەلىم- تەربىيىسىنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى. ئۇرۇش مەزگىلى بىلەن تىنچ مەزگىلنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، قۇمۇل شەھىرى بىلەن تارانچى كان رايونى خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، قىزىليۇلتۇز دوختۇرخانىسى ۋە كان رايونى دوختۇرخانىسىدا خەلق ئەسكەرلىرى سەھىيە ئەترىتىنى تەشكىللىدى؛ باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىتاغ، تەگرىتاغ گۇڭشېلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى ئاتلىق تارماق ئەترەتلىرى تەشكىللەندى.

1981 – 1982 - يىللىرى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، خەلق ئەسكىرى بولۇش يېشى 16 – 45 ياشتىن 18 ~ 35 ياشقا، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى 16 ~ 35 ياشتىن 18 ~ 28 ياشقا ئۆزگەرتىلدى، ئىدارە- ئورگان، مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىللەنمەيدىغان بولدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە تەشكىللەنگەن خەلق ئەسكىرى 29 مىڭ 793 بولۇپ، بۇرۇنقىدىن 52.1%، قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكىرى 11 مىڭ 669 بولۇپ، بۇرۇنقىدىن 32.2% ئازايدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى خەلق ئەسكەرلىرى شىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى تۆت تۇەن، 24 يىڭ،

124 لىيەن بولدى.

1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى قايتا تەڭشەلدى، سانى ئازايتىلىپ، سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا تارماق ئەترەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە مەشىقى كۈچەيتىلدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 25 مىڭ 131 خەلق ئەسكىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 8864 ، ئۈچ خەلق ئەسكىرى تۈەنى، 18 تايانچ يىڭ (بىر زەمبىرەكچىلەر يىڭى)، 97 تايانچ لىيەن تەشكىللەندى، كەسپىي تېخنىكا تارماق ئەترىتى 31 بولۇپ، 1604 (پارتىزانلار ئەترىتى 21، ئادىمى 866، سەھىيە ئەترىتى يەتتە ئادىمى 37). چېگرا رايونلاردا 11 مىڭ 587 خەلق ئەسكىرى بولۇپ، ئومۇمىي خەلق ئەسكىرى 46.1% نى ئىگىلىدى.

## §2. تەلىم- تەربىيە، مەشىق، قورال- ياراغ باشقۇرۇش

قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى شىسى «ھەم ھەربىي تەشكىلات، ھەم تەلىم- تەربىيە تەشكىلاتى بولۇش » دېگەن يوليورۇقىغا بىنائەن، دائىملىق سىياسىي تەلىم- تەربىيە ۋە ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنى ھەر يىلى بىر قېتىم رەتكە سېلىپ، قىش ۋە ئەتىيازدىكى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، كىچىك دائىرىدە، ئۆز جايىدا ئەمگەك ۋە ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ھەربىي مەشىقنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

### 1. سىياسىي تەلىم- تەربىيە

قومۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق ئۇرۇشى ئىدىيىسى تەربىيىسى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ماھىيىتى، ۋەزىپىسى، تەربىيىسى، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ۋەزىيىتى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي- ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئە كۆز قارىشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش ئېتىقادىنى چىڭىتتى.

1960- يىلى، گۇڭشې ئەزالىرى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە سوتسىيالىستىك تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، خەلق ئەسكەرلىرىگە سىياسىي تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى، قىزىل بايراق مۇسابىقىسى بىلەن «بەشتە ياخشى» خەلق ئەسكىرى بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى بىرلەشتۈردى، يەنە پارتىيە مەكتىپىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئەسكەرلىرىگە بولغان تەلىم- تەربىيىنى كۈچەيتتى.

1976- يىلى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنى، ئۆگىنىش سۆھبىتى، گېزىت ئوقۇش، كىنو كۆرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسى، ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. 1980- يىلدىن كېيىن، «خەلق ئەسكەرلىرى سىياسىي ئوقۇشلۇقى» ئاساسىي دەرسلىك

ماتېرىيالى قىلىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرىگە ئۆرۈش تەييارلىقى ئىدىيىۋى تەربىيىسى، خەلق ئۇرۇشى تەربىيىسى، شەرەپلىك ئەنئەنە تەربىيىسى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ۋەزىپىسى تەربىيىسى ۋە قانداق قىلىپ بىر ياخشى خەلق ئەسكىرى بولۇش تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىگە ھەر ئايدا بىر قېتىم سىياسىي دەرس ئۆتۈلدى، ھەربىي مەشىقنىڭ 10% نى سىياسىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئاجرىتىشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

1982-يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايونى قومۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىسلاھات ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى كارخانا باشقۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك كىرگۈزگەنلىك تەجرىبىسىنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرىگە بولغان سىياسىي تەلىم-تەربىيىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش پىلانىغا كىرگۈزدى. ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە قوراللىق بۆلۈم زىچ ماسلىشىپ، بىرلىكتە تۇتۇپ، بىرلىكتە باشقۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ «قوش ئىلغارلاردىن بولۇش» پائالىيىتىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە كىرگۈزۈپ، خەلق ئەسكەرلىرىگە بولغان سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىنى جانلىق ئېلىپ باردى.

1985-يىلىدىن كېيىن، خەلق ئەسكەرلىرىگە بولغان سىياسىي تەلىم-تەربىيە ئىسلاھ قىلىندى. تەلىم-تەربىيە ئاساسلىقى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. ئومۇمەن ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىنى ئالغان تەلىم-تەربىيە ناھىيە، شەھەر ۋە يېزا-بازارلارنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلدى، خەلق ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشتى. تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ئايدا بىر قېتىم سىياسىي دەرس ئۆتۈش يىلدا تۆت قېتىم دۆلەت مۇداپىئە كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەلىم-تەربىيىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىق بازىسى ۋە «ياشلار ئائىلىسى»، «خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسى» قاتارلىق سورۇنلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى رولى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى.

## 2. ھەربىي مەشىق

خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي مەشىقتە، ئەمگەك بىلەن ھەربىي مەشىقنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارقاق مەشىق قىلىش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ مەشىق قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قارىغا ئېتىش، گرانات تاشلاش، نەيزىۋازلىق، پارتلىتىش قاتارلىق ئاساسىي مەشىقلەرنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ھەر خىل تۈردىكى يىغىپ تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەترەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى قوراللىق كادىرلار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تېخىمۇ، تاكتىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ «تۆتنى قىلالايدىغان» (ئۆگىتەلەيدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ئىشلىيەلەيدىغان، باشقۇرالايدىغان) بولۇش ۋە «ئىككىگە ماھىر» (ئۆز تارماق ئەترىتىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ مەشىق قىلدۇرۇشقا ماھىر، خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئادەتتىكى جەڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ماھىر) بولۇش تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتكۈزدى.

1959-يىلى، ۋىلايەت بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تۈركۈم بويىچە قەرەللىك مەشىق قىلدۇرۇلدى، مەشىققە 1311 تايانچ خەلق ئەسكىرى قاتناشتى، ئۇلاردىن 814 قارىغا ئېتىشقا قاتنىشىپ، نەتىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالاندى.

1960- يىلى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى كادىرلىرى قورال- ياراغ ۋە جابدۇقلارنى ئۆزى بىرگە ئېلىپ بېرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەشىق قىلدۇرۇش ۋە نۇقتا قۇرۇپ نۇۋەت بىلەن يىغىپ مەشىق قىلدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. مەشىققە قاتناشقان تايانچ خەلق ئەسكىرى 2053، خەلق ئەسكىرى كادىرى 851، تېخنىك ئەسكەر 764 بولۇپ، 2739 ى قارىغا ئېتىشقا قاتناشتى، نەتىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، شۆبە ھەربىي رايون ئۆتكۈزگەن قىسىملارنىڭ ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قارىغا ئېتىش تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئالاھىدە دەرىجىلىك 36 مەرگەن بارلىققا كەلدى، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بىر يىلدا 1500 خەلق ئەسكىرى مەرگەنلى مەشىققە قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 39 ى ھەر خىل دەرىجىدىكى مەرگەن نامىغا ئېرىشتى.

1962 – 1964 - يىلىغىچە، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن تاشۋىلىق كۆكتېپە بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا تېخنىكا، قارىغا ئېتىش، گرانات تاشلاش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق تېخنىكا ۋە ھۇجۇم قىلىش، زەربە بېرىش، مۇھاسىرىگە ئېلىش، قوغلاپ زەربە بېرىش قاتارلىق تاكتىكا مەشىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. يەنە پالۋانتۇر كۆكتېپىسىدا «گوشىگۇ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» مەشىقىنى قوللىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇردى.

1970- يىلى، خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا زۇرۇر بولغان ھەربىي تەلىم- تەربىيە ۋە خەلق ھاۋا مۇداپىئە مانېۋرى قانات يايدۇرۇلۇپ، جەڭگىۋار كەنت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى.

1972 – 1978 - يىلىغىچە، شۆبە ھەربىي رايونى ئالتە قارار تەلىم- تەربىيە كۇرسى ئېچىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خەلق قوراللىق كادىرلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تايانچلىرىنى يىغىپ تەربىيىلىدى، 1978- يىلى، 16 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى تەلىم- تەربىيىگە قاتناشتى، قارىغا ئېتىشقا قاتناشقانلار 15 مىڭ، گرانات تاشلاشقا قاتناشقانلار 4000 بولۇپ، نەتىجىسى ياخشى بولدى.

1978- يىل 12- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 1979- يىل 3- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە، «ئۈچنى ئېتىش» (تانكا ئېتىش، ئايروپىلان ئېتىش، ھاۋا دېسانتلىرىنى ئېتىش)، «ئۈچتىن مۇداپىئەلىنىش» (ئاتوم بومبىسىدىن مۇداپىئەلىنىش، خىمىيىلىك گازدىن مۇداپىئەلىنىش، باكتېرىيىدىن مۇداپىئەلىنىش) ۋە كېچىسى مەشىق قىلىش نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلۇپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى، زەربە بېرىش ئۇرۇشى، مىنا ئۇرۇشى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تاكتىكىلار گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قارىغا ئېتىش ۋە تارماق ئەترەتلەرنىڭ تاكتىكا مەشىقى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى، قوراللىق كادىرلار تايانچلار 40 تىپلىق گراناتاميوت، 82 تىپلىق تەپمەس زەمبىرەك، تانكىغا قارشى مىنا ۋە پارتلاتقۇچ بومبا بىلەن تانكىغا زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 92 خەلق ئەسكىرى تايانچ لىيەنى 15 – 20 كۈنلۈك مەشىق ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، 15 مىڭ 250 قوراللىق خەلق ئەسكىرى تەربىيىلەندى.

1981- يىلى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقى تەكشىلىپ ۋە ئىسلاھ قىلىنىپ ، مەشىق ھەپتىلىكى، مەشىق ۋاقتى، مەشىق مەزمۇنى ھەققىدە يېڭى بەلگىلىمە چىقىرىلدى. كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلەرنىڭ مەشىق ۋاقتى مۇناسىپ ھالدا ئۇزارتىلدى. بەلگىلەنگەن مەشىق دەرسلىكىنى تاماملىغان، ئىمتىھان ۋە تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان خەلق ئەسكەرلىرىگە «لاياقەتلىك خەلق ئەسكىرى گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلىپ، ئۇلار زاپاس خادىملىققا قوبۇل قىلىندى.

1983- يىلدىن كېيىن، مەشىقنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پەيدىنپەي كادىرلار ۋە كەسپىي تېخنىك ئەسكەرلەرگە قارىتىلدى. ناھىيىلەر ۋە شەھەردە خەلق ئەسكەرلىرى مەشىق بازىسى قۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرى مەشىق بازىسىدا مەركەزلەشتۈرۈپ مەشىق قىلدۇرۇلدى. 3487 خەلق ئەسكىرى مەشىققە قاتناشتى، 2379 ى لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتتى. 14 قارار ھەر خىل تەلىم- تەربىيە كۇرسى ئېچىلىپ، 270 ئادەم قاتناشتى؛ كۇرسقا سەككىز خەلق ئەسكىرى پارتىزانلىق

ئەترىتى، 344 خەلق ئەسكىرى قاتناشتى. 1986- يىلى، 498 تايانچ خەلق ئەسكىرى مەشىقتە لاياقەتلىك بولدى. 1987 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە 14 قارار تەلىم- تەربىيە كۇرسى ئېچىلدى، تەلىم- تەربىيىگە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى لېيەنىنىڭ پەيجاڭلىرى، كەسپىي تېخنىك خادىملار ۋە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى قاتناشتى. 1990- يىلى، خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىغا بولغان كەسپىي تېخنىكا مەشىقى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

3. قورال- ياراغ باشقۇرۇش

1966- يىل 8- ئايدىن بۇرۇن، خەلق ئەسكەرلىرىگە تارقىتىلغان قوراللارنى ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى يىغىپ ساقلىسا، بەزى گۇڭشېلاردا خەلق ئەسكەرلىرى ئۆزى ساقلىدى. 1966- يىل 8- ئايدىن كېيىن، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا بېرىلگەن قورال- ياراغ ۋە ئەسلىھەلەرنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى يىغىۋېلىپ ساقلىدى. 1970- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل شۆبە هەربىي رايونى «خەلق ئەسكەرلىرىگە قورال- ياراغ تارقىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تايانچ لېيەنلىرىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىگە قورال- ياراغ تارقىتىپ بەردى. شۇ يىلى، داخې، شىرىنزى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى لېيەنىگە قورال- ياراغ تارقىتىپ بېرىلدى.

1981- يىلىغا كەلگەندە، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال- ياراغلىرىنى پەيدىنپەي گۇڭشې، ئەترەتلەر يىغىپ ساقلايدىغان بولدى. 1982-يىلى، ۋىلايەت بويىچە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال- ياراغلىرىنى گۇڭشېلارنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ۋە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى يىغىپ ساقلىدى. 1985- يىلدىن كېيىن، گۇڭشېلارنىڭ قورال- ياراغ ۋە ئەسلىھەلىرىنى، ئۇرۇش تەييارلىقى كۆرىدىغان قىسمەن ئۇقتىلىق رايونلارنىڭكىنى يەنىلا ئىدارىلەر ئۆزلىرى ساقلىغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى يىغىپ ساقلىدى.

## §3. مۇھىم پائالىيەتلەر خاتىرىسى

1. خەلق ئىسكەرلىرى يىغىنى

1960- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شۆبە هەربىي رايونى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئېچىپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە ئومۇملاشتۇردى، 27 ۋەكىلنى تاللاپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتۇردى.

1964- يىل 6- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شۆبە هەربىي رايونى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۋېلىق گۇڭشېسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىدا خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ 1- شۇجىلىرى، ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى، خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرى بولۇپ 98 كىشى قاتناشتى. قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى چىن ياۋجۇڭ، قۇمۇل شۆبە هەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى لۇڭ خۇيرۇي ۋە شتاب باشلىقى ۋاڭ جېلار قاتناشتى.

1964- يىل 11- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 4- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى هەربىي ماھارەت سىنىلىشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، ۋىلايەت بويىچە 197 خەلق ئەسكىرى ماھىرى مۇسابىقىگە قاتناشتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋېي خاۋ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى چىن ياۋجۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

1965- يىلى 11- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى لەنجۇ شەھىرىدە غەربىي شىمال رايونى بويىچە تۇنجى قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى خىزمەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 617 كىشى قاتناشتى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۆيلىق گۇڭشېسىدىكى شەن جىڭتۇڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىلى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى شۆي جۇڭشىڭ بەشتە ياخشى خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا تاشۆيلىق گۇڭشېسىغا «جەڭ مەيدانىدىكى جەڭگىۋار ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىشتىكى زەربىدار ئەترەت» دېگەن لەۋھە بېرىلدى.

1970- يىلى 6- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 9- كۈنىگىچە، ۋىلايەت خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ ۋە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 36 كىشى قاتناشتى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جاۋ زىلىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

1970- يىلى 11- ئاينىڭ 16- كۈنىدىن 19- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى باركۆل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ناھىيىلەردىكى خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىدىن 133 ى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى ھەمدە يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى.

1977- يىلى 7- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومى باركۆل ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى بويىچە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوملار، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق تۈمەن، مەيدانلىرى، گۇڭشې- مەيدانلار، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مەخسۇس قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرىدىن 124 ى قاتناشتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يەن گوجۇن، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى جاڭ خۇڭبىڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

1979- يىلى 1- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 13- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 2- قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەر، ئىككى كان، تۆمۈريول ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرىدىن 229 كىشى قاتناشتى. شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى ياڭ زۇڭچۈەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلىق گۇڭشېسى چېڭشى چوڭ ئەترىتى قوراللىق لىيەنى، باركۆل ناھىيىسى ئۈچكۆل گۇڭشېسى قوراللىق لىيەنى قاتارلىق خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تىكى توققۇز ئىلغار لىيەن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

1981- يىلى 6- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 6- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خەن پىڭتۇ، مۇئاۋىن شۇجىسى يەن گوجۇن ۋە شۆبە ھەربىي رايوننىڭ شتاب باشلىقى ياڭ مىڭبىڭ يىغىنغا قاتناشتى. شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 5- كۈنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايونى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۆيلىق گۇڭشېسى ئەرگۈڭ چوڭ ئەترىتىدە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، تاشۆيلىق گۇڭشېسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىنى تەڭشەش تەجرىبىلىرىنى ئاڭلىدى، خەلق ئەسكەرلىرى پارتىزانلىق ئەترىتىنىڭ تاكتىكا يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىش مانېۋىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

1982- يىلى 6- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىدا ئېچىلدى. يىغىنغا 120 كىشى قاتناشتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى باسىت ھاپىز ۋە شۆبە ھەربىي رايوننىڭ باش قوماندانى گو رۇنشېڭ

قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

1982- يىل 11- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شۆبە ھەربىي رايونى خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى بويىچە خۇلاسىلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 51 كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خەن پىڭتۇ، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى خاۋ چاڭشۇنلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئۈچ كومىسسار، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان پارتكومنىڭ ئىككى مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى 26 خەلق قوراللىق كادىرى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

1984- يىل 2- ئاينىڭ 27- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە شۆبە ھەربىي رايونى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەر قۇرۇلتىيى ئاچتى. قۇرۇلتايغا 202 ۋەكىل قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلغار ئورۇنلار ۋەكىلى 38 ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىلى 112. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خەن پىڭتۇ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئايۇپ قۇربان، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى جاڭ جىخۇا قۇرۇلتايغا قاتناشتى.

1984- يىلدىن كېيىن، ئارمىيە- خەلق بىرلىكتە مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى تەشكىللەندى.

2. جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش

1950 – 1953 - يىلىغىچە ۋە 1958- يىلى، ناھىيە، رايون، يېزىلارنىڭ قوغدىنىش ئەترەتلىرى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى قىسىملارغا ماسلىشىپ توپىلاڭ تىنچىتىش جەڭگە قاتناشتى. 1950- يىلى، قوغدىنىش ئەترەتلىرى باندىت- ئىشپىيونلارنى يوقىتىش، زومىگەر پومېشچىكلارنى كۈرەش قىلىش داۋامىدا، چارلاش، پوستتا تۇرۇش، زومىگەر پومېشچىكلارنى نازارەت قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشۆبلىق رايونىدىكى قوغدىنىش ئەترىتى توپىلاڭ كۆتۈرگەن باندىتلارغا كۆپ قېتىم زەربە بەردى، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ ئىچىدىكى باندىتلارغا زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال- مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغدىدى.

1958- يىلى، ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش، ئىسكىلات ساقلاش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 17- كۈنى كېچىدە، قۇمۇل ناھىيىسى تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۆتنۇر ئېلى قۇربان يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى توپلاپ، ئاممىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. شۇ چاغدا تەڭرىتاغ رايونى نىيرىن چوڭ ئەترىتىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى لىيەننىڭ يېتەكچىسى تاھىر توخسۇننى توپىلاڭچىلار تۇتقۇن قىلىۋالدى. ئۇ بىر نەچچە سەپدىشى بىلەن جاسارەتلىك ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، توپىلاڭچى باندىتلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ مىلتىق ۋە ئات- ئۇلاغلارنى تارتىۋېلىپ، تېزلىكتە ناھىيىلىك پارتكومغا خەۋەر قىلدى. ئاندىن يەنە ئۆزىنىڭ ھېرىپ- چارچىغىنىغا قارىماستىن، ئازادلىق ئارمىيىنى باشلاپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن تاغقا ئاتلاندى، مەخمۇت ھاكىم 35 خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ تاغقا كىرىپ، ئاممىغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. تاشۆبلىق رايونىدىكى 60 نەچچە تايانچ خەلق ئەسكىرى كېچىلەپ ياڭنەيگۇ ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، پايدىلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، تاغ ئېغىزىدىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنى قامال قىلىپ، ئۈچ كېچە- كۈندۈز ساقلاپ، ئاساسىي قىسىملارغا ئۈنۈملۈك ماسلىشىپ، توپىلاڭچى باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

3. ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشتا گەۋدىلىك رول ئويناش

ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا جىددىي، مۇشكۈل، خەتەرلىك، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. بولۇپمۇ بەزى چوڭ تىپتىكى سۇ قۇرۇلۇشى ئىنشائاتلىرىدا، لېيەن، يىگلار بىرلىك قىلىنىپ خەلق ئەسكەرلىرى ئىشقا

سېلىندى، مەسىلەن، باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې گۇڭشېسى 1200 نەپچە خەلق ئەسكىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سۇ ساقلاش مىقدارى 15 مىليون كۇب مېتىر كېلىدىغان ئەرچۇ سۇ ئامبىرىنى ياسىدى؛ ئۈچكۆل گۇڭشېسىدىكى 70 نەپچە خەلق ئەسكىرى سىغىمى 600 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدىغان بىر سۇ ئامبىرى ياسىدى ھەمدە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئالدى كۆلچىكى قۇرۇلۇشى بىلەن گېنېراتور ئۆيىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالدى. خەلق ئەسكەرلىرى 6000 كۇب مېتىر تاش ۋە توپىنى قېزىپ، 5000 كۇب مېتىر تاش، 3000 كۇب مېتىر قۇمنى يۆدۈپ ۋە ئەپكەشلەپ كۆتۈرۈپ 60 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ قاپتىلىغا ئېلىپ چىقتى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشبۇلاق، غەربىتاغ، بۇلۇڭتوغراق ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تۆركۆل، بايدىكى خەلق ئەسكەرلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىشتا گەۋدىلىك رول ئوينىدى. ۋىلايەتنىڭ ئوقتىلىق سۇ قۇرۇلۇشى بولغان تۆرۈك سۇ ئامبىرى ياساش بىرلەشمە جېڭىدە، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ دېجورنىلىك لېيەندىكى خەلق ئەسكەرلىرى جاپاغا چىداپ قاتتىق ئىشلەپ، ۋەزىپىنى ئىنتايىن ياخشى ئورۇندىدى.

قۇمۇل شەھىرى، تۆمۈريول ۋە باركۆل ناھىيىسىدىكى زىننەت توپچىلار شۆبە ئەترىتى سۇنئىي ئۆسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇشقا قاتناشتى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى بۆرە يوقىتىشقا قاتنىشىپ، زىيانداشلارنى يوقىتىپ مال- چارۋىلارنى قوغدىدى. قۇمۇل ناھىيىسى ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى پەن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىنى ئاكتىپ قۇرۇپ، تەجرىبە ئېتىزلىرىنى ياخشى تېرىپ، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈپ، ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى؛ ھەرمىللەت خەلق ئەسكەرلىرى سۇ ئامبىرى ياساش، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، تاشيول ياساش، ئۆستەڭ چېپىش، يەر تېرىش، قورشاپ ئوتلاق بەرپا قىلىش جەھەتلەردە ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى قىلدى. 1979- يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 4000 دىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى ئىشقا سېلىنغان. سانائەت- قاتناش سېپىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىمۇ جەڭگىۋار قوشۇنلۇق رول ئوينىدى. قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى، يەتتەقۇدۇق تۇزچىلىق مەيدانى، يامانسۇ كانى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، باركۆل ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، باركۆل ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

# VI باب

# خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى، ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى

## §1. ئاپپاراتلار

1966- يىل 3- ئاينىڭ 8- كۈنى، ۋىلايەتلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئۈچ شتات بېرىلدى.

1969- يىلى، ۋىلايەتلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1970- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي

كومىتېت ۋە شۆبە ھەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتىنى ئىشلىدى.

1974- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشخانىسى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ئاھالىنى تارقاقلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىشخانا قارىمىقىدا قۇرۇلۇش تېخنىكا بۆلۈمى، ماتېرىيال بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىپ، 21 ئادەم قويۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ خەلق مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت كەسپىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل قىلىندى. 1975- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل رايونلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1984- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتىگە شۆبە ھەربىي رايون بىلەن ناھىيە، شەھەرلەردىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى مەسئۇل بولدى. ناھىيە، شەھەرلەردە خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ تۆتتىن ئادەم قويۇلدى.

## §2. خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

قۇمۇل شەرقىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، نۇقتىلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى رايونىغا كىرگۈزۈلدى. 1972- يىلى، مەركەز قۇمۇل شەھىرىنى 3- تۈردىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئە شەھىرى قىلىپ بېكىتتى.

قۇمۇل رايونىدا خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى 1969- يىلىدىن باشلاندى، دەسلەپكى چاغلاردا، ئاھالىلەر سەپەرۋەر قىلىنىپ، لەخمە كولىنىپ، پاناھلىنىش ئۆڭكۈرى ياسالدى، لېكىن كۆپىنچىسى گۈمۈرۈلۈپ كېتىپ پايدىلىنىشقا بولمىدى. 1973- يىلىدىن باشلاپ، خەلق ئاممىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خىش، سېمونت تەييارلاشقا سەپەرۋەر قىلىندى، قۇرۇلۇشنى خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى پىلانلىدى. قۇمۇل شەھىرى رايونىدا «井» خېتى شەكلىدە بىر غول لەخمە قېزىلدى، قۇرۇلۇشنى شەھەر ئىچىدىكى ئىدارىلەر كۆچ تەشكىللەپ ئېلىپ باردى. كېيىن بۇ قۇرۇلۇش ئىدارىلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى، يوشۇرۇنۇش ئىستىھكامىغا ئىدارىلەر مەسئۇل بولدى.

1979- يىلى، «ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۇرۇش مەزگىلىدىكىسى بىلەن تىنچ مەزگىلدىكىسىنى بىرلەشتۈرۈش، سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپىگە ئاساسەن، ئىلگىرى ياسالغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. رايون بويىچە خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى 5- دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ئۆلچىمى بويىچە، يەر ئۈستىدىكى ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى 4- دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ئۆلچىمى بويىچە ياسالدى.

قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى، شەھەر رايونى بۆلىكى، تۆمۈريول رايونى بۆلىكى، دايىڭفاڭ بۆلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك بويىچە ياسالدى.

قۇمۇل شەھەر رايونىدا ئالتە خەۋەرلىشىش- ئاخبارات تورى (تۆمۈريول كۇلۇبى، شىمالىي قۇملۇق مۇنارى، توگىلىتىش ئىسكىلاتى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، دايىڭفاڭ خىزمەت بىناسى) دا قۇرۇلدى، بۇلار ئاپتوماتىك تىزگىنلىنەتتى.

قۇمۇل رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى مەبلىغى ئاساسەن ئىككى يول بىلەن، يەنى دۆلەت ئىبلىنمىسى بىلەن يەرلىك ئۆزى چىقىرىدىغان مەبلەغ ئارقىلىق ھەل قىلىندى. دۆلەت ئاساسەن قۇرۇلۇشنى لايىھەلەش ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا مەبلەغ سالدى، ئىدارىلەر خادىملارنى تەشكىللەش ۋە ئەمگەك قوشۇنىنىش بۇيۇملىرىنى تەييارلاشقا مەسئۇل

بولدى.

1. قۇمۇل شەھىرىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى 1971- يىلىدىن باشلاندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھەر خىل خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىستىھكامىدىن 35 ى ياسالدى، 21 نىنىڭ كىرىپ چىقىش ئېغىزى پۈتتى.

پۈتكەن خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدە، 4- دەرىجىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى 1% نى، 5- دەرىجىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى 99% نى ئىگىلىدى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى بېتون قۇرۇلمىلىق.

2. باركۆل ناھىيىسىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى

1969 – 1972 - يىلى 11- ئايغىچە، ناھىيە 42 مىڭ 820 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا لەخمە، 2013 ھاۋا مۇداپىئە ئۆڭكۈرى، 3000 مېتىردىن ئارتۇق ئاكوپ قېزىلدى، لەخمە ئۈستىدىكى توپا قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى تۆت مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، لەخمە ئىچىدە قوماندانلىق شتابى، مەجلىسخانا، مەشغۇلات ئۆيى، داۋالاش ۋە قۇتقۇزۇش پونكىتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى ھەمدە ياتاق، ئاشخانا، قۇدۇق، ھاجەتخانا ۋە ئىسكىلات قاتارلىقلار ياسالدى.

1970- يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ناھىيىلەردىن تارتىپ گۇڭشې، مەيدانلارغىچە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا، تاغ رايونى قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىپ، بىر قىسىم ئۆي، ئىسكىلاتلارنى ۋە تاغ يوللىرىنى ياساپ، خەۋىرلىشىش سىمى تارتىپ، بىر قىسىم ماددىي ئەشيالارنى تەييارلىدى.

## §3. ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى

قۇمۇل رايونى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 586.663 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ قۇمۇل، ئاراتۇرۇك ۋە باركۆل ناھىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چېگرا مۇداپىئە ناھىيىسى، تۆت چېگرا مۇداپىئە يېزىسى (تاشۇيلىق، باي، نوم ۋە ئۈچكۆل)، بىر چېگرا مۇداپىئە دېھقانچىلىق مەيدانى (نوم دېھقانچىلىق مەيدانى) ۋە بەش فىرما (قىزىلىيۇلتۇز 2- فىرمىسى، تۇركۆل، شياڭياڭ فىرمىلىرى، باركۆل ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى فىرمىسى، قىزىلىيۇلتۇز 1- فىرمىسى) بار.

چېگرا مۇداپىئە خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى يولغا قويۇلدى، ۋىلايەت بويىچە ئۈچ ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسى (باي گۇڭشې چېگرا مۇداپىئە پونكىتى، بىر چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى؛ نوم گۇڭشېسى دېھقانچىلىق مەيدانى چېگرا مۇداپىئە پونكىتى، بىر چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى؛ ئۈچكۆل گۇڭشېسى چېگرا مۇداپىئە قىسمى، رادار پونكىتى، بىر چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى) قۇرۇلدى. ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنىڭ ئۇرۇش لايىھىسى ۋە ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دائىم يىغىن ئېچىپ، جەمئىيەت، دۈشمەن ئەھۋالى ئۈستىدە ۋاقتى- ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئە كۈرىشىدە ئۈزئارا ئالاقە قىلىپ تۇردى، چېگرا مۇداپىئە قىسمى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى ياخشى ئىشلىشىگە ئاكتىپ ياردەم بەردى. چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى كادىرلار دائىم خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشقلىرىدە دەرس ئۆتتى، مەشىق قوراللىرى بىلەن تەمىنلىدى. باي چېگرا مۇداپىئە لىيەنى بىلەن باي گۇڭشېسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مەشىقى ئېلىپ باردى. چېگرا مۇداپىئە خەلق

ئەسكەرلىرى چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا مانىلىشىپ، پوستتا تۇرۇپ، چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، مۇھىم جايلارنى ساقلاپ، ئۆتكەن. كەچكەنلەرنى تەكشۈرۈپ، دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئوغرىلىقچە كىرىشى ۋە ئوغرىلىقچە چەتكە قېچىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1971- يىل 8- ئاينىڭ 31- كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسى لى شىشيەن نومغا ئوغرىلىقچە كىرگەندە، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى پادىچى تاڭ چېگنيەن بايقاپ قالدى، گۇڭشې رەھبەرلىرى دەرھال خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ قوغلاپ، باش سەككىزسالادا لى شىشيەننى تۇتتى. 1972- يىل 9- ئاينىڭ 21- كۈنى، موڭغۇلىيە جاسۇسى چاۋ ئېرزى 153- نومۇرلۇق چېگرا قوزۇقىنىڭ 2200 مېتىر شەرقىدىن ئوغرىلىقچە چېگرىدىن ئۆتۈپ، 26- كۈنى تۇركۆل فېرمىسىغا كىرگەندە، بۇ فېرمىدىكى مەمەش كۆسۇ بىلەن ئېلى ئىسمائىل بايقاپ قېلىپ ئۇنى تۇتتۇۋالدى.

باركۆل ناھىيىسى 1979- يىل 7- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە، چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت، چېگرا مۇداپىئە پونكىتى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى، قىزىلىيۇلتۇز 1- فېرمىسى رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە كومىتېتى قۇردى. يىغىندىن كېيىن، ئۈچكۆل گۇڭشېسى، چوڭ قۇلىنچەرى فېرمىسى قاتارلىق چېگرا مۇداپىئە گۇڭشې- فېرمىلىرىدا ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى چېگرا مۇداپىئە بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، ساقايۇلاقتا يېڭىدىن ساقچىخانا قۇرۇلدى ھەمدە قۇلىنچەرى ساقچىخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۈچكۆل ساقچىخانىسىنىڭ خادىملىرى تولۇقلاندى. چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدا ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى، ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى، ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسى، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى قۇرۇلدى.

1972- يىل 8- ئاينىڭ 24- كۈنى، جاسۇس لى يىنچۈن 148- ۋە 149- نومۇرلۇق چېگرا قوزۇقى ئارىسىدىن باركۆل ناھىيىسى چېگرىسىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، يۇسۇپ قورۇسى ئەتراپىغا كەلگەندە، چېگرىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان جەڭچىلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشتى.

# VII باب

# مۇھىم ھەربىي ئىشلار خاتىرىسى

## §1. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلارغا قارشى ئالدىنقى قاراۋۇلى بولۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار تالىشىدىغان ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولۇپ كەلدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېندى 4- يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176- يىلى)، ھونلار غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم

جايلىرىنى كونترول قىلىۋالدى. ھونلارنىڭ قويان خانى قۇمۇل (قەدىمدە ئىۋىرغول دەپ ئاتىلاتتى) نى ئۆزىنىڭ جەنۇبىتىكى زېمىنى قىلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ساقلاپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 نەچچە يىلدا خەن سۇلالىسى كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ ھونلارنى قوغلاپ چىقاردى. ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ھونلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جاڭ چيەن قاتارلىقلارنى كۆپ قېتىم غەربىي يۇرتقا ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتتى. قۇمۇل بەزىدە قولغا كەلسە، بەزىدە قولدىن كېتەتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) ھونلار خەن سۇلالىسىغا تەدرىجىي تەسلىم بولدى، غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، قەدىمكى ئىۋىرغولنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 58 – 75 - يىلىغىچە)، گېڭ بىن شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا شىمالىي ھون ھاكىمىيىتىگە قايتۇرما زەربە بېرىشتە ئالدى بىلەن تەگرىتاغقا ھۇجۇم قىلىپ، ئىۋىرغول، قانقىل قاتارلىق جايلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۈيسۈن ۋە باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، شۇ يول بىلەن شىمالىي ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. خەن مىڭدى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، يۇڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى)، دۇگۇ، گېڭ جۇڭلار 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن جيۇچۈەندىن يولغا چىقىپ، تەگرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىغا يېتىپ بېرىپ، ھونلارنىڭ قۇيان خانىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە باركۆلگىچە قوغلاپ باردى. ئىۋىرغولنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ يەردە دېھقانچىلىق ئىشلىرى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بىر قىسىم ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى بوز يەر ئېچىشقا قالدۇردى. خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنچۇ 2- يىلى (77- يىلى)، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جاڭدى ئىۋىرغولدا بوز يەر ئېچىشتىن ۋاز كېچىپ، ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. ھونلار يەنە لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئىۋىرغولنى قايتا ئىشغال قىلىۋالدى. جيەنچۇ 6- يىلى (81- يىلى)، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئىۋىرغولنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئىۋىرغول ئەمىرلەشكىرى تەسىس قىلدى، يۇڭيۈەن 2- يىلى (90- يىلى)، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى دۇشيەن ئورۇنباسار چېرىكچى يەن پەننى 2000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىپ، شىمالىي ھونلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىۋىرغولنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. يۇڭيۈەن 3- يىلى (91- يىلى)، دۇشيەن ئەۋەتكەن چېرىكچى گېڭ كۈي باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار شىمالىي تەگرىقۇت تۇرغان جايغىچە ھۇجۇم قىلىپ بارغاندىن كېيىن شىمالىي تەگرىقۇت قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىنىسى يۈيچۇجەن تەگرىقۇت لەشكەرلىرىنى باشلاپ باركۆلگە كېلىپ، خەن سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتتى. 2- يىلى خەن سۇلالىسى گېڭ كۈينى ئەۋەتىپ، يۈيچۇجەنگە مۆھۈر ۋە باشقا بۇيۇملارنى سوۋغا قىلدى، رېن شاڭغا دەستەك بېرىپ، ئۇنى ئىۋىرغولنى قوغداشقا تەيىنلىدى. يۇڭچۇ تۇنجى يىلى، شىمالىي ھونلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تارقىتىۋەتتى، ئىۋىرغولنى ساقلاۋاتقان ئەمەلدار، چېرىكلەرنى چېكىندۈردى، ئاراتۇرۇك، لۈكچۈنلەردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلەرنىمۇ چېكىندۈردى، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھونلار غەربىي يۇرتقا قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يۈەنچۇ 6- يىلى (119- يىلى)، خەن سۇلالىسى دورغاپ سو بەننى 1000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ئىۋىرغولغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. يەنگۇاڭ 2- يىلى (123- يىلى)، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى جاڭ داڭ يۇقىرىغا: «قويان خان دائىم باركۆل، كۆككۆل ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، غەربىي يۇرتنى قول ئاستىدا تۇتۇپ، ھەممىگە بالا- قازا كەلتۈرمەكتە، شۇڭا ئاساسىي زەربىنى قويان خانغا قارىتىش كېرەك» دەپ تەكلىپ بەردى، خەن ئەندى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، بەن يۇڭنى غەربىي يۇرتقا دورغاپ قىلىپ، قوشۇن بىلەن لۈكچۈنگە ئەۋەتتى، يۇڭجيەن 2- يىلى (127- يىلى)، خەن سۇلالىسى غەربىي رايوننى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردى. يۇڭجيەننىڭ 6- يىلى (131- يىلى)، خەن شۇندى ئىۋىرغولدىكى مۇتبەت جايلاردا قايتىدىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىۋىرغولدا بىر ئەمىرلەشكەر تۇرغۇزدى. يۇڭخې 2- يىلى (137- يىلى) كۈزدە، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي جىن باركۆلدە ھونلارنىڭ قويان خانىنى قوغلاپ يوقاتتى. يۈەنجيا تۇنجى يىلى (151- يىلى)، شىمالىي ھونلارنىڭ قويان خانى 3000 ئاتلىق ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ ئىۋىرغولغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىۋىرغولنىڭ ئەمىرلەشكىرى ماۋ ئەينى

مەغلۇپ قىلدى ۋە ئىۋۇرغولنى تارتىۋالدى، خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭ ۋالىيسى مادانى ئەسكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى، ئۇلار باركۆلگە كەلگەندە، قويان خان قېچىپ كەتتى.

## §2. ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار

ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3- يىلى (222- يىلى)، غەربىي يۇرتنىڭ يولى قايتا ئېچىلدى، ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندى ئىۋۇرغول تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، قوشۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ يۈەندى خانى جيەنۇۋ تۇنجى يىلىدىن شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەيخې 5- يىلىغىچە (317 – 370 - يىلىغىچە)، ئالدىنقى لياڭ ئىۋۇرغول تۇتۇقبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئاچتى، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 10- يىلى (385- يىلى)، لۈگۇاڭ ئەسكەر باشلاپ ئىۋۇرغول قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئالدى.
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 13- يىلى (489- يىلى)، جورجانلارنىڭ ئىۋۇرغول قەلئەسى بېگى گاۋ گاۋزى 3000 ئاۋامنى باشلاپ ئەل بولدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 21- يىلى (497- يىلى)، شياۋ ۋېندى، سەركەردە خەن باۋ ئەن بۇيرۇقىغا بىنائەن 1000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، ئىۋۇرغولغا كىردى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ تۇنجى يىلى (508- يىلى)، شىمالىي ۋېي خاندانلىقىغا بويسۇنغان قاڭقىل پادىشاھى مىئوتو بىلەن جورجىنلارنىڭ ئوتاخان قاغانى باركۆل يايلاقلىرىنى تالىشىپ باركۆلنىڭ شىمالىدا شىددەتلىك جەڭ قىلدى، مىئوتو مەغلۇپ بولۇپ، 300 چاقىرىم چېكىنىپ، سارقامىش جىلغىسى ئارقىلىق قېچىپ كەتتى. ئوتاخان باركۆل يايلىقىنى ئىشغال قىلدى. قوجۇ پادىشاھى چۈبجيا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئىچكى جايلارغا كۆچۈشنى تەلەپ قىلدى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى سانغۇن مىڭ ۋېينى ئىۋۇرغولغا كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. جورجىن خانى ئوتاخان ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالمان- تالمان قېچىپ كەتتى. قاڭقىل پادىشاھى ئوتاخانىنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ قوغلىدى، باركۆل كۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئوتاخاننى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ۋېي سۇلالىسى سەركەردىسى مىڭ ۋېيغا تەقدىم قىلدى. مىڭ ۋېي 3000 لياڭجۇ لەشكىرىنى باشلاپ ئىۋۇرغولدا تۇردى.

## §3.سۇي، تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار

سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 4- يىلى (608- يىلى)، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن سانغۇن شۆ شىشيۇڭ ئىۋۇرغول قەلئەسىگە كىردى، سۇي سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىۋۇرغولدا (كونا شەھەرنىڭ شەرقى) يېڭىدىن بىر قەلئە سېلىپ، يېڭى شەھەردە ئىۋۇرغول بازىرى قۇردى، دايې 6- يىلى (610- يىلى)، سۇي سۇلالىسى يەنە شۆ شىشيۇڭنى قاشقوۋۇققا يۈرۈش قىلغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى، شۆ شىشيۇڭ ئىۋۇرغولنى ئېلىپ، ئىۋۇرغول ۋىلايىتى بىلەن رويان بازىرى (بۈگۈنكى تاشۋېلىق) نى قۇردى. شۆ شىشيۇڭ ۋاڭ ۋېي باشچىلىقىدىكى 1000 كىشىلىك قوشۇننى ئىۋۇرغولنى ساقلاشقا ئەۋەتتى.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 4- يىلى (630- يىلى)، ئىۋۇرغول قەلئەسىنىڭ بېگى شى ۋەننيەن تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئىۋۇرغولدا غەربىي ئىۋۇرغول ئايمىقى تەسىس قىلدى. جېنگۈەن 14- يىلى (640- يىلى) 5

- ئايدا، تاڭ تەيزۇڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىدىقۇتقا ھۇجۇم قوزغىدى، غەربىي يۇرۇش ئورۇنباسار باش بۇغى، سانغۇن چاڭ شىگىيىن قوشۇن باشلاپ ئىۋۇرغولغا كېلىپ، شىلىمان تېغى (ھازىرقى قۇمۇلدىكى قوۋۇق ئېغىزى ئەتراپى) نى ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان ھۇجۇمچى ھارۋا، پالمان قاتارلىق قورال- جابدۇقلارنى ياسىدى، بۇ شىش پۈتكەندىن كېيىن داۋان بېشىدا ئابىدە تىكلىدى. جېنگۈەن 16- يىلى (642- يىلى)، غەربىي تۈرك خانى چۈلۈق قاغان ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىۋۇرغول ئايمىقىغا تېگىش قىلدى، ئەنشى تۇتۇق بېگى گو شياۋكې 2000 كىشىلىك ئاتلىق قىسمىنى باشلاپ ئىۋۇرغولغا يۇرۇش قىلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، نەتىجىدە چۈلۈق قاغان مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى.

13- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈشى، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن، قۇمۇل موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، كەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ قارمىقىدا بولدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىن قۇبلاي بىلەن ئىسيانكار بەگلەر كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ قالدى. جىيۈەن 9- يىلى (1272- يىلى)، قۇبلاي موڭغۇل خانى تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. غەربىي شىمالدىكى بەگلىكلەر بۇنىڭغا قايىل بولمىغاچقا «قايدۇ- دۇۋا توپىلىڭى» يۈز بەردى. جىيۈەن 12- يىلى (1275- يىلى)، دۇۋا 120 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى پايتەختى قوچۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى، قوچو ئىدىقۇتى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئېلىپ قۇمۇلغا قېچىپ كېلىۋالدى، دۇۋانىڭ ئىسيانكار قوشۇنى قوغلاپ كەلدى، كېيىن قوچو ئىدىقۇتى قۇمۇلدا دۇۋا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. قۇمۇل ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، قىسمەن قۇمۇل خەلقى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 16- يىلى (1279- يىلى)، قۇبلاي چاغاتاينىڭ ئەۋرىسىنى بېشبالىققا بارگاھ سېلىشقا ئەۋەتتى، قوشۇمچە قوچو بىلەن قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. جىيۈەن 19- يىلى (1282- يىلى)، ئىۋۇرغول بېگى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. جىيۈەن 24- يىلى (1287- يىلى)، يۈەن سۇلالىسى بېشبالىقتىكى خەنزۇ ئەسكەرلىرى ۋە يېڭى بېقىندى ئارمىيىدىن 500 ئادەمنى قۇمۇلغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. غەربىي رايونلارنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتىدىن بولغان ئوناشىرىنى ھەيۋەتلىك ۋاڭ دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، قۇمۇلنى ساقلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ھەيۋەتلىك ۋاڭلىقنى سۇرلۇك ۋاڭلىققا ئۆزگەرتتى. ئوناشىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئەنىق تېمۈر ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى.

## §4. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خوڭۋۇ 5- يىلى (1372- يىلى) 5- ئايدا، مىڭ سۇلالىسى غەربكە جازا يۇرۇشى قىلغۇچى سانغۇن فېڭ شىڭ يۈچۈەندا يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يەنە يىجىنەينى ئىشغال قىلىپ، كەنسۇنى پەيدىنپەي تىنچلاندۇردى. بۇ چاغدا، مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غەربىي يۇرتقا بولغان ھۇجۇمنى ئاستىلىتىپ، «جيايۈگۈەننىڭ غەربىگە بولغان يۇرۇشنى توختاتتى». بۇنىڭ بىلەن جيايۈگۈەننىڭ شەرقى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق رايونى، غەربىدىكى كۆپ قىسىم رايونلار چوڭ- كىچىك بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق رايونى بولۇپ قالدى. مىڭ سۇلالىسى بىلەن بەگلىكلەرنىڭ ئارىسىدا قالغان قۇمۇل ئەتراپى سۇرلۇك ۋاڭنىڭ بېقىندى زېمىنىغا ئايلىنىپ قالدى. سۇرلۇك ۋاڭ يۈەن سۇلالىسى خان جەمەتىدىن بولۇپ، خان «جېڭگىتۇڭ» نىڭ ئەۋلادى، شۇڭا يېڭى قۇرۇلغان مىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلىش ھالىتىدە تۇردى. خوڭۋۇ 13- يىلى (1380- يىلى) 5- ئايدا، گەنسۇنىڭ تۇتۇق بېگى پۇ يىڭ

جىايۇگۇەندىن غەربكە ئاتلىنىپ، چىچەن (ھازىرقى گەنسۇنىڭ يۈمېن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالى) گە ئەسكەر تارتىپ كىردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې تۇنجى يىلى (1403- يىلى)، مىڭ چېڭزۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ قۇمۇلنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن شىنجاڭ رايونىغا بېرىپ كېلىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلاپ، قۇمۇل ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتا تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، قۇمۇلغا ئەلچى ئەۋەتىش پەرمانىنى چۈشۈردى. يۇڭلې 2- يىلى (1404- يىلى)، مىڭ سۇلالىسى ئەنىق تېمۇرغا سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭلىق ئۇنۋانى بەردى ۋە ئالتۇن مۆھۈر ھەدىيە قىلدى. يۇڭلې 3- يىلى (1405- يىلى)، گۇلىچ ئەنىق تېمۇرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، جىيەنى تۇتۇ سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ بولدى. يۇڭلې 4- يىلى (1406- يىلى)، مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل باسقاق بېگى تەسىس قىلىپ، مۆھۈر تەقدىم قىلدى، مەھمۇد خوجا قاتارلىقلارغا قوماندان مىڭبېشى، يۈزبېشى قاتارلىق ئەمەللەرنى بەردى. بۇ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەخسۇس چېگرا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تەسىس قىلغان بىر خىل ھەربىي بىلەن سىياسىي بىرلەشكەن يەرلىك ھاكىمىيەت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 نەچچە يىل، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلنى ئەڭ قاتتىق كونترول قىلدى. تيەنشۇن 4- يىلىدىن خۇڭجى 18- يىلىغىچە (1460 – 1505 - يىلىغىچە) بولغان 40 نەچچە يىلدا، تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى چۆرىدەپ كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلدى. تۇرپان پەيدىنپەي ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلغا بولغان كونتروللۇقى ئاستا- ئاستا ئاجىزلاشتى. جېڭدې تۇنجى يىلىدىن جياجىڭ 8- يىلىغىچە (1506 – 1529 - يىلىغىچە) بولغان 20 نەچچە يىلدا، تۇرپان قۇمۇلنى ئۆزىنىڭ تايانچ پونكىتى قىلىپ، گەنسۇغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدىن ئۇزۇل- كېسىل ئايرىلىپ قالدى.

تۇرپاننىڭ سەردارلىرى چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، بېشبالىقنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلدى. 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بېشبالىق خانى غەربتىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلدى، قارىسقىدىكى قەبىلەر بۆلۈنۈپ، تۇرپان پەيدىنپەي كۆچەيدى ھەمدە لۇكچۇن بىلەن قاراغوجىنى بېسىۋالدى.ۋە 15- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، سۇلتان ئەلىنىڭ باشچىلىقىدا، شەرقتە قۇمۇلنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن 40 نەچچە يىل ئۇرۇش قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئۈچ قېتىم چوڭ ئۇرۇش بولدى.

تۇرپان قۇمۇلنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 9- يىلى (1473- يىلى) 9- ئايدا تۇنجى قېتىم ئىشغال قىلىۋالدى. سەۋەبى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 4- يىلى (1460- يىلى)، داۋاداشىرىنىڭ ئىنىسى، سادىق- ئىتائەتمەن ۋاڭ بۇراق ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى بولمىغاچقا، ئانىسى نوۋۇنداشىل ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى، بۇنىڭدىن خەلقنىڭ نارازىلىقى قوزغالدى، قۇمۇلنىڭ ئىچكى قىسمىدا كونا ئەنئەنىنى ساقلاپ قېلىش- قالماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلۇپ، ئەل سەككىز يىلدىن ئارتۇق ئىگە- چاقىسىز قالدى. تۇرپاننىڭ سۇلتانى ئەلى قۇمۇلنى كونترول قىلىش، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم «ئەسكەر چىقىرىپ قۇمۇلغا قاراشلىق زېمىنلارغا تېگىش قىلدى»، سۇلتان ئەلى چېڭخۇا 9- يىلى (1473- يىلى) 9- ئايدا، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئانىسىنى ۋە قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئالتۇن مۆھۈرىنى بۇلاپ كېتىپ، يارەنىي قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلىدى. قۇمۇل دۇدۇسى خەن شېن قۇمۇل خەلقىنى باشلاپ كۇيۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يۈمېننىڭ غەربىدە) دېگەن جايغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا مەجبۇر بولدى، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىمۇ قۇمۇلدىن شەرقتىكى كۇيۇگە كۆچۈپ باردى. مىڭ سۇلالىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ياردەمچى تۇتتۇق بەگ لى ۋېن، ئوڭ قول ئەرز- شىكايەت بېگى ليۇ ۋېننى ئەسكەر توپلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. لى ۋېن، ليۇ ۋېنلار دۈشمەندىن قورقۇپ، ئەسكەر چىقىرىشقا پېتىنالمىغاچقا، مەغلۇپ بولۇپ

چېكىندى. مىڭ سۇلالىسى قايتىدىن بىر ئالتۇن مۆھۈر ئۆيدۈرۈپ، خەن شىنگە ئىنئام قىلدى. چېنخۇا 18- يىلى (1482- يىلى) غا كەلگەندە، خەن شېن كۆيۈدە تۇرۇۋاتقان قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرىنى ئاساس قىلىپ، خەندۇڭ، چىجىن دېگەن ئىككى مۇداپىئە رايونى بىلەن بىرلىشىپ، 10 مىڭ ئادەم بىلەن كېچىلەپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، «شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، 1500 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى». خەن شېن سادىق. ئىناۋەتمەن ۋاڭنىڭ جىيەنى بولۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا تەسىرى چوڭ ئىدى، ئۇنىڭ قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى زور بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا سادىق، ئىناۋەتمەن ۋاڭ دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. تۇرپاننىڭ سۇلتانى ئەلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئەھمەد سۇلتانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

خۇڭجى ئۇنجى يىلى (1488- يىلى) 12- ئايدا، تۇرپان قۇمۇلنى 2- قېتىم كەڭ كۆلەمدە قورشىۋالدى. خەن شىنگە سادىق. ئىناۋەتمەن ۋاڭ، دېگەن ئۇنۋانات بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ خىيانەتچىلىك قىلىپ، خەلقنى بۇلاپ- تالاپ، زالىملارچە ئەزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ قۇمۇلنىڭ ئالاھىدە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ تارتۇق بەگلىرىنى قاقتى- سوقتى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەر بۇ يەردىن ئۆتمەس بولۇپ كەتكەچكە، ئىچكى- تاشقى جەھەتتە نارازىلىق كۆتۈرۈلدى، تۇرپاننىڭ سۇلتانى ئەھمەد خەن شىن بىلەن قۇدىلىشىدىغان بولۇپ، ئۇ يۇرسەتتە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالدى، يارمىنى يەنە قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلىدى ھەمدە مىڭ سۇلالىسىغا مەلۇمات سۇنۇپ، قۇمۇلنى ئۇز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتنىڭ سەردارلىقىغا تەيىنلىنىشنى تەلەپ قىلدى، خەن شىن قەبىلىدىكىلەر قۇمۇل خەلقىنى باشلاپ يەنە بىر قېتىم كۆيۈ، شاجۇ ئايمىقى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. ئەھمەدكە زەربە بېرىش ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قارىتا تۇرپانلىقلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودا قىلىشىنى چەكلەش، تۇرپاننىڭ ئولپان ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىرىگە بېرىدىغان ئىنئامنى كېمەيتىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامۇلاننىڭ قورال كۈچى بىلەن قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنى قوللىدى، خۇڭجى 3- يىلى (1490- يىلى)، ئەھمەد تارتۇق بېگى ئەلشىر قاتارلىقلارنى مىڭ شياۋزۇڭنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئەۋەتتى. خۇڭجى 4- يىلى (1491- يىلى)، ئەھمەد قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 11 شەھىرىنى، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئالتۇن مۆھۈرىنى ۋە 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى مىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان زىددىيىتىنى پەسەيتمەكچى بولدى. خۇڭجى 5- يىلى (1492- يىلى)، مىڭ سۇلالىسى سادىق. ئىناۋەتمەن ۋاڭنىڭ شىرەم توغقىنى تىنچلاندۇرغۇچى ۋاڭ باياندائىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان شانباباغا سادىق. ئىناۋەتمەن ۋاڭ دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى، خەن شىننىڭ ئىنىسى يانقىبۇللا، ئامۇلاگلار شانبابا دۆلىتىنى ھىمايە قىلدى.

خۇڭجى 6- يىلى (1493- يىلى) 10- ئايدا، ھىلىگەر ئەھمەد قوشۇن باشلاپ كېچىدە قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئامۇلاگنى ئۆلتۈرۈپ، شانبابانى ئەسىرگە ئېلىپ، سادىق. ئىناۋەتمەن ۋاڭنىڭ ئالتۇن مۆھۈرىنى بۇلاپ كەتتى. ئەھمەدنىڭ قايتا- قايتا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. مىڭ سۇلالىسى جيايۈگۈەننى تاقاپ، غەربىي يۇرتنىڭ تارتۇق بەگلىرىنى بىردەك قوبۇل قىلمىدى ھەمدە تۇرپاننىڭ شەيخ مەنسۇر قاتارلىق 100 نەچچە ئادەمنى نەزەربەنت قىلدى. لەشكىرىي پىرقە دېۋان بېگى ماۋچىشىگىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، خۇڭجى 8- يىلى (1495- يىلى)، گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى شۈي جىن، باش بۇغ لىۋ نىڭ ئەسكەر باشلاپ، چى جىن ۋە كۆيۈدە تۇرۇۋاتقان قۇمۇل مۇداپىئە قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، كېچىدە قۇمۇل شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، يارمىن قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىدە ئۇرۇش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولمىدى، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي جەھەتتە زىيان كۆپ بولۇپ كەتتى، تۇرپانلىقلارنىڭ نەچچە ئون ئادىمى يوقىتىلغان ۋە قۇمۇلنىڭ بىر قۇرۇق قەلئەسى ئىشغال قىلىنغاندىن سىرت،

باشقا نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئەھمەد خوڭجى 10- يىلى (1497- يىلى)، شانبابا بىلەن تۇتۇپ كەتكەن كىشىلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ئاندىن تۇرپان رايونى بىلەن بولغان نورمال سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

خوڭجى 18-يىلى (1505- يىلى)، شانبابانىڭ ئوغلى بايياجى سادىق- ئىنائەتمەن ۋاڭ بولدى. بايياجى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى. مىڭ سۇلالىسى يانغىبۇللا بىلەن شەيخ خوجىنى بايياجىغا ياردەمچى بولۇشقا پەرمان چۈشۈردى، لېكىن شەيخ خوجىنىڭ نىيىتى باشقا بولۇپ، ئىلگىرى شانبابانى بوزەك قىلغانىدى، ئۇ تۇرپان بىلەن يەڭ ئاستىدا سودىلىشىپ، ئۆز ئالدىغا ۋاڭ بولماقچى بولدى، ئۇ يەنە يېگى تەختكە چىققان سۇلتان مەنسۇر (ئەھمەدنىڭ ئوغلى) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنى قۇمۇلغا باشلاپ كەلدى. جېڭدې 8- يىلى (1513- يىلى) بايياجى قۇمۇلدىن ۋاز كېچىپ، تۇرپان تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. مەنسۇر خوجا تاجىدىننى قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلىدى. تۇرپان قۇمۇلنى تايانچ پونكىت قىلىپ، شەرقتىكى گەنسۇغا ھۇجۇم قىلدى. بىر قەدەر چوڭ بولغان ھەربىي ھۇجۇم ئىككى قېتىم بولدى. جېڭدې 11- يىلى (1516- يىلى)، تۇرپان سۇجۇ (ھازىرقى جيۇچۈەن) غا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى، گەنسۇدىكى مىڭ قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى چېن جيۇچۇ ئۇلارنى بىر يولىلا تارمار قىلدى، ئارقىدىن يەنە قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننى گۇاجۇ (بۇگۇنكى ئەنشى) دا مەغلۇپ قىلدى، تۇرپان قوشۇنى شەرمەندىلەرچە قېچىپ كەتتى. جياجىڭ 3- يىلى (1524- يىلى)، تۇرپاننىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى جيايۈگۈەندىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ گەنسۇغا ھۇجۇم قىلدى. چېن جيۇچۇ قوماندانلىق قىلغان مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇلارنى يەنە مەغلۇپ قىلدى. كېيىن مىڭ سۇلالىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا قۇربى يەتمەي، جيايۈگۈەننى تاقاپ ئۆزىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنى پەيدىنپەي قولدىن بېرىپ قويدى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى تۇرپاننىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق چىققاچقا، قۇمۇل ئاستا- ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدى، 17- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ ئاخىرى، جوڭغارلار پەيدىنپەي كۆچۈپ، قۇمۇلنى ئىگىلىۋالدى.

## §5. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار

چىڭ سۇلالىسى جوڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش داۋامىدا، شىنجاڭدا چاررۇسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن غالدان، سېۋان ئاراۋىدان، غالدان سېرىن ۋە ئامۇرسانا قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىق جوڭغار ئاقسۆڭەك بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىلەن 70 – 80 يىل ئەتراپىدا كۈرەش قىلدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت بۇ كۈرەش جەريانىدا، باركۆل يايلاقلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى باش شتابىنىڭ قوماندانلىق مەركىزىگە ئايلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن جوڭغار يۇقىرى قاتلام ئىسيانچى گۇرۇھى تالىشىدىغان مۇھىم ئۆتكەل بولدى، قۇمۇلمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى.

1. قۇنىڭغەنىڭ سېۋان ئاراۋىدان توپىلىڭىنى تىنچىتىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى) 4- ئايدا، جوڭغار خانى سېۋان ئاراۋىدان توپىلاڭ كۆتۈرۈپ،

2000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ تۇڭۇلغا ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى فۇنىڭگەننى ئەلنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ باركۆلگە كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى، كاڭشى 56- يىلى (1717- يىلى) 3- ئايدا، فۇنىڭگەن باركۆلدە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، جۇڭغارلار ئىشغالىيىتىدىكى تۇرپان بىلەن ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلدى.

يۇڭجېڭ 3- يىلى (1725- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى چىگرەي بىلەن شىنجاڭدا جۇڭغارلار قوشۇننى ئۈزلۈكسىز مەغلۇپ قىلغاچقا، سېۋان ئاراۋدان ئامالسىز چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن تۈنجى قېتىم ۋاقىتلىق سۈلھى كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى باركۆلدىن چېكىنىپ كەتتى.

2. يۈ جۇڭچىنىڭ غالدان سېرىن توپىلىڭىنى تىنچىتىشى

يۇڭجېڭ 5- يىلى (1727- يىلى)، جۇڭغارلارنىڭ خانى سېۋان ئاراۋدان ئۆلدى، ئوغلى غالدان سېرىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، قايتا ئىسيان كۆتۈردى، يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى)، جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۆرۈەنى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى، يۆرۈە 14 مىڭدىن ئارتۇق شىمالىي يول قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، قوبدۇدا قوماندانلىق شتابى قۇردى؛ يۈ جۇڭچىنى يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى، يۈ جۇڭچى 20 مىڭدىن ئارتۇق غەربىي يول قوشۇننى باشلاپ، باركۆلگە كىردى. 2- يىلى 5- ئايدا، غالدان سېرىن يۈ جۇڭچى ئوردىغا سالامغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن باركۆلگە بېسىپ كىرىپ، 10 مىڭغا يېقىن ئات ۋە تۆگىنى بۇلاپ كەتتى ھەمدە ئۇرۇنباسار سانغۇن چى چىگۇۋ قوماندانلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قىسمنى مەغلۇپ قىلدى، باش بۆغ ساۋ راڭ خەۋەر تېپىپ ئاتلىق قىسىملار بىلەن ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، ئوخشاشلا مەغلۇپ بولدى. باش بۆغ فەن تىڭ بىلەن جى داشيۇڭ 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن توسۇپ زەربە بېرىپ، غالدان سېرىن بىلەن يەتتە كېچە- كۈندۈز جەڭ قىلدى. باش بۆغ جاڭ يۈەنزو ئىككى قاراۋۇلخانىنىڭ ئەسكىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، فەن تىڭغا ماسلىشىپ غالدان سېرىنغا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاپ كېتىلگەن ئات ۋە تۆگىلەرنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇۋالدى.

يۇڭجېڭ 9- يىلى (1731- يىلى)، غالدان سېرىن 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ باركۆلنىڭ غەربىي تېغىدىكى ۋۇكېكېلىن چوققىسى بىلەن باركۆل كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جىڭئېرچۈەن قاراۋۇلخانىسىغا بېسىپ كىردى. شۇ يىلى 7- ئايدا، جۇڭغارلار شىمالىي يول قوشۇنغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ، يۆرۈەنى تۇڭناۋئېر (ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ خوپ كۆلى) دە مەغلۇپ قىلدى. 7- ئاينىڭ 12- كۈنى، يۈ جۇڭچى دۈشمەننىڭ بوشىشىپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، باركۆلدىن ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇمچىگە توختاۋسىز ھۇجۇم قوزغىدى، چوڭ قوشۇن مورىغا كەلگۈچە يول بويىدا دۈشمەننىڭ ھېچقانداق قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغاچقا، 23- كۈنى ئۈزلۈكسىز غەربكە ئىلگىرىلەپ، ئاچاغا كەلگەندە نەچچە يۈز دۈشمەننى يوقاتتى، دۈشمەننى قوغلاپ ئېرما دەرياسىغا كەلگەندە، جۇڭغارلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تاغدا تەخمىنەن 3000 — 4000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۈچ جايدا مۇداپىئە سېپى قۇردى. يۈ جۇڭچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باش بۆغ جاڭ يۈەنزو پىيادە ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئوڭ تەرەپتىن، ياساۋۇل بېگى جى چېگۇۋ ئاتلىق ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ سول تەرەپتىن، باش بۆغ ساۋ راڭ، ۋاڭ شۈجى ئوتتۇرا يولدىن تاغقا ھۇجۇم قوزغىدى. مەسلىھەتچى سەركەردە خۇاڭ جېڭشىن خىللانغان ئەسكەرلەر بىلەن دۈشمەن ئارقا سېپىگە توختاۋسىز زەربە بېرىپ، تاغنى ئىشغال قىلدى. شۇ كۈنى سەھەردىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا تاغدىكى ئۈچ مۇداپىئە سېپىنى ئىگىلەپ، نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتتى، تارمار بولغان دۈشمەن غەربكە قېچىپ كەتتى. ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى دۈشمەن چىڭ سۇلالىسى

قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەممىسى قوغۇرۇقىنى تىكىپ بەدەر قېچىپ كەتتى، 25- كۈنى، يۈجۇڭچى قوشۇنلارنى باركۆلگە قايتۇرۇپ كەلدى.

### 3. غالدان سېرىنىڭ سۈلھى تەلەپ قىلىشى

يۇڭجېڭ 12- يىلى (1734- يىلى) يازدا، غالدان سېرىن نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن باركۆلگە كىرىپ، ئۈتۈنچىدىن شەرققە قاراپ ھۇجۇمنى كېڭەيتتى. چىڭ سۇلالىسى غەربىي يول قوشۇنىنىڭ ئورۇنباسار سەركەردىسى جاڭ گۇاڭسى، تۈتۇق بېگى بەندى داشاھ، باش بۆغ جاڭ يۈەنزو، ھەربىكەتچان كەپتاۋۇل جيەن يې، ياساۋۇل بېگى فەن تىڭ قاتارلىقلارنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ ئەۋەتىپ، غالداننى شوربۇلاق جىلغىسىدا قورشىۋالدى. غالدان قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قاچتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىز قوغلاپ زەربە بەردى، غالدان سېرىن ئولۇمجى داۋىنىغا كەلگەندىن كېيىنلا قالدۇق قىسملىرىنى باشلاپ قېچىپ كېتەلىدى، جەڭ ئەتىگەندىن چۈشتىن كېيىنگىچە داۋاملاشتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوغلاپ زەربە بېرىپ، 80 چاقىرىم يول بېسىپ، دۈشمەننىڭ 400 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، 36 ئادىمىنى تىرىك تۇتۇۋالدى، 300 جەڭ ئېتى ۋە نۇرغۇن دۇبۇلغا- ساۋۇت، ئۇۋ مىلتىق، ئوقيا، نەيزە- قالقان قاتارلىقلارنى ئولجا ئالدى، يۇڭجېڭ خان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، تارتۇق بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

غالدان سېرىن ھەر قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ ھەر قېتىم مەغلۇپ بولغانلىقتىن، يۇڭجېڭ 13- يىلى (1735- يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى.

### 4. جۇڭغارلارنىڭ قۇمۇلغا بېسىپ كىرىشىنى توسۇش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، جۇڭغارلار قۇدرەت تېپىپ، نەگرتاغنىڭ شىمالىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. كاڭشى 31- يىلى (1692- يىلى) 8- ئاينىڭ 11- كۈنى، سېۋىن ئارۇبدانغا خاننىڭ مۆھۈرـ شەپقىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى غەيرىي رەسمىي ئامبال مادىنى ئەۋەتتى ھەمدە مۇھاپىزەتچى گاۋ تيەنفۇ، مىڭبېشى ما ۋېيخېڭ ۋە 30 چېرىكنى سەپىرىگە ھەمراھ قىلدى. ئۇلار قۇمۇلغا كەلگەندە، شەھەردىن 5 – 6 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر جايغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى، غالداننىڭ قول ئاستىدىكى موڭغۇللاردىن 500 ئادەم مادى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاتـ تۆگە، يۈكـ تاقلارنى بۇلاپ كەتتى، مادىنى ئۆلتۈرگىنى غالداننىڭ قول ئاستىدىكى توغۇچى خاشخا بىلەن خالخايدا ياتشىرىق ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى) 2- ئايدا، چىڭ سۇلالىسى غالدانغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، قۇمۇلدا ئۆيراتلاردىن توغۇچى خاشىنا ۋە خوتۇنى، پەرزەنتلىرى بولۇپ تۆت ئادەمنى تۇتۇپ، ئۆتەڭلەر ئارقىلىق بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ باردى.

جۇڭغار قەبىلىلىرى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش ۋە ئۆزئارا كۈرەشلەر داۋامىدا ئىقتىسادى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالدى، سېۋان ئارۇبدان غالداننىڭ قولىدىن شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىق ۋە يېمەكلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، غالدان يەنىلا قۇمۇلغا كىرىش قەستىدە بولدى. غالدان ئاشلىقتىن قىسلىغاچقا، قۇمۇلنىڭ غەربىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ ئاشلىق بۇلىدى، ئەبەيدۇللا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ جازا يۈرۈشىگە زىچ ھەمكارلىشىپ غالداننى مەغلۇپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ئەبەيدۇللانىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە ئۆتتى.

كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى) نىڭ باشلىرىدا، ئەبەيدۇللا يەنە «چوڭ ئوغلى گۇپا بەگنى 300 كىشىلىك ئەسكەر» بىلەن باركۆلگە ئەۋەتىپ، غالداننىڭ ئاشلىق بۇلاشقا ئەۋەتكەن ئوغلى سېپتىن بالچۇرنى تۇتۇۋالدى.

5. سېۋان ئاراۋبداننىڭ قۇمۇلغا كىرىشىنى توسۇش

ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن (1697 – 1714- يىللىرى) دا، قۇمۇل گەرچە جوڭغار موڭغۇللىرىغا يېقىن بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى كۈچلىرى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغاچقا، ئىككى تەرەپتە ھەر ھالدا ئۇرۇش- تالاش بولمىدى. كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى) 4- ئايدا، «قۇمۇلنىڭ جاساق تارخان بېگى ئىمىننىڭ بايان قىلىشىچە»: «ئويراتلارنىڭ خانى سېۋان ئاراۋبدان قۇمۇلنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، بەش جايىنى ئىشغال قىلىۋالدى». ئىمىننىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە «قاراقچىلار 3- ئاينىڭ 25- كۈنى، قۇمۇل شەھىرى سېپىلى ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى». چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا ئازلا ئەسكىرى بار بولۇپ، مۇداپىئەسىمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، شۇڭا سېۋان ئاراۋبدان توسالغۇسىز بېسىپ كېلىپ، قۇمۇل شەھىرىنى قورشىۋالدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى «جوڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «سېۋان ئاراۋبدان قۇمۇلغا ئەۋەتكەن 2000 كىشىلىك ئەسكىرىنى تۇرغاق بەگ پەن جىشەننىڭ 200 كىشىلىك يېشىل تۇغلۇق ئەسكىرى بىلەن ئىمىن بەگ قىسىملىرى تارمار قىلدى، 90 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى». ئەينى چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى سېۋان ئاراۋبدان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇندىن بۇرۇنقى توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشتا مۇتلەق ئۈستۈن كەلدى، بۇنى ئىمىن بەگنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چىڭ سۇلالىسى جەڭدە تۆھپە كۆرسەتكەن سەركەردىلەر ۋە ئۇيغۇرلارنى تارتۇقلاش ئۈچۈن، «15 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئىمىن بەگ، تۇرغاق بەگ پەن جىشەن ۋە قول ئاستىدىكى ئۆلگەن چېرىكلەرنى تارتۇقلىدى...». چىڭ سۇلالىسى خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قۇمۇلغا بېرىشقا بىر كۈن كېتىدىغان تارلاچىندا قىسىم تۇرغۇزدى.

6. سەپتان سېرىن نامجارنىڭ قۇمۇلغا بېسىپ كىرىشىنى توسۇش

كاڭشى 54- يىلى (1715- يىلى) دىكى ئۇرۇشتا، چىڭ سۇلالىسى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئويراتلارنىڭ بىر ئۇچۇم ئەسكىرىي كۈچى يات- يات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. قۇمۇلدىكى بىر قانچە كەنتنىڭ ئېتىزلىرى تېرىلماي ئاق قالدى. چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرىكى مۇداپىئە كۆرۈش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، تەدرىجىي تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەربىي ئاشلىق تەمىناتى مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى، ھەربىي ئاشلىقلارنى توشۇش ئۈچۈن، «سەنشى ۋە شەنشىلاردىن 3000 هارۋا تەييارلىنىپ، ھەر بىر هارۋىغا ئۈچ نەپەر هاۋرىكەش سەپلىنىپ، جىايۈگۈەندىن قۇمۇلغىچە 12 بېكەت قۇرۇپ، ھەر بىر بېكەتكە 250 هارۋا بىلەن ئۇدا توختىماستىن ئاشلىق توشۇدى». بۇنىڭدا ھەربىي ئاشلىق يۆتكەش خىراجىتى بەكلا ئېشىپ كەتتى، ھەربىي ئاشلىق تەمىناتىنىڭ قىيىن بولۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشنى پىلانلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 10- يىلى (1732- يىلى)، جوڭغار ئويراتلىرى «ئاشلىق قىيىنچىلىقى» غا دۇچ كەلگەچكە، سەپتان سېرىن نامجار 6000 كىشىلىك ئەسكەرنى باشلاپ قۇمۇلغا باستۇرۇپ كەلدى. ئىمىن بەگ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنى باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ئاكتىپ ياردەم بەردى. چىڭ سۇلالىسى ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن جوڭغارلارنى ئىمىن بەيزىگە تاپشۇرۇپ بەردى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئىمىن بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، جوڭغارلارنىڭ ھۇجۇمى تېزلا چېكىندۇرۇلدى، ئىمىننىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى چوڭ بولغاچقا، ئۇ چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشتى.

### 7. خوْيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ توڭجى 3- يىلى (1864- يىلى)، شىنجاڭ مىقياسىدا پارتلىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى زور كۆلەملىك قوزغىلىڭى قۇمۇل ۋاڭى بېشىرنىمۇ ئالاقزادىلىككە سېلىۋەتتى. قۇمۇلدىمۇ پەيدىنپەي داۋالغۇش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇقىرىلارنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا ئاۋاز قوشۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بېشىر ۋاڭغا «ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، خەلقنىڭ رايىنى مايىل قىلىشقا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش» قا بۇيرۇق چۈشۈردى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دېھقانلارنىڭ غەزەپ ئوتىنى توسۇش مۇمكىن بولمىدى. 8- ئاينىڭ 9- كۈنى، باركۆلدىكى ما تيەنباۋ 3000 خوْيزۇ ئاممىسىنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن شەھەر ئىچىدە كوچا جېڭى قىلدى، باش بۇغ خې گۇاڭ، تۇرغاق بەگ رۇي لىن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خوْيزۇ ئاممىسىنى قانلىق باستۇردى. 20- كۈنىدىن 22- كۈنىگىچە، يەنە شەھەردىن چىقىپ قوزغىلاڭچى ئاممىنى قىر- چاپ قىلدى. 8- ئاينىڭ 29- كۈنى، ما جاۋچياڭ، ما خۇەن، خې لاۋۋۇ، بەي لاۋسەن، لى يۇەنكۇي قاتارلىقلار بېشىغا ئاق لاتا چېگىپ، قولىغا قىلىچ- نەيزە ئېلىپ، قۇمۇلدىكى خوْيزۇ، ئۇيغۇر خەلقىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە قارشى ئاتلاندى. ئۇرۇمباسار سەركەردە ۋاڭ دېفۇ ئەسكەرلىرىنى سېپىلگە چىقىپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتتى ھەمدە ھەر قايسى يول قىسىملىرىنى مۇداپىئە كۆرۈشكە يۆتكەپ كەلدى ۋە قۇمۇل ۋاڭى بېشىرغا ھەر قايسى تاغلاردىكى ئۇيغۇر مەرگەنلىرىنى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىشقا يۆتكەپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. خەنزۇ ئائىلىلەرنىڭ شەھەرنى قوغداشقا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قورال- ياراغ تارقىتىپ بەردى. 8- ئاينىڭ 30- كۈنى سەھەردە، ما جاۋچياڭ 1000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى باشلاپ، شەھەرگە بەش چاقىرىم كېلىدىغان توسقا ۋە ئالتۇنلۇققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. قوزغىلاڭچىلاردىن 100 ئادەمنى سايىپشى كۆلى، دۇگشىنجۇاڭ قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلماقچى بولدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرگە تۆت تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىمدا چېكىندۇرۇلدى. 9- ئاينىڭ بېشىدىكى ئۈچ كۈندە، توخۇلۇدىكى 400 دىن ئارتۇق خوْيزۇ ئاممىسى ماتيەنسەينىڭ باشچىلىقىدا تارلاچىنغا ھۇجۇم قىلدى، ۋېن شياڭ بىلەن بېشىر ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى.

9- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 26- كۈنىگىچە، باركۆلدىكى خوْيزۇلار ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن چىڭ قوشۇنى ۋە قۇمۇل ۋاڭى قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

### 8. راشىدىن بىلەن داۋۇت خەلىپىنىڭ قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىشى

كۇچالىق راشىدىن بىلەن ئۈرۈمچىلىك داۋۇت خەلىپە ئەسكەر ئەۋەتىپ، قۇمۇل ۋە باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار توڭجى 4- يىلى (1865- يىلى) 2- ئايدىن 5- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە قۇمۇلدا «شەھەر- يېزىلارغا ئوت قويۇپ، نۇرغۇن خەلقنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىلاندۇرۇپ، قەلەمدار، ئەلەمدار ئەمەلدارلارنى باستۇرۇپ» قۇمۇل شەھرىنى ئىشغال قىلدى.

قۇمۇل شەھىرى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بېشىر ۋاڭ ئوردىسىغا بېكىنىۋېلىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈزەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېشىر ۋاڭنىڭ بۇ ئىپادىسىدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ئۇنى «دۈشمەنگە يان تاياق بولدى» دەپ قاراپ، قۇمۇلنىڭ قولدىن كېتىشىدە مەسئۇلىيىتى بار دەپ ھېسابلىدى ۋە ئۇنىڭدىن «ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ رايىنى مايىل قىلىش» نى تەلەپ قىلدى، بېشىر بىر مەزگىل كۈتكەندىن كېيىن، راشىدىن بىلەن داۋۇت خەلىپە قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يەنە بىر قېتىم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرەپكە ئۆتتى. بېشىر قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ

قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ شەھەرنى ئۇنۇملۇك قوغدىمىغانلىق گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتتى.

### 9. دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 5- يىلى (1866- يىلى) 10- ئايدا، تۇرپاندىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى قۇمۇلغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر ۋە يېڭىدىن يېتەكچى كېلىنگەن 1000 نەچچە كىشىلىك خىللانغان ئەسكەرگە لىن شياڭ قوماندانلىق قىلدى. 11- ئاينىڭ 3- كۈنى، قۇمۇل شەھىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى سۇيۇرگەبەگ تۇرپاندىكى ما بى باشچىلىقىدىكى 5000 كىشىلىك دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلاپ لياۋدۇننى ئىشغال قىلدى. 11- ئاينىڭ 8- كۈنى لىن شياڭ ئالمىن. تالمان ئۇرۇشقا چىقتى ۋە دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. لىن شياڭ ئۆزىمۇ ئېغىر يارىلىنىپ شەھەر ئىچىگە چېكىندى. بېشىر ۋاڭ لىن شياڭنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، 2000 نەپەر ئۇيغۇر ئەسكىرىگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ ياردەمگە باردى، كېيىن ئۇ ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ، قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇرۇشلۇق جايغا يالاپ ئاپىرىلىپ نەزەربەنت قىلىندى. 11- ئاينىڭ 9- كۈنى، دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى قۇمۇلنى ئىشغال قىلدى. تۇڭجى 6- يىلى (1867- يىلى) 1- ئاينىڭ 21- كۈنى، بېشىر ۋاڭ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، 2- ئاينىڭ 25- كۈنى، باركۆل باش بۇغىي خې گۇەن باركاھ بېگى رۇي لىن بىلەن مىڭبېشى جاۋ ۋەنخەينى باركۆلدىكى 4000 – 5000 كىشىلىك ئەسكەرنى باشلاپ قۇمۇلغا ياردەمگە ئەۋەتتى، ئۇلار قۇمۇل شەھىرىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتلىق ئەترىتى بىلەن ئۇتتىشىپ ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز ئادىمىنى ئۆلتۈردى، قوزغىلاڭچىلار مەغلۇپ بولۇپ قارادۆۋىگە چېكىندى. چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇنى قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىۋالدى.

تۇڭجى 7- يىلى (1868- يىلى) 1- ئاينىڭ 21- كۈنى يېرىم كېچىدە، غەربىي يول دېھقانلار قوشۇنى لاپچۇق، قارادۆۋىدىكى دېھقانلار قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، 3000 – 4000 ئادەم بىلەن قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان جاڭ خې باركاھىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. جاڭ خې باركاھىدىكى 500 لەشكەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قىرىلىپ، قۇمۇل قولدىن كەتتى. خې گۇەن، جاۋ يىڭجى، تيەن شۇچىڭ، جاۋ يۇلار بىرلىشىپ دېھقانلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. 2- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بەش چاقىرىم غەربىدە دېھقانلار قوشۇنى بىلەن ئۇتتىشىپ قالدى. كۆك سەي ئاتلىق ئەترەت بىلەن دېھقانلار قوشۇنى بازىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، دېھقانلار قوشۇنىنى چېكىندۈردى. 7- ئاينىڭ 26- كۈنى، ئەمىرلەشكەر ما سى دېھقانلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى سۇيۇرگەبەگ، ئادىل قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، تۇرپاندىكى 4000 كىشىلىك دېھقانلار قوشۇنى ۋە ئۇرۇمچى، ماناس، گۇمۇدى قاتارلىق جايلارغا 14 مىڭ كىشىلىك ئادەم قوشۇلۇپ جەمئىي 18 مىڭ ئادەم گۇمۇدىدا توپلىنىپ، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. ۋېن شياڭ، كۆك سەينى ئاتلىق- پىيادە بەش يىڭنى باشلاپ دېھقانلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. 9- ئايدا، دېھقانلار قوشۇنى ئاستانىغا ھۇجۇم قىلدى. كۆك سەي، لى شېڭيۈەن، ياۋ فېڭلىنلارنى ئاتلىق ئۈچ يىڭغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۈچ تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى، دېھقانلار قوشۇنى ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

### 10. باركۆلنى قوغداش ئۇرۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3- يىلى (1864- يىلى)، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم فېئودال دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، فېئودال تەبىرىقچى ھاكىمىيەتلەرنى قۇردى، ھەر قايسى جايلاردا مىللىي ئاداۋەتلەر كېلىپ چىقتى.

تۇڭجى 4- يىلى (1865- يىلى) نىڭ بېشىدا، ۋېن شياڭ ئۇرۇشتا زور چىقىم تارتقان قالدۇق ئەسكەرلەرنى باشلاپ باركۆلگە چېكىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تو مىڭنىڭ قوشۇنى قۇمۇلنى يەنە ئىشغال قىلىۋالدى. شۇ چاغدا، باركۆل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر بازىسى بولدى. 6- ئاينىڭ 22- كۈنى، تومىڭ مۇسۇلمانلار ئەمىرلەشكىرى ماشىڭنى ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قۇمۇلدىكى 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، سۇمۇشتان بىلەن باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدىكى سايداۋاننىڭ شەرق- غەرب ئىككى يولىدىن باركۆلدىكى خەنچېڭ، مەنچېڭ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. باركۆلدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ باش بۇغى خې گۈەن بىلەن مانجۇ قوشۇنىنىڭ تۇتۇڭى نارچى، ئاغلاقچى ئامبال يىلىتۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ- خەنزۇ ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ماشىڭ قوشۇنىنىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. ماشىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. 8- ئاينىڭ 4- كۈنى تومىڭ يەنە 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تەشكىللەپ قۇمۇلدىن ئاتلىنىپ، باركۆلگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. كۆيسۇدا ۋېن شياڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتىشىپ قالدى. ۋېن شياڭ مەغلۇپ بولۇپ ئۆچكۆلگە چېكىندى. تومىڭ قوشۇنى ئىلگىرىلەپ سەنشىلى گۈەنزىگە كەلگەندە، باش بۇغ خې گۈەننىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، يېرىم كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلغاندىن كېيىن، خې گۈەن 3000 كىشىلىك چىڭ سۇلالىسى ئەسكىرىنى باشلاپ باركۆلدىكى خەنچېڭغا كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى. 8- ئاينىڭ 25- كۈنى، كۇچادىكى تەبرىقچى ھاكىمىيەتنىڭ سەردارى راشىدىن ئىسھاقنى قۇمۇلغا قوشۇن باشلاپ بېرىپ، باركۆلگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئىسھاق نەچچە كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالمىغاندىن كېيىن، قۇمۇلغا چېكىندى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئوردىغا: «باركۆل خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى» دەپ جىددىي مەلۇمات يوللىدى.

تۇڭجى 5- يىلى (1866- يىلى) 5- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 8- كۈنىگىچە، راشىدىن قىسىملىرى بىلەن تومىڭ قىسىملىرى بىرلىشىپ قۇمۇلدىن ئاتلىنىپ، باركۆلگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى، گاۋ جياخۇ، شىرىنزىلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، باركۆلنى بىر يولىلا ئېلىش ئۈچۈن، نەچچە كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى يەنىلا مەغلۇپ بولدى. 6- ئاينىڭ باشلىرى، بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ سەردارى سۇپۇرگەبەگ 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، باركۆلدىكى خەنچېڭ، مەنچېڭ قەلئەلىرىگە قايتا- قايتا نەچچە كۈن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئالالماي چېكىندى. باش بۇغ خې گۈەن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، ھەرىكەتچان بەگ لىڭ شياڭنى 1200 كىشىلىك ئاتلىق- پىيادە ئەسكەرگە تۇرشاۋۇل قىلىپ تەيىنلەپ، مىڭبېگى رۇي لىننى 500 پىيادە ئەسكەر بىلەن چوڭ قوشۇننى ئارقىدىن قوغدىغۇچى قىلىپ، 6- ئاينىڭ 10- كۈنى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى، تومىڭ بىلەن راشىدىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى، لىڭ شياڭ ئۇرۇنباسار سانغۇنلۇققا، رۇي لىن ھەرىكەتچان بەگلىككە ئۆستۈرۈلدى. 11- ئايدا، تومىڭ ماشىڭ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ فۇكاڭدا گۇچۇڭدىكى جاڭ خېنىڭ مىنتۇەنى بىلەن جىمسادىكى كۇڭ سېينىڭ مىنتۇەنىنى مەغلۇپ قىلدى، جاڭ خې بىلەن كۇڭ سەي مىنتۇەننى باشلاپ باركۆلدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. تومىڭ قوشۇنلىرىغا ئورتاق تاقابىل تۇردى. 12- ئاينىڭ 20- كۈنى، ماشىڭ 3500 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ، تۇرپاندىن چىقىپ دېڭساۋگۇ ئارقىلىق باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا، باركۆلنى ساقلاۋاتقان خې گۈەننىڭ يېشىل تۇغلۇق قوشۇنى بىلەن مانجۇلار قوشۇنى گۇچۇڭ، جىمسادىكى مىنتۇەنلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەچكە، جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولۇپ، نەچچە كۈنلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، ماشىڭ ئېغىر مەغلۇپىيەتكە ئۇچراپ چېكىندى.

تۇڭجى 6- يىلى (1867- يىلى) نىڭ باشلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باركۆلنىڭ ئۇزۇق- تۈلۈكى تۈگەپ قالغانلىق مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شەنشى- گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشىگە تۇن قاراگىۋسىدا جيايۇگۈەندىن

چىقىپ باركۆل شەھىرىگە ئوزۇق- تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈردى.

11. بەي يەنخۇ قىسىملىرىنىڭ باركۆل شەھىرىنى قورشىۋېلىشى

بەي يەنخۇ (يەنە بىر ئىسمى بەي سۇ) چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى دەسلەپكى يىللىرىدا سەنشىدە قوزغالغان خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. تۇڭجى 12- يىلى (1873- يىلى) 7- ئايدا، بەي يەنخۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ قۇمۇلغا كىرىپ، قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىۋېشى يۈسۈپ بىلەن بىرلىشىپ، شەھەر ئىچىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، يېڭىشەھەر بىلەن كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنى ئالالماي بەي يەنخۇ قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەتنىڭ ئانىسىنى تۇتقۇن قىلىپ تۇرپانغا ئېلىپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئۇ قوقانلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگكە تەسلىم بولۇپ، مىللەتنىڭ خائىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ 2000 نەچچە كىشىلىك خىل قوشۇننى باشلاپ تەگرىتاغدىن ئۆتۈپ باركۆل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، بەي يەنخۇ قىسىملىرى خەنچېڭنىڭ تەنتېپودىكى سەنچىڭماۋ بۇتخانىسىنى ئىشغال قىلىپ، كۈچلۈك ھۇجۇم تەشكىللەپ، باركۆل ناھىيە بازىرىنى بىر يولىلا ئىشغال قىلماقچى بولدى، باركۆلدىكى باش بۇغ چېن شېڭخېڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قاتتىق كۈچەيتىپ، خەنچېڭنى قاتتىق قوغدىدى؛ ئاغلاقچى ئامبال شاكېدۇلىنزابۇ مانجۇلار يىگىدىكى ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، مەنچېڭنى كېچە- كۈندۈز ساقلىدى. خەنچېڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، خەنچېڭگە ھەر ۋاقىت ياردەم بېرىشكە تەييار تۇردى، بەي يەنخۇ قىسىملىرىنىڭ شەھەرنى ئېلىش ھۇجۇمى كەينى- كەينىدىن مەغلۇپ بولدى، بەي يەنخۇ قىسىملىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئاشلىق تەمىناتىنى قامداش ئۈچۈن، بىر بۆلۈك ئادىمىنى تەرەپ- تەرەپتىكى يېزىلارغا ئەۋەتىپ ئاشلىق ۋە مال- چارۋىلارنى بۇلىدى، سەنشىلىگۇەنزى، بۇلۇڭتوغراق، شەھەر ئەتراپى، خۇاجۇاگزا قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلارنى بۇلىدى، بەزى كەنتلەرگە ئوت قويىۋەتتى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دېھقانلار شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئادەم ئەۋەتىپ، كېچىلەپ شەھەرگە كىرىپ، ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە شەھەرنى قاتتىق ساقلىدى. بېيشياڭ يېزىسى (بۈگۈنكى داخې) دىكى دېھقانلار مال- مۈلۈكلىرىنى يوشۇرۇپ، ئۆرمىلىرىنى تاشلاپ، بىر قىسمى مال- چارۋىلىرىنى ھەيدەپ موچىن ئۇلار تېغىغا يوشۇرۇندى. بىر قىسمى ناھىيە بازىرىغا كىرىپ چىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە خەنچېڭنى قوغدىدى. بەي يەنخۇنىڭ ئاشلىق- تۈلۈك يىغقۇچى ئەترىتى داخې يېزىسىنىڭ تۆت كىلومېتىر جەنۇبىدىكى يىڭگۇچياۋدا شەھەرگە كىرمەكچى بولغان دېھقانلارنى توسىدى؛ ئاز ساندىكى تەمبەل ياشلارنىڭ تاغقا قېچىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان قېرى- چۆرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. ئېتىزلاردىكى پىشقان بۇغدايلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە ئوت قويىۋەتتى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئەسكەر- خەلق بۇ پاجىئەدىن تېخىمۇ قاتتىق غەزەپكە كەلدى. چېن شېڭخېڭ تېزلىكتە بىر قوزغىلاڭچى پىدائىي تۈمەن تەشكىللەپ، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ، چارلاش، شەھەرنى ساقلاشنى كۈچەيتتى ھەمدە ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىشانە توپلاپ، توپ- زەمبىرەك ياساپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان بەي يەنخۇ قىسىملىرىنى توپقا تۇتتى، بەي يەنخۇ قىسىملىرى شەھەرنى بىر ئايدىن ئارتۇق قورشاش جەريانىدا، 500 دىن ئارتۇق ئادىمى چىقىم بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا سوغۇق، كىيىم- كېچەكلەر يېلىڭ، ئوزۇق- تۈلۈك يېتىشمىگەچكە، بەي يەنخۇ قىسىملىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇندى. ئۇلار شىمالدىكى ئۆچكۈلگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ يەردە بىر قىسىم مال- چارۋا ۋە ئاشلىق بۇلىغاندىن كېيىن غەربكە مېڭىپ بۆلغىن دەرياسىنى بويلاپ ماناسقا بېرىۋالدى.

12. تورپاق ــ غوجامنىياز بېغىلىقى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، ئېغىر ئالۋان- ياساق تۈپەيلى، قۇمۇلدىكى دېھقانلار بىلەن قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ مۇناسىۋىتى كۈنسايىن يىرىكلەشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى)، شەھەر ئىچىدە تۇرۇشلۇق تورپاقلار جەمەتىدىن بولغان مولاراجى، موللازارىپ، شاكىر قاتارلىق ئۈچ ئاكا- ئۇكا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ 13 دادەن غەللە- پاراق ئاشلىقنى تاپشۇرالماي لاپچۇققا قاچتى، ئاكا- ئۇكا تورپاقلار قارشىلىق كۆرسىتىشتىن باشقا يول قالمىدى، دەپ ھېسابلاپ، ئۈيمۇ ئۈي ئارىلاپ، دېھقانلارنى قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشقا دالالەت قىلدى. ئۇلار: «ۋاڭغا قۇل بولمايمىز، بىزمۇ خەنزۇلارغا ئوخشاش كېلىشىم بويىچە باج تاپشۇرىمىز ، بىزگە ئەركىنلىك كېرەك» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ چاغدا، قۇمۇل ئەتراپىدىكى غوجامنىياز ۋاڭدىن قەرز پۇل ئېلىپ تىجارەت قىلغان، لېكىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك بۇ پۇلنى قايتۇرالمىغانىدى، ئۇ ئېغىر ئالۋان- ياساقلارنى كۆتۈرەلمىگەن دېھقان دۇگامەت بىلەن ئالاقە باغلاپ، دېھقانلار ئارىسىدا مەخپىي تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە توختى ھاجىنىڭ ئۆيىدە مەخپىي يىغىن ئاچتى. ئۇلار جۈمە كۈنى ئامىغا: «قۇرئان كەرىمدە ھەممىمىز ئوخشاش بەندە دېيىلگەن، ۋاڭلار نېمە ئۈچۈن ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا شىللىمىزغا مىنىۋالىدۇ؟ بىز پەقەت قۇل بولۇپلا ئۆتۈپ كېتىمىزمۇ، ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ۋاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز لازىم» دەپ تەشۋىق قىلدى. قايتا- قايتا ۋەز ئېيتىش ئارقىلىق، قۇمۇل شەھەر ئەتراپىدىكى راھەتباغ، شۇمشۇق، قاراتال، بۇرۇ، دۆربەجىن، پالۋانتۇر، لوجياۋەن قاتارلىق جايلاردىن 200 – 300 ئادەم، كېيىنچە، 500 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ، غوجامنىياز، دۇگامەت قاتارلىقلار باشچىلىقىدا شەھەر ئىچىگە كىرىپ نامايىش قىلدى.

گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى) 5- ئاينىڭ 26- كۈنى، شاھ مەخسۇت غوجامنىياز بىلەن دۇگامەتنى ئىغۋا تارقاتقان «ئىسيانكارلار» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئالدى، ئەتىسى، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا 100 دىن ئارتۇق دېھقان توپلىشىپ، ئوردىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىنى كېسەك بىلەن توسىۋەتتى. شاھ مەخسۇت ئامالسىز غوجامنىياز، دۇگامەت قاتارلىق كىشىلەرنى قويۇپ بەردى ھەمدە ھاشار ۋاقتىنى يەتتە كۈندىن ئۈچ كۈنگە قىسقارتتى. كۆرەش تۇنجى قەدەمدە غەلىبىگە ئېرىشتى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ 1- باسقۇچى بولۇپ قالدى.

قوزغىلاڭنىڭ 2- باسقۇچىنىڭ رەھبىرى مولاراجى بولۇپ، ئۇ كۆپ قېتىم ۋەز ئېيتىش، ئالاقە باغلاش ئارقىلىق، قۇمۇلنىڭ شەھەر ئەترابى، راھەتباغ، بوغاز، قاراتال، پالۋانتۇر، لوجياۋەن قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلاردىن 400 – 500 كىشىنى توپلاپ، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. مولاراجى رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار كۆچلىرى بىلەن تورپاق ئاكا- ئۇكىلار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار كۆچلىرى ئالاقە باغلاپ، بىرلىكتە قوزغىلىشنى قارار قىلدى. 8- ئاينىڭ 13- كۈنى، ئىككى قوشۇندىكى تەخمىنەن 1000 چە ئادەم قوللىرىغا كەتمەن، گۈرجەك، ئىگىراق ۋە كالتەك قاتارلىق قوراللارنى ئېلىپ شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، «بىز ۋاڭنىڭ قۇلى بولمايمىز»، «ۋاڭلىق ھاكىمىيىتىنى يوقىتايلى!» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى.

شاھ مەخسۇت دەرھال ئۈرۈمچىگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇادىن ياردەم سورىدى.

قوزغىلاڭچى ئامما خىش- كېسەكلەرنى ئېلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى سىرتتىن ئېتىۋەتتى ھەمدە ئوردىنى قورشىۋالدى. يې شىڭفۇ دەرھال قۇمۇل مەھكىمىسىدىكى ياردەمچى سانغۇن ياڭ جىڭباڭ بىلەن ۋاكالەتچى يانداش ئايماقبېگى جۇ يىڭگە قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، قوزغىلاڭچى دېھقانلار ئۇلارغا قارشىلىق

كۆرسىتىپ، نەچچە ئون لەشكەرنى يارىلاندۇردى. قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت يى شىڭفۇغا بىر لىيەن ئەسكەر بىلەن قورشاۋ تامنىڭ ئۈستىدە بۆكتۈرمە قورۇشنى ئېيتىپ، ئارقىدىن قوزغىلاڭچى ئامىغا قورشاۋ تامنىڭ ئاستىغا يىغىلىشنى، ئۆزىنىڭ «ئىجازەت بېرىش» شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقاتتى. ئامما شاھ مەخسۇتنىڭ «ئىجازەت بېرىش» شەرتىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ تام ئاستىغا يىغىلغاندا، بۆكتۈرمە قورۇپ تۇرغان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى تۇيۇقسىز ئوق چىقىرىپ، نەق مەيداندا ئالتە دېھقاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بىر نەچچە ئادەمنى يارىلاندۇردى. موللاراجىمۇ بەختكە قارشى قولغا ئېلىندى، ئاخىرىدا 200 دىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى، تورپاق شاكىر قاتارلىق 40 ئادەم تورپان، پىچان قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇنىڭدىن سىرت، 160 تىن ئارتۇق ئادەم بىر يىلدىن يۇقىرى 15 يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، نوم زىندانىغا تاشلاندى ياكى چۆللەردە رىجىم ئاستىدا يەر ئېچىشقا ھۆكۈم قىلىندى. گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى) 3- ئايدا، غوجامنىياز، دۆگامەت، موللاراجىلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ياغاچ قەپەزگە سېلىنىپ، شەھەر يامۇلدا 10 ئاي قامالغاندىن كېيىن «قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا كاللىسى ئېلىندى، بارلىق مال- مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، تورپاق راجى، تورپاق زارىپمۇ ئۆلتۈرۈلدى». شۇنىڭ بىلەن ئالۋان- سېلىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن بۇ داغدۇغىلىق دېھقانلار يىغىلىقى قانلىق باستۇرۇلدى.

## §6. مىنگو دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار

1. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى

مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912- يىلى)، يۇەن داخۇا شاھ مەخسۇت چىڭۋاڭغا ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇشقا قوشۇن ئەۋەتىش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىدى. شاھ مەخسۇت مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، تەۋەلىكىدىكى يېزا- كەنتلەرگە ئىككى ئەمگەك كۈچى بار ئائىلىلەردىن بىر كىشىنى ئېگەر- جابدۇقلۇق ئېتى بىلەن قوشۇپ ئەسكەرلىككە ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. قۇمۇلدىن جەمئىي 500 كىشى ئەسكەرلىككە ئېلىندى. ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، تۆمۈر خەلپە ئۇلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى. 500 ئەسكەرنىڭ 200 ى ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، قورايدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. دەسلەپتە نەچچە يۈزدىن ئاشمايدىغان قوزغىلاڭچىلار ئىككى- ئۈچ كۈن ئىچىدىلا نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار كۆشۈتى تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، باركۆلدىكى خەنزۇلارنىڭ قېرىنداشلارچە قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. باركۆل قوشۇنىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر خۇ دېڭكېنىڭ باشچىلىقىدا باركۆلدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، باركۆلنىڭ نازارەتچىسى جاڭ سۇنرېننى ئۆلتۈردى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى كېڭەشىش ئۈچۈن، گېلاۋخۇي ئەزالىرىدىن سەي گوجىن، ۋاڭ بىچېڭ قاتارلىقلارنى تۆمۈر خەلپە بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتتى.

قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت تۆمۈرنى ئەل قىلىش غەرىزىدە قورايغا دىنىي ئۆلىما ۋە باي- تۆرىلەرنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، باركۆل جېڭتەيى (چىڭ سۇلالىسى خانلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارى) يىشىڭفۇغا 2000 سەر كۈمۈش ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. ئەينى چاغدا، يى شىڭفۇ باركۆلدىكى گېلاۋخۇينىڭ تۆمۈر خەلپە قوشۇنى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى بىلمەيچكە، 4- ئاينىڭ 13- كۈنى، 40 چېرىكنى باشلاپ باركۆلدىن يولغا چىقتى، ئۇنىڭ تەرجىمانى ئەشرەپ شاگيۇ بىلەن گېلاۋخۇيدىكى خەنزۇلار تۆمۈر خەلپىگە ئېھتىيات

قىلىش توغرىسىدا ئاستىرتتىن خەۋەر يوللىدى. تۆمۈر خەلپە ئەشرەپ شاگىۋ قاتارلىقلار ئەۋەتكەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، يى شېڭفۇنىڭ ئۆتەر يولى كۆشۈتە تاغ ئېغىزىغا بۆكتۈرمە قويۇپ، شىڭ داتۇ (شىشەنلىك ئادەم) نىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى يوقاتتى، يى شېڭفۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈردى.

بۇ خەۋەر قۇمۇل شەھرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شاھ مەخسۇت تۆمۈر خەلپىنى قورالىنى تاشلاپ، قوزغىلاڭچىلارنى تارقىتىۋېتىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن، ياڭ مۇجياڭنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، لېكىن تۆمۈر خەلپە ياڭ مۇجياڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تاغلىق رايوننى بازا قىلىپ، شاھ مەخسۇتقا تەرەپ- تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. قورققىنىدىن قۇمۇل شەھرىدىكى ئوردىسىغا بېكىنىۋالغان شاھ مەخسۇت قۇمۇل ئامبىلى خۇاڭ گاۋسىن بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ ئىچكىرىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان يۈەن داخۇاڭدىن ياردەم سورىدى. يۈەن داخۇاڭ ئالدى بىلەن لىۋ يۇيپېي باشچىلىقىدىكى ئاتلىق قوشۇننى قۇمۇل شەھرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەيۋە كۆرسەتتى، ئارقىدىنلا چېن گۇاڭخەننى قۇمۇلنىڭ ئورۇنباسار سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى ئاتلىق ئەسكەرلەر، پىيادە ئەسكەرلەر ۋە زەمبىرەكچىلەر يىگىندىكى 1500 ئوفىتسېر- ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا ماڭدۇرۇپ، كۆشۈتە، تۆرۈك ۋە شوپۇل قاتارلىق ئۈچ ئېغىزغا بىر لەيندىن ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇردى. سەي لېشەن، لىۋ روڭشېڭنى قوشۇن باشلاپ باركۆلدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى، شىنجاڭ قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ياندىش تۇتۇگى ۋاڭ پېيلەننى باركۆلنىڭ باش بۆغلىقىغا تەيىنلەپ، قورغاننى چىڭ ساقلاپ، ئۈرۈمچى، باركۆل ۋە قۇمۇل يولىنى قوغداشقا بۇيرىدى، ئۆزى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى، چارلىغۇچى يىگىتنىڭ ئاتلىق ئەترىتى ۋە ئىلى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغان قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، 6- ئاينىڭ 22- كۈنى قۇمۇلغا باردى. يۈەن داخۇاڭ ئالدى بىلەن قۇمۇل شەھرىگە يوشۇرۇنغان ئىنقىلابچىلارنى قىرغىن قىلدى، ئاندىن تۆمۈر خەلپىنى ياغلىما گەپلەر بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، رەت قىلىنغاندىن كېيىن، چېن گۇاڭخەننى تۆرۈك، كۆشۈتە ۋە شوپۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا، فېڭ ئاخۇن قاتارلىقلارنى تۆمۈر خەلپە بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىپ، ئامىغا قورال تاپشۇرمىساڭلار ئۇرۇق- يۇشتۇڭلارنى قۇرۇتىۋېتىمەن، دەپ ھەيۋە كۆرسەتتى. سۆھبەتلىشىشنى رەت قىلغان تۆمۈر خەلپە يۈەن داخۇاڭ قوشۇننى تاغ ئىچكىرىسىگە ئالداپ كىرىپ مۇھاسىرىگە ئالدى، قورال- ياراغلىرى خىل، ئوزۇق- تۈلۈكى مول چېن گۇاڭخەن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى گاۋ گۈيفا بىلەن زەمبىرەكچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يوڭشىڭنى ئىككى يىڭنى باشلاپ كۆشۈتە ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىشقا، تاغ ئۈستىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتۇشقا بۇيرىدى. تاغ ئۈستىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوقنى نىشانغا دەل تەگكۈزۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ نەچچە باشلىقىنى يەر چىشلەتتى، ئۈچ ئايغا سوزۇلغان جەڭدە، يۈەن داخۇاڭنىڭ 2000 نەچچە كىشىلىك قوشۇنى گۇمران بولۇپ، 300 نەچچە ئادىمى ئۆلدى، نەچچە يۈز ئادىمى يارىلاندى، قالدۇق ئەسكەرلەر قۇمۇل شەھرىگە قېچىپ بېرىۋالدى. شۇنچە زور تالاپەت يەپمۇ ياۋۇز نىيىتىدىن يانمىغان يۈەن داخۇاڭ قوزغىلاڭچىلارنى تاغ ئارىسىغا قاپساپ قويۇش ئۈچۈن، تاغ ئېغىزىنى قاتتىق قامال قىلدى؛ يەنە خائىنلارغا كاتتا ئىنئام بېرىپ يېنىغا تارتىش، ھەر قايسى سۇمۇللاردىكى خەلققە «ئاسىي» لارغا ئالدانماسلىق توغرىسىدا ۋەز- نەسىھەت ئېيتىشقا شاھ مەخسۇتنى بۇيرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. يۈەن داخۇاڭ قوزغىلاڭچىلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، 7- ئاينىڭ 23- كۈنى (قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 6- ئاينىڭ 10- كۈنى ) ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى.

مىنگونىڭ ئۈنجى يىلى (1912- يىلى) 7- ئايدا، قوزغىلاڭچىلار سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، قارامۇقچى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئورۇنباسار سانغۇنى جياڭ گوشېڭ بىلەن تۇەنجاڭ جاڭ سەيتىڭلار قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرالمىدى. ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن شاھ مەخسۇت بىلەن قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بەي ۋېنچاۋ ياڭ زېڭشىندىن تېز ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئارقا- ئارقىدىن ئۆتۈندى.

ياڭ زېڭشىن «ھۇجۇم بىلەن يوقىتىش» نىڭ ئورنىغا «كۆندۈرۈپ قولغا كەلتۈرۈش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، تۆمۈر

خەلىپىنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن، بىر قىسىم دىنىي ئۆلىمالار بىلەن خوپزۇ يىڭجاڭ لى شۇفۇنى كۆپ قېتىم ئاتقا ئەۋەتتى، ئىككى تەرەپ ئاخىرى تۆۋەندىكىچە كېلىشىم ئىمزالىدى: ۋاڭ ئوردىسى ئۆزىگە ئىشلەپ بەرگەن دېھقانلارغا ئىش ھەققى بېرىدۇ؛ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالۋان- ياساقلىرى پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىدۇ؛ ۋاڭ ئوردىسى بىر قىسىم يەرلىرىنى دېھقانلارنىڭ ئىجارە تۆلەپ تېرىشىغا بېرىدۇ؛ قوزغىلاڭ جەريانىدا ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن 50 دېھقان قويۇپ بېرىلىدۇ. ھۆكۈمەت باركۆل جېڭتەيىي يى شىڭفۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە باشقا ۋەقەلەرنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ؛ 12 سۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ئوردىسىغا بېقىنمايدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن تۆمۈر خەلىپە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، باش مۇپەتتىش ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە باش مۇپەتتىش مەھكىمىسى تەيىنلىگەن ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) يازنىڭ باشلىرىدا، تۆمۈر خەلىپە 130 سەپدىشىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە باردى. «مەككارلىقتا ئۇچىغا چىققان ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلىپىگە كاتتا ئىلتىپات كۆرسەتتى، تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھۆرمەت بىلدۈردى». تۆمۈر خەلىپە ياڭ زېڭشىن بىلەن كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى يۇرتىغا قايتتى، قالغان 200 نەچچە ئادەم ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ 3- يىڭى قىلىپ تەشكىللەندى. تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىسمىمۇ تىيجېڭيۈەنگە ئۆزگەرتىلىپ، بۇ يىڭنىڭ يىڭجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇ ۋاقىتتا، لى شۇفۇ بىلەن قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ، ۋاڭ ئوردىسى بېكىتكەن يەتتە كۈنلۈك ھاشارنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە قورايغا چېرىك ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان 16 دېھقاننى ئۆلتۈردى. يەنە دېھقانلاردىن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا تارتقان چىقىمىنى مەجبۇرىي يىغىۋالدى، تۆمۈر خەلىپە بېكىتكەن كەنت باشلىقلىرىنىمۇ ئېلىپ تاشلىدى، بەزىلىرىنى قاماپ قويدى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان تۆمۈر خەلىپە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇيدىن خەلىپە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر قىسىم قورال- ياراغلارنى ئالدى بىلەن ئۆلانبايغا، ئاندىن ھەسەن كەكلىك دېگەن سودىگەر ئارقىلىق تورپانغا مەخپىي يۆتكەپ، روزا ھېيت كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. تۆمۈر خەلىپىنىڭ پىلانىنى خائىن مۇھەممەتقۇل شاھ مەخسۇت چىڭۋاڭغا يەتكۈزدى، شاھ مەخسۇت ئۈرۈمچىگە مەخسۇس ئادەم ماڭدۇرۇپ، ياڭ زېڭشىندىن تۆمۈر خەلىپىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈندى. ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) 9- ئاينىڭ 6- كۈنى كېچىدە، ئاتلىق قوشۇننىڭ قوماندانى ما فۇشىڭغا تۆمۈر خەلىپە باشلىق تۆت- بەش كىشىنى يىغىن ئېچىش نامى بىلەن قوماندانلىق يامۇلىغا چاقىرىپ كېلىپ، سوراق قىلغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى. ئەتىسى، ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلىپە قوشۇنىدىكى نەچچە يۈز ئادەمنى نەزەربەنت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قويۇۋېتىشنى، بىر قىسمىنى قۇمۇلغا يالاپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. كۆپ ئۆتمەي تۆمۈر خەلىپىنىڭ قول ئاستىدىكى 200 نەچچە كىشىنى يۇرتىغا قايتۇرىمىز، دېگەن نام بىلەن ئېلىپ مېڭىپ، گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى چوڭتاش دېگەن يەردە پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. 9- ئاينىڭ 8- كۈنى، تۆمۈر خەلىپە «ئىسيان كۆتۈرۈپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلماقچى بولدى» دەپ ئېلان چاپلىدى. يىل ئاخىرىدا، ياڭ زېڭشىن قۇمۇلدا تارقىتىۋېتىلگەن قوزغىلاڭچىلارنى «تويلاڭچىلارنى جازالاش» نامىدا ئەنشىگە يۆتكىمەكچى بولۇپ، شىڭشىڭشياغا كەلگەندە پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ياڭ زېڭشىن بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن دەھشەتلىك باستۇردى.

لېكىن، ئېزىلگەن ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭلىق بىلەن تىز پۈكمىدى. مىنگونىڭ 3- يىلى (1914- يىلى) تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىنىسى شاكىر تورپانغا بېرىپ، ئەمەت بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ياڭ زېڭشىن ئاتلىق قوشۇننىڭ شياڭ يويى، فېڭ يوگشيەن دېگەن ئىككى يىڭجاڭىنى ئۆز ئەترەتلىرىنى باشلاپ، تورپاندىكى ئاتلىق قوشۇننىڭ يىڭجاڭى سۈن شاۋشياڭ، ئامبال جاڭ خۇالىڭ بىلەن بىرگە قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەتتە

ئادىمىنى ئۆلتۈردى، شاكىرمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا قۇربان بولدى. شاكىر قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىمۇ باستۇرۇلدى.

2. دېھقانلارنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى) ۋە مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912- يىلى) دىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى كۈرەش زادىلا توختاپ قالمىدى، مىنگونىڭ 16- يىلى (1927-يىلى) دىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى مەخپىي پائالىيەت يەنە ئەۋج ئالدى. مىنگونىڭ17-يىلى (1928- يىلى)، تاراتى تېغىدىكى خوجىنىياز ھاجى، نېرىنكىر تېغىدىكى سادىق قورمال، تۇركۆلدىكى باقىنىياز ۋە پازىل، ئاراتۈرۈك توخۇلۇدىكى ئابدۇنىياز مىراپ، بايدىكى ئىدرىس مىراپ قاتارلىق بىر نەچچە تاغلىق يېزىنىڭ باشلىقلىرى زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، بىرلىكتە مەخپىي تەشكىلات قۇردى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) 6- ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت كېسەل بىلەن ئۆلدى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش، يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. 7- ئايدا، جىن شۇرېن تەكشۈرۈش، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش كومىتېتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش كومىتېتىدىكى لۇڭ شىيلىن، چېن داشىڭ، جۇ يوشىيا قاتارلىق ھەيئەتلەر قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مال- مۈلكى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىرىنى ئېنىقلىدى. يەر ئېنىقلاشقا مەسئۇل خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن جايلاردىكى تەكشۈرگۈچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياخشى يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشەنمەس قىلىپ قويدى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر دېھقانلارنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى مىنگونىڭ 20 – يىلى (1931- يىلى) 2 – ئاينىڭ 27 - كۈنى سالى دورغا شوپۇلدا تۇرۇشلۇق تەكشۈرگۈچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قوزغىلاڭنىڭ پىلتىسىغا ئوت ياقتى. بۇ ۋەقە شوپۇلدا تۇرۇشلۇق تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ گوخۇنىڭ سالىنىڭ قىزىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەردى. 4 - ئاينىڭ 13- كۈنى كەچتە، سالى دورغا كالتەك- توقماق بىلەن قوراللانغان 40 نەچچە كىشىنى يىغىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكى چېدىر ۋە گەمىلەرگە ئورۇنلاشقان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، پەقەت جاڭ گوخۇلا قېچىپ كەتتى.

شوپۇل ۋەقەسىدىن كېيىن، جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلاڭغا بەس- بەستە ئاۋاز قوشتى. ئاراتۈرۈكنىڭ ئالتە رايونىمۇ تېز ھەرىكەتكە كەلدى.

4- ئاينىڭ 14- كۈنى، تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە رايون بىلەن سۆجەبۇلاق، قاراموقچى، شوپۇل قاتارلىق جايلار تەڭلا قوزغالدى. نومدىكى سالى دورغا شۇ يەرلىك دېھقان قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ، شۇ جايدىكى تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ 30 نەچچە ئوفىتسېر- ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، كۆچمەنلەر تۇرۇشلۇق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆچمەنلەرنى ئۆلتۈردى. ئاراتۈرۈكتىكى ئابدۇنىياز مىراپ ئىككى ليەن كەلگۈدەك ئاتلىق قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ، توخۇلۇ، تۇركۆل، بايدىكى دېھقانلارغا ماسلىشىپ، جايلاردىكى تەكشۈرۈش ئىدارىلىرىنى يوقاتتى. شوپۇلدىكى سالى مەمەتنىياز دورغا شۇ يەرلىك دېھقان قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ، باي ۋە سۆجەبۇلاق ئەتراپىدىكى تەكشۈرۈش ئىدارىلىرىنى يوقىتىپ، تۇركۆل، سۆجەبۇلاق، نوم، ئاستانىدىكى تەكشۈرۈش ھەيئەتلىرى، قاراۋۇللار ۋە تېرىقچى، سودىگەرلەرنى ئۆلتۈردى، جايلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، بىر نەچچە كۈنگە قالماي، موغاي، باي، توخۇلۇ، نوم، شوپۇل، ئېدىر، تۆمۈرتى، تاراتى، تۇركۆل، خوتۇنتام، شۇنىڭدەك سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، تارانچىدىكى ئاممىنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلدى. قۇمۇل شەھىرى ئىچىدىكى بېشىرمۇ قوزغىلاڭچىلارغا نۇرغۇن پۇل ياردەم بەردى.

يولۋاسمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى نەچچە ئون قوراللىق خادىمنى قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. باش قوماندان ئابدۇنىياز قورشاپ يوقىتىشقا كەلگەن ھۆكۈمەت ئارمىيىسىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلەندى؛ سالى دورغا نوم، ئاداقتىكى دېھقان قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ نوم ئەتراپىدىكى جايلارغا ئورۇنلىشىپ، باركۆلدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە توسۇپ زەربە بەردى؛ سالى مەتنىياز باي، شوپۇل، خوتۇنتامدىكى دېھقان قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ شوپۇلدىكى تاغ ئېغىزلىرىنى ئىگىلەپ، تاشۋېلىقتىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىدىن مۇداپىئەلەندى؛ توخسۇن، باقىنىياز توخۇلۇ، تۇركۆل، نېرىنكىردىكى دېھقان قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ نېرىنكىردا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، باركۆل ۋە نامداۋاندىكى ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر لېيەنىگە زەربە بەردى؛ تەگرىتاغ رايونىدىكى دېھقان قوزغىلاڭچىلار ئاۋۇت دورغىنىڭ رەھبەرلىكىدە تۆمۈرتى، نېرىناسى، نېرىن، قوراي، قىزىلىياردا مۇداپىئەدە تۇردى؛ شارلار تېغىدىكى قوزغىلاڭچىلار خوجىنىياز ۋە قوربان دورغىنىڭ رەھبەرلىكىدە داۋاننى چىڭ ساقلاپ، قۇمۇل ۋە باركۆل يۆنىلىشىدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە زەربە بەردى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) 5- ئاينىڭ 2- كۈنى، جىن شۇرېن ليۇ شىزېڭ، تاشۋېلىقتىكى جۇ تۈەنجاڭ، باركۆلدىكى خې جۈگكۈي تۈەنجاڭ، يەتتە قۇدۇقتىكى جاڭ تۈەنجاڭغا ئۇرۇش لايىھەسىنى يوللاپ بەردى. ئۆلكە ئارمىيىسى جىن شۇرېننىڭ ئىستراتېگىيىسى بويىچە ھەرىكەتكە كەلدى.

باركۆلدە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ 8- تۈەنى تۈەنجاڭ خې جۈگكۈينىڭ قوماندانلىقىدا ئاراتۈرۈككە ھۇجۇم قىلدى. نېرىنكىر ئېغىزىدىكى سادىق قورمال، باقىنىياز دورغا، توخسۇن قورمال 5- ئاينىڭ 5- كۈنى 50 نەچچە مەرگەننى باشلاپ، باركۆلنىڭ ئەتراپىدىكى كۆيسۇدا خې جۈگكۈينىڭ قوشۇنىغا يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ 10 نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، 13 ئات، 20 نەچچە تۆگە ۋە بىر مۇنچە ھەربىي لازىمەتلىكنى ئولجا ئالدى. خې جۈگكۈينىڭ ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالغان پىيادە قوشۇنى سەنشىخۇنىڭ غەربىدىكى جۇجياجۋاگزىدا بارگاھ قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

خې جۈگكۈينىڭ تۈەنى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ليۇ شىزېڭ يەتتە قۇدۇقتىن جاڭ لياگچېننىڭ تۈەننى يۆتكەپ كەلدى، ئۇلار باغداش ئارقىلىق باركۆلگە كېلىپ، سەنشىخۇدا خې جۈگكۈينىڭ تۈەنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاراتۈرۈككە ھۇجۇم قىلىش يولىدا ئابدۇنىياز مىراپ باشچىلىقىدىكى 300 مەرگەننىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن ليۇ شىزېڭ ۋە ياردەمچى قوشۇننىڭ نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى. جىن شۇرېن ليۇ شىزېڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئاقسۇ رايونىنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى جۇ رۇيچىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى 1- شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىدى، تۈەنجاڭ شيۇڭ فايۇ، دۇ ۋەنجۇن قاتارلىقلارنىڭ قوشۇننى قۇمۇلغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتتى.

جۇ رۇيچى قۇمۇلغا كېلىپ، شىجاڭلىق ئورنىغا ئولتۇرۇپلا، ھەممىلا جايغا ئۇقتۇرۇش چاپلىدى، تاغ ئىچىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلدى ھەمدە ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويدى، لېكىن قورال تاپشۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلدى. خوجىنىياز ھاجى بىرقىسىم قوراللىرىنى ئالدىن تاپشۇرۇشقا قوشۇلسىمۇ، قالغان قوراللىرىنى بەش ياكى 10 يىلدىن كېيىن تاپشۇرۇشتا چىڭ تۇرغاچقا، پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى.

جۇ رۇيچىنىڭ قورشاپ يوقىتىشقا ئاتلاندۇرغان قوشۇنلىرى قۇمۇل، تاشۋېلىق، باركۆل، لياۋدۇن قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، جۇ رۇيچى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا ئامالسىز قالدى.

قۇمۇلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا ئالدىرىغان جىن شۇرېن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى زەمبىرەكچىلەر 9- تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى جاڭ جىدۇڭنى قوشۇنى بىلەن ئۈرۈمچىدىن باركۆلدىكى قۇمتاغقا ئاتلاندۇردى، يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باركۆلدە تۇرۇشلۇق 8- تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى خې جېنشېڭنى ئاقتاشقا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. لېكىن خې جېنشېڭ بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلمىغاچقا، ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن جاڭ جىدوڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. جىن

شۇرىنىڭ جۇ رۇيچىگە قوزغىلاڭچىلارنى تېز باستۇرۇش توغرىسىدىكى ئەۋەتكەن خېتى لياۋدۇڭدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان خۇجىنىياڭ ھاجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سۇلھى سۆھبەتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن قوزغىلاڭچى قوشۇن جىن شۇرېن بىلەن ئاداققىچە جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) باھاردا، ما بۇفاڭ تەرىپىدىن خېشى كارىدورىدا مەغلۇپ قىلىنغان ما جۇڭيىڭ غەربكە يۈتكىلىش تاماسىدا تۇرغاندا، بېشىر قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ما فۇكاڭ، يۇسۇپبەگ قاتارلىق سەككىز ۋەكىلىنى 10 ئۇلاغقا ئارتىلغان ئالتۇن، كۈمۈش، تېرە قاتارلىق نۇرغۇن سوۋغات بىلەن ما جۇڭيىڭغا سالامغا ئەۋەتىپ، ئۇنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلدى. 5- ئاينىڭ باشلىرىدا، ما جۇڭيىڭ جاڭ يۈشىۋ تۈەنىنى يۈتكەلگەن يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلىدى: بىر بۆلىكى تاشۋىلىققا، بىر بۆلىكى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى ساۋۇلاققا يۈرۈش قىلدى.

5- ئاينىڭ 9- كۈنى، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى قۇمۇل شەھرىنىڭ مۇداپىئە سېپىدىكى مۇھىم بازا — ساۋۇلاققا يېتىپ باردى. ساۋۇلاقتىكى جەڭدە، ما جۇڭيىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ساۋۇلاققا ئورۇنلاشتى ھەمدە قۇمۇل شەھرىنىڭ يېنىدا ئىستىھكام قۇردى. قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدىكى خەنزۇلار قۇمۇلنىڭ يېڭى، كونا ئىككى شەھرىگە قېچىپ كىرىۋالدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. جۇ رۇيچى قۇمۇل شەھرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، شىڭشىڭشيادا تۇرۇشلۇق جاڭ يۈشىۋ تۈەنىنى قۇمۇلغا يۆتكىدى.

قوزغىلاڭچىلار بېشىر بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تۇرىدىغان شەھەرئىچىگە بىمالال كىرىپ چىقالايتتى. قۇمۇلنىڭ ئۆلكە ئارمىيىسى ساقلاۋاتقان يېڭى، كونا شەھەردىن باشقا جايلارنى ئىگىلىگەن قوزغىلاڭچىلار ما جۇڭيىڭ بىلەن يېڭى، كونا شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى.

5- ئاينىڭ 11- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ قۇمۇل شەھرىگە تۇنجى ھۇجۇمنى قوزغىدى. ئابدۇنىياز 800 مەرگەننى باشلاپ ما جۇڭيىڭنىڭ قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدا مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، قۇمۇل شەھرىنى ساقلاۋاتقان قىسىملارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۆتۈشىنى توسۇپلا قالماي، يەنە ما جۇڭيىڭ بىلەن قۇمۇل شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم داۋامىدا، ما جۇڭيىڭ بىر دىن، بىر مىللەتلىك مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، يېڭىشەھەرنىڭ شىمال قوۋۇقى بولغان سۇجۇ مەسچىتىنى ساقلاۋاتقان بىر قىسىم يەرلىك قوراللىق قوشۇن (خۇيزۇلاردىن تەشكىللەنگەن) نى ئۆزىگە قاراتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇلار كونا شەھەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن قوراللىرى كونىراپ كەتكەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنى گۇەنيىڭپۇدا مەغلۇپ بولۇپ، ئېغىر چىقىم تارتقاچقا، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قوشۇننى بارگاھقا قايتۇرۇپ كەتتى.

باركۆلدە نۇرغۇن قورال بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان ما جۇڭيىڭ ماجۇڭجېيىنى بىر قىسىم قوشۇن بىلەن يېڭى، كونا شەھەرگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاساسلىق قوشۇننى باشلاپ ئاقتاش ئارقىلىق باركۆلگە ئاتلىنىشنى قارار قىلدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن ئابدۇنىياز باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار شوربۇلاقتا ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ جاڭ لياڭچېن، خې جۇڭكۈي قوماندانلىقىدىكى ئىككى تۈەننى مەغلۇپ قىلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ تاپانچىلىقلار ئەترىتى تۈەنجاڭ جاڭ لياڭچېننى يارىلاندۇردى، تۈەنجاڭ خې جۇڭكۈي پىيادە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تەسلىم بولدى، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ كوللېكتىپ تەسلىم بولغانلىقىنى كۆرگەن ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تەسلىم بولدى، تەسلىم بولۇشنى خالىماي باركۆلگە قاچقان 50 نەچچە ئاتلىق ئەسكەر كۆڭگىرەك غولدا يوشۇرۇن زەربىگە ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ ئاران 20 نەچچىسىلا باركۆلگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئابدۇنىياز ئەسىرگە چۈشكەن بارلىق ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنى ماجۇڭيىڭنىڭ تەرتىپكە سېلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى زورايتتى، جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قوزغىلاڭچىلارنى بىردىن ملتىق بىلەن تارتۇقلىغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئولجا ئېلىنغان بارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ما جۇڭيىڭنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى.

ما جوڭيىڭ جىن شۇرېننىڭ جاڭ لياڭجېن ۋە خې جوڭكوي قوماندانلىقىدىكى ئىككى تۈمەننى تەسلىم قىلغاندىن كېيىن، 5- ئاينىڭ 23- كۈنى، قۇمۇلغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئۇدا ئۈچ كۈن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەر ئىچىدىكى قوشۇن قاتتىق مۇداپىئە كۆرگەچكە، ھېچقانداق ئىلگىرىلىيەلمەي، ئېغىر چىقىم تارتتى. يېڭىشەھەرنى ساقلاۋاتقان ئۆلكە ئارمىيىسى كونا شەھەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇن ۋە يەرلىك قوراللىق قوشۇننىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، شەھەردىن چىقىپ، ما جوڭيىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يۇقىرى ئاقيەر كۆۋرۈكىگىچە قوغلاپ باردى.

شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلالمىغان جۇ رۇيچى جىن شۇرېنغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش توغرىسىدا تېلېگراما يوللاش بىلەن بىرگە، قوزغىلاڭچىلار بىلەن ما جوڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ئۈچۈن، «سۈلھى سۆھبىتى» ئېلىپ بېرىش ھىيلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ۋەكىل ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

6- ئاينىڭ 12- كۈنى، ما جوڭيىڭ قۇمۇل شەھىرىگە 3- قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، لەخمە كولاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپمۇ مەغلۇپ بولدى.

قۇمۇلدىن ئەۋەتىلگەن جىددىي تېلېگراممىدىن قۇمۇلنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى سەزگەن جىن شۇرېن ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكە ئارمىيىسى 1- لۈيىنىڭ لۈيجاڭى دۇ گوجى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمىنىنىڭ تۈەنجاڭى باتناسىن، پىيادە ئەسكەرلەر تۈمىنىنىڭ تۈەنجاڭى بېيەن شۈيجىڭ ۋە قوماندان لىۋ شىگرۇ، يىڭجاڭ ۋاڭ داتۇڭ قاتارلىقلارنى قوشۇنى بىلەن قۇمۇلغا ياردەمگە ئەۋەتتى، ئارىلاشما لۈينىڭ لۈيجاڭى لۇ شياۋزۇنى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ھەر قايسى قوشۇنلارنى تىزگىنلىدى، يەنە گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق پىيادە ئەسكەرلەر لۈيىنىڭ لۈيجاڭى جاڭ جىشيەننى ئارقا سەپ قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ئۆز يېنىغا تارتتى.

تۈەنجاڭ گۇەن دىشېڭ بىلەن جۇ لىجۇڭ قوشۇن باشلاپ باركۆلگە ياردەمگە بېرىش بىلەن بىرگە، دو ۋېنجۇننى تاشۋېلىققا ئەۋەتتى. باركۆلنى ساقلاۋاتقان قوزغىلاڭچىلار گۇەن دىشېڭ بىلەن جۇ لىجۇڭ قوماندانلىقىدىكى ئۆلكە ئارمىيىسىگە تەڭ كېلەلمەي، نەچچە يۈز ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، شەھەرنى تاشلاپ تاغ ئارىسىغا كىرىۋالدى. 8- ئاينىڭ 6- كۈنى، ئۆلكە ئارمىيىسى باركۆلنى قايتۇرۇۋېلىپ، لياۋدۇندا مۇداپىئەچى قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ما جوڭيىڭ بىلەن جەڭ قىلدى، ئۆلكە ئارمىيىسىدىكى تۈەنجاڭ باتناسىن 100 نەچچە قوزغىلاڭچىنى ئېتىۋەتتى، ما جوڭيىڭنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىركىشىش جېڭى باشلاندى. قوچاقلاشما جەڭدە، تۈەنجاڭ بېيەن يۈجېڭ بىلەن يىڭجاڭ ۋاڭ داتۇڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. تۈەنجاڭ باتناسىن، شتاب ئوفىتسېرى پېي جيەندې قاتارلىق بىر مۇنچە ئوفىتسېر، ئەسكەر قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئېغىر يارىلانغان دۇ گوجى لۈيجاڭ يارىسىنى تاڭدۇرۇپ، قالدۇق قوشۇننى باشلاپ، لياۋدۇندىن چېكىنىپ، دۆڭ باستاۋغا بارغاندا ما جوڭيىڭنىڭ بىر لىيەتى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدى، دۇ گوجى ئوق تېگىپ ئۆلدى. كۆپ ئۆتمەي، قوشۇننى لياۋدۇنغا ئورۇنلاشتۇرغان لۇ شياۋزۇ ئۈچ قات ئاكوپ كولاپ، ئىستىھكاملىرىنى مۇستەھكەملىدى. ئاستانە، توغۇچى ۋە تارانچىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن لياۋدۇندا مەغلۇپ قىلىنغان قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ھەمدەم بولۇپ جەڭ قىلدى. لياۋدۇندا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدىكى ما جوڭيىڭدىن جىددىي ياردەم سورىدى. ما جوڭيىڭ ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ كېچىچە يول يۈرۈپ ئاپقۇربۇلاقتا بارگاھ قۇردى، ماخېيىڭ بىر يىگىنى باشلاپ، لۇ شياۋزۇ، دۇگوجى قوشۇنىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ كۈن قانلىق جەڭ قىلدى، لياۋدۇن يەنە خەۋپ ئاستىدا قالدى. ئۆلكە ئارمىيىسى كېچىلەپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، 10- ئاينىڭ 19- كۈنى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، مۇھاسىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

6- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە، ما جوڭيىڭ قوشۇنى جەمئىي 43 قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاكوپ قېزىپ ئىستىھكام ياساپ، شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى، قۇمۇل شەھىرىدىكى تۆگە، قېچىر گۆشى بىلەن

قورساق توقلاۋاتقان مۇداپىئەچى قوشۇندىكى ئەسكەرلەرگە 10- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە كىشى بېشىغا ھەر كۈنى ئاران 750 گىرام قوناق ئۇنى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، شۇنداقتىمۇ ئاشلىق، ئوق- دورا يېتىشمىدى، جۇ رۇيچى زو زوڭتاڭ شىنجاڭنى تىنچىتقاندا قۇرغان قورال- ياراغ ئامبىرىدىكى قەدىمكى زامان قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كۆپلەپ ماي ئىشلىتىلگەچكە، مايمۇ قىسلىشىپ كەتتى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى لەخمە قېزىپ شەھەر سېپىلىنى پارتلىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن يېتەرلىك پارتلاتقۇچ دورا بولمىغاچقا مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئۇلار پارتلىتىش ئارقىلىق ئاران ئاچقان كىچىك ئېغىزمۇ مۇداپىئەچى قوشۇن تەرىپىدىن تېزلا ئېتىۋېتىلدى. قۇمۇل كونا شەھىرىدىكىلەر قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ، جىن شۇرېننىڭ قوشۇنىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تولۇقلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن ھەربىي قوشۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ما جۇڭيىڭنىڭ غەربكە يۈرۈش يولىنى توسسا، بىر تەرەپتىن تيەن گوجېننى سۈلھى قىلىش ۋە ما جۇڭيىڭنى گەنسۇغا قايتىپ كېتىشكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتتى، لېكىن ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى.

شەرقىي سەپنىڭ كىرىزىسقا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن جىن شۇرېن ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاڭ پېيۈەننى ئۈرۈمچىگە مەخپىي يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنى لۇ شياۋزۇننىڭ ئورنىغا شەرقىي سەپتە باندىت يوقىتىش قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، شېڭ شىسەينى شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، جاڭ پېيۈەننىڭ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭگە قوماندانلىق قىلىشىغا ياردەملىشىشكە بۇيرىدى. باندىت يوقىتىش قوشۇنى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاستىدا تۆت يولغا بۆلۈندى، ليۇ زوڭشېڭ 1- يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ، جەن شىكۇي 2- يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ، ئاداۋدي 3- يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ، بايىنكۇت (بېلورۇس، ئۆزگەرتىلگەن رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى، 250 نەپەر ئەسكىرى بار) 4- يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولدى. 6500 كىشىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇن جاڭ پېيۈەننىڭ باشچىلىقىدا قۇمۇلغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېچىلەپ يولغا چىقتى. شۇنداقتىمۇ مەسىلىنى قورال كۈچىگە تايىنىپلا ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن، قوزغىلاڭنى قوراللىق باستۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىرىكلەشتۈردى. جەڭ غەنىمەتلىرىنى بۆلۈشۈشتە ما جۇڭيىڭدىن نارازى بولغان خوجىنىياز ھاجى بۇ قېتىمقى جەڭدە، ئەھۋالغا بېقىپ ئىش كۆرۈش پوزىتسىيىسىدە بولدى.

10- ئاينىڭ بېشىدا، جاڭ پېيۈەننىڭ ئۈچ يۆنىلىشتىكى قوشۇنى قىستاپ ھۇجۇم قىلغاندا يارىلانغان ما جۇڭيىڭ ئېغىر چىقىم تارتقانلىقتىن گەنسۇغا چېكىنىپ كەتتى.

10- ئاينىڭ 19- كۈنى، جاڭ پېيۈەن قۇمۇلغا كىرىپ ھەربىي ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭنى سىياسىي يول ئارقىلىق «تىنچ تىنچىتىش» نى تەشەببۇس قىلغاچقا، قۇمۇلنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇلدۇرۇپلا، جىددىي ھەربىي ھەرىكەت قوللانمىدى، ئەلچى ئەۋەتىپ يولۋاس بىلەن سۆھبەتلەشتى. جىن شۇرېن جاڭ پېيۈەننى تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا بولۇپ، «باندىت يوقىتىش» نى بىر ياققا قايرىپ قويدى، دەپ قاراپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تارباغاتاينىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى لى خەيرۇنى شىجاڭ، قوشۇمچە شەرقىي سەپ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى.

لى خەيرۇ قۇمۇلنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، مورى دەرياسى، چوقبارتاس، يۇلغۇنبۇلاق قاتارلىق جايلاردا مال- چارۋا بۇلايدىغان قازاقلارنى باستۇرۇش نامىدا، قوشۇننى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاغدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىشنى پىلانلىدى. لى خەيرۇ يەنە بېشىر، يولۋاسنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى، بېشىر بىلەن يولۋاسمۇ لى خەيرۇغا 80 نەپەر

مىلتىق تاپشۇردى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) يېڭى يىل كۈنى، ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىشكە ئالدىرىغان جىن شۇرېن قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاممىنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. ئۇ روزى ھاجىنى قومۇلغا ئەۋەتىپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى، لى خەيرۇ شوپۇل، تارلاڭ، باغداش، ئاراتام، سومۇشتان قاتارلىق جايلاردا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىقلارنى قورال تاپشۇرۇپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى تارقىتىۋېتىشكە بۇيرىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

قوزغىلاڭچىلار شەرقىتاغ، شارلارتېغى ۋە ئاراتۈرۈككە ئورۇنلاشتى. يولۋاس مەككارلىق بىلەن شەرقىتاغنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ھە دەپ ئۆز تەسىر كۈچىنى كېڭەيتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش قوماندانى ئابدۇنىياز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجىنى باش قوماندان قىلىش تەكلىپىنى بەردى، شۇ يىلى 6- ئايدا، خوجىنىياز ھاجى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

خوجىنىياز ھاجى باش قوماندان بولغاندىن كېيىن، ھە دەپ ئۆز تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىۋاتقان يولۋاس خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاراتىدا ھەربىي كېڭەش چاقىردى، كېڭەشتە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق مۇنۇلار قارار قىلىندى: خوجىنىياز ھاجى ھوقۇقنى تولۇق قولىغا ئېلىپ، ھەر قايسى تاغ (ئاراتۈرۈك تاغلىق رايونى ۋە تەگرىتاغدىكى 12 تاغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكىلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ، ئاتامانلار ۋە مەركەزلەر ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا سۆزسىز بويسۇنىدۇ، پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ھەربىي قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ، ئۇلارغا قەتئىي كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ؛ سالى بىلەن باقىنىياز تاشقى موڭغۇلىيىگە قورال سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىلىدۇ؛ ئاتامانلار يولۋاسنى ئىككىنچىلەپ بۆلگۈنچىلىك قىلماسلىق، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش، تەقسىماتقا بويسۇنۇش توغرىسىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشكە دەۋەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، يولۋاس، بېشىر ھەربىي ھوقۇق تۇتمايدۇ؛ بېشىر ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، قوزغىلاڭچىلار ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىكتە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئورتاق تاقابىل تۇرىدۇ.

كېڭەشتىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنە داۋاملىشىۋەردى، ئۇلار ھەربىي ھەرىكەتتە ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. سالى بىلەن باقىنىياز قارارغا بىنائەن بىر نەچچە مۇلازىمنى باشلاپ موڭغۇلىيىگە ياردەم سوراپ باردى. موڭغۇلىيە خوجىنىيازغا جامىسىن دورجى قاتارلىق كىشىلەردىن 500 قۇر ھەربىي فورما، 70 مىلتىق، 400 سەر ساپ كۈمۈش ۋە نەچچە ئون ساندۇق ئوق ئەۋەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يەنە 2- تۈركۈمدىكى ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئەۋەتتى. ئابدۇنىياز يولۋاسنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، خاتالىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلدى. بېشىر يۈسۈپبەگ، ئىسمائىل، شا قورمال، ما فۇڭاڭ، ئوسمانشا، باقىنىياز، روزى ئاخۇن، ئابدۇئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنى ئالتۇن، كۈمۈش، تېرە قاتارلىق 10 نەچچە تۆگىلىك سوۋغا- سالام بىلەن گەنسۇنىڭ ئەنشىگە ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا كېلىپ جەڭگە قاتنىشىشقا يەنە تەكلىپ قىلدى.

8- ئايدا، لى خەيرۇ ھۇجۇم قوزغىدى. شىددەتلىك جەڭدە قوزغىلاڭچىلار لى خەيرۇنىڭ ليۇ جيېشەن، ئا داۋدى قوماندانلىقىدىكى ئۈچ تۇەنىنى مەغلۇپ قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جىن شۇرېن «يۇقىتىش يولىدىن قايتىپ، كۆندۈرۈش يولىدا مېڭىش» قا مەجبۇر بولدى، بىر تەرەپتىن، يېڭى سېتىۋالغان ئايروپىلانلارنى قومۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوشۇنلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، داۋاملىق سۈلھى قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. يولۋاس بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن نەتىجە چىقمىسا، خوجىنىياز ھاجى بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يېرىكلەشتۈرۈش غەرىزىدە، ئۈرۈمچىدە تىنچلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇردى. بۇ ئۆمەكتىكىلەر قومۇلغا بېرىپلا يولۋاس بىلەن

سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مەغلۇپ بولدى؛ خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشكەندە 100 دادەن بۇغداي، 40 مىڭ سەر كۈمۈشكە 2000 مىلتىق ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. لېكىن بۇ كېلىشىم ئەمەلىيلەشمىدى، تىنچلىق سۆھبىتىمۇ سۇغا چىلاشتى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) باش كۈزدە، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى شەرقىي سەپتە باندىت يوقىتىش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، جاڭ يۈشيۇ تۈەنى (1- يۈەنلىش)، فۇ چۈەن تۈەنى (2- يۈەنلىش)، ياڭ جېڭجۇڭ تۈەنى (3- يۈەنلىش)، بىلورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن پاپىنگوت تۈەنى، مىڭ شۇ قوماندانلىقىدىكى قەھرىمان ئەترەتنى بىرونېۋىك بىلەن قومۇلغا ياردەمگە ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي بولغۇسى جەڭ ھەققىدە مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى: ① تاللانغان خىل ئاتلىق قوشۇننى تاغ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ، قوغلاپ زەربە بېرىش؛ ② ئالاقە سىمى تارتىشنىڭ ئورنىغا تېلېگراما ئاپپاراتى سەپلەپ، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش؛ ③ تۆگە كارۋىنى ئارقىلىق 2 ~ 3 ئاي يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق ۋە ئوق- دورا يەتكۈزۈپ بېرىش؛ ④ ئوزۇقلۇق ۋە ئوق- دورا تۈگىگەندە، قوشۇننى قومۇلغا قايتۇرۇپ تەرتىپكە سالغاچ بىر ھەپتە ئارام ئالدۇرۇش، كېيىن يەنە 2 ~ 3 ئاي يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق ۋە ئوق- دورا بىلەن داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۆتۈش.

شېڭ شىسەي قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، شەرقىتاغ ۋە شارلار تېغىغا تەڭ ھۇجۇم قىلدى. ئۆزى شارلار تېغىغا بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ، 10 قېتىمچە چوڭ- كىچىك جەڭ قىلىپ، خوجىنىياز ھاجىنى مەغلۇپ قىلدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن شەرقىتاغقا چېكىندى.

قوزغىلاڭچى قوشۇن شەرقىتاغدا ئۆلكە ئارمىيىسىگە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. 8- ئاينىڭ 16- كۈنى، ئۆلكە ئارمىيىسى كۆشۈتى تاغ ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلغاندا، چوڭ ئەترەت باشلىقى تاۋ شۈئېن قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، جاڭ يۈشيۇ ۋە ليۇ رۇڭشېڭ قوماندانلىقىدا ئارا تامغا ھۇجۇم قىلغان ئۆلكە ئارمىيىسى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئون چاقىرىمچە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، باغداشتىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر تامچە سۇمۇ تېپىلمايدىغان ئېرسىگچازنى ئىگىلىدى. پېژغىرىم ئىسسىققا چىدىمىغان ئەسكەرلەر سۇ توشۇش ئۈچۈن تاغدىن چۈشكەندە، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا ئۇچراپ قالدى، ئۆلكە ئارمىيىسى «گاسلىڭ» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپلا قورقىنىدىن ئۆلە- تىرىلىشكە قارىماي قاچتى، قاچ- قاچتا زەمبىرەك ھارۋىسىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتتى، ليۇ رۇڭشېڭغا ئوق تېگىپ ئۆلدى، 2000 چە ئەسكەردىن ئاران 600 — 700 ىلا قالدى. ئەمەلىيەتتە، ما جۇڭيىڭ قومۇلغا تېخى كەلمىگەنىدى، ئۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، جياڭ جيېشى تەرىپىدىن يېڭىلا 36- شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكتىن، قوشۇننى زورايتىش، مەشىق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشقۇدەك ۋاقتى بولمىغاچقا، ما جۇڭشەننى 60 نەچچە ئەسكەر بىلەن قومۇلغا، ما شىمىڭنى پىچانغا ئەۋەتتى. ما جۇڭشەن باغداشقا كەلگەندە، ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئۆلكە ئارمىيىسىنى ما جۇڭيىڭنىڭ نامى بىلەنلا تارمار قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

شارلار تېغىدىن ئىز قوغلاپ شەرقىتاغقا كەلگەن شېڭ شىسەي شوپۇلدا قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن نەچچە كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىپ پايدىلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلەن مۆكۈشمە جەڭ قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننى تارمار قىلىشقا ئامالسىز قالغان جىن شۇرېن قاتتىق ئىزتىراپ چەكتى. 11- ئاينىڭ 10- كۈنى، ئۇ لى خېيرۇ، شېڭ شىسەيگە: خوجىنىياز ھاجى بىلەن يولۋاسنى بېسىقتۇرالايدىغانلا بولساڭلار، «بارلىق مال- دۇنيانى ئۇپتىبىر- ئەسكەرلەرگە تۆھپىسىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شېڭ شىسەي جىن شۇرېننىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن 12- ئايدا قىشلىق ھۇجۇم قوزغىدى. ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئارقىمۇ ئارقا ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىغان قوزغىلاڭچى قوشۇن بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپ، شارلار تېغىغا چېكىنىپ كەتتى. يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان، مۇھىتى ناچار بۇ جاي قوزغىلاڭچى

قوشۇننى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. خوجنىياز ھاجى كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تەسلىم بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، 50 مىلتىق تاپشۇردى. پات ئارىدا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنچ باغلىغان شېڭ شىسەي ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. بېشىر تاشقى موڭغۇلىيىدىكى مىڭگاڭغا، يولۋاس ئەنشىگە قاچتى. شىددەتلىك جەڭدە كۈچى خورىغان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلغۇدەك ھالى قالمىدى. مىنگونىڭ 22- يىلى(1933- يىلى) 2- ئايدا، خوجنىياز ھاجى قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ پىچانغا كىردى، كېيىن يەنە جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) دىن باشلاپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قۇمۇلدىكى پائالىيەتلىرى بېسىقىپ قالدى. جەڭ ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا سۈرۈلدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) شېڭ شىسەي لىيۇ يىگلىننى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، 2- قېتىملىق يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. ئالدىنقى قېتىملىق ساۋاقنى قوبۇل قىلغان ھۆكۈمەت بۇ ئىسلاھاتنى ئېھتىيات بىلەن يولغا قويدى، پاراكەندە بولغان خەلقمۇ بۇ ئىسلاھاتنى قوبۇل قىلدى. ئۈچ- تۆت ئايلىق تەكشۈرۈش- تەييارلىق ئارقىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىسى تاماملاندى. ھۆكۈمەت قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقى، ھاشارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ھۆكۈمەت ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى بازار باھاسى بويىچە سېتىۋالدى، ئەسلىدە قۇمۇل ۋاڭغا قاراشلىق يەر- زېمىندا ئەركىن تېرىقچىلىق قىلىشقا يول قويدى، قاقاسلىقلاردا بوز يەر ئاچقۇچىلاردىن ۋاقتىنچە باج ئالمىدى.

3 . ما جۇڭيىڭنىڭ باركۆلنى ئىككى قېتىم بېسىۋېلىشى

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) 5- ئاينىڭ 14- كۈنى كەچتە، شورىبۇلاقتا ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ 11- تۇەنىدىكى لياڭ جىخۇڭ ئىسىملىك بىر يىگجاڭ ئامان قالغان 20 نەچچە ئەسكىرىنى باشلاپ باركۆل ناھىيە بازىرىغا قېچىپ كەلدى. باركۆل ھاكىمى ۋېن دېڭشاۋ كېچىلەپ يىغىن ئېچىپ، ھەر قايسى ساھەدىكى زاتلار بىلەن جىددىي كېڭەشتى، لياڭ جىخۇڭ قورال- ياراغ ئامبىرىدىكى 500 مىلتىق (بۇنىڭ 200 ى يېڭى تارقىتىلغان) نى ئاممىغا تارقىتىپ بېرىپ، يەرلىك قوراللىق قوشۇن قۇرۇپ، خې فۇتۇنىڭ ناھىيە بازىرىنى قوغداش يېڭى بىلەن ناھىيە بازىرىنى قوغدىغاچ، ياردەمچى قوشۇننى كۈتۈش تەكلىپىنى بەردى. قېرىندىشى خې جېنشېڭنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ئاڭلىغان خې فۇتۇ چېكىنىشنى قارار قىلدى. ناھىيە بازىرىنى قوغداش پىلانىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى كۆرگەن لياڭ جىخۇڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ گۇچۇڭغا يۈرۈپ كەتتى. ناھىيە بازىرىنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ھاكىم ۋېن دېڭشاۋ ما جۇڭيىڭنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئېلىش قارارىغا كەلدى.

5- ئاينىڭ 17- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ما جۇڭيىڭ ناھىيە بازىرىنى ئىگىلەپ، 500 مىلتىق ۋە بىر مۇنچە ئوق، ھەربىي كىيىم غەنىمەت ئالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ ما فۇيۈەن يېڭى (ئەمەلىيەتتە ئەسكەر سانى بىر لىيەنگىمۇ يەتمەيتتى ) نى ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ھەربىي لازىمەتلىكلىرىنى تولۇق غەملەپ، قوشۇننى باشلاپ قۇمۇلغا قايتتى.

ناھىيە بازىرىنى ساقلاشقا قالغان ما فۇيۈەننىڭ ئەسكەرلىرى مۇتەھەملىك بىلەن ئاشلىق، پۇل- مال سوراپ، چارۋا ماللارنى بۇلاپ، ئاياللارنى دەپسەندە قىلىپ، ناھىيە بازىرىنى قاتتىق پاراكەندە قىلىۋەتتى. 8- ئاينىڭ 8- كۈنى كەچتە، ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىسمائىل ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ گۇەن دېشېڭ تۇەنىنى داخې يېزىسىغا باشلاپ بېرىپ، شۇ يەردە لى ئەن بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە بازىرىنى قايتۇرۇۋېلىشنى قارار قىلدى. گۇەن دېشېڭ شتاب ئوفىتسېرى تيەن يۈگجېننى يوقراچە ياساندۇرۇپ، ناھىيە بازىرىدىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتتى. 8- ئاينىڭ 10- كۈنى، گۇەن دېشېڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنى باشلاپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى، لى ئەن كالتەك، ئارا- گۈرجەك، قىگراق بىلەن قوراللانغان، ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 200 چە دېھقاننى باشلاپ ئەرداۋخېزىدىن يولغا چىقتى. ئۆلكە ئارمىيىسىنى بىر

تېپەككە يارىسايدۇ، دەپ قارىغان ما فۇيۈەن 80 نەپچە ئوفىتسېر، ئەسكەر بىلەن چاگجىياجاڭزىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭ باشلىنىپ ئون مىنۇت ئۆتمەيلا، ئۆلكە ئارمىيىسى ما فۇيۈەننىڭ ئون نەچچە ئادىمىنى يەر چىشلەتتى. ما فۇيۈەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقاندا، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىنلا لى ئەننىڭ قوشۇنى نەرە تارتىپ كېلىپ، ھەيۋە كۆرسەتتى. ئۇلارنى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئوخشايدۇ، دەپ قالغان ما فۇيۈەن قوشۇنى جەڭ قىلىۋېرىشكە پېتىنالماي، ئارقىغا داجىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا قاراپ قاچتى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ دەرۋازىمۇ تاقاق بولۇپ چىقتى. ئەسلىدە، گۇمەن دېشېڭ تۈەننىڭ شتاب ئوفىتسېرى تيەن يۈگجېن ناھىيە بازىرىنىڭ قورۇق قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ناھىيە بازىرىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. شۇڭا، ما فۇيۈەن قۇمۇلغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

گۇمەن دېشېڭ ناھىيە بازىرىغا كىرگەندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭغا تەسلىم بولغان يىڭجاڭ خې فۇتۈنى ئېتىۋەتتى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى ) 4- ئايدا، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقتى، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاڭ پېييۈەن قۇمۇلدىن كەتتى، باركۆلدە تۇرۇشلۇق گۇمەن دېشېڭ تۈەنى بۇيرۇققا بىنائەن گۇچۇڭغا يۆتكەلدى. 5- ئاينىڭ 12- كۈنى، ما جۇڭيىڭ 2- قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ قۇمۇلنى ئىگىلىۋالدى، 5- ئاينىڭ 16- كۈنى، ما خۇچېن قوشۇن ئەۋەتىپ باركۆلنى بېسىۋالدى، ئارقىدىنلا ما يىگلۇ، ما يىڭبياۋ قوشۇنىمۇ باركۆل ناھىيە بازىرىغا ئورۇنلاشتى. كۆپ ئۆتمەي، ما خۇچېن، ما يىگلۇ قوشۇنى شىمالغا يۈرۈش قىلدى، ما يىڭبياۋ باركۆلنى ساقلاشقا قالدى. ما يىڭبياۋ قوشۇنى باركۆلنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي ئەسكىلىك قىلىپ، پۇقرالارنى زار- زار قاقشىتىپ، مال- دۇنيا، ئاشلىق بۇلىدى، ئېتىراز بىلدۈرگەنلەرنى قاتتىق دۇمبالىدى. شۇ ۋاقىتتا، ما جۇڭيىڭ قول ئاستىدىكى ما شۇشەننى باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، ما شۇشەن سابىق ھاكىم لى خەنجۇەنگە تايىنىپ يەرلىك تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە زورلۇق- زومبۇلۇق قىلىۋەرمەسلىك توغرىسىدا ما يىڭبياۋغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ما جۇڭيىڭنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر باركۆلگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، سابىق ھاكىم لى خەنجۇەن ھەر قايسى ساھەدىكى ئەمەلىي كۈچى بار زاتلاردىن جاڭ بىگئەن، سۇن ماۋتىڭ، سەي خېشەن، لى خەنيىڭ قاتارلىقلارنى يىغىپ ناھىيە بازىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنى كېڭەشتى. ئۇلار 12- ئاينىڭ 29- كۈنى، ما يىڭبياۋ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارنى لى خەنجۇەننىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ، شۇ يەردىلا قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى. لى خەنجۇەن ما يىڭبياۋنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغاندا، ئىش ئاشكارىلىنىپ قالدى. ما يىڭبياۋ دەرھال گازارمىغا قايتىپ، لى خەنجۇەننىڭ قەسرىنى ئاختۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىپ، لى خەنجۇەننى قولغا ئالدى. سەي خېشەن شۇ كۈنى كەچتە ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، داخې يېزىسىغا بېرىپ، لى ئەن بىلەن بىرلىكتە 200 كىشىلىك يەرلىك قوراللىق قوشۇن تەشكىللىدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1934- يىلى ) 1- ئاينىڭ 2- كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، سەي خېشەن بىلەن لى ئەن باشچىلىقىدىكى يەرلىك قوراللىق قوشۇن ناھىيە بازىرىغا جەنۇبىي قوۋۇقتىن باستۇرۇپ كىرىپ، قىگراق، تاغ زەمبىرىكى بىلەن جەڭ قىلىپ، شەرقىي مەھكىمىنى ئىگىلىدى، پىتراپ كەتكەن ما يىڭبياۋ قوشۇنى ناھىيە بازىرىدىن ئاران قېچىپ چىقتى. يەرلىك قوراللىق قوشۇن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ما يىڭبياۋ قوشۇنىنى كۆيسۇغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ 20 نەچچە ئەسكىرىنى يەر چىشلەتتى، قالدۇق قوشۇن ئۆز ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ناھىيە بازىرىنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىدە يەرلىك قوراللىق قوشۇندىن ئاران ئىككىلا ئادەم يارىلاندى. ناھىيە بازىرى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، باركۆلدىكى ھەر قايسى ساھەنىڭ ئاقساقاللىرى دەرھال يىغىن ئېچىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى يى شىگجۇننى مۇۋەققەت ھاكىملىققا سايلىدى، سەي خېشەن 500 كىشىلىك قوغدىنىش تۈەنى (پىيادە ئەسكەر 200، ئاتلىق ئەسكەر 300 ) نىڭ تۈەنجاڭلىقىغا، لى ئەن مۇئاۋىن تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى، لى چاگفۇ (موگغۇل) يىگجاگلىقىغا تەيىنلىنىپ، ما يىڭبياۋ قوشۇنىنىڭ قايتۇرما

ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن، ناھىيە بازىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق- تۇغقىنى ھاللىق ئائىلىلەر بىلەن ناھىيىلىك ئاشلىق پونكىتى يەتكۈزۈپ بەردى.

ما يىڭبياۋ لى خەنچۇەننى قۇمۇلغا يالاپ ئاپارغاندىن كېيىن، ئۇنى 200 سەر ئالتۇنغا ئالماشتۇرماقچى بولدى؛ لېكىن لى جەمەتى ما يىڭبياۋنىڭ تۇترۇقسىزلىقى سەۋەبىدىن ئۇرتاق پىكىرگە كېلەلمەي، ئالتۇننى ۋاقتىدا غەملىيەلمىگەچكە، ما يىڭبياۋ لى خەنچۇەننى قۇمۇلنىڭ شىمالىي قۇملۇقىدا ئۆلتۈردى.

### 4 . ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن قىزىل ئارمىيە سول تارماق ئەترىتىنىڭ يولۋاسنى مەغلۇپ قىلىشى

مىنگونىڭ 25- يىلى ( 1936- يىلى ) 10- ئاينىڭ 26- كۈنى، قىزىل ئارمىيە 4- يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 5-، 9-، 30- جۈنى بىلەن باش شتابقا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملاردىكى 21 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بۇيرۇق بويىچە خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ «نىڭشيا ئۇرۇش پىلانى» نى ئىجرا قىلدى، كېيىن ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېت 11- ئاينىڭ 11- كۈنى خېشى كارىدورىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ نامىنى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىپ، ئۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، خېشى كارىدورىدا مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرىدى. غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن جاپالىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئارقا سەپتىن ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن بولمىغاچقا مەغلۇپ بولدى.

1937- يىل 3- ئاينىڭ 14- كۈنى، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي- سىياسىي كومىتېتى چىلىيەنشەن تېغىدىكى شۈۋ چوققىسىدا قالدۇق قوشۇننى ئۈچ تارماق ئەترەتكە بۆلدى، لى شيەنيەن، لى جورەن، چېڭ شىمەي قوماندانلىقىدىكى سول تارماق ئەترەت دۈشمەن مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ، 4- ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى شىڭشىڭشياغا كەلدى.

يولۋاس قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە قولچوماقلىرى بىلەن ھىيلە ئىشلىتىپ، قۇمۇل چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى دۇ جياتيەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈ چيڭفانى قولغا ئېلىشقا ئۇرۇندى. غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ شىڭشىڭشياغا ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قىزىل ئارمىيىنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) شېڭ شىسەي پەيتنى تۇتۇپ يولۋاسنى يوقىتىش ۋە قىزىل ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، يېڭى تەشكىللەنگەن 4- تەلىم- تەربىيە چوڭ ئەترىتىنى شىڭشىڭشياغا ئەۋەتتى.

4- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر كۈنى، يېڭى تەشكىللەنگەن 4- تەلىم- تەربىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېر- ئەسكەرلىرى قىزىل ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان چوڭ ھەربىي ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ شىڭشىڭشياغا قاراپ يولغا چىقتى، ئەتىسى يەتتە قۇدۇقتا تۈنىدى. چوڭ ئەترەت يولۋاسنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى تۈنەش ئورنىنى ئۆزگەرتتى. كېچىدە، دەرۋەقە يولۋاسنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. چوڭ ئەترەت باشلىقى گۇڭ زىكۇەن قىسمىنى دەرھال جەڭگە تەشكىللەپ، يولۋاسنىڭ نەچچە ئون ئادىمىنى يەر چىشلەتتى. توغۇچىدا ئۆلكە ئارمىيىسى يولۋاس قوشۇنى بىلەن بىر كېچە- كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، يولۋاس ئاتلىق قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى.

يولۋاس شەرقتە قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى سول تارمىقىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا قارشى تۇرسا، غەربتە ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قىزىل ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شىڭشىڭشياغا بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شېڭ شىسەي تۇرپان، پىچان، توقسۇن گارنىزونىنىڭ قوماندانى سۇڭ چىڭلىننى قوماندانلىققا تەيىنلەپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇندا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق برونېۋىك قىسمى بىلەن نيۇ جېنخەننىڭ باركۆلدە

تۈرۈشلۇق ئاتلىق تۇەننى يولۋاسقا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يولۋاس قۇمۇلدىن قېچىشنى قارار قىلدى. ئۇ خوتۇن- بالىلىرى، قولچوماقلىرى ۋە 100 ئاتلىق ئەسكەر، 150 نەچچە پىيادە ئەسكەر بولۇپ 300 چە ئادەمنى باشلاپ، 270 مىلتىق، 10 نەچچە تاپانچا، ئىككى يىنىك پىلىموتنى ئېلىپ، ئاتلىقلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى بەش چوڭ ئاپتوموبىل ۋە ئۈچ پىكاپقا سېلىپ قۇمۇلدىن ئايرىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شېڭ شىسەي قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، شىڭشىڭشىيا شۆبە ساقچى ئىدارىسى، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى، شۇنىڭدەك تۇرپان، پىچان، توقسۇن، باركۆلدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر، ئۈرۈمچىدىكى برونېۋىك قىسمى، شۇنىڭدەك 4- تەلىم- تەربىيە چوڭ ئەترىتىنى بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يولۋاس قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە بۇيرىدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ سول تارماق ئەترىتىمۇ ليۇ خاۋكۇننى بىر پەي ئەسكەر بىلەن يولۋاس قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. يۇسۇپبەگنىڭ ئۈچ پىكاپى يالغۇزتۆيۈنىغا كەلگەندە، تۈلكە ئارمىيىسىنىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچراپ، ئىككى پىكاپى پاچاقلاپ تاشلاندى، يۇسۇپبەگ خوتۇن- بالىلىرىنى يەنە بىر پىكاپتا تاشۇيلىققا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يولۋاسنى ئىزدەپ ماڭدى، شۇ كۈنى ئاتا- بالا ئىككىيلەن خوتۇنتامغا يېتىپ كەلدى. 4- ئاينىڭ 27- كۈنى، شېڭ شىسەي ھاۋا ئارمىيىسىنى يولۋاس قوشۇنىنى بومباردىمان قىلىش، ئاراتام، تاشۇيلىق، ئىدىر، خوتۇنتامغا تەشۇيقات ۋارىقى تارقىتىشقا بۇيرىدى، يولۋاسنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. يولۋاسنىڭ ئوفىتسېر- ئەسكەرلىرى ئۆيلىرىگە قايتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. يولۋاسمۇ ئامالسىزلىقتىن قوشۇننى تارقىتىۋەتتى، خوتۇنى ۋە باشقا ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى خوتۇنتامدا قالدۇرۇپ، ئېلىپ كېتەلمەيدىغان بايلىقلىرىنى مۇھاپىزەتچىسى ھاشىمغا ئامانەت قويۇپ، ئىككى ئوغلى (ياقۇپبەگ، يۇسۇپبەگ)، بىر قىزى ۋە نەچچە ئون ئەگەشكۈچىسىنى باشلاپ، مۇھاپىزەتچىسى ھادىسنى يول باشلاتقۇزۇپ، تاشۇيلىقتىن تاغ ئاتلاپ توخۇلۇغا كەلدى، كېيىن قايتىپ كەتتى. 4- ئاينىڭ 28- كۈنى، قارامۇقچىنى بويلاپ، بوغاز چۆلىنى كېسىپ ئۆتتى. شېڭ شىسەي قوشۇنى ۋە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، يولۋاس قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى قورال تاشلاپ تەسلىم بولدى، ئاز قىسمى تارقىلىپ كەتتى. يولۋاس ئەڭ ئاخىرى 10 نەچچە ئادىمىنى باشلاپ دۇنخۇاڭغا قېچىپ باردى، كېيىن يەنە گەنسۇغا قېچىپ كەتتى.

يولۋاس شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، قۇمۇل، باركۆل گارنىزون شتابىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. يولۋاسنىڭ ئىچكىرىگە قېچىشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ يوشۇرۇن خەۋپتىن قۇتۇلدى.

شىڭشىڭشىياغا تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يېتىپ كەلگەن غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سول تارماق ئەترىتى قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلىپ، ئەسلىدىكى 1-، 2- تارماق ئەترەتنى بىرلەشتۈرۈپ، 1- تارماق ئەترەتكە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا تۆت چوڭ ئەترەت تەسىس قىلدى، ياڭ شيۇكۇننى تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا، سۇن چىڭنەننى سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلىدى؛ ئەسلىدىكى 3- تارماق ئەترەتنى كادىرلار چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىپ، يېڭى تۈزۈلمە شەكىللەندۈردى: باش ئەترەت (خىزمەت كومىتېتى) نىڭ قارمىقىدا كادىرلار چوڭ ئەترىتى بىلەن 1- تارماق ئەترەت قۇرۇلدى؛ باش ئەترەتتە مۇھاپىزەتچىلەر چوڭ ئەترىتى بىلەن 1- تارماق ئەترەت قارمىقىدا 1-، 2-، 3-، 4- چوڭ ئەترەت قۇرۇپ، جەڭگىۋار قىسىم قىلدى. جيەن زوگونى 1- ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا، جۇ چۈنلىننى سىياسىي كومىسسارلىققا؛ جاۋ جېڭخۇڭنى 2- چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا، چېن دىرېننى سىياسىي كومىسسارلىققا؛ جېڭ جىجاڭنى 3- ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا، ۋاڭ شىرېننى سىياسىي كومىسسارلىققا؛ سۇڭ چېڭجىنى 4- ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا، خۇ بىڭجاڭنى سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلىدى. باش ئەترەت مۇھاپىزەتچىلەر پەيىنى ئۈچ بەنگە ئايرىپ، 1- بەننى باشلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش بەنى قىلدى. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، چېن يۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئابروپىلان بىلەن شىڭشىڭشىياغا كېلىپ، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالدى. 5- ئاينىڭ 4- كۈنى، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىدىكى تولۇق قوراللانغان 400 نەچچە كوماندىر، جەڭچى، يولداش چېن يۈننىڭ يېتەكچىلىكىدە 40 نەچچە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، شىڭشىڭشىيادىن ئۈرۈمچىگە

قاراپ يولغا چىقىپ، كەچكە يېقىن قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قىزىليۇلغۇندا پۇقرالارنىڭ ئۆيىدە تۈنىدى، قۇمۇلدا بىر كۈن توختاپ، ئورۇق- تۈلۈك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى غەملەپ، شەھەر ئاھالىسىنى تىنچلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى، 5- ئاينىڭ 6- كۈنى قۇمۇلدىن يولغا چىقىپ، 7- كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى.

5. قۇمۇل كۆشۈتى دېھقانلار قوزغىلىڭى

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركەزگە قاراشلىق 18- ئارىلاشما لۈيى بىلەن 29- جىتۇەنجۈن قۇمۇلغا كىرىپ ئورۇنلاشتى؛ مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) نىڭ بېشىدا، گومىنداڭ 178- لۈيىمۇ شىنجاڭغا كىردى. قىسىملار دايىڭفاڭ، شاۋيىڭفاڭ، كونا شەھەر، شىڭشىڭشيا، نامداۋان، سۇمۇشتان ۋە باركۆل قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 7- ئايدا، ئالتايدىن كەلگەن ئوسمان باركۆل يايلىقى ئەتراپىدا بۇلاڭچىلىق قىلدى. قۇمۇلدىكى شارلارتېغى، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى دائىم باندىتلارنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى. شۇڭا، قۇمۇل ۋالىيسى لى لاڭشىڭ بىلەن قۇمۇل ھاكىمى چېن شۈيىڭ قۇمۇلدىكى شارلارتېغى ۋە تەڭرىتاغدا قوغدىنىش ئەترىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. قوغدىنىش ئەترىتىگە تەڭرىتاغ، شارلارتېغىدىكى يېزىلارنىڭ باشلىقى سېيىت بىلەن ئۇنابباي قوماندانلىق قىلدى. نامداۋان ئەتراپلىرىدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنى پۇقرالارنى دائىم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغاچقا، ئۇنابباي قاتارلىق كىشىلەر ئاممىغا باش بولۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. 8- ئايدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنى ئۇنابايىنى ئالداپ تۇتۇش ئۈچۈن، شارلارتېغىغا ساڭ پەيجاڭنى ئەۋەتتى. ساڭ پەيجاڭنى كۆرۈشكە ئېلىپ بارغان ئۇنابباي شارلارتېغىدىكى ئاممىنى تۆمۈرتىگە كۆچۈپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. تۆمۈرتىگە كۆچۈپ كېتىۋاتقان ئاما گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئىككى تەرەپ قوراللىق توقۇنۇشتى، قوغدىنىش ئەترىتى قارىغۇ چۆشكەندە كۆشۈتى ئېغىزىدىن چېكىنىپ، قالغايتىغا بېرىۋالدى.

8- ئاينىڭ 25- كۈنى، 178- لۈي ئىككى لىيەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تاغ ئىچىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى تەل- تۆكۈس يوقىتىشقا تەييارلاندى. ئۇلار كۆشۈتى ئېغىزىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلار ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئىدى. سېيىت، ئۇنابباي، دۆلەتخان قاتارلىقلار باشلىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن كۆشۈتى ئېغىزى ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان گومىنداڭ قوشۇنىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي قالغايتىغا چېكىنىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن تىركىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى.

كۆشۈتى ئېغىزىدىكى جەڭدىن كېيىن، ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن قۇمۇل ۋالىيسى لى لاڭشىڭ، ھاكىم چېن شۈيىڭ بىر تەرەپتىن، 178- لۈينى قورشاپ يوقىتىشقا ئەسكەر چىقارماسلىققا دەۋەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، داڭلىق زاتلارنى قالغايتىغا ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئەپلىشىپ قېلىش ھەققىدە خىزمەت ئىشلىدى، يەنە ئۈرۈمچىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە جىددىي تېلېگرامما يوللاپ، كۆشۈتى ئېغىزى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

9- ئاينىڭ 2- كۈنى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، شۇنىڭدەك گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ۋەكىلى قۇمۇل يەرلىك ھۆكۈمىتى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ۋەكىلى بىلەن بىرلىكتە سېيىت، ئۇنابباي قاتارلىقلار بىلەن قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىككى كۈن سۆھبەتلىشىپ، تۆۋەندىكىدەك يەتتە ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالىدى: ئىككى تەرەپ قوراللىق توقۇنۇشنى دەرھال توختىتىپ، قان تۆكۈلۈش ۋەقەسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئىككى تەرەپ كۆرۈۋگە ئالغان خادىملارنى دەرھال قويۇپ بېرىش؛ نامداۋاندا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىككى يېزىدىكى چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىنى يەۋالغانلىقى، ئاتلىرىنى تارتىۋالغانلىقىنى شۇنداقلا سېيىت، ئۇنابايلارنىڭ چارۋىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئىشىنى قايتا سۈرۈشتۈرمەسلىك؛ ھازىرقى ھالەتنى

ساقلاش؛ چەگدە ئىككى تەرەپ ئۆلگەن، يارىلانغانلارغا، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئاپتوموبىللارغا ھەر قايسى تەرەپ ئۆزلىرى ئىگە بولۇش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرمەسلىك؛ ئومۇمەن كۆشۈتى تاغ ئېغىزى ۋەقەسىگە قاتناشقان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك؛ سېيىت، ئۇنانباي قاتارلىقلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆگىنىش قىلىش؛ قوغدىنىش ئەترىتىگە سەپلەپ بېرىلگەن قورال- ياراغلارنى ئىككى دەرىجىلىك قوغدىنىش ئەترىتى ساقلاش.

بۇ ئىشتىن كېيىن، كۆشۈتى تاغ ئېغىزىدىكى قوزغىلاڭنىڭ بىر نەچچە ئاساسلىق رەھبىرى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ غۇلجىغا بېرىپ، مىللىي ئارمىيىگە قاتناشتى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار قومۇلغا قايتىپ كەلدى، سېيىت قومۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئۇنانباي باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، دۆلەتخان ئۈرۈمچىدە قېلىپ شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

## §7. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇرۇشلار

1. توپىلاڭنى باستۇرۇش

1949- يىل 9- ئاينىڭ 25-، 26- كۈنلىرى، گومىنداڭ قوشۇنى تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى، سابىق گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرۇۋاتقان ئاز ساندىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر ئازادلىق ئارمىيە تېخى شىنجاڭغا كىرمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، توپىلاڭ پىلانلاپ، بىر قاتار توپىلاڭلارنى پەيدا قىلدى، قومۇل ۋىلايىتىدە يەتتەقۇدۇق ۋەقەسى، ۋاڭ جېنخۇا توپىلىڭى، 533- تۇەن توپىلىڭى، «28- سېنتەبىر» ئالتۇن بۇلاش ۋەقەسى يۈز بەردى.

1) يەتتە قۇدۇق ۋەقەسى 11- ئاينىڭ 18- كۈنى، سابىق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 178- لۈيىنىڭ ئىككى يىڭى 2- جۈننىڭ شەرققە ئەسكەر يۆتكەيدىغان 40 ئاپتوموبىلىنى بۇلىۋالدى، 6- جۈنمۇ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلالمىدى، 178- لۈينىڭ لۈيجاڭى ئۆز قىسمىنى تىزگىنلىيەلمىدى. 11- ئاينىڭ 19- كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇ قىسمنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش غەرىزىدە كېچە- كۈندۈز ئىستىھكام ياساۋاتقانلىقىنى بايقىدى. 11- ئاينىڭ 24- كۈنى كەچتە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بەش يىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئۇلارنى قورشاپ، لۈيجاڭنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى گازارمىغا باشلاپ كىرىشكە، ئادەم ۋە ئاپتوموبىللارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى ھەمدە پۈتۈن قىسمنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئاساسلىق جىنايەتچىنى قولغا ئالدى.

2) ۋاڭ جېنخۇا توپىلىڭى 11- ئاينىڭ 28- كۈنى، سابىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باركۆل ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق 4- لىيەندىكى پەيجاڭ ۋاڭ جېنخۇا يۇرتىغا قايتىش خىيالىدا يۈرگەن ئەسكەرلەرنى يىغىپ، قۇترىتىش ۋە مەجبۇرلاش ئارقىلىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇ ئۆزلىرىنى توپىلاڭ كۆتۈرمەسلىككە دەۋەت قىلغان پەيجاڭ ۋاڭ شۈچۈنى ئېتىۋېتىپ، 205 توپىلاڭچى ئەسكەرنى گازارمىدىن باشلاپ چىقىپ، سەنشىلىگۇەنزى، شىرىنزا، كۈيسۇ قاتارلىق جايلاردا بۇلاڭچىلىق قىلدى. 11- ئاينىڭ 29- كۈنى، سومۇشتانىغا، 30- كۈنى تۇركۆلگە باردى. بۇ ۋاقىتتا، ئەسكەرلەرنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغان ۋاڭ جېنخۇا ئۆزىگە ئەگىشىپ تاغ- ئېدىرلارنى ماكان تۇتۇپ باندىتلىق قىلىشنى خالىمىغان توپىلاڭچى ئەسكەرلەرنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ساداسىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

توپىلاڭچى ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان باركۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى نەسىھەت بىلەن كۆندۈرگۈچىلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئوزۇق- تۈلۈك بىلەن توپىلاڭچى ئەسكەرلەرگە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتى. شەرقىي شىنجاڭ چېگرا قاراۋۇللۇقى چوڭ ئەترىتى گېنېرال تاۋ سىيۆنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ۋاڭ

جىنخۋانى توپىلاڭچى ئەسكەرلەرنى گازارمىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرىدى، ۋاڭ جىنخۋا بۇيرۇققا بويسۇنمىدى، 1950- يىل 3- ئايدا، يەنە ئەكسىيەتچى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنى يىغىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاخىرى ئازادلىق ئارمىيە تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

3) **خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان سابىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 533- تۇەنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشى** 1949- يىل 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1- دالا ئارمىيىسى پىيادە ئەسكەرلەر 6- جۈنى 16- شىسىنىڭ شتاب باشلىقى لىيەن چېڭشىيەن بىر ئالدىن يۈرەر لىيەن (لىيەنجاڭگى ياڭ چۇەنداڭ) نى باشلاپ قۇمۇلغا كەلدى. ئىككى پەي ئايرودرومنى قوغداشقا، بىر پەي دايىگفاڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 10- ئاينىڭ 19- كۈنى، 16- شى شىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى 46-، 47-، 48- تۇەندىكى 300 چە ئادەم ۋە شى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ يۈك ئارتىلغان 800 چە قېچىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېلىپ، دايىگفاڭغا ئورۇنلاشتى. يەم- خەشەك كەمچىل بولغانلىقتىن، ئات- ئۇلاغلار بۆلۈكتوغراق، ساۋۇلاق ئەتراپىدا بېقىلدى.

بۇ ۋاقىتتا، سابىق گومىنداڭ ئارمىيىسى 178- لۈيى 533- تۇەندىكى ئەكسىيەتچىل ئوفىتسېرلار قېچىرلارنى بۇلاپ كېتىش، چىگىخەي ئارقىلىق سىچۇەنگە قېچىش ياكى تاغ ئىچىگە كىرىپ باندىتلىق قىلىپ، خەلق بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىشقا تەييارلاندى. ئۇلارنىڭ غەرىزىنى بىلىۋالغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 10- ئاينىڭ 21- كۈنى، 533- تۇەن تۇرۇشلۇق دايىگفاڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، يېڭى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارغا يىغىن ئېچىپ، قوماندان تاۋ سىيۈنىڭ بۇ تۇەنىنىڭ بارلىق قورال- ياراغلىرىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدىكى يازما بۇيرۇقىنى ئوقۇدى. قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان يۈك توشۇش يىگىنىڭ يىڭجاڭگى لى فېڭشياڭ نەق مەيداندا ئېتىۋېتىلدى. چېن گوگۇۋ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، باشقا ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر 1950- يىل 1- ئايدا ئۈرۈمچىدە تەرتىپكە سېلىندى. قۇمۇل مۇداپىئە رايونىنى 1- دالا ئارمىيىسى 6- جۈنىنىڭ 16- شىسى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋالدى.

2. باندىتلارنى تازىلاپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1- دالا ئارمىيىسى پىيادە ئەسكەرلەر 6- جۈنى 16- شىسىنىڭ 46- تۇەنى مۇداپىئە رايونىغا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن، باركۆل يايلىقىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىلگىرىكى ۋالىيسى ئوسمان، شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ ئىلگىرىكى نازىرى جانىمقان ۋە قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس قاتارلىقلارنى قۇترىتىپ، ئارمىيىمىز شىنجاڭغا يېڭىلا ئورۇنلاشقان، جەمئىيەت تېخى پۈتۈنلەي مۇقىملاشمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باركۆل يايلىقىنى بازا قىلىپ، باركۆل، قۇمۇل، ئاراتۈرۈكتە تەڭلا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شەرقتە قۇمۇلغا تېگىش قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش، غەربتە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنى ئىگىلەش قەستىدە بولدى. باندىتلار ئاممىنى ئۆزىگە ئەگىشىشكە مەجبۇرلاش بىلەن بىرگە، بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ مال- چارۋا، پۇل-ماللىرىنى بۇلاپ، قىسىملارغا ھۇجۇم قىلىپ، قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلىپ، بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشتى.

يېڭى قۇرۇلغان خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قوللىشى بىلەن باندىت تازىلاش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى.

1) **ئوسمان، يولۋاس، جانىمقاننىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلىشى** 1949- يىل 9- ئاينىڭ 20- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى خېشى كارىدورىكى مۇھىم شەھەر جيۇچۈەنگە توپلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان گۇچۇڭغا مەخپىي بېرىپ، ئوسمان بىلەن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلدى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ

شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇش ھەققىدە مەخپىي سۇيىقەست پىلانلىدى. ماكنان ئوسماننى دەرھال شەرقتىكى باركۆل يايلىقىغا يۆتكىلىپ، قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. 10- ئايدا، ئوسمان، جانىمقان قاتارلىق بىر تۈچۈم باندىتلار قۇمۇل ۋالىيسى يولۋاسنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ماكنان مەجبۇرىي يولغا سالغان 300 يەرلىك ئائىلە ۋە 100 چە بىلۇرۇس باندىتنى باشلاپ گۈچۈڭدىن باركۆلگە باردى. ماكنان باركۆلنىڭ كۆلياقا دېگەن يېرىدە ئوسمان باندىت، جانىمقان قاتارلىقلارنى جېنىنىڭ بارىچە ئەكسىيەتچىل قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كۈشكۈرتتى. ئۇلارغا: ئامېرىكا سىلەرگە ھاۋادىن ھەربىي لازىمەتلىك، قورال- جابدۇق تاشلاپ بېرىدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈردى ھەمدە شىنجاڭدا توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، گەنسۇ، چىڭخەيگە يۆتكىلىش، دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمىسە، قوراللىق كۈچىنى پاكىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ماكنان توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ بولغاندىن كېيىن، ئوسماننىڭ خېتىنى ئېلىپ چەت ئەلگە مەخپىي قېچىپ كەتتى. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئوسمان قاتارلىق باندىتلار تارىختىن قېلىپ قالغان مۇرەككەپ مىللىي مۇناسىۋەت ۋە دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، باركۆل، گۈچۈڭ، مورى، ئاراتۈرۈك قاتارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئالدامچىلىق، قۇتراتقۇلۇق، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، قازاقلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كوممۇنىستىك پارتىيىدىن، ئازادلىق ئارمىيىدىن گۇمانلىنىپ، خەۋپسىرەيدىغان قىلىپ قويدى. ئوسمان «مىللەتنى قوغداش»، «دىنىنى قوغداش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، قايمۇققان ئاممىنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىدى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، قوماندان ۋاڭ جېن ئوسمان قاتارلىقلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، باركۆل ناھىيىسىگە كۆپ قېتىم قوشۇن ئەۋەتتى.

1949- يىل 11- ئاينىڭ 23- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرگە يۈرگۈچى خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەمەت ۋاجىدى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ جيەنفېڭ ۋە قۇمۇلدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى قوماندان ۋاڭ جېننىڭ خېتى ۋە چاي قاتارلىق سوۋغا- سالاملارنى ئېلىپ، ئوسمانغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن باركۆلگە كەلدى. 11- ئاينىڭ 25- كۈنى، خىزمەت گۇرۇپپىسى باركۆل ھاكىمى ۋاڭ دۇڭياڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوسماننىڭ سەككىزسالادىكى بارگاھىغا باردى. خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەمەت ۋاجىدى ئوسمانغا قوماندان ۋاڭ جېننىڭ خېتى بىلەن سوۋغاتلارنى بەردى ھەمدە قوماندان ۋاڭ جېننىڭ ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشىنى ياكى ئالتايغا قايتىپ ۋالىي بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوسمان ئۆزى بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ- ئاداۋەتنى ئاسانلىقچە تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋە ئالتايغا بېرىشنى رەت قىلىپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئۆز نۆۋتىدە بىر نېمە دېيىش ئۈچۈن، ۋاقتىنچە باركۆلدە تۇرۇۋېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9- ئاينىڭ 26-كۈنى، خىزمەت ئۆمىكى يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، ئوسمان قوماندان ۋاڭ جېننىڭ قىزغىن غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا مەككارلىق بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى، خىزمەت ئۆمىكىگە ئۆزىنىڭ خېتىنى قوماندان ۋاڭ جېنغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىش بىلەن بىرگە، شتاب باشلىقى قۇربان قاتارلىقلارنى خىزمەت ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ قوماندان ۋاڭ جېننى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

قوماندان ۋاڭ جېن قۇربان قاتارلىقلارنى قۇمۇلدا قىزغىن كۈتۈۋالدى. 12- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوسمان يەنە يېقىنى قاناتنى ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە ئەۋەتتى، قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن 1- بىڭتۇەننىڭ باشقا رەھبەرلىرى قاناتنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە سوۋغات بەردى.

ئوسمان كۆرۈنۈشتە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن يېقىنلىشىپ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاستىرتتىن ھە دەپ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئازادلىق ئارمىيە كېڭىشىش، سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئوسماننىڭ بارگاھىغا كۆپ قېتىم مەخسۇس خادىم ئەۋەتىپ، ئۇنى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى ماددىلارغا رىئايە قىلىشقا، قاتناشنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا، بۇلاڭچىلىق

قىلىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلدى، لېكىن ئوسمان، جانىمقان قاتارلىق باندىتلار خەلق بىلەن ئېزچىل قارشىلىشىپ، باركۆل يايلىقىدا ئاخىرى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى.

1949- يىل 12- ئايدا، ئوسمان، جانىمقان قاتارلىق باندىتلار باركۆل ناھىيىسىدە قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە جىددىي تۈتۈش قىلىش، ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە سەككىزسالادا يىغىن ئاچتى، يىغىنغا قاتناشقان چارۋىدارلاردىن كالا- قوي قاتارلىق چارۋىلارنى تەق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ توپىلاڭ مەزگىلىدىكى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندىن كېيىن ئوسمان قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاسقا توپىلاڭ كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. يولۋاس توپىلاڭنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇھاپىزەتچىسى ئارقىلىق ئوسمان، جانىمقان قاتارلىق باندىتلارغا ھەربىي لازىمەتلىك ئورنىدا ئىككى قېتىم بىر مۇنچە ماددىي بۇيۇم ئەۋەتتى.

1950- يىل 3- ئاينىڭ 19- كۈنى، يولۋاس خوتۇن- بالىلىرى ۋە يېقىنلىرىدىن 20 نەچچە كىشىنى ئېلىپ، قۇمۇلدىن ئايرىلىپ، ئوسمان، جانىمقان توپىغا قېتىلدى. 4- ئاينىڭ باشلىرىدا، باندىتلارنىڭ بۇ ئۈچ ئاتامانى باركۆل غەربىتاغدىكى تارسۇدا ھەربىي يىغىن ئاچتى، جياڭ جيېشى تەرىپىدىن شىنجاڭ كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇش باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن ئوسمان قوراللىق توپىلاڭنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان ئەكسىيەتچىل ئاتامانلارغا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرىدىغان رايون ۋە ۋەزىپىلەرنى تەقسىملەپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىر تۇتاش ھەرىكەتلىنىشنى تەلەپ قىلدى.

**2) باندىتلار ئاتامانى ئوسمان بىلەن يولۋاسنى قورشاپ يوقىتىش**

**(1) شىنجاڭ باندىت تازىلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇشى** تارسۇ يىغىنىدىن كېيىن، توپىلاڭچى باندىتلار «مىللەتنى، دىننى قوغداش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۈچ توپقا بۆلۈنۈپ، لەنجۇ — شىنجاڭ، قۇمۇل — باركۆل تاشيولى ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ، تارقاق ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە ۋە ئۆتكۈنچى ئاپتوموبىللارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئاممىنىڭ مال- چارۋىسىنى بۇلىدى. 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، 6- جۈن 16- شىنىڭ مۇئاۋىن شجاڭى لو شاۋۋېي قىسىملارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جىپ بىلەن قۇمۇلدىن لياۋدۇنغا كېتىۋاتقاندا، باندىتلارنىڭ پىستىرمىسىغا ئۇچرىدى، شوپۇر ئەسىرگە ئېلىنغاندىن باشقا، مۇئاۋىن شجاڭ لو شياۋۋېي بىلەن تۆت خادىم قۇربان بولدى. 4- ئاينىڭ 5- كۈنى، 48- تۇەننىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت لىيەنىدىكى بەنجاڭ ۋاڭ لىباڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئاپتوموبىل بىلەن قوۋۇق ئېغىزىدىن قۇمۇلغا قايتىپ، ئېغىزدىكى كۆۋرۈك ئەتراپىغا كەلگەندە پىستىرمىغا ئۇچرىدى، ئاپتوموبىلدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى قۇربان بولدى. 4- ئاينىڭ 6- كۈنى، 48- تۇەن 1- لىيەننىڭ لىيەنجاڭى بىلەن مۇئاۋىن لىيەنجاڭى 18 جەڭچىنى باشلاپ ئېغىزدىكى كۆۋرۈكتە باندىتلار بۇزۇۋەتكەن كۆۋرۈكنى ياساۋاتقاندا، باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 11 ئادەم قۇربان بولدى، يەتتە ئادەم يارىلاندى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، باندىتلار ئاممىنى بۇلاپ- تالاپ قاق- سەنەم قىلىپ قويدى، 3-، 4- ئايلاردا، قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىلا 34 قېتىم بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بەردى، 43 ئائىلە زىيانغا ئۇچرىدى، سەككىز ئادەم ئېتىۋېتىلدى، بىر ئادەم يارىلاندى. باندىتلار ئاممىنىڭ 250 نەچچە ئات، كالا، قېچىر، تۆگىسى، 870 نەچچە قويى، شۇنداقلا بىر مۇنچە ئاشلىق، پۇل، كىيىم- كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئۇلار قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدىكى قىزىلېيۇلغۇن، لەڭگەر، قاراگۆل قاتارلىق جايلاردا دائىم بۇلاڭچىلىق قىلدى. باندىتلارنىڭ دەستىدىن، كۆيلىگەن ئېتىزلار تېرىلماي ئاق قالدى.

1950- يىل 3- ئاينىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى باندىت تازىلاش قوماندانلىق شتابى قۇردى، قوماندان ۋاڭ جېن باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، جاڭ شىچيەن شتاب باشلىقلىقىغا، 6- جۈننىڭ جۈنجاڭى لو يۈەنفا شىمالىي شىنجاڭ ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى، شىمالىي شىنجاڭدا شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى لىنىيە بويىچە باندىت تازىلاش قوشۇنى تەشكىللەندى، 16- شىنىڭ شىجاڭى ۋۇ زۇڭشيەن، سىياسىي كومىسسارى گۆەن

شىگجى 16- شىنىڭ ئاساسىي كۈچى، مىللىي ئارمىيە 44- تۇەنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 3- يىڭىغا قوماندانلىق قىلىپ، باركۆل رايونىدا باندىت تازىلاش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولدى؛ 17- شىنىڭ شىجاڭى چېڭ يۈچاڭ، مۇئاۋىن شىجاڭى يۈەن شۆكەي 49- تۇەن، 51- تۇەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى، 5- جۇن 44- تۇەنىنىڭ ئاساسىي كۈچى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر 7- شىسى جەڭ ئاپتوموبىلى تۇەنىنىڭ بىر قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، گۇچۇڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولدى. باندىت تازىلاشتا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 10 نەچچە مىڭ ئوفىتسېر- ئەسكىرى، 41 جەڭ ئاپتوموبىلى، 200 نەچچە ئاپتوموبىلى قاتناشتى. ھەربىي رايون باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارغا باندىت تازىلاش داۋامىدا مىللىي سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىل ئاتامانلار بىلەن كەڭ چارۋىچىلارنى پەرقلەندۈرۈش، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك، چارۋىچىلارنىڭ مال- چارۋىسىنى ئولجا ئالماسلىق، چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

**(2) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسىنىڭ باركۆلدىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانىدا ئوسمان، يولۋاس قاتارلىق باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىشى**

1950- يىل 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، 6- جۇن 16- شىسىنىڭ ئارقا سەپ مۇھاپىزەتچى قىسمى شىنجاڭغا كىرىش سەپىرىدە، ھەربىي رايوننىڭ باندىت تازىلاش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، باندىت تازىلاش جېڭىگە ئاتلاندى.

ئىگىلىگەن ئەمەللارغا قارىغاندا، ئوسمان، يولۋاس قاتارلىق باندىتلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان 2000 چە ئادەم چوڭ قۇلىنچەرى، كىچىك قۇلىنچەرى، چاشا ۋە باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا جايلاشقاچقا، 16- شى ئالدى بىلەن ئەسكىرىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئارماقلار بويىچە بىرلەشمە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، باندىتلارنى قورشاپ يوقاتماقچى بولدى. 46- تۇەنىنىڭ ئاساسىي كۈچى باركۆل ناھىيە بازىرىغا توپلاندى؛ 48- تۇەن 2- يىڭىنىڭ ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنى، ماشىنىلاشقان زەمبىرەكچىلەر لىيەنى قوۋۇق ئېغىزى، سومۇشتانغا ئورۇنلىشىپ، شىمالدىكى كۆركىباي داراسى، تىرەكتى، سازلىق ئەتراپىنى رازۋېدكا قىلدى، 7- لىيەنى توغۇچىنى، 5- لىيەنى تارانچىنى ئىگىلەپ، جەنۇبقا قېچىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەننى يوقىتىشقا تەييارلاندى؛ 47- تۇەننىڭ 3- يىڭى شىنجاڭغا كىرىش سەپىرىدە بىر لىيەنىنى لياۋدۇننىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇردى، قالغان لىيەنلىرى بىلەن يەتتە قۇدۇقتا شى رازۋېدكا لىيەنى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەربىي رايون سەپلەپ بەرگەن يەتتە جەڭ ئاپتوموبىلى، ئىككى گاۋبىتسا زەمبىرىكى بىلەن بىرلىكتە مۇئاۋىن شىجاڭ لوشياۋۋېينىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىغا ئۆتتى. مىللىي ئارمىيە 40- پولكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 3- يىڭىنىڭ ھەرىكەتچان كۈچى قىلىنغان ئىككى لىيەنگە شى قوماندانلىق شتابى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى. باندىت تازىلاشقا قاتنىشىدىغان يۇقىرىقى قىسىملارنىڭ 3- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بېرىپ، بارلىق جەڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈشى بەلگىلەندى.

3- ئاينىڭ 30- كۈنى، شەرقىي سەپتە باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار قۇلىنچەرىگە چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ باردى، ئۇلار ناھىيە بازىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىدىكى تاش باستاۋدا 400 چە ئاتلىق باندىت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئىككى تەرەپ پايدىلىق يەر شەكلىنى ئىگىلەپ، ئالتە سائەتچە ئېتىشتى. 3- يىڭنىڭ ئاساسلىق كۈچى دۈشمەننىڭ تاغ ئېتىكىدىكى كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىككى لىيەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ، 40 باندىتنى يوقاتتى، 30 باندىتنى ئەسىر ئالدى، 25 جەڭ ئېتى غەنىمەت ئالدى.

باندىت تازىلىغۇچى قىسىم تاش باستاۋدىكى جەڭدىن كېيىن ۋاقتىنچە باركۆلگە قايتىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

4- ئاينىڭ 11- كۈنى 16- شىنىڭ 46- تۇەنى قۇلىنچەرىگە كېتىۋاتقاندا، شىۋىرغان چىقىپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا چۈشۈپ، قىسىمنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولدى. ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغ بىلەن قورشالغان، ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك ئېقىن ئاقىدىغان قۇلىنچەرى ئوسمان باندىتىنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. 4-

ئاپرېلنىڭ 14- كۈنى 46 - تۈمەن مىللىي ئارمىيە 40- تۈمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 3- يىگى بىلەن كىچىك قۇلىنچەرىگە ئاتلاندى، تاڭ سەھەردە باندىتلارنىڭ تاغنىڭ ئۇ قاپتىلىدا ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى باندىتلارغا باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى، ئارمىيىمىزنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پىتىراپ كەتكەن باندىتلار ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە تىكىۋەتتى، باندىت كاتتىۋاشلىرىمۇ ئۆز جېنىنى ئېلىپ قاچتى، ئامالسىزلىقتىن باندىتلارغا ئەگىشىشكە مەجبۇر بولغان چارۋىچىلارمۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، مال- چارۋىلىرىنى تاشلاپ، تەرەپ- تەرەپكە مۆكۈۋالدى. قۇلىنچەرىدىكى باندىتلارنى قورشاپ تازىلاش جېڭىدە، 150 باندىت ئەسىر ئېلىندى، 485 باندىت يوقىتىلدى، تۆت پىلىموت، 88 مىلتىق ئولجا ئېلىندى، ئىگە- چاقىسىز 30 نەچچە مىڭ قوي، كالا يىغىۋېلىندى. بۇ قېتىمقى جەڭدە، ھاۋا تويۇقسىز ئۆزگىرىپ، قېلىن قار يېغىپ كەتكەچكە، يېلىك كېيىنگەن كۆپلىگەن جەڭچى توڭلاپ قالدى. 40- تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 3- يىگىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ پىيما، جۇۋىلىرىنى توڭۇپ كەتكەن جەڭچىلەرگە كىيدۈرۈپ قويدى.

ئوسمان، يولۋاس باشچىلىقىدىكى باندىتلار كىچىك قۇلىنچەرىدە 16- شىدىن قاتتىق زەربە يېگەندىن كېيىن، ئوسمان قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ، جىگغىلىۋ، ئارىبالى رايونىغا ئورۇنلاشتى، يولۋاس 4- ئاينىڭ 26- كۈنى قالدۇق قىسىملىرىدىكى 600 چە ئادەمنى باشلاپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك شەرققە قېچىپ، باركۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كىچىك قۇلىنچەرى، چىيەنشەنزى رايونىغا بېرىۋالدى. باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار 5- ئاينىڭ 14- كۈنى ئوسمان باندىتنىڭ ئارىبالى، چاشا، قۇلىنچەرى رايونىدىكى ئۇۋىسىغا 2- قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

باندىت تازىلىغۇچى قىسىم غەرب، جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت ئۈچ يولغا بۆلۈندى، 5- جۈننىڭ 40- تۈمەنى بىلەن 6- جۈن ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈمەنىنىڭ بىر قىسمىدىن تەشكىللەنگەن، تۆت جەڭ ئاپتوموبىلى سەپلەپ بېرىلگەن غەرب يۆنىلىشتىكى قىسىم چوقىبارتاس، مورى دەرياسىدىن يولغا چىقىپ، ئۈچ كېچە- كۈندۈز جاپالىق يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق 5- ئاينىڭ 17- كۈنى سائەت بەشتە چوڭ قۇلىنچەرىنى تولۇق ئىگىلەپ، 400 چە باندىتنى يوقاتتى. 49- تۈمەننىڭ 3- يىگىدىن تەشكىللەنگەن جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىم دۆڭ باستاۋدىن يولغا چىقىپ، ئىككى كېچە- كۈندۈز جىددىي پىيادە يۈرۈش قىلىپ، قار- شىۋىرغانلىق ئېگىز تاغ ۋە قۇرغاق رايونلاردىن ئۆتۈش يولىدا تۈرلۈك مۈشكۈلاتلارنى بويسۇندۇرۇپ، كېچىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 5- ئاينىڭ 18- كۈنى كىچىك قۇلىنچەرىنى ئىگىلىدى. 47- تۈمەندىن تەشكىللەنگەن شىمالىي يۆنىلىشتىكى تېز يۈرەر قىسىم باركۆلدىن يولغا چىقىپ، ئەلىپچايقان، جىگغىلىۋ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يول بويى نەچچە قېتىم جەڭ قىلىپ، 5- ئاينىڭ 17- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت سەككىزدە جىگغىلىۋنى ئىگىلىدى. ھەر قايسى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملار ئوسمان باندىتنى گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاس تاغقا قاپسىۋالدى، ئوسمان باندىت 200 چە ئادەمنى باشلاپ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ شىمالدىكى بەيتىك تېغىغا قېچىپ كەتتى.

5- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 23- كۈنىگىچە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پىيادە، ئاتلىق، زەمبىرەك ۋە برونېۋىك قىسىملىرى زىچ ماسلىشىپ، كوماندىر، جەڭچىلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئوسمان باندىتنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئارىبالى، قۇلىنچەرى، چاشا قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى، بۇ قېتىمقى زەربىدىن كېيىن ئوسمان باندىت قوشۇنى ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىپ تۈگىشىپ كەتتى. شەرققە قاراپ قېچىپ كىچىك قۇلىنچەرى، سازلىققا بارغان يولۋاس 16- شى 46- تۈمەننىڭ ئىز قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، باغداش، شوپۇلغا قېچىپ بارغاندا، 48- تۈمەننىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، 6- ئاينىڭ 4- كۈنى، نېرىنكىر بىلەن تۇركۆل ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ، نېرىنكىرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كۆندۈرۈ تېغىغا قېچىپ كەتتى.

ھەربىي جەھەتتە دەل جايىغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا پايدىلىق شارائىت ھازىرلىدى. يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى باندىتلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى پائال ئىشلەپ، دۈشمەننى پارچىلاشقا تىرىشتى. سابىق باركۆل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىقى خانەي ھەقىقەتكە قايتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوسمان باندىتنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن يەنە ئاسىيلىق قىلدى. 5-ئاينىڭ 12-كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىز قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى خانەينىڭ 50 نەچچە ئادىمىنى چەشەنىڭ شىمالىدىكى شوشانغىچە قوغلاپ باردى، خانەينىڭ ئادەملىرى 47-تۈەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى، ئوسمان، خانەينى ئەگەشكۈچىلەر، مال-چارۋىلىرىنى تاشلاپ، خىل قوراللانغان ئادەملىرىنى باشلاپ، كۆكسەركە تېغى، قاراسەركە تېغىغا بېرىشقا كۆپ قېتىم دەۋەت قىلدى، قىيىن ئەھۋالدا قالغان خانەي پايدا-زىياننى ئوبدان دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، 16-شىنىڭ 47-تۈەنگە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى.

خانەينىڭ تەسلىم بولۇشى باندىت ئاتامانى قابىنغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئۇمۇ خانەينىڭ نەسىھىتى ئارقىلىق تەسلىم بولۇپ، 6-ئاينىڭ 1-كۈنى قوشۇننى باشلاپ ئازادلىق ئارمىيىگە قورال تاپشۇردى، ئارقىدىن ھۆكۈمىتىمىز غەربىي چارۋىچىلىق رايونىغا تەسلىمنى قوبۇل قىلىشقا ۋەكىل ئەۋەتتى، بىر مۇنچە ئاتامانلار ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ، 800 نەچچە كىگىز ئۆيى بىلەن باركۆلدىكى كۆلياقىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، باندىتلارنىڭ كانتۇيىشى ئوسمان، جانىمقان، يولۋاسلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە سەممىيىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باندىت تازىلاش داۋامىدا پارتىيىنىڭ سىياسەت، ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ قېينچىلىقىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەننىڭ 4-لىيەنى 2000 چە قازاق ئامىسى بىلەن 20 مىڭچە قوي-كالىنى 400 چاقىرىملىق جاگجۇنگوبىدىن ئۆتكۈزۈپ، باندىتلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەيتىك تېغىدىن ئەسلىدىكى ماكانى قۇلىنچەرى ۋە ئارالىغا بىخەتەر يەتكۈزدى. 5-ئاينىڭ 7-كۈنى، 46-تۈەننىڭ 9-لىيەنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى قاراسىڭىر كەنتىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، باندىتلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ئاما تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتتى. 9-لىيەندىكى كوماندىر-جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ ھويلا-ئارام، مال-مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان گۇمانىنى تۈگەتتى. ئىگى تۇسكەن ئاما باندىت تازىلاشقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارنىڭ چارلاش، قاراۋۇللۇق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىغا پائال ياردەم بەردى، ئۇلارغا يول باشلاپ، خەت-چەكلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى ھەمدە باندىت قوغلاشقا قاتناشتى. قۇمۇل رايونىدىكى قوغدىنىش ئەترەتلىرى 30 نەچچە قېتىم باندىت قوغلاش ۋە توسۇش جېڭىگە قاتناشتى، باركۆل قوغدىنىش ئەترىتىدىكى 1000 نەچچە ئادەم قىسىمغا ماسلىشىپ، ئالتە قېتىملىق باندىت تازىلاش جېڭىگە قاتناشتى. قاسىم باشچىلىقىدىكى قوغدىنىش ئەترىتى باندىتلارنى ئۈدا ئۈچ قېتىم 40 كىلومېتىرغىچە قوغلاپ بېرىپ، باندىتلار بۇلاپ كەتكەن چارۋا ماللارنى قايتۇرۇۋالدى، قىزىلىيۇلغۇن قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى تەگرىتاغ بۇتخانىسى، ئاراتام ئەتراپىدىكى باندىتلارغا پارتىيە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، 12 باندىتنى قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇشقا كۆندۈردى.

قىسىملار جەڭ قىلىش داۋامىدا ئىنتىزامغا قاتتىق بويسۇنۇپ، سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلغاچقا، ئاما ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا يەس-بەستە ئاۋاز قوشۇپ، قىسىملارنىڭ باندىت تازىلىشىغا پائال ماسلاشتى. ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسى ئېغىر بولغان باركۆل ناھىيىسى 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا باندىت تازىلاشقا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ كومىتېتى قۇردى، ئۆز يېرىنىڭ يەر-شارائىتىنى ۋە خەنزۇ، قازاق تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان 47 كىشىنى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارنىڭ يول باشلىغۇچى، تەرجىمانلىقىغا سەپلەپ بەردى، ئالتە ئورۇندا ياردارلارنى داۋالاش پونكىتى قۇرۇپ، باندىت تازىلاش ئالدىنقى سېپىگە 80 كىشىلىك نوسۇلكا ئەترىتى ئەۋەتتى، 476 ئاپتوموبىل، 1563 ئات، تۆگە، كالا چىقىرىپ، ئاشلىق، يەم-خەشەك شۇنداقلا ياردار ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توشۇدى. يېزا-بازارلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى باندىت تازىلاۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرىگە 80 مىڭ كىلوگرام سەپەر ئوزۇقى، 90 مىڭ كىلوگرام نالقان تەييارلاپ بەردى، ئاشلىق قىس ئەھۋالدا، باندىت تازىلىغۇچى قىسىملارغا 574 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 88 مىڭ كىلوگرام يەم-خەشەك، 190 مىڭ كىلوگرام ئوت-چۆپ يەتكۈزۈپ بەردى. باندىت تازىلاش داۋامىدا، قۇمۇل ناھىيىسى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە 80 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم)، 430 تۆياق

(قېتىم) ئات- ئۇلاغ ئاجرىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، قىسىملارغا 55 مىڭ كىلوگرام سەپەر ئوزۇقى، 75 مىڭ كىلوگرام يەم- خەشەك تەييارلاپ بەردى، 13 ئىشلەمچى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش يولىدا قۇربان بولدى.

3) ئاراتۈرۈكنى قوغداش جېڭى

ئارمىيىمىز ئۇسمان، يولۋاس قاتارلىق باندىتلارنىڭ ئۇۋىسى قۇلىنچەرىدىكى باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىۋاتقاندا، 16- شىنىڭ بىر قەھرىمان لېيەندۈيى ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدا 40 كېچە- كۈندۈز باتۇرانە جەڭ قىلىپ، ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنى غەلىبىلىك قوغدىدى.

1950- يىل 2- ئاينىڭ 21- كۈنى، 16 - شى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ج ك پ ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ 18 ئەزاسى بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- لېيەننىڭ بىر قىسىم كوماندىر- جەڭچىلىرى مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇ چىڭشەن، لېيەنجاڭ جاۋ فۇگۈينىڭ باشچىلىقىدا ئاراتۈرۈككە يېتىپ باردى. 2- لېيەننىڭ ئاراتۈرۈككە 2-تۈركۈمدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قىسىم كوماندىر- جەڭچىلىرى جىداۋيۈەن ۋاڭ پىڭيۇ، مۇئاۋىن جىداۋيۈەن لو جۇڭلىن ۋە 2- لېيەننىڭ لېيەنجاڭى ۋاڭ يۈشۈنىڭ باشچىلىقىدا 3- ئاينىڭ 26- كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىغا يېتىپ باردى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەبەيدۇللا، مۇئاۋىن ھاكىم لى شۈشيەن، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يى جيەنجۇڭ (بۇ خەنزۇچە قويۇۋالغان ئىسمى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئەخمەت ئىمىن — «ئاراتۈرۈكنى قوغداش جېڭى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىل 7- ئاي 1- نەشرى، 1- باسمىسىنىڭ 11- بېتى — تەرجىماندىن)، مۇئاۋىن باشلىقى ماھۇت توخسۇن شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ھىمايە قىلغاندەك بولۇۋېلىپ، ئاستىرتتىن يولۋاسنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى قوبۇل قىلىپ، بىر ئوچۇم باندىتلارنى توپلاپ، يېڭى قۇرۇلغان خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قەستلىدى. ھاكىم ئەبەيدۇللا ھەر قايسى يېزىلارغا خەت يېزىپ، تۆسەك سۆز تارقىتىپ، ئامىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە، ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان نارازىلىقىنى قوزغىدى، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ كېتىش، ئاشلىقنى يوشۇرۇن يۆتكەش ئارقىلىق، ئازادلىق ئارمىيە ۋە ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىدىكىلەرنى ناھىيە بازىرىغا قاپىلاپ قويۇش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلاپ، ھەر قايسى رايونلاردىكى قوغدىنىش ئەترىتىنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، قوغدىنىش ئەترەتلىرىنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. يى جيەنجۇڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ساقچىلارنى ساقچى ئىدارىسىدىكى قوراللارنى توپتۆپلەرگە مەخپىي يۆتكەپ، توپىلاڭچى باندىتلارغا تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرىدى، يەنە سابىق گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشقا كۈشكۈرتتى. يولۋاس ئاراتۈرۈكتىكى باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبەيدۇللاغا 3- ئاينىڭ 29- كۈنى، ناھىيە تەۋەسىدە بىر تۇتاش توپىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى، شۇڭا، ئەبەيدۇللا، يى جيەنجۇڭ قاتارلىق باندىت كاتتىۋاشلىرى توپتۆپلەردە توپىلاڭچىلارنىڭ ئاتامانلىرىغا يىغىن ئېچىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى.

3- ئاينىڭ 27- كۈنى، ئەبەيدۇللا ئازادلىق ئارمىيىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇش ئۈچۈن، قوراللىق باندىتلارنى ئەۋەتىپ، ئامىنى ناھىيە بازىرىدىن كۆچۈپ كېتىشكە قىستىدى. ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ جىداۋيۈەنى سۇن چىڭلىن ھوشيارلىق بىلەن ساقچى ئىدارىسىدىكى قوراللارنى يىغىۋالدى ھەمدە لى شۈشيەن، يى جيەنجۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى سوراپ قويدى. 2- لېيەن تەمىنات پونكىتىنىڭ ئىسكىلاتىنى تېز ئىگىلەپ، تەمىنات پونكىتىدىكى قورال- ياراغ، ئوق- دورىلارنى گازارمىغا يۆتكىدى. ئاراتۈرۈكتە تۇرۇشلۇق ئارمىيە، ھۆكۈمەت

رەھبەرلىرى كۆتۈلمىگەن ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قىسىم ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى گازارمىغا يىغدى.

ئازادلىق ئارمىيە باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى لى شۈشىيەن، يى جيەنجۈڭ شۇنداقلا باشقا توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى كەسكىنلىك بىلەن سولاپ قويغاچقا، باندىتلارنىڭ 3- ئاينىڭ 29- كۈنى ناھىيە تەۋەسىدە بىر تۇتاش توپىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانى سۇغا چىلاشتى.

3- ئاينىڭ 29- كۈنى، باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبەيدۇللا ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقا ئىشىكى ئارقىلىق توپىتۆپىلەرگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن، 3- ئاينىڭ 30- كۈنى تاڭ سەھەردە ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. باندىتلار ناھىيە بازىرىدىكى جەنۇبىي تاغ ۋە شىمالىي تاغدىن ئىبارەت ئىككى ئېگىز جاينى ئالدىن ئىگىلەپ، ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. باندىتلار ئەپلىك ئورۇندا تۇرۇۋېلىپ ئازادلىق ئارمىيە گازارمىسىغا زور تەھدىت سالدى. سەھەردە، چېنىقىشقا چىققان 2- لىيەن باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەن زېگرۇڭ يارىلاندى. لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى دەرھال يىغىن ئېچىپ، شىمالىي تاغقا ھۇجۇم قىلىشنىڭ جەڭ پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. شىمالىي تاغ ناھىيە بازىرىدىكى ئەڭ ئېگىز جاي بولۇپ، تاغ چوققىسىدا بىر پوتەي بار ئىدى، شىمالىي تاغنى قولدىن بېرىپ قويغاندا، ناھىيە بازىرىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. پارتىيە ياچېيكىسى يىغىندا 2- پەيىنىڭ پەيجاڭى جۇ كېجيەننىڭ ئىككى پىلموت، 60 مىللىمېتىرلىق بىر مىنامىيوت سەپلەنگەن 28 كىشىلىك ئەترەتنى باشلاپ، ھەر قانداق بەدەل تۆلەشكە قارىماي، شىمالىي تاغنىڭ ئاساسىي چوققىسىنى قايتۇرۇۋېلىش قارار قىلىندى. پىلموتنىڭ ھىمايىسىدە، جۇ كېجيەن جەڭچىلەرنى باشلاپ ئايلىنىپ ئۆتۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، شىمالىي تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن جىلغىنى بويلاپ 20 نەچچە كىلومېتىر يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئىككى پىلموتنىڭ ئوت كۈچى ۋە جەڭچىلەرنىڭ زىچ ماسلىشىشىغا تايىنىپ، دوقمۇشتا قالغان ئاتلىق باندىتلارنى چېكىندۈردى. جەڭچى كاڭ شىخۋى ئۆزى يالغۇز نەچچە چوققىنى ئايلىنىپ، بازىغا تۇنجى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئارقا- ئارقىدىن تۆت گىرانات ئېتىپ، 50 نەچچە باندىتنى تارمار قىلىپ، شىمالىي تاغدىكى پوتەينى ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇۋالدى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن 300 چە باندىت تاغ چوققىسىغا قايتا ھۇجۇم قىلىپ، ھۇجۇمىنىڭ تىغ ئۇچىنى جەنۇبىي تاغدىكى پوتەيگە قاراتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دىن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە داۋاملاشقان تۇنجى جەڭدە 30 نەچچە باندىت يوقىتىلدى ۋە يارىلاندى، 2- لىيەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي تاغدىكى ھەر قايسى پوتەيلەرنى مەھكەم ساقلىدى، لېكىن باندىتلار پوتەيلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى.

باندىتلارنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان 2- لىيەن كوماندىر- جەڭچىلىرى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇ چىڭشەن پارتىيە ياچېيكىسى، پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا تايىنىپ، «دۈشمەننى بوش چاغلىمايلى، بىخۇدلاشمايلى، قۇربانلارنىڭ قىساسىنى ئالايلى، ئاراتۇرۇڭ بىلەن ھايات- ماماتتا بىللە بولايلى، ئاخىرقى بىر ئادەممىز قالغۇچە قەتئىي جەڭ قىلايلى» دېگەن جەڭگىۋار چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەڭچىلەرنى قەيسىرانە كۈرەش ئىرادىسى ۋە ھۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىشتەك دۈشمەننى يوقىتىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا رىغبەتلەندۈردى، ئەسكىرىي كۈچ، جەڭ تاكتىكىسىنى ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ساقلاۋاتقان پوتەيلەرگە يېتەرلىك ئاشلىق، ئوق- دورا ۋە سۇ غەملىدى. ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى بىلەن بىرگىلا ھەقىقەتكە قايتقان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، تەمىنات پونكىتى، ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 50 نەچچە ھەر مىللەت خادىمنى ناھىيە بازىرىنى قوغداش جېڭىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

4- ئاينىڭ 5- كۈنى، باندىتلار ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. 50 نەچچە باندىت ناھىيە بازىرى كوچىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئارمىيىمىز گازارمىسىدىن 50 نەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى،

ئىسكىلات ۋە ئىككى پوتەينى ئىگىلىۋالدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ جىداۋېيۈەنى سۈن چىگلىن بىلەن 10 نەپچە ساقچى قورشاۋدا قالدى، يەنە 100 نەپچە باندىت شەرقىي تاغدىكى 6- بەن پوتىيىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 6- بەننىڭ ئوق- دورىلىرى تۈگەي دەپ قالغاچقا، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى. توققۇز جەڭچىنى يېتەكلىگەن خۇ چىگشەن زىچ ئوت كۆچى تورىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ساقچى ئىدارىسىدە جەڭ قىلىۋاتقان ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىدىكى يولداشلارغا ياردەم بەردى. جەڭچىلەر بىر مۇنچە باندىتنى بىر پوتەيگە قاپساپ قويدى، ئىككى تەرەپ 2 – 3 سائەت تىركەشتى. ئاخىرىدا، 50 نەپچە باندىت ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماي قېچىپ كەتتى.

ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى تەمىنات پونكىتىغا ھۇجۇم قىلغان 100 نەپچە باندىت 8- بەن ئىستىھكامىنى ئوققا تۇتتى، ئىككى جەڭچىگە ئوق تېگىپ قۇربان بولدى، ھايات قالغان تۆت جەڭچى پوتەي ئىچىگە چېكىنىپ قايتۇرما زەربە بەردى، ئىنتايىن جىددىي ۋەزىيەتتە، خۇ چىگشەن 9- بەننى ياردەمگە ئەۋەتىپ، باندىتلارنى ئارقا تاغقا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. جەنۇبىي پوتەيگە ھۇجۇم قىلغان باندىتلار ئارمىيىمىز جەڭچىلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا، ئىبغىر چىقىم تارتتى. شىمالىي تاغدىكى شەرقىي، غەربىي پوتەيگە نەچچە قېتىم كۈچلۈك ھۇجۇم قىلغان باندىتلار ئارمىيىمىز تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، قېچىپ كەتتى.

2- لىيەن كوماندىرى جەڭچىلىرى ئاراتۈرۈكنى قوغداش يولىدىكى 2- جەڭنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، تىركەشمە جەڭ ۋەزىيىتى شەكىللەندى، لېكىن ئىستىھكامنى قوغداش ناھايىتى قىيىنغا توختىدى. 2- لىيەن ئاراتۈرۈكنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، باندىتلارنى تېز يوقىتىش ئۈچۈن، ئاراتۈرۈك بازىرىنى قاتتىق ساقلاش بىلەن بىرگە، باركۆل، قۇمۇلغا ئالاقىچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باندىتلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى.

شى، تۇەن رەھبەرلىرى ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان 2- لىيەنگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، شى شتابى ئۇلارنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، 4- ئاينىڭ 4- كۈنى 48- تۇەندىن تەشكىللەنگەن ياردەمچى قوشۇننى تاشۇۋېلىقتىن ئاراتۈرۈككە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ياردەمچى قوشۇن 4- ئاينىڭ 9- كۈنى ئاراتۈرۈكنىڭ 19 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى بۇرۇلغا كەلگەندە، ئەھۋالنى ئېنىق بىلمىگەنلىكتىن باندىتلارنىڭ يوشۇرۇن زەربە بېرىش دائىرىسىگە كىرىپ قالدى، ئۇلار جەڭ قىلغاچ چېكىندى، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن كۆپ مىقداردىكى قورال- ياراغ، ئوق- دورا باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەچكە، 2- لىيەننىڭ ئاراتۈرۈك بازىرىنى قوغدىشىغا زور قىيىنچىلىق تۇغۇلدى.

باندىتلار ئاراتۈرۈك بازىرىغا 3- قېتىم ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا، 2- لىيەننى ئۈچ قېتىم تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى پەش قىلىپ، 2- لىيەننى تېزراق قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. باندىتلارنىڭ پوپوزىسى 2- لىيەن كوماندىرى، جەڭچىلىرىنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى، جىداۋېيۈەن ۋاڭ پېگيۈ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ خەت ئېلىپ كەلگەن باندىتلارغا ھەققانىي سۆزلەر بىلەن: «كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيىمىز ئەزەلدىن دۈشمەنگە تەسلىم بولغان ئەمەس. ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغۇچە جەڭ قىلىمىزكى ھەرگىز تەسلىم بولمايمىز. ئاراتۈرۈك بىلەن ھايات- ماماتتا بىللە بولىمىز» دېدى.

5- ئاينىڭ 16- كۈنى، 600 چە باندىت ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن 3- قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، جەنۇبىي تاغدىكى پوتەينى مەھكەم ساقلاۋاتقان 7- بەندىكى توققۇز جەڭچىنىڭ ئالتىسى ئېغىر يارىلاندى، بىرى شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، مۇئاۋىن جىداۋېيۈەن لو جۇگلىن بىر مۇنچە يېرىنىڭ يارىلانغانلىقىغا قارىماي، ياڭ كىيىم بىلەن پوتەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شىمالدىكى قاپتالدا دۈشمەن بارلىقىنى بايقاپ، ئۇلارغا بىر گراناتا ئېتىپ، پوتەي ئىچىگە يېنىپ چۈشتى ۋە ئارقىدىن پىلىموتنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ، تۆت ئەتراپىدىكى باندىتلارنى ئوققا تۇتتى، ملتىق، گراناتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىستىھكامنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىپ، جەڭچى ليۇ دېيىگىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، دۈشمەن بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق مەردلەرچە جەڭ قىلىپ، بىر مۇنچە دۈشمەننى بىر

قەدەممۇ ئىلگىرىلەتكۈزمىدى؛ جەڭچى بەي لىيەنچېڭ باندىتلار ئاتقان گراناتنى سىرتقا تاشلىۋاتقاندا، گرانات پارتلاپ بەش بارمىقى ئۈزۈلۈپ كەتتى، سەپداشلىرى ئۇنىڭ قان ئېقىۋاتقان قولىنى تېڭىپ قويغاندا، ئۇ: «ھېچقىسى يوق، دۈشمەننى يوقىتىش مۇھىم!» دەپ، ئاغرىق ئازابىغا چىداپ دۈشمەنگە گرانات ئېتىپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ، باندىتلارنى چېكىندۈرۈپ، ئىستىھكامنى ساقلاپ قالدى.

4- ئاينىڭ ئاخىرىدا، باركۆلدىكى باندىت تازىلاش ھەرىكىتى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، شى قوماندانلىق شتابى 46- تۇمەننى دەرھال ئاراتۇرۇككە ئاتلىنىپ، باندىتلارنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ تاشلاشقا بۇيرۇدى، مىللىي ئارمىيە 40- تۇمەن 3- يىگىنىڭ يىگجاگى ئىسمائىلوۋ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىنى باشلاپ ئاراتۇرۇككە يۈرۈش قىلدى، ئاراتۇرۇككە ئاتلانغان ياردەمچى قوشۇندىكىلەر 2000 دىن ئاشاتتى.

5- ئاينىڭ 3- كۈنى سائەت 21 دە، ياردەمچى قوشۇننىڭ ئاساسلىق كۈچى قوۋۇق ئېغىزىدىن يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە باندىتلار بىلەن كۆپ قېتىم شىددەتلىك جەڭ قىلدى. 5- ئاينىڭ 7- كۈنى، ياردەمچى قوشۇن ئاربالىنى ئىگىلىدى، پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر، زەمبىرەك قىسمى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ تاغقا چىقتى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى بېكىتىلگەن ئورۇندا سىگنال بەرگەندىن كېيىن، قىسىم ئاراتۇرۇك بازىرىغا غەرب، جەنۇب ئىككى يۆنىلىشتىن تەڭلا ھۇجۇم قوزغىدى. بازارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان باندىتلار قىيا تاش ۋە تاملارنى دالدا قىلىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلاشتى. ياردەمچى قوشۇن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان 2- لىيەننىڭ جىداۋيۈەنى دەرھال ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى، ئوق ئاۋازى ئاراتۇرۇك بازىرىنى بىر ئالدى، ئاللاقاچان پالاكەت بولغان باندىتلار جەنۇب تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

5- ئاينىڭ 7- كۈنى چۈشتىن كېيىن، چوڭ قىسىم ئاراتۇرۇك بازىرىغا كىردى. 5- ئاينىڭ 9- كۈنى، 16- شىنىڭ 46- تۇمەنى ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ئاراتۇرۇكتە غەلىبىلىك ئۇچراشقانلىقىنى تەبرىكلەپ، ئاراتۇرۇك بازىرىدا ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر قاتناشقان غەلىبىنى تەبرىكلەش بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئاچتى. جۇن، شى رەھبەرلىرى، قوماندان ۋاڭ جېن، سىياسىي كومىسسار شۇ لىچىڭ 2- لىيەنگە «باتۇر، قەيسەر، قەتئىي، سالماق بولۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تايانچ پونكىتنى چىڭ ساقلىغان نەمۇنىچى لىيەن» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھە تەقدىم قىلدى.

5- ئاينىڭ 19- كۈنى، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي 2- لىيەننىڭ ئاراتۇرۇك بازىرىنى 40 كۈن ساقلىغانلىقىدەك قەھرىمانە ئىش- ئىزىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، مەزكۇر لىيەندىكى كوماندىر، جەڭچىلەردىن ھال سورىدى. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي كېيىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، 16- شى رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، 2- لىيەنگە «پولاتتەك قەھرىمان لىيەن» دەپ شەرەپلىك نام بېرىشنى قارار قىلدى.

4) ئوسمان، يولۋاس قالدۇق باندىتلىرىنى يوقىتىش

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرىنىڭ شىددەتلىك قورشاپ يوقىتىشى ئارقىسىدا، ئېغىر چىقىم تارتقان ئوسمان باندىت قالدۇق كۈچلىرىنى باشلاپ، كۆكتوقاي تېغىغا قېچىپ كەتتى.

5- ئاينىڭ باشلىرىدا، پولاتتەك 2- لىيەنىمىز ئاراتۇرۇك بازىرىنى ساقلاۋاتقان ئاخىرقى كۈنلەردە، يولۋاس باشچىلىقىدىكى باندىتلار نېرىنكىر، تاملىق ئەتراپىغا جايلىشىپ، باركۆلدىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇننىڭ يولىنى توسۇپ دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، نېرىنكىرنىڭ شىمالىدىكى تاغلىققا قېچىپ كەتتى، ھالاكەت يولىغا كىرىپ قالغان باندىتلار سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندىمۇ يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۆزلىرىگە گۆش، پۇل بېرىشكە مەجبۇرلاپ، ئاستىرتتىن ماددىي ئەشيا غەملەشكە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. يولۋاس باغداشنىڭ خەتەرلىك يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئازادلىق ئارمىيە

بىلەن قارشىلاشماقچى بولدى، 5- ئاينىڭ 31- كۈنى، ئارمىيىمىز ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 200 نەچچە باندىتنى يوقاتتى، قالدۇق باندىتلار تاغ كەينىگە قېچىپ كەتتى.

يولۋاس ماھداشتا قاتتىق زەربە يېگەندىن كېيىن، ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، باندىتلارنى تارقىتىۋېتىپ، 30 نەچچە قولچومىقىنى باشلاپ، كوندۇرۇ تېغىغا قېچىپ كەتتى.

7- ئاينىڭ 18- كۈنى، ماجۇاڭشەنگە قېچىپ بارغان يولۋاس قاتارلىقلار شىزاڭ ئارقىلىق چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشكە تەييارلاندى، تارسۇغا بارغاندا، ئوسمان بىلەن ئۇچرىشىپ، گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسىدىكى شياۋۋاخۇغا قېچىپ باردى. دۈشمەنگە ئېغىر قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرىمىز شياۋۋاخۇدا بىر كېچە- كۈندۈز جەڭ قىلىپ، باندىتلارنى چېكىندۈردى، يولۋاس بالا- چاقىسى، قولچوماقلىرى بولۇپ 20 نەچچە كىشىنى باشلاپ چىڭخەيگە قېچىپ كەتتى، ئارقىدىن شىزاڭغا باردى. خېخېدىن ئۆتۈۋاتقاندا، لياۋ يۈگچيۇ كېسەل بىلەن ئۆلدى. 1951- يىلىنىڭ بېشىدا، يولۋاس قاتارلىق ئالتە كىشى جۇڭگو – ھىندىستان چېگرىسىغا بېرىپ، ھىندىستان ئوفىتسېرىنى ئالتۇن بىلەن ماقۇل كەلتۈرۈپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ، باشتا يېگى دېھلىغا، ئارقىدىن جاكارتاغا باردى، ئاخىرى تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى.

ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلار ئەنشى ناھىيىسىدىكى شياۋۋاخۇدا ئارمىيىمىز تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭخەي بىلەن گەنسۇ چېگرىسىدىكى چىلانتاغنىڭ خەيزى رايونىغا قېچىپ كەتتى. ئوسمان باندىت 1951- يىلى ئارمىيىمىز تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلدى.

3. تەڭرىتاغ توپىلىڭىنى تىنچىتىش

1958- يىل 10 - ئاينىڭ 17- كۈنى سائەت 23 تە، ئېلى قۇربان باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق كۆچلەر قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدا توپىلاڭ كۆتۈردى، توپىلاڭغا 108 كىشى قاتناشتى، توپىلاڭنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئاساسلىق پىلانلىغۇچىلىرى 15 كىشى ئىدى.

بۇ توپىلاڭ پىلانلىق، قەدەم- باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار 9- ئاينىڭ 7- كۈنىدىن باشلاپ بەش قېتىم مەخپىي يىغىن ئاچتى. مەخپىي يىغىندا، ئېلى قۇربان: «جياڭ جيېشى چوڭ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم باشلىدى، 3- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا تۇرماقتا»، «كوممۇنىستىك پارتىيە ئادەملىرىمىزنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، باللارنى ئاتا- ئانا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن ئايرىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلار مەڭگۈ يۈز كۆرۈشەلمەيدۇ»، «كوممۇنىستىك پارتىيە دىنىمىزنى يوقىتىۋېتىدۇ» دەپ ئۇسەك سۆز تارقىتىپ، ئاممىنى توپىلاڭغا قاتنىشىشقا قۇتراتتى. 10- ئاينىڭ 17- كۈنى سائەت 23 تە، ئېلى قۇربان قاتارلىق كىشىلەر قوراي (رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي) نېرىن، تۆرۈك قاتارلىق جايلاردا رايون، يېزا، كەنت كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، ئاكتىپلاردىن 28 كىشىنى نەزەربەنت قىلىپ، رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە بانكا تىجارەت پونكىتىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ، سەككىز مىلتىق، بىر ئۇۋ مىلتىقى، بىر تاپانچا، بىر قىلىچ، بەش گراناتا، 300 نەچچە پاي ئوق، 60 ئاتنى بۇلاپ كەتتى، تۆت ئورۇندىكى تېلېفون سىمىنى كېسىۋېتىپ، رايون ۋە يېزىلارنىڭ ناھىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. 10- ئاينىڭ 8- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 دە، توپىلاڭچىلار يەنە ئېدىر (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتى تۇرۇشلۇق يەر) گە سۇقۇنۇپ كىرىپ، جىنايەتچىلەرگە قاراۋاتقان خەلق ساقچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۆز توپىنى زورايتماقچى بولدى. خەلق ساقچىلىرى ئەترەتنىڭ باشلىقى لىۋ بىگجىن توپىلاڭچىلارنى پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتتى، توپىلاڭچىلار ئالاقزادە بولۇپ، تۆرۈكنىڭ شىمالىدىكى تاغلىققا قېچىپ كەتتى. 10- ئاينىڭ 19- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، توپىلاڭچىلار يۇقىرىقى ئېدىردىكى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ، يەرلىك ئاممىغا ھە دەپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە ئېدىرنى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان تايانچ بازىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

10- ئاينىڭ 18- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، نىرىندىن قېچىپ چىققان پەيزۇللا قاتارلىق بەش كىشى قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكومغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم دەرھال توپىلاڭچىلارنى تازىلاش قوماندانلىق شتابى قۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى جاڭ جياشۇ، ۋېي خاۋ، چىن ياۋجۇڭ پىيادە ئەسكەرلەر 11- ئوتتىدىكى ليۇ تۈەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايوندىكى فېڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق بەش كىشىدىن تەشكىللەنگەن قۇمۇل توپىلاڭچىلارنى تازىلاش قوماندانلىق شتابى 30 نەچچە يەرلىك كادىر، 35 قوراللىق خىزمەت خادىمى ۋە خەلق ئەسكىرى، ئاتلىق ئەسكەرلەر 1- ليەنىنىڭ بىر پەيى (10- ئاينىڭ 22- كۈنى بۇ ليەنگە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن يەنە ئىككى پەي سەپلەپ بېرىلدى)، ئاتلىق ئەسكەرلەر 2- ليەنىنىڭ ئالتە بەنى، پىيادە ئەسكەرلەر 11- تۈەنىنىڭ ئالتە بەنىنى تۆۋەن ئېدىر، قوۋۇق ئېغىزى، كۆشۆتى، ئاراتۇرۇك، خوتۇنتام قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتتى. 10- ئاينىڭ 20- كۈنى، ۋېي خاۋ، ليۇ تۈەنجاڭ قورايدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇردى. ۋېي خاۋ بىر قىسىم يەرلىك كادىرلارنى باشلاپ، ھەر قايسى يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىللىگەن مەخپىي ھاكىم باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىمۇ تاغ ئارىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇلار يەرلىك ئاما ۋە توپىلاڭچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 10 نەچچە كىشىنى قىسىم، خەلق ئەسكەرلىرى، قوراللىق خىزمەت ئەترىتىگە ماسلىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى، «سىياسىي يول ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس، ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىشنى قوشۇمچە قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، توپىلاڭچىلارنى ئەسكىرىي كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، رايون- دائىرىگە بۆلۈپ يوقىتىشقا ئاتلاندى. ھەر مىللەت ئاممىسى قەھرىتان سوغۇق، ئۇزاق يولغا پىسەنت قىلماي، قىسىمغا يول باشلاپ، توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا پائال ماسلاشتى. 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، جەنۇبىي يۈنىلىشتىكى توپىلاڭچىلارنى تازىلاش شۆبە ئەترىتىمىز تۆۋەن ئېدىردىن تۆرۈككە يۈرۈش قىلدى، ئاما ئۇلارغا توپىلاڭچىلارنىڭ يەنىلا ئېدىردا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. شۆبە ھەربىي رايوندىكى بۆلۈم باشلىقى ۋۇ جىربىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 1- ليەنىنىڭ بىر پەيىنى يېتەكلەپ، كېچىلەپ يۇقىرىقى ئېدىرغا ئاتلىنىپ، ئەتىسى سائەت بىردە توپىلاڭچىلارنى ئېدىردا مۇھاسىرىگە ئالدى، خەت يېزىپ ۋە ۋەكىل ئەۋەتىپ سىياسىي يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى چىقمىغاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلار بىلەن بەش مىنۇت شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، بىر توپىلاڭچى بىلەن توپىلاڭچىلارنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئاتامانىنى ئېتىپ تاشلاپ، 10 توپىلاڭچىنى ئەسىر ئالدى، ئۈچ مىلتىق، بىر ئوۋ مىلتىقى، 74 پاي ھەر خىل ئوق، بىر قىلىچ، 17 ئات، 10 جۇۋا، بىر تېلېفوننى ئولجا ئالدى. لېكىن شىمالىي يۆنىلىشتىكى شۆبە ئەترەت بېكىتىلگەن ئورۇنغا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن، توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى ئېلى قۇربانىنى قاچۇرۇپ قويدى.

10- ئاينىڭ 23- كۈنى، ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى جاڭ جياشۇ، شۆبە ھەربىي رايوندىكى فېڭ زۇۋۇ قاتارلىق رەھبەرلەر توپىلاڭچىلارنى تازىلاش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىپ، «قورشاپ يوقىتىش ۋە سىياسىي يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، قورشاپ يوقىتىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇھىم جايلارنى چىڭ ساقلاپ ئاختۇرغاندىن سىرت، كەڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىسىملارنى ئاساس قىلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى، توپىلاڭچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى توپىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن تاغقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. سىياسىي ھۇجۇمغا ماسلىشىش، توپىلاڭچىلارغا ئۆزىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى بەرمەسلىك ئۈچۈن، توپىلاڭچىلارنى يوقاتقۇچى قىسىملار كۆپ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، توسۇپ زەربە بېرىش، مۇھاسىرىگە ئېلىش، قورشاپ يوقىتىش، رازۋېدكا قىلىش، تاغ ئاختۇرۇش قاتارلىق بەش جەھەتتىن سىياسىي يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئېلى قۇربان باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يېتىم قالدۇردى ۋە ئۇلارغا زەربە بەردى.

ھەربىي زەربىگە ئۇچرىغان توپىلاڭچىلار قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، ئارمىيىمىز مۇھىم قاتناش يوللىرىنى قاتتىق قامال قىلغانلىقتىن، ئورۇق- تۈلۈكى تۈگىگەن سەككىز توپىلاڭچى ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. 10- ئاينىڭ 28- كۈنى، توپىلاڭچىلار بىر قازاق چارۋىچى ئارقىلىق ئارمىيىمىزگە تۆت مىلتىق، 121 پاي ئوق، بىر قىلىچ، ئىككى دۇربۇن، سەككىز ئات تاپشۇردى، لېكىن ئۆزى كېلىپ تەسلىم بولمىدى. 10- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە، توپىلاڭچىلارنى يوقاتقۇچى قىسىملار، يەرلىك كادىرلار ۋە ئاممىا بۇ توپىلاڭچىلارنى قولغا چۈشۈردى. بۇ قېتىمقى توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش ھەرىكىتى داۋامىدا، جەمئىي 20 نەچچە توپىلاڭچى ئېتىپ تاشلاندى، يارىلاندۇرۇلدى، ئەسىرگە چۈشتى، تەسلىم بولدى، توپىلاڭچىلار ئۆزىگە مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈۋالغان 50 نەچچە كىشى قۇتقۇزۇۋېلىندى، 10 مىلتىق- تاپانچا، 198 پاي ئوق، 79 ئات، ئىككى قىلىچ، بىر تېلېفون، ئىككى دۇربۇن، 10 جۇۋا، 600 نەچچە يۇڭ ئولجا ئېلىندى. ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ 43 كاتتىۋېشى ۋە تاياپچىسى قولغا ئېلىندى. بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ 11كۈنلۈك جەڭ ئارقىلىق بېسىقتۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدالدى.

توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم 25 نەپەر رايون، يېزا كادىرىنى ھالدا تەگرىتاغنىڭ ئۈچ يېزىسىغا ئەۋەتىپ، ئاممىغا سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلدى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى.

# مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشى

## يىگىرمە ئالتىنچى قىسىم

# مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

كونا جەمئىيەتتە، قۇمۇل رايونىدا خورلاپاتلىق، زەھەر سېتىش، زەھەر چېكىش، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ئىشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆزنىدىن كۆنگە ياخشىلاندى. ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.

1950- يىللاردا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى، «يادرو قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى»، ئامېرىكا بىلەن جياڭ جيېشى «ئورتاق مۇداپىئە كېلىشىم شەرتنامىسى» نى ئۆزگەرتىلىكىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىدىيىسى كۈچەيتىلدى. يېزىلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسىنى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى ئۆستۈرۈلدى.

1960- يىللاردا، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىقى لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىك، باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەش» تىن ئىبارەت كوممۇنىستىك روھ مەركەز قىلىنىپ، لېي فېڭ، ۋاڭ جيې، ئوۋ ياڭخەي، ليۇ يىڭجۇن ۋە جاۋ يۈلۇ قاتارلىق قەھرىمان نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىلدى. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن چاقىرىقى بىلەن ئاممىۋى پائالىيەتلەر داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، «باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش» شۇ چاغدىكى ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بولۇپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، بۇ ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولماي قالدى.

1978- يىل ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم «ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى» نى بىرلىكتە تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى. 1982- يىل 3- ئاي مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى بولۇپ، ۋىلايەتتە «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» بولۇشنى تۈزەش نۇقتىلىق تۇتۇلدى. قۇمۇل شەھىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تۆت «ئىنتىپاق ئەزالىرى تازىلىق رايونى»، سەككىز «پېشىۋالار تازىلىق رايونى» قۇرۇلدى. تۆت قاتناش نازارەتچىلىك ئورنى قۇرۇلۇپ، قاتناش ساقچىلىرىنىڭ قاتناش قائىدىسىنى تەشۋىق قىلىشىغا ھەمكارلىشىلدى. ھەرقايسى ئورۇنلار زېيچ ماسلىشىپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر رايونىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى.

1984- يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇمۇل ۋىلايەتلىك «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» (مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، پاكىزە بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش؛ قەلبى گۈزەل، سۆزى

گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولۇش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سۆيۈش) كومىتېتى قۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە 3- قېتىملىق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنى ياخشى تۇتتى. مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيىنىڭ ھەر يەكشەنبە كۈنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پائالىيىتى تەشۋىقات ئەترەتلىرى كوچىلارغا چىقتى. نۇرغۇن يەككە تىجارەتچىلەرمۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ ئاساستا، ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتلىك پارتكومدا مەنىۋى بولغىنىشنى تۈگىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، سېرىق مەزمۇندىكى ئۈن- سىن پلاستىنكىلىرى، كىتاب- ژۇرناللار تازىلاندى. نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى زور كۆچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، مەنىۋى بۇلغىنىشلار توسۇلۇپ، ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

1985- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى، ھاۋا ئارمىيىسى 8- ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، 13 مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك ئىلغار ئورۇننى، 51 ئىلغار شەخسنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 10 ئىلغار ئورۇننى، 35 ئىلغار شەخسنى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئورتاق بەرپا قىلىشتىكى 11 ئىلغار ئورۇننى، 20 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. يىغىندىن كېيىن، پۈتكۈل جەمئىيەتتە مەنىۋى مەدەنىيلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان قويۇق كەيپىيات شەكىللىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. نۇرغۇن زاۋۇتلاردا «زاۋۇتلارنىڭ قائىدە- بەلگىلىمىلىرى»، يېزىلاردا «يېزا قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى»، مەكتەپلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا «مەدەنىيلىك بولۇش قائىدىلىرى» تۈزۈلدى، ئاما ئۆز- ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىدىغان، ئۆز- ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان، ئۆز- ئۆزىنى باشقۇرىدىغان ياخشى ئۇسۇلغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.

1987- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك 2- قېتىملىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا قاتناش ترانسپورت شىركىتىنىڭ يولۇچى توشۇش پونكىتى، ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى ۋە ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق ۋىلايەت دەرىجىلىك 66 مەدەنىيەتلىك ئورۇن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە 31 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 99 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. ۋىلايەتلىك پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارنى ئەستايىدىل تۈگىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنى 1990- يىلى مەدەنىيەتلىك ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىكى نىشان ۋە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى بىر قەدەر ئاڭلىق تۇتتى. شۇ يىلى كۈزدە، شىنجاڭدىكى 16 شەھەر بويىچە «ئۈچتە ئەلا، بىردىن تۈگىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋىلايەت، شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال قاتنىشىپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «ئۈدا تۆت يىل (1987 – 1990 ) بىرىنچىلىك» كە ئېرىشتى. بۇ ۋىلايەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 1988- يىلى، ۋىلايەتلىك «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» كومىتېتى ئىشخانىسى، 1987- يىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام ئالغان ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق 27 ئورۇننى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگان پارتكومى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنى، ۋىلايەتلىك مېھمانخانا قاتارلىق 36 ئورۇنغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام بەردى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەتتىكى 62% تىن ئارتۇق ئورۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنىچى،

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئۇرۇن بولدى.

# I باب

# قۇمۇل روھى

1987- يىل 7- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ داۋانچىڭدىن تۇرپانغىچە بولغان بۆلىكى كۈچلۈك كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ، كۆپ جايلىرى بۇزۇلۇپ كېتىپ، يەتتە يولۇچىلار پويىزى قۇمۇلدا 120 نەچچە سائەت توختاپ قالدى، 12 مىڭدىن ئارتۇق يولۇچى تۇرۇپ قالغانلىقتىن، بۇ كىچىك شەھەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى دەرھال جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، يەرلىك، تۆمۈريول، قىسىم، بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇمۇل خەلقى زىچ ھەمكارلىشىپ، «بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش» تىن ئىبارەت كوممۇنىستىك ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ شەھەر خەلقنى ئەقىل- پاراسەت كۆرسىتىش، كۈچ چىقىرىشقا رەھبەرلىكى بولغان ھالدا تەشكىللىك، تەرتىپلىك سەپەرۋەر قىلىپ، تۇرۇپ قالغان يولۇچىلارنىڭ غەم- ئەندىشىسىنى خالاس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىن يىراق بولغان چوڭ غەربىي شىمال رايونىغا جايلاشقان قۇمۇلدىكى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىر ئائىلىدەك ئىناقلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. بۇ بەش كېچە- كۈندۈزدە، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى قىزغىن مېھىر- شەپقىتى ۋە مۇھەببىتى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىيات ئىپادىلەنگەن مەدھىيە ناخشىسىنى يېزىپ چىقتى.

1 . قۇمۇلدىكى 100 مىڭلىغان خەلق بىر مەيدان ئالاھىدە جەڭگە ئاتلاندى

قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى پەقەت 300 لا يولۇچى سىغدۇرالايدىغان كىچىك ئىستانسا، قۇمۇل شەھەر رايونىدا ئاران 100 مىڭ نوپۇس بار. 12 مىڭدىن ئارتۇق يولۇچى بۇ يەردە تاسادىپىي تۇرۇپ قالغانلىقتىن، 40℃ لۇق تومۇز ئىسسىقتا قونالغۇ، يېمەك- ئىچمەكتىن ئورغۇن قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، قۇمۇلدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر مىللەت قۇمۇل خەلقى تۇرۇپ قالغان يولۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىنچىلىقىدىن قورقۇپ قالمىدى. قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پارتكومى 7- ئاينىڭ 28- كۈنى سەھەر سائەت ئالتىدىن 37 مىنۇت ئۆتكەندە تۇرۇپ قالغان يولۇچىلار پويىزى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنىلا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، جىددىي يىغىن ئېچىپ، ۋاقىتلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇردى. ئاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم باشچىلىقىدا تۆمۈريول، شۆبە ھەربىي رايونى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار قاتناشقان ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كېچىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىددىي سەپەرۋەر قىلدى.

بۇ قىسقىغىنا بەش كېچە- كۈندۈز ئىچىدە، تۇرۇپ قالغان يولۇچىلارغا ئۆزلۈكىدىن مۇلازىمەت قىلغان ھەر مىللەت ئامىسى 60 مىڭ (قېتىم) غا يەتتى. ئامما ئۆزلۈك پىششىق يېمەكلىكلەر بىلەن تۇرۇپ قالغان يولۇچىلارنى ھەقسىز

تەمىنلىدى (بۇنى ئاشلىققا سۇندۇرغاندا 25 مىڭ كىلوگرام ئاشلىققا توغرا كېلىدۇ)، تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى ئائىلىلىكلەرلا 1000 چېلەكتىن ئارتۇق شوۋىگۈرۈچ، سۈيۇقئاش، 7000 دىن ئارتۇق هورنان، مانتا، پوشكال ۋە پۇرە، قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ بەردى، نۇرغۇن قوغۇن-تاۋۇز ۋە ھەر خىل ئىچىملىكلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر مىللەت ئاممىسى يەنە يېنىدا پۇلى قالمىغان يولۇچىلارغا 6500 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاتىدى،... بۇ مەزگىلدە قۇمۇل شەھەر رايونىدا بىرەرمۇ ئامانلىق دېلوسى كۆرۈلمىدى. يولۇچىلار ئارىسىدا يارىلىنىش، ئۆلۈشتەك ۋەقە يۈز بەرمىدى.

## 2. قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبى قۇمۇل قوغۇنىدىنمۇ تاتلىق

يېڭىشەھەر رايونى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى تاڭ جۇنيىڭ ئانا يولۇچىلارنىڭ تۇرۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياشىنىپ قالغان بىر نەچچە ھەدە-سىڭىللىرى بىلەن بىرگە چاي، شوۋىگۈرۈچ ۋە پوشكاللارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ پويىزغا چىقىش سۇپىسىدا بىر مومايىنىڭ قاتتىق قەغەز ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى سىيرىلغان ھالدا ئۇ مومايىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشقا ئۇندىدى. ئۇ موماي ئۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ناتونۇش ئاق كۆڭۈل كىشىنى ئاۋارە قىلماي دەپ، تاڭ جۇنيىڭ ئانىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئۇنىمىدى. تاڭ جۇنيىڭ ئانا پويىزغا چىقىش سۇپىسىدا يەنە بىر قىزنى كۆرۈپ، ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلمايلا ئۇ قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئاپاردى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ پويىزغا چىقىش سۇپىسىدا ياتقان ھېلىقى مومايدىن خاتىرجەم بولالماي، 2-قېتىم پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، ئۇ مومايغا سەممىيلىك بىلەن «ھەدە، سىز بۇ يەردە ياتسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈم بىئارام بولىدىكەن، ئۆيگە بارايلى، بولامدۇ؟!» دېگەندىن كېيىن، ئۇ موماي تەسىرلىنىپ ئۆيىگە باردى. تاڭ ئانىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ھېلىقى موماي ۋە قىزغا چاي قۇيۇپ، قوغۇن تىلىپ بېرىپ، ئاندىن كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلدى. كەچلىك تاماقتا ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى قىز ئارسالدى بولۇپ، چوكىسىنىمۇ قولىغا ئالمىدى. باشقىلار ئۇ قىزدىن ئىنچىكىلەپ سوراش ئارقىلىق ئۇ قىزنىڭ خۇيزۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى. تاڭ ئانا دەرھال ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئالدىراپ-تېنەپ بارلىق قاچا-قۇمۇچلارنى شۇلتا سۇيىدە يۇيۇپ، ئۇ قىزغا قايتا تاماق تەييارلاپ بەردى.

رۇقىيەم ئىنتايىن ئىچ كۆيەر ئايال بولۇپ، شۇ چاغدا يولۇچىلارغا شىنجاڭنىڭ سۈيۇقئېشىنى ئېتىپ بەرمەكچى بولىدۇ. لېكىن رۇقىيەمنىڭ ئۆيى پويىز ئىستانسىسىدىن خېلى يىراق بولغاچقا، تاماقنى ئاپارغىچىلا سوۋۇپ قالاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئەقىل ئىشلىتىپ ئاشلىق دۇكىنىدىن بىر خالتا ئۇن، يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىدىن يۇقىرى باھادا قوي گۆشى سېتىۋالدۇ-دە، پويىز ئىستانسىسىغا يېقىن ئەتراپتىكى مىللىي تاماقخانىغا ئاپىرىپ، پىششىقلاش ھەققىنى تۆلەپ بىر قازان سۈيۇقئاشنى پىشۇرۇپ يولۇچىلارغا ئاپىرىدۇ.

ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇتىدىن دىم ئېلىشقا چىققان 69 ياشلىق كادىر لى يۈسەي يولۇچىلارنىڭ تۇرۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىچى تىت-تىت بولۇپ، بىر كېچە كىرپىك قاقمايدۇ. تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئۇ ئۆيىدىكى يۇرتىدىن ئەۋەتكەن بىر خالتا ماشنى ئىزدەپ تېپىپ قاينىتىپ، ئىككى چېلەككە قاچىلاپ، يەنە 100 نەچچە هورنان سېتىۋېلىپ ئوغلىغا كۆتەرتىپ، 3-4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىدۇ.

ۋىلايەتلىك قاتناش ترانسپورت شىركىتىنىڭ شوپۇرى ئابدۇلنىڭ ئايالى مەريەم قۇمۇل شەھىرىدىن يىراق تاغلىق رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە يازلىق تەتىل قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن، مەريەم يولۇچىلارنىڭ تۇرۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال بىر دەستە ناننى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ، خىزمەتچى خادىملار ئارقىلىق يولۇچىلارغا بېرىدۇ.

ئەسكەرلەرنى تەمىنلەش پونكىتى نەچچە يۈز يولۇچىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى پاراۋانلىق تەمىنات شىركىتىدىكى يەتتە گاس-گاچا بىر نەچچە كۈندىن بۇيان يولۇچىلار ئۈچۈن تاماق قىلىش بىلەن

ئالدىراش بولۇپ كەتتى. گاس- گاچا قىز لى چۇڭ نەچچە ئايلىق بولغان بىر بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئېتىكىدە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان مەيرۇ جىڭ ۋە سۈت پاراشوكى سېتىۋېلىپ، بالىنىڭ ئانىسىغا بېرىدۇ. پانەمخان يولدىشى گاس- گاچا بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلەرنى تەمىنلەش پونكىتىدا يولۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ ئالدىراشچىلىقتا ئۆيىگە قايتمايدۇ. پانەمخان يولۇچىلارنىڭ تۇرۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئەسكەرلەرنى تەمىنلەش پونكىتىغا بېرىپ ياردەملىشىدۇ. ئۆيى يىراق، يەنە كېلىپ ئەسكەرلەرنى تەمىنلەش پونكىتىدىكى تاماقخانا مۇسۇلمانچە بولمىغاچقا، پانەمخان ئەر- ئايال ئىككىيلەن تاماق يېيەلمەيدۇ. باشقىلار ئۇلارغا مۇسۇلمانچە تاماق ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندا پانەمخان: «بۇ يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئاتا- ئانىمىز، قېرىنداشلىرىمىزدەك كىشىلەر، ئۇلار قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا بىز ياردەم قىلماي كىم ياردەم قىلىدۇ؟ بىز بىرەر ۋاخلىق تاماقنى يېمىسەك ھېچقىسى يوق» دەيدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ بەش كېچە- كۈندۈز تۇرۇپ قالغان يولۇچىلارغا مېھىر- مۇھەببەت، ئىللىقلىق يەتكۈزگەنلەر بۇ بىر نەچچە كىشىلا ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر، بۇنداق ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان ياشانغان كىشىلەردىن تارتىپ گاللىتۇك تاقىغان ئۆسمۈر باللارغىچە، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىرىدىن تارتىپ شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانلىرىغىچە، ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن تارتىپ ئائىلە ئاۋابىئاتلىرىغىچە بولغان قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولۇچىلار ئۈچۈن چوڭقۇر مېھىر- مۇھەببەت باغلاپ، خالىس تۆھپە قوشتى.

3. پۇل بۇ يەردە سېھرىي كۈچىنى يوقاتتى

يەككە تىجارەتچى ۋاڭ ئەيجۇننىڭ ئائىلىسىدىكى تۆت جاندىن ئىككى بالىسى ئىش كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئارانلا ئىدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ «جەنۇبىي تاماقخانىسى» نى ئېچىپ ئاستا- ئاستا بېيىشقا باشلىدى. ئۇ پويىز ئىستانسىسىدا تۇرغۇن يولۇچىلارنىڭ تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن ھامان تاماقخانىسىنى تاقاپ پويىز ئىستانسىسىدا ۋاقىتلىق ئوچاق ياساپ يولۇچىلارنى تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. نەنجىڭدىن كەلگەن بىر يولۇچى بۇ ئىشقا ئىشەنمەي ئۆزى بېرىپ ۋاڭ ئەيجۇننىڭ ئالدىراش كۆكتات تازىلاپ، يۇيۇپ، گۆش توغراپ، تاماق قىلىۋاتقانلىقىنى ھەم قىلغان تاماقلارنى بىر تېيىنمۇ ئالماي ئەتراپىدىكى يولۇچىلارغا تەخسە- تەخسە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، بۇ ئىش ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ. نەنجىڭلىك بۇ يولۇچى بۇ ئىشقا ئىشەنمىيلا قالماي، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىگە بىر پارچە رەھمەت خېتى قالدۇرىدۇ، ئۇ خېتىدە: «كىممۇ يەككە تىجارەتچى پۇل تېپىشنىلا بىلىدۇ دېيەلەيدۇ؟ مەن ۋاڭ ئەيجۇدىن بىر خىل يېڭىچە روھنى كۆردۈم...» دەيدۇ.

تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى جېڭ خۇڭشيىڭنىڭ ئىككى قىزى يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودىسى خېلى ياخشى ئىدى. بىر كۈنى كەچتە جېڭ خۇڭشيىڭ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن قىزلىرىغا يولۇچىلارنىڭ تۇرۇپ قالغانلىق ئىشىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ھەدە- سىڭىل بىرلىشىپ، بىر ھارۋا پېچىنە- پىرەنىكنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ، ياشانغانلار ۋە باللارغا بېرىدۇ.

شۇنداق، بۇ بەش كېچە- كۈندۈزدە پۇل ئالدىدا تەۋرەنمەي سېخىيلىق قىلغانلار ۋاڭ ئەيجۇ ۋە جېڭ خۇڭشيىڭنىڭ ئىككى قىزىلا ئەمەس. مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ بىر نەچچە كۈندە يولۇچىلار ئۈچۈن باھاسىنى 20% - 50% كېچە چۈشۈرگەن ياكى ھەقسىز مۇلازىمەت قىلغان يەككە مېھمانخانا، تاماقخانىلار 50 نەچچىدىن ئاشقان. ئۈنگدىن باشقا مىڭلىغان كىشىلەر ياشانغانلار ئۈچۈن ئىشانە تويلاپ پۇل بەرگەن. ياشلارنىڭ بىلەت سېتىۋېلىشى ئۈچۈن ياردەملەشكەن، باللار ئۈچۈن يېمەكلىك ئېلىپ بەرگەن...

4. «ياشىسۇن قۇمۇل روھى»

قۇمۇل خەلقىنىڭ مېھىر- شەپقىتى ۋە مۇھەببىتى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان يولۇچىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇقۇغۇچىلار

مەربكتىكە قاتناشقان جىجىباگلىق ئىككى ئوقۇغۇچى جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارمۇ قۇمۇلدا تۇرۇپ قالدى. دەسلەپتە ئۇلار تۆمۈريولنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئاپەتتىن بولماي بيۇروكراتلىقتىن بولغان دەپ غۇدۇڭشۇپ يۈرگەن. لېكىن ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇلار قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مېھرـ شەپقىتى ۋە مۇھەببىتىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇلار قۇمۇل خەلقىگە قالدۇرغان رەھمەت خېتىدە: «بىز بالدۇر سوتسىيالىزمنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىلا كۆرۈپ، سوتسىيالىزمدا ئۇرغۇن مەسىلىلەر بار دەپ قارىغانىدۇق، بۇ يەردە سوتسىيالىزمنىڭ ياخشىلىقىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق، ئەگەر سىلەر بىزنى ئوقۇغۇچىلار مەربكتىكە قاتناشقان دەپ يامان كۆرمىسەڭلەرلا، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىز چوقۇم قۇمۇلغا كېلىمىز» دەپ يازغان.

تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شاۋ ۋۇ رەھمەت خېتىدە: «بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان كۈندە ئۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل، سەخىيەتسىز ئاددىي خەلق ئامىسىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ياخشى ئۆگىنىشىم كېرەكلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم» دەپ يازىدۇ.

شىئەن تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شاۋ شاۋ رەھمەت خېتىدە: «غەربىي قىسىمغا بارىدىغان پويىزغا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، دېرىزىدىن بىپايان كەتكەن چۆللۈكنى، ئۇرغۇنلىغان قاقاس تاغلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم سوۋۇپلا قالغانىدى. بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بىر نەچچە كۈندە كۆڭلۈم قايتىدىن ئىللىشقا باشلىدى» دەپ يازغان.

بۇ بىر قانچە ستۇدېنت قۇمۇلدا ئۆزئارا تونۇشۇپ بىر يەرگە جەم بولغان، ئۇلار قۇمۇلدىن ئايرىلىش ئالدىدا تولۇپـ تاشقان ھېسسىيات بىلەن بىر پارچە رەھمەت خېتى ۋە «ياشىسۇن قۇمۇل خەلقى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىنى پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويغان.

ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن بىر كادىر قۇمۇلدىن ئايرىلىش ئالدىدا قالدۇرغان رەھمەت خېتىدە: «چوڭ ئانا يەرگەن ئىسسىق شورىگورۇچنى ئىچىپ، مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى يېگىنىمدە، ئەسلا ياش تۆكۈپ باقمىغان مەندەك بىر ئەر كىشىدىنمۇ ئىختىيارسىز تەشەككۈر ياشلىرى تۆكۈلدى، بۇ بىر نەچچە كۈندىكى ئىشلار ئارقىلىق، بىر قېتىم جانلىق سوتسىيالىزم تەربىيىسى دەرسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم، ئەنە ئاشۇ لەپىلدەپ تۇرغان دۆلەت بايرىقى مەن ئۈچۈن نېمىدېگەن يېقىملىقـ ھە؟...» دەپ يازغان.

ئۇرغۇنلىغان يولۇچىلار ئۆز خېتىدە: قۇمۇل خەلقىنىڭ يولۇچىلار ئۈچۈن قىرغىن مۇلازىمەت قىلغانلىقى، ئۆزلىرىگە جانلىق، ئەمەلىي، ھەقىقىي، ياخشى، گۈزەللىك دەرسىنى ئۆتكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىيلەن سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقى، يېزىلغان.

ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كېلىپ تۇرۇپ قالغان چەت ئەللىك يولۇچىلارمۇ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئۇلار كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە بۇنداق تەسىرلىك ئىشلارنىڭ بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس، دەيدۇ. بىر ياپونىيىلىك مېھمان بۇ ئىشلاردىن ئۇلۇغ جۇڭگونى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۇ خېتىدە: «مەن جۇڭگولۇقلارنى ياخشى كۆرۈمەن»ـ دەپ يازغان.

يولۇچىلار 200 پارچىدىن ئارتۇق رەھمەت خېتى ۋە مەدھىيە خېتى قالدۇرغان.

8ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى، تۇرۇپ قالغان يولۇچىلار بىلەن لىق تولغان تۇنجى قېتىملىق پويىز قوزغىلىش ئالدىدا ۋاگونلارنىڭ سىرتىغا «ياشىسۇن قۇمۇل روھى»، «ياشىسۇن قۇمۇل خەلقى» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىلار چاپلانغان بولۇپ، پويىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئېقىپ، بىرـ بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى.

مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 76 ياشلىق لىۋ جىڭفەنمۇ تۇرۇپ قالغان 10 مىڭ يولۇچىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ قۇمۇلدىن ئايرىلىش ئالدىدا «خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەرنى خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ»

دېگەن تەسىرلىك سۆزنى قالدۇردى.

قۇمۇل خەلقى يارانقان «قۇمۇل روھى» — خالىس تۆھپە قوشۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش روھىدىن ئىبارەت. ئۇ دۆلىتىمىزدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ۋارىسى، لېي فېڭ روھىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى روھىنىڭ جانلىق گەۋدىلىنىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى.

قۇمۇل خەلقىنىڭ تۇرۇپ قالغان يولۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان تەسىرلىك ئىش- ئىزلىرى ۋە ئىلغار ئىدىيىسى كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت يېتىلدۈرۈشتىكى جانلىق ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ھەر قايسى جايلاردىكى ئاخباراتچىلار، يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار قۇمۇلغا ئارقا- ئارقىدىن كېلىپ، قۇمۇلنى زىيارەت قىلدى ۋە تورمۇش تۈگەندى. «خەلق گېزىتى» نىڭ «چەت ئەلگە قارىتىلغان بېتى»، «ئىشچىلار گېزىتى»، «نۇر گېزىتى»، «جۇڭگو ياشلار گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق 14 گېزىت، رادىئو ئىستانسىسى ۋە ژۇرناللاردا قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرۇپ قالغان يولۇچىلار ئۈچۈن جان- دىل بىلەن مۇلازىمەت قىلىشتەك يۈكسەك پەزىلىتى ۋە خالىس تۆھپە قوشۇش روھى تونۇشتۇرۇلدى. «قۇمۇل روھى» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى- سىرتىدا كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى!

1992- يىل 6- ئاينىڭ 19- كۈنى، ئۇدا ياغقان قاتتىق يامغۇردا كەلكۈن بوگۈردىكى تاشيول كۆۋرۈكى ۋە تۆمۈريول ئۇلىنى بۇزۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى ۋە لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. كېلىۋاتقان، قاتناۋاتقان يەتتە پويىز ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، قۇمۇلغا كەلگەندە 10 مىڭدەك يولۇچى تۇرۇپ قالدى. 19- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە ۋىلايەتتە خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل روھى جارى قىلدۇرۇلۇپ، 12 كۈتۈۋېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، 200 نەچچە خالىس مۇلازىمەت قىلىش ئەترىتى تەشكىللىنىپ، يولۇچىلارنى سۇ، تاماق، دورا بىلەن تەمىنلىدى، 2500 يولۇچى ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ قويۇلدى. 23- كۈنى تاڭ سەھەر سائەت ئالتىدە قۇمۇلدا ئۈچ كېچە- كۈندۈز تۇرۇپ قالغان يولۇچىلار يولغا سېلىندى. ھەممە يولۇچى تاماق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن تەمىنلەندى.

# II باب

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى

قۇمۇل بوستانلىقى، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئۇزۇندىن بۇيان بۇ بوستانلىقتا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق 26 مىللەت ياشاپ كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى قۇمۇل بوستانلىقىنى ئورتاق ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش جەريانىدا چوڭقۇر مۇھەببەت ئورنىتىپ، كۈچلۈك ئۇيۇشۇش كۈچىنى شەكىللەندۈردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە ھۆرمەت

قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلدى. ھەر مىللەت ئارىسىدا ئورنىتىلغان قېرىنداشلارچە چوڭقۇر مېھىر- مۇھەببەت كۆپ قېتىملىق قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى بارغانسېرى پۈرەكلەپ ئېچىلىپ، نۇرغۇن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. 1982- يىل 10- ئايدا ئېچىلغان ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا 55 ئىلغار كوللېكتىپ، 126 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. 1987- يىل 3- ئايدا ۋىلايەت چاقىرغان 2- قېتىملىق ۋىلايەتلىك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا سەككىز ئورۇنغا ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، 97 كىشىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلدى. 1989- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنىچىلارغا نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ، قۇمۇل شەھىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنە شەھەر دەپ نام بەردى. قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە يامانسۇ كانىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن دەپ نام بەردى. 1990- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەت نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئىدارە دەپ نام بەردى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ناھىيە دەپ نام بەردى.

ئاپتونوم رايون 1982- يىلى ۋە 1987- يىلى ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. 1982- يىلدىكى يىغىندا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ۋە ئاستانە گۆڭشې 2- چوڭ ئەترەتنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ھېمىت ناسىر، ئاراتۈرۈك ناھىيە توخۇلۇ (شارتۆپىلەر) گۆڭشې قىرساي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياقۇپ ئىبلى قاتارلىق ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. 1987- يىلدىكى يىغىندا ئىلغار كوللېكتىپتىن يەنە ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىلىق پارتكومى، ئىلغار شەخسلەردىن خەن پىڭتۇ، نىياز ئەمەت، ئوسمانشا ھاجى، ياڭ جۈگشەن، زەينەپ ئابدۇل، ما مىڭفۇ، ئىساق ئىسمائىل قاتارلىق يەتتە كىشى تەقدىرلەندى.

مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. 1988- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىن ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ۋە ئوسمانشا ھاجى، ياڭ جۈگشەنلەر تەقدىرلەندى. 1990- يىلى ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ۋە ئىسمائىل ئوسمان، قادىر (قازاق)، لى بىڭفېڭلار تەقدىرلەندى.

## §1. مىللەتلەرنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى

### 1. ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى قۇتقۇزۇش

1950- يىلىنىڭ باش باھار كۈنلىرى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە 6- جۈن 16- شى 48- تۇەنىنىڭ يىڭ، لىيەنلىرى تاشۆيلىقتىن ئاراتۈرۈككە قاراپ يولغا چىقىپ، ئارغىنبۇلاققا كەلگەندە بانديتلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. جەڭچى ما جىنفۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش جەريانىدا قىسمىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

10- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاچلىق- ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىقتىن ھالسىزلانغان ما جىنفۇ تاشيۈلغىنىڭ يالغۇزتۇيۇن دېگەن يېزىدە بىر ئۇيغۇر دېھقاننىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالدى. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئابدۇللا رېھىم ما جىنفۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، كاڭغا ياتقۇزۇپ ئېغىزىغا ئۇسسۇزلۇق تېمىتقاندىن كېيىن ئاخىرى ئۇ ھوشىغا كېلىدۇ. چۈشتىن كېيىن ما جىنفۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى بولغاندا، ئابدۇللا رېھىم ئۇنىڭ سۇدانىغا چاي قاچىلاپ، يانچۇقىغا ئىككى نانني سېلىپ، ئۇنى مەھەللىدىن چىقىرىپ تۆگىچىبۇلاقنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇلار تىل ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن بىر-بىرىنىڭ ئىسىم- فامىلىسىنىمۇ بىلىشمىگەنىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، 1969- يىلى بەزىلەر قۇمۇل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى ئابدۇللا رېھىم ئۇستىدىن باندىت تازىلاشتا سەپتىن چۈشۈپ قالغان، بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەپ ئەرز قىلغانلىقتىن، ئابدۇللا رېھىمنى ئايرىپ تەكشۈرەيدۇ.

بىر كۈنى تەكشۈرۈش خادىملىرى قىزىلبۇلتۇز 1- مەيدانىنىڭ 7- لىيەنىدىكى ما جىنفۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، ما جىنفۇ سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ما جىنفۇنىڭ ئابدۇللا رېھىم تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ ئۇلار خۇشاللىقىدىن ھاياجىنىنى باسالماي، ماجىنفۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىدۇ.

1972- يىلى چاغاندا، كادىر سىياقىدىكى ئىككى كىشى ما جىنفۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇلاردىن بىرى: «يولداش لاۋما بۇ كىشى بۇنىڭدىن 22 يىل بۇرۇن سىزنى قۇتقۇزۇۋالغان يولداش ئابدۇللا بولىدۇ» دەيدۇ. ما جىنفۇ بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ، ئابدۇللانىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ «سىز بولغانلىقىڭىزدىن مەن ساق قالدىم» دەيدۇ. ئابدۇللا، «ياق، ئۇنداق دېمەڭ! سىز تېپىلغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا مېنىڭ ناھەق دېلويىم ئاقلىنىدىغان بولدى» دەيدۇ. ئۇلار قوللىرىنى تېخىمۇ چىڭ سىقىشىدۇ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماجىنفۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئابدۇللارنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ۋە بىر دانە نەپىس ئەينەكلىك رامكىنى تامغا ئېسىپ قويىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا:

«باندىت تازىلىغان چاغدا،
قۇتقازدىڭ خەۋپتىن مېنى.
ئارمىيە- خەلق شەپقىتى بۇ،
ئۇنتۇمايمەن مەڭگۈ سېنى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئىككى ئائىلە خۇددى ئۇرۇق- تۇغقاندەك بېرىش- كېلىش قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى.

1982- يىلى ئابدۇللا رېھىم بىلەن ما جىنفۇ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

2. بويتاق بوۋاينىڭ ئۆلىمىنى ئۆزتىش

1982- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ناھىيە قويلۇق چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىشچىسى 72 ياشلىق بويتاق بوۋاي ۋاڭ چىڭلىيەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چارۋىچىلىق فېرمىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئەخمەت نۇكۈي ئادەم تەيىنلەپ بوۋاينى قىزىلبۇلتۇز دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىدۇ ۋە ئۇلارغا «قانچە پۇل كەتسە فېرما كۆتۈرىدۇ، كېسەل ساقايمىغىچە دوختۇردىن قايتۇرۇپ كەلمەڭلەر» دەپ تاپىلايدۇ.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋاڭ چىڭلىيەن بوۋاينىڭ ئاشقازان راكى بىلەن ئاغرىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. ئۇ ئۈچ ئايدىن ئارتۇق داۋالانغان بولسىمۇ كېسىلى ياخشىلانمايدۇ، بوۋاي كېسىلىنىڭ ساقىيىشىغا كۆزى يەتمەي چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى رەھبەرلەرگە سەممىي ھالدا «مەن چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 20 نەچچە يىل ئىشلىدىم، دۆلەتكە قوشقان

تۆھپىسمۇ كۆپ ئەمەس، ئەمۋالدىن قارىغاندا مەن ساقىيالمايدىكەنمەن. دۆلەتنىڭ پۇلنى ئىشلەتمەڭلەر» دەپ، دوختۇردىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، باققان قىزىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى رەھبەرلەر بوۋاينىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ، فېرمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېشىت بوۋايغا تەسەللىي بېرىپ: «سىز ياش چېغىڭىزدا چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتە كۆچ چىقىرىپ، تەر تۆكۈپ جاپا چەكتىڭىز، سىز ياشىنىپ كېسەلمەن بولۇپ قالغىنىڭىزدا بىز سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمىز. يېنىڭىزدا پەرزەنتىڭىز بولمىغان بىلەن، بىز سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزگە ئوخشاش. چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز، سىزگە ئۆز تۇغقىنىمىزدەك قاراپ كېسىلىڭىزنى ئاخىرغىچە داۋالىتىمىز» دەيدۇ.

چارۋىچىلىق فېرمىسى بوۋاينى داۋالىتىش خىراجىتىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، دوختۇرلاردىن ئۇنىڭ كېسىلىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كۆڭۈل قويۇپ داۋالاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1982- يىل 12- ئايدا، بوۋاينىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، چارۋىچىلىق فېرمىسى ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بوۋاي ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ھەر مىللەت كىشىلىرىنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىگە ياش ئالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، فېرما بوۋاي ئۈچۈن گۆرنەسەي ياساتقۇزۇپ، كىيىم-كېچەك تىككۈزۈپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ.

1983- يىل 1- ئاينىڭ 17- كۈنى، ۋاڭ چىڭلىيەن بوۋاي ۋاپات بولىدۇ، بۇ چاغدا فېرمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېشىت كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆيۈپلىككە: ۋاڭ بوۋاينىڭ مېيىتى پۈتۈنلەي خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ئۆزىتىلىدۇ، دەپ جاكارلايدۇ ھەم ئادەم ئەۋەتىپ يەرلىك كولىتىدۇ. ئەتىسى سەھەردە تراكتورنى ئۆزى ھەيدەپ جەسەتنى ئېلىپ ماڭىدۇ، ئۇزاتقۇچىلار ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بولۇپ، فېرمىدىكى بارلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ياشانغان بىر نەچچە ئىشچى-خىزمەتچى: «قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇر، قازاقلار خەنزۇلارنىڭ جەسىتىنى ئۇزىتىشى ئاز كۆرۈلگەن ئىش» دېيىشىدۇ.

3. جياڭ لىڭ قازاق چارۋىچىلار بىلەن قەلبداش

پارتىيە ئەزاسى جياڭ لىن سىچۈەن ئۆلكىسى جۇڭجياڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1957- يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشقاندىن كېيىن، باركۆل ناھىيىسىدە مال دوختۇر بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ قازاق چارۋىچىلارنىڭ دوختۇر، دورا كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ ئۇ يەنە تەسەببۇسكارلىق بىلەن دوختۇرلۇقنى قوشۇمچە ئىشلەپ، قازاق چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالايدۇ. ماللاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە داۋالايدۇ. رەھبەرلىك ئۇنىڭغا شىنجاڭغا كېلىش ئالدىدا قىلغان ۋەدىسىگە ئاساسەن، ئۇ 1962- يىلى يۇرتىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلسا بولاتتى، لېكىن ئۇ يۇرتىغا بارماي: «قازاق چارۋىچىلار ماڭا ئېھتىياجلىق، مەن كەتسەم بولمايدۇ» دەيدۇ.

زىمىستان قىشنىڭ بىر كۈنى، جياڭ لىن كېسەل كۆرگىلى مۇچىڭگۇ (ياغاچ موڭ) غا كېتىۋاتقاندا يول پاتقاق بولغاچقا ئاتتىن يىقىلىپ ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ. چارۋىچىلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەرەپ-تەرەپتىن جياڭ لىننى يوقلاپ كېلىدۇ، سۇنۇقچى بوۋاي تېنىچ سۇنغان يەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئېگىز تاغ، يىراق يوللارنى بېسىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىش يولىدا كۆتۈلمىگەن ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ 30 يىللىق سۇنۇقچىلىق تەجرىبىسى ئارقىلىق جياڭ لىننى داۋالىماقچى بولغاندا، جياڭ لىن: «تېنىچ ئاتا يۈرەكلىك داۋالاۋېرىڭ، مەن سىزگە ئىشىنىمەن» دەيدۇ. بوۋاي جياڭ لىننىڭ يېنىدىن كېتىپ كۈندۈز ئايرىلماي ئۇنى داۋالايدۇ، يېرىم يىلدىن كېيىن جياڭ لىننىڭ پۇتى ساقىيىدۇ، يەنە دورا ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كېسەل داۋالايدۇ. ئۇ بارغانلا يەردە موماي‌لار چاي رۇسلاپ، گۆش پىشۇرۇپ كۈتۈۋالىدۇ، بوۋايلار ئېتىنى ئېگەرلەپ تەييارلاپ بېرىدۇ.

جياڭ لىننىڭ پۇتى ساقايغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ياكى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا يۆتكىمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئۇ چارۋىچىلىق مەيدانىدا داۋاملىق ئىشلەشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ.

1974- يىل 1- ئاينىڭ 31- كۈنىدىكى قار- شۇۋرغانلىق كېچىدە، چارۋىچى چادىرىنىڭ ئايالى تۇغۇتتىن كېيىن تۇيۇقسىز ھوشىدىن كەتكەچكە چادىرىنىڭ ئۆكسى جياڭ لىننى جىددىي ئىزدەپ بارىدۇ، جياڭ لىن قار- شۇۋرغانغا قارىماي دەرھال ئاتلىق كېتىۋاتقاندا ئات تېيىلىپ يىقىلىپ ئۇنىڭ بۇرۇن سۇنغان پۇتى يەنە سۇنۇپ كېتىدۇ. باشقىلار ئۇنى كىگىز ئۈيگە كۆتۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن، چادىر ئايالىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ: «قورقما، قورقما جياڭ لىن دوختۇر كەلدى، سەن ئامان قالىدىغان بولدۇڭ» دەپ توۋلايدۇ. جياڭ لىن ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرىپ بىمارنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىدۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ، لېكىن چارۋىچىلار جياڭ لىننى نوسۇلكىغا سېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭىدۇ.

1982- يىلى ئەتىيازدا، رەھبەرلىك جياڭ لىننى ناھىيە بازىرىغا يۆتكىمەكچى بولغاندا، چارۋىچىلار تەرەپ- تەرەپتىن «جياڭ لىن يايلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلدى، ھازىر ئۇ ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىپ، موشۇنداق ئەھۋالدا بىز ئۇنى قانداقمۇ خاتىرجەم ھالدا يولغا سېلىپ قويالايمىز؟ بىز جياڭ لىننى بۇ يەردە ئۆز تۇغقىنىمىزدەك باقىمىز» دېگەندە، جياڭ لىن تەسىرلىنىپ: «يۇرتداشلار خاتىرجەم بولۇڭلار، يايلاق قانات تاقاپ ئۇچۇپ كەتمىسىلا مەن چارۋىچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلمايمەن» دەيدۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جياڭ لىن 60 ياشتىن ھالقىيدۇ، چېكىسىدىكى چاچلار ئاقىرىپ، بېلى مۈكچىيىپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئىشلەۋېرىدۇ. 200 چاقىرىم كېلىدىغان يايلاقتا ئۇنىڭ ئاياغ باسمىغان يېرى قالمايدۇ. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ داۋالىغان كېسەل 25 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشىدۇ. تۇغۇتتا قىيىن 250 ئايالنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن چارۋا يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 40 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا يىلمۇ يىل كۆپىيىدۇ ۋە سەمرىيدۇ. ئۇ يەنە ئۈچ قازاق دوختۇر، ئۈچ مال دوختۇرى، 105 چارۋا ماللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خادىمىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. جياڭ لىن بىلەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ مۇھەببىتى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى باللارنىڭ «كىندىك ئاتا» دەپ چاقىرىشىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

جياڭ لىن كۆپ قېتىم ناھىيە ۋە ۋىلايەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىدۇ. 1982- يىلى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا شەرەپ بىلەن قاتنىشىدۇ. ئۇ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ «پارتىيە بەرگەن پۇل ماڭا يېتىدۇ» دەپ چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز داۋالايدۇ.

4. بېيجىڭدىن كەلگەن ياخشى دوختۇر

1968- يىلى، بېيجىڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن سۇڭ يۈەنمىڭ پايتەخت بىلەن خوشلىشىپ، يېڭىلا تويى قىلغان ئايالى، ساۋاقدىشى لۇ شۇمېي بىلەن بىرگە ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نوم گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا كېلىدۇ. ئۇ يۈك- تاقلىرىنى قويۇپلا تازىلىق قىلىپ كېسەل كۆرۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر ئۆزۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كەتكەندە ئەر- ئايال ئىككىيلەن كېسەل كۆرۈش، دورا بېرىش، يۇل ئېلىش، ئوكۇل سېلىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئىشلەيدۇ.

1974- يىلى ئەتىيازدا، نومدا يۇقۇملۇق زۇكام تارقىلىدۇ. سۇڭ دوختۇرنىڭ قىزىتمىسى 39°C تىن ئېشىپ، پۈتۈن بەدىنى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بەرداشلىق بېرىپ، كېسەل كۆرۈۋېرىپ، ئاخىرى ئامبۇلاتورىيىدە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.

نوم دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىر دېھقاننىڭ بالىسى ئۆزۈندىن بۇيان كېسەل بولۇپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانا

ئۇنىڭغا ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزى دەپ دىئاگنوز قويغانىدى، سۇڭ يۈەنمىڭ تەكشۈرۈپ، بالىنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى كەم قانلىق كېسىلى ئىكەنلىكىنى، زۇكام، يۆتەل تۈپەيلىدىن ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولاي دەپ قالغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ. بالىنىڭ تېنى ئىنتايىن ئاجىز بولغاچقا كېكىردىكىگە بەلغەم يىغىلىپ، يۈزى تاتىرىپ كېتىدۇ. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا سۇڭ دوختۇر ئېغىزىنى بالىنىڭ ئېغىزىغا توغرىلاپ قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭ كېكىرتىكىدىكى بەلغەمنى شوراپ چىقىرىدى. سۇڭ دوختۇرنىڭ 40 نەچچە كۈن كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ۋە پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بالىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىدۇ. بالىنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇچرىغانلا ئادەمگە «بالىمىزنىڭ جېنىنى بېيجىڭدىن كەلگەن دوختۇر قۇتقۇزۇپ قالدى» دەيدۇ.

1980- يىلى سۇڭ يۈەنمىڭنىڭ خىزمىتى ئايالى بىلەن بىرلىكتە نومدىن ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىدۇ.

ئۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا كېلىپلا ئىشنى ئىسلاھاتتىن باشلاپ، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش، كەسپىي ئىمتىھان ئېلىش، مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا ئائىت بىر قاتار قائىدە- تۈزۈملەرنى ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «دوختۇرخانىنى ئۆز ئائىلىسى دەپ بىلىش»، «ئەگەر مەن بىر بىمار بولسام» قاتارلىق مەزمۇندىكى ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇپ، دوختۇرخانىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلايدۇ. دوختۇرخانا 1980- يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى پايدا ئالىدۇ.

1984- يىلى سۇڭ يۈەنمىڭ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلىنىپ، ۋەزىپىسى، ئورنى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جان- دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ يەنىلا دوختۇرخانا خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەپ، داۋالاش سېپىدە داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ.

5. قازاقلارنىڭ ياخشى دوختۇرى

باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جۇڭشەن 1962- يىلى دوختۇرخانىغا كېلىپ خىزمەت قىلىدۇ. 30 يىل جەريانىدا قازاق تىلىنى ئۆگىنىدۇ. قازاق چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن باركۆل يايلىقىدا ئۇ قەدەم باسمىغان جاي قالمايدۇ.

1970- يىلى، ياڭ جۇڭشەن تېمىرقان بىلەن لېتىپنىڭ سۇنىقىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى خېنەن ئۆلكىسى بېيماسى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا بىمارلارنى غىزالاندۇرىدۇ، پۇت- قولىنى يۇيۇپ قويىدۇ، كۈندۈزى ھالىدىن خەۋەر ئالسا، كېچىسى ئۆزى يەردە ياتىدۇ. ئۇنىڭ يۇرتى دوختۇرخانىدىن 20 نەچچە كىلومېتىرلا يىراقلىقتا بولسىمۇ، لېكىن بەش ئاي جەريانىدا ئۇ بىمارلاردىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمايدۇ.

1973- يىلى، ياڭ جۇڭشەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن بىر ئېغىر كېسەلنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ قازاق قىزنىڭ سازاڭسىمان ئۆسۈكچىسى تېشىلىپ كەتكەچكە، يېيىلما خاراكتېرلىك قورساق پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، قورساق قىسمى ئۇزۇلىنىپ، قىزىتمىسى 40℃ قا يېتىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. ياڭ جۇڭشەن بىمارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ، ئاتا- ئانىسىدىن قالغان مەخپىي رېتسېپتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگوچە داۋالاش بىلەن غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئاي كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش ئارقىلىق بۇ قىزنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىر ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ ياڭ جۇڭشەنگە بېرىدۇ، لېكىن ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ.

1986- يىلى قىش كۈنلىرىدىكى بىر كەچتە، چارىخو كەنتىدىكى قازاق چارۋىچى تۇرسۇن ئات مىنىپ بىر تۆگىنى يېتىلەپ كېلىپ ياڭ جۇڭشەننىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ، ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنى تۇغۇت ئانىسى بولۇشقا چاقىرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ياڭ جۇڭشەن جۇۋىسى بىلەن تۇمىقىنى كىيىپ، تۆگىنى مىنىپ 40

نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە باردى. بىر كېچە ھەپىلىشىپ ئۇنىڭ ئايالىنى ئامان- ئېسەن تۇغدۇردى.

قازاقلارنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن باشقا يەنە كىندىك ئاتىسىمۇ بولىدۇ. باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزا 4- ئەترەتتىكى كۆپ ساندىكى قازاق ياش- ئۆسمۈرلەر ياڭ جۇگشەننى «كىندىك ئاتا» (كىندىكىنى كەسكەن ئاتا) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ قوبۇل قىلىپ تۇغدۇرغان بىر ئايالمۇ خەتەرگە يولۇقمايدۇ، تۇغۇلغان بوۋاق 1700 دىن ئاشىدۇ. قازاقلار ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئۇ: «قازاقلار مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى، بولمىسا مەن ئاللىبۇرۇنلا چۆلدە توگلاپ قالغان بولاتتىم» دېدى. 1970- يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ياڭ جۇگشەن ئاتلىق غەربىتاغدىكى تۇغۇتى قىيىن بىر ئايالنى قۇتقازغىلى باردى، ئۇ قايتىپ كېلىۋېتىپ، شۇۋۇرغاندا يول تاپالماي قالغاندا بەختكە يارىشا قوي بېقىۋاتقان ئەنۇەر بوۋاي ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قوندۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ توگلاپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ياڭ جۇگشەن ئۆز ئۆيىدىمۇ كېسەل داۋالايدۇ. بەزى ئىككى قات ئايالار غەربىتاغدىن كېلىپ دوختۇرخانىغا بېرىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغاندا ئۇنىڭ ئۆيىدە يەڭگىيدۇ. بەزى كېسەللەر سىرتقا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئۇنىڭ ئۆيىدە ياندۇرىدۇ. بولۇپمۇ 1985- يىلى مېنىڭگىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر بىمار ئۇنىڭ ئۆيىگە كېسىلىنى كۆرسەتكىلى كەلگەندە كېسەل ئۇنىڭ قىزىغا يۇقۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىپ مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالمايدۇ، ياڭ جۇگشەن بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئاغرىنمايدۇ.

ناھىيە رەھبەرلىكى ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا 30 نەچچە يىل ئىشلىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەشكە يۆتكىمەكچى بولىدۇ. قۇمۇل ۋىلايەتلىك جۇگيى دوختۇرخانىسىمۇ ئۇنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ، لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ. ئۇ قازاق چارۋىچىلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان بولۇپ، قازاق چارۋىچىلاردىن ئايرىلمايدۇ، قازاق چارۋىچىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ.

1988- يىلى، ياڭ جۇگشەن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

### 6. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يېتەكلىگەن ياخشى شۇجى

1984- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى بىڭفېڭ نوم يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

نوم يېزىسى ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ جاينىڭ سۇيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بولسىمۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان يەنىلا نامرات، قالاق ھالەتتە ئىدى.

لى بىڭفېڭ يېزىغا بارغاندىن كېيىن، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئىنتايىن نامرات ئىكەنلىكىنى، بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئۇزۇق- تۈلۈكى يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، بۇ يەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئائىلىسىنى باركۆل ناھىيە بازىرىدىن نومغا كۆچۈرۈپ بارىدۇ ھەم 650 يۈەنگە بىر قارا ئاتنى سېتىۋېلىپ، ئاتلىق نوم يېزىسىنىڭ ھەممە يېرىگە بارىدۇ.

ئۇ نومنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ قالاق، ئاشلىق سورتلىرىنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى، كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ بۇغداي ئېتىزلىرىدا ئارپىخان ئۆسۈپ، بۇغدايلىقلار سۇلۇلۇققا ئايلانغانلىقىنى، بەزى دېھقانلار زىرائەتلەرنى ئوت- چۆپ ئورنىدا ساتقانلىقىنى، بۇغداينىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە بىرلىك موسۇلى ئارانلا 107 كىلوگىرامغا يېتىدىغانلىقىنى ئۇقىدۇ.

ئۇ يېزىدىكى كادىرلار ۋە ئامما بىلەن بىرلىكتە قانداق قىلىپ ئەلا سورت كىرگۈزۈش، زىرائەتلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، سۇلۇنى يوقىتىش، تۇپراق تەركىبىنى ئۆلچەپ ئوغۇتلاشنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، يېزىدا پەن- تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بويىچە 17 ئائىلىگە يار- يۆلەك بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق قاتارلىق ئەلا سورتلارنى

مەخسۇس سىناق قىلىپ تېرىيدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ. يېزا بويىچە قوشۇمچە ياردەم ئۇرۇق پۇلىنى 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزىدۇ.

ئۇ دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، كىچىك تەجرىبە ئېتىزلىرىنى ئېچىپ، كېڭەيتىدىغان بىر نەچچە ئون خىل سورتنى تېرىپ، تېرىشتىن تارتىپ يىغىشقىچە بولغان نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيىدىن يېزىغا ئادەم كەلسە ئۇ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىپ بولۇپلا تۆۋەنكە چۈشىدۇ. لېكىن يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا خادىملىرى كەلسە ئۇ دائىم كەينىدىن چىقماي ئۇنى- بۇنى سورايدۇ. دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا يىلدا بىر قارار دېھقانچىلىق تېخنىكىسى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلغاچقا، بالدۇر پىشار سورتلارنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت- چۆپ يوقىتىش، يەرنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلار ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قىزىقىدىغان تېمىسىغا ئايلىنىدۇ.

1989- يىلى، نوم يېزىسىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 1984- يىلىدىكى 1 مىليون 300 مىڭ كىلوگرامدىن، 3 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، تاۋار ئاشلىقى ناھىيە بويىچە تاۋار ئاشلىقنىڭ 93% ىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا بويىچە ھەر سەككىز دېھقان ئائىلىسىدىن بىر ئائىلىلىك دۆلەتكە 5000 كىلوگرامدىن ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ. نوم يېزىسى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالغانلىقتىن، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نەچچە ئون يىللىق ئاشلىق كەمچىل بولۇش قالپىقىنى يىراقلا چۆرۈپ تاشلاپ، ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ھەم ئېشىنىدىغان ناھىيە بولۇپ قالىدۇ.

لى بىڭفېڭ تەكشۈرۈش جەريانىدا، نومدا كەڭ كۆلەملىك چۆل- جەزىرە ئوتلاقلىقىنىڭ بارلىقىنى، ئوتىنىڭ ئۆسۈشى ياخشى، چارۋا ماللارغا باب كېلىدىغانلىقىنى، لېكىن چارۋىچىلىق ئىنتايىن قالاق بولۇپ، يېزا بويىچە ئارانلا 6200 تۇياق چوڭ- كىچىك چارۋا بارلىقىنى ئېنىقلايدۇ. ئۇ ئاتلىق ھەر قايسى كەنتلەرگە بارغاندا دېھقانلار ئۇنىڭغا: بۇرۇنمۇ بۇ يەردە قوي بېقىپ تەرەققىي قىلدۇرغانىدۇق، لېكىن بۇ يەردە ھەر يىلى 100 نەچچە كۈن 8 – 9 بال قاتتىق بوران چىقىپ، قۇم- توزان بولغاچقا، قويلار ئاسانلا تارقىلىشچان قوتۇر كېسىلى بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى، شۇڭا بىز قوينى كۆپ بېقىشنى خالىمايمىز دەپ ئىنكاس قىلىدۇ.

1985- يىلى، لى بىڭفېڭ چارۋىچىلىق تارماقلىرىغا بېرىپ نۇرغۇن ماتېرىياللارنى تېپىپ ئۇنى قايتا- قايتا كۆرۈپ مۇھاكىمە قىلىدۇ، ئاندىن 28 ئۆيلۈك دېھقاننى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارغا نىرىنكىر ۋە تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىن 3200 ساغلىق بىراڭ قوينى سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈرىدۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن كەينى- كەينىدىن چىققان بىر نەچچە قېتىملىق بوراندا ھەممە يەرنى قۇم، چاڭ- توزان بېسىپ، قويلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوتۇر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ كېتىدۇ. ئىچىدىغان سۈيمۇ پاكىز بولمىغاچقا، قويلاردا يەنە ئۈجەي توسۇلۇپ قېلىش كېسىلى كۆرۈلىدۇ. لى بىڭفېڭ سەندۈگدىن بىر مال دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ، مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇپ، قويلارنى ۋاننىلاش، قۇرت يوقىتىش، مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىن، قوي باققان ئائىلىلەر ئالدىن بېيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دېھقانلار قوي بېقىشقا يۈزلىنىدۇ. 1990- يىلىغا كەلگەندە، قوي كۆپىيىپ يېزا بويىچە 20 مىڭغا يېتىدۇ. ئەسلىدىكى شاخ- شۇمبۇلارنى يەرگە قايتۇرۇپ ئوغۇتلاش، مال ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

نوم يېزىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ئېشىپ، 1984- يىلىدىكى 210 يۈەندىن 1990- يىلى 861 يۈەنگە يېتىپ، ئىككى قاتلاندى. يېزىدىكى 11 كەنت ئارىسىدا تاشيول ياسىلىپ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. نۇرغۇن دېھقانلار يېڭى ئۆي سالدى، رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋالدى، يېڭىچە ئۆي جاھازلىرىنى ياسانتى.

لى بىڭفېڭ خىزمەت جەريانىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى باشتىن- ئاخىر قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇر

دېھقانلىرى ئۈچۈن سەممىي مۇلازىمەت قىلىدۇ. يېزىدىن ھەر قايسى كەنتلەرگە سۇ، تراكتور، دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيۋى ئوغۇت، سوپەتلىك ئۇرۇق ۋە مەبلەغ قاتارلىقلارنى تەقسىملىگەندە ھەممىسگە ئوخشاش قاراپ،بىردەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

1990- يىلى، بىر قىسىم ئامما ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا لى بىگفېڭنى يۆتكەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يۆتكىمەسلىك توغرىسىدا بىرلىشىپ تەكلىپ بېرىدۇ. روزى ھېيتتا، دازىچۇەن كەنتىدىكى ئۇيغۇر ئايالالار كەنتتىكى بارلىق ئايالالارغا ۋاكالىتەن ناھىيە رەھبەرلىرىگە خەت يېزىپ، لى شۇجىنى يۆتكەپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇ يىلى لى بىگفېڭ ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىدۇ.

7. بىرلىشىپ كارخانا قۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەزمۇنى يېڭى ساھەلەرگىچە كېڭىيىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەر مىللەت دېھقانلىرى ياخشى يەر ۋە سۇنى ئۆزئارا ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتەك ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى. 1982- يىلى، ئاستانە گۆڭشې 2- چوڭ ئەترەت 2- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئايال ئەزاسى سۇڭ ئەيخۇانىڭ يولدىشى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بالىلىرى كىچىك بولغاچقا مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى تېرىشتا قىيىنچىلىقتا قالدى. چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ھېمىت ناسىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە قىر چېپىپ بەردى. سۇڭ ئەيخۇا بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ: «سىز چوڭ ئەترەت شۇجىسى، ئىشىڭىز كۆپ، تېزدىن بېرىپ باشقا ئىشلىرىڭىزنى قىلىڭ» دېگەندە، ھېمىت ناسىر: «بۇمۇ مېنىڭ خىزمىتىم، سىز مېنى قىر چېپىشقا ياردەملەشتۈرمىسىڭىز مېنىڭ خىزمىتىمنى قوللىمىغانلىق بولىدۇ» دەيدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى توخۇلۇ (شارتۆپلەر) گۆڭشېسى قىرساي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئەزالار ئۆزىنىڭ تېرىقچىلىق ئۆلچىمى كەمچىل بولغاچقا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى كېچىكتۈرۈپ قويارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرىدى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سۇجىسى ياقۇپ ئېلى بىر قانچە ئۇيغۇر دېھقاننى باشلاپ ئۈچ كۈندە ئالتە ئائىلىلىك خەنزۇ دېھقاننىڭ 117 مو يېرىگە بۇغداي تېرىپ بەردى. مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ياڭ زۇجۇڭمۇ تۆت نەپەر خەنزۇ دېھقاننى باشلاپ تۆت ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقاننىڭ 73 مو يېرىنى ياردەملىشىپ تېرىپ بەردى.

بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش. 1983- يىل 4- ئاينىڭ 20- كۈنى، باركۆل ناھىيىسى شىرىنزى (بالبال) گۆڭشې چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ موڭغۇل چارۋىچىسى بارۇبا تۇل ئېلىش ئۈچۈن تاغقا چىققاندا ئۇنىڭ ئوغلى تاماق ئېتىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆيىگە ئوت كېتىدۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەنزۇ دېھقان جۇ زىنخەي كىگىز ئۆيدە ئوت ئۇچقۇنداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال 40 نەچچە خەنزۇ دېھقاننى چاقىرىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئۈچ كىگىز ئۆينى ۋە مال- مۈلۈكنى ساقلاپ قالىدۇ. 5- ئاينىڭ 15- كۈنى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى 1- شۆبە فېرما 3- ئەترەتتىكى ئۇيغۇر چارۋىچى ھاپىز بېشىر قويلىرىنى قار ئاز، ئوت- چۆپ كۆپ شىمالتاغ يايلىقىغا كۆچۈرۈۋاتقاندا، 18 تۇياق بوغاز قوينىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا، ماڭالماي قالغاندا، ھاپىز بېشىرنىڭ بېشى قاتىدۇ. دەل شۇ چاغدا چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 5- دېھقانچىلىق ئەترىتىنىڭ ئەزاسى خۇيزۇ ما يۇڭشاڭ شۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاپىز بېشىردىن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن: «سەن چارۋىلىرىڭنى ھەيدەپ مېڭىۋەرگىن، بۇ

بوغاز قويلارغا مەن قاراپ قوياي» دەيدۇ. ما يۇگشاڭ بۇ 18 تۇياق سائلىق قوينى ئۆيىگە ئاپىرىپ، بىر ئىغىز ئۆيىنى بوشىتىپ قوتان قىلىپ، ئۆيىدىكى ئۇننى ئېلىپ چىقىپ بوغۇزغا ئارىلاشتۇرۇپ قويلارنى باقىدۇ. ما يۇگشاڭنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى ئارقىلىق بۇ قويلار ھاللىنىپ تۈللەيدۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ما يۇگشاڭ چوڭ ئوغلى بىلەن بۇ 18 تۇياق قوزىلىق قوينى شىمالتاغ فېرمىسىغا ھەيدەپ بېرىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ھاپىز بېشىر ما يۇگشاڭنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «رەھمەت سىزگە ما يۇگشاڭ ئۆكام» دەيدۇ.

قۇمۇل شەھىرى ئەتراپى گۇڭشېسى چارباغ چوڭ ئەترىتى1- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى گومىن دېخۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ھىستىنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قوللىدى. ھەر مىللەت قېرىنداشلىقى بار ئائىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئېتىبار بەردى. پېشقەدەم گۇڭشې ئەزاسى خوجا سالىنىڭ ئۆيىگە سۇ كىرىپ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەندە، گومىن دېخۇ قاۋۇل ئالتە ئەمگەك كۈچىنى باشلاپ بېرىپ، بەش كۈن ئىشلەپ خوجا سالىنىڭ ئۆيىنى رېمونتلاپ بەردى. خوجا سالى ئۈسسە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، داۋالىنىشقا ئامالسىز قالغاندا، گومىن دېخۇ دەرھال كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئەترەتتىن پۇل ئاجرىتىپ، مېۋە- چېۋە سېتىۋېلىپ خوجا سالىنى يوقلاپ باردى ھەم ئۇنى بالىنىستقا ئالدۇردى، خوجا سالىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن، گومىن دېخۇ دائىم ئەترەتتىن بەرگەن ئاشلىق، ماي، گۆش، كۆكتاتلارنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا خوجا سالى كۆپ مىننەتدار بولدى. باشقا ئەترەتلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت گۇڭشې ئەزالىرى قېرىنداشلىقتا يولۇقسا، گومىن دېخۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بەردى. 3- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى نۇسرەت نىرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، تۇرمۇشتا قىينالغاندا، ئۇ ئۆز ئۆيىدە بار 200 يۈەن پۇلنى نۇسرەتنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن بەردى.

1982- يىل 8- ئايدا، نومدا يېڭى ئاشلىق پونكىتى سېلىۋاتقاندا، پونكىت باشلىقى ئىبزىز خوجنىياز ئىشلەۋاتقاندا بىر لىم بىر نەچچە خەنزۇ ئىشلەمچىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ بېسىۋالاي دېگەندە، ئۆز ھاياتىنىڭ خەتىرىگە قارىماي پۈتۈن كۈچى بىلەن لىمنى تىرەۋېلىپ، خەنزۇ قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

باركۆل ناھىيىسى سارجوقا گۇڭشې 2- چوڭ ئەترىتىنىڭ لاۋازىمەتچىسى قاسىم 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر مىللەت ئەزالىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى. ئۇ خەنزۇ ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر قىسىم خەنزۇ ئەزالارنىڭ بالىسى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاشلىقى يېتىشمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇنى رەھبەرلىككە ئىنكاس قىلىپ، خەنزۇ ئەزالارغا 1000 كىلوگىرامدىن كۆپرەك قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە سۇڭ فانىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭغا ئوتۇن- كۆمۈر ئاپىرىپ بەردى ھەم ئەمگەك كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئاشلىقىنى ئۇگۇتلەپ، ئۇن تارتىپ بەرگەندە سۇڭ فا «قاسىم بەك ياخشى، ئۇ مېنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىمدىنمۇ يېقىن» دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

باركۆل ناھىيىسى چوڭ قۇلىنچەرى (چوڭ يۇلغۇنلۇق) چارۋىچىلىق فېرمىسى 6- چوڭ ئەترىتىدە ئالتە مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 40 ئائىلىلىك خەنزۇ مەملىكەتنىڭ 20 ئۆلكىسىدىن كەلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر يەتتى. بۇ ئەترەت داڭلىق «بەش كۆپ» (تاكاللىشىدىغانلار كۆپ، ئۇرۇشىدىغانلار كۆپ، ئەرز قىلىدىغانلار كۆپ، ئاشلىق تەلەپ قىلىدىغانلار كۆپ، پۇل قەرز ئالىدىغانلار كۆپ) ئەترەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. 1980- يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشىلىپ كۈچەيتىلدى. چوڭ ئەترەت شۇجىسى سادىقۇل (قازاق)، ئەترەت باشلىقى سۇ جىڭباۋ (خۇيزۇ)، بوغالتىر لىيۇ يۇيچۈنلار باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1982- يىلى، ئاشلىق ھوسۇلى 150 مىڭ كىلوگرامغا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ قالدۇرۇق چارۋىسى 27 تۇياققا يەتتى. نۇرغۇن ئائىلىلەر بانكىغا ئامانەت پۇل قويدى، بۇنىڭ بىلەن قۇلىنچەرى چارۋىچىلىق فېرمىسى 6- چوڭ ئەترەتنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى.

خەنزۇ دېھقانلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزا- بازار كارخانىلىرىنى قۇردى. خەنزۇ دېھقانلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 1000 دىن ئارتۇق ئائىلىلىك ھەر مىللەت دېھقانلىرى مانگان، شور قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى ئاچتى. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرلىشىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، بەزىسى بىر ئائىلىلىك خەنزۇ بىر ئائىلىلىك ياكى بىر نەچچە ئائىلىلىك ئاز سانلىق مىللەتنى يېتەكلىدى، بەزىسى خەنزۇ دېھقانلارنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدە بولۇپ، بۇ خىلدىكى بىرلەشمە ئىقتىسادىي گەۋدىدىن قۇمۇل شەھىرىدىلا 10 نەچچىسى بار. دېھقان جياڭ گۇاڭمىڭ 1985- يىلى ئەتىيازدا، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 32 دېھقان بىلەن بىرلىشىپ 690 توننا مانگان قېزىپ، قىممىتىنى 50 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان خەنزۇ ئىشچىسى شۇ جىگدە ئۇيغۇر دېھقان ئابدۇرېھىمغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىش ۋاستىچىسى بولۇپ، نەنجىڭ شەھەرلىك 6- قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەينەك زاۋۇتى بىلەن ئالاقە باغلاپ، پۇل قەرز ئېلىپ مەبلەغ توپلاشقا ئالاقىلىشىپ، بانكىدىن قەرز ئېلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن 1986- يىل 3- ئايدا، پولات كاھىش زاۋۇتىنى قۇردى. شۇ جىگدەي ئۆز خىراجىتى بىلەن ئابدۇرېھىمغا ھەمراھ بولۇپ، ئىچكىرىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ۋە ئۆگىنىپ، تېخنىك ئىشچى تەكلىپ قىلدى ھەم ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيا ئالاقىلىشىپ بەردى. جۇڭچىڭدىن بۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنە كىرگۈزۈپ، شاڭخەي، نەنجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم زاۋۇتلار بىلەن خام ئەشيا كىرگۈزۈش توختامنامىلىرىنى تۈزدى. پەقەت ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا 200 نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان سوۋۇتقۇ زاۋۇتىنى قۇرۇپ، بەش خىل سوۋۇتقۇنى ئىشلەپچىقىرىپ، يىللىق مەھسۇلاتىنى 400 تونىنغا يەتكۈزدى. شۇ جىگدەي ئابدۇرېھىمنىڭ سوۋۇتقۇ زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ياردەملەشتى.

8. ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

جۇڭگو خەلق بانكىسى قۇمۇل شەھەرلىك شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭمىڭ تالىپ كۆپ يىللاردىن بۇيان خىزمىتىنى تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدى، كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئىگىلىدى. ئۇ دائىم تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ماھارەت بولۇش كېرەك دەپ قاراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەپ، خەنزۇچە تىل- يېزىقنى ئۆگىنىشنى ئۆزۈن يىل داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە گېزىت- ژۇرنال، ھۆججەتلەرنى كۆرەلەيدىغان، بوغالتىرلىق ھېسابات جەدۋىلىنى خەنزۇچە ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. ئۇ ھەممە يەردە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى بويىچە ئىش بېجىردى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويدى. ئۇ تۆرلۈك خىزمەتلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئورۇندىغانلىقتىن، كۆپ قېتىم شەھەر، ۋىلايەت ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، يۇل مۇئامىلە سېپىدىكى قىزىل بايراقدار ۋە مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى.

قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېرىپ 1974- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تارانچى پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىغا رادىستلىق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىندى. رادىستلىق خىزمىتى ئاساسەن خەنزۇ تىلى بويىچە ئىشلەنگەچكە، ئۇ خەنزۇچىنى بېرىلىپ ئەستايىدىل ئۆگەندى.

تېلېگرامما نومۇرىغا بىرلەشتۈرۈپ، تېلېگرامما تەرجىمە قىلىشنى ۋە تېلېگرامما يوللاشنى ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن خىزمەتلەرنى مۇستەقىل ۋە پىششىق ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. خاتىرىلەر تەگشەلگەنلىكتىن شەرىپ رادىست خىزمىتىنى ئۆزى يالغۇز ئىشلىگەن بولسىمۇ، تېلېگراممىلار بېسىلىپ قالمىدىغان، خاتا بولۇپ قالمىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا. تېلېگراف ئىدارىسى تېلېگراف كەسپى بويىچە ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىغا قاتناشقاندا ئىككىنچى بولۇپ باھالاندى. ئەينى چاغدا كىلىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەرجىمانلار بۆلۈمىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ھۆججەت، ماتېرىياللارنى دائىم دېگۈدەك شەرىپقا تەرجىمە قىلدۇراتتى. ئۇ مەيلى ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ياكى خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بولسۇن، باشقىلارغا قىزغىن ھەمكارلىشىپ، بىر تېيىنمۇ ھەق ئالماي تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇ: «مېنىڭ بۇ ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلالىشىم خەنزۇ يولداشلارنىڭ ياردىمىنىڭ نەتىجىسى» دېدى.

## §2. ئارمىيە بىلەن خەلق بىر ئائىلە

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئۆلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيىتىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇردى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى باندىت تازىلاش جېڭىدە، قۇمۇلدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلىپ، باندىت ئوسمان ۋە يولۋاس كۈچلىرىنى يوقاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئات، گۆش قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلىپ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ۋەتەننى قوغداش» جېڭىگە ياردەم بەردى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى يېڭى ساھەلەرگىچە كېڭىيىپ، تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. مەسىلەن، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە «قۇمۇل روھى» نى بەرپا قىلىش، گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنى ياساش، نۇركابېل قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ چىقتى. 1981- يىل 12- ئاينىڭ 23- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، باركۆل ناھىيىسىگە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى (شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى بولۇپ نام ئالغان ناھىيە). 1982- يىل 1- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ۋەكىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى چاقىرغان ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا باركۆل ناھىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمدىن تەقدىرلەندى ھەم «مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئارمىيە بىلەن خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق» دېگەن خەت يېزىلغان لەۋھە تەقدىم قىلىندى. 1982- يىل 3- ئاينىڭ 26- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باركۆلدە يىغىن ئېچىپ، باركۆل ناھىيىسىگە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن لەۋھەنى بەردى، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش- ئىزلىرىنى تەقدىرلىدى.

قۇمۇل بوستانلىقى، باركۆل يايلىقى ۋە ئاراتۇرۇك ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر- جەڭچىلىرى چېگرا رايوننى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە، يەرلىكنىڭ خىيىم-خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىپ، خەلقنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئارمىيە بىلەن خەلق ئورتاق مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۆچۈن كۆپلەپ

ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىگە، ئالقىشىغا ئېرىشتى.

### 1. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى جاۋ گوفاڭ

1950- يىلى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، 34 ياشلىق جاۋ گوفاڭ يولدىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەسكەرلەرگە ئاياغ تىكىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، يارلىق قىز- چوكانلارغا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە باركۆل بازىرىدىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىدىغان گۇرۇپپىلار قۇرۇلۇپ، نۇرغۇن ئاياغ، پايپاق ۋە يىپ- يىڭنە بوقچىلىرىنى تەپسىس ئىشلەپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاۋ گوفاڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ئاكتىپى بولۇپ قالدى. ئۇ، باركۆلدە تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە بەگچىلىرى ئۇركۇم- تۇركۇملەپ ئالماشقان بولسىمۇ، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشنى 35 يىل داۋاملاشتۇردى. 1985- يىلى، جاۋ گوفاڭ 69 ياشقا كىردى، جەڭچىلەر ئۇنى «پەرزەنت ئەسكەرلەرنىڭ ياخشى ئانىسى» دەپ ئاتاشتى.

جاۋ گوفاڭ بەش بالىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ ئائىلە يۈكى ئېغىر بولسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشنى ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ ھېيت- بايراملاردا ئۆزى ياسىغان ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، ھەمراھلىرىنى باشلاپ، ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق جەڭچىلەرنىڭ يوتقان- كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى ياماپ بېرىدۇ. 1975- يىلى، قىسىم مەنچېڭدا گازارما سالماقچى بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە، چېدىرلاردا يېتىپ، تۇرمۇشتا قىيىنلىشىپ قالغاندا، جاۋ گوفاڭ بىر تۈركۈم ئاياللارنى باشلاپ قىسىمغا بېرىپ جەڭچىلەرنىڭ يوتقان- كۆرپىلىرىنى، كىيىم- كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ. ئۇلار بەزىدە جەڭچىلەرنىڭ يوتقان- كۆرپىلىرىنى، كىيىم- كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، ياماپ 10 نەچچە كۈن ھەتتا بىر ئاي توختىماي ئىشلىگەچكە قوللىرى قاپىرىپ، سوغۇقتا يېرىلىپ كېتىدۇ. جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ قاناپ كەتكەن قوللىرىنى كۆرۈپ ئىشلىمەسلىككە ھەر قانچە تەسەھەت قىلسىمۇ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مىڭلىغان ئانىلارغا ۋاكالىتەن پەرزەنت ئەسكەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىلەرنىڭ ئاناڭلارمۇ بار، بىز بىر كىيىمنى ئارتۇق يۇساق، بىر ئانىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز» دەيدۇ. جەڭچىلەر جاۋ ئانىنىڭ بۇ يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەنلىكتىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئالىدۇ.

1981- يىلى، «1- ئاۋغۇست» بايرام كۈنى جاۋ گوفاڭ 100 دانە تۇخۇمنى سېۋەتكە سېلىپ قىسىمغا بارغاندا، قىسىم رەھبەرلىكى ۋە جەڭچىلەر تۇخۇمنى زادىلا قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ خاپىلاپ: «سىلەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى قىلمىدىڭلار، 30 يىلدىن بۇيان مەن سىلەرنى يېقىن تۇغقىنىم دەپ كەلدىم، بۇ تۇخۇملارنى بالىلىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئەكەلدىم، مەن سىلەرنىڭ ئۆز ئاناڭلار» دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كادىر ۋە جەڭچىلەر تەسىرلىنىپ، جاۋ گوفاڭنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ «جاۋ ئانا، سىز ھەقىقەتەن بىزنىڭ ياخشى ئانىمىز» دەيدۇ.

### 2. پادىچى قىز سارانىڭ ئارزۇسى

باركۆل ناھىيىسى كۆيسۇ گۇڭشې ئەرشىلى چوڭ ئەترىتى چارۋىچىلىق ئەترىتىدىكى قازاق چارۋىچى قىز سارا ماھىر پادىچى بولۇپلا قالماي، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىكى نەمۇنىچى.

سارا 15 ياشقا كىرىپلا ئانىسى بىلەن فېرمىدا قوي باقىدۇ. ئۇ سەبىيلىك بىلەن ئانىسىدىن: «ئانا بىز نېمە ئۈچۈن مۇنداق بەختلىك تۇرمۇشتا ئۆتىمىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ تۇرمۇشىمىز يېقىن كىشىلىرىمىز ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ قان ئاققۇزۇپ قۇربان بولۇش بەدىلىگە كەلگەن، بولمىسا بۇنداق چىرايلىق كىيىملەرنى كىيەلىشىڭ، قوي باقالىشىڭ مۇمكىنمىدى؟» دەيدۇ.

1983- يىلى، «1- ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمىدا سارا ئۆزى تىككەن دۇخاۋا ۋە چەتمىلىرى بىلەن ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئاتاپ يىپ- يىڭنە بوغچىسى ۋە بىر دانە بوپكا تىكىدۇ، ئۇنىڭغا:

«تيانشان قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزى بىر تۇتاش،
ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاق، قەلبداش.
ئىزھار قىلماق بوپ ئۆتتەك قەلبىمنى،
ھەدىيە قىلدىم مەن ئۇشبۇ بۇيۇمنى.» دېگەن خەتلەرنى كەشتىلىدى، ھەم ئۇلارنى

گۇڭشېدىكى خەلق ئىشلىرى كادىرىغا تاپشۇرۇپ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدا تۇرۇۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر يىلى ھېيت- بايرامدا يىپ- يىڭنە بوغچىسى ياكى بوپكا تىكىپ، ھال سوراش خېتى يېزىپ ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان كۆڭلىنى ئىپادىلىدى. ئۇ يەنە ئەتراپتىكى ياشلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە بوشانغانلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ كىر- قاتلىرىنى يۇيۇش، ئوتتۇن يېرىش، سۇ توشۇش، تازىلىق قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋېي يۇخۇا چوڭ ئانىنىڭ ئائىلىسى سارا داۋاملىق بارىدىغان ئائىلە بولۇپ، ئۆيدە نېمە ئىش بولسا شۇنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇ، بۇ چوڭ ئانىنىڭ ئۆز قىزىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ۋېي يۇخۇا چوڭ ئانا تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، ئۇچرىغانلا كىشىگە: «سارا قىز پارتىيە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن قىز» دەپ ماختاپ بېرەتتى.

سارانىڭ ياشلامچىلىق قىلىشى بىلەن ياشلارنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئېشىپ، ئىككى يىلدا يازغان ھال سوراش خېتى 32 پارچىغا، ئەۋەتكەن ھال سوراش بۇيۇمى 124 كە يەتتى، ئەتراپتىكى بەش ئائىلىلىككە 50 نەچچە قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

1984- يىلى يېڭى يىلدا، سارا كۆكقىر تېغىنىڭ شەرقىي بايلىقىدا چارۋا بېقىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ئىشىنى ئېسىدىن چىقارمىدى، ئۇ يەڭگىسىگە ئۆزىگە ۋاكالىتەن بىر ھال سوراش خالتىسىنى تەييارلاپ، ئۇنىڭغا ئىككى دانە كەشتىلەنگەن لۆڭگە، بىر ياغلىق، بىر دانە سىياھ قەلەم، بىر پارچە ھال سوراش خېتىنى سېلىپ يېقىن كىشىلەر ــ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئاپىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى.

### 3. ھەربىي ئائىلىسىنىڭ غەمگۇزارى دېڭ فېڭچېن

باركۆل بازىرىدا مۇنداق ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بار، بىرسى، چېگرا مۇداپىئە مەلۇم قىسمىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى فېڭ شىنمىن، يەنە بىرسى، ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىشچىسى دېڭ فېڭچېڭ. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ تۇرار جايى ناھىيە بازىرىنىڭ ئىككى چېتىدە بولۇپ، ئارىلىقى 2 ــ 3 كىلومېتىر كېلىسىمۇ، باردى- كەلدىسى قويۇق بولۇپ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

ھەربىي قىسىم باركۆل يايلىقىغا يېڭىدىن ئورۇنلاشقاندا، گازارما ئۆيلىرى بولمىغاچقا، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆي قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلدى. دېڭ ئانا فېڭ شىنمىننىڭ قىسمىغا ئەگىشىپ كەلگەن ئايالىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرىدىغان ئۆيى يوقلۇقىنى بىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا بىر ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ بەردى. 1977- يىل 7- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، دېڭ ئانا ئىشتىن كەچرەك قايتىپ، ھويلىغا كىرگەندە، فېڭ شىنمىن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ چىرىغى يېقىلمىغانلىقىنى، ئۆيدىكى ئىڭراۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدۇ. دېڭ ئانا ئۆيگە كىرىپ، چىراغنى يېقىپ، فېڭ شىنمىننىڭ ئايالىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ پۈتۈن بەدىنىدىن تەر چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇ، دېڭ ئانا بۇ ئالامەتنىڭ تولغاق ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملەپ، ئۇنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدۇ. ئەمما فېڭ شىنمىننىڭ ئايالى: «ياق، مەن بارالمايمەن» دەپ دوختۇرخانىغا بېرىشنى رەت قىلدۇ. دېڭ ئانا ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن فېڭ شىنمىننىڭ سىرتتا ئىكەنلىكىنى، ئۆزى دوختۇرخانىدا يېتىۋالسا، ئۆچ

ياشلىق ئۇچقىنى قارايدىغان كىشىنىڭ يۈرىكىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدۇ - دە:

ـــ بالىلىرىدىن ھەم قىلماڭ، بالىلىرىمىز بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسۇن، دەپ فېڭ شىنمىننىڭ ئايالىنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئوغۇتقا كىرەكلىك تۇخۇم، قاراشپكەر ۋە بوۋاق كىيىمى، سۈيدۈك لاتىسى قاتارلىقلارنى تەييارلايدۇ. بالا تۇغۇلۇپ 7- كۈنى فېڭ شىنمىن كاماندىروپكىدىن قايتىپ كېلىپ، يەنە دەرھال يىراق چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا ۋەزىپە ئۆتەشكە ماگماقچى بولىدۇ. فېڭ شىنمىننىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىپ، دېڭ ئانا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «ئاگلىسام ۋەزىپە ئۆتەشكە بارىدىكەنسىز، بۇ چوڭ ئىش، خاتىرجەم مېگىۋېرىڭ، ئۆيدىكى ئىشلارغا مەن ئورۇپىتەمەنغۇ» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا دېڭ ئانا ھەقىقەتەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ! ئەتىگىنى غىزالىنىشقىمۇ چولىسى تەگمەي ئىشقا بارىدۇ، ئىشتىن قايتقاندا، يا تۇغۇتلۇق ئانىغا تاماق ئېتىدۇ، يا لاتا يۇيىدۇ. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۇ بىرەر قېتىممۇ قانغىدەك ئۇخلىمايدۇ. فېڭ شىنمىن چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىن قايتىپ كېلىپ، يېڭى تۇغۇلغان سېمىز، بۇدۇرۇق قىزىنى باغرىغا باسقىنىدا، نېمدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

4. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۈلەشنىڭ ئازادلىق ئارمىيىگە بولغان مۇھەببىتى

«سۆيۈملۈك ئازادلىق ئارمىيە تاغىلار، بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز چېگرىسىنى كېچە- كۈندۈز قوغداۋاتىسىلەر، سىلەردەك پولاتتەك ئىستىھكام بولغاچ، بۈگۈن سىنىپلاردا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئۆگىنىۋاتىمىز، بىز پىئونېرلار سىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!». بۇ، باركۆل ناھىيىسى سارچوقا گۇڭشېسى 5- چوڭ ئەترەت باشلانغۇچ مەكتەپ 4- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى كۈلەشنىڭ 1981- يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا ئازادلىق ئارمىيە تاغىلارغا يازغان ھال سوراش خېتىدىكى بىر ئابزاس سۆز.

كۈلەش 11 ياش، شۇ مەكتەپنىڭ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى. ئۇنىڭ ئانىسى 22 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق تارىخىغا ئىگە مەكتەپ مۇدىرى. كۈلەشنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئازادلىق ئارمىيە قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغداش يولىدا قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىشتەك ئىش- ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، يەنە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، مەشىق قىلىش، ئۆگىنىشىگە ئائىت رەسىملىك ژۇرناللارنى ئەكىلىپ بېرەتتى. كۈلەشنىڭ كاللىسىدا كىچىكىدىنلا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يۈكسەك ئوبرازى تىكلەندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنكىدەك بەختىيار تۇرمۇشىنى كومپارتىيە بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. باھار بايرىمىغا ئاز قالغاندا ئۇ ئازادلىق ئارمىيە تاغىلىرىغا سوۋغا ئەۋەتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، بىر دانە قولياغلىققا ۋە بىر ياقلىققا كۆكۈل قويۇپ گۈل كەشتىلەپ، يەنە ئانىسى بەرگەن پارچە پۇللارغا بىر توقاچ ئەتىر سوپۇن سېتىۋېلىپ ئازادلىق ئارمىيە تاغىلىرىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ يەنە مەكتەپتىكى پىئونېرلار ۋە ساۋاقداشلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيە تاغىلارغا ئورغۇنلىغان خاتىرە دەپتەر، لۆڭگە، سوپۇن قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ بەردى.

بۇ ئەترەتتىكى چارۋىچى ئاۋىلبايىنىڭ ئوغلى ھەربىي سەپتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولۇپ، ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى كەم ئىدى. 1981- يىل 6- ئايدا، ئاۋىلبايىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۆي سالغاندا، كۈلەش مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا قارىشىپ بەردى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا مەكتەپ بويىچە 20 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى كېلىپ ئۈچ كۈن ياردەملەشتى. ئاۋىلباي ئۇلارنىڭ تەرگە چۆمۈپ كەتكەنلىكىنى، مۇرىلىرىنىڭمۇ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى كۆيگەن ھالدا ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى، كۈلەش ئىنتايىن ئەدەب بىلەن: «بوۋا، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز» دېدى.

5. تۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشچىلىرى قاتتىق بوراندا سوتسىيالىزىمنى قوغدىغۇچىلار بولۇپ، قېرىنداشلىق ئۆزگەرمىگەن

تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 100 چاقىرىملىق بوران ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەر يىلى بىر نەچچە قېتىم ئېغىر بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، قۇم- شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ، قاناشنى ئۈزۈپ تاشلايتتى، ھەتتا ماشىنىلارنى ئۆرۈپ، سېمونت ستولبىلارنى سۇندۇرۇۋېتەتتى. 1984- يىل 4- ئاينىڭ بىر كۈنى، ھاۋارايى پونكىتى ماشىنا ئەترىتىگە: كۈگۈمدىن كېيىن، 11 بالدىن يۇقىرى قاتتىق بوران چىقىدىغانلىقىنى، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. ماشىنا ئەترىتى سىرتقا چىقىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇردى. چۈشتىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر جەڭچىسى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ماشىنىسى زاۋۇتتىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ ئېغىزىدا بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى، ماشىنىدا يەنە ئىككى يولداشنىڭ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، زاۋۇت ماشىنا كاللونىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ، زاۋۇت ئەتراپىدىكى تاغ بېشىدا قارا بۇلۇت ئەگىشكە باشلىغان بولۇپ، ئىشچىلار بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتاي دەپ تۇرغاندى. ئەھۋالنى ئۇققان ماشىنا كاللونىدىكى يولداشلار: «نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇدا ( بەش بولۇش، تۆت گۈزەل) نى يولغا قويۇپ كېلىۋاتىمىز، ھازىر ئازادلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى ھالقىلىق پەيت، گەپ بىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە باغلىق!» دېيىشتى. كۆپچىلىك دەرھال قورال- جابدۇقلارنى تەييارلاپ، زاۋۇتتىن بىر پىكاپنى ئېلىپ ماشىنا بۇزۇلۇپ قالغان جايغا باردى، قاتتىق بوراندا ئادەم تىك تۇرغىلى بولمايتتى. رېمونت ئىشچىلىرى ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ رېمونتقا كىرىشىپ كەتتى. بەزى رېمونتچى ئىشچىلارنىڭ قولاقچىلىرىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى، قولاقچىلىرى بىلەن كارى بولماي، يالاڭباشتاق ئىشلەۋەردى. بۇ چاغدا ئىدارىدا ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان زاۋۇت رەھبەرلىرىدىن سۈن باۋچاڭ، ۋاڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ۋە تارانچى باشقۇرۇش پونكىتىدىكى يولداشلارمۇ تىت- تىت بولۇپ كەتكەندى. بۇنداق قاتتىق بوراندا ئادەم ۋەقەسى چىقىپ قالسا، قانداق قىلىمىز دەپ، جۇۋا، يېمەكلىك ۋە باشقا نەرسىلەرنى دەرھال تەييارلاپ قوتقۇزۇش ئۈچۈن ماڭاي دەۋاتقاندا، ئۇلار قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بوران توختىدى. ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى يولغا چىقىش ئالدىدا كاللون باشلىقىنىڭ قولىنى قاتتىق قىسقان ھالدا: «رەھمەت سىلەرگە، سىلەر بىز ئۈچەيلەننى ھەم ماشىنىمىزنى قۇتقۇزۇۋالدىڭلار، ناۋادا سىلەر جىددىي ھەرىكەت قىلمىغان بولساڭلار ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بىز بۇ ئىشتىن سىلەرنىڭ گۈزەل قەلبىڭلارنى كۆرۈۋالدۇق. بۇ، سىلەرنىڭ ئازادلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار» دېدى.

6. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشى

1) كەلكۈن كەلگەندە   1979- يىلى يازنىڭ بىر ئاخشىمى، باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ يېنىدىكى تاغدا تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ، بىر دەمدىلا شىددەتلىك كەلكۈن تاش- شېغىللارنى ئېقىتىپ ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئېلېكتر ئىستانسىسى رەھبەرلىكى قىسىمغا تېلېفون ئۇرۇپ ياردەم تەلەپ قىلدى. قىسىم ئورگىنىدىكى ۋە 1- لېيەندىكى بارلىق ئوفىتسېر- جەڭچىلەر سىياسىي كومىسسار شۇ بەيلۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېزدىن ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، شىددەتلىك كەلكۈن قورشاۋ تامنى بۇزۇۋېتىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىچىگە كىرىپ كۆمۈرخانىنى ئۆرۈۋەتتى. گېنېراتورخانىنى سۇ بېسىپ كېتىپ، گېنېراتورلار ئىشتىن توختاپ قالدى. دۆلەت مۈلكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان پەيتتە، 1- لېيەننىڭ لېيەنجاڭى ما بۇخەن بېلىگىچە كېلىدىغان تاشقىن قاينىمىغا سەكرەپ چۈشتى، ئارقىدىن جەڭچىلەرمۇ ئارقا- ئارقىدىن كەلكۈن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، كەتمەن- گۈرجەكلەر بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىچىدىكى كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئېرىق چېپىشقا باشلىدى، يەنە بىر قىسىم جەڭچىلەر

داس- چىلەكلەر بىلەن گېنېراتورخانىدىكى سۇنى سىرتقا تۆكۈشكە باشلىدى. ئوفىتسېر- جەڭچىلەر، ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشچى- خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق جىددىي ئىشلىشىش ئارقىلىق، كەلكۈن سۈيىنى يېگىدىن ئېچىلغان ئېرىق ئارقىلىق چۆللۈككە ئاققۇزۇپ، گېنېراتورخانىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى ساقلاپ قالدى. ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى يولداشلار ئەسكەرلەرگە ئېلېكتر ئىستانسىسى ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىپ توك بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇستىۋېشى لاي بولۇپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ يۈزلىرىدە خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

بۇ قىسىمنىڭ قوغداش دائىرىسى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، نەدە خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەرسە، شۇ يەرگە باتۇرلۇق بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ، خەلق ئاممىسىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇش پەرزەنت ئەسكەرلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. 1979- يىلى، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى ئاراتۇرۇكنىڭ ئاداق گۈگشىبىدا تاش قىزىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى. 7- ئاينىڭ 13- كۈنى، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا، شىددەتلىك كەلكۈن ئاداق گۈگشىبى تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. مۇشۇ بەنجاڭ جاڭ يۈيەن، جەڭچى ۋۇ گېنخۇي قاتارلىق بىر قانچە جەڭچى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلدى. بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كەلكۈن سۈيى تامنىڭ بىر بۇرجىكىنى سۆكۈپ كەتكەن بولۇپ، گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشكە ئاز قالغانىدى، ئەمما ئۆيدىكى نەرسە- كېرەكلەر تېخى شۇ پېتىچە تۇراتتى. ئىككىيلەن دەرھال ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ بىر «تۆگلۈك» ئېچىپ، ئۆيگە سەكرەپ چۈشتى، ئۆگزىدىن چۈشۈۋاتقان كېسەكلەر ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشىغا چۈشسىمۇ، ئۇلار قىلچە پەرۋا قىلماي بېلىگىچە كەلگەن سۇ ئىچىدىن گۆگشى ئەزالىرىنىڭ مال- مۈلكىنى بىر- بىرلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇيغۇر جەڭچى ئەنەيتۇللا زوكامداپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاپەت بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان، ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ، نەق مەيدانغا بېرىپ، ئەزالارنىڭ مال- مۈلكىنى بىر- بىرلەپ سىرتقا توشۇشقا كىرىشىپ كەتتى. 10 نەچچە سائەتلىك جىددىي قۇتقۇزۇشتا، جەڭچىلەر تاماقمۇ يېمەي، ئاراممۇ ئالماي دۇكان، مەكتەپ ۋە دوختۇرخانىلاردىن نۇرغۇن مال- مۈلۈكنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. 12 ئائىلىلىك ئامىنىڭ مال- مۈلكى، خەتەرگە يولۇققان 18 قېرى- چۆرى، بالىلار قۇتقۇزۇۋېلىندى.

2) ئاممىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندا 1977- يىلى باش باھاردا، باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئاندا- ساندا سۇ يېغىلىپ قالغانىدى. بىر كۈنى ناھىيىلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ پوچتىكىشى جەن رۈيچىڭ ۋېلىسىپىتلىك ئۆيىگە قايتىشىدا، بىر قول تراكتورىغا سوقۇلۇپ كېتىپ، ھوشىدىن كەتكەچكە، دەرھال ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ قۇتقۇزۇلغاندا، ئۇنىڭ جىگىرى يېرىلىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئەھۋال خەتەرلىك بولۇپ، دەرھال قان بېرىپ قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلدى. لېكىن دوختۇرخانىنىڭ قان ئىسكىلاتىدا يېتەرلىك قان يوق ئىدى. شۇ چاغدا، مەلۇم ھەربىي قىسىمنىڭ باشلىقى بەن جىلى دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال سىياسىي كومىسسار شۇ بەيلۇگا تېلېفون بېرىپ، ئوفىتسېر- جەڭچىلەرنى قان بېرىپ ئادەم قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇ بەيلۇڭ ئەھۋالنى ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان لىيەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ئېيتقاندىن كېيىن، دەرھال 20 نەچچە ئوفىتسېر- جەڭچى بەس- بەس بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ قان بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەتتە ئوفىتسېر- جەڭچىنىڭ قان تىپى بىمارنىڭ قان تىپى بىلەن ئوخشاش چىقتى. ئۇلاردىن بەي تيەنيۇ ئىسىملىك جەڭچىنىڭ تېنى ئاجىز بولغاچقا، دوختۇر ئۇنىڭ قان بېرىشىگە قوشۇلمىغاندا، جەڭچى تىت- تىت بولۇپ يىغلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، جەڭچىلەرنىڭ 1000 مىللىگرامدىن ئارتۇق قېپقىزىل قېنى جەن رۈيچىڭنىڭ تومۇرىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن قۇتقۇزۇۋېلىندى. جەن رۈيچىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: «ئازادلىق ئارمىيە ماڭا ئىككىنچى قېتىملىق ھايات بەردى» دېدى.

1985- يىل 6- ئاينىڭ 26- كۈنى، باركۆل ئۆچكۆلدىكى دېھقان ياۋ چىڭۋاڭ قاتارلىق بىر قانچە دېھقان تۇز

پارتلاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن پارتلىغان تۈز ياۋ چېگۇاڭنى جاراھەتلەندۈردى. قالغانلار دەرھال ئۇنى تراكتورغا سېلىپ، چېكرا مۇداپىئە پونكىتىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، يولدا كۆمۈر باسقان چېكرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ ماشىنىسى ئۇچراپ قالدى. شوپۇر جاڭ گۇاڭبو يارىدارنى جىپ ماشىنىغا سېلىپ 176 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. گو دوختۇر يارىدارنى سىلكىنىشتىن مۇمكىنقەدەر خالىي قىلىش ئۈچۈن، يول بويى يارىدارنى ئېتىكىگە ئېلىپ ئولتۇردى. كەچ سائەت 10:30 ئۆتكەندە، يارىدار دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ، شۇ ئاخشىملا ئوپېراتسىيە قىلىندى. 6- ئاينىڭ 30- كۈنى، يەنە ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تۆت كۈندىن كېيىن، ياۋ چېگۇاڭ ھوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ياۋ خىگلى تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزگەنلا ئادەمگە: «ئازادلىق ئارمىيە بولمىغان بولسا، دوختۇرخانا ئوپېراتسىيىنى ياخشى قىلمىغان بولسا، ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەن بولار ئىدى!» دېدى.

7. ساقچىلار بىلەن خەلقنىڭ دوستلۇق رىشتىسى

ئاراتۇرۇك باي ساقچىخانىسى بىلەن باي گۇڭشېدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ ئەزالار خۇددى بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك چوڭقۇر مىللىي دوستلۇق ئورناتقان. ساقچىخانا كادىر- ساقچىلارنى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشنى دائىم ئۈيۈشتۈردى. ھەر يىلى دېھقانچىلىق ئالدىراش مەزگىللىرىدە، ساقچىخانا ئادەم ئاجرىتىپ ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ بۇغداي ئورۇش، قىر چېپىش، كۆچەت تىكىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇيغۇر مېيىپ دېھقان ھەببۇلىنىڭ ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيتتى. گۇڭشې رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، بوغدىيىگىنى ئورۇپ بولدۇڭمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: «ساقچىخانىدىكى لېي فىگلار ئالىقاچان ئورۇۋەتتى.» دېدى.

قىش كۈنلىرى ئېرىقلار مۇزلاپ توسۇلۇپ قالاتتى. ساقچىخانىدىكى كادىر- ساقچىلار گۇڭشې ئەزالىرى بىلەن بىللە قاتتىق سوغۇققا قارىماي مۇز چېپىپ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىملىك سۇيىنى ھەل قىلاتتى. تاغدا چارۋىچىلارنىڭ قوتىنى بولمىغاچقا، قويلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە تەھدىت ئېلىپ كەلگەنىدى. ساقچىخانا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال 15 نەپەر قاۋۇل ساقچىنى ئەۋەتىپ، بەش كۈندە كەڭلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىرلىق قوي قوتىنى سېلىپ بەردى.

1980- يىل 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، تېۋىت تاراشنىڭ ئالدىراش مەزگىلى بولغاندا، ساقچىخانا 15 نەپەر كادىر- ساقچىنى چارۋىچىلىق رايونىغا ئەۋەتىپ تېۋىت تاراشقا ياردەملەشتى. 13 كۈندىلا ۋەزىپىنى ئورۇندىۋەتتى. مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23% ئاشۇرۇلدى. ساقچىخانا يەنە دائىم چارۋىچىلارنىڭ ئوغۇت چىقىرىش، ئوتلاق كۆچۈش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن چارۋىچىلارنىڭ چېچىنى ئېلىپ، سۇيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ بەردى، كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ قويدى.

قىش كۈنلىرى ھاۋا سوغۇق بولۇپ، يەر توڭلاپ، قۇدۇقلاردا سۇ قالمايتتى، ئېرىقلاردىكى سۇلار مۇزلاپ كېتەتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىنلىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا ساقچىخانا ئۆزىنىڭ قول تراكتورى بىلەن ناھايىتى يىراق كۆلدىن ھەر كۈنى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگىچە سۇ ئەكىلىپ بەردى، ئەنە شۇنداق ئىككى يېرىم ئاي توشۇپ پۈتۈن گۇڭشېدىكى 2/3 قىسىم ئاھالىنىڭ ئىچىملىك سۇيىنى ھەل قىلىپ تۇردى.

1984- يىلى، بايدا ئۇدا نەچچە كۈن يامغۇر ياغقاچقا، ئەزالار ئۆيلىرىنىڭ تام تۈۋىگە سۇ يىغىلىپ قېلىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى تۇغۇلدى. ساقچىخانىدىكى كادىر- ساقچىلار خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئايلاپ يۈرۈپ رېمونت قىلدى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، كەلكۈن كېلىپ بىر سېمونت ئېرىقنى بۇزۇپ ئۆتۈپ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا شىددەت بىلەن ئاققىلى تۇردى. ئۇيقۇدىكى ھەر مىللەت ئامما بۇ خېيىم- خەتەرنى تېخى بىلمەيتتى. ساقچىخانىدىكى يولداشلار بۇ ئەھۋالنى گۇڭشېغا دوكلات قىلىش بىلەن بىللە، بەلگىچە كېلىدىغان سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۆڭەككە ئۆتىدىغان سوغۇققا

بەرداشلىق بېرىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە كەلگۈن بىلەن بەش سائەتتىن ئارتۇق ئېلىشىش ئارقىلىق، كەلكۈننى توساپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىرائەتلىرىنى ۋە ئۆيماندىكى تۆۋ- ئىمارەتلەرنى قوغداپ قالدى.

1985- يىلىنىڭ بىر كۈنى، بىر قانچە ئۇيغۇر ئەزا كۆلدە بېلىق تۇتۇۋېتىپ، تاسادىپىي بېلىق تورى كۆلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى تاقاقنىڭ ئېغىزىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەگەر تورنى ۋاقتىدا ئېلىۋەتمىگەندە، تور تېگىدىكى تاقاقنىڭ سۇ چىقىش ئېغىزىغا كەپلىشىپ قېلىپ، كوللېكتىپنىڭ مال- مۈلكى زىيانغا ئۇچرايتتى. تەق مەيداندا قاراپ تۇرغان بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى، ھېچ ئىككىلەنمەيلا سۇغا سەكرەپ، سۇ ئاستىغا نەچچە رەت شۇڭغۇپ ئىزدىگەندىن كېيىن، بېلىق تورىنى تېپىپ چىقتى. ئەتراپتىكى ئۇيغۇر ئەزالار تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۇ جەڭچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «بىزنىڭ كىچىككىنە تورىمىز ئۈچۈنمۇ سىلەر ھاياتىي خەۋپ- خەتىرىڭلار بىلەن ھېسابلاشمايدىكەنسىلەر، بىز ئازادلىق ئارمىيەدىن ئۆگىنىمىز!» دېيىشتى.

سايىم بوۋاينىڭ يېڭىدىن سېتىۋالغان تراكتورىغا بىر ئاخشىمى تۇيۇقسىز ئوت كېتىدۇ، ئوت ناھايىتى تېزلا بارالگەدىكى ئوت- چۆپكە تۇتىشىپ، يېنىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە باشقا ئۆيلەرگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى تېزلا نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىدۇ. بىر قىسىم جەڭچىلەر ئۆگزىگە چىقىپ بارالگەدىكى ئوت- چۆپلەرنى يۆتكەپ ئوت مەنبەسىنى ئۈزۈشكە كىرىشىدۇ. بىر قىسىم جەڭچىلەر خېيىم- خەتەرگە قارىماي ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ تراكتورنى تارتىپ چىقىدۇ. ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق ئوت ئۆچۈرۈۋېلىنىپ، سايىم بوۋاينىڭ زىيىنى ئازايتىلىدۇ.

1989- يىلى، ئاپتونوم رايون باينىڭ كۆل توغىنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى. چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى 1800 ئادەم (قېتىم) ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ، 90 كۈن جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، 72 تونىنا سۇ ئۆتكۈزمەس ئەينەك كىلىونكىنى بىر پارچىدىن- بىر پارچىدىن يېپىشتۇرۇپ 7.8 كۋادرات مېتىرلىق تاختاي شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى توغاننىڭ ئالدىغا ياتقۇزۇپ، ئۈستىنى توپا بىلەن كۆمدى. كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ئەبەدىي ئەستە ساقلاش ئۈچۈن، بۇ كۆل توغىنىغا «ساقچى- خەلق رىشتە توغىنى» دەپ نام بېرىلدى.

1990- يىل 7- ئايدىن باشلاپ، ساقچى- خەلق ئۈچ يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق باي بىلەن ناھىيە بازىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان 48 كىلومېتىرلىق يولنى ياساپ پۈتكۈزدى.

چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەر ئېزىز نىيازنىڭ ئائىلىسى باقمىچىلىقىغا ياردەملىشىپ، بۇ ئائىلىنى يېزىسىدىكى بىر يۈرۈش خىش ئۆيى، 400 قويى، 15 تۆگىسى، 11 ئېتى بار باي ئائىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. ھازىر يېزا بويىچە 85% نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا قەدەم قويدى.

بۇ ساقچىخانا چەت- ياقا تاغلىق يېزىدا، ساقچى- خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى ئىشلەپ، 1982- يىلى قوراللىق ساقچى مىنىستىرلىكى، شىنجاڭ باش ئەترىتى تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1984- يىلى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1990- يىلى، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

**8. چارۋىچىلار ئۈچۈن يول ياساش**

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى چوڭ سارىبۇلاق چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدىكى كوماندىر-

جەڭچىلەر دۆلەتتىن بىر تىيىننىمۇ ئالماي، چېكرا رايوندىكى «خەلقنى سۆيۈش» يولىنى رېمونتلاشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ يول باركۆل بىلەن موريدىن ئىبارەت ئىككى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چېكرا تاشيولى بولۇپ، تاغ بىلەن سازلىق ئۆزئارا تۇتاشقان بەلۋاغقا جايلاشقان. سازلىقتىكى بۇ يول ئەسلىدە چىغىر يول بولۇپ، ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، 600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلىكى بۇزۇلۇپ، ئاپتوموبىللار دائىم تىقىلىپ، هارۋىلار ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان، هەر يىلى چارۋىلارنى ئوتلاقىقا كۆچۈرۈش ۋاقتىدا چارۋىچىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان كاتاڭ يول بولۇپ قالغانىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئۇدا 10 كۈن هەر كۈنى 11 سائەت جاپالىق ئىشلەپ، 4000 كۇب مېتىردىن ئارتۇق توپا-شېغىلنى تىندۇرۇپ، يولنى تۈپتۈز هالەتكە كەلتۈردى. ئىككى ناھىيىنىڭ قازاق چارۋىچىلىرى بۇ يولنى «خەلقنى سۆيۈش يولى» دەپ ئاتىدى.

# III باب

# ئۆزئارا ياردەم بېرىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش

## §1. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش

### 1. ئانىنىڭ مېھرى

1974-يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى بۇلۇڭتوغراق گۇڭشېسى قۇمتوغراق 5-ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ يوگشىڭ ئاشقازان راكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالمۇ كېسەل سەۋەبىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن تۆت پەرزەنتىنى تاشلاپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ (چوڭ ئوغلى خۇەيىيۇ 15 ياش، چوڭ قىزى چۈەنخۇا 11 ياش، ئىككىنچى قىزى يۈخۇا يەتتە ياش، ئىككىنچى ئوغلى خۇەيىيون ئۈچ ياش).

ۋاڭ ئائىلىسىنىڭ قوشنىسى، كومپارتىيە ئەزاسى مېڭ شيۈيىڭ ئانا-ئانىسىدىن يېتىم قالغان بۇ تۆت بالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ. ئۇ ئەترەت كادىرلىرى ۋە ئائىلىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بۇ تۆت يېتىم بالىغا قاراپ قويۇش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالىدۇ.

مېڭ شيۈيىڭنىڭمۇ تۆت بالىسى بار ئىدى، يېتىم بالىلارغا قاراش يۈكىنى زىممىسىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئەترەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپلا ئۇ ئالدى بىلەن خۇەيىيۇ ئائىلىسىگە بېرىپ، بالىلارنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملىشىدۇ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى تىكىپ بېرىدۇ. كېسەل بولۇپ قالسا، دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ كۆرسىتىدۇ. يېمەكلىرى تۈگىسە، ئۆز ئۆيىدىن ئەكىلىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدىن قۇتقۇزۇش مەبلىغى

كەلسە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم سوراش ئىلتىماسىنى يازدۇ ۋە كەلگەن ياردەم پۇللارنى ئۇلارنىڭ تېجەپ خەجلىشىگە ياردەم قىلىدۇ.

مېڭ شيۇيىڭ ئۇلارغا ماددىي ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى بوشاشتۇرمىدى، ئۇ دائىم بالىلارغا: «سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار ئالەمدىن ئۆتتى، دۆلەت، كوللېكتىپ پۇل بېرىپ سىلەرگە قاراۋاتىدۇ، سىلەر ياخشى ئۆگىنىشىڭلار، ئەمگەكنى ياخشى سۆيۈشىڭلار، پارتىيىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىڭلار كېرەك!» دەيدۇ.

1981-يىلى، بۇ تۆت ئاكا-سىڭىل ئۆزلىرى ئەمگەك قىلىپ 350 يۈەن پۇل تاپىدۇ. مېڭ شيۇيىڭ بۇ پۇلغا بالىلارغا كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىشتىن سىرت، يوتقان-كۆرپە ۋە ئائىلە جابدۇقلىرىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ.

1984-يىلى ئەتىيازدا، چوڭخۇا ياتلىق بولغاندا، مېڭ شيۇيىڭ ئۇنى خۇددى ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلغاندەك تويىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

شۇ يىلى يازدا، خۇەيبيۇلەرنىڭ ئۆيىنى كەلكۈن بۇزۇۋېتىدۇ. دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ياردىمى، مېڭ شيۇيىڭنىڭ ئارىدا كۆپ خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئەترەتتىن خۇيبيۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆي سېلىشقا ياخشىراق جايدىن ئۆي ئورنى ئاجرىتىپ بەرمەكچى بولىدۇ. مېڭ شيۇيىڭ ئەمما يېتىم بالىلارنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن يىراق بولۇپ قالغىدەك دەپ، يېقىنراق جايدىن ئۆي ئورنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. يېڭى ئۆي پۈتكەندىن كېيىن، مېڭ شيۇيىڭ بالىلارنى خۇشال-خۇرام يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈرۈپ قويىدۇ.

2. چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش

1962-يىلى، باركۆل ناھىيىسى سارچوقا رايونىدىكى قاداتقان گۆڭشېنىڭ تۆگىلىرىنى قوتقۇزۇش يولىدا بەختكە قارشى بىر پۇتىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتە مېيىپ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرماي، دوختۇرلۇق كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق يېزا-كەنت دوختۇرى بولۇپ قالىدۇ. 1968-يىلى تەشكىل ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ بىر يالغان پۇت سالدۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئاتقا مىنىپ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ كېسەل كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. ئۇ دائىم: «خەلق ھۆكۈمىتى مېنى دوختۇر قىلىپ يېتىشتۈردى،مېنىڭ پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆمۈرۋايەت چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش» دەيدۇ.

قاداتقان تۇرۇۋاتقان چارۋىچىلىق چوڭ ئەترىتى 40 نەچچە كىلومېتىرلىق دائىرە ئىچىدىكى چوڭ چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. گۆڭشې بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. قىشلاق يايلاقلىرى تولىمۇ يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە گىلاڭ تاغلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، يوللىرى تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. قاداتقان 20 نەچچە يىلنى مۇشۇ تاغ يولىدا، كېچە-كۈندۈز ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئۆز ئەترىتىدىكى چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپلا قالماي، باشقا ئۈچ ئەترەتنىڭ كېسەللىرىنى كۆرىدۇ. ئات ئۈستىدىكى جاپالىق يۈرۈشتە، ئۇنىڭ پۇتى تولا سۈركىلىپ قاناپ كېتىدۇ. چارۋىچىلار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغاندا، ئۇ: «سىلەر ساغلام بولساڭلارلا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن.» دەيدۇ.

1975-يىلى قىشتىكى قار-شۇۋرغانلىق بىر ئەتىگىنى پېشقەدەم چارۋىچى تۇراخان 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىن قاداتقاننى ئىزدەپ كېلىدۇ. قاداتقان دەرھال تۇراخاننىڭ ئۆيىگە ئاتلىنىدۇ. تۇراخان ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭلا زىققە كېسىلى قوزغىلىپ قالغان بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىمۇ زوكامدىن قايتا قوزغىلىپ قالغانىدى. قالغان بالىلار كىچىك بولغاچقا، ئۆيدە چاي قاينىتىدىغانمۇ ئادەم قالمىغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قاداتقان شۇ كۈنى تۇراخاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئۇلارنى داۋالايدۇ. ئۇ بىر ياقتىن كېسەل كۆرسە، بىر ياقتىن چاي قاينىتىپ، تاماق ئېتىپ كېسەللەرگە قارايدۇ. ئەتىگەن ھەم كەچقۇرۇن ئات-ئۇلاغلىرىغا قارايدۇ، تاكى قىزى قېيىنئانىسىنىڭكىدىن قايتىپ كەلگىچە

ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرىدۇ. يېرىم ئايدىن كېيىن تۇراخان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىدۇ، قاداتقان قايتماقچى بولغاندا، تۇراخان كۆزىگە ياش ئېلىپ: «قاداتقاننى ياخشى دوختۇر قىلىپ تەربىيىلىگەن ماۋ جۇشىغا ھەشقاللا» دەيدۇ.

ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسى بىلەن خەلق گۈڭشېسى قاداتقاننىڭ مېيىپ ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ مۇددەت ئات ئۈستىدە يۈرسە بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ شتاتىنى دۆلەت شتاتىغا ئۆزگەرتىپ، گۈڭشې دوختۇرخانىسىدا ئىشلەشنى ئىككى قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما قاداتقان تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپلا، چارۋىچىلىق ئەترىتىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇ: «مەن داۋالىنىشى قىيىن بولغان چارۋىچىلاردىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ، ئۇلار مېنىڭدەك دوختۇرغا بەكمۇ موھتاج» دەيدۇ.

3. بېيىغاندا يۇرتداشلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق

1984- يىلى، باركۆل ناھىيىسى سارچۇقىنىڭ كوللېكتىپ چارۋىسى ئائىلىلەرگە مۆددىگە بېرىلدى. سۆجە، ۋۇجىياجۇاگزى (قوش ئارال) كەنتىنىڭ چارۋىچىسى قالى ئۇستا ياغاچچى، شۇڭدالا مال بېقىشقا ئېپى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر يىلدىن كېيىنلا چارۋىچىلىق رايونىنىڭ تۇنجى 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىسى بولۇپ قالدى. ئۇ كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور سېتىۋېلىپ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمما قالى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بېيىغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي بېيىغان بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە، ياتاقلىق مەكتەپكە بىر دانە كىرئالغۇ ئېلىپ بەردى، پۇل چىقىرىپ مەكتەپنىڭ سىنىپ- ياتاقلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بېيىش ئۈچۈن پەن- تېخنىكىغا، ئىلىم- پەنگە تايىنىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك».

قالى كۆكەن، ئادىل قاتارلىق تۆت ئائىلىنىڭ جان سانى كۆپ، تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىككى تۇياق قوي، 315 يۈەن پۇل ۋە 150 كىلوگرام بۇغداي ئۇرۇقىنى بەردى، ئۇلارنىڭ 70 مو تېرىلغۇ يېرىنى ھەقسىز ئاغدۇرۇپ بەردى. كۈزدە يەنە ئۇلارنىڭ بۇغدايلىرىنى ھەقسىز يانجىپ بەردى. قالىنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى ياخشىلاندى. كەنتتە يەنە 27 ئائىلىنىڭ ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق قورال- سايمانلىرى سېتىۋېلىشتا قىيىنچىلىق بولۇپ قالغاندا، ئۇ 1500 يۈەن پۇلنى قەرز بېرىپ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. چارۋىچىلار ئۇنىڭغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرگەندە ئۇ: «بىز ئۆزئارا ياردەمدە بولغاندىلا، ئاندىن ئورتاق بېيىيالايمىز» دەيدۇ.

4. باشقىلارنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىش

1980- يىللارنىڭ باشلىرى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسى ئاقيەر كەنتىدىكى دېھقان ئايشەم ئادىل شەرقىي ئۆستەڭ رايونى ئاقيەر كوچىسىدا ئاشخانا ئېچىپ، خېرىدارلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، تىجارىتى ناھايىتى روناق تاپتى، كېيىن ئۇ يەنە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ناۋايخانا، سودا دۇكىنى ئېچىش قاتارلىق تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشى بېشى كىرىمىنى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى. ئايشەم ئادىل ئۆزى بېيىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدى. ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىككى ئائىلە يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بېيىش يولىغا ماڭدى.

5. ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىق

1983- يىل 4- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ (شار تۆپلەر) گۈڭشې چارۋىچىلىق 2- ئەترىتىنىڭ باشلىقى تۇرغۇن ئېلى بىر تاي تېپىۋالدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەن سېلىپلا ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋال، دېگەندە، ئۇ مەن تۇرغۇن

ئۈيغۇرلاردىن ئۇقۇشتۇم، بۇ تاي ئۈيغۇرلارنىڭ ئەمەسكەن، قارىغاندا خەنزۇ يولداشلارنىڭ ئوخشايدۇ. ئىگىسىنى ئىزدەپ قايتۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ، دەپ، كۆپ سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق، ئىگىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، تاپقان تايىنى يەتتۈرۈپ قويغان خەنزۇ يولداشقا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم كۆكشىپىسى ئىتتىپاق ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ۋۇ جىنيۈ، 1987- يىلى پلاستماسسا (سۇلياۋ) زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن بانكىدىن 4300 يۈەن قەرز ئالىدۇ. كەچقۇرۇن ۋېلىسىپىتلىك قايتىشىدا، ۋېلىسىپىتكە ئىلىپ قويغان پۇل سېلىنغان سومكىسىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ ئىش ئۈچۈن بىر ئاخشام ئۇخلىمايدۇ. بىر خۇيزۇ ياش بۇ پۇلنى تېپىۋېلىپ، دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ۋۇ جىنيۈ پۇلنى ساق- سالامەت تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىر دانە ئۆتنىڭغۇ ۋە 100 يۈەن پۇلنى كۆتۈرۈپ ۋاڭ شياۋبىڭنىڭ ئائىلىسىگە كېلىدۇ. ۋاڭ شياۋبىڭ سوۋغىنى قەتئىي رەت قىلىپ ئالغىلى ئۇنىمايدۇ ۋە: «بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دەيدۇ.

6. خېيمخەتەرگە قارىماي باشقىلارنى قۇتقۇزۇش

1982- يىل 5- ئاينىڭ 13- كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، قومۇل ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئابلىز ۋېلىسىپىتلىك شەھەر ئىچى كۆكشىپىسىدىكى ئىشىنى پۈتتۈرۈپ شەھەرگە قايتىدۇ. قومۇل شەھىرى «جوڭشەن» يولى تۆتكوچىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئۈركۈپ كەتكەن بىر ئات كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۈچقاندەك ئېتىلىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا تۆتكوچا، خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر مىغ- مىغ ئىدى. يەنە يول ياقىسىدا يايمىچىلار، سايىدىغۇچىلار، سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكى ئېغىر تەھدىت ئىچىدە قالغانىدى. بۇ جىددىي پەيتتە، ئۇ خەۋپ- خەتەرگە قارىماي، ئاتقا قاراپ ئېتىلىدۇ. ئات ئۇنىڭ سول تەرىپىدىن ئۈچقاندەك داجىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئاتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۈركۈپ كەتكەن ئات بىردىنلا ئابلىزنى ياندىكى ئېرىققا يىقىتىۋېتىدۇ. ئەمما ئۇ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بەرمەيدۇ. ئات بىر قانچە چۆرگىلەپ توختايدۇ. بىر مەيدان بالا- قازا شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. نەق مەيداندا ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ئاممە ئۇنى ماختاپ: «ھەقىقەتەن باتۇر يىگىت ئىكەن!» دېيىشىدۇ. يارىلانغان ئابلىز كۆپچىلىككە قاراپ: «بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دەيدۇ.

7. بىيىغان «زەرگەرچىلىك كەنتى»

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدە زەرگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان قالىنىڭ ئۆزگىچە ئىگىلىك تىكلەش قارىشىنى يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى تەرىپلىشىدۇ.

1980- يىلى، قالى مۇددىگە ئالغان 12 مو يېرى، 50 تۇياق قويى ئاساسىدا بىر زەرگەرچىلىك دۇكىنى ئاچتى. 1983 ~ 1990- يىلىغىچە، سەككىز شاگىرت قوبۇل قىلدى. بۇ شاگىرتلارنى قوشقاندا، بۇ تاغلىق كەنتتە جەمئىي 15 زەرگەر بار بولۇپ، يىراق- يېقىنغا داڭقى چىققان «زەرگەرچىلىك كەنتى» گە ئايلاندى. بۇ زەرگەرلەرنىڭ يىللىق كىرىمى كىشى بېشىغا 5000 يۈەندىن توغرا كەلدى. كىرىمى كۈندىن- كۈنگە ئېشىۋاتقان قالى، ئىككى ماگىزىن ئېچىپ، ئىلگىرىكىدەك قازاق خەلقىنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن كارى بولماسلىقتەك ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. قالىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شۇ جايدىكى 700 نەچچە ئائىلىنىڭ 50 نەچچىسى تۈرلۈك سېتىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. قالى زەرگەرچىلىك ۋە ماگىزىن ئېچىش بىلەن بىللە، دېھقانچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنىمۇ تاشلىۋەتمىدى. 1990- يىلى بۇ ئائىلە ئاشلىقتا ئۆزىنى قامداپ ئېشىنىدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە ماشىنىسى، شامال كۈچى گېنېراتورى ۋە 250 تىن ئارتۇق چارۋىسى بار بولدى.

## §2. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش

**1. ئاگساي زەينۇلنىڭ قارلىق كېچىدە قوي پادىسىنى قوغدىشى**

1979- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى خۇتۇنتام چوڭ ئەترىتىنىڭ ياش چارۋىچىسى ئاگساي زەينۇل ئىلگىرىكىدەك ماللىرىنى يايلاقتىكى ئىلىپ ماگدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ، ئارقىدىنلا بارماق چوڭلۇقىدا مۆلدۈر چۈشۈشكە باشلايدۇ. كېيىن مۆلدۈر قارغا ئايلىنىدۇ. ئاگساي ماللىرىنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما ئۇ قايتۇرۇپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ، دەھشەتلىك قار- بورانىدا قويلار ھەر تەرەپكە پىتراپ قېچىشقا باشلايدۇ.

ئەتراپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلايدۇ، قار- بوران تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ. ئاگساينىڭ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ سوغۇقتا مۇز بولۇپ قېتىپ پۈتۈن بەدىنى تىترەشكە باشلايدۇ. ئۇ نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ، ئۇ ئەتراپىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قار- شىۋىرغاندا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چېچىلىپ كەتكەن قويلارنى بورانىڭ يۆنىلىشى بويىچە ھەيدەپ ماگدۇ. ئۇ قار- شىۋىرغان بىلەن 17 سائەت ئېلىشىپ ئومۇمنىڭ قوي پادىسىنى قوغداپ قالىدۇ.

ئاگساينىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەترەت باشلىقى قاسىم چارۋىچىلارغا ئۆزى باش بولۇپ ئىزدەشكە ئاتلىنىدۇ. ئەمما بىر كېچە ئىزدەپ ئاگساينى تاپالمايدۇ. 2- كۈنى ئەتىگەندە، چارۋىچى ئىسمائىل ئاخىرى ئاگساينى تاپقاندا، ئۇ مۇز ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئىككى كۆزىنى قويلارغا تىككىنىچە، تىزىغا كەلگەن قاردا ئېغىر پۇتلىرىنى قىيىندا يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. ئىسمائىل: «ئاگساي، ئاگساي!» دەپ ئاگساينىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. ئەمما ئاگساي ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايدۇ. ئىسمائىل ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ يېنىك سىلكىپ: «ئاگساي، سەن تېخى ھاياتمۇ؟» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاگساي ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ، ئىسمائىلنى تونۇيدۇ. ئىككىسى ھاياجانلانغانلىقىدىن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ.

1979- يىل 10- ئايدا، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى ئاگساي زەينۇلغا «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىدۇ.

**2. بېكىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كوللېكتىپنىڭ قويلىرىغا بېغىشلىدى**

مەملىكەتلىك 5- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى بېكىن، باركۆل ناھىيىسى سارچوقا گۇڭشېسىنىڭ نەمۇنىچى چارۋىچىسى ئىدى. بېكىن بىلەن يولدىشى چاكەن پۈتۈن زېھنىنى كوللېكتىپنىڭ قويلىرىغا بېغىشلاپ، ياخشى ئاسراپ باققاچقا، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يىلمۇ يىل ياخشى نەتىجە ياراتتى. 1971- يىلدىن باشلاپ، ئۇ باققان بىر قورۇ شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ ئامانلىق نىسبىتىنى ئۇدا 10 يىل 98% تىن، تۆللەرنىڭ كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتىنى 95% تىن ئاشۇرۇپ كەلدى. باركۆل ناھىيىسىدە 1976- يىلى قىش، ئەتىيازدا يۈز بەرگەن ئېغىر تەبىئىي ئاپەتتىمۇ، ئۇ تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ ئوخشاشلا ياخشى نەتىجە ياراتتى. 2- يىلى چارۋىلارنىڭ ئامانلىق نىسبىتى 99.7% كە تۆللەنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 97.2% كە يەتتى. 1977- يىلى ئەتىيازلىق تۆل ئېلىش مەزگىلىدە، غەربىتاغدا ئۇدا 13 قېتىم ئوتتۇراھال قار ياغدى. تېمپېراتۇرا 0 دىن تۆۋەن 30 نەچچە سېلسىيە گرادۇسقا چۈشتى. بولۇپمۇ 4- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە ياغقان قار- شىۋىرغان ئانا قوي ۋە تۆللەرگە ئېغىر تەھدىت سالدى. بېكىن ئائىلىدىكى كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، سوغۇققا قارشى تۈرلۈك

تەدبىرلەرنى قوللىنىپ چارۋىلارنىڭ چىقىمىنى ئازايتتى. ئاخىرى يېتىلگەن چارۋىلارنىڭ ئامانلىق نىسبىتىنى 99.15% كە، تۇغۇلۇشتىن ئىبارەت نىسبىتىنى 94.5% كە يەتكۈزۈپ، ئاپەت يىلىمۇ چارۋىچىلىقتا يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈردى. بېكىن ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن چارۋىچىلىقتا ئۇدا توققۇز يىل مۇقىم، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىپ كوللېكتىپقا ئۆچۈن 1670 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇ سان ئۇلارنىڭ 1971-يىلىدىكى قوي سانىنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. سەككىز يىلدا ئۇلار دۆلەتنى 4600 كىلوگرامدىن ئارتۇق قوي يۇڭى بىلەن تەمىنلىدى.

3. يېڭىچە چارۋىچى ئىسلامقان

ئىسلامقان ئاراتۇرۇك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى 2-شۆبە مەيدانىنىڭ قازاق چارۋىچىسى. چارۋىچىلىقتا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچ كىرىپ راسا بىر ئىشلەپ باقماقچى بولدى.

ئىسلامقان ئائىلىسى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ 426 تۇياق قويىنى ھۆددىگە ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇغۇت يېشىدىكى ساغلىق 192 تۇياق بولۇپ، 1984-يىلى 192 تۇياق تۆل ئالدى. تۆللەرنىڭ كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى بىلەن ئامانلىق نىسبىتى 100% كە يەتتى.

1985-يىلى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلدى. ھۆل-يېغىن بولمىغاچقا ئوتلاقتىكى ئوت-چۆپ قۇرۇپ كەتتى. چارۋا بېقىش قىيىنلاشتى. ئەتىيازلىق تۆل ئېلىش مەزگىلىدە، ھاۋارايىمۇ قېرىشقاندەك بەك سوغۇق بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساغلىقلارنىڭ سۈتى يېتىشمىدى. مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا، ئىسلامقان ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ھەر كۈنى يېڭى تۇغۇلغان تۆللەرنى بىر-بىرلەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ ئوچاق تۈۋىگە تىزىپ، ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ جۇۋىلىرىنى يېپىپ ئىسسىتىپ ۋە تۆللەرنى بىر-بىرلەپ ئېمىزگە بىلەن ئېمىتتى. ئۇلار بالىلىرى ئاچ قالسىمۇ، تۆللەرنى ئاچ قويۇشقا كۆڭلى قىيمىدى. پۈتكۈل تۆل ئېلىش مەزگىلىدە، ئۇلار كېچە-كۈندۈز تېنىم تاپماي ساغلىق، تۆللەربىلەن ھەپىلىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتتى، ئاش-تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمىگەنلىكتىن ئورۇقلاپ كەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ چارۋىسى بىر-بىرىدىن تېمەن، ساغلام بولۇپ، يىللىق تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

1985-يىلى، ئىسلامقاننىڭ يىللىق كىرىمى 11 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىن مەيدانغا تاپشۇرىدىغان 3366 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى 1000 يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، يىللىق ساپ كىرىمى 6634 يۈەنگە، كىشى بېشى ساپ كىرىمى 829 يۈەنگە يەتتى. ئۇلارنىڭ كىرىمى مەيدان ئوتتۇرىچە كىرىمىدىن يۇقىرى بولدى. 1986-يىلى ئۇ دۆلەتنى 216 تۇياق تاۋار قوي بىلەن تەمىنلىدى. تاۋار نىسبىتىنى 36% كە يەتكۈزدى، قوتاندا ساقلانغان چارۋىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3% ئاشتى.

1986-يىل 3-ئاينىڭ بىر كۈنى، ھاۋارايى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ئورغۇنلىغان ئائىلىلەرنىڭ قويلىرى قوتانغا قايتىپ كېلەلمىدى. ئىسلامقان ئۆزىنىڭ قويلىرىنى قوتانغا سولاپ قويۇپ، ئېتىنى مىندى-دە، باشقىلارنىڭ قويلىرى قايتىپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇ يولدا 1-شۆبە مەيدانىنىڭ مالچىسى توختارباينىڭ قويلىرىنى بوران تارقىتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ماللىرىنى ھەيدىشىپ بىر قىسىم قويىنى قوتانغا ئەكىرىۋېتىپ قالغان قويلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن، قاتتىق بورانغا قارىماي، يايلاقتا ئات سالدى، يېرىم كېچە بولغاندا ئۇلار تارقىلىپ كەتكەن 150 قويىنى قوتانغا سالامەت قايتۇرۇپ كەلدى.

4. «1-ماي ئەمگەك نەمۇنىچىسى» ئەبلغازى

ئەبلغازى شىنجاڭ ھەربىي رايوننى ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ قازاق چارۋىچىسى. 1981-1985-يىللىرىچە ئۇ دۆلەتكە 1015 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، 3800 نەچچە كىلوگرام قوي يۇڭى تاپشۇردى.

1981- يىلى، ئەبلغازى تەشكىلىنىڭ 370 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى بېقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. قويلارنىڭ شۇ يىللىق كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى 80% كە يېتىپ، فېرما بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەبلغازى بۇنىڭغا قانائەت قىلمىدى. ئۇ قويلارنىڭ ئاجىز- ئورۇقىنى ئايرىپ بېقىش بىلەن بىللە، ئوتلاقنى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ، «نۆۋەتلەشتۈرۈپ بېقىش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. ماللارنى ئەتىگەن چىقىرىپ، كەچ قايتۇرۇپ كەلدى. قىشلىق زاپاس ئوت- چۆپ بولمىسا، قويلارنى قىشتىن ئامان- ئېسەن چىقارغىلى بولمايتتى. ئەبلغازى ئەر- خوتۇن بەش يىلدا جەمئىي 70 مىڭ كىلوگرام ئوت- چۆپ يىغدى. 50 مو ئارپىخان، بېدە تېرىدى، قىشلىقى يەم- بوغۇز يېتىشمىگەندە، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىساد قىلغان 700 كىلوگرامدىن ئارتۇق يېمەكلىكنى بوغۇزغا تېگىشىپ تۆللەرنى باقتى. تۆل ئېلىش مەزگىلىدە، ئەبلغازى قورۇسىدىكى تۇغىدىغان، تۇغۇتقا ئاز قالغان، قوشكېزەك تۇغىدىغان ساغلىقلارنى باشقا قويلاردىن ئايرىپ باشقۇرۇپ، ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى.ئەبلغازى ئەر- خوتۇن ئىككىيلەن تۆل ئېلىش، ئېمىتىش، تىزىملاش، نومۇر بېكىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. تاماق ۋاقتىدىمۇ قوزىلارنىڭ كېچىلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، قايسى قوزىدا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلسە دەرھال دورا بېرىپ داۋالاپ، خۇددى ئۆز بالىلىرىدەك ئاسراپ پەرۋىش قىلدى. 1981- يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ قورۇسىدىكى قوزىلارنىڭ كۆپىيىپ ئەي بولۇش نىسبىتى ئۇدا بەش يىل 100% بولدى. 1984- يىلى 115% كە يەتتى.

ئەبلغازى تۇرۇشلۇق 9- ئەترەتنىڭ يايلوسىدا بۆرە كۆپ ئىدى. بۆرە ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ قوي پادىسىدىن ئازراقمۇ ئايرىلمايدۇ. بىر كۈنى گۈگۈم ۋاقتىدا، ئۇنىڭ يەتتە قويى 50 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىك يارغا چۈشۈپ كېتىپ چىقالمايدۇ. ئۇ ئۆز ئۇغلىنى بېلىدىن ئارغامچا باغلاپ يارغا چۈشۈرۈپ، يەتتە قويىنى بىردىن- بىردىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. ئەمما ئوغلىنىڭ بېشىغا تاش دومىلاپ چۈشۈپ يارىلىنىدۇ. ئەبلغازى ئەنە شۇنداق تىرىشىش ئارقىلىق كۆپ يىللار چارۋىدا ئۆلۈم بولماسلىقتەك مۆجىزە يارىتىدۇ.

5. «8- مارت» بېكىتىدىكى «يېڭى يۇگۇلۇڭ»

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قومۇل شۆبە ئىدارىسىنىڭ تۆمۈريول ئۆچاستىكىسى خۇاڭلۇگاڭ بېكىتى ئۆچاستىكا بويىچە ياشلارنىڭ بىردىنبىر «8- مارت» بېكىتى. 1972- يىل 7- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن1981- يىل 4- ئاينىڭ 8- كۈنىگىچە، 20 نەچچە ئىشچى- خىزمەتچى ئەتراپىنى چۆل- جەزىرە قاپلاپ تۇرغان بۇ بېكەتتە، 10 يىلنى بىر يىلدەك ئۆتكۈزۈپ، ئۆلچەملىك مەشغۇلاتقا قەتئىي بويسۇنۇپ، ھەر بىر قېتىملىق پويىزنى بىخەتەر ئۆز ۋاقتىدا بېكەتتىن ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. ئۇلار كۈتۈۋېلىپ بىخەتەر ئۆتكۈزگەن پويىز 165 مىڭ 950 جۈپ (قېتىم) بولۇپ، 5000 كۈندە ھېچقانداق قاتناش ۋەقەسى سادىر قىلماسلىقتەك رېكورتنى ياراتتى. 1986- يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئاتىلىقتىكى «مۇنەۋۋەر بېكەت» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول ئىشلىرى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈردى.

6. ئومۇم ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان جاڭ يۇلىڭ

قومۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى پولات تاۋلاش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ يۇلىڭ، سېختا ئىشلىگەن 10 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. ئۇ ھېرىپ- چارچاشتىن قورقماي، بارلىقىنى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جاپادا ئالدىدا ماڭدى. پولات تاۋلاش پېچىنىڭ ئېگىزلىكى 25 مېتىر، ئىسسىق ھاۋا چىقىرىش مەشىنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىرغا باراتتى. ئۇ 40 نەچچە ياشقا كىرگەن ئايال كىشى بولسىمۇ، پېچنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈردى، كاشىلىلارنى ئوڭشىدى. بىر قېتىم ئۇ ساندۇق ئىچىدە خالتىلاردىكى چاڭ- توزانلارنى تازىلاۋاتقاندا، ساندۇق ئىچىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالغاچقا، كۆمۈر گازىدا زەھەرلىنىپ ھوشىدىن كېتىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي

ئۇنتۇلدۇرۇلىدۇ. 2- كۈنى ئۇ خىزمىتىدىن خاتىرجەم بولالماي، يەنە ئىشقا چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ روھى سېخىتلىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ. 1983- يىلى، جاڭ يۇلىڭ مەملىكەتلىك «8- مارت» بايراقدارى بولۇپ باھالىنىدۇ.

## §3. ئاخىرقى ئۆمرىنى خەلققە بېغىشلاش

قۇمۇلدىكى بىر قىسىم دېم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ياكى ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن پېشقەدەم كادىرلار ۋىلايەتنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى داۋاملىق سەرپ قىلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خەلققە بېغىشلىدى.

1. پېنسىيىگە چىققان كادىرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى

قىزىليۇلتۇز 2- مەيدانى 9- لىيەننىڭ پېنسىيىگە چىققان، يېشى 80 گە يېقىنلىشىپ قالغان كادىرى پېڭ خۇفۇ، ئاخىرقى ئۆمرىدە 10 يىلدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلەپ قالتىس ئىشلارنى قىلدى. پېڭ خۇفۇ 1978- يىلى پېنسىيىگە چىققاندى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىماي، لىيەندۈينىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تۇردى. ئۇ ياچېيكىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى خىزمىتىگە ياردەملىشىپ نۇرغۇن چېگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەردى. ئۇزۇن يىل ئەر- خوتۇن ئاجرىشىش دەۋاسىنى قىلغاندا، پېڭ خۇفۇ كۆپ قېتىم ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

1985- يىلىنىڭ بېشىدا، دېھقانچىلىق مەيدانى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە چاقىرغاندا، پېڭ خۇفۇ لىيەندىكى ئىشچىلارنى يىغىپ، خالىس تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى ھەم ئائىلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىككىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئاتلاندى. بەزىلەر ئۇنىڭغا: «قېرىغاندا ساڭا نېمە جاپا؟» دېگەندە، ئۇ: «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەۋلادلارغا بەخت كەلتۈرىدىغان ئىش، بۇنىڭدا ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيتى بار» دەيدۇ. پېڭ خۇفۇنىڭ تەشكىللىشى بىلەن لىيەندىكى پېنسىيىگە چىققان 60% ئىشچى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جېڭىگە قاتناشىدۇ.

ھەر يىلى يازلىق يىغىم ۋاقتىدا، مۆددىگەر ئائىلىلەر تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. لىيەندۈي رەھبەرلىرىمۇ خامانغا قارايدىغان ئادەم ئاجرىتالماي قىيىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەممە كىشى ئىختىيارسىز ھالدا مۇھاپىزەتچىلەر بەنىنىڭ «پېشقەدەم بەنجاڭ» ى — پېڭ خۇفۇنى ئېسىگە ئالىدۇ.

ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى خامانغا كېلىپ، 2- كۈنى ئىشچى- خىزمەتچىلەر كەلگەندىلا ئاندىن قايتىدۇ. ئۇ كېچىلىك كۈزەتچىلىكنى تاكى خامانلىكى ئاشلىقلار تېپىلىپ، يۇقىرىغا ئاشلىق تاپشۇرۇلۇپ بولغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لىيەندۈي رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بەرمەكچى بولۇپ: «ئىلگىرى خامانغا بىر كېچە قارىغانلارغا تۆت يۈەن بېرەتتۇق، بىز ساڭا ئىككى يۈەن بولسىمۇ بېرەيلى» دېگەندە، ئۇ: «مېنىڭ پېنسىيىگە چىققان پۇلۇمنى دۆلەت بېرىدۇ، مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دەيدۇ. ئۇ 1988- يىلى، 1989- يىلى ئىككى يىل لىيەندۈينىڭ خامىنىغا خالىس قاراپ، بىر تىيىنمۇ ھەق ئالمايدۇ.

1985- يىلى، پېڭ خۇفۇ بىر ئېشەك ھارۋىسى سېتىۋالىدۇ. بۇ ھارۋا تولىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. جاڭ ئائىلىسىنىڭ ئاشلىقىنى يۆتكەپ بېرىش، لى ئائىلىسىنىڭ كۆكتاتلىرىنى ئەكىرىشىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۇ ناھايىتى سېخىيلىق

بىلەن ئورۇنداپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ھارۇسىنى ھەيدەپ لېيەندۈينىڭ تازىلىقىنى قىلىشىپ بېرەتتى.

شۇ يىلى 3- ئايلاردا، مەيدان ھەر قايسى ئورۇنلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدە چاقىرىق قىلدى. بۇ دەل لېيەندۈي ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىراش ۋاقتى ئىدى. پېيك خۇفۇ لېيەندۈي ھاجەتخانىسىنىڭ يېنىدا بىر ئازگال بارلىقىنى، يەنە بىر يېقىدا بىر دۆۋە ئەخلەتنىڭ مۇھىت تازىلىقىغا ۋە ئۈزتۈپ- كەچكۈچىلەرگە تەسىر يەتكۈزىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بىر قانچە پېنسىيىگە چىققان ئىشچىلارنى دەرھال سەپەرۋەر قىلدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېشەك ھارۇسىنى ھەيدەپ كېلىپ، بىر ياقتىن توپا توشۇپ ئازگالنى تىندۇرۇپ، بىر ياقتىن ئەخلەتنى تازىلايدۇ. يېرىم كۈندە ھاجەتخانا ئەتراپىنى پاك- پاكىز قىلىۋېتىدۇ. ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەمنۇن بولغان ھالدا: «لاۋپېيك بىزگە يەنە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەردى» دېيىشىدۇ.

2. تېنىم تاپمايدىغان «تۆگە»

35 يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئۆتكۈزگەن لۇشاگۈيىنى كىشىلەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن «تېنىمسىز قېرى تۆگە» دېيىشىدۇ. 1984- يىلى، پېنسىيىگە چىققان لۇشاگۈيى، رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسىغا تەكلىپ بىلەن ياردەملەشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا، تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئىلمىيلىق ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىغا ئىگە 110 مىڭ خەتلىك تەكلىپ، لايىھە، تەكشۈرۈش دوكلاتى يازىدۇ. 1985- يىلى، كېسەلچان تۇرۇقلۇق 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چۆچەك ناھىيىسىگە بېرىپ كازىشنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى، تېخنىكىسى، ئۈسكۈنىلىرى، مەبلەغ سەرپىياتى، ئېھتىياج- تەمىنات ئەھۋالى، بازار باھاسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ كېلىپ، كېچىلەپ ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە مۇمكىنچىلىك دوكلاتىنى يېزىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ.

3. پېشقەدەم «ماركسىزم- لېنىنىزمچى» نىڭ يېڭى تۆھپىسى

1981- يىلى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، 60 ياشلىق جاڭ رۇيشەن دەم ئېلىشقا چىقتى، ئەسلى ئۇ ماتېرىيال، ھۆججەت دۆۋىسىدىن قۇتۇلۇپ كەتتە بولاتتى. ئەمما ئۇ بىر كۈنمۇ تېنىم تاپماي كۈنلىرىنى دوكلات بېرىش، نۇتۇق سۆزلەش، ماتېرىيال كۆرۈش، ماقالە يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ ياش- ئۆسمۈرلەرگە سۆزلىگەن ئىنقىلابىي ئەنئەنە ھېكايىلىرى، سىياسىي دەرسلىرى 100 قېتىمدىن ئاشتى، ئاڭلىغۇچىلار 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، ئۇنىڭ نۇتۇق تېزىسلا 50 مىڭ خەتتىن ئېشىپ كەتتى. يەرلىكتىن قىسملارغىچە، ئورگانلاردىن مەكتەپلەرگىچە، زاۋۇت- كانلاردىن تۆمۈريولغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ باسقان ئىزى قالدى. 1990- يىلىدىكى قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمى ھارپىسىدا، 5- باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇنى ئىنقىلابىي ئەنئەنە ھېكايىسى ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا زۇكام تېگىپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇ نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ دەرس سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، بىر ئۆرۈلۈپلا كارىۋاتتىن چۈشتى - دە، ئىككى دانە قىزىتما قايتۇرۇش تابلېتكىسىنى يېۋېلىپ، ۋېلسىپىتىنى مىنىپ 5- باشلانغۇچ مەكتەپكە قاراپ ئاتلاندى، ئايالى ئۇنىڭ كەينىدىن بېشىنى چايقىغىنىچە قاراپ قالدى.

ياش- ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەيدىغانلا ئىش بولىدىكەن، مەيلى قايسى ئورۇن تەكلىپ قىلمىسۇن، ئۇ ئەزەلدىن باش تارتمىدى. قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمىدا، ئۇ رادىئو ئىستانسىسى، مەكتەپ، قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ «ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلايلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. «4- ماي» ياشلار بايرىمىدا ئۇ «4- ماي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش» ھەققىدە دوكلات بەردى. «1- ئىيۇن» باللار بايرىمىدا

ئۇ ئۆسمۈر بالىلارغا ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردى. «1- ئىيۇل» دا ئۇ ياشلارغا پارتىيە دەرسى ئۆتتى. ئۇ تەكلىپكە بىنائەن ۋىلايەتلىك يىۋەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بېرىپ «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پاك- دىيانەتلىك بولۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى رولى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، زاۋۇت ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ۋىلايەتلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى دوكلات ئۆمىكىگە ئۇدا ئىككى يىل قاتنىشىپ، ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە بېرىپ 6000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئەنئەنە تەربىيىسى نۇتقى سۆزلەپ، قىزغىن ئالقىشلارغا ئېرىشتى.

جاڭ رۇيشەننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغانلىكى كىشىلەر ئۇنى دەرسنى جانلىق، تېتىك، جۇشقۇن سۆزلەيدۇ. تىلى راۋان، ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كىشىلەرنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ، رىغبەت ۋە ئىلھام ئاتا قىلىدۇ، ئۇ «پېشقەدەم ماركسىزم- لېنىنىزمچى» دەپ ماختىشىدۇ. ئۇ دائىم: «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىشىم كېرەك، ياش ئۆسمۈرلەر بىلەن كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ» دەيدۇ. قومۇل ۋىلايەتلىك پولات- تۆمۈر زاۋۇتى قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ بىر ياش ئىشچىسى كىشىلەرنىڭ تاپا- تەنىسىدىن قورقۇپ، سىياسىي گورۇپپا باشلىقلىقىنى ئىشلەشنى خالىمايۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جاڭ رۇيشەن، ھېلىقى ياشنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشتى ھەم شىركەت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ ياشلار خىزمىتىگە بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئاخىرى بۇ ياش بۇ خىزمەتنى خۇشاللىق بىلەن زىممىسىگە ئالدى.

ياشىنىپ قالغان جاڭ رۇيشەن ئۇدا تۆت يىل مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئىلغار پېشقەدەم كادىر بولۇپ باھالاندى. ئىككى قېتىم ۋىلايەتلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

4 . «تۆت خىزمەت» نى دادىل زىممىسىگە ئېلىش

چيۇ جىخېڭ 1982- يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، پېشقەدەم كادىرلار ئىشلىرىغا باشتىن- ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئىزچىل قاتنىشىپ كەلگەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇنى «تۆت خىزمەتلىك پېشقەدەم كادىر» دېيىشىدۇ.

بىرىنچى خىزمىتى قوماندان. چيۇ جىخېڭ كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك پېشقەدەم كادىرلار تەنتەربىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى تەنتەربىيە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ئاراتۇرۇك كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى سىنىپىنىڭ سىنىپ باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئېلىپ، كۆپ بويى يۇقىرى- تۆۋەن قاتراپ، ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى خىزمىتى تىرىنېر. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، چيۇ جىخېڭ ئۆزلۈكىدىن تەيجىچۇەن، تەيجىجيەن قاتارلىق بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز پۇلىغا قىلىچ، نەيزە قاتارلىق تەنتەربىيە سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، خالىس تىرىنېر بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىزمىتى تەنھەرىكەتچى. چيۇ جىخېڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ناھايىتى قىزىقىدۇ. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان پېشقەدەم كادىرلار تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ توققۇز قېتىملىق مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

تۆتىنچى خىزمىتى مۇلازىمەتچى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلغان ھامان، چيۇ جىخېڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەق مەيدانغا بېرىپ، ھارماي- تالماي مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئۇ يەنە كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىنىڭ تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىنىپلىرىنى تازىلاش، ئۈستەل- ئورۇندۇقلىرىنى رەتلەش، دوسكىلىرىنى سۈرتۈش قاتارلىق ئىشلارنى تالىشىپ قىلىدۇ.

# IV باب

# مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەر، «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر

## §1. مۇنەۋۋەر پىئونېرلار

**1. مەملىكەتلىك «ئون ياخشى ئۆسمۈر» نىڭ بىرى باقىتقان**

قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 13 ياشلىق ئوقۇغۇچىسى باقىتقان (قازاق) 1984- يىل 9- ئايدا مەكتەپكە كىرگەندىن بۇيان، ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيۈپ، ساۋاقداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكتىن، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر پىئونېر، ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. 1995- يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

باقىتقاننىڭ ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ناھايىتى كەيپىز بىر بالا بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈشمەيتتى. باقىتقان تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭ دەرس تەكرار قىلىشىغا ياردەملەشتى. ئۇنىڭغا قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى بىرلىكتە كۆرۈپ، ئۆگىنىشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەردى. باقىتقاننىڭ ياردىمىدە كەيپىز بالا ئىنتىزامغا ئاڭلىق بويسۇنىدىغان، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتىدىغان، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ياخشى ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى، يەنە پىئونېرمۇ بولدى.

ئامانگۈلمۇ باقىتقاننىڭ بىر سىنىپتىكى ساۋاقدىشى، ئۆگىنىشى ناچارراق، ئائىلە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولغاچقا، بىر خىل چۈشكۈن، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان خاراكتېر يېتىلىپ قالغانىدى. باقىتقان تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامانگۈل بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. باقىتقان سىنىپ مەسئۇلى بىلەن بىرلىكتە ئامانگۈلگە ياردەم بېرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى ئامانگۈلگە تونۇشتۇرۇپ، ئامانگۈلنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا، ئامانگۈل ھەر قايسى پەنلەردە 80 دىن يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ.

قىش كۈنلىرى باركۆل يايلاقلىرىنى، تاغ- داللىرىنى قار- مۇز قاپلاپ كېتىدۇ. تېمپېراتۇرا بەزىدە نۆلدىن تۆۋەن 30℃ - 35℃ قا چۈشىدۇ، بۇ ئائىلىسى مەكتەپتىن يىراقراق بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ تازىلىق نۆۋەتچىلىكى ئۇلارغا قىيىن بىر مەسىلە ئىدى. باقىتقان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تۆۋەن يىللىق سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ تازىلىق قىلىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە ئەتىگەن بېرىپ، ئاۋۋال 1-، 2- سىنىپلارنىڭ سىنىپلىرىنى ئېچىپ، مەشلەرگە ئوت يېقىپ، تازىلىق قىلىپ بېرىدۇ. باقىتقاننىڭ تەسىرى بىلەن سىنىپتىكى يەتتە پىئونېر ئاڭلىق ھالدا بىر خالىس تازىلىق ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، پائالىيەتنى توپتوغرا ئىككى

يىل داۋاملاشتۇرىدۇ. خۇددى ئوقۇتقۇچىلار ماختىغاندەك: «باركۆلنىڭ قىش پەسلى گەرچە سوغۇق بولسىمۇ، چارۋىچىلىق مەيدانى مەكتىپىنىڭ قىشى خۇددى باھاردەك ئىللىق».

باقىتقانلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىككى ياشانغان موماي ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى كېشىل، تېنى ئاجىز، كېسەلمەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، يىل بويى تاغدىكى ئېلېكتر پونكىتىدا ئىشلەيتتى. ئىش ئورنى ئۆيىدىن 10 نەچچە كىلومېتىر يىراقتا بولغاچقا، ئانىسىنىڭ ھالىدىن دائىم خەۋەر ئالالمايتتى. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى قاپىزا بولۇپ، ئېغىر رېماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا، بېلىنى كۆتۈرەلمەيتتى، يول مېڭىشىمۇ تەس ئىدى. ئوغۇل- قىزلىرىنىڭ ھەممىسى سىرتتا ئىشلىگەچكە، ئادەتتە سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش، ئوت قالاپ تاماق ئېتىشلاردا قىينىلاتتى. باقىتقان بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، كېشىل مومايىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆيلىرىنى تازىلاپ، سۇ توشۇپ بەردى، دورىسىنى ئىچكۈزۈپ قويدى. بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ، يەنە دەرھال قاپىزا مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بەردى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

1988- يىلى باھار بايرىمىدا، باقىتقان كېشىل مومايىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ قاپىزا مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ھويلىغا كىرىپلا مومايىنىڭ قوللىرى تىترىگەن ھالدا بىر داس يۇندىنى كۆتۈرۈپ تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن سىرتقا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. موماي تۇيۇقسىز تېيىلىپ كېتىپ مۇز ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. باقىتقان يۈگۈرۈپ بېرىپ، مومايىنى يۆلەپ كىگىز ئۆيىگە ئېلىپ كىردى، ئىللىق سۇ بىلەن يۈزلىرىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىدىكى لايلارنى سۈرتۈپ تازىلىدى. قاپىزا موماي ھەسرىگەن ھالدا: «باقىتقان سەن ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئىكەنسەن، سېنى بەك جاپادا قويدۇم!» دېدى. باقىتقان كۈلۈپلا قويۇپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى.

چارۋىچىلار ھەر يىلى قىش كېلىشى بىلەن تاغ ئىچىدىكى قىشلاقلارغا كۆچۈپ چارۋىلىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئوقۇۋاتقان بالىلار ئاتا- ئانىسى بىلەن قىشلاقلارغا بارمىغاچقا، مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدۇ. ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنىڭ تاماق، تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى بالىلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. بىر قىسىم بالىلار پۇللىرىنى باشقۇرالمىغاچقا، باقىتقان ئۇلارنىڭ خىراجەتلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ يېشى ئەڭ كىچىك سەككىز ئۇكا- سىڭلىنى بىر جايغا جەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇل، ئاشلىق بېلەتلىرىنى بىرمۇ بىر خاتىرىلەپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ھەر ئايلىق تاماق راسخوتىنى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى مەكتەپكە ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ تۇرىدۇ. يەنە ئۇلارنى پۇللىرىنى پىلانلىق خەجلەشكە يېتەكلەيدۇ. ئۇكا- سىڭىللىرى ئاغرىپ قالغاندا، ئۇ دورا سېتىۋېلىپ، ئۆز پۇلىغا مېۋە- چېۋە ئەكىلىپ بەرگەندە ئۇلار: «باقىتقان ھەقىقەتەن بىزنىڭ ياخشى ھەدىمىز!» دېيىشىدۇ.

1987- يىلى قىشلىق تەتىلدە، باقىتقان ئاتا- ئانىسى بىلەن 100 چاقىرىم كېلىدىغان كۆكقىر تېغىدىكى بەيياڭگۇغا باردى. بىر كۈنى چۈشتە ئۇ ئويناۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قۇرمانقان تاغا ھاسىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ: «باقىت، سەن قويلىرىمغا قاراپ تۇرغىن، مەن يۈتۈپ كەتكەن بەش قويۇمنى تېپىۋالاي» دېدى. باقىت ئۈندىمەستىن قۇرمانقان تاغىنىڭ قوي پادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. كەچ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ قۇرمانقان تاغا قايتىپ كەلمىدى. بۇ چاغدا غەرب تەرەپتىن بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. بىردەمدىلا قاتتىق بوران ئارىلاش ياغقان قار باقىتقانىنىڭ يۈز- كۆزلىرىگە ئۇرۇلغىلى تۇردى. قوي پادىسى قالايمىقان قېچىشقا باشلىدى. ئۇ قاتتىق بورانغا، يولنىڭ تېيىلغاقلىقىغا قارىماي، قويلارنى بىر يەرگە توپلاشقا كىرىشتى. بوران بارغانچە كۈچىيىپ، كېچە بارغانچە قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. باقىتقان ئاچلىققا، سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق تىرىكىشىپ، ئاخىرى قوي پادىسىنى ساقلاپ قالدى.

1989- يىل 12- ئاينىڭ 13- كۈنى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭگو ئۆسمۈلەر

خىزمىتى كومىتېتى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەملىكەت بويىچە تاللاپ كۆرسىتىلگەن 100 مىڭ مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر ئىچىدىن باقىتقاننى «مەملىكەت بويىچە 10 ياخشى ئۆسمۈر» لىككە تاللىدى. مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى، جۇڭگو ئۆسمۈرلەر خىزمەت كومىتېتى جوڭنەنخەينىڭ خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئاچقان «جۇڭگو ئۆسمۈر ئاۋانگارتلار ئەترىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش سۆھبەت يىغىنى» دا، باقىتقان جياڭ زېمىن، لى پېڭ، چياۋ شى قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولدى؛ يولداش دېڭ يىڭچاۋ ئۆز ئۆيىدە «ئون ياخشى ئۆسمۈر» نى قوبۇل قىلدى، ئۇلارغا مېدال ئاستى ھەم بىرخاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

2. مەملىكەتلىك «يۈز مۇنەۋۋەر پىئونېر» نىڭ بىرى تۇران

1989- يىل 10- ئاينىڭ ئاخىرى، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىزىليۇلتۇز 1- چارۋىچىلىق فېرمىسى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مىللىي شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 3- يىللىق ئوقۇغۇچىسى قازاق قىزچاق تۇران مەملىكەتلىك 10 ياخشى پىئونېرنىڭ بىرى باقىتقاننىڭ بېيجىڭگە بېرىپ، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، قىزغىنلىق بىلەن باقىتقاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇدۇللا:« قانداق قىلغاندا ئىلغار پىئونېر بولغىلى بولىدۇ ؟» دەپ سورىدى. باقىتقان چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:«دېڭ يىڭچاۋ مومىمىز بىزگە: كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايدىغانلىقىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ئاسانغا توختىمىغانلىقىنى، ناھايىتى زور بەدەللەر تۆلەنگەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. يىڭچاۋ مومىمىز يەنە، پىئونېرلار كومپارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىشى كېرەك، چۈنكى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى سىلەرگە باغلىق» دېدى دەپ جاۋاب بەردى. تۇران بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە، چوقۇم باقىتقان ھەدەم بىلەن بىرگە ئالغا باسىمەن، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئوخشاش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، دېگەن ئىرادىگە كەلدى.

تۇران مەكتەپتە يېتىپ قوپاتتى. سىنىپتا بىر نەچچە ئوغۇل ساۋاقداش بولۇپ، دەرستىن چۈشۈپلا غەربىي شىمال تەرەپتىكى ئوتلاقتا چىقىپ چېلىشىپ كىيىملىرىنى يىرتىپ كىرەتتى. دە، پۈرلەپ كارىۋات ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ، يەنە ئوينىغىلى چىقىپ كېتەتتى. تۇران يىرتىلغان كىيىملەرنى ئاستا ئېلىپ، ياماپ يۇيۇپ ئەكىرىپ قوياتتى.

باركۆل يايلاقلىرىدا قىش پەسلى ئىنتايىن سوغۇق بولىدۇ. ياتاق، سىنىپلار مەشكە ئوت قالاپ ئىسسىتىلىدۇ. سىنىپ مۇدىرى قان شېكرى تۆۋەنلەپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، دەرسنى ئۆتۈشتىن باشقا، سەھەر كېلىپ مەشكە ئوت ياقاتتى. تۇران تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىنىپ مۇدىرىدىن سىنىپنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋېلىپ، ئوت يېقىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، قاتتىق سوغۇقتا قارىماي سىنىپقا توڭلاپ كەتكەن كىچىك قوللىرى بىلەن مەشكە ئوت قالاپ سىنىپنى ئىسسىتاتتى. ئۇ سىنىپتىكى مەشكە ئوت قالاپ بولۇپ، يەنە 1-، 2- سىنىپلاردىكى كىچىك ساۋاقداشلارنىڭ ئوت قالاش، سۇ توشۇش، سىنىپ تازىلاش ئىشلىرىغا ياردەم بېرەتتى. كىچىك ساۋاقداشلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بىردەك :«تۇران باقىتقاننىڭ ياخشى سىڭلىسى، يايلاقتىكى مۇقەددەس مەشئەلگە ئوت ياققۇچى باھار قىزى» دېيىشەتتى.

تۇران ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپلا قالماي، دېڭ يىڭچاۋ مومىسىنىڭ «ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەرگە باغلىق» دېگەن تەلىمىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئۆگىنىشتە ئۆزىگە ئالغا بېسىش نىشانىنى تىكلىدى. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1- يىللىقىدىن 3- يىللىقىغىچە ھەر يىلى مەكتەپ بويىچە « ئۈچتە

ياخشى ئوقۇغۇچى » بولۇپ باھالاندى. پىشىۋالار ئەترىتىگە كىرگەندىن كېيىن، «مۇنەۋۋەر پىشىۋا » بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ھەمىشە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: « قازاق خەلقى ۋەتىنىمىز يايلىقىدىكى چەۋەنداز باتۇرلاردىن بولۇپلا قالماي، بەلكى زامانىۋى پەن- تېخنىكا ئىگىلەپ، ۋەتەن يايلاقلىرىنى قۇرۇپ چىقىدىغان زەرىدارلاردىن بولۇشىمىز كېرەك». تۇران مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپلا قالماي، مەكتەپتىن قايتقاندىمۇ ئۆزىگە دائىم قاتتىق تەلەپ قوياتتى. 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، باركۆل قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلدى. يايلاقتا قار يوق بولغاچقا، قويلارنى 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بۇلاققا ھەيدەپ بېرىپ سۇغىرىشقا توغرا كېلەتتى. ئىسلام ئائىلىسىدە ئادەم كۆچى ئاز ئىدى، تۇران تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بالىغا قاراش، چاي قاينىتىش ئىشلىرىغا قارىشىپ، ئۇنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەملەشتى. 1990- يىلى، ئىسلام چارۋىچىلىق مەيدانى تەرىپىدىن ئىلغار ئىشچى بولۇپ باھالانغاندا، ئۇ: «مېنىڭ ئىلغار بولۇشۇم كىچىك تۇراننىڭ تۆھپىسى» دېدى. 1990- يىلى تۇران كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «100 مۇنەۋۋەر پىشىۋا» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

3. لەي نىڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى سۈن جىخۇڭ

1983- يىلى، ئالتە ياشلىق خەنزۇ قىزى سۈن جىخۇڭ بىلەن يەتتە ياشلىق ئۇيغۇر قىزى ئايگۈل ئىككىسى بىللە قۇمۇل تۆمۈر يول 4- باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇلار ھەم ياخشى دوست، ھەم ياخشى قوشنا ئىدى.

ئايگۈل كىچىك چېغىدا باللار پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، سول پۇتى مېيىپ ئىدى. ھەر كۈنى مەكتەپكە بارغىچە سۈن جىخۇڭ ئايگۈلنى يۆلەپ ماڭاتتى. قار- يامغۇرلۇق كۈنلەردە سۈن جىخۇڭ ئايگۈلنى ھاپاش قىلىپ ئۆيىگە ئەكىلىپ قوياتتى. مانا شۇنداق كۈندە يۆلەش، ھاپاش قىلىش بىلەن سەككىز يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. 1990- يىلى ئۇلار ئىككىسىلا قۇمۇل تۆمۈر يول 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2- يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ قالدى. مەكتەپكە بېرىپ- كېلىشتە سۈن جىخۇڭ ئايگۈلنى ۋېلىسىپىت بىلەن توشۇيدىغان بولدى. كەچتە ئىككىيلەن بىرگە تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى سىرتلارغا چىققاندىمۇ يەنە ھەمراھلىق بىرگە چىقاتتى.

1989- يىل 4 - ئايدا ئايگۈلنىڭ ئاپىسى پالەچ بولۇپ قالدى. ئايگۈل روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، كېيىنكى بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ قايغۇسىدا قالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سۈن جىخۇڭ ئايگۈلنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماي، تۇرمۇشىغىمۇ غەمخورلۇق قىلدى. ئۇ ئاپىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تاماقلارنى مۇسۇلمانچە ئېتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئايگۈلنى داۋاملىق ئۆيىگە تاماققا ئەكەلدى. ئايگۈلنىڭ كىيىمى يىرتىلىپ قالسا، سۈن جىخۇڭنىڭ ئانىسى ياماپ بەردى. جىخۇڭغا يېڭى كىيىم تىكىپ بەرسە، ئايگۈلگىمۇ يېڭى كىيىم تىكىپ بەردى.

سۈن جىخۇڭنىڭ سىنىپتىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا بولدى، ئايگۈلنىڭ ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇردى.

1990- يىل 3- ئاينىڭ 31- كۈنى، قۇمۇل تۆمۈر يول 1- ئوتتۇرا مەكتەپ چوڭ يىغىن ئېچىپ، سۈن جىخۇڭغا «لەي نىڭچە ياخشى ئۆسمۈر» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

1991- يىل 2- ئايدا، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت ئۇرۇمچىدە سۈن جىخۇڭنى قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى سۈن جىخۇڭغا «لەي نىڭدىن ئۆگىنىش

ئۆلكىسى» دېگەن نام بەردى.

## §2. ئىناق- ئىللىق «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر

### 1. ياخشى ئائىلە باشلىقى ھاپىز ناسىر

ھاپىز ناسىر 1955- يىلى پارتىيىگە كىرگەن. يېزا باشلىقى، ھەمكارلىق كوپىراتىپ مۇدىرى، گۆشچى ۋە كارخانا، كەسىپى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلى، چارۋىچىلىق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە ئاستانە گۆشچىسى 2- چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدۇ. 1983- يىلدىن ئىلگىرى، 2- چوڭ ئەترەتتە 26 جۈپ ئەر- ئايال نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولدى. ھاپىز ناسىر ئاجرىشىش سەۋەبلىرىنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ، ئۇلارغا ئائىلىگە، پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل بولۇش توغرىسىدا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە ئىشلەپ، قايتا- قايتا كۆپ قېتىم مۇرەسسە قىلىپ، ئاجراشماقچى بولغان ئەر- ئاياللارنى ياراشتۇرۇپ كېلىدۇ. ھاپىز ناسىرنىڭ ئائىلىسىدە 14 جان بولۇپ، 87 ياشلىق كىچىك ئانىسىغا قارايتتى. ئوغۇل- قىز، كېلىن، نەۋرە بولۇپ تۆت ئەۋلاد كىشىلەر ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، كۆيۈنۈپ، ئىناق ئۆتۈپ كەلدى. قېينانا بىلەن كېلىن، قىزلار بىلەن كېلىنلەر ئاكا- ئۇكا، باجىلار ئارا ئىناق- ئىجىل ئۆتتى. بىر قېتىم ھاپىز ناسىر ئائىلە يىغىنى ئېچىپ، ئوغۇللارنىڭ ئائىلىسىنى ئايرىپ قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، كېلىنلەر بۇ ئىللىق ئائىلىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قوشۇلمىدى.

ھاپىز ناسىرنىڭ كىچىك ئانىسىنىڭ بالىسى يوق بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن يولدىشى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىسى بولۇپ قالىدۇ. ھاپىز ناسىر كىچىك ئانىسىنى ئۆيىگە ئەكىلىپ، ئۇنى باقىدۇ. خۇددى ئۆز ئانىسىغا ئوخشاش كۈتىدۇ ھەم بالىلىرىغا كىچىك مومىسىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. بۇ ياشانغان ئايال ئىللىق ئائىلە مېھرىگە ئېرىشىپ، خۇشاللانغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ھاپىز ناسىر ماڭا خۇددى ئۆز ئوغلۇمدەك قاراۋاتىدۇ، پارتىيىنىڭ مۇشۇنداق ياخشى بىر پارتىيە ئەزاسىنى يېتىشتۈرگىنىگە رەھمەت، مەن ئاخىرقى ئۆمرۈمنى بەختلىك ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم.

ھاپىز ناسىر پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلاردا كىچىكىدىن پارتىيىنى، ۋەتەننى، كوللېكتىپنى ۋە ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان ئالىيجاناب پەزىلەتنى يېتىشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، بەزىلىرى مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ باھالانسا، بەزىلىرى «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى، ھاپىز ناسىر نەمۇنىچى ئائىلە باشلىقى بولۇپ باھالاندى.

ھاپىز ناسىر تۇرغان 3- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەترەت، چوڭ ھۆددىگەرلىك باشلىنىپ، ئومۇمنىڭ چارۋا مال، يەر ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەقسىم قىلغاندا، ئۇ كادىرلارغا: «خەنزۇ ئەزالارغا كۆپرەك ئېتىبار بېرەيلى، ئۇلار شىنجاڭغا كەلگىلى ئۇزۇن بولمىدى، ئاساسى ئاجىز» دەيدۇ. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا، بۇ ئەترەتتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئىناق- ئىجىل ئۆتىدۇ. 1959- يىلى، ئىچكىرىدىن بىر تۈركۈم ياشلار چېگرا رايونغا ياردەم بەرگىلى چىقىپ، بۇ ئەترەتكە ماكانلاشىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆي قىس بولغاچقا، ھاپىز ناسىرنىڭ ئائىلىسىدە يەتتە نەپەر قىز تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنى چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. كېيىن بۇ قىزلار ھاپىز

ناسىر ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېيت- بايراملاردا بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇيغۇر «دادا» سىنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

ھاپىز ناسىر ئەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئاما بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشتە، قوشنا- قولۇملار بىلەن ئىناق- ئىجىل ئۆتۈشتە نەمۇنىچى، ياشانغانلارنى بېقىش، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە نەمۇنىچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى بولىدۇ. 1983- يىلى ھاپىز ناسىر ئائىلىسى مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ باھالىنىدۇ.

2 . ياخشى كېلىن شۇ جياخۇي

شۇ جياخۇي قىزىلبۆلتۈز دوختۇرخانىسى بالىلار بۆلۈمىنىڭ سېستراسى، ئىككى بالىنىڭ ئانىسى. 1978- يىلى، ئۇنىڭ ئېرى كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بەختكە قارشى سول كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا يۇرتى خېنەندىن قېيىنانىسىنىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى تۇيۇقسىز سەكتە بولۇپ، يېرىم پالەچ بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەت كېلىدۇ. شۇ جياخۇي ھەرىيان ئويلاپ، ئاخىرى قېيىناتا- قېيىنانىسىنى خېنەندىن قومۇلغا ئېلىپ كېلىش قارارىغا كېلىدۇ. قېيىناتا- قېيىنانىسىغا قاراش، بالىسىنىڭ، ئېرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىشلىرىنى ئۆزى قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئېرى ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «جياخۇي، مەن ئويلاشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىنى سىز ئويلاپسىز، مەن يەنە نېمە دېيەلەيمەن! شۇغىنىسى ئۆزىڭىز كۆپ جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز» دەيدۇ. شۇ جياخۇي يولدىشىغا تەسەللي بېرىپ: «سىز خاتىرجەم كېسىلىڭىزنى داۋالىتىڭ، مەن ئۆزۈمدىن خەۋەر ئالالايمەن» دەيدۇ.

ياشانغان ئىككى كىشى ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆينىڭ تالاي ئىشلىرى شۇ جياخۇينىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. قېيىنانىسىغا تاماق يېگۈزۈش، سۇ ئىچكۈزۈش، چوڭ- كىچىك تەرەتلىرىنى ئادالاشقا توغرا كېلىدۇ. قېيىنانىسىمۇ ياشىنىپ قالغاچقا، چوڭ ئىشلارغا ياردەملىشەلمەيدۇ. ئىككى بالىسىنىڭمۇ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېرىنىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، دائىم كوماندىروپكىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇ جياخۇي ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ، تاماقنى پىشۇرۇپ، ئاۋۋال قېيىنانىسىغا يېگۈزىدۇ، ئاندىن چوڭ بالىسىغا يېگۈزۈپ مەكتەپكە ماڭغۇزىدۇ. كىچىك بالىسىنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، يۇتقان- كۆرپىلىرىنى يىغىدۇ، سېسترالىق خىزمىتىدە كېچىلىك ئىسمېنا كۆپ بولۇپ، جاپالىق ئىدى. بىراق ئۇ بىر ئېغىزمۇ ۋايسىمايدۇ. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئائىلىنىڭ ئېغىر- يېنىك ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئېرىنىڭ تۆت ئاكا- ئىنىسى ۋە بىر ھەدىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ قومۇلدا بولۇپ، ئاكا- ئاچىلىرى كۆپ قېتىم كېلىپ ئاتا- ئانىسىنى ئېلىپ كېتىپ بېقىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، شۇ جياخۇي رەھمەت ئېيتىپ رەت قىلىدۇ. ئۇ ئېرىنىڭ ئاكا- ئاچىسىغا: «مەن دوختۇرخانىدا بولغاندىكىن، چوڭلارنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قالغاندا، دوختۇرغا كۆرسىتىش قولايلىق بولىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ سېسترا بولغاندىكىن، كېسەل كۈتۈش بىلىملىرىنى بىلىمەن، ئۇلاردىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېتەلەيمەن» دەيدۇ. كەچتە ئېرى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ: «يېقىندىن بېرى بەك چارچاپ كەتتىڭىز، مېنىڭچە ئاپام- دادام ئاكاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كەلسۇن» دەيدۇ. بىراق ئۇ ئېرىنى ئەيىبلەپ: «چوڭلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشى تەس تۇرسا، يەنە ماشىنىدا ئولتۇرۇپ سىلكەنسە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى بىردەم ئۇ ئۆيگە، بىردەم بۇ ئۆيگە ئاپارسا، چوڭلار بىز ئۇلارغا يۈك بولۇپ قالغان ئوخشايمىز دەپ ئويلاپ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، كېيىنچە سالامەتلىكى بىر ئاز ياخشىلانسا ئاندىن بىر نەرسە دەيلى» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، پالەچ بولۇپ قالغان قېيىنانىسى ئۇزۇن مۇددەت ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالىدۇ.

شۇ جياخۇي ھەر كۈنى قېيىنانىسىنىڭ چېچىنى تاراپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم بەدىنىنى سۈرتۈپ قويىدۇ،

كېيملىرىنى ئىككى قېتىم ئالماشتۇرىدۇ، يەنە يۇت. قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئۇپا سۈرتۈپ قويىدۇ. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى، ئۇ ئېرى بىلەن بىرگە قېينانىسىنى كۆتۈرۈپ، ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپ سۇندۇرىدۇ. قېينانىسىنىڭ بويى ئېگىز ھەم سېمىز بولغاچقا، ئېغىر ئىدى. ئېرى يوق چاغلاردا ئۇ يەنىلا قېينانىسىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ھاۋالاندۇرىدۇ. قېينانىسى ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈشتە بەك كۆچەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ كۆتۈرگۈزمەيدۇ، ئەمما ئۇ داۋاملىق: ساق ئادەملەرمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ. سىز دېگەن كېسەل تۇرسىڭىز؟ دەيدۇ. قېينانىسى تەسىرلەنگەنلىكىدىن يىغلاپ كېتىدۇ. قېينانىسى ساقسىز بولۇپ قالسا، ئۇ دەرھال دوختۇر چاقىرىپ كۆرسىتىپ، ۋاقتىدا ئوكۇل ئۇرۇپ، دورا ئىچكۈزىدۇ. گەرچە بۇ ئايال كۆپ يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ياتاق يارىسى بولۇپ باقمىدى. باشقىلار ھەۋەس قىلىپ: چوڭ ئانا، كېلىنىڭىز خۇددى ئۆز قىزىڭىزدەك ئىكەن، دېگەندە، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: قىزىمدىنمۇ يېقىن، دەيدۇ.

شۇ جياخۇي بۇ ياشانغان كىشىلەرنى خۇددى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ باقىدۇ. قېينانىسىنىڭ يېمىكىدە تۇخۇم، گۆش قاتارلىقلارنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. قېينانىسىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇ تاماقلارنى مەززىلىك قىلىپ ئېتىپ بېرىدۇ. يەنە داۋاملىق پىچىنە. پىرەنىك، مۇراببا، قۇۋۋەت تالقىنى قاتارلىق قۇۋۋەت بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ بېرىدۇ.

شۇ جياخۇي بىلەن ئېرىنىڭ مائاشى تۆۋەن، ئائىلىسىدە ئادەم كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار ئانىسىنى خۇش قىلىش، زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر دانە تېلېۋىزور، بىر دانە ئۈنئالغۇ سېتىۋېلىپ، قېينانىسىنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ بېرىدۇ. كەچلىك تاماقنى يېيىشىپ بولۇپ، ئۇ ئېرى بىلەن قېينانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ پاراڭلىشىپ تۇرىدۇ، نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ ئائىلە كىشىلىرى بىرەر قېتىممۇ تاكاللىشىپ، قىزىرىشىپ قالمايدۇ. 1983- يىلى، شۇ جياخۇي ئائىلىسى مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ باھالىنىدۇ.

3. ياخشى ئەر زۇ بېنيۇەن

زۇ بېنيۇەن قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونىنىڭ باشلىقى، ئۇنىڭ ئايالى جاڭ شۇفېن قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 2- كاننىڭ چىغىرىق ئاپتوموبىل شوپۇرى ئىدى.

1976- يىل 3- ئايدا، جاڭ شۇفېن چىغىرىق ئاپتوموبىلىنىڭ گېنېراتورىنى ئالماشتۇرماقچى بولۇپ، بىر نەچچىلەن گېنېراتورنى يۆتكىگەندە، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، جاڭ شۇفېننىڭ سول كۆزى زەخىملىنىدۇ. ئايالىنىڭ كۆزىنى ساقايتىش ئۈچۈن، زۇ بېنيۇەن جيايۇگۈەن، شاڭخەي، بېيجىڭ، گۇاڭجۇلارغا ئاپىرىپ بەش قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدۇ. 1980- يىل 9- ئايدا، جاڭ شۇفېننىڭ ئوڭ كۆزىمۇ كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ.

زۇ بېنيۇەن مەملىكەتتىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا خەت يېزىپ، ئايالىنىڭ كۆزىنى ساقايتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. گۇاڭجۇ كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى جاۋاب خەت يېزىپ، بۇ كېسەلنى قوبۇل قىلىپ داۋالاشقا قوشۇلىدۇ. زۇ بېنيۇەن ئايالىنى ئېلىپ گۇاڭجۇغا كەلدى. گۇاڭجۇغا كېلىپ 2- كۈنى، بەك ھېرىپ. چارچاپ كەتكەنلىكتىن زۇ بېنيۇەن ئاغرىپ قالدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، زۇ بېنيۇەننىڭ قوزغىلىشچان نېرۋا يالløغى بولغانلىقى، ھاياتىغا خەۋپ يېتىش ئېھتىماللىقى بارلىقى ئېنىقلاندى. مېھمانخانا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىككى كۈتكۈچىنى جاڭ شۇفېنغا قاراشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، زۇ بېنيۇەننى ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتتى. زۇ بېنيۇەننىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشىلانغاندا، ئۇ دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئۇ دوختۇرغا: «ئايالىمنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەيدۇ، مېنىڭدىن بىرەر مىنۇت ئايرىلسىمۇ جاپا تارتىپ قالىدۇ» دېدى. جاڭ شۇفېن گۇاڭجۇدا ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى.

زۇ بېنيۇەن ئۆزىنىڭ بىر كۆزىنى ئايالىغا يۆتكەپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، دوختۇر ئىنتايىن تەسىرلەندى. جاڭ شۇفېننىڭ كۆزىدىن پۇتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ كۆپ قېتىم ئېرىگە: «بېنيۇەن، سىز بەك جاپا چەكتىڭىز، سىز تېخى ياش، ئۆزىڭىزگە لايىق كەلگۈدەك بىرەرسى بولسا، باشقىدىن ئۆي- ئوچاقلىق بولۇۋېلىڭ» دېدى. زۇ بېنيۇەن: «شۇفېن، سىز مېنى ئۇنداق پەس كۆرمەڭ، سىز بىلەن مەن شۇنداق ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەملەرمۇ؟» دېدى. جاڭ شۇفېن يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاھ تەڭرىم، مەن سىزنى بەك جاپادا قويدۇم!» دېدى.

ئۇ ئايالىنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنىنى بېيىتىش ئۈچۈن، دائىم ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ، ھېكايە ئېيتىپ بەردى، ئۇنى بېتلەپ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە تېلېۋىزور ئاڭلاشقا ئېلىپ كىردى.

زۇ بېنيۇەن ئائىلىسى مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ باھالاندى. تەقدىرلەش يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى ۋە سىناقلارنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق. بىز ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، يىغلاپمۇ كېتەتتۇق. بىزنىڭ شۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ياشاپ كېلىشىمىزگە پاك مۇھەببەت ئاساس بولدى» دېدى.

# V باب

# ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيە - خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش

## §1. ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

1970- يىل 8- ئاينىڭ 6- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىتاغ گۈڭشېسىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلدى. تاغدىن يوپۇرۇلۇپ چۈشكەن كەلكۈن ھەش- پەش دېگۈچە قويلۇق «ئۈچ سەپ» قۇرۇلۇش ئورنىنى بېسىپ كەتتى. قۇرۇلۇشقا قاتنىشىۋاتقان 7996- قىسىم 42- شۆبە ئەترەت، قۇمۇل تۆمۈريول زىيالىي ياشلار 15- لىيەنى، ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 280 دىن ئارتۇق كىشى كەلكۈننىڭ قورشاۋىدا قالدى، دۆلەتنىڭ مال- مۈلكى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 42- شۆبە ئەترەتنىڭ 1-، 3- پەيدىكى كادىر- جەڭچىلەر پەيجاڭ ما دېڭخەيىنىڭ باشلامچىلىقىدا، بىر تەرەپتىن كۈچ تەشكىللەپ ئوق- دورا ئىسكىلاتىنى قوغداپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى قۇتقۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەلكۈننىڭ قورشاۋىدا قالغان تۆمۈريول 15- لىيەندىكى زىيالىي ياشلارنى تېزلىكتە يۆتكەشكە باشلىدى، سۇ كېچىپ يۆتكەش جەريانىدا 16 زىيالىي ياش بىلەن سەككىز جەڭچى ئېھتىياتسىزلىقتىن شىددەتلىك ئېقىن ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئۇلار تاش - شېغىللارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان كەلكۈن ئىچىدە قەيسىرانە ئېلىشىشقا باشلىدى. جەڭچى تيەن جۇگشى ئالتە كىشىنى كەلكۈندىن قۇتقۇزۇپ چىقتى؛ جەڭچى دېڭ شۇ تۆت ئوقۇغۇچىنى خەۋپتىن قۇتقۇزدى؛ جەڭچى ما جىيۇەننىڭ كۆپ يېرى زەخىملەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئادەم

قۇتقۇزۇشنى داۋاملاشتۇردى. پۈتكۈل قۇتقۇزۇش، يۆتكەش جەريانىدا، تۆت جەڭچىنىڭ يارىسى ئېغىر بولۇپ، سۇنى بەك كۆپ شۈمۈرۈۋالغاچقا، شوك بولۇپ قالدى. جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق خەۋپتىن قۇتۇلدى. «6- ئاۋغۇست» كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، بارلىق جەڭچىلەر باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا، دۆلەتنىڭ 240 نەچچە تونىا ئوق- دورىسىنى ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى قوغداپ قالدى. سۇغا چۈشۈپ كەتكەن 13 ئوقۇغۇچىنى قۇتقۇزۇۋالدى. 1970- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى، قۇمۇل تۆمۈريول ئىش باشقارمىسى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 42- شۆبە ئەترەت جەڭچىسى تيەن جۇگشىنى 2- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ، جەڭچى دېڭ شۇ، ما جيۈەننى 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى. پەيجاڭ ما دېڭخەي، جەڭچى خەن جىجۈن، ما شېگباۋ قاتارلىق 10 يولداش تەقدىرلەندى.

1969- يىل 1- ئاينىڭ 3- كۈنى، 36911- قىسىمنىڭ زەمبىرەكچىلەر لىيەنى بۇيرۇققا بىنائەن تۆرۈك ئامبار قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە باردى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر كېلىدىغان تونېل قېزىش ئىدى. لىيەنجاڭ جو شۆپېڭ، سىياسىي يېتەكچى سەي جاڭيىن 60 كادىر- جەڭچىنى باشلاپ چېدىردا يېتىپ- قوپۇپ، قاتتىق سوغۇققا باش ئەگمەي، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ باتۇرلۇق بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، سان- سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا، ھېچقانداق ۋەقە سادىر قىلماي، قۇرۇلۇشنى مۇددەتتىن بىر ئاي بۇرۇن تاماملىدى. شۇ يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ، مەمۇرىي مەھكىمە يولداش جو شۆپېڭ، ليۇ شىنشى، جاڭ شىئەن، جۇ چۈەنفۇلارنى 2- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ، شۇ كېفاڭ، جېن شىچىگلارنى 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى. ۋاڭ شىنجى قاتارلىق 16 كىشىنى تەقدىرلىدى. سۇ ئامبىرى قوماندانلىق شتابى بۇ لىيەنگە «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشتىكى ئاۋانگارت» دېگەن لەۋھەنى تەقدىم قىلدى.

1976- يىلى، باي سۇ توسمىسىدا ئىش باشلانغاندا، باي چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدا تۇرۇشلۇق 36911- قىسىمدىكى كوماندىر- جەڭچىلەر چېگرا چارلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، توسما قۇرۇلۇشىغا 10 مىڭ ئەمگەك كۈچى ياردەم قىلدى. شۇ يەرلىك ئاممىلار بۇ توسمىنى «ئارمىيە- خەلق قەلبداش توسمىسى» دەپ ئاتىدى.

1980- يىلىدىن بۇيان، يېپىنچا ئورمانىنى كېڭەيتىپ، ياغاچ ماتېرىيال مەنبەسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى 980 نەچچە ئادەم (قېتىم) ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىشىغا ياردەملىشىپ، 827 مىڭ تۈپ قارىغاي كۆچىتى تىكتى. 36911- قىسىم كوماندىر- جەڭچىلىرى دالىدا يېتىپ قوپۇپ، جاپاغا چىداپ ئۇدا ئىككى يىل ئىشلەپ، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئۇلار يەنە ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى، ئورمان ئىچىدىكى 600 مو يەردىكى قۇرۇپ كەتكەن ياغاچ- تاشلارنى تازىلاپ، كۆچەتلىك ئەتراپىغا 10 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سىم تور تارتىپ بەردى.

نوم چېگرا مۇداپىئە پونكىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، نوم ئۆستىڭىنى رېمونت قىلىش، ئاسراش خىزمىتىگە پائال قاتناشتى. 1981- يىل 4- ئايدا، بۇ رايوندا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۆستەڭنىڭ كۆپ يېرىگە قۇم- شېغىل تىقىلىپ كەتكەچكە، ئۆستەڭ سۈيى سايغا ئېقىپ كېتىپ، ئامما ئىشلىتىدىغان سۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ چاغدا چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى كادىر- جەڭچىلەر خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، قۇم- بورانغا قارىماي ئۈچ كېچە- كۈندۈز قاتتىق ئىشلەپ، ئۆستەڭنى راۋانلاشتۇردى.

باركۆل سارچوقا گۇگشېسى قازاقلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر جاپالىق. 1982- يىل 3- ئايدا 36911- قىسىم « ئورمان بىنا قىلىپ، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قومنى تىزگىنلەش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. 4- ئاينىڭ بېشىدا، بۇ قىسىم 500 جەڭچىنى تەشكىللەپ، قىسىم رەھبەرلىرى سۇن زېيىڭ، شۇ بەيلۇگنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن سارچوقا يېزىسىغا كەلدى. بوران ئېغىزىغا 15 مىڭ 700 تۈپ كۆچەت تىكىپ، 2200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بوراندىن مۇداپىئەلىنىش

ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئورمان بەلۋېغىغا «ئارمىيە - خەلق دوستلۇق ئورمىنى» دەپ نام بەردى.

1975- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدا سىم يول ئاسراش پونكىتى قۇردى، بۇ پونكىتتىكى ئەسكەرلەر پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، چارۋىچىلىق مەيدان رەھبەرلىكىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلىپ تۇردى، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سىم يول ئاسراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سىم يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1976- يىل 3- ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ئالاقىلىشىش قىسمى سىم يول قوغداش بەنىنىڭ ئارمىيە خەلق سىم يول ئاسراش تەجرىبىلىرىنى تۈۋەنگە تارقاتتى. 1977- يىلى، بۇ پونكىت كوللېكتىپ 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى ھەم جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتاب ئالاقىچى ئەسكەرلەر قىسمىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1979- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۈچ كۈن يەتتە بال بوران چىقتى. بۇلۇڭتوغراق گۈڭشېسىنىڭ بەش ئاساسلىق غول ئۆستىڭى ۋە بىر قىسىم كارىزلىرىنى قۇم- شېغىل كۆمۈۋەتتى. ئۆستەڭ سۈيى توسۇلۇپ قالغاچقا، نەچچە مىڭ مو يەردىكى بۇغداي ئېغىر قۇرغاقچىلىق تەھدىتىگە ئۇچرىدى. 36991- قىسىم بوران تېخى توختىمىغان ئەھۋال ئاستىدا، 300 نەچچە كوماندىر- جەڭچىنى ئاجرىتىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۈچ كۈن جاپالىق ئىشلەپ، ئاساسلىق غول ئۆستەڭنىڭ 20 مىڭ مېتىر كېلىدىغان قىسمىنى تازىلاپ راۋانلاشتۇردى، 50 نەچچە كارىزنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئېتىز- ئېرىقلارنى ۋاقتىدا سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلدى.

1985-، 1986- يىللىرى، 36911- قىسىم قۇمۇلنىڭ شەھەر مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1000 نەچچە ئادەم (قېتىم) كوماندىر- جەڭچىنى ئاجرىتىپ، قۇمۇل شەھىرى خەلق باغچىسىنىڭ سۈنئىي كۆلىنى قېزىشقا قاتناشتى، 400 نەچچە كۇب مېتىر توپا- تاش قېزىپ توشۇدى ھەم قۇمۇل شەھىرىنىڭ 2000 مېتىرلىق سۇ تۇرۇبا يولىنى زەربىدارلىق بىلەن قېزىپ بەردى، 1800 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلدى.

1985- يىلى، 36911- قىسىم باركۆل شەھەر مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇش ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، 250 نەچچە مېتىر يەر ئاستى تۇرۇبا يولى قېزىپ بەردى، بۇنىڭغا 350 ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلدى.

1986- يىل 5- ئاينىڭ 19- كۈنى چىققان قاتتىق بوران ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چۆدۈڭ ئەترىتىدە ئوت ئاپىتى پەيدا قىلدى. مۇھاپىزەتچى تۈەن ۋە شۆبە ھەربىي رايونى ئۇرگىسىدىكى 250 كوماندىر- جەڭچى تېزلىكتە نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت بىلەن جىددىي ئېلىشىشقا كىرىشتى. قېرىنداش قىسىم بىلەن بىرلىكتە 450 ھەر مىللەت ئاممىسىنى بىخەتەر ئورۇنغا كۆچۈرۈپ، بىر قىسىم مال- مۈلۈكنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئوتنى ئۆچۈردى.

1986- يىل 5- ئايدىن 7- ئايغىچە، 36991- قىسىمنىڭ مۇھاپىزەتچى 1- لىيەنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 70 نەچچە ئادەمنى ئاجرىتىپ، ئاراتۇرۇك ناھىيە چېگرىسى ئىچىدە چېگرا مۇداپىئە ئۇرۇش تەييارلىقى تاشيولى ياساشقا 74 كۈن قاتناشتى، جەمئىي 4000 كۇب مېتىر قۇم- شېغىل توشۇپ، ۋەزىپىنى سۈپەتلىك ئورۇنداپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

ھەربىي قىسىم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارماي، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1970- يىلىدىن بۇيان، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ھەر قايسى داۋالاش ئورۇنلىرى ئامما ئۈچۈن 596 مىڭ ئادەم (قېتىم) كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى ھەم كېسەل داۋالىدى. توققۇز نەپەر ئېغىر كېسەلنى قۇتقۇزۇۋالدى.

## §2. ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش

1980- يىلى، ۋىلايەت ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، شۆبە ھەربىي رايونى يەرلىككە 12 مىڭ 643 ئەمگەك كۈنى ياردەم قىلىپ، يەرلىكنىڭ 14 دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمىنىنى رېمونت قىلىپ، 12 مىڭ 647 تۈپ كۆچەت تىكىپ، 129 ماشىنا (قېتىم) يۈك توشۇپ بەردى (جەمئىي 8400 توننا كىلومېتىر)، 3740 توننا ئوغۇت ياردەم قىلدى. يازلىقى، مۇستەقىل 5- تۈمەن پۈتۈن كۈچى بىلەن يازلىق يىغىمغا ياردەملىشىپ، 4915 ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىپ، 2763 مو بۇغداي ئوردى.

1982- يىلى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىي قۇرۇلۇشى پائالىيىتىدە، شۆبە ھەربىي رايونى قىسمىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر قىسىمنى باشلاپ گازارمىدىن چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شۆبە ھەربىي رايونى بويىچە ئالاقىلاشقان زاۋۇت، كان، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 41 بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم قىلغان ئەمگەك كۈنى ۋە ئاممىۋى ئەمگەك كۈنى 22 مىڭ 900 دىن ئاشتى، ياردەم قىلغان ماشىنا 121 ماشىنا (قېتىم)، تىكىپ بەرگەن كۆچەت 180 مىڭ تۈپكە يەتتى، 12 قېتىم ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى. شۇ يىلى قىشتا، ئاراتۈرۈك ناھىيە باي جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى چارۋىچىلارنىڭ تاغدىكى قىشلىق قوتانلىرىنى ياپالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال تۆت جەڭچىنى ئەۋەتتى، جەڭچىلەر قاتتىق سوغۇققا قارىماي، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەش كۈن ئىچىدە كەڭلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر كېلىدىغان قوتاننى ياساشقا ياردەملەشتى. باي ساقچىخانىسى ئەتكەسچىلىككە، زەھەر ئەتكەسچىلىكىگە قارشى تۇرۇش، چەتكە قېچىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن، چېگرا رايون جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، كۈرەش سالمىقىنى ، چېگرا رايون مۇھىتىنى ساپلاشتۇردى. ساقچىخانا باشقۇرۇش تەۋەسىدە ئۇدا 12 يىل چەتتىن كىرىش، چەتكە قېچىشتەك ۋەقە ۋە جىنايى ئىشلار دېلوسى كۆرۈلمىگەچكە، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئىككى قېتىم «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

1983- يىلى، شۆبە ھەربىي رايونى ھەربىي قىسىم بىلەن يەرلىك ئورتاق بەرپا قىلىش بويىچە «مەدەنىي نۇقتا» دىن 18 نى قۇردى، يەرلىكنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە 13 مىڭ 900 نەچچە ئەمگەك كۈنى ياردەم قىلدى، 148 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىپ بەردى، 240 نەچچە ماشىنا (قېتىم) ياردەم قىلىپ، 500 نەچچە توننا يۈك توشۇپ بەردى، 130 ئىگە- چاقىسىز ئائىلە ۋە نامرات ئائىلىگە ياردەم قىلدى، مەكتەپلەرگە 30 نەچچە تەربىيىچى ئەۋەتتى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېسەلنى داۋالىغان ئاما 9487 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 10 قېتىم قاتناشتى. 36911- قىسىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئىگىلىكنى ھىمايە قىلىش» تىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

1984- يىلى، شۆبە ھەربىي رايونى ھەربىي قىسىم بىلەن يەرلىك ئورتاق قۇرغان مەدەنىي نۇقتا 34 كە يەتتى. يەرلىككە ياردەم قىلغان ئەمگىكى 34 مىڭ 571 ئەمگەك كۈنىگە، توشۇپ بەرگەن يۈكى 253 ماشىنا (قېتىم) غا يەتتى، 19 تەربىيىچى ئەۋەتتى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، داۋالىغان ئاما 12 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، 21 قېتىم ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى، 390 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى.

1987- يىلدىن بۇيان، 36911- قىسىم چېگرادىكى 64 كىلومېتىر جايدىكى سىم تورنى ئالدىغا يۆتكەپ، چارۋىچىلارغا نەچچە 10 مىڭ مو سۈپەتلىك ئوتلاق ھازىرلاپ بەردى، بۇ ئوتلاقتا 80 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا باققىلى

بولىدۇ، ھەر يىلى قىش كىرىشتىن بۇرۇن، چارۋىچىلار قوي پادىلىرىنى كۆچۈرگەن چاغدا، بۇ ھەربىي قىسىم نەچچە 10 كوماندىر- جەڭچىنى ئاجرىتىپ، چارۋىچىلارنىڭ كۆچۈشىگە ياردەملەشتى. 36911- قىسىم يەنە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى ياردەم قىلدى، ماشىنا، ئاپتوموبىلدىن 400 قېتىم ئاجرىتىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا قاتناشتۇردى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 47 قېتىم قاتناشتى. 600 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق مەكتەپلەرگە 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ھەربىي تەلىم- تەربىيە بەردى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئاممىنى 20 مىڭ توننىدىن ئارتۇق مەھەللىۋى ئوغۇت، 150 تىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى، 100 دىن ئارتۇق دېھقان- چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلدى.

1987- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قۇمۇل ۋىلايىتىنى 1990- يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىلىك ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى قارار» نى چىقاردى. ھەر قايسى ئورۇن، يېزا- كەنتلەر «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش ئەھدىنامىسى»، «ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش كېلىشىمنامىسى» ئىمزالاشتى. ناھىيە، شەھەرلەر يەنە ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىشقا دائىر ئىشلارنى قەرەللىك مۇزاكىرە قىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىشتىكى ئورۇن 100 گە يەتتى، شۆبە ھەربىي رايونى، 86108-، 36911- قىسىملار، بىگتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار قۇمۇل شەھىرىنىڭ ھەر قايسى كوچىلىرىنى ئورتاق بەرپا قىلدى. يېقىن ئەتراپتىكى يېزا- كەنت، مەكتەپ، زاۋۇت، بېكەت قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن دوستلۇق ئورناتتى، ئورتاق بەرپا قىلىش نۇقتىلىرى 67 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئورتاق بەرپا قىلىش نۇقتىسى 16 بولۇپ، ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى 50 نەچچە قېتىم، زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى 63 قېتىم، ناخشا مۇسابىقىسىنى 23 قېتىم، كىتاب ئوقۇپ تەسىرات سۆزلەشنى 23 قېتىم، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى 96 قېتىم تەشكىللىدى.

ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، نۇقتىلار قارادوسكا چىقىرىش، دوكلات ئۇيۇشتۇرۇش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق ئىچكى- تاشقى ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلدى. بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئارمىيە- خەلق مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى؛ زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى تەربىيىسى ئارقىلىق ئاممىنىڭ مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇردى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملار يېزىلاردىكى نۇقتىلارغا بېرىپ كىنو قويۇش، باي بولۇش ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش، پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بەزىبىر نامرات يېزا- كەنتلەردە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 36342- قىسىم پالۋانتۇر يېزىسى دۆڭدۈنۆەندىكى نۇقتىسى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق، بۇ كەنتنىڭ نامراتلىق قالپىقى چۆرۈپ تاشلاندى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە، 1985- يىلى 744 نامرات ئائىلە بار ئىدى. ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش ئارقىلىق، 1990- يىلغا كەلگەندە 614 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بىگتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق ھەر قايسى تۈەن- مەيدانلار ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، دوختۇرلارنى يەرلىكتىكى ھەر مىللەت دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە ئەۋەتتى، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا- سايمانلىرىنى رېمونت قىلىپ بەردى. يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكىلىرىنى ئۆگەتتى، قۇدۇق قېزىپ بەردى، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئايرىپ بەردى. 1988- يىلى، قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى دېھقان- چارۋىچىلارغا 18.3 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 1000 كىلوگرام دېھقانچىلىق دورىسىنى ھەقسىز يەتكۈزۈپ بەردى. يەنە ئىككى قۇدۇقنى قېزىپ، 2500 مو يەرگە دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ، 2000 مو يەرنىڭ ئوت- چۆپىنى خىمىيىلىك يوقىتىپ بەردى.

ئارمىيە- خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، ئارمىيە- خەلق ئۆزئارا ياردەمدە بولۇپ، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى

قىلدى. يەرلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت تارماقلىرى تۈرلۈك چارە- ئاماللارنى قوللىنىپ، قىسىملارنى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىن ئەتتى. 1986 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردا سېچۇەن، خۇنەن ئۆلكىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر كۆپەيگەندە، ئاشلىق- ماي تارماقلىرى 24 مىڭ كىلوگرام سۈپەتلىك گۈرۈچ، 3800 كىلوگرام نومى گۈرۈچنى قىسىملارغا يەتكۈزۈپ بەردى. باركۆلدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنى 85 مىڭ كىلوگرام گۈرۈچ، 16 مىڭ 500 كىلوگرام سېرىق پۇرچاق، 10 تونىنا كالا- قوي گۆشى، 180 تونىنا چوشقا گۆشى بىلەن تەمىن ئەتتى؛ يەنە قىسىملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن 2153 مو يەر ئاجرىتىپ بەردى، تۆت قۇدۇق قېزىپ بەردى. قىسىملارنىڭ 16 قورۇ قويى ئۈچۈن يايلاق تەڭشەپ بەردى. يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىگە ئاساسەن يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1986 – 1990 - يىلىغىچە، شۆبە ھەربىي رايونغا قاراشلىق ھەر قايسى قىسىملار تۈرلۈك قۇتقۇزۇشلارغا 40 قېتىم قاتناشتى، 2800 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچ، 220 ماشىنا (قېتىم) ئاجراتتى، قۇتۇلدۇرۇپ چىققان تۈرلۈك ماددىي بويۇملارنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 700 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. قار- بوران ئاپىتىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق چارۋىنى قۇتۇلدۇردى. 1986- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنىدىكى پەۋقۇلئاددە زور بوران ئاپىتى 100 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈريولنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن، تۆمۈريول قاتنىشى 44 سائەت ئۈزۈلۈپ قالدى. 36991- قىسىم بىلەن 86108- قىسىم 500 – 600 كوماندىر- جەڭچىنى ئاجرىتىپ، 4200 كۇب مېتىر قۇم بارخانىنى ئېچىپ، 1600 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆمۈلۈپ قالغان تۆمۈريولنى راۋانلاشتۇردى.

ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. 1986 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت- شى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيدىن 130 نى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1981 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان 5464 ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇردى، يەرلىك يەنە قىسىملارنىڭ ھەربىيدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى دەرسلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، دەرسخانا، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەقسىز ھەل قىلىپ بەرگەچكە، قىسىملاردىكى 400 دىن ئارتۇق كادىر تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىدىكى دەرسلەرنى بىر يىل بالدۇر تۈگىتىپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسىغا ئىگە بولدى؛ 13 ئاشپەز 3- دەرىجىلىك ئاشپەز ئۆلچىمىگە يەتتى. 690 جەڭچى تراكتور رېمونتچىلىقى، ئاپتىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتچىلىقى، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش، شوپۇرلۇق، پايانلاش، سىرچىلىق، سېلىسارلىق قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئىگىلىۋالدى. باركۆل دوختۇرخانىسى قىسىملارغا 164 سەھىيە خادىمى تەربىيىلەپ بەردى.

# VI باب

# ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى، بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بارلىققا كەلدى،

خېلى كۆپلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىدىن مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپلار
### (1990- يىلىغىچە)

جەدۋەل: 26 – 1

| مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇن | قايسى ۋاقىتتا، قايسى ئورۇننىڭ قانداق يىغىنىدا نام بېرىلگەن | ئىلان- شەرەپ نامى |
|---|---|---|
| قىزىلبۇلۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى | 1957- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | مەملىكەتلىك ئاممىۋى تەنتەربىيىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى كۆنگىرەك يېزىسى | 1958- يىلى، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك تەمۇنچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيە بازىرى تۆتكوچا تۇرلۇك ماللار ماگىزىنى | 1959- يىلى، مەملىكەتلىك مالىيە- سودا سېستىمىسىدىكى «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە كۆكشى تەمىنات- سودا كوپېراتىپى | 1959- يىلى، مەملىكەتلىك مالىيە- سودا سېستىمىسىدىكى «قوش ئىلغارلار» ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ئۆن زاۋۇتى | 1964- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ئاراتۈرۈك توخولۇ (شارتۈبلەر) كۆكشى | 1964- يىلى، غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى ئوۋچىلىق يېزا ئىگىلىكىدە، داچەيدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ياماتسۇ كېنى | 1960- يىلى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى | بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| باركۆل ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1978- يىلى، مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە ئورۇنلىرىنىڭ «قوش ئۆگىنىش» (داجەيدىن، داچىڭدىن ئۆگىنىش) يىغىنى | مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە ئورۇنلىرى بويىچە «قوش ئۆگىنىش» ئۈلگىسى |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1979- يىل 8- ئاينىڭ 12- كۈنى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش - ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن |
| ۋىلايەتلىك قاتناش شىركىتى يولۇچى توشۇش پونكىتى | 1979- يىل 10- ئاي، قاتناش مىنىستىرلىكى بىخەتەرلىك بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | قاتناش بىخەتەرلىكىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل ناھىيىسى لاپچۇق مەكتەپ | 1979 - يىلى، ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىدارچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە گۇڭشې ئورداكارىز 2 - ئەترەت ئاياللار ۋەكىللىرى گۇرۇپپىسى | 1979 - يىلى، مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى | «8 - مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيىسى تاشبۇلاق گۇڭشېسى | 1965 - يىلى، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنى | خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| ئاستانە گۇڭشې ئورداكارىز 2 - ئەترىتى | 1979 - يىلى، گوۋۇيۈەن | ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى |
| قۇمۇل تۆمۈريول 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ پىئونېرلار ئەترىتى | 1980 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ئىتتىپاق كومىتېتى | 1980 - يىلى، ئورمان بىنا قىلىش، ئابدانلىق تېرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيىلىك كۆمۈر كان | 1980 - يىل 5 - ئاي، مەملىكەتلىك كۆمۈرنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى | 1980 - يىل 6 - ئاي، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېپىدىكى «قوش ئىلغار» لارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل تۆمۈريول 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 1 - يىللىق 4 - سىنىپ | 1981 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ئىتتىپاق كومىتېتى | 1981 - يىللىق لىنىيە بويىچە «قىزىلگۈل كوللېكتىپى» پىئونېرلار ئەترىتى |
| خواڭلۇگاڭ بېكىتى | 1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى ئىتتىپاق كومىتېتى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلار ئەترىتى |
| 36911 - قىسىم | 1982 - يىل 1 - ئاي، باش سىياسىي بۆ «ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دوكلات يىغىنى» | «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف سىم يولى پونكىتى | 1966 - يىل 3 - ئاي، مەملىكەتلىك 16 - قېتىملىق پوچتا، تېلېگراف خىزمىتى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلاتى | 1982 - يىل 10 - ئاي، سودا مىنىستىرلىكى | «ئۆتتىس خالى ئاشلىق ئىسكىلاتى» بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| تۇمۇل تۇمۇر يول شۇبە ئىدارىسى خۇاگلوگالاڭ بېكىتى | 1982- يىل 11- ئاي، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل رېمونتچىلىق، تېخنىكا يېڭىلاش ئىشخانىسى | 1982- يىل 12- ئاي، مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر تېخنىكا ھەمكارلىق كومىتېتى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر تېخنىكا يېڭىلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل تۆمۈريول ئىشچىلار كۇلۇبى | 1983- يىل 7- ئاينىڭ 29- كۈنى، مەملىكەتلىك ئىشچىلار سارىيى، ئىشچىلار كۇلۇبىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىشچىلار مەكتىپى ۋە ئىشچىلار باغچىسى |
| قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋېلىق گۆگىنى | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك 5- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئامىۋى تەنتەربىيىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىشتىن سىرتقى ۋاسكېتبول كوماندىسى | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىسى |
| باركۆل ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە ئىلغار مەكتەپ |
| ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى | 1983- يىلى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك ئورمان بىنا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى ئىلغار كوماندىسى | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىسى |
| يامانسۇ كېنى | 1981- يىلدىن 1983- يىلغىچە، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى | بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى | 1984- يىل 2 ــ ئاينىڭ 18 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ 3- يىغىنى | مەملىكەتلىك ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىشتىكى ئىلغار ئورۇن |
| باركۆل ناھىيىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى مۇز تېيىلىش كوماندىسى | 1984- يىلى | مەملىكەتلىك تۇسمۇزلەر تېز تېيىلىش ئىشتىن سىرتقى مەشقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئېلېكتىر ئىستانسىسى توك بىلەن تەمىنلەش ئىتتىپاق ياچېيكىسى | 1984- يىلى، مەملىكەتلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى | مەملىكەتلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزى كومىتېتى ... |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى باي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى | 1984- يىلى، مەملىكەتلىك «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش- ئۆلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش» تىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسى | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى | مەملىكەتلىك يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھىرى | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز 4- مەيدانى | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك دورا شىركىتى | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە گۆڭشېسى | 1984 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئورنى | 1985- يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مەملىكەتلىك سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنى | مەملىكەتلىك ئىلغار ئورۇن |
| قۇمۇل يەتتەقۇدۇق مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئىتتىپاق ياچېيكىسى | 1985- يىل 6- ئاينىڭ 25- كۈنى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار | چەت، ياقا رايونلاردىكى مۇنەۋۋەر ئوغۇل- قىزلار كوللېكتىپى |
| ۋىلايەتلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىشخانىسى | 1985- يىل 11 - ئاي، مەركىزىي كومىتېت يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى | يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 1985- يىل 11- ئاي، مەركىزىي كومىتېت يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى | يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئورنى | 1985- يىلى، جۇڭگو سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەمئىيىتى | سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتى | 1985- يىلى، سودا مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك ئىلغار كارخانا |
| قۇمۇل تۆمۈريول 2- ئوتتۇرا مەكتەپ | 1985- يىل 12- ئاي، مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «جانلىق- تېتىك ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى» پائالىيىتى | «جانلىق- تېتىك ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى» پائالىيىتىدىكى ئىلغار مەكتەپ |
| باركۆل ناھىيىسى 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ موز تېيىلىش تۈرى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | تەقدىرلەندى، 3000 يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشتى |
| قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | 1985- يىلى، سودا مىنىستىرلىكى | تۆتتىن خالى ئىسكىلات |
| باركۆل ناھىيىسى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك «ئىككىنى ھىمايە قىلىش»، «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك مېتال ماتېرىياللىرى كەسپىي سىستېمىسى | تىجارەتتە ئىلغار ئورۇن |
| يامانسۇ كېنى ئۆزۈنۈش سېخىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى | 1986- يىلى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى | 1985—1986- يىللىرىدىكى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى |
| يامانسۇ كېنى يەر تۈلچەش بۆلۈمى | 1986- يىلى، يەر تۈلچەش مۇسابىقىسى | مەملىكەتلىك قارا مېتاللورگىيە شىمالىي رايونلار گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچى |
| ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل قاتناش شىركىتى يولۇچى توشۇش بېكىتى | 1986- يىلى، قاتناش مىنىستىرلىكى | بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى 27 يىل ئۇدا چىڭ تۇتقانلىقتىن ئۆلۈم- يىتىم ۋەقەسى سادىر قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن |
| باركۆل ناھىيىسى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ مەشقىدە ئىلغار ئورۇن |
| ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاتا ـ ئانىلار مەكتىپى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى | مۇنەۋۋەر مەكتەپ |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى دوختۇرخانىسى | 1986- يىلى، كۆمۈرچىلىك سانائەت مىنىستىرلىكى | ئىلغار دوختۇرخانا |
| قۇمۇل شەھەرلىك باج ئىدارىسى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك مالىيە- باج سىستېمىسى | ئىلغار كوللېكتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 214- بۇرغىلاش ئەترىتى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك كۆمۈر كان مۇسابىقىسى | بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | 1986-، 1988- يىللىرى، جۇڭگو كۆمۈرچىلىك شىركىتى | كوللېكتىپ كارخانىلارنى يۆلەشتىكى ئىلغار ئىدارە |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەڭشەش ئىشخانىسى | 1986-، 1988- يىللىرى، كۆمۈرچىلىك سانائىتى مىنىستىرلىكى، كۆمۈرچىلىك گېئولوگ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | ئىلغار تەڭشەش ئىشخانىسى |
| قۇمۇل شەھىرى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| ئاراتۇرۇك تۆركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ |
| مەركىزىي لېكتورلار ئۆمىكى قۇمۇل ئارماق ئەترىتى | 1987- يىل 6- ئاي، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەتلىك لېكتورلار ئۆمىكى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| باركۆل ناھىيىسى سانائەتنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى | 1987- يىل 9- ئاي | دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇنلارنىڭ «ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتى» |
| قۇمۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى | 1987- يىل 11- ئاي | مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا ئەسقاتىدىغان تېخنىكىلار بويىچە تەربىيىلەشتە ئىلغار ئىتتىپاق كومىتېتى |
| قۇمۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى | 1987- يىلى | مەملىكەتلىك «ئەپچىللەر ئەترىتى» پائالىيىتىدە «يېتەكچى باغۋەن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل شەھەرلىك ئائىلە باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى | 1987- يىلى | مەملىكەتلىك سەھىيە مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| 8- ئۇچقۇچىلار ئىنستىتۇتى | 1987- يىل 7 - ئاي، مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ۋەكىللىرى يىغىنى | ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھىرى | 1987- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى | 1987- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ | 1987- يىلى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتى | 1987- يىلى، مەملىكەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | مەدەنىي ئورۇن |
| قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىسى | 1988- يىل 3- ئاينىڭ 16- كۈنى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى | جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەل ئارا رەسساملار يېزىسى |
| ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل شىركىتى يولۇچى توشۇش بېكىتى | 1988-يىل 9- ئاي، قاتناش مىنىستىرلىكى | 1987- يىللىق مەدەنىي بېكەت |
| ۋىلايەتلىك ئون زاۋۇتى | 1988- يىل 9- ئاي، سودا مىنىستىرلىكى | بىخەتەرلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن |
| قۇمۇل شەھىرى | 1988- يىل 12- ئاي، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەتلىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | 1988- يىلى، كۆمۈرچىلىك سانائىتى مىنىستىرلىكى | 1987- يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن |
| ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 1988- يىلى، گوۋۇيۈەن | مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل بەتتەقۇدۇق ھاۋارايى پونكىتى | 1989- يىل 4- ئاينىڭ 12- كۈنى، مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە ئورۇنلىرى | ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگىلىك ئورۇن |
| قۇمۇل پاراۋۇز ئۇچاستىكىسى خۇاگلۇگاڭ بېكىتى | 1987- يىل 7- ئاينىڭ 29- كۈنى، مەملىكەتلىك تۆمۈريول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | تۆمۈريول ئىدارىسى بويىچە «بىخەتەر ئارىلىق بېكەت» |
| ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورنى | 1989- يىل 12- ئاي، ج خ مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئىدارىسى | مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئامبۇي نازارەتچىلىك كومىتېتى | 1989 - يىلى، بىر تۇتاش تەقسىملەش كۆمۈر كان باش شىركىتى قاتارلىقلار | مەملىكەتلىك كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئامبۇي بىخەتەرلىكى خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئامبۇي نازارەتچىلىك كومىتېتى |
| ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 1989 - يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى | تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | 1989 - يىلى، جۇڭگو كۆمۈرچىلىك باش شىركىتى | سۈپەتتە ئۆلچەمگە يەتكەن ئىدارە |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1 - كېنى | 1989 - يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئالاھىدە دەرىجىلىك ھاۋا ئۆتۈشىدىغان كان قۇدۇقى |
| ياماتسۇ كېنى | 1989 - يىلى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى سۈپەت تەكشۈرۈش كومىتېتى | مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى سۈپەت باشقۇرۇش ئەلا مۇكاپاتى |
| قۇمۇل شەھىرى | 1990 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار ناھىيە (شەھەر) |
| شەھەرئىچى يېزىسى | 1989 - يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | مەملىكەتلىك يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھىرى | 1990 - يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) |
| قۇمۇل شەھەرلىك مىللىي كەشتىچىلىك زاۋۇتى | 1990 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مەملىكەتلىك يېنىك سانائەت سىستېمىسى مىللىي بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كارخانا، مۇنەۋۋەر زاۋۇت باشلىقلىرى مۇكاپاتلاش يىغىنى | مەملىكەت بويىچە مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كارخانا |
| ئاراتۇرۇك باي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى | 1990 - يىل 12 - ئاي، گوۋۇيۈەن | مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى | 1990 - يىل 12 - ئاي، گوۋۇيۈەن | مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە باشقارمىسى | 1990 - يىلى 12 - ئاي، مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە جەمئىيىتى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى | مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكىسى بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ |
| قۇمۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى | 1990 - يىلى، مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر كومىتېتى | مەملىكەتلىك لەي ئىگدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى قىزىل بايراقدار ئۆرۈن |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسى سەنداۋسۇن كەنتى ئىتتىپاق ياچېيكىسى | 1990- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى، مەملىكەتلىك كۆكەرتىش كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر ۋەتەننى كۆكەرتىشتىكى زەربىدار ئەترەت |
| ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 1990- يىلى، مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە تازىلىقتا ئىلغار ئورۇن |
| ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 1990- يىلى، گوۋۇيۈەن | مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ |
| يامانسۇ كېنى | 1990- يىلى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى سۈپەت تەكشۈرۈش كومىتېتى | مەملىكەتلىك 3- ئۆۋەتلىك سۈپەت باشقۇرۇش مۇكاپاتى |
| ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 1990- يىلى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 1990- يىللىق ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بوغالتىرلىق مۇسابىقىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن |
| قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | 1990- يىلى، مالىيە مىنىستىرلىكى | بوغالتىرلىق خىزمىتىدە ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن |
| خەلق بانكىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارماق بانكا بوغالتىرلار بۆلۈمى | 1990- يىلى، خەلق بانكىسى باش بانكىسى | مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ |

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىن مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر (1990- يىلىغىچە)

جەدۋەل: 26 – 2

| تەقدىرلەنگۈچى | مىللىتى | جىنسى | تەقدىرلەنگۈچىنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى | تەقدىرلەنگەن ۋاقتى، تەقدىرلىگەن ئورۇن (يىغىن) | شان- شەرەپ نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| گو لەنفاڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسىدىن | 1952- يىلى، غەربىي شىمال تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللەر يىغىنى | تازىلىق نەمۇنىچىسى |
| ياڭ ماۋيۈەن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە يېزا گوڭشاڭ كەنت ئەزاسى | 1953- يىلى، مەملىكەتلىك قەھرىمان- نەمۇنىچىلار ۋەكىللەر يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ناسىر خوجامنىياز | ئۇيغۇر | ئەر | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 1954- يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى | بىرلىك سەپتىكى ئىلغار شەخس |
| نۇردىن | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل ناھىيىلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى پىركازچىكى | 1955- يىلى، جۇڭگو مەملىكەتلىك باش تەمىنات- سودا كوپېراتىپى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| چېك ۋېنجى | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىسى داخې يېزىسى جيوخوسۇن كەنت ئەزاسى | 1956- يىلى، غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| لو جاگيا | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ كۆزەتچىسى | 1955- يىلى، مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە سىستېمىسى بويىچە ئىلغارلار يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ۋۇچاۋجى | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى | 1956- يىلى، مەملىكەتلىك پوچتا- تېلېگراف يىغىنى | ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى |
| قاۋان | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىسى بۇغاتارال يېزىسى | 1956- يىلى، ئاپتونوم رايون | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| لو جاگيا | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ كۆزەتچىسى | 1956- يىلى، مەملىكەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| شىن يۈيىڭ | خەنزۇ | ئەر | باركۆل بازىرى جەنۇبىي كوچا ئاھالىسى | 1958- يىلى، مەملىكەتلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللەر يىغىنى | تازىلىق نەمۇنىچىسى |
| سېيتقازى | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىسى شەرق شامىلى گۇڭشېسىنىڭ چارۋىچىسى | 1958- يىلى، مەملىكەتلىك 2- نۆۋەتلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ياش ئىلغارلار يىغىنى | سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپى |
| يەدىگاخان ياسىت | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر يېزىسى ئاقبەر كەنتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى | 1958- يىلى، مەملىكەتلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللەر يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ليۇ يىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1958- يىلى، مەملىكەتلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللەر يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تيەن فېگشيۇ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى ئاشۇبلىق گۇڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1958- يىلى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئايال ئاكتىپلار يىغىنى | ئايال ئاكتىپ |
| ئابدۇللا ئىسمائىل | ئۇيغۇر | ئەر | ئارانۇرۇك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى | 1959- يىل 5- ئاي، مەملىكەتلىك ج خ، تەپتىش، سوت سىستېمىسى بويىچە ئېچىلغان ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ھېبىت ئەمەت | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى | 1959- يىل 5- ئاي، مەملىكەتلىك ج خ، تەپتىش، سوت سىستېمىسى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| مەۋلىمباي | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى | 1959- يىل 5- ئاي، مەملىكەتلىك ج خ، تەپتىش، سوت سىستېمىسى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئاقباي | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى | 1959- يىل 6- ئاي، مەملىكەتلىك خەلق ساقچىلىرى ئامانلىق ساقلاش بويىچە ئىلغارلار يىغىنى | ئاكتىپ خىزمەتچى |
| بەي تيەنلاڭ | خۇيزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى 2- ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى | 1959- يىلى، مەملىكەتلىك مالىيە سىستېمىسىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| يۈمن خەيلىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ سېستىرا باشلىقى | 1959- يىلى، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە سىستېمىسى بويىچە قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ۋاڭ جىشىن | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كان ئىشچىسى | 1959- يىلى، مەملىكەتلىك سانائەت، قاتناش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يىغىنى | ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى |
| ئابدۇۋاھىت ئەمەت | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى | 1959- يىلىدىكى مەملىكەتلىك ج خ، ئەدلىيە ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ھەسەن مامۇت | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى پولات تاۋلاش ئىشچىسى | 1959- يىلى، مەملىكەتلىك سانائەت- قاتناش- مالىيە - سودا سىستېمىسى يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| يۈەن خەيلىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ھەجەرخان | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى ساتا دېھقانچىلىق مەيدانى بالىلار تەربىيىچىسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات يىغىنى | ئىلغار بالىلار خىزمەتچىسى |
| شىڭ جۈنيىڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى ئانئۇبلىق كوگشى 1- چوڭ ئەترەت بالىلار باغچىسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات يىغىنى | ئىلغار بالىلار خىزمەتچىسى |
| گۈلسۇمخان نىياز | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى بالۋانتۇر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات يىغىنى | ئىلغار بالىلار خىزمەتچىسى |
| چېن شيۇلەن | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيىسى داخې گوڭشې 4- چوڭ ئەترەت ئەزاسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى . | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| رازىيە | قازاق | ئايال | باركۆل ناھىيىسى ئاۋانگارت گوڭشې ئەزاسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| شيا جىيىڭ | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيىسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| بەي گۈيىڭ | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيىسى داخې گوڭشې يەسلى ئوقۇتقۇچىسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| جاڭ گۈيخۇا | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيىسى داخې گوڭشې 2- چوڭ ئەترەت مۇئاۋىن باشلىقى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سەكەي | قازاق | ئايال | باركۆل قىزىلبايراق گۆڭشې ئەزاسى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| گاۋ شيۇيىڭ | خەنزۇ | ئايال | باركۆل داخې گۆڭشې 2-چوڭ ئەترىتىنىڭ بالىلار تەربىيىچىسى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ۋاڭ شيۇليەن | خەنزۇ | ئايال | باركۆل كۈيسۇ گۆڭشې ئەزاسى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| لى گۈيىڭ | خەنزۇ | ئايال | باركۆل قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچىسى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| خۇ شيۇخۇا | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيە بازىرى ئاھالىلەر كومىتېتى گۇرۇپپا باشلىقى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ياڭ سۇخۇا | خەنزۇ | ئايال | باركۆل خۇايۈەن گۆڭشې ئەزاسى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| شاڭ رۈيشى | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيىسى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| تاڭ ئەيجېن | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى پىركازچىكى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| يۈەن خەيلىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن سېستىرا | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ئايشەم قۇربان | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى ئاۋانگارت گۆڭشىدىن ئوقۇتقۇچى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| جۇ خۇيلىن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى ئاۋانگارت گۆڭشىدىن يەسلى ئوقۇتقۇچىسى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| بۇسارىخان رېھىم | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۇبلىق گۆڭشى ئورۇقلاندۇرۇش پونكىتىنىڭ تېخنىكى | 1960-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| لى شۇلەن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل نامىيىسى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تراكتورچىسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| نۇرخەدىچە | قازاق | ئايال | قۇمۇل نامىيىسى تەگرىتاغ كۆكشى ئەزاسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| رازىخان ئىمىن | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل نامىيىسى تەگرىتاغ كۆكشىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| جياڭ شۇفاڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك بالىلار يەسلىسىنىڭ تەربىيىچىسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| سۇن جيىڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل نامىيىسى سودا ئىدارىسىنىڭ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى سېخىنىڭ مەسئۇلى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| مەريەم | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل نامىيىسى قارادۆۋە كۆكشى دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغۇت ئانىسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| رازىخان ئوسمان | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل نامىيىسى ئاستانە كۆكشى ئەزاسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ليۇ شيۇجېن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى سۇ ئېلېكتر سېخىنىڭ ئىشچىسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| لياۋ كەيفاڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل تۆمۈريول دوختۇرخانىسىنىڭ سېستراسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| خېلىچىخان تالىپ | ئۇيغۇر | ئايال | ئاراتۈرۈك سودا ئىدارىسىنىڭ تىجارەتچىسى | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| سۇن لەنشياڭ | خەنزۇ | ئايال | ئاراتۈرۈك نوم كۆكشىدىن ئاشپەز | 1960 - يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ ئېگيۈن | خەنزۇ | ئايال | ئارانئۇرۇڭ ئۇركۆل باش فېرمىسىنىڭ باغچىسى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| جانارخان | ئۇيغۇر | ئايال | ئارانئۇرۇڭ ئۇركۆل باش فېرمىسىنىڭ زاپخوزى | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ئىسمائىل توختى | ئۇيغۇر | ئەر | قومۇل ناھىيىسى غەربىتاغ گۇڭشې دېھقانچىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى | 1961- يىلى، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ، سەھىيە، پەن- تېخنىكا سىستېمىسى بويىچە قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| لياڭ فۇشىڭ | خەنزۇ | ئەر | قومۇل بازىرى 3- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1961- يىلى، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ، سەھىيە، پەن- تېخنىكا سىستېمىسى بويىچە قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| شاۋ شيېنخۇا | خەنزۇ | ئايال | باركۆل شىرىنتىزى گۇڭشې | 1960- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| يۈەن خېلىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ سېستراسى | 1964- يىلى، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ، سەھىيە، پەن- تېخنىكا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| قادىر | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىسى سارچوقا گۇڭشې چارۋىچىسى | 1964- يىلى | ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| جېڭگىسقان | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىسى سارچوقا گۇڭشې چارۋىچىسى | 1965- يىلى | ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ليۇ شياگيۈەن | خەنزۇ | ئەر | قومۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئۇچۇق كان قېزىلۇش باشقارمىسى | 1966- يىلى، كۆمۈرچىلىك سانائىتى مىنىستىرلىكى | بەشتە ياخشى خىزمەتچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سۇ يىڭخې | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى بىناكارلىق قۇرۇلۇش باشقارمىسى | 1968- يىلى، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە — ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنى | ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئۈلگىسى |
| ۋېي جىمىڭ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تېرىنېرى | 1975- يىلى | مەملىكەتلىك ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار خىزمەتچى |
| سۇن تيەنساڭ | خەنزۇ | ئەر | گېئولوگىيە ئەترىتى 704- شۆبە ئەترىتى | 1975- يىلى، مەملىكەتلىك «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| فەن باۋجيۇ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كان ئىشچىسى | 1978- يىلى، مەملىكەتلىك «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» تىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| تۇرسۇن تۇسان | ئۇيغۇر | ئەر | گېئولوگىيە ئەترىتى 704- شۆبە ئەترەت مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى | 1978- يىلى، مەملىكەتلىك «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» تىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| يۇ فېڭجېن | خەنزۇ | ئايال | يەتتە قۇدۇق مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ كۆزەتچىسى | 1978- يىلى، مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە ئورۇنلىرى بويىچە «ئىككىدىن ئۆگىنىش» يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ۋېن سىجۈن | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى يۈك توشۇش ئەترىتىنىڭ شوپۇرى | 1978- يىلى، قاتناش مىنىستىرلىكى | بىخەتەر يول يۈرۈش ئۈلگىسى |
| ليۇ چۈنياڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئۆجۈق كان ئىشچىسى | 1978- يىلى | ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سادەت شېرىپ | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى شەھەرئىچى كوگشى جىگدە قۇدۇق كەنت پارتىيە ياچېيكا مۇئاۋىن شۇجىسى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | «8- مارت» قىزىلبايراقدارى، ئۆزۈن سەپەر زەربىدارى |
| ئايىسخان | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| يۈۋەنجېن | خەنزۇ | ئايال | ياماتۇ كېنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن كان باشلىقى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئەمگەك ئەمۇنىچىلار يىغىنى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەت بويىچە ئەمگەك ئەمۇنىچىسى، «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| بېكىن | قازاق | ئايال | باركۆل سارچوقا كوگشى چارۋىچىلىق فېرمىسى چارۋىچىسى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| سوڭ جىڭشىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئورمانچىلىق تېخنىكى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| دەي شىيىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى 3- شۆبە مەيدان ئىشچىسى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ۋاڭ جىچىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانى 2- شۆبە مەيدان ئىشچىسى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| پاتەم تالىپ | ئۇيغۇر | ئايال | خەلق بانكىسى قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1979- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| سۇن كېشياڭ | خەنزۇ | ئەر | ياماتۇ كېنىنىڭ باشلىقى | 1979- يىلى، مېتاللۇرگىيە مىنىستىرلىكى | پىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئىلغار شەخس |
| ئاكساي زەينول | قازاق | ئەر | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلۈق كوگشىسىنىڭ چارۋىچىسى | 1979- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى نام بەرگەن | يېڭى ئۆزۈن سەپەر زەربىدارى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| چالبازدان | قازاق | ئەر | باركۆل بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىشچىسى | 1979- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى نام بەرگەن | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| قاناش | قازاق | ئايال | باركۆل ناھىيىسى سارچوقا گۆڭشې چارۋىچىسى | 1979- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى نام بەرگەن | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| ما يۈزۈلەن | خۇيزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ ئائىلىلەر كومىتېتى گىلەم زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى | 1979- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى نام بەرگەن | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| رەن چىڭفا | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كان قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئىشچىسى | 1979- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى نام بەرگەن | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| چېن گۇاڭمىڭ | خەنزۇ | ئەر | ياماشىنى كېنىنىڭ شوپۇرى | 1979- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى نام بەرگەن | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| جاكىنەي | قازاق | ئايال | باركۆل سارچوقا تەمىنات- سودا كوپېراتىپى كىچىك قۇلىنچەرى تارماق ماگىزىنىنىڭ تىجارەتچىسى | 1980- يىلى | مەملىكەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| دەي چىڭجى | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى بۆلۈم باشلىقى | 1980- يىلى، ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى | مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| راخمان تۇرسۇن | ئۇيغۇر | ئەر | سافا دېھقانچىلىق مەيدانى ماتارىپ مەركىزى | 1981- يىل 4- ئاي | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| ئابدۇل نىياز | ئۇيغۇر | ئەر | راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى | 1981- يىل 4- ئاي | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ماتارىپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| ھېمىت سۇلايمان | ئۇيغۇر | ئەر | دۆرىيەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى | 1981- يىل 4- ئاي | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ماتارىپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شۇ ۋېنيۈەن | خەنزۇ | ئەر | خوگەن دېھقانچىلىق مەيدانى | 1981- يىل 4- ئاي | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ماكارپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| ئىبراھىم تالىپ | ئۇيغۇر | ئەر | راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى | 1985- يىل 9- ئاي | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ماكارپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| ئوسمان | ئۇيغۇر | ئەر | دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى ئوتتۇرا مەكتىپى | 1989- يىل 8- ئاي | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ماكارىپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| چاپارلىق | قازاق | ئەر | قىزىلئۆلتۈز 1- چارۋىچىلىق فېرمىسى | 1981- يىل 8- ئاي | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ماكارىپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| شىڭ يۈسەي | خەنزۇ | ئەر | قوشۇل ئېلېكتر ئۇچاستكىسى سىگنال بېرىش رايونىنىڭ باشلىقى | 1981- يىل 4- ئاينىڭ 23- كۈنى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | 1980- يىللىق ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى |
| ئايىمخان | ئۇيغۇر | ئايال | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى | 1981- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| راخمان | ئۇيغۇر | ئەر | ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1981- يىلى، مەملىكەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار يىغىنى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| فەن لىن | خەنزۇ | ئەر | باركۆل كۆيسۇ تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ ستانسىسكا خادىمى | 1981- يىلى، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە-ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ستانسىسكا يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| يۇ كەيچى | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى | 1981- يىلى | مەملىكەت بويىچە 1000 نەپەر مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىرى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سۇن كېشياڭ | خەنزۇ | ئەر | ياماتسۇ كېنسىنىڭ باشلىقى | 1981-، 1982-يىلى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى | ئىختەتەر ئىشلەپچىقارغۇچى |
| ۋاڭ شىزې | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1982-يىل 8-ئاي، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون تېخنىكا ئىشچىلار مەكتەپلىرى يىغىنى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| شاۋ يۈەنمىڭ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى شىركىتى | 1982-يىلى، مەملىكەتلىك بالا سېستىمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جياڭ خەنجۇڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەمىنات بۆلۈمى | 1982-يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئىلغار خىزمەتچى |
| چېن ۋېيچى | خەنزۇ | ئايال | تارانچى دوختۇرخانىسى | 1982-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىلبايراقدارى |
| جياڭ شيۇيىڭ | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك يەرلىك مېۋە مەھسۇلاتلىرى شىركىتى كىيىم-كېچەك بۇيۇملىرىنى يىغىش پونكىتى | 1982-يىلى، سودا مىنىستىرلىكى | ئىلغار خىزمەتچى |
| روشەنخان ھېمىت | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل تۆمۈريول ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىنى باشقۇرۇش ئۇچاستكىسى مال ساتقۇچى | 1982-يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سېستىمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ۋاڭ چۈەنجۇن | خەنزۇ | ئەر | ئاراتۇرۇك تېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى شىپاخانا باشلىقى | 1983-يىلى، مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار ئىشلىرى بويىچە «قوش ئىلغار» لار يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| خۇاڭ جىڭخۇا | خەنزۇ | ئەر | ئاراتۇرۇك تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى دوختۇرخانا باشلىقى | 1983-يىلى، مەملىكەتلىك سەھىيە سېستىمىسىدىكى ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| لى جۇگرۇ | خەنزۇ | ئەر | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 1983-يىلى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك، كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى ئاچقان ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ شۇشيۇ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى باشلىقى، ئاگرانوم | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىلغار پەن- تېخنىكا خادىملىرى سۆھبەت يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئۆمەرجان | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاگرانوم | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىلغار پەن- تېخنىكا خادىملىرى سۆھبەت يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ليۇ چۇنيى | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان | 1983- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| يەن گېگلو | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان | 1983- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ليۇ سەنخەي | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان | 1983- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ۋۇ يۈنشيا | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل تۆمۈريول ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى | 1982- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى بويىچە ئىلغار شەخس |
| ئېزىز كېۋىر | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى |
| چيېڭ يۈگىنى | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1983- يىلى | مەملىكەت بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىدىكى مۇنەۋۋەر تېرېنېر |
| ئابدۇراخمان ئادىل | ئۇيغۇر | ئەر | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1983- يىلى | مەملىكەتلىك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرى بويىچە مۇنەۋۋەر تېرېنېر |
| جاڭ شىشياۋ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى مۇدىرى | 1983- يىل 9- ئاي، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى،ئەمگەك، كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تەقدىرلەش يىغىنى | ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىلغار پەن- تېخنىكا خادىمى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| نىزامىدىن ئىمىن | ئۇيغۇر | ئەر | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى | 1983-يىل 9-ئاي، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك، كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى تەقدىرلەش يىغىنى | ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىلغار پەن-تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| دۇ شىنشەن | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك دوختۇرخانا دوختۇرى | 1983-يىل 9-ئاي، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى،ئەمگەك، كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى تەقدىرلەش يىغىنى | ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىلغار پەن-تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| ھاپىز ناسىر | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل ناھىيە ئاستانە گۇڭشې ناللىق كارىز چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى | 1983-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| سەي شىڭخۇا | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ناھىيە تاشئۆيلۈق گۇڭشې غالىبىيەت چوڭ ئەترىتى ئايال ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى | 1983-يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى |
| گېن يۈچىڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1983-يىل 9-ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى |
| چېن ۋېيچى | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئۇچۇق كان دوختۇرخانىسى سېستراسى | 1983-يىل 9-ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى |
| بىبكىن | قازاق | ئايال | باركۆل سارچوقا گۇڭشې چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ چارۋىچىسى | 1983-يىل 9-ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى |
| جاۋ گوفاڭ | خەنزۇ | ئايال | باركۆل ناھىيە بازىرى ئاھالىسى | 1983-يىل 9-ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ يۈفېن | خەنزۇ | ئايال | باركۆل داخې گۆڭشې 2- چوڭ ئەترەت 4- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| زۇ بىنيۇەن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەمىنات بۆلۈمى ئاپتوموبىل كالونىسىنىڭ ئىشچىسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| شۇ جياخۇي | خەنزۇ | ئايال | بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلبۇلتۇز دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| ما يۇشياڭ | خۇيزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ رايونى شىنجىڭ ئاھالىلەر كومىتېتى كېرەكسىز بۇيۇملار دۇكىنىنىڭ تىجارەتچىسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| جو بىڭ | خەنزۇ | ئايال | ئاراتۇرۇك | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ئاقزىلىق | ئۇيغۇر | ئايال | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| پاتەم تالىپ | ئۇيغۇر | ئايال | خەلق بانكىسى قۇمۇل شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ئاقزىلىق | ئۇيغۇر | ئايال | ئاراتۇرۇك تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسى 3- شۆبە مەيدانىنىڭ چارۋىچىسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ھەبىبىخان سوپى | ئۇيغۇر | ئايال | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شەمشىخان | ئۇيغۇر | ئايال | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 1983- يىل، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| گۈلساخان | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋوز ئۇچاستكىسى خىزمەتچىسىنىڭ ئائىلە ئايالى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| ھەبىبەم سوپا | ئۇيغۇر | ئايال | ئاراتۇرۇك نوم گوڭشىي ئەزاسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| ماچى | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل ۋىلايەتلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| لى چىڭجى | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كان | 1983- يىل، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە |
| زوۋ ۋېنجۈن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى بالىلار يەسلىسى تەربىيىچىسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| يۈەن ئاسەي | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋوز ئۇچاستكىسىنىڭ توكچىسى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| جاڭ يۈلەڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ياردەمچى ئىنژېنېرى | 1983- يىل 9- ئاي، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ئابدۇراخمان ئىمىن | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل ناھىيىسى تەگىرتاغ گوڭشى نېرىن باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ئىساق سالى | ئۇيغۇر | ئەر | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1983- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ياڭ شېنشيۇ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەر تۇرمۇش ئۇچاستكىسى ئاشپىزى | 1983- يىل 5- ئاي، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر «بەشتە ياخشى خادىم» |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| روشەنخان ھەمىت | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل ئۇمۇرىيول شۇبە ئىدارىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇش ئۇچاستىكىسى پىركازچىك | 1984- يىلى، ئۇمۇرىيول مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر پىركازچىك |
| ئابدۇراخمان ئىمىن | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھىرى تەگىرتاغ رايونى تىرىن باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى | 1984- يىلى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر بالىلار خىزمەتچىسى |
| جاڭ گوۋۇ | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1984- يىلى | مەملىكەتلىك ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى |
| لى خۇيىگۋاڭ | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | 1984- يىلى | مەملىكەتلىك تېز تېيىلىش بويىچە مۇنەۋۋەر تېرەنېر |
| شۆ سۇرۇ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1984- يىلى | دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى |
| رۇقىيەم ئامان | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1984- يىلى | دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك سىنىپ مۇدىرى |
| زۇ كېگاڭ | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى | 1984- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| سۇن يۇچاۋ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى شوپۇرى | 1984- يىلى، سودا مىنىستىرلىكى | مىليون كىلومېتىر بىخەتەر يول يۈرگۈچى |
| شۆ يى | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1984- يىلى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئىلغار شەخس |
| ۋاڭ سۇلەن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە كۆكشى پىلانلىق تۇغۇت كادىرى | 1984- يىلى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئىلغار شەخس |
| جۇ خۇيىرۇڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسى پىلانلىق تۇغۇت كادىرى | 1984- يىلى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئىلغار شەخس |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| لى خۇيىسۇڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك تەمىنات- سودا كوپىراتىپى شۇبۇرى | 1984- يىلى، سودا مىنىستىرلىكى | مىليون كىلومېتىر بىخەتەر يول يۈرگۈچى |
| رۇڭ ۋېيلى | خەنزۇ | ئەر | تۆمۈريول تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى | 1984- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول تەپتىشلىكى بويىچە ئىلغار شەخس |
| دۇ شىنشەن | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى | 1984- يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىلغار پەن- تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار پەن- تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| ليۇ شىجېن | خەنزۇ | ئايال | سازۇلاق بېكىتى ئاچال باشقۇرغۇچى | 1984- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| جاۋ جېندى | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان | 1984- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئەن گاۋشېڭ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك توپىركۆلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئورنىنىڭ باشلىقى | 1984- يىلى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىلغار پەن- تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار پەن- تېخنىكا خىزمەتچىسى |
| لىن مىڭكۇي | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك يەم- خەشەك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | 1984- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | ئەمگەك تەمۇنچىسى |
| لى گۈيشىن | خەنزۇ | ئەر | ياماتسۇ كېنى قېزىش، توشۇش سېخىنىڭ ئىشچىسى | 1984- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| شۇ چېجېڭ | خەنزۇ | ئەر | ياماتسۇ كېنى ئۆزۈتۈش سېخىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى | 1985- يىلى | مەملىكەتلىك مېتاللورگىيە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت سېپىدىكى ئىلغار شەخس |
| مەن يەنگۋاڭ | خەنزۇ | ئەر | ياماتسۇ كېنى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك چېگرا رايون مۇنەۋۋەر ئوغۇل- قىزلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى | كۈمۈش مېدال |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ ۋۇفېڭ | خەنزۇ | ئەر | ئارانئۇرۇك ناھىيىسى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك 2- نۆۋەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى بويىچە فوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| توختىخان ئىسمائىل | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى | 1985- يىل 11- ئاي، مەركىزىي كومىتېت پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى | مەملىكەتلىك پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىلغارى |
| ياۋ شياۋرۇڭ | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ دوختۇرى | 1985- يىل 11- ئاي، مەركىزىي كومىتېت پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى | مەملىكەتلىك پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىلغارى |
| ۋۇ چۇنجىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئورنى | 1985- يىل 11- ئاي، مەركىزىي كومىتېت پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى | مەملىكەتلىك پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىلغارى |
| ياڭ داۋجيې | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھىرى | 1985- يىل 11- ئاي، مەركىزىي كومىتېت پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى | مەملىكەتلىك پەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىلغارى |
| ئايزىلىق | ئۇيغۇر | ئايال | ئارانئۇرۇك تۇركۆل يېزىسى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ۋېي جىسىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ كادىرى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جاڭ دېچياڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول يۈتكەپ- توشۇش ماشىنىسى شوپۇرى | 1985- يىل 1 ئاينىڭ 8- كۈنى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول يۈك چۈشۈرۈش، قاچىلاش ئۈلگىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئابدۇشۈكۈر | ئۇيغۇر | ئەر | 704 - ئەترەتنىڭ گېئولوگىيە ئىنژېنېرى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى | ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىلغارى |
| ما كۈيباۋ | خۇيزۇ | ئەر | قۇمۇل پاۋانتۇر يېزىلىق پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1985- يىلى، جۇڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى | پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلغارى |
| بې تۈگېنىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپى | 1985- يىل 9- ئاي | مەملىكەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| مۇھەممەت قازباي | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىسى | 1985- يىلى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر «قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش» يىغىنى | ياشلار زەربىدارى مىس مېدال |
| كېرىم ھاشۇت | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا قاراگلا چوڭ ئەترىتى | 1985- يىل 1- ئاينىڭ 9- كۈنى، دۆلەت كۆكەرتىش ھەيئىتى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى | مەملىكەتلىك ۋەتەننى كۆكەرتىش زەربىدارى |
| خې جيەنپىڭ | خەنزۇ | ئەر | يىگۇمەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | 1985- يىل 1- ئاينىڭ 9- كۈنى، دۆلەت كۆكەرتىش ھەيئىتى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى | مەملىكەتلىك ۋەتەننى كۆكەرتىش زەربىدارى |
| جاڭ گوسۈي | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كان خەلق مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى | 1985- يىل 12- ئاي، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك خەلق مۇرەسسە ئىشلىرى ئىلغار شەخس |
| سۈن جىڭكۈەن | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1985- يىلى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى | دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى يېڭى جۇڭگو تەنتەربىيە ساھەسىدە يول ئاچقۇچى ۋە مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر رىيبېر |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ليۇ سەنخەي | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان ئىشچىسى | 1985- يىل، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك كۆمۈرچىلىك سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئىساق سالى | ئۇيغۇر | ئەر | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1985- يىلى | مەملىكەتلىك چېگرا رايونلاردىكى مەنەۋىۋەر ئوغۇل- قىزلار مېدالى، مۇنەۋۋەر پەن- تېخنىكا يېتەكچىسى |
| ۋاڭ شىيىڭ | خەنزۇ | ئايال | تۆمۈريول 4- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1985- يىلى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| رەھىمە | ئۇيغۇر | ئايال | 704- گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ ئىشچىسى | 1985- يىلى، جۇڭگو رەڭلىك مېتال باش شىركىتى ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| خەن گۈيخۇا | خەنزۇ | ئايال | باركۆل داخې يېزىسىنىڭ ئەزاسى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| لى شىنشيڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كانىنىڭ ئاشپەز | 1985- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئەلا ياخشى مۇلازىم |
| جىن گۈيجۇي | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كان تۇرمۇش مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ مۇلازىمەتچىسى | 1985- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئەلا ياخشى مۇلازىم |
| يۈسۈپ | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1985- يىلى، مەملىكەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى | مەملىكەتلىك ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| ۋاڭ ئەيچىڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ساۋۇلاق بېكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1986- يىل 4- ئاينىڭ 30- كۈنى | مەملىكەتلىك «1- ماي» ئەمگەك مېدالى |
| ئەبلغازى | قازاق | ئەر | ئارانۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ چارۋىچىسى | 1986- يىلى | خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇ فاۋېن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ماتېرىيال كىرگۈزۈش خادىمى | 1986- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جاڭ خۇيغېڭ | خەنزۇ | ئەر | ساۋۇلاق بېكەت باشلىقى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى | 1986- يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول مۇنەۋۋەر ياچېيكا شۇجىسى |
| لۇ شىپىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھىرى | 1986- يىلى | مەملىكەتلىك ساناتتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس |
| ۋۇ گولياڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەربىيىلەش مەركىزى | 1986-، 1989- يىللىرى، مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| لى خۇيگۇاڭ | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تېز تېپىلىش تېرەنىرى | 1986- يىلى | مەملىكەتلىك بالىلار تېز تېپىلىش مەشقى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى |
| جاكىنەي | قازاق | ئايال | باركۆل سارچوقا تەمىنات - سودا كوپېراتىپى كىچىك قۇلنچەرى تارماق ماگىزىنىنىڭ تىجارەتچىسى | 1986- يىلى، مەملىكەتلىك تەمىنات- سودا باش كوپېراتىپى، سودا مىنىستىرلىكى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| خې گوكەي | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | 1986- يىلى، سەھىيە مىنىستىرلىكى | مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار خىزمەتچى |
| شۈ يى | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1986- يىلى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس |
| يۈەن شۇفاڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1986- يىلى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس |
| خەن گۈيخۇا | خەنزۇ | ئايال | باركۆل داخې يېزا 3- چوڭ ئەترىتىنىڭ ئاياللار مۇدىرى | 1986- يىلى، دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى | پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس |
| فەن چيەنلى | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا- بازار كارخانىلىرى تەمىنات- سودا شىركىتى | 1987- يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئاتا - ئانا |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ جوڭتيەن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۆستى ئوجۇق كېنى | 1987- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | ئامىۋى ئازارەتچىلىكتىكى ئىلغار خىزمەتچى |
| نۇرنىساخان تىلىۋالدى | ئۇيغۇر | ئايال | ئۈرۈمچى ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسى ساۋزىلاق پېكىتى | 1987- يىلى | مەملىكەتلىك «1- ماي» ئەمگەك مېدالى |
| ئىساق ئىسمائىل | ئۇيغۇر | ئەر | ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شۇبىۋرى | 1987- يىلى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| بو ۋېنلىن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ستاتىستىكىچىسى | 1987- يىلى، گوۋۇيۈەن | ئىلغار خىزمەتچى |
| گو سوگمىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى | 1987- يىل 7- ئاي، بۈتۈن ئارمىيە بويىچە قەھرىمانلار ئۆچۈرۈشۈش يىغىنى | مەملىكەتلىك ئارمىيە نەمۇنىچىلىرى ۋەكىلى |
| لى جىجىڭ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمى سېستىراسى | 1988- يىلى، سەھىيە مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر سېستىرا |
| ئوسمانشاھ ھاجى | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھىرى | 1988- يىل 4- ئاي، مەملىكەتلىك تۇنجى ئۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ياڭ جوڭشىمن | خەنزۇ | ئەر | باركۆل سارچوقا دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى | 1988- يىل 4- ئاي، مەملىكەتلىك تۇنجى ئۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| لى يۇگسۇڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل پاراۋۇز ئۆچاستكىسى شۇبىۋرى | 1988- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدا بىخەتەر يۈرۈشتىكى ئىلغار شوپۇر |
| خۇ كۇەنسىن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل پاراۋۇز ئۆچاستكىسى شوپۇرى | 1988- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدا بىخەتەر يۈرۈشتىكى ئىلغار شوپۇر |
| لى يەنچۈن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل پاراۋۇز ئۆچاستكىسى شوپۇرى | 1988- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدا بىخەتەر يۈرۈشتىكى ئىلغار شوپۇر |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ شيۇجېن | خەنزۇ | ئايال | ئۈرۈمچى 4- باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1988- يىلى، ئۈرۈمچى مىنىستىرلىكى | گۈزەللىك تەربىيىسى باغۇەن مۇكاپاتى |
| گو شۇمىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كان ئىش ئۈچاستكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى | 1988- يىلى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەقدىرلەش بەرگەن | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىلغار خىزمەتچىسى |
| شېڭ زولى | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى | 1988- يىلى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەقدىرلەش بەرگەن | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىلغار خىزمەتچىسى |
| ئۆمەر ئويۇپ | ئۇيغۇر | ئەر | ئۈرۈمچى پاراۋۇز ئۈچاستكىسى شوپۇرى | 1988- يىلى، ئۈرۈمچى مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك ئۈرۈمچىدا بىخەتەر يۈرۈشتىكى ئىلغار شوپۇر |
| قادىر تالىپ | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ | 1988- يىلى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەتلىك ئاخلاق تەربىيىسىدىكى ئىلغار شەخس |
| لى يەنجۈن | خەنزۇ | ئايال | ئۈرۈمچى 4- باشلانغۇچ مەكتىپى پېشۋالار يېتەكچىسى | 1988- يىلى، ئۈرۈمچى مىنىستىرلىكى | گۈزەللىك تەربىيىسى باغۇەن مۇكاپاتى |
| ۋاڭ زىيۇ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى مەلۇم قىسىم سىياسىي كومىسسارى | 1989- يىل 7- ئاي، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈم | پارتىيە ئىشلىرى مۇنەۋۋەر خىزمەتچىسى |
| جاڭ يەن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق- ماي تەمىنات شىركىتى 1- دۇكىنىنىڭ مۇدىرى | 1989- يىل 8- ئاي | مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر دىرېكتور |
| جاڭ فۇ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك چوڭلار مائارىپى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1989- يىل 9- ئاي، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى 100 ئىلغار (خىزمەتچى)نىڭ بىرى |
| ئىسلامقان | قازاق | ئەر | ئاراتۇرۇك تېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى 2- شۆبە مەيدانىنىڭ چارۋىچىسى | 1989- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى | مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خەن جيەنيې | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئۇچاستكىسى 3- ئەترىتىنىڭ باشلىقى | 1989- يىل 11- ئاي، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك ئەمۇنچىسى |
| جياڭ جىنشۈن | خەنزۇ | ئەر | پويىز ئىستانسىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | 1989- يىل 11- ئاي، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك ئەمۇنچىسى |
| گاۋ ۋىنىەي | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى قوشۇمچە شىنجاڭ تۆمۈريول 3- بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | 1989- يىلى، كوللېكتىپ كارخانىلار بىناكارلىق جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | كوللېكتىپ كارخانا بىناكارلىق مۇتەخەسسىسى |
| باقىجان مۇھەممەت تۇرسۇن | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى دىسپېتچېر (ئورۇنلاشتۇرۇش) ئورنىنىڭ باشلىقى | 1989- يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر دىسپېتچېر (ئورۇنلاشتۇرغۇچى) |
| جاڭ گۈيشياڭ | خەنزۇ | ئايال | تۆمۈريول 2- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1989- يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| لى گۈيلىڭ | خەنزۇ | ئايال | تۆمۈريول 3- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1989- يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ۋاھىت ھاشىر | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھىرى شوبۇل يېزىلىق مەكتەپنىڭ مۇدىرى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ئايخان تاھىر | ئۇيغۇر | ئايال | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ۋاڭ زوگماۋ | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ليۇ جياڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكىسى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك سودا- سانائەت بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئېچىلغان سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| جاڭ رۇيجى | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھىرى مىللىي كەشتىچىلىك بۇيۇملىرى زاۋۇتىنىڭ باشلىقى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» قىزىلبايراقدارى |
| ۋاڭ زىلى | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى مەركىزىي قان يوكتىنىڭ باشلىقى | 1989- يىلى، سەھىيە مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار خىزمەتچى |
| جاۋ جيەنجياڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1- كانى | 1989- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك گېئولوگىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇنەۋۋەر ئامىۋى نازارەتچى |
| چياۋ جۈيشياڭ | خەنزۇ | ئايال | تۆمۈريول 4- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1989- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| شيې يۈگۈەن | خەنزۇ | ئەر | تۆمۈريول 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1989- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| جېڭ چۈنشياڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋوز ئۆچاستكىسى مائارىپ ئىشخانىسى مۇدىرى | 1989- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ۋاڭ لىگجۇ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى توك ئىشلىرى ئۆچاستكىسى ئالاقچى | 1989- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر لابرانت |
| ماۋ رۇگفۇ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈم مۇدىرى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| يۇ يۇگخۇي | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھىرى مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خۇاڭ جىڭبو | خەنزۇ | ئايال | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989-يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| نيۇ سەيچىن | خەنزۇ | ئايال | قومۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1989-يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| هاشىم مۇرات | قازاق | ئەر | ئاراتۈرۈك نېرىنكىر يېزىلىق مەكتەپ مۇدىرى | 1989-يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| نۇر سۇلتان | قازاق | ئەر | باركۆل نائىمىسى ئۇيتاغ يېزىلىق مەكتەپ مۇدىرى | 1989-يىلى، مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| خې شياۋشۇ | خەنزۇ | ئايال | قومۇل تۆمۈريول 1-باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1989-يىلى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى |
| خەن جيەنيى | خەنزۇ | ئەر | قومۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئۇچاستكىسى 3-ئەترەت باشلىقى | 1989-يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| جياڭ جيەنشۈن | خەنزۇ | ئەر | قومۇل تۆمۈريول بېكىتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | 1989-يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| شىڭ باۋيىن | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك يېزا-بازار كارخانىلىرى تەمىنات-سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | 1989-يىلى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك يېزا-بازار كارخانىلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر تەمىناتچى |
| چيۇ پېيمىن | خەنزۇ | ئەر | ۋىلايەتلىك باھا باشقارمىسى | 1989-يىلى، مەملىكەتلىك باھا سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| لى جيەنگوڭ | خەنزۇ | ئەر | قومۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى باشلىقى | 1989-يىلى، مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى | مۇنەۋۋەر كارخانىچى |
| چياۋ فېڭگۇاڭ | خەنزۇ | ئەر | بىڭتۇەن قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز 2-مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپى | 1989-يىل 8-ئاي | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| باقتىقان | قازاق | ئايال | قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى چارۋىچىلىق ئەترەت مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى | 1989- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە «10 ياخشى» پېشۋانىلىك بىرى |
| يۈ فېڭشيەن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل يەتتەقۇدۇق مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ كادىرى | 1989- يىلى، مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جاۋ گۈاڭپى | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى | 1989- يىلى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى |
| گو مىن | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىسى 3- بىناكارلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى | 1989- يىلى، جۇڭگو كوللېكتىپ بىناكارلىق جەمئىيىتى | كوللېكتىپ بىناكارلىق كارخانىچىسى |
| مۇھەممەت نەسرۇللا | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىلىق مالىيە پونكىتى | 1989- يىلى، مالىيە مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو مالىيە- سودا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مەملىكەتلىك مالىيە سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| جياڭ خۇيجۇڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پارتكوم شۇجىسى | 1990- يىل 3- ئاي، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | 1989- يىللىق مۇنەۋۋەر كارخانا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتچىسى |
| چېن شياۋپىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل قوراللىق ساقچى قىسمى باشقۇرۇش 6- تارماق ئەترەت 8- لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى | 1990- يىل 3- ئاي، قانۇن مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام كادىرى |
| چېن شياۋپىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل قوراللىق ساقچى قىسمى باشقۇرۇش 6- تارماق ئەترەت 8- لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى | 1990- يىل 6- ئاي، دۆلەت ئورگان خىزمىتى كومىتېتى | مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى |
| سۇن جىنخۇا | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل تۆمۈريول 1- ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېشۋانىرى | 1990- يىل 8- ئاي، 1991- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى | لەي فېڭدىن ئۆگىنىشتىكى مۇنەۋۋەر پېشۋانىر، لەي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ماجەنلىن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا جۇڭنىشۈي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك يېزىلاردىكى 1000 نەپەر مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىرى |
| ما يىڭجۇڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك يېزا زاۋۇتى مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | 1990- يىل 11 - ئاي، كادىرلار مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك ئىلغار مالىيە خىزمەتچىسى |
| ۋېي جيەنشىن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك باج ئىدارىسى خىزمەتچىسى | 1990- يىل 12- ئاي، دۆلەت باج ئىشلىرى ئىدارىسى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى | مەملىكەتلىك يەككە تىجارەتچىلەرگە باج قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش — ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى |
| جاڭ يۇڭگۈي | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر يېتەكچى |
| تاۋلى | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر يېتەكچى |
| سادەت | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر يېتەكچى |
| ئايشەم | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | 1990- يىلى 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر يېتەكچى |
| يەن جىڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار پىئونېر |
| ليۇ لىپىڭ | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك 7- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار پىئونېر |
| لى خۇي | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوغراق يېزىسى قومتوغراق كەنت مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار پىئونېر |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئابلىمىت يۈسۈپ | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھىرى ئاقيەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1990- يىل 12- ئاي | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار پېشۋالار |
| ليۇ چىلى | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكىسى | 1990- يىلى، مەملىكەتلىك سودا- سانائەت بانكىسى سىستېمىسى | مۇنەۋۋەر ئىنچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىسى |
| پاتەم تالىپ | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكىسى | 1990- يىلى، مەملىكەتلىك سودا- سانائەت بانكىسى سىستېمىسى | مەملىكەتلىك «8- مارت» پۇل مۇئامىلە قىزىلبايراقدارى |
| زەينەپ ۋاھىت | ئۇيغۇر | ئايال | قۇمۇل شەھەرلىك سودا- سانائەت بانكىسى | 1990- يىلى، مەملىكەتلىك سودا- سانائەت بانكىسى سىستېمىسى | مەملىكەتلىك سودا- سانائەت سىستېمىسىدىكى ئەلا مۇلازىمەت ئۈلگىسى |
| جاۋ گۇاڭيى | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى | 1990- يىل 12- ئاي، مەملىكەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى |
| چېن يىخۇا | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھىرى بۇلۇڭتوراق يېزىسى ئىتتىپاق كومىتېت شۇجىسى | 1990- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى، كۆكەرتىش ھەيئىتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر ۋەتەننى كۆكەرتىش زەربىدارى |
| تۇران | قازاق | ئايال | يىڭتۇمەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىۋلتۇز چارۋىچىلىق فېرمىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1990- يىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى، ئۆسمۈرلەر خىزمەت كومىتېتى | مەملىكەتلىك لەي فېڭدىن ئۆگىنىشتىكى 100 نەپەر ئىلغار پېشۋانىڭ بىرى |
| يۈ زىپىڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋوز ئۆچاستكىسى پارتكوم شۇجىسى | 1990- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | كارخانا سىياسىي- ئىدىيىۋى خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى |
| لياڭ چىڭبو | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋوز ئۆچاستكىسىنىڭ سېلسارى | 1990- يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول پاراۋوز مېدالى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ھىمىت سەيدۇللا | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋوز ئۇچاستكىسىنىڭ شوپۇرى | 1990-يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول پاراۋوز مېدالى |
| جاڭ دۇڭشەن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى توك ئىشلىرى ئۇچاستكىسى بەلگە خادىمى | 1990-يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول پاراۋوز مېدالى |
| سۇن شۋاڭلۇ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋوز ئۇچاستكا مالىيە مۇدىرى | 1990-يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | ئىلغار بوغالتىر |
| ئەلقەم يۈسۈپ | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى دىسپېتچېر ئورنى | 1990-يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى | مۇنەۋۋەر دىسپېتچېر |
| ليۇ جيەنشېڭ | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئۇچۇق كانى | 1990-يىلى، مەملىكەتلىك كۆمۈرچىلىك سىستېمىسى | ئەڭ ياخشى مۇلازىم |
| جۇ خۇڭجېن | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى | 1990-يىلى، جۇڭگو كان ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنى | كۆمۈركان ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى خىزمەت تەتقىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر كادىر |
| ئىسمائىل ئوسمان | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل شەھەر ئەترابى يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى | 1990-يىلى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| لى بىڭفېڭ | خەنزۇ | ئەر | ئاراتۈرۈك نوم يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى | 1990-يىلى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |
| قادىر | قازاق | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى | 1990-يىلى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى | ئىلغار شەخس |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| گو تۇگكې | خەنزۇ | ئەر | قۇمۇل شەھەرلىك ئاممىۋى ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ شوپۇرى | 1990- يىلى، مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| جاڭ يۇفېن | خەنزۇ | ئايال | باركۆل داخې بېزىسى جيۇخۇدۇڭ كەنتى ئايال ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى | 1990- يىلى | مەملىكەتلىك ياشانغانلارنى ياخشى كۈتكەن پەرزەنتلەر ئالتۇن مۇكاپاتى |
| جەي خۇاچاڭ | خەنزۇ | ئەر | باركۆل ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | 1990- يىلى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى | مەملىكەت بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس |
| تۆمۈر سۇلايمان | ئۇيغۇر | ئەر | قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى پاراۋۇز ئۆچاستىكىسى لىنىيە بەتتىنىڭ باشلىقى | 1990- يىلى | مەملىكەتلىك تۆمۈريول پاراۋۇز مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى |
| ۋاڭ سۇلەن | خەنزۇ | ئايال | قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى بېزىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | 1990- يىلى، مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى | مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇتتىكى ئىلغار شەخس |

# مائارپ

## يىگىرمە يەتتىنچى قىسىم

# مائارىپ

## I باب

## مەمۇرىي ئاپپاراتلار

### §1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38- يىلى (1773- يىلى)، باركۆل مەھكىمىسىدە ئوقۇتۇش يامۇلى، ئىبۇرغول ناھىيىسىدە ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش يامۇلى قۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 5- يىلى (1855- يىلى)، باركۆل مەھكىمىسى بىۋاسىتە قاراشلىق ئازارەتكە ئۆزگەرتىلدى، باركۆل مەھكىمىسى ئوقۇتۇش يامۇلىمۇ باركۆل بىۋاسىتە قاراشلىق قائىدە. يوسۇن ئۆگىنىش يامۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 32- يىلى (1906- يىلى)، ئايماقلىق، ناھىيىلىك مەھكىمىلەردە مائارىپ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر نەپەر باش ئىش بېجىرگۈچى تەيىنلەندى، بۇ ۋەزىپىنى مائارىپ مۇپەتتىشى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يەرلىك ئەمەلدارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى. باش ئىش بېجىرگۈچى ئاستىدا تەۋسىيە قىلغۇچىلاردىن بىر قانچىسى قويۇلدى، ئۇلارنى باش ئىش بېجىرگۈچى يەرلىك ئەمەلدارغا يوللاپ تەستىقلىتىپ ئىشقا قويدى. ناھىيە بىر قانچە ئوقۇتۇش رايونىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر ئوقۇتۇش رايونىغا باش ئىش بېجىرگۈچىنىڭ تاللىشى بىلەن رايون تەۋەسىدىكى ئەخلاقلىق، مائارىپنى قىزغىن سۆيىدىغان تۈرلەر تەۋسىيىچىلىككە تەيىنلەندى. ئۇلار ئوقۇتۇش رايونىنىڭ بارلىق ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرگە، ئوقۇتۇش رايونىنىڭ مەكتەپ ۋەخپىسىنى يىغىش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى) غا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەرلىكنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يەرلىك باشقۇرۇشنى، ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش ئورنىنى ئەسلىدىكى مۇستەقىل بولغان مائارىپ مەمۇرىي ئورگىنىدىن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي قوشۇمچە ئاپپاراتىغا ئۆزگەرتىشنى، يەرلىكنىڭ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كونىچە مەكتەپلەرنى ۋە باشقا مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىشنى؛ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئەمەلدارنىڭ نامىنى ئەسلىدىكى باش ئىش بېجىرگۈچىدىن ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغۇچى ئورۇننىڭ باشلىقىغا

ئۆزگەرتىشنى، مائارىپ مۇيەتتىشلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەشنى بەلگىلىدى.

## §2 . مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ تۇنجى يىلىدىن 12- يىلىغىچە (1912 – 1923 - يىلىغىچە)، ئوخشاشلا ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلدى، ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش ئورنىغا بىر باشلىق، 2 – 4 كىچە ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغۇچى قويۇلدى. مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى)، ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىش ئورنى مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىدارە باشلىقى ھاكىم تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، ناھىيىدە ئىدارە قىسقارتىلىپ بۆلۈم قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى مائارىپ ئىدارىسى مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. بۆلۈم باشلىقلىقى ۋە مۇيەتتىشلىكىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن كىشى، بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچىدىن بىر قانچە كىشى قويۇلدى. شۇ يىلى 2- ئاينىڭ 9- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. كومپارتىيە ئەزاسى چى تيەنمىن تۇنجى ئىدارە باشلىقى بولدى، ئۇ 11- ئاينىڭ 12- كۈنى خىزمەت ئورنىدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 9- ئايدىن مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 9- ئايغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

## §3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار

1 . ۋىلايەتلىك ئاپپاراتلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتتە مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1957- يىل 5- ئايدا، مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى بىلەن سەھىيە بۆلۈمى قوشۇۋېتىلىپ مەدەنىيەت- مائارىپ- سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. كېيىن يەنە ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1969- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا مەدەنىيەت- مائارىپ- سەھىيە گورۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1974- يىل 11- ئايدا، مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985- يىل 10- ئايدا، مەدەنىيەت بىلەن مائارىپ ئايرىۋېتىلىپ، مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلدى.

2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاپپاراتلار

1950- يىل 1- ئايدا، ئۈچ ناھىيىدە مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1969 – 1973 - يىلى 8- ئايغىچە،

ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارىمىقىدا، مەدەنىيەت- مائارىپ- سەھىيە گورۇپپىسى قۇرۇلدى. 1973- يىل 9- ئايدا مەدەنىيەت- مائارىپ- سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1981- يىلى مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1985- يىلدىن كېيىن، مەدەنىيەت بىلەن مائارىپ ئايرىۋېتىلىپ، شەھەرلىك، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

# II باب

# ھەقسىز مەكتەپ، بىلىم يۇرتى، كونىچە مەكتەپ

## §1. ھەقسىز مەكتەپ

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەقسىز مەكتەپتىن باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا، باركۆل بازىرى ئىچىدە ھەقسىز مەكتەپ ئېچىلىپ، ئوقۇتۇش قورۇسى سېلىندى، «ئوقۇتۇشتا شىنجاڭ بويىچە ئالدىدا» تۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم مۇداپىئە قىسمىدىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ يۇرتىدىغان قىسىمغا ئۆزگەرتىلدى، ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەقسىز مەكتەپ ( گازارما مەكتىپى) ئاچتى. كېيىن، ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى تەدرىجىي كۆپەيگەندىن كېيىن، قۇمۇل مەھكىمىسى بىر يېزا مەكتىپى ئاچتى. تۇڭجى يىللىرى، قۇمۇلدا ئۇزۇن يىل ئۇرۇش بولۇپ، مەكتەپلەر ۋەيران بولدى. بۇ مەزگىلدە، باركۆلدىكى ھەقسىز مەكتەپ يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. تۇڭجى 11- يىلى (1872- يىلى)، ئۇرۇمچىنىڭ باش بۇغى جىڭ ليەن باركۆلگە كېلىپ، مەبلەغ غەملەپ، بۇتخانا، مەكتەپلەرنى كېڭەيتىپ، 23 كە يەتكۈزدى. گۇاڭشۈ 9- يىلى (1883- يىلى)، ليۇجىنتاڭ شىنجاڭنىڭ دۇبەنى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدا: «قۇمۇل، تۇرپان، باركۆل قاتارلىق 19 جايدا ھەقسىز مەكتەپتىن جەمئىي 77 سى ئېچىلدى، ھەر بىر ھەقسىز مەكتەپكە بىر ئوقۇتقۇچى قويۇلدى، ئايلىق مائاشىغا 20 سەر كۈمۈش بېرىلدى، موي قەلەم، قاراسىياھ، ياغ، شام پۇلى ئۈچۈن تۆت سەر كۈمۈش بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ بىردىن ياردەمچى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىپ، كۈنلۈك يېمەك- ئىچمىكى ئۈچۈن بىر مىسقال كۈمۈش چىقىم قىلىندى، ھەر بىر مەكتەپنىڭ 15 دىن 20 گىچە ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا كېرەكلىك كىتابلارنى ئارقاسەپ - تەمىنات تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئىدارىلەر توشۇپ تارقاتتى. كېرەكلىك قەغەز، قەلەم، قاراسىياھ، سىياھدانلارنى شۇ جايدىكى بازار باھاسى بويىچە سېتىۋېلىپ ئىشلەتتى» دەپ تىلغا ئالغانىدى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1984- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ

قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەقسىز مەكتەپلەر روناق تاپتى. گۇاڭشۇ يىللىرىدا، باركۆلدە توۋت ھەقسىز مەكتەپ بار ئىدى: كاڭگۇۋاڭ ئوقۇتىدىغان سەنگۇەن بۇتخانىسى مەكتىپىدە 20 قانچە ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ جۇيرېن (خەتمە كەردە) تىيەن جۇگدي ئوقۇتىدىغان شەنشىلىك يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 30دىن ئاشاتتى؛ ۋاڭ شيۇسەي ئوقۇتىدىغان ماۋاڭ بۇتخانىسى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 20 دىن ئاشاتتى؛ جاۋ بۇتيەن ئوقۇتىدىغان ۋۇلياڭ بۇتخانىسى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 20 دىن ئاشاتتى. كېيىنرەك يەن پىيلەن (سەنشىلىك) باركۆلگە كېلىپ، يېزا- بازاردىكى سەككىز بۇتخانىدا مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، 30 قانچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، تەلىم ئالغانلار 100 دىن ئاشتى.

بۇ مەزگىلدە، قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت (1882 – 1930 ) مەبلەغ چىقىرىپ ئىككى ئۇيغۇرچە ھەقسىز مەكتەپ، ئىككى خەنزۇچە ھەقسىز مەكتەپ ئاچتى، ئۇيغۇرچە مەكتەپكە ئاساسلىقى ئۇيغۇر باللىرى قوبۇل قىلىندى، قىزىلچۆلغۇن، سايباشكۆللەردە ئىككى خەنزۇ مەكتەپ ئېچىلدى. كېيىن بۇ توۋت مەكتەپتىن ئىككىسىلا ساقلىنىپ قالدى. بىرى ۋاڭ ئوردىسى ئىچىدە، يەنە بىرى كوناشەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىكى غەربىي چوڭ كوچىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاڭ ياۋسۇگىنىڭ كونا ھەربىي قورغانى (ئەسلىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتى) ئىچىدە ئىدى («شىنجاۋ يىللىرىدىكى سەپەر خاتىرىسى»). «يېڭى سىياسەت» يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. مالىيە چىقىمى «قۇمۇل ۋاڭلىق كۆمۈرلۈكىدىن توشۇلغان ھەر بىر ھارۋا كۆمۈردىن ئۈچ مىسقال كۈمۈش تۇتۇپ قېلىش بىلەن ھەل قىلىندى» («كوئېنلوندىكى دەريا- كۆللەر كاتالوگى»). ناھىيە ھاكىمى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ھەر ئايدا ئۇلارغا ناھىيىدىن تەربىيىلەش پۇلى بەردى. ۋاڭلىق ئاچقان مەكتەپكە ئەسلىدە ۋاڭ جەمەتى، تەيجى، بەگ، ئاخۇن، موللىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇشنى مەقسەت قىلغانىدى، ئەمما ۋاڭ جەمەتى ۋە «باي» لارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىغا «مالايلىق ئوقۇش» سېلىقى سالدى، ئۇيغۇرلار بۇنى «ئوقۇش ئالۋىنى» دەپ ئاتىدى. بەزىلەر مەھكىمىگە: « ۋاڭلىق مەكتىپىدە ۋاڭ جەمەتى، تەيجى، بەگلەرنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتماستىن، نېمشقا بىزنى جاپاغا سالىدۇ» دەپ ئەرز يازغان («كوئېنلوندىكى دەريا- كۆللەر كاتولوگى»). بۇ خىل ھەقسىز مەكتەپتە، بىر ئوقۇتقۇچى بىر سىنىپقا 20 – 30 دەك ئوخشىمىغان ياشتىكى، ئوخشىمىغان سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ دەرس ئۆتتى، دەرسلىكى « ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «يۈز فامىلە دەستۇرى»، «توۋت كىتاب»، «بەش دەستۇر» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە«ئاياللار دەستۇرى»، «ۋاپادارلىق دەستۇرى»، «مىڭ سۆزلۈك دەستۇر»، «مىڭ ئۆي قوشىقى»، «مۇرىتلار قائىدە- يوسۇنى» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ تاللاپ ئوقۇتتى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ياشتىن- ئاخىر فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇتۇش پىلانىمۇ، ئوقۇتۇش تۈزۈمىمۇ يوق ئىدى.

## §2. بىلىم يۇرتى

### 1. سۆزلۈك بىلىم يۇرتى

قۇمۇل ۋىلايىتىدە بىلىم يۇرتلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ يىللىرىدا گۈللىنىشكە باشلىدى. باركۆلدە خەنزۇ

بازىرىنىڭ شەرقىي كوچىسىدىكى ۋېنچاڭ سارىيى ئىچىدە سۇگفېڭ بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىندى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا باركۆل ناھىيىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتى ھېسابلىناتتى. بىلىم يۇرتلىرى ئاساسلىقى ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئاللىبۇرۇن ئوقۇشقا كىرىپ شىۈنر، نەزمىلەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان تالىپلارنى قوبۇل قىلاتتى. بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلاتتى، ئابرويلۇق ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ قەرەللىك دەرس سۆزلەتتى.

باركۆلدە يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي مائارىپ بار بولۇپ، ئۇ «مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ سۇگفېڭ بىلىم يۇرتىدا تەسىس قىلىنغانىدى. جۇيرېن لېۋشى، تېيەن جۇگدېلار «مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى» دە لېكسىيە سۆزلىگەنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى)، لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار 60 كىشىدىن ئاشتى. بىلىم يۇرتىنىڭ خىراجىتى يەرلىك جامائەت فوندىدىن غەملەنگەندىن سىرت يەنە مەكتەپ ۋەخپىسىدىنمۇ جوغلاندى.

2. ئېۋىرغول بىلىم يۇرتى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت مەبلەغ چىقىرىپ، قۇمۇل كوناشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىكى جەنۇبىي چوڭ كوچا يېنىدا ئېۋىرغول بىلىم يۇرتىنى تەسىس قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى داڭلىق تۆت چوڭ بىلىم يۇرتىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ بىلىم يۇرتىغا ئۇيغۇر بالىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇتىلى ۋە مانجۇ تىلى دەرسى ئۆتۈلدى. خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «100 فامىلە دەستۇرى»، «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر» قاتارلىقلاردىن دەرس ئۆتتى. بىلىم يۇرتىدا ئاخۇنلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىر كۈننىڭ يېرىم كۈنىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئايەت ئۆگەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مانجۇ ئەمەلدارلار مانجۇ تىلى ئۆگەتتى. بىلىم يۇرتى ئىچىدىكى مەسچىتتە ئوقۇغۇچىلار ئاخۇنۇمنىڭ يېتەكلىشىدە ناماز ئوقۇدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماقىنى ۋاڭ ئوردىسى تەمىنلىدى. قالايدىغان ئوتۇننى ھەر قايسى يېزىلاردىكى دېھقانلار نۆۋەت بىلەن ھاشارغا چىقىپ ئەكەلدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن قايتسا، ۋاڭ ئوردىسى ياپىلارنى ئەۋەتىپ ئوتتۇپ كېلىپ پالاققا باستى. چىڭ ھۆكۈمىتى سىياھ، قەلەم، كىتابلارنى ھەقسىز تەمىنلىدى ھەمدە «بىر كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەنلەرنىڭ مەرتىۋىسى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلىدۇ» دېگەندەك چارە بىلەن ئىلھاملاندۇرغان بولسىمۇ، بىراق، ئانچە ياخشى ئۈنۈم بەرمىدى. چىڭ ئوردىسىغا بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن مەكتەپكە بارغانلار ئۆزۈن چاچ قويۇۋالاتتى.

گۇاڭشۈ 32- يىلى (1906-يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «كونىچە مەكتەپ نىزامنامىسى» غا ئاساسەن، ئېۋىرغول بىلىم يۇرتىنى خۇسۇسىي بىرىنچى كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە خۇسۇسىي ئىككىنچى كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇردى.

3. جۇڭئەي كونىچە باشلانغۇچ مەكتىپى

جۇڭئەي كونىچە باشلانغۇچ مەكتىپى مىنگو يىللىرىدا قۇرۇلدى. ئۇنى قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت مەبلەغ چىقىرىپ قۇردى. ئاساسلىقى ئۇيغۇر بالىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇچىنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىندى. «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «يۈز فامىلە دەستۇرى»، «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر» دەرسلىك مەزمۇنى قىلىندى.

[قوشۇمچە] چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى بويىچە باركۆل مەھكىمىسىگە قەلەمدار، ئەلەمدار بالىلارنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلىشى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمى — ئۈسمۈرلەر ئىمتىھانى، يېزا ئىمتىھانى، خۇلاسە ئىمتىھانى، ئوردا ئىمتىھانى دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنگەن. چيەنلۇڭ 44- يىلى (1779- يىلى)، ئاشلىق يىغىش نورمىسى بويىچە، باركۆل مەھكىمىسىگە قەلەمدار، ئەلەمدار بالا ساندىن ھەرقايسىسىدىن 12 نەپەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، ئېۋىرغول، گۇچۇڭ ئىككى ناھىيىگە ئالتىدىن سان تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، ئىككى ناھىيىگە ھەر ئالتە يىلدا دەسلەپكى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوقۇغۇچىدىن بىر سان تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. شيەنفېڭ 5- يىلى (1855- يىلى)، باركۆل مەھكىمىسى بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلىپ، گۇچۇڭ ئۈرۈمچى ئايمىقىغا قوشۇۋېتىلدى، ئېۋىرغول باركۆل مەھكىمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى، باركۆل مەھكىمىسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان دەسلەپكى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوقۇغۇچى سانى ھەر ئالتە يىلدا بىر نەپەر خانىدانلىققا تەۋسىيە قىلماقچى بولغان ئوقۇغۇچى، تۆت نەپەر قوشۇمچە تەمىنلەنگۈچى ئوقۇغۇچى، ئىككى نەپەر كۆپەيتىلگەن ئوقۇغۇچى. يىللىق ئىمتىھاندا قەلەمدار، ئەلەمدار بالا ساندىن ھەر قايسىسىدىن ئالتە سان بېرىلدى.

## §3. كونىچە مەكتەپ

گۇاڭشۈ 24- يىلى (1898- يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى «ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش پەرمانى» نى چۈشۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلەردىكى بىلىم يۇرتلىرى ئالىي دەرىجىلىك كونىچە مەكتەپلەرگە، مەھكىمە، ئايماقلاردىكى بىلىم يۇرتلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كونىچە مەكتەپلەرگە، ناھىيە دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى ئالىي دەرىجىلىك كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىلدى. گۇاڭشۈ 28- يىلى (1902- يىلى)، ھەقسىز مەكتەپلەر بىردەك تولۇقسىز كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىلدى. گۇاڭشۈ 32- يىلى (1906- يىلى)، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيىلەردە ئىككى دەرىجىلىك كونىچە مەكتەپ (ئالىي دەرىجىلىك كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ) لەر ئېچىلدى. ئېۋىرغول بىلىم يۇرتى خۇسۇسىي بىرىنچى كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە خۇسۇسىي ئىككىنچى كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى كونىچە مەكتەپلەر «تۆت مەمۇرىي رايون» غا بۆلۈندى. بۇنىڭ ئىچىدە، باركۆل، ئۈرۈمچى رايونىدا 167 كونىچە مەكتەپ بار بولۇپ، 2234 ئوقۇغۇچى بار ئىدى، 17 مىڭ315 سەر كۈمۈش راسخوت قىلىنانتى.

گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى)، باركۆل مەھكىمىسى ئەسلى بۇتخانىدىكى مەكتەپلەرنى تولۇقسىز كونىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە، ئىككى يىلدىن كېيىن، باركۆل ئىككى دەرىجىلىك كونىچە مەكتەپكە ئۆزگەرتتى. شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلى (1909 - يىلى)، قۇمۇل ۋاڭى خۇسۇسىي كونىچە خەنزۇچە مەكتەپنى ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپىگە ئۆزگەرتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 32- يىلىدىن شۈەنتۇڭ 2- يىلىغىچە (1906 – 1910 - يىللىرىچە)، باركۆلنىڭ يېزا- بازارلىرىدا جەمئىي تۆت كونىچە مەكتەپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى؛ مۇشۇ مەزگىلدە، ياردەمچى ئامبال يەن شۇچاڭمۇ ئالتە مەكتەپنى ئۆزگەرتىپ قۇردى ۋە يېڭىدىن قۇردى. پۈتۈن ناھىيىدىكى 10 كونىچە مەكتەپتە 10

ئوقۇتقۇچى، 208 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. گۇاڭشۇ 34- يىلى (1908- يىلى)، باركۆل مەھكىمىسى ئىككى دەرىجىلىك كونچە مەكتەپ ئاچتى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتتى. شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى)، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئايماقبېگى ليۇ رۇڭتۇڭ كونچە 10 مەكتەپ ئاچتى. ئۇلار: ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىرىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، (كوناشەھەرنىڭ غەربىي كوچىسىدا)، ئىككىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ (سەيخۇمياۋدا)، ئۈچىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ (كوناشەھەرنىڭ جەنۇبىي كوچىسىدا)، تۆتىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ (قىزىلىيۈلغۇندىكى چوڭ يول بويىدا)، بەشىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ (تاشۆيلىق بازىرىنىڭ غەربىي شىمال ياقىسىدا). ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى يىرىم كۈنلۈك مەكتەپ (يېڭىشەھەر ئىچىدە)، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىرىنچى ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپى (يېڭىشەھەرنىڭ نەنگۇەن كوچىسىدا)، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئىككىنچى ئاددىي ساۋات چىقىرىش مەكتىپى (گەنسۇلۇقلار ئۇيۇشمىسىدا)، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ھۈنەرۋەنچىلىك مەكتىپى (كوناشەھەرنىڭ غەربىي كوچىسىدا)، خۇيسۇسىي تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتىپى (يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي كوچىسىدا) دىن ئىبارەت. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى شالاڭ ئىدى، ھەر بىر مەكتەپتە پەقەت 10 نەچچىلا ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نوپۇس تۇراقسىز بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچى ئاز ئىدى. ياندىش ئايماقبېگى ليۇ رۇڭتۇڭ ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئۈچ خۇسۇسىي مەكتەپنى قوشۇپ يېڭى بىر مەكتەپ سالدۇردى، مەكتەپ نامىنى جىنفەن مەھەللىسى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتىدى (ھازىرقى قۇمۇل شەھەرلىك بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ)، بۇ مەكتەپتە 80 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

مىنگو دەۋرىدە، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، ناھىيىلەردە پەقەت بىر، ئىككىدىن كۆلىمى ئاددىي بولغان تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپلىرىلا قالدى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئۈچلا مەكتەپ بار ئىدى (جىنفەن مەھەللىسى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتە بەش ئوقۇتقۇچى، 200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ سەيخۇمياۋ تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى، 20 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ قىزىلىيۈلغۇن تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى، 20 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى)؛ شاھمەخسۇت ۋاڭ «جوڭئەي» باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئاچتى («خان غوجام بىلىم يۇرتى» دەپمۇ ئاتالدى)، ئۇنىڭدا 40 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، 10 دىن ئارتۇق خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچى بار ئىدى؛ ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپى كېيىن «جوڭئەي» باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، باركۆل ناھىيىسى بازار ئىچىدىكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى يەتتە تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ، يىرىم كۈنلۈك مەكتەپ، ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، باركۆل ناھىيىسى پۇقرالار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

## §4. دىنىي مەكتەپلەر

يېڭى جوڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆسمۈر باللىرى، ئاساسەن دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. كېيىن، گەرچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ياكى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە

ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قۇمۇل ۋاڭلىرى ۋاڭ ئوردىسى، قۇمۇل شەھەرئىچى، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە ھەم تاغ رايونىدا 66 مەسچىت سالدى، جامائەلەر يىنىدا مەدرىسە ۋە دىنىي مەكتەپلەر ئېچىلدى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ بەزىلىرىدە قوشۇمچە ئۇيغۇرتىلى دەرسى ئۆتۈلدى. دىنىي مەكتەپلەردە دەرسلىك بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار كالا، قويلارنىڭ تاغاق سۆڭىكىنى مەكتەپكە كۆتۈرۈپ كەلسە، ئاخۇن- موللىلار ئۇنىڭغا ئېلىپبە ياكى قىسقا سۈرىلەرنى يېزىپ بېرىپ، ئۇنى ئوقۇشنى ئۆگەتكەن. ئوقۇغۇچىلار كونا دەرسنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، موللىلار تاغاق سۆڭەكتىكى كونا دەرسنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئورنىغا يېڭى دەرسنى يېزىپ بېرەتتى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە، ۋىلايەتتە ۋاڭلىق ئاچقان خۇسۇسىي مەكتەپتىن باشقا، يېزىلاردىكى ھەر قايسى مەسچىتلەردە كۆپرەك ئۇيغۇر دىنىي زاتلار ئاچقان «دىنىي مەكتەپ» لەرلا بار ئىدى، ئاھالە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزىلاردا، ھەر بىر مەسچىتتە 10 دىن ئارتۇق بالا دىنىي ساۋاق ئالاتتى، ئۇلارنىڭ مۇقىم دەرسلىكى يوق ئىدى، ئوقۇش يىل چەكلىمىسى بەلگىلەنمىگەنىدى، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەتكە رويخەتكە ئالدۇرۇلمايتتى، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئوقۇش بەدىلى ئۈچۈن تۆت- بەش تىزىق يارماق تاپشۇراتتى (بىر تىزىق يامارقنى بىر سەر ئۆلكە پۇلىغا تېگىشلىك بولاتتى)، ياكى موللامغا ئوتۇن- ئۇۋاق، يېمەكلىك قاتارلىق نەرسىلەرنى بەرسىمۇ بولاتتى. ئاھالە شالاڭراق يېزىلاردا موللىلار ئۆيلىرىدە ئۈچتىن بەشكىچە بالا ئوقۇتاتتى. قازاق مىللىتى ئوت- سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، يىغىلىپ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيالمايتتى، بىر قەدەر ھاللىقراقلىرى موللىلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، پەرزەنتلىرىگە دىنىي دەرس ئۆتكۈزەتتى ياكى بىر ئاۋۇل (مەھەللە) غا بىر موللامنى تەكلىپ قىلىپ ئۇسمۇرلەرگە دىنىي دەرس ئۆتكۈزەتتى.

مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى)، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى بابايدا بىر دىنىي مەكتەپ ئېچىلدى، قۇمۇل شەھەرئىچى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇۋايىت ئاخۇنۇمنى تەكلىپ قىلىپ مۇدەررىسلىك قىلدۇردى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە «دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېنىق قىلىپ: ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى، ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەردە دىنىي دەرسنى بىرگە قوشۇپ ئۆتسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 7- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەكتىپىدىكى 27 ئوقۇغۇچى بىلەن خۇيزۇلار مەكتىپىدىكى 20 قانچە ئوقۇغۇچى قوشۇۋېتىلىپ، خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ قۇرۇلۇپ، دىنىي دەرس ئۆتۈلدى، شەنشى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنۇمى خەن ۋېنجۇن مۇدەررىسلىك قىلدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە دىنىي دەرس ئۆتۈش ۋاقتىنى: ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا دىنىي دەرس ھەر ھەپتىدە تۆت سائەت، ئىككىنچى يىللىقتىن تۆتىنچى يىللىققىچە ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت؛ خۇيزۇ مەكتەپلىرىدە دىنىي دەرس ھەر ھەپتىدە تۆت سائەت بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تەرتىپكە سالدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە دىنىي دەرس ئۆتۈشنى، دىنىي مەكتەپ ئېچىشنى بىردەك توختاتتى. بىراق، بەزى دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي ئېڭىدىن پايدىلىنىپ

كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، 1955- يىلى 9- ئاينىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدا چوڭ- كىچىك 34 ئورۇندا دىنىي مەكتەپ قۇرۇلدى (بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەردە ئىككى جايدا قۇرۇلدى). بۇ ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ 45.3% ىنى ئىگىلىدى، دىنىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 786 گە يەتتى، بۇ ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 18.2% ىنى ئىگىلىدى. ئاساسلىقى، توغۇچى رايونى، شەھەرئىچى رايونى، يۇقىرى ئاقيەر رايونى قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. توغۇچى رايونىدا ئوچۇق- ئاشكارا دىنىي مەكتەپ ئېچىلىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بىلەن 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تالاشتى، ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىنىڭ تەخمىنەن 50% ىنى ئىگىلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بەزى دىنىي زاتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي مەكتەپلەرنى ئاچتى. 1981-، 1982- يىللىرى قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە كۆكچىبىشىدا دىنىي مەكتەپلەر بىر مەزگىل ئوچۇق- ئاشكارا ئېچىلىپ، 30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. قارادۆۋە دېھقانلىرى مەخپىي بىر دىنىي مەكتەپ ئېچىپ، بوغازدىن 10 قانچە ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدى. ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ دىنىنىڭ مائارىپقا ئارىلاشماسلىقى ۋە 10 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياش- ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا دىنىي تەشۋىق قىلماسلىق سىياسىتى بويىچە، يۇقىرىقى مەسىلىگە قارىتا باشقۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن قارادۆۋە مەكتىپىدىن ئىبارەت بۇ بازا مۇستەھكەملەندى.

# III باب

# ئادەتتىكى مائارىپ

## §1. ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار مائارىپى

### 1. يەسلى

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى ناھىيە قارىمىقىدىكى قىزلار مەكتىپى (ھازىرقى قۇمۇل شەھەرلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپ) دە قوشۇمچە بىر سىنىپلىق يەسلى ئاچتى، ئۇنىڭغا 30 نەچچە بالا قوبۇل قىلىنىپ، بىر تەربىيىچى، بىر ئوقۇتقۇچى قويۇلدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، بۇ يەسلى توختىتىۋېتىلدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 9- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى (قۇمۇل شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ) دە قوشۇمچە بىر سىنىپ يەسلى ئېچىپ، 20 بالا قوبۇل قىلدى، بىر تەربىيىچى، بىر ئوقۇتقۇچى، بىر مۇدىر قويدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، ئۇ، ناھىيە قارىمىقىدىكى 1- پوقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە يۆتكەلدى، بىر ئوقۇتقۇچى، ئىككى سىنىپ كۆپەيتىلدى.

### 2. بالىلار باغچىسى

1950- يىلى، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە بىر بالىلار باغچىسى ئېچىلىپ، 33 بالا قوبۇل قىلىندى.

1952- يىلى، قۇمۇلدا ۋىلايەت مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كىچىك كۆلەمدىكى پۈتۈن كۈنلۈك بىر بالىلار باغچىسى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىلدى؛ قۇمۇل ناھىيىسى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەسىللىرىدە ۋاقىتلىق بالىلار باغچىسى ئاچتى. 1953- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپ قوشۇمچە ئىككى سىنىپ بالىلار باغچىسى ئېچىپ، 70 بالىنى قوبۇل قىلدى؛ يېزىلاردا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە ۋاقىتلىق بالىلار باغچىلىرى قۇرۇلدى، مەسىلەن، توغۇچى يېزىسىدىكى ياڭ ماۋيۈەن ھەمكارلىق گورۇپپىسى بىر ۋاقىتلىق بالىلار باغچىسى قۇردى. 1955- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ توغۇچى، شەھەرئىچى، تاشبۇلاق قاتارلىق رايون، يېزىلىرىدا دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا ئۈچ ئايلىقتىن بەش ئايلىققىچە بولغان 28 يەسلى ئېچىلىپ، 160 بالا قوبۇل قىلىندى، 35 تەربىيىچى قويۇلدى.1957- يىلى، ۋىلايەتتە بەش بالىلار باغچىسى قۇرۇلۇپ، 435 بالا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت بالىسى 185 بولۇپ، 1949- يىلىدىكىدىن 13.2 ھەسسە كۆپەيدى. 1958- يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا، پۈتۈن كۈنلۈك ۋە يېرىم كۈنلۈك بالىلار باغچىسى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلدى. بالىلار باغچىسىغا كىرگەن بالا كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە بالىلار باغچىسى 141 گە، باغچىغا كىرگەن بالا 3784 كە يەتتى. 1959- يىلىغا كەلگەندە، بالىلار باغچىسى تېز كۆپىيىپ 575 كە، باغچىغا كىرگەن بال 11 مىڭ 696 گە يەتتى. ئۇقۇتقۇچىنىڭ كەملىكى، ئۆي- ئىمارەتلىرىنىڭ قىستاڭچىلىقى، باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن، تەربىيىلەش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1960 – 1962 - يىلىغىچە خەلق ئىگىلىكىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن ئۈچ يىلدا، كۆپ ساندىكى بالىلار باغچىسى تاقالدى. كېيىن بالىلار مائارىپى ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىندى. 1965- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بىر قەدەر مۇنتىزىم بالىلار باغچىسى ئالتىگە، باغچىغا كىرگەن بال 362 كە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بالىلار مائارىپى «رېۋىزىيونىزمچى مايسىلارنى تەربىيىلىگەن» دەپ تۆھمەت قىلىنىپ تەنقىد قىلىندى. 1976- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە تۆت بالىلار باغچىسى بولۇپ، باغچىغا 280 بالا كىردى. 1977- يىلىدىن كېيىن، بالىلار مائارىپى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1979- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتتە بالىلارنى تەربىيىلەش كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە بالىلار باغچىسى ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى، شۇ يىلى بالىلار باغچىسىدىن 37 سى بولۇپ، ئۆلارغا 2053 بالا قوبۇل قىلىندى، 1981- يىلى، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «بالىلار مائارىپى پروگراممىسى (سىناق نۇسخىسى)» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەت بالىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، 45 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىدى، 40 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە 33 مىڭ 448 بالا، تۆت سىمۇر بولۇپ، بالىلار باغچىسىغا 9971 ى قوبۇل قىلىندى. 1984- يىلى، ۋىلايەتتە ئائىلە تەربىيىسى كومىتېتى قۇرۇلدى. 1985- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە قىيىنچىلىقلار يېڭىلىپ، جايلارنىڭ شەرت- شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بۆلۈكتوغراق يېزىسى، شەھەرئىچى يېزىلىرىدا 14 بالىلار باغچىسى قۇرۇلدى، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ يېزا بالىلار باغچىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت بالىلار باغچىسى قۇرۇلدى.

1979- يىلى، «ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش» فاڭجېننى قوللىنىلىپ، ئاممىنىڭ كوللېكتىپ باغچا ئېچىشى ئاساس قىلىنىپ، بالىلارنىڭ باغچىغا كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1984- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدە تۆت يەككە بالىلار باغچىسى قۇرۇلدى، 1990- يىلىغا كەلگەندە، تەرەققىي قىلىپ 11گە، قوبۇل قىلىنغان بالا 280 گە يەتتى. 1984 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇل شەھىرىدىكى يەككە بالىلار باغچىلىرى قوبۇل قىلغان بالا جەمئىي 450 كە يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بالىلار باغچىسى 35 كە، قوبۇل قىلىنغان بالا 9995 كە يەتتى.

3. ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار سىنىپى

بالىلار مائارىپى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تېخىمۇ ياخشى جىپسىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1977- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك 5- باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار سىنىپى ئېچىلدى. 1981- يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار بىر يىللىق سىنىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1986- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار سىنىپى 58 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1861 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 314. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار سىنىپى 78 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2250 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 612.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋاقىتلىق تەكلىپ قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىلىك 1- باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە بالىلار سىنىپى ئېچىلىپ، دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇتقۇچى قويۇلدى. 1950- يىللاردا، تەربىيىچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ، كۆپ قىسمى باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئىدى. 1958- يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، تەربىيىچى ئوقۇتقۇچى 100 دىن ئاشتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «مومايلار» ۋە «ياش قىزلار» ئىدى. كېيىن تەرتىپكە سېلىنىپ، تەربىيىچى ئوقۇتقۇچىدىن 36 سى قالدۇرۇلۇپ، ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. 1976- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەربىيىچى، ئوقۇتقۇچى 37 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، 19 ى ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1979- يىلى، بالىلار باغچىلىرى ئىشلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ۋىلايەت بويىچە بالىلار ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىشچى- خىزمەتچىسى 128 گە، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى 123 كە يەتتى. تەربىيىچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت توققۇز قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 249 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 1981 – 1986 - يىلىغىچە، بالىلار باغچىلىرى كادىرلىرى ۋە تەربىيىچى، ئوقۇتقۇچىلاردىن 104 ئادەمنى بېيجىڭ، شاڭخەي، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپىدىن ئۈچنى ئېچىپ، 96 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بالىلار باغچىلىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

ۋىلايەت يەنە 21 قارار بالىلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ، بالىلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش بويىچە 1200 دىن ئارتۇق تەشۋىقات تايانچىسىنى يېتىشتۈردى. 1984- يىل 4- ئايدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاتا- ئانىلار ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك رادىئو ئىستانسىدا بالىلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم رادىئو لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

[قوشۇمچە] قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاتا- ئانىلار مەكتىپى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاتا- ئانىلار مەكتىپى 1985- يىل 5- ئايدا قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش بىلىملىرىنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى، باشلانغۇچ مەكتەپ 2- يىللىقتىن تۆۋەن بولغان بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى قىلىنىپ، ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك بالىلار باغچىسى تەجرىبە سىنىپى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك 2-، 4-، 5- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2- يىللىقىدىكى بىر قىسىم سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى ۋە يەنە يېڭى توي قىلغان ئەر- خوتۇنلاردىن بولۇپ، جەمئىي 350 كىشى قوبۇل قىلىندى. يېڭى توي قىلغان ئەر- خوتۇنلار سىنىپىغا سۈپەتلىك تۇغۇپ، سۈپەتلىك تەربىيىلەش ۋە ئانا ھامىلدار بولغاندىن تارتىپ بالىنى تۇغقىچە بولغاندىكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر نۇقتىلىق سۆزلەندى؛ بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى ۋە 1-، 2- يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى سىنىپىغا ئاساسلىقى بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئوقۇشقا كىرىشنىڭ

ئالدى. كەيىندىكى بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق، ساقلىقنى ساقلاش ۋە بېقىش، باشقۇرۇش، تەربىيىلەشكە دائىر ئاساسىي بىلىملەر ھەممە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا قانداق قىلىپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك تەربىيىسىنى توغرا ئېلىپ بېرىشىنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى سۆزلەندى.

## §2. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

### 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى)، كونىچە مەكتەپلەرنىڭ نامى يۇقىرى باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى)، باركۆل ناھىيىلىك يۇقىرى باشقۇرۇشىدىكى كونىچە مەكتەپ ناھىيە قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، يەنە باركۆل ناھىيىلىك 1- مەركىزىي يۇقىرى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 17 – 26 - يىلىغىچە (1928 – 1937 - يىلىغىچە)، باركۆل ناھىيىسى يۈگۈبېك يېزا شېرىنزى باشلانغۇچ مەكتىپى، كاڭلې يېزا جيوخۇ باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە ئۆچكۆل يېرىم كۆنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئاچتى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياردىمىدە، «مىللىيلىكنى شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن» قىلغان سىياسەتنى يۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 1- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك 1- مەكتەپنىڭ مۇدىرى خا جۈگلىيەننىڭ تەكلىپ بېرىشى، يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن بىر قىزلار سىنىپى ئېچىلدى، تىزىمغا ئالدۇرغان قىزلارنىڭ دەرسلىك ۋە ئۆگىنىش بۇيۇملىرى مەكتەپتىن تارقىتىپ بېرىلدى. خا جۈگلىيەن، ۋەن گۇاڭزۇ، سۇ يۈگجېن قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇشقا ئۈندىشى ئارقىلىق، يېزا، بازاردىن بولۇپ، 22 قىز ئوقۇغۇچى تىزىمغا ئالدۇردى، 3- ئاينىڭ 10- كۈنى دەرس باشلاندى. مىنگونىڭ 25-، 26- يىللىرى (1936 – 1937 - يىللىرى)، باركۆلدە جەمئىي ئۈچ سىنىپ، 95 قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 3- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 3- ئايدا، قۇمۇل ناھىيە قارىمىقىدىكى قىزلار تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، 82 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ ئوقۇغۇچى 52، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 30.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 10- ئايدىن 12- ئايغىچە، قۇمۇل مەمۇرىي رايون 1- بۆلۈمىدە (مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا مەسئۇل) خىزمەت قىلىدىغان 1- دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، كېيىن بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن كومپارتىيە ئەزاسى جاڭ دۇگيۇ باركۆل، ئاراتۈرۈك ۋە قۇمۇل ناھىيىلىرىدە مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا، باركۆل بويىچە بىر تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 280 ئوقۇغۇچىسى، 19 ئوقۇتقۇچىسى ۋە خىزمەتچىسى بار ئىدى؛ تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئىككىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 126، ئوقۇتقۇچىسى ۋە خىزمەتچىسى بەش. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە قىز 58، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى تۆت مەكتەپ بولۇپ، تۆت ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى، 150 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 13 ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى، 289 ئوقۇغۇچىسى ؛ تۆت تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ 20 ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى، 235 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قىز ئوقۇغۇچى 115؛ ئۇيۇشما قارىمىقىدا 20

مەكتەپ بولۇپ، 30 ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى، 1035 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قىز ئوقۇغۇچى 48. شۇ يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئاچتى، مەكتەپلەرنىڭ راسخوت مەنبەسى، ئوقۇش مۈلۈك كومىتېتىنىڭ كىرىمىنى ئاساس قىلدى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ راسخوتى يېتىشمىگەنلىكتىن، غەللە يېرى (ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ئىش بېجىرىدىغان كىشىلەرنىڭ يېمەكلىك يېرى)، هاشار يېرى (ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا كېلىدىغان ترانسپورت هارۋا، ئاپتوموبىل ھەمدە ئېچكىرىگە بارىدىغان كىشىلەرنىڭ يېمەكلىك يېرى) ۋە خەير- ساخاۋەت يېرىنىڭ كىرىمى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا ئېچىلغان مەكتەپلەرنىڭ راسخوتى ھەل قىلىندى. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ راسخوتى ئۇيۇشمىنىڭ مۈلكى ۋە بۇتخانا مۈلكى كىرىمىدىن چىقىم قىلىندى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىئانىسى ۋە شەنشى مەسچىتىدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئىئانىسىدىن راسخوت ئاجرىتىلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ (توخۇلۇ يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، نىرىنكىر يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى باي باشلانغۇچ مەكتىپى، يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى نوم باشلانغۇچ مەكتىپى) نى ئۆتكۈزۈۋالدى، ئەسلىدىكى ئاداق، تۇركۆل باشلانغۇچ مەكتىپى يەنىلا ئاراتۇرۇك ناھىيە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، كوممۇنىستلاردىن جاڭ دۇڭيۈ، شېن لىڭ (ئايال) قاتارلىقلار قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى، شېن لىڭ قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئاياللار تەربىيىسىنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇردى. شۇ يىلى خۇيزۇ باشلانغۇچ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇل ناھىيىلىك 3- مەكتەپ (قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتىپى) نى قۇردى، ئوقۇغۇچىسى 20 قانچە بولۇپ، كۆپ قىسمى خۇيزۇ بالىلىرى ئىدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، كوممۇنىستلاردىن چى تيەنمىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، 20 قانچە ئوقۇغۇچى قاتناشقان قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 16 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئۇلارنىڭ يەتتىسى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئۆلكە قارىمىقىدىكى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنگە ۋە ئۈرۈمچى 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. چى تيەنمىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆزى تەشكىللەپ ھەم ئۆزى دەرس ئۆتۈپ، 200 دىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى تەربىيىلىدى.

مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، ناھىيىلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ نامى بىردەك يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ياكى يېزىلار باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئۇيۇشما قارىمىقىدا ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدا تۆت مەكتەپ بولۇپ، تولۇق سىنىپتىن 10 ى، تولۇقسىز سىنىپتىن 85 ى ئېچىلدى. ئوغۇل ئوقۇغۇچى 2385 (قىز ئوقۇغۇچى 1545) بولۇپ، 46 ئوقۇتقۇچى قويۇلدى. شۇ يىلى، خېنەنلىك سەرگەردان بالىلار قۇمۇلغا كېلىپ، سەنشىلىكلەر ئۇيۇشمىسىدا تۇردى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن «جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇلدى، 220 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، 19 سىنىپ، 26 ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم- كېچەك، ياتاق، تاماقلىرى، ماناسنى پۈتۈنلەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ چىقىم قىلدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 8- ئايدا، بۇ سەرگەردان بالىلار بۆيرۇق بويىچە ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 9- ئايدا، قۇمۇل خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، ئالتە سىنىپ ئاچتى، ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىسى 10 دىن ئارتۇق بولۇپ، مەكتەپ نامى يەنىلا جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى، ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ماناسنى خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاجرىتىپ بەردى. 1949- يىلى ئازاد بولغاندا، جۇڭجېڭ باشلانغۇچ مەكتىپى ئۇيۇشما قارمىقىدىكى 1- مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى، 1950- يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك 3- مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى.

مىنگونىڭ 32 – 38 - يىللىرىچە (1943 – 1949 - يىللىرىچە)، ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقان بولۇشى، سىياسىي جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىشىشى، پۇل پاخاللىقى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى سەۋەبلىك، شەھەر- يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى نامرات، مۇشكۈل شارائىتتا ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا، ۋىلايەتتىكى بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەربىي گازارمىغا ئايلىنىپ كەتتى، بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى بار، ئوقۇتقۇچىسى يوق بولۇپ، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، ۋىلايەت بويىچە 55 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 134 سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇغۇچىسى 4233، ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى 225. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى 116.

1949- يىل 9- ئاينىڭ 25-، 26- كۈنلىرى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. 1950- يىلى، مائارىپ تەرتىپكە سېلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 53 كە، سىنىپ 165 كە، ئوقۇغۇچى 5957 گە يەتتى.

1952- يىلى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى، يىل ئاخىرى مەكتەپ 69 غا، سىنىپ 186 گە، ئوقۇغۇچى 7795 كە (مىللىي 4570)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى – خىزمەتچى 270 (مىللىي 129) كە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 214 (مىللىي 110) كە يەتتى.

1952- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەت ئۇيۇشما قارمىقىدىكى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى 20 مەكتەپنى، باركۆل ناھىيىسىدىكى ئۈچ مەكتەپنى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى تۆت مەكتەپنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ 20، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئالتە، قازاق باشلانغۇچ مەكتەپ بىر.

1956- يىلى، شەھەر، زاۋۇت، كان، كارخانىلار ۋە يېزىلاردا كوللېكتىپ مەكتەپ ئېچىش تەشەببۇس قىلىندى، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 77 گە يېتىپ، 247 سىنىپ ئېچىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 11 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 5034. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتى نوپۇسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى: قازاقلارنىڭ 4.28%، ئۇيغۇرلارنىڭ 10.5%، خەنزۇ، خۇيزۇلارنىڭ 11.2% بولدى.

1958- يىل «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 87 گە، سىنىپ 361 گە، ئوقۇغۇچى 13 مىڭ 838 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 6526 ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتىن ئالتىسى قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1186 گە يەتتى.

1960 – 1962 - يىللىرىچە، «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى

ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەرتىپكە سىلىنغاندىن كېيىن، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى ئازايدى.

1964- يىلى، ھۆكۈمەت مەكتەپ باشقۇرۇش بىلەن ئاممىۋى باشقۇرۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى مەكتەپ باشقۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى. 1965- يىلى، زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئاچقان مەكتەپلەر بىلەن خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى، باشلانغۇچ مەكتەپ 35 كە يېتىپ، 386 سىنىپ ئېچىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 9223 كە يەتتى. بۇ مەزگىلدە، گېئولوگىيە 704- ئەترىتى، 6- ئەترىتى ۋە قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا پەرزەنتلەر مەكتىپى قۇرۇلدى.

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى، مەكتەپلەر «دەرس توختىتىپ ئىنقىلاب قىلدى». 1969- يىلى دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1970- يىلى، ئوقۇغۇچىلار تېز كۆپەيدى، باشلانغۇچ مەكتەپ 190 گە يېتىپ، 1320 سىنىپ ئېچىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 44 مىڭ 923 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 939. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ۋىلايەتنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى زەخىم ۋە سۈپىتى تۆۋەنلىگەن ھالەتتە ئىدى. 1978- يىلىدىن كېيىن، ناھىيىلەر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ پىلانى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشىدى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قائىدە- تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى، 2- دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى يولغا قويدى، يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى قۇرۇق نامىلا بار تولۇقسىز سىنىپلارنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇردى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياتاقلىق مەكتەپلەرنى ئاچتى، يەنە تۆت مەكتەپنى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتىنى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتىنى، تولۇق بەش يىل ئوقۇش بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى ۋە بەش يىل تەربىيىلىنىش مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتىنى نۇقتىلىق ئۆستۈردى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 168 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 43 مىڭ 438 گە، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 94.4% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيە، بازارلاردىكى مەكتەپ 17 بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 8759 غا، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100% كە يەتتى؛ شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 18 بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 6939 غا، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99% كە يەتتى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 133 (بۇنىڭ ئىچىدە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 24 ياتاقلىق مەكتەپمۇ بار) بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 27 مىڭ 740 قا، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 93.4% كە يەتتى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 88% بولدى. 1984- يىلى كۈز پەسلىدىن باشلاپ، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىلى، ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985- يىل 5- ئايدا، باشلانغۇچ مائارىپ تەرەققىيات پىلانى تەڭشىلىپ، تەرەققىيات تېزلىتىلدى. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.7% كە، ئوتتۇرىچە مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99.3% كە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 94% كە، ئومۇملىشىش نىسبىتى 69.8% كە يەتتى. ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1339 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 1741. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى، شەھەر، بازارلارنىڭ 100%، يېزىلارنىڭ 69.2% بولدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى شەھەر، بازارلاردا 100%، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 78.4% بولدى. ياتاقلىق 24 مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 5916 كە يەتتى.

ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋىلايەتنىڭ «ئىككى مائارىپ» خىزمىتىگە بولغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى. مەكتەپلەر «ئۈچكە يۈزلىنىش» تە چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتۇشنى مەركەز قىلغانلىقتىن، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىلايەتتە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىككى مائارىپ» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى دەرىجىمۇ دەرىجە قۇرۇلۇپ، باشلانغۇچ مائارىپ خىزمىتىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك «ئىككى مائارىپ» قا رەھبەرلىك قىلىش تورى شەكىللەندى. 1987- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر «تۆت نىسبەت» نىڭ ئۆلچەم ۋە تەلىپىگە ئاساسەن يېتىپ، باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسەن ئورۇندىغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى قۇمۇل شەھىرىگە «باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» بەردى. 1988- يىل 10- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 94%، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 98.5%، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 97%، 12 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 99.3% كە يېتىپ، باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپىگە ۋە ئۆلچىمىگە ئاساسەن يەتتى. 1990- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە «باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باركۆل ناھىيىسىمۇ «ئىككى مائارىپ» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» بەردى. شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل ۋىلايىتى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسەن ئورۇنداپ بولدى.

### 1949 – 1990 - يىللىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 27 – 1

| تۈرلەر / يىل | مەكتەپ سانى | | سىنىپ سانى | | سىنىپتىكى ئوتتۇرىچە ئادەم | | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | | پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي |
| 1949 | 55 | | 134 | | 31.6 | | 598 | | 90 | | 4233 | 2479 |
| 1950 | 53 | | 165 | | 36.1 | | 1087 | | 135 | | 5957 | 3628 |
| 1951 | 57 | | 172 | | 42.8 | | 1119 | | 200 | | 7356 | 4220 |
| 1952 | 69 | | 186 | | 41.9 | | 931 | | 403 | | 7795 | 4570 |
| 1953 | 70 | | 193 | | 41.4 | | 1071 | | 658 | | 7982 | 4675 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4461 | 8507 | | 864 | | 1831 | | 41.5 | | 205 | | 74 | 1954 |
| 4333 | 8833 | | 923 | | 1817 | | 41.1 | | 215 | | 76 | 1955 |
| 5034 | 10011 | | 1047 | | 2504 | | 40.5 | | 247 | | 77 | 1956 |
| 5323 | 10438 | | 1227 | | 2549 | | 39.4 | | 265 | | 80 | 1957 |
| 6526 | 13838 | | 1510 | | 3911 | | 33.3 | | 361 | | 87 | 1958 |
| 7631 | 16890 | | 1205 | | 5747 | | 39.7 | | 425 | | 105 | 1959 |
| 9174 | 20509 | | 1712 | | 6582 | | 39.0 | | 526 | | 116 | 1960 |
| 8421 | 22817 | | 1852 | | 6975 | | 33.6 | | 679 | | 119 | 1961 |
| 7122 | 21953 | | 2478 | | 6047 | | 31.5 | | 697 | | 125 | 1962 |
| 7150 | 22658 | | 1639 | | 5831 | | 29.7 | | 762 | | 131 | 1963 |
| 8285 | 25911 | | 1834 | | 6421 | | 29.8 | | 870 | | 126 | 1964 |
| 10119 | 32444 | | 2325 | | 8036 | | 31.1 | | 1042 | | 218 | 1965 |
| 17614 | 37892 | 1661 | 3087 | | 3193 | | 34.4 | | 1100 | | 151 | 1966 |
| 17930 | 39523 | 1447 | 4604 | | 4801 | | 34.9 | | 1134 | | 154 | 1967 |
| 17930 | 40643 | 1788 | 4238 | | 6265 | | 34.2 | | 1188 | | 158 | 1968 |
| 18559 | 42629 | 2056 | 5710 | | 6724 | | 34.5 | | 1234 | | 164 | 1969 |
| 18939 | 44923 | 3223 | 6879 | | 10323 | | 34.0 | | 1320 | | 190 | 1970 |
| 19544 | 46655 | 1799 | 5040 | | 13850 | | 30.3 | | 1542 | | 209 | 1971 |
| 20411 | 5750 | | 3478 | | 13243 | | 29.9 | | 1696 | 115 | 215 | 1972 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 27471 | 58695 | | 5438 | | 18078 | | 31.6 | | 1859 | | 210 | 1973 |
| 26460 | 61582 | | 5921 | | 13223 | | 30.5 | | 2017 | | 195 | 1974 |
| 15173 | 53331 | | 7022 | | 12589 | | 28.0 | | 1903 | | 222 | 1975 |
| 16828 | 56531 | | 8982 | | 12578 | | 29.0 | | 1952 | | 218 | 1976 |
| 18603 | 59388 | | 8660 | | 13060 | | 28.8 | | 2062 | | 222 | 1977 |
| 19044 | 59110 | | 10328 | | 13114 | | 29.0 | | 2035 | | 219 | 1978 |
| 18746 | 67305 | | 10307 | | 15007 | | 28.4 | | 2369 | | 246 | 1979 |
| 17884 | 61131 | 2877 | 10554 | 4342 | 13447 | | 27.7 | | 2203 | 62 | 239 | 1980 |
| 17628 | 62940 | 2890 | 10181 | 4611 | 13846 | | 28.4 | | 2216 | 77 | 240 | 1981 |
| 16546 | 49647 | 2570 | 8463 | 3857 | 10014 | | 27.8 | | 1787 | 58 | 182 | 1982 |
| 15891 | 44702 | 2393 | 7706 | 3715 | 8882 | | 27.2 | | 1644 | 56 | 155 | 1983 |
| 16083 | 44828 | 2397 | 7588 | 3847 | 8957 | 25 | 27.3 | 644 | 1644 | 77 | 163 | 1984 |
| 16530 | 43438 | 2251 | 7804 | 3791 | 7986 | 23.9 | 26.2 | 693 | 1658 | 77 | 168 | 1985 |
| 17409 | 41839 | 2575 | 8101 | | 7178 | 24.1 | 25.6 | 723 | 1635 | 88 | 176 | 1986 |
| 17219 | 39139 | 2871 | 7875 | | | 24 | 24.5 | 717 | 1598 | 93 | 185 | 1987 |
| 17051 | 37525 | 2690 | 6568 | 2941 | 5769 | | | | | | 185 | 1988 |
| 16528 | 37295 | 2750 | 4908 | 3288 | 5877 | | 23.7 | | 1569 | | 181 | 1989 |
| 17015 | 35739 | | 6819 | | | 24.1 | 22.9 | 705 | 1560 | 80 | 184 | 1990 |

## 1949 – 1990 - يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 27 – 2

| تۈرلەر / يىل | ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى | | | | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مىللىي | ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان نىسبىتى | | جەمئىي | مىللىي | ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان نىسبىتى | |
| | | | جەمئىي | مىللىي | | | جەمئىي | مىللىي |
| 1949 | 225 | 116 | 1:19 | 1:21 | 185 | 93 | 1:29 | 1:27 |
| 1950 | 235 | 119 | 1:25 | 1:30 | 193 | 97 | 1:31 | 1:37 |
| 1951 | 244 | 120 | 1:30 | 1:35 | 108 | 100 | 1:37 | 1:42 |
| 1952 | 270 | 129 | 1:29 | 1:35 | 214 | 110 | 1:36 | 1:42 |
| 1953 | 291 | 134 | 1:27 | 1:35 | 238 | 129 | 1:36 | 1:30 |
| 1954 | 306 | 133 | 1:28 | 1:34 | 258 | 127 | 1:33 | 1:35 |
| 1955 | 308 | 134 | 1:29 | 1:32 | 268 | 130 | 1:33 | 1:33 |
| 1956 | 315 | 141 | 1:32 | 1:36 | 282 | 149 | 1:36 | 1:34 |
| 1957 | 340 | 154 | 1:31 | 1:35 | 306 | 164 | 1:34 | 1:32 |
| 1958 | 373 | 168 | 1:37 | 1:39 | 349 | 164 | 1:40 | 1:40 |
| 1959 | 496 | 200 | 1:34 | 1:38 | 480 | 194 | 1:35 | 1:39 |
| 1960 | 645 | 279 | 1:32 | 1:33 | 621 | 246 | 1:33 | 1:37 |
| 1961 | 913 | 323 | 1:25 | 1:26 | 847 | 315 | 1:27 | 1:27 |
| 1962 | 942 | 317 | 1:23 | 1:22 | 843 | 300 | 1:26 | 1:24 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1:22 | 1:23 | 321 | 981 | 1:21 | 1:22 | 341 | 1045 | 1963 |
| 1:24 | 1:24 | 352 | 1099 | 1:23 | 1:22 | 360 | 1150 | 1964 |
| 1:25 | 1:26 | 399 | 1254 | 1:25 | 1:24 | 405 | 1329 | 1965 |
| 1:28 | 1:29 | 636 | 1304 | 1:25 | 1:26 | 716 | 1444 | 1966 |
| 1:27 | 1:29 | 658 | 1343 | 1:24 | 1:27 | 738 | 1483 | 1967 |
| 1:26 | 1:29 | 689 | 1400 | 1:23 | 1:26 | 769 | 1540 | 1968 |
| 1:26 | 1:30 | 712 | 1443 | 1:23 | 1:27 | 792 | 1583 | 1969 |
| 1:23 | 1:27 | 824 | 1684 | 1:21 | 1:25 | 904 | 1824 | 1970 |
| 1:23 | 1:23 | 659 | 2041 | 1:21 | 1:21 | 939 | 2181 | 1971 |
| 1:32 | 1:41 | 629 | 1253 | 1:26 | 1:31 | 793 | 1638 | 1972 |
| 1:27 | 1:28 | 999 | 2100 | 1:25 | 1:25 | 1098 | 2323 | 1973 |
| 1:21 | 1:24 | 1276 | 2516 | 1:19 | 1:22 | 1377 | 2747 | 1974 |
| 1:21 | 1:21 | 735 | 2483 | 1:19 | 1:20 | 811 | 2707 | 1975 |
| 1:23 | 1:23 | 724 | 2446 | 1:21 | 1:21 | 786 | 2742 | 1976 |
| 1:23 | 1:23 | 805 | 2533 | 1:22 | 1:22 | 854 | 2761 | 1977 |
| 1:15 | 1:24 | 1281 | 2427 | 1:18 | 1:22 | 1085 | 2704 | 1978 |
| 1:23 | 1:23 | 820 | 2887 | 1:20 | 1:20 | 950 | 3323 | 1979 |
| 1:19 | 1:21 | 960 | 2970 | 1:17 | 1:18 | 1079 | 3368 | 1980 |
| 1:18 | 1:20 | 996 | 3111 | 1:15 | 1:18 | 1151 | 3569 | 1981 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 3347 | 1203 | 1:15 | 1:14 | 2957 | 1109 | 1:17 | 1:15 |
| 1983 | 3298 | 1312 | 1:17 | 1:12 | 2882 | 1145 | 1:19 | 1:14 |
| 1984 | 3370 | 1350 | 1:13 | 1:12 | 2959 | 1178 | 1:15 | 1:14 |
| 1985 | 3348 | 1376 | 1:13 | 1:12 | 2800 | 1169 | 1:16 | 1:14 |
| 1986 | 3289 | 1472 | 1:13 | 1:12 | 2764 | 1235 | 1:15 | 1:14 |
| 1987 | 3128 | 1418 | 1:13 | 1:12 | 2627 | 1165 | 1:15 | 1:15 |
| 1988 | 3139 | 1472 | 1:12 | 1:12 | 2695 | 1237 | 1:14 | 1:14 |
| 1989 | 3178 | 1467 | 1:12 | 1:11 | 2744 | 1265 | 1:14 | 1:13 |
| 1990 | 3228 | 1546 | 1:11 | 1:11 | 2730 | 1277 | 1:13 | 1:13 |

### 2. ئوقۇش تۈزۈمى ۋە دەرسلىك

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە، ھەقسىز مەكتەپ، بىلىم يۇرتلىرىغا كىرىپ ئوقۇغان باللار ئالدى بىلەن «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»، «1000 سۆزلۈك دەستۇر»، «100 فامىلە دەستۇرى» نى ئوقۇپ، كېيىن «تۆت كىتاب»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «مېڭزى»، «مادار اچىلىق»، «ئۇلۇغ بىلىم»، «بەش دەستۇر»، «نەزمىنامە»، «نەسىرنامە»، «پالنامە»، «يوسۇننامە»، «ئەمنىيە» لەرنى ئوقۇيتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقسىز مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشتىن سىرت، يەنە دىنىي دەرس بىلەن مانجۇ تىلى ئۆگىنىلدى. خۇسۇسىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى ۋە ئۆگىنىش يىل چەكلىمىسى بولمىدى. گۇاڭشۇ 28- يىلى (1902- يىلى)، «كۈيماۋ ئوقۇش تۈزۈمى» يۈرگۈزۈلدى، يەنى بۇ توققۇز يىللىق تۈزۈم بولۇپ، تولۇقسىز باشلانغۇچ بەش يىللىق، تولۇق باشلانغۇچ تۆت يىللىق بولدى. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى)، باشلانغۇچ يەتتە يىللىق قىلىپ بەلگىلەندى (تولۇقسىز باشلانغۇچ تۆت يىللىق، تولۇق باشلانغۇچ ئۈچ يىللىق). كېيىن يەنە «رىنماۋ ئوقۇش تۈزۈمى» (باشلانغۇچ ئالتە يىللىق، بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇقسىز باشلانغۇچ تۆت يىللىق، تولۇق باشلانغۇچ ئىككى يىللىق) ئېلان قىلىندى، بۇ خىل «تۆت – ئىككى» ئوقۇش تۈزۈمى ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت قوللىنىلدى. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى) دىن كېيىن، ئوقۇش تۈزۈمى بىر مەزگىل «تۆت – ئۈچ» ئوقۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، يەنى تولۇقسىز باشلانغۇچ تۆت يىللىق، تولۇق باشلانغۇچ ئۈچ يىللىققا ئۆزگەرتىلدى. تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بەدەن چېنىقتۇرۇش، دۆلەت تىلى، ھېساب، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، رەسىم، مۇزىكا، تەنتەربىيە (گىمناستىكا) دەرسلىرى، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە جۇڭگو تارىخى، جۇغراپىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى. مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) 2- ئايدا، تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «مېڭزى» قوشۇپ ئۆتۈلدى. تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «مۇھاكىمە ۋە بايان» قوشۇپ ئۆتۈلدى. مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى)، ئىككى دەرىجىلىك كونىچە

مەكتەپلەر پۇقرالار باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى)، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «تۆت — ئۈچ» ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كېيىن يەنە «تۆت — ئىككى» ئوقۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى، تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى، ھېساب، جەمئىيەت دەرسى، تەبىئەت، سەنئەت، مۇزىكا، تەنتەربىيە دەرسلىرىنى؛ تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى، ھېساب، گېگىنا، پۇقرالار، تارىخ، جۇغراپىيە، سەنئەت، مۇزىكا، تەنتەربىيە دەرسلىرىنى ئۆتۈش بەلگىلەندى. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، شەھەر، يېزىلاردىكى ھەر قايسى مەكتەپلەردە يېڭى دەۋر دەرسلىك كىتابلىرىنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇردى، شىنجاڭ تەھرىر، تەرجىمە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ماۋدۇن قاتارلىق كىشىلەر دەرسلىك تۈزۈشكە مەسئۇل بولدى. دەرسلىكلەردە «مىللىيلىك شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەت» مەزمۇن قىلىندى. خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ئەدەبىيات، ھېساب دەرسلىكلىرى تۈزۈلۈپ تەرجىمە قىلىندى. ئۇيغۇر، قازاق باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان تەبىئەت دەرسلىكى ئىشلىتىلدى. يەنە خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدا ھەر ھەپتىدە ئۈچ سائەت ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش بەلگىلەندى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، گومىنداڭ كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە ئەسلى تەسىس قىلىنغان ھۆكۈمەت سىياسىتى دەرسى، ئۈچ مەسلەك دەرسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1949- يىلى ئازاد بولغانغا قەدەر، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن دەرسلىكلەر قوللىنىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «تۆت — ئىككى» ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1953- يىلى 2- ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ، بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەدرىجىي بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، كۆپ ساندىكى مەكتەپلەر يەنىلا «تۆت — ئىككى» تۈزۈمىنى قوللاندى. 1970- يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپلەر (مىللەت ئايرىماي) بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئەتىياز پەسلىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، 1973- يىلى يەنە كۈز پەسلىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىلدىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىردەك ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى قوللىنىلدى.

1950- يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدا ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئومۇمىي ساۋات، رەسىم (گۈزەل- سەنئەت)، مۇزىكا، تەنتەربىيە دەرسلىرى؛ تۆۋەن يىللىقلاردا، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، شېئىر- ئويۇن دەرسلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىردەك مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئېلان قىلغان دەرسلىك ئۆلچىمى بويىچە دەرسلىك تەسىس قىلىنىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلدى.

3. نۇقتىلىق مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) باركۆل ناھىيىلىك بازارلىق 1- باشلانغۇچ مەكتەپ بازارلىق 1- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەكتى باركۆل تولۇقسىز كونىچە مەكتەپ بولۇپ، گۇاڭشۈ 32- يىلى (1906- يىلى) قۇرۇلغان. كېيىن ئىككى دەرىجىلىك كونىچە مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن، شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى) پۈتكەن. مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى)، بۇ ئىككى دەرىجىلىك كونىچە مەكتەپ ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى پۇقرالار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى) دىن كېيىن، «تۆت — ئىككى» ئوقۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، مەكتەپ نامى ناھىيە قارىمىقىدىكى پۇقرالار

باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، مەكتەپ نامى ناھىيە قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارلا قوبۇل قىلىندى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، تەستىق ئارقىلىق بىر سىنىپ قىز ئوقۇغۇچى، كېيىن يەنە ئىككى سىنىپ قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، ئۈچ سىنىپ قىز ئوقۇغۇچى ئايرىپ چىقىلىپ، باركۆل ناھىيىلىك قىزلار تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، مەكتەپنىڭ نامى باركۆل ناھىيىلىك مەركىزىي يۇقرالار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، 13 سىنىپ تەسىس قىلىندى، بۇ مەكتەپ قىزلار مەكتىپىنىڭ يۇقىرى يىللىق سىنىپلىرىنى ئۆزگە قوشۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر قازاق سىنىپى ئېچىلدى. مەكتەپتە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ 30 كىشى ئىشلىدى.

1953- يىلى، ئوغۇل، قىزلار مەكتەپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. 1954- يىلى، مەكتەپنىڭ نامى باركۆل بازارلىق 1- باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1981- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلدى. 1990- يىلى، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى 16 غا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىسى 49 غا، ئوقۇغۇچىسى 536 غا يەتتى.

2) قۇمۇل شەھەرلىك شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى      شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ — قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۇ مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ يىلى بەش سىنىپ ئېچىلىپ، 150 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، يەتتە ئوقۇتقۇچى ئىشلىدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1957- يىلى سىنىپ 17 گە، ئوقۇغۇچىسى 734 كە، ئوقۇتقۇچىسى 25 كە يېتىپ، ۋىلايەتتىكى نۇقتىلىق ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ قالدى. 1978- يىلى، سىنىپ 23 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 880 گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 54 كە يەتتى؛ ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4438 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ بەردى. 1990- يىلى، سىنىپ 26 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1081 گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 68 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، 30 ئوقۇتقۇچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى ئالدى. مەكتەپ قۇرۇلۇپ 50 قانچە يىلدىن بۇيان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن 5993 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ بەردى. 1990- يىلى، شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.6% كە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 99.4% كە، يىللىق مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99.7% كە، ئومۇملىشىش نىسبىتى 99.4% كە يەتتى.

## §3. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

### 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى،

ئەسلىدىكى ناھىيە قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەسلىدىكى بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىۋېتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇلىڭ ئىچىدە، خەنزۇ، خۇيزۇ ئىككى سىنىپ، ئۇيغۇر، قازاق بىر سىنىپ. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، مەكتەپ بويىچە ئۈچ تولۇقسىز سىنىپ، ئىككى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى (خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار) ئېچىلدى.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 8- ئايدا، باركۆل ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 6- ئايدا، تەستىق ئارقىلىق، باركۆل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باركۆل شۆبە مەكتىپى قىلىندى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 1- ئايدا، باركۆل شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باركۆل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا داۋاملىق تۆردە بىر سىنىپ خەنزۇ ئوقۇغۇچى، كۈزدە بىر سىنىپ قازاق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئىككى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، سەككىز سىنىپ تەسىس قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت سىنىپلىرى مىللىي تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىندە تەسىس قىلىندى)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 196، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوغۇل ئوقۇغۇچى 176. ۋالىي مەھكىمىسى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى نورمال ئىزغا سالدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىمۇ تەدرىجىي كۆپەيدى. مەكتەپلەر ئىشچى- دېھقانلارغا ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، ئىشچى- دېھقانلار پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئوقۇش بەدىلىنى مۇۋاپىق كېمەيتىپ، ئوقۇش ياردەم پۇلىنى كۆپەيتتى. 1955- يىلى، ۋىلايەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى، ئەسلىدىكى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە، قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، جەمئىي 12 سىنىپ ئېچىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 438 گە يېتىپ، 1949- يىلدىكىدىن 2.2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ يېقىن جايدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر قەدەر توپلانغان ئورۇنلاردا قالپاقلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار تەسىس قىلىندى، مەسىلەن، قۇمۇل ناھىيىسى پالۋانتۇر باشلانغۇچ مەكتىپى، راھەتباغ باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىقلار. ۋىلايەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ ئورۇندا تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوقۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، قۇمۇل شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ تەسىس قىلدى. 1953 – 1957 - يىلىغىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككىدىن ئۈچكە كۆپەيدى، سىنىپ 3.5 ھەسسە ، ئوقۇغۇچى 3.8 ھەسسە كۆپەيدى.

1958- يىلى، باركۆل ناھىيىسىدە ئەسلىدىكى باركۆل ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى قازاق سىنىپى ئايرىپ چىقىلىپ، سارچوقىدا مۇستەقىل باركۆل قازاق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى، داخې يېزىسىدىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ، باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلدى. 1958- يىلى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇزاق ۋاقىت پولات تاۋلاش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇرۇلغانلىقتىن، ئوقۇتۇش تەرتىپى تەسىرگە ئۇچرىدى. 1959- يىلدىن باشلاپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بىر قەدەر چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1960- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەتتىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەسلىدىكى بەشتىن توققۇزغا كۆپەيدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 3620 گە يەتتى. 1961- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مائارىپقا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ

بېرىلىپ، مەكتەپ سانى مۇۋاپىق كونترول قىلىنىپ، ئوقۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىمۇ تاقىۋېتىلدى، يەنە سىياسەت بويىچە ئوتتۇرا. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم يېشى چوڭىيىپ كەتكەنلەر بىر تەرەپ قىلىندى. شۇ يىلى كۈزگىچە، 2194 ئوقۇغۇچى بىر تەرەپ قىلىندى. 1962- يىلى، ۋىلايەت «سەككىز خەتلىك» تەڭشەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە 1961- يىلى قۇرۇلغان قۇمۇل 3- ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەسلىدە بار بولغان ئوقۇغۇچىلارنى قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىنىپ سانىنى كېمەيتتى. تەڭشەلگەندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 1960- يىلىدىكىدىن يەتتە سىنىپ، 295 ئوقۇغۇچى ئازايدى. ماتارىپ ئىشلىرىنى سالماق قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەركەز «ئىككى پۇتلاپ مېڭىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شارائىتى بار كارخانىلارنى ئۆزلىرى مەبلەغ عەملەپ، ماتارىپنى ئۆزى باشقۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى. شۇ يىلى تارانچى كۆمۈر كانى، يامانسۇ تۆمۈر كانى، يەتتەقۇدۇق تۇزچىلىق مەيدانى ۋە گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇردى؛ ئارقىدىنلا ۋىلايەتكە قاراشلىق قاتناش- ترانسپورت، بىناكارلىق، ئېلېكتر سانائىتى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىق كارخانىلارمۇ ئۆز ئورنى، ئۆز سىستېمىسى بويىچە پەرزەنتلەر مەكتەپلىرىنى قۇردى ھەمدە قوشۇمچە تولۇقسىز سىنىپلارنى تەسىس قىلدى.

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۇزاق ۋاقىت دەرس توختىتىلدى. 1973- يىلى، مەكتەپلەر دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1966 – 1976 - يىلىغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ ماتارىپى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئوقۇش سۈپىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. 1976- يىلى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپ ماتارىپىدا قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، تەدرىجىي نورمال ئىزغا چۈشتى. 1978- يىل پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ماتارىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ماتارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1983- يىلىغا كەلگەندە، 49 ئوتتۇرا مەكتەپ، 613 سىنىپ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 398 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 907 ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6491 ؛ زاۋۇت، كان پەرزەنتلەر مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتتىكى ماتارىپ تارماقلىرى ئاچقان مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ %29.9 نى ئىگىلىدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 43 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 24 مىڭ 37 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 8659. 1950 – 1986 - يىلىغىچە، ۋىلايەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 93 مىڭ 400 نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 32 مىڭ 71 نى تەربىيىلىدى. 1982- يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەتتىكى ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 726 (مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە 494 ، شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە 633) بولۇپ، مەملىكەت ۋە شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سانىدىن يۇقىرى بولغان.

## قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1949 – 1990 - يىلىغىچە بولغان ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى

جەدۋەل: 27 – 3

| تۈرلەر / يىل | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى | | | | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى | | | | | | | | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان نىسبىتى | | | | ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان نىسبىتى | | ئوقۇش تارىخى ئەھۋالى | | | | | | ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان نىسبىتى | | ئوقۇش تارىخى ئەھۋالى | | | |
| | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرسى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار | ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر | ئۆلچەملىك نىسبىتى (%) | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسى | ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرسى | ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر |
| 1949 | 43 | 2 | 1:5 | 1:10.5 | 14 | 1 | 1:14 | 1:1 | | | | | | | | | | | | |
| 1950 | 32 | 2 | 1:7 | 1:4 | 15 | 1 | 1:14 | 1:7 | | | | | | | | | | | | |
| 1951 | 27 | 2 | 1:8 | 1:6 | 11 | 1 | 1:21 | 1:11 | | | | | | | | | | | | |
| 1952 | 28 | 3 | 1:10 | 1:4 | 16 | 2 | 1:18 | 1:6 | | | | | | | | | | | | |
| 1953 | 28 | 2 | 1:12 | 1:28 | 15 | 2 | 1:22 | 1:28 | | | | | | | | | | | | |
| 1954 | 33 | 8 | 1:13 | 1:17 | 18 | 7 | 1:24 | 1:20 | | | | | | | | | | | | |
| 1955 | 51 | 21 | 1:11 | 1:11 | 25 | 9 | 1:24 | 1:25 | | | | | | | | | | | | |
| 1956 | 62 | 30 | 1:17 | 1:17 | 24 | 19 | 1:31 | 1:27 | | | | | | | | | | | | |
| 1957 | 89 | 42 | 1:14 | 1:14 | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى | | | | | | | | | 49 | 25 | 1:26 | 1:24 | | | |
| 1958 | 111 | 53 | 1:17 | 1:8 | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى | | | | | | | | | 74 | 38 | 1:26 | 1:11 | | | |
| 1959 | 187 | 87 | 1:16 | 1:19 | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى | | | | | | | | | 128 | 69 | 1:23 | 1:23 | | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1:24 | 1:22 | 88 | 163 | | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىچىسى | | | | | | | | 1:19 | 1:15 | 107 | 248 | 1960 |
| | | | 1:18 | 1:18 | 85 | 187 | | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىچىسى | | | | | | | | 1:13 | 1:12 | 113 | 280 | 1961 |
| | | | 1:17 | 1:17 | 69 | 170 | | تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىچىسى | | | | | | | | 1:10 | 1:11 | 103 | 276 | 1962 |
| | | | | | 1:12 | | 36 | | | | | | 1:16 | | 155 | 1:10 | 1:10 | 89 | 283 | 1963 |
| | | | | | 1:13 | | 37 | | | | | | 1:17 | | 180 | 1:12 | 1:11 | 92 | 314 | 1964 |
| | | | | | 1:14 | | 38 | | | | | | 1:18 | | 200 | 1:14 | 1:12 | 84 | 340 | 1965 |
| | | | | 1:16 | 1:15 | 19 | 42 | | | | | 1:16 | 1:18 | 92 | 222 | 1:12 | 1:11 | 152 | 337 | 1966 |
| | | | | 1:16 | 1:15 | 19 | 42 | | | | | 1:13 | 1:18 | 94 | 225 | 1:10 | 1:14 | 154 | 340 | 1967 |
| | | | | 1:16 | 1:14 | 19 | 41 | | | | | 1:15 | 1:14 | 87 | 238 | 1:11 | 1:11 | 147 | 352 | 1968 |
| | | | | | | 19 | 40 | | | | | 1:14 | 1:13 | 87 | 248 | 1:8 | 1:9 | 148 | 361 | 1969 |
| | | | | | 1:1 | 19 | 45 | | | | | 1:17 | 1:19 | 101 | 321 | 1:10 | 1:14 | 162 | 443 | 1970 |
| | | | | 1:17 | 1:15 | 22 | 56 | | | | | 1:10 | 1:19 | 113 | 342 | 1:13 | 1:16 | 172 | 465 | 1971 |
| | | | | 1:19 | 1:17 | 44 | 121 | | | | | 1:14 | 1:18 | 117 | 380 | 1:11 | 1:16 | 180 | 573 | 1972 |
| | | | | 1:79 | 1:17 | 56 | 170 | | | | | 1:16 | 1:17 | 97 | 419 | 1:14 | 1:14 | 188 | 719 | 1973 |
| | | | | 1:17 | 1:19 | 52 | 161 | | | | | 1:20 | 1:19 | 134 | 529 | 1:16 | 1:15 | 218 | 853 | 1974 |
| | | | | 1:9 | 1:14 | 26 | 158 | | | | | 1:23 | 1:22 | 108 | 683 | 1:16 | 1:15 | 169 | 1113 | 1975 |
| | | | | 1:13 | 1:16 | 24 | 175 | | | | | 1:22 | 1:23 | 185 | 868 | 1:17 | 1:17 | 253 | 1352 | 1976 |
| | | | | 1:16 | 1:18 | 52 | 276 | | | | | 1:20 | 1:23 | 218 | 1027 | 1:14 | 1:17 | 373 | 1664 | 1977 |
| | 153 | 14 | 181 | 1:14 | 1:18 | 66 | 348 | 11.2 | 252 | 847 | 138 | 1:16 | 1:21 | 296 | 1237 | 1:13 | 1:16 | 438 | 1991 | 1978 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 145 | 38 | 202 | 1:16 | 1:18 | 79 | 396 | 12.4 | 173 | 922 | 155 | 1:19 | 1:22 | 297 | 1250 | 1:15 | 1:16 | 457 | 2144 | 1979 |
| | | | 142/30 | 1:19 | 1:16 | 102 | 477 | | | | 118/29 | 1:17 | 1:19 | 364 | 1659 | 1:14 | 1:14 | 575 | 2386 | 1980 |
| | 329/94 | 89/16 | 142/38 | 1:14 | 1:14 | 146 | 560 | | | 1319/806 | 166/40 | 1:16 | 1:17 | 846 | 1455 | 1:12 | 1:13 | 618 | 2638 | 1981 |
| | 259/64 | 133/43 | 107/12 | 1:15 | 1:13 | 119 | 499 | | | 1278/311 | 80/89 | 1:16 | 1:15 | 350 | 1358 | 1:121 | 1:11 | 600 | 2398 | 1982 |
| | 317/78 | 102/41 | 100/13 | 1:14 | 1:13 | 182 | 519 | | | 1171/314 | 106/41 | 1:14 | 1:15 | 355 | 1287 | 1:11 | 1:11 | 631 | 2395 | 1983 |
| | 215/76 | 114/42 | 92/27 | 1:14 | 1:13 | 145 | 421 | | 138/24 | 1079/346 | 172/64 | 1:12 | 1:14 | 434 | 1880 | 1:9 | 1:10 | 762 | 2409 | 1984 |
| | | | | 130/57 | 1:11 | 1:13 | 180 | | 442 | | 139/55 | 1:13 | 1:15 | 392 | 1254 | 1:9 | 1:11 | 1763 | 2316 | 1985 |
| | | | 149/64 | 1:14 | 1:14 | 197 | 533 | | | | 240/82 | 1:14 | 1:16 | 413 | 1385 | 1:10 | 1:11 | 836 | 2567 | 1986 |
| | | | 148/72 | 1:12 | 1:13 | 243 | 573 | | | | 323/110 | 1:14 | 1:16 | 446 | 1349 | 1:10 | 1:12 | 891 | 2512 | 1987 |
| | | | | 1:13 | 1:13 | 246 | 601 | | | | | 1:14 | 1:15 | 453 | 1356 | 1:11 | 1:11 | 897 | 2510 | 1988 |
| | 114 | 355 | 162 | 1:11 | 1:12 | 256 | 631 | | 27 | 757 | 494 | 1:14 | 1:13 | 492 | 1281 | 1:10 | 1:10 | 947 | 2504 | 1989 |
| | 96/29 | 380/143 | 193/97 | 1:11 | 1:12 | 269 | 668 | | 12/2 | 756/283 | 505/212 | 1:11 | 1:13 | 497 | 1273 | 1:9 | 1:10 | 956 | 2513 | 1990 |

ئىزاھ: 1957 – 1962 - يىللىغىچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرى ئايرىپ ستاتىستىكا قىلىنمىدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1949 – 1990- يىلىغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 27 – 4

| تۈرلەر / يىل | مەكتەپ سانى | | | | سىنىپ سانى | | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | | | | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | | | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | | تولۇقسىز | تولۇق | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | تولۇق ئوتتۇرا | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | تولۇق ئوتتۇرا | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | تولۇق ئوتتۇرا | |
| | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | | | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي | جەمئىي | مىللىي |
| 1949 | 2 | | | | 8 | | 70 | | | | | | | | 196 | 31 | | |
| 1950 | 2 | | | | 8 | | 92 | | | | | | | | 210 | 7 | | |
| 1951 | 2 | | | | 8 | | 73 | | | | 50 | 2 | | | 228 | 11 | | |
| 1952 | 2 | | | | 8 | | 130 | | | | 50 | 2 | | | 291 | 11 | | |
| 1953 | 2 | | | | 8 | | 114 | | | | 68 | 4 | | | 332 | 56 | | |
| 1954 | 2 | | | | 10 | | 186 | | | | 56 | 3 | | | 438 | 141 | | |
| 1955 | 3 | | | | 12 | | 242 | | | | 70 | 2 | | | 556 | 221 | | |
| 1956 | 3 | | | | 21 | | 646 | | | | 132 | 37 | | | 1039 | 509 | | |
| 1957 | 2 | | 1 | | 28 | 1 | 465 | | 45 | | 123 | 45 | | | 239 | 603 | 45 | |
| 1958 | 3 | | 2 | | 41 | 3 | 956 | | 96 | | 183 | 81 | | | 1772 | 365 | 125 | 55 |
| 1959 | 3 | | 2 | | 60 | 7 | 1378 | | 209 | | 384 | 192 | | | 2659 | 1472 | 322 | 146 |
| 1960 | 6 | | 3 | | 80 | 10 | 1188 | | 145 | | 328 | 149 | 28 | | 3226 | 1889 | 394 | 184 |
| 1961 | 7 | | 3 | | 72 | 11 | 1178 | | 186 | | 654 | 411 | 59 | 29 | 2879 | 1336 | 446 | 183 |
| 1962 | 7 | | 3 | | 69 | 12 | 1004 | | 186 | | 594 | 304 | 151 | 88 | 2540 | 932 | 431 | 148 |
| 1963 | 8 | | 3 | | 70 | 13 | 942 | | 164 | | 432 | 143 | 79 | 37 | 2486 | 753 | 443 | 162 |
| 1964 | 8 | | 3 | | 77 | 13 | 1314 | | 174 | | 540 | 191 | 103 | 32 | 3064 | 897 | 480 | 167 |
| 1965 | 10 | | 3 | | 84 | 13 | 1482 | | 216 | | 738 | 266 | 145 | 61 | 3699 | 978 | 532 | 181 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 300 | 620 | 1505 | 3915 | | | 137 | 438 | | | 207 | 514 | 14 | 94 | | 4 | | 14 | 1966 |
| 300 | 618 | 1181 | 4094 | | | 166 | 191 | | | 150 | 440 | 11 | 99 | | 4 | | 14 | 1967 |
| 298 | 585 | 1280 | 3257 | 33 | 33 | 304 | 1040 | | | 100 | 100 | 10 | 77 | | 4 | | 14 | 1968 |
| | | 1181 | 3236 | 298 | 585 | 1001 | 3247 | | | 904 | 3237 | | 85 | | 4 | | 17 | 1969 |
| | 50 | 1690 | 6255 | | | 135 | 481 | | 50 | 661 | 3464 | | 149 | | 4 | | 17 | 1970 |
| 378 | 867 | 1811 | 6506 | | | 532 | 1995 | 378 | 817 | 779 | 2670 | 16 | 164 | | 7 | | 16 | 1971 |
| 346 | 2056 | 1632 | 6987 | | | | 2476 | | 1490 | | 3405 | 47 | 171 | | | 3 | 15 | 1972 |
| 1087 | 2945 | 1579 | 7107 | | 480 | | 3306 | | 1563 | | 3929 | 59 | 179 | | 13 | | 15 | 1973 |
| 906 | 3103 | 2642 | 9833 | | 1156 | | 2003 | | 1499 | | 4820 | 61 | 252 | | 18 | | 9 | 1974 |
| 239 | 2248 | 2504 | 14950 | 334 | 1621 | 74 | 1608 | 21 | 698 | 1234 | 6842 | 54 | 359 | | 20 | | 24 | 1975 |
| 322 | 2826 | 4031 | 20067 | 173 | 1501 | 542 | 3493 | | 2130 | | 8647 | 78 | 483 | | 30 | | 17 | 1976 |
| 801 | 4905 | 4362 | 23980 | 13 | 778 | 687 | 4118 | | 2976 | | 8253 | 119 | 606 | | 37 | | 14 | 1977 |
| 905 | 6162 | 4867 | 25596 | 235 | 1856 | 1212 | 6625 | 710 | 3409 | 2130 | 9194 | 150 | 660 | | 31 | | 20 | 1978 |
| 1275 | 7006 | 5546 | 27384 | 456 | 3028 | 1717 | 8436 | 884 | 3939 | 1803 | 8627 | 161 | 720 | | 43 | | 16 | 1979 |
| 1885 | 7614 | 6304 | 26210 | 367 | 2082 | 1709 | 8234 | 1060 | 4013 | 2432 | 9206 | 167 | 661 | 3 | 38 | 12 | 31 | 1980 |
| 2038 | 7997 | 5679 | 25395 | 851 | 3597 | 1729 | 7839 | 999 | 3849 | 2031 | 8373 | 178 | 631 | 4 | 39 | 7 | 19 | 1981 |
| 1818 | 6345 | 5584 | 20015 | 973 | 3129 | 1262 | 5639 | 1020 | 3136 | 2024 | 7091 | 137 | 499 | 4 | 24 | 8 | 18 | 1982 |
| 1870 | 6491 | 4848 | 18907 | 794 | 2962 | 1413 | 5828 | 904 | 2946 | 1778 | 6438 | 141 | 472 | 11 | 31 | 9 | 18 | 1983 |
| 1945 | 5639 | 5115 | 18900 | 905 | 2773 | 1425 | 5482 | 1029 | 2760 | 1092 | 6599 | 126 | 456 | 7 | 34 | 11 | 14 | 1984 |
| 1962 | 5585 | 5151 | 18822 | 844 | 2385 | 1579 | 5497 | 1050 | 2543 | 1881 | 6737 | 133 | 468 | 12 | 29 | 6 | 18 | 1985 |
| 2709 | 7339 | 5708 | 20752 | | 1457 | | 5693 | | 2840 | | 7<br>160 | 166 | 484 | 9 | 28 | 10 | 22 | 1986 |
| 2932 | 2168 | 6299 | 21620 | | | | | 6113 | | 6299 | 6815 | 119 | 495 | 10 | 30 | 5 | 14 | 1987 |
| 3079 | 7669 | 6358 | 20261 | 919 | 2465 | 1825 | 6568 | 1068 | 2820 | 2223 | 5819 | | | | 30 | | 14 | 1988 |
| 2900 | 7558 | 8857 | 16346 | 1073 | 2518 | 1983 | 6526 | 1088 | 2796 | 2111 | 4207 | 190 | 425 | 10 | 30 | 5 | 14 | 1989 |
| 3003 | 7983 | 5656 | 16054 | 943 | 2099 | 1954 | 6282 | 1162 | 2710 | 1944 | 6059 | 200 | 423 | 9 | 28 | 8 | 15 | 1990 |

2. زاۋۇت، كانلار باشقۇرغان ئوتتۇرا مەكتەپلەر

1960- يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ۋىلايەتتە دۆلەت مەكتەپ باشقۇرۇش بىلەن زاۋۇت، كان، كارخانىلار مەكتەپ باشقۇرۇشنى تەڭ يولغا قويۇش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىندى. ۋىلايەتكە قاراشلىق چوڭراق زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلەر مەكتەپلىرىنى قۇردى. 1964- يىلغا كەلگەندە، قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ (بۇنىڭ ئىچىدە، پۈتۈن كۇنلۇك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بار) كە، سىنىپ 23 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1138 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1015، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 123.

1973- يىلى، ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز (بۇنىڭ ئىچىدە، پۈتۈن كۈنلۈك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بار) غا، سىنىپ 62 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2355 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2018، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 337. 1983- يىلى، ئوتتۇرا مەكتەپ 17 گە، سىنىپ 187 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 7571 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5782، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1789.

3. ئوقۇش مۇددىتى ۋە دەرسلەر

1) ئوقۇش مۇددىتى مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇلدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىللىق بولۇپ، ئادەتتە كۈز پەسلىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىللاردا، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئالتە يىل (تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا ئۈچ يىل) بولدى. 1960- يىللاردىكى مائارىپ ئىسلاھاتى مەزگىلىدە، ئوقۇش مۇددىتى 10 يىللىق (باشلانغۇچ مەكتەپ بەش يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا ئىككى يىل) قا ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 12 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1969- يىلى، ئوقۇش مۇددىتى تولۇقسىز ئۈچ يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا ئىككى يىللىققا ئۆزگەرتىلدى. 1982- يىلى، ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يەنى تولۇقسىز ئۈچ يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا ئۈچ يىللىق قىلىندى.

2) دەرسلەر مىنگو دەۋرىدە، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، چەت ئەل تىلى (رۇسچە، ئىنگلىزچە)، فىزىكا، خىمىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، تەنتەربىيە، مۇزىكا، رەسىم قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، ھەر قايسى يىللىقلاردا ئەخلاق دەرسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەربىي تەلىم- تەربىيە دەرسى، تولۇقسىز ئوتتۇرىلاردا ئىزچىلار دەرسى تەسىس قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىي تەلىم- تەربىيە، ئەخلاق ۋە ئىزچىلار دەرسلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «بەشنى سۆيۈش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سىياسەت دەرسى تەسىس قىلىندى. خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر تىلى دەرسى، ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلى دەرسى قوشۇپ تەسىس قىلىندى. 1952- يىلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە چېرتيوژ دەرسى قوشۇپ تەسىس قىلىندى. 1956- يىلى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل- ئەدەبىيات دەرسىدە «ئەدەبىيات»، «خەنزۇ تىلى» دەرسىنى ئايرىپ تەسىس قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ئەدەبىيات بىلەن خەنزۇ تىلى دەرسى ئايرىم دەرس قىلىپ تەسىس قىلىندى. 1958- يىلى، بىئولوگىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، كېيىنا دەرسلىرى توختىتىلىپ، «يېزا ئىگىلىك ئاساسىي بىلىملىرى دەرسى» تەسىس قىلىندى. 1959- يىلى، ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى دەرسلىرى تىل- ئەدەبىيات دەرسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى، «يېزا ئىگىلىك ئاساسىي بىلىملىرى دەرسى» بىئولوگىيە، زوئولوگىيە، بوتانىكا، كېيىنا دەرسى قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 – 1976 - يىللىرىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دەرس تەسىس قىلىشتا ئادەتتە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىش نەزەردە تۇتۇلدى. 1975- يىل 3- ئايدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»، لىن بياۋ، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىغاچقا، ئەسلىدىكى تارىخ دەرسى توختىتىلىپ، ئۇنىڭ

ئورنىغا «كۆكزىنچىلار بىلەن قانۇنچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تارىخى» ئۆتۈلدى. ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار زاۋۇت، يېزىلارغا بېرىپ، سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى، ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەندى، تىل- ئەدەبىيات دەرسىدە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىغىلا ئەھمىيەت بېرىلدى، فىزىكا دەرسىدە ئۈچ ماتور، بىر پومپا، خىمىيە دەرسىدە دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇت، ماتېماتىكا دەرسىدە يەرلەرنى ئۆلچەش، پىلانلاش، سىياسەت دەرسىدە نۇقتىلىق قانۇنچىلارغا باھا بېرىپ، كۆكزىنچىلارنى تەنقىد قىلىش قاتارلىقلار سۆزلەندى. 1977- يىلى، سىياسەت، تىل- ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، چەت ئەل تىلى (ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە چەت ئەل تىلى دەرسى تەسىس قىلىنماستىن، خەنزۇ تىلى دەرسىلا تەسىس قىلىندى). تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، گىگىنا، تەنتەربىيە، مۇزىكا، رەسىم (گۈزەل- سەنئەت) قاتارلىق 13 خىل دەرس تەسىس قىلىندى. 1987- يىلىدىن باشلاپ، ئەمگەك تېخنىكا دەرسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، ھەر ئوقۇش يىلىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىككى ھەپتە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تۆت ھەپتە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تىل جەھەتتىكى پەرقنى تەدرىجىي تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلى دەرسىنى قوشۇپ ئۆتۈش (ھەر ھەپتىدە ئۈچ سائەت)، خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى ھەر قايسى يىللىقلىرىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى قوشۇپ ئۆتۈش (ھەر ھەپتىدە ئۈچ سائەت) يولغا قويۇلدى. 1960- يىلىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغىچە، ئازسانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلى دەرسى ھەپتىدە بىر سائەت كۆپەيتىپ ئۆتۈلدى.

4. نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ، ئۇنىڭ تەكتى قۇمۇل مىللىي تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن، مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) قۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا، خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىق قوبۇل قىلىنغانىدى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، ئەسلىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن توختىتىلىپ، قۇمۇل مىللىي تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بۇ مەكتەپ قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. تۆت دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى، 175 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدا 140 ئوقۇغۇچى، ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا 35 ئوقۇغۇچى ئوقىدى. 1955- يىل 9- ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1958- يىلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1961- يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق مەكتەپلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1966- يىلى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 440 قا يەتتى. 1949 – 1966 - يىلغىچە، جەمئىي 4972 ئوقۇغۇچى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. 1972 – 1974 - يىلغىچە، بۇ مەكتەپتە مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىرگە ئوقىدى، ئالتە سىنىپ بولۇپ، 250 خەنزۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1974- يىل 9- ئايدا، خەنزۇ سىنىپلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، 5- ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. 1- ئوتتۇرا مەكتەپ يەنىلا ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتىپى بولۇپ تۇرۇۋەردى. 1976- يىلى، مەكتەپتە 24 سىنىپ (ئالتە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى، 18 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى) بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1200 نەپچىگە، ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى 53 كە يەتتى. 1982- يىلى، ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق ياخشى باشقۇرۇلغان مەكتەپلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1981- يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى مەخسۇس پۇل ئاجرىتىلىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 9022 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتۇش بىناسى، ئىشخانا بىناسى، تەجرىبىخانا بىناسى، ئولتۇراق ئۆي بىناسى سېلىندى، تەجرىبىخانا ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكترلەشكەن

ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى، ئەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى ۋە قۇراللىرىنىڭ ھەممىسى نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ تەلىپى بويىچە سەپلىنىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر ياخشى بولغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قالدى. 1986- يىلى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 156 گە يەتتى، 15 ئوقۇتقۇچى ئالىي ئۇنۋان، 38 ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان، 69 باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالدى. مەكتەپ بويىچە 31 سىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە 18 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى بار) بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1500 دىن ئاشتى. 1990- يىلى، مەكتەپ بويىچە 28 سىنىپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 10 (ئوقۇغۇچىسى 516)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 18 (ئوقۇغۇچىسى 730)، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 112. 1977 – 1990 - يىلىغىچە، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 17 مىڭدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1800 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ھەر خىل ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىندى.

2) قۇمۇل شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) ئەتىيازدا، ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئۈچ ئوقۇتۇش سىنىپى تەسىس قىلىندى، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەمئىيەتتىن تەكلىپ قىلىندى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، ئەسلىدىكى ئۈچ سىنىپ تۆت (بىر ئاز سانلىق مىللەت سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كە، ئوقۇغۇچىسى 80 نەچچىگە يەتتى. شۇ يىلى كۈزدە، قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن توختىتىلىپ، قۇمۇل مىللىي تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلدى، ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى ئەسلىدىكى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى (ئورنى ھازىرقى 2- ئوتتۇرا مەكتەپ) گە يۆتكەلدى. خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن جەمئىي ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئىككى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى قوشۇمچە تەسىس قىلىندى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 100 گە يەتتى، 14 مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى سەپلەندى، مەكتەپ دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 1949- يىلى، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى، بىر سىنىپ يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1949- يىلى كۈزدە، مەكتەپتە بەش سىنىپ ئوقۇغۇچى (بىر تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، 108 ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە، 16 قىز ئوقۇغۇچى بار) ئوقۇدى. توققۇز مەخسۇس ئوقۇتقۇچى، 12 خىزمەتچى ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى قويۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەكتەپ تەرتىپكە سېلىنىپ، 1951 – 1952 - يىللىرى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى كۆپىيىپ 220 دىن ئاشتى. 1952- يىلى، ئوقۇغۇچى كۆپىيىپ ئالتە سىنىپقا يەتتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 250 نەچچىگە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 28 گە يەتتى. 1954- يىلى سىنىپ سەككىزگە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 370 نەچچىگە يەتتى. 1955- يىلى كۈزدە، قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن توختىتىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ نامى قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى، 2- ئوتتۇرا مەكتەپتە قوشۇمچە تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 400 دىن ئاشتى. 1954- يىلى، 16 سىنىپلىق، يەتتە ئىشخانىلىق قۇمۇل تارىختىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى. 1957- يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلاندى. 1961- يىلى، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نۇقتىلىق مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى. 1960 – 1965 - يىلىغىچە، ئالىي مەكتەپلەرگە 120 دىن ئارتۇق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلەرگە 80 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى چىقىرىپ بەردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، 2- ئوتتۇرا مەكتەپ زىيانكەشلىككە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان «ئېغىر ئاپەت رايونى» نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1976- يىل 10- ئايدىن كېيىن، 2- ئوتتۇرا مەكتەپ يېڭى ھاياتلىققا كۆتۈرۈلدى. 1978- يىلدىكى پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. 1978 – 1990 - يىلىغىچە بولغان 13 يىلدا، مەكتەپ تەرەققىي

قىلىپ، سىنىپ 34 (بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 18، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 16) كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 5000 نەچچىگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 3900 نەچچىگە يەتتى، ئالىي مەكتەپلەرگە 300 دىن ئارتۇق، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە نۇرغۇن لاياقەتلىك زاپاس ئەمگەك كۈچلىرى تەربىيىلەپ چىقىلدى. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 640 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئوقۇتۇش بىناسى كۆلىمى 4612 كۋادرات مېتىر، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە تەجرىبىخانىلىرى قۇرۇلدى، ساقلانغان كىتاب 23 مىڭ پارچىدىن ئاشتى، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى، پائالىيەت ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى.

# IV باب

# مەخسۇس كەسىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى

## §1. پېداگوگىكا مائارىپى

**1. قومۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى**

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ھەر بىر مەمۇرىي رايوندا بىردىن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى تەسىس قىلىش پىلانىنى تۈزدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، لى رۇجېن قاتارلىق ئالتە كىشىنى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن قومۇلغا ئەۋەتتى، شۇ يىلى ئەتىيازدا 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ شۇ يىلى يەنە 2- بىر سىنىپمۇ قوبۇل قىلىنىپ 10 - ئاينىڭ 8- كۈنى ئوقۇش باشلىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) غا قەدەر، سىنىپ تۆتكە، ئوقۇغۇچىسى 120 نەچچىگە يەتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خېنەندىن شىنجاڭغا كەلگەن سەرگەردان بالىلار بولۇپ، ئوقۇش تۈزۈمى ئۈچ يىل بولدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) ئەتىيازدا، قومۇل خەنزۇ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك قومۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى، جەمئىي ئالتە سىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 240 تىن ئاشتى (جەمئىي ئۈچ سىنىپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى تەخمىنەن 100 ئەتراپىدا). شۇ يىلى، قومۇل مىللىي تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلدى، بەلگىلىمە بويىچە تۆت سىنىپ قوبۇل قىلىنىپ، قوشۇمچە بىر تولۇقسىز سىنىپ تەسىس قىلىندى. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 175 كە يېتىپ، بەش سىنىپ تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن تۆت سىنىپ بولۇپ، 140 ئوقۇغۇچى ئوقىدى. تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىندە قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا تەسىس قىلىش مائارىپ ئەندىزىسى شەكىللەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، قومۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى تولۇقسىز پېداگوگىكا

مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1953- يىلى، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپتە يەتتە ئوقۇتۇش سىنىپى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئالتە تولۇقسىز پېداگوگىكا سىنىپى، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى بار) ئېچىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 320 (بۇنىڭ ئىچىدە، قىز ئوقۇغۇچى 93) گە، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 24 كە يەتتى، يېزىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 88.7% ىنى ئىگىلىدى. 1953 – 1955 - يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن ئۇدا ئۈچ يىل بىر سىنىپتىن قازاق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، قازاق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈردى. 1954- يىلى، 70 ئوقۇغۇچى پۈتتۈرگەن بولۇپ، تۈرلەپ ئوقۇشقا چىققانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىپ، كېيىن مائارىپ سېپىدىكى تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندى. 1955- يىلىدىن باشلاپ، دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى تەسىس قىلىنماي، بىر خىللا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1955- يىلى، قۇمۇل مىللىي تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ) كە ئۆزگەرتىلدى. 1955- يىلى، ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ قوشۇمچە ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، 50 كۇرسانت قوبۇل قىلدى. كۇرس تاماملانغاندىن كېيىن، قۇمۇل ناھىيىسىگە 46 نەپەر، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچى تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپتە قوشۇمچە بىر خەنزۇ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 45 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 28 قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى؛ 1958- يىلى، 31 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە، قىز ئوقۇغۇچى 17. 1959- يىلى، يەنە تولۇق باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 23 ى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، 1960- يىلى مەكتەپ پۈتتۈردى. بۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشمەسلىكتىن ئىبارەت بۇ بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

2. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

1960- يىل 5- ئايدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، 7- ئايدا قۇرۇلدى، مەكتەپنىڭ ئورنى ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى 5- باشلانغۇچ مەكتەپ) تە بولدى. شۇ يىلى بەش سىنىپ تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن ئىككى سىنىپ، 50 ئوقۇغۇچى (خەنزۇ ئوقۇغۇچى 41)، تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن ئۈچ سىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت بىر سىنىپ، 50 ئوقۇغۇچى، خەنزۇ ئىككى سىنىپ، 100 ئوقۇغۇچى بولۇپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردىن تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. 1962- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى توختىتىلدى. 1965- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قايتىدىن قۇرۇلدى، 9- ئايدا، شۇ يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 82 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 40 بولۇپ، ئىككى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى تەسىس قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە ھەر قايسى سەپلەردىكى كادىر يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شۇ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن يەنە 82 سى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 40) قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار چىگداۋدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن تەقسىم قىلىندى. 1966- يىلى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توختىتىلدى، كېيىن بىر مەزگىل قۇمۇل 3- ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1972- يىلى، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇ يىلى كۈزدە، شۇ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 173 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 53، ئادەتتىكى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدىن تۆتى تەسىس قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى؛ ئۇلار 1974- يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەممىسى ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى

ناھىيىلەرگە ئوقۇتقۇچىلىقتا تەقسىم قىلىندى. 1973- يىلى، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ قىسمى ئايرىپ چىقىلىپ 3- ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ قۇرۇلدى. 1974- يىلى، 319 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 124؛ ئۇنىڭدىن باشقا بىر تەنتەربىيە كەسپىي سىنىپى ئېچىلىپ، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى، شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىدىن 35 ى قوبۇل قىلىندى. ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1973- يىلى، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 192 نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 72، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە 21 ى قازاق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارنى باركۆل ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بەردى. 1974- يىلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 319 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 124 بولۇپ، قازاق ئوقۇغۇچى 41؛ يەنە تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 35 قوبۇل قىلىندى. 1975- يىلى، 411 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 145 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، قازاق ئوقۇغۇچى 26. 1981- يىلى، قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنغا ئۆستۈرۈلدى، ئۇنىڭغا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان، تولۇقسىز مەكتەپلەر قاتارىدا باشقۇرۇلىدىغان بولدى. 1990- يىلى، مەكتەپ بويىچە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 203 (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 99) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دوتسېنت 10، لېكتور سەككىز. 1965 – 1990 - يىلىغىچە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن 3711 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 1562) تەربىيىلەندى.

3. ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرى، ناھىيە، شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى

1) باركۆل ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1977- يىل 6- ئايدا قۇرۇلدى، ئۆز ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلىگەندىن سىرت، ۋىلايەتتىكى باشقا شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قازاق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. 1977 – 1980 - يىلىغىچە، ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىسىدىن 374 (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 225) نى قوبۇل قىلدى، ۋىلايەت تەربىيىلەپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان 53 قازاق ئوقۇغۇچىنىمۇ قوبۇل قىلدى. 1981- يىلغا قەدەر، 372 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 224. بۇ مەكتەپ 1981- يىلى توختىتىلدى. 1983- يىلى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

2) ناھىيىلىك شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى 1978 – 1983 - يىلىغىچە، ۋىلايەتتە ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى كەينى- كەينىدىن قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپلەر كۇرس ئېچىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلدى.

4. مائارىپ ئىنستىتۇتى

1978- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇلدى، بىر يۈرۈش بەنزە سەپلىنىپ، ئىككى خىل ۋەزىپىسى بولمۇش ئىككى ئورۇن، ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىلىپ، بىرلىكتە ئىش بېجىرىلىپ، ئوقۇتۇشقا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىندى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1984- يىلى، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى چوڭلار مەخسۇس كۇرسى ئالىي مەكتىپى قىلىندى. ئىنستىتۇت ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى

ئۈستىگە ئالدى. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 61 (مىللىي 25) بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەسىپلەرنى تەسىس قىلدى، ھەر خىل ئوقۇش تارىخى مائارىپىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىمۇ ئاچتى. 1990- يىلغىچە، ئىككى يىللىق تولۇقسىز ئوقۇش تارىخى سىنىپىدا 1001 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 571) تەربىيىلەندى. ئوقۇش مۇددىتى بىر يىللىق ياكى يېرىم يىللىق قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا 1388 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 487) تەربىيىلەندى. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئېلىپ كونۇلتاتسىيە كۇرسىدا 446 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 346) تەربىيىلەندى. دېمەك، 2835 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 1404) تەربىيىلەندى. مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇمۇل ۋىلايىتى ئۈچۈنلا ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ قالماستىن، بەلكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە قۇمۇل تۆمۈريول، بىڭتۇەن سىستېمىسى ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلەپ بەردى.

## §2. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ

1958- يىل 9- ئايدىن بۇرۇن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن باشقا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر يوق ئىدى. 1958- يىلدىن 1980- يىل 9- ئايغىچە، ۋىلايەتتە ئالتە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ قۇرۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە تۆت ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ، ئۈچ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

### 1. سانائەت ئوتتۇرا تېخنىكومى

1) قۇمۇل پولات- تۆمۈر مەكتىپى 1958- يىلى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنى قۇرۇشقا كىرىشىش بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونلۇق مېتاللورگىيە سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشىدا، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىگىدارچىلىقىدا پۈتۈن كۈنلۈك تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي (پولات- تۆمۈر) تېخنىكا مەكتىپى شۇ يىلى 10- ئايدا قۇرۇلدى. پولات- تۆمۈر مەكتىپىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىغا كېرەكلىك بولغان ھەر خىل ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش بولدى. پولات تاۋلاش، چويۇن ئېرىتىش قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنىپ، 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مېتاللورگىيە سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى شاگىخەيدىن قوبۇل قىلغان 200 ئوقۇغۇچى بار، يەرلىكتىن 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئىككى قېتىملىق تەرتىپكە سېلىشتىن كېيىن، 20 ئوقۇغۇچى تاللىنىپ، «1- ئاۋغۇست پولات- تۆمۈر زاۋۇتى» لابوراتورىيىسىدە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى، قالغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىككى كەسپىي سىنىپ ئېچىلدى، چويۇن ئېرىتىش سىنىپىدا 32 ئوقۇغۇچى، پولات تاۋلاش سىنىپىدا 22 ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە 34 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش كەسپىي سىنىپىدا ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلۇپ، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىغا كارخانا باشقۇرۇش كادىرلىرى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

1960- يىل 8- ئايدا، پولات- تۆمۈر مەكتىپى توختىتىلدى. ئوقۇغۇچىلار «1- ئاۋغۇست پولات- تۆمۈر زاۋۇتى» دا تۆت ئاي ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ھەر قايسى سېخلىرىغا خىزمەتكە

تەقسىم قىلىنىپ، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى.

2) قۇمۇل يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى    بۇ مەكتەپ 1976- يىل 7- ئاينىڭ 23- كۈنى قۇرۇلدى، ئۇ، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى.

مەكتەپ قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، پەقەت ئەسلىدىكى «7- ماي» كادىرلار مەكتىپىنىڭ نەچچە ئېغىز كونا ئۆيى بىلەن بىر مىللىي، بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلا بار ئىدى. 1976- يىلى، مەكتەپ بويىچە سەككىز ئىشچى- خىزمەتچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئىككى. 1990- يىلغا كەلگەندە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 277 (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 29) گە، ئالىي لېكتور تۆت (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي بىر) گە، لېكتور 10 (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئۈچ) غا، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 10 غا، ئوقۇتقۇچى توققۇزغا يەتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنسا، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىنسا، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا يەنە بىر يىل تەييارلىق ۋاقتى (خەنزۇچە ئۆگىنىش) قوشۇلدى. مەكتەپ قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرىگە يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. 1985- يىلدىن باشلاپ، يەنە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە ئېلېكترلەشتۈرۈش، يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلدى.

1976- يىل 12- ئايدا، مەكتەپ 37 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 17، بىر مىللىي ۋە بىر خەنزۇ سىنىپ ئېچىلدى. 1978- يىلى، 199 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 104، مىللىيلار ئۈچۈن ئىككى سىنىپ، خەنزۇلار ئۈچۈن ئۈچ سىنىپ ئېچىلدى. 1976 – 1990 - يىلىغىچە، 22 سىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي سىنىپ سەككىز)، 1132 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 415) قوبۇل قىلىندى.

## 2. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكومى

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېرىم ئوقۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىش ئوتتۇرا مەكتىپى    1964- يىلى كۈزدە، قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپتە قوشۇمچە يېرىم ئوقۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىدىغان بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلدى، پالۋانتۇر گۇڭشې 2- قورۇلۇش ئەترىتىنىڭ خىش خۇمدانىدا يېرىم ئوقۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىدىغان تولۇقسىز ئىككى سىنىپ ئېچىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1965- يىلى، قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپتە قوشۇمچە ئېچىلغان يېرىم ئوقۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىش سىنىپى ئاساسىدا 9- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى ئىككى تولۇقسىز سىنىپ ئېچىلىپ، 90 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، مەكتەپنىڭ ئورنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۆتكىلىپ، 200 مو يەر ئېچىلدى. تىل- ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسەت ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈش ئىلمى، تۇپراق ئىلمى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن ساۋات قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. بۇ مەكتەپ 1969- يىل 9- ئايدا قۇمۇل 4- ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

2) قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى    بۇ مەكتەپ 1959- يىل 10- ئايدا قۇرۇلدى، كۆلىمى تەخمىنەن 1000 مو ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ بىر قىسىم ئۆيلىرى ۋاقىتلىق ئارىيەتكە ئېلىنىپ، ئىككى قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلدى.

مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 20 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى، ئوقۇش مۇددىتى خەنزۇلارنىڭ تۆت يىل، مىللىيلارنىڭ بەش

يىل بولدى. 1960 – 1964 - يىلىغىچە، يەتتە سىنىپ (مىللىيلار ئۈچ سىنىپ) ئېچىلدى، 310 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئەينى ۋاقىت دەل ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلى بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار كۆپلەپ ئازىيىپ، 1962- يىل 6- ئايغا قەدەر، 80 ئوقۇغۇچىلا قالدى.

يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك خادىملىرىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلدى. 1960- يىل 3- ئايدا، گۇڭشېلار 50 دېھقان ياشنى تاللاپ، بىر يېرىم يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى، ئۇلاردىن 32 ئوقۇغۇچى پۈتتۈردى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، 150 ئادەم قاتناشقان، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئۈچ ئايلىق كومبايىن شوپۇرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى، كۈزدە، 70 ئادەم قاتناشقان يېرىم يىللىق مىللىي، خەنزۇ تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 1961- يىلى ئەتىيازدا، 80 ئادەم قاتناشقان بىر يىللىق مىللىي، خەنزۇ تراكتور شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 1962- يىل 6- ئايدا، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى تاقالدى. 1978- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئوقۇتۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.1990- يىلى، مەكتەپ بويىچە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 103 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى 53، ئالىي لېكتور ئالتە (مىللىي بىر). 1980 – 1990 - يىلىغىچە، 1272 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1982 – 1990 - يىلىغىچە، 870 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 402 گە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاگرونومىيە ۋە مال دوختۇرلۇق كەسپلىرى تەسىس قىلىندى، كېيىن يەنە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى كەسپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1988- يىلدىن كېيىن باغۋەنچىلىك كەسپىمۇ تەسىس قىلىندى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىنسا، ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىنسا، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى. مەكتەپتە 14 تەجرىبىخانا بولۇپ، ھەر قايسى كەسپلەردىكى ئاساسلىق دەرسلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى مەكتەپ ئىچىدىلا تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىندى، تەجرىبە دەرسىنىڭ ئۆتۈلۈش نىسبىتى 43% بولدى. كۆلىمى 120 مو كېلىدىغان بىر تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1985- يىلى، كۆلىمى 180 مو كېلىدىغان يەنە بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بىنا قىلىنىپ، بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى.

3. سەھىيە ئوتتۇرا تېخنىكومى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپى 1959- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قاراشلىق سەھىيە مەكتىپى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1960- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، دەرس باشلاندى. 1961- يىل 6- ئاينىڭ 8- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى مەكتەپ تاقىۋېتىلدى. 1973- يىل 9- ئايدا، بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، يەنىلا قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، مەكتەپ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى سەھىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1976- يىل 12- ئايدا، مەكتەپ دوختۇرخانىدىن ئايرىۋېتىلىپ، مۇستەقىل مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلدى، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپى دەپ بېكىتىلدى. 1986- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپىدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى قۇرۇلۇپ، بىر يۈرۈش ئاپپارات، ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىسى بولۇشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. 1986- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى.

1960- يىلىنىڭ دەسلىپىدە، بىر خەنزۇ (فېلدشېر) سىنىپ ئېچىلىپ، 36 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى. 1961- يىلى، بىر مىللىي سىنىپ (فېلدشېر) ئېچىلىپ، 46 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل بولدى. 1973- يىلى، 313 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ كەسپىي سىنىپ ئېچىلدى.

1963 – 1990 - يىللىرىچە، 1116 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 349) قوبۇل قىلىنىپ، 1047 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 296) مەكتەپ پۈتتۈردى، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل ۋە ئۈچ يىل بولدى.

1983- يىلى، خىزمەتتىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا 20 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. 1977 – 1990 - يىللىرىچە، 10 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، ئالتە كەسىپ بويىچە 54 ئادەم تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي %26.6 نى ئىگىلىدى. 1983 – 1987 - يىللىرىچە، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىدىن 188 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 20 ؛ مەكتەپ پۈتتۈرگىنى 60 ، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئوقۇغۇچى تۆت.

سەھىيە مەكتىپىدە فىلدشېرلىق، سېسترالىق، ئاممىۋى سەھىيە، دورىگەرلىك، ئانا- بالىلار، جۇڭگو تېبابىتى فىلدشېرلىقى، تەكشۈرۈش، ئاكۇشېرلىق ۋە يەرلىك كېسەللىكلەر، دوختۇرخانا باشقۇرۇش قاتارلىق 10 كەسىپ تەسىس قىلىندى. ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا پراكتىكا قىلدى.

1990- يىلى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 65 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 20) كە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 29 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 18) غا يەتتى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالىي لېكتور ئىككى، لېكتور توققۇز، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 15. مەكتەپتە بىئوخىمىيە، ئاناتومىيە، مىكروئورگانىزم، فىزىئولوگىيە، دورا، خىمىيە قاتارلىق يەتتە تەجرىبىخانا تەسىس قىلىندى.

4. مالىيە- سودا ئوتتۇرا تېخنىكومى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك مالىيە- سودا مەكتىپى بۇ مەكتەپ 1980- يىل 7- ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشىدا بولدى، ئاساسلىق ۋەزىپىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتتىكى مالىيە بوغالتىر خادىملىرىنى تەربىيىلەش ھەمدە دۆلەت پىلانى ئارقىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، مالىيە بوغالتىرلىق كەسپىنى ئۆگىتىپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى بېرىش بولدى. 1982- يىلى بۇ مەكتەپ، ۋىلايەت بويىچە خىزمەتتىكى مالىيە، باج ۋە باشقا كەسىپلەردىكى مالىيە بوغالتىر كادىرلىرىنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىدى. 1985- يىلىدىن باشلاپ، كۆپ خىل شەكىللىك مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چوڭلار مالىيە بوغالتىرلىق ئوتتۇرا تېخنىكومى ۋە جۇڭخۇا سىرتتىن ئوقۇتۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىسادىي پەنلەر ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە- ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش كونسۇلتاتسىيە سىنىپلىرىنى ئاچتى. مالىيە مىنىستىرلىكى 1987- يىلى بەلگىلىگەن مالىيە بوغالتىرلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىنىڭ ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بەلگىلىگەن ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى بويىچە دەرس تەسىس قىلدى. 1990- يىلى، ئوقۇتقۇچى 15 (بۇنىڭ ئىچىدە، دوتسېنت بىر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغىنى تۆت، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغىنى يەتتە ، باشقىلار ئۈچ) كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 300 نەچچىگە يەتتى، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش خاراكتېرىدىكى ئۈچ ئايلىق، يېرىم يىللىق، بىر يىللىق، قىسقا مۇددەتلىك كۇرستىن ئىبارەت ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى. 10 قانچە يىلدىن بۇيان، 1500 دىن ئارتۇق مالىيە بوغالتىر خادىمى ۋە مالىيە، باج كادىرى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا تېخنىكومغا 125 ، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومغا 430 ، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا 55 ، جۇڭخۇا بوغالتىرلىق سىرتتىن ئوقۇش ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا 192 ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگەن 200 دىن ئارتۇق كىشى قوبۇل قىلىندى، ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

5. تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 1975- يىلى 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەنىدى، 1979- يىلى 4- ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ ۋىلايەتلىك ئەمگەك- كادىرلار باشقارمىسىغا قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى.

ئوقۇش مۇددىتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىككى يىل بولدى، خىمىيە سانائىتى، سىلىكات تۈزلىرى، ئاشپەزلىك، ئاپتوموبىل شوپۇرلۇقى، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، ئىستانوك، سېلىسارلىق، مانتيورلۇق، ئېلېكترون، سانائەت ئانالىزى، بىناكارلىق، كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى.

1975- يىلى 9- ئايدىن 1990- يىلغىچە، 3214 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ھەر خىل كەسىپلەرنى پۈتتۈرگەن تېخنىك ئىشچى 2045 كە يەتتى. پاختا توقۇمىچىلىقى، ئاپتوموبىل شوپۇرلۇقى، سېلىسارلىق، ئاشپەزلىك كەسىپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قۇمۇل يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تايانچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىگە ئايلاندى. 1982- يىلى، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سېلىسارلىق مۇسابىقىسىدە، كوللېكتىپ 2- لىككە ئېرىشتى. 1983- يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاشپەزلىك مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1- لىككە، شەخسلەر بويىچە بىر كىشى 1- لىككە، بىر كىشى 2- لىككە ئېرىشتى. 1983- يىلى، مەكتەپ پۈتتۈرگەن لىۋ كەيجۈن تۆمۈريول مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئاشپەز دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1990- يىلى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 174 (مىللىي 42) كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى 54 (مىللىي 22)، ئالىي لېكتور بىر، لېكتور 10 (مىللىي ئۈچ)، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 10 (مىللىي ئالتە).

بۇ مەكتەپ تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە قۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى قول سېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 160 موغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېترغا يېتىپ، ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە مەكتەپ مۇھىتى تەدرىجىي ياخشىلاندى، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاراۋانلىقىمۇ ياخشىلاندى. 10 نەچچە يىللىق مەكتەپ باشقۇرۇش جەريانىدا، مەكتەپ «سانائەت، تېخنىكا، سودا» بىر گەۋدىلەشكەن مەكتەپ باشقۇرۇش يولىدا مېڭىپ، ئۈچ بازا (ئوقۇتۇش- پراكتىكا بازىسى، ئىشلەپچىقىرىش- تىجارەت بازىسى ۋە تۇرمۇش مۇلازىمەت بازىسى) قاتارلىق بىر يۈرۈش ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى.

2) قۇمۇل كۆمۈر كان تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 1979- يىلى 4- ئايدا، تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىدا قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپ كۆمۈر سانائىتى نازارىتى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان ناھىيە- باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن بولدى.

مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 10 ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى بولۇپ، 1990- يىلى ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچى 103 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 48. مەكتەپ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلسا، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلسا، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى. ماشىنا بىلەن قېزىش، مانتيورلۇق، پارقازان، سېلىسارلىق، ئۆلچەش، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل، توك گورجىكى، گېئولوگىيە، ئاشپەزلىك، ماشىنا رېمونتچىلىقى، پارتلىتىش، بىناكارلىق (ياغاچچىلىق)، مىخلاپ كەپشەرلەش، پرىبور رېمونتچىلىقى، يادرو، ئەۋرىشكە، قىرىش، توك تارقىتىش، سۇ- پار يەتكۈزۈش، تۆمۈريول قاتارلىق 20 نەچچە كەسىپ بولۇپ، پراكتىكا زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تەل ھەم تولۇق.

1979 – 1990- يىلغىچە، 2252 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 1716 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى. 1990- يىلى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 576 (ئىشچى- خىزمەتچىلەر سىنىپىدىكى 40 ئوقۇغۇچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خىزمەتتىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر تېخنىكا تولۇقلاش سىنىپىدىن 10 نى ئېچىلىپ، 258 ئادەم تەربىيىلەندى. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇمۇل كان رايونى سىستېمىسىدىكى ئورۇنلارغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

3) ئاپتونوم رايونلۇق پولات- تۆمۈر شىركىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ يامانسۇ شۆبە مەكتىپى. 1980- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پولات- تۆمۈر شىركىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى يامانسۇ كانىدا بىر تېخنىك ئىشچىلار سىنىپى ئاچتى؛ شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ پولات- تۆمۈر شىركىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ يامانسۇ كان شۆبە مەكتىپى قۇرۇلدى. 1990- يىلى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 (ئوقۇتقۇچى 18) گە يەتتى.

مەكتەپ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلسا، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلسا، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولىدى. سىلىسارلىق، قېزىش، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، مانتېيورلۇق قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى. 1980 – 1990 - يىلغىچە، 875 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 122) قوبۇل قىلىنىپ، 625 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 58) مەكتەپ پۈتتۈردى. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يامانسۇ كان رايونىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

## §3. كەسپىي تېخنىكا مائارىپى

**1. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى**

1958- يىلى، يېزىلار كوممۇنالاشقاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەر يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن 12 نى قۇرۇپ، 12 سىنىپ ئاچتى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 402 گە يەتتى. 1959- يىلى ئىككى مەكتەپ، ئىككى سىنىپ كۆپەيتىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 490 گە يەتتى. 1960- يىلى تەڭشەش ئارقىلىق، مەكتەپلەر توققۇزغا قىسقارتىلدى. مەكتەپلەردە 497 ئوقۇغۇچى بار بولدى. 1961- يىلى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەردە ئەسلىدە بار بولغان يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى زور دەرىجىدە قىسقارتىلدى. باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى پۈتۈنلەي تاقالدى، قۇمۇل ناھىيىسىدە بەش مەكتەپلا ساقلىنىپ قالدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 150 كە يەتتى. 1962- يىلى يەنە تەڭشەش ئارقىلىق ئۈچ مەكتەپ ساقلاپ قېلىنىپ، مەكتەپتە 90 ئوقۇغۇچى قالدى. 1964- يىلى، ئىككى خىل مائارىپ تۈزۈمى، ئىككى خىل ئەمگەك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا، يېرىم ئوقۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىش مەكتەپلىرى ئازراق تەرەققىي قىلدى، ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەردىكى ئاساسىي بىر قەدەر ياخشى بولغان كوممۇنالاردا بۇرۇنقى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن باشقا، يېڭىدىن كۆپلەپ مەكتەپ ئېچىلدى، مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان دەرسلەر ۋە ئوقۇتۇش پىلانلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۆز يېرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بەزى ئاساسىي دەرسلەر تەسىس قىلىنغاندىن باشقا، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلىملىرى دەرسلىرىنى تەسىس قىلدى. 1964- يىلى كۈزدە، ۋىلايەتتە يېرىم ئوقۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىش ئوتتۇرا مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل

قىلىندى، كېيىنكى يىلمۇ داۋاملىق ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1965- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى 22 گە، سىنىپ 28 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 934 كە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 23 كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى دېھقانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قۇرۇلغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ئۆزىگە يېقىن جايدىلا مەكتەپكە كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلمىدى، مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىمۇ جانلىق، كۆپ خىل بولدى، يېرىم كۈنلۈك تۈزۈم (يېرىم كۈن ئەمگەك قىلىپ، يېرىم كۈن ئوقۇش)، «قوش ئالتىلىك تۈزۈم» (ئالتە ئاي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئالتە ئاي ئەترەتكە قايتىپ ئەمگەك قىلىش)، «سەككىز- تۆتلۈك تۈزۈم» (سەككىز ئاي ئوقۇپ، تۆت ئاي ئەمگەك قىلىش) يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىش بىلەن بىرگە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ھەر ئىككىسىگە تەسىر يەتكۈزۈلمىدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن كەڭ يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تايانچىلىرىدىن، بەزىلىرى بولسا رايون- يېزىلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1964- يىلى كۈزدە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پالۋانتۇر گۇڭشېسىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئىككى تولۇقسىز سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ 1965- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈلۈپ، داۋاملىق ئىككى تولۇقسىز سىنىپ، بىر تولۇق ئوتتۇرا سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن تارتىپ 1969- يىلغىچە، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە يېرىم ئوقۇپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىش مەكتەپلىرى تاقىلىپ قالدى.

1975- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسىدە تۇنجى بولۇپ «7- ماي» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ، 70 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 35. بۇ ئوقۇغۇچىلار 1977- يىل 12- ئايدا مەكتەپ پۈتتۈردى. 1981- يىلىنىڭ ئاخىرى، بۇ مەكتەپ قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

2. «21- ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى

1976- يىل 3- ئاينىڭ 26- كۈنى، ۋىلايەتلىك پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىدا «21- ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ، 75 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن ئىشچىلار ئىدى. مەكتەپتە پاراۋۇز ئىشلىرى، پوچتا، يۈكلىمە دولقۇن، ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش سانائىتى، ئاپتوماتىك تېلېفون ئاپپاراتى قاتارلىق بەش كەسىپ تەسىس قىلىندى، تەجرىبىلىك تېخنىكا خادىملىرى دەرس ئۆتتى.

1976- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 22 «21- ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 170 كە يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشتىن يېرىم ئايرىلىپ ئوقۇيدىغانلار 116 گە، ئىشتىن سىرتقى ئوقۇيدىغانلار 315 كە يەتتى؛ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 52 (بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى 29) گە، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 270 (بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشچى، دېھقان ئوقۇتقۇچى 144) كە يەتتى. 1977- يىلى، «21- ئىيۇل» ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشتىن يېرىم ئايرىلىپ ۋە ئىشتىن سىرت ئوقۇيدىغانلاردىن 60 ى قالدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەكتەپ ئېچىشنىڭ ئاساسىي شارائىتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپلا، ھە- ھۇ بىلەن قۇرۇلۇپ قالغانلىقتىن، كېيىن ساقلىنىپ قالالمىدى.

3. كەسپىي مەكتەپلەر

1) تەرەققىيات ئەھۋالى 1978- يىلى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى ناھىيىگە قاراشلىق چەت، يىراق تاغلىق گۇڭشېلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1981- يىلىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل ناھىيىسى 1975- يىل 12- ئايدا ئاچقان «7- ماي» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇمۇل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتتى، شۇ يىلى 8- ئايدا

50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى، ئوقۇغۇچىلار 1982- يىلى مەكتەپ پۈتتۈردى، يەنە بىر ئۈيغۇر سىنىپى بىلەن بىر خەنزۇ سىنىپى ئېچىلىپ، ھەر بىر سىنىپقا 50 تىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى.

1983- يىلىدىن كېيىن، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك ۋە كەسپىي سىنىپلارنى ئېچىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ياكى زاۋۇت، كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ ئېچىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى تەدرىجىي ئۆستۈرۈلدى. 1983- يىلى، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈچ كەسپىي سىنىپ (ئاپتوموبىل شوپۇرلۇقى سىنىپى، رېمونتچىلىق، ئېلېكتر تېرمومېخانىزمى ۋە تاۋلاش قاتارلىقلار) ئاچتى، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئىشچى بولدى. شۇ يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچتى، باركۆل ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلدى، باركۆل ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆيىۋ، شىرىنزى، نەنيۈەنزى قاتارلىق ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپمۇ يېزا ئىگىلىك كەسپىي سىنىپلىرىنى ئاچتى. ئۇلار ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تەسىس قىلغان كەسىپلەر بويىچە، دەسلەپكى قەدەمدىكى ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزلىرى دەرسلىك تەييارلاپ ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېزىدىن كەلگەنلىرى يەنىلا ئۆز يېزىسىغا قايتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، شەھەردىن كەلگەنلىرى ئۆزلىرى ئىش تاپتى.

1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بىر كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ، يەتتە سىنىپ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 328 ئىدى. 1985- يىل مەكتەپ ئۈچكە، سىنىپ 27 گە، 987 ئوقۇغۇچىغا يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەتتە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر) كە، كەسپىي سىنىپ 43 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1295 كە يەتتى. 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترون، فىلدشېرلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، بىناكارلىق، زىرائەت ئۆستۈرۈش، مال دوختۇرلۇق، تىككۈچىلىك، مالىيە بوغالتىرلىق، سودا، ئاشپەزلىك، كاتىباتلىق، كىيىم- كېچەك لايىھىلەش، تېرىقچىلىق، پۇل مۇئامىلە، قۇيمىچىلىق، ئاپتوموبىل شوپۇرلۇقى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق 19 كەسىپ بويىچە ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2131 گە يەتتى.

1985 – 1990 - يىلىغىچە، مائارىپ ئورۇنلىرى ئاچقان كەسپىي سىنىپلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى شەھەر، بازارلاردا 71%، يېزىلاردا 95% بولدى؛ شەھەر، بازارلاردا مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن باشقا كەسپىي، كارخانا ئورۇنلا بىرلىشىپ ئاچقان كەسپىي سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 90% بولدى. مائارىپ باشقارمىسى بىلەن ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى بىرلىشىپ ئاچقان شوپۇرلۇق كەسپىدە 35 ئادەم، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان قۇيمىچىلىق كەسپىدە 37 ئادەم، ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان مانتيورلۇق كەسپىدە 40 ئادەم؛ شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى بىرلىشىپ ئاچقان پۇل مۇئامىلە كەسپىدە 55 ئادەم، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مالىيە، باج سىستېمىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان مالىيە بوغالتىرلىق كەسپىدە 56 ئادەم، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان خىمىيە سانائىتى كەسپىدە 45 ئادەم تەربىيىلەندى.

2) ئاساسلىق كەسپىي مەكتەپلەر

(1) قۇمۇل شەھەرلىك 1- يېزا ئىگىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى 1983- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل ناھىيىلىك پالۋانتۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىككى يېزا ئىگىلىك كەسپىي سىنىپى ئېچىلدى، 1985- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك 1- يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى، 1988- يىلى يەنە قۇمۇل شەھەرلىك پالۋانتۇر 1-

يېزا ئىگىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپتە توققۇز سىنىپ ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچى 474 كە يەتتى. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 327 گە يېتىپ، ئۇلارنىڭ 95% تىن كۆپرەكى يېزىلارغا قايتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاز بولمىغان بىر قىسمى يېزىلارنىڭ تېخنىكا خادىملىرىغا ۋە يېزا، كەنتلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىغا ئايلاندى. مەكتەپنىڭ ئىككى جايدا دېھقانچىلىق مەيدانى، باقمىچىلىق مەيدانى، ئىككى جايدا پراكتىكا بازىسى، 17 كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، مال دوختۇرلۇق، باقمىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى.

**(2) قومۇل شەھەرلىك 2- يېزا ئىگىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى** 1981- يىلى، ئەسلىدىكى پالۋانتۇر «7- ماي» ئۇنىۋېرسىتېتىدا قومۇل ناھىيىلىك پالۋانتۇر يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇلدى، شۇ يىلى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر سىنىپ، كېيىنكى يىلى يەنە بىر مىللىي، بىر خەنزۇ سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى يىللىق قىلىپ بېكىتىلدى. 1983- يىلى، خەنزۇ سىنىپ 1- يېزا ئىگىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئىككى مىللىي سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، مەكتەپنىڭ نامى قومۇل ناھىيىلىك پالۋانتۇر يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلدى، 1988- يىلى يەنە قومۇل شەھەرلىك 2- يېزا ئىگىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى. مەكتەپنىڭ تۆت جايدا پراكتىكا بازىسى، 10 كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، مال دوختۇرلۇق، زىرائەت ئۆستۈرۈش، باغۋەنچىلىك، تىككۈچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى. دەرسلەر ئاساسىي دەرسلەر ۋە كەسپىي دەرسلەر دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كەسپىي دەرسلەر دەرس ئۆتۈش ۋاقتىنىڭ 60% ىنى ئىگىلىدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكى يېزىلارغا قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

**(3) قومۇل شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ** ئۇ، ئەسلىدىكى قومۇل شەھەرلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپتە 1983- يىلى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلدى. 1988- يىلى مەكتەپنىڭ نامى قومۇل شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى ئوقۇتۇش ياخشى باشقۇرۇلغان ئالتە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. كىيىم- كېچەك، ئېلېكتر سايمانلىرى، مالىيە بوغالتىرلىق، سودا، ئاشپەزلىك، كاتىباتلىق، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى، 17 ئوقۇتقۇچى ئالىي ئۇنۋان ئالدى.

# V باب

# چوڭلار مائارىپى

1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) ۋە تارماقلار (ياكى ئورۇنلار) دا چوڭلار مائارىپى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، 254 مەخسۇس (قوشۇمچە) كادىر سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 148 ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى كادىرى، 56 يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرى مائارىپى مەخسۇس كادىرى بار. تەربىيىلىنىشكە قاتناشقان ئىشچى-

خىزمەتچى 21 مىڭ 456 بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 39.3% ىنى ئىگىلىدى، دېھقان، چارۋىچىلاردىن ئۆگىنىشكە قاتناشقىنى 18 مىڭ بولۇپ، ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 22.7% ىنى ئىگىلىدى.

## §1. ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت مائارىپى

### 1. ئىشتىن سىرتقى مائارىپ

1950- يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ۋىلايەتتە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ خەت تونۇشنى ئاساس قىلغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت مائارىپى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1951- يىلى، دائىملىق خەلق مەكتىپى ئېچىلدى، پەقەت قومۇل يېڭى بازار رايونىدىلا 1200 دىن ئارتۇق كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1957- يىلى، ئىشتىن سىرتقى ئىشچى- خىزمەتچىلەر باشلانغۇچ مەكتىپى ئېچىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 416 گە، شەھەر ئاھالىسى 387 گە؛ ئىشتىن سىرتقى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 386 گە يەتتى. 1958- يىلى، ۋىلايەت بويىچە قىزىللىشىش، مۇتەخەسسىسلىشىش مەكتىپىدىن 123 ى قۇرۇلۇپ، 3415 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1960- يىلى، ۋىلايەتتە ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىشتىن سىرتقى ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئومۇمىي ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ 80% ىدىن ئېشىپ، ۋىلايەت بويىچە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ سىستېمىسى ئاساسەن شەكىللەندى.

1962- يىلى، خەلق ئىگىلىكىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، كارخانىلار تەڭشىلىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قىسقارتىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلىكتىن، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش قىيىن بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى چېكىنىشكە يۈزلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1976- يىلى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 1980- يىلى، ۋىلايەتتە ئىشچى- دېھقانلار مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سەككىز زاۋۇتتىكى 2321 ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلار 22.5% نى، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 22.7% نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 36.3% نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 16.6% نى، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 1.9% نى ئىگىلىدى.

1981- يىل 1- ئايدا، قومۇل شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ئىشخانىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش ۋە تېخنىكا (كەسپىي) دەرسلىرىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تۆت ئېنگلىز تىلى سىنىپى ۋە بىر تولۇق ئوتتۇرا ماتېماتىكا سىنىپى، ئىككى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىل- ئەدەبىيات سىنىپى ئاچتى، 400 دىن ئارتۇق كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى؛ باركۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى دېھقان- چارۋىچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 170 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى؛ ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى بىر قارار خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلغان ئۆگىنىش كۇرسىنى ئېچىپ، سانائەت، سودا ۋە باج كەسپىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپ تەسىس قىلىپ، 30 نەچچە يېڭى ئىشچى- خىزمەتچىنى تەربىيىلىدى.

### 2. «ئىككىنى تولۇقلاش» مائارىپى

1981- يىل 2- ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى توغرىسىدىكى

قارار» ىغا ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە ياش، ئوتتۇرا ياش ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا «ئىككىنى تولۇقلاش» (مەدەنىيەت، تېخنىكا دەرسلىرىنى تولۇقلاش) تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىكا سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى. ۋىلايەت بويىچە 7403 كىشىگە تولۇقسىز مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش، 1182 كىشىگە تېخنىكا دەرسلىرىنى تولۇقلاش زۆرۈر ئىدى. ناھىيىلەر، شەھەر ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تەشكىللىك، پىلانلىق ئىشتىن ئايرىلىش، ئىشتىن يېرىم ئايرىلىش، ئىشتىن سىرت مەدەنىيەت، تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، «ئىككىنى تولۇقلاش» تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. 1982-يىل 6-ئايدا، ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىندى، ئىمتىھانغا 7400 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، لاياقەتلىك نىسبىتى 2.9% (215 كىشى) بولدى. 1982-يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىككى قېتىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش بىر تۇتاش ئىمتىھانى ئېلىنىپ، ئۈچ دەرستە 1410 كىشى لاياقەتلىك بولۇپ، دەرس تولۇقلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ 19% ىنى ئىگىلىدى؛ تېخنىكا دەرسلىرىنى تولۇقلاشقا 1002 كىشى قاتناشقان بولۇپ، دەرس تولۇقلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ 89% ىنى ئىگىلىدى.

1983-يىلى، «ئىككىنى تولۇقلاش» خىزمىتىنىڭ كەڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئاكتىپچانلىقى قوزغىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى جانلىق ۋە كۆپ خىل بولدى، «ئىككىنى تولۇقلاش» مەخسۇس كادىرىدىن 27 سى، كەسپىي ئوقۇتقۇچىدىن 38 ى سەپلەندى. «ئىككىنى تولۇقلاش» قا 8340 ئىشچى-خىزمەتچى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاشقا 6652 كىشى (ۋىلايەت بويىچە تولۇقلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ 90% ىنى ئىگىلىدى)، تېخنىكا دەرسلىرىنى تولۇقلاشقا 687 كىشى (تولۇقلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ 58% ىنى ئىگىلىدى) قاتناشتى. ۋىلايەت 3-قېتىملىق بىر تۇتاش ئىمتىھاننى تەشكىللىدى، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاشقا قاتناشقانلار 6763 كىشى بولۇپ، 3017 كىشى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك نىسبىتى ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ 44.6% ىنى ئىگىلىدى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە 3559 كىشى مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولدى، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش ۋەزىپىسىنىڭ 46% ى ئورۇندالدى؛ 683 ياش ئىشچى تېخنىكا ئىش مەلىكىلىك ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ 445 كىشى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك نىسبىتى 65% بولدى. 1984-يىلى، ۋىلايەت بويىچە 11 مىڭ 131 ئىشچى-خىزمەتچى ھەر خىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت، تېخنىكا ۋە كەسپىي ئۆگىنىشلەرگە قاتناشقان بولۇپ، كۇرسقا قاتنىشىش نىسبىتى 31% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشتىن ئايرىلىپ ئۆگەنگەنلەر 6092 بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر 17.8% ىنى ئىگىلىدى. 1985-يىل 10-ئايدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاپ لاياقەتلىك بولغانلار 6292 بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 82% كە يېتىپ، مەركەز بەلگىلىگەن 60% تىن 80% كىچە بولۇش ئۆلچىمىدىن ئاشتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ «ئىككىنى تولۇقلاش» مائارىپى ئاخىرلاشتى. 1986-يىلى، يېڭى ئىشچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، «ئىككىنى تولۇقلاش» خىزمىتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى، تولۇقلاشقا تېگىشلىكى 1254 كىشى، لاياقەتلىك بولغىنى 836 كىشى بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 66.6% بولدى؛ تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر 8201 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، كۇرسنى تاماملىغانلار 7465 (ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك يەتتە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك 768، تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىك 6312، باشقىلار 378) كە يەتتى.

### 3. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدەنىيەت-تېخنىكا مائارىپى

1983-يىلى، ۋىلايەتتىكى نۇرغۇن ئورۇنلار ئىشچى-خىزمەتچىلەر تولۇق ئوتتۇرا، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا

دەرىجىلىك تېخنىكا تۈگىتىش كۇرسلىرىنى ئاچتى. 1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاشتا لاياقەتلىك بولغان ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ 50%ى تولۇق ئوتتۇرا، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا كۇرسلىرىدا ئوقۇدى، 20%ى چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىندى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرى، 1730 ئىشچى- خىزمەتچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەربىيىلەش تۈگىتىشكە قاتنىشىپ، 455 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە كۇرسىنى تاماملىدى. 1983 – 1985 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە تولۇق ئوتتۇرا، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا كۇرسلىرىدا ئوقۇغانلار 2889 غا يېتىپ، 958 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە كۇرسنى تاماملىدى.

1984- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى مائارىپى پىلانلىق ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. 1984 – 1987 - يىللىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئىشچى- خىزمەتچى 2564 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 605. 1986- يىلى، 8210 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 243) ئىشچىلار تېخنىكا تەربىيىسىگە قاتناشتى. شۇ يىلى، ۋىلايەتتە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە مەكتىپىدىن ئىككىسى بولۇپ، مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچى 468 گە، مىللىي 168 گە يەتتى؛ ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن ئۈچى بولۇپ، مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچى 448 گە، مىللىي 72 گە يەتتى؛ ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپىدىن 10 نى بولۇپ، مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچى 764 كە، مىللىي 104 كە يەتتى. سىرتقا چىقىپ ئۆزلۈن، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتناشقانلار 74 كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق خادىملار تەربىيىلەندى، تۈگىتىشكە 12 مىڭ 875 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 1146) قاتنىشىپ، 8853 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 520) ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە كۇرس تاماملىدى. يەنە 160 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سەپلەندى.

4. ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش

1987 – 1990 - يىللىغىچە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۈۋەن، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي بىلىملىرى تەربىيىسىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىش ئورنىدا ئېھتىياجلىق بولغان خىزمەت ئىقتىدارى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئىش ئورنى ۋەزىپىسى بويىچە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى. 1987- يىلى، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەدەنىيەت، تېخنىكا (كەسىپ) بويىچە تەربىيىلىنىشكە قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 8531 (ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز مىللىي 749، تەربىيىلەنگەنلەر ئومۇمىي ئىشچى- خىزمەتچى 16% نى ئىگىلىدى، بىر يىلدا 6601 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە كۇرس تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 517، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋە كۇرس تاماملىغانلار ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ 77% ىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە چوڭلار مائارىپىنى باشقۇرۇشقا 187 كادىر سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 127 سى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىنى باشقۇرۇش كادىرى؛ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل چوڭلار (ئىشچى- خىزمەتچىلەر) مەكتىپىدىن 25 ى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، بىر مائارىپ ئىنستىتۇتى، بەش ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى، 11 ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى، يەتتە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپ (سىنىپ)، ئۈچ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملار ئاچقان چوڭلار (ئىشچى- خىزمەتچىلەر) سىنىپى بولۇپ، 341 ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى – خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە، 190 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى، 59 ئوقۇتۇش سىنىپى بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2172 (مىللىي 235) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سىنىپى 18 (تارانچى كىلن ئىشلىرى ئىدارىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مەكتەپتىكى

ئوقۇغۇچى 633 (مىللىي 175 ) كە، ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى 12 (كان ئىشلىرى ئىدارىسى، پارتىيە مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 447 (مىللىي 57) گە يەتتى؛ ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى 29 سىنىپ (مالىيە بوغالتىرلىقىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1092 (مىللىي 23) گە يەتتى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىش ئورنى تېخنىكا (كەسىپ) بويىچە تەربىيىلەشكە قارىتىلدى، بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەدەنىيەت، تېخنىكا كۇرسلىرىدا تەربىيىلەنگەن ئىشچى- خىزمەتچى 21 مىڭ 336 ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىش ئورنى تېخنىكا (كەسىپ) بويىچە تەربىيىلەنگەن ئىشچى- خىزمەتچى 18 مىڭ 455، مەدەنىيەت ئوقۇش تارىخى مائارىپىغا قاتناشقان ئىشچى- خىزمەتچى 2881 بولۇپ، بىر يىلدا 19 مىڭ 424 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە كۇرس تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشچى 17 مىڭ 72، كادىر 2352. ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش بويىچە 1541 كىشى سالاھىيەتكە ئىگە بولدى، 1256 كىشى كۇرس تاماملىدى؛ تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر 7008 بولۇپ، 6720 كىشى كۇرس تاماملىدى؛ 9906 كىشى ماسلىشىشچانلىق بويىچە تەربىيىلەندى؛ ئالىي دەرىجىلىك مائارىپ بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر 1450 بولۇپ، 482 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە كۇرس تاماملىدى؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر 807 بولۇپ، 468 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى ۋە كۇرس تاماملىدى؛ مەدەنىيەت ئاساسى مائارىپى بويىچە تەربىيىلەشتە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بويىچە 509 كىشى تەربىيىلىنىپ، 376 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بويىچە 115 كىشى تەربىيىلىنىپ، 96 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى. ۋىلايەت بويىچە 148 ئىشچى- خىزمەتچى مائارىپ كادىرى بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 182 ؛ ھەر خىل ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى 16، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي مەكتەپ ئىككى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئىككى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ئىككى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى ئىككى.

## §2. دېھقان- چارۋىچىلار مەدەنىيەت مائارىپى

### 1. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسى قارىمقىدىكى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى خەلق سىنىپى ئېچىلدى، 51 شەھەر ئاھالىسى تۈگىنىشكە تەشكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 23 ى ئەر. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان كومپارتىيە ئەزاسى چې تيەنمىن چوڭلار مائارىپىنى تەشەببۇس قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە 15 جايدا 25 سىنىپلىق خەلق مەكتىپى، قىزلار مەكتىپى (ھازىرقى شەھەرلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپ)، بىر ئاياللار تىككۈچىلىك سىنىپى ئاچتى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت قارىمقىدىكى خەلق مەكتىپىدىن بەشى بولۇپ، توققۇز سىنىپى، 189 ئوقۇغۇچىسى، ئۈيۈشما قارىمقىدىكى خەلق مەكتىپىدىن 10 ى بولۇپ، 11 سىنىپ، 254 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. شۇ يىلى، قۇمۇلدا خەلق ئوقۇتۇش سارىيى قۇرۇلدى، باركۆل ناھىيىسىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە سەپەرۋەرلىك قىلىندى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە 250 كىشىنىڭ، باركۆل ناھىيىسىدە 400 كىشىنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. شۇ يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر دۆلەت تىلى كەچ كۇرسى ئېچىلىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سىنىپ

تەسىس قىلىندى. كۇرس ۋاقتى بىر يىلدىن بىر يېرىم يىلغىچە بولدى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر مۇئەللىملەرنىڭ پاشلىرى بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، ۋىلايەت بويىچە قىش پەسىللىك ئوقۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، 1000 كىشىنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى؛ يەنە بىر ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئوقۇشقا 50 كىشى قاتناشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 91 قىش پەسىللىك ئوقۇش سىنىپى ئېچىلدى، 3259 كىشى ئوقۇشقا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەر 2092. 1951- يىل 12- ئايدا، قىش پەسىللىك ئوقۇشقا قاتناشقانلار ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي ئادەمنىڭ 20% ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر 6219، خەنزۇ 4257، خۇيزۇ 498، قازاق 215. شۇ يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى قىش پەسىللىك ئوقۇشتا نەتىجىسى ئەلا بولغانلىقتىن، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن نەمۇنىچى كوللېكتىپ دېگەن لەۋھە بېرىلدى. ۋىلايەت دەرىجىلىك سەككىز نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى، 26 نەمۇنىچى كۇرسانت بارلىققا كەلدى. 1953- يىل 3- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە 186 قىش پەسىللىك ئوقۇش سىنىپى ئېچىلىپ، 9404 كىشى ئوقۇشقا قاتناشتى، 263 كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى؛ پۇقرالار ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 21 ى ئېچىلىپ، 731 كىشى ئوقۇشقا قاتناشتى، 36 كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى؛ تېز ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىلىپ، 220 كىشى ئوقۇشقا قاتناشتى، توققۇز كىشى ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى؛ جەمئىي 211 سىنىپ ئېچىلىپ، 10 مىڭ 355 كىشى ئوقۇشقا قاتناشتى، 308 كىشى ئوقۇتقۇچى بولدى. 1956- يىلى، دېھقان- چارۋىچىلاردىن 7904 ى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوقۇشىغا قاتناشتى، 1460 ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، كۇرسقا قاتناشقانلارنىڭ 18% ىنى ئىگىلىدى.

1958- يىلى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدىلا 9769 ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلار ئوقۇشقا قاتنىشىپ، ئىككى ناھىيىدىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ 51.2% ىنى ئىگىلىدى.

1960- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 91 مىڭ 467 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ساۋاتسىز ۋە چala ساۋاتلار 32 مىڭ 535 ئىدى. شۇ يىلى 1- ئايدىن 8- ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇشقا قاتناشقانلار 78 مىڭ 234 بولۇپ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ 85.5% ىنى ئىگىلىدى. 219 مەخسۇس كادىر، 238 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى، 2506 قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بار بولدى، بىر قەدەر مۇكەممەل ئوقۇتۇش سىستېمىسىدىن 67 سى، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغان 27 ئورۇن بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان- چارۋىچىلار 30 مىڭ 460، بۇنىڭ ئىچىدە، ساۋاتسىز، چala ساۋاتلار 17 مىڭ 999 ، 1- ئايدىن 8- ئايغىچە، 8441 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ، ساۋاتسىز، چala ساۋاتلارنىڭ 46.9% ىنى ئىگىلىدى؛ ئوقۇشقا قاتناشقانلار 23 مىڭ 433 بولۇپ، ئوقۇشقا قاتنىشىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ 73.4% ىنى ئىگىلىدى؛ 142 مەخسۇس كادىر، 53 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى، 747 قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بار بولدى.

1962- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە خاتالىقلارنى قىسقارتىپ تۈزەشكە چۈشۈرۈش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى، يېڭى ساۋاتسىزلار مەيدانغا كېلىپ كۆپەيدى. 1979- يىلىدىن كېيىن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئەسلىگە كېلىشكە ۋە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردا ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. 1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە خىزمەتتىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار 10% نى ئىگىلىدى؛ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان- چارۋىچى 72 مىڭ 879 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ساۋاتسىزلار 31.2% نى ئىگىلىدى. 1980- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 41 ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى ئېچىلىپ، 1581 كىشى ئوقۇدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 821، ھەر

دەرىجىلىك مەخسۇس كادىردىن 21 ى، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىدىن 50 ى سەپلەندى.

1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن 65 مىڭ 459 كىشى بولۇپ، ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار 5310 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 4458 كىشى ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ، شۇ يىلى 1601 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %35.91 بولدى. 1990- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان- چارۋىچى 78 مىڭ 162 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتلىقلار 77 مىڭ 756 بولۇپ، ساۋاتلىقلار نىسبىتى %99.6 گە يېتىپ، 1981- يىلدىكىدىن %24.2 ئۆستى؛ ساۋاتسىز، چالا ساۋاتلار 1981- يىلدىكى 15 مىڭ 161 دىن 1990- يىلى تەدرىجىي 406 گە ئازايدى. 10 يىل جەريانىدا، ۋىلايەت بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە قاتلامۇ قاتلام ھۆددىگە بېرىش چارىسى يولغا قويۇلغانلىقتىن، 8836 كىشى ساۋات چىقاردى، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 1984- يىلدىكى %78.4 تىن ئۆرلەپ 1990- يىلى %97 تىن ئاشتى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) باشلانغۇچ مائارىپىنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئاساسەن ئورۇندىدى.

2. ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ

دېھقان- چارۋىچىلار ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئاچقان مەكتەپكە كىرىپ ئۆگىنىپ، ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. 1951- يىلى، يېزا- كەنتلەردە دائىملىق خەلق مەكتىپى ئېچىلدى. 1953- يىل 3- ئاينىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە دائىملىق خەلق مەكتىپىدە 32 سىنىپ ئېچىلدى، 958 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى، 70 ئوقۇتقۇچى قويۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ئېچىلدى. 1957- يىلى، ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپكە 100 دېھقان- چارۋىچى قوبۇل قىلىندى. 1959- يىلىنىڭ دەسلىپىدە، باركۆلدا ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 27 سىنىپ، 669 كىشىگە يەتتى، قۇمۇل ناھىيىسىدە 1670 كىشى ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

1957- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە 14 ياشتىن يۇقىرى دېھقان- چارۋىچى 68 مىڭ 918 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار 29 مىڭ 901، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىن تۆۋەنلەر %95 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىدى. 1960- يىل 6- ئاينىڭ ئاخىرى، ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە %27.9، باركۆل ناھىيىسىدە %34.2، قۇمۇل ناھىيىسىدە %78.8 بولدى؛ 8- ئايدا ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى، ئاراتۈرۈكتە %39.6، باركۆلدە %56.6، قۇمۇلدا %65.1 بولدى. ۋىلايەت بويىچە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كادىرى 180 گە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 148 گە، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 1624 كە يەتتى. 1962- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە، خەلق ئىگىلىكىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ تەسىرگە ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىدە، چوڭلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى؛ كېيىنكى مەزگىللەردە، يېزىلاردا سىياسىي، مەدەنىيەت كەچ كۇرسلىرى ۋە «7- ماي» مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. 1976- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 887 سىياسىي كەچ كۇرس ئېچىلىپ، 26 مىڭ 610 كىشى ئوقۇدى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. 1981- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە دېھقان- چارۋىچىلار ئىچىدە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 24 مىڭ 65 بولۇپ، ساۋاتلىقلارنىڭ %49.4 ىنى ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 14 مىڭ 383 بولۇپ،

ساۋاتلىقلارنىڭ 7.8% ىنى ئىگىلىدى. 1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە دېھقانلار مەكتىپىدىن سەككىزى ئېچىلدى، 1987- يىلى، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش سىنىپىدا ئوقۇغانلار 2633 كە يەتتى. 1990- يىلى، مەدەنىيەت دەرسلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش سىنىپىدا ئوقۇغانلار 2826 بولۇپ، تىزىمغا ئېلىنغان ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغانلارنىڭ 83.7% ىنى ئىگىلىدى.

1984- يىلدىن بۇيان، ۋىلايەتتە ئىشتىن سىرتقى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىن ئىككىسى ئېچىلىپ، 85 كىشى ئوقۇدى؛ ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدىن تۆتى ئېچىلىپ، 158 كىشى ئوقۇدى، 118 ى ئوقۇش پۈتتۈردى. 1985 – 1990 - يىلىغىچە، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىغا 380 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئالتە كەسىپ تەسىس قىلىندى، 133 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى.

**3. مەدەنىيەت، تېخنىكا مائارىپى**

ۋىلايەت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، دېھقان- چارۋىچىلار مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. 1979- يىلدىن كېيىن، يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىش تەلىپى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1983- يىلى، دېھقان- چارۋىچىلار تېخنىكا مائارىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن گۇڭشې- مەيدانلاردا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، مال دوختۇرلۇقى، توخۇ بېقىش، كىيىم كېسىش قاتارلىق كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتناشقان دېھقان- چارۋىچى 300 دىن ئاشتى. مەسىلەن، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەگرىتاغ، غەربىتاغ، شەھەرئىچى، قارادۆۋە، پالۋانتۇر گۇڭشېلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بويىچە تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئاچتى، ئۆگىنىشكە 230 كىشى قاتناشتى. تەگرىتاغ گۇڭشېسىدا مال قورۇلىرى كۆپ بولسىمۇ، پەقەت بەشلا مال دوختۇرى بولغانلىقتىن، گۇڭشېدىكى مال قورۇلىرىنىڭ كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە داۋالاش ئىشلىرىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. شۇڭا ئۇلار ئىككى مال دوختۇرلۇق سىنىپى ئېچىپ، 82 چارۋىچىلار پەرزەنتىگە ئۇرۇقلاندۇرۇش، تۆل ئېلىش، يۇقۇملۇق كېسەلدىن ۋە پارازىت قۇرت كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق ئاساسىي مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. ئىككى ئاي ئۆگەنگەندىن كېيىن، سىناپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇش تاماملاش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىپ، مال دوختۇرلۇق قوشۇنىنى تولۇقلىدى. 1984- يىلى، قىسقا مۇددەتلىك ئاددىي تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسىدىن 76 سى ئېچىلىپ، 4703 كىشى ئوقۇدى، بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا كۇرسى ئېچىلىپ، 43 كىشى ئوقۇدى؛ بىر ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئېچىلىپ، 50 كىشى ئوقۇدى؛ باشقا تېخنىكا كۇرسلىرىدىن 10 ى ئېچىلىپ، 280 كىشى ئوقۇدى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە دېھقان- چارۋىچىلارتېخنىكا مائارىپى ئۆگىنىش كۇرسىدىن 78 ى ئېچىلىپ، 2974 كىشى قاتناشتى. 1986- يىلى، 1232 كىشى مەدەنىيەت تېخنىكا مائارىپىغا، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدىن 589 كىشى، باركۆل ناھىيىسىدىن 374 كىشى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن 269 كىشى قاتناشتى؛ 158 كىشى ئوتتۇرا تېخنىكومغا كىرىپ ئوقۇدى. 1987- يىلى، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەدەنىيەت، تېخنىكا مائارىپىغا قاتناشقان دېھقان- چارۋىچى 13 مىڭ 404 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، يېزىلاردا قوللىنىلىدىغان ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تېخنىكا تەربىيىسىگە 8712 كىشى قاتناشتى، بۇ ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ 65% ىنى ئىگىلىدى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسىدىن 96 سى ئېچىلىپ، 4195 كىشى تەربىيىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككى يېزا ئىگىلىك رادىئو شۆبە مەكتىپىدە ئۈچ سىنىپ ئېچىلىپ، 54 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، بۇنىڭ

ئىچىدە، مىللىي تۆت. 1989- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 177 قارار ھەر خىل ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا تەربىيلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 11 مىڭ 845 ياش، ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان- چارۋىچى قاتناشتى، بۇ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان- چارۋىچىنىڭ 15.4% نى ئىگىلىدى. 1990- يىلى، يېزىلاردىكى چوڭلار مائارىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا تەربىيلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش بولدى، 18 يېزىدا دېھقان- چارۋىچىلار مەدەنىيەت، تېخنىكا مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، بۇ، يېزا (بازار، مەيدان) لارنىڭ 36.5% نى ئىگىلىدى، ھەر خىل ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيلەش كۇرسىدىن 355 قارار ئېچىلىپ، 17 مىڭ 781 كىشى تەربىيلىنىشكە قاتناشتى، بۇ، ۋىلايەتتىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ 22.7% نى ئىگىلىدى. قوغۇن، تاۋۇز، قىزىلمۇچ، يۇقىرى ھوسۇللۇق پىياز ئۆستۈرۈش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، ئۈزۈمچىلىك، كۆكتاتچىلىق، ئىلمىي ئوغۇتلاش، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلار ئۆگىنىلىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىي يېزىسىدىكى دېھقان جوڭ شيۈلەن ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، كۆكتاتچىلىق يېڭى تېخنىكىسىغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ، يېڭى تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللاندى، 1990- يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باياشات ئائىلىگە ئايلاندى. قۇمۇل شەھىرىدىكى قوغۇن- تاۋۇز تېرىيدىغان رايونلاردىكى دېھقانلار سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قوغۇن تېرىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قوغۇنى 20 كۈن بالدۇر بازارغا سېلىنىپ، كىرىمى 20% ئاشتى. بۆلۈڭتوغراق، بوغاز ۋە قارادۆۋە يېزىلىرىدىكى دېھقانلار ئۈزۈم ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، تەكنىڭ تۇتۇش بولۇش نىسبىتى بۇرۇنقى 65% تىن 90% كە يەتتى. پالۋانتۇر يېزىسىدىكى دېھقانلار ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن بۇغداي بىلەن قوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، 1990- يىلى تونىلىق ئاشلىق ئېتىزلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بەرپا قىلىپ، بۇ يېزىنىڭ ئاشلىق مو بېشى ھوسۇلىنى 350 كىلوگرامدىن 1000 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. مەدەنىيەت، تېخنىكا مائارىپى دېھقانلارنىڭ پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ۋە ئومۇمىي ساپاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. 1988- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 631 كىشى دېھقان- چارۋىچىلار تېخنىكلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

## §3. چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى

### 1. رادىئو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى

رادىئو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپى 1982- يىل 6- ئايدا قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، 9- ئايدا دەرس باشلاندى. 1985- يىل 6- ئايدا، رادىئو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپى، ۋىلايەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ باشقۇرۇلدى.

1982 – 1990 - يىللىغىچە، رادىئو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپىدە يەر يۈزى سۈنئىي ھەمراھ قوبۇل قىلىش بۆلۈمى، كىچىك تىپتىكى كومپيۇتېر تەجرىبىخانىسى، كىچىك تىپتىكى كىتاب ماتېرىياللار بۆلۈمى

قۇرۇلدى، مەكتەپنىڭ 805 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مۇقىم مۈلكى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىممىتى 146 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مەكتەپ بويىچە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 52 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 45. خەنزۇ تىلىدا ئېلېكتر ئەسۋابلىرى، مېخانىزم، ئانئورگانىك خىمىيە سانائىتى، جۇڭگو ئەدەبىياتى، پارتىيە- ھۆكۈمەت ئىشلىرى، كاتىباتلىق، سىياسىي قانۇن، مالىيە- باج، سودا كارخانىلىرى، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش، زاۋۇت- كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەر، مىللىي تىلدا مېخانىزم، ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى، پۇل مۇئامىلە، مالىيە بوغالتىرلىق، ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى، زاۋۇت- كارخانا باشقۇرۇش، پارتىيە- ھۆكۈمەت ئىشلىرى، كاتىباتلىق، خەنزۇچە دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى، ھەر قايسى كەسىپلەردە تەربىيىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 1130 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 405.

1982- يىلىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائارىپ مەركىزىدە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش سىنىپى ئېچىلدى، كېيىن تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى قۇرۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 11 مىللىي ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 212 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى.

2. ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش

1985- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1985- يىل 4- ئاينىڭ 29- كۈنى، قۇمۇلدا ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش باشلاندى. 10- ئايدا، خەنزۇ تىل- ئەدەبىياتى قاتارلىق 15 كەسىپكە بىرىنچى قېتىم تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 996 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ 935، ئۇيغۇر 46، خۇيزۇ يەتتە، قازاق تۆت، مانجۇ تۆت، ئىمتىھانغا ئەمەلىي قاتناشقانلار 1153 ، لاياقەتلىك بولغىنى 344 بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 29.8% بولدى. 1986- يىلى، ئىككىنچى قېتىمدا 1499 كىشى تىزىمغا ئالدۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 95)، ئىمتىھانغا ئەمەلىيەتتە 1492 كىشى قاتناشتى، 782 كىشى لاياقەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 52.4% بولدى. ئۈچىنچى قېتىمدا 1952 كىشى تىزىمغا ئالدۇردى، (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 75)، ئىمتىھانغا ئەمەلىيەتتە 1952 كىشى قاتنىشىپ، 1054 كىشى لاياقەتلىك بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 54% بولدى. 1985 – 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 24 مىڭ 941 ئادەم تىزىمغا ئالدۇردى، ئىمتىھانغا ئەمەلىيەتتە 37 مىڭ 436 ئادەم (قېتىم) قاتنىشىپ، 576 كىشى ئالىي تېخنىكوم دىپلومى ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 47. يەككە پەنلەر بويىچە 17 مىڭ 265 لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى (لاياقەتلىك نىسبىتى 46.1% بولدى)، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 1593 ئادەم (قېتىم).

3. خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇش

1984- يىلى، ۋىلايەتتە چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپىدا بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە 359 كىشى ھەر خىل چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سىرتقا چىقىپ بىلىم ئاشۇرغانلار 198 بولۇپ، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىنىڭ 71% ىنى ئىگىلىدى. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 1272 ئىشچى- خىزمەتچى ھەر خىل چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنىپ بىلىم ئاشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە، سىرتقا چىقىپ

تەربىيىلەنگەنلەر 228، سىرتقا چىقىپ بىلىم ئاشۇرغانلار شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىنىڭ 17.9% ىنى ئىگىلىدى. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 933 ئىشچى- خىزمەتچى ھەر خىل چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سىرتقا چىقىپ بىلىم ئاشۇرغانلار 307، سىرتقا چىقىپ تەربىيىلەنگەنلەر شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىنىڭ 32.9% ىنى ئىگىلىدى. 1984 – 1990 - يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملىرىغا 5463 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي تېخنىكوملارغا 2030 خەنزۇ، 726 مىللىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 2216 خەنزۇ، 491 مىللىي قوبۇل قىلىندى.

# VI باب

# ئوقۇتقۇچى، خىراجەت، مۇئەسسەسە

## §1. ئوقۇتقۇچى

### 1. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ۋىلايەتتە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئىنتايىن ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) دىن كېيىن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، ئۈرۈمچى 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار داۋاملىق تۈردە قومۇلغا تەقسىم قىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 27 – 29 - يىللىرى (1938 – 1940 - يىللىرى)، قومۇلدا مائارىپ خىزمىتى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەزگىلدە، ئىككى قارار ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ھەر مىللەتتىن بىر تۈركۈم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەرگە تولۇقلاندى. مىنگونىڭ 36 – 38 - يىللىرى (1947 – 1949 - يىللىرى)، قومۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئۈچ قارار ئوقۇغۇچىنىڭ كۆپ قىسمى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. بىراق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەنىلا سانى ئاز، سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىدى. مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلار، ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر، كۆپ قىسمى بولسا تولۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، بەزىلىرى ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتتۈرمەيلا قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەنلەر ئىدى. خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە كۆپ قىسمى ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر، ئاز ساندىكىلىرى بولسا تەربىيە كۆرگەن تولۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، بەزىلىرى ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋىلايەت بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 30 ئوقۇتقۇچى ۋە

خىزمەتچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئوقۇتقۇچى 14، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 14. 1957- يىلى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 60 قا، 1961- يىلى 140 قا يەتتى. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 225 (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 116)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 185 (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 93 )، 1957- يىلغا كەلگەندە، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 360 قا، 1961- يىلى 699 غا يەتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1950 – 1953 - يىللىرىچە، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يىغىپ ئۈچ قارار ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 900 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلار ئېغىر دەرىجىدە قىس بولدى. 1958 – 1960 - يىللىرىچە، ئۆزلۈكىدىن شىنجاڭغا كەلگەن نۇرغۇن خادىملار ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىندى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپمۇ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، گۇڭشې ئەزالىرى ئىچىدىن خەلق ئوقۇتقۇچىلىقىغا تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار ئاز ئەمەس ئىدى. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1961 – 1963 - يىللىرىچە، ۋىلايەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 47 مىللىي، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى.

1979 – 1982 - يىللىرىچە، ناھىيىلەر ۋە شەھەر ئىككى قېتىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاش ئىمتىھانى ئالدى. ئىمتىھان قەغىزىدە ئومۇمىيلىقتا ئىككى بولغان تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر مەلۇم بولدى: بىرى، ئاساسىي بىلىمى بىر قەدەر ناچار بولۇش، ئۇقۇم ئېنىق بولماسلىق؛ يەنە بىرى، دەرسلىكنى ئىگىلەش چوڭقۇر بولماسلىق. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى چوڭ جەھەتتىن: بىرىنچى، ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلار، ئىككىنچى، ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن ئاسان چىقالايدىغانلار، ئۈچىنچى، تەربىيىلىگەندىن كېيىن ئوقۇتۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلار، تۆتىنچى، ئوقۇتقۇچىلىققا پەقەت مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلار دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلدى. 1979- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ 56% ىنى ئىگىلىدى. 1982- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 499، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرمىگەنلەر252 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 50.5% ىنى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1358، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي مەكتەپتە ئىككى يىل چالا ئوقۇغانلار 1215 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 90% ىنى ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەخۇس ئوقۇتقۇچىسى 2957، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرمىگەنلەر 1236 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 41.8% ىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە، ئۈچ چېگرا ناھىيىدىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىتا سىناپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، رەھبەرلىكى بولغان، تەشكىللىك ئاساستا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلىققا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 30- كۈنىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 1349 خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 311)، 1129 ى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 258) رەسمىيلەشتۈرۈلدى.

2. تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش

1) مەخسۇس پەنلەر بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش   مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ،

ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسى ئاشتى. 1977- يىلىدىن باشلاپ، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە، ۋىلايەتتە مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1978 – 1983 - يىلىغىچە، ۋىلايەت مىقياسىدا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى، ئوقۇتۇش رايونلىرى ياكى گۇڭشېلاردا كونسۇلتاتسىيە پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1978- يىلى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىستېمىلىق بىلىم ئاشۇرۇش ئاساس قىلىنىپ ۋە كۆپ خىل قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلىپ، تەربىيىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1979- يىلىدىن بۇيان، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى پەنلىرى بويىچە كۆپ قېتىم قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى، 1877 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 833 ئادەم (قېتىم). 1982- يىلىدىن بۇيان، جۇڭگو تىل- ئەدەبىياتى، ماتېماتىكا، سىياسىي مائارىپ، خىمىيە، فىزىكا، ئىنگلىز تىلى، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق توققۇز كەسىپ بويىچە 28 ئوقۇش تارىخى مائارىپى سىنىپى ئېچىلدى، 1001 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 571. 1984 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇل شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى كۇرستا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن 573 نى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 242)، قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا 1525 ئوقۇتقۇچىنى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 712) تەربىيىلىدى. باركۆل ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى 1978- يىلىدىن بۇيان، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن ئىككى قارار مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش كۇرسى ئېچىپ، 154 ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قازاق ئوقۇتقۇچى 36؛ يەنە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى پىنيىنى، تەنتەربىيە، باشلانغۇچ مەكتەپ مەمۇرىيىتى، پېداگوگىكا، مۇزىكا ۋە پىئونېرلار يېتەكچىسى قاتارلىق يەككە پەنلەر بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 15 قارار ئېچىپ، 364 كىشىنى تەربىيىلىدى؛ تېتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىشتىن ئايرىلماي تەربىيىلەش ئېلىپ بارغانلىقتىن، ناھىيىدىكى 70% باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە بىر قىسىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆستى. 1990- يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى 588 ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 239) نى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىككى يىللىق مۇددەت بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدىن 13 قارار ئېچىپ، 471 ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 211.

1979- يىلى، يۇقىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ۋىلايەتتە قۇمۇل رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، 10 قانچە يىلدىن بۇيان قۇمۇل ۋىلايىتى ئۈچۈن ھەر قايسى پەنلەردىن ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ بەردى.

ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپىي ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى قىشلىق، يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ۋە خىزمەتتە تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. 1978 – 1986 - يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە، ئىنگلىز تىلى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل- سەنئەت ۋە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر لابورانتلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش خادىملىرىنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. يەنە خىزمەتتە تۇرۇپ ئىشتىن سىرت ئۆگىنىشنى تەشكىللىدى. شەھەردە ئادەتتە مەركىزىي ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى شەكلى قوللىنىلىپ، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار دەرسلىكنى ئانالىز قىلدى، تەتقىق قىلدى، پېشقەدەملەر يېڭىلارنى يېتەكلىدى، بۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. يېزىلاردا ئوقۇتۇش رايونى

كونسۇلتاتسىيە پونكىتلىرى قۇرۇلدى، مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلار ئاجرىتىلدى، نۇقتا بەلگىلەپ سەييارە كونسۇلتاتسىيە قىلىندى.

1984- يىلى، ۋىلايەتتە 2124 ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ دەرسلىك ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئىمتىھانىغا قاتناشتى، 247 ئوقۇتقۇچى ئىمتىھاندىن ئۆتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 615 كە، پېداگوگىكىدا ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 164 كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 391 گە يەتتى. لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 95 بولۇپ، بۇ، ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ 16.5% ىنى ئىگىلىدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 309 بولۇپ، بۇ، ئىمتىھانغا ئەمەلىيەتتە قاتناشقانلارنىڭ 20% ىنى ئىگىلىدى.

2) كەسپىي جەھەتتىن سىناپ تەكشۈرۈش    ئوقۇتقۇچىلارنى سىستېمىلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساس ئىگىسى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن ۋە خىزمەت جەھەتتىن سىناپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلگەنلىكتىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1954 – 1988 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇش تارىخى ماس كەلمەيدىغان 1800 دىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە 500 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى دەرسلىك، مېتود ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 95% تىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، 85% تىن ئارتۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كەسپتە لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، كەسپتە لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئېلىش ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 589 (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي 233) بولۇپ، لاياقەتلىك بولغىنى 264 (104 مىللىينىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، لاياقەتلىك نىسبىتى 44.8% (مىللىيلارنىڭ 44.6%) بولدى؛ ئىمتىھانغا قاتناشقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 292 (مىللىي 67)، لاياقەتلىك بولغىنى 74 (مىللىي 13)، لاياقەتلىك نىسبىتى 25.3% (مىللىيلارنىڭ 19.4%) بولدى. شۇ يىلى، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2744 (مىللىي 1265) بولۇپ، ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 79.6% بولدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1282 (مىللىي 492) بولۇپ، ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 38.6% (مىللىيلارنىڭ 41.3%) بولدى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 631 (مىللىي 256) بولۇپ، ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 25.7% (مىللىيلارنىڭ 29.3%) بولدى.

3) مىللىي مائارىپ باشقۇرۇش كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش    ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا، مىللىي مائارىپ باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلدى، يەرلىكتە ئۆسۈپ يېتىشىپ چىققان مۇقىم لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەر قوللىنىلدى: بىرىنچىدىن، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، تەقسىم قىلىش پرىنسىپى (ئادەتتە يېزا دەرىجىلىك) نى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چەت- ياقا، تاغلىق رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇردى. 1988- يىلىغا قەدەر، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاساسەن «يەرلىكلىشىش» نى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇشى ئاساسىدا، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەربىيىلەش بىلەن قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشكە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. باركۆل ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوتتۇرا دارىلمۇئەللىمىن سەۋىيىسىدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە مىللىي ئوقۇتقۇچى 1983- يىلىدىكى 25% تىن 1988- يىلى 58.9% كە يەتتى؛ ئۈچىنچىدىن، مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى

ئۆستۈرۈلدى، باركۆل ناھىيىسى مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى، ئىلمىي مۇدىر ۋە ئاساسىي مائارىپ مەخسۇس كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى كۆپ قېتىم ئېچىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر قىسىم مەكتەپ رەھبەرلىرىنى سىرتلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى.

كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈش بىلەن بىرگە، ئوقۇتۇش تەلىم- تەربىيە سۈپىتىمۇ تەدرىجىي ئۆستى. 1978 – 1988 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 4328 كىشى (مىللىي 1844) ھەر خىل ئالىي مەكتەلەرگە، 6707 كىشى (مىللىي 2621) ھەر خىل ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىپ كىردى، دېمەك ۋىلايەت دۆلەت ئۈچۈن زور تۈركۈمدە لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرى يەتكۈزۈپ بەردى. 1989- يىلى، بىر مىللىي ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر فىزىكا دەرسىنىڭ مېخانىكا مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

## §2. مائارىپ خىراجىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، مەكتەپ خىراجىتى ئاساسەن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلدى، يەتمىگەن قىسمىنى يەرلىك ئورۇنلار ئۆزى تولۇقلىدى، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئاچقان ئۇيغۇرغول بىلىم يۇرتىنىڭ خىراجىتىنى ۋاڭ ئوردىسىدىن بەردى. باركۆل ئاچقان سۇگفېڭ بىلىم يۇرتىنىڭ خىراجىتىنى ھۆكۈمەت بەردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10- يىلى (1884- يىلى)، قۇمۇل قىزىلىيۇلغۇن بىلەن سەيخۇمياۋدا ئېچىلغان ئىككى جەنزۇ خۇسۇسىي مەكتىپى، تۆت ئۇيغۇر خۇسۇسىي مەكتىپىنىڭ خىراجىتىنى پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىلار تاپشۇردى.

مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بارلىق مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى پۈتۈنلەي ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاجرىتىپ بەردى. كېيىن، مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى مائارىپ نازارىتىگە بىر تۇتاش ئاجرىتىپ بەردى، مائارىپ نازارىتى جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئايرىم ئاجرىتىپ چۈشۈرۈپ بەردى. مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا، ھەر قايسى مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مەبلەغ غەملەپ، ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، مائارىپ خىراجىتى يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلدى. مەيلى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ياكى ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى بولسۇن، پەقەت ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلارنىڭلا مائاشى بېرىلدى، ھەتتا مائاشمۇ ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىلمىدى، باشقا خىراجەتلەردىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەكتەپلەرنىڭ ئۆي- ئىمارەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كونىراپ كەتكەن، ئۈستەل، ئورۇندۇق قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مائارىپ خىراجىتىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى. 1950- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئاجرىتىپ بېرىلگەن مائارىپ خىراجىتى 96 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغان، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولدى. 1952- يىلى، «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» قارىمىقىدىكى ئۇيۇشمىلار ئاچقان 27 مەكتەپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن 378 مىڭ يۈەن، 1953- يىلى 408 مىڭ يۈەن، 1963- يىلى 843 مىڭ يۈەن، 1980- يىلى، 5 مىليون 902 مىڭ يۈەن، 1986- يىلى 14 مىليون 317 مىڭ يۈەن، 1990- يىلى 22 مىليون 3000 يۈەن (خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش خىراجىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) چىقىم قىلىندى. گەرچە مائارىپ خىراجىتى داۋاملىق ئاشقان بولسىمۇ، بىراق مائارىپ خىراجىتىنىڭ شەخسلەرگە

ئىشلىتىلىدىغان قىسمى (ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى، ياردەم پۇلى، پاراۋانلىق پۇلى، ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىراجىتى قاتارلىقلار) نىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولغانلىقتىن، ھەر يىللىق مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئېشىشى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسەتتە بەلگىلەنگەن شەخسلەرگە ئىشلىتىلىدىغان قىسمىنىڭ ئېشىش ئېھتىياجىغا يېتىشەلمىدى، شۇڭا بىلەن مائارىپ خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمى شەخسلەرنىڭ مائاشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلىپ، ئاممىۋى خىراجەت يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىپ، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قىيىن بولدى. 1989- يىلى، ۋىلايەت بويىچە مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئاممىۋى خىراجەت قىسمى، ئومۇمىي خىراجەتنىڭ پەقەت 19% ىنىلا ئىگىلىدى، ئۇنى ھەر قايسى مەكتەپلەرگە چاچقاندا تېخمۇ ئاز بولدى. مەسىلەن، 6- بەش يىللىق پىلان (1981 — 1985- يىللىغىچە) مەزگىلىدە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئەمەلىي چىقىمى 22 مىليون 719 مىڭ يۈەن ، بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسلەرگە تەئەللۇق قىسمى 16 مىليون 212 مىڭ يۈەن بولۇپ ، 71.4% نى؛ ئاممىۋى خىراجەت قىسمى 6 مىليون 507 مىڭ يۈەن بولۇپ، 28.6% نى ئىگىلىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1950 — 1990- يىللىغىچە بولغان مائارىپ خىراجىتى

جەدۋەل: 27 – 5 بىرلىكى: (تۈمەن يۈەن)

| يىل | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى خىراجىتى | ئوتتۇرا مەكتەپ خىراجىتى | باشلانغۇچ مەكتەپ خىراجىتى | بەسلى مائارىپى خىراجىتى | ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش خىراجىتى | باشقا مائارىپ خىراجىتى |
| 1950 | 9.6 | 0.9 | 1.9 | 6.8 | | | |
| 1951 | 29.6 | 4.7 | 5.3 | 19.6 | | | |
| 1952 | 37.8 | 8.6 | 5.8 | 23.0 | 4 | | |
| 1953 | 40.8 | 9.2 | 5.0 | 21.5 | | | 5.1 |
| 1954 | 44.6 | 9.1 | 6.3 | 23.2 | | | 6.0 |
| 1955 | 40.6 | | 12.6 | 20.2 | | | 7.8 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2.3 | | | 22.8 | 19.7 | | 44.8 | 1956 |
| 24.0 | | | 26.9 | 25.8 | | 76.7 | 1957 |
| 10.7 | | | 26.0 | 17.8 | | 54.5 | 1958 |
| 23.4 | | | 25.8 | 25.3 | 0.2 | 74.7 | 1959 |
| 9.3 | | | 26.5 | 63.0 | 4.8 | 103.6 | 1960 |
| 9.7 | 0.1 | 0.7 | 27.4 | 36.1 | 8.4 | 82.4 | 1961 |
| 4.5 | 0.2 | 0.4 | 33.5 | 33.2 | 6.6 | 78.4 | 1962 |
| 2.8 | 0.1 | 0.7 | 47.6 | 31.0 | 2.1 | 84.3 | 1963 |
| 7.3 | | | 67.6 | 34.4 | 3.6 | 112.9 | 1964 |
| 6.9 | 1.1 | 0.8 | 56.3 | 32.0 | 26.2 | 123.3 | 1965 |
| 29.8 | | | 55.6 | 40.2 | 16.1 | 141.7 | 1966 |
| 11.1 | | 0.4 | 69.0 | 43.0 | 12.8 | 136.3 | 1967 |
| 5.9 | | | 73.4 | 43.8 | 13.2 | 136.3 | 1968 |
| 9.0 | | | 56.3 | 31.5 | 0.9 | 97.7 | 1969 |
| 6.7 | | | 65.4 | 54.2 | 0.9 | 127.2 | 1970 |
| 11.2 | | | 92.2 | 68.4 | | 171.8 | 1971 |
| 11.1 | | | 138.0 | 82.3 | | 231.4 | 1972 |
| 15.8 | | | 173.3 | 86.4 | 18.1 | 293.6 | 1973 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 22.7 | | | 186.1 | 111.7 | 21.9 | 342.4 | 1974 |
| 35.7 | | | 143.5 | 126.9 | 27.9 | 334.0 | 1975 |
| 48.3 | | | 137.6 | 136.1 | 32.7 | 354.7 | 1976 |
| 53.4 | | | 137.5 | 138.0 | 30.4 | 359.3 | 1977 |
| 55.3 | | | 173.2 | 163.9 | 39.2 | 431.6 | 1978 |
| 87.6 | 7.2 | | 200.5 | 165.6 | 53.6 | 516.3 | 1979 |
| 55.7 | 10.6 | | 249.8 | 200.9 | 73.2 | 590.2 | 1980 |
| 36.8 | 16.0 | 5.9 | 270.0 | 235.3 | 63.6 | 627.6 | 1981 |
| 53.8 | 20.5 | 6.5 | 376.0 | 281.4 | 80.3 | 818.5 | 1982 |
| 93.4 | 19.8 | 7.5 | 424.4 | 298.6 | 71.2 | 914.9 | 1983 |
| 91.2 | 32.4 | 9.9 | 482.7 | 418.5 | 73.3 | 1108.0 | 1984 |
| 194.4 | 105.7 | 18.7 | 576.4 | 406.5 | 78.1 | 1379.8 | 1985 |
| 427.1 | | | 534.1 | 464.5 | | 1425.7 | 1986 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | 1352.6 | 1987 |
| | | | | | | | 1689.1 | 1988 |
| | | | | | | | 1913.0 | 1989 |
| | | | | | | | 2200.3 | 1990 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ھەر قايسى كاتەكچىلەردىكى سانلار بەرلىك مالىيە قوشۇمچە خىراجىتى ۋە يىل ئاخىرىدا ئاشۇرۇپ كىرىم قىلىنغان پۇللارنى تەگشەپ ئىشلىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1987 – 1990 - يىلىغىچە، مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى ناھىيىلىك مالىيە ئورۇنلىرى تەقسىم قىلغاچقا، ۋىلايەت ستاتىستىكا قىلمىدى.

## §3. مەكتەپ ئۆي- ئىمارەتلىرى، مۇئەسسەسەلەر

### 1. خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش

ۋىلايىتىمىزدىكى ئەسلىدە بار بولغان ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆي- ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېسەكتىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بەزىلىرى بۇتخانىدىن ئۆزگەرتىلدى، بەزىلىرىنى خەلق گۇگشىپى مەزگىلىدە ھەر مىللەت ئامىسى ئەمگەك كۈچى، ماتېرىيال چىقىرىپ ئۆزلىرى سالدى، بەزىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلار مەكتەپ باشقۇرغان ۋاقىتتا سېلىندى، يەنە بەزىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئامبار ياكى ئېغىللىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سېلىندى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رېمونت قىلىنمىغاچقا، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەبجەق چىقىپ كەتكەنىدى. 1980- يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەر (باشقا ئورۇنلار ئاچقان مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) دىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 80 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، كەم ئۆيلەر تەخمىنەن 50 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولغانلىرى تەخمىنەن 50 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، يۇقىرىقى ئۈچ تۈرنى قوشقاندا 180 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1981- يىلىدىن باشلاپ، خەتەرلىك ئۆيلەر تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ پىلانلىق ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭدا ئالدى بىلەن چېگرا رايونلار ۋە چەت- ياقا تاغلىق رايونلاردىكى مەكتەپلەر، ئاندىن تۈزلەڭ رايونلار ۋە شەھەردىكى مەكتەپلەر؛ ئالدى بىلەن مىللىي مەكتەپلەر، ئاندىن باشقا مەكتەپلەر؛ ئالدى بىلەن ئۇقتىلىق مەكتەپلەر، ئاندىن ئادەتتىكى مەكتەپلەر؛ ئالدى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرى، ئاندىن باشقا مەكتەپلەر نەزەرگە ئېلىنىپ، ئەڭ خەتەرلىكلىرى ئالدى بىلەن ئۆزگەرتىلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ باي، ئاداق، تۇركۆل، نېرىنكىر ۋە توخۇلۇ قاتارلىق يېزا مەكتەپلىرى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سارچوقا رايونىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەر، چېگرا رايونغا جايلاشقان ئۈچكۆل مەكتىپى؛ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئەربىتاغ، تەگرىتاغ، تاشۋېلىق قاتارلىق رايون، يېزا مەكتەپلىرى ھەمدە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە قۇمۇل شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپ، 4- باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىقلار بىرىنچى تۈركۈمدە يېڭى سېلىنىدىغان ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىنىدىغان مەكتەپ قىلىپ بەلگىلەندى. 1980 – 1985 - يىلىغىچە، 14 مىليون 1800 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 14 مىڭ 866.65 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى ئورۇنلاندى، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە

چەت- ياقا تاغلىق رايونلاردا قۇرۇلمىسى يېڭى، رەتلىك، ئازادە، يورۇق، كۆركەم، قوللىنىشچان، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان بىر تۈركۈم مەكتەپ ئۆي- ئىمارەتلىرى بارلىققا كەلدى.

ئەسلىدىكى مەكتەپ ئۆي- ئىمارەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياغاچ قۇرۇلمىلىق كېسەك ئۆيلەر بولۇپ، كۆپ يىل رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، خەتەرلىك ئۆيلەر كۆپەيدى. 1986- يىل 10- ئايدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ۋىلايەت بويىچە 60 مىڭ كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆي بولغان. 1987- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي مائارىپتا «دەرىجىگە بۆلۈپ مەكتەپ ئېچىش، مەكتەپ باشقۇرۇش، يەرلىك مەسئۇل بولۇش، ناھىيە، يېزىلارنى ئاساس قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاندى. «قاتلاممۇ قاتلام ھۆددىگە بېرىش، بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ۋاقتىدا، سۈپەتلىك ئورۇندالدى، مەبلەغ توپلاپ، مەبلەغ ئىئانە قىلىپ مەكتەپ ئاچقان بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر بارلىققا كەلدى. 1984 – 1988 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسىدىكى بەش چارۋىچىلىق يېزىسىدىكى چارۋىچىلار 230 مىڭ يۈەن پۇل، 1512 تۇياق قوي ئىئانە قىلدى، سارچوقىدىكى چارۋىچى قالى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، باشلامچىلىق بىلەن 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى؛ قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدىكى ھەر مىللەت كادىر، ئاممىسى 200 مىڭ يۈەن، ئاستانە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدىكى جاۋ چېيۈەن 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ۋىلايەت بويىچە 3 مىليون 117 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ يىغىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە «ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش» تىكى ئىلغار كوللېكتىپلاردىن: ئارائۆرۈك ناھىيىسى ئاداق يېزىلىق ھۆكۈمەت، ئېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسى، قۇمۇل شەھىرى شوپۇل يېزىلىق ھۆكۈمەت، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى، باركۆل ناھىيىسى سارچوقا رايونلۇق ھۆكۈمەت؛ ئىلغار شەخسلەردىن: ۋاڭ شىكاڭ، ۋاڭ جەنيۈەن، جۇنۇسبېك، ۋاڭ كېكۈەن، نىياز يارى، ئابدۇرېھىم ۋاھىت قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. شوپۇل يېزىسى ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلارنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلىق يېزىسى بولۇپ، 1980- يىلىدىن بۇيان يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەمگەك كۈچى، پۇل چىقىرىپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، 42 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ يېڭىدىن خىش، سېمونت قۇرۇلمىلىق تۆت ئېغىز سىنىپ، تۆت ئېغىز ئوقۇتقۇچىلار ياتىقى، بىر ئېغىز ئىسكىلات ۋە بىر ئېغىز ماشىنا ئۆيى سالدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت مەكتەپنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشىنى قوللىدى، 1981-، 1982- يىللىرى، مەكتەپكە تۆۋەن باھادا 200 تۇياق قوي بەردى ۋە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا قوي بېقىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوتلاق ئاجرىتىپ بەردى. 1985- يىلى، يەنە 14 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپكە «ئازاد» ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئوتتۇن- كۆمۈر توشۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. شۇ يىلى يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇكاپات پۇلى ئۈچۈن 1450 يۈەن پۇل چىقاردى، مەكتەپنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە سەھنە كىيىملىرىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن يەنە 1460 يۈەن پۇل ئاجراتتى. شوپۇل يېزىسىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈچۈن توپلىغان مەبلىغى جەمئىي 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرىچە 60.21 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1981 – 1989 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 25 مىليون 306 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت سالغان مەبلەغ 19 مىليون 682 مىڭ يۈەن، يەرلىك مالىيە سالغان مەبلەغ بىلەن يېزا- كەنتلەر توپلىغان مەبلەغ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىقلاردىن 5 مىليون 623 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ غەملىنىپ، 150 مىڭ 70.55 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون 143 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 46.03% نى ئىگىلىدى، 73 مىڭ 481.45 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى ئورۇندىلىپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ

49% نى ئىگىلىدى.

1989- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتتە خەتەرلىك ئۆيلەرنى تۈگىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە، مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى «ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئۆيلەر بولماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى. شۇ يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئۆيلەرنى تۈگىتىش نىشانىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئۆيلەر بولماسلىق مەقسىتىگە يەتتى. 1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرى 3 مىليون 734 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون سالغان مەبلەغ بىر مىليون 757 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت سالغان مەبلەغ 200 مىڭ يۈەن، شەھەرلىك مالىيە سالغان مەبلەغ 230 مىڭ 100 يۈەن، يېزىلار توپلىغان مەبلەغ 1 مىليون 547 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، 17 مىڭ 874.67 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى ئورۇندىلىپ، شۇ يىلى، شەھەر بويىچە مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئۆيلەر بولماسلىق نىشانى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1989 – 1991 - يىللىرىچە، ۋىلايەت بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 12 مىليون 934 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت سالغان مەبلەغ 7 مىليون 505 مىڭ 500 يۈەن، ۋىلايەت مالىيىسى بىلەن يېزا- كەنتلەر توپلىغان مەبلەغ، مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشىدىن چىقارغان مەبلەغ 5 مىليون 429 مىڭ 100 يۈەن بولدى. 1991- يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئۆيلەر بولماسلىق ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. ئوقۇتۇش مۇئەسسەسلىرى

1980 – 1990 - يىللىرىچە، ۋىلايەت باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىگە 527 مىڭ 400 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، 604 ئىشكاپ، 106 يۈرۈش ئوقۇتۇش تەجرىبە ئۈستىلى سەپلەپ بەردى. ۋىلايەت بويىچە ئۆلچەمگە توشىدىغان تەجرىبىخانىدىن 15 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكىسى ئالتە.

1990- يىلى، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى (مائارىپ ئىنستىتۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دە فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، تىل، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش، كومپيۇتېر قاتارلىق توققۇز تەجرىبىخانا، يەر يۈزى سۈنئىي ھەمراھ قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىسى ۋە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە قۇرۇلمىسى، مۇھىم ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلەردىن 973 ى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل- سەنئەت ئۈسكۈنىسىدىن 1227 سى بولۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 39 مىڭ يۈەنگە، تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇپا، ئىشكاپ، رام، ئۈستەل، ئورۇندۇق قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 51 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ھەر قايسى پەنلەر تەجرىبىسىنىڭ ئىشلىنىش نىسبىتىدە فىزىكا دەرسىنىڭ كۆرسەتمىلىك تەجرىبىسى 96.6% ئورۇندالغاندىن سىرت، قالغان پەنلەرنىڭ كۆرسەتمىلىك تەجرىبىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار تەجرىبىسىنىڭ ئىشلىنىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى مەكتەپلەردە 180 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلاندى، 180 خىل گېزىت- ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىي يېزىقتىكىسى 61 خىل.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىدە بىر پراكتىكا زاۋۇتى، مانتىيورلۇق، مېتالچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تراكتور ماتورى، ئېلېكترلىك تراكتور تەجرىبىخانىلىرى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئاگرونومىيە، مال دوختۇرلۇققا دائىر مىكروسكوپخانا، ئۆسۈملۈك ئاسراش ئۆيى، مىكروئورگانىزم، كومپيۇتېر، پارازىت قۇرت، ئۆسۈملۈك فىزئولوگىيىسى، ئېرسىيەتلىك سورت يېتىشتۈرۈش، ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈش، خىمىيە، فىزىكا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى، خورۇگىيە ئاناتومىيىسى قاتارلىق 14 تەجرىبىخانا قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپىدە ئاناتومىيە، بىئوخىمىيە، سېپېكترالىق، مىكروئورگانىزم، فىزئولوگىيە، دورا، خىمىيە قاتارلىق يەتتە تەجرىبىخانا

قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە 11 مىڭ پارچە كىتاب، ماتېرىيال ساقلاندى، مانتېۋرلۇق، چېرتيوژ سىزىش تەجرىبىخانىسى بىلەن مانتېۋرلۇق سىنىپى قاتارلىقلاردىن تۆتى تەسىس قىلىندى، 433 دانە ھەر خىل ئەسۋاب، ئوقۇتۇش جەريانىنى كونترول قىلغۇچى بىر ئاساسىي ئاپپارات سەپلەندى. تارانچى، كۆمۈر كان تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە فىزىكا، خىمىيە، كومپيۇتېر، ئېلېكترلىشىش، چېرتيوژ سىزىش قاتارلىق بەش تەجرىبىخانا، ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان پراكتىكا زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پولات-تۆمۈر شىركىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى يامانسۇ كانى شۆبە مەكتىپىدە سىلىسارلىق، مانتېۋرلۇقتىن ئىبارەت ئىككى كەسپىي پراكتىكا مەيدانى ھەمدە قىرائەتخانا، چېرتيوژخانا، مەركىزىي فىزىكا تەجرىبىخانىسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تۈيى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

# VII باب

# تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ھۆكۈمىتى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، مەكتەپلەر بايرام، تەتىل كۈنلىرى ۋە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ ھويلىسىنى تەكشىلەپ، كېسەك قۇيۇپ سىنىپلار ۋە قورۇ تاملىرىنى رېمونت قىلىش، تاغدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىشكە تەشكىللىدى. باركۆل ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلارنى بوز يەر ئېچىپ كۆكتات تېرىشقا تەشكىللەپ، بۇ ئارقىلىق مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى قىلغان كىرىمدىن پايدىلىنىپ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋالدى، يەنە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى تاغدىن لىم-ياغاچ توشۇپ كېلىشكە، كېسەك قۇيۇشقا تەشكىللەپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، جەنۇبىي دەرۋازا سىرتىدا بىر مەكتەپ سېلىپ، دۆلەتكە نەچچە 10 مىڭ يۈەن تېجەپ بەردى.

1958-يىلى، ھەر قايسى مەكتەپلەر كۆپ خىل شەكىلدىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسلىقى مەكتەپ سالدى. مەسىلەن، قۇمۇل ناھىيىسى دۆربەجىن مەكتىپى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ بىر قانچە ئېغىز سىنىپ ۋە ئىشخانا سالدى؛ 1- ۋە 2-باشلانغۇچ مەكتەپلەر تىككۈچىلىك كارخانىسى، توشقان فېرمىسى قۇردى؛ 3-باشلانغۇچ مەكتەپ غەربىي تۆستەڭ ياقىسىدا كۆكتاتچىلىق مەيدانى ئاچتى ۋە بور زاۋۇتى قۇردى؛ قۇمۇل 2-ئوتتۇرا مەكتەپ توخۇ، ئۆردەك فېرمىسىنىڭ ئەتراپىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قۇردى، يەنە ياغاچچىلىق، خىش مەيدانى، سېمونت زاۋۇتىمۇ قۇردى؛ قۇمۇل 1-ئوتتۇرا مەكتەپ مەكتەپ ھويلىسىدا كوكتات تېرىدى، غەربىي ئاقاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئاشلىق تېرىپ، قوي، كالا باقتى. لېكىن ئەمگەك ۋاقتى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئوقۇتۇش سۈپىتىگە تەسىر يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش

توختاپ قالدى، كېيىنكى مەزگىللەردە «ئىشكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش»، «مەكتەپ زاۋۇت(مەيدان) باشقۇرۇش» ۋە «چاۋىياڭ يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىدىن ئۆگىنىش» شوئارى ئاستىدا، بەزى مەكتەپلەر زاۋۇت، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئادەتتە پەقەت «ئەمگەكنى ئوقۇتۇشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن» ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمىگەن بولغاچقا، ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن بولدى.

1977- يىلى، «ئادەم تەربىيىلەپ، بايلىق توپلاش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، غەربىي ئاقاردا 1-، 2-، 3-، 4-، 5- باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە قىزلىيۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپى، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىگە 4000 مو تېرىلغۇ يەر كۆرسىتىپ بېرىلدى، 60 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىپ، يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، مەخسۇس ئۆي سېلىندى، لەنجۇ ــ شىنجاڭ تۆمۈريولى ياقىسىدا ئېھاتە ئورمىنى بەلۋېغى بەرپا قىلىندى. 1977- يىلى، ئالىي مەكتەپلەر ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش بىر مەزگىل توختاپ قالدى. بىراق قۇمۇل شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سىرتتىن توپا ئېلىپ كېلىپ كېسەك قۇيۇپ، يېڭىدىن 200 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ياتىقى ۋە 300 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق سىنىپ، ئىشخانا سالدى. قۇمۇل ناھىيە لاپچۇق مەكتىپىنىڭ مۇدىرى سەمەت باقى، قارادۆۋە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى نىياز توختىلار ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ يېڭى سىنىپلارنى سېلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىپ، سىنىپ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

1980- يىلى، ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتى يەنە ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، بىراق، يەنىلا كۆلىمى كىچىك، سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۈنۈمى ناچار ھالەتتە ئىدى. 1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 77 مەكتەپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئومۇملىشىش نىسبىتى 36% بولدى؛ مەكتەپلەر قۇرغان زاۋۇت تۆتكە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ بازىسى 77 گە؛ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش مەھسۇلات قىممىتى 125 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 67 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984- يىلى، شەھەر، ناھىيىلەردە مائارىپ ئەمگەك مۇلازىمىتى شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئالتە مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1985- يىلى، 118 مەكتەپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى قانات يايدۇردى، مەكتەپلەر قۇرغان زاۋۇت 16 گە يېتىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 352 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 1987- يىلىنىڭ ئاخىرى، 147 مەكتەپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان بولۇپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 68% كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 965 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مەكتەپلەر قۇرغان زاۋۇت 19 غا، يېرى 1300 موغا يەتتى. 1988- يىلى، ۋىلايەت، ناھىيىلەر، شەھەر ۋە رايون، يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس خادىم سەپلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە باشقۇرۇش تورى شەكىللىنىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدى. ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار ئورۇنلار تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، پىلان كومىتېتى پىلان ئىچىدىكى

200 توننا پولات ماتېرىيال، 100 كۇب مېتىردىن ئارتۇق ياغاچ ماتېرىيال كۆرسەتكۈچى ئاجرىتىپ بەردى، ۋىلايەتلىك، ناھىيە، (شەھەرلىك) مالىيە 1 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى، بانكا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز بەردى. ۋىلايەت بويىچە ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرغان مەكتەپ 167 گە، ئومۇملىشىش نىسبىتى 70.4% كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 264 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 1 مىليون 93 مىڭ 700 يۈەنگە، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ بازىسى كۆلىمى 1937 موغا، چوڭ- كىچىك چارۋىسى 3850 تۇياققا يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەتتە ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرغان مەكتەپ 197 گە، ئومۇملىشىش نىسبىتى 83% كە يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن 11% ئاشتى، مەكتەپلەر قۇرغان زاۋۇت 30 غا، يېزا ئىگىلىكىنى ئۆگىنىش بازىسى 138 گە، ئۆچىنچى كەسىپ 62 گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 931 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن 55% ئاشتى؛ ساپ كىرىمى 1 مىليون 516 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن 47% ئاشتى؛ يېرى 1968 موغا، چارۋىسى 5972 تۇياققا، تىكىلگەن دەل- دەرەخ 134 مىڭ تۈپكە يەتتى.

1983 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەتنىڭ ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشى كۆلەم، سۈپەت، ئۈنۈم ۋە ئادەم تەربىيىلەش ئۈنۈمى جەھەتلەردىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، مەكتەپلەر باشقۇرغان ساناتەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، ئورمانچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 459 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 5 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مەكتەپلەرنى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا 522 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىشقا 345 مىڭ يۈەن، شەخسلەر پاراۋانلىقىغا 74 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلىپ، بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ راسخوتى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى يەڭگىللىتىلىپ، ۋىلايەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشۇلدى.

# VIII باب

# ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، يەتكۈزۈپ بېرىش

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ھەر قايسى كەسىپلەرگە نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى.

1979 – 1990 - يىلىغىچە، دۆلەت دەرىجىلىك ئىمتىھان ئارقىلىق مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگە 4797 ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ 2815، مىللىي 1982 ؛ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى

پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 7324 ، بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ 4460، مىللىي 2864.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىن 1979 – 1990 - يىلىغىچە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى

جەدۋەل: 27 – 6

| يىل | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | [illegible] | [illegible] | 37 | 14 | 7 | 15 | 1 | 7 | 3 | 2 | 5 | 4 | | | | 110 | 205 | 1356 |
| | | [illegible] | 82 | 10 | 1 | 0 | 0 | 0 | 2 | 0 | 0 | 0 | | | | 95 | | |
| | [illegible] | [illegible] | 296 | 140 | 162 | 11 | 150 | 5 | 45 | 5 | 19 | 15 | | | | 848 | 1151 | |
| | | [illegible] | 53 | 201 | 33 | 13 | 0 | 0 | 3 | 0 | 0 | 0 | | | | 303 | | |
| 1980 | [illegible] | [illegible] | 56 | 7 | 12 | 1 | 52 | 11 | 3 | 1 | 0 | 3 | | | | 146 | 186 | 1284 |
| | | [illegible] | 32 | 0 | 7 | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | | | | 40 | | |
| | [illegible] | [illegible] | 132 | 40 | 112 | 4 | 96 | 227 | 35 | 40 | 32 | 15 | | | | 733 | 1098 | |
| | | [illegible] | 119 | 120 | 58 | 10 | 7 | 24 | 24 | 1 | 2 | 0 | | | | 365 | | |
| 1981 | [illegible] | [illegible] | 55 | 2 | 5 | 2 | 50 | 6 | 6 | 0 | 2 | 2 | | | | 130 | 223 | 657 |
| | | [illegible] | 75 | 4 | 5 | 4 | 2 | 0 | 2 | 1 | 0 | 0 | | | | 93 | | |
| | [illegible] | [illegible] | 61 | 20 | 40 | 11 | 29 | 12 | 31 | 4 | 0 | 0 | | | | 208 | 434 | |
| | | [illegible] | 103 | 50 | 29 | 15 | 4 | 2 | 23 | 0 | 0 | 0 | | | | 226 | | |
| 1982 | [illegible] | [illegible] | 58 | 6 | 4 | 1 | 91 | 7 | 8 | 0 | 0 | 1 | | | | 176 | 286 | 462 |
| | | [illegible] | 69 | 24 | 7 | 1 | 2 | 0 | 6 | 0 | 0 | 1 | | | | 110 | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 176 | 100 | | | | 1 | 1 | 0 | 11 | 6 | 30 | 0 | 14 | 7 | 30 | ئەر | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| | | 76 | | | | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 1 | 4 | 9 | 10 | 51 | ئايال | | |
| 772 | 303 | 197 | | | | 2 | 1 | 2 | 25 | 19 | 70 | 1 | 1 | 2 | 74 | ئەر | تولۇق ئوتتۇرا | 1983 |
| | | 106 | | | | 0 | 0 | 0 | 1 | 2 | 2 | 9 | 12 | 27 | 53 | ئايال | | |
| | 469 | 193 | | | | 3 | 3 | 1 | 18 | 8 | 12 | 16 | 37 | 34 | 61 | ئەر | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| | | 276 | | | | 0 | 3 | 0 | 25 | 4 | 0 | 26 | 21 | 120 | 77 | ئايال | | |
| 1208 | 633 | 316 | | | | 4 | 2 | 7 | 57 | 19 | 93 | 1 | 32 | | 101 | ئەر | تولۇق ئوتتۇرا | 1984 |
| | | 317 | | | | 0 | 0 | 0 | 14 | 2 | 5 | 17 | 27 | | 252 | ئايال | | |
| | 575 | 325 | | | | 7 | 5 | 3 | 64 | 17 | 60 | 20 | 77 | | 72 | ئەر | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| | | 250 | | | | 0 | 2 | 1 | 27 | 1 | 4 | 23 | 21 | | 171 | ئايال | | |
| 1051 | 495 | 264 | | | | 4 | 0 | 2 | 29 | 36 | 22 | 2 | 19 | | 150 | ئەر | تولۇق ئوتتۇرا | 1985 |
| | | 231 | | | | 0 | 0 | 0 | 28 | 1 | 0 | 21 | 17 | | 164 | ئايال | | |
| | 556 | 321 | | | | 4 | 3 | 2 | 28 | 22 | 42 | 10 | 75 | | 135 | ئەر | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| | | 235 | | | | 0 | 3 | 0 | 36 | 3 | 3 | 24 | 40 | | 126 | ئايال | | |
| 1137 | 447 | 269 | | | | 3 | 1 | 4 | 37 | 26 | 91 | 3 | 17 | | 87 | ئەر | تولۇق ئوتتۇرا | 1986 |
| | | 178 | | | | 0 | 0 | 0 | 19 | 0 | 7 | 40 | 16 | | 96 | ئايال | | |
| | 690 | 426 | | | | 7 | 3 | 2 | 62 | 26 | 93 | 19 | 78 | | 136 | ئەر | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| | | 264 | | | | 0 | 5 | 0 | 32 | 2 | 0 | 24 | 23 | | 178 | ئايال | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1174 | 522 | 255 | | 0 | | 4 | 0 | 0 | 58 | 27 | 56 | 3 | 21 | | 86 | [illegible] | [illegible] | 1987 |
| | | 267 | | 99 | | 0 | 0 | 0 | 21 | 0 | 5 | 21 | 24 | | 97 | [illegible] | | |
| | 652 | 387 | | 0 | | 13 | 5 | 0 | 65 | 20 | 57 | 16 | 72 | | 139 | [illegible] | [illegible] | |
| | | 265 | | 26 | | 0 | 2 | 4 | 34 | 2 | 5 | 40 | 37 | | 115 | [illegible] | | |
| 953 | 460 | 293 | | 0 | | 5 | 0 | 4 | 50 | 30 | 66 | 7 | 22 | | 109 | [illegible] | [illegible] | 1988 |
| | | 167 | | 63 | | 0 | 0 | 0 | 9 | 1 | 5 | 1 | 24 | | 64 | [illegible] | | |
| | 493 | 297 | | 0 | | 4 | 1 | 3 | 55 | 23 | 23 | 16 | 36 | | 136 | [illegible] | [illegible] | |
| | | 196 | | | 42 | 0 | 0 | 2 | 31 | 4 | 0 | 9 | 20 | | 88 | [illegible] | | |
| 948 | 531 | 314 | 3 | 0 | 10 | 4 | 0 | 4 | 41 | 14 | 96 | 2 | 20 | | 120 | [illegible] | [illegible] | 1989 |
| | | 217 | 0 | 62 | 0 | 0 | 0 | 0 | 4 | 1 | 5 | 12 | 24 | | 109 | [illegible] | | |
| | 417 | 263 | 4 | 0 | 4 | 9 | 2 | 7 | 58 | 11 | 37 | 12 | 37 | | 82 | [illegible] | [illegible] | |
| | | 154 | | 0 | 39 | 0 | 0 | 0 | 21 | 4 | 9 | 2 | 17 | | 62 | [illegible] | | |
| 1119 | 506 | 345 | 0 | 0 | 19 | 4 | 0 | 9 | 61 | 30 | 75 | 7 | 37 | | 103 | [illegible] | [illegible] | 1990 |
| | | 161 | 0 | 56 | 0 | 0 | 0 | 0 | 4 | 3 | 0 | 27 | 14 | | 57 | [illegible] | | |
| | 613 | 359 | 7 | 0 | 12 | 0 | 4 | 8 | 65 | 20 | 47 | 16 | 61 | | 119 | [illegible] | [illegible] | |
| | | 254 | | 42 | 1 | 0 | 3 | 0 | 21 | 3 | 6 | 30 | 26 | | 122 | [illegible] | | |
| 12121 | 4797 | 2815 | 3 | | 29 | 39 | 11 | 35 | 378 | 232 | 779 | 45 | 197 | 31 | 1036 | [illegible] | [illegible] | [illegible] |
| | | 1982 | | 280 | | 1 | | 1 | 110 | 10 | 34 | 153 | 178 | 65 | 1150 | [illegible] | | |
| | 7324 | 4460 | 11 | | 16 | 78 | 78 | 75 | 537 | 397 | 676 | 151 | 801 | 241 | 1399 | [illegible] | [illegible] | |
| | | 2864 | | 68 | 82 | | 20 | 8 | 278 | 49 | 39 | 220 | 334 | 501 | 1265 | [illegible] | | |

# پەن ــ تەخنیکا

# يىگىرمە سەككىزىنچى قىسىم

# پەن- تېخنىكا

## I باب

## ئاپپارات ۋە قوشۇن

### §1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ۋىلايەتتە مەخسۇس پەن- تېخنىكا ئاپپاراتى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە كەسپىي تارماقلاردا پەن- تېخنىكا باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت تەۋەسىدە ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە بىگتۈەن قومۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى، تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى، قومۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىدىمۇ پەن- تېخنىكا كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى. ئۈچ يېزىلىق پەن- تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (شەھەر باشلىقى) سەپلەندى. قىسمەن يېزىلاردىمۇ پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى سەپلەندى. كۆپ ساندىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردا ھەم غوللۇق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بۆلۈمى (ئىشخانىسى) تەسىس قىلىندى ياكى پەن- تېخنىكا خادىمى قويۇلدى. بەزى كارخانىلاردا پەن- تېخنىكا خىزمىتىگە مەسئۇل باش ئىنژېنېر بەلگىلەندى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت تەۋەسىدە پەن- تېخنىكا باشقۇرۇش تور سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

1. ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى

1959- يىلى، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرگە ئىش بېجىرىپ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1974- يىل 8- ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1977- يىلى، ۋىلايەتتە پەن- تېخنىكا يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرى قېلىپلىشىشقا باشلىدى.

ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى كەسپىي جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىگە بويسۇنۇپ، ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى تارماق (ئىدارە)، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پەن- تېخنىكا خىزمىتىگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلدى.

### 2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتلىرى

**1) قۇمۇل شەھەر (ناھىيە) لىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى** 1959- يىل 11- ئاينىڭ 4- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىللە ئىش بېجىردى، بىر مەخسۇس كادىر مەسئۇل بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

1977- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەزاسى توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپتى. پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە ئۆتىدى، تۆت خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. 1978- يىلى، ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىغا ئۈچ مۇئاۋىن مۇدىر تەيىنلەندى، خىزمەتچى خادىمى يەتتىگە يەتتى. 1982- يىلى، ھاكىم پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1977- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدە پەن- تېخنىكا كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1984- يىلى، ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى شەھەرلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى.

**2) باركۆل ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى** 1958- يىل 6- ئاينىڭ 29- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىللە ئىش بېجىردى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، بىر مەخسۇس خادىم مەسئۇل بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى. 1977- يىلى قايتا قۇرۇلۇپ، بىر قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر، بىر مەخسۇس كادىر سەپلەندى. 1978- يىلى، پەن- تېخنىكا كومىتېتىغا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇدىر ۋە ئىككى كادىر سەپلەندى. 1985- يىلى كادىر يەتتىگە يەتكۈزۈلۈپ، ئىشخانا، ئاخبارات گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى.

**3) ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى** ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى 1960- يىلى قۇرۇلۇپ، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر سەپلەندى. 1961- يىلى، بىر ئىش بېجىرگۈچى تەيىنلەندى. 1962- يىلى، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملىغاندا، ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئەمەلدىن قالدى. 1977- يىل 11- ئايدا، ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1985- يىلى، خىزمەتچى خادىم ئالتىگە يەتتى.

### 3. كەسپىي تارماقلاردىكى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1978- يىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى، ئىقتىساد كومىتېتى، چارۋىچىلىق باشقارمىسى، سەھىيە باشقارمىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردا قوشۇمچە پەن- تېخنىكا باشقۇرغۇچى خادىملار تەيىنلىنىپ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى باشقۇرغاندىن سىرت، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىغا مايىلىشىپ، قوشۇمچە كەسپىي تېخنىكا پىلانى، تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە تېخنىكا خىزمەتلىرىنى ئۆتىدى.

## §2. پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى

1958- يىلى، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. 1984- يىلىدىن كېيىن، شەھەر، ناھىيىلەردە دېھقانچىلىق، سانائەت، قاتناش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، چارۋىچىلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى، يېزا- بازار

كارخانىلىرى ئىدارىلىرى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، ئوزۇق باشقۇرۇش، ئۈسۈملۈك كارانتىن، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق، ھاۋارايى، مۇھىت ئاسراش، ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى تەكشۈرۈش، داۋالاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش قاتارلىق پەن- تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي قۇرۇلدى ھەم مۇكەممەللەشتى.

1990- يىلى يىل ئاخىرىغىچە، پەن تەتقىقات ۋە ئېچىش خاراكتېرلىك ئاپپاراتلاردىن: ۋىلايەتلىك سانائەت- قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى، پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل شەھەرلىك چىرىندى كىسلاتا تەتقىقات ئورنى ۋە باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى بولۇپ يەتتە ئاپپارات تەسىس قىلىندى، يۇقىرىقى پەن- تېخنىكا ئاپپاراتىدىن بىرى قۇرۇلدى.

پەن- تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتىدىن ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەردە ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى تەكشۈرۈش، پەن- تېخنىكا ئاخباراتچى، پارقازان تەكشۈرۈش، ئېنېرگىيە ئۆلچەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى (تېخنىكىلىرى) نى كېڭەيتىش، سۇچىلىق، مۇھىت ئاسراشنى ئۆلچەش، مېتېئورولوگىيە، سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوزۇق باشقۇرۇش، ئورمان باشقۇرۇش، نەسىل يېتىشتۈرۈش، مال دوختۇرلۇق، يېزا ئىقتىسادى، پىلانلاش- لايىھەلەش قاتارلىق 46 ئورۇن قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 17 سى ۋىلايەتكە قاراشلىق، 29 ى ناھىيە (شەھەر) لەرگە قاراشلىق.

### 1. ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى

1) پەن- تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى 1978- يىل 10- ئايدا قۇرۇلدى. ئۇ ئاپتونوم رايون ھەتتا غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ ئاۋۋال قۇرۇلغان ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئاپپاراتى. 1979 – 1990 - يىللىغىچە، بەش كەسپىي تېخنىكا خادىمى سەپلەندى. ئۇ ئاساسلىق كەسپىي تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش، رەتلەش، ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋە يەتكۈزۈش كەسىپلىرىنى ئىشلىدى. «قۇمۇل پەن- تېخنىكىسى»، «پەن- تېخنىكا پايدىلىنىش ماتېرىيالى»، «ئۇچۇر گېزىتى»، «قۇمۇل ئىقتىساد تېخنىكا ئۇچۇرى» قاتارلىق ئىچكى ماتېرىياللارنى قەرەلسىز چىقاردى، دۆلەت ئىچىدىكى 300 دىن ئارتۇق پەن- تېخنىكا ئاخبارات ئاپپاراتى بىلەن ماتېرىيال ئالماشتۇرۇش ئالاقىسى ئورناتتى.

2) پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى 1986- يىل 4- ئايدا قۇرۇلدى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 1986- يىلدىكى ئۈچتىن 1990- يىلى توققۇزغا يەتتى. كۈن نۇرى ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش، مېۋە- چېۋە كونسېرۋاسى، باش پىيازنى سۇسىزلاندۇرۇش، ئۆرۈك قېقى ئىشلەپچىقىرىش، شامال كۈچى گېنېراتورى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ كېڭەيتتى. تۇز خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە تەتقىق قىلدى ۋە قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش، تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى.

3) ۋىلايەتلىك ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى تەكشۈرۈش ئورنى ئۇ 1960- يىل 5- ئايدا قۇرۇلدى. ئەسلى سودا ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى ئۆلچەم پونكىتى بولۇپ، كېيىن پەن- تېخنىكا كومىتېتىغا قاراپ، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى بېكىتىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، قارمىقىدا ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى سىناش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، مېتىر بىرلىك سىستېمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بولۇپ، كونا، قالايمىقان بىرلىكلەرنى يوقىتىش، خەلقئارالىق ئۆلچەم سىستېمىسىنى ئاساس قىلىپ، ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، ئىسسىقلىق تېخنىكىسى، دىنامىكا، ئېلېكتر ئىلمى قاتارلىق تۆت چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان ئۆلچەم خىزمىتىنى تەدرىجىي كېڭەيتىش ھەم ئۆلچەم ئىشلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش بولدى. ئۆلچەملىك

ئۆلچىگۈچلەرنى سىناش زاۋۇتى ئۆلچەم كەسپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ياساش بىلەن بىرگە، ھەر خىل ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى رېمونت قىلدى ۋە تەكشۈردى. 1973- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى تەكشۈرۈش ئورنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى تەكشۈرۈش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىل 7- ئاينىڭ 14- كۈنى، پەن- تېخنىكا كومىتېتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتقا قارىدى ، كېيىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچلەرنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

2. كەسپىي تارماقلارغا قاراشلىق ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى

1) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى** 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى، تۇپراق- ئوغۇتچىلىق، ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇلدى. قارمىقىدا ئىشخانا، زىرائەتچىلىك، باغۋەنچىلىك، ئۆسۈملۈك ئاسراش، تۇپراق- ئوغۇتچىلىق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك ھەمكارلىق ئالاقىسى ئورناتتى، دېھقانچىلىق نازارىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى چۈشۈرگەن پەن- تېخنىكا تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قولغا كەلتۈرگەن پەن تەتقىقات نەتىجىسى 40 تۈردىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 16 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە 2-، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، 18 تۈر ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەن- تېخنىكا نەتىجىسى ۋە پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى** 1973- يىل 7- ئايدا، تراكتور باش پونكىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 32 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، پەن- تېخنىكا خادىمى 20 بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ 62.5% ىنى ئىگىلىدى. قارمىقىدا ئىشخانا پەن تەتقىقاتنى باشقۇرۇش، مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئاخبارات ماتېرىياللىرى، تەجرىبىخانا، تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق 10 بۆلۈم- ئىشخانا ۋە بىر تېخنىكىلىق مۇلازىمەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بۇ ئورۇن بىر قەدەر ياخشى پەن- تېخنىكا تەتقىق، تەجرىبە شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 400 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، كىرگۈزۈپ سىناش ۋە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. 1990- يىلغىچە، قولغا كەلتۈرگەن پەن- تېخنىكا نەتىجىسى 15 تۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، بىر تۈر مەملىكەتلىك ئۈچىنچى تۈرى تەتقىقات مۇكاپاتىغا، تۆت تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا، 10 تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك سانائەت- قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى** 1978- يىلى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىغا قاراشلىق بولۇپ، سانائەت تېخنىكا ئېچىش، مەسلىھەت بېرىش، تەربىيىلەش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ۋە لايىھىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1990- يىلى، خىمىيە، ئېلېكتر ماشىنىلىرى، كومپيۇتېر ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 12 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، پەن- تېخنىكا خادىمى توققۇز. بۇ ئورۇن قۇرۇلغاندىن بۇيان بەش تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن- تېخنىكا نەتىجىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى تۈر ۋىلايەتنىڭ پەن- تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ۋە پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى** 1980- يىلى قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى، تاغ ئورمىنى مۇھاپىزەت ئورنى بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق

باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ ۋۇئۇسكا ئېيسپ، بىر يۈرۈش خادىم ئىشلىدى. تەركىبىدە پەن تەتقىقات، كەسپىي بۆلۈمچە ۋە كۆچەتلىك بولۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىسى 49، بۇنىڭ ئىچىدە، پەن- تېخنىكا خادىمى 14. ئورمانچىلىق نازارىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتى چۈشۈرگەن ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقاتى، تەجرىبە قىلىش، كېڭەيتىش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. 1986 – 1990 - يىللىغىچە، 28 تۈردە ھەر خىل پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. تېز ئۆسەر ئورماننى كېڭەيتىش، يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئىقتىسادىي ئورمانلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورماننى كېسەللىك- ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلاش جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

5) قۇمۇل شەھەرلىك چىرىندى كىسلاتا تەتقىقات ئورنى 1989- يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلدى. بۇ ئورۇن قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىنژېنېر ياڭ چىڭسەن قۇمۇل بوغاز كۆمۈر كانىدىكى مول يىمىرىلگەن كۆمۈرنىڭ تەركىبىدىكى چىرىندى كىسلاتاسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ تەركىبى مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى، ئاكتىپچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. ئۇ يەنە يۇقىرى- تۆۋەن يۈرۈپ ھال- ئەھۋال ئېيتىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق- بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1988- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىقبالىغا ئىگە قۇمۇل يىمىرىلگەن چىرىندى كىسلاتا مەھسۇلاتىنى ئېچىشنى ئويلىشىپ، قۇمۇلدا شىنجاڭ چىرىندى كىسلاتا تەتقىقات ئورنى قۇردى، كېيىن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى مەسىلەرنى ئويلىشىپ، قۇمۇل شەھىرى رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرىدىغان، قۇمۇل شەھەرلىك چىرىندى كىسلاتا تەتقىقات ئورنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. بۇ تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بوغازدىكى يىمىرىلگەن كۆمۈر تەركىبىدىكى چىرىندى كىسلاتاسىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى ھەم ئۇنى ئايرىش ئۇسۇلى جەھەتلەردە بىر قاتار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئاددىي تەجرىبە نەتىجىسى ئاساسىدا، 1990- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا كومىتېتىغا يوللىنىپ تەستىقلانغان «چىرىندى كىسلاتا مەھسۇلاتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچلۇق ھۈنەر- سەنئەتنى تەتقىقاتى» ئاپتونوم رايوننىڭ تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ تۈر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىكتە قۇمۇل شەھەرلىك چىرىندى كىسلاتا زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، چىرىندى كىسلاتاسىنىڭ يېڭى مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى ۋە ھۈنەر- سەنئەت تەجرىبە تەتقىقاتى نەتىجىگە ئېرىشتى. 1992- يىلى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرالايدىغان دورا «قۇرغاق يەر ئەجدىھاسى» 200 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، تۈر پىلانىدىكى 100 توننا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇلدى.

3. باشقا ئىلمىي تەتقىقات، مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زورايدى. مەسىلەن، ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ئوتلاقچىلىق، نەسىل ياخشىلاش، ئۇرۇق باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش- ئۆلچەش پونكىتلىرى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش- لايىھەلەش ئەترىتى، سۇرايى پونكىتى، مېتېئورولوگىيە باشقارمىسى،ھەم شەھەر- ناھىيەلەردىكى دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزى، دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئورۇقچىلىق، مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى قاتارلىق ئورۇنلار، كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، بايلىق مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش، كەسپىي پىلان، ئىلمىي تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، پەن- تېخنىكا تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە پەن تەتقىقات، ئېچىش، كېڭەيتىش مۇلازىمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ھەم پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ۋىلايەتنىڭ پەن- تېخنىكا خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

# §3. پەن- تېخنىكا قوشۇنى

## 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە پەن- تېخنىكا خادىملىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سەھىيە، ئۆششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تارقالغان بولۇپ، مەخسۇس باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى پەن- تېخنىكا خادىملىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پەن- تېخنىكا قوشۇنى يىلدىن يىلغا زورىيىپ، پەن- تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئورنى تەدرىجىي ئۆستى.

1980- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىنژېنېر، تېخنىك خادىملار 448 (بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 161 ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 163، باشقا ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 124)، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى 2018 (بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 334، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 1046، باشقا ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 638) بولۇپ، جەمئىي 2466 ئىدى. 1982- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىم 16 مىڭ 625 كە يەتتى. 1990- يىلى، تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىم 21 مىڭ 148 گە يەتتى (7339 ئايال خادىممۇ بۇنىڭ ئىچىدە). بۇ ئىش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ 10.89% نى ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇردى. ۋىلايەتتىكى ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 30.7 پەن - تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى؛ ۋىلايەت بويىچە ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە 202.1 كەسپىي خادىم بار، تۇرپان ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، شىخەنزە شەھىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا، شىخەنزە شەھىرى (311) دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملار ۋە كەسپىي شىركەتلەرنىڭ 1982 – 1990 – يىللىغىچە تارقىلىش ئەھۋالى**

**(مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)**

جەدۋەل: 28 – 1

| تۈرى / تۈر ئاتىمىسى | 1982- يىلى | | 1990- يىلى | |
|---|---|---|---|---|
| | سانى (نەپەر) | نىسبىتى (%) | سانى (نەپەر) | نىسبىتى (%) |
| پەن تەتقىقات خادىملىرى | 20 | 0.12 | 14 | 0.07 |
| يىزا ئىگىلىك، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىملىرى | 1559 | 9.37 | 2674 | 12.64 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پەن- تېخنىكا باشقۇرغۇچى ھەم ياردەمچى خادىملار | 40 | 0.24 | 15 | 0.07 |
| ئايروپىلان، كېمە تېخنىكا خادىملىرى | | | 2 | 0.01 |
| داۋالاش، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى | 3014 | 18.13 | 2990 | 14.14 |
| ئىقتىسادىي خىزمەت خادىملىرى | 4470 | 26.89 | 6819 | 32.24 |
| قانۇن خىزمىتى خادىملىرى | 202 | 1.22 | 348 | 1.65 |
| سەنئەت، تەنتەربىيە خىزمىتى خادىملىرى | 6738 | 40.53 | 7339 | 34.70 |
| مائارىپ خادىملىرى | 331 | 1.99 | 274 | 1.30 |
| مەدەنىيەت خىزمىتى خادىملىرى | 246 | 1.48 | 649 | 3.07 |
| باشقا كەسپىي خادىملار | 5 | 0.03 | 24 | 0.11 |
| جەمئىي | 16625 | 100 | 21148 | 100 |

2. پەن- تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى

50 – 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار پارتىيىنىڭ «چېگرا رايونلارغا، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان جايلارغا بارايلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، قومۇلغا كېلىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئۇلار ئىشچى- دېھقانلار ئاممىسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، قومۇلنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا ئاساسىنى سېلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1960- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن يەنە بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار قومۇلغا كېلىپ، پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش ھەر مىللەت پەن- تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، قومۇلنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىقلارنى ياراتتى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق، قابىلىيەتلىك پەن- تېخنىكا خادىملىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقتى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان بىر قىسىم پەن- تېخنىكا خادىملىرى ۋىلايەتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىقلىرى، بەزىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى، بەزىلىرى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر زىيالىي بولۇپ باھالىنىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم ۋەكىللەر تۆۋەندىكىچە:

چېن يۈەنتەي ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر زىيالىي، قومۇل 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى، ئىنژېنېر، 1961 - يىلى چۇڭچىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېنېرگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 30 قانچە يىلدىن بۇيان، ئۇ قېتىرقىنىپ

ئىشلەپ، قومۇلنىڭ ئېلېكتىر ساھەسىدە تېخنىكىلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 2- ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئۆلچەپ لايىھىلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇ غەربىي شىمال ئېلېكتىر ئېنېرگىيە ئىدارىسى لايىھىلەش ئورنىدىكى يولداشلار بىلەن بىرگە، سوغۇق- ئىسسىق، قۇم- بورانلارغا باقماي قىدىرىپ ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، زاۋۇت ئورنى توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئادەتتە لايىھىلەش ئورنىنىڭ قائىدىسى بويىچە قىدىرىپ ئۆلچەش تاماملانغاندىن كېيىن، قىدىرىپ ئۆلچەش ئېلىپ بارغان قۇدۇق كېرەكسىز بولۇپ تىندۇرۇۋېتىلەتتى. ئەمما ئۇ كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، قىدىرىپ ئۆلچەشكە ئىشلەتكەن قۇدۇقنى سۇقۇدۇقى قىلىپ ساقلاپ قېلىپ، دۆلەتكە 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ بەردى. 1984- يىلى، 2- ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشى باشلانغاندىن بۇيان، ئۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەر بىر ھالقىسىنى ئۆزى ئىگىلەپ، قەتئىي ئۆلچەم بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. 2- ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئۇ مۇددىگەر باشلىق بولۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدا تېخنىكىلىق تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. 1992- يىل 3- ئايغىچە، 2- ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى 50 مىڭ 877.32 كىلوۋات سائەت توك تارقىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 40 مىليون 191 مىڭ 300 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 4 مىليون 319 مىڭ يۈەن باج ياراتتى.

**ياڭ جېنمىڭ** ۋىلايەتلىك سەھىيە – يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇدىر ۋىراچ. 1961- يىلى، بېيجىڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەھىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇزۇن مەزگىل قۇمۇلنىڭ سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ دائىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، كوچا ئائىلىلەر نۇقتىلىرىغا بېرىپ، ئاممىغا سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى سۆزلەپ بەردى، بىمارلارنىڭ كېسىلىنى كۆردى. ئۇ كۆپ قېتىم ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا سەھىيە ستاتىستىكا ئىلمى، ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىلمى قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتۈپ، سەھىيە، ساقلىق ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيىلىدى؛ ئۇنىڭ پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن بىر تۈرى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇنەۋۋەر پەن- تېخنىكا نەتىجىسى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ تۈرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۇ يازغان ئىلمىي ماقالىلەردىن 13 پارچىسى مەملىكەتلىك ژۇرناللاردا، سەككىز پارچىسى ئاپتونوم رايونلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، 26 پارچىسى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مۇھاكىمە قىلىندى. 1990- يىلى ياڭ جېنمىڭ ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر زىيالىي بولۇپ باھالاندى.

**ۋاڭ جىشياڭ** ئاراتۆرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ يېزىسى تەجرىبە پونكىتىنىڭ باشلىقى، توخۇلۇ يېزىسىنىڭ پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى. ئۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكىسىنى جاپاغا چىداپ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ يېڭى سورتلىرىنى ۋە ئىلغار يېتىشتۈرۈش تېخنىكىلىرىنى ئۆزى سىناق قىلىپ كېڭەيتتى. 1982- يىلى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى تەجرىبە پونكىتىنىڭ 60 مو يەردىكى بۇغدىيىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 500 كىلوگرامدىن ئاشتى. 1991- يىلى، پونكىتنىڭ 60 مو يەردىكى بوغدىيىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 653 كىلوگرامغا يەتتى. ئۇ ياڭيۇدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى توغرىسىدا ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئائىلىسىدە 3.5 مو يەرگە ياڭيۇ تېرىپ مو بېشى ھوسۇلنى بەش توننىدىن ئاشۇردى، 500 گرامدىن ئاشىدىغان ياڭيۇلار ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى. 10 يىلدا پونكىت 60 مو بۇغداي يېرىدىن دۆلەتكە 225 مىڭ كىلوگرام تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەردى. 1990- يىلى، پونكىتتىكى 32 خادىمنىڭ كىشى بېشى يىللىق كىرىمى 1630 يۈەن بولدى. ۋاڭ جىشياڭنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نەتىجىلىرى ۋە تۆھپىسى

ئۈچۈن ناھىيە «پەن- تېخنىكا پىرى» دەپ نام بەردى، ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر زىيالىي بولۇپ باھالاندى.

زەينەپ ئەخمەت قۇمۇل شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ ئاگرونومى، دېھقانلار ئۇنى «دېھقانچىلىق تېخنىكىسى سېپىدىكى قابىل ئايال» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇ 1983- يىلى، شىنجاڭ شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئەلا سورتلىرىنى يېتىشتۇرۇش، كېڭەيتىش جەمەتتە، ئۈچ يىل سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇ ياراتقان پەن- تېخنىكا نەتىجىسى قۇمۇل شەھەرلىك پەن- تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1986 ~ 1988- يىلىغىچە، ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مۇھىتى ئەڭ جاپالىق، شارائىتى ئەڭ ناچار بولغان تەگرىتاغ رايونىنىڭ يېزا- كەنتلىرىگە بېرىپ، دېھقانلارغا دېھقانچىلىق تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتتى. ئۈچ يىل جەريانىدا، ئۇ تۆرت تۈزگەن دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكا بىلىملىرىنى دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىپ، بوران- يامغۇرلۇق كۈنلەرگىمۇ پەرۋا قىلماي، دېھقانلارغا ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، 1060 مو يەردە بۇغداينىڭ يېڭى سورتى «شىنجاڭ يازغىسى — 2» نى، 1770 مو يەردە ئارىپخاننى يوقىتىش ئۇسۇلىنى كېڭەيتىپ، بىرلىك ھوسۇلنى 325.45 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى، دېھقانلارنىڭ پەن- تېخنىكىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. 1988- يىلى، ئۇ ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتلىرى تەشكىللىگەن، شەھەرئىچى يېزىسىدا پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇ مەسئۇل بولغان گۇرۇپپا 11 ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىر يىل تىرىشىش ئارقىلىق 11 ئائىلىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى. 1989- يىلى، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنى راھەتباغ يېزىسىنىڭ پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. كەسىپ ئۈچۈن ئۇ توي قىلىش ۋاقتىنى يەنە بىر قېتىم كېچىكتۈرۈپ، راھەتباغ يېزىسىغا بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك پەن- تېخنىكا خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىدە، 1990- يىلى يېزا بويىچە كېڭەيتىلگەن ئەلا سورتلۇق بۇغداي، كۆممىقوناقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 70% تىن ئاشتى، 11 مىڭ مو بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلى 285 كىلوگرامغا يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن 7.3% ؛ 600 مو يەردىكى كېۋەزنىڭ مو بېشى ساپ پاختا ھوسۇلى 85.7 كىلوگرامغا يېتىپ، 1989- يىلدىكىدىن 15.8% ئاشتى. بۇ مۇشۇ يېزا تارىخىدا يارىتىلغان ئەڭ ياخشى سەۋىيە. 1988- يىلى، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە «8- مارت» قىزىلبايراقدارى، پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئىلغارى بولۇپ باھالاندى ھەم شۇ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىردى. ئۇ 1990- يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش ئىلغارى، ئاپتونوم رايون، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 1980- يىللاردىكى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىلىرى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قۇمۇل شەھىرى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر زىيالىي بولۇپ باھالاندى. شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى 14- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

ۋاڭ يۇشۇي قۇمۇل قىزىليۇلتۇز دورا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر، كومپارتىيە ئەزاسى. 1963- يىلى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تىببىي تېخنىكومىنىڭ دورىگەرلىك كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز دوختۇرخانىسىنىڭ دورا بۆلۈمىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 1973- يىلى، قىزىليۇلتۇز دورا زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ، تېخنىك، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، زاۋۇت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. دورا زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، مەملىكەتلىك تىببىي دورىگەرلىك ژۇرنىلى ۋە ۋىلايەتلىك دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىدە «دېكسېدگىدروخلورىد ئېغىبدىرىننى ئايرىش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى» قاتارلىق ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ۋاڭ يۈشۈي قىزىلىيۈلتۇز دورا زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۇدا بىر نەچچە يىل زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ كىچىك زاۋۇتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 10 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. ئۇدا 10 يىل پايدا ئېلىپ، كىشى بېشى پايدا بېجىنى ئۇدا ئۈچ يىل 10 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى ۋە غوللۇق كارخانىغا ئايلاندۇردى. 1987 – 1990 - يىلغىچە، تۆت يىلدا يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون يۈەن پايدا باج يارىتىپ، مەھسۇلاتنى بىر خىلدىن 50 نەچچە خىلغا يەتكۈزدى. ئۇ پەن تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، كارخانا باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، «پەن- تېخنىكىنى قوللىنىپ، پەن- تېخنىكىغا تايىنىپ باي بولۇش» ۋە پەن- تېخنىكىلىق يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش، پەن- تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشتىن ئىبارەت زاۋۇت باشقۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويدى. ئېغىردىن ئىشلەپچىقىرىش يېڭى ھۈنەر- سەنئىتىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. زاۋۇت باشقۇرۇش قەدىمىنى ئۆلچەملىك يولغا سېلىپ، زاۋۇتتىكى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ پەننى ئۆگىنىش، پەندىن پايدىلىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەم كەشپىيات يارىتىش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن قىزىلىيۈلتۇز دورا زاۋۇتى ۋىلايەت بويىچە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئىلغار كارخانا بولۇپ قالدى ۋە سۈپەت، بىخەتەرلىك، ئۆلچەم، ستاتىستىكا، مالىيە، ئۇنىۋېرسال تۈزەش جەھەتلەردە ئىلغار ئورۇن، قوش مەدەنىي ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرا رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار كارخانا، سىياسىي خىزمەتتە ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى. ۋاڭ يۈشۈي ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى، قۇمۇل شەھىرى بويىچە «10 ياخشى» زاۋۇت باشلىقى بولۇپ باھالاندى.

**ياڭ چىغشىن** ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئىنژېنېرى. 1957- يىلى شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، بىگتۈەن دېھقانچىلىق 4- شىسى، كۇچا، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىشلىگەن. قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇل شەھىرى تۇرۇبا سۈيى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شەھەرلىك ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1989- يىلى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ پەن- تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، قوشۇمچە چىرىندى كىسلاتا زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

1981- يىلى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق لايىھەلەش ئورنىنىڭ قۇمۇل شەھىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى لايىھىلىشىگە قاتناشقاندىن سىرت، سۇ زاۋۇتىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش، تۇرۇبا يوللىرىنىڭ بېسىمىنى ئاپتوماتىك تەڭشەش، سۇ زاۋۇتىنىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى لايىھەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

1986- يىلى، ئۇ شەھەرنىڭ يۇندا چىقىرىش قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلغاندا، ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئەينەك تالالىق بېتون تۇرۇبىنى ئىشلىتىپ، قۇرۇلۇش ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ تېجەپ قالدى. بۇ نەتىجە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن شەھەر مەمۇرىيىتى ئىلمىي يىغىنىدا ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى.

1988- يىلى، ئۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي تۈز كۆلىنى ئېچىش تۈرىدە، سۇ يەتكۈزۈش ۋە يول ياساش قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولدى. قۇمۇل بوغاز كۆمۈرلۈكىدىكى يىمىرىلگەن كۆمۈردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن چىرىندى كىسلاتاسى تەتقىقات ئورنىنى قۇرۇپ، چىرىندى كىسلاتاسىنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش دورىسىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر- سەنئىتىنى چىڭ تۇتتى. بۇ تۈر شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى ھەم خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ نۇقتىلىق پەن- تېخنىكا ئېچىش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، مەھسۇلات سۈپىتى

ياخشى، ھۈنەر- سەنئەت تەرتىپى مۇۋاپىق، تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ بېكىتىلدى. بۇ تۈر دۆلەتنىڭ مەشئەل پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ مەھسۇلات مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن مەھسۇلات ئالتۇن مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىككى يۇقىرى، بىر ئەلا مەھسۇلات ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

كۆپ يىللاردىن بېرى، ئۇ جاپالىق تەتقىق قىلىپ، يۈرەكلىك سىناق ئېلىپ بېرىپ، يېڭى يول ئېچىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ۋە پەن- تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى. 1968 – 1975 - يىللىرىچە، كۇچادا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئىككى قېتىم ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 1983- يىلى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن- تېخنىكا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقۇچى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى؛ 1985- يىلى ۋە 1987- يىلى، قۇمۇل شەھىرى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى؛ 1988- يىلى، دۆلەت كەسپىيات جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى؛ 1988 – 1990 - يىللىرىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ باھالاندى. ئۇ مەسئۇل بولغان «دورىلىق چىرىندى كىسلاتاسى» پەن تەتقىقات تۈرى دۆلەتنىڭ «8- بەش يىللىق» پىلانىدىكى تۈتكەلگە نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ۋېي جىگۇەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىنىڭ رادىئوئاكتىپتىن ساقلىنىش كاندىدات ئالىي تېخنىكى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يېتىشىپ چىققان كەسپىي تېخنىكا خادىمى. 1988- يىلىدىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە كەسپىي تېخنىكىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىق خادىم، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن- تېخنىكا خادىمى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەنناملارغا ئېرىشتى.

ۋېي جىگۇەن كەسپىي نەزەرىيىۋى تەتقىقات بىلەن ئەمەلىي خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ دۆلىتىمىز شىنجاڭدا يادرو قوراللىرىنى سىناق قىلغاندىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇھىتىدىكى رادىئوئاكتىپلىق تەسىرىنى ئۆلچەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. 1977- يىلى، ئۇ نەق مەيداندا مەلۇم بىر قېتىملىق يادرو سىنىقىغا قاتنىشىپ، رادىئوئاكتىپنىڭ خەتىرىگە قارىماي تەتقىقات ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1980- يىللاردىن بۇيان، ئورۇندىغان ئاساسلىق تېمىلىرى «قۇمۇل رايونىدىكى مۇھىتنىڭ رادىئوئاكتىپلىشىش دەرىجىسى ۋە تازىلىقىنى باھالاش»، «قۇمۇل رايونىدىكى مۇھىتنىڭ تەبىئىي ئىئونىزاتسىئونلۇق رادىئوئاكتىپلىشىش دەرىجىسى ۋە تازىلىقىنى باھالاش»، «قۇمۇل رايونىدىكى مۇھىتنىڭ ئىئونىزاتسىئونلۇق رادىئوئاكتىپ مەنبەسىنىڭ ئاھالىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مىقدارىنى باھالاش»، «شىنجاڭدىكى يادرو سىنىقى مەيدانى ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ مۇھىتىدىكى رادىئوئاكتىپلىشىش دەرىجىسى ۋە ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا تەتقىقات» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، دۆلەت دەرىجىلىك 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى. ئۇ مەسئۇل بولغان ھەم ئۆزى قاتنىشىپ تەتقىق قىلغان «دۆلىتىمىزنىڭ يادرو سىنىقىدا قۇمۇل رايونىغا چۈشكەن رادىئوئاكتىپ چاڭ- توزانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۆلگىنىش قانۇنىيىتى» قاتارلىق تېمىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك ئىلىم- پەن يىغىنلىرىدا (ياردەمچى) مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دۆلەت دەرىجىلىك ئىلمىي ژۇرناللاردا 31 ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇ يازغان «قۇمۇل رايونىدىكى مۇھىتنىڭ رادىئوئاكتىپلىشىش دەرىجىسى ۋە تازىلىقىغا باھا» قاتارلىق ئىككى ئىلمىي ماقالىسى سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋە خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو

مۇھىتنىڭ رادىئوئاكتىپلىشىش دەرىجىسى ۋە تازىلىقىغا باھا» ناملىق ئىككى كىتابقا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى رادىئوئاكتىپتىن ساقلىنىش بۆلۈمى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن-تېخنىكا ئىلغار كوللېكتىپى ھەم مەدەنىي كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

**شياڭ سۇفېيوڭ** ئىچكى بۆلۈم يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى (ئايال)، كاندىدات ئالىي ۋراچ، كومپارتىيە ئەزاسى. 1958-يىلى، شىنياڭ جۇڭگو تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1959-يىلى، شىنجاڭ سەھىيە نازارىتىنىڭ كادىرلار مەكتىپىدىن قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ، ئىچكى بۆلۈم مۇدىرى، جۇڭخۇا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قومۇل شۆبىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ئىچكى بۆلۈم ئىلمىي گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرى، قومۇل شەھەرلىك 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

شياڭ سۇفېيوڭ تىرىشچان، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، كەسپىي ئەخلاقى ياخشى، يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى كەسپىدە بىلىمى چوڭقۇر، جىددىي خاراكتېرلىك يۇرەك تىقىلمىسىنى جىددىي قۇتقۇزۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن سىرت، ۋىلايەت ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم داۋالاش تېخنىكا تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تىببىي پەن ژۇرناللىرىدا 20 قانچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئورۇندىغان «تاجسىمان يۇرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 67 ئۇيغۇر، خەنزۇ بىمارنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» 1978-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم-پەن يىغىنىدا مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالاندى. «يۇرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش توغرىسىدا تەتقىقات» ۋىلايەت بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**جاڭ شىشياۋ** ئالىي ئاگرونوم، كومپارتىيە ئەزاسى. 1964-يىلى، شەندۇڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆسۈملۈك ئاسراش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. قومۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق بۆلۈمى، قومۇل شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتى، دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزىي پونكىتى، دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەپ، پونكىت باشلىقى، دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ 1987-يىلدىن باشلاپ، «200 مىڭ مو مول ھوسۇللۇق بۇغداي يېتىشتۈرۈش» تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرىنى دائىرىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇشقا تەشكىللەپ، مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەمكارلىشىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى يىلدا 5% تىن ئاشۇردى. دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىش خىزمىتىدە كېڭەيتىلىدىغان پەن تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق پەنلىرى تەتقىقات ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلغار دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈپ كېڭەيتىپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تېزلىكتە ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، ۋىلايەت يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

1985-، 1986-يىللىرى، «شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىلمى» ژۇرنىلىدا «پىرىتېرىن ئارقىلىق ئوتلاقلاردىكى چېكەتكىنى يوقىتىش»، «قوغۇندىكى ئاق تۇزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

1985- يىلى، ئۇ ئورۇندىغان «شىنجاڭدىكى زىياندàش ھاشاراتلارنىڭ تەبىئىي كۈشەندىلىرى بايلىقىنى تەكشۈرۈش» ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئۇلترا تۆۋەن سىغىملىق چېكەتكە يوقىتىش تېخنىكىسى» ۋىلايەتنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «قۇمۇل رايونىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك، ھاشاراتلار، ئوت- چۆپلەر، تەبىئىي كۈشەندە ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش» ۋە «دېھقانچىلىق نۇقتىسىدىكى 11874 ئارقىلىق قارا كۈيە كېسەلنى يوقىتىش» ۋىلايەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تىزىملاش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 1983- يىلى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك- كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پەن- تېخنىكا ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشقۇچىلار» شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 1985- يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1981- يىلى ۋە 1987- يىلى، ئىككى قېتىم ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

چېن فۇۋېن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ئاگرونومى، قوغۇن سورتىنى ياخشىلاش مۇتەخەسسىسى ، كومپارتىيە ئەزاسى. 1969- يىلى، شىنجاڭ 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1972- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىنغان. «قوغۇن، تاۋۇزنىڭ كېسەللىككە قارشى ئەلا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سىرتقا سېتىلىدىغان قوغۇننىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش»، «قوغۇننىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ھەم كېڭەيتىش»، «ئاپتونوم رايونىمىزدا قوغۇن، تاۋۇزنى رايونلاشتۇرۇشنى سىناق قىلىش»، «قوغۇننى يېڭى پېتى ساقلاش» قاتارلىق تېمىلارنى تۈزتتى. «ئاپتونوم رايونىمىزدا قوغۇن، تاۋۇزنى رايونلاشتۇرۇشنى سىناق قىلىش» 1985- يىلى ۋە 1987- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق شىركىتى تەرىپىدىن 2-، 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «قوغۇننىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ھەم كېڭەيتىش» 1988- يىلى ۋىلايەتتىنىڭ پەن- تېخنىكا كېڭەيتىش بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1983-، 1985-، 1986-، 1988- يىللىرى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى مەركىزىدە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 1984- يىلى ۋىلايەتلىك ئەمگەك- كادىرلار باشقارمىسى ۋە پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

چېن پېيىرېن قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىر ئەزاسى، ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى، كومپارتىيە ئەزاسى. 1955- يىلى، غەربىي شىمال چارۋىچىلىق- مال دوختۇرلۇق ئىنستىتۇتىنىڭ چارۋىچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1955 – 1990 - يىللىرىچە، ئاراتۇرۇك چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئاراتۇرۇك خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق دىئاگنوز ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، يېزا خىزمىتى كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا چارۋىچىلىق كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ «چارۋىچىلىق ۋە ئوتلاقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش پىلانى»، «تەبىئىي ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ھەم مۇۋاپىق پايدىلىنىش»، «تاشلاندۇق ئوتلاقلارنى سۇنئىي ئۇسۇلدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئەلا سورتلۇق ياۋا چۆپ — خارشا كىرپۋاش ئوتنى ئۆزلەشتۈرۈش تەجرىبىسى» قاتارلىق پەن تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ مەسئۇل بولغان «ناھىيە دەرىجىلىك تەبىئىي ئوتلاقلار بايلىقىنى تەكشۈرۈش» 1986- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1982-، 1987- يىللىرى، چارۋىچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈشتە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ

باھالاندى. 1983- يىلى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك- كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن- تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقۇچى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

**چاڭ سوگنيەن** نەپەس يولى ۋە يۈرەك- قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى، كاندىدات مۇدىر ۋراچ، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى. 1961- يىلى، خاربىن تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان. 1980 – 1990 - يىللىرىچە، ئىچكى بۆلۈمدە ۋراچ، كاندىدات مۇدىر ۋراچ، مۇدىر ۋراچ ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشىپ، ئىچكى بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، دوختۇرخانىنىڭ كەسپكە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. جۇڭخۇا تىببىي پەن ئىلمىي جەمئىيىتى قۇمۇل شۆبىسىنىڭ باش كاتىپى، جۇڭگو راكتىن ساقلىنىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

چاڭ سوگنيەن سەھىيە ساھەسىدە خېلى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، كەسپداشلىرى ۋە ئاما ئۇنى نەپەس يولى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلامچىسى دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، يېڭى داۋالاش تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇپ ۋە ئۇنى كلىنىكا ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش جەھەتتە دائىم ئۇنۇملۈك چارە- تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1963 – 1988 - يىللىرىچە، ئۇ مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك كىتاب- ژۇرناللاردا 30 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. چېكرا رايوننى گۈللەندۈرگۈچى شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم- پەن يىغىنى مۇكاپاتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپات (بىرلەشمە)، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپات قاتارلىق شەرەپ، مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 1988 – 1990 - يىللىرىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ باھالاندى.

**ئابدۇرېشىت ئەمەت** ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كومپيۇتېر دەرسلىكى ئوقۇتقۇچىسى، 1984- يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1989- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ باھالاندى.

ئابدۇرېشىت ئەمەت تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارغا BASIC تىلى دەرسى ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلارنى ئېلېكترون كورۇژۇكىغا تەشكىللەپ، 2- دەرسخانا پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى لايىھىلەش مۇسابىقىسىغا ئۈچ قېتىم قاتناشتۇرۇپ، ئۈچ ئادەم (قېتىم) 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بەش ئادەم (قېتىم) 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككى ئادەم (قېتىم) 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ قېتىرقىنىپ پەن- تېخنىكىنى قوللىنىپ، ئۆزى بىر يۈرۈش زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە تاللىشىپ جاۋاب بېرىش ئۈسكۈنىسىنى ياساپ چىقتى. ۋىلايىتىمىزدىكى سەككىز ئورۇننىڭ 14 قېتىم ئىشلىتىشى ئارقىلىق ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ مەكتەپكە 3080 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ ئۆزى لايىھىلەپ ياسىغان مەكتەپلەردە ئاپتوماتىك قوڭغۇراق چېلىش سائىتىنىڭ پروگراممىسىنى خالىغانچە تۈزگىلى بولىدۇ، خاتالىق دەرىجىسى بىر ئايدا بىر سېكۇنتقا يەتمەيدۇ؛ ئۇ يەنە ئاپتوماتىك قوڭغۇراق چېلىش سائىتى ئاساسدا يېزىلار ۋە توك تۇراقسىز جايلاردىكى مەكتەپلەرگە باب كېلىدىغان ئاپتوماتىك توك قاچىلاپ قوڭغۇراق چېلىش ئۈسكۈنىسى ۋە ئاۋاز كۈچەيتىش ئەسۋابى ياساپ چىقىپ، شۇ خىل جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسكە كىرىش- دەرستىن

چېقىش قوگنۇرىقى چېلىش ۋە گىمناستىكا ئويناش، كۆز ئاسراش گىمناستىكىسى پروگراممىسىنى يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى؛ 16 مىللىمېتىرلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىنىڭ ئويغۇرچە ئاۋاز قويۇپ بېرىش قىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى شاۋقۇن چوڭ، ئاۋاز يوقاپ كېتىدىغان، قوللىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشتەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئۇ يەنە توك يوق رايونلارغا باب كېلىدىغان شامال ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن زەرەتلىنىدىغان ئېنېرگىيە تېجەش چىرىغى ياساپ چىقتى.

فېڭ لىپچياڭ 1973- يىل 12- ئايدا ئەسلىدىكى قومۇل ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىدىن قومۇل شەھەرلىك فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان. 1976 – 1990 - يىللىغىچە، بۇ تەجرىبىخانىنىڭ مۇدىرى، سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىشلەپچىقىرىش- تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1986- يىلى، ئۇ مەسئۇل بولۇپ تاماملىغان نەملەشتۈرۈپ كالتسىيلاشتۇرۇش ھۈنەر- سەنئىتىنى يېڭىلاش تۈرى كالتسىيلاشتۇرۇلغان ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارىنى 1% تىن ئارتۇق ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئوخشاش مەھسۇلاتلار ئىچىدە بىردىنبىر ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1987- يىلى ئۇ مەسئۇل بولۇپ تاماملىغان چىرىندى كىسلاتا ئۆرىدىكى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت دېھقانلارنىڭ كۆپ يىل ئىشلىتىشى ۋە يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئېتىزدا سىناق قىلىپ ئىشلىتىشى ئارقىلىق، مەھسۇلاتنى 15 % – 20% ئاشۇرىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، ۋىلايەتنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1990- يىلى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ فوسفور رۇدىسى بوتقىسىنىڭ سۈيىنى كېمەيتىش ھۈنەر- سەنئىتى يېڭى تەجرىبىسىنى تاماملىدى ۋە ئىشلىتىشكە كىرىشتۈردى. بۇ تېخنىكا دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەسىپلەر بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

1990- يىل 10- ئايدا، فېڭ لىپچياڭ ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى تەرىپىدىن شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى پەن- تېخنىكىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

# II باب

# پەن - تېخنىكىنى باشقۇرۇش

## §1. پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى

1980- يىلىدىن باشلاپ، پەن- تېخنىكىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن تارتىپ پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغىچە، پەن تەتقىقات خىراجىتىدىن پەن تەتقىقات پىلانىغىچە، پەن- تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى.

1984- يىلى، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى باشلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىپ، پارتىيە بىلەن

مەمۇرىيەت ئايرىۋېتىلىپ، ئورۇن باشلىقى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە، نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. ئورۇن باشلىقى مەمۇرىي، كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ، پارتىيە ياچېيكىسى نازارەت قىلىشتا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇردى؛ پەن تەتقىقات دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، پەن تەتقىقات تۈرلىرى سىرتقا ھەقلىق (ياكى ھەقسىز) توختاملىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىچكى جەھەتتە رىقابەتلىك بولغان بىرلىشىش تېمىلارنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق چەكلەندى؛ توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرىكمە كۈچەيتىلىپ، پەن تەتقىقات بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن بىرلەشمە گەۋدە تۇرغۇزۇلدى.

## §2. پەن تەتقىقات خىراجىتى

پەن- تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، پەن- تېخنىكا خىراجىتى ھەقسىز پايدىلىنىشتىن ھەقلىق پايدىلىنىشقا ئۆزگىرىپ، توختاملىشىش ياكى پەن- تېخنىكا كەسپىي خىراجىتىنى ھۆددىگە ئېلىش يولغا قويۇلدى.

ۋىلايەتنىڭ پەن تەتقىقات خىراجىتى كەسپىي خىراجەت بىلەن پەن- تېخنىكا ئۈچ تۈرلۈك خىراجىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. پەن- تېخنىكا كەسپىي خىراجىتىنى ئىلگىرى ۋىلايەتلىك مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش چۈشۈرۈپ باشقۇراتتى. 1988- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇستەقىل پەن- تېخنىكا كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ پەن- تېخنىكا كەسپىي خىراجىتىنى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى تەقسىم قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەندى، كېيىن مالىيە تارمىقى ئاجرىتىپ بېرىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالدى.

پەن- تېخنىكا ئۈچ تۈرلۈك خىراجىتى يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق قىلىپ ياساش، ئوتتۇرىدا سىناق قىلىش ۋە مۇھىم پەن تەتقىقاتلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسى، مالىيە تارماقلىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ۋىلايەتلىك مالىيىنىڭ شۇ يىللىق خام چوت ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئاپتونوم رايون ئايرىپ بېرىدىغان قىسمىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بويىچە پەن- تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرىدۇ؛ ② كەسپىي تارماقلار بولغان پەن- تېخنىكا تۈرلىرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ۋىلايەتتە يولغا قويۇلىدىغان پەن- تېخنىكا تۈرى خىراجىتى؛ ③ ئاجرىتىپ بېرىشتىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىنىپ قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان خىراجەت. قۇمۇل ۋىلايىتىدە پەن- تېخنىكا ئۈچ خىل خىراجىتى 1971- يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى، 1988- يىلدىن ئىلگىرى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ئىشلەتتى. 1988- يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بۇ خىل خىراجەتنى ئىشلىتىشنى تەشكىللەش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى. ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى يەنە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، خىراجەتنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى.

## §3. پەن تەتقىقات پىلانىنى باشقۇرۇش

1959 – 1980 - يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، تۈرلۈك پەن- تېخنىكا پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش بولدى. مەسىلەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى 10 يىللىق ئۇلۇغ نەتىجىلەر كۆرگەزمىسى، شارسىمان يوسۇن يېتىشتۈرۈش ھەم ئۇلترا دولقۇن تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش، كۆمۈر تېجەش ئوچىقى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىقلارنى تەشكىللىدى، ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى تېخنىكا يېڭىلاش، ئۈسكۈنىلەرنى ياخشىلاشقا تەشكىللىدى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى تېخنىكىلىق يېڭىلاش، يەم- خەشەك پىششىقلاشنى ئۆزگەرتىش، كۈن نۇرى ئېنېرگىيىلىك مۇنچا ياساش قاتارلىق ئىشلارنى تەشكىللىدى. 1980 – 1986 - يىلىغىچە، تېخنىكا ئۆتۈنۈشىنى باھالاش، پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باشقۇرۇش، پەن- تېخنىكا پىلانلىرىنى باشقۇرۇش، پەن- تېخنىكا خىراجىتىنى باشقۇرۇش، تېخنىكا ئۆتۈنۈشىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلارنى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇپ، پەن- تېخنىكا باشقۇرۇشنى تەدرىجىي قېلىپلاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى.

1987- يىلىدىن ئىلگىرى، ۋىلايەتنىڭ پەن- تېخنىكا پىلانلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان خادىم يوق ئىدى. لېكىن ھەر يىللىق پەن- تېخنىكا پىلان تۈرلىرىنى ئادەتتە پەن- تېخنىكا كومىتېتى ئىچكى جەھەتتە ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ بېكىتىپ، يولغا قويۇشقا تەشكىللەيتتى.

1987- يىلى، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى پەن- تېخنىكا پىلانىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسىنىڭ لايىھىسىنى بېكىتىپ، پەن- تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ مەنبەسى، ئىلتىماس قىلىش دائىرىسى، تۈر تۇرغۇزۇش تەرتىپى، تاللاش چارىسى قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى. 1988- يىلى يىل بېشىدىن 5- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ چارىنى قوللىنىپ ۋىلايەت بويىچە تۈنجى قېتىم پەن- تېخنىكا پىلانى تۈرىنى تۇرغۇزۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، خۇسۇسىيىتى بىلەن مىقدارىنى بىرلەشتۈرۈش چارىسىدىن پايدىلىنىپ، پەن- تېخنىكا پىلانى تۈرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشنى تاللاپ يولغا قويدى. مۇشۇ ئاساستا، پەن- تېخنىكا كومىتېتى 1989- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا تۈرىنى تۇرغۇزۇشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلغان «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا پىلانى تۈرىنى تۇرغۇزۇش لايىھىسى ئىلتىماسى» نى ئېلان قىلدى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى.

ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن پەن- تېخنىكا پىلانى تۈرى، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بىلەن يېتەكلەش خاراكتېرلىك پىلاندىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يېتەكلەش خاراكتېرلىك پىلان تۈرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، پەن- تېخنىكا پىلان ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ خىراجىتىنى مەسئۇل بولغۇچى ئۆزى ھەل قىلىدۇ؛ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان تۈرىدە، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى بىلەن مەسئۇل بولغان ئورۇن پىلان توختامى ئىمزالايدۇ. دائىرىسى چوڭراق بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان تۈرلىرىنى تەشكىل كۆتۈرە ئېلىپ مەسئۇل بولۇپ، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن مەسئۇلىيەت توختامى تۈزۈپ، ئاندىن يولغا قويۇشقا كىرىشىدۇ.

1988 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە «پەن- تېخنىكا پىلان تۈرىدە تۈر تۇرغۇزۇشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» تەشۋىق قىلىپ كېڭەيتىلگەنلىكتىن، پەن- تېخنىكا پىلانىنى باشقۇرۇش قېلىپلىشىش ئىزىغا چۈشتى.

سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، سەھىيە، يېزا- بازار كارخانىلىرى قاتارلىق كەسىپلەردىن ئۆچقۇن پىلانى، پەن تەتقىقات پىلانى، پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش پىلانى قاتارلىق پەن- تېخنىكا پىلانلىرىنى بەرپا قىلىپلا قالماي، پەن- تېخنىكا پىلانىنىڭ سۈپىتى يىلدىن- يىلغا ئۆسۈپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى بارغانسېرى زورايدى.

# III باب

# پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى

1977- يىلى، ۋىلايەت بويىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن پەن- تېخنىكا نەتىجىسى تۇنجى قېتىم تىزىملاندى، بۇنىڭدىن 48 ى باھالاپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا يىغىنىغا تونۇشتۇرۇلدى ۋە مۇكاپاتلاندى. 1978- يىلى، 27 پەن تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا يىغىنىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بىر تۈر مەملىكەتلىك پەن- تېخنىكا يىغىنىدا مۇكاپاتلاندى.

مەملىكەتلىك ئىلىم- پەن يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ، 1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پەن- تېخنىكا — ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»، «پەن- تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»، «زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن سۆزىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پەن- تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى. پەن- تېخنىكا خادىملىرى «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا چوقۇم پەن- تېخنىكىغا تايىنىش، پەن- تېخنىكىنى چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندۈرۈش» تىن ئىبارەت پەن- تېخنىكا خىزمىتى فاڭجېنىغا ئاساسەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىدىن تېما ئىزدەش، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىلىم- پەن تەتقىقاتى، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇھىم رول ئويناپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەزى ئاچقۇچلۇق پەن- تېخنىكا قىيىن تۈگۈنلىرىنى ھەل قىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1978 – 1985 - يىلغىچە، قومۇل ۋىلايىتى 53 تۈر بويىچە پەن- تېخنىكا نەتىجىسىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۆت تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، 29 تۈر ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1990- يىلغا قەدەر، ۋىلايەتتە (مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) جەمئىي 216 تۈرلۈك پەن- تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 20 تۈر مىنىستىرلىك، كومىتېت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ۋىلايەت بېكىتكەن پەن- تېخنىكا نەتىجە تۈرىدىن 141 ى بار. قالغىنى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئارقىلىق پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئەمەلگە ئېلىندى. 1980- يىللاردا، پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ۋىلايەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىگە قوشقان تۆھپىسى 36.87% كە يەتتى. سانائەت،

ئىقتىسادنىڭ ئېششىغا قوشقان تۆھپىسى 28.71%، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ ئېششىغا قوشقان تۆھپىسى 43.05% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، «6- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ۋىلايەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىگە قوشقان تۆھپىسى 39.63%، سانائەتكە قوشقان تۆھپىسى 35.03%، يېزا ئىگىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى 43.02% بولدى، «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىگە قوشقان تۆھپىسى 33.04%، سانائەتنىڭ 20.69%، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 42.49% بولدى.

پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىدىكى تەتقىقات تەرەققىياتى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ كېڭەيتىپ ئىشلىتىشتە كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

### 1. سانائەت پەن تەتقىقاتى

1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەتتىكى بەرلىك سانائەتتە پەن- تېخنىكا نەتىجە تۈرىدىن 37 سى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ 30 ى مىنىستىرلىك، كومىتېت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 20 تۈر پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، پەن- تېخنىكا كومىتېتى، ئىقتىسادىي كومىتېتلار بىرلىشىپ چۈشۈرگەن ماتېماتىكىلىق مودېل ئارقىلىق ھېسابلىغاندا، قومۇل ۋىلايىتى 1990- يىلىدىكى سانائەت ئۈنۈمىسال تېخنىكا سەۋىيىسى 1.0458؛ تېخنىكا تەرەققىيات يىللىق ئېشىش سۈرئىتى «6- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە 5.23%، «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە 2.39%؛ تېخنىكا تەرەققىياتى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا قوشقان تۆھپىسى «6- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە 84.8%، «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە 53.4%؛ سانائەت پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىسادنىڭ ئېششىغا قوشقان تۆھپىسى «6- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە 35.03%، «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە 20.69%، 1981 – 1990 - يىللىقچە 28.72% بولدى.

### 2. ئېنېرگىيە تەتقىقاتى

«7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ۋىلايەت ئەنئەنىۋى تېخنىكىنى ئۆزگەرتىشكە زور كۈچ چىقىرىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر- سەنئەت، يېڭى ماتېرىياللارنى ئاكتىپلىق بىلەن كىرگۈزۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيىنى تېجەپ سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش خىزمىتىدە خېلى ياخشى پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى.

1- ئېلېكتر ئىستانسىسى يۇقىرى بېسىملىق قىزىتقۇچ ئۆزىكىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئەسلىدىكى «U» شەكىللىك نەيچىنى تەخسە شەكىللىك نەيچىگە ئۆزگەرتىپ، ئۈنۈملۈك سېلىنما نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ ھەر 1000 كىلوۋات سائەت توك چىقارغاندىكى كۆمۈر سەرپىياتىنى 10 گرام ئەتراپىدا ئازايتتى. 2- ئېلېكتر ئىستانسىسى دۆلەت يېڭىلاپ كېڭەيتىلگەن ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېڭى مەھسۇلات ZD—12B تىپلىق سىركۇلىن ئوكسىدلىق ئوكسىگېن مىقدارى ئۆلچىگۈچنى يېڭىلىدى. بۇنىڭ ئىنكاسى تېز، توغرىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، مەشغۇلات ئېلىپ بارغۇچى خادىملار ئۆز ۋاقتىدا ئوچاقتىكى زىيادە ھاۋانى ئىگىلەپ، شامال مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشىدى، ئوت ئۆچۈپ قېلىش، كۆيۈۋاتقان ئوت پارسىلداش ھادىسىلىرىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتتى، پارقازاننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى، بىخەتەرلىكىنى ئۆستۈردى. GB25 سىستېمىلىق يۇقىرى بېسىملىق پۈركۈپ تازىلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ، ھور تۇرۇبا قېتىشىش ماشىنىسىنى تازىلاپ، ۋاكۇئۇمىنى 3 — 4 كىلوپاسكالغا كۆتۈرۈپ، ھەر 1000 كىلوۋات سائەت توك چىقارغاندىكى كۆمۈر سەرپىياتىنى 20 گرامغا ئازايتتى. سىيرىلما پارامېتىرلىق ئۇسۇلدا ماشىنىنى قوزغىغاندا، گاز چىقىپ كېتىش ئىسراپچىلىقىنى ئازايتىپ، قوزغىتىلىش ۋاقتى تېجىلىپ، گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشى قىزىشىنى ئاشۇرۇپ، ئۆمرىنى ئۇزارتتى. پارقازان مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشتە، دىزېل ئارقىلىق ئوت ئالدۇرۇپ قوزغىتىش ۋە تۆۋەن يۈكلۈك

تۇراقلىق ياندۇرۇش ۋە يېنىشىغا يارده‌ملىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. يېڭى پاردىن پايدىلىنىپ ئىسسىنىشنى ئىككىنچى بۆلەكتىن سۇمۇرۇپ ئىسسىنىش تېخنىكىسىغا ئۆزگەرتىپ تۆۋەن ئېنېرگىيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. كرېمنىي كىسلاتا تۈزى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەندە، پارقازان چوققىسى ۋە تۆت ئەتراپىنىڭ ئىسسىقلىقنى ساقلاپ، ئىسسىقلىقنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئازايتىپ، پارقازاننىڭ ئىسسىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. ئەتتىق قىلىپ ياساپ چىققان ئۆزەكسىز تۇرۇبا ئېگىش ماشىنىسى ۋىلايەتنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەسلىدىكى پارقازانغا كۆل يۇيۇلگۈچ ئورنىتىپ، قويۇنلۇق چاڭ- توزان تازىلاش سۇسىمان چاڭ- توزان تازىلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئىسسىقلىقنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى تۆۋەنلەتتى. مۇھىت بولغىنىشىنى ئازايتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىدى. ئايلانما ئىسسىق سۇدىن پايدىلىنىپ، بېلىق بېقىش دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

### 3. قاتناش پەن تەتقىقاتى

1) **تاشيول قاتناش پەن تەتقىقاتى** تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1990- يىلىغا قەدەر، بەش پەن- تېخنىكا تۈرىدە ۋىلايەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىر تۈرى 1- دەرىجىلىككە، ئىككى تۈرى 3- دەرىجىلىككە، ئىككى تۈرى 4- دەرىجىلىككە ئېرىشتى. جەمئىي سەككىز كىشى ئىلغار كەسپىي تېخنىكا خادىمى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلغار كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن 2- دەرىجىلىككە ئېرىشكىنى بىر؛ ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق تارماق ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلغار كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن 4- دەرىجىلىككە ئېرىشكىنى يەتتە. جەمئىي 29 مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، غەربىي شىمال دەرىجىلىك مۇكاپات بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە تۆت، ۋىلايەت دەرىجىلىك 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە ئىككى، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى ئىككى، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى تۆت. گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان پەن- تېخنىكا ماقالىسى 79. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت دەرىجىلىك گېزىت- ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغىنى بىر. سەككىز تۈرگە دۆلەت پاتېنت ھوقۇقى بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغىنى تۆت.

2) **تۆمۈريول ترانسپورت پەن تەتقىقاتى** 1980 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى جەمئىي 69 پەن- تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى ئىككى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورۇنلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 67 ، تۆمۈريول ئىدارىسى دەرىجىلىك 4- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى تۆت، شۆبە ئىدارە دەرىجىلىك 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر ، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر. قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئېلېكتر ئۆچاستكىسى 1985- يىلىدىن ئىلگىرى، رېلىلىق يېرىم ئاپتوماتىك ئۆزگەرتىشتىكى، سىم ئۆچلىرىنى بىر تۇتاش ئۇلاش، يېرىم ئاپتوماتىكتىن پايدىلىنىپ، سىگنال ئاپپاراتىنىڭ كېچىدە ئاپتوماتىك ياندۇرۇش قۇرۇلمىسى ۋە قۇراشتۇرما باتارېيە قۇدۇقى قاتارلىق ئۈچ تۈر ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قىدىرىپ تەكشۈرۈپ لايىھىلەش ئىش بېجىرىش ئورنى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن لايىھىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئېلېكترلىك ئىسترېلكىلىق چېتىش ماشىنىسى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش سۈپىتى ئىدارىدىكى رېمونت- قۇراشتۇرۇش ئورۇنلىرىدا كېڭەيتىلدى.

QC نەتىجىسى، 1985- يىلىدىن ئىلگىرى، ئىككى تۈر مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا، ئىككى تۈر مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1988 – 1990 - يىلىغىچە، ئۈچ تۈر تۆمۈريول ئىدارە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا، بىر تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ تۈر مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، يەتتە تۈر تۆمۈريول ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلغار QC گۇرۇپپا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4. گېئولوگىيىلىك پەن تەتقىقاتى

قۇمۇل ۋىلايىتى ئېلىپ بارغان گېئولوگىيىلىك پەن تەتقىقاتى پائالىيىتى ئاساسىي گېئولوگىيىلىك تەتقىقات، مەخسۇس تېمىلىق تەييار كان تەتقىقاتى، رايونلارغا ئايرىش تەتقىقاتى، تېخنولوگىيە تەتقىقاتى ۋە چېرتيوژدىن ئىبارەت بەش چوڭ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ئاساسلىق تەتقىقات تېمىسى 31 تۈر. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي گېئولوگىيىلىك تەتقىقات سەككىز تۈر، مەخسۇس تېمىلىق تەييار كان تەتقىقاتى 13 تۈر، رايونلارغا ئايرىش تەتقىقاتىدىن ئۈچ تۈر، گېئولوگىيىلىك تېخنولوگىيە تەتقىقاتىدىن تۆت تۈر، چېرتيوژ ئۈچ تۈر.

5. كانچىلىق پەن تەتقىقاتى

1986- يىلى، تيەنجىن دېڭىز ساھىلى تەرەققىيات مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمەت شىركىتى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى، سۇ ئىنشائاتى، سۇ ئېلېكتر، سۇ ترانسپورتى، لايىھىلەش تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى تۇز چىقىرىش سانائىتى پەن تەتقىقات ئورنى «قۇمۇل ۋىلايىتى تۇز- خىمىيە باش زاۋۇتى يەتتەقۇدۇق تۇزكۆل تېخنىكا ئۆزگەرتىش ساھەلىدا يىلىغا 100 مىڭ توننا قۇرۇتۇلغان تۇز ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى» نى بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ تەتقىقات دوكلاتى ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان تۈزۈش، مۇۋاپىق ئېچىش، قالاق ھۈنەر- سەنئەتنى ياخشىلاش، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش ۋە تۇز كۆلىدىن ئۇزاق پايدىلىنىش جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇرۇلۇش 1987 – 1990 - يىلىغىچە بولدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يىللىق كۆرسەتكۈچى 100 مىڭ توننىغا يەتكۈزدى. قۇرۇلۇشتا ئىش باشلانغاندىن كېيىن، كونا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر- سەنئىتى ئۆزگەرتىلىپ، تۇز ئىشچىلىرىنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگىكىنى يېنىكلەتتى ۋە ئەلا سۈپەتلىك تۇز ئىشلەپچىقىرىپ، يەتتەقۇدۇق تۇز كۆلىنىڭ ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئىككى يىل ئىچىدە سالغان مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالدى.

1988- يىلى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى لايىھىلەش- تەتقىقات ئورنى «شىنجاڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ماگنىي- تۇز زاۋۇتىنىڭ 500 تونىلىق يېنىك ئوكسىدلانغان ماگنىينىڭ مەھسۇلاتىنى يولغا قويۇش تەتقىقات دوكلاتى» نى يېزىپ چىقتى. تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىر ياخشى تۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتىدا، 1977- يىلى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر خېيفېڭشەن كانى 2- نومۇرلۇق كانىدا 800 دانە پارتلىتىش تۆشۈكى قېزىپ پارتلىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. كان تاشلىرىنىڭ چوڭلۇق دەرىجىسى %0.5 تىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشتى. پارتلاتقاندىن كېيىن، قىممىتى 90 مىڭ يۈەنلىك كان تۈۋرۈكى 5000 توننا رۇدا يىغىپ، مۇئەسسەلىرى ناچار بولغان كىچىك كانلاردىكى تېيىز تۆشۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، كان، كان تۈۋرۈكلىرىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن بىر ياخشى تەدبىر تېپىپ چىقتى.

1972- يىلى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر خېيفېڭشەن كانى پولات ئارقانلىق ئاسما ھالقىدىن پايدىلىنىپ كان قېزىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ، نەچچە 100 يىللار داۋاملاشقان كانىنى بويلاپ تونېل ئېچىشنى ئۆزگەرتتى. قۇدۇقنى جازا قويۇش ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى 10 نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈردى، ئىچكىرىلەپ قېزىش تەننەرخى 1/4 تۆۋەنلىدى. بۇ نەتىجە 1980- يىلى، شىنجاڭ كان قېزىش ئىلمىي جەمئىيىتىدە ئېلان قىلىنىپ، 1981- يىلى مەملىكەتلىك تېخنىكا ژۇرنىلى «مېتال كانى» دا ئېلان قىلىندى ھەم قۇمۇل ۋىلايىتى پەن- تېخنىكا نەتىجىسى گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. بۇ شىنجاڭدا ۋە مەملىكەتنىڭ ياشقا كانلىرىدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر 10 مىڭ مېتىر قۇدۇقتا 500 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى.

### 6. مېتاللورگىيە پەن تەتقىقاتى

ۋىلايەتلىك مېتاللورگىيە كەسپىدە ئىسسىق شامال سىستېمىسىغا، خام ماتېرىيال سىستېمىسىغا قارىتا تېخنىكا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، شار شەكىللىك ئىسسىق شامال، خالتا شەكىللىك چاڭ- توزان تازىلاش ماشىنىسى ۋە ساندۇق شەكىللىك كۆيدۈرۈپ قېتىشتۇرۇش يېڭى ھۈنەر- سەنئىتىنى كىرگۈزدى. 1980- يىلدىن بۇيان، مەملىكەتلىك ژۇرناللاردا تۆت ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، يەتتە تۈر ۋىلايەت پەن- تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 7. تۇز- خىمىيە پەن تەتقىقاتى

ۋىلايەتلىك تۇز خىمىيە باش زاۋۇتى نىترات يۇقىرى كالتىسىي- ماگنىي ئىئونى مىقدارىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن «ھاك- ساپ ئىشقارلىق ئۇسۇلى بىلەن كالتسىي- ماگنىي ئىئونلىرىنى تازىلاش يېڭى ھۈنەر- سەنئىتى» نى تۈزلەشتۈردى. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى قولايلىق، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، مىرابىلىتنى ئىشلەپچىقىرىشتا كالتسىي- ماگنىي ئىئونىنى تازىلاپ چىقىشتىكى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 9886 تونىنا ئاشۇرۇپ، 1- دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى 37.67% ئاشۇردى. يېڭى ئاشۇرۇلغان مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 923 مىڭ 700 يۈەن، يېڭى ئاشقان پايدا - باجنى 1 مىليون 617 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋىلايەتلىك تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1981- يىلى يولغا قويغان ئادەم كۈچى بىلەن چىقارغان تۇزنى ئاپتاپقا سېلىش تەجرىبە تەتقىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1982- يىلى، تۇزنى ئاپتاپقا سېلىش مەيدانى 1000 كۋادرات مېتىرغا كېڭەيتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان ئاش تۇزى ساپ، پارقىراق، تەمى ياخشى، ساپلىق دەرىجىسى 98.55% كە يەتكۈزۈلۈپ، ئەسلىدىكىسىدىن 2% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئارىلاشما ماددىلار 1.5% چۈشۈرۈلدى. ئۇ ۋاقىتتا ھەر كۋادرات مېتىر تۇزنى ئاپتاپقا سېلىش مەيدانىنى قۇرۇش سوممىسى 10 يۈەن بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 438 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ تۈر 1984- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە 3- دەرىجىلىككە ئېرىشتى.

### 8. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى پەن تەتقىقاتى

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئۈچ تۈردە ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن- تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، «قۇمۇل ۋىلايىتى تاش ماتېرىياللىرى بايلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىك مەخسۇس تېما تەكشۈرۈش دوكلاتى» 1985- يىلى گېئولوگىيە قېزىلما بايلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 3- دەرىجىلىك پەن- تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1984- يىلىنىڭ بېشىدا، گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترىتى كۆپ يىل جۇغلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ئېچىشقا قولايلىق شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، تۆمۈريول ۋە دۆلەت يولى 312- لىنىيىسىگە يېقىن ئۈچ بايلىق رايونى (شىڭشىڭشيا، ۋېيىيا، يامانسۇ)، 21 كان ئورنى ئۈستىدىن قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئەۋرىشكە يىغىش ئېلىپ باردى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاش ماتېرىياللىرى بازىرى ئۆلچىمىگە ئاساسەن، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارغا كىرەلەيدىغان 12 رىقابەت كۈچىگە ئىگە تۈرلەرگە قارىتا، زاپىسى، سۈپىتى (فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، خىمىيىلىك قۇرۇلمىسى، بېسىمغا چىداشلىقى، سوئۇشقا چىداملىقى، زىننەتلىنىشچانلىقى، پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشچانلىقى قاتارلىق) غە باھا بەردى. 1984- يىل 8- ئايدا، «مەخسۇس تېمىدىكى مۇمكىنچىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى تاماملىدى، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ۋىلايەتنى تاش ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئېلان قىلىنغانلىرىدىن تيەنخې، شىدۇجاڭ، گرانىت تېشى (تەگرىتاغ گۆھىرى «گرانىت

تېشى») دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاز ئۇچرايدۇ. ئالاچىپار مەرمەر تاش (تەگرىتاغ قاشتېشى، قار ئۇچقۇنلىرى، ئاۋات رەڭ كەھرىۋا قاشتېشى) قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتى ئەلا، زاپىسى مول بولۇشى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاش ماتېرىياللىرى ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى.

**9. دېھقانچىلىق پەن تەتقىقاتى**

ئادەتتىكى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، بىر قىسىم زامانىۋى دېھقانچىلىق يېڭى تېخنىكىلىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ ئومۇملاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، زىرائەت يېڭى سورتى، تۇپراق- ئوغۇتلاش يېڭى تېخنىكىسى، ئۆسۈملۈك ئاسراش تېخنىكىسى ۋە زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق تۈرى بار. 1980 – 1985 - يىلىغىچە جەمئىي 127 تۈر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۆت تۈر 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 37 تۈر 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 86 تۈر 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئۇنىڭدىن باشقا 892 تۈر ۋىلايەتنىڭ كېڭەيتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1988- يىلىدىن باشلاپ، 200 مىڭ مو بۇغدايدىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» يولغا قويۇلدى ۋە شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ساھەسىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكۈچى مۇسابىقىسىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 245 تۈر نەتىجە ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 55 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 3 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان، 150 مىڭ كىلوگرام پاختا ۋە 8 مىليون كىلوگرام قوغۇن- تاۋۇز ۋە كۆكتات ئاشۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1) قۇمۇل ۋىلايىتى «خۇڭيۇ 2- نومۇرلۇق» تاۋۇزنى كېڭەيتىش قۇمۇل ۋىلايىتى دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر قۇمۇل قوغۇنى — قېلىن پوستلۇق قوغۇننى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى تاۋۇزدىمۇ مول ھوسۇل ئالىدۇ. 1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، قۇمۇل تاۋۇزى ئۆز يېرىنىڭ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېتىلدى ۋە شۇ يەر خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆستۈرۈلىدىغان تاۋۇز سورتىنىڭ كۆپىنچىسى 1950- يىللاردا سوۋېتتىن 1-، 2-، 3- نومۇرلۇق تاۋۇز سورتلىرىنى كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پوستى نېپىز، توشۇشتا چىدامسىز بولغانلىقتىن، توشۇش جەريانىدا چوڭ زىيانغا ئۇچرايتتى.

1980- يىلى، ۋىلايەت «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى باغۋەنچىلىك فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى لىن دېپىي يېتىشتۈرۈپ ئۆستۈرگەن «خۇڭيۇ 2- نومۇرلۇق» تاۋۇزنى كېڭەيتتى. بۇنىڭ ئادەتتىكى مەھسۇلاتى ئۈچ توننىغا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بەش توننىغا يەتتى. ئۆستۈرۈش كۆلىمى يىلدىن يىلغا كېڭەيتىلدى ۋە مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ھەسسىلەپ ئاشتى، مەملىكەتتىكى 21 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونغا سېتىلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1984- يىلى، ۋىلايەت (بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 20 مىڭ 400 مو يەرگە تاۋۇز، قوغۇن تېرىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى 34 مىڭ 730 توننىغا، پويىز ئارقىلىق سىرتقا توشۇلىدىغان مىقدارىنى 14 مىڭ 569 توننىغا يەتكۈزدى. 1985- يىلى، تاۋۇز، قوغۇن تېرىش كۆلىمى 26 مىڭ 110 موغا يېتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 62 مىڭ 120 توننا، پويىز ئارقىلىق سىرتقا توشۇلغان مىقدارى 41 مىڭ 962 توننىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سىرتقا توشۇلغان تاۋار قوغۇن ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 1/3 قىسمىنى ئىگىلىدى. «خۇڭيۇ 2- نومۇرلۇق» تاۋۇزنىڭ كېڭەيتىلىشى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا تۆھپە قوشتى. 1984- يىلى، دېھقانچىلىق نازارىتىدىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى ۋە قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىغا 1- دەرىجىلىك ۋە 3- دەرىجىلىك مۇكاپات بېرىلدى. تاكى 1990- يىلىغا قەدەر، «خۇڭيۇ 2- نومۇرلۇق» تاۋۇز سورتى يەنىلا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورتى بولۇپ كەلدى.

2) ئۈزۈم ئاق تۇزان كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى تەتقىقاتى ۋە كۆلەملىك بىرلىشىپ ئالدىنى

ئېلىش، يوقىتىش    1984- يىلى، قۇمۇلدا تۇنجى قېتىم ئۇرۇق ئاق توزان كېسەلى بايقالدى. يۇقۇملانغان ئۇرۇق يوپۇرماقلىرىدا غەيرىي نورماللىشىش، دەرەخ ئاجىزلىشىش، مېۋىسى قۇرۇپ، يىگىلەپ قېلىش، يېرىلىش، چىرىش، قورۇلۇپ قېلىش، تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى؛ كىشمىش ئۈزۈمىنىڭ تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى 4.5% چۈشۈپ، ھەر 100 گرام ئۈزۈمىنىڭ ۋىتامىن تەركىبى 3.12 مىللىگرام تۆۋەنلىدى. مەھسۇلات مىقدارى 40% - 90% زىيانغا ئۇچراپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۈزۈم مەھسۇلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈزۈم ئاق توزان كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېمىسىنى جاۋ لىنجۇڭ مەسئۇللۇقىدىكى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىنىڭ خادىملىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 1984 – 1989 - يىللىغىچە، مەزكۇر كېسەلگە قارىتا ئۆز رايونىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، كېسەل ئالامىتى، كېسەللىك تۇغدۇرغۇچى باكتېرىيىلەر مورفولوگىيىسى، بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە كېسەل يۈز بېرىش قانۇنىيىتى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەم كۆپ خىل دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە كۆپ خىل قويۇقلۇقتىكى كېچىك دائىرىلىك سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ، كېسەللىك زىياندашلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئېسىل دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ۋە ئەڭ ياخشى ئالدىنى ئېلىش مەزگىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاپ چىقىپ، كېسەللىك زىيانداشلىقىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

پەن- تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر قەدەمنى تېزلىتىپ، يەرلىك بىلەن بىگتۇەننىڭ چېگرىسىنى بۇزۇپ، شىنجاڭ دائىرىسىدە ئالدى بىلەن ئۈزۈمدىكى ئاق توزان كېسەلىنى كەڭ كۆلەمدە ئالدىنى ئېلىش تورىنى تۇنجى بولۇپ قۇردى، بىر يۈرۈش قائىدە- تۈزۈملەر، تەپسىلىي پرىنسىپلار ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئالدىنى ئېلىش جەريانىدا ھەقلىق مۇلازىمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تېخنىكلىق مۇلازىمەت قىلىپ، دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكىسىدا ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىشتىكى ياخشى، سۈپەتلىك ئايلىنىشنى شەكىللەندۈردى. بۇ بىرلەشمە گەۋدە «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرنى ئايرىش» (دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن تەمىنلەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دېھقانچىلىق دورىسىنى ئىشلىتىش قويۇقلۇقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ۋاقتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۆلەكلەر بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ھۆددىگە ئېلىش) لايىھىسىگە ئاساسەن، پۈتۈن رايون بويىچە كەڭ كۆلەمدە بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «تەشكىللىنىشى پۇختا بولۇش، خادىملار تولۇق بولۇش، ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1988 – 1990 - يىللىغىچە، ئالدىنى ئېلىش كۆلىمى 27 مىڭ 400 مو كېڭەيتىلىپ، تېرىلىش كۆلىمىنىڭ 78.4% نى ئىگىلىدى؛ 11 مىڭ 649.7 توننا ئۈزۈم مەھسۇلاتى زىيىنىنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى. بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون 824 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلدى. بۇ تۈر 1989- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە 1990- يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىيات بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3) قوغۇن ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش    1958- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قۇمۇل قوغۇن سورتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئەينى چاغدىكى تېرىلىۋاتقان سورتلاردىن 22 سى بار ئىدى. 1980- يىلى، دېھقانچىلىق نازارىتى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىلەرنى تەشكىللەپ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ قوغۇنى سورت مەنبەسى ئۈستىدە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، يەرلىك سورتلاردىن 23 خىلنى ئېنىقلاپ چىقتى؛ ۋىلايەتلىك زىرائەت سورتى بايلىقىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ۋىلايەت بويىچە قۇمۇل قوغۇنى سورتىدىن جەمئىي 30 ى بارلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى.

1989- يىلىدىن كېيىن، قۇمۇل قوغۇنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم

رايون ۋە قۇمۇلدىكى مۇتەخەسسىسلەر، تېخنىكا خادىملىرى جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1980- يىللاردىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى شىنجاڭدىكى مەشھۇر قوغۇن يېتىشتۈرۈش پروفېسسورى لىن دېپېي قاتارلىقلارنى كۆپ قېتىم قۇمۇلدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىپ، قوغۇن ئۆستۈرۈش تېخنىكا سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

1981 – 1985 - يىللىغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق باشقارمىسى ئۇدا بەش يىل قوغۇن مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، نەق مەيداندا تەجرىبە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئەلا سورتلارنى ۋە ئىلغار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، قۇمۇل قوغۇنىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى.

1982- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل قوغۇن يېتىشتۈرۈش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، قۇمۇل قوغۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ پەن- تېخنىكا پىلان تۈرىگە كىرگۈزدى. 1983- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى لى شۈنپى، تەتقىقاتچى خۇاڭ زېشىن قاتارلىقلار قۇمۇلغا كېلىپ تەجرىبە تونۇشتۇردى. 1984- يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەتتىكى پەن- تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ھەمكارلىشىپ، قۇمۇل قوغۇنىدىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ــ يوقىتىش ۋە ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىشتىن ئىش باشلاپ، قۇمۇل قوغۇنىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ، مول پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. قوغۇن يۇقۇملۇق كۆكىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قوغۇن مايسىلىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىش نىسبىتىنى 30% تىن 3% كە چۈشۈردى، قوغۇنىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ئەسلىگە كېلىپ، مەھسۇلاتى، سورتى ئۆستى؛ قوغۇننى قېلىپلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش تۈرى، قوغۇنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى كۆلەملەشتۈرۈپ، تاۋارلىشىش نىسبىتى ۋە مەھسۇلاتنىڭ تەكشىلىكىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇل قوغۇنى ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قۇمۇل ئالدى بىلەن قوغۇننى تېرىش، تەمىنلەش، سېتىشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ، پەن تەتقىقاتنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش بىلەن بىرلەشتۈردى، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قوغۇنچى دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتتى. تىجارەتچىلەرنىمۇ مۇقىم مال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى. ئەلا سورتلۇق قوغۇن كىرگۈزۈش ۋە ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەتقىقاتىنىڭ ئاماملىنىشى «خانىش»، «فۇرۇڭ»، «يۈجىن» قاتارلىق يېڭى سورتلارنىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە كېڭەيتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش تاۋارلىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1980- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك ئورنىدىكى تەتقىقاتچى خۇاڭ زېشىن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش مەركىزىدىكى چېڭ فۇۋېن قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قوغۇنىنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان سورتىدىن «شىنمىزا»، 6- نومۇر، 7- نومۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ھەمدە شالغۇت ئەۋزەللىكى ئىشلەپچىقىرىشتا تۇنجى قېتىم قوللىنىلىپ، شىنجاڭنىڭ قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى؛ شالغۇت ئەۋزەللىكىگە ئىگە سورت ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش ۋە بازا قۇرۇش تۈرىدە 1991 – 1993 - يىللىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا 12.6 تونىنا ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىپ، ۋىلايەتنىڭ ئۇرۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى تاۋار قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنى تەمىنلىدى. كېڭەيتىلىش كۆلىمى 60 مىڭ مودىن ئاشتى. قۇمۇل شىنجاڭدىكى قوغۇن ئۇرۇقى يېتىشتۈرىدىغان بازىغا ئايلاندى.

**4) ئاپتاپپەرەسنىڭ لياۋزاكوي 2- نومۇرلۇق ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش** بۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچقۇن پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى لياۋزاكوي 2- نومۇرلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئېلىپ 530 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلەپچىقاردى. قۇمۇلدا ۋە بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا تېرىلىش كۆلىمى 60 مىڭ موغا كېڭەيتىلىپ، دېھقانلار كىرىمىنى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئاشۇردى.

5) **بۇغداينى شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش** قىزىلبۆلتۈز 1- مەيدان تەجرىبە پونكىتى 1971- يىلدىن باشلاپ، بۇغداينى شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈشنى يولغا قويدى ۋە 18 يۇقىرى ھوسۇللۇق سورتنى يېتىشتۈردى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاساسلىق تېرىپ كېلىۋاتقان قەشقەر باقبۇغدا قارىغاندا ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25% ئاشۇرۇلدى. «خاكىلك 1- نومۇر» 1980- يىلى ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نام بەرگەندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا تېزلىك بىلەن كېڭەيتىلدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 249.9 كىلوگرام بولدى. 1982- يىلى ئېچىلغان بىگتۈمن پەن- تېخنىكا يىغىنىدا، قۇمۇل «خاكىلك 1- نومۇر» پەن- تېخنىكا نەتىجىسىدە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

10. مال دوختۇرلۇق ۋە ئوتلاق تەتقىقاتى

چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى قوغداش، تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەم- خەشەك پىششىقلاش، بېقىپ باشقۇرۇش، كالا، قويلارنى بورداش قاتارلىق جەھەتلەردە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى داۋالاش ئۇسۇلى، يېڭى قول ھۈنەر- سەنئىتى ئىشلىتىپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدا ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلدى.

1) چارۋىچىلىق ئىلمىي تەتقىقاتى

(1) **كالىلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى** ئاساسلىقى قارائالا كالا، شىنجاڭ قوش مەھسۇلاتلىق كالا (شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى)، سىممىنتال كالىسى قاتارلىقلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش كېڭەيتىلدى. 1990- يىلىغا قەدەر، ۋىلايەتتە توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغان كالا جەمئىي 4029 بولۇپ، بوغاز بولۇش نىسبىتى 1981- يىلدىكى 25% تىن 1990- يىلى 66% كە كۆتۈرۈلدى.

(2) **قارا گۆشلۈك نەسىللىك چوشقىلارنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش** 1987- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى مىچۈەن ناھىيىسى نەسىللىك چوشقا فېرمىسىدىن قارا گۆشلۈك نەسىللىك چوشقىدىن 12 نى كىرگۈزدى. 1988- يىل 3- ئايدىن بۇيان، مىچۈەن ناھىيىسى، «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىخەنزە، گۇچۇڭ قاتارلىق نەسىللىك چوشقا فېرمىلىرىدىن قارا گۆشلۈك نەسىللىك چوشقىدىن 178 نى كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئامېرىكا دۇروك چوشقىسىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، جەمئىي 38 ى بار، ئۇنىڭدىن قالسا، دانىيە لاندراس چوشقىسى، ئەنگلىيىنىڭ چوڭ يۈكشى، ئامېرىكا خامپشىر چوشقىسى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ سەنخۇيجياڭ ئاق چوشقىسى بولۇپ، ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، باركۆل ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرى ئاستانە، تاشبۇلاق، بولۇڭتوغراق، پالۋانتۇر يېزىلىرى ھەمدە زاۋۇت- كان ۋە ئاشلىق سىستېمىسىدىكى چوشقا فېرمىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(3) **گۆش چوشقىسىنى تېز سەمرىتىش** 1988- يىل 7- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 12- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى چوشقا بېقىش ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى يەم- خەشەك شىركىتى چوشقا بېقىش فېرمىسىدا «سۈيجۇ» ماركىلىق خورۇچنى ئىشلىتىپ، چوشقا سەمرىتىش ئۈنۈمىنى سىلىشتۇرۇش تەجرىبىسى ئېلىپ باردى. چوشقا تۈرلىرىدىن لاندراس چوشقىسى، دۇروك چوشقىسى، لاندراس شالغۇتلاشتۇرۇلغان چوشقىسى ۋە يەرلىك چوشقا بولۇپ، جەمئىي 25 ى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ چوشقىسىدىن 300 دىن ئارتۇق چوشقىسى تەجرىبىگە قاتناشتۇرۇلدى.

چوشقا سەمرىتىش ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنلۈك ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىشى 500 گرامدىن يۇقىرى بولۇپ، ئېغىرلىق ئېشىش دائىرىسى 600 — 1000 گرامغىچە بولدى. چوشقىلارنىڭ بېقىلىش ۋاقتى بولۇپ، تىرىك ئېغىرلىقى 90 كىلوگرامغا يەتكەندە 3 – 4 ئايدىلا قوتاندىن چىقىرىلدى.

(4) **«سىمبورو» گۆش توخۇسىنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىش** 1986- يىل 4- ئاينىڭ 29- كۈنى، شاڭخەي

شىنىياڭ نەسىللىك توخۇ فېرمىسىدىن كانادانىڭ «سىمبورو» گۆش توخۇسىنى كىرگۈزدى. 1990- يىلىغا قەدەر، ئانا ئاتىلىق ئۆزۈقلۇق توخۇنىڭ سانى 120 مىڭغا، جۈجىسى 400 مىڭغا يەتتى.

(5) **كۆپ تەركىبلىك خورۇچ (بېنتونىت) ئارقىلىق قويلارنىڭ يۇڭ، گۆش مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش** 1989- يىل 3- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 25- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى چارۋىچىلىق مال دوختۇرلۇق كافېدراسى يېزا ئىگىلىك مەكتەپتە 10 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويغا كۆپ تەركىبلىك خورۇچنى بېرىپ تەجرىبە قىلىپ يۇڭ، گۆشنىڭ ئېشىش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. بۇ خىل خورۇچ بېرىلگەن قويلارنىڭ يۇڭى 0.86 كىلوگرام ئاشتى، سېلىشتۇرما گۇرۇپپىسىنىڭكىدىن 41.35% ئاشتى، ئېغىرلىقى 8.86 كىلوگرام ئېشىپ سېلىشتۇرما گۇرۇپپىسىنىڭكىدىن 40% ئاشتى.

(6) **ئېغىرلىقىنى ئاشۇرغۇچى خورۇچنىڭ قويلارنى بورداش جەھەتتىكى تەجرىبىسىنى كېڭەيتىش** 1990- يىل 10- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك نەسىلچىلىك پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى ئاقتاش فېرمىسىدا 108 قوزا ۋە 92 براك ساغلىقىقا قارىتا شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى چارۋىچىلىق فاكۇلتېتى ئىشلەپچىقارغان ئېغىرلىقنى ئاشۇرغۇچى خورۇچنى ئىشلىتىپ قويلارنى بورداش تەجرىبىسىنى ئىشلىدى. تەجرىبە جەريانىدا تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكى قويلار سېلىشتۇرما گۇرۇپپىسىدىكى قويلارغا قارىغاندا 6.7 يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. سېلىنما بىلەن ھاسىلات نىسبىتى 1:4 بولدى.

(7) **ناترىي گۇماتىنىڭ قوي يۇڭى مەھسۇلاتىغا بولغان تەسىرى** 1983- يىل 4- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 1984- يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل فېرمىسىنىڭ مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل 3- شۆبە فېرمىسىدىكى 200 تۇياق بىر- ئىككى ياشلىق ئىرىككە ناترىي گۇماتنى بەردى، ئىككىنچى يىلى تەجرىبە نەتىجىسىدە، ناترىي گۇمات بېرىلگەنلىكى قويلارنىڭ شۇ يىللىق قىرقىمدىكى يۇڭ ئۇزۇنلۇقى، ئېغىرلىقىدا ئېشىش بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. 1983- يىلى، تازىلانمىغان يۇڭ 0.21 كىلوگرام (6.8%) ئاشتى. ئۇزۇنلۇقى 0.17 سانتىمېتىر (2.3%) ئۇزاردى، تەن ئېغىرلىقى 0.47 كىلوگرام (12%) ئاشتى. 1984- يىلى، تازىلانمىغان يۇڭنىڭ مىقدارى 0.2 كىلوگرام (5.8%) ئاشتى، يۇڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 0.23 سانتىمېتىر (3.15%) ئۇزاردى، تەن ئېغىرلىقى 0.16 كىلوگرام (0.33%) ئاشتى.

(8) **قۇمۇلدا تىۋىتلىق ئۆچكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش** 1989- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك نەسىلچىلىك پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ناھىيە، شەھەر، يېزا، فېرمىلار ھەمكارلىقىدا بۇ تۈرنى ئىشلىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 50 مىڭ 700 تۇياق يەرلىك ئۆچكىنى ئاللاپ چىقتى. ئۆچكە تىۋىتىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 200 گرامدىن ئاشقان ئۆچكە 68 مىڭ 730 تۇياق ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. ئۆچكە تىۋىتى بىرلىك مەھسۇلاتى 250 گرامدىن ئاشقان يادرولۇق قورۇدىن 30 قوتاننى تەشكىللىدى، كۆلىمى 5641 تۇياققا يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەتتە تىۋىتلىق ئۆچكە كۆپىيىپ، 260 مىڭدىن ئاشتى. ئوتتۇرىچە تىۋىت مەھسۇلات مىقدارى 180 گرام، بىرلىك مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرى 380 گرامغا يەتتى. يىلىغا 52 توننا تىۋىت ئېلىندى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۆچكە تىۋىتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، سۇيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى.

(9) **قويلارنى دالىدا ئۈزۈقلاندۇرۇش ئۇسكۈنىسىنىڭ تەتقىق قىلىپ ياسىلىشى** بۇ تۈر باركۆل ناھىيىسى مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بەش يىل سىناق قىلىش ئارقىلىق، 1983- يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، 1984- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچقۇن پىلانىدا 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(10) **«قۇمۇلنىڭ چارۋا نەسىللىرى» دېگەن كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى** 1980- يىل 4- ئايدىن 1981- يىل 6- ئايغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى رىياسەتچىلىكىدە ناھىيە، شەھەر چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى، مال

دوختۇرلۇق خىزمەت پونكىتى ھەممە يېزا، فېرما، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن، مەيدانلىرى ۋە ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسى ھەمكارلىشىپ، قۇمۇلنىڭ چارۋا نەسىللىرى بايلىقىنى تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، «قۇمۇلنىڭ چارۋا نەسىللىرى» دېگەن كىتابنى تۈزدى. بۇ كىتاب 1986- يىلى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا نەتىجىسى گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى ھەممە ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق سىستېمىسى پەن- تېخنىكا نەتىجىسى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(1) چارۋىچىلىق بايلىقى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى    1981 – 1982 - يىلىغىچە، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى قۇمۇل شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى رىياسەتچىلىكىدە چارۋىچىلىق بايلىقى ۋە چارۋىچىلىقنى رايونلارغا ئايرىشنى تاماملىدى.

2) مال دوختۇرلۇق پەن تېخنىكىسى

(1) پىرازى كۆۋانتېل ئارقىلىق قويلاردىكى كۆپ باشلىق يۇمران قۇرۇت كېسىلىنى داۋالاش ئۈنۈمىنى كۆزىتىش تەجرىبىسى    قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1983- يىل 9- ئايدىن 1984- يىل 3- ئايغىچە، 40 تۇياق كۆپ باشلىق يۇمران قۇرۇت كېسىلى بىلەن تەبىئىي يۇقۇملانغان قويلار ئۈستىدە داۋالاش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى. تەجرىبە ئارقىلىق پىرازى كۆۋانتېل ئارقىلىق قويلاردىكى كۆپ باشلىق يۇمران قۇرۇت كېسىلىنى داۋالاپ، مۇئەييەن ئۈنۈم بارلىقى ئىسپاتلاندى. تەجرىبىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دورا مىقدارى ئادەتتە ھەر كىلوگرام ئېغىرلىققا 100 مىللىگرام دورا ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلدى.

(2) قويلارنى قۇرۇتسىزلاندۇرۇشنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئۈنۈمىنى كۆزىتىش سىنىقى    قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاراتۇرۇك توركۆل 1- شۆبە فېرمىسىدا، 5% لىك تېترامىزول ئامپۇلى ئىشلىتىلىپ، تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكى 30 قوي ئۈستىدە قۇرۇتسىزلاندۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، تەجرىبە نەتىجىسىدە ئىسپاتلىنىشىچە، تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكى قويلارنىڭ يەكتەن ئېغىرلىقى 15.2% ئاشتى، سېلىشتۇرما گۇرۇپپىسىدىكى قويلارغا قارىغاندا 8.5% ئاشتى؛ قۇرۇتسىزلاندۇرۇلغان قويلارنىڭ يۇڭ مەھسۇلاتى 9.4% ئاشتى، قۇرۇتسىزلاندۇرۇلمىغان قويلارنىڭ يۈگى 0.64% كېمەيدى، تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ سېلىشتۇرما گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭكىگە قارىغاندا يۇڭ مەھسۇلاتى 4.2% ئاشتى.

(3) گالبىندازول ئارقىلىق قويلاردىكى گېلمىنت قۇرۇتىنى چۈشۈرۈش سىنىقى    قۇمۇل شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە غەربىتاغ يېزىسى مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1985- يىل 5- ئايدا غەربىتاغ يېزىسىدا بۇ تەجرىبە تاماملاندى. تەجرىبىگە قاتناشتۇرۇلغان قوي 152 تۇياق، تەجرىبە نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، گالبىندازول ئارقىلىق قويدىكى ئۇستىۋالد، ماشاللى، گېمونخوز قۇرۇتىنى چۈشۈرۈش نىسبىتى 99.42% تىن 100% گە يەتتى. ئۆپكە يىپچە قۇرۇتىنى چۈشۈرۈش نىسبىتى 100% كە، خابېرتىيە يىپچە قۇرۇتى، مونېزىيە لېنتىسىمان قۇرۇتىنى چۈشۈرۈش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

(4) «خەيخومېي» ئارقىلىق قويلارنى قۇرۇتسىزلاندۇرۇش سىنىقى    قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە باشقارمىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1990- يىل 1- ئايدىن 3- ئايغىچە، مېتېئورولوگىيە باشقارمىسىدا «خەيخومېي» ئامپۇلى ئارقىلىق قوتۇر كېسىلى بار 90 تۇياق قوي داۋالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، 30 تۇياققا قۇرۇتسىزلاندۇرۇش تەجرىبىسى ئىشلەندى.

تەجرىبە نەتىجىسىدە، «خەيخومېي» ئامپۇلى ھەر كىلوگرام ئېغىرلىققا 0.15 مىللىگرام ئۇرۇلغاندا قويلاردىكى ئاشقازان- ئۈچەي يولى يىپچە قۇرۇت تۇخۇمىنىڭ ئازىيىشى 88.9%، ئىنچىكە بويۇنلۇق يىپچە قۇرۇتى 92% تۆۋەنلىدى، ئۇستېرتاگىيە يىپچە قۇرۇتى 100%، ماشاللى يىپچە قۇرۇتى 96% ئازايدى؛ ھەر كىلوگرام ئېغىرلىققا 0.2 مىللىگرام ئوكۇل قىلىنغاندا، تىرىخوتسېفال يىپچە قۇرۇتى 94%، ئىنچىكە بويۇنلۇق يىپچە قۇرۇت 95%، ئۇستېرتاگىيە يىپچە قۇرۇتى 100%، ماشاللى قۇرۇتى 96% ئازىيىپ، قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىلدى. لېكىن «خەيخومېي»

ئامپۇلىنىڭ مونېزىيە تاسما قۇرۇتنى يوقىتىش ئۈنۈمى بولىدى.

(5) باركۆل ناھىيىسىدىكى بىروتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش سىنىقى 1964- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق بىروتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى 10 دىن ئارتۇق ئادەمنى باركۆل ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ تېخنىكا كۈچلىرىنى تەربىيىلەپ ئالدىنى ئېلىش تەشكىلىنى قۇردى. 1988- يىلى ئاپتونوم رايون باركۆل ناھىيىسىدىكى بىروتسېللىيوز كېسەللىنى «مۇقىم تىزگىنلەش» كۆرسەتكۈچىگە يەتكەنلىكىنى جاكارلىدى.

(6) قويلارنىڭ كۆپ باشلىق يۇمران قۇرۇت كېسەللىدىن ئىممۇنىتېتلىنىش تەتقىقاتى 1985-، 1986- يىللىرى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى باركۆل، ئاراتۇرۇكتىن سېتىۋالغان كېمەل قويلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئىممۇنىتېتلاشتۇرۇش ئۈنۈمى: قوزىلارنى مېتابولىك ۋاكسىنىسى ئارقىلىق ئىممۇنىتېتلىغاندىن كېيىن ئەينى چاغدىكىدىن كېسەللىنىش نىسبىتى 70.67% تۆۋەنلىدى. تۇخۇم ئۆلتۈرۈش ۋاكسىنىسىنىڭ ئىممۇنىتېتلاش نىسبىتى 70% بولدى. سېلىشتۇرما گۇرۇپپىسىدىكى بەش قوزىغا بۇ ۋاكسىنا ئۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇت تۇخۇملىرى ئۆلدى، ئىممۇنىتېتلىق ئۈنۈمى قانائەتلىنەرلىك بولدى.

(7) قۇمۇل شەھىرىدىكى قوزىلارنىڭ دىزىنتېرىيە (چىشقاق) كېسەللىكىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش قۇمۇل شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1981- يىلى ئەتىيازدا ۋە 1982- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تەگرىتاغ، غەربىتاغ، تاشۆيلۈكتىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا قوزىلاردا بولىدىغان دىزىنتېرىيە كېسەللىكىنىڭ مەنبەسى تەكشۈرۈلدى. دائىملىق باكتېرىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاساسلىق سەۋەبچىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

تاشۆيلۈك رايونى قوزىلاردىكى دىزىنتېرىيە كېسەللىنى تەكشۈرگەندە، بۇ باكتېرىيىنى ئاپتونوم رايونلۇق مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى ۋەلخىي موكىسمان D تىپلىق دەپ بېكىتتى. بۇ تەكشۈرۈش 1983- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت كۆۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

(8) كۆپ باشلىق لېنتىسىمان قۇرۇتنىڭ ئىت تېنىدە يېتىلىش ۋاقتىنى كۆزىتىش. ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1984- يىلىدىكى كۆزىتىش نەتىجىسى، ئۆي ئىتلىرىنى قۇرۇتسىزلاندۇرۇش ئارىلىق مەزگىلى ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىك ھەم ھەر يىلى ئالتە قېتىم قۇرۇتسىزلاندۇرۇش لازىملىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ تۈر 1985- يىلى ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا نەتىجىسىدە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شۇ يىلى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق پەن- تېخنىكىسىدا 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(9) قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى چارۋا ماللاردا كۆرۈلىدىغان پارازىت قۇرۇتلارنىڭ تارقىلىش رايونى ۋە تۈرلەرگە ئايرىلىشىنى تەكشۈرۈش قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، بۇ تۈرگە قۇمۇل شەھىرى، ئاراتۇرۇك، باركۆل ناھىيىلىرىدىكى كۆكىشى، فېرمىلار ھەمكارلاشتى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قۇمۇل ۋىلايىتىدە، چارۋا ماللاردىكى پارازىت قۇرۇتتىن 15 ئائىلە، 26 ئۇرۇقداش، 53 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە، قويلاردىكى پارازىت قۇرۇتتىن 12 ئائىلە، 18 ئۇرۇقداش، 29 تۈر، تۆگىلەردىكى پارازىت قۇرۇتتىن سەككىز ئائىلە، 12 ئۇرۇقداش، 16 تۈر، ئىت پارازىت قۇرۇتتىن ئىككى ئائىلە، بەش ئۇرۇقداش، بەش تۈر بارلىقى بېكىتىلدى.

(10) قۇمۇل شەھىرى سودا بازارلىرىدىكى كۆپۈك ساركوسپورىدىئازنى تەكشۈرۈش قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى بۇ تەكشۈرۈش 1987- يىل 5- ئايدىن 8- ئايغىچە داۋاملاشتى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 100 چوشقا گۆشى ئەۋرىشكىسىدىن 31 ئەۋرىشكىدە ساركوسپورىدىئازدىن بايقالدى، بايقىلىش نىسبىتى 31% بولدى.

(11) ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە كالىلاردىكى ئېخىنوكوككوز كېسەللىنى تەكشۈرۈش قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال

دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1990- يىل 9- ئايدىن 10- ئايغىچە ئاراتۇرۇك ناھىيىسى قوشخانىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈلگەن كالىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 60 ، ئېخىنوكوككوز كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 43.3% بولدى.

**(12) ئاراتۇرۇك ناھىيىسى يېرىم كۆن شەكىللىك ئېخىنوكوككوز يۇمران قاپلىق قۇرۇت كېسىلىنى تەكشۈرۈش** قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1990- يىل 9- ئايدىن 10- ئايغىچە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك قوشخانىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 2040 تۇياق قوي تەكشۈرۈلۈپ، يېرىم كۆن شەكىللىك ئېخىنوكوككوز يۇمران قاپلىق قۇرۇت كېسىلىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 68.7% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 1606 تۇياق بولۇپ، ئومۇمىي تەكشۈرۈلگەن سانىنىڭ 78.7% نى ئىگىلىدى.

**3) ئوتلاق ئىلمىي تەتقىقاتى**

**(1) ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇق سېلىش سىنىقى، ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇق چېچىپ، تاشلاندۇق يەرلەرنى ياخشىلاش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش** باركۆل ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مۇناسىۋەتلىك يېزا، مەيدانلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن 1983-، 1984- يىلىدىن باشلاپ، كۆكقىر تېغى داخې يېزىسى داچەيگۇدىكى تاشلاندۇق يەرلەرگە ئايروپىلان بىلەن تېرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. 1990- يىلغا قەدەر، باركۆل ناھىيىسى ئايروپىلان بىلەن تېرىش كۆلىمىنى 60 مىڭ مودىن ئاشۇردى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. داچەيگۇ 1985- يىلى قۇرۇق ئوت- چۆپ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 34 كىلوگىرامغا، 1987- يىلى 280 كىلوگىرامغا يەتكۈزدى.

**(2) ئاراتۇرۇك تۇركۆل فېرمىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئوت- چۆپ ئۇرۇقى كىرگۈزۈش سىنىقى ۋە ئۇنى كېڭەيتىش** ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە،ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى، تۇركۆل فېرمىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بۇ تۈر 1983- يىلى باشلىنىپ، 1988- يىلى تاماملاندى. 1983-، 1984- يىللىرى سىرتتىن 28 تۈر كىرگۈزۈلۈپ، بۇنىڭدىن قوم سىڭگىرلىك، قىلتىرىقلىق ئارپىخان، غىشەدىن ئىبارەت ئۈچ ئەلا سۈپەتلىك ئوت- چۆپ سورتى تاللاپ چىقىلدى.

**(3) شىنجاڭدىكى كۆپ يىللىق ئۆسىدىغان ئالسىلىق ئوت- چۆپ سورتىنى رايونلارغا ئايرىش سىنىقى (شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى)**. باركۆل ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، سارچوقا، داخې يېزىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن باركۆل ناھىيىسى بازىرىنىڭ شىمالىدىكى ئەرداۋخېزى، سارچوقىنىڭ ساردالىسى، كۆكقىر تېغىدىكى داچەيگۇ قاتارلىق ئۈچ تەجرىبە رايونىدا تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، 1987- يىلى رايونلارغا ئايرىش سىنىقىنى تاماملىدى.

تاللاپ ئۆستۈرۈشكە قاتناشتۇرۇلغان سورتلار ئىچىدە ئىككى خىل سۆسۈن چېچەك بېدە، ئورمۇزىيە ئوتى، قوم سىڭگىرلىك، توشقان بېدىسى، يالتىرۋاش، قىلتىرىقلىق ئارپىخان، غىشە، نىجىم، ئىزەن، تېرىسكەن، ئەمەن قاتارلىق 12 خىل ئوت- چۆپ بار. شىنجاڭنىڭ ئوت- چۆپ تۈرىنى ئۆستۈرۈش ۋە رايونلارغا ئايرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن يەرلىك سورتلار تۆتتىن ئالتىگىچە بولۇش تەلىپى بويىچە، تارىخىي ماتېرىياللارغا، ھاۋا كىلىماتى (مۇھىت شارائىتى) غا ۋە رايون سىنىقى نەتىجىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەگرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يەرلىك سورتلاردىن شىمالىي شىنجاڭ سۆسۈن چېچەك بېدىسى، ئورمۇزىيە ئوتى، يالتىرۋاش، غىشە، نىجىملار تېرىپ ئۆستۈرۈلسە بولىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

**(4) ئاراتۇرۇك ناھىيە تۇركۆل يېزىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئوت قوم سىڭگىرلىكنى كېڭەيتىش سىنىقى** قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئوتلاقچىلىق فاكۇلتېتى، ئاراتۇرۇك ناھىيە تۇركۆل يېزىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، بۇ تۈر 1985 - يىلدىن 1987 - يىل 10-

ئايغىچە ئىشلىنىپ تاماملاندى، ئۈچ يىللىق سىناق نەتىجىسىدە ھەر مو يەرنىڭ يىللىق ھۆل ئوت مەھسۇلاتى 811.5 كىلوگرام، قۇرۇق ئوت 268.9 كىلوگرام بولۇپ، يالغاچ ئارپىنىڭ مەھسۇلاتىدىن 1.5 ھەسسە ئارتۇق بولدى.

**(5) سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن بېدىلەرنىڭ سېلىشتۇرما سىنىقى** قۇمۇل شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى ئوتلاقچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، 1986 — 1987- يىللىرى بۇ تۈر تاماملاندى. سىناق ئورنى شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى ئىچىدە بولۇپ، سىناققا يەرلىك بېدە، «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ 8014 بېدىسى، «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ C — 8229 ، «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ 8231، شىمالىي شىنجاڭ (بۇرچىن)، شىنجاڭ كەڭ يوپۇرماقچىلىق بېدىسى (خوتەن)، شىنمۇ 1- نومۇر قاناتلىق بېدە سورتلىرى قاتناشتۇرۇلدى.

سىناق نەتىجىسىدە ھۆل، قۇرۇق ئوت- چۆپ نىسبىتىدە شىنجاڭ كەڭ يوپۇرماقلىق بېدىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، قۇرۇق يوپۇرماق نىسبىتىدە شىنمۇ 1- نومۇرلۇق بېدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، مو بېشى ھۆل ئوت مەھسۇلاتى 3998 كىلوگرام، قۇرۇق ئوتقا سۇندۇرغاندا 2073 كىلوگرام بولدى. ئۇرۇق مەھسۇلات مىقدارى نىسبىتىدە شىنمۇ 1- نومۇر بېدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، مو بېشى ئۇرۇق مەھسۇلاتى 79.67 كىلوگرام بولدى.

**(6) 10 مىڭ مو تاشلاندۇق يەردە سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىش** بۇ تۈرنى ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، نىرىنكىر فېرمىسى، «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى ئوتلاقچىلىق فاكۇلتېتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئوتلاقچىلىق باش پونكىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 1989- يىلى ئەتىيازدىن 1992- يىل 8- ئايغىچە تاماملىدى.

بىنەم يەرگە ئايروپىلان بىلەن تېرىلغان ئوت- چۆپ مەيدانى 10 مىڭ 500 مو بولۇپ پىلاندىن 5% ئاشۇرۇلدى. قۇرۇق ئوتنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 77.81 كىلوگرام بولۇپ، پىلان كۆرسەتكۈچىگە يەتتى. مەھسۇلات سېلىنما نىسبىتى 3.28:1 بولدى.

**(7) بۇغداي سامىنىنى ئاممىياكلاشتۇرۇش، ئىشقارلاشتۇرۇش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ باركۆلدە قوللىنىلىشى.** باركۆل ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۈچ يېزا، بىر بازار ھەمكارلىشىپ، ئاساسلىق بەش خىل ئۇسۇل بويىچە سېلىشتۇرما سىنىقى ئېلىپ باردى. يەنى، سۇيۇق ئاممىياك ئارقىلىق بۇغداي سامىنىنى ئامىياكلاشتۇرۇش، ئاترىي گىدروئوكسىد ئارقىلىق بۇغداي سامىنىنى ئىشقارلاشتۇرۇش، ئورېيا ئارقىلىق ئامىياكلاشتۇرۇش، كاربون ئارقىلىق بۇغداي سامىنىنى ئىشقارلاشتۇرۇش ۋە ئورېيا، ھاك، تۇز ئارقىلىق ئۈچۈق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلدى.

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئورېيا، ھاك، ئاش تۇزى ئارقىلىق ئۈچۈق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىر قەدەر ياخشى دەپ ھېسابلاندى. 1987- يىل 4-، 5- ئايلاردا، چوڭ قۇلسىچەرى چارۋىچىلىق مەيدانى كالا فېرمىسىدا جەمئىي سەككىز توننا بۇغداي سامىنى بىر تەرەپ قىلىندى. بىر تەرەپ قىلىنغان سامان سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، بۇرۇننى غىدىقلايدىغان ئاممىياكلىق خلور پۇرىقى بار، سامان يۇمشاق بولۇپ، 18 تۇياق قارا ئالا كالا بېقىلدى، ئۈنۈمى ئاممىياكلاشتۇرۇلغان ساماندىن ياخشى بولدى، تەننەرخى سۇيۇق ئاممىياكنىڭ 46% ىگە توغرا كەلدى. دۆۋىلەپ بىر تەرەپ قىلىش، زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولدى.

**(8) ناھىيە دەرىجىلىك ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈش** قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئوتلاقچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى ۋە ئوتلاقچىلىق پونكىتلىرى، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىليۇلتۇز 1- فېرمىسى، ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلىشىپ 1981- يىلى باشلاپ، 1985- يىل 6- ئايدا تاماملىدى.

بۇ «تەكشۈرۈش دوكلاتى» 1984- يىل 5- ئايدا چارۋىچىلىق نازارىتى قۇمۇلدا ئاچقان «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ

ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈش ناھىيە دەرىجىلىك نەتىجىلەرنى تەكشۈرۈپ ئوتكۇزۇۋېلىش يىغىنى» دا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1985- يىل 1- ئايدا، چارۋىچىلىق نازارىتى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسىنىڭ تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 1985- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى تەرىپىدىن بېرىلگەن پەن-تېخنىكا نەتىجىسى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**(9) قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەبىئىي ئوتلاق ۋە يەم-خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش** قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ۋىلايەتلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، باركۆل ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوتلاقچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بۇ تەكشۈرۈش 1987- يىل 12- ئايدا باشلىنىپ 1988- يىل 2- ئايدا تاماملاندى. 1983- يىلى ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1989- يىل 12- ئايدا، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**(10) مىكرو مىقدارلىق دورا ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىش** 1975- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق چېكەتكە يوقىتىش ئىشخانىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل ناھىيىلىك چېكەتككە يوقىتىش پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن تاماملاندى. 1976 – 1980 - يىلىغىچە، يۇقىرىقى ئورۇنلار «مىكرو مىقدارلىق ماي پۈركىمە، ئايروپىلان بىلەن پۈركۈش ئۇسۇلى ئۆلگىسىنى كېڭەيتىش» سىناق ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 1983- يىل 2- ئايدا، جۇڭگو چارۋىچىلىق پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى» مۇكاپاتى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**(11) ئوتلاقلاردا توخۇ بېقىش ئارقىلىق چېكەتكىنى يوقىتىش سىنىقى** 1981 – 1987 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە يوقىتىش پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شەھەر، يېزىدىكى توخۇ باققۇچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ھەمكارلىقىدا «ئوتلاقتا توخۇ بېقىپ چېكەتكىنى يوقىتىش سىنىقىنى كېڭەيتىش» تاماملاندى. بۇ تۈر 1985- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق سىستېمىسى پەن-تېخنىكا مۇكاپاتى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**(12) ماي ۋە سۇلۇق مىكرو مىقدارلىق پۈركۈش ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىش تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى** بۇ تۈرنى 1982 – 1984 - يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك چېكەتكە يوقىتىش ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە يوقىتىش پونكىتى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى، قۇمۇل شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. 1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق سىستېمىسى پەن-تېخنىكا مۇكاپاتى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**(13) چاشقان ئۆلتۈرۈش ناترىي تۇزى كومۇلچى ئارقىلىق چاشقان يوقىتىش سىنىقى** بۇ سىناقنى 1982- يىل 8- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە يوقىتىش پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتلىرى ھەمكارلىشىپ تاماملىدى. سىناق ئارقىلىق چاشقان ئۆلتۈرۈش ناترىي تۇزى كومۇلچىنىڭ ئۈنۈمى ناترىيلىق بۇغدايىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى.

**(14) قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئوتلاق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، چېكەتكە رايونىنى ئايرىپ تەكشۈرۈش تەتقىقاتى** باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە، چاشقان زىيىنىنى مۆلچەرلەش-مەلۇم قىلىش مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە (بىرلىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق)، ۋىلايەتلىك چېكەتكە يوقىتىش ئىشخانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن بۇ تەتقىقات 1988- يىل 8- ئايدا باشلىنىپ، 1990- يىل 7- ئاينىڭ 20- كۈنى تاماملاندى.

11، ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقاتى

تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغان ئورمانچىلىق پەن-تېخنىكا نەتىجىسىدىن 10 تۈر بار. بۇنىڭ ئىچىدە، بىر تۈرى مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تۆت تۈرى ئورمانچىلىق نازارىتى ۋە ۋىلايەتنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، بەش تۈر ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەت قۇمۇل چىلان كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەجرىبىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. چىلان كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى.

1) چىلان تۈرلىرى تەتقىقاتى    بۇ چىلاننىڭ ئۆسۈش خۇسۇسىيىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك تۈرلەرگە ئايرىش تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاش بولمىغان چىلان سورتلىرىنى ئۆستۈرۈش سىنىقى ۋە قەلەمچە تىكىش سىنىقى دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجىگە ئېرىشتى.

قۇمۇل چىلىنىنىڭ مېۋىسى چوڭ، ئۇرۇقى كىچىك، ئېتى قېلىن، تەمى تاتلىق، كۆركەم، قۇرۇق مېۋىسىنىڭ قۇرۇقى ئاز، كۆكەرمەيدۇ، قۇرۇت چۈشمەيدۇ، ساقلاشقا، توشۇشقا چىدامىلىق بولۇشتەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇر. لېكىن، قۇمۇل چىلان ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى بولمىغانلىقتىن تېرىشقا بولمايدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان يىلتىزىدىن تەبىئىي تۆپىلەندۈرۈشكە تايانغانلىقتىن كۆلىمى كىچىك، ئومۇمىي مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇپ كەلدى. قۇمۇل تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلاردا كۆپ ساندىكى چىلانلار دېھقانلارنىڭ ھويلا-ئاراملىرىدا تارقاق ئۆستۈرۈلدى. چىلان يۇرتى دەپ نام ئالغان قارادۆۋە يېزىسىدا 1985-يىلى ئاران 160 مىڭ تۈپ چىلان بار ئىدى. قۇمۇل چىلىنى ئىلگىرى قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ بېيجىڭ خانىغا قىلىدىغان سوۋغىتى ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن بۇرۇن، قۇمۇل چىلىنى سوۋغات، كۆرگەزمە بۇيۇمى قىلىنىپلا تاۋارلاشمىغانىدى. چىلان ئاز بولغانلىقتىن باھاسى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چىلان باھاسىدىن 6 — 7 ھەسسە قىممەت ئىدى.

ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل چىلىنى مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش تەتقىقاتىنى ۋىلايەتنىڭ مۇھىم پەن-تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزدى. لېكىن، كۆچەتنىڭ كەمچىل بولۇشى قۇمۇل چىلىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. 1981-يىلى، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پەن-تېخنىكا ئورنى 80 مو تەجرىبە ئېتىزىغا چىلان تىكتى ھەم 1983-يىلىدىن باشلاپ، كۆپ خىل كۆچەت يېتىشتۈرۈپ ئىشلىتىش تەتقىقاتى ئېلىپ باردى. ئاساسلىقى ئۇلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش، يىلتىزىنى قەلەمچە قىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش، يۇمران شاخلىرىغا ئۇلاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش، تولۇق ئاشكارا ئۇلاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش، تېز سۈرئەتتە توقۇلما يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئۇلاش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. 1987-يىلى، «قۇمۇل چىلىنىنى يۇمران شاخقا ئۇلاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى» ئورمانچىلىق نازارىتى پەن-مائارىپ باشقارمىسى تەشكىللىگەن نەتىجە تەكشۈرۈش بېكىتىشىدىن ئۆتتى. 1990-يىلىدىكى، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارى 100 مىڭ تۈپكە يەتتى، چىلان كۆلىمى 1986-يىلىدىكى 500 مودىن 1990-يىلى 3000 موغا يەتتى. يىللىق مەھسۇلاتى 10 توننىدىن 70 توننىغا يەتتى. يۇمران شاخلارغا ئۇلاش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش قۇمۇل چىلىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى.

2) تېرەك رايونى سىناق تۈرى    تەجرىبە قىلىنغان تېرەك تەجرىبە سورتى 18، ھەر بىر سورتى 60 تۈپتىن بولۇپ، ۋىلايەتلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى كۆچەتخانىسىدا ئۆستۈرۈلدى. ئۆستۈرۈش كۆلىمى 40 مو، تەجرىبە مۇددىتى 18 يىل قىلىپ پىلانلاندى. ھەر يىلى ئورمانچىلىق پەن-تېخنىكا ئورنىدىكى تېخنىكا تەتقىقات خادىملىرى كۆزىتىش، خاتىرىلەش ۋە تەجرىبە قىلىش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ۋىلايەت ئۈچۈن تېز ئۆسىدىغان ئەلا سۈپەتلىك دەرەخ تۈرلىرىنى تاللاشنى مەقسەت قىلدى.

1990-يىلى، سىناقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى ۋە تەكشۈرۈش باسقۇچىدا، كىچىك × گۈزەل 45، پولشا 15A، ئىتالىيە

214، ئاممۇي تېرىكىدىن ئىبارەت تۆت تېرەك سورتىنى تاللاپ چىقتى. بۇنىڭ ئايلانمىسى، دەرەخ ئېگىزلىكى، يەككە تۈپلەرنىڭ ماتېرىيالغا ياراش قاتارلىق تۈر كۆرسەتمىسى سېلىشتۇرما سورتىدىن ياخشى بولدى، ئەمما سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا، شورغا، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

3) تاغ رايونى سىبىرىيە بالقارىغايى ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش ئىلمىي تەتقىقات تۈرى

(1) شىنجاڭ بالقارىغايى ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش مەيدانى بەرپا قىلىش ۋە ئۇلاش تېخنىكىسى ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنى بەرپا قىلىش دەل- دەرەخلەرنىڭ سورتىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم خىزمەت. 1973- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ تىپتىكى 500 مولۇق تۇنجى شىنجاڭ بالقارىغايى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بەرپا قىلىندى. 1976- يىلى، 100 مو يەردىكى كۆچەت تۇنجى تۇركۈمدە ئۇلاندى. 1978- يىلى چېچەكلەپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى. بۇ تېمىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق پەن- تېخنىكا ئورنىدىكى تاۋ خوڭ، گۇ جۇڭيىڭ ۋە قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى بىرلىكتە تاماملىدى. مەزكۇر نەتىجە 1978- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم- پەن يىغىنىدا پەن- تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(2) سىبىرىيە بالقارىغايى ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش مەيدانىنى باشقۇرۇش جىنسىسىز لىنىيىسىنى كۆزىتىش تەتقىقاتى

بۇ تەتقىقاتنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى بىرلىكتە تاماملىدى. ئاساسلىق تەتقىقاتچىلاردىن تاۋ خوڭ، گۇ جۇڭيىڭ، جۇشىنمىن (ئورمانچىلىق مەيدانىدىن)، شى مىن، فېڭ يۇلياڭ (ئورمانچىلىق مەيدانىدىن) لار بار. بۇ مەيدان ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە بالقارىغاي يېڭىلاشنى 30% ئۇرۇق بىلەن تەمىنلىدى. ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا ھەر مو يەردىن 13 مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە كىرىم قىلغىلى بولىدىغانلىقى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، دۆلەت سەۋىيىسىگە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. 1985- يىلى، بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىيات بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4) ئورمان كېسەللىكلىرى ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش

ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا، زىيانداش ھاشاراتلاردىن جەمئىي ئىككى سىنىپ، توققۇز ئەترەت، 48 ئائىلە، 175 تۈر، 18 خىل كېسەللىك زىيانداشلىقى، 31 خىل كۆشەندە قۇرۇت- قوڭغۇز يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، زىيانداش ھاشارات دەپ بېكىتىلگىنى 100 خىل، بېكىتىلمىگىنى 75 خىل.

1981- يىل 11- ئايدا، ئورمانچىلىق نازارىتى تەۋرىشكىنى تەكشۈرۈپ باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1982- يىلى، ئالدىنقى يىلدىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، قۇمۇل ۋىلايىتى قۇمدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر (ئاساسلىقى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر) ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە زىيانداش ھاشاراتتىن 99 خىلنى، كېسەللىك زىيانداشلىقىدىن ئۈچ خىلنى، كۆشەندىدىن 19 خىلنى يىغىپ، شىنجاڭدا تۇنجى بايقالغان تېرەك ئۈستىرتسا ۋە چۆل ياغاچ غوللۇق زىيانداشلىقىدىن 20 خىلنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى. «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئورمان كېسەللىك زىيانداشلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قۇمدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ دەل- دەرەخلەردىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى ۋە كۆشەندىلەر تىزىملىكى» قاتارلىق نەتىجە دوكلاتلىرىنى تاماملىدى.

## 12. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي تەتقىقاتى

7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي تەتقىقاتى 20 قانچە تۈرنى تاماملىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بەش تۈردىكى نەتىجە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزا

ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 10 قانچە تۈر ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)نىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئومۇملاشتۇرۇلغان نەتىجىلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ناھايىتى چوڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ماشىنا ئارقىلىق تۈلچەملىك تېرىش، ماشىنا ئارقىلىق چوڭقۇر ئوغۇتلاش، ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، مىكرو مىقدارلىق پۈركۈش، ماشىنا بىلەن سىلوسلاش، ئوت- چۆپنى ماشىنا ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ماشىنا ئارقىلىق ئورۇش، مېخانىكىلىق يۇڭ قىرقىش، تېمىتىپ سۇغىرىش، قەپەزدە توخۇ بېقىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇردى. مىكرو مىقدارلىق پۈركۈش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن- تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1977- يىلى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى WCD – 250 تىپلىق چاتما مىكرو مىقدارلىق تومانلاشتۇرۇش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىشقا باشلىدى. 1979- يىلى، بۇ تېما 1- ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى پەن تەتقىقات تېمىسىغا كىرگۈزۈلدى. 1979- يىلى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلىپ 1- ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق ئىدارىسى تەشكىللىگەن پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بېكىتىشتە باھالاپ بېكىتىلدى. تەتقىق قىلىپ ياسىغۇچىلاردىن ۋاڭ چاڭنىڭ، ۋاڭ شىشۇڭ، ليۇ خۇيىلىڭ، نيۇ رۇڭۋېي، لى لى قاتارلىقلار بار. 1979- يىل 9- ئايدا، بۇ نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلغار پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ماشىنىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، خىزمىتى ئىشەنچلىك، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى (سائىتىگە 270 مودىن ئارتۇق يەر تېرالايدۇ)، دۆلەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى. 1980- يىلى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بۇ ماشىنا چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتىدە غايەت زور رول ئوينىدى.

1986- يىلى، 3WW—100 تىپلىق ئاسمان مىكرو تومانلاشتۇرغۇچنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىشقا باشلىدى ۋە 1988- يىلى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇ يىلى 11- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش پونكىتى تەشكىللىگەن پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. تەتقىقاتقا قاتناشقۇچىلاردىن ۋاڭ شىشۇڭ، گۇەن بەيىۋ، ليۇ خۇيىلىڭ، نىڭ شۈگۈي قاتارلىقلار بار. بۇ ماشىنىنىڭ ھاشارات ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى، مەشغۇلات تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىشكە قولايلىق، چوڭ كۆلەملىك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا باب كېلىپ، دۆلەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى. 1990- يىل 3- ئايدا، بۇ ماشىنا «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا» ئېرىشتى. 1990- يىل 8- ئايدا، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ماشىنا ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك كەشپىيات ۋە يېڭى تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ۋە 1992- يىلى خېيلۇڭجياڭ مەملىكەتلىك پەن- تېخنىكا نەتىجىسى يەرمەنكىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. 1989- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش – ياساش زاۋۇتىدا 10 نى ياساپ چىقتى. 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ چېشلىق چاق زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقاردى. بىر قانچە يىلدا جەمئىي 200 ى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ شىمالىي شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كېۋەزلىك رايونلىرىدا ئىشلىتىلدى. 1990-، 1991- يىللىرى، ئىشلىتىلىش كۆلىمى 4 مىليون موغا كېڭەيتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلدى.

13. سۇ- ئېلېكتر ئىلمىي تەتقىقاتى

ۋىلايەتتىكى سۇ ئىنشائاتلىرى تېخنىكا خادىملىرى ئىلمىي تەتقىقاتتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تۆرۈك ئامبارغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تۇسما سېلىش بويىچە مۇنەۋۋەر لايىھەلەش مۇكاپاتى بېرىلدى. سۇچىلىق نازارىتى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باھالاشتىكى ئىلغار نەتىجىسى 1- دەرىجىلىك مۇكاپات بەردى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئىلغار نەتىجىسى 1- دەرىجىلىك مۇكاپات، ئەتىيازدا بۇغدايلارنى سۇغىرىش تەجرىبىسى سىنىقىغا 3- دەرىجىلىك مۇكاپات، كارىزدىن، ئارتېزىيان قۇدۇقى ئېچىش پەن- تېخنىكا نەتىجىسى 3- دەرىجىلىك مۇكاپات، ئاراتۇرۇكنىڭ كىچىك بۇلاقلارنى تىزگىنلەش تېخنىكا نەتىجىسى 3- دەرىجىلىك مۇكاپات بەردى. تېمىتىپ سۇغىرىش، مەركەزدىن قېچىش سۇزگۈچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

1975- يىلى، تاغلىق رايونلار سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا يۈرۈش قىلغان ۋىلايەتتىكى سۇ ئىنشائاتى تېخنىكا خادىملىرى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم تاشنى سېمونت لاي ئىشلىتىپ قوپارغان ئەگمە توسمىنى لايىھەلەپ قۇرۇپ چىقتى. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 78 مېتىر بولۇپ، نۆۋەتتە، شىنجاڭ بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسى، رادىئاتسىيىلىك قۇدۇق قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنى سىناق قىلدى. ماشىنىلاشقان قۇدۇق باشقۇرۇش جەھەتلەردە يىراقتىن كونترول قىلىش ئەسۋابىنى تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتتى. قۇدۇق ماتېرىياللىرى باھاسى مۇۋاپىق، سۈپىتى ياخشى، لاي سېلىنمىغان تۇرۇبىنى كىرگۈزۈپ كېڭەيتىپ، قۇدۇق قېزىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. كارىز ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتا، ئۈستى ئوچۇق ئۆستەڭ تۇرۇبا يولى، بوران- چاپقۇندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىپ، نۇر قايتۇرۇش ئەينىكى ئارقىلىق يۆنىلىش بەلگىلەشنى ئىشلىدى. يەنە، كارىزدىن (ئارتېزىيان) قۇدۇق قېزىپ بېسىم بىلەن سۇ چىقىرىش تەجرىبىسىنى ئېلىپ باردى ۋە كېڭەيتتى. بۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تۇنجى بولۇپ كەشىپ قىلىندى. يەر ئاستى سۈيىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، 1977- يىلىدىن باشلاپ، سۇ رايىنى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنىنى، سۈپەت ئۆزگىرىشىنى ئۆلچەشكە باشلىدى. 1984- يىلى، يەر ئاستى سۈيى بايلىقىنى باھالاشنى تاماملىدى. 1960- يىللىرى، «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا كىچىك تاختىلاپ سۇغىرىش ۋە چۆنەكلەپ سۇغىرىش يولغا قويۇلدى. 1970-، 1980- يىللىرى كىچىك تىپتىكى پۈركۈپ سۇغىرىش ۋە چوڭ تىپتىكى پۈركۈپ سۇغىرىش تەجرىبە قىلىندى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنە تېمىتىپ سۇغىرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى ۋە كېڭەيتىلدى ھەمدە سۈزگۈچ دېتالىنى ياخشىلاپ مەركەزدىن قېچىش سۈزمە تورى سۈزگۈچىنى لايىھەلەپ ياساپ چىقىلدى ۋە پاتېنت ھوقۇقى قولغا كەلتۈرۈلدى. 1985- يىللاردىن بۇيان، تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا يولى ئارقىلىق سۇغىرىشنى تەجرىبە قىلىپ كېڭەيتىش باشلاندى. ئۈنۈمى ياخشى بولغان سۇغىرىش يېڭى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىش جەھەتلەردە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى كونترول قىلغىلى بولىدىغان ماگنىت قوزغاتقۇچ ئاپپاراتى يۇقىرى زەربىلىك گېنېراتور گۇرۇپپىسىنى كىرگۈزدى. قۇمۇل تاشبۇلاق قوشماق ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىلغار سىفونسىمان سۇ ئېلىش ئۈسكۈنىسىنى ئىشلىتىپ، ئىلگىرى قىش پەسلىدە ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغان تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. يېزا ئىگىلىك توكىنى باشقۇرۇش جەھەتلەردە، توك يوللاش سىم لىنىيىسىنىڭ زىيىنىنى تۆۋەنلىتىپ ئېنېرگىيىنى تېجەشتە زور خىزمەت ئىشلەپ، سىمدا ئېنېرگىيە خورىشىنى 10% ئىچىدە كونترول قىلدى. قۇمۇل قارادۆۋە توك تەقسىملەش پونكىتى مۇرەككەپ توك توغرىلاشنى (ئېقىمنى رەتكە سېلىش) قوللىنىپ، ئاككۇمۇلياتور سانىنى كېمەيتىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلەتتى. تارماق ھەرپلىك ترانسفورماتورنىڭ ئورنىتىلىشى، يۈكسىز ئاپتوماتىك ۋىكليۇچاتېلنىڭ ئورنىتىلىشى، يەرگە كۆمۈلگەن سىمنىڭ ئىشلىتىلىشى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئالدىدا قوللىنىلدى ۋە ئومۇملاشتى.

كىچىك بۇلاق سۇلىرىنى تىزگىنلەش ۋە يايلاقتا سۇ كەمچىل بولۇش، ئادەم ۋە چارۋاماللارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلىشتا يېڭى يول تاپتى. تاغلاردىكى كىچىك غوللاردا توغان ياساپ، تۇرۇبا يولى ئارقىلىق سۇ يوللاپ توك يەتكۈزۈش، سۇغىرىش رايونىنى ئۆز بېسىملىق پۈركۈتۈپ سۇغىرىش، قىش پەسلىدە سۇ ئامبىرىدا سۇ توپلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يايلاقتا سۇ بولماسلىق، سۇ كەمچىل بولۇش، ئىچىملىك سۇ بولماسلىقنى ھەل قىلىشتا، بۇلاق

ئېچىپ، قۇدۇق قېزىپ، شارائىتى يار بەرگەنلەر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىپ، سۇ مىقدارى كۆپلەر تۇرۇبا يوللىرى ئارقىلىق سۇ يەتكۈزۈپ، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائاتى پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى

جەدۋەل: 28 – 2

| تەتقىقات تۈرى | مۇكاپاتلىنىش دەرىجىسى | | | تاماملىغان ئورۇنلار | ئاساسلىق تەتقىقات خادىملىرى |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆلكە دەرىجىلىك | نازارەت دەرىجىلىك | ناھىيە دەرىجىلىك | | |
| تۇرۇبا ئامبار ئەگمە توغان لايىھىسى | مۇنەۋۋەر لايىھەلەش مۇكاپاتىغا | | | تۇرۇبا قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابى ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى | ۋۇ زىسىڭ، دۇڭ فاڭلياڭ قاتارلىقلار |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باھالاش | | 1- دەرىجىلىك مۇكاپات | | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق باشقارمىسى، بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | جاڭ چۈن، يەن دېجياۋ، تەن مىڭ، يەن شۈلۇ، جاڭ گوشېڭ |
| ئاراتۇرۇك كىچىك يولاقلارنى تېزگىنلەش | | 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى | لى جۇگرۇ |
| كارىزدىن ئائىرىيلىن قۇدۇق قېزىش | | 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق باشقارمىسى | جاڭ چۈن، خۇاڭ ۋېي |
| قۇمۇل ۋىلايىتى سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش | | 1- دەرىجىلىك مۇكاپات | | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق باشقارمىسى، بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى | گۇڭ يۈنكۈي، ما ۋېنلەن |
| يازغى بۇغدايىنى سۇغىرىش تەجرىبىسى | | 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | | ۋىلايەتلىك سۇغىرىش تەجرىبە پونكىتى | جاۋ يۇگاڭ |
| تېجەشلىك سۇغىرىش مەركەزدىن قېچىش سۈزمە تورى سۈزگۈچى | پاتېنت هوقۇقىغا ئېرىشتى | | | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق باشقارمىسى | دۇ ۋېنشۈن، دۇ جيەنجۈن، گۇڭ يۈنكۈي، جاۋ يۇگاڭ |
| قۇمۇل شەھىرى سۇ ئىنشائاتىنى رايونلارغا ئايرىش | | 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | | قۇمۇل شەھەرلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى | ليۇ يۈجيې، ليۇ جاۋشىن قاتارلىقلار |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تۇۋەن بېسىملىق تورۇبا يولى ئارقىلىق سۇغىرىش تەجرىبىسى | | | 2- دەرىجىلىك مۇكاپات | قۇمۇل شەھەرلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى | ليۇ يۈجيې، ليۇ جاۋشىن، فاڭ يۈگشياڭ، چېن شىنگۋاڭ |
| بوغاز سۈنى ياخشىلاپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قورۇلۇشى | | | 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | قۇمۇل شەھەرلىك سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى | ليۇ يۈجيې، خەن شيا، لى يۈەنچېك |

**14. مۇھىت ئىلمىي تەتقىقاتى**

**1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق بولغىنىش قىسمىنى تەكشۈرۈش** ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1965- يىلىدىن باشلاپ، شورنى خام ماتېرىيال قىلىپ تازىلانغان شور (سۇسىزلانغان ناترىي سۇلفات) نى ئىشلەپچىقاردى. سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇ، داشقاللارنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا، ناترىي سۇلفات، ناترىي خلورىدلار بىر تەرەپ قىلىنمايلا، زاۋۇتنىڭ غەربىي قىسمى، كىچىك كۆل تومىسى (كىچىك ئۆستەڭ) نىڭ شەرقىي قىرغىقىغا قويۇۋېتىلەتتى. كېرەكسىز سۇ، داشقاللارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى بولغاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، قورۇلۇش باشقارمىسى شىنجاڭ يەرلىك كان ئىدارىسى گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترىتىگە قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق بولغىغۇچى قىسمىنى تەكشۈرۈشكە ھاۋالە قىلدى، 1986- يىل 9- ئاينىڭ 7- كۈنىدىن باشلاپ، 10- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە، دالىدىكى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتۇرۇلدى ۋە 1987- يىل 1- ئايدا، دوكلات تاپشۇرۇلدى. گىدروگېئولوگىيە خىزمىتى ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىش كۆلىمىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، يەر ئاستى سۈيىنى بولغانمىغان، يېنىك بۇلغىنىش، ئوتتۇراھال بۇلغىنىش، ئېغىر بۇلغىنىش، قاتتىق بۇلغىنىش رايونىغا بۆلدى (ئېغىر بۇلغانغان ۋە قاتتىق بۇلغانغان رايونلاردىكى يەر ئاستى سۈيى تۇرمۇشتا ئىچىدىغان ئىچىملىك سۈيى ۋە پارقازان سۈيى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ). تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى چىقارغان داشقال دۆۋىسى، كېرەكسىز سۇ كۆلى قاتارلىقلار يەر ئاستى سۈيى بۇلغىنىشىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرسى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكشۈرۈش رايونىدىكى بۇلغىنىش مەنبەسى، بۇلغىنىش ئەھۋالى، بۇلغىنىشنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش جەھەتلەردە مۇناسىپ ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشتى.

مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئىلمىي يەكۈنىگە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ساقلاپ، قايتا كېڭەيتىپ قۇرۇشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بېكىتتى. خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىلىپ قۇرۇلىدىغان قىسمى يەتتە قۇدۇق تۈز كۆلىدە قۇرۇلىدىغان بولدى.

**2) سانائەتتىكى بۇلغىنىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈش** ۋىلايەتلىك مۇھىت تەكشۈرۈش پونكىتى ئاساسىي تېخنىكا كۈرۈپپىسى بولدى ۋە سانائەتتىكى بۇلغىنىش مەنبەسى ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈشنى 1985- يىل 6- ئايدىن 1986- يىل 8- ئايغىچە بىر يىل ئىككى ئاي داۋاملاشتۇردى. بۇ قۇمۇل شەھىرى، قۇمۇل تۆمۈريول ئىدارىسى،

بىگتۇمەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى، يەتتە قۇدۇق تۇزچىلىق باش مەيدانى، تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق كارخانا ۋە يەرلىك كارخانىلىرىغا چېتىلدى. بۇنىڭدا 16 كەسىپ، 61 سانائەت كان- كارخانىسى بار. نۇقتىلىق 25 كارخانا تەپسىلىي تەكشۈرۈلدى، 36 كارخانىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ۋە سانائەتتىكى بۇلغىنىش مەنبەسى ئارخىپىدىن 61 نى تۇرغۇزدى. تەكشۈرۈلگەن كارخانىلار ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي سانائەت كارخانىسىنىڭ 47% ىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىدىن 150 مىڭ پارچىنى قولغا كەلتۈردى، تەكشۈرۈلگەن سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز» نىڭ چىقىرىلغان مىقدارى تەخمىنەن ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي چىقىرىش مىقدارىنىڭ 80% - 90% ىنى ئىگىلىدى. 1986- يىل 11- ئايدا، «قۇمۇل ۋىلايىتى سانائەتتىكى بۇلغىنىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسىغا دائىر خۇلاسە دوكلاتى» نى يېزىپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەتتىكى بۇلغىنىشنى تەكشۈرۈش تېخنىكا گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخنىكا ئۆلچىمىگە تامامەن ئۇيغۇن، سانلىق مەلۇماتلار ئىشەنچلىك، يەكۈن توغرا دەپ ھېسابلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ بويىچە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

15. مېتېئورولوگىيە ئىلمىي تەتقىقاتى

1) پەن- تېخنىكا نەتىجىسى    1960- يىللاردىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە باشقارمىسى ھاۋا، كىلىمات، يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيىسى، ئاتموسفېرا تەتقىقاتى قاتارلىق 20 خىلدىن ئارتۇق تۈرنى سىناق قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 90% تۈر 1978- يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلدى. تۆت تۈر شىنجاڭ پەن- تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر دۆلەت پەن- تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتىغا)، ئۈچ تۈر قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنىڭ ياكى ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ پەن- تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1990- يىلىغا قەدەر، ھەر خىل گېزىت- ژۇرنال، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا 70 تىن ئارتۇق ماقالە، دوكلات، تېخنىكا يەكۈنى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي ئىلمىي ماقالىدىن 10 نەچچە پارچىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى ياكى كەسپىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1979- يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى پەن- مائارىپ باشقارمىسى «قۇمۇل يىل ھالقىسى ھەل قىلغۇچ جېڭى» تەشكىللىدى. بۇنىڭغا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى باشلامچى بولدى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى ۋە دۆلەت مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار تەتقىقات گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا، 145 دانە دەرەخ دۈشى، 207 تەرتىپ، 100 دانە يىللىق جەدۋەلنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ تەتقىقاتنى بەش يىلدا تاماملىدى. بۇ يىللىق جەدۋەل دەسلەپكى قەدەمدە قۇمۇل ۋىلايىتى مېتېئورولوگىيە ئۆزگىرىشىدىكى بىر قىسىم قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەپ بەردى. بۇ پەن تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى ھاۋا كىلىماتىنىڭ تەۋرىنىشى، يۆتكىلىشى ۋە كىلىماتنى ئالدىن مەلۇمات بېرىش تەتقىقاتى ئۈچۈن، قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مېتېئورولوگىيە پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 28 — 3

| نەتىجە نامى | تاماملىغۇچى | مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى | مۇكاپاتلانغان ۋاقىت | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل «سۇ» قۇرغاقچىلىقى مەسىلىسى تەتقىقاتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا يىغىنى تەقدىرنامىسى | 1978 | بۇ نەتىجە «شىنجاڭ "سۇ" قۇرغاقچىلىقى مەسىلىسىگە ۋە ئۇزۇن مۇددەت مۆلچەرلەش تەتقىقاتى» نەتىجە مەزمۇنلىرىنىڭ بىرىگە كىرگۈزۈلدى. ئاساسلىق تاماملىغۇچى شى كېچۈەن |
| شىمالىي شىنجاڭ بورىنىنى ئالدىن مەلۇم قىلىش ئۇسۇلى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى قاتارلىقلار | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا يىغىنى تەقدىرنامىسى(ھەمكارلىق مۇكاپاتى) | 1978 | بۇ نەتىجىگە قاتناشقان، ھەمكارلاشقان ئورۇنلار بورتالا ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى قاراماي شەھىرى، ئۈرۈمچى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، تورپان ۋىلايىتى قاتارلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى، ئىستانسىلىرى |
| قۇمۇل ۋىلايىتى ھەربىي ئىشلار كىلىماتى تەزكىرىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك «ھەربىي ئىشلار كىلىماتى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ئىشخانىسى | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا يىغىنى تەقدىرنامىسى(ھەمكارلىق مۇكاپاتى) | 1978 | نەتىجىنى ئاساسلىق تاماملىغۇچىلار: ياڭ گۇاڭشۈن، ليۇ جىنجاڭ، لياڭ جۇگدې، لى ۋېنفۇ، دېڭ ياۋيۈەن، لۇ شىيېڭ قاتارلىقلار |
| قۇمۇل ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك كىلىماتى قوللانمىسى | يېزا ئىگىلىك كىلىمات قوللانمىسىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى | ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى پەن- تېخنىكا نەتىجىسىدە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى | 1984 | نەتىجىنى ئاساسلىق تاماملىغۇچىلار: گو دېشياڭ، يەن جىمىن، شياۋ جىنياڭ قاتارلىقلار |
| شىنجاڭ قۇمۇل دەل- دەرەخ يىل ھالقىسى كىلىمات تەتقىقاتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى قاتارلىقلار | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىدا 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا (دۆلەتلىك پەن- تېخنىكا نەتىجىسى) ئېرىشتى | 1985 | ھەمكارلاشقان ئورۇنلار: ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى پەن تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى ھاۋا كىلىمات تەتقىقات ئىشخانىسى. ئاساسلىق تاماملىغۇچىلار: ياڭ گۇاڭشۈن، لى جياڭفېڭ، جاڭ شياۋيەن، شۇ رۇجېن، نيۇ سۇنجى، ليۇ چۈەنجى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كالتسىي خلورىد بىلەن ئۇرۇقنى دۇملەپ بۇغداي قۇرۇق ئىسسىق شامىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقاتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىنىڭ ئىرىشتى | 1986 | ئاساسلىق تاماملىغۇچىلار: گۇ دېشياڭ، بەن جىمىن، چېن شىجېن |
| قۇمۇل يازلىق بۇغداي مەھسۇلاتىنى ئالدىن مەلۇم قىلىش تەتقىقاتى | يۇ شياۋخې | قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئىرىشتى (ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نەتىجىسى | 1989 | |

2) سۈنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق كىلىماتقا تەسىر كۆرسىتىش 1970- يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قەدەر، سۈنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق كىلىماتقا تەسىر كۆرسىتىش بىر تەرەپتىن سىناق قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىتىلىش باسقۇچىغا كىردى. بولۇپمۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش زىددىيىتى كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ، سۇ كۆپەيتىش (يامغۇر، قار)، مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق سۈنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق كىلىماتقا تەسىر كۆرسىتىش تەجرىبە مەشغۇلاتى، تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇ بايلىقى مەسىلىنى ياخشىلاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

(1) قار، مۇزلارنى ئېرىتىش 1960- يىل 6- ئايدا، مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرى چوڭ كۆلەمدىكى مۇز، قارنى ئېرىتىش ئارقىلىق قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتىش ئىشىنى تەشكىللىدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىيانشان تاغ قار- مۇزلىرىدىن پايدىلىنىش تەتقىقات ئەترىتىنىڭ 1959- يىلىدىكى كۆزىتىشىگە قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، مەڭگۈلۈك يىغىلما قار ياكى مۇزلۇقنىڭ سۇ زاپىسى 6 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر بولغان. يېزا ئىگىلىك سۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 5- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايىتى قار- مۇز ئېرىتىش كومىتېتى قۇردى. ناھىيىلەردە قار- مۇز ئېرىتىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. 6- ئاينىڭ بېشىدا، باركۆل ناھىيىسى دېھقان، ئىشچى، ھەربىيلەرنى تەشكىللەپ، شەرقىي قاراغول، غەربىي قاراغول، قىزىلسىڭگىرغا كىرىپ، قار- مۇزلارنى 40 نەچچە كۈن ئېرىتىپ، 7- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، 14 مىڭ كۇب مېتىر مۇزنى چاقتى. ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تىيانشان تاغ قار- مۇزلىرىدىن پايدىلىنىش خىزمەت گۇرۇپپىسى شەرقىي، غەربىي قاراغول مۇز مەنبەسىنى قىدىرىپ تەكشۈردى ھەمدە قار- مۇز ئېرىتىش تەجرىبىسىنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆل تۇرگەنغول، توخۇلۇ بۇلاق بېشىدا 30 نەچچە كۈن قار- مۇز ئېرىتىپ، شۇ تەۋەدىكى مۇز چوققىلىرىنىڭ تارقىلىشى، قارا ماددىلار ئارقىلىق مۇز ئېرىتىش قاتارلىقلارغا قارىتا كۆزىتىش ۋە تېخنىكا سىنىقى ئېلىپ باردى.

1960- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئېرىلغۇ كۆلىمى شىددەت بىلەن ئېشىپ، تەخمىنەن 30 مىليون كۇب مېتىر سۇ كەمچىللىكى مۆلچەرلەندى. 6- ئاينىڭ 26- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا ئايروپىلان بىلەن قارا بىرىكمە ماددىسى (كۆمۈر ئۇۋۇقى) نى سېپىپ قار- مۇز ئېرىتىشنى قارار قىلدى. 27- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە تىيانشان تاغ قار- مۇز ئېرىتىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. 7- ئاينىڭ 14-، 15- كۈنلىرى، قارلىق تاغ خانتاب مۇزلۇقى ئۈستىدىن

مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى ۋە ئايروپىلان بىلەن 14 تونىنا كۆمۈر توپىسىنى چاچتى. نەتىجىدە چۈشۈش نىسبىتى 70% تىن 80% گىچە، سىپىلىش كۆلىمى 55 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. بايقاشتىكى ئېقىم مىقدارى تونۇرسىدىكى دوكلاتقا قارىغاندا، 14- چېسلادىن بۇرۇنقى ئەڭ چوڭ سۇ ئېقىش مىقدارى سېكۇنتىغا سەككىز كۇب مېتىر، ئەڭ كىچىك بولغاندا سېكۇنتىغا تۆت كۇب مېتىر، 15- چېسلادىن 17- چېسلاغىچە ئېقىش مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغان بولۇپ، سېكۇنتىغا 10 كۇب مېتىر، ئەڭ كىچىك بولغاندا سېكۇنتىغا ئالتە كۇب مېتىر بولدى.

(2) **سۈنئىي ئۇسۇلدا كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر كۆپەيتىش** قۇمۇل ۋىلايىتىدە سۈنئىي كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر كۆپەيتىش تەجرىبە مەشغۇلاتى 1976- يىلى ئالدى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 6- ئايدىن 8- ئايغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، باركۆل ناھىيىسى 37 زىنىت توپىنى تۈنجى قېتىم «كۆمۈش يودلۇق ئوقى» ئارقىلىق كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر كۆپەيتىش سىنىقى ۋە مەشغۇلاتىنى يولغا قويدى.

1977- يىل 7-، 8- ئايلاردا، باركۆل ناھىيىسىدە تەبىئىي ھۆل- يېغىن ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرھال خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، قىسقا مۇددەتلىك مەشىق قىلىپ 37 زىنىت توپى ئېتىپ سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى. مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى توغرا، كەسكىنلىك بىلەن مەشغۇلات پەيتىنى تۇتۇپ، 11 قېتىملىق مەشغۇلات داۋامىدا، يەتتە قېتىم كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم كۆرسەتتى. 1-، 2- باسقۇچلۇق مەشغۇلاتى قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتتى. 3- باسقۇچلۇق مەشغۇلاتى قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ تەھدىتىنى تىزگىنلىدى.

1978- يىل 1- ئاينىڭ 3-، 4- كۈنلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا قىسمەن ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيىلەردىمۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا قىسمەن ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىش رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، ۋىلايەتتە 10 زىنىت توپى نۇقتىسى (مەشغۇلات ئورنى) ۋە 20 دىن ئارتۇق مەشغۇلات ئۈنۈم سېلىشتۇرمىسى، يامغۇر مىقدارىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش نۇقتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4- ئاينىڭ 20- كۈنى، باركۆل ناھىيىسى سۈنئىي ئۇسۇلدا تۆت يامغۇر كۆپەيتىش توپى 37 تىپلىق زىنىت توپ ئوقىنى ئەڭ ئاۋۋال نۇقتىسىغا ئېلىپ كىردى. ھاۋارايى ئالدىن مەلۇماتىغا قارىغاندا 4- ئاينىڭ 26- كۈنىدىكى ھاۋارايى جەريانىنىڭ مەشغۇلات پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىي كۆمۈش يودلۇق زىنىت توپىدىن 168 نى ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر دېھقانچىلىق رايونىدا ئوتتۇراھال يامغۇر يېغىپ، قۇرغاقچىلىق پەسەيتىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تاماملاندى. 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسى تۆت، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئىككى سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش 37 تىپلىق زىنىت توپىنى زىنىت توپى نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ مەشغۇلات ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

6- ئاينىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئايروپىلان بىلەن سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى. 6- ئاينىڭ 8- كۈنى،ئايروپىلان گۇرۇپپىسى قۇمۇل ئايرودرومىغا قوندى. 9- كۈنى، تەقلىد قىلىنغان مەشغۇلات رايونىدا ئۇچۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى؛ 11- كۈنى، پايدىلىق مەشغۇلات كىلىماتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى قېتىم جەمئىي ئالتە سائەتتىن ئارتۇق ئۇچتى. مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغان رايون قۇمۇل ناھىيىسى، غەربىتاغ گۈڭشېسىدىن يەتتە قۇدۇقنىڭ شەرقىغىچە ۋە باركۆل ناھىيىسى سارچوقا، شىياگىياڭ فېرمىسى، خۇاجاگىزى، داخې، قىزىلسىگىر قاتارلىق جايلارغىچە بولۇپ، جەمئىي 75 كىلوگرام كاتالىزاتورلۇق جىبىچۇەننى سەپتى. ئايروپىلان يەرگە قونۇشى بىلەنلا، يەردىكى 10 زىنىت توپى دەرھال «جەڭ» گە ئاتلىنىپ، جەمئىي 1073 زىنىت ئوقى قويۇپ بېرىلدى، ھاۋا بوشلۇقى ۋە يەر يۈزى مەشغۇلاتىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ جانلىق ماسلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈردى. يامغۇر تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئوتتۇراھال يامغۇر، تاغلىق رايونلاردا كۆپ مىقداردا يامغۇر ياغقان. ئايرىم تاغلىق رايونلاردا قاتتىق يامغۇر ياغقان. قۇمۇل

ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇش سىنىقى مەشغۇلاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

1978- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 10 زېنىت توپى نۇقتىسى، 10 دانە 37 تىپلىق زېنىت توپى 98 قېتىم مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، 6428 پاي كاتالىزلىق يامغۇر ياغدۇرۇش زېنىت توپى ئاتتى، بۇنىڭ بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈنۈملۈك بولدى.

1980- يىللارغا قەدەم قويغاندا، سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەردە تەبىئىي ئاپەتتىن، قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئۇسۇل- چارىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۈنئىي ئۇسۇلدا تەسىر قىلىش مېتېئورولوگىيە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم ئايروپىلان ئەۋەتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش سىنىقى ۋە مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى ۋە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**(3) مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى** 1949- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى قۇمۇلغا كىردى. 16- كۈنى، قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قىسىمنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇشىنى مېتېئورولوگىيە مەلۇماتى بىلەن تەمىن ئەتتى. 10- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن 1950- يىل 2- ئايغىچە، كۈندىلىك ھاۋارايىنى كۆزىتىش 10 سائەت (قېتىم) دىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 11- ئاينىڭ 26-، 27- كۈنلىرى، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بېرىشتا ھاۋارايى مەلۇماتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، كۈندىلىك ھاۋارايىنى كۆزىتىش 20 سائەتتىن 22 سائەت (قېتىم) غا يەتتى.

1957- يىل 8- ئايدىكى، بوران ئاپىتى توغرىسىدىكى مەلۇمات توغرا مۆلچەرلەنگەنلىكتىن زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىمىدى؛ 9- ئايدا، قۇمۇلدا ئۈششۈك چۈشىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات دەل ۋاقتىدا بولغانلىقتىن، قىزىلپۈلتۈز 1- مەيداندىكى 8000 مو پاختا، كۆكتات ئۈششۈكتىن ساقلىنىپ قالدى (مۇداپىئە كۆرۈلمىگەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىكى مەھسۇلات ئىككى ئۈلۈش كېمىيىپ كەتتى).

1958- يىل 1- ئايدا، سوغۇق ئېقىم كىرىپ، تېمپېراتۇرا 40℃ - قا چۈشۈپ قالدى. ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسى سۇمۇشتان مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشىگە ئاساسەن، تېز ۋاقتىدا مۇداپىئە كۆرگەنلىكتىن، 3000 ئات ئۈششۈكتىن ساقلىنىپ قالدى. 4- ئايدا سوغۇق ئېقىم، بوران ھەققىدىكى مەلۇمات توغرا بولغانلىقتىن، ئۈچ كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى قۇتقۇزۇۋېلىندى. 9- ئايدا، ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسىدىكى 1-، 2- مەيدانلار سوغۇق ئېقىمدىن مەلۇمات ئالغاندىن كېيىن، تېز ۋاقتىدا مۇداپىئە كۆرۈپ، 2000 مودىن ئارتۇق بۇغداي، يالڭاچ ئارپا ۋە 10 مىڭلىغان چارۋا مالنى زىياندىن ساقلاپ قالدى.

1959- يىل 4- ئاينىڭ 15- كۈنى، قار- شۇۋرغان چىقىشتىن بۇرۇن، ئاراتۇرۇك نېرىنكىر تۆت فېرمىدا بېقىلىۋاتقان 4780 تۇياق قوي، ھاۋارايى مەلۇماتى توغرا بولغانلىقتىن بىخەتەر كۆچۈرۈلدى. 5- ئاينىڭ 13- كۈنى، ئاراتۇرۇك مېتېئورولوگىيە پونكىتى قىراۋ ئۈششۈكى مەلۇماتىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ئاممىنى ئالدىنى ئېلىشقا تەشكىللەپ، ئۇرغۇتۇلغان مايسىلارنى زىياندىن ساقلاپ قالدى. شۇ ئايدا، سوغۇق ئېقىم كىرىشتىن ئاۋۋال كۆيسۇ يېزىسى ھاۋارايى مەلۇماتىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالدى. 4- شۆبە مەيدانى چارۋىچىلىق رايونىغا دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلمىغانلىقتىن 46 ئات توڭلاپ ئۆلدى. 9- ئايدا، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇكتىكى ھەر قايسى مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ، سەييارە مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى قاراۋۇللۇق گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھاۋارايىدىن تولۇق مەلۇمات بېرىپ، چارۋىلارنىڭ قىشلاققا بىخەتەر كۆچۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

1960- يىلى 3- ئاينىڭ 12- كۈنىدىكى بوراننى ئۈچكۆلدىكى مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئالدىن توغرا مەلۇم قىلغانلىقتىن، 5000 ماشىنا ئوغۇت زىيانغا ئۇچراشنىڭ ئالدى ئېلىندى. 4- ئاينىڭ 12- كۈنى، شەھەرئىچى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت پونكىتى ئۈششۈك كىرىش مەلۇماتىنى توغرا مەلۇم قىلغانلىقتىن، 95% كۆكتات ئۈششۈكتىن

مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى ۋە ئايروپىلان بىلەن 14 تونىنا كۆمۈر توپىسىنى چاچتى. نىشانغا چۈشۈش نىسبىتى 70% تىن 80% كىچە، سېپىلىش كۆلىمى 55 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. باھاداشتىكى ئېقىم مىقدارى تولۇقسىزدىكى دوكلاتقا قارىغاندا، 14- چېسلادىن بۇرۇنقى ئەڭ چوڭ سۇ ئېقىش مىقدارى سېكۇنتىغا سەككىز كۇب مېتىر، ئەڭ كىچىك بولغاندا سېكۇنتىغا تۆت كۇب مېتىر، 15- چېسلادىن 17- چېسلاغىچە ئېقىش مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغان بولۇپ، سېكۇنتىغا 10 كۇب مېتىر، ئەڭ كىچىك بولغاندا سېكۇنتىغا ئالتە كۇب مېتىر بولدى.

**(2) سۈنئىي ئۇسۇلدا كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر كۆپەيتىش** قۇمۇل ۋىلايىتىدە سۈنئىي كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر كۆپەيتىش تەجرىبە مەشغۇلاتى 1976- يىلى ئالدى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 6- ئايدىن 8- ئايغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، باركۆل ناھىيىسى 37 زېنىت توپىنى تۇنجى قېتىم «كۆمۈش يودلۇق ئوقى» ئارقىلىق كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر كۆپەيتىش سىنىقى ۋە مەشغۇلاتىنى يولغا قويدى.

1977- يىل 7-، 8- ئايلاردا، باركۆل ناھىيىسىدە تەبىئىي ھۆل- يېغىن ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرھال خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، قىسقا مۇددەتلىك مەشىق قىلىپ 37 زېنىت توپى ئېتىپ سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى. مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى توغرا، كەسكىنلىك بىلەن مەشغۇلات پەيتىنى تۇتۇپ، 11 قېتىملىق مەشغۇلات داۋامىدا، يەتتە قېتىم كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم كۆرسەتتى. 1-، 2- باسقۇچلۇق مەشغۇلاتى قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتتى. 3- باسقۇچلۇق مەشغۇلاتى قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ تەھدىتىنى تىزگىنلىدى.

1978- يىل 1- ئاينىڭ 3-، 4- كۈنلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا قىسمەن ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيىلەردىمۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا قىسمەن ھاۋارايىغا تەسىر كۆرسىتىش رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، ۋىلايەتتە 10 زېنىت توپى نۇقتىسى (مەشغۇلات ئورنى) ۋە 20 دىن ئارتۇق مەشغۇلات ئۈنۈم سېلىشتۇرمىسى، يامغۇر مىقدارىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش نۇقتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4- ئاينىڭ 20- كۈنى، باركۆل ناھىيىسى سۈنئىي ئۇسۇلدا تۆت يامغۇر كۆپەيتىش توپى 37 تىپلىق زېنىت توپ ئوقىنى ئەڭ ئاۋۋال نۇقتىسىغا ئېلىپ كىردى. ھاۋارايى ئالدىن مەلۇماتىغا قارىغاندا 4- ئاينىڭ 26- كۈنىدىكى ھاۋارايى جەريانىنىڭ مەشغۇلات پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىي كۈمۈش يودلۇق زېنىت توپىدىن 168 نى ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر دېھقانچىلىق رايونىدا ئوتتۇراھال يامغۇر يېغىپ، قۇرغاقچىلىق پەسەيتىلىپ، ئېتىيازلىق تېرىلغۇ تاماملاندى. 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمۇل ناھىيىسى تۆت، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئىككى سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش 37 تىپلىق زېنىت توپىنى زېنىت توپى نۇقتىسىغا كىرگۈزۈپ مەشغۇلات ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

6- ئاينىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئايروپىلان بىلەن سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى. 6- ئاينىڭ 8- كۈنى،ئايروپىلان گۇرۇپپىسى قۇمۇل ئايرودرومىغا قوندى. 9- كۈنى، تەقلىد قىلىنغان مەشغۇلات رايونىدا ئۈچۈش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى؛ 11- كۈنى، پايدىلىق مەشغۇلات كىلىماتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى قېتىم جەمئىي ئالتە سائەتتىن ئارتۇق ئۇچتى. مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغان رايون قۇمۇل ناھىيىسى، غەربىتاغ گۈڭشېسىدىن يەتتە قۇدۇقنىڭ شەرقىغىچە ۋە باركۆل ناھىيىسى سارچوقا، شىياگىياڭ فېرمىسى، خۇاجاگىزى، داخې، قىزىلسىگىر قاتارلىق جايلارغىچە بولۇپ، جەمئىي 75 كىلوگرام كاتالىزاتورلۇق چىپىچۇەننى سەپتى. ئايروپىلان يەرگە قونۇشى بىلەنلا، يەردىكى 10 زېنىت توپى دەرھال «جەڭ» گە ئاتلىنىپ، جەمئىي 1073 زېنىت ئوقى قويۇپ بېرىلدى، ھاۋا بوشلۇقى ۋە يەر يۈزى مەشغۇلاتىنى بىرلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ جانلىق ماسلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كاتالىزلاشتۇرۇپ يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈردى. يامغۇر تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئوتتۇراھال يامغۇر، تاغلىق رايونلاردا كۆپ مىقداردا يامغۇر ياغقان. ئېرىم تاغلىق رايونلاردا قاتتىق يامغۇر ياغقان. قۇمۇل

ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇش سىنىقى مەشغۇلاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

1978-يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 10 زېنىت توپى نۇقتىسى، 10 دانە 37 تىپلىق زېنىت توپى 98 قېتىم مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، 6428 پاي كانالىزلىق يامغۇر ياغدۇرۇش زېنىت توپى ئاتتى، بۇنىڭ بىلەن يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈنۈملۈك بولدى.

1980-يىللارغا قەدەم قويغاندا، سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەردە تەبىئىي ئاپەتتىن، قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۈنئىي ئۇسۇلدا تەسىر قىلىش مېتېئورولوگىيە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم ئايروپىلان ئەۋەتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىدە سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇش سىنىقى ۋە مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى ۋە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

(3) مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى 1949-يىل 10-ئاينىڭ 13-كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى قۇمۇلغا كىردى. 16-كۈنى، قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قىسمنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇشىنى مېتېئورولوگىيە مەلۇماتى بىلەن تەمىن ئەتتى. 10-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 1950-يىل 2-ئايغىچە، كۈندىلىك ھاۋارايىنى كۆزىتىش 10 سائەت (قېتىم) دىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 11-ئاينىڭ 26-، 27-كۈنلىرى، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بېرىشتا ھاۋارايى مەلۇماتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، كۈندىلىك ھاۋارايىنى كۆزىتىش 20 سائەتتىن 22 سائەت (قېتىم) غا يەتتى.

1957-يىل 8-ئايدىكى، بوران ئاپىتى توغرىسىدىكى مەلۇمات توغرا مۆلچەرلەنگەنلىكتىن زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىمىدى؛ 9-ئايدا، قۇمۇلدا ئۈششۈك چۈشىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات دەل ۋاقتىدا بولغانلىقتىن، قىزىليۇلتۇز 1-مەيداندىكى 8000 مو پاختا، كۆكتات ئۈششۈكتىن ساقلىنىپ قالدى (مۇداپىئە كۆرۈلمىگەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىكى مەھسۇلات ئىككى ئۈلۈش كېمىيىپ كەتتى).

1958-يىل 1-ئايدا، سوغۇق ئېقىم كىرىپ، تېمپېراتۇرا 40℃ - قا چۈشۈپ قالدى. ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسى سۈمۈشتان مېتېئورولوگىيە پونكىتىنىڭ ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشىگە ئاساسەن، تېز ۋاقتىدا مۇداپىئە كۆرگەنلىكتىن، 3000 ئات ئۈششۈكتىن ساقلىنىپ قالدى. 4-ئايدا سوغۇق ئېقىم، بوران ھەققىدىكى مەلۇمات توغرا بولغانلىقتىن، ئۈچ كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرى قۇتقۇزۇۋېلىندى. 9-ئايدا، ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسىدىكى 1-، 2-مەيدانلار سوغۇق ئېقىمدىن مەلۇمات ئالغاندىن كېيىن، تېز ۋاقتىدا مۇداپىئە كۆرۈپ، 2000 مودىن ئارتۇق بۇغداي، يالڭاچ ئارپا ۋە 10 مىڭلىغان چارۋا مالنى زىياندىن ساقلاپ قالدى.

1959-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، قار-شۇۋرغان چىقىشتىن بۇرۇن، ئاراتۇرۇك نېرىسىنكىر تۇۋت فېرمىدا بېقىلىۋاتقان 4780 تۇياق قوي، ھاۋارايى مەلۇماتى توغرا بولغانلىقتىن بىخەتەر كۆچۈرۈلدى. 5-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئاراتۇرۇك مېتېئورولوگىيە پونكىتى قىراۋ ئۈششۈكى مەلۇماتىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ئاممىنى ئالدىنى ئېلىشقا تەشكىللەپ، نۇرغۇنلىغان مايسىلارنى زىياندىن ساقلاپ قالدى. شۇ ئايدا، سوغۇق ئېقىم كىرىشتىن ئاۋۋال كۆيسۇ يېزىسى ھاۋارايى مەلۇماتىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالدى. 4-شۆبە مەيدانى چارۋىچىلىق رايونىغا دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلمىغانلىقتىن 46 ئات توڭلاپ ئۆلدى. 9-ئايدا، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۇرۇكتىكى ھەر قايسى مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ، سەييارە مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى قاراۋۇللۇق گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھاۋارايىدىن تولۇق مەلۇمات بېرىپ، چارۋىلارنىڭ قىشلاققا بىخەتەر كۆچۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

1960-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى بوراننى ئۈچكۆلدىكى مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئالدىن توغرا مەلۇم قىلغانلىقتىن، 5000 ماشىنا ئوغۇت زىيانغا ئۇچراشنىڭ ئالدى ئېلىندى. 4-ئاينىڭ 12-كۈنى، شەھەرئىچى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت پونكىتى ئۈششۈك كىرىش مەلۇماتىنى توغرا مەلۇم قىلغانلىقتىن، 95% كۆكتات ئۈششۈكتىن

ساقلاپ قېلىندى. 4- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 13- كۈنىگىچە، باركۆل ناھىيىسى سۆجە مېتېئورولوگىيە پونكىتى چارۋىچىلىق سەييارە گۇرۇپپىسى ھاۋارايىنى ئۆز ۋاقتىدا توغرا مەلۇم قىلغانلىقتىن، كۆكشى ئالدىنئالا مۇداپىئە كۆرۈپ، 17 مىڭ 500 كىلوگرام ئوت- چۆپ تەييارلاپ، 5600 تۇياق ئاجىزلىغان چارۋىنى قار ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇۋالدى.

1975- يىلى ئەتىيازدا، باركۆلدە يامغۇر ئاز ياغقانلىقتىن، بۇغداي مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولدى، «تونتىلىق ئېتىز» دىكى بۇغداي مايسىلىرى سارغىيىپ كەتتى، باركۆل مېتېئورولوگىيە پونكىتى كەلگۈسىدىكى ھاراۋايى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، يېقىنقى مەزگىلدە ناھىيە بويىچە بىر قېتىملىق ھۆل- يېغىن بولىدىغانلىقىنى، تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل- يېغىننىڭ مىقدارى كۆپ بولىدىغانلىقىنى دەل ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى. 36 سائەتتىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك قاتتىق يامغۇر ۋە قارا يامغۇر يېغىپ، قۇرغاقچىلىقنى پەسەيتىپ، بۇغدايلارنىڭ غول تارتىش مەزگىلىدىكى سۇ ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

1975- يىلى كۈزدىن تارتىپ 1976- يىلى قىش ئاخىرىغىچە، باركۆلدە ھۆل- يېغىن مىقدارى سېجىل ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن قويلار يەيدىغان قارمۇ بولمىدى. ئەتىيازدىكى يەرنىڭ نەملىكى ناچار بولغانلىقتىن، تېرىقچىلىق قىلىش تەسكە چۈشتى. 2- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، باركۆل مېتېئورولوگىيە پونكىتى 1976- يىللىق مەلۇماتنى ئېلان قىلىپ، 4-، 5 - ئاي ۋە بىر پۈتۈن ئۆسۈش پەسلىدىكى ھۆل- يېغىن مىقدارىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، «ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئېتىز» لىرىغا نەملىك بولمىسىمۇ ئۇرۇق سېلىشقا بولىدۇ دەپ تەكلىپ بەردى. ناھىيىلىك پارتكوم ئەتراپلىق تەشكىللەپ، جايلارغا چۈشۈرۈلگەن ئاشۇرۇپ تېرىش پىلانى ئاساسىدا، يەنە 2% ~ 3% ئاشۇرۇپ تېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 4- ئاينىڭ بېشىدا، قىسمەن يەرلەردە قۇرغاقچىلىق پەسىيىپ، نەملىكى ياخشىلاندى. ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرغاقچىلىق تۈگىتىلدى. 5- ئايدا ھۆل- يېغىن كۆپىيىپ، بۇغداي مايسىسىنىڭ ئۆسۈشى كىشىنى خۇشاللاندۇردى. 1976- يىلى، ناھىيە يېزا ئىگىلىكىدە زور مول ھوسۇل ئالدى، ناھىيە تەبرىكلەش يىغىنىدا، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۆز قولى بىلەن مېتېئورولوگىيە پونكىتى ۋەكىللىرىگە قىزىل گۈل تاقىدى.

1983- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل 2- ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ لايىھىسى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تۇرخۇننىڭ ئېگىزلىكىنى ئەسلىدىكى لايىھەدىن بىر قانچە 10 مېتىر پەسلىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىنى تېجەپ قالدى.

1984- يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە تېخنىكا خادىملىرى قۇمۇل شەھەرلىك پالۋانتۇر يېزىسى چۈەنشۈيدى كەنتى ئۈچۈن كېۋەز تېرىش مەخسۇس تۈر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. شۇ يىلى 12.7 مو كېۋەز ئېتىزىدىن 4311 يۈەن ساپ كىرىم قىلىندى. شۇ يىلى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تېخنىكا خادىملىرىنى چىقىرىپ، «100 چاقىرىملىق بورانلىق» تىكى سانجاپار پويىز بېكىتىدە، بوراندىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، لەنجۇ ــ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ «100 چاقىرىملىق بورانلىق» تىن بىخەتەر ئۆتۈشى ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلدى. 4- ئاينىڭ 24-، 25- كۈنلىرى، تۆمۈريول باش دېسپېتچىر ئورنى مېتېئورولوگىيە گۇرۇپپىسى تەمىنلىگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، 100 چاقىرىملىق بورانلىق رايوندىكى يوللارنى توساش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، بوران رايونىغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان 54- قېتىملىق پەۋقۇلئاددە تېز يولۇچىلار پويىزىنى پىچان پويىز ئىستانسىسىدا توختىتىپ، بوران ئاپىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر قېتىملىق ھادىسىدىن ساقلاپ قالدى.

1985- يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇل قىزىليۇلتۇز 3- مەيدانى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ئۈزۈم ئېچىش ۋە قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتاتلارنىڭ تېرىلىشىنى ياخشى باشقۇرغانلىقتىن، 3- ئاينىڭ 22- كۈنى بىلەن 4- ئاينىڭ 28- كۈنىدىكى ئىككى قېتىملىق چوڭ بوران، تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قالدى، 2000 مو يەردىكى ئىقتىسادىي زىرائەتتىن مول ھوسۇل

ئېلىندى. شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 22- كۈنى، تارانچى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىدا بوران كۆچلۈك چىقتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئۆز ۋاقتىدا «شامالنىڭ كۈچىيىپ كېتىمەيدىغانلىقى، ئىش توختاتمىسىمۇ بولىدىغانلىقى» توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، بىر قېتىملىق ئىش توختاشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىياندىن ساقلاپ قالدى. 4- ئاينىڭ 17- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى 18- كۈنى كان رايونىدا 8 ~ 9 بال بوران چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن مەلۇم قىلىپ ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن مەزكۇر كان بىر كۈن ئىش توختىتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئادەم ۋە مۈلەسسەسلەر زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. شۇ يىلى 1- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى كۈندە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە «2- ئېلېكتر ئىستانسىسى» نىڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورۇنلىرىنى مەخسۇس ھاۋارايى مەلۇماتى ئۈچۈرى بىلەن تەمىنلىدى. 4- ئاينىڭ 18- كۈنى، بوران چىقىپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەيدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەنلىكتىن، ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، سىرتقا دۆۋىلەپ قويۇلغان نەچچە يۈز توننا سېمونت ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. شۇ يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بۇغداي يىغىۋېلىشتىن بۇرۇن مەلۇم قىلغان «يازغى بۇغداي مەھسۇلات مەلۇماتى» ئەمەلىي مەھسۇلاتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە ئىقتىساد پىلان تارماقلىرىنى توغرا تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

1986- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە، شىنجاڭ 4- قېتىملىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى ۋە 1986- يىلىدىكى مەملىكەتلىك مۇز تېيىلىش چېمپىيونلۇق تاللىنىش مۇسابىقىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى مۇز تېيىلىش تەكلىپلىك مۇسابىقىسى كەينى- كەينىدىن قۇمۇل سومۇشتان مۇز تېيىلىش مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. «مۇسابىقە» تەكلىپى بىلەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئادەم چىقىرىپ، نەق مەيداندا ھاۋارايىنى كۆزىتىپ، مۇسابىقىنى توغرا ھاۋارايى مەلۇماتى بىلەن تەمىنلىدى. تەشكىللەش كومىتېتى «بۇ قېتىملىق مۇسابىقە مەيدانىدىكى مېتېئورولوگىيە خىزمىتى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە تۈۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئىچىدە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ ھاۋارايى مەلۇمات بېرىش تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى، سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان بىر قېتىملىق مۇلازىمەت بولدى» دەپ كۆرسەتتى. شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە بوران چىقىپ، قار يېغىپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، ئۈششۈك پەيدا بولدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى زىيان خاراكتېرلىك ھاۋارايى سىگنالىنى ئۆز ۋاقتىدا توغرا مەلۇم قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلغانلىقتىن، 486 مىڭ يۈەن زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

1988- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى 2- ئاينىڭ 26-، 27- كۈنىدىكى سوغۇق ئېقىم كىرىش ھاۋارايى مەلۇماتىنى بەش كۈن بۇرۇن مەلۇم قىلغانلىقتىن، ۋىلايەتلىك پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ يىلى 4- ئاينىڭ ئاخىرى، قۇمۇلدا تېمپېراتۇرا ئۇدا يۇقىرى ئۆرلىگەندە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بۇ خىل ئەھۋالنى قاتتىق كۆزىتىش ئارقىلىق 4- ئاينىڭ 28- كۈنى، ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابىغا «كەلگۈسى بىر نەچچە كۈندە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلۈشى تېز بولىدىغانلىقىنى، تاغلىق رايونلاردا يېغىلىپ قالغان قارلارنىڭ كۆپ مىقداردا ئېرىيدىغانلىقىنى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە دىققەت قىلىش» توغرىسىدا مەلۇمات بەردى. 5- ئاينىڭ 2- كۈنى، تۆرۈك ئامباردا تارىختىن بۇيان ئاز ئۇچرايدىغان ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى بارلىققا كەلدى ھەمدە 6- كۈنىدىن 10- كۈنىگىچە ئۇدا يامغۇر ياغدى. ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابىنى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشى ئۈچۈن، مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قۇمۇل شەھەرلىك پالۋانتۇر يېزىسى، قاراسۇ كەنتىنى تاللاپ، پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى يولغا قويغاندىن بۇيان،

مەزكۇر كەنتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 50 يۈەن ئاشتى. «ئۆلكىلىك ئائىلىلەر» نىڭ كىرىمى 140 يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ 407.5 يۈەن ئاشتى. دېھقانلار يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيە تېخنىكا خادىملىرىنى «بايلىق ئىلاھى»، «ئۈزۈم پىرى» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.

1989- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە، يەتتەقۇدۇق مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئۈرۈمچى تۆمۈريول باش دېجورنىلىق ئىشخانىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەزكۇر ئىشخانا دابەن پويىز بېكىتىگە يېقىن جايدا توققۇز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىش توغرىسىدىكى ئالدىن مەلۇماتنى ھەر سائەتتە تەمىن ئېتىپ، «100 چاقىرىملىق بورانلىق» تىكى پويىزنىڭ بىخەتەر ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

1990- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈن زاۋۇتىغا كۈنلۈك مەھسۇلاتىنى 800 تونىغا يېتىشتۈرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسىنى كېڭەيتىش مۇمكىنچىلىك دوكلاتىنى تۈزۈش ئۈچۈن ھاۋارايى ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

[قوشۇمچە] قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى، پونكىتى

1. ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە پونكىتى مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) كۈزدە، قۇمۇلدا ئەسلىدىكى ياۋروپا — ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايرودرومىنىڭ ئورنىغا (كونىلار «شياۋيىگفاڭ» دەپ ئاتىشىدۇ) ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومىنى قايتا قۇرۇپ، مەخسۇس كەسپتىكى مېتېئورولوگىيە خادىملىرىنى سەپلىدى. بۇنى سوۋېتلىك پاناپوۋ ئۆستىگە ئالدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) 12- ئايدا قۇمۇل — ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە يولىنى ئېچىپ، شىنجياڭزا (بۈگۈنكى يولۇچىلار ئايرودرومىنىڭ كونا ئورنى) دا ئايرودروم قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەخسۇس كەسپتىكى مېتېئورولوگىيە خادىمى، ئاددىي مېتېئورولوگىيە مۇئەسسەسەلىرىنى سەپلىدى ۋە مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش ئېلىپ باردى.

2. قۇمۇل دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئورنى مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) 7- ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى قۇمۇل، باركۆلدە ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئورنى قۇردى. قۇمۇل ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئورنى قۇمۇل دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قۇمۇل دېھقانچىلىق- ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئورنى دەپ ئاتالدى، مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 10- ئايدا نامىنى مېتېئورولوگىيە پونكىتىغا ئۆزگەرتتى.

3. ھاۋا ئارمىيىسى 330- مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، «شياۋيىگفاڭ» ئايرودرومى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە قاراشلىق بولدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 9- ئايدا، ئايرودروم ھاۋارايىنى كۆزىتىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇنى ھاۋا ئارمىيىسى 149- بېكىتى ھاۋارايىنى كۆزىتىش گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 1- ئايدا، ھاۋا ئارمىيىسى 149- بېكىتى 81- ھاۋارايىنى كۆزىتىش گۇرۇپپىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 9- ئايدا، ھاۋا ئارمىيىسى 149- بېكىتى 81- ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئىستانسىسى دەپ ئاتالدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 11- ئايدا، ھاۋا ئارمىيىسى 330- مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ھاۋا ئارمىيىسى ئۈرۈمچى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىغا تەۋە بولدى ۋە ھاۋارايىنى كۆزىتىش خادىمىدىن ئۈچ- تۆتى سەپلەندى.

4. دۆلەت مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949- يىل 11- ئايدا، ئەسلىدىكى گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسى 330- مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشىگە كىرگۈزۈلدى. ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە كەسپىنى ساقلاپ قېلىشتىن سىرت، 1951- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، «A خىل مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى» غا كىرگۈزۈلۈپ، «يەر يۈزىدىكى ئاساسىي

ھاۋارايىنى كۆزىتىش» كەيپىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى دەپ ئاتالدى. ھەمدە مەملىكەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى پونكىت تورىغا كىرگۈزۈلدى. كېيىن، بارا- بارا ھەر قايسى ئورۇنلاردا مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى، پونكىتلىرىنى قۇرۇلدى (تەپسىلاتىنى28 – 4 جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ).

5. ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى    قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئاپپاراتلىرى ئوخشاشمىغان سىستېما ۋە تارماقلارغا ئايرىلدى. بۇلار — ھاۋا ئارمىيىسى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى، ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى، ئۇچۇش ئىنستىتۇتى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ۋە دۆلەت مېتېئورولوگىيە سىستېمىسى ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرىدىن ئىبارەت.

1) قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى    1949- يىل 11- ئايدا، ئەسلىدىكى گومىنداڭ قۇمۇل ھاۋا ئارمىيىسى 330- مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە باشقارمىسى قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتتى.

1951- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى دەپ ئاتىلىپ، 1955- يىل 7- ئايدا ئەمەلدىن قالدى.

2) قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى    1956- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1961- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئەسلىدىكى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنى شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىغا تەۋە قىلىپ ئۆزگەرتتى.

1978- يىلى، قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئەمەلدىن قالدى. لېكىن قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى داۋاملىق خىزمەت قىلدى. 1982- يىل 5- ئايغىچە، قۇمۇل خەلق ئاۋىئاتسىيە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى خىزمەتتىن توختاپ، قۇمۇلدىن چېكىنىپ كەتتى.

3) ئۇچۇش ئىنستىتۇتىغا قاراشلىق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى    1967- يىل 6- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 8- ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. 1986- يىلى، 8- ئۇچۇش ئىنستىتۇتى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

4) مېتېئورولوگىيە سىستېمىسى ئاۋىئاتسىيە ھاۋارايى كەسپىنى ئۈستىگە ئالغان مېتېئورولوگىيە پونكىتى 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، يەتتەقۇدۇق، شىڭشىڭشيا (خوڭلىيۇخې)، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى ئارمىيە، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئاۋىئاتسىيە ھاۋارايى مەلۇماتىنى مەلۇم قىلدى.

6) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيە پونكىتى    1958- يىلى، «پۈتۈن پارتىيە ۋە خەلق ھاۋارايى بىلەن شۇغۇللىنىش» دېگەن چاقىرىققا ئەمەل قىلىپ، «ۋىلايەتتە مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى، ناھىيىلەردە مېتېئورولوگىيە پونكىتى، يېزا (كوممۇنا) لاردا ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئورنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ھاۋارايى كىچىك گۇرۇپپىسى بولۇش» تىن ئىبارەت نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «ئىختىيارىي بولۇش، ئۆزى قۇرۇش، ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزى ئىشلىتىش» تىكى «تۆت ئۆز» شوئارى ئاستىدا، ۋىلايەتتىكى خەلق كوممۇنىلىرىدا ھاۋارايىنى كۆزىتىش ئورنىدىن 30 قانچە ئورۇننى قۇرۇپ، شىنجاڭدا ئەڭ ئاۋۋال «ھاۋارايىلاشتۇرۇش» نى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىرلا شوئار بىلەن باشلانغان «ھاۋارايىلاشتۇرۇش» ھەرىكىتى 1960- يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، سوغۇشتان مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى چېچەك ئاۋات ھاۋارايى پونكىتى دۆلەت مېتېئورولوگىيە سىستېمىسى ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى ۋە بىگتۇغۇن دېھقانچىلىق 5- شىركە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

تەڭشەلگەندىن كېيىنكى مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى، كۆزىتىش ئورۇنلىرى، تېخنىكا كۈچىنىڭ سەپلىنىشى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى ئۈستىگە ئالالمىدى. چېچەك ئاۋات مېتېئورولوگىيە پونكىتى 1966 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۈزلۈكسىز خىزمەتتىن توختىدى.

1976 - يىل 7 - ئايدا، قىزىلبۇلتۇز 2 - مەيدانى قايتىدىن مېتېئورولوگىيە كۆزىتىش ئورنىنى قۇردى، كېيىن مېتېئورولوگىيە پونكىتى قىلىپ كېڭەيتتى. ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق مەيدانى، قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن مېتېئورولوگىيە كۆزىتىش ئورنى قۇردى.

7) زاۋۇت، كان مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى، كۆزىتىش ئورۇنلىرى 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1960 - يىللارغىچە، ۋىلايەتتە، لەنجۇ ــ شىنجاڭ تۆمۈريولى سانجاپار، تارانچى (ئۈستى ئۈچۇق كۆمۈر كانى) مېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى ۋە يەتتەقۇدۇق تۇزچىلىق مەيدانى مېتېئورولوگىيە كۆزىتىش ئورنى قۇردى. بۇ مەزگىللەردە گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارماقلىرى، تۆمۈريول پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى يامانسۇ، بوغاز قاتارلىق كۆزىتىش رايونلىرىدا ۋە لياۋدۇن قاتارلىق پويىز ئىستانسىلىرىدا مېتېئورولوگىيە كۆزىتىش نۇقتىسى قۇردى.

1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تارانچى ئۈستى ئۈچۇق كۆمۈر كانى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا خىزمىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان تارانچى مېتېئورولوگىيە پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈردى. تەڭرىتاغ چوققىسىغا جايلاشقان قۇمۇل ــ باركۆل تاشيولى تەڭرىتاغ بۆتخانىسىدىكى يول ئاسرىغۇچىلار قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىدىكى «يوللار» نىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھاۋارايىنى ئۆزلۈكسىز مۇددەت كۆزىتىپ كەلدى.

### قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1949 ~ 1990 - يىلغىچە بولغان دۆلەت مېتېئورولوگىيە ئىستانسا، پونكىتلىرى

جەدۋەل: 28 — 4

| پونكىت نامى | قۇرۇلغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋاقتى | پونكىت ئادرېسى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|
| قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى (ئايرودروم) | 1949 - يىل 11 - ئايدىن 1955 - يىل 7 - ئايغىچە | قۇمۇل شياۋنىڭفاڭ ئايرودرومى | 1949 - يىل 10 - ئايدىن ئىلگىرى ھاۋا ئارمىيىسى 330 - ئىستانسىسى دەپ ئاتالغان |
| يەتتەقۇدۇق مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1952 - يىل 7 - ئاي | قۇمۇل يەتتەقۇدۇق بازىرى (چۆل - باياۋان) | |
| شىڭشىڭشيا (خوڭلىيۇخې) مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1952 - يىل 7 - ئاي | شىڭشىڭشيانىڭ غەربىدىكى جىلغىلىقتا (تۆپىلىك) | 1960 - يىل 10 - ئايدا، خوڭلىيۇخې پويىز ئىستانسىسىغا يۆتكەلدى |
| قۇمۇل مېتېئورولوگىيە پونكىتى (مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى) | 1953 - يىل 9 - ئاي | قۇمۇل شەھىرى شەرقىي ئۆستەڭ توسمىسى (ھازىرقى ئورنى) | پونكىت كۆپ قېتىم يۆتكەلدى |
| سانجاپار مېتېئورولوگىيە پونكىتى (قۇمۇل ناھىيىسى) | 1956 - يىل 4 - ئايدىن 1958 - يىل 10 - ئايغىچە | سانجاپار پويىز بېكىتى (لەنجۇ ــ شىنجاڭ تۆمۈريولى) | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| باركۆل مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1956- يىل 11- ئاي | باركۆل ناھىيىسى غەربىي بازار ئەتراپىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا | 1985- يىل 1- ئايدىن بۇرۇن داخې يېزىسىدا ئىدى |
| سۇمۇشتان مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1957- يىل 11- ئاي | سۇمۇشتان ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى | 1962- يىلى، ئاراتۇرۇك ئات فېرمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى |
| ئاراتۇرۇك مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1958- يىل 11- ئاي | ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا | |
| تاشۆيلۇق مېتېئورولوگىيە پونكىتى (قۇمۇل شەھىرى) | 1958- يىل 11- ئاي | قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلۇق يېزىسى (شىمالىي قوتان) | |
| توغۇچى ھاۋارايى پونكىتى (قۇمۇل ناھىيىسى) | 1958- يىلى11- ئايدىن 1962- يىل 4- ئايغىچە | قۇمۇل شەھىرى دۆربەجىن | |
| تارانچى مېتېئورولوگىيە پونكىتى (قۇمۇل ناھىيىسى) | 1959- يىل 10- ئاي | تارانچى بېيجۇمن چۆللۈكىدە | 1963- يىل 1- ئايدا تارانچى كانىغا ئۆتكۈزۈلدى |
| چېچەك ئاۋات ھاۋارايى پونكىتى (قۇمۇل ناھىيىسى) | 1959- يىل 10- ئايدىن 1966- يىلىغىچە | قۇمۇل ناھىيىسى چېچەك ئاۋات (قىزىليۇلتۇز 1- مەيدانى) | 1962- يىل 1- ئايدا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە تاپشۇرۇلدى |
| ئۈچكۆل مېتېئورولوگىيە پونكىتى (باركۆل ناھىيىسى) | 1959- يىل 11- ئايدىن 1981- يىل 7- ئايغىچە | ئۈچكۆل يېزىسى (ئۈۋۈنكى كۆل) | |
| نوم مېتېئورولوگىيە پونكىتى (ئاراتۇرۇك ناھىيىسى) | 1960- يىل 1- ئاي | نوم يېزىسى | |
| سۆجە ھاۋارايى پونكىتى (باركۆل ناھىيىسى) | 1960- يىل 1- ئايدىن 1962- يىل 4- ئايغىچە | باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزىسى (چارۋىچىلىق رايونى) | |
| غەربىتاغ ھاۋارايى پونكىتى (قۇمۇل ناھىيىسى) | 1960- يىل 10- ئايدىن 1961- يىل 10- ئايغىچە | قۇمۇل ناھىيىسى غەربىتاغ يېزىسى | |
| نۇركۆل ھاۋارايى پونكىتى (ئاراتۇرۇك ناھىيىسى) | 1960- يىل 11- ئايدىن 1962- يىل 3- ئايغىچە | ئاراتۇرۇك نۇركۆل | |

ئىزاھ: 1960- يىل 5- ئايدىن 8- ئايغىچە، 1961- يىل 5- ئايدىن 8- ئايغىچە، تەڭرىتاغ خاناتاپ مۇزلۇقلىرى ئىلمىي تەكشۈرۈش مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇلدى. 1970- يىل 1- ئايدىن 1974- يىل 12- ئايغىچە، يىچان ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇمۇل ۋىلايىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى.

## 1978- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم- پەن يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى

جەدۋەل: 28 – 5

| نەتىجە نامى | تاماملىغان ئورۇنلار |
|---|---|
| شورلۇق يەرلەردە يازلىق بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىش قانۇنىيىتى تەتقىقاتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك قىزىلىيۇلتۇز 2- مەيدانى |
| بىرونت 5- نومۇرلۇق ۋاكسىنا ئارقىلىق مايا تۇماللىتىپ ئىممۇنىتېتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى تەتقىقاتى | باركۆل ناھىيىسى بروتسېلىيۇزنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش گۇرۇپپىسى |
| بىرونت 5- نومۇرلۇق ۋاكسىنا پاراشوكىنى تۇماللىتىپ ئىممۇنىتېتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى تەتقىقاتى | باركۆل ناھىيىسى بروتسېلىيۇزنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش گۇرۇپپىسى |
| قوي ۋە ئاتلاردىكى پارازىت قۇرتلار سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى |
| ئاق قوناقنىڭ يېڭى سورتى «2 – 63» نومۇرنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل ناھىيىسى شەرق شامىلى كۆكشېيى ئالغا ئىلگىرىلەش چوڭ ئەترىتى 5- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى |
| تېرىقچىلىق ئىسلاھاتى – تاسىلاپ كىرىشتۈرۈپ تېرىش سورتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى |
| مىكرو مىقدارلىق يۇركۈش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ يايلاقلاردا چېكەتكە يوقىتىشتا ئىشلىتىلىشى | ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك چېكەتكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، چاشقان يوقىتىش قوماندانلىق شتابى |
| مىكرو مىقدارلىق يۇركۈش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ يايلاقلاردا چېكەتكە يوقىتىشتا ئىشلىتىلىشى | باركۆل ناھىيىلىك چېكەتكە، چاشقان يوقىتىش قوماندانلىق شتابى |
| مىكرو مىقدارلىق يۇركۈش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ يايلاقلاردا چېكەتكە يوقىتىشتا ئىشلىتىلىشى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك چېكەتكە، چاشقان يوقىتىش قوماندانلىق شتابى |
| 600 تىپلىق ئوق ئېتىلىق يۇركۈگۈچ | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتى |
| تۆرۈك ئامبار تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئەگمە توسما لايىھىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۆرۈك ئامبار قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابى |
| قۇدۇقلارنى يىراقتىن تىزگىنلەش | قۇمۇل ناھىيىلىك ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى |
| شىنجاڭدىكى «سۇ» قۇرغاقچىلىق مەسىلىسى ھەم ئۇزۇن مۇددەتلىك مەلۇم قىلىش تەتقىقاتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى مەلۇم قىلىش گۇرۇپپىسى |
| شىمالىي شىنجاڭ بوراندىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى تەتقىقاتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى |

| | |
|---|---|
| بىناكارلىق، رادىئو، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، مېتېئورولوگىيىدىن ئاساس نەزەرىيە ئاپىرى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى |
| قۇراشتۇرما پولات تەخسىلىك بېتون قوش ئەگرى سىزىقلىق سوۋۇتۇش مۇنارى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى |
| رادىئودا ئاڭلىتىش ۋاقىت تەرتىپىنى كونترول قىلىش ئاپپاراتى | باركۆل ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىكى |
| يۇتۇلمىسىز خەرىتىدىكى ئەڭ كىچىك ئۇنلۇق كەسىرنىڭ بىردىنبىرلىك تېئورمىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن |
| قۇمۇل TQ—450 تىپلىق ھاۋا ئېقىمى ئارقىلىق دان ئايرىش ماشىنىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى |
| GB—120B شال، بۇغداي كومبايىنى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى |
| ھاۋا بېتەكلىگۈچى شەكىلدىكى ئۆلاش ۋە شامال ئۆتۈنۈشتۈرۈپ ئازلىلاش ئۈسكۈنىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى |
| ئۇننى تولۇق شاماللىتىپ يەتكۈزۈش تېخنىكىسى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى |
| يەككە يول يۆكلىمە دولقۇن ئارقىلىق يىراق مۇساپىلىك توك بىلەن تەمىنلەش | قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا — تېلېگراف ئىدارىسى يۆكلىمە دولقۇن ئىشخانىسى |
| شىنجاڭ بوتانىزم بايقاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش تەتقىقاتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە — يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى |
| ئوتخور ھايۋانلارنىڭ قالقانسىمان بېزىدىكى رادىئوئاكتىپ يود بىلەن يادرو سىنىقىنىڭ مۇناسىۋىتى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە — يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى |
| مەملىكىتىمىزنىڭ يادرو سىنىقىدىن پەيدا بولغان رادىئاكتىپلىق يۇقۇندىلىرىنىڭ چۆكۈش ئالاھىدىلىكى ۋە مۇھىتنى بۇلغىشى | قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە — يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى |
| شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تاجىسمان يۈرەك كېسەللىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش | قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى |

## قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1984 ~ 1990- يىلىغىچە ئاپتونوم رايون (دۆلەت، مىنىستىرلىك، كومىتېت) دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى

جەدۋەل: 28 – 6

| تۈر نامى | مۇكاپاتلانغان ۋاقىت (يىل) | مۇكاپات دەرىجىسى | ئاساسلىق تەتقىقاتچىلار |
|---|---|---|---|
| يەتتەقۇدۇق تۈركۈل شورلۇق سۇ ساھەسىدە تۈزنى ئاپتاپقا سېلىش ھۈنەر - سەنئىتى تەتقىقاتى | 1984 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | شېڭ لىيۇۋۇ، لىيۇ جيەنمىن، جاڭ يۈدى |
| 282 بېنزىن سۈزگۈچ يېڭى تىپلىق سۈزگۈچ تۈزىكى | 1984 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | لىيۇ مىنتاڭ |
| F798 نومۇرلۇق دورىسى بىلەن قوغۇن شۇمبۇيىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش | 1984 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | ۋاڭ جيۇ، جۇگۇاگجى، مېي يۇشياڭ |
| شىنجاڭ قۇمۇل دەل- دەرەخ يىل ھالقىسى كىلىمات تەتقىقاتى | 1985 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | ياڭ گۇاگشۇن، لى جاگفېن، جياڭ شياۋيەن، شۇ رۇيجېن، نيۇ سۇنجى، لىيۇ جۇەنجى |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى بايلىقىنى يىغىنچاق مەزگىلدە، ئېچىپ پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىك گېئولوگىيىلىك مەخسۇس تېما تەكشۈرۈش دوكلاتى | 1985 | گېئولوگىيە – قېزىلما بايلىقلار مىنىستىرلىكى پەن- تېخنىكا نەتىجىسى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | تاڭ يۇچىڭ، لياۋ باگچىڭ قاتارلىقلار |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتلاقنى تەكشۈرۈش(قۇمۇل ناھىيىلىك ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈش) | 1985 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | چېن پېيرېن، لىي تېشېڭ، يۇ لىي، رېن جۇچېڭ، لى يىگگۇي |
| مەملىكەتىمىزدىكى قاپلىق قۇرۇت كېسىلىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر ئومۇمىي بايان | 1986 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | جۇ ۋېنجيې |
| قۇمۇل قوغۇنىنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات | 1986 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچقۇن پىلانى 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | لى يۇشېڭ، ۋاڭ مېيلياڭ، ماۋ جېسىڭ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۈزۈم تاق توزان كېسىلىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتى | 1987 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچقۇن پىلانى 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | جاۋ لىگجۇاڭ، شى زېيچېڭ، سۇ جۇنمىن |
| مېۋىلىك دەرەخلەردىكى ئۈزۈك قۇرۇتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېڭەيتىش ئۈلگە كۆرسىتىش | 1987 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | سۇجۇنمىن، لى پېڭ، ما دېچېڭ، چۈ خۇەيياۋ، شى زېچېڭ |
| نەملەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كالتىسىنى كېڭەيتىش تېخنىكىسىنى ئىسلاھ قىلىش | 1987 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | فېڭ لېچياڭ، ياڭ دېشۇ، ھەسەن سوپى، لىيۇ باۋلو |
| كۆكگۈرتلەشتۈرۈلگەن ئىشقارلىق پارقازىنى | 1988 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | لى گۇاڭرۇڭ، شۈمن كېڭاڭ، جاڭ جياڭ شاۋ، جيا شۈۋۇ، خەن گۇاڭرۇڭ |
| يېزا- بازار كارخانىلىرىدىكى بولغىنىش مەنبەسىنى تەكشۈرۈش | 1988 | دۆلەت مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى مۇھىم پەن-تېخنىكا تۆرىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپات | سۇڭ گۇاڭشىن، ئىمىنجان |
| قويلاردىكى كۆپ باشلىق يۇمران قۇرۇت كېسىلى ۋە ئىممۇنىتېتلاش تەتقىقاتى | 1988 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك . مۇكاپات | جاڭ ۋېنرۇي، ۋاڭ ياۋخۇي، جاۋ خېجياڭ |
| قوش كامېرلىق پېرلىت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش تەتقىقاتى | 1988 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچقۇن پىلانىدىكى 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | گو دۇگجىن، سى چۈنفۇ، ۋۇ سۈيېڭ |
| ئۇتلاقتا توخۇ بېقىپ چېكەتكە يوقىتىش | 1988 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكاپات (بىرلىشىپ ئالماشلغان) | باركۆل نامېيىلىك چېكەتكە يوقىتىش پونكىتى |
| «سەمبورو» گۆش توخۇسىنىڭ سورتىنى كىرگۈزۈش | 1988 | ئاپتونوم رايونلۇق «شىككىنى قويۇپ بېرىش» يىغىنىدا مۇكاپاتلاندى | زىڭ بىڭچېڭ، تاڭ جىخەي |
| JMC—25 سىلىقلاش ئىستانوكىنىڭ ئالماس پىچىقى | 1989 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇچقۇن پىلانىدىكى 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | لى جۇگيەن، خۇي مىڭشى، شۇ چېڭ |
| قومۇل ۋىلايەتلىك ئوتلاق بايلىقى ۋە يەم- خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش | 1989 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىدا 4- دەرىجىلىك مۇكاپات | چېن يېيرېن، لىي تېشىن، رېن جوچېڭ، يۇ لېي، لى شېڭجۇن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 3WW—100 ئاسما مىكرو مىقدارلىق پۈركۈش ماشىنىسى | 1989 | يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپات | ۋاڭ شىشۈلى، ليۇ خۇيىيلى، گۇەن بولى، زاتۇ، نىڭ شۇگۈي، ۋاڭ لۇگىيا |
| پەن- تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىناق ئۆلكىسى | 1990 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4- دەرىجىلىك مۇكابات | جۇ خۇەيياۋ، ۋاڭ جىنجۇڭ، سۇ جۇنمىن، ئابدۇرېھىم، خەن مىڭخەي |
| نىترو سۈيى بىلەن كالتىسى ماگنىينى چىقىرىش يېڭى تېخنىكىسى | 1990 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكابات | دەي چىيگىي، فۇ شىچۈن، ليۇ جيەنخۇا، زۇ زىجيەن |

16. پاتېنت

1985- يىل 4- ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پاتېنت قانۇنى» يولغا قويۇلدى. 1990- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە 14 تۈرلۈك پاتېنت قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۆت تۈر پاتېنت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، ۋىلايەتلىك ماشىنا رېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۇڭ گيۇن تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان توپا كۆمۈرنى پىچەتلەپ يانچىش ماشىنىسى، تۆۋەن بېسىملىق پارقازان بىرلەشمە چاڭ- توزان سۈمۈرۈش ماشىنىسى، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان يېڭى تىپتىكى سۇ ئىسسىتىش ماشىنىسى دۆلەتنىڭ ئۈچ تۈر پاتېنتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتىغا قاراشلىق پەن- تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزىنىڭ تېخنىكا خادىمى ۋاڭ دۇگلەي كەشپ قىلغان قول بىلەن مەركەزلەشتۈرىدىغان چوڭقۇر قۇدۇق ناسوسى، گاز پۈركىشلىق قەرەللىك ئاپتوماتىك مۇفتا، ئاپتوماتىك قانالىق چاقپەلەكنى تەڭشەش، پىيازنى توغراش ماشىنىسى، گاز پۈركىشلىق قەرەللىك ئاپتوماتىك توك مەنبەسىنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، تۆت تۈر پاتېنت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1981 – 1990 - يىلىغىچە بولغان ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 28 – 7

| يىل | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سېلىنغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ئەمگەك كۈچى (ئادەم) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆسكۈنە نىسبىتى (ئادەم/تۈمەن يۈەن) | ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم/ تۈمەن يۈەن). | سېلىنما ھاسىلات ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئۈنۈۋېرسال تېخنىكا سەۋىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 15511.0 | 24066.6 | 83793 | 0.2872 | 0.1851 | 0.6455 | 0.4148 |
| 1982 | 17919.4 | 26018.4 | 84867 | 0.3066 | 0.2111 | 0.6887 | 0.4499 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 20272.3 | 26742.7 | 87711 | 0.3049 | 0.2311 | 0.7580 | 0.4945 |
| 1984 | 23028.6 | 29553.1 | 92918 | 0.3181 | 0.2478 | 0.7792 | 0.5135 |
| 1985 | 26431.4 | 34539.9 | 96746 | 0.3570 | 0.2732 | 0.7652 | 0.5192 |
| 1986 | 28910.1 | 36498.1 | 99515 | 0.3668 | 0.2905 | 0.7921 | 0.5413 |
| 1987 | 30714.0 | 38326.5 | 100049 | 0.3831 | 0.3070 | 0.8014 | 0.5542 |
| 1988 | 35124.1 | 45830.0 | 104034 | 0.4405 | 0.3376 | 0.7664 | 0.5520 |
| 1989 | 37673.7 | 47480.5 | 107448 | 0.4419 | 0.3508 | 0.7935 | 0.5720 |
| 1990 | 40874.6 | 49035.0 | 110153 | 0.4452 | 0.3711 | 0.8336 | 0.6023 |

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1981 – 1990- يىلىغىچە بولغان ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى، تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 28 – 8

| تۈر | 1981 – 1985 - يىلىغىچە | 1986 – 1990 - يىلىغىچە |
|---|---|---|
| مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 12.30 | 9.11 |
| سېلىنما ئېشىش سۈرئىتى (%) | 8.31 | 7.26 |
| ئەمگەك كۈچى ئېشىش سۈرئىتى (%) | 3.49 | 3.63 |
| كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۇسكۈنىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 4.65 | 4.51 |
| ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 8.59 | 6.32 |
| سېلىنما ھاسىلات ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 3.76 | 1.73 |

| | | |
|---|---|---|
| ئۈنىۋېرسال تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 4.91 | 3.01 |
| تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا بولغان تۆھپىسى (%) | 39.63 | 33.04 |

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1981 – 1990- يىللىغىچە بولغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 28 – 9

| يىل | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سېلىنما (تۈمەن يۈەن) | ئەمگەك كۈچى (ئادەم) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۈسكۈنە نىسبىتى (ئادەم/ تۈمەن يۈەن) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم/تۈمەن يۈەن) | سېلىنما ھاسىلات نىسبىتى (تۈمەن يۈەن/) | ئۈنىۋېرسال تېخنىكا سەۋىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 6854 | 7991 | 11620 | 0.6877 | 0.5898 | 0.8577 | 0.7238 |
| 1982 | 7593 | 8688 | 12127 | 0.7164 | 0.6261 | 0.8740 | 0.7500 |
| 1983 | 8815 | 8667 | 12154 | 0.7128 | 0.7253 | 1.0175 | 0.8714 |
| 1984 | 10327 | 9865 | 12990 | 0.7594 | 0.7950 | 1.0466 | 0.9209 |
| 1985 | 12742 | 12791 | 14774 | 0.8658 | 0.8625 | 0.9962 | 0.9294 |
| 1986 | 15007 | 13493 | 16858 | 0.8003 | 0.8901 | 1.1122 | 1.0011 |
| 1987 | 15001 | 14215 | 16684 | 0.8520 | 0.8991 | 1.0553 | 0.9772 |
| 1988 | 17864 | 21110 | 17292 | 1.2203 | 1.0331 | 0.8466 | 0.9398 |
| 1989 | 20437 | 20346 | 18243 | 1.1153 | 1.1203 | 1.0048 | 1.0624 |
| 1990 | 22012 | 21944 | 20224 | 1.0850 | 1.0884 | 1.0031 | 1.0457 |

ئىزاھ: 1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1981 – 1990- يىللىغىچە بولغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 28 – 10

| تۈرلەر | 1981 – 1985 - يىلىغىچە | 1986 – 1990 - يىلىغىچە |
|---|---|---|
| مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 14.93 | 11.55 |
| سېلىنمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 10.09 | 11.40 |
| ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 8.17 | 6.48 |
| كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۈسكۈنىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 1.77 | 4.62 |
| ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 6.25 | 4.76 |
| سېلىنما ھاسىلات ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 4.40 | 0.14 |
| ئۈنۈۋېرسال تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 5.23 | 2.39 |
| تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا بولغان تۆھپىسى (%) | 35.03 | 20.69 |

### قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1981 – 1990- يىللىرىغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 28 – 11

| يىل | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | سېلىنما (تۈمەن يۈەن) | ئەمگەك كۈچى (ئادەم) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۈسكۈنە نىسبىتى (ئادەم/ تۈمەن يۈەن) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم/ تۈمەن يۈەن) | مەبلەغ ھاسىلات نىسبىتى (تۈمەن يۈەن) | ئۈنۈۋېرسال تېخنىكا سەۋىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 4844 | 42180 | 64413 | 0.6548 | 0.7365 | 1.1247 | 0.9306 |
| 1982 | 5679 | 44950 | 64683 | 0.6949 | 0.8317 | 1.1969 | 1.0143 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 6229 | 42510 | 67338 | 0.6313 | 0.9250 | 1.4653 | 1.1951 |
| 1984 | 6802 | 50190 | 71574 | 0.7012 | 0.9503 | 1.3553 | 1.1528 |
| 1985 | 6488 | 58790 | 72462 | 0.8113 | 0.8954 | 1.1036 | 0.9995 |
| 1986 | 6792 | 67940 | 73579 | 0.9234 | 0.9231 | 0.9997 | 0.9614 |
| 1987 | 7642 | 64570 | 73079 | 0.8836 | 1.0457 | 1.1835 | 1.1146 |
| 1988 | 8032 | 63910 | 75591 | 0.8455 | 1.0626 | 1.2568 | 1.1597 |
| 1989 | 7010 | 72740 | 76798 | 0.9472 | 0.9128 | 0.9637 | 0.9383 |
| 1990 | 8218 | 70560 | 77618 | 0.9091 | 1.0498 | 1.1548 | 1.1023 |

### قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1981 – 1990- يىللىقچە بولغان يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 28 – 12

| تۈرلەر | 1981 – 1985 - يىللىقچە | 1986 – 1990 - يىللىقچە |
|---|---|---|
| مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 9.05 | 4.66 |
| سېلىنمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 6.76 | 3.72 |
| ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 2.49 | 1.38 |
| كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۈسكۈنىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 4.17 | 2.30 |
| ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 6.39 | 3.23 |
| سېلىنما ھاسىلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 2.14 | 0.91 |

| | | |
|---|---|---|
| ئۇنىۋېرسال تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى (%) | 3.19 | 1.98 |
| تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا بولغان تۆھپىسى (%) | 43.20 | 42.49 |

# IV باب

# پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى

## §1. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى

1956- يىلى، ناھىيىلەر پروېكسىيىلىك پانار، فوتو سۈرەت، قارادوسكا، سىملىق رادىئو قاتارلىق تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ «سەككىز خەتلىك فاڭجېنى»، تېخنىكا ئىسلاھاتى ۋە تېخنىكا يېگىلاش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1978- يىلدىن كېيىن، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كىنو فىلىملىرىنى قويۇش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقى نەشر قىلىش، مەسىلەن، «پەن- تېخنىكا گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)، «قومۇل چارۋىچىلىق ئاخباراتچىلىقى»، «قومۇل قاتنىشى»، «قومۇل پەن- تېخنىكىسى»، «مال دوختۇرلۇق قوللانمىسى»، «ئۆي ھايۋانلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللەر» (قازاقچە)، «قومۇل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش»، «قومۇل ۋىلايەتلىك سۇ ئىنشائاتى پەن- تېخنىكا تەرمىلىرى»، «ئۇچۇر تېز گېزىتى»، «شەرقىي شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» ۋە «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گېزىتى» قاتارلىقلار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىندى. كوچىلاردا فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ياش- ئۆسمۈرلەر پەن- تېخنىكا لاگېرى ۋە مۇسابىقىسى تەشكىللىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، يادا بېقىش، پىلانلىق تۇغۇت، تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش، كومپيۇتېر، بىخەتەر توك ئىشلىتىش، ئېنېرگىيىنى تېجەش بىلىملىرى قاتارلىقلار تەشۋىق قىلىندى.

1986- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەت يېزىلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 11 ئىلغار كوللېكتىپ، 45 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. ئۇلار ئاما ياقتۇرىدىغان ئۇسلۇبتا دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلدى، پەن- تېخنىكا بىلىملىرىنى مىگلىغان، ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئىلىم- پەنگە ئىشىنىدىغان، ئىلىم- پەننى ئىشلىتىدىغان، ئىلىم- پەننى سۆيىدىغان، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان، ئىلمىي ئۇسۇلدا باقمىچىلىق قىلىدىغان بولدى. قومۇل ئۇسۇملۇك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى يازغان يېڭى دېھقانچىلىق ئۇرۇقلىرىنى تونۇشتۇرۇش، دېھقانچىلىق

دورىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلىتىلىشى، قوغۇندىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇھىم نۇقتىلىرى، تەيشەن — 18 تېپىلىق ماتورلۇق پۈركۈگۈچنىڭ ئىشلىتىلىشى، كېسەللىك، زىيانداش ئاخباراتچىلىقى قاتارلىق پەن- تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى بېسىپ دېھقانلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى؛ تام گېزىتى، تەشۋىقات رەسىمى، تېخنىكا ئېلانى، رادىئودىن پايدىلىنىپ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تېخنىكىسىنى تەشۋىق قىلدى. 1984 – 1986- يىلىغىچە، 90 سان تام گېزىتى چىقىرىلدى، 2000 قانچە سائەت رادىئو ئاڭلىتىلدى. يەنە تېخنىكا مەسلىھەت مۇلازىمىتى ۋە نەق مەيداندا ئۆگىتىش قانات يايدۇرۇلدى.

قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما گۈيباۋ يېزىلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئاكتىپ شەخس بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، جاپالىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، زىرائەتلەرنى تۆۋەن مەھسۇلاتتىن يۇقىرى مەھسۇلاتقا ئۆزگەرتىش سىنىقى ئېلىپ باردى، تەشۋىق قىلدى، خۇلاسىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا ساھەسىگە چوڭ قەدەم تاشلاپ، مايلىق ئاپتاپپەرەسنى قات تېرىش، كېڭەيتىش، كۆممىقوناقنىڭ تاق شالغۇتلۇق سورتىنى كىرگۈزۈش، قوغۇن ۋە تاۋۇزلارغا سولياۋ يوپۇق يېپىش تېخنىكىسى قاتارلىق تەرەپلەردە زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1985- يىلى يەنە تېخنىكا ئۆگىنىپ، ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پالۋانتۇر يېزىسىدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى. 1985- يىل 1- ئايدا، ئۇ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزىلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلغارى بولۇپ، جۇڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

بۈلۈڭتوغراق يېزىسى پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىدىكى خۇ يىڭدې بولسا، ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللىگۈچى، پەن- تېخنىكىنى تەشۋىق قىلغۇچى، پەن- تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش باشلامچىسى. 1983- يىلى ئۇ 2.5 مو يەرگە قوغۇن تېرىدى ھەم يېڭى تېخنىكا ئىشلىتىپ، تاۋار قوغۇننىڭ مو بېشى ھوسۇلنى بەش توننىغا يەتكۈزۈپ، ئىلگىرىكىدىن ئىككى توننا ئاشۇردى. يەنە 1.4 مو يەرگە «خوگېيۇ 2- نومۇرلۇق» تاۋۇز سورتىنى تېرىپ، جەمئىي 12.6 توننا تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىپ، مو بېشى ھوسۇلنى توققۇز توننىغا يەتكۈزدى. شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تاۋۇزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، سۈپەتلىك تاۋۇز يېتىشتۈرۈش مۇسابىقىسىدە 1- بولدى. 1985- يىلى ئۇ تېرىغان تاۋۇزنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 10 توننىغا يەتتى. ئۇ يەنە ئەتراپتىكى شياۋ خېنبىڭ، لى چىڭ قاتارلىق كەسپىي ئائىلىلەر بىلەن توختامنامە تۈزۈپ، قوغۇن- تاۋۇزدىن سەپەتلىك يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ تېرىقچىلىق كەسپى مەھسۇلات قىممىتىنى ئەسلىدىكى 1000 يۈەندىن 7000 – 8000 يۈەنگە، ھەتتا 10 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى ئانا- بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يەن يۇلەن 1980 – 1985- يىلىغىچە، يېزىلاردىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئانا- بالىلارنىڭ غەم- ئەندىشىنى يېنىكلەتتى. 2047 ئانا - بالىنىڭ «ئىككى كېسەللىنى» ئەستايىدىل تەكشۈردى، تەكشۈرۈش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن ئاممىنىڭ ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان ئادىمى بولۇپ قالدى. 1985- يىلى يىل بېشىدا، ئۇ يېزىپ تەييارلاپ قويغان تەشۋىقات ماتېرىيالىنى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تۆت چەت- ياقا يېزىغا، ئىككى چارۋىچىلىق رايونىغا ئېلىپ بېرىپ، ئانا- بالىلارغا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى ۋە چۈشەندۈردى. رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

## 2§. ئىلمىي ئالماشتۇرۇش

1978- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتتە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 1989- يىلى، ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى ئاساسىي قاتلام ئىلمىي جەمئىيەتلىرىدىن كەلگەن قۇمۇلنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، تىببىي ساھەسىدىكى تەرەققىياتلارنى مەزمۇن قىلغان 70 ئىلمىي ماقالە ئىچىدىن 44 نى تاللاپ توپلام تۈزۈپ ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى. 1989- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتىدە يېمەكلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، تاللانغان 13 ئىلمىي ماقالە «قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» قىلىپ بېسىلدى. 1990- يىل 2- ئايدا، ۋىلايەتتە «قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يېقىنقى مەزگىللىك تەبىئىي ئاپەتلەردىن ئالدىن مۆلچەر ۋە مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى» ئاچقاندىن كېيىن، 41 ماقالە تاللىنىپ توپلام قىلىندى. بۇ قۇمۇل ۋىلايىتىنى يېقىنقى مەزگىللىك تەبىئىي ئاپەتلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش، مۇداپىئە كۆرۈشنى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

1977- يىل 10- ئايدىن 1978- يىل 8- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك دورا ئىلمىي جەمئىيىتى 20 قېتىم ئىلمىي ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى، بۇنىڭغا 2070 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 10 قېتىم ئىلمىي سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

1980- يىلى، ۋىلايەتلىك سەھىيە ، «كتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن چىن مەملىكەتلىك 1- نۆۋەتلىك جۇڭگىيى ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ يىغىندا «جۇڭگىيى دورىسى ئارقىلىق قىسما خاراكتېرلىك ئەمچەك بېزى يوغىناشنى داۋالاش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقىدى.

1985- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتتە ئىقتىسادىي تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى ۋە 80 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى.

1989- يىل 10- ئايدا، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى ھەمدە 13 ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. يەنە چارۋىچىلىق مال دوختۇرلۇق، ئوتلاقچىلىقتا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلارنى ئىشلىتىش كۇرسى ئېچىلىپ، مۇتەخەسسىس، پروفېسسورلار تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتتى.

1987- يىل 3- ئايدىن 12- ئايغىچە، جۇڭخۇا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ قۇمۇل شۆبە جەمئىيىتى خىروگىيە گۇرۇپپىسى 10 قېتىم ئىلمىي ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

1987- يىل 8- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە، ۋىلايەت نەنجىڭ تۆمۈريول تىببىي ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسور جۇ يۈيېەن قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەشكىللەنگەن لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنى قۇمۇلغا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. 10 قېتىم لېكسىيە سۆزلەندى. 1977 – 1982- يىلغىچە، ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىنىڭ باشلىقى ئەن خاۋشېڭ مەملىكەتلىك تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىلمىي يىغىنىغا بەش قېتىم قاتناشتى. يىغىندا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقىدى. 1984 – يىلى تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش – داۋالاش ئورنىدىن ياڭ شىگچۇن خۇاگشەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك تۇبېركۇليوزنى تەكشۈرۈش ئىلمىي يىغىنىغا قاتناشتى. 1979 – 1989- يىلغىچە، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى شياڭ سۇگيۈڭ، چاڭ سۇگىمەن، لى شىچى، ياڭ چىخۇ، ۋاڭ جىنيۇن قاتارلىقلار مەملىكەتلىك ئىلمىي يىغىنغا 15 قېتىم قاتناشتى ۋە يىغىندا ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقىدى. 1981 – 1989- يىلغىچە، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى دوختۇرخانىسىدىكى ليۇ يۈفېڭ، لى

يۇجى، فىڭ جىكۇن، چۇ جىنمىي، فېڭ گوجېڭ قاتارلىقلار مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقىدى. 1984 – 1989- يىللىرىچە، ۋىلايەتلىك تاشيول جەمئىيىتى ھەر خىل ئىلمىي يىغىنلاردا 62 ئىلمىي ماقالە (بۇنىڭ ئىچىدە، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىسى بار) ئوقۇلدى. 1983 – 1989- يىللىرىچە، «تەكلىپ قىلىش، ئەۋەتىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق 13 قېتىم ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى سىرتقا ئەۋەتىلگەن خادىم 25 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، 30 ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى.

## §3. تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش

50- يىللاردىن 1960- يىلىنىڭ باشلىرىغىچە، ئاساسلىقى دېھقان تېخنىكتىن ھەر يىلى 130 دىن 150 كىچە ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 1958- يىلى، باشلانغۇچ دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كادىرىدىن 415 ى تەربىيىلەندى. 1960- يىلى، ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرى ھەر يىلى 130 ئادەمنى يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى كېڭەيتىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى.

1976- يىلى، تۆرۈك سۇ ئامبىرى قۇرۇلغاندا، قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابى نەق مەيداندا «سۇ ئىنشائاتى مەكتىپى» ئېچىپ 200 دىن ئارتۇق تېخنىك ئىشچىنى تەربىيىلىدى. بۇ تېخنىك ئىشچىلار كېيىن سۇ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىدىكى تايانچ كۈچلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1978- يىلى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كادىرى، ئىقتىساد باشقۇرغۇچىدىن 88 ى تەربىيىلەندى. 1984- يىلى، ۋىلايەتتە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسىدىن 24 قارار ئېچىلدى (كۇرسانت 2630). تراكتور شوپۇرى تەربىيىلەش كۇرسىدىن تۆت قارار ئېچىلدى (كۇرسانت 244)، ئاپتوموبىل شوپۇرلۇق كۇرسىدىن بىر قارار ئېچىلدى (كۇرسانت 55). 1985- يىلى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى، چارۋىچىلىق ۋە توخۇ، توشقان باقمىچىلىقى كۇرسىدىن 10 قارار ئېچىلىپ، 364 كىشى تەربىيىلەندى (مىللىي 124). بۇنىڭ ئىچىدە، تېخنىك، كەسپىي ئائىلە خادىمى 195 كە يەتتى.

1977- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەردە ناھىيە دەرىجىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ماشىنىسازلىق خادىملىرىنى دائىملىق تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا زور تۈركۈمدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكا خادىمى تەربىيىلەپ بېرىلدى. باركۆل ناھىيىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى دائىملىق تەربىيىلەش سىنىپى 1978 – 1985- يىللىرىچە، تۆت خىل تىپتىكى ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيىگە 183 ئادەم (قېتىم) تېخنىكا خادىمى تەربىيىلەپ بەردى. 1980 – 1985- يىللىرىچە، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى دائىملىق تەربىيىلەش كۇرسىدىن 48 قارار ئېچىلىپ، 2109 كىشى تەربىيىلەندى. 1984 – 1985- يىللىرى، قۇمۇل شەھىرى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرسىدىن 59 قارار ئېچىپ، 5022 دېھقان (قېتىم) تەربىيىلىدى. 1976 – 1988- يىللىرىچە، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردە چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ئوتلاق تېخنىكىسى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 49 قارار ئېچىلىپ 1253 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

**[قوشۇمچە] ۋىلايەتتىكى تۇنجى نۆۋەتلىك يېزىلاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرى**

1985- يىل 7- ئاينىڭ 5- كۈنى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىدا ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك يېزىلاردا پەننى

ئومۇملاشتۇرۇش بازىرى (پائالىيىتى) ئۆتكۈزۈلدى. بازارغا پالۋانتۇر يېزىسى ۋە قوشنا يېزا- بازاردىكى ئامما بولۇپ 7000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. قۇمۇل شەھىرى تەگرىتاغ، ئاستانە، راھەتباغ، شەھەرئىچى، بوغاز، بۇلۇڭتوغراق قاتارلىق يېزىلار ۋە باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى ھەمدە بىڭتۇەنگە قاراشلىق قىزىليۇلتۇز 1- مەيداندىكىلەر تەكلىپ بىلەن بازار پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بازار مۇلازىمىتىگە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئېلېكتر، مېتېئورولوگىيە، تىببىي دورىگەرلىك - سەھىيە، سانائەت - قاتناش، گېئولوگىيە، مەدەنىيەت. مائارىپ ئورۇنلىرى ھەمدە ھەر قايسى پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بولۇپ، جەمئىي 84 ئورۇن ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن 230 دىن ئارتۇق پەن- تېخنىكا خادىمى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرىغا قاتنىشىپ، تۈرلۈك مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئامما پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرىنى ماختاشتى.

# مەدەنیەت

# يىگىرمە توققۇزىنچى قىسىم

## مەدەنىيەت

قۇمۇل ـــ شىنجاڭنى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، ھەر قايسى جايلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى ناھايىتى كۆپ قوبۇل قىلغان. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرىپى، قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى، مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى سەنئەت تۈرلىرى، دراملىرى مۇجەسسەملىنىش ئاساسىدا شىنجاڭدىكى كۆي، تىياتىرلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ شەكىللەندى.

قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئۇزۇن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرى (742 – 756) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان «ئىبۇرغول نەغمىلىرى» مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ئوردا ئۇسۇلى، خەلق نەغمىلىرى، شىمالىي جۇڭگو تىياتىرىغا بىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئىبۇرغول نەغمىلىرى ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا مۇجەسسەملىنىپ، ھازىرقى كەڭ ئومۇملاشقان «قۇمۇل سەنئىمى» ۋە «قۇمۇل مۇقاملىرى» ۋۇجۇدقا كەلدى.

سۇدا، ھەربىي، بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن باركۆلگە كېلىپ ماكانلاشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو يىللىرىدا ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى قازاقلار شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار قۇمۇل رايونىدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىگە قازاق مىللىتىنىڭ ئات ئۈستى مەدەنىيىتى ۋە يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سەنئەت شەكلىنى بىرىكتۈرۈپ، مەدەنىيەت مەزمۇنىنى بېيىتتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قۇمۇلدا كۇلۇب، دراما ئۆمىكى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇندىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگەتتى، ھەجۋى رەسىملەرنى سىزىپ چاپلىدى. بۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، تۈرلۈك مەدەنىيەت كەسپىي ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ ھەم مۇكەممەللىشىپ، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى بارلىققا كېلىپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىتىلدى.

# I باب

# ئاپپارات ۋە مۇئەسسەسە

## §1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

**1. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى**

1950- يىل 5- ئايدىن 1985- يىل 9- ئايغىچە، ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى (ئىدارە، باشقارما) رەھبەرلىك قىلدى. 1985- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتتە مەدەنىيەت، مائارىپ باشقارمىلىرى تەسىس قىلىندى. 1990- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەدەنىيەت باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلدى ۋە باشقۇردى.

**2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەدەنىيەت باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى**

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە، قۇمۇل ۋە باركۆلدە مەدەنىيەت باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، قۇمۇل، باركۆل ناھىيىسى ۋە ئاراتۇرۇكتە باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ باش ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەزى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى ۋە ئېلىپ باردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىپ، مەدەنىيەت- سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇردى.

1) **قۇمۇل ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىلىرى** 1949- يىل 10- ئايدىن 1983- يىلىغىچە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپ گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. 1977- يىلى، قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلدى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى باشقۇردى. 1984- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇ يىلى، مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى ئايرىۋېتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنى مەدەنىيەت ئىدارىسى ئاساسلىق باشقۇردى.

2) **باركۆل ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى** 1949 - يىل 10 - ئايدىن 1984 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە

بۆلۈمى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. 1985 - يىل 12 - ئايدا، مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى ئايرىۋېتىلدى. مەدەنىيەت ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇردى.

3) ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى 1950- يىل 9- ئايدىن 1983- يىلغىچە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمى، مەدەنىي، سەھىيە ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت ـ سەھىيە بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1984- يىلى، مەدەنىيەت- مائارىپ بىلەن سەھىيە ئايرىۋېتىلىپ، مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. مەدەنىيەت خىزمىتىنى مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسى ئاساسلىق باشقۇردى.

## §2. ئاممىۋى مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى ۋە مۇئەسسەسىلىرى

1. ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى

1) ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى قۇمۇل ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى منگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، ئەسلىدىكى قۇمۇل لاۋچېڭ(خەنچېڭ) شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى ۋېنمياۋ بۇتخانىسى (يەنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتر باشقارمىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسى) ئىچىدە ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى قۇمۇل ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى قۇرۇلدى. بۇ ئاممىۋى مائارىپ يۇرتىغا بىر باشلىق، بىر ئىلمىي مۇدىر، بىر خوجىلىق مۇدىر، بىر بوغالتىر، ئۈچ خىزمەتچى خادىم سەپلەندى، راسخوتى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن بېرىلدى. مائارىپ يۇرتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولۇپ، پەقەت بىرلا قىرائەتخانىسى بار ئىدى.

2) باركۆل ناھىيىلىك ئاممىۋى مائارىپ يۇرتى منگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) نىڭ ئاخىرى، باركۆل ناھىيىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ناھىيىلىك ئاممىۋى مائارىپ يۇرتىنى قۇردى. منگونىڭ 36 - يىلى (1947- يىلى)، راسخوت ۋە شتاتنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇش، ھاكىمدا نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇندى. بۇ مائارىپ يۇرتىغا بىر باشلىق، بىر ئىلمىي مۇدىر، تۆت خىزمەتچى ۋە بىر ئىشچى سەپلەندى.

2. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت خىزمەت گۇرۇپپىسى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى

1955- يىل 9- ئايدا، مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «مەملىكەت بويىچە تىياتىر ئۆمەكلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، قۇمۇل مىللىي سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۈچ شتات سەپلەندى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ناھىيىلەردىكى مەدەنىيەت يۇرتلىرى بىلەن ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت يېتەكچىلىكىنى قانات يايدۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى سەنئەت ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەشنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت بولدى. 1958- يىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغاندا، سەنئەت خىزمەت گۇرۇپپىسى سەنئەت ئۆمەككە قوشۇۋېتىلدى.

**3. ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، كۇتۇپخانا**

1) **ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى** قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى 1987- يىل 1- ئايدا قۇرۇلدى. ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە خىزمىتى، ئاممىۋى سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش، تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا گۈزەل سەنئەت (رەسىم سىزىش)، فوتوگرافىيە، ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپ تەسىس قىلىندى، 1990- يىلى بىر مۇئاۋىن باشلىق، ئالتە كەسپىي خادىم سەپلەندى.

2) **ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا** ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا 1979- يىل 10- ئايدا قۇرۇلدى، ئىككى خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچى 13 كە يەتتى. 1985- يىل 5- ئايدا ئىش باشلىدى، 1987- يىلى بۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 50 مىڭ پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 7000 پارچە)، گېزىت- ژۇرنال 500 خىلدىن ئارتۇق، مۇقىم مەبلىغى 650 مىڭ يۈەن؛ كىتاب ئارىيەت ئېلىش ئورنى، قىرائەتخانا ۋە ئۇيغۇرچە قىرائەتخانا، كىتاب ئارىيەت ئېلىش ئورۇنلىرىدا 100 كىشىلىك ئورۇن ھازىرلاندى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34 مىڭ ئوقۇرمەن كۇتۇۋېلىندى.

**4. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى**

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 22 مەدەنىيەت يۇرتى (پونكىتى) تەسىس قىلىندى.

1) **قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى** 1950- يىلى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ئاممىۋى مائارىپ يۇرتىنى ئۆزگەرتىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق مەدەنىيەت يۇرتىنى قۇردى، بىر باشلىق، ئىككى خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. ئەينى ۋاقىتلاردا شارائىتى ناچار بولغاچقا، پائالىيەتلەر بىر قەدەر ئاز ئېلىپ بېرىلدى. بىرلا قىرائەتخانا بولۇپ، ئاز ساندا كىتاب- گېزىتلەر قويۇلاتتى.

1962- يىل 10- ئايدا، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن ناھىيىلىك كۇتۇپخانا قوشۇۋېتىلىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەشكىل قىلىندى. 1966- يىلىغىچە، 30 مىڭ پارچە ھەر خىل كىتاب ساقلاندى ۋە تۈرلۈك گېزىت- ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇندى. كۇتۇپخانىدا گېزىت- ژۇرنال قىرائەتخانىسى، بالىلار قىرائەتخانىسى، كىتاب ئارىيەت ئېلىش ئورنى، تېزىملاپ تۈرگە ئايرىش ئورنى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. يېزىلاردا 20كۆچمە كۇتۇپخانە تەسىس قىلىنىپ، يېزىلارنى ئايلىنىپ تۇردى، رەسىم كۆرگەزمىلىرىنىمۇ ئۇيۇشتۇردى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا سىرتقا كىتاب ئارىيەت بېرىشنى توختاتتى. 1978- يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئىچىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت، گۈزەل سەنئەت، كىتاب- ژۇرنال، فوتوگرافىيە قاتارلىق گۇرۇپپىلار تەسىس قىلىندى. 1979- يىلى سىرتقا كىتاب ئارىيەت بېرىش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە «جۇڭگو كىتاب- ژۇرناللارنى تۈرگە ئايرىش قانۇنى» بويىچە، ھەر خىل كىتابلارنى تۈرلەرگە ئايرىدى، مەملىكەتتىكى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) گېزىت- ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەككىز خىل مىللىيچە يېزىقتىكى گېزىت ، 16 خىل ژۇرنال ، ئۇنىڭدىن باشقا، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئاخبارات رەسىملىرى چىقىرىلغان سانلىرى بويىچە بازار، زاۋۇت، كان، يېزىلاردا كۆرگەزمە قىلىندى. 1984- يىلىنىڭ ئاخىرى، ساقلانغان كىتاب 44 مىڭ 100 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە، مىللىيچە يېزىقتىكى كىتاب- ژۇرنال 4450 پارچە)، بېجىرىلگەن كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى 710 پارچە بولۇپ، خىزمەتچى خادىم سەككىزگە يەتتى. 1984- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرى بىرلەشتۈرۈلدى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامى قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئۆزگەرتىلدى.

2) **قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى** 1978- يىلى قۇرۇلدى. كىتاب ئارىيەت ئېلىش ئورنى، قىرائەتخانا

تەسىس قىلىنىپ، تۆت خادىم سەپلەندى. شەھەر ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 1981- يىلىدىن كېيىن، خادىمى سەككىزگە يەتتى، ئاممىۋى قىرائەتخانا، گۈزەل سەنئەت گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى.

1984- يىل 5- ئايدا، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئەسلىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. مەدەنىيەت يۇرتىدا گېزىت- ژۇرنال كۆرۈش، كىتاب ئارىيەت ئېلىش، ماتېرىيال سۈرۈشتۈرۈش، تام گېزىتى، رەسىم كۆرگەزمىسى قاتارلىق كەسىپلەر يولغا قويۇلدى.

3) **باركۆل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى** 1950- يىلىنىڭ بېشىدا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇرتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، باركۆل ناھىيىلىك مەدەنىيەت- مائارىپ يۇرتىغا ئۆزگەرتتى. بىردىن باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىق، بەش خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. 1954- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت- مائارىپ يۇرتىنىڭ نامى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1956- يىلى، مەدەنىيەت يۇرتىدا كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانا تەسىس قىلىندى. 1985- يىلى، كۆلىمى 1700 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك بىر كورپۇس مەدەنىيەت يۇرتى خىزمەت بىناسى، ئىككى قەۋەتلىك پائالىيەت ئۆيى ۋە كۆرگەزمە زالى سالدى. بىنا ئىچىدە، كىتاب، يېزىقچىلىق ئۆيى، گېزىت- ژۇرنال قىرائەتخانىسى (خەنزۇچە، مىللىيچە)، ئارىيەت ئېلىش ئورنى، كۆڭۈل ئېچىش زالى، سىنئالغۇ قويۇش زالى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمە زالى، رەسساملىق ئۆيى، فوتو سۈرەت يۇيۇش ئۆيى، ئىجادىيەت ئىشخانىسى ۋە كىتاب ئامبىرى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. 1981- يىلى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەتچى خادىمى 12 گە يەتتى.

1991- يىلى، مەدەنىيەت يۇرتى تەڭشىلىپ، ئادىمى 16 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، بىر مۇئاۋىن كاندىدات تەتقىقاتچى، تۆت خىزمەتچى خادىم بار. مەدەنىيەت يۇرتىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى، كىتاب گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گۇرۇپپىسى ۋە ئارقا سەپ باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت ئۆيى ۋە ناخشا- ئۇسسۇل زالى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

4) **ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى** 1957- يىل 3- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلۇپ، ئىككى خىزمەتچى سەپلەندى. 1981- يىلى خىزمەتچى خادىمى تۆتكە يەتتى. مەدەنىيەت يۇرتى گېزىت- ژۇرنال كۆرۈش، ئارىيەت ئېلىش، ئاممىۋى مەدەنىي، مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى قانات يايدۇردى.

1985- يىلى، مەدەنىيەت نازارىتى 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كۆلىمى 480 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى قەۋەتلىك بىر كورپۇس پائالىيەت بىناسى سېلىپ بەردى. گېزىت- ژۇرنال قىرائەتخانىسى، ياش - ئۆسمۈرلەر قىرائەتخانىسى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۆيى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، كۆرگەزمە ئۆيى قاتارلىقلار ھەمدە پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت ئۆيى، ياش - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. خىزمەتچى خادىمى 11 گە يەتتى.

**5. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تارماق مەدەنىيەت يۇرتى ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرى**

1) **قۇمۇل شەھەرلىك تارماق مەدەنىيەت يۇرتى (پونكىتى)** 1976 – 1989- يىللىرىچە، قۇمۇل ناھىيىلىك ۋە شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى ناھىيە، شەھەردىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى ئومۇملاشتۇردى. لېكىن، ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 1985- يىلى، رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلار

بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. يەتتەقۇدۇق، شوپۇل، خوتۇنتام، تۆمۈرتى ۋە ئېدىر قاتارلىق يېزىلار كەنتكە ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرى تەڭلا ئەمەلدىن قالدى. 1990- يىلى، شەھەر بويىچە يېزا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت يۇرتى (پونكىت) ى 10نەچچە بولۇپ، قارادۆۋە، شەھەرئىچى، شەھەر ئەتراپى قاتارلىق يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە تاشۆيلىق تارماق مەدەنىيەت يۇرتىغا ئىككىدىن خىزمەتچى خادىم، پالۋانتۇر يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىغا ئۈچ خادىم، قالغانلىرىغا بىردىن خادىم سەپلەندى.

2) **باركۆل ناھىيىلىك تارماق مەدەنىيەت يۇرتى** 1983- يىلى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى كۆيسۇ، ئۈچكۆل گۆڭشىلىرى ۋە سارچوقا رايونىدا ئۈچ تارماق مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇپ، بەش خادىم سەپلىدى. بۇ مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا 4000 پارچە كىتاب ساقلاندى. گېزىت- ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇندى. تىكتاك توپ، بىليارت، ۋاسكىتبول، شاھمات، جۇڭگوچە شاھمات قاتارلىق پائالىيەت ئۈسكۈنە- سايمانلىرى سەپلەپ بېرىلدى. تارماق مەدەنىيەت يۇرتلىرى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە كىتاب، گېزىت- ژۇرنال كۆرسىتىشنى ئاساس قىلدى. توپ مۇسابىقىسى، شاھمات مۇسابىقىسى ۋە ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قەرەلسىز ئۆتكۈزۈشتۈردى.

3) **ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تارماق مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتى** ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا 1982- يىلى بۇ خىزمەت باشلىنىپ، ئىككى تارماق مەدەنىيەت يۇرتى، بەش مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى.

**6. كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرى**

1965 – 1966- يىللىرى، ۋىلايەت بويىچە گۆڭشې، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان، فېرمىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 90% ىدە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى.

1990- يىلى، ناھىيىلەردە كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلغان كەنتلەر كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلار ئومۇمىي سانىنىڭ 60% - 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەدەنىيەت ئۆيلىرى قوشۇمچە «ياشلار ئائىلىسى»، «ئاياللار ئائىلىسى» ۋە «خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسى» لىك رولىنى ئوينىدى.

**7. باشقا ئاممىۋى مەدەنىيەت سورۇنلىرى**

1) **بۇتخانا، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، قۇمۇل، باركۆلدىكى بەزى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە بۇتخانىلاردا تىياتىر زالى ۋە سەھنە ياسالدى. بۇنىڭدىن گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، خۇنەن، خۇبېي يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرى، سەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، سىچۈەن يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، ئۈچ ئۆلكە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە چىڭجۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىدا ئويۇن قويۇلدى. بۇتخانىلاردىن لوڭۋاڭ بۇتخانىسى، دىڭشياڭۋاڭ بۇتخانىسى، گۈەندى بۇتخانىسى ۋە شەپقەتچى مەبۇدە راۋىقى قاتارلىقلار ئويۇن قويۇشقا ئىشلىتىلدى. گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا يەنە ئويۇن كۆرۈش مۇنبىرى ۋە ئۆتتۈشمە زال سېلىندى.

2) **قۇمۇل ئاممىۋى كۇلۇبى** مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ئىچىگە 800 تاماشىبىن سىغىدىغان، خىش- ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاممىۋى كۇلۇب سېلىندى (ئۇنىڭغا كېتىدىغان راسخوت ھۆكۈمەت ئاجرىتىش ۋە خەلق ئىئانە قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلدى)، مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) پۈتتى. دائىم دېڭخۇدەك ناخشا- ئۇسسۇل، دراما، چىڭچياڭ تىياتىرى ۋە كىنو قويۇلدى. 1950- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ ئامبىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

3) **قۇمۇل جۇڭشەن زالى** مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسى بۇ قۇرۇلۇشنى پىلانلىدى.

مىڭگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، قۇرۇلۇشىنىڭ كېسەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق گەۋدىسى پۈتتى، ئىككىنچى يىلى ۋالىي بولۇۋاسىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ بەرگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش داۋاملاشتۇرۇلدى. قۇرۇلۇش ھازىرقى لاۋچېڭ شەھەر كادىرلار ساناتورىيىسى تۇرالغۇ رايونىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، 500 تاماشىبىن سىغىدىغان قىلىپ ياسالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دائىم تىياتىر ۋە ناخشا- ئۇسسۇل قويۇلىدىغان سورۇن قىلىندى. 1960- يىلىدىن كېيىن، خەتەرلىك ئۆيلەر قاتارىدا چېقىۋېتىلدى.

4) ئورگانلار كۇلۇبلىرى   مىڭگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) دىن كېيىن، ج ك پ ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ئىدارىلەر خىزمەتچىلەر كۇلۇبى قۇردى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىمۇ ئۇيۇشما ئەزالىرى كۇلۇبى قۇردى. بۇ كۇلۇبلاردا ئاساسەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش مەزمۇنىدىكى تىياتىر، ناخشا- مۇزىكىلار ئورۇندالدى.

5) ۋىلايەتلىك كىنو- تىياتىرخانا   1959- يىلى، 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ «تەڭرىتاغ» شەرقى يولىنىڭ شەرقى تەرىپىگە خىش- ياغاچ قۇرۇلمىلىق كىنو- تىياتىرخانا سېلىندى. قۇرۇلۇشىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئالدى تەرىپىتىكى زال ئىككى قەۋەت، سەھنە كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سەھنە كەينىدە گىرىم ئۆيى قاتارلىقلار بار، كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. زالغا 1040 كىشىلىك ئورۇندۇق سەپلەندى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىڭجۈي تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇشىغا بېرىلدى (شۇڭا پىڭجۈيۈەن دەپ ئاتالدى)، ئارىلاپ كىنومۇ قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، كىنو قويۇش ئاساس قىلىندى. لېكىن، يەنىلا دائىم دېگۈدەك ئىشتىن سىرت ئويۇن قويۇش ۋە سىرت جايلاردىن كەلگەن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويىدىغان سورۇن قىلىندى. قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئىسمى شەھەرلىك كىنو- تىياتىرخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

6) ۋىلايەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى   قۇرۇلۇش 1982- يىل 8- ئايدا باشلىنىپ، 1985- يىل 11- ئايدا پۈتتى. ئورنى قۇمۇلنىڭ شەھەر رايونى مەركىزىدە بولۇپ، كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2678 كۋادرات مېتىر بولۇپ، جەمئىي 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1184 كىشىلىك ئورۇندۇق سەپلەندى. چوڭ تىپتىكى تىياتىرخانا بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، سەھنە كۆلىمى 338 كۋادرات مېتىر، يورۇتۇش ۋە ياڭراتقۇ ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە 70 كۋادرات مېتىرلىق سىنئالغۇ قويۇش ئۆيى، 150 كۋادرات مېتىرلىق كىنو قويۇش زالى قاتارلىقلار سېلىنغان بولۇپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان ۋە ئويۇن قويىدىغان ئاساسلىق سورۇنى بولۇپ قالدى.

7) قىزىليۇلتۇز تىياتىرخانىسى   ئەسلى ئورنى جۇڭشەن شىمالى يولى، يەنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتىدە بولۇپ، 1954- يىل 3- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 16- شى ناخشا- ئۇسسۇل 2- ئەترىتىدىكى ئارتىسلار ئۆزلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، 200 مىڭ پارچە كېسەك قۇيۇپ، 100 مىڭ پارچە كۆك خىش پىشۇرۇپ، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا سالدۇردى. بۇ قۇرۇلۇش خىش- ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 1600 كۋادرات مېتىر، سەھنە كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر، 700 تاماشىبىن سىغىدۇ. بۇ تىياتىرخانىدا ئاساسەن چىڭچياڭ تىياتىرى، قوشۇمچە كىنو قويۇلدى. 1950 – 1960- يىللاردا، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش ۋە سىرتتىن كەلگەن كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇن قويۇشىغا بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

8) ۋىلايەتتىكى زاۋۇت- كانلارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنلىرى

(1) قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى   بۇ مەدەنىيەت سارىيى قۇمۇل كان ئىشلىرى

ئىدارىسىدا، 1980- يىللارنىڭ باشلىرى پۈتتۈپ ئىشلىتىلدى. كۆلىمى 1135 كۋادرات مېتىر، سارايدا كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، سىملىق رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش پونكىتى، قوشۇمچە سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى (كۆلىمى 3500 كۋادرات مېتىر)، غالتەكلىك كانكى مەيدانى (كۆلىمى 2275 كۋادرات مېتىر) ۋە بىر كىنوخانا (كۆلىمى 2400 كۋادرات مېتىر) سېلىندى.

(2) ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشچىلار كۇلۇبى بۇ كۇلۇب 1983- يىل 10- ئايدا بىرىنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى رايونىغا سېلىندى، ئىككىنچى يىلى پۈتتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1400 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق، ئورۇندۇقى 1100 دىن ئارتۇق. سەھنىسىنىڭ يورۇتۇش، ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرى تولۇق. كۇلۇبقا كىنو قويۇش ئاپپاراتى ئورنىتىلغان. بۇنىڭدىن سىرت يەنە، ئىشچى- خىزمەتچىلەر پائالىيەت ئۆيى (كۆلىمى 1000كۋادرات مېتىر) بار بولۇپ، بۇ پائالىيەت ئۆيىدە قىرائەتخانا، سەنئەت پائالىيەت ئۆيى، قوشۇمچە تانسىخانا (كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر) بار. بۇ پائالىيەت ئۆيىدە ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. 1986- يىلى بۇ ئىشچىلار كۇلۇبى ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىس ئاچقان «مەدەنىيەت سارىيى ۋە كۇلۇب خىزمىتى يىغىنى» دا تەقدىرلەندى، مۇكاپاتلاندى.

(3) قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشچى- خىزمەتچىلەر پائالىيەت زالى بۇ زال زاۋۇت رايونى ئىچىگە سېلىنغان بولۇپ، 1989- يىل 1- ئاينىڭ ئاخىرى پۈتتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 668 كۋادرات مېتىر، زال ئىچىدە پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت ئۆيى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر قىرائەتخانىسى، مەدەنىيەت- كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت ئۆيى تەسىس قىلىندى، ھەمدە ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەت ئۈسكۈنە- سايمانلىرى سەپلەندى.

9) ناھىيىلەردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت سورۇنلىرى

(1) باركۆل ناھىيىسى چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە، باركۆل ناھىيىسىدىكى 11 بۇتخانا (لاۋجۇن بۇتخانىسى، گۇەنيۇ بۇتخانىسى، شەنشى بۇتخانىسى، نياڭنياڭ بۇتخانىسى، سەنگۇەن بۇتخانىسى، ماۋاڭ بۇتخانىسى، دىاگۋاڭ مازىرى، شيەنگۇ بۇتخانىسى، گۇەندى بۇتخانىسى، لۇڭۋاڭ بۇتخانىسى، سەنچىڭ (نەنشەن) بۇتخانىسى) لىرىدا «چاڭچىلە ئېيتىش» راۋىقى بار. بۇ قۇرۇلۇشلار بۇتخانىلار بىلەن تەڭ ياسالغان، پاسونى ئۆزگىچە، كۆركەم، ھەيۋەتلىك. بەزى بۇتخانىلاردا، يەنى لياڭجۇ بۇتخانىسى، شيەنگۇ بۇتخانىلىرىدا يەنە مەخسۇس چاغان ۋە بايرام كۈنلىرىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىلىدىغان «پانۇس راۋىقى» قاتارلىقلار بار، سوۋۇ بۇتخانىسىدا گەرچە سەھنە بولمىسىمۇ، ئىككى قەۋەتلىك ئويۇن كۆرۈش راۋىقى بار، تاماشىبىنلار راۋاققا چىقىپ دېرىزىنى ئاچسىلا، ئۇدۇل تەرەپتىكى چىڭخۇاڭ بۇتخانىسىنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە ئوينىلىۋاتقان ئويۇننى كۆرەلەيدۇ.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، باركۆل ناھىيىلىك خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ پۇل قوشۇشى بىلەن، خەنچېڭ غەربىي كوچىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شەنشېن بۇتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى يەرنىڭ يېرىمىغا 600 كىشى سىغىدىغان كېڭەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق «ئاممىۋى كۇلۇب» سېلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان خور ئېيتىش، تىياتىر، كىنو قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. 1959- يىلى بۇ كۇلۇب ناھىيىلىك كىنوخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

1982- يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن 1030 تاماشىبىن سىغىدىغان ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسى سېلىندى. بۇ كىنوخانىدا كىنو قويۇشقا، كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا، تىياتىر ۋە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(2) ئاراتۇرۇك ناھىيىسى مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) دىن كېيىن، ج ك پ ئەزاسى جاڭ دۇڭيۈنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەدەنىيەت تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش

ئۇچۇن، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تورۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشچىلىقىدا 200 ئادەم سىغىدىغان ئاممىۋى كۇلۇب (كېسەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق) سالدى. بۇ كۇلۇبتا خور ئېيتىش، كونسېرت قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر دائىم ئۆتكۈزۈلدى. 1979- يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 مىليون يۈەن مەبلىغى بىلەن خىش- بېتون قۇرۇلمىلىق خەلق كىنوخانىسى سېلىندى. بۇ كىنوخانىغا 1076 ئادەم سىغىدۇ. 1980- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، كىنوخانا ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. كىنوخانىدا كىنو قويۇش ئاساس قىلىندى، قوشۇمچە كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى.

(3) قۇمۇل ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى 1953- يىلى، شەھەر بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنىغا خەلق كىنوخانىسى (كېسەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق) سېلىندى، كىنو قويۇش بىلەن بىرگە، سەنئەت نومۇرلىرىمۇ كۆرسىتىلدى. 1958- يىلى بۇزۇۋېتىلدى.

1961- يىلى، قۇمۇل بازىرى 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ،كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىرلىق، 800 گە يېقىن ئادەم سىغىدىغان، خىش- ياغاچ قۇرۇلمىلىق «يېڭىنۇر» كىنوخانىسىنى سالدى. ئۇنىڭ 100 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان سەھنىسى بار. 1984- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرى بىرلەشتۈرۈلگەندە، شەھەر قارىمىقىدىكى كىنوخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1991- يىلى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە قۇمۇل شەھىرى 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ يېڭىلىدى.

## §3. ئويۇن قويۇش تەشكىلاتلىرى

1. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى

1) قۇمۇل ناھىيىسى

(1) دېھقان تىياتىر گۇرۇپپىسى بۇ چىڭچىياڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى قۇرۇلغان. بۇ تىياتىر گۇرۇپپىسىنىڭ چاھارباغنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئويۇن قويۇش سورۇنى بار. دېھقان تىياتىر گۇرۇپپىسى دائىم ئۇيۇشما (يىغىلىش) لارغا بېرىپ ئويۇن قويىدى، تاپقان پۇلى بىلەن ئۆزىنى قامدىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، تىياتىر گۇرۇپپىسى پەيدىنپەي خارابلىشىپ، سەنئەتكارلىرى تارقىلىپ كەتتى. ئويۇن قويۇش سورۇنلىرىمۇ ئاھالىلەر ئۆيلىرىگە ئۆزگەرتىۋېتىلدى. شۇ چاغدىكى داڭلىق سەنئەتكار ۋۇ مازى چاڭچىلە تىياتىرلىرىدا بوز- كۆزىنى ئالا- يېشىل بويىۋالىدىغان پېرسوناژلار روللىرىنى، ياڭ تيەنشۇ بولسا ئاياللار روللىرىنى ئالدى. بۇ ئىككىيلەن ئۆلگەندىن كېيىن، تىياتىر گۇرۇپپىسىمۇ يوقالدى.

(2) «لەنجۇ چىلىنى»، «قۇمۇل قوغۇنى» چىڭچىياڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى بۇ گۇرۇپپا مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇمۇلغا كېلىپ، چىڭچىياڭ تىياتىرى ھەم مۇزىكىلىق تىياتىر ناخشىلىرىنى ئورۇندىدى.

بىر يىلدىن كېيىن، بۇ تىياتىر گۇرۇپپىسى تورپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويىدى ھەمدە سانجىدا ماكانلىشىپ قالدى.

(3) تيەنچىڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى بۇ، چىڭچىياڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى بولۇپ، مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى) قۇرۇلۇپ، قۇمۇل رايونىدا ئۇزۇن مەزگىل ئويۇن قويىدى. ئۇلار شۇ چاغلاردا «ۋۇيۈەن تاۋگۇ»، «خې ئائىلىسىنىڭ قاشتېشى» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئورۇندىدى. 1930- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، دائىم يول ئۆتكۈنچى ئارتىسلار

بىلەن بىرلىشىپ ئويۇن قويدى، ئازادلىق ھارپىسىدا تارقىلىپ كەتتى.

(4) **گۇ جەنيۇەن مۇزىكىلىق تىياتىر گورۇپپىسى، ياۋ جۇنشى مۇزىكىلىق تىياتىر گورۇپپىسى، شۇ جېنشىن مۇزىكىلىق تىياتىر گورۇپپىسى** بۇ گورۇپپىلار مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) دىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ يەرلىك سەنئەتكارلىرىدىن گۇ جەنيۇەن، نىيې جەنباڭلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەشكىللەندى. ھەر قېتىملىق چاغان، بوتخانا سەيلىسى، خۇشاللىق كۈنلەر ھەم دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا چۈەنشۈيدى، قىزىلىيۇلغۇن ۋە تاشۋېلىق قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ئالدى- كەينىدە، گۇ جەنيۇەن مۇزىكىلىق تىياتىر گورۇپپىسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋ جۇنشى، جاڭ يۈگتەي، سۇن جيەنجى، جاڭ يىتەي، جاڭ بىڭيى ۋە لۇجاڭشىن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، تىياتىر گورۇپپىسى تەشكىللەپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئازادلىقتىن كېيىنكىچە داۋاملاشتى. تىياتىر گورۇپپىسى ئەزالىرىدا ئۆزگىرىش بولغاندىمۇ، پائالىيىتىنى يەنىلا داۋاملاشتۇردى.

شۇ جيەنشىن، شۇ جيەنشەن ئاكا- ئۇكا باش بولۇپ، دۇنخۇاڭ، شىنئەنلەردىن قۇمۇلغا كېلىپ قالغان 10 دىن ئارتۇق سەنئەتكار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇزىكىلىق تىياتىر گورۇپپىسى تەشكىللىدى. ئۇلار شۇ مەزگىلدە «راھىب تونىنى سېتىۋېلىش»، «لەگلەك ئۇچۇرۇش»، «مىڭ رومكا ھاراق»، «يېرىم كېچىدە غەۋغا چىقىرىش»، «رەخت سېتىش» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ ئائىلىسىدىن بولغان بۇ ئىككى ئاكا- ئۇكا تىياتىر گورۇپپىسىنى باشلاپ گۇچۇڭغا كەتتى.

(5) **قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سەنئەت ئۆمىكى** بۇ مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) قۇرۇلدى. قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ، ئارتىسلار ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئىدارە خىزمەتچىلىرى، شۇنىڭدەك شەھەر- بازار ئاھالىلىرى بار ئىدى. بۇ سەنئەت ئۆمىكى «ساختا تېۋىپ»، «زەيىنەپكە تۆھمەت»، «ئەزىمەت ئوسمان»، «رابىيە- سەئىدىن» قاتارلىق دراما، ئوپېرا ۋە كونسېرتلارنى ئورۇندىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئۆمەك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرگە شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كەتتى. 1952- يىلى، شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى بىلەن تەڭ تارقىلىپ كەتتى.

(6) **قۇمۇل ئىجتىمائىي ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى** بۇ تىياتىر ئۆمىكى مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) قۇمۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، قۇمۇل رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئىجتىمائىي تەربىيە بۆلۈمىنىڭ كونكرېت تەشكىللىشى ئارقىسىدا قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا قاتناشقانلار ئاساسلىقى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىدارە خىزمەتچىلىرى بولۇپ، تىياتىر ئۆمىكى كۆپ قېتىم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان دراما ۋە ئوپېرالارنى ئورۇندىدى.

(7) **قۇمۇل ئۇسمۇرلەر تىياتىر ئۆمىكى** مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) قۇرۇلدى، بۇ تىياتىر ئۆمىكى ناھىيىلىك 1- مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، كۆپ قېتىم كوچىلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. كوچىلاردا كونسېرتلارنى ئورۇندىدى ھەمدە ئاتا- ئانىلار بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ۋە ھېيت- بايرام كۈنلىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرىدە دراما ۋە كونسېرتلارنى ئورۇندىدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) دىن كېيىن تارقىلىپ كەتتى.

(8) **قۇمۇل ناھىيىلىك ئۆرپ- ئادەت ئۆزگەرتىش تىياتىر ئۆمىكى** بۇ چىڭچياڭ تىياتىر گورۇپپىسى بولۇپ، پېشقەدەم چىڭچياڭ تىياتىر سەنئەتكارى خې خۇاجۇن، خۇ خۇاسېڭ قاتارلىق كىشىلەر مىنگونىڭ 33- يىلى (1944-

يىلى) قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ كونا شەھىرىدىكى دىڭ شياڭۋاڭ بۇتخانىسى (يەنى ھازىرقى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كونا شەھەر ماي زاۋۇتىنىڭ ئورنى) دا قۇرۇلدى. تىياتىرخانىدا ئورۇندۇق بار بولۇپ، ئويۇن قويغاندا بىلەت سېتىلاتتى. دائىم قويۇلىدىغان تىياتىرلىرى ئىچىدە ئاساسەن «ئايال مەھبۇسنى يۆتكەش»، «ۋۇجياپو»، «بەيىۋى راۋنقى»، «سۇرەت ئېسىش» قاتارلىق تىياتىرلار بار ئىدى. تىياتىر جەمئىيىتى ئۆزىنى قامدىيالمىغانلىقتىن، مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى. لېكىن يەنىلا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) تارقىلىپ كەتتى.

2) باركۆل ناھىيىسى

(1) **باركۆل تىياتىر ئۆمىكى** بۇ ئۆمەك مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) دىشىڭ تىياتىر گۇرۇپپىسىدىن قېپقالغان سەنئەتكارلاردىن تەشكىللەندى. ئارتىسلاردىن ليۇ جىنباڭ قاتارلىق كىشىلەر بار. «تيەنمېن سېپى»، «روھقا چوقۇنۇش»، «ئۈچ نۆۋەت كىيىم يەڭگۈشلەش» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) تارقىلىپ كەتتى.

(2) **باركۆل چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكى** بۇ خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى 20 كىشىلىك ئۆمەك بولۇپ، بىلەت سېتىپ ئويۇن قويۇشقا تايىنىپ ئۆزىنى قامدايتتى. 1940- يىللارنىڭ ئاخىرى تارقىلىپ كەتتى.

3) ئاراتۈرۈك ناھىيىسى

**توخولو (شارئويلەر) ئاممىۋى سەنئەت ئەترىتى** بۇ مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاراتۈرۈك ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، ئارقاسەپكە ياردەم بېرىش جەمئىيىتى بىلەن ماسلىشىپ تەشكىللىگەن سەنئەت ئەترىتى، ئارتىسلىرى ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار ۋە دېھقان ياشلىرى بولۇپ، ناخشا- ئۇسسۇل ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشۋىق قىلدى. كېيىن، ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن

1) كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتلىرى

(1) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى** ئۇنىڭ تەكتى 1952- يىل 9 - ئايدا قۇرۇلغان شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى قۇمۇل سەنئەت ئەترىتى ئىدى. 1953- يىل 9- ئايدا، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، نامى قۇمۇل مىللىي سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 1955- يىل 9- ئايدا شتاتى قىسقارتىلىپ، ۋىلايەتلىك سەنئەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى.

(2) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىڭجۇي تىياتىر ئۆمىكى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شېنياڭ شەھەرلىك تىياتىر كومىتېتى جەمئىيەتتىكى تارقاق يۈرگەن سەنئەتكارلارنى تەشكىللەپ، «تىنچلىق تىياتىر ئۆمىكى» قۇردى. ئۇنىڭدا پىڭجۇي تىياتىرى گۇرۇپپىسى، جىڭجۇي تىياتىرى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پىڭجۇي تىياتىرى ۋە جىڭجۇي تىياتىرلىرىدىن ئارىيە، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى نومۇرلىرىنى ئورۇندىدى.

1957- يىلى، تىنچلىق تىياتىر ئۆمىكى تەگشىلىپ، شېنياڭ شەھىرىنىڭ خۇاڭگۇ رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ھەمدە نامى سۇنشى ھەمراھ پىڭجۇي تىياتىرى ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىل 1- ئايدا، بۇ تىياتىر ئۆمىكى قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كەلدى، نامى قۇمۇل پىڭجۇي تىياتىرى ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962- يىلى، پىڭجۇي تىياتىرى ئەترىتى قۇرۇلدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدى. 1976- يىلى، بۇ ئۆمەك تارقىتىۋېتىلدى.

ئارتىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بەزىلىرى شىنجاڭغا قايتتى.

(3) **قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە 16- شى سەنئەت ئەترىتى** بۇ ئەترەت 1945- يىل 9- ئاينىڭ 19- كۈنى يەنئەندە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا 8- ئارمىيە تەلىم- تەربىيە 2- لۇيى قىزىلبۇلتۇز تىياتىر جەمئىيىتى دەپ ئاتالدى. 1948- يىلى يىل بېشىدا تەرتىپكە سېلىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- زۇڭدۇيىنىڭ 6- تەشۋىقات ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1949- يىلى، 1- دالا ئارمىيىسى 1- بىڭتۇەن 6- جۈن 16- شى تەشۋىقات ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى، قىسىم شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، سەنئەت ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1956- يىلىنىڭ ئاخىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(4) **يېزا ئىگىلىك 5- شى قىزىلبۇلتۇز تىياتىر ئۆمىكى** ئۇنىڭ تەكتى شەنشى ئۆلكىسى بەيشۈي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى «1- مارت» تىياتىر ئۆمىكى ئىدى. 1948- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 6- جۈن سىياسىي بۆلۈمى بەيشۈي ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشكەندىن كېيىن، تىياتىر ئۆمىكى كوللېكتىپ ئارمىيىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، 6- شى تەشۋىقات ئەترىتى قىلىندى، ئاساسەن چىڭچياڭ تىياتىرلىرىنى ئوينىدى. 1949- يىل 11- ئايدا، تەشۋىقات ئەترىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. 1951- يىل 11- ئايدا قىسىم رەتكە سېلىنىپ، تەشۋىقات ئەترىتى قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كېلىپ، 16- شى تەشۋىقات ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1954- يىلى، تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ 2- تارماق ئەترىتى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5- شى قىزىلبۇلتۇز تىياتىر جەمئىيىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1955- يىلى قىزىلبۇلتۇز تىياتىر ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. كېيىن بورتالاغا يۆتكىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980- يىل 1- ئايدا، ئارتىسلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇمۇل چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى.

(5) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكى** 1980- يىل 1- ئايدا قۇرۇلدى. ئۆمەك ئەزالىرى يېزا ئىگىلىك 5- شى قىزىلبۇلتۇز تىياتىر ئۆمىكىنىڭ كۆپ قىسىم ئارتىسلىرى، باركۆل ناھىيىلىك چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ قىسمەن ئارتىسلىرى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن كەسپىي خادىملاردىن تەركىب تاپتى. 1980- يىل 12- ئايدا، 30 يېڭى كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، كۇرسانتلار ئەترىتى قۇرۇپ ئۆز ئالدىغا تەربىيىلەپ، 1983- يىلىدىن كېيىن ئارتىسلار ئەترىتىگە قوشۇۋېتىلدى. 1986- يىلى، شۇ جايدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 30 نى قوبۇل قىلىپ، شەنشى ئۆلكىلىك تىياتىر مەكتىپىنىڭ تەربىيىلەپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدى. 1988- يىل 11- ئايدا تىياتىر ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى.

(6) **باركۆل ناھىيىلىك چىڭچياڭ تىياتىر ئۆمىكى** 1959- يىل 10- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلى ناھىيە بازىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ خادىملىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. 1960- يىلىدىن كېيىن، گەنسۇ، شەنشىنىڭ كەسپىي ئارتىسلىرىنى، شىنجاڭغا كىرگەن سەنئەتكارلارنى قوبۇل قىلدى، كىيىم- كېچەك ۋە ئويۇن قويۇش سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. چىڭچياڭ تىياتىرى، مېيخۇ ئەنئەنىۋى تىياتىرى ۋە ھازىرقى زامان تىياتىرلىرىدىن بولۇپ 200 دىن كۆپرەكنى رېپېتىس قىلىپ، 1000 مەيداندىن كۆپرەك ئويۇن قويدى. ناھىيىنىڭ ھەر قايسى گۇڭشېلىرى ۋە قۇمۇلغىچە كېلىپ ئويۇن قويدى. 1964- يىلى 8- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

(7) **باركۆل ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى** 1971- يىلى قۇرۇلدى. بۇ ئەترەتتە 32 خادىم بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە خەنزۇ ئارتىسلاردىن تەركىب تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قازاق 60% نى تەشكىل قىلدى. 1976- يىلىدىن كېيىن، تۆت قېتىم ئارتىس ۋە مۇزىكانتلارنى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت قاتارلىق ئورۇنلاردىكى سەنئەت مەكتەپلىرىگە ۋە سەنئەت تەشكىلاتلىرىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، يەنە ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايوندىكى سەنئەت

تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. سەنئەت ئەترىتى تۆت قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆرەككە، ئۈچ قېتىم ۋىلايەتلىك كۆرەككە قاتنىشىپ، يالغۇز كىشىلىك ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىق 10 نومۇرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە مۇكاپاتلاندى. 1982- يىلى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى سەنئەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

(8) **قۇمۇل ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى** 1978- يىل 5- ئايدا قۇرۇلدى. بۇ ئەترەت ئىشتىن سىرتقى پائالىيەت ئاكتىپلىرى، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ سەنئەت (مۇزىكا) سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ياشلاردىن بولۇپ، جەمئىي 28 ئادەمدىن تەشكىللەندى. بۇ سەنئەت ئەترىتى بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يالغۇز كىشىلىك ناخشا، يالغۇز مۇزىكا، مىللىي ناخشا- ئۇسسۇل، ئېيتوت، ئوپېرا، چاڭچىلە تىياتىرى قاتارلىقلارنى ئورۇندىدى. 1984- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەت ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

(9) **ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى** 1979- يىل 9- ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن سەنئەت (مۇزىكا) سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن تەشكىللەندى. بۇ ئەترەت ئەزالىرى بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇپ، قىسقا ھەم رەڭدار ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا نومۇرلارنى يېزا- قىشلاقلاردا قويىدى ھەمدە ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ ئەترەت تۆت قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ئۆتكۈزگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. ناخشا- ئۇسسۇل، ئۇسسۇل، يالغۇز ناخشا، مۇزىكا ئورۇنداش قاتارلىقلاردىن بولۇپ ئالتە نومۇرى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1986 - يىل 5 - ئايدا تارقىتىۋېتىلىپ، خادىملىرى مەدەنىيەت سارىيىغا قوشۇۋېتىلدى.

(10) **قۇمۇل شەھەرلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت ئەترىتى** 1984- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل شەھىرى بىلەن قۇمۇل ناھىيىسى قوشۇۋېتىلگەندە، قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت خىزمەت ئەترىتى قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەت ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. خىزمەت خاراكتېرى كەسپىي ئويۇن قويۇشتىن ئاممىۋى سەنئەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئەترەت ئاممىۋى سەنئەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغاندىن باشقا، ئامىغا ماسلىشىپ ئىشتىن سىرت ئويۇن قويىدى ھەم كۆپ قېتىم چوڭلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل جەھەتلەردە تەربىيىلىدى. 1990- يىل 1- ئايدىن 9- ئايغىچە، سەنئەت ئەترىتىنى ئاساس قىلىپ، خادىم ئاجرىتىپ، قورال‌لىق ساقچى قىسىم قاتناش باش ئەترىتى قوماندانلىق شتابىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. ئۇلار ئورۇندىغان «بولغا سەجدە» ناملىق ئۇسسۇللۇق ناخشا ۋە «ئىللىق تۇپراق»، «چۆل- باياۋاندىكى ئەتىگەنلىك مەشىق» قاتارلىق ئۇسسۇل نومۇرلىرى 1-، 2- ۋە 3- لىككە ئېرىشتى.

**2) ئىشتىن سىرتقى سەنئەت تەشكىلاتلىرى**

(1) **قۇمۇل بازىرى ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى** 1950- يىلى قىشتا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن چىڭچياڭ تىياتىرى، شىنجاڭ مۇزىكىلىق تىياتىرى قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى، شۇنداقلا ياڭگېر تىياتىرى «ئاكا- سىڭلىنىڭ بوز يەر ئېچىشى»، كىچىك تىپتىكى ئوپېرا «نەمۇنىلىك ئائىلە» قاتارلىق نومۇرلارنى رىپېتىس قىلىپ ئويناپ، تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئۆمەكتە 50 تىن ئارتۇق ئارتىس ۋە چالغۇچى بولۇپ، ئورگانلاردىكى كادىرلار، كوچا- مەھەللە ئاھالىلىرى ۋە يەككە ئەمگەكچىلەردىن تەركىب تاپتى. 1955- يىلىدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

(2) **باركۆل بازارلىق ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى** 1953- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق چىڭچياڭ تىياتىرى ئورۇندىدى. ئۆمەك قارىمىقىدا بىر ناخشا- ئۇسسۇل گۇرۇپپىسى بولۇپ، ھەر يىلى چاغان بايرىمى ۋە زور ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئويۇن قويىدى. ئۆمەك ئەزالىرى ناھىيە بازىرىدىكى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئاكتىپلىرىدىن تەركىب تاپتى. چىڭچياڭ تىياتىرى ئارتىسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇلاردىن، ناخشا- ئۇسسۇل گۇرۇپپىسى ئاز سانلىق

مىللەتلەردىن تەركىب تاپتى. 1959- يىلىدىن كېيىن، ناھىيىلىك چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى.

(3) **باركۆل ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى** ئۇنىڭ ئەكتى باركۆل ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مىللىي ناخشا- ئۇسسۇل گۇرۇپپىسى بولۇپ، 1953- يىل 11- ئايدا قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپىدا 11 ئۇيغۇر ئارتىس بولۇپ، ئورگان كادىرلىرى ۋە شەھەر- بازار ئاھالىلىرىدىن تەركىب تاپتى. شۇ يىلى، كونسېرت نومۇرلىرىنى رېپېتىس قىلىپ، ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە ئويۇن قويدى. 1955- يىلى، ناخشا- ئۇسسۇل گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى مۇستەقىل سەنئەت ئەترىتى بولۇپ كېڭەيتىلدى. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىدا ئويۇن قويدى. 1960- يىلى ئويۇن قويۇشتىن توختىدى.

(4) **تاشۆبلىق گۇڭشې ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى** 1960- يىلى، گۇڭشېدا ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلدى. چاغان، ھېيت- بايرام كۈنلىرى ۋە دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا، چىڭچياڭ تىياترى، شەنشى تىياترى ۋە ناخشا- ئۇسسۇل، كومېدىيە قاتارلىقلارنى دېھقانلارنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ بەردى. بەزىدە ئوچۇقچىلىقتا سەھنە ياساپ ئويۇن قويدى ھەمدە ئېتىز باشلىرىدىمۇ ئويۇن قويۇپ، دېھقانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئويۇن قويۇش پائالىيىتى 1982- يىلىغىچە داۋام قىلدى.

(5) **بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشتىن سىرتقى تەشۋىقات ئەترىتى** 1959- يىلى قۇرۇلدى. تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ پائالىيىتى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. 1962- يىلىدىن كېيىن، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن مۇنەۋۋەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت تالانتلىرى تاللىنىپ، يېرىم كەسپلەشكەن سەنئەت تەشكىلى قۇرۇلدى. ئىشتىن سىرتقى سەنئەت سەھنىلىرى جانلاندى. بىڭتۇەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىگە كۆپ قېتىم قاتناشتى. ئەترەت ئەزالىرى شاگخەيدىن چېكرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1966- يىلى تارقىلىپ كەتتى.

(6) **قۇمۇل شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى چىڭچياڭ تىياترى ئۆمىكى** 1977- يىل 11- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشچىلىقىدا تەشكىللەندى. ئۆمەكتە 47 خادىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىخەنزە، سانجى، ئۈرۈمچىدىن تەكلىپ قىلىندى، يەنە بىر قىسمى ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ۋە بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئارىيەت ئېلىندى. بۇ ئۆمەك 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 200 مەيداندىن كۆپرەك ئويۇن قويۇپ، 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. 1980- يىلى، ئاساسلىق ئارتىسلار ۋە باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىڭچياڭ تىياترى ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى چىڭچياڭ تىياترى ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى.

(7) **قۇمۇل شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى** 1979- يىل 5- ئايدا قۇرۇلدى. ئۆمەك قارمىقىدا تۆمۈريول، قۇمۇل شەھىرى ۋە قۇمۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى شۆبە ئۆمەكلىرى تەسىس قىلىنىپ، تەن بېنلۇڭ ئۆمەك باشلىقى بولدى. تۆمۈريول شۆبە ئۆمىكىدە 30 دەك ئادەم بولۇپ، ھەممىسى تۆمۈريول ئىشچى- خىزمەتچىلىرىدىن تەركىب تاپتى. قۇمۇل شەھەرلىك شۆبە ئۆمەكتە 50 ئادەم بولۇپ، ئۆمەك قارمىقىدا ئۇسسۇل، ناخشا، مۇزىكا ئەترەتلىرى تەسىس قىلىندى. ئارتىسلىرى شەھەر رايونىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن تەركىب تاپتى. ئەر- ئاياللار تەڭ نىسبەتنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر، رۇس، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن بولغان ئەر- ئايال ئارتىسلار مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىدى. شۆبە ئۆمەكلەر ئۆز سىستېمىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن سىرت، ئۆزئارا ئالمىشىپ ئويۇن قويدى. ھەر يىلى يېڭى يىل، دۆلەت بايرىمى قاتارلىق چوڭ بايراملاردا ئويۇن قويدى، ئۇلار ئورۇندىغان نومۇرلار ئىچىدە ئومۇمخور، خور، يالغۇز كىشىلىك ناخشا، يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا، كوللېكتىپ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە ۋە ئېيتوت قاتارلىق نومۇرلار بار بولۇپ، بۇ ئۆمەك «قۇمۇلدا باھار» كونسېرت كۆرىكىدە ئويۇن

كۆرسەتكەن تايانچ نورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1989- يىلى نويۇن قويۇشتىن توختىدى.

(8) «شىنچاۋ» گىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى بۇ ئۆمەك 1988- يىل 6- ئايدا قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت ئەترىتىنىڭ ئىلگىرىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتلانغان 10 دىن ئارتۇق سەنئەتكار ۋە ئۆز ئەترىتىدىن تەشكىللەندى. ناخشا، ئۇسسۇل، ئېتوت قاتارلىق 19 نومۇرنى رېپېتىس قىلىپ، قۇمۇل شەھىرىدە ئورۇندىغاندىن سىرت، يەنە باركۆل ناھىيىسىدە ئالتە مەيدان ئورۇندىدى. شۇ يىلى 11- ئايدا نويۇن قويۇشتىن توختىدى.

# II باب

# ئەنئەنىۋى سەنئەت

## §1. ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى — مەشرەپ

### 1. ئومۇمىي ئەھۋالى

مەشرەپ — ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ ئىپادىلەش شەكلىدە ناخشا، ئۇسسۇل ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇسسۇل شەكلى بويىچە تۆرپ. ئادەت ئۇسسۇلى، چىنە، تەخسە ئۇسسۇلى، تەقلىد ئۇسسۇلى ۋە ئەمگەك ئۇسسۇلىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قۇمۇل ناخشا- ئۇسسۇللىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم شياۋشۇڭ «شىنجاڭ (غەربىي يۇرت) چاچما شېئىرلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ناخشا- مۇزىكىسى بىلەن مەشھۇردۇر.... ئۇلار ھەر يىلى ئۈچ قېتىم ھېيت- بايرام ئۆتكۈزىدۇ، ھېيتتا زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ، ھەر قېتىمقى زىياپەتتە نەغمە- ناۋا قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئۇنىڭ تەرتىپى: ئالدى بىلەن ساز چېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ». تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قۇمۇل خەلق ئۇسسۇللىرى تاڭ سۇلالىسى يىللىرىدىلا ناھىيىتى گۈللەنگەن ھەم ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ناخشا- ئۇسسۇللىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. ئېۋۇرغول ئۇسسۇلىنىڭ قۇرۇلمىسى — ئاۋۋال مەرغۇلغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل باشلىنىدۇ، ئاندىن ئوتتۇراھال رىتىمغا كىرىپ، تۆت قېتىم ئەركىن، لەرزان ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىلىدۇ. شوخ مۇزىكا رىتىمى ئىچىدە بەش قېتىم تېز پىرقىراپ، ئاندىن ئۇسسۇلنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى، 4- ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىسھاق ئوردىدا مەخسۇس بىر «تۇغچى» تەسىس قىلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ناغرا- سۇنايچىلار ئەترىتىنى، شۇنىڭدەك روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە قۇتلۇق كۈنلەردىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى باشقۇردى. تۈزگە تەۋە رايون ئىچىدىكى داڭلىق سازەندە، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ۋە سەنئەتكار ئامىنى يىغىپ، ئوردا بىغىدا مەشرەپ ۋە سەنەم ئۇسسۇلى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇمۇل ۋە ئاراتۇرۇكنىڭ يېزا- قىشلاقلىرىدا بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مەشرەپ ئاساسىي شەكىل قىلىنغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئادەتكە ئايلانغان.

دېھقان- چارۋىچىلار ئائىلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىش كىرىشى بىلەنلا «مايسا مەشرىپى» ئۆتكۈزىدۇ (بۇ «كۆك مەشرىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ قۇمۇلنىڭ خاس ناخشا- ئۇسسۇلى. قىش كىرگەندىن كېيىن، ساھىبخان ئالدى بىلەن بىر ياكى ئىككى گۈللۈك چىنىدا كۆك ئۈندۈرىدۇ. كۆك ئۈنۈپ 10 سانتىمېتىردەك بولغاندا، ھەر قايسى ئائىلىلەر نۆۋەت بىلەن مەھەللىدىكى ئەر- ئايال، ياش- قېرىلارنى كۆك مەشرىپىگە تەكلىپ قىلىدۇ. كۆك مەشرىپى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىچە داۋاملىشىدۇ، ئاندىن، ئەڭ ئاخىرقى ساھىبخان كۆك مايسىسىنى كېلەر يىلى تۇنجى بولۇپ مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان ساھىبخانغا تەقدىم قىلىدۇ. تۇنجى قېتىم قار ياغقاندا كېيىن، كۆپىنچىلىك «قار مەشرىپى» ئوينايدۇ. تۇنجى قارلىق تاشلىغۇچى بىر قوي ئۈششۇقىنى بارغان ئۆينىڭ ئاسان بايقىيالمايدىغان بىر جايىغا ئاستاغىنە قويۇپ قويىدۇ، ناۋادا ئۆي ئىگىسى سېزىپ قېلىپ، شۇ چاغىنىڭ ئۆزىدە تۇتۇۋالسا، قارلىق تاشلىغان كىشى چوقۇم مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۆي ئىگىسى سەزمەي قالسا، قارلىق تاشلىغۇچى ئىشىكتىن چىقىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا قار بېسىۋالدى، دەپ توۋلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆينىڭ ئىگىسى چوقۇم مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

يەنە ئۈجمە پىشقان چاغدا ئوينايدىغان «باراۋەت مەشرىپى» بولۇپ، كۆپىنچىلىك ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، ئۈجمە يېگەچ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا توي- تۆكۈن، پەرزەنت كۆرۈش، بۆشۈك توي، خەتنە توي ۋە ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالغان چاغدىمۇ مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئادەتتە «مېلىس مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋۋال كىشىلەر يۇمىلاق سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدۇ. داپ، غىجەك ساداسى بىلەن تەڭ بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، قولىدىكى گۈل ياكى ياغلىقتىن قىلىنغان پوتا بىلەن سورۇندىكى خالىغان بىر كىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئىككىيلەن بىر- بىرىگە تەزىم قىلىپ، ئۈچ قېتىم ئورۇن ئالمىشىدۇ. تەكلىپ قىلغۇچى كىشى قولىدىكى گۈل ياكى پوتىنى قارشى تەرەپكە بېرىپ، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. پوتىنى قوبۇل قىلغۇچى يەنە باشقا بىرىنى تارتىدۇ ۋە يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلدا بىر- بىرىگە سالام بېرىدۇ. ئەگەر بىرەرسى سالامغا سالام قايتۇرماي ئۇسسۇل ئوينىسا، قارشى تەرەپمۇ دەرھال ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلغۇچى بەلگىلەيدۇ. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئۇسسۇلدىن توختاپ، بىر- بىرىگە ئۈچ قېتىم سالام بېرىشىدۇ. ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلغۇچى قولىدىكى گۈل ياكى پوتىنى قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. پوتىنى قوبۇل قىلغۇچى سورۇندىكى باشقا بىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ. مەشرەپ ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويغاندا، گۈل تۇتقان ئادەم بىرلا ئادەمنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلمايدۇ، سورۇنغا ئىشتىراك قىلغان ھەر قانداق كىشى ئۇسسۇلغا چۈشسە بولىۋېرىدۇ. ناخشا- ئۇسسۇل يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، داپ راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىنىدۇ ھەم بىردەم- بىردەم ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ساپايىچى بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، ئۇسسۇلچى قىزنى ئايلىنىدۇ. تۇرۇپ- تۇرۇپ كەينىگە ئېگىلىدۇ، ساپايىنى يەرگە سوقىدۇ، ناخشىچىلار قىقاس سالىدۇ، تاماشا ئەۋجىگە چىقىدۇ.

بۇ خىل مەشرەپتە، ئۇسسۇل ئارقىلىق ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىپادىلىنىدىغانلىرىدىن تېرىقچىلىق ئۇسسۇلى، ئورما ئۇسسۇلى، كۆكمەقوناق مول ھوسۇل ئۇسسۇلى، سەۋزە يۇلۇش ئۇسسۇلى، موزاي بېقىش ئۇسسۇلى، ئات كۆندۈرۈش ئۇسسۇلى، كىگىزچىلىك ئۇسسۇلى، گىلەم توقۇش ئۇسسۇلى، سۈت سېغىش ئۇسسۇللىرى قاتارلىقلار بار؛ كۈندىلىك تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغانلىرىدىن يۈزئاچقۇ بېيىتى، چاي بېيىتى، ئەللەي ئېيتىش، چاچ چۈشۈرگۈلۈك، پوتا بېيىتى،

ئۇۋ ئۇۋلاش ئۇسسۇللىرى بار. ھايۋاناتلارنى تەقلىد قىلىش ئۇسسۇللىرىدىن توخۇ ئۇسسۇلى، تۆگە ئۇسسۇلى، ئات ئۇسسۇلى، ئارغىماق ئۇسسۇلى، چىپاركۆز ئات ئۇسسۇلى، ئاق ئارغىماق ئۇسسۇلى، ئايغىر ئۇسسۇلى، ئات يېتىلەش ئۇسسۇلى، ئېيىق ئۇسسۇلى، ئۆشكە ئۇسسۇلى، بۆركۈت ئۇسسۇلى، ئاققۇ ئۇسسۇلى، مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇش ئۇسسۇلى بار. چىنە-تەخسە ئۇسسۇللىرىدىن چىنە ئۇسسۇلى، توققۇز پىلىكلىك چىراغ ئۇسسۇلى، قوشۇق ئۇسسۇلى، داپ ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار. دىنىي پائالىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىرىدىن ئوتقا چوقۇنۇش ئۇسسۇلى، يەر ئۇسسۇلى، ئارغامچا سەكرەش ئۇسسۇلى، پېرە ئۇسسۇلى، ئۆۋان ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار.

ئاراتۆرۈك ناھىيىسىنىڭ مەشرەپ پائالىيىتىگە بەزىدە شېئىر-نەزمە ئوقۇش، ناخشا ئېيتىشىش، تېپىشماق تاپقۇزۇش ۋە سېھىرگەرلىك ئويۇنى قاتارلىقلار ئارىلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، نوم، باي قاتارلىق جايلارنىڭ مەشرەپلىرىدە بىر قەدەر قەدىمىي ئىپادىلەش شەكلى بار، يەنى، مېھماننى كۈتۈۋالغاندا، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كىشى بىر قولىغا ئىككى چىنىنى ئېلىپ، ئەزىز مېھمىنىغا چاي تۇتۇپ، غەزەل ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، مېھمانمۇ بىر قولى بىلەن ئىككى چىنىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئىككى چىنىدىكى چاينى ئىچىپ بولىدۇ. ئەگەر مېھمان ئۇنداق قىلالمىسا، ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىلىرىدە بىرلىشىپ كۈزگۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، قىش كىرگەندىن تارتىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغىچە، ھەر كۈندە دېگۈدەك كېچىسى ناخشا-ئۇسسۇللۇق ئولتۇرۇش ئۆتكۈزىدۇ.

قۇمۇل «سەنىمى» — بىر خىل ئەركىن، لەرزان ئۇسسۇل بولۇپ، يالغۇز ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل تۈرلىرى بار. بەزىدە مەشرەپكە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار ناخشا ئېيتماي، بەدەننىڭ باش، مۈرە، قول بېغىشى، بەل قاتارلىق جايلىرىنى مۇزىكا رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ، ھەر خىل ئۇسسۇل شەكىللىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇزىكىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە قىياپىتىدە قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى، مەسىلەن، «چىقتىم» قەدەم، «سالماق» قەدەم، ئالماش قەدەم ۋە قايچا قەدەم قاتارلىقلار روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

2. قۇمۇل رايونىنىڭ ئاساسلىق مەشرەپلىرى

1) كۆك مەشرىپى ئادەتتە ھەر يىلى قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە، يەنى دېھقانلار كالېندارى بويىچە قەمەرىيە 12-ئايدىن 1-ئايغىچە بولغان مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى — ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقى سىمۋول قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېلەر يىلى مايسىلارنىڭ تەكشى ۋە يوغان ئۆسۈپ، تېخىمۇ زور مول ھوسۇل ئېلىشقا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ ئادەتتە كەڭ-كۇشادە ئۆيلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قەدىمكى ۋاقىتلاردا، كىشىلەر كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، قاپاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، مۇنبەت ھۆل توپا قويۇپ بۇغداي تېرىپ، قاپاقنى قازان بېشى ياكى كاڭ قاتارلىق ئىسسىق جايغا قويۇپ، بۇغداي مايسىسى ئۈنۈپ بىر چارەك بولغاندا كۆك مەشرىپى ئوينىغان. كېيىنچە بۇ خىل شەكىل ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلىپ ئۆزگەرگەن، قاپاق ئىشلەتمەي، ساپال ياكى تۆمۈردىن ئىشلەنگەن قاچىلاردا مايسا ئۆستۈرىدىغان بولغان. ھازىر كىشىلەر مايسا ئۆسۈپ 5 ~ 10 سانتىمېتىر بولغاندا، ئۇنى بىر تال قىزىل تاۋار لېنتا بىلەن باغلاپ، ئاندىن قىزىل قەغەزدىن چىرايلىق قىلىپ ئويۇلغان خوراز بىلەن مېكىياننىڭ شەكلىنى مايسا ئۇچىغا بىر-بىرىگە قارىتىپ سانجىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، توققۇز تەخسە قۇرۇق مېۋە (يەنى بىر تەخسىدىن قۇرۇق ئۈزۈم، ئۆرۈك قېقى، ئالما قېقى، شاپتۇل قېقى، قوغۇن قېقى، چىلان، گازىر، خاسىڭ، چۈغان) تەييارلايدۇ. مايسىنى بىر چوڭ پەتنۇسقا تىزىلغان مېۋە-

چېۋىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئۈستىگە گاز ياغلىق ياكى سۈپەتلىك نېپىز رەخت يېپىپ قويىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغۇچى ساھىبخان تەييارلايدۇ.

كۆك مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ئەتىگەندە، ساھىبخان چىرايلىق ئىككى ئايالنى تاللاپ مەھەللىدىكى ئائىلىلەرنى تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناخشا- ئۇسسۇلغا ماھىر ئون- يىگىرمە جۈپ ئەر- ئايال، سازچى (غېجەكچى، راۋابچى، چاڭچى، داپچى قاتارلىقلار) ۋە باشقا ئەلنەغمىچىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ.

كەچ كىرىشى بىلەن تەڭ، مېھمانلار كەينى- كەينىدىن ساھىبخانىنىڭ كەڭتاشا ئۆيىگە يېتىپ كېلىشىدۇ. ساھىبخان مەشرەپ باشلىنىشتىن بۇرۇن، مېھمانلار بىلەن بىر- بىرلەپ سالاملىشىپ، تىنچلىق- ئامانلىق سورىشىدۇ. لەرزان مۇقام مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ ساھىبخان كۆك مايا ۋە مېۋە- چېۋە سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە : «مەن بىر قىز چوڭ قىلدىم، ھازىر ئۇنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىمىز!» دەپ جاكارلايدۇ (بۇ يەردە كۆك قىزغا سىمۋول قىلىنغان)، شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ رەسمىي باشلىنىدۇ.

مۇزىكا باشلانغاندا، غېجەك بىلەن راۋاب تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنىدۇ، ئالدى بىلەن مۇقام ئېيتىلىدۇ، ئاندىن كېيىن، سازچىلار سازلىرىنى چېلىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ. بارچە ساز تەڭ چېلىنىدۇ، مۇزىكا رىتىممۇ بارغانسېرى تېزلىشىدۇ، مۇزىكا بىرى- بىرىگە ئۇلىنىپ داۋام قىلىدۇ. ئۇستا ئۇسسۇلچىلاردىن بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يالغۇز ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئاندىن باشقىلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇسسۇلغا چۈشكۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، مەشرەپ ئەۋجىگە چىقىدۇ.

مەشرەپ ئەۋجىگە چىققاندا، ساھىبخان كۆك سېلىنغان پەتنۇسنى ئىككىنچى بىر جۈپ ئەر- ئايال بېيتچىگە تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇ چاغدا سازچىلار چېلىشنى توختىتىدۇ، ھەممەيلەننىڭ دىققىتى پۈتۈنلەي ساھىبخانغا مەركەزلىشىپ، ئۇنىڭ پەتنۇسنى كېلەر قېتىمقى مەشرەپنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ساھىبخانغا تاپشۇرۇپ بېرىشىنى كۈتىدۇ. كېيىنكى نۆۋەتلىك مەشرەپنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ساھىبخان مەشرەپ ئەھلىگە تەزىم قىلىدۇ ھەمدە كۆپچىلىكنى كېلەر قېتىم ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپكە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. كەينىدىنلا نەغمە- ناۋا ئەسلىگە كېلىدۇ، كۆكنى قوبۇل قىلغۇچى بىر جۈپ ئەر- ئايال كۆكنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

**2) چىنە- تەخسە ئۇسسۇلى** مەشرەپتە چىنە- تەخسە ئۇسسۇلىمۇ ئوينىلىدۇ. چىنە- تەخسە ئۇسسۇلى بىر خىل چىنىنى بېشىغا ئېلىپ، تەخسىنى قولىغا كۆتۈرۈپ ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل. ئۇنىڭدىن باشقا چىراغ ئۇسسۇلى ۋە داپ ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار.

**(1) چىراغ ئۇسسۇلى** بۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان بىر خىل قەدىمىي ئۇسسۇل بولۇپ، بۇ ئۇسسۇل ئەڭ دەسلەپ ئوردا ئىچىدىلا ئوينالغان، كېيىن خەلق ئىچىدە ئومۇملاشقان.

بۇ بىر خىل يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل بولۇپ، بۇنىڭدا، ئۇسسۇل ئوينىغۇچى توققۇز پىلىكلىك ياندۇرۇلغان بىر چىراغنى بېشىغا قويۇۋالىدۇ. غېجەك، داپ قاتارلىق سازلارنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن، ئۇسسۇلچى ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بۇ چاغدا «شاھزادە غوجام» دېگەن مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدۇ. مۇزىكا رىتىمى ئاستىلاپ، مۇڭلۇق چېلىنىشقا باشلايدۇ، ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئاستىلايدۇ. ساز رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ شوخلىشىدۇ ھەمدە تېز پىرقىراشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىكى توققۇز پىلىكلىك چىراغنىڭ نۇرى بىر نۇر چەمبىرىكىگە ئايلىنىدۇ. توققۇز پىلىكلىك چىراغنىڭ تېخىمۇ يورۇق يېنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، ئىككى قولى بىلەن لەرزان ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق چىراغ پىلىكىنى پەرلەيدۇ. چىراغدىكى ماي داغلىرى، ھەتتا ئوت ئۇچقۇندىلىرى بەدىنى ياكى بويىنغا

چۆشۈپ قالغاندىمۇ، ئۇسسۇلچى قىلچە تەمتىرىمەي، بىمالال ھەم تېزلىكتە ئۇستىگە چۆشۈپ قالغان ماي دېغى پاكى ئوت ئۇچقۇندىسىنى چۆشۈرۈۋېتىپ، ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرىدۇ، چىرايىدا يۇمۇرلۇق ھەم ھەييارلىقنى ئىپادىلەپ، جىددىي ۋە شوخ كەيپىيات پەيدا قىلىپ، تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇلنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى. شۇڭا، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلاردىن كامالەتكە يەتكەن پىرقىراش ماھارىتى ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىقتىدارى بولۇش، قول- پۇت ھەرىكىتى يەڭگىل، ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چىراغ ئۇسسۇلىغا ناخشا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

9- ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت مەزگىلىدە، داڭلىق خەلق سەنئەتكارى مەمەتنىياز چىراغ ئۇسسۇلىنى ئوردىدا بىر قانچە قېتىم ئورۇنلىغان.

(2) چىنە ئۇسسۇلى ئۇسسۇلچى ئوڭ قولى بىلەن چاي قويۇلغان ئىككى چىنىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ، قارشى تەرەپكە چاي تۇتىدۇ، چاينى قوبۇل قىلغۇچىمۇ سىڭار قولى بىلەن ئىككى چىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا چاي تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك.

(3) تەخسە ئۇسسۇلى ئۇسسۇلچى بىر قولىدا بىر تەخسە بىلەن بىر تال چوكىنى تۇتۇپ لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ تەخسىنى چېكىدۇ، تەخسىدىن رىتىملىق ئاۋاز چىقىدۇ.

(4) داپ ئۇسسۇلى سەككىز ئەر ئالدىنقى رەتتە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، سەككىز ئايال كېيىنكى رەتتە تۇرۇپ، ئىككىيلەن بىر داپنى تۇتۇپ، داپنى چېلىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. داپنى بىرەيلەن بىرىنچى ئاھاڭغا چالسا، يەنە بىرەيلەن ئىككىنچى ئاھاڭغا چالىدۇ. داپنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە يېقىملىق چىقىدۇ.

## §2. قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى ۋە ئۇسسۇلى

### 1. ئاقىنلار ئېيتىشىشى

ئاقىنلار ئېيتىشىشى باركۆل يايلىقى ۋە قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلاردا كەڭ ئەۋج ئالغان.

قازاقلار «دومبىرا» چېلىپ، ئاتلىق يۈرۈپ ناخشا ئېيتىدىغان شائىرلارنى «ئاقىن» (يەنى مۇنەۋۋەر ناخشىچى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدۇ. ئاقىنلار بىلىمى مول، ھېسسىياتچان، بەدىئىي تەپەككۇرگە باي، ھازىرجاۋاب، ناتىق بولۇپ، ئۇلار ناخشىچى ۋە شائىرلارغا خاس سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە.

1) ئاقىنلارنىڭ ئېيتىشىش شەكلى ئاقىنلارنىڭ ئېيتىشىش شەكلىدە جۈپ بولۇپ ئېيتىشىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئويۇن كۆرسەتكۈچى سازىنى چالغان ھامان سۆز تۈزۈپ، ئۆلەڭ ئېيتىدۇ، سوئال- جاۋاب قىلىشىدۇ. سوئالغا دەل توغرا، تېز ھەم قىزىقارلىق جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئېيتىشىش — ئىككى كىشىلىك ئېيتىشىش، تۆت كىشىلىك ئېيتىشىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يەنە، كوللېكتىپ ئېيتىشىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئىككى كىشىلىك ئېيتىشىش شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ، بەزىدە پەقەت بىرلا ئادەم يالغۇز دومبىرا چېلىپ، داستان ئېيتىدۇ، ئەمما بۇ كىچىك دائىرىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىككى كىشىلىك ئېيتىشىشقا كۆپىنچە ھاللاردا بىر ئەر بىر ئايال، بەزىدە ئىككى ئەر ئېيتىشىدۇ. بىر ئاقىن بىر قانچە ئاقىنلار بىلەن ئېيتىشىدۇ، ئايرىم ھاللاردا ئاياللار ئۆزئارا ئېيتىشىدۇ. ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئېيتىشتىن باشقا، يەنە دېكلاماتسىيە قىلىش شەكلىمۇ بار. ئېيتىشىشتا مەزمۇنغا چەك قويۇلمايدۇ، بۇنىڭدا تارىخىي ۋەقەلىكلەر مەزمۇن

قىلىنىسمۇ، رېئال تۇرمۇش مەدەنىيلەنىسمۇ بولىدۇ، ھەتتا تېپىشماق تاپقۇزۇش، ئەقلىي ئىقتىدارىنى سىناش، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، قىزىقچىلىق قىلىش، ئىلھام بېرىش قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىپ، ماختاش، چۆشۈرۈش، مەسخىرە قىلىش ۋە ئاغرىنىشتىن ئىبارەت روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، قارشى تەرەپ نېمىدېگەن بولسا، شۇنىڭغا جاۋاب بېرىش، قارشى تەرەپكە ياققۇدەك ئاھاڭنى تاللاپ ئېيتىش كېرەك، ئاھاڭى ئوخشاش بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئاقىنلارنىڭ ئېيتىشىشى تەسىرلىك يەرلىرىگە كەلگەندە، يېنىدا تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقانلارمۇ ئىختىيارسىز ھالدا قوشۇلۇپ ئېيتىپ كېتىدۇ. ئاقىنلار قىزىقارلىق ۋە ئىددىيلىق نەزمىلەرنى ئېيتقاندا، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقانلارمۇ «ھوي، بەللى!» دەپ توۋلىشىدۇ. ئېيتىشىشتا ھېكمەتلىك سۆزلەر چىققاندا، ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە يەنە «ھوي، جاقسى!» دېگەن قىقاس ساداسى كۆتۈرۈلىدۇ. بەزىدە بىر گۇرۇپپىدىكى ئېيتىشىش باشقىلارنىڭ قوشۇلۇپ ئېيتىشىشى بىلەن بىرنەچچە سائەتكىچە داۋاملىشىپ، بىر-بىرىنى يېڭىشەلمەيدۇ، ھەتتا، ئەتىگەندىن كەچكىچە، كەچتىن تاڭ ئاتقۇچە ئېيتىشىدۇ. ئېيتىشىش قارشى تەرەپ سۆز تاپالماي، تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئادەت بويىچە، يېڭىلگەن تەرەپ يەڭگەن تەرەپكە خاتىرە بۇيۇمى ھەدىيە قىلىدۇ. چارۋىچىلار ئېيتىشىشتا غەلىبە قىلغان ئاقىنلارنى ئارغىماق ۋە قەھرىمان دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېيتىشىشتا مەغلۇپ بولغانلارنى «كۆكتىكى قارىغوجا»، «چۆل-باياۋاندىكى تۆگە» دەپ ئاتىشىدۇ.

بۇ خىل ئېيتىشىش يازنىڭ ئاۋات پەسلى ۋە ھېيت-بايراملاردىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدىلا ئۆتكۈزۈلۈپ قالماستىن، بەلكى يەنە قۇدىلىشىش، توي، پەرزەنت كۆرۈش، بۆشۈك توي، خەتنە توي ۋە قوي-كالىلارنى ئوتلاققا كۆچۈرۈش قاتارلىق خۇشاللىق كۈنلەردىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2) **ئاقىنلار ئېيتىشىش مۇسابىقىسى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاق مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سارچوقىدا رايون (يېزا) لۇق ھۆكۈمەت ھەر يىلى يازدا چوڭ كۆلەملىك ئاقىنلار ئېيتىشىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر قايسى ئاۋۇللار ئەڭ مۇنەۋۋەر ناخشىچىلارنى تاللاپ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ياشانغان سەنئەتكارلارمۇ، ياش ناخشىچىلارمۇ بار. كۆپلىگەن ئاڭلىغۇچىلار نەچچە ئون كىلومېتىر، ھەتتا يۈز قانچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاردىن ئاتلىق كېلىپ قاتنىشىدۇ. ئېيتىشىش مۇسابىقىسى ئاز بولغاندا ئۈچ كۈن، كۆپ بولغاندا يەتتە كۈن داۋاملىشىدۇ. ئاقىنلار ئېيتىشىشى باشلانغاندا، شۇ جايدىكى چوڭ ياشلىق ئاياللار كىشىلەر توپىغا «بوغۇرساق» ۋە ئېرىمچىك، كەمپۈت قاتارلىقلارنى چېچىپ مۇبارەكلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېيتىشىش قەدىمىي ھەم ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە باشلىنىدۇ. بۇ خىل مۇقەددىمە «مۇزىكا بېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇقەددىمىنى ئاقىنلار پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ باشچىلىقىدا كوللېكتىپ ئورۇندايدۇ. مۇقەددىمە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ناخشىچىلارنىڭ سەپ تۈزۈشى باشلىنىدۇ. ئېيتىشىش داۋامىدا يەنە ياشانغانلار ۋە ئاقىنلارغا قىيمىز تۇتىدۇ. مۇنەۋۋەر ناخشىچىلارغا نەپىس ئىشلەنگەن دومبىرا ياكى باشقا مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ھەدىيە قىلىدۇ. ئابرۇيلۇق، پېشقەدەم «ئاقىن» لارغا بولسا، يۇرت چوڭلىرى تون كىيگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

1970- يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، باركۆلنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىش مۇسابىقىسىدا تەرەققىياتلار بولدى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بەش قېتىم ناھىيە بويىچە قازاق ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، ھەر قېتىمدا 100 گە يېقىن ئاقىن مۇسابىقىغا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، لىباچۇەن (بەيگە تۆپە) فېرمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاقىنلار مۇسابىقىسىغا 132 ئەر- ئايال ناخشىچى قاتناشتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئادەتتە چارۋىچىلارمۇ كىگىز ئۆيلىرىگە يىغىلىشىپ ياكى يايلاقلاردا كىچىك تىپتىكى ئاقىنلار ئېيتىشىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئېيتىشىشنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىلگىرىكىدەك قايغۇ-ھەسرەت ۋە غەزەپ-نەپرەتنى ئىپادىلەشتىن شادلىقنى ئىپادىلەشكە ئۆزگىرىپ، يېڭى تۇرمۇشنى مەدھىيىلەيدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەيدىغان يېڭى شېئىرلارنى ئېيتىدىغان بولدى.

2. ئۇسسۇل

قازاق مىللىتىنىڭ ئۇسسۇلى قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، جۇشقۇن، چاققان ۋە قويۇق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكى ۋە يايلاق پۇرىقىغا ئىگە. ئۇسسۇل شەكلى ناخشىلىق ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلىق ئۇسسۇل دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ناخشىلىق ئۇسسۇلدا بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ، ئۇسسۇلغا ناخشا تەڭكەش قىلىنىدۇ؛ مۇزىكىلىق ئۇسسۇلدا بولسا، ئۇسسۇلغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قەدەر قەدىمىي ئۇسسۇل شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ. ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيەت شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گىرىمسىز ناخشا-ئۇسسۇل، گىرىملىك ناخشا-ئۇسسۇل دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قازاق خەلق ئۇسسۇللىرى ئاساسەن گىرىمسىز ئۇسسۇل بولۇپ، خالىغان جاي ۋە خالىغان ۋاقىتتا ئوينىغىلى بولىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدىكى ئادەم سانىدىن قارىغاندا، يەنە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل، كۆپ كىشىلىك ئۇسسۇل، ئاممىۋى ئۇسسۇل دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغاندىكى بەدەن ھالىتى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، «مۈرە ھەرىكىتى» ۋە «ئات ئويىقى» تەقلىدى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. باش، بويۇن، مۈرە، بىلەك، بەل، ساغرا ۋە كۆز ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، خىلمۇخىل ئۇسسۇل ھالىتىنى ئورۇنداپ، ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇسسۇلچىنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىق ۋە غەزەپ-نەپرەتنى، قايغۇ-ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇسسۇل تۈرى جەھەتتە، تەقلىدى ئۇسسۇل ۋە قاچا ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇسسۇل مەزمۇنىدىن ئالغاندا، يەنە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ياكى ئوۋچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئۇسسۇل ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش ياكى نەرسىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ئۇسسۇل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئۇسسۇللىرىدىن «قارا يورغا ئۇسسۇلى»، «ئېيىق ئۇسسۇلى»، «ئاقساق ئېيىق ئۇسسۇلى»، «بۈركۈت ئۇسسۇلى (جىگراۋ كۈي)»، «تۇرنا ئۇسسۇلى»، «سېغىنچىلار ئۇسسۇلى»، «قىرقىم ئۇسسۇلى»، «كىگىزچىلىك ئۇسسۇلى»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «قىز قوۋار»، «توي ئۇسسۇلى» ۋەھاكازالار بار.

باركۆل يايلىقىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «تۇرنا ئۇسسۇلى» دا، ئويۇن كۆرسەتكۈچى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، بىر تال ياغاچ تاياقنى بىر يېڭىگە ئۆتكۈزۈپ، ئالدى تەرىپىگە تۇرنىنىڭ بېشىنى ئورنىتىدۇ، جۇۋىنىڭ يەنە بىر يېڭىگە يەنە بىر تال ياغاچ تاياقنى ئۆتكۈزۈپ قۇيرۇقى قىلىپ، تۇرنىنىڭ دان يەۋاتقان، سۇ ئىچىۋاتقان، ئويناشىۋاتقان، ھۈركىگەن ۋە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان قىياپىتىنى دورايدۇ. بۇ ئۇسسۇلنى بەزىدە ئۈچ ئادەم ئورۇندايدۇ، ئۇ تېخىمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ.

## §3. خەنزۇلارنىڭ چاڭچېلە تىياتىر گۇرۇپپىلىرى، ياڭگېر ئويۇنى، كوچا ئويۇنى، بۇتخانا سەيلىسى

1. تىياتىر گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرت ئويۇن قويۇشى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شەنشى، گەنسۇلۇق زور بىر تۈركۈم چېرىكلەر شىنجاڭغا كەلگەندە، سودىگەر ۋە ئەلنەغمىچىلەرمۇ قوشۇلۇپ كەلدى. مېڭىپ ۋە ئولتۇرۇپ ئېيتىدىغان «ناخشا-غەزەللەر» باركۆلگە كەڭ تارقالدى. 20-

ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە، باركۆلدىكى قورامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ناخشا-غەزەل ئېيتالمايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، ھەر بىر كەنت-مەھەللىلەردە بىر نەچچە ناخشا-غەزەلچى «ئېيتقاقلار ئائىلىسى»، «سازەندىلەر ئائىلىسى» بار ئىدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، باركۆلنىڭ داخې (قارا سۇ) يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن «دېھقانلار شادلىقى» ناخشا-غەزەل گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ياڭگېر ئويۇنى ئوينىدى، ناخشا-غەزەل ئېيتتى. باشقا يېزا-كەنتلەردىمۇ تارقاق، ئىختىيارىي ئاساستا تەشكىللەنگەن تىياتىر گۇرۇپپىلىرى ناخشا-غەزەل ئورۇندىدى. شۇ چاغلاردا «قۇدىلارنىڭ جېدەللىشىشى»، «لەنچياۋدىن سۇ توشۇش»، «گۈللۈك راۋاقتا ئۇچرىشىش»، «جاڭلياڭنىڭ رەخت سېتىۋېلىشى»، «كىچىك راھىبە»، «لى يەنگۈيىنىڭ سۇ سېتىۋېلىشى» قاتارلىق كونېرتلار كەڭ تارقالدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، گەنسۇ ئەنشىدىن كەلگەن شۈي جيەنشەن ئاكا-ئۇكا چېرىكلىككە تۇتۇلۇشتىن قېچىپ، سەرسان بولۇپ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ناخشا-غەزەل گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، دائىم شەھەر-يېزىلاردا «تاماكا چېرىغىنى چېقىش»، «دۈشمىنياڭنىڭ غەزىپتىن گۆھەر ساندۇقنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىشى»، «ئەلچىلىك»، «لى ياشيەن سىمۇ چۈەنشۈ»، «جوۋيىنىڭ ئانىسىنى ئىزدىشى» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى. 1930-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئەلنەغمىچى ما يۈچىڭ قۇمۇلغا كېلىپ ماكانلىشىپ، شۇ جايدىكى تىياتىر گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى. ما يۈچۈەن تاشۋېلىقتا ئولتۇراقلىشىپ، ناخشا-غەزەل ئۆگەتتى ۋە تاشۋېلىق ناخشا-غەزەل گۇرۇپپىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تىياتىر گۇرۇپپىسى شەھەر-يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىدە ئويۇن قويۇپ، «راھىب تونىنى سېتىش»، «گۈللۈك راۋاقتىكى ئۇچرىشىش»، «كىتاب سارىيىنى مالىمان قىلىش»، «ۋاپاسىز ئوغۇل»، «لەگلەك ئۇچۇرۇش»، «تۈن نىسپىدە غەۋغا چىقىرىش»، «مىڭ رومكا ھاراق» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى. بۇ تىياتىرلارنى چۈەنشۈيدى، قىزىلىۋلغۇن ئەتراپىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ ئاممىسىلا ياقتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلارمۇ قىزىقىپ كۆردى.

مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) دىن كېيىن، پېشقەدەم سەنئەتكار گۇجەنيۈەن، نى جەنياڭ باش بولۇپ، ناخشا-غەزەل گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، دائىم «چوڭنىڭ كىچىككە ئالمىشىشى»، «پانۇس كۆتۈرۈش»، «تاماكا چېرىغىنى چېقىش»، «كىچىك راھىبە»، «گۈللۈك راۋاقتىكى ئۇچرىشىش»، «جاڭ لياڭنىڭ رەخت سېتىۋېلىشى»، «لى يەنگۈيىنىڭ سۇ سېتىۋېلىشى»، «گۈي جوگيۈەن»، «كىچىك پادىچى»، «لەنچياۋ كۆۋرۈكىدە ئۇچرىشىش» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئوينىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى 1951 – 1955-يىلىغىچە، ئەنئەنىۋى چىڭچياڭ تىياتىرلىرىدىن «كىچىك راھىبە»، «ئۈچ قېتىم كەينىگە بۇرۇلۇش»، «سۇۋۈنىڭ مال بېقىشى»، «سۇسەننى يالاپ ئېلىپ مېڭىش» قاتارلىقلارنى ئوينىدى.

1953-يىلىدىن باشلاپ، باركۆل ناھىيە بازىرى ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى نومۇر تەييارلاشتا كىچىك تىياتىرلارنى ئاساس قىلىپ، چىڭچياڭ تىياتىرى «سىجىنشى»، «قامېن ئىبادەتخانىسى» ۋە «بالىنىڭ تاماق ئاپىرىشى»، «روھقا چوقۇنۇش»، «قارلىق تاغقا يۈرۈش قىلىش»، «چىاڭ بازىرى»، «خان ھارۋىسىغا چېقىلىش»، «ئالتۇن تېپىۋېلىش» قاتارلىق ناخشا-غەزەللەردىن ئارىيە ئورۇندىدى.

1958-يىلى تاشۋېلىق گوڭشېدا ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلدى ھەمدە «سىمابەينەي»، «ساھىبجامالنى ئۆلتۈرۈش دېلوسى»، «يۈەنمېن جەنزى»، «سەنىياڭنىڭ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشى»، «داجىنتەي»، «سېرىق تۇرنا راۋىقى»، «شۇاڭ بېيبيەن» قاتارلىق چىڭچياڭ تىياتىرلىرىنى ۋە ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان «قولدىكى قورالنى چىڭ

تۇتۇش»، «ساھىبجامال ھىيلىسى»، «نەمۇنىلىك باقىمچى» قاتارلىق كىچىك تىپتىكى ھازىرقى زامان چىڭچىياڭ كونسېرتلىرىنى ئورۇنلىدى.

1966-، 1967- يىللىرى خېنەن ئۆلكىسى شىنيې ناھىيىلىك خېنەن تىياتىرى ئۆمىكى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈزلۈكىدىن دۆربېجىن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلدى ھەم ئەنئەنىۋى خېنەن تىياتىرى «شەھەرنى بوش قالدۇرۇش ھىيلىسى»، ھازىرقى زامان خېنەن تىياتىرى «ئۆردەك كاۋىپى سېتىۋېلىش» ۋە «چاۋ ياڭگۇ» دىن ئارىيە ئورۇنلىدى.

1977- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىدە ئىشتىن سىرتقى چىڭچىياڭ تىياتىرى ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، ھازىرقى زامان تىياتىرى «سېكرېتارنىڭ ئۆيى كۆچۈشى»، «ئەر- خوتۇننىڭ ساۋات چىقىرىشى»، «تاغ بۈركۈتى» نى؛ 1978- يىلى «ئون بەش تىزىق يارماق»، «ساھىبجامالنى ئۆلتۈرۈش» دېگەن ئويۇنلارنى؛ 1979- يىلى ئەنئەنىۋى ئويۇن «ئۈچ تامچە قان»، «تاغ يېرىپ ئانىسىنى قۇتقۇزۇش»، «شىخۇ كۆلىنى سەيلە قىلىش»، «چۈنساۋ جۇاڭتاڭ»، «ئاق يىلاننىڭ تەرجىمىھالى»؛ زامانىۋى ئويۇنلاردىن «قانلىق قىساس» قاتارلىقلارنى ئورۇنلىدى. يەنە «سېرىق تورنا راۋىقى»، «بەش كىشىلىك مەيئەت»، «لىنتۇگشەن»، «لوۋەنجى»، «رومقا چوقۇنۇش»، «بۇزۇلغان كۆۋرۈك»، «داجىنتەي»، «قاشتېشى بىلەزۈكنى تېپىۋېلىش»، «گۈيجوگىيومن»، «تاۋگۇ»، «جې شۇ»، «يۈەنمېن جەنزى»، «ئىت ئۆلتۈرۈپ خوتۇنغا نەسىھەت قىلىش» قاتارلىق ئويۇنلارنى قويدى.

2. ياڭگېر ئۇسسۇلى

ناھىيە، شەھەرلەردە بايرام مەزگىلىدە، خەنزۇلار ياڭگېر ئۇسسۇلى ئوينايدۇ.

1950- يىلى باھار بايرىمىدا، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، يەرلىكتىكى تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۇنجى قېتىملىق شىمالىي شەنشى قەد كۆتۈرگەنلەر ياڭگېر كوچا ئويۇنىنى ئويۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگان، ئىدارە، مەكتەپ ۋە مەھەللە ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ، «1- ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى، «1- ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى، «1 - ئۆكتەبىر دۆلەت بايرىمى » دا كوچىلارغا چىقىپ، ياڭگېر ئۇسسۇلى ۋە بەل دۇمباغ ئويۇنلىرىنى ئوينىدى. بۇ ئويۇنلار ئارىسىغا «ئاكا- سىڭىللارنىڭ بوز يەر ئېچىشى» قاتارلىق ياڭگېر تىياتىرلىرىنى قوشۇپ قويدى. ئەينى چاغدا، سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنىڭ پۇختا بولغانلىقى، ئامما ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانلىقى ئۈچۈن، ھەر قېتىم ئاز دېگەندىمۇ ئىككى، ئۈچ ياڭگېر ئۇسسۇلى ئەترىتى كوچىغا چىقاتتى، كۆپ بولغاندا بەش، ئالتە ئەترەتكە يېتەتتى. ھەر بىر ئەترەتتە ئاز دېگەندە 30 ~ 50 ئادەم، كۆپ بولغاندا 100 ئادەمدىن ئېشىپ كېتەتتى. ياڭگېر ئۇسسۇلى ئەترىتى شەھەر، بازارلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپلا قالماي يەنە چۆەنشۆيدى، شىنجۇاڭزى، ئېرداۋخۇ قاتارلىق يېزىلاردىمۇ ئويۇن قوياتتى.

باركۆل ناھىيىسىنىڭ يېزا- بازارلىرى بايرام مەزگىلىدە، شىمالىي شەنشىنىڭ ياڭگېر ئۇسسۇلى ۋە بەل دۇمباغ ئويۇنىنى ئوينايتتى. ياڭگېر ئۇسسۇلى ۋە بەل دۇمباغ ئويۇن قويۇش پائالىيىتى يەنە يەر ئىسلاھاتى، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى، كوپېراتسىيىلىشىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ماسلىشىپ، شەھەر- بازارلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپلا قالماي، يەنە داخې(قاراسۇ)، شىرىنزى(كىندىك تۆپە)، كۆيسۇ قاتارلىق يېزا- كەنتلەردىمۇ پائالىيەت ئېلىپ باردى.

### 3. كوچا ئويۇنى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «يۈەنشياۋ بايرىمىدا (پانۇس بايرىمى) پانۇسلار ھەممە جايغا ئېسىلىپ، كىشىلەر پانۇس تاماشىسى قىلىپ، كوچا- كويلار ئادەمگە توشۇپ، دۇكان- سارايلار كېچە- كۈندۈز ئېچىلىپ، ساليوتلار ھەممە جايدا ئېتىلىپ، ناھايىتى قىزىپ كېتەتتى». «2- ئاينىڭ 2- كۈنى، يەر ئىلاھى تۇغۇلغان كۈندە، كوچىلار پانۇسلار بىلەن يورۇپ، دۇكان- سارايلاردا كېچە- كۈندۈز ناخشا توقۇلۇپ، يەر ئىلاھى ئالدىغا سوۋغا سۇنۇپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ بازارنى قىزىتىۋېتەتتى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى باھار بايرىمى مەزگىلىدىكى كوچا ئويۇنىنىڭ تەنتەنىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1) **قۇمۇل كوچا ئويۇنى** ھەر يىلى يۈەنشياۋ بايرىمى مەزگىلىدە، قۇمۇلدىكى ئاھالىلەر كومىتېتلىرى ھەر قايسى ئورۇنلارنى كوچا ئويۇنى ئويناشقا، پانۇس ئېسىشقا تەشكىللىدى. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كوچا ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى بېيىپ ياغاچ ئاياغ ئويۇنى، يوغان باش بالا قاتارلىقلار بولۇپلا قالماي، يەنە ياڭگېر ئۇسسۇلى، بەل دۇمباق ئويۇنى قاتارلىق يېڭى ئويۇنلارمۇ قوشۇلدى.

2) **باركۆل كوچا ئويۇنى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، كاتتا بايراملارنى تەبرىكلىگەندە، باركۆل مول، رەڭدار ئەلنەغمە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئۇلارنىڭ كوچا بويلاپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئەنئەنىسى، «ياڭگېر ئېيتىش» ياكى «كوچا ئويۇنى »دېيىلەتتى. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، باركۆل مەھكىمىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى يى شاۋسۇي «ياڭگېر ئېيتىش» دېگەن نەزمىسىدە كوچا- ئويۇننى تەسۋىرلەپ، «رەڭدار يۈزلۈك مومايلار چۈشسە ياڭگېر ئۇسسۇلغا، چىقىدىكەن ئاغزىدىن ھەر خىل كۈلكە- چاقچاقلار، چىراي- شەكلى غەلىتە كۈلمەك ئۇنىڭ ئەپتىدىن، تاماشىبىنلار تولار ئىكەن چىپپىتە» دەپ يازغان. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1- ئاينىڭ 15- كۈنىدىكى كوچا ئويۇنىنى ئاساسەن «كەسىپداشلار جەمئىيىتى» تەشكىللەيدۇ، ئويۇن شەكىللىرىدىن، ئېگىز ئاياغ ئويۇنى، پاكار ئاياغ ئويۇنى، قېيىق ئويۇنى، ئەمىنلىك مەپىسى، شىر ئويۇنى، ئەجدىھا پانۇس، تۆرنا بىلەن سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئېلىشىشى، ئالۋاستى تۇتۇش، جاڭ بوۋاينىڭ جاڭ مومايىنى يۈدۈشى، سۆز ئويۇنى، يۈكۈلۈش ئويۇنى، ياڭگېر ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 16- كۈنىگىچە ئۇدا ئۈچ ئاخشام كوچا ئويۇنى ئەترىتى ئارقا- ئارقىدىن كوچىغا چىقىپ، يامۇل، دۇكان- سارايلار ئالدىدىكى گۈلخاننى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، خوجايىنلار ئۇلارنى تاماكا، چاي، قەنت- گېزەكلەر بىلەن كۈتۈۋالاتتى، بىر تىزىق پوجاڭزا ئېتىپ، ئويۇن قويغۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، كوچا ئويۇنى ئەترەتلىرى پوجاڭزا ئاۋازىغا ئەگىشىپ، باشقا جايلارغا يۆتكىلەتتى. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1- ئاينىڭ 15- كۈنى كەچتە، گۈلخان يېقىپ كوچا ئويۇنى ئويناپلا قالماي، تۆرلەر بۇتخانىسىدا كېچە- كۈندۈز ئويۇن قوياتتى، ۋۇلياڭ بۇتخانىسىدا «ئوت پۈركۈش»، «چىنخۇيىنى كۆيدۈرۈش»، لياڭخۇ بۇتخانىسى «پانۇس راۋىقى» دا پانۇس ياقاتتى. ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى شەھەرگە كىرىپ «پانۇس» كۆرەتتى.

3) **ئاراتۈرۈك كوچا ئويۇنى** 1959- يىلىدىن كېيىن، جياڭسۇدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار ۋە ھەر قايسى جايلاردىن ئۆزلۈكىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەنلەرگە ئەگىشىپ، خەنزۇلار ھېيتىدا شەھەر، يېزا كوچىلىرىدا كوچا ئويۇنى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەجدىھا ئوينىتىش، شىر ئوينىتىش، قېيىق ئويۇنى ئويناش، ياغاچ ئاياغ ئويۇنى، ياڭگېر ئۇسسۇلى ئويناش، بەل دۇمباق چېلىش، گۈللۈك توقماق ئوينىتىش قاتارلىقلار بولۇپ، يىلمۇ يىل جانلاندى.

3. بۇتخانا سەيلىسى

قۇمۇل، باركۆل ناھىيىلىرىدىكى بۇتخانا سەيلىسى ئۇزۇن تارىختا ئىگە.

1) باركۆل بۇتخانا سەيلىسى    چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، باركۆل ناھىيىسىنىڭ «شىنجاڭ بويىچە بۇتخانا شاھى» دېگەن نامى بار. ئەينى چاغدا، خەنچېڭ، مەنچېڭ بازىرى دەپ ئىككى شەھەر بار بولۇپ، شەھەر ئەتراپىنىڭ تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىدە 57 بۇتخانا بار ئىدى. سەنشياڭ ۋە شەنيې چۆللۈكلىرىدىكى 32 بۇتخانا ، جەمئىي 100 گە يېتەتتى؛ بۇتخانىلارنىڭ تۈرى كۆپ، بۇددا، تويسىنزىمغا، تەڭرىگە، ئەۋلىياغا، ئىلاھقا، مۆتىۋەرلەر، ئالۋاستىلار، ئەرۋاھلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. قۇرۇلۇش شەكلىمۇ خىلمۇ خىل، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، ھۈنەر- سەنئىتى نەپىس ئىدى. مەسىلەن، دوگگۇەن چوڭ بۇتخانىسىنىڭ «ئەمىنىيە راۋىقى»، لياگجو بۇتخانىسىنىڭ «دەستەك راۋىقى» ۋە «پانۇس راۋىقى» ھۆر قىز بۇتخانىسىنىڭ «مەئىشەت راۋىقى» قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇش سەنئەت سەۋىيىسى شىنجاڭدىكى بۇتخانىلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. بۇتخانا مۇراسىمى بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ھەر ئايدا ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇتخانا سەيلىلىرىدىن قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 1- ئاينىڭ 15- كۈنىدىكى تۆرلەر بۇتخانىسى، بايلىق پىرى بۇتخانىسى، لياگجو بۇتخانىسى، ۋۇلياڭ بۇتخانىسى قاتارلىق بۇتخانا سەيلىلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە؛ يەنە ھەر يىلى باش باھاردا، كالا مۇئەككىلى قەسرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان «باھار بېگى» نىڭ باھار كالىسىنى ئۇرۇشى؛ 4- ئاينىڭ 19- كۈنىدىكى ئىلاھلارنىڭ بۇتخانا سەيلىسى؛ 2-، 8- ئايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆڭزى ئىبادەتخانە سەجدىسى؛ 5- ئاينىڭ 15- كۈنىدىكى گۇەندى بۇتخانا ۋە ئەلەم راۋىقى (گۇەنيۈ راۋىقى) تەزىيە مۇراسىمى؛ 5- ئاينىڭ 16- كۈنى ۋە 25- كۈنلىرىدىكى، دىساڭ ئىبادەتخانىسى، ئىلاھلار بۇتخانىسىدا ئۇچرىشىش؛ 6- ئاينىڭ 6- كۈنىدىكى، سەنچىڭ بۇتخانىسىدا ئۇچرىشىش؛ 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ۋە 7- ئاينىڭ 7- كۈنىدىكى، ئاسمىنۇكس قەسرى ۋە يەتتە قاراقچى يۇلتۇز راۋىقى سەجدىسى، خالىس مەكتەپ، خۇسۇسىي مەكتەپتىكى ئۇستاز- شاگىرتلارنىڭ تاۋاپقا بېرىشى، ئەدەبىي تۆلۈمالار يىغىلىشى؛ 9- ئاينىڭ 9- كۈنىدىكى، ئەجدىھا مۇئەككىلى بۇتخانىسىدا ئەجدىھا تۆرىگە رەھمەت ئېيتىش؛ 9- ئاينىڭ 15- كۈنى، ئات مۇئەككىلى بۇتخانىسىدا قۇربانلىق قىلىپ، ئىلاھقا تەشەككۈر ئېيتىش؛ سۇۋۇ بۇتخانىسىدا قوي، تۆگە ئۆلتۈرۈپ نەزىر تارتىش؛ چوكانتال بايرىمى ۋە 10- ئاينىڭ 1- كۈنى شەھەر مۇئەككىلى بۇتخانىسى مۇئەككىلىنىڭ سىرتقا چىقىپ كۆزەت قىلىشى قاتارلىقلار بار. بۇ بۇتخانا سەيلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە چوڭ ئويۇنلار ۋە تېرە قونچاق ئويۇنلىرى ئوينىلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىر قەدەر مۇقىم نومۇرلاردىن تۆرلەر بۇتخانىسىنىڭ «ئېلىپ ئۆلۈۋېلىش»، «چىنە سۇندۇرۇش»، «غىزا بۇلاش»، ۋۇلياڭ بۇتخانىسىنىڭ «چىنغا تامغا بېسىش خاتىرىسى»، دىساڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ «ئوغرىنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇرۇشى»، «ئالۋاستىنىڭ خۇشلۇقى»، لۇبەن بۇتخانىسىنىڭ «قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىشى » قاتارلىقلار بار.

يەنە باركۆل تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان سەنچىڭ بۇتخانا سەيلىسى بار بولۇپ، 6- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 9- كۈنىگىچە، شەھەر- بازار ئاھالىلىرى ئات ، كالا ھارۋىلىرىنى ھەيداپ، ئات، ئېشەك مىنىپ، ئوزۇق تەييارلاپ، ئائىلە ئەزالىرىنى ئېلىپ، داغدۇغا بىلەن بۇتخانا ئالدىغا يىغىلاتتى، ھارۋىلار رەتلىك تىزىلىپ، ئاتلار قاتار باغلانغاچقا، سەييارە بازار بىردىنلا تەييار بولاتتى. قاتار- قاتار چېدىر، كۈنلۈكلەر ھەممە جاينى قاپلايتتى. قۇمۇل، گۇچۇڭ، مورىلارنىڭ سودىگەرلىرىمۇ 100 چاقىرىمدەك ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي كېلىپ، تىجارەت قىلاتتى. بۇتخانا سەيلىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى كۆكۆل ئېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش، ئويۇن كۆرۈش ئىدى. كىشىلەر تاش ئۈستىگە چىقىپ، چىملىقلاردا ئولتۇرۇپ، ئات ھارۋىلاردا ئويۇن كۆرەتتى ۋە ناخشا ئاڭلايتتى.

2) قۇمۇل بۇتخانا سەيلىسى    چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرى، ھەر يىلى قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 4-

ئاينىڭ 8- كۈنى، ئەجدىھا مۇئەككىلى بۇتخانىسىدا بۇتخانا سەيلىسى قىلاتتى، ئويۇن ئوينايتتى، شۇەنتۇڭ 3- يىلىدىكى «كوئېنلون ساياھەت خاتىرىسى» دە، «سودىگەرلەر ئۆز ئىشىنىڭ ئېپىنى ئۆزى قىلاتتى، قەلەمدار، ئەلەمدارلار ئىلاھقا تاۋاپ قىلىپ، نومۇر تەقدىم قىلاتتى، ساياھەتچىلەر ھەممە جاينى قاپلاپ، بىردىنلا ناھىيىتى ئاۋاتچىلىق بولۇپ كېتەتتى»، «ئەجدىھا مۇئەككىلى بۇتخانىسىنىڭ شەرقىي كۆل بويىدا تۆت چاقلىق، ھەرىكەتچان سەھنە ياسىلىپ، ئويۇن قويغاندا، يىراق- يېقىندىكى دېھقانلار ئات مىنىپ، ھارۋا ھەيداپ ئويۇن كۆرگىلى كېلەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

## §4. شىنجاڭ ناخشا - غەزەل ئويۇنى

شىنجاڭدىكى خەنزۇ تىلىدا ئېيتىلىدىغان ناخشا- غەزەل ئويۇنى شەنشى مېيخۇ تىياتىرى بىلەن لەنجۇ دۇمبىقى، چىڭخەي پىڭشۇەن تىياتىرلىرىنىڭ بىرىكىشى بىلەن شىنجاڭدا ئويۇن بولۇپ تارقالغان ھەم خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئېغىز ئاھاڭلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەل ئارىسىدىكى يەرلىك شېۋىسىنى قوللىنىشىدىن شەكىللەنگەن بىر تۈرلۈك ئۆزگىچە شىنجاڭ ئويۇن تۈرى بولۇپ قالدى.

20 – يىللارنىڭ باشلىرىدا ناخشا - غەزەل ئويۇنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن تۇنجى مۇقىم ئويۇن «سەنتوڭغا ئۈچ قېتىم بېرىش» ئوينىلىشى بىلەن جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى، كېيىن شۇي فامىلىلىك ئاكا- ئۇكىلار دۇنخۇاڭدىن كەلگەن بىر تۈركۈم ئادەملەرنى باشلاپ گۇچۇڭغا ئويۇن قويغىلى باردى. ئۇمۇلدىكى ساۋ داگۇ، گۇ جەنيۈەن قاتارلىقلار يەنە بىر ئويۇن گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. 1930- يىللارنىڭ باشلىرىدا، خەلق سەنئەتكارى ما يۈچىڭ، ما يۈچۈەن ئاكا- ئۇكىلار دۇنخۇاڭدىن قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ما يۈچۈەن تاشۋېلىقتا ئولتۇراقلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ ھەم ئۆگىتىپ، تاشۋېلىق ناخشا- غەزەل ئويۇنى گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ناخشا- غەزەل ئويۇنى «تىياتىر سەھنىسى» گە چىقتى. ئەينى چاغدا، ئۇرۇمچىدىن قارا مۇدەن، چېن سۈيخوڭ قاتارلىق سەنئەتكارلار كېلىپ، ئورتاق گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئويۇن قويۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى تەشۋىق قىلىپ، ناخشا- غەزەل ئويۇنىنىڭ قۇمۇلدا ئومۇملىشىشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن تارتىپ تاكى مەملىكەت ئازاد بولغىچە، ياۋ چۈنشى، ما يۈچىڭ قاتارلىقلار ناخشا- غەزەل ئويۇنى گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قۇمۇلنىڭ جاي - جايلىرىدا ئويۇن قويدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ناخشا- غەزەل ئويۇنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا تۆھپە قوشتى. 1958- يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، خادىملار تارقىلىپ، ئىقتىساد يېتىشمىگەنلىك تۈپەيلىدىن، ناخشا- غەزەل ئويۇنى قويۇش پائالىيىتى توختىدى.

1950- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ناخشا- غەزەل ئويۇنى سەنئەتكارى سۇن جىايى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ما يۈچىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر مەزگىل توختاپ قالغان ناخشا- غەزەل ئويۇنى گۇرۇپپىسىنى قايتىدىن تىرىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناخشا- غەزەل ئويۇنى قايتىدىن پەيدا بولۇپ، گۈللىنىشكە باشلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناخشا- غەزەل ئويۇنى يەنە توختىدى. 1980- يىللاردا، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى يەنە ئەسلىگە كەلدى.

20- ئەسىرنىڭ 20 – 80 - يىللىرىغىچە (ئىككى قېتىم 20 يىلغا يېقىن توختاپ قالدى)، قۇمۇلدا رەتلىنىپ ئېيتىلغان ناخشا- غەزەل ئويۇنى 100 گە يېقىن، ناخشا- غەزەل ئويۇنىنىڭ ئورۇنلىنىدىغان ھەم ئاھاڭى، ھەم تېكىستى بارلىرى 86، ئاھاڭى بار تېكىستى يوقلىرى 20. بۇ نومۇرلار خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن، ئاساسلىق نومۇرلاردىن «مېھرىگىياھ ئوغرىلاش»، «بۇزۇلغان كۆزۈرۈك»، «چىن شۆھپىنىڭ ئېرىغا نەسىھەت قىلىشى»، «لى يەنگۈيىنىڭ سۇ سېتىۋېلىشى»، «يولدىكى ئېلىشىش»، «ئەلچىنى قىيىن- قىستاققا ئېلىش»، «قېرىنغا ياشنى ئالماشتۇرۇش»، «جاۋۋۇنياگنىڭ پىپا بۇلىشى»، «لى ياشەننىڭ كۆزگە قادىلىۋېلىپ نەسىھەت قىلىش تەلىماتى»، «ۋۇسۇگىنىڭ يەگگىسىنى ئۆلتۈرۈشى»، «تاشپاقا تېغىغا ساياھەت»، «قۇدىلارنىڭ تۇرۇشۇشى»، «جاڭ لياگىنىڭ رەخت سېتىۋېلىشى»، «موروۇن خوتۇننى دۇمبالاش»، «ئەلچىلىك»، «18 قېتىم سىلاش» قاتارلىقلار بار.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە يىغىۋالغان ھەم ئاھاڭى، ھەم تېكىستى بار ناخشا- غەزەللەرنىڭ مۇزىكا ناملىرىدىن: باشتىن ئاتلاپ ئۆتمەك، ئوردىنى يۇدۇش، شىجىك، ئالتىنچى ئايدىكى گۈل، چوڭ تاش پارچىسى، قويرۇقتىن ئاتلاش، بىر تىزىق قوڭغۇراق قاتارلىق قوڭغۇراق قاتارلىق 36 مۇزىكا نامى بولۇپ، چىڭچياڭ ئەلنەغمىسىنىڭ «36 ماۋۇر»، 72 ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ناخشا- غەزەل ئويۇنىنىڭ مۇزىكا ناملىرى ئاساسەن خەلق قوشىقىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ خەلق قوشاقلىرىنىڭ قونېتىكىسى ئەركىن، يېقىملىق، سىلىق، قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق، راۋان، تەسىرلىك، ئاسان ئۆگەنگىلى، ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان بولۇپ، خەنزۇلار، خۇيزۇلار ياخشى كۆرىدۇ. قۇمۇل ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇندىغانلىرى ناخشا- غەزەللەردىن پارچىلار بولۇپ، يېزىلاردا ئادەتتە ئولتۇرۇپ ئېيتىشنى ئاساس قىلىش، بىر ئادەم يالغۇز ئېيتىش، ئىككى ئادەم ئېيتىشماق قىلىش، نەچچە ئادەم نۆۋەتلىشىپ ئېيتىش قاتارلىقلار. شىنجاڭ ناخشا- غەزەل ئويۇنلىرى قىسقا، پېرسوناژلىرى ئاز بولۇپ، چاقچىلىدە ئەرلەر رولىغا چىققۇچى، ئاياللار رولىغا چىققۇچى، ھەزىلكەش قاتارلىق ئۈچ پېرسوناژىلا بار. تەڭكەش قىلىدىغان چالغۇلاردىن سىخۇ، سەنشۈەن، شۈەيزى (قوڭغۇراق)، ۋازى قاتارلىقلار بار.

# III باب

# خەلق ھۈنەر- سەنئىتى

## §1. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ھۈنەر- سەنئىتى

### 1. قەغەز قىيىقى

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەل ئىچىدىكى قەغەز قىيىقى ( ئويۇقچىلىقى ) ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭلىق. سەنئەت – ھۈنىرى بىر قەۋەت تەكشى يۈزلۈك بەدىئىي ئۈزۈلۈشتىن تېمىسى روشەن مەنزىرىلىك زىننەتلەشكە تەرەققىي قىلغان، ھەجمى 10 نەچچە پارچە چاتما رەسىمگە تەرەققىي قىلغان، ئۇسلۇب جەھەتتە

قەدىمىيلىك بىلەن زامانىۋىلىك ، جۇشقۇنلۇق بىلەن كۆركەم نەپىسلىك ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئادەمگە بىر خىل يېقىملىق، تەبىئىي، ساپ، پاك، ساغلام، گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

ئەل ئارا رەسسامچىلىقى ۋە قەغەز قىيىقىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر،ئىپادىلەش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بىناكارلىق ۋە ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەمدە خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئىپادىلەپلا قالماي، يەنە كۆككا، نەپىس، ئىپتىدائى ، تاغ- دەريا مەنزىرىلىرىنى، ئادەم، گۈل- گىيا، ئۇچارقۇش قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، جەلپ قىلارلىقى كۈچلۈك. ئەل ئارا رەسسامچىلىقى، قەغەز قىيىقى يېزا-دېھقان تۇرمۇشىدىن كەلگەچكە، ساددا، رومانتىك، جانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر روشەن ئىپادىلەنگەن . ئەمەلىي تەسۋىرچانلىقى كۈچلۈك، سەھرا پۇرىقى ۋە تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى قويۇق.

1980- يىللاردا ، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى، راھەتباغ، پالۋانتۇر، قارادۆۋە يېزىلىرىدا ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ باي يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا 10 نەچچە قارار دېھقانلار قەغەز قىيىقىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 200 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، 200 پارچىدىن ئارتۇق قەغەز قىيىق ئەسىرى ئىجاد قىلىندى. مۇشۇ ئاساستا 1987- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى قۇمۇل تۇنجى قېتىملىق دېھقانلار رەسساملىق قەغەز قىيىقى كۆرگەزمىسى ئاچتى. 1991- يىل 6-، 7- ئايلاردا، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىگەندە، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى يەنە بىر قېتىم 100 پارچىغا يېقىن مۇنەۋۋەر رەسىم ۋە قەغەز قىيىقى ئەسەرلىرىنى تاللاپ، ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىدا كۆرگەزمە قىلدى ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالىدى. كېيىن يەنە 20 نەچچە پارچە قەغەز قىيىقى ئەسىرى جۇڭگو فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق قەغەز قىيىقى بىرلەشمىسى، جۇڭگو مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش مەركىزى بېيجىڭدىكى «ھازىرقى زامان گۈزەل سەنئەت سارىيى» غا ئەۋەتىپ، جۇڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئەل ئارا قەغەز قىيىقى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇردى.

2. ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى

1) كەشتىچىلىك

(1) دوپپا دوپپا كۆپىنچىسى يۇمىلاق ۋە قۇببىسىمان چوققىلىق، تۆپىسى يايپاگراق بولىدۇ. ئۇ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە، تۈرى كۆپ، ھۈنەر- سەنئىتى نەپىس، ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماي، ئۇرۇق- تۇغقان ۋە يار- بۇرادەرلەر ئارا تەقدىم قىلىدىغان ئېسىل سوۋغات بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ، بەزىدە ئۇي ياساشتا تىزىپ قويىدىغان زىننەت بۇيۇمىمۇ قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ھېيت- بايراملاردا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى يوقلىغاندا، يار- بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە،ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك دوپپا كىيىدۇ.

(2) ياستۇق ياستۇق دۈگىلەك تۆت چاسا بولىدۇ، ئىككى بېشىغا ياستۇق بېشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ياستۇق بېشى ھەر خىل تاۋار- دۇردۇن، كىمخاپ دۇخاۋا، تاۋاردىن ياسىلىپ، قارا مەخمەل بىلەن جىيەك تۇتۇلىدۇ، ئۈستىگە مۇدەنگۈل، چۆغلۇق، نىلۇپەر، ئانار، جۇخارگۈل قاتارلىقلار كەشتىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ياستۇقلارنى كۆپىنچە ھوجرىنىڭ تام ئىشكابىغا، كارىۋاتقا، يوتقان ئۈستىگە تىزىدۇ. گۈل كەشتىلەنگەن تەرىپى تېشىغا قارىتىلىپ تىزىلغاچقا، باراقسان ئېچىلغان گۈللەردەك ناھايىتى كاتتا كۆرۈنىدۇ.

(3) كىيىم - كېچەك قەدىمكى ئاياللارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىدىن نىمچە، قىسقا كەمزۇل، قويۇنلۇق چاپان، پەشمەت قاتارلىقلار بار. تەڭ پەشلىك چاپان (ئالدى پەش ئوچۇق)، چوڭ پەش چاپان (ئوڭ تەرەپتىن ئېچىلىدۇ)، بولارنىڭ يەڭ ئۇچى، ياقا ئەتراپى، ئالدى پەش، چوڭ پەشلىرىگە شىدار ئۇچ- تۆت قۇر گۈللۈك جىيەك تۇتۇلىدۇ.

2) كۆندىلىك ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرى

(1) گۈللۈك ياغاچ ساندۇق

a. چۈرىسى زىننەتلەنگەن ياغاچ ساندۇق: ھەر خىل رەڭدىكى تۈنىكە قىيىقچىلىرى، ھەر خىل رەڭدە سىرلانغان ساندۇقلار ئۈستىگە تور شەكىللىك، چاسا سىزىقچە شەكىللىك ياكى رومبا شەكىللىك سىزىقچە قىلىپ مىخلىنىدۇ.

b. رەڭدار گۈللۈك ياغاچ ساندۇق: ساندۇق ھەر خىل رەڭدە بويىلىپ ياكى سىرلىنىپ، ئاندىن دەل ئوتتۇرىسى ياكى ئىككى تەرىپىگە گۈل سىۈرىتى ھەم ھەر خىل گۈللەر سىزىلىدۇ. سىزىلغان گۈللەر كۆپىنچە مۇدەنگۈل، چوغلۇق، نىلۇپەر، جۇخارگۈل، ئەتىرگۈل قاتارلىقلار بولىدۇ.

c. نەقىشلەنگەن ياغاچ ساندۇق: بۇنىڭدا گۈل نەقىشلەر بىۋاسىتە ياغاچ ساندۇققا ئويۇلىدۇ. ئىشلەنگەن نەقىشلەر، گۈللەر كۆپىنچە گېئومېتىرىيىلىك سىزىقچىلار، چەيىنەك، گۈل- غۇنچە، كوزا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(2) گۈللۈك ئىشكاپ

a. كاڭ ئىشكاپى: كاڭ ئىشكاپى تۆت چاسا بولۇپ، رەڭلىك سىزىلىق ۋە ئويما گۈللۈك بولىدۇ، كاڭغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە يوتقان- كۆرپە ياستۇق قاتارلىقلار تىزىلىدۇ. ئىشكاپ ئىچىگە بويۇم- تۈگۈنچەكلەر قويىلىدۇ.

b. ئىشكاپ: رەڭلىك سىزىلىق ۋە ئويما گۈللۈك بولۇپ، قاچا- قۇچا، ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرىنى تىزىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

c. ياغاچ كارىۋات ۋە تۆمۈر كارىۋات: ياغاچ كارىۋاتنىڭ بېشىغا كۆپىنچە ھەر خىل گۈللۈك نەقىشلەر ئويۇلىدۇ، كارىۋات پۇتى كۆپىنچە قىرغۇدا قىرىلىپ، ئايلانما شەكىللىك ياسىلىدۇ. تۆمۈر كارىۋاتنىڭ بېشىغىمۇ پولات چىۋىقتىن ھەر خىل گۈللۈك نەقىشلەر ياسىلىدۇ.

(3) زىننەت بۇيۇملىرى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئالتۇن، كۈمۈش، بىلەزۈك، زەنجىر قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا يەرلىك زەرگەرلەر ھالقىلارنى ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى بىرلەشتۈرۈپ زىننەتلەپ، كۆركەم، يارشىملىق ياسايدۇ. بىلەزۈك كۆپىنچە ئالتۇن كۈمۈشتىن ياسىلىدۇ، قاشتېشىدىن ياسالغانلىرىمۇ بار.

(4) بۆشۈك بۆشۈك بوۋاقلارنى بۆلەش ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلەنگەن،بوۋاقنىڭ چوڭ- كىچىك تەرىتىنى ئەپچىللىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىش ھۈنىرى ئىشلىتىلگەن ، تەۋرەتكىلى بولىدىغان كارىۋات. بۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى 60 نەچچە سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۆشۈك لايىھىلىنىشى نەپىس، ياسىلىشى ئېسىل بىر تۈرلۈك ھۈنەر- سەنئەت مۇجەسسەملەشكەن بۇيۇمدۇر. بۆشۈكنىڭ يان تەرىپى ۋە بۆشۈك پۇتلىرىغا چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان يۇمىلاق شەكىللىك نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ، نەقىشلەرگە قىزىل، يېشىل، قارا، كۆك، سېرىق قاتارلىق سىرلار بېرىلىدۇ. بۆشۈكنىڭ ئىككى بېشى يايسىمان شەكىلدە ئەگمە قىلىپ چېتىلغان بولۇپ، ئۇنى ئىككى يانغا تەۋرەتكىلى بولىدۇ. بۆشۈكنىڭ ئىككى بېشى نەقىش ئويۇلغان ياغاچ دەستىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەستىسىنى تۇتۇپ كۆتۈرسىلا بۆشۈكنىڭ ئورنىنى يۆتكىگىلى بولىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈندە بۆشۈككەسالغانلىق مۇراسىم كۈنى( بۆشۈك توي) ئۆتكۈزۈلىدۇ.

3. ئويمىچىلىق، نەققاشلىق

1) ئويمىچىلىق قومۇل ۋاڭ ئوردىسى، ئالتۇنلۇق ۋە ھېيتگاھ مەسچىتى ئىچىدە ۋە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ مېھمانخانە ھوجرا تۈۋرۈكلىرىدىمۇ تۈرلۈك نەپىس نەقىشلەر بار.

2) نەققاشلىق ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قورۇلۇشى رەڭلىك نەقىشلەنگەن، ئالتۇنلۇقتىدىكى گۈمبەزنىڭ سىرتىدىكى ئاق كاھىشقا قوتلۇق كۆك رەڭلىك نەقىش بېرىلگەن، ئىچكى قىسمىنىڭ قوببىسىگە قوتلۇق كۆك رەڭلىك توپلىما گۈل سىزىلغان؛ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ يۇمىلاق تۈۋرۈكىگە بۇلۇت شەكىل، 卐 خېتى، رومبا شەكىللىك نەقىشلەر ئويۇلغان؛

تۆت ئەتراپىدىكى تامدا چاقماق، ئەگمە، ياي شەكىللىك ئويمىلار ئويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە ئەرەبچە ھەدىسلەر يېزىلغان.

## §2. قازاقلارنىڭ ئەل ئارا ھۈنەر- سەنئىتى

قازاقلارنىڭ ئەل ئارا نەققاشلىقى ئادەتتە تۈرلۈك جابدۇقلارنى بېزەشكە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قازاقلارنىڭ يېمەك- ئىچمەك، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان قالپاق، نىقاب، رومال، زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم- كېچەك، بەلۋاغ، خەنجەر، قازان- قومۇش، ئوچاق بېشى ئەسۋابلىرى، خۇرجۇن، ساندۇق قېپى، سېلىنچا، كارىۋات ئىشكاپى، ئېگەر، مارۋا جابدۇقلىرى، چىملداق، پەردە، كىگىز، تامغا ئىشلىتىدىغان سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە كىگىز ئۆي قاتارلىقلار ھەم باقمىچىلىق، سېغىن قاتارلىق ئەمگەك سايمانلىرى بېزىلىدۇ. كىشىلەر ھەر خىل ئەل ئارا ھۈنەر- سەنئەت شەكىللىرىنى قوللىنىپ، قورال- سايمانلارغا ھەر خىل كەشتىلەش، توقۇش، شىرىش، رەسىم سىزىش، ئويۇش، نەقىش سېلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىدۇ، يىللار داۋامىدا رەڭدار، مىللىيچە نەقىشلەرنى ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىدۇ. بۇ سايمانلار بىر تەرەپتىن ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناھايىتى يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ھۈنەر- سەنئەت بۇيۇملىرىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار قازاق خەلقىنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

قازاق نەققاشلىقىنىڭ گۈل سىزىقچە نۇسخا ماتېرىياللىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە، كۆپىنچىسى چارۋىچىلىق رايونلىرى يايلاقلىرىدىكى ھەر خىل گۈل- گىياھلار، ئۇچارقۇش، ھايۋانلار، بېلىق، رەڭدار كېپىنەكلەر، يۇلتۇز، ئاي، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت قاتارلىقلاردۇر. بۇلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تەبىئىي ھادىسىلەر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىشى، ھۈنەر- سەنئەت بويىچە ئىشلىشى ئارقىلىق بېزەك نەققاشلىقتا قايتا ئايان بولۇپ، خىلمۇ خىل ھالەتلەرنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىك ئىپادىلەيدۇ. گۈل نەقىشنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەم ئوت- چۆپ، ياۋا گۈللەر ھەم مودەنگۈل، ئەتىرگۈللەر بار. بۇلار ياكى گۈزەللىك تالىشۋاتقان، ياكى غۇنچىدىن ئېچىلىش ھالىتىدە تۇرغان، ياكى شاخ- ياپراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، ياكى بىر- بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بولۇپ، گۈل سىزىقلىرى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. نەقىشنىڭ لايىھىلىنىش تەسەۋۋۇرى، ياساش ھۈنەر- سەنئىتىدە نۇرغۇن ئۆزگىچە خاس جايلىرى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ بېزەك سىزىقچىلىرىنىڭ ئەپچىللىك بىلەن قوللىنىلىشى ئادەمنى ئۆزگىچە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

قازاقلاردىكى ھەر خىل نەقىشلەرنى لايىھىلەش ۋە ھۈنەر- سەنئەتنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەل ئارىسىدىكى داڭلىق چېۋەر ئۇستاملار، يەنە كېلىپ زور كۆپچىلىكى تاغ، جىلغىلاردىكى ئاددىي ئەمگەكچى ئاياللار. ئۇلار ھەقىقىي نامسىز «خەلق سەنئەتكارلىرى». كۆپ ساندىكى قازاق ئاياللىرىنىڭ نەقىش سىزىدىغان ھۈنىرى بار. ئۇلار كىچىكىدىن ئاپىسىنىڭ يېنىدا يۇڭ قىرقىش، پەتلى قىلىش، يىپ ئېگىرىش، گۈل كەشتىلەشنى ئۆگىنىدۇ. چوڭ بولغاندا يەنە دائىم مال بېقىش، يايلاق كۆچۈش جەريانىدا، يېنىدا كەشتىچىلىك ماتېرىياللىرى، ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ يۈرۈپ، بارغان يېرىدە كەشتىچىلىك قىلىدۇ. ھەر قېتىم ھېيت، توي- تۆكۈن، تەنتەنىلىك مۇراسىم ياكى ئۇرۇق- تۇغقان، يار- بۇرادەرلىرىنىڭ يېڭى كىگىز ئۆيى پۈتكەن چاغلاردا، ئاياللار ئىنچىكىلىك بىلەن كەشتىلەنگەن مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىپ، جابدۇلغان ئارغىماقلىرىنى مىنىپ، يايلاقلاردا قامچىلىرىنى ئوينىتىپ ئۇچقاندەك چېپىپ، تەبرىكلەش مۇراسىمى ياكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ھەر قايسىسىنىڭ مىنگەن ئاتلىرى نوقتىسى، چۇلۋۇرى، ئېگىرىدىن تارتىپ ئۈزەڭگە، ئېگەر كۆرپىسى، قامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەقىش بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارا كۆرەك قىلىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ.

قازاق قىزلىرى ۋە ئاياللىرى شىرداق، پەردە، ئىشىك پەردىسى، ياستۇق قېپى، قالپاق ۋە كىيىملەرنىڭ ياقا، يەڭ

ئۈچى، ئالدى پەش، ئېتەكلىرىگە گۈللەرنى ۋە نەقىشلەرنى كەشتىلەيدۇ. يەنە كانۋا تىكىش، قىيىقچە، ئورناتما گۈل، باسما گۈل، چاپلىما گۈل قاتارلىق كەشتىلەش ئۇسۇللىرى بار. يەنە كۈندىلىك مۇنەر- سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ. ئاساسلىقى شىرداق بېسىش بولۇپ، ئالدى بىلەن يۇڭ ئېتىلىدۇ. چالا ئىشلەنگەن مەمۇلات قىيىقچە قىلىنىپ ئۇلاپ چاپلىنىپ، سۇ پۈركۈپ بېسىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈل سىزىقچىلىرى كۆپىنچە گېئومېتىرىيىلىك سىزىقچە (مەسىلەن، كرېست، ئەگرى تۈز سىزىق، خۇيزۇلارنىڭ گۈل سىزىقچىلىرى) ۋە ئوت- چۆپ سىزىقچىلىرىدەك بولىدۇ (مەسىلەن، تۆت ياپراقلىق گۈل، سەككىز ياپراقلىق گۈل ۋە ھەر خىل ئۇششاق ئوت- چۆپ، گۈل- گىياھ قاتارلىقلار)؛ تەكىناۋات ئاق كىگىز ئۈستىگە رەڭلىك قېلىپتا بېسىلىپ ياسىلىدۇ. تەگلىكى كىچىك چوتكا بىلەن بويىلىدۇ، ئۇنىڭ سىزىقچىلىرىمۇ كۆپىنچە گېئومېتىرىيىلىك سىزىقچە ھەم ئۇششاق گۈللەردۇر. شىرداق كۆپىنچە قازاق چارۋىچىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قىزىل، سېرىق، يېشىل، قارا قاتارلىق رەخت ۋە رەڭلەنگەن نېپىز كىگىزنى قوي، كالا، بۇغا مۈڭگۈزلىرى ياكى ھەر خىل دەرەخ شاخلىرى كىگىزنىڭ تۆت ئەتراپى ھەم مەركىزىگە تىكىپ ياسىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ماشىنىدا تىكىلگەن كىگىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، باسما گۈللۈك كىگىزلەر كۆپ كۆرۈلمەيدىغان بولدى. پەقەت شىرداق قازاق چارۋىچىلاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

# IV باب

## ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرى

### §1. ئەدەبىيات- سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئويۇنلىرى

**1. قويۇلغان ئويۇنلار**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 40- يىلى (1775- يىلى) دىلا، قۇمۇلدا چىڭچياڭ تىياتىرى گۇرۇپپىلىرى ئويۇن قويدى.

چىڭ سۇلالىسى جياچىڭ يىللىرىدا، «دېشېڭ گۇرۇپپىسى» نىڭ تىياتىر پائالىيەتلىرى بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىغا كەلگەندە، «دېشېڭ تىياتىر گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىنىپ، ئاساسلىقى چىڭچياڭ تىياتىرى ئوينىدى.

گۇاڭشۈ 2- يىلى (1876- يىلى) دىن كېيىن، خۇنەن ئەسكەرلىرىنىڭ باركۆلگە كىرىشىگە ئەگىشىپ، خۇنەننىڭ گۈللۈك دۇمباق تىياتىرى باركۆلگە تارقالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، قەمەرىيە 1- ئاينىڭ 15- كۈنى، باركۆلدىكى لياڭ جۇ بۇتخانىسى، زېمىن بۇتخانىسى ۋۇسكا ئېيسىپ، تىرە قورچاق ئويۇنى قويدى، رەسسام جۇ خەنجاڭ تېرە قورچاق ياسىدى ھەم ئۇنى باشقۇرۇپ ئويۇن قويدى. گو جاۋتەي ناخشا ئېيتىپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، لەنجۇدىكى بىر تىياتىر گۇرۇپپىسى قۇمۇلغا كېلىپ ئويۇن قويىدى. تاماشىبىنلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئېيتقان چىن زىيۇگە «لەنجۇ چىلىنى»، ما زىجۇنگە «قۇمۇل قوغۇنى» دەپ ئەدەبىي نام بەردى.

باركۆللۈكلەر ياغاچ قورچاق تىياتىرىنى «نىگۇەنزى تىياتىرى» دەپ ئاتىدى. مىنگونىڭ 10- يىلى (1921- يىلى)، ئىچكىرىدىن باركۆلگە ئېقىپ كەلگەن دېھقانلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر، يېزا بۇتخانىلىرىدا ئويۇن قويىدى.

مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى)، قۇمۇلدىكى بىر قىسىم چىڭچياڭ تىياتىرى ھەۋەسكارلىرى تىياتىر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئويۇن قويۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى تەدرىجىي گۈللىنىپ، كوممۇنىست جاڭ دۇگيۇ قاتارلىقلارنىڭ زور كۈچ ئارقىلىق تەشەببۇس قىلىشى بىلەن پائالىيەتلەر تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە ئوركېستىرلار ئۇيغۇر دراممىسى «غۇنچەم» ۋە «زەينەپنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىشى»، «غېرىپ- سەنەم»، «رابىيە- سەئدىن» قاتارلىق تىياتىرلارنى ئورۇندىدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، ئاراتۈرۈك توخۇلۇ(شار تۆپلەر) يېزىلىق ئۇيغۇر ئاممىۋى ئەدەبىيات- سەنئەت ئەترىتى ناخشا- ئۇسسۇللۇق كونسېرت ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دراما «شاگىخەي كېچىسى»، «كۆرەش قىزى» قاتارلىقلارنى ئوينىدى.

مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، ماۋدۈن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلار ئىچكىرىدىن ئۇرۇمچىگە بېرىش سەپىرىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، قۇمۇل رايونىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى لىيۇ شىپىڭ مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇرچە ناخشا- ئۇسسۇل قويىدى. شۇ يىلى «7- ئىيۇل» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنىدە، قۇمۇلنىڭ ھاكىمى چېن فاگبەي كېچىلىك ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇرۇمچىگە بېرىشتا قۇمۇلدىن ئۆتكەن جاۋدەن، شۇ تاۋ، ۋاڭ ۋېيپى، جۇ جىنىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلدى ھەم جاۋدەننى «پارتىزانلار ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، قۇمۇل «ئىجتىمائىي ئىشتىن سىرتقى دراما ئۆمىكى»، «ياشلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تىياتىر ئۆمىكى»، «ئۆسمۈرلەر ئۆمىكى» قاتارلىقلار «لۇگوچياۋ ئۇرۇشى»، «قامچاگىنى تاشلا»، «قانات تاقاپ ئۇچۇش» قاتارلىق كوچا تىياتىرى ۋە چوڭ تىپتىكى دراما «سۇمرۇغ شەھىرى»، «ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇز»، «كۆرەش»، «يۇرت» قاتارلىقلارنى قويىدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدىكى خەنزۇ ئەدەبىياتچىلار ئۇيۇشمىسى ناھىيە بازىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، «قارام باتۇر» دراممىسىنى تۇنجى قېتىم رېپىتىس قىلدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىرلىشىپ بىرنەچچە دراما ئوينىدى.

مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) باركۆلدە ئوينالغان چىڭچياڭ تىياتىرىدىن «تاشپاقا تېغىغا ساياھەت»، «چىن شىاگلىيەن»، «پاسسەلېرا قېتىدا ئۆتكۈزمەك»، «چىنىغا تامغا بېسىش خاتىرىسى»، «رەھقا چوقۇنۇش»، «تيەنمېن سىپى»، «ۋۇيۇەننىڭ دۆلىتىدىن قېچىشى»، «سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پالما يوپۇرمىقىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچنى ئۈچ قېتىم ئوغرىلىشى» قاتارلىقلار بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949- يىل 10- ئاينىڭ 13- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1- بىڭتۇەننى 2- جۈنى قۇمۇل كوناشەھەر جۇڭشەن زالىدا ئارمىيە- خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش مۇراسىمى ئۇيۇشتۇردى. 2- جۈننىڭ پىڭجۇي تىياتىرى ئۆمىكى «قىزىل ئاياللار»، «توققۇز قىز كىيىم» قاتارلىقلارنى ئورۇندىدى، 25- كۈنىدىن باشلاپ، 2- جۈن 5- شىسى جەڭ سادادىسى ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى پىڭجۇي تىياتىرى ئەترىتى «لىيۇ خۇلەن»، «قانلىق

قىساس» قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى. ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىغا قاراشلىق «پامىر ئۆمىكى» كوناشەھەر جۇڭشەن زالىدا جىڭجۈي تىياتىرى «سىجىنشى» نى قويدى.

1950- يىلى يازدا، ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىدىكى مۇئاۋىن يېڭجاڭ خۇ چىڭشەن باشچىلىقىدىكى قەھرىمانلار كوللېكتىپىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16- شىسىنىڭ ناخشا- ئۇسسۇل ئەترىتى لىۋ شياۋۋۇ ئىجاد قىلغان چوڭ تىپتىكى دراما «ئاراتۇرۇكنىڭ 40 كۈنى» نى ئوينىدى. يەنە دراما «ئىدىيىۋى مەسىلە» نى ئوينىدى.

شۇ جايدا تۇرۇشلۇق 16 شىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى 1950- يىلىدىن باشلاپ ئوينىغان ئويۇنلاردىن «خېيبېي باگزى»، «قانلىق قىساس»، پىڭ (جىڭ) تىياتىرى «لياڭشەنگە چىقىشقا مەجبۇر بولۇش»، ئوپېرا «ئاق چاچلىق قىز»، «چيېي دەرياسى»، «لىۋ خۇلەن»، «ۋاڭ شيۇلەن»، ياڭگېر تىياتىرى «ئەر-خوتۇننىڭ ساۋات چىقىرىشى»، «ئاكا-سىڭىللارنىڭ بوز يەر ئېچىشى» قاتارلىقلار بار. 1951- يىل 5- ئايدا، تۈرۈكتىكى قىزىلبۆلەتۈز ئۆستەڭنى ياساۋاتقان قىسىمغا «تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەتنى يىمىرىش» نى قويۇپ بەردى. 1953- يىلى كۈزدە، لاپچۇقتا «ئاق چاچلىق قىز» نى قويدى. ئۇلار ئىجاد قىلغان ئۇسسۇل «قىزىلبۆلەتۈز ئۆستەڭگە مەدھىيە» شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىدە 3- دەرىجىلىك ئۇسسۇل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1951- يىل 3- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈننىڭ تەشۋىقات ئەترىتى بۆيرۈققا بىنائەن قۇمۇلدا ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرىنى قورشاپ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان 16- شى قىسمىدىن ھال سوراپ، «يۇفۇشەن»، «جۇجياجۋاڭغا ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىش»، «يولۋاس ھىيلىسى»، «لياڭشەنگە چىقىشقا مەجبۇرلاش»، «ۋۇدالاڭنىڭ ئۆلىمى»، «قىزىل ئاياللار»، «جياڭ شياڭخې» ۋە جىڭجياڭ ھازىرقى زامان تىياتىرى «قانلىق قىساس»، «نامراتلارنىڭ ئاداۋىتى»، «قەسەم» قاتارلىقلارنى قويدى.

1954- يىلى، 16- شى سەنئەت ئۆمىكى (قىزىلبۆلەتۈز ئۆمىكى) 1956- يىلغىچە قىسىملاردا ۋە ئامما ئارىسىدا ئويۇن قويدى. 1954- يىلىدىن كېيىن، قىزىلبۆلەتۈز ئۆمىكى نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىشنى مەزمۇن قىلغان مېيخۇ ھازىرقى زامان تىياتىرى «لياڭ چيۇيۈەن»، ئوتتۇرا تىپتىكى مېيخۇ ھازىرقى زامان تىياتىرى «تاغ سۇلىرى»، مېيخۇ ئەنئەنىۋى تىياتىرى «جۇجياگىدىكى ناخشىچى قىز» قاتارلىقلارنى ئوينىدى. قىزىلبۆلەتۈز ئۆمىكىنىڭ قۇمۇلدا قويغان نومۇرلىرىدىن «دايۇنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى»، «شىنلىڭ بەگزادىسى»، «تىنچلىق ئەلچىسى»، «گومىنيۇنىڭ ئۆلۈمى»، «ۋەتەنگە قايتىپ كېلىڭ»، «داسىڭ قەسىرى»، «خۇاڭچياۋ قوزغىلىڭى»، «سىجىنشى»، «جىنجىنى دومبالاش»، «لىن ئوگىنى قوتقۇزۇش»، «ماجاۋدىكى كېچىلىك جەڭ»، «قېيىق يوشۇرۇش»، «پەرىشتە ئوتنى ئوغرىلاش»، «كىچىك راھىبە»، «قاشتېشى بىلەزۈك تېپىۋېلىش» ھەمدە چوڭ تىپتىكى نومۇرلاردىن «ئاق ئىلان ھەققىدە رىۋايەت»، «جۇنشياڭ ھەققىدە رىۋايەت»، «چۇيۈەن»، «مۇھۆر بېسىش» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق نومۇرنى قويدى.

1950 — 1956- يىلغىچە، ۋىلايەتلىك پىڭجۈي تىياتىرى ئۆمىكى ئوينىغان نومۇرلاردىن ئەنئەنىۋى پىڭجۈي تىياتىرى «گۇللۈك قېيىققا نەزەر»، «ياۋخۇا كەپىسى»، «يىخەيدىكى ئۈچ- ئاداۋەت» قاتارلىقلاردىن باشقا، نىكاھ قانۇنى تەشۋىقاتىغا ماسلىشىپ، ھازىرقى زامان تىياتىرى «كىچىك كۈيئوغۇل»، «لىۋ چياۋئېر»، «شياۋ ئېرخېينىڭ تويلىنىشى» قاتارلىقلارنى ئوينىدى. 1957- يىلى، ئاساسلىق ئوينىغان نومۇرلىرىدىن «خۇجياۋنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى»، «شىسەنبې»، «جەم بولغاندىن كېيىن»، «تاڭ بوخۇنىڭ چيۇشياڭنى ئۈچ قېتىم تەلەپ قىلىشى»، «چياۋتەيشۇنىڭ قوشماقلار شەجەرىسىنى قالايمىقان تەلەپ قىلىشى»، «چىلمىندەي» قاتارلىقلار بار.

1959- يىل 10- ئايدىن كېيىن، باركۆل ناھىيىلىك چىنچياڭ تىياتىرى ئۆمىكى ئورۇندىغان نومۇرلاردىن «چاڭ بەنبو»، قىسقارتىلمىغان ئوپېرا «زىمىي دېلوسى»، «قىساس»، «چىنىغا تامغا بېسىش خاتىرىسى»، «ياڭجۇدىكى شىددەتلىك ئوت»، «پەن لىخۋانى ئۈچ تالاق قىلىش»، «جۇلۇگىلىڭ»، «قەسىردىكى ئېلىشىش»، «بېلىق قوغلاش»،

«ئونبەش تېزنىق يارماق» قاتارلىقلار بار. 1960- يىلى ئوينىغان يېڭى نومۇرلاردىن «تاڭ ئامبالنىڭ سوت قىلىشى»، «شىخۇغا ساياھەت»، «شۈيجۇغا قايتىش»، «شۇاڭ لوسەي» قاتارلىقلار بار. 1961- يىلى تەييارلىغان نومۇرلاردىن «تيەنخېيبېي»، «خاۋتيەنتا»، «ئالتۇن ساھىل»، «نىڭگونى بۆسۈش» قاتارلىقلار بار. 1962- يىلى ئوينىغان نومۇرلاردىن «ھايات- مامات تەمتىنكى»، «ۋۈدىيەنپو» ۋە ھازىرقى زامان تىياتىرى «بۇركۇت تاغدىكى باھار»، «ئىككى قوگغىۋراق»، «كوپېراتىپ باشلىقنىڭ قىزى» قاتارلىقلار بار. 1963- يىلى ئوينىغان نومۇرلاردىن «شاھزادىنى مولۇنغا ئالماشتۇرۇۋېتىش» ھەمدە ھازىرقى زامان تىياتىرى «ئارخات پۇلى»، «قانلىق قىساس» ۋە ئۆزلىرى تۈزگەن نومۇرلاردىن ھازىرقى زامان چىڭچياڭ تىياتىرى «لىبي فېڭ»، «تەگرىتاغ ئېتىكىدە» قاتارلىقلار بار.

1960- يىلى قىش پەسلىدىن باشلاپ، ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى يۆجۈي تىياتىرى ئۆمىكى ئورۇندىغان نومۇرلاردىن «راھىبخانىدا ئانىسىنى تونۇش»، «سىممىنى ئۆلتۈرۈش»، «ليۇ خەينىڭ كاۋچۇك چېپىشى» قاتارلىقلار ۋە چوڭ تېپتىكى نومۇرلاردىن «بورىغا ئوراش»، «شاپائەت- قىساس»، «مۇ گۈيىڭنىڭ قوماندانلىق قىلىشى»، «تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش»، «ئۈچ مۇقەددەس ئانا»، «لوياڭ كۆۋرۈكى»، «تاۋخۇا ئىبادەتخانىسى» قاتارلىقلار بار.

1960 – 1962- يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك پىڭجۈي تىياتىرى ئۆمىكى قويغان نومۇرلاردىن «ئايغا تاۋاپ قىلىش خاتىرىسى»، «گۈلنى ئەلچى قىلىش»، «ئاق ئىلان ھەققىدە رىۋايەت»، «شىشياڭ خاتىرىسى»، «جاڭ يۈنىڭ دېڭىزنى قاينىتىشى»، «دياۋچيەن»، «چياۋ تەيشۈنىڭ قوشماقلار شەجەرىسىنى قالايمىقان تەلەپ قىلىشى»، «خوڭ لۈەنشى»، «شىخۇغا سايائەت»، «ۋاڭ گوگياۋنىڭ گۆرۈخانا ئارىيەت ئېلىشى»، «زۇمرەت قوشۇق»، «جەم بولغاندىن كېيىن»، «خۇجياۋنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى»، «تاڭ بوخۇنىڭ چيۇشياڭنى ئۈچ قېتىم تەلەپ قىلىشى»، «شىسەنبېي»، «15 تېزنىق يارماق»، «ياڭ باجېنىڭ باھار سەيلىسى» قاتارلىقلار بار؛ ھازىرقى زامان تىياتىر نومۇرلىرىدىن «ئاققوتان»، «پارتىيە قىزى»، «تاغلىق شەھەردىكى يەتتىنچى نومۇرلۇق ئايال جاسۇس» قاتارلىقلار بار. 1962- يىل 6- ئايدا، ھازىرقى زامان تىياتىرىدىن «رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدىكى قاراۋۇل»، «تامغىنى تارتىۋېلىش» ۋە «ئورۇندۇقنى سوتلاش» قاتارلىقلارنى ئوينىدى. 1965- يىلى، ھازىرقى زامان تىياتىرى «قەدىمىي شەھەردىكى كۈرەش»، «جياڭ جې»، «جەنۇبتىكى شىددەتلىك يالقۇن»، «قۇياشقا تەلپۈنگەن دۇكان»، «مىلتىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بېرىش خاتىرىسى»، «قوش سوۋغا بېرىش»، «ئېشەك قوغلاش»، «ياڭ سەنجېنىڭ ئەرز قىلىشى» قاتارلىقلارنى ئوينىدى. 1978- يىلى، پىڭجۈي ئەنئەنىۋى تىياتىرى «گۈلنى ئەلچى قىلىش» ۋە ھازىرقى زامان تىياتىرى «سۇ كېچىكى» قاتارلىقلارنى قويدى.

1962- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىڭجۈي تىياتىرى ئۆمىكىنىڭ جىڭجۈي ئەترىتى «ۋېن جاۋگۈەن»، «چايخانا ئېچىش»، «ئات ھارۋىسىنى ئوغرىلاش» قاتارلىقلارنى قويدى. ئەينى چاغدىكى نومۇرلاردىن «قەھرىمانلار ئۆچرىشىشى»، «شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىش»، «قومۇشلۇق كۆل»، «گەنلۇ بۇتخانىسى»، «يۈگويۈەن»، «خان تونىنى دۇمبالاش»، «ئەلچى يۇتاگچۇن»، «دايىگجېلى»، «لىكۈينىڭ ئانىسىنى يوقلىشى»، «جۇجياجۋاڭغا ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىش»، «ۋاڭ جياڭ راۋنقى»، «ئالتۇن تاشپاقىنى ئېتىش»، «باجېن شورپىسى»، «مولەننىڭ ئەسكەر بولۇشى»، «خوگنى قوۋۇقى»، «ميۇكېجەي»، «خوگجۇنى بۆسۈش»، «تيەنمېن سېپى»، «تورۇق ئات»، «جېۋڭ كۈيىنىڭ سىگلىسىنى ياتلىق قىلىشى» قاتارلىقلار بار.

1963- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكى ئوپېرا «3- مارت» نى ئوينىدى.

1964- يىل 4- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى لو رۈيچىڭ شىنجاڭغا چېگرانى كۆزدىن كەچۈرگىلى كېلىپ قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، ۋىلايەتلىك پىڭجۈي تىياتىرى ئۆمىكى بىلەن قىزىليۇلتۇز ئۆمىكى پىڭجۈي تىياتىرخانىسىدا قارشى ئېلىش ئويۇنى قويدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شتاب باشلىقى لورۈيچىڭ سەھنىگە چىقىپ، ئارتىسلارغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئويۇننىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، كىچىك تىپتىكى ناخشا- ئۇسسۇلنى ئاساس قىلىپ،

چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇرچە تىياتىر، ئۇسسۇللۇق دراما، درامىدىن 16 نى ئوينىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن نومۇرلاردىن ئۈچى، ئارىيەلەردىن ئۈچى بار. 1969- يىل 8- ئايدا، ھازىرقى زامان جىڭجۇي تىياتىرى «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش»، «شاجىاباڭ» لارنى ئوينىدى. 1970- يىلى، «قىزىل چىراغ» نى ئوينىدى. 1971- يىلىدىن باشلاپ، ھازىرقى زامان جىڭجۇي تىياتىر نومۇرلىرىنى سەييارە قويدى. 1972- يىلى، ھازىرقى زامان جىڭجۇي تىياتىرى «دېڭىز پورتى»، «دۇجۈەن تېغى»، «لوڭجياڭغا مەدھىيە» لەرنى ئوينىدى. 1978- يىلى، «ئەجدىھا قەسرىنى قالايمىقان قىلىش» ۋە «شەرق شاملىدىن پايدىلىنىش» نى قويدى.

1978- يىلى، ۋىلايەتلىك ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى زۇنۇن قادىر ئىجاد قىلغان چوڭ تىپتىكى دراما «غۇنچەم» نى ئوينىدى.

1979- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى ئۆمەك چوڭ تىپتىكى مېيخۇ ھازىرقى زامان تىياتىرى «لياڭ چۇيەن» نى ئوينىدى. شۇ يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ناخشا- ئۇسسۇل ئەترىتى مېيخۇ ھازىرقى زامان تىياتىرى «بىر جۈپ قەلب» نى ئوينىدى.

1980- يىل 1- ئايدا، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى «گۈلنىسا» نى قايتىدىن ئوينىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ درامىنى سۈرەتكە ئالدى، بۇ دراما تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇنەۋۋەر پروگراممىسى بولۇپ باھالاندى.

1980- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكى قايتىدىن تەشكىللىنىپ، شۇ يىلى «جاۋ ئائىلىسىنىڭ يېتىم بالىسى»، «خەي رۈينىڭ يولۋاسنى كۆندۈرۈشى»، «ھايات- مامات تەمتىكى»، «جۈپ قۇش»، «شاھزادىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش»، «تاشپاقا تېغىغا ساياھەت»، «تام بېشى»، «ئالتە جىڭلىق ھاكىم» قاتارلىقلارنى ئوينىدى.

1981-، 1982- يىللىرى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاخشا- ئۇسسۇل ئەترىتى مېيخۇ تىياتىرى «گۈللۈك مەپىنى قوغلاش»، دۇنياغا داڭلىق ئوپېرا «توكىلاگچى ۋە خېنىم»، مەشھۇر ئۇيغۇر ئوپېراسى «غېرىپ- سەنەم»، ئۇيغۇرچە دراما «يالغۇز ئوغۇل» ۋە «ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاش» قاتارلىقلارنى داۋاملىق ئوينىدى. 1982- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ناخشا- ئۇسسۇل ئەترىتى شىنجاڭ ناخشا- غەزەللىرىنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، چوڭ تىپتىكى نومۇر «خىيال»، كىچىك نومۇر «ياي بولغىنىڭىزغا مۇبارەك» نى ئوينىدى. 1983- يىلىنىڭ بېشىدا، كىچىك تىپتىكى ئۇيغۇرچە تىياتىر «پۇشايمان» نى، 3- ئايدا «ئەلچىلىككە بېرىش» نى ئوينىدى. يىل ئاخىرىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجاد قىلغان ئۇيغۇرچە تىياتىر «ساماساق ئاكام قاينايدۇ» نى ئوينىدى. 1984- يىلى «شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ» نى قويدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان «پۇشايمان»، «ھەسەن ئاكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق»، «شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ» قاتارلىقلارنى ۋە ناخشا- ئۇسسۇل نومۇرلىرىدىن جەمئىي 30 نومۇرنى سۈرەتكە ئېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قويدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا، سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇل شەھىرى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ، «ساماساق ئاكام قاينايدۇ» نى قويدى.

چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى تىياتىر، ھازىرقى زامان تىياتىرى، قىسقارتىلمىغان تىياتىر، تىياتىرلاردىن ئارىيەلەر بولۇپ 140 تىن ئارتۇق ئويۇننى 600 مەيدان قويدى، ئۈرۈمچى، شىمالىي شىنجاڭ ۋە گەنسۇ خېشى كارىدورى، لەنجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

2. ئويۇن قويۇش پائالىيىتى

1) سىرتتىن قۇمۇلغا كەلگەن سەنئەت ئۆمەكلىرى    مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسى ئەدەبىيات- سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم موللايوف ھەمراھلىقىدىكى، شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ، سوۋېت سوتسىيالىزم

تۈزۈمى ۋە مىللىي تۆرپ- ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلق ناخشا- ئۇسسۇللىرىنى قويدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954- يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىگە قاراشلىق «چاڭ شياگيۇ» ئۆمىكى، پىدائىي قىسىم سەنئەت ئۆمىكى، شەنشى ئۆلكىلىك ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ تىياتىر، ناخشا- ئۇسسۇل ۋە ئەلنەغمە قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى، داڭلىق يۈجۈي تىياتىرى سەنئەتكارى چاڭ شياگيۇ «خۇامۇلەن»، «شىشياڭ خاتىرىسى»، «ئەنياگۇەن» قاتارلىقلارنى ئورۇندىدى.

1955- يىلى يازدا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ، مۇزىكا، ناخشا- ئۇسسۇل، ئەلنەغمە قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى.

1959- يىل 11- ئايدا، جياڭسۇ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ چېگراغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن ھال سوراش ئەدەبىيات- سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلدا خەنزۇچە تىياتىر «بەيخۇاننىڭ شەمشەر تەقدىم قىلىشى»، «ھايات- ماماتلىق ئەمتىكى» قاتارلىقلارنى ئوينىدى. شۇ يىلى، شىنجاڭ ھەربىي رايوننى جەڭچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتى بېيجىڭغا بېرىپ ئارمىيىنىڭ ئىشتىن سىرتقى كۆرىكىگە قاتنىشىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا ناخشا- ئۇسسۇل، ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى قويدى.

1960- يىل 10- ئايدا، ئەنخۇي ئۆلكىلىك چېگراغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن ھال سوراش ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا «ئىككى ئەۋلاد ئوپېراسى» نى ئورۇنداپ بەردى.

1962- يىلى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى كۆمۈرچىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ تارانچى كان رايونى ئىشچى- خىزمەتچىلىرىدىن ھال سوراپ، ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى قويدى.

1963- يىلى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بالا ئاۋازلىق يۈجۈي تىياتىرى ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ، «چېن سەننىڭ زالدا ئىككى قېتىم ئۆملىشى» قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى. شۇ يىلى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىرىنچى قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ «ئارمىيە شەھەرگە يېقىنلاشقاندا» نى قويدى، تيەنجىن شەھەرلىك چېگراغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن ھال سوراش ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ، ناخشا- ئۇسسۇل، ئەلنەغمە قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى.

1965- يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلىگەندە، مەركىزىي ۋەكىللەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكىدىكى شەنشى ئۆلكىلىك ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ، مۇزىكا، ناخشا- ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى.

1980- يىلى، شەندوڭ خېزې ۋىلايەتلىك دوگمىڭ يۈجۈي تىياتىرى ئۆمىكى شىنجاڭغا سەييارە ئويۇن قويغىلى كەلگەندە، قۇمۇلدا بىر ئايدىن ئارتۇق «بورىغا يۆگەش»، «چېن سەنۇۋنياڭ» قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى.

1985- يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىگەندە، مەركىزىي ۋەكىللەر ئويۇن قويۇش ئۆمىكىدىكى نەنجىڭ قىسىملىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ ناخشا- ئۇسسۇل، ئەلنەغمە قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى.

1987- يىلى يازدا، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ داڭلىق خۇيزۇ چىڭچياڭ تىياتىرى ئارتىسى ما گۈيفاڭ نىڭشيا چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا زىيارەتكە كېلىپ، قۇمۇلدىن ئۆتۈشىدە، چىڭچياڭ تىياتىرى «گاچا قىزنىڭ ئەرز قىلىشى» قاتارلىقلارنى قويدى.

**2) قۇمۇل ئەدەبىيات- سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سىرتلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، قۇمۇلدىكى ئەدەبىيات- سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئويۇن قويۇپلا قالماي، يەنە شىمالىي شىنجاڭدىكى قاراماي، مايتاغ، چېپەيزى، شىخەنزە، قۇتۇبى، ماناس، فاڭساۋخۇ، سانجى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن ھەم تۇرپانلاردىمۇ ئويۇن قويدى. يەنە بىر نەچچە قېتىم ئىچكىرىگە بېرىپ ئويۇن قويدى.

1955- يىلى، قىزىلبۆلتۈز ئۆمىكى كەنتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويدى، 3- ئايدىن 9- ئايغىچە، شىيادۇڭ، قاشقۇۋۇق نېفىت كانى، جوچۈەن، جاگىيې، ۋۇۋېي، بەيىسەن، شىگۇ، لەنجۇ، يىنتاۋ تاغ ئۈستى قۇرۇلۇش ئورنى، مىنشيەن، ۋېيۈەن قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويدى، كەنت تۈلكىلىك رادىئو ئىستانسىسى «ياڭ نەيۇۋ بىلەن شياۋ بەسەي» درامىسىنى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئالدى ۋە نەق مەيدان ئەھۋالىدىن ئاڭلىتىش بەردى.

1977- يىلى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى كەنتنىڭ ليۈيۈەن يېزا ئىستانسىسى، قاشقۇۋۇق نېفىت كانى ھەمدە لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسىدە بىر ئايدىن ئارتۇق ئويۇن قويدى.

1982- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكى كەنت تۈلكىسىنىڭ جيايۈگۈەن، جوچۈەن، قاشقۇۋۇقلاردا بىر ئايدىن ئارتۇق ئويۇن قويدى.

1986- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكى كەنتنىڭ ئەنشى، دۇنخۇاڭ، جيايۈگۈەن، جوچۈەن، گاۋتەي، جىنتا، لىنزې، جاگىيې قاتارلىق جايلىرىدا ئىككى ئايدىن ئارتۇق ئويۇن قويۇپ، قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى.

1988- يىلى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭ ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ياسىنجان، ئىگەمبەردى، پاتىگۈل قاتارلىق ياش ئارتىسلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۈيغۇرچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ھازىرقى زامان ناخشا- مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلارنى سىچۈەندە قويدى.

1988- يىل 3- ئايدىن 7- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك چىڭچياڭ تىياتىرى ئۆمىكى يەنە بىر قېتىم كەنت تۈلكىسىنىڭ خىبشى كارىدورى ھەمدە لېنتاۋ ۋە لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويۇپ، قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى.

## §2. كۆرەك

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 2- ئايدا، قۇمۇل رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەرنىڭ خور پائالىيىتى ئاساسىدا، رايون بويىچە چوڭ تىپتىكى خور مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، ھەمدە «ۋەتەننى مۇنەۋۋەرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ناخشا سادىسى بىلەن بۇلۇڭ- پۇشقاقلارنى ئويغىتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مائارىپ ساھەسى ۋە ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. مىللىي مەكتەپلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار مۇسابىقىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشتى، «سۇڭخۇاجياڭدا»، «يىدائىيلار مارشى»، «كومپارتىيە- گومىنداڭ ھەمكارلىقى مارشى»، «بىز تەيخاڭشەندە»، «ماي گۈلى»، «جاھانگىرلىككە قارشى ھەربىيلەر مارشى» قاتارلىق ناخشىلار قۇمۇلنىڭ شەھەر- بازارلىرىدا ياڭرىدى.

1. ناھىيىلىك ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى

1950 – 1960- يىللىغىچە، ناھىيىلەرنىڭ يېزا- قىشلاقلىرىدا تۈرلىرى تەييارلاپ، تۈرلىرى ئوينايدىغان ئەدەبىيات- سەنئەت نومۇرلىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، ناھىيە، گۇڭشېلار ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرەكلىرىنى تەشكىللىدى.

1956 – 1964- يىللىغىچە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئۈچ قارار ناھىيە دەرىجىلىك ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1956- يىل 2- ئايدا ئۇيۇشتۇرغان 2- قارار ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىدە، بەش گۇڭشې ۋە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 118 نومۇر ئورۇندىدى. 1964- يىلىدىكى ناھىيىلىك كۆرەكتە، تۇركۆل فېرمىسى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى دراما «كۆسەيخۇا» ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

باركۆل ناھىيىسى 1959- يىلى ۋە 1964- يىلى ئىككى قېتىم بازار، يېزا- قىشلاق ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات-

سەنئەت كۆرىكىنى ئۇيۇشتۇردى، ھەر قېتىملىقى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئورگان كادىرلىرى، يېزا- قىشلاق كۆگتىپ ئەزالىرى، مەكتەپ ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرى دراما، ئوپېرا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، ناخشا، يالغۇز كىشىلىك ناخشا قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇندىدى.

1963 – 1965- يىلىغىچە، قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەر يىلى ناھىيىلىك مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ئورگان، مەكتەپ ۋە كۆگتىپلارنى ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، چىگچىياڭ تىياتىرى، شىنجاڭ ناخشا- غەزىلى، يۈجۈي تىياتىرى ھەمدە ئەلنەغمە، دراما، مىللىي ناخشا- ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇندىدى. شەھەر ئەتراپى كۆگتىپى ۋەكىللەر ئۆمىكى چوڭ تىپتىكى دراما «ۋاڭ روفېي تۈرمىدە» نى ئورۇندىدى.

2. ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى

1956- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتتە تۇنجى نۆۋەتلىك يېزا ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ناھىيىلەر مۇنەۋۋەر نومۇرلىرىنى تاللاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېزىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇنجى نۆۋەتلىك كۆرىكىگە قاتناشتۇردى. ناھىيىلەردىن ئۈچ ۋەكىللەر ئەترىتى، 80 دىن ئارتۇق ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەتچى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇلى، ناخشىسى ۋە چىگچىياڭ تىياتىرى، شىنجاڭ ناخشىسى قاتارلىق 23 نومۇرنى ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل مەشرىپى «خۇشاللىق» ۋە «داپ ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇندالدى. بۇلار ئاپتونوم رايونلۇق كۆرەكتىمۇ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. شەھەر ئىچى يېزىسى خەلق سەنئەتكارى نەمەت بوسۇق ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئەدەبىيات سەنئەت كۆرىكىدە تاللىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

1959- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى. قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ئۈچ ناھىيە قاتناشقاندىن سىرت، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى، كۆمۈر سانائىتى نازارىتى قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ ئويۇنغا قاتناشتى.

1965- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى 2- قېتىملىق يېزا ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىنى ئۆتكۈزدى. ئۈچ ناھىيە، بىر كان، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، قۇمۇل تۆمۈريول ئىش باشقارمىسى كۆۋرۈك ياساش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار ئەترەت ئەۋەتىپ ئويۇنغا قاتناشتى ياكى خادىملارنى ئەۋەتىپ كۆرەكتە ئۆگەندى. باركۆل ناھىيىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 14 نومۇر ئورۇندىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ناخشا- ئۇسسۇللۇق تىياتىر «يايلاقتىكى جەسۇرلۇق»، ئۇسسۇل «ئەڭ ياخشى ئاتنى ئازادلىق ئارمىيىگە تەقدىم قىلىش»، يالغۇز كىشىلىك ناخشا «كاگداۋۋۇننى مەدھىيىلەش» لەر 1- دەرىجىلىك، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇسلۇب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ناخشا- ئۇسسۇلى «چاتما ناخشىلار»، ناخشا- ئۇسسۇل «نىيازئاخۇننىڭ سېۋەتنى ماختىشى» قاتارلىق نومۇرلار 2-، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1981- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كەسپىي ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىنى تەشكىللىدى. 1984- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە «قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2- نۆۋەتلىك ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى» نى ئۇيۇشتۇردى. بەش چوڭ سىستېمىدىكى 260 تىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىشتىن سىرتقى ئارتىسلىرى ئىككى مەيدان ئويۇن قويدى، 34 نومۇر ئورۇندىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۆت نومۇر مۇنەۋۋەر نومۇر بولۇپ باھالاندى. ئۆزلىرى تەييارلىغان يەتتە نومۇر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، 10 ئارتىس ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، ئىككى ۋەكىللەر ئۆمىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار

بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى» 9- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇمۇل شەھىرى، كان ئىشلىرى ئىدارىسى، ئاشلىق باشقارمىسى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى، مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى، سەھىيە باشقارمىسى قاتارلىق سىستېمىلار ھەمدە قۇمۇل پولات زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، قاتناش- ترانسپورت شىركىتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، گېئولوگىيە 6- چوڭ ئەترىتى، 704- ئەترەت قاتارلىق 20 ئورۇننىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى، جەمئىي 200 دىن ئارتۇق ئىشتىن سىرتقى ئارتىسلار ئويۇنغا قاتناشتى. مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، تىياتىر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش مەيدان، 94 نومۇر ئورۇندالدى. تاماشىبىن 14 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. ئويۇندىن كېيىن ئالتە ئىجادىيەت مۇكاپاتى، 34 ئورۇنلاش مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى. ئىككى ۋەكىللەر ئۆمىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 3. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش

1988- يىلى، ئاپتونوم رايون «شىنجاڭ بويىچە 16 شەھەرنىڭ ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى» نى ئۇيۇشتۇردى. قۇمۇل ۋىلايىتى ۋىلايەت، شەھەر، تۆمۈريول، بىگتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەتلىرى ئاساسىدا، مۇنەۋۋەر كىچىك ئارتىسلار، كىچىك ناخشىچىلار، كىچىك مۇزىكانتتىن 30 دىن ئارتۇق ئۆسمۈرنى تاللاپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللىدى. ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك تەشۋىقات، مەدەنىيەت تارماقلىرى، كومسومول يىگىتلەر ئىتتىپاقى تەشكىلىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى رېپىتىسىيىگە يېتەكچىلىك قىلدى. جەمئىي 14 نومۇرنى تەييارلاپ، 8- ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ كۆرەككە قاتناشتى، مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتى، مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتى، ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتى، ئەڭ ياخشى سەھنە دېكوراتسىيىسى مۇكاپاتى، كىچىك چولپان ئارتىس مۇكاپاتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتى قاتارلىق جەمئىي ئالتە تۈردىكى 13 خىل مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# V باب

# كۆرگەزمە، كىنو، كىتابلار

## §1. كۆرگەزمە

### 1. چوڭ تىپتىكى كۆرگەزمە پائالىيىتى

1959- يىلى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مەزگىلىدە، ۋىلايەتتىكى ناھىيە، چوڭ زاۋۇت، كان، كارخانىلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىق نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۈرەت، گرافىك، سان- سىپىر، مودېل، يەر تۈزۈلۈشىنىڭ قومدىن ئىشلەنگەن مودېلى، ناتۇرالاردىن پايدىلىنىپ، يېڭى

باشقۇرۇش پونكىتى نامىنى كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتىگە ئۆزگەرتتى. 1987- يىلىدىكى ئىشچى ــ خىزمەتچىسى سەككىز بولۇپ، كىنوچىلىق كارخانىسى پايدا ئېلىشتىن زىيان تارتىشقا يۈزلەندى.

(2) ئاراتۇرۇك ناھىيىسى 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە ۋىلايەتتىن خادىم ئەۋەتىپ سەييارە كىنو قويۇپ تۇردى. 1957- يىلى، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلار ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە 16 مىللىمېتىرلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرنى سەپلەپ بەردى. 1958- يىلى، ناھىيە بازىرىدا كېسەك- ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۇلۇب سېلىندى. 1977- يىلى ئۈستى ئوچۇق كىنوخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979- يىلى، 1076 كىشىلىك چوڭ كىنو- تىياتىرخانا سېلىندى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى توققۇزغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىر مۇئاۋىن دىرېكتور بار. شۇ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە جەمئىي 10 كىنو قويۇش ئورنى، 36 كىنو قويۇش نۇقتىسى، 32 ئىشچى- خىزمەتچى بار بولدى.

1970- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە كىنو باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 1981- يىل 1- ئايدا نامىنى كىنو قويۇش- تارقىتىش شىركىتىگە ئۆزگەرتتى، ئىشچى- خىزمەتچىسى سەككىز. ئاساسلىق كەسپىي خىزمىتى تەشۋىقات، كىنو فىلىم قويۇش، فىلىم تەكشۈرۈش، تارقىتىش، يەتكۈزۈش قاتارلىقلار بولدى.

3) قۇمۇل شەھىرى (ناھىيىسى) قۇمۇل شەھەرلىك كىنو- تىياتىرخانا ئەسلىدىكى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق كىنوخانىسى بولۇپ، 1953- يىلى سېلىندى. 1959- يىلى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە كىنو- تىياتىرخانىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا بىر كىنوخانا سالدى. 1977- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، نامىنى قۇمۇل شەھەرلىك كىنو- تىياتىرخانىغا ئۆزگەرتتى، ئىشچى- خىزمەتچىسى 23.

1984- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك ئۆزۈن سەپەر كىنوخانىسى قۇرۇلدى.

1961- يىل 7- ئايدا يېڭىئور كىنوخانىسى قۇرۇلدى. 1984- يىل 12- ئايدا، نامىنى قۇمۇل شەھەرلىك يېڭىئور كىنوخانىسىغا ئۆزگەرتتى.

1963- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدە ئۈچ يېزىلىق كىنو قويۇش ئەترىتى بارئىدى. 1971- يىلىدىن كېيىن، گۇڭشېلاردا كىنو ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. 1984- يىل 5- ئايدا، ناھىيە بىلەن شەھەر بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، گۇڭشې كىنو قويۇش ئەترەتلىرى يېزا- مەيدان كىنو ئەترەتلىرىگە ئۆزگەرتىلدى.

2. كىنو قويۇش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل 8- پولكى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ھەر شەنبە كۈنى قۇمۇل شەھىرى ئىچىدە بىر مەيدان كىنو قويدى، ھەم پالۋانتۇر، چۆەنشۈيدى دېھقانلىرىغا كىنو قويۇپ بەردى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) يازدا، قىزىل 8- پولك باركۆل ناھىيە بازىرىدا ئائالىلەرگە كىنو قويۇپ بەردى. ئەينى چاغدا ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن كولخوز قۇرۇش توغرىسىدىكى فىلىملارنى قويدى. ئۇلاردىن «لېنىن 1918- يىلدا»، «چارچىنىنى قوغداش»، «ملتىق تۇتقان ئادەم»، «چاپايېۋ»، «شادىمان كىشىلەر» قاتارلىقلار بار. سوۋېت ــ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسىم ھۆججەتلىك ئۇرۇش فىلىمى ۋە گېتلېرنىڭ زوراۋانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فىلىملارنى قويدى.

مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) ۋە 35- يىلى (1946- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كىنو شىركىتى باركۆل ناھىيىسىگە بېرىپ ئىككى قېتىم ئاۋازسىز كىنو قويدى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) نىڭ ئالدى- كەينىدە، قۇمۇلدا «تاۋلىچۈ»، «تۆتكوچا ئېغىزىدا» قاتارلىق كىنولار قويۇلدى. مىنگونىڭ 35-، 38- يىللىرى (1946 — 1949- يىللار)، لى يۈەنفېڭ قۇرغان يازلىق كىنوخانا

تيەنىيفۇ جۇجياچاگزىدا تىجارەت باشلاپ، بىلەت ساتتى. كىنو كۆرگۈچىلەر ئۆزى ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىپ كۆردى. «ئوغرىلىقتىن كېيىنكى ھايات»، «جىگىنياگنى مىڭ چاقىرىم ئۇزىتىش»، «زۇمرەت چاچ قىسقۇچ» قاتارلىق فىلىملارنى قويدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ كىنو قويۇش تەرەققىياتى تېز بولدى. 1950- يىلى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن كىنو ئەترىتى كۆپ قېتىم باركۆلگە كېلىپ، شۇ يەردە تورۇشلۇق قىسىم ۋە ئاممىغا كىنو قويۇپ بەردى. 1951- يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتى تەۋەسىدىكى كىنو ئەترىتى ناھىيىلەردە دائىم سەييارە كىنو قويدى. 1955- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەردە كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، بىر قىسىم گۇڭشې (مەيدان) لاردىمۇ يېزا كىنو قويۇش ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. 1963- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بازار- يېزىلىرىدا قويۇلغان كىنو 2250 مەيدانغا، تاماشىبىنلى 1 مىليون 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، كىرىم 80 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، نۇرغۇن كىنولار قويۇشتىن چەكلەندى. ئاما پەقەت «ئۈلگىلىك تىياتىر» ۋە ئاز ساندىكى فىلىملارنى كۆرەلىدى. قويۇشقا تەمىنلەنگەن فىلىم ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، كىنو ئەترەتلىرىنىڭ راسخودى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ پۇل ئاجرىتىشىغا تايىنىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كىنو ئىشلىرى ئازادلىققا ئېرىشىپ، چەكلەنگەن كىنولارنىڭ چەكلەش بۇيرۇقى كەينى- كەينىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، زور مىقداردىكى يېڭى فىلىملار قويۇلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيىسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 800 كىنو كوپىيىسىنى تارقاتتى، 1300 مەيدان ئەتراپىدا كىنو قويدى. 1985- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە تاماشىبىن 585 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، باركۆل ناھىيىسىدە 1 مىليون 819 مىڭ 751 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ ئومۇملىشىشى، سىنئالغۇ، كاراOK قاتارلىق مەدەنىيەت يەتكۈزۈش ۋاسىتىلىرىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىنو قويۇش كەسپى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1985- يىلدىن كېيىن، يازلىق كىنوخانىلار كەينى- كەينىدىن تاقىلىپ، كۆپ خىل تىجارەت سورۇنىغا ئۆزگەردى. كىنو- تىياتىرخانىنىڭ قويۇش مەيدان قېتىم سانىمۇ 1970- يىللار ۋە 1980- يىللارنىڭ باشلىرىدىكىدىن كۆپ ئازىيىپ كەتتى، بەزىلىرى تانسىخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل شەھەر رايونىدا بەش كىنو قويۇش نۇقتىسى، 40 نەچچە سىنئالغۇ قويۇش ئورنى، بەش سىنئالغۇ لېنتىسى ئارىيەت بېرىش دۇكىنى قالدى.

## §3. كىتاب

### 1. تارقىتىش ئاپپاراتلىرى

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە پەقەت ئىككىلا خۇسۇسىلار ئاچقان كىتابخانا بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك كىتابخانىلار كەينى- كەينىدىن قۇرۇلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى كىتابخانا تۆتكە، سېتىش ئورنى توققۇزغا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن- مەيدان كىتابخانىسى ئالتىگە، تەمىنات- سودا كوپېراتىپى كىتاب سېتىش ئورنى 32 گە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن خۇسۇسىي كىتاب يايمىلىرى بولۇپ، شەھەر- يېزىلارغا ئومۇملاشقان كىتاب تارقىتىش تورى شەكىللەندى.

**1) ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسى** 1950- يىل 4- ئاينىڭ 30- كۈنى، شىنخۇا كىتابخانىسى شىنجاڭ شۆبىسى قۇمۇل تارماق كىتابخانىسى قۇرۇلدى. ئۈچ خىزمەتچىسى بار ئىدى. بۇ كىتاپخانا 1955- يىلى 750 كۋادرات مېتىر قىلىپ كېڭەيتىپ سېلىندى.

1950 – 1975- يىللىغىچە، قۇمۇل تارماق كىتابخانىسى شىنجاڭ شۆبە كىتابخانىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى.

1963 – 1970- يىللىغىچە، قۇمۇل تارماق كىتابخانىسى شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى قۇمۇل مەركىزىي تارماق كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1971 – 1978- يىللىغىچە، قۇمۇل مەركىزىي تارماق كىتابخانىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1979- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسى يەنە بىر قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قايتۇرۇلدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ھەم باشقۇرغۇچى، ھەم ساتقۇچى دۇكان بولۇپ، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن، قۇمۇل شەھىرىدە جۇڭشەن شىمالىي يولى مەركىزىي سېتىش ئورنى، پويىز ئىستانسىسى سېتىش ئورنى، تۆتكوچا سېتىش ئورنى تەسىس قىلىندى. تەۋەسىدە باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە تارانچى كۆمۈركان رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە دەرىجىلىك مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان شىنخۇا كىتابخانىسى بار. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە كىتابخانا ئىشچى- خىزمەتچىسى 60 قا يەتتى.

**2) ناھىيە، كان رايونلىرىدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى**

**(1) قۇمۇل ناھىيە (شەھەر) لىك كىتابخانا** مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ناھىيە بازىرىدا خۇسۇسلار ئاچقان «سەيگۇاڭ كىتابخانىسى»، «تەڭرىتاغ كىتاب- ژۇرنال مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇكىنى» دىن ئىبارەت ئىككى كىتابخانا بار ئىدى.

1958 – 1962- يىللىغىچە، شىنخۇا كىتابخانىسى قۇمۇل تارماق كىتابخانىسى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1963- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ كەسپلەر بويىچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى.

**(2) ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك كىتابخانا** 1959- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ئاراتۈرۈك سېتىش دۇكىنى قۇرۇلدى، بىر ئىشچى- خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1971- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1972- يىلى، ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى مۇستەقىل ھېسابات قىلدى. 1976- يىل 8- ئايدا، بىر دىرېكتور تەيىنلەندى. 1979- يىل 10- ئايدا، كىتابخانىنىڭ مالىيىسى، كەسپى ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇلدى. كىتابخانىدا بىر سېتىش دۇكىنى تەسىس قىلىندى، يېزىلاردا ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى تەسىس قىلىندى. 1990- يىلى، بەش خىزمەتچىسى بولۇپ، يىلىغا تۈرلۈك كىتاب- ژۇرناللاردىن 98 مىڭ 470 پارچىدىن ئارتۇق سېتىلدى.

**(3) باركۆل ناھىيىلىك كىتابخانا** 1951- يىلى، ناھىيە بازىرىدا كىتاب ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ئىككى خىزمەتچى قويۇلدى. 1956- يىلى، ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى شىنخۇا كىتابخانىسى باركۆل سېتىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958- يىل 10- ئايدا، شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ باركۆل تارماق كىتابخانىسى قۇرۇلدى. 1990- يىلى، كىتابخانا خىزمەتچى خادىمى 10 غا، تىجارەت دۇكىنى 25 كە، يىللىق تارقىتىش مىقدارى 280 مىڭ پارچىغا يەتتى. ناھىيىدە 10 خۇسۇسىي پارچە سېتىش كىتابخانىسى بار بولدى.

(4) تارانچى كۆمۈركان كىتابخانىسى 1978- يىلى، تارانچى كۆمۈركان شىنخۇا كىتابخانىسى قۇرۇلدى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى ئالتىگە، تىجارەت سوممىسى 267 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. تارقىتىش ئەھۋالى

مىنگو دەۋرىدە، 1930- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1940- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قۇمۇلدىكى خىزمەت جەريانىدا بىر قىسىم ماركسىزم- لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ئىنقىلابىي ئىلغار كىتابلارنى تارقاتتى. مەسىلەن، «لېنىنىزم مەسىلىلىرى ھەققىدە»، «ئاممىۋى پەلسەپە»، «يېڭى پەلسەپە»، «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى دېموكراتىيىسى»، «جەمئىيەت ئىقتىسادى تارىخىي پروگراممىسى»، «ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش سېپى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەرمىلىرى»، «جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى» ۋە «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» قاتارلىقلار. 1940- يىللاردا، كىتاب- ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش مىقدارى ناھايىتى ئازئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ناھىيىلەردە شىنخۇا كىتابخانىلىرى قۇرۇلۇپ، كىتاب- ژۇرنال تارقىتىش كەسپى قانات يايدۇرۇلدى. 1960- ۋە 1970- يىللاردا، كۆپ ساندىكى گۇڭشې، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ۋاكالىتەن سېتىش دۇكانلىرى تەسىس قىلىندى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شەھەر- يېزىلاردا 30 نەچچە خۇسۇسىي كىتاب يايمىسى، كىتابخانا بارلىققا كەلدى.

ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىلىرى تارقىتىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقىدىكى كىتاب - ژۇرناللارنى تارقىتىشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت قىلىپ، كىتابخانىدا مەخسۇس پوكەي تەسىس قىلدى، مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولدى، تارقىتىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1986- يىلى، شىنخۇا كىتابخانىلىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، دەرسلىك تارقاتقاندىن سىرت، تارقىتىش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، جەمئىيەتكە ھەر خىل كىتاب- ژۇرنال ۋە بايراملىق رەسىم تارقاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ماركس، لېنىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى تارقاتقاندىن سىرت، نۇرغۇن كىتابلار «تۆت كونا» دەپ قارىلىپ، سېتىش چەكلەندى، ھەتتا كۆيدۈرۈۋېتىلدى. 1979- يىلدىن كېيىن، كىتاب- ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش مىقدارى يىلمۇيىل ئاشتى. ۋىلايەتتىكى ئۈچ ناھىيە، شەھەر، يېزىلارنىڭ تارقاتقان، ساتقان كىتاب- ژۇرنىلى 1 مىليون 200 مىڭ پارچىغا يەتتى.

3. قىرائەتخانا

1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قىرائەتخانا قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ناھىيە، شەھەر مەدەنىيەت سارىيى قۇردى، قىرائەتخانا ئاچتى، يەنە ۋىلايەتتە كۆتۈپخانا قۇرۇلدى.

1955- يىلى، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت سارايلىرى بىرلىشىپ، «ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت باغچىسى» قۇردى، 1320 پارچە كىتاب ساقلىدى. بەزى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارمۇ كۆتۈپخانا، مەدەنىيەت ئۆيى قۇردى. باركۆل ناھىيىسىدىلا سەككىز كۆتۈپخانا، مەدەنىيەت ئۆيى بار بولۇپ، 5000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلىدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە 20 دىن ئارتۇق قىرائەتخانا، مەدەنىيەت ئۆيى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتىسىنى زاۋۇت، كان، كارخانىلار قۇردى. ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى يەنە كۆچمە كىتاب- ژۇرنال گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كىتابنى ئۆيلەرگىچە ئاپىرىپ بېرىش مۇلازىمىتى قىلدى. 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە 30 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ساقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ژۇرنال 200 خىلدىن، گېزىت 50 خىلدىن ئارتۇق. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە

ساقلانغان كىتاب 58 مىڭ 500 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە، قەدىمكى كىتاب 1800 پارچە.

ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەدەنىيەت سارايلىرى قىرائەتخانا، كىتاب ئارىيەت ئېلىش كەسپىنى يولغا قويدى.

# VI باب

# خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

## §1. ئىبۇرغول نەغمىسى

### 1. ئىبۇرغول نەغمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئالاھىدىلىكى

ئىبۇرغول نەغمىسى ئىبۇرغول كۆيلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ «ئوقۇتۇش يۇرتى» دا ئۆگىتىلىپ، ئىبۇرغول نەغمىسى دەپ ئاتالدى.

ئىبۇرغول كۆيىنىڭ كونكرېت تۈزۈلۈشى مۇنداق: ① مۇقەددىمىسى ياكى چاچما مۇقەددىمىسى، ھازىرقى زامان مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ② شۆبىگە ئۆتۈش، مۇقامدىن كېيىن شۆبىگە چۈشۈرۈلىدۇ. شۆبىگە چۈشكەندە داپچى ھېيىزلار ناخشىنى باشلاپ ئەۋجىگە چىقىرىدۇ؛ ③ شۆبىدىن كېيىن، چۈشۈرگە چۈشۈرۈلىدۇ. پۈتكۈل ناخشا ـ مۇزىكا ئىبۇرغول كۆيىنىڭ ناخشا تېكىستى، تاڭ سۇلالىسىدا كۆپىنچە بەش ۋە يەتتە بوغۇملۇق ئىدى. سۇڭ سۇلالىسىدا ئىبۇرغول كۆيىنىڭ ناخشا تېكىستى نوتىغا ئاساسەن ئۇزۇن ۋە قىسقا جۈملىلەر بىلەن يېزىلغاچقا، ئېيتىشقا بىر قەدەر ئاسان بولدى. شېئىر ئۇسلۇبى ئىبۇرغول كۆيىنى باشلامچى قىلغان «ئالتە ئايماق ناخشىلىرى» ئىبۇرغول، لياڭجۇ قاتارلىق ئالتە ئايماقنىڭ كۆيىنىڭ مىسراسىغا توغرىلاپ يېزىلدى. ئىبۇرغول كۆيىنى باش قىلغان بىر قانچە ئايماقنىڭ كۆيىنىڭ ئاھاڭى جۇشقۇن، يارقىن بولغاچقا كۆپىنچە قەدىمىي مەدھىيە تۈردىكى تېكىستلارنى يېزىش ئارقىلىق، ھېسسىياتنى ئىپادىلىدى. ئىبۇرغول نەغمىسى خەنزۇ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە كۆپ تەسىر قىلدى. قومۇل شەرق غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرىدىغان، كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي، شۇڭلاشقا ئىبۇرغول نەغمىسى قويۇق غەربىي دىيار مۇزىكا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئىبۇرغول نەغمىسى غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنى ئاساس قىلىدۇ، تارىختا قومۇلدا تۇرغۇزۇلغان خەنزۇ بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەر ۋە خېشى تەرەپتىن كەلگەن مۇساپىرلار تۇردى. ئۇلار يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قومۇلغا كېلىپ، ئىبۇرغول كۆيىنى ئېيتىشنى ئۆگىنىپ، غەم ـ ئەندىشىسىنى، يۇرتىنى سېغىنىشتەك قايغۇسىنى باستى.

### 2. ئىبۇرغول نەغمىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى

ئىبۇرغول نەغمىسى نوتىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن يىللىرىدا، ئوردىغا كىردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆلىماسى خۇ شياخېڭ «تاڭ سۇلالىسى مۇزىكىلىرىنىڭ ئونىنچى بۆرجى»دا، «كەيىۋەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا،

غەربىي لياڭجۇنىڭ ھىراۋۇلى گەي جيايۈن ئىبۇرغول كۈيىنى لياڭجۇغا ئېلىپ بارغان» دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ ئىبۇرغول كۈيىنىڭ ئوردىغا كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرىدۇر. گەي جيايۈن ئەينى يىللاردا ئوردىغا تەقدىم قىلغىنى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن «ئىبۇرغول كۈيى» دۇر. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گو ماۋچيەن تۈزگەن «ئوردا نەغمىلىرى توپلىمى» دا، ئىبۇرغول كۈيىنىڭ بارلىق ناخشا تېكىستلىرى ئىچىدە يەتتە بوغۇملۇق ۋە بەش بوغۇملۇق شېئىردىن ھەر بىرىدىن بەش پارچە، بەش ناخشا بەش ئەۋج بولۇپ، جەمئىي 10 قاتلام كىرگۈزۈلگەن.

گەي جيايۈن تەقدىم قىلغان ئىبۇرغول ئاھاڭى، كېيىن يەنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ئالدى بىلەن ئوردىدا ئېيتىلدى، كېيىن تۈرلەر ۋە چوڭ ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئورۇندالدى، ھەمدە ئىشرەتخانا، چايخانا، قاۋاقخانىلار ۋە ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ، ھەممە ئادەم ياخشى كۆرۈپ ئېيتىدىغان كۈيگە ئايلاندى. ئەينى چاغدا بىر قىسىم مەشھۇر شائىرلارنىڭ «سىمفونىيىلىك مۇزىكا ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، ئىبۇرغول نەغمىسىنى ئۆگىنىڭ»، «چىقتى بەگزادە راۋاقتا تولغاندا ئاي قەمەر، ئىبۇرغول نەغمىسىگە ئېيتتى سازەندىلەر لەپەر، شۇ مەھەل گويا بىلىندى كەلدى قۇملۇقتىن شامال، تاكى ياگگۈەن قاپقىقىدا سۇ ئۈزۈلگەنگە قەدەر» دېگەندەك شېئىرلار بار.

«ياگگۈەندىكى ئۈچ نەقرات» نىڭ ناخشا تېكىستى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى ۋاڭ ۋېي (699 – 759) نىڭ شېئىرى «يۈەن ئېرنى ئەنشىغا ئۇزاتماق» تىن كەلگەن، ئۇ يەنە «ۋېيچېڭ كۈيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

3- ئايدا، ۋاڭ ۋېي ۋېيچېڭنىڭ (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شەنياڭ) غەربىدىكى 10 چاقىرىملىق راۋاقتا بۇيرۇققا بىنائەن غەربىي يۇرتقا ماڭغان دوستى يۈەن ئېرنى ئۇزاتقاندا، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن «ۋېيچېڭ كۈيى» نى يازدى، ھەمدە بەرباپ بىلەن ئىبۇرغول كۈيىگە سېلىپ ئېيتتى.

ۋاڭ ۋېينىڭ «ۋېيچېڭ كۈيى» بىلەن ئۇنىڭ ئېيقان «ئىبۇرغول ناخشىسى» تاڭ سۇلالىسىدا ئەڭ كەڭ تارقالدى ۋە ئۇزاققىچە ئېيتىلدى.

سۇڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، ئىبۇرغول كۈيى جەمئىي يەتتە ئاھاڭغا بۆلۈندى، ئۇلار: قاڭقىما ئاھاڭ، چوڭ تۇتۇق ئاھاڭ، يۇقىرى چوڭ تۇتۇق ئاھاڭ، قوش ئاھاڭ، كىچىك تۇتۇق ئاھاڭ، دىم ئاھاڭ، يۆتكەلمە ئاھاڭ ۋە كۈيدىن تەرەققىي قىلىپ تۈرلۈك يەككە ئاھاڭلارغا ئىگە شېئىر ئۇسلۇبىغا ئايلاندى، مەسىلەن، «ئىبۇرغول تەركىبلىرى»، «كىچىك ئىبۇرغول»، «ئىبۇرغول مېلودىيىسى» قاتارلىقلار، كېيىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن «ئالتە ئايماق نەغمىلىرى»، «ئالتە ئايماق»، «ياگگۈەندىكى ئۈچ نەقرات»، «ياگگۈەنگە باشلىماق»، «قەدىمىي ياگگۈەن» قاتارلىقلار. دۇنخۇاڭنىڭ نوم ساقلانغان ئۆڭكۈردىن تېپىلغان «دۇنخۇاڭ نوتىسى» دىكى 25 كۈيلىمىتا، ئىبۇرغول ئاھاڭىغا تەۋەدىن ئىككى كۈيلىمىت بار، بۇنىڭدىن ئىبۇرغول كۈيىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكا مەدەنىيىتىدە ئىگىلىگەن مۇھىم ئورنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى «ليۇجيۇەننىڭ ئوردا ئاھاڭلىرى» دا، جەمئىي 49 ئاھاڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، 48- سى دەل «ئىبۇرغول تەركىبلىرى» دىن ئىبارەت.

ۋاڭ گوۋېينىڭ «سۇڭ، يۈەن دەۋرىدىكى تىياتىر، كۆي تەتقىقاتى» دا، ئىككى سۇڭنىڭ تىياتىرلىرى 280 پارچە بولۇپ، ئۇلۇغ كۈيدە ئىشلەتكىنى 103 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە، «ئىبۇرغول تەركىبلىرى»، «تۆمۈر نىقابلىق ئىبۇرغول»، «بەش بوۋاي قىزىقارلىق ئويۇنى»، «بېي شاۋجۈن ئىبۇرغول»، «ئىبۇرغول ئاشپۇزۇل» قاتارلىق بەش پارچىسى بار. يۈەن سۇلالىسىدىكى جو دېچىڭ يازغان «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك نەزمىلىرى» دە ئىبۇرغولدىن بىر كۈيلىمىتى بار، يەنە «بېشبالىق ئىبۇرغول» قاتارلىق كۈيلەر بار. يۈەن سۇلالىسىدىكى جوڭ سىچېڭ قاتارلىقلار يازغان «جىن- شاياتۇنلار خاتىرىسى» نىڭ كىچىك تۇتۇق ئاھاڭنىڭ 5- بابىدا «ئىبۇرغولدىن پارچىلار» دېگەن بىر باب بار؛ تۇتۇق ئاھاڭنىڭ 21- بابىدا «ياگگۈەندىكى ئۈچ نەقرات» دېگەن بىر بابمۇ بار.

مىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، ئىبۇرغول كۈيى شىمالىي تىياتىر تۈرىدىكى بىر مۇھىم كۈيگە ئايلاندى. مىڭ سۇلالىسى

دەۋرىدىكى خۇ دەي يازغان «مەرۋايىست كىمە» دېگەن كىتابتا: «قەدىمدىن تارتىپ ھەممە جايدا ئاھاڭ بار ئىدى، بۇگۈنكە كەلگەندە ئاھاڭلار جەنۇب ئاھاڭى، شىمال ئاھاڭى دېگەن ئىككى ئاھاڭ بويىچە بىرلىككە كەلدى. مەسىلەن ئىبۇرغول، لياڭجۇ، گەنجۇ، ۋېيجۇلار ئەسلى غەرب ئاھاڭى ئىدى، ھازىر شىمالىي كۈيگە تەۋە بولۇپ كەتتى» دەپ يازدى.

1900- يىلى، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىنىڭ نوم ساقلاش ئۆڭكۈرىدىن بەش دەۋردىن كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭشىڭ 4- يىلى (مىلادىيە 933- يىلى) دىكى «نومغا تەبىر» تېپىلدى، ئۇنىڭ ئارقا مۇقاۋىسىغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەربات نوتىسى جەمئىي ئۈچ دەرىجە 25 كۇپلېت (دۇنخۇاڭ نوتىسى) كۆچۈرۈپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى پارچىسى ئىبۇرغول كۈيىگە تەۋە، يەنى «ئىبۇرغول لەرزان ئاھاڭى» ۋە «ئىبۇرغول» دىن ئىبارەت.

## §2. قۇمۇل مۇقاملىرى

قۇمۇل مۇقاملىرى ئىبۇرغول ئۇلۇغ كۈيلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە راۋاجلاندۇردى. قەدىمكى ئىبۇرغول ئۇلۇغ كۈيى بىلەن قۇمۇل مۇقامىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بار. ئىبۇرغول نەغمىلىرى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارقىلىش جەريانىدا، ئەلنەغمىسىنى ئۈزلۈكسىز سىڭدۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى قۇمۇل مۇقاملىرىنى شەكىللەندۇردى. قۇمۇلدا «شىڭشىڭشيا» دېگەن خەلق ناخشىسى بار. بۇنى 1907- يىلى قۇمۇل تورپاق يېخىلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل بىلەن شىڭشىڭشيا ئارىلىقىغا پالانغان دېھقان ئابدۇلباقى ئىجاد قىلدى. تېكىستى:

شىڭشىڭشيا ئۈزى گوبى، ئىككى تاغنىڭ ئاراسى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ ئاقتى كۆزۈمنىڭ قاراسى.
شىڭشىڭشياغا ماڭغاندا ئۇڭ قولۇمدىن ئايرىلدىم،
ماڭماي دېسەم قورقىمەن، ئۆلۈكلىرىمغا يىغلىدىم.
شاھمەخسۇتنىڭ زۇلۇمى شىڭشىڭشيانى كۆرسەتتى،
ئىككى تال قامچا بېرىپ دەڭگىرمانى[1] ھەيدەتتى.
شىڭشىڭشياغا ماڭغاندا يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم،
ئايغىمغا تاش پاتتى كۆككە يەتتى ئاھلىرىم.
ئات ھارۇنى بىز ھەيدەپ كۆشۈيگە كەلدۇق كەچ بولدى،
ئاچچىق سۇنى كۆپ ئىچىپ تاڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

بۇ خەلق ناخشىسى تارقىلىپ كۆپ يىللاردىن كېيىن، خەلق سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن قۇمۇل مۇقامىنىڭ 9- مۇقامى (دوئا مۇقامى) غا كىرگۈزۈلۈپ، 11- چۇشۇرگە قىلىپ تىزىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇمۇل مۇقامى ئىبۇرغول كۈيىنىڭ تارىخىي داۋامى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى تارىخىنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشىدۇر.

قۇمۇل مۇقامى ئەل ئارىسىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇلدا ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنىپ رەتلەنمىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقۇرۇش تارماقلىرى 1965- يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە مۇزىكانتلارنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، قۇمۇل مۇقامىنى ئاۋازغا ئالدى ۋە يازما ماتېرىيال قالدۇردى.

---

[1] ئورۇق ئات

1982- يىلى، مەدەنىيەت نازارىتى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى بىلەن بىرلىشىپ مۇقام توپلاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جەمئىي 12 يۈرۈش، 19 بابلىق قۇمۇل مۇقامىنىڭ ئاۋازلىق ماتېرىيالىنى قايتا ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئالدى.

1983- يىلى، مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ، 1982- يىلدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسەن، قۇمۇل مۇقامىنىڭ بارلىق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ناخشا تېكىستىنى كۆچۈرۈپ، شاپىگرافتا بېسىپ، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ۋە تارماقلارغا يوللاپ، تۈزىتىش پىكرىنى ئالدى. 1987- يىلدىن بۇيان، مەخسۇس خادىم تەشكىللەپ، نوتىغا ئاساسەن ناخشا تېكىستى ۋە تەرجىمە تېكىستىنى رەتلىدى. 1990- يىلى، يەنە بىر قىسىم ئەلنەغمىچىلەر ۋە كەسپىي ئەدەبىيات- سەنئەت خادىملىرىنى تەشكىللەپ ئەسلىدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسەن، 1983- يىلدىكى شاپىگراف نۇسخىسى ئاساسىدا، پۈتۈن ئۇيغۇرچە ناخشا تېكىستىنى قايتىدىن سېلىشتۇرۇپ ۋە رەتلەپ چىقتى. ناخشا تېكىستىدىكى بىر قىسىم تەكرارلانغان، زورمۇ زور قوشۇپ قويۇلغان جايلىرىنى ئېلىۋەتتى، روشەن كېمەل جۈملىلەر، ئاھاڭگى ئېنىق بولمىغان، مەنىسى توغرا بولمىغان خەت، سۆز، جۈملىلەر ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى شېۋە، تەمسىل، قەدىمكى تىل قاتارلىقلارغا قارىتا قايتا- قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزدى، تۈزگەرتتى، سېلىشتۇردى ۋە رەتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەل ئارىسىدىكى مۇئەييەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم ناخشا تېكىستلىرىنى تولۇقلىدى، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناخشا تېكىستى تېخىمۇ توغرىلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى.

ئەلنەغمىچىلەرنىڭ كۆپ يىللىق تىرىشچانلىقى ۋە نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق، قادىر ئابلىز باش مۇھەررىر، جاڭ گوجۈەن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولغان «قۇمۇل مۇقامى» دېگەن كىتاب 1994- يىل 8- ئايدا خەلق مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ قۇمۇل مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا شىنجاڭ ھەتتا جۇڭگو مۇزىكا تارىخىدىكىمۇ چوڭ ئىش.

1. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ قۇرۇلما ناملىرى

قۇمۇل مۇقامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ «قەدىمىي مەنبەسى ۋە ئەسلىدىكى گەۋدىسى» نىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.

قۇمۇل مۇقامى تەدرىجىي ھازىرقى قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى. قۇمۇل مۇقامى مۇقەددىمە، ناخشا- ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. قۇمۇل مۇقامى چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن خەلق مۇقامىدۇر. ئەلنەغمە تەركىبى بىر قەدەر قويۇق، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردىكى مۇقاملار تېخىمۇ ئەلنەغمە پۇرىقىغا ئىگە؛ مۇزىكىنىڭ قۇرۇلمىسى ئەلنەغمە ناخشا- ئۇسسۇلدىن تەركىب تاپقان.

قۇمۇل مۇقامى جەمئىي 19 يۈرۈش بولۇپ، كېيىن 12 يۈرۈشكە مۇقىملاشتى. ھەر بىر يۈرۈش مۇقامنىڭ باشلىنىشىدا مۇقام ئېيتىلىدۇ، كەينىدىن 10 ياكى 20 كۇپلېت ناخشا ئېيتىلىدۇ.

قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ھەر بىر يۈرۈشنىڭ نامى خەلق ناخشىلىرىدىن كەلگەن، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، «مۇقام» دېگەن پارسچە، ئەرەبچە، بۇ سۆز شىنجاڭنىڭ كۆسەن، ئېيۇرغول ئەلنەغمىلىرىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىلدى، مەسىلەن: «چەبىيات»، «ئۆزھال»، «چارىگاھ»، «مۇشاۋرەك»، «ئىراق» قاتارلىقلار پارسچە، ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇر قەدىمىي مۇزىكىلىرىدا قوللىنىلدى، تارىختىكى ئاتالغۇلار، نۆۋەتتە يەنىلا ئەلنەغمىچىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلماقتا، بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل

مۇقاملىرىنىڭ ئىككى يۇرۇش نامى شەكىللەندى.

## قۇمۇل مۇقامىنىڭ ئىككى يۇرۇش نامى

جەدۋەل: 29 – 1

| ئەسلىدىكى نامى | | ھازىرقى نامى | |
|---|---|---|---|
| 1 | يۇردۇم ئالەم مۇقامى (1- چۇشۇرگە) | 1 | (ئۇلۇغدۆر) چوڭدۆر مۇقامى (1- چۇشۇرگە) |
| | يۇردۇم ئالەم مۇقامى (2- چۇشۇرگە) | | (ئۇلۇغدۆر) چوڭدۆر مۇقامى (2- چۇشۇرگە) |
| 2 | ھاي- ھاي ئۇلەن مۇقامى | 2 | دۆر مۇقامى |
| 3 | يالغۇز تويۇن مۇقامى (1- چۇشۇرگە) | 3 | مۇستەھزات مۇقامى (1- چۇشۇرگە) |
| | يالغۇز تويۇن مۇقامى (2- چۇشۇرگە) | | مۇستەھزات مۇقامى (2- چۇشۇرگە) |
| 4 | چارىگاھ مۇقامى (1- چۇشۇرگە) | 4 | چارىگاھ مۇقامى (1- چۇشۇرگە) |
| | چارىگاھ مۇقامى (2- چۇشۇرگە) | | چارىگاھ مۇقامى (2- چۇشۇرگە) |
| 5 | خۇپتى مۇقامى (1- چۇشۇرگە) | 5 | خۇپتى مۇقامى (1- چۇشۇرگە) |
| | خۇپتى مۇقامى (2- چۇشۇرگە) | | خۇپتى مۇقامى (2- چۇشۇرگە) |
| 6 | جانىكەم مۇقامى (1- چۇشۇرگە) | 6 | چەببىيات مۇقامى (1- چۇشۇرگە) |
| | جانىكەم مۇقامى (2- چۇشۇرگە) | | چەببىيات مۇقامى (2- چۇشۇرگە) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 7 | دەردنگكە دەگا مۇقامى (1- چۇشۇرگە) | 7 | مۇشاۋرەك مۇقامى (1- چۇشۇرگە) |
| | دەردنگكە دەگا مۇقامى (2- چۇشۇرگە) | | مۇشاۋرەك مۇقامى (2- چۇشۇرگە) |
| 8 | دەردنلىۋا مۇقامى (1- چۇشۇرگە) | 8 | ئۆزھال مۇقامى (1- چۇشۇرگە) |
| | دەردنلىۋا مۇقامى (2- چۇشۇرگە) | | ئۆزھال مۇقامى (2- چۇشۇرگە) |
| 9 | كىچىك دەردى يامان مۇقامى | 9 | دۇتا مۇقامى |
| 10 | دولان مۇشاۋرەك مۇقامى | 10 | دولان مۇشاۋرەك مۇقامى |
| 11 | چوڭ دەردى يامان مۇقامى | 11 | ئىراق مۇقامى |
| 12 | سايراڭ بۇلبۇلۇم مۇقامى | 12 | راك مۇقامى |

قۇمۇل مۇقامىدىكى «هاي- هاي ئۆلەن»، «يالغۇز تۇيۇن» قەدىمىي قۇمۇل ئەلنەغمىسى هېسابلىنىدۇ.

2. قۇمۇل مۇقامىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى

قۇمۇل مۇقامى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىر مۇھىم تارمىقى، ئۇ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ بىرسى، قەدىمىيلىكى، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر نەغمىسىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاز ئۇچرىغان؛ ئىككىنچىسى، مۇزىكا قۇرۇلمىسى 12 يۈرۈش مۇقام (19 چۇشۇرگىگە ئايرىلىدۇ)، 258 ناخشا ياكى مۇزىكا ئاھاڭىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر بىر يۈرۈش مۇقام بىر مەرغول، بىر قانچە ناخشا ۋە ناخشا- ئۇسسۇلدىن تەركىب تاپىتى. مۇقامىنىڭ ھەر بىر قىسمىدا، سەنەم ۋە مەشرەپ مۇزىكىسى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئورۇنداش ئۇسۇلىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئەلنەغمە شەكلى قوللىنىلغان، ناھايىتى جانلىق ئېيتىلىدۇ، ھەممە جاي ئەلنەغمە سورۇنى بولالايدۇ، مەشرەپتە سازەندىلەر بىلەن تاماشىبىنلار بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ناخشا تېكىستىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بولۇپ، ناخشا تېكىستى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك؛ تۆتىنچىسى، ناخشا ئاھاڭى ئەل ئىچىدىن كەلگەن بولۇپ، شەكلى كۆپ خىل، ئاھاڭى لەرزان، يېقىملىق، ئاممىباب؛ بەشىنچىسى، مۇقاملارنىڭ نامىمۇ يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە.

قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنداشتا چېلىنىدىغان سازلار: ئاساسلىقى قۇمۇل غېجىكىدۇر.قۇمۇل غېجىكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ياسىغان ئالاھىدە بىر خىل چالغۇ. غېجەكنىڭ بېشى تۇمۇردىن ياسىلىدۇ (قەدىمدە ياغاچتىنمۇ ياسىلاتتى). دەستىسىگە ئادەتتە تۇرلۇك نەقىشلەر ئويۇلىدۇ، ئىككى ئاساسلىق تارىسى بار، يەنە 7 – 9 غىچە ياڭراتقۇ تارىسى بولۇپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ مۇڭلۇق ياڭرىتىدۇ. غېجەك، چالغۇلارنىڭ باشلامچىسى ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇل خەلق راۋابىنىڭ بويۇن تەرىپىدە ياغاچتىن ئويۇلغان گۈللۈك نۇرغۇن سىزىقچىلار بولۇپ، ئۆزبېك راۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنە بىر ۋە بىرنەچچە داپ ئاساس قىلىنىپ، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىق چالغۇلارمۇ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

# §3. قازاق ئەلنەغمىلىرى ۋە چالغۇلىرى

## 1. ئەلنەغمىلىرى

قازاقلارنىڭ ئەلنەغمىسىدە مول، رەڭدار ئەلنەغمە كۈي مۇزىكىلىرى بار. قازاق رايونلىرىدا ئومۇملاشقان چالغۇ دومبىرادۇر. دومبىرا بىر تۈرلۈك يالغۇز ۋە بىرلىشىپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابى بولۇپ، ناخشا ئېيتقاندا ناخشىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ، ئادەتتىكى ناخشا ئېيتىشتا دومبىرا بىلەن پائوز بېرىلىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئېيتىدۇ. ئاقىنلار نۇرغۇن يېقىملىق خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى بىلىپلا قالماي، يەنە تۈرلۈك دومبىرا مۇزىكىلىرىنى چېلىشنى بىلىدۇ.

دومبىرا مۇزىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئېنىق تېما بولىدۇ، كۆپلىگەن دومبىرا مۇزىكىلىرى ئاتنى مەخسۇس تېما قىلغان. ئات قازاقلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھايۋان. شۇڭلاشقا، خەلق سەنئەتكارلىرى «سېرىق يورغا»، «چىلان تورۇق»، «ئالا ئات»، «قارا يورغا»، «تۇلپار» قاتارلىق دومبىرا مۇزىكىلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئاتنىڭ رەڭگى، يۈرۈشى، ئاتنىڭ مىڭگۈشىنى تەسۋىرلىدى.

قازاقلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دومبىرا مۇزىكىلىرىدىن «ئارغىماقنىڭ چېپىشى»، «ئاقساق ئېيىق» ۋە «تۈلكە» قاتارلىقلار بار. يايلاقتىكى گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىنى تەسۋىرلىگەنلىرىدىن «باركۆل كۆلىدىكى دولقۇن»، «جاۋۇ» قاتارلىقلار بار.

ھېكايە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دومبىرا مۇزىكىلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن، مەسىلەن، «چالاپ»، «ئىككى ئايالنىڭ كۆزياش قىلىشى»، «پۇشايمان قىلغان ئوۋچى»، «مەغرۇر قىز» قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغىنى يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا «چالاپ» بولۇپ، دومبىرا چالغۇچىلار چوقۇم ئورۇندايدىغان مۇزىكىدۇر.

قازاقلارنىڭ چالغۇ مۇزىكىلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقىنلار ئىجاد قىلغان يېڭى مۇزىكىلاردۇر. مەسىلەن، ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ- دەريالىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «باركۆل كۆلى»، «باركۆلدىكى كىچىك مازۇڭشەن تېغى»، «گۈزەل تەڭرىتاغ»، «گۈزەل تاغ بۆركۈتى»؛ قازاقلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «باھار قۇياشى»، «بەخت بۇلىقى»، «يايلاقتىكى تۇلپار»، «سەلتەنەتلىك ياشلىق»، «ئەمگەك قاينىمى»، «قويچى قىز»، «بەختلىك يېزام» قاتارلىقلار بار.

كوللېكتىپ ئورۇندالغان دومبىرا يېقىندا پەيدا بولغان بىر تۈرلۈك ئورۇنداش ئۇسۇلى بولۇپ، ئورۇندىلىشى ھەيۋەتلىك بولىدۇ. كوللېكتىپ دومبىرا بىلەن ئورۇندىلىدىغانلاردىن «قىز قوۋار»، «يايلاق شادلىقى» قاتارلىقلار بار.

## 2. چالغۇ ئەسۋابلار

قازاقلاردا يەنە بىر خىل پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ – سىبزغا بار. بۇ بىر خىل پۈۋلەپ چالىدىغان تۆت تۆشۈكلۈك ياغاچ نەيدۇر. بۇ خىل نەينىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، ئوتتۇرىسى كاۋاك، نەينىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سىرتىغا قوي ئۈچەيى ياكى ئىنچىكە يىپ ئورىلىدۇ.

باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزىسىدىكى پېشقەدەم سەنئەتكار خوشاي داڭلىق سىبزغا چېلىش ماھىرى، ئۇ 15

يېشىدىن باشلاپ 70 يىلغا يېقىن چالدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ چالغان مۇزىكىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئۈچ خىل. تۇلان: تاغ- دەريا، يايلاق ۋە يۇرت قەسىدىسى. چارۋىچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى مەدھىيىلەش، ئىنسانلار ۋە هايۋاناتلارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ پارتىيە ۋە داهىيلارنى، يېڭى تۇرمۇشنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن يېڭى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلدى. خوشاي 1950- يىللاردا، ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## §4. قومۇل خەلق ناخشىلىرى

1. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

قومۇل ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، مەزمۇنى ئىنتايىن مول. قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ هەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى جەڭگىۋار تۇرمۇشىنى، ئۆرپ- ئادەتلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قومۇل ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە يەرلىك ئالاهىدىلىككە ئىگە، ئۇ قومۇل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيىسى، هېسسىياتى ۋە ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. 1981- يىل 10- ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسى رەهبەرلىكىدە «قومۇل خەلق ناخشىلىرىنى تاللاپ تۈزۈش كومىتېتى» قۇرۇلدى، جاۋ چىڭشياڭ مۇدىر هەيئەت بولدى. 1982- يىل 2- ئايدىن باشلاپ، ئېلى ئىسمائىل، جاڭ گوجۈن ئىككىيلەن توپلاپ يىغىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ئاراتۇرۇك ناهىيىسىنىڭ نوم ۋە قومۇل ناهىيىسىنىڭ راھەتباغ، بولۇڭتوغراق، سومقاغا، ئاستانە، لاپچۇق، قارادۆۋە ۋە تەگرىتاغ قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ، خەلق ناخشىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى 7- ئايدا توپلاش خىزمىتى ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

1982- يىل 8- ئايدا، جاڭ گوجۈننىڭ مەسئۇللۇقىدا، قومۇل خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 10- ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، «قومۇل خەلق ناخشىلىرى مەخسۇس توپلىمى» نىڭ بىرىنچى كىتابى تاماملاندى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ :

قومۇل ۋاڭىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي قەهرىمانلارنى قىزغىن مەدھىيىلەيدىغان خەلق ناخشىلىرى: بۇ خىل خەلق ناخشىلىرىنىڭ سانى ناهايىتى كۆپ. مەسىلەن، قومۇل 9- ئەۋلاد ۋاڭى شاھمەخسۇتنىڭ قانلىق هۆكۈمرانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدىغان «ئالۋاستى شاھمەخسۇت» تا مۇنداق ئېيتىلغان:

شاھمەخسۇتنىڭ ۋاقتىدا،
ئالۋاڭلار ئېغىر بولدى.
زالىملارنىڭ قامچىسىدا،
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار قومۇل ۋاڭىنىڭ رەھىمسىز ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئېزىشىگە چىدىماي، ئەركىن- ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە كۈچلۈك ئىنتىلىپ، «ئاسماندىكى بۈركۈت بولسام» دېگەن ناخشىدا مۇنداق ئېيتقان:

ئانام مېنى ئانام مېنى،
نېمىشقا تۇغدىڭىن؟

بۇ دەردلەرنى ئاڭلىسىڭىز
بىلمەيتتىڭىزمۇ؟ (بىلمىدىمىكىن)

مىللىي قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەيدىغان خەلق ناخشىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈر خەلپە دېھقانلار قوزغىلىڭىنى مەدھىيىلەيدىغان «تۆمۈر خەلپە ناخشىسى» ۋە جۇڭگارلارغا قارشى كۈرەش قىلغان قەھرىمان ئۆمەر باتۇرنى مەدھىيىلەيدىغان «يالغۇز تويۇن» بىر قەدەر داڭلىق. «يالغۇز تويۇن» بىر قەدەر ئۇزۇن بايان خاراكتېرلىك خەلق ناخشىسى بولۇپ، ئاساسەن مۇنۇ مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: 1- ئەۋلاد ۋاڭ ئەبەيدۇللا دەۋرىدە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان جۇڭغار تۆپىلاڭچىلىرى ئىمىرتىيىنى ئىگىلىۋېلىپ، قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ھەر ۋاقىت تەھدىت سالدى. بىر كۈنى جۇڭغار تۆپىلاڭچىلىرى 66 ئۇيغۇر ياش يىگىتنىڭ يالغۇز تويۇن ئەتراپىدا بوغدايلىقتا ئورما قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ياۋۇزلۇق بىلەن 40 نى ئۆلتۈرۈۋەتتى، پەقەت 26 سى لا ئامان قالدى. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئۆمەر باتۇر ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن قوشۇن تەشكىللەپ، كۆپ قېتىم جۇڭغارلار بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى، ئاخىرىدا جۇڭغارلارنىڭ باشلىقىنى تىرىك تۇتۇپ، كاللىسىنى ئېلىپ قانلىق قىساس ئالدى.

فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، نىكاھ ئەركىنلىكىنى ئارزۇ قىلىدىغان خەلق مۇھەببەت ناخشىلىرى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى 1982-، 1983- يىللىرى تۈزۈپ باسقان «قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى مەخسۇس توپلىمى» نىڭ 1-، 2- قىسمىدىكى 145 كۇپلېت خەلق ناخشىسىنىڭ 139 كۇپلېتىدا مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدۇ. قۇمۇل ناھىيىسى لاپچۇقتا تارقىلىپ ئېيتىلغانلىرىدىن «يۈرىكىمما يۈرىكىم»، «يارىدىن ئايرىلغان كىشى»، «گۈلدەك يارىم»، «ئاللا يايىرىم»، «نازىرىكۇم»، «ئاينىاۋا» لار بار. شەھەر ئىچىدە تارقالغانلىرىدىن «ئاشناجان»، «چىرايلىق كۆينەك»، «گۈيۈلاگگۈپ»؛ ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تۇم ئەتراپلىرىدا تارقالغانلىرىدىن «قارا كۆزلۈك يارىم»، «دەردىنىڭ يامان»، «شەرۋانەم»، «سەيلىخان»، «سەن سەن مېنى سەن»، «ئاقبالىخان»، «چىمەنگۈل» قاتارلىقلار بار.

«مەن تېرىغان قوغۇن ئاتلىق» دېگەن خەلق ناخشىسىدا مۇنداق ئېيتىلغان:

قوغۇن تېرىدىم خەندەك،
خەقلەر تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

كومپارتىيە، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەيدىغان يېڭى خەلق ناخشىلىرى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئازادلىققا ئېرىشىپ، تۇرمۇشى كۈندىن- كۈنگە ياخشىلاندى، بۇنىڭ بىلەن كومپارتىيىنى ۋە سوتسىيالىزمنى، يېڭى تۇرمۇشنى مەدھىيىلەيدىغان خەلق ناخشىلىرى بارلىققا كەلدى. 1950 – 1960- يىللاردا ئەڭ كۆپ ئېيتىلغىنى «كومپارتىيىنىڭ شەپقىتىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ»:

سىياھ بولسا دېڭىز- ئوكيان،
قەلەم بولسا دەرەخ ئورمان،
قەغەز بولسا زېمىن ئاسمان،
بولۇپ شائىر جىمى ئىنسان،
ئۇلۇغ داھى، ئۇلۇغ ئۇستاز،
ئۇلۇغ پارتىيە ماۋ جۇشى،
ئادا بولماس سېنىڭ شەنىڭ،
يېزىلسا بېھىساب داستان.

«خەلقنىڭ نىجاتكارى كومپارتىيە» نىڭ تېكستى مۇنداق:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس
كۆپ چىقسىلا ھاياتلىق،
تىمەن ئۈسۈپ ياشنايدۇ.
كومپارتىيە بولسىلا،
كەمبەغەللەر ياشايدۇ.

## §5. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش

### 1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش

مول مىللىي خەلق ئەدەبىياتى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋىلايىتى 10 تۈرلۈك توپلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى قارار قىلدى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ناھىيە (شەھەر) لەر مەخسۇس توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇردى. 1989- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتتىكى خەلق ئۇسسۇلىنى توپلاش خىزمىتى بىر تۇتاش ئۆلچەم بويىچە 20 ئۇسسۇلنى رەتلەش، تەھرىرلەش خىزمىتىنى تاماملىدى؛ خەلق ناخشىسى توپلاش ئىشخانىسى 120ئۇيغۇر خەلق ناخشىسىنى توپلاپ رەتلىدى (بۇنىڭ ئىچىدە 50 ى شىنجاڭ خەلق ناخشىسى توپلىمى شەرقىي شىنجاڭ قىسمىغا كىرگۈزۈلدى)، قازاق خەلق ناخشىسى 80 دىن ئارتۇق، موڭغۇل خەلق ناخشىسى 35، خەنزۇ خەلق ناخشىسى 50. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ نەغمىلىرىدىن 19 لېنتا (تەخمىنەن 15 سائەت) توپلاندى. 22 مىڭ 957 كۇپلېت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ناخشىسى ، 4150 ماقال- تەمسىل ۋە 431 ھېكايە، رىۋايەت توپلاندى، «تىياتىر تەزكىرىسى» نىڭ بىر قىسىم ئورگىنالى تاماملاندى. 10 توپلامنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن، 1990- يىل 2- ئاينىڭ 24- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئىلمىنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ 10 توپلامنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ۋە تەھرىرلەپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1988- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل شەھىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇيغۇر، خەنزۇدىن 12 ئادەم مەخسۇس ئاجرىتىلىپ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ، قۇمۇلنىڭ تاغ- دەريالىرىنى كېچىپ، 21 يېزا، 301 تەبىئىي كەنتكە بېرىپ، چۆچەكچى، سەنئەتكار ۋە ناخشىچىلارنى زىيارەت قىلىپ، خەنزۇچىدىنلا 10 مىڭدىن ئارتۇق ماقال- تەمسىل، 1214 پارچە ھېكايە، 1578 كۇپلېت ناخشا- قوشاق يىغدى. بەش يىلدا «جۇڭگو ماقال- تەمسىللەر توپلىمى شىنجاڭ قىسمى قۇمۇل شەھىرى تارماق قىسمى» (خەنزۇچە 200 مىڭ خەت)، «جۇڭگو خەلق ھېكايىلىرى توپلىمى شىنجاڭ قىسمى قۇمۇل شەھىرى تارماق قىسمى» (خەنزۇچە 760 مىڭ خەت)، «جۇڭگو ناخشا- قوشاق توپلىمى شىنجاڭ قىسمى قۇمۇل شەھىرى تارماق قىسمى» قاتارلىقلارنى تەھرىرلەپ نەشردىن چىقاردى؛ شىنجاڭ نەغمىلىرى كاتولىگىدىن 86 نى توپلاپ رەتلىدى، «قۇمۇل — شىنجاڭ نەغمىسى توپلىمى» (850 مىڭ خەت) نى تەھرىرلەپ نەشردىن چىقاردى. 1988- يىل 6- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىدە خەلق ھېكايە- چۆچەكلىرى، ماقال- تەمسىللىرى ۋە خەلق ناخشىسىدىن ئىبارەت ئۈچ يۈرۈش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى

قۇرۇلدى، ئىككى خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. مەخسۇس خادىملار تەكشۈرۈش بىلەن ئىشتىن سىرتقى خەلق ھەۋەسكارلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تۈزۈتۈش، بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1989- يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ، يىلنىڭ ئاخىرىغىچە خەلق ھېكايە- چۆچەكلىرى 255 پارچە (ئەمەلىيەتتە رەتلەنگىنى 200 پارچە)، ناخشا- قوشاق 100 دىن ئارتۇق، ناخشا- قوشاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك شېۋە 100 دىن ئارتۇق، ھەر خىل ماقال- تەمسىل 2000 دىن ئارتۇق توپلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن تەھرىرلەش فورمىسى بويىچە، تۈرلەرگە ئايرىپ كىتاب قىلىپ تۈزۈلدى، «جۇڭگو ماقال- تەمسىللىرى توپلىمى شىنجاڭ قىسمى باركۆل ناھىيىسى تارماق قىسمى»، «جۇڭگو ھېكايە- چۆچەكلىرى توپلىمى شىنجاڭ قىسمى باركۆل ناھىيىلىك تارماق قىسمى» ۋە «جۇڭگو ناخشا- قوشاقلىرى توپلىمى شىنجاڭ قىسمى باركۆل ناھىيىلىك تارماق قىسمى» نەشر قىلىندى.

2. قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش

1986- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، 1986- يىل 4- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى تىل- يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. 1990- يىلى، تۆت خادىمى بولۇپ (ھەممىسى ئۇيغۇر)، بۇنىڭ ئىچىدە، كاندىدات ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە كىشى بىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە كىشى ئۈچ. 1986 – 1990- يىللىرىغىچە، ۋىلايەت تەۋەسىدىن ئاز سانلىق مىللەت تىل – يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 127 پارچىسى توپلاندى، ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر بولۇپ، مەزمۇنىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت، دىن، ئۆرپ- ئادىتى ۋە قائىدە- يوسۇنلىرى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە 300 يىل ئىلگىرى يېزىلغان قەدىمكى قوليازما ئەسەر «خوجىلار تەزكىرىسى» (چىڭ سۇلالىسى) قاتارلىقلار تېپىلدى. ئىشخانا قەدىمكى ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ قۇمۇل تارىخى، مىللىي مەدەنىيىتىگە ئائىت 70 نەچچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، مەزمۇنى قۇمۇل يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي شەخسلەر، دىن، ئون ئىككى مۇقام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. «قۇمۇل قوغۇنىنىڭ تارىخى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالە شاڭخەيدىكى بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى، ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان «قۇمۇل نەزمىلىرى» 6- نۆۋەتلىك جۇڭگو كىتاب- ژۇرناللىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىشخانا مۇدىرى ئېلى ئىسمائىل ئاپتونوم رايوندىكى 10 مۇقام تەتقىقاتچىسىنىڭ بىرى بولۇپ، بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئۇيغۇر مۇقامى تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتى.

# VII باب

# ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى

قۇمۇل ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ھەر مىللەت خەلقى پارلاق مەدەنىيەت- سەنئەتلىرىنى ياراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل، خەتتاتلىق، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر، كىنو قاتارلىقلار مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ھەمدە بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر، ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر بارلىققا كەلدى.

## §1. ئەدەبىي ئىجادىيەت

### 1. شېئىر ئىجادىيىتى

1) ئۇيغۇر شېئىرىيىتى    ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭقى چىقارغان قۇمۇل ئۇيغۇر داستانلىرىدىن «ياچىبەگ»، «ئىسلامبەگ»، «تۆمەر باتۇر»، «تۇرمىدىكى توختىئاخۇن»، «تۆمۈر خەلپە»، «ئالمىخان»، «قارادۆۋە قىزى گۈلدەستىخان»، «سايىمخان» قاتارلىقلار بار.

1989- يىل 12- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان قول يازمىلار ئارىسىدا «باياز» بار. بۇ قوليازما بېشىر ۋاڭ مەزگىلىدىكى ۋاڭ ئوردىسى تۈزگەن چوڭ تىپتىكى شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، 33 شائىر يازغان، تېمىسى كۆپ خىل. مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچە ئاپتورلىرى قۇمۇللۇق ئىكەن.

شائىر ئابىت قۇمۇلىنىڭ 33 پارچە داستان، 39 كۇپلېت «رۇبائىيسى» ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتىغا تۆس قوشتى. ئابىت قۇمۇلى 1668- يىلى قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئۆزى بىلەن ئەبەيدۇللا ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىدى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىسى ئىلغار، بەدىئىيلىكى كۈچلۈك، ھېسسىياتقا باي بولۇپ، قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەپىسلىكى ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى.

يۈسۈپ تەيجى (1864 – 1940)، شاھمەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە تەيجى بولغان. «غېرىبى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن نۇرغۇن ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە، تېمىسى كەڭ، شەكلى خىلمۇ خىل شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى بولۇپ، بۇلاردىن «ئىككىمىز»، «تەنھالىق»، «چەت ئەلدە» قاتارلىقلار بار.

ھاپىز ئاخۇن 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدا ياشىغان، ئۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق كونا جەمئىيەتتىكى خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ كەيپ- ساپالىق، ئەيش- ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشى ۋە يالاقچى، خۇشامەتچى، ئوغرى، قاقتى- سوقتىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلغان.

2) قازاق شېئىرىيىتى    قازاقلارنىڭ خەلق داستانلىرى توپلىمىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول، ئۇسلۇبى خىلمۇ خىل، رەڭدار. ئادەمنى جەلپ قىلىدىغىنى چوڭ كۆلەملىك قەھرىمانلار تەسۋىرلەنگەن تارىخىي داستانلاردىن 60 خىلچە بار. ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن «ئالپامىس»، «ئېرتاگىين»، «قورلاند»، «بوگەنباي» قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىك تارىخىي ۋەقەنى ئاساس قىلىپ، نۇرغۇن مىللىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. تارىخىي شېئىرلاردا مىللەتنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن نۇرغۇن زور ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، يات مىللەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، ئىچكى ئازازا قاتارلىقلار. قازاقلاردا يەنە نۇرغۇن مۇھەببەت داستانلىرى ۋە خەلق ھېكايىلىرى تارقالغان. مەسىلەن، 80 تەمسىلدىن تۈزۈلگەن «40 ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىقلار، ھەجمى ئۇزۇن، ۋەقەلىكى ئەگرى- توقاي ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. قازاقلار ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان مىللەت، خەلق ناخشىچىلىرى «ئاقىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى قازاق ئاقىن يازغۇچىلاردىن: ئاقناي كۆكەي (؟ – 1940)، شىڭ شىسەينىڭ ئالدىغا تۇچراپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالدى، «شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە» قاتارلىق داڭلىق باياي، داستانلىرى، كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىكلىكى ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكىنى

پاش قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن شېئىرلارنى ئېلان قىلغان.

دوگتەي (؟ – 1920)، موللا، شۇنداقلا چوڭ ئاقىن. ئۇ تەسۋىرلىگەن قازاقلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ- ئادىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنە بىلەن ناچار ئۆرپ- ئادەتلەر ھەممە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت شېئىرلار ئەينى چاغدا ناھايىتى ياخشى رول ئوينىغان، ھەممە كەڭ تارقالغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى «باركۆل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» كىتابىغا كىرگۈزۈلدى.

ئالىمخان ئاقىن (؟ – 1940 )، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئېغىزدا تارقالغىنى كۆپرەك، ھېزىقتا خاتىرىلەنگىنى ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ قازاق چوڭ ئاقىنى تالجىبېك بىلەن بىللە تۈرمىدە يازغان «يۇرتۇمنى سېغىنىمەن»، باركۆلنى تىپىا قىلغان «ئالىمخان شېئىرلىرى» دېگەن شېئىرلىرى «باركۆل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» كىتابىغا كىرگۈزۈلدى.

سۇلايمان دەربىباي (1891 – 1971)، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىندىكى بىر نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ شېئىرنى ياخشى كۆرەتتى. 1920- يىلى، باركۆلگە كۆچۈپ كەلدى. 1930- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاقلار شېڭ شىسەينىڭ قاتتىق ئېزىشىگە چىداپ تۇرالماي، بىر قىسمى گەنسۇ، چىڭخەيگە يۆتكىلىپ، يەنە بىر قىسمى پاكىستان، تۈركىيىگە قېچىپ كەتتى. سۇلايمان داربىاي قازاق چارۋىچىلارغا ئەگىشىپ شەرققە يۆتكىلىپ، جاپالىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈردى، مابۇفاڭ قاراقچىلىرىنىڭ قازاق چارۋىچىلارغا قارىتا ئەسەبىيلەرچە قىرغىنچىلىقى ۋە قانلىق باستۇرۇشىنى كۆردى. ئۇ 1600 مىسرالىق داستانىنى يېزىپ، قازاق چارۋىچىلارنىڭ كۆچۈش يولىدىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى خاتىرىلىگەن، ھەر قايسى قەبىلىدىكى چارۋىچىلارنىڭ جاپا جەريانىدىكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان، بىر قىسىم قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ھەقىقىي باھا بېرىلگەن.

2. تىياتىر ئىجادىيىتى

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، قۇمۇل رايونى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەمئىيىتى ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان ئۇيغۇرچە دراملاردىن «تۇرغۇن پالۋان»، «يوقالغان ئالتۇن» قاتارلىقلار بار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى، شىنجاڭ يېڭى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى قۇمۇل سەنئەت ئەترىتى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرچە دراما «بېشىر ئۈستىدىن شىكايەت» نى ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ ئورۇندىدى.

1961- يىلى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى تىياتىرى «ئانارخان» نى قويدى. 1962- يىلى، سەنئەت ئۆمىكى بۇرھان شەھىدى يازغان «يالقۇنتاغ غەزىپى» نى يەتتە پەردىلىك دراما قىلىپ ئوينىدى.

1963- يىلى، قىزىلىيۇلتۇز تىياتىر ئۆمىكى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان چوڭ تىپتىكى چىڭچياڭ ھازىرقى زامان تىياتىرى «باياۋاندىكى يۇلتۇز» نى قويدى.

1962- يىلى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى خەنزۇچە دراما «تامغىنى تارتىۋېلىش» نى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئوينىدى. 1964- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان تىياتىر «جيەنگەن دەرياسى بويىدا» نى قويدى.

1971- يىلى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ھازىرقى زامان جىڭجۈي تىياتىرى «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش» تىن ئارىيە «يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ تاققا چىقىش» ۋە «تاغ ئىچىگە كىرىپ ھال سوراش» نى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، قۇمۇل يېزىلىرىدا، پىچان ناھىيىسىنىڭ يېزا- بازارلىرى ۋە ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىدا قويدى. 1977- يىل 1- ئايدا، «قىزىل چىراغ» دىن ئارىيە «ئىنقىلابىي ئائىلە تارىخىنى سۆزلەش» نى ئۇيغۇرچىلاشتۇردى. 1975- يىل 3- ئايدا، «لۇڭجياڭغا مەدھىيە» نىڭ 1-، 2-، 3- پەردىلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇردى. 8- ئايدا، «لۇڭجياڭغا مەدھىيە» ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلدى. 1976- يىلى، سەنئەت ئۆمىكى ئۆمەر تالىپ ئىجاد قىلغان

ئۇيغۇرچە مۇزىكىلىق تىياتىر «داجەي كۆلى» نى قۇمۇل، باركۆل ۋە ئاراتۈرۈكلەردە قويدى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى شايىدىن توختى ئىجاد قىلغان بەش پەردىلىك ئۇيغۇرچە تارىخىي دراما «چىنمودەن» نى ئورۇندىدى.

[قوشۇمچە] «مايترى سىمىت»

«مايترى سىمىت» 9- ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى تىياتىرى «مايتىرى سىمىت» نىڭ قوليازمىسىدۇر. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ كىتاب دۇنيادا بايقىلىپ ساقلانغان ئوخشاش تۈردىكى كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل قول يازما كىتاب نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇكەممەللىكى گېرمانىيىدە ساقلانغىنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

«مايترى سىمىت» 27 پەردىلىك چوڭ تىپتىكى تىياتىر بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ساقلانغان ئۇيغۇر تىلى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا ئەدەبىي ئەسىرىدۇر.

«مايترى سىمىت» قۇمۇل ۋاڭلىقى مەزگىلىدە ئوردىدا ساقلانغان، كېيىن ئوروش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن تاغ ئورمانلىق ئىچىدە ساقلانغان. «مايترى سىمىت» نىڭ بايقىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

بۇ كىتابتا بەدىئىي ئۇسلۇب، كونكرېت شەخسلەرنىڭ ئوبرازى، جانلىق، راۋان تىل ئارقىلىق، بۇددا دىنى مۇرىتلىرى قەلبىدىكى قۇتقازغۇچى خۇدا كەلگۈسى بۇرھان مايترىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.

«مايتىرى سىمىت» نىڭ قۇمۇلدا بايقالغان قول يازمىسى نۇسخىسى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە IX - X Ⅲ ئەسىر) دە، خان ئوردىسىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى چوتايىخان كۆچۈرۈپ يازغان، جەمئىي 586 بەت. 1987 - يىلى، شېرىپ، يۈسۈپ، ئەرقىيۇم، غوجابدۇلكۈنكەبەر قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ رەتلەپ كىتاب قىلىپ چىقتى.

3. ناخشا ئىجادىيىتى

1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، قۇمۇل شەھەرئىچىدىكى ئۇيغۇرچە ناخشا «كومپارتىيىنىڭ شەپقىتىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» شىنجاڭغا ۋە مەملىكەتكە تارقالدى.

1977- يىلى، جاڭ گوچۈەن، ۋاڭ زوگجې، ماچېڭشياڭلار «ئاراتۈرۈكنىڭ 40 كۈنى» دراممىسىنى ئىجاد قىلدى.

1965- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەشۋىقات ئەترىتى ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ ئوينىغان «نىياز ئاخۇننىڭ توكىگى (سۈەت خۇرجۇن)» ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات. سەنئەت كۆرىكىدە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1974 – 1990- يىللاردا، باركۆل ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى جۇمە (قازاق) ئىجاد قىلغان ناخشا «گۈزەل باركۆل» 1984- يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 2- نۆۋەتلىك «تەگرىتاغ ئاۋازى» كونسېرت كېچىلىكىدە 2- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1980- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى ئىجاد قىلغان ناخشىلاردىن «شادلىققا تولغان تاغلىق كەنت»، «مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىر بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ»، «ئېيت ناخشاڭنى ئاراتۈرۈك»، «رەڭدار لېنتا» ۋە «بۇرتقا مەدھىيە» قاتارلىقلار بار.

1983- يىل 12- ئايدا، مەدەنىيەت نازارىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناخشىلىرىنى توپلاش» پائالىيىتىدە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن جاۋ شىخۇا ئىجاد قىلغان ناخشا «باياشات چېگرا رايوننى ئورتاق قۇرايلى» مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شۇ يىلى، ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن مۇزىكا كۆرىكىدە «بىر جۈپ گۈل» (ئايالچە قوش كىشىلىك ناخشا) ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە، باركۆل ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى «شادلىققا تولغان يايلاق»، «ئات بەيگىسى»، «كەردىلاق»، «باي چارۋىچىلىق مەيدانى»، «تەبرىكلەش»، «گۈزەل يۇرت» ۋە كىچىك ئوپېرا «يايلاقتىكى يېڭى كىشىلەر» نى دومبىرا بىلەن ئورۇندىدى.

گو جىشىن ئىجاد قىلغان دومبىرا بىلەن تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا «ئات بەيگىسى» 1983- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي چالغۇ مۇزىكىلىرى مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تېكىستىنى مېڭ جىمىن يازغان، مۇزىكىسىنى گو جىشىن ئىشلىگەن ناخشا «گۈزەل باركۆل — مېنىڭ ئانام» 1983- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مۇزىكا ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 4. ئۇسسۇل ئىجادىيىتى

قۇمۇلنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

1956- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك يېزا ئىشتىن سىرتقى كۆرەك ئۆتكۈزۈلدى. قۇمۇل مەشرەپلىرىدىن «خۇشاللىق» ۋە «داپ ئۇسسۇلى» ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

1959- يىل، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكىدە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن جاۋ شىخۇا ئىجاد قىلغان «ئاشپەزلەر ئۇسسۇلى» 1- دەرىجىلىك ماكاپاتقا ئېرىشتى.

1965- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەت 2- نۆۋەتلىك يېزا ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. باركۆل ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىجاد قىلىپ قويغان «يايلاقتىكى جەسۇرلۇق»، ئۇسسۇل «ئەڭ ياخشى ئاتنى ئازادلىق ئارمىيىگە تەقدىم قىلىش» 1-، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1980- يىللاردا، باركۆل ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى ئىجاد قىلغان ئاساسلىق نومۇرلاردىن قازاقچە ئۇسسۇل «شىرداق»، «سۆيۈملۈك يۇرت»، «توي باشلاش»، «رومال ئۇسسۇلى»، «كەشتىلەنگەن رەڭدار پوتا»، «جۈپ ئات»، «بۇلاقتىكى مۇھەببەت شولىسى» قاتارلىقلار بار، موڭغۇلچە ئۇسسۇلدىن «سېغىن ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار بار.

1979 – 1986- يىل 5- ئايدا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك سەنئەت ئەترىتى «بۆشۈك» ۋە «ھارۋا ئۇسسۇلى» نى ئىجاد قىلدى. 1985- يىل 7- ئايدا، مەدەنىيەت نازارىتى ئەدەبىيات- سەنئەت كۆرەك ھەپتىلىكى ئۆتكۈزدى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن جاۋ شىخۇا ئىجاد قىلغان ئۇسسۇل «ئەينەككە قاراش» 2- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1989- يىلى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈرنىڭ رومانىغا ئاساسەن ۋاڭ شياۋيۈن ئۆزگەرتكەن ۋە رېژىسسورلۇق قىلغان ئۇسسۇللۇق تىياتىر «قانلىق ئىز» ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا، 1- دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى ۋە 1- دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1990- يىلى، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇسسۇل — «قوغۇن يۇرتىدىكى باھار»، «توخۇ ئۇسسۇلى»، «قار لەيلىسى»، «چىراغ ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى سۈرەتكە ئالدى.

## 5. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مۇنەۋۋەر كەسپىي يازغۇچى ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 50-، 60- يىللاردا ئاز ساندىكى ياش يازغۇچىلارنىڭ ھېكايە، شېئىر قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 70- يىللاردا، ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى تەدرىجىي شەكىللەندى، بولۇپمۇ ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات-

سەنئەت ئىجادىيەت قوشۇنى يېتىشىپ چىقتى.

1) ئۇيغۇر يازغۇچىلار

**ئابدۇرېھىم تىلەشۇپ ئۆتكۈر** 1923- يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان، داڭلىق ئۇيغۇر ئەدىب، 500 نەچچە شېئىر، 10 ھا يېقىن تارىخىي داستانى ئېلان قىلىنغان. 11- ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركى تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىش، بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرىدىن تارىخىي داستان — «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە رىۋايەت»، «قەشقەر كېچىسى» ۋە تارىخىي رومان — «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىقلار بار.

**ئابدۇكېرىم خوجا** 1928- يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان، داڭلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرىدىن «ئايخان»، «رىۋايەت ۋە رېئاللىق»، «يايلاقتىكى خىياللار»، «ھەيكەل»، «ئەزرائىل ۋە مەن» ۋە شېئىرلار توپلىمى «باھار ناخشىسى»، «ئوننىچى باھار» قاتارلىقلار بار. ئۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە ماۋ زېدۇڭ، چۇ چيۇبەي، گو مورۇ، ئەي چىڭ، خې جىڭجى، لى بەي، دۇ فۇ قاتارلىقلارنىڭ شېئىر، ئەسەرلىرىنى ۋە كلاسسىك رومانلاردىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «لى زىچېڭ» نىڭ 1-، 2- تومىنى تەرجىمە قىلدى.

**ئايشەم ئەخمەت** جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، داڭلىق رومانلىرىدىن «ئۆچمەس ئىزلار»، پوۋېستلىرىدىن «باغداش گۈلى»، تارىخىي ئوپېراسىدىن «مېھرىبانۇ ۋاڭ» لار بار، پەن- تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابىدىن «قۇمۇل» نى يازغان. ئۇنىڭ ئىچىدە، «چەت ئەلدە توقۇلغان ھېكايىلەر»، «خانىم- قىزلار دەستۇرى» ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېكايىلەر توپلىمى «مەلىكىنىڭ مەگزىدىكى داغ» بار.

ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر يازغۇچى ماجى يازغان سىنارىيە «تەگرىتاغ گۇۋاھ» تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلىنىپ، ئاپتونوم رايوندا ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

2) قازاق يازغۇچىلار

**ئەبدۇل سوپىباي** (1913 – 1974)، قازاق چارۋىچىلىرى ئىچىدە «دانىشمەن» دەپ نامى بار. ئۇنىڭ «ئاپامىيتكە مەدھىيە»، «ۋاڭخەي»، «ئىبراھىمغا يېزىلغان خەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى «باركۆل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

**باقىتقان بايجۇمە** (1931 – 1989)، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. 1959- يىلى، ئۇ «تىيلغاق» دېگەن شېئىرى بىلەن داڭ چىقارغاندىن كېيىن، كەينى- كەينىدىن «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «كېپىنەك قىز»، «جاجىسىنى يېمەك»، «قازاق گېپىمنى ئاڭلا»، «ئورمانلىقنىڭ سىرى» قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق شېئىرى ۋە نەسرى ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭ «ئاق بۇلۇت» دېگەن شېئىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 2- دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**ساغەتقان تاققەي** جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، «تەبئىي مەنزىرە»، «ئاقباسنىڭ پۇشايمىنى»، «قايتا ئۇچراشماق» قاتارلىق 31 ھېكايە ۋە 60 نەچچە شېئىرى ئېلان قىلىندى. يەنە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، «مېھمان چاقىرىش ۋە ھاياتلىق يولى»، «سۇ بېشىدىن سۇرۇك»، «ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ قەلبى» قاتارلىق يەتتە درامىسى ئېلان قىلىندى.

**بەشمۇرات سەپەرغالى** جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. 1959 - يىلىدىن باشلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلىغان، لېكىن كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 350 نەچچە شېئىر ھەمدە نەسر قاتارلىق

ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «ئاق بۇلۇت» دېگەن شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

**تاپاي قەيسەرخان** جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. 1986- يىلى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلىغان، 1990- يىلغىچە 200 شېئىر، بەش رومان ۋە بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى.

1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، باركۆل ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى باقىتقان، ئۆزىنىڭ مۇددەت شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ژۇرناللاردا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. «يايلاقتىكى شادلىق ناخشىسى» (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان) شېئىرلار توپلىمى ئېلان قىلىندى.

3) خەنزۇ يازغۇچىلار

**ۋاڭ خەيتاۋ** ئەسلى باركۆل ناھىيىسى شىرىنزى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىشتىن سىرتقى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، نۇرغۇن ئەسەرلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ 1- دەرىجىلىك بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بالىلار ئەدەبىياتى «يايلاقتىكى قىزىل پۆشتەك» چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ چەت ئەللەردە تارقىتىلدى. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ھەمدە كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. 1980 - يىلى، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ باش مۇھەررىرى بولدى. 1985- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

شۇ شۆچېڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، باركۆل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىجادىيەتچىسى. شۇ شۆچېڭ 1979 – 1990- يىلغىچە، ئۆلكە دەرىجىلىك ژۇرناللاردا 30 نەچچە ھېكايە، نەسر ۋە چۆچەك ئېلان قىلىپ، «يەرلىك ئەدەبىي ئاپتور» دەپ ئاتالدى.

## §2. گۈزەل سەنئەت، فوتو - سۈرەت، خەتتاتلىق

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئەجدادلار يادا بېقىۋاتقان، ئوۋچىلىق قىلىۋاتقان، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە ئۇسۇل ئوينىۋاتقان ھەر خىل جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى قىيا تاشلارغا ئويغان. خەن، ۋېي سۇلالىسىدىن بۇيان، نۇرغۇن بۇددا ھەيكەللىرى، رەڭلىك تام سۈرەتلەر ۋە خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىكى ئابىدىلەر ھەم سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تاش ھەيكەللەر بارلىققا كەلدى. مىڭ، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان، مەملىكەتتىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت ئۆلىمالىرى ۋە خەتتاتلار، مەسىلەن، مىڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ شىجېن، چېن چېڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لىن زېشۇ، زو زوڭتاڭ، شى شەنچاڭ ھەمدە مىنگو دەۋرىدىكى زو رۇيشىڭ، رېن چۈنتيەن قاتارلىقلار قەدىمىي قۇمۇل ئۈچۈن قىممەتلىك ئېسىل رەسىملەرنى (ھۆسنخەت) قالدۇرۇپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت- سەنئەت ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، خەتتاتلار كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. رەسىمچىلىكتە ھەر خىل ئۇسلۇبلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق رەسىم، رەڭلىك تاش باسما رەسىم، سۇبوياق رەسىم ۋە جانلىق دېھقانلار رەسىم ھەم قەغەز قىيىق قاتارلىقلار، شۇنداقلا تامغا ئويۇش، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى گۈللىنىۋاتقان يىلتىز ئويما سەنئىتى، ئاخبارات، پەن- تېخنىكا، ئېلان، سەنئەت قاتارلىق فوتو - سۈرەت ئەسىرى شۇ جايدىكى ھەۋەسكارلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، يەنە ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك كۆرگەزمىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئايرىم ئەسەرلەر چەت ئەللەردە كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

1980- يىللاردىن بۇيان، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى خەتتاتلىق، ھەيكەلتىراشلىق، ئويمىچىلىق ۋە فوتو - سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىلىرىنى دائىم ئۇيۇشتۇردى، ئارىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر ئۈرۈمچىگە تاللاپ ئەۋەتىلدى. گەنسۇ شىئەن ۋە بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

1. گۈزەل سەنئەت

1) دېھقانلار رەسىملىرى    1980- يىللاردا، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيى گۈزەل سەنئەت خىزمەتچىسى ما فۇجۈەن قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى، راھەتباغ، پالۋانتۇر، قارادۆۋە ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ باي قاتارلىق يېزىلىرىدىكى گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا 10 نەچچە قارار دېھقانلار رەساملىق ۋە قەغەز قىيما ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى، كۇرسقا 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى، 700 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم سىزىلدى. 1987- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىدا قۇمۇل بويىچە تۇنجى قېتىملىق دېھقانلار رەساملىق قەغەز قىيمىچىلىقى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. شۇ يىلى 6- ئايدا، قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەل ئىچى رەسىملىرى ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن بېيجىڭ جۇڭگو گۈزەل - سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىنىپ، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1988- يىل 3- ئاينىڭ 16- كۈنى، قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىسىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەل ئىچى رەسساملىقى يېزىسى» دەپ نام بەردى. 49 ياشلىق چىنتاشخان مۇكاپاتقا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن دېھقان رەسسام، ئۇنىڭ «يۈز ئاچقۇ»، «توخۇ ئۇسسۇلى»، «ماتەم مۇراسىمى»، «گۈللۈك دوپپا» قاتارلىق ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم چەت ئەللىك مېھمانلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىندى. رەساملىق، كەشتىچىلىك شەھەرئىچى يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بېيىش يولىغا ئايلاندى.

1990- يىل 8- ئايدا، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت باشقارمىسى، جىلىن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتى، جىلىن ئۆلكىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ھازىرقى زامان ئەل ئىچى رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ بەش پارچە دېھقانلار رەسىمى تەكلىپكە بىنائەن كۆرگەزمىگە قويۇلدى ھەمدە كۆرگەزمىگە قاتنىشىش مۇكاپاتى ۋە تاللىنىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى» 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «توخۇ سوقۇشتۇرۇش»، «دوپپا تىكىش»، «قوغۇن يۇرتىنىڭ مەنزىرىسى»، «غېرىپ- سەنەم» تاللىنىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 11- ئايدا، شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ يەنە بەش پارچە دېھقانلار رەسىمى تەكلىپكە بىنائەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك دېھقانلار خەتتاتلىق رەسىم مۇكاپاتى مۇسابىقىسى» غا قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ پارچىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھەجەرخان سەمەتنىڭ «ئەتىيازلىق تېرىم» ناملىق ئەسىرى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ چىنتاشخان ۋاھىتنىڭ «چۈش» ناملىق ئەسىرى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ زورەم ئىمىننىڭ «يولغا چىقىش» ناملىق ئەسىرى 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، دېھقان رەسساملار مەيدانغا كەلدى، نۇرغۇن ئەسەرلەر كەينى- كەينىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1985 – 1990 - يىللىرى، شەھەر ئىچى يېزىسىدىنلا 30 نەچچە پارچە دېھقانلار رەسىمى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

2) جۇڭگوچە رەسىم    قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رەسساملىقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇددا خارابىلىرى ۋە مەسچىتلەردە كۆركەم رەڭلىك سىزمىلار بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن كېيىن، غەرب رەسىملىرىنىڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئەدىب، قەلەمكەشلەرنىڭ شىنجاڭغا ئۈزۈلمەي كېلىشى، بۇ قەدىمىي زېمىنغا يېڭى سەنئەت ئۇسلۇبى ۋە رەساملىق ماھارىتىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى باركۆل مەھكىمىسىنىڭ ئامبىلى يې شوسوڭنىڭ گۈل، قۇشلارنى سىزىش ئۇسلۇبى، مىنگو دەۋرىدىكى جاڭ كېكۇەنىنىڭ ئەنئەنىۋى تاغ- دەريا رەسىمى قاتارلىقلار بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە.

20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ماتارىپ ئىدارىسى سوتسىيالىستىك تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۈن باشچىلىقىدا سىزىلغان چوڭ تىپتىكى چاتما رەسىم «8- ئارمىيىنىڭ غەلىبىلىك جېڭى» كوچىدا كۆرگەزمە قىلىنغاندا، كۆرىدىغان ئاما ئۈزۈلمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى 40 نەچچە گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارىنى يىغدى. ئۇلارنىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبى ھەر خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىكلىرىدىن ئەنئەنىۋى تاغ- دەريا پورتىرىتىنى سىزىشلار بار. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان جويەنشىڭ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن لىن بۇجۈن، لىن جياڭ ئاتا- بالا، تاغ- دەريا، گۈل، قۇش رەسىمى سىزىش بىلەن شۇغۇللانغان خۇ جىگېنىڭ ئاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، پورتىرىتنى سىزىشقا ماھىر ۋاڭ تيەنيۈلەر بار. ئۇلارنىڭ رەسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىلەردە نەتىجىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە دۆلەت دەرىجىلىك ھەر خىل چوڭ تىپتىكى رەسىم كۆرگەزمىسىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى ھەم مۇكاپاتلاندى. بەزى ئەسەرلەر دۇنيا رەسىم كۆرگەزمىسى مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇلدى. لى چېڭگونىڭ «قەدىمكى يول» دېگەن رەسىمى جۇڭگو گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان 1- نۆۋەتلىك خەلقئارا رەسساملىق كۆرگەزمىسىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

3) ماي بوياق رەسىم    قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ماي بوياق رەسىمى 1950- يىللاردا مەيدانغا كەلدى. 1960- يىللاردا تېز راۋاجلاندى. قۇمۇلدا ماي بوياق رەسىمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس خادىملار ۋە نۇرغۇن ماي بوياق رەسىم ھەۋەسكارلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قۇمۇل ۋىلايىتى، شەھىرىدە كۆرگەزمە قىلىنىپلا قالماي، يەنە تەكلىپكە بىنائەن ئۈرۈمچى، خاڭجۇ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا كۆپ قېتىم كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. لى سەيىگىنىڭ ماي بوياق رەسىمى «كۆكۈل ئېچىش» بېيجىڭ جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىنغاندا 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

4) رەڭلىك تاش باسما رەسىم    يۇ جىنىۇگىنىڭ رەڭلىك تاش باسما رەسىمى «چارۋا»، «ئەجداد»، «ئەنئەنىۋى ھەققىدە ھېكايە»، «خەلق زۇڭلىسىنى خەلق ياخشى كۆرىدۇ» لار «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» ۋە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ رەڭلىك تاش باسما رەسىم بىرلەشمە كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. بەزى ئەسەرلىرى شاڭخەينىڭ «بىخ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. لىن بوجۈننىڭ بايراملىق رەسىمى «قوغۇن پۇرىقى جاھانغا تارالدى» 1975- يىلى مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن مەخسۇس رەسىم قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تارقىتىلدى.

2. خەتتاتلىق، ئويمىچىلىق

1) خەتتاتلىق

(1) خەنزۇ خەتتاتلىقى    قۇمۇل رايونىدا خەنزۇ خەتتاتلىقىنىڭ مەنبەسى چوڭقۇر. خەن، تاڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى مەشھۇر تاش ئويمىلار بۇتخانىلارنىڭ ئىشىك بېشىغا توغرا ئېسىلغان ۋۇۋىسكىلاردىكى خەتلەر دەبدەبىلىك ۋە قەدىمىيلىككە ئىگە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن بۇيان، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئەدىب رەسساملار ۋە ھۆكۈمەت سەنئەتكارلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، بېغىشلىما يېزىپ، خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل خەتتاتلىقى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، بىر قەدەر داڭلىق بولغانلىرىدىن قۇرلاپ يېزىش ماھىرى جاڭ ۋېنرۈي، ھەر خىل خەت شەكلىنى يېزىشقا ماھىر جو يەنشىڭ، كىچىك كەيشۇ يېزىشقا ماھىر جو ۋېنلۇڭ، قۇرلاپ، ئىلماپ يېزىشلارنىڭ ھەممىسىگە ماھىر خۇ جىگېنىڭ، ھەر خىل خەت شەكلىنى

يازالايدىغان ھەم ئىجادچانلىققا ئىگە لىن روگشېڭ، قوللاپ يېزىشقا ماھىر تاڭ فۇچياڭ، ياۋ يىگكۇي، قوللاپ يېزىش، ئىلماپ يېزىش، لىشۇ خەت شەكلى، جۇەنشۇ خەت شەكلى يېزىشقا ماھىر جاڭ جىگشېڭ ۋە قوللاپ خەت شەكلى، ئىلماپ يېزىش، كەيشۇ خەت شەكلى يېزىشقا ماھىر لياڭ لۇلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، قوللاپ خەت ۋە ھۆسنخەت خەتتاتلىقىغا ماھىر ماۋ چاگشۇي قاتارلىقلار بار.

1986- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل شەھىرى جۇڭگو خەتتاتلىق ماتېرىيال بىلەن ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپى خەتتاتلىق سىنىپىنى ئېچىپ، داڭلىق خەتتاتلارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى، تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇشقا 50 نەپچە ئادەم قاتناشتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مەدەنىيەت- سەنئەت تارماقلىرى خەتتاتلىق ئەسەرلىرى كۆرىكى، كۆرگەزمىسىنى دائىم ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

1985 – 1990- يىللىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ نۇرغۇن خەتتاتلىق سەنئەت ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بىرلەشمە كۆرگەزمىسىدە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر تەكلىپكە بىنائەن دۆلەت دەرىجىلىك ھەتتا خەلقئارالىق خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، ھەمدە 1-، 2- دەرىجىلىك ۋە ئالتۇن لوگقا، ماھىر، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، دۆلەت دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئاپپاراتلىرى ۋە شياگگاڭ، تەيۋەن رايونلىرى ھەمدە ياپونىيە قاتارلىق جايلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەشكىللىرى تەرىپىدىن ساقلاندى.

لۇۋ جيەنگاۋنىڭ ئەسەرلىرى شىئەن، سېچۈەن، بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىكى كۆرگەزمىگە كۆپ قېتىم تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى ھەم مۇكاپاتلاندى. خەلقئارالىق خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدا خەتتاتلىق ئالتۇن لوگقىسى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. لىن روگشېڭنىڭ ئەسەرلىرى تەكلىپكە بىنائەن مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق خەتتاتلىق مۇسابىقىسىغا كۆپ قېتىم قاتناشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يەنە شىزى لوگقىسى مەملىكەتلىك خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدا، جۇڭگو يىپەك يولى خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدا، باگۋا لوگقىسى خەلقئارا خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدا، جۇڭگو- ياپونىيە خەتتاتلىق خەلقئارا كۆرگەزمىسىدە، 1994- يىللىق لوياڭ مۇدەنگۈل كۆرىكى چۇندو لوگقىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى خەتتاتلىق مۇسابىقىسى قاتارلىق مۇسابىقە، كۆرگەزمىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يەنە «باياۋان» خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىنىڭ بېيجىڭ، نەنجىڭ شەھەرلىرىدىكى سەييارە كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

(2) ئۇيغۇر خەتتاتلىقى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى- كەينىدە، قۇمۇلدىكى داڭلىق ئەدەبىي شەخس، خەتتات سەنئەتكارى ھاپىز نىياز ئاخۇن قاتارلىقلار ھەر خىل خەت شەكلىنى يېزىشقا ماھىر بولۇپ، شىنجاڭدا مۇئەييەن ئابروي قازاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1960- يىللاردا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ھەتتا مەملىكەتتىمۇ مەلۇم ئورۇنغا ئىگە بولدى. 1980 – 1990- يىللىرىغىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىقى تەكلىپكە بىنائەن غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە كۇنمىڭ، بېيجىڭ ھەمدە خەلقئارا خەتتاتلىق كۆرگەزمە مۇسابىقىسىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مۇنەۋۋەر، بولۇپ قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئېلى ئىسمائىلنىڭ ئەسەرلىرى قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچىلەردە دائىم كۆرگەزمە قىلىنغاندىن سىرت، يەنە چېگرا رايوندىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئاز سانلىق مىللەتلەر خەتتاتلىق كۆرگەزمىسىگە ھەمدە مەملىكەتلىك، خەلقئارالىق خەتتاتلىق ئالماشتۇرۇش كۆرگەزمىسىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، 1-، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

2) ئويمىچىلىق قۇمۇلدا بىر قەدەر داڭلىقلاردىن جويەنشېڭ، لىن بوجۈن ھەمدە ئەل ئىچى ئويمىچىلىق سەنئەتكارى لۇ خوگشيا قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئويمىچىلىق كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى ۋە نەتىجىگە ئېرىشتى.

3. فوتو - سۈرەت

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسى جۇڭشەن جەنۇبىي يولىدا بىر خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كىچىك رەسىمخانا بولۇپ، قالاق كونا شەكىلدىكى ياغاچتىن ياسالغان كىچىك ئاپپاراتى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، خۇسۇسىي رەسىمخانا كېڭەيتىلىپ ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلانغاندىن باشقا، شەھەر رايونىدىكى تۆتكوچىدا يەنە بىر كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى رەسىمخانا ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسىمۇ دايىڭفاڭدا رەسىمخانا ئاچتى.

1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى ھەمدە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسى تەشۋىقات ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار رەسىم تارتىش ئاپپاراتى سېلىپ تۈزلىرى يۇيۇپ چوڭايتتى. 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەت ھەر خىل كىچىك تىپتىكى فوتو - سۈرەت كۆرگەزمىلىرى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن فوتو - سۈرەت خىزمىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي قوشۇن بارلىققا كەلدى. 1960- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، 20 قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل چوڭ تىپتىكى فوتو - سۈرەت سەنئەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، بىر قىسىم ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونغا تاللىنىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى. 1980- يىللاردا، ۋىلايەتتە بىر تۈركۈم فوتو – سۈرەت خىزمەتچىلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ فوتو – سۈرەت ئەسەرلىرى ۋىلايەت، شەھەردە كۆرگەزمە قىلىنىپلا قالماي، تەكلىپكە بىنائەن ئاپتونوم رايون، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ھەمدە ئىچكىرىدىكى باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردە كۆپ قېتىم كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى، ھەتتا بەزىلىرى مەملىكەتلىك فوتو - سۈرەت كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. رېن گۇاڭمىڭنىڭ «كۆپكۆك باركۆل كۆلى» سىپروس قاتارلىق دۆلەتلەرگە تاللاپ ئەۋەتىلىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى؛ نى پېيجىننىڭ «مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرى ئاۋمېن قاتارلىق جايلارغا تاللاپ ئەۋەتىلىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى؛ خەن لىيەنيۈننىڭ «قۇملۇقتا يۈرمەك»، «توي مۇراسىمى» قاتارلىق ئەسەرلىرى شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق جايلارغا تاللاپ ئەۋەتىلىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1980- يىللاردىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتى 10 نەچچە قېتىم چوڭ تىپتىكى فوتو - سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى، قۇمۇلنىڭ فوتو - سۈرەت ئەسەرلىرى تەكلىپكە بىنائەن ئالتە قېتىم ئاپتونوم رايوندىكى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان، يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر مەملىكەت ھەمدە چەت ئەللەرگە تاللاپ ئەۋەتىلىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان.

## §3. كۇرس، قەلەمكەشلەر يىغىلىشى، رەسىم كۆرگەزمىسى

1. ئەدەبىيات كۇرسى

ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1981- يىلىدىن بۇيان، قۇمۇل ۋىلايىتى بەش قارار ئەدەبىيات كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، شاڭخەي، ئاپتونوم رايوندىن مۇتەخەسسىلەرنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى.

1- قارار، 1981- يىل 8- ئاينىڭ 14 – 19 - كۈنلىگىچە ، قاتناشقان كۇرسانت 50 نەچچە، دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى جېڭ شىڭفۇ، خۇ ئېرپۇ.

2- قارار، 1982- يىل 8- ئاينىڭ 25 – 30 - كۈنلىگىچە ، قاتناشقان كۇرسانت 70 نەچچە، دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى جېڭ شىڭفۇ، ۋاڭ روڭ.

3- قارار، 1984- يىل 8- ئاينىڭ 18 – 23 - كۈنلىگىچە ، قاتناشقان كۇرسانت 60 نەچچە، دەرس ئۆتكەن

ئوقۇتقۇچى چېن بوجۈي، خۇڭ شۈنتاۋ.

4- قارار، 1989- يىل 10- ئاينىڭ 15 – 20 - كۈنلىرىگىچە ، قاتناشقان كۇرسانت 50 نەپەر، دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى ۋاڭ رۇڭ، مېڭ چېيپىڭ.

5- قارار، 1990- يىل 12- ئاينىڭ 10 – 15 - كۈنلىرىگىچە ، قاتناشقان كۇرسانت 60 نەپەر، دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى ۋاڭ رۇڭ، جېڭ شىڭفۇ، خۇ كاڭخۇا، جاۋ گۇاڭمىڭ.

2. بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى

1984- يىل 8- ئاينىڭ 16 – 24 - كۈنلىرىگىچە، قۇمۇل ۋىلايىتى تۇنجى نۆۋەتلىك بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 78 ياشلىق مەشھۇر بالىلار ئەدەبىياتشۇناسى، شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شاڭخەي بالىلار ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ باشلىقى چېن بوجۈي، بالىلار ئەدەبىياتشۇناسى، نەزەرىيىچى، شاڭخەي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ھەيئىتى خۇڭ شۈنتاۋ ھەمدە بالىلار ئەدەبىياتشۇناسى، نەزەرىيىچى، شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى جياڭ جىنجاڭ تومۇز ئىسسىقتا قارىماي، شاڭخەيدىن قۇمۇلغا كېلىپ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ۋە كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتتى. كۇرسانتلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئوقۇپ باھالىدى.

«شىنجاڭ ئەدەبىيات» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جېڭ شىڭفۇ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى رەن خۇڭ ھەمدە «تەڭرىتاغ ئۆسمۈرلىرى» نىڭ مۇھەررىرى جاڭ دېماۋ قاتارلىقلارمۇ تەكلىپكە بىنائەن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ۋە ئىجادىيەت كونسۇلتاتسىيىسى قىلىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىدا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي شىمالىدىن كەلگەن 60 نەپەر كۇرسانت جەم بولۇپ، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى، ۋىلايەتنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

3. قەلەمكەشلەر يىغىلىشى

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1987- يىل 7- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 13- كۈنىگىچە، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشرىياتى، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، شىنجاڭ «تارىم ژۇرنىلى» ۋە «مىللىي يازغۇچىلار» تەھرىر بۆلۈمى بىرلىشىپ قۇمۇلدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى، تەرجىمىشۇناسلار يىغىلىشىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى قۇمۇل قەلەمكەشلەر يىغىلىشىغا 13 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن جەمئىي 20 مىللەتنىڭ 100 دىن ئارتۇق يازغۇچى، تەرجىمىشۇناسى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، قۇمۇل قەلەمكەشلەر يىغىلىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تېيىپجان، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى رەئىسلەر ئۈمىكىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مالچىنفۇ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خەن يىڭتۇ، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئايۇپ قۇربانلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

قەلەمكەشلەر يىغىلىشى مەزگىلىدە، ۋەكىللەر قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلاردا زاۋۇت، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، شىنجاڭدا ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ھەمدە ھەر مىللەت ئىشچىلىرى، دېھقان-

چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەت، كۆكۆل ئېچىش كېچىلىكى ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن مېھماندوستلۇقى، شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋەكىللەرگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، قەلەمكەشلەر يىغىلىشىدىكى ۋەكىللەر تۇرمۇشقا چۆكۈش ئاساسىدا، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىجادىيەت - تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىي 1 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازدى، تەرجىمە قىلدى. بۇ ئەسەرلەر كېيىن، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «تارىم»، «مىللىي يازغۇچىلار» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

4. خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى

قۇمۇل گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكىلەر قەلەمكەشلەر يىغىلىشى تەكلىپ قىلىش ۋە سىرتلارغا چىقىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى شۇنداقلا ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى داڭلىق خەتتاتلار بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇردى. 1970 - يىللاردىن بۇيان، گۈيجۇدىن خۇاڭ شىلىڭ، جېجياڭدىن لى بىڭخۇڭ، ۋاڭ يۈچيۇ، فېي يىشىيا، لىن داچۈەن، خۇشەنيۇ، تيەنجىندىن شىڭ يىفۇ، شەنشىدىن گۇ لى، جۇڭگو يىپەك يولى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىن ياڭ لىجو، لىي جېگمىن ھەمدە شىنجاڭدىن شۇ جېجى، لى بەنمۇ، چيۇ لىڭ، بەي يىگدوڭ، جاڭ زاۋشى، شىي جىيداۋ، لى جو، لى ياۋتيەن، لوڭ چىڭلىيەن، گوڭ جيەنشىن، مۇ گى، بەي كۈنتىڭ، مېن چىڭلى، ياڭ زىجىڭ، نىياز كېرىم، ئابدۇشۈكۈر، نەجمىدىن قاتارلىق داڭلىق رەسسام، خەتتاتلار قۇمۇلغا كېلىپ، خەتتاتلىق دوكلاتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قۇمۇل گۈزەل سەنئەت ساھەسى كۆپ قېتىم قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ داڭلىق خەتتاتلىرىنى قۇمۇلغا كېلىپ دەرس ئۆتۈشكە، ئويۇن قويۇشقا، ناتورا سىزىشقا ۋە ئەسەرلەر كۆرىكى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى.

# VIII باب

# ئارخىپ، تەزكىرە

## §1. ئارخىپ

1. ئاپپاراتلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەردە ئارخىپ ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتە تۆت ئۇنىۋېرسال ئارخىپخانا، بىر كەسپىي ئارخىپخانا، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ 160 ئارخىپ ئاپپاراتى قۇرۇلدى.

1) ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا 1958 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا سەكرىپ ئىلگىرىلەش قوماندانلىق ئورنى ئارخىپخانىسى ئاساسىدا قۇرۇلدى، 1971 - يىل 4 - ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت

ئىش بېجىرىش كۆرۈپىسى ئارخىپخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979- يىلى 11- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى ئارخىپخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىلى 12- ئايدا، ئۇمۇمىي ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئارخىپ باشقارمىسى بىلەن ئارخىپخانا بىرلىشىپ ئىش بېجىردى، بىر يۈرۈش خادىم، ئىككى ۋىۋىسكا ئاستى. 1986- يىلى 9- ئايدا، ئارخىپ باشقارمىسى بىلەن ئارخىپخانا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى، بىر مۇئاۋىن ۋالىي قوشۇمچە باشقۇردى.

2) ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئارخىپخانىلار 1956- يىلى 11- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئارخىپ ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، بىر مەخسۇس كادىر سەپلىدى. 1958- يىلى 12- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى. 1959- يىلى 1- ئايدا، ئارائۇرۇك ناھىيىلىك ئارخىپخانا سەكرەپ ئىلگىرىلەش قوماندانلىق ئارخىپخانىسى ئاساسىدا قۇرۇلدى، 2- ئايدا، ئارائۇرۇك ناھىيىلىك ئارخىپخانىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك ئارخىپخانىلارغا رەھبەر ۋە خىزمەتچى خادىملار سەپلەندى. 1977- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى. 1980- يىلى 7- ئايدا، ناھىيە، شەھەرلەردە ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بۆلۈم بىلەن ئارخىپخانا بىرلەشتۈرۈلدى. 1984- يىلى، ئارخىپخانا بىلەن بۆلۈم ئايرىلىپ بۆلۈم باشلىقى، خىزمەتچى خادىملار سەپلەندى؛ قۇمۇل شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئارخىپ ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈلدى. 1988 – 1990 - يىللىرى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئارخىپ بۆلۈملىرى ئارخىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئارخىپخانىلار، ئىدارىلار بىرلەشتۈرۈلدى، خىزمەتچىسى 14 كە يەتتى.

2. ساقلانغان ئارخىپ ۋە ماتېرىياللار

1958- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىك ئارخىپخانىلىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئارخىپ ۋە ماتېرىياللارنى توپلاشنى باشلىدى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئارخىپ ئىشخانىلىرىنىڭ ئارخىپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

1) ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا 1963 – 1966 - يىلىغىچە، ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ ئارخىپلىرىنى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق بىر قىسىم ئورگانلارنىڭ ئارخىپلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىنگو دەۋرىدىكى تارىخىي ئارخىپلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن ساقلانغان ئارخىپتىن 17 توپلام، 3165 توم، بۇنىڭ ئىچىدە، مەڭگۈلۈك توپلام 1289، ئۇزۇن مۇددەتلىك توپلام 1516، قىسقا مۇددەتلىك توپلام 360. 1968-، 1969- يىللىرى، قۇمۇل ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى ۋاڭ جى مىنگو دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئارخىپلارنى رەتلەپ، جەمئىي 872 توپلام قىلىپ چىقتى، 10 دىن ئارتۇق ئارخىپ تارىخىي ماتېرىيالى يازدى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش، خۇلاسىلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت ئارخىپ خىزمىتى فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ۋىلايەتتىكى نۇرغۇن ئورگانلار بىسىلىپ قالغان، پارچە- پۇرات ھۆججەتلەرنى زەربىدارلىق بىلەن رەتلىدى ھەمدە مەڭگۈ ۋە ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىدىغان ئارخىپلارنى ئارخىپخانىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ساقلانغان ئارخىپلار كۆپىيىپ 37 توپلام، 6927 تومغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەڭگۈلۈك توم 3228، ئۇزۇن مۇددەتلىك توم 3689 بار.

1990- يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىچكى ئارخىپ ئاپپاراتىنى ئارخىپ تۇرغۇزۇش ئورنىغا ئۆستۈردى، توپلام سانىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. يەنە ئادەم تەشكىللەپ مىنگونىڭ 22 – 38 - يىلىغىچە (1933 – 1949 - يىلىغىچە) مەمۇرىي مەھكىمە بوغالتىرلىق ئىشخانىسى، كاتىبات ئىشخانىسى، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، قۇرۇلۇش باشقارمىسى، مائارىپ بۆلۈمى، ساقچى ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى قاتارلىق

ئورۇنلارنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىنى رەتلىدى، ساقلانغان ئارخىپلارنىڭ سانى دىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، جەمئىي ساقلانغان ئارخىپ 100 تۈپلامغا، 13 مىڭ 331 تومغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەڭگۈلۈك توم 8953، ئۇزۇن مۇددەتلىك توم 4378 ، ئارخىپ جاھازىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 269.4 مېتىر. ساقلانغان ماتېرىياللارنىڭ ئارخىپ تۇرغۇزۇلغان ۋاقتى 1933 – 1990- يىلىغىچە.

**(1) تارىخىي ئارخىپ** مىنگونىڭ 22 – 38 - يىلىغىچە (1933 – 1949 - يىلىغىچە)، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا شەكىللەنگەن بىر قىسىم ئارخىپلار، جەمئىي 46 تۈپلام، 5430 توم بولۇپ، مەسىلىلەر ۋە ھۆججەت نامىغا ئاساسەن ئايرىلدى، ئاساسلىقى سىياسىي ئىشلار، ساقچى بۇيرۇقلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ۋە ئۈچ ئۇيۇشما (ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى) تىزىملىكى، خەلق قوغدىنىش ئەترىتى، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشمىسى، جۇڭشەنتاڭ قۇرۇلۇشى، گەنسۇ قازاقلىرىدىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەنلەر، قۇمۇل رايونىنىڭ مال- مۈلۈك ھېسابات تەكشۈرۈشى، مالىيە ھېساباتى خىراجەت چىقىمى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش جەدۋىلى، قورال- ياراغلارنى ئېنىقلاش، ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنى ئۆزگەرتىش، زەھەر ئەتكەسچىلىكىنى تەكشۈرۈش، قاشقوۋۇق خەنگۇتەندە چارۋا مال ئوغرىلىقىنى تەكشۈرۈش، مۇھاجىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يېتىم- يېسىرلارنى قۇتقۇزۇش، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئەسكەرلەردىن مال سوراش، ھەربىي قىسىملارنىڭ بەلگىسىنى ئۆزگەرتىش، يەر ناملىرى، بازاردىكى مال باھاسى، «توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار» نى تۇتۇش بۇيرۇقى، شەھەر- يېزا قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئاياللار خىزمىتى، ئامانلىق ساقلاش، كادىرلار ئىشلىرىدا ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، چەت ئەلگە قاچقانلارنىڭ مەخپىي ئارخىپى، ئاشلىق، باج يىغىش، ئاۋىئاتسىيە، پوچتا- تېلېگراف، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئۆتەڭ قۇرۇلۇشى، يول ئاسراش، داۋالاش - سەھىيە، رايون (يېزا، كەنت) باشلىقلىرى سايلىمى، ۋەزىپە ئۆتىگەن ھاكىملار ئارخىپى، تۆۋەن «خائىنلار مۈلكى» گە تەۋە ئېتىز- باغلارنى تىزىملاش جەدۋىلى، قائىدە- تۈزۈملەر، تېلېگرامما، چارە، لايىھە قاتارلىقلار. شەكىللەنگەن ئورنىغا ئاساسەن ئايرىغاندا، مەمۇرىي مەھكىمە كاتىبات ئىشخانىسى، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، بوغالتىرلىق ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، ئەدلىيە باشقارمىسى، يەرلىك سوت، باھا كومىتېتى، قۇتقۇزۇش ئورنى، باج ئىدارىسى، پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسى، بانكا، دوختۇرخانىسى، مال دوختۇرخانا، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، تۈرمە باشقۇرۇش مەھكىمىسى، جۇڭگو تەنتەربىيە ئۇيۇشمىسى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى، تاشيول ئۆچاستىكىسى، قۇمۇل تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن، قۇمۇل «خائىنلار مۈلكى» نى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى، رايونلۇق ئاياللار مەكتىپى، ئاممىۋى مائارىپ سارىيى، قۇمۇل رايونلۇق قورال- ياراغ كومىتېتى، مائارىپ بۆلۈمى، ئامانلىق شتابى، ئامانلىق ئاتلىق چوڭ ئەترىتى، گارنىزون قوماندانلىق شتابى، قۇمۇل ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

**(2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئارخىپ** 1949 – 1990- يىلىغىچە، ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ئورگان ۋە تارماقلاردا شەكىللەنگەن ھازىر يۆرگۈزۈلۈۋاتقان ئارخىپ جەمئىي 54 تۈپلام، 7901 توم. بۇ قىسىم ئارخىپلار ۋىلايەتلىك ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپلارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ۋە يادروسى، بىر قەدەر تولۇق ھەم مەزمۇنى مول.

**(3) ساقلانغان ماتېرىيال** 1990- يىلىغا كەلگىچە، ساقلانغان ماتېرىيال 100 خىل، 5539 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، كىتاب 67 خىل، ژۇرنال 18 خىل، گېزىت 15 خىل. يەرلىك ماتېرىيالغا تەۋەلىرىدىن «قۇمۇل تەزكىرىسى»، «باركۆل مەھكىمىسى يۇرت - مەھەل تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى»، «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تارىخى»، «مىنگو دەۋرىدىكى باركۆل ناھىيىسىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى»، «قۇمۇل قوغۇنى ۋە قۇمۇل»، «قۇمۇل مۇقامى»، «ئارائۇرۇكنى قوغداش جېڭى»، «مىنگو دەۋرىدىكى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى»، «مىنگو دەۋرىدىكى قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى»، «شىنجاڭ

مەنىپەدارلىق تەزكىرىسى»، «يولۋاس»، «قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»، «باندىت ما جۇڭيىڭ»، «ماۋ زېمىن ۋە قۇمۇل ماليىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى يەر نامى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى سودا تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى ئاشلىق تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى ج خ تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى سوت تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى پولات تۆمۈر تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى مىللەت، دىن تەزكىرىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى»، «قۇمۇلنىڭ 40 يىللىق يول مۇئامىلىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 30 يىللىق ئارخىپ خىزمىتى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەشكىلات تارىخىي ماتېرىيالى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قۇمۇلدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىكلەر، زىيانداش ھاشاراتلار، كۆشەندىلەر، ئوت- چۆپلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئاپەتلەرنى مۆلچەرلەش، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى توپلىمى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە يۇقۇمدىن ساقلىنىش ماتېرىياللار توپلىمى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قېزىلما بايلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئۇچۇق كانىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى»، «شەرقىي شىنجاڭ يەر شەكلى خەرىتىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى»، «باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى»، «قۇمۇل شەھىرىنى لايىھىلەش خەرىتىسى»، «قۇمۇل ۋىلايىتى چېكەتكە رايونىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»، «قۇمۇل كونا ئايرودرومنىڭ ئورنى خەرىتىسى»، «قۇمۇل بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 5- شىسىنىڭ خەرىتىسى»، «قۇيەن ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى»، «1943- يىلى ئەسكەر تورغۇزۇلغان مۇھىم جايلار خەرىتىسى»، «لوپنۇر خەرىتىسى»، «ئەنشى ناھىيىسى خەرىتىسى»، «پىچان ناھىيىسى خەرىتىسى» قاتارلىقلار بار.

2) ناھىيە، شەھەر ئارخىپ ناھىيىلىك ئارخىپخانىلار قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئارخىپ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. 1958- يىلدىن كېيىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئارخىپ ۋە ماتېرىياللارنى توپلاشنى باشلىدى ھەمدە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۈچ ناھىيە، شەھەرنىڭ ئارخىپخانىغا كىرگەن ئارخىپى 22 مىڭ تومدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، مەڭگۈلۈك توم 8430 ، ئۇزۇن مۇددەتلىك توم 9703، قىسقا مۇددەتلىك توم 3867 دىن ئارتۇق. بۇلار كونا ھاكىمىيەت ئارخىپى ۋە ھازىرقى ئورگانلار ئارخىپى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلدى، يەنە رەسىم ۋە پەن- تېخنىكا ئارخىپلىرىمۇ ساقلاندى.

3) قۇمۇل شەھىرى شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپى ساقلانغان ئارخىپ 5897 توم، بۇنىڭ ئىچىدە، مەڭگۈلۈك توم 3891، ئۇزۇن مۇددەتلىك توم 1882، ھەر خىل كىتاب - ماتېرىيال 3462 پارچە، ئاۋازلىق لېنتىلىق ئارخىپ 60 قاپ، رەسىم 1485 پارچە.

3. ئارخىپتىن پايدىلىنىش

ئارخىپخانىلاردا ئامبار باشقۇرۇش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ھەقلىق مۇلازىمەت قاتارلىق بەش تۈرلۈك تۈزۈم ئورنىتىلدى؛ ئارخىپ مۇندەرىجىسى، ماتېرىيال مۇندەرىجىسى، توپلام تونۇشتۇرۇش، مۇندەرىجىگە يېتەكلەش، ئارخىپ ساقلانغان جاينىڭ ئىندېكسى، ئارخىپنى ئامباردا ساقلاش ئەھۋالى قىسقارتىلمىسى، توپلام، مۇندەرىجە، ئارخىپ نومۇرلىرىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى، كارتا قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك ئىزدەپ تېپىش قورالىنى تۈزدى؛ ئارخىپ ئۆتكۈزۈۋېلىش (قوبۇل قىلىش) تىزىملاش دەپتىرى، ئارخىپ مۇندەرىجە تىزىملاش دەپتىرى، توپلام ئىسىم تىزىملىكى، ئارخىپ ئاقتۇرۇش ماتېرىيالى تىزىملىكى قاتارلىق تۆت تۈرلۈك ستاتىستىكا قورالى بار. بۇلار ئارخىپخانىنىڭ ساقلانما ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشقا ئاساس سالدى ۋە ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1979 – 1990 - يىللىرىچە، ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا قوبۇل قىلغان ئارخىپ تەكشۈرگۈچى 1854 ئادەم (قېتىم)، تەكشۈرۈپ كۆرۈلگەن ئارخىپ 15 مىڭ 469 پارچە (قېتىم) بولدى. ماتېرىيال تەكشۈرۈپ ئوقۇغانلار 304 ئادەم (قېتىم)، 1091 پارچە (قېتىم) بولدى. خېرىدارلار ئۈچۈن كۆپەيتىپ بېرىلگەن ئارخىپ ماتېرىيالى 17 مىڭ 494 پارچە. ساقلانغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، خىزمەت تەكشۈرۈشى، سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، چېگرا، جاي چېگرىسى، يايلاق ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش، تەزكىرە تۈزۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىلمىي تەتقىقات، مەدەنىي مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى. 1982 – 1990- يىللىرىچە، تەزكىرە تۈزۈشنى 14 مىڭ 210 پارچە (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى 855 پارچە (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى، چېگرا، جاي چېگرىسى، ئوتلاق ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشتا 198 پارچە (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى، رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، خىزمەت تەكشۈرۈشنى 206 پارچە (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئارخىپ تارماقلىرى تارىخ- تەزكىرە تۈزۈشنى زور مىقداردىكى ئارخىپ ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 80 خىل، 15 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق تەزكىرىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق نەشردىن چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1980 – 1990- يىللىرىچە، قۇمۇل شەھەرلىك ئارخىپ ئىدارىسى «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ئۈچۈن، 15 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى، سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى 3146 پارچە (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى، شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتى، شەھەرلىك رېمونت قىلىش – ياساش زاۋۇتى، يېڭىشەھەر رايونلۇق قۇم- تاش زاۋۇتى، شەھەرلىك سودا ئىدارىسى ھەمدە شەھەرلىك خۇسۇسىي تۈيلەرنى ئېنىقلاش ئىشخانىسى ئارخىپىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىي 403 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

1990- يىلىغىچە، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى 41 مىڭ ئادەم (قېتىم) خېرىدار كۈتۈۋېلىپ، 580 مىڭ پارچە ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى، بىرقىسىم ئارخىپ يېزا ئىگىلىك بەن- تېخنىكا ئارخىپى ياراتقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 140 مىڭ يۈەن بولدى.

1982 – 1990- يىللىرىچە، باركۆل ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى 4000 قېتىمدىن ئارتۇق ئارخىپ تەكشۈرگۈچىنى كۈتۈۋالدى، 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى. باركۆل ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى پەن- تېخنىكا ئارخىپىدىن پايدىلىنىپ كۆمۈر تېجەش ئۇسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، يىلىغا 6800 توننا كۆمۈرنى تېجەپ قالدى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 600 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

1986 – 1990- يىللىرىچە، قۇمۇل شەھىرى شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپخانىسى شەھەر قۇرۇلۇشىنى 1247 توم ئارخىپ بىلەن تەمىنلىدى، ئارخىپ تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەردىن 1630 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئارخىپىدىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## §2. تارىخ، تەزكىرە خىزمىتى

1. پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى يىغىش، توپلاش.

1984- يىل 11- ئايدا ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ئىشخانىسى (تەزكىرە ئىشخانىسى بىلەن بىرگە) قۇرۇلۇپ، پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىنى باشلىدى. 1987- يىلى،

ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەڭشىدى. بۇ گۇرۇپپا 12 ئادەمدىن تەشكىل تاپتى، خەن يىڭتۇ گۇرۇپپا باشلىقى (ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى)، جاڭ بىڭجيا (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، خەلچىخان ياقۇپ (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، تۇردى قۇربان (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) لار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

1986- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسىغا «ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى» دېگەن كىتابنى يېزىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. ۋىلايەتلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى مەخسۇس يېزىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، يازغۇچى خادىملارنى ماتېرىيال يىغىشقا ئەۋەتتى، ئۈچ يىللىق ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق، دەسلەپكى ئورىگىنالنى يېزىپ چىقىپ، 1988- يىلى ئورىگىنالنى بېكىتىش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى كومىتېتى بېكىتىپ، 1989- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب 180 مىڭ خەتلىك، كېيىن ۋىلايەتنىڭ ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭ پارتىيە تارىخى، ئارمىيە تارىخىغا بولغان تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن «ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 1991- يىل 4- ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىيات تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىندى، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1983- يىل 5- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومغا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قۇمۇلدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى» تېمىسىدىكى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە يېزىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ۋىلايەت يەن يەنشىن، جاڭ ياۋۋلارنى ماتېرىياللارنى توپلاشقا ۋاقىتلىق ئاجراتتى. 1984- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ خىزمەتمۇ شۇ ئىشخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985- يىل 6 - ئايدىن كېيىن، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش كومىتېتىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخىي ماتېرىياللىرى» كىتابىنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى قايتىدىن توپلاش، سېلىشتۇرۇش، تولۇقلاشنى باشلىدى. ئەسلىدە قۇمۇلدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن جاڭ دوگيۇ، لى تاۋ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، چى تيەنمىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاتارلىقلار قىممەتلىك ئەسلىمە ماتېرىياللار ۋە كۈندىلىك خاتىرە، تەرجىمىھال بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلغان پېشقەدەم يولداشلاردىن چېن فاگبو ئەسلىمە ماقالىسى يازدى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانا، 8- ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى خاتىرە سارىيى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا ۋە ج خ باشقارمىسىدىن نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر نەچچە قېتىملىق تۈزىتىش ئارقىلىق 1988- يىلى تاماملىنىپ بېكىتىشكە ئەۋەتىلدى. 1993- يىل 12- ئايدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتاب 260 مىڭ خەتلىك بولدى.

1986- يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى خىزمەت كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭ بويىچە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تارىخىي ماتېرىيالىنى تۈزۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلىي تارىخىي ماتېرىيالى تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم

تەشكىلات بۆلۈمى، پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا بىرلىكتە تەشكىللەپ، ماتېرىيال توپلاپ، يېزىشقا باشلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئاپپاراتلار، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تەشكىلات تارىخىي ماتېرىيالىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى، بىگتۈەن قۇمۇل باشقارمىسى پارتىيە تارىخ ئىشخانىسى ھەمكارلىشىپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى ۋە سېلىشتۇردى، يەنە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئوقۇپ بېكىتىشكە ياردەملەشتى. يېزىش گۇرۇپپىسى رەتلەش، تۈزۈش ئارقىلىق، ئۈچ قېتىم ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ سېلىشتۇرۇشى، تولۇقلىشىغا ئەۋەتىپ، ماتېرىياللارنىڭ چىنلىقى ۋە توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىيالى» (1949 – 1987) نىڭ ئورىگىنالى بەش قېتىم تۈزىتىلىپ 1990- يىلى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. 1993- يىلى، بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى ماتېرىيالى نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن «28- سېنتەبىر ئالتۇن بۇلاش ۋەقەسى» ۋە «غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى روھى» قاتارلىقلارنى تۈزدى، نەشر قىلدى.

### 2. تەزكىرە

قۇمۇل ۋىلايىتى تۈزگەن جايلار ئەھۋالىغا دائىر تەزكىرىلەردىن ناھىيە تەزكىرىسى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كەسپىي تەزكىرىلىرى، جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتابلار ۋە ۋىلايەت تەزكىرىسى قاتارلىقلار بولۇپ، 1996- يىلغىچە 80 نەچچە پارچە، تەخمىنەن 15 مىليون خەتلىك كىتاب يېزىلدى.

1) ئۈچ تۈر يېڭىچە ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش 1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش باشلاندى، ئاپتونوم رايون تەزكىرە تۈزۈشنى قانات يايدۇرماي تۇرۇپلا، 1981- يىل 2- ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن تەزكىرە تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 4-، 5- ئايلاردا، ئاراتۈرۈك، قۇمۇل ناھىيىلىرى ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش كومىتېتى قۇردى، خادىملارنى ئاجرىتىپ، تەزكىرە تۈزۈشكە باشلىدى. 1983- يىل 5- ئايدا، باركۆل ناھىيىسى تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتى قۇردى، كادىرلارنى ئاجرىتىپ بەنزە تەشكىللەپ، ماتېرىيال توپلاشقا باشلىدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون تەزكىرە تۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە ناھىيىلەر كەينى- كەينىدىن تەزكىرە تۈزۈش ئىشخانىسى قۇردى، مەخسۇس خادىملارنى سەپلەپ، تۈزۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1989- يىل 5- ئايغا كەلگەندە، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىندى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك يېڭى ناھىيە تەزكىرىسى ئىدى، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1992- يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1- دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەن نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1993- يىلى، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابلىرى نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1992- يىل 9- ئايدا، «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىقتى، 1993- يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابلىرى نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1993- يىلى، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىقتى، ئاپتونوم رايونلۇق يىگدىن تۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاشتا 3- دەرىجىلىك نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن، ۋىلايەتتىكى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ تەزكىرە كىتابى تولۇق پۈتۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىدا ماڭدى.

2) **ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كەسپىي تەزكىرىلىرىنى تۈزۈش** 1987- يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ھەر قايسى ئورۇنلاردىن كەسپىي تەزكىرە يېزىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر قايسى كەسپىي تەزكىرە يېزىشنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار يېزىش بەنزىسى قۇردى، 170 نەچچە ئادەم تۈزۈشكە قاتناشتى. 1993- يىلىغا كەلگەندە، 56 كەسپىي تەزكىرە ئورىگىنالى يېزىلىپ بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ، ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 1996- يىلى 30 دىن ئارتۇقى مەتبۇئاتتا بېسىلدى. نەشر قىلىنغان كەسپىي تەزكىرە جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

3) **جايلار ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتابلار** ۋىلايەتلىك تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسى رىشاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى كومىتېتى يېزىشقا چۈشۈرگەن «ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇمۇلدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى» ۋە «شىنجاڭدا باندىت تازىلاش» دېگەن كىتابتىن باشقا، ۋىلايەتتە پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، يەنە «يۈكسىلىۋاتقان قۇمۇل بوستانلىقى»، «قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «قۇمۇل ساياھەتچىلىكى»، «قۇمۇل قوغۇنى ۋە قۇمۇل»، «نومنى ئېچىش ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «لىن زېشۇ قۇمۇلدا»، «جۇڭگو ئىشچى- دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتى قۇمۇلدا»، «قازاقلارنىڭ كۆچۈش تارىخى»، «قۇمۇلنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قۇمۇل ۋاڭلىرى» قاتارلىقلارنى تۈزدى، نەشر قىلدۇردى، بۇ كىتابلار نەشر قىلىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

4) **قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى** 1984- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە تەزكىرىسى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ كەسپىي تەزكىرىلىرى ۋە يەرلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشنى ئەستايىدىل تۇتتى. ھەر قايسى ئورۇن، تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشى، تىرىشىشى ئارقىسىدا، 1996- يىلى ئورىگىنالنى پۈتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللىدى.

**[قوشۇمچە] قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تارىخ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە باش مۇھەررىرلىرى**

قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى، باركۆل ناھىيىسى تەزكىرىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەزكىرىسى، قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، قۇمۇل ساياھەتچىلىكى، قۇمۇل قوغۇنى ۋە قۇمۇل، يۈكسىلىۋاتقان قۇمۇل بوستانلىقى، ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قۇمۇلدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى، ماۋ زېمىن ۋە قۇمۇل مالىيىسى، قۇمۇل قىسقىچە تارىخى، نومنى ئېچىش ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما، شىنجاڭ قازاقلىرىنىڭ كۆچۈش تارىخى، جۇڭگو ئىشچى- دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتى قۇمۇلدا، قۇمۇل ۋاڭلىرى، شىنجاڭدا باندىت تازىلاش، لىن زېشۇ قۇمۇلدا، يولۋاسنىڭ تەرجىمىھالى، ئەدلىيە تەزكىرىسى، سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تەزكىرىسى، ئاشلىق تەزكىرىسى، سودا تەزكىرىسى، پوچتا تەزكىرىسى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى تەزكىرىسى، پولات تەزكىرىسى، ج خ تەزكىرىسى، سوت تەزكىرىسى، ئورمانچىلىق تەزكىرىسى، مالىيە تەزكىرىسى، چارۋىچىلىق تەزكىرىسى، ھايۋانلانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەزكىرىسى، رادىئو- تېلېۋىزىيە تەزكىرىسى، گېزىتچىلىك تەزكىرىسى، تەمىنات- سودا تەزكىرىسى، ئىقتىساد ئۇنىۋېرسال تەزكىرىسى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تەزكىرىسى، تەپتىش تەزكىرىسى، مىللەت، دىن تەزكىرىسى، ماددىي ئەشيالار تەزكىرىسى، تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار، ساياھەتچىلىك

تەزكىرىسى، قاتناش تەزكىرىسى، تەنتەربىيە تەزكىرىسى، يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەزكىرىسى، سۇ، ئېلېكتر تەزكىرىسى، يېزا- بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى، ئىقتىسادىي تەپتىش تەزكىرىسى، تېخنىكىلىق نازارەتچىلىك تەزكىرىسى، باھا تەزكىرىسى، خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى، پەن- تېخنىكا تەزكىرىسى، مەدەنىيەت تەزكىرىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەزكىرىسى، ياشلار ئىتتىپاقى تەزكىرىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى تەزكىرىسى، كومپارتىيە تەزكىرىسى، ئەمگەك كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى، مائارىپ تەزكىرىسى، سەھىيە تەزكىرىسى، پىلانلىق تۇغۇت تەزكىرىسى، ئىككىنچى يىنىك سانائەت تەزكىرىسى، ئارخىپ تەزكىرىسى، مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى، ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى، گېئولوگىيە كان تەزكىرىسى، تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەزكىرىسى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەزكىرىسى، تاشقى سودا تەزكىرىسى، پارتىيە مەكتىپى قىسقىچە تەزكىرىسى، سىياسىي مەكتەپ قىسقىچە تەزكىرىسى، پۇل- مالىيە تەزكىرىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى، يېزا- بازار قۇرۇلۇشى تەزكىرىسى، ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەر قىسقىچە تەزكىرىسى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلەر تەزكىرىسى، كەسپىي تەزكىرىلەر، جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتابلار، تەشكىلات تارىخى، خەلق ئەدەبىياتى توپلىمىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى تۆۋەندىكىچە: لياڭ لوگېن، شياۋپېڭ، ۋاڭ خاۋيى، ۋاڭ ۋېنيۇڭ، جاڭ جيەنگو، ليۇ تيەنشۈڭ، لى شىگىمىن، جاڭ كېبى، جۇ خەيچىن، جاڭ يۈسىن، شى ۋېيچىن، ۋاڭ يشەن، نيۇ خۇاشۇەن، ۋاڭ يىمىن، ۋۇ چىن، نى بىڭخېڭ، جۇ شاۋمىڭ، جياۋ زەنتىڭ، ما زوشىن، چېن شىفەن، جاڭ شىلىن، جاڭ لىشۇ، يۈي شۇشى، شيې مىن، شيې جيېيى، يۈي جۇگفۇ، مايىمىن، تېڭ يۇگجيەن، لىن شىچۇن، ياڭ خاۋلۇڭ، گوجۇن، دۇەن جىگشەن، يۇەن يېيلىڭ، ما شۆرېن، ۋاڭ خەيتاۋ، جاڭ شۇشەن، گۇ جىگچىڭ، شۇيۇچېڭ، ليۇ شىگاڭ، ياڭ گۇاڭشۇن، ليۇ مىڭتاڭ، جاڭ ۋەنرۇ، فەن چېگچۇ، جىڭ چېگجيا، شىڭ جيەنلى، جاڭ رېنگەن، شۇ شۆچىڭ، فەن رۇنجاڭ، ۋاڭ جىگشاۋ، چېن زېشېڭ، سۇن بىڭ، ۋۇ چجاۋ، ۋاڭ يەنجوڭ، لى جيەنجوڭ، لى داشۇن، لى شىنئەن، لى جۇسەي، شى ۋېنيۇەن، ياڭ زېگشىن.

3. تارىخىي ماتېرىياللار

ھەر قايسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى خادىملارنى تەشكىللەپ، يېقىنقى زامان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى يازدى. بەزىلىرىنى شاپىگرافتا، بەزىلىرىنى مەتبۇئاتتا باستى. 1990- يىلىغا كەلگىچە، باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش «باركۆل تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» دىن جەمئىي 130 مىڭ خەتلىك تۆت توپلام؛ قازاق تىلىدىكىسىدىن تەخمىنەن 30 مىڭ خەتلىك بىر سانىنى شاپىگرافتا باستى. قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش «قۇمۇل شەھەرلىك تارىخىي ماتېرىياللىرى» دىن 1 مىليون 600 مىڭ خەتلىك بەش توپلامنى، ئۇيغۇرچىدىن 120 مىڭ خەتلىك بىر سانىنى مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلدۇردى. ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تارىخى» (ئۇيغۇرچە) تەخمىنەن 20 مىڭ خەتنى مىخ مەتبەئەدە بېسىپ نەشر قىلدۇردى.

4. يەرناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى

1983- يىلى، ۋىلايەت، ناھىيىدە يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. يەر ناملىرى مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە 60 نەچچە كادىر يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش (تولۇقلاپ

تەكشۈرۈش) خىزمىتىگە قاتناشتى.

1985- يىلى، ناھىيە، شەھەرلەر كەينى- كەينىدىن «يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسىنى قۇردى. يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا «يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نى يېزىشنى باشلىدى. 1986 – 1987 - يىللىرى دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىپ چىقىپ، بىر نەچچە قېتىملىق سېلىشتۇرۇش، تۈزىتىشتىن كېيىن، «باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى ئىشخانىسىنىڭ بېكىتىشىگە ئەۋەتىلىپ نەشردىن چىقتى. «قۇمۇل شەھرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ ئورىگىنالى ئاساسەن پۈتتى.

# IX باب

# رادىئو- تېلېۋىزىيە

## §1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

### 1. ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى

1975- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەتلىك رادىئو ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1980- يىل 12- ئايدا، بۇ ئىدارە ئىشخانا، پىلان- مالىيە بۆلۈمى، سىملىق رادىئو بۆلۈمى ۋە سىمسىز رادىئو بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلدى.

1981- يىل 5- ئايدا ۋىلايەتلىك رادىئو ئىشلار ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984- يىل 1- ئايدا ۋىلايەتلىك رادىئو ئىشلار ئىدارىسى ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، 8- ئايدا سىملىق رادىئو بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمىگە، سىمسىز رادىئو بۆلۈمى تېخنىك بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.پىلان- مالىيە بۆلۈمى ۋە ئىشخانا ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىندى. بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلاردىن 761 ئىستانسا، 7601 ئىستانسا، كۆچۈرۈپ تارقاتقۇچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە رادىئو- تېلېۋىزىيە مۇلازىمەت شىركىتى بارلىققا كەلدى.

### 2. ناھىيە (شەھەر) لىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىلىرى

1984- يىل 9- ئايدا بىر شەھەر، ئىككى ناھىيىدە رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ئىدارىسى بىلەن شەھەرلىك رادىئو ئۆزېلى ئىدارە- ئۆزېل بىرلەشكەن ئاپپارات قۇرۇپ، بىر يۈرۈش خادىم ئىككى ۋۇئسكا ئېسىپ ئىشلىدى، تارماق ئاپپارات تەسىس قىلمىدى. 1989- يىلدىن ئىلگىرى شەھەرلىك رادىئو ئىدارىسى يېزا دەرىجىلىك رادىئو ئۆزېللىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرغانىدى.1989- يىلدىن كېيىن، يېزا دەرىجىلىك رادىئو (تېلېۋىزىيە) ئۆزېللىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. پەقەت كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى.

باركۆل ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى يېزىلىق رادىئو پونكىتلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇردى. ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى، 8102 ئىستانسا، تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى، مۇلازىمەت بۆلۈمى، ئىشخانا قاتارلىقلار ئىدارىغا بىۋاسىتە قاراشلىق بولدى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى ئىدارە بىلەن ئۆزىل بىرلىشىش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. 8103 ئىستانسا، تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى، ئىدارە ئىشخانىسى ئىدارىغا بىۋاسىتە قارىدى. 1989-يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى يېزىلاردىكى رادىئو (تېلېۋىزىيە) ئۆزىللىرىنى باشقۇرغانىدى.

## §2. سىملىق رادىئو

1. سىملىق رادىئو ئاپپاراتلىرى

1) رادىئو قوبۇللاش پونكىتى 1950-يىل 6-ئاي، 1951-يىل 5-ئاي ۋە 1955-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەتتە، باركۆل، ئاراتۈرۈك ۋە قۇمۇل ناھىيىلىرىدە رادىئو قوبۇللاش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. بۇ پونكىتلار مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ خەۋەرلەر پروگراممىسىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، خەۋەرلەرنى لېنتىغا ئېلىۋېلىپ، رەھبەرلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بەردى.

1957-يىلى، ۋىلايەتلىك رادىئو قوبۇللاش پونكىتى قۇمۇل ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلىغا قوشۇۋېتىلدى. 1959-يىلى باركۆل ناھىيىسىدە 13، قۇمۇل ناھىيىسىدە 24، ئاراتۈرۈكتە تۆت بولۇپ، ۋىلايەتتە جەمئىي 41 رادىئو قوبۇللاش پونكىتى بار ئىدى. 1960-يىللاردا، بۇ رادىئو قوبۇللاش پونكىتلىرى بىر قىسىم يېزا-رايونلارنىڭ سىرتتىن ئۇچۇر ئىگىلەيدىغان مۇھىم ۋاسىتىسى ئىدى. 1985-يىلدىن كېيىن، ئائىلىلەر رادىئو سېتىۋېلىشتى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتتىكى رادىئو قوبۇللاش پونكىتلىرى بىر-بىرلەپ ئىشتىن توختىدى.

2) ناھىيە (شەھەر) لىك رادىئو ئۆزىللىرى 1957 – 1959 - يىلىغىچە ناھىيىلەردىكى رادىئو پونكىتلىرى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن، باركۆل، قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە رادىئو ئۆزىللىرى قۇرۇلدى. ئۇلار تېلېفون سىمىدىن پايدىلىنىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئاڭلىتىش بەردى. رادىئو ئۆزىللىرى رادىئو كانايلىرىنى ئاۋۋال شەھەرگە، ئاندىن تېلېفون سىمى بار يېزا-كەنتلەرگە تەرەققىي قىلدۇردى.

1979-يىلى قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ئۆزىلى قۇرۇلدى. 1984-يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلى شەھەرلىك رادىئو ئۆزىلىغا قوشۇۋېتىلدى.

3) يېزا (گۇڭشې) رادىئو ئۆزىللىرى 1962-يىل 10-ئايدا، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى بولۇپ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرق شامىلى گۇڭشېسىدا رادىئو كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1965-يىل 10-ئايدا ۋە 1968-يىل 9-ئايدا باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە تۇركۆل فېرمىسىدە تۇنجى بولۇپ گۇڭشې دەرىجىلىك كۈچەيتىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1970-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋىلايەتتىكى گۇڭشې دەرىجىلىك كۈچەيتىش پونكىتى 27 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 14، باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەتتە، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئالتە. 1980-يىللاردا قۇمۇل ناھىيىسى يەنە ئۈچ گۇڭشېدا رادىئو ئۆزىلى قۇردى. 1984-يىلدىن كېيىن، گۇڭشېلاردىكى كۈچەيتىش پونكىتى، يېزا رادىئو ئۆزىلىغا ئۆزگەرتىلدى.

1986-يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە كەنت رادىئو ئۆيى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

يېزىلىق رادىئو ئۇزېللىرى كەنت رادىئو ئۆيىنى بىۋاستە باشقۇردى.

1987- يىلىدىن كېيىن، بەزى يېزىلاردا تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى (پونكىت) قۇرۇلدى. بۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولدى.

4) كەنت رادىئو ئۆيى 1986- يىل 7- ئاينىڭ 10- كۈنى، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى بولۇپ باركۆل ناھىيە خۇايۈەن يېزا نەنيۈەنزى كەنتىدە كەنت رادىئو ئۆيى قۇرۇلدى. 1987- يىل 9- ئايدىن باشلاپ، بۇ ناھىيەدە ئارقا- ئارقىدىن توققۇز كەنتتە رادىئو ئۆيى قۇرۇلدى. بۇ رادىئو ئۆيلىرى دەسلەپ قۇرۇلغاندا كەنت ئاھالىلار كومىتېتى (700 يۈەن ئەتراپىدا) مەبلەغ سېلىپ ماشىنا- ئۈسكۈنە سېتىۋالدى. ناھىيىلىك، يېزىلىق رادىئو ئۇزېللىرى ھەقسىز ئورنىتىپ بەردى. كەنت رادىئو ئۆيلىرىنىڭ تەشۋىقات ئۇسۇلى جانلىق، باشقۇرۇشقا ئەپلىك، پروگرامما مەزمۇنلىرى مول بولغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شىرىنزى يېزىسىغا 30 چاقىرىم كېلىدىغان ئاشپۇزۇل كەنتى ۋە شىرىنزى (باليال) كەنتلىرىدە كەنت رادىئو ئۆيى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئائىلىلەرگە چۈشۈرۈلگەن كاناي نىسبىتى % 62.5 ۋە % 65.6 بولغان بولسا، رادىئو ئۆيى قۇرۇلغاندىن كېيىن % 100 كە يەتتى. چوڭ- كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى رادىئو ئارقىلىق كەنتتىكى ھەممە كىشىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇلغاچقا، ئامما رادىئو ئۆيىنى «پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاغزى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ پۇتى» دەپ ماختاشتى ۋە «مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشتە رادىئو كادىر بولۇپ قالدى»، «ئادەم كۆرمەيلا يىغىن ئاچىدىغان، تالاغا چىقمايلا ئىش ھەل قىلىدىغان بولدۇق» دېيىشتى. 1987- يىل 6- ئايدا ياغقان قارا يامغۇر، تاغ تاشقىنى شىرىنزى يېزا شياۋخىگۇ (كۆكقونىس) كەنتىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. كەنت رادىئو ئۆيى رادىئو كانىيى ئارقىلىق كەنتتىكى ئەر- ئايال، ئۇلۇغ- ئۇششاق ھەممەيلەننىڭ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، تاشقىننى كەنت ئايغىدىكى شەرق، غەرب ئىككى ئېقىنغا ئېچىۋېتىش جىددىي چاقىرىقىنى چىقىرىپ، ئاممىنى تېز ھەرىكەتلەندۈرگەنلىكتىن ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالدى.

1987- يىل 9- ئاينىڭ 23- كۈنى، ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى باركۆل ناھىيە خۇايۈەن يېزىسىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، باركۆل ناھىيىسىدە بارلىققا كەلگەن كەنت رادىئو ئۆيى قۇرۇش تەجرىبىسىنى ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە كەنت رادىئو ئۆيى قۇرۇلۇشى يېڭى تارىخىي دەۋردىكى يېزا سىملىق رادىئو ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى بىر يولى دەپ قارىدى.

1988- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلى پالۋانتۇر يېزا ياۋۇلۇڭ كەنتىدىكى دۈندۈۋەندە تۇنجى كەنت رادىئو ئۆيى قۇردى. شۇ يىلى شەھەر بويىچە 12 كەنتتە رادىئو ئۆيى قۇرۇلدى.

1988- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى نوم يېزىسىنىڭ قىرساي، شىكارىز كەنتلىرىدە ئالدى بىلەن كەنت رادىئوخانىسى قۇردى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، نوم يېزىسىنىڭ دازىچۇەن، يېڭى مەھەللە كەنتلىرىدە رادىئو ئۆيى قۇرۇلدى.

1988- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى كۆلباقا يېزىسىنىڭ ئۈچ چارۋىچىلىق كەنتىدە كەنت رادىئو ئۆيى قۇرۇپ، رادىئو كانىيىنى 244 كە يەتكۈزدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىغىچە ناھىيىدىكى كەنت رادىئو ئۆيى 30 غا يەتتى. 1989- يىلى باركۆلنىڭ كۆيسۇ، ئۇچكۆل قاتارلىق يېزىلىرىنىڭ يەتتە كەنتىدە كەنت رادىئو ئۆيى قۇرۇلدى. 1988 – 1990 - يىلىغىچە، قۇمۇل شەھىرى يىلىغا 10 دىن كەنت رادىئو ئۆيى قۇردى. قۇمۇل شەھىرىدىكى كەنت رادىئو ئۆيلىرى 12 ۋاتلىق يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيىنى ئۆينىڭ سىرتىغا ئورنىتىپ، ئاڭلىتىش بەردى. باركۆل ناھىيىسىدىكى كەنت رادىئو ئۆيلىرى كىچىك كانايلارنى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئورنىتىپ، ئاڭلىتىش بېرىشنى ئاساس قىلدى. 1990- يىلغا كەلگەندە، يېزا- كەنت رادىئو ئۆيى 95 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرىدىكى 47، باركۆل ناھىيىسىدىكى 44، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى تۆت.

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2.1 | | | 17 | 108.5 | | 4.1 | 870 | | 3 | 41 | 1959 |
| 2.5 | | | 20 | 135.6 | | 5.4 | 1081 | | 3 | 44 | 1960 |
| 2.4 | | | 22 | 148.5 | | 5.2 | 1231 | | 3 | 49 | 1961 |
| 2.4 | | 1 | 21 | 153.6 | 6 | 6.3 | 1574 | 1 | 3 | 57 | 1962 |
| 2.6 | | 1 | 22 | 172 | 6 | 11.3 | 2483 | 1 | 3 | 62 | 1963 |
| 2.7 | | 2 | 23 | 181 | 6 | 11.4 | 2828 | 2 | 3 | 70 | 1964 |
| 4.4 | | 3 | 26 | 201 | 16 | 13.3 | 3475 | 3 | 3 | 88 | 1965 |
| 4.8 | | 3 | 27 | 206 | 16 | 13.4 | 3806 | 3 | 3 | | 1966 |
| 7.2 | | 3 | 31 | 216 | 53 | 15.4 | 4343 | 3 | 3 | | 1967 |
| 6.3 | | 4 | 31 | 252 | 55 | 15.7 | 44621 | 4 | 3 | | 1968 |
| 2.5 | 9.1 | 6 | 34 | 277 | 92 | 15.8 | 5288 | 6 | 3 | | 1969 |
| 3 | 6.1 | 8 | 36 | 350 | 147 | 16.2 | 5493 | 6 | 3 | | 1970 |
| 4 | 8.6 | 9 | 39 | 405 | 160 | 17.5 | 6069 | 6 | 3 | | 1971 |
| 4 | 8.7 | 13 | 38 | 425 | 220 | 19.1 | 6625 | 9 | 3 | | 1972 |
| 5.5 | 14.7 | 15 | 46 | 432 | 229 | 20.3 | 7561 | 11 | 3 | | 1973 |
| 2.8 | 11.5 | 17 | 49 | 454 | 248 | 22.1 | 8294 | 13 | 3 | | 1974 |
| 5 | 15.5 | 28 | 52 | 389 | 264 | 23.4 | 9795 | 19 | 3 | | 1975 |
| 15 | 25.5 | 32 | 53 | 471 | 284 | 27.5 | 11616 | 22 | 3 | | 1976 |
| 5.8 | 18 | 34 | 58 | 656 | 313 | 35.1 | 15373 | 24 | 3 | | 1977 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8.2 | 25.6 | 55 | 63 | 578 | 374 | 39.8 | 17467 | 24 | 3 | | 1978 |
| 5.2 | 24.5 | 41 | 67 | 685 | 450 | 43.4 | 19654 | 25 | 4 | | 1979 |
| 6.07 | 28.6 | 55 | 64 | 553 | 413.06 | 40.2 | 17830 | 27 | 4 | | 1980 |
| 2.5 | 26.3 | 54 | 76 | 472 | 372.06 | 47.9 | 17246 | 24 | 4 | | 1981 |
| | 22.3 | 54 | 69 | 472 | 372.1 | 36.5 | 12959 | 24 | 4 | | 1982 |
| | 26.6 | 59 | 98 | 466 | 372 | 31.6 | 11274 | 24 | 4 | | 1983 |
| 2.4 | 38.4 | 66 | 131 | 562.5 | 305.6 | 32.8 | 10868 | 24 | 3 | | 1984 |
| 0.8 | 56.2 | 39 | 143 | 560.5 | 305.6 | 27.9 | 10355 | 25 | 3 | | 1985 |
| 0.7 | 61.7 | 46 | 182 | 565.5 | 382.6 | 25.7 | 9584 | 26 | 3 | | 1986 |
| 9.02 | 60.9 | 47 | 184 | 565.5 | 382.6 | 26.7 | 10027 | 26 | 3 | | 1987 |
| 0.64 | 85.6 | 44 | 194 | 570 | 399.7 | 31.2 | 10213 | 27 | 3 | | 1988 |
| 3.97 | 68.3 | 41 | 169 | 582.1 | 399.7 | 31.9 | 10577 | 27 | 3 | | 1989 |
| 6.5 | 84.6 | 45 | 159 | 706.1 | 331.7 | 33.9 | 11688 | 29 | 3 | | 1990 |

3. رادىئو پروگراممىلىرى

1) ئاڭلىتىش ۋاقتى    باركۆل ناھىيىلىك رادىئو ئۈزېلى 1957- يىلى يېڭى قۇرۇلغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە ئىككى يېرىم سائەت خەنزۇچە، ھەر ھەپتىنىڭ 6- كۈنى بىر قېتىم قازاقچە ئاڭلىتىش بەردى، 1958- يىلى كۈنىگە تۆت سائەت 10 مىنۇت، 1959- يىلى كۈنىگە بەش سائەت، 1980 – 1990 - يىللىرىچە كۈنىگە يەتتە سائەت ئاڭلىتىش بەردى. بۇ ۋاقىتلاردا خەنزۇچە بىلەن قازاقچە ئاڭلىتىش ۋاقتى 50% تىن بولدى.

قۇمۇل ناھىيىلىك رادىئو ئۈزېلى 1958- يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا كۈنىگە ئىككى قېتىم بەش سائەتتىن ئاڭلىتىش بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش ئۈچ سائەت). 1979- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ئۈزېلى ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش، كەچ بولۇپ، ئۈچ قېتىمدا ئالتە سائەت 30 مىنۇت ئاڭلىتىش بەردى. 1990- يىلى كۈنىگە ئالتە سائەت ئاڭلىتىش بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش ئۈچ سائەت).

ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك رادىئو ئۈزېلى 1959- يىل 9- ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا ھەر

كۈنى كەچتە بىر قېتىم ئىككى يېرىم سائەت، بايرام كۈنلىرىدە ئالتە يېرىم سائەتكە ئۇزارتىپ ئاڭلىتىش بەردى. 1980 – 1990 - يىلىغىچە، كۈنىگە بەش سائەتتىن ئاڭلىتىش بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرچە ئىككى يېرىم سائەت).

2) **ئۇلاپ ئاڭلىتىدىغان پروگرامما** ناھىيە (شەھەر) لەردىكى رادىئو ئۇزېللىرى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشنى ئاساس قىلدى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە بولۇپ ئىككى خىل تىلدا ھەر كۈنى 100 مىنۇت ئۇلاپ ئاڭلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك خەۋەرلەر پروگراممىسى 60 مىنۇت، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەتىگەنلىك، كەچلىك خەۋەرلەر پروگراممىسى 40 مىنۇت، بۇ خىل ئاڭلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئىككى خىل تىلدا ئاڭلىتىش، ئاڭلىتىش باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆزگەرمىدى. خەنزۇچە پروگراممىلاردا 1985- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە ھەر ھەپتىنىڭ 1- كۈنىدىن 5- كۈنىگىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «دېھقانلار شادلىقى» پروگراممىسىنى 20 مىنۇت ئۇلاپ ئاڭلاتتى.

3) **ئۆزى باشقۇرغان پروگرامما** ناھىيە (شەھەر) لىك رادىئو ئۇزېللىرى دەسلەپ قۇرۇلغاندا، ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلار مۇقىم ۋاقىتتا ئاڭلىتىلمايتتى. ئاڭلىتىلغاندىمۇ پەقەت ئۆز ناھىيىسىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىلا ئاڭلىتىلاتتى. باركۆل ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىسى 5% نى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ ئۆزى باشقۇرغان «ئاراتۈرۈكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئاڭلىتىشى» دېگەن پروگراممىسى % 1 نى ئىگىلەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۈچ ناھىيىنىڭ رادىئو ئۇزېللىرى ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلارنى توختىتىپ، ھەممە ئاڭلىتىشنى مەركەز ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشقا قاراتتى. 1974- يىلى ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1977 – 1979 - يىلىغىچە باركۆل ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلىرىدا ئاڭلىتىلغان تۈرلۈك ماقالىلار 4661 بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1553 پارچىدىن توغرا كەلدى. 1980- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ھەر كۈنى ئاڭلىتىدىغان «ئۇنىۋېرسال ئاڭلىتىش» پروگراممىسىدا ئونتىن ئارتۇق سەھىپە ئاچتى. 1983- يىلى ئاڭلاتقان ماقالىسى 1512 پارچە، 1990- يىلى ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلارنىڭ سانى، خىللىرى زور مىقداردا ئاشتى. ئىككى خىل تىلدىكى پروگراممىلاردا خەۋەر خاراكتېرىدىكى پروگراممىلار، مۇلازىمەت تۈرىدىكى پروگراممىلار، ئەدەبىيات- سەنئەت قاتارلىق پروگراممىلار تەسىس قىلىندى. قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلى تەسىس قىلغان پروگراممىلاردىن «خەۋەرلەر پروگراممىسى»، «ئۇنىۋېرسال پروگرامما»، «ئەدەبىيات- سەنئەت پروگراممىسى»، «پەن ۋە ئۇچۇر»، «ئۆگىنىش پروگراممىسى»، «يىپەك يولى ھەققىدە پاراڭ» قاتارلىقلار، باركۆل ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى تەسىس قىلغان پروگراممىلاردىن «خەۋەرلەر پروگراممىسى»، «مەخسۇس پروگرامما»، «بىرلىشىپ ئاڭلىتىش پروگراممىسى»، «رادىئو بايانى»، «رادىئو ئاڭلىغۇچىلار تەلىپى» قاتارلىقلار، ئاراتۈرۈك رادىئو ئۇزېلى تەسىس قىلغان پروگراممىلاردىن «ناھىيىمىز خەۋەرلىرى»، «دېھقان- چارۋىچىلار پەن- تېخنىكىسى»، «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ئائىلىسىدە» قاتارلىق پروگراممىلار بار. 1990- يىلى ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىكى رادىئو ئۇزېللىرى ئاڭلاتقان ئومۇمىي ماقالە 6932 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلى ئاڭلاتقىنى 2800 پارچە، باركۆل ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ئاڭلاتقىنى 2270 پارچە، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ئاڭلاتقىنى 1862 پارچە.

# §3. سىمسىز رادىئو

1. قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى 1985- يىل 5- ئايدىن باشلاپ تەشكىللىنىپ، شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 28- كۈنى خەنزۇ تىلىدىكى پروگراممىلار سىناپ ئاڭلىتىلدى. 1988- يىلى، دۆلەت بايرىمىدا ئۇيغۇرچە پروگراممىلار ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى. 1485 كىلوگېرتسلىق رادىئو دولقۇنىدا خەنزۇچە، 1098 كىلوگېرتسلىق رادىئو دولقۇنىدا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بەردى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا بېرىلگەن ئاڭلىتىش ۋاقتى كۈنىگە 13 سائەت 15 مىنۇت بولۇپ، ھەر كۈنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ جايلاردىكى رادىئو ئىستانسىلىرى ۋە رادىئو ئۈزىللىرى ئۇلاپ ئاڭلىتىلىدىغان «خەۋەرلەر» پروگراممىسى قاتارلىق مۇھىم پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلاتقاندىن باشقا، ئىككى خىل تىلدا ئۆزى باشقۇرغان «خەۋەرلەر پروگراممىسى»، «مەخسۇس پروگراممىلار»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت پروگراممىسى» ۋە باشقا مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى پروگراممىلار تەسىس قىلىندى. بۇ ئىستانسا دەسلەپ قۇرۇلغاندا، خەنزۇ تىلىدىكى پروگراممىلاردىن «قۇمۇل خەۋەرلىرى»، «قىسقا خەۋەرلەر»، «پەن ۋە تۇرمۇش»، «بوگۇنكى قۇمۇل» قاتارلىق خەۋەر خاراكتېرىدىكى پروگراممىلار؛ «پروگراممىلارنى ئالدىن ئۇقتۇرۇش»، «ھاۋارايىدىن مەلۇمات»، «كىنو- تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى»، «رادىئو گىمناستىكىسى» قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى پروگراممىلار؛ «ئەدەبىيات- سەنئەت»، «مۇزىكا» قاتارلىق سەنئەت پروگراممىلىرى تەسىس قىلىندى.

1986- يىل 9- ئاينىڭ 14- كۈنى، پروگراممىلار تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى مەخسۇس پروگراممىلار «بوگۇنكى قۇمۇل»، «دېھقانلار دوستى»، «ئائىلە تۇرمۇشىغا مەسلىھەت»، «ياشلار ساداسى»، «ئۆگىنىش پروگراممىسى»، «رادىئو ۋە ئاڭلىغۇچىلار» قاتارلىق پروگراممىلارغا ئۆزگەرتىلدى. مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى پروگراممىلارغا «ئېلان- سەنئەت» پروگراممىسى قوشۇلدى. ئەدەبىيات- سەنئەت خاراكتېرىدىكى پروگراممىلارغا «ناخشا- مۇزىكا»، «شىجۈي (مۇزىكىلىق دراما)»، «ئەدەبىي ئاڭلىتىش»، «ھەپتىدە بىر ناخشا»، «تەلەپلەر بويىچە ئاڭلىتىش»، «ئۇنىۋېرسال سەنئەت» قاتارلىق پروگراممىلار قوشۇلدى. 1988- يىل 4- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇنجى قېتىم گۇرۇپپىلاشقان پروگرامما «بوشلۇقتىكى كۆۋرۈك» تەسىس قىلىندى. ھەر ھەپتىنىڭ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى ئاڭلىتىلدى. خەۋەرلەر پروگراممىسىدىكى «قىسقا خەۋەرلەر» «كەچلىك خەۋەرلەر» گە ئۆزگەرتىلدى. «ھەپتىلىك مۇھىم خەۋەرلەر» پروگراممىسى يېڭىدىن قوشۇلۇپ، يەكشەنبە كۈنى ئاڭلىتىلدى. ئەدەبىيات- سەنئەت پروگراممىسىغا «رومان ئاڭلىتىش»، «ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى»، «رادىئو كىنو- تىياتىرخانىسى» قاتارلىق پروگراممىلار قوشۇلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ پروگراممىلار ئۆزگەرتىلمىدى.

ئۇيغۇرچە پروگراممىلار:

1988- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندا، ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئاساس قىلىندى، «قۇمۇل خەۋەرلىرى»، «ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات»، «تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئالدىن

ئۇقتۇرۇش»، «سەنئەت» قاتارلىق ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلار تەسىس قىلىنىپ، كۈنىگە تۆت سائەت ئاڭلىتىلدى. 1989- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، كۈنلۈك ئاڭلىتىش ۋاقتى بەش سائەت 15 مىنۇتقا ئۆزگەرتىلدى. پروگراممىلارغا «بوستان ساداسى» پروگراممىسى قوشۇلۇپ، ھەر قېتىمدا 15 مىنۇت ئاڭلىتىلدى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسىغا «ئەدەبىيات» پروگراممىسى قوشۇلدى. پروگراممىلارنىڭ تۈرى كۆپ خىل، جانلىق، مەزمۇنى ساغلام ھەم مول، تىلى قىسقا، قىزىقارلىق بولغاچقا، ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئىستانسا قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر پروگراممىلارنى باھالاشتا 15 پارچە ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پروگراممىلارنى باھالاشتا ئۈچ پارچە ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئاخبارات ئورنى بولۇپ باھالاندى. رادىئو ئىستانسىسىدا باش تەھرىر ئىشخانىسى، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، كونترول بۆلۈمى (تېخنىك بۆلۈم) قاتارلىق بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇنلار تەسىس قىلىندى. جەمئىي 64 خادىم ئىشلىدى.

2. قۇمۇل 761 ئوتتۇرا دولقۇندا رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى

قۇمۇل 761 ئوتتۇرا دولقۇندا رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسىنىڭ سىگنال تارقىتىش قۇۋۋىتى 10 كىلوۋات بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال شەھەر ئەتراپىغا، شەھەر مەركىزىدىن تەخمىنەن 7 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. ئىگىلىگەن ئورنى 320 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1979- يىلى قۇرۇلۇپ، 1982- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشنى باشلىدى. ئوتتۇر دولقۇن 639 كىلوگېرتسلىق رادىئو چاستوتىسىدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1- يۈرۈش پروگراممىسىنى؛ 999 كىلوگېرتسلىق ۋە 1413 كىلوگېرتسلىق رادىئو چاستوتىسىدا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى پروگراممىلىرىنى ھەر كۈنى ئۇلاپ ئاڭلاتتى.

بۇ ئىستانسىنىڭ شۆبىسى ھېسابىدا يەنە بىر ئىستانسا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئورنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئورنىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شىمالىدىكى سايلىقتا بولۇپ، تۆت يۈرۈش تاق تاناسىپلىق قوبۇللاش ئانتېننىسى ئورنىتىلغان. ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسا ئارىلىقىغا پروگراممىا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان 16 جۈپ سىملىق مەخسۇس بىر تال كابېل كۆمۈلدى. يەنە خەۋەر قوبۇللاش ماشىنا ئۆيى، كۆزىتىش ماشىنا ئۆيى ھازىرلاندى. خەۋەر قوبۇللاش ماشىنا ئۆيى ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا تۆت- بەش يۈرۈش رادىئو پروگراممىسىنى تارتقىلى، كۆزىتىش ماشىنا ئۆيى ئارقىلىق رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ ئۆزى ئاڭلىتىۋاتقان رادىئو- تېلېۋىزىيە سۈپىتىنى كۆزىتىپ نازارەت قىلغاندىن باشقا، ھەر يىلى بەلگىلىك مۇددەتتە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ۋە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قۇمۇلنى قاپلاش ئۈنۈمى كۆزىتىلدى. يەنە چەت ئەل ئىستانسىلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى كاشىلا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، نازارەت قىلىپ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنى ئەھۋال ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. تەجرىبە (كاشىلا) ئىستانسىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ۋاقىت، مۇددەت بويىچە چەت ئەل ئىستانسىلىرىنىڭ ئاڭلىتىشىنى چاستوتا بويلاپ ئەگىشىپ قوغلاپ توسىدى.

3. قۇمۇل 7601 ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا 1978- يىل 12- ئاينىڭ 26- كۈنى قۇرۇلدى. 764 كىلوگېرتسلىق تەجرىبە چاستوتا ئارقىلىق مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1- يۈرۈش پروگراممىسىنى، ئوتتۇرا دولقۇن 999 كىلوگېرتسلىق ۋە 1413 كىلوگېرتسلىق رادىئو چاستوتىلىرىدا، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلاتتى.

7601 ئىستانسىسى ھازىر ئۇلاپ ئاڭلىتىۋاتقان 761 ئىستانسىنىڭ ئاڭلىتىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئىستانسا يەنە تۆت سىگنال تارقىتىش ئاپپاراتىنى يېڭىدىن ئېچىپ، ئېلېكتر دولقۇنى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان تۆت رادىئو ئىستانسىنىڭ (دۈشمەن كۈچلەرنىڭ) رادىئو ئاڭلىتىشىنى ئوخشاش چاستوتىدا توسۇش رولىنى ئۆتىمەكتە.

1982- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنى 761 ئىستانسىسى ئۇلاپ ئاڭلىتىشنى باشلىغاندىن كېيىن، 7601 ئىستانسىنىڭ ئۇلاپ ئاڭلىتىش ۋەزىپىسى ئاخىرلاشتى. سىرتنىڭ (دۈشمەن كۈچلەرنىڭ) رادىئو ئاڭلىتىشىغا قارىتا مەخسۇس تەجرىبە (توسۇش) ئېلىپ بېرىشنىلا ئورۇندىدى. 1983- يىلىنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، 7601 ئىستانسىدىن ئۈچ سىگنال تارقىتىش ئاپپاراتىنى ئاجرىتىلىپ، باركۆلدىكى 8102 ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىندى. قالغان يەتتە سىگنال تارقىتىش ئاپپاراتى مەخسۇس تەجرىبە (توسۇش) كە ئىشلىتىلىپ، كۈنىگە 12 سائەت نەتراپىدا ئىشلىدى.

1985- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1988- يىلى ئۈيغۇرچە ئاڭلىتىش قوشۇلدى. 1985- يىلى ۋە 1988- يىلى ئىككى سىگنال تارقىتىش ئاپپاراتى بىلەن قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە رادىئو ئاڭلىتىشىنىڭ سىگنال تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئاپپاراتلار ھەر كۈنى 13 سائەت ئەتراپىدا ئىشلىدى.

4. باركۆل 8102 ئىستانسىسى

باركۆل 8102 ئىستانسىسى 1982- يىل 2- ئايدا قۇرۇلۇپ، 1983- يىل 9- ئاينىڭ 4- كۈنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئوتتۇرا دولقۇن ئوخشاش يوللۇق رادىئو چاستوتىسى ئارقىلىق 981 كىلوگېرتستا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1- يۈرۈش پروگراممىسىنى؛ 738 كىلوگېرتستا ۋە 1107 كىلوگېرتستا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە ۋە قازاقچە رادىئو پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلاتتى. بۇ ئىستانسا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى شۇ ئىستانسىلارنىڭ ئاڭلىتىش ۋاقتى بويىچە، ھەر كۈنى ئۇلاپ ئاڭلاتقانلىقى ئۈچۈن، باركۆلنىڭ رادىئو ئاڭلاش ئۈنۈمى ياخشىلىنىپ، رادىئونىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 72.12 % كە يەتتى.

5. ئاراتۇرۇك 8103 ئىستانسىسى

ئاراتۇرۇك 8103 ئىستانسىسى 1984- يىلى قۇرۇلۇپ، 1985- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشقا باشلىدى. بۇ ئىستانسا ئوتتۇرا دولقۇن ئوخشاش يوللۇق رادىئو چاستوتىسى ئارقىلىق 1359 كىلوگېرتستا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1- يۈرۈش پروگراممىسىنى، 1044 كىلوگېرتستا ۋە 1494 كىلوگېرتستا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە رادىئو پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلاتتى. بۇ ئىستانسا يەرلىكنىڭ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تەمىنلىگەن توكنى ئىشلەتكەن بولغاچقا، توك قۇۋۋىتى ئاجىز، بېسىمى تۇراقسىز، توك بەزىدە بار، بەزىدە يوق بولغانلىقتىن، ئۇلاپ ئاڭلىتىش نورمال بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن توك بولسا ئۇلاپ ئاڭلاتتى، بولمىسا توختاشقا مەجبۇر بولدى. توك بىلەن تەمىنلەش نورمال بولغاندا، ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش، كەچتە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى سائەتتىن ئاڭلىتىش بەردى. 1990- يىلى، ئاراتۇرۇك كۆمەك ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، توك بىلەن تەمىنلەش ئازراق ياخشىلاندى. 8103 ئىستانسىنىڭ ئۇلاپ ئاڭلىتىش ۋاقتى ھەر كۈنى مۇقىم بولدى. ئۇلاپ ئاڭلىتىش ۋاقتى ئەسلىدىكى ئالتە سائەتتىن سەككىز سائەتكە ئۇزارتىلدى.

8103 ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ توخۇلۇ (شار تۈيلەر)، باي، ئاداق يېزىلىرى ۋە تۆركۆل فېرمىسى دائىرىسىدىكى دېھقان- چارۋىچىلار مەركەز ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئاڭلىتىشىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدى. ئوتتۇرا دولقۇنلۇق رادىئونىڭ قاپلاش نىسبىتى % 33.61 كە يەتتى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى % 81.1 كە يەتتى.

## §4. تېلېۋىزىيە

1981- يىل 4- ئايدا، ۋىلايىتىمىزدە تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەتتە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 19 تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى ياكى كۆچەيتىش ئىستانسىسى، 75 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى مەركەز قىلغان ۋىلايەتنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا تېلېۋىزىيە تەشۋىقات تورى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملەشتى. 1983- يىلى ۋىلايەت بويىچە، قۇمۇل شەھىرى ناشۋىلىق كۆكشى چىگشى چوڭ ئەترىتى تۇنجى بولۇپ تېلېۋىزىيە ئومۇملاشقان كەنت بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا بۇ كەنتتىكى % 98 دېھقاننىڭ تېلېۋىزورى بار ئىدى. 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى تېلېۋىزور 40 مىڭغا، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى % 76.3 كە يەتتى.

### 1. تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1981- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈنى، ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى سىناق پروگراممىلار سىناق تەرىقىسىدە تارقىتىلدى. بۇ ئىستانسىنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى 1 كىلوۋات بولۇپ، كۆرستىپ بېرىلگەن DS—3 ۋە DS—9 دولقۇننى ئىشلەتتى. بۇ ئىستانسا يېڭى قۇرۇلغاندا، ئاۋۋال 9- دولقۇندا سىناق ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. بىر دولقۇندا پروگرامما تارقاتقاچقا ئۆيغۇرچە، خەنزۇچە پروگراممىلارنى بىر كۈندىن ئالماشتۇرۇپ كۆرسەتتى.

1985- يىل 2- ئاينىڭ 7- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ دەرىجىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دەپ ئاتىلىپ، «قۇمۇل خەۋەرلىرى» قاتارلىق پروگراممىلار كۆرسىتىلىشكە باشلىدى.

1985- يىلىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈز قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. 1986- يىل 2- ئايدا، 6.2 مېتىرلىق سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ، خەۋەر كۆرسىتىش ۋاقتىنى ئۈچ كۈن ئەتراپىدا ئىلگىرى سۈردى.

1988- يىل 2- ئاينىڭ 15- كۈنى، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تارقىتىش قۇۋۋىتى 50 ۋاتلىق 3- بىر يېڭى دولقۇن DS—11 نى ئاچتى. ھەم ئۆزلىرى لايىھىلەپ، ئۆزلىرى ياساپ قۇراشتۇرۇپ چىققان ئانتېننانى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇنارغا ئورناتتى ھەم سىناش جەريانىدا لاياقەتلىك بولۇپ، بۇ ئانتېننا بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1- يۈرۈش پروگراممىسىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ تارقاتتى.

1990- يىلى، ئۈچ دولقۇندا بىرلا ۋاقىتتا سىگنال تارقىتالايدىغان بولدى. بەش تارقىتىش ئاپپاراتى (ئومۇمىي

قۇۋۋىتى 4050 ۋات)، ئالتە تېلېكامېرا، ئۈچ تەھرىرلەش ئاپپاراتى، ئىككى يۈرۈش خەت چۈشۈرۈش ئالاھىدە تېخنىكا ماشىنىسى، 15 سىنئالغۇ ئاپپاراتى بولۇپ، كۈنىگە 18 سائەت ئالتە مىنۇت پروگرامما كۆرسەتتى.

2) ناھىيە، يېزىلىق ئىستانسا (پونكىت) لار

(1) باركۆل ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى بۇ ئىستانسىنىڭ سىگنال تارقىتىش قۇۋۋىتى 1000 ۋات، كۆرسىتىپ بېرىلگەن 2 — DS ۋە 12— DS دولقۇنىنى ئىشلىتىپ، 1984- يىل 11- ئاينىڭ 28- كۈنى قۇرۇلۇپ، سىناق تەرىقىسىدە پروگرامما تارقاتتى. دەسلەپتە 2- دولقۇندا خەنزۇچە، قازاقچە ئىككى خىل تىلدىكى پروگراممىلارنى ئالماشتۇرۇپ كۆرسەتتى. خەنزۇ تىلىدىكى ئاڭلىتىش ھەر ھەپتىدە ئالتە قېتىم، قازاق تىلىدىكى ئاڭلىتىش (پروگرامما مەنبەسى كەمچىل بولغانلىقتىن) ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم، ئۈچ- تۆت سائەت كۆچۈرۈپ كۆرسىتىلدى.

1985- يىل 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، رادىئو- تېلېۋىزىيە نازارىتى ئانتېننا ئەترىتىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئېگىزلىكى 123 مېتىر كېلىدىغان قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ ئېگىز تېلېۋىزىيە مۇنارىسىنى ئورناتتى. شۇ يىلى 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، 12- دولقۇننى كۆپەيتىپ ئېچىپ، خەنزۇچە، قازاقچە ئىككى خىل تىلدىكى پروگراممىلارنى ئايرىم- ئايرىم دولقۇنلاردا كۆرسەتتى. 2- دولقۇندا ھەر ھەپتىنىڭ 1-، 3-، 5- كۈنلىرى مەخسۇس قازاق تىلىدا، 12- دولقۇندا ھەر ھەپتىنىڭ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى مەخسۇس خەنزۇ تىلىدا پروگرامما كۆرسەتتى.

1986- يىل 6- ئاينىڭ 29- كۈنى، ئاپتونوم رايون تەقدىم قىلغان 6.2 مېتىرلىق سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش تېلېۋىزىيە پونكىتىنى قۇرۇپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى بىۋاسىتە ئۇلاپ تارقاتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى بىۋاسىتە كۆچۈرۈپ كۆرسەتتى. ھەر كۈنى مۇقىم ۋاقىتتا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»، «كەچلىك خەۋەرلەر» ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە، قازاقچە «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» ھەمدە ئەدەبىيات- سەنئەت پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆرسەتتى.

1987- يىلى، ياپونىيىدىن DXC—1820 لىك تېلېكامېرا ۋە تەھرىرلەش ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ، ئىلان كەسپىنى بولغا قويدى. شۇ يىلى 80 پارچە ئېلان تارقاتتى. 1988- يىلى، ناھىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىگە ماسلىشىپ، ناھىيىنىڭ بەزى خەۋەرلىرى تەھرىرلەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىستانسا ئىشلىگەن مەخسۇس فىلىم «جىددىي دوكلات» باركۆل ناھىيىسىنىڭ 1989- يىلىدىكى پەۋقۇلئاددە زور قۇرغاقچىلىق ۋە چېكەتكە ئاپىتىنى ئاپتونوم رايونغا ئىنكاس قىلغاندىن باشقا، تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، تەشۋىقاتلىق رولىنى ياخشى ئوينىدى.

1987 – 1990 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ناھىيىلىك كۆمۈر كانى، ئۈچكۆل، كۆيسۇ، شالوبا (كۈنگەيسۇ) يېزىلىرى، شۇنداقلا ئۈچكۆل يېزىسىنىڭ ساقاياق كەنتلىرىدە بەش سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (پونكىتى) قۇرۇلدى. نەتىجىدە ناھىيىنىڭ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 87.91% كە، 1990- يىلى، ناھىيىدىكى تېلېۋىزور 5000 غا يەتتى.

(2) ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تاغلىق، ئېدىرلىق، يەر شەكلى مۇرەككەپ، نوپۇسى ئاز، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق ناھىيە بولغانلىقتىن، «ئاز قۇۋۋەتلىك، كۆپ نۇقتىلىق تارقاقلاشتۇرۇپ قاپلاش» پرىنسىپى بويىچە ئىستانسا قۇرۇش فاڭجېنى قوللىنىلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيە تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ سىگنال تارقىتىش قۇۋۋىتى 50 ۋات. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىدىن 50 ۋاتلىق ئىككى رەڭلىك تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئاپپاراتى، كەڭلىكى 0.5 مېتىر (ئېگىزلىكى 62 مېتىر) كېلىدىغان ئۈچ بۇرجەكلىك تۆمۈردىن ياسالغان تېلېۋىزىيە مۇنارىسى، تۆت سىنئويغۇ ئاپپاراتى ۋە بىر قىسىم سىناش، ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى بولۇپ، بۇ ئىستانسا كۆرسىتىپ بېرىلگەن 4—DS ۋە 10—DS دولقۇنلارنى ئىشلەتتى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ كۆرسەتتى. ئۈنۈملۈك قاپلىنىش

رادىئۇسى 30 كىلومېتىر.

1985- يىلى 6- ئاينىڭ 19- كۈنى، ئىستانسا قۇرۇلغاندا ۋە سىناپ كۆرسەتكەندە، ئاۋۋال 10- دولقۇندا بىرلا ئاپپارات بىلەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پروگراممىلارنى ئالماشتۇرۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى خەنزۇچە، 1-، 3-، 5- كۈنلىرى ئۇيغۇرچە، ھەر ھەپتىدە ئۈچ سائەت ئەتراپىدا كۆرسەتتى. 1986- يىلى 7- ئايدا، ئاپتونوم رايون تەقدىم قىلغان 6.2 مېتىرلىق سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1986- يىلى 8- ئايدا، ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 4- دولقۇن كۆپەيتىلىپ ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە پروگراممىلار ئايرىم دولقۇنلاردا كۆرسىتىلىشكە باشلىدى. 4- دولقۇندا مەخسۇس ئۇيغۇرچە، 10- دولقۇندا مەخسۇس خەنزۇچە پروگراممىلار كۆرسىتىلدى. كۆرسىتىش قېتىم سانى ھەم ۋاقتى ئازراق ئاشتى.

1988 – 1989- يىللىرى، نوم، باي، ئاداق يېزىلىرى، تۆركۆل، نېرىنكىر فېرمىلىرىدا سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش، ئۇلاپ كۆرسىتىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ناھىيىنىڭ تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 91.54% كە يېتىپ، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئورۇن بولۇپ قالدى.

1990- يىلى، ئىككى خىل تىلدا كۈنىگە بىر قېتىمدىن ئاڭلىتىش بېرىلدى. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن بىر قېتىم قوشۇپ ئاڭلىتىلدى. ھەپتىدە سەككىز قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت سائەت ئەتراپىدا ئاڭلىتىش بېرىلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 800 ئەتراپىدا تېلېۋىزور بولسىمۇ، توك تۇراقلىق بولمىغانلىقتىن، تېلېۋىزىيە كۆرسىتىلىشكە بەلگىلىك تەسىر يېتىپ تۇردى.

(3) يېزا- كەنتلەردىكى تېلېۋىزىيە قوبۇللاپ كۆرسىتىش پونكىتلىرى   ۋىلايىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، نوپۇسى ئاز، ئولتۇراقلىششى تارقاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، يېزا- كەنتلەردە «ئاز قۇۋۋەتلىك، كۆپ نۇقتىلىق، تارقاق قاپلىنىشلىق» بولۇش فاڭجېنى يولغا قويۇلۇپ، تېلېۋىزىيە قوبۇللاش، ئۇلاپ كۆرسىتىش پونكىتلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى. 1985- يىلى، قۇمۇل شەھىرى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى بازارلىرىدا تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى. بازار ئاھالىلىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا، كەنت دېھقانلىرى تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى. لېكىن چەت، ياقا، تاغلىق رايونلاردىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدىكى كىشىلەر يەنىلا تېلېۋىزور كۆرەلمىدى ياكى ياخشى كۆرەلمىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1987- يىلدىن باشلاپ ئاراتۈرۈك، باركۆل ناھىيىلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى رايون، يېزا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش پونكىتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، ۋىلايەتتىكى 12 يېزا (مەيدان) دا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە،ئىككىسى بىڭتۇەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ، ئىككىسى يەرلىكنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ، سەككىزى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق بولۇپ ، جەمئىي 15 تارقىتىش ئاپپاراتى بار. ئومۇمىي تارقىتىش قۇۋۋىتى 409 ۋات. بۇنىڭ ئىچىدە، تارقىتىش قۇۋۋىتى ئەڭ كۈچلۈكى 50 ۋات، ئەڭ كىچىكى ئۈچ ۋات. ئۈچ پونكىت، ئىككى يۆرۈش تارقىتىش ئۈسكۈنىسى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ كۆرسەتتى. قالغان توققۇز پونكىتنىڭ بىر يۈرۈشتىن ئۈسكۈنىسى بولۇپ، بىر خىل تىلدىكى پروگراممىلارنى، بەزىلىرى بىر يۈرۈش ئۈسكۈنە بىلەن ئىككى خىل تىلدىكى پروگراممىلارنى كۆرسەتتى. بۇ 12 ئۇلاپ تارقىتىش پونكىتىنىڭ ھەر بىرىگە سەپلەنگەن سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتىنىڭ دىئامېتىرى 3.2 مېتىرلىقتىن بولۇپ، كۆپىنچىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ كۆرسەتكەندە، ۋاقتى توغرا كەلمىگەنلىكتىن، كۆچۈرۈۋېلىپ كۆرسىتىشنى يولغا قويدى.

3) زاۋۇت، كان، قىسىملاردىكى ئىستانسىلار

(1) قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى   بۇ ئىستانسا 1981- يىل

12- ئايدا قۇرۇلۇپ، سىناق تەرىقىسىدە پروگرامما كۆرسەتتى. كۆرسىتىپ بېرىلگەن 1- دولقۇن ۋە 7- دولقۇنلارنى ئىشلەتتى، دەسلەپ ئاڭلىتىش بەرگەندە 7- دولقۇننى ئىشلەتتى. 1985- يىل 12- ئايدا 1- دولقۇننى ئاچتى. 7- دولقۇننىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى بىر كىلوۋات، 1- دولقۇننىڭ 300 ۋات. ئېگىزلىكى 60.4 مېتىر كېلىدىغان تۆت بۇرجەكلىك تۆمۈر مۇنارنى ئۆزلىرى ياساپ، مۇنارنىغا 1- دولقۇن ئۈچۈن ئىككى قەۋەت شەپەرەڭ شەكىللىك ئانتېننا، 7- دولقۇن ئۈچۈن ئۈچ قەۋەت شەپەرەڭ شەكىللىك ئانتېننا ئورناتتى. 1986- يىل 3- ئايدا، دىئامېتىرى ئالتە مېتىر كېلىدىغان سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش تېلېۋىزىيە پونكىتى قۇردى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلدا ئىككى يۈرۈش پروگرامما كۆرسەتتى. دەسلەپ قۇرۇلغاندا، 7- دولقۇندا ھەر ھەپتىدە 11 قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت سائەت ئەتراپىدا «ئۇنىۋېرسال» پروگرامما كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرچە ئىككى قېتىم كۆرسىتىلدى. يەنە ھەر كۈنى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت سائەت ئەتراپىداكۆرسەتتى. پروگرامما مەنبەسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۈرۈمچىدە مۇقىم ئادەم تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ كۆرسەتتى. يەنە شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىمۇ نۇقتىدا ئادەم تۇرغۇزۇپ، باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات- سەنئەت پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ كۆرسىتىش ئارقىلىق تولۇقلىدى. 1986- يىل 3- ئايدا، سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسەتتى.

1985- يىل 12- ئايدا 1- دولقۇن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنى دولقۇنلاردا كۆرسىتىلدى. 1- دولقۇندا ئۇيغۇرچە پروگراممىلار ھەر ھەپتىنىڭ 1-، 3-، 5- كۈنلىرى چۈشتە، كەچتە بىر قېتىمدىن؛ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى بىر قېتىمدىن؛ 7- دولقۇندا خەنزۇچە پروگراممىلار كۈنىگە ئىككى قېتىم، چۈشتە، كەچتە بىر قېتىمدىن تۆت سائەت ئەتراپىدا كۆرسىتىلدى.

1985- يىلى، تېلېكامېرا ۋە تەھرىرلەش ئاپپاراتى سەپلەنگەندىن كېيىن، «كان رايون خەۋەرلىرى» پروگراممىسىنى ئۆزلىرى تۈزۈپ، ھەپتىنىڭ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى ئۈچ قېتىمدىن بەش مىنۇت ئەتراپىدا، ھەر قېتىمدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ سۈرەتلىك خەۋەر كۆرسەتتى. يەنە «ئېلان»، «ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات»، «پروگراممىلارنى ئالدىن ئۇقتۇرۇش»، «كېلەر ھەپتىلىك ئېكراندا» قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرلىك پروگراممىلارنى كۆرسەتتى. 1988- يىلى، يېڭىدىن يېرىم ئايدا بىر قېتىم «كۆمۈرلۈكتىكى تەرمىلەر» ۋە «قىزىق لىنىيە تەلەپلىرى ئاڭلىتىشى» پروگراممىسىنى ئاچتى.

1990- يىلنىڭ ئاخىرىدا، يەنە بىر يېڭى دولقۇن 16- دولقۇننى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

(2) يامانسۇ كان رايونى تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى 1981- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇرۇلدى. كۆرسىتىپ بېرىلگەن 5- دولقۇن ۋە 12- دولقۇننى ئىشلەتتى. سىگنال تارقىتىش مۇنارىسىنى ئۆزلىرى پولات تۇرۇبىدىن 39.1 مېتىر ئېگىزلىكتە ئورناتتى. 1981- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، 5- دولقۇندا سىناق قىلىپ كۆرسەتتى. ھەر ھەپتىدە يەتتە قېتىم، تۆت سائەت ئەتراپىدا، ھەپتىنىڭ 1- ، 5- كۈنى ئۇيغۇرچە پروگرامما، قالغان ۋاقىتلاردا خەنزۇچە پروگرامما كۆرسەتتى. 1983- يىل 10- ئاينىڭ 18- كۈنى، 12- دولقۇندا سىناق قىلىپ، ھەر ھەپتىدە ئۈچ قېتىم كۆرسەتتى. 1986- يىل 1- ئاينىڭ 30- كۈنى، كان رايوندا سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 12- دولقۇندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سائەت 18 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە بېرىدىغان 1- يۈرۈش پروگراممىسىنى تولۇقسىز كۆرسەتتى. 1990- يىل 5- ئايدا، زاپاس ئاپپارات ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 12- دولقۇندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1- يۈرۈش پروگراممىسىنى پۈتۈن كۈن كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ھەر كۈنى 14 سائەت ئاڭلىتىش بېرىدىغان بولدى. 5- دولقۇن، 12- دولقۇنلارنىڭ

ئومۇمىي قۇۋۋىتى 50 ۋات.

1984 – 1985- يىللىرى، ئىككى يۆتكىلىشچان تەھرىرلەش ئاپپاراتى ۋە تېلېكامېرا سېتىۋېلىپ، ھەر ئايدا 10 پارچە ئەتراپىدا ئۆزى باشقۇرغان «كان رايونى خەۋەرلىرى» پروگراممىسىنى كۆرسەتتى. ئادەتتە قانۇن- تۈزۈم تەشۋىقاتى، پىلانلىق تۇغۇت، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەربىيىسى قاتارلىق تەشۋىقات مەزمۇنلىرىغا ماسلىشىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بەزىدە لېكسىيەلەرمۇ ئۇيۇشتۇردى. 1990- يىللىرى، يامانسۇ كانىدا 960 ئائىلە بولۇپ، تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەردە ئومۇملىشىشى 95% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە رەڭلىك تېلېۋىزور 80% نى ئىگىلىدى.

(3) يەتتە قۇدۇق تۈز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى بۇ ئىستانسا 1983- يىل 1- ئايدا قۇرۇلدى. كۆرسىتىپ بېرىلگەن 4- دولقۇننى ئىشلەتتى. سىگنال تارقىتىش قۇۋۋىتى 50 ۋات، تارقىتىش تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىر. 4- دولقۇندا خەنزۇ تىلىدا، ھەر ھەپتىدە يەتتە قېتىم، ھەر قېتىمدا تۆت سائەتتىن پروگرامما كۆرسىتىلدى. قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سىن كۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن پروگرامما كۆچۈرۈشنى پروگرامما مەنبەسى قىلدى.

1986- يىل 9- ئاينىڭ 26- كۈنى، باش زاۋۇتتا سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش تېلېۋىزىيە پونكىتى قۇرۇلۇپ، 4- دولقۇندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1- يۆرۈش پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمىنى بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ھەر كۈنلۈك كۆرسىتىش ۋاقتى بەش- ئالتە سائەتكە ئۇزاردى.

1989- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، باش زاۋۇتنىڭ تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش 9- دولقۇننى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، ھەر كۈنى سائەت 18 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە بېرىلىدىغان مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1- يۆرۈش پروگراممىسىنى ئۆتكىگىچە بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسىتىشكە باشلىدى. تۈز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئىككىلا دولقۇندا خەنزۇچە ئاڭلىتىش بېرىلدى. بۇ ئىستانسا ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە كۆرگۈچىلەرنىڭ ئۆز تىلىدا ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر يۆرۈش سىنئالغۇ، سىنقويغۇ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سەپلەپ، مىللىي ئىشچى- خىزمەتچىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا سىن قويۇش ئۆيى تەسىس قىلىپ، ئىستانسا پروگرامما بىلەن تەمىنلىدى. 1989- يىل 7- ئايدا، بىر M7 ماركىلىق تېلېكامېرا سېتىۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش پەسىللىرىگە ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ سىنغا ئېلىپ پروگرامما تۈزۈپ كۆرسەتتى. تەھرىرلەش ئاپپاراتى بولمىغانلىقتىن، ئۆزى باشقۇرغان، سىنغا ئالغان پروگراممىلىرىنى شۇ پېتىلا قويۇپ بەردى.

(4) ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى بۇ ئىستانسا 1985- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇرۇلدى. كۆرسىتىپ بېرىلگەن 10- دولقۇننى ۋە 4- دولقۇننى ئىشلەتتى. سىگنال تارقىتىش قۇۋۋىتى 50 ۋات. تارقىتىش مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 62 مېتىر. ئىستانسا قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئاساسىي پروگرامما مەنبەسى قىلدى ھەم مۇقىم ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ سىن كۆچۈردى. 1987- يىل 7- ئايدا، دىئامېتىرى 4.5 مېتىرلىق سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1- يۆرۈش پروگراممىسىنى بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسەتتى. 1989- يىل 5- ئايدا، 4- دولقۇننى يولغا قويغاندىن كېيىن قازاقچە، ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم تۆت سائەت ئەتراپىدا كۆرسەتتى. پروگرامما مەزمۇنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قازاقچە ۋە ئۇيغۇرچە تىل «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»، «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» ھەم مىللىي ناخشا- ئۇسسۇل قاتارلىق پروگراممىلارنى سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى ئارقىلىق كۆچۈرۈۋېلىپ كۆرسەتتى.

(5) 86108- قىسىم تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى بۇ ئىستانسا قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ غەربىدىكى 86108- قىسىم تۇرۇۋاتقان جايدىكى كۆچەيتىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بولۇپ، 1983- يىل 9- ئايدا قۇرۇلغان. تارقىتىش قۇۋۋىتى 10 ۋات. قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 9- دولقۇن پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىپ 12- دولقۇندا تارقاتتى. تارقىتىش ئانتېننىسىنىڭ ئېگىزلىكى 32 مېتىر، قاپلاش رادىئۇسى ئىككى كىلومېتىر.

(6) باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈر كانى تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى بۇ ئىستانسا باركۆل ناھىيە بازىرىدىن 87 كىلومېتىر كېلىدىغان كۆمۈر كانىغا جايلاشقان. بۇ جايدا 2000 دىن ئارتۇق ئائىلە ئولتۇراقلاشقان. 1985- يىلى ئۆزلىرى ئىقتىساد توپلاپ تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى قۇردى. تارقىتىش قۇۋۋىتى ئۈچ ۋات. باركۆل كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ 2- دولقۇندىكى پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىپ 8- دولقۇندا كۆرسەتتى. سىگنال تارقىتىش ئانتېننىسى تۆت قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلدى، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 7- كۈنى قۇرۇلۇپ سىناق قىلىندى. شۇ يىلى 12- ئايدا، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. باركۆل ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە پروگراممىلىرىنى كۈندە بىر قېتىم، تەخمىنەن ئۈچ سائەت ئەتراپىدا كۆرسەتتى. 1987- يىل 10- ئايدا، دىئامېتىرى 4.5 مېتىرلىق سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىشكە باشلىدى. 1988- يىلى تارقىتىش قۇۋۋىتىنى 50 ۋاتقا يەتكۈزدى. قاپلاش دائىرىسى كېڭەيدى.

2. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى

قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى كۆرسىتىلگەن پروگراممىلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان پروگراممىلار ئىدى. ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بولمىغانلىقتىن، بىۋاسىتە ئۇلاپ كۆرسىتىشكىمۇ ئامال بولمىدى. ئۈرۈمچىگە مۇقىم تۇرىدىغان ئادەم ئەۋەتىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرسەتكەن پروگراممىلارنى كۆچۈرۈۋېلىپ، لېنتىلارنى پويىز ئارقىلىق قۇمۇلغا يۆتكەپ كۆرسەتتى. كۆچۈرۈۋېلىنغان پروگراممىلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىغاچقا، ئەسلىدىكى پروگراممىلارنىڭ رېتى بويىچە قويماستىن، قايتىدىن تەھرىرلەپ، كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى.

1985- يىلى، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆسكەندىن كېيىن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇھىم پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ كۆرسەتكەندىن باشقا، ئۆزلىرى «قۇمۇل خەۋەرلىرى» پروگراممىسى تۈزۈپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئايرىم- ئايرىم ھەر ھەپتىدە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش مىنۇتتىن كۆرسەتتى. كېيىن 10 مىنۇتقا كۆپەيتتى. ھەر ھەپتىدە ئالتە قېتىم كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئۈچ قېتىمى رەسمىي ئاڭلىتىش، ئۈچ قېتىمى تەكرار كۆرسىتىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر ئۆز جايىنىڭ خەۋەرلىرىنى ھەر كۈنى كۆرەلەيدىغان بولدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1989- يىلىدىن باشلاپ، خەۋەرلەر پروگراممىسىدا يەنە «ئىقتىسادىي كۆزنەك» سەھىپىسى ئېچىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭدىن باشقا «قۇمۇلنىڭ ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات»، «بىر ھەپتىلىك پروگراممىلاردىن كۆرۈنۈشلەر»، «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز»، «ئېلان» قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرلىك پروگراممىلارنىمۇ يولغا قويدى. 1987- يىلى يەنە «ئېكران ۋە تاماشىبىنلار» پروگراممىسىنى تۈزۈپ باشقۇردى. كېيىن بۇ پروگراممىنىڭ ئىسمىنى «بوستان ئېكرانى» غا ئۆزگەرتتى.

قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ھېيت- بايراملاردا داۋاملىق دېگۇدەك مەخسۇس پروگراممىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. «ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان قۇمۇل بوستانلىقى»، «شانلىق 40 يىل»، «قەھرىمان نەمۇنىچىلار»، «ئۇلار ئىش ئورنىدا»، «پارتىيە قەلبىمدە» قاتارلىق مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرسىتىپ تۇردى. ھەر قېتىملىق كۆرسىتىشتە ئۆزلىرى مۇخبىرلىق قىلىپ تۈزگەن مەخسۇس فىلىم 10 دىن ئاشتى. بۇ فىلىملارنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، كۆپىنچىسى ئىشلىتىلدى. بەزى فىلىملار مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1987- يىل 7- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى تۆمۈريولنى كەلكۈن ئۈزۈۋېتىپ، ئۆتمەكچى بولغان يولۇچىلار قۇمۇلدا توسۇلۇپ قالغاندا، قۇمۇل خەلقىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. توسۇلۇپ قالغان يولۇچىلار تەسىرلەنگەنلىكىدىن پويىزغا «ياشىسۇن قۇمۇل روھى!»، «قۇمۇل خەلقى ياخشى» دېگەن چوڭ خەتلىك پلاكاتلارنى چاپلىدى. قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنى ئىز بېسىپ مۇخبىرلىق قىلىپ، ئورغۇنلىغان ئەمەلىي، قىممەتلىك ئۈن- سىن ماتېرىياللىرىنى توپلىدى. «تۆمۈريول ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن» دېگەن مەخسۇس فىلىم تەھرىرلىنىپ كىرىشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا قويۇلۇپ، مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە پروگراممىسى بولۇپ باھالىنىپ، ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ ئۈن- سىن ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ تېلېۋىزىيە خەۋەر دراممىسى: «توسۇلۇپ قالغان يولۇچىلار خەۋەرلىرى خاتىرىسى» نى ئىشلىدى. بۇ فىلىم مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلكە، شەھەرلىرىدە قويۇلدى.

1989- يىلى، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر تەھرىر، دىكتورلارنى ۋە تېخنىكلارنى تەشكىللەپ، ئۆسكۈنىلەرنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، مېكسىكا ھېكايە فىلىمى: «لارىدو تۇرمىسى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇيغۇرتىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ تەرجىمە فىلىم قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا قويۇلغاندا، تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەشۋىقاتتا ئۆز ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا داۋاملىق ياخشى پروگراممىلارنى ئەۋەتىپ تۇرغاچقا، كۆپ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن «ماقالە تەمىنلىگۈچى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپ تۇردى. 1990- يىلى، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئەۋەتكەن: «بەختىقان ھەققىدە ھېكايە» دېگەن تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1- يورۇش پروگراممىسى «ئاسمان- زېمىن ئارىلىقىدا» نىڭ «رەڭگارەڭ يۇلتۇزلار» دېگەن سەھىپىسىدە كۆرسىتىلدى.

3. مۇخبىرلىق، تەھرىرلىك ۋە دىكتورلۇق

1985- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ دەرىجىسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆزى باشقۇرغان خەۋەرلەر پروگراممىسىنى ۋە بىر قىسىم مۇلازىمەت خاراكتېرلىك پروگراممىلارنى كۆرسەتتى. 7- ئايدا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئەسلىدە بار ئۈچ مۇخبىر تەھرىر سەككىزگە كۆپەيتىلدى ھەم تەھرىر بۆلۈم قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرى باشقۇرغان پروگراممىلار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. 10- ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆزلىرى مۇخبىرلىق قىلىپ تەھرىرلەپ كۆرسەتكەن ماقالە ياكى پروگرامما 248 پارچىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات- سەنئەت پروگراممىسى ئىككى يۈرۈش، مەخسۇس خەۋەر 196 پارچە، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك پروگرامما 32 گۇرۇپپا. شۇ يىلى 10- ئايدا «ۋاڭ ئېنماۋ قۇمۇلنى كۆزدىن كەچۈردى» دېگەن تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى ئىشلەندى.

1986- يىلى 1- ئايدا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا «قۇمۇل خەۋەرلىرى» نى مۇقىم ۋاقىتتا ئاڭلىتىشقا باشلىدى. خەنزۇچە قۇمۇل خەۋەرلىرى 9- دولقۇندا ھەپتىنىڭ 2-، 4-، 6- كۈنلىرى، ئۇيغۇرچە «قۇمۇل خەۋەرلىرى» 3- دولقۇندا ھەپتىنىڭ 1-، 3-، 5- كۈنلىرى ھەر قېتىمدا بەش مىنۇتتىن ئاڭلىتىلدى. شۇ يىلى بىر يىلدا ئىككى خىل تىلدىكى خەۋەرلەر پروگراممىسى 999 پارچە (قېتىم)، مەخسۇس خەۋەر 21 پارچە، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك پروگراممىدا 12 گۇرۇپپا، ئىشلەنگەن ئەدەبىيات- سەنئەت پروگراممىسى ئۈچ گۇرۇپپا (قېتىم) بولۇپ، مۇخبىرلارنىڭ ھەر بىرىگە 129 پارچىدىن توغرا كەلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا 123 پارچە ماقالە ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ 87 پارچىسى ئىشلىتىلدى. 1987- يىلى، ئۆزلىرى باشقۇرغان خەۋەرلەر پروگراممىسى ئاساسىدا، بەزى يېڭى پروگراممىلارنى يەنى «ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى»، «پەن- تېخنىكا پروگراممىسى»، «كېلەر ھەپتىلىك پروگراممىلاردىن ئارىيە» قاتارلىقلارنى كۆپەيتتى. شۇنداقلا ياش ناخشىچىلار «مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسى»، «ئىنگلىز تىلىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى پروگراممىلارنى ئىشلىدى.

1988- يىلى ۋە 1989- يىلى خەۋەرلەر پروگراممىسىنىڭ مەزمۇنىنى موللاشتۇرغاندىن باشقا، مەخسۇس فىلىم ئىشلەش جەھەتتىكى يېڭى ئىزدىنىش ھاسىل قىلدى. مەسىلەن، «ئۇچۇر كۆزنىكى» سەھىپىسىنى ئاچتى. «پانۇس بايرىمى»، «تۆمۈريول ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن» قاتارلىق فىلىملارنى ئىشلەش بىلەن بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىر، تەھرىرلىك كۈچى تەدرىجىي ئېشىپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە مۇخبىر يەتتىگە، تەھرىر بەشكە يەتتى. «قۇمۇل خەۋەرلىرى» ھەر قېتىم بەش مىنۇت قويۇلۇشتىن 10 مىنۇتقا ئۇزارتىلدى. مۇخبىرلار ئالغان سۈرەتلىك خەۋەرلەر بىر يىلدا 535 پارچىغا يېتىپ، ئۆزى باشقۇرۇپ ئاڭلاتقان خەۋەرنىڭ % 55.3 نى ئىگىلىدى. ئۆزلىرى سۈرەتكە ئالغان تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى 13 قىسىمغا يەتتى. بۇ ئىستانسا ئۆزلىرى ئىشلىگەن تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىدىن «چۆللۈكنى يېشىللاشتۇرۇش ئۈچۈن»، «ئوچاق بېشىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ رومانتىك تارىخى»، «دېھقان ئۇرۇقچىلىق مۇتەخەسسىسى سۇن تىڭگۇاڭ» قاتارلىقلار ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بەزى مەخسۇس فىلىملىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ياكى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا كۆرسىتىلدى.

1985- يىلى، كۆرسەتكەن ئومۇمىي ماقالىسى 300 پارچە، ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىدا كۆرسىتىش ۋاقتى 713 مىنۇت بولغان بولسا، 1990- يىلى ماقالە سانى 2000 پارچىغا، پروگراممىدا ئاڭلىتىش ۋاقتى 3656 مىنۇتقا يەتتى.

4. يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە، سىملىق تېلېۋىزىيە، سىن قويۇش نۇقتىلىرى

1) يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 1980- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلار سېتىۋالغان سىنئالغۇ، سىنقويغۇلار بارغانچە كۆپەيدى. بەزى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭمۇ ئائىلىلىرىدە سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرى پەيدا بولدى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرسەتكەن پروگراممىلار تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆپ خىل پروگراممىلارغا بولغان تەلىپىنى قاندۇرالمىدى. شۇڭا ئورتاق ئانتېننا سىستېمىسى ئارقىلىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆپلەپ قويىدىغان تېلېۋىزىيە دولقۇنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلدى. 1988- يىلى 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ئولتۇراق بىنالارغا ئورنىتىلغان ئاممىۋى ئانتېننا سىستېمىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، سىنئالغۇ، سىنقويغۇ سەپلەپ، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆرگەندىن باشقا، سىنئالغۇ فىلىملىرىنى قويۇپ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. 1988- يىلى 9- ئايدا، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپى ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئاساسەن، يېپىق

يوللۇق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى ئاساسىدا سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى تېلېۋىزىيە قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىپ، ئۆز پروگراممىلىرىنى كۆپەيتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ئارقىدىنلا، 1989- يىل 5- ئايدا، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 36342- قىسىم گازارمىغا يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە قۇراشتۇرغاندا، سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى بۇرۇشلۇق قۇراشتۇرۇپ، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ سىنئالغۇ فىلىملىرىنى كۆرگەندىن باشقا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1-، 2- يۇرۇش پروگراممىلىرىنى پۈتۈن كۈن كۆرەلەيدىغان بولدى. شۇنداقلا يۈننەن، گۇيجۇ ۋە سىچۈەن، شىزاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىنى ھەم كۆرەلەيدىغان بولدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى ئولتۇراق بىنالارنى بىرلىك قىلغان يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى قۇرغان ئورۇن 23 كە، بۇنىڭ ئىچىدە، سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش ئۈسكۈنىسى ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇن 10 غا يەتكەن. بۇ خىل كىچىك دائىرىلىك يېپىق يوللۇق تارقاق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى تەدرىجىي قۇمۇل شەھەر رايونىدىن تارانچى، ياماشۇ كان رايونلىرى ۋە باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىگىچە كېڭىيىپ تەرەققىي قىلدى.

**2) سىملىق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى** 1989- يىل 11- ئايدا، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى قۇمۇل كۆۋرۈك ماتېرىياللىرى زاۋۇتى 260 مىڭ يۈەننى ئۆزلىرى جۇغلاپ، زاۋۇت رايونى دائىرىسىدە 1040 ئابونېنتقا ئىگە سىملىق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى قۇردى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئالتە دولقۇندا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. شۇ يىلى 12- ئايدا، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تۆمۈريول ئىشچى- خىزمەتچىلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قۇمۇل تۆمۈريول رايونىدا كارخانا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇردى. بۇ سىملىق تېلېۋىزىيە ئۆزىنىش، تارقىتىش سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 12 مىڭ ئابونېنت، قاپلاش دائىرىسى 3.5 كۋادرات كىلومېتىر، ئاساسلىق سىم يولى توپلاشتۇرۇلغان سىم يولى ئارقىلىق توك يەتكۈزۈش، ئۈچ يۈرۈش سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەندى ھەمدە ئاددىي ئاڭلىتىش، كونترول قىلىش مەركىزى قۇرۇپ، ئۆزى باشقۇرىدىغان پروگراممىلارنى كىرىشتۈردى. ھەر كۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا 12 يۈرۈش تېلېۋىزىيە پروگراممىسى كۆرسەتتى.

**3) سىن قويۇش نوقتىلىرى** 1982- يىلى، قۇمۇلدا سىن قويۇش باشلاندى.

1984- يىل 11- ئاينىڭ 15- كۈنى، ۋىلايەتتە ئۇن- سىن باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. كېيىن ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى تۈزۈلدى. رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئۇن- سىن باشقۇرغۇچى باش تارماق قىلىپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 12- ئايدا، ئاۋۋال رادىئو- تېلېۋىزىيە تارماقلىرى قۇمۇل شەھىرى، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى، تارانچى كان رايونى قاتارلىق بەش نوقتىدا سىن قويۇش تەستىقلاندى. بۇ بەش ئورۇن جەمئىيەتتە سىن قويۇش ئورۇنلىرىنى تەمىنلەش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1985- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى سىن قويغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ كۆلۈبلىرىغا 20 نەپەر سىن قويغۇچى تېخنىك تەربىيىلەپ بەردى. كېيىن ۋىلايەتتىكى بەش سىن قويۇش نوقتىسى تەرەققىي قىلىپ 10 غا يەتتى. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 25- كۈنى، ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى سىنئالغۇ فىلىمى تارقىتىش پونكىتى قۇرۇپ، تەمىنلەش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز سىستېمىسىدىن فىلىم كىرگۈزۈپ، سىن قويۇش نوقتىلىرىنى فىلىم بىلەن تەمىنلىدى.

1987- يىلى، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن سىن قويۇش نوقتىلىرى شەھەرلەردىن يېزىلارغا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇ يىلى بەش يېزىدا، بىگتۈەننىڭ تۆت دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە فېرمىسىدا سىن قويۇش ئەترىتى (نوقتىسى) قۇرۇلدى. ئۇلار ئۆز يېزا- مەيدانلىرىدا سەييارە سىن قويدى. 1988- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەت بويىچە

سىن قويۇش نوقتىسى 19 غا يەتتى، 1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى سىن قويۇش ئورنى ۋە نوقتىسى 30 غا يەتتى، ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق بىنورمال سىن قويغان توققۇز نوقتا تاقىۋېتىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 21 سىن قويۇش نوقتىسى سىن قويىدىغان بولدى.

# X باب

# گېزىت - ژۇرنال

## §1. گېزىت

مىنگونىڭ 35 – 36 - يىللىرى (1946 – 1947 - يىللىرى)، قۇمۇلدا تاش باسمىدا (خەنزۇچە) تۆت فورماتلىق، تۆت بەتلىك «قۇمۇل گېزىتى» چىقتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ گېزىتچىلىك ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرى چىقىرىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە پارتىيە ئورگان گېزىتىنى مەركەز قىلغان كارخانا گېزىتى، پەن- تېخنىكا گېزىتى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك گېزىتچىلىك قۇرۇلمىسى شەكىللەندى. بۇ گېزىتلەر جەمئىيەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1. «سەھەر قوڭغۇرىقى» گېزىتى، «پوقرالار» گېزىتى

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 8- ئايدا، ج ك پ بىلەن شېڭ شىسەي شىنجاڭغا بىر تۈركۈم پارتىيىلىك كادىرلارنى تاللاپ ئەۋەتىش توغرىسىدا توختام تۈزدى. بۇنىڭ بىلەن مىنگونىڭ 27-، 31- يىللىرى (1938-، 1942- يىللىرى)، جاڭ دۇگېيۇ، چى تيەنمىن، لى تاۋ، شىڭ لىڭ، ليۇ شىپىڭ، فەن تۇڭ قاتارلىق بىر نەچچە نەپەر كوممۇنىست شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى قۇمۇلغا خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. ئۇلار قۇمۇلغا كېلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش، خەلقنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. گېزىت- ژۇرنال تەشۋىقات خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا تۇتتى. مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىۋاتقان چى تيەنمىن، جاڭ دۇگېيۇلار ئىجتىمائىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، «سەھەر قوڭغۇرىقى» گېزىتىنى چىقاردى. كېيىن قۇمۇل جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تارماق كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات كادىرى لى تاۋنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 7- ئايدا «سەھەر قوڭغۇرىقى» نىڭ نامى «پوقرالار» گېزىتىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان گېزىت باشقۇرۇش مەقسىتى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇ گېزىت ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش تەشۋىقاتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، شېڭ شىسەي ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. كوممۇنىستلار دۈشمەن تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى، چەكلەندى، خىزمەتچى خادىملار خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى ھەمدە ئۆلكە مەركىزىگە بىر- بىرلەپ يۆتكەپ كېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن «پۇقرالار» گېزىتى توختاشقا مەجبۇر بولدى.

2. «قۇمۇل گېزىتى»

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 3- ئايدا، گومىنداڭ قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقىسى بۇ گېزىتنى چىقاردى. جاۋ يىخۇڭ مەسئۇل مۇھەررىر بولدى.

مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، گومىنداڭ قۇمۇلدا پىرقە قۇردى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 1- ئايدا، چىلۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن جياڭسۇ تۇڭشەنلىك جاۋ يىخۇڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ كاتىبات باشلىقى بولدى. 6- ئايدا ئۇ قۇمۇلدا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان راسخوتنى يىغىش قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان بىر پارچە گېزىت چىقىرىش تەكلىپىنى بەردى. 10- ئاينىڭ 10- كۈنى، ئاشكارا پاي توپلاپ 11- ئايدىن باشلاپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 3- ئاينىڭ 7- كۈنى، «قۇمۇل گېزىتى» نىڭ 1- سانىنىڭ خەنزۇچىسى نەشردىن چىقتى، ئەتىسى ئۇيغۇرچىسى نەشردىن چىقتى، ھەر بىر نۇسخىسى 40 – 50 پارچىدىن بېسىلدى.

«قۇمۇل گېزىتى» پارقىراق قەغەزگە تاش باسمىدا بىر يۈز، بىر بەتلىك ئىشلەندى، سەيگۇاڭ باسما زاۋۇتى بېسىشنى ئۈستىگە ئالدى.

بۇ گېزىتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئۈچ مەسىلىكنى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭنىڭ كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت. گېزىتتە جاۋ يىخۇڭ باش ماقالا ئېلان قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۆھمەت قىلىپ، جاھانگىرلىكنى ئاقلاپ، كومپارتىيىنى، ئازادلىق ئارمىيىنى ھاقارەتلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھۇجۇم قىلدى. گېزىت مەركەزدىن كەلگەن تېلېگراممىلار ئاساسىدا چىقىرىلدى. يەرلىك خەۋەرلەرنى ناھايىتى ئاز ئىشلەتتى. تەرجىمان كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇيغۇرچە گېزىت بىر نەچچە سان چىقىپلا توختىدى. خەنزۇچە گېزىت ئۇزاقراق چىقتى، لېكىن ماقالە مەنبەسى كەمچىل بولغانلىقتىن مەركەزنىڭ رادىئو ھۆججەتلىك خەۋەرلىرىنىلا بېسىلىپ تۇردى. كېيىن خەنزۇچە گېزىت شاپىگرافتا بېسىلىدىغان، ھەر كۈنى چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاز قىسمى مۇشتەرىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەندىن سىرت، باشقىلىرى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن كوچا تاملىرىغا چاپلاندى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 12- ئايدا، جاۋ يىخۇڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، «قۇمۇل كۈندىلىك گېزىتى» نەشردىن توختىدى، بۇ گېزىت جەمئىي توققۇز ئاي نەشر قىلىندى.

3. «چىڭگۇاڭ قىسقا خەۋەرلەر» گېزىتى

بۇ گېزىتنى قۇمۇل ياشلار مۇلازىمەت جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ چىقاردى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 11- ئايدا نەشر قىلىندى. يەرلىك خەۋەرلەرنى باستى.

«چۈەنشۈي قىسقا خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئۇچۇرلىرىنى ھەم رادىئو خەۋەرلىرىنى كۆچۈرۈپ باستى، رادىئو قوبۇللىغۇچ كەمچىل بولغانلىقتىن ئاخىرى چىقمىدى. بۇ گېزىتكە لى رۇي مەسئۇل بولدى. گېزىت ئاساسەن باشقىلارغا سوۋغا قىلىندى ۋە كوچا دوقمۇشلىرىغا چاپلاندى.

4. «چۈەنشۈي قىسقا خەۋەرلەر» گېزىتى

بۇ گېزىتنى مىنگونىڭ 37-، 38- يىللىرى (1948-، 1949- يىللىرى)، گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق

قىسمىنىڭ 178- لوْيىنىڭ سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ چىقاردى. ئازادلىق ئورۇشىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئۆچۈرلىرىنى ئاساس قىلىپ باستى. ئامالىنىڭ بارىچە پىتنە- پاسات تارقىتىپ ھاقارەت قىلدى. قۇمۇل ناھىيىلىك پىرقىسى مەسئۇل بولۇپ قۇمۇل كوچىلىرىغا چاپلىدى.

بۇ گېزىتكە ما شياۋدۇڭ (سىياسىي خىزمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى) مەسئۇل مۇھەررىر، لى چاۋشىڭ مۇھەررىر بولدى.

5. «يېڭى ھايات» گېزىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، 1950- يىل 3- ئاينىڭ 9- كۈنى، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس يۈز ئۆرۈپ قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى. ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئامىنى تىنچلاندۇرۇش، قولغا كەلتۈرۈش، ھەربىي قوشۇنلارغا ھەمكارلىشىپ باندىتلارنى تازىلاش خىزمىتىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، قۇمۇلغا مىللىي خىزمەت ئۆمىكى ئەۋەتتى. خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى يۇسۇپجان، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ئەنۋەر جاكولىن ئىدى. قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن مۇئاۋىن ۋالىي لى رۇي خىزمەت ئۆمىكىگە قاتناشتۇرۇلدى.

يولۋاس قۇمۇلدا 30 نەچچە يىل تۇرغان. ئۇنىڭ ئورنى يۇقىرى، تەسىر دائىرىسى چوڭ بولغانلىقتىن، خىزمەت ئۆمىكى يەرلىك كومىتېت ۋە ۋالىي مەھكىمىسىگە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ پىتنە- ئىغۋالىرىنى پاش قىلىش، باندىتلارنى يوقاتقانلىق خەۋەرلىرىنى ئاممىغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئامىنىڭ ھۆكۈمەتكە يېقىنلىشىشىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر پارچە باسما ماتېرىيال چىقىرىش تەكلىپىنى بەردى، يەرلىك كومىتېت گېزىت چىقىرىشقا قوشۇلدى، كونكرېت ئىشلارغا قۇمۇل دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى مەسئۇل بولۇش، خىزمەت ئۆمىكى باشقۇرۇش، ماقالىلارنى يەرلىك كومىتېت تەكشۈرۈپ بېكىتىش قارار قىلىندى ھەمدە ئۇيغۇرچە گېزىت چىقىرىش، خەنزۇچە چىقارماسلىق بەلگىلەندى.

1950- يىل 5- ئايدا، «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1- سانى نەشردىن چىقتى (بۇ گېزىت خىزمەت ئۆمىكىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە ياش ئوقۇتقۇچى ما چىنىڭ تەرجىمانلىق، تەھرىرلىك قىلىشى بىلەن قولدا يېزىپ پارقىراق قەغەزگە قىزىل ماي مىكىدە بېسىلدى). سەيگۇاڭ باسما زاۋۇتى بېسىشقا مەسئۇل بولدى. ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك كومىتېت بېسىش سانىنى چەكلىمىدى، قانچىلىك چىقسا شۇنچىلىك بېسىشنى بەلگىلىدى. ئادەتتە 300 پارچىدىن كۆپرەك بېسىلدى. گېزىت خىزمەت ئۆمىكىنىڭ يېزا- كەنتلەرگە بارىدىغان ئەزالىرى ئارقىلىق يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ، تاملارغا چاپلاندى، كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىلدى.

گېزىت قەرەلسىز بولسىمۇ يېرىم ئايدا بىر سان چىقىپ تۇردى. 1950- يىل 8- ئاينىڭ 15- كۈنى، ما چى قۇمۇل يەرلىك كومىتېتقا يۆتكەپ كېلىنىپ، تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. شۇ ۋاقىتتا، باندىت تازىلاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلىشىپ، خىزمەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ دەل يەرلىك كومىتېت قۇمۇل گېزىتى چىقىرىشنى ئويلىشىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. «يېڭى ھايات» گېزىتى يىل ئاخىرى نەشردىن توختىدى. جەمئىي 23 سان چىقتى. «يېڭى ھايات گېزىتى» پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، باندىت تازىلاش ئۆچۈرلىرىنى يەتكۈزۈش، كىشىلەر قەلبىنى تىنچلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت ئامىسىنىڭ ھۆكۈمەتنى چۈشىنىشى ۋە ھۆكۈمەتكە يېقىنلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

6. «قۇمۇل گېزىتى»

1951- يىل 3- ئاينىڭ 16- كۈنى، ج ك پ قۇمۇل يەرلىك كومىتېت ئورگان گېزىتى «قۇمۇل گېزىتى» نى نەشر قىلدى.

1990- يىلغىچە بولغان 40 يىلدا، «قۇمۇل گېزىتى» «ئىككى قېتىم توختاش، ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىش» جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى (1951- يىل 3- ئاينىڭ 16- كۈنى گېزىت چىقتى، 1953- يىل 4- ئاينىڭ 15- كۈنى توختىدى، 1958- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى يەنە چىقتى، 1972- يىل 5- ئاينىڭ ئاخىرى توختىدى. 1986- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى خەنزۇچىسى يەنە چىقتى، 1988- يىل 9- ئاينىڭ 15- كۈنى ئۇيغۇرچىسىنىڭ سىناق نۇسخىسى نەشردىن چىقتى).

1990- يىلى تۆت فورمات، تۆت بەتلىك مىخ مەتبەئەدە چىقتى. ھەر ھەپتىدە تۆت سان، ھەپتىنىڭ 1-، 3-، 5-، 6- كۈنلىرى نەشردىن چىقتى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا 7000 نۇسخا چىقتى.

«قۇمۇل گېزىتى» سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، ئاساسىي قاتلاملارغا يۈزلىنىش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشنى فاڭجېن قىلدى. ئۇ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيىتى، خەلق ئەھۋالى، ئۆرپ- ئادىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا توغرا ئىنكاس قىلىپ، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈردى. 1- بەت مۇھىم خەۋەرلەر بېتى بولۇپ، بۇ بەتتە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىنىپ، مۇھىم خەۋەر ۋە ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر خەۋەر قىلىندى. سەھىپىلىرى، «مۇھىم خەۋەرلەر قىسقارتىلمىسى»، «قېرىنداش گېزىتلەردىن ئۈزۈندىلەر»، «قوغۇن يۇرتىنىڭ يېڭى قىياپىتى»، «قوغۇن يۇرتىدىكى يېڭى كىشىلەر»، «100 خەتلىك خەۋەر» قاتارلىقلار. 2- بەت ئىقتىسادىي بەت بولۇپ، مۇھىمى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچۇر تارقىتىش، تېخنىكا يەتكۈزۈش، بېيىشقا يېتەكلەش قاتارلىقلار. سەھىپىلىرى، «ئىقتىساد مۇنبىرى»، «ئىقتىسادىي قىسقا دولقۇن»، «دېھقانلار ئائىلىسى»، «كان رايونىدىن كەلگەن خەۋەرلەر»، «تۆمۈريول لىنىيىسىدە»، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا زىيارەت»، «بازار ئارىلاش» ، «پەن- تېخنىكا»، «ئىقتىسادىي ئۇچۇر» قاتارلىقلار. 3- بەت، سىياسىي- مەدەنىيەت بېتى بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەشۋىق قىلىندى. سەھىپىلىرى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «كومپارتىيە ئەزالىرى»، «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى»، «ئىشچىلار ئائىلىسى» ، «نىكاھ ۋە ئائىلە»، «قانۇن- تۈزۈم گۈلزارى»، «تازىلىق ۋە سالامەتلىك»، «ھەربىي گازارمىنىڭ ئىچى سىرتىدا»، «چېگرىدا»، «ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن خەت» قاتارلىقلار. 4- بەت، ئۇنۋېرسال بەت بولۇپ، ئىلىم- پەن تەشۋىق قىلىندى. بۇنىڭدا ئىلمىيلىك، ئەدەبىيلىك، قىزىقارلىق مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى موللاشتۇرۇلدى. سەھىپىلىرى، «چېگرا رايونىدا باھار»، «شەرقىي تەڭرىتاغ»، «ئېۋىرغول ھەققىدە رىۋايەت»، «بۈگۈنكى قۇمۇل»، «مەدەنىي تۇرمۇش»، «ئېلان» قاتارلىقلار.

«قۇمۇل گېزىتى» 1986- يىلى قايتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، گېزىت — «سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك» دېگەن فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاخبارات ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىپ، گېزىتنىڭ پارتىيىۋىلىكى، ئاممىۋىلىقىنى تەكىتلەپ، مەزمۇن ۋە شەكىلدە ئامما قىزىقىپ كۆرىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئاخباراتقا ئېرىشىشكە، پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ ھەقىقىي ئاۋازى بولۇشقا تىرىشتى. «قۇمۇل گېزىتى» ئېلان قىلغان بەزى ماقالىلار ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرغان ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك گېزىتچىلىك ساھەسىدە كۆپ قېتىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

7. «قۇمۇل كان ئىشچىلىرى» گېزىتى

«قۇمۇل كان ئىشچىلىرى گېزىتى» 1981- يىل 7- ئاينىڭ 7- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سانائەت- قاتناش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئەنگە ئېلىشى بىلەن چىقىرىلدى.

«قۇمۇل كان ئىشچىلىرى گېزىتى» ئەسلى تارانچى كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىشلىگەن «كان ئىشچىلىرى تۇرمۇشى»

دېگەن ئىچكى ماتېرىيال ئىدى. بۇ ئىچكى ژۇرنال 1970- يىلى چىققان بولۇپ، قولدا يېزىلىپ، شاپىگرافتا تۆت فورمات، تۆت بەتلىك، مۇددەتسىز چىقىرىلىپ، كان رايونىدا ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلاتتى. 1973- يىل 7- ئاينىڭ 7- كۈنى، نامى «قۇمۇل كان ئىشچىلىرى گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ھەم مىخ مەتبەئەدە بېسىلدى. ئوخشاشلا تۆت فورمات، تۆت بەت چىقىرىلدى. دائىم دېگۈدەك ئىككى بەتلا چىقىپ تۇردى. كان ئىشلىرى ئىدارىسى باسما زاۋۇتى باستى.

«قۇمۇل كان ئىشچىلىرى گېزىتى» نىڭ گېزىت چىقىرىش مەقسىتى: پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پارتىيىنىڭ فاڭجېن- سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىلغار شەخسلەرنى، ئىلغار ئىش- ئىزلارنى تەقدىرلەش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشتىن ئىبارەت. تەھرىرلىك فاڭجېنى: تەشكىللەش، ئىلھام بېرىش، تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كان ئىشچىلىرىنى يېزىش، كان ئىشچىلىرى قەلەم تەۋرىتىش، كان ئىشچىلىرى كۆرۈش، كان رايونىدا ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. گېزىت تارانچى كان رايونى ئىشچى- خىزمەتچىلىرىگە تارقىتىپ بېرىلدى.

8. «قۇمۇل پەن- تېخنىكا گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)

«قۇمۇل پەن- تېخنىكا گېزىتى» ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان پەن- تېخنىكا كەسپىي گېزىتى. 1980- يىل 1- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن باشلاپ نەشر قىلىندى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى مەسئۇل بولدى. بۇ گېزىت پارتىيىنىڭ پەن- تېخنىكا سىياسىتىنى ئاساسلىق تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە، ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكى پەن- تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خەۋەر قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پەن- تېخنىكا ئۆزگىرىشلىرىنى تونۇشتۇردى. ھەر خىل پەن- تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى. ئاساسلىق ئوقۇرمەنلىرى ئىشچى- دېھقانلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، كادىرلار ۋە پەن- تېخنىكا خادىملىرىدىن ئىبارەت. بۇ گېزىت دەسلەپتە تۆت فورمات، تۆت بەتلىك مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ، بېرىم ئايدا بىر قېتىم ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدى. 1981- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ ھەپتىدە بىر قېتىم، ھەپتىنىڭ 5- كۈنى نەشردىن چىقتى ھەم دۆلەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئەڭ كۆپ تارقىتىلغاندا 12 مىڭ نۇسخىغا يەتتى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىلدى. بېيجىڭ، شىئەن، لەنجۇ، شاڭخەي، چېڭدۇ، نەنجىڭلەردىمۇ مۇشتەرىلىرى بار.

1988- يىل 1- ئايدا، نەشردىن توختىدى. سەككىز يىلدە 220 سان چىقتى. گېزىت توختىغاندىن كېيىن شتاتى ساقلاپ قېلىنىپ، پەن- تېخنىكا تەشۋىقاتىنى «قۇمۇل گېزىتى» نىڭ بىر بېتىگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ بەتنى يەنىلا پەن- تېخنىكا گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ چىقاردى. پەن- تېخنىكا بېتى كىچىك كەلگەنلىكتىن، بەلگىلىك چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

«قۇمۇل پەن- تېخنىكا گېزىتى» 1985- يىل 9- ئايدا، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون گېزىتلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر گېزىت بولۇپ باھالاندى. 1986- يىل 1- ئاينىڭ 11- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن «مىللىي تىل- يېزىقتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

9. «قۇمۇل رادىئو- تېلېۋىزىيە گېزىتى»

بۇ گېزىتنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ، 1985- يىلدىن باشلاپ چىقاردى. دەسلەپتە سەككىز فورمات، ئىككى بەت، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم چىقتى. 1992- يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، تۆت فورمات، تۆت بەتكە ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىت مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قۇمۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئالدىن تونۇشتۇرغاندىن باشقا «ئىقتىسادىي كۆزنەك»، «پەن- تېخنىكا ئۇچقۇرى»، «كىنو چولپانلىرىنى تونۇشتۇرۇش»، «ئېكران ھەققىدە مەخسۇس بەت»، «ناخشا تەقدىم سەھنىسى»،

«كەڭرى دۇنيا»، «تۇرمۇش ساۋاتى»، «رادىئو- تېلېۋىزىيە ماقالىلىرى»، «تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك ئىشلار»، «كىنو- تېلېۋىزىيە ھەققىدە پاراڭلار»، «قوغۇن يۇرتى يېزىنچىلىقى»، «رەڭلىك پەردە»، «كوچا- كويلاردىكى گەپ سۆزلەر»، «شادلىق بېغى» قاتارلىق سەھىپىلەرنى تەسىس قىلدى. بۇ سەھىپىلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى مول كىنو- تېلېۋىزىيە، رادىئو ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلىدى ۋە ئۇلارنى ھوزۇرلاندۇردى. 1990- يىلى، ھەر بىر سانى 20 مىڭ نۇسخا ئەتراپىدا تارقىتىلدى.

10. «جەڭ تۇغى» گېزىتى

بۇ گېزىت ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە يەنئەندە چىققان بولۇپ، ئەسلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۇن 16- شىسىنىڭ گېزىتى ئىدى. 16- شى شىنجاڭغا كېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5- شىسىغا ئۆزگەرتىلگەندە، «جەڭ تۇغى» 5- شى پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ قالدى. بۇ گېزىت ئاۋۋال شاپىگرافتا بېسىلىپ، كېيىن تاش مەتبەئە، مىخ مەتبەئەلەردە بېسىلدى. سەككىز فورمات، ئىككى بەت. ھەر ھەپتىدە ئىككى سان چىقىرىلىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدى. 1963- يىل 3- ئايدا، بۇ گېزىت بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5- شى شتابى قۇمۇلدىن بورتالا شەھىرىگە يۆتكەلگەندە بىرلىكتە يۆتكەپ كېتىلدى.

11. «يېڭى باركۆل گېزىتى»

بۇ گېزىت ج ك پ باركۆل ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى. 1951- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، سەككىز فورمات، بىر بەت، شاپىگرافتا بېسىلىپ، ھەپتىنىڭ 5- كۈنى چىقىرىلدى. 1954- يىلنىڭ بېشىدا نەشردىن توختىدى.

«باركۆل گېزىتى» 1956- يىل 3- ئاينىڭ 8- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن شاپىگرافتا بېسىلىپ چىقتى. خەنزۇچە، قازاقچە ئىككى خىل يېزىقتا چىقىرىلدى. خەنزۇچىسى ئىككى ھەپتىدە بىر سان، ھەر بىر سانى 150 نۇسخا، قازاقچىسى بەش كۈندە بىر سان 80 نۇسخىدىن تارقىتىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى باش مۇھەررىر بولدى، مەخسۇس تەھرىر، تەرجىمان، يېزىق ئىشلىرىغا، بېسىشقا تۆت ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئامىۋى ئالاقە كادىرى ئالاقە خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1961- يىلى 3- ئايدا نەشردىن توختىدى.

12. «ئاراتۇرۇك گېزىتى»

بۇ، ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى، 1959- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، سەككىز فورمات، ئىككى بەت، ھەر ھەپتىدە بىر سان، ئۇيغۇرچىسى 250 نۇسخا، خەنزۇچىسىنىڭ ھەر بىر سانى 120 نۇسخا چىقىرىلدى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى گېزىتخانا باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە- ئورگانلاردا، ھەر قايسى يېزا- بازارلاردا بىردىن ئۆچكىچە ئىختىيارىي مۇخبىر ماقالە يازدى. 1961- يىل 3- ئايدا نەشردىن توختىدى.

13. «رادىئو- ئاخبارات گېزىتى»، «ئاخبارات خاتىرىسى»

باركۆل ناھىيىلىك «رادىئو- ئاخبارات گېزىتى» بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك «ئاخبارات خاتىرىسى» تەڭلا ۋاقىتتا يەنى 1952-، 1953- يىللاردا نەشر قىلىندى. 1954- يىلى ۋە 1956- يىلى نەشردىن توختىدى.

14. باشقا گېزىتلەر

يۇقىرىقى گېزىتلەردىن باشقا، يەنە «ئازلىققا رىئايە قىلىش»، «قۇمۇل كىنو خەۋەرلىرى»، «قۇمۇل تەنتەربىيە گېزىتى»، «شەرقىي شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى»، «قۇمۇل پولات- تۆمۈر ئىشچىلىرى»، «ئالغا ئىلگىرىلەش گېزىتى»، «بۇلۇڭتوغراق گېزىتى»، «تىرىلگۈ تەييارلىقى گېزىتى»، «سۇ ئىنشائاتى جەڭ گېزىتى»، «سۇ ئامبىرى ئىش ئورنى جەڭ گېزىتى»، «يەنى ئۇمۇملاشتۇرۇش گېزىتى»، «مۇكاپاتلىق ماقالىلەر گېزىتى»، «قۇمۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن- تېخنىكا گېزىتى»، «توققۇمىچىلىق ئاۋازى گېزىتى» قاتارلىقلار بار.

## §2. ژۇرنال

1. «ئاتالاي»

بۇ مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 7- ئايدا قۇمۇلدا چىقىرىلغان ئايلىق ژۇرنال.

«ئاتالاي» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قولىغان ژۇرنال بولۇپ، مەركىزىي بانكا پۇل قەرز بېرىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىقتىساد ئاجرىتىش (يېرىم يىلدا) ۋە جەمئىيەت ئىئانە، ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ راسخوت توپلاپ نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنال پانتۈركىزمنى، بۇرژۇئازىيە مىللەتچىلىكىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ، ژۇرنالنىڭ نامى تۈركىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىغۇچىسى، پانتۈركىزمچىلارنىڭ ئاتامانى ئاتالاينىڭ كۆز قارىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئىسمى بويىچە ئاتالدى.

«ئاتالاي» ژۇرنىلى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا نەشر قىلىنغان بولۇپ، سەيگۇاڭ باسمىخانىسىنىڭ تاش مەتبەئەسىدە بېسىلدى. 1- سانى 100 نۇسخا، 2- سانى 200 نۇسخا نەشر قىلىنىپ، قۇمۇلدا تارقىتىلغاندىن باشقا، شىنجاڭ بويىچە تارقىتىلدى، تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى.

مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 11- ئايدا نەشردىن توختىدى، جەمئىي تۆت سان چىقىرىلدى.

2. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە نەشرى)

بۇ ژۇرنالنى 1980- يىلى، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت- مائارىپ باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ چىقاردى (ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدى). 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. 1987- يىلى نەشردىن توختىدى. جەمئىي 22 سان نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ئەسەر 680 پارچە (كۆپلېت) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، 121 پارچە ھېكايە، 49 پارچە نەسر، 331 كۆپلېت شېئىر، 10 پارچە ئەدەبىي ئاخبارات، 40 پارچە ئوبزور، 63 پارچە باللار ئەدەبىياتى ئەسىرى، 76 پارچە باشقا ئەسەر ۋە 144 پارچە ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت ئەسىرى بار. 20 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى.

3. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە)

1980- يىل 10- ئايدىن باشلاپ، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشر قىلىندى. 1981- يىلى پەسىللىك ژۇرنال دەپ تەستىقلاندى. 1984- يىلى دۆلەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلدى. 1990- يىلغىچە جەمئىي 58 سان نەشر قىلىندى. ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ئەسەر 5234 پارچە. بۇنىڭ ئىچىدە، 1689 كۆپلېت شېئىر، 269 پارچە ھېكايە، 44 پارچە پوۋېست (تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ بار)، 95 پارچە نەسر، 1507 پارچە باشقا ھەر خىل ماقالە بار. ھەر بىر

سانى 2000 دىن 4000 نۇسخىغىچە تارقىتىلدى.

1982 – 1990- يىلىغىچە، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى بەش قارار ئۆگىنىش كۇرسى، قەلەمكەشلەر يىغىلىشى، ئەسەر باھالاش يائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنى تەربىيىلىدى.

4. «قۇمۇل بوستانلىقى» (قازاقچە نەشرى)

1992- يىلى، قازاقچە «قۇمۇل بوستانلىقى» پەسىللىك ژۇرنىلى نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، قازاق دېھقان- چارۋىچى ئاممىسىنىڭ ۋە ھەر قايسى قاتلام زىيالىيلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

5. باشقىلار

1) «مەدەنىيەت - مائارىپ ئەھۋالى» (خەنزۇچە ئۇنىۋېرسال ژۇرنال). 1974- يىلى نەشر قىلىندى. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ چىقاردى. جەمئىي تۆت سان چىقتى. تەخمىنەن 250 مىڭ خەت ئەتراپىدا چىقىرىلدى. ئاساسلىقى مەدەنىيەت- مائارىپ ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت- مائارىپ خىزمەت نەتىجىلىرى، يەنە بەزى ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ ئېلان قىلىندى. 1977- يىلى نەشردىن توختىدى.

2) «قۇمۇل پۇل مۇئامىلىسى» (خەنزۇچە قوش ئايلىق ژۇرنال). ھەر سانى 60 مىڭ خەت ئەتراپىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پۇل مۇئامىلە جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ چىقاردى؛ «قۇمۇل مالىيە - بوغالتىرلىق خەۋەرلىرى» (خەنزۇچە پەسىللىك ژۇرنال). ھەر سانى 40 مىڭ خەت ئەتراپىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مالىيە - بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ چىقاردى.

# مەدەنیەت یادىكارلىقلىرى،

# مەنزىرىلىك جايلار

## ئوتتوزىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەنزىرىلىك جايلار

## I باب

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

### §1. ئاپپاراتلار

1. ۋىلايەتلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1) ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى

1979- يىل 10- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ھەم تەشۋىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولدى. 1983- يىلى، دالا خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا يۈكسەك ئورۇنىدىن جىپ، قاتار ئورۇندۇقلۇق بىر ماشىنا سەپلەپ بېرىلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

1987- يىل 3- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى ئىشچى- خىزمەتچى توققۇزغا يەتتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ھەم بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەمدە ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تورلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشتى. ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدىكى بارلىق مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىغا مەخسۇس باشقۇرغۇچى، قوغدىغۇچى خادىملار سەپلەندى.

2) ۋىلايەتلىك مۇزېي 1988- يىل 2- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇزېي قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئادەتتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەم نوقۇل ھالدىكى قوغداشتىن تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، قەدىمكى مەدەنىيەت قىياپىتىنى

سىستېمىلىق تونۇشتۇرىدىغان ھەم ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن مۇزېي بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر رەھبەرلىك بەنزىسى تەسىس قىلىنىپ، ئىككى ۋۇۋىسكا ئېسىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، قوغداش، باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، تېخنىكا گۇرۇپپىسى ھەم كۆرگەزمە قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

قۇمۇل مۇزېيىدا ئۈچ ئاساسىي كۆرگەزمە بۆلۈمى (بىر ئومۇمىي تارىخ كۆرگەزمە بۆلۈمى ھەم قارادۆۋە، يانبۇلاقتىن ئىبارەت ئىككى مەخسۇس تېمىدىكى كۆرگەزمىخانا) بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 273 كۋادرات مېتىر. 507 تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقى كۆرگەزمە قىلىندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، قۇمۇل مۇزېيىدا ساقلانغان تۈرلۈك بۇيۇم 12 مىڭ پارچىدىن ئاشتى، ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

### 2. ناھىيىلىك، شەھەرلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش خىزمىتىگە شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئاساسلىق مەسئۇل بولدى. 1978- يىل 10- ئايدىن كېيىن، كونكرېت كەسپىي ئىشلارغا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى مەسئۇل بولۇپ يېتەكچىلىك قىلدى، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى باشقۇردى. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ شەھەر رايونى ئىچىدىكى قەدىمكى ئىزنالار، قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنى قوغداش، باشقۇرۇش ھەم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان كادىر سەپلەندى.

باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش خىزمەتلىرىنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىلىرى ئاساسلىق باشقۇردى. باركۆل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا مەخسۇس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئىككى كادىر سەپلەندى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە مەخسۇس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى ئىشلەيدىغان بىر كادىر سەپلەندى. ئۇلار ئۆز تەۋەلىكىدىكى مۇھىم قەدىمكى ئىزنالار، قەدىمكى قەبرىلەر، قەدىمكى قۇرۇلۇشلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش بىلەن بىللە، باركۆل ناھىيىسى 1984- يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىناسىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىخانىسىنى ئاچتى. ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىمۇ 1988- يىلى بىر كىچىك تىپتىكى كۆرگەزمىخانىنى قۇرۇپ، قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەم ئىنقىلابىي خاتىرە يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.

### 3. يېزا، كەنت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تورى

1982- يىل 11- ئايدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى» بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىش» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشى، ماسلىشىشى بىلەن يېزا، كەنتلەردە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تورىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. يېزىلاردا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان كادىر، كەنتلەردە قوشۇمچە قوغدىغۇچى خادىم سەپلەندى. يېزا- كەنتلەردىكى مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرى، مەسىلەن، باركۆلنىڭ كۆيسۇدىكى نەنۇمەن قەبرىستانلىقى، داخېدىكى (قاراسۇ) قەدىمكى شەھىرى، ئاراتۈرۈك

نامىيىسىدىكى كارساك خارابىلىكى، قۇمۇل شەھىرىدىكى لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق جايلارغا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە باشقۇرغۇچى خادىم سەپلەندى.

## §2. قەدىمكى خارابىلىكلەر

### 1. كارساك خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك ئاراتۇرۇك نامىيە نوم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، خارابىلىك خېلى بالدۇر بايقالدى، ھازىرقى كۆلمى جەنۇبتىن شىمالغا 100 نەچچە مېتىر، شەرقتىن غەربكە 80 مېتىر كېلىدۇ. 1959- يىلدىكى تەكشۈرۈشتە كېيىنكى ياسالغان بىر نەچچە ئېغىز ئۆينىڭ قالدۇق خارىبىلىرى (ئۆل تېگىدە دەسلەپكى مەدەنىيەت قاتلىمى بار) بايقالدى. ھەممە ئام ئۆلىنىڭ شەرقىدە بۇزۇلغان كۆل ئورىكى ۋە بەش مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كۆيدۈرۈلگەن قىزىل تۇپراق قېزىۋېلىندى. تام ئۆلىغا قىستۇرۇلغان ساپال پارچىلىرى بىلەن كۆل ئورىكىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرى ئوخشاش چىقتى. بۇنىڭدىن، بۇ خارابىلىك ئىككى دەۋر مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە دەپ قارالدى. تۇپراقتىن تاش قورال، ساپال قاچا، سۆڭەك مۈڭگۈزدىن ياسالغان قورال، مىس قورال قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. تاش قوراللارنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپرەك بولۇپ، تاش جوتۇ، بېگەن، بولقا، ئوغۇر دەستىسى، توپ، ئوغۇر قاتارلىقلار، ساپال قاچىلار ئاساسەن قىزىل قۇم ساپال بولۇپ، ھەممىسى قولدا ئىشلەنگەن ئىدىشلاردىن ئىبارەت. سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆپىنچىسىنىڭ سىدام، قىسمەنلىرىگە قىزىل رەڭ بېرىلگەن. نەقىشلەر ئىچىدە، قالپاقلىق مىخسىمان، تارسىمان، زىناقسىمان، بىگىزسىمان نەقىشلەر بار. سۆڭەكتىن ئىشلەنگەن قوراللاردىن بىگىز، پىچاق، بۇغا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قوراللار، مىس قوراللار ئىچىدە، بىگىز، يا ئوقىنىڭ ئۇچى بار.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، بۇ خارابىلىك يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەۋە.

### 2. تارانچى نەپىس تاش قورال خارابىلىكى

تارانچى كان رايونى قۇمۇل شەھىرىنىڭ 85 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. بۇ رايوندىكى ئىزنالار ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ. تەخمىنەن 7000 – 8000 يىلدىن 10 مىڭ يىلغىچە تارىخقا ئىگە. تارانچى كان رايونىنىڭ سېرىق تۇپراقلىق يەر يۈزىدىن نۇرغۇن تاش قوراللار بايقالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غايەت زور شېغىل تاشنى چېكىپ ياسىغان قىرغۇچ، كىچىك ئۇزۇنچاق تاش پارچىسى ھەم بىگىز شەكىللىك تاشقا ئايلانغان جانلىقلار بار. بۇ خىل نەپىس تاش قوراللار ھېيقىق ۋە چاقماق تېشىدىن ياسالغان بولۇپ، ھەممىسى نەپىس تاش قورال مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك مەھسۇلىدۇر. بىراق، ساپال قورال بايقالمىدى.

### 3. يەتتەقۇدۇق نەپىس تاش قورال خارابىلىكى

بۇ خارابىلىك قۇمۇل شەھىرىنىڭ 186 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يەتتەقۇدۇق ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، يەتتەقۇدۇق بازىرىغا تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدىغان تاشيولنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ. 7000 – 8000 يىلدىن 10 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. 6000 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەم ئىچىدە زور بىر تۈركۈم نەپىس تاش قوراللار بايقالدى. بۇ نەپىس تاش قوراللار

كۆپىنچە سىلىتسىلىق سىلىنىتىس، كۋارتس تاش، چاقماق تاشلار، تاشقا ئايلانغان جانلىقلار، يۇمىلاق بىگىز شەكلىدە، ھەم كېمە شەكلىدە. بۇلاردىن باشقا يەنە، چوڭ تىپتىكى تاش پارچىلىرىنى كېسىپ ياسىغان قوراللار، چوڭ سۇپا تاشتىن ياسالغان پالتا شەكلىدىكى قوراللار بار. ساپال قاچىلار يوق، خارابىلىكتىن يەنە دېڭىز- ئوكيان مارجىنى بايقالدى.

### 4. تۇركۆل قەدىمكى شەھىرى

تۇركۆل قەدىمكى شەھىرى ئاراتۆرۈك ناھىيە تۇركۆل يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن تەخمىنەن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جەنۇب تەرىپىنىڭ سەل شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمىي شەھەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، خارابىلىك ئىزنالىرىمۇ ناھايىتى ئاز. شۇڭا، ئۇ تاش ساھىلى خارابىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىدىكى چەترەك جايدا يەر يۈزىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان تەخمىنەن ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تىزىلىپ ياتقان قورام تاشلار بار. خارابە ئىچىدە ئورەك بولۇپ، ئوت ياققاندىكى ئىزنالارنى — كۈل، كۆيگەن قىزىل توپا ھەمدە چېچىلىپ ياتقان كۆيگەن كېسەكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. يادىكارلىقلاردىن تاش قوراللار ۋە ساپال پارچىلىرى بار. تاش قوراللارنىڭ شەكىللىرىدىن چوڭ تىپتىكى تاش تۈگمەن تېشى، تاش توقماق، تاش جوتۇ، ئوغۇر، يۇمىلاق تاش قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە، تۈگمەن تېشى ئېگەر شەكلىدە ياكى ئوغۇر شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. تۈگمەن تېشىنىڭ قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 64 – 72 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 – 54 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 17 – 25 سانتىمېتىر، تاش ئوقۇر قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 56 سانتىمېتىر. ساپال قوراللارنىڭ ھەممىسى قۇم ساپال بولۇپ، قىزىل، سېرىق، توپىرەڭ، كۈلرەڭدە، ئايرىم سىدام ساپاللارغا نەپىس تارىسمان سىزىقچە ۋە تىك چېكىتلىك نەقىش بېرىلگەن. ئايرىم قاچىلارنىڭ تېگىگە، قورساق قىسمىغا تۆشۈك تېشىپ قويۇلغان، ساپال قاچىلار ئاساسەن ئىدىش، كومزەك قاتارلىقلار.

بۇ خارابە ئەتراپىدىن 20 دىن ئارتۇق تاش قەبرە تېپىلدى، ئۆلچەشلەرگە قارىغاندا شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

### 5. يانبۇلاق قەدىمكى شەھىرى

بۇ قەدىمكى شەھەر قۇمۇل شەھىرى دۆربەجىن(توغۇچى) دېھقانچىلىق مەيدانى يانبۇلاقنىڭ غەربىدىكى سېرىق توپىلىق دۆڭگە جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبتا شەھەر رايونىغا تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇق تەخمىنەن 60 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 50 مېتىر كېلىدۇ، سوقما سېپىللىق، قىسمەن جايلىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، سېپىلنىڭ ئېگىز يېرى بەش مېتىر، تۆلىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىرچە كېلىدۇ. سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان. شەرقىي شىمال قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. شەھەرنىڭ جەنۇبىي سېپىلى سىرتىدا شەرق، غەرب تەرىپىتىن بىر- بىرىگە روبىرو كەلگەن چولاق تام ساقلىنىپ قالغان. شەھەر ئىچىدە بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى خالتىسىمان بىر نەچچە گەمە بار. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى سېپىل سىرتىدا ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئورنى تاملىرى مۇكەممەل ھالدا ساقلىنىپ قالغان. ئوتتۇرىسىدا ئۆتنۈشمە تۆشۈك بولۇپ، ئىچكىرى- تاشقىرى ئۆيدەك قىلىندۇ. شەھەر ئىچىدە تاشلىنىپ ياتقان ساپال پارچىلىرى، تۈگمەن تېشى، ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى بار.

بۇ قەدىمكى شەھەر ئىچىدە يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ساپال ، تاش ، مىس قوراللار ھەمدە ئاز مىقداردىكى ياغاچ قوراللار بار. ساپال قوراللار ئىچىدە قىزىل قۇم ساپال ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. رەڭدار ساپاللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى چوڭراق، قىزىل رەڭگە قارا ھەل بېرىلگەن، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك، ياسمان، ئەگرى سىزىقلىق، كاتەكچىلىك نەقىشلەر بېرىلگەن. قاچىلاردىن ئىدىش، كومزەك، پىيالە، چەينەكلەر بار. تاش قوراللاردىن تۈگمەن تېشى، ئوغۇر دەستىسى، ئېگىرىك (چاق)، يۇمىلاق تاش قاتارلىقلار، مىس قوراللاردىن مىس چەينەك، قوڭغۇراق قاتارلىقلار بار.

قەدىمكى شەھەر خېلى ئۇزاق يىللار بۇرۇن بىنا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى شەھەردىن قېزىۋېلىنغان ساپال قاچىلار، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار غەربىي شەھەر قەبرىستانلىقىدىن تېپىلدى. ئۇنىڭ مەدەنىيەت بىشارىتى ۋە دەۋرى قەبرىستانلىق بىلەن ئوخشاش بولۇپ، شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

6. لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى

لاپچۇق قەدىمكى شەھەر خارابىسى قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتى تەۋەلىكىدە بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىگە 65 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى. قەدىمكى قارلۇق غولىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان، تىك تۆت تەرەپلىك بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 300 مېتىر، سېپىلىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى تەخمىنەن بەش مېتىر كېلىدۇ. سېپىلىنىڭ ئۈلى سوقما تام، ئۈستۈنكى قىسمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، سېپىلىنىڭ تۆت ئەتراپىدا تۇرالارنىڭ ئىزنالىرى بار. سېپىل ئىچىدە ئۆيلەرنىڭ قالدۇق تاملىرىنى ۋە توپا دۆۋىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بەزى ئۆيلەر گەمە شەكلىدە بولۇپ، تامدىكى رەسىملەرنى ھېلىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەھەر ئىچىدىن نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى قېزىۋېلىندى.

لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى شەرقىي خەن دەۋرلىرىدىلا شەھەر بولۇپ شەكىللەنگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ناجى ناھىيىسى دەپ ئاتالغان. قەدىمكى شەھەر سىرتىدا قەدىمكى دەۋردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى بولۇپ، ئۇلار نەچچە چاقىرىمغىچە ھەتتا قارلۇق غولىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە سوزۇلغان. بۇنىڭدىن ئەينى يىللىرى بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ زىچ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

7. داخې تاڭ سۇلالىسى قەدىمكى شەھىرى

بۇ قەدىمىي شەھەر باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 26 كىلومېتىر شىمالىدىكى داخې(قاراسۇ) يېزا گەنچۇ كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەر تىك تۆت تەرەپلىك بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر قەدەر كەڭ سېپىل شەھەرنى شەرق، غەربتىن ئىبارەت ئىككى كىچىك شەھەرگە ئايرىپ تۇرىدۇ. شەرق تەرەپتىكى كىچىك شەھەر سېپىلىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى بۇزۇلغان بولۇپ، پاكار تام ئىزنالىرى ئارقىلىقلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شەرقىي سېپىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سەل جەنۇب تەرەپتە بىر تۇرا بولۇپ، كەڭلىكى 22 مېتىر كېلىدۇ. جەنۇب، شىمال تەرەپتىكى سېپىلدا يوچۇق بار، بۇ بەلكىم سېپىل ئىشىكى بولسا كېرەك.

غەربىي تەرەپتىكى شەھەر بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قېلىنغان. سېپىلىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى 10 مېتىر كېلىدۇ. شەرق تەرەپتىكى سېپىل ئۈستىدە ئۈچ مۇستەھكەملەش تۆۋرۈك تېمى بار. سېپىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا كەڭلىكى 38 مېتىر كېلىدىغان بىر تۇرا بار. غەربىي سېپىلىنىڭ ئۈستىدە تۆت مېتىر كەڭلىكتە بىر ئىشىك، ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ مۇستەھكەملەش تۆۋرۈك تېمى، شىمالىي سېپىلدا ئىككى مۇستەھكەملەش تۆۋرۈك تېمى بار. ئۆيدان ساقلانغان يېرىنىڭ كەڭلىكى سەككىز مېتىر، ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر.

قەدىمكى شەھەر شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 360 مېتىر، كەڭلىكى 210 مېتىر، سېپىلىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە راۋاق بار. شەھەر سىرتىدا شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن چەمبىرەكسىمان خەندەك كولانغان. شەھەر ئىچىدىن نۇرغۇن يادىكارلىقلار يىغىۋېلىندى. كۆپىنچىسى ساپال ۋە مىس قاچىلار بولۇپ، ئارىسىدا مىس چەينەك، مىس تۇمار، يارماق، نوكچا مىس، تۆمۈر قايچا قاتارلىقلار بار. تۆمۈر قاچىلار بەك ئاز. بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن قېلىپتا چىقىرىلغان نېلۇپەر گۈللۈك كۇلرەڭ خىش، نېلۇپەر نەقىشلىك كاھىشلار بولۇپ، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىپىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر. شەھەر ئىچىدە قالايمىقان تاشلىنىپ ياتقان ساپالدىن ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى سۇنۇپ كەتكەن قاچىلار، تۈگمەن تاشلىرى ۋە ئېگەر شەكىللىك، كۆۋرۈك شەكىللىك سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قورallar بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە ئەينى چاغدىكى

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى، بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى كۆلىمى بىر قەدەر زور ئاشلىق ساقلاش بازىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

8. دۆڭپوچىڭزى

بۇ جاي باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شىرىنزى(بالبال) يېزا داچۈەنزۈەن كەنتىنىڭ 500 مېتىر غەربىدە بولۇپ، قەدىمكى نامى دۆڭپوچىڭزى.

قەدىمكى شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى تام ئۆرۈلۈپ كەتكەن، قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى 1.3 – 1.6 مېتىر، كەڭلىكىنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن. جەنۇب، شەرق تەرەپتىكى تاملار پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن. شىمالىي تامنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا شەھەر قوۋۇقى بار، غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە بۇرجەكلىك بىنا بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىكى بۇرجەكلىك بىنا بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 4.1 مېتىر، شەرق، غەرب تەرەپتىكى تامنىڭ دەل ئوتتۇرىسىنىڭ سىرتىدىراق مۇستەھكەملەش تۈۋرۈك تېمى بار. قەدىمكى شەھەرنىڭ قورۇلۇش كۆلىمى ۋە قۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا «بېگىدىن تۈزۈلگەن سۇجۇ تەزكىرىسى» دە: «شەھەرنىڭ ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى لى بەش پۇڭ، ئېگىزلىكى بىر غۇلاچ ئالتە چى، جەنۇب، شىمال تەرەپتە ئىككى قوۋۇق، قوۋۇق كارىدورى، قوۋۇق، ئاسما كۆۋرۈك، تۆت بۇرجىكىدە تۆت بۇرجەكلىك بىنا بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. شەھەر سېپىلى توپا بىلەن سوقۇلغان بولۇپ، سوقۇلغان توپا قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 9 – 15 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ.

«باركۆل مەھكىمىسىدىكى يۇرت - مەھەللىلەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ شەھەر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭغار توپىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرغۇچى قوشۇن تۇرغان قەلئە ئىكەن. «مەھكىمىنىڭ شەرق، غەربلىرىدىكى بەش چاقىرىملىق جايدا قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. شى يۈ سانغۇنىنىڭ جۇڭغارلارنى بويسۇندۇرغۇچى قوشۇنى مەھكىمىنىڭ جەنۇبىدىكى توپا تام ئۈستىدە تۇرغان. شۇڭا بۇ جاي يۈگۈڭتەي دەپ ئاتالغان. ياساۋۇللار ۋە قورغان ئەسكەرلىرى ئوڭ ۋە سول تەرەپتە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ جايىنى بىرلىكتە تۇتۇپ تۇرىدۇ».

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەرق، غەربتىكى پوچىڭزىدا توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قوشۇن تۇرغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى) توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، قايتا ئەسكەر تۇرغۇزۇلمىغاچقا، قۇرۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالغان.

9. باي قەدىمكى شەھىرى

باي قەدىمكى شەھىرى، تەگرىتاغنىڭ شەرقىدىكى قالدۇق تاغ تىزمىسى بولغان كۈندورو تېغىنىڭ 48 كىلومېتىر شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. قۇرۇلۇشلاردىن پەقەت بىر قەلئە بار. ئۇ تىك تۆت تەرەپلىك، ھەر بىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 مېتىر. كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 2.2 مېتىر، تېگىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن تۆت مېتىر. قەلئە ئىچىدە تۆپىلەر بار بولۇپ، بىر دۆۋە توپىغا ئايلانغان. شۇنداقتىمۇ ئورنىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. سېپىلىنىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، مۇكەممەل دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شەھەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، چيەنلۇڭ دەۋرلىرىدە مۇھىم ھەربىي ئىشلار ئورنى قىلىنغان.

10. ۋاڭ ئوردىسى

ۋاڭ ئوردىسى خارابىسى قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە، بۇ ئوردا ئەسلىدىكى موڭغۇل ۋاڭ ئوردىسى ئاساسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 45- يىلى (1706- يىلى) ئۆزگەرتىپ ياسالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 37- يىلى (1698- يىلى) بىرىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا بېيجىڭغا خان ھوزۇرىغا بېرىپ،

قايتىش سەپىرىدە، بېيجىڭدىن خەنزۇ ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، لايىھىلەپ ياساتتى، قۇرۇلۇش يەتتە يىلدا تاماملاندى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كۆلىمى زور بولۇپ، ئىسلام كلاسسىك مىمارچىلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەنزۇ قەدىمىي مىمارچىلىق سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى مۇجەسسەملەنگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئۇ ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۆزگىچە بىر ئوردا قۇرۇلۇشى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

«ھەرب زېمىنى ھەققىدە نەزمىلەر» نىڭ ئىككىنچى تومىدا «قەد كۆتۈرۈپتۇ گۈزەل شىپاڭ، مۇنبەرلەر، گىرەلىشىپ ئۆسۈپتۇ ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر، خۇشبۇي چېچەپ ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر، زەپ يارىشىپتۇ گۈل ھۆسنىگە ئېسىل تەشتەكلەر» دەپ خاتىرىلەنگەن ھەممىدە بۇ ئاجايىپ گۈل- گىياھلارنى پىشقەدەم بېشىرۋاڭ بېيجىڭدە ئالتە يىل تۇرۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەندە، قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، يىراقتىن كۆچۈرۈپ كەلگەن، دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بىرىنچى قوۋۇقى ئىچىدە يوغان بىر تاش ئابىدە ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزى تەخمىنەن بىر كۋادرات مېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب يېزىقىدا: «تىنچلىقنى قوغداش قەھرىمانى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەۋلادى، سادىقلىقنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇھەممەت شاھى بەگ غوجىغا؛ دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئادالەت نەمۇنىسى مۇسۇلمانلار نامىدىن ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئېھتىرام بىلدۈرەيلى!» ھىجرىيە 1016- يىلى، مىلادىيە 1606- يىلى، دەپ يېزىلغان.

1018- يىلى (ھىجرىيە يىلى) بىر نەچچە ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭلىرى ئاساسلىقى 7-، 9- ئەۋلاد ۋاڭلارنىڭ ياسىشى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئۆيلەر 800 ئېغىزدىن، پايدىلىنىش كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشقان. دەرۋازىسى راۋاق شەكىللىك، قوۋۇقلىرىغا گۈل نەقىشلەر ئويۇلغان، ئۆينىڭ ئىچى- تېشى ئوردا ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تەقدىم قىلغان لەۋھە تاختىلىرى بىلەن تولغان. 8- پەلەمپەينىڭ ئۈستى مېھمانساراي، مېھمانسارايىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتە ئېغىز مۇھاپىزەتچىلەر ئۆيى بار. ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆيدىن ئۆتكەندە، ئۈچ قاتار 40 پەلەمپەي بار، ئوتتۇرىدىكى تاش پەلەمپەيدىن ۋاڭ ماڭىدۇ، ئىككى ياقىدىكى تارراق ياغاچ پەلەمپەيدە ئوردا ئەمەلدارلىرى ماڭىدۇ. پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە «قاراڭغۇ دالان» بولۇپ، بۇ ۋاڭ يۇقىرىغا چىققاندا ياكى پەسكە چۈشكەندە ماڭىدىغان بىردىنبىر يول. بۇ يەردە ۋاڭنىڭ قوغدىغۇچىلىرى تۇرىدۇ. قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتكەندىن كېيىن «شەرقتىن يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش» بىلەن «يولۋاسنىڭ تاغ قىرىدىن زەرب بىلەن سەكرىگەن» كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن دالدا تام كۆزگە چېلىقىدۇ. دالدا تامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يەنە گۈل نەقىشلىرى ئىشلەنگەن سەككىز پەلەمپەي ئارقىلىق زەمبىرەك شىپاڭغا چىققىلى بولىدۇ. شىپاڭنىڭ يېنىغا ئىككى يەرلىك زەمبىرەك ئورنىتىلغان. زەمبىرەكلەرنىڭ ئېغىزى شەھەر ئىچىگە قارىتىلغان. زەمبىرەك شىپاڭدىن چۈشۈپ بىر كارىدوردىن ئۆتسىلا ۋاڭ مۇنبىرى بار. ۋاڭ مۇنبىرىنىڭ غەربىي تېمىدا ۋاڭ ھوجرىسىغا ئۆتىدىغان ئىشىك بار. شەرقىي تەرەپ تامدا ئوردا خەزىنىسىگە ئۆتىدىغان ئىشىك بار. مېھمانسارايدىن ۋاڭ مۇنبىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا 300 ئېغىز ئۆي بار. قوۋۇق لەمپىسىدىن مېھمانسارايغىچە بولغان ئارىلىقتا 100 ئېغىز ئۆي بار. ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى ۋاڭ مۇنبىرى، راۋاق قاتارلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ياپيېشىل ئوت- چۆپ، دەل- دەرەخلەر ئارىسىدا ئاجايىپ ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 5- يىلى (1864- يىلى) ۋاڭ ئوردىسى، قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلدى. كېيىن 8- ئەۋلاد مۇھەممەت ۋاڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، قايتىدىن ياساتتى. ئەمما تۇڭجى 12- يىلى (1873- يىلى)، شەنشىدىكى خۇيزۇ ئىسيانچى قوشۇنى شەھەر ئىچىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 8- يىلى (1882- يىلى)، 9- ئەۋلاد ۋاڭ شاھمەخسۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوردىنى ئەسلىدىكى ئاساستا يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ كۆركەم قىلىپ كېڭەيتىپ ياساتتى. ئوردىنىڭ جەمئىي توققۇز دەرۋازىسى، 800 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيى بار. ئۇلار ئەمەلدارلارنىڭ ئىشخانىلىرى، مۇھاپىزەتچىلەر ئۆيى، ئاشلىق، قورال- ياراغ ئىسكىلاتى ۋە مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. ئوردا ئىچىدە يەنە ناھايىتى

كۆركەم قىلىپ مەخسۇس ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ناماز ئوتەش ئۈچۈن سېلىنغان مەسچىت، بىر چوڭ، بىر كىچىك گۈلباغ (چوڭ گۈلباغنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ھايۋانات باغچىسى بار) بار بولۇپ، بۇ باغلاردا ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ جەمەتى سەيلە قىلىپ ئارام ئالىدۇ.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، شاھمەخسۇت ۋاڭ كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئۆلكە قوشۇنى شەھەر ئىچىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈشنى ئىزدەپ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ۋاڭ ئوردىسىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بۇ يەرگە قۇمۇل ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنى سالدى.

## §3. مازار ۋە قەبرىستانلىقلار

قەدىمكى مازارلار، قەبرىستانلىقلار قۇمۇل رايونىدا بىر قەدەر كۆپ تارقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى قەدىمكى مازارلار، قەبرىستانلىقلار نەچچە مىڭغا يېتىدىكەن. ئۇلار ئاساسلىقى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب شىمال ئېتەكلىرى، جىلغىلارغا جايلاشقان. شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى مازارلار، قەبرىستانلىقلار يىپەك يولىنىڭ بويلىرىدا بولۇپ، ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا، مازار، قەبرىستانلىقلاردىكى جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان نەرسىلەر ۋە قۇرۇق جەسەت شىنجاڭ ۋە قۇمۇلنىڭ تارىخىنى ۋە ئىرق ئىلمى تەتقىقاتىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

1. يالغۇز تۇيۇن مازىرى

بۇ مازار قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلۈق يېزا يالغۇز تۇيۇن كەنتىنىڭ غەربىي تەرىپى تاغ چوققىسىدىكى گۈمبەز ئىچىگە قويۇلغان. تاغ چوققىسىنىڭ شەرق، جەنۇب، غەرب تەرەپلىرى تىك، شىمالىي تەرىپى سەل يانتۇ بولۇپ، بۇ يول ئارقىلىق تاغقا چىققىلى بولىدۇ. چوققىنىڭ ئۈچ تەرىپى بىر قەدەر تەكشى، شەرقتىن غەربكە 50 – 60 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 12 مېتىر كېلىدۇ. خارابە شەرق، غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن. قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى غەرب تەرەپتە بولۇپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ۋە ساماتلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. تام ئۈلىگە خىش قويۇلغان. ئۈستى تەرىپى يېشىل رەڭدە سىرلانغان گۈمبەز، گۈمبەز ئۈستىگە ھىلال ئاي شەكلىدىكى بەلگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىشىكى شەرققە قارىغان. ئىچىگە كىچىك بىر قەبرە قويۇلغان. غەرب تەرەپتىكى شەرق تەرەپتىكى گۈمبەزدىن 10.9 مېتىر يىراقلىقتا. غەربىي تامدا ئەگمە شەكىللىك ئويۇق بولۇپ، بۇ يەرگە نۇرئاخۇن دەپنە قىلىنغان. قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى 2.9 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە تېشىغا ئەرەب يېزىقىدا: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادى، بۇ ئالەمدە ئۇلۇغ ئىسلامىيەت ئورنىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان نۇرئاخۇنغا سالام!» دېگەن خەتلەر ئويۇپ قويۇلغان.

ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپى ۋە تاغ چوققىسى ئەتراپىدىكى تۆپىلىكلەرگە نۇرغۇن گۈل نەقىشلەنگەن خىش، چاسا خىش، ساپال قاچا ۋە ئايرىم ساندىكى ساپال قاچا پارچىلىرى دۆۋىلەنگەن. تەبىئىيكى، بۇ نۇرئاخۇن مازىرىنى قاتۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن. بۇ ئەينى چاغدىكى قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە قۇرۇلۇش سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تاغ باغرىدىكى يەنە بىر 20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 12 مېتىر كەڭلىكتە مۇھاپىزەت يولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە ئوتتۇرىسى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۈلىنىڭ ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، نۇرئاخۇن مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى دىن تارقاتقۇچى

بولۇپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن، قۇمۇل رايونىغا كەلگەن ئادەم. دىن تارقىتىش جەريانىدىكى غازات ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان. 200 يىلدىن كېيىن، 7- ئەۋلاد بېشىرۋاڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇشۇ گۈمبەزنى ياساتقان.

2. ئالتۇنلۇق

ئالتۇنلۇق قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. بۇ جاي ئالتۇنلۇق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، قۇمۇلدا ئۆتكەن ۋاڭلار ۋە ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرنى دەپنە قىلىدىغان جاي. كۆلىمى 20 مو. ھازىر بۇ جاي ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 34- يىلى (1606- يىلى) ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى مۇھەممەتشاھ غوجا موڭغۇللارنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقىنى قوراللىق ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قۇمۇلدىكى دىنىي يول باشچى ۋە فېئودال يەر ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى) مۇھەممەتشاھ غوجىنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللاغا كاڭشى خان تەرىپىدىن «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تارخانى» دېگەن نام بېرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) ئاخىرقى ۋاڭ شاھمەخسۇت ۋاپات بولغانغا قەدەر خانلىق توققۇز ئەۋلاد، 223 يىل داۋام قىلدى.

ھازىر ئالتۇنلۇقتىكى قۇرۇلۇشلارنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئېگىز ھەم چوڭ قۇرۇلۇش 7- ئەۋلاد ۋاڭ بېشىرنىڭ قەبرىسى بولۇپ، قەبرىنىڭ ئېگىزلىكى 17.8 مېتىر، ئاستى تەرىپى چاسا شەكىلدە، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەز كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئاستى تەرىپىگە گۈلى كۆك چىنە خىش چاپلانغان. تۆت بۇرجىكىدە مۇنار شەكىللىك تۈۋرۈك بار. گۈمبەزنىڭ ئۆگزىسىگە يېشىل كاھىش ئورنىتىلغان ھەم بوغما قاپاقتا ئوخشايدىغان ئۈچ چىقىرىلىپ، ئۈستىگە ھىلال ئاي ئورنىتىلغان. گۈمبەز ئىشىكى غەربكە قارىغان بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنارنىڭ ئىچى كاۋاك، ئۇنىڭ ئايلانما پەلەمپىيى بىلەن گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. گۈمبەزنىڭ چۆرىسىگە پەس گىرۋەك تام ياسالغان. گىرۋەك تام بىلەن گۈمبەز ئارىلىقىدا تۆز بوشلۇق بار. بۇ يەردە تۇرۇپ ئەتراپتىكى مەنزىرىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ. گۈمبەز ئىچىنىڭ تۆۋەن تەرىپى چاسا، يۇقىرى تەرىپى يۇمىلاق، ھەممە تەرەپ تولۇق ئاقارتىلغان. ئۈستىدە تۆت تۈگلۈك بار. قۇببە تورۇسىغا كۆك گۈل چۈشۈرۈلگەن. گۈمبەز ئىچىگە 7- ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر ۋە ئۇنىڭ چوڭ- كىچىك پۈجۈگلىرى (خوتۇنلىرى)، 8- ئەۋلاد ۋاڭ مۇھەممەت ھەم ئۇنىڭ خوتۇنى شۇنىڭدەك ۋاڭ جەمەتىدىكىلەردىن بولۇپ 40 كىشى دەپنە قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمى چوڭ گۈمبەزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، ياغاچ بىلەن شىپاڭ شەكلىدە ياسالغان بەش كىچىك گۈمبەز بار. بۇ گۈمبەزلەر شەرقتىن غەربكە قاتار قىلىپ ياسالغان. ھازىر پەقەت ئىككىسىلا قالدى. شەرق تەرەپتىكىسى 9- ئەۋلاد ۋاڭ شاھمەخسۇتنىڭ قەبرىسى، غەرب تەرەپتىكىسى تەيجىلەرنىڭ قەبرىسى. شەرق تەرەپتىكىسىنى شاھمەخسۇت ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ياساتقان. ئاستى تەرىپى چاسا شەكىللىك، ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر. ئىچكىرى- تاشقىرى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئىچكى قىسمى كېسەك بىلەن گۈمبەز شەكلىدە قوپۇرۇلغان. سىرتقى تەرىپى تامنىڭ ئىچى تەرىپى ۋە تۆت ئەتراپى راۋاق شەكلىدە سەككىز بۇرجەكلىك بولۇپ، تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. گۈمبەزنىڭ ئىچكى تاملىرى پۈتۈنلەي ئاقارتىلغان ھەمدە كۆك گۈل چۈشۈرۈلگەن. گۈمبەز ئىچىگە شاھمەخسۇت ۋە ئۇنىڭ جەمەتى قاتارلىق 13 كىشى دەپنە قىلىنغان. غەرب تەرەپتىكىسى تەيجىلەر قەبرىسى، تۆز ھەم چاسا شەكلىدە بولۇپ، ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى 14 مېتىر. بۇمۇ ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ئاستىنقى قىسمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. ئۈستۈنكى قىسمىنى تامنىڭ ئىچىدىكى راۋاق تۈۋرۈكلىرى تىرەپ تۇرغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق قوش لەمپە، گۈمبەز ئىچىگە تەيجى قاتارلىق 12 كىشى دەپنە قىلىنغان.

ھازىر ساقلىنىپ قالغان بۇ ئىككى مازارنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئىسلام دىنى

شەكلىدىكى گۈمبەزلىك قۇرۇلمىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، جۇڭگوچە سەككىز بۇرجەكلىك ئۈچلۈق چوققىلىق ۋە موگغۇلچە شەكىلدىكى قالپاقسىمان چوققىلىق ياغاچ قۇرۇلما شەكلىنى ئالغان كۆپ خىل ئۇسلۇب بىرگەۋدىلەشكەن قۇرۇلۇش. ئۇ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مازارلىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۈچىنچى قىسمى 7- ئەۋلاد ۋاڭ بېشىرنىڭ قەبرىستىنىڭ غەربىدىكى ھېيتگاھ مەسچىت. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە بىرىنچى ئەۋلاد ۋاڭ ئەبەيدۇللا دەۋرلىرىدە ياسالغان، كېيىن 4- ئەۋلاد ۋاڭ يۈسۈپ ۋە 6- ئەۋلاد ۋاڭ ئىدىشلار مەسچىتنى داۋاملىق كېڭەيتىپ ياساپ، ھازىرقى كۆلەمگە كەلتۈرگەن. ھېيتگاھ مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، كەڭلىكى 38 مېتىر، ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر مەيدانى 2280 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئىشىكى شەرققە قارايدۇ. مەسچىتنىڭ ئىچكى ئىشىكىنىڭ تېمىغا بىر پارچە تاش ئابىدە ئورنىتىلغان، ھەم ئەزان ئېيتىدىغان پەشتاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسچىت ئىچىدىكى 104 يوغان تۈۋرۈك كەڭ كەتكەن تورۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تورۇسقا تۈگمۈك ئېچىلغان ۋە رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان. مەسچىتنىڭ ئىچكى تاملىرى ئاقارتىلىپ ئايەتلەر يېزىلغان. ئايەتلەرنىڭ ئەتراپى گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن. شۇڭا پۈتۈن مەسچىت ئىچى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا شەھەر، يېزىلاردىكى مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە كېلىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. مەسچىت ئىچىگە 5000 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدۇ. كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە قۇمۇلدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

ئالتۇنلۇق چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 13- يىلى (1874- يىلى) ياكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ياسالدى.

3. دەرەخلىك مازار

دەرەخلىك مازار ئاراتۈرۈك ناھىيە ئىرىنكىر قازاق مىللىي يېزىسىدا بولۇپ، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى 9- لىيەن تۇرۇشلۇق جاينىڭ 50 كىلومېتىر شىمالىي قىسمىدا. مازار موچىن ئۇلار تېغىنىڭ تاغ قاپتىلىغا ئورۇنلاشقان. مازار جايلاشقان تاغ تىك بولۇپ، جەنۇبىي ياتباغرى ياتقۇراق بولغاچقا، چىققىلى بولىدۇ. مازار غەرب تەرەپتىكى شامالدىن دالدا بولالايدىغان ئويمانلىق ئىچىدىكى ئىككى پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشقان. پەلەمپەي تۈز سۇپا بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. مازارنىڭ ئىشىكى يېشىل سىرلانغان. ئىككى تەرىپى ياغاچ رىشاتكىلار بىلەن قاشالانغان (كېيىن تولۇقلاپ ياساپ قويغانلىقى ئېنىق) رىشاتكىغا ئاق رەخت يۆگەپ قويۇلغان. ئىشىكتىن كىرگەن يەردە بىر ئېغىز ئۆي بار. غەرب تەرىپى تاغنى تام قىلغان، شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرى ياغاچ شال بىلەن قورشالغان. ئۈستۈنكى قىسمىغا ياغاچ شال ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يېشىل سىرلانغان. ئىچىگە ۋاپات بولغۇچىنىڭ جەسىتى قويۇلغان. جەسەت ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىنغان. ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىلغان. قەبرە چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2.27 مېتىر، يەر يۈزىدىن 0.82 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ياغاچ ئۆينىڭ شەرقى 4.72 مېتىر، جەنۇبى 0.88 مېتىر، غەربى 1.33 مېتىر، شىمالى 3.77 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدا ئىككى قاناتلىق ئىشىك بولۇپ، كەڭلىكى 0.70 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.72 مېتىر.

بۇ مازار 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياسالغان. دەپنە قىلىنغۇچى مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قۇمۇلغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىككىنچى پېشۋا ئەرشىدىنخان. ئۇ دىن تارقىتىش يولىدىكى غازات ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان. 300 يىلدىن كېيىنكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا، قۇمۇلنىڭ 9- ئەۋلاد ۋاڭى شامەخسۇت ئۇنىڭ جەسىتىنى تاپقۇزۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن مۇشۇ يەردە گۈمبەز ياساتقان. كېيىن ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ كۆيۈپ كەتكەن. ھازىرقىسىنى ئۇيغۇر چارۋىچىلار يېڭىۋاشتىن ياساپ قويغان.

4. قەيس غوجام مازىرى

بۇ مازار قۇمۇل شەھىرى ئەتراپى يېزا چارباغ كەنتىگە جايلاشقان. كىشىلەر ئۇنى «پەيغەمبەر مازار»، «يېشىل

گۈمبەز» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرىدا (627 – 649 - يىللىرى)، مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۇۋەيس، قەيس، ۋەققاس قاتارلىق ئۈچ كىشىنى دىن تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئەۋەتكەن. ۋەققاس بىلەن ئۇۋەيسلەر گۇاڭجۇ، گەنسۇنىڭ خېشى دېگەن يېرىدىكى خۇيخۇيبۇدا ۋاپات بولغان. قەيس قۇمۇلنىڭ شىڭشىڭشيا (رىۋايەت قىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن 9- يىلى يەنى 635- يىلى) دا ۋاپات بولغان ۋە ئاددىيلا كۆمۈلۈپ، ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان. كېيىن قۇمۇل ۋاڭى ئادەم ئەۋەتىپ قەيس ئۈچۈن بىر گۈمبەز ياساتقان. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، شىڭشىڭشيادا چارىنى ساقلاپ تۇرغان قىسىم گازارما سالماقچى بولۇپ، گۈمبەزنى بۇزۇپ جەسەتنىڭ سۆڭەكلىرىنى دالىغا تاشلىۋەتكەن. ھەسەن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۆزەتچى ئەمەلدارى ياڭ ماۋجۇن قەيسنىڭ جەسەت سۆڭىكىنى يوشۇرۇنچە تاغ ئارىسىغا ئېلىپ كىرىپ كۆمۈپ قويغان.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «شىڭشىڭشيادىكى تاغ باغرىدا بىر مۇسۇلمان قەبرىسى بار ئىكەن»، «يەرلىك كىشىلەردىن بىرسى مەبلەغ يىغىش قىلىپ، گۈمبەزنى قايتا ياساش تەكلىپىنى بەرگەن، بۇ تەكلىپ ماقۇل كۆرۈلگەن، نۇرغۇن بېغىشلىمىلار تەقدىم قىلىنغان، قەبرە ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇقنىڭ قېلىنلىقى بىر چىدىن ئېشىپ كەتكەن».

مىنگونىڭ 34- يىلى 3- ئايدا (1945- يىلى)، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار قەيس غوجامنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ۋاڭنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرقى يەرنى ۋەخپە قىلىپ بەرگەن. 6- ئاينىڭ 30- كۈنى جەسەتنى قېزىپ ئالغان، 7- ئاينىڭ 4- كۈنى، 10 مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشقان دەپنە قىلىش تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. گۈمبەز شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ياسالغان، ياغاچ- كېسەك قۇرۇلمىلىق، گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر، يۇقىرى- تۆۋەن ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن. گۈمبەزنىڭ ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى تەرىپى قۇببە شەكلىدە بولۇپ، يېشىل رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. گۈمبەز ئەتراپىدا پېشايۋانلار بار. ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. ئىچىدە كىچىك بىر ئېغىز چاسا ئۆي بار. گۈمبەز ئىچىگە قەيس غوجامنىڭ قەبرىسى ئىسلام دىنى ئۆرپ- ئادىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىشانە قىلىنغان پۇللار بىلەن ئۆي سېلىنىپ قاراشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5. لىنيا (ئاۋات بازار) قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ 500 مېتىر جەنۇبىدىكى قۇمۇل ئورمانچىلىق مەيدانى ئىش باشقارمىسى ۋە يامانسۇ كانىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق مال سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ ھويلىسىدا، قەبرىستانلىق 20 مو يەرنى ئىگىلىگەن. دەپنە قىلىنغانلار بىر قەدەر زىچ قويۇلغان، بۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى چاسا شەكىللىك تىك ئويۇپ چوشۇرۇلگەن ۋە يالغۇز كىشىلىك يانچە تۈگۈلۈپ ياتقۇزۇلىدىغان گۆر بولۇپ، ئىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 – 2 مېتىر، كەڭلىكى 0.6 – 1 مېتىر. جەسەت بىلەن ساپال قاچىلار، برونزا قوراللار، كۈمۈش، سۆڭەك قوراللار ۋە تاشقوراللار كۆمۈلگەن. ئاياللارغا ھەمراھ قىلىپ كۆمۈلگەن بويۇملار ئەرلەرنىڭكىدىن جىقراق. 250 قەدىمىي قەبرىدىن كوزا، چەينەك، جام، ھېجىر قاتارلىق ساپال قاچىلاردىن 274 دانىسى، مىس تاختاي، مىس پىستان، مىس پىچاق، مىس بىگىز، مىس يا ئوقى، مىس ھالقا، مىس بىلەزۈك قاتارلىق برونزا قوراللاردىن 1200 دىن كۆپرەكى قېزىۋېلىندى. بۇلاردىن باشقا يەنە، رەڭلىك تاش مارجان، قىزىل ھېقىق، قۇلۇلە قېپى، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار قاشتاش، قاشتېشى مارجان، كۈمۈش بۇلاپكا، سۆڭەك قوراللاردىن بولۇپ 2000 دىن كۆپرەك بار.

بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، بىر قىسىم رەڭلىك ساپال قاچىلار ئەڭ قىممەتلىك. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە

بولۇپلا قالماي، رەڭدار نەقىشلەرمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرىدا كەم ئۇچرايدۇ. تېگى قىزىل، ئۈستىگە قارا رەڭ بېرىلگەن قوش قۇلاقلىق بىر سوغا بولۇپ، ئۇنىڭ قوش قۇلىقىنىڭ ئاستىغا بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ قولىنى سىلىپ تىك تۇرغان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئوبرازلىق چىنلىققا ئىگە، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر قەدەر ياخشى ئىگىلىۋالغىلى بولىدىغان ئېنتايىن قىممەتلىك سەنئەت ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى بىر قەدەر ئۇزاق. ئۇنىڭ يۇقىرى چېكى ۋىلايەتنىڭ برونزا مەدەنىيىتى خارابىلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ بالدۇرقىسى ھېسابلىنىدۇ.

### 6. قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى

قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى قارادۆۋە يېزا قارادۆۋە كەنتىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان. قۇمۇل شەھىرىگە 75 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى. قەبرىستانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، سۇغا يېقىن بىر تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان. 1986- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە خىزمەت ئەترىتى ۋە شاڭخەي تەبىئىي مۇزېيى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بۇ يەردىكى قەبرىستانلىقتا 300 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 29 گۆرنى قازدى. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى تىك كولاپ چۈشۈرۈلگەن ئورەك بولۇپ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. كۆمۈش شەكلى جەھەتتە يالغۇز ئادەمنى يېنىچە قىلىپ توكۈلدۈرۈپ ياتقۇزغان. گۆردىن ئاساسلىق تېرە، يۇڭ، مىس، ساپال، ياغاچ، تاش قاتارلىق بۇيۇملار چىقتى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشى ۋە ئۇسكۇنىلەر ئارقىلىق ئۆلچەش نەتىجىسىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ قەبرىلەر بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2900 – 3200 يىل ئىلگىرى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، ئالتۇن بىلەن تاش تەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان دەۋرلەردىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلارغا تەۋە ئىكەن. توپىدىن قېزىۋېلىنغان قاچا ۋە نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى ئۈچ قۇرۇق جەسەت بولۇپ، قۇرۇق جەسەتلەر قېزىۋېلىنغان چاغدىكى كىيىم-كېچەكلىرى، جەسەتنىڭ ئېتى-تېرىسى قاتارلىقلار بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەر قۇرۇق جەسەت ئۈستىگە پارقىراق تېرە جۇۋا، بېشىغا قىزىل، يېشىل كاتەكچىلىك يۇڭ توقۇلما بۆيۈم، پۇتىغا سىدام ئۆتۈك كىيگەن، جۇۋىنىڭ سىرتىدىن باغلانغان پوتىغا بىر سۆس كۆلرەڭ بىلەي، بىر برونزا پىچاق، بىگىز قاچىلانغان سىدام تېرە خالتا ئېسىلغان بولۇپ، بەدىنىنىڭ ھەممە قىسمى ئاق تۈس ئالغان. قۇرۇق جەسەتنىڭ تېرىسى سۆس قوڭۇررەڭ بولۇپ، بۇرۇن قاتارلىق جايلارنىڭ چىرىگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چېچى، ئېتى، تىرناقلىرى ۋە باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل ساقلانغان. بۇ مۆجىزە ئەينى چاغدا مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان.

قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى ۋە قېزىۋېلىنغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ يەردە بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرىلا ئادەملەر توپلىشىپ ماكانلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 7. نەنۇەن قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق باركۆل ناھىيە كۆيسۇ(كىندىك تۆپە) يېزا نەنۇەن كەنتىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا. قەدىمكى قەبرىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 8100 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 150 قەبرە قېزىلدى. گۆر شەكلى تىك چاسا، تىك يۇملاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ، ئالدىنقىسى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن. كۆپ ساندىكىلەر ياغاچ ساندۇققا سېلىنغان. ئورغۇنلىرى يۆت- قوللىرى پۈكلەنگەن ھالدا دەپنە قىلىنغان. يالغۇز كۆمۈلگەنلەر بىر قەدەر كۆپ،

ئادەتتە يۈز قىسمى شەرققە قارىتىلغان، ئايرىملىرىنى شەرقىي جەنۇبقا قارىتىپ قويغان. ساپال قاچا، سۆڭەكتىن ياسالغان قوراللار، برونزا، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى قېزىۋېلىندى. تەكشۈرۈپ بېكىتىلىشىچە، دەرەخنىڭ يىل ھالقىسى بويىچە دەللىلىگەندە، 3000 ــ 3600 يىل ئارىلىقىدا بولۇپ، برونزا دەۋرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرگە تەۋە. بۇ غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ 3000 يىل ئىلگىرىلا باشلانغانلىقىنى، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەندىن 1000 يىل بالدۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 8. ئاداق قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق ئاراتۈرۈك ناھىيە ئاداق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقى ئاراتۈرۈك دەرياسىغا تۇتىشىدۇ، غەربى ئاراتۈرۈك ـ نوم تاشيول ياقىسىدا بولۇپ، يولدىن 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى شېغىللىقتا. قەبرىستانلىق شەرقتىن غەربكە 150 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 80 مېتىر، ئۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قېزىلغان ھەم تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان بىر نەچچە قەبرىدىن قارىغاندا، گۆرنىڭ قورۇلمىسى مۇنداق ئۈچ خىل شەكىلنى ئالغان: يۇمىلاق شەكىلدىكى ئورەككە تاش تۆۋي قىلىنغان بولۇپ، ئەتراپى چاسا شەكىلدە تەخمىنەن 1.4 مېتىر ئۇزۇن، 1.1 مېتىر كەڭ. ئەتراپى تاش بىلەن قوپۇرۇلمىغان چاسا شەكىللىك گۆر، تاش تاختىلارنى تىكلەپ قوپۇرۇلغان چاسا شەكىللىك گۆر. بۇلارنىڭ ئىچىدە، بىرىنچى خىلدىكىسى كۆپ. يىغىۋېلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە تاش قوراللار، ساپال پارچىلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن سىدام يۈزلۈك ساپاللار بولۇپ، يۇمىلاق، ئىدىش، تەخسە شەكىللەردە. يىغىۋېلىنغان نەرسىلەر، يەرلىككە قويۇش شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىق برونزا، تاش تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرلەر خارابىلىكىگە تەۋە.

## 9. ۋەنگۇ قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق باركۆل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تاغ قاپتىلىدا بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. جىلغا ھىلال ئاي شەكلىنى ئالغاچقا ۋەنگۇ دەپ نام قويۇلغان. قەبرىستانلىق تاشلار بىلەن قورشىلىپ، تاش چەمبىرەك ھاسىل قىلغان، دىئامېتىرى 4 ــ 5 مېتىر، يەر يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. لەھەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىرغا توشمايدۇ، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە. ئوڭدىسىغا يۆت. قولىنى ئېگىپ ۋە ئوڭدىسىغا تۈز يانتۇزۇپ كۆمۈش شەكىللىرى قوللىنىلغان. ياغاچ ساندۇقلار چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، سۆڭەكنىڭ جاھازىلىرى ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان. جەسەت بىلەن بىرگە ساپال قاچىلار، سۆڭەكتىن ياسالغان قاچىلار، تۆمۈر قوراللار قوشۇپ كۆمۈلگەن. مۇھىم قاچىلار سوغا، جام شەكىللىرىدە. قېزىۋېلىنغان سۆڭەكلەر دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ بېكىتىلىشىچە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن. ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى قەبرىلەر بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى يۇقرالارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىشىمىزنى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 10. ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسى قەدىمكى قەبرىستانلىقى

ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسىدىكى چوڭ تېپتىكى قەدىمىي قەبرىستانلىق 200 دىن ئارتۇق قەبرىدىن تەركىب تاپقان. گۆرلۈكنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى توپا 10 ــ 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى تاش پارچىلىرى بىلەن باستۇرۇلغان. باستۇرۇلغان توپا دۆۋىسىنىڭ دىئامېتىرى بەش مېتىر، ئەڭ چوڭىنىڭ 15 مېتىر كېلىدۇ. دەۋر ئوخشاش بولمىغاچقا، تىك

لىمەتتىنىڭ يېنىدىن ئېچ كۆرۈلۈك ئېچىپ قويۇش، تاش كۆمىسەيكە سېلىپ ئۆگدىسىغا ياتقۇزۇپ ياكى پۈت. قولىنى يىغىپ كۆمۈش شەكىللىرى قوللىنىلغان. بەزى قەبرىلەرگە ھايۋانلارنى ھەمراھ قىلىپ كۆمىدىغان ئۆرەكلەر قېزىلغان. بۇ يايلاقتىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. قەبرىلەردىن 500 دىن ئارتۇق بىللە كۆمۈلگەن بۇيۇم قېزىۋېلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئالتۇن. كۆمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، مىستىن ياسالغان يا ئوقىنىڭ ئۇچى، مىس ئەينەك، تۆمۈر پىچاق، ھەر خىل ساپال قاچا ۋە قىسمەن سۆڭەك، تاش، ياغاچ قوراللار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۈنەر. سەنئەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان سۆڭەكتىن ياسالغان بۇغا ھەيكىلى بار. دەپنە قىلىش شەكلى، ئادىتى ۋە قېزىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىق يېغىلىق ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق. قەبرە ئىگىلىرى ھونلار، قاڭقىللاردىن ئىبارەت، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى مەشھۇر يايلاق چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى بۇ چوڭ تىپتىكى قەبرىستانلىقنىڭ بايقىلىشى، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن گەنسۇ، چىڭخەي رايونلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## §4. قەدىمكى مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلار

قۇمۇل رايونىدىكى قەدىمكى قۇرۇلۇشلارغا بۇددا دىنىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى، تويىن دىنى ئىبادەتخانىسى، ئىسلام دىنىدىكى مەسچىتلەر ئاساسلىق ۋەكىل بولالايدۇ. بۇددا ئىبادەتخانىسى، تويىن دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلۇش شەكلى كۆپ، قوۋۇقى چوڭ، سەھنە، ئوڭ. سول دالان ئۆيى، چوڭ قەسىر، ئارقا قەسىر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى مەسچىتلەرنىڭ دەسلەپكىلىرىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇردا. سارايى تۈسىدىكى شەكىللەر قوللىنىلغان، كېيىنكى دەۋرلەردە گۈمبەز شەكلىنى ئالغان ئىسلام ئۇسلۇبى قوللىنىلىپ، چوققىسىغا ھىلال ئاي ئورنىتىلغان.

### 1. بۇددا دىنى، تويىن دىنى ئىبادەتخانىلىرى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى يىللىرى، «شاجۇ، ئىۋۇرغول تەزكىرىسى» ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرى يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى»، شۇنداقلا مىنگو يىللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: قۇمۇلدا سۇيى، تاڭ سۇلالىسىدىن تاكى مىنگوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى، تويىن دىنى ئىبادەتخانىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىسرىقدانلاردا كۆجە ئۆچمىگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «شاجۇ، ئىۋۇرغول تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئىۋۇرغولدا شۇەنفېڭ، ئەنخۇا ئىبادەتخانىسى، لاپچۇقتا بىر ئىبادەتخانا بار» تاڭ دەۋرلىرىدىن بۇيانقى ئاساسلىق ئىبادەتخانىلاردىن تەيزاڭ بۇددا

ئىبادەتخانىسى، ئاراتام بۇددا ئىبادەتخانىسى، دىزاگۇۋاڭ بۇززۇكۇۋار ئىبادەتخانىسى، تەڭرىتاغ ئىبادەتخانىسى، لوگۇۋاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار (تەپسىلاتىنى «مىللەت، دىن» قىسمىدىن كۆرۈۋېلىڭ).

**2. مەسچىتلەر**

قۇمۇلدىكى مەسچىتلەر مىڭ سۇلالىسى خۇڭجى، جېڭدې يىللىرىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سېلىنغان. قۇمۇل رايونى بويىچە چوڭ- كىچىك مەسچىت 300 دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، باركۆلدىكى بىر مەسچىت، ئاراتۇرۇكتىكى 29 مەسچىتتىن باشقا قالغىنىنىڭ ھەممىسى قۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدە. 1949- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىمام، ئورنى بار مەسچىتتىن 201 ى بار بولۇپ، ئاساسلىقلىرى: قۇمۇل ھېيگاھ مەسچىتى، شەنشى مەسچىتى، سۇجۇ مەسچىتى، جۇمە مەسچىتى، تۆتكوچا مەسچىتى ۋە باركۆل مەسچىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت (تەپسىلاتىنى «مىللەت، دىن» قىسمىدىن كۆرۈۋېلىڭ).

## §5. ئىبادەتخانا، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى

**1. قۇمۇل شەھىرى**

1) **گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى** بۇ ئىمارەتنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى تىنچلىق كوچىسىنىڭ غەربى تەرىپىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا سېلىنغان، مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) بۇزۇۋېتىلگەن.

2) **شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى** بۇ ئىمارەتنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى تىنچلىق كوچىسىنىڭ شەرقىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا سېلىنغان، ئازادلىق ھارپىسىدا بۇزۇۋېتىلگەن.

3) **خۇنەن، خۇبېي يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى** بۇ ئىمارەتنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى كونا شەھەر زوڭتاڭ يولىدا (شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى) دا. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا خۇنەن ئەسكەرلىرى قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا سېلىنغان.

4) **تيەنجۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى** بۇ ئىمارەتنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى خۇاگوشەن يولىنىڭ غەربىدىكى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىدا. بۇ ئىمارەت زو زوڭتاڭ ئەسكەر باشلاپ قۇمۇلدا تۇرغاندا سېلىنغان.

5) **ئۈچ ئۆلكە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى** بۇ يەنە خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىمارەت ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى تىنچلىق كوچىسىنىڭ غەربىدە. زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرى قۇمۇلدا تۇرغاندا سالغان، ھازىر بۇزۇپ تاشلاندى.

6) **سەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى** بۇ ئىمارەت ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى يېڭىشەھەر نەنگۇەننىڭ

غەربىدە. زو زۇڭتاڭ ئەسكەر باشلاپ قۇمۇلدا تۇرغاندا سېلىنغان، ھازىر پۇقرالار ئۆيى قىلىنىۋېتىلدى.

7) **سىچۈەن يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى**    بۇ ئىمارەت ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى يېڭىشەھەر تەنگۈەننىڭ غەربىدە. زو زۇڭتاڭ ئەسكەر باشلاپ قۇمۇلدا تۇرغاندا سېلىنغان، ھازىر پۇقرالار ئۆيى قىلىنىۋېتىلدى.

8) **جاسىق چىڭخۇاڭ ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى كونا شەھەر زۇڭتاڭ يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى سېلىنغان، ھازىر بۇزۇۋېتىلدى.

9) **زو ھەزرەت ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى كونا شەھەر زۇڭتاڭ يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21- يىلى (1895- يىلى) سېلىنغان، ھازىر بۇزۇۋېتىلدى.

**مىڭگۇاڭ ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى كونا شەھەرنىڭ شىمالىدا. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 14- يىلى (1888- يىلى) سېلىنغان، مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) بۇزۇۋېتىلگەن.

2. باركۆل ناھىيىسى

1) **ۋېنچاڭ سارىيى (سۇڭفېڭ بىلىم يۇرتى)**    ئورنى باركۆل ناھىيە خەنچېڭ شەرقىي كوچىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا سېلىنغان، 1958- يىلى چېقىۋېتىلدى.

2) **خەيشىن ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى باركۆل ناھىيە خەنچېڭ بېيگۇەندە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 13- يىلى (1735- يىلى) سېلىنغان، مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان.

3) **تۇدى ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى باركۆل ناھىيە خەنچېڭ غەربىي كوچىسىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا سېلىنغان، ئازادلىقتىن كېيىن بۇزۇۋېتىلدى.

4) **جاۋجۇڭ ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانا باركۆل ناھىيە خەنچېڭ شەرقىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىن 500 مېتىر يىراقلىقتا. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى) سېلىنغان. بۇنى باركۆل باش بۇغى شۇ جيەنبياۋ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا قۇربان بولغان سىچۈەن قوشۇنى، خۇنەن قوشۇنىدىكى سانغۇن، لەشكەرلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ سالغان، مىنگو يىللىرى بۇزۇۋېتىلگەن. ھازىر ناھىيىلىك باج ئىدارىسى تۇرۇشلۇق جاي.

5) **سەنگۇاڭ ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانا باركۆل ناھىيە خەنچېڭ شەرقىي كوچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، باركۆل ئاھالىلىرى ئىئانە توپلاپ، باركۆلنىڭ سابىق باش بۇغى شۇ جيەنبياۋ، چېن شېڭخېڭ ھەم باركۆل مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى ئاياقبېگى چىن جىنپەنگە ئاتاپ ياسىغان، ئازادلىقتىن كېيىن بۇزۇۋېتىلدى.

6) **زوۋىنشياڭ ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانا باركۆل ناھىيە خەنچېڭ شەرقىي قوۋۇق سىرتىدىن 500 مېتىر يىراقلىقتا. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 24- يىلى (1898- يىلى) سېلىنغان، مىنگو يىللىرى بۇزۇۋېتىلگەن.

7) **لىۋمىڭ سانغۇن ئىبادەتخانىسى**    بۇ ئىبادەتخانا باركۆل ناھىيە خەنچېڭ بېيگۇەندە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8- يىلى (1882- يىلى) يازدا، باركۆلدە چېكەتكە يامراپ كېتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا خەۋپ يەتكۈزگەن. شۇ چاغدىكى باركۆل مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى ئاياقبېگى چىن جىنپەن دېھقانلارنى چېكەتكە يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلغان

ھەمدە مەبلەغ سېلىپ بۇ ئىبادەتخانىنى سالدۇرغان، مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان.

8) شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى (يەنە بىر قىسمى گۇەندىمياۋ)    باركۆل ناھىيە خەنچېڭ شەرقىي كوچىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 56- يىلى (1791- يىلى) سېلىنغان، ئازادلىقتىن كېيىن چېقىۋېتىلگەن.

9) سەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى سارىيى (گۇەندىمياۋ)    باركۆل ناھىيە خەنچېڭ شەرقىي كوچىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 12- يىلى (1832- يىلى) سېلىنغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بۇزۇۋېتىلگەن.

## §6. قىياتاش رەسىملىرى، بالبال، تاش ئۆبلەر

1. قىياتاش رەسىملىرى

قۇمۇل رايونىدا قىياتاش رەسىملىرىنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن زىچ. ھازىرغا قەدەر بۇنداق رەسىملەر 40 تىن ئارتۇق ئورۇندا بايقالدى. ئەڭ زىچ مەركەزلەشكەن جاي قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تاشۋېلىق رايونى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى سەككىز سالا يېزىسىنىڭ تاغ تىزمىلىرى. ئۇنىڭدىن قالسا، تارقىلىشى بىر قەدەر كۆپرەك بولغىنى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يانتۇراق بولغان تۆپىلىك جايلار، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ ئاراتام، ئولاتاي قاتارلىق جايلىرىدا قىياتاش رەسىملىرىنىڭ خارابىلىرى بىر قەدەر كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان.

قۇمۇلدىكى قىياتاش ئويمىلىرى خارابىسىدا برونزا دەۋرىدىكى ئەسەرلەرمۇ، ھونلار، تۈركلەر دەۋرلىرىدىكى ئەسەرلەرمۇ بار.

قۇمۇلدا 1000 دىن ئارتۇق قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. تاغنىڭ جەنۇبىدا تاشۋېلىق بەلسۇنغان قىياتاش رەسىملىرى، ئاقتاش قىياتاش رەسىملىرى، ساقا ئاراتام قىياتاش رەسىملىرى، باغداش قىياتاش رەسىملىرى، سۇلدىڭگو قىياتاش رەسىملىرى، تەڭرىتاغ قوراي قىياتاش رەسىملىرى، تاغنىڭ شىمالىدا ئاقتاش قىياتاش رەسىملىرى، ئاراتۇرۇك جيەنجياپو قىياتاش رەسىملىرى، نېرىنكىر قىياتاش رەسىملىرى، موغاي قىياتاش رەسىملىرى، باركۆل ناھىيىسى كۆكقونىس قىياتاش رەسىملىرى ۋە كۆكقىر تېغى قىياتاش رەسىملىرى بار. بۇ قىياتاش رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىياتاشلارغا ئويۇلغان. يەنە بەزىلىرى قۇرۇق غوللاردىكى چوڭ تاشلارغا ئويۇلغان. قىياتاش رەسىملىرى ھايۋانلارنى ئاساس قىلىپ ئويۇلغان بولۇپ، قوي ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، تۆگە، ئىت، بۆرە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى بار.

قۇمۇل تەۋەسىدىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دىن ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە تۇرمۇش، مۇزىكا- ئۇسۇل شۇنىڭدەك كۆپىيىش، ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن.

قىياتاش رەسىملىرىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك قىممىتى بولۇپلا قالماي، يەنە سەل قاراشقا بولمايدىغان سەنئەت قىممىتىمۇ بار. ئالدى بىلەن، ئۇ قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،

ئۇۋچىلىق ۋە دىنىي تۇرمۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئەينەن خاتىرىلىنىپ، كېيىنكىلەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى چۈشىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشىنى ئىپتىدائىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ چوڭقۇر، نەپىس ئويمىلىرى كېيىنكى سىزما رەسىملەر سەنئىتىنى، بولۇپمۇ ئەل ئىچىدىكى سىزمىچىلىق سەنئىتى ئۈچۈن ئەمەلىي ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

1) تاشۋىلىق رايونى قىياتاش رەسىملىرى    تاشۋىلىق يېزىسىدا 500 دىن ئارتۇق قىياتاش رەسىمى بار، ئۇلار كۆپىنچە ئاقچوققا، بەلسۇنغاندىن ئىبارەت ئىككى جايغا تارقالغان. ئويمىچىلىق تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، قىياتاش رەسىملىرىنى ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، ئاددىي سىزىق بويىچە ئويۇلغان رەسىملەر، يەنە بىرى، پۈتتۈنلەي ئويۇپ سىزىلغان رەسىملەر. پۈتتۈنلەي ئويۇپ سىزىلغان رەسىملەر ئاددىي سىزىق بويىچە سىزىلغان رەسىملەردىن كۆپ. ئۇنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، نوقۇل ھالدىكى ھايۋانات رەسىملىرى، يەنە بىرى، شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۇرۇش، دىنىي ئىشلىرى كۆرۈنۈشى.

ئاقچوققا قىياتاش رەسىملىرى تاشۋىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر شەرقىدە. تاغدىن سۇ ئاققاندا يالاپ شەكىللەنگەن تۆشۈكلەر بار. تۆشۈكلەر ئارىسىدا سۇ يالاپ چىرىمىگەن جايلاردا قىياتاش رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. رەسىملەردە، ھەر خىل ھالەتتىكى قويلار بولۇپ، ئاددىي سىزىق بويىچە ئويۇلغانلىرىمۇ، پۈتتۈنلەي ئويۇپ سىزىلغانلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ. تاغ چوققىسىدىكى يىمىرىلىشتىن شەكىللەنگەن تۆشۈكتە ئاددىي سىزىق بويىچە ئويۇلغان قىياتاش كۆك يامان بار. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 52.4 سانتىمېتىر. قىياتاش كۆك يامان بېشى كىچىك، مۈڭگۈزى يوغان ئەگمەچ، بەدىنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، قۇيرۇقى سەل كۆتۈرۈلگەن. شەرق تەرەپتىكى قىياتاشقا بىر ئوغلاق بىلەن تونۇغىلى بولمايدىغان بىر ھايۋان سىزىلغان. كۆك يامانىڭ ئالدى تەرىپىدە، قۇياشقا ئوخشاپ كېتىدىغان يۇمىلاق چەمبەر بار. ئىككى ھايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 59 سانتىمېتىر، ئۇنىڭدىكى ئوغلاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر، مۈڭگۈزى يوغان بولۇپ، ئالدى پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ باراۋەر، قۇيرۇقى چوڭ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالەتتە بولۇپ، راستەكلا كۆرۈنىدۇ. يەنە بۇغا، بۆت قاتارلىق قىياتاش رەسىملىرىمۇ بار.

بەلسۇنغان قىياتاش رەسىملىرى تاشۋىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ يەتتە كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا. جىلغىنىڭ غەرب تەرىپى تاغ، تاغ تېگىگە شەكلى ئوخشىمىغان ھالەتتىكى چوڭ قارا تاشلار تارقالغان. قىياتاش رەسىملىرى ئەنە شۇ تاشلارغا سىزىلغان. ئۇنىڭدا تۆگە، ئات، ئادەم قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى بار. ئېگىزلىكى بىر مېتىر، پېرىمېتىرى 5.6 مېتىر. تەركىبىدە تۆمۈر بار تاشقا جەڭ مەيدانى كۆرۈنۈشى بار ئۈچ پارچە رەسىم سىزىلغان. بۇنىڭ بىرىگە توققۇز ئات ۋە بىر تۆگە ئويۇلغان، توققۇز چەۋەنداز جەڭ ئېتىغا مىنگەن، قولىدا نەيزە تۇتقان، بەزىسى توغرىسىغا سانجىغان، بەزىسى ئېگىز كۆتۈرگەن، بەزىسى قىيسايغان ھالەتتە تارتىۋاتقان، بەزىسى بولسا كەينىگە تارتىۋاتقان جەددىي قىر- چاپ قىلىۋاتقان ھالەتلەردە. قىياتاش رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 – 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ، چوڭ- كىچىكلىكتە سەل پەرق بار، پۈتتۈنلەي ئويۇلغان. رەسىمدىكى چەۋەنداز قىلىچە قورقۇمسىز ھالدا قولىدا قورال تۇتقىنىچە باتۇرلارچە جەڭگە ئاتلانغان، ئۇ مىنگەن ئات خۇددى تۇلپار كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۆت پۇتى يەردىن كۆتۈرۈلگەن، قۇيرۇق، يايلىلىرى لەپىلدەۋاتقان ھالەتتە. ئۇزۇن نەيزە تۇتقان سەككىز چەۋەنداز تۆت ئەتراپنى قورشىۋېلىپ ئېلىشىۋاتقان، توققۇز چەۋەنداز قاتتىق ئېلىشىۋاتقان جەڭ كۆرۈنۈشىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدە ئۆرە تۇرغان قوش لوكىلىق تۆگە بار. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى چەۋەندازلار كۆرۈنۈشىدىن سەل چوڭراق. توققۇز چەۋەندازنىڭ جەڭ كۆرۈنۈشى نەپىس ئويۇلغان، سىزىقچىلارمۇ راۋان، پۈتۈن كۆرۈنۈشى جانلىق، قۇرۇلمىسىمۇ پۇختا، خۇددى راستەكلا كۆرۈنىدۇ. يەنە بىر تاش رەسىمدە بىر چەۋەنداز قولىدا نەيزە تۇتقان ھالدا پىيادە ئەسكەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش ئويۇلغان. يەنە بىر تاشتا، چارۋىچىنىڭ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشى بار. رەسىمدە قوش لوكىلىق ياۋا تۆگىنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى،

كەينىدىن ئادەم دېسە ئادەمگە ئوخشىمايدىغان بىر چارۋىچىنىڭ ياۋا تۆگىگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈۋاتقان كۆرۈنۈشى ئويۇلغان. قىياتاش رەسىملىرىدە يەنە، ئۆچكىداندەك كېتىۋاتقان بىر جۈپ چاق بار. بەلسۈنغاندىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئويۇلۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، سىزىلغان دەۋرىمۇ باشقا جايلاردىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭكىدىن كېيىن.

2) باركۆل قىياتاش رەسىملىرى باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ شىمال ئەتراپىدىكى تەگرىتاغ ئېتەكلىرى، شايۇلۇك ئەتراپلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قىياتاش ئويمىلىرى بار. ئۇلاردا ئاسمان، ئويۇش، سىزىكەش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلغان. مەزمۇنى مول، ئاساسلىق ھايۋانات ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى چوڭ مۈڭگۈزلۈك تاغ ئۆچكىسى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇغا، بۆرە، يىلپىز، ئىت، ئات، تۆگە قاتارلىقلار بار. يالغۇز سىزىلغىنىمۇ، نەچچە ئۇنى بىر قىلىپ سىزىلغىنىمۇ بار. يالغۇز سىزىلغان ھايۋان ئوبرازىدىن باشقا يەنە، پىيادە، ئاتلىق ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەرمۇ بار. ئالدىنقىسىدا ئورغۇن ئادەملەر بىرلىشىپ قورشاپ تۇتۇۋاتقان ياكى يالغۇز ئوۋ قىلىۋاتقان ھالەتتە، ئاتلىقلار كۆپىنچە ئىككى ئادەم بىرلىشىپ قوغلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار. ئىشلەتكەن قوراللىرى ئاسماق، نەيزە، بولقا، ئارغامچا، ئوقيا قاتارلىقلار. ئوقيا يەنىلا ئاساسلىق قورال قىلىنغان. ئوۋلىنىدىغان ئوبيېكت، تاغ ئۆچكىسى، ئۇنىڭدىن قالسا بۇغا، بۆرە. ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەردىن باشقا يەنە، قوياش، پادا بېقىش، ئات كۆندۈرۈش، ئات مىنىش، ھارۋا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشلەرمۇ بار.

2. بالباللار

قۇمۇل رايونىدا تۆت بالبال بايقالدى. ھەيكەلتىراشلىق ئۇسۇلى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىدىن قارىغاندا، سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تۈركلەر خارابىسىگە مەنسۇپ.

باركۆل ناھىيە شىرىنزى يېزا شىرىنزا كەنتىدىن ئىككى بالبال يىغىۋېلىندى. بىرى كەنتنىڭ جەنۇبىدا، كۆلرەڭ يانار تاغ تېشىغا ئويۇلغان، تاش يۈزى تەكشى ئەمەس، ئېگىزلىكى 95 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 34 – 50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر، پەقەت باش قىسمىلا تېپىز قايارتما ئويما شەكلىدە. ئادەمنىڭ يۈز قىسمىلا ئويۇلغان، قاشلىرى قويۇق، كۆزلىرى يۇمىلاق، قاڭشارلىق، ئاغزى كىچىك، بۇرۇت. ساقىلى يوق بولۇپ، باشنىڭ تۆۋەن قىسمى ئويۇلمىغان. يەنە بىرى، كەنت ئىچىدە، توپا رەڭگىدە سېرىق، قورساقتىن يۇقىرى قىسمىنىڭ قالدۇقى قېپقالغان. پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئويۇلغان، ئادەمنىڭ يۈزلىرى يۇمىلاق، ئېگىكى ئۇچلۇق، قېشى قويۇق، كۆز، بۇرۇن، ئېغىزلىرى ئېنىق، بۇرۇتلۇق، قولاقلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلىغان، بوينى توم قىسقا، كۆكرەك قىسمىنى تومپايتىپ ئويغان.

3.شايۇلۇك تاش ئۆي خارابىسى

بۇ خارابە باركۆل ناھىيە خۇايۇەن يېزا شايۇلۇك كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي شىمالدا ناھىيە بازىرىغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ چوڭ تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان تاش قۇرۇلمىلىق خارابە. ئۇنىڭ كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر، قالدۇق تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرغا يېقىن، قېلىنلىقى ئۈچ مېتىر، ئاستىنقى قىسمى تۆپىلىككە ئوخشاش كەڭ سېلىنغان، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئۆي قىلىپ بۆلۈنگەن. ئاساسلىق ئۆي جەنۇب تەرەپكە جايلاشقان. كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر، ئاستىنقى قىسمى ئىچى كاۋاك تۆۋرۈك بولۇپ، كاۋاك ئىچىدە ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ بۇزۇلغان ساقىندىلىرى بار. شىمال تەرەپتە قوشۇمچە ئۆيلەر بار. ئۇلار جەنۇبتىن شىمالغا قاتىرىسىغا تىزىلغان. ئىشىكلەر ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئىشىكلەر شەرققە قارىغان. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا تاغ ئالدىدا تارقىلىپ ياتقان قورام تاشلار تاللىۋېلىنغان، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىردىن ئارتۇق، قېلىنلىقى 0.5 - 0.6 مېتىر. تامنىڭ ئىچى سىلىق قوپۇرۇلغان. خارابە ئىچىدە ئىلگىرى ئۈچ قېتىم ئادەم ئولتۇرغان. كېيىن ئوتتا كۆيۈپ ۋەيران بولغان. خارابە ئىچىدە ياغاچ كۆمۈر، كۆيگەن توپىدىن باشقا يەنە، چوڭ تېپتىكى تۇرمىلەكلەنگەن مىس، مىس پىچاق، ئىككى قۇلىقى بار قورساقلىق

قىزىل ساپال كوزا، رەڭلىك ساپال كوزا، ساپال قازان ۋە ئات، قوي، بۇغا ئۇستىخىنى، كۆمۈرگە ئايلانغان بۇغداي دانلىرى قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. قېزىۋېلىنغان ئادەم سۆڭىكىنىڭ بېكىتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا ناھايىتى ئېنىق موڭغۇل ئىرقىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بار بولۇپ، 75±3285 يىل ئىلگىرىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

شايۇلۇڭ خارابىسىنىڭ بايقىلىشى بۇنىڭدىن 3200 يىل ئىلگىرىكى، باركۆلدە چوڭ تىپتىكى برونزا قوراللارنىڭ بارلىقىنى، برونزا دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن يەنە 3000 يىل ئىلگىرىكى باركۆل يايلىقىنىڭ تاش قورۇلما بىناكارلىقىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالالايمىز.

## §7. مەڭگۈ تاشلار

تارىختىن بۇيان، ھەربىيشۇناسلار قۇمۇلنى غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىشتىكى ئالدىنقى قاراۋۇل قىلىپ كەلدى. شۇڭا، مۇھىم قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن مەڭگۈ تاشلار قالدۇرۇلغان. شىنجاڭدا بايقالغان تۆت خەنزۇچە مەڭگۈ تاش ئىچىدە ئۈچى قۇمۇلدا، يەنى، رېنشاڭ، پېيسىن مەڭگۈ تېشى، خۇەنىيكۇ مەڭگۈ تېشى. تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ قۇمۇلدا بىر قىسىم مەڭگۈ تاشلار قالدۇرۇلدى.

1. رېن شياڭ مەڭگۈ تېشى

بۇ مەڭگۈ تاش ئەسلى باركۆل ناھىيە سۇمۇشتانىنىڭ 200 مېتىر شىمالىدا 200 مېتىر. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخېيۇەن 5- يىلى (93- يىلى) ئويۇلغان. يەنە خەنپىڭيى مەڭگۈ تېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەڭگۈ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.4 مېتىر، كەڭلىكى 0.65 مېتىر، قېلىنلىقى 0.42 مېتىر. سۇيۇقسىمان توق قارامتۇل رەڭدە. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغان. مەڭگۈ تاشقا بەش قۇر خەت ئويۇلغان، ھەر بىر قۇردا تەخمىنەن 10 دىن ئارتۇق خەت بار. بېشىغا: «خەن پىڭيى مەڭگۈ تېشى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. مەڭگۈ تاشتىكى «خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخېيۇەن 5- يىلى»، «رېن شياڭ»، «باركۆلدىن شىخەيگىچە» دېگەن جەتلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇزۇن دەۋرلەر ئۆتۈپ، خەتلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولغاچقا، مەڭگۈ تاشنىڭ تولۇق تېكىستىنى بىلگىلى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ۋاقىت، ئىسمىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم تارىخىي پاكىت قېپقالغان.

تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىدىن قارىغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخېيۇەن 5- يىللىرىدا، شىمالىي ھونلار خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىپ نۇرغۇن قېتىم سوقۇشقان. رېن شاڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى دۇشيەننىڭ قول ئاستىدىكى مۇھىم سانغۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. خەن سۇلالىسىنىڭ خېدى يۇڭيۇەن 3- يىلى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھونلارغا زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بىر يىل. رېن شاڭنىڭ بۇ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى زور. بۇ ئىشتىن كېيىن، رېن شاڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خېدى يۇڭيۇەن 5- يىلى (93- يىلى) دورغاب ۋاڭ بۇغا ياردەملىشىپ، ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن يۈچۈجيەننى تۇتىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش يۇڭيۇەن 5- يىلى (93- يىلى) ئويۇلغان. بۇنىڭدىن تەگرىقۇت يۈچۈجيەن تۇتۇلۇپ كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، تۆھپىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تىزغۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ شىنجاڭ تەۋەسى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن بايقالغان تاش ئويما بولۇپ، ھازىر باركۆل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا

ساقلانماقتا.

2. پېي سىن مەڭگۈ تېشى

بۇ مەڭگۈ تاش باركۆل ناھىيە شىرىنزى يېزا شىرىنزى كەنتىگە جايلاشقان. ئېگىزلىكى 1.53 مېتىر، كەڭلىكى 0.6 مېتىر. خېتى جەمئىي ئالتە قۇر بولۇپ، ھەر بىر قۇردا 10 خەت بار. لىشۇ، جۇەنشۇ (خەنزۇچە خەتنىڭ بىر خىل شەكلى) نۇسخىلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغانچقا، خەت بەك كۆركەم چىققان. تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخې 2- يىلى 8- ئايدا، دۇنخۇاڭ يۇنجۇڭ ۋالىيسى پېي سىن سانغۇن 3000 لەشكەرنى باشلاپ، قويانخان قاتارلىقلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، پۈتۈن ئەسكىرىنى يوقىتىپ، غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۆت ناھىيىنىڭ ئاپەتلىرىنى يوقىتىپ، چېگرىغا ئەمىنلىك ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مەڭگۈ تاش تۇرغۇزۇلدى».

بۇ مەڭگۈ تاشنى دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى پېي سىن خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخې 2- يىلى (137- يىلى) تۇرغۇزغان. بۇ ھەم «پېي سىن مەڭگۈ تېشى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 7- يىلى (1729- يىلى)، شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى ۋېي شىنگۇڭ يۆجۈگچى باركۆل يايلىقىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە، شىرىنزىدىن بۇ مەڭگا تاشنى تاپقان ھەمدە ئۇنى جياگجۈن مەھكىمىسىگە يۆتكەپ كەلگەن. يۇڭجېڭ 13- يىلى (1735- يىلى)، ئۇ يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەڭگۈ تاشنى جياگجۈن مەھكىمىسىدىن شەھەر ئىچىدىكى گۇەندىمياۋ ئىبادەتخانىسىغا يۆتكىتىپ قوغداپ قالغان. چيەنلۇڭ 22- يىلى (1757- يىلى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى نوپۇس پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى چيۇ ۋېندا ئىلىدىن بېيجىڭغا قايتىش سەپىرىدە باركۆلگە بېرىپ مەڭگۈ تاشنى زىيارەت قىلغان ۋە نۇرغۇن نۇسخىلارنى ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ تاشنىڭ مەزمۇنى كەڭ تۈردە تارقالغان. يېزىلغىنى كېيىنكى خەن دەۋرىدە دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي سىننىڭ قويانخاننى مەغلۇپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي پاكىت، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 40 يىل جەريانىدا ھونلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىر قېتىملىق زور غەلىبىسى. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ بايقىلىشى «كېيىنكى خەننامە» دە بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئېلىنمىغانلىقتىن ئىبارەت بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. شۇڭا، «ئىلىم تەھسىل قىلىش ئورنىدىكى مېتال تاش پۈتۈكلەر» نىڭ ئاخىرىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «شۇ چاغلاردا، قويانخاننىڭ كۈچى كۈنسېرى ئاشقان، پېي سىن جازا يۈرۈشى قىلىپ لەشكەر باشلاپ ياۋنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، بۇ بىر ھەيران قالارلىق مۆجىزە. ئەمما، خەننامىدە بۇ ئىشلار تىلغا ئېلىنمىغان. شۇ چاغدىكى سۇلالىلەردە رەزىللىكلەر كۆپ، تۆھپىكارلارغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئىقتىدارلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىشلار كۆپ بولغاچقا، ناھىيە، ئايماقلاردىن يوللانغان مەكتۇپلاردىن ئوردىدىكىلەر خەۋەرسىز قالاتتى». بۇ مەڭگۈ تاش ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇ، رىبىن شاڭ مەڭگۈتېشىدىن قالسىلا، شىنجاڭدىكى قەدىمىي مەڭگۈ تاش ھېسابلىنىدۇ.

3. خۇەنسەيگۇدىكى مەڭگۈ تاش

بۇ جاي قۇمۇل شەھىرى كۆشۆتە ئېغىزى كەنتىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا، قۇمۇل شەھەر رايونىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا. ھازىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى. خۇەنسەيگۇ «خەتلىك تاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ شىنجاڭ بويىچە ھازىر ساقلىنىپ قېلىنغان بىر قەدەر بالدۇرقى مەڭگۈ تاش ئويما.

خەتلىك تاش ئابىدە تەگرىتاغ رايونى كۆشۆتە ئېغىزىدىكى خۇەنسەيگۇ نامىغا قويۇلغان.

خەتلىك تاش قۇمۇل ـ باركۆل تاشيولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى چاسا تەبىئىي تاش. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.2 مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر. ئاساسىي تەرىپى كەگرەك، قوگۇررەڭ، ئۈپرىشى بىر قەدەر ئېغىر. مەڭگۈ تاشنىڭ غەرب تەرىپىگە «خۇەنسەيگۇ» دېگەن خەتلەر غۇۋا ئويۇپ قويۇلغان. «گۇ» دېگەن خەتنىڭ يېنىدا كەيشۇ

شەكلىدە يېزىلغان ئىككى قۇر خەت بايقالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە «تاڭ» دېگەن خەت ناھايىتى ئېنىقكەن. قالغان خەتلەر غۇۋالىشىپ كەتكەچكە، پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. مەڭگۈ تاشنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يۈزى ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ كەتكەچكە، بەزى خەتلەرنىڭ بىخۇۋالىرىلا قالغان. شىمال تەرەپ يۈزىدە خەتلەرنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغان. جەنۇب تەرەپ يۈزىدە لىشۇ شەكلىدە تۆت قۇر خەت ئويۇلغان. باش قۇرغا «خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخې 5- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى» دەپ يېزىلغان. ئىككىنچى قۇرغا «شاخەي» دەپ يېزىلغان. قالغان خەتلەر پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخې 5- يىلى (140- يىلى) ئويۇلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ غەرب تەرەپ يۈزى ئۆچۈرۈۋېتىلىپ باشقىدىن يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يول بەلگىسى قىلىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان خەتلەر بار يۈزىگە «خۇەنسەيگۇ» دېگەن خەت يېزىپ قويۇلغان.

ئالەمدىن ئۆتكەن ئالىم مايۇڭ ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر بۇ تاشنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاش ، دەپ دەلىللىگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن جياڭ شىگېن بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ غەرب تەرەپ يۈزىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ خەت ئويۇپ قويغان. چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسىدا يېزىلغان خەتلەر تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن «خۇەنسەيگۇ» دېگەن خەت يېڭىۋاشتىن ئويۇپ قويۇلغان.

### 4. جياڭ شىگېننىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى

بۇ مەڭگۈ تاش تاڭ سۇلالىسى مەڭگۈ تېشى ياكى تەڭرىتاغ مەڭگۈ تېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى ئەسلىدە باركۆل ناھىيىسى سۇمۇشتاندا ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 11- يىلى (1733- يىلى)، سانغۇن چالاڭئا تەڭرىتاغ يولىنى ياسىغاندا، بۇ مەڭگۈ تاشنى تەڭرىتاغنىڭ چوققىسىغا يۆتكىگەن. ئۇ شىنجاڭدىكى داڭلىق تاڭ سۇلالىسى مەڭگۈ تېشىدۇر.

«تارىخنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ خانى جېنگۇەن 14- يىلى (640- يىلى) خوجونجىنى يارغولغا يۈرۈش قىلغۇچى ئالىي باش بۇغلۇققا تەيىنلىدى. ئۇ قوشۇن باشلاپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلدى. جياڭ شىگېن مۇئاۋىن باش بۇغلۇققا تەيىنلەندى. ئۇلار سۇمۇشتان ئەتراپىلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئاشلىق، ئوت- چۆپ، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىپ،ئۇسكۈچ هارۋا ۋە پالاخمانلار ياساپ، ئالدىنقى سەپ قوشۇنىغا كۈچلۈك ماسلاشتى ھەمدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. مۇشۇ تۆھپىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ مەڭگۈ تاش تۇرغۇزۇلغان.

مەڭگۈ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 0.6 مېتىر بولۇپ، يۈزىگە 18 قۇر خەت ئويۇلغان. تولۇق قۇرلىرىدا 47 دىن خەت بار ۋە بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش- قوغداش سول قانات سانغۇنى جياڭ شىگېن بۇ مەڭگۈ تاشنى ئورناتتى، دەپ يېزىلغان. مەڭگۈ تاشتا بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ۋاقتى، ئورنى، جەڭ قىلىش شەكلى، ھەربىي يۈرۈش قىلىش يۆنىلىشى، ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە ئاساسلىق سانغۇنلارنىڭ ئىسىم- فامىلىسى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئىدىقۇت تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، جياڭ شىگېننىڭ باركۆلدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان پالاخمان ياساپ چىققانلىقى قاتارلىق تۆھپىسى مەركەزلىك ھالدا بايان قىلىنغان. شۇڭا، بۇ مەڭگۈ تاش ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەڭگۈ تاشقا «بۈيۈك تاڭنىڭ سول قول باسقاقبېگى جياڭشىگېن مەڭگۈ تېشى» دەپ يېزىلغان. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئۇرۇشتا ھونلار تولۇق يوقىتىلمىغانىدى. كېيىنكىلەرگە ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن، دۇ سانغۇن مەڭگۈ تاشقا خەت ئويۇپ، يەنشەن تېغىدا ھونلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىغا دائىر تۆھپىسىدىن خاتىرە قالدۇردى. فۇجيەن، جېجياڭلار تىنچىتىلمىغان بولسىمۇ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ما فۇبو ئۆزىنىڭ قىلغان جەڭلىرىدىكى قەھرىمانلىقلىرىنى

مەس ئۇۋۇزۇككە ئويۇپ خاتىرە قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن، قەھرىمانلارنىڭ جاسارىتى ئاشتى، شان-شۆھرىتى يىراق-
يېقىنلارغا تارقالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدى. بۈيۈك تاڭ
سۇلالىسىنىڭ شان-شۆھرىتى ۋە ئېسىل پەزىلىتى جاھانغا تارقالدى. ئادالەت ۋۇدى زامانىسىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ
قولىدىكى ئەڭگۈشتەر بىلەن ئۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇردى. پۇقرالار ئۇنىڭ ئادىل ئىدارە قىلىشىدىن خۇشال بولدى،
كىشىلەر چىرايلىق كىيىنىپ يۈرۈشىدىغان بولدى. ئەدەپ-ئەخلاق، نەغمە-ناۋا يۈكسەلدى. يوللار ئۆلچەملەشتى، يېزىش-
سىزىش ئەندىزىگە چۈشتى، دۆلەتتە ھەممە نەرسە قېلىپلىشىپ بىرلىككە كەلدى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش
كۈچەيتىلدى. مەدەنىيەت - مائارىپ راۋاجلاندى، يۇرت ئەمىن تاپتى. باغۇ بوستان تەگرىتاغ ۋەتەن قوينىغا كىردى. غەربىي
يۇرت يىراق بولسىمۇ، ئۆز ھويلىمىزغا ئايلاندى. پايتەختنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولدى. كىشىلەر چىچىنى ئۆرۈپ،
رەتلىك كىيىنىپ بازارغا چىقىدىغان بولدى. يات مىللەت رايونلىرىدا كىيىم-كېچەك ئىسلاھ قىلىنىپ، بىر خىل
كىيىنىش ئومۇملاشتى. ئىدىقۇت دۆلىتى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئېچىپ ئەسكەر تۇرغۇزغان كونا جاي،
كۆۋىنتاي ئۇلارنىڭ يۇرتىدىندۇر. ئۆتكەندە جىن سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلەتكە بالايىئاپەت كۆپ كېلىپ، باتۇرلار ئۆزئارا
سوقۇشقان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پادىشاھتىن بىرسىمۇ چىقمىغان. بۇنىڭ بىلەن چېگرا رايونغا
ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بۇ يەرنى يات مىللەت كۆپ قېتىم بېسىۋالغان. ×××× بۈگۈنكى كۈندە، تەربىيە
سىڭدۈرۈش يۈرگۈزۈلدى، پادىشاھنىڭ ھەيۋىسى يىراق جايلارغىچە بېرىپ يەتكەندىن كېيىن، ھەر قايسى ئەللەر ئىتائەت
قىلىدىغان بولدى.ئەمما بەزىلەر كەڭ قورساقلىق بىلەن قىلىنغان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپمۇ، پادىشاھلىققا
بولغان ساداقىتىدىن تەۋرىنىپ قالدى. يىراق جايلار پادىشاھقا سوۋغا-سالام ئاپىرىش يولىنى ئېتىۋېتىپ، بېرىش-
كېلىش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويدى. چىلبۆرىدەك يامان نىيەتكە كېلىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ئاسىيلىق قىلىشقا
قۇتراتقۇلۇق قىلدى. خەلقنى پاجىئەلىك قىردى. پادىشاھ خەلققە ئىچ ئاغرىتىپ، جازا يۈرۈشى قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ
كېڭەشبېگى، مەنسەپ-تۇغلۇق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى، ئالىي دۆلەت ئەركانى چىن بەگلىكىنىڭ بېگى خوجۇنجىنى
يارغولغا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننىڭ ئالىي باش بۇغلۇقىغا تەيىنلەپ، ياردەمچى باش بۇغ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش-
قوغداش سول قانات باسقاقبېگى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، يۈگىمەن ۋىلايىتىنىڭ پېشۋابېگى شۆ ۋەنجۈن، ياردەمچى باش
بۇغ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش-قوغداش سول قانات باسقاقبېگى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، تۇگچۈمەن ناھىيىسىنىڭ پېشۋا
بارونى جياڭ شىگبىن قاتارلىقلارنى ئۈچ ئارمىيىنى رەتكە سېلىپ، ھەققانىي جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرىدى. لېكىن
ئالۋاستىلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۆرۈلمىدى، قوماندانلار يەتتە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ھەيۋە قىلدى. قورغان بەك مۇستەھكەم
بولغاچقا، باتۇرلار توققۇز قېتىم ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى قوللاندى. تۇگچۈمەنلىك ھەزرەت يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئەپچىل
تەدبىر كۆرسىتىپ، قوشۇنلارنى رەتكە سېلىش، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنى ياساش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ شاجۇنىڭ ئايماقبېگى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، ۋاگدۇ ناھىيىسىنىڭ پېشۋا تارخانبېگى ليۇ دېمىڭ،
ئۇلۇغ قوۋۇق كەپتاۋۇلى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، خۇيشەن ناھىيىسىنىڭ پېشۋابېگى خېڭ جىشى، سول قانات ئەمىر
نۆكەرى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، فۇياڭ ناھىيىسىنىڭ پېشۋاسى چۇيفاڭ، كەپتاۋۇل لى خەيئەن، سابىق كەيجۇ ئايماقبېگى
شى دېخېڭ، سول قوۋۇق دورغابېي ۋاڭ جىنۋى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە باتۇر ئەزىمەتلەرنى باشلاپ، بىر يولىلا ھۇجۇم
قوزغىدى. جىگۇەن 14-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى، قوشۇنلار ئېۋۇرغولنىڭ شىرمەن تېغىغا يېتىپ بېرىپ، شىمالدىن
قوگۇرداۋان چوققىسىغا چىقتى. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتتى-ئۆتمەيلا چوڭ ئىش پۈتتى. تاغدىكى ئورمانلار پۈتۈنلەي
كېسىۋېتىلدى، جاراڭلىغان ئاۋازلار تاغنى بىر ئالدى. ئۇزۇن شوتىلار تەييارلاپ قويۇلدى. پالاخماندىن ئېتىلغان تاشلار
كۆكنى بىر ئالدى. مو جەينىڭ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئەسقاتماي قالدى. گۇگشۇننىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىكى
ئەپچىل تەدبىرلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولماي قالدى. ئالىي باش بۇغ چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇپ پىلان تۈزۈپ
قوماندانلىق قىلدى. ئوتتۇرا قوشۇندىكى چەۋەندازلار دالىنى بىر ئالدى. داقا-دۇمباق سادالىرى جاھانغا بىر كەلدى. ئېگىز

كۆتۈرۈلگەن تۇغ- ئەلەملەر كۆن ۋە ئاينى توسۇۋالدى. ئۇزۇن نەيزىلەر بۇلۇتنى ياردى. چىن، خەن سۇلالىلىرى لەشكەر چىقارغاندىن بۇيان بۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرە كۆرۈلۈپ باققانمۇ؟ بەنچاۋ غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىش- پائالىيەت خاتىرىسى بەك ئاز ساقلىنىپ قالغان. قورۇقچىبەگ جىنجى قاگقىلدا دۈشمەننى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۆتكەنكى تارىخلاردىن بۇ ھەقتە بىر نەرسە تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلۇغ قەھرىمانلىق ئىش- ئىزلىرىنى نېمە ئۈچۈن باشقىلارلا تۇرغۇزالايدىكەن؟ شۇڭا بۇ مەڭگۈ تاشنى تىكلەپ، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا قالسۇن دەپ تاشقا تۆھپىنى ئويۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋران سۈرۈپ، ئۇنىڭ تەقدىرى تەڭرىنىڭ قولىدا بىرلىككە كەلدى. تۆھپىنى سىلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چېگرا رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق تاقابىل تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن يات مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا خاتىرجەملىك بولىدى. شۇڭا قوماندانلار بىرلىكتە ھوقۇقنى بىنائەن بۇ ياۋۇز يىرتقۇچلارنى يوقاتتى.

ئالتە دانىشمەن چوڭقۇر ئويلاندى. باتۇرلار خۇددى ئارسلاندەك ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ تۇردى. تۇمان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىنى توسۇۋالاتتى. تۇغ- ئەلەملەر قۇياش نۇرىدىنمۇ ئارتۇقراق چاقناپ، سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جايلاردا لەپىلدەپ، غەربتىكى چېگرا رايونغا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى.

تاغ چوققىلىرى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، قۇملۇقنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ. بۇلۇتلار توپلىشىپ ئاسماننى قاپلىۋالىدۇ. بوران چىقسا كۈندۈزمۇ كېچىدەك قاراڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ. يىل بويى مۇز توڭلاپ، قار يېغىپ تۇرىدۇ. مەڭگۈ تاش ئېگىز چوققىغا تۇرغۇزۇلدى، ئۇنىڭغا قەھرىمانلارنىڭ نامى ئويۇلۇپ، ئەخلاق ۋە پەزىلەتكە مەدھىيە ئوقۇلدى.

بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 14- يىلى 6- ئاينىڭ 25- كۈنى پۈتۈلدى. بۇ مەڭگۈ تاشنى گۇاجۇنىڭ ئەمرلەشكرى، ھەربىي مەسلىھەتچى خېنپىنىڭ ئەمرلەشكرى تەيجېن ئورناتتى.

تاشنىڭ سول يۈزىگە: «يارغول ئۆلكىسىگە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغى، ئوڭقانات قەيسەر مۇماپىزەت سانغۇنى، ئالىي دۆلەت ئەركانى ۋۇرېننى 150 مىڭ ئوڭ قول لەشكىرنى باشلاپ بېرىشقا ئەۋەتتى» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان.

تاشنىڭ ئوڭ يۈزىگە: «يارغول ئايمىقىغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغى، سول قانات ھەيۋەتلىك سانغۇن، ئالىي دۆلەت ئەركانى يەنى ×× چېڭ ناھىيىسىنىڭ پېشۋابېگى نيۈجىندالار 150 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كەلدى» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغان.

تاشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى لى لاڭشىڭ كەيشۇ شەكلىدە جياڭ شىگېن مەڭگۈ تېشىنى يۆتكەپ ساقلاش توغرىسىدا يازغان تىك يېزىلغان تۆت قۇر قول يازمىسى بار.

جياڭ شىگېن مەڭگۈ تېشىنى يۆتكەپ ساقلاش خاتىرىسى:

ۋەتىنىمىز زېمىنىدا تۇشمۇ تۇشتا جەڭ قىلىپ، ياپون ئالۋاستىلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلغاننىڭ ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇن باشلاپ چېگرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن يازدا شەرقىي شىنجاڭغا كېلىپ مەمۇرىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋام ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم. ئوتتەك قىزىق ئېتىپىقا قارىماي قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردۈم. تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي چوققىسىغا چىققاندا توساتتىن يول ياقىسىدىكى تاڭ سۇلالىسىدىن قالغان مەڭگۈ تاشقا كۆزۈم چۈشتى. نۇرغۇن خەتلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەم ياللاپ تاغ چوققىسىغا يۆتكىتىپ قويدۇم. 36- يىلنىڭ كۈز كۈنلىرى ئاۋام تىنچ ياشاۋاتاتتى. بۇ جۈگشەن خاتىرە زالىنى سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى ئىدى. خاتىرە سارىي پۈتكەندىن كېيىن، مەڭگۈ تاشنىڭ قار- بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەتلىرىنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى شەھەرگە يۆتكەپ كېلىپ خاتىرە زالىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆتۈپخانا زالىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇنىڭ ئەسلى ئىزناسىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشنى

مۇۋاپىق كۆردۈم! جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36- يىلى 8- ئايدىكى ياخشى كۈنلەردە راگىياگلىق لى لاڭشىڭ تەرىپىدىن پۈتۈلدى.

### 5. نيەن گىڭياۋ مەڭگۈ تېشى

بۇ مەڭگۈ تاش «تيەنجۈن مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باركۆل ناھىيە تەۋەلىكىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ تۆتىنجى يىلى (1723- يىلى) ئويۇلغان.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە، ئىلى ئەتراپلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسى تەدرىجىي كۈچىيىپ شىمالىي شىنجاڭنى ئىگىلىۋالدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالدۇ. چىڭخەي، شىزاڭ ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىغا توختاۋسىز ھۇجۇم قىلدۇ ھەمدە چارروسىيە بىلەن بىرلىشىپ بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلىمىز دەپ داۋراڭ سېلىپ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا كاڭشى خاندانلىقى ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ ھەمدە مانجۇ، خەنزۇ سانغۇنلىرىنى ئەسكەر باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەيىنلەيدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشقا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى چوڭ سانغۇن نيەن گىڭياۋنىڭ ئورۇنباسار باش بۆلىگى تيەن جۈن بۆيرۇقىغا بىنائەن مانجۇ، خەنزۇ قوماندان، لەشكەرلەرنى باشلاپ تويىلاڭچىلارنى تىنچىتىش سانغۇنى فۇ نىڭئەن بىلەن غەربتە قاش قوۋۇقتىن چىقىپ جۇڭغار تويىلاڭچىلىرىغا قارشى جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغانلىقى ھەمدە باركۆلنى جۇڭغار تويىلاڭچىلىرىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشتىكى مۇھىم تۈرۈشلۇق جاي قىلغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتلار خاتىرىلەنگەن.

مەڭگۈ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 0.55 مېتىر، قېلىنلىقى 0.3 مېتىر بولۇپ، ھازىر بۇ تاش مۇكەممەل ساقلانماقتا.

تاشنىڭ خېتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل، ئېنىق، خەت تىك شەكىلدە تۆت قۇر يېزىلغان. ئەسلى تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

يۇڭجېڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى بىگشىن يىلى 1- ئايدا، شىئەن ئورۇنباسار باش بۆلىگى تيەن جۈن قوماندان- لەشكەرلىرىدىن (كەم) نى ئېلىپ، تويىلاڭچىلارنى تىنچىتىش سانغۇنى فۇ نىڭئەن بىلەن مىليون كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ۋە تۈتقۇنلارنى ھەيدەپ بۇ يەرگە كەلگەن. (كەم) بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تويىلاڭچىلار بۇ قوشۇننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. يۇڭجېڭ تۆتىنجى يىلى (كەم) ئەتىيازدا، يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى چوڭ سانغۇن گەنسۇغا يۆتكەپ كېلىنىپ خاننىڭ پەرمانىنى كۈتتى. خاتىرە بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن بۇ مەڭگۈ تاش تۇرغۇزۇلدى.

### 6. فۇ نىڭئەن مەڭگۈ تېشى

فۇ نىڭئەن باركۆلدە تۈرۈشلۇق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ جۇڭغار تويىلاڭچىلىرىنى باستۇرغانلىق تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن تاش. باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ 2.5 كىلومېتىر جەنۇبىدا، يۆگۈگتەي ئېتىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 50 مېتىر يىراقلىقتا. مەڭگۈ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.33 مېتىر، كەڭلىكى 1.66 مېتىر. تاشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى خۇددى ياتقان كالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاش بولۇپ، بوران- يامغۇرنىڭ يالاپ، يېمىرىشى نەتىجىسىدە كۆپىنچە خەتلەر پەرق ئەتكۈزسىز بولۇپ كەتكەن. بۇ مەڭگۈ تاش چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 58- يىلى (1719- يىلى) تۇرغۇزۇلغان. تاشنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

تويىلاڭچىلارنى تىنچىتىش سانغۇنى، مەنسەپ تۆتىنچى پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى، قوشۇمچە ۋالىي، ھەزرەت فۇ نىڭئەن، خاننىڭ يارلىقى بىلەن ئاسىي ئوغرى سىۋان ئاراپتاننىڭ قومۇلغا تاجاۋۇز قىلغانلىق جىنايىتىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، باركۆلدە ئەسكەر تۇرغۇزدى. جەڭ ئاتلىرىنى ياخشى بېقىپ، قىلىچ- نەيزىلىرىنى بىلەپ تولۇق ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇردى. شۇ كۈنلەردە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، ئوت- چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن، دەل- دەرەخلەرمۇ ئىشلىتىشكە يېتەرلىك

ئىدى. يولدىن ئۆتۈپ- كېچىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. لەشكەرلەرنىڭ روھىي- كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، جەڭ ئاتلىرى كۈچ- قۇۋۋەتكە تولغانىدى. بۇ ئەھۋال ئەسلىدىنلا بەك قاقاس، ئاللاقە ئىشلىرى راۋان بولمىغان سوغۇق بۇ رايوننىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. تۆت پەسىلنىڭ مەنزىرىسى خۇددى باھار كۈنلىرىدەك تۇس ئالدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دانا پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن بولدى. مېھىر- شەپقەت ھەممە ياقلارغا تارالدى. بۇ ئىلاھنىڭ ئۆتكەنگە مەدەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ! شۇڭلاشقا، بۇ تاغ باغرىدا ئىلاھنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بۇ بۇتخانا سېلىندى. سىرتتىن بۇ يەرگە تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر ئىلاھنىڭ سۈرلۈكلۈكىدىن زىلزىلىگە كېلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بۇتخانىنىڭ بىر تەرىپىدە بىر تەبىئىي تاش بولۇپ، خاتىرىلەش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىشلار ئالاھىدە ئويۇپ قويۇلدى. لەشكەر باشلاپ كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمى سول تەرەپكە ئويۇلدى.

توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش سانغۇنى مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى، قوشۇمچە باش بۆغ، ئاشلىق ئامبىرى ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچى فۇ نىڭئەن؛ نائىپ ۋەزىر، پەخرىي ۋەزىر، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋارىس چەۋەنداز نىغاخا فەنخېرنا؛ پايتەخت ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلغۇچى يانداش تۇتۇق، 3- دەرىجىلىك ئاداخاخا فەن قوشۇمچە ياردەمچى ئەمىر يىڭ گۇي، سول قانات باش چېرىكچى، چاخار ئەمەلدار- ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنباسار تۇتۇگى، 2- دەرىجىلىك ۋارىس چەۋەنداز نىغاخافەنخاۋنا، ئوڭ قانات باش چېرىكچى، چاخار ئەمەلدار- ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنباسار تۇتۇگى، 2- دەرىجىلىك ۋارىس ئاداخاخا فەن جىيۇڭ، سىئەن سول قانات (كەم)، سۇجۇ ئوڭ قول باش بۆغى 2- دەرىجىلىك ۋارىس ئاداخاخا فەن ياڭ چاڭپىڭ. كاڭشى 58- يىلى كۈز ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى كۈنلەردە، كارۋان يولىنى راۋانلاشتۇرغۇچى ئورۇنباسار پالۋاچ ۋاڭ جۈەنچى خاتىرىلىدى. تۇڭگۇمن مۇيەتتىشى، ياندىش سانغۇن فەن زىشەن يازدى.

7. باۋئەن مەڭگۈ تېشى

بۇ تاش باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇبىدىكى باركۆل تاغلىرىنىڭ شىمالىي تىزمىسى ئېتىكىدىكى بىر پارچە تەبىئىي تاشقا ئويۇلغان. تاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 4- يىلى (1865- يىلى)، ئەنگلىيە، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ قوقاننىڭ شەرقى بىلەن كۆكئارتتىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە شىمالىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلدى. چاررۇسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلىنى بېسىۋالدى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. پەقەت شەرقىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىنىلا ئارمىيە، خەلق قوغداپ قالالىدى. بولۇپمۇ باركۆلدىكى ھەر مىللەت قەھرىمان ئوغۇل- قىزلىرى تاشقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن زېمىنىنى قوغداش ئۇرۇشىدا، زوراۋانلىققا پەسەنت قىلماي، قۇربان بولۇشتىن قورقماي، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىپ، باركۆلنى قوغداپلا قالماي، قوشنا رايونلارغا ياردەم بېرىپ، سىرتتىن كىرگەن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشتىكى كۈچ بولۇپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 2- يىللىرى (1876- يىلى) غا كەلگەندە، ئوردا قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، غەربىي قىسىمغا قوشۇن چىقىرىشنى قارار قىلدى- باركۆلدىكى ئارمىيە- خەلق غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنغا ئوت- چۆپ، ئاشلىق تەييارلاش، توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. جەڭ ئېتى ياردەم قىلدى، يول باشلىدى، ۋەتەننى قوغداش، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىدا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشتى. بۈگۈنكى كۈندە، يۈكسەك راۋىقى ئېتىكىدە تۇرۇۋاتقان بۇ مەڭگۈ تاشقا 100 نەچچە يىل بۇرۇنقى بۇ بىر ئابزاس تارىخ چىن ۋە جانلىق خاتىرىلەنگەن، چىڭ سۇلالىسى سانغۇن- لەشكەرلىرى ۋە خەلق قوراللىق كۈچلىرى سانغۇنلىرىنىڭ تۆھپىلىرى بايان قىلىنغان:

تاشنىڭ ئويمىلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، خەتلەر لىشۇ شەكلىدە يېزىلغان. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، غەربىي يۇرتتا مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭ قولدىن

كەتتى، يەككە- يېگانە قالغان باركۆلدىن ئىبارەت بازارمۇ ئۆزىنى قوغداپ قېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئەينى چاغدىكى مانجۇ، خەنزۇ ئەلەمدار، قەلەمدار ۋەزىر- ۋۇزرالار خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ئېۋىرغول، ئىلى، قۇكالڭ، كۈچا قاتارلىق جايلارغا قوشۇن ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مانجۇ، خەنزۇ ئەزىمەتلىرى ئىچىدە تۆلۈم- يىتىم ئىشلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. يەنە كېلىپ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر توختاۋسىز تۇردە ئوردىغا يەتتى. تۇڭجى 4- يىلى 6- ئايلاردا، بىر بۆلۈك كۈچلۈك دۈشمەن باركۆلگە شىددەت بىلەن قىستاپ كەلدى ۋە خەنچېڭ، مەنچېڭ شەھەرلىرىگە يېقىنلاشتى. قىرغىنچىلىقنىڭ باشلىنىشى كۆزگە كۆرۈنۈكلا ئىدى. تەلەيگە يارىشا تۇتۇڭ نارىجى، ياساۋۇلبېگى خې گۈەن، يېتەكچى ۋەزىر ئىلىتۇن، باش ھەربىي ۋالىي چېن شېڭخېڭ، باش چېرىكچى جاڭ خې، كۆڭ سەي، ياردەمچى يېتەكچى چېڭ شۇ، داسەنبۇ، فۇلىنبۇخا، پورخان، ئىلجىتۇ، ياردەمچى ئەمىر بوخېڭ، دوگۇجالى، خاسۇ، جۇچېڭ، خالوگئا، يۈن شياڭ، ئالىتۇن، سەنيگبۇ يىگكۇ، گۇي يىڭ، گۇگگاگبۇتو، تابۇشكېدى، ئامۇكېدى، خۇ لىڭ، شەن شياڭ، جاھانكەزدى سۇن يۇەنچۈن، بىڭ لىن، گاۋ جېخۇ، لى فېگمىڭ، شۇ شۇگۇڭ، ۋېي جياگبو، ئامبال گوفېڭ، باش دىۋان جاڭ جىگۇڭ، سۇكدۇن، جاۋ يۇ، جى شياڭ ۋە سەككىز خوشۇندىكى ئەمەلدار، باي، سودىگەرلەر لەشكەرلەرنى تارتۇقلاپ، خانغا سادىق بولۇشقا رىغبەتلەندۇردى ھەمدە ئۆزلىرىمۇ ساۋۇت- دۇبۇلغىلارنى كىيىپ، ھايات- ماماتتا تەڭ بولدى. ئاچ قورساق ئاز بىر بۆلۈك لەشكەرنى باشلاپ، لەشكىرىي كۈچى ئۆزىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغان ۋەھشىي، ياۋۇز دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، نۇرغۇن قېتىم غەلىبە قىلدى. بۇلار ئەلۋەتتە دۆلەتنىڭ مەدىتى، ئىلاھنىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقىدىن بولدى. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، زو زوڭتاڭ ھەززەت، ليۇ ھەززەتلەر خاننىڭ يارلىقى بىلەن قوشۇن باشلاپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئەنسۇنى ھۇجۇم ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈپ، چەكسىز چۆل- جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئارقا سەپ توشۇش خىزمىتى بەك قىيىن بولغاچقا، باركۆلدىكى قەلەمدار، ئەلەمدار ئەمەلدارلارغا ئاشلىق، ئوت- چۆپ، نۇرغۇن راسخوت راسلاپ چوڭ قوشۇننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېز مەكتۇپ يوللاندى. چوڭ قوشۇن كەينى- كەينىدىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، باركۆل ئالدىنقى سەپ بازىسىغا ئايلاندى. قوشۇنلار بۇ يەردىن جەنۇب، شىمال ئىككى يول بويىچە توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى تازىلاشقا يۈرۈش قىلدى. ئاخىرى پۈتۈن شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىندى. ۋەتەننىڭ ئارقا سەپ چېگرىسىدا يېڭىۋاشتىن تىنچ ۋەزىيەت ئەسلىگە كەلدى. شۇڭا ۋەزىر- ۋۇزرالار، ۋاڭ- گۇڭلارنىڭ يەككە- يېگانە قالغان شەھەرنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن ئاجايىپ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش، ئۇلارنىڭ بۇ يولدا سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ ۋە نامىنىڭ كۆمۈلۈپ كەتمەسلىكى، مەڭگۈ ئۆچمەسلىكىنى ئاۋامغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ مەڭگۈ تاش تۇرغۇزۇلدى. باركۆل يانداش بازار تۇتۇق مەھكىمىسىدىن دۆلەتنىڭ يۇقىرىقى ئىشلارنى ئىززەت- ئىكرام بىلەن خاتىرىلىدى، مەنسەپ تۇتۇق پىرقىسى ئامبال سۇن گۇاڭزۇ تاشقا خەت يازدى. جۇگخۇا مىنگونىڭ 7- يىلى چىڭخې ئېيىدا باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇگۇگتەي راۋىقى ئاستىدىكى تاغدا تۇرغۇزۇلدى. مەڭگۈ تاش تىكلەشكە ليۇ دىڭياڭ، شى خۇەيىۇ، يۇ دېيۇەنلەر نازارەتچىلىك قىلدى.

8. زو زوڭتاڭ مەڭگۈ تېشى

بۇ تاش قۇمۇل شەھىرى دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى توغۇچى كەنتىنىڭ 20 مېتىر غەربىي جەنۇبىدا. ھازىر مەڭگۈ تاشنىڭ تۆۋەن قىسمى ساقلىنىپ قالغان. قالدۇق تاشنىڭ ئېگىزلىكى 77.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 49.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىر.

بۇ مەڭگۈ تاشتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 4- يىلى (1878- يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زو زوڭتاڭ ۋە چىڭ ئارمىيىسىنىڭ باش چېرىكچىسى ليۇ جىنتاڭلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغان چاغدا قۇمۇل رايونىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم تارىخىي پاكىتلار خاتىرىلەنگەن.

9. دۆلەنىڭ قارىغول ئېلان مەڭگۈ تېشى

غەربىي قارىغول ئېغىزىنىڭ شەرق تەرىپىدە گەۋدىسى 2.5 مېتىرلىق خۇددى ياتقان كالىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چاسا تاش بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان خەتلەر ئېنىق. مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى)، باركۆلدىكى ياردەمچى سانغۇن دۆلەڭنىڭ پۇقرالار، لەشكەرلەرنىڭ ئورماننى قالايمىقان كەسمەسلىك، بۇغىلارنى ئۇۋلىماسلىق، سۇ مەنبەلىرىنى قوغداش توغرىسىدا يازغان ئېلان مەڭگۈ تېشى بار. مەڭگۈ تاشنىڭ باش تەرىپىدە «پېقىر شىجىننىڭ ئېلانى» دېگەن بەش خەت توغرىسىغا يېزىلغان، ئېلاننىڭ مەزمۇنى تىك شەكلىدە ئالتە قۇر قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ھەر بىر قۇردا تۆت خەت بار، «باركۆل گۈزەل ئارال، ئېگىز تاغلاردىن چۈشكەن سۇلار ئۆزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۈستەڭنىڭ غەرب تەرىپى قارىغايزارلىق، بۇلاق مەنبەلىرى كاپالەتكە ئىگە. بۇغا ياخشى ھايۋان، ئۇنىڭغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ». تاشنىڭ گەۋدىسىگە غەربىي شىمال يۆنىلىشىدە توغرىسىغا قىلىپ «يۈنفېگشەن» دەپ يېزىلغان. تاشنىڭ چوققا تەرىپىگە «ئارمىيە، خەلقنىڭ دىل- دەرەخلەرنى كېسىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يۈنفېگشەن» دەپ ئويۇلغان.

10. دۆلەنىڭ مۇزلۇق جىلغا ئېلان مەڭگۈ تېشى

ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇزلۇق جىلغا ئېغىزى ئىچىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 1.7 مېتىر، قېلىنلىقى 1.7 مېتىر بولغان ئۈچ بۇرجەكلىك تۆلچەمسىز بىر گرانىت تاش بار. تاشنىڭ يۈزى غەربكە قارىغان. بۇ مەڭگۈ تاشنى مىنگونىڭ 7- يىلى (1918- يىلى) باركۆلدىكى ياندىش سانغۇن دۆلەڭ تۇرغۇزغان. تاشنىڭ باش تەرىپىدىكى، «شىجىننىڭ ئېلانى» دېگەن خەتلەر توغرىسىغا يېزىلغان. مەڭگۈ تاش خېتى تىك شەكلىدە ئىككى قۇر، ھەر بىر قۇرغا تۆتتىن خەت يېزىلغان: «مەنزىرىلىك جايلاردا ئوۋ ئوۋلاش چەكلىنىدۇ».

11. غازىياندۆڭ غايىب بۇلاق مەڭگۈ تېشى

چيەنلۇڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22- يىلى (1757- يىلى)، ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى خۇاڭ تىڭگۈي 30 مىڭ جەڭ ئېتىنى جىددىي تەييارلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. ئەنشى بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدا سۇ كەمچىل بولۇپ، ئادەم ۋە ئاتلار سۇدىن قاتتىق قىسىلدى. خۇاڭ تىڭگۈي ئەنشىنىڭ ياساۋۇلبېگى ليۇ شۈننى قۇدۇق ۋە بۇلاقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بۇيرىدى. ئۇلار بارغانلا يەردىن تاتلىق سۇ چىقتى. بولۇپمۇ غازىياندۆڭدەك سۇ ئەڭ قىس يەردىمۇ «يەرنى قازغاندا بۇلاق سۈيى چىقتى»، ئەسكەر ۋە پۇقرالار بۇنىڭغا ھەيران قالدى. شۇڭا بۇ يەردە ئالاھىدە ئۈچ تۈۋرۈكلۈك لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسى (سۇ ئىلاھى بۇتخانىسى) سالدى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «غايىب بۇلاق مەڭگۈ تېشى» نى ئورناتتى.

تاشنىڭ ئېگىزلىكى 152 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 64 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر، ئەسلى مەڭگۈ تاش ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

كۆنپېتىش قورول بىپايان كەتكەن چۆل، قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەر بارسا كەلمەس چۆل دەپ ئاتىلىپ كەلدى. مەيلى ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ياكى ئات يۆتكىگەندە بولسۇن، سۇنىڭ قىسلىقى كىشلەرنى ئەندىشىگە سالدى. ئاقدۆڭدىن غازىياندۆڭگىچە بولغان سەككىز ئۆتەڭنىڭ ھەممىسى چۆل- جەزىرىگە جايلاشقان. گەرچە بىر ~ ئىككى يەردە بۇلاق بولسىمۇ، سۈيى تۇزلۇق ھەم ئاز. كاڭشى يىللىرى فۇ سانغۇن مۇداپىئە بازىسى قۇرۇپ بۇ يەردە تۇردى. يۇڭجېڭ 7- يىلى يۈەنرۇڭ بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزغان ھەم شۇنىڭدىن كېيىن، بۇجايدا مۇداپىئەدە تۇرغان ياكى ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر كۆپ قېتىم قۇدۇق قازدى. لېكىن بىر تېمىم سۇ چىقىرالمىدى. زاپاس سۇ 200 – 300 ئاتنى

سوغىرىشقا يەتمىدى. ئاتلار ھەتتا ھۆل قوملارنىمۇ يالىدى. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن جەڭ ئېتى ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىپ كەتتى، پادىشاھىمىزنىڭ قۇدرىتى ۋە رەھمىدىل ئەخلاقى ھېلىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئەۋلاددىن- ئەۋلادقا يادلىنىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ بىگزى يىلى ئىلى تىنچلاندۇرۇلدى، نۇرغۇن يۇرت ئاقساقاللىرى سەمىمىيلىك بىلەن بويسۇندى، پەقەت ئامۇرسانالا ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن دىڭچۇ يىلى ئەتىيازدا، يەنە جازا يۈرۈشى باشلاندى. ھەربىي يۈرۈش ناھايىتى جىددىي بولغاچقا، جەڭ ئېتى بەك مۇھىم ئىدى. باش نازارەتچى خۋاڭ ھەززەت جىق باش قاتۇرۇپ، 30 مىڭ جەڭ ئېتى تەييارلىدى. ئەمما ئۇ يول ئۈستىدە سۇدىن قىسىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئامال قىلىشقا مېنى مەسئۇل قىلدى. مەن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مېھىر- شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، دۆنخۋاگنى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدۇم، ھەربىي قىسىمغا دائىر مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى زىممەمگە ئالدىم. تەكشۈرۈش، قۇدۇق قېزىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەممە يەردىن سۇ چىقىرىشقا ھەمدە ئاچچىق سۇنى تاتلىق سۇغا ئۆزگەرتىشكە، بۇرۇن 200 – 300 ئاتقا يەتمىگەن سۇنى ئەمدى 2000 – 3000 ئادەم ۋە ئاتقا يەتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. شۇنىسى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولدىكى، غازىياندۇڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، قۇم، قۇرغاق ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم قۇدۇق قازغاندا، يايپاڭ تاشنىڭ ئاستىدىكى يوچۇقتىن سۇ بولدۇقلاپ چىقتى. قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالتە چىدىن ئاشتى، سۈيى سۈزۈك ھەم جىق. بۇنىڭدىن ئەسكەر ھەم پۇقرالار ھەيران قالدى. بۇ پادىشاھقا كەلگەن زور ئامەت. باش نازارەتچىنىڭ سادىقلىقى تەڭرىنى تەسىرلەندۈردى. بۇ ئىشقا ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر بىردەك كۈچ چىقاردى. شۇڭا ئىلاھ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئاسىيلارنى يوقىتىشقا مەدەت بەردى. ياخشىلىققا مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن داغدۇغىلىق نەزىر تارتىپ ھەممىمىز ساداقىتىمىزنى ئىپادىلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھنىڭ مېھىر- شەپقىتىگە جاۋابەن مەخسۇس مەدىكار ۋە ئۇستىلارنى تەيىنلەپ ئۈچ تۈۋرۈكلۈك لوڭۋاڭمياۋنى (سۇ ئىلاھى بۇتخانىسىنى) قۇرۇپ چىقتۇق. كەمىنىنىڭ بىلىمى ئاز بولسىمۇ، ئىشلەنگەن ئاساسلىق ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ، بۇ كاتتا ئىشتىن خاتىرە قالدۇردۇم.

چيەنلۇڭ 21- يىلى، يەنى دىڭچۇ يىلى 7- ئاينىڭ ساۋاپلىق كۈنى ۋەنپىڭلىق ليۇشۇن يازدى.

### 12. باركۆل تەڭرىتاغ يولى مەڭگۈ تېشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 10- يىلى (1732- يىلى) دىن ئىلگىرى، قۇمۇل بىلەن باركۆل ئارىلىقىدىكى تەڭرىتاغ داۋىنىدىن ئۆتىدىغان ئەگرى يول ئۇزۇن يىللار رېمونتسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، قىشلىقى قار يېغىپ كېتىپ، ئەسكەرلەرگە لازىملىق ئوزۇق- تۈلۈكنى ئەۋەتىشكە ئامال بولماي، قۇمۇلدا ئەتىيازغىچە بېسىلىپ قالاتتى. يۇڭجېڭ 11- يىلى (1733- يىلى)، يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن يۆجۇڭچى باركۆلدە ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئۇ، ئەسكىرىي بۆلۈمنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى ئابىگەنەگە تەڭرىتاغ يولىنى ياساشنى بۇيرىدى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، دىڭ لىن دېگەن كىشى تەڭرىتاغ يولى خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇردى. ئەسلى مەڭگۈ تاش ھازىر يوق. «ئۈچ ئايماق ھەققىدە ماتېرىياللار توپلىمى» دە خاتىرىلەنگەن تېكىستى تۆۋەندىكىچە :

يۇڭجېڭ 11- يىلى، ئۇلۇغ سانغۇن ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغانىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى. ئەسكىرىي بۆلۈمنىڭ غەيرىي رەسمىي ئامبىلى ئابىگەنە ئۇلۇغ سانغۇننىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، تەڭرىتاغ يولىنى ياساپ پۈتكۈزدى. دەسلەپتە، ئۇلۇغ سانغۇن جۇچۇەندە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي تەمىنات تەييارلىدى. ئات- ھارۋىلار تېنىم تاپمىغانىدى. تەڭرىتاغقا كەلگەندە توسۇلۇپ قالدى. تەمىناتنى قوشۇنغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، ئەگىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. 8- ئايدىن كېيىن، يولنى قار- مۇز قاپلاپ كېتىپ، ھەربىي تەمىنات قۇمۇلدا تۇرۇپ قالدى ۋە ئەتىيازغىچە ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ھارۋىكەشلەر جاپا تارتتى. ئۇلۇغ سانغۇن ئۇزاقتىن بويان ئويلاپ قويغىنى بويىچە، خەرىتىگە قاراپ چىقىپ، يەككىللىك بىلەن قارار چىقىرىشقا پېتىنالماي، ھارۋىكەشلەردىن سوراپ كۆردى. رېنزى يىلى پادىشاھتىن قوشۇننى باشلاپ باركۆلگە بېرىش ھەققىدە يارلىق كەلدى. تەڭرىتاغدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا ئادەم بويى

كېلىدىغان قېلىن قاردا مېڭىشقا ئىمكان بولىدى. ئۇلۇغ سانغۇن: «سىلەر ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ماڭا ئېيتقۇدەك بىرەر پىلانىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمەلدار ـ ئەسكەرلەر تاغ تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. بىر پېكىرگە كەلگەندىن كېيىن، بارگاھقا كېلىپ دوكلات قىلدى، ئەتراپلىق، تەپسىلىي سوراپ پىكىر ئالدى. چېقىرىلغان خۇلاسە ئابىگىئەننىڭ دېگىنى بىلەن بىر يەردىن چىقتى. خەتەرلىك يانتۇ جايلار تۈزلەندى، ئويمان جايلار تىندۇرۇلدى، تار جايلار كېڭەيتىلدى. كەلگۈسىنىڭ يولنى بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېرىق چېپىلدى، كۆۋرۈكلەر سېلىندى، خەتەرلىك جايلار تۈزلەندى، يول بىر نەچچە ئون ئەگىم ئارقىلىق داۋانغا چىقىدىغان قىلىپ ياسالدى. ئەگىم جايلارنىڭ چۆرىسىگە يافاچتىن رىشاتكا ياسالدى. يولنى چىڭىتىش ئۈچۈن، يول بويلىرىغا دەرەخ تىكىلدى. ئىككى ئايغا يېتە ـ يەتمەيلا، ئىش تاماملىنىپ خەتەرلىك داۋان يولى بىخەتەر يولغا ئايلاندۇرۇلدى. ياچىۋەكنىڭ هاۋىنى توسىغىنىدەك ئىش قىلىدىغان ئادەملەر چىقىپ قالسا، زور قوشۇن ئۇلارنىڭ ئۈۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئۇلارنى يوقىتىپ بولۇپ، ئەتىگەنلىك غىزا يېيىش تەس ئەمەس. پادىشاھنىڭ تاقىتى ـ تاق بولۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى كۈتۈپ تۇردى. چۈنكى قامىلىپ قېلىپ تەسلىم بولىدىغانلار ھەر 15 كۈندە دېگۈدەك چىقىپ تۇراتتى. تاغ يېرىپ يول ئېچىپ، ھەربىي تەمىنات توشۇشتا قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قانداقمۇ ئىككىلىنىشكە بولىدۇ؟ ئەگەرى بىنا قىلغان تاغلارنى تۈزلىۋېتەلىگەن يەردە، بۇگۇر، كۈنقوۋۇق (بۇ كۈنقوۋۇق ماناسنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۇيراتلار ئۇنى «يانبالغاسۇن» دەپ، خەنزۇلار «ياگگۇەن» (كۈنقوۋۇق) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ شاجۇدىكى قەدىمىي كۈنقوۋۇق (ياگگۇەن ئەمەس) لارنى ئىگىلەپ، مۇھىم چازىغان ئايلاندۇرۇش قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئەمما بىز كۆپ قېتىم سەھەر يولغا چىقساق، كەچ كىرگەندە يېتىپ باردۇق. قازانغا سېلىنغان بېلىقتىن نەچچىسى تىرىك قالاتتى؟ ئەمما زور قوشۇن تاغ كەبى كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن ناھايىتى تېزلا يېتىپ باردى. پادىشاھنىڭ رەھمدىللىكىگە قىل سىغمايدۇ، جىمى جان ـ جانىۋارلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشسا شادلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىش ھامان بىر كۈنى بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەي يىماۋ يىلى 2 ـ ئايدا، جۇڭغار سېپىدىن چۈنيامۇكنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ كەچۈرۈم سورىدى. يۈكسەك ئېھتىرام بىلەن كۆڭۈلگە ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ئوردىغا ھەر يىلى سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خالايىق: بۇ يول يات، قارام مىللەتلەر بار جايغا بارىدىغان يول، پەرق ئېتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇ مەڭگۈ تاش ئورنىتىلغان دېيىشتى.

13. پۇل ئىئانە قىلىپ، شىڭشىڭشيادا تاشيول ياساتقانلىقنا بېغىشلانغان خاتىرە مەڭگۇ تاش

يۇڭجېڭ يىللىرى ياڭ كېلۇ ئىسىملىك بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم پۇل ئىئانە قىلىپ، شىڭشىڭشيا يولىنى ياساتتى. يۇڭجېڭ 13 ـ يىلى (1735 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، يۇك توشۇشقا نازارەت قىلغۇچى بىر ئادەم ئاق كۆڭۈل ياڭ كېلۇغا ئاتاپ، شىڭشىڭشيادا مۇشۇ تاشنى ئورناتتى. مەڭگۇ تاش هازىر يوقىلىپ كەتتى. «ئۈچ ئاياق ھەققىدە ماتېرىياللار توپلىمى» غا مەڭگۇ تېشىدىن ئېلىنغان سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

پادىشاھنىڭ قۇدرىتى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇردى. ئېھۇرغولدا يولۋاستەك زور قوشۇننى تۇرغۇزۇپ، زېمىننى كېڭەيتكەچ شان ـ شۆھرىتىنى تارقاتتى. چىغرىق بىلەن سۇلار چىقىرىلدى، ئاتلار هارۋىغا قوشۇلدى، ئۆكۈزلەر ئىشقا ئۆگىتىلدى، يەر يۈزىگە ئىگەمنىڭ شەپقىتى ياغقاچ، چۆللەردە سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى ئاقتى. تاغ ئارىسى تاشلىق، ئوگغول ـ دوگغول ئىدى، هارۋاچاقى قاڭقىپ كىشىلەر كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى، بىر ئاق كۆڭۈل سېخىي چىقىپ، دۆڭلەرنى تۈزلەپ، ئويمانلارنى تىندۇرۇپ، تۈز يول ياسىدى، ئۇنىڭ نامى مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ.

يۇڭجېڭ 13 ـ يىلى ئەتىياز 3 ـ ئايدا، يۇك توشۇشقا نازارەتچىلىك قىلغۇچى مەلۇم شەخس ئاق كۆڭۈل ياڭ كېلۇغا ئاتاپ شىڭشىڭشيادا بۇ مەڭگۇ تاشنى ئورناتتى.

14. داۋان يولىنى قايتىدىن ياسىغانلىقتا بېغىشلانغان مەڭگۈ تاش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20- يىلى (1755- يىلى) گەنسۇنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋۇ داشەن نازارەتچى ئەۋەتىپ، لەشكەرلەرگە تەڭرىتاغ داۋان يولىنى قايتىدىن ياساتقۇزدى. ئۇلار 80 ئەگىم، 70 نەچچە كۆۋرۈك ياسىدى. قۇرۇلۇشىنى يېرىم ئايدىلا پۈتكۈزدى ھەمدە «ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئۆتكەن- كەچكەنلەرنى يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى». چيەنلۇڭ 32- يىلى (1767- يىلى)، مۇپەتتىش چيەن جۇن داۋاندىن يەنە بىر قېتىم ئۆتكىنىدە، بۇ ھەقتە ماقالە ۋە كىتاب يازدى.

چيەنلۇڭ 33- يىلى (1768- يىلى) 8- ئايدا، قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئامبىلى چاڭ بەيجى مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن مەڭگۈ تاش ئورنىتىپ قويدى. تاش ھازىر يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

قەدىمدە ئۆتكەن پادىشاھلار ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، چېگرا رايوننى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلدى. شۇڭلاشقا، «جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەل- مەنسەپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان جايلار» دېگەن كىتابتا، داڭلىق تاغ- دەريالار خاتىرىلەندى. بەش تاغ، توققۇز قورغان (ئىچكىرىدە) خاتىرىلەندى. ئەمما ئەتراپىدىكى چەت، ياقا جايلار ناھايىتى ئاز تەكشۈرۈلدى. سۇلالىمىز پۈتۈن ئىقلىمغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار دايۈنىڭ ئايىغى يەتكەن جايلاردىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن يۈگجۇنىڭ زېمىنى سۇلالىمىز زېمىنىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كېلىدۇ. قاشقۇۋۇق، كۆنقوۋۇقنىڭ تېشىغا چىقىپ ھارۋا ئىزىنى بويلاپ ماڭغاندا، بىپايان زېمىننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ يەردىن كۈن پېتىشقا قاراپ ماڭسا، تۈگىمەس قۇملۇق بار. خاتىرىلەردىن قارىغاندا، جايۈگۈەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىپايان قۇملۇق ۋە قۇم- شېغىللىق چۆل- جەزىرىگە دۇچ كېلىدىكەن. ئۇنىڭ چېكىگە كۆز يەتمەيدىكەن. بۇ، ئېھتىمال زامان- زامانلاردىن قالغان بىپايان دەشت- ماكان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كۈن پېتىشقا ماڭسا، ئېگىز- پەس تاغلار، ئۈزۈلمەس قاقاسلىقلارغا دۇچ كېلىدىكەن. يول ئۈستىدىكى داۋان قۇمۇل بىلەن باركۆل ئارىلىقىدا بولۇپ، پوچتا ھارۋىلىرى توختىماي مېڭىپ تۇرىدىكەن. بۇ جاي قاتناشتا مۇھىم ئورۇن ئىكەن. بۇ يول يۈگجېنىڭ يىللىرى ئېچىلغان بولۇپ، ئاي- كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن خادا تاشلار تۈرۈلۈپ چۈشۈپ يولنى توسۇپ، ئېقىنلارنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. پىيادە مېڭىشقىمۇ يول قالماپتۇ. ئات- ھارۋىلار ئۆتەلمەي توسۇلۇپ قاپتۇ. چيەنلۇڭ 20- يىلى جىسەكچى ۋۇگۇڭ گەنسۇغا كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئەسكەر ئەۋەتىپ يول ياساتتى. بۇنىڭ بىلەن 80 نەچچە ئەگىملىك يول ياسالدى، 70 نەچچە كۆۋرۈك سېلىندى، ئېرىق چېپىلدى، مۇداپىئە توسمىلىرى ياسالدى، قۇرۇلۇش يېرىم ئايدىلا پۈتتى. قار ياغقاندا يول توسۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، قار تازىلاش ۋە پىيادە ماڭغانلارنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. شۇ چاغدا، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا، يولنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، يۇرت دەل- دەرەخ تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. بۇ ئىشقا شەھەردىكى ئۇستىلارمۇ قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئېغىر يۈك يەڭگىل بىلىنىدىغان، مال- چارۋىلار بىمالال ماڭالايدىغان، قارغا پېتىپ قېلىشتىن قورقمايدىغان بولدى. ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىنغان بۇ ئىشنى كىشىلەر ناخشىغا قوشۇپ ئېيتىدىغان، ئارام ئالغاندا، پاراڭغا قوشۇپ مەدھىيىلەيدىغان بولدى. 20 يىل بىر كۈندەك ئۆتتى. دىڭخەي يىلى يازدا، بىز بىر نەچچە مۇپەتتىش ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، بۇ يەردىن قايتا ئۆتتۇق. كۆز ئالدىمىزدا ھەيۋەتلىك مەنزىرە نامايان بولدى. توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئۇلۇغلارنى ياد ئەتتۇق. دۆجېڭنەننىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ئەلنى سورىغانلىقى، ئەل- جامائەت تەرىپىدىن مەڭگۈ تاش تۇرغۇزۇلۇپ مەدھىيىلەندى. دۆجېڭنەن ھايات چېغىدىلا ئۇنىڭ چېگرىدا تۇرۇپ، ئۇ يەرنى قوغدىغانلىقىنى بەزىلەر مەڭگۈ تاشقا ئويۇپ قالدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ۋاڭ- گۇڭلار بۇ خەتەرلىك جاينى پۇختا ساقلىدى. ئەھۋال ئوبدان، يول راۋان بولدى؛ باش سانغۇن چېگرىغا كەلگەندىن كېيىن، سۇ ئىشلىرى راۋاج تاپتى. ئۇنىڭ ئىش- ئىزلىرى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالسۇن دەپ، بۇ مەڭگۈ تاشنى ھۆرمەت بىلەن تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇماقچىمەن.

ئەنشى قاتارلىق جايلارنى رەتكە سېلىپ ۋە باشقۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى بۆلۈپ، يولنى ساقلاپ، باركۆل ۋە قۇمۇلنىڭ

ئوزۇق- تۈلۈك، ئوت- سامان ئىشلىرىنى باشقۇردى، ئەمىلى بىر دەرىجە ئۆستى، ئۈچ قېتىم خانىرىگە ئېلىندى، خەيۈلىك چيەن جۇن ماقالە ۋە كىتاب يازدى. خانغا بېۋاسىتە قاراشلىق قومۇل مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئايماقبېگى جالڭ بەيجى ھۆرمەت بىلەن بۇلارنى تاشقا ئويدى.

15. ئەنشى ۋىلايىتىنىڭ قورۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىمزالىق مەڭگۈ تاش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى) 7- ئايدا، شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى چىڭ ئوردىسىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەنشى ۋىلايىتىنى ئەنشىدىن قومۇلغا كۆچۈردى. ئەنشى ۋىلايىتىنىڭ قورۇلۇشى چيەنلۇڭ 30- يىلى (1765- يىلى) 3- ئايدا باشلىنىپ، 10- ئايغىچە بولغان سەككىز ئاي ئىچىدە پۈتتى. بۇ ئىشتىن خاتىرە قالسۇن ئۈچۈن، مۇيەتتىش چيەن جۇن مەڭگۈ تاشقا تېكىست يازدى. مەڭگۈ تاش ھازىر يوقىلىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قومۇل تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن تېكىستنى تۆۋەندىكىچە:

ئەنشى ۋىلايىتى بۇرۇن ئەنشىدە بولۇپ، بۇنىڭ قارىمىقىدا ئەنشى ياندىش ئايماقبېگى، توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش ياندىش ئايماقبېگى ۋە ئەنشى، شاجۇ، لىۋگۇ، جىگىنى، چىجىندىن ئىبارەت بەش ياساۋۇلخانا بار ئىدى. خانىمىزنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتى ۋە ھەيۋىتى ئالەمگە نامايان بولدى. زېمىن تەۋەيىمىز ئېۋىرغولدىنمۇ ئۆتۈپ، كۆن پېتىشقا 20 مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق كېڭەيدى. جەمئىيەت تىنچلاندى، ئولتۇراقلاشقان پۇقرالار بارغانسېرى كۆپەيدى. مۇھىم ئەمەلدار كېلىپ باشقۇرمىسا، يېتەكچىلىك قىلمىسا بولمايدىغان بولدى. چيەنلۇڭ 24- يىلى 7- ئايدا، شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى خاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئەنشى ۋىلايىتىنى قومۇلغا يۆتكەپ كەلدى. شاجۇدا بولسا ئەنشى مەھكىمىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. ئەنشى ياندىش ئايماقبېگىنى باركۆلدە تۇرغۇزۇپ، توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش ياندىش ئايماقبېگىنى قومۇلدا تۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. بەش ياساۋۇلخانىنى دۇنخۇاڭ، قاشقوۋۇق، يۈنچۈەندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇردى. شىنجاڭدىكى ئۇرۇمچىدە، ياندىش ئايماقبېگى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى قويۇپ، يۇقىرىدىكى مەھكىمىلەر قارىمىقىدا ئىشلەيدىغان قىلدى. قومۇل قەدىمكى ئېۋىرغولدۇر. مۇيەتتىش بەگكە قاراشلىق جايلار كۆنچىقىشتىن كۆنپېتىشقىچە 3000 چاقىرىمدىن ئاشتى. قومۇل كۆنچىقىش بىلەن كۆنپېتىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مۇھىم قاتناش يولىدۇر. خان مۇيەتتىش ۋەزىرى، خەنزۇ، مانجۇ ئەمەلدار- لەشكەرلەر ھەم ئۇيغۇر بەگلەر ئۆۋەت بىلەن ئوردىغا سوۋغا- سالام ئاپىرىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار قومۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن بۇيان، تېخى مەھكىمە قۇرۇپ باققىنى يوق ئىدى. چيەنلۇڭ 29- يىلى 7- ئايدا، خانغا سۇنۇلغان يولىيورۇق سوراش مەكتۇپىدە مۇنداق دېيىلدى: پۇقرالارنى خان ئوردىسىغا چوقۇنغىدەك ھەيۋەتلىك بىر مەھكىمە سېلىش قائىدە- يوسۇنغا مۇۋاپىق ئىدى. جىسەكچى جوگتاڭ ياڭ ھەزرەت خانلىققا پۇل ئاجرىتىپ مەھكىمە قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇ زامانلاردا قومۇلدا تۇرۇۋاتقان جانابلاردىن چاڭ بەيسا، كاڭ ھەزرەتلەرنىڭ ھوزۇرى بىلەن جۇن شياڭ ياردەمچىلىككە تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭ 30- يىلى 3- ئايدا ئىش باشلىنىپ، 10- ئايدا پۈتتى، جەمئىي سەككىز ئاي كەتتى. پېقىر چيەن جۇن مەھكىمە قۇرۇش جەريانىنى چېچەنلىك بىلەن خاتىرىلىۋالدىم ھەمدە ۋاقتىنى يېزىۋالدىم. پۇقرالار ۋە دۆلەتكە مۇشۇنداق كۆيۈنۈپ، بېجانىدىل ئىشلىگەندىلا، ئاندىن خانلىقنىڭ مېھىر- شەپقىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. تەسىس قىلىنغان مۇشۇ مەھكىمىگە يات ئىش قىلمايدىغان ئادەملەر ئىچىدىن كەلگۈسىدە ئۇلۇغ زاتلار مەيدانغا كېلىدۇ. پېقىر ھەقىقەتەن بەك خۇشالمەن.

چيەنلۇڭ 30- يىلى، يەنى يىچيۇ يىلى قىشتا خەيۈلىك چيەن جۇن يازدى.

16. ئەلتۇمۇردىكى گۇەنشېخۇۋ بۇتخانىسىدىكى مەڭگۈ تاش

بۇ مەڭگۈ تاشنى جياچىڭ 5- يىلى (1800- يىلى) خۇڭ لياڭجى كەچۈرۈم قىلىنىپ قايتىش سەپىرىدە قومۇلنىڭ

ئەلتۇمۇر دېگەن يېرىگە كەلگەندە، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ تەلپىگە بىنائەن تورغۇزدى. تاش ھازىر يوقىلىپ كەتتى. «ئۈچ ئايماق ھەققىدە ماتېرىياللار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئەلتۇمۇردىكى گۈەنشىگۇۋ بۇتخانىسىدىكى مەڭگۈ تاش ھەققىدە خاتىرە:

ئادەم تۇغۇلىدۇ ھەم ئۆلىدۇ، ئەۋلىيالارمۇ تۇغۇلىدۇ ھەم ئۆلىدۇ. جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چېگىياڭلىق جىڭۋاڭ، خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن جياڭ زىۋېن قاتارلىق كىشىلەر مۇشۇنداق ئادەملەر. سادىق ۋە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان روھقا ئىگە كىشىلەرلا مىڭ يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزەلەيدۇ. شىگۇۋ ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ شۈ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۆ جۇڭۇۋلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر. شىگۇۋ بۇتخانىلىرى ھەممىلا يەردىن تېپىلىدۇ. يېرىم يىل بولدى. مەن گۇناھ قىلىپ قويۇپ، چېگرا رايوندىكى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغانىدىم. جيايۇگۈەندىن چىقىپ، كۆرە شەھىرىگە يېتىپ بارغىچە، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە ئالتە مىڭ چاقىرىمدىن ئوشۇق يول باستىم. مەن يول ئۈستىدە كۆرگەن بازار، قەلئە ۋە شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە كۆپ دېگەندە 100 ئائىلە، ئازلىرىدا ئاران ئون ياكى ئالتە- يەتتە ئائىلە بار ئىكەن. بۇتخانىدا ھەيكەللەرمۇ بار ئىكەن. شىگۇۋ بۇتخانىسىنىڭ ئىككى تېمىغا ئىككى ئىلاھنىڭ رەسىمى سىزىلغانىكەن. ئۇنىڭ بىرى، پىگشىلىڭ يەنى شىگۇۋزى دەپ ئاتىلىدىكەن، پېي سۇگىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن؛ يەنە بىرى، جۇساڭ دەپ ئاتىلىدىكەن. سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى يىللاردا، بۇ ھەقتە خاتىرە تېپىلمىغان. پەقەت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بەزى كىشىلەرنىڭ يازغان قىسسىلىرىدىلا كۆرۈلىدۇ. يېقىنقى زاماندا شەنشىلىكلەر يەر كولاۋېتىپ، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە قالغان قەبرىلەردىن، ئۇنىڭدىكى مەڭگۈ تاشلارنى كۆرۈپ، ئىلاھنىڭ نامىنى شۇنداق ئاتىدى. بۇ ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسا كېرەك. يۇرتۇمدىكى بىر سەھرالىق ئۆلىما شىگۇۋ نەسەبنامىسىنى يېزىپ چىقتى. «ۋۇ دۆلىتى تەزكىرىسى، لۇسۇنىڭ تەرجىمھالى» دا ئېيتىلىشىچە، جىڭجۇنى ئالىشىش ۋاقتىدا ئۆتكەن مەلۇم بىر ئادەمگە جۇ ساڭ دەپ ئات قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە، ئاپتور چېن شۇ ئەسلىدە ئىسىم- فامىلىسىنى ئىزاھلىمىغان. ئەمما كېيىنكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ جۇساڭ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ بۇ سەھرالىق ئۆلىمانىڭ قارىشى بولسا كېرەك. مەن ئىلگىرى بارلىققا بىنائەن گۇيجۇغا بارغانىدىم. نىڭجۇ بازىرىنىڭ گۈەنسۇلىڭ چوققىسىدىن ئۆتتۈم. چوققىدا بىر بۇتخانا بار ئىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپكەن. كۆجە ئۆچمەيدىكەن. يەرلىك كىشىلەر بۇ بۇتخانىنى شىگۇۋدى دەپ ئاتىشىدىكەن. تەزكىرىلەردىمۇ شۇنداق ئاتىلىدىكەن. بۇمۇ دەل جۇساڭنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭغىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمىغىدەك. كىشىلەر ئەسلىدە ئىلاھنى جۇاگياۋ دەپ ئاتىغان، سۇلالىمىز دەۋرىدە ئىلاھ شىگۇۋ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. خان ماڭا بېرىلگەن جازانى كەچۈرۈم قىلغاندىن كېيىن، قايتىش سەپىرىمدە ئەلتۇمۇرگە كېلىپ، سەھرالىقلارنىڭ شىگۇۋ بۇتخانىسىنىڭ تېمىنى ئاقارتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن سول تامغا خاتىرە يېزىپ قويدۇم.

### 17. شەنشى مەسچىتىنى قايتىدىن ياساش ھەققىدە مۇقەددىمە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ دەسلەپكى يىللىرى، ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق جيەنزۈي گازارمىسى قىسقارتىلدى، يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنى خالايدىغان ئەسكەرلەرگە ياردەم پۇلى بېرىلدى، قۇمۇلدا قېلىشنى خالايدىغان ئەسكەرلەرگە «تىرىكچىلىك كەسپى» بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىلدى. قۇمۇلدا قالغان خۇيزۇ ئەسكەرلەر گۇاڭخۇا مەھەللىسىدە كېسەك بىلەن بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىپ، ئۇنىڭدىن ۋاقىتىنچە مەسچىت ئورنىدا پايدىلاندى، كېيىنچە، ما جۇسەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گۇاڭشۇ 19- يىلى (1893- يىلى) پۇل توپلاپ، شەنشى مەسچىتىنى قايتىدىن ياساشقا كىرىشتى. قۇرۇلۇش گۇاڭشۇ 24- يىلى (1898- يىلى) پۈتتى. گۇاڭشۇ 26- يىلى (1900- يىلى) قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانى ۋە توپلانغان پۇل، ئاشلىق، رەخت قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنىڭ سانى گىرۋەكلىك تاختايغا يېزىلىپ تامغا ئېسىپ

قويۇلدى. ياغاچتىن ياسالغان بۇ خاتىرە تاختاي ھېلىمۇ شەنشى مەسچىتىنىڭ ئىچىدە بار.

خاتىرە تاختايغا يېزىلغان تېكىست تۆۋەندىكىچە:

مەسچىتنى قايتىدىن ياساشقا سەرپ قىلىنغا پۇل، ئاشلىق، رەخت، ماتېرىيال ۋە قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشكە مۇقەددىمە.

داغدۇغىلىق دۇئا- تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ھەيۋەتلىك مەسچىت سېلىندى، ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىت سېلىندى، دۇئا- تىلاۋەت قىلىشقا، ئىمان- ئىسلام ئۆگىتىشكە پاك جاي بولۇشى لازىم ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن پاكىز، تىنچ ئورۇن بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ، ئىمان- ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن مەسچىت سېلىش بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەممە جايدا مۇشۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

يۇرتىمىز قۇمۇل گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، مۇھىم جاي، ئۆتكەنكى تارىخلار توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەي تۇرايلى، ھازىرقى ۋەزىيەت ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى: تۇڭجى 12- يىلى زور قوشۇن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقتىن خېلى نۇرغۇن كىشى ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ جيەنرۇي قوشۇنى تەشكىل قىلىنىپ، خاننىڭ كاتتا قوماندانى مىڭ جۈننىڭ قول ئاستىدا قۇمۇلغا كېلىپ جايلاشتى ھەم بۇ يەرنى سوراپ تۇرغىنىغا بىر قانچە يىل بولدى، گۇاڭشۈ 7- يىلى ئۇرۇشنىڭ قالدى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشكەندىن بۇيان، ھەر قايسى قوشۇنلار چېكىندۈرۈپ كېتىلدى، تارقىتىۋېتىلدى، جيەنرۇي قوشۇنىدىن پۇل بېرىپ قايتۇرۇلغانلىكى كىشىلەر خاننىڭ كۆپ شەپقىتىگە ئېرىشتى. يۇرتىغا كېتىشنى خالايدىغانلارغا ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى بېقىش ئۈچۈن پۇل بېرىلدى. بۇ يەردە ماكانلىشىشنى خالايدىغانلارغا ئىش تېپىپ بېرىلدى. يەنە مەسچىت سېلىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، گۇاڭخۇا مەھەللىسىدىن بىر پارچە يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇ شەنشى مەسچىتىنىڭ ئورنى بولۇپ قالدى. ياغاچ ماتېرىيال ۋە ئۇستا ئىشچى تېپىش قىيىن بولغاچقا، ئوبدانراق ياساش كېيىنگە قالدۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىندى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرغىچە 10 نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتتى. بىز ئىگەم ئاللانىڭ پاناھىدا خاتىرجەم ياشاپ كەلدۇق. ماددىي بايلىقمۇ كۆپەيدى. بوران، يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن مەسچىتنىڭ ئۆيلىرى كونىراپ كەتتى، بەك ئۇزاققا چىدىمايدىغاندەك قىلىدۇ.

ئەمدىلىكتە ما جۇسەن بۇ ئىشنىڭ تېگى- تەكتىگە يېتىپ، كونىراپ كەتكەن ئاددىي ئۆيلەردىن پايدىلىنىۋېرىشنى مۇناسىپ كۆرمەي، مەسچىت بىناسىنى يېڭىۋاشتىن سالماقچى بولۇپ، جامائەتنى مەسلىھەت- كېڭەشكە چاقىردى. ھەممە بىردەك ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 19- يىلى ھوشۇر ئاينىڭ ساۋابلىق بىر كۈنى ئۇيۇشمىمىزدىكى لى كەيزۇڭ، ليۇ ۋېنيىڭ ھەم يۇرتداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئىئانە توپلاپ، ماتېرىيال غەملەپ ئىش باشلاشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى. ما جۇسەن قۇرۇلۇشقا نازارەتچىلىك ھەم يېتەكچىلىك قىلدى، ھەتتا كېچىلىرىمۇ دەم ئالماي ئىشلىدى. ئۇ ھېرىپ- چارچاشقا پەرۋا قىلماي، ياغاچ، تاش توشۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئىشلار ئوبدان يۈرۈشۈپ كەتتى. نەتىجىدە مەسچىت ۋە قىرائەتخانا ئۈچۈن بەش ئېغىز ئۆي، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلەرگە بەش ئېغىزدىن يان ئۆي، جەنۇبىي تەرەپتە غەربكە سوزۇلۇپ ئۈچ ئېغىز سەراپ، جەنۇبتىكى يان ئۆينىڭ كەينىگە پارچە- پۇرات نەرسىلەرنى قويىدىغان ئامبار ۋە ئاشخانا ئۈچۈن بەش ئېغىز ئۆي سېلىندى. بىر قوش قوۋۇق، بىر چوڭ دەرۋازا، بىر يان ئىشىك ئېچىلدى، ئىشىك- دېرىزە، كارىدور، تاش پەلەمپەي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەل قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 12 يۈرۈش ئۈستەل، ئورۇندۇق، مېھمان ئۆزىتىشقا يېتەرلىك قاچا- قۇچا تەييارلاپ قويۇلدى. سىر يېتىشمىگەچكە، ئاۋۋال مەسچىتنىڭ قوش قوۋۇقىلا سىرلاندى. 24- يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىگە كەلگەندە، قۇرۇلۇش ئالتە يىلدا تولۇق تاماملاندى، لىم- تۈۋرۈكلەرگە نەقىش ئويۇلۇپ، رەسىملەر سىزىلىپ چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزۈلدى. مەسچىتنىڭ تاملىرى ھەم ئېگىز، ھەم كۆركەم قىلىپ ياسالدى. شەنشى مەسچىتى ئاللاتائالادىن ئامانلىق تىلەيدىغان سورۇن بولۇپ قالدى. ئەمدى جامائەت ئىئانە قىلغان پۇللار، قۇرۇلۇش خىراجىتى، كىرىم- چىقىم قىلىنغان ئاشلىق، پۇل قاتارلىقلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، جامائەتنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل قىياسلارغا چۈشەنچە

بەرمەكچىمەن: ئېھتىرام بىلەن ئۇشبۇ خاتىمە بايان يېزىلدى.

خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى: لى كەيزۇڭ

باشقۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ھەم نازارەتچى: ما جۇسەن

باشقۇرۇش نازارەتچىسى: لىۇ ۋىنىڭ

بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 26- يىلى، يەنى چاشقان يىلى ياز ئېيىنىڭ ئاخىرى مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەن.

**18. شەھەرئىچى سېپىلىنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەققىدىكى خاتىرە مەڭگۈ تېشى**

تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئاللانىڭ پەرمانى بىلەن ھىممەت ۋە ساخاۋەتنى تەرغىب قىلغۇچى ئەبەيدۇللا بەگ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە شەھەرنىڭ زىننىتى ئۈچۈن، بېيجىڭ خان ئوردىسىدىن خەزىنە ئۇستىلارنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ لايىھىلەپ سالدۇردى. مېھىر- شەپقەتلىك ئاللا بەخت ئاتا قىلغاي.

كاڭشى 45- يىلى (1706- يىلى)

**19. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سېلىنىشى ھەققىدىكى خاتىرە مەڭگۈ تېشى**

بۇ مەڭگۈ تاش چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 45- يىلى (1706- يىلى)، ئويۇپ تۇرغۇزۇلدى. ئەسلىدە ئۇ شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

بۇ مەڭگۈ تاشقا قۇمۇلنىڭ 1- ئەۋلاد ۋاڭى ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن خەزىنە ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنى ياساتقانلىقى، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىدا خاتىرە يېزىپ قالدۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

تاشنىڭ ئېگىزلىكى 61 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 79 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىر، تاش ھازىر مۇكەممەل ساقلانماقتا.

تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

پادىشاھلارغا لايىق ئالامەتلەرگە ئىگە، جەمشىتتەك كۆركەم، دارادەك قۇدرەتلىك، باشقىلارغا ياردەم قىلغۇچى مۇھەممەد شاھى بەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا بەگ (ئاللا ئۇنى ھەر ئىككى ئالەمدە ئامان قىلغاي) بېيجىڭ خانىدىن خەزىنە ئۇستىلارنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە شەھەرنىڭ زىننىتى ئۈچۈن بۇ ئالىي ئىمارەتنى بىنا قىلدى.

تارىخىي ھىجرىيە 1118- يىلى (بېلىق يىلى) تامام بولدى.

**20. بۈيۈك چىڭ قۇمۇل يىيۇەن مەڭگۈ تېشى**

بۈيۈك چىڭ يىيۇەن مەڭگۈ تېشى قۇمۇل مەھكىمە باشلىقى يۇ شيەنچىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پومېشچىكلار، ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى ئىئانە قىلىشقا تەشەببۇس قىلىپ يىيۇەننى سالدۇرغاندا تۇرغۇزۇلدى، تۆھپە، ئەخلاق خاراكتېرىنى ئالغان مەڭگۈ تاش، ھازىرغا قەدەر 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

تاشنىڭ ئېگىزلىكى 2.3 مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر، قېلىنلىقى 0.2 مېتىر، ئۈستۈنكى يېرىم قىسمى يېرىم يۇملاق شەكلىدە، پۈتۈن گەۋدىسى ھاسا شەكلىدە. مەڭگۈ تاشنىڭ باش قىسمىغا يېرىم يۇملاق ھالدا مۇڭگۈزسىز ئەجدىھانىڭ يەنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئېرلۇڭشى جۇ» (ئىككى ئەجدىھانىڭ مەرۋايىتنى ئوينىشى) دېگەن قاپارتما نۇسخىسى ئويۇلغان. ئىككى ئەجدىھا ئوتتۇرىسىدىكى لىيەنخۇا گۈلى بەرگىسىگە تىك ھالەتتە كەيشۇ خەت شەكلىدە

«بۈيۈك چىلىك» دېگەن خەت ئويۇلغان. بىر پۈتۈن سۈرەتتىن دەھشەت يېغىپ، ھەرىكىتىدىن كىشىنىڭ قورقىسى كېلىدۇ. مەڭگۈ تاش لەمپىسى شەكلى ئۆزگەرگەن مۇڭگۈزسىز ئەجدىھالار قۇراشتۇرۇلغان نۇسخا بىلەن بېزەلگەن. نەققاشلىق تېخنىكىسى نەپىس، ئورۇنلاشتۇرۇشى پۇختا بولغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان مەڭگۈ تاش مۇكەممەل بولۇپ، مەڭگۈ تاش خېتى 19 قۇر، 573 خەت، ھەر بىر قۇرغا 35 خەت تولۇق يېزىلغان. باشتىكى بەش قۇر خەتنىڭ سۈركىلىپ ئۆچۈپ كېتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان خەتلەرنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. مەڭگۈ تاش تېكىستى كەيشۇ شەكلىدە يېزىلغان، خەتلەر چىرايلىق، تەكشى، رەتلىك، يىغىنچاق ھەم كۆركەم، قەدىمىي. بۇ ئوخشاش بىر دەۋردىكى مەڭگۈ تاشلار ئىچىدە كەمدىن- كەم ئۇچرايدۇ.

تېكىستنى ئۈچ مەزمۇنغا ئايرىش مۇمكىن. 1- قىسىمدا، ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىئانە قىلىپ يىپۇەننى قۇرغان چاغدىكى ئىيگى، كونا مۇلۇكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى؛ 2- قىسىمدا، يىپۇەن ئۈچۈن ئىئانە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسىم- فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان كۈمۈش سانى بايان قىلىنغان. كۈمۈش ئىئانە قىلغانلار 11 كىشى، ئىئانە قىلىنغان كۈمۈش 1122 سەر؛ 3- قىسىمدا، ئىئانە قىلىنغان پۇللارنىڭ كونكرېت ئىشلىنىش ئەھۋالى، يىپۇەننىڭ ھەر يىللىق ئىجارىسىدىن كىرگەن باجىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يىپۇەننىڭ يەر، باغچا خېتى، ئىجارە توختامى تالونى، ئىجارەت كىنىشكىسى قاتارلىقلارنىڭ تورۇۋاتقان ئورنى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلدى. بۇ مەڭگۈ تاش چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 14- يىلى (1888- يىلى) 9- ئايدا تۇرغۇزۇلدى. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ بايقىلىشى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تاش ئويما سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى ۋە قۇمۇلنىڭ شەھەر، يېزىلىرىنىڭ تارقىلىشىنى، پومېشچىكلار، قورۇق ئىگىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

21. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شى ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مەڭگۈ تېشى

1951- يىل 7- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شى ئۆزۈش يىللىرىدا خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاقيەردىكى دايىڭفاڭغا ئۆتىدىغان ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىدا ئىنقىلابىي قۇربانلار باغچىسى قۇرۇپ خاتىرە مەڭگۈ تېشى تىكلىدى ھەمدە ئۆزۈن بېغىشلىما يېزىپ ئويۇپ قالدۇردى (تەپسىلاتىنى مۇشۇ قىسىمنىڭ ئىككىنچى باب، 3 - پاراگراف «باغچا، خاتىرە ئورنى» دا بېرىلدى).

1982- يىلى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئەسلىدىكى ئورنىدا خاتىرە مەڭگۈ تېشى ۋە باغچىنى ياساپ چىقتى. 1983- يىلى، چوكانتال بايرىمىدا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. ئەسلىدىكى مەڭگۈ تاش ھېلھەم ئەسلىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار باغچىسىدا ساقلانماقتا. بېغىشلىمىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىيمىز ئىشچى- دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىدىن بولۇپ، 1927- يىلىدىكى نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن باشلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. قارلىق تاغلار ۋە سازلىقلاردىن ئۆتۈپ، نەچچە ئونمىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى داۋاملاشتۇردى. خەلقنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ كەينىدىنلا ياپون تاجاۋۇزچىلىرى دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلدى، كۈچلۈك دۈشمەن چېگرىدىن بېسىپ كىردى. ۋەتىنىمىز خەۋپ ئىچىدە قالدى، كىشىلەرنى تەشۋىش باستى، قىزىل ئارمىيە 8- ئارمىيىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئارمىيە شەرقتە خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ، شىمالىي جۇڭگودا ياۋۇز ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن سەككىز يىل ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

توساتتىن ئوغرى جياڭ جيېشى خەلقنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ يۆلىشى ئارقىسىدا، 1947- يىل 3- ئايدا، غەربىي شىمالدىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، ئىنقىلابنىڭ مۇقەددەس جايى — يەنئەنگە ھۇجۇم قىلدى. چېگرا رايوندىكى ھەربىي ۋە خەلق ئۆزىنى

قوغداش ئۇرۇشى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شىيىمىز «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قوغداش، ماۋ جۇشىنى قوغداش» تەك شەرەپلىك ۋەزىپە ئالدىدا، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ، تۇنجى جەڭنى يەنئەننىڭ بوسۇغىسىدا باشلىدى. ئارمىيىمىز ئىككى تۈمەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ سەككىز لۈيىگە تاقابىل تۇرۇپ، شەرقتە خۇاڭخېدىن، غەربتە شەنيۈ تاشيولىغىچە بولغان كەڭ لىنىيىدە تەكرار ئېلىشىپ، ئۇدا يەتتە كېچە- كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ، باندىت خۇ زوڭنەننىڭ ھالجىرانە ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، دۈشمەننىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، دۈشمەننى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ، ئاز كۈچ بىلەن نۇرغۇن دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئارمىيىمىزنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى چېگرا رايون خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئارمىيىمىز ئۆزۈن مۇددەتلىك جاپالىق خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئاتلاندى. ماۋ جۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى قورال قىلىپ، كەڭ خەلقنىڭ ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيىنىڭ قوماندانلىقىدا، ھەر قايسى قېرىنداش قىسىملار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيالاردا يۈتكىلىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش پۇرسىتىنى تېپىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەردى، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ، باتۇر، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. چىڭخۇابيەن، ياڭماخېلاردا كەينى- كەينىدىن غەلىبە قىلدى. ساجيادىيەن جېڭى ئارقىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، تاشقى لىنىيىدە ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. يىچۈەن، لوچۈەنلەردە ئارمىيىمىز تۇنجى قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ خىل قوشۇنى ھېسابلىنىدىغان 29- جۈننىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقاتتى، كەينىدىنلا شىفۇدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ باۋجىنى ئىشغال قىلدى. يەنمۇ ئىچكىرىلەپ جېڭخې، ۋېيخې دەريالىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا بېرىپ، چىڭچۈەننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، مۇھىم جاي شىئەننى ئازاد قىلدى. جۇڭنەندىكى تەبىئىي توساقتىن ئۆتۈپ، قايتىدىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مېيشەن ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە خۇ زوڭنەن باندىتلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈچلىرىنى تارمار قىلدى؛ قالدۇق دۈشمەن ساراسىمگە چۈشۈپ، شەنشىنىڭ جەنۇبىغا تۇيلىشىۋالدى. ما بۇفاڭ، ما خۇڭكۈي باندىتلىرى ئالاقزادە بولۇپ، گەنسۇنىڭ شەرقىگە خۇددى چاشقاندەك پېتىراپ قاچتى. ئارمىيىمىز تومۇزنىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، لەنجۇغا قىستاپ كېلىپ، بەش كۈن ئۇرۇشتى. گاۋلانشەن تېغىدا قىزىل بايراق لەپىلدەپ، يىڭپەن چوققىسى ئېتىكىدە ناخشا ۋە داقا- دۇمباق ساداسى ياڭرىدى. چىڭخەيلىك ما بۇفاڭ قوشۇنى تولۇق يوقىتىلىپ، لەنجۇ ئازاد قىلىندى. ئارمىيىمىز ئارام ئالمايلا يەنە نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، خېشى كارىدورىغا يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭغا قىستاپ كەلدى. ئارمىيىمىزنىڭ بايرىقى نەدە كۆرۈنسە، شۇ يەردىكى دۈشمەن تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتتى. پۈتۈن غەربىي شىمال تولۇق ئازاد قىلىندى. شىيىمىز بۈيرۇققا بىنائەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا كېلىپ جايلىشىپ، ئەمدى قورۇلۇش باشلاش ۋاقتى كەلدى دەپ ئويلىغاندى، ئەپسۇسكى، ئويلىمىغان يەردىن شىنجاڭدىكى ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرى يەنە قوزغىلىشقا باشلىدى، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمىيىمىز تېخى يۈك- تاقلىرىنى يەشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، باندىت تازىلاشقا ئاتلاندى. ئۇلار چۆل- جەزىرىلەرنىڭ قۇم- بورانلىرىغا، تاغلاردىكى قار- مۇزلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ توققۇز ئاي جەڭ قىلىپ، ئاراتۇرۇكتىكى 40 كۈنلۈك قوغداش جېڭىنىڭ قەھرىمانلىرى دېگەن بايراقنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرقىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى. باندىتلارنىڭ باشلىقىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، توپىلاڭنى تىنچىتتى.

«ماۋ جۇشىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قوغداش» تىن باشلاپ، پۈتكۈل غەربىي شىمالنى ئازاد قىلغانغا قەدەر ئۆتكەن ۋاقىتنى ئەسلىسەك، شىيىمىز زەربە بېرىش، ھەرىكەتچان جەڭ قىلىش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش، قورشاپ يوقىتىش جېڭى قىلىشتىن تارتىپ، چۆل- جەزىرىلەرنى كېزىپ، تەڭرىتاغنى ھالقىپ ئۆتكىچە، چوڭ- كىچىك بولۇپ، 100 نەچچە

قىتىم ئۇرۇش قىلىپ، بىر قانچە ئونمىڭ دۈشمەننى يوقاتتى، ھەر قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلدى. ئۇلار كېچىكلىكتىن چوڭ بولۇپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ ھەم مۇشەققەتلىك تارىخىي ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقى تولۇق ئازاد بولدى. خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى كۈندىن كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە. يېڭى جۇڭگونىڭ گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا. شېيىمىزدىكى بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. پۈتكۈل كائىنات شادلىققا چۆمۈپ يېڭى تۇس ئالغان پەيتتە، بۈگۈنكى كۈننى قەدىرلەپ، ئۆتكەننى ياد ئېتىشىمىز، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. ئارمىيىمىز دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق جەڭلەردە ئىنقىلابچىلار قۇربان بولۇشتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىنقىلاب ئۈچۈن مول تۆھپىلەرنى قوشۇپ، خەلقنىڭ يېڭى ئەسىرنى ياراتتى. ئىسسىق قانلىرى بىلەن تۈجمەس تارىخىي داستانلارنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇلارنىڭ خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە كۈرەش قىلغان ئۇلۇغۋار جاسارىتى ھەقىقەتەنمۇ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. خەلقئالەمنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدۇ. ھايات قالغانلار ئۇلارنى ئەسلىگەندە، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ پارلاق قىلغاندا، جەڭگىۋار ئىرادىسى قايناپ تاشىدۇ. شېيىمىزدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر سەممىي نىيەت بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ماڭغان يولىدا مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنتېرناتسىئونالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ماۋ جۇشىنىڭ شانلىق بايرىقى ئاستىدا ئالغا باسىدۇ. يەنە ئالغا باسىدۇ! غەلىبە قىلىدۇ، يەنە غەلىبە قىلىدۇ!

مىلادىيە 1951- يىل 7- ئاي

22. ئاراتۇرۇك ئىنقىلابىي قۇربانلار باغچىسى خاتىرە مەڭگۈ تېشى

ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىدە باتۇرلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كومىتېتى بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 1978- يىل 10- ئايدا، ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىدا ئىنقىلابىي قۇربانلار باغچىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بىر يىلدىن ئارتۇق جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق 1980- يىل 4- ئاينىڭ 5- كۈنى بۇ قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى. باغچا ئوتتۇرىسىغا 10 مېتىر ئېگىز، ئىككى مېتىر كەڭلىكتە خاتىرە مەڭگۈ تېشى ئورنىتىلدى. (تەپسىلاتى مۇشۇ قىسىمنىڭ ئىككىنچى باب 3 - پاراگرافتىكى «باغچا، خاتىرە ئورنى» دا بېرىلدى).

خاتىرە مەڭگۈ تېشىنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا بېغىشلىما ئويۇلۇپ، ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىنىڭ جەريانى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ نامى خاتىرىلەندى. بېغىشلىمىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

1949- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ 1- دالا ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- ليەنى ماۋ جۇشىنىڭ «شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى قوغداش» بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاراتۇرۇككە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇپ، پارتىيىمىزنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى چېگرا رايونغا يەتكۈزدى.

شۇ چاغلاردا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالچىسى بولغان ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرى يامان نىيىتىدىن يانماي، ئامېرىكا، جياڭ جيېشى ئىشپىيونلىرىنىڭ پىلانلىشى بىلەن كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭ كۆتۈردى.

ئىككىنچى يىلى 3- ئاينىڭ 29- كۈنى، بىزدىن يەتتە ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بىرگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى.

ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قەھرىمان 2- لىيەندىكى كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز

دۈشمەنگە بولغان كۆچلۈك غەزەپ. نەپرىتى بىلەن قۇربان بېرىش، قان ئاققۇزۇشتىن قورقماي، مەردانىلىك بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ باندىتلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ، 40 كېچە- كۈندۈز چىڭ تۇرۇپ، ئاراتۇرۇكنى قوغداشتەك جەڭ مۆجىزىسىنى ياراتتى. ئىنتايىن مۈشكۈل شارائىتنى يېڭىپ، قىزىل قەلبىنى ھەر مىللەت خەلقىگە تەقدىم قىلىپ، مەردانىلەرچە جەڭ قىلدى، ئاراتۇرۇك دەرياسىدا قەھرىمان جەڭچىلەر ئاققۇزغان قان بىلەن يۇلغۇنلار قىزاردى. غەلىبىيەت چوققىسىدا ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىقى جەۋلان قىلدى. قېرىنداش قىسىملارنىڭ ياردىمىدە، توپىلاڭ تىنچىتىلىپ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. قەھرىمان 2- لېيەنىمىزنىڭ تۆھپىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال ھەربىي رايونى 1- دالا ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، «پولاتتەك قەھرىمان 2- لېيەن» دېگەن نام بېرىلدى، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ئىلھاملاندۇرۇش يۈزىسىدىن تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

ئەسلەپ كۆرسەك ئىگىلىك يارىتىش قىيىن ئىكەن، كەلگۈسىگە نەزەر سالساق مۇساپىمىز يىراق. يۈكسەك ئىززەت- ھۆرمىتىمىز بىلەن قەھرىمانلارنىڭ نامىنى ئويۇپ قالدۇردۇق:

جا فۇگۇي، گو رۇيخۇا، لىۇ جىگدې، جيا گۈيلىن، خې ۋېنسۇي، لۇ شۇۋېن، لىۇ مىگيې، شيۇڭ گۇاگمىڭ، جاڭ جىگتاڭ، لىۇ دېيىڭ، جۇ چاۋجىن، جۇ شاۋتىڭ، لى تەيىڭ، جاڭ جياگلۇڭ، جاڭ ۋىنكۇي، جېڭ شىگدې، لياڭ تىگشېڭ، لىۇ يىگۇا، جياڭ فۇباۋ، ۋاڭ جىنرۇ، شى دېگچياڭ، جەي جياجىڭ، لى جىنتىڭ، چىن دېرۇڭ، ما جەنلىن، چىن دىگكۇي، ياڭ ۋۇچاڭ، گو يۈلىن، بەي لېەنچىڭ، جاڭ باۋلەي، جاۋ ماجۇن، ۋېي يۈلىن، فاڭ شىگخەي، گو ماۋچىڭ، ۋۇ شۆچىڭ، شيا جېنجىن، خۇاڭ يۈچىڭ، لى كەيتەي.

قۇربانلارنىڭ نامى ئەۋلادتىن- ئەۋلادقىچە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كومىتېتى

ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى

مىلادىيە 1978- يىل 11- ئاينىڭ 1- كۈنى

23. قۇمۇل شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ يۈتكەنلىك خاتىرە مەڭگۈ تېشى

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك زېبەر مارشىنى يېزىپ چىقتى. بۇ «قۇمۇل روھى» نىڭ جارى قىلدۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باغچا پۈتۈپ چىققاندىن كېيىن، خاتىرە سۈپىتىدە مەڭگۈ تاش تىكلەندى. بېغىشلىما مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

قۇمۇل قەدىمدە ئېۋىرغول دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان، غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان مۇھىم بازار، ئېچكىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بوغۇزغا ئايلاندى. يىپەك يولىدا كېلىپ كېتىپ تۇرغان سودىگەر، ساياھەتچىلەر كۆپەيدى، تەگرىتاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاچقا، بۇ جاي ھەربىي كۈچلەرنىڭ تالىشىدىغان ئورنىغا، ئاۋات جايغا ئايلاندى. ئۇنىڭ نامى بىكارغا تارقالمىغاندى. ئەمما خارابىلىككە ئايلانغان كونا جەمئىيەتتە ئاۋام ئۆز جېنىنى ساقلىيالمايۋاتقاندا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن نەدىمۇ ئېغىز ئېچىشقا بولسۇن؟ قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقى قىزغىن ئۈمىدتە بولدى. ھۆكۈمەتمۇ باغچا قۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى. 1986- يىلنىڭ باشلىرى، تۈرلۈك خىزمەت تەييارلىقلىرى پۈتۈپ، باغچا قۇرۇش قارار قىلىندى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ، ماددىي ئەشياسى بارلار ماددىي ئەشيا چىقاردى. 7- ئاينىڭ 1- كۈنى يەنە بىر قېتىم سەپەرۋەر قىلىندى. خالىسانە ئەمگەك قىلغۇچىلار ئۆزۈلمەي كەلدى، غەيرەت ھەسسىلەپ ئاشتى. ھەممە ئادەم ئىلغارلىقنى تالىشىدىغان كاتتا مەنزىرە بارلىققا كەلدى. كۆپچىلىكنىڭ كۈچ- قۇدرىتى بىلەن كونا ئىزلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، «ئۆچىتە ئەلا، بىردىن تۆگىنىش» ھەرىكىتىنىڭ ئورتىكىدە خەلق خالىس تۆھپە قوشتى، «قۇمۇل روھى»

ئاجايىپ نۇر چاچتى. مۆلچەرلىنىشىچە، 3- ئايدا 30 مىڭ كۇبمېتىردىن ئارتۇق لاي- لاتقا قېزىپ توشۇلدى. ئارقىدىنلا يوللار ياسىلىپ خىشلار ياتقۇزۇلدى. كوچەت، گۈل- گىياھلار تىكىلدى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆل، سۇئىشى تاملار، ئەگمە كىچىك كۆۋرۈكلەر ياسالدى. كۆركەم، نەپىس مىللىي پەۋاقىغا ئىگە ئالدى. كەينى چوڭ ئىشكلەر، راۋاقلار كەينى- كەينىدىن پۈتكۈزۈلدى. 10- ئاينىڭ 1- كۈنى لېنتا كېسىلدى، 10 مىڭلىغان ئاما غەلىبىنى تەبرىكلىدى.

ھەر قېتىملىق ئىشتىن سىرتقى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، ھەر مىللەت خەلقى باغچىغا كېلىپ گۈل- گىياھلار ئارىسىدا ئايلىنىپ ياكى بۇلاق، كۆل بويلىرىدا كۆلكە- چاقچاقلار قىلىشىپ ئۆتىنگەدىن ھۇزۇرلىنىدىغان بولۇشتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ غەيرەت قوشۇپ، ئەۋلادلارغا بەخت ئاتا قىلغۇسى. غەم- قايغۇدا خەلقنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، راھەت- پاراغەتتە خەلقتىن كېيىن تۇرىدىغان مۇشۇنداق ئىشنى كومپارتىيىدىن باشقا يەنە كىم قىلالايتتى!

باغچا پۈتتى، خاتىرە ئۈچۈن بۇ مەڭگۈ تاش تىكلەندى.

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق باغچىسىنى قۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى

1989- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى

24. قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە مەڭگۈ تېشى

جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە تۆھپە قوشۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇلۇپ، كېيىنكىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن قۇمۇل شەھىرىدە قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە باغچىسى ياسالدى. باغچا ئوتتۇرىسىغا خاتىرە مەڭگۈ تېشى تىكلەندى. (تەپسىلاتى مۇشۇ قىسمىنىڭ ئىككىنچى باب 3 - پاراگرافتىكى «باغچا، خاتىرە ئورنى» دا) بېغىشلىمىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1936- يىلى كۈزدە، جۇڭگو ئىشچى- دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى ئۇزۇن سەپەرنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇردى. 10- ئاينىڭ 25- كۈنى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، قىزىل 4- يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 30- جۈنى غەربتە خۇاڭخېدىن ئۆتتى. ئارقىدىنلا 9- جۈن بىلەن قىزىل 4- يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى ۋە 5- جۈنمۇ خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ نىڭشيا جەڭ ئوپېراتسىيىسى پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا تەييارلاندى . كېيىن دەريانىڭ شەرقىدىكى دۈشمەن ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالغانلىقتىن، نىڭشيا جەڭ ئوپېراتسىيىسى توختىتىپ قويۇلدى. 11- ئاينىڭ 11- كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دەريادىن ئۆتكەن قىسىملارنى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى دەپ ئاتاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. رەھبەرلىك ئورگىنى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيە ھەربىي سىياسىي كومىتېتى دەپ ئاتالدى ۋە چېن چاڭخاۋ رەئىس، شۈ شياڭچيەن مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، خېشى كارىدورىدىكى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق كوماندىر- جەڭچى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي بەش ئايدىن ئارتۇق قانلىق جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، دۈشمەن كۆپ بىز ئاز بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، 1937- يىل 3- ئايدا مەغلۇب بولدى. قالدۇق قىسىملار ئۈچ تارماق ئەترەتكە بۆلۈنۈپ لى جورەن، لى شيەننيەن قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىليەنشەن تاغلىق رايونىغا يۆتكىلىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. ئىككى تارماق ئەترەتنىڭ كۆپ قىسمى چىقىمغا ئۇچرىدى. لى شيەننيەن سول تارماق ئەترەتنى باشلاپ جاپا- مۇشەققەت، خېيىم- خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ 4- ئاينىڭ ئاخىرى شىنجاڭنىڭ شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ بىختەرلىكى، خېيىم-خەتىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، نۇرغۇن قېتىم قۇتقۇزۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى. 1937-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چېن يۈن، يېڭ دېيۈەنلەرنى ۋەكىل قىلىپ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن شىنجاڭغا غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسمى بولغان 420 دىن ئارتۇق ئادەمنى كۈتۈۋېلىپ، قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى.

غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسمى ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيە باش ئارماق ئەترىتى دەپ ئاتالدى. سىرتقا قارىتا يېڭى ئەسكەرلەر يېڭى دېيىلدى. ئۇلار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، جاپاغا چىداپ ئاپتوموبىل، برونېۋىك، توپچى ئەسكەرلەر، تېلېگراف، ئاۋىئاتسىيە، ھەربىي دوختۇرلۇق ھەم ئاخبارات توپلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگەندى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ قىسىم مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا چېگرا رايونىغا قايتىپ كەلدى.

غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىگە قاراشلىق ھەر قايسى قىسملار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەربىيىسىدە ھەمدە جاپالىق كۈرەش جەريانىدا ئاۋۇلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن قەھرىمان قىسىم. ئىنتايىن قىيىن شارائىت ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قىسىملىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىدىكى كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جاپا-مۇشەققەت، خېيىم-خەتەرگە پىسەنت قىلماسلىقتەك قەھرىمانلىق شىجائىتى پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن باتۇرلارچە ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھى كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ھۆرمەتلىشى ھەم خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.

ئۇرۇش جەريانىدا جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بولغانلار مەڭگۈ ھايات!

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە

1993-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى

## §8. مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

1990-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇمۇل تەۋەسىدە بايقالغان قەدىمىي خارابىلىك 200 نەچچىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، نۇقتىلىق ھالدا ئۈچ جايدىكى خارابىلىك، 600 دىن ئوشۇق قەبرىستانلىق قېزىلىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 12 مىڭدىن ئاشىدۇ.

**1. تاش، ساپال، مىس قوراللار**

**تاش ئوتىغۇچ** (ئۇنىڭ شەكلى تۇرنىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش بولغاچقا، تۇرنا تۇمشۇق ئوتىغۇچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ). برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇمى. قۇمۇل تەڭرىتاغ رايونى تۆمۈرتىدىن تېپىلدى.

**تاش چىراغ** (ئومۇمىي گەۋدىسى مايمۇنغا ئوخشىغاچقا مايمۇن چىراغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) باركۆل ناھىيىسى يىغىۋالدى.

**ئىككى رەڭلىك كومزەك** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇمى. قۇمۇل شەھىرى لىنيا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى.

**رەڭلىك ساپال جىلم** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇمى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونى ئېدىر كەنتىدىن

قېزىۋېلىندى.

**رەڭلىك ساپال جام** يېغىلىق — غەربىي خەن سۇلالىسىغا ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل بىگتۇەن دۆرىبەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىندى.

**بۇغا بالىشلىق برونزا پىچاق** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم، قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىدىن يىغىۋېلىندى.

**مىس پالتا** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆيسۇ يېزىسىدىن يىغىۋېلىندى.

**بىر تۇز ساپاقلىق مىس ئەينەك** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى.

**مىس ئەينەك** يىغىلىق — غەربىي خەن دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل بىگتۇەن دۆرىبەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىندى.

**تۆت مىس ئەينەك** يىغىلىق — غەربىي خەن دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل بىگتۇەن دۆرىبەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىندى.

**ئاپتاپپەرەس شەكلىدىكى بۇلۇت ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس ئەينەك** خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل شەھىرىدە يىغىۋېلىندى.

**ئالتۇن ھەل بېرىلگەن مىس بوت.**

**مىس بوت.**

**مىس كۈجىدان** مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل شەھىرىدە يىغىۋېلىندى.

**ئىككى مىس ھالقا** يىغىلىق — غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل بىگتۇەن دۆرىبەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋېلىندى.

**2. كۆن- خۇرۇم، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار**

**يۇڭدىن توقۇلغان كەمزۇل** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم. قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى.

**يۇڭ كەشتە پارچىسى** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى.

**ئۈچ پارچە يۇڭلۇق تېرە** برونزا دەۋرىگە ئائىت بۇيۇم، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى.

**گۈل نەقىش چۈشۈرۈلگەن تېرە خالتا** قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىندى.

## §9. نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى

**1. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى**

ۋىلايەت بويىچە 14 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، تۆت ئورۇن 1957- يىل 1- ئايدا ، تۆت ئورۇن 1962- يىلى، ئالتە ئورۇن 1990- يىلى قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

1957- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلار

جەدۋەل: 30 – 1

| نامى | دەۋرى | ئورنى |
|---|---|---|
| دەرەخلىك مازار | چىڭ سۇلالىسى | ئارائۆرۈك ناھىيە نېرىنكىر قازاق مىللىي يېزىسى |
| لايچۇق قەدىمىي شەھىرى | تاڭ سۇلالىسى | قۇمۇل ناھىيە لايچۇق |
| پوچىڭزى (ئەسكى شەھەر) | تاڭ سۇلالىسى | باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرقىدە |
| داخېي تاڭ شەھىرى | تاڭ سۇلالىسى | باركۆل ناھىيە داخېي يېزىسى |

1962- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلار

جەدۋەل: 30 – 2

| نامى | دەۋرى | ئورنى |
|---|---|---|
| تارانچى خارابىسى | يېڭى تاش قوراللار دەۋرى | قۇمۇل شەھىرى تارانچى |
| قارادۆۋە خارابىسى | يېڭى تاش قوراللار دەۋرى | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىنىڭ ئالتە كىلومېتىر جەنۇبىدا |
| يانبۇلاق خارابىسى | يېڭى تاش قوراللار دەۋرى | قۇمۇل شەھىرى توغۇچى يانبۇلاق كەنتى |
| كارساڭ خارابىسى | يېڭى تاش قوراللار دەۋرى | ئارائۆرۈك ناھىيە نوم يېزىسىنىڭ شەرقىدە |

1990- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلار

جەدۋەل: 30 – 3

| نامى | دەۋرى | ئورنى |
|---|---|---|
| خۇنسەيگۇ خەتلىك مەڭگۈ تېشى | خەن سۇلالىسى | كۆشۈتى ئېغىزىدا |
| شابۇلۇق تاش قۇرۇلمىلىق خارابە | جۇ سۇلالىسى | باركۆل بازىرىنىڭ بەش كىلومېتىر غەربىدە |

| | | |
|---|---|---|
| بوگۇر بۇددا خارابىسى | تاڭ سۇلالىسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ 50 كىلومېتىر غەربىدە |
| قارادۆۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقى | ھازىرغىچە 3200 يىل بولغان | قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسى |
| ئەنجۈمەن قەدىمىي قەبرىستانلىقى | ھازىرغىچە3100 – 3900 يىل بولغان (شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىغا توغرا كېلىدۇ) | باركۆل كۆيسۇ يېزا ئەنجۈمەن |
| ئالتۇنلۇق | چىڭ سۇلالىسى | قۇمۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىسى |

2. ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى

1) قۇمۇل شەھىرى  قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1992- يىل 6- ئاينىڭ 20- كۈنى شەھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 97 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىنى ئېلان قىلدى.

1992- يىلى قۇمۇل شەھىرى بويىچە ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى

جەدۋەل: 30 – 4

| تىپى | | دەۋرى | ئورنى |
|---|---|---|---|
| | يەتتەقۇدۇق ئەپىس تاش قوراللار خارابىسى | يېڭى تاش قوراللار دەۋرى | يەتتەقۇدۇق بازىرىنىڭ شەرقىدە |
| | چاپ شىمالىي بۇددا خارابىسى | تاڭ سۇلالىسى | قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىنىڭ 150 مېتىر شىمالىدا |
| | قومتۇر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى | تاڭ سۇلالىسى | قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شىمالىدا |
| | يالتاق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى | تاڭ سۇلالىسى | قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىنىڭ 1.3 كىلومېتىر شىمالىدا |
| | جاراڭ- جۇزۇڭ ئىبادەتخانىسى خارابىسى | تاڭ سۇلالىسى | قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىنىڭ 500 مېتىر غەربىي شىمالىدا |
| | كىچىك بۇلاق جەنۇبىي بۇددا خارابىسى | تاڭ سۇلالىسى | قارادۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتى |
| | ئاراتام بۇددا خارابىسى | مىلادىيە 7 – 8 - ئەسىر | ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى ئاراتام كەنتى |
| قەدىمىي خارابىلىكلەر | ئويغۇر شەھىرى خارابىسى | ئەمىنىيە – خەن سۇلالىسى | ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى تاشار كەنتىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرقىدە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | ئۇلاتاي خارابىسى | ئەمسىيە ـ خەن سۇلالىسى | ئۇلاتاي يېزا ئۇلاتاي كەنتىنىڭ جەنۇبىدا |
| | كۆكيار خارابىسى | ئەمسىيە ـ خەن سۇلالىسى | غەربىتاغ يېزا كۆكياردا |
| | قالغايتى خارابىسى | شەرقىي خەن سۇلالىسى | قالغايتى كەنتىنىڭ شەرقىدە |
| | بەلچىر خارابىسى | برونزا دەۋرى ـ خەن سۇلالىسى | تەگرىتاغ تۆمۈرتى يېزا غەربىي تۆمۈرتى كەنتى |
| | غەربىي تۆمۈرتى خارابىسى | برونزا دەۋرى ـ خەن سۇلالىسى | تۆمۈرتى يېزا غەربىي تۆمۈرتىنىڭ شەرقىدە |
| | قالماقساي خارابىسى | برونزا دەۋرى ـ خەن سۇلالىسى | قوراي يېزا گۆڭشاڭ كەنتىنىڭ غەربىدە |
| | بەلچىر خارابىسى | برونزا دەۋرى ـ خەن سۇلالىسى | قوراي يېزا قىزىلبېلىرنىڭ غەربىدە |
| | ئىرغايتى كەنت خارابىسى | خەن سۇلالىسى | قوراي يېزا شىلار كەنتىدە |
| | غازىباندۇڭ ئۆتەڭ خارابىسى | چىڭ سۇلالىسى | بۇلۇڭتوغراق يېزىسىنىڭ 45 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى يەندۇڭ داۋىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا |
| قەدىمىي قەبرىستانلىقلار | يار قەبرىستانلىقى | برونزا دەۋرى | قارادۆۋە 7- كەنت 5- ئەترەتنىڭ جەنۇبىدا |
| | لىنيا قەبرىستانلىقى | برونزا دەۋرى | ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق مەيدانى ئىش باشقارمىسى بىلەن يامانسۇ كانىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق باشقارمىسى ھويلىسىدا |
| | توغۇچى قەبرىستانلىقى | دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى | دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى توغۇچى كەنتىنىڭ غەربىدە |
| | ئاراتام قەبرىستانلىقى | تۆمۈر قوراللار دەۋرى | ئاراتام كەنتىنىڭ شەرقىدە |
| | كۆكيار قەبرىستانلىقى | ئەمسىيە ـ خەن سۇلالىسى | غەربىتاغ يېزا تۇرۇكلۇك كەنت |
| | قالماقساي قەبرىستانلىقى | ئەمسىيە ـ خەن سۇلالىسى | قوراي يېزا گوڭگاۋ كەنتى |
| قەدىمىي بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى | يالغۇز تۈيۈن مازىرى | چىڭ سۇلالىسى | تاشبۇلاق يېزا يالغۇز تۈيۈن كەنتىنىڭ غەربىدە |
| | بېگى مەدرىسە | 1905- يىلى | شەھەرئىچى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە |
| | قەيس غوجام مازىرى | 1946- يىلى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ چاھارباغ كەنتىدە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۇرالار | يېڭىگۇندۇن تۇراسى | سىك ــ چىك سۇلالىلىرى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ 20 كىلومېتىر شىمالىدا (شەرقىدىرەك) |
| | چىگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى تۇراسى | چىك سۇلالىسى | قۇمۇل شەھىرىنىڭ 20 كىلومېتىرچە شىمالىدا (شەرقىدىرەك) |
| | دۇگدۇگشەن تۇراسى | تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ | ناشۆبلىق يېزا تۇگۇزلاڭ كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر جەنۇبىدا |
| قىياتاش ئويمىلىرى | ناشار قىياتاش ئويمىلىرى | تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ | ناشار كەنتىنىڭ شەرقىدە |
| | ئۇلاتاي قىياتاش ئويمىلىرى | تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ | ئۇلاتاي كەنتىنىڭ جەنۇبىدا |
| | ئاقچوققا قىياتاش ئويمىلىرى | تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ | ناشۆبلىق يېزا ئاقچوققا كەنتىنىڭ شەرقىدە |
| | ئۇلجال قىياتاش ئويمىلىرى | تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ | ناشۆبلىق يېزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۇلجالدا |
| | موغاي قىياتاش ئويمىلىرى | تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ | موغاي كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا |

2) باركۆل ناھىيىسى 1992- يىل 5- ئاينىڭ 16- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىنى ئېلان قىلدى.

(1) تۇرالار 29 ئورۇندا: باركۆل ناھىيە ئەردۇن كەنتى تۇراسى، تاشباستاۋنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تۇرا، بورۇمباستاۋنىڭ غەربىدىكى تۇرا، ۋۇچاڭغول تۇراسى، بەيگىتۆپە تۇراسى، ئاگىل تۇراسى، ئوتتۇراكۆل تۇراسى، ئۈچكۆل تۇراسى، ئۇلانبىر تۇراسى، قوتۇرشونا تۇراسى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرەپ تەۋەسىدىكى بارلىق تۇرالار.

(2) قەدىمكى خارابىلىكلەر يەتتە ئورۇندا:

شايۇلۇڭ خارابىلىكى: جۇ سۇلالىسى دەۋرى. خۇايۇەن يېزىسى شايۇلۇڭ كەنتىنىڭ شىمالىدا.

كۆلياقا خارابىسى: برونزا دەۋرى. كۆلياقا كەنتى.

ئشەك باستاۋ خارابىسى: برونزا دەۋرى. كۆلياقا يېزىسى ئشەك باستاۋدا.

گۇمباز كۆك تۆپە خارابىسى: برونزا دەۋرى. خوگسەن دېھقانچىلىق مەيدانى گۇمباز كەنتى.

لىجياگۇ غەربىي تۆپە خارابىسى: برونزا دەۋرى. كۈيسۇ يېزا لىجياگۇ كەنتى.

نەنۇمن ئەسكى مۇلاسى خارابىسى: برونزا دەۋرى. كۈيسۇ يېزا نەنۇمن كەنتى.

قارىغول شىمالىي خۇاشتەيزى خارابىسى: برونزا دەۋرى ــ خەن سۇلالىسى. شىرىنزى يېزا قارىغول ئېغىز.

(3) قەدىمكى قەبرىلەر ئۈچ ئورۇندا:

كۈنگەيسۇ شۇگگۇر قەبرىستانلىقى: سۇي، تاڭ دەۋرلىرى. كۆلياقا يېزا شۇگگۇر.

قارىغول شىمالىي خۇاشتەيزى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى قەبرىستانلىق: برونزا دەۋرى ــ خەن سۇلالىسى. شىرىنزى يېزا قارىغول ئېغىز شەرق تەرەپتىكى تاغ باغرىدا.

داچۇەنۇمن كەنت تاش گۆمبەي قەبرىستانلىقى: برونزا دەۋرى ــ خەن سۇلالىسى، شىرىنزى يېزا داچۇەنۇمن كەنتى.

(4) قەدىمكى شەھەر ئورنى ئۈچ يەردە:

باركۆل مەنچېك: چىڭ سۇلالىسى دەۋرى، باركۆل بازىرىنىڭ شەرقىدە.

باركۆل خەنچېك: چىڭ سۇلالىسى دەۋرى، باركۆل بازىرىنىڭ غەربىدە.

ئارتېزىيان قۇدۇقى كەنتى قەدىمكى شەھىرى: دەۋرى تەكشۈرۈلمىگەن. سارچوقا ئارتېزىيان قۇدۇقى كەنتى.

(5) قەدىمكى قۇرۇلۇشلار ئىككى ئورۇندا:

شەنگۇمياۋ بۇتخانىسى، دىزاڭ ئىبادەتخانىسى: چىڭ سۇلالىسى. باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا

بىگگۇ مۇنار خارابىسى: چىڭ سۇلالىسى. باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىگگۇدا.

(6) مەڭگۈ تاش تۆت ئورۇندا:

فۇنگشەن مەڭگۈ تېشى: چىڭ سۇلالىسى. باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا.

دۆلەت ئېلان مەڭگۈ تېشى ①: چىڭ سۇلالىسى. باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى قارىغول ئېغىزىدا.

دۆلەت ئېلان مەڭگۈ تېشى ②: چىڭ سۇلالىسى. باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىگگۇدا.

باۋئەن مەڭگۈ تېشى: مىنگو دەۋرى. باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا.

(7) قىياتاش رەسىملىرى ئۈچ ئورۇندا:

باركۆل تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قىياتاش رەسىملىرى: دەۋرى تەكشۈرۈلمىگەن. باركۆل تاغلىرىدا.

سەككىز سالا قىياتاش رەسىملىرى. دەۋرى تەكشۈرۈلمىگەن. باركۆل ناھىيە سەككىزسالا يېزىسىدا.

ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قىياتاش رەسىملىرى. ناھىيە بازىرىدىن خۇگۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى شىخېزلياڭ ئەترىتلىرى جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ ئالدىدىكى تاشلىقلار ۋە تاغ جىرالىرى، دەريا قىنى دائىرىسىدىكى بارلىق قىياتاش رەسىملىرى.

3) ئاراتۇرۇك ناھىيىسى 1992- يىل 1- ئاينىڭ 15- كۈنى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى 11 ئورۇندا.

(1) ئىنقىلاب ئىزنالىرى ۋە ئىنقىلابىي خاتىرە قۇرۇلۇشلىرى ئىككى ئورۇندا:

ئاراتۇرۇك 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جەڭ خارابىسى غالىبىيەت چوققىسى: 1950- يىلى ئەتىيازدا نام بېرىلدى. ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا.

ئاراتۇرۇك 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭى ئىنقىلابىي قۇربانلار باغچىسى: 1980- يىلى ئەتىيازدا پۈتتى. ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا.

(2) قىياتاش رەسىملىرى ئۈچ ئورۇندا:

ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىكى جەنۇبىستاغ قىياتاش رەسىملىرى: دەۋرى تەكشۈرۈلۈش ئالدىدا. ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا.

قاساپچى جىلغا قىياتاش رەسىملىرى: دەۋرى تەكشۈرۈلۈش ئالدىدا. ئاراتۇرۇك ناھىيە تۇركۆل شىمالىي تاغدا.

ئۆۋالىق قىياتاش رەسىملىرى: دەۋرى تەكشۈرۈلۈش ئالدىدا. ئاراتۇرۇك ناھىيە نېرىنكىر تالابۇلاق مەيدانى.

(3) خارابىلىكلەر ئىككى ئورۇندا:

باي قەدىمكى شەھىرى: چىڭ سۇلالىسى. ئاراتۇرۇك باي يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا.

گىياتاش خارابىسى: يۇرا دەۋرى. ئاراتۇرۇك نوم يېزىسىنىڭ 46 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا.

(4) قەدىمكى قەبرىستانلىقلار تۆت ئورۇندا:

شار ئۆيلەر قەبرىستانلىقى: يېغىلىق مەزگىللىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى — خەن سۇلالىسى. ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە.

بەلچىر كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى قەبرىستانلىق: برونزا دەۋرى، توخۇلۇ يېزا بەلچىر كەنتىنىڭ شەرقىدە.

قوتۇغولدىكى تۇركلەر قەبرىستانلىقى: تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى- كەينى، توخۇلۇ يېزا چارۋىچىلىق فېرمىسى.

ئاداق قەدىمكى قەبرىستانلىقى: برونزا دەۋرى. ئاداقنىڭ شىمالىدا.

# II باب

# سەيلە- ساياھەت، مەنزىرىلىك جايلار

## §1. سەيلە- ساياھەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، سەيلە- ساياھەت مۇلازىمىتى

### 1. ئومۇمىي ئەھۋال

قۇمۇل شەھىرى قەدىمىي، سېھىرلىك ھەم گۈزەل زېمىن. سەيلە- ساياھەت بايلىقى مول،ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئۆتنۇبىرسالىقى ھەم قەدىمىيلىكى بىلەن ئالاھىدە نام ئالدى. مەيلى گۈمانىتارلىق سەيلە- ساياھەت بايلىق مەنبەسى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى تەبىئىي سەيلە- ساياھەت بايلىق مەنبەسى جەھەتتە بولسۇن كۆركەم، رەڭدارلىققا ئىگە، مەنزىرىسى ئۆزگىچە. «شىنجاڭدىكى ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەشكەن»، ئۇ «شىنجاڭ مەنزىرىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى».

قۇمۇل ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئورتاق ئىچىپ تەرەققىي قىلدۇرغان ئىللىق ماكان. جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۇزاق مۇساپىدە، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراستى ئارقىلىق ئوخشىمىغان مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبتىكى مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە مىمارچىلىق ئىجادىيىتى بىلەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ھازىر 217 ئورۇندىكىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان خەن مەڭگۈ تېشى، تاڭ شەھىرى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە سالغان بۇنىڭدىن 3200 يىل ئىلگىرىكى قۇرۇق جەسەت قەبرىستانلىقى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرى خارابىلىرى، يىپەك يولىدىكى يېڭى شىمالىي يول تۇرا خارابىسى بار. بۇتخانىلار ھەممىلا جايغا تارقالغان، باركۆلدىكى بۇتخانىلار شىنجاڭدىكى بۇتخانىلارنىڭ گۈلتاجىسى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مانجۇ، خەنزۇ شەھىرى شىنجاڭ بويىچە مۇكەممەل ساقلانغان. قىياتاش رەسىملىرى، تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا ئۆڭكۈرى تام رەسىملىرى، مازار، ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا سەھنە ئەسىرى قاتارلىقلار بار. يەنە ئاشۇ يىللاردىكى مەڭگۈلۈك «يەر ئاستى سېپىلى» كارىز بار. بۇلار گۈمانىتارلىق سەيلە- ساياھەت بايلىق مەنبەسىنىڭ كۆپ خىللىقى ھەم قەدىمىيلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تەڭرىتاغ قۇمۇلنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. تاغنىڭ جەنۇبىدا قۇملۇق، بوستانلىقلار، تاغنىڭ شىمالىدا ئورمانلىق، يايلاقلار بار بولۇپ، شىنجاڭدىكى جەنۇبىي، شىمالىي تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈرگەن. شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تاغ ئېتەكلىرىدىن تارتىپ تاغ چوققىسىغىچە بولغان تىك تۆۋەن تەبىئىي بەلۋاغدىن قارىغاندا،

ئاھايىتى ئېنىق تۆت پەسىل مەنزىرىسى شەكىللەنگەن. ساياھەتچىلەر قۇمۇلدىن چىقىپلا تۆت چوڭ مەنزىرىنى — قۇملۇق، مۇزلۇق چوققا، ئورمانلىق، يايلاقنى كۆرەلەيدۇ. بۇ يەردە ئاقتاش، سۇمۇشتان، ئاۋازلىق قۇمتاغ (مەملىكەت بويىچە تۆت چوڭ ئاۋازلىق قۇمتاغنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ) بار. ساياھەتچىلەر تاغقا چىقالايدۇ. ئورمانلىق، يايلاق، مۇزلۇق چوققىلاردا ساياھەت قىلالايدۇ. يەنە قۇمدىن سىيرىلىش، مۇز، قار تېيىلىش، ئات چاپتۇرۇش، تۆگە مىنىش قاتارلىق كۆپ خىل تەنتەربىيە، ساياھەت پائالىيىتى ئېلىپ بارالايدۇ. شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك تەبىئىي مەنزىرىسى «تەبىئەت قوينىغا قايتىش» ۋە «ئارامگاھ كەنتى» دە ئارام ئېلىش كويىدا يۈرگەنلەرنىڭ تەلپىنى قاندۇرۇپ، كۆڭلىنى ئاچىدۇ، جەننەت ھوزۇرىنى سۈرىدۇ. ئاجايىپ گىياتاشلار ھەم يېگىدىن ئېچىلغان خەلقئارا ئوۋچىلىق مەيدانى، ياۋدالىك مەنزىرىسى تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ. ئېچكىرىدىن ساياھەتكە چىققان مېھمانلارنى خەلقئارالىق بىرلەشمە تىجارەت قىلىش ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ، موڭغۇلىيىگە سەيلە- ساياھەتكە تەشكىللىگىلى بولىدۇ.

قۇمۇلدا رەڭدار تۈس ئالغان مىللىي ئادەتلەر بار. قۇمۇل رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بەك قويۇق، مىللىي ئادەتلەر ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان. ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرى ناخشا- ئۇسسۇلغا ماھىر. قۇمۇل ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنغان. قازاقلارنىڭ ئاقىن ئېيتىشىشى بەك قىزىقارلىق. باركۆل كۆلى بويىدىكى كىگىز ئۆيلەر، قاراداۋۇدىكى تەبىئىي مىللىي ئۆرپ- ئادەت كەنتلىرىنىڭ ھەممىسى كەم ئۇچرايدىغان قەدىمكى مەدەنىيەت، يەنە مىللىي پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان يېمەك- ئىچمەك، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار بار.

قۇمۇلدا قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش 1980- يىلىدىن باشلاندى. ھازىر ئېچىلغان سەيلە- ساياھەت، مەنزىرىلىك جايلاردىن ئاراتام، باغداش، ئاقتاش، ئالتۇنلۇق، قەيس غوجام مازىرى قاتارلىقلار بار.

ئاقتاش يازلىقى ئارام ئالىدىغان مەنزىرىلىك سەيلە- ساياھەت ئورنى، شۇنداقلا مۇز تېيىلىش ئورنى قىلىنغان كۆڭۈلدىكىدەك غايىۋى جاي. ساياھەتچىلەرنى سەيلى قىلىپ ئۆينىتىپ، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئوتلاق مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

ئالتۇنلۇقتىكى قۇرۇلۇشلار رېمونت قىلىنىپ ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى.

ئاراتام، باغداش مەنزىرىلىك ساياھەت ئورۇنلىرىمۇ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى ئىشلەپ ۋە رېمونت قىلىپ، ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى.

**2. ساياھەت كوپىراتىپلىرى**

**1) قۇمۇل خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى، قۇمۇل جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى** بۇلار 1989- يىلى قۇرۇلۇپ، 1990- يىلى جۇڭگو سەيلە- ساياھەت گۇرۇپپىغا كىردى.

قۇمۇل خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى، قۇمۇل جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى بىر ئورۇن بولۇپ، ئىككى ئىسىم قوللىنىلغان. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى تەستىقلىغان بىردىنبىر ئىككىنچى خىل ساياھەت كوپىراتىپى. ئۇنىڭ قارمىقىدا تاشقى ئالاقە بۆلۈمى، كۈتۈۋېلىش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى ھەم ئاپتوموبىل ئەترىتى تەسىس قىلىندى. ئېنگلىزچە، ياپونچە، رۇسچە ھەم خەنزۇچە ئورتاق سۆزلىيەلەيدىغان ساياھەت يېتەكچىلىرى بار. ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان ھەر خىل بەلگىلىك ئاپتوموبىللار بولۇپ، جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مېھمانلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ، جۇملىدىن قۇمۇلنىڭ شەھەر مەنزىرىسىنى ساياھەت قىلدۇرالايدۇ، قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەرنى تەكشۈرۈشكە، يايلاق مەنزىرىسىنى ساياھەت قىلىشقا، مىللىي ئۆرپ- ئادەتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئېلىپ بارالايدۇ. ئارامگاھلاردا دەم ئېلىش، ئات مىنىش، تاغقا چىقىش، يېپەك يولىدا ئاپتوموبىللىق موتىسىكلىتلىق، ۋېلىسىپىتلىك، پىيادە ساياھەت

قىلىش ۋە ئۇۋۇ ئۇۋلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلالايدۇ.

قۇمۇل خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى، قۇمۇل جۇڭگو ساياھەت كوپىراتىپى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن تۈرلۈك ساياھەت كوللېكتىپىنى كۈتۈپ كەلگەن بولۇپ، مۇلازىمەت ئېڭى، سۈپىتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن تۈرلۈك ساياھەت تەشكىلى (تەشكىلاتلار، كوپىراتىپلار) ۋە مېھمانلارنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

2) **قۇمۇل مەنزىرە ساياھەت كوپىراتىپى** قۇمۇل مەنزىرە ساياھەت كوپىراتىپى 1992- يىلى 11- ئايدا قۇرۇلدى. ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سەيلە- ساياھەت قىلىشقا تەشكىللەيدىغان، كۈتۈۋالىدىغان كارخانا. ئۇنىڭ قارمىقىدا دىرېكتور ئىشخانىسى، تاشقى ئالاقە بۆلۈمى، پىلانلاش- ئورۇنلاشتۇرۇش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى ۋە كۆپ خىل تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن ئىنگلىز، رۇس، ياپون ۋە يەرلىك تىل قاتارلىق كۆپ خىل تىللاردا سۆزلىيەلەيدىغان تەرجىمانلار قوشۇنى ھەمدە ئىمپورت قىلىپ كىرگۈزۈلگەن تۈرلۈك بولكىۋاي، دالا ئاپتوموبىللىرى، پىكاپ قاتارلىق كۈتۈۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار بار. يۇقىرىقىلار ئارقىلىق قۇمۇلغا ساياھەتكە كەلگەن جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ساياھەتكە يېتەكلىگىلى، ساياھەت قىلىشقا مەسلىھەت بەرگىلى، ئاپتوموبىللارنى كىرا قىلىپ بەرگىلى، كېلىپ كېتىش ئايروپىلان (ئاپتوموبىل) بېلەتلىرىنى ئالدىن زاكاز قىلغىلى، يۈك- تاقلىرىنى ئامانەت قويۇش، يۆتكەش (ئېلىش) رەسمىيەتلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەرگىلى، مېھمانخانىلارغا، تاماقخا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ كوپىراتىپ ئاساسلىقى قۇمۇلدىن ئاقتاشقىچە (بىر، ئىككى كۈنلۈك) ساياھەت؛ قۇمۇلدىن دۇنخۇاڭغىچە (ئۈچ كۈنلۈك) ساياھەت؛ قۇمۇلدىن تۇرپانغىچە (ئۈچ كۈنلۈك) ساياھەت، قۇمۇل مىللىي ئۆرپ- ئادەت (بىر كۈنلۈك) ساياھىتى (ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىرىنى زىيارەت قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا- ئۇسسۇللىرى، ئالتۇنلۇق، قەيس غوجىلىم مازىرى) بار. يەنە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇۋۇ ئۇۋلاشقا تەشكىللەش قاتارلىق ئالاھىدە ساياھەت تۈرلىرىنى يولغا قويدى.

3) **قۇمۇل شەھەرلىك ياشى ساياھەت كوپىراتىپى** بۇ كوپىراتىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلدى، ئۇ تولۇق كاپالەت سوممىسىنى تاپشۇرغان مەملىكەت ئىچىدىكى ساياھەت كوپىراتىپى، قۇمۇل شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسىغا قارايدۇ. ياشى ساياھەت كوپىراتىپىدا خىل كەسپىي خادىملار، يۇقىرى سەۋىيىلىك كەسپىي ساياھەت يېتەكچىلىرى بار. ئۇنىڭ قارمىقىدا تاشقى ئالاقە بۆلۈمى، پىلانلاش- ئورۇنلاشتۇرۇش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى بار. گۈزەل ئاقتاش مەنزىرىلىك رايونىدا 120 كىشىنى قوبۇل قىلالايدىغان، قويۇق مىللىي ئۆرپ- ئادەت ۋە يايلاق مەنزىرىسى مۇجەسسەملەشكەن ساياھەت ئارامگاھى ــــ سۇگىمنىڭ ساياھەت ئارامگاھى بار.

4) **قۇمۇل تۆمۈريول ساياھەت كوپىراتىپى** بۇ كوپىراتىپتا ئۈنۈملۈك بۆلۈم، پىلان- ئالاقە بۆلۈمى، ۋاگون بۆلۈمى، پىلان- مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تۆمۈريول ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ ساياھەتچىلەرنى باركۆل، سۇمۇشتان، ئاۋازلىق قۇمتاغلارغا بىر كۈنلۈك ساياھەتكە، دۇنخۇاڭغا ئىككى كۈنلۈك ساياھەتكە، قۇمۇل ئېكسپېدىتسىيىگە بىر كۈنلۈك ساياھەت، قۇمۇل ئۆرپ- ئادەتلىرىگە بىر كۈنلۈك ساياھەت، بېيجىڭگە 10 كۈنلۈك ساياھەتكە تەشكىللىيەلەيدۇ.

### 3. ساياھەت مېھمان- سارايلىرى

1) **قۇمۇل ۋىلايەتلىك مېھمانخانا** 1976- يىلى، بۇ مېھمانخانا ئەسلىدىكى مېھمانخانا ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ياسالدى، ھازىر دەرىجىسى ئىككى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىغا ئۆستۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك مېھمانخانا دەل- دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان شەھەر رايونىدىكى شەرقىي ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى تەخمىنەن 50 مو كېلىدۇ. مۇھىتى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ. 1990- يىلى، مېھمانخانىدا مېھمانخانا بۆلۈمى، ئاشخانا بۆلۈمى، ئېنېرگىيە بۆلۈمى مالىيە

بۆلۈمى ھەم مەمۇرىي ئىشخانا بار ئىدى. سېلىنغان ئۈچ يۈرۈش كۆتۈرۈلۈش بىناسىدا ئالىي، ئوتتۇرا، ئادەتتىكى مېھمانخانا ئۆيىدىن 164 ئېغىز، 474 كارىۋات بار. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىچكىرى- تاشقىرىلىق ئۆي، ئۆلچەملىك ئۆيدىن 89 ئېغىزى بار. مېھمانخانا ئىچىدە مىللىي، خەنزۇچە ۋە كېچىلىك ئاشخانىدىن چوڭ- كىچىك سەككىزى بار. 700 دىن ئارتۇق ئادەم بىرلا ۋاقىتتا غىزالىنالايدۇ. يەنە ناخشا- ئۇسسۇل زالى، پائالىيەت ئۆيى ۋە چوڭ- كىچىك مەجلىسخانىلار بار. مېھمانخانا ئىچىدە يەنە كىچىك دۇكان، يۈك- تاق ئامانەت قويۇش، ئاپتوموبىل ، ۋېلىسىپىت ئىجارە بېرىش، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى تەسىس قىلىندى. 100 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل قويىدىغان مەيدانى بار. مېھمانخانا ئۆيلىرىنىڭ مۇئەسسەسلىرى تولۇق، تېلېفون، سىملىق تېلېۋىزورلار سەپلەنگەن. ئىچكىرى- تاشقىرىلىق ئۆي، ئۆلچەملىك ئۆيلەردە سۇخانىلار بار. ئىسسىق سۇ ۋە يۇيۇنۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

2) قۇمۇل قاتناش مېھمانخانىسى    قاتناش مېھمانخانىسى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىي چىقىش ئېغىزىدىكى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا، دۆلەت يولى 312- لىنىيىسى بىلەن ئۆلكە يولى، قۇمۇل — باركۆل يولى كېسىلەشكەن جايغا سېلىنغان.

مېھمانخانىدا ئالاھىدە ياتاق، ئۆلچەملىك ياتاق، ئادەتتىكى ياتاقلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 110 ئېغىز ئۆي، 330 كىشىلىك كارىۋات بار. ئالاھىدە ياتاق، ئۆلچەملىك ياتاقلارنىڭ سۇخانىسى، تېلېۋىزور، پروگراممىلىق تېلېفون، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىق مۇئەسسەسلىرى بار. 1- قەۋەتتىن 4- قەۋەتكىچە ھاراق، تاماكا، كۈندىلىك بۇيۇملار ساتىدىغان ماگىزىن، قەھۋەخانا، مۇسىن تۈزەش زالى، سوغۇق ئىچىملىك ئىچىش بۆلۈمى، مۇسۇلمانچە، خەنزۇچە تائاملار زالى، ناخشا- ئۇسسۇل زالى، سىنئالغۇ قويۇش زالى، ئۈچ ئالىي دەرىجىلىك زىياپەت زالى ۋە چوڭ- كىچىك يىغىن زاللىرى تەسىس قىلىنغان.

مېھمانخانىدا يەنە كىچىك يۈك- تاقلارنى ئامانەت قويۇش، تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە يىغىن ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىتلارنى ئارىيەتكە بېرىش، بىۋاسىتە ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى ۋاكالىتەن بىجىرىش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان.

3) خۇاييۇ مېھمانخانىسى    خۇاييۇ مېھمانخانىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان تاشقى ساياھەت مېھمانخانىسى. ئالاھىدە ياتاق ئۆي، ئۆلچەملىك ياتاق، ئۈچ كىشىلىك، تۆت كىشىلىك ياتاق ئۆيلەردىن 50 يۈرۈش بولۇپ، 130 كارىۋات بار. ياتاقلاردا رەڭلىك تېلېۋىزور، پروگراممىلىق تېلېفون، ھاۋا تەڭشىگۈچ بار. ھەر قايسى قەۋەتلەردە كىچىك تىپتىكى يىغىن زاللىرى، كۆپ ئىقتىدارلىق ئوتتۇرا تىپتىكى يىغىن زالى بار، 350 ئادەم سىغىدۇ. تاماق بۆلۈمىدە ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئايرىم خانىلار تەسىس قىلىنغان. ئۈستەللەرنى كۆتۈرە ئېلىشقا بولىدۇ. مۇسۇلمانچە ۋە خەنزۇچە دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن، بىرلا ۋاقىتتا 250 ئادەم غىزالىنالايدۇ. ئالىي، ئوتتۇرا، ئادەتتىكى زىياپەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئالدىن زاكاس قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، يەنە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتلەردىن ناخشا زالى، قەھۋە ئىچىش زالى، سېتىۋېلىش مەركىزى، مۇسىن تۈزەش زالى، كارا OK زالى تەسىس قىلىنغان. قوشۇمچە يەنە كىر يۇيۇش، پوچتا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، ئاپتوموبىل كىرا قىلىش، تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش، يىغىن مۇلازىمىتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. بۇ مېھمانخانىنىڭ دەرىجىسى ھازىر بىر يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

4) تۇلپار مېھمانخانىسى    بۇ مېھمانخانا ئاۋات جايغا جايلاشقان، قاتنىشى قۇلايلىق. ئاساسىي بىنا ئالتە قەۋەتلىك، شەكلى يېڭى، ھەيۋەتلىك. بىنانىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. 80 ئېغىز ياتاق ئۆي، 208 كىشىلىك كارىۋات، 16 يۈرۈش ئۆلچەملىك ياتاق بار. ياتاقلاردىكى مۇئەسسەسلەر تولۇق، ھەر بىر قەۋەتتە مەجلىسخانا بار. مېھمانخانىدا بوتكا، شىپاخانا، ئاپتوموبىل ۋە ۋېلىسىپىت ئىجارە بېرىش، بىۋاسىتە تېلېفون، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل بىلەتلىرىنى ۋاكالىتەن بىجىرىش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان. قوشۇمچە بىنادا 300 كىشى

غىزالىنالايدىغان رېستوران بار. زىيابەتلەرنى كۆتۈرە ئالىدۇ. ماگىزىنىدا 10 مىڭ خىلدىن ئارتۇق تۈرلۈك تاۋار سېتىلىدۇ. ئۇ قۇمۇلدىكى ئۇنىۋېرسال سودا سارايلىرىنىڭ بىرى.

1987- يىلى تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان، مېھمانخانا مۇلازىمەتتە ئەلا، ئىشەنچلىك، باھادا ۋاپىق بولغانلىقتىن، ھەر يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى زاۋۇت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن بولۇپ كەلدى. بۇ مېھمانخانا قۇمۇلدىكى يېيىش، ئىچىش، يېتىش- قونۇش، سودا- سېتىق بىرگەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال مېھمانخانىلارنىڭ بىرى.

5) مەرھابا مېھمانخانىسى بۇ مېھمانخانا قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تەڭرىتاغ يولىدىكى ئاۋات جايغا جايلاشقان. ئۇنىڭدا كوللېكتىپ غىزالىنىش (شىنجاڭ تائاملىرى)، كۆڭۈل ئېچىش، ساياھەت، سودا ئىشلىرى، ھۆسن تۈزەش، ساغلاملىق، KTV لىق ئايىمخانا، ناخشا- ئۇسسۇل زالى، ياتاقخانا قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال ھەشەمەتلىك مېھمانخانا. ئۈزگىچە قەدىمكى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا ئىگە، ھەشەمەتلىك، ئۈلچەملىك ياتاقلىرى بولۇپ، 100 كىشىلىك كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىككى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بولۇپ باھالاندى.

6) جاغدا مېھمانخانىسى بۇ مېھمانخانا شىمالىي ۋەتەنپەرۋەرلىك يولىغا جايلاشقان. شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارىمىقىدىكى «كۆزنەك» كارخانا. ئىككى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا، مېھمانخانىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئالتە قەۋەتلىك بولۇپ، لىفت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 78 ئېغىز ياتىقى، 178 كىشىلىك كارىۋات بار.

7) سودا مېھمانخانىسى بۇ مېھمانخانا قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىي جۇڭشەن يولىغا جايلاشقان. ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە. ئاساسىي بىنا بەش قەۋەتلىك، 70 ئېغىز ياتىقى، 156 كىشىلىك كارىۋىتى بار. ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىككى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بولۇپ باھالاندى. مېھمانخانا ياتاقلىرى، زالى، ئۇسسۇل زاللىرى ئۈزگىچە، مۇھىتى كۆركەم.

## §2. تاغ- دەريالار مەنزىرىسى

تەبىئەت قۇمۇل بوستانلىقىغا ھەيۋەتلىك قارلىق تاغ چوققىسى، قويۇق ئۆسكەن قارىغايزارلىق، بىپايان يايلاق، سىرلىق تاغ سۈيى ۋە كۆل- چېچەك دېڭىزى ئاتا قىلدى. قارلىق تاغ، يايلاق، ئورمانلىق، قۇملۇق بىرگەۋدىلىشىپ كەتكەن يايلاق مەنزىرىسى شىمالىي جۇڭگو چېگرىسىدىكى ئۈزگىچە كۆچلۈك، يىراق، قىزغىنلىقىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن. يەنە ئالتۇندەك تەبىئىي گۈزەللىك يىراقتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە يېڭىچە تۇيغۇ ئاتا قىلدى.

### 1. جۇڭگو شىنجاڭ قۇمۇلدىكى تەڭرىتاغ مەنزىرىلىك ساياھەت ئورۇنلىرى

بۇ مەنزىرىلىك ساياھەت ئورنى بەش مەنزىرە نۇقتىسىدىن تەركىب تاپتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنزىرىلىك جاي.

1) تەڭرىتاغ بۇتخانىسى مەنزىرە نۇقتىسى ئۇ، قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ 60 نەچچە كىلومېتىر شىمالىدىكى شەرقىي تەڭرىتاغ چوققىسىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 2800 مېتىر ئېگىز. بۇ جاي ئەلمisاقتىن بۇيان، قۇمۇلدىن باركۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلارغا بېرىشتا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول بولۇپ كەلدى. بەر شارائىتى بەك خەتەرلىك، تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى «خېيگەنلىك» (قاراتاغ) دەپ ئاتىلىپ كەلدى. يۈەن، مىڭ دەۋرلىرىدە «كوجېتۇلىڭ» (موگغۇلچە مەنىسى مەڭگۇ تاش) دەپ ئاتالدى.

تەڭرىتاغ بۇتخانىسى ئەسلىدە «گۇەندىمياۋ»، بۇرۇنقى نامى تەڭرىتاغ گۇەندىمياۋ بۇتخانىسى. بۇ بۇتخانا ئەڭ دەسلەپتە تاڭ دەۋرلىرىدە ياسالغان، كېيىنچە تەدرىجىي ۋەيران بولۇپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرى

قۇمۇل ئاغلاقچى خان ئامبىلى ۋېنلىك قۇمۇل — باركۆل يولىنى كېڭەيتىپ ياساش ئۈچۈن تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى تاغنى ئېچىپ، يول ياساشقا ئەۋەتتى ھەمدە تەڭرىتاغ ئۈستىگە گۇەندىياۋ بۇتخانىسىنى يېڭىۋاشتىن ياساتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر تەڭرىتاغ بۇتخانىسى دەپ ئاتاپ ئۆگىنىپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8- يىلى (1882- يىلى)، قۇمۇل ئاغلاقچى خان ئامبىلى مىڭ چۈن بۇتخانىنى قايتىدىن ياساتتى. قايتا ياساتقاندىن كېيىنكى بۇتخانا مەڭگۈ تېشى ھېلىھەم مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە.

باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ بۇتخانا يېنىدا ئەسلىدە بىر كىچىك ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە خەن، تاڭ مەڭگۈ تاشلىرى، شۇنىڭدەك چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئورغۇن قىياتاش رەسىملىرى قويۇلدى. داڭلىق تاڭ دەۋرىدىكى «جياڭ شىنبىڭ مەڭگۈ تېشى» مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

بۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسىدىكى فاڭ شىجىنىڭ «شەرققە قايتىش خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: ئەسلىدىكى بۇتخانىدا مەسنەۋىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق جۇغراپىيە ئالىمى شۇ سۇڭ يازغان مەسنەۋىنىڭ باش قىسمىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «خوجىلارنىڭ ھەيۋىسى تەڭرىتاغنى تەۋرەتكەن، ئىلىم- ھېكمەت بابىدا كامال تاپقاچ كارامەت»، ئاياغ قىسمىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «نەدە قالدى يۇرت- ماكان، ئايۋان- ساراي قورغانلار، سۈرۈشىدۇ ئەرۋاھلار سارايلاردا پاراغەت، مەڭگۈ تاشلار گۇۋاھچى جەبىر- جاپا كۆلپەتكە، ساقلىنىدۇ ئۆتمۈشكە شاھىد بولۇپ تائەبەت». بۇنىڭدىن مۇشۇ بۇتخانىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىلگىرى، بۇتخانىدىن باشقا يەنە يىلان ئۆي، «ئىستىقامەت ئۆيى»، «پەرھىز ئۆيى»، «ئاشخانا ئۆيى» قاتارلىق قوشۇمچە قۇرۇلۇشلار بولۇپ، تەڭرىتاغدىن ئۆتكەن يولۇچىلار مۇشۇ جايدا ۋاقىتلىق قار- بوراندىن پاناھلىناتتى.

تەڭرىتاغ بۇتخانىسىنىڭ يەر شەكلى ئېگىز، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇپ سوغۇق، ھاۋارايى ئۆزگىرىشچان؛ بەزىدە ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئايلىنىپ يۈرسە، كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقىچە قارا بۇلۇتلار باستۇرۇلۇپ كېلىدۇ، سوغۇق شامال غۇيۇلداپ چىقىپ تۇرىدۇ؛ بەزى چاغلاردا سۈزۈك ئاسماننى بىردىنلا بۇلۇتلار قاپلاپ قار- يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ؛ ھەش- پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئادەم چۈشىنىپ بولالمايدىغان بۇ خىل ئەھۋال كىشىنى ئاسمان قەھرىدىكى ئاجايىپ خىيالىي تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇتخانا ئالدىدىن تۆۋەنگە ئېگىلىپ قارىغاندا، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلان باغرى ئەگمە يوللار، قويۇق ئۆسكەن ئورمانلار، قۇمتاغ، يايلاق، ئۆيلەر، ئىس- تۈتەكلەر، قوي پادىلىرى قاتارلىقلار نامايان بولىدۇ. بۇ كارتىنىلارمۇ ئادەمنى ئىختىيارسىز ھالدا تەگرى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تەسەۋۋۇرغا باشلاپ كىرىدۇ. ياز كۈنلىرى بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن، ئادەمدىكى ھارغىنلىقلارنى تۈگىتىپ، كۆڭلى- كۆكسىنى كۆتۈرۈپ قويىدۇ.

2) سۇمۇشتان مەنزىرە نۇقتىسى    بۇ مەنزىرە نۇقتىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تەرىپى، قۇمۇل، ئاراتۇرۇك، باركۆل ناھىيىلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 0.4℃، 6- ئايلاردا دائىم دېگۈدەك قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ تۇرىدۇ. 9- ئايلاردا قىرو چۈشىدۇ. سۇمۇشتان يۈك توشۇش ئاساس قىلىنغان ھەربىي ئاتنىڭ يېڭى نەسلى — ئاراتۇرۇك ئېتى يېتىشتۈرۈلىدىغان جاي.

سۇمۇشتان، يىل بويى چوققىلىرىدا قارلار ئېرىمەيدىغان، تاغ قاپتىلىدا ھەم جىلغىلاردا ئوت- چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ تۇرىدىغان، قارىغايزارلىقتىكى قارىغايلار شامالدا شاۋقۇن چىقىرىپ، ئات، بۇغىلار ئويناقلاپ، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، ياۋاگۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان، كىشىلەر سەيلە قىلىپ، تومۇزدىن ساقلىنىدىغان مەنزىرىلىك جاي. قىش پەسلىدە بولسا، ھەممە جاي ئاق لىباس كىيىدىغان، قار تېيىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك سورۇن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر خۇڭ لياڭجى بۇ جايدىن ئۆتكەندە، كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان «سۇمۇشتان قارىغايلىرى ناخشىسى» نى يازغان.

تاغ شامىلىدا لەرزان سىلكىنىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان سۇمۇشتان قارىغايلىرى ۋە ئۇنىڭغا ھەمسادا بولغان جىلغىلاردىن

چىققان ئاۋازلار بەك بەلەن ئاڭلىنىدۇ.

بولۇق ئۆسكەن قارىغايزارلىقتا چىپار بۇغىلار، قىزىل تۈلكىلۈك تۈلكىلەر، ياۋاچوشقا، توشقان قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ياز پەسلى يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا ئېچىلغان چاغلاردا قارىغايزارلىقتىكى ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان موگۇلار سانسىزلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

سومۇشتانىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى بار. قەدىمكى دەۋرلەردە، بۇ يەردە ئۆتەڭ، تۇرالار قۇرۇلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمرلەشكەر رىن شاڭ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جياڭ شىڭجىنلار بۇ يەردە ئاجايىپ جەڭ تۆھپىلىرىنى ياراتقان. سومۇشتانىڭ شىمالىي تەرىپىدە ساپال كۆيدۈرگەن خارابىلىكلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ساپال قالدۇقلىرى ئۈستىدىكى گۈل نەقىشلىرى، شەكىللىرى شىئەن بەنپۇ خارابىلىكىدىكى ساپال پارچىلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنە بىر جايدا، چوڭ تىپتىكى تاۋلاش خارابىلىكى بار. يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ سانغۇن يۈجۇڭچى مۇشۇ ئەتراپلاردا ھەربىي ئات فېرمىسى قۇرغان.

1984-يىلى، بۇ يەردە تاغ ئۈستى مۇز تېيىلىش مەيدانى قۇرۇلدى. ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر مەيدانى 46 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 400 مېتىرلىق ئۆلچەملىك سۈرئەتتە مۇز تېيىلىش مەيدانىدىن ئىككىسى بار. بۇ ئىككى مەيدان قار ئۈستىگە ئورنىتىپ قويۇلغان ئىككى دانە ياقۇتتەك كۈمۈش نۇرىنى چېچىپ چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە، مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە مەخسۇس تەڭرىتاغدىكى بۇلاق سۇلىرىنى مۇز مەيدانىغا باشلاپ كېلىدىغان سۇ تۇرۇبىسى بار. مۇز يۈزى خۇددى ئەينەكتەك سىلىق، مۇز سۈپىتى ياخشى، تېيىلىش گرادۇسى چوڭ، بۇلغىنىش يوق. بۇ يەر جەنۇب تەرەپتە باركۆل بىلەن تۇتىشىدۇ. تاغ قاپتاللىرىدا قارىغايلار قېلىن ئۆسكەن بولۇپ، بىر قات يېشىل توساقنى شەكىللەندۈرگەن. ھاۋا كىلىماتى يېقىملىق، شامال كۈچى زور ئەمەس، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، دېڭىز يۈزىدىن يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما تەنھەرىكەتچىلەرگە ئېگىز كەلمەيدۇ. بۇ خىل شارائىت تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق. دۇنياۋى تېز سۈرئەتتە تېيىلىش ماھىرى يې چياۋبۇ ئىلگىرى بۇ يەردە مەشىق قىلىنغان ھەمدە 1986-يىلى دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك تېز سۈرئەتتە تېيىلىش چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇڭا، مۇتەخەسسىس، تېرېنېرلار سومۇشتان مۇز تېيىلىش مەيدانىنى مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق چاڭبەيشەن تاغ ئۈستى مۇز مەيدانى، شىنجاڭ بۇغدا تاغ ئۈستى مۇز مەيدانىدىن كېيىن بايقالغان يەنە بىر كۆڭۈلدىكىدەك تاغ ئۈستى مۇز مەيدانى، دەپ بېكىتتى.

3) ئاۋازلىق قۇمتاغ مەنزىرە نۇقتىسى   بۇ تاغ قۇمۇل شەھىرىنىڭ 70 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. باركۆل، ئارانۇرۇك ناھىيىلىرى چېگرىلىنىدىغان جايدا. كەڭرى كەتكەن ياپيېشىل ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 35 – 115 مېتىر كەڭلىكتە، كۋارتس، دالاشپاتى قاتارلىقلار دۆۋىسىدىن ھاسىل بولغان ئاجايىپ بىر قۇمتاغ بار. بۇ تاغ ئۇزۇنچاق شەكىلدە بولۇپ، شەرق تەرىپى تىك، غەرب تەرىپى يانتۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1930 – 2163 مېتىر ئېگىز. بىر كىچىك ئۈستەڭ تاغ ئېتىكىنى بويلاپ ئەگىپ ئۆتىدۇ.

بۇ تاغنىڭ كىشىنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، ھەر قېتىم كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا، تاغ ئىچىدىن تۈرلۈك ئاۋازلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. بۇ خىل سادالار خۇددى بىرى قالۇن چېلىۋاتقاندەك، يەنە پادىچى بالا يېنىك نەي چېلىۋاتقاندەك، بەزىدە يۇقىرى ھەم جىددىي، بەزىدە لەرزان، كۈچسىزدەك ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئاۋازلار بەزىدە غۇۋا، بەزىدە ئېنىق ھەم تەسىرلىك، بەزىدە ھەتتا تارلىق چالغۇلار تەڭكەش قىلىنىپ، داقا-دۇمباقلار چېلىنىپ، تۈمەنىڭ ئارغىماقلار تاراسلاپ چېپىپ كېتىۋاتقاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار چىقىدۇ. بۇ خىل ئاجايىپ ئاۋازلار يۈز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كىشىلەرگە تىلسىماتتەك تۇيۇلۇپ كەلدى.

تارىختا خاتىرىلىنىشىچە: خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە، ئېبۇرغولدىكى ئەمرلەشكەر ماۋكەي 500 ئەزىمەتنى باشلاپ

مۇشۇ يەردە هونلار بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر مەيدان قانلىق جەڭ قىلغان. نەتىجىدە، ئۆزىدىن كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي ئۈزۈل- كېسىل مەغلۇپ بولغان. يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاۋازلىق قۇمتاغ ھەققىدە كىشىلەر ئارىسىدا تۈرلۈك رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەلمەكتە. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئېۋۇرغول ئەمىرلەشكىرى پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ھالاك بولغاندىن كېيىن، روھى ئۆلمەي، قانلىق ئار- نومۇسقا چىدىماي، يېڭىۋاشتىن جەڭ قىلىشقا قەسەم ئىچىپ، كېچە- كۈندۈز توختىماي مەشىق قىلىدىكەن، شۇڭا قۇمتاغدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلار مۇشۇ سەۋەبتىنكەنمىش. ئازادلىقتىن كېيىن، ئارخېئولوگلار قۇمتاغ تېگىدىن قەدىمكى دەۋرلەردىكى قورال- ياراغلار، مەسىلەن، ئېگەر، جەسەت سۆڭەكلىرى قاتارلىقلارنى تېپىپ چىقتى.

ئاۋازلىق قۇمتاغدىكى ئاجايىپ ئاۋازلار بىر خىل فىزىكىلىق ھادىسە. ئۇ، قۇم دانىچىلىرىنىڭ تەۋرىنىپ، ئۆزئارا سۈركىلىپ، سوقۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئاۋاز. بۇ ئاجايىپ مەنزىرە كىشىلەرگە گۈزەل ئەسلىمە ۋە چەكسىز خىياللارنى قالدۇرىدۇ.

بۇ قۇمتاغ، «جۇڭگودىكى تۆت چوڭ ئاۋازلىق قۇمتاغنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» (باشقا ئۈچ قۇمتاغنىڭ بىرى، دۇنخۇاڭدىكى ئاۋازلىق قۇمتاغ، يەنە بىرى، نىڭشيا شاتوپودىكى ئاۋازلىق قۇمتاغ، يەنە بىرى، ئىچكى موڭغۇل شاگشاۋەندىكى ئاۋازلىق قۇمتاغ).

4) ئاقتاش مەنزىرە نۇقتىسى    ئاقتاش قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ ئۆز ئارا تۇتاشقان يېرىگە، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تۆپىلىكى، قارلىق تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان، قۇمۇل بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تەبئىي گۈزەللىك بىلەن ئىپتىدائىيلىقىقا ئىگە. تەڭرىتاغدىكى ئورمانلار، گۈزەل باركۆل يايلاقلىرى، ئاراتۈرۈكنىڭ يىڭگەر يايلاقلىرى، قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققىلار، سانسىزلىغان ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىق مەنبەلىرى، ئانچە يىراق بولمىغان يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ چىققان ئاۋازلىق قۇمتاغ بار. ئۇنىڭدىن باشقا قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققىلار، ئورمانلىقلار، يايلاقلار، قۇملۇقلار ھەمدە تارىختىن قېپقالغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ساددا شارائىت قاتارلىقلار جىلۋە قىلىپ تۇرغان گومانتارلىق مەنزىرە بىر گەۋدىلەشكەن. مەنزىرىلەرنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئاز ئۇچرايدىغان شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ دائىرىسى ئىچىدە تېپىلغۇسىز ئېگىز تاغ مەنزىرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى يەر يۈزىگە چوقچىيىپ چىققان غايەت زور ئاق تاش نامىغا قويۇلغان. ئاقتاش توغرىسىدا ئاجايىپ تەسىرلىك بىر رىۋايەت بار ئىكەن. زامانلارنىڭ زامانىسىدا، بۇ يەردە بىر قازاق چارۋىچى قەبىلىسى ياشىغانىكەن. قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى يانچىن دەيدىغان بىر پادىچى يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلار بىر- بىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن، دائىم دېگۈدەك ئورمانلىق بويىدا ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل سەمىمىي، پاك مۇھەببىتىدىن يالماۋۇزنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپتۇ- دە، يەر يۈزىگە نۇرغۇن چېكەتكە ياغدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئورمانلىقلار، ئوت- چۆپلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ. چېكەتكە ئاپىتى ئاخىرى قەبىلىدىكى ئادەملەر ۋە چارۋىچىلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپتۇ. مەلىكە كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئۇ ئىشلاردىن قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. ئاق كۆڭۈل، باتۇر پادىچى يىگىت يالماۋۇزنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز ئورمانلىققا كېتىپتۇ- دە، قارىغاينى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تىنىماي سىلكىشكە باشلاپتۇ ۋە خۇدانىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى، يالماۋۇزنى قوغلىۋېتىشنى تىلەپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئۆزى سىلكىگەن قارىغاي مۆجىزىدەك ئەسلىگە كەپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خۇشاللىقىدا ھەر بىر تۈپ قارىغاينى سىلكىكىلى باشلاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، ھەر بىر تۈپ قارىغاينىڭ يېڭىۋاشتىن كۆكلەپ يوپۇرماق چىقارغانلىقىنى، ئەمما قەيسەر يىگىتنىڭ يوغان بىر تۈپ قارىغاي تۈۋىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاق كۆڭۈل مەلىكە قايغۇ- ھەسرەت ئىچىدە يىگىتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ توختىماي يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياشلار چىملىق ئۈستىگە چۈشۈپتىكەن، چىملىقمۇ يېشىلداپ ئەسلىگە كەپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئىككىسىنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنىدا چوڭ بىر ئاقتاش چوقچىيىپ چىقىپتۇ.

ئاقتاشنى ئوكۇن قىلغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاق مەدەنىيىتى بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان. ساياھەتچىلەر قۇمۇلغا كەلسە، شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئۆزگىچە تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ. شۇڭا، ئاقتاش مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى زېمىن ئۈستۈنلۈكىگە ھەم ئۆزگىچە، ئالاھىدە، يېڭى، ئاجايىپ رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە.

ئاقتاش دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتىر ئېگىز. ھاۋاسى سالقىن، مەنزىرىسى كۆركەم، جەنۇبىي تەرىپىدە ئەگرى-توقاي ئىلانباغرى كەتكەن تەڭرىتاغ شىمالىي تۆپىلىكى بار بولۇپ، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان قارلىق تاغ بىلەن بىر-بىرىگە يىراقتىن قارىشىپ تۇرىدۇ. تاغ چوققىسى ئاپئاق قارلار بىلەن قاپلانغان، قار سىزىقى ئاستىدا قارىغايلار بۈك-باراقسان ئۆسكەن؛ شىمالىي تەرىپىتە مۇنبەت، گۈزەل باركۆل يايلىقى ۋە چەكسىز كەتكەن ئاراتۇرۇك يېڭگەر يايلىقى بار. ھەر يىلى ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە بۇ يەردە ئوت-چۆپلەر يايپېشىل بولۇپ ئۆسىدۇ، باۋاگۈللەر بەس-بەستە ئېچىلىدۇ، بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مەنزىرىدىن كىشىنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ. قوي پادىلىرى كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارغا ئوخشايدۇ، شالاڭ ئۆسكەن قارىغايزارلىقلار ئارىسىغا تىكىلگەن كىگىز ۋە ياغاچ ئۆيلەردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسلار ۋە ئەتكەنچاينىڭ مەززىلىك پۇرىقى تەرەپ-تەرەپلەرگە تارىلىدۇ. ناۋادا قازاقلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قالسىڭىز، مېھماندوست ئۆي ئىگىسى سىزنى چاي، مەززىلىك قىمىز ۋە گۆشلەر بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. كىگىز ئۆي ئىچىدە ساھىبخان ۋە مېھمانلار ئېيتقان ناخشىلار بىلەن دومبىرىنىڭ چېلىنغان يېقىملىق ساداسى يايلاقنى بىر ئالىدۇ.

ئاقتاشنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، كىلىماتى، جۇغراپىيىلىك قۇرۇلمىسى، مەنزىرە ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئادەتلىرى شىنجاڭ بويىچە ئۆزگىچە. كەڭ كۆلەملىك ئېچىشقا ئەگىشىپ، بۇ يەردە ئارامگاھلار قۇرۇلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسى، ئارامگاھ مەنزىرە رايونى ھەر يىلى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇقراقنى قوبۇل قىلىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بۇ جاي شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ساياھەتچىلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى.

5) **خەنچىگۇ مەنزىرە نۇقتىسى** خەنچىگۇ مەنزىرە نۇقتىسى ئاقتاشنىڭ 20 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. خەنچىگۇنىڭ غەربىي قىسمى شەرق تەرەپكە قىيسايغان ھالدا قارلىق تاغنىڭ باغرىغا قادىلىپ تۇرىدۇ. جىلغىغا كىرگەن ھامان سول تەرەپتە بىر-بىرىگە تۇتاش كەتكەن ئېگىز-پەس تۆپىلىكلەر، ئوڭ تەرەپتە بولسا، تاغ تىزمىلىرىغا ئەگىشىپ ئېگىز-پەس ئۆسكەن قارىغايلار كۆزگە چېلىقىدۇ. خەنچىگۇ دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز. تەخمىنەن 10 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئىچكىرىلەپ كىرگىلى بولىدۇ. خەنچىگۇدا تۇرۇپ يۇقىرىغا قارىغاندا، بۇ ئەتراپتىكى قارىغايلار مەنزىرىسىنى، ئېگىز تاغدىن چۈشۈۋاتقان سۇلارنىڭ قار-مۇز ئېرىندىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، كىچىك ئېرىقچە ھاسىل قىلىپ، ھەيۋەتلىك ئېقىپ چۈشۈۋاتقان مەنزىرىلەرنى، ئېگىز تاغ چىملىق يايلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، مۇزلۇق مەنزىرىسىنى قانغۇچە كۆرۈپ ھوزۇرلىنىسىز.

خەنچىگۇدىكى تاغلار ئېگىز ئەمەس، ئەمما تىك، ئوتلاقتا ئوت-چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن. ئورمانلىقلار ناھايىتى تىنچ. تەبىئەت خەنچىگۇغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپلا قالماي، ھەر قانداق رەڭ بېرىپمۇ سىزىپ چىققىلى بولمايدىغان تەبىئىي تۈس ئاتا قىلغان.

2. ئاراتام مەنزىرە رايونى

ئاراتام مەنزىرە رايونى قۇمۇلدىكى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان قارلىق تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇمۇل شەھەر رايونىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. ئاراتام دېگەن نام قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى (شىمالىي ۋېي دەۋرلىرى) ئاساسىدا قويۇلغان. بۇ يەر تاغقا يېقىن، سۇلىرى ئەلۋەك، كىلىماتى مۆتىدىل، مېۋىلىك دەل-دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، مەنزىرىسى يېقىملىق.

ئىيتىشلارغا قارىغاندا، قۇمۇلنىڭ 4- ئەۋلاد ۋاڭى يۈسۈپ ۋاڭ بىر قېتىم شىكارغا چىققاندا، بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قالغان ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا تەقلىد قىلىپ باغچا، ئارامگاھ سارىيى سالدۇرغان. بۇ يەردە 100 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ۋە مەسچىت بار. ۋاڭلىق ۋاقىتلىق تۇرىدىغان سارىينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 100 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ بېشىغا تۆت مېتىر كەڭلىكتە سالقىنداش راۋىقى سالدۇرغان. تاغ باغرىدىن راۋاققىچە بولغان ئارىلىقتا كىچىك بىر چىغىريول بولۇپ، ۋاڭ غوجام تەختىراۋانلىق ئېگىزگە چىقىپ، مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغان. خان سارايىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ، تاغ باغرىنى بويلاپ 10 نەچچە چاقىرىم جايىنى تاش تام بىلەن قورشىغان. ئىچىگە ئۈرۈك، ياڭاق، ئالما، ئەنجۈر، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تەمىيا قىلدۇرغان. ئەتىيازدا ئۈرۈكلەر ھۇپپىدە چېچەكلەپ ئېچىلسا، كۈزلۈكى ئالمىلار خۇش پۇراق چېچىپ مول مېۋە بېرىپ تۇرىدۇ. ئوردىدا يۈز يىللىق دەرەخلەر بار. بۇلاردىن «ياڭاق پادىشاھى» نىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىر، غول ئايلانمىسى 2.4 مېتىر كېلىدۇ. تەكشۈرۈپ دەلىللەشلەرگە قارىغاندا، ئۇ 400 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ھەر يىلى ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە شاخ- يوپۇرماقلىرى بولۇق ئۆسۈپ ئاينىپ، خۇددى كۆنلۈككە ئوخشاش 90 كۋادرات مېتىر دائىرىگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يىلىغا نەچچە يۈز جىڭ ياڭاق يىغىۋېلىنىدۇ. ئوردا ئىشىكى ئالدىدا بىر تۈپ سېدە دەرىخى بولۇپ، دىئامېتىرى 1.5 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدۇ. بۇمۇ 400 يىللىق تارىخقا ئىگە، «سېدە پادىشاھى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئاراتامنىڭ غەربىدىكى تاغ قاپتىلىدا، بىر قەدىمكى بۇتخانا غارى خارابىسى بولۇپ، بۇتخانىنىڭ تۆت ئېغىز ئۆيى قاتىرىغا سېلىنغان، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 مېتىر، ئورنى توققۇز كۋادرات مېتىر. تاغنى تېشىپ كىرىپ كېسەك بىلەن قوپۇرغان ئەگمە شەكىللىك قۇرۇلۇش. ئىچكى تاملىرى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان، ھەممە رەڭلىك تام رەسىملىرى سىزىلغان. ئوڭ تەرەپتىن سانىغاندا، ئۈچىنچى ئېغىز ئۆيدە بىر بۇت بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. گەرچە بۇت بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ياندىكى تامغا سىزىلغان رەڭلىك بۇت ۋە پۈيۈك نۇسخىلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ بۇتخانا 7-، 12- ئەسىرلەردىكى بۇتخانا خارابىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇتخانىنىڭ كەينى قارلىق تاغ، ئالدى تەرىپى چەكسىز كەتكەن چۆل- جەزىرە، ئېگىزدە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىسا ئاجايىپ ھەيۋەت كۆرۈنىدۇ. ئەينى چاغلاردا، ياز كېلىشى بىلەن يىلقىلار، ئاپئاق قوي پادىلىرى تەرەپ- تەرەپتىن بۇياققا توپلىشىدۇ. بولۇق ئۆسكەن ئوت- چۆپلەر، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ جىلغىسى رەڭدار تۈس ئالىدۇ. كىگىز ئۆيلەردىن چىققان ئىسلار تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. چارۋىچىلار بولسا، بۇ يەردە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇۋېتىدۇ.

ھازىر، بىگتۈەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى بۇ يەردە 1200 مودىن ئارتۇق مېۋىلىك باغ بىنا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈك 350 مو، ئالما 220 مو، ياڭاق 550 مو يەرنى ئىگىلەيدۇ. ئاراتامنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ھەققىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە نۇرغۇن ناخشا- قوشاقلار تارقالغان.

3. باغداش مەنزىرە رايونى

ئۇ، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تەڭرىتاغنىڭ قاپتىلىغا جايلاشقان. قارلىق تاغ ئاساسىي چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىز بىر جىلغا – باغداش بار. ئۇنىڭ قۇمۇل شەھەر رايونى بىلەن ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەر قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئارامگاھى بولۇپ كەلگەن، مانا بۇ باغداش مەنزىرە رايونىدۇر.

بۇ يەردە سەككىز ئورۇندا يېڭى تاش قوراللىرى دەۋرىدىكى خارابىلىكلەر، قۇمۇلنىڭ 3-، 4- ئەۋلاد ۋاڭلىرى قالدۇرغان مەڭگۈ تاشلار بار. ۋاڭ تاغنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن، 100 مو ئەتراپىدا بىر باغچا بىنا قىلدۇرۇپ، ئاق ئالما، كۆك ئالما، جىنەستە قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكتۈرگەن.

باغداشنىڭ نامى بىكارغا تارقالمىغان، باغچا ئىچىدە كۆككە تاقاشقىدەك ئېگىز غەلىتە تاشلار بار، سۈزۈك بۇلاق

سۇلىرى شىرىلداپ ئايلىنىپ ئېقىپ تۇرىدۇ، تاغ گۈللىرى ۋە ياۋا ئوت- چۆپلەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. سوغۇقتىن قورقمايدىغان تاغ جۇيخۇا گۈلى، قىرو- ئۈششۈك ئالدىدا ئۆزىنى تەكەببۇر تۇتىدىغان ئالقات، قارلىق تاغدىكى مېۋىلىك باغ ئىچىدە تېخىمۇ تەڭداشسىز كۆرۈنىدۇ. بۇ يەر يەنە كېلىپ جىنەستە دۇنياسى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «باغداشتىكى جىنەستىنىڭ رەڭگى قېنىق، تەمى تاتلىق بولۇپ، قارلىق تاغدىكى جىنەستە دەپ ئاتالغان»، «مول مېۋىلىگەن جىنەستىلەر پىشقان مەزگىللەردە باغچا ئىچى رەڭگارەڭ تۈسكە كىرىدۇ». بۇ يەرنىڭ ئالمىلىرى تۆۋلەڭلىكتىكى بوستانلىقنىڭ ئالمىسىدىنمۇ تاتلىق.

باغچىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بىر قەبرىستانلىق بار. ئۇ يەرگە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى باندىت تازىلاش جېڭىدە قۇربان بولغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى دەپنە قىلىنغان. باغچىنىڭ كەينىدىكى تاغ بېشىدا تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر سالسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا تەڭرىتاغنىڭ چوققىسى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، يىلمۇ يىللار توپلىنىپ قالغان قارلارنىڭ ئېرىپ جىلغا- جىرالاردا ئېقىپ، ئېرىق ھاسىل قىلىپ، كەڭ كەتكەن قۇمۇل بوستانلىقىغا قاراپ كۆمۈشتەك پارقىراپ ئېقىپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. تۆۋەنگە ئېگىشىپ قارىسىڭىز، يايلاقتا قوي پادىلىرىنىڭ ئوتلاپ يۈرگىنىنى، چارۋىچىلارنىڭ: تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى. ئۈستىدە قارلار يېغىپتۇ، ئاستىدا گۈلباغلىرى. دېگەن خەلق ناخشىسىنى ئېيتىپ، ماللىرىنى بېقىپ يۈرگىنىنى كۆرىسىز.

### 4. بارىسكۆل (باركۆل كۆلى)

باركۆل كۆلى باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ 18 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. كۆلنىڭ قەدىمكى نامى بارىسكۆل. كۆل يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 1581 مېتىر ئېگىز. شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 12 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، ئايلانمىسى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلمى تەخمىنەن 112.15 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مەنزىرىگە كىشىنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ.

باركۆل كۆلى توغرىسىدا ئاجايىپ ياخشى بىر رىۋايەت بار. باركۆل كۆلى ئەسلىدە باتىسخاننىڭ تۇلپارىنى سۇغىرىدىغان بىر كۆلچەك ئىكەن. كېيىنچە تۇلپار ئۇيسۇن تېغىغا يۆتكىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقى كۆل بويىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، بىر- بىرى بىلەن ئۆم- ئىناق بولۇپ كۈنلىرىنى ناھايىتى ئوبدان ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تاغ ئالۋاستىسىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپتۇ- دە، بىر كۈنى ئوغرىلىقچە بىر ئۈچلۈق تاغنى يۆتكەپ كېلىپ كۆلنى تىندۇرۇۋەتمەكچى بولۇپتۇ. بۇ ئىشنى سۇ ئالغىلى كەلگەن بىر خەنزۇ قىز كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئېتىلىپ بېرىپ تاغ ئالۋاستىسى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپتۇ. «گۈم» قىلغان غايەت زور ئاۋاز بىلەن ئۈچلۈق تاغ يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، قىز تاغنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. تاغ ئالۋاستىسى كۆلگە ئاق تۇماننى پۈركۈۋېتىپ، ئالدىراپ- تېنەپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئاق تۇمان تارقىغاندىن كېيىن، بۇلدۇقلاپ تۇرغان غايەت زور كۆل توختىماي سۇغا ئايلىنىپ، يايلاقلار قۇرۇپ كېتىپ، ئادەملەرمۇ كېتىپ قاپتۇ. پەقەت باتۇر قازاق يىگىتى بارىسلا كەتمەپتۇ. ئۇ تاغنى چوقۇپ، بالا- قازاغا ئۇچرىغان خەنزۇ قىزنى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا بەل باغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەنزۇ قىز تاغ ئاستىدا تۇرۇپ «مەن ئاللىقاچان تاشقا ئايلىنىپ كەتتىم، مېنى قۇتقۇزىمەن دېمەڭ» دەپتۇ. «ياق، تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ قۇتقۇزۇپ چىقىمەن» دەپتۇ بارىس. خەنزۇ قىز ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆز يېشى قىپتۇ، كۆز ياشلىرى تاش قاتلاملىرىنى تېشىپ بۇلاق سۈيى بولۇپ ئېقىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يايلاق يېڭىۋاشتىن جانلىنىشقا باشلاپتۇ. بارىس بولسا تاغنى چوقۇشنى توختاتماپتۇ. تاغ ئالۋاستىسى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، يېتىپ كېلىپ يەنە ئەزۋەيلەپتۇ. بارىس تاغ ئالۋاستىسىنى تۇتۇۋېلىپ كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. ئەمما سۇ، ئالۋاستىنى ھېچنېمە قىلالماپتۇ. بۇنى كۆرگەن بارىس ئۆزىنى كۆلگە ئېتىپ ئالۋاستى بىلەن كۆلنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. كېيىنكىلەر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچلۈق تاغ ئاستىدىكى بۇلاقلارنى «خەنگۇچۇەن» دەپ، باركۆل كۆلىنى «بارىس كۆلى» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ياز كۈنلىرى، چەكسىز ئوماننغا چۈمگەن كۆل شەپەق نۇرىدا خۇددى يېشىل مەخمەل ئۈستىدىكى بىر پارچە ئەينەكتەك چاقناپ تۇرىدۇ. كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقلار ئارىسىدا سۇ قۇشلىرى، ياۋا ئۆردەكلەر بەزىدە پەرۋاز قىلىپ، بەزىدە سايرىشىپ، بەزىدە بولسا سۇ يۈزىدە ئوينىشىدۇ. كۆل بويىغا يېقىن جايلاردا يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن، يىراق- يىراقلاردا چارۋا پادىلىرى دالانى بىر ئالغان. كىگىز ئۆيلەردىن ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ، ئەتكەنچايلارنىڭ خۇش پۇرىقى تارىلىپ تۇرىدۇ. كۆل مەنزىرىسى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. ئالتۇن پەسىل يېتىپ كەلگەندە بولسا ، ئوت- چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن كۆل بويىدا قازاقلارنىڭ «ئاقىن ئېيتىشىشى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىش كىرگەندە، كۆل يۈزىنى سۈزۈك ياقۇتتەك مۇز تۇتىدۇ.

5. قارىغول

قارىغول باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ بەش كىلومېتىر جەنۇبىدىكى تاغ تۈپىلىكىدە بولۇپ، بۇ جاي يۆگۈلتەيگە تۇتىشىپ تۇرغان كىرىش ئېغىزى تار، تۆۋەن تەرىپى كەڭ جىلغا. «تاغ ئىچىگە كىرگەندە، بىردىنلا ئوچۇقچىلىق پەيدا بولۇپ، تىك قىيالار، قويۇق ئۆسكەن قارىغايزارلىقلار، شارقىراپ ئېقىۋاتقان شارقىراتمىلار، ئاجايىپ چىرايلىق ئۆسكەن گۈل- گىياھلار بىلەن تولغان باشقىچە بىر دۇنيا نامايان بولىدۇ». جىلغا ئىچى شەمشاد ۋە يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغايلار بىلەن تولغان، جىلغا ئېغىزىدىكى يوغان مەڭگۈ تاش باركۆلنىڭ سابىق ياندىش ئوتتۇگى دۆلىتىنىڭ تەبىئەتنى قوغداش توغرىسىدا يازغان مەڭگۈ تاش خېتى بار. تېكىستى مۇنداق: «بارىسكۆل سىرلىق ئارال، تاغلىرى ئېگىز، سۇلىرى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ، غەربىي دەريا بويىدا قارىغايلار بولۇق ئۆسكەن، بۇلاقلار مەنبە كاپالىتىگە ئىگە. بۇنى ئوبدان ياۋايى ھايۋان، زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈلمىگەي»، بۇ مەڭگۈ تاش غەربىي قارىغولدىكى ئورمانلىق، ئوتلاق ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. جىلغىدىكى قار سۇلىرى، بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ ياشلار ئۈستىگە قۇيۇلغاندىن كېيىن، خۇايۇەن، سارچوقا يېزىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى، ئوتلاقلىرى سۇغىرىلىدۇ. جىلغا ئىچىدە سۇ ۋە قارىغاينىڭ شاۋقۇن ئاۋازى شۇنچە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ياز كۈنلىرى، جىلغىنىڭ ھەممىلا يېرى چىرايلىق ئېچىلغان گۈل- چېچەكلەرنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن تولىدۇ. قىش كۈنلىرى قار ئۇچقۇنداپ تۇرغاندا، جىلغا ئىچىدىكى ئوت- چۆپلەر توڭلاپ قالسىمۇ يېشىل پېتى ساقلىنىپ، باھار تۈيغۇسىنى بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ جاي باركۆل بويىچە سەككىز مەنزىرىلىك جاينىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ــــ «مەڭگۈ باھار» جاي . 1981- يىلىدىن كېيىن، زامان- زامانلاردىن بۇيان تېپتىنچ ياتقان جىلغىدا قارىغول سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، تەگرىتاغلىرى ئېتىكىگە نۇر ئاتا قىلدى. تاغ بېشىدا نەپىس ياسالغان سايىداش سۇپىسى بار. تاغ چوققىلىرىدا قويۇق ئۆسكەن ئورمانلىقلار سايە تاشلاپ قارامتۇل تۈس ئالغاچقا، قەدىمدىن تارتىپلا بۇ يەر قارىغول دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئورمانلىق ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان موگۇ گۈلى بار، ئوت- چۆپلەر ئارىسىدا موگۇ ئۆسىدۇ. ياز، كۈز كۈنلىرى يامغۇردىن كېيىن ئورغۇن موگۇ يىغىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇدۇلدىكى تاغ «ياۋايى ئادەم جىلغىسى» دېيىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە بەزىلەر بۇ يەردە «چاچلىرى كۆزلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان، پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان، قول- پۇتلىرى ئىلمەككە ئوخشايدىغان، ئۇچقاندەك ماڭىدىغان» ياۋايى ئادەمنى كۆرگەن. شۇڭا بۇ يەر «ياۋايى ئادەم جىلغىسى» دەپ ئاتالغان. ھازىر ساياھەتچىلەر ياۋايى ئادەمنى كۆرمەي، چىرايلىق بۇغىلارنىڭ توپىلىكلەر، ئورمانلىقلار ئىچىدە بىر- بىرىنى قوغلىشىپ ئويناقلاپ يۈرۈشلىرىنى كۆرىدۇ.

قارىغولنىڭ شەرق تەرىپىدە ياڭ يېجۇەن بولۇپ، ئۇ قويۇق ئورمانلىقلارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بۇلاق سۈيى، شەكلى ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ. بۇلاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى تۈپ چوڭ دەرەخ بار. بۇلاق بويىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە يايپېشىل چۆپلۈك بولۇپ، ئوت- چۆپ، گۈل- گىياھلار بەك ئاينىغان. ھەر خىل، ھەر ياڭزا گۈل- گىياھ، ئوت- چۆپلەر بەئەينى ئېكران كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭمۇ ئۈستىدىرەك

چەكسىز كەتكەن ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە ئىپتىدائىي مۇزلۇقلار بولۇپ، بۇ قارىغولغا كېلىدىغان سۇلارنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. مۇزلاردىن ئېرىگەن سۇلار توپلىنىپ غايەت چوڭ ئېقىم ھاسىل قىلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئۆركەشلەپ، بۇژغۇنلار چاچرىتىپ ئېقىپ گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

## 6. راھەتباغ سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبار قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر جەنۇبىدىكى راھەتباغ يېزا چاگغۇ كەنتىنىڭ شەرق تەرىپىدە، ئامبارغا ئېقىن سۇ ۋە بۇلاق سۇلىرى قاچىلىنىدۇ. ئامباردا ئاق چورتان، چىپار سۇختا بېلىقى، ئاق ئامۇر بېلىقلىرى بېقىلىدۇ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى 20 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

راھەتباغ يېزىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قۇمۇل ۋاڭىغا مىراس قالغان، ئۈيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ۋە «راھەتباغ» دەپ ئاتالغان. بۇ يەرنىڭ يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى تاتلىق، مەنزىرىسى چىرايلىق، ئېتىزلىقلار خۇددى سىزىپ قويغاندەك رەتلىك، خۇددى غايەت زور يېشىل مەخمەلگىلا ئوخشايدۇ. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاقتېرەك، مەجنۇنتال، مېۋىلىك دەرەخ، ئۈزۈملۈكلەر ئوراپ تۇرغان بولۇپ، بىر-بىرىنى تېخىمۇ چاقنىتىپ تۇرىدۇ. ئامبارنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ گۈزەل. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە خۇددى تەبىئىي سىزما رەسىمدەك مەنزىرىلەر كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرۇپ كېلىپ، بۇ يەردە قېيىقلارغا چۈشۈپ كۆل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، گۈل-گىياھلارنى ئارىلاپ، كۆڭلىنى ئېچىپ، قايتىپ كېتىشكە قىيماي قالىدۇ. كۆل ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلاردا قوغۇن-تاۋۇز، شاپتۇل، ئۆرۈك ئۆستۈرۈلىدۇ. ساياھەتچىلەر تاش ئۆستەڭ، تاش ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ بىر تەرەپتىن، كۆل مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ئۈزۈلگەن مېۋە-چېۋىلەردىن تېتىشىدۇ. مېۋىلەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ، گۈزەل مەنزىرىلەر ئادەمنىڭ ساياھەت قىلىش ھەۋىسىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ.

## 7. خۇۋاشەن (مايمۇنتاغ)

بۇ جاي قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلىقتىكى يالغۇز تۆپىنىڭ بەش كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ يەر تۈزتاش كەتكەن ئېگىز-پەس ئېدىرلىق بولۇپ، غولىنىڭ ئىچى قۇم-شېغىللىق، كەلكۈن سۈيىدىن ھاسىل بولغان بىر ئەگرى-توقاي يول ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

خۇۋاشەن قۇرغاق يايلاق بىلەن چۆللۈك ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. يەردىكى قورام تاشلاردىن باشقا، ئويمانراق كەتكەن جايلار ۋە قۇم دۆۋىلىرىدە يانتاق، ئاقتىكەن ئۆسكەن، تۆت ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز ئوچۇقچىلىق.

خۇۋاشەندە غەلىتە تاشلار كۆپ بولۇپ، گرانىت تاشتىن تەشكىللەنگەن كۋارتس، دالاشپاتى، چىرىمتاللار بار. سوغۇقتا تارىيىپ، ئىسسىقتا كېڭىيىش جەريانىدا تاشلار ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، يىكۈرۈپ كېتىۋاتقان، ئۆمىلەۋاتقان، ئۆزئارا ئوينىشىۋاتقان ھايۋانلار شەكىللىرىگە كىرىپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە، مايمۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىللەر كۆپرەك، شۇڭا بۇ يەر خۇۋاشەن (مايمۇنتاغ) دەپ ئاتىلىپ قالغان. تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك قولىدا ئويۇپ چىقىرىلغان ھايۋانلارنىڭ شەكلى ھەر خىل، جانلىق بولۇپ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. سەلكىن شامالدا ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن خۇددى نەي ئاۋازىدەك ھەم ئىسقىرتقاندەك ئاۋازلار چىقىپ تۇرىدۇ.

خۇۋاشەن بورتالادىكى غەلىتە تاش جىلغىسى بىلەن ئوخشاش. تاشۆيلۈق قەدىمكى چاغلاردا ھونلار ئېگىلىگەن جاي بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى تاش رەسىملەر جەۋھىرى مۇجەسسەملەنگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئۇرغۇن جايلاردا ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، ئاقچوققا، بەلسۇنغان، ئۇلاتاي، موغاي، ئۆلجان، تۇگۈك، تەيياگىۇ جىلغىسى، خوتۇنتام قاتارلىق جايلار، يىغىلىق دەۋرلىرىگە تەۋە ئۇلاتاي تۆۋەن ئېقىن خارابىسى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

### 8. باركۆل شارقىراتمىسى

بۇ جاي باركۆل ناھىيە خۋايۇەن يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئارىسىدىكى غەربىي قارىغول سۇ ئېقىمىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى جەنۇب تەرىپىدىكى تارماق ئېقىمىدا، قارىغول سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تومسىيىدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا. شارقىراتمىنىڭ ئاستىنقى قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 2600 مېتىردىن ئېگىز. شارقىراتمىنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار، قويۇق ئورمانلار قاپلاپ تۇرىدۇ. شارقىراتمىنىڭ ئاۋازىنى بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ ئاڭلىغىلى بولىدۇ. شارقىراتما تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلاردىن ئۇدۇل ئېقىپ چۈشىدۇ، جىمجىت جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە خۇددى كېسىپ قويغاندەك تىك كەتكەن گرانىت تاش قىيالار بار. بۇ شارقىراتما بىر مېتىر كەڭ، سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشىدۇ. سۇنىڭ ئاساسىي قىسمى قىيا ئاستىدىكى كۆلچەككە چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن چاچراپ چىققان بۇژغۇنلار قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. تاغ چوققىسىدا قار كۆپ توپلانغان. تاغ ئارىسىدىكى چۆپلۈكلەردە ئوتلار يايپېشىل ئۆسكەن، ئورمانلىقلاردا قۇشلار سايرىشىپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ، تاشيول جىلغا ئېغىزىغىچە ئۇلاشتۇرۇلغان. تاغ ئارىسىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما نەم ھاۋا ئادەمگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئېرىقلاردىكى سۇلار تاشلارنى يالاپ شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ. يۇمىلاق، ھورنان شەكلىدىكى گرانىت تاشلارنىڭ كۆپىنچىسى داۋالاشپاندىن تۆۋۈلگەن. ئۇ تاغ ئارىسىنى بىنەپشە رەڭ تۇسكە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن سۈزۈك سۇلار كىچىك كۆلچەككە قۇيۇلىدۇ. كۆلچەكتىكى سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئادەمنىڭ سايىسىنى، كۆلچەكنىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تاغ ئۈستىدە قۇياش پارلاپ تۇرىدۇ، سان ساناقسىز قارىغايلار كۆز ئېگىزلىكىدا پەيدا بولىدۇ. نەزەرىڭىزنى يىراقلارغا ئاغدۇرسىڭىز ئاپئاق قارلىق تاغنى، يېشىلداپ تۇرغان شەمشادلارنى كۆرىسىز. تاغ ئارىسىدىكى ئوتلاقلار ئۈستىدە ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

شارقىراتما مۇزلۇقلارنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن. چۈنكى بۇ يەرنىڭ تاغ گەۋدىسى يەككە تاغ تىزمىسىغا تەۋە، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى قەدىمكى مۇزلۇق بولۇپ، قىسمەن تاغ گەۋدىسىدىكى مۇزلار خوراپ، توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن جىلغىنى شەكىللەندۈرگەن. تەسكەي تەرەپتە بولغاچقا، ياز كۈنلىرى قار- مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىن، شارقىراتمىنى شەكىللەندۈرىدۇ، قىش كۈنلىرى يېڭۋاشتىن قار- مۇزلار بىلەن قاپلىنىدۇ.

### 9. گىياتاش

گىياتاش قۇمۇل شەھىرىنىڭ بوغاز يېزىسىدىكى چۆللۈكتە ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى چۆللۈكلەردە بولۇپ، ھەر قايسىسى تەخمىنەن 50 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئىگىلەيدۇ. بوغازدىكى گىياتاش بوغازدىكى قۇم ئارىسىدا توغرىسىغا ياتقان بولۇپ، دەرەخ غولى بىر قەدەر مۇكەممەل، نومدىكى گىياتاش يەر يۈزىدە تىك ھالەتتە تۇرىدۇ. يىمىرىلىش بىر قەدەر ئېغىر بولغانلىقتىن، دەرەخ يىلتىزىدىن باشقا جايلىرى ئاسانلا يىمىرىلىپ كەتكەن. قارا، جىگەررەڭ، قوڭۇررەڭلىك گىياتاشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن تىك تۆت تەرەپلىك، ئۇزۇن شەكىللەردە. چۆللەردە يىقىلىپ ياتقان بۇ «يىنىشنىڭ دەرىخى»، «قارىغاي» لارنىڭ بەزىلىرى دەرەخ كۆتىكىگە ئوخشايدۇ، يىل ھالقىسى ئېنىق، سىزىقچىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ بەزىلىرى تاغلار توپىغا ئوخشايدۇ، كىرىشىپ كەتكەنلىكى پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، شەكىللىرىمۇ ھەر خىل؛ يەنە بەزىلىرى ماھىر نەققاش ئۈستىنىڭ قولىدىن چىققان قاچا مەنزىرىسىگە ئوخشايدۇ. ھەر خىل شەكىلدە بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم، بىر كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنى قولىدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيدۇ.

گىياتاش تەبىئەت تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى، ئۇنى ھويلا- ئارام، ئۆي ئىچىگە قويۇپ قويسا، ئۆزگىچە تۇيغۇ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن 150 مىليوندىن 230 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ھاياتلىق يۇرا دەۋرلىرىدە بوغاز ۋە نومنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بولۇپ، ھەممىلا يەردە دەل- دەرەخ ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن. كېيىنچە، بۇ ئىككى جايدا يەر

پوستىنىڭ ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن بۇ يەرلەر چەكسىز دېڭىزغا ئايلىنىپ كەتكەن. يەر قاتلىمىنىڭ بېسىمى ھەم يەر ئاستى ئىسسىقلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە قۇم- تاشلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان دەل- دەرەخلەردە فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. قويۇقلۇق دەرىجىسى بىر قەدەر چوڭ، سىلىكا سۇيۇقلۇقى بار يەر ئاستى سۈيى دەرەخ ئۇستىدىن توختىماي ئېقىپ ئۆتكەن، دەرەخ تېنىدە ئەسلىدە بار بولغان كاربونلۇق ماددىلار سىلىكا بىلەن ئورۇن ئالمىشىش رولىنى ئويىنىغان، بۇ جەريانلار ناھايىتى ئاستا ئۆزگىرىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. شۇڭا، دەرەخلەرنىڭ تالاسى، يىل ھالقىسى، سىزىقچىلار ساقلىنىپ قالغان. كېيىنچە، يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى، كەلكۈن سۇلىرىنىڭ يالاپ ئۆتۈشى، قۇم، يامغۇرلارنىڭ ئۇپرىتىشى بىلەن تاشقا ئايلانغان. دەل- دەرەخلەر يەر ئاستىدىكى قىياتاش قاتلىمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن قايتىدىن يەر يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ھازىرقى چۆلدىكى گىياتاشقا ئايلانغان.

10. توققۇز ئەجدىھاسىمان تال (جيۇلۇڭشۇ)

بۇ تال قۇمۇل شەھرى ئىچى يېزىسىغا جايلاشقان.

توققۇز ئەجدىھاسىمان تال چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە تۇرغۇن قەلەمدار ئەدىبلەر قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، بۇ تالنى كۆرۈپ ئۆز مەدھىيىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى مەسلىھەتچىسى ياڭ چىڭشەن «توققۇز ئەجدىھاسىمان تال» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئېۋىرغولدا ماكانلاپ ياشىغان بۇ تال،  
كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە گويا سۈرەتتەك.  
شاخ- شاخلىرى تاشلاپتۇ زەپ قويۇق سايە،  
ئىرماش- چىرماش قېرى شاخ قاۋۇل سوغۇققا بەك.

تەڭگىسىمان قوۋزىقى ئاجايىپ سۈرلۈك،  
بۇلاق ئاقار سازلىققا ئايلىنىپ ئۇنى.  
شاخلار گويا يىلاندەك چىرمىشىپ تۇرار،  
ھەر تولغىماچ كۆرۈنەر ئەجدىھا كەبى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرىدىكى شاۋشېيگمۇ «توققۇز ئەجدىھاسىمان تال» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

قەدىمكى غوللىرىڭ ئەجدىھا سۈپەت،  
تورۇسمەن سۆيسۈزۈك بىر كۆلنى ئوراپ.  
تەگدىشىڭ كۆپ ئەمەس كەزسە جاھاننى،  
تولغىماچ شاخلىرىڭ تۇرىدۇ يايراپ.  
قىيا مىڭ ئايلىنار ئابھاياتقا،  
تاۋلىسا قايىنتىپ تەكرار يالقۇندا.  
نى جۇدۇن- چاپقۇنلار ئۆتتى بېشىڭدىن،  
سەنمۇ تەڭ يۈكسەلدىڭ بوران- چاپقۇندا.

توققۇز ئەجدىھاسىمان تال قۇمۇل شەھرى ئىچىنىڭ ئەسلىدىكى شەرقىي سېپىل يېنىدىكى ئويمان جايدا ئۆسكەن. يەنى ھازىرقى توققۇز ئەجدىھاسىمان تال كەنتىدە. توققۇز ئەجدىھاسىمان تال ھەققىدىكى خاتىرىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: «توققۇز ئەجدىھاسىمان قېرى تال، ئورنى

شەھىرىنىچىدە، بىر يىلتىزدىن توققۇز تۈپ تال ئۆسۈپ چىقىپ، باراقسان بولۇپ كەتكەن». توققۇز ئەجدىھاسىمان تالنىڭ شەكلى ئاجايىپ بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا ئاجايىپ، غارايىپ رىۋايەتلەر تارقالغان.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى قۇمۇلدا توققۇز ئەجدىھاسىمان تالنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ جايدىن راستىنلا «ئەجدىھا پادىشاھى» چىقىپ قالمىسۇن دەپ، قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلارغا توققۇز ئەجدىھاسىمان تالنىڭ «كاللىسىنى ئېلىش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلار ئادەم ئەۋەتىپ توققۇز ئەجدىھاسىمان تالنىڭ شەرققە ئۆزىراپ ئۆسكەنلىك سىرتىغا چىقىپ قالغان بىر شېخىنى كېسىپ تاشلاپتۇ (شىمىنغېڭ تۆگجى يىللىرى ئارلىقىدا). شاخنىڭ كېسىلگەن جايىدىن ئېقىپ چىققان يىلىمسىمان سۇيۇقلۇق كۆپ نۇرىدا ئۆيۈپ، ئاچ قىزىل رەڭگە كىرىپتۇ. كىشىلەر بۇنى توققۇز ئەجدىھاسىمان تالدىن ئاققان قان دېيىشىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، توققۇز ئەجدىھاسىمان تال نەچچە مىڭ يىللىق قېرى تال ئەمەس، شۇنداقلا ئەجدىھانىڭ ھامىيىسىمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت قۇمۇلدا ئۆسكەن ئادەتتىكى بىر تال، ياش نوتا چاغلىرىدا باستۇرۇپ يۆتاپ ئۆستۈرۈلگەن.

بېشىرۇاڭ دەۋرلىرىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى توققۇز ئەجدىھاسىمان تالنىڭ بىر تال شېخىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغان. كېيىنچە، مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندە، تالنىڭ 4 — 5 تال شېخىنى كېسىۋەتكەن. شېڭ شىسەي مۇكۇمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇنىڭ پەقەت 3 — 4 تاللا شېخى قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللىرى بىر تاللا شېخى قېلىپ، كېيىن ئادەم يوتىسىدەك چوڭلۇقتا بىر نەچچە شاخ ئۆسۈپ چىققان. ئەلۋەتتە، ئۇ يۇقىرىسىغا قاراپ تۈز ئۆسكەن.

1960- يىللاردىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قېپقالغان شاخلىرى كېسىۋېتىلگەن.

11. ياراداقلىق

يارداڭلىق قۇمۇل شەھەر رايونىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارادۆۋە يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆلدە.

«يارداڭ» تۈركىي تىل بولۇپ، شامالنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن تىك تۆپىلىك، ئادەتتە شامال يالىۋەتكەن جاي ياكى ئەسكىشار دېيىلۇ ئاتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە داڭلىق بولغان يارداڭلىق لوپنۇر رايونىدىكى بەيلوگدۇي، قارامايدىكى ئۇرقۇ (شەيتانكەرش)، گۇچۇڭدىكى جياڭجۈنمياۋ بۇتخانىسى ۋە قۇمۇل قارادۆۋىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆللۈك قاتارلىقلار بار.

قۇمۇل يارداڭلىقى تەخمىنەن غەربتە يەتتە قۇدۇق ياكى سانجاپارنىڭ غەربىدىكى خۇڭتەي يىكتىندىن باشلىنىپ، شەرقتە بوغازنىڭ 45 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى شىشۇ كۆمۈركانىغىچە ۋە يەنە جەنۇبتا 15 كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان. قالغان جايلار بەزىدە ئۈلىنىپ، بەزىدە ئۈزۈلۈپ دېگەندەك پارچە ھالەتتە تارقالغان. مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن: شىشۇ كۆمۈركانىنىڭ جەنۇبى، ئەلىك غوجامنىڭ جەنۇبى، ئاستانىنىڭ جەنۇبى، شۈلىنۇرنىڭ شىمالى، لياۋۇدۇننىڭ جەنۇبى، سانجاپارنىڭ جەنۇبى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە 200 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 10 — 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلار قۇمۇل يارداڭلىقىنىڭ تىپىك دائىرىسىگە كىرىدۇ.

يارداڭ قەدىمدە دېڭىز، ئوكيان بولۇپ، يەر ئاستى ئېقىن سۇلىرى قىياتاش قەۋەتلىرىنى يالاپ ئېقىن يوللىرىنى شەكىللەندۈرگەن. دېڭىز قۇرۇغاندىن كېيىن، دېڭىز تېگىدە قېپقالغان لاي- لاتقىلار قېتىشىپ تۆپىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. تەخمىنەن بىر مىليون يىلدىن بۇيان، چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تۆپىلىكلەر ئاي- كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى، شامالنىڭ يالاپ، كۈننىڭ قىزىتىشى بىلەن ھەر خىل شەكىللەرگە كىرىپ قالغان. تەبىئەتنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارى بىلەن توجۇپىلىنىپ ئىشلىنىش ئارقىلىق تەدرىجىي تاش ئادەم، تاش ھايۋان، تاش تۈۋرۈك ۋە تاش شەھىرىدىكى قەدىمكى قەلئەلەر شەكىللىنىپ، چىرايلىق، ئۇماق، ھەر خىل شەكىلدىكى ھالەتلەر بارلىققا كەلگەن. بەزىلەر ئۇنى «قۇرۇق شەھەر» دەپمۇ ئاتايدۇ، چۈنكى ئۇ بىر قۇرۇق قەلئە. يەنە بەزىلەر ئۇنى «شامال شەھىرى» دېيىشىدۇ. چۈنكى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە شامال چىقمايدىغان كۈنلەر بەك ئاز. قاتتىق بوران چىققان چاغلاردا شېغىل- تاشلارنىمۇ

ئۆچۈرتۈپ كېتىدۇ. بەزىدە قەلئەدىن داد- پەرياد قىلىۋاتقاندەك ئادەمنى سۈر باسىدىغان ئاۋازلار چىقىدۇ. «ئالۋاستى شەھىرى» دېگەن نام مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان.

تەبىئەت ئۆزىنىڭ سېھىرلىك ھۈنىرى بىلەن تەبىئىي، كۆركەم كۆرۈنۈشلەرنى ئاتا قىلدى. «قەلئە» ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ياردائگىلىقتا ئوردا، سارايلاردەك گۈزەل مەسچىتلەردەك چىرايلىق؛ مەڭگۈ تاش، مۇنار، بىنا، راۋاقلاردەك ئەپچىل، قوشلار، ھايۋانلار ئويىنىشىۋاتقاندەك قىزىقارلىق مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاۋادا ئۇ يەرگە بېرىپ قالسىڭىز ئاجايىپ سىرلىق ئېزىتقۇ ئوردىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز.

## 12. باركۆلدىكى «سەككىز مەنزىرە»، «ئۈچ مەنزىرىلىك جاي»، «بەش مۆجىزە» ۋە «بىر ئۆزگىچىلىك»

باركۆلدە خېلى بۇرۇنلا «سەككىز مەنزىرىلىك جاي» ھەققىدە گەپ- سۆزلەر بار ئىدى. كېيىن «ئۈچ مەنزىرىلىك جاي»، «بەش مۆجىزە»، «بىر ئۆزگىچىلىك» قوشۇلدى. «سەككىز مەنزىرە» : تەڭرىتاغدىكى ئاق لىباسلىق قارىغايلار، «چۆلدىكى ئالۋۇن شەھىرى»، ئەجدىھا ئوردىسىدىكى مەجنۇنتال، ئەينەك بۇلاقتا ئاي تۇنەش؛ يۈتەيدىكى مەنزىرىلەر؛ «قارىغولدىكى مەڭگۈلۈك باھار»؛ جيەنشەندە سەھەر؛ «بۇلۇتقا تۇتاشقان باغ دۆۋىلىرى»، «ئۈچ مەنزىرىلىك جاي» : جىنخەيدىكى مەڭگۈ تاش راۋاق، قومتاغقا يوشۇرۇنغان قارارگاھ، مۇزلۇق جىلغىدىكى گۆھەر مۇنار. «بەش مۆجىزە»: مۇزلۇقلارنىڭ غەربكە ئېقىشى، يامۇل ئىشىكىنىڭ شىمالغا ئېچىلىشى، ئالتىنچى ئايدا ئۇچقۇندىغان قار، يازدا تېرىپ قىشتا يىغىۋېلىش، تۆگە نىداسىدىن چىققان مۆھەببەت. «بىر ئۆزگىچىلىك» : سوغۇقتىن ئىبارەت.

1) سەككىز مەنزىرە    تەڭرىتاغدىكى ئاق لىباسلىق قارىغايلار، بۇ يەردە ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان باركۆل تاغلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەرقتىن غەربكە 160 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغان، دېڭىز يۈزىدىن 4308 مېتىر ئېگىز. قارلار يىل بويى ئېرىمەي مەرۋايىتتەك پارقىراپ، قارىغايلار يايپېشىل يېشىلداپ، خۇددى ئۈچىسىمۇ قارلار غويۇلداپ مىڭ مەرتىۋە، تۇرار قارىغايلار ئۇندا كۆكلەپ شۇنچە مەزمۇت دېگەندەك بىر خىل تەبىئىي مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن داڭلىق شائىر لو بىڭۋاڭ باركۆل ۋە ئاق لىباسلىق قارىغايلىقتىن ئىبارەت ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرىگە قاراپ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن يازغۇچى خۇڭ لياڭجى كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان «سۇمۇشتان قارىغايلىرى ناخشىسى» نى قالدۇرۇپ كەتكەن. تەڭرىتاغدىكى ئاق لىباسلىق قارىغايلىق مەنزىرە كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

«چۆلدىكى ئالۋۇن شەھىرى». چەكسىز كەتكەن باركۆل يايلىقى غايەت چوڭ دېڭىز يۈزىگە ئوخشايدۇ. بۇ يەردە دائىم دېڭىزدەك كۆز يەتكۈسىز كۆكۈش تۇتەك خۇددى سۇدەك داۋالغۇپ تۇرغان خىيالىي مەنزىرىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سېلىنغان خەنزۇ، مانجۇ شەھىرى چەكسىز چۆل- جەزىرىدە سۇدەك داۋالغۇپ خىيالىي مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئەجدىھا ئوردىسىدىكى مەجنۇنتال. خەنچېڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تۇتاش كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلار، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى، يايپېشىل كۆكىرىپ تۇرغان دەل- دەرەخلەر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرى سېلىنغان ئەجدىھا ئوردىسى بۇتخانىسىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تاملىرى قىزىل، ئېشىل كاھىشلىق بولۇپ، ئوردا ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. «شىيۇ»، «فېڭشۇ» قوۋۇقلىرىغا كىرىۋاتقان ئۆچار قوشلارنىڭ كۆرۈنۈشى نەقىشلەنگەن، تۇغ- ئەلەم خادىلىرى كۆككە تاقاشقان ھالدا شەرق، غەربتە بىر- بىرىگە روبىرو تۇرىدۇ. تۆت ئەتراپى قەدىمىي دەرەخلەر بىلەن تولغان، بۇتخانا ئىچى تىپتىنچ. ئوردىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تېگى كۆرۈنۈپ تۇرغىدەك سۈزۈك سۇلۇق بىر كۆلچەك بار. كۆلچەك بويىغا بىر قەدىمىي سۆگەت تىكىلگەن (رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە تىكىلگەنمىش). ياز كىرىشى بىلەن باراقسان يېشىلداپ، كۆلچەك ئىچىدە ئۇنىڭ ئەكس سايىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئىسرىق پۇرىقى بۇتخانا ئىچىنى بىر ئالىدۇ. شۇڭا بۇ يەر باشقىچە قىزىقارلىق بىر دۇنيا بولغاچقا، ساياھەت قىلىدىغان

ياخشى جاي. قۇرغاقچىلىق يىللىرىدا، دېھقانلار يامغۇر تىلەش تىلاۋەتلىرىنى ئاھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. 1958- يىلى ئەجدىھا ئوردىسى چېقىۋېتىلدى، قەدىمكى دەرەخلەرمۇ كېسىپ تاشلاندى. ئەجدىھا ئوردىسى، يۇمران سۆگەت ئاللىقاچان ئۆتكەن ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

**ئەينەك بۇلاقتا ئاي تونۇش** ناھىيە بازىرىنىڭ 20 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا بىر بۇلاق بار. جەنۇب تەرىپى باركۆل كۆلىگە تۇتىشىدۇ. ئىلگىرى بۇ بۇلاق سۈزۈك سۇلىرى بىلەن يىغىلىپ، 100 نەچچە كۋادرات مېتىر دائىرىدە يۇمىلاق شەكىلدە سۇ يۈزىنى ھاسىل قىلىپ تۇرغاچقا، قەدىمدە جىگنېرچۈمن (ئەينەك بۇلاق) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يولى راۋاجلىنىپ، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەينەك بۇلاق سەپەر ئۈستىدىكى بىر ئۆتەڭگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ياز كۈنلىرى تولۇن ئاي نۇر چاچقاندا، بۇلاق تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنىدۇ. چۈشكۈن سودىگەرلەر سوغۇق بۇلاق سۈيىدىن ھوزۇرلانسا، كېچىدىكى ئوت- چۆپلەرنىڭ خۇش پۇرىقى پۇراپ تۇرغان سالقىن شامال سەپەر جەريانىدىكى ھارغىنلىقنى چىقىرىدۇ. ئەينەك بۇلاق توغرىسىدىكى ئاجايىپ چۆچەكلەر سودا- سېتىق بىلەن ماڭغان يولۇچىلارنى شېرىن ئۇيقىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئەينەك بۇلاق قەدىمكى يىپەك يولىدىن ئۆتكەن- كەچكەنلەرنى 200 يىلدىن كۆپرەك كۈتۈپ كەلدى. كېيىن تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن زامانىۋى يول ئېلىنغاچقا، ئەينەك بۇلاق كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يايلاقنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى دۆكان خارابىلىرى ئاساسىدا ناھىيە، يېزا، كەنتلەر خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەينەك بۇلاققا يەنە يېڭى تۈس قوشۇلدى.

**يۇتەيدىكى مەنزىرىلەر** يۇتەي ــ ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر جەنۇبىدىكى باركۆل تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان يۇمىلاق شەكىلدىكى كىچىك بىر تاغ. دېڭىز يۈزىدىن 2325 مېتىر ئېگىز. جەنۇب تەرىپى ئېگىز قارلىق چوققا، شەرق، غەرب تەرىپى چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان. تاغ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، ئۈستى تەرىپى تۈز، تەكشى يايلاقتا خىرىس قىلىپ تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 7- يىلى، سىچۈەن، شەنشى باش بۇغى يۈ جۇڭچى 30 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، مۇشۇ تاغ باغرىدا ماكانلىشىپ بارگاھ قۇرۇپ، جۇڭغار تويىلاڭچىلىرىنى باستۇرغان. بىر تەرەپتىن لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئات فېرمىسى قۇرۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلغان. ھەممە سانغۇن، لەشكەرلەرگە نازارەتچىلىك قىلىپ خەنچېڭنى سالدۇرغان. يۈ جۇڭچى جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى مىللىي قەھرىمان يۆفېينىڭ 21- ئەۋلاد نەۋرىسى بولغاچقا، باركۆلدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيەلەش ئۈچۈن، مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىنى يۆگۈڭتەي دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

**«قارىغولدىكى مەڭگۈلۈك باھار»** ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، تاغ ئېغىزى شىمالغا قارىغان، جىلغا چوڭقۇر بولۇپ، غەربتىن شەرققە 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىچە سوزۇلغان غولنىڭ كەڭلىكى 3.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي چوققا دېڭىز يۈزىدىن 4033 مېتىر ئېگىز. ئورمانلار بۈك- باراقسان بولۇپ، قارامتۇل تۈس ئالغاچقا قارىغول دەپ ئاتالغان (ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە يەنە بىر قارىغول بار). قاتمۇ قات تاغ تىزمىلىرىدا شەمشاد، يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغاي، ئاق تېرەك ۋە باشقا دەرەخلەر ئۆسىدۇ. چىمەنلىكتىكى ئوت- چۆپلەر ياپيېشىل ئۆسۈپ، تاغ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇلاق سۇلىرى تەرەپ- تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يەر قوي بورداپ بېقىلىدىغان يايلاق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەر ھەر مىللەت خەلقى سەيلە- ساياھەت قىلىدىغان مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندى.

قارىغولنىڭ ھەر بىر تېغى ئۆزگىچە، ھەر بىر چوققىسىدا مەنزىرىلىك جايلار، ئاللىقاچان ئېگىز شارقىراتما، بىر قاراپلا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان خەتەرلىك چوققىلار، قىيالاردا تەتۈر ئۆسكەن قارىغايلار، سوغۇققا قىلچە پىسەنت قىلمايدىغان قارلەيلىسى، مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرىدىغان مۇزلۇق چوققىلار بار. زىمىستان سوغۇقتا قارلار لەپىلدەپ يېغىپ

تۇرسىمۇ، جىلغا ئىچى ياپيېشىل تۈس ئېلىپ، باھاردىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. 1982- يىلى، يەنە بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، جىلغىنى ئاجايىپ رەڭدار تۈسكە كىرگۈزدى.

**جەنشەن تېغىدا سەھەر** باركۆل كۆلىنىڭ جەنۇبىي قېتىدا يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان، ئېگىز- پەس چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى كىچىك تاغ بار، دېڭىز يۈزىدىن 1940 مېتىر ئېگىز. چوققىلار خۇددى ئۈتكۈر خەنجەردەك كۆك ئاسمانغا قادىلىپ تۇرىدۇ. تاغ گەۋدىسى قىزىل ساۋۇت يېپىنچاقلىغان ھالدا خۇددى زەپەردەس مۇھاپىزەتچىدەك باركۆل كۆلىنى قوغداپ تۇرىدۇ. ئىككى تارام سۈزۈك سۇ تاغ قاپتىلىدىكى يوچۇقتىن ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ «لېيچۈەن» (يىغلاڭغۇ بۇلاق) دەپ ئاتىلىدۇ. تاغ ئېتىكىدە غەربكە كېتىدىغان مۇھىم يول بار. ئۇ ھەربىي ئىشلاردا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم ئورۇن. بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە كارۇن، ھەربىي رابات سېلىنغان. 1950- يىلى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، مەغلۇپ بولۇپ قاچقان گومىنداڭ توپىلاڭچى ئەسكەرلىرىگە توساپ زەربە بەردى. ياز كۈنلىرى، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ نۇرى تاغلاردىن ئۆتۈپ، ئۈچلۈق چوققىغا چۈشكەندە، ياپيېشىل ئوتلاقلار، ئەكشى كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلار بىر- بىرىنى چاقنىتىپ، تەبىئەت سېھرىنى نامايان قىلىشىدۇ. «خەن گۇخۇ» (خەنزۇ قىزى كۆلى)، «لېيچۈەن» (يىغلاڭغۇ بۇلاق) توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر باركۆل كۆلى بىلەن ئۈچلۈق تاغقا تېخىمۇ سىرلىق تۈس ئاتا قىلدى.

**بۇلۇتقا تۇتاشقان باغ دۆۋىلىرى** خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيان، باركۆلدە ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن. بۇگۈنكى داخې يېزا گەنجۇ كەنتىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېۋۇرغولدا لەشكەر تۇرغۇزۇلۇپ، بوز يەر ئېچىپ لاگېرنى قوغدىغان چاغدىكى «قەدىمىي شەھەر» خارابىلىرى بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تېخىمۇ گۈللەنگەن. يۇڭجېڭ يىللىرىدىن باشلاپ ئېچىكىرىدىكى «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى لەشكەرلەر»، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جىنايەتچىلەر»، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئائىلىلەر» دىن تەركىب تاپقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش زور قوشۇنى داخې يېزىسى ئەتراپلىرىنى ئورتاق ئاچقانىدى. چېەنلۇڭ، جياچىڭ مەزگىللىرىدە، مۇنبەت يەرلەر 10 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىنغان. ئەينى چاغلاردىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەر، بۈگۈنكى كۈندە باركۆلنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى. بۇلۇتقا تۇتاشقان باغ دۆۋىلىرى دېگەن بۇ سۆز ئوبرازلىق ھالدا يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇغداي باغلىرىنىڭ تاغدەك دۆۋىلىنىپ، بىر- بىرىگە تۇتىشىپ، بۇلۇتقا تاقاشقانلىقىدەك كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مەنزىرىگە ئوخشىتىلغان.

2) ئۇچ مەنزىرىلىك جاي قۇمتاغقا يوشۇرۇنغان بارگاھ. ناھىيە بازىرىنىڭ 56 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا بىر قۇمتاغ بار. چوقچىيىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ھەر قېتىم بوران چىققاندا يۆتكىلىپ، ھېلىدىن- ھېلىغا خۇددى تۈمەنمىڭ لەشكەر ئۇرۇپ- چاپ دەپ ۋارقىرىغاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىرىدۇ. «باركۆل مەھكىمىسىنىڭ يۇرت- مەھەللىلەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «دېھقانلار ھەر قېتىم ھاۋا تۇتۇلغان تىپتىنچ كېچىدە دائىم جېبەكچىنىڭ تاڭ- تاڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرغان». بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى قۇم چىقىرىۋاتقان ئاۋاز. دېھقانلار قۇمتاغنىڭ غەربىي تەرىپىدىن نۇرغۇن قېتىم قەدىمكى زاماندىكى ئوقيا قاتارلىق قوراللارنى قېزىۋالغان. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شەرقىي خەن دەۋرىدىكى ئېۋۇرغول ئەمرلەشكەر ماۋ كەي 500 لەشكەرنى باشلاپ شىمالىي ھونلار تەڭرىقۇتى قويانخان بىلەن باركۆلنىڭ شەرقىدە ئۇرۇش قىلىپ، پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن شائىر شياۋ شيۇڭ «غەربىي زېمىن ھەققىدە نەزمىلەر» دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ھەر قېتىم ھاۋا تۇتۇلۇپ گۈگۈم چۈشكەندە ياكى سىم- سىم يامغۇر ياغقاندا، نەچچە ئونمىڭ باھادىر- لەشكەر تۇغ- ئەلەملەر ۋە بارگاھلار غۇۋا كۆرۈنگەندەك بولىدۇ.

**جىنخەي مەڭگۈ تاش راۋىقى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 13- يىلى، شەرقىي خەن دەۋرىدىكى پېيسېن مەڭگۈ تېشى (يەرلىك كىشىلەر ئۇنى جىنخەي مەڭگۈ تېشى دەپ ئاتايدۇ) خەنچېڭ بېيگۈەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى گۈەندىمياۋ

بۇتخانىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ ھەمدە مەگگۇ تاشتىكى «خەيىسى ئىبادەتخانىسىنى تۇرغۇزۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش» دېگەن جۈملىگە ئاساسەن، دېگىز ئىلاھى ئىبادەتخانىسى ياسايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، بىر مەگگۇ تاش راۋىقى سالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كېلىپ كېتىپ تۇرغان ئەمەلدارلار، ساياھەتچىلەر دائىم قەدىمكى مەگگۇ تاشنى پەتە قىلىپ، شېئىر، بېغىشلىمىلار يېزىپ قالدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جىنخەي مەگگۇ تاش راۋىقى بىر مەنزىرىلىك جاي بولۇپ قالىدۇ. مەگگۇ تاش راۋاق 1931 – 1933 - يىللىرىدىكى ئۇرۇشلاردا ۋەيران قىلىۋېتىلىدۇ. قەدىمكى مەگگۇ تاش نەنگۇەندىكى دىزاڭ ئىبادەتخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، شۇ يەرگە ئورنىتىلىدۇ.

**مۇزلۇق جىلغىدىكى گۆھەر مۇنار** ناھىيە بازىرىنىڭ يەتتە كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇزلۇق جىلغا ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى دەسلەپكى يىللىرى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. مۇنارنىڭ دىئامېتىرى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى 10 مېتىر، يەتتە پەلەمپەي بار، بەش بۇرجەك شەكلىدە، ھەر بىر قەۋىتىنى لەمپە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. لەمپە تېگىدە بىلىنەر- بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان لىم تەگلىكى بار. بەش يۈزىدە ئەگمە ئىشىك ئېچىلغان، تورۇسىغا دەلۇە شەكلىدىكى مۇنار ئورنىتىلغان. مۇنار ناھايىتى كۆركەم، نەپىس كۆرۈنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەينى چاغدا بىر تويىن راھىبى ۋائىزلىق قىلىپ: باركۆلنىڭ «يېرى ساۋابلىق»، مۇزلۇق جىلغىدا مۇنار سېلىنىدىغانلا بولسا، خەنچېڭنىڭ شىمالىي ئىشىكىدىكى كەگلىكى ئۈچ غۇلاچ، ئېگىزلىكى بىر جاڭ ئىككى چى سۈرەتلىك تامدىن «مەشھۇر شەخس» چىقىدۇ دەپتۇ. مۇنار بىلەن سۈرەتلىك تام پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇدا ئىككى يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپتۇ. دېھقانلار ئەجدىھا پادىشاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتىمىز، دەپ قاراپتۇ. داخې يېزىسىدىكى دېھقانلار شەھەرگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، سۈرەتلىك تامنى چېقىپ تاشلاپتۇ. مۇنار بار جايدا قارىيائاچلار بولۇق ئۆسۈپ، قار- مۇزلار ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدۇ. يىراقتىن مۇز جىلغا ئېغىزىمۇ كۆركەم كۆرۈنگەچكە ساقلاپ قېلىنغان. 1959- يىلى بۇزۇۋېتىلگەن.

3) **بەش مۆجىزە** دۆلىتىمىزنىڭ يەر شەكلىدىن قارىغاندا، غەربىي شىمال تەرەپ ئېگىز، شەرقىي جەنۇب تەرەپ پەس كۆرۈنىدۇ. شۇڭا سۇلار شەرققە قاراپ ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. بىراق تەبىئەت باركۆلنىڭ يەر شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. چوڭ- كىچىك ئېقىنلار غەربكە قاراپ ئېقىپ، بارىسكۆلگە قۇيۇلىدۇ. سىرتتىن كەلگەن مېھمانلار بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىدۇ. شۇڭا، ئېقىن سۇلارنىڭ غەربكە ئېقىشى باركۆلدىكى بىرىنچى چوڭ «مۆجىزە».

**ياملۇ ئىشىكىنىڭ شىمالغا ئېچىلىشى** كونا جەمئىيەتتە، «جاھاندىكى ياملۇ ئىشىكلىرىنىڭ ھەممىسى جەنۇبقا قاراپ ئېچىلىدۇ. يولۇڭ بولسىمۇ، پۇلۇڭ بولمىسا ياندا شۇڭۇچى بولما» دېگەن گەپ بار. ئەمما، باركۆلدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ياملۇ تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان قۇرغان ياملۇلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ھەممىسى شىمالغا قارىتىپ ئېچىلغان. خەنچېڭدىكى باركۆل مەھكىمىسى ياملۇ، ئېۋۇرغول ناھىيە ياملۇ، باركۆل بازارلىق باش بوغ مەھكىمە ياملۇ، مەنچېڭدىكى ئاغلاقچى ئامبال ياملۇلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشىكى شىمالغا قارىتىپ ئېچىلغان.

6- **ئايدا ئۇچقۇنىدىغان قار** باركۆل تەگرىتاغقا يېقىن، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 43℃- قا چۈشىدۇ. 6- ئايلاردا قار يېغىش ئادەتتىكى ئىش. بۇ ئىشلار سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارغا غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

**يازدا تېرىپ، قىشتا يىغىۋېلىش** باھار شامىلى مۇزنى ئېرىتەلمەيدۇ. يازدا ئالدىراش تېرىقچىلىق قىلىنىدۇ، كۈزلۈكى قولغا ئورغاقنى ئالماي تۇرۇپلا، ھەممە يەرنى قار قاپلايدۇ. بۇ باركۆلنىڭ ئىلگىرى دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنىڭ تەسۋىرى.

**تۆگە ئىداسى** باركۆلدە تۆگىلەرنىڭ بېقىلىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۆگە بېقىش ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر، تۆگە يېپەك يولى شىمالىي يولىدىكى مۇھىم قاتناش قورالى. تۆگىچىلەر كارۋىنى ھەر قېتىم باركۆلدىن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئىچكىرىگە ياكى غەربكە مال ئېلىپ ماڭغاندا، دائىم سەپەرگە چىقىۋاتقان ياش تۆگىلەرنىڭ نالە قىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ، بوزلاپ ماڭغىنىدىغانلىقىنى سەزگەن. تۆگىلەرنىڭ

بوزلىشى كىشىدە يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆز يۇرتىغا بولغان مېھرـ مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. مىڭكونىڭ دەسلەپكى يىللىرى يېزىلغان «تۆكە نىداسى» دېگەن بىر كۇپلېت شېئىردا مۇنداق دېيىلىدۇ:

كۆزى قىيماي قارايدۇ شاھزادىسى شەرقنىڭ،
قۇياش سۆيگەن تاغلارغا، چوققىلارغا مۇگلىنىپ.
ئايرىلغاندا بىلىنگەچ يۇرتنىڭ مېھرى باشقىدىن،
ماگدى كارۋان سەپەرگە ياشلار تۆكۈپ قىلىپ يۇتۇپ.
مەنزىل ئۇزاق جاپالىق، ھۇشقىيتىدۇ قۇمـ بوران،
نەرە تارتار يىرتقۇچلار گاھى سوزلۇك تولغىنىپ.

4) بىر ئۆزگىچىلىك — باركۆلنىڭ سوغۇقى «تۇرپاننىڭ ئىسسىقى، باركۆلنىڭ سوغۇقى، ئەنشىنىڭ بورىنى» كىشىلەر ئىلگىرى دەپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى «ئۈچ ئۆزگىچىلىك».

باركۆل تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، قىش پەسلى ئۇزۇن، قىروسىز مەزگىلى قىسقا، قارـ يامغۇرلۇق كۈنلەر بىر قەدەر كۆپ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 1℃. ئىلگىرى بىرەرسى باركۆلگە بارسەن دېسە، باشقىلار ئۇنى مۇز ئۇرىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، دېيىشەتتى. تۈرگۈنلىغان قەدىمكى كىتابلاردىمۇ: باركۆلنىڭ سوغۇقىغا «چىدىغىلى بولمايدۇ»، دەپ يېزىلغان.

## §3. قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى خاتىرە ئورنى

**1. قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى**

ئۇ شەھەر مەركىزىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى دايىڭفاڭنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان، ئۈچ بۆلۈك شەكىلدە. ئەتراپى ۋە مۇنارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىق خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ قورشالغان. ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 30 مو. باغچا ئىچىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى، خاتىرە ئۆيى، قەھرىمانلار ئىشـ ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى، ئېھتىرام بىلدۈرۈش زالى قاتارلىقلار بار. پۈتكۈل قۇرۇلۇش قۇرۇلمىسى پۇختا، ھەيۋەتلىك، كۆركەم بولۇپ، قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. بۇ قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ئەڭ دەسلەپتە 1951- يىل 7- ئايدا قۇرۇلغان. ئۇنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سابىق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۇن 16- شىدىكى بارلىق كوماندىرـ جەڭچىلەر ئۆز قىسمىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ۋە شىنجاڭدا باندىت تازىلاش جېڭىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسىدى.

پېشقەدەم ئىنقىلابىي ئەجداد، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنىڭ تۆھپىكارى ۋاڭ جېن ۋە قىسىم رەھبەرلىرىدىن گەن سىچى، چاڭ زوڭشۈن، جاڭ باگىيىڭ، لو يۈەنفا قاتارلىقلار ئىنقىلابىي قۇربانلار مۇنارىغا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. مۇنار گەۋدىسىگە بېغىشلىما ۋە 2319 نەپەر قۇرباننىڭ ئىسمى يېزىلغان. بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىچىدە بىر نەپەر مۇئاۋىن شىجاڭ لو شاۋۋېي بار. ھەر قېتىملىق جەڭدە ئۇ قوماندانلىق شتابىنى ئالدىنقى سەپتە قۇرۇپ، بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبە قىلىپ، ھەممىنى زىلزىلىگە سالغان. ئىنقىلابىي قۇربانلار مۇنارى بېغىشلىمىسىدا يەنە ئاراتۇرۇكنى قوغداش 40 كۈنلۈك جېڭىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ نامىمۇ يېزىلغان.

1979- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئەسلىدىكى ئورنىدا ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىنى يېڭىۋاشتىن ياساپ چىقتى، ھەمدە ئەسلىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكى ئىنقىلابىي

قۇربانلارنىڭ قەبرىسى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ سۆڭەك كۈللىرىنى خاتىرە مۇنار مەڭگۈ تېشىغا يۆتكەپ كەلدى. 1982- يىلى، مۇنار پۈتكۈزۈلدى. ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە قەبرىستانلىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىڭ 300 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، ئەتراپى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. ئىشىك بېشىغا «قومۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى» دېگەن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خەت ئويۇلغان. ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنكى 150 مېتىر جايدا ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇنار ئاستىدا ئالتە پەلەمپەي بار (6- جۈنگە سىمۋول قىلىنغان)، مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 16 مېتىر (16- شىغا سىمۋول قىلىنغان)، ئۈچ قىرلىق شەكىلدە بولۇپ، ئۈچ يۈزىگە قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات» دەپ يازغان بېغىشلىمىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە يېزىقلاردا ئويۇلغان. مۇنار بىلەن چوڭ دەرۋازا ئارىلىقى مەيدان، مەيداننىڭ ئىككى تەرىپى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھاياتى، ئىش- ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمىخانا، قەبرىستانلىقنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت قويۇلغان.

خاتىرە مۇنارنىڭ 16 مېتىر شەرقىدە ئىنقىلابىي قۇربان لو شياۋۋېينىڭ قەبرىسى بولۇپ، ئۈلى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، 16 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ (4×4). ئۈستى تەرىپى بېتون قۇرۇلمىلىق، ئەتراپىغا گۈل نۇسخىلىرى، بېغىشلىما خېتى ئويۇلغان. قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986- يىلى چوكانتال مەۋسۇمىدە ئىنقىلابىي قۇربان لو شياۋۋېينىڭ قەبرىسىنى دايىگغاڭدىن قومۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەپ كەلدى.

ھەر يىلى چوكانتال مەۋسۇمىدە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ھەر مىللەت خەلقى بۇ يەرگە كېلىپ قەبرە سۈپۈرىدۇ.

2. ئاراتۇرۇك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى

ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭىدە باتۇرلارچە ئۆزىنى تەقدىم قىلغان قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك كومىتېتى بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 1980- يىل 4- ئاينىڭ 5- كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆپىلىكتە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ياسىدى.

ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سېلىنغان، كەينى تاغ، ئالدىدا سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرەپتىكى غالىبىيەت چوققىسى بىلەن يىراقتىن بىر- بىرىگە روبىرو تۇرىدۇ. ئىشىك ئالدى تەرىپىتە ئاراتۇرۇك دەرياسى شەرققە قاراپ ئېقىپ ئۆتىدۇ. باغچىنىڭ تۆمۈر ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە قەلەيدىن قىزىل قىلىپ « ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى» دېگەن خەت تەكشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاش تۈۋرۈككە ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا «قەھرىمانلارنىڭ ئالىيجاناب روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، شانلىق نۇرى كېيىنكىلەر قەلبىنى مەڭگۈ يورىتىدۇ» دېگەن مەسنەۋى ئالتۇن رەڭدە يېزىلغان. قەبرىستانلىق شەرقتىن غەربكە 110 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 160 مېتىر كېلىدۇ، كېيىنكىلەرنىڭ باغچىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشى، مەڭگۈ يوقىرى پەللىگە ئۆرلەش مەنىسى ئاساسىدا پەلەمپەي شەكلىدە ياسالغان. ئاراتۇرۇكتىكى 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭى خاتىرە مەڭگۈ تېشى باغچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا چوڭ دەرۋازىغا ئۇدۇل قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. خاتىرە تېشى ئاساسى ۋە تاش گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان. تاش ئاساسى قىزغۇچ مايسىرەڭ تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، تۆت قەۋەت، سىرتقا تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان ھالەتتە ئېگىزلىتىلگەن. ھەر بىر قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ. بىرىنچى قەۋەت بىلەن ئىككىنچى قەۋەت تاش ئاساسىنىڭ ئۆچى تەرىپىگە سىنك بىلەن ھەل بېرىلگەن تۆمۈر رىشاتكىلار ئورنىتىلغان بولۇپ، تاش ئۆلىنى ئوراپ تۇرىدۇ. تاش گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر، چاسا شەكىلدە، ئاق رەڭلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. مەڭگۈ تاشنىڭ چوققىسىغا دىئامېتىرى ئىككى مېتىر قىزىل بەش يۇلتۇز ئورنىتىلغان. تاش گەۋدىسىنىڭ ئىچى قۇۋۋاق بولۇپ، تۆمۈر جاھازلار قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. پۈتۈن گەۋدىسى تاش- سېمونت قۇرۇلما. خاتىرە مەڭگۈ تېشىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرەپ يۈزىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە

يېزىقلاردا «ئاراتۇرۇكتىكى 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭىدە باتۇرلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ هايات!» دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان. تاش سۇپىسىغا دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي، گۈلچەمبىرەكلەر قاپارتما قىلىپ نەقىشلەنگەن.

قەبرىستانلىق ئىچىدە قارىغاي، سۆگەتلەر يېشىلداپ تۇرىدۇ. ياز پەسلىدە، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدۇ. مەڭگۈ تاشنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يۇمىلاق شەكىلدە 32 قەبرە بار. قەبرىلەرنىڭ ئاستى قىزىل، ئۈستى تەرىپى ئاق تاشتا قوپۇرۇلغان، هەر بىر قەبرىنىڭ ئالدىدا قاتۇرۇلغان سېمونت قەبرە تاختىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەرھۇمنىڭ ئىسمى، كەينى تەرىپىگە تارىخى ئويۇلغان. بۇ 32 قەبرە ئىككى رەت قاتىرىسىغا قويۇلغان. 1979- يىلى، 1982- يىلى چوكانتال مەۋسۇمى هەم 1985- يىل 8- ئاينىڭ 1- كۈنى، ئاراتۇرۇك ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى ناهىيىدىكى هەر قايسى يېزىلاردا قوغدىنىش جېڭىدە قۇربان بولۇپ يېتىپ قالغانلارنىڭ جەسىتىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ دەپنە قىلدى.

3. غالىبىيەت چوققىسى

بۇ چوققا تەڭرىتاغنىڭ تارمىقى بولغان موچىن ئۇلار تېغىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ناهىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا. شەرقتىن غەربكە ئۈچ چوققا «山» شەكلىدە قاتار جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 2111 مېتىر ئېگىز. شەرقىي چوققىدا ئاراتۇرۇك 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭىدە قالغان پوتەينىڭ خارابىسى بار. تاغ ئېگىز هەم تىك، ئىنتايىن خەتەرلىك. ئاراتۇرۇك 40 كۈنلۈك قوغدىنىش جېڭىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1978- يىلى، ناهىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، بۇ چوققىغا «غالىبىيەت چوققىسى» دەپ نام بەردى.

4. قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە باغچىسى

باغچىنىڭ ئورنى قۇمۇل شەھەرلىك قىزىليۇلتۇز غەربىي يولى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى ئۈچ بۇرجەك جايدا.

قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ قەھرىمانلىق تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنى ياد ئېتىپ، ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش باغچىسى قۇرۇشنى هەمدە باغچا ئىچىدە خاتىرە مەڭگۈ تاش تۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. 1992- يىل 12- ئاينىڭ 28- كۈنى، جىن يۇن «قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە باغچىسى» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ بەردى. قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان مەبلەغنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى بىلەن ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئاجراتتى. نۇرغۇن ئورۇن ۋە شەخسلەر 735 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. قۇرۇلۇشنى سىجۇمەن يىڭدا سەنئەت كەسپىي چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. خاتىرە مەڭگۈ تاش قۇرۇلۇشىدا 1993- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى ئىش باشلىنىپ، شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى.

خاتىرە مەڭگۈ تېشى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ سېلىندى. قورشاۋ تام قىزىل خىش بىلەن قوپۇرۇلدى. قىزىل هاكلانغان تام، ئاق رەڭلىك كۆزنەك، سارغۇچ رەڭلىك سۇنئىي كاھىشلار قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرىدۇ. مەڭگۈ تاش ئاساسى چوڭ ئىشكتىن 300 مېتىر يىراق، يەر يۈزىدىن بەش مېتىر ئېگىز تاش پەلەمپەي بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگىلى بولىدۇ. تاش گەۋدىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تەڭرىتاغ ئاق مەرمەرتېشىغا جىن يۈننىڭ بېغىشلىمىسى ئويۇلدى. تاش گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى جەڭچىسىنىڭ مىس هەيكىلى مەڭگۈ تاش ئاساسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مىس هەيكەلنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئورنىتىلغان تەڭرىتاغ

ئاق مەرمەرتېشىغا ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بېغىشلىمىسى (ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا) ئويۇلدى. تاش ئاساسىنىڭ ئىككى تەرپىگە تۆت تۆپتىن سەككىز تۇپ قارىغاي دەرىخى تىكىلدى. تاش ئاساسىنىڭ كەينىدە ئىككى مېتىر يىراقلىقتىكى تىك ئورنىتىلغان مەرمەر تاشقا خاتىرە سۆزى ئويۇلدى. مەڭگۈ تاش خاتىرىسىنىڭ ئىككى تەرپىدىكى مەرمەرتاشقا قىزىل ئارمىيە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى قاپارتما ھەيكىلى ئويۇلغان بولۇپ، قىزىل ئارمىيە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ھايات- ماماتلىق ئۇرۇشىدا، ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خېيىمخەتەرگە پىسەنت قىلماسلىقتەك قەھرىمانلىق شىجائىتى، پارتىيە، خەلق ئۈچۈن باتۇرلارچە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

# سەهیە، تەنتەربیە

## ئوتتۇز بىرىنچى قىسىم

# سەھىيە، تەنتەربىيە

## I باب

### سەھىيە

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئەسكەرلەر تېرىقچىلىق قىلغاندىن باشلاپ، قۇمۇل رايونىدا تېببىي داۋالاش، دورىگەرلىك (جۇڭگو تېبابىتى ۋە مىللىي تېبابەت) ئىشلىرى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىۋىرغول ئايمىقى (قۇمۇل) غا تېببىي ئورگانىيەك يىڭنە بىلەن داۋالاش ئورگانىيىگى، سەھىيە ئەمەلدارى قويۇلدى. ئايماق قاراشلىق ناھىيىلەردە جۇڭگو تېبابىتى ئامبۇلاتورىيىسى ۋە جۇڭگو تېبابىتى دورا دۇكانلىرى بار ئىدى. تېببىي يەن ئورگانىيەكلەر كېيەل داۋالاش ۋە شاگىرت تېۋىپلەرنى ئوقۇتۇشنى باشقۇردى. 8- ئەسىرگە كەلگەندە، قۇمۇلدىكى داڭلىق تېۋىپ جانباسلاقخان «تىرىك تەننى ئۆلچەش»، «جەسەتكە داشىر رەسىملىك قوللانما» دېگەن ئىككى پارچە كىتابنى يازدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27- يىلى (1762- يىلى) قۇمۇلدىكى بىرىگادىغا ئىككى سەھىيە ئەمەلدارى قويۇلدى. ئۇلار ئايماقنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ئەمەلدار- لەشكەرلەرنىڭ كېسەلىنى كۆردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 2- يىلى (1876- يىلى) زوزۇڭتاڭ خۇنەندىن قۇمۇلغا باشلاپ كەلگەن ھەربىي قوشۇندىكى سودىگەر- سېپتىقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرلىك خادىملىرى ئىدى. ئۇلار دورا ئالغاچ كېلىپ، شىنجاڭدا كېسەل كۆردى ۋە دورا ساتتى. كېيىن بەزىلىرى قۇمۇلدا ماكانلىشىپ تېببىي دورىگەرلىك كەسپىنى باشقۇردى ياكى دورا تىجارىتى قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 9- يىلى (1883- يىلى) ئاتاقلىق قازاق تېۋىپ بۆكىن غازى ئەرەبىستاندىن چېچەك ۋاكسىنىسى كەلتۈرۈپ ئالتايدىكى قازاق ئاممىسى ئىچىدە چېچەك ئەملەپ، ياۋا چېچەككىنىڭ ئالدىنى ئالدى. كېيىن بۆكىن غازى ئالتايلىق قازاقلار بىلەن بىللە باركۆل يايلىقىغا كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن چېچەككىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تېخنىكىسى قۇمۇلدا تارقىلىشقا باشلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10- يىلى (1884- يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ۋالىيسى ليۇ جىنتاڭ قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلاردا چېچەك سېلىش ئىدارىسى قۇردى. ئىشانە تويلاپ، ھەر مىللەت ئاھالىلىرى ئارىسىدا چېچەك ئەملىدى. باركۆلدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا- ئاخىرقى مەزگىلىدە، جۇڭيى دورىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىپ ئەل ئىچىدىكى تېۋىپلەر تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆردى. دوختۇرلار ئۆيۈشمىلىرى قۇرۇلۇپ خەنزۇ، مانجۇ جۇڭيى تېۋىپلىرى ئەل ئارىسىدا مۇئەييەن ئابرويغا ئىگە بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى باركۆلگە رۇس سودىگەرلىرى غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى ئىمپورت قىلدى ۋە بۇغا مۈڭگۈزىنى ئېكسپورت قىلدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇمۇل، باركۆلدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئورۇنلىرى يوق ئىدى. مىنگونىڭ 9 – 11- يىللىرى (1920 – 1922 - يىللىرى) باركۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بىر چېچەك سەھىيە ئەمەلدارى ، بىر چېچەك دوختۇرى قويۇلۇپ، ياۋا چېچەك ئەملەشكە مەسئۇل قىلىندى. مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل، باركۆلدىكى جۇڭگو تىبابىتى ۋە جۇڭگوچە دورا دۇكانلىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قارىغاندا ئازلاپ كەتتى. باركۆلدە ئالتە جۇڭيى دورا دۇكىنى، سەككىز جۇڭيى دوختۇرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا كەنت، ئائىلىلەرنى ئارىلاپ، ياۋا چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملەيدىغان تۆت ئەپەندى بار ئىدى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) 13 شتاتى بار ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. بۇ دوختۇرخانا غەرب تىبابىتى ۋە غەرب تىبابىتى دورىلىرى بىلەن بىمارلارنى داۋالايدىغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانا ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل 8- تۈەنى قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئارىسىدىكى ھەربىي دوختۇرلار يەرلىكتىكى بىمارلارنى داۋالىدى. ئۇ چاغدا، غەرب تىبابىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، جۇڭگو تىبابىتى، غەرب تىبابىتى بىلەن دىئاگنوز قويۇپ، جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرى، غەرب تىبابىتى دورىلىرى بىلەن كېسەل داۋالىدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتى باركۆلدە بىر غەرب تىبابىتى شىپاخانىسى قۇردى. ئىككىنچى يىلى باركۆل دوختۇرخانىسىنى (B دەرىجىلىك قىلىپ) كېڭەيتتى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى شىڭشىڭشيادا داۋالاش پونكىتى تەسىس قىلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 10- ئايدا، ئۆلكىلىك سەھىيە باشقارمىسى يەتتەقۇدۇقتا شىپاخانا تەسىس قىلدى. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 26- كۈنى ئاراتۇرۇكتە ۋاقىتلىق داۋالاش ئورنى تەسىس قىلدى. 1949- يىلغىچە قۇمۇل رايونىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئىككى دوختۇرخانا قۇرۇلدى (شىنجاڭ ئۆلكىلىك 9- دوختۇرخانا، باركۆل ناھىيىلىك دوختۇرخانا) ۋە ئۈچ شىپاخانا، ئۇنىڭدىن باشقا خرىستىئان دىنى ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى خرىستىئان دىنى شاپائەت دوختۇرخانىسى بار. ۋىلايەت بويىچە 35 كېسەل كارىۋىتى (شاپائەت دوختۇرخانىسىنىڭ بەش كۆرىتىش كارىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 30 تېببىي خادىم بار ئىدى.

كونا جەمئىيەتتە داۋالاش شارائىتى ناچار، دورا بەك قىممەت بولۇپ، ئىككى تابلېتكا پېنىسلىن بىر كۆرە بۇغدايغا كېلەتتى، بىر قېتىم تۇغۇتنى غەرب تىبابىتى بىلەن تۇغدۇرۇشقا بىر كالا كېتەتتى. ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كېسەل كۆرسىتىشكە، دورا سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. كېسەل بولۇپ قالسا كۆپىنچە ھاللاردا ئەل ئارىسىدا تارقالغان يەرلىك ئۇسۇل بىلەن داۋالىناتتى. بىمارلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇتتىن شىپالىق تىلەيتتى، خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتى، بەزىبىر پېرىخونلار، ئايال باخشىلار ئالدامچىلىق قىلىپ، ئاممىنىڭ پۇل- پۈچەك، مال- مۈلكىنى قاقتى- سوقتى قىلاتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قازاق چارۋىچىلار كېسەل بولۇپ قالسا، خۇدادىن ئامانلىق تىلەيتتى. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل كۆرۈلسە ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆپ ئىدى. مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى) باركۆل ناھىيىسىنىڭ بازار- يېزىلىرىدا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ 200 دىن كۆپرەك ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) يازدا باركۆلنىڭ بازار- يېزىلىرىدا قىزىل يامراپ كېتىپ، 600 دىن ئارتۇق بالا ھاياتىدىن ئايرىلدى. شۇ يىلى كۈز پەسلىدىن ئىككىنچى يىلى ئەتىياز پەسلىگىچە قىشلاقلاردا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. يۇقىرىقىلاردىن ئايانكى، كونا جەمئىيەتتە خەلقنى قاشاقلىق بىلەن كېسەللىك بېسىۋېلىپ، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر خۇددى «ۋابا ئىلاھى» دەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە ھاياتىغا تەھدىت سالدى. شەھەر- يېزىلاردا «ھامىلىدار ئايالنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، بالىنىڭ ئانىسىنى چاقىرغىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان ئېچىنىشلىق ھالەت بارلىققا كېلىپ، ۋىلايەت بويىچە ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 30 ياشقا بارمايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. سەھىيە تېخنىكا قوشۇنى زورايدى، داۋالاش ئورگانلىرى بارا- بارا كۆپەيدى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك داۋالاش، ساقلىق ساقلاش تورلىرى قەدەممۇ قەدەم شەكىللەندى. تۆت زىياندىشنى يوقىتىش، كېسەللىكنى

تۈگىتىش خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 1950- يىلى چېچەك ئۇرۇل- كېسەل يوقىتىلدى. 1982- يىلى بروتسېللىيوز كېسىلى دۆلەت تىزگىنلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى.

1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، داۋالاش- ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆي- بىنالار ئىگىلىۋېلىندى، داۋالاش تەرتىپى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى، داۋالاش كۈچلىرى ئاجىزلاشتى. ئالىي سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىغا «ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلۇق» لىرى دەپ بوھتان چاپلاندى. بەزىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى.

1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلىپ، تىببىي خادىملار ئۆز قوشۇنىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. داۋالاش تەرتىپى رەتكە سېلىنىپ، قائىدە- تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، داۋالاش سەۋىيىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1990- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە (ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) داۋالاش ئاپپاراتى 180 گە، كېسەل كارىۋىتى 2057 گە، ئىشچى- خىزمەتچى 3689 غا يەتتى. جۈملىدىن ۋىلايەتنىڭ سەھىيە ئاپپاراتى 18، كېسەل كارىۋىتى 640، ئىشچى- خىزمەتچىسى 1312 (بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچى % 23.5 نى ئىگىلەيدۇ)، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە تېخنىكا خادىمى 962 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر % 25.8 نى ئىگىلەيدۇ). ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ نىسبىتى 1:7:48.6 . ۋىلايەت بويىچە ھەر مىڭ ئادەمگە 5.01 كېسەل كارىۋىتى، 2.92 دوختۇر توغرا كېلىپ، مەملىكەتنىڭ ھەر مىڭ ئادەمگە 2.32 كېسەل كارىۋىتى، ھەر مىڭ ئادەمگە 1.15 دوختۇر توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتتى. ۋىلايەتتە بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي مەكتەپ بولۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەھىيە كەسىپ ئىگىلىرىنى ۋە خىزمەتتىكى سەھىيە كەسپىي ئىختىساسلىقلارنى ۋە يېزا دوختۇرلىرىنى تەربىيىلىدى.

## §1. ئاپپاراتلار

1. مەمۇرىي ئاپپاراتلار

1) ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى (ئىدارىسى) 1950- يىلى سەھىيە خىزمىتى ۋە ئاپپاراتلىرى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدە قوشۇمچە تەسىس قىلىندى. 1952- يىلى مەمۇرىي مەھكىمىدە سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى، شتاتى ئۈچ ئىدى. 1953- يىلىغا كەلگەندە، ئىشچى- خىزمەتچىسى تۆتكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىرى بۆلۈم باشلىقى. 1957- يىل 5- ئايدا، سەھىيە بۆلۈمى مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلىپ، مەدەنىيەت- مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 8- ئايدا ، مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمىدىن ئايرىپ چىقىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، سەھىيە مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1966- يىلدىن 1974- يىل 10- ئايغىچە، شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت، سىياسىي خىزمەت گورۇپپىسى، مەدەنىيەت - سەھىيە گورۇپپىسى سەھىيە خىزمىتىنى باشقۇردى. 1974- يىل 11- ئايدا ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، 1978- يىل 12- ئايغا كەلگەندە، ئىدارە باشقارمىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مەمۇرىي شتاتى توققۇزغا، كەسپىي شتاتى تۆتكە يەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، سەھىيە باشقارمىسىغا ئۈچ كەسپىي ئورۇن، يەنى يەرلىك كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە داۋالاش ئىشخانىسى (شتاتى تۆت)،

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئىشخانىسى (شتاتى ئۈچ)، قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئىشخانىسى (شتاتى تۆت).

سەھىيە باشقارمىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئورۇنلىرى، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ۋىلايەتلىك جۇڭگىي دوختۇرخانىسى، سەھىيە- يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، تىببىي مەكتەپ تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پونكىتى، مەركىزىي قان پونكىتى، دورا تەكشۈرۈش پونكىتى، داۋالاش ئەسۋاب- ئاپپاراتلىرىنى رېمونت قىلىش، سەپلەش ئورنى قاتارلىق توققۇز ئورۇن بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى.

2) **ناھىيىلىك، شەھەرلىك سەھىيە بۆلۈملىرى** 1952-، 1953- يىللىرى ۋە 1960- يىلى باركۆل، قۇمۇل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىدە ئارقا- ئارقىدىن سەھىيە بۆلۈمى (ئىدارىسى) قۇرۇلدى. 1979- يىلى قۇمۇل شەھىرىدە سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1984- يىلى قۇمۇل ناھىيىسى شەھەرگە قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

2. داۋالاش ئاپپاراتلىرى

1) ۋىلايەت دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرى

(1) **ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا** ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ تەكتى مىنگو مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 9- دوختۇرخانا بولۇپ، مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلىغان. دوختۇرخانىدا بىر نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى دوختۇرىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ياللانما خادىملار ئىدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) دوختۇرخانىدا تاشقى كېسەللىك، ئىچكى كېسەللىك، تۇغۇت، ئاياللار كېسەللىكلىرى بويىچە بىردىن ۋراچ ۋە بىر دورىگەر، سەككىز سېستىرا، بىر ياردەمچى دورىگەر بار بولۇپ، ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئوكۇل بۆلۈمى، دورىخانا قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) توققۇز تىببىي خادىم (بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ بىر)، 30 كېسەل كارىۋىتى بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 360 كۋادرات مېتىر ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك 9- دوختۇرخانا قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1953- يىل 1- ئايدا، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق شىپاخانىسى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قوشۇۋېتىلدى. لابوراتورىيە بۆلۈمى، ئوپېراتسىيە بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، كېسەلخانا، 50 كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىندى. 1980- يىل 1- ئايغا كەلگەندە، ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا قىلىپ بېكىتىلدى. 1990- يىلى كېسەل كارىۋىتى 300 گە، ئىشچى- خىزمەتچىسى 399 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 296، ئالىي ئۇنۋان ئالغانلار 11، دوختۇرلار بىلەن سېستىرالار نىسبىتى 1:1.04، ئىشچى- خىزمەتچى بىلەن كېسەل كارىۋىتى نىسبىتى 1.33:1 بولدى، دوختۇرخانا قۇرۇلۇش كۆلىمى 17 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، سەككىز كلىنىكىلىق بۆلۈم، ئىشخانا، يەتتە تىببىي تېخنىكا بۆلۈمى، بىر ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمى، بىر جىددىي داۋالاش بۆلۈمى، بىر ساقلىق ساقلاش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق 27 تۈرلۈك داۋالاش ئۈسكۈنىسى سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، 100 مىڭ يۈەندىن قىممەت ئۈسكۈنىلەردىن 800 مىللىئامپېرلىق بىر رېنتگېن ئاپپاراتى، بىر B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق دىئاگنوز ئەسۋابى، بىر قورساق بوشلۇقى ئەينىكى، بىر قان گازىنى ئانالىز قىلىش ئەسۋابى، بىر قاننى ئاپتوماتىك ئانالىز قىلىش ئەسۋابى، بىر مەزى بېزىنى رادىئاتسىيە بىلەن داۋالاش ئەسۋابى بار.

(2) **ۋىلايەتلىك جۇڭگىي دوختۇرخانىسى** ۋىلايەتلىك جۇڭگىي دوختۇرخانىسىنىڭ تەكتى ۋىلايەتلىك خەلق

دوختۇرخانىسىنىڭ جۇگيى بۆلۈمى ئىدى. 1978- يىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا جۇگيى بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئىككىنچى يىلى جۇگيى ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلدى. 1976- يىلىغا كەلگەندە، جۇگيى كېسەلخانىسىدا 20 كېسەل كارىۋىتى بولۇپ، بۇ ئامبۇلاتورىيە ئاساسلىقى ئىچكى كېسەللىك، باللار كېسەللىكى، تاشقى كېسەللىك، ئاياللار كېسەللىكى ۋە يىڭنە بىلەن داۋالاش، ئۇۋۇلاپ داۋالاش قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئالدى. 1985- يىل 12- ئاينىڭ 5- كۈنى، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جۇگيى بۆلۈمى ئاساسىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك جۇگيى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن 76 ئادەم، 50 كارىۋات ئايرىپ بېرىلدى. ئىككىنچى يىلى 8- ئاينىڭ 21- كۈنى دوختۇرخانىنىڭ ئورنى جۇڭشەن جەنۇبىي يولى 171- قورۇغا كۆچۈرۈلدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، كارىۋات 100 گە يەتتى. 1990- يىلى دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 142 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 131. دوختۇرلار بىلەن سېستىرالارنىڭ نىسبىتى 1.54:1، ئىشچى- خىزمەتچىلەر بىلەن كارىۋات نىسبىتى 1.42:1 بولدى. كلىنىكالىق بۆلۈمدە تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر، باللار بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئامبۇلاتورىيىدە جۇگيى ئىچكى كېسەللىكلەر باللار بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى، يىڭنە بىلەن داۋالاش، ئۇۋۇلاش، ئۇيغۇر تىبابىتى بۆلۈمى ۋە غەرب تىبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، باللار بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، جىددىي داۋالاش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئۈسكۈنىلەردىن 200 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتى ۋە B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق دىئاگنوز ئەسۋابى قاتارلىقلار سەپلەپ بېرىلدى.

(3) ۋىلايەتلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتى مەركىزىي قان پونكىتى 1988- يىل 3- ئايدا قۇرۇلدى. 1990- يىل 2- ئايغا كەلگەندە، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن نامى ۋىلايەتلىك قىزىل كرېست مەركىزىي قان پونكىتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى ۋە قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. تەشكىلىي قۇرۇلۇشى رايون دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورۇن قىلىندى. ئىشچى- خىزمەتچىسى 21 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 15. پونكىتتا قان مەنبەسىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى (ۋىلايەتلىك قان تەقدىم قىلىش ئىشخانىسى) قان ئېلىش، سالامەتلىك تەكشۈرۈش، خىمىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، سۈپەت كونترول قىلىش گۇرۇپپىسى، تەركىب گۇرۇپپىسى، خوجىلىق ئىشخانىسى، مالىيە ئىشخانىسى، پونكىت ئىشخانىسى قاتارلىق بۆلۈم- ئىشخانىلار تەسىس قىلىندى. پونكىتنىڭ تۈزۈلۈك قائىدە- تۈزۈم ۋە مەشغۇلات قائىدىلىرى مۇكەممەل، خىزمەتتە تەرتىپلىك ئىشلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، قان پونكىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى، ئاپپارات ئۈسكۈنىلىرى دۆلەتنىڭ ئاساسىي تەلىپىگە يېتىپ، مال- مۈلۈك قىممىتى 2 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىپ، قان سۈپىتىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. قان پونكىتىدا يەنە قان تىپى قوشۇنى بەرپا قىلىنىپ، كلىنىكىدا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاندا RHo مەنپىي قان بىلەن تەمىنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قېرىنداش دوختۇرخانىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

پونكىت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە قان مەنبەسى، قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، خالىسانە قان تەقدىم قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پونكىت باشلىقى ۋاڭ زىلىنغا 1989- يىلى سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نام بېرىلدى.

2) ناھىيە دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرى مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) ئەتىيازدا، باركۆلدە غەرب تىبابىتى داۋالاش ئورنى قۇرۇلدى، بەش ئادەم بار ئىدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1943- يىلى) كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، نامى

باركۆل ناھىيىلىك شىپاخانىغا ئۆزگەرتىلدى (B دەرىجىلىك)، خادىمى توققۇزغا يەتتى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 11- ئاينىڭ 26- كۈنى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ۋاقىتلىق داۋالاش ئورنى قۇرۇلۇپ ئۈچ ئادەم سەپلەپ بېرىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى داۋالاش پونكىتلىرى بىلەن بىرلىكتە شىپاخانىلارنى باشقۇردى. 1950 – 1953- يىلىغىچە باركۆل، ئاراتۈرۈك ۋە قۇمۇل ناھىيىلىرىدە شىپاخانىلار تەسىس قىلىندى.

1990- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىرىدىكى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلار (قۇمۇل شەھەرلىك دوختۇرخانا، باركۆل ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى) ئۈچكە، كېسەل كارىۋىتى 250 كە، ئىشچى- خىزمەتچى 317 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 251.

**3) يېزا (بازار) كەنت دەرىجىلىك داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى** 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەتنىڭ يېزا- قىشلاقلىرىدا داۋالاش ئورۇنلىرى يوق ئىدى. 1956- يىلىغا كەلگەندە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې (قاراسۇ) يېزىسىدا يېزىلىق شىپاخانا، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تەگرىتاغ ۋە ئاستانە رايونلىرىدا داۋالاش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. ئالتە دوختۇر، سېستىرا بار ئىدى. 1960- يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 13 گۇڭشې، مەيدانىدا شىپاخانا تەسىس قىلىنىپ، 16 تېببىي خادىم سەپلەندى.

1958- يىلى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا داۋالاش ئورنى تەسىس قىلىندى. 1960- يىلىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە گۇڭشې دوختۇرخانىسى 16 گە يەتتى.

1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزا- قىشلاقلارنىڭ قىسمەن چوڭ ئەترەتلىرىدە ساقلىق ساقلاش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى، كۆپىنچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە سەھىيە خادىملىرى سەپلەپ بېرىلدى. 1966- يىلى، ۋىلايەت بويىچە گۇڭشې دەرىجىلىك سەھىيە - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇپ، چوڭ بىمارلارنى گۇڭشې، كىچىك بىمارلارنى ئەترەت داۋالىيالايدىغان بولدى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە، ۋىلايەتلىك، يېزىلىق دوختۇرخانىلار ۋە شەھەر رايونىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ بىرلەشمە داۋالاش پونكىتى 28 گە يەتتى. ۋىلايەتتىكى 163 كەنتتىنىڭ 155 دە داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلىندى. دوختۇر، دورا بار كەنتلەر ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ % 92 نى ئىگىلىدى، يېزا- كەنتلەردىكى دوختۇر، سەھىيە، ساقلىق ساقلاش خادىمى ۋە تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى 250 كە يەتتى.

**4) زاۋۇت- كانلاردىكى داۋالاش - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرى**

**(1) قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى دوختۇرخانىسى** قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى دوختۇرخانىسى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى بولۇپ، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىغا قارايدۇ. بۇ دوختۇرخانا 1959- يىل 9- ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1962- يىل 4- ئايدا پۈتتى. 1990- يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 390 غا، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 319 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كانىدىكى ئالىي دەرىجىلىك سەھىيە تېخنىك خادىمى يەتتە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىمى 55. دوختۇرلار بىلەن سېستىرالارنىڭ نىسبىتى 1:0.7، 250 كېسەل كارىۋىتى بولۇپ، يەركۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 8518 كۋادرات مېتىر.

**(2) قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى بىلەش زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى** مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 10- ئايدا، يەتتەقۇدۇق داۋالاش پونكىتى تەسىس قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1960- يىلىدىن باشلاپ، ئىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئارقا سەپ بۆلۈمى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى،

بىڭتۇەن بىناكارلىق شىسى تۈزچىلىق مەيدانى، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش باشقارمىسى تۈزچىلىق مەيدانلىرى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى مەيدانى بىلەن يەتتەقۇدۇقتا تۈزچىلىق كەسپىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇردى. ھەر قايسى تۈز ئالدىغا سەھىيە پونكىتى ۋە ئاز ساندىكى كېسەل كارىۋاتلىرىنى تەسىس قىلدى. 1975- يىلىغا كەلگەندە، يۇقىرىقى تۆت ئورۇن قوشۇۋېتىلىپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۈزچىلىق باش زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى تەسىس قىلىندى. 1990- يىلى بۇ دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارىۋىتى 60 قا يەتتى. تۆت بۆلۈم - ئىشخانا تەسىس قىلىندى. شۆبە مەيدانلاردا سەھىيە پونكىتى قۇرۇلۇپ، تىببىي خادىم 60 قا يەتتى.

5) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ داۋالاش ئاپپاراتلىرى

(1) قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلبۇلتۇز دوختۇرخانىسى    تەكتى بېتيون تىنچلىق دوختۇرخانىسىنىڭ 29- شۆبىسى بولۇپ، 1945- يىلى يەنئەندە قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1949- يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان قىسمى قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ دوختۇرخانا شىنجاڭ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 5- شى دوختۇرخانىسى - قىزىلبۇلتۇز دوختۇرخانىسى دەپ ئاتالدى. قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارمىقىدا بولدى. 1990- يىلى دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچىسى 360 قا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 283، ئامبۇلاتورىيە 12، بۆلۈم، تىببىي تېخنىكا بۆلۈمى، ئىشخانا سەككىز، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 271.5 ئادەم (قېتىم) كېسەل كۆرىدۇ. دوختۇرخانىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 23 مىڭ 317 كۋادرات مېتىر، 300 كېسەل كارىۋىتى بار.

(2) قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن- مەيدانلىرىدىكى دوختۇرخانىلار    بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا قىزىلبۇلتۇز 1- مەيدانى، قىزىلبۇلتۇز 2- مەيدانى، قىزىلبۇلتۇز 3- مەيدانى، قىزىلبۇلتۇز 4- مەيدانى، 1- چارۋىچىلىق فېرمىسى، 2- چارۋىچىلىق فېرمىسى، راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، توغۇچى دېھقانچىلىق مەيدانى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچى- خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىلىرى ۋە نوم دېھقانچىلىق مەيدانى، ساقلىق ساقلاش پونكىتى قاتارلىقلار بار.

6) قۇمۇل تۆمۈريول دوختۇرخانىسى    بۇ دوختۇرخانىنىڭ تەكتى 1958- يىل 12- ئايدا قۇرۇلغان قۇمۇل تۆمۈريول ساقلىق ساقلاش شىپاخانىسى. 1960- يىل 6- ئايدا، تۆمۈريول دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1990- يىلى قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ 230 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچى- خىزمەتچىسى 409 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 316، كاندىدات مۇدىر ۋراچ ئۈچ، مەسئۇل ۋراچ 64. دوختۇرخانىدا 13 بۆلۈم، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ قارمىقىدا ئىككى ئامبۇلاتورىيە، 15 ساقلىق ساقلاش پونكىتى، يەتتە تۆمۈريول لىنىيىسىدىكى ساقلىق ساقلاش پونكىتى بار.

7) ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى دوختۇرخانىسى    بۇ دوختۇرخانا 1961- يىلى قۇرۇلدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1820 كۋادرات مېتىر. 1972- يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقاسەپ ھەربىي ئات ئىدارىسى رەھبەرلىكىدە ئىدى. بۇ دوختۇرخانىغا 65 كېسەل كارىۋىتى سەپلەپ بېرىلدى. 1986- يىلىغا كەلگەندە ئىشچى- خىزمەتچىسى 57 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 43 بولۇپ، سەككىز بۆلۈم، ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

8) باشقا دوختۇرخانىلار    قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا، دوختۇرخانا، شىپاخانا، سەھىيە پونكىتى، ساقلىق ساقلاش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇلار 100 دىن ئاشىدۇ.

3. يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتلىرى

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە- يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى    بۇ پونكىتنىڭ تەكتى 1957- يىل 10- ئايدا

قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش چوڭ ئەترىتى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سەھىيە بۆلۈمىگە قاراشلىق بولۇپ، رايون دەرىجىلىك ئورۇن ئىدى. 1959- يىل 4- ئاينىڭ 1- كۈنى، ۋىلايەتلىك مەھكىمىنىڭ سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش چوڭ ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش چوڭ ئەترىتىنىڭ كەسپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1974- يىل 8- ئايغا كەلگەندە، نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەھىيە ـ يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1980- يىل 1- ئايدا يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىغا قارايدىغان بولدى. 1990- يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 85 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 73، مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر ۋە مۇدىر بىر، كاندىدات مۇدىر ۋراچ تۆت، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار خادىم 19. بۇ پونكىتنىڭ ۋەزىپىسى — ۋىلايەتنىڭ سەھىيە، ساغلاملىق تەربىيىسى، يېمەكلىك تازىلىقى، مەكتەپ تازىلىقى، مۇھىت تازىلىقى، رادىئوئاكتىپ تازىلىقى، ئەمگەك تازىلىقى، پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە يەرلىك پوقاق كېسىلى، برۇتسېللېيوز تاياقچە باكتېرىيىسى كېسىلى، ئېخنوكوك كېسىلى، جىنسىيەت كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، تازىلىق تەكشۈرۈش، تۈلچەش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش (1986- يىلدىن بۇرۇن يەنە ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنىمۇ ئىشلىدى) يەن تەتقىقاتىدىن ئىبارەت تەربىيىلەش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. 1978- يىلى رادىئاتسىيىدىن مۇداپىئەلىنىش بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم ـ پەن يىغىنىدا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1989- يىلى رادىئاتسىيىدىن مۇداپىئەلىنىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋېي جىگۇەن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى.

**2) قۇمۇل ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش پونكىتى** بۇ پونكىتنىڭ تەكتى 1977- يىل 3- ئايدا قۇرۇلغان. ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدىكى داۋالاش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىدى، توققۇز ئادىمى بار ئىدى. 1979- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش پونكىتى قۇرۇلدى. 1986- يىلى، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى، ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىغا قارايتتى. 1990- يىلى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 19 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 14. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋىلايەتتىكى تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرىنى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلار. بۇ پونكىتقا 1985- يىلى جۇڭگو سىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە سىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يەنى ئۇمۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نام بېرىلدى. پونكىت باشلىقى ئەن گاۋشىڭ 1984- يىلى، مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى دېگەن شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى.

**3) قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى** ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى ئاساسىدا 1986- يىل 5- ئايدا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن ۋىلايەتلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ پونكىت ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورۇن بولدى، ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىغا قارىدى. 1986- يىل 6- ئايدا، ئايرىم پونكىت قىلىپ قۇرۇلدى. 22 ئىشچى ـ خىزمەتچى سەپلەندى. بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى، رادىئاتسىيە تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ئىشخانا، تۆت بۆلۈم ـ ئىشخانا تەسىس قىلىندى. نىكاھ، ساقلىقىنى ساقلاش، تۇغۇلۇش ئالدىدىكى بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ، تارقاق بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، ئېرسىيەتتىن مەسلىھەت سوراش، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، ئاياللار ۋە بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قاتارلىق

ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ پونكىت كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1986- يىل 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرى، سەھىيە مىنىستىرلىكىدىكى مەھكىمە باشلىقى گاۋ شوفېن ۋە غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ باشلىرى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى شۈي يۈلى جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى لىن جيامى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ۋىلايەتنىڭ ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

4) ناھىيە (شەھەرلىك) سەھىيە- يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىت (ئورۇن) لىرى

(1) باركۆل ناھىيىلىك سەھىيە- يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئورنى 1953- يىلى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەخسۇس ئىككى ئادەم سەپلەندى. 1960- يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1973- يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئايرىۋېتىلىپ، ناھىيىلىك سەھىيە- يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. 1982- يىلى ناھىيىلىك سەھىيە- يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىلەن ناھىيىلىك ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى تەسىس قىلىندى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرى، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ نامى ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ، رايون دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورنى قىلىندى. ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا بولدى. يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىغا 1986 – 1988 - يىللىرى سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، 1987- يىلى لى چىڭخەيگە ئاپتونوم رايونلۇق باشقۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىلدى.

(2) ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 1976- يىل 3- ئايدا، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى ۋە ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك سەھىيە- يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن قىلىندى. 1987- يىل 10- ئايدا، ئىشچى- خىزمەتچىسى 18 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 14.

(3) قۇمۇل ناھىيە (شەھەر) لىك سەھىيە- يۇقۇمدىن ساقلىنىش، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 1956- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. ئۈچ ئادەم قويۇلدى. 1959- يىلىغا كەلگەندە، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا قوشۇۋېتىلدى. 1974- يىلى، دوختۇرخانىدىن ئايرىپ چىقىلىپ ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىدا ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ئالتە خىزمەتچى قويۇلدى. 1977- يىلىغا كەلگەندە، قۇمۇل شەھەرلىك پونكىتقا قوشۇۋېتىلدى. 1984- يىل 12- ئايدا، ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى بىلەن شەھەرلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، قۇمۇل شەھەرلىك ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا ئالتە گۇرۇپپا (ئىشخانا) تەسىس قىلىندى.

4. باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرى

1) قۇمۇل ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش پونكىتى 1975- يىل 7- ئايدا، ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى

قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىغا قارىدى. 1981- يىل 7- ئايدا دورا تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلۇپ، رايون دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورۇن قىلىنىپ شتاتى 20 قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ پونكىتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، ۋىلايەت دائىرىسىدە دورا ئىشلەپچىقىرىش، دورا تىجارەت قىلىش، ھەر قايسى دوختۇرخانىلارنىڭ دورا ياسالمىلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش، ئامىنىڭ دورا ئىشلىتىشتە بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بولدى.

2) قومۇل ۋىلايەتلىك داۋالاش ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش- سەپلەش ئورنى    بۇ ئورۇن 1980- يىلى قۇرۇلۇپ، رايون دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىغا قارىدى. 11 شتات بېرىلدى. قارمىقىدا ئېلېكترون ستېمىسى، رادىئاتسىيە ستېمىسى، مۇزلىتىش ستېمىسىنى رېمونت قىلىش كەسپى تەسىس قىلىندى. ئاساسەن، ۋىلايەتلىك سەھىيە ستېمىسىنىڭ داۋالاش ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

## §2. تىببىي داۋالاش قوشۇنى

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 9- دوختۇرخانا، باركۆل ناھىيىلىك شىپاخانا، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك شىپاخانىلار قۇرۇلغان بولۇپ، تىببىي خادىملار ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) غا كەلگەندە، خادىمى 30 غا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تېۋىپلەرمۇ بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەتنىڭ تىببىي داۋالاش قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. ھەر يىلى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، جۇڭگىيى تېۋىپلىرى يېتىشتۈرۈپ چىققان شاگىرتلار، تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا تەربىيىلەنگەن تىببىي خادىملار بىلەن تولۇقلىنىپ كەلدى. 1960- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1970- يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر نۇرغۇن «يالىڭاياغ دوختۇر» لار بارلىققا كەلدى. 1981- يىلى ۋىلايەت بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالغاندا، ۋىلايەت بويىچە 123 ئادەم يېزا دوختۇرى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، 221 ئادەم سەھىيە خادىمى بولدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ تەگشىلىشىگە ئەگىشىپ، يېزا دوختۇرى 68 گە، سەھىيە خادىمى 135 كە، تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى 47 گە يەتتى. 1990- يىلى ۋىلايەتتىكى سەھىيە خادىمى 3689 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2934 (جۇڭگو تىبابىتى ۋىراچى 80، غەرب تىبابىتى ۋىراچى 793، جۇڭگو تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىنى بىرلەشتۈرگەن دوختۇر ئىككى، سېسترا 337، جۇڭگو تىبابىتى پىراۋىزورى 22، غەرب تىبابىتى پىراۋىزورى 97).

### 1. مىللىي تىبابەتچىلىك

مىلادىيەدىن 200 – 300 يىل ئىلگىرىلا، غەربىي يۇرتتىكى ئازسانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تىببىي دورىگەرلىك ئىشلىرى بار ئىدى. تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرى «يىپەك يول» دا كارۋانلار ئارىسىدىن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەردىن «تېۋىپ» ۋە «شاگىرت تېۋىپ» لار چىقتى. ئۇزاق مۇددەتلىك داۋالاش پائالىيىتىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى جەھەتتە تىببىي ئالىملار مول تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى قالدۇردى. بۈگۈنگە قەدەر تارقىلىپ كەلگەن «تىرىك تەننى ئۆلچەش»، «جەسەتكە دائىر رەسىملىك قوللانما» دېگەن ئىككى كىتابنى مىلادىيە 8- ئەسىردە قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان داڭلىق تېۋىپ جانباشلىغ يازغان بولۇپ، بۇ كىتابلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي نەزەرىيىسى سىستېمىسىدا «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق» قا ۋەكىللىك قىلىدىغان «قان، بەلغەم، ئوت، سەۋدا» دىن ئىبارەت «تۆت خىلت» (يەنى تۆت خىل سۇيۇقلۇق) تەلىماتىدا، ئادەم تېنى بىلەن سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى شەرھلىنىپ، تومۇر تۇتۇپ تەكشۈرۈش، كۆرۈش، سوراشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش كېسەل كۆرۈش ئۇسۇلى بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر تىبابىتىدە تۇتىدىغان تومۇر ئورنى خەنزۇ تېۋىپلاردىن ئۈچ سۇڭ يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ، دورا بىلەن داۋالاش ئاساس قىلىنىدى.

ئۇيغۇر تىبابىتىدە قىزىل گۈل (گۈلسۈرۈخ) شەربىتى بىلەن كاناي ياللۇغى ۋە ئۆپكە كېسەللىرىنى داۋالاش، «قۇمغا كۆمۈلۈش» بىلەن بوغۇم ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن سۇنۇقنى داۋالاشتا مۆجىزە ياراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، مىللىي تىبابەتكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى سانى چەكلىك بولغان ئۇيغۇر تېۋىپلىرى يېزا- قىشلاقلارغا ئولتۇراقلاشتى. قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسىدىكى ئۇيغۇر تىبابىتى دوختۇرى پەتتۇللا سوپى ناھايىتى داڭلىق سۇنۇقچى ئىدى. 1981- يىلى، مۇھەممەتئېلى ئىسمائىل ئۇستازدىن قول ئالغاندىن كېيىن، قۇمۇل شەھىرىدە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىبابىتى داۋالاش ئورنىنى قۇردى. 1987- يىلى، ۋىلايەتلىك جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسىدا ئۇيغۇر تىبابىتى ئامبۇلاتورىيىسى تەسىس قىلىندى، كېيىن يەنە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بۆلۈمى قۇرۇلدى. مۇھەممەتئېلى ئىسمائىل داۋالاش ئورنىنىڭ خادىمى بولغاندىن سىرت، يەنە خوتەن ئۇيغۇر تىبابىتى تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت سەھىيە تېخنىكا خادىمى 589 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 457، قازاق 85، خۇيزۇ 84، موڭغۇل 11، باشقا مىللەتلەر سەككىز.

2. جۇڭيى تىبابەتچىلىكى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27- يىلى (1762- يىلى) دىن ئىلگىرى، قۇمۇلدىكى ھەربىي بىڭگادىغا ئىككى سەھىيە ئەمەلدارى (بىڭگادىدا ھۆكۈمەت دوختۇرىدىن ئىككى كىشى بار ئىدى) قويۇلۇپ، قۇمۇلنى ساقلاۋاتقان ھەربىي ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا، باركۆلدىكى جۇڭيى تىبابىتىدە دوختۇرلۇق قىلىدىغان كەسپداشلار جەمئىيىتى شەكىللەندى. خەنچېڭنىڭ شىمالىي تەرىپى بىلەن مەنچېڭدا ياۋۋاڭمياۋ (دورا مۇئەككىلى بۇتخانىسى) سېلىنغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تېبىبىي ئالىم سۈن سىمياۋنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ ھەر يىلى نەزىر- چىراغ ئۆتكۈزەتتى. خەلق ئىچىدە خەنزۇلار، مانجۇلار ئارىسىدا جۇڭگو تىبابىتى تېۋىپلىرى ناھايىتى ئابرۇيلۇق ئىدى. تارىختا ئۆتكەن جۇڭگو تىبابىتى تېۋىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاتا- بوۋىلىرىدىن، ئۇستازلىرىدىن قول ئالغان ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تېۋىپ بولغان. كۆپىنچىسى دورا دۇكىنى ئېچىپ كېسەل كۆرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884- يىلى) ئېچىلغان دورا دۇكىنى — تيەنچىڭدى بولۇپ، خوجايىنى لۇ چۈنفەن ئىدى. ئاساسلىقى جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ۋە تەييار جۇڭيى دورىلىرى تىجارىتى قىلدى. بۇ دۇكاننىڭ قۇمۇل ناھىيىسىدە تەسىرى چوڭراق، تىجارەت قىلغان ۋاقتى ئۇزۇنراق. مىنگونىڭ 15- يىلى (1926- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى جۇڭيى دورا دۇكىنى — «دېشەنتاڭ» تىجارەت باشلىدى. بۇنىڭ خوجايىنى ۋۇ جيەندى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «چېچەكچى ۋۇ ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئاساسلىقى جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتى قىلاتتى، قوشۇمچە «چېچەك چېكەتتى». مىنگونىڭ 33 – 38 - يىللىرى (1944 – 1949 - يىللىرى) دا، ۋاڭ جۇدۇڭ، ۋاڭ فۇتاڭ قاتارلىق خۇسۇسىي دوختۇرلار كېسەل كۆردى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ناھىيىسىدە يەنە ما بولوگىنىڭ «لوڭ چۈنتاڭ»، جاۋ شاۋچاڭنىڭ «يوگجۇيتاڭ»، ما سۇنچېڭنىڭ «شىڭ شۇندې»، سۈن دېيۈەننىڭ «فۇشىڭتاڭ» ۋە خەن شيۇسەن، لو كېچېڭ، ليەن زېچىڭلارنىڭ جۇڭيى دورا دۇكانلىرى

بار بولۇپ، 1950- يىلىدىن كېيىن تىجارىتى توختىتىلدى.

باركۆل ناھىيىسىدە شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى) دىن بۇيان جۇڭگو تېبابەتچى دوختۇرلىرى، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى كۆرۈنەرلىك ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئالتە دورا دۇكىنى، سەككىز دوختۇر بار ئىدى. يەنزىنىڭ «يى تەيفېڭ»، لىياڭ گوسەيىنىڭ «خېڭلىيوڭ»، لى زىچىنىڭ «چىڭلۇڭشى»، نى ياۋتاڭنىڭ «روڭدېتاڭ»، ياڭ ۋېنخۇەننىڭ «جىشەنتاڭ» ۋە لۇي زۇڭشيەننىڭ جۇڭيى دورا دۇكانلىرى بار ئىدى. تېۋىپ ما لىنشەن تاشقى بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا داڭقى چىقارغان، يەنزى كېزىكنى داۋالاشتا ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. يەنە مەھەللە- كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، چېچەك ئەملەيدىغان تۆت دوختۇر بار ئىدى.

باركۆل ناھىيىسىدە، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) «شۆشىتاڭ» جۇڭيى دورا دۇكىنى ئاچتى، بىر دوختۇر كېسەل كۆردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى خۇسۇسىي تېۋىپلارنىڭ كۆپىنچىسى «شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى» گە قاتناشتى. 1957- يىلى، باركۆلدە كېسەل كۆرىدىغان يەتتە جۇڭگو تېبابىتى تېۋىپى بار ئىدى. 1959- يىلى، «شىنجۇڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى» قۇمۇل ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ جۇڭگو تېبابىتى داۋالاش بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى. پېشقەدەم جۇڭگو تېبابىتى تېۋىپلىرىدىن لى زىجاڭ، تەيمرو ۋە شى ۋېنيى، جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋراچى بولدى. ۋىلايەتتە 11 خۇسۇسىي تىجارەت قىلىدىغان جۇڭگو تېبابىتى تېۋىپى كېسەل كۆردى. 1961- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا بەش جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرى غەرب تېبابىتى بىلەن جۇڭگو تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشنى يولغا قويدى. 1963- يىلى، ۋىلايەتلىك جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى ئايرىم تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرلىرى تەربىيىلەندى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئېلىپ باردى ۋە پەن تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە جۇڭگو تېبابىتى ۋراچى 80 گە، جۇڭگو تېبابىتى پىراۋىزورى 22 گە، جۇڭگو تېبابىتى فېلدشېرى 44 كە، جۇڭگو تېبابىتى فارماتسېپى 38 گە، جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرى 13 كە يەتتى. ۋىلايەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭيى دورىلىرىنى ئىشلىتىش نىسبىتى 65.7% كە يەتتى.

3. غەرب تېبابىتى

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) دىن بۇرۇن، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە ھۆكۈمەت قۇرغان داۋالاش- سەھىيە ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، قۇمۇلدا ئۆلكىلىك 9- دوختۇرخانا قۇرۇلدى. بۇ قۇمۇل تارىخىدىن بۇيانقى غەرب تېبابىتى غەرب دورىلىرى بىلەن كېسەل داۋالايدىغان تۇنجى دوختۇرخانا ئىدى. مىنگونىڭ 32- يىلى (1943- يىلى)، سوۋېت تەۋەلىكىدىكى دوختۇرلار كەتكەندىن كېيىن، دوختۇرخانىنىڭ دورىلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. 1949- يىلى، ئازادلىق ھارپىسىدا، بۇ دوختۇرخانىنىڭ 30 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 35 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى. ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمى ئادەتتىكى كېسەللەرنىلا داۋالىيالايتتى. تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى جاراھەتنى كېسىپ، يىرىڭنى تازىلاپ، تىكىپلا قويالايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1958 – 1963 - يىللىرىچە، جېگەرگە نەشتەر ئۇرۇش، يۈرەك قېپىغا پونكتسىيە قىلىش، يۈرەك ئېلېكتر ئېقىمىنى خاتىرىلەش قاتارلىق يېڭىچە داۋالاش تۈرلىرىنى قانات يايدۇردى. 1970 – 1980- يىللىرى، يۈرەك زەئىپلىشىش، نەپەس زەئىپلىشىش، بۆرەك ئىقتىدارى زەئىپلىشىشنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان، يۈرەك كۆزەتكۈچ قاتارلىقلار بىلەن داۋالىيالايدىغان بولدى. تاشقى

كېسەللىك بۆلۈمى 1957- يىلى بالىياتقۇنى ئېلىۋېتىش، ئۆچەيىنى ئۇلاش، باش سۆڭىكىنى تېشىش ئوپېراتسىيىلىرىنى قىلالايتتى. 1958 – 1962 - يىللىرىچە، ئاشقازاننى يېرىم ئېلىۋېتىش، يۈرەك قېپىنى تېشىش، ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ بوشىشى قاتارلىق ئوپېراتسىيەلەرنى قىلالايدىغان بولدى. 1980- يىللىرى، قىزىلئۆڭگەچ ئارا راكىنى ئېلىۋېتىش، قىزىل ئۆڭگەچ ئوپېراتسىيىسى ... غول تومۇرنى ئۇلاش ئوپېراتسىيىسى، سۈيدۈك نەيچىسىنى يېرىپ تاش ئېلىش ئوپېراتسىيىسى، كۆكرەكنى يېرىپ كېسەللىك ئۇچۇقىنى (سىل) تازىلاش، بەل ئومۇرتقىسى تەخسىسىنى ئېلىۋېتىش، قالقانسىمان بەزنىڭ كۆپرەكىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، سۈيدۈك يولىدىكى غەلىتە شەكىللىك تۈزەش، ئاشقازان، ئۆت، تال، مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىق ئوپېراتسىيەلەرنى قىلىدىغان بولىدى. ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارمۇ بەزى چىگىش كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغان، دىئاگنوز قويالايدىغان بولىدى. يېزا دوختۇرخانىلىرىمۇ ئادەتتىكى كېسەللەرنى كۆرەلەيدىغان، دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن زەھەرلەنگەنلەرنى قۇتقۇزالايدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا قوش كۆزلۈك ئوپېراتسىيە مىكروسكوپى، ئاشقازان تالالىق ئەينىكى، كانايچە ئەينىكى ۋېكتوركاردىئوگرامما، ئېلېكتروكاردىئوگراف، ئېلېكترو ئېنسېفالوگراممىا، جىنسىي يول ئەينىكى، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلۇق دىئاگنوز ئەسۋابى، 800 مىللىئامپېرلىق دىئاگنوز ئاپپاراتى، يۈرەك كۆزەتكۈچ ئەسۋابى، يۈرەك ھەرىكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەسۋابى (كەلتۈرگۈچ)، باش سۆيى ئەينىكى، ئېلېكترلىك نەپەسلەندۈرگۈچ، ئاشقازاننى يۇيۇش ئاپپاراتى، يۈرەك قوزغاتقۇچ ئەسۋابى قاتارلىقلار سەپلەپ بېرىلدى. لېكىن، زور كۆپ ساندىكى يېزا دوختۇرخانىلىرى بۇرۇنقىدەكلا تىڭشىغۇچ، قان بېسىم ئۆلچىگۈچ، بەدەن تېرمومېتىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلاندى. بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان، داۋالاش سېپىدە نۇرغۇنلىغان ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، دۇ شىنشەن، يۈەن خەيلىڭ، ئەن گوشىڭ، جاڭ لىڭ، ياڭ جۇڭشەن، خۇاڭ جىڭخۇا، يەن كەيرۇ قاتارلىقلار.

## §3. داۋالاش تۈزۈمى

1. دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

1952- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار، قۇمۇل ناھىيىسى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى كەسپىي ئورۇنلاردىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە قارىتا دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى يولغا قويدى. كېيىن ۋىلايەتتىكى دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن كەسپىي ئورۇنلاردا يولغا قويۇلدى. 1962- يىلدىن كېيىن، دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشقا بولغان باشقۇرۇش، دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىدىغان ئادەم سانىنى قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش تۈزۈمى چىڭىتىلدى. 1964- يىلى، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ئۆلچىمىنى ھەر بىر كىشىنىڭ ھەر يىلدا 24 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. 1975- يىل 12- ئاينىڭ 29- كۈنى، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى «داۋالاش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. نۇقتا بەلگىلەپ داۋالاش، نورما بېكىتىپ ھۆددىگە بېرىش، چىقىم ئېشىپ كەتسە تولۇقلاپ بەرمەسلىك، تېجەپ قالغىنىنى ئۆزى ئىشلىتىشكە قالدۇرۇش قاتارلىق چارە- تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1977- يىلدىن

كېيىن، دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش راسخوتىنى ئاتچوت قىلىش ۋە ئۆزى پۇل تۆلەيدىغان دورا تۈرلىرىگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1984 — 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى ھەر قايسى ئورۇنلار بىۋاسىتە باشقۇرۇش ئۇسۇلى يىل بېشىدىكى كادىرلار ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەر سانىغا قاراپ بىر قېتىمدىلا يىللىق داۋالىنىش راسخوتىنى تارقىتىپ بېرىشكە، ئاشقان- كەملىگەن قىسمىنى ئۆزى بىر ياقلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈزۈملەر بېكىتىلىپ، داۋالىنىش خىراجىتى ئېشىپ كېتىش خېلى ياخشى كونترول قىلىندى. بەزى ئورۇنلار ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاشقان چىقىمىنى شۇ كىشىنىڭ خىزمەت ئىستاژىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقىغا قاراپ ئاتچوت قىلىش نىسبىتىنى بېكىتىپ، كىم تېجىگەن بولسا شۇ كىشىنىڭ تېجىگەن قىسمىنىڭ 30% ىنى بەردى. ئېغىر، چوڭ كېسەللەر كېسەلخانىدا ياتقان ياكى باشقا دوختۇرخانىلارغا يۆتكىلىپ داۋالانغان بولسا، دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ئۇلارغا داۋالىنىش ياردەم پۇلى بەردى.

2. ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

1951- يىلى، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى زاۋۇت، كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭدەك پوچتا- تېلېگراف، بانكا، سودا، تاشقى سودا، زاۋۇت، كان قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كادىر ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى 50% ئاتچوت قىلىپ بېرىلدى. 1984- يىلدىن كېيىن، قىسمەن ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا خىزمەت ئىستاژىغا قاراپ نىسبەت بويىچە ئاتچوت قىلىندى. قىسمەن كارخانىلار پۈتۈن يىللىق داۋالىنىش خىراجىتىنى بىر قېتىمدىلا ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئارتۇق- كېمى بىلەن كارى بولمىدى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى يولغا قويدى. ئىقتىسادىي شارائىتى ناچار بولغانلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆردى. قىسمەن ياردەم پۇلى بەردى ياكى ياردەم پۇلى بەرمىدى.

3. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش

1958- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخېي(قاراسۇ) گۇڭشېسىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. بىر يىلدىن كېيىن توختىتىپ قويۇلدى.

1964- يىلى، ۋىلايەت قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ راكېتا گۇڭشېسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخېي گۇڭشېسىدا ئۇقتىدا سىناق قىلدى. 1968- يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1971- يىل 2- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1972- يىلى، كۆپلىگەن نامرات ئەترەتلەر داۋالىنىش خىراجىتىنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسمەن گۇڭشې ئەزالىرى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىشنى خالىمىغانلىقتىن قۇمۇل ناھىيىسىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش داۋاملىق يولغا قويۇلغان ئۈچلا گۇڭشې قالدى. 1975- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تەرتىپكە سېلىندى ۋە تەشەببۇس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان چوڭ ئەترەتلەر

100% كە يەتتى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭمۇ 97% كە يەتتى. 1977- يىلى، ۋىلايەتتىكى 22 گۇڭشې، 139 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 138 ىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلۇپ، قاتنىشىش نىسبىتى 99% كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان ئادەم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئادەمنىڭ 70.3% نى ئىگىلىدى. باركۆل، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىدە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان ئادەم 90.7% كە يەتتى. 1979- يىلىدىن كېيىن، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشتا يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. تىببىي خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ئاز، ساپاسى تۆۋەن ۋە باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئاما ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتنىشىشنى خالىمىدى. چوڭ ئەترەتلەر باشقۇرۇشىدىكى كۆپىنچە شىپاخانىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش غۇلاپ چۈشتى. 1982- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى 26 بولۇپ، ئومۇمىي ئەترەتنىڭ ئاران 19.4% نى ئىگىلىدى. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى چوڭ ئەترەت شىپاخانىلىرى يېزىلاردىكى شەخسىي دوختۇرلارغا ياكى كوللېكتىپقا ھۆددىگە بېرىلدى. داۋالاش ھۆددىگە بېرىلمىدى، ھەق ئېلىپ كېسەل كۆرۈلدى.

4. داۋالىنىش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋېتىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلەت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز داۋالاتتى. 1955- يىلى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار كەمبەغەل ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ كېسەل داۋالىتىش خىراجىتى دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن قۇتقۇزۇش پۇلىدىن ياردەم قىلىنىپ ھەل قىلىناتتى.

1951- يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «نامرات بىمارلارنى ھەقسىز داۋالاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدىكى يوليورۇق» نىڭ روھىغا ئاساسەن، نامرات بىمارلار ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان نامرات بىمارلارغا، رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر تەكشۈرۈپ ئۇلارغا ئىسپات چىقىرىپ بەرسىلا، ئېتىبار بېرىلىپ ھەقسىز داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولاتتى. 1953- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەقسىز داۋالانغان ئادەم 2176، 1954- يىلى، 1012 بولۇپ ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىدى. 1951 – 1959 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ھەقسىز داۋالانغان بىمار 20 مىڭ ئادەم (قېتىم)، داۋالاش ۋە دورا پۇلى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1966- يىل 6- ئايدا، ئاپتونوم رايون نامرات بىمارلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ۋىلايەتكە 20 مىڭ يۈەن پۇل چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ پۇلنى ۋىلايەتلىك سەھىيە بۆلۈمى باشقۇردى. 1981- يىلى، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، باركۆل ناھىيىسىگە نامرات بىمارلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن 5000 يۈەن چۈشۈرۈپ بەردى.

## §4. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدە كېزىك ئېغىر دەرىجىدە تارقىلىپ، 80% ئادەم يۇقۇملىنىپ ئۆلۈش نىسبىتى 5% كە يەتتى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىدە قىزىل بىلەن 200 دىن كۆپرەك ئادەم ئۆلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 6- ئايدا، باركۆل ناھىيىسىدە قىزىل يامراپ

كېتىپ 600 دىن ئارتۇق بالا ئۆلۈپ كەتتى. شۇ يىلى 8- ئايدىن ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى قازاق چارۋىچىلار ئارىسىدا كېزىك تارقىلىپ 1300 دىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت شەھەر- يېزىلاردا داۋالاش - ساقلىق ساقلاش تورلىرىنى قۇردى. كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. ۋىلايەت بويىچە (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى بىلەن تۆمۈريولنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1980- يىلى ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە 10 مىڭ 819 ئادەم يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بولسا، 1990- يىلغا كەلگەندە 370.63 كە چۈشتى. يىللىق ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى %21.73 بولدى. چېچەك 1952- يىلى ئۈزۈل- كېسىل يوقىتىلدى.

1. ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

ۋىلايەت دائىرىسىدە بۇرۇن تىف، پاراتىف، ئەسۇملىك، كېزىك، تارقىلىشچان زۇكام، قىزىل، كالا ئازار كېسىلى، غالجىر كېسەل، كۆكيۆتەل، سىكارلاتىنا، بوغما، تولغاق، تارقىلىشچان مېڭە- يۇلۇن پەردە ياللۇغى، بەزگەك، ماخاۋ، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى، كۆز قىزىرىش كېسىلى (بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى) قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆرۈلدى.

1987- يىلى، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ شەھەر- بازارلىرىدا ئالتە پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىلدا ئىككى قېتىم ئەملەش يېڭى تەدبىرى يولغا قويۇلۇپ، ئەملەش نىسبىتى ئۆستۈرۈلۈپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچەي يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %19.01 تۆۋەنلىدى. پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مۇناسىپ ھالدا %39.07 تۆۋەنلەپ بولدى.

1980 – 1990 - يىلىغىچە، يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشتىن قارىغاندا، تارقىلىشچان زۇكامدىن سىرت، تولغاق بىلەن ئاغرىغانلار ئەڭ كۆپ. ئۇنىڭدىن قالسا قىزىل، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى، كۆكيۆتەل، كېزىك بولغان. 1973- يىلى ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە قىزىل بىلەن ئاغرىغانلار 844.78 ئادەم بولغان بولسا، 1990- يىلى 58.68 ئادەمگە چۈشتى.

چېچەكنى يوقىتىش ئۈچۈن 1982- يىلىغا قەدەر ئومۇميۈزلۈك چېچەك ۋاكسىنىسى سېلىندى. 1950- يىلىدىن باشلاپ، كېزىك ۋە خولېرا ۋاكسىنىسى ئىشلىتىلدى. 1955- يىلى، كۆكيۆتەل ۋاكسىنىسى، كۆيدۈرگە قان زەردابى، غالجىر كېسىلى ۋاكسىنىسى، بوغما ئانتىتوكسىن ئىشلىتىلدى. 1964-، 1973-، 1975- يىللىرى بالىلار پارالىچ شېكەرلىك كۇمۇلچىسى، قىزىل ۋاكسىنىسى، تارقىلىشچان مېڭە ياللۇغى ۋاكسىنىسى ئىشلىتىلدى. 1987- يىلى، B تىپلىق جىگەر ۋاكسىنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1990- يىلى A تىپلىق جىگەر ۋاكسىنىسىنى ئىشلىتىش ئومۇملاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 1977- يىلىدىن باشلاپ، پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تۆت خىل ۋاكسىنىنى ئەملەش نىسبىتى قەدەممۇ قەدەم ئۆرلىدى. 1988 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىنى بىرلىك قىلغان ئاساستا دۆلەت بەلگىلىگەن نىشانغا يېتىلدى (ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتى %85 تىن يۇقىرى بولدى).

1975- يىلى، 1 – 15 ياشقىچە بولغان بالىلار ئوتتىسىدا شىك سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلچەش بىلەن مەنپىيلىك نىسبىتى %86.5 بولۇپ، ئىممۇنىتېتلاش سەۋىيىسى خېلى تۆۋەن ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1985 – 1987 - يىلىغىچە،

بوغما، كۆكيۆتەل ۋاكسىنىسىنى ئەمۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى باھالاپ بېكىتىلدى، باھالاشتا بوغمىنىڭ ئانتىتېلا مۇسبەت نىسبىتى 93.33% كە، كۆكيۆتەلنىڭ 98.81% كە يەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1990- يىلى، ئارالتۇرۇك ناھىيىسىدىكى 240 بالىنىڭ ئىممۇنىتېتلىنىش سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچىگەندە ئانتىتېلا مۇسبەت نىسبىتى قىزىلنىڭ 92.8%، قاتمىنىڭ 55%، بوغمىنىڭ 59.8% چىققان بولۇپ، ئەمىلىنىش ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى.

1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش خىزمەت ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى دۆلەت «پىلان» ىدىكى كۆرسەتكۈچكە يەتمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسلىقى باللار پارالىچ شېكەرلىك كۆمۈلچىنى يېدۈرۈش نىسبىتى 80% تىن تۆۋەن بولدى. قوزغىلىش نىسبىتى جەھەتتە باركۆل ناھىيىسى ئىككى يىلدا ئۆلچەمگە يەتتى، قالغان ئىككى ناھىيە (شەھەر) دە كۆكيۆتەلنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى ھەر 100 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە 30 ئادەمدىن، قىزىلنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە 40 ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى.

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ 1985- يىلىدىكى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش ۋە ۋاكسىنا سېلىش نىسبىتى

جەدۋەل: 31 – 1

| تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلار | تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى | كارتوچكا تۇرغۇزۇلۇش نىسبىتى % | قىزىل ۋاكسىنىسى % | يۇلۇن سۇر ۋاكسىنىسى % | كۆكيۆتەل ۋاكسىنىسى % | ئۈچ ۋاكسىنىدا لاياقەتلىك نىسبىتى% |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قومۇل شەھىرى | 205 | 93.7 | 83.3 | 77.1 | 82 | 63.6 |
| باركۆل ناھىيىسى | 209 | 98.6 | 80.3 | 61.7 | 82.7 | 55 |
| ئارالتۇرۇك ناھىيىسى | 189 | 93.1 | 81 | 34.9 | 46.6 | 22.8 |
| جەمئىي | 603 | 95.1 | 81.5 | 57.9 | 70.4 | 47.1 |

بۇلاردىن باشقا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئالدىنى ئېلىش، ساقلىق ساقلاش تەدبىرلىرىنى كەڭ قوللىنىلغاندىن سىرت، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كەڭ تارقالغان چاغلاردا ھەر دەرىجىلىك داۋالاش، ساقلىق ساقلاش، يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتلىرى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنى تېز تىزگىنلىمىگىچە ياكى يوقاتمىغىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى توختاتمىدى. 1990- يىلى، تۇرپاندا «A» تىپقىمۇ «B» تىپقىمۇ ياتمايدىغان جىگەر ياللۇغى پەيدا بولۇپ، قومۇل ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىغا تارقالغاندا قومۇل ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى داۋالاش، ساقلىق ساقلاش، يۇقۇمدىن ساقلىنىش تارماقلىرىنى ۋاقتىدا بىرلەشمە ھەرىكەتكە تەشكىللەپ، جىگەر ياللۇغىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى.

**2. سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر**

1) **جىنسىي كېسەللىكلەر (ئاساسلىقى سفىلىسنى كۆرسىتىدۇ)** مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا جىنسىي كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغانلار %30 كە يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1960- يىللاردا جىنسىي كېسەللىكلەر ئاساسەن يوقىتىلدى. 1959 – 1976- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 123 مىڭ 199 ئادەم (قېتىم) ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، كېسەل بىلەن ئاغرىغانلار 2438 ئادەم (قېتىم) ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ تەكشۈرۈلگەن كىشىنىڭ %1.98 ىنى ئىگىلەيدۇ. 2554 ئادەم (قېتىم) داۋالاندى. 1980- يىلدىن كېيىن جىنسىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار كۆپىيىشكە يۈزلەندى.

2) **باش تەمرەتكىسى** ئاساسلىقى سېرىق تەمرەتكە، ئاق تەمرەتكە ۋە قارا داغلىق تەمرەتكىدىن ئىبارەت. كۆپ يىللار ئامموۋى خاراكتېرلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئارقىلىق، 1970- يىللارغا كەلگەندە بۇ كېسەل ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى.

1959- يىلى، 600 دىن ئوشۇق ئادەم داۋالاندى. 1976- يىلى 155 مىڭ ئادەم تەكشۈرۈلدى. كېسەل بولۇش ئوتتۇرىچە نىسبىتى %1.59 بولدى، 2012 ئادەم داۋالاندى. 1959 – 1981- يىلىغىچە، 223 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى. 3540 ئادەم داۋالاندى. كلىنىكىدا ساقىيىش نىسبىتى %70 كە يەتتى. 1981- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە باش تەمرەتكىسى كېسىلى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلغانلىقى ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە 158 كېسەل بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى %0.099 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

3) **تۇبېركۇليوز كېسىلى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار كۆپ، ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئۆپكە كېسەللىكلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى مەخسۇس داۋالىدى. 1960 – 1970- يىللىرى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مەخسۇس ئاپپارات (ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى) قۇرۇلۇپ، بىرلەشمە ساقلىق ساقلاش - داۋالاش ئورۇنلىرى بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىش ۋە ئاغرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كالمېت- گلۆېرىن ۋاكسىنىسى سالدى. ھەمدە مەخسۇس خادىملارنى ئاجرىتىپ، تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشقا باشلىدى. 1962- يىلى، قۇمۇل بازارلىق ھۆكۈمەت 2504 بالىنى تەكشۈرگەندە، 149 بالا تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان (ھەرىكەتچان دەۋرى). ئاغرىش نىسبىتى %5.95 كە يەتكەن. بىمارلار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كېسەل كۆپەيگەن.

1977 – 1979- يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 370 مىڭ ئادەم ئۈستىدە تۇبېركۇليوز كېسىلى تەكشۈرۈلدى. ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇنداق ① يۇقۇملىنىش نىسبىتى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 0 – 18 ياشقىچە بولغان 17 مىڭ 372 ئادەم تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 3468 ئادەمنىڭ مۇسبىي بولۇپ، ئوتتۇرىچە يۇقۇملىنىش نىسبىتى %20 بولدى. شەھەر ئىچىدە 0 – 18 ياشقىچە بولغان 15 مىڭ 726 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، بۇنىڭ ئىچىدە، 4641 ئادەمنىڭ مۇسبىي بولۇپ، ئوتتۇرىچە يۇقۇملىنىش نىسبىتى %29.5 كە يەتتى. شەھەردىكىلەرنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىدىن يۇقىرى بولدى. ② ئاغرىش نىسبىتى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 0 – 65 ياشقىچە بولغان 13 مىڭ 154 ئادەم تەكشۈرۈلدى، 337 ئادەم ئاغرىغان، ئوتتۇرىچە ئاغرىش نىسبىتى %2.6 بولدى. شەھەر ئىچىدە 0 – 60 ياشقىچە بولغان 18 مىڭ 832 ئادەم تەكشۈرۈلدى، 146 ئادەم ئاغرىغان، ئوتتۇرىچە ئاغرىش نىسبىتى %0.8 بولدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاغرىش نىسبىتى شەھەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، ۋىلايەت قارمىقىدىكى شەھەر، ناھىيە، مەيدان، زاۋۇتلاردىكى ئاغرىغانلار: قۇمۇل

شەھەرىدە 0.8%، قۇمۇل ناھىيىسىدە 2.6%، باركۆل ناھىيىسىدە 3%، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 7.6%، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا 0.7%، زاۋۇت- كان رايونلىرىدا 2.1% بولدى.

1970- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1980- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كالمېنت- گلۇپرىن ۋاكسىنىسىنى سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 18 ياشتىن تۆۋەن باللار ۋە ياش- ئۆسمۈرلەر دەسلەپكى ئەملەش ۋە قايتا ئەملەش ئوبيېكتى قىلىنىپ، ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتى 89.4% كە يەتتى. مەنپىيلىكتە ئۆزگىرىش نىسبىتى 44.8% - 93.9% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1977 – 1979 - يىلىغىچە 70 مىڭ 366 ئادەمگە كالمېنت- گلۇپرىن ۋاكسىنىسى سېلىندى. 1980 – 1983 - يىلىغىچە، 81 مىڭ 595 ئادەمگە، 1984- يىلى 16 مىڭ 695 ئادەمگە ۋاكسىنا سېلىندى. 1985 – 1986 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە يەتتە دوختۇرخانىدا يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاق 2355 بولۇپ، ۋاكسىنا سېلىنغىنى 2153 (تېرە ئاستى)، ۋاكسىنا سېلىش نىسبىتى 84.6% كە يەتتى. يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلارغا ۋاكسىنا سالغانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، ئۇ نوپۇس مەلۇم قىلىشنىڭ ئىسپاتى قىلىندى. تېرە ئاستىغا ۋاكسىنا سېلىپ ئىممۇنىتېتلاشنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى.

ۋىلايەتلىك ساقلىق ساقلاش- داۋالاش ئورۇنلىرى «كېسەل بولىدىكەن جەزمەن داۋالاش، داۋالاشتا جەزمەن ئۈزۈل- كېسىل ساقايتىش»، «ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كېسەلخانىدا ياتقۇزماي داۋالاش، پۈتۈن قاپىدىلىك باشقۇرۇش- داۋالاش ئاساس قىلىنغان ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش نۇقتىلىرىنى يولغا قويدى. 1980 – 1985 - يىلىغىچە كېسەللىك كۆپ قوزغىلىدىغان رايونلاردا ئون ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، كېسەلخانىدا ياتقۇزماي پۈتۈن قاپىدىلىك باشقۇرۇش- داۋالاش قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھەرىدە تۆت نۇقتا (راھەتباغ يېزىسىدا 93 ئادەم، بوغازدا 15 ئادەم، پالۋانتۇردا 57 ئادەم، يۇقىرى ئاقيەر ئاھالىلەر كومىتېتىدا 17 ئادەم)، باركۆل ناھىيىسىدە ئۈچ نۇقتا (شىرىنتزى يېزىدا 36 ئادەم، خۇيۇەنتزى يېزىدا 13 ئادەم، ناھىيە بازىرىدا 22 ئادەم)، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ئۈچ نۇقتا (نوم يېزىسىدا 50 ئادەم، تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا 14 ئادەم، توخۇلۇ(شار تۈيلەر) يېزىسى ۋە ناھىيە بازىرىدا بەش ئادەم) بولۇپ، جەمئىي 322 ئادەمنى داۋالىدى. يەنى 1- گۇرۇپپىدا 54 ئادەم، 2- گۇرۇپپىدا 134 ئادەم، 3- گۇرۇپپىدا 134 ئادەم، تۆت يىللىق داۋالاش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۇقۇملىنىش كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىگەنلىكى ئېنىقلاندى. 1986- يىلى ۋىلايەت بويىچە يىپ ئۈچىغا ئاساسەن داۋاملىق سۈۋالىسى مۇسپىي بولغان 78 بىمار ئىزدەپ تېپىلىپ، ئۇلارنى داۋالاش ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 18 مىڭ 262 ئادەمگە كالمېنت- گلۇپرىن ۋاكسىنىسى سېلىندى. 12 ھەپتىدە مۇسپىيلىككە ئۆزگىرىش نىسبىتىنى ئۆلچىگەندە 90% كە يەتتى. جەمئىي 369 ئادەم ئۈستىدە تۇبېركۇليوز باكتېرىيە سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. 1539 ئادەمدە مۇسبەت رېئاكسىيىسى كۆرۈلۈپ، 45.7% نى ئىگىلىدى (كالمېنت- گلۇپرىن ۋاكسىنىسى سېلىنغاندىن كېيىنكى قىسمەن مۇسپىيلىكتىن مەنپىيلىككە ئۆزگىرىش نىسبىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

1990- يىلى، ۋىلايەت مەملىكەتلىك 3- قېتىملىق سىل تارقىلىشچان كېسەللىكنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. 1548 ئادەمنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىش نىسبىتى 96.8% كە يەتتى. 1-، 2- گۇرۇپپىدىن بەش بىمار بايقىلىپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.32% نى ئىگىلىدى. تۇبېركۇليوز باكتېرىيە سىنىقىدا مۇسپىي چىققان بىمار ئىككى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.13% بولۇپ، بۇ ئىككى نىسبەت ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش پونكىتى يەنە ئۈچ نۇقتىنى تاللاپ تەكشۈرۈپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سىل كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭكىدىن ئېغىر ئىكەنلىكى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ يېزىلىرىنىڭ

بولسا باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرىنىڭكىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى.

## §5. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش

### 1. برۇتسېللىيوز كېسەللىكى

1954- يىلى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىمى جاڭ زىرۇڭ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تاشبۇلاق رايونىدىكى شوپۇلدا برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنى تۇنجى قېتىم بايقىدى.

1962- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك دوختۇرخانا نىرىنكىر ۋە تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا برۇتسېللىيوز كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 29.74% كە يەتتى (3400 ئادەم ئىچىدە 1011 ئادەم يۇقۇملانغان). 1963- يىلى، ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا برۇتسېللىيوز كېسەللىكى، تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. 869 ئادەمنى تەكشۈردى، بۇنىڭدىن 292 كىشى يۇقۇملانغانلىقى، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 33.60% ئىكەنلىكى، كېسەللىكنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى 92.1% بولغانلىقىنى ئېنىقلىدى (869 ئادەم ئىچىدىن 80 ئادەمدە قوزغالدى). 140 ئادەمگە 19- نومۇرلۇق ۋاكسىنا سالدى، باكتېرىيىگە قارشى دورىلار بىلەن داۋالىدى، ئالتە ئادەمدىن بەشى ساقايدى. 1964- يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ۋىلايەت بويىچە ئادەملەر ۋە ھايۋانلار ئارىسىدا برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ئېغىر بولدى. 1965- يىل 2- ئايدا، باركۆل ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشنى سىناق قىلىدىغان ئۈچ ناھىيىنىڭ بىرى قىلىندى. باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزىسىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ئادەملەرنىڭ برۇتسېللىيوز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملىنىشى 18.7% كە، ھايۋانلارنىڭ برۇتسېللىيوز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملىنىشى 4.26% كە، كالا، قويلارنىڭ بالا تاشلىشى 14.43% كە يەتتى. 10 يىل ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئارقىلىق 1977- يىلغا كەلگەندە باركۆل ناھىيىسىدە برۇتسېللىيوز كېسەللىكى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەنگەن ناھىيىلەر قاتارىغا ئۆتتى. 1977 – 1986- يىلغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئۆلچەپ تەكشۈردى. باركۆل ناھىيىسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكى بايقالدى. 1982 – 1984- يىلغىچە، يەنە ئادەم ۋە ھايۋانلاردا برۇتسېللىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1985- يىلى، مەركىزىي كومىتېت يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى- ئېلىش- داۋالاش ئىشخانىسى يەنە باركۆل ناھىيىسىنى مەملىكەت بويىچە برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشتىكى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تەكشۈرۈلىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى قىلدى. 1985 – 1986 - يىللىرى، باركۆل ناھىيىسى برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنى تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يەتتى.

1982- يىلى، مەركىزىي كومىتېت يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ئىشخانىسى ئېلان قىلغان تەكشۈرۈش ئۆلچىمى بويىچە ئاراتۇرۇك، قۇمۇل ناھىيىلىرىدە ئادەم ۋە ھايۋانلاردىكى برۇتسېللىيوز كېسەللىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، بۇ ئىككى ناھىيە برۇتسېللىيوز كېسەللىكى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يەتكەن دەپ ئېلان قىلىندى. 1962 – 1986 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە 204 مىڭ 166 ئادەم ئۈستىدە برۇتسېللىيوز كېسەللىكى

ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، بۇلاردىن 14 مىڭ 575 ئادەمنىڭ يۇقۇملانغانلىقى، يۇقۇملىنىش نىسبىتى %7.14 ئىكەنلىكى بايقالدى، ھايۋانلاردىن 1 مىليون 237 مىڭ 1 تۇياق مال- چارۋا كارانتىن قىلىندى. بۇلاردىن 90 مىڭ 178 تۇياق چارۋا مال مۇسبەت چىقتى، ئۇ %3.25 نى ئىگىلەيدۇ.

1964 – 1986 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە برۇتسېللىيوز كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان 3897 ئادەمنى داۋالىغاندا، 3008 ئادەم ساقايدى، ساقىيىش نىسبىتى %77.19 كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 63 مىڭ 189 ئادەمگە ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى سېلىندى. 8 مىليون 7226 تۇياق مال- چارۋا ئىممۇنىتېتلاندى. 1982- يىلى، ۋىلايەت بويىچە برۇتسېللىيوز كېسەللىكى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى. شۇنداقلا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا برۇتسېللىيوز كېسەللىكى تىزگىنلەنگەن ئورۇن دەپ ئېلان قىلىندى.

2. فتوردىن زەھەرلىنىش

1974- يىلى، چىڭداۋ تىببىي ئىنستىتۇتى قۇمۇل كان رايونىدىكى توققۇز ئادەم فتوردىلىق سۆڭەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىقلىدى. بۇ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم بايقىلىشى. شۇ يىلى يەنە تارانچى كان رايونىنىڭ مۇھىتى ۋە ئادەملىرى تەكشۈرۈلۈپ، ئىچىدىغان سۇدا فتوردىنىڭ مىقدارى توققۇز مىللىلىتىردىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم (1.5 مىللىلىتىر) دىن بەش ھەسسە ئېشىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ يەرنى ئىچىملىك سۇدا فتوردىن زەھەرلىنىدىغان كېسەل رايونى قىلىپ بېكىتتى. يۇقىرى فتوردىلىق سۇ مەنبەسىنى ئىشلەتمەسلىكنى قارار قىلدى.

1982 – 1985 - يىلىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئىچىملىك سۇدىن 186 نۇسخا ئېلىپ فتوردىنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەپ تەكشۈرگەندە، ئەڭ تۆۋىنىنىڭ مىقدارى 0.8 مىللىلىتىر، ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ 10 مىللىلىتىر ئىكەنلىكى، ۋىلايەتتىكى %92.42 سۇ مەنبەسىنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، 20 رايون، يېزا، مەيداندىكى 66 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، 25 مىڭ 418 ئادەم زىيانغا ئۇچراۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ ۋىلايەتتىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %6.75 ىنى ئىگىلەيدۇ.

1985- يىلى، تارانچى كان رايونىدىكى فتوردىلىق سۆڭەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان 145 ئادەم داۋالاندى. 1986- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈر كانىدىكى فتوردىلىق سۆڭەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان 55 ئادەم داۋالاندى. شۇ چاغدا داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۈنۈمى %98.18 كە يەتتى.

1990- يىلغا كەلگەندە، قۇمۇل شەھەرلىك كۆمۈر كان ۋە تارانچى كان رايونىدىكى سۇنى ياخشىلاش ئۈزۈل- كېسىل بولمىغاچقا تىزگىنلەش ئۆلچەمگە يەتمىدى.

3. يەرلىك قالقان بەز ئىششىقى (يەرلىك پوقاق ئادەتتە «پوقاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

قۇمۇل يەرلىك پوقاق كېسىلى تارقالغان رايونلارنىڭ بىرى. 1963- يىل 4- ئايدا، ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى تۇنجى قېتىم ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئاداق گۇڭشېسىدا پوقاق كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نىسبىتى %94.6 كە يەتتى. 317 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، بۇلاردىن 77 ئادەمدە بۇ كېسەللىكنىڭ بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى %24.29 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. يەرلىك پوقاق كېسىلى ئىچىدە يېيىلما تىپتىكىلىرى %79.31 نى، ئارىلاشما تىپتىكىلىرى %5.52 نى، تۈگۈنلۈك تىپتىكىلىرى %15.17 نى ئىگىلىدى، بۇ گۇڭشېنىڭ ئىچىملىك

سۇيىدىكى يود ئاران 0.5 - 1.5 مىللىلىتىر ئىكەنلىكى ئۆلچەندى. كېسەللىك ئالامەتلىرىگە قاراپ، ئەينى ۋاقىتتا 109 ئادەمنى داۋالىدى. 109 ئادەمنىڭ 89 ىدا %81.65 ئۈنۈم كۆرۈلدى، 109 ئادەمدىن 18 ى ساقىيىپ، ساقىيىش نىسبىتى %16.51 كە يەتتى. 1965- يىلى 64 مىڭ 659 ئادەم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 941 ئادەم داۋالاندى، 4026 ئادەمگە قارىتا مۇداپىئە كۆرۈلدى.

1976 – 1980 - يىللىرى، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدە پوقاق كېسىلىنى كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى ئىشلەندى. جەمئىي 496 مىڭ 116 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلۈپ، بۇلاردىن 54 مىڭ 37 ئادەم (قېتىم) دە بۇ كېسەللىكنىڭ بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى %10.9 ئىكەنلىكى بايقالدى. جەمئىي 24 مىڭ 249 ئادەمگە دورا بېرىلدى.

ۋىلايەت بويىچە يەرلىك پوقاق كېسىلى كەڭ كۆلەمدە تارقالدى. بەزى يېزىلاردا پەيدا بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى شۇ جايدىكى ئىچىملىك سۇ تەركىبىدىكى يودنىڭ مىقدارى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولغانلىقىدىن بولدى. شۇڭا 1974- يىلىدىن باشلاپ، قۇمۇل شەھىرى، تارانچى، يامانسۇ كانلاردا يود قوشۇلغان تۇز بىلەن تەمىنلەش تەدرىجىي كېڭەيتىلدى.

1988- يىلى، ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە ۋىلايەت بويىچە يەتتە رايون- يېزا، ئىككى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يەتتى. چەت- ياقا رايونلاردىكى يەرلىك پوقاق كېسىلى قوزغىلىدىغان ھەر بىر نامرات ئائىلىلەردىكى ئادەملەرنى ھەر يىلدا تۆت كىلوگرام يود قوشۇلغان تۇز بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

1990- يىل 5- ئايغا كەلگەندە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ يەرلىك پوقاق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشقا دائىر تورلۇق كۆرسەتكۈچلىرى تىزگىنلەش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە يەرلىك پوقاق كېسىلى تىزگىنلەنگەن تۇنجى ناھىيە بولۇپ قالدى.

### 4. قاپىلىق قۇرۇت كېسىلى (ئېخىنوكوك كېسىلى)

قاپىلىق قۇرۇت كېسىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە كەڭ تارقالدى. بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە تارقالدى.

1950 – 1984 - يىلغىچە، ۋىلايەتتىكى دوختۇرخانىلار 562 كېسەلنى كېسەلخانىغا قوبۇل قىلدى.

1984- يىلى، ۋىلايەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قاپىلىق قۇرۇت كېسىلىنى يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈلگەن جەمئىي 45 مىڭ 886 تۇياق مال چارۋىدىن 24 مىڭ 521 تۇياق مال چارۋىدا قاپىلىق قۇرۇت كېسىلى بارلىقى، ئوتتۇرىچە يۇقۇملىنىش نىسبىتى %53.44 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ %49.92، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ %53.2، قۇمۇل شەھىرىنىڭ %61.05، قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ %71.47 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ناھىيە، شەھەرلەر بۇرۇن كۆرۈلگەن كېسەللىكلەرنى ئەسلەپ تەكشۈرگەندە، 1980 ~ 1984- يىلغىچە باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈمەن- مەيدانلىرىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ قاپىلىق قۇرۇت كېسىلى بىلەن ئاغرىغان 137 ئادەمنى كېسەلخانىغا ئالغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ ھال ۋىلايەتتە بۇ كېسەلنىڭ خېلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

قاپلىق قورۇت كېسىلىنى داۋالاشتا، كۆپىنچە ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغان 250 ئادەمنى داۋالىدى. ساقايغىنى 234 ئادەم بولۇپ، 93.6% نى ئىگىلىدى، ياخشىلانغىنى سەككىز ئادەم بولۇپ، 3.2% نى ئىگىلىدى. ئۆلگىنى سەككىز ئادەم بولۇپ، 3.2% نى ئىگىلىدى. بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە، ئاساسلىقى تازىلىق تەشۋىقاتى ۋە ئىت ئۆلتۈرۈش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 1986- يىلى، باركۆل ناھىيىسىدە 1389 ئىت ئۆلتۈرۈلدى، 2089 ئىتقا پاي ئېلىندى، 1960 مەددە قورۇتى يوقىتىلدى. ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 200 ئىت ئۆلتۈرۈلدى.

1990- يىلى، ئاپتونوم رايون ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنى ۋىلايەت بويىچە قاپلىق قورۇت كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش سىناق قىلىندىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، خادىملارنى تەشكىللەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

## §6. ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

1. ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

1) يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش مىنگو دەۋرىدە، ھامىلدار ئاياللارنى تۇغۇت ئانىلىرى كونا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تۇغدۇراتتى. ئىلمىي، پاكىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈشى ۋە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش خىزمىتى كېڭەيتىلىپ، سەھىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە تۇتۇلدى. ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سەھىيە تارماقلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا بىلەن يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. ئالدى بىلەن شەھەر- بازاردا كېڭەيتىلدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1953- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ سەھىيە بۆلۈمى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك دوختۇرخانىلار بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، كونىچە تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1955- يىلغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە 127 يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى سەپلەپ بېرىلدى. ئالتە تۇغۇت قوبۇل قىلىش پونكىتى، 24 تۇغۇت قوبۇل قىلىش گۇرۇپپىسى، بىر تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئورنى (خۇسۇسىلار ئاچقان تۇغۇت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن) قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش شەھەر- بازار ۋە يېزىلاردىلا كېڭەيتىلىپ قالماستىن، بەلكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

1956 – 1959- يىللىرىچە، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامبۇلاتورىيىلەردە تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش، تۇغۇتتىن كېيىن زىيارەت قىلىش ۋە ئۆيىگە بېرىپ تۇغۇت قوبۇل قىلىش، تۇغۇت قوبۇل قىلىش پونكىتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەش، پراكتىكا قىلدۇرۇش خىزمەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 1959- يىلى، ۋىلايەت بويىچە سەھىيە تارماقلىرىدىن كەسپىي خادىملار ئاجرىتىلىپ،

دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش يولغا قويۇلۇپ، گۇڭشېلاردا 35 تۇغۇت دوختۇرخانىسى قۇرۇشقا ياردەملىشىلدى. 1960- يىلى يەنە 14 تۇغۇت دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇپ، گۇڭشېلاردا تۇغۇت دوختۇرخانىسى ئومۇملاشتى. ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بىردىن ئىككىگىچە تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى سەپلەپ بېرىلىپ، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقلاردا قاتما ۋە چىللە قىزىتمىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى 80% - 90% كىچە (شەھەر، بازاردا 95% تىن، يېزىلاردا 85% تىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 65% تىن يۇقىرى) بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، گۇڭشېلاردىكى تۇغۇت دوختۇرخانىلىرى توختاپ قالدى. يېزىلاردىكى يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى دوختۇرلۇقنى تاشلاپ، كەسپىنى ئۆزگەرتتى. كونا ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش باش كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش 40% - 50% كە چۈشۈپ قالدى. ھامىلىدار ئاياللار ۋە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1979- يىلىغا كەلگەندە، تۇغۇت ئانىلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەربىيىلەش باشلاندى ۋە قايتىدىن تەربىيىلەندى. گۇڭشې ۋە چوڭ ئەترەتلەردىكى تۇغۇتخانىلار قايتىدىن قۇرۇلدى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. 1984- يىلى، ۋىلايەت ئۇقتىدا ھامىلىدار ئاياللار، بوۋاقلارنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش ۋە فرونتال مەزگىلدىكى ساقلىق ساقلاش خىزمىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1985- يىلى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى، دوختۇرخانىدا تۇغۇش نىسبىتى تۇرلەشكە باشلىدى. ئۆز ئالدىغا تۇغدۇرىدىغان ئىشلار كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى.

1987- يىلى، ھامىلىدار ئاياللار، بوۋاقلارنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، جەمئىي يەتتە يېزا ئاربلاپ تەكشۈرۈلدى. باركۆل ناھىيىسى ب د ت باللار فوندى جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاساسىي قاتلام ئانا- باللار ساقلىقىنى ساقلاش ھەمكارلىق تۈرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئورۇنلارنىڭ بىرى قىلىندى. 6- ئايدا، ئۆتكۈنىش كۇرسىدا ئوقۇغان 22 قازاق يېزا دوختۇرى شالوبا (كۆنگەي سۇ)، سۆجە، كۆلياقا، ئولكۈن جىلغىلىرى(يۇلغۇنلۇق)، باچاگىزا(سەككىز سالا) يېزىلىرىغا بېرىپ، «بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈشى توغرىسىدا» تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى.

1990- يىلى، ئانا- باللار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىدە ئىككى سىستېما بويىچە باشقۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تۇغۇتتىن خەتەرلىك ئاياللارنى كۆزىتىش ۋە بەدىنى ئاجىز باللارنى پەرۋىش قىلىش ياخشى ئىشلەندى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئۈچ يېزىسىدا ھامىلىدار ئاياللارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى داۋاملىق تەكشۈرۈلدى.ۋىلايەت بويىچە 672 بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ساقلىق ساقلاش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. قۇمۇل شەھىرى ئاستانە يېزىسىدا ئانا- باللار ساقلىقىنى ساقلاشتا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەر ئورۇندىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئانا- باللار كاپالەتلىك تۆلەم سۇغۇرتىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا جەمئىي 30 دىن ئارتۇق ئادەم سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئانا- باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئورنى پۈتۈن يىلدا 10 دىن ئارتۇق كەسپىي خادىم ئاجراتتى- ئۇلار باركۆل ناھىيىسى ۋە قىزىلبۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈپ، ئاياللار كېسەللىكلىرى، باللاردىكى تۆت خىل كېسەللىكنى ۋە ئاياللارنىڭ راك كېسىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ياردەملەشتى. كېسىلى ئېنىقلانغان بىمارلارنىڭ ھەممىسىنى داۋالىدى.

2) ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش - داۋالاش 1950- يىللىرى، سەھىيە تارماقلىرى ئاياللارنىڭ «تۆت مەزگىلى» (ھەيز مەزگىلى، ھامىلىدارلىق مەزگىلى، تۇغۇت مەزگىلى، بالا ئېمىتىش مەزگىلى) دىكى

ساقلىق ساقلاشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

1960- يىلى، ئاياللاردىكى ھەيز تۇتۇلۇش، بالىياتقۇ چىقىقى قاتارلىق كېسەللىكلەر تەكشۈرۈلدى، ئالدى ئېلىندى ۋە داۋالىتىلدى. 1962- يىلى، ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى كەسپىي خادىملارنى ئۈچ گۆڭشېغا ئەۋەتىپ، 18 ياشتىن يۇقىرى نىكاھلانغان 2069 ئايالنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 83 ئايالدا بالىياتقۇ چىقىقى بارلىقىنى، كېسەل بولۇش نىسبىتى %4.01 ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى، 29 ئايالنى ھەقسىز داۋالىدى، ساقىيىش نىسبىتى %93.1 بولدى. ھەيزى تۇتۇلغان 810 ئايالنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلار 18 ئىكەنلىكىنى، كېسەل بولۇش نىسبىتى %2.22 ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. 1964- يىلى، ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى تۇغۇتچى گۆڭشېدا بالىياتقۇ چىقىقىنى داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلىدى، جەمئىي 26 بىمارنى داۋالىدى، ساقىيىش نىسبىتى %88.4 بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتى توختاپ قالدى.

1978- يىلى، ۋىلايەتتە ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش- داۋالاش جىددىي قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىندى، ناھىيە، گۆڭشې، مەيدانلاردا ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، بىرلەشمە جەڭنىڭ قوماندانلىق قىلىش خىزمەتلىرىگە كونكرېت مەسئۇل بولدى.

1978- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 40 نەچچە تېببىي خادىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەردىكى 60 ياشتىن تۆۋەن نىكاھلانغان 20 مىڭ 474 ئايال ئۈستىدە راك كېسەللىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئاساس قىلىنغان ئاياللار كېسەللىكلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ھەمدە ۋىلايەتتىكى 20 مىڭ 474 بىمارنىڭ بالىياتقۇ بويىنى راكى بويىچە تەكشۈرۈلگەن كېسەللىك قانۇنىيىتى، ھۆجەيرىلىك ئىلمىي ماتېرىياللىرى دەسلەپكى قەدەمدە ۋاقتىدا يەكۈنلەندى ۋە ئانالىز قىلىندى. ئومۇمىي تەكشۈرۈش نىسبىتى %58.92 كە يەتتى. بالىياتقۇ بويىنى راكى بولغان10ئايال بايقالدى. ھەر 100 مىڭ ئادەم ئىچىدە كېسەل بولۇش نىسبىتى %48.19 بولدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ سارچوقا يېزىسى (قازاق مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون)، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسى (ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون) بالىياتقۇ بويىنى راكى كۆپ پەيدا بولىدىغان رايونلار ئىكەنلىكى بايقالدى. ئاياللاردىكى «ئىككى كېسەللىك» تىن سىرت، باشقا كېسەل بىلەن ئاغرىغان 7819 ئايال بىمار بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى %38.2 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1978 – 1982 - يىلىغىچە، نىكاھلانغان 44 مىڭ 587 ئايالدىن 22 مىڭ 403 ئايال ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 294 ئايالدا بالىياتقۇ چىقىقى بارلىقى ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، I دەرىجىلىك بالىياتقۇ چىقىقى بار بىمار 156، II دەرىجىلىك بالىياتقۇ چىقىقى بار بىمار 83، III دەرىجىلىك بالىياتقۇ چىقىقى بار بىمار 55. ئوپېراتسىيە قىلىش، جۇڭيى دورىسى ئىچكۈزۈش، بايلىياتقۇنى كۆتۈرۈپ داۋالاش، كۆزىتىش ئارقىلىق ھەر قايسى دەرىجىلىك بالىياتقۇ چىقىقى بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ ساقىيىش نىسبىتى %48.16 كە، كېسەلنىڭ ياخشىلىنىش نىسبىتى %47.57 كە يەتتى. ئۈنۈمى كۆرۈلمىگىنى %3.82 بولدى، I دەرىجىلىك بالىياتقۇ چىقىقى بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ داۋالىنىپ ساقىيىش ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. ۋىلايەت بويىچە سۈيدۈك يولى ئاقمىسىغا گىرىپتار بولغان سەككىز بىمار ئېنىقلىنىپ، پائال داۋالىتىلدى. بەزىلىرى شاگخەيگە، بەزىلىرى ئاپتونوم رايوندىكى دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇلدى، داۋالاش نىسبىتى %100 كە يەتتى، ئالتىسى ساقايدى (ساقىيىش نىسبىتى %75 كە يەتتى). ئىككى بىمارنىڭ كېسىلى ياخشىلاندى (ياخشىلىنىش نىسبىتى %25 بولدى).

1983- يىل 1- ئايدىن باشلاپ، ۋىلايەت مۇھىم نۇقتىنى باركۆل ناھىيىسى شىرىنىزى گۆڭشېسىغا، ئاراتۈرۈك

ناھىيىسى تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىغا، قۇمۇل شەھىرى ئاستانە گۇڭشېغا ۋە قۇمۇل شەھەر رايونىدىكى تۆت ئۇقتىغا قارىتىپ، راكنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلىدى، 3011 ئادەمگە نىسبەتەن بالىياتقۇ بويىنى سۈۋالمىسى ۋە ئىككى قولدا تەكشۈرۈش (جىنسىي يول ۋە قورساق سىرتىدىن قولنى ماسلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش) ئېلىپ باردى. جىنسىي يول ھۈجەيرە ئىلمى I دەرىجىلىك كېسەل بولغان 2810 ئادەم، II دەرىجىلىك كېسەل بولغان 134 ئادەم، III دەرىجىلىك كېسەل بولغان يەتتە ئادەم ئېنىقلاندى. جىنسىي يول ھۈجەيرە ئىلمى II دەرىجىلىك كېسەللەرگە دورا بېرىپ، ياللۇغلىنىشقا قارشى داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى. III دەرىجىلىك كېسەللەردىن بالىياتقۇ بويىندىن ئەۋرىشكە ئېلىپ، پاتالوگىيىلىك كەسلەنمىنى تەكشۈردى. ئاخىرى ئەسلى ئورنىدىكى راكقا گىرىپتار بولغانلار ئىككى ئادەم، تەڭگىسىمان راكقا گىرىپتار بولغانلار بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە 1981 – 1982- يىللىرى بالىياتقۇ چىقىق كېسەللىكى ۋە سۈيدۈك ئاقمىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 31 – 2

| ناھىيە، شەھەر ياكى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرى | ئومۇمىي نوپۇس | تېكشۈرۈلگەن ئاياللار | تەكشۈرۈلگەن ئاياللاردىن تەكشۈرۈلگىنى | ئەمەلىي تەكشۈرۈش نىسبىتى % | بالىياتقۇ چىقىقى | | سۈيدۈك ئاقمىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | ئاغرىغانلار سانى | ئېنىقلانغان نىسبىتى % | ئاغرىغانلار سانى | ئېنىقلانغان نىسبىتى % |
| قۇمۇل شەھىرى | 99523 | 12846 | 5151 | 40.1 | 25 | 0.49 | 1 | 0.019 |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 83098 | 13936 | 7989 | 57.33 | 115 | 1.44 | 1 | 0.012 |
| باركۆل ناھىيىسى | 98600 | 8942 | 5948 | 66.51 | 54 | 0.91 | 3 | 0.05 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 16912 | 2364 | 1391 | 58.84 | 43 | 3.09 | 0 | 0 |
| يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ستېپىسى | 74176 | 6501 | 1929 | 29.67 | 57 | 2.95 | 3 | 0.15 |
| جەمئىي | 372309 | 44584 | 22403 | 50.25 | 294 | 1.31 | 8 | 0.036 |

1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 714 ئادەمنىڭ ئاياللار كېسەللىكى قايتا تەكشۈرۈلدى ۋە داۋالاندى. 1973 ئايال ستولوگىيىلىك تەكشۈرۈلدى.

1984 – 1986- يىلىغىچە، ئاپتونوم رايون ئاياللاردىكى «ئىككى خىل كېسەللىك» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئاساسىدا يەنە تەكشۈرۈش- داۋالاش ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئۈنۈمى 95% تىن ئاشتى. 1984- يىلى، تەكشۈرلگەن 60

ياشتىن تۆۋەن نىكاھلانغان ئايال 18 مىڭ 65، تۇرغۇزۇلغان تۇرلۇك ئاياللار كېسەللىكلىرى كارتوچكىسى 1869 پارچە. 1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈلگەن ئايال 1829، ئايالالار كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغىنى 1051، كېسەل بولۇش نىسبىتى 57.46%، 1986- يىلى تەكشۈرۈلگەن ئايال 3548، ئايالالار كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغىنى 1109، كېسەل بولۇش نىسبىتى 31.26%. بۇنىڭ ئىچىدە، تەگكىسىمان راكقا گىرىپتار بولغانلار بىرىيلەن بولۇپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىغاندىن كېيىن ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلانغانلىكى ئايالالار كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىمارلار داۋالىتىلدى.

2. باللار ساقلىقىنى ساقلاش

1951- يىلى، قۇمۇل ناھىيىسى دوختۇرلارنى تەشكىللەپ 1621 بالىنى تەكشۈردى. بۇلاردىن 1145 ى ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇ تەكشۈرۈلگەن باللارنىڭ 70.6% نى ئىگىلىدى، تراخوما كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 28.5% نى ئىگىلىدى. تراخوما كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىيۈزلۈك داۋالىتىلدى. تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە قەرەللىك تۈردە ھەقسىز ۋاكسىنا ئەملەندى ۋە ئۇ داۋالاندى.

1978- يىلدىن كېيىن، مەكتەپلەردە سەھىيە. ساقلىق ساقلاش شىپاخانىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. 1980- يىلى، ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىدا مەكتەپلەرنىڭ ساقلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1) كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئاسراش 1980 – 1981 - يىللىرى، قۇمۇل شەھىرىدىكى 11 مىڭ 358 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ۋە 500 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ نۇر سۇندۇرۇش ھالىتى تەكشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆرۈش قۇۋۋىتى بىلەن نۇر سۇندۇرۇش ھالىتىنىڭ مۇناسىۋىتى تەكشۈرۈلدى ھەمدە كۆز قارچۇقىنى كېڭەيتىدىغان تەسۋىرنىڭ نۇر سۇندۇرۇش ھالىتى ئانالىز قىلىندى ۋە باشقىلار.

1982- يىلى، قۇمۇل شەھىرى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدە 1047 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تەكشۈرۈلدى.

1983- يىلى، باركۆل ناھىيىسى سارچوقا يېزىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىكى 1250 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تەكشۈرۈلدى.

1983- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1071 ئوقۇغۇچىسىنىڭ 42 تۈر بويىچە سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلار 19.30% بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنىڭ ئوتتۇرىچە 19.68% بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1980- يىل 12- ئايدىن 1981- يىل 3- ئايغىچە، توققۇز ئوتتۇرا مەكتەپ، 17 باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 12 مىڭ 475 ئوقۇغۇچىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى تەكشۈرۈلدى.

**1981- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە توققۇز ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ھەر قايسى مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 31 – 3

| مىللەت ئايرىمىسى / تۈرى | خەنزۇ: باشلانغۇچ مەكتەپ | خەنزۇ: ئوتتۇرا مەكتەپ | ئۇيغۇر: باشلانغۇچ مەكتەپ | ئۇيغۇر: ئوتتۇرا مەكتەپ | خۇيزۇ: باشلانغۇچ مەكتەپ | خۇيزۇ: ئوتتۇرا مەكتەپ | قازاق: باشلانغۇچ مەكتەپ | قازاق: ئوتتۇرا مەكتەپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەكشۈرۈلگەن سان | 8978 | 8188 | 982 | 2938 | 1096 | 780 | 1146 | 854 |
| كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىغانلار | 707 | 1653 | 20 | 75 | 89 | 107 | 45 | 34 |
| ئاجىزلاش نىسبىتى % | 7.87 | 20.19 | 2.04 | 2.55 | 8.12 | 13.72 | 3.93 | 3.98 |

ئائىلە ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئاتا- ئانىلارنىڭ كەسپى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، كادىرلار ئائىلىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىش نىسبىتى 16.4%، ئىشچىلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ 14.23%، دېھقانلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ 4.96% ئىكەنلىكى، باشقا ئائىلىدىكىلەرنىڭ 7.2% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1982- يىلى، باركۆل ناھىيىسى سارچوقا گۈڭشېدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 1047 قازاق ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرگەندە، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى مۇنداق بولدى: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 3.95% بولۇپ، خەنزۇلارغا قارىغاندا (ئوغۇللارنىڭ 20.19%، قىزلارنىڭ 7.8%)، خۇيزۇلارنىڭ (ئوغۇللارنىڭ 13.72%، قىزلارنىڭ 7.82%) تۆۋەن ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ (ئوغۇللارنىڭ 2.55%، قىزلارنىڭ 2.04%) سەل يۇقىرىراق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1983- يىلى، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇمۇل شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1-، 2-، 3- يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، تەكشۈرۈلگەن 601 ئوقۇغۇچى ئىچىدە، ئوغۇل، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك ئوتتۇرىچە نىسبىتى 34% ئىكەنلىكى، جۈملىدىن، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوغۇللارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، قىزلارنىڭ 37%، ئوغۇللارنىڭ 27% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1985 – 1986 - يىللىرى، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى 26 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن 11 مىڭ 623 ئوقۇغۇچىدىن 2679 نىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىغانلىقى، بۇ 23.05% نى ئىگىلەيدىغانلىقى، شەھەردە تەكشۈرۈلگەن 5583 ئوقۇغۇچىدىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىغانلار 24.98% نى ئىگىلەيدىغانلىقى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكى، قۇمۇل شەھىرىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئاجىزلىشىش نىسبىتى 60.91% ئىكەنلىكى، خەنزۇ ۋە خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا بىر قانچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى، كۆرۈش

قوۋۇتىنىڭ ئاجىزلىشىشى جەمەتتە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، قىزلارنىڭ 63.86%، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ 36.14% ئىكەنلىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسىنىڭ ئېغىر بولۇشى كۆرۈش قوۋۇتىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

1986- يىلى، شەھەر- يېزىلاردىكى ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تراخوما تەكشۈرۈلدى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2- يىللىقلىرى، 5- يىللىقلىرى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 2- يىللىقلىرىدىكى 3170 خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرگەن ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تراخوما بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.5% بولۇپ، يېزىلارنىڭ شەھەرنىڭكىدىن يۇقىرى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى.

2) بالىلاردىكى «ئىككى خىل كېسەللىك» نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش - داۋالاش 1978- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەت قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەرئىچى گۇڭشېسىدا ئۈچ ياشقىچە بولغان 183 بالا (ئۇيغۇر) ئۈستىدە راخىت كېسەللىكىنى تەكشۈردى. بۇ تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بالىلارنىڭ 95% ىنى ئىگىلەيدۇ. 176 بالا ئاغرىغان بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 96.17% كە يەتتى. 1980- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدىكى 304 يالغۇز پەرزەنت ئۈستىدە «ئىككى خىل كېسەللىك» تەكشۈرۈلدى.

1981- يىلى، 2323 نەپەر 0 — 7 ياشقىچە بولغان بالىلاردىكى «ئىككى كېسەللىك» (قان ئازلىق، راخىت كېسىلى) تەكشۈرۈلدى، 373 ئادەم ئاغرىغان بولۇپ، ئاغرىش نىسبىتى 16.06% بولدى. شۇنىڭدەك 1980- يىلى بەدەن تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان «ئىككى خىل كېسەللىك» كە گىرىپتار بولغان بالىلار دورا بىلەن داۋالىتىلدى. 1983- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بالىلاردىكى «ئىككى خىل كېسەللىك» نى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ داۋالاش قانات يايدۇرۇلدى. ئىككى ياشتىن كىچىك بالىلار تەكشۈرۈلدى ۋە داۋالىتىلدى. ئۈچ ياشتىن كىچىك بالىلار 0 — 6 ئايغىچە، 6 — 12 ئايغىچە، 12 — 18 ئايغىچە، 18 — 24 ئايغىچە، 24 — 34 ئايغىچە بولغان بالىلار بەش گۇرۇپپا بويىچە ئۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەردە 5461 بالا تەكشۈرۈلدى ۋە داۋالىتىلدى. 2466 بالا قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 45.16% ئىكەنلىكى، 856 بالا راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 15.67% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى ۋە ئۇلار دورا بىلەن داۋالىتىلدى.

1983- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يەتتە ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭ راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 31 — 4

| ناھىيە، شەھەر | تەكشۈرۈلگەن ئادەم | ئاغرىغانلار | ئاغرىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 1137 | 109 | 9.59 |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 1800 | 83 | 4.60 |
| باركۆل ناھىيىسى | 1700 | 349 | 20.53 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئارائوراڭ ناھىيىسى | 824 | 315 | 38.22 |
| جەمئىي | 5461 | 856 | 15.67 |

1983- يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى يەتتە ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭ ئۆزۈلۈك يېتىشمەسلىكتىن قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش ئەھۋالى

جەدۋەل:31 – 5

| ناھىيە، شەھەر | تەكشۈرۈلگەن ئادەم | ئاغرىغانلار | ئاغرىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 1137 | 755 | 66.40 |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 1800 | 472 | 26.22 |
| ئارائوراڭ ناھىيىسى | 824 | 294 | 35.67 |
| باركۆل ناھىيىسى | 1700 | 845 | 49.71 |
| جەمئىي | 5461 | 2466 | 45.16 |

1983- يىل 12- ئايدا، ۋىلايەت بالىلاردىكى «ئىككى خىل كېسەللىك» نى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە بىر ھەپتىلىك ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

1984- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 0 – 7 ياشقىچە بولغان 30 مىڭ 150 بالا تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بالىلاردىن قان ئازلىق كېسىلى ئۈستىدە تەكشۈرۈلگەنلەر 10 مىڭ 457 بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى 34.7%، بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلار 3971 ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 38%؛ 0 – 3 ياشقىچە بولغان 8629 بالىدىن تەكشۈرۈلگىنى 3373، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى 39.1%؛ راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 934، كېسەل بولۇش نىسبىتى 27.7%؛ قان ئازلىق كېسىلىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئېنىقلىغان راخىت كېسىلى بولۇش نىسبىتى بىلەن غەيرىي قان ئازلىق كېسىلى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئېنىقلىغان راخىت كېسىلى بولۇش نىسبىتىنى سېلىشتۇرغاندا، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىدىن يۇقىرى، بۇ ھال قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بالىلاردىن راخىت كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار كۆپرەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسى 0 - 7 ياشقىچە بولغان 4932 بالىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى، بەدەن ئېگىزلىكى، ئولتۇرغاندىكى ئېگىزلىكى، باش ئايلانمىسى، كۆكرەك ئايلانمىسى قاتارلىق ئۆسۈپ يېتىلىشكە دائىر كۆرسەتكۈچ سانلارنى ستاتىستىكىلاپ ئانالىز قىلدى. نورمال ئۆسۈپ يېتىلگەنلەر 88% ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلىدى. قارادۆۋە گۆشتى، سارچوقا گۆشتى ئۈچ ياشتىن كىچىك ئۇيغۇر، قازاق بوۋاقلارنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈلگەن 233 قازاق بالىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 70.4% بولدى. 334 ئۇيغۇر بالىنىڭ كېسەل بولۇش نىسبىتى 40.9% بولدى. قازاق بالىلارنىڭ راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئۇيغۇر

بالىلاردىن يۇقىرى بولدى. بۇ ھال ۋىلايىتىمىزدە راخىت كېسىلى كۆپرەك پەيدا بولىدىغان ئورۇنلار — چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

1985- يىلى، بوۋاق بالىلارنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، شۇنىڭدەك بالىلاردىكى «ئىككى خىل كېسەللىك» تەكشۈرۈلدى ۋە داۋالىتىلدى. بالىلاردىكى قان ئازلىق كېسىلىدىن 0 – 7 ياشقىچە تەكشۈرۈلگەنلەر 3863، قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 1835، كېسەل بولۇش نىسبىتى 47.5%؛ راخىت كېسىلى ئۈستىدە 0 – 3 ياشقىچە تەكشۈرۈلگەنلەر 2299، راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 636، كېسەل بولۇش نىسبىتى 27.6%. 1986- يىلى، بالىلاردىكى «ئىككى خىل كېسەللىك» نى تەكشۈرۈش- داۋالاش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى. 11 مىڭ 143 بالا ئۈستىدە قان ئازلىق كېسىلى تەكشۈرۈلگەندە، 3385 بالا بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى. كېسەل بولۇش نىسبىتى 30.4% بولدى. راخىت كېسىلى ئۈستىدە 4688 بالا تەكشۈرۈلگەندە، بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغانلار 1011 بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 21.6% بولدى. 1985 – 1986 - يىللىرىدىكى تەكشۈرۈشتىن ۋىلايىتىمىزدىكى بالىلارنىڭ قان ئازلىق كېسىلى بىلەن ئاغرىش نىسبىتى راخىت كېسىلى بىلەن ئاغرىش نىسبىتىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1983 – 1986- يىلىغىچە، ئاستانە يېزا، شىرىنزى(بالبال) يېزا ۋە تۇركۆل چارۋىچىلىق فېرمىسىدا بوۋاق بالىلارنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش ئۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بوۋاق بالىلارنى تەكشۈرۈش- داۋالاش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئاستانە يېزا ئانا- بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خادىملىرىغا ھەر ئايدا 20 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. ساقلىق ساقلاش خادىملىرى ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ يۈرۈپ، تېنى ئاجىز بالىلارنى تاللاپ، مەخسۇس ئارخىپ تۇرغۇزۇپ باشقۇردى، دورا بىلەن داۋالىدى، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. يېزا بويىچە 0 – 7 ياشقىچە بولغان 1157 بالىدىن 977 نى تەكشۈردى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى 84.44% بولۇپ، 385 بالىدا قان ئازلىق كېسىلى بارلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 39.41% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

## §7. تازىلىق، ساقلىق ساقلاش، يۇقۇمدىن ساقلىنىش

### 1. يېمەكلىك تازىلىقى

1950- يىللاردا، يېمەكلىك تازىلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈش ئاساسىدا باشقۇرۇلدى. 1955 – 1957 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسىدە 40 ئاشپەز تەربىيىلەندى.

1960- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەت «يېمەكلىك تازىلىق» قا دائىر «بەش- تۆت بولۇش تۈزۈمى» نى ئىزچىللاشتۇردى. يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. ناھىيىلەر يېمەك- ئىچمەك كەسپى، يېمەكلىك پىششىقلاشتىكى خام ئەشيا، يېرىم مەھسۇلات، تەييار مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، ساقلاش، سېتىش ھالقىلىرىدىكى تازىلىقنى نازارەت قىلدى. ھەر يىلى يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپىدىكى خادىملارنىڭ تەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. 1965- يىلى، قۇمۇل بازىرىدىن 345 ئادەمنىڭ، 1966- يىلى 217 ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. يەتتە ئادەمنىڭ كېسىلى بارلىقى بايقالدى. 1973- يىلى 120 ئادەمنىڭ، 1976- يىلى 700 ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، 41 ئادەمنىڭ يۇقۇملۇق كېسىلى بارلىقى بايقالدى. 1977- يىلى، 500 دىن كۆپرەك ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. 1985- يىلى 3000 ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار 70 تىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئىلگىرىكى بەدەن

تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلارغا ساغلاملىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىندى؛ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىپ تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنلار ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تازىلىق شەرتلىرى ۋە ئەسۋابلىرى تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولسا تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. 1983 – 1986 - يىلىغىچە، ۋىلايەت «يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى» نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈردى. 1983- يىلى، باركۆل ناھىيىسى يېمەك- ئىچمەك كەسپىدىكى 309 ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى. بۇلاردىن ساغلام بولغانلارغا تۇنجى قېتىم «ساغلاملىقتا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» تارقاتتى. 22 تازىلىقتا لاياقەتلىك بولغان ئورۇنغا تۇنجى قېتىم «تازىلىق ئىجازەتنامىسى» تارقىتىپ بەردى. ئىككى خىل گۇۋاھنامىسى بولمىغانلارغا تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىپ بېرىلمىدى.

1980- يىلىدىن كېيىن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر- يېزا سودا بازارلىرىدىكى يېمەكلىك تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شەھەر- يېزا بازارلىرىدىكى يېمەكلىكنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش، سودا، سانائەت مەمۇرىيىتى، يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقىنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرى، مال دوختۇرلۇق تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ بازاردىكى گۆش، يېمەكلىككە بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1988- يىلى، بازارلاردا دېزىنفېكسىيىلەش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ قازان- قومۇچلار دورا بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىندى.

1978 – 1982- يىلىغىچە، ۋىلايەتنىڭ يېمەكلىك تازىلىقىنىڭ سۈپىتى مۇقىمسىز بولۇپ، يېمەكلىكنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 40% ئۆپچۆرىسىدە ئىدى. 1978- يىلى، بەش هاراق زاۋۇتى ۋە جياگيۇ زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەندە، كۆپىنچىسى لاياقەتسىز چىقتى. 1980- يىلى، قۇمۇل شەھىرى 22 تىجارەت قىلىۋاتقان ئاشخانا، خۇسۇسىي يايمىچىلارنىڭ قازان- قومۇچلىرىنى تەكشۈرگەندە، ، تازىلىقتا ئېغىر مەسىلە ساقلانغانلىقىنى بايقىدى. 1984- يىلى، «يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل شەھىرىدىكى سوغۇق ئىچىملىكلەرنىڭ تازىلىقى تەكشۈرۈلدى. سوغۇق ئىچىملىك مەھسۇلاتىدىن 178 نى ئارىلاپ تەكشۈرگەندە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 75.25% بولدى. 1986- يىلى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 87.7% كە يەتتى. لاياقەتلىك بولمىغانلىكى مەھسۇلاتلارنى بازارغا سېلىشقا يول قويۇلمىدى. 1987- يىلى، تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ ساتقان 50 زاۋۇت بىر ياقلىق قىلىنىپ، ئۇلارغا 2000 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. بۇلاردىن 13 ى تىجارىتىنى توختىتىشقا، توققۇزى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلدى. تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان 2500 يەشىك هاراق، 2000 يەشىك مۇرابا، 700 كىلوگرام سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن پېچىنە- پىرەنىك مۇسادىرە قىلىندى ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. 1990- يىلى، پۈتۈن يىلدا ئۈچ قېتىم يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقى تەكشۈرۈلۈپ، تۆت ئاشخانىغا جەرىمانە قويۇلدى، يەتتىسى تىجارىتىنى توختىتىپ چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلدى. 500 كىلوگرامدىن ئارتۇق ساختا، ناچار يېمەكلىك مۇسادىرە قىلىندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. 910 كەسىپكارنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، 27 ئادەمنىڭ كەسپى تەگشەلدى ۋە كېسەللىك تۈپەيلىدىن ئىشتىن توختىتىلدى. قۇمۇل شەھەرلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى 2363 ئادەمنى تەكشۈردى. بۇلاردىن 33 ى خېرىدارلارغا يۈز تۇرانە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلدى. 1885 ئادەمگە ساغلاملىق لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، 186 ئادەمگە تەكشۈرۈش ئارقىلىق تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

**2. مەكتەپلەرنىڭ تازىلىقى**

**1) جىسمانىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى**

1977 – 1986 - يىلىغىچە، قۇمۇل شەھىرى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى تۆت قېتىم تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قۇمۇل شەھىرىدىكى ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشى ئادەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىش

قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، تۇسۇپ يېتىلىش سەۋىيىسى شەھەردىكىلەرنىڭ يېزىلارنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى، ياشلىق تۇسۇپ يېتىلىش دەۋرى قىزلارنىڭ ئوغۇللاردىن ئىككى يىل بالدۇر بولىدىغانلىقى، شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر رايونى ئىچىدىكى خەنزۇلاردىن بىر يىل بالدۇر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**2) ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى**

1985 – 1986- يىللىرىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى 7 – 10 ياشقىچە بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىشى ناچار بولۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23.64% ئىكەنلىكى، سەمرىپ كېتىش نىسبىتى 1.29% ئىكەنلىكى بايقالدى. 1989- يىلى، سېمىز ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرگەندە ئۇلارنىڭ قان بېسىمى ئارتېرىيە قېتىش كۆرسەتكۈچى ئورۇق ئوقۇغۇچىلاردىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

**3) دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر**

(1) **تراخوما** 1950 – 1954 - يىلىغىچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تراخوما بولۇش نىسبىتى 85%ئىدى. 1964- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تراخوما بولۇش نىسبىتى 88.4% بولدى. 1986- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدىن 3179 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەكشۈرگەندە تراخوما بولۇش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.55% كە يەتتى. تراخوما بولۇش نىسبىتى يېزىدىكىلەرنىڭ شەھەرنىڭكىدىن يۇقىرى، خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇلارنىڭكىدىن يۇقىرى چىقتى.

(2) **يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى** 1963- يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى نىسبىتى 7.7%، 1980- يىلى 12.7%، 1986- يىلى 12.78% بولدى.

(3) **ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ يانغا ئېگىلىشى** 1986- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدىن 3162 ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈلگەندە ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ يانغا ئېگىلىشىنىڭ ئومۇمىي قوزغىلىش نىسبىتى 8.13% ئىكەنلىكى، يېزىلاردىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 11.7% بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن 7.1%، شەھەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن 6.29% يۇقىرى ئىكەنلىكى، يۇقىرى يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆۋەن يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئومۇرتقىسى يانغا ئېگىلگەن 257 كېسەلنى ستاتىستىكىلاشتىن قارىغاندا C تىپىدىكىلەر 42.02%، J تىپىدىكىلەر 52.14%، S تىپىدىكىلەر 2.33%، Z تىپىدىكىلەر 3.5% نى ئىگىلىدى.

(4) **چىش چىرىش كېسىلى** 1981 – 1986 - يىلىغىچە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۈچ قېتىم ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈلدى. 1981- يىلى، شەھەر ئىچىدە 1339 ئوغۇل ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈلۈپ 812 سىنىڭ چىشى چىرىگەنلىكى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 60.64% ئىكەنلىكى بايقالدى. 1408 قىز ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈلۈپ 879 سى كېسەل بولغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 62.41% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. يېزىدىن 2365 ئوغۇل ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈلدى، 852 سى بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 36.03% بولدى. قىز ئوقۇغۇچىلاردىن 2320 سى تەكشۈرۈلدى. بۇ كېسەللىك بىلەن 834 ى ئاغرىغان بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 35.95% بولدى. 1986- يىلى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2- يىللىقىدىكى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2- يىللىقىدىكى 1474 ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈلدى. چىش يىلتىزىدىكى چىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ نىسبىتى 46.07%، يۈزە چىش ئەتراپى خالتىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 8.07%، تېيىز چىش ئەتراپى خالتىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 2.78%، چوڭقۇر چىش ئەتراپى خالتىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 0.2%، چىش چىرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ 51.19% ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

(5) **ئۈچەي پارازىت قۇرۇتى** 1961- يىلى، پالۋانتۇر گۇڭشېسىدىن 378 ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈلدى. مەددە قۇرۇتى

بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 10.05%، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 3- يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يۇقۇملىنىش نىسبىتى 17.34%، بۇنىڭ ئىچىدە، مەددە قۇرۇتى 11.39% نى، تاسما قۇرۇت 6.8% نى، چۈچۈك قۇرۇتى 1.14% نى، قامچا قۇرۇت 0.76% نى ئىگىلەيدىغانلىقى، شەھەردىكىلەرنىڭ يېزىدىكىلەردىن يۇقىرى بولۇپ، مىللەت ۋە جىنسىي ئايرىمىسى يوقلۇقى ئېنىقلاندى.

### 3. رادىئاتسىيە تازىلىقى

1965- يىلى، ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىدا مۇھىت رادىئاتسىيىسىنى كۆزىتىش ئورنى تەسىس قىلىندى. كۆزىتىش نەتىجىسى دۆلىتىمىز شىنجاڭدا زۆرۈر ھەم چەكلىك بولغان يادرو سىنىقى ئېلىپ بارغاندا، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاھالىلەرگە كۆرسىتىدىغان مىقدارىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكى، ئاھالىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك تەسىر پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. 1982- يىلى، ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇھىتىنىڭ تەبىئىي ئىئونىزاتسىيونلۇق نۇرلىنىش سەۋىيىسى بىلەن يورۇتۇلۇش مىقدارىنى باھالاش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. يورۇتۇش مىقدارىنىڭ نورمال سەۋىيىدە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1989- يىلى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى رادىئوئاكتىپ نۇردىن قوغدىلىنىشقا قاراتتى، رادىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپنى بىخەتەر باشقۇرۇش ۋە رېنتگېن نۇرى خادىملىرىنىڭ ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان رېنتگېن ئاپپاراتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىجازەت ئېلىش، تىزىملىتىش يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت بويىچە رېنتگېن نۇرى ئاپپاراتلىرىدىن چېچىلغان نۇردىن قوغدىنىش ئارخىپى، رېنتگېن نۇرى خادىملىرىنىڭ ساغلاملىق ئارخىپى، شەخسلەرنىڭ مىقدارلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. شۇ يىلى، ۋىلايەتلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى ۋىلايەتتىكى 50 ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ تەركىبىدىكى 232Th، 226Ra، 40K نى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، ئىجازەتنامە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

### 4. ئەمگەك تازىلىقى

1) تازىلىقنى ئۆلچەش- تەكشۈرۈش

1975- يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەت ئەمگەك تازىلىقى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1978 – 1983- يىللىرىغىچە، جەمئىي 24 ئورۇننىڭ چاڭ- توزان قويۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، 20 ئورۇننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1981- يىلى، يەتتە ئورۇننىڭ زەھەرلىك ماددا قويۇقلۇق دەرىجىسى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلدى. 1980- يىلى، 29 ئورۇننىڭ 181 مەشغۇلات نۇقتىسىدا ھاۋا شارائىتىنى ئۆلچىگەندە، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 7.40℃±44.33℃ بولدى.

2) كەسپىي كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش

كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش 1975-يىلى ۋە 1989- يىلى، مەملىكەتلىك تۆپكىگە چاڭ- توزان ئولتۇرۇپ قېلىش كېسەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە 110 ئادەم تۆپكىگە چاڭ- توزان ئولتۇرۇپ قېلىش كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىقى، ئىككى ئادەم قازا قىلغانلىقى ئېنىقلاندى. 1981- يىلى قوغۇشۇندىن زەھەرلەنگەن ئۈچ ئادەم سېزىلدى ۋە داۋالىتىلدى.

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش ۋىلايىتىمىزدىكى ئاساسلىق كەسپىي كېسەللىك — تۆپكىگە چاڭ- توزان ئولتۇرۇپ قېلىش كېسەللىكىدۇر. 1978 – 1986 - يىللىرىغىچە، ۋىلايەتلىك ۋە باركۆل ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتلىرى ئېلېكترلىك چاڭ- توزان تازىلاش، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى خالتىلىق چاڭ- توزان تازىلاش، ۋىلايەتلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى سۇ پۈركۈپ چاڭ- توزان تازىلاش، ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى چاڭ ھىملاش بىلەن چاڭ-

تۇزان تازىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 1976- يىلى، ۋىلايەتتە كەسىپي كېسەللىكنى دىئاگنوز قويۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كەسىپي كېسەللىككە مۇكۇم قىلىش سەۋىيىسى ئۆستى.

## §8. ئاممىۋى تازىلىق

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان قالاق تازىلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەيلى» دېگەن يوليورۇقىنى ئىزچىل تۇردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە قىلىپ تۇتتى. 1952- يىل 6- ئايدا، ۋىلايەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى. 1953- يىلى، جۇڭگويۇەننىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسى» نىڭ روھىغا ئاساسەن ناھىيە، رايون، يېزىلاردا 181 ئاساسىي قاتلام ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق تەشكىلاتى، 31 ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى. كېيىن ۋىلايەت بويىچە تۆت زىيانداشنى يوقىتىش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كېسەللىكنى تۈگىتىش مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى.

1. تۆت زىيانداشنى يوقىتىپ، كېسەللىكنى تۈگىتىش

1952- يىلى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەندە باكتېرىيە ئۇرۇشى قوزغىدى. ۋىلايەت ماۋ جۇشى ئوتتۇرىغا قويغان «دۈشمەننىڭ باكتېرىيە ئۇرۇشىنى بىتچىت قىلايلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شەھەر- يېزىلاردا چىۋىن، پاشا، بۈرگە، پىت يوقىتىش ئاساس قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1957- يىلى، ۋىلايەتنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدا «تۆت زىيانداشنى يوقىتىش» (چاشقان،چىۋىن، پاشا، قۇچقاچ) (قۇچقاچ يوقىتىش كېيىن چۈشىنى يوقىتىشقا ئۆزگەرتىلدى) مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «تۆت زىيانداشنى يوقىتىپ، كېسەللىكنى تۈگىتىش» خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، چىۋىننىڭ زىچلىقى ئېشىپ كېتىپ، ئۈچەي يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى سەل- پەل ئۆرلىدى.

1982- يىلى، قۇمۇل شەھىرى تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىپ چىۋىن يوقاتتى. 1985- يىل 11- ئايدا، ۋىلايەتتە ئاممىۋى خاراكتېرلىك چاشقان يوقىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بەش تونىنا فوزازىتىم زەھەرلىك يەم ئىشلىتىلدى. چاشقان يوقىتىلغان دائىرە ۋىلايەت دائىرىسىنىڭ بەشتىن ئۈچىنى ئىگىلىدى. 1986- يىلى ئەتىيازدا، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە، چاشقان يوقىتىش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەنگەچكە، چاشقاننىڭ زىچلىقى تۆۋەنلىدى. قۇمۇل شەھىرىدە چاشقاننىڭ زىچلىقى 6.83% تىن 2.5% كە، باركۆل بازىرىدا 35.77% تىن 2.5% كە، تارانچىدا 36.03% تىن 4.19% كە چۈشتى. يامانسۇ كاننىڭ چاشقان يوقىتىش نىسبىتى 98% كە يەتتى. تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى يىلمۇ يىل چاشقان يوقاتقاچقا چاشقاننىڭ زىچلىقى 2.5% كە چۈشتى.

1989- يىلى، قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭ بويىچە چاشقان يوقىتىشتىكى تۇنجى ئىلغار شەھەر بولۇپ قالدى.

1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرى مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك پاكىز شەھەرلەرنىڭ بىرى بولدى ھەمدە چاشقان زىيانداشلىقىدىن خالىي شەھەر دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2. تازىلىق خىزمىتى

1953- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 203 ھاجەتخانا ياسالدى، 817 توننا ئەخلەت تازىلاندى. 1954- يىلى 3633 مارۋا گەندە تازىلاندى. 252 قۇدۇق ئۆزگەرتىلىپ 28 قۇدۇققا قاپقاق ئورنىتىلدى، 91 ھاجەتخانا يېڭىدىن ياسالدى. 1357 ئېغىز ئۆي تازىلاندى ۋە ئاقارتىلدى. يەنە ئوقەتلىق ھالدا ئاشخانا، ساتىراشخانا، مۇنچا ۋە مەكتەپلەر دورا بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىندى. 1986- يىلى، 5257 توننا ئەخلەت تازىلاندى، 4000 دىن ئارتۇق ھاجەتخانا يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 1960- يىل 9- ئايدا، يېمەكلىك كەسپىگە دائىر تازىلىق خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا ۋىلايەت بويىچە قۇدۇقلارنىڭ بۇلغىنىشى 87% تىن كۆپرەككە يەتكەن بولۇپ، خلورلۇق ھاك بىلەن قۇدۇقلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1964- يىلى، 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، كەڭ كۆلەمدە تازىلىق تەكشۈرۈلدى. «يېمەكلىك تازىلىقىدا بەش- تۆتلۈك تۈزۈم» يولغا قويۇلۇپ يېمەك- ئىچمەك، مۇلازىمەتچىلىك، يېمەكلىك پىششىقلاش، ساقلاش ۋە سېتىش تارماقلىرىغا بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

1966- يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. 1973- يىلى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، بازارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە بىرلەشمە ئىش بېجىرىش ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، كوچا تازىلىق ئىشچىلىرى مۇقىملاشتۇرۇلدى. 1979 – 1980- يىللىرى، مەركىزىي كومىتېت ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى ئوتتۇرىغا قويغان «رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كۆچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم» دېگەن فاڭجېنغا ئاساسەن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ «شەھەر تازىلىقىنى باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، سۇ سېپىش ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلدى، تازىلىق ئەترىتى تەسىس قىلىندى. يېزا- قىشلاقلاردا 500 دىن ئارتۇق ھاجەتخانا ياسالدى. 1981- يىل 7- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ۋىلايەت دائىرىسىدە «ئۈچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» مەركەز قىلىنغان تازىلىق زەربىدارلىق ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1982- يىلى، «پاسكىنا» چىلىق مەسىلىسىنى تېزراق ھەل قىلىش ئۈچۈن جەمئىي 6806 كۇب مېتىر ئەخلەت تازىلاندى. 335 ھاجەتخانا ياسالدى. 369 ماشىنىلىق قۇدۇق، 263 باسماق قۇدۇق، خىش- تاش قۇرۇلمىلىق 669 قۇدۇق قېزىلدى، 3000 مېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى يەر ئاستى تورۇبىسى ئورنىتىلدى. «قۇمۇلنىڭ يېمەكلىك تازىلىقىنى باشقۇرۇشتا يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي قائىدە»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىقنى تەكشۈرۈپ- ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى ۋە بەلگىلىمىسى» تۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدى ئېلىندى. 1986 – 1990- يىللىرىدا، زىيانداشنى يوقىتىپ، كېسەللىكنى تۈگىتىش مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى بىلەن «بەش بولۇش» (مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش)، «تۆتتە گۈزەل بولۇش» (قەلبى گۈزەل بولۇش، تىلى گۈزەل بولۇش، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇش، مۇھىتى گۈزەل بولۇش)، «ئۈچنى سۆيۈش» (ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش)، «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن تۈگىتىش» (ئەلا مۇھىت بولۇش، ئەلا تەرتىپ بولۇش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش) ھەرىكىتى ئۆزئارا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، شەھەر- بازارنىڭ تازىلىق قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئەخلەتنى توشۇش قاتارلىق خىزمەتلەر نۇقتىلىق تۇتۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 112 تازىلىق ئىشچىسى، 165 ۋاقىتلىق ئىشچى، تۆت سۇ چېچىش ماشىنىسى، 19 ئەخلەت توشۇش ماشىنىسى سەپلەندى. 1986- يىلى قۇمۇل شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر تازىلىقىدا ئۈچىنچى بولدى.

1987- يىلى، شەھەر- بازارلاردا ئىشلىك ئالدى ئۈچ ھۆددىگەرلىك تازىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، شەھەر- بازارلارنىڭ تازىلىقى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

3. «ئۇچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش»، «ئىككىنى باشقۇرۇش، بەشنى ئۆزگەرتىش»

1965- يىلى، ئىشلەپچىقىرىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئۈچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» (سۇنى باشقۇرۇش، گەندىنى باشقۇرۇش، يېمەكلىك تازىلىقىنى باشقۇرۇش، چىۋىننى يوقىتىش) مەركەز قىلىنغان ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەممە جاي ئۆز يېرىگە يارىشا ئىش كۆرۈپ سۇ مەنبەلىرىنى ياخشىلىدى. قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق 60% دەك ئىچىملىك سۇ قۇدۇقىدا «ئۈچ بولۇش» (قۇدۇق قاپقىقى بولۇش، قۇدۇق سۇپىسى بولۇش، ئومۇم ئىشلىتىدىغان چېلەك بولۇش) ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىر مۇنچىلىغان قۇدۇقلاردا «ئىككى بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كارىز ۋە بۇلاقلارمۇ ياخشىلاندى. بەزى جايلاردا كارىز ئاچمىسىدىن سۇ ئېلىش، بەزى جايلاردا مۇقىم ئورۇندىن سۇ ئېلىش، بەزى جايلاردا مەلۇم دائىرە ئىچىدە سۇ ئېلىش يولغا قويۇلدى. ئۆستەڭ سۈيى ۋە كۆل سۈيى ئىستېمال قىلىدىغان بەزىبىر ئورۇنلارنىڭ شارائىتى بولسىلا ئۇلار قۇدۇق سۈيىدىن پايدىلىنىشقا ئۆزگەرتىلدى. پەقەت قۇمۇل ناھىيىسىدىلا يېڭىدىن 242 قۇدۇق قېزىلدى. يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر- بازار ۋە قىسمەن گۇڭشېلاردىكى قۇدۇق سۇلىرى خلورلۇق ھاك بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىندى.

1965- يىلى، يېڭىدىن 3500 ھاجەتخانا ياسالدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، شەھەر- بازاردىكى ھەممە ئائىلىنىڭ ھاجەتخانىسى بولۇش، يېزىلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلاردىن كۆپىنچىسىنىڭ ھاجەتخانىسى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى باشقۇرۇش، گەندىنى زىيانداشسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش كۈچەيتىلدى. ئېغىل- قوتانلارغا دائىم توپا يېيىتىلىپ، ئوغۇتى ۋاقتىدا چىقىرىلدى.

1975- يىلى، قۇمۇل ناھىيىلىك پالۋانتۇر گۇڭشېسىدا «ئىككىنى باشقۇرۇش، بەشنى ئۆزگەرتىش» (ئىچىملىك سۇ مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش، گەندە- نەخلەتنى باشقۇرۇش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش، قوتاننى ئۆزگەرتىش، قۇدۇقنى ئۆزگەرتىش، مۇھىت بىلەن ئوچاقنى ئۆزگەرتىش) سىناق تەرىقىسىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئوغۇتنى دۆملەپ ئېچىتىش، قۇدۇق سۈيىنى خلورلۇق ھاك بىلەن دېزىنفېكسىيەش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1980- يىلى، يېزا- قىشلاقلاردا «ئىككىنى باشقۇرۇش، بەشنى ئۆزگەرتىش» تەجرىبىسى كېڭەيتىلدى. ئاراتۇرۇك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۆيى ياسىلىپ ئادەم بىلەن چارۋا مال بىر بۇلاقتىن سۇ ئىچىدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلدى. 1982- يىلى، 740 ھاجەتخانا، قوتان بۇزۇپ كۆچۈرۈلدى، يېڭىدىن ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى. 6000 توننىدىن ئارتۇق ئەخلەت تازىلاندى.

4. ئىچىملىك سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش

1960- يىلى، قۇمۇل بازارلىق ھۆكۈمەت 15 قۇدۇقنىڭ سۈيىنى تەكشۈرۈپ، 87% قۇدۇق سۈيىنىڭ بۇلغانغانلىقىنى، تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىدى.

1964-يىلى، ۋىلايەتلىك تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى تەرىپىدىن «سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلىپ، 10 ئورۇننىڭ سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يازدى.

1974- يىلى يازدا، قۇمۇل بازىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن چېگرىداش بولغان جايلاردىكى 50 سۇ مەنبەسى ئۈستىدە كېكىنلىق ۋە باكتېرىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، كۆپىنچە سۇ مەنبەلىرىنىڭ سۇ سۈپىتى ئىچىملىك سۇ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى بايقالدى. 1975- يىلى، پالۋانتۇر گۇڭشېنىڭ قىزىلبايراق چوڭ ئەترىتىدىكى 20 قۇدۇق كېكىنلىق تەكشۈرۈلۈپ قۇدۇق سۇلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغانلىقى ئېنىقلاندى.

1979 – 1990 - يىلغىچە، ئىچىملىك سۇنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1979- يىلى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 77 نۇسخا سۇ ئەۋرىشكىسى ئېلىندى. 1982- يىلى، يەنە

ئېچىملىك سۈيىدە فېتورىدىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى تۆۋەنرەك بولغان باركۆل ناھىيىسىنىڭ شىرىنزى كۆكشپىسدا نورمال ئادەملەرنىڭ سۈيدۈكىدىكى فېتورىد تەكشۈرۈلدى.

1984- يىلى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۈرلۈك تۈردىكى سۇ مەنبەلىرى يەككە تۈر كۆرسەتكۈچ بويىچە لاياقەتلىك نىسبىتى، كەسىر كۆرسەتكۈچى ۋە سۇ سۈپىتى باھالاپ چىقىلدى؛ چوڭقۇر قۇدۇقلارنىڭ سۈيى ئەڭ ساپ ئىكەنلىكى، ئاندىن قالسا بۇلاق سۈيى ئىكەنلىكى، تېيىز قۇدۇق سۈيى ۋە يەر يۈزى سۈيىنىڭ ئەڭ ناچار ئىكەنلىكى، ۋىلايەت بويىچە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۇ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق ئامىل — تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇنىڭ بولغىنىشى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1985- يىلى، ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلىدىغان كېرەكسىز يىللىق سۇ مىقدارى 3 مىليون 769 مىڭ 200 توننا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر- سەنئىتىدىن چىقىرىۋېتىلىدىغان كېرەكسىز سۇ 3 مىليون 727 مىڭ توننا بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەتتىن چىقىرىۋېتىلىدىغان كېرەكسىز سۇ مىقدارىنىڭ 98.9% نى ئىگىلىدى. 1986 – 1990- يىللىرىچە، ۋىلايىتىمىزدە سۇنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 1984- يىلدىن باشلاپ، قۇمۇل شەھىرى 2 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شەھەر رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر رايونىدا تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان ئادەم 66 مىڭغا يېتىپ، ئۇ شەھەر رايونىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 76.81% نى تەشكىل قىلدى. تۆت يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىنىڭ سۈيىنى ياخشىلاش 1- قارارلىق قۇرۇلۇشى غەلىبىلىك پۈتكۈزۈلۈپ، سۇ بىلەن تەمىنلەپ، بۇ يېزىدىكى خەلق ئاتا- بوۋىسىدىن تارتىپ يۇقىرى فېتورىدلىق، ئاچچىق سۇ ئىچىپ كەلگەن تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ تاشۋىلىق يېزىسىدا ئادەم ۋە چارۋىلار سۇ ئىچىدىغان سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ياسالدى. 10 كىلومېتىر ئارىلىققا تۇرۇبا ئورنىتىلدى، 17 سۇ ساقلاش كۆلى ياسالدى. 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇمۇل شەھىرى دەۋلدۇرۇك يېزىسىدا ئادەم ۋە چارۋىلار سۇ ئىچىدىغان قۇرۇلۇش ياسالدى. 12 كىلومېتىر ئارىلىققا تۇرۇبا ئورنىتىلدى، 20 سۇ ساقلاش كۆلى ياسالدى. 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ غەربىتاغ يېزىسىدا ئادەم ۋە چارۋىلار سۇ ئىچىدىغان سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ياسالدى. بەش كىلومېتىر ئارىلىققا تۇرۇبا ئورنىتىلدى. ئاراتۇرۇك باي يېزىسىدا ئادەم ۋە چارۋىلار سۇ ئىچىدىغان قۇرۇلۇش ئۈچۈن 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى. بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى قۇدۇق قېزىش بىلەن تۇرۇبا يولى ياساشقا ئىشلىتىلدى.

## §9. دورىگەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

**1. دورىگەرلىك ئىشلىرى، دورا تەكشۈرۈش**

**1) دورىگەرلىك ئىشلىرى** 1950- يىللىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە دورىگەرلىك ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان پەقەت بىر كادىر بار ئىدى. ئۇ، داۋالاش ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەش- تارقىتىش، ناركوز دورىلىرى بىلەن تەمىنلەش رەسمىيىتىنى تەستىقلايتتى. 1965- يىلى، ۋالىي مەھكىمىسى ھەر قايسى دوختۇرخانىلارنىڭ دورىخانىلىرىدىكى دورىلارنىڭ سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. 1980- يىللىرى، ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش پونكىتى ئاساس قىلىنغان

دورىگەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1986- يىل 10- ئايدا، ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى قارىمىقىدا دورىگەرلىك ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى. ناھىيە، شەھەرلەردىمۇ دورىگەرلىك ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان كادىرلار سەپلەندى.

1982- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىلارنىڭ دورا- دەرمەكلەر بۆلۈمىنى تەرتىپكە سېلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، «دوختۇرخانىلارغا دورا ياسالمىسى ئىشلەش ئىجازەتنامىسى» تارقاتتى. 1985- يىل 8- ئايدا، ۋىلايەت «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دورا تىجارىتى توغرىسىدا ئىلتىماس قىلغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئالتە ئورۇنغا «دورا تىجارىتى كارخانا ئىجازەتنامە» سى تارقىتىپ بەردى. تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ يېزا- قىشلاقلاردىكى 30 دىن ئارتۇق تارقاق دورا سېتىش دۇكانلىرى تەكشۈرۈپ تۈزىتىلىپ، تۈزىتىلمىگەنلىرى توختىتىلدى. [approximate reading: تۈزىتىلىش تۈلچىمى بويىچە تەكشۈرۈلدى] تەمىنات- سودا كوپېراتىپىنىڭ 16 دورا سېتىش نۇقتىسى «دورا تىجارىتى ئىجازەتنامە» سىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدەك 56 خىل دورا تىجارەت دائىرىسى بەلگىلەندى ۋە سىرتتىن دورا كىرگۈزۈش ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك تىببىي دورا شىركەتلىرى بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى بېكىتىلدى.

2) دورا تەكشۈرۈش 1975- يىلى، ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1979 – 1980 - يىللىرى بۇ ئىشخانىنىڭ نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ پونكىتنىڭ تۈزۈملىرى ۋە تەكشۈرۈش قائىدىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. 1982- يىلى، دوختۇرخانىلارنىڭ دورىخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش باشلاندى. سەككىز دورىخانا تاقىۋېتىلدى. بەش دورىخانىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. 1984- يىلى، ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش پونكىتى ۋىلايەت بويىچە 92 ئورۇننىڭ دورا سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. ۋاقتى ئۆتكەن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن دورىلارنى پېچەتلىدى. 1985- يىلى، ئاساسىي قاتلام تىببىي دورىگەرلىك سەھىيە ئورنىدىن 87 سى تەكشۈرۈلۈپ، سودا- سانائەت، ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، دورا سودا بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1986- يىلى دورىلار 227 قېتىم ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەندە، لاياقەتسىز بولۇش نىسبىتى % 31.28 بولدى. ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتىنىڭ قوزۇت چۈشۈپ، سۈپىتى ئېغىر دەرىجىدە ئۆزگەرگەن ئالتە خىل جۇڭيى تىبابىتى دورا ماتېرىياللىرى نەق مەيداندا كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

2. تىببىي دورا بازىرى

1) ساختا، ناچار دورىلارنى مەنئى قىلىش قانۇنسىز ھالدا ناركوز دورىلىرىنى سېتىش، يالغان دورىلارنى سېتىۋېلىش- سېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كەسكىن بىر تەرەپ قىلىندى. 1984- يىل 7- ئايدا، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «18 خىل ساختا جۇڭيى دورىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» ى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت دائىرىسىدە، ساختا گاسترودىيە ئوتى، ئېۋكومميە دەرىخى، تۆكلۈك قاقلەرۇن قاتارلىقلاردىن جەمئىي 3333.5 كىلوگرام ئېنىقلىنىپ، ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. 1985- يىلى، قۇمۇل بازىرىدا قىممىتى 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولغان يالغان دورا قولغا چۈشۈرۈلدى. ئۆلچەمگە توشمىغان تۆت دورا تىجارەت ئورنى تاقىۋېتىلدى. 1986- يىلى، ۋىلايەتنىڭ شەھەر- يېزىلىرىدىكى 87 تىببىي دورا سەھىيە ئورنىغا ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، يالغان، ناچار، سۈپىتى ئۆزگەرگەن 103 خىل دورا، 15 تونىنا جۇڭيى دورا ماتېرىيالى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، بۇنىڭ قىممىتى 109 مىڭ يۈەن.

2) سەييارە تېۋىپ ۋە دورىپۇرۇشلارنى باشقۇرۇش 1980- يىلدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش پونكىتى

سەييارە تېۋىپ ۋە دورىپۇرۇشلارنى چىڭ باشقۇردى. سىرتتىن كەلگەن سەييارە تېۋىپلارنىڭ، دورىپۇرۇشلارنىڭ ۋىلايەت بويىچە يايما يېيىپ دورا سېتىشىغا ۋە تېۋىپلىق قىلىشىغا پۈتۈنلەي يول قويمىدى. 1990- يىلى، جەمئىي ئۈچ سەييارە تېۋىپ ۋە دورىپۇرۇش تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە يالغان، ناچار دورىلىرى مۇسادىرە قىلىندى.

## §10. تىببىي ئىشلارنى باشقۇرۇش

**1. دوختۇرخانا باشقۇرۇش**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋالاش- ساقلىق ساقلاش ئورۇنلىرى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئىقتىسادىي ھېسابات قىلمىدى. 1979- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك دوختۇرخانىلاردا نورمىلىق باشقۇرۇش، سان- سىپىرلارنى ستاتىستىكىلاش، چىقىمنى ئەينەن ئاتچوت قىلىش، دورا باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1985 – 1987 - يىلىغىچە ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك دوختۇرخانىلارنىڭ تۈزۈمى پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى دوختۇرخانا باشلىقى مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. تىببىي خادىملارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كەسپىي بۆلۈم (ئىشخانا) لاردا تېخنىكا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىش ئورنى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈم (ئىشخانا) لاردا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ياكى ئىش ئورنى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەمدە ئىش ئورنى خىزمەت ۋەزىپىسىگە قاراپ تەكشۈرۈشنى شۇ كىشىنىڭ ئىش ھەققى بىلەن بىرلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئورۇنلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ۋەزىپە، ھوقۇق، پايدا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى. بەزىلىرى تۇراقسىز ماڭاشنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بەزى دوختۇرخانىلار مۇكاپات پۇلىنى ئىش ھەققى بىلەن تەڭ تۈستۈردى. ھەمدە مۇكاپاتلاش، جازالاش نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى. يەنە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك قائىدە- تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇردى. خادىملارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيتىلىپ، ۋەقە كۆرۈلۈش ئازايتىلىپ نورمال خىزمەت تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئورۇنلىرىدا «ئۆچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» كە بىرلەشتۈرۈلۈپ تىببىي ئەخلاق، تىببىي ئىستىل تەربىيىسى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. جىددىي داۋالاش، جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، بۇ خىزمەت ھەر ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. تىببىي ئەخلاق، تىببىي ئىستىل تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش سۈپىتى ياخشىلىنىپ ۋە ساھەلەردىكى ناتوغرا ئىستىلنى چەكلەش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، ئۇرغۇنلىغان ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار بارلىققا كەلدى. ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ۋراچى ئابدۇرېھىم راخمان بىمارلارنىڭ تۇغقىنى بەرگەن 400 يۈەن پۇلنى ئالماي، بىمارنى ئاكتىپ، جىددىي قۇتقۇزدى. بالىلار كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى مەسئۇل ۋراچ ۋۇيىڭ تېنى ئاجىز، ئاغرىقچان بولسىمۇ، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، قىلچىلىك بىپەرۋالىق قىلماي ئىشلىدى. باركۆل ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ تاشقى بۆلۈمدىكىلەر بىمارلارنىڭ سوۋغات ۋە مېھماندارچىلىقىنى رەت قىلىپ، دوختۇرخانا ئىچى- سىرتىدا ياخشى باھاغا مۇيەسسەر بولدى.

1984- يىلى «مەدەنىي دوختۇرخانا بەرپا قىلىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 1985- يىل 7- ئايدا، سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن قۇمۇل شەھەرلىك دوختۇرخانىغا «مەدەنىي دوختۇرخانا»، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا

«مەدەنىي دوختۇرخانا، ئىلغار ئورون» دېگەن نام بېرىلدى. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە «مەدەنىي دوختۇرخانا» بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى شەھەردىن يېزىلارغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

### 2. خۇسۇسىي دوختۇرلارنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاز ساندىكى خۇسۇسىي دوختۇرلار داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. 1954- يىلدىن باشلاپ، قۇمۇل ناھىيىسىدە شىنجوڭ بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلدى. جەمئىيەتتە يەنىلا ئاز ساندىكى خۇسۇسىي دوختۇرلار تىجارەت قىلىۋەردى. قۇمۇل ناھىيىسىدە 25 دوختۇر تىجارەت قىلدى. بۇلاردىن 15 ى جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرى، سەككىزى غەرب تىبابىتى دوختۇرى، ئىككىسى مىللىي تىبابەت دوختۇرى ئىدى.

1958- يىلى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 23 دوختۇر تىجارەت قىلدى. بۇلاردىن 20 سى جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرى، ئۈچى غەرب تىبابىتى دوختۇرى بولۇپ، ھەممىسى قۇمۇل ناھىيىسىگە مەركەزلەشكەنىدى. خۇسۇسىي دوختۇرلار تېخنىكىلىق باھالاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، باشقۇرغۇچى تارماقلار ئاندىن ئۇلارغا تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا خۇسۇسىي دوختۇرلارنىڭ تىجارىتى توختاپ قالدى.

1975- يىلدىن كېيىن، يەنە خۇسۇسىي تىجارەت قىلىدىغان دوختۇرلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1979- يىلدىن كېيىن، خۇسۇسىي دوختۇرلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى. 1981 – 1984 - يىلغىچە قۇمۇل شەھىرى 19 خۇسۇسىي دوختۇرنىڭ تىجارەت قىلىشىنى تەستىقلىدى.

1985- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 17 خۇسۇسىي دوختۇر تىجارەت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو تىبابىتى، غەرب تىبابىتى، مىللىي تىبابەت دوختۇرلىرى بار ئىدى. ئۇلار تەسىس قىلغان تۈرلەردىن ئىچكى بۆلۈم، تاشقى بۆلۈم، چىش بۆلۈمى، سۆڭەك بۆلۈمى، تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ۋە يىڭنە بىلەن داۋالاش قاتارلىقلار بار.

1990- يىلى، خۇسۇسىي دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تېخنىكا جەھەتتىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى ۋە تەكشۈرۈلدى. ئۇلار لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن، تىجارەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش يولغا قويۇلدى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق قالايمىقان دوختۇرلۇق قىلىدىغان ئەھۋاللار تۈگىتىلدى. ۋىلايەتتىكى 22 خۇسۇسىي داۋالاش شىپاخانىلىرى داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تولۇقلىما كۈچى بولۇپ، شەھەر- يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىدا ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

# II باب

# تەنتەربىيە

## §1. ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل رايونىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرى قالاق بولۇپ، ئۇنىڭغا مەسئۇل مەخسۇس ئادەم قويۇلمىغان، مۇقىم تەنھەرىكەت مەيدانىمۇ يوق ئىدى. مەكتەپلەردە تەنھەرىكەت دەرسلا تەسىس قىلىنغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى باشقۇردى. 1953- يىلى، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى كادىر ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوشۇمچە باشقۇردى. 1957- يىل 6- ئايدا، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا بىر مۇدىر قويۇلدى، مۇئاۋىن ۋالىي لى رۇي مۇدىرلىقنى قوشۇمچە ئۆتىدى، شتاتى بىر ئىدى، تەنتەربىيە خىزمىتىنى مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمى ئاساسلىق باشقۇرۇپ، ئىتتىپاق كومىتېتى ھەمكارلىشىپ ئىشلىدى. 1973- يىل 4- ئايدا، تەنتەربىيە كومىتېتى قايتىدىن تەشكىل قىلىندى. 1975- يىل 12- ئايدا، تەنتەربىيە كومىتېتى ئورگىنىدا ئىشخانا، ئاممىۋى تەنتەربىيە گۇرۇپپىسى، مۇسابىقە گۇرۇپپىسى، ھەربىي تەنتەربىيە گۇرۇپپىسى ۋە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى تەسىس قىلىنىپ، 10 شتات سەپلەپ بېرىلدى. 1980- يىلى تەنتەربىيە كومىتېتى كەسپىي تەنتەربىيە سىنىپى ئاچتى. شەھەر، ناھىيىلەردىمۇ تەنتەربىيە كومىتېتى، ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ شتاتى 34 كە يەتتى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، مەيدان باشقۇرۇش ئورنى، تەنتەربىيە خىزمەت ئەترىتى، ئاممىۋى تەنتەربىيە گۇرۇپپىسى ۋە مۇسابىقە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 240 تىن ئارتۇق تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تەنتەربىيە خىزمەتچىسى 38، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى تەنتەربىيە خىزمەتچىسى 100 دىن ئاشتى. ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، تەنھەرىكەت مەيدانلىرى بارا- بارا كۆپەيدى. 1990- يىلى ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك تەنتەربىيە مەيدانى 200 دىن ئاشتى. بۇ، 3000 تاماشىبىن سىغىدىغان بىر توپ تۈرلىرى مەشىق ئۆيى، 4000 تاماشىبىن سىغىدىغان بىر يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى، بىر ئۆلچەملىك مىللىي تەنتەربىيە مەيدانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ چېگرىلىرى ئۆز- ئارا تۇتىشىپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلىك سۇمۇشتاندا دۆلەت ۋە يەرلىك مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئېگىز تاغدىكى مۇز تېيىلىش مەيدانى بار بولدى. ئۇ، مەملىكىتىمىزئىچىدە ئېگىز تاغدىكى ئىلغار سەۋىيىلىك قار- مۇزلۇق مەشىق بازىسى بولۇپ قالدى.

## §2. مەكتەپ تەنتەربىيىسى

مەكتەپ تەنتەربىيىسىدە، تەنتەربىيە دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش ئاساس قىلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىگە دائىر «ئىككى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى پائال يولغا قويۇلۇپ، «ئىككى دەرس، ئىككى گىمناستىكا، ئىككى پائالىيەت» كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 1990- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 21 مىڭ 511 ئادەم ئۆلچەمگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانىدىكى 16 مىڭ 430 ئادەمدىن 5081 ئادەم ئاشتى. مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى مەكتەپلەردە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە سەپ تۈزۈش مەشىق- مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

### 1. تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) دىن كېيىن، قۇمۇلدىكى مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسى تەسىس قىلىنىپ، يىغىلىش ئاساسى مەشىقلا قىلىندى. مىنگونىڭ 11- يىلى (1922- يىلى) گىمناستىكا دەرسى تەنتەربىيە دەرسىگە

ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا گىمناستىكا ئاساس قىلىندى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) بەزىبىر مەركىزىي مەكتەپلەردە يالاڭ تورنىڭ قوم ئورىسى ۋە ۋاسكېتبول مەيدانى قاتارلىق تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى بار ئىدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) كۈزدە، ۋىلايەت بويىچە بىر قېتىم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار كوماندىلىرى قاتناشتى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) دىن كېيىن، مەكتەپلەردە دەرستىن بۇرۇن 20 مىنۇت ئەتىگەنلىك گىمناستىكا، يۈگۈرۈش، گىمناستىكا ئويناش (رادىئو گىمناستىكىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ) قاتارلىق پائالىيەتلەر بولدى. تەنتەربىيە دەرسىدە گىمناستىكىدىن باشقا، يەنە يالاڭ تورنىڭ، قىسقا يۈگۈرۈش، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، يىراققا سەكرەش، ئېگىزگە سەكرەش، ۋاسكېتبول قاتارلىق تۈرلەر بويىچە دەرس ئۆتۈلدى. شۇنىڭدەك ئويۇن ئويناش ۋە ئەتراپنى سەيلە قىلىش ئىشلىرىمۇ قانات يايدۇرۇلدى. بەزى مەكتەپلەردە ھەر يىلى يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيىلەرمۇ بەزى - بەزىدە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. يەڭگەنلەر ئۈچۈن قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەز ۋە سامان قەغەز بىلەن مۇكاپاتلاندى. مىنگونىڭ 36-، 37- يىللىرى (1947-، 1948- يىللىرى)، قۇمۇل ناھىيىسى بىلەن باركۆل ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. مۇسابىقە تۈرلىرى يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى قاتارلىقلار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952- يىلى، ھەر قايسى مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسى ئومۇميۈزلۈك تەسىس قىلىنىپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈش، يېنىك ئاتلېتىكا ئاساس قىلىنىدى. 1954- يىلى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى بىرىنچى يۈرۈش رادىئو گىمناستىكىسىنى ئېلان قىلدى. ھەر قايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرھال ئىزچىل يولغا قويۇلدى. كېيىن ئالتە يۈرۈش رادىئو گىمناستىكىسى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا باب كېلىدىغان بەش يۈرۈش بالىلار رادىئو گىمناستىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1954 – 1958 - يىلىغىچە ھەر قايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «ئەمگەككە ۋە ۋەتەننى قوغداشقا تەييارلىنىش » تەنتەربىيىسى يولغا قويۇلدى. ھەمدە ئۇ «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ۋە «ئۈچتە ياخشى سىنىپ» لارنى باھالاش شەرتلىرىنىڭ بىرى قىلىندى. قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئايرىم مېيىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا، ئومۇمەن ھەممىيلەن «ئەمگەككە ، ۋەتەننى قوغداشقا تەييارلىنىش » چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى. 1957-، 1958- يىللىرى ۋىلايەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر بويىچە 18 قېتىم تۈرلۈك مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزدى. 1960 – 1962 - يىلىغىچە «ئەمگەككە ، ۋەتەننى قوغداشقا تەييارلىنىش» تۈزۈمى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلدى. 1964- يىلى «ياش ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» يولغا قويۇلدى.

1978- يىلىدىن كېيىن، ھەر قايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «دۆلەت تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇلدى. 1979- يىلى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» نى ئېلان قىلدى. بۇ يېڭى تەنتەربىيە ئۆلچىمىنىڭ ئۇسۇلى ئاددىي، ئىجرا قىلىش ئوڭاي بولغاچقا، زۆرۈر تەنتەربىيە سايمانلىرى كەمچىل بولغان ئەھۋالدىمۇ كۆپىنچە مەكتەپلەردە قانات يايدۇرۇلدى. 1983 – 1990 - يىلىغىچە باركۆل ناھىيىسىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆلچەمگە يېتىپ، لاياقەتلىك نىسبىتى % 81.8 بولدى.

1970- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1980- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىر ھەپتىدە ئىككى سائەتلىك تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈش ۋە ھەر كۈنى «ئىككى گىمناستىكا ئويناش»، «دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا، كۆز ئاسراش گىمناستىكىسى»، «ئىككى پائالىيەت» (ھەر كۈنى بىر قېتىم دەرس ئارىلىقىدىكى تەنتەربىيە پائالىيىتى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيىتى) قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مەكتەپلەردىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1984- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن 10 تەنھەرىكەتچى تاللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، 13 ئالتۇن مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. 1981 – 1990 - يىلىغىچە باركۆل 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشتىن سىرتقى تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 115 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى، 23 ئادەم 64 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇز تېيىلىش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1984 – 1987 - يىلىغىچە، باركۆل ناھىيىسى مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ئالتە ئالتۇن مېدالغا، توققۇز كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ تىكتاك توپ كوماندا ئەزالىرى مەملىكەتلىك ۋە مەملىكەت بويىچە رايونلارغا ئايرىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن تىكتاك توپ مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1973- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك 4- باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۈ ليلى قىزلارنىڭ تىكتاك توپ بويىچە يەككە ئويۇنىدا 1- لىككە ئېرىشتى. 1982- يىلى 5- ئوتتۇرا مەكتەپ، ئېلېكتر ئىستانسىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن ۋۇ جىڭخۇا، شۇ ۋېنلەن ۋە شى جيەنخۇا تىكتاك توپ تۈرىدە قىزلار كوللېكتىپ 1- لىككە ئېرىشتى. 1965- يىلى قىزىليۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتەپ، قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھەر قايسى گۇرۇپپىلىرىدىكى تۆت كوماندىنىڭ 40 تەنھەرىكەتچىسى باركۆلدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر ئاۋىئاتسىيە مودېلى خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، چاۋ شىنخۇي 1- دەرىجىلىك سۆرىكۈچلۈك (مودېل) پلانېر ماھىرى، رېن شىنپىڭ 1- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك (مودېل) پلانېر ماھىرى، ساۋ ۋېنجۇڭ 2- دەرىجىلىك سۆرىكۈچلۈك (مودېل) پلانېر ماھىرى، ياڭ جىڭۋېي 2- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك (مودېل) پلانېر ماھىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى. جاڭشى 1- دەرىجىلىك ئەركىن ئۇچۇرۇشتا 1- لىككە ئېرىشتى. 1981- يىلى قۇمۇل شەھەرلىك 1-، 3- ئوتتۇرا مەكتەپتىن تەشكىللەنگەن 1-، 2- كوماندىلار مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر ئاۋىئاتسىيە مودېلى خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1- ، 2- لىككە ئېرىشتى. قۇمۇل 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن قۇدرەت 2- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك (مودېل) پلانېر ئۇچۇرۇشتا 1- لىككە ئېرىشتى. 1982- يىلى ۋىلايەتتىن ياڭ جىڭۋېي قاتارلىق 10 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك ئاۋىئاتسىيە مودېلى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ياڭ جىڭۋېي خەلقئارا دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك (مودېل) پلانېر مۇسابىقىسىدە دۆلەت رېكورتىنى بۇزدى. 1233 نەتىجە بىلەن خەلقئارا دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پلانېر ئۇچۇرۇشتا 1- لىككە ئېرىشتى. قارىغا ئېتىش كوماندا ئەزاسى زورىخان شىنجاڭ قارىغا ئېتىش خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسىدە 279 ھالقا بىلەن، ئاياللار تاپانچا ئېتىشىدا 1- لىككە ئېرىشتى. 1988- يىلى 7- ئايدا، لى توڭ قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ئاياللار گازىملىتىق بىلەن قارىغا ئېتىش كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ بويىچە 1- لىككە، لى توڭ شەخسلەر ئارا 1- لىككە ئېرىشتى.

### 2. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى تەنتەربىيە كەسپىي جەھەتتىن مەشىق قىلدۇرۇلمىغان. 1952- يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئۈرۈمچى 1- دارىلمۇئەللىمىن تەنتەربىيە سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەيلەن قۇمۇل 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولدى. 1957 – 1958- يىللىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىلدى. شۇ چاغدا بار بولغان تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، تەتىل مەزگىللىرىدە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى باشقا جايلارغا ئېكسكۇرسىيە- ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ،

تەجرىبە تۈگىتىش ياكى ئالىي تېخنىكوملارغا ئەۋەتىپ، بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللەش، قۇمۇل ماتارىپ ئىنستىتۇتىدا تەنتەربىيە تېخنىكوم سىنىپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش قاتارلىق چارە- تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەندى.

1973- يىلى، قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە تەنتەربىيە مەخسۇس سىنىپىدىن بىرى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىدىن 35 ى قوبۇل قىلىندى. 1974- يىلى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپ يەنە مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ ئوقۇغۇچىدىن 13 نى ئۆرۈمچىگە ئەۋەتىپ، 1- دارىلمۇئەللىمىننىڭ تەنتەربىيە سىنىپىغا ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىشكە ھاۋالە قىلدى. 1975- يىلى، شىئەن تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلىرى قۇمۇلغا كېلىپ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش» بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر تەنتەربىيە ئوقۇتۇچىسىدىن 45 نى تەربىيىلەپ بەردى. 1982- يىلى يازلىق تەتىلدە، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن 65 نى تەربىيىلەپ بەردى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك ماتارىپ باشقارمىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى. بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ تەنتەربىيە سىنىپىدا ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 73، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 53، ئازسانلىق مىللەت تەنتەربىيە سىنىپىدا ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 35، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 26.

1965 – 1988 - يىلىغىچە قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە مەخسۇس سىنىپىغا جەمئىي سەككىز نۆۋەت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 286 (قىزلار 60) تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1978 – 1982- يىلىغىچە ئازسانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە سىنىپىغا ئىككى نۆۋەت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 75 (قىزلار 24) ئازسانلىق مىللەت تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى. ماتارىپ ئىنستىتۇتىدا 123 تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئازسانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسى 33. 1974 – 1980- يىلىغىچە ئالدىنقى ئۈچ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە سىنىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 145. بۇنىڭ ئىچىدە، ئازسانلىق مىللەت 35 بولۇپ، 45% تى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، 16 سى گۇڭشې، ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت دەرىجىدىن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. 1990- يىلى، قۇمۇل شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى 40 ، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى 47. باركۆل ناھىيىسىدىكى 64 باشلانغۇچ مەكتەپ، سەككىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى 43 ، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئوقۇتقۇچى 20.

1981- يىلى ما جەنلىن، جى فېگلىنىڭ مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ باھالاندى.

## §3. ئاممىۋى تەنتەربىيە

ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئاممىۋى تەنتەربىيىدە «ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جەمئىيەت ۋە ئائىلىلەرگىچە چوڭقۇر چۆكۈش، ئاممىۋى بولۇش بىلەن يېڭى سەۋىيىگە يۈزلىنىش» دېگەن فاڭجېن ئىزچىللاشتۇرۇلدى. تەنتەربىيە كومىتېتى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەشتىن ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا، ئاز ساندىكى ئورۇنلار قاتنىشىشتىن كۆپ ئورۇنلار قاتنىشىشقا، ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتنىشىشتىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر قاتنىشىشقا قەدەممۇ قەدەم ئۆتۈپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرى كۈندىن كۈنگە جانلىق، كەڭ، مول مەزمۇنلۇق ئاساستا قانات يايدۇرۇلدى.

ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى تەدرىجىي تۈزۈلمىشىپ، ھەر يىلى ھېيت- ئايەم، بايرام كۈنلىرى مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى ۋە ماھارەت كۆرسىتىلدى. مەسىلەن، قىش پەسلىلىك تۈزۈنغا يۈگۈرۈش، يېڭى يىلدا ئىشچى- خىزمەتچىلەر شەھەر ئايلىنىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، «8- مارت» ئاياللار بايرىمىدا ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى، ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسى، «1- ماي» ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا شاھمات تۈرى مۇسابىقىسى، «1- ئۆكتەبىر» توپ مۇسابىقىسى قاتارلىقلار. 1990- يىلى، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن ئالاقىدار تارماقلار بىرلىكتە جەمئىي بەش قېتىم، ساھە ۋە كارخانىلار توققۇز قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ئادەم 2100 دىن ئاشتى. ئورگان، زاۋۇت، كانلاردا «ئۇچ گىمناستىكا، بىر چامباشچىلىق، بىر يۈگۈرۈش» پائالىيىتى ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

ئىجتىمائىي تەنھەرىكەت قەدەممۇ قەدەم دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەردە، ياشانغانلار، مېيىپلار، شاھماتچىلار، چاۋ پەي (قارتا ئويۇن تۈرى)، ۋاراتا توپچىلار، پوچتا.كەپتىرى جەمئىيىتىدىن ئالتىسى قۇرۇلۇپ، دائىم خىلمۇ خىل پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. 1990- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى باشچىلىقىدا «يېپەك يولى لوڭقىسى» بويىچە ئىككى ئۆلكە، توققۇز شەھەرنىڭ ياشانغانلار ۋاراتار توپ دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك شاھمات پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، كوچا- كوي، ئېتىز- ئېرىق باشلىرىدا «شاھ» دېگەن ئاۋازلار دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر كۈنى سەھەردە يۈگۈرۈۋاتقانلار، چامباشچىلىق مەشقى قىلىۋاتقانلار ھەممە جايدا چېلىقىدىغان بولدى.

يېزا- قىشلاقلاردا تەنتەربىيە پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتنىڭ 41 يېزا (بازار) سىنىڭ 32 سىدە تەنتەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ «تۆت بولۇش» (ۋاسكېتبول مەيدانى بولۇش، مەدەنىيەت- تەنتەربىيە پائالىيەت ئۆيى بولۇش، ئەسۋاب- ئۈسكۈنىسى بولۇش، مۇسابىقە پائالىيىتى بولۇش) ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1990- يىلى، يەتتە يېزىدا دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتلەر ھەر مىللەت دېھقان- چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ كاتتا بايرىمىغا ئايلاندى. نۇرغۇنلىغان يېزا- قىشلاقلاردا، دېھقانچىلىق ئالدىراش بولمىغان ۋاقىتلاردا توپ ئوينايدىغان، چامباشچىلىق قىلىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆيسۇ يېزىسى ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر يېزىسى قاتارلىق تەنتەربىيىدە ئۈلگىلىك يېزىلار بارلىققا كەلدى.

1. ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى

1990- يىلى، ۋىلايەتتىكى 70 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچى ئىچىدە، ياش ئىشچىلار تەخمىنەن % 60 نى ئىگىلەيتتى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتى قەدەممۇ قەدەم جانلاندۇرۇلدى. 1950 – 1960 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تەنھەرىكەت پائالىيىتى ئاساسلىقى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەردىكى ھەر دەرىجىلىك ئورگان، زاۋۇت، كان ۋە كارخانا ئورۇنلاردا قانات يايدۇرۇلدى. پائالىيەت تۈرلىرىدىن ۋاسكېتبول، ۋالىبول، تىكتاك توپ، يېنىك ئاتلېتىكىنىڭ قىسمەن تۈرلىرى ۋە شاھمات قاتارلىقلار بار ئىدى. ئومۇمەن، چوڭراق كەسپىي، كارخانا ئورۇن ۋە ئورگانلارنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانى، يالاڭ تورنىك، قوش تورنىك ۋە تىكتاك توپ ئۈستىلى قاتارلىق مۇئەسسەسىلىرى بار ئىدى. ھەر يىلى ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن، «8- مارت» ئاياللار بايرىمىدىن باشلاپ، قىش كىرىشتىن ئىلگىرىكى «1- ئۆكتەبىر» دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدى- كەينىگىچە تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە

خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ ناھىيىدىكى مەدەنىيەت. مائارىپ ئىدارىلىرى گىمناستىكا يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئورگان، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلارغا بىر تۈركۈم گىمناستىكا يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى (ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە 21، باركۆل ناھىيىسىگە 60، قۇمۇل ناھىيىسىگە تەخمىنەن 100).

1964- يىلى، قۇمۇل ۋىلايىتى ئەر. ئاياللار ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. شۇ يىلى كۈزدە، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ئىشچى. خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1966- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تۇنجى نۆۋەتلىك تىكتاك توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1968- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تۇنجى نۆۋەتلىك چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1969 – 1970 - يىللىرى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن ئىشچى. خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى توختاپ قالدى.

1974- يىلى، ھەر قايسى ناھىيىلەر رادىئو گىمناستىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1975 – 1976 - يىللىرى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇدا ئىككى يىل ئىشچى. خىزمەتچىلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

«تۆت كىشىلىك گورۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ تۈرلىرى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1979- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تۇنجى نۆۋەتلىك ماناپولكا بىلەن قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1980- يىللاردا، ئىشچى. خىزمەتچىلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ جانلاندى. زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى دائىم ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى. ھەر يىلى «1- ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ۋە دۆلەت بايرىمىدا ئىشچى. خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقە تۈرلىرىدىن ۋاسكېتبول، ئارغامچا تارتىشىش، ئاستا ۋېلسىپىت مىنىش، شەھەر ئايلىنىپ يۈگۈرۈش، شاھمات، تىكتاك توپ، قارىغا ئېتىش ۋە تاغقا چىقىش قاتارلىقلار بار ئىدى.

1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى. خىزمەتچىلەر كۈندىن كۈنگە كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەر يىلى ياشانغانلار تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى، مەسىلەن: ۋاراتار توپ، يۈگۈرۈش، شاشكا، شاھمات، قارتا، ماجاڭ، گارغا توپ تاشلاش، يورغىلاپ مېڭىش، تاغقا چىقىش، قارىغا ئېتىش، تەيجى چامباشچىلىق قاتارلىق ياشانغانلارغا باپ كېلىدىغان تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى.

1983- يىل 5- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەيدانىدا 3- نۆۋەتلىك قۇمۇل ئىشچى. خىزمەتچىلەر «دوستلۇق لوڭقا» سىنى تالىشىش بويىچە، B دەرىجىلىك كوماندىلارنىڭ ۋاسكېتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 18 ئەرلەر . ئاياللار ۋە كوماندىسىدىن 210 ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىسى قاتناشتى.

1984- يىل 4- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 4- كۈنىگىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلىشىپ، ۋىلايەتلىك ئىشچى. خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1987- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلىشىپ «قۇمۇل شەھەر رايونى بويىچە 10 مىڭ ئىشچى. خىزمەتچى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەت ئۈچ ئاي داۋاملاشتى.

1987- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەت قورشاۋ شاھمات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1990- يىلى ئەتىيازدا، ۋىلايەتلىك ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ياشانغانلار ۋاراتار

توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. يەنە شۇ يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇل شەھەرلىك پوچتا كەپتەرى جەمئىيىتى ئارلىقى 200 كىلومېتىرلىق كەپتەر ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسى ئۆيۈشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا كەپتەرى جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. 1982- يىل 12- ئايدا، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى دوختۇرخانىسىدىكى ۋۇ يۈنشيا مەملىكەت بويىچە ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

2. دېھقان- چارۋىچىلار تەنتەربىيىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يېزا- قىشلاقلارنىڭ ئىقتىسادى قالاق بولغاچقا، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا ئىدى. ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىزقوۋار قاتارلىقلار بار ئىدى. خەنزۇلاردا بولسا، ھېيت- بايراملاردا ئەجدىھا پانۇس ئويۇنى، شىر ئويۇنى ۋە باشقىلار بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا تەنتەربىيىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى ئاساس قىلىنىپ، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، پۇتبول، ئارغامچا تارتىشىش، شاھمات، تاغقا چىقىش، يۈگۈرۈش، دېڭىز ئېتىش، سەكرەش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرى كۆپلەپ سەپلەندى. شەخسلەر ۋە كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى خىلمۇ خىل ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى، ھازىرقى زامان تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى. 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزا- قىشلاقلاردا، تۈرلۈك تەنھەرىكەت كوماندىلىرى، بەدەن چېنىقتۇرۇش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 1960- يىلى، باركۆل ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا 89 ۋاسكېتبول كوماندىسى (بۇنىڭ ئىچىدە 19 ئاياللار كوماندىسى، 152 ئادەم)، 18 ۋالېبول كوماندىسى (يەتتە ئاياللار كوماندىسى، 63 ئادەم)، 21 پۇتبول كوماندىسى بار ئىدى. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر تىكتاك توپ ئويناشنى ياقتۇراتتى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 84 بەدەن چېنىقتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەنگەن بولۇپ، 1144 ئادەم قاتناشقانىدى. جۈملىدىن 864 ئادەم 15 تۈرلۈك يۈگۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رادىئو گىمناستىكىسى، ئېتىز- ئېرىق گىمناستىكىسى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ، 8364 ئادەم قاتناشتى. 1957- يىلى، قىزىلتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىلىرى ئۆزلىرى مۇددەت ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا شەرەپ بىلەن قاتناشتى.

1963- يىلى، دېھقان- چارۋىچىلار ئاممىسى مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ۋە شاھمات، تىكتاك توپ قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1965- يىلى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئات بەيگىسىدە، باركۆللۈك ماھىر لى جۈنلۇ 10 كىلومېتىرلىق مۇسابىقىدە چېمپىيون بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى مەجبۇرىي توختىتىلدى. 1978- يىلى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى ئارقا- ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. يېزا- قىشلاقلارنىڭ تەنتەربىيە تۇرمۇشى بېيىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى.

قۇمۇل شەھەرلىك تاشۋىلىق يېزا كۆپ قېتىم ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى تەنتەربىيىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1982- يىلى، تاشۋىلىق يېزىسىنىڭ ۋەكىللىرى چۈشەنچى تەكلىپكە بىنائەن دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى قۇجىيەندە ئۆتكۈزگەن ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 1983- يىل 7- ئايدا، تاشۋىلىق يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى خۇگتاۋ تەكلىپكە بىنائەن شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 5- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈشكە قاتناشتى. يېزا بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. تاشۋىلىق يېزا چېگرىدىكى يېزا بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى خەلق ئەسكەرلىرى مەشىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىزقوۋاردىن باشقا يەنە ۋاسكېتبول، ۋالىبول، تىكتاك توپ، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، تاغقا يامىشىش، چامباشچىلىق، گرانات تاشلاش، قارىغا ئېتىش، چويۇن توپ، دېسكا ئېتىش، ئارغامچا تارتىشىش، كالتەك تارتىشىش قاتارلىق تۈرلەر قوشۇلدى. ھەر مىللەت دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتنىشىشى بىرخىل ئادەتكە ئايلاندى.

باركۆل ناھىيىسىدىكى چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى ئەخمەت غالى 1959- يىلى مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسىدە 57 كىلوگراملىقلار بويىچە 2- لىككە ئېرىشتى ھەمدە 3- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مۇشۇ دەرىجىلىكلەر بويىچە 2- لىكنى ئۇدا ساقلاپ كەلدى. 1974-، 1975- يىللىرى باركۆل ناھىيىلىك چېلىشىش كوماندىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئىككى نۆۋەت كوللېكتىپ 2- لىككە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى ئادەم ئىككى قېتىم ئوخشاش بولمىغان دەرىجە ئايرىمىسى بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نېرىنكىر، تۈركۆل، توخولۇ(شار تۈيلەر)، نوم ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەگرىتاغ، غەربىتاغ، تاشۋىلىق، قارادۆۋە قاتارلىق يېزىلىرىدا دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدىكى شەكلى خىلمۇ خىل ئات بەيگىسى ۋە چېلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

1988- يىل 5- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقان- چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى (تاللاش مۇسابىقىسى).

1988- يىلى، ئاپتونوم رايون 7- ئايدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقان- چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەت كوماندىسى يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، چېلىشىش، تاشيولدا ۋېلسىپىت مىنىش قاتارلىق تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ئۈچ مىس مېدالغا، بەش تۈردە 4-، 5-، 6- لىككە، قارىغا ئېتىش، چېلىشىش كوماندىلىرى «تەنتەربىيە ئەخلاق پەزىلىتى» بويىچە كوللېكتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى 11- ئايدا، ئاراتۈرۈك نېرىنكىر چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ 1- شۆبە مەيدانى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مىشىر باي (قازاق) ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن يېزا- قىشلاق تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

1990- يىل 7- ئايدا قۇربان ھېيتتا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ئازسانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭغا 116 تاللانغان ماھىر قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئاپتونوم رايوننىڭ رايونلارغا بۆلۈنگەن ئات بەيگە مۇسابىقىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايىتىمىزدىكى تەنھەرىكەت ماھىرلىرىدىن ئىككەيلەن چېمپىيونلۇققا ۋە ئىككى تۈردە 2-

لىككە ئېرىشتى. 3000 مېتىرلىق ۋە 10 مىڭ مېتىرلىق ئات بەيگىسىدە ھېمىت چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى، 3000 مېتىرلىق ئات بەيگىسىدە غالى ئوسمان 2- لىككە، 10 مىڭ مېتىرلىق ئات بەيگىسىدە قارى ئوسمان 2- لىككە ئېرىشتى.

### 3. ياشانغانلار تەنتەربىيىسى

1980- يىللاردا، تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان ياشانغانلارنىڭ سانى تېز كۆپەيدى. 1985- يىلى 12- ئايدا، ۋىلايەتتە ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ياشانغانلار قىش پەسىللىك ئۆزۈندا يۈگۈرۈش ۋە ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا 3000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. مۇسابىقە تۈرلىرى : تاغقا چىقىش، قارىغا ئېتىش، ئۆزۈندا يۈگۈرۈش، يورغىلاپ مېڭىش، شاھمات ۋە ياشانغانلار دىسكوسى قاتارلىقلار.

1986- يىل 7- ئاينىڭ 15- كۈنى، ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى تاغقا چىقىش، قارىغا ئېتىش تۈرلىرى بويىچە 2- نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭغا 15 كوماندا، 180 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى.

1987- يىل 7- ئاينىڭ 5- كۈنى، قۇمۇل ئاراتامدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك 3- نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە تۈرلىرى ئاساسلىقى ئۆزۈندا يۈگۈرۈش ۋە تاغقا چىقىش قاتارلىقلار بولدى.

1988- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەت 4- نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 22 كوماندا، 176 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان تەنھەرىكەت ماھىرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى 79 ياش، ئەڭ كىچىكى 55 ياش. مۇسابىقە يورغىلاپ مېڭىش، ۋاراتار توپ، خەلقئاراچە شاھمات، چويلا توپ، قارىغا ئېتىش ۋە جۇڭگوچە شاھمات تۈرلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. شۇ قېتىم پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى لى جىشېڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1989- يىل 9- ئايدا، ۋىلايەت بويىچە 5- نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا 400 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. مۇسابىقە تۈرلىرى: ۋاراتا توپى، تىكتاك توپ، چويلاتوپ، جۇڭگوچە شاھمات ۋە خەلقئاراچە شاھماتلار بولدى.

1990- يىل 5- ئايدا، 6- نۆۋەتلىك ياشانغانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 300 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. مۇسابىقە تۈرلىرىدىن شاشكا، ماجاڭ، جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئاراچە شاھمات، تاختا بىللىيارت قاتارلىقلار بار. 10- ئايدا، ياشانغانلار ۋاراتار توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 11 كوماندا، 100 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. مۇسابىقىدە 11 مۇنەۋۋەر ۋاراتار توپ تەنھەرىكەتچىسى باھالاپ چىقىلدى.

1983- يىل 9- ئايدا، خۇاڭ نىگيۈەن ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن تاغقا چىقىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ياشانغان ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى.

1989 – 1990 - يىللىرى، ۋىلايەتلىك ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ياشانغانلار ۋاراتار توپ ماھىرلىرىنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن ۋاراتات توپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەتلىك ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى ئەزاسى 399 غا يەتتى، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلار 1000 دىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 500 دىن ئارتۇق كىشى نەپەس گۇمپىسى، 200 دىن ئارتۇق كىشى تەيجىچۇەن ۋە تەيجىجيەن، 200 دىن ئارتۇق كىشى بەدەن چېنىقتۇرۇش گىمناستىكىسى، 100 دىن ئارتۇق كىشى شاھمات، 50 تىن ئارتۇق كىشى ئۆزۈندا يۈگۈرۈش، 80 دىن ئارتۇق كىشى ئۈسسۇل، 500 دىن ئارتۇق كىشى ماجاڭ ۋە قارتا، 300 دىن ئارتۇق كىشى ۋاراتار توپ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

4. چامباشچىلىق، نەپەس گۆمپىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى چامباشچىلىق ھەۋەسكارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خۇسۇسىي ھويلا- ئارامىلاردا ماھارەت مەشىقى قىلاتتى ۋە ماھارەت ئۆستۈرەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 – 1960- يىللاردا، بەزىبىر ۋاقىتلاردا بىرقانچەيلەن غەربىي تۈستەڭگە ئىستىخىيىلىك ھالدا يىغىلىپ ئويۇن كۆرسىتەتتى ۋە مۇنەرلىرى ئۆستۈرەتتى، ماھارەت ئالماشتۇراتتى. 1958- يىلى، غۇلجا ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ كادىرى جىن گۇەنفۇ چامباشچىلارنى ئويۇن كۆرسىتىشكە تەشكىللىدى. بۇنىڭغا ما يوگدې، ما چىڭرېن، جۇ جيەنشىن قاتارلىق 20 ئادەم قاتناشتى. تۈرلىرى : چامباش، قىلىچۋازلىق، كالتەكۋازلىق، پىچاقۋازلىق، نەيزىۋازلىق قاتارلىقلار ئىدى. 1990- يىلى، ما يوگفۇ ئاپتونوم رايونلۇق تاللاش مۇسابىقىسىدە 3- لىككە ئېرىشتى.

1978- يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى غۇلجا مەيدانىدا كۆپ قېتىم چامباشچىلىق ئويۇنى كۆرسىتىشكە تەشكىللىدى. بىر نەچچە قېتىم كوماندا ئەۋەتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئويۇن كۆرسىتىش ۋە دوستلۇق تەكلىپ مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. 1984- يىلى، ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى چامباشچىلىق كوماندا ئەزالىرىدىن ما شۆفېڭ بىلەن ما جەنچىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن چامباش ئويۇنى كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، شەخسلەر ئارا مۇسابىقىدە چېمپىيون بولدى. 1987- يىل 2- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە چامباش ئويۇنى كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەندە، ۋىلايەتلىك چامباشچىلىق كوماندىسىدىن جۇ جيەنشىن شەخسلەر ئارا مۇسابىقىدە چېمپىيون بولدى.

ئامما‍نىڭ چامباشچىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن 1984 – 1990- يىلغىچە، ۋىلايەت ئالتە قېتىم قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچتى. 1984- يىل 7- ئايدا، غۇلجا شەھىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورىنى تېرىنېرلىققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ، سەندا ۋە تەيجىتۇيشو (چامباشچىلىقنىڭ بىر تۈرى) نى ئۆگەتتى. بۇنىڭغا 18 كۇرسانت قاتناشتى. 1985- يىلى، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بەش قارار ئىشتىن سىرتقى چامباشچىلىق كۇرسى ئاچتى. 340 تىن ئارتۇق كۇرسانت قاتناشتى. 1980- يىلى، ۋىلايەت ئىككى قارار دايا نەپەس گۆمپىسى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. يەنە 30 كۈنلۈك جۇڭگو خې شياڭجۇاڭ نەپەس گۆمپىسى سىنىپى ئاچتى. 1988- يىلى، ۋىلايەت 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان چامباشچىلىق ماھارىتى ئۆگىنىش سىنىپى ۋە تەيجىچۈەن ئۆگىنىش سىنىپى ئاچتى. 1990- يىل 6- ئايدىن 8- ئايغىچە، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئالتە قارار جوڭخۇا چامباشچىلىق كۇرسى ئاچتى. تەربىيىلەنگەن چامباش تايانچلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ چوڭ مەيدانىدا، ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى ۋە خەلق باغچىسىدا داۋاملىق ماھارەت مەشىقى قىلدى. چامباش تايانچلىرىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا، چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان قېرىلارمۇ، ئەمدىلا نەچچە ياشقا كىرگەن ئۇششاق باللارمۇ ماھارەت مەشىقىگە ئاكتىپ قاتناشتى.

5. ساغلاملىق گۈزەللىك تەنھەرىكىتى

1986- يىل 6- ئايدا، يامانسۇ كانىدا ساغلاملىق گۈزەللىك چېنىقىش ئۆيى قۇرۇلدى. تۇنجى تۈركۈمدە 20 دىن ئارتۇق ئىشچى- خىزمەتچى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتناشتى. 1990- يىلغا كەلگەندە، دەسلەپكى كۆلەم ھاسىل قىلىنىپ، 50 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق مەشىق زالى ھازىرلىنىپ، بىرلا ۋاقىتتا 20 دىن ئارتۇق ئادەم بەدەن چېنىقتۇرىدىغان بولدى. ياش ئىشچىلاردىن گۇي جيې ساغلاملىق گۈزەللىك مۇسابىقىسىدە كۆپ قېتىم ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. 1986- يىل 10- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئەرلەرنىڭ 65 كىلوگراملىق دەرىجىسى بويىچە چېمپىيون بولدى. 1987- يىل 7- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى

ئۇيۇشتۇرغان تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئەرلەرنىڭ 65 كىلوگراملىق دەرىجىسى بويىچە چېمپىيون بولدى. 1988- يىلى 4- ئايدا، شىنجاڭ بويىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلۇش بانكىسى لوڭقىسىنى تالىشىشتىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ساغلاملىق گۈزەللىك مۇسابىقىسىدە پۈتۈن مەيدان تۈرىدە چېمپىيون بولدى. 1989- يىلى 5- ئايدا، شىنجاڭ بويىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى لوڭقىسىنى تالىشىش ساغلاملىق گۈزەللىك مۇسابىقىسىدە 60 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى. 1990- يىلى 8- ئايدا، شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بەدەن چېنىقتۇرۇش (گىمناستىكا) دوستلۇق مۇسابىقىسىدا 60 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى.

قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسىدا 1990- يىلى 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ساغلاملىق گۈزەللىك چېنىقىش ئۆيى قۇرۇلدى، كۆلىمى 120 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، تۈرلۈك مەشىق قىلدۇرىدىغان ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، مەشىق تۈرلىرى: ئەر- ئاياللار ماشىنا- ئۈسكۈنىلەر بىلەن ساغلاملىق گۈزەللىك بويىچە چېنىقىش، ئەر- ئاياللار ماشىنا- ئۈسكۈنىلەر بىلەن چېنىقىپ ئورۇقلاش، ئاياللار فىگۇرىسىنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ياشانغان ئەر- ئاياللار بەدەن چېنىقتۇرۇش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشتىن سىرتقى ساغلاملىق گۈزەللىك چېنىقىش كوماندىسى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا تېرىنېر سەپلەپ بېرىلدى. ھەر يىلى ساغلاملىق گۈزەللىك چېنىقىش ئۆيىگە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كىرىپ تۈرلۈك مەشىقلەرنى قىلدى. مەشىق ۋاقتى ئۈچ ئاي، ئالتە ئاي ۋە 12 ئاي بولدى.

### 6. شاھمات

**1) خەلقئاراچە شاھمات** «قۇتادغۇبىلىك» تا خاتىرىلىنىشىچە، 11- ئەسىردە خەلقئاراچە شاھمات شىنجاڭغا تارقالغان ھەمدە ئاستا- ئاستا قۇمۇلدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرىگە ئايلانغان. قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى شاھمەخسۇت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، تۆمۈرخان غوجا، شېرىپ ھاجى، يۇنۇس چوقاي قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر شاھماتچىلار ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ بىر قانچىدىن شاگىرتلىرى بولغان.

تۆمۈرخان غوجىنىڭ ئۆزگىچە بېزەلگەن، تاملىرى نەپىس ئەينەك جاھازىسى ئېسىلغان بىر ئېغىز ئۆيى بار بولۇپ، ئەينەك جاھازىغا خەلقئارادىكى شاھماتچى دانالارنىڭ ھېكمەت- نەزمىلىرى يېزىلغان. ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە، بۇ يەرگە كېلىپ شاھمات ئوينايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. شاھماتچىلار شاھمات ئويناپ بولغاندىن كېيىن قولىنى پاكىز يۇيۇشى شەرت ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىر بەلگىلىمە بار بولۇپ، شاھماتتا كىم يېڭىلسە شۇ كىشى ئۆزى تەييارلىغان بىرەر نومۇرنى ياكى ناخشىنى ئورۇنداپ بېرىشى شەرت ئىدى.

ئەينى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر مۇنچىلىغان شاھمات ماھىرلىرى كېلىپ، تۆمۈرخان غوجا بىلەن ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ لېكىن ئۇتتۇرۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بۇ ماھىرلار تۆمۈرخان غوجىغا مەخسۇس قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلىپ تەبرىكلىگەن.

كېيىن خەلقئارا شاھماتچىلاردىن شادىبەك ھاجى، ئابلىمىت ھاجى، مەۋلىبەك، يارى گالى قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېتىشىپ چىققان خەلقئارا شاھمات ماھىرلىرىدىن تۆمۈرخان سوپا، شىر ياقۇپ، ھاجى غوجا، گايىز يىمىتخان تۆرەم، مۇھەممەت نىياز قاتارلىقلار بار.

1987- يىلى، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى- خىزمەتچىلەر خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 58 ئاز سانلىق مىللەت ماھىرى قاتناشتى، يېرىم ئاي ئېلىشىش نەتىجىسىدە

ئابلەت غوپۇر 1- لىككە ئېرىشتى.

2) جۇڭگوچە شاھمات بۇ شاھمات ئىچكىرىدىن قۇمۇلغا كىرگەن بولۇپ، خەنزۇلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. شەھەر- يېزىلاردا شاھمات ھەۋەسكارلىرى ھەممە جايغا تارقالغان. 1986- يىلى، قۇمۇل ماھىرى ياڭ چىڭخۇا ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك جۇڭگوچە شاھمات مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 1987- يىل 5- ئايدا، ۋىلايەت تۇنجى قېتىم جۇڭگوچە شاھمات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 68 ماھىر قاتناشتى.

7. بوكسىيورلۇق

1980- يىللىرى، بوكسىيورلۇق قۇمۇلدا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ۋىلايىتىنىڭ ئۈستۈن تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بوكسىيورلۇق كوماندىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە غەربىي شىمال رايونلىرى بويىچە رايونلارغا ئايرىغان مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1988- يىل 5- ئايدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكسىيورلۇق يىللىق مۇسابىقىدە چۇ شېڭدۇڭ 48 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە، سېرىك 54 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە ئېرىشتى. 9- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكسىيورلۇق دوستلۇق مۇسابىقىسىدە چۇ شېڭدۇڭ 48 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە، شۇ مىڭ 54 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە، قۇربان 63.5 كىلوگراملىقلار بويىچە 3- لىككە ئېرىشتى.

1989- يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكسىيورلۇق يىللىق مۇسابىقىدە چۇ شېڭدۇڭ 48 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە، شى جاڭ 51 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە، لۇ جيەنجاڭ 57 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە، ما يىنمىن 67 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 2- لىككە، خې جۈن 81 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 2- لىككە، جو ئەيمىن 81 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە ئېرىشتى.

1990- يىل 8- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ياشلار تەنتەربىيە بوكسىيورلۇق مۇسابىقىسىدە چۇ شېڭدۇڭ 51 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە، خې جۈن 81 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 2- لىككە، ما يىنلۇڭ 67 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 2- لىككە، جاۋ جاڭلۇڭ 48 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە، قۇربان 54 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە، شى جياڭ 57 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە، خې خوڭچياڭ 60 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە، لى شىنلى 63 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە، مو يەنخۇا 86 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 3- لىككە ئېرىشتى.

## §4. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى — شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى تۈرلەر، ئوۋ ئوۋلاش، دېھقانچىلىق ئىشلىرى، ئۇرۇشقا ئاتلىنىش، ئېلىشىشلاردىن پەيدا بولدى. بەزىبىرلىرى دىن، مۇھەببەت، نىكاھ، مىللىي ئۆرپ- ئادەتلەردىن كېلىپ چىقتى. مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئەدەبىيات- سەنئەت بىلەن تەنتەربىيە يۇغۇرۇلۇپ بىرگەۋدە بولۇپ كەتتى. ناھايىتى كۈچلۈك بەدەن چېنىقتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە، مول كۆڭۈل

ئېچىش، تەربىيىلەش ئۈنۈمىگە ئىگە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە تۈرلىرى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى.

**1. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى**

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بار بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەلقنىڭ تەنتەربىيە سەنئىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. بۇنىڭ ئىچىدە، «دارۋاز» بىلەن «سارغايدى» ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىككى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرىدۇر.

1) دارۋازلىق «دارۋاز» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرىدىكى تەڭداشسىز ماھارەتتۇر. ئادەتتە، ئېگىز بوشلۇقتىكى 80 مېتىر ئۇزۇن ئارغامچىدا مېڭىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا مۇنداق بىر خەلق رىۋايىتى بار: قەدىمكى زاماندا، بىر شەھەرنىڭ ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر ئالۋاستى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. خەلققە بالايىئاپەت ياغدۇرۇپتۇ. خەلققە ئامانلىق بەرمەپتۇ. خەلق بۇ ئالۋاستىنى يوقاتماقچى بوپتۇ. لېكىن ئالۋاستى ئۇچۇقچىلىققا چىقماي، بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ، داۋاملىق ئەسكىلىك قىلىۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوبۇل ئاتلىق بىر ئەزىمەت يەرگە بىرقانچىلىغان ياغاچ تاياقلارنى تىكىپ بۇلۇتلارغا تاقاشتۇرۇپتۇ ھەمدە بۇ ياغاچ تاياقلارنى ئارغامچا بىلەن بىر-بىرىگە چېتىشتۇرۇپتۇ. ئالۋاستى كۆرۈنىسىلا ئوبۇل ئارغامچا ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، شەمشەر ئارقىلىق ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىپتۇ. تەڭداشسىز ماھارىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئالۋاستىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپتۇ. خەلق ئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «دارۋاز» تەنتەربىيىسى باتۇرلۇق ۋە يەم-پاراسەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەل ئارىسىدا تارقىلىپتۇ.

«دارۋاز» دىن ئىبارەت بۇ خىل تەنتەربىيە سەنئىتى غەربىي يۇرتتا پەيدا بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان.

«دارۋاز» تەنھەرىكىتى — يەر ئۈستى ھەرىكىتى، بوشلۇقتىكى ئارغامچا ئۈستى ماھارىتى، بالداقتىكى ھەرىكەت، بەدىئىي ماھارەت ۋە سېھىرگەرلىك نومۇرى كۆرسىتىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ماھارەت كۆرسەتكۈچى بېشىغا تۇماق كىيىدۇ، ئۈستىگە رەڭدار سەللە چىگىدۇ، ئۇچىسىغا تۈز ياقىلىق، يەڭ ۋە ئالدى قىسمى كەشتىلەنگەن(كانىۋاي) كۆڭلەك، پەشمەت كىيىدۇ. بېلىگە رەڭدار بەلۋاغ چىگىدۇ. مەيدانغا كىرگەندە كۆپىنچە ھاللاردا ئات مىنىپ، ئاتنىڭ بويىنىغا مىس قوڭغۇراق ئېسىپ مەيدانغا كىرىدۇ. ساز چالغۇچىلارمۇ مىللىيچە كىيىم كىيىدۇ. دارۋاز تەڭشەك (ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3.5 مېتىر) نى كۆتۈرۈپ، تۈز يەردىن ئاستا- ئاستا غول ئارغامچىغا چىقىپ، ئالدى- كەينىگە ماڭىدۇ. ئارغامچىدا بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، موللاق ئاتىدۇ، كۆزىنى تېڭىپ ماڭىدۇ، ئۆردەكسىمان ماڭىدۇ ھەتتا بەدىنىنى ئۇچۇرۇپ سەكرەيدۇ ۋە باشقىلار. ماھارەت كۆرسەتكۈچى زىننەت دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغاندا، يالاڭ تورنىڭ ۋە ئاسما ھالقا ئويۇنى ئوينايدۇ. يەر يۈزىدىكى ھەرىكەت تۈرلىرىدىن ئاساسلىقى موللاق ئېتىش، چامباشچىلىق قىلىش، ئايىسمان پىچاقۋازلىق قىلىش، پىچاق ئېتىش، كۆكرەكتە تاش پارچىلاش، ئېغىزىدىن ئوت چىقىرىش ۋە باشقا سېھىرگەرلىك قاتارلىقلار بار. ماھارەت كۆرسەتكەندە مىللىي مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئىلگىرى ئۇن ئىككى مۇقام ئورۇندىلاتتى، يېقىنقى زاماندا تۆت خىل كۈي ئورۇندىلىدىغان بولدى. ئارغامچىغا چىقىشقا ئەگىشىپ، ئۈچ پەللە، بالداق ۋە ئاسما ھالقا ئويۇنلىرىغا قاراپ مۇزىكىمۇ ئۆزگىرىدۇ. مەيدان كەيپىياتى بۇنىڭ بىلەن جانلىنىدۇ.

«دارۋاز» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن قۇمۇل ۋىلايىتىدە تېخىچە كەسپىي «دارۋاز» ئويۇن كۆرسىتىش كوماندىسى يوق.

2) «سارغايدى» (شامال ئىلەڭگۈچ) «سارغايدى» نىڭ مەنىسى «ئايلانما چاقلىق ئىلەڭگۈچ» دېگەندىن ئىبارەت. سارغايدى جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى غۇلجا قاتارلىق جايلارغا كۆپرەك

تارقالغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى. 15 – 16 مېتىر ئېگىز بىر تۈۋرۈكنىڭ چوققىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ چاقىغا تۆت ئارغامچا باغلىنىپ، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ قويۇلىدۇ. تۆت تەنھەرىكەتچى ئىككى قولى بىلەن ئەلەڭگۈچ ئارغامچىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئايلىنىپ ئۇچىدۇ. ئاساسىي تۈۋرۈكنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا چاق ئايلاندۇرىدىغان توغرا ياغاچ ئورنىتىلىدۇ. دەسلەپتە ئادەم ئىتتىرىپ، مەركەزدىن قاچىدىغان كۈچ ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ئادەم ئىتتىرمەيدۇ. ئايلانما سىلكىنىش سۈرئىتىنىڭ بارا- بارا تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئەلەڭگۈچ ئۇچقۇچىلار يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

«يۈسۈپ- ئەخمەد» دېگەن ئۇيغۇر كلاسسىك تارىخىي داستانىدا، شامال ئەلەڭگۈچىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا دېگەن بىر رىۋايەت بار. شاھزادە يۈسۈپ بىلەن ئەخمەد ئىككى قېرىنداش تاغىسى بۇغراخان بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ، ئۆز ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولغانىكەن. يۈسۈپ بىلەن ئەخمەد بىرمۇنچىلىغان ئاۋام خەلقنى باشلاپ بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا شامال ئەلەڭگۈچ تىكىپ، ئويۇن ئوينىغانىكەن. ناغرا- سۇنايلارنىڭ ئاۋازى تەرەپ- تەرەپلەرگە تارقىلىشى بىلەن، دېھقانلار، چارۋىچىلار يىغىلىپ ئۇلارغا قېتىلىپ، كۆچى زورايغانىكەن. بۇ يەردە 13- ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىن «سارغايدى» ھېچبولمىغاندا 13- ئەسىردە پەيدا بولغانلىقى مەلۇم.

3) چېلىشىش (مىللىيچە چېلىشىش)    چېلىشىش — ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى.

مىللىيچە چېلىشىش قەشقەرچە چېلىشىش ۋە تۇرپانچە چېلىشىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ پائالىيەت ھېيت- بايرام، دېھقانچىلىقتىن بوشىغان مەزگىل، بازار كۈنلىرى، توي- تۆكۈن، خەتنە تويلاردا دائىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. چېلىش مەيدانى يۇمشاق چىملىق بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا يېزا ياكى كەنتلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئىختىيارىي بىرلىشىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش شەكلى قوللىنىلىدۇ. مۇسابىقىگە چېلىش ساھەسىدىكى ئابرۇيلۇق ياشانغانلار رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىيچە چېلىشىش تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋە ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇرغۇتۇلغان مۇنەۋۋەر چېلىش ماھىرلىرى بارلىققا كەلدى. مۇسابىقە قائىدىسىدە ئېغىرلىق دەرىجە ئايرىمىسى، كىيىمگە قويۇلغان تەلەپ، ۋاقتى توغرىسىدا بەلگىلىمە ۋە يېڭىش- يېڭىلىشتىكى ئۆلچەمنى باھالاش- بېكىتىش قاتارلىق مۇسابىقە قائىدىلىرى بار.

4) ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش    ئوقيا ئېتىش ھالىتى ئۆرە تۇرۇپ ئېتىش، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئېتىش، ئات ئۈستىدە ئېتىش دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. مۇسابىقە قائىدىسىدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: بىر ئات ئۈستىدە ئۈچنى ئېتىش يەنى ھەر بىر ئادەم ھەر خىل ھالەتتە ئۈچنى ئېتىش، ھەر ئۆۋەتتە جەمئىي توققۇز. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار ئات ۋە ئوقيانى ئۆزى تەييارلايدۇ. 15- ئەسىردىن كېيىن، مىلتىق دورىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوقيا ئېتىش، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ئازلاپ كەتتى.

5) پابوز    پابوز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھازىرقى زاماندىكى چاۋگان توپ (قورۇقلۇقتا ئوينىلىدىغان مۇز توپ ھەرىكىتى) قا ئوخشاپراق كېتىدۇ. بۇ خىل توپنى ئويناش ۋىلايەتتىكى دېھقان- چارۋىچىلار، ياش ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ پائالىيەتنىڭ ھەرىكەت مىقدارى كۆپ، مۇسابىقە سەنئىتى كۈچلۈكرەك. مەيداننىڭ چوڭ- كىچىكلىكى ئادەم سانى،يەرگە قاراپ پەرقلىنىدۇ، ئەسۋاب- سايمانلىرى ئاددىي. ئاخىرقى سىزىقتا ئىككى دوپپا ياكى چاپان ۋە باشقا ھەر قانداق بۇيۇم دەرۋازا قىلىنىدۇ. ئادەملەر ئىككى كوماندىغا بۆلۈنۈپ، توپ كالتىكى بىلەن ئېللىپس شەكلىدىكى قاتتىق ياغاچ توپنى ئۇرىدۇ. يېڭىش- يېڭىلىش توپنى دەرۋازىغا كىرگۈزۈش

سانىنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بۇ تەنھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قائىدە تۈزۈپ چىقىلدى. توپ ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. توپ قاتتىق ياغاچ ياكى كۆن خۇرۇمدىن ياسىلىدۇ. توپ كالتىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر، بىر ئۇچىنىڭ ئەگرىلىكى 15 – 20 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، مۇز توپ كالتىكىگە ئوخشاپراق كېلىدۇ. مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر، توپ دەرۋازا ئېگىزلىكى بىر مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 1.30 مېتىر، ھەر بىر كوماندا يەتتىدىن توققۇزغىچە كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. مۇسابىقە ۋاقتى ئالدىنقى كونتىر، كېيىنكى كونتىر بولۇپ، جەمئىي 40 مىنۇت. ھەر بىر كونتىر ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش بەش مىنۇت بولىدۇ. مۇسابىقە قائىدىسىدە، كوماندا ئەزالىرى ئۆز بەدىنىنىڭ ھەر قانداق قىسمى بىلەن توپ توسۇشقا، كالتەكنى تىزنىڭ بەل قىسمىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ، كالتەك بىلەن قارشى تەرەپ كوماندا ئەزالىرىنى ئۇرۇشقا بولمايدۇ، توپنى قول بىلەن تۇتۇشقا، پۇت بىلەن تېپىشكە، پۇتلاپ ئىتتىرىشكە بولمايدۇ. بۇنداق قىلىنسا قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

6) **گاگار ئوينىش** گاگار ئويناش شەھەردە ياش ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تارقالغان. ئىككى ئادەم ياكى ئادەم سانى تەڭ ئىككى گۇرۇپپا مۇسابىقىلىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، ئوتتۇرىسى توم، جىگدە ئۇرۇقى شەكلىدىكى گاگار ۋە ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان توقماق تەييارلىنىدۇ. توقماقنىڭ تومۇ- ئىنچىكىلىكىگە نىسبەتەن چەكلىمە قويۇلمايدۇ. مەيدانغا قارىتا قاتتىق بەلگىلىمە يوق. گىمناستىكا مەيدانى ياكى كەڭتاشا جاي بولسا بولىۋېرىدۇ. مەيداننىڭ بىر چېتىدە بىر كىچىك ئورەك تەييارلىنىدۇ ياكى ئىككى پارچە خىش ئورەك شەكلىدە قويۇلسىمۇ بولىدۇ. بىر تەرەپ گاگارنى ئورەك ئۈستىگە قويۇپ، توقماق بىلەن ئېلىپ، كۈچەپ ئۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپ ئىككى قولى بىلەن ياكى باش كىيىم بىلەن گاگارنى تۇتىدۇ. ئەگەر گاگارنى تۇتۇۋالسا، گاگارنى ئۇرۇش ھوقۇقى ئالمىشىدۇ. ئەگەر گاگارنى تۇتۇۋالالمىسا، گاگار چەمبىرەك ئىچىگە تاشلىنىدۇ. چۈشمىسە گاگار ئورەك ئۈستىگە قويۇپ ئۇرۇلىدۇ. گاگارنى ئۇرۇش ھوقۇقى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. گاگار ئۇرۇش ھوقۇقىنىڭ قېتىم سانىنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە ياكى ئۇرغان گاگارنىڭ يېقىن- يىراققا بارغانلىقىغا قاراپ يەڭگەن- يېڭىلگەنلىكى بېكىتىلىدۇ.

7) **دوپپا تالىشىش** قاتناشقۇچى ئادەم سانىغا چەك قويۇلمايدۇ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ سانى ئېلىنىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز نومۇرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى گۇرۇپپىغا قوشۇلۇپ، چەمبەرسىمان شەكىلدە ئولتۇرىدۇ. ئوتتۇرىغا بىر دوپپا قويۇپ قويۇلىدۇ. بىر كوماندا باشلىقى چەمبەر سىرتىدا تۇرۇپ نومۇر چاقىرىدۇ. كوماندا باشلىقى بىرەر نومۇرنى چاقىرغاندا، ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ نومۇرى ئوخشاش بولۇپ قالسا، ئۇلار تەڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ دوپپا تالىشىدۇ. قالغان ئادەملەر چاۋاك چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا دوپپىنى ئېلىۋالغان ئادەم دۈگىلەك چەمبەرنىڭ سىرتىنى بويلاپ يۈگۈرىدۇ، يەنە بىرىيلەن كەينىدىن قوغلىشىدۇ. ئەگەر ئېيتىلىۋاتقان ناخشا تۈگەشتىن بۇرۇن قوغلىغۇچى يېتىشىۋېلىپ دوپپىنى ئېلىۋېلىپ، دوپپىنى تارتقۇزۇپ قويغۇچىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويالىسا بىر نومۇرغا ئېرىشكەن بولىدۇ. ئېيتىلىۋاتقان ناخشا تۈگەشتىن بۇرۇن قوغلاپ يېتەلمىسە، دوپپىنى ئېلىپ قاچقۇچى ئىككى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. ئاندىن كېيىن باشقىدىن دوپپا تالىشىش باشلىنىدۇ. ئاخىرىدا دوپپىنى تالىشىپ ئېلىپ، كۆپ نومۇرغا ئېرىشكەن گۇرۇپپا يەڭگەن بولىدۇ.

8) **بېشىغا قوغۇن قويۇپ يورغىلاپ مېڭىش** بۇ ئويۇن بەكمۇ قىزىقارلىق. قاتنىشىدىغان ئادەم كۆپ بولسىمۇ ياكى ئاز بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مۇسابىقىدىن بۇرۇن ئېغىرلىقى، چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاپ كېتىدىغان قوغۇننى ھەر بىر ئادەمنىڭ بېشىغا قويۇپ تەييار تۇرىدۇ. كوماندا بېرىلگەندىن كېيىن، ھەممىسى باشلىنىش نۇقتىسىدىن تەڭ يورغىلاپ ماڭىدۇ. ئىككى قولى بىلەن بېشىدىكى قوغۇننى يۆلەشكە بولمايدۇ. ئاخىرقى نۇقتىغا بۇرۇن بارغان ھەم بېشىدىكى

قوغۇننى چۇشۇرۇۋەتمىگەن ئادەم يەڭگەن بولىدۇ.

## 2. قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى

قازاقلار ئاساسەن ۋىلايىتىنىڭ باركۆل ناھىيىسىگە جايلاشقان، ئاز ساندىكىلىرى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرىگە ئولتۇراقلاشقان.

قازاقلار ھېيت- ئايەملەردە مەزمۇنغا باي، خىلمۇ خىل ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ (مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى). بۇ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆز مىللىتىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئامما ياخشى كۆرىدۇ، ئەجدادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلگەن. ئۇ ھەم بىر خىل بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ۋاستە، مەدەنىي كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەت، ھەم ئۆرپ- ئادەتنىڭ بىر قىسمى. ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تۈپەيلىدىن قازاق چارۋىچىلار ئات مىنىشكە بەكمۇ ئامراق، بولۇپمۇ ئات ئۈستىدە تۈرلۈك تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنداشقا ماھىر.

1) ئوغلاق تارتىشىش   ئوغلاق تارتىشىش كۆپىنچە ھاللاردا قازاقلارنىڭ ئەل ئارا ئوينايدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى تەنتەربىيە پائالىيىتىدۇر. ئاۋۋال ئاتاپ قويۇلغان ئوغلاق تۇلۇمچىلاپ سويۇلۇپ، ئىچ قارنى ۋە بېشى ئېلىۋېتىلىدۇ. قىزىلئۆڭگىچى چىڭ باغلىنىدۇ (بەزىدە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ئوغلاق ئورنىدا قوي تېرىسى ئىشلىتىلىدۇ). ئوغلاق تەييارلانغاندىن كېيىن، كەڭتاشا ئوتلاقتا ياكى كەڭ تۈز مەيدانغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. ئاگلاشلارغا قارىغاندا، دەسلەپتە تىرىك ئوغلاقنى تارتىشقان، تىرىك ئوغلاق مەرەپ، تېپىرلاپ جىم تۇرمىغاچقا، تارتىشقاندا مۈڭگۈز ۋە پۇتى بىلەن باشقىلارنى زەخىملەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە باش ۋە پاقالچاقلىرىنى ئېلىۋېتىدىغان بولغان.

ئوغلاق تارتىشىش بىر مەيدان كۈچ ۋە جاسارەت سىنىشىش، شۇنداقلا ئات مۇسابىقىسى ۋە ئات مىنىش ماھارىتى جەھەتتىكى بىر تۈرلۈك پائالىيەت. ئوغلاق تارتىشىشنىڭ ئۇسۇلى خىلمۇ خىل. بۇنىڭ ئىچىدە، قازاقچە تارتىشىش مۇنداق: ئوغلاق تەييارلانغاندىن كېيىن، كەڭتاشا ئوتلاققا تاشلاپ بېرىلىدۇ. تارتىشقۇچىلار ئوغلاققا يوپۇرۇلۇپ ئېتىلىدۇ. مۇسابىقىگە چۈشكەنلەردىن ئېتى يۈگۈرۈك چەۋەندازلار ئالدىن كېلىپ ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ، ئۆزەڭگە ئاستىغا ياكى تېقىمىغا بېسىپ ئېلىپ قاچىدۇ. باشقىلار قوغلاپ تالىشىدۇ. ئېلىپ قاچقان ئوغلاققا باشقىلار قوغلاپ يېتىشۋالسا، نەچچە ئونلىغان چەۋەندازلار غۇژمەك بولۇۋېلىپ، تەرەپ- تەرەپتىن قىستىلىپ كىرىدۇ. ئوغلاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئادەتتە، ئىشتىن بۇرۇن 10 نەچچە ئادەم بىر بولۇۋېلىپ، ئۆز يۈنىلىشىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىۋالىدۇ. ئوغلاقنى تېقىمىغا ئېلىپ قېچىش ۋە قوغلاپ يەتكەنلەرنى توسۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىش تەقسىم قىلىشىۋالىدۇ. كۈچلۈك ئات مىنگەن قاۋۇل يىگىتلەر ئوغلاقنى تارتىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئوغلاقنى تارتىۋېلىپ قاچقۇچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئوغلاقنى توپ ئىچىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. كىم ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن جايغا ئاپىرىپ تاشلىيالىسا، شۇ كىشى غەلىبە قىلغان بولىدۇ. يەنە بىرخىل يالغۇز كىشىلىك تارتىشىش ئۇسۇلى بار. تەييارلانغان ئوغلاق مەيدانغا تاشلاپ قويۇلىدۇ. ئىككى كوماندىدىن يالغۇز مەيدانغا چۈشكەن ئوغلاق تارتىشقۇچىلار ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ تارتىشىدۇ ياكى بىر ئادەم ئوغلاقنى ئىككىيلەنگە تۇتقۇزۇپ، كوماندا بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزئارا تارتىشىدۇ. كىم كۈچلۈك، ماھارىتى يۇقىرى، ئېتى يۈگۈرۈك بولسا، شۇ كىشى تارتىۋالىدۇ. تارتىۋالغۇچى مەيدان دائىرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ (تەخمىنەن 2 – 3 ۋاسكېتبول مەيدانىغا باراۋەر كېلىدۇ). بۇ خىل ئوغلاق تارتىشىش ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىشقا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

توي- تۆكۈنلەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئوغلاق تارتىشىش بەك قىزىپ كېتىدۇ. تويغا قاتناشقۇچىلار چىرايلىق مىللىيچە كىيىم- كېچەكلەرنى كىيىپ، ئەتىگەندىلا ياپېشىل ئوتلاققا يىغىلىشىدۇ. توي ئىلگىرى تەييارلاپ قويغان ئوغلاقنى قىز- يىگىت، ئادەملەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويىدۇ. يىگىتنىڭ ئۈزۈنىغا سوزۇلغان ئىسقىرتىش ئاۋازى ئاڭلىنىش

بىلەن، ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى باشلىنىدۇ.

2) **قىز قوغلاش** قىز قوغلاش قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى چەۋەندازلىق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. كاتتا ھېيت- بايراملاردا جۈپ-جۈپ ياش يىگىت- قىزلار ئاتلىرىنى مىنىپ، بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يول بويى يىگىتلەر قىزلارغا چاقچاق قىلىپ، قىزىق گەپ- سۆزلەرنى قىلىدۇ. قىزلار ئېغىز ئالمايدۇ، سەۋرچانلىق بىلەن باشلىنىش نۇقتىسىغىچە تەگمۇ تەڭ ماڭىدۇ. باشلىنىش نۇقتىسىغا يېتىپ بارغاندا، يىگىت ئۈستىلىق بىلەن ئاتنىڭ بېشىنى قايرىپ، كەينىگە قاراپ ئات سالىدۇ. قىز بولسا ئۇچقاندەك كەينىدىن قوغلىشىدۇ. قىز شوخ يىگىتنى قامچا بىلەن ئۇرىدۇ. ئادەت بويىچە يىگىت قول ياندۇرۇشقا بولمايدۇ. يىگىت جېنىنىڭ بارىچە قاچىدىغان، قىز تېز قوغلىشىدىغان قىزىقارلىق، تەسىرلىك كۆرۈنۈش پەيدا بولىدۇ. كۆرگۈچىلەردىن بەزىلىرى قىزغا بارىكاللا ئېيتىپ مەدەت بېرىدۇ. بەزىلىرى يىگىتكە غەيرەت قىل دەپ ۋارقىرايدۇ. كۆرگۈچىلەر قىزنىڭ قامچا ئوينىتىپ، تېز قوغلاپ كېتىۋاتقان جەسۇر بەستىگە ئاپىرىن ئالقىش سادالىرىنى ياغدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە يىگىتنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى ئۈستىدە ئاق نىيەت بىلەن تۇرۇپ- تۇرۇپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. قىز يىگىتنى تېز قوغلىشىشتەك بۇ قىزىقچىلىق بەزىدە سۆيگۈ ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ ياندۇرۇپ جۈپلەشتۈرۈپمۇ قويىدۇ. قىزنىڭ يىگىتكە مەيلى بولسا قامچا يىگىت بېشىدا شۇنچە ئويناپ كېتىدۇ ياكى يىگىتنى بوشقىنە ئۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنداق بولمىسا يىگىتنى قاتتىق ئۇرۇپ، قىزىقچىلىق قىلىپ، كۆڭلى چۈشمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قىز قوغلاش چەۋەندازلىقتا بەسلىشىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر. شۇڭا بۇ پائالىيەت ياشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەزى چاغلاردا ھەۋەس- ئىشتىياقى قوزغىلىپ كەتكەن ئوتتۇرا ياشلىقلار، ھەتتا ياشانغانلارمۇ قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىدۇ. بۇ پائالىيەتتە قىز- يىگىتنىڭ ياش- قورامى تەڭ بولسا ياكى بىر دېمەتلىك بولسا ئۆزئارا چاقچاقلىشىدۇ.

3) **ئات بەيگىسى** قازاقلار ئارىسىدا «ئەر قانىتى ئات» دېگەن ھېكمەت بار. ئۇزۇن يىللىق كۆچمە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا قازاقلار چېنىقىش ئارقىلىق ساغلام، بەستلىك، ماھىر چەۋەنداز بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. قىز- ئوغۇللار بەش يېشىدىن باشلاپ چوڭلارغا ئەگىشىپ ئات مىنىشنى، ئات باشقۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ. سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئومۇمەن پىشقان ماھىر چەۋەنداز بولۇپ قالىدۇ. ئات بەيگىسىگە ئادەتتە 10 — 15 ياشقىچە ئۆسمۈر باللار قاتنىشىدۇ.

تارىختىن بۇيان ئات بەيگىسىدە، ئاتنى تۈز سىزىق بويىچە چاپقان، ۋاقىت ۋە مەيدان چېكىمۇ بولمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ھازىرقى ئات مۇسابىقىلىرىدە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ۋاقىت ۋە ئايلىنىش سانى خاتىرىلىنىدۇ. «1- ماي»، «1- ئىيۇل»، «1- ئۆكتەبىر» قاتارلىق قۇتلۇق بايراملاردا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەيدانغا ئادەملەر مىغ- مىغ تولۇپ كېتىدۇ. چارۋىچىلار بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ياشانغانلارنى يۆلەپ، بالىلارنى يېتىلەپ يىراقلاردىن كېلىپ ئويۇن كۆرىدۇ. مەيدان ئىنتايىن قىزىپ كېتىدۇ.

4) **ئات ئۈستى تەنھەرىكىتى**

(1) **ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىش** بۇ ئات ئۈستىدە چېلىشىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇسابىقىگە چۈشىدىغانلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، جۈپ- جۈپ بولۇپ قارشىلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كۈچ ۋە ئەپ سىنىشىدۇ. كىمنىڭ قارشى تەرەپنى ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ، يەرگە چۈشۈرگەنلىكىگە ياكى قارشى تەرەپنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنگۈزۈۋالغانلىقىغا قارىلىدۇ.

(2) **يامبۇ ئېتىش** يەرگە ئېگىز ياغاچ تىكلىپ، ئۇچىغا بىر توغرا بالداق ياغاچ باغلىنىدۇ. قىزىل تاۋار بىلەن ئورالغان يامبۇ توغرا بالداق ياغاچنىڭ بىر ئۇچى جىقراق سىرتقا چىقىپ تۇرغان تەرىپىگە بوغقۇچ بىلەن باغلاپ ئېسىپ قويىدۇ. 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق مەيدانغا چۈشۈپ ئاتلىرىنى چېپىشىپ، ئېگىز ياغاچتىن تەخمىنەن 50 قەدەم نېرىسىدىكى بەلگىسى بار قارىغا ئېتىش ئورنىغا كەلگەندە، ملتىق بىلەن ئاتىدۇ، كىم قارىغا ئېتىپ يامبۇ باغلىغان بوغقۇچنى ئۈزۈۋەتسە، يامبۇ شۇ كىشىگە تەئەللۇق بولىدۇ.

(3) **ئات مىنىپ پۇل تېرىش** چىنە چوڭلۇقىدەك ئورەككە كۆمۈش پۇل قويۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. ئات چېپىپ كېلىۋاتقانلار، پۇل قويۇلغان ئورەكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئاتنىڭ دۈمبىسىدە دۈم ياتقان ھالەتتە كۆمۈش پۇلنى يەردىن ئالىدۇ. كىم ئېلىۋالسا شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ.

(4) **ئات ئۈستىدە ئارغامچا تارتىشىش** ئات ئۈستىدە ئىككى ئادەم ئىككى مېتىردىن ئۇزۇن تاسما ئارغامچىنى تارتىشىدۇ. قايسى ئادەم چېگرا سىزىقىدىن ئۆتكۈزۈپ تارتىۋالسا، شۇ ئادەم يەڭگەن بولىدۇ.

(5) **ئاتلىق رەخت تالىشىش** بىر ياش بىر پارچە ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردەك كېلىدىغان قىزىل ياكى يېشىل تاۋارنى ئالغان پېتى ئات چاپتۇرۇپ كېتىدۇ. باشقىلار كەينىدىن ئاتلىق قوغلىشىدۇ. ئۇلار قاچقۇچىغا يېتىشىۋېلىپ رەخت تالىشىدۇ. ئەگەر ئىككى ياش رەختنى بىرلىكتە تارتىشقان پېتى ئادەملەر ئارىسىغا يېتىپ كەلسە، ئادەتتە بۇ رەخت ئاقساقاللارغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

(6) **ئۇچقۇر ئاتلىق ياغلىق ئېلىش** مەيدانغا چۈشكەنلەر ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە تۆۋەنگە ئېگىلىپ، يەردىن ياغلىقنى ئالىدۇ.

5) **سالما تاشلاش** سالما تاشلاش — چارۋىچىلارنىڭ ئات تۇتۇشتىكى ئەڭ جەددىي ۋە كەسكىن پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. سالما تاشلاش ئاتلىق سالما تاشلاش، يەردە تۇرۇپ سالما تاشلاش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. سالما تاشلاشتا 10 مېتىر ئۇزۇن تاسما ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى سىيرىلما تۈگۈچ قىلىپ چىگىلىدۇ. قېچىپ كېتىۋاتقان ئات بىلەن مەلۇم ئارىلىق قالغاندا، سىيرىلما تۈگۈچلۈك ئارغامچا تاشلىنىدۇ. ئارغامچا تاشلىغۇچىنىڭ ھەرىكىتى تېز، پىششىق بولسا 1 – 2 قېتىم سالمىنى تاشلاپ ئاتنى تۇتۇۋالىدۇ. بولمىسا 8 – 10 قېتىم سالما تاشلاپ ئاندىن ئاتنى تۇتۇۋالالايدۇ. بۇ ئات ئۈستى ھەرىكىتىدىكى ئەڭ جەددىي تۈرلەرنىڭ بىرى.

6) **چېلىشىش** چېلىشىش قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتىدە ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈر. چېلىشىش ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ① قازاقچە قەدىمىي چېلىشىش. بۇ قەبىلىلەر ياكى رايونلار بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. قاتناشقۇچىلارنىڭ يېشى، بەدەن ئېغىرلىقى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. چېلىشىشنىڭ مەلۇم تەرتىپى يوق. پەقەت ئىككى قولى، تىزى ياكى دۈمبىسىنىڭ بىر يېرى يەرگە تېگىپ كەتكەن تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ. ② ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى چېلىشىش. بۇ ئېغىر دەرىجىلىكلەر ۋە يېنىك دەرىجىلىكلەر دەپ بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپا تۆت كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. چېلىشىشتا كىمنىڭ دۈمبىسى يەرگە تەگكەن بولسا شۇ يېڭىلگەن بولىدۇ. ③ ئەركىن چېلىشىش. قاتناشقۇچىلار ئىككى كوماندىغا بۆلۈنىدۇ، ئابرويلۇق ياشانغانلار رېبېر بولىدۇ. مۇسابىقىدە ياش قورامى كىچىك تەنھەرىكەتچىلەر ئالدى بىلەن چېلىشىدۇ. ياش قورامى چوڭ، چېلىشىش سەۋىيىسى يۇقىرىلار كېيىن چېلىشىدۇ. يېڭى جۈگكو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگوچە چېلىشىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ ھەقتە بەدەن ئېغىرلىقى، دەرىجە ئايرىمىسى بەلگىلەنگەن، مۇسابىقە ۋاقتى ۋە مەيدان توغرىسىدىمۇ تەلەپلەر بار، يەنە ئۇسسۇزلەر ئارا چېلىشىش، قورامىغا يەتكەنلەر ئارا چېلىشىش دەپ بۆلۈنىدۇ.

7) **باللار ياخشى كۆرىدىغان تەنتەربىيە ئويۇنلىرى**

(1) **پۇتىنى تاغارغا سولاپ چېلىشىش** مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان باللار كۆكرەك ئېگىزلىكىدە تاغارغا ياكى تۇلۇمغا سېلىنىپ، تاغارنىڭ ئاغزى بوغقۇش بىلەن بوغۇپ قويۇلىدۇ. ئىككى پۇتى جۈپلىنىپ، يەنە بىر تاغارغا سولانغان رىقابەتچىسى بىلەن چېلىشىدۇ.

(2) **يېتىپ ئارغامچا تارتىشىش** ئىككى بالا چىملىقتا يېتىۋېلىپ، 2 – 3 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاسما ئارغامچىنى تارتىشىدۇ. ئارغامچىدا سىيرىلما تۈگۈچ تۈگۈپ ئارغامچىنى مۈرىسىگە سېلىپ، قارىمۇ قارشى يۆنىلىشكە تارتىشىپ، قارشى تەرەپنى چېگرا سىزىقىدىن تارتىپ ئۆتسە تارتىۋالغۇچى غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

(3) **تۆۋەت توپ ئويناش** تۆۋەت توپ يىرىك تۆۋەتنى تۇرۇپ، ۋاسكېتبول چوڭ- كىچىكلىكىدە ياسىلىدۇ. مەيدانغا چۈشىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ئادەم سانى تەڭ بولىدۇ. تۆۋەت توپ بىر- بىرىگە پاس بېرىلىدۇ ياكى تاشلاپ

بېرىلىدۇ، پۇت بىلەن تېپىپ بېرىلىدۇ، پەقەت تۆت تۇپنى قارشى تەرەپنىڭ چەكلەنگەن رايونىغا كىرگۈزسە ياكى پۇت بىلەن تېپىپ كىرگۈزسە يەڭگەن بولىدۇ.

**(4) بۇلاردىن باشقا يەنە سارىنىڭ چۈجە ئېلىشى، ئوشۇق ئېتىش، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش قاتارلىق ئويۇنلار بار.**

**8) ئات يورغىلىتىش مۇسابىقىسى** ئات يورغىلىتىش مۇسابىقىسىگە قوزامىغا يەتكەنلەر قاتنىشىدۇ. مۇسابىقىلەشكەندە ئاتلار تېز مېڭىپ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. يۇقىرى ماھارەتلىك چەۋەندازلار بولۇش، ئاتنى تېزگىنلىيەلەيدىغان بولۇش، ئاتنىڭ مېڭىشى تېز، سالماق، گۈزەل بولۇش، ئاتنى چاپتۇرماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. يورغا ئات مۇسابىقىسى مېڭىش شەكلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. قويچە مېڭىش، تۆگىچە مېڭىش، ئۆششاق قەدەم بىلەن مېڭىش، يۈگۈرۈپ مېڭىش. مۇساپىسى ئادەتتە، بىر، ئىككى، ئۈچ، بەش، 10 كىلومېتىرلىق بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**9) تۆگە مۇسابىقىسى** تۆگە مۇسابىقىسى قازاقلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمە تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرىدۇر. ئادەتتە، ھېيت- بايراملاردا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇسابىقە تۈرلىرى ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدىكى دالا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشتىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ھازىرقى زامان تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرىگە ئۆزگەرتىلدى. تۆگە چېپىشىدىغان ئايلانما مۇسابىقىنىڭ ئارىلىقى بىر، ئىككى، ئۈچ، بەش كىلومېتىر ۋە 10 كىلومېتىر بولۇپ، كوللېكتىپ مۇسابىقە ۋە كۈچ ئۆلاش مۇسابىقە تۈرلىرى كۆپەيتىلدى.

3. موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى موڭغۇللار ئاساسلىقى ئاراتۇرۇك ۋە باركۆل ناھىيىلىرىنىڭ يېزا- قىشلاقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. موڭغۇللار ئات مىنىشكە ماھىر ۋە قارىغا ئېتىشتا مەرگەن مىللەت. ئۇلارنىڭ چېلىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى يايلاق مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە قويۇق تۈسىنى ئالغان.

**1) چېلىشىش** موڭغۇل خەلقىنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈرلۈك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى، موڭغۇل خەلقىنىڭ كاتتا مەرىكىسى نادامنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ــ چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش «موڭغۇل ئەرلىرىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. موڭغۇلچە چېلىشىشقا قاتنىشىدىغان ئادەم سانى ئىككىنىڭ مەلۇم ھەسسىلىك سانى بولۇشى لازىم. مەسىلەن، 4، 8، 16، 32، 64 قاتارلىقلار. مۇسابىقىدە بىر ئۈتتۈرۈپ شاللىنىش تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ. ۋاقىتقا چەك قويۇلمايدۇ. بىر يىقىتىشتا يېڭىش- يېڭىلىش بېكىتىلىدۇ. مۇسابىقىدە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى ئايرىلمايدۇ. مەيداننىڭ چوڭ- كىچىكلىكى چەكلەنمەيدۇ. مۇسابىقە ئادەتتە تۈپتۈز چىملىقتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەيدانغا چۈشكەنلەرنىڭ تىزىدىن يۇقىرى ھەر قانداق قىسمى يەرگە تېگىپ كەتسىلا شۇ ئۇتتۇرغان بولىدۇ. چېلىشىشتا موڭغۇللارنىڭ كىيىم- كېچىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، چېلىشىش كىيىمى رەختتىن ياكى خۇرۇمدىن تىكىلىپ ۋال- ۋۇل پارقىرايدىغان مىس مىخ ياكى كۈمۈش مىخ بىلەن بېزىلىدۇ. بېلىگە پوتا باغلايدۇ. مۇسابىقە باشلانغاندا چېلىشچىلارنىڭ مەيدانغا كىرىشى تولىمۇ قىزىقارلىق. نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن چېلىشچىلار قاتار تىزىلىپ، روھلۇق ئىككى بىلىكىنى تۈز تاشلاپ، ئاستا- ئاستا پۈتۈن بەدىنىنى تەۋرىتىپ، خۇددى قىران بۈركۈت قاناتلىرىنى كېرىپ پەرۋاز قىلغان جەسۇرانە ھالەتتە مەيدانغا كىرىدۇ. تەبرىك سۆز ۋە ئالقىش سادالىرىغا جور بولۇپ، شاد- خۇراملىق بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ، رەئىس سەھنىسى ئالدىغا كەلگەندە ئىككى قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بildۈرىدۇ. 1982- يىلى، «موڭغۇلچە چېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان قائىدىسى» ماقۇللاندى. 1987- يىلى، «موڭغۇلچە چېلىشىش مۇسابىقىسى قائىدىسى» رەسمىي تارقىتىلىپ، موڭغۇلچە چېلىشىش قېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

**2) ئات بەيگىسى** موڭغۇللار بىلەن قازاقلارنىڭ ئات بەيگىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئات يورغىلىتىش ۋە ئات چېپىشىش مۇسابىقىسى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئات يورغىلىتىشتا ئاساسلىقى ئاتنىڭ مۇقىم، تېز، چىرايلىق

ېڭىشىغا، ئات چېپىشتا ئاساسلىقى سۈرئىتى بىلەن چىداملىقىغا قارىلىدۇ. مۇسابىقىدە ئات چېپىش مۇساپە ئارىلىقى بەلگىلىنىپ، ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ بارغان ئىلگىرى- كېيىنلىكىگە قاراپ يېڭىش- يېڭىلىش بېكىتىلىدۇ.

3) **چەۋەندازلىق** چەۋەندازلىق پائالىيىتىنىڭ تۈرى كۆپ، مۇسابىقە خەتەرلىك، جىددىي، كەسكىن بولۇپ كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇ، ئات ئۈستى ماھارىتى، ئات چېپىش، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش، توسالغۇدىن ئۆتۈش، ئات بەيگىسى، ئات توپى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر ئات ئۈستىدە تەگچۈگلۈق ساقلاش، تايىنىپ تۇرۇش، تەتۈر تىك تۇرۇش، تايانماي موللاق ئېتىش، بەدەن ئايلاندۇرۇش، بەدەننى ئۇچۇرۇپ ئاتقا چىقىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلالىغاندىن سىرت، يەنە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە پىرامىدا ئويۇنلىرىنى ئوينىيالايدۇ.

4) **تۆگە مۇسابىقىسى** موڭغۇللار بىلەن قازاقلارنىڭ تۆگە مۇسابىقىسى ئاساسەن ئوخشاش.

5) **ئوقيا ئېتىش** قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى موڭغۇللار يەرلىك ئوقيا ئىشلىتىپ كەلگەن. يانىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.30 مېتىر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر، ئىككى بېشى ئۇچلۇق، يايلاق، ئاق ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئوق غولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، ئوق دەستىسىدە ئۈچ قاتار پەي بار. ئوق غولى بىلەن ئوق ئۇچى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئوقنىڭ تومۇلۇقى بارماقتەك، ئوق ئۇچى كىچىك بالىنىڭ مۇشتۇمىدەك كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 15 سانتىمېتىر. كالا سىڭىرى ياكى تاسما بىلەن ئوراپ ياسالغان چوڭلۇقى مۇشتەك يۇمىلاق توپ ئوقيا نىشانى قىلىنىدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئوقيا ئېتىشى جىم تۇرۇپ ئېتىش، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئېتىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھازىر قەدىمىي ئوقيانىڭ ئورنىدا پولات ئوقيا، سۇلياۋ ئوقيا، نىلون كىرىچ ئوقيا ۋە مېتال ئوقيا ئىشلىتىلمەكتە.

6) **بۆلۈ (ئېتىش)** «بۆلۈ» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ ئاھاڭ بويىچە تەرجىمە قىلىنغان مەنىسى ئېتىش دېگەنلىك. بۆلۈ موڭغۇللار ئوۋ ئوۋلاشتا ئىشلىتىدىغان سايمان ۋە ئۆزىنى قوغداش قورالى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بۆلۈ قارىياغاچتىن ياسالاتتى، ئۆلتۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېيىن بۆلۈنىڭ باش قىسمىغا مېتال ئورنىتىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر، باش قىسمى ئەگرى، خۇددى چاۋغان توپ كالتىكىگە ئوخشايدۇ. بۆلۈ مۇسابىقىسى يىراققا ئېتىش، نىشانلاپ ئېتىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. نىشانلاپ ئېتىش يەنە ئات ئۈستىدە ئېتىش، يەردە تۇرۇپ ئېتىش دەپ بۆلۈنىدۇ. يىراققا ئاتىدىغان بۆلۈ يايپلاق، دەستىسى يۇمىلاق بولۇپ، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 500 گرام كېلىدۇ. نىشانلاپ ئاتىدىغان بۆلۈ يۇمىلاق بولۇپ، ئېغىرلىقى چەكلەنمەيدۇ. مۇسابىقىدە مەيلى بۆلۈنى يىراققا ئېتىشتا بولسۇن، مەيلى نىشانلاپ ئېتىشتا بولسۇن، مەيدانغا چۈشكەن ھەر بىر ئادەم ئۈچ قېتىم ئېتىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ھەر بىر قېتىملىق ئېتىش ۋاقتى 30 سېكۇنتتىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

7) **سالما تاشلاش** سالما تاشلاش پائالىيەت- مۇسابىقىلىرى كۆپىنچە قۇتلۇق ھېيت- بايراملاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىر قانچە ماھىر بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ھەممىسىدە بىردىن ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بامبۇك كالتەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىغا ئارغامچا بىلەن سىيرىلما تۈگۈن تۈگۈلىدۇ. سىيرىلمىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى ئاتنىڭ بوينىغا پاتقىدەك بولسىلا بولىدۇ. ئالدى بىلەن بىر شاش ئات قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇ ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىدۇ، سالما تاشلاش ماھىرلىرى ئاتنىڭ كەينىدىن تېز قوغلىشىپ سالما تاشلايدۇ. ئالدى بىلەن ئاتقا سالما سېلىۋالغان ھەم ئاتنى توختىتىۋالغان كىشى يەڭگەن بولىدۇ.

8) **ساتاغا (موڭغۇلچە شاھمات)** بۇ قەدىمكى جەمئىيەتتە موڭغۇللار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىر خىل ئالاھىدە شاھمات تۈرى. ئىككى تەرەپنىڭ لاگېرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شاھمات ئۇرۇقى قىزىل، كۆك، ياكى ئاق، قارا قىلىپ ئايرىلغان. ئۇرۇقلىرى: غوجام (شەكلى تاجغا ئوخشايدۇ) بىر دانە، چىشى يولۋاس (خانىش)، بىر دانە، قاپلان (پىشكا) سەككىز دانە، تۆگە ئىككى دانە (پىلنىڭ رولىنى ئوينايدۇ)، ئات ئىككى دانە (ئاتلىق ئەسكەر)، توپ ئىككى دانە (ئۇرۇش ھارۋىسى). يەنە بىر تەرەپنىڭ تاختىسىدىكى چىشى يولۋاس بىلەن قاپلان يولۋاس بىلەن كىچىك شىرغا ۋەكىللىك قىلىدۇ،

قالغان ئۇرۇقلار ئۇتقان بولىدۇ. شاھمات تاختىسى تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئىككى خىل رەڭ بىلەن بىر- بىرىدىن ئايرىلغان، خەلقئاراچە شاھمات تاختىسىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، موڭغۇل خەلقى ئارىسىدا شاھمات ئويناش پائالىيىتى تېخىمۇ ئومۇملاشتى. ھازىر، مۇسابىقە ئۇسۇلىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولۇپ، كۆپىنچە چاغلاردا خەلقئاراچە شاھماتنىڭ مۇسابىقىلىشىش، تىزىش ۋە رېپېرلىك قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلماقتا.

## 4. خۇيزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى

خۇيزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن ياغاچ باشلىق توپ، كالا يىقىتىش، چاسا قاتار، ئارقىچە بەلدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈش، پۇتلاپ يىقىتىش، كالتەكۋازلىق قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ چامباشچىلىقتا نامى بار.

1) ياغاچ باشلىق توپ    ياغاچ باشلىق توپنى يەنە توپ ئۇرۇش دەپمۇ ئاتايدۇ. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار 2 – 3 چى ئۇزۇنلۇقتىكى قېلىن ياغاچ پالاق بىلەن توپنى ئۇرۇپ نىشانغا كىرگۈزەلىسە يەڭگەن بولىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان قومۇلدىكى خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا تارقالغان بولۇپ، خۇيزۇ ئەر- ئايال، قېرى- ياشلار، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەر ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈرلۈك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىدۇر. ياغاچ باشلىق توپ مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر، مەيدان ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا سىزىق، ئوتتۇرا چەمبەر (دىئامېتىرى تۆت مېتىر) بار. ئىككى باش سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ باشلىق توپ ۋاراتاسى ياسالغان، ۋاراتانىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر، ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، ۋاراتا سېتكىسى ئورنىتىلغان. ياغاچ پالاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى سانتىمېتىر، دەستىسىنىڭ كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر، توپقا تېگىدىغان يېرىنىڭ كەڭلىكى توققۇز سانتىمېتىر بولۇپ، قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان، ياغاچ باشلىق توپنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە سانتىمېتىر، دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر، ئىككى بېشى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئىچى شىر، سىرتى كۆن. بۇ توپنىڭ ئورنىدا قورغان توپنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ياغاچ باشلىق توپ مۇسابىقىسىنىڭ قائىدىسىدە ھەر بىر كوماندىدىن ئالتە تەنھەرىكەتچى مەيدانغا چۈشىدۇ. بۇ سان، بىر ۋاراتا باققۇچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسابىقە ۋاقتى ئالدىنقى كونتىر، 2- كونتىر دەپ ئايرىلىدۇ. بىر كونتىرنىڭ ۋاقتى 20 مىنۇت، پۈتۈن مەيداننىڭ ۋاقتى 40 مىنۇت، ھەر بىر كونتىر ئارىلىقىدا 10 مىنۇت دەم ئېلىش بولىدۇ. ياغاچ باشلىق توپ مۇسابىقىسىدە كۆپ توپ كىرگۈزگەن تەرەپ يەڭگەن بولىدۇ.

2) كالا يىقىتىش    بۇ خۇيزۇلار تۇرمۇشتا ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ كالا ئۆلتۈرۈشتىن پەيدا بولغان. كالا ئۆلتۈرۈشتە، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئاۋۋال كالا يىقىتىلىپ، پۇتى بوغۇلۇپ ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەل ئىچىدە، ياشانغانلار ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ئالدىدا بىر ھەرىكەتنى چاققان، باتۇر، جەسۇر ياش ئۆزى بىر كالىنى يىقىتىپ باغلاپ، ھەممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ھەرىكەت خۇيزۇلار ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل مۇسابىقە تۈرىگە ئايلىنىپ قاپتۇ، دېگەن رىۋايەت بار. كالا يىقىتىشتا كالىنىڭ بەدىنىگە قىزىلگۈل تاقىلىپ، كالا يىقىتقۇچى ئۇچىسىغا چاپان كىيىپ، كالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆيىاق- بۇياققا تولغايدۇ، كالا غالجىرلاشقاندا كالا يىقىتقۇچى سول قولى بىلەن كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى، ئوڭ قولى بىلەن كالىنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، كۈچەپ كالىنىڭ بېشىنى تولغايدۇ- دە، كالا ئېغىرلىق مەركىزىنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ.

3) ئارقىچە بەلدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈش    ئارقىچە بەلدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈش خۇيزۇلارنىڭ ئەل ئىچىدىكى كۈچ سىنىشىش ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. بۇ ئويۇندا مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىككى ئادەم پۇتىنى قايچىلاشتۇرۇپ، يانچە تۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ بەل قىسمىنى تەتۈر قۇچاقلاپ تۇرۇپ، كۈچەپ كۆتۈرىدۇ. رىقابەتچىسىنىڭ ئىككى پۇتىنى ئاۋۋال يەردىن كۆتۈرۈپ ئالغۇچى يەڭگەن بولىدۇ.

4) پۇتلاپ يىقىتىش بۇ پائالىيەتتە، ئىككى ئادەم مەيداندا چۆشۈپ بىر- بىرىگە قارشىپ تۇرىدۇ. رىپىر كوماندا بەرگەندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ بىر- بىرىنىڭ مۈرە ۋە بەل قىسمىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، تۈزنارا پۇتى بىلەن پۇتلايدۇ(چىرماق سالىدۇ)، كىمنىڭ تىز، ساغرا ۋە دۈمبىسى ئاۋۋال يەرگە تەگسە شۇ يېڭىلگەن بولىدۇ.

5) كالتەكۋازلىق (توقماق سوقۇشتۇرۇش) بۇ ھەرىكەتتە ئىشلىتىلىدىغان توقماق تەخمىنەن بەش چى ئۇزۇنلۇقتىكى كالا پادا توقمىقىدۇر. مۇسابىقىدە ئىككى تەرەپ ئىككى قولى بىلەن توقماقنى چىڭ تۇتۇپ، مۈرە كەڭلىكىدە ئارىلىق قالدۇرۇپ، بىر- بىرىگە قارشىپ تۇرۇپ، توقماقنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قايچىلاشتۇرۇپ سوقۇشتۇرىدۇ. ھەرىكەت سۈرئىتى ئاستا بولۇشتىن تېز بولۇشقا ئۆتۈپ، رىتىمچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ھەرىكەت سۈرئىتى ئاستىلىشىپ، رىتىمغا يېتىشەلمىگۈچى يېڭىلگەن بولىدۇ.

6) چاسا شاھمات ئادەتتە چاسا قاتار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خۇيزۇ ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. «چاسا قاتار» دا چاسا شەكىللىك تاختايدا بىر تەرەپنىڭ ئۇرۇقى قاتار تىزىلسا ياكى بىر- بىرىگە چېتىشلىق بولغان شەكىل ھاسىل قىلىنسا، قارشى تەرەپنىڭ بىر ئۇرۇقىنى يەپ تاشلايدۇ (ئېلىۋېتىلىدۇ)، كۆپ قاتار ھاسىل قىلغۇچى يەڭگەن بولىدۇ.

7) چامباشچىلىق خۇيزۇلار ئارىسىدا چامباشچىلىق پەيدا بولغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە مىنگو يىللىرىدا پۇقرالار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ چامباشچىلىق مەشقى قىلىش ئەۋج ئالغان ھەم قۇرۇق قول بىلەن، ھەم سايمان بىلەن ئېلىشىدۇ. ئاساسلىق چامباشچىلىق تۈرلىرىدىن يىنىباچاڭ، چاچۇەن، شىنىيلىۋخېچۇەن، بامىنچۇەن، تاڭ پىڭچۇەن قاتارلىقلار بار.

## §5. تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

مىنگو دەۋرىدە، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى بىر قانچە قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن. مۇسابىقە تۈرلىرى ئاساسلىقى يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى ۋە چامباشچىلىق قاتارلىقلار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990- يىلىغىچە، مۇسابىقە تۈرلىرى ۋە مۇسابىقىنىڭ قېتىم سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ كەلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت ۋە شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، بىر ئادەم بەش قېتىم مەملىكەت رېكورتىنى، سەككىز ئادەم ئاپتونوم رايون رېكورتىنى 33 قېتىم بۇزدى. ئاپتونوم رايون قۇمۇلدا جەمئىي 31 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1953- يىل 9- ئايدا، 1982- يىل 9- ئايدا، 1986- يىل 8- ئايدا، 1991- يىل 8- ئايدا، ئۆتكۈزۈلگەن تۆت نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قۇمۇل ۋىلايىتىدىن تەنھەرىكەتچىلەر قاتناشتۇرۇلدى. 1- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە چېلىش ماھىرى ئەخمەت غالى 57 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى ھەمدە ئۈچ قېتىم مەملىكەتلىك چېلىش مۇسابىقىسىدە مۇشۇ دەرىجە ئېرىمىسى بويىچە 2- لىك نامىنى ساقلاپ قالدى. 4- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئىلەڭگۈچ مۇسابىقىسىدە ئۇيغۇر قىز گۈلشەدەم ئابلىز بىلەن ئادالەت ئەمەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، قوش كىشىلىك قوڭغۇراق ئۇرۇش تۈرىدە 2- لىككە ئېرىشتى.

1953- يىل 7- ئايدا، 1978- يىل 8- ئايدا، 1980- يىل 2- ئايدا، 1982- يىل 2- ئايدا ئاپتونوم رايون 1- ، 2- ، 3- ، 4- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 2- نۆۋەتلىك تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدە، قىز ماھىر جاڭ لى

ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى يەككە ئويۇنىدا چېمپىيون بولدى. جۇڭگوچە چېلىشىشتا قاھار 62 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 2- لىككە، قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە ئاياللار كوماندىسى 1553 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن ماناپولكا ملتىقى ئېتىش بويىچە (20×3) كوللېكتىپ تۈرىدە 2- لىككە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، 1368 ھالقىلىق ياخشى نەتىجە بىلەن (20×3) كوللېكتىپ 1- لىككە ئېرىشتى. سۇن يەنچيۇ 490 ھالقىلىق ياخشى نەتىجە بىلەن ئاياللار گۇرۇپپىسى ماناپولكا ملتىقى (20×3) ئېتىش بويىچە چېمپىيون بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ۋىلايىتى جەمئىي ئۈچ ئالتۇن مېدالغا، تۆت كۈمۈش مېدالغا، ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ۋىلايىتى تىكتاك توپتا ئاياللار كوللېكتىپ بويىچە چېمپىيونلۇققا، يۇ لىلى ئاياللار يەككە ئويۇنىدا 1- لىككە ئېرىشتى. ئاۋئاتسىيە پلانېر مۇسابىقىسىدە ياڭ جېگۈبى 3- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پلانېر بويىچە 1233 نومۇر بىلەن 1- لىككە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ۋىلايىتى جەمئىي ئۈچ ئالتۇن مېدالغا، ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ۋىلايىتى ئاياللار پۇتبول كوماندىسى چېمپىيون بولدى. چېن مىڭشېڭ ئەرلەر خادىغا تايىنىپ ئېگىز سەكرەشتە 3.85 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى. سۇن يەنچيۇ ئاياللارنىڭ گاز ملتىق بىلەن 40 پاي ئوق ئېتىشى بويىچە 376 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى. جاۋ جىخۇا ئاياللار تېز مۇز تېيىلىش ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىشىدە 207.959 ئومۇمىي نومۇر بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى ھەمدە 5000 مېتىرلىق رېكورتىنى ۋە ئومۇمىي ماھارەت بويىچە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. لى جىڭ (ئايال) 5000 مېتىرلىق تېز مۇز تېيىلىشتا 9'33"42 نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ۋىلايىتى جەمئىي سەككىز ئالتۇن مېدالغا، بەش كۈمۈش مېدالغا، تۆت مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئىككى ئادەم تۆت قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ تېز مۇز تېيىلىش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

1985- يىل 9- ئايدا، 1989- يىل 9- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 1-، 2- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 2- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، ۋىلايەت كوماندىسى ئىلەڭگۈچ مۇسابىقىسىدە ئالدىنقى ئۈچىنچىگىچە بولغان ئالتۇن،كۈمۈش ۋە مىس مېدالنى ئالدى. ئامىنەم ئايۇپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

1988- يىل 8- ئايدا، 1990- يىل 1- ئايدا، ئاپتونوم رايوننىڭ 1- نۆۋەتلىك ۋە 2- نۆۋەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 1- نۆۋەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئەرلەرنىڭ 10 مىڭ مېتىرغا يورغىلاپ مېڭىشىدا فېڭ يوڭگاڭ 45'22"5 نەتىجە بىلەن چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ بۇلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدىكى 5000 مېتىرلىق رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەرلەر «B» گۇرۇپپىسىدىن ئاۋۇلبەك 3000 مېتىرغا يورغىلاپ مېڭىشتا 9'14" نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى (ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى). ئاياللار چويۇن توپ مۇسابىقىسىدە خەن شۆجاۋ 12.33 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى. لى توڭ (ئايال) گاز ملتىق بىلەن 40 پاي ئوق ئېتىش بويىچە 92+372 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى. ئاياللار كوماندىسىدىن لى توڭ، پاڭ فاخۇا، ۋېي فۇجۈن تاپانچا بىلەن 40 پاي ئوق ئېتىش بويىچە 1079 ھالقىلىق نەتىجە بىلەن كوللېكتىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. 1- نۆۋەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ۋىلايىتى جەمئىي بەش ئالتۇن مېدالغا، ئىككى كۈمۈش مېدالغا، بەش مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئۈچەيلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر «A» گۇرۇپپىسىنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىككەيلەن دۆلەتلىك 2- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. 2- نۆۋەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بەقتىبەك ئەرلەر «A» گۇرۇپپىسىدىن 1500 مېتىر بويىچە 4'13" نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى، 3000 مېتىر بويىچە 9'18"8 نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى.

تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن جەن جيەنشىن 1500 مېتىر بويىچە 2'19"12 نەتىجە بىلەن 1- لىككە، 3000 مېتىر بويىچە 4'55"28 نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 5000 مېتىر بويىچە 8'30"12 نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى؛ ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن گاۋ يەنجۈن تېز مۇز تېيىلىشتا 500 مېتىر بويىچە 48"35 نەتىجە بىلەن 1 ـ بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. تېز مۇز تېيىلىشتا 1000 مېتىر بويىچە 1'40"03 نەتىجە بىلەن 1- لىككە ئېرىشتى. بوكسيورلۇق مۇسابىقىسىدە چو شىگدۇڭ 51 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى.

قۇمۇل شەھەرلىك ياش- ئۆسمۈرلەر تىكتاك توپ كوماندىسىدىن يەتتە كوماندا ئەزاسى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەكىلى بولۇپ، مەملىكەتلىك رايونلارغا ئايرىلىپ ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىدە شەرەپ بىلەن قىزلار گۇرۇپپىسى بويىچە كوللېكتىپ 1- لىككە، ئوغۇللار بويىچە كوللېكتىپ 2- لىككە ئېرىشتى. قىز تەنھەرىكەتچى، تەنھەرىكەت ماھىرى گاۋ خۇڭجۈەن 1982- يىلى دۆلەت تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر تىكتاك توپ ماھىرلىرىنىڭ بىرى دەپ ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى يۈ لىلى جۇڭگو كوماندىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ نېگىرىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تىكتاك توپ خەلقئارا دوستلۇق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئۇ كوماندىدىكى دوستلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قىزلار قوش كىشىلىك ئويناش بىلەن كوللېكتىپ ئويناشنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسى مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 1984 ـ 1987- يىلىغىچە ئالتە ئالتۇن مېدالغا، توققۇز كۈمۈش مېدالغا، 25 مىس مېدالغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ غەلىبە قىلغانلار لو ۋېنخۇا، لى خۇيجيەنگ، ئېرجان، گۇمىن لىجۈن، چيۇ يۈچۈن، نيەن يەنجۈن، دا جىمىڭ، ۋاڭ شۈيى، ئادىلجان، ۋاڭ جىجياڭ، نى يەنچىڭ، ياڭ شياۋيەن، جاۋ لىخۇالار. 23 ئادەم، 64 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ تېز مۇز تېيىلىش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

1965 ـ 1983- يىلىغىچە، قۇمۇلدىن ياش- ئۆسمۈرلەر مەملىكەتلىك ياش- ئۆسمۈرلەر ئاۋئاتسىيە پىلانېر خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ رايونى مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 1965- يىلى، بەش يەككە تۈردە 1- لىككە ئېرىشتى. يەنى چياۋ شىنخۇي 1- دەرىجىلىك سۈرگۈچلۈك پىلانېر ماھىرى، رېن شىپىڭ 1- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پىلانېر ماھىرى، ساۋ ۋەنجۇڭ 2- دەرىجىلىك سۈرگۈچلۈك پىلانېر ماھىرى، ياڭ جىگۈيى 2- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پىلانېر ماھىرى، فېي ياۋشى 1- دەرىجىلىك ئەركىن ئۇچۇرۇش ماھىرى بولدى. 1980- يىلى، قۇمۇل ئاۋئاتسىيە پىلانېر كوماندىسى يەنە ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ كوللېكتىپ 1- لىككە ئېرىشتى. 2- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پىلانېر ماھىرى قۇدرەتنىڭ نامى 1- ئورۇندا بولدى. 1982- يىلى، باركۆلدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاۋئاتسىيە پىلانېر مۇسابىقىسىدە، ياڭ جىگۈيى خەلقئارا دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پىلانېر مۇسابىقىسىدە دۆلەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1233 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن، خەلقئارا دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پىلانېر بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى. 1983- يىلى، ئاراتۈرۈك ھەربىي ئات فېرمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە فۇ جيېي 2- دەرىجىلىك رېزىنكە تەپكىلىك پىلانېر بويىچە 1- لىككە ئېرىشتى.

1983 ـ 1987- يىلىغىچە، قۇمۇل ئاياللار پۇتبول كوماندىسى (1983-، 1984-، 1986-، 1987- يىللىرى) ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار پۇتبول مۇسابىقىسىدە تۆت قېتىم چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى.

1971- يىلى، ئاپتونوم رايون قۇمۇلدا ياش- ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. قۇمۇل ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى 1- لىككە ئېرىشتى. 1976- يىلى، كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ۋالىبول مۇسابىقىسىدە قۇمۇل ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

قۇمۇل تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ 1953 – 1990- يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك رايونلار بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە ئالتۇن مېدال ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 31 – 6

| تەنھەرىكەت تۈرى | ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىدە ئالغان ئالتۇن مېدال | مەملىكەتلىك رايونلار ئارا مۇسابىقىدە ئالغان ئالتۇن مېدال | ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزغان (قېتىم) |
|---|---|---|---|
| يېنىك ئاتلېتىكا | 20 | | |
| پۇتبول | 6 | | |
| ۋاسكېتبول | 2 | | |
| ۋالىبول | 2 | | |
| تىكتاك توپ | 28 | | |
| قارىغا ئېتىش | 26 | 2 | 2 |
| تېز مۇز تېيىلىش (قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى كوماندىسى) | 5 | | |
| تېز مۇز تېيىلىش (باركۆل كوماندىسى) | 57 | | 43 (بالىلار گۇرۇپپىسى جاقان مەملىكەت رېكورتىنى بۇزدى) |
| تېز مۇز تېيىلىش (قۇمۇل شەھىرى كوماندىسى) | 14 | 2 | 2 |
| تېز مۇز تېيىلىش (ۋىلايەتلىك تېز مۇز تېيىلىش كوماندىسى) | 93 | 13 (جۇڭگو – سوۋېت دوستلۇق مۇسابىقىسى بىر قېتىم) | 19 |
| چامباشچىلىق | 4 | | |
| چېلىش | 11 | | |
| بوكسيورلۇق | 11 | | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاۋئاتسىيە پلانېر | 9 | 8 | باك جىگۈيى مەملىكەت رېكورتىنى بۇزدى |
| ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 8 | | |
| ياشانغانلار تەنھەرىكىتى | 5 | | |
| ساغلاملىق گۈزەللىك مۇسابىقىسى | 12 | | |
| جەمئىي | 313 | 25 | 72 |

## قومۇل ۋىلايىتىنىڭ تەنتەربىيە تۈرلىرىدە ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزغانلىق ئەھۋالى (1990- يىلغا قەدەر)

جەدۋەل: 31 – 7

| ۋاقتى | ئىسىم-فامىلىسى | مۇسابىقە ئورنى | مۇسابىقە نامى | تۈرى | نەتىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1964- يىلى | ۋاڭ خەنشياڭ | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق قارىغا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | مانالپولكا مىلتىقى 20 3× | 495 ھالقا |
| 1974- يىلى | سۇن يى | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئېگىزگە سەكرەش | 1.75 مېتىر |
| 1973- يىلى | سۇن يى | يەنئەن | مەملىكەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئۈچ تۈردە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش | 1741 نومۇر |
| 1978- يىلى | سۇن يەنچيۇ | قەشقەر | شىنجاڭ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | مانالپولكا تەنھەرىكەت مىلتىقى 20×3 | 490 ھالقا |
| 1984- يىلى | چېن مىڭشىڭ | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | خادىغا تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش | 3.85 مېتىر |
| 1982- يىلى | باڭ جىگۈيى | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئاۋئاتسىيە پلانېر | 1233 نومۇر |
| 1978- يىلى | سۇن يەنچيۇ، زىياخان، ۋاڭ يۇشيا | قەشقەر | ئاپتونوم رايونلۇق قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | ئۈچ كىشىلىك كوللېكتىپ بويىچە 60 پاي ئوقنى يېتىپ ئېتىش | |
| 1986- يىلى | چېن مىڭشىڭ | شىخەنزە | ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئەرلەر خادىغا تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1988- يىلى | ئاقىيەك | غۇلجا | ئاپتونوم رايونلۇق باشلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئوغۇللار «B» گۇرۇپپىسى 3000 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 9'14" |
| 1983- يىلى | چېن شۇشيا | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر قىزلار 500 مېتىر | 52'24" |
| 1983- يىلى | چېن شۇشيا | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر قىزلار 1000 مېتىر | 1'52"76 |
| 1983- يىلى | لى ۋېيخۇڭ | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر قىزلار 1000 مېتىر | 1'53" |
| 1983- يىلى | جاۋ جىخۇا | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر قىزلار 5000 مېتىر | 47'63" |
| 1983- يىلى | جاۋ جىخۇا | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر قىزلار 1000 مېتىر | 1'40"43 |
| 1983- يىلى | جاۋ جىخۇا | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر قىزلار 1500 مېتىر | 2'25"03 |
| 1983- يىلى | جاۋ جىخۇا | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر قىزلار ئومۇمىي ماھارەت | 198 نومۇر |
| 1983- يىلى | لىيۇ جيەنجۇن | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر ئوغۇللار 1000 مېتىر | 1'44"84 |
| 1983- يىلى | لىيۇ جيەنجۇن | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر ئوغۇللار 500 مېتىر | 48"87 |
| 1983- يىلى | ئالىمخان | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈر ئوغۇللار 500 مېتىر | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1983- يىلى | ئالمىخان | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | تۈسمۈر ئوغۇللار ئومۇمىي مەھارەت | |
| 1983- يىلى | گۇمن لىچۇن | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | تۈسمۈر قىزلار 1500 مېتىر | 2'52"76 |
| 1983- يىلى | لى شياگدۇڭ | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | تۈسمۈر ئوغۇللار 500 مېتىر | |
| 1983- يىلى | لى شياگدۇڭ | باركۆل | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئومۇمىي مەھارەت | |
| 1982- يىلى | گۇ شياۋيۇ | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۈسمۈرلەر «B» 3000 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | |
| 1982- يىلى | لىۇ ئەيبى | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۈسمۈر ئوغۇللار 500 مېتىر مۇز تېيىلىش | 52'33" |
| 1982- يىلى | لىۇ ئەيبى | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۈسمۈر ئوغۇللار 1000 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | |
| 1982- يىلى | لىۇ ئەيبى | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۈسمۈر ئوغۇللار 1500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | |
| 1982- يىلى | لىۇ ئەيبى | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۈسمۈر ئوغۇللار 500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 52'20" |
| 1982- يىلى | لى جىڭ | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۈسمۈرلەر «B» 1500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | |
| 1982- يىلى | لى جىڭ | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئومۇمىي مەھارەت تېز مۇز تېيىلىش | |
| 1982- يىلى | جاقان | فۇكاڭ بۇغدا كۆلى | ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تۈسمۈرلەر «B» 500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1982- يىلى | ليۇ جيەنجۈن | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈرلەر «B» 500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 48'91" |
| 1982- يىلى | ليۇ جيەنجۈن | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈرلەر «B» 500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 48'87" |
| 1982- يىلى | ليۇ جيەنجۈن | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈرلەر «B» 1000 مېتىر | |
| 1982- يىلى | ليۇ جيەنجۈن | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئومۇمىي ماھارەت | |
| 1984- يىلى | ۋاڭ شىنگاڭ | سانجى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | باللار 1000 مېتىر | 1'12" |
| 1984- يىلى | لى ۋېيخۇڭ | سانجى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | باللار 500 مېتىر | 51"00 |
| 1984- يىلى | لى ۋېيخۇڭ | سانجى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئومۇمىي ماھارەت | 211 نومۇر |
| 1984- يىلى | لى ۋېيخۇڭ | سانجى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | باللار 1500 مېتىر | 2'47" |
| 1984- يىلى | ليۇ جيەنجۈن | سانجى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | باللار 1000 مېتىر | 1'32"6 |
| 1986- يىلى | لى جىڭ | باركۆل سۇمۇشتان | ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | ئاياللار 5000 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 9'33"42 |
| 1986- يىلى | لى جىڭ | باركۆل سۇمۇشتان | ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | تېز مۇز تېيىلىش ئومۇمىي ماھارەت | |
| 1988- يىلى | لى جىڭ | «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 5000 مېتىر | 9'14"63 |
| 1988- يىلى | فېڭ يۇگاڭ | غۇلجا | ئاپتونوم رايونلۇق 1- نۆۋەتلىك ياشلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 10000 مېتىر | 15'22"5 |
| 1989- يىلى | جاقان | مەيدىنو | سوۋېت، جۇڭگو، پولشا تېز مۇز تېيىلىش دوستلۇق مۇسابىقىسى | 3000 مېتىر | 4'14"25 مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى |
| 1988- يىلى | جاڭ يەنيىڭ | «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 500 مېتىر | 50"88 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1989 - يىلى | نىيې گې | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 3000 مېتىر | 4'55"28 |
| 1989 - يىلى | لى جىيەك | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 5000 مېتىر | 9'14"63 |
| 1989 - يىلى | جاڭ يەنيىڭ | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 500 مېتىر | 49'54" |
| 1989 - يىلى | جاڭ يەنيىڭ | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 1000 مېتىر | 1'43"42 |
| 1989 - يىلى | جاڭ يەنيىڭ | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 1500 مېتىر | 2'38"70 |
| 1989 - يىلى | جاڭ يەنيىڭ | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئومۇمىي ماھارەت | 205 |
| 1989 - يىلى | ما شياۋجۈن | باركۆل | ئاپتونوم رايونلۇق يىللىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى | 500 مېتىر | 50" |
| 1990 - يىلى | نىيې گې | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 3000 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 4'40"30 |
| 1990 - يىلى | ۋاڭ دۇڭيالى | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 1000 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 1'42"00 |
| 1990 - يىلى | ۋاڭ دۇڭيالى | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 47'27" |
| 1990 - يىلى | جيەن جيەنشىن | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 1500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 2'19"12 |
| 1990 - يىلى | جيەن جيەنشىن | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 3000 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 4'55"28 |
| 1990 - يىلى | گاۋ يەنجۈن | ئۈرۈمچى شەھىرى | ئاپتونوم رايونلۇق 2- نۆۋەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | 500 مېتىر تېز مۇز تېيىلىش | 48"35 |

# 6§. تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرى

ئامىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتنىڭ ماھارەت مۇسابىقە تەنھەرىكىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1975- يىلى، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، يېنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا، قارىغا ئېتىش، چامباشچىلىقتىن ئىبارەت سەككىز تۈر بويىچە 15 سىنىپ تەسىس قىلىندى. ھەر بىر قاراردا 235 كۇرسانت ئوقىدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، جەمئىي 10 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدا بىر تەنتەربىيە خىزمەت ئەترىتى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا 33 مەخسۇس ئەزا سەپلەپ بېرىلدى. ئىشچىلار سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ۋە تەنتەربىيە خىزمەت ئەترىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرنى تەربىيىلەپ بەردى. ۋىلايەتنىڭ ئۈستۈن تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن: يېنىك ئاتلېتىكا، تېز مۇز تېيىلىش، قارىغا ئېتىش، تىكتاك توپ، بوكسىيورلۇق، چېلىش قاتارلىقلار بار. 1990- يىلىغىچە، يەتتە نەپەر دۆلەت ماھىرى دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى، ئالتە نەپەر 1- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى، 67 نەپەر 2- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى، 98 نەپەر 3- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تەربىيىلىنىپ يېتىشتۈرۈلدى.

يۈ لىلى دۆلەت ماھىرى دەرىجىلىك تىكتاك توپ تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ، 1982- يىلى مەملىكەتلىك يىغىپ مەشىق قىلدۇرۇش كوماندىسىغا يۆتكەپ بېرىلىپ، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر بويىچە چېۋەرلىك لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە يەككە ئويناشتا 3- لىككە ئېرىشتى. شۇ يىلى نىگېرىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە زىيارەتكە بېرىپ، نىگېرىيە خەلقئارالىق دوستلۇق مۇسابىقىسىدە يەككە ئويناشتا 2- لىككە ئېرىشتى.

گاۋ خۇگجۇەن، ئايال، ماھىر دەرىجىلىك تىكتاك توپ تەنھەرىكەتچىسى. 1982- يىلى مەملىكەتلىك يىغىپ مەشىق قىلدۇرۇش كوماندىسىغا يۆتكەپ بېرىلىپ، 1983- يىلى بىلەن 1984- يىلى، چىلى قاتارلىق يەتتە دۆلەتكە زىيارەتكە بېرىپ، خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

يەمەش (ئەر، قازاق)، ئەخمەت قالى (ئەر، قازاق)، 1960- يىلى مەملىكەتلىك خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدە تەنتەربىيە ماھىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

يەن بىڭ، جاۋ جىخۇا، جاقان تېز مۇز تېيىلىش ماھىرلىرى بولۇپ، ئۇلار 1984- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي كوماندىغا تاللىنىپ، ئاساسلىق كوماندا ئەزاسى بولۇپ قالدى.

لى جىلى، جاقان، ئىرجان 1985- يىلى مەملىكەتلىك (غەربىي شىمال رايونى بويىچە) ئۆسمۈرلەرنىڭ تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە 11 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. ئۆسمۈرلەرنىڭ تېز مۇز تېيىلىش ماھىرى لى ۋېيجاڭ 1984- يىلى مەملىكەتلىك تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، قىزلار 2- گۇرۇپپىسىدىن 1500 مېتىرلىق تېز مۇز تېيىلىش بويىچە 2- لىككە ئېرىشتى.

1. رېپېرلار

1990- يىلىغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بىر نەپەر دۆلەت دەرىجىلىك رېپېرى، 33 نەپەر 1- دەرىجىلىك رېپېرى،

71 نەپەر 2- دەرىجىلىك رېپېرى، 147 نەپەر 3- دەرىجىلىك رېپېرى بار بولدى.

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك رېپېرلار ۋە 1- دەرىجىلىك رېپېرلار

جەدۋەل: 31 – 8

| ئەستىقلانغان ۋاقتى | تۈر نامى | ئىسمى، فامىلىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|
| 1979- يىلى | يېنىك ئاتلېتىكا | ۋاڭ تىگرۈي | 1- دەرىجىلىك |
| | يېنىك ئاتلېتىكا | يۈ كېيچى | 1- دەرىجىلىك |
| | ۋاسكېتبول | جاڭ سېيشىڭ | 1- دەرىجىلىك |
| | ۋاسكېتبول | لى شىنمىن | 1- دەرىجىلىك |
| | ۋالىبول | ئوسمان نىياز | 1- دەرىجىلىك |
| | تېكتاك توپ | چىڭ يۈگفېي | 1- دەرىجىلىك |
| | مۇز تېيىلىش | ما شىيۈەن | 1- دەرىجىلىك |
| | مۇز تېيىلىش | ۋاڭ شىشەن | 1- دەرىجىلىك |
| | مۇز تېيىلىش | ۋۇ جۇنبې | 1- دەرىجىلىك |
| | جۇڭگوچە چېلىشىش | سۇن جىڭكۇەن | 1- دەرىجىلىك |
| | ئاۋشىلىسىيە پلانېر | جاڭ بى | 1- دەرىجىلىك |
| | جۇڭگوچە شاھمات | لى شاۋخۇا | 1- دەرىجىلىك |
| 1980- يىلى | پۇتبول | چېن شىچېن | 1- دەرىجىلىك |
| | ۋاسكېتبول | ياڭ جىنلۇڭ | 1- دەرىجىلىك |
| | يېنىك ئاتلېتىكا | خەن يەنمىڭ | 1- دەرىجىلىك |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1982- يىلى | ۋېلسىپىت | جۇ جىڭخۇا | 1- دەرىجىلىك |
| 1984- يىلى | ئىگىناك توپ | ۋاڭ يۈجۈڭ | 1- دەرىجىلىك |
| | پۇتبول | ۋاڭ جەنچۈەن | 1- دەرىجىلىك |
| 1985- يىلى | جۇڭگوچە شاھمات | شېك سۇگېىك | 1- دەرىجىلىك |
| | جۇڭگوچە شاھمات | لو جاۋجىك | 1- دەرىجىلىك |
| | جۇڭگوچە شاھمات | يېمن باۋشۈن | 1- دەرىجىلىك |
| 1986- يىلى | مۇز تېيىلىش | ۋۇ جىخۇي | 1- دەرىجىلىك |
| | مۇز تېيىلىش | خۇاڭ زىپىك | 1- دەرىجىلىك |
| | ۋاسكېتبول | جۇ رىنبى (ۋاپات بولغان) | 1- دەرىجىلىك |
| 1987- يىلى | پۇتبول | جاۋ باۋلۇڭ | 1- دەرىجىلىك |
| 1988- يىلى | پۇتبول | لى شياۋخۇا (ئايال) | 1- دەرىجىلىك |
| | ۋالىبول | ئىبراھىم سىدىق | 1- دەرىجىلىك |
| | بوكسيورلۇق | يىن جۇڭجيې | 1- دەرىجىلىك |
| | خەلقئاراچە چېلىشىش | زۇنۇن سايىت | 1- دەرىجىلىك |
| 1989- يىلى | يېنىك ئاتلېتىكا | ۋاڭ گوسەي | 1- دەرىجىلىك |
| | يېنىك ئاتلېتىكا | چېن چۈنخۇا | 1- دەرىجىلىك |
| | يېنىك ئاتلېتىكا | ياڭ شۇگاڭ | 1- دەرىجىلىك |
| 1990- يىلى | ئىگىناك توپ | شاۋ لىجۈەن (ئايال) | 1- دەرىجىلىك |
| | تېز مۇز تېيىلىش | گۇ جيەن | دۆلەت دەرىجىلىك |

2. تەنھەرىكەت ماھىرلىرى ۋە دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەر

1990- يىلىغا قەدەر، قۇمۇل ۋىلايىتىدە يەتتە تەنھەرىكەت ماھىرى، بەش 1- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى، 67 2- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى، 98 3- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى مەيدانغا كەلدى.

ماھىر دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەردىن گاۋ خۇڭجۇەن (تىكتاك توپ)، يۇ لىلى (تىكتاك توپ)، يەمەش (چېلىش)، ئەخمەت قالى (چېلىش)، جاۋ جىخۇا (تېز مۇز تېيىلىش)، يەن بىڭ (تېز مۇز تېيىلىش)، جاقان (تېز مۇز تېيىلىش) لار بار.

مەملىكەتلىك 1- دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەردىن: لى جىڭ (تېز مۇز تېيىلىش)، ليۇ ئەيىي (تېز مۇز تېيىلىش)، ليۇ جيەنجۈن (تېز مۇز تېيىلىش)، لى تاۋ (قارىغا ئېتىش)، ياڭ جىڭۋېي (ئاۋئاتسىيە پلانېر) لار بار.

3. تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش

قۇمۇل ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي كوماندا، تەنھەرىكەت مەكتىپى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە باشقا كەسپىي كوماندىلارغا تەنھەرىكەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە: چېن مىڭشىڭ، ۋاڭ جىيىڭ، سۇن لى، گو شياۋرۇڭ، ئاقبەك، لى ۋېنباۋ، ليۇ زۇڭلى، جۇ ۋېيجاڭ، ئابلىز، مەخمۇت، جاڭ لىڭ، دىشى شيازى، شۇ شۇگۇي، شىڭ سۇيپىڭ قاتارلىقلار.

ۋاسكېتبول بويىچە: مەي يوگو، جاۋ جىندوڭ، ھەسەن، دۇ ياۋمېي، چېن يىنفېڭ.

ۋالىبول بويىچە: مياۋ لىڭ، شىڭ ۋېنخۇڭ، ۋاڭ مېفاڭ، مەي دىڭسى، ۋاڭ يەنرۇڭ قاتارلىقلار.

پۇتبول بويىچە: گاۋ گويىڭ، گاۋ گۇيجۇەن، ما رويىڭ، ۋاڭ يەنىڭ، جاڭ يوڭخۇڭ، پەرىدەم، جاڭ يەن، ئابلا، ئىسكەندەر، سون جيەن، ليۇ لىچۈن.

تىكتاك توپ بويىچە: شىن شيۇجېن، گاۋ خۇڭجۇەن، يۇ لىلى، ليۇ يىڭجيې، فەن لىن، ئوجكەن، ليۇ جيې، جاڭ لى، پولات، فەن ۋېيدۇڭ، جاۋ يەنمېي.

چېلىش بويىچە: يەمەش، قاھار، ئەركىن، مەمەت، ئەخمەت غالى، شىشەنيەك ، قابدىراش قاتارلىقلار.

بوكسيورلۇق بويىچە: چۇ شىڭدۇڭ، جاۋ جاڭلوڭ، شى جاڭ، سوتىڭ، ئەكرەم.

قارىغا ئېتىش بويىچە: ئادالەت، زورىخان، سۇن يەنچيۇ، لى دۇڭ، لى توڭ، ياڭ جىجياڭ، ياڭ خۇا، جاڭ لىجۇەن، جاڭ مىن، فېڭ گوچياڭ، جېن چاڭ، دۇ يىڭ، دۇ خۇڭ، ۋاڭ يۇشيا، زاھىر.

تېز مۇز تېيىلىش بويىچە: لى شياۋيەن، يەن بىن، جاۋ جىخۇا، جاۋ لىخۇا، چېن شۇشيا، ليۇ لى، شۇ جېڭمىڭ، شاۋ لىجۇەن، جاڭ يۇ، ساۋ خەيلى، جاڭ يەنىڭ، گاۋ يەنجۈن، سۇن جيەنجۈن، لى شىنۇېن، ئادال، جەن جيەنشىن، جۇ جيەنپىڭ، ۋاڭ شۇيى، جاۋ ۋېيدۇڭ، چاڭ جىخۇا، ئالىمخان، ۋاڭ شىنگاڭ قاتارلىقلار.

ئاۋئاتسىيە پلانېر بويىچە: گې دالى، ياۋ شى، جوڭ لىخۇڭ، رېن شىچەن، لى بۇچاڭ، ليۇ سىخۇا قاتارلىقلار.

گىمناستىكا بويىچە: يەن جيەنشىن، ئەنۋەر قاتارلىقلار.

تەنتەربىيە ئالىي مەكتەپلىرى: جۇ شۇچېن، تيەن سىلۇ، جاڭ جياڭخۇڭ، مالىجۇەن.

تەنھەرىكەت مەكتىپى: ۋاڭ رۇڭ.

ھەربىي رايون تەنتەربىيە خىزمەت ئەترىتى: جاڭ شيۇپىڭ، سۇڭ ئەيلى.

باشقا كەسپىي كوماندىلار: شۇ ۋېنلەن، زو جىڭخۇا قاتارلىقلار.

## §7. تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى ۋە خىراجىتى

1. مەيدان    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەيدانى، ئاز ساندىكى ۋاسكېتبول مەيدانى، تەبىئىي يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى، ئات بەيگىسى مەيدانى ۋە كىچىك تەنھەرىكەت مەيدانلىرىدىن سىرت، باشقا تەنتەربىيە مەيدان ۋە تەنتەربىيە سارايلىرى يوق ئىدى.

1956- يىلى، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە مەشىق مەيدانلىرى ۋە مەكتەپلەردىكى تەنتەربىيە ئوقۇتۇش مەيدانلىرى پىلانلىق تۈردە قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى زاۋۇت، كان، كارخانا، تۆمۈريول، بىڭتۈەن، قىسىم ۋە يېزا- بازار قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە ئاما بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى سەپلەپ بېرىلدى. 1956 – 1990 - يىلىغىچە، ۋىلايەت تەنتەربىيە ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 503 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سالدى. 1973 – 1990 - يىلىغىچە، جەمئىي 4 مىليون 386 مىڭ يۈەن تەنتەربىيە خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە قۇرۇلغان تۈرلۈك تەنتەربىيە مەيدانى 531، ناھىيە، شەھەرلەر بويىچە ئايرىغاندا، قۇمۇل شەھىرىدە 357، باركۆل ناھىيىسىدە 94، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە 80. تۈرلەر بويىچە ئايرىغاندا تەنتەربىيە مەيدانى ئۈچ، تەنتەربىيە سارىيى ئىككى، مۇقىم كۆرۈش سۇپىسى بار چىراغلىق توپ مەيدانى ئالتە، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيى بەش، كىچىك تەنتەربىيە مەيدانى 21، پۇتبول مەيدانى 24، ۋاسكېتبول مەيدانى 341، ۋالىبول مەيدانى 79، ئوچۇق قارىغا ئېتىش مەيدانى بىر، ئوچۇق مۇز مەيدانى بىر، ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزى سەككىز، ۋاراتار توپ مەيدانى 17، سۇ ئۈزۈش كۆلى ئۈچ. 1978- يىلىدىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە يېڭىدىن كۆلىمى چوڭراق، بىر قەدەر يۇقىرى ئۆلچەملىك، ئۈسكۈنىلىرى ئىلغارراق بىر قانچە تەنتەربىيە مەيدان- سارايلىرى سېلىندى. مەسىلەن، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ تەنتەربىيە سارىيى، مۇسابىقە ۋە مەشىق قىلىدىغان ئۈستى ئوچۇق سۇ ئۈزۈش كۆلى، ئىككى ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزى، تۆمۈريول 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەشىق زالى، سۇ ئۈزۈش كۆلى، ئات بەيگە مەيدانى، ئۈنىۋېرسال تەنتەربىيە مەيدانى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە يامانسۇ كانىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيى، ۋىلايەتلىك ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزى ۋە ۋاراتار توپ مەيدانى قاتارلىقلار. ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەر سىستېمىسىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانلىرىدىن ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر، ئىككى كان، تۆمۈريول، بىڭتۈەن باشقۇرۇش ئىدارىلىرىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 400مېتىرلىق، 300 مېتىرلىق، 250 مېتىرلىق ئايلانما يۈگۈرۈش يولى بار يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانلىرى ۋە ۋاسكېتبول مەيدانلىرى ئۆلچەمگە يەتكەندىن سىرت، باشقا مەكتەپلەرنىڭ بۇ ئۆلچەمگە يەتمىدى.

ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى 1981- يىلى، ئۈنىۋېرسال تەنتەربىيە مەيدانى سالغان بولۇپ، ئۆلچەملىك يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، ئات بەيگىسى، ۋاسكېتبول، ۋالىبول مەيدانلىرى، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيى ۋە بالىلار ھەم قورامىغا يەتكەنلەر سۇ ئۈزۈش كۆلى بار. بۇ مەيدان قۇمۇل شەھىرىنىڭ مەيدان شىمالىي يولىغا جايلاشقان، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 18 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، خىش قۇرۇلمىلىق تاماشىبىنلار ئورۇندۇقى 6000، 400 مېتىرلىق يۈگۈرۈش يولى ئالتە، يۈگۈرۈش يولىنىڭ ئۈستىنكى قاتلىمى داشقال قۇرۇلمىلىق. ئۇزۇنلۇقى 104 مېتىر، كەڭلىكى 68 مېتىرلىق پۇتبول مەيدانى بار.

مىنگو دەۋرىدە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى ئىنتايىن ئاددىي ۋە قوپال بولۇپ، ناھىيە

بازىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 1- ئوتتۇرا مەركىزىي خەلق مەكتىپىنىڭ ئىككىلىسىدە بىردىن گىمناستىكا مەيدانى، بىردىن ۋاسكىتبول مەيدانى، بىردىن ۋالىبول مەيدانى بار ئىدى، گىمناستىكا مەيدانىدا ئاران يالاڭ تۇرنىك ۋە قوش تاكىلى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە مەيدانلىرىنىڭ مۇئەسسەسلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىلدى. 1990- يىلى، بۇ ناھىيەدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 400 مېتىرلىق ئۈلچەملىك يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى ئىككىگە، ۋاسكىتبول مەيدانى 68 گە، كىچىك پۇتبول مەيدانى 66 گە يەتكۈزۈلدى. بارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ۋە كۆپىنچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەيدانلىرى بار بولدى. ئۇمۇمەن، يالاڭ تۇرنىك، قوش تۇرنىك، ياغاچ ئات، سەكرەش ساندۇقى، تىكتاك توپ ئۈستىلى قاتارلىق تەنھەرىكەت سايمانلىرى سەپلەپ بېرىلدى. 1985- يىلى، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىرلىق مەشىق زالىنى سالدۇردى. ھەر قايسى ئورگان، زاۋۇت، كانلاردىكى سېمونتتىن ياسالغان ۋاسكىتبول مەيدانى 12 گە، يېزا- قىشلاقلاردىكى ئاددىي ۋاسكىتبول مەيدانى 90 گە يەتكۈزۈلدى. باركۆل ناھىيە بازىرىدا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان يۇگۈرۈش يولى بار ئات چېپىش مەيدانىدىن بىرى، كۆيسۇ يېزا ۋە سارچوقا رايونىدا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان يۇگۈرۈش يولى بار ئات چېپىش مەيدانىدىن بىرى ياسالدى. ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى 400 مېتىرلىق ئۈلچەملىك تېز مۇز تېيىلىش مەيدانىدىن بىرنى سالدۇردى (ئادەم كۈچى بىلەن سۇ قويۇپ مۇز توڭلىتىلىدۇ).

1984- يىلى، قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، باركۆل ئۈچ ناھىيە چېگرىداش بولغان قۇمۇل — باركۆل تاشيولىنىڭ بىر ياقىسىدا (دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىز، شەرق، جەنۇب، شىمال ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان) سۇمۇشتان مۇز تېيىلىش مەيدانى ياسالدى. ئېگىز تاغدىكى سۇمۇشتان مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 46 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئىككى 400 مېتىرلىق يۈگۈرۈش يولى بار ئۈلچەملىك تېز مۇز تېيىلىش مەيدانى خۇددى قارلىق يايلاق ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ئىككى پارچە قاشتېشىدەك كۆرۈنۈپ كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ مۆلارىمەت مۇئەسسەسلىرى ۋە سۇ تورۇبىسى بار. تەگرىتاغدىكى بۇلاق سۇلىرى باشلاپ كېلىنىپ، مۇز تېيىلىش مەيدانى سۇ قويۇلىدۇ. مۇز مەيدانىدىكى مۇزنىڭ سۈپىتى ياخشى، پاكىز، مۇزنىڭ يۈزى سىلىق، تەكشى بولۇپ، خۇددى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدۇ. بۇ يەر ئويمانلىق ھەم جەنۇبىي تەرىپى باركۆل تاغلىرى، تاغ يانباغرى سۇمۇشتان بىلەن تۇتىشىپ، بىر يېشىل توساق شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ شامال كۈچى ئاجىز، كۈن نۇرى تولۇق چۈشىدۇ. مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ مەشىق ئۈسكۈنە- سايمانلىرى تولۇق. بىر قىسىم مۇئەسسەسلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئۆلغار. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن، تەنھەرىكەتچىلەردە ئېگىز تاغ ئەكس تەسىرى كۆرۈلمەيدۇ. تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى پايدىلىق. دۇنيا تېز مۇز تېيىلىش داڭلىق ماھىرى يې چاۋبو بۇرۇن مۇشۇ يەردە مەشىق قىلغان.

2. خىراجەت

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەنتەربىيە خىراجىتى دۆلەت تەرىپىدىن ئاجرىتىپ بېرىلىدى. 1978- يىلدىكى ج ك پ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئاز ساندىكى يىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەنتەربىيە خىراجىتى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ باردى. 1973 – 1990- يىلىغىچە، جەمئىي 5 مىليون 73 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1958 – 1990- يىلىغىچە، تەنتەربىيە ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جەمئىي 5 مىليون 503 مىڭ 800 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

# شەخسلەر

## ئوتتۇز ئىككىنچى قىسىم

# شەخسلەر

## I باب

## شەخسلەر تەرجىمىھالى

### يۈەن گۇاڭتىڭ

يۈەن گۇاڭتىڭ (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) ئەر، خەنزۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېۋۇرغولنىڭ ئايماقبېگى بولغان.

«ئۆگلۈك- سۆيگۈن توپىلىڭى» دا تۈبۈت ئاقسۆڭەكلىرى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ماسلاشقان بولۇۋېلىپ، ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە داۋاملىق لەشكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى كەڭ رايونلارنى يۇتۇۋېلىش غەرىزىدە بولدى. غەربىي شىمالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى. ئېۋۇرغول تۈبۈت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىكى مۇھىم توسالغۇ بولۇپ قالدى. تۈبۈتلەر بۇ توسالغۇنى يوقىتىش ئۈچۈن زور لەشكىرىي كۈچ بىلەن ئېۋۇرغول شەھىرىنى قورشىۋالدى. بۇ چاغدا ئېۋۇرغولنىڭ ئايماقبېگى يۈەن گۇاڭتىڭ كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئېۋۇرغولنىڭ چۆل- باياۋانغا جايلاشقانلىقى، سىرتقى ياردەمدىن ئۈمىد يوقلۇقى، پەقەت شەھەردىكى قوماندان- لەشكەرلەر ۋە ئاۋام خەلققە تايىنىپلا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش لازىملىقىنى چوڭقۇر ئويلاپ يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىشىغا پەرۋاقىلماي جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ شەھەرنى قوغداۋاتقان قوماندان- لەشكەر ۋە ئاۋام خەلققە تايىنىپ جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، شەھەرنى قوغداش جېڭىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئېۋۇرغول شەھىرى ئامان- ئېسەن قوغداپ قېلىندى. ئەمما دۈشمەنلەر تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھۇجۇم قىلماي، قورشاۋغا ئېلىپ شەھەردىكى لەشكەرلەر ۋە ئاۋام خەلقنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇرلىدى.

يۈەن گۇاڭتىڭ شەھەر ئىچىدىكى چەكلىك ماددىي ئەشيا زاپىسى ۋە لەشكەرلەر، ئاۋامنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىش، تەۋرەنمەس روھىغا تايىنىپ، كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن بىر نەچچە يىل تىركىشىپ تۇردى. بۇ مەزگىلدە، دۈشمەنلەر ھۇجۇم بىلەن ئالداش ئۇسۇلىنى تەڭ قوللىنىپ «لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنى ئۆلتۈرمەيمىز، يۇقىرى مەرتىۋە، يۇقىرى مائاش بېرىمىز»

دەپ ئالداپ، تەسلىم قىلماقچى بولدى. ئەمما بۇ ئۇسۇل يۈەن گۇاڭتىڭ ۋە شەھەر ئىچىدىكى لەشكەرلەر ۋە ئاۋام خەلقنىڭ جان تىكىپ ئۆزىنى قوغداپ، شەھەر بىلەن ھايات- ماماتنى بىللە بولۇشتەك ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. ئاخىرىدا شەھەر يار- يۆلەكسىز قېلىپ، دۈشمەنلەر شەھەرگە بېسىپ كىردى. بۇ چاغدا ئاچلىقتىن، كېسەللىكتىن، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن سەركەردە- لەشكەرلەر جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، تىز پۈكمەستىن، مەردلەرچە قۇربان بولدى.

تاڭ سۇلالىسى يۈەن گۇاڭتىڭنى ئەسلەپ ئۇرۇش ئۈچۈن ئۆتنىگەن لەشكىرى دېۋانبېگى مەنسىپىنى بەردى.

## تابىن

تابىن (? ~ 1303) ئەر، ئۇيغۇر، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېۋىرغولدا ياشىغان.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كەيشى 2- يىلى (1206- يىلى)، چىڭگىزخان موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جادىڭنىڭ 12- يىلى (1219- يىلى)، چىڭگىزخان خارەزىملىقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ لەشكىرىي يۈرۈش قىلدى. بۇ جەڭگە ئىدىقۇت- قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ياردەم بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە، قومۇللۇق ئۇيغۇرلارمۇ بار بولۇپ، تابىن دەل مۇشۇ چاغدا چىڭگىزخان قوشۇنىغا ئەگىشىپ جەنۇبتىن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

ئۇرۇش جەريانىدا لەشكەرلەر پۇقرالارنى قالايمىقان ئۆلتۈرگەندە، تابىن بۇنى قاتتىق چەكلىدى ھەم ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ «پۇقرا دۆلەتنىڭ ئاساسى، بۇ يەردىكى ھەممە كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە بۇنىڭ دۆلەتكە نېمە پايدىسى؟» دېدى. چىڭگىزخان بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تابىنغا «ئالتۇن يولۋاس مۆھۈرى» (لەشكىرىي قوماندانلىق) نى ئىنئام قىلىپ، بەيلۇەندىكى قەبىلىلەرنى باشقۇرۇشقا ھەمدە ۋاقىتلىق ۋەزارەتنىڭ باش ئەمرلەشكەرلىكىگە، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. كېيىن تابىن شىگېيىڭ ۋىلايىتىنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىلدى. كۆپ يىللىق ئۇرۇش تۈپەيلى بۇ يەر خارابىلىققا ئايلىنىپ، پۇقرالىرى ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئىدى. تابىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن «ئالۋان- ياساقنى كېمەيتىش» نى يولغا قويدى. پۇقرالار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەرەپ- تەرەپتىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتى. بۇ جايدا ئەسلى 700 دەك تۈتۈن قالغان بولۇپ، بىر- ئىككى يىلدىن كېيىن كۆپىيىپ، 10 مىڭ تۈتۈنگە يەتتى.

ئۆتەڭ يوللىرىنىڭ راۋانلىقى ئۈچۈن، تابىن ئېتىنى ئۆتەڭنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى. پۇقرالار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇلارغا ئۆزىمۇ ئۆسۈملۈك پۇل قەرز بېرىپ تۇردى، بەزىلەر قەرز قايتۇرالمىغاندا «قەرز ھۆججەت» لىرىنى ئاۋام خەلقنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتتى، بەزى دېھقانلار يەر تېرىيالمىغاندا ئۇلارغا يەر ئاغدۇرۇشقا ئۆكۈز، ئۇرۇق ئۆتنە بەردى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىقتىن يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، پۇقرالار ئاشلىقتا ئېشىنىدىغان بولدى.

يۈەن شىزۇ جىيۈەن 31- يىلى (1294- يىلى)، قۇبلايخان پەرمان چۈشۈرۈپ تابىننى لى شيەن، جاۋ شياۋگې توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا بۇيرىدى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن تابىن توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭلا كاللىسىنى ئېلىپ، قالغانلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بەردى.

يۈەن چىڭزۇڭ دادې 7- يىلى (1303- يىلى) بىلغاردا، تايىن بىر قىيتىملىق كاتتا زىياپەتتىن كېيىن ئوردىغا قايتىشىدا ئۈشتۈمتۈت كېسەل بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆلۈش ئالدىدا «مەن ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىمنى ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك ئادەتتە دەپنە قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇردى.

يۈەن چىڭزۇڭ تۆمۈرخان ئۇنى ئەسلەپ تورۇش ئۈچۈن دۆلەت ئەركانى دەپ ئەنگە ئالدى ھەم ۋۇگۇڭ ئۇنۋانى بەردى. تايىننىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ئىسمى ئالچى تۆمۈر ئىدى.

## برادىراشىرى

برادىراشىرى (? ~ 1332)، ئەر، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قوموللۇق بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئاتاقلىق تەرجىمشۇناسلارنىڭ بىرى.

برادىراشىرىنىڭ ئەسلى ئىسمى چىلاۋامىترى بولۇپ بويى ئېگىز، ئۇستا ناتىق، خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، تىبەت تىلى شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇددا نومىنىمۇ خېلىلا تەھسىل قىلدى. يۈەن چىڭزۇڭ تۆمۈرخان تۆمۈرنىڭ ئاخىرىدا ئاغرىقچان بولۇپ قالغاندا، برادىراشىرى تۆمۈرخاننىڭ ھاۋالىسى بىلەن بالايىئاپەتلەردىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئىبادەتخانىغا بېرىپ دۇئا- تىلاۋەت قىلىپ تۇردى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې 6- يىلى (1302- يىلى)، خان يارلىقىغا بىنائەن گۇاڭخەندىيەن ئىبادەتخانىسىغا راھىب بولۇپ، ئىسمىنى برادىراشىرىغا ئۆزگەرتتى. قائىدە- يوسۇن بويىچە خانغا ۋاكالىتەن راھىب بولغان كىشى يۇقىرى ئابرويغا، مول بىلىمگە ئىگە بولۇشى شەرت ئىدى. برادىراشىرى تاللىنىپ مۇشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشىدىن، ئۇنىڭ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. برادىراشىرى ئىبادەتخانىدىكى چاغلىرىدا دۇئا- تىلاۋەت قىلىش، كۆچە كۆيدۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كەتمەستىن، بەلكى ۋاقتىنى قەدىرلەپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇددا نوملىرىنى تەھسىل قىلىپ، شۇ دەۋردىكى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە داڭلىق بۇدداشۇناسقا ئايلاندى. يۈەن رېنزۇڭ خۇاڭچىڭ تۇنجى يىلى (1312- يىلى)، برادىراشىرى پەرمانغا بىنائەن ھىندىستاندىن كىرگەن بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇ، سانسكرىت، تىبەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان بۇددا نوملىرى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بەش، ئالتىگە يەتتى. ئەمما يىللار ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭ نامى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## ئەبەيدۇللا تارخانبەگ

ئەبەيدۇللا تارخانبەگ (? ~ 1709)، ئاتىسى مۇھەممەتشاھ غوجا، قوموللۇق، ئۇ ئۇيغۇر فېئودال بېگى، يەكەن خانلىقىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ، قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

جۇڭغارلار قومۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئەبەيدۇللا ئۇيغۇرلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەپ، موڭغۇل ئەمىر لەشكەرلىرىدىن 10 نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 35- يىلى

(1696- يىلى)، غالدان چىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. قۇمۇل خەلقى ئەبەيدۇللانىڭ باشچىلىقىدا جۇڭغارلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى كۆرەشكە پائال قاتناشتى. ئەبەيدۇللا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نارىنبەگنى چىڭ هۆكۈمىتىگە ئەل بولۇش مەكتۇپىنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن جىايۈگۈەنگە ئەۋەتتى. مەكتۇپتا «ناۋادا غالدان كېلىپ قالسا پېقىر ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىك تۇتۇپ، چىڭ هۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن» دەپ يازدى. شۇ يىلى ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى گوپا بەگنى غالدانىنىڭ ئوغلىنى ۋە قول ئاستىدىكىلىرىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. كاڭشى 36- يىلى (1697- يىلى)، ئەبەيدۇللا ئىككىنچى ئوغلى بەچىبەگنى غالدانىنىڭ ئوغلىنى بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىشقا ئەۋەتتى. چىڭ ئوردىسى ئەبەيدۇللانى «ئەمەلدارلىق تونى، كۈمۈش تەڭگە» بىلەن تارتۇقلاپ، ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تارخان مەنسىپىنى بەردى.مۆھۈر، كۈمۈش تەڭگە ئىنئام قىلدى. چوڭ ئوغلى گوپا بەگنى ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگكە، ئىككىنچى ئوغلى بەچىگىمۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلىكنى بەردى. كاڭشى 37- يىلى (1698- يىلى)، چىڭ ئوردىسى قۇمۇلدا خوشۇن قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلدار ئەۋەتىپ، قۇمۇلنىڭ گەنسۇ بىلەن باردى كەلدى قىلىپ، سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا ئىجازەت بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ چىڭ هۆكۈمىتى قۇمۇلغا هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

كاڭشى 45- يىلى (1706- يىلى)، ئەبەيدۇللا سوۋغا- سالام ئېلىپ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېيجىڭ خانغاسالامغا باردى. ئەبەيدۇللا ئوردىغا كىرىپ خان بىلەن يۈز كۆرۈشتى. خان: «ئاڭلىسام قۇمۇل پالۋانلار يۇرتى ئىكەن، يۇرتۇڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى پالۋان دېيىشىدۇ، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ھەر قانداق قۇشنىمۇ ئوقيا بىلەن ئېتىپ چۈشۈرەلەيدىكەن، سىزمۇ ئوۋ ئوۋلاشقا ماھىرغۇ دەيمەن» دەپ سورىدى. ئەبەيدۇللا هۆرمەت بىلەن «يۇرتىمىزدىكى پالۋانلار ھەقىقەتەنمۇ ئوۋ ئوۋلاشقا ماھىر، پېقىر ئۇستا مەرگەن سانالساممۇ ئادەم بېشىغا قويۇلغان توخۇمنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئىككىنچى كۈنى ئەبەيدۇللا خان سارىيىغا كىرگەندە خان ئۇنىڭغا: «بۈگۈن سېنىڭ كارامىتىڭنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ» دېدى. ئەبەيدۇللا بىجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر مەھبۇسنىڭ بېشىغا بىر توخۇمنى قويدى. خان مەھبۇسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «بۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان مەھبۇس، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئىجرا قىلىنماقچى، ئەگەر سەن توخۇمنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتسەڭ مەن ئۇنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى كەچۈرۈم قىلىمەن» دېدى. ئەبەيدۇللا بىر ئوق بىلەنلا توخۇمنى چېچىۋەتتى، مەھبۇسمۇ قويۇپ بېرىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 48- يىلى (1709- يىلى)، ئەبەيدۇللا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## يۆ جۇڭچى

يۆ جۇڭچى (1686 – 1754)، ئەر، خەنزۇ، يۆفېينىڭ ئەۋلادى. چىڭ سۇلالىسى سانغۇنى يۆ شىڭلۇڭنىڭ ئوغلى، سىچۈەن چىڭدۇدا تۇغۇلغان. كىچىك ئىسمى دۇڭمېي، تەخەللۇسى روڭزەي. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدا هۆكۈمەت ئىشى بىلەن سۇڭفەنجېندا ھەربىكەتچان سانغۇن بولغان. كېيىن نيەن گىڭياۋ بىلەن ۋەزىپە ئالمىشىپ سىچۈەن، شەنشىگە باش ھەربىي ۋالىي بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ يىللىرىدا، غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ، پىراقنى تىنچىتقۇچى ئۇلۇغ سانغۇن بولۇپ، باركۆلنى قوغدىغان.

كاڭشى يىللىرىدا، چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى لوبساڭ دەنزىن سانغۇنغا ئاسىيلىق قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى جۇڭغارغا قېچىپ باردى، جۇڭغار سەردارى سېۋېن ئاراپدان ئۇنى قوبۇل قىلدى. چىڭ هۆكۈمىتى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى ئالغىلى بارغاندا سېۋېن ئاراپدان بەرمىدى. يۇڭجېڭ تەختكە چىققاندىن

كېيىن لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈش قىلىشنى پىلانلىدى، سېۋىن ئارۋىدان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى غالدان تەختكە ئولتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغدا يۇڭجېڭ يۈرۈش يېتىلدى دەپ قاراپ، لەشكىرىي يۈرۈش قىلىشنى رەسمىي قارار قىلدى.

بىر قاتار پۇختا تەييارلىقلاردىن كېيىن يۇڭجېڭ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ جۇڭغارلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىش يارلىقىنى چۈشۈردى. سېچۇەن. شەنشىنىڭ ھەربىي ۋالىيسى يۆ جۇڭچى يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى قوشۇنىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنلىقىغا تەيىنلىنىپ باركۆلنى قوغدايدىغان ھەربىي يۆنىلىش قوشۇنى دەپ ئاتالدى. ئۇوردا ئەمىر ھاجىپى فۇردان ئالتاينى قوغدايدىغان ئۇلۇغ سانغۇن بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ شىمالىي يۆنىلىش قوشۇنى دەپ ئاتالدى. لەشكىرىي يۈرۈش جەريانىدا غالدان تې لىنى يۆ جۇڭچى قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، يالغاندىن سۈلھى سۆھبىتى ئېلىپ بارماقچى بولدى. سانغۇن يۆ جۇڭچى ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن فۇرئېردىن بىلەن بېيجىڭغا بارماقچى بولدى. يۆ جۇڭچى باركۆلدىكى ئالدىنقى سەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئورۇنباسار سانغۇن جى چېڭبىن مەسئۇل بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا جى چېڭبىن ئوتلاقلىق چالىنى ھەربىي ئاتلارنى كۆشۈتكە ئاپىرىپ بىر مەزگىل بېقىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئادەم توخۇيۈرەك، سوغۇققا چىدامسىز بولغاچقا، كۆن بويى تاغ جىلغىلىرىغا كىرىۋېلىپ كەيپ- ساپا، ئەيش- ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئات- ئۇلاغلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. غالدان يۈرۈشتىن پايدىلىنىپ تويۇقسىز 20 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ 100 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق مال چارۋىنى بۇلاپ كەتتى، چالىن قېچىپ كەتتى. ئورۇنباسار سانغۇن يې داشيۇڭ قاتارلىقلار قايتۇرۇپ كېلىشكە ئاتلىنىپ كۆپ ساندىكى ئات- تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ كەلدى. جى چېڭبىن ناھايىتى غەزەپلىنىپ چالىنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولدى. دەل مۇشۇ پەيتتە يۆ جۇڭچى بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ چالىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى. ئەمما جى چېڭبىن يۆ جۇڭچىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئەھۋالنى يۇڭجېڭ خانغا مەلۇم قىلىپ ئىنئامغا ئېرىشۋالدى. كېيىن يۇڭجېڭ خان جى چېڭبىننىڭ مەلۇم قىلغان ھەربىي ئاخباراتىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئەسكەرلەر ئالدىدا كاللىسىنى ئېلىش پەرمانىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۆ جۇڭچىنىمۇ گۇناھى بار دەپ ھېسابلاپ، ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ نەزەربەنت قىلدى. يۇڭجېڭ خان غەربىي يۆنىلىش قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، جالاڭئانى يىراقنى تىنچىتىش قوشۇنىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىدى. جالاڭئا ئىلگىرى، يۆ جۇڭچى بىلەن بىرگە ئىشلىگەچكە ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ھەسەت قىلاتتى. يەنە كېلىپ چالىن بىلەن تۇغقان بولغاچقا ئۇلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ غەيۋەت- شىكايەت قىلىپ، يۆ جۇڭچىدىن ئۆچ ئېلىپ تۆھمەت چاپلىدى. نەتىجىدە يۆ جۇڭچى تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. كېيىن يۇڭجېڭ خان جازانى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى بۇيرىدى.

يۇڭجېڭ خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يۆ جۇڭچى ھايات قالدى. چيەنلوڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چيەنلوڭ يۆ جۇڭچىنىڭ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك زات ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنى سېچۇەنگە قايتا باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. يۆ جۇڭچى قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر بولۇپ «جياگزەي»، «چيۇگلىڭ» (چېكەتكە سايراش) قاتارلىق شېئىر- ئەسەرلىرى بىلەن نام چىقاردى.

يۆ جۇڭچىنىڭ «چىرقىراق شىپاڭ خاتىرىلىرى» دە فۇئېرداننىڭ قارىلىق قىلىپ مەغلۇپ بولغانلىقى ئەتراپلىق خاتىرىلەنگەن. بىر قېتىم يۆ جۇڭچى فۇ ئېرداننىڭ ھەربىي گازارمىسىغا سۆھبەتكە بارغاندا، تامغا نۇرغۇن قىلىچ، ئۆزۈن دەستىلىك نەيزە قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرىنى ھەيۋە قىلىپ ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: «چېدىرغا بۇنچىۋالا كۆپ قوراللارنى ئېسىپ قويۇشنىڭ نېمە پايدىسى بار» دەپ سورىدى، فۇ ئېردان پەخىرلەنگەن ھالدا: «بۇ قوراللارنى ئېسىپ قويۇش ئۆزۈمنىڭ مەشىق قىلىشى ئۈچۈندۇر، مۇشۇنداق قىلغاندا ئاۋامغا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ» دېدى. يۆ جۇڭچى كۈلۈمسىرەپ قويۇپلا قايتىپ كەتتى. كېيىن ئۇ كىشىلەرگە «ئۇلۇغ سانغۇن بولماقچى بولغان ئادەم يىراقنى كۆزلەپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمىگەندە، چېدىر ئىچىدىلا چارە- تەدبىر ئىزدەپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىمەن دەپ ئويلىسا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. قورال- ياراغ بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىپ ئۇرۇشماقچى بولغاندىمۇ ئوخشاشلا زاۋاللىققا

يۈزلەنمەي قالمايدۇ» دېدى.

يۈ جۇڭچى چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن قۇمۇلدا ئۈچ يىل تۇردى. ئۇ قوماندانلىق قىلغان قوشۇن قاتتىق باشقۇرۇلغانلىقتىن ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولغاچقا دۈشمەنلەر چېقىلىشقا پېتىنالمىدى. خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى قوغدالدى. يۈ جۇڭچىمۇ بارغانلا يەردە يول ياساپ، ئۆي سېلىپ، كوچا يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئاشلىق، ئوت-چۆپ تېرىپ خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ يېتىم-يېسىر، ئاجىز-ئورۇق، تۇل خوتۇن، بويتاق كىشىلەرگە نەپىقە بېرىپ، يار-يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلار بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغان. ھەر مىللەت ئاممىسى يۈ جۇڭچىنىڭ قۇمۇلنى قوغداشتىكى تۆھپىسىنى خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تەگرىتاغ ئېتىكىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن غايەت زور بىر سۇپا بولۇپ ئۇنىڭغا يۈگۈڭ سۇپىسى دەپ ئىسىم قويدى. بۇ جاي ئۇنىڭدىن قالغان يادىكارلىق بولغاچقا ھەممە ئادەم زىيارەت قىلىپ كۆرىدىغان مەشھۇر جايغا ئايلاندى.

## يۇسۇپ

يۇسۇپ (? ~ 1766)، 4- ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى.

چىڭ سۇلالىسى خانى گاۋزوڭ يۇسۇپنىڭ بوۋىسىنىڭ ئەسلى خانغا سادىق ۋاڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە يۇسۇپكىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن ئىشەندى، چىڭ سۇلالىسى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرغاندا گاۋزوڭ خان يۇسۇپنى قۇمۇلنى ساقلاشقا ۋە ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. يۇسۇپ گەرچە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭگە بىۋاسىتە قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ شىنجاڭنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشتى.

چيەنلۇڭ 21- يىلى (1756- يىلى)، تۇرپاندىكى مەڭلىك بەگ جۇڭغارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈردى. چىڭ ھۆكۈمىتى يۇسۇپكە قۇمۇل ئەسكەرلىرىدىن 300 كىشىنى باشلاپ چىڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىشكە پەرمان چۈشۈرۈپ، ناھايىتى تېزلا مەڭلىكبەگ توپىلىڭىنى تىنچىتتى. چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن چيەنلۇڭ 23- يىلى (1758- يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى يارخاشاڭنى توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ 10 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ چوڭ-كىچىك خوجىلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى. بۇ چاغدا يۇسۇپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىڭ ئەسكەرلىرىگە ھەمكارلاشتى. ئۇ يارخاشاڭغا بىر نەچچە تەرجىمان ۋە يول باشلىغۇچىلارنى سەپلەپ بېرىپ، ئۆزى 100 كىشىلىك خىللانغان قوشۇننى باشلاپ چىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلاندى. گاۋزوڭ خان يارخاشاڭ ۋە ئىمىن خوجىغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئاغلاقچى ئامباللىققا تەيىنلىدى. توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا، يۇسۇپ ئالاھىدە سالاھىيەت بىلەن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ھەر بىر جايغا بارغاندا ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەل كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى، يۇسۇپنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش رەزىل سۇيىقەستىنى تەدرىجىي چۈشىنىپ، ھەممە ياقتىن چىڭ قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ، توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتتى. ئۇ يەنە كۇچا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، شايار قاتارلىق شەھەرلەرنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى. گاۋزوڭ خان يۇسۇپنىڭ بوۋىسىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىقى، يۇسۇپنىڭمۇ ئۆزىگە سادىق، ئىشەنچلىك بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۇچانى ئالغاندىن كېيىن ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۇنى كۇچانى قوغداشقا مەسئۇل قىلدى. ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندىكى توپىلاڭچىلار تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گاۋزوڭ خان يەنە ئۇنى بۇ ئىككى شەھەرنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. چيەنلۇڭ 24- يىلى

(1759- يىلى)، چىڭ قوشۇنى چوڭ- كىچىك خوجىلارنى يېشىلنۇر كۆلىدە مۇھاسىرىگە ئالماقچى بولدى. بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك، تاغلىق، قىيا تاشلىق رايون بولغاچقا، چىڭ قوشۇنى بۇ جاينى ئىگىلەشكە بىر مەھەل ئامالسىز قالدى. قوشۇنغا ئەگىشىپ ماڭغان يۈسۈپ غوجا، ئىمىن قاتارلىق توپىلاڭچىلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. قاراگىنۇ چۈشكەندە، نەچچە مىڭ توپىلاڭچى ئەسكەر تاغدىن چۈشۈپ، چىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولدى. جاۋ خۇي قاراسۇ دەرياسىدا قاپسىلىپ قالغاندا، ئۈچتۇرپاننى قوغداۋاتقان چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پەقەت 250 ئادىمى بولۇپ، كۈچى ئاجىز ئىدى. يۈسۈپ ئاقسۇدىكى 500 چېرىكنى يېتەكلەپ ئۈچتۇرپاننى قوغداشنى كۈچەيتتى. چىڭ قوشۇنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، يۈسۈپ بۇيرۇتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈردى. گاۋزۇڭ خان يۈسۈپنى «ئۈچتۇرپاندا تۇرۇپ، ھەربىي گازارما قۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى» دەپ ئۇنىڭغا شەپقەت ياغدۇرۇپ، «ئىشەنچىخانلىق دەرىجىسى» نى ئىنئام قىلدى. ئۇنى تۆگە- ئاتلارنى ئېلىپ قاراسۇ دەرياسىدا قاپسىلىپ قالغان جاۋ خۇي قوشۇنىغا ياردەم بېرىشكە ۋە چىقىمنى ۋاقتىنچە ئۆزى چىقىرىپ تۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى.

چوڭ- كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، گاۋزۇڭ خان «يۈسۈپ سانغۇن، ئامباللار بىلەن بىللە قەلئە- قورغانلاردا تۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچتۇرپاندا تۇرۇپ تۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى، ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچىخانلىق مەنسىپىنى بەردى. چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى)، يۈسۈپ بېيجىڭغا سالامغا باردى، چيەنلۇڭ 28- يىلى (1763- يىلى)، يۈسۈپ بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. گاۋزۇڭ خان ئۇنى يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدى. چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى)، گاۋزۇڭ خان يۈسۈپنى يەكەن ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، گاۋزۇڭ خان يەنە ئۇنى بېيجىڭغا سالامغا كېلىشكە يارلىق چۈشۈردى. ئۇ قۇمۇلغا قايتىشىدا سەنشىنىڭ لىگشى ناھىيىسىگە كەلگەندە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئابدۇللا

ئابدۇللا (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، قۇمۇلنىڭ 4- ئەۋلاد ۋاڭى يۈسۈپنىڭ ئوغلى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23- يىلى (1758- يىلى)، چىڭ ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، چوڭ- كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرغاندا ئابدۇللا ئاكىسى يۈسۈپ بىلەن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلاردىن 100 كىشىنى باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى خېلى بۇرۇنلا چىڭ خاندانلىقىغا ئىتائەت قىلىپ، تۆھپە كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، چيەنلۇڭ 25- يىلى (1760- يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى ئابدۇللانى ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. چيەنلۇڭ 28- يىلى (1763- يىلى)، ئابدۇللا 400 دادەن بۇغدايىنى چىڭ قوشۇنىغا ئىئانە قىلغانلىقى ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشتى.

چىڭ سۇلالىسىدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەتتىن ئىش ھەققى ئالاتتى. يەرلىك بەگلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۇيغۇرلاردىن باج ئېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا يەرلىك بەگ- خوجىلار جان- جەھلى بىلەن ئۇيغۇرلارنى تالان- تاراج قىلىپ، نورمىدىن ئوشۇق كىرىمنى قولغا چۈشۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئابدۇللامۇ دەل مۇشۇنداق ئاچكۆزلەردىن ئىدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە چۈنتىكىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن، ھەممە يەردە ئاچكۆزلۈك قىلىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن خالىغانچە ئالۋان- سېلىق سالدى ھەمدە يېقىنلىرىنى ئۈچتۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى قاقتى- سوقتى قىلىشقا ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. ھەر خىل ياۋۇزلۇق، ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. چيەنلۇڭ29- يىلى (1764-

يىلى)، ئابدۇللا ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا ئاپىرىپ بوز يەر ئاچماقچى بولدى، يولغا چىقىش ئالدىدا، چارۋا ماللارنى ئېلىۋېلىپ، پۇلىنى بەرمىدى. 8000 دادەن بۇغداي يىغىۋېلىپمۇ پۇلىنى بەرمىدى، يەنە 400 تۇياق ئورۇق قويىنىڭ ھەر بىرىنى تۆت سەر كۈمۈش ھېسابىدا ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي ساتتى. مانا بۇ «قۇمۇللۇق ئۇيغۇرلارنىڭ قاقتى- سوقتى قىلىنىشى» ئىدى. ئابدۇللا ھەر يىلى كۈزدە، ئات، كالا، قويلارنى مەجبۇرىي سېتىپ، دائىم ئۆزىگە سېمىزلىرىنى قالدۇرۇپ، ئورۇقلىرىنى يۇقىرى باھا بىلەن پۇقرالارغا سېتىپ بەردى. ئاشلىقنىمۇ يۇقىرى باھادا ساتتى. ئاياللارنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلدى. نەتىجىدە ئۇچتۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەۋر- تاقىتى چېكىگە يەتتى، ئۇچتۇرپاندىكى خان ئامبىلى سۇ چېڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇتتۇپ كەتكەن شەھۋەتپەرەس، نومۇسسىز ئەبلەخلەردىن بولۇپ، چىرايلىق ئاياللار يولۇقسىلا ھېچنېمىدىن ئۇيالماستىن يامۇلغا سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ، ئاتا- بالا بىرلىشىپ ئاشكارا نومۇسىغا تەگدى. ئۇلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تۈرلۈك زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ئۇچتۇرپاندىكى دېھقانلارنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىدى. چيەنلۇڭ 30- يىلى (1765- يىلى)، ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ سەۋر- تاقىتى چېكىگە يېتىپ، ئۆز مىللىتىدىن بولغان فېئودال كۈچلەرگە ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، چۇ چېڭ ئاتا- بالا ئىككىيلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئابدۇللا قولغا چۈشتى. ئابدۇللا قوزغىلاڭ باشلىقى رەخمەتۇللا بىلەن تۇغقان بولغاچقا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

چيەنلۇڭ خان بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، «ئابدۇللا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قولغا چۈشۈپتۇ، مەن ئەسلىدە ئابدۇللانى يۈسۈپنىڭ ئوكىسى بولغاندىكىن ئار- نومۇسنى يوقاتمايدۇ دەپتىمەن، مەن بۇگۈن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئۇيغۇلارنى بۇلاپ، رەھمەتۇللانىڭ قىزىنى توقاللىققا ئېلىپ ئۆزىگە يول ياساپتۇ دېگەنلەرنى ئاڭلىدىم، بۇنىڭ ئاسىيلاردىن نېمە پەرقى؟ يۈسۈپنىڭ ئوكىسى بولغانلىقى ئۇچۇنلا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىنامدۇ؟» دېدى. خاننىڭ بۇ سۆزىنى مىڭ رۇي ئۇچتۇرپانغا بارغان كۈنى بىجا كەلتۈرۈپ، «بۇ ئىشنىڭ راست- يالغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانسۇن، ئەگەر ئەھۋال راست شۇنداق بولسا كاللىسى ئېلىنسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

8- ئاينىڭ 15- كۈنى، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدىن خائىن چىقىپ 42 نەپەر غوللۇق قوزغىلاڭچى چىڭ لەشكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى ھەم مىڭ رۇيگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچتۇرپاندىكى قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. ئابدۇللانىڭ توقال ئالغانلىقى ھەققىدىكى «مەلۇمات راست ئەمەس» دەپ قارىلىپ، ئۇ يارلىققا ئاساسەن قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كېلىندى.

## مېھربانۇ

مېھربانۇ (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، قۇمۇلنىڭ 7- ئەۋلاد ۋاڭى بېشىرنىڭ ئايالى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا يۇجۇگلۇق مەرتىۋىسىنى بەرگەن.

تۇڭجى 12- يىلى (1873- يىلى)، ئۇ خوتۇنىۋ، ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، كېيىن ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ، كوچادا نەزەربەنت قىلىندى. ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرى مېھربانۇنى «نەزەربەنت قىلىش ئارقىلىق سودىلاشماقچى» بولدى. ئەمما مېھربانۇ مەردانىلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ھەيۋە

كۆرسىتىش، قىلتاق قوزۇشلىرىغا باش ئەگمىدى ھەمدە: «مەن پادىشاھنىڭ مېھرى- شەپقىتىگە ئېرىشكەن، ھەرگىز خائىن بولمايمەن» دېدى. مېھرىبانۇ پۈجۈڭ نەزەربەنت قىلىنغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئامال قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا كۆپ قېتىم پەرمان چۈشۈردى. كېيىن مېھرىبانۇ پۈجۈڭ قومۇلغا قايتىپ كەلدى. 8- ئەۋلاد ۋاڭ مۇھەممەت مېھرىبانۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۇغما پالەچ بولغاچقا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بارلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مېھرىبانۇ پۈجۈڭ باشقۇرۇپ كەلدى. ئۇزۇن مالىمانچىلىق يىللىرىدا، بىر رايوننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىنتايىن قىيىن ئىش بولۇپ، بۇنىڭدىن مېھرىبانۇ پۈجۈڭنىڭ ئاجايىپ كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىي ئىقتىدارىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## نۇربانۇ

نۇربانۇ (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، يېزا ئايالى، قومۇل تاشۋېلىق يېزىسى خوتۇنتاملىق، يولدىشى غوجام بەردى خوتۇنتامنىڭ يۇرت ئاقساقىلى ئىدى.

نۇربانۇ چېچەن، ئات مىنىشكە ماھىر ئىدى. ئۇ يۈرەكلىك، يالغۇز قومۇل بىلەن خوتۇنتام ئارىلىقىدا يوچتىكەچىلىك قىلغان. بۇ مەزگىل چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇزۇش مالىمانچىلىقى ئەمدىلا تىنچىغان بولسىمۇ، يۇرت تىنچ ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ تاغ ۋە چۆلدە يىرتقۇچ بۆرىلەر كۆپ بولۇپ، چارۋىلارغا ۋە يولۇچىلارغا تەھدىت سالاتتى. ئەرلەرمۇ قورقۇپ يالغۇز يولغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، نۇربانۇ جەسۇرانە قىياپەتتە بېلىگە پىچاق ئېسىپ، ئاتقا مىنىپ نەچچە ئون چاقىرىملىق تاغ يولىدا يالغۇز قاتناپ ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ 30 نەچچە ياشقا كىرگەن، جاسارەت ۋە كۈچ- قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرى بولۇپ، ئەرلەرمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. شائىر سۇ شۇڭ بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ مەردلىكىنى مەدھىيىلەپ، شېئىر يازغان.

## چېن شېڭخېڭ

چېن شېڭخېڭ (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، ئەر، خەنزۇ، باركۆل بازىرىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا تۇغۇلغان. گۇاڭشۈ يىللىرىدا ئالەمدىن ئۆتتى. چامباشچىلىق ماھارىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسكەر بولغان. ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر. ئارمىيە ئىچىدە، مىڭبېشى، تۇغقاچى، ھەربىكەتچان ئەمەلدار قاتارلىق ئەمەللەرنى تۇتۇپ، باركۆلنىڭ باش بۇغىي بولغان. تۇڭجى 4- يىلى (1865- يىلى)، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خاندانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، ئەنگلىيە، روسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ گۇماشتىسىغا ئايلاندى. شىنجاڭ قولدىن كەتكەندە، يەقەت باركۆللا چېن شېڭخېڭنىڭ ئىلكىدە بولدى. ياقۇپبەگكە ئەسلىم بولغان داۋۇت خەلپە ئەسكەر چىقىرىپ باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى، چىڭ ھۆكۈمىتى تېزدىن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باركۆلدە ئۇدا بىر نەچچە يىل ئاپەت يۈز بېرىپ، قەھەتچىلىك بولغانلىقتىن ۋەزىيەت

خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. بۇ چاغدا چىن شىڭخېڭ باركۆلدىكى قورغاننى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇپ، خەۋپ- خەتەرگە قارىماي، باركۆلدىكى ئۈچ گازارمىدىكى ئەسكەرنى ۋە قورغاننى قوغداۋاتقان چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سەركەردە- لەشكەرلىرىنى تەشكىللەپ، دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە دۈشمەنلەر شەھەر سېپىلىغا يېقىن كېلەلمىدى.

تۇڭجى 12- يىلى (1873- يىلى)، بەي يەنخۇ شەنشىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. قومۇلدا ئۇرۇش قىلدى ھەم باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى. 8- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بەي يەنخۇ 2000 خىللانغان ئەسكەرنى تەگرتاغدىن ئۆتۈپ، باركۆلگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. چىن شىڭخېڭ قوماندانلىق قىلغان ئۈچ گازارمىدىكى 500 ئەسكەر ئۇزۇن مۇددەت تىركەشكەن بولسىمۇ، تەڭدىن تولىسى چىقىم بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ شەھەرنى قوغداش ئىرادىسىدە ھېچقانداق تەۋرىنىش بولمىدى. چىن شىڭخېڭ بىر تەرەپتىن، بۇ «ئاچ قورساق ئەسكەرلەر»نى باشلاپ جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خوجا- تۆرىلەرنى پۇل، ئاشلىق ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، توپ، زەمبىرەك ياسىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە شەھەر ئىچىگە پاناھلىنىپ كىرگەن دېھقانلاردىن 1000 دىن ئوشۇق ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ، قوشۇنغا ياردەملىشىپ شەھەرنى قوغداشقا تەشكىللىدى. بەي يەنخۇ شەھەرگە كېچىسى ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. شەھەر ئايلانمىسى سەككىز چاقىرىم كېلەتتى. كېچىسى نائايىتى قاراڭغۇ بولۇپ، مۇشۇنداق پەيتتە ھۇجۇم باشلىسا، بايقاش تەسكە توختايتتى. بەي يەنخۇ مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن تېگىش قىلىپ بۆسۈپ كىرىشكە تاسلا قالدى. چىن شىڭخېڭ ئەسكىرىي كۈچنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، مۇداپىئە سېپىنىڭ ئۇزۇن بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئامىنى سۇماي، شام ئىئانە قىلىشقا ۋە چىراغ، پانۇس ياساپ كېچىسى شەھەر سېپىلىنى ساقلاشقا تەشكىللەپ، دۈشمەننىڭ كېچىسى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆردى. بۇ ياخشى ئۈنۈم بەردى، بەي يەنخۇنىڭ نەچچە قېتىملىق كېچىلىك ھۇجۇمى ئارقا- ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئارمىيە- خەلق ئۈچ تۆمۈر زەمبىرەك ياساپ سېپىلنىڭ جەنۇب، شەرق ۋە غەربىي بۆلىكىدىكى زەمبىرەك سۇپىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەنشەنمياۋنى توپقا تۇتتى. ئارقا- ئارقىدىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرى سېپىلنى ساقلاۋاتقان جەڭچىلەرگە زور ئىلھام بەردى. بەي يەنخۇ قوشۇنى سېپىلنى بىر ئايدىن ئوشۇق قورشىۋېلىپ 500 ئادىمىنى ئۆلۈمگە تۇتتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا سېپىلغا بۆسۈپ كىرەلمەي، ئەسكەرلىرىنى غەربكە چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

چىن شىڭخېڭ شەھەردىكى ئەسكەر- خەلق بىلەن بىرگە سېپىلنى مۇستەھكەم ساقلاپ قالدى. گۇاڭشۈ دەسلەپكى يىللىرى، زو زۇڭتاڭ ئەسكەر چىقىرىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتا، باركۆلنى مۇستەھكەم بازا قىلىپ قورۇپ چىقتى. باركۆلدىكى ئاۋام ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى تاشقا ئويۇپ ھەيكەل تۇرغۇزدى.

# دۇڭ بالۇ

دۇڭ بالۇ (تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)، ئەر، خەنزۇ، ئەسلى ئىسمى دۇڭ فامىڭ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى جۇڭخۇا مىنگو مەزگىللىرىدە چۆچەك بىلەن سېۋەت توقۇشتا نام چىقارغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى دۇڭ بالۇ (دۇڭ سېۋەت) دەپ ئاتاشقان. ئەسلى يۇرتى گەنسۇ ئۆلكىسى خېجۇنىڭ دۇڭجيابادىن. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمۇ سېۋەت توقۇش بىلەن نام چىقارغان.

دۇڭ فامىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى باركۆلگە كېلىپ ماكانلاشقان. دەسلەپتە يېزىدا مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ كېيىن ئۈچكۆل، ئىرداۋخېزى، چىلىك دەرياسى قاتارلىق جايلاردا چۆچەك مول ئىكەنلىكى ۋە ئۇ سېۋەت قاتارلىق

ئەرسىلەرنى توقۇشنىڭ ياخشى ماتېرىيالى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سېۋەت توقۇش ئويىغا كەلدى. ئۇ ئەۋرىشىم، چىداملىق چىۋىققا چىگىنى قوشۇپ ئۆرۈپ، چىرايلىق سېۋەتلەرنى توقىدى. دۇڭ فامىلىنىڭ توقىغان سېۋەتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. خېرىدارلار ئۆيىگە كېلىپ زاكاز قىلاتتى. دۇڭ فامىلىك ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، رازى بولغىدەك توقۇپ بەردى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دۇڭ فامىلىنىڭ ئىسمى «دۇڭ بالۇ» (دۇڭ سېۋەتكە) غا ئۆزگىرىپ كەتتى.

دۇڭ فامىلىك توقۇغان سېۋەتلەر چىرايلىق، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق، پۇختا، تۈرى كۆپ، ئىشلىنىشى كەڭ بولغاچقا مەيلى دېھقانلار بولسۇن، ھۈنەرۋەنلەر بولسۇن ياكى بازاردىكى ئائىلىلەر بولسۇن ھەممىسى كېلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن سېۋەتنى سېتىۋالدى. باركۆل ناھىيە بازىرى ئىچىدە توقۇلما سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بازىرى بولۇپلا قالماستىن، باشقا جايلارغىمۇ سېتىلدى، تا ھازىرغىچە 70 – 80 ياشلىق بوۋايلارمۇ دائىم ئۇنىڭ سېۋەتلىرىنى ماختاپ تەرىپلىشىدۇ. باركۆلدە «چېۋەر بولساڭ بالۇدەك سېۋەت توقۇپ باق» دېگەن گەپ كەڭ تارقالدى. بۇنىڭدىن دۇڭ بالۇنىڭ باركۆلدىكى تەسىر دائىرىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دۇڭ فامىلىك ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن، يىقىلىپ كېتىپ زەخىملىنىش بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## تۆمۈر نىياز

تۆمۈر نىياز (1870 – 1913) يەنى تۆمۈر خەلىپە، تىپى جىگىيۈەن دەپمۇ ئاتالغان. قۇمۇل تەگىرتاغ قورايدىن. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى. ئۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيتتى. سەممىي، سادىق، قەيسەر، تەدبىرلىك بولۇپ، نامراتلارغا يار- يۆلەكتە بولاتتى. ئۇنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ئەمەل، دۇنيا ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىدى.

قوراي قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سويۇرغاللىق يېرى بولغاچقا، يىل ئاخىرىدا دېھقانلارنىڭ قولىدا ئاشلىق قالماي، دائىم ئاچ- يالىڭاچ قالاتتى. تۆمۈرنىڭ ئانىسى كىچىك ئوغلى شاكىرنى ئېلىپ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى دورغىلارغا ئىشلەمچى بولدى. دادىسى 13 ياشلىق تۆمۈرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئېغىر ئىشلارنى قىلدى. لېكىن تىرىكچىلىك قىيىن بولغاچقا، قورايغا قايتىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈرنىڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. دادىسى تۆمۈر بىلەن شاكىرنى ئەگەشتۈرۈپ قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈردى. دادىسى تۆمۈرنى ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا بەردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەپ، ئۇستازىغا ئەگىشىپ باشقا جايلارغا بېرىپ ئىشلىدى ھەم نۇرغۇن يېڭى ئىشلارنى ئاڭلىدى. مەسىلەن، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھەر ئايدا دېھقانلارنى يەتتە كۈن ھاشارغا سېلىپ ھەق بەرمەيدىغانلىقىنى، ھەم نۇرغۇن ئالۋان- ياساقلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى؛ قۇمۇل دېھقانلىرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى) 2- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5- ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئارىلىقتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى خىش- كېسەك بىلەن توسىۋەتكەنلىكى قاتارلىقلار. شۇنىڭدىن كېيىن، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان توراپاق غوجام نىياز ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ھەر قېتىم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئادەم ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، ناھايىتى غەزەپلىنىپ: «ئاكا- ئۇكا توراپاقلار ھايات بولغان بولسا، چوقۇم كەمبەغەللەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرگەن بولاتتى» دەيتتى. كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھاشار تۈزۈمىگە قارشى چىققان بىر دېھقاننى ئوردا ئەمەلدارلىرى دەرەخكە ئېسىپ ئۇرۇپ، بەدىنىنى تىتما- تىتما قىلىپ تاشلاپ، دالىغا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قالدى. بۇ چاغدا كۈچ- قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان تۆمۈرنىڭ غەزەپ- نەپرىتى قايناپ تاشتى. ئۇ يارىلانغان كىشىنى يۈدۈپ، ئۇستازىنىڭ ئۆيىگە

ئېلىپ كېلىپ، دوختۇر چاقىرىپ يارىسىنى داۋالاتتى ھەم ئۇ كىشىگە تەسەللىي بېرىپ، «جاراھىتىڭىز ساقايسۇن، ئاندىن بىز ئاكا- ئۇكا تورپاقلارغا ئوخشاش ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى توسۇۋېتىپ، ئاشۇ ئادەمخور ئالۋاستىلارنى ئۆزىنىڭ قەپىزىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتەيلى» دېدى. تۆمۈرنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىك روھى ناھايىتى تېزلا دېھقانلار ئارىسىغا تارقالدى. ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، خوجىدارلارنى ھەممە يەرگە ئەۋەتىپ، تۆمۈرنى تۇتماقچى بولدى. تۆمۈرنىڭ ئۇستازى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بىر كۈنى كېچىسى تۆمۈرگە: «بالام، ئەمدى سەن قۇمۇلدا تۇرۇۋەرسەڭ بولمايدۇ، جېنىڭنى ئېلىپ قاچ» دېدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى)، تۆمۈر ئۈرۈمچىگە قېچىپ چىقىپ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىدى. بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىدىن: «ئەگەر چىڭ پادىشاھى تەختتىن چۈشسە، قۇمۇل ۋاڭىمۇ تەختتىن چۈشەمدۇ» دەپ سورىدى. ئوقۇتقۇچى جاۋابەن: «قۇمۇل ۋاڭىنى چىڭ خانىدانلىقى تەيىنلىگەن، چىڭ خانىدانلىقى يىمىرىلسە، قۇمۇل ۋاڭىمۇ تەختتىن چۈشىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرنىڭ قەلبىدە ئوت ئۇچقۇنلىرى لاۋۇلدىدى. تۆمۈر «قۇمۇل ۋاڭى گۇمران بولىدىغان بولدى!» دېگەن قايناق ھېسسىيات بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.

بۇ ۋاقىت يۈەن داخۇا ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى توسۇش ئۈچۈن پاتىپاراق بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، يۈەن داخۇا مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) 1- ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇتتىن 500 ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شاھمەخسۇتمۇ بۇ ۋەزىپىگە پاتال تەييارلىق كۆرۈپ، 500 ئادەمنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى. بۇ چاغدا تۆمۈرمۇ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى. 500 كىشىلىك قوشۇن قۇمۇلدىن ئايرىلدى. تۆمۈر پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ، بىر تەرەپتىن، قوشۇن بىلەن ئىلگىرىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مەخپىي ئالاقە باغلاپ، 500 ئەسكەرنى دەرھال قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قۇمۇلغا قايتىپ كېتىشكە چاقىرىق قىلدى. 2- كۈنى قوشۇن قۇمۇلدىن يىراق بولمىغان بىر تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، تۆمۈر پارول بەرگەندىن كېيىن، 500 ئادەمنىڭ ھەممىسى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «قۇمۇلغا قايتىپ بېرىپ، شاھمەخسۇتتىن قانلىق قىساس ئالايلى!» دەپ تەڭلا توۋلاشتى. ئەتراپتىكى ھەر قايسى يېزىلاردىكى دېھقانلار تۆمۈرنىڭ 500 ئەسكەرگە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كەينى- كەينىدىن ئاۋاز قوشتى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئېغىر ئالۋان- ياساقلىرىغا قارشى كۈچلۈك ئوت يالقۇنى شىددەت بىلەن پۈتۈن قۇمۇلنى قاپلاپ كەتتى. ئوردا ئىچىدە كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغان شاھمەخسۇت ۋە قۇمۇلنىڭ ھاكىمى بەي ۋېنچاۋ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇادىن جىددىي ياردەم سوراۋاتقان پەيتتە، جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىدىن تەنتەنە قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇتنى، ئالۋان- ياساق تۈزۈمىنى مەڭگۈ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن شاھمەخسۇتقا بىر تەرەپتىن مەدەت بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن باركۆلدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدار لى شىڭفۇغا ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۆمۈر خەلپە كۆشۈتى ئېغىزىدا باركۆلدىن قۇمۇل ۋاڭىغا ياردەمگە كېلىۋاتقان قىسمىنى يوقىتىپ، ئەسكەر باشلىقى لى شىڭفۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، گۇاڭشۈ 33- يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان بۇ جاللاتنى قاتتىق جازالىدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار قوشۇنى تېز كۆپىيىپ، ئادىمى 2000 دىن ئاشتى. تۆمۈر خەلپە تاغلىق رايونلارنى تايانچ قىلىپ، ۋاڭ قوشۇنى ۋە چىڭ ئەسكەرلىرىگە تەرەپ- تەرەپتىن زەربە بەردى. يۈەن داخۇا 6- ئايدا ئىچكىرىگە قايتىش سەپىرىدە قۇمۇلدىن ئۆتكەندە، ياڭ زېڭشىننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە دېھقانلار قوشۇنىغا بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما مەغلۇپ بولۇپ، كەيپى ئۇچقان پېتى قايتىپ كەتتى.

ياڭ زېڭشىن ھەربىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، «كۆرۈنۈشتە ئورۇشۇش، ئاستىرتتىن بابلاش» تاكتىكىسىنى قوللاندى. «تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش» نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇرچە بىلىدىغان باش دېۋانبېگى جاڭ سەيتىڭنى سۆھبەتكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىدى. كېيىن خۇيزۇ يىڭجاڭ لى شۇفۇنى تاغقا

چىقىپ داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. تۆمۈر خەلپە ئاخىرى دىنىي ئەقىدە سەۋەبلىك ياڭ زېڭشىننىڭ دامىغا چۈشۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى تارقىتىۋەتتى. چاقىرىققا ئاساسەن تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە چىقتى. ياڭ زېڭشىن ئۇنى چېگرىنى تىنچلاندۇرۇش ئاتلىق قوشۇنى 3-يىڭىنىڭ يىڭجاڭلىقىغا تەيىنلەپ، بايراق، تامغىلارنى بەردى. ئۇنىڭ ئىسمىنى تې جىڭيۈەنگە ئۆزگەرتتى.

تۆمۈر نىياز ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ياڭ زېڭشىننىڭ قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش سۈيىقەستىنى بىلگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) 9-ئاينىڭ 6-كۈنى تۈرمىدە قەتلى قىلىندى.

## كاۋ فۇتاڭ

كاۋ فۇتاڭ (? – 1922) ئەر، خۇيزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىڭشيا ناھىيىسىدىن. مەكتەپتە ئوقۇغان. سودىگەر ۋە ئەسكەر بولغان. ما يىلۇڭ (تەخەللۇسى لىن مىڭ) غا چوقۇنۇپ، لەنجۇدا لىڭمىڭتاڭ ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان. مىنگونىڭ 5-يىلى (1916-يىلى) شىنجاڭغا ئۆزىلا كېلىپ دىن تارقاتقان. دەسلەپتە خەيفادىيەن (لىن شادىيەن) دېگەن جايلاردا تۇرغان. ئاندىن چۈەنشىخاڭدىكى ما جېڭجوڭنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە ئالتە يىل ئولتۇرغان. ئۇنىڭ قومۇلدىكى دىن تارقىتىش ئۇسۇلى لىڭمىڭتاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ما يىلۇڭنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى غەلىتە ئىدى. ئالتە يىل دىن تارقىتىش جەريانىدا شىنچىڭ، شىخو، ساۋۇلاق، بۇلۇڭتوغراق قاتارلىق جايلاردا 30 دەك مۇرىت تەربىيىلىدى. كاۋ فۇتاڭ مىنگونىڭ 11-يىلى (1922-يىلى) قەمەرىيە 12-ئاينىڭ 18-كۈنى كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

قومۇل لىڭمىڭتاڭدىكى مۇسۇلمانلار كاۋ فۇتاڭنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، پۇل يىغىش قىلىپ، 1953-يىلىدىن باشلاپ خىش-ياغاچ قۇرۇلمىلىق «باگۇاتىڭ» راۋىقىنى سېلىشقا تۇتۇش قىلىپ، 1956-يىلى پۈتكۈزدى. راۋاق ئىچىگە كاۋ فۇتاڭنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىپ قويدى. «باگۇاتىڭ» راۋىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بۇزۇۋېتىلدى. 1987-يىلى قايتا رېمونت قىلىندى.

## شاھمەخسۇت

شاھمەخسۇت (? - 1930.6) بېشىرۋاڭ دەۋرىدىكى تاجىدىن تەيجىنىڭ ئوغلى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن تاغقا چىققاندا، بىر چارۋىچى موماي بېقىپ چوڭ قىلغان. بېشىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن پەقەت تۇغما پالەچ ئوغۇل مۇھەممەتلا قالغان. مۇھەممەت تەختكە ۋارىسلىق قىلالمايتتى. مېھرىبانۇ پۈجۈڭ ئاقسۆڭەك پۈشتى بولغان شاھمەخسۇتنى تاپقاندىن كېيىن، كىچىك قىزىنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويغان. تويدىن كېيىن ئۇنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۆھۈربېگى قىلىپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالدۇ. 8-ئەۋلاد ۋاڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، گۇاڭشۈ 8-يىلى (1882-يىلى) 7-ئاينىڭ 14-كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى

شاھمەخسۇتنى جاساق خوشۇن چىڭۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى تەستىقلىدى. شاھمەخسۇت تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، كونا تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، ھاشار ۋاقتىنى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگە ئۇزارتتى. گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885- يىلى)، شاھمەخسۇت چىڭ ھۆكۈمىتىگە «تەڭگە تەقدىم قىلىش» يولى بىلەن قوللۇق بىلدۈرگەچكە، خان ئۇنىڭغا ئۈچ كۆزلۈك گۈللۈك پەيپۇك ئىنئام قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا چيەنچىڭ قوۋۇقىدىن ئەركىن چىقىپ كىرىش ھوقۇقىنى بەردى.

شاھمەخسۇت ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە سادىقلىقىنى ئىپادىلەپ، كۆپ قېتىم بېيجىڭغا سالامغا باردى. گۇاڭشۈ 12- يىلىدىن شۈەنتۇڭ تۇنجى يىلىغىچە (1886 – 1909 - يىلىغىچە) بولغان ئارىلىقتا، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم خانغا سالامغا باردى.

ئىلى ئىنقىلابى پارتلىغاندا، شاھمەخسۇت چىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانىڭ ئىنقىلابنى باستۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «1- دەرىجىلىك تاج»، «ئۈچ كۆزلۈك گۈللۈك پەيپۇك»، «زىجىنچېڭدا ئات سەيلىسى قىلىش»، «سېرىق شايى تون كىيىش»، «سۆسۈن رەڭلىك چۇلۇۋۇر تۇتۇش»، «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاساق چىڭۋاڭى» قاتارلىق ئىنئام ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا سىشتەيخۇ ئۇنىڭغا ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن «بەخت» دېگەن خەتنى يېزىپ بەردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 30- يىلى (1904- يىلى)، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ۋاڭ- خوجىلارنىڭ ئۆۋەت بىلەن بېيجىڭغا سالامغا بېرىش ئۆۋىتىنى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم بېرىشقا ئۆزگەرتتى. شاھمەخسۇت 1- ئۆۋەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شۇ يىلى بېيجىڭغا سالامغا بېرىپ، خانلىقنىڭ يەنە بىر ئىنئامىغا مۇۋەپپەق بولدى. ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە 48 يەرلىك بەگلىك بولۇپ، شاھمەخسۇت 4- ئورۇندا تۇراتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن جەمئىي 46، ياغاچتىن ئىككى مۆھۈر ئويدۇرۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بەگلىكلەرگە بېيجىڭغا بېرىپ مۆھۈر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. شاھمەخسۇت ۋاڭ كىم ياغاچ مۆھۈرنى تاللىسا، شۇنىڭ ئەملى ئۆسىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ياغاچ مۆھۈرنى تاللىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى نەچچە دەرىجە ئۆستى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن، شاھمەخسۇت ۋاڭ ئاچكۆزلۈك قىلىپ، ھاشار ۋاقتىنى يەنە يەتتە كۈنگە ئۇزارتتى. مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرى دەردكە چىدىماي، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33- يىلى (1907- يىلى) ۋە مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912- يىلى) كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

چىڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى. مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912- يىلى) 7- ئاينىڭ 20- كۈنى، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى ھەر قايسى جايلاردىكى ۋاڭ- خوجىلاردىن بېيجىڭغا زىيارەتكە كېلىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغاندا، شاھمەخسۇت 1- تۈركۈمدىكىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى) نىڭ بېشىدا، شاھمەخسۇت ئوغلى نەزەر بىلەن بېيجىڭغا باردى. يۈەن شىكەي ئۇلارغا يول خىراجىتى ئۈچۈن 2000 يۈەن پۇل بېرىپلا قالماستىن، يەنە نەزەرگە بېيزىلىق ئەملى بەردى. شاھمەخسۇتقا قوغدىنىشقا ھەمكارلاشقۇچى دېگەن نامنى بېرىپ، 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىش مېدالى تاقىدى ۋە قوش مائاشلىق تەمىنات بەردى (چىڭۋاڭنىڭ يىللىق مائاشى 2000 يۈەن بولۇپ، قوش مائاشلىق بولغاندىن كېيىن 4000 يۈەن ئالىدىغان بولدى). ئۇ يەنە قۇمۇلنى باشقۇرىدىغان موڭغۇلچە قىزىل جىيەكلىك ئۇيغۇر خوشۇنىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى 1- دەرىجىلىك جاساق قوش چىڭۋاڭ مەنسىپىگە ئېرىشتى. شاھمەخسۇت يۈەن شىكەيگە قوللۇق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ «تېزرەك تەختكە ئولتۇرۇشى» نى تىلىدى.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) نىڭ باشلىرىدا، شاھمەخسۇت شامالدىرىپ، پالەچ بولۇپ قالدى، كېسىلى بارغانچە ئېغىرلاشتى. ئۇ جىن شۇرىندىن رۇخسەت سوراپ، مەككىگە ھەج تاۋاپقا بارماقچى بولغاندا، جىن شۇرىن شۇ چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، رۇخسەت بەرمىدى.

شاھمەخسۇت چىڭۋاڭ يېرىم يىلدەك داۋالانغان بولسىمۇ، كېسىلى داۋاملىق ئېغىرلىشىپ، مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئالەمدىن ئۆتتى.

## چى تيەنمىن

چى تيەنمىن (1910 - 1939.11) ئەر، مانجۇ، 1910- يىل 8- ئايدا شەندۇڭنىڭ جىنەن شەھرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

1933- يىل 8- ئايدا، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 10- قېتىمدىن 13- قېتىمغىچە بولغان يىن خارابىسىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ۋە سىچۈەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان. 1937- يىلى قىشتا ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ھەقىقەت ئىزدەپ مۇقەددەس جاي يەنئەنگە بارغان، ھەمدە شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1938- يىل 4- ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يەنئەندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا كاتىپ، قوشۇمچە پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. خىزمەتكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلى ئىسمى چى يېيىڭنى چى تيەنمىنغا ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ مەنىسى «تەڭرىتاغنىڭ مەڭگۈلۈك پۇقراسى» دېگەنلىك.

چى تيەنمىن باشقا كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپ ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقتى. مەسىلەن، بۇ ئىنقىلابچىلاردىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، چياۋ گورېن، تيەن يۈگۈي، داڭ گۇ قاتارلىقلار بار. شېڭ شىسەي ئۇلاردىن بەكمۇ قورقاتتى ھەم ئۇلارنى ئۆچ كۆرەتتى. «ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرۇش» نى باھانە قىلىپ، 1939- يىل 1- ئايدا چى تيەنمىننى قۇمۇلغا يۆتكەپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلدى. ئەينى چاغدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر قالاق بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە بىرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن پەقەت ئۆتتىسلا بار ئىدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ساۋاتسىزلار ۋىلايەت بويىچە % 90 تىن كۆپرەك ئىدى. چى تيەنمىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مائارىپ ئىدارىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ شەخسەن ئۆزى خىراجەت ھەل قىلىپ، پىلان تۈزۈپ، خادىملارنى سەپلەپ، بىر ئايدەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قۇمۇل مائارىپ ئىدارىسىدا پېداگوگىكا ئوقۇتۇش بۆلۈمى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئوقۇتۇش بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمىنى تەسىس قىلىپ ئىش باشلىدى.

قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قۇمۇلدا ئوقۇتقۇچى كەمچىل، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش، بولۇپمۇ چەت- ياقا جايلاردىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەكتەپلەرنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. مائارىپنىڭ بۇنداق قالاق قىياپىتىنى

ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ ھەر تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ، 80 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇلاردىن 10 ى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ يېتىشتۈرۈش سىنىپىدا ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئوقۇتۇش مېتودى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆزى ئۆتتى. يەنە باشلانغۇچنىڭ يۇقىرى يىللىقىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن 40 ئەلاچى ئوقۇغۇچىنى تاللاپ تەربىيىلەپ، شەھەر- يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ سەپلەپ، قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىنى سالدى. ئۇ كۆچمە چارۋىچى رايونلىرىدا مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىدا: «قازاق مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، «ئالتە چوڭ سىياسەت» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش، بىرلىك سەپنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. كۆچمە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەكتەپ قۇرۇشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ يازدى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاقتىن ئىبارەت تۆت مىللەتنىڭ مەدەنىي ئارقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇشىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا- قىشلاقلاردا ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 27 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋىلايەت بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % 60 كە يەتتى. ئۇ يەنە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى.

چى تيەنمىن باشقا كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئامممنى جەڭچىلەرگە قىشلىق كىيىم- كېچەك ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. چى تيەنمىن ئېغىر- بېسىق، كەمتەر، ئاددىي- ساددا، چىقىشقاق بولۇپ، قۇمۇل خەلقىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدە، بولۇپمۇ مائارىپ سىستېمىسىدا ئۇ ناھايىتى يۇقىرى ئابروي ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. كىشىلەر يېقىنلىق بىلەن ئۇنى چى مۇئەللىم دەپ ئاتىشاتتى.

1939- يىل 11- ئاينىڭ 12- كۈنى، چى تيەنمىن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋ زېمىننىڭ كونا پۇلنىڭ ئورنىغا يېڭى پۇلنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئاپتوموبىل بىلەن قۇمۇلنىڭ سىرتىدا كونا پۇللارنى كۆيدۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداۋاتقاندا، زىيادە چارچاپ، سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانلىقتىن، كەچتە قىزىتمىسى ئۆرلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. دوختۇر ئېغىر زۇكام بولغان دەپ خاتا دىئاگنوز قويدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. كېسەلى كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ، بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە 30 يېشىدىلا ۋاپات بولدى.

چى تيەنمىننىڭ دەپنە مۇراسىمى قۇمۇلدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. دەپنە مۇراسىمىغا ئورگان مەمۇرلىرىدىن باشقا، خەۋەر تاپقان ئاھالىلەر، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى. مېيىت ئۆزاتقۇچى كىشىلەر توپىغا يول بويى كىشىلەر قوشۇلۇپ، چوڭ بىر قوشۇننى ھاسىل قىلدى، ھەممە ئۇنىڭغا قايغۇسىنى بىلدۈردى. ئۇيغۇر بوۋايلارمۇ سەپكە قوشۇلۇپ، تەزىيە بىلدۈردى. ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ئىشلىگەن ماتەم پلاكاتىغا: «ياپون باسقۇنچىلىرى يوقالماي تۇرۇپلا ۋاقىتسىز كېتىپ قالغان بولسىڭىزمۇ، كېيىنكى ئىشلىرىڭىزغا بىز ۋارىسلىق قىلىمىز» دەپ يېزىلدى. چى تيەنمىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن روھ قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىلھام بەردى. ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەركىتىگە تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

مۇكۇمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن چى تيەنمىنگە ئىنقىلابىي قۇربان دېگەن نام بېرىلدى.

## ۋۇ جىنگۇي

ۋۇ جىنگۇي (1883 – 1941- يىلى) ئەر، خۇيزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيىسىدىن. دادىسى ۋۇ شىخې قۇمۇلدا سودىگەر بولغان ھەم چارۋىچىلىق- باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋۇ جىنگۇي دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر نەچچە يىل چارۋىچىلىق- باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئەينى چاغدا بۇنچىلىك مەنسەپ قۇمۇلدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا زور بەخت ھېسابلىناتتى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، قۇمۇل سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، گەنسۇدىكى مىلىتارىست ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا كىلىپ، شەھەرنى قورشىۋالدى. قۇمۇلدا سودىگەرلەر تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ۋۇ جىنگۇي خۇيزۇ سودىگەرلەر تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بىۋاسىتە گوەنىنگىخچە بولغان مۇداپىئە لىنىيىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىندى. بۇ مۇداپىئە لىنىيىسى غەربتە ليۇ زۇڭخەننىڭ ئۆيىدىن باشلىنىپ، شەرقتە مازىرىقى كۆكتاتچىلىق شىركىتىگىچە ئىدى. ما جۇڭيىڭ شەھەرنى قورشىۋالغاندا، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى سۇجۇ مەسچىتىنىڭ ئەزان ئېيتىش پەشتىقىدىن يىگىشەھەرنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. يىگىشەھەرنى ساقلاۋاتقان تۇەنجاڭ شيۇڭ فايۇ، جاڭ يۇشۇلار بېيگوەندىكى خۇيزۇلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ پايلاقچىلىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، قىسمىغا بۇيرۇق بېرىپ، سۇجۇ مەسچىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋەتتى. بېيگوەندىكى خۇيزۇلار جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەتتى. بەزى خۇيزۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، يىگىشەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن خۇاگوسەنتى ساقلاۋاتقان خەنزۇ سودىگەرلەر تەشكىلاتى تەگلا بېيساۋونى ساقلاۋاتقان خۇيزۇ سودىگەرلەر تەشكىلاتىغا ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتتى، ھەمدە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، كېچە- كۈندۈز كۈزەتتى. بولۇپمۇ يىگىشەھەرنى ساقلاۋاتقان شيۇڭ تۇەنجاڭ بىلەن جاڭ تۇەنجاڭلار سېپىل ئۈستىدىكى پىلموتنى بېيساۋونى ساقلاۋاتقان خۇيزۇ سودىگەرلەر تەشكىلاتىغا توغرىلاپ قويدى. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلەشكەندە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى خەن لىجۇڭ ۋۇ جىنگۇينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزىگە قارىتا زورۇر قوغداش تەدبىرىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى. ۋۇ جىنگۇيمۇ خەن ھاكىمغا ۋەدە بېرىپ، خۇيزۇ سودىگەرلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەرگىزمۇ خائىنلىق قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك بەردى. شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىق تۈگەپ، بىر مەيدان قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىندى. دەككە- دۈككىدە تۇرۇۋاتقان خۇيزۇ سودىگەرلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىمۇ پەقەت ما جۇڭيىڭغا ئورتاق قارشى تۇرغاندىلا شيۇڭ تۇەنجاڭنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنداق قىلىپ ماجۇڭيىڭغا قارشى تۇرۇشقا يەنە بىر كۈچ قوشۇلدى. كېيىن ما جۇڭيىڭ بېيساۋودىكى ئىستىھكامدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. خۇيزۇلارمۇ شيۇڭ تۇەنجاڭنىڭ قىرغىن قىلىشىدىن ساقلىنىپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋۇ جىنگۇينىڭ ئوتتۇرىدا يۈرۈپ كېلىشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ئۆلكە قوشۇنى قۇمۇلدىن چېكىنگەندە، قۇمۇلدىكى خەنزۇلار قوشۇنغا ئەگىشىپ گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتتى. قۇمۇلغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىي خەن لىجۇڭ، ھاكىم يۇنۇس تەيجىلەر ۋۇ جىنگۇينى قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ چاغدا قۇمۇلدا پەقەت 182 خەنزۇ بار ئىدى.

ما جۇڭيىڭ چوڭ قوشۇن بىلەن قۇمۇلغا 2- قېتىم كەلگەندە، قۇمۇلدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە سودا سائەسىدىكىلەر قىزىلىيۈلغۇن ۋە سەيخۇمياۋغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭنى قارشى ئالدى. ما جۇڭيىڭ قارشى ئېلىشقا چىققانلاردىن «قايسىڭلار سودىگەرلەر تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى؟» دەپ سورىدى.

ۋۇ جىنگۇي «مەن شۇ!» دەپ جاۋاب بەردى.

ما جۇڭيىڭ سوئال سوراپ: «ئۆتكەندە بېيساۋۇدىكى ئۇرۇشتا قالتىس بولۇپ كەتكەن ئىدىڭ، بۈگۈن مەن كالالىڭنى ئالىدىغانلىقىمدىن قورقامسەن؟» دېدى.

ۋۇ جىنگۇي تەمكىنلىك بىلەن: «ئۆزلىرى قوماندان، چوڭ ئەرباب، خەلقنىڭ رايى قايتىدىغان ئىشنى قىلمايلا» دېدى.

ما جۇڭيىڭ ۋۇ جىنگۇينىڭ سالماق، مۇلايىم پوزىتسىيىسى ۋە چېچەنلىك بىلەن بەرگەن جاۋابىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا زەھەرلىك قولىنى سالالمىدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، ۋۇ جىنگۇي قۇمۇلدىكى شەنشى مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولدى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، مەككىگە ھەج قىلىشقا بېرىپ، مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) كېسەل سەۋەبى بىلەن 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## غوجىنىياز ھاجى

غوجىنىياز ھاجى (1881 – 1941) شىنجاڭ قۇمۇل شارلار تېغى تاراتىدىن. بوۋىسى ئىلياز، ئاتىسى ئىمىننىياز قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئەمەلدار بولغان. غوجىنىياز ئۇستا مەرگەن ھەم بىر ئىخلاسمەن ئىسلام دىنى ئېتىقادچىسى.

غوجىنىياز ھاجى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى)، مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى) ۋە مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) دىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا قاتناشقان.

گۇاڭشۇ 33- يىلى (1907- يىلى) 2- ئايدا، ئىمىننىياز بەش ئېشەككە يۇڭ- تاق، ئوت- چۆپلەرنى ئارتىپ، ئوغلى غوجىنىياز بىلەن شىڭشىڭشياغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئوردا ئەمەلدارى ئىسھاقنىڭ باشچىلىقىدا يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، شىڭشىڭشياغا يېتىپ باردى. قايتىشىدا چۆلدە قاتتىق بوران چىقىپ، قار يېغىپ كەتكەنلىكتىن، يولدىن ئېزىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەم ۋە چارۋا ماللار توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى. گەنسۇدىن قۇمۇلغا كېلىۋاتقان 15 ئەسكەرمۇ توڭلاپ ئۆلدى. پەقەت ئىسھاق، توخسۇن ۋە غوجىنىيازلا ئامان قالدى. ئۇلار قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىڭشىڭشيا چازىسىدىن يەرلىك ھۆكۈمەتكە: «توڭلاپ ئۆلگەن ئەسكەرلەر يېنىدىن 50 يۈەن پۇل، ئىككى جىڭ ئەپيۇن چىقتى، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىڭلار» دەپ ئۇقتۇرۇش كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. غوجىنىيازنىڭ يېنىنى ئاختۇرغاندا دادىسى بەرگەن بىر يۈەن كۈمۈش تەڭگە چىقىپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇپ قالدى. غوجىنىياز ھاجى بىر كۈنى كەچتە ئاچچىقسۇ چازىسىدا قورايدىكى چارۋىچىلارنىڭ ۋاڭ- خوجىلارغا قارشى چىقىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالغىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. خوجىنىياز شۇ كېچىسى قېچىپ ئاتلىق ئۈچ كېچە- كۈندۈز يول يۈرۈپ قورايغا كېلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىگە، ئالۋان- ياساقلىرىغا قارشى پارتلىغان قوزغىلاڭغا قاتناشتى. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غوجىنىياز تاراتىغا قايتىپ كەلدى. بىر ئايدىن كېيىن، ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر غوجىنىيازنىڭ دادىسىنى تۇتۇپ، ئوغلىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىدى ھەم غوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇش بۇيرۇقىنى چىقاردى. غوجىنىياز سىرتلاردا پانالىنىپ، بىر قانچە يىللارنى ئۆتكۈزدى. مىنگونىڭ 1- يىلى (1912- يىلى)، تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇل ۋاڭغا

قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، ئۇ يەنە قوزغىلاڭغا قاتناشتى. بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غوجىنىياز يەنە سەرگەردان بولۇپ ئەرەبىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە باردى. كېيىن توقسۇندىكى قوربان نىياز ھاكىم (قۇمۇللۇق، «ئېۋىرغول بىلىم يۇرتى» دا ئوقۇغان) نىڭ قېشىغا باردى. بۇ ھاكىم غوجىنىيازنى ياڭ زېڭشىنغا تونۇشتۇردى. ياڭ زېڭشىن غوجىنىيازنى يەنە قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلارغا تونۇشتۇردى. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۈسۈپ تەيجىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن غوجىنىياز ئوردىدا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ مەزگىل جىن شۇرېن تەختكە ئولتۇرۇپ، قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى نەزەر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. مىنگونىڭ 19 – 20 - يىللىرى (1930 – 1931 - يىللىرى)، قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھاشار، ئالۋان- ياساقلار ئېغىرلىشىپ، خەلق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ چاغدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى گەنسۇدىن قۇمۇلغا 100 ئۆيلۈك خەنزۇنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىرىنى ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش» تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر دېھقانلار ئوخشاشلا نەپ ئالالماي، ئاخىرى قۇمۇلدا قوزغىلاڭ پارتلىدى. غوجىنىياز قوزغىلاڭنى قوللىدى ۋە قاتناشتى. دەسلەپتە تاراتىدا قوزغىلاڭنىڭ باشلىقى بولدى. كېيىن قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنى باشلاپ قۇمۇل شەھىرىنى بىر ئايدەك مۇھاسىرىگە ئالدى. جىن شۇرېننىڭ چوڭ قوشۇنى ياردەمگە كەلگەنلىكتىن، غوجىنىياز شەھەرنى ئالالمىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، گەنسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭدىن ياردەم سورىدى. بۇ ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ گەنسۇدا قوللاشقا ئېرىشەلمەي تۇرىۋاتقان چاغ بولۇپ، غوجىنىيازنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) 5- ئاينىڭ 19- كۈنى قوشۇن تارتىپ شىنجاڭغا كەلدى. غوجىنىياز ما جۇڭيىڭنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، داۋاملىق قۇمۇل شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. جىن شۇرېن جاڭ پېييۈەننى باش قوماندان، شېڭ شىسەينى سەنموجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، قۇمۇلغا جىددىي ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. غوجىنىياز تەڭ كېلەلمەي باغداشقا چېكىندى. غوجىنىياز تاغدا داۋاملىق جەڭ قىلىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئالدى. تاشقى موڭغۇلىيە غوجىنىيازغا ھەربىي فورمىدىن 500 قۇر، 70 مىلتىق ۋە نۇرغۇن ئوق- دورا ياردەم قىلدى. غوجىنىياز ئەسكەرلەرنىڭ قورال- ياراغلىرىنى تولۇقلاپ، تاغلىق رايوندا داۋاملىق ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلدى. يىل ئاخىرىدا دېھقانلار قوشۇنى ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. غوجىنىياز تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى گۇچۇڭغا چېكىنگەندە، غوجىنىياز قوشۇننى باشلاپ تاغدىن چۈشتى. بۇ چاغدا تۇرپاندىكى دېھقانلار قوشۇنى غوجىنىيازنى بىرلىشىپ جەڭ قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. غوجىنىياز بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تۇرپانغا قاراپ يول ئالدى. غوجىنىياز پىچاندىن ئۆتۈپ موري دەرياسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىدە تۇرۇشلۇق جاڭ سىلىڭ (جاڭ جىشەن) غا خەت يېزىپ، يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. كۆپ قېتىم ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، 5- ئاينىڭ ئاخىرى شېڭ شىسەي 10 نەچچە ئادەمنى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ بەنجەيگۇ يېزىسى تاگفاڭ كەنتىگە بېرىپ، غوجىنىياز، ھامۇتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، كېلىشىمنامىغا ئىمزا قويىدى. كېلىشىمنامىغا ئاساسەن، غوجىنىياز بىلەن شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى 2- قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، موري، گۇچۇڭ، جىمسار قاتارلىق ئۈچ ناھىيىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا شېڭ شىسەي غەلىبە قىلىپ، ما جۇڭيىڭ قاتتىق يېڭىلىپ، 6- ئاينىڭ 13- كۈنى چېكىندى. ما جۇڭيىڭ چېكىنىپ تۇرپانغا كەلگەندە، غوجىنىياز تۇرپاندىن كەتتى. غوجىنىياز تۇرپاندىن توقسۇنغا كېلىپ، ئاندىن كورلا ئارقىلىق ئاقسۇغا كەلدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 11- ئايدا، سابىت داموللا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى

ئارقىسىدا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ، غوجىنىيازنىڭ كۈچلىرىنى ئۈزىگە تارتىش ئۈچۈن، غوجىنىيازنى زۇڭتۇڭ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ھاكىمىيەت ما جۇڭيىڭغا قاراشلىق ما خۇسەن قىسىملىرى تەرىپىدىن يىمىرىلدى. غوجىنىياز يېڭىسارغا قېچىپ باردى. كېيىن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى مارالۋېشىغىچە قوغلاپ باردى. ما خۇسەن قەشقەرگە چېكىندى. كېيىن شېڭ شىسەي بىلەن غوجىنىياز ھەمكارلىشىپ، ما خۇسەننى مەغلۇپ قىلدى. ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن قوشۇندىكى بىر قىسىم غوللۇق تايانچلىرىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا كەتتى، قالغانلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇپ قالدى.

مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 7- ئايدا، غوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. شېڭ شىسەي مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 7- ئايدا، غوجىنىيازنى قولغا ئالدى. مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى) تۈرمىدە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى.

## ئابدۇنىياز مىراب

ئابدۇنىياز مىراب (1858 – 1941 ) ئاراتۈرۈك ناھىيىسى توخۇلۇ يېزىسىنىڭ شارتۈيلەر مەھەللىسىدىن.

قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت دەۋرىدە، ئابدۇنىياز تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە رايون (ئاراتۈرۈكتىكى ئالتە يېزا) دا مىراب (سۇ باشقۇرغۇچى) بولدى. قوشۇمچە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرى بويىچە تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە رايوندا ئىككى ئاتلىق قىسىمنىڭ قوماندانى بولدى.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) 4- ئاينىڭ 12- كۈنى، دېھقانلار قوزغىلىڭى ئالدى بىلەن شوپۇلدا پارتلىدى. ئابدۇنىياز مىراب دەرھال توخۇلۇدا ھەرقايسى جايلارنىڭ دورغىلىرى ۋە باشقا يۇرت ئاقساقاللىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، قوزغىلاڭغا دائىر ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا ئابدۇنىياز مىراب قوزغىلاڭنىڭ قوماندانى بولۇپ تەيىنلەندى. يىغىندىن كېيىن، نومدىكى سالى دورغا يەرلىك دېھقانلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، نوم تەكشۈرۈش ئورنىدىكى 20 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئۆلتۈردى. يەنە 80 دىن ئارتۇق پوقرانى ئۆلتۈردى. ئابدۇنىياز مىراب ئىككى ليەن ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، توخۇلۇ، تۇركۆل، باي قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ جايلاردىكى تەكشۈرۈش ئورنىدىكى ئەسكەرلەرنى يوقاتتى.

كېيىن ئابدۇنىياز تاغنىڭ شىمالىدىكى دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ، غوجىنىياز قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، نەچچە قېتىم ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ قورشاۋ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرى، فاماتاگدىكى جەڭدە، ماجۇڭيىڭ قىسمىدىن ئۆلۈش- يارىلىنىش ئېغىر بولۇپ، گەنسۇغا چېكىندى. ئابدۇنىيازمۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە گەنسۇنىڭ ئەنشىگە چېكىندى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ما جۇڭيىڭ 2- قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، قۇمۇل، باركۆل، پىچان، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. ما جۇڭيىڭ قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكنى بىرلەشتۈرۈپ بىر لۈي تەشكىللەپ، ئابدۇنىيازنى لۈيجاڭ قىلدى. شۇ يىلى، ئابدۇنىياز ئائىلىسىدىكى بەش جاننى ئېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج تاۋاپىغا باردى. مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 7- ئايدا، ئاراتۈرۈكتە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئابدۇنىياز مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، شېڭ شىسەي جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدىكى پولكوۋنىك دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى شىڭ جۇنزاۋ، ئۆلكىلىك مالىيە مۇيەتتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يۈمىن پۇسەن قاتارلىق

كىشىلەرنى قومۇلغا ئەۋەتىپ، خائىنلار مۆلكىنى ئېنىقلاش كومىتېتى قۇرۇپ، «قوزغىلاڭ دېلوسى» نى پىلانلىغۇچىلارنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن تىزىملىككە ئاساسەن، ئابدۇنىياز، تۇرسۇن باقى، نىياز دورغا قاتارلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان 30 نەچچە ئادەمنى قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئەپچىقىپ تۈرمىگە تاشلىدى. كېيىن قولغا ئېلىنغانلاردىن ئايرىم ساندىكىلەر ھايات قالغاندىن سىرت، قالغانلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئابدۇنىيازمۇ قەتلى قىلىندى.

## لى رۇڭ

لى رۇڭ (1870 – 1940) ئەر، خەنزۇ، باركۆل ناھىيە بازىرىدىن. باللىق دەۋرىدە خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن باركۆل ناھىيىسىدىكى سۇگۇڭ بىلىم يۇرتىدا ۋە گەنسۇدىكى چيۇگو بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 14- يىلى (1888- يىلى)، گەنسۇ لەنجۇدا ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تالىپلىققا قوبۇل قىلىنغان. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلى كۈرەسىدىكى مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئىلى سانغۇنى جى رۇي شېئىر، ماقالە يېزىش، خەتتاتلىق ئىشلىرىغا ماھىر بولغانلىقتىن، دائىم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يوللىنىدىغان مەكتۇپلىرىدىن رازى بولمايتتى. بىر قېتىم ئۇ لى رۇڭنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنى تەكلىپ قىلدى. جى رۇي ئۇ يازغان شېئىر، ماقالىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولدى، ئۇنىڭ بىلەن دائىم بېرىش- كېلىش قىلىدىغان بولدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، لى رۇڭ ئىلىدىكى ياڭ زەنشۇ، فېڭ تېمىن قاتارلىقلار بىلەن شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشتى. ئۇ مەخسۇس ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ياڭ زېڭشىنىنى شىنخەي ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما ياڭ زېڭشىن رەت قىلدى. مىنگونىڭ 4- يىلى (1915- يىلى)، لى رۇڭ شايار ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى)، تۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. تۇرپاندا يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇردى. كېيىن بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. مىنگونىڭ 8- يىلى (1919- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 6 – 17- يىلىغىچە (1917 – 1928- يىلىغىچە)، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى. مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، ئۈرۈمچىدە داۋېيىڭ بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تويۇنۇش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە شەخسەن ئۆزى بېرىپ، ھەر مىللەت دېھقانلىرىغا تېرىقچىلىقنى ۋاقتىدا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بىۋاستە سەپەرۋەرلىك قىلدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى) 4- ئايدا، شىنجاڭدا «12- ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ليۇ ۋېنلوڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش دۇبەنلىكىگە تەيىنلەندى. 9- ئايدا، لى رۇڭ شېڭ شىسەينىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تۇرپانغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ما جۇڭيىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ باركۆلنىڭ ھاكىمى لى خەنجۇن (لى رۇڭنىڭ 2- ئوغلى) نى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ۋەقەسى توغرىسىدا لى رۇڭدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي ئۆلكە رەئىسى ليۇ ۋېنلوڭنى قولغا ئېلىپ، جۇ رۈيچىنى مۇۋەققەت رەئىس قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ دەككە- دۆككە ئىچىدە كېسەل بولۇپ ئۆلدى. شېڭ شىسەي لى رۇڭنى ئۆلكە رەئىسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لى رۇڭ رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى، ئەمما ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن باش دۇبەن مەھكىمىسىنى ئايرىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شېڭ

شېڭ شىسەينىڭ نازارىتى ۋە كونترول قىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولدى. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 10- ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى لى رۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. كېيىن لى رۇڭ ئۆزىنى ئويلاپ، شېڭ شىسەي ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى گو دامىڭنى يۆتكىۋېتىپ، ئورنىغا خوتەننىڭ مەمۇرىي باشلىقى لى شياۋلى (باركۆلدىن) نى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قىلىپ تەيىنلىدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشنىڭ ئالدى- كەينىدە، لى رۇڭ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش، پاك- دىيانەتلىك بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش) نى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، نۇرغۇن تەرەپلەردە ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، ئەمما شېڭ شىسەي لى رۇڭغا كۆرۈنۈشتە دوستانە مۇئامىلىدە بولۇۋاتقاندەك تەسىر بەردى. كېيىنكى مەزگىللەردە لى رۇڭ تەدرىجىي ئۇنىڭدىن قورقىدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھۆكۈمەت ئىشىدا ئادىل بولۇپ، ۋالىي، ھاكىم دېگەندەك ۋەزىپىلەرنى تەگشىگەندە شېڭ شىسەينىڭ قارار قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، بىھۇدە گۇمانلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلاندى. ئادەتتە يىغىنلاردا سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە ئەتەي جىم بولۇۋېلىپ، ئامال بولمىغاندا بىر- ئىككى ئېغىز سۆزلەپ، قىزىقچىلىق قىلىپ ئىشنى بولدى قىلدى. بىر قېتىم ئۇ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا، ئەسلىدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ باشلىقى جاڭ شيۈنى تىللاپ: «جاڭ شيۈ دېگەن بۇ ئوغرى تۇغما ئىنقىلابچى» دېدى. لى رۇڭ ئادەتتە چىقىشقاق بولۇپ، سۆزلىگەندە ئانچە سورۇن تاللاپ كەتمەيتتى. بەزىدە ئىلھامى قوزغىلىپ قالسا، ئېغىزىغا كەلگىنىچە ئوتتۇرۇقسىز سۆزلەپ كېتەتتى. بەزىلەر ئۇنى «ئۆلكە باشلىقى بولغىنى بىلەن ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ» دەپ قارايتتى. ئەمما يەنە بەزىلەر ئۇنى شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، گاڭۋاڭ بولۇۋالدى، دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى. بەزى يېقىن ئۆلپەتلەر، ئىشىكلار لى رۇڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كىرسە، ئۇچۇق چىراي بەرمەي يېنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئاچچىق يۇتۇۋالغانلار يەنىلا ئۇنىڭ «ئىلتىپاتى» غا ئېرىشتى.

لى رۇڭ ئۇستا خەتتات ھەم شائىر بولۇپ، مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى) 4- ئاينىڭ 19- كۈنى چاقىرىلغان شىنجاڭ بويىچە ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ئاممىسى قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى لى رۇڭ ئۆزى تەييارلاپ شېڭ شىسەيگە بەرگەندە، ئۇ خۇشال بولۇپ: «ھەقىقەتەنمۇ پىشقەدەم ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇشقا مۇناسىپكەنسىز» دېدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، شىنجاڭ بويىچە 3- نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ئاممىسى قۇرۇلتىيىدا، لى رۇڭ بەرگەن بەش يىلدىن بۇيانقى مەمۇرىي ئومۇمىي ئەھۋال توغرىسىدىكى دوكلاتنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئۆزى يازدى. بۇ نەنجىڭدىن كەلگەن مۇخبىرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. لى رۇڭ ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىنمۇ، دائىم شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ، مەلۇم تۈرلەردە مۇكاپاتلىنىپ تۇردى. ئۇ 70 ياشقا كىرگەندىمۇ تېتىك بولۇپ، قاۋۇل ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى.

مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى) 3- ئاينىڭ 21- كۈنى، لى رۇڭ كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. ۋاپات بولغاندا ئۇ يەنىلا ئۆلكە رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىدى. شېڭ شىسەي دەپنە كومىتېتى قۇرۇپ، داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن ماۋ زېدۇڭ، جۇدې، لىن بوچۈي قاتارلىق رەھبەرلەر يەنئەندىن ئۇنىڭغا تەزىيە تېلېگراممىسى يوللىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ئۇنىڭغا گۈلچەمبىرەك ئەۋەتتى. جياڭ جيېشى ھەم مىنگونىڭ ھەر قايسى ئىدارە باشلىقلىرى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا 5000 يۈەن پۇل ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي بىر ئالاھىدە ماتەم پىلاكاتى تەييارلاپ، ئۇنىڭغا: «بىر ئەۋلاد مۆكەممەل ئادەم» دەپ يازدى. ئەمما بەزىلەر كۈسۈلداپ، ئۇنى ھايات چېغىدا ياغاچ قونچاققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، يەنە «مۆكەممەل ئادەم» دېگىنى نېمىسى، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر «مۆكەممەل ئادەم» دېگەننى باشقا مەنىدە چۈشەندى. ئىشقىلىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، نۇرغۇن كىشىلەر تۈرمىگە تاشلاندى، ئىز- دېرەكسىز يوقاپ

كەتتى. ئەمما لى رۇڭ ئائىلىسى بويىچە ساق- سالامەت ياشاپ كەلدى، ئۇنى «مۇكەممەل ئادەم» بولۇشقا مۇناسىپ دەپ چۈشىنىشكە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## خوشۇر قارى

خوشۇر قارى (1881 – 1944) قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بوغاز بېزىسىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 7- يىلى (1881- يىلى) تۇغۇلغان. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) 4- ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

خوشۇر قارىنىڭ دادىسى شېرىپ ناھايىتى نامرات بولۇپ، سېۋەت، زەمبىل توقۇش ئارقىلىق ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاران قامداپ ئۆتەتتى. ھەر يىلى دورغىلارغا 3 – 4 ئاي ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. كۈن ئۆتكۈزۈش تەس بولغانلىقتىن، ئائىلاج ئانىسى ئۇنى ئېلىپ تۇرپانغا جان بېقىشقا باردى. تۇرپانغا بارغاندىن كېيىن، ئانىسى يەنىلا كارىز سېۋىتى، زەمبىل توقۇپ كۈن كۆچۈردى. خوشۇر قارى چوڭ بولغاندىن كېيىن، كىگىزچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، تاپقان پۇلى بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىدى.

خوشۇر قارى 20 ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدا، 10 نەچچە ئادەم بىلەن بىرگە تۇرپاندىكى مەدرىسكە بېرىپ، ھەمدۇللا داموللامىنىڭ قولىدا ئوقۇدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن باشقا تالىپلار بىر- بىرلەپ قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ 10 يىللىق تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئۆتتى. ئەمما ئۇ قېتىرقىنىپ ئوقۇدى. ئاخشىمى چىراغ بولمىسا، ئۇ ئاي يورۇقىدا قۇرئان ئوقۇدى.

شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە خوشۇر قارى قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسىدە مۇددەرىس بولۇپ، 70 – 80 تالىپنى ئوقۇتتى. كېيىن بۇلاردىن نۇرغۇنلىرى چوڭ ئاخۇنۇملاردىن بولۇپ قالدى. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936 - يىلى)، خوشۇر قارىلىققا تەيىنلىنىپ، قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مال- مۈلۈك ۋە نىكاھ ئىشلىرىدىكى ماجىرالىرىنى سورىدى.

مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، خوشۇر قارى كومپارتىيە ئەزاسى جاڭ دۇگېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈشرە- زاكاتنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەكتەپ ئېچىپ، مەدەنىيەت- مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە قوشۇلدى.

## لو شياۋۋېي

لو شياۋۋېي (1918 - 1950.4) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەيىن ناھىيىسى پۇشى بازىرىدىن. 1918- يىلى تۇغۇلغان. 1935- يىلى جوڭگو ئىشچى- دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ئازاب- ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن. كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا- ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە، سەككىز يېشىدا پومېشچىكلارنىڭ كالىسىنى باقاتتى. 14 يېشىدا گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. 17 يېشىدا يەرئاستى تەشكىلاتى پارتىيە ئەزاسى شېن چىڭۋاڭنىڭ ياردىمىدە گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبىي شەنشىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 1- جۇڭىگە قاتناشقان. كېيىن قىزىل ئارمىيە 15- جۈنتۇەننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئىس-

تۆتەك قاپلىغان ئۇرۇش مەيدانلىرىدا 15 يىلنى ئۆتكۈزۈپ، بىر ئاددىي ئەسكەردىن بىر مۇئاۋىن شىجاڭ بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

1949- يىل 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2- بىڭتۇەن 6- جۈن 16- شىسى بۇيرۇققا بىنائەن قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. 1950- يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭنىڭ بىپايان يايلاقلىرىدا يەنە بىر قېتىم ئىس- تۈتەك كۆتۈرۈلدى. ئوسمان، يولۋاسلار ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكناننىڭ قوللىشى بىلەن ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەممە يەردە پىتنە- ئىغۋا تېرىپ ئامانلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، قوراللىق بۇلاڭ- تالاڭ قىلغاچقا، خەلق ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىر تۈركۈم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە كادىرلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەمگە بارغاندا، باندىتلار تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلدى.

بىر قېتىم 16- شى پارتكومى باندىتلارنى تازىلاش توغرىلىق يىغىن ئاچقاندا مۇئاۋىن شىجاڭ لو شياۋۋېي شى پارتكومىدىن باندىتلارنى يوقىتىشقا قوللايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىشىغا قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. پارتكوم ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلدى.

4- ئاينىڭ 1- كۈنى، لو شياۋۋېي شتاب ئوفىتسېرى، كاتىپىنى ئېلىپ، باندىت تازىلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يەتتە قۇدۇققا باردى. ماشىنا ئىككى تاغ ئارىسىدىكى يولدا سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. يەتتە قۇدۇقتىن 20 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتىكى چاقىۋۇلاققا كەلگەندە، تۇيۇقسىز 40 نەچچە باندىتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. لو شياۋۋېي قاتارلىق بەش ئادەم باندىتلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشتى. باندىتلار كۆپ بولغاچقا، مۇئاۋىن شىجاڭ لو شياۋۋېي، كاتىپ لى يۈچىڭ، شتاب ئوفىتسېرى ما يۈجاڭ، سىمسىز تېلېگراف خادىمى سۈڭ ۋەنچېڭ، مۇھاپىزەتچى ياڭ جۇاگيۈەنلەر مەردلەرچە قۇربان بولدى. شوپۇر ياڭ خۇگيۈن ئەسىرگە چۈشتى.

لو شياۋۋېي قۇربان بولغاندا 32 ياشتا بولۇپ، جەسىتى قۇمۇل ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

## ليۇ يىنۋا

ليۇ يىنۋا (1934 – 1950) ئەر، خەنزۇ، 1934- يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ پىڭلياڭ ناھىيىسى ليۇ جياگۇدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى يىللىقچى ئىدى. 1949- يىل 8- ئايدا، ليۇ يىنۋا 15 يېشىدا گومىنداڭنىڭ ما بۇفاڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. كېيىن ليۇ يىنۋا لەنجۇدا ئازادلىققا ئېرىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 6- جۈن 16- شى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- ليەنىدە جەڭچى بولغان. قىسىمدا ليۇ يىنۋانىڭ سىنىپىي ئېڭى تېز ئۆسكەچكە، ئۇرۇش، ھەربىي تەلىم- تەربىيە ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىنقى قاتاردا ماڭغان.

1950- يىلى، ليۇ يىنۋا جاۋ ليەنجاڭ بىلەن نومغا بوز يەر ئاچقىلى باردى. بىر كۈنى ئېرىق ياساۋاتقاندا، باندىتلار كېلىپ قورشىۋالدى. ئۇ قولىغا گۇرجەك ئېلىپ باندىتلار بىلەن قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، باندىتلار كۆپ بولغاچقا تۇتۇلۇپ قالدى. ليۇ يىنۋا باندىتلارغا شۇ چاغدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان خەلقنىڭ قوشۇنى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇن

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. 1950- يىلى 3- ئاينىڭ 30- كۈنى، باندىتلار زەھەرلىك قولىنى بۇ جەڭچىلەرگە سېلىپ، ئۇلارنى بىر- بىرلەپ تىرىك كۆمدى. بىر باندىت باشلىقى ليۇ يىڭۋاننىڭ ياش يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇرىنگە ئاسراندى ئوغۇل بولسا ئۇنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ليۇ يىڭۋا مەسخىرىلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ: «سىلەر ئەبلەخلەر ماڭا ئوغۇل بولاي دېسەڭلەرمۇ مەن ئوغۇل قىلمايمەن» دەپلا ئورەككە سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئېگىلمەس- سۇنماس جەسۇرانە قىياپىتىنى نامايان قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى.

## جاۋ فۇگۇي

جاۋ فۇگۇي (1925 – 1950) ئەر، خەنزۇ، 1925- يىلى تۇغۇلغان. شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ساۋشيەن ناھىيىسى شىچۈي جاۋجۇاڭ كەنتىدىن. 1943- يىل 6- ئايدا 8- ئارمىيىگە قاتنىشىپ، شۇ يىلى 10- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. قىسىمدا ئۇ چوڭ- كىچىك بولۇپ 100 دىن ئارتۇق جەڭگە قاتناشقان. يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشىدا، گاۋلەنسەندىكى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشلىرىدا باتۇرلۇق بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، 10 قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. تەلىم- تەربىيە لۈيى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان.

1950- يىل 2- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈن 16- شى 46- تۈەن 1- يىڭ 2- لىيەندىكى بىر قىسىم جەڭچىلەر بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە چېگرىنى قوغداپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە باردى. 3- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئۇ 1- پەي 2- بەندىكى 10 نەپچە جەڭچىنى باشلاپ ناھىيە بازىرىدىن 90 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نومغا بېرىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، يەر ئېچىشقا تەييارلىق كۆردى.

3- ئاينىڭ 29- كۈنى، نومدىكى باندىت باشلىقى سەدەن ئەبەيدۇللانىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، نامانشانى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم گازارمىسىغا ئۈستەڭ چېپىشنى باھانە قىلىپ ئەۋەتتى. نامانشا لىيەنجاڭ جاۋ فۇگۇيغا: «تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئۈچ ۋەكىل كېلىپتۇ، ئۇلار، سىلەر ئازادلىققا ئېرىشىپسىلەر، بىز بىرلىشىپ ئوسمان باندىتقا تاقابىل تۇرساق، دېدى. سىز ھازىر سالىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭ ھەمدە ئۈستەڭ چېپىش ئىشىنى بىرگە مەسلىھەتلىشەيلى» دېدى. جاۋ فۇگۇي بۇنىڭغا ئىشىنىپ، يالغۇزلا نامانشا بىلەن بىرگە سالىنىڭ ئۆيىگە باردى. لىيەنجاڭ ئۆيىگە كىرىپ، تاشقى موڭغۇلىيە ۋەكىلىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭغاندا، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەمەت نىياز بىلەن يۈسۈپ ھاجى قاتارلىق باندىتلار ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ، تاپانچىسىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئۇنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. جاۋ فۇگۇي باندىتلارغا مەردانىلىك بىلەن: «سىلەر ئەسكى ئادەملەرنىڭ سۆزىگە كىرمەڭلەر، كومپارتىيە جۇڭگونى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭلەر، بولمىسا زىيان تارتىسىلەر، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۇلۇغ پارتىيە» دېدى. باندىتلار جاۋ فۇگۇينى سالىنىڭ ئۆيىگە سولاپ قويدى. جاۋ فۇگۇي قاتتىق قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، باغلاپ قويغان ئارغامچىنى ناھايىتى تەستە چىشى بىلەن يېشىۋېتىپ، تۈگلۈك ئارقىلىق گازارما تەرەپكە قاراپ قاچتى. بۇ چاغدا ئاتلىق قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان باندىت مەمەت نىياز قوغلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئوق چىقاردى. ئوق جاۋ فۇگۇينىڭ بېشىغا تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

## موسىيپا شاتباي قىزى

موسىيپا شاتباي قىزى ( ? – 1950 ) ئايال، قازاق، باركۆلدىكى قازاق ئاياللار ئىچىدە نام چىقارغان داڭلىق ئاقىن. ئۇنىڭ نام- شەرىپى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقالغان. ئۇ 13 يېشىدا ئاقىن ئېيتىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، تاۋۇشى ئېنىق، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. مىلادىنىڭ 19- يىلىدىن 9- يىللىرىغىچە (1920 – 1930 - يىللىرىغىچە)، ئۇ ئىككى قېتىم كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئاقىنلار ئېيتىشىشىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ھەر قېتىم كۈرەككە قاتناشقىنىدا، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم كېلىپ ئاڭلىدى. ئۇ بىر قېتىم رىقابەتچىسى بىلەن بەسلىشىپ قېلىپ، ئۈچ كۈن ئېيتىشىپ، ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىپ، بىر ئات ۋە كىيىم- كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلاندى.

## لى فا

لى فا (1921.6 - 1953.3) ئەر، خەنزۇ، 1922- يىل 6- ئايدا تۇغۇلغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جىنشيەن ناھىيىسى بېيگودى كەنتىدىن. ياپون ئالۋاستىلىرى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، لى فا باشقا ياشلارغا ئوخشاش ئۇرۇش قاينىمىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، چوڭقۇر سىنىپىي ئۆچمەنلىك، مىللىي ئىنتىقام بىلەن، 1945- يىل 3- ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. ئۇ جىنشيەن ناھىيىسىنىڭ تاۋيۈەن رايونىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ياش ئاۋانگارتلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئالدىنقى سەپكە ماددىي ئەشيا يەتكۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ياپون ئالۋاستىلىرى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، لى فا 1948- يىلى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 16- شى 6- لىيەندە جەڭچى، كاتىپ، مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. شۇ يىلى 8- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. ئىس- تۈتەك قاپلىغان ئۇرۇش ئوتىدا ئىككى قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى، ئۈچ قېتىم يارىلىنىپ، 2- دەرىجىلىك مېيىپ بولۇپ قالدى.

1950- يىل 1- ئايدا، قىسىم لى فانى يەرلىكنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىگە ئەۋەتتى. ئۇ ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى. 1951- يىل 6- ئايدا، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك 3- رايون (باي) لۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ چاغدا باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرى تۇيۇقسىز ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۇ خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇرۇق ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەپ، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ناھايىتى تېزلا داۋالغۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تۇراقلاشتۇردى. يازلىق يىغىمدىن كېيىن، دېھقان- چارۋىچىلار ئېگىز دۆۋىلەنگەن بۇغداي چەشلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن: «كومپارتىيە ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، باندىتلارنى يوقىتىپ، دېھقانچىلىققا ياردەملىشىپ، بىزنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى. بىز قەتئىي ماۋ جۇشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمىز، كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىمىز» دېيىشتى. لى فانىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قىزغىن خىزمەت قىلىشتەك ئىش- ئىزلىرى

كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

1952- يىلى، يېزىلاردا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، لى فا خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، تۇركۆل يېزىسىدا خىزمەت قىلدى. شۇ چاغدا بىز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا كۈرەش ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئۇ پارتىيىنىڭ يوليورۇقىنى ئەستە ساقلاپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. چەت، ياقا كەنتلەردىكى كىگىز ئۆيلەردە يېتىپ- قوپۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ خىزمەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئادىل ئىش بېجىرىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى تېز قانات يېيىپ، 1953- يىل 3- ئايدا ئوڭۇشلۇق تاماملاندى.

1953- يىل 3- ئاينىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، لى فا ئۆزى يالغۇز ئاتلىق ناھىيە بازىرىغا كېتىۋاتقاندا، قاراسىگىر ئەتراپىدا بىر توپ باندىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئاتقا ئوق تېگىپ ئۆلدى. ئۇ تاش ئېتىپ باندىتلار بىلەن ئېلىشتى. باندىتلار كۆپ بولغاچقا، ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، پىچاق تىقىپ، تاش بىلەن ئۇرۇپ، ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈۋەتتى. لى فا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنى قالغۇچە كۈرەش قىلدى. ئۇ شۇ يىلى 30 ياشتا ئىدى.

## ما لياڭجۈن

ما لياڭجۈن (1870 – 1957) ئەر، خۇيزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىڭشۈي ناھىيىسى جاڭجياچۈەننىڭ شاگمۇجۇاڭ كەنتىدىن. ما لياڭجۈن باللىق چاغلىرىدا يۇرتىدىكى خۇيزۇ مەسچىتىدە دىنىي تەلىم ئالغان. ياشلىق دەۋرىدە چىڭخەي، خېجۇ، چاڭئەن، پىڭلياڭ، شىجى قاتارلىق جايلارغىمۇ بېرىپ دىنىي تەلىم ئالغان.

ما لياڭجۈن 27 يېشىدا ئوقۇشىنى تاماملاپ، پىڭلياڭنىڭ شىئېرپۇدىكى مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان. 2- يىلى بېيپۇدا مەسچىتكە ئىمام بولغان.

مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەنشى مەسچىتىدىكى خۇيزۇلار ما لياڭجۈن ئاخۇنۇمنى قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىش ئۈچۈن پىڭلياڭغا ۋەكىل ئەۋەتتى. ما ئاخۇنۇم تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل كۆرۈپ، شاگىرتى لەن شيۇزەينى بېيپۇدا مەسچىتنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، قۇمۇلغا كەلدى. قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار تۈرلۈك تەييارلىقلار بىلەن ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ما ئاخۇنۇم قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەنشى مەسچىتىگە ئىمام بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، مەزھەپچىلىك قىلماي، ھەر قايسى مەزھەپتىكىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى ئادىل باشقۇردى. قۇمۇلدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ما ئاخۇنۇمنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقى، ئالىيجاناب پەزىلەتلىك بولغاچقا چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلدى. قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت ما ئاخۇنۇمنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشتى ھەمدە ما ئاخۇنۇمنى ئوردىغا ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلىپ، دۇئا- تىلاۋەت قىلدۇردى.

ما ئاخۇنۇم قۇمۇلغا كەلگىنىگە بىر يىل بولا- بولمايلا ئۈرۈمچىدىكى دۇڭگۇەنفاڭ، لاۋگۇەنفاڭ مەسچىتلىرى ما لياڭجۈننى ئاخۇنۇملۇققا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ما ئاخۇنۇم قۇمۇلدىن ئايرىلىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇردى.

# ياڭ چېڭلۇ، جاڭ گۇاڭجى

ياڭ چېڭلۇ (1936.3 - 1958.9) ئايال، خەنزۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى غەربىي شىمال ئارمىيىسىدە نامى چىققان ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال ياڭ خۇچېڭنىڭ 6- قىزى.

ياڭ چېڭلۇ كىچىك چېغىدىلا يېتىم قالغان. ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى ياڭ چېڭمىن، چوڭ ئاچىسى ياڭ چېڭگۇەنلار ئانىسى بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن يەنئەنگە بېرىپ، كومپارتىيىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەن. ياڭ چېڭلۇ شۇ چاغدا تېخى كىچىك بولغاچقا، موممىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. 1949- يىلى، شىئەن ئازاد بولغاندا ئۇ ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تولۇقسىز 2- يىللىقتىلا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قاتناشتى. 1953- يىلى، ئۇ غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىندى. 1954- يىلى، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. 1955- يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ بىرىنچى ئارزۇسى شىنجاڭغا بېرىش، ئىككىنچى ئارزۇسى سەيدامغا بېرىش ئىدى. ئۇ ئارزۇ جەدۋىلىنى تولدۇرغاندا: «ۋەتىنىمىزنىڭ ئېچىلمىغان كەڭ زېمىنىدا مول بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتماقتا، بىزنىڭ ئېچىشىمىزنى كۈتمەكتە. بىز گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى شۇكى، ۋەتىنىمىزدە كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىقلارنى ئېچىش». بۇ، ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن چاغدىكى قەسىمى ئىدى. پارتىيە تەشكىلاتى ئۇنىڭ شارائىتى جاپالىق بولغان شىنجاڭغا بېرىپ خىزمەت قىلىشىغا قوشۇلدى. شىئەندىن ئايرىلغاندا، ساۋاقداشلار ئۆزئارا ئىلھام بېرىشتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا: «ئىنقىلابىي ئەجدادلار بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزنى ئېچىپ بەردى، بىز بۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارغا ۋە ئاتا- ئانىمىزغا يۈز كېلەلەيمىز» دېدى. ئۇ ئوچۇق- يورۇق، كىشىلەرگە قىزغىن، سەممىي- ساداقەت بولۇپ، ھېرىش- چارچاشتىن قورقمايتتى. تېخنىكىنى بېرىلىپ ئۆگىنەتتى. ئۇ يىلمۇ يىل مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالاندى. ناھايىتى تېزلا مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولدى.

1958- يىل 3- ئايدا، ئۇ شىمالىي شىنجاڭ جۇڭغار نېفىتلىكىگە يۆتكىلىپ، گېئولوگىيە قىدىرىپ تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى 106- ئەترىتىنىڭ قىزلار بەنىنىڭ باشلىقى بولۇپ، قوموۇلنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىداش بولغان ئۇچكۆل چۆللۈكىگە تەقسىم قىلىنىپ، بۇ يەردە 1/10000 ماسشتابلىق خەرىتە ئىشلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

1958- يىل 9- ئاينىڭ 25- كۈنى، ياڭ چېڭلۇ 1/10000 ماسشتابلىق گېئولوگىيە خەرىتىسىگە دائىر تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۈچ كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، تەڭ ئىش باشلاشنى قارار قىلدى. بىر گۇرۇپپا ئالدىن قايتتى. بىر گۇرۇپپا كۆچۈش ئىشلىرىنى قىلدى. ئۆزى بولسا تەرجىمان جاڭ گۇاڭجى بىلەن ئۇچكۆلگە 40 كىلومېتىر كېلىدىغان تىكەنلىك بۇلاق ئەتراپىدا خىزمەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ماڭدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ھاۋا ئوچۇق ھەم سالقىن ئىدى. شوپۇر لاۋ لىيۇ ئۇلارنى بارىدىغان نۇقتىغا ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئالغىلى كەلمەكچى بولۇپ قايتىپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە، سىبىرىيىدىن كىرگەن كۈچلۈك سوغۇق ئېقىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قاتتىق بوران چىقىپ، قۇم- تاشلارنى ئۇچۇرۇپ، بىر دەمدىلا يامغۇر ياغدى، ئارقىدىنلا قار ئارىلاش جۇدۇن چىقىپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 20℃ قا چۈشۈپ قالدى. شوپۇر لاۋ لىيۇ ئۇلارنى ئالغىلى كېلىپ، كۆپ قېتىم قاتتىق سىگنال بېرىپ، ئاپتوموبىل چىرىغىنى يورۇتۇپ بەلگە بېرىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلارنى تاپالمىدى. نائىلاج يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇچكۆلگە قايتىپ كەتتى، دېھقان- چارۋىچىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ، ئەتراپنى داۋاملىق ئىزدەپ، يېرىم كېچىدە ئۇلارنى تاپتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ

چاغدا تىنىقى توختاپ بولغانىدى. 2- كۈنى، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلاردىن ئايان بولدىكى، ھاۋادا ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدەمنى باسقانغا قەدەر ئېنىقلاش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلار قالدۇرغان ئىزلاردىن قارىغاندا، ياڭ چىڭلۇ رېماتىزىم كېسىلى بار جاڭ گۇاڭجىنى ئەۋرىشكە ئېلىنىۋاتقان جايدىن نەچچە قېتىم يۆلەپ تۇرغۇزغان، 1/10000 ماسشتابلىق گېئولوگىيە خەرىتىسىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزىنى ئۇنتىغان ھالدا مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. ياڭ چىڭلۇ ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جاڭ گۇاڭجىنى يۆلەپ ئەترەتكە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۇنى تىنىقى توختاپ قالغانغا قەدەر يۆلەپ ماڭغان. ئاخىرى ئۇ يېنىدىكى گېئولوگىيە خەرىتىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئوچۇق يولنىڭ ياقىسىغا چىقىپ ئاندىن يىقىلىپ چۈشكەن.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيە قىدىرىپ تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى پارتكومى ياڭ چىڭلۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۆھپىسىگە ئاساسەن، ئۇ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان ئۇچكۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنى «چىڭلۇ تەتۈر يانتۇلۇقى» دەپ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىدى. نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومى ياڭ چىڭلۇنى «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ ئەنگە ئالدى.

1982- يىلى، جۇڭگو گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنىدا، ياڭ چىڭلۇنىڭ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان جايىنى «چىڭلۇ تەتۈر يانتۇلۇقى» دەپ رەسمىي تەستىقلىغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە بىر نېفىت گېئولوگىيە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى باشلىقىنىڭ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم گېئولوگىيىلىك قۇرۇلما نامى بىلەن ئاتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جاڭ گۇاڭجى (? - 1958.9) ئەر، خەنزۇ. 1958- يىلى ياڭ چىڭلۇ بىلەن خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى. شۇ چاغدا جاڭ گۇاڭجى گېئولوگىيە ئەترىتىگە يېڭىلا كەلگەنىدى. ئەسلى رۇس تىلى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئەترەتتە تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى چېكىنگەندىن كېيىن، تەشكىل ئۇنىڭغا مۇۋاپىق خىزمەت بېرىشنى ئويلىشىۋاتقاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن گېئولوگىيە خادىمى بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەندە، ئۇ: «ياش تۇرسام، نېمىدىن قورقاتتىم» دەپ جاۋاب بەردى. بەزىلەر: «سەن رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان» دېسە، ئۇ يەنە «مەن يۈرۈنلا ساقىيىپ بولغان» دېدى. ئۇ 106- ئەترەتكە كەلگەندىن كېيىن جاپالىق ئىشلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىپ، ئىناق ئۆتتى. گەرچە ئۇ گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئەھلى بولمىسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم يارامىلىق بىر گېئولوگىيە خادىمى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. 1958- يىل 9- ئاينىڭ 25- كۈنى كەچتە قار- شىۋىرغان بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ رېماتىزىم كېسىلى قوزغىلىپ، ئاغرىق ئازابىدىن ماڭالماي قالدى. ياڭ چىڭلۇ ئۇنى يۆلەپ بازىغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدى. ئاخىرى ھېچ ماجالى قالماي يىقىلىپ چۈشىدۇ. ياڭ چىڭلۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يەنە 300 مېتىر ئۆمىلەپ ماڭغان بولسىمۇ، ئۇمۇ ھالىدىن كېتىپ، نەپىسى توختايدۇ.

ياڭ چىڭلۇ بىلەن جاڭ گۇاڭجىنىڭ ۋەتەنگە ئۆزلىرىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھىنى ئۇچكۆل ۋە باركۆل يايلىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

## ساۋۇرباي

ساۋۇرباي (1863 – 1962) ئەر، قازاق، باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆنگەيسۇدىن. 20 يېشىدا جادىق قەبىلىسىنىڭ جارىن مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ، قەبىلە كىشىلىرىنى باشلاپ گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە ھاياتلىق يولى ئىزدەپ كۆچۈپ كەتكەن. نەتىجىدە ئۇ جايلاردىمۇ

ملىتارىست ما بۇفاڭنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان، بەزى قەبىلە باشلىقلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، تۈركىيىگە چىقىپ كېتىش توغرىسىدا دەۋەت قىلغان. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن: «مەن جۇڭگولۇق، يۇرتۇم باركۆل، مەن يۇرتۇمغا قايتىمەن» دەيدۇ. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى)، ئۇ ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ باركۆلگە قايتىپ كېلىدۇ.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندە، باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى ئوسمان باركۆل يايلىقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇ قازاقلار ئارىسىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى تۇردى. ئوسمان ساۋۇرباينىڭ قازاقلار ئارىسىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، بىرگە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى. ئەمما ساۋۇرباينىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. كەلگەن ئەلچىلەرگە: «مەن بۇ ياشقا كەلگىچە قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش- ماجىرانىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم» دېدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى قوسمان تەيجى، كۈيئوغلى ئالتۇنبەك (سابىق قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى) ئوسمان، يولۋاسلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن توپىلاڭغا قاتناشتى. كېيىن ساۋۇرباي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئازادلىق ئارمىيىگە ئوغلى ۋە كۈيئوغلىنىڭ ساتقىنلىق قىلمىشىنى پاش قىلىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئوسمان، يولۋاس دېگەن بۇ باندىتلاردىن قول ئۈزۈپ، ھەقىقەت يولىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ زەربە بېرىشى ۋە ساۋۇرباينىڭ نەسىھىتى بىلەن، ئالتۇنبەك بىلەن قوسمان ئاخىرى 800 نەچچە ئائىلىلىك قازاق چارۋىچىنى باشلاپ، ئوسمان باندىتتىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئايرىلىپ چىقتى. 1952- يىلى كۈزدە، ئوغلى ۋە كۈيئوغلى يەنە ساۋۇربايغا ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ ئاقسايغا بېرىش توغرىسىدا دەۋەت قىلغاندا، ساۋۇرباي قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇلارنى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشقا قايىل قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا، ساۋۇرباي 90 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، فاڭجېن، پەرمانلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگەندى. ناھىيە، يېزىلاردىكى يىغىنلارغا تەكلىپ قىلسا، ۋاقتىدا قاتناشتى. ئۇ ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇشتا پائال تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 1953- يىلى، شەرقىي كۆچمە چارۋىچىلىق رايونىدىكى گوگىرباي ئائىلىسىنىڭ ئاشنىسى نۇرساخات تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جەسەتنى كۈيسۇدىكى لىجياگۇ كەنتىگە تاشلىۋېتىپ، بۇنى ما فامىلىلىك خەنزۇ دېھقانغا دۆڭگەپ قويدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان 300 دەك قازاق چارۋىچىنى كۈشكۈرتۈپ، ئاتلىق لىجياگۇ كەنتىگە كەلدى. بۇ چاغدا بىر مەيدان قىرغىنچىلىق يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. رايونلۇق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قايتىلا- قايتا نەسىھەت قىلىپ توسسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ساۋۇرباينى شۇ يەرگە بېرىپ، بۇ ئىشنى كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. ساۋۇرباي ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي كېچىچە چاپالىق يول يۈرۈپ نەق مەيدانغا كېلىپ، بىر قىسىم ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان قەبىلە باشلىقلىرىنى تەنقىدلەپ، كۆپچىلىكنى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىشكە قايىل قىلىپ، نامايىتى تېزلا ئىشنى تىنچلاندۇردى. كېيىن ھەقىقىي قاتىل ئېنىقلىنىپ، مەسىلە ئايدىڭلاشتى.

1954- يىلىدىن كېيىن، ساۋۇرباي ناھىيىلىك خەلق ۋەكىلى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى. 1960- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەندى. 1962- يىل 4- ئاينىڭ 14- كۈنى 100 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئابدۇراخمان باي

ئابدۇراخمان باي (1899 – 1962 ) تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىدىن.

ئابدۇراخمان باي كىچىك ۋاقتىدا يۇرتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 21 ياشقا كىرگەندە، گۆچۈك قاتارلىق جايلاردا باشقىلارغا بوغداي ئورۇشۇپ بەرگەن، بۇ چاغدا ئۇستاز تۇتۇپ تۆمۈرچىلىك قىلغان. 22 ياشقا كىرگەندە گۆچۈگدىن باركۆلگە بېرىپ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، تىرىكچىلىك قىلغان. يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، بىر نەچچە سودىگەر بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىگە چىقىپ، يەنىلا تۆمۈرچىلىك قىلغان. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن. كېيىن يەنە ئاداق، توخۇلۇ يېزىلىرىدا تۆمۈرچىلىك قىلغان. تۆمۈر ئوچاق، تاقىلارنى توخۇلۇ، تۇركۆل، نېرىنكىر قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ، دېھقان- چارۋىچىلار بىلەن نەرسىلەرگە تېگىشكەن. بىر تۆمۈر ئوچاققا بىر قوي تېگىشكەن. كۈن، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ 300 دىن ئارتۇق قويغا ئىگە بولغان. ئۇ تۇركۆلگە كۆچۈپ بېرىپ ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولغان. تۆمۈرچىلىكنى تاشلاپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) غا كەلگەندە، ئۇنىڭ قويى 4000 غا، كالىسى 60 قا، تۆگىسى 60 قا، ئېتى 10 غا يەتكەن. ئۇ چارۋىچىلىقنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، شۇ يىلى يەم- خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۇرپانغا ئىككى قېتىمدا 1200 قوينى ھەيدەپ ئاپىرىپ، دېھقانلارغا ئاق قوناققا ئالماشقان. قوناقنى كېيىنكى يىلى بېرىشكە ماقۇل بولغان. شۇ يىلى 9- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. ئابدۇراخمان باي نېسى قالغان قوناقلارنى يىغىشقا تۇرپانغا بارمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تىرىشىپ يۈكسەلدۈرۈپ، ئۆزى مال باقتى. ھۆكۈمەت چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلغاندا، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى بىلەن يەرلىك قوينى نەسىللەندۈرۈپ، قويلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئوت- چۆپ تەييارلاپ، قوتان ياساپ، چارۋىلارنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ، قوزىلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يەر ئېچىپ ئارپا تېرىپ، بىرلىك ھوسۇلىنى 300 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، چارۋىلارنىڭ يەم- خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ چارۋىلىرى بارغانچە كۆپىيىپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم مۇكاپاتلاندى. 1954- يىلى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

1957- يىلى ئەتىيازدا، چارۋىچىلىققا قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى قۇرۇلدى. ئابدۇراخمان باي بۇ ھەرىكەتنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ، ئۆزىنىڭ 1678 تۇياق قويىنى (قىممىتى 33 مىڭ 500 يۈەن) تۇركۆل فېرمىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرېھىم فېرمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

1962- يىل 12- ئاينىڭ 21- كۈنى، ئابدۇراخمان باي كېسەل سەۋەبى بىلەن توخۇلۇ يېزىسىنىڭ قىرساي كەنتىدە 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئالتۇنبېك

ئالتۇنبېك (1896 – 1963) ئەر، قازاق، ئالتايدىن. سەككىز يېشىدا ئائىلىسى بىلەن باركۆل سارچوقىغا كۆچۈپ كەلگەن. كىچىك چېغىدا ئائىلىسى ناھايىتى نامرات ئۆتكەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتمەيلا چارۋىدارلار ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ مال چارۋىلىرىنى باققان. جاپالىق تۇرمۇش ئۇنىڭدا كىچىكىدىن باشلاپلا نامرات چارۋىچىلارغا بولغان مېھىر- مۇھەببەتنى يېتىلدۈردى. ياشلىق دەۋرىدە ئۇ باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرىپ، ئادالەتنى ياقلاپ، چارۋىچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. قەبىلە باشلىقى ۋە بايلارنىڭ ئادىل بولمىغان مۇئامىلىلىرىگە يۈرەكلىك ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ئادىل ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇۋال قىلىنغۇچىلارغا كۈچىنىڭ بارىچە ياردەم بەردى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942-

يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدىكى قازاق ئاممىسى ئۇنى بىردەك كۆچمە چارۋىچىلىق رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ سايلىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، رايون باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلاندى. شۇ يىلى قاراقاش قەبىلىسىدىكى چارۋىچىلاردىن مەشەل بىلەن داكەي بىر چارۋىدارنىڭ ئىككى قويىنى يەۋالدى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قازاق قەبىلىسىنىڭ ئوغرىلارنى «ئايىپ» قىلىش ئادىتى بويىچە ئېغىر جازا بېرىپ، ئۇلارنى 27 تۇياق ئاتنى قوي ئىگىسىگە تاپشۇرۇشنى ھۆكۈم قىلدى. ئالتۇنبېك بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەن كېسىمگە قاتتىق نارازى بولۇپ، چارۋىدارنى بەك ئاچكۆز بولۇپ كەتمەسلىككە نەسىھەت قىلدى، ھەم ساقچى باشلىقىنىڭ ئادىلسىزلىقىنى ئەيىبلىدى. ئاخىرىدا قوي ئوغرىلىغان ئىككى چارۋىچىنى بۇ چارۋىدارغا تۆت قوي تۆلەپ بېرىش ھەم كەچۈرۈم سوراشقا كېلىشتۈرۈپ قويدى. بۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپ ماقۇل بولدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، ئالتۇنبېك مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، بىر چارۋىچى چېگرىدىن چىقىپ، قوشنا دۆلەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ 20 نەچچە ئېتىنى ھەيدەپ ئەكىلىۋالدۇ. جىنايەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر ياخشى ئاتنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئالتۇنبېك بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ دېلونى ئۆزى بېجىرىپ، ئوغرىنى جازالاپ، ساقچى باشلىقىغا قانۇنغا بويسۇنۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە چارۋىچىلاردىن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، ئالتۇنبېك قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. بىر كۈنى، ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن چارۋىچى قايسانىڭ ئۆيىگە بېرىپ، سېخىي قولىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭغا قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن كىيىم- كېچەك، ئوزۇق- تۈلۈك بېرىدۇ.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 7- ئايدا، ئوسمان ئۆزىنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن، قومغان 700 ئادەمنى باشلاپ، باركۆلگە قوراللىق كېلىدۇ ھەمدە ئالتۇنبېككە بىۋاستە خەت يېزىپ، ئۇنى 10 مىڭ قازاق چارۋىچىنى غەربتىكى ئالتايغا باشلاپ، ئوسمانغا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئالتۇنبېك بۇنداق قىلىشنىڭ پايدا- زىيىنىنى ئويلاپ، غەربكە كۆچۈشنى كەسكىن رەت قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1950- يىل 4- ئاينىڭ باشلىرىدا، ئالتۇنبېك ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس قاتارلىقلارنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە ئازدۇرۇشى بىلەن توپىلاڭغا قاتناشتى. 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قورشاپ يوقىتىشى ۋە سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈشى ئارقىسىدا، ئالتۇنبېك تەھدىت ئىچىدە قالغان 800 ئائىلىلىك قازاق ئاممىسىنى ئوسماننىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىپ چىقىپ، خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپكە ئۆتتى. 1951- يىلى 3- ئاينىڭ 27- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قازاق چارۋىچىلارنىڭ 1- نۆۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى چاقىرىلىپ، ناھىيىدە قورال- ياراغلارنى يىغىۋېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئالتۇنبېك كومىتېت ھەيئىتى بولدى. ئۇ بۇ كومىتېتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، شەخسلەر قولىدىكى قورال- ياراغ، ئوق- دورىلارنى تىزىملاش- يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ئۇڭۇشلۇق تاماملىدى.

ئالتۇنبېك ئۇزاق مۇددەت شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پەيدا قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مىللىي ئىنتىقامنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە نىسبەتەن قورقۇش ۋە ئېھتىيات قىلىش كەيپىياتىدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، 1951- يىل 8- ئايدا، 20 نەچچە ئادەمنى باشلاپ، گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭغا بېرىپ، ئاقساي قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكرار تەشۋىق قىلىش، قايىل قىلىشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى. گەنسۇ ئاقسايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنى بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، تونۇشى ئۆستى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە قارىتا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە

بولدى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسى، جيۇچۇەن ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، ئاقساي رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى ساقلاش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرىدە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1954- يىل 4- ئايدا، ئالتۇنبېك ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندى. 1956- يىلى كۈزدە، ئالتۇنبېكنىڭ تەلەپ قىلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلارنى باشلاپ، باركۆلگە قايتىپ كەلدى. 1957- يىل 6- ئايدا، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. 1959- يىل 8- ئايدا، «چەت ئەلگە قاچقۇچىلار گۇرۇھى» دېگەن خاتا دېلوغا چېتىشلىق دەپ قارىلىپ، خاتا تەنقىد قىلىندى. 1960- يىل 9- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچىلىككە يۆتكەلدى. 1963- يىل 3- ئايدا، كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. 1980- يىلى باركۆل ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنىڭ 1959- يىلى خاتا تەنقىد قىلىنغانلىقىنى تۈزەتتى.

## جاڭ فېڭمىڭ

جاڭ فېڭمىڭ (1930 – 1965) ئەر، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۇشۇي ناھىيىسىدىن. 1948- يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1951- يىلى، غەربىي شىمال تۈمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىسى 1- قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ 12- ئەترىتىدە ئىشچى بولغان. 1953- يىلى، 1- قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ 3- رايونىدا ياشلار ئىتتىپاقى كادىرى بولغان. 1955- يىل 12- ئاينىڭ 14- كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1956- يىلى، 13- رايون ياشلار ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1959- يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ئاكتىپلار يىغىنىغا قاتناشتى. 1962- يىلى، 1- قۇرۇلۇش ئۇچاستكىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىسى بولدى. 1963- يىلى، قۇمۇل پاراۋوز ئۇچاستكىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە خەلق ئەسكەرلىرى لېيەنىنىڭ باشلىقى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى يىگىنىنىڭ سىياسىي رەھبىرى بولدى. 1965- يىل 6- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇلنىڭ راھەتباغ سۇ ئامبىرىدا خەلق ئەسكەرلىرىگە سۇ ئۈزۈش مەشىقى قىلدۇرۇۋاتقاندا، سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان ئىككى خەلق ئەسكىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى. شۇ يىلى ئۇ 35 ياشتا ئىدى.

1969- يىل 11- ئاينىڭ 6- كۈنى، ئاپتونوم رايون ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن جاڭ فېڭمىڭغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ نام بېرىلدى.

## ۋەن يۈلىن

ۋەن يۈلىن (1914 – 1970) يەنە بىر ئىسمى ليۇ چىڭنەن، ئەر، خەنزۇ، خۇبېي خۇاڭپۇدىن. كەمبەغەل دېھقان. 1914- يىلى تۇغۇلغان. 1930- يىلى، جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1931- يىلى، لى شيەننيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

ۋەن يۈلىن قىزىل ئارمىيىدە بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1936- يىلى 30- جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى لى شيەننيەننىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپىرىگە قاتناشقان. ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئۇ تۈمەن ۋە شىلاردا سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، جەڭچىلەر بىلەن قارلىق تاغ، سازلىقلاردىن ئۆتۈپ، جاپا، ھالاكەتنى تەڭ كۆرۈپ، قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلغان. 10- ئايدا،

قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يۈرۈش قىسمىغا ئەگىشىپ، خىشى كارىدورى ئەترابلىرىدا ئۇرۇشقا قاتناشقان. غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۈچ تارماق ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، چىليەنشەن تاغلىق رايونلىرىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغان. ۋەن يۈلىن لى شيەننيەن باشلاپ ماڭغان تارماق ئەترەتكە ئەگىشىپ 43 كۈن ئۇرۇش قىلىپ، نۇرغۇن خەۋپ- خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان قوشۇن ئەنشى ناھىيىسىگە كىرگەندە، ئەسكەرلەر جىددىي ئىچىملىك سۇغا ئېھتىياجى چۈشۈپ، ئىككى ئەسكەرنى سۇ ئەكېلىشكە ئەۋەتكەن، ئۇلار دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قۇربان بولغان. بۇ چاغدا، ۋەن يۈلىن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي سۇ ئەكېلىشكە ماڭغاندا، ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئوڭ مۈرىسىگە ئوق تېگىپ، مېيىپ بولۇپ قالغان. ۋەن يۈلىن باشلاپ ماڭغان 268- تۇەننىڭ كوماندىرى- ئەسكەرلىرى ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاپ يوقىتىش توساقلىرىنى تارمار قىلىپ، شۇ يىلى 4- ئاينىڭ 26- كۈنى، مەركەز بەلگىلىگەن ئورۇن — شىنجاڭ قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىكى شىڭشىڭشياغا 1- بولۇپ يېتىپ كەلگەن ھەم شېڭ شىسەي بىلەن تېلېفون ئارقىلىق ئالاقە قىلىشىپ، ئۇلكە ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە يولۋاسنىڭ ئالدىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى تارمار قىلغان. 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت ۋەكىللىرىدىن چېن يۈن، تېڭ دەيۈەنلەر شىڭشىڭشياغا كېلىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالغان. غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىدىكى 420 جەڭچى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، باش ئەترەت بولۇپ تەشكىللەنگەن. بۇ ئەترەت «يېڭى ئەسكەرلەر يېڭى» دەپ ئاتىلىپ، ج ك پ ۋەكىللىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە سىياسىي تەربىيە ۋە ھەربىي مەشىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ۋەن يۈلىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، پارتىيە ۋەكىلى چېن يۈن ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۆگىنىشنى تاماملاپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئىسمىنى ۋەن يۈلىنگە ئۆزگەرتتى (ئەسلى ئىسمى ليۇ چىڭئەن). تەشكىل ئۇنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلدى. كېيىن يەنە، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقارمىسىغا مۇدىر بولدى. 1942- يىلى، شېڭ شىسەي ئۇنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە تاشلىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئائىلە بىلەن باركۆلگە قايتىپ كېلىپ، ئاۋانگارتلار ئۇيۇشمىسى (ئىلغار ئىنقىلابىي تەشكىل) غا رەھبەرلىك قىلىپ، داۋاملىق ئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋەن يۈلىن باركۆل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ 1- باشقارمىسىغا يۆتكەلدى. 1960- يىلىغا كەلگەندە، قايتا پارتىيىگە كىردى. كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ شىباخۇ ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپىگە يۆتكەلدى. 1970- يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. 1978- يىلىدىن كېيىن، ۋەن يۈلىننىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى داغدۇغىلىق تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

## شىن يۈەنخۇا

شىن يۈەنخۇا (1934 – 1970) ئەر، خەنزۇ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىنشەن ناھىيىسىدىن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يەنى 1970- يىل 5- ئاينىڭ 30- كۈنى ناھەق ئۆلتۈرۈلدى. ھايات ۋاقتىدا تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل سۇ- ئېلېكتر ئۆچاستكىسىدا ئىقتىساد - پىلان خادىمى، تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن.

شىن يۈەنخۇا خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى پىكىر يۈرگۈزۈشكە، مەسىلەرنى

دائىم ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىشقا ماھىر ئىدى. ھەرگىز ئۆز كۆز قارىشىنى يوشۇرمايتتى، رەھبەرلىككىمۇ پىكىر بېرىشكە جۈرئەت قىلاتتى. ئايرىم پاسسىپ ھادىسىلەرنى ئۇچراتسا، يۈز خاتىر قىلماي تەنقىدلەيتتى. ئۇ ماركس، ئېنگېلس ۋە ماۋجۇشىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، كۆپ تەسىرات ۋە خاتىرە يازدى. مانا مۇشۇنداق بىر ياخشى كادىر 1963- يىل 7- ئاينىڭ 3- كۈنى تويۇقسىز قولغا ئېلىندى. كىشىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. ئەسلىدە شىن يۈەنخۇا 1963- يىل 2- ئايدىن 6- ئايغىچە ماۋجۇشى ۋە باشقا پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىگە ھەمدە مەملىكەتتىكى 48 گېزىت- ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە 177 پارچە خەت ۋە شېئىر يېزىپ ئەۋەتكەن. يەنە يوللاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ماقالە ۋە خەتلەرمۇ بار ئىدى.

ئۇ خەتلىرىدە: «2- بەش يىللىق پىلاننى خۇلاسىلىغاندا، بىز 100 مىليارد يۈەندەك مەبلەغنى ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمىز. ئەڭ ئاساسلىقى 600 مىليون يۈرەك ئازار يېدى»، «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتە ئىكەن. نۆۋەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، پەقەتلا ئىدىيىمىزدىكى خىيالپەرەس ۋە ئايرىم ئالاھىدە مىساللار بىلەن ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغىنىمىزدا، شۈبھىسىزكى، ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە خەلق مەنپەئىتىگە ھېچقانداق پايدىسى يوق». ئۇ خەتلىرىدە يەنە «ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا كەڭ كۆلەملىك جىددىي بوران- چاپقۇنلۇق تۈسنى ئالغان سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادىي خىزمەتنى دەسسىتىش»، «پۈتۈن كۈچنى ئىلىم- پەن ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتكە قارىتىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە، شىن يۈەنخۇانىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرى «يامان نىيەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان ۋە ماۋجۇشىغا تۆھمەت قىلغان» دەپ قارالدى. 1965- يىل 9- ئاينىڭ 15- كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت شىن يۈەنخۇانى ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايىتى بار دەپ، ئۈچ يىل رېجىم ئاستىغا ئېلىش ھۆكۈمى چىقىرىپ، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىپ ئۆزگەرتىشىگە تاپشۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967- يىل 1- ئاينىڭ 24- كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىن يۈەنخۇا ئۇچاستكىنىڭ قوغداش بۆلۈمىگە كېلىپ بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ: «نۆۋەتتە ۋەزىيەت جىددىي، ۋەزىيەتنى قانداق ئوڭشاش، دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنى قانداق ياخشىلاش توغرىسىدا مەن ماۋجۇشىغا بىر پارچە خەت يازدىم» دېدى. بۇ ئۇ يازغان 10- پارچە خەت ئىدى. خېتىدە ئۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، شەخسكە چوقۇنۇش ھەم شۇ چاغدا باش كۆتۈرگەن بەزى ئىنتايىن نورمال بولمىغان ئەھۋاللارغا قارىتا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەتىجىدە بۇ ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ھاقارەت قىلغانلىق، «جامائەت خەۋپسىزلىكىگە دائىر ئالتە ماددا» غا خىلاپلىق قىلغانلىق دەپ قارىلىپ، ئۇ قاماپ قويۇلدى. قاماق جەريانىدا شىن يۈەنخۇا 10 نەچچە قېتىم كۈرەش قىلىنىپ ئازار يېدى، جاپا چەكتى. ھەر قېتىم كۈرەش قىلىنغاندا، ئۇ ئوچۇق- ئاشكارا ھالدا ھېچنېمىنى يوشۇرماي، قىلغان- ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ سوتتا «كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق بولۇش مەسىلىسىدە، تارىخ كەلگۈسىدە مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېدى.

1970- يىل 5- ئاينىڭ 30- كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىن يۈەنخۇا ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھۆكۈمدە يەنىلا ئۆز مەيدانىنى تەكىتلەپ: «تارىخ كەلگۈسىدە توغرا خۇلاسە چىقىرىدۇ» دېدى.

1978- يىل 8- ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى شىن يۈەنخۇا دېلوسىنى قايتا قاراپ چىقتى. 1979- يىل 12- ئايدا، شىن يۈەنخۇا دېلوسى ئۇۋال قىلىنغان دېلو دەپ بېكىتىلىپ، ئىلگىرىكى ئىككى قېتىملىق دېلو ئىناۋەتسىز قىلىندى ھەم شىن يۈەنخۇانى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىپ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1980- يىل 7- ئايدا، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولداش شىن يۈەنخۇانىڭ يۇرتىدا داغدۇغىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزدى. 1981- يىلى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق

ئىشلىرى مىنىستىرلىكى شىن يۈەنخۇانى ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ ئېتىراپ قىلدى.

## يولۋاس

يولۋاس (1889 – 1971)، تەخەللۇسى جاڭ فۇ. شىنجاڭنىڭ مارالۋېشى ناھىيىسىدىن. ئاتىسى مامۇت ھوشۇربەگ قەشقەر بەگ ئوردىسىدا «مىڭبېشى» (قوغداش ئەترىتىنىڭ باشلىقى) بولغان. يولۋاس ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئانىسى، بەش ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىككى چاقىسىز قالدۇ. ئالتە ياشقا كىرگەندە (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 21- يىلى 7- ئاينىڭ 9- كۈنى)، قېيىنئاغىسى ئىبراھىم بەگ بىلەن قۇمۇلغا كۆچۈپ كېلىپ، شەھەرئىچىدىكى چوڭ مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. 2- يىلى خوسۇسىيلار ئاچقان خۇسۇسىي خەنزۇچە مەكتەپكە كىرىپ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28- يىلى (1902- يىلى) 1- ئاينىڭ باشلىرىدا، يولۋاس قېيىنئاغىسى ئىبراھىم بەگ، ئاچىسى جىنەستىخانلار بىلەن بىرگە ئىچكىرىدە سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. ۋەزىيەت قالايمىقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سودىسى كاساتلىشىپ، بېيجىڭدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا يولۋاس يىختۇەننىڭ باشلىقلىرى تەرىپىدىن «ئىلاھ لەشكىرى» بولۇشقا تۇتۇپ كېتىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، «ئىلاھ لەشكىرى» لىكىدىن قالدۇرۇلىدۇ. كېيىن چاڭشا ـ جېڭجۇ ئارىلىقىدا ئىككى يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. تۈرگۈن جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، يايما ئېچىپ مېۋە- چېۋە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دەسلەپتە كىچىك يايما ئېچىپ، ئۈچ يىل ئۆتمەيلا قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە ئۈنجى بولۇپ «فۇشىڭدې» مىلچىماللار دۇكىنى ئاچىدۇ. يولۋاس دائىم ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر بىلەن سودىلىشىپ تۇرغانلىقتىن، ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن تونۇشۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئوردىغا لازىملىق كۆندىلىك نەرسە- كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى «فۇشىڭدې» مىلچىماللار دۇكىنى تەمىنلەپ تۇرىدۇ. كېيىن شاھمەخسۇت بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ ئوردىغا چاقىرتىلىپ، دەللاللىق قىلىدۇ. يولۋاس ئىشنى ئەستايىدىل بېجىرگەنلىكى ئۈچۈن، شاھمەخسۇت ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ ھەم ئەملىنى ئۆستۈرۈپ مۇكاپاتلايدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2- يىلى (1910- يىلى) روزا ھېيتتا، شاھمەخسۇت چىڭۋاڭ يولۋاسنى ئوردىنىڭ 5- دەرىجىلىك بازاربېگى قىلىپ، ئوردىنىڭ دەللاللىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىدۇ. مىنگونىڭ 2- يىلى (1913- يىلى) روزا ھېيتتا، شاھمەخسۇت چىڭۋاڭ ئۇنى يەنە ئۆستۈرۈپ، 4- دەرىجىلىك باش دورغابەگ قىلىپ، ئوردىنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇزىدۇ. مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى)، 3- دەرىجىلىك مىرمىن مۇھۆربېگى بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ سىرتقا قارىتىلغان ئامىۋى مۇناسىۋەت، مائارىپ، دىنغا دائىر ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. شۈەنتۇڭ 3- يىلى (1911- يىلى)، يولۋاس قۇمۇل سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىنىدۇ. جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى) 12- ئايدا، قۇمۇل ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ قاتناش باشلانغاندا، يولۋاس ياڭ زېڭشىننىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۆلكىلىك قاتناش ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە ئورۇمچى ـ قۇمۇل قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. شۇ يىلى 11- ئايدا، قۇمۇل ئاتلىق قىسىم يىگىنىنىڭ يىگجاڭى، يەرلىك ئەڭ ئالىي ھەربىي ئىشلار ئەمەلدارى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يولۋاس ۋاڭ ئوردىسى ۋە مىنگو ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت قوش ئاپپاراتتا ئەمەل تۇتۇشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 18- يىلى (1929- يىلى)، جىن شۇرېن شىنجاڭغا رەئىس بولغاندىن كېيىن، يولۋاس ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. شۇ يىلى، ئۇ ۋاڭ ئوردىسىغا زەڭگى بولۇپ تەيىنلەندى. 11- ئايدا، خوشۇن زەڭگىسى، قوشۇمچە 2- دەرىجىلىك باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى. بۇ ۋاڭ ئوردىسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەرگەن ئەڭ ئالىي

مەنسەپ ئىدى.

مىنگونىڭ 19 – 22- يىلىغىچە (1930 – 1933- يىلىغىچە)، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، يولۋاس قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ۋاڭلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش غەرىزىدە بولدى. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى 1- شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. 10- ئايدا يەنە شىنجاڭ مۇستەقىل لۈيىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. يولۋاس ئۆلكىلىك قوشۇننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ باشلىقى ھەم جۇ رۇيچىنىڭ سۈمبەت ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ كىرگەندە، قوزغىلاڭچىلار تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ما جۇڭيىڭگە تاپشۇرۇپ بەردى. ما جۇڭيىڭ ئۇنى ئۇيغۇرچە- خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىكەن، ھەم زېرەك، جانلىق ئىكەن دەپ، قول ئاستىدا ئىشلىتىشنى لايىق تاپتى. يولۋاسمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ مۇددىئاسى بويىچە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، ھەم شاھمەخسۇتنىڭ نەۋرىسى بېشىر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى بولۇش كويىغا چۈشتى. ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، يولۋاس قۇمۇلنىڭ شەرقىي تەگرىتاغدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى بولۇۋالدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، يولۋاس شىنجاڭ 1- يۆنىلىش قىسمىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. 6- ئايدا، شىنجاڭنىڭ جارچى سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلەندى. ما جۇڭيىڭ 2- قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، يولۋاس يەنە ئۇنىڭ كەينىگە كىردى. ھەربىي قىسمغا ئاشلىق يىغىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن تۇرپان گارنىزون لۈيىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. كېيىنكى يىلى، ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، يولۋاس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى ھەم شېڭ شىسەيگە ھۆكۈمەتنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 28- كۈنى، شېڭ شىسەي يولۋاسنى قۇمۇل نامىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تىنچلانغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي يولۋاسنىڭ قۇمۇلدىكى ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، شۇ يىلى قۇمۇلغا 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئەۋەتىپ، قۇمۇل بازىرى گارنىزون قىسمىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆتكۈزىۋالماقچى بولدى. بۇ ۋاقىت، قۇمۇلدا ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ كۈن كەچۈرۈشى تەس بولۇۋاتقان چاغ ئىدى. ئەسلى گارنىزون قىسمىدا 1000 نەچچە ئادەم بولۇپ، كېيىن تارقىلىپ، ئاران 60 نەچچە قوغداش خادىملا قالغانىدى. يولۋاس بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن، قول ئاستىدىكىلەرنى جىددىي يىغىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قۇمۇلنىڭ 60 كىلومېتىر غەربىدىكى توغۇچىدا مۇداپىئە سېپى ئورۇنلاشتۇردى. شېڭ شىسەي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سوۋېت مەسلىھەتچىسى خېدىروسوف بىلەن ئۈرۈمچىدىكى چەت ئەل شىركىتىنىڭ دىرېكتورى تۇرسۇننى ئايرىپىلان بىلەن قۇمۇلغا مۇرەسسە قىلىشقا ئەۋەتتى. يولۋاسنىڭ ھەممە ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. بۇ چاغدا قۇمۇلدىكى ھەر ساھەدىكىلەر شېڭ شىسەيدىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. قۇمۇلغا مۇرەسسەگە كەلگەن خادىملار بۇ ئەھۋال توغرىسىدا شېڭ شىسەيگە قىسمنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېتىپ، يەرلىك ئارمىيە، ھۆكۈمەتنى يولۋاسنىڭ باشقۇرۇشىغا قالدۇرۇش توغرىسىدا جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، يولۋاس ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، گارنىزوننىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇمۇلنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆلكىدىن قۇمۇلغا كەلگەن ۋەكىللەرنى كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە سوۋېت مەسلىھەتچىسى يولۋاسنى ئەيىبلىگەندە، يولۋاس بۇنىڭغا بويسۇنماي، شۇ مەيداندىلا ئۇنى قورالسىزلاندۇرۇپ قاماپ قويدى. شېڭ شىسەي تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنى قويدۇرۇۋەتتى. كېيىن شېڭ شىسەي بىر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرىنى شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ ھەيئەت نامى بىلەن يولۋاسنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتتى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى) «12- دېكابىر» ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، جاڭ شۆلياڭ ئىككى ۋەكىلنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينى ئاسىيلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىش ھەم سوۋېتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى

بولدى. بۇ ئىككى ۋەكىل قۇمۇلغا كەلگەندە يولۋاس ئۇلارنى تونۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىشەن ۋەقەسى يۈز بەردى. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) 4- ئايدا، جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ سول قانات ئارماق ئەترىتى شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلگەندە، شېڭ شىسەي يولۋاسقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. قۇمۇل يولۋاسنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرغاچقا، شېڭ شىسەي: «ئالدى بىلەن تېلېگرامما ئەۋەتىپ يولۋاسقا ئەھۋال ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن گۇي فاڭشىڭ قاتارلىقلارنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ كومپارتىيىنى ياخشى كۈتۈۋېلىشىنى، يارىدار بولغان ئەسكەرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما يولۋاس بۇنى رەت قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى». 4- ئاينىڭ ئاخىرى، شېڭ شىسەي تانكا، زەمبىرەكلەر بىلەن يولۋاسنى بومباردىمان قىلدى. يولۋاس قىزىل ئارمىيە غەربىي يۈرۈش قىسمىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش ئىرادىسى ۋە ئۆلكە قوشۇنىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، قويرۇقىنى قىسىپ شەرمەندىلەرچە چېگرىغا قېچىپ باردى، ھەمدە ما بۇفاڭنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن نەنجىڭغا بېرىپ، ئۆزىنى جياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ جۇڭجياڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنى، يولۋاس ئىيروپىلان بىلەن نەنجىڭدىن شىنىڭغا بېرىپ، بۇ جايدىكى غەربىي گازارمىدا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىدى، ھەمدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ما بۇفاڭنى داۋاملىق چېگرىنى ئۆلكىسىگە رەئىس قىلىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى) 2- ئايدا، يولۋاس چۇڭچىڭدىكى غەربىي قىسىمدا جۇڭجياڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى. لەنجۇدىن چۇڭچىڭغا بېرىش سەپىرىدە خەنكۇدىكى ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، جەمئىيەتنىڭ كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. خەنكۇدا لياۋ يۈگېيۇ بىلەن توي قىلدى. يولۋاس يەنە قوشۇمچە سىچۇەندىكى چۇەنكاڭ ساقچى مەھكىمىسىدە جۇڭجياڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، چېڭدۇدا توققۇز يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى زور تەدبىرلەرنى بەلگىلەشتە يولۋاسنىڭ پىكرىنى ئېلىپ تۇردى.

مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى) 5- ئايدا، جۇڭگو گومىنداڭنىڭ 6- ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا يولۋاس مەركەزنىڭ تەپتىش ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى. ئىككىنچى يىلى 2- ئايدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. شۇ يىلى كۈزدە، يولۋاس چېڭدۇدىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى) 10- ئاينىڭ 16- كۈنى، يولۋاس قۇمۇل رايونىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيسى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى، گومىنداڭنىڭ قۇمۇل رايونىدىكى پارتىيە ئىشلىرى يېتەكچىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ، قۇمۇلدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ مەركىزىي دۆلەت سىياسىتى ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 2- ئايدا، يولۋاس شەرقىي شىنجاڭ لەۋھە تەقدىم قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ نەنجىڭغا بېرىپ، جياڭ جېيشىغا لەۋھە تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. گومىنداڭغا شەرقىي شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇش ۋە ئۆزى رەئىس بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇ ئىككىنچى قېتىم شەرقىي شىنجاڭ لەۋھە تەقدىم قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ لەنجۇ، شىنىڭ، يىنچۇەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، جاڭ جىجۇڭ، ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭ قاتارلىقلارغا لەۋھە تەقدىم قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇشىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىمۇ ئوخشاشلا ئەمەلگە ئاشمىدى. يولۋاس يەنە ما بۇفاڭدىن ئۆزىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇشقا كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ، داۋاملىق يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، كومپارتىيىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولۋاس قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىدى. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە، يولۋاس قۇمۇلدىكى «28-

سېپتەبىر» ئالتۇن بۇلاش دېلوسى ۋە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش خىزمەتلىرىنى باخشى ئىشلەپ، قوشۇلنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىدا بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئەمما يولۋاسنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى. 1950- يىل 3- ئاينىڭ 19- كۈنى، يوشۇرۇن توپىلاڭ پىلانلاپ، ئوسمان، جانىمقانلار بىلەن باركۆل يايلىقىدا بىرلىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە تەلۋىلەرچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن باندىتلار تارمار بولدى. ئوسمان، يولۋاسلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭخەي بىلەن شىزاڭغا بېرىپ، ئاندىن ھىندىستانغا قېچىپ باردى. 1951- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى، ئىككىنچى ئوغلى ياقۇپ، ئۈچىنچى ئوغلى ئەمەتنى ئېلىپ، ھىندىستاندىن تەيۋەنگە باردى.

گومىنداڭ تەيۋەن ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا شەرق رايونىدا تۇرۇپ قالغان شىنجاڭلىق 5000 مۇساپىرنى نەزەردە تۇتۇپ، يولۋاسنى بۇ كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئالاھىدە مەسئۇل قىلدى. 1953- يىلى، يولۋاس جياڭ جيېشىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە ھەجگە بېرىش يۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ كومپارتىيىگە قارشى ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئىككىنچى يىلى، يولۋاس ھەج تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ، مەككىدە ھەج تاۋاپ قىلدى. يولۋاس قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەيبېيدىكى مەسچىتلەرنىڭ بەك كونىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەسچىتلەرنى ئۆزگەرتىپ ياساتتى.

1971- يىل 7- ئاينىڭ 27- كۈنى يولۋاس تەيۋەندە كېسەل بولۇپ، 84 يېشىدا ئۆلدى.

## چاڭ شېڭشياڭ

چاڭ شېڭشياڭ (1913 – 1972) ئەر، خەنزۇ، يەنە بىر ئىسمى چاڭ رۇيلىن. باركۆل ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇغان. مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرلەشمە لوبى 12- لېيەنىنىڭ مۇئاۋىن لېيەنجاڭى بولغان.

جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەر شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئوسمان باندىت دائىم گۇچۇڭ بىلەن باركۆل ئارىلىقىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، دېھقان- چارۋىچىلارغا ئارام بەرمىدى. جىن شۇرېن نەچچە قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. چاڭ شېڭشياڭنىڭ لېيەنى بېيتىك تېغىنى ساقلاۋاتقان چېغىدا، ئوسمان باندىت بىلەن نەچچە قېتىم قاتتىق ئېلىشىپ، باندىتلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نامى تارقىلىشقا باشلىدى. چاڭ شېڭشياڭ تۆھپە كۆرسەتكەچكە، يىڭجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئۇنىڭ نامى بىلەن «چاڭ يىڭخۇ» (چاڭ يولۋاس يىڭى) دەپ ئاتاشتى.

مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، چاڭ شېڭشياڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىگە قاتنىشىپ، ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى)، شاڭشياۋ تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، ئۇ 383- تۇەننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خېجىڭ ناھىيىسىنى قوغداشقا بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ شۇ يەردىكى 128- لۈيىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ چەتكە قېقىشى ۋە نازارىتى ئۇنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇ بۇرھان بىلەن بولغان ئالاقە ئارقىلىق،

شىنجاڭنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، ئىلغار تەشكىلات «ئاۋانگارتلار ئۇيۇشمىسى» غا قاتناشتى.

1949- يىلى، شىنجاڭدا «25- سېنتەبىر» قوزغىلىڭى پارتلاش ھارپىسىدا، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھاننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرگە ئىگە بولدى. ئۇ بۇرھاننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، قوشۇننى تېزگىنلەپ، ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆنىڭ «ئوفىتسېر- جەڭچىلەرگە يازغان مۇراجىئەتنامە» سىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال تۆەندىكى بارلىق ئوفىتسېر- جەڭچىلەرگە ئوقۇپ بېرىپ، باشلامچىلىق بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ كاكار ۋە ئوردېنلىرىنى سۆكۈپ ئېلىۋېتىپ، تۆمۈر بويىچە گومىنداڭ بىلەن ئادا- جۇدا بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتىش ھەمدە قوراللىق تەرتىپ ساقلاش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش كۆچەيتتى. خېجىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ تەرتىپىنى ساقلىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا قاراشەھەر ناھىيىسىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، ئۇ بىر يىڭ ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ بۇلاڭچىلارنى باستۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇپ، قوماندان ۋاڭ جېننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1949- يىل 12- ئايدا، ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، چاڭ شېڭشياڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ھاقارەت كەلتۈرۈپ يازغان ئىمزاسىز خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئىشنىمۇ ئۆزى ئېنىقلاپ، ئىككى باش جىنايەتچىنى قولغا ئالدى.

1950- يىل 2- ئايدا، ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 9- جۈن 27- پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنىڭ 81- تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ بۇ مەزگىلدە بوز يەر ئېچىشقا باشلامچىلىق قىلىپ، تۆەندىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەرنى «خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش» ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، تۆمۈر بويىچە 25 مىڭ مو يەردە تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى كۈزدە، ئۇ باندىت تازىلاش 2- ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، تاغدىكى ئۇرازبەك قاتارلىق باندىتلارغا بىر ئايدىن ئارتۇق قوغلاپ زەربە بەردى. ئۇرازبەگ چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى، قالغان باندىتلارنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى، باندىتلارنىڭ باشلىقى دومالنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. باندىت تازىلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم باش قوماندان ۋاڭ جېننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى 12- ئايدا، چاڭ شېڭشياڭ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى.

1953- يىلى، چاڭ شېڭشياڭ تۇرۇشلۇق تۇەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك 9- شىسى 27- تۇەنىگە ئۆزگەرتىلدى. كېيىن چاڭ شېڭشياڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى باشقۇرۇش ۋە ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەرپا قىلدى. 1959- يىلى، ئۇ يېزا ئىگىلىك 2- شىسىنىڭ 3- باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 1962- يىلى، يېزا ئىگىلىك 2- شىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

1966- يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بەش يىل تۈرمىگە قامىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. 1972- يىل 5- ئاينىڭ 18- كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. 1979- يىل 5- ئاينىڭ 12- كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئۇنى ئۈزۈل- كېسىل ئاقلاپ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەزىيە يىغىنى ئاچتى.

## سۇلايمان موللا

سۇلايمان موللا (1891 – 1973) يەنە بىر ئىسمى چوڭ سۇلايمان، ئەر، قازاق، شىنجاڭ ئالتايدىن. 12 يېشىدا مەدرىسىدە ئوقۇپ، موللا بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ مەيلى ئالتاي، باركۆلدە بولسۇن ياكى گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا بولسۇن، قازاقلارغا ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىپ، موللا ئاتالغان. «قۇرئان كەرىم» بىلىمگە بىر قەدەر پىششىق بولغان دىنىي ئۆلىما ئىدى.

چوڭ سۇلايمان موللا شېئىرنى ياخشى كۆرەتتى. شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇ قازاقلار ئارىسىدا زور تەسىرگە ئىگە قازاق شائىر ئىدى. مىنگونىڭ 27 – 32- يىلىغىچە (1938 – 1943 - يىلىغىچە)، ئۇ باركۆلدىن بىر تۈركۈم قازاقلارغا ئەگىشىپ گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا باردى. سەپەر ئۈستىدە ئۇ قازاقلارنىڭ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ 1600 كۇپلېتلىق شېئىرى ھازىرمۇ قازاق چارۋىچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. 1953- يىلى ئۇ مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. 1956- يىلى ۋە 1961- يىلى، ئۇ باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1-، 2- نۆۋەتلىك ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى. 1963- يىلى، ئۇ مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتناشتى.

1959- يىل 4- ئايدا، چوڭ سۇلايمان موللا خاتا تەنقىد قىلىندى. 1965- يىل 3- ئاينىڭ 12- كۈنى، ئۇنىڭ مەسىلىسى خاتا بىر تەرەپ قىلىندى.

1973- يىلى، چوڭ سۇلايمان موللا باركۆل ناھىيىسىنىڭ كۆنگەيۇدا كېسەل سەۋەبى بىلەن 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

1982- يىلى، چوڭ سۇلايمان موللىنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان خاتا دېلو قايتىدىن تۈزىتىلىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## ۋۇ نەنشەن

ۋۇ نەنشەن (1913 – 1974)، ئەسلى ئىسمى ۋاڭ جېڭكۈن، ئەر، خەنزۇ. 1913- يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىنجەي ناھىيىسى نەنشى رايونى ماخې يېزىسى چىنۋەن كەنتىدە بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

1927- يىلى، ۋۇ نەنشەن يۇرتىدىكى ئۇسمۇر ئاۋانگارتلار ئەترىتى (ئىنقىلابىي تايانچ بازىنىڭ ئۇسمۇرلەر قوراللىق تەشكىلاتى) گە قاتناشقان. 1928- يىلى، جۇڭگو ئىشچى- دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، 4- جۈن 2- شى سىياسىي بۆلۈم قوغداش ليەنىدە بەنجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن. 1930- يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

1931- يىلى، قىزىل ئارمىيىنىڭ 10- شىسى تاپانچىلىقلار ئەترىتىگە يۆتكىلىپ پەيجاڭ بولغان. كېيىن موشۇ ئەترەتتە مۇۋەققەت دۈيجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن. 1932- يىلى، 10- شىنىڭ 29- تۇەن 6- لىيەنىگە يۆتكىلىپ، سىياسىي يېتەكچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1933- يىلى، 31- جۈننىڭ 93- شىسىدە شتاب ئوفىتسېرى بولغان. 1934- يىلى، 31- قىسمىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىنىپ، زىڭ جۇەنلىيۇغا كاتىپ، قوشۇمچە شتاب ئوفىتسېرى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىزچىل تۇردە زىڭ جۇەنلىيۇغا ئەگىشىپ 9- جۈن، 4- يۈنلىش ئارمىيىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىپ كەلگەن. 1937- يىل 5- ئايدا، غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. 1938- يىلى ئەتىيازدا، 8- ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. 1938- يىلى قىشتا ۋەتەنگە قايتىپ، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ قۇمۇلدىكى ئىش باشقارمىسىدا شياۋشياۋ دەرىجىلىك مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1940- يىلى، شىڭشىشيا ئىش باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، مۇدىر بولغان. 1943- يىلى، چېگرا ئىشلىرى ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ئىش باشقارمىلىرىدىكى خادىملار ئورۇمچىگە قايتۇرۇلۇپ، يېرىم يىل ئىش كۈتكەن. 1944- يىل 5- ئايدا، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. 1945- يىل 11- ئايدا، تۈرمىدىن چىقىپ باركۆلگە قايتىپ كەلگەن. 1946- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە خوجىلىق مۇدىرى بولغان. 1947- يىل 3- ئايدا «ئاۋانگارتلار ئۇيۇشمىسى» غا قاتنىشىپ، باركۆل ناھىيىسىدە تۇنجى بولۇپ ياچېيكا قۇرۇپ، شۇجى بولغان (1950- يىل 1- ئايدا ج ك پ نىڭ شىنجاڭ بيۇروسى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، «ئاۋانگارتلار ئۇيۇشمىسى» نى ئىنقىلابىي تەشكىلات دەپ ئېتىراپ قىلدى). 1950- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. 1951- يىل 8- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. 1956- يىلى كۈزدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ئورۇمچى شەھەرلىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى بولدى. 1961- يىلى، خاتا بىر تەرەپ قىلىنىپ خىزمەتتىن بوشىتىلىپ، يېزىدا نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە قاتناشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، 1974- يىل 4- ئايدا ۋاپات بولدى.

1979- يىل 6- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنى ئاقلاپ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەزىيە يىغىنى ئاچتى.

## ئېلى ھامۇت

ئېلى ھامۇت (1928 - 1975.1) قۇمۇل شەھىرىدىن. 1975- يىل 1- ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

مىنگونىڭ 30- يىلى (1941- يىلى)، ئېلى ھامۇت قۇمۇل شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ئىزچىل مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇدىر، قۇمۇل پېداگوگىكا مەكتىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1960- يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىدا تۆت يىل ئوقۇغان. كېيىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مەدەنىيەت- سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئېلى ھامۇت ماتارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بىر قانچە ئون يىلدا پائال ئۆگەندى، تەجرىبىسى مول. ئۇ تەربىيلىگەن ئوقۇغۇچىلار ھەممە يەرگە تارقالدى. ئۇ ماتارىپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ماتارىپچى.

## مەدەنىيەت زاكارىيا، بەختىگۈل

مەدەنىيەت (1964 – 1979) ئەر، قازاق، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سارچوقا كۆكشى 1- چوڭ ئەترەت سەيبارە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، پىئونېر.

بەختىگۈل (1960 – 1979) ئايال، قازاق، باركۆل شىباگياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى نەسىللىك چارۋا ئەترىتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 2- يىللىق ئوقۇغۇچىسى، پىئونېر.

1979- يىل 4- ئاينىڭ 10- كۈنى ئەتىگەندە، يايلاقتا ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. ئەمما چۈشتە تۇيۇقسىزلا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قاتتىق بوران چىقىپ، قار- شىۋىرغان يايلاقنا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى قار- شىۋىرغان توپتوغرا ئۈچ كېچە- كۈندۈز داۋاملاشتى. بوران 10 بالغا يېتىپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 20℃ قا چۈشتى. مەدەنىيەت بىلەن بەختىگۈل كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرىنى قوغداش يولىدا قار- شىۋىرغان بىلەن ئېلىشىپ، ياش ھاياتىنى قەھرىمانلارچە تەقدىم قىلدى.

شىباگياڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى پارتكومى ۋە سارچوقا كۆكشى پارتكومى ئىككى كىچىك قەھرىمانغا «يايلاقتىكى كىچىك گالىستۇكلۇقلار» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. سارچوقا كۆكشى ئىتتىپاق كومىتېتى مەدەنىيەتنى «شەرەپلىك ئىتتىپاق ئەزاسى» دەپ ئەتىگە ئالدى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك كومىتېتى بەختىگۈلگە «مۇنەۋۋەر پىئونېر»، مەدەنىيەتكە «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» دېگەنناملارنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ياش- ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا بۇ كىچىك قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالدى.

## ما چىرۋىك

ما چىرۋىك (1930 - 1979.8) ئەر، خەنزۇ، بېيجىڭ شەھىرى فېڭتەي رايونىدىن. 1955- يىلى بېيجىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. 1955 – 1958- يىللىرىچە، شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى 1- تەكشۈرۈش- ئۆلچەش- لايىھىلەش ئەترىتىدە خىزمەت قىلدى. جاپا مۇشەققەتكە چىداپ ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1956- يىل 8- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ياش ئاكتىپلار يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇنىڭغا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئاكتىپى» دېگەن نامنى بەردى. 1958 - يىلدىن 1959- يىل 8- ئايغىچە، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە سۇچىلىق بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1959- يىل 9- ئايدا، باركۆل ناھىيىلىك سۇچىلىق بۆلۈمىگە يۆتكەلدى. 1959 – 1979- يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ھاۋا كىلىماتى سوغۇق، چەت- ياقا باركۆلگە بېغىشلىدى. ئۇ باركۆلنى قىزغىن سۆيۈپ، باركۆلنى 2- يۇرتۇم دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ: «بۇ يەردە سۇ كەمچىلىكەن، ئۆگەنگەن كەسپىمنى تازا جارى قىلدۇرغىدەكمەن» دەيتتى. ئۆزىنى داڭلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دەپ تەمەننا قويمايتتى. ئۇدا ئۈچ نۆۋەت

ناھىيىلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. ئۇ خىزمەتتە ھېرىپ-چارچاشتىن قورقمىدى، قاراغول ئۆستەڭگىنى ياسىغاندا، ئۇ ھەر كۈنى پىيادە 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىش ئورنىغا بېرىپ كېلەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئىش ئورنىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، چىلبۆرىلەرگە ئۇچراپ قېلىپ، قارلىق ئايلانما يول بىلەن يېرىم كېچىدە ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. شىرىنتېرى ئۆستەڭگىنى ياسىغاندا، ناھىيە بازىرىغا كېتىۋېتىپ، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن يول ياقىسىدا ھوشىدىن كېتىدۇ. بىر دېھقان ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. 1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر قانداق ئامىۋى تەشكىلاتلارغا قاتناشماستىن، پۈتۈن زېھنىنى سۇ قۇرۇلۇشىغا بېغىشلايدۇ. ناھىيىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە سۇيىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ما چىرۇڭ قۇرۇلۇش لاھىيىسىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، ئاز پۇل خەجلەپ كۆپرەك ئىش قىلىشقا تىرىشتى. كۆڭگىرەكغول سۇ باشلاش ئۆستەڭگىنى چاپقاندا، ئۇ كۆپ قېتىم جىلغىغا بېرىپ، پىشقەدەملەردىن ئورغۇن ماتېرىياللارنى ئىگىلىدى. ئاخىرى ئۈچ خىل لايىھىنى تاللاپ چىقىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئېقىش مۇساپىسى قىسقا، سېلىنمىسى ئاز، ئۈنۈمى ياخشى بولغان بىر تۈرنى بېكىتتى. بۇ قۇرۇلۇش رەھبەرلەر ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ما چىرۇڭ ئىزچىل ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇردى. 1971- يىلى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت كۆيسۇ كۆڭشېسىدا چىلىك سۇ ئامبىرىنى ياساشنى قارار قىلدى. ئامبارنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 10 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ لايىھەلەندى. ما چىرۇڭ دادىللىق بىلەن ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىگە: «بىر تەرەپتىن ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن لايىھەلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان بۇنداق ئۇسۇل ئىلمىي ئەمەس، بۇنداق قىلىش قۇرۇلۇش تەرتىپىگە خىلاپ، سۇ رايى ماتېرىيالى پەقەت سۇيى كۆپ بىر يىلنىڭلا ماتېرىيالى، بۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. ئامبار چۆرىسىنىڭ تۇپراق قاتلىمى نېپىز، ئامبار قۇرۇش ئۆلچىمىگە توشمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ تەشكىلنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشىنى كۆپ قېتىم ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. نەتىجىدە تەخمىنەن 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ ئامبار قۇرۇق ئامبارغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئەمەلىيەت ما چىرۇڭنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىشقا ما چىرۇڭ بىر ئۆمۈر ئەپسۇسلىنىدۇ.

20 يىلدا ما چىرۇڭ باركۆلدىكى نۇرغۇن نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا قاتناشتى. ئۇلار: ئىتتىپاق سۇ ئامبىرى، كۆڭگىرەكغولدىن سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، شىرىنتېرى قاراغول ئۆستەڭگى، كۆنگەيسۇ ئامبىرى، غەربىي قاراغول نەنيۈەنزى ئۆستەڭگى، چىلىك سۇ ئامبىرى، ئۇچكۆل ئامبىرى، كۆيسۇ غول ئۆستەڭگى، شياۋلىيوخې ئۆستەڭگى، يامانسۇ ئامبىرى، ئات يولى سۇ ئامبىرى، خوگشەن سۇ ئېلېكتر پونكىتى قاتارلىقلار. 1973- يىلى، ما چىرۇڭ باركۆل ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1979- يىلى ھەددىدىن زىيادە چارچاش سەۋەبىدىن، كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندىمۇ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى تەرەققىيات پىلانىنى بېكىتتى.

## چېن گۇاڭسى

چېن گۇاڭسى (1935 - 1979.6) ئايال، خەنزۇ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چۇڭچىڭ شەھىرىدىن. 1954- يىلى، ئەنخۈي ئۆلكىسى خۈەينەن كۆمۈر كان سانائەت تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن. 1960- يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن. ھايات ۋاقتىدا قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ ئىنژېنېرى ئىدى.

چېن گۇاڭسى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خۇنەن گېئولوگىيە 455- تەكشۈرۈش ئەترىتى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك

قۇشۇن كان ئىشلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيە باشقارمىسى ۋە شىنجاڭ قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانى گېئولوگىيىلىك تۈلچەش بۆلۈمى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئىنژېنېرلار ئىشخانىسى، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەپ، گېئولوگىيىلىك تۈلچەش تېخنىكى، ئىنژېنېر، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

چېن گۈاڭسى خىزمەتكە قاتناشقان 25 يىل جەريانىدا، خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئەستايىدىل ئىشلەپ، ھاردىم-تالدىم دېمىدى. قۇشۇن كان ئىشلىرى ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، دالا خىزمىتىنى جاپاغا چىداپ ئىشلىدى. 1958-يىلى، چېن گۈاڭسى پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى پائال تەلەپ قىلدى. تارانچى كان رايونىغا كەلگەن ۋاقىت دۆلەت ئۈچ يىل خەلق ئىگىلىكى قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن مەزگىل بولۇپ، كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، مۇھىتى ناچار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى بىلەن كان رايونىدىكى كەڭ كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن بىرگە دالىدا يېتىپ قوپۇپ مەشغۇلات قىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. ئۇ دائىم نەق مەيداندا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كاننىڭ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەپ، كان رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا كېرەكلىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ خىزمەتتە ئاكتىپ، كەسپكە پىششىق، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، 1960-يىلدىن كېيىن، گېئولوگىيە قىدىرىپ تەكشۈرۈش بويىچە ياردەمچى ئىنژېنېرلىقتىن ئىنژېنېرلىققا ئۆسۈپ، تۇنجى ئايال ئىنژېنېر بولۇپ قالدى.

1979-يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى، چېن گۈاڭسى يامان كېسەللىك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## ھاپىز نىياز

ھاپىز نىياز (1902 – 1982) قۇمۇل ناھىيىسى راھەتباغ يېزىسىدىن. دادىسى نىياز قۇمۇلنىڭ ئاخىرقى ۋاڭى شاھمەخسۇت تەرىپىدىن جازالىنىپ، شىڭشىڭشياغا سۈرگۈن قىلىنغاندا، سەپەر ئۈستىدە قاتناش ھادىسىسى بىلەن قازا قىلغان. كېيىن ھاپىزنى شەھەرئىچىدىكى ھاجى دېگەن ئادەم بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، تىرىشچان، زېرەك، چېچەن بولۇپ، نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىۋالغان. قىرائەت قىلىش، رەسىم سىزىش، سىرچىلىق، نەققاشلىق، ئىككۆچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەنگەن. ئۇزۇن يىللار ئۇستازى ئابدۇرېھىمغا ئەگىشىپ ۋاڭ ئوردىسى، مەسچىتلەر ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئويمىچىلىق، زىننەتلەش ئىشلىرىنى قىلغان. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «سىرچى ھاپىز» دەپ ئاتايتتى. ئابدۇرېھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئۆيلىرىنى زىننەتلەش ئىشلىرىنى قىلدى. ئۇنىڭ ۋاڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ جەرياندا ئۇ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تارىخىغا دائىر نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ دىنىي بىلىمى خېلى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىمۇ بەلگىلىك ماھارەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ يازغان ھۆسنخەتلەر كۆركەم، ئېنىق، راۋان بولۇپ، كۆرگۈچىلەر ماختاپ ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

ھاپىز ئۇستا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى قەيس غوجام مازىرىدا شەيخلىق قىلىپ ئۆتكۈزدى. ئۇ يەنە «قۇمۇل تارىخى»، «قۇمۇل ۋاڭلىرى تارىخى»، «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىدىن خاتىرىلەر» قاتارلىق 1000 نەچچە بەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى يازدى. بۇ قوليازمىلار، ھۆسنخەتلەر تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي

قىممەتكىمۇ ئىكە.

1982- يىلى، ھاپىز ئۇستام كېسەل سەۋەبى بىلەن قەيس غوجام مازىرىدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

## جى گۇەنفۇ

جى گۇەنفۇ (1930 - 1983.6) ئەر، خەنزۇ، قۇمۇلدىن. مىنگونىڭ 35 – 37 - يىلىغىچە (1946 – 1948 يىلىغىچە) قۇمۇلدا تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، قۇمۇل تاشيۈلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىلى ئۈرۈمچى 1- دارىلمۇئەللىمىن تەنتەربىيە سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ھەم مەكتەپتە چېنىقىشلا ئارمىيىسىگە قاتناشقان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، 3- باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1954- يىلى، ناھىيىلىك 1- باشلانغۇچ مەكتەپتە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. شۇ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1956- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدا كاتىپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1982- يىلى، تۇرپان ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ كەسپىي كادىرى بولدى. 1983- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدا ئارىيەت بىلەن ئىشلەپ، ۋېلسىپىت مەشىق قىلىش كوماندىسىنىڭ يېتەكچىسى بولدى. ئۇ تەيۋەن، شەرقىي شىمال قاتارلىق جايلاردا كوللېكتىپ مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، بەختكە قارشى ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، شۇ يىلى 6- ئاينىڭ 16- كۈنى 54 يېشىدا ۋاپات بولدى.

جى گۇەنفۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن تەنھەرىكەتچى بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىدە كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1952- يىلى شىنجاڭ كوماندىسىغا تاللىنىپ، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشتى ھەمدە مارشال خې لۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، بىرلىكتە خاتىرە رەسىمگە چۈشتى. 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا پارتىيىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش مائارىپ فاڭجېنى بويىچە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، تەنتەربىيە - سەھىيە، ئاساسىي تەنتەربىيە نەزەرىيىسى، يېنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا، توپ تۈرلىرى قاتارلىقلار مۇۋاپىق ئەمگەك بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تەسىس قىلدى. ئۇ كۆپ قېتىم قۇمۇلنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدا تىرېنېر بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. 1953- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل ۋىلايىتى كوماندىسىدىكى 32 تەنھەرىكەتچى شىنجاڭ بويىچە 1- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشقاندا، جى گۇەنفۇ مۇئاۋىن كوماندا يېتەكچىسى ۋە تىرېنېر بولۇپ، كوماندا ئەزالىرىنى تەشكىللەش، تاللاش، مەشىق قىلدۇرۇش ۋە تۇرمۇشىنى باشقۇرۇش، مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇش جەھەتلەردە جاپالىق ئىشلەپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرىدا ئومۇمىي نومۇر بويىچە كوللېكتىپ 3- لىككە ئېرىشىپ، ئالتە لەۋھەنى قولغا كەلتۈردى ۋە «تەنتەربىيە خىسلىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جى گۇەنفۇ 1956- يىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان، ئەسلىدىكى تۈرلەر ئاساسىدا يەنە مۇز تېيىلىش، قارىغا ئېتىش، پۇتبول، پلانېر قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىنى تەسىس قىلدى. ئۇ قۇمۇل ۋىلايىتى كوماندىسىنى باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، خېلىلا ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، قۇمۇلغا شان- شەرەپ كەلتۈردى.

جى گۇەنفۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى تەنتەربىيە ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇ بىر ئاددىي تەنھەرىكەتچى ۋە ئاساسىي قاتلام تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن تەدرىجىي ھالدا مەملىكەت تەنتەربىيە كەسپىي كادىرى بولۇپ يېتىشتى. خىزمەت جەريانىدا يولداشلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، ئاممىۋى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، ھېرىپ-چارچاشتىن قورقماي، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، قۇمۇل، تۇرپان ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزلىرىنى قالدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيە سېپىدە 30 يىل ئىشلىگەن پېشقەدەم خىزمەتچى بولۇپ، ئالاھىدە تەقدىرلەشكە ئېرىشتى.

## لى زىشيۇ

لى زىشيۇ (1901 – 1983) ئەر، خەنزۇ، گەنسۇنىڭ جىڭچۇەن ناھىيىسىدىن. قۇمۇلدا تۇغۇلغان. دادىسى لى كەيرېن قۇمۇلدا نۇرغۇن يىللار سودىگەرچىلىك قىلىپ، «يىشۇنشى» تۆگە كارۋان سارىيى ئېچىپ بېيىغان ھەمدە قۇمۇلدىكى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. لى زىشيۇ ياشلىق دەۋرىدە سودىگەر بولغان. تۇغقىنى جاڭ يۈرۇ بىلەن «يىشۇنشى» نى بىرلىشىپ باشقۇرغان. ئۇنىڭ 200 ئېغىز ئۆيى، ئىككى ئاپتوموبىلى يەنە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدا 70 مو يېرى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ماجۇڭيىڭ 2- قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغاندا، لى زىشيۇ ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن غەربكە بارغان، كېيىن جىمساردا تۇرغان. مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى) قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، داۋاملىق سودىگەرچىلىك قىلغان. كۆمۈرچىلىك شىركىتى ۋە ئېلېكتر ئىستانسىسىدا دىرېكتور، سودا-سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىگە قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشقان.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، لى زىشيۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈردى. 1950- يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، قۇمۇل ناھىيىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، مەملىكەتلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك پاراۋانلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ۋە يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە، تۈرلۈك دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە كاپىتالىستىك سودا- سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، دۆلەت ۋە خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كوپېراتىپ قۇرۇش ھەرىكىتىگە پائال ئاۋاز قوشتى. 1950 – 1960- يىللىرى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 2-، 3-، 4-، 5- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە 2-، 3-، 4-، 5- نۆۋەتلىك ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، لى زىشيۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە يېزىغا چۈشۈرۈلدى. 1978- يىلدىكى

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى بولدى. 1983- يىل 9- ئاينىڭ 11- كۈنى لى زىشيۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن قۇمۇلدا ۋاپات بولدى.

## سايىم ھاپىز

سايىم ھاپىز (1902 – 1983) قۇمۇل شەھەرئىچىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا دادىسىغا ئەگىشىپ ھۈنەر ئۆگەنگەن. تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق ۋە باشقا ھۈنەرلەرگە چېۋەر ئىدى. 1930- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، موتسىكلىت، ئاپتوموبىل رېمونت قىلغان ھەمدە پاختا، ئۇن، ياغ زاۋۇتلىرىدا ئىشلىگەن. قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت – شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قۇمۇل ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق كۆن - خۇرۇم پىششىقلاش زاۋۇتىدا رېمونتچى بولغان. بۇ جەرياندا سوۋېتلىك ئۇستىلاردىن كۆپ ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ، تېخنىكىسى تېخىمۇ ئاشقان. 1940 – 1950- يىللىرى، قۇمۇلدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، تۈرلۈك ئاپتوموبىل، ئۇسكۈنە رېمونتچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. 1956- يىلى تۆمۈرچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قاتناشتى. بۇ كوپېراتىپ 1958- يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتقا ئايلاندى. كېيىن بۇ زاۋۇت ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش – ياساش زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلدى.

سايىم ئۇستام گەرچە سىستېمىلىق مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقىلاردىن ئەقىللىق، زېھنى ئۆتكۈر، قولى چېۋەر، تەجرىبىسى مول بولۇپ، سىلىسارلىق، تۆمۈرچىلىك، ماشىنىسازلىق، رەندىچىلىك، قۇيمىچىلىق، شىلىش- يونۇش ئىشلىرىدىن ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغىنى يوق ئىدى.

مىنگو دەۋرىدە، سايىم ئۇستام قۇمۇلدا «ئۇستام» نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، باشقىلار رېمونت قىلالمىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلاتتى. كەم زاپچاسلارنى سەپلەپ بېرەلەيتتى. مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى، شامال ساندۇقى قاتارلىقلارنى ياسىيالايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سايىم ئۇستامنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1960- يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ ناھىيىلىك كۆن- خۇرۇم زاۋۇتىغا ھەمكارلىشىپ، تېرە قىرىش ماشىنىسى ياساپ بەردى. ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بوتۇلكا ئاغزىنى ھىملەش ماشىنىسى ياساپ باردى. پوچتا ئىدارىسى، باسما زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ماشىنا- ئۇسكۈنىلىرىدە كۆرۈلگەن نورغۇن قىيىن كاشىلىلارنى ھەل قىلىپ بەردى. مەسىلەن، ئەسلى زاپچاس كاردىن چىقىپ، يېڭى زاپچاس تېپىلمىغاندا، ئۇ شۇ سايمانغا تەقلىدىي ئۇسۇلدا يېڭى سايماننى ئەپچىللىك بىلەن ياساپ چىقىپ، ماشىنا، ئۇسكۈنىلەرنىڭ نورمال خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرەتتى.

ئۇ ياسىغان پىچاقلارنىڭ سۇغىرىش تېخنىكىسى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇزۇن يىللار ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئۇ ياسىغان شامال ساندۇقلىرىنىڭ شامال كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ياسىغان مىللىي چالغۇ ئەسۋابلاردىن تەمبۇر، دۇتار، غېجەكلەر نەپىس، چىرايلىق، ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. ئۇ ياسىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ساندۇقى زاۋۇتتا ياسىغاندەك ئۆلچەملىك ئىدى. ئۇ ھەتتا ئادەتتىكى ئىستانوك بىلەن يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنى (1960- يىللاردا رېمونتچىلىق زاۋۇتىدا تىنچلىق ۋە ئۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىپ بىر دانە ياساپ بەردى) ياساپ چىقتى.

سايىم ئۇستام 1973- يىلى پېنسىيىگە چىقتى. 1983- يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## شېن لىك

شېن لىك (1913 – 1994) ئايال، خەنزۇ، لياۋنىڭ ئۆلكىسى شىنياڭ شەھىرى شەھەر ئەتراپى جىنجيادۇڭلۇق. 1933 – 1935- يىللىرىچە، بېيجىڭ شىگجى ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە شەرقىي شىمال مۇساپىرلار كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1935- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، خېنەن كەيفېڭگە بېرىپ، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان، 1936- يىلى كۈزدە شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىجتىمائىي پەنلەر سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان. شۇ يىلى جۇڭخۇا مىللىي ئازادلىق ئاۋانگارتلار ئەترىتىگە قاتناشقان. 1937- يىل 10- ئايدا، لى يى (ئۇنىڭ يولدىشى) مېيجې، خۇمىن، گاۋخۇڭ، سۈي ۋۇ قاتارلىق ئالتە ئادەم بىلەن تەييۈەندىن يەنئەنگە پىيادە بېرىپ، شىمالىي شەنشىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان. شۇ يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن.

1938- يىل 3- ئاينىڭ 2- كۈنى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنى شىنجاڭغا خىزمەتكە تەقسىم قىلغان. ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەنلەر لى يى، جۇ دەنخۇا، گو يىجىن، جاڭ دۇگېۋ، چې تيەنمىن، ۋاڭ يۈنشۈ قاتارلىقلار. ئۇلار 4- ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 8- ئايدا لى تاۋ (لى يىننىڭ باشقا ئىسمى) جاڭ دۇگېۋ، ليۇ شىپىڭ (1943- يىلى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان) قاتارلىق تۆت ئادەم بىرگە قۇمۇل ۋىلايىتىگە خىزمەتكە كەلگەن. شىن لىڭ قۇمۇل قىزلار يۇقىرى يىللىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، قۇمۇل ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ قاتنىشى، ئالاقىلىشىش ئىشلىرى قۇلايسىز ئىدى. شېن لىڭ ئەدەبىي سەنئەت، ناخشا ئېيتىش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلدا «سۇڭخۇاجياڭ بويىدا»، «قىلىچ مارشى»، «يەنئەنگە مەدھىيە» قاتارلىق ناخشا سادالىرى ياڭرىغان. ئۇ يەنە قىزلار مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەشۋىقات ئەترىتىگە قاتناشتۇرۇپ، كوچىلاردا «قامچاڭنى تاشلا»، «لۇگوچياۋ كېچىسى» قاتارلىق كوچا ئويۇنلىرىنى ئورۇنداپ، كىشىلەرنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىغان. شېن لىڭ قۇمۇلدا ئۈچ يىلغا يېقىن خىزمەت قىلغان. 1942- يىلى، شېڭ شىسەي ئانالمىش كوممۇنىستلارنىڭ «12- ئاپرېل زوراۋانلىق دېلوسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ج ك پ نىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىنى نەزەربەنت قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلىدى. شېن لىڭ تۈرمىدە دۈشمەن بىلەن قەيسىرانە كۈرەش قىلدى. ئىدىيىسى تەۋرىنىپ قالغان يولدىشىنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىنقىلابىي مەيداندا چىڭ تۇرۇشىغا ياردەم قىلدى. غەزەپلەنگەن دۈشمەنلەر شېن لىڭنى ئايرىم تۈرمە كامېرىغا سولاپ، يالغۇز سوراق قىلدى. ئاخىرى «12- ئاپرېل دېلوسى» نى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنىڭغا سەككىز يىللىق جازا ھۆكۈم قىلدى. سوراققا تارتىلغان 15 كوممۇنىست ئىچىدە ئۇ بىردىنبىر ئايال ئىدى، شۇڭلاشقا تۈرمىدە ئەڭ ئۇزۇن ياتقان ئايال يولداش ئىدى. ئۇ كامېردا دۈشمەن بىلەن يېگانە ئۈچ يىل كۈرەش قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ يالغان- ياۋىداق سۆزلىرى، قاتتىق- يۇمشاق بېسىملىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. 1946- يىلى، ئۇ باشقا سەپداشلىرى بىلەن تۈرمىدىن چىقىپ، يەنئەنگە قايتتى.

# نىياز توختىنىياز

نىياز توختىنىياز (1905 - 1984.7) قۇمۇل ناھىيىسى راھەتباغ يېزىسى چاگغۇ كەنتىدىن. قۇمۇلدىكى داڭلىق يول باشلىغۇچى ۋە تېۋىپ.

مىنگونىڭ 9- يىلى (1920- يىلى)، نىياز ئۇردا تېۋىپلىرىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگەنگەن، قوشۇمچە ۋاڭنىڭ مېۋىلىك باغلىرىغا قارىغان.

مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى)، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن، سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىن رەخت، قۇمۇلدىن قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىپ، گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ، ئەنشىلەرگە ئېلىپ بېرىپ، چايغا تېگىشكەن. ئۇنىڭ قۇمۇلدا باسمىغان ئۆتەڭ يوللىرى قالمىغان.

مىنگونىڭ 26- يىلى (1937- يىلى)، ئۇ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8-پولكقا يول باشلاپ، قۇمۇل خەرتىسىنى ئۆلچەپ سىزىش خىزمىتىگە ھەمكارلاشقان. بۇ قېتىملىق يول باشلاش دائىرىسى شىمالدا جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى قاپتىك تاغلىرىنىڭ سوخەيتۇ، تۆمۈرتامغىچە، غەربتە چوگتاش، سەنجاپارغىچە، شەرقتە شىگشىگشىيا، سۈزۈك سۇ ۋە چىغىرتماقلىققىچە، جەنۇبتا لوپنۇر كۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ يەنە كىرورەن قەدىمىي شەھىرىدە سەككىز كۈن تۇرغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ئۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باندىت تازىلاش قىسمىغا بىر يىلدىن ئۇشۇق يول باشلىغان. 1956- يىلدىن باشلاپ، ئۇ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ جاگىيېدىن قۇمۇلغىچە بولغان بۆلۈكىدە ئىشلەۋاتقان قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ئۈچ يىل يول باشلىغان. كېيىن گېئولوگىيە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە سەككىز يىل يول باشلىغان. 1966- يىلى، ھەربىي قىسىمنىڭ ئۆلچەش- سىزىش ئەترىتىگە تۆت يىل يول باشلىدى.

1970- يىلدىن كېيىن، گۆگشېدا ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە 10 شاگىرت تەربىيىلەپ چىقتى ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

# سېيىت قۇربان

سېيىت قۇربان (1920 - 1985.10) قۇمۇل تەگرىتاغ يېزىسى نېرناسىدىن.

مىنگونىڭ 28 – 35 - يىلغىچە (1939 – 1946 - يىلغىچە)، نېرناسى كەنتىدە كەنت باشلىقى، تەگرىتاغ رايونىنىڭ باۋجاڭى، تەگرىتاغ ـ شارلار تاغلىرى بىرلەشمە رايونىنىڭ رايون باشلىقى، تەگرىتاغ ـ شارلار تاغلىرى رايونلىرىدا يېزا باشلىقى بولغان. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) قوغدىنىش ئەترىتىنى تەشكىللىگەن.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 9- ئاينىڭ 28- كۈنى، قوغدىنىش ئەترىتىدىكى 1000 دەك ئادەمگە رەھبەرلىك قىلىپ، كۆشۈتە دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوزغىغان. كۆشۈتىدىكى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر تۆەنى ۋە ساقچىخانىسىغا زەربە بەرگەن. كېيىن ئىلىغا بېرىپ، ياش پارتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللىگەن. قايتىپ كېلىپ قۇمۇل پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرى ۋە ئازاد رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن،

ئۆنىڭغا «سېپىت باتۇر» دېگەن نام بېرىلگەن. 1950- يىل 1- ئايدا، مىللىي ئارمىيە 3- يىڭى قوشۇلغا كېلىپ ئۇرۇنلاشتى، سېپىت قۇربان ئۇلارغا ئەگىشىپ ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئاراتۇرۇكنىڭ تۇركۆل، باركۆلنىڭ كۆكتىكە تاغلىرىدا باندىت تازىلاشقا قاتناشتى.

1950 – 1962- يىلغىچە، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىمى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

1962- يىلى «ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تەشكىللىگەن» دېگەن تۆھمەت بىلەن 18 يىللىق جازا ھۆكۈم قىلىندى. 1980- يىلى ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985- يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

## ياڭ ۋەنيۇ

ياڭ ۋەنيۇ (1916.9 - 1985.7) ئەر، خەنزۇ. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ توڭۋېي ناھىيىسى ياڭجياسۇن كەنتىدىن. 1949- يىل 9- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقاندىن كېيىن، قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن. 1956- يىل 12- ئاينىڭ 18- كۈنى كومپارتىيىگە كىرگەن. ئارمىيىگە قاتناشقاندىن كېيىن، جەڭچى، مۇئاۋىن بەنجاڭ، بەنجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1952 – 1955- يىلغىچە، تۆت قېتىم 2- ۋە 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. كېيىن كۆپ قېتىم شى ۋە تۇمەن تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالاندى. 1956- يىلى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاكتىپلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. 1957- يىلى، بىڭتۇەن بويىچە 1- دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك سۇ ئىنشائاتى، يېزا خىزمىتى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

ياڭ ۋەنيۇ بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى قىزىلىۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىدا 1952- يىلدىن باشلاپ چوشقا باقتى. ئۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل تىرىشىپ ئىشلەپ، تۈرلۈك تېخنىكىلىق چارە- تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. 1956- يىلى، ئۇ باققان 20 چوشقىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى 99.2% كە يەتتى. 1957- يىلى، ئۇ باققان 27 چوشقىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى بىڭتۇەن بويىچە يېڭى رېكورت ياراتتى. ئەمگەك ئىش ھەققى تۆرىدىلا دۆلەتكە 7500 يۈەن ساپ پايدا تاپشۇردى.

ياڭ ۋەنيۇ خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، چوشقىلارنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى باقتى. بىر قېتىم چوشقىلارغا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا، ئۇ قاتتىق سوغۇققا قارىماي، ئۇدا 20 نەچچە كۈن ياخشى ئۇخلىماي، ھەممە چوشقىلارنى بىخەتەر ساقلاپ قالدى. بىڭتۇەن كىشى بېشىغا 20 چوشقا بېقىشنى ۋەزىپە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ 54 چوشقىنى بېقىپ، بىڭتۇەن بەلگىلىگەن نورمىدىن 270% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

چوشقىلارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ چوشقىلارنىڭ يەم- خەشەك بىلەن بېقىلىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. چوشقىلارنىڭ بوغاز مەزگىلىدىكى يەم- خەشەكنى تەڭشەش ۋە مىقدارىغا دىققەت قىلىپ، كالتسىي، فوسفور قاتارلىق تەركىبلەر مول بولغان يەم- خەشەكلەرنى مۇۋاپىق كۆپەيتتى. ئەي بولۇش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، چوشقا كۈچۈكلىرىنى ئايرىم سېۋەتتە بېقىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسسىق ساقلاشقا ئەھمىيەت

بەردى، تۇغدۇرۇش ۋاقتىدىكى دېزىنفېكسىيە تازىلىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەردى. ياڭ ۋېنيۇ چوشقا بېقىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، چوشقا بېقىشقا دائىر تەجرىبىلەرنى باشقا يولداشلارغا ئەتراپلىق سۆزلەپ بەردى. دائىم باشقىلارنىڭ قوتانلىرىنى تازىلاپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش تۈزۈملىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، چوشقىلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ياڭ ۋېنيۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما باشتىن- ئاخىر ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ھەق- ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، بىر پېشقەدەم نەمۇنىچىغا خاس ئېسىل پەزىلەتنى نامايان قىلدى.

ياڭ ۋېنيۇ يولداشلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىپ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا خاسىيەتلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي كۈچىنى چېكرا رايونىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

ياڭ ۋېنيۇ 1985- يىل 7- ئايدا 69 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

# ۋاڭ ياۋچۇن

ۋاڭ ياۋچۇن (1910 – 1986 ) ئەر، خەنزۇ، 1910- يىل 1- ئايدا، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ پېيشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1986- يىل 12- ئايدا، كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

ۋاڭ ياۋچۇن مەملىكەتلىك 1- دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 6- جۈنىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن نەمۇنىچىسى بولۇپ، كومپارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى.

ۋاڭ ياۋچۇن يايپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ج ك پ رەھبەرلىك قىلغان پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان. شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلىرىدا كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان. 1948- يىل 10- ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1949- يىل 1- ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ـ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قىزىلبۇلتۇز ياش مەيدانى ئۈزۈمچىلىك مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 4- شۆبە مەيدانىنىڭ باشلىقى، قىزىلبۇلتۇز 2- مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1980- يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى.

ۋاڭ ياۋچۇن ئىنقىلابقا، خەلققە، پارتىيە ئىشلىرىغا چەكسىز سادىق بولۇپ، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى، ھەربىي مەشىقتە، ھەربىي يىلەرنى ئىدىيە جەھەتتە يېتەكلەشتە، كۈرەشتە، ئۆزئارا ھەمكارلىششتا، خەلقنى سۆيۈشتە ئۈلگىلىك كۆرسانت، ئۈلگىلىك كادىر، ئۈلگىلىك پارتىيە ئەزاسى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. كۈرەش جەريانىدا چوڭ خىزمەت ۋە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى، ئىشلەپچىقىرىشتا 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ، كۈرەش قەھرىمانلىرى بەنىنىڭ بەنجاڭى، نەمۇنىچىلار پەيىنىڭ پەيجاڭى، نەمۇنىچىلار دەم ئېلىش ليەنىنىڭ ليەنجاڭى بولدى. 1950- يىلى، مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كۈرەش قەھرىمانلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلاردىن ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ليۇ شياۋچى، جۇدېلارنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ ياۋچۇن يېرىم فېئودالىق، يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگودا تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا- ئانىسى ئاچ- يالىڭاچلىقتىن ھالىدىن كەتكەچكە، ئۇنى بېقىشقا ئامالسىز قېلىپ، چېشىنى چىشلەپ باشقىلارغا سېتىۋەتكەن. ۋاڭ ياۋچۇننى بېقىۋالغان ئائىلىنىڭمۇ كىيىم- كېچەكى، ئوزۇق- تۈلۈكى يەتمىگەچكە، ئۇنى كىچىك چېغىدىلا پومېشچىكقا يىللىقچىلىققا بەرگەن.

كېيىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تۇتۇۋېلىپ، ئەمگەككە سالغان. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئات باقار، ھامال، ئاشپەز بولۇپ ئىشلىگەن.

1948- يىلى 10- ئايدىكى لىبېي ئۇرۇشىدا، ۋاڭ ياۋچۈن ئازادلىققا ئېرىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىسى بولدى. ۋاڭ ياۋچۈن شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىدىن ۋېيبېي ئۇرۇشى، فۇمېي ئۇرۇشى، لەنجۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى. چېكرا رايونىنى قوغداش ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى جاپالىق يىللاردا، ۋاڭ ياۋچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، قەيسىرانە ئالغا بېسىپ، قىزىلىيۇلتۇز2-، 3- دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. 1957- يىلى، ئۇ 50 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغاندا، يەنىلا يولداشلار بىلەن بىرگە قەھرىتان سوغۇققا قارىماي تېرىقچىلىق قىلدى. شور تۇپراقلىق يەرلەردە گۈرۈچتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تەجرىبىسى ئۈستىدە ئىزدەندى. 1960- يىلى، ئۇ 2- قېتىم قىزىلىيۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىلدا، ئۇ قەھرىتان سوغۇق ۋە تومۇز ئىسسىقتىن قورقماي، دائىم سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، مەيدان بويىچە ھەممە چارۋا قوتانلىرىغا ئۆزىنىڭ قان- تەرىنى سىڭدۈردى. ھەر بىر پارچە ئوتلاقتا ئۇنىڭ ئىشلىگەن ئىزلىرى قالدى. ئۇ دائىم چارۋىچىلار بىلەن قىزىلىيۇلتۇز 2- دېھقانچىلىق مەيدانى قولغا كەلتۈرگەن تۆرلۈك شان- شەرەپلەرگە ۋاڭ ياۋچۈننىڭ قان- تەرى سىڭدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، ۋاڭ ياۋچۈن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن ئېگىلمەي- سۇنماي كۈرەش قىلىپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماس روھىنى نامايان قىلدى. ئۇ پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىپ، سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە قەتئىي ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىدى. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ، ياشنىپ، كېلەچان بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، دائىم ياشلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارغا كونا جەمئىيەتتە كەمبەغەللەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، ئىنقىلابىي كۈرەشكە دائىر ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ياشلارغا بۈگۈنكى تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى يولىدا كۈچ سەرپ قىلدى.

## ئاخۇنبەگ

ئاخۇنبەگ (1901 - 1986.2) قۇمۇل شەھىرى يېزىسىنىڭ ساڭخىي مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. كىچىككىدىنلا مىجەزى ئوچۇق- يورۇق، كىچىك پېئىل، راستچىل، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە سەممىي، قىزغىن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «خوش- خوش ئاخۇنبەگ» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئاخۇنبەگ كىچىككىدىن باشلاپلا قۇمۇل مۇقاملىرىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، نۇرغۇن ناخشا- مۇزىكا، خەلق قوشاقلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئاتاقلىق غېجەكچى نىيازنى ئۇستاز تۇتۇپ، قۇمۇل غېجىكىنى چېلىشنى ئۆگەنگەن. ياشلىق دەۋرىگە كەلگەندە، قۇمۇل غېجىكى بىلەن يېقىملىق، جۇشقۇن، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ھەر خىل مۇزىكىلارنى ئورۇندىيالايدىغان بولغان. ئۇ يەنە ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەلنەغمىچى قۇربان توكۇرنى ئۇستاز تۇتۇپ، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناخشا تېكىستى ۋە ئاھاڭلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. مەڭلىك سەيپۇگدىن ناخشا- قوشاق ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ، ئاخۇنبەگ قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناخشا تېكىستى ۋە ئاھاڭلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، بىر قەدەر يۇقىرى ناخشا- مۇزىكا

ئورۇنداش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆيغۇرلار ئىچىدە نام- ئابرۇيغا ئىگە بولغان. شاھمەخسۇت ۋاڭ ئۇنى ئوردا نەغمىچىسى قىلىۋالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاخۇنبەگ ئەركىنلىككە ئېرىشتى. قۇمۇل خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئەلنەغمىچى بولۇپ قالدى. ھېيت- ئايەم، توي- تۆكۈنلەردە ئۇيغۇرلار دائىم ئۇنى غېجەك تارتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن سورۇن قىزىپ كېتەتتى. ئاخۇنبەگ خەلق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىدا، قۇمۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ساقلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسىتى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، قۇمۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلالايدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد ئەلنەغمىچىلەرنى يېتىشتۈردى. مەسىلەن، ئاقپاشا، ئىلياز تۆمۈر، نەمەت بوسۇق قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرى خەلق ئاممىسى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

ئاخۇنبەگ قۇمۇل مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ساقلاپ قېلىشتا تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى 1963- يىلى، 1975- يىلى، 1982- يىلى، مەدەنىيەت نازارىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ باشقارمىسى تەشكىللىگەن قۇمۇل مۇقاملىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، قۇمۇل خەلق سەنئىتىنى ساقلاش ۋە تارقىتىشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

## سەيدۇللا ئاخۇنۇم

سەيدۇللا ئاخۇنۇم (1897 – 1987 ) قۇمۇل شەھرى شەھەرئىچى يېزىسى جىگدەقۇدۇق كەنتىدىن.

سەيدۇللا ئاخۇنۇم ئۆتسمۈرلۈك دەۋرىدە قۇمۇل شەھەرئىچىدىكى كونا مەدرىسىدە بىر قانچە يىل ئوقۇغان. قورامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن 20 نەچچە يىل شۇغۇللانغان. بوش ۋاقىتلىرىدا داۋاملىق دىنىي تەلىم ئالغان. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، ئۇ قۇمۇل ناھىيىسى ئاستانە يېزىسى شار كەنتىدىكى مەسچىتتە ئازادلىققا قەدەر 20 نەچچە يىل ئىمامەتچىلىك قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەيدۇللا ئاخۇنۇم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھىمايە قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قايسى دەۋرلەردە ھۆكۈمەتكە پائال ماسلىشىپ، نۇرغۇن تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. 1955 – 1966 - يىلغىچە، ئۇ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشلىرىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولدى. 1984- يىلى، قۇمۇل شەھەرلىك 2- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى. 1964- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. 1980- يىلى ۋە 1984 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-، 3- قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى. 1986- يىلى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

1960- يىلى، سەيدۇللا ئاخۇنۇم قۇمۇل شەھرىدىكى تۆتكوچا مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولدى. 1982- يىلى، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە يېتەكلىشى بىلەن، مۇسۇلمانلار ئاممىسى پۇل يىغىش قىلىپ، كۈچ چىقىرىپ، تۆتكوچا مەسچىتىنى قايتىدىن كېڭەيتىپ، مېھمانخانا، سەراپ، ماگىزىن قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنى ياساپ، مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بېقىش

خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

سەيدۇللا ئاخۇنۇم 1987- يىل 12- ئايدا 91 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## لىن بوجۇن

لىن بوجۇن (1930 – 1987) خەنزۇ، تيەنجىن شەھىرىنىڭ ياڭليۇچىڭدىن. تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتلىق ئىگە. جۇڭگو گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك 3- نۆۋەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قۇمۇل گۈزەل- سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى. كېيىن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، قۇمۇل گېزىتى ئىدارىسى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەشۋىقات، سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. دەسلەپكى يىللاردا ئويما رەسساملىقنى ئاساس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگوچە، ماي بوياق، زىننەتلەش گۈزەل- سەنئەت رەسىملىرى جەھەتلەردە تەتقىقات ئېلىپ باردى. كېيىن پۈتۈن زېھنىنى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغ- دەريالار سۇ بوياق ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، تەسىرى بىر قەدەر چوڭ. ئۇ سىزغان تەبىئىي مەنزىرىلەر كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ ۋە زوقلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ رەسىملىرى كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە قويۇلدى. ئۇ داڭلىق ئاپتونوم رايون، دۆلەت دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ژۇرناللىرىدا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. 1979- يىلدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتىدە ۋە ئۈرۈمچىدە «لىن باۋجۇن، لىن جياڭ ئاتا- بالا رەسىم كۆرگەزمىسى» نى ئۆتكۈزۈپ، گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمھالى «جۇڭگو رەسساملار قامۇسى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان رەسساملىرى قامۇسى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان رەسساملىرى توپلىمى» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلدى.

## ئابدۇكېرەم غوجا

ئابدۇكېرەم غوجا (1928 – 1988) ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان. ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئابدۇكېرەم غوجا 1928- يىلى شىنجاڭ قۇمۇل ناھىيىسىدە بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرىدە ئائىلىسى بىلەن سەرگەردان بولۇپ، جيۇچۈەن، ئەنجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان. 1952- يىلدىن باشلاپ، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان. دەسلەپتە ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، مەملىكەت خەلقىگە تونۇشتۇرغان. يەنە تېيىپجان ئېلىيۇپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىر، ئەسەرلىرىنى، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە ھېكايىلىرىنى، شۇنىڭدەك كلاسسىك مۇزىكا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇنىڭ تەرجىمە

ئەسەرلىرىنىڭ تىلى راۋان بولۇپ، خەنزۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ تۇنجى تەرجىمە ئەسىرى 1957- يىلى يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانما» ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئىككى خىل تىل بويىچە ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بۇلاردىن ماۋ زېدۇڭ شېئىرلىرى، گومورونىڭ «سومروغ قاناتلانغاندا»، «لىبې فېڭ ناخشىسى»، «ياگرات ناخشاگىنى» قاتارلىق ناخشا، شېئىرلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. يەنە ئەيچىڭ، تيەن جيەن، لى جى، ۋېن جيې، گو شياۋچۇەن، يەن چېن، جاڭ جىمىن قاتارلىق ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ، شۇنىڭدەك «تيەنمىن شېئىرلىرى»، «جۇ زۇڭلىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى شېئىرلىرى»، «دۇفۇ شېئىرلىرى»، رومانلاردىن «قىزىل قىيا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» قاتارلىقلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئابدۇكېرىم غوجا تەرجىمە خىزمىتىگە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمىسىنىڭ ئاساسىنى سالدى، شۇنداقلا ئىككى مىللەت ئەدەبىياتىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى ۋە شېئىرىيەت ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا شېئىر يېزىشنى باشلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى دەسلەپتە ئەركىن ئۇسلۇبتا خەنزۇچە يېزىلدى. كېيىن تەدرىجىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرچە شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. دېمەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر، خەنزۇدىن ئىبارەت ئىككى مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۆزگىچە تەبئىي، نەپىس ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈردى. «يول ئۈستىدە»، «بۇلبۇل بىلەن باھارنىڭ سۆھبىتى»، «ئايخان» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1960- يىللاردا، ئۇ ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ ئوبرازىنىڭ يېڭى، تىلىنىڭ يىغىنچاق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. مەسىلەن، «دەرەخ ۋە ياپراق»، «گۈللۈك دالا» قاتارلىقلار. 1970-، 1980- يىللاردا، ۋەقەلىكى ئېنىق، پىكرى چوڭقۇر، مەزمۇنى كەڭ، ئىدىيىسى ساغلام بولغان نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇلاردىن ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى شام نۇرىدەك يورۇتىدىغان «يۈرەك بىلەن سۆھبەت»، «شائىرغا»، «جەنۇبىي دېڭىزدىكى تەرمىلەر»؛ قايناق، لىرىكىلىق شېئىرلاردىن «باھارغا مەدھىيە»، رەزىللىك، ساختىلىقنى پاش قىلغان شېئىرلاردىن «نەيزە ئېتىش»، «تەسراتلار»، «چاچ قالمىسىمۇ باش قالسۇن»، «يامان تىل جاندىن ئۆتەر» قاتارلىقلار بار.

ئابدۇكېرىم غوجا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىلدا، ئېلان قىلغان شېئىر، ئەسەرلىرى نەچچە يۈزگە يەتتى. ئۇ بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، «ئونىنچى باھار»، «باھار ناخشىسى»، «تۇپراق، باھار ۋە مەن»، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» قاتارلىق تۆت پارچە ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمىنى ۋە «ئابدۇكېرىم غوجا شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن بىر پارچە خەنزۇچە شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلدى.

## چېن شياۋپىڭ

چېن شياۋپىڭ (1959 – 1989) ئەر، خەنزۇ، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2- باش ئەترىتىنىڭ 6- تارماق ئەترەت 8- ليەنىنىڭ ليەنجاڭى، خونەن ئۆلكىسىنىڭ چالىڭ ناھىيىسىدىن. 1959- يىلى تۇغۇلغان. 1978- يىلى ئارمىيىگە قاتناشقان. 1979- يىلىدىن كېيىن، ئەترەتكە ئەگىشىپ، تەگرىتاغ تاشيولىنىڭ 2- نومۇرلۇق تونېلىنى قېزىشقا قاتناشقان. بۇ مەزگىلدە، ئۇ جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ، گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن نەق مەيدانغا ئۇدا 17 قېتىم كىرىپ، سەپداشلىرىنى قۇتقۇزۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. 1983- يىل 7- ئايدا، شەرەپ

بىلەن كومپارتىيىگە كىرگەن.

1988- يىلى، ئۇ ئەترەتنى باشلاپ، شىگشىگشيادىن قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، يولنى ئاسفالتلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئىككى يىل جەريانىدا، ئۇ ئەترەتنى باشلاپ، دالىدا يېتىپ قوپۇپ، قاتتىق ئىشلەپ، ۋەزىپىنى مۇددەتتىن 35 كۈن بۇرۇن ئورۇنداپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ كۈنىگە 14 سائەت ئىشلىدى. ئوت بىلەن قارىماينى قىزىتىپ سۇيۇلدۇرغاندا، بىر خىل زەھەرلىك بۇس چىقاتتى. ئۇ ئىككى قېتىم زەھەرلىنىپ قېلىپ، ئوچاق تۈۋىدە ھوشىدىن كەتتى. 1989- يىل 10- ئاينىڭ 25- كۈنى، ئۇ ھەددىدىن زىيادە چارچاش سەۋەبىدىن ئاشقازان راكىغا گىرىپتار بولۇپ، بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. شۇ يىلى ئۇ 30 ياشتا ئىدى. جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ تاشيول قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۇنتۇمىدى.

چېن شياۋپىڭ قىسمغا قاتناشقان 11 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن زېھنىنى چېگرا رايونىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. كىشىلەر ئۇنى «پىداكار ئەزىمەت»، «پولات جەڭچى» دەپ ئاتاشاتتى. 1990- يىل 2- ئاينىڭ 24- كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ چېن شياۋپىڭغا بېغىشلاپ: «يولداش چېن شياۋپىڭدىن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، خالىس تۆھپە قوشۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت: «لېي فېڭچە قەھرىمان يولداش چېن شياۋپىڭنىڭ ئۆزىنى چېگرا رايوننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھىدىن ئۆگىنەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. چېن شياۋپىڭ ئۆزىنى چېگرا رايوننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا بېغىشلىغان 10 يىل جەريانىدا، ئۈچ قېتىم مۇكاپاتلاندى. ئۈچ قېتىم 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. بىر قېتىم «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇ بەنجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، يەنە ئىككى قېتىم 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. پەيجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، ئۇنىڭ پېيى بىر قېتىم كوللېكتىپ 3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، بىر قېتىم ئىلغار پەي بولۇپ باھالاندى. لىيەنجاڭ بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، ئارقىدا قالغان لىيەندۈينى يېتەكلەپ، ئىلغار لىيەندۈي، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 1988- يىلى، ئاساسىي قاتلاملار بويىچە ئۈلگەمگە يەتكۈزۈشنى ئالدىن ئورۇنداپ بولدى.

1989- يىل 10- ئاينىڭ 11- كۈنى، قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2- باش ئەترىتى ئۇنىڭغا 2- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، دېگەن نامنى بېرىپ، شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 2- كۈنى «يولداش چېن شياۋپىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» نى چىقاردى. 1990- يىل 3- ئاينىڭ 5- كۈنى، قاتناش مىنىستىرلىكى ئۇنى 1- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىپ، يەنە «مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام كادىرى» دېگەن نامنى بەردى.

1990- يىل 2- ئاينىڭ 24- كۈنى، قوراللىق ساقچى قىسىم 2- باش ئەترىتى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ھالدا «پولات جەڭچى چېن شياۋپىڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جېن يۇڭخۇي، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لى جېڭجۇڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# كوكېي

كوكېي (1903 – 1989)، ئەر، قازاق، 1903- يىلى تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىدىن. توققۇز يېشىدا قوي بېقىپ، 20 ياشقا كىرگەندىن كېيىن كۆچۈك، ئالتاي، باركۆل، ئاراتۇرۇك قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. 1949- يىل 9- ئايدا، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان. 1950- يىل 3- ئايدا، باندىت يولۋاسنىڭ قوترىتىشى بىلەن توپىلاڭغا قاتناشقان. شاغانارىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئېتىشىپ، دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىرگە ئازادلىق ئارمىيىگە تەسلىم بولۇپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. 1951- يىل 3- ئاينىڭ 27- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قازاق چارۋىچىلارنىڭ 1- قېتىملىق ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىنى چاقىرىپ، باركۆل ناھىيىلىك قورال- ياراغ يىغىۋېلىش كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. كوكېي يىغىندا بۇ كومىتېتنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلىنىپ، شەرقىي رايوندىكى چارۋىچىلارنىڭ شەخسىي قورال- ياراغلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. خىزمەت جەريانىدا ئۇ پارتىيىنىڭ سىياسىتى بىلەن چارۋىچىلارنى قايىل قىلىپ، قورال- ياراغ يىغىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇندىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، شەرقىي رايوندىكى چارۋىچىلاردىن سىرتقا قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمىگەچكە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1956- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە، ئايرىم چارۋىچىلار بەزى بۇزۇق ئادەملەرنىڭ قوترىتىشى بىلەن ئالتايغا قېچىپ كەتتى. باركۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كوكېينى ئۆمەك باشلىقى قىلىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە ئالتايغا ئەۋەتتى. كوكېينىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىر قىسىم چارۋىچىلار باركۆلگە قايتىپ كېلىپ، چارۋىچىلىق كوپېراتىپىغا قاتناشتى. كوكېي ئۆز پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئوغلى چىرىيازدان كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. باركۆل ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

كوكېي پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ قازاق ئاممىسى ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. ئۇ باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1- نۆۋەتلىكتىن 7- نۆۋەتلىك كومىتېتىغىچە ئۇدا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلىنىپ كەلدى.

كوكېي 1989- يىل 11- ئاينىڭ 20- كۈنى 86 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

# ئابلەت قادىر (ئاقپاشا)

ئابلەت قادىر (1916 – 1989) يەنە بىر ئىسمى ئاقپاشا، قۇمۇل شەھەرلىكىدىن. ئەل ئارىسىدا داڭق چىقارغان

مەشھۇر ئەلنەغمىچى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، ئۇ خەلق ناخشا- مۇزىكىلىرىنى توپلاش بىلەن بىرگە، ئاۋامنىڭ توي- تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىغا داۋاملىق قاتنىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەنئۇي ئوزۇق بېرىپ، قۇمۇل سەنئىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەن. ئۇ ئەنئەنىۋى چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئەسەر قۇمۇل مۇقامىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىيالايدىغان ماھارەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ئورۇنداپ كەلگەن قۇمۇل مۇقامىدا قۇمۇلنىڭ قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىكى، قۇمۇلنىڭ ئورغۇن يەرلىك ناخشا- مۇزىكىلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكىسى — «ئىبۇرغول مۇزىكىسى» نىڭ ئەنئەنىسىگە نامايىتى ياخشى ۋارىسلىق قىلىنغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقپاشا «قۇمۇل مۇقامى» نى رەتلەش، تولۇقلاش خىزمىتىگە قاتناشتى. مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلار مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇ ئورۇندىغان «قۇمۇل مۇقامى» نى لېنتىغا ئالدى.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلنەغمە، ناخشا- ئۇسسۇل سورۇنلىرى ئاقپاشانىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن جانلاندى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەلنەغمىچىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## ئۇنانباي

ئۇنانباي (1919 – 1990) ئەر، قازاق، قۇمۇل غەربىتاغ يېزىسىدىن.

مىنگونىڭ 28 – 32 - يىللىرى (1939 – 1943 - يىللىرى)، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شارلار تېغى رايونىنىڭ باۋجاڭى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولغان.

مىنگونىڭ 33 – 35 - يىللىرى (1944 – 1946 - يىللىرى)، شارلار تېغى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 9- ئايدا، شارلار تېغى بىلەن تەڭرىتاغ قوغدىنىش ئەترەتلىرى بىرلىشىپ، گومىنداڭنىڭ كۆشۈتىدىكى گازارمىسى ۋە ساقچىخانىسىنى ئىشغال قىلغان. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى) 12- ئايدا، ئۇنانباي ئىلىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 3- ئايدا، مىللىي ئارمىيە (خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5- جۈن) بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، باركۆلدىكى باندىت تازىلاش كۈرىشىگە قاتناشتى. ئۇنانباي مىللىي ئارمىيىدە تورۇۋاتقان مەزگىلدە، نامايىتى باتۇر بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى قۇمۇللۇق ئۇنانباي باتۇر دەپ ئاتاشتى. 1947- يىل 3- ئايدا، ئۇ «ئىستىقبال» كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 1955- يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. 1950- يىل 9- ئايدىن 1984- يىل 1- ئايغىچە، باركۆل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

## خې چۇڭخۇا

خې چۇڭخۇا (1914 – 1991) ئەر، خەنزۇ، شىمالىي شەنشىدىن. 1934- يىل 4- ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان.

1936- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خې چۈڭخۇا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومغا ئىككى قېتىم مۇئاۋىن شۇجى بولغان، 1- نۆۋەتتە 1952- يىل 4- ئايدىن 1954- يىل 6- ئايغىچە، 2- نۆۋەتتە 1959 – يىل 1 - ئايدىن 1966 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر 10 يىلدىن كۆپرەك مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

1959- يىلى، خې چۈڭخۇا قۇمۇلغا كېلىپلا، كادىرلار بىلەن يۈك- تاقلىرىنى يۈدۈپ، 10 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پالۋانتۇر يېزىسىغا چېنىقىشقا چۈشتى. بۇ چاغ كۆزلۈك يىغىمىنىڭ ئالدىراش پەيتى بولغاچقا، ئۇ يۈك- تاقلىرىنى قويۇپلا، قولىغا ئورغاق ئېلىپ، دېھقانلار بىلەن ئورما ئورۇشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇ ئىشلىگىنىچە 20 نەچچە كۈن ئىشلىدى. بۇ ئاددىي- ساددا، چىقىشقاق بوۋاينىڭ دەل ۋىلايەتلىك پارتكومدىن كەلگەن خې شۇجى ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ بىلمىدى. ئۇ كەنتتىن ئايرىلىش ۋاقتىدا، ئەھۋالنى ئۇققان پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەر تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا بارغان خې چۈڭخۇا ئويغىنىپ كېتىدۇ. ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئۈستى ئوچۇق مەيدانىدا ماللارنى قويۇپ قويغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرگە ماللارنىڭ ئۈستىنى ياپىدۇ. يولداشلار ئىنتايىن تەسىرلىنىپ: «خې شۇجى، سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس، قايتىپ بېرىپ دەم ئېلىڭ. بۇ يەردە بىز بار، سىز خاتىرجەم بولۇڭ» دېگەندە، ئۇ كۆپچىلىككە: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، بەرداشلىق بېرەلەيمەن» دېگىنىچە ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

خې چۈڭخۇانىڭ پاك- دىيانەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. 1960- يىلى، دۆلىتىمىزدە ئېغىر قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن مەزگىلدە، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا بىر جىڭ ئاق شېكەر، بىر جىڭ سېرىق پۇرچاق ئاپىرىپ بەرگەندە، ئۇ ئەتىسىلا بۇ نەرسىلەرنى شۇ پېتى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بىر كۈنى يولداشلار بىلەن يېزا ئىستانىسىدا يولۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋېرىپ يېرىم كېچە بولۇپ كېتىدۇ. ئاشپەز ئۇستام ئۇلارنىڭ جاپا چەككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككى تەخسە قورۇمىنى زىيادە تەييارلاپ قويىدۇ. ئۇ قورۇمىنى كۆرۈپ قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆپچىلىككە: «ھازىر دەل قىيىنچىلىق مەزگىلى، بىز رەھبەرلەر نېمە ئۈچۈن ئامما بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولالمايمىز»، «بىز بۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، خەلقتىن ئايرىلىپ قالىمىز. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، رەھبىرىي كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى، خەلقنىڭ خوجايىنى ئەمەس!» دەيدۇ.

خې چۈڭخۇا قۇمۇلدا خىزمەت قىلغان 10 نەچچە يىلنى ئاشۇ ئىككى ئېغىزلىق زەي، پاكارغىنە كېپەك ئۆيدە ئۆتكۈزىدۇ. پۇتىدىكى كونا پاختىلىق لاتا ئاياغنى توپتوغرا بىرنەچچە يىل كىيىدۇ. ئۇ دائىم: «ياخشى كىيىنسەممۇ، ئەسكى كىيىنسەممۇ مەن يەنىلا شۇ پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاددىي- ساددا بولغاندىلا ئاممىغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ» دەيدۇ. 1957- يىلى كۇچادا سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەندە، ئۇ بىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ كۇچاغا بېرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇچىسىدىكى كىيىمدىن باشقا، پەلتو قاتارلىق كىيىم- كېچەك، يۈك- تاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپەت رايونىغا ئىئانە قىلىۋەتتى. 1973- يىلى، خې چۈڭخۇا ئەر- ئايال يۇرتى شىمالىي شەنشىگە تۇغقان يوقلىغىلى بارغاندا، يۇرتداشلارنىڭ نامراتچىلىقتا قېلىپ، كىيىم- كېچەك، يېمەك- ئىچمەك مەسىلىسىنىڭ ھەل بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، 2000 يۈەن پۇلنى كەنتتىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ.

خې چۈڭخۇا پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. 1963- يىلى، ئۆيدە خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان چوڭ قىزى خې يەن بىر كۈنى دادىسىغا: «دادا، ماڭا خىزمەت تېپىپ بەر!» دەيدۇ. خې چۈڭخۇا: «داداڭنىڭ ئۇنداق چوڭ ھوقۇقى يوق» دەيدۇ. خې يەن يالۋۇرۇپ: «سەن ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى، بىر ئېغىز سۆزلەپ قويساڭلا ئىش پۈتىمەمدۇ» دېدى. خې چۈڭخۇا خاپا بولۇپ، قايتا ئېغىز ئاچمايدۇ. خې يەن دادىسىغا ئۈمىد باغلاپ، بىر ئاي، ئىككى

ئاي كۆتىدۇ. دادىسىدىن ھېچبىر زۇۋان چىقمايدۇ. ئاخىرى ئۇ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پالۋانتۇر كۆكشىيى قىزىلبۇلۇڭ چوڭ ئەترىتىدىن ئۆزى خىزمەت ئۆتۈنۈپ، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. خې جۆگخۇا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، خۇشاللىقىدا: «مانا بۇ خىزمەتمۇ يامان ئەمەسكەنغۇ، يېزىغا بارغاندىن كېيىن ئوبدان ئىشلە، يېزىلار ياشلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق» دەيدۇ.

ئىككىنچى قىزى خې يۈەن قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شارائىتى ناچار قۇمۇل ئاستانە كۆكشىيىنىڭ تۆگەقارنى كەنتىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ كەنتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جياگۇلۇق دېھقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ جايدا 10 يىلدەك خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ بۇ كەنتتە ئۇيغۇرچە ھەم جياگۇ تەلەپپۇزىدا دەرس ئۆتەلەيدىغان بولىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولۇپ، ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يولدىشى تاشيول ئاسراش ئىشچىسى بولۇپ، توي قىلىش ئالدىدا دادىسىغا خەت يېزىپ، دادىسىنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. دادىسى جاۋاب خېتىدە: «ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ ھېچقىسى يوق، ئادەمنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتى ياخشى بولسىلا بولۇۋېرىدۇ» دەيدۇ.

شياۋمىڭ خې جۆگخۇانىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، قائىدە بويىچە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ، ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالسا بولاتتى. ئەمما ئۇ شياۋمىڭنى مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكىلا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم دېھقانچىلىق مەيدانىغا تەقسىم قىلدۇرۇۋېتىدۇ. ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان بۇ قاقاسلىقتا ئۇ توپتوغرا تۆت ئىشلەيدۇ. بىر قېتىم شياۋمىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئاپىسىغا: «مەن دادامنىڭ ئۆز بالىسىمۇ- ئەمەسمۇ!؟ ئۇ نېمىدەپ ماڭا ئازراق كۆڭۈل بۆلۈپ قويمايدۇ» دەيدۇ. ئاپىسى ئۆكسىنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلاپ، ئىچى سىيرىلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدۇ.

1978- يىلى كۈزدە، خې جۆگخۇا سودا ئازارىتىگە يۆتكەلدى. شياۋمىڭ دادىسىغا ئىككى قېتىم: «دادا، سالامەتلىكىڭ ياخشى ئەمەس، مېنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ قويساڭ، يېنىڭدا تۇرۇپ ھالىڭدىن خەۋەر ئالسام بولامدۇ؟» دەيدۇ. دادىسى ئۇنىڭغا: «ھاجىتى يوق، قۇمۇل خەلقى سېنى تەربىيىلىدى. سەن قۇمۇلدا ياخشى خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شياۋمىڭ دادىسىغا يۆتكىلىش توغرىلىق قايتا ئېغىز ئاچمايدۇ، ھەم تۇرمۇش قۇرىدۇ. خې جۆگخۇا ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى، ئۇ شياۋمىڭغا قايتا- قايتا جېكىلەپ: «ئادەم ۋەتەننى، باشقىلارنى قەلبىگە پۈكۈپ ياشىغاندىلا ھاياتىنىڭ قىممىتى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. مەن ساڭا تەۋەررۈك بولغىدەك نەرسە قالدۇرالمىدىم، قالدۇرىدىغىنىم پەقەتلا ئادەم بولۇشنىڭ يولى» دەيدۇ.

## شو يۈسۈپ

شو يۈسۈپ (1914 – 1991) شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرىدىن. ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدە مەدرىسىدە ئوقۇغان. قورامىغا يەتكەندىن كېيىن، سودىگەرلىك قىلغان. مىنگونىڭ 17- يىلى (1928- يىلى)، دادىسىغا ئەگىشىپ گۇچۇڭ، باركۆل قاتارلىق جايلاردا سودىگەرلىك قىلغان. باركۆلدە ئۈچ يىل قاساپلىق قىلغان. مىنگونىڭ 29- يىلى (1940- يىلى)، باركۆل ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، قازاق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، قازاق، ئۇيغۇر مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بەلگىلىك تۆھپە قوشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، ھەر خىل سىياسىي پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشتى. قۇمۇل غالىبىيەت بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ دىرېكتورى بولىدى. 1953- يىلى، قۇمۇلدىكى سودا- سانائەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۆلكىلىك سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ

سايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قومۇل مادەنىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە يىغىنغا قاتناشتى.

شو يۈسۈپنىڭ باركۆل ۋە قومۇلدا ئۈچ يەردە ئۆي- مۈلۈك ئورنى بولۇپ، 20 ئېغىز ئۆيى، قومۇل چۆەنشۈيدىمۇ 36 مو يېرى بار ئىدى. 1951- يىلى يەر ئىسلاھاتى باشلانغاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مال- مۈلكىنى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. 1956- يىل 2- ئايدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى سودا- سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەرىكىتىگە پائال ئاۋاز قوشۇپ، 140 مىڭ يۈەنلىك مال ۋە پۇلىنى ئېلىپ، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قومۇل ئومۇم بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى تۈرلۈك ماللار دۇكىنىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولدى. 1961- يىل 11- ئايدا، قومۇل تۈرلۈك ماللار باش تىجارەت ئورنىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولدى. قومۇلنىڭ سودا- سانائەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، شو يۈسۈپنىڭ مال- مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئائىلىسى بىلەن قارادۆۋە يېزىسىغا چۈشۈرۈلدى. 1977- يىلى، ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ نامىنى ۋە مائاش تەمىناتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئائىلىسىنى شەھەرگە كۆچۈرۈپ، پېنسىيىگە چىقاردى ۋە پەرزەنتلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

1991- يىل 8- ئاينىڭ 4- كۈنى، شو يۈسۈپ كېسەل سەۋەبى بىلەن 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ما جۇنجيې

ما جۇنجيې (1903 – 1991) ئەر، خۇيزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدىن. دادىسى ما ۋېنشيۇ گەنسۇنىڭ لىڭشيادا كۆپ يىل تۇرغان. كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، قومۇلدا ماكانلاشقان. ما جۇنجيې ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە قومۇلدىكى خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇغان. قورامىغا يەتكەندىن كېيىن، تىجارەت ۋە مەمۇرىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى)، غوجىنىيازھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغاندا، ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، قومۇل بازىرىغا بىرلىكتە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. شۇ چاغدا قومۇلدا تۇرۇشلۇق ئۆلكە ئارمىيىسى مۇداپىئە سېپىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ما جۇنجيېنى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. مىنگونىڭ 22- يىلى (1931- يىلى)، ئۆلكە قوشۇنى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قومۇلنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى خەن لىجۈڭ ئۇنى كونتۇرۇلىقچىلىققا تەيىنلىگەن. ما جۇڭيىڭ 2- قېتىم قومۇلغا كەلگەندە، سېپىلنى قوغداش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، ئۇ بۇ شتابنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن. مىنگونىڭ 23- يىلى (1934- يىلى)، قومۇلدا مەمۇرىي ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا، ئۇ مەھكىمىنىڭ تەرجىمانى بولغان. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، قومۇل خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. مىنگونىڭ 27- يىلى (1938- يىلى)، ئۇ يەنە قومۇلدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئارقاسەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. بۇ مەزگىلدە، ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسىغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، ئۇ قومۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە چاقىرغان 3- نۆۋەتلىك ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. قومۇلدا خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش شۆبە

ئۆيۈشمىسى قايتا سايلام ئۆتكۈزگەندە، ئۇ ئۇيۇشما مۇدىر ھەيئىتى بولۇپ سايلىنىپ، يەرلىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قۇمۇل ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە تەرجىمانلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان.

گومىنداڭ ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ، قۇمۇلدا تۇرغاندا، ئۇ 45- شىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، 42- جۈننىڭ تۇەن دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىكىگە، 178- لۈيىنىڭ تۇەن دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. مىنگونىڭ 36- يىلى ئۇ كېڭەش ھەيئىتى سالاھىيىتى بىلەن، يولۋاس قاتارلىقلار بىلەن ئەنجىڭغا بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە جياڭ جيېشىغا لەۋھە تەقدىم قىلىشقا قاتناشقان. 1949- يىل 9- ئاينىڭ 26- كۈنى، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىل 3- ئايدا، يولۋاس توپىلاڭ قوزغىدى. بۇ چاغدا، تۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نازىر ئەنۋەر جاكۇلىننى قۇمۇلدا تەشۋىقات- نەپىقە ھەيئىتى قۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ما جۇنجيې، مۇجۇپ ئاخۇنۇم، ئابدۇۋاھىت ھوشۇر قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ خوتۇنتام، تاشۆيلىق، شوپۇل ۋە ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، باندىتلارنىڭ رەزىل سۈيىقەستىنى پاش قىلدى، ئۇيغۇر، قازاق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار يەنە ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابقىتجان بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، دۈشمەننى پارچىلىدى.

1951- يىل 9- ئاينىڭ 27- كۈنى، ما جۇنجيېنىڭ تارىخىي مەسىلىسى بار، دەپ قارىلىپ، خاتا ھالدا جازا ھۆكۈم قىلىندى. 1981- يىل 1- ئايدا ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981- يىل 9- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 1981- يىل 7- ئايدا ۋە 1986- يىل 7- ئايدا، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1- ۋە 2- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

1991- يىل 1- ئايدا، ما جۇنجيې كېسەل سەۋەبى بىلەن 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ۋۇ يۈڭشى

ۋۇ يۈڭشى (1921 – 1991) ئەر، خۇيزۇ، شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرىدىن. مىنگونىڭ 29 – 38 – يىللىرىچە (1940 – 1949 - يىللىرىچە)، قۇمۇل ناھىيىلىك مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، 2-، 3- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. ۋۇ يۈڭشى بىر مۇنەۋۋەر خۇيزۇ زىيالىي بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چى تيەنمىن (كومپارتىيە ئەزاسى) نىڭ تەسىرى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، يولۋاس تەشكىللىگەن «شەرقىي شىنجاڭ لەۋھە تەقدىم قىلىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۆمىكى» گە قاتنىشىپ، لەنجۇ، شىنىڭ، يىنچۇەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، جاڭ جىجۇڭ، ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭ قاتارلىقلارغا لەۋھە تەقدىم قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋۇ يۈڭشى قۇمۇل ناھىيىلىك 3- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، قۇمۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى، يەنە قۇمۇل ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. شىنجاڭ بويىچە مائارىپچىلاردىن تەشكىللەنگەن ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، شاڭخەي، بېيجىڭ، شەرقىي شىمال قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە

ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. 1958- يىلى، ۋۇ يۇگشىنىڭ مەسىلىسى خاتا بىر تەرەپ قىلىندى. 1979- يىل 7- ئايدا، ج ك پ قومۇل ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنى ئاقلاپ، پېنسىيە رەسمىيىتىنى بېجىردى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا داۋاملىق ھەسسە قوشتى. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ياش ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مەدەنىيەت تولۇقلاش سىنىپى ئېچىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۆھپە قوشتى. يەنە شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىللىگەن «تارىخ ماتېرىياللىرى» نى يېزىش خىزمىتىگە قاتناشتى.

1991- يىل 8- ئاينىڭ 27- كۈنى، ۋۇ يۇگشى كېسەل سەۋەبى بىلەن 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم

ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم (1892 – 1993) قومۇل شەھەرئىچى يېزىسىدىن. دادىسى سەدەنشا قومۇلدا ئىسلام دىنى ساھەسىدە ئەلەم ئاخۇنۇم مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئېسىل دىنىي ئۆلىما ئىدى. ئابدۇۋاھىت ئەلەم ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئىرىشچان، ئەقىللىق بولۇپ، شەھەرئىچىدىكى كونا مەدرىسىدە ئىرىشىپ ئوقۇغان. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، دادىسى بىلەن بىللە مەككىگە بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلغان. سەپەر ئۈستىدىكى دۆلەتلەردە ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ يىلى قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلغان. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى)، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. بىر يىلدىن كېيىن قومۇلغا قايتىپ كېلىپ، باج ئىدارىسىدا خىزمەت قىلغان. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، قومۇل ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋە قومۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان ھەم قومۇلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلەم ئاخۇنلۇقىغا سايلانغان. مىنگونىڭ 36- يىلى (1947- يىلى)، يولۋاس ئۇيۇشتۇرغان «شەرقىي شىنجاڭ لەۋھە تەقدىم قىلىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۆمىكى» گە ئەگىشىپ نەنجىڭغا بېرىپ جياڭ جيېشىغا لەۋھە تەقدىم قىلىشقا قاتناشقان. شۇ يىلى يەنە ئۆمەككە ئەگىشىپ، لەنجۇ، شىنىڭ، يىنچۈەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، جاڭ جىجۇڭ، ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭ قاتارلىقلارغا لەۋھە تەقدىم قىلىشقا قاتناشقان.

مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا قاتناشقان 27 زىيالىي ياشنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قۇتقۇزغان.

1949- يىلى، شىنجاڭ گومىنداڭنىڭ ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم، لى رۇي قاتارلىق كىشىلەر قومۇلدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، بۇرھان، تاۋ سىيۆ باشچىلىقىدىكى «ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش ۋەكىللەر ئۆمىكى» گە ئەگىشىپ، گەنسۇنىڭ جيۇچۈەنگە بېرىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قومۇلغا كىرىشىنى كۈتۈۋالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950- يىللاردا، قومۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ھامۇتخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا، ئابدۇۋاھىت ھاجى قومۇلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلەم ئاخۇنۇملۇقىغا سايلاندى. 1955- يىلى، قومۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە سايلاندى. ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى پائال ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ فېئودال دىنىي ئىمتىيازنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىدى، ھەر قايسى دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىدە ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1958- يىلى، ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم خاتا تەنقىد قىلىنىپ، ئوڭچى قىلىپ قويۇلدى. 1978- يىلى ئوزۇل- كېسىل ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980- يىل 6- ئايدىن 1987- يىل 6- ئايغىچە، قومۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 6- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 2-، 3- نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. 1988- يىل 3- ئايدا، قومۇل شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا، بۇ جەمئىيەتنىڭ پەخرىي رەئىسى بولۇپ سايلاندى. 1984- يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى.

ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم تۇرمۇشتا ئاددىي- ساددا، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، دىنىي بىلىمى چوڭقۇر بولۇپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن- سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ ھىمايە قىلدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىدى. توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي- ساددا ئۆتكۈزۈشنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا پائال ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، نۇرغۇنلىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

1980- يىلى يازدا، قومۇل شەھىرى شەھەرئىچى يېزىسىدىكى 10 ئۇيغۇر ياش لىياۋدۇڭدا تاشيول ياساش قۇرۇلۇشىدىكى تاش پارتلىتىشتا بەختكە قارشى قازا قىلدى. شۇ چاغدا، قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھۆكۈمەتكە نۇرغۇن تەلەپلەرنى قويدى. ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قايىل قىلىپ، بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلدى.

1984- يىلى، قومۇل دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى توغۇچى كەنتىدىكى تۆت مەسچىتتە سەللە، قۇرئان كەرىم ۋە ئۈستەل سائىتى قاتارلىق بۇيۇملار مەلۇم ئادەم تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئايرىم كىشىلەر بۇنى خەنزۇلار قىلغان دەپ، ئارىدا قۇتراتقۇلۇق پەيدا قىلدى. ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دىنىي زاتلارغا ۋە ئامما ۋەكىللىرىگە خىزمەت ئىشلەپ: «سىلەر خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىڭلار، يۈز بەرگەن ۋەقە چوقۇم ئېنىقلىنىدۇ، سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ۋەقەنى ئېنىقلىشىغا دەخلى يەتكۈزسەڭلەر بولمايدۇ» دەيدۇ. كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ ۋەقەنى شۇ مەيداندىكى بىر نېرۋا كېسەلنىڭ پەيدا قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان مىللىي ماجىرانىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

1990- يىلى، قومۇل شەھەرلىك كۆمۈر كانىدا گاز پارتلاپ، تۆت ئىشچى (بىر ئۇيغۇر، بىر خۇيزۇ، ئىككى خەنزۇ) قۇدۇق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. كۆمۈركان رەھبەرلىكى ھەر خىل چارە- تەدبىرلەرنى ئىشلىتىپ كۆرگەن بولسىمۇ، قۇدۇقتا سۇ كۆپ، جەسەت چوڭقۇر كۆمۈلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگەر داۋاملىق قېزىۋەرگەندە، يەنە گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئېھتىمالى بولغاچقا، جەسەتلەرنى ئېلىپ چىقىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە، قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بولۇپمۇ ئىككى مىللىي قازا قىلغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى جەسەتنى قېزىپ ئاچىقىپ بېرىشنى، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە- يوسۇنى بويىچە مېيىتنى سۇغا ئالدۇرۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئاندىن يەرلىككە قويۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلارغا كۆپ تەرەپلىمە خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى بولمايدۇ. بۇ پەيتتە ئابدۇۋاھىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئوسمانشاھ ھاجى قاتارلىق كىشىلەر قومۇل شەھەرلىك كۆمۈر كانىغا بېرىپ، قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خىزمەت ئىشلەپ: «كاندا ئىشلەپ قازا قىلسا، جەڭدە (شېھىت) بولغانغا ئوخشاش. خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن قۇربان بولۇش شەرەپلىك. «قۇرئان كەرىم» دە: مۇشۇنداق ئەھۋالدا سۇغا ئالمىسىمۇ، كېپەنلىمىسىمۇ بولىدۇ، دېيىلگەن، يەنە يىغلاپ- قاخشاشقا، جېدەل قىلىشقا بولمايدۇ، مېيىت بەرىبىر تۇپراققا كۆمۈلىدۇ، تۇپراققا كۆمۈلگەنلەرنى كولاپ ئېلىش ھاجەتسىز» دەيدۇ. كېيىن قۇدۇق بېشىدا قازا قىلغۇچىلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ ۋە نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ھەل بولمىغان قىيىن مەسىلە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

# لى جيايۇ

لى جيايۇ (1923.7 - 1993.4) ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىڭجيەن ناھىيىسىدىن. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. 1942- يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شۇ يىلى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1944- يىل 6- ئايدا، پارتىيە تەشكىلاتى ئۇنى شەنشى سۇيدې ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن. شەنشىنىڭ زىجۇ ناھىيىسى شىجياۋچۇ يېزىسىدا يېتەكچى، خېڭشەن ناھىيىسى بولۇ رايونىدا تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، جىنجۇەن ناھىيىسىنىڭ ۋۇجياپو رايونىدا مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1946- يىل 6- ئايدا، گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى بولۇ بازىرىغا بېرىپ، زىجۇ ناھىيىسىنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسى خۇجىندۇ قىسمىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنى پىلانلىغان ۋە قاتناشقان. 1947- يىل 9- ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان. يېڭى 4- لۇينىڭ 771- تۇەنىنىڭ 3- يىڭىدا سىياسىي خىزمەت كادىرى، 17- شى 49- ليەندە يېتەكچى، يىڭدا مۇئاۋىن يېتەكچى بولۇپ ئىشلىگەن. شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونلىرىنى ، يەنئەننى قوغداش، غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش، شىنجاڭغا كىرىشتە تۆھپە قوشقان.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، قىسمدىن يەرلىككە ئالمىشىپ، مىچۈەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن شۇجىسى، تۇرپان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 6-، 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكوروپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق 1-، 2-، 3-، 4- نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 5-، 6-، 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ج ك پ 12- قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى.

يولداش لى جيايۇ 1974- يىلى ئەتىيازدىن 1978- يىلغىچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. ئۇنىڭ قۇمۇلغا كەلگەن ۋاقتى ناھايىتى جاپالىق مەزگىللەرگە توغرا كەلگەن بولۇپ، شۇ چاغلاردا قۇمۇلدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە تەرەپبازلىقىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، ئىقتىساد گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ يەتكەن، بولۇپمۇ ئاشلىق يېتىشمەي، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ناھايىتى زور بېسىم بولۇۋاتقان، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار پەيدا بولغانىدى. لى جيايۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسىدىكى بىر ئىشخانىدا ياتتى. چوڭ ئاشخانىدا تاماق يېدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قاچا قوناق ئۇمىچى ئىچىپ، بىر قوناق ھور نېنى يېدى، كەچتە بىر قاچا سۇيۇقئاش، بىر تەخسە ياڭيۇ قورۇمىسى بىلەن غىزالاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ناھايىتى تېزلا قۇمۇلنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىز يولىغا سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېزىلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى قامداش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇ چاغلاردا، ئۇ نۇرغۇن جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەچكە، تازا ئالدىراش بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىكىنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالماي، ھەر يىلى ئۆچتىن بىر قىسىم ۋاقتىنى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك

ۋاقتىنى يېزىلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاراتتى. يېزىلارغا چۈشسە، يېتىپ- قوپۇشتا دېھقانلار بىلەن بىرگە بولدى، ھەرگىز ئالاھىدە بولۇۋالمىدى. بىرلىك ھوسۇلنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ كۆپ قېتىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دېھقانچىلىق پەن- تېخنىكا خادىملىرى ۋە پېشقەدەم دېھقانلاردىن مەسلىھەت سورىدى. قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسىدىكى بەزى ئەترەتلەردە كۆممىقوناق بىلەن بۇغداينى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تەجرىبىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆپ قېتىم نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ خىل تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ناھايىتى تېزلا تاغنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئومۇملاشتۇردى. بۇ تەجرىبىنى يەنىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن، ئۇ پالۋانتۇر گۇڭشېسىنىڭ شىنخۇ چوڭ ئەترىتىدە بىر ئايدەك دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن ئەمگەك، تاماق، يېتىپ- قوپۇشتا بىرگە بولدى.

قۇمۇللۇقلار لى جيايۇنى «پەن- تېخنىكا پېشۋاسى» دەپ ئاتاشتى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تۇمەرجان يېڭى جۇڭگو تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن 1- ئەۋلاد ئۇيغۇر ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىمى بولۇپ، ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنى باشلاپ چۆللۈكتە ئورمان بىنا قىلىپ، قۇمۇل دىيارىنى يېشىللاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى داڭلىق ئالما سورتلىرىنى قۇمۇلدا ماكانلاشتۇردى (ئۇيغۇرلار تۇمەرجان ئالمىسى دەپ ئاتىدى). تۇمەرجان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقان يىللاردىمۇ ئۆزىنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتىنى ئۈزۈپ قويماي، ئېزىلىپ ھالدا يېزىدا نۇقتىدا تۇردى، ھەتتا تونجى بالىسى تۇغۇلۇپ بەش ئاي بولغىچە ئۇنى كۆرۈپ كېلىشكە ۋاقىت ئاجرىتالمىدى. 1976- يىلى ئەتىيازدا، لى جيايۇ تۇمەرجاننى شەندۇڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك پەن- تېخنىكا يىغىنىغا قاتنىشىشقا بەلگىلىدى. ئەمما ئۇيلىمىغان يەردىن بۇ ئىش بىر مەيدان غۇلغۇلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزىلەر ھەسەتخورلۇق قىلىپ، تۇمەرجانغا بوھتان چاپلاپ، ئىغۋا تارقاتتى. لى جيايۇ بۇ پىتنە- پاسات سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ھەقىقەتەن قۇرۇق بەتنام، مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ، تۇمەرجاننىڭ كەمچىلىكى بار، ئەمما ئۇ ئىنقىلابقا پايدىلىق ئادەم، ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، ئۇ ئۇزۇن يىللار يېزىدا ئىلمىي تەجرىبە بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز ئۇنى تەقدىرلىسەك نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بىز مۇشۇنداق ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى قەدىرلىشىمىز، ئالغا بېسىشقا مەدەتكار بولۇشىمىز كېرەككى، ھەرگىز يالغان- ياۋىداق سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ئۇۋال قىلماسلىقىمىز، زەربە بەرمەسلىكىمىز، قاراپ تۇرۇپلا ئۇنى نابۇت قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇمەرجان ئاخىرى شۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشتى. 1977- يىل 11- ئاينىڭ 23- كۈنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. يىغىن خىزمەتچىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تېخىچىلا تۆھمەت چاپلىنىپ تۇرىۋاتقان تۇمەرجاننى تېپىپ كېلىپ، يىغىن رەئىس سەھنىسىگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئورنى لى جيايۇ شۇجىنىڭ دەل ئارقا تەرىپىدىكى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۇمەرجان لى شۇجىنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان يېقىملىق چىرايىغا قاراپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى.

1974- يىلى قىشتا، لى جيايۇ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار» يىغىنىغا قاتناشقاندا، يىغىن ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقتىتىن پايدىلىنىپ، ئىككى قېتىم پەن- تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. يىغىندا ئۇ تۇركۈل چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكا پونكىتىدىكى جۇنىڭ بىلەن تونۇشتى. جۇنىڭ 10 نەچچە يىل خىزمەت قىلغان بۇ جاينىڭ تاغلىرى ئېگىز، بورانلىق، ھاۋاسى سوغۇق، ئۈششۈك بالدۇر چۈشىدىغان، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 1℃ ئەتراپىدا بولغان، ئادەملىرى ئۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك پاختىلىق كىيىمدىن ئايرىلالمايدىغان، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش شارائىتى ئەڭ ناچار جاي ئىدى. جۇنىڭ مانا مۇشۇ يەردە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىپ، بۇ جايغا ماس كېلىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۇرۇق سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۇدا بىر نەچچە يىل بىرلىك ھوسۇلنى «پروگرامما» دا

كۆرسىتىلگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشتەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئايرىم تەجرىبە ئېتىزلىرىدا بىرلىك ھوسۇلنى 350 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئەمما بۇ مەزگىل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولۇپ، «سول» چىل ئىدىيە ئېقىمى يامراپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى. جۇنىڭ «تەرىبىيلەشكە بولىدىغان ياش» دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ماختايدىغان ئادەم يوق ئىدى، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمىغانىدى. سۆھبەت يىغىنىدا لى جيايۇ جۇنىڭنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلىدى. كېيىن لى جيايۇ كۆپچىلىكنى بۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى. يەنە ئۇنى ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا دوكلات بېرىشكە بەلگىلىدى. لى جيايۇ جۇنىڭنىڭ ئائىلە تەركىب مەسىلىسىنى ئۆزگىچە ئىدىيىۋى يۈك قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى. كېيىن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ: «كېلىپ چىقىشىڭىز ياخشى بولمىسا، ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بەرسىڭىزلا، ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلالايسىز، سىزنىڭمۇ خىزمەت ئىپادىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىكەنغۇ» دېدى.

1975- يىلى، لى جيايۇ جۇنىڭنىڭ تەجرىبە پونكىتىدا ۋىلايەت بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. يىغىن مەزگىلىدە مەخسۇس جۇنىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ قىرما رەھبەرلىرىدىن: «سىلەر ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ئويلاشتىڭلارمۇ» دەپ سورىدى. 1976- يىل 10- ئاينىڭ ئاخىرى، جۇنىڭ پارتىيىگە كىردى.

جۇنىڭ «ئېگىز، سوغۇق تاغلىق رايوندا مەھسۇلات تۆۋەن بولىدۇ» دېگەن نەزەرىيىنى بۇزۇپ تاشلىدى. لى جيايۇ باركۆل ناھىيىسىدە ئۇنىڭ تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىرى جۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، گۈڭشېمۇ گۈڭشې، چوڭ ئەترەتمۇ چوڭ ئەترەت سەييارە دوكلات قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ۋىلايەت تېررىلغۇ مەيدانىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان تاغلىق رايونلاردا «پروگراما ئېتىزى، خۇاگخېدىن ھالقىش ئېتىزى»، «چاڭجياڭدىن ھالقىش ئېتىزى» قاتارلىق مول ھوسۇل ئېلىشقا يۈزلۈش قىلىش ھەرىكەتلىرى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. باركۆل ناھىيىسىنىڭ 1976- يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 28 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1975- يىلدىكىدىن 18% ئاشتى. 1977- يىلى، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 31 مىليون كىلوگرامدىن ئاشتى.

## غولام غوپۇر

غولام غوپۇر (1927 - 1994.7) مىنگونىڭ 16- يىلى (1927- يىلى) قۇمۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. مىنگونىڭ 22 – 30 - يىلىغىچە (1933 – 1941 - يىلىغىچە) مەدرىسىدە ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەردە ئوقۇغان. مىنگونىڭ 30 – 33- يىلىغىچە (1941 – 1944 - يىلىغىچە)، ئۈرۈمچىدە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. مىنگونىڭ 34- يىلى (1945- يىلى)، قۇمۇل شەھەرئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىغاندىن كېيىن، غولام غوپۇر «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ گومىنداڭغا قارشى كۈرىشىنى پائال قوللاپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇمۇلدا تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ، نامايىش تەشكىللەپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىپ، كۆپ قېتىم گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىش ۋە قىيىن- قىستاق قىلىشىغا ئۇچرىغان.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946- يىلى)، سېيىت قۇربان گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ تەشكىللەپ، قۇمۇلنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن سېيىت قۇربان قولغا ئېلىنغان. شۇ چاغدا غولام غوپۇر قۇمۇلدىكى بىر قىسىم ئىلغار

ياشلارنى نامايىش قىلىپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە تەشكىللىگەن. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ دايىگفاڭدا تورۇشلۇق ئورنىغا ئىلغار ياشلار ۋەكىلى بولۇپ بېرىپ، سېپىتىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئىمزا قويغان تەلەپنامىنى تاپشۇرغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 – 1956- يىلىغىچە، غولام غوپۇر قۇمۇل ناھىيىلىك پارتكومدا خىزمەت قىلدى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. 1956- يىلى، بېيجىڭ مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسىغا يۆتكەلدى. 1958- يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا تەرجىمان، تەھرىر بولدى، ھەمدە تىل ۋە تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى.

غولام غوپۇر ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە تەرجىمان. ئۇ تۈزۈپ چىققان «ئۇيغۇرچە شېۋە سۆزلۈكلىرى» ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇ تۈزۈپ چىققان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات سۆزلۈكلىرى لۇغىتى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا گەۋدىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇنئالغۇ»، «كىرئالغۇ»، «سىنئالغۇ» قاتارلىق سۆزلۈكلەرنى ياساپ چىقتى. بۇلار ئوبرازلىق، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ خىل يېڭىچە سۆز ياساش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. 1989- يىلى، ئىستانبولدا ئۆتكۈزۈلگەن 6- نۆۋەتلىك دۇنيا تۈرك تىلشۇناسلىق يىغىنىدا ۋە كۆنيا شەھرىدە چاقىرىلغان ئۈنجى نۆۋەتلىك دۇنياۋى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يىغىنىدا ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىدى.

غولام غوپۇر ل. تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر بىر نەچچە ئەسەرلىرىنى ۋە «تارىخىي كومېدىيە»، «رابىيە- سەئىدىن»، «ئابدۇرېھىم نەزەرى شېئىرلىرى توپلىمى»، «شىنجاڭ تارىخى» (1-، 2- قىسىملىرى)، «قۇمۇل نەزمىلىرى» قاتارلىق 10 نەچچە ئەسەرنىڭ تەرجىمە- تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. يەنە مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق جۇڭگونىڭ داڭلىق كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە- تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۆلۈك جانلار»، «گاۋ يۇباۋ»، «يالا ئىشچى» قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا خىزمەت قىلىپ، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەيلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى قاتارلىق مەملىكەت خاراكتېرلىك يىغىنلارنىڭ ھۆججەت-ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇدې قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ھەم خاتىرە رەسىمگە چۈشتى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، 1987- يىلى ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىنى بەردى.

غولام غوپۇر تۈركىيە، گېرمانىيە، رۇمىنىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدى. 1986- يىلى، جۇڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكى بىلەن مەككىگە بېرىپ، ھەج تاۋاپ قىلدى.

غولام غوپۇر دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئالىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتى دائىمىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولدى.

ئۇنىڭ نام- شەرىپى «جۇڭگو مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى» ۋە «جۇڭگو نەشرىياتشۇناسلار قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى.

## ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر

ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر (1923 – 1995)، مىنگونىڭ 12- يىلى (1923- يىلى) شىنجاڭ قۇمۇلدا تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات بويىچە ئەتراپلىق تەلىم ئالغان. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933- يىلى)، ئاتا- ئانىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. مىنگونىڭ 25- يىلى (1936- يىلى)، ئۆلكىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. مىنگونىڭ 34 – 37- يىلغىچە (1945 – 1948 - يىلغىچە)، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە باش مۇھەررىر، ئالتاي نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك 2- دارىلمۇئەللىمىندە مۇدىر بولغان. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلار مەكتىپىدە، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدا تەرجىمان بولدى. 1978 – 1986 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى. 1987- يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تەتقىقاتچىلىققا تەيىنلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ خەنزۇ تىلى، قەدىمكى تۈرك تىلى، تۈرك تىلى، رۇس تىلى ۋە پارس تىللىرىغا پىششىق بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە ئىدى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مىنگونىڭ 28- يىلى (1939- يىلى) دىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) دىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىر، ئەسەرلىرى، ماقالىلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە تىياتىر ئەسەرلىرى «ئۆتكۈر» تەخەللۇسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «يېڭى چۈچكۈن» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى روشەن گەۋدىلەنگەن. ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «بىر تامچە قان» ناملىق دراممىسى (1941- يىلى)، لىرىكىلىق داستان «يېڭى جۇڭگوغا مەدھىيە» (1942- يىلى) ۋە ئاتاقلىق ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىللە يازغان چوڭ تىپتىكى ئۈچ پەردىلىك دراما «چىن مۆدەن» (1943- يىلى)، شۇنىڭدەك «ۋەتىنىم گۈل بېغىم»، «قايناق ھايات» قاتارلىقلار بار. مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى)، تەڭرىتاغ نەشرىياتى ئۇنىڭ «تارىم دەرياسى ۋادىسىدا» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن تەرجىمە ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ پىداكارلىق بىلەن نۇرغۇن ئەدەبىي تەرجىمىگە دائىر خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن، لى بەي ۋە دۇفۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ھەم «سەي ۋېنجى»، «ليۇ خۇلەن»، «لى زىچېڭ (بىرلىشىپ تەرجىمە قىلدى)» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەرجىمە، تەھرىرلىكىگە قاتناشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خاتا ھالدا قارىلىنىپ، ئۇزۇن يىل تۈرمىگە قامىلىپ، كۆپ ئازاب چەكتى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ ئاساسلىق «تۈركىي تىللار

دىۋانى» ۋە مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نى تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش، سېلىشتۇرۇش، بېكىتىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شېئىرىي يەشمىسىنى ئىشلىدى. 1986- يىلى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ لوس- ئانژېلېس شەھىرىدە چاقىرىلغان جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل- ئەدەبىيات، تارىخ كەسپلىرى بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىكنىڭ جۇڭگودىكى تەتقىقاتى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ رۇبائىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ تېمىسى توغرىسىدا» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى ئىلىم- پەن ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1979 – 1981- يىللىرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئابدۇكېرىم غوجا ۋە تېيىپجاننىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن، ئۇ 1948- يىلى يېزىپ قويغان «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىنى قايتىدىن رەتلەپ چىقىپ، 1980- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر 1981- يىلى مەملىكەتلىك 1- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش يىغىنىدا 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1979- يىلى، ئۇ يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي تېما قىلىنغان «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە رىۋايەت» دېگەن داستانىنى ئېلان قىلدى. 1981- يىلدىن باشلاپ، تارىخىي رومان «ئىز» نى يېزىشقا كىرىشىپ، 1985- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. شۇ يىلى يەنە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمى «ئۆمۈر مەنزىللىرى» نەشردىن چىقتى. 1988- يىلى، ئۇنىڭ مەشھۇر داستانى «قەشقەر كېچىسى» تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقتى. 1993- يىلى، ئۇنىڭ ئىككىنچى تارىخىي رومانى «ئويغانغان زېمىن» نەشردىن چىقتى.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە خەلق ئاساسىي تېما قىلىنغان، كۈچلۈك رومانتىزملىق ھېسسىياتى بىلەن يۇرتنى ، ۋەتەننى ، خەلقنى سۆيۈشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى نامايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. 1992- يىلى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا 50 يىل بولغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ يېرىم ئەسىر جەريانىدىكى تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، تون كىيگۈزدى. ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان مەزگىلدىمۇ، ياش يازغۇچىلارغا مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە ئەدەبىيات- سەنئەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تاپىلاپ، بىر ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچى ۋە ئالىمنىڭ يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى نامايان قىلدى.

1995- يىلى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 72 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## جاڭ جياشۇ

جاڭ جياشۇ (1915 – 1996) ئەر، خەنزۇ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېجۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1938- يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939- يىل 2- ئايدا كومپارتىيىگە كىرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشقا قاتناشقان، غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا، قوشۇنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ، جۇڭگو خەلق

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 1- بىگئونى 16- شى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1950- يىل 3- ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ۋەزىپىسىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس ئاسىيلىق قىلىپ قاچقان، جاڭ جياشۇ قومۇلنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1952- يىل 4- ئايدا، جاڭ جياشۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇ يەردە 17 يىل ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە پارتىيە، مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشى، باندىت تازىلاش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، «ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش» قاتارلىق ھەرىكەتلەردە جاپالىق ۋەزىپىلەرنى ئىشلىگەن. يەنە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق مەزگىلىدىكى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئاسراپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، جاپا- مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرغان. يولداش جاڭ جياشۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قومۇلدا ئۆتكۈزۈپ، ھاياتىنىڭ كۈچ- قۇۋۋەتكە تولغان ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى قومۇلغا بېغىشلاپ، قومۇلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم تۆھپە قوشقان.

## ئوسمانشاھ ھاجى

ئوسمانشاھ ھاجى (1915 – 1996) ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپى يېزىسى ھەزرىزىم كەنتىدە تۇغۇلغان. بۇ كەنتتە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئوسمانشاھ ھاجى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا پائال ھەمكارلىشىپ، تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1989- يىل 7- ئايدا، راھەتباغلىق بىر نەچچە دېھقان ئولتۇرغان تراكتور پالۋانتۇر يېزىسىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ئۈچ ئادەم قازا قىلىپ، ئالتە ئادەم يارىدار بولىدۇ، بۇ زور كۆڭۈلسىزلىككە قارىتا قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بەزى نامۇۋاپىق ۋاسىتىلەرنى قوللانماقچى بولىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوسمانشاھ ھاجى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھازىدارلارغا ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلەپ، قاتناش ئورۇنلىرىغا مالىلىشىپ، ۋەقەنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىدۇ. 1987- يىلى، تارانچى كۆمۈر كانىدا گاز پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بەش ئادەم قازا قىلىدۇ. ئارىدا ئۈچىسى مۇسۇلمان بولۇپ، قازا قىلغۇچىلارنىڭ تۇغقانلىرى جەسەتنى قۇدۇق ئاستىدىن ئېلىپ چىقىپ، دىنىي قائىدە بويىچە دەپنە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئوسمانشاھ ھاجى قاتارلىق كىشىلەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدىن ھال- ئەھۋال سوراپ، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئوسمانشاھ ھاجى ئۇلارغا: «ئۇلار دۆلەتكە كۆمۈر قېزىپ بېرىش يولىدا قۇربان بولدى، ئۇلار قەھرىمان بولدى، ئۇلارنى ئەمدى توپا ئاستىدىن قېزىپ چىققان بىلەن يەنە كۆمىدىغان گەپ» دەيدۇ. ئوسمانشاھ ھاجى يەنە شەرىئەتتىن چۈشەنچە بېرىپ: «ئادەم توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ، ئېلىپ چىقىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، ئوخشاشلا نامازنى چۈشۈرۈشكە بولىدۇ» دەيدۇ. قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، ھازىدارلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تۈگۈن ئاخىرى يېشىلىپ، قازا قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. 1988- يىلى، بەزىلەر ۋىلايەتلىك توك ئىسكىلاتى سىرتتىن مەكروھ گۆش كىرگۈزۈپ سېتىپتۇ، دېگەن پىتنە- پاسات

گەپلەرنى تارقىتىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ نورمال گۆش ئىستېمالىغا شەك كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى گۆش دۇكانلىرىنىڭ تىجارىتى مەلۇم تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئوسمانشاھ ھاجى بۇ ئىشنى ۋاقتىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ئىنكاس قىلىدۇ. شەھەرلىك ھۆكۈمەت دەرھال ئوسمانشاھ ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى تولۇق ئىسكىلاتىغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە بۇنىڭ بىر پىتنە- ئىغۋا ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ گۇمانى تۈگەيدۇ.

ئوسمانشاھ ھاجى ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ھەزرىتىم مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز مەسچىتىنىڭ دىنىي پائالىيىتىنى ياخشى باشقۇرۇپلا قالماي، ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ دىن باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ، ۋىلايەت ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ دىن ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. 1993- يىلىدىن ئىلگىرى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا مۇقىم سىنىپ بىناسى يوق بولۇپ، تالىپلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىشىدە نۇرغۇن قولايسىزلىقلار مەۋجۇت ئىدى. ئوسمانشاھ ھاجى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى يول مېڭىپ، كۆپ تەرەپلىك ياردەم سوراش ئارقىلىق، 1993- يىلى، ھۆكۈمەتتىن 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىدۇ. ئاممىنىڭ پۇل ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئىئانە قىلىشى نەتىجىسىدە، سىنىپ، ياتاق، ئىشخانا، ئاشخانا، سەرراپ، ماگىزىن قاتارلىق مۇئەسسەسىلىرى يۈرۈشلەشكەن ئوقۇتۇش بىناسىنى سېلىپ، تالىپلار ۋە ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

ئوسمانشاھ ھاجى ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى. ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، سىياسىي كېڭەش ئورۇنلىرى تەشكىللىگەن ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا ۋاقتىدا تەشۋىق قىلدى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىدا ئاممىنىڭ تۈرلۈك پىكىر- تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ تۇردى. بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى يازما ماتېرىيال قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ قاراپ چىقىشىغا تەكلىپ بەردى. 1992- يىلىدىن بۇيان، ئۇ ئۇتتۇرىغا قويغان «مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار مۇسۇلمانچە ئەمەس»، «كارىز قۇرۇلۇشىغا سېلىنمىنى كۆپەيتىش كېرەك»، «ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش مەسىلىسى دىققەت- ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك» قاتارلىق تەكلىپ- پىكىرلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىدى.

ئۇ، 1996- يىل 3- ئايدا ئوتتۇرىغا قويغان «توي- تۆكۈنلەرنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشنى قەتئىي چەكلەش» توغرىسىدىكى تەكلىپىدە: «توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ ئىشلىرىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئىشنى ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن باشلاش، يېزا- كەنتلەردە بۇنىڭغا دائىر مۇناسىپ باشقۇرۇش ھەيئىتى تەسىس قىلىش لازىم» دەپ يازدى. ئوسمانشاھ ھاجىنىڭ بۇ تەكلىپىگە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ناھايىتى تېزلا جاۋاب قايتۇردى. ئوسمانشاھ ھاجى ئىشنى ئۆزىدىن باشلىدى. ھەممە مەسچىتلەردە دائىم توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغلارنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى سۆزلەپ، مۇسۇلمان ئاممىسى ئارىسىدا تەشۋىقات تەربىيە ئېلىپ باردى. ئوسمانشاھ ھاجىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز ياسىمىدى، «ئۈچ نەزىرى»، «يەتتە نەزىرى» نى ئۆتكۈزمىدى.

ئوسمانشاھ ھاجى قۇمۇل شەھىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايون، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى بولدى. ئۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيدى. قانۇن- ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، قۇمۇلنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

# II باب

# شەخسلەر

## يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە باندىت تازىلاش جەريانىدا قۇمۇل رايونىدا قۇربان بولغانلار، يوقاپ كەتكەنلەر

جەدۋەل: 32 – 1

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئىنقىلاپقا قاتناشقان ۋاقتى | قۇربان بولغان (يوقاپ كەتكەن) ۋاقتى | قۇربان بولغان (يوقاپ كەتكەن) ئورنى ۋە سەۋەبى | هايات ۋاقتىدىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لو شاۋۋېي | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى چاقبۇلاقتىكى جەڭدە قۇربان بولغان | 6- جۇن 16- شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى |
| لى يۈچېڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى چاقبۇلاقتىكى جەڭدە قۇربان بولغان | 6- جۇن 16- شىنىڭ مەخپىيەت كاتىپى |
| ما يۈجاڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى چاقبۇلاقتىكى جەڭدە قۇربان بولغان | 6- جۇن 16- شىنىڭ شتاب ئوفىتسېرى |
| سۇڭ ۋېنچېڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى چاقبۇلاقتىكى جەڭدە قۇربان بولغان | 6- جۇن 16- شىنىڭ تېلېگراف خادىمى |
| ياڭ جۇاگيۈەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى چاقبۇلاقتىكى جەڭدە قۇربان بولغان | 6- جۇن 16- شىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى |
| ياڭ دېچى | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلىقتىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئەشچىسى |
| ۋاڭ جىكۇن | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلىقتىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئەشچىسى |
| چېن ۋېيجۇ | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۆيلىقتىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئەشچىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇ شېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋۇلىقتىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئىشچىسى |
| چېن دېرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | 1950.3 | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بايدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 6- پەيدە جەڭچى |
| لى تەيپىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1948.8 | 1950.4 | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆلدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 3- بەندە مۇئاۋىن بەنجاڭ |
| جاۋ ماجۈن | ئەر | خەنزۇ | 1948.3 | 1950.4 | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تۇركۆلدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 3- بەندە جەڭچى |
| ۋېي يۇلىن | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | | ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 16- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 3- بەندە جەڭچى |
| لىيۇ دېپىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | 1950.4 | ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 16- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 7- بەندە مۇئاۋىن بەنجاڭ |
| جۇ خەنتىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.7 | 1950.4 | ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرى چۆلتاغدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 16- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 5- بەندە مۇئاۋىن بەنجاڭ |
| جۇ چاۋجىن | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | 1950.4 | ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 16- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 8- بەندە مۇئاۋىن بەنجاڭ |
| خې ۋېنسۈي | ئەر | خەنزۇ | 1949.5 | 1950.4 | ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 8- بەندە جەڭچى |
| جاڭ باۋلەي | ئەر | خەنزۇ | 1949.10 | 1950.4 | ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | 6- جۈن 16- شى 46- تۇەن 1- يىڭ 2- لىيەن 3- بەندە جەڭچى |
| ما يۇڭخۇي | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋۇلىقتىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئىشچىسى |
| جاڭ رېن | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋۇلىقتىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئىشچىسى |
| ۋاڭ خاۋگۈي | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋۇلىقتىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئىشچىسى |
| چېن دېڭجېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋۇلىقتىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئىشچىسى |
| جاڭ شىجى | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋۇلىقتىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئىشچىسى |
| ۋاڭ جاۋفېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1950.3 | 1950.3 | قۇمۇل ناھىيىسى تاشۋۇلىقتىكى تۇرۇشتا قۇربان بولغان | خەلق ئىشچىسى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جاۋ فۇگۇي | ئەر | خەنزۇ | 1943.6 | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەندە لىيەنجاڭ |
| گو رۇيخۇا | ئەر | خەنزۇ | 1948.7 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 8- پەيدە مۇئاۋىن پەنجاڭ |
| لۇ شۇۋېن | ئەر | خەنزۇ | 1948.3 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەيدە پەنجاڭ |
| لىيۇ مىڭيى | ئەر | خەنزۇ | 1949.5 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەيدە مۇئاۋىن پەنجاڭ |
| جاڭ جياگلوڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەي جەڭچىسى |
| جاڭ ۋېنكۇي | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە تۈزكۆلدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەي جەڭچىسى |
| جېڭ شىڭدې | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەي جەڭچىسى |
| لياڭ تىڭشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەي جەڭچىسى |
| لىيۇ يىنۋا | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەي جەڭچىسى |
| جياڭ فۇباۋ | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەي جەڭچىسى |
| ۋاڭ جىنرۇ | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نومدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 1- پەي جەڭچىسى |
| لىيۇ جىڭدې | ئەر | خەنزۇ | 1946.11 | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 2- پەيدە مۇئاۋىن پەيجاڭ |
| چېن دېڭكۇي | ئەر | خەنزۇ | 1949.10 | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 2- پەيدە پەنجاڭ |
| جاڭ جېڭتاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.12 | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 2- پەيدە مۇئاۋىن پەنجاڭ |
| گو يۇلىن | ئەر | خەنزۇ | 1948.8 | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 2- پەيدە جەڭچى |
| جيا گۇيلىن | ئەر | خەنزۇ | 1948.2 | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 2- پەيدە جەڭچى |
| شيۇڭ گۇاڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- پىلك 2- لىيەن 2- پەيدە جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شى دىڭچياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.6 | 1950.3 | ئارالتۆرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- بىلك 2- لىيەن 2- پەيدە جەڭچى |
| زېي جياچىلڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.3 | ئارالتۆرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- بىلك 2- لىيەن 2- پەيدە جەڭچى |
| لى جىنتىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.3 | ئارالتۆرۈك ناھىيە بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 1- بىلك 2- لىيەن 2- پەيدە جەڭچى |
| لى خۇگخۇا | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |
| جۇ لىجۇن | ئەر | خەنزۇ | 1949.10 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |
| ۋاڭ مىڭدا | ئەر | خەنزۇ | 1949.1 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە بەنجاڭ |
| دۇ مەنلياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | باركۆل ناھىيە ئۆلكۈن جىگخىسىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |
| ياڭ شياۋجۇ | ئەر | خەنزۇ | 199.8 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |
| جاڭ خەيجياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى قوۋۇق ئېغىزىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |
| دۇ خوگــەي | ئەر | خەنزۇ | 1947.3 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە مۇئاۋىن لىيەنجاڭ |
| يۈەن سۇگخې | ئەر | خەنزۇ | 1949.9 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە لىيەنجاڭ |
| جاڭ گوۋا | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |
| جاڭ دىجىلڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.8 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |
| جاڭ چۈنشېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1948.2 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەندە جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لى شىن | ئەر | خەنزۇ | 1948 | 1950.4 | باركۆل ناھىيە كىچىك قۇلسىنچەرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| جۇ ۋېنجۇمن | ئەر | خەنزۇ | 1949.2 | 1950.4 | باركۆل ناھىيە كىچىك جىڭگەندىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| دۇ جۇنخۇا | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1950.4 | باركۆل ناھىيە كىچىك جىڭگەندىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| لى ۋېنرۇي | ئەر | خەنزۇ | 1948 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| تيەن جاگسەي | ئەر | خەنزۇ | 1943 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| جۇ فا | ئەر | خەنزۇ | 1949.1 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| لو پېگدا | ئەر | خەنزۇ | 1949.4 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| جۇاڭ باۋيەن | ئەر | خەنزۇ | 1948 | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسى ياگجۇەنگۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە مۇئاۋىن بەنجاڭ |
| ۋاڭ فۇسەڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسى غەربىستاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە بەنجاڭ |
| لېي فۇجى | ئەر | خەنزۇ | 1947 | 1950.10 | باركۆل ناھىيىسى غەربىستاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە بەنجاڭ |
| مياۋ زىگاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1950.10 | باركۆل ناھىيىسى غەربىستاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە ئوقۇغۇچى |
| ليۇ گولياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949.6 | 1950.10 | باركۆل ناھىيىسى غەربىستاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە مۇئاۋىن بەنجاڭ |
| لى باۋرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1951 | باركۆل ناھىيىسى غەربىستاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ لېيەندې | ئەر | خەنزۇ | 1948.2 | 1951 | باركۆل ناھىيىسى غەربىتاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە بەنجاڭ |
| جۇ جىيەنشەن | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1951 | باركۆل ناھىيىسى غەربىتاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| ما جەنلىن | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1951 | باركۆل ناھىيىسى غەربىتاغدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| سۈي خۇڭشياۋ | ئەر | خەنزۇ | 1949.3 | 1950.7 | باركۆل كۆكتېر تاغلىرىدىكى باندىت تازىلاشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| جاڭ يىنلياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1950.6 | باركۆل ناھىيىسى ئۆلكۈن جىڭگىسىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| ليۇ يۇسەي | ئەر | خەنزۇ | 1949.1 | 1950.7 | باركۆل ناھىيىسى چاگىرلىقتىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| لى فۇرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسى قاسانتۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| جياڭ كۇيجاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1942.5 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسى قاسانتۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە ئوقۇغۇچى |
| گاۋ دېچېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1947 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسى قاسانتۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە ئوقۇغۇچى |
| كۇڭ خۇشىن | ئەر | خەنزۇ | 1948 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسى قاسانتۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە بەنجاڭ |
| جۇ گۇاڭلىن | ئەر | خەنزۇ | 1949.1 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسى قاسانتۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە جەڭچى |
| چېن يۈن | ئەر | خەنزۇ | 1949.5 | 1950.4 | باركۆل ناھىيىسى قاسانتۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەندە پەيجاڭ |
| چېن چاۋ | ئەر | خەنزۇ | 1949 | 1952 | خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | 46- تۇەندە بەنجاڭ |
| ياڭ خەنجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1953 | خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | ئائىلىق ئەسكەرلەر تۇەندە جەڭچى |
| لى مىڭۋېن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.12 | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەن 1- لېيەندە يېتەكچى |
| لى فېڭبىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.12 | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بايدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۇەن 1- لېيەندە جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ يىنشى | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 4- لىيەندە جەڭچى |
| گو لىنەي | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 7- لىيەندە جەڭچى |
| گاۋ جۇنلىك | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | باركۆل ناھىيە قاسانتۇدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 7- لىيەندە مۇئاۋىن پەنجاڭ |
| جاڭ چۇنشەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 7- لىيەندە پەيجاڭ |
| ما جەنسەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 7- لىيەندە ئالاقىچى |
| سۈن زوڭخۇەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 7- لىيەندە پەنجاڭ |
| جاڭ سۇيخۇەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 7- لىيەندە جەڭچى |
| گۇەن جەنيۈەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۈرۈك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 7- لىيەندە جەڭچى |
| ياڭ ۋۇچاڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.3 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەن 7- بەندە جەڭچى |
| بەي لىيەنچىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەن 7- بەندە جەڭچى |
| خۇاڭ يۇچىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەن 1- بەندە جەڭچى |
| شيا جىنجىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەن 8- بەندە جەڭچى |
| فاڭ شىڭخەي | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەن 8- بەندە جەڭچى |
| گو ماۋچىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەن 8- بەندە جەڭچى |
| لى كەيتەي | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەندە جەڭچى |
| ۋۇ رۇڭچىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۆمەن 1- يىلك 2- لىيەن 8- بەندە جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لى بۇگچى | ئەر | خەنزۇ | | 1950.5 | ئاراتۇرۇك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | 46- تۈمەن 7- لېيەندە جەڭچى |
| ئەكبەر | ئەر | ئۇيغۇر | | 1950.5 | ئاراتۇرۇك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | مىللىي ئارمىيە 5- جۈن 4- تۈمەن 3- يىلك شتابىدا ئالاقىچى |
| ھېكىمجان | ئەر | ئۇيغۇر | | 1950.5 | ئاراتۇرۇك ناھىيە نېرىنكىردىكى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان | مىللىي ئارمىيە 5- جۈن 4- تۈمەن 3- يىلك شتابىدا ئالاقىچى |
| ما كېلىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا بەتچاڭ |
| شىك شىنچاڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| جاڭ مەنچاڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| چېن خىگدي | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| ۋاڭ جىمىك | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| لى شىنمىك | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| ليۇ شىنلۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| ۋاڭ بۇبو | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| لى زاۋ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| گو شياۋجى | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| دېڭ ۋېنشېڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| جۇ رۇنشېڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| ياڭ شېگشى | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |
| چېن زىگخۇا | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۈمەن 1- يىلك شتابىدا جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| خەن فاڭپۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| سۇن كېچىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| لىيۇ دېيۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| جېڭ شىڭجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| لىيۇ جىڭجى | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| ۋۇ جيەنشىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| جاڭ چىڭخەي | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| مۇ يۇنتاڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| لى جىنيۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| دۇڭ يۇشىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| لى جىنجۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| ياۋ شۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| جىڭ شاڭجى | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| جاۋ جۇڭشۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| جاڭ شيەنبو | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| لى گودۇڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| ۋاڭ لىباڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇن دېشېلڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| ۋاڭ شياۋچۈەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| يەن سەندى | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| جاڭ چۇجۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| ليۇ دېڭشاۋ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| فېڭ يۇڭچاڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| يۇ جۇڭلباڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| ليۇ شۇ دي | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| خې فۇشېڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| ۋۇ بىڭجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| جاڭ دىيەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950.4 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قۇربان بولغان | 48- تۇمەن 1- يىلڭ شتابىدا جەڭچى |
| دىڭ ۋېنشېڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇمەن 1- يىلڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| لۇ جىنشېڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇمەن 1- يىلڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| گاۋ جىفۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇمەن 1- يىلڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| ۋاڭ جىدۇڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇمەن 1- يىلڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| جاڭ خەيجيەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇمەن 1- يىلڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| سى كاڭشى | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇمەن 1- يىلڭ 3- ليەندە جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋۇ جىڭيۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| ياڭ شىجاڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| ۋاڭ پىيىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| ما فۇلياڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| ۋاڭ دېشۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| لى گۇاڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| جاڭ بىندو | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| چې زىچۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| ما بىڭجۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| ۋاڭ جىڭشىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| جىن مىيچىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| خەن فاچۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| جۇ بىڭيى | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| ساۋ پېيجۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| لىي يۇڭشيۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| لى رۇڭگاۋ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |
| لى باۋسەي | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- لىيەندە جەڭچى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇي فۇئەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| دۇڭ جۇنچى | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| بەي جاۋجى | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| چېن يۇەنلىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| جاڭ تيەنشەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| ۋېي سىجىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| گاۋ رۇيىڭ | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| نيۇ فۇيۇەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| جۇ چىڭلىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 4- ليەندە جەڭچى |
| باڭ فەن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ 3- ليەندە جەڭچى |
| شى جىڭيۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن 1- يىڭ شتابىدا جەڭچى |
| دەي شىڭلىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن زەمبىرەكچىلەر ليەنىدە جەڭچى |
| سەي يۇۋېن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن زەمبىرەكچىلەر ليەنىدە جەڭچى |
| ليۇ شيۇزى | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن زەمبىرەكچىلەر ليەنىدە جەڭچى |
| ليۇ يىڭبىن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن زەمبىرەكچىلەر ليەنىدە جەڭچى |
| چېن جۇن | ئەر | خەنزۇ | | 1950 | قۇمۇل ناھىيىسىدە يوقاپ كەتكەن | 48- تۇەن ماشىنلاشقان 3- ليەندە جەڭچى |

### ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋە پاكىستانغا ياردەم بېرىشتە شۇنىڭدەك باشقا ئىنقىلابىي خىزمەت جەريانىدا قۇربان بولغانلار

جەدۋەل: 32 – 2

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋاقتى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى | قۇربان بولغان ۋاقتى | قۇربان بولغان ئورۇن ۋە سەۋەبى | هايات ۋاقتىدىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| زەي جىجيەن | ئەر | خەنزۇ | 1919 | 1937.2 | پارتىيىلىك | 1950.6 | بېيجىڭدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى | |
| گالى رىشىت | ئەر | ئۇيغۇر | 1910 | 1952 | | 1953.8 | قۇمۇل ناھىيىسىدە قاچقۇن تۇتۇشتا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | خەلق ئەسكىرى |
| دۇەن تاۋدې | ئەر | خەنزۇ | 1933 | 1951.3 | | 1954 | ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان | پىدائىي ئارمىيە مەلۇم قىسىم جەڭچىسى |
| ياڭ گوگۇي | ئەر | خەنزۇ | 1927 | 1947.2 | | 1957 | ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان | كاتىپ |
| جاڭ فېڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1930.10 | 1948 | پارتىيىلىك | 1965.6 | قۇمۇل ناھىيىسىدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | قۇمۇل ناھىيە ئىتتىپاق كومىتېتىدا شۇجى |
| جۇ مىڭفا | ئەر | خەنزۇ | 1928.2 | 1945.8 | پارتىيىلىك | 1967.10 | قۇمۇل ناھىيىسىدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | قۇمۇل ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى |
| ۋۇ جىنبىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1922.8 | 1943.11 | پارتىيىلىك | 1969.11 | باركۆل ناھىيىسىدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | باركۆل ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم باشلىقى |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ شىرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1950.5 | 1969.1 | | 1971.4 | لياۋنىڭ ئۆلكىسى لىگيۈەن ناھىيىسىدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | جەڭچى |
| شياۋ سى | ئەر | خەنزۇ | 1918 | 1934 | پارتىيىلىك | 1972 | شاگخەي شەھىرىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان | قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى |
| يۇ مىڭفۇ | ئەر | خەنزۇ | 1948.12 | 1968.4 | پارتىيىلىك | 1973.12 | خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | ياردەمچى خادىم |
| لى جىيىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1951.2 | 1971 | پارتىيىلىك | 1974.4 | خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | 7990- قىسىم جەڭچىسى |
| شۈ يۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1953.12 | 1971.1 | پارتىيىلىك | 1976.11 | پاكىستاندا خىزمەتتە قۇربان بولغان | پاكىستانغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق قىسمىدا بەنجاڭ |
| گۇاڭ لىن | ئەر | خەنزۇ | 1954.9 | 1970.4 | پارتىيىلىك | 1976.11 | پاكىستاندا خىزمەتتە قۇربان بولغان | |
| جىن جىپې | ئەر | خەنزۇ | 1960.12 | 1979.11 | | 1979.12 | سانجىدا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسىدا ساقچى |
| لى تەيچاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1914 | 1939.12 | | 1952 | قۇمۇلدا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | |
| جىن گېڭچېن | ئەر | خەنزۇ | 1956.3 | | پارتىيىلىك | 1977.10 | باركۆلدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | باركۆل ناھىيىسى ئوتتۇرا ئەترەتتە جەڭچى |
| ۋاڭ ئەيكو | ئەر | خەنزۇ | 1960 | | ئىتتىپاق ئەزاسى | 1982.2 | باركۆلدە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان | باركۆل ناھىيىسى ئوتتۇرا ئەترەتتە جەڭچى |

**يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇلدا خىزمەت قىلغان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە، 8- ئارمىيە جەڭچىلىرى**

جەدۋەل: 32 – 3

| ئىسىم - فامىلىسى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋاقتى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ليۇ خېيىن | ۋىلايەتلىك پارتكوم | دائىمىي كومىتېت ئەزاسى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1917.7 | 1937.3 | 1937.3 |
| ۋۇ خۇارېن | ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1914 | 1935.5 | 1935.9 |
| ياڭ شېڭخا | ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1914 | 1935.3 | 1935.7 |
| چاڭ خۇيبى | ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1912 | 1934.7 | 1934.10 |
| لى يۈن | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1920 | 1936 | 1937 |
| جۇ فېڭشيۇ | ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1919 | 1935 | 1947 |
| لى جىشياڭ | قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | يۈننەن | 1913.4 | 1936.3 | 1938.6 |

قۇمۇلدا خىزمەت قىلغان جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش قىسمى سول تارماق ئەترىتىدىكى خادىملار:

جۇڭگو ئىشچى- دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش قىسمىنىڭ سول تارماق ئەترىتى 1937- يىل 4- ئاينىڭ ئاخىرى قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە باردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي يۈرۈش قىسمىنىڭ يەتتە جەڭچىسى قۇمۇلدا خىزمەت قىلدى.

دۇ تيەنيى قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىغا قاراشلىق ئىدارىلاردا نۇرغۇن يىللار رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى، 1980- يىلى، دەم ئېلىشقا چىقتى.

تاڭ جەنيۈەن 1958- يىلى قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل شەھىرىدە كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزدى.

بەي مىڭشەن 1960 يىلى قۇمۇل شەھىرى ئەتراپى يېزىسىدا ماكانلىشىپ ۋاپات بولدى.

ۋاڭ مىڭچاۋ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا خىزمەت قىلدى.

ۋۇ نەنشەن (تەپسىلاتىنى شەخسلەر تەرجىمىھالىدىن كۆرۈڭ).

ۋەن يۈلىن (تەپسىلاتىنى شەخسلەر تەرجىمھالىدىن كۆرۈڭ).

ۋاڭ يىفۇ 1951- يىلى باركۆل ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىدە ئىشلەپ، 1978- يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

**1934 – 1938- يىلىغىچە قۇمۇلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلارنىڭ ئىسىملىكى**

جەدۋەل: 32 – 4

| ئىسىم- فامىلىسى | مىللىتى | جىنسى | چەت ئەلدە ئوقۇغان ۋاقتى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| ئادىل سوپى | ئۇيغۇر | ئەر | 1934.9 – 1936 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە ھاكىم بولغان |
| ئابدۇللا تۇرسۇن | ئۇيغۇر | ئەر | 1934.9 – 1936 | |
| تۇرسۇن نىياز | ئۇيغۇر | ئەر | 1934.9 – 1936 | تاشكەنتتە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان |
| يۇنۇس ئىمىن | ئۇيغۇر | ئەر | 1935.9 – 1937 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان |
| تاھىر يوسۇق | ئۇيغۇر | ئەر | 1935.9 – 1937 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىدە مۇئاۋىن باشلىق بولغان |
| سوپا تۇرانوۋ | ئۇيغۇر | ئەر | 1935.9 – 1937 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان |
| لى رۇي | خەنزۇ | ئەر | 1935.9 – 1937 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان |
| شۇ جى | خەنزۇ | ئەر | 1935.9 – 1937 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردە رۇس تىلى تەرجىمانى بولغان |
| ھەبىبۇللا | ئۇيغۇر | ئەر | 1935.9 – 1937 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ناھىيىلىك شارلار رايونىنىڭ باشلىقى بولغان |
| ئابدۇسوپۇر | ئۇيغۇر | ئەر | 1935.9 – 1937 | |
| سەدىنىشا غوجىنىياز | ئۇيغۇر | ئەر | 1935.9 – 1937 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئەمەت ئىمىن | ئۇيغۇر | ئەر | 1937 – 1935.9 | مىنگو دەۋرىدە ئاراتۇرۇلۇك ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان |
| ئابدۇللا قارى | ئۇيغۇر | ئەر | 1937 – 1935.9 | |
| ئابلىز قادىر | ئۇيغۇر | ئەر | 1938 – 1936.9 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان |
| ئابدۇراخمان سەئىدى | ئۇيغۇر | ئەر | 1938 – 1936.9 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن |
| ئىسمائىل سەئىدى | ئۇيغۇر | ئەر | 1938 – 1936.9 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەمۇرىي مەھكىمە قورۇلۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان |
| ئابدۇللا قۇربانوف | ئۇيغۇر | ئەر | 1938 – 1936.9 | يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان |

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر
## (1990- يىلىغا قەدەر)

جەدۋەل: 32 – 5

| ئىسىم- فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | قايسى ۋاقىتتا قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن | ئوقۇش تارىخى | خىزمەت ئورنى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى | باھالانغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شۇ جىيۇمىن | ئەر | خەنزۇ | 1932 | 1955- يىلى شىئەن تېببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى | ئاشقى بۆلۈمدە مۇدىر ۋراچ | 1987.11 |
| جاۋ بۇچياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1956- يىلى شىئەن تېببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | بالىلار بۆلۈمىدە مۇدىر ۋراچ | 1987.11 |
| ئەن گوشېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1923.9 | 1948- يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئۇيېركۇلىيوز كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش پونكىتىنىڭ باشلىقى | ئۆپكە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە مۇدىر ۋراچ | 1963 |
| لىش شىچى | ئەر | خەنزۇ | 1932 | 1958- يىلى شېنياڭ تېببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى | ئىچكى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چاڭ سۇگىنيەن | ئەر | خەنزۇ | 1937.1 | 1961- يىلى خاربىن تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئىچكى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| لەن جۇنشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1932 | 1959- يىلى ۋۇخەن تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | تاشقى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| گۇ يۇگېن | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1959- يىلى دالييەن تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | تاشقى بۆلۈمدە كاندىدەت مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| ياڭ چىخۇ | ئەر | خەنزۇ | 1939.11 | 1962- يىلى خۇبېي تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | تاشقى بۆلۈمدە كاندىدەت مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| چېن ئېرفېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1926 | 1956- يىلى خېبېي تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا تىببىي ئىشلار بۆلۈمى | كۆز بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| شياڭ سۇگيۇڭ | ئايال | خەنزۇ | 1934 | 1959- يىلى شېنياڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | كۆز بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| تيەن يۈرۇ | ئايال | خەنزۇ | 1933 | 1960- يىلى دالييەن تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| يۇ شىرۇڭ | ئايال | خەنزۇ | 1933 | 1957- يىلى خېبېي تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| ياۋ مىڭجېڭ | ئايال | خەنزۇ | 1934 | 1952- يىلى چېڭدۇ ھەربىي دوختۇرخانا سەھىيە مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | تىببىي بۆلۈمدە مۇدىر سېستىرا | 1987.12 |
| خۇ كېيشېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1961- يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | رادىئاتسىيىلىك كېسەللەر بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| چېن چيەنلىن | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1951- يىلى شاڭخەي شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگەن | | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | تەكشۈرۈش بۆلۈمدە مۇئاۋىن مۇدىر تېخنىك | 1987.12 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ زىلى | ئەر | خەنزۇ | 1937.4 | 1955- يىلى دالىيەن تىببىي ئىنستىتۇتى سەھىيە مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك قان پونكىتى | مۇئاۋىن مۇدىر تېخنىك | 1987.12 |
| خۇ ۋېيجىاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1928 | 1949- يىلى نەنجىڭ مەركىزىي سەھىيە تەجرىبە مەكتىپى | ئالىي تېخنىكوم | ساقلىق ساقلاش بۆلۈمى | سەھىيە تېخنىكا باشقۇرۇش بويىچە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1983.9 |
| لياڭ يېيفۇ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1965- يىلى بېيجىڭ جۇڭگو تىبابەتچىلىكى ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسى | ئايالالار بۆلۈمىدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| چېن چېن | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1963- يىلى جياڭسۇ يەنچېڭ تىببىي تېخنىكومى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك جۇڭگو تىبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئىچكى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| ياڭ جېنمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1961- يىلى بېيجىڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى | ئاممىۋى تازىلىق بويىچە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| ئىبادەت ۋەلى | ئايال | ئۇيغۇر | 1938 | 1962- يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | باللار بۆلۈمىدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| شۇ شياۋچېن | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1962- يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | باركۆل ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى | تاشقى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.12 |
| جاۋ فۇتىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1929 | 1949- يىل جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2- تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | كۆز بۆلۈمىدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.7 |
| ئەخمەت | ئەر | ئۇيغۇر | 1936 | 1963- يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.7 |
| پاتىخان | ئايال | ئۆزبېك | 1940 | 1963- يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا | ئايالالار بۆلۈمىدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.7 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ دېفا | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1965- يىلى شېنياڭ دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك دورا تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى | كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.7 |
| چى يۆكې | ئەر | خەنزۇ | 1932 | 1957- يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| جاڭ لىنشېن | ئەر | خەنزۇ | 1941 | 1962- يىلى شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| شا لىمىڭ | ئايال | خەنزۇ | 1936 | 1960- يىلى شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| گۇ فۇكاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1961- يىلى شاڭخەي پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| خۇاڭ جىڭبو | ئايال | خەنزۇ | 1938 | 1961- يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| فەن ياجۇ | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1957- يىلى خاربىن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| ئابلىز تۆمۈر | ئەر | ئۇيغۇر | 1941 | 1961- يىلى شىنجاڭ ئىقتىسادىي 2- دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| تۆمۈر نىياز | ئەر | ئۇيغۇر | 1940 | 1957- يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| مەممەت نازىر | ئەر | ئۇيغۇر | 1940 | 1960- يىلى شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| ئىسمائىل ئابدۇل | ئەر | ئۇيغۇر | 1938 | 1957- يىلى شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.6 |
| يەن ۋۇزى | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1961- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپى | دوتسېنت | 1988.6 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۇنۇس تاھىر | ئەر | ئۇيغۇر | 1940 | 1961- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇمۇل شۆبە مەكتىپى | دوتسېنت | 1988.6 |
| گۇ شىنجيېن | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1962- يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل سەھىيە مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| لى خۇيىنىن | ئايال | خەنزۇ | 1935 | 1961- يىلى خاربىن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل سەھىيە مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| يۈ كەيچى | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1965- يىلى شىئەن تەنتەربىيە ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| چېن جىنيۈن | ئايال | خەنزۇ | 1940 | 1963- يىلى تەنجىڭ دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| ياڭ يۈمىڭ | ئايال | خەنزۇ | 1935 | 1961- يىلى تەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي لېكتور | 1988.10 |
| ليۇ ماۋشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1964- يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي لېكتور | 1988.10 |
| ئابدۇرەقىپ | ئەر | ئۇيغۇر | 1930 | 1981- يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| مەريەم شەمشىدىن | ئايال | ئۇيغۇر | 1938 | 1957- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.10 |
| ياڭ تيەنچېن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1963- يىلى گەنسۇ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| جاڭ چاگيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1961- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| چېن گۈيفاڭ | ئايال | خەنزۇ | 1939 | 1961- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.7 |
| پەتتۇللا ئەخمەت | ئەر | ئۇيغۇر | 1933 | 1957- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.7 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ليۇ گۇڭچېن | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1959- يىلى شىئەن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.9 |
| ياۋ جىنيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1961- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.9 |
| ليۇ خۇي | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1955- يىلى شىنجاڭ 1- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.9 |
| جاڭ داجۈن | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1958- يىلى چېڭدۇ سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.9 |
| دا گولەن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1959- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.9 |
| راۋ خۇلەن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | شەرقىي جۇڭگو 1- سانائەت مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.9 |
| جاڭ زىڭشيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1933 | 1958- يىلى غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | باركۆل ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.9 |
| بەختىخان | ئايال | قازاق | 1939 | 1960- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| لى شىڭگۇي | ئەر | خەنزۇ | 1942 | 1965- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| مۇھەممەتخان | ئەر | قازاق | 1939 | 1958- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| نۇ كۈي | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1961- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ياڭ ماۋشۇ | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1956- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| مەيىنەم | ئەر | قازاق | 1936 | 1956- يىلى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يەن خۇگلياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1960- يىلى شۈجۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| چېن خۇگجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1933 | 1957- يىلى لەنجۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | باركۆل ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| جاڭ چاڭشېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1941 | 1963- يىلى گەنسۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ليۇ شۈراڭ | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1955- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئايخان تاھىر | ئايال | ئۇيغۇر | 1938 | 1958- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1947 | 1970- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| يۇنۇس نىياز | ئەر | ئۇيغۇر | 1948.6 | 1967- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئابلا نەسرۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | 1939.6 | 1958- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ھەجەر ۋاھىت | ئايال | ئۇيغۇر | 1942 | 1958- يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئابدۇراخمان ئادىل | ئەر | ئۇيغۇر | 1943.7 | 1962- يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| سادەت ئىمىت | ئايال | ئۇيغۇر | 1941 | 1961- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رابىيەم ئەخمەت | ئايال | ئۇيغۇر | 1940 | 1959- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| مەريەم نەسرۇللا | ئايال | ئۇيغۇر | 1943 | 1959- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ۋاھىت ئىسمائىل | ئەر | ئۇيغۇر | 1941.6 | 1964- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| نىياز بەھرام | ئەر | ئۇيغۇر | 1938 | 1959- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| مۇھەممەت ھىدايى | ئەر | ئۇيغۇر | 1938.11 | 1957- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئىسمائىل ئاسىپ | ئەر | ئۇيغۇر | 1941.11 | 1959- يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئەھمەت مەنسۇر | ئەر | ئۇيغۇر | 1941.7 | 1959- يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| لى مىڭيى | ئەر | خەنزۇ | 1938.8 | 1961- يىلى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| چېن لىجى | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1964- يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| دۇڭ يۈجاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1940.8 | 1964- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| شۇ جىيمىن | ئەر | خەنزۇ | 1940.7 | 1964- يىلى شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن تيەنجىن | ئەر | خەنزۇ | 1937.2 | 1960- يىلى شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| دۇ يەنتيەن | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1954- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| شۇ جىتاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1957- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ياڭ لىنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1937.4 | 1958- يىلى غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| جاڭ بىي | ئەر | خەنزۇ | 1938.5 | 1958- يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| شيا شىيى | ئەر | خەنزۇ | 1934.11 | 1960- يىلى بېيجىڭ سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ۋۇ داۋشيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1958- يىلى شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| رۇڭ شىنچى | ئەر | خەنزۇ | 1946.11 | 1969- يىلى شاڭخەي پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ماۋ رۇڭفۇ | ئەر | خەنزۇ | 1946.11 | 1969- يىلى شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| لىي سۇرۇ | ئايال | خەنزۇ | 1945 | 1986- يىلى خۇبېي ماارىپ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| يەن خاۋلەن | ئايال | خەنزۇ | 1946.8 | 1984- يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خۇ جۇنجيې | ئەر | خەنزۇ | 1938.2 | 1961- يىلى خېنەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ۋاڭ شىجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1935.11 | 1958- يىلى شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| لۇ جىنبيۇەن | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1961- يىلى شاڭخەي پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| مۇھەممەت سىدىق | ئەر | ئۇيغۇر | 1946 | 1970- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ۋاڭ مېيبى | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1956- يىلى خېنەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئىسمائىل ئابدۇل | ئەر | ئۇيغۇر | 1941 | 1962- يىلى شىنجاڭ 2- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| جاپپار شەمشىدىن | ئەر | ئۇيغۇر | 1934 | 1957- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| گاۋ جاۋخۇا | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1952- يىلى شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| يۇ شۇفېن | ئايال | خەنزۇ | 1939 | 1966- يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| چېن جۇن | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1966- يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |
| ئابدۇۋاھىت يارى | ئەر | ئۇيغۇر | 1936 | 1952- يىلى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.9 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ ۋېيكمىن | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1960- يىلى تۆمۈريول ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.11 |
| لى بولۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1961- يىلى لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.11 |
| فاڭ يەنزېن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1963- يىلى لياۋنىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل شەھىرى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.11 |
| جاڭ شىمىن | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1958- يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى | دوتسېنت | 1988.11 |
| زۇ گېڭشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1963- يىلى شىئەن پوچتا مەكتىپى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.6 |
| جاڭ لياڭتيەن | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1957- يىلى نەنجىڭ رادار مەكتىپى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.6 |
| ۋاڭ جيەنپىن | ئەر | خەنزۇ | 1941 | 1965- يىلى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئۆلچەم پونكىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| يۇ ۋېيجياڭ | ئايال | خەنزۇ | 1934 | 1956- يىلى تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.9 |
| فۇ گۇەنيىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1961- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك سۇ بايلىقى ئىشخانىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| تيەن رۇيجۇ | ئايال | خەنزۇ | 1940 | 1961- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ئاراتۆرۈك ناھىيىلىك رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| گاۋ جىڭرۇي | ئەر | خەنزۇ | 1942 | 1965- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | باركۆل ناھىيىلىك سۇ-ئېلېكتر ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.11 |
| ما قاجى | ئەر | خەنزۇ | 1929 | 1956- يىلى نەنجىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مېي يۈشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1930 | 1956-يىلى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| چېن بىنغا | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1960-يىلى شىنجاڭ «1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| شى زەيجېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1962-يىلى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| گۇمن يۈنخۇا | ئايال | خەنزۇ | 1935 | 1960-يىلى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| دىڭ جىگرۇي | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1964-يىلى خېنەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| نىزامىدىن | ئەر | ئۇيغۇر | 1939 | 1964-يىلى شىنجاڭ «1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| جاڭ شىشياۋ | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1964-يىلى شەندۇڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| لى سۈنگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1964-يىلى بىگتۇمن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| مۇھەممەت موسا | ئەر | ئۇيغۇر | 1937 | 1956-يىلى ئاپتونوم رايوندا بىلىم ئاشۇرغان | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| ۋۇ يۈەنشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1955-يىلى سىچۈەن ۋەنشيەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| ۋاڭ زۇمىن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1955-يىلى جېگجو يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| زۇمرەم نىياز | ئايال | ئۇيغۇر | 1942 | 1955- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا كادىرلىرى سىنىپىنى پۈتتۈرگەن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| جاۋ سۇڭگو | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1962- يىلى جياڭشى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل شەھىرى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| لىن لياڭنىمىن | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1963- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل شەھىرى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| ۋا شۇشيۇ | ئايال | خەنزۇ | 1941 | 1965- يىلى گەنسۇ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل شەھىرى | ئالىي ئاگرونوم | 1988.7 |
| چېن چى | ئەر | خەنزۇ | 1932 | 1950- يىلى لۇجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى | ئالىي ئىقتىسادچى | 1988.7 |
| جېڭ چىڭجيا | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1964- يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر | 1988.5 |
| ما چى | ئەر | ئۇيغۇر | 1927 | 1947- يىلى ئۆزبېكىستان ئوبلاستىدىكى قارىسقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | مۇدىر مۇھەررىر | 1988.2 |
| فەن چىڭچۇ | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1949- يىلى شىئەن دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | مۇدىر مۇھەررىر | 1988.2 |
| يۈەن لياڭيىن | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1962- يىلى سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | مۇدىر مۇھەررىر | 1988.9 |
| يۈەن شىڭشيا | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1956- يىلى شاڭخەي بانكا مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل گېزىتى | مۇدىر مۇخبىر | 1988.6 |
| مۇھەممەت يۇنۇس | ئەر | ئۇيغۇر | 1934 | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشخانا كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپىدا ئوقۇغان | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1988.7 |
| ئىسمائىل ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1931 | 1952- يىلى شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1988.7 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئايشەم ئەخمەت | ئايال | ئۇيغۇر | 1942 | 1956- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دا باش مۇھەررىر | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر | 1988.7 |
| شۈ يۈكەي | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1961- يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك لايىھىلەش ئىشخانىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| يۈەن تۇڭكەي | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1961- يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك لايىھىلەش ئىشخانىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| سۇڭ گۇاڭشېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1965- يىلى بېيجىڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مۇھىت ئۆلچەش پونكىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| جاۋ فېڭجى | ئايال | خەنزۇ | 1938 | 1963- يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك سانائەت-قاتناش تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| جاڭ خەنيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1961- يىلى ئورمانچىلىق ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پونكىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| ۋاڭ يۈجېي | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1963- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| خۇاڭ دۇنزې | ئەر | خەنزۇ | 1941 | 1964- يىلى بۇرتېۋۇلك قىسىم مەكتىپى | ئالىي تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| ۋۇ زىسېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1954- يىلى غەربىي شىمال سۇچىلىق مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك سۇ بايلىقى ئىشخانىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| ياڭ جيشىن | ئەر | خەنزۇ | 1928 | 1953- يىلى خېبېي يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك سۇ بايلىقى ئىشخانىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| دۇ ۋېنسۇن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1963- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك سۇ بايلىقى ئىشخانىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.7 |
| بەي فېڭجى | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1966- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك نەسىلچىلىك پونكىتى | ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى | 1988.7 |
| جاڭ ۋېنرۇ | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1962- يىلى گەنسۇ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى | ئالىي مال دوختۇرى | 1988.7 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن پېيىرېن | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1955- يىلى غەربىي شىمال لەنجۇ مال دوختۇرلۇق ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى | ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى | 1988.7 |
| ۋۇ شيەنشى | ئەر | خەنزۇ | - | 1960- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى | 1988.7 |
| جېن ياگشەن | ئەر | خەنزۇ | 1931 | غەربىي شىمال ئىنقىلابىي ئۇنىۋېرسىتېتى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك يېزا ئىقتىساد پونكىتى | ئالىي يېزا ئىقتىسادچى | 1988.7 |
| لى شىنجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1954- يىلى شىئەن تاشيول مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەن | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.9 |
| سۇڭ يۈنمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1942 | 1966- يىلى بېيجىڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەتكەن | ئىچكى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1987.7 |
| ليۇ شيۇمېي | ئايال | خەنزۇ | 1940 | 1966- يىلى بېيجىڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەتكەن | ئىچكى بۆلۈمدە كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.12 |
| جۇ يۈگتەي | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1954- يىلى شىنجاڭ «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | دەم ئېلىشقا چىققان | ئالىي ئاگرونوم | 1988.12 |
| جاڭ گۈيىڭ | ئايال | خەنزۇ | 1936 | 1962- يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.12 |
| لى دېلۇن | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1959- يىلى هاۋا ئارمىيە مېتېئورولوگىيە ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | دەم ئېلىشقا چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| ياڭ شياۋخۇەن | ئايال | خەنزۇ | 1931 | 1960- يىلى بېيجىڭ سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | دەم ئېلىشقا چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| جاۋ يىلۇ | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1952- يىلى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | دەم ئېلىشقا چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| جاڭ خۇيتىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1956- يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | دەم ئېلىشقا چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شى تىڭجۇ | ئەر | خەنزۇ | 1926 | 1949- يىلى نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| ما چېيەنشى | ئەر | خەنزۇ | 1920 | 1947- يىلى سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| رېن زۇتاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1961- يىلى نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| كاڭ دېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1907 | 1957- يىلى جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| فەن شياۋزۇ | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1956- يىلى غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| جۇ ۋېنشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1920 | 1952- يىلى شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| سۇي لېيەنخۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1956- يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| ئابدۇللا تۇمۇر | ئەر | ئۇيغۇر | 1924 | 1944- يىلى شىنجاڭ 2- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| ئابدۇراخمان سەئىدى | ئەر | ئۇيغۇر | 1913 | 1938- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| ۋاڭ چيۇخۇەي | ئەر | خەنزۇ | 1932 | كىچىكىدىن سەنئەت ئۆگەنگەن | تولۇقسىز | دەم ئېلىشقا چىققان | 2- دەرىجىلىك ئارتىس | 1988.12 |
| لو كېجيەڭ | ئەر | خەنزۇ | 1918 | 1935- يىلى لەنجۇ شۆبە تىببىي مەكتىپى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.12 |
| ياڭ جۇڭياۋ | ئەر | خەنزۇ | 1919 | 1946 – 1949- يىللىغىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.12 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شې شۇشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1959- يىلى بېيجىڭ تېببىي ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1988.12 |
| دۇ فاڭجۇ | ئەر | خەنزۇ | 1926 | 1949- يىلى لەنجۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | مۇدىر مۇھەررىر | 1988.12 |
| تۇرسۇن ھەسەن | ئەر | ئۇيغۇر | 1929 | 1957- يىلى بېيجىڭ كىنو ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | 2- دەرىجىلىك رېژىسسور | 1988.12 |
| لى شيۇيۈ | ئايال | خەنزۇ | 1932 | 1953- يىلى جۇجياڭ سۇچىلىق مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| ياۋ شياۋجۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1922 | 1941- يىلى كادىرلار مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى | 1988.12 |
| ۋاڭ مىڭچاۋ | ئەر | خەنزۇ | 1917 | 1941- يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە تېببىي مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى | 1988.12 |
| ما لياڭچى | ئەر | خەنزۇ | 1926 | 1940- يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| مۇھەممەتئېلى ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1925 | 1944- يىلى ئۈرۈمچى 2- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| داۋۇت تاھىر | ئەر | ئۇيغۇر | 1926 | شىشەن تەنتەربىيە ئىنستىتۇتى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| مۇھەممەتئېلى ھاجىيۇپ | ئەر | ئۇيغۇر | 1924 | 1945- يىلى ئۈرۈمچى 2- دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | پېنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988.12 |
| شۇ رېن | ئەر | خەنزۇ | 1933 | 1958- يىلى شەرقىي شىمال سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| شې شىنرېن | ئەر | خەنزۇ | 1942 | 1966- يىلى ۋۇخەن سۇ- ئېلېكتر ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى | خىمىيە كەسپى بويىچە ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| جيا دۇشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1941 | 1966- يىلى شەنشى سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | ۋىلايەتلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لى رۇفېن | ئايال | خەنزۇ | 1939 | 1958- يىلى بېيجىڭ ئېلېكتر مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| ۋۇ ۋېنبىن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1958- يىلى بېيجىڭ ئېلېكتر مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| خۇاڭ جىڭفەن | ئەر | خەنزۇ | 1935 | 1958- يىلى چۇڭچىڭ ئېلېكتر مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ۋىلايەتلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| جاڭ گۇاڭسىن | ئەر | خەنزۇ | 1934 | 1956- يىلى چۇڭچىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.12 |
| شى جېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1928 | 1949- يىلى تەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | دوتسېنت | 1988.12 |
| جاڭ گۇاڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1965- يىلى چۇڭچىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| لى بىڭشۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1963- يىلى جېجياڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | 1- ئېلېكتر ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| ۋاڭ كەيناۋ | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1960- يىلى چۇڭچىڭ ئېلېكتر مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1- ئېلېكتر ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| فېڭ كەيخۇەن | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1960- يىلى چۇڭچىڭ ئېلېكتر مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1- ئېلېكتر ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| شى تۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1960- يىلى بېيجىڭ ئېلېكتر مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1- ئېلېكتر ئىدارىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| يۈەن فا | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1966- يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | باركۆل ناھىيىسى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| شېڭ لىۋۇۋۇ | ئەر | خەنزۇ | 1936 | 1959- يىلى ۋۇخەن گېئولوگىيە مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| يۇ شۇشۇ | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1960- يىلى شىنجاڭ كانچىلىق ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېڭ فېڭ | ئەر | خەنزۇ | 1933 | 1958- يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| لىۇ گۈيى | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1963- يىلى شىنجاڭ كانچىلىق ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | تاش مائىرىياللىرى زاۋۇتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| ۋۇ شۇۋۇ | ئەر | خەنزۇ | 1938 | 1961- يىلى شىئەن قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل شەھىرى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| ما جىنجياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1939 | 1959- يىلى سۇجۇ قۇرۇلۇش مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل قۇرۇلۇش شىركىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| لى جيالۇن | ئەر | خەنزۇ | 1932 | 1956- يىلى تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | قۇمۇل قۇرۇلۇش شىركىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| شى جىبى | ئەر | خەنزۇ | 1941 | 1962- يىلى جياڭسۇ چېدۇڭ پېداگوگىكا تېخنىكومى | ئالىي تېخنىكوم | تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئوتتۇرا مەكتىپى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |
| يۈ شيۇمېي | ئايال | خەنزۇ | 1942 | 1962- يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئوتتۇرا مەكتىپى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |
| ما چۈەنجۇن | ئەر | خەنزۇ | 1941 | 1965- يىلى بېيجىڭ سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئوتتۇرا مەكتىپى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |
| جاۋ تيەنرېن | ئەر | خەنزۇ | 1942 | 1965- يىلى غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | تۇز- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئوتتۇرا مەكتىپى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |
| ما ناۋفۇ | ئەر | خۇيزۇ | 1933 | 1965- يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى ئوتتۇرا مەكتىپى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |
| يى زې | ئەر | خەنزۇ | 1931 | 1956- يىلى شىنجاڭ رۇس تىلى تېخنىكومى | ئالىي تېخنىكوم | ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى ئوتتۇرا مەكتىپى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |
| خەن پېيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1929 | 1952- يىلى دۇڭگۇۋ ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى ئوتتۇرا مەكتىپى | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |
| لى فۇگو | ئەر | خەنزۇ | 1928 | 1953- يىلى خاربىن چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | پىنسىيىگە چىققان | ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 1988 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لى شىشەن | ئەر | خەنزۇ | 1928 | 1951- يىلى سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| ليۇ يۈلەي | ئەر | خەنزۇ | 1925 | 1943- يىلى سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | پېنسىيىگە چىققان | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| ياڭ يۇشيۇ | ئەر | خەنزۇ | 1940 | 1964- يىلى شەنشى سانائەت ئىنستىتۇتى | ئالىي مەكتەپ | تۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەن | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| شى ۋېيچىن | ئەر | خەنزۇ | 1933 | 1953- يىلى گەنسۇ دارىلمۇئەللىمىن | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئېلېكتر ئىستانسىسى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| جىڭ شۇسەن | ئەر | خەنزۇ | 1941.7 | 1961- يىلى ھاۋا ئارمىيە سىياسىي ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| جاڭ يۇڭشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1934.3 | 1953- يىلى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | بىناكارلىق شىركىتى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| گو جيەنخۇا | ئەر | خەنزۇ | 1936.1 | 1953- يىلى شىئەن شەھەرلىك غەربىي شىمال سودا مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| جاڭ شۇشەن | ئەر | خەنزۇ | 1934 | غەربىي شىمال مالىيە كادىرلار مەكتىپى | ئالىي تېخنىكوم | كۆمۈرچىلىك شىركىتى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| ئىسمائىل كالى | ئەر | ئۇيغۇر | 1935.9 | مال دوختۇرلۇق كادىرلار مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | بىيەكلىك شىركىتى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| لۇ سۇجېن | ئايال | خەنزۇ | 1939.12 | | تولۇقسىز | تەمىنات- سودا كوپېراتىپى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| ياڭ زۇڭشو | ئەر | خەنزۇ | 1936.11 | 1990- يىلى بېيجىڭ ئىقتىساد كەسپى بويىچە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسىتېتى | ئالىي تېخنىكوم | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| رېن گۈاڭلى | ئايال | خەنزۇ | 1936.6 | | تولۇقسىز | يەرلىك مېۋە- چېۋە شىركىتى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| يۇ خۇي | ئەر | خەنزۇ | 1937 | 1955- يىلى كادىرلار مەكتىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شەھەرلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |
| ليۇ خەي | ئەر | خەنزۇ | 1936.7 | | تولۇقسىز | باركۆل يېنىك سانائەت زاۋۇتى | مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990.4 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىبرىز ئابدۇرېھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1932.5 | 1955- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە تەرجىمانلار بۆلۈمى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1991 |
| ۋايىت ياسىن | ئەر | ئۇيغۇر | 1940.6 | 1959- يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ تەرجىمانلىق سىنىپى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە تەرجىمانلار بۆلۈمى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1991 |
| ئەخمەت ئىمىن | ئەر | ئۇيغۇر | 1946.5 | 1968- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرجىمانلار بۆلۈمى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1991 |
| ئابدۇرېھىم ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1946.12 | 1969- يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى | تولۇق كۇرس | قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1991 |
| ۋاڭ دۇگجۇن | ئەر | خەنزۇ | 1945.8 | 1966- يىلى قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكومى | ئالىي تېخنىكوم | قۇمۇل ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1991 |

## قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 1945- يىل 9- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن ئىلگىرى ئىنقىلابقا قاتناشقان قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار

جەدۋەل: 32 – 6

| ئىسىم- فامىلىسى | ئىدارە | ۋەزىپىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋاقتى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن يۈجۇڭ | ۋىلايەتلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1913 | 1938.5 | 1939.1 |
| ۋېي خاۋ | ۋىلايەتلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1917 | 1940 | 1940 |
| جاڭ ۋېيگۇي | ۋىلايەتلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1921 | 1938.5 | 1938.5 |
| لى زۇگياۋ | ۋىلايەتلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1925 | 1938.4 | 1940.4 |
| يەن گوجۇن | ۋىلايەتلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1923 | 1938.8 | 1938.11 |
| لىۋ چىڭجاڭ | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە | مۇئاۋىن ۋالىي | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1921 | 1938 | 1939 |
| لى يۈتىڭ | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە | مۇئاۋىن ۋالىي | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1916 | 1940 | 1942 |
| جاڭ جىجيې | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە | مۇئاۋىن ۋالىي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1925 | 1941 | 1947 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىن رۇڭ | ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1921 | 1938.1 | 1938.8 |
| تو جىڭگوي | ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1922 | 1939.5 | 1940.1 |
| لى كۈيېۋ | ۋىلايەتلىك تورگان پارتكومى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1912 | 1940 | 1942.5 |
| جيا شۈمېي | ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1923 | 1939.9 | 1939.9 |
| سۇ پېيبې | ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1914 | 1938 | 1939.8 |
| سى خۇگېن | ۋىلايەتلىك كەمبەغەل، ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1921 | 1941 | 1944 |
| ياڭ رۇڭسىن | ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سىچۇەن | 1910 | 1938.1 | 1942.9 |
| ما شيۇفېڭ | ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1915 | 1938.10 | 1939.3 |
| چېن شىخې | ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا كومىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1919 | 1938 | 1940 |
| چېن پېيگۇاڭ | ۋىلايەتلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ئىشخانىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1926 | 1941 | 1942 |
| لى گۇاڭخا | ۋىلايەتلىك 2- يېنىك سانائەت باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1922 | 1938.11 | 1940.11 |
| ۋاڭ جەنخۇا | ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1927 | 1939.8 | 1949.8 |
| جاۋ پېيبې | ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1922 | 1945.5 | 1950.11 |
| شۈ ۋېنلوڭ | ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1925.2 | 1939.8 | 1940.8 |
| لى شىلياڭ | ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1927 | 1945.1 | 1945.7 |
| سۇن چاۋلى | ۋىلايەتلىك پىشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1926 | 1939.8 | 1942.8 |
| شۈ ۋېيخۇا | ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1925 | 1943.1 | 1949.10 |
| شۈ زېيخۇ | ۋىلايەتلىك كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى | باشلىق | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1921 | 1944.5 | 1946.2 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ يۇشيۇ | مەھۇرىي مەھكىمە ئەرزىيەت بۆلۈمى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1924 | 1945 | 1947.12 |
| جاڭ يۇڭكۇي | ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | مۇئاۋىن رەئىس | ئەر | خەنزۇ | بېيجىڭ | 1922 | 1940.8 | 1942.2 |
| جاڭ جىنشىڭ | ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1928 | 1944.5 | 1948 |
| ما شۇلىن | ۋىلايەتلىك باھا باشقارمىسى | باشقارما باشلىق | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1924 | 1944.9 | 1947.5 |
| يۇشۇۋېي | ۋىلايەتلىك ئۇرگان پارتكومى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1928 | 1944 | 1945 |
| فۇ مىنگاۋ | ۋىلايەتلىك كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1925.12 | 1945.2 | 1945.10 |
| مىڭ شيەنپىن | ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىق | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1926.9 | 1944.2 | 1956.2 |
| چېن جىڭباۋ | ۋىلايەتلىك مېھمانخانا | مېھمانخانا باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1923 | 1939.9 | 1943.7 |
| جاڭ چۈن | تارانچى ئىش باشقارمىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1926 | 1941.10 | 1945.10 |
| لى شيەن | ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىق | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1924 | 1944.4 | 1944.8 |
| جاڭ خۇيلەي | ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى | كوللېگىيە باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1928 | 1943.11 | 1946 |
| لى زىلىن | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1923 | 1940.11 | 1940.11 |
| فەن جاۋئەن | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1920 | 1939.9 | 1940.10 |
| خەن جىڭچيۇ | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى نېفىت شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1921 | 1940.3 | 1941.9 |
| خەن شۇجىن | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى نېفىت شىركىتى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1923 | 1944.7 | 1945.10 |
| سۇڭ جىنكۈن | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى تۈرلۈكماللار شىركىتى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1929.1 | 1944.6 | 1947.6 |
| شۆ جىنخەي | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى يېمەكلىك شىركىتى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1926 | 1942.5 | 1944.4 |
| لى شۇبىن | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى تاماكا ـ ھاراق شىركىتى | دىرېكتور | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1923 | 1944.4 | 1949 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لى پىڭفاڭ | ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1928.12 | 1944.10 | 1945.10 |
| جاۋ بۇخۇاڭ | ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1924.11 | 1944.5 | 1946.8 |
| جاڭ شىگجۇ | ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1922 | 1940.8 | 1946.7 |
| لۇ دادىڭ | ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1925.8 | 1945.3 | 1949.3 |
| جۇ ۋېنجيې | ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | جياڭسۇ | 1929.5 | 1944.7 | 1949.2 |
| ۋېي جىڭۋېن | ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى | مەسلىھەتچى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1930 - | 1945.6 | 1955 |
| جاڭ چىڭفۇ | ۋىلايەتلىك ئاسارئەتىقە باشقۇرۇش ئورنى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1926.1 | 1945.1 | |
| جۇ يۈڭشياڭ | ۋىلايەتلىك كىنو شىركىتى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | بېيجىڭ | 1930.4 | 1945.2 | 1947.6 |
| شۇ دېماۋ | ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى | مەسلىھەتچى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1927.3 | 1945.9 | 1949.7 |
| ۋاڭ جىڭگاڭ | ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1927 | 1944.10 | 1947.8 |
| ليۇ سۇنجىن | ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1924 | 1943.1 | 1947.12 |
| لى دېباڭ | ۋىلايەتلىك ئۈن زاۋۇتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1918.11 | 1943.10 | 1947.7 |
| ۋاڭ مىڭشىڭ | ۋىلايەتلىك 1- ئاشلىق ئىسكىلاتى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | جياڭسۇ | 1925.8 | 1941.9 | 1944.6 |
| شۇ جىڭخەي | تارانچى ئاشلىق ئىدارىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1923 | 1945.4 | 1948.3 |
| لى مېي | ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1928 | 1941.6 | 1949 |
| جاڭ مىڭچى | ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | بېيجىڭ | 1919 | 1940.1 | 1940.2 |
| لى چىن | ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى | كادىر | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1930.1 | 1945.7 | 1974.10 |
| لياڭ مېيجىن | ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپىراتىپى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1922 | 1942.3 | 1948.3 |
| كاڭ دېشۇاڭ | ۋىلايەتلىك جارۋا مەھسۇلاتلار شىركىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1927.7 | 1942.6 | 1948.9 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ مىڭلەن | ۋىلايەتلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | بۆلۈم باشلىقى | ئايال | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1926.10 | 1942.11 | 1948.12 |
| جاڭ جىچۈەن | ۋىلايەتلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1925.1 | 1941.1 | 1945.8 |
| ما يۈن | ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى | مۇدىر | ئايال | خەنزۇ | شەنشى | 1921 | 1940.4 | 1940.6 |
| لى شياۋگوي | ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | جياڭسۇ | 1922.1 | 1941.3 | 1943.8 |
| لى چۈنتەي | ۋىلايەتلىك 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1922.3 | 1945.7 | 1946.1 |
| شۇ چۈەنداۋ | ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1915.9 | 1940.5 | 1944.2 |
| جاڭ رۇيشەن | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1920 | 1938.2 | 1939.8 |
| جاڭ فۇتاڭ | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | بۆلۈم باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1921.3 | 1938.1 | 1944 |
| فۇ ۋۇشېن | قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى | مۇئاۋىن باشلىق | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1926 | 1943.3 | 1945.3 |
| جاڭ ۋېنجى | تۇز خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 1- شۆبە زاۋۇتى | مۇئاۋىن باشلىق | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1920.10 | 1944.12 | 1966.8 |
| لى شىيىن | ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1925 | 1943.8 | 1943.8 |
| كۇڭ چىڭخۇا | ۋىلايەتلىك سۇ- ئېلېكتر باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1927 | 1944 | 1948 |
| خې شياڭجېن | ۋىلايەتلىك ئورمان قوغداش ئىشخانىسى | مۇدىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1929 | 1945.1 | 1946.1 |
| رېن جىيۈەن | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | بېيجىڭ | 1924.10 | 1939 | 1943 |
| گو جىنجۇ | ۋىلايەتلىك سۇ- ئېلېكتر ماددىي ئەشيا پونكىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1923 | 1943 | 1943 |
| جۇ ماۋلىن | ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پونكىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1921 | 1942.10 | 1946.4 |
| ليۇ تيېنك | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1925 | 1945.6 | 1950.1 |
| يۇ فۇدې | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | دىرېكتور | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1931 | 1944.1 | 1955 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شۆ رېنبى | ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1925.1 | 1943.3 | 1948.1 |
| خۇ جىندې | تۆرۈلەك سۇ ئىنشى سىستېمىسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1923.2 | 1944.4 | 1944.10 |
| لى چاۋخەي | ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1923 | 1945.7 | 1949.2 |
| ۋاڭ يۈباۋ | ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىپى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1925.11 | 1938.12 | 1949.4 |
| لو يىڭ | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى | كادىر | ئايال | خەنزۇ | گۇاڭشى | 1925.11 | 1941.11 | 1946.5 |
| فېڭ يۈەندې | باركۆل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1924.10 | 1942.4 | 1947.8 |
| رېن يىچېڭ | باركۆل ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1921.12 | 1942.3 | 1947.8 |
| ياڭ شىزې | باركۆل ناھىيە بازىرى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خۇبېي | 1920.4 | 1942.5 | 1943.10 |
| جاڭ كېشەن | باركۆل ناھىيىلىك سۈيەتلىك تۆرۈق يېتىشتۈرۈش مەيدانى | مەيدان باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1919.6 | 1943.8 | 1944.7 |
| شۇ چىڭجاڭ | باركۆل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1920.7 | 1938.7 | 1948.1 |
| نۇربەگ | باركۆل ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى | باشلىق | ئەر | قازاق | شىنجاڭ | 1930.1 | 1945.8 | 1956.6 |
| خاۋ شياۋجۇڭ | ئارائۆرۈك ناھىيىلىك مېھمانخانا | مېھمانخانا باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1919.3 | 1938.10 | 1943.6 |
| ليۇ مىڭشېڭ | ئارائۆرۈك ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1924 | 1941.5 | 1945.1 |
| جاڭ جىندې | قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1923 | 1943.3 | 1943.7 |
| مېڭ باۋ | قۇمۇل شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1911 | 1937.11 | 1940.5 |
| شاۋ چېڭنۇڭ | قۇمۇل شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1919 | 1942.3 | 1946.6 |
| لى جاۋجىن | قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1917 | 1938.4 | 1946.4 |
| خەن لىجۈن | بىڭتۈەننىڭ پەيزاۋاتتىكى باش مەيدانى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1901 | 1937.10 | 1940 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ گۈيىۋ | قۇمۇل شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1911 | 1938.10 | 1943.1 |
| جوجەنجياڭ | قۇمۇل شەھەرلىك غەربىي ئۇستەڭ ئىش باشقارمىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1922 | 1945.6 | 1946.8 |
| لياڭ جۇكۇي | قۇمۇل شەھەرلىك سودا-سانائەت ئىدارىسى | باشلىق | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1926 | 1945.8 | 1946.4 |
| جاڭ چۇنۋاڭ | قۇمۇل شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى | باشلىق | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1919 | 1942.6 | 1945.5 |
| ۋاڭ جۇگچۈەن | قۇمۇل شەھەرلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى | باشلىق | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1915 | 1942.2 | 1947.3 |
| تۇڭ جىيۇ | قۇمۇل شەھەرلىك ئىچىملىك مۇلازىمەت شىركىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1917 | 1937.9 | 1944.1 |
| يۈ شيۇدې | قۇمۇل شەھەرلىك تۇرلۇكماللار شىركىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1914 | 1940 | 1946.2 |
| ۋاڭ فېڭلەن | قۇمۇل شەھەرلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى | كادىر | ئايال | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1915 | 1939.9 | 1939.9 |
| ليۇ چېڭفېڭ | قۇمۇل شەھەرلىك كۆكتاتچىلىق شىركىتى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1928 | 1943.10 | |
| سى خۇاڭ | قۇمۇل شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1910 | 1938 | 1945 |
| شۇ يۈنفا | قۇمۇل شەھەرلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى | مۇئاۋىن باشلىق | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1915 | 1940.2 | 1947.9 |
| جاڭ مىڭيۇ | قۇمۇل شەھەرلىك دوختۇرخانا | دوختۇرخانا باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1929 | 1945.7 | 1947.12 |
| سۇن يۈچاۋ | قۇمۇل شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | جياڭسۇ | 1926 | 1945.1 | 1947.12 |
| كاۋ گۈيىڭ | قۇمۇل شەھەرلىك ئورگان پارتكومى | مۇئاۋىن شۇجى | ئايال | خەنزۇ | سەنشى | 1929 | 1945.3 | 1948.6 |
| لۇ جېنرۇڭ | قۇمۇل شەھەرلىك كادىرلار ئىدارىسى | باشلىق | ئايال | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1928.3 | 1945.6 | 1946.7 |
| مياۋ دېيۈەن | قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى پېرىسى | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | 1924.9 | 1944.10 | 1949.5 |
| ۋاڭ خاۋرېن | قۇمۇل شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى | كادىر | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | 1930.10 | 1945.8 | 1953.1 |

**قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى 1945- يىل 9- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 1949- يىل 9- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار (ناھىيە، شەھەردىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)**

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جاڭ دېپى | ما فاجى | شياۋ جېڭ | ۋاڭ فۇتەي | ۋاڭ ساگىبېن |
| ليۇ دىگخەن | ۋېي جۇگلياڭ | جاڭ بورۇڭ | لىڭ كېچېڭ | جاۋيەنخەي |
| جۇ خۇگيۇ | چېن يۇشېڭ | يۇشۇلەن (ئايال) | شى دېرۇڭ | تاڭ جۇنباڭ |
| چۇ جۇڭ | گو شىجاڭ | فېڭ دادي | جاۋ جۇگشىن | فەن مىگدي |
| چېن جىگجۇڭ | لى چۇەنفۇ | خې پىڭ | شي جىشى | رېن يۇنشەن |
| خەن جۇنجاڭ | جاۋ شياۋفۇ | دۇڭ يۇچې (ئايال) | جاڭ گوگۇاڭ | جاڭ دۇگخەي |
| جۇ گۇاگلۇ | يۇ لياگكەي | جاڭ پىڭ | خۇاڭ ۋېنشۇ | چېن جىناڭ |
| ۋەن ئې | ۋۇ بوئېر | جۇ شىمىڭ | جاڭ شېگلباڭ | دۇ جۇيىن |
| جاڭ يەنتەي | ما جۈن | پاڭ جىنشەن | شۇ بوخۇ | دۇ سۇتلى |
| ليۇ چۇنفاڭ | جاڭ جيەنشىن | ۋاڭ كەيدي | لى گۇاگلۇ | لېي نيەنجاڭ |
| سۇن چېگتاۋ | جى گاۋ | چى جاۋلىن | گۇڭ يۇخۇي | خەن جىگرۇ |
| ياڭ ۋېنجى | جېڭ كېيەن | ياڭ تيەنجۇ | خەن يۇخەي | چېن شيۇجۇ |
| شى سۇنشياۋ | خۇ ليەنجۇڭ | ۋاڭ يۇمىڭ | شاڭ ۋېنزي | گو شىگخۇا |
| فېڭ شاۋشەن | ياڭ يۇگفېڭ | ۋاڭ جىجۇڭ | رېن چۇەنيى | سۇن گۇگجاۋ |
| جاڭ مىگفۇ | گېڭ كۇەنفۇ | تاڭ شۇمېي (ئايال) | سۇن زىتاڭ | باۋ چاگچىڭ |
| جيا جىنخەي | جاۋ چۇەنخې | جاۋ گوجۈن | جاۋ جىنشى | ليۇ ئەنچۈن |
| فېڭ يۇجو | فەن جىندۇڭ | ۋاڭ يۇساڭ | يۇشۇلىن | جىن شىلۇ |
| ليۇ شۇزېڭ | ۋاڭ خۇەنرېن | لى لۇجۇڭ | جاۋ چىشەن | چېن شىندي |
| فەن خاۋ (ئايال) | شۇ خۇامىن | كۇاڭ فۇچىڭ | ۋاڭ ئەنشى | خۇ ۋېنجۈن |
| لى ۋېيتاۋ | ليۇ رېنجۈن | دۇ جيىۇ | خې كېگيۇەن | لى يۇسەي |
| لى ۋېنيەن | رېن خۇافاڭ | چېن دېيى | لى جىنگاۋ | چېن مىگكۇي |
| خۇ يۇگچىڭ | جاڭ جىشياڭ | خۇاڭ شاۋخۇا | شى جېگمىن | يۈ كې |
| ۋاڭ جىگچىن (ئايال) | مى يۇچىڭ | جاڭ يۇجېن (ئايال) | خېڭ شيەنچېڭ | رېن دېجى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| يۈمن ۋېنېو | دۆلاڭ چۈنشېڭ | خې جېن | جاڭ تيەنفۇ | ليۇ جاۋشى |
| جۇ چېگمياۋ | جۇ تىگشىياڭ | يۈ جۈنلۇ | جاڭ تۇگيى | ماتېجىن |
| ۋاڭ ۋېنشۇ | چېن خۇا | ۋاڭ داشىن | جاۋ يۇگجېن | يې خەيبىيۇن |
| ۋۇ ئەنيى | چېن جىفۇ | شيا يۆخۇا | ۋۇ يۇگخېڭ | ۋەن ياگچى |
| جىن يۈنچى | سۇن جېگشى | ليۇ مىگخۇا | ما جىنسەي | ۋۇ شى |
| لى دېدى | جيا شىخۇاڭ | يۇ يىگچياڭ | جاڭ خۇەننەن | مىن فۇجۇمن |
| جاڭ يۇگفېڭ | مۇھەممەت قاسىم | لى جىنگو | ليۇ خوگجيا | ۋۇ خەبدي |
| ۋاڭ جيىڭ | جاڭ شۇكەي | جيا جىنشىن | نا جوگدي (مانجۇ) | ۋاڭ يىمن |
| شاڭ سۈنجېڭ | لى ۋېنخۇا | گې ياگشېن | ساڭ جىگلىن | ياڭ ساڭ |
| ۋاڭ جىجيا | چى جوگيى | لۇ يۇيۇ | ليۇ خىگيى | جاڭ سۇچىن(ئايال) |
| شۇ ۋېيدي | ۋۇ جۈن | چېن جىگرۇڭ(ئايال) | لى لەيچاڭ | گو يۇگچى |
| جىن شيۇجېن (ئايال) | تاڭ فېگيىڭ (ئايال) | چېڭ باۋخې | چېن باۋدۇڭ | ۋاڭ زىگچى |
| چى شىگيىن | جاڭ فۇتىڭ | لى ۋېنجېڭ | ۋاڭ باۋمىڭ | چېڭ خوگبېڭ |
| چى جىگجوڭ | شيې خۇيتىڭ | ليۇ شىگماۋ | ساۋ ۋېيچىن | جاڭ جۈنتيەن |
| خۇاڭ نيەنلياڭ | تاڭ ماۋشۇ | جاڭ خەيفۇ | شۇ دۇگشېن | ماۋ زۇيلىڭ (ئايال) |
| ۋاڭ فۇخې | جاۋ مىگكۇن | گاۋ يۇخې | گۇ خوگبىن | لى داۋسىن |
| چېن گۇاڭلۇ | چېن جىگيىڭ | تاڭ خۇا | ليۇ زىشى (ئايال) | شۇجىچياڭ |
| جاڭ ۋېنگۇي | چېڭ زۇنمىڭ | لى داۋسەي | ۋاڭ يەنجاۋ | فەن شۇزۇ |
| لى ليەنجاڭ | چى گۇاڭسەي | لى يىگچاڭ | زۇ يۈەنچيۇ | لىن شيۇيۇ |
| ليۇ بېنجۇ | جاڭ يى | يىن تيەنزېڭ | شۇ دۇجىڭ | جۇ كۇي |
| ئوسمان | جاڭ جيې | جيا ماۋفۇ | شيې بىنيۇ | گۇ فۇتاڭ |
| لۇڭ زۇيسەي | ۋاڭ بوجۈن | شى بىگجۈن | ۋاڭ چاۋچىڭ | يۈسۈپ |
| كۇڭ جىگشيا (ئايال) | چېڭ شياڭشېن | جۇ گوفاڭ | ياڭ زوچى | جىن گۇاڭلىن |
| شى شيەنجوڭ | جاۋ ۋېنجىڭ | لى ياۋخۇا | ۋاڭ جىنچېن | چۇشىچاڭ |
| سۇي سىخۇ | سۇي لىنشەن | ۋاڭ سۇشۇ (ئايال) | ۋېي شىشىن | جاۋ جيەنشۇ |
| جاۋ جىگچيەن | جاڭ خوگخەي | خۇاڭ يۇسىڭ | لى جوۋۇ | شاۋ جىنۇۇ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جياڭ فۇرۇڭ | لېي سۇ (ئايال) | جاڭ يۈەنچىڭ | چېن دېلۇ | شى تىڭجۇ |
| ۋاڭ شيەنبىن | ۋاڭ تىڭزۇڭ | شى خاۋشۇ | ۋاڭ خەيكۇڭ | لى فېڭشياڭ |
| جاڭ شېڭيۇڭ | ئۇۋ جېچېن | ۋاڭ ۋېي (ئايال) | ليۇ يۇگيۇەن | دەي جىڭمىڭ |
| گۇەن شىنگۇاڭ | لى كەيچۇەن | ياڭ شىڭفا | فۇ شۇشېڭ | ليۇ جى |
| سۇڭ گۇاڭلىيەن | لى جېڭزېڭ | چېن جاۋشياڭ | دۇەن جىنشيەن | سايرامغان (قازاق) |
| ليۇ يۇپىڭ | جياڭ باۋلىيەن (ئايال) | شۇ شۇجېن (ئايال) | ياڭ فازۇڭ | |

# تەرمـلەر

# تەرمىلەر

## 1. شېئىر، مەسنەۋى، تارىختا خاتىرىلەنمىگەن ئىشلار، رىۋايەتلەردىن تاللانمىلار

### 1) نەسىر

#### قۇمۇل شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىش

[مىلك سۇلالىسى] شۇ جىن

18- كۈنى تاڭ سەھەر، قوشۇنىمىز قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. قوماندان لى چىڭ باشچىلىقىدىكى 610 دىن ئارتۇق قامجۇ (گەنجۇ) ھۆكۈمەت لەشكىرى سولقانات قوشۇن بولۇپ تەشكىللەنگەنىدى؛ ئۇنىڭغا يۈزبېشى خې جېن، ئۈزغانبەگ ليۇيەن قوللىرىدا پەرمان دەستىكى تۇتۇپ، تۇغ ئۇينىتىپ ئۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلەندى. سۇجۇ ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ قوماندانى ياڭجۇ باشچىلىقىدىكى 670 تىن ئارتۇق سۇجۇ ھۆكۈمەت لەشكىرى ئوڭ قانات قوشۇن بولۇپ تەشكىللەنگەنىدى. ئۇنىڭغا ھەربىي ئەمەلدار ليۇباۋ، ئۈزغانبەگ شياۋجى قوللىرىدا پەرمان دەستىكى تۇتۇپ، تۇغ ئۇينىتىپ ئۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلەندى. 630 دىن ئارتۇق يات مىللەت لەشكىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۆت ئەتراپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدۇق. تۇپىلاڭچى قوشۇنمۇ كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. بامدات ۋاقتىدىن چاي ۋاقتىغىچە، تۇپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قارشىلىق كۈچى تەدرىجىي ئاجىزلاشقا باشلىدى. قوشۇنىمىز سۈرەن- چۇقان كۆتۈرۈپ ئىلگىرىلىدى. سېپىلدىن تۆشۈك ئېچىپ تارتما چىقىرىپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدۇق.

تۇپىلاڭچى قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ، تۇرا ئىچىگە بېكىنىۋالدى. قوشۇنىمىز غەلىبىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۇپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باشلىقى ساتتار بىلەن چوڭ تۇرا ئاستىدا يەنە بىر قېتىم ئېلىشتى، قوماندان خې يۈي، لى جېن قاتارلىقلار پىداكارلىق بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يوتىسىگە بېسىپ كىردى. دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتتى. قوشۇنىمىز 60 تىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈردى، بەش تۇرانى بۆسۈپ ئۆتتى، 300 ئېغىز ئۆينى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۆلۈپ كەتكەن سادىق، ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنى قايتۇرۇۋالدى، 200 دىن ئارتۇق قوي، كالا، ئاتنى ئولجا ئالدى. يارەن، ساتتارلار جەمىيول بىلەن قېچىپ كەتتى، قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى تۆت ئەتراپقا پېتىراپ، تاغدىكى ئورمانلىق ئىچىگە مۆكۈنۈۋالدى. شەھەردىكى تۇپىلاڭچى ئەسكەرلەر قورققىنىدىن قارامۇق قىلىشقا پېتىنالمىدى، دۈشمەنىنىڭ

قولىدا بىر قانچە مىڭ ئادەم ساقلاۋاتقان بىر تۈرالا قالدى. قوشۇنىمىز گەرچە تۈرلارغا مىلتىق، توپ، ئوقيا ۋە تاش پارچىلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى يوقاتقان بولسىمۇ، تۈرانى يەنىلا ئالالمىدى. ئەسىرلەرنى سوراق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈزلىرىنىڭ قۇمۇللۇق ئىكەنلىكىنى، يارەنىنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئامالسىز ئەگەشكەنلىكىنى، ئوردىنىڭ پەرمانىغا قارشى تۇرۇشقا ھەددى ئەمەسلىكىنى، پەقەتلا ئوردا قوشۇنىنىڭ تۈزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئەسىرلەرنىڭ ئۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ھۇجۇمنى توختىتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردۇم. ئەينى ۋاقىتتا تۈمپە كۆرستىشكە ھېرىسمەن بەزى كىشىلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىنئامغا ئېرىشىشنى ئويلاپ، يېنىمغا كېلىپ قولۇقىمغا پەس ئاۋازدا: «دەرۋەقە بۇ ئادەملەر يارەنگە ئەگەشكەنىكەن، توپىلاڭچى قاراقچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ جىراي- شەكلىمۇ تۇرپانلىق توپىلاڭچى دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن پەرقلەنمەيدىكەن، ئەگەر 800 ئادەمنى ئۆلتۈرسەك، چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن بولىمىز. ھالبۇكى بىزمۇ پىداكارلىق بىلەن ئۆلۈم خەۋپىدىن باش تارتماي، مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن خەۋپكە قارىماي كېلىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق، پەقەت نەچچە ئون ئادەمنى، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قايتساق، بۇنى قانداقمۇ ئېغىزدىن چىقارغىلى بولىدۇ!» دېدى. مەن: «ئوردا بىزنى پەقەت قۇمۇل شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقىلا ئەۋەتتى، بىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىمىز كىشىلەر كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرسەك، چېگرا رايوندىكى كىشىلەر كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ، ئەگەر 800 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك قانداق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى پۇقرالارنى قىرساق، كىمگە تايىنىپ بۇ يەرنى تىنچلاندۇرۇپ ساقلىيالايمىز. مەن تۆھپە ياراتماسلىققا رازىمەنكى، بۇنداق ئىشنى مۇتلەق قىلمايمەن. ھازىر سەن تېخى بالىلىق بولمىدىڭ، سەن پەقەت مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىساڭلا، تەڭرى ساڭا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن، مەن ئوردىغا قايتقاندا سېنى ئەرز قىلىمەن» دېۋىدىم، ئۇ ئاندىن جىمىپ قالدى. پەرمانچى پەرمان دەستىكىنى تۇتۇپ، شەھەر ئىچىدىكى پۇقرالارغا ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈردى، قۇمۇل شەھىرى ئاندىن قايتۇرۇۋېلىندى. قۇمۇل شەھىرى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، مال چارۋا ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىقلارنى بۇ يەردىكى پۇقرالارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارامخۇدا ياشاپ، تىنچ ئۆتۈشىگە يول قويىدۇق ھەمدە ئۇلارغا ئېنىق قىلىپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغانلىقتىن، ئوردىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ چەت، يىراق جايدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرالمايدىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ تۈزلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى تۈزلىرى ئۆزگەرتىپ غەم- ئەندىشىنى تۈگىتىپ، تۈزلىرىنىڭ ئائىلە، باغۋارانلىرىنى ياخشى ساقلىشىنى، باھار كېلىپ ھاۋا ئىسسىغاندىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن شەھەر سېپىلى ۋە قورغانلارنى رېمونتلاپ بېرىدىغانلىقىمىزنى، سۇرگۈن قىلىنغان بىر قىسىم كىشىلەرنى يۆتكەپ كېلىدىغانلىقىمىزنى، بۇ ئارقىلىق قۇمۇلنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىنى كۆزلەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. 23- كۈنى، ئولجا ئالغان كالا، ئاتلار بىلەن سانغۇن- لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدۇق، قوشۇنلار بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، غەلىبە بىلەن قايتتى. غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوردىغا ئادەم ئەۋەتىلدى، قوشۇنلار ئۇچراشقاندىن كېيىن جىايۇگۇەندىن ئۆتۈپ ئىچكىرىگە كىردى، يات مىللەت قوشۇنلىرىنىمۇ ئۆز جايلىرىغا قايتۇردۇق، ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرىمۇ سوجۇغا بېرىپ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ ئىنئام ئالدى.

...شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇمۇل قايتىدىن گۈللەندى، يات مىللەتلەر تۇرغان جايلار تىنچلاندى، چېگرا رايوندا تەھدىت قالمىدى، غەربىي يۇرتتىكى جايلارنىڭ يوللىرى راۋانلاشتى. خانمۇ غەربىي يۇرتتىن ئەندىشە قىلمايدىغان بولدى، مەنمۇ شەنشىدىن ئايرىلىپ باشقا جايغا بېرىپ ئەمەل تۇتتۇم. 8- ئاي ئىچىدە نوپۇس پىرقىسىنىڭ ئوڭ قول ياندىش بەگلىكىگە ئۆستۈرۈلدۈم. 1520- يىلى، شىمالدىكى دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، داتۇڭ زور تەھدىتكە ئۇچرىدى، ئوردا مېنى ئىككىنچى قېتىم باش بۇغلۇققا تەيىنلىدى، ئۇ يەرگە بېرىپ بىر ئاي بولغاندا، خاننىڭ يارلىقى بويىچە نازارەتچى بىلەن پىكرى بىردەك ئەمەس، دەپ ئەيىبلەندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەمەلدارلىقتىن ئىستىپا بېرىپ ئۆيۈمگە قايتتىم. مېنىڭ يۇرتۇم شەنشىگە بارىدىغان يول ئۆستىدە بولغاچقا، ئوردىغا بېرىپ ئولپان تاپشۇرىدىغان قۇمۇللۇقلار، مېنىڭ بۇرۇن

قىلغان ياخشى ئىشلىرىمنى ياد ئېتىپ، بۇ يەردىن ئۆتكەندە كېلىپ مېنى يوقلاپ، سالام يوللاپ، بەختىمنى تىلەپ تۇردى. مەن قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام، ئۇلار قۇمۇللۇقلارنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ياخشىلىنىپ كەتتى دەپ جاۋاب بەردى... («يات مىللەتلەرنى تىنچىتىشنىڭ باش. ئاخىرى»دىن تاللاپ ئېلىندى)

## قۇمۇل ۋاڭى بىلەن كۆرۈشۈش

### [چىڭ سۇلالىسى] جاڭ يىن

14- كۈنى، 70 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن قۇمۇلغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ۋاقىتتا لەنجۇ بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز جەمئىي 2500 چاقىرىم كېلەتتى. قۇمۇلنىڭ شىمالى خالخا بىلەن، غەربى تۇرپان بىلەن، جەنۇبى چوڭ قۇمۇل بىلەن، شەرقى ساقا (خۇاڭتەيجى) بىلەن چېگرىلىنىدىكەن. جەنۇب تەرەپ چېگرا ئەڭ يىراق بولۇپ، شىمالدا قارلىق چوققىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. قۇمۇلنى شەرق تەرەپتىن ساۋۇلاق، غەرب تەرەپتىن چىڭشۈيخې دەرياسى ئوراپ تۇرىدىكەن. خەن دەۋرىدىكى بەنچاۋ ئەڭ دەسلەپتە بۇ يەردە سېپىل ياسىغان بولۇپ، ئايلانمىسى 10 قانچە چاقىرىم كېلىدىكەن. سېپىل ئېگىز. پەس سوقۇلغان بولۇپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئۇرۇشتا ئۈزۈرنى ھمايە قىلىدىغان پاكار تام يوق ئىكەن. شەھەردە پەقەت شەرقىي قوۋۇق ۋە شىمالىي قوۋۇقلا بولۇپ، رەستىلەر يوق ئىكەن. ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى گەملەردە ئولتۇرىدىكەن، كۈندىلىك تۇرمۇش سەرەمجانلىرىدىن پەقەت تۇلۇم، قازان، ئىدىش قاتارلىقلارلا بار ئىكەن. ۋاڭلىق ئوردىسى ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، شىمالىي تەرەپتىكى سېپىلغا يېقىن ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە كېيەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر بولۇپ، پىشايۋانغىلا خىش ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە 11- ئاينى كەچكۈز ھېسابلايدىكەن. سودا. سېتىقتا كۆمۈش تەڭگە ئىشلەتمەي، نەرسىنى نەرسىگە تېگىشىدىكەن. ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى ساقال قويىدىكەن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىكەن، ئويۇر كۆز كېلىدىكەن، بېشىغا قىزىل تۆپىلىك تۇماق كىيىدىكەن، ھەر خىل رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىدىكەن، تولىراقى قىزىل ۋە يېشىل ئىكەن، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك كىيىدىكەن. ئاياللار چېچىنى ئۆرۈۋالىدىكەن، يالاڭ ئاياغ يۈرىدىكەن، كۆچتۈڭگۈر كېلىدىكەن، سىرتقا چىققاندا يۈزىگە چۈمبەل تارتىۋالىدىكەن. خەت. ساۋاتلىق ئادەملەرمۇ بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ خەتلىرى قۇرۇت ۋە قۇشلارنىڭ يەردە قالدۇرغان ئىزلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئەمەل ناملىرىدا، ۋاڭنى جاساق دەپ ئاتايدىكەن، خانىشنى ئارسلان دەيدىكەن، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى زەڭگى، ئەسكەرلىرىنى چېرىك دەيدىكەن. ئەڭ يەڭگىل جازا ئۇسۇلى سۇ تۈرمىسى بولۇپ، ئېغىر بولغاندا قولىقىنى، بۇرنىنى، تىلىنى كېسىدىكەن، ئەڭ ئېغىر بولغانلىرىنى هارۋىغا تارتقۇزۇپ پارچىلايدىكەن. باشقۇرۇش تەۋەسىدە دەل. دەرەخ، سۇلۇق ئېتىزلار (تۆلكە يەر) كۆپ ئىكەن. قۇمۇل شەھىرىگە يېقىن لاپچۇقنىڭ تۇپرىقى ئەڭ مۇنبەت ئىكەن. يالىڭاچ ئارپا، تېرىق (سوك)، پۇرچاق، قوغۇن، جۇخارگۈلى، ئۈزۈم، شاپتۇل، كۆزلۈك مېۋىلەر، جىگدە، قىزىل پاختا قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن.

16- كۈنى، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى كىردۇق، ۋاڭلىق ئوردىسىدا مورا دەرىخىدىن دۈشمەننىڭ ئۈستىگە دومىلىتىدىغان ياغاچلار تەييارلىنىپتۇ، ئىككى ئادەم بىلەكلىرىگە بۈركۈت قوندۇرۇپ، تۆت ئادەم كالتەك تۇتۇپ ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپتۇ، ۋاڭلىق ئوردىسىغا ياغاچ جاھازا قويۇلۇپتۇ، ئۇنىڭغا نەچچە ئون تال قىزىل رەڭلىك كالتەك قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ. بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپتىمىز، قۇمۇل ۋاڭى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ يۈزى ناھايىتى ئاق بولۇپ، 20 ياشلاردىن ئاشقاندەك تۇرىدۇ، بېشىغا يىپەك تۆپىلىك سۇسەر تۇماق، ئۈستىگە خان سېرىقى رەڭلىك

شايىدىن كىيىم كىيىپتۇ، سىرتىغا كۆكتاش رەڭلىك تون كىيىۋاپتۇ، ئۈستۈنكى كالا خورۇمىدىن تىكىلگەن بولۇپ، زەر رەڭلىك گۈللەر بىلەن بېزەلىپتۇ. ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا بىر ۋالغا توغرا كەلدۇق، بىر ئۈستەڭ ئارقا تەرەپنى ئەگىپ ئۆتىدىكەن. ۋالنىڭ تورۇسى تۈز بولۇپ، ئۆگزە قىرى يوق ئىكەن، ئىچىگە بىر بۆلۈك پانۇس، ئىككى شايى پانۇس ئېسىلىپتۇ. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىگە پەنجىرە قويۇلغانىكەن. يەرگە گىلەم سېلىنىپتۇ. قائىدە بويىچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىكەن. ساھىبخان ۋە مېھمانلار ئولتۇرۇشتى. قومۇل ۋاڭى كۆك جىيەك قويۇلغان قىزىل تۆشەككە ئولتۇردى. قومۇللۇق قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەردى. يېنىدا بىر ئاخۇنۇم ھەمراھ بولۇپ ئولتۇردى. تۆگچى كېلىۋىدى، قومۇل ۋاڭىغا سالىمىمىزنى يەتكۈزدۇق. ئۇمۇ بىزدىن ئامانلىق سورىدى. بىزنىڭ قايسى ۋاقىتتا يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى، قانچىلىك ئاشلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىمىزنى، قايسى ئورۇننىڭ ئەمەلدارلىرى ئىكەنلىكىمىزنى سورىدى، تۆگچى كېپىمىزنى ئۆرۈپ بەردى. قومۇل ۋاڭى «مەن خانغا سالامغا بېرىشتا سىلەرنىڭ ئۇ يەرلەردىن ئۆتكەن» دېدى. كەينىدىنلا سۈتلۈك چاي ئېلىپ كىرىلدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىمىزغا تاۋاردىن ئىشلەنگەن داستىخان سېلىپ، بىر لېگەن ئۈزۈم، بىر لېگەن قوغۇن قويدى، لېگەنلەر كۈمۈشتىن ياسىلىپتۇ. مۇلازىملار نەرسىلەرنى يۆكۈنۈپ تۇرۇپ قويدى، قائىدە. يوسۇنغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىدىكەن. غىزادىن كېيىن، قومۇل ۋاڭى بىزنى ئىككى ئىشىكچە ئۇزىتىپ چىقىپ خوشلاشتى. («غەربكە يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى» دىن تاللاپ ئېلىندى).

## باركۆلدىكى ياغاچ شەھىرى

### [چىڭ سۇلالىسى] فەن جاۋكۇي

29- كۈنى يېرىم يولغا يېتىپ كەلگەندە، قۇ سانغۇن قاتارلىق كىشىلەر ئالدىمىزغا كېلىپ قارشى ئالدى، بىللە كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سانغۇن مەھكىمىسىگە بېرىپ غىزالاندۇق، ئىككىنچى جىيەك ۋاقتىدا، پوتۇكچى دورغاپ چورتەينىڭ قونالغۇسىغا باردىم. بۇ ئۆلىما سانغۇننىڭ مۆھۈرىنى باشقۇرغۇچى ئادىمى ئىدى. بىرلىكتە تۆتىنچى جىيەك ۋاقتىغىچە پاراڭلاشتۇق، ئۇ مېنى قوندۇرۇپ قالدى، ئىسسىق كاڭدا ياتتۇق. پايتەختتىن ئايرىلىپ چېگرىغىچە يول بويى كىگىز ئۆيلەردە قوندۇق. لاي، شېغىللىق، قېلىن قار ياغقان يەرلەرگە كەلگەندە، قارلار ئىككى، ئۈچ چى قېلىن بولۇپ، تاشتەك ئىدى. ئېلىۋالغان كىگىزلەرنى ئۈستىگە سالاتتۇق. ئازراق ياتاتتۇق، ھايال بولمايلا چېدىرنى يېغىشتۇرۇپ، يولغا چىقىش بۇيرۇقىنى ئاڭلايتتۇق. بۈگۈن كېچىلىك ئۆيىقۇدا، پۈتۈن بەدىنىمنىڭ ئىنتايىن راھەتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، بۇ چېگرىدىكى ئادەمنى ئەڭ قانائەتلەندۈرىدىغان بىر ئىش ئىدى.

30- كۈنى، پۈتۈن بىر كۈن مېھماندوستلۇق، زىيارەت بىلەن ئۆتتى. ساڭ يەنگۈڭ ئىنتايىن چارچىغانىدى. قۇ سانغۇندىن يەنە 1200 سەر تەڭگە ئۆتنە ئېلىپ، كىگىز ئۆي راسلىدۇق. دالىدا تۈنەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر بىر ئۆتەڭگە 10 دىن كىگىز ئۆي تارقىتىپ بەردۇق. جايلاردىكى جاساق، تەيجىلەرگە ھەمدە يول بويى ئۇزىتىپ قويغان ئۆتەڭلەردىكى ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان چاي، رەخت- پۇچۇق قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرى، مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي تەق قىلىپ تەييارلىنىپ بولۇندى.

12- ئاينىڭ 1- كۈنى ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولدى. قۇ سانغۇن مېنىڭ قېلىن كىيىنىۋالغان بولساممۇ، يەنىلا ئۈششۈۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر جۇۋىنى بەردى، دەرۋەقە ئۇ ئىنتايىن ئىسسىقكەن. بۇ خىل قوينىڭ ھەر خىل قويلار ئىچىدە بەدەن، سۆيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ئىسسىق بولغانلىقتىن، باشقا قويلار بىلەن

بىللە يۈرمەيدىكەن، ئۇنىڭ تېرىسىدىن كىيىم تىكىلسە، ھەتتاكى تۈلكە، بۆلغۇن تېرىلىرىمۇ ئىسسىقلىقتا ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىكەن. ساڭ يەنگۈڭ بىلەن بىللە ئاتلىق قۇ سانغۇننىڭ ياغاچ شەھىرىنى كۆرۈشكە باردۇق. بۇ جاي خالخا چېگرىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەۋە بولۇپ، زېۋاڭ ئالا بۇدەنگە تۇتىشىدىكەن، ئوتتۇرىنى ئاراتۇرۇڭ دەرياسى ئايرىپ تۇرىدىكەن. چوڭ قوشۇن باركۆلنى ساقلاپ، قاشقوۋۇق بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىكەن. قۇملۇقتىن ئىبارەت بۇ خەتەرلىك جاي سىرتتىن مۇداپىئەلىنىدىغان مۇستەھكەم لىنىيە ئىكەن. ياغاچ شەھىرى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىكەن، ئەمەل دەرىجىسى ئۆزۈلىشىپ، سۈرگۈن قىلىنغان ئادەملەر بۇ يەردە يەر تېرىيدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى قاتتىق سوغۇق بولۇپ، شال ئۆسمەيدىكەن، پەقەت ئارپا، بۇغداي، يالىڭاچ ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەر ئۆسىدىكەن، توخۇ، ئىت باقىدىكەن، ئۇلتۇراق ئۆيلىرىمۇ ئىچكى جايلاردىكى بىلەن ئوخشاشكەن. تەخمىنەن 46 ئۆتەڭنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، باركۆلدىكى قۇ سانغۇننىڭ ئەسكەر تۇرۇشلۇق جايىغا بىۋاستە بارغىلى بولىدىكەن. خان ئەتراپلىق ئويلىنىپتۇ، 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئوردىدا تۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈپتۇ، بۇنى بىزدەك ئەرزىمەس ئادەملەر پەقەتلا ئويلاپ يېتەلمىگىدەكمىز. ياغاچ شەھىرىنى كۆرۈپ بولۇپ، گازارمىغا قايتىپ كەلدۇق. شېئىر تۈلىما ۋە پەخرىي ئەمەلدار باۋجۇلار بىزنى ئۇزىتىپ قويۇشتى. («غەربكە يۈرۈش قىلىش خاتىرىسى» دىن تاللاپ ئېلىندى).

## باركۆلدىكى سەككىز مەنزىرىلىك جاي

### [چىڭ سۇلالىسى] فاڭ شىگەن

3- ئاينىڭ 24- كۈنى، 70 چاقىرىم يول يۈرۈپ، باركۆلگە يېتىپ باردۇق. بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە توخرىلار (ياۋچىلار) ياشىغان جاي ئىكەن. ئەسلىدە موڭغۇللار كۆچۈپ يۈرۈپ، چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلار بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىكەن، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قار- مۇزلار ئېرىمەيدىكەن،شەھەر سېپىلى تەڭرىتاغقا يېقىن ئىكەن. ئامالىلەر، سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى سېپىل سىرتىدا تۇرىدىكەن. مەھكىمە ۋە قوشۇنلار سېپىل ئىچىدە تۇرىدىكەن. مەنچېڭ ئۇنىڭغا يېقىن بولۇپ، بىر قەدەر چوڭ بازار ئىكەن. ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن سوغۇق ئىكەن. ئېككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى جايلاردا موڭغۇللار ئارىلىشىپ ياشايدىكەن. شەھەر سىرتىدىكى ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جاينىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بىر كۆل بولۇپ، تۆت ئەتراپى 60 چاقىرىم كېلىدىكەن. كۆلنىڭ بويى پاتقاقلىق بولۇپ، ئادەملەر يېقىن بارالمايدىكەن. خەن دەۋرىدىكى كىتابلاردا بارىسكۆل دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭدا دائىم دېڭىزدەك غايىبانە مەنزىرىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن، رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۆلدە چوڭ تاشپاقا بار ئىكەن. شەھەردىكى مۆلكىي، لەشكىرىي ياملۇلار، پەقەت تۇنجى توپىنىلا ئاتىدىكەن، ئىككىنچى توپىنى ئاتمايدىكەن. سۇڭ ياردەمچى نايىپ نەزىر- چىراغ قىلىش كۈيىنى چالىدىكەن، ئەتىياز، كۈز پەسلىدە مۆلكىي، لەشكىرىي ئەمەلدارلار كېلىپ نەزىر- چىراغ قىلىدىكەن. بۇ بىر مۇھىم قورغان بولۇپ، قاشقوۋۇق سىرتىدىكى چارۋىچىلىق ئەڭ ئاۋات بولغان جاي ئىكەن، باش بوغ (ئەمىرلەشكەر) 3000 كىشىلىك كۆك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، بۇ جاينى ساقلايدىكەن، يىلقا باقىدىغان ئوتلاقنى مەخسۇس باشقۇرىدىكەن. شەھەرنىڭ ئىچى- سىرتىدا دەل- دەرەخ ئۆسمەيدىكەن، قاقاسلىق ئىكەن. بۇ جايدا، قوشۇنلار تېرىقچىلىق قىلسىمۇ ھوسۇلى ئاز ئىكەن. مەن بۇ جايدا دې باسقاۋۇل، تىۋ ۋالىي ۋە بۈرۈن خۇنەندە ئامىال بولغان جىن تۈگشۈن بىلەن كۆرۈشتۈم. باركۆلدە سەككىز مەنزىرىلىك جاي بار ئىكەن. ئۇلار تەڭرىتاغدىكى ئاق لىباسلىق قارىغايلار، بارىسكۆلدىكى

ئالۋۇن شەھىرى، يۈگۈك سۈپىسىدىكى مەنزىرىلىك ئىزنالار، كۆل ھاۋزىسىدا تۇنىگەن ئاي، جەنشەنزىدىكى تاڭ قۇياش سەيلىسى، قاراغولدا يوشۇرۇنغان باھار مەنزىرىسى، ئەجدىھا ئوردىسىدىكى مەجنۇنتال، بۇلۇتقا تۇتاشقان باغ دۆۋىلىرىدىن ئىبارەت.

25- كۈنى، جىن تۇڭشۇەن مېنى يوقلاپ كەپتۇ، ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەدىبلەرگە خاس مىجەزى بار ئىكەن، شېئىر يازالايدىكەن. شەھەردىن چىقىپ 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى يول بويىدا بىر بالبال (تاش ئادەم) بار بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىدىن يۈ سانغۇن قوشۇننى باشلاپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ، كېچىدە ئىككى ئادەم ئۇلارنى باشلاپ تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ چوڭ يولغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. تاڭ يورۇپ قارىسا، ئەسلىدە ئىككى بالبال ئىكەن. كېيىن، قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بالباللارنىڭ بىرىنى گۇچۇڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى يول بويىغا يۆتكەپ قويۇپتۇ، ھازىرمۇ كەم- كۈتىسىز ساق تۇرۇپتۇ، سەل پاكار ۋە كىچىكرەك ئىكەن. بۇ جايدىكى بالبال تەخمىنەن بەش چى ئېگىزلىكتە كېلىدىكەن، بېشى چوڭ، يۈزىدە كۆز، بۇرۇننىڭ شەكلى بار، تەبىئىي شەكىللەنگەن بولۇپ، سۈنئىي ئويۇپ قويۇلمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېيتىلىشىچە، بالباللار ھەرىكەت قىلالايدىكەن، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىدىكەن. شۇڭا، بىر پاكار تام سېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ قويۇپتىمىش. ئۆتكەن- كەچكەن هارۋىكەشلەر يولدىن ئۆتكەندە چوقۇم هارۋا مىيىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە سۈركەپ قويىدىكەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق قىلسا هارۋا ئۆرۈلۈشتەك بالا- قازالاردىن ساقلانغىلى بولغۇدەكمىش، بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىكەن.

خەن دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ ۋالىيسىنىڭ ئابىدە تېشى باركۆل شەھەر ئىچىدىكى گۇەندىمياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئىچىدە ئىكەن، ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەنلىكتىن، ئابىدە تاش قارىيىپ، قاشتېشىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. جىن تۇڭشۇەن ماڭا نۇرغۇن نۇسخا (نۇسخا چۈشۈرۈلگەن قەغەز) ھەدىيە قىلدى، ئېيتىلىشىچە كېمىگە چىققاندا ئۇنى ئېلىۋالسا شامالدىن ساقلاپ خەيرلىك ئېلىپ كېلىدىكەن. جىن تۇڭشۇەن باركۆلدىكى سەككىز مەنزىرىلىك جاينىڭ ھەممىسىنى كۆرگەن، ئۇ يۈگۈك سۈپىسى ئەڭ ھەشەمەتلىك، سۈپىنىڭ ئالدىدا سەككىز سەپ خەرىتىسىدىكىدەك غەلىتە ئىشىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە زور قوشۇن سىغىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قاراغول باركۆل شەھىرىگە 30 چاقىرىم كېلىدۇ، يولدا مېڭىش ئىنتايىن قىيىن. تاغ ئىچىگە كىرگەندىلا ئاندىن يورۇق بىلىنىدۇ، قەۋەتمۇ قەۋەت تىك يارلارنىڭ ئۈستىدە دەل- دەرەخلەر ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇلاق سۇلىرى قىيادىن ئېقىپ چۈشۈپ، شارقىراتما شەكىللەندۈرگەن، گۈللەر ئېچىلىپ غەيرىي ئوت- چۆپلەر ئۆسىدىكەن، باشقىچىلا بىر دۇنيا ئىكەن. تاغنىڭ ئۈستى ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، دائىم شۇۋرغان چىقىپ تۇرىدىكەن، ئالۋۇن شەھىرى — غايىبانە مەنزىرىلەردۇر، ئۇنى ھاۋا تۇتۇق بولغان ۋاقىتتا ئاندىن كۆرگىلى بولىدۇ، بۇمۇ بىر غەلىتە مەنزىرىكەن. پەقەت ئەجدىھا ئوردىسىدىلا مەجنۇنتال بولۇپ، باشقا جايدا يوقكەن، شۇڭا بۇ جايدا تاللىق مەنزىرىسى شەكىللەنگەنىكەن.

26- كۈنى، 80 چاقىرىم يول يۈرۈپ، سۇمۇشتانغا يېتىپ باردۇق. يول بويى تاغقا يانداشىپ ماڭدۇق، قانچە يېقىنلاشقانسېرى مەنزىرە شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گەرچە تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى بولسىمۇ، تاغ چوققىسىدا توپلانغان قار قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن. تاغنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى ياپيېشىل قارىغايزارلىق ئىكەن. بۇ تاغ ئىلىغا سوزۇلغان تەڭرىتاغ بىلەن تۇتىشىدىكەن، قىيا تاشلار ئېگىز- پەس گىرەلىشىپ كەتكەن، يۇمران ئوت- چۆپلەر ياپيېشىل ئۆسكەن، نۇرغۇن بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىكەن، ياۋاگۈللەر يارقىن ئېچىلىپ، پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، ساياھەتچىلەرنى ھۇزۇرلاندۇرىدىكەن. ئۇدۇلدىكى تاغ ئېتىكىدە بىر بۆلەك قۇم قاپتىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر تالمۇ ئوت- چۆپ ئۈنمەيتۇ.

ئۆزۈنلۈقى تەخمىنەن بىر قانچە ئون چاقىرىم كېلىدىكەن، ئېيتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوشۇنلارنىڭ گازارمىسى قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە يەنىلا جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرارمىش. يەنە 20 چاقىرىم ماڭدۇق. تاغ ئېتىكىدە 10 قانچە چاقىرىم ئايلانمىنى بېسىپ، تاغ چوققىسىغا چىقتۇق. تاغ چوققىسىدا ئۈچ قەۋەت ئېگىزلىكتە گۈمبەزسىماۋ بۇتخانىسى بولۇپ، خىلۋەت قىياتاشلار ئارىسىدا ئىكەن. ئەرۋاھلار ئەڭ روشەن كۆرۈنەرمىش، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئېغىز كىچىككىنە ئۆي بولۇپ، ئىچىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 19- يىلى جياڭ شىگبىننىڭ ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تۆھپە ئابىدىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، بارغان كىشىلەر كۆرۈشكە بولىدىكەن، ئۇغىنىسى كىشىلەر كۆرگەن ھامان بوران چىقىپ، قار ياغىدىكەن. مەن «بىڭ شۇ» يىلى (تەخمىنەن 1709- يىللىرى) 9- ئايدا، بۇ يەردىن ئۆتكەن، ئۆيگە كىرىپمۇ كۆرگەن، ئابىدە يېزىقى تەخمىنەن تۆت- بەش چى ئېگىزلىكتە ئىكەن، ھەر بىر خەت ئويۇلچۇق بولۇپ، باشقا ئالاھىدە جايلىرى يوق ئىكەن. بۇتخانىغا قاراۋاتقان ئادەمنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغىلى بولمايدىكەن، شۇڭا دەرھال قايتىپ چىقتىم، بىردەمدىن كېيىنلا، دەرۋەقە بوران چىقىپ، قار توزۇشقا باشلىدى، ھاۋا بىردەمدىلا ئېچىلىپ كەتتى، بەختىمگە يارىشا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. بۇ يىل 2- ئايدا، ئېلى قوشۇنلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ كەلگەن چوڭ ئەمەلدار بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئابىدە يېزىقىنى چوقۇم كۆرمەكچى بولۇپتۇ، بۇتخانىغا قاراۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ كىرىپ كۆرمەسلىكىنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈپتۇ، ئۇ زورلۇق بىلەن ئۆيگە كىرىپ كۆرۈپتۇ، كۆرۈپ بولماي تۇرۇپلا، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، تاش، شېغىللارنى ئۇچۇرۇشقا باشلاپتۇ، بۇ ئادەم ئېتىغا مىنىپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. 70 چاقىرىم يول يۈرۈپ، تاغ باغرىدىكى ساراي ئۆتەڭگە يېتىپ بېرىپتۇ، تۆت كېچە- كۈندۈز قېلىن قار يېغىپتۇ، قار قېلىن ياغقان جايلاردا بىر غۇلاچتىن ئېشىپ كېتىپتۇ، قار دەستىدىن يىلقا مەيدانىدىكى ھۆكۈمەت ئاتلىرى سانسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ، يوللار توسۇلۇپتۇ، پوچتا يوللىرى بىر قانچە كۈن ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ھەي، ئادەم ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. («شەرققە قايتىش خاتىرىسى» دىن تاللاپ ئېلىندى).

## كۆشۈتە داۋىنى

### [چىڭ سۇلالىسى] جى يۈن

جىيا يۈگۈەننىڭ سىرتىدا كۆشۈتە داۋىنى بولۇپ، قۇمۇل بىلەن باركۆلنىڭ چېگرىسىدۇر. تاغ قىرىدا تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى باش سانغۇن خۇ جۈنجىننىڭ ئىدىقۇت دۆلىتىنى تىنچىتىش توغرىسىدىكى ئابىدە تېشى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا قاراۋاتقان ئادەملەر ئۇنى خىش ۋە تاش پارچىلىرى بىلەن قورشاپ، كىشىلەرنىڭ ئوقۇۋېلىشىغا يول قويمىغان. ئادەملەر ئۇنى ئوقۇسىلا بوران چىقىپ، قار ياغارمىش، كۆپ قېتىملاپ سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ، شۇنداق بولغانمىش. تاغ چوققىلىرى، دەل- دەرەخلەر، قىيا تاشلارنىڭ ھەممىسى ئۇمۇمەن ئوي- پىكىر قىلالايدىغاندەك، بۇ خىل غەلىتە ھادىسە ئارقىلىق ئادەملەرنى ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر- چىراغ قىلدۇرىدىكەن، بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بەلگىلىك داۋلىسى بارمىش. باركۆلدە يەنە خەن شۇندى دەۋرىدىكى دۈنخۇاڭ ۋالىيسى پېي سېننىڭ ھونلارنىڭ قويانخانى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تۆھپە ئابىدىسى بار ئىكەن، شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كۆل بويىدا

ئىكەن، كىشىلەرنىڭ خالىغانچە ئىز ئوسىخسىنى ئېلىۋېلىشىغا يول قويىدىكەن، ھېچقانداق غەلىتە جايى يوق ئىكەن. پەقەت، بۇ كۆل ئەجدىھانىڭ تۇرىدىغان جايى، شەھەردە كېچىلىرى توپ ئېتىشقا بولمايدۇ، كېچىلىرى توپ ئاتسا كۆلدىكى ئەجدىھانى چۆچۈتۈپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىشىدىكەن، بۇنى داۋلى سۆزلەپ، ئوچۇق قىلىۋېتىشكە بولمايدىكەن.

## قويانخانىنى تارمار قىلىش ئابىدىسى

### [چىڭ سۇلالىسى] جى يۈن

شەرقىي خەن دەۋرىدىكى دۈنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى پېي سېننىڭ «قويانخانىنى تارمار قىلىش ئابىدىسى» باركۆلنىڭ كۆل بويىدىكى گۇەندىياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئىچىدىكەن. بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەن ئەسكەرلەر يەر ئاغدۇرغاندا، يەر ئاستىدىن تېپىلىپتۇ. بۇ ئىش «كېيىنكى خەننامە» دېگەن كىتابتا خاتىرىلەنمىگەنىكەن، بىراق ئابىدىنىڭ خېتىنى قەدىمكى يېزىققا ئوخشاش چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. خەت ئاددىي- ساددا يېزىلغان بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىۋېلىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسكەن. چۈنكى، ئۇ خىلۋەت غەربىي دىياردا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ نۇسخىسىنى بېسىپ چىقىرىدىغان ئادەم بولۇشى ناتايىنكەن، شۇڭا تاشنى ئويغاندا، قېپقالغان پىچاق ئىزلىرى يەنىلا ناھايىتى مۇكەممەل ئىكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ گېڭ يىن يىلى (1770- يىلى)، لىيۇ سۈنسۈن دەيدىغان كۆچمە ساتقۇن ياغاچقا دوراپ يېزىپ، پۈرۈختىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچىپ، پۈرۈختىن كۆيدۈرگەنىكەن. ياغاچ تاختىدا نۇرغۇنلىغان قارا داغلار قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى دەۋردىكى ئابىدىگە ئىنتايىن ئوخشاپ قاپتۇ. تاش ئابىدە بىلەن ياغاچ ئابىدە بىرلا ۋاقىتتا جەمئىيەتتە تارقىلىشقا باشلاپتۇ، ئاسارئەتىقە سەنئەتكارلىرى كونا تاش ئابىدىنى يېڭى ياسالغان دەپ بىلىپ، يېڭى ياسالغان ياغاچ ئابىدىنى قەدىمكى دەۋردىكى ئاسارئەتىقە دەپ بىلىۋاپتۇ. مەن ئۇلار بىلەن تالاش- تارتىش قىلىپ باقسام، نەدىكىنى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىنتايىن تەمەننا قويىدىكەن. مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئىشەنمىدى. ئوخشاش مەزگىلدىكى نەرسە ھەمدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەملەر ئىسپاتلاۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنىلا مۇشۇنداق راست- يالغان ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقان يەردە، 1000 قانچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى نەرسە تۇرۇقلۇق قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن! «پالنامە» دە پال سېلىش ئۇسۇلى، «نەزمىنامە» دە يېزىق شەرھلەنگەن، «ئەمنىيە» دە ئۈچ تەپسىر چۈشەندۈرۈلگەن («زوچيۇمىڭ تەپسىرى»، «گۇڭياڭ تەپسىرى»، «گۇلياڭ تەپسىرى») ۋەھاكازالار. ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئەۋلىيالار ئۆزى كۆرگەن، بەزىلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋر بىلەن بولغان ئارىلىقى بەك ئۇزۇن ئەمەس، بەزىلىرىنى مۇئەللىملەر ئۆگەتكەن، ئۇنىڭ باش- ئاخىرى ناھايىتى ئېنىق. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر: «خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى نەرسىلەرنى كىشىلەر بىلىپ كەتمەيدۇ، مەنمۇ لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ بىلگەنىدىم» دەپ ئېيتىشقانىكەن. ئومۇمىي جەھەتتىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئەھۋال بولسا كېرەك!

## قەدىمىي قارىغاي

[چىلىڭ سۇلالىسى] جى يۈن

تيەنجاڭ گېگىيې لياڭجۇ (يەرلىك ھۆكۈمەت ۋۇۋېيدا تۇراتتى) دا، باسقاۋۇل بولغاندا، بىر پارچە قارىغاي قوۋزىقى ئالغاچ كەپتۇ. ئۇنىڭ دورىلىق تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ، قاننى جانلاندۇرىدىكەن، سۇغا سېلىپ قايناتقاندىن كېيىن، دورا سۈيىنىڭ رەڭگى كەھرىۋا رەڭگىگە ئوخشايدىكەن. ئاياللار ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن، ھەيز توختاپ قېلىش، خۇن چىكىلىپ قېلىش قاتارلىق كېسەللەرگە شىپا بولىدىكەن. يېقىن ئۆتۈشكەن ئادەملەر ئېلىپ بېرىپ دورا قىلىپ ئىشلىتىۋېرگەنلىكتىن، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئىشلىتىلىپ تۈگەپتۇ. كېيىن، مەن غەربىي يۇرتقا بارغاندا، بۇ خىل دەرەخنى كۆردۈم. پەقەت قەدىمكى دەرەخنىڭ قوۋزىقىلا قاپتۇ، خالاس. بۇ باشقا نەرسە ئەمەس دەل ئەسلى سورتىنىڭ ئۆزى ئىكەن، شۇ جايدىكى ئادەملەر ئۇنى قاينىتىپ چاي ئورنىدا ئىچىدىكەن، ئازراق پۇرىقىمۇ بار ئىكەن. ئەڭ چوڭ قەدىمكى قارىغاينىڭ يىلتىزى 1000 گەزدىن ئارتۇق چوڭقۇر جىلغا ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭ غولى تىك ئىدى، تاغ قىرىدىنمۇ 20 – 30 گەز ئېگىز چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قوۋزىقى ئىككى چى قېلىنلىقتا ئىدى. مالىيىم ۋۇ يۈيباۋ قوۋزاقتىن بىر پارچە ئېلىپ كېلىپ، كارىۋات قىلىۋاپتۇ. مەن قوجيەن، گۋاڭدۇڭلاردىكى پالما يوپۇرمىقى ئۈستىدە بىر، ئىككى ئادەم ياتالىغىدەك بوپتۇ دېدىم، ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر پارچىنى ئېلىپ كېلىپ، بورا قىلىپ سېلىۋاپتۇ، بۇمۇ ئاجايىپ كۆرۈنىدىكەن. مەن يەنە بىر ئائىلىلىك ئادەمنىڭ دەرەختە ئىشەك ۋە دېرىزە ياساپ، شوتا قويۇپ، چىقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى، كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈنلەي بىر ئېغىز ئۆيگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. مەن خۇيەن خۋاجۇ (خۇيەن خۋاجۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى خۇيەن خۋاگو بولۇپ، چاڭشەنلىك ئادەم ئىدى، 1739- يىلى جىنشى (كېجۈي دەۋرىدە ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن ئادەم) بولغان، ئىلگىرى گۋاڭدۇڭنىڭ خۋاجۇ ئايمىقىدا ئاتامان بولغان) بىلەن بىرلىكتە چىقىپ كۆرگەن، خۇيەن خۋاگو: «بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇشى يەردە تۇرغاندىن ئېشىپ چۈشىدىكەن» دېگەنىدى. ئومۇمەن، تارىختا تەگرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئۇيسۇنلار، تۈركلەر قەدىمدىن تارتىپلا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن، ئۆي سېلىشتا ياغاچ ماتېرىياللىرى زۆرۈر بولمىغان، شۇڭا بۇنداق چوڭ دەرەخلەرنى كەسمىگەن. مەن ئويلايمەنكى بۇ خىل دەرەخلەر يىراق قەدىمكى مەزگىللەردىلا ھەقىقەتەن بولغان، ئۇنى قارىغاي دەپ ئاتايمىز، بۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن يالغان دېگىلى بولمايدۇ.

## باركۆلدىكى قەدىمىي ئەينەك

[چىلىڭ سۇلالىسى] جى يۈن

تيەنجاڭ گېگىيې قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ باركۆلدە تۇرغان ۋاقىتتا، ئەسكەرلەر قۇدۇق قېزىۋېتىپ بىر قەدىمىي ئەينەكنى قېزىپ چىقارغان، قەدىمىي ئەينەك ئىنتايىن نەپىس ياسالغان. ئۈستىگە ئويۇلغان خەتلەر كەيشۇ (خەنزۇچە

خەتنىڭ يېزىلىش شەكىللىرىدىن بىرى) مۇ ئەمەس، لىشۇ (خەنزۇچە خەتنىڭ يېزىلىش شەكىللىرىدىن بىرى) مۇ ئەمەس ئىكەن، ئەجدىھا نەقىشلىك سائەتنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان خەتلەر بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن، پەقەت لاي توپىنىڭ چىرىتىشىدىن، بەزى جايلىرىدىكى خەتلەر چۈشۈپ كېتىپتۇ. تيەنجاڭ كېگىيى ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلايدىكەن، دائىم ئۆز يېنىدا ساقلايدىكەن. ئۇ گۇاڭشىدىكى ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋاقىتتا، ئۇنى يېزىنەم تيەن شياڭگۇغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. قولدىن قولغا ئۆتۈپ تيەن شياڭگۇنىڭ نەۋرىلىرىگىچە كېلىپ تۈيۈقسىز يوقاپ كەتكەن. كېيىن يېقىنلىرىدىن گې فامىلىلىك ئادەم بازاردىن ئۇنى سېتىۋېلىپ، تيەن ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇلتۇر تيەن ئائىلىسى قەدىمىي ئەينەكنى ئىقابلاپ، ئۇنى پايتەختكە ئەۋەتىپ، مېنىڭ بالىلاپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەن. مەن ئۇنى سالنامىچى گۇڭ شۈيبىيگە تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان خەتلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئاسارئەتىقە ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلدۇق. مەن ئۇيما يېزىقنى چۈشەندۈرگەن خەتلەرنى ئىقابنىڭ تەگلىكىگە ئويۇپ قويدۇم، يەنە ئىقابنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۈچ كۇپلېت شېئىر يېزىپ قويدۇم.

## 2) شېئىرلار

### كەچقۇرۇن تەخىرتاغدىن ھالقىپ، پايتەختنى ئەسلىدىم

[تاڭ سۇلالىسى] لو بىنخۇاڭ

تەگرىتېغىنىڭ چوققىسىغا مەن،
چىقتىم تېز سۈرئەتتە شۇ قەدەر چاپسان.
بۇ يەردە پايتەختنىڭ مەنزىرىسىنى،
يەنىلا يادىمغا ئالدىم شۇ ھامان.
كۆكتىكى بۇلۇتلار شاھ بېغىدىكى،
ياپيېشىل يايراقنا ئوخشايدۇ گويا.
تاغدىكى ئاق قارلار- ئوردا ئىچىدە،
شاپتۇل چېچىكىگە لىق تولغان دەريا.
بۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەنزىلگاھىنى،
كۆرسىتىپ تۇرىدۇ پەقەت تۇغ- ئەلەم.
كېيىملەر چوڭ كېلىپ، سالۋاراپ قالدى،
ئورۇقلاپ كەتكەچكە بۇندا ھەر ئادەم.
يەلپۈنگەن رومالدەك تۇرار سوزۇلۇپ،
شۇ يىراق چېگرىدا يارغول يوللىرى.
رۇيشۇ دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىنى،

يۇتماقچى بولىدۇ چەكسىز قوملىرى،
سەپەردە مۇقەددەس سىغىنىشلىرىم،
ئىقىندا لەيلىگەن گويا ئوت- سامان.
ئالمىشىش مۇددىتى توشماستىن تۇرۇپ،
قانداقچە يۇرتۇمغا قايتاي مەن ئامان!
ئۈزۈلمەي ياگرىغان بۇ ياغاچ چۆرى①
كۆگۈل كۆيلىرىمنى چۆشەنسۇن قانداق،
ھەر كېچە بۇلۇقلاپ ئاقىدۇ يېشىم،
چېكىمەن دات- پەرياد، دىلدا دەرد- پىراق.

## قۇمۇل شەھىرى

### [مىلك سۇلالىسى] چېن چىلڭ

بۇ يەردە، ئەجىبا، بۇ قەدىم شەھەر،
قانداقچە كۆزۈمگە چۈشۈپ قالدىكىن؟
«ئىۋىرغول» ۋە «قۇمۇل» دېگەن ئاتلارنى،
بىلمىدىم، ئۇنىڭغا كىملەر قويدىكىن؟
يېزىلار جايلاشقان قويۇق- زىچچىتە،
يېشىللىق ئۇيۇقىقا قەدەر سوزۇلغان.
بۇندىكى ئورمانلار شۇنچە باراقسان،
ھەممىسى قۇياشقا قاراپ ياشنىغان.
كىشىلەر گوياكى ھېكمەتلىك سۇمرۇغ،
ۋە ئامەت يۇلتۇزى ھېسابلاپ مېنى.
ئالدىمغا چىقىشتى كۈلۈپ خۇش چىراي،
تەييارلاپ مەززىلىك چاي- تائاملارنى.
پادىشاھ ھەزرەتنىڭ مېھىر- شەپقىتى،
تارالغان قاشقۇۋۇق ئىچى- تېشىغا.
ئاز سانلىق مىللەتمۇ چۈمۈلگەن بۇندا،
ئەمىنلىك بەھرىگە، شادلىق زوقىغا.

---

① نەيگە ئوخشايدىغان چالغۇ ئەسۋاب.

# ئەلتۇمۇردىن ساۋۇلاققا بېرىش

## [چىڭ سۇلالىسى] يىن جېن

سۇبھى تاڭ يورىدى مەشرىق تەرەپتىن،
گۈزەل تاڭ چولپىنى چاقنىدى كۆكتە.
چىللايدۇ بىتىنىم قېقىپ شوخ قانات،
سۇبھى تاڭ ئەلچىسى — خوراز شۇ پەيتتە.
يىراقتىن نىشانلاپ سار بۇلاقنى بىز،
بىر كۈندە يول باستۇق سەككىز چاقىرىم.
قۇملۇقتا ماڭار ئات زورۇقۇپ ئاستا،
سۆيىدۇ يۈزلەرنى باھاردا سەلكىن.
گۈزەل تاڭ قۇياشى چاچار پارلاق نۇر،
بۇ چېگرا ماكانىنىڭ كارۋان يولىغا.
كۆرۈنەر يىراقتا ئاقىرىپ غۇۋا،
قېلىن قار بۇ يۇرتنىڭ ھەر بىر تېغىدا.
تاغلار بۈك-باراقسان، چەكسىز بىپايان،
تاغلارنى قۇچاقلاپ ياتار ئاپئاق قار.
قارىدىم زوقلىنىپ، كۆرگىنىم مېنىڭ —
مىسالى بىر سۈرەت، مىسالى گۈلباھار.
ئاق بۇلۇت ئاسماندا ئاق قاردەك تۇرار،
ئاپئاق قار تاغلاردا بۇلۇتتەك ياتار،
قار ماكان ئەيلەپتۇ تاغ چوققىسىنى
ئاق بۇلۇت تۇتۇپتۇ تاغ باغرىنى يار.
كەلمىگەن بولسام گەر بۇ ياقا يۇرتقا،
بۇ قالتىس مەنزىرىنى كۆرەتتىم قانداق؟
تىكىلدىم ئەتراپقا زوقمەن سەيياھتەك،
ئاپئاق قار دېڭىزى يايغان كەڭ قۇچاق.
قاشتېشى ھەم سەدەپ دۇۋۇلىرىدەك،

كۆرۈنەر ئاسماندا قارلىغاچتاغ ھەر ۋاق،
ھەممە يۇرت ـ ھەممە ئەل بۇ يەردە بۇگۈن،
ياشارگەن شادىمان، ئىتتىپاق ـ ئىناق.
جۇگغارلار، مۇسۇلمان قەبىلىلىرى
راسلاپتۇ كەڭ سورۇن ـ ئازادە راۋاق.
ھەربىر پامىردىن تاشمالدىكى
ساتارلار يۇرتىغا قەدەر ھەممە ئەل
چۇشىنىپ ئۆز ئارا كۆڭۈل دىلىنى،
ئۆيۈشقان بىر ئوقنى چۆرىدەپ تۆگەل.
شوخ نەزەر سالدىم ئات ئۈستىدە تۇرۇپ،
يىراقتىن ـ يىراقتا، ھەر بىر چوققىغا.
تۇرار تىك چوققىلار تىزىلىپ قاتار،
ئۆتكۆزۈلگەن كەبى بىرلا ھالقىغا.
ئەنە قاق سەھەردە كېتىمەن جەزمەن،
كۆشۈتى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ يىراققا،
ئاڭلاندى ئۆندىكى سۇلار شاۋقۇنى،
ئۆرۈلدى دېۋىرقاي ھىدى دىماققا.

## قۇمۇل قوغۇنى

### [چىلاق سۇلالىسى] چى يۈنشى

مەن مىرزا چاغلىدىم ئۆتىلە تەمىنى ـ
بىر شېرىن لەززەتنى تېتىمغانىدىم.
قەدىرلەپ تېگىنى خېلى چاققىچە،
ئېسىل سىم قەپەزدە ساقلىغانىدىم.
قوغۇنغا تويىدۇ ـ مۇ، ئىچىمنىڭ قىزىپ،
كېتىشى يادىمغا كەچمەپتۇ پەقەت.
رەنجىمەك نە ھاجەت بۇندىن، يەنىلا
زوقىنى ئارتىدۇ قوغۇنلۇق قەۋەت.

## قومۇل

### [چىلەك سۇلالىسى] سا يىڭشا

ئەزەلدىن قەھرىمان، باتۇر قورغانـەن،
تەڭرىتېغىنىڭ تۈنجى شەھىرى.
زاماندىن- زامانغا جۇغلۇدۇڭ ئاشلىق،
باغرىڭدىن جاي ئالدى لەشكەر بارگاھى.
يىگانە يول سەندە بۆلۈنەر جۈپكە،
جەنۇبقا، شىمالغا — شىككى تامانغا.
ئەمەلدار تۆرىلەر سىنىڭ قوينۇڭدا،
كۆتۈلەر ۋە ئۆزار يېگى ماكانغا.
ئات- ئۇلاغ، هارۋىلار، ھەربىي پوچتىلار،
ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ يوللاردا ھەريان.
سودىگەر پۇقرالار چۆللىرىڭ ئارا،
سەپىرى تۈگىمەس بىر ئۇلۇغ كارۋان.
پايانسىز قوغۇنزار ياتار سوزۇلۇپ،
كېپقالدى مەن كۆتكەن قوغۇن پىششىقى.
قومۇلدا ئۇلغايدى ئەمىلىك ئەمدى،
كەلسىكەن ئورنۇمغا چاپسان بىر كىشى.

## تەڭرىتاغدىكى ۋادەك ئابىدىسى

### [چىلەك سۇلالىسى] زوزۇڭتاڭ

تەڭرىتاغدا ئوتتۇز شىككى ئەگىم داۋان بار،
تاشنى قېزىپ، ياغاچ تىزىپ ۋادەك ياسالغان.
ئايلاندۇردى كىم خەتەرنى ئاسايىشلىققا؟
بىر ئەزىمەت — سۆگۈۋ قوماندانى ئاتالغان.
بۇ تۆھپىگە جېمى كىشى ئوقار ئاپىرىن،
ئىكرام بىلەن چەكتىم تاشقا شۇڭگا نامىنى.

بۇزۇش، يونۇش، ئۈپرىتىشتىن ئەيلەگلار ھەزەر،
پۈتتۈم گۈلاگشۇ ئىككىنچى يىل ئىيوندا بۇنى.

## شىڭشىڭشىيا

### [چىلەك سۆلالىسى] فالەك شىمبالەك

تۇرىدۇ چوققىلار بۇلۇتنى يېرىپ،
تۇرىدۇ قىيالار چىلەك قۇچاقلىشىپ.
قامچىلار تاراسلاپ ئۈرلەشكە ئۈندەر،
قاتمۇ قات ئېگىز تاغ- داۋانلار ئېشىپ.
تۈۋەندە ياتىدۇ يېگى ئاچقان يول،
يىراقتىن يىراققا سوزۇلۇپ راۋان.
بىز تۇرغان بۇ يولنى خەتەرلىك دەرمىش،
ھەر يىلى تالاي چاق بولارمىش ۋەيران.
بۇ يولدىن ئۆتكەنلەر خىسلەتلىك بۇتقا،
باش ئۇرۇپ تىلاۋەت قىلاركەن ھامان.
بۇلۇتلار بىشارەت بەردى تىنچلىقتىن،
بۇ سەپەر يولىمىز بولدى تىنچ- ئامان.
بىلدۇرۇپ ئېھتىرام قەھرىمانلارغا،
ئۆي ئىچى- ھەممىمىز قىلىشتۇق تاۋاب.
ئاستىلاپ چۈشتۇق ھەم ئېگىز تاغلاردىن،
ئاجايىپ تۈز تەكشى قاپتالغا قاراپ.
كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىككى ياقتىكى،
قىياغا قارىدىم بولۇپ مەن ھەيران.
تۇرىدۇ خەتەرلىك چوققىلار ھەيۋەت،
تەگرى قۇدرىتىدىن قىلىپ نامايان.
ھە، ئەمدى بەخىش ئېتەر ئالدىمىزدىكى،
داغدام يول ھەر دىلغا ھوزۇر، ھالاۋەت.
كۆن پارلاق، يار بىزگە تىنچ- ئاسايىشلىق،
ساقلايدۇ تەگرىمۇ بىزنى سالامەت.

## تەڭرىتاغ ئابىدىسى

### [چىلىڭ سۇلالىسى] يۈيشۇ

شۇنچە مول ئابىدە ياتار ھەر ياندا،
باقسالىڭ، تالىڭ دەۋرىگە تەئەللۇقى بار.
باش سانغۇن خۇ جۇنجى ئەينى يىللىرى،
ئىدىقۇت خانىنى قىلىپتۇ تارمار.
قىلىچنى سۇغۇرۇپ كىرىپ جەڭگاھقا،
بىر كۈرەڭ تەلۋىنى ئەيلەپتۇ گۇمران.
قار تۈمۈر كۆرگەندەك باھارغىچىلا،
بۇ كىچىك نوچىمۇ تۇگەپتۇ شۇئان.
ئەسىرلەر مابەينى چېگرا رايونىنى
قامالدا تۇتقانلار چېكىشتى ھەسرەت.
قەلەمدە جىيالىڭ شىگىبىن قۇچتى زور تۆھپە،
كەلمەكتە كىشىلەر مىلىڭ يىللار ئەسلەپ.
ئابىدە ئالدىدا توختىشىپ ئۆتەر،
بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەر ئۆتكۈنچى مېھمان.
خارابە ئىزلىرى خىرە بولسىمۇ،
بىلگىلى بولىدۇ جەڭگاھنى ھامان.

## شەھەر ئىچىدىكى قەدىمكى سۆگەت

### [چىلىڭ سۇلالىسى] سۇڭ بولۇ

قەمەرىسان ۋىلايەت قۇمۇل شەھىرىنىڭ،
قەدىمكى مۇبارەك نامى ــ ئۆۋرغول.
ئۇ گويا ھارۋىنىڭ بۇلىسى ــ ئوقى،
تارىلار ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپكە يول.
سۇلىرى باغرىدىن ئاقار شارقىراپ،
تومۇردەك تارالغان ئېقىن- ئېقىنىنىڭ،
ئۇچيۈز تۈپ تال- تېرەك كۆككە بويسۇنۇپ،

زوقنى تارتىدۇ يىراق- يېقىننىڭ،
چوگلۇقى قۇمرىدەك شەھەر ئىچىنىڭ،
ياتار ئۇ بىر چەتتە ــ غەربىي جەنۇبتا.
ئۇ يەردە باراقسان قەدىم سۆگەت بار،
سوزۇلۇپ ياتار ئۇ چوڭ يول بويىدا.
بۇ دەرەخ ــ بۇ قىرى قەدىمكى سۆگەت،
بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇنلاپ ئەسىرنى.
بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر كۆرگەندە ئۇنى،
خۇرسىنار بىلگەندەك بۇندىكى سىرنى.
كۆرۈنەر بۇلۇتتەك قويۇق سايىسى،
نامازشام پەيتىنى ئەسلىتەر كۈندۈز.
شاخلىرى مىسالى يۈگەنسىز تۇلپار،
چاپىدۇ كەڭ قۇچاق ئاچقاچ دالا- تۈز.
ئۆرەنلەپ بوشلۇقتا كۆتۈرۈلسە تىك،
بېجىرىم غوللىرى بولار نامايان.
قوۋزۇقى كۆرۈنەر يۈگەم قەلەيدەك،
كۆرۈنەر تاشقا گۇل چەككەندەك هامان.
ئېچىلسا قىزغۇچ ھەم سارغۇچ پوتلىسى،
بەرگىدە ئۇينايدۇ شەبنەم پارقىراپ.
كەلگەندە ئالتۇن كۈز غازاڭ مەزگىلى،
تۆكۈلەر ياپراقلار ئەتراپنى قاپلاپ.
گوياكى دالىدا توپ- توپ ئەجدىھا،
جەڭ يىغا قىلغاندەك ئۇزاقتىن- ئۇزاق.
گوياكى چۈشكەندەك ئۇچۇپ لاي ئارا،
بىھېساب تىرناقلار، بىھېساب قاسراق.
خىسلەتلىك دەرەخكە ئوخشار خىسلىتى،
بىراق ئۇ رىۋايەت قەدىمدىن قالغان.
ئاڭلىغان گەپكىلا ئىشىنىپ قېلىش ــ
دۆتلەرنى چۆچۈتۈپ قىلىدۇ ھەيران.
چاقنايدۇ پىلىلداپ بىر سۆگەت يۇلتۇز①
چىراغدەك بىپايان ئاسمان كۆكسىدە.
يارالغانمىكىن يا بۇ قەدىم سۆگەت،
شۇ يۇلتۇز چۈشكەندە زېمىن ئۆستىگە.
لەشكەرلەر ئۆز ئارا چېپىشىپ قىلىچ،

① بىر يۇلتۇزنىڭ نامى.

بىر مەھەل ئۇرۇشلار توختىماي كەلدى،
زەپ ئېسىل دەرەخلەر كېسىلىپ كۆيلەپ،
ئوتتۇن قىسىپ قالاندى، ئوچاقتا كۆيدى.
ۋە لېكىن چەت يىراق خىلۋەت زېمىندا،
بۇ دەرەخ ياشناپتۇ سۇلياستىن پەقەت.
ئۆچمىگەن بولسىمۇ ئۇرۇش ئوتلىرى،
ساقلاپتۇ تەگرى يار بولۇپ، بېرىپ مەدەت
قەغەزنى تولدۇرۇپ يازدىم بۇ شېئىرنى،
قوشۇمچە بولۇپ قالار«ئاجايىبات» قا②
ئۇقۇسا يىگانە تالىپلار بۇنى
تاڭ قالار ھەيران بولۇپ بۇ مۆجىزاتقا.

## تەگرىتاغ قارىغىيى

### [چىڭ سۇلالىسى] جاڭ باۋجىي

قار بىلەن قارىغاي تۇرار ياندىشىپ،
خەتەرلىك چوققىدا مەغرۇر قەد كېرىپ.
بىرى ئاق بىرى يېشىل زۇمرەت،
كۆرۈنەر زەپمۇ تۈز دىلغا زوق بېرىپ.
تاغلاردا لەپىلدەپ ياغسا ئاپئاق قار،
گۈزەللىك بەخش ئېتەر قارىغاي بەستىگە.
چوققىدا ياشنىغان ياپيېشىل قارىغاي
كۆركەم تۈس بېرىدۇ قارنىڭ ھۆسنىگە.
قار باسسا، ئاستىدا ياتار قارىغاي،
ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەللىك تولۇپ.
ئاق قارنى سۆمۈرسە قۇچۇپ قارىغاي،
قار تۇرار شۇ پېتى خاتىرجەم بولۇپ.
تۇگەرمۇ ئاق قارلار تەگرىتاغدىكى،

② «ئاجايىبات» چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جاپلاردىكى ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر خاتىرلەنگەن ئەسەر (ت).

ھەم قاچان سولىشاركىن قارىغاي سارغىيىپ؟
ئاپئاق قار توپلىنار يەنە مىڭلاپ يىل،
قارىغايلار تۈمەن يىل تۇرار ياشىرىپ.

## تار لاچىن

### [چىلى سۇلالىسى] ياۋ بۇيچۇن

باشلىنىپ تاشۋىلىق باغرىدىن ئۆتەك،
يوللىرى سوزۇلغان ئۇزاقتىن- ئۇزاق.
جەك ئوتى، ئىس- تۈتەك ئۆلغىيىپ- ئۆرلەپ،
ئايىنغان زورلۇق ھەم زۇمبۇلۇق بىر ۋاق.
بۇ دۇنيا يارىلىپ، سانسىز ياسىلغا —
بۆلۈنۈپ كەتكەن بۇ چېگرا يۇرت يىراق.
ئارىسى ۋىلايەت بىلەن ئەتىشىنىك،
توققۇزيۈز ئۆتەك يول كىيلەر سانىساق.
ھىلىگەر توشقاننى تۇتماقنى ئىزدەپ،
كۆك ئارا بۈركۈتلەر ئۇچلايدۇ تىرناق.
ئەنقا راۋىقىدا بۇلبۇل كۈيىنى،
تىڭشىدىم زوقلىنىپ، قويۇپ ئىشتىياق.
مەن كۆگۈل بەرگىنىم پەقەت بىر نەرسە —
بوز يەرلەر ئەھۋالى بولدىكىن قانداق.
يىغلىسا بۇ يەرگە ئاشلىق- يەم كۆپرەك،
قوغدىلار مىليونلاپ زور قوشۇن ھەر ۋاق.

## قۇمۇل

### [چىلى سۇلالىسى] ياك چۇەنشەن

چۆمۈلۈپ تۆلۈنئاي كۈمۈش نۇرىغا،
زوقلىنىپ چىقتىم مەن قەلئە ئۈستىگە.

دانىشمەن ھەزرەتلەر يازغان نەزمىلەر،
تېخىمۇ نۇر قوشقان راۋاق① ھۆسنىگە.
تەگرىتاغنى قاپلىغان زەپمۇ قېلىن قار،
كۆك تىرەپ تۇرىدۇ يۈكسەك چوققىلار.
بىپايان قۇم ئارا ياتار ئىۋىرغول،
كېزىدۇ ئۈستىدە بوران- چاپقۇنلار.
قاشقوۋۇق يوللىرى ئۆتىشىپ تۇرار،
يىراقتىن بىپايان غەربىي ئىقلىمغا.
ئۇيغۇرلار شەھرىنىڭ خارابىلىرى،
ياندىشىپ تۇرىدۇ زۆمرەت ئېقىنغا.
بۇ قۇتلۇق دەۋراندا تىنچىپ چېگرىلار،
ئېچىلدى بىپايان زېمىن – يېڭى يەر.
يىلمۇ يىل يوللانغان قوغۇن سوۋغىتى،
لۆگۈچياۋ ئۈستىدىن توختىماي ئۆتەر.

## سەيخۇدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

### [چىك سۇلالىسى] ۋۇ ئەنچېڭ

باھاردا ئەككىنىڭ، كۈزدە يىغقىنىڭ،
باغلىقتۇر تۆككەن تەر، ئەجىر- مېھنەتكە.
خوپ چارە ئېتىزنى نۆۋەتلەشتۈرۈش،
شۇ چارە نائىلدۇر پەقەت رەھمەتكە.
سەيخۇدا ياتىدۇ سوزۇلۇپ چەكسىز،
تۆت مىڭ مو مۇنبەت يەر – ھوسۇللۇق ئېتىز.
باشلانغان چېغىدا ئالتۇن كۈز ۋاقتى،
خامانغا يىغىلار باغ تاغدىن ئېگىز.
ئاپرېل كۈنلىرى چاپىمىز ئۆستەڭ،
كەتمەننى، گۈرجەكنى ئارتىپ ئۈشنىگە.
ساخاۋەت يامغۇرى ياغمىسا مەيلى،
دالىغا، خۇشپۇراق ئېتىز ئۈستىگە.
قارلارنى تامامەن ئېرىتىپ تاشلار،

① «يىراقنى تىنچىتىش راۋىقى»

چاچسا نۇر كۈن تەسكەي تاغلار بەستىگە،
شۇ پەيتتە ساناقسىز بۇلاق سۇلىرى،
يېتىدۇ ئېتىزغا ــ جانان ۋىسلىگە.

## قۇمۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت قوغۇن ھەدىيە قىلدى

### [چىڭ سۇلالىسى] جاڭ يىنخۇەن

سوزۇلغان بىپايان ئېتىز- ئېكىنزار،
تەگرىتاغنىڭ ئېتىكى تامان.
بۇندىكى زىرائەت ــ مېۋىلەر ئىچىدە
ئەڭ ئېسىل ــ سەرخىلى قوغۇندۇر ھامان.
يىلاندەك تولغىنىپ، يۆگۈلۈپ ھەيۋەت،
تۇرىدۇ ئەجدىھاسىمان قىيرى تال.
مۇسۇلمان ئاۋامى تېرىپ زىرائەت،
ئىشلىشەر ئېتىزدا شادىمان- خۇشال.
داڭلىق ۋاڭ پېقىرغا قىلدى ھەدىيە،
ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئەتىۋار سوۋغا.
كەچكۈزدە ئۈزۈلۈپ ساقلانغان قوغۇن
گۈل كەبى چىرايلىق كەتكەن تورلۇشۇپ،
ئەتىيار ئاخشىمى يېدۇق بىز تىلىپ،
ئۆزگىچە يىلىندى تەمى لەززىتى.
ئەجەبا، ساقلىنىپ ۋاقتى ئۆتكەنمۇ،
كەلمەيدۇ مۇۋاپىق جىسمىغا ئېتى.
ئاجايىپ ماكان بۇ، مېنى قىلدى خۇش،
خۇشلۇقۇم ــ ئۇچرايدۇ چۈشنى كەمدىن كەم.
يەر ئاستى ھەم ئۈستى بايلىقى تولا،
سۈيىمۇ مول- ئەلۋەك، تەمى تاتلىق ھەم.
بىر چاغدا يول ئېلىپ بۇ يۇرتتىن خەي فەن،
ھىندىستان تەرەپكە قىلغاندا سەپەر.
قىش كۈنى قوغۇن يەپ قىلغانكەن ھوزۇر،
يېگەندەك تەگداشسىز تاتلىق بال- شېكەر.

ئاجايىپ مۆجىزە ھېسابلاپ ئۇنى،
داگلىشار ياۋروپا ئەتىۋار بىلىپ،
ۋە لېكىن قۇمۇلدا، ھەممىلا يەردە،
ئۇزاركەن قوغۇنلار خۇشپۇراق چېچىپ.
مۇۋاپىق تالىنىپ تۇپراق، پەم بىلەن
تېرىلسا، تولىدۇ جىسمىغا شەربەت.
ئوردىسىز ئەزەلدىن قوغۇن بېجىغا
قوللىنىپ كەلدى كۆپ كەگرى سىياسەت.
شەرت ئىدى بۇرۇنقى قائىدە- نىزامدا
پوچتىدىن ئەۋەتىش ئۈچ يۈز تال قوغۇن،
ئاۋايلاپ ھەم ئۇنى گەنجۇ بەگلىرى،
قوغدايتتى تەيىنلەپ ياساۋۇل نۇرغۇن.
ئۆزۈنغا سوزۇلغان گەنسۇ يوللىرى،
ھاردۇرار كارۋاننى جاپالار بۇندا.
تارتۇقغا ئاتالغان لىجى مېۋىسى،
ۋاقتىدا يېتەلمەس ئوردىغا ھەتتا.
رەھىمدىل، مېھرىبان بولسا ھەممە ئەل،
رايىشلىق تارالسا ياقا يۇرتلارغا.
كۆڭۈلدىن يۈيۈلار ھارغىنلىق، ھەسرەت،
ئاراملىق دەم بېرىپ غەمكىن دىللارغا.
بۇ ئېسىل سوۋغاتنى يوللاشقۇ ئاسان،
ئاقىۋەت كىشىنى چۆمدۈرەر ئويغا.
سەپەردە بىھاجەت ھاياجانلىنىش،
باشقىنى ئويلىماي ئاتلاندىم يولغا.

## يېدىم قۇمۇل قوغۇنىنى مەن

[چىڭ سۇلالىسى] سۇڭ بولۇ

ياتىدۇ قۇملۇقلار چەكسىز دالىدا،
بوراندا ئۇچىدۇ قۇم- شېغىل تاراپ.
تۇمەنىڭ چاقىرىم يول بېسىپ غوزلار،

قىلىدۇ بېيجىڭنى ــ ئۇردىنى تاۋاپ.
مىخلىما ساندۇقلار يېپەك تاشىدا،
ئاۋايلاپ ئېھتىيات بىلەن تېگىلار.
ئەلچىلەر ئۇردىغا قىلىشار تەقدىم،
قۇمۇلنىڭ قوغۇنى ــ ئېسىل سوۋغىلار.
شاھانە باغلاردا تۇرار مەي بولۇپ،
گۈھەردە مېۋىلەر سانجاق ھەم سانجاق.
لېكىن بۇ قوغۇننىڭ ھۆرمىتى چەكسىز،
كېلەر ئۇ چەت يۇرتتىن پايتەختتىن يىراق.
سۇنۇلغان چاغدا ئۇ ئالتۇن تاۋاققا،
شاھلارنىڭ لېۋىدە ئوينايدۇ كۈلكە.
تېتىشىپ تەمىنى ئۇردىدىكىلەر،
ماختىشار زوقلىنىپ كۆتۈرۈپ كۆككە.
مەن كىچىك چېغىمدا ــ سەككىز يېشىمدا،
ئاڭلىغانىدىم نام ــ داڭقىنى تولا.
مۇشەررەپ بولالماي تېتىپ يېيىشكە،
قالاتتىم بىھۇدە ئارمانda ـ داغدا.
ياشىنىپ ساقالغا قونغاندا قىرو،
تۇيۇقسىز كېپقالدى بۇيان يىشامال.
ھەم شۇنداق پۇرسەتكە بولدۇم مۇيەسسەر،
خالىسام قانغىچە يەيمەن بىمالال.
ئوخشىماس قوغۇنلار بىرى ـ بىرىگە،
رەڭلىرى كۆك، سېرىق، نۇرلاشقان، سىلىق.
ئەتلىرى قىزىل ھەم ئوتتۇرىسى ئاق،
يېگەنلەر ئاپىرىن ئوقۇشار تەھقىق.
سېۋەتنى تولدۇرۇپ ئەپكەش كۆتۈرۈپ،
دېھقانلار بىر ـ بىرلەپ كىردى شەھەرگە.
يۈز داچەن پۇل بېرىپ بىر قوغۇن ئالدىم،
بازارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ سەھەردە.
ئېچتىم مەن گويا كى ھايات كەۋسىرى،
گويا ئاق قىرو، كۆك مۇز نوكچا يېدىم.
بۇ يۇرتنىڭ ھەسىلى نەقەدەر شېرىن،
لەززىتى تىلىنمۇ يارغۇدەك دېدىم.
تەككەندە شارتىلداپ كۈمۈش رەڭ پىچاق،
پىچىلدى چىرايلىق تىلىم ـ تىلىم بوپ.
توگىدى بېيىلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە،

ئاپىرىن ئۇقۇشتى ھەممە خۇش بولۇپ،
كەچكۈزدە ئاچ قورساق مۇزدەك نەرسە يەپ،
سوغۇق ئۆتۈپ قىلىشتىن ئەيلىدىم ھەزەر.
تويغىچە يېيىشتىن قىلدىم ئېھتىيات،
چۈنكى يول بەك يىراق، جاپالىق سەپەر.

## شۇتى

### [چىلىك سۇلالىسى] سى توخيەن

ھەجەپمۇ ياراشقان تاغقا زىلال سۇ،
زۇمرەت سۇ ئۆززە ياراشقان راۋاق.
چىلەكلەپ قۇيغاندەك گويا تاغ سۈيى،
چۆشەركەن جىرادىن شارقىراپ ھەر ۋاق
يالىغاچ سۇ تاشنى ئەسىرلەر بويى،
تېشىلگەن چىلەك قوم تاشلارمۇ خوراپ.
تۈن كېچە، جىمىرلار سۇلار، مىسالى،
جىمىرلار ئاسماندا يۇلتۇز بىھېساب.
سۇ ھورى تۇتاشقان سامان يولىغا،
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ لېكىن ئۆز ئارا.
ئىزناسى كۆرۈنەر تۇمان ئىچىدە،
كۆرۈنمەس پاسىلى ئۇنداق ئاق- قارا.
قەۋەتلا سۆيىمەن بۇلاق كۆيىنى،
چۈنكى ئۇ شوخ، لەرزان، ئۇيقۇدىن يىراق.
كىگىز ئۆي ئىچىدە ياستۇق تاپىنىپ،
ئاڭلايمەن سۇكۈتتە، ئاڭلايمەن ئۇزاق.

## 3) تارىختا خاتىرىلەنمىگەن ئىشلار

1. بەنچاۋ قومۇلدا

بەنچاۋ شەنشى فۇفېڭلىق بولۇپ، بەن بياۋنىڭ كىچىك ئوغلى، بەنگۇنىڭ ئىنىسى ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا «ئادەم بولۇشتا ئۇلۇغۋار غايە بولۇشى، ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بەنچاۋ قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن. ئۇ ھەر كۈنى بېرىپ ئوردىنىڭ مۇراجىئەتنامىلىرى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ خانغا سۇنغان پۈكلىمە مەلۇماتنامىلىرى (پۈتۈكلەر) غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، رەتلەپ چىقىشتەك مۇھىم ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىگەندى. ئۇ دۆلەتكە تۆھپە قوشۇش پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئاخىرى، ۋەزىيەت بەنچاۋنى قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەمنى قولغا ئېلىش ياخشى پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

خەن مىڭدى يۈڭپىڭ 16- يىلى (73- يىلى)، ئوردىنىڭ ئىچى- سىرتىدىكى ئاز بولمىغان ئادەملەر خەن مىڭدىغا شىمالىي ھونلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدا مۇراجىئەت قىلدى. مىڭدى لىۋجۇاڭ ۋەزىرلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شىمالىي ھونلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش بۈيۈك پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى.

غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ئېكىسپېدىتسىيىچى جاڭچيەن غەربىي يۇرتتا جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت ئىككى يولنى ئاچقاندى. شىمالىي يول شىمالىي ھونلارنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، شىمالىي يولدىن ھونلارغا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئېۋۇرغولدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي ھونلارنىڭ قويانخان قىسمى ئېۋۇرغولدا تۇراتتى. خەن مىڭدى بىلەن ۋەزىرلەر مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن جەڭگە چىقىش بۈيۈك پىلانى، غەربىي يۇرتتىكى چوڭ دۆلەت ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ھونلارنىڭ «ئوڭ بىلىكى» نى ئۈزۈۋېتىپ، ھونلارنى شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق، ئۇيسۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئېۋۇرغولنى ھۇجۇم قىلىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ھونلارنىڭ شەرقىي خەن بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىغا ئورنىتىپ قويغان بۇ مۇھىم شەھەرنى ئىشغال قىلىش زۆرۈر ئىدى. ئەمما ئېۋۇرغولغا تېگىش قىلىنسىلا، شىمالىي ھونلارنىڭ تەگرىقۇتى چوقۇم ئەسكەر يۆتكەپ ياردەم بېرىپ، قۇتقۇزۇشقا كېلەتتى. شۇڭا، ئېۋۇرغولنى ھۇجۇم قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش، شىمالىي ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەلپ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى بىر ئۇنۇملۇك ھەرىكەت ئىدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭ قوشۇننى تۆت يولغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۇگۇنىڭ قوماندانلىقىدا، گاۋچۈەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ رايونى)، جيۇچۈەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھىرى)، جۈييەن (ھازىرقى گەنسۇنىڭ ئېلىنىنا خوشۇنى)، پىڭچېڭ (ھازىرقى سەنشىنىڭ داتۇڭ شەھىرى) قاتارلىق قورغانلاردىن ئاتلىنىپ، بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەپ، بىرلىشىپ زەربە بېرىشنى بەلگىلىدى.

ھونلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىش خەۋىرى ئوردا ۋە ئاۋام خەلققە تارقالدى. بەنچاۋ ھاياجىنىنى بېسىۋالالمايلا قالدى، ئۇ قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەمنى قولغا ئېلىپ، دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە كۆرسىتىشكە بەل باغلىدى. بەنچاۋ ئاكىسى بەنگۇنىڭ قولىشىغا ئېرىشىپ، دەرھال ئات ۋە يۈك- تاقلىرىنى تەييارلاپ، ھاۋۇلىق ئەسكەرلەر كامىبىگى دۇگۇنىڭ قارارگاھىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

دۇگۇ بولسا تۆت يول قوشۇننىڭ قوماندانى بولۇپ، ئىختىسالىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. دۇگۇ بەنچاۋنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنى ۋاقىتلىق مۇۋەققەت ئەمرىلەشكەرلىكتىن ئىبارەت لەشكىرىي مەنسەپكە قويۇپ تۇرۇپ، بىر بۆلۈك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، تۆھپە كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. دۇگۇ قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇن جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىن يولغا چىقتى.

شىمالىي ھونلارنىڭ رازۋېدكا چەۋەندازلىرى خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھەرىكەت نىشانىنى ئالدىبۇرۇنلا پايلاپ بىلىپ، تەگرىقۇتقا مەلۇم قىلىپ بولغانىدى. تەگرىقۇت دەرھال چوڭ قوشۇننى يۆتكەپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى.

خەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ھونلارنىڭ قوشۇنى بىر قانچە كۈنلەر جىددىي ئېلىشتى. يارىلىنىش، ئۆلۈم- يېتىم ھەر ئىككى تەرەپتىلا يۈز بېرىپ تۇردى، يېڭىش- يېڭىلىشنى ئايرىش تېخى قىيىن ئىدى. دۇگۇ جەڭنىڭ بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرنى يىغىپ، دۈشمەننى تارمار قىلىش پىلانىنى مەسلىھەتلەشتى. بەنچاۋ ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپلا، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلغانىدى. ئەتراپلىق، پىششىق ئويلىنىش ئارقىلىق، يۈرەكلىك ھالدا: «بۇ قېتىمقى جەڭگە چىقىشىمىزنىڭ مەقسىتى، ھۇجۇم قىلىپ ئېۋۇرغولنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

جەنۇبىي، شىمالىي ھونلارنىڭ تەگرىقۇتىنىڭ زور قوشۇن ئەۋەتىشىنىڭ مەقسىتى، ئىبۇرغولنىڭ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەت. ھازىر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئاساسىي كۈچى جىددىي جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ھونلار بىزنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى ئاجرىتىپ، ئىبۇرغولنى تۇيۇقسىز زەربە بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىمىزنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، ھالبۇكى ئىبۇرغولدىكى دۈشمەن قوشۇنىنىڭمۇ ھازىر تېخى تەييارلىقى يوق. شۇڭا، ئەگەر بىز دۈشمەننىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى ئاجرىتىپ، ئىبۇرغولغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلساق، چوقۇم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. بىز پەقەت ئىبۇرغولنى قولغا كەلتۈرەلىسەكلا، ھونلار ياردەم بېرىدىغان نىشانىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا تېخى ئىقتىدارى يەتمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىمۇ تېزلىكتە ئاخىرلاشتۇرغىلى بولىدۇ

شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىلا ئۈزلۈكىدىن چېكىنىدۇ» دەپ تەكلىپ بەردى.

دۇگۇ بەنچاۋنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ماختاپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئىبۇرغولغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بەنچاۋ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دەرھال بىر بۆلۈك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە قۇمۇلغا قاراپ يۈرۈپ ماڭدى.

ھونلارنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان سەركەردىسى قويانخان ھاكاۋۇرلۇقى ھەددىدىن ئاشقان ئۆكتەم ئادەم ئىدى، ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلمايتتى، ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى جەڭگە كىرسە، ئۇ ھونلار قوشۇنىنىڭ خەن سۇلالىسى قوشۇنىنى چوقۇم بىدچىت قىلالايدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى. قويانخان لەشكىرىي كازارمىدىكى تېرىدىن ياسالغان چېدىردا يېتىپ، شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا، بەنچاۋ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق قوشۇن باستۇرۇپ كەلدى. قويانخاننىڭ قورقىنىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ، قول ئاستىدىكىلەرنى ئالمان- تالمان يىغىپ جەڭگە كىردى.

قويانخان قانچىلىك خەن سۇلالىسى ئەسكىرى كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى، ئۇ پەقەت قىر- چاپ ئاۋازلىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلاشلىرى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قىيا- چىيالىرىنى ئاڭلىيالىدى، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، قورقىنىدىن بىر قىسىم يېقىنلىرىنى باشلاپ، ئۆلە- تىرىلىشكە قارىماي مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتتى.

بەنچاۋ دۈشمەننىڭ ئاساسىي سەركەردىسىنىڭ مۇھاسىرىنى يېرىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئات سىلىپ جىددىي قوغلىدى. بىراق، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلگەنلىكتىن، يەنە بىر قەپەس جىددىي ئېلىشقانلىقتىن، خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش ئاتلىرى بەك ھېرىپ كېتىپ، قويانخاننى يەنىلا قاچۇرۇپ قويدى.

مۇۋەققەت ئەمرلەشكەر بەنچاۋ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ، «ئەتراپنى بويسۇندۇرۇپ، قارلىق تاغدىن ئېشىپ، باركۆلگە بېرىپ»، ھونلارنىڭ قويانخانى بىلەن جىددىي ئېلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىپ، دۈشمەننىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. قاشقوۋۇقنىڭ غەربىدىكى بىرىنچى قورغان ئىبۇرغولنى ھۇجۇم قىلىپ قولغا كەلتۈردى. دۇگۇ بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ھونلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قايتا جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئالدىراش ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ شىمالغا قايتتى.

ئىبۇرغول جېڭىنىڭ غەلىبىسى، غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان بىرىنچى چوڭ قوۋۇقنى ئاچتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ئىبۇرغولنى قايتىدىن قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئىبۇرغول (قۇمۇل) كاھىبگى تەسىس قىلىپ، ئەسكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇ يەرنى ساقلىدى. بەنچاۋ ئىبۇرغول جېڭىدە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان قىلىشىغىلا، دۇگۇنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، دۇگۇ خەن مىگدىگە مەكتۇپ يېزىپ، بەنچاۋنى ئۇستۇرۇشكە كۆرسەتتى. بەنچاۋ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بەنچاۋ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگكە ھەمكارلىشىپ ھەر قايسى كىچىك دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، شىمالىي ھون قۇلدارلىرىنىڭ كۈچىدىن ئورتاق مۇداپىئەلىنىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، غەربىي

يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بۇزۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان، بىر قەدەر ئۇزۇن مەزگىللىك ئاسايىشلىق ۋەزىيەت يارىتىپ، يىپەك يولىنىڭ توسالغۇسىز راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ غەربىي يۇرتنىڭ كالىبېگىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگلىك ئۇتۇغاتىغا ئېرىشتى، غەربىي يۇرتتا تۇپتوغرا 31 يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئېگىلمەس- سۇنماس قەتئىي ئىرادىسى ۋە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە ئىقتىدارى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىنى ۋە يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىدا پەۋقۇلئاددە زور تۆھپىسىنى كۆرسەتتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈگچۇ تۈنجى يىلى (107- يىلى)، شەرقىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت بەك يىراق بولغانلىقتىن، باشقۇرۇش قىيىن بولۇۋاتىدۇ، ئەمەلدار، ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلىش چىقىمى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، دېگەننى سەۋەب قىلىپ، غەربىي يۇرتتا تۇرۇۋاتقان لەشكىرى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە تېرىقچىلىق قىلىپ، چېگرىنى ساقلاۋاتقان ئەمەلدار- لەشكەرلەرنى غەربىي يۇرتتىن چېكىندۈرۈپ كەتتى. شەرقىي خەن ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىۋۇرغول، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ھونلار يەنە ئىگىلىۋالدى. ھون قوشۇنلىرى بۇ جايلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورىدىكى رايونلارنى ئۈزۈلمەي تالان- تاراج قىلىپ تۇردى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەندىيۈەنچۇ 6 - يىلى (119- يىلى)، دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى ساۋزۇڭ، ئەمىر سوبەننى لەشكەر تارتىپ، ئىۋۇرغولنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. ئالدى قاگقىل خانلىقى ۋە پىچان خانى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇنداق قىلىش شىمالىي ھونلارنىڭ زەردىسىنى قايناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شىمالىي ھونلار ئالدى قاگقىل دۆلىتىنى بىراقلا تارمار قىلىپ، خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ ئەمىرى سوبەننى ئۆلتۈرۈپ، كەينىدىنلا جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ، پىچانغا قىستاپ باردى، پىچان خانى ئارقا- ئارقىدىن جىددىي ئەلچى ئەۋەتىپ، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى ساۋزۇڭدىن قۇتقۇزۇشنى ئۆتۈندى.

قاشقۇۋۇقتىن چىقىپ، قايتۇرما زەربە بېرىش كېرەكمۇ ياكى جىم تۇرۇۋېلىپ قۇتقۇزماسلىق كېرەكمۇ؟ بۇ توغرۇلۇق شەرقىي خەن ئوردىسى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بەنچاۋنىڭ ئوغلى بەنيۇڭ ۋەكىللىكىدىكى بىر تەرەپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پاكىت سۆزلەپ، غەربىي يۇرت بىلەن بېرىش- كېلىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارغا بولغان باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىن ۋاز كېچىشكە قارشى تۇردى. بىراق، كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچى ئۈستۈن كېلىپ، بەنيۇڭ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ تەكلىپى ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەندىي يەنگۇاڭ 2- يىلى (123- يىلى) غا كەلگەندە، بەنيۇڭ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ پىكرى ئاندىن ئېتىبارغا ئېلىندى. كېيىنكى يىلى، خەنۇۋدى بەنيۇڭنى غەربىي يۇرتنىڭ دورغاپلىقىغا تەيىنلەپ، غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش يولىنى قايتا ئېچىشنى بۇيرىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەنگۇاڭ 4 - يىلى (125- يىلى) كۈزدە، بەنيۇڭ دۇنخۇاڭ، جاگيې، جيۇچۇەندىن ئىبارەت ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىن 6000 ئاتلىق لەشكەر يۆتكەپ، ھونلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئارقا قوش بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، 8000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقىتىپ، 50 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق مال چارۋىنى ئولجا ئالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈگجەن تۈنجى يىلى (126- يىلى) قىشتا، بەنيۇڭنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە يۈرۈش قىلغان لەشكەرلىرى ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قويانخاننى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىمالىي ھونلار قاگقىل ئەتراپىغا يېقىنلىششىقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەنيۇڭ غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسى ئىۋۇرغولدا يەنە لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ، تېرىقچىلىق قىلىش ئەمرىلەشكىرى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ لەشكىرىي ئىشلار كۈچىنى كۈچەيتتى. غەربىي يۇرتتا كۆپ يىللار تىنچ، مۇقىم بولغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

2. تاڭ سۇلالىسى ئېۋىرغولدا

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇەن 3- يىلى (629- يىلى)، راھىب شۈەنزاڭ غەربتىكى ھىندىستاندىن نوم ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى. يىپەك يولىنى بويلاپ، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەنشىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قىسقا مەزگىل دېمىنى ئېلىۋېلىپ، داۋاملىق غەربكە ماڭدى.

ئەنشىدىن ئېۋىرغولغا كەلگىچە بولغان 800 چاقىرىم داگلىق قۇملۇقنى قەدىمدە دەشت- باياۋان دەپ ئاتايتتى. بۇنداق جايدا سەپەر قىلىش خەتەرلىك ئىش دەپ قارىلاتتى. شۈەنزاڭ بۇ ھالاكەت دېڭىزىدىن ئامان- ئېسەن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئەنشىدە كۆپ مىقداردىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. قۇملۇق يولىنىڭ سوزۇلۇش يۆنىلىشى، سۇ، ئوت- چۆپلەرنىڭ جايلىشىشى، تىملار (تۇرالار) دا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ، ئاندىن ئوزۇق- تۈلۈك، سۇ تۇلۇمى، ئات تەييارلىدى. ئەنشى يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، شۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، شۈەنزاڭ يەككە ھالدا ئاتلىق بۇ خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ سۇلىخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ 4- تىمغا كەلگەندە (تەخمىنەن ھازىرقى ئەنشىنىڭ بەندۇنزى دېگەن جايىغا توغرا كېلىدۇ)، تىم ئەمەلدارى ۋاڭ بەيلۇڭ راھىب شۈەنزاڭنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۈتۈشكە ماقۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئېلىپ قېلىپ قونداۇرۇپ، ئوزۇق- تۈلۈك ۋە سۇ قاچىلايدىغان تۇلۇم ھەدىيە قىلدى ھەمدە غەربتىكى ئېۋىرغولغا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ يەنە تېخى راھىب شۈەنزاڭغا 100 چاقىرىم ماڭسا، بىر ئايغىر بۇلىقى بارلىقىنى، ئۇ يەرگە بارغاندا سۇ، يەم- خەشەك تولۇقلاشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۈەنزاڭ تىم ئەمەلدارىنىڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشى بويىچە ئىلگىرىلىدى. يول يىراق، سەپەر ئۇزۇن، زېرىكىشلىك بولۇپ، يالغۇزلۇق ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ ئىچىدە توختىماستىن «پراجنىيا پارامىتا» نى ئوقۇيتتى. «سۇترا» نى ئوقۇۋاتقان، بىراق، بۇ يەردە پېشۋاسى ئۇنىڭغا ئايغىر بۇلاقنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمىدى. تەلىيى كاچ كېلىپ، سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئىچىدىكى سۇنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ، قۇمغا سىڭىپ كەتتى. راھىب ئىلگىرىلەشكە چارىسىز قېلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەلگەن يولغا قاراپ بۇرىدى. ئارقىغا قاراپ ئۇزاق ماڭمايلا، ئۆزىنىڭ غەربكە ماڭار چاغدىكى بەرگەن قەسىمى تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلدى: ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، غەربكە قاراپ ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ شەرققە قاراپ ياشىمايمەن! دېگەنىدى. شۈەنزاڭ ئېتىنىڭ بېشىنى يەنە بىر قېتىم بۇراپ، داۋاملىق ئالدىغا ماڭدى، ئۇ سۇيى ئېقىپ كەتكەن ئەھۋالدا، يولدىنمۇ ئادىشىپ قالدى، بۇ ۋاقىتتا، راھىبقا تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ئۇ چۆل- باياۋاندا تۇرۇپ مېڭىپ، تۇرۇپ توختاپ، بەش كۈندۈز تۆت كېچە پايىپىتەك بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئايغىر بۇلاقنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، ھېرىپ- چارچاش تۈپەيلىدىن، ئۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ھوشىدىن كەتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بىر پەس سوغۇق شامال سوققاندىن كېيىن، شۈەنزاڭ ھوشىغا كەلدى. ئۇ سەل- پەل روھلىنىپ ئېتىغا ئارانلا مىنىۋېلىپ، ئاتنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، ئالدىغا قاراپ ماڭدى، تەخمىنەن ئىككى سائەتلەر ئەتراپىدا ۋاقىت ئۆتۈپ، سەھەردە تاڭ نۇرى چېچىلغاندا، ئايغىر بۇلىقى ئاخىرى تېپىلدى. بۇلاق سۈيى كۆپكۆك بولۇپ، سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تېگىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئوت- چۆپلەر ياپيېشىل ئۆسكەن بولۇپ، خۇددى گۈزەل رەسىملەرگىلا ئوخشايتتى.

شۈەنزاڭ راھىب ئايغىر بۇلاقنىڭ بويىدا بىر كۈن ھاردۇق ئېلىپ، ماغدۇرىغا كەلدى، سۇ، يەم- خەشەكنى يېتەرلىك قاچىلاپ، ئاندىن ئۆتتۈر ئېۋىرغول شەھىرىگە قاراپ ئاتلاندى. يەنە ئىككى كېچە- كۈندۈز يول مېڭىپ، ئاخىرى يېڭى ئېۋىرغول شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

ئېۋىرغول شەھەر ئىچىدىكى شۈەنخۇا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈچ خەنزۇ راھىبى، چاڭئەندىن بىر ئۇلۇغ راھىبنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كىيىملىرىنىڭ بوغقۇچلىرىنى چىگىۋېلىشقا، ئاياغلىرىنى كىيىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئالدىلىرى

ئوچۇق، يالاڭئاياغ پېتى ئىبادەتخانىدىن ئۈزۈلۈپ- سوقۇلۇپ چىقىپ، ئالدىغا يېرىپ قارشى ئالدى، كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۆزئارا بىر جۈملە سۆزنىمۇ ئېغىزدىن چىقىرالماي، قۇچاقلىشىپ، ئۈن سېلىپ يىغلىشىپ كەتتى. ئېغىزلىرى گەپكە كەلمەي دۇدۇقلايتتى. بۇ يەردە يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

راھىب ئېيۇرغولدا، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ھەر مىللەت بۇددا روھانىيلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. 10 قانچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، قۇجۇ خانى كوۋېنتاينىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، يولغا چىقىپ غەربكە كەتتى.

### 3. ماركو پولو قۇمۇلدا

1984- يىل 2- ئايدا، ماركو پولونىڭ يۇرتى — ۋېنتسىيىنىڭ ۋەكىلى ۋىنچېك ساۋ.كاۋلونىس ئەپەندى مەخسۇس قۇمۇلغا كېلىپ، ۋېنتسىيە خەلقىنىڭ قۇمۇل خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى تولۇپ- تاشقان بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى ھەمدە ۋېنتسىيىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ- ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە نەپىس رەسىم ئالبومىنى ھەدىيە قىلدى. خەتنىڭ ئەسلى تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ھۆرمەتلىك قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ئەپەندى:

مەن ۋېنتسىيىنىڭ ۋەكىلى بولىمەن، ۋېنتسىيە بولسا، ماركو پولونىڭ يۇرتى. ئۇ 713 يىل بۇرۇن قۇمۇلغا كېلىپ، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ دوستانە، داغدۇغىلىق ئىززەت- ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى خەلق قۇمۇل خەلقىگە بۇ سوۋغىنى — ۋېنتسىيە توغرىسىدىكى بۇ بىر پارچە كىتابنى ھەدىيە قىلىشنى ماڭا ھاۋالە قىلىپ، سىلەرگە بولغان ئېھتىرامىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆتكەندىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى خاتىرىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ سوۋغات ئارقىلىق، مەن شەھىرىمىز ۋېنتسىيە ۋە سىلەرنىڭ شەھىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا دوستانىلىق كۆۋرۈكى سېلىشنى خالايمەن. بۇ كۆۋرۈك — ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، مەدەنىي ئىككى شەھەر ئارىسىدىكى دوستلۇق كۆۋرۈكىدۇر.

ۋىنچېك ساۋ. كاۋلونىس (ئىمزا)

1984- يىل 2- ئاي

خەتتە تىلغا ئېلىنغان ماركو پولو بولسا، ئىتالىيىنىڭ داڭلىق سەيياھىدۇر. 13- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا، ئۇ دادىسى، تاغىسىغا ئەگىشىپ، ۋېنتسىيىدىن يولغا چىقىپ، ئىككى دەريا ۋادىسى ئارقىلىق، ئىران ئېگىزلىكىنى كېسىپ ئۆتۈپ، پامىردىن ھالقىپ جۇڭگوغا كەلگەن. بۇ سەيياھ جۇڭگودا يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى خانى قۇبلەينىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە 17 يىل ئەمەلدار بولغان، ئۇ جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئاياغ ئىزىنى قالدۇرغان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ 9 – 10 - يىلىغىچە (1272 – 1273- يىلىغىچە)، ماركو پولو قۇمۇل (KAMUL) غا كەلگەن. ئۇنىڭ داڭلىق ساياھەت خاتىرىسىدە: «قۇمۇل رايونى تاڭغۇتلار ئۆلكىسى ئىچىدە بولۇپ، چوڭ خانىنىڭ تېررىتورىيىسىگە تەۋە ئىكەن... ئۇنىڭ مەركىزىمۇ قۇمۇل دەپ ئاتىلىدىكەن... ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئۇ جايدا مېۋە- چېۋىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشتە يۆلىنىدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆتكۈنچى سودىگەر، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىكەن.» دەپ خاتىرىلەنگەن. («ماركو پولو ساياھەت خاتىرىسى» 51- بەت).

ماركو پولو جۇڭگوغا كەلگەندە، يول ئۈستىدە قۇمۇلدا تۇرۇپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. كۆپ يىللاردىن كېيىنمۇ، ماركو پولو ئۇلارنى بۇرۇنقىدەكلا ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن. ئاخىرقى ئۆمرىدە، ئۇ

ۋېتسېيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە شەرقتىكى نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. شۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇلدا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىمۇ بار. ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇلدا ئاز بولمىغان شەھەر (ئەتراپى سېپىل ۋە خەندەكلەر بىلەن قورشالغان) لەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى قۇمۇل شەھىرى ئىكەن. ئاھالىسى قىزغىن، مېهماندوست، ئويۇن- تاماشىنى ياخشى كۆرىدىكەن، پۇتپەرەسلىككە ئىتىقاد قىلىدىكەن. بۇ جاينىڭ بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى مول، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مۇقىم، باياشات بولۇپ، ماركو پولو جۇڭگوغا كېلىش سەپىرىدە ئۇچراتقان ئەڭ گۈزەل جايلارنىڭ بىرى ئىكەن.

## 4. لىن زېشۇ قۇمۇلدا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 22 – 26 - يىلىغىچە (1842 – 1845 - يىلىغىچە)، لىن زېشۇنىڭ مەنسىپى تۆۋەنلىتىلىپ، شىنجاڭ ئىلىغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە سۈرگۈن قىلىندى، ئۇ ئىلىدا ئۈچ يىل تۇردى. بۇ مەزگىلدە، لىن زېشۇ قۇمۇلغا ئۈچ قېتىم كەلدى.

### قۇمۇلغا كۆڭۈل بۆلۈش

لىن زېشۇ قاشقوۋۇقتىن چىققاندا، ھەر خىل كىتابلاردىن بىر قانچە مىڭ پارچىنى 20 كىتاب ساندۇقىغا قاچىلاپ ئالغاچ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار ئاز ئەمەس ئىدى. خاڭجۇدىكى ۋاقتىدا، لىن زېشۇ جاڭتۇڭچىڭدىن خېيىڭ يازغان «ئۈچ ئايماق ھەققىدە ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن ئەسەر كوپىيىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئالغاچ چىقتى، بۇ ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپاندىن ئىبارەت ئۈچ جاينىڭ تەزكىرە كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كىتابنى ئالغاچ چىقىشتىكى مەقسىتى:

تۇتاشتۇرماق ئارزۇيۇم مەشرىق- مەغرىب رىشتىنى، بىلمەك بولدۇم كىتابتىن ئۈچ ئايماقنىڭ ھالىنى.

بۇ كىتابتا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئىسسىقكۆل شەھىرى (قىزىل قورغان) دا بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

لىن زېشۇ ئىلىغا كەلگەنىنىڭ دەسلىپىدە، «ھەربىي ئاتلىق تەمىناتىنى باشقۇرۇش» خىزمىتىگە بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئۇزۇن مەزگىل كېسەلنى داۋالاتتى، بىراق ئۇ نۇرغۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ، كىتاب- ماتېرىيال كۆردى، ھەر قايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ مۇھىم مەكتۇپلىرى ۋە چېگرىنى قوغداش، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىش، سۇ ئىنشائاتى ھەمدە غەربىي شىمالنىڭ يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللىرىنى كۆچۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن خام ماتېرىيال قىلدى. ھازىر فۇجيەن شەھەرلىك لىن زېشۇ خاتىرە سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان «ياغۇل كۆتۈپخانىسىدىكى پارچە- پۇرات خاتىرىلەر» دېگەن ئىككى قىسىم قوليازمىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا «قۇمۇل مەھكىمىسىدىكى ئارخىپلار»، «شاھزادە- بەگلەر توغرىسىدىكى يىلنامىلەر تەپسىراتى»، «قۇمۇل مۇسۇلمانلىرى تەزكىرىسى»، «ئەبەيدۇللانىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىقلار كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى، بولۇپمۇ داۋگۇاڭ يىللىرىدا شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغانلىق توغرىسىدىكى كونىراپ كەتكەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي تاللاپ كۆچۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە، يەنە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا ئاساسلىق چېتىلىدىغان بەزى كۆرسەتمە، ۋەقەلەر، سانلىق مەلۇمات قاتارلىقلار بىرمۇ بىر خاتىرىلەنگەن. بۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرى، لىن زېشۇنىڭ كېيىن (1845- يىلى) قۇمۇلغا ئەۋەتىلىپ، بوز يەرلەرنى چارلاپ ئۆلچىگەندە، ناھايىتى چوڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولدى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، لىن زېشۇنىڭ بۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى تاللاپ كۆچۈرۈۋېلىشى، ئۇنىڭ قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. لىن زېشۇ ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە بەكمۇ ئېتىبار بەرگەن. ئۇ قۇمۇلنىڭ تارىخىغا قارىتا ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇش ۋە

ئىسپانلاش ئېلىپ باردى. داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى) 9- ئاينىڭ 23- كۈنى، لىن زېشۈ قۇمۇل شەھىرىگە كېلىپ، يازغان كۈندىلىك خاتىرىسىدە، قۇمۇلنىڭ تارىخىي جەريانى، تەبىئىي بايلىقلىرى، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالى، تۆرپ- ئادەتلىرى، قاتناش يوللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە خاتىرىلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى، ئاغرىق-سىلاق، قىيىنچىلىقلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ خاتىرىسىگە: «بۇ جاينىڭ يەرلىرى سۇلۇق، مۇنبەت، بۇلاق سۇلىرى تاتلىق، تېرىلغۇ يەرلىرى كۆپ، دەل- دەرەخلىرى قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، بەئەينى خىيالىي جەننەتنىڭ ئۆزى ئىكەن. يەرلەر مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولۇپ تېرىلغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارلا ۋاڭغا ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن، مانجۇ، خەنزۇلارنىڭ ئەمەلدار، پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى ئاشلىق تاپشۇرمايدىكەن... شەھەردىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار تەخمىنەن 10 مىڭدىن ئارتۇقراق بولۇپ، ئەرلىرى گۈللۈك دوپپا، ئاياللىرى رەڭدار كىيىم كىيىدىكەن، خەنزۇلار ئۇلارنى «سەللە باش» (چەنتو) لار دەپ ئاتايدىكەن. ۋەھالەنكى، بۇ جايدا خەنزۇچە بىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن. شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئومۇمەن مۇسۇلمانلار ئولتۇرىدىكەن». لىن زېشۈ قۇمۇلنىڭ تارىخىي جەريانىغا پىششىق بولۇپ، ئۇ ئاتىلىسىگە يازغان خېتىدە: «ئىبۇرغول دېگەن دەل قۇمۇلنىڭ ئۆزى، ئىلى ئەمەس...» دەپ قەيت قىلغانىدى.

داۋگۇاڭ 25- يىلى (1845- يىلى) 1- ئاينىڭ 24- كۈنى، لىن زېشۈ جۇەنچىگىنىڭ ھەمكارلىقىدا، ئۆزۈن يول يۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى ئارىلاپ، سۇ مەنبەلىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئېرىق- ئۆستەڭ ئېچىپ، پۇقرالارغا تېرىلغۇ ئىشلىرىنى ئۆگەتتى.

لىن زېشۈ خېيمىخەنەرگە قارىماي، خۇشال- خۇرام، ئۈمىدۋارلىق بىلەن يول بويى قەدىمىي ئاسارەتىقىلەرنى تەكشۈرۈشكە ئىنتايىن دىققەت قىلغانىدى. ئۇ چىقتىمغا بارغاندا، يول بويى نۇرغۇن توپا ئۇرەكلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭدىن «سۇنى باشلاپ ئېقىتقىلى بولىدىغانلىقىنى، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلۇپ، بارغانسېرى ئېگىزلەپ، سۇ يەر ئاستىدىكى تۆشۈكتىن ئۆتكەنلىكىنى» كۆرۈپ، چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن «بۇ راستىنلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىشكەن» دەپ ھاڭ- تاڭ قېلىپ، ئۇنى يەرلىك كىشىلەردىن سوراشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كارىز قۇدۇقى («كارىز») دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئاندىن بىلدى.

**قۇمۇلنى سۆيۈش**

داۋگۇاڭ 22- يىلى (1842- يىلى) 9- ئاينىڭ 23- كۈنى، لىن زېشۈ شىنجاڭنىڭ قوۋۇقى بولغان قۇمۇل شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، ئۇ كارامەت ھەيۋەتلىك ئېگىز ۋە تىك تاغ چوققىلىرىغا نەزەر سېلىپ، دەبدەبىلىك ئەلپاز بىلەن تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت نەزمىنى ئوقۇدى:

خانتەڭرىنىڭ قامىتى كۆككە ئۇلاشقان،
شەمشەر كەبى چاقنىغان چوققىسى تولا.
ياۋشەن، خەنگۇ... دېگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدا،
سېلىشتۇرساڭ ئوخشايدۇ كۆملاچ لايغىلا.

ئۇ بۇ تەسۋىر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قاتتىق ھەسرەتلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ بېشىدا، لىن زېشۈ ھەمراھلىرى بىلەن تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جىلغا، تاغ- دالىنى «قېلىن قار قاپلاپ، تۆت ئەتراپىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى... ئارىلاش- قورىلاش، رەڭگارەڭ تۇس» ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ سەددىچىن سىرتىدىكى قىشلىق مەنزىرىدىن ھۇزۇرلانغان. ئۇ «سەددىچىن سىرتىدىكى پارچە- پۇرات كۈيلەر» دە:

تەگرىتېغى بېشىغا ئارتقان ئاق لېچەك،
سەپەر قىلسام غەربكە بولدى ئۇ ھەمراھ.
جاپانىمۇ تەك تارتتۇق، كۆلگەندىمۇ تەك،
تاغدا قار- مۇز، باشتا قىرو بىر- بىرىگە گۇۋاھ.

دەپ مەدھىيىلىدى.

لىن زېشۇ يازغان «مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدىكى مۇھەببەت توغرىسىدا قەدىمكى خەلق ناخشىلىرى» ناملىق كىتابتىكى 24 شېئىرنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تىلىمۇ يېنىك ھەم چۈشىنىشلىك. ئۇنىڭدا قۇمۇلنىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە مەنزىرىسى، تېرىقچىلىقى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

يەر ئاغدۇرۇش، ئۇغۇتلاش، ئوتاق قىلىش بىھاجەت،
ئاتلىق ئۇرۇق چاچاركەن كۆز يەتكۈسىز بىنەمگە.
شاپائەتتى تەگرىنىڭ يامغۇر بولۇپ قويۇلغاچ،
بىر يىل ئالغان ھوسۇلى يېتەر ئىكەن ئۈچ يىلغا.

قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ناخشا- ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان:

نەيلىرى سەككىز تۆشۈك، غىجەكى ئۈت تارلىق،
دۇتار- راۋاپ تۇراركەن كىرسەڭ كىمنىڭ ئۆيىگە.
داپقا تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنغاندا ئۇدارى،
ئوخشىماسكەن كۈيلىرى خەنزۇلارنىڭ كۈيىگە.

قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يېمەك- ئىچمەك ئادىتىنى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق خاتىرىلىگەن:

چوشقا گۆشى دېگەننى يولاتماسكەن داستىخانغا،
گۆش يېمەكچى بولغاندا بوغۇزلايدىكەن ياراغ مال.
سەۋزە بىلەن گۈرۈچتىن ئېتەر ئىكەن پولونى،
يېمەك بەكمۇ مېزىلىك، تەسۋىرىگە تىلىم لال.

قۇمۇلنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ نامرات تۇرمۇشىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن:

ئۈجمە پىشسا ئۈرۈكلەر ھال رەڭگىگە كىرەركەن،
قوغۇن بىلەن جىگدىمۇ بولار ئىكەن ئەلگە ئاش.
كۆرەلمەيمەن دائىملا موريدىن چىققان تۈتۈننى،
ھەر ئەركەكنىڭ بېلىدە تۈگۈلكلۈككەن بىر توقاچ.

7- ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى بىلەن بولغان كۆرەش

داۋگۇاڭ 25- يىلى (1845- يىلى) 10- ئاينىڭ 24- كۈنى، لىن زېشۇ قۇمۇلدىن تارلاچىن (ھازىرقى تاشۇيلىق) غا بېرىپ، بىر نەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇ يەردىكى بوز يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆلچەپ ئېنىقلىدى، 29- كۈنى تارلاچىندىن قۇمۇلغا قايتىش سەپىرىدە، يول ئۈستىدە توساتتىنلا 100 نەچچە ئادەمنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەرز تۇتۇپ، نالە- پەرياد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئەسكەر، خەلق، مۇتىۋەرلەر، سودىگەرلەر بارلىقىنى بىلدى، ئۇلار بىر ئېغىزدىن قۇمۇل ۋاڭى بېشىرنىڭ ھەر خىل قانۇنسىز قىلمىشلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرى دۆلەتتىن مائاش ئالاتتى، ھەر قايسى جايلاردىكى بەگلەرنىڭ مائاشىنى ئۇيغۇرلار ئاممىسى تاپشۇراتتى. ۋەھالەنكى بېشىر ناھايىتى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ ئوردىدىن زور مىقداردا مائاش ئۈچۈن كۆمۈش تەڭگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خەلقنى ئېزىپ ئۇششۇقچە كىرىم يىغىۋالغان. قومۇل بوستانلىقى گەرچە مۇنبەت تۇپراق بولسىمۇ، بىراق ئۈچ جايدىكى ھۆكۈمەت يەرلىرىدىن باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسى بېشىر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان، پۇقرالار تېرىيدىغان يەرلەر يېرىم مودىنمۇ توغرا كەلمىگەن. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز، ھېچقانداق ئادەم خالىغانچە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلالمىغان. بارلىق ئىجارىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى مەيلى بازار، يېزا، باغ، كۆكتاتلىق بولسۇن، ئومۇمەن كىشىلەر ئولتۇرىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىدىن ئىجارە ئالغان ھەمدە كۆمۈركان، تاشلىق، تاغدىكى قارىغايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىۋالغان. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر ھەربىي ئىسكىلات، گازارما سېلىشقا بىرەر ھارۋا توپا ئالسىمۇ، بېشىر ئۇنىڭغا نەچچە 10 تىيىن پۇل تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بېشىر ھەتتا شەھەر ئەتراپىدىكى زىرائەتكاھلىقنىڭ ئەتراپىغا تام سېلىپ ئىگىلىۋالغان، ئادەم ئۆلسە بىر نەچچە سەر كۆمۈش تاپشۇرغۇزۇپ، ئاندىن زىرائەتكاھلىققا قويۇشقا رۇخسەت قىلغان. بۇرۇنقى نەچچە ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرى ئاپەتكە ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچرىغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەللە- پاراق تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىدى، بېشىر بۇ ئۆزئارا باغلانمايدىغان ئىشنى زورمۇزور بىر- بىرىگە چېتىپ، ئوردىنىڭ قومۇلنى ئۇنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىغا ئايرىپ بېرىشكە ئارانلا تۇرغان. شۇڭا ئۇ ھېچبىر تەپتارتماستىن، زورلۇق- زومبۇلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، ھېچكىم باشقۇرالمايدىغان يەرلىك خاقان بولۇپ قالغان. پۇقرالار قاقتى- سوقتى قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرمۇ بوزەك قىلىنىشقا ئۇچرىغان، ئەسكەر، خەلقلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن.

لىن زېشۈ ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، قومۇلدىكى خان ئامبال مەھكىمىسىگە بېرىپ، خېڭ يۈي، ئەن چېڭ قاتارلىق ئادەملەر بىلەن مەسلىھەت قىلدى، ئۇلار بېشىرنىڭ پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتى ۋە مەرتىۋىسىدىن قورقۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئادەمنى مۈشكۈل ئەھۋالدا قويىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. گەرچە لىن زېشۈ بۇ ۋاقىتتا، ئەمەلىي ھوقۇقى يوق، گۇناھكار ئەمەلدار بولسىمۇ، ئەرز قىلىنغان ئىش ئۇنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈش دائىرىسى ئىچىدە بولمىسىمۇ، بىراق، ئۇ بۇ ئەرز دېلوسىنى يەنىلا قوبۇل قىلدى. شۇ كېچىدىلا مەھكىمىدىن تارىخىي ئارخىپلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئارخىپلارنى كۆرۈش جەريانىدا ئۆز رەقىبىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان، داۋگۇاڭ خاننىڭ بېشىرغا ئىشىنىش ۋە ماختاش دەرىجىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بېشىرنىڭ مەرتىۋىسى يىلىبىرى ئۆرلىدى. نۆۋەتتە ئۇ جاساق ئىنانچىخانلىققا ئۆستۈرۈلدى، لىن زېشۈنىڭ ئۆزى بولسا، بىر گۇناھكار ئەمەلدار، ئازراق چاتاق چىقىپلا قالىدىغان بولسا، ئىچكىرىگە قايتىش ئۈمىدى ئۈزۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى ئېغىر جازالىناتتى. ئەسكەر، خەلقنىڭ ئومۇمىي نارازىلىقى، ئۇنىڭ ھەققانىيەتنى ياقلاش نىيىتى، ئۇنى ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا يول قويمىدى.

«مۇسۇلمانلارنى تىنچلاندۇرۇپ، چېگرىنى تىنچىتىش»، لىن زېشۈنىڭ ئىلىدا ئىئانە تولاپ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، جەنۇبىي شىنجاڭدا يەرلەرنى ئۆلچەشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى. 11- ئاينىڭ 1- كۈنى، لىن زېشۈ بېشىرنى مەھكىمىگە چاقىرتىپ كۆرۈشۈپ، ئەرزدىكى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلدى. بېشىرمۇ بۇ ۋاقىتتا كېلىپ چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى. لىن زېشۈ چۈەن چېڭ، خېڭ يۈي، ئەن چېڭلار بىلەن بىرلىشىپ، ئەرزدىكى شىكايەت قىلىنغان ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ، چوڭ داۋالارنى سۆزلىدى. بېشىر لىن زېشۈنىڭ نام- شەرىپىدىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولغاچقا، ئىشنىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىلاجىسىز قىزىليۇلغۇندىكى 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى ئىئانە قىلسام، دەپ ئىپادە بىلدۈردى. لىن زېشۈ ئارخىپلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قومۇلنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى ئىگىلىگەنلىكتىن، پاكىت ئارقىلىق رەت قىلىپ: «مەيلى جەنۇبتىكى ۋە شىمالدىكى ھەر قايسى جايلاردا بولسۇن، بىر غېرىچ يەرمۇ خانلىققا

تەۋە» دەپ تەكىتلىدى. ئۇردا قۇمۇلنىڭ ئاپەتكە ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچراپ، تۇرمۇش كەچۈرۈش قىيىن دەپ قاراپ، غەللە- پاراق تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، بىراق، ئەزەلدىن يەرلەرنى سۈيۈرغال قىلىپ قۇمۇل ۋاڭىغا بەرمىدى، دەپ تەكىتلىدى. «شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىدىكى جايلار بىردەك خانلىقنىڭ بىر ئۇتاش باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئىچىدە بولۇپ، بىر غېرىچ يەرمۇ شەخسىينىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمايدۇ» دېدى. بېشىر جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قېلىپ، ئالدىراپ- تېنەپ خان داۋگۇاڭغا مەكتۇپ يوللاپ: «پېقىر بېشىر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلدىم، بۇنى مەن چىن قەلبىمدىن قەدىرلەيمەن. بۈگۈنكى كۈندە پېقىر بېشىر قىزىلچۆلغۇندىكى بوز يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ، پىششىق يەرگە ئايلاندۇردۇم. بۇ يەرلەرنى تەكەللۇپ بىلەن ئۇلۇغ پادىشاھ ئالىيلىرىغا سوۋغا قىلىپ، ھۆكۈمەت يېرى سۈپىتىدە، دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى خالايمەن» دېدى.

ئەرزدە ئېيتىلغان بارلىق قاقتى- سوقتى قىلىپ ئېلىۋالغان ئىجارە، تۆلىتىۋالغان ھەقلەرنىڭ ئىشىغا كەلگەندە، بېشىر بۇلارنى «ئەھۋالنى بىلمەيدىكەنمەن» دېگەندەك دۆڭگەپ قويدى. لىن زېشۈ ئۇنىڭغا: سەن ئەھۋالنى بىلمەسەڭ، ئۇنداقتا قول ئاستىڭدىكىلەر باھانە تېپىپ، قاقتى- سوقتى قىلغان بولسىمۇ، قاتتىق تەكشۈرۈپ، چەكلەش كېرەك، دېدى. بېشىر باش لىڭشىتىپ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ زورلۇق- زومبۇلۇق قىلىدىغان ھەيۋىسى چۈشۈپ كەتتى.

بۇ ئىشلارغا ئۇلاپلا، لىن زېشۈ قۇمۇلدىكى ئەمەلدارلار ۋە بېشىر بىلەن بىرلىشىپ، قىزىلچۆلغۇنغا بېرىپ يەرلەرنى ئۆلچىدى، بوز يەرلەرنى قوشقاندا جەمئىي 10 مىڭ مو چىقتى. ئۇنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پىششىق يەر 5720 مو، بوز يەر 4832 مو بولۇپ، «ھەر 10 تۈتۈنگە بىر ئۆستەڭ باشلىقى (مىراب) قويۇپ، 60 مو يەر بەردى؛ ھەر 100 تۈتۈنگە باش ئۆستەڭ باشلىقى قويۇپ، 90 مو يەر بېرىپ، مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى باشقۇردى. ئاشقان قىسمىنى تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئائىللەرنى يىغىپ، ھەر بىر تۈتۈنگە 30 مودىن يەر بەردى، جەمئىي 272 تۈتۈنگە يەر بېرىلدى».

داۋگۇاڭ 25- يىلى 11- ئاينىڭ 6- كۈنى (1845- يىل 12- ئاينىڭ 4- كۈنى)، لىن زېشۈ قۇمۇلدا تۇرۇپ، خاننىڭ كەچۈرۈمنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇنىڭ پايتەختكە قايتىشى بۇيرۇلدى. 4- ، 5- دەرىجىلىك كاندىدات جىڭتاگلىقىقا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۈچ يىل سۈرگۈن قىلىندى. ھازىر كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ، ئىچكىرىگە بېرىپ بالدۇرراق ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى قانداقمۇ ئويلىمىسۇن، بىراق، ئۇ يەرلەرنىڭ مو سانىنى ئۆلچەش، تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ تېخى ئاياغلاشمىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، قەلبىدىكى خۇشاللىقنى بېسىۋېلىپ، داۋگۇاڭ خاندىن «قۇمۇلدىكى يەرلەرنىڭ مو سانىنى ئۆلچەپ، تەكشۈرۈش ئىشى پۈتكەن ھامان، پەرمانغا بىنائەن پايتەختكە قايتىدىغانلىقىنى» ئۆتۈندى.

بولغا چىقىش ئالدىدا، لىن زېشۈ بىر تەرەپتىن قۇمۇلدىكى يەرلەرنىڭ مو سانىنى ئۆلچەپ، تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ قويرۇقىنى ئۈزۈش خىزمىتىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇمۇلدىكى ئەسكەر، خەلقنىڭ ئەرز دېلولىرىنى داۋاملىق بىر تەرەپ قىلدى. مەرتىۋىدىكى ئۆزگىرىش، لىن زېشۈنىڭ ئەرز دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى، ئۇ يارلىققا بىنائەن پايتەختكە قايتىپ باش دىۋاننىڭ پۈتۈكچى دورغاپلىقى، قوشۇمچە شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ ياندىش بەگلىك مەنسىپىگە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان چوڭچىلىك بىلەن بىرلىكتە، باش دىۋان بۇتاگى، كاندىدات جىڭتاڭ نامىدا ئېلان چىقىرىپ، ئەسكەرلەر، پۇقرالار، ئوتتۇرىلەر، سودىگەرلەر قىلغان ئەرزنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەممە سۈرۈشتە قىلىش نەتىجىسىنى كەڭ جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىپ، بېشىرنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. «شىنجاڭ تېررىتورىيىمىزگە تەۋە بولغاندىن بۇيان، مەيلى شىمال، جەنۇب بولسۇن، بىر غېرىچ يەرمۇ پادىشاھلىققا مەنسۇپ»، «بۇرۇن يارلىققا بىنائەن ئىنئام قىلىپ بەرگەن يەرلەرگە مۇسۇلمانلار ۋارىسلىق قىلىدۇ، ھەممە ئالدىنقى ئۆۋەتلەردە باش دىۋانغا

مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار مەھەللىسى قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن جايلار، ھەر يىلى ئۆزلۈك سېلىپ، تېرىلىپ دادەن سانى ئېلىنىدىغان جايلاردا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مۇسۇلمانلار تېرىقچىلىق قىلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتكە قارايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. «بۇ تاڭ، جىڭتاڭ قومۇلدا تۇرۇپ، بۇ دېلونىڭ ئاياغلىشىشىنى كۈتتىدۇ، شەھەر ئىچىدىكى زاراتكاھلىقنىڭ قورۇق تېمى دەرھال تۈزلەپ تاشلانسۇن، ئۇ يەرگە ئەسكەر ۋە پۇقرالار دېھقە قىلىنغاندا، كاشىلا قىلىنمىسۇن. يېزا، بازار، دۇكان، تۆي- جايلار، كۆمۈركان، قاقاس تاغ، قارىغايلىق قاتارلىق ھۆكۈمەت يەرلىرىدىن ئىجارە ھەققى ئېلىشقا بولمايدۇ، تاشلىنىپ قالغان بوش يەرلەردىن ئەسكەر ۋە پۇقرالار توپا ئېلىپ ئىشلەتسە، ئۆلاردىن قاقتى- سوقتى قىلىپ ھەق ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن باھانە- سەۋەب تېپىپ، قاقتى- سوقتى قىلغۇچىلار چىقىپ قالسا، ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ». «ئىززۇن ۋاقىت ساقلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرغان كۈندىن باشلاپ، پەرھىز قىلىش سەۋەبلىرى ھەر قايسى مەھكىمە، گازارمىلارغا ئۇقتۇرۇلسۇن، ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالار ئېلاننىڭ مەزمۇنىنى تاشقا ئويۇپ ئابىدە قىلىپ راسلىسۇن، ئۇ شەھەرگە كىرىدىغان چوڭ يول ياقىسىغا ئورنىتىلسۇن، ئۇنى كەڭ جامائەتچىلىك كۆرۈپ، شۇ بويىچە ئىجرا قىلسۇن» دەپ ئېلان قىلدى.

ئېلان چاپلىنىشى ھامان، قومۇلدىكى ھەر مىللەت ئەسكەر ۋە پۇقرالار ئېلاننىڭ مەزمۇنىنى بىر- بىرىگە خەۋەرلەندۈرۈپ، ئامىنىڭ كەيپىياتى ئۇرغۇپ، ئېچىلىپ يايراپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، بەزىلەرنىڭ بۇ ئىشنى باشقىلارغا دۈڭگەپ، دارتىملىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، لىن زېشۇ بىلەن جۇەنچىڭ ئىلى جياگجۇنى بويانتايغا خەت يېزىپ، تارلاچىندىكى يەر ئۆلچەش ئەھۋالى، قومۇلدىكى ئەرز قىلىش دېلوسىنىڭ سەۋەبلىرى، بىر تەرەپ قىلىش جەريانى، ئىنچىكە، تەپسىلىي يېزىلىپ دوكلات قىلىندى، بويانتاي لىن زېشۇ ۋە جۇەنچىڭنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، پاكىتلىق ھالدا، ئوردىغا مەكتۇپ سۇندى، ئۇنىڭدا «تارلاچىندىكى ھۆكۈمەت يەرلىرى 14 مىڭ مودىن ئاشىدۇ، تۇپرىقى ناچار بولۇپ، نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ تېرىلىدۇ، ھەر يىلى ئەمەلىي تېرىلىدىغان يەر 7030 مودىن ئىبارەت»، «بۇ مەنبەسى يېتىشمەيدۇ. «ئەگەر سۈنى بۆلۈپ، پۇقرالارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشىغا بېرىلسە، ھۆكۈمەت تېرىۋاتقان يەرلەر ئاق قالىدۇ» دەپ يېزىلدى. بۇ ئىشقا قارىتا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى «پۇقرالار تېرىقچىلىق قىلسا، ھۆكۈمەت يەرلىرى ئاق قالىدىغان جايلاردا، بۇ خىل پىكىر قايتا تەكىتلەنمىسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەكتۇپتا ئىنكاس قىلىنغان قومۇل ۋاڭى بېشىرنىڭ ئەھۋالى، ئومۇمىيلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقتىن، داۋگۇاڭ خانى چېكىرىنىڭ تىنچلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ۋەزىرلەردىن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، بەگلەرنى چەكلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 25- يىلى (1845- يىلى) 12- ئاينىڭ 9- كۈنى، لىن زېشۇ تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ، جۇەنچىڭ بىلەن ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ پايتەختكە قايتتى.

### 5. زوزۇڭتاڭ قومۇلدا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ11- يىلى (1885- يىلى) زوزۇڭتاڭ ئۆلدى، كىشىلەر ئۇرغۇنلىغان بېغىشلىمىلارنى يېزىپ تەزىيە بىلدۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە: «مۇرەسسە قىلىشقا زادىلار كۆنمىگەن، پەقەت زوزۇڭتاڭ دېگەن ئەرلا ئۆتكەن» دېگەن بىر بېغىشلىما بار. بۇنىڭدا زوزۇڭتاڭنىڭ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

#### بلش شتابنى قومۇلغا يۆتكەش

گۇاڭشۇ تۆنجى يىلى (1875- يىلى) 3- ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشلىككە تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا مەسئۇل قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئىككى يىلدىن ئوشۇق جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرى

گۇاڭشۇ 3- يىلى (1877- يىلى) كۈزدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ياقۇپبەگ توپىلىڭىنى تىنچىتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى ئىلىنى بېسىۋالغان چاررۇسىيە بىلەنمۇ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. گۇاڭشۇ 4- يىلى (1878- يىلى) 7- ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چۇڭ خۇنى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، چاررۇسىيىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. چۇڭ خۇ تەسلىمچى بولغاچقا، چاررۇسىيىنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە تەھدىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 2- يىلى (1879- يىلى) 9- ئايدا، ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئىلىنى قايتۇرۇۋالىدىغان «رىۋاجىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، مەملىكەت زىلزىلىگە كەلدى. لى خۇڭجاڭ قاتارلىق ئاز ساندىكى تەسلىمچىلەردىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىكى كۆپ ساندىكى ۋەزىرلەر شەرتنامىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىدىن ئىمزالاشنى تەلەپ قىلدى. گۇاڭشۇ 6- يىلى (1880- يىلى) 1- ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «چۇڭ خۇنىڭ قىلمىشى پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپ، ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن» دەپ، شەرتنامىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى ھەمدە باش ئەدلىيە دىۋانى زېڭ جىزېنى خانىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە، قايتىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، چاررۇسىيىگە ئەۋەتتى.

بۇ چاغدا، زوزۇڭتاڭ «ئەگەر سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىسا ئىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلايلى» دەپ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. چاررۇسىيە بىلەن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ۋە زېڭ جىزېنىڭ چاررۇسىيە بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭ باش شتابنى سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن شەھىرى) دىن قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىشنى قارار قىلدى. گۇاڭشۇ 6- يىلى (1880- يىلى) 6- ئاينىڭ 15- كۈنى، 69 ياشلىق زوزۇڭتاڭ چۆل- جەزىرىدىكى قۇم- بوران ۋە تومۇز ئىسسىققا بەرداشلىق بېرىپ، چوڭ قوشۇننى باشلاپ قاشقۇۋۇقتىن چىقىپ، قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى، باش شتابنى شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى فېڭخۇاڭتەيگە جايلاشتۇردى.

زوزۇڭتاڭ قۇمۇلدا تۇرغان قىسقىغىنە تۆت ئاي ئىچىدە، پىداكارلىق بىلەن ئىشلىدى. پۈتۈن زېھنىنى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا قاراتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ كۈنىگە 10 نەچچە سائەتلەپ ئىشلىدى، سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆكتاتلىققا بېرىپ ئايلىنىش، قايتىپ كېلىپ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش، سائەت يەتتىدە ئەتىگەنلىك تاماق يېيىش، تاماقتىن كېيىن، خەت- چەك، ئالاقىلەرنى كۆرۈش، سائەت 12 دە چۈشلۈك تاماق يېيىش، تاماقتىن كېيىن، داۋاملىق ئىش بېجىرىش، سائەت بەش، ئالتىلەردە يەنە كۆكتاتلىققا بېرىپ كۆكتاتلارنىڭ سۇغىرىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈش، ئاندىن كەچلىك تاماق يېيىش، كەچتە شتابتىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئىگىلەش، كەچ سائەت 12 دە ئۇخلاش. ئۇ ھەركۈنى مۇشۇ تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ، ئۇنى بوشاشماي داۋاملاشتۇردى. كۆكتاتلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 20 مو بولۇپ، ھەر خىل كۆكتاتلار تېرىلاتتى. كۆكتاتلارنى شتابتىكىلەر ئۆزلىرى تېرىپ، ئۆزلىرى ئىستېمال قىلاتتى.

زوزۇڭتاڭ قول ئاستىدىكىلەرگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ئەپيۇن چېكىشنى چەكلەپ، ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇراتتى. مەشىقتىن باشقا ۋاقىتلاردا، ئەسكەرلەرنى تېرىقچىلىق قىلدۇراتتى. لاغايلاپ يۈرۈشكە يول قويمايتتى. شۇڭا ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتىزامى چىڭ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، شاڭخەيدىكى «تەيلەي سودا سارىيى» نىڭ گېرمانىيىلىك تېخنىكى خوك قۇمۇلغا كېلىپ، زوزۇڭتاڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مەشىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، تەسىرلەنگەن ھالدا: «چىڭ ئەسكەرلىرى رۇسلار بىلەن ئىلىدا سوقۇشۇپ قالىدىغان بولسا، چوقۇم غەلىبە قىلغۇدەك» دېدى. خوك قۇمۇلدىن كېتىش ۋاقتىدا، زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان ئالتە، يەتتە خىل مەشۇتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، شاڭخەيگە ئاپىرىپ، باھالىتىپ كۆرۈشنى تاپىلىدى. زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۈجمە دەرىخى

كۆپكەن، پىلە بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى بار ئىكەن، ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسا، ھەم پۇقرالارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى، ھەم بىر قىسىم ھەربىي تەمىناتنى ھەل قىلغىلى بولىدىكەن، دەپ ئويلىدى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇپ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭ قۇمۇلنىڭ كونا شەھەر دېگەن يېرىدە دىڭشياگۇۋاڭمياۋ بۇتخانىسىنى ۋە گۇەندىمياۋ بۇتخانىسىنى ياساتتى.

زوزۇڭتاڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، تەسلىمچى لى خۇڭجاڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسى تەۋرەپ قالدى. 7- ئايدا، «ھازىر خەلقئارا ۋەزىيەت جىددىي، رۇسلار ۋەقە تۇغدۇرۇش غەرىزىدە بولۇۋاتىدۇ، ھازىر ھەربىي ئىشلاردا ماھىر ئامباللارغا موھتاج بولۇۋاتىمىز، ئۇ خان ئوردىسىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولۇشقا تەييارلىنىشى لازىم» دېگەن باھانە بىلەن زوزۇڭتاڭنى قۇمۇلدىن بېيجىڭغا يۆتكىدى. 10- ئايدا، زوزۇڭتاڭ چېكرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى ليۇ جىنتاڭ، ياڭ چاڭجۈنگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆڭلى غەش ھالدا قۇمۇلدىن ئايرىلدى.

زوزۇڭتاڭنىڭ ئىلىنى قوراللىق قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسى گەرچە ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى قەتئىي مەيدانى، ئاكتىپ ھەربىي تەييارلىقلىرى چاررۇسىيىنى ئىنتايىن چۆچۈتىۋەتتى. چاررۇسىيە ئىلاجىسىز جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىدىن سەل ياندى. گۇاڭشۇ 7- يىلى (1881- يىلى) 2- ئايدا، زېڭ جىزې بىلەن چاررۇسىيە تۈزگەن «جۇڭگو ــ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. گەرچە تەڭسىز شەرتنامە بولسىمۇ، «رىۋاجىيە شەرتنامىسى» غا قارىغاندا، جۇڭگو ئازراق زىيانغا ئۇچرىدى.

### قۇمۇلدىكى زو ھەزرەت تاللىرى

گۇاڭشۇ دەسلەپكى يىلى، زوزۇڭتاڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، چوڭ غەربىي شىمالدا دەل- دەرەخ بىنا قىلىشقا باشلىدى. ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجى ئۈچۈن، زوزۇڭتاڭ غەربىي شىمالدىكى ئەسكەر ۋە پۇقرالارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 1000 چاقىرىم كېلىدىغان، گەنسۇ ــ شىنجاڭ چوڭ يول قاتناش ئۆتەڭىنى ياساتتى. يول ياساش بىلەن بىرگە، خۇنەنلىك ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، چوڭ يول ياقىسىدىكى شەھەر- بازارلار ۋە ئورمان بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغانلىكى يەرلەرگە تال، تېرەك، ئۈجمە، قارىياغاچ، جىگدە دەرىخى قاتارلىقلارنى تىكتۈردى، بۇنى «يول بويى گىيالىقلىرى» دەپ ئاتىدى. كېيىنكى كىشىلەر ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ «زو ھەزرەت تاللىرى» دەپ ئاتىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قۇمۇلنىڭ ئېتىز، باغۋارانلىرى قاقاسلىشىپ، ھەممە يېرى خارابىلىققا ئايلاندى. زوزۇڭتاڭنىڭ كۆچلۈك ياردەمچىسى جاڭ ياۋ 14 گازارما ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىپ، قۇمۇلدا 20 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى، ئۆستەڭ چېپىپ، ئۇنىڭغا 100 مىڭ پارچە كىگىزنى سېلىپ، سۇ باشلاپ كەلدى، تۆرۈك سۇ ئامبىرىنى ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «پەس، بوش يەرلەرنى تاللاپ، دەرەخ شاخلىرىنى سانجىپ، ئورمان بىنا قىلدى». ھەر بىر ئەسكەر بىر قانچە تۈپتىن دەرەخ تىكىپ، ھەر بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۆستىگە دەرەخ تىككۈچىنىڭ ئىسمى- فامىلىسىنى يېزىپ ئېسىپ، تۈتۈشىغا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ، دەرەخلەرگە پانۇس ئېسىپ، كېچىلەردە چارلاشقا ۋە ئات- ھارۋىلارنىڭ ئۆتۈشىگە قولايلىق يارىتىلدى.

قىلغان ئەجىر بىكار كەتمەيدۇ، بىر قانچە يىل ئۆتمەيلا، گەنسۇ- شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە، ئومۇمەن خۇنەنلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى جايلاردا «خۇنەنلىك ئەسكەرلەر تىككەن دەل- دەرەخلەر، چۆل- باياۋاندىن باشقا جايلاردا، ئۆزئارا تۇتىشىپ، بۈك- باراقسانلىققا ئايلاندى». ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇلمۇ يېشىللىققا پۈركەلگەن بولۇپ، جاڭ ياۋنىڭ مىرزىسى شياۋ شيۇڭ قۇمۇلدىكى زو ھەزرەت تاللىرىغا مەدھىيە ئوقۇپ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يازغان:

بەسلىشىپتۇ تاغ بىلەن بۇندا قېيىن- قارىغايلار،
مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ ئانا دىيار باغرىنى.
تال سايىسى پەيزىنى سۇردۇم قونغان ئۆتەڭدە،

ياگراتتىم ئۆتتى باھار شامىلى قاشقوۋۇقتىن دېگەن ناخشىنى.

قۇمۇلدىكى چوڭ ياشلىق ئادەملەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، مىنگونىڭ 19- يىلى (1930- يىلى) دىن بۇرۇن، مەيلى، يېزا- بازارلاردا بولسۇن، ھەممە يەرنى دېگۈدەك تال، قارىياغاچلار قاپلىغان بولۇپ، دەريا بويلىرى، ئېرىق ياقىلىرىدا ئىككى ئادەمنىڭ غولىچى يەتمەيدىغان تاللار بار بولغان. بولۇپمۇ شەھەر ئىچىنىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن (ئوردا قوۋۇق) ئالتۇنلۇققىچە بولغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تاللار ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسىدا ماگسا كۈن چۈشمەيتتى. كىشىلەر ئۇنى «تاللىق كوچا» دەپ ئاتايتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كېيىنكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىدا بۇ دەرەخلەر ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، پۈتۈنلەي كېسىلىپ تۈگىگەن. ھازىر بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان زوھەزرەت تاللىرىدىن پەقەت سەيخۇمياۋدىكى ئاشۇ چوڭ قارىياغاچلا قالدى.

**غەربىي ئاشلىقنى ئىنچىكە ھېسابلاپ تەييارلاش ۋە يۆتكەش**

گۇاڭشۇ دەسلەپكى يىللىرى، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىپ، زوزوڭتاڭغا غەربىي ئاشلىق تەييارلاش ۋە يۆتكەشنى بۇيرىدى. نوبۇس پىرقىسىنىڭ ياندىشى بېگى يۈەن باۋ خېڭنى ئۇنىڭغا ياردەمچى نازارەتچى ئامبال قىلىپ بەردى. زوزوڭتاڭنىڭ ئەتراپلىق ئويلىنىشى، ئىنچىكە ھېسابلاپ چىققانلىقى تۈپەيلىدىن، ئورغۇنلىغان تۈپ خاتالىقلار تۈزىتىلدى.

ئاشلىق پونكىتىنى ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىش. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈەن باۋخېڭنىڭ پىلانىنى قوبۇل كۆرۈپ، سۇجۇدا (جيۇچۈەن) ئاشلىق پونكىتى قۇرماقچى بولدى. زوزوڭتاڭ شىنجاڭنىڭ شىمالىي يولدىن جەڭگە چىققاندا، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئاشلىق پونكىتى سۇجۇدا قۇرۇلسا، يىراقتىكى سۇ يېقىندىكى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايدۇ، تاسادىپىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىشقا ئامال قالمايدۇ، ئالدىنقى سەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ئوردىسى ئەسلىدىكى قارارنى ئۆزگەرتىپ، ئاشلىق پونكىتىنى دۈشمەن ئالدىنقى سېپىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى باركۆلدە قۇردى.

ھارۋا بىلەن توشۇشنى تۆگە كارۋىنى بىلەن توشۇشقا ئۆزگەرتتى. باۋ خېڭ 3000 تۇياق قېچىر سېتىۋېلىپ، ئورغۇنلىغان ھارۋىلارنى ياسىتىپ، ئاشلىقنى ھارۋا بىلەن توشۇپ يۆتكەشنى پىلانلىدى. زوزوڭتاڭ بۇ ئىش ئۈستىدە مۇنداق بىر ھېساباتنى قىلدى: سۇجۇ بىلەن باركۆلنىڭ ئارىلىقى 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ، ھارۋا 30 قانچە كۈندە ئاران يېتىپ بارالايدۇ. ھەر بىر ھارۋىغا ئىككىدىن قېچىر قوشۇلۇپ، بىر ھارۋىكەش ھەيدەيدۇ، ئىككى قېچىرنىڭ كۈندىلىك يەم- خەشىكىگە 16 جىڭ ئاشلىق، ھارۋىكەشنىڭ يېمىكىگە ئىككى جىڭ ئاشلىق كېتىدۇ، ھەر بىر ھارۋىغا بېسىلىدىغان ئاشلىق 600 جىڭدىن ئاشمايدۇ. ھارۋا ئاشلىق پونكىتىغا تېخى يېتىپ بارمايلا، ھارۋىدىكى ئاشلىق يېيىلىپ تۈگەيدۇ، ئاخىرى بېرىپ ھېچنېمە قالمايدۇ. ئەگەر تۆگە كارۋىنى بىلەن يۆتكەشكە ئۆزگەرتسەك، بىر قەدەر پايدىلىق بولىدۇ: ھەر بىر تۆگىنىڭ كۈندىلىك يەم- خەشىكىگە ئۈچ جىڭ ئاشلىق كېتىدۇ، ئوت- چۆپى بار جايلار ئۇچراپ قالسا، تۆگىنى تېخى بېقىشقىمۇ بولىدۇ، ئۇنداقتا يەم- خەشەك تېخىمۇ ئاز كېتىدۇ. ھەر بىر تۆگىگە 300 جىڭ ئاشلىق ئارتىلسا، ئاشلىق پونكىتىغا يېتىپ بارغىچە يېرىمى يېيىلىپ كەتسىمۇ، ئاز دېگەندە يەنە يېرىمى ئېشىپ قالىدۇ. بۇ ھېساباتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۈەن باۋخېڭ تولۇق قايىل بولىدۇ.

ئاشلىقنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ سېتىۋېلىپ يۆتكەش. راستىنى ئېيتقاندا، زوزوڭتاڭ ئاشلىق پونكىتى قۇرۇشنى ئەسلا تەشەببۇس قىلمايدۇ، ئاشلىق پونكىتىنىڭ كۆلىمى چوڭ، چىقىمى كۆپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كېيىن سۇجۇ، قۇمۇل، باركۆللەردە ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىدارىلىرىنى قۇرۇپ، ھەر قايسى بىر بۆلەك جاينى باشقۇرۇپ، ئۆز جايىدا ئاشلىق سېتىۋېلىپ باشقا بۆلەككە يۆتكەپ بەرسىلا بولىۋەردى. ھەر بىر ئىدارە 2 مىلىيون جىڭ ئاشلىق ساقلاپ، ئۆتتۈنچى ئەسكەرلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىنى تەمىنلىدى. ھەر قايسى قىسىملار تۇرۇشلۇق ئورۇنغا بارغاندا، ئامالنىڭ بارىچە ئۆز جايىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ تەمىنلىدى. كېيىن، ئىچكى موڭغۇل رايونىدا سېتىۋالىدىغان ئاشلىق

بارلىقى سېزىلدى، بىلەاسىمۇ ئەرزان بولۇپ، باۋتۇ، گۈيسۇيلەردە ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇپ، سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى بىۋاستە باركۆلگە يۆتكىدى.

**كۆكتات تېرىپ ئەسكەرلەرنى بېقىش**

زوزۇڭتاڭ قوشۇننى باشلاپ، قاشتوۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن، باش شتابى قومۇلدا تۇردى. زوزۇڭتاڭ «ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇۋاتقان، ئۇرۇش تەييارلىقلىرى ئۈچۈن ئالدىراۋاتقان» ۋەزىيەتتىمۇ كۆكتات تېرىشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ گازارمىنىڭ ئەتراپىدا 20 مو يەر ئېچىپ، كۆكتاتچىلىق قىلدۇردى. يېسۇيلەك، تۇرۇپ، تەرخەمەك، ساماساق قاتارلىق ھەر خىل كۆكتاتلارنى تېرىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۇتاپ، سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلغانلىقتىن، كۆكتاتلار تولىمۇ ئوخشىدى. زوزۇڭتاڭنىڭ ئالدىراشچىلىقتىن ۋاقىت ئاجرىتىپ كۆكتات تېرىشنى يولغا قويۇشى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇ لەنجۇدىكى ئوغلى زوشياۋتوڭغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن «دەرھال قىزىل، ئاق تۇرۇپ ئۇرۇقى ھەمدە تارو ئۇرۇقى سېتىۋېلىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولۇپ، ھەر قايسى گازارمىلارغا تارقىتىپ بېرىشكە قۇلايلىق» بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ كۆكتات تېرىشى، ئىستراتېگىيىلىك ئېھتىياجنى چىقىش قىلدى.

«ئەسكەرنى ئۇزۇن مۇددەت بېقىشتىكى مەقسەت، ئۇنىڭ رولىنى بىر مەھەل جارى قىلدۇرۇشتا» دېگەن تەمسىل بار. بۇنىڭدىكى «جارى قىلدۇرۇش» نى ئادەتتە جەڭ قىلغاندا ياكى مۇداپىئەدە تۇرغاندا ئىشلىتىلىدۇ دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، بىراق زوزۇڭتاڭ قوشۇننى ئاساسلىقى ئۇرۇش قىلغاندا ئىشلىتىپلا قالماستىن، يول ياساش، سېپىل سېلىش، دەل- دەرەخ تىكىش، كۆكتاتچىلىق قىلىش قاتارلىقلاردىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ھەم ھەربىي چىقىمنى تېجىگىلى، ھەم قوشۇننىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، «جارى قىلدۇرۇش» ئىچىدە «بېقىش»، «بېقىش» ئىچىدە «جارى قىلدۇرۇش» بولغان بولۇپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. ئۇ بىر پارچە «خەت- چەككە تەستىق سالغان» دا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ: «گازارمىدا ئىش بولمىغاندا، قورغان سېلىش، بوز يەر ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈش، ھەربىي مەشىقتىن چۈشكەندە كۆكتات تېرىپ، دەرەخ تىكىپ، ئەمگەك قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، جاپاغا چىداپ چىنىقىش كېرەك، بۇنداق ئىشلارغا قىزىقىشنى ئاشۇرۇش، بىكار قورساق تويغۇزۇپ، ئويۇن- تاماشا قىلغاندىن كۆپ ياخشى» دەپ يازدى. بۇنىڭدىن زوزۇڭتاڭنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش بىلەن بېقىشقا نىسبەتەن چوڭقۇر ھەم ئالاھىدە كۆز قارىشى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**6. خانغا سالامغا بېرىش يولىدا ئۆلگەن يۇسۇپ ۋاڭ ئاتا- بالا ئىككىيلەن**

قۇمۇل ۋاڭى ــ ھەم خاننىڭ «بېقىندىسى» ھەم ئۆز ئالدىغا «بەگ» ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ خوجىلىق يەرلىرى، ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشتا، ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايتتى، ئاندىن ئۇ يەرگە مەركەزنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزەتتى. شۇ ئارقىلىق ۋاڭلىق ھوقۇقى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تەڭشەپ، ئۆزئارا ھەمكارلاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇمۇل ۋاڭى ئوردىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن قەرەللىك قېتىمى، مېڭىش يولى، ۋاقتى بويىچە بېيجىڭغا بېرىپ، خانغا سالام بېرىش ئارقىلىق، ئەھۋال ئىگىلەيتتى، مەنسەپ ئۇنۋانىنى ئۆزگەرتەتتى.

يىللىق سالامغا بېرىش، تارىختىن بۇيانقى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى، ھەر قېتىم بېيجىڭغا بارغاندا، 50 – 60 كۈن تۇرۇپ، ئوتتۇغات ناملىرىغا ئىگە بولاتتى. خانغا سالامغا كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ ھەر بىرىگە 50 سەر كۈمۈش ياكى بەش سەر ئالتۇن ئىنئام بېرىلەتتى. قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بارلىق «ئاھالە»نى بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرەتتى، ھەر قايسى بازار، يېزا- قىشلاقلاردا پانۇس ۋە لېنتىلارنى ئېسىپ تەبرىكلەيتتى. قۇمۇل ۋاڭى يۇسۇپ، ئىككى قېتىم بېيجىڭغا خانغا سالام بېرىشكە بارغانىدى، 1- قېتىملىقى چيەنلۇڭ 24- يىلى (1759- يىلى)،

يۈسۈپ ۋاڭ يارلىققا بىنائەن باش سانغۇن، ئامباللار بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىپ خانغا سالام قىلدى، 2- يىلى قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.2- قېتىم چيەنلۇڭ 31- يىلى (1766- يىلى)، يۈسۈپ ۋاڭ چوڭ ئوغلى ئىبراھىم بەگزادە بىلەن بىللە بېيجىڭغا خانغا سالامغا باردى، بىللە ئەگەشتۈرۈپ 20 ئادەم ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاڭلىق ئوردىسىنىڭ بەگلىرى، تىلماچ (تەرجىمان) ۋە ئاخۇنۇملار بار ئىدى. ھەر بىر ئادەمگە ئىككىدىن ئات تەييارلىنىپ، بىر ئاتنى مىنەتتى، يەنە بىر ئاتقا سوۋغات بۇيۇملىرىنى ئارتىپ ماڭاتتى. يۈسۈپ ۋاڭ خانغا سالام بېرىپ بولۇپ، قۇمۇلغا قايتىش سەپىرىدە، 12- ئاينىڭ 20- كۈنى، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنشى ناھىيىسىگە كەلگەندە، كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلدى. يۈسۈپ ۋاڭ ئوردىغا ساداقەتمەن بولۇپ، چوڭ- كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا كۆچ چىقىرىپ، تۆھپە ياراتقانىدى. چيەنلۇڭ خان يۈسۈپ ۋاڭنىڭ كېسەل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال دورا- دەرمەك ئىنئام قىلدى ھەمدە پەرمانبەردار كې نىڭشانى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يۈسۈپ ۋاڭ قازا قىلغاندىن كېيىن، چيەنلۇڭ خان چوڭقۇر ھەسرەت چەكتى، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن 500 سەر كۈمۈش ئاجراتتى ھەمدە يول بويىدىكى ھەر قايسى يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئۆز تەۋەلىكىدىن ئۆتكەندە ھەمكارلىشىپ ئۇزىتىپ قويۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئىككىنچى يىلى 1- ئاينىڭ 5- كۈنى، يۈسۈپ ۋاڭنىڭ تاۋۇتى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەلىكىگە كەلدى، ئىككىنچى كۈنى پىڭلياڭ ناھىيە بازىرىغا كىرگەندە، يۈسۈپ ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى باش تەيجى ئىبراھىم بەگزادىغا سوغۇق تېگىپ كېسەل بولۇپ قالدى، پىڭلياڭ مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى يىشىگشا ئۆزى كۆرۈشكىلى كەلدى ھەمدە تېۋىپلارنى تاللاپ داۋالاتتى. 1- ئاينىڭ 9- كۈنى، تېۋىپ بەيدا داۋنىڭ دىئاگنوز قويۇشى بويىچە، ئىبراھىم بەگزادىنىڭ بەدىنى ئۇدا قىزىپ، ئۇنىڭغا چېچەك چىققانلىقى بايقالدى. كېيىن، مەخسۇس چېچەكنى داۋالاش تېۋىپلىرى داۋالىدى. 13- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە، ئىبراھىم بەگزادىنىڭ كېكىردىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چېچەك پۈتۈنلەي چىقىپ بولغان بولۇپ، سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچكەن، يېمەكلىككە ئۇماچ ئىچكەن بولسىمۇ، ناھايىتى چېچەن ياتقان. ئىبراھىم بەگزادە بىلەن بىللە بارغان ئادەملىرىنىڭ دېيىشىچە، چېچەك چىققانلىقى بايقىلىپ، 8- كۈنى قاپارتقۇلار تولۇق كېلىپ، ئىچىدىكى يىرىڭلار چىقىرىپ بولۇنمىغانلىقتىن، دورا ئىچىش ۋاقتىنچە توختىتىلغان. 1- ئاينىڭ 16- كۈنى، ئىبراھىم بەگزادىنىڭ بەدىنىدىكى چېچەك ئېغىر يىرىڭلاپ، راسلىغان دورىنى ئىچەلمىگەنلىكتىن، تۇن نىسپىدا قازا قىلغان. چيەنلۇڭ خان يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئوغلىنىڭ خانغا سالامغا بېرىپ، قايتىش سەپىرىدە كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن يەنە 500 سەر كۈمۈش ئاجراتتى ھەمدە ۋۇداشەنگە ئادەم ئەۋەتىپ يول بويى ياخشى قاراپ، يۈسۈپ ۋاڭ بىلەن ئىبراھىم بەگزادىنىڭ تاۋۇتىنى قۇمۇلغىچە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرىدى. قۇمۇلدىكى خەزىنىدە ساقلىنىۋاتقان كۈمۈشتىن يەنە 500 سەر ئاجرىتىپ، دوغا ساخەنى يۈسۈپ ۋاڭنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى.

### 7. شاھمەخسۇت ۋاڭنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىشى ۋە ئىمىن ۋاڭنىڭ ئۆيلىنىشى

گۇاڭشۈ 33- يىلى (1907- يىلى)، لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجا ئۆزىنىڭ ئورۇمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئىسرائىل بەگنى ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، شاھمەخسۇتنىڭ چوڭ قىزى ئايخانغا ئۆيلىنىشكە ياڭ زېڭشىننىڭ ئەلچى بولۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. شاھمەخسۇت چىڭۋاڭ بۇ توي ئىشىغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. چاي ئىچكۈزىدىغان چاغدا، ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، ئىنىسى روزى ھەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بەگلىرىدىن بولۇپ 100 نەچچە كىشى پەتتە قەغىزى ئېلىپ، 30 نەچچە ھارۋا بىلەن 250 دادەن ئاشلىق، 400 تۇياق چارۋا، 200 توپ تاۋار- دۇردۇن، 360 جىڭ ئاق ھاراق، 100 بولاق چاقماق قەنت، 3000 سەر تەڭگىنى ئېلىپ، لۈكچۈندىن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقتى. شاھمەخسۇت چىڭۋاڭ 40 نەپەر بەگ، ئاخۇن، ئەلەملەرنى مەخسۇس ئالدىغا بېرىپ قارشى ئېلىشقا لياۋدۇنغا ئەۋەتتى. ئىمىن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قۇمۇل شەھەر ئىچىگە يېتىپ كەلگەندە، ئوردا سازەندىلىرى ساز چېلىپ قارشى ئالدى. چاي ئىچكۈزۈش مۇراسىمى ۋاڭلىق ئوردىسىدا ئۇدا بەش كېچە- كۈندۈز ئۆتكۈزۈلدى.

توي كۆزلىرى يېقىنلاشقاندا، ئىمىن ۋاڭ 60 تىن ئارتۇق بەگ، ئاخۇن، ئىشىكئاغىلارنى باشلاپ قۇمۇلغا كەلدى. توي مۇراسىمى ۋاڭلىق ئوردىسىنىڭ چوڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئالدى بىلەن توققۇز پاي ھۆرمەت تويى ئېتىلدى. كەينىدىنلا سەدەنشاھ ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى تۆت نىكاھ گۇۋاھچىسىنىڭ شاھىتىدا نىكاھ ئوقۇلدى. ھوجرا شەھەر ئىچىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى ۋاڭ ئوردىسىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان داچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يول بويى چىراغلار يوپيورۇق يېنىپ تۇردى ھەمدە قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر قويۇلۇپ، پۇقرالارنىڭ يېڭى كېلىننى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. توي ئاخشىمى ئىمىن ۋاڭ قىز قولدىشى ۋە دېدەكلەرنى توققۇز تەزىم بىلەن قىز كۆچۈرگىلى ۋاڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەيجىلىرى بىلەن ئوردىدىكى ئايال تۇغقانلىرى قىزنى ھوجرىغا ئېلىپ كەلدى. ئىمىن ۋاڭ قۇمۇلدا 30 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، خوتۇنىنى ئېلىپ، لۇكچۇنگە قايتتى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئىمىن ۋاڭ داغدۇغىلىق خوشلىشىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى. شاھمەخسۇت چىڭۋاڭ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن 50 نەپەر ئاخۇن، بەگلەرنى ئەۋەتتى، لۇكچۇن ۋاڭلىق ئوردىسىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى پىچانغا كېلىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدى. قۇمۇلدىن پىچانغىچە بولغان يول بەك يىراق بولۇپ، ئات ئۆتىڭى بويىچە ھېسابلىغاندا 10 كۈن ماڭسا ئاندىن يېتىپ بارالايدۇ. قۇمۇل ۋاڭلىق ئوردىسىدىن ئۇزىتىشقا بارغانلار پىچانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، لۇكچۇن ۋاڭلىق ئوردىسى يول بويلىرىدا 10 قانچە كۈتۈۋېلىش بېكەتلىرىنى ياساپ تەق قىلىپ قويغان بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك، قونالغۇلار باياشات ئىدى.

ئىمىن ۋاڭنىڭ تويى تۇرپان رايونىنى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغانىدى. چىللىغان مېھمانلىرى، تۇرپاندىكى ھەر ساھە زاتلىرى، تۆرىلەردىن باشقا، يەنە ئىلى، قەشقەردىكى ھاكىم بەگ (لۇكچۇن ۋاڭىنىڭ تۇغقىنى)، قاراشەھەرنىڭ موڭغۇل ۋاڭى، ئىلىدىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقاللىرى، كۇچا ۋاڭى قاتارلىقلار بار. قۇمۇل ۋاڭلىق ئوردىسىدىن ئۇزىتىپ كەلگەن مېھمانلارنى ۋە زور تۈركۈمدىكى يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ۋاڭلىق ئوردىسى يېتەرلىك گۆش، ماي، ئۇرۇق-تۈلۈك ۋە ئۇلاغلىرىغا يەم-خەشەك تەييارلىدى؛ مېھمانلارنىڭ قايتىش سەپىرىدىكى ئات-ئۇلاغلىرىنى ئوت-چۆپ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، بىر قانچە 100 مو بېدە ۋە 1000 مودىن ئارتۇق يەرگە بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنى تېرىدى. پائالىيەت قىلىدىغان سورۇن — ۋاڭ ئوردىسى ۋە ۋاڭلىق باغچىسىنى بىر قانچە ئاي ئىلگىرىلا رېمونتلاش ۋە زىننەتلەشكە باشلىدى. توي مۇراسىمى پائالىيىتى مەزگىلىدە كەلگەن مېھمانلارنى تۈركۈملەرگە بۆلۈپ مېھمان قىلدى، ھەر تۈركۈمنى 10 كۈن ئەتراپىدا تەبرىكلىدى.

توينى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇدا 40 كېچە-كۈندۈز داۋاملاشتى. كۈندۈزى ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئوۋ ئوۋلاش، ساياھەت قىلىش، كېچىسى ۋاڭ ئوردىسىدا ۋە ۋاڭلىق باغچىسىدا چىللاپ كېلىنگەن داڭلىق سەنئەتكارلار ۋە شۇ جايدىكى ئاما بىرلىشىپ، قانغىچە مەشرەپ ئوينالدى. ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن، يەنە بىر قانچە ئون خىللانغان ئات ۋە ئوۋ مىلتىقى تەييارلاندى. ئوۋ مەيدانى بەشتام، دىكەر، باقشان تاغ رايونى قاتارلىق جايلار بولدى. توينى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، ئىمىن ۋاڭ ئوردىدىن ئايرىلماقچى بولسا، مېڭىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم توپ ئېتىلىپ، پۈتۈن شەھەر پۇقرالىرىغا ئۇقتۇرۇلدى، يولغا چىققاندا، بىر قېتىم توپ ئېتىلىپ، ۋاڭنىڭ ماڭغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى، كۆزلىگەن يېرىگە بارغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم توپ ئېتىلىپ، كىشىلەرگە ۋاڭنىڭ يېتىپ بارغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

8. داۋگۇاڭ يىللىرىدا باركۆل باش بۇغىنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىش دېلوسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 3-يىلى (1823-يىلى) 7-ئايدا، جىمسار گازارمىسىدىكى نيۈجىجۇ ئورۇمچى تۇتۇڭى يىڭخۇيغا جىمسارنىڭ سابىق ئوتۇغاتى (ئەنشىگە يۆتكەپ يانداش ئورۇنباسار سانغۇنلۇققا تەيىنلەنگەن) يۈسېن، مەھكىمىنىڭ سابىق ئوتۇغاتى جىڭخې گازارمىسىنىڭ باش دىۋانى لىيۇ جىنخەن، جىمسارنىڭ تۇرغاقى لۇ دۇڭشەن، مىڭبېشى جاڭ شياۋ ۋە يۈز بېشى فۇگۇي، ۋاڭ جاۋيۈەن، جاڭ شى قاتارلىقلار، باركۆلنىڭ سابىق ئەمرلەشكىرى جاڭ

گوڭچىن (يۈتكىلىپ خېجۇنىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە تەيىنلەنگەن) نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، مورى 3- مەيدان (جىمسىلار گازارمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ) نىڭ ئاتلىرىنى ئۆز ئالدىغا باركۆلنىڭ شەرقىي مەيدانىغا يۆتكەپ، زىيان تارتقان ئورۇننى تولدۇرۇپ، شەنشى- گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ كۆزىنى بويىغانلىق توغرىسىدا ئەرز قىلدى. چيەنلۇڭ 40- يىلى (1775- يىلى) دىن باشلاپ، باركۆلنىڭ شەرقىي مەيدانى، گۇچۇڭنىڭ غەربىي مەيدانى، مورىنىڭ 3 - مەيدانىنىڭ ئىلگىرى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بېكىتىشنى باركۆلنىڭ ئەمىرلەشكىرىنىڭ مەخسۇس مەھكىمىسى بىجىرەتتى ھەمدە شەنشى- گەنسۇنىڭ ھەربىي باش ۋالىيسىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە سۇنۇلاتتى، ئۈرۈمچى تۇتۇق يامۇلىنىڭ تەكشۈرۈپ، ئىنقىلاپ ئۆزگەرتىشىدىن ئۆتمەيتتى.

شۇ يىلى 12- ئايدا، يىڭ خۇي بۇيرۇقنى بىنائەن بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ، جاڭ گوڭچىن باركۆلنىڭ ئەمىرلەشكىرى بولۇپ تۇرغاندا، باركۆلنىڭ شەرقىي مەيدانىدا، نۇرغۇن ئاتنىڭ يوقالغان ۋە ئۆلگەنلىكىنى ئىنقىلاپ چىقتى. جاڭ گوڭچىن تەجرىبە- ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئەستايىدىل نازارەتچىلىك قىلىپ باشقۇرماي، تەقسىم قىلىۋېلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكتىن، 7800 تۇياق ئات يوقىلىپ ۋە ئۆلۈپ كېتىپ، زىيان تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا، يۈرت كېزەر (كۆچمە) فۇكې جىڭئا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا مورىدىن ئات يۆتكەپ، زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇردى، ئۆزىنىڭ ئورنىغا كەلگەن خادىمغا بۇ ئىشنى يوقىرىغا مەلۇم قىلماسلىقنى تاپىلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ خانى مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئۇ، بۇ دېلوغا چېتىلغان ئەمەلدار- ئەسكەرلەرنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ سوراق قىلىشنى، شەرقىي مەيداندىكى ئىلقىچىلاردىن ياڭ چىڭ، ۋاڭ يەنتەي، لى جى، ياڭ گۈي، ۋەن يىڭ قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچى تۇتۇقى يىڭخۇيغا تاپشۇرۇپ شاھىت قىلىشنى، يىڭخۇينىڭ ئادىللىق بىلەن قاتتىق سوراق قىلىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

دېلو تەكشۈرۈلۈپ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمىرلەشكەر جاڭ گوڭچىن ۋە يۈرت كېزەر فۇكې جىڭئا، دېلولارنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ، گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشنى، ئات پۇلى ئۈچۈن 15 مىڭ 674 سەر تەڭگە تۆلەشنى، قائىدە بويىچە جاڭ گوڭچىن 10 دىن ئالتە ئۈلۈشنى، فۇكې جىڭئا ۋە دېلو 10 دىن تۆت ئۈلۈشنى تۆلەشنى، بىر يىللىق مۆھلەت ئىچىدە تۆلەپ بولۇشنى قارار قىلدى.

داۋگۇاڭ 4- يىلى (1824- يىلى) 1- ئاينىڭ 26- كۈنى، جاڭ گوڭچىن سۈرگۈنگە يولغا چىقىشقا بۇيرۇلۇپ، ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىدىن باركۆلنىڭ خەنچېڭ شەرقىي كوچىسىدىكى بىر سارايدا قوندى. 27- كۈنى كېچىدە، جاڭ گوڭچىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. يىڭ خۇي بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللىدى، جاڭ گوڭچېننىڭ ئۆيىدىكى ۋاڭ ليەنشېڭ ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، جاڭ گوڭچېننىڭ ئەمەل تۇتقان چاغلاردا، ئات بېقىش مەيدانىنى ياخشى باشقۇرماي، زىيان سېلىپ گۇناھقا پۇشايمان قىلغانلىقىنى، ئات پۇلى ئۈچۈن تۆلەيدىغان 9400 سەر تەڭگىنى بەلگىلىگەن سۈرۈك ئىچىدە تاپشۇرالمايدىغانلىقىنى، كېيىن قانداق قىلسام بولار دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. يىڭ خۇي ئەھۋالنى ئەينەن يېزىپ، مەكتۇپ سۇندى، ئوردا جاڭ گوڭچېننىڭ ئۆلۈۋېلىشى ۋاڭ ليەنشېڭ ئېيتقىنىدەكمۇ؟، ۋاڭ ليەنشېڭنىڭ دېگەنلىرى بىر تەرەپىنىڭلا گېپى، چوقۇم ھەقىقىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك؛ يىڭ خۇي ئەسلىدە جاڭ گوڭچىن ئەيىبلىگەن ئادەم، جاڭ گوڭچېننىڭ ئۆلۈمى بۇ دېلودىكى ئۆۋاللىق بىلەن چېتىشلىقى بارمۇ قانداق، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئوردا چوڭ ئەمەلداردىن بىرنى باركۆلگە ئەۋەتىپ خۇپىيانە ھالدا قاتتىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان بولسىمۇ، ئاخىرى ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى.

بۇ دېلونىڭ قايتا- قايتا تەكشۈرۈلۈشى، باركۆلنىڭ كېيىن تەيىنلەنگەن ئەمىرلەشكىرىنى ناھايىتى چۆچۈتتى، ئۇ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئات مەيدانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش، بەش يىلدا بىر قېتىم باھالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مىراخورلارغا يەڭگىل مۇكاپاتلاش، ئېغىر جازالاشنى يولغا قويدى. ئات مەيدانىدىكى مىراخورلار كۆڭۈل قويۇپ باققاندىن باشقا، ئىلاھتىن ئامانلىق تىلىدى، ناھىيە بازىرىدا ماۋاڭمياۋ بۇتخانىسى سالغاندىن

باشقا، شياۋ جاشەن، مېيكۇاڭ دۇڭچۇەن، ئۈچكۆلدىكى ساقاېۇلاقنىڭ قىشلاقلىرىدا ماۋاڭمياۋ بۇتخانىلىرى ئارقا- ئارقىدىن ياسالدى. ھەر قايسى ماۋاڭمياۋ بۇتخانىلىرىدا ئەتىياز، كۈز پەسىلىدىكى ئىككى قېتىملىق نەزىر- چىراغ تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

9. قۇمۇلدىكى خەزىنىنىڭ زىيان تارتىش دېلوسى

چيەن سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 46- يىلى (1781- يىلى) 10- ئايدا، قۇمۇلنىڭ خان ئامبىلى فۇدې، خاجىگئالار قۇمۇلنىڭ ياندىاش ئاياقبېگى (بۇرۇندا ئورۇن باسار ئاياقبېگى دەپ ئاتايدۇ) جىڭ فاڭنىڭ خەزىنىنىڭ 23 مىڭ سەردىن ئارتۇق تەڭگىسىنى ئىشلىتىپ بولغانلىقى توغرىسىدا مەكتۇپ سۇندى. چيەنلۇڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ، فۇدې، خاجىگئانىڭ جىڭفاڭ بىلەن بىر شەھەردە تۇرۇپ «ھېچنېمىنى بىلمىگەنلىكى» نى ئەيىبلەپ، ئىككىيلەننى مەنسىپىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭگىنى تۆلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جىڭ فاڭنى لەنجۇغا يالاپ ئاپىرىپ، لى سياۋنىڭ قاتتىق سوراق قىلىشىنى بۇيرىدى.

11- ئايدا، جىڭفاڭنىڭ يەنە مەنسەپتە ئولتۇرغان بەش يىل ئىچىدە، خەزىنىنىڭ 61 مىڭ سەردىن ئارتۇق تەڭگىسىگە خىيانەت قىلغانلىقى، ئوت- چۆپ، يەم- خەشەك خىراجىتىنىڭ باھاسىنى يالغان مەلۇمات قىلىپ، كۆز بويامچىلىق بىلەن ئېلىۋالغانلارنى قوشقاندا، جەمئىي 150 مىڭ سەردىن ئارتۇق تەڭگىنىڭ زىيان بولغانلىقى ئېنىقلاندى، چيەنلۇڭ ھارام پۇلنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «جىڭ فاڭ مانجۇرىيىدىكى جەمەتلىك ئائىلىلەردىنمۇ ئەمەس، باشقىلاردىن ئۆتنە ئالغان تەقدىردىمۇ، 10 مىڭلاپ ئۆتنە ئالالمايدۇ»، ئۇزى بۇزۇپ: چاچىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە باشقا يوشۇرۇۋاتقان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن دەپ كۆرسىتىپ، لى سياۋنى بۇ دېلونى ئېنىقلاپ چىقىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چيەنلۇڭ بۇ دېلونى كۆچ چىقىرىپ بېجىرىۋاتقان لى سياۋ (چيەنلۇڭ 45- يىلى خىيانەت قىلىش، پارا يېيىش تۇپەيلىدىن، مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىلا مۇۋەققەت باش ھەربىي ۋالىيلىققا تەيىنلىنىپ بۇ دېلونى ئۆتكۈزۈۋالغان) دىنمۇ خاتىرجەم بولالماي، جىڭ فاڭنى بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىپ، سوراق قىلىشنى، 11- ئاينىڭ 8- كۈنى لەنجۇدىن يالاپ مېڭىپ، شۇ ئاي ئىچىدە بېيجىڭغا بېرىپ بولۇشنى بۇيرىدى. 12- ئايدا، جىڭ فاڭ بېيجىڭدا ئىقرار قىلىپ «قۇمۇل ئەزەلدىنلا مۇھىم ئۆتەڭ بولغاچقا، كېلىپ كېتىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر كۆپ، بارلىق ھارۋىلارنىڭ يېمەك- ئىچمىكىنى تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇلار خىراجەتنى كۆپەيتىۋەتكەن» دەيدۇ، چيەنلۇڭ بىر پەس قانىدە- يوسۇنلۇق گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى بېرىش- كېلىشتە كۈتۈۋېلىش، مېھماندارچىلىقنىڭ ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، «ئېھتىمال بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلماي خىراجەتنى قالايمىقان خەجلىگەن جايلار بولۇشى مۇمكىن، شىنجاڭنىڭ يول ئۆتەڭلىرى يىراق، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، كونترول قىلىش قىيىن» دېدى.

بېيجىڭدىكى سوراق- تەرگاۋ ئارقىلىق دېلو پاش بولۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن جىڭ فاڭ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ چيەن سۇلالىسىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن، سەككىز خوشنۇلۇقلار تەۋەلىكى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئۇ يەراتقا قۇل قىلىپ بېرىلدى. سابىق تۇتۇڭ سونۇم سېلىنىنىڭ پەقەت يېمەك- ئىچمەك، نەرسە- كېرەك قوبۇل قىلغانلىقىلا ئېنىقلانغانلىقتىن، كەڭچىلىك قىلىنىپ جازا بېرىلمىدى، مەنسەپ- تۇتۇق پىرقىسىدە رويخەتكە ئېلىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىندى. 2- يىلى 1- ئايدا، سونۇم سېلىن، كۆپلىگەن قاتارلىقلارغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇرۇمچىدە تۇتۇڭ بولۇپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۆزۈن- قىسقىلىقىغا ئاساسەن (سونۇم سېلىن سەككىز يىل، كۆپلىگەن بىر يىلدىن ئارتۇق) بۆلۈشۈپ تۆلەشنى، قۇمۇلنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن فۇدې، خا جىڭئا، باركۆلنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بايانداي، فۇ مىڭئالارنىڭمۇ تۆلىشىنى بۇيرىدى. 2- ئايدا، باركۆل مەھكىمىسىنىڭ سابىق ۋالىيسى باياندايىنىڭ جىڭ فاڭ پارا بەرگەن 1000 سەر تەڭگىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئېنىقلىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، كېچىكتۈرۈپ كۈزدە ئىجرا قىلىندى؛ باركۆل

مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى فۇ مىڭشا ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىندى.

### 10. ئەلىپنىڭ ئۆلۈمى

مىنگونىڭ 20- يىلى (1931- يىلى) 5- ئايدا، قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ئىككى ناھىيىدە خوجىنىياز باشچىلىقىدا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، جىن شۇرېن قورۇقلۇق ئارمىيە 8-، 9- تۇەننى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار دېھقانلار قوشۇنى ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. قۇمۇل، ئاراتۈرۈك دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسىرى تۈپەيلىدىن، باركۆلدىكى بىر قىسىم قازاق ئاممىسىمۇ جىن شۇرېنگە قارشى كۆرەشكە قاتناشتى، بىراق، ئەلىپ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسى خوجىنىيازنىڭ قوزغىلىڭىغا قارىتا ئوچۇق ئىنكاس بىلدۈرمىدى. ئەلىپ باركۆل يايلىقىدىكى قازاقلار ئارىسىدا خېلى تەسىرگە ئىگە بىر ئاقساقال ئىدى. خوجىنىياز ئۆزىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئەلىپنىڭ جىم تۇرۇۋالغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى رەنجىدى. ئۇ ئەلىپكە خەت يېزىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدىن قازاق خەلقىگە قانداقتۇر بىرەر ياخشىلىق ئىنئام قىلىشتىن ئۈمىد كۈتمەسلىككە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ تېزدىن قولىغا قورال ئېلىپ، دېھقانلار قوشۇنىغا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەلىپ خەتنى كۆرۈپ، يەنىلا پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. شۇڭا، خوجىنىيازنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ بىر قىسىم قوراللىق كىشىلەرنى ئېلىپ، تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باركۆل تەۋەلىكىدىكى دېگاۋگوغا بېرىپ، باي جېيىن دېگەن ئەسكەرنى ئەلىپنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. ئەلىپ توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئون قانچە ئادەمنى ئېلىپ خوجانىياز بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، قاتتىق ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى ھەمدە نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. خوجانىياز ئەلىپتىن ئۆز قەبىلىسىگە بۇيرۇق بېرىپ، ھەممىسىنىڭ دېگاۋگوغا كۆچۈپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى، بىراق چارۋىچىلار باركۆل كۆل بويىغا كېلىپ تۇرۇۋېلىپ ئىلگىرىلىمىدى. خوجىنىياز قاتتىق ۋاستە قوللانسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەلىپكە قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا 1000 تۇياق قوي ياردەم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، قوجا بەرگىن ۋە قوجا ئاقىن (ئەلىپنىڭ ئۇكىلىرى) خوجىنىيازنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ناھايىتى تېزلىكتە قوينى تەييارلاپ ئېلىپ كەلدى، يەتتە كۈن نەزەربەنت قىلىنغان ئەلىپمۇ قويۇپ بېرىلدى.

جىن شۇرېن ئەلىپنىڭ قۇمۇل، ئاراتۈرۈك دېھقانلار قوشۇنىغا قورال- ياراغ، قوي ياردەم قىلغانلىقىنى ئۇققۇپ، باركۆل ھاكىمى لى خەنجۈەنگە بۇ ئىشنى دەرھال تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشنى بۇيرىدى. لى خەنجۈەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىپ: ئەلىپلەر جەمەتى باركۆلدە بىر نەچچە ئەۋلاد ياشاپ كەلدى، ئەزەلدىنلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. تاپتىن چىققان ھەرىكەتلىرى بولمىدى، ئۇ خوجىنىيازغا ئالدىنىپ نەزەربەنت قىلىندى، قەبىلىسىدىكىلەر 1000 تۇياق قوينى تۆلەپ ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدى، ئەلىپ قۇمۇل دېھقانلار قوشۇنىغا ۋە ما جۇڭيىڭغا ياردەم بەرگەن ئەمەس، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باركۆلدىكى قازاق مىللىتىگە تاقابىل تۇرماسلىقىنى ئۆتۈندى.

مىنگونىڭ 21- يىلى (1932- يىلى) يازدا، جىن شۇرېن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەينى «شەرقىي شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى» قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ قىسىم باشلاپ كېلىپ، باركۆلدە تۇرۇپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. شېڭ شىسەي بىر قىسىم قازاق ئاممىسىنىڭ ئۆتكەندە ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارشى كۆرەش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئەلىپنىڭ ئاستىرتتىن كۈشكۈرتىشى بىلەن بولغان دەپ قارىدى. شېڭ شىسەي دېھقانلار قوشۇنىنى تورپانغىچە قىستاپ بېرىپ، قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قايتىش ۋاقتىدا، چېن پېيشيۇنىڭ كۈچەيتىلگەن تۇەننىنى باركۆلدە ۋاقىتلىق تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، چېن پېيشيۇنىڭ ئەلىپكە قارىتا تەدبىر قوللىنىشى توغرىسىدا يول كۆرسەتتى. شۇ يىلى 10- ئايدا، ئەلىپنىڭ قەبىلىسى كۆمۈركاننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كۈزلۈككە كۆچۈۋاتقاندا، چېن پېيشيۇ 700 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر- ئەسكەرنى باشلاپ، جۈيۈگىڭنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەلىپنىڭ ئاۋۇلىنى تۇيۇقسىز قورشىۋالدى. شۇ كۈنى ئەلىپ يايلاققا بېرىپ تۆگە پادىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە كەتكەن.

ئىككىنچى ئۆكسى قوۋجا ئاقسۇ ۋە ئوغلى ئىلسقان بىر قىسىم ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنى باشلاپ، غەربتاغقا قوچا بەرگىننىڭ ئۆيىنى كۆچۈرۈشكە كەتكەن، ئەلىپىنىڭ يېقىن ئادىمى ھېسابلانغان ئوسپان قاتارلىق ئادەملەر چىخلىقتا ئىش بېجىرگىلى كەتكەن بولۇپ، باشقا چارۋىچىلار سىرتقا مال بېقىشقا چىقىپ كەتكەن. چىن پېيشىۋ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن، بىراق ئۇ قۇرۇق قول قايتىشقا تەن بەرمەي، جۇيۇگفانى قازاقچە سۆزلەپ ئەلىپىنىڭ كىچىك ئوغلى شارىپنى ئالداپ دادىسىنى چاقىرتىپ كېلىشكە مەجبۇرلىدى. ئەلىپ ئۆز ئاۋۇلىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوغلىدىن قوشۇن بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە تونۇش ئادەملەرنىڭ بار- يوقلۇقىنى سورىدى. شارىپ ئەلىپىنىڭ بىر جۇيۇگفا ئىسىملىك خەنزۇ ئاغىنىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئەلىپ بۇنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم ئاۋۇلغا قايتتى. ئەلىپ قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە كىرىشىگىلا تۇتۇپ باغلىنىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن چىن پېيشىۋ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، 20 قانچە ئائىلىدىكى 108 قېرى- چۆرى، ئايال، باللارنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتتى، مال- چارۋا ۋە ماددىي بۇيۇملارنى بۇلاپ كەتتى.

ئىلسقان بىلەن قوجا ئاقسۇ قايتىپ كېلىپ، ئاۋۇلنىڭ جەسەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى، ئوتلاقنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇلار دەرھال قايتىپ كەلگەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىق چارۋىچىلار ۋە باشقا ئاۋۇلدىكى چارۋىچىلارنى يىغىپ، قورال- ياراغلىرىنى ئېلىپ، ئاتلىق قوزغالدى. چىن پېيشىۋنىڭ ئوفىتسېر- ئەسكەرلىرى ئىلسقان تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ تەمتىرەپ قېلىپ، زەربە يەپ، ئورغۇنلىرى ئۆلۈپ ۋە يارىلىنىپ، ئاران دېگەندە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ناھىيە بازىرىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىلسقان ئاتا قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن ئوچۇق- ئاشكارا قارشىلاشتى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، باركۆلگە ئۈچ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىلسقاننىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئالدىغان ۋە باستۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چېكىندۈرۈلدى. ئىلسقان شېڭ شىسەينىڭ بۇ ئىشنى ياخشىلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، باركۆلدە يەنە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، مىنگونىڭ 24- يىلى (1935- يىلى) 2- ئايدا، قەبىلىسىنى باشلاپ گەنسۇ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كەتتى.

5) ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتلەر

(1) ئۈچلۈق تاغ (جەنشەنزى) دىكى يىغلاغغۇ بۇلاق باركۆل كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا، يەردىن ئۆنۈپ چىققاندەكلا بىر تاغ چوققىسى بولۇپ، ئۇ تىك ھەم خەتەرلىك، ئاساسىي چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1940.9 مېتىر ئېگىز. بۇ چوققىنى خۇددى پىچاق بىلەن يونۇپ ئۆچلاپ قويغاندەكلا بولغانلىقتىن، «ئۈچلۈق چوققا» (جەنشەنزى) دەپ ئاتالغان. ئۈچلۈق چوققىنىڭ شىمالغا قارىغان قىيا تاش يوچۇقلىرىدىن ئىككى تارام بۇلاق سۈيى ئېقىپ چۈشىدۇ. شۇڭا، ئۇ «يىغلاڭغۇ بۇلاق» دەپ ئاتالغان. ئۈچلۈق تاغدىكى يىغلاڭغۇ بۇلاق توغرىسىدا بىر رومانتىك ھېكايىمۇ بار.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمدە باركۆل كۆلىنىڭ سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تېگىنى كۆرگىلى بولاتتىكەن. بۇ سۇ بىلەن يايلاق ۋە ئېتىزلار سۇغىرىلىدىكەن. كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بىر كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتنىڭ قەبىلىسى بار ئىكەن. كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بىر دېھقانچىلىق قىلىدىغان مەھەللە بولۇپ، كۆل بويىدىكى ئاھالىلەر ئىناق ئۆتۈشۈپ، خۇشال- خۇرام ياشايدىكەن.

بىر كۈنى بىر تاغ بەدەۋىسى بىر توپ يىرگىنىشلىك قۇللىرىنى باشلاپ، باركۆل يايلىقىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپتۇ، تاغ بەدەۋىسى باركۆل كۆل بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەمگەكچان، ساددا، كىيىم- كېچەكنى ۋە ئوزۇق- تۈلۈكى مول ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا يايلاقنى ئىگىلەپ، يايلاق پۇقرالىرىنى قۇل قىلىۋېلىش يامان غەرىزى تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ قەبىلە باشلىقىغا ۋە مەھەللە باشلىقىغا: «بۈگۈندىن كېيىن، مەن باركۆل يايلىقىغا پادىشاھ بولىمەن، سىلەر ۋە بارلىق بېقىندى ئاۋام خەلقنىڭ ھەممىسى ۋاقتى- قەرەلىدە ماڭا قوي، كالا، تەقدىم قىلىپ، ئاشلىق تاپشۇرىسىلەر» دەپ جاكارلاپتۇ. تاغ بەدەۋىسىنىڭ يولسىز تەلىپى چارۋىچىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ بىراقلا رەت قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. تاغ بەدەۋىسى ۋەھشىلىك

بىلەن: «ئىلەر مېنىڭ ئىرادەمگە قارشىلىق قىلىشقا پېتىنىدىكەنسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىن تىنىچ. ئامان ئۆتىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭلار» دەپتۇ.

تاغ بەدەۋسى ئۆڭكۈرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئامال قىلىپ تاغ ئىلاھىنىڭ تاغنى ھەيداش قامچىسى ۋە تاغ يۆتكەش ئەپسۇنىنى ئوغرىلىۋالماقچى بولۇپتۇ.

بىر كۈنى چۈشتە، قەبىلىنىڭ پادىچى قىزى يۈنچۈ ۋە مەھەللىدىكى دېھقان قىزى شۆگۈ كۆل بويىدا ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز باركۆل تېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىن توققۇز كىچىك تاغنىڭ باركۆل كۆلىگە قاراپ يۆتكىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، تاغ بەدەۋسىنىڭ قامچا ئۈيىنىتىپ تاغنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، كۆرەلگىلىك بىلەن: «باركۆل كۆلىنى تىندۇرۇۋېتىمەن» دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يۈنچۈ بىلەن شۆگۈ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەپكەشلىرىنى تاشلاپ، يۆتكىلىۋاتقان تاغ تويىغا ئېتىلىپ بېرىپ، تاغ توپىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسماقچى بولۇپتۇ. تاغ توپىنىڭ كۆل بويىغا يېتىپ بارايلا دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈنچۈ ئۈنلۈك ۋارقىراپ: «تاغ بەدەۋسى، جېنىمنى ساڭا تىكىپ قويىدۇم!» دەپلا بېشى بىلەن تاغ توپىنى ئۈسۈپتۇ، گۈمبۈرلىگەن دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ، كۆلنى تىندۇرىدىغان توققۇز تاغ قىستىلىشىپ، بىر- بىرىگە سوقۇلۇشۇپ، كەينىگە بىر چاقىرىمدىن ئارتۇق چېكىنىپتۇ، شۇ جايدا تۇرۇپ قاپتۇ. يۈنچۈنىڭ تېنى ھەش- پەش دېگۈچە بىر تىك تاغقا ئايلىنىپ، باركۆل كۆلىنىڭ بويىدا قەد كۆتۈرۈپتۇ.

تاغ بەدەۋسىنىڭ بىر تاكتىكىسى مەغلۇپ بولسا، يەنە بىر ھىيلە- نەيرەڭنى ئىشلىتىپ، شۇ كېچىسى تاغ يۆتكەش ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، قاقاس چۆلدىكى بىر شورلۇق چوققىنى باركۆل كۆلىگە تىندۇرۇۋېتىپتۇ، شۇڭا كۆل تۇزلۇق كۆلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

كۆل سۈيىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ، يايلاقلار قۇرۇپ، يەرلەر يېرىلىپ كېتىپتۇ. شۆگۈ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يۈنچۈدىن ئايلىنىپ ھاسىل بولغان تاغ چوققىسىنىڭ يېنىدا ئۈن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، رەزىللىكنى قاغاپتۇ. شۆگۈ ئۈچ كېچە- كۈندۈز يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ، كۆز يېشىمۇ قۇرۇپ تۈگەپ، ئاخىرىدا نەپەسى توختاپ، ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۇمۇ بىر تاغ چوققىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. تۇيۇقسىز تىك ياردىن ئىككى تارام بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چۈشۈپ، يايلاق ۋە ئېتىزلارغا ئېقىپ كىرىپتۇ. قۇرۇپ كەتكەن يايلاقلار قايتىدىن ياشىرىپ، قۇرۇپ كەتكەن مايسىلار ئەسلىگە كەپتۇ. ئېتىزلىقلارغا قارىغاندا، بۇ ئىككى تارام بۇلاق سۈيى شۆگۈنىڭ كۆز يېشى بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ «يىغلاڭغۇ بۇلاق» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

كېيىن، كىشىلەر يازنىڭ مەلۇم بىر تاڭ سەھىرىدە ئىككى پەرىنىڭ ئۆچلۈق تاغ چوققىسىدىن ئۇسسۇل ئويناپ، بۇلۇت ئۈستىدە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەنمىش. بۇ ئىككى پەرى شۆگۈ ۋە يۈنچۈ ئىكەن. يۈنچۈ ئۈسۈپ چېكىندۈرۈۋەتكەن توققۇز كىچىك تاغمۇ بىر قاتار بولۇپ تىزىلىپ، ئۆچلۈق چوققىنىڭ غەربىي تەرىپىدە خىجىللىقتىن بېشىنى ئېگىپ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرىدا ئەل كېزىپ يۈرگەن راھىب «ئۆچلۈق چوققىدىكى يىغلاڭغۇ بۇلاق» رىۋايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆچلۈق تاغ ئېتىكىگە بېرىپ، مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاندا، تاغنىڭ خۇددى ئىككى پەرى قۇچاقلىشىپ تۇرغاندەك شەكىلدە ئىكەنلىكىنى، تىكلىكىدىن پەلەككە تۇتىشىپ، زەبەردەس قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، بۇلاقنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئادەمنىڭ شولىسى كۆرۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «كارامەت تاغ ئىكەن!، قالتىس سۇ ئىكەن!، ئادەتتىكى كۆرۈنۈش ئەمەسكەن» دەپ ماختاپ كەتكەن. دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۈچ چىدىن ئارتۇق ئېگىز قىيا تاشقا «نامى ئامىتابا» دېگەن ئالتە خەتنى يازغانىكەن. دېمىسىمۇ ئەجەبلىنەرلىك، گەرچە قارا سىياھ بولسىمۇ، 100 قانچە يىلدىن بۇيان، شامال، يامغۇردا ئۆچۈپ كەتمەي، ھازىرغىچە بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىپ قالغان.

ئەلمساقتىن بۇيان، باركۆلدە تۇرۇۋاتقان دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، يىغلاڭغۇ بۇلاق سۈيىنى دائىم

ئىچىپ بەرسە، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، تەننى ساغلام قىلارمىش.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇلاق ياقىسىدا، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ باچى مىنېرال سۇ ئىچىملىك چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇپ، «پۈشەن ماركىلىق» مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇ سۇ 1994- يىلى مەملىكەتلىك يەرمەنكىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

(2) **قاراغولدىكى قارىغاي پادىشاھى** بۇرۇن بۇرۇنلاردا، باركۆلنىڭ جەنۇبىي تېغىمۇ ئەسلى دەل- دەرەخ ئۆسمەيدىغان قۇرۇق تاغ ئىكەن، بىر يىلى، ئالتاي تېغىدىكى قارىغاي پادىشاھى نەۋرە- چەۋرىلىرىنى ئېلىپ، شەرققە يۆتكىلىشكە تەييارلىنىپتۇ، بۇ كۈنى، قارىغاي پادىشاھى نەۋرە- چەۋرىلىرىنى باشلاپ، ئالتاي تېغىدىن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى سىرلىق بولۇپ، كېچىسى مېڭىپ، كۈندۈزى توختاپتۇ. قارىغاي پادىشاھى ياش، تېمەنلىرىگە يول باشلىتىپ، ئۆزى ئوتتۇرىدا مېڭىپ، قېرى، ئاجىز، كېسەلمەن، مەجرۇھلارنى كەينىگە سېلىپ، شەرققە يۆتكىلىپتۇ.

قارىغاي پادىشاھى نەۋرە- چەۋرىلىرىنى باشلاپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر كۈنى قارىغايلار مېڭىپ، باركۆلنىڭ جەنۇبىي تېغىدىكى قاراغولغا كەلگەن ۋاقتىدا، جەنۇبتاغ ئىلاھىمۇ تاغنى چارلاشقا چىققان مەزگىلگە توغرا كېلىپ، ئۇ قارىغايلارنىڭ غەربتىن شەرققە يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. تاغ ئىلاھى ئالدىراپ يەر مۇئەككىلىنى چاقىرىپ، ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپتۇ. تاغ ئىلاھى يەر مۇئەككىلىگە: «ھەي تۇپراق، مەن باشقۇرۇۋاتقان بۇ تاغلاردا دەل- دەرەخ يوقلۇقىنى كۆرگەنسەن، بۇ قارىغايلارنى قالدۇرۇپ قېلىشقا ئامالىڭ بارمۇ- يوق» دەپتۇ. تۇپراق: «مەن ئامال قىلىپ ئۇلارنى قالدۇرۇپ قالىمەن» دەپتۇ. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ئالدىدا ماڭغان قارىغايلار ئاللىقاچان قاراغولدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىپ كېتىۋاتقىدەك. يەر مۇئەككىلى پەقەت تۇپراقنى قاتۇرۇۋېتىپلا ئۇلارنىڭ ماڭالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپتۇ. ئۇ شۇئان تۇپراقنى قاتۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق قارىغايلار يەنىلا داۋاملىق ئالدىغا مېڭىۋېرىپتۇ. تاغ ئىلاھى بىلەن يەر مۇئەككىلى ئامالسىز قالغان ۋاقتىدا، غەرب تەرەپتىن تەكشى ئۆسكەن ئىككى تۈپ چوڭ قارىغاينىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، تاغ ئىلاھى بىر قاراپلا قارىغاي پادىشاھىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ قارىغاي پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «سىلەر بۇ يەردە قېلىپ قېلىڭلار، مەن باشقۇرۇۋاتقان بۇ ئەتراپتىكى تاغلار ئېمىدىكەن ياخشى، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىڭلار! ئەمدى يەنە مېڭىۋەرمەڭلار» دەپتۇ. قارىغاي پادىشاھى: «بولمايدۇ، بۇ يېرىڭلار ياخشى ئەمەسكەن، مەن مېڭىۋېرىمەن، قايسى يەر ياخشى بولسا، مەن شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىمەن» دەپلا مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ. تاغ ئىلاھىنىڭ بىر ئازمۇ ئامالى قالماپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تاڭ يورۇپ قېلىپ، قارىغايلارنىڭ ھەممىسى مېڭىشتىن توختاپتۇ. كەچتە مېڭىشقا تەييارلىنىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا، تاغ ئىلاھى بىلەن يەر مۇئەككىلى يەنە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئويلاپ- ئويلاپ ئاخىرى تاغ ئىلاھى بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. تاغ ئىلاھى ۋە يەر مۇئەككىلى زەنجىر بىلەن ئىككى تۈپ قارىغاي پادىشاھىنى باغلاپتۇ. زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى تاغ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپتۇ. كەچ كىرىپ قارىغاي پادىشاھى ماڭىدىغان ۋاقىتتا، ھەر قانداق قىلىپمۇ ماڭالماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ باغلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ماڭالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، نەۋرە- چەۋرىلىرىنى توختاشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ نەۋرە- چەۋرىلىرىگە «مەن يىلدا بىر ھالقا ئۈسىمەن، بىر قانچە يىل ئۆتمەيلا زەنجىرنى كېرىپ ئۈزۈۋېتىمەن، زەنجىرنى كېرىپ ئۈزگەندىن كېيىن ئاندىن ماڭايلى» دەپتۇ. نەۋرە- چەۋرىلىرى توختاپ ئۇنى ساقلاپتۇ. قارىغاي شاھى يىلدا بىر ھالقىدىن ئۆسۈپتۇ، ئۆسۈپتۇ، قانچە يىل ئۆسكەنلىكى نامەلۇم، زەنجىرنى يەنىلا كېرىپ ئۈزۈۋېتەلمەپتۇ. قارىغاي شاھى نەۋرە- چەۋرىلىرىنى جەنۇبتاغ ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىشقا بۇيرۇپتۇ. قارىغاي شاھى قاراغولدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا، ھازىرغىچە، ياش، تېمەن قارىغايلار قاراغولدا قانچە ئۆسكەنسېرى شۇنچە باراقسانلىشىپ كېتىپتۇ. قاراغولنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قارىغايلاردىن ئۆلگەنلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، شالاڭلاپ كېتىپتۇ.

تاھازىرغىچە، بەزى ئادەملەر ئىككى تۈپ چوڭ قارىغاينىڭ قاراغولدا تۇرغانلىقىنى، ئۇلاردا بىر چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن ئېرىقچىدەك ئىزنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋاتقانىمىش، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ زەنجىر بىلەن باغلىغاندا، قېلىپ قالغان

ئىزمىش. مانا بۇلار قاراغولدىكى قارىغاي شاھىنىڭ كېلىش تارىخىدۇر.

(3) ئۈچقۇر تۇلپار قەدىمدە، باركۆلدە ئات بېقىپ، كۆپەيتىدىغان ئات مەيدانى قۇرۇلغان. بۇ يەرنىڭ ئوت، سۈيى مول بولۇپ، توپ-توپ ئىلقىلار بېقىلاتتى. خىلمۇ خىل مىنىدىغان ئات، سانغۇنلار مىنىدىغان ئاتلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن تاللىناتتى. شۇڭا باركۆل ئېتىنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەنىدى.

بىراق ياخشى ئىلقىلار ئىچىدىن ناچار ئاتلارمۇ چىقىپ قالاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر يىلى، كۆل بويىدىكى ئات سۇغىرىش بۇلىقى بويىدىكى بىر توپ ئىلقا ئىچىدىكى بىر ياخشى بايتال كىچىك بىر قۇلۇن تۇغۇپتۇ. بۇ قۇلۇن ھەم ئورۇق ھەم كىچىك بولۇپ، مۈشۈك دېسە مۈشۈككە، ئىت دېسە ئىتكە ئوخشمايدىكەن. پۈتۈن بەدىنىنى قاقاچ بېسىپ كەتكەنىكەن. مىراخور بۇ كىچىك ئايغىرنى كۆزگە ئىلماپتۇ. ئۇ تۆلە تۆلەي، تۆلىسە چوڭلىماي ئۈچ ياشار بولۇپ قاپتۇ. يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرۇۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى، ئىلقا توپىغا سىرتتىن بىر سودىگەر كەپتۇ. بۇ سودىگەر ئىلقا توپىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، بىر قاراپلا كىچىك قۇلۇنغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ تۆرە باھا قويۇپ كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان بۇ كۆرۈمسىز قۇلۇننى سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ. مىراخور ئۇنى سودىگەرنىڭ سېتىۋالغانلىقىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولۇپتۇ. بۇ ئاتنى مۇنداقلا چاغلاپ قويماڭ، ئۇنىڭ مىجەزى جاھىل بولۇپ، ئادەتتىكى ئادەملەر ئاسانلىقچە يېنىغا بارالمايدىكەن. يېقىنلاشقان ھامان چىشلەيدىكەن ياكى تېپىدىكەن. بىراق، سودىگەر ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇ ياۋاشلىق بىلەن جىم تۇرۇپتۇ. سودىگەر ئۇنىڭغا ئارغامچا سېلىپ يېتىلىۋېلىپ كېتىپ قاپتۇ. سودىگەر كىچىك قۇلۇننى يېتىلەپ شەھەرگە بېرىپ، ئۇنى ياخشى ئوت-چۆپ، يەم-خەشەك بىلەن بىر ئاي بېقىپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىگە قىپقىزىل پارقىراق تۈكلەر ئۆسۈپ، ھەيۋەتلىشىپ، باشقىچىلا بىر تۈسكە كىرىپ قاپتۇ. سودىگەر كىچىك ئايغىرغا ئېگەر توقۇپ ۋە يۈگەن سېلىپ، بىر تۈن قاراڭغۇ كېچىدە، باركۆلدىن ئايرىلىپ، ئىچكىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. كۆزگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئات چاپقاندا، ئۇنىڭ تۆت تۇيىقىدىن ئوت چاقناپ، ئېغىز-بۇرنىدىن يالقۇن پۇركۈپ، ئاقار يۇلتۇزدەك، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە غايىپ بولۇپتۇ. كېيىنكىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ سودىگەر بىردەمدىلا جيا يۈيگۈەنگە يېتىپ بېرىپ، ئاتتىن چۈشۈپ غىزالانماقچى بولۇپ، خالتىسىدىن باركۆلدىن مېڭىشىدا ئېلىۋالغان سۇرلەنگەن ئىسسىق قوي گۆشىنى چىقارغاندا، گۆشتىن يەنىلا ھور چىقىپ تۇرارمىش!

## 2. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1991 – 1995- يىلىغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى

8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، «پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ»، «ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىرلەشتۈرۈپ، رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ۋە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ماكرولۇق تەڭشەپ-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشنى بىللە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى.

1) يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى

قۇمۇل ۋىلايىتى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، «يېزا ئىگىلىك ئاساسىنى كۈچەيتىپ، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» تەك يېتەكچى ئىدىيە ۋە «سۇنى ئېچەپ تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتىش، ئاشلىقتا كاپالەتلىك قىلىپ، پاختىغا (باغۋەنچىلىككە) يۈزلىنىش قىلىش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىر گەۋدە قىلىش، يەن- ئېخىنكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» تەك تەرەققىيات فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزىلاردىكى مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئۈدا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچىنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇردى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى بەش يىلدا، ۋىلايەتتە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 273 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 45.6 ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 7.8 ئاشتى. بەش يىلدا يارىتىلغان يېزا ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 615 مىليون يۈەن بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 27.8 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىپ ۋە تەڭشىلىپ، دېھقانچىلىقتا يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. تېرىقچىلىقتا ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، پاختا تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى. 1995- يىلى، ۋىلايەتتە ئاشلىق تېرىلغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 343 مىڭ 700 مو بولۇپ، 1990- يىلدىكىدىن 137 مىڭ 800 مو ئازايدى، ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 90 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1990- يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەقەت 3 مىليون 974 مىڭ كىلوگرام ئازايدى. 1990- يىلى، ۋىلايەتنىڭ كېۋەز كۆلىمى پەقەت 6000 مو ئىدى، 1995- يىلىغا كەلگەندە، 76 مىڭ 500 موغا يېتىپ، 11.75 ھەسسە كۆپەيدى، پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 442 توننىدىن 6769 توننىغا كۆپىيىپ، 14.31 ھەسسە ئاشتى. ياغلىق دان زىرائىتى كۆلىمى 1990- يىلدىكى 28 مىڭ 500 مودىن، 1995- يىلىغا كەلگەندە 35 مىڭ 300 موغا يېتىپ، ئومۇمىي ھوسۇلى 2989 توننىدىن 3391 توننىغا يېتىپ، كۆلىمى % 23.8 ھوسۇلى % 13.9 ئاشتى. كۆكتات قوغۇنلىقا يەر كۆلىمى 5100 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، لاپاس (پارنىك) كۆلىمى 2170 مو. كۆكتات ئومۇمىي ھوسۇلى 58 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، لاپاستا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆكتات 18 مىڭ توننا.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا، يايلاق چارۋىچىلىقىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتەك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئوتلاق ۋە چارۋىچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، چارۋىچىلىق ئاساسىي ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇلدى. 1995- يىلى، ۋىلايەتتە قوتاندىكى چارۋا 1 مىليون 49 مىڭ تۇياق بولۇپ، يېشىغا توشقان چىشى مال نىسبىتى % 50.3 كە يېتىپ، 1990- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 5.6 پىرسەنت پوئېنتتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يىللىق قوتاندىن چىققان چارۋا 381 مىڭ 600 تۇياق، تاۋار چارۋا 232 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، 1990- يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قوتاندىن چىقىرىلغىنى % 46.2، تاۋار چارۋا %73 ئاشتى، بوردالغان كالا، قوي 160 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىلغان گۆش 11 مىڭ 600 توننىغا يېتىپ، 1990- يىلدىكىدىن % 92.2 ئاشتى.

ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي ئورمان ۋە ئېتىز- ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ئىھاتە ئورمان سىستېما قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. 1995- يىلى، قۇمۇل شەھىرى ئېتىز- ئېرىق ئورمىنىنى تورلاشتۇرۇشتا ئۆلچەمگە يەتتى. قۇمۇل

چىلىنى ۋە ئۈزۈمنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىك ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى زور دائىرىدە ئاشتى. 1995- يىلى، ۋىلايەت بويىچە بىنا قىلىنغان ئورمان 10 مىڭ 953.2 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 9191.3 مو بولۇپ، بىنا قىلىنغان ئورمان 1990- يىلدىكىنىڭ 2.85 ھەسسىسىگە ۋە ئىقتىسادىي ئورمان 15.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ۋىلايەتتە 100 مودىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئورمان بازىسى 18 گە يەتتى، قۇمۇل چىلىنىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى.

يېزا- بازار كارخانىچىلىقىدا، كۆپ چاقلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش، كۆپ يوللۇق يۈرۈشلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىللە ئاتلىنىپ، يۇقىرى سۈرئەت، ساغلام تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1995- يىلى، يېزا- بازار كارخانىلىرى ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990 – يىلدىكىنىڭ 3.6 ھەسسىسىگە، كىرىم 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.7 ھەسسىسىگە، تاپشۇرغان باج 21 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 9.3 ھەسسىسىگە، پايدا 22 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 29.3 ئاشتى. يېزا- بازار كارخانىلىرى سان تىپىدىن سۈپەت ۋە ئۈنۈم تىپىگە ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈرچىلىك، تېرە- خۇرۇم، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، كانچىلىق، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلاردا مەلۇم كۆلەم شەكىللىنىپ، يېزا- بازار سانائىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلدى. 1995- يىلى، يېزا- بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 55.2 نى ئىگىلەپ، يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. قۇمۇل شەھىرى ۋە باركۆل ناھىيىسى يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. ۋىلايەتتە مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان يېزا يەتتىگە، 1 مىليون يۈەندىن ئاشقان كەنت ئالتىگە، كارخانا 35 كە يەتتى.

8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، پەن- تېخنىكىنى كېڭەيتىپ، قوللىنىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. ۋىلايەتتە پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تۆھپە سالمىقى % 43.3 كە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. تونىنلىق ئاشلىق ئېتىز تېخنىكىسى، كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلغان ئاشلىق، پاختا، قوغۇندىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئەندىزىسى، كالىلارنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق نەسىللەندۈرۈش ۋە تۆرەلمە كۆچۈرۈشنى ئاساس قىلغان نەسىل ياخشىلاش تېخنىكىسى، تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىش، كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش ۋە چۈنەكلەپ سۇغىرىشنى ئاساس قىلغان يېڭى تىپتىكى سۇ تېجەش تېخنىكىسى قاتارلىقلاردا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 10 مىڭ مو تونىنلىق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىندى، تۇرۇبا ئارقىلىق سۇغىرىلغان يەر 38 مىڭ مو، چۈنەكلەپ سۇغىرىلغان يەر 50 مىڭ مو بولۇپ، جەمئىي 1269.5 كىلومېتىرلىق سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 185 كىلومېتىرلىق تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا يولى ياسالدى، توڭلىتىلغان ئىسپېرما ئارقىلىق نەسىللەندۈرۈلگەن، ھەم تۆرەلمە كۆچۈرۈلگەن كالا 2200 تۇياقتىن ئاشتى. يېزا ئىگىلىكى «مول ھوسۇل پىلانى» دا بېكىتىلگەن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى.

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە، قۇتقۇزۇش شەكلىدىكى ياردەم بېرىشتىن يۆلەش شەكلىدىكى كوللېكتىپ باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئېچىشتەك زور ئۆزگىرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 8- بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ۋىلايەت نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ناھىيە، يېزىلارنىڭ سۇ، توك، يول ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىغا داۋاملىق ياردەم بەرگەندىن سىرت، مۇھىم نۇقتىنى پىلانلىق، تەشكىللىك بىر تۇتاش، تەرتىپلىك ھالدا، دېھقان- چارۋىچىلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئېچىشقا قويۇپ، نامرات تاغلىق رايونلاردىكى دېھقان- چارۋىچىلارنى سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى قاتارلىق تەبىئىي بايلىق

شارائىتى نىسبەتەن ياخشى بولغان تۈزلەڭ رايونلارغا يۆتكەپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇردى. يارپۇلۇڭ، قوشتىكەن، تۆگىچىبۇلاق، نوم قاتارلىق دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان كۆچۈرۈپ ئېچىش نۇقتىلىرى پەيدىنپەي شەكىللەندى. كۆچۈرۈپ كېلىنگەن دېھقان، چارۋىچىلار ھۆكۈمەتنىڭ يار- يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا قاراپ ماڭدى. بەش يىلدا جەمئىي 1300 دىن ئارتۇق ئائىلە، 6500 دىن ئارتۇق ئادەم كۆچۈرۈلدى. 8- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى، نامرات تاغلىق رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، «بىرلەشمە» ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدە (ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ بەش يۈرۈش بەنزىسى ۋە مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكا تارماقلىرى ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ بىر گەۋدە)» بولغان نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، بىر قەدەر چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەتتە جەمئىي 1800 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ، 21 مىڭدىن كۆپ ئادەمنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. بۇ ۋىلايەتتىكى نامرات ئائىلە ئائىلىنىڭ 40% نى ۋە نامرات ئاھالە ئاھالىنىڭ 43.2 % نى ئىگىلەيدۇ.

2) سانائەت ئىقتىسادى

8- بەش يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بازارنىڭ بولۇپمۇ تۇز- خىمىيە مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ سۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن، خام ئەشيا، ماتېرىيال، ترانسپورت باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى قاتارلىق چوڭ ئاتموسفېرانىڭ تەسىرى ھەمدە ۋىلايەت سانائەت قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولۇشتەك ئۆزىدىكى ئامىللار چەكلىمىسىدىن ۋىلايەت سانائىتىدە بىر مەزگىل كاساتچىلىق كۆرۈلدى. 1992- يىلى تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەنپىي ئېشىش ۋە پۈتۈن ساھەلەر خاراكتېرىدىكى زىيان تارتىشتەك ئېغىر ۋەزىيەت كۆرۈلدى. بەش يىل «تۈزۈش، تەرتىپكە سېلىش» ئارقىلىق، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە قومۇلنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربنى ئېچىش، شىمالغا چىقىرىش، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويۇش» تەك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن سانائەت يۇقىرى ئۆرلەش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەجرىبە- ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ئاساسىدا، بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن يەنە دەل ۋاقتىدا «ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىرلەشتۈرۈپ، رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» تەك ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېن ۋە بەش قەدەم بويىچە مېڭىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش، كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سىرتتىن كىرگۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىش، كارخانا تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپ ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ۋىلايەت سانائىتى قايتا يۇقىرى ئۆرلەشكە يۈزلەندۈرۈلۈپ، مەنپىي ئېشىشتىن ئۇدا، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن ئۇدا تەرەققى قىلدى، ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى زورايدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 940 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 73.2 % ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.6 % ئېشىپ باردى. 1995- يىلى، ۋىلايەتتىكى سانائەت كارخانىلىرى ياراتقان پايدا 13 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1990- يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 16 % ئاشتى. توقۇمىچىلىق، خىمىيە، سانائەت، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، تۈۋرۈك كەسىپكە

ئايلاندى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ئىقتىسادىدىكى يېتەكچى ئورنى تېخىمۇ كۈچەيدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 68.3 % نى ئىگىلىدى؛ كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 31.7 % نى ئىگىلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ ۋە ياخشىلىنىپ، خام ئەشيا تىپىدىكى دەسلەپكى مەھسۇلاتنى ئاساس قىلغان كونا ئەندىزە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە جەمئىي 110 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى تاماملىنىپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 180 مىليون يۈەن، تۈرلەرنىڭ سېلىنما ھاسىلات نىسبىتى 114.4 % بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلاندىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 5.9 پىرسەنت پوئىنتتى يۇقىرى بولدى، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇمۇل 2 - ئېلېكتىر ئىستانسىسى 25 مىڭ كىلوۋاتلىق ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، قۇمۇل شەھەرلىك ئالتۇن كانىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، شەھەرلىك پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ 5000 توننىلىق پەمىدۇر قىيامى تۈرى، شەھەرلىك جېڭشياڭ ئاياغچىلىق كەسپىي شىركىتىنىڭ مودا ئاياغ تۈرى، قۇمۇل نېلون باش زاۋۇتىنىڭ 3168 ئۆرچۆقلۇق سېپتا يىپ ئېگىرىش تۈرى، ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 100 مىڭ كۋادرات مېتىر تاش تاختا ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، ۋىلايەتلىك دورا زاۋۇتىنىڭ كېلىچىن تۈرى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭى مەھسۇلات ئېچىش تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ۋىلايەت ئىقتىسادىي ئومۇمىي كۈچىنى كۈچەيتتى.

ئىسلاھات سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ئۆزگەرتىلىپ، يېڭى تۈزۈلمە ئورنىتىلىپ، كارخانا ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەتتىكى 12 سانائەت كارخانىسىدا «بەشتە ئۆزىگە خوجا بولۇش» نى سىناق قىلىش يولغا قويۇلدى. 61 ئىككىنچى يېنىك سانائەت، يېزا- بازار، كوللېكتىپ كارخانىلىرىدا پاي- ھەمكارلىق تۈزۈمى كېڭەيتىلدى، پاي چەك ئومۇمىي سوممىسى 36 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ۋىلايەتتىكى 13 سانائەت كارخانىسىدا، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش سىناق قىلىندى؛ كارخانىلارنىڭ گۇرۇھلىشىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم تۈز- شورلىنى بىرلەشكەن «قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى» ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ بازار ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ۋە مۈلۈك قۇرۇلمىسى ساقلانمىسىنى تەڭشەش تەلىپىگە ئاساسەن، كارخانىلارنى ۋەيران قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۇنجى ۋەيران بولغان كارخانا — قۇمۇل شەھەرلىك بوغاز كۆمۈر كېنىدىن كېيىنلا، ۋىلايەتلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئىككىنچى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق تۆت كارخانا قانۇن بويىچە ۋەيران قىلىندى، جەمئىي 92 مىليون 580 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ۋەيران قىلىنغان مال- مۈلۈك ئېنىقلاندى، 1227 ئىشچى- خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت ئىقتىسادىدا، ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىشتەك مېخانىزم پەيدىنپەي شەكىللىنىشكە باشلىدى.

سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشتە، پائال ئىلگىرىلەشلەر بولدى. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە «بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش» ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، رايون ۋە دۆلەت ئىچى- سىرتى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 3- نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئارقىلىق پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى زاۋۇتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق كۈچەيتىلىپلا قالماستىن، بەلكى كورېيە، ياپونىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەن قاتارلىق رايونلاردىكى سودىگەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىمۇ كۈچەيتىلدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان شېرىكلەشكەن كارخانا بەشكە يەتتى. 1993- يىل 10- ئايدا، باركۆل ناھىيىسى شياڭگاڭدىكى بىر كارخانا بىلەن

شېرىكلىشىپ، باچى مىنېرال بۇلاق ئىچىملىكلىرى چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، «يۇشىيەن» ماركىلىق تەبىئىي مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقاردى. 1994- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئامېرىكىنىڭ يىگەن شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تاش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 51 مىليون يۈەن بولۇپ، ئامېرىكا تەرەپ سالغان مەبلەغ 14 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ۋە 126 مىڭ يۈەن دوللار بولدى. 1995- يىلى، قۇمۇل شەھىرى تەيۈەن جېڭشياڭ گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قۇمۇل شەھىرى جېڭشياڭ ئاياغ كەسپىي پاي چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، يىلىغا 500 مىڭ جۈپ مودا ئاياغ ئىشلەپچىقاردى، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەيۈەن جېڭشياڭ گۇرۇھى كىرگۈزگەن مەبلەغ 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بولدى. قۇمۇل شەھەرلىك پەمدۇر قىيامى مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتى ئىتالىيە بىلەن تولۇقلاش سودىسى قىلىپ، 19 مىليون 330 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى ئىتالىيىنىڭ پەمدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزدى. قۇمۇل شەھىرى شياڭگاڭ نازۇك بۇرىمىچ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن پاي تۈزۈمى شەكلىدە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ، نازۇك بۇرىمىچ ئىشلەپچىقاردى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 700 مىڭ دوللار بولۇپ، شياڭگاڭ تەرەپ سالغان مەبلەغ 315 مىڭ دوللار.

ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش جەھەتتە، 1994- يىل 6-، 7- ئاي ئارىلىقىدا، قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى ئۆزى باش بولۇپ، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزىسىغا بېرىپ، بىناكارلىق ھەمكارلىقى، كۆكتات بىلەن تەمىنلەش ھەمدە يۇرۇشلۇق مېۋە، چايىنى بىرلىشىپ ئېچىش تۈرلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى. بىگتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، بەكىنغول سۇ ئامبىرىنى ئورتاق ئېچىپ پايدىلىنىپ، دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە قارادۆۋە يېزىسىدا، يەرلىك ئۈستىكى ئاشلىق ۋە باغ- ئورمان بازىسىنى قۇردى. تۇرپان- قۇمۇل ئېغىز تېلىكى سىدا شىركىتى ۋە باشقا ئىككى ئورۇن بىلەن بىرلىشىپ، شىمالىي چىقىش تەرەققىيات رايونىدا 40 مو يەر سېتىۋېلىپ، شەرقىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ خورۇم مال، تېرە- يۇڭ سودا بازىرى قۇرماقچى بولدى، تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى خۇيفېڭكې سانائەت- سودا شىركىتى تەرەققىيات رايونىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ياغاچ جاھازلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ۋە ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

1994- يىلى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، كاۋچۇكنى كونىراشتىن ساقلاش ئاگېنتى CRT پىيىسى ئىشلەپچىقاردى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ سالغان مەبلىغى 5 مىليون يۈەن. قۇمۇل ۋىلايەتلىك يۇڭ- توقۇمىچىلىق فابرىكىسى تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەزكۇر فابرىكا قارىتا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، نەپىس يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقاردى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 14 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى سالغان مەبلەغ 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن. قۇمۇل شەھەرلىك جېنىشىڭ يېمەكلىك زاۋۇتى تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېمەكلىكەر زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، يۇرۇشلۇق ئىچىملىك ئىشلەپچىقاردى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى سالغان مەبلەغ 1 مىليون يۈەن. قۇمۇل ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى ماددىي ئەشيا باشقارمىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، نېفىت قۇدۇقى سېمونتى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا تۇرپان- قۇمۇل نېفىتلىكى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

1994- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يەرلىكنىڭ مەركەز، ئاپتونوم رايون، بىگتۇەنىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرغان تۈرلىرى 18 بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 125 مىليون 450 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 79 مىليون 390 مىڭ يۈەن.

1995- يىلى، ۋىلايەت نېفىت، تۆمۈريول، بىگتۇەن قاتارلىق كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان چوڭ كۆلەمدىكى

تۈرلەردىن ناترىي كالىي بىقرومات زاۋۇتى، تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، ئاراتۇرۇك نوم رايونىدىكى 360 مىڭ مو يەرنى ئېچىش قاتارلىقلار بار. قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى، باركۆل ناھىيىسى ئۈچكۆل يېزىسى ھەمدە، باركۆل ناھىيىلىك ترانسپورت باش شىركىتى پاي چېكى تۈزۈمى شەكلىدە قۇرغان ئۈچكۆل شىگخۇ پاي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1995- يىل 8- ئايدا، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى 900 مىڭ يۈەننى ئۈچ يىلدا تۆلەش شەرتى بىلەن، بۇ زاۋۇتنىڭ مۈجىجەت ئىشكاپى سېخىنى ئىجارىگە ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئايلانما مەبلەغ يېتىشمەي، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ سېخ قايتىدىن جانلىنىپ، مەھسۇلاتلىرى رايون سىرتىدىكى بازارلارغا كىردى.

3) تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ كۆپىيىپ، ئۇل مۇئەسسەسەلەر يەنىمۇ ياخشىلاندى

8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 849 مىليون يۈەن بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا، 485 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1.33 ھەسسە ئاشتى. مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن 963 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك كۆپىيىپ، جەمئىي چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن سەككىز تۈر يولغا قويۇلدى، قۇرۇلغان، يېڭىلانغان، ئۆزگەرتىلگەن ئۇقتىلىق تۈر ئالتە بولۇپ، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 200 مىليون يۈەنگە يەتتى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەت ئېنېرگىيە، قاتناش، خەۋەرلىشىش، شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇل كەسىپلەرگە سالغان مەبلەغ ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ % 70 نى ئىگىلىدى، بىر مۇنچە تايانچ قۇرۇلۇش ۋە ئۇقتىلىق تۈرلەر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

(1) قاتناش ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى 1995- يىلغىچە، تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان تۇرلۇك مەبلەغ 429 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيە، يېزا تاشيولىغا سېلىنغىنى 53 مىليون يۈەن) بولۇپ، ياسالغان يول 1066 كىلومېتىرغا يەتتى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتىكى تاشيول قاتناش مۇساپىسى 2024 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى 709 كىلومېتىر، ناھىيە، يېزا يولى 578 كىلومېتىر، مەخسۇس يول 322 كىلومېتىر؛ دەرىجىلىك تاشيول 1456 كىلومېتىر (قاتناش مۇساپىسىنىڭ % 89.9 نى ئىگىلەيدۇ)، ئاسفالت يول 1012 كىلومېتىر (قاتناش مۇساپىسىنىڭ % 50 نى ئىگىلەيدۇ). 1991- يىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ناھىيە، يېزا يوللىرىنى ئاسفالتلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قاتناش نازارىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ بويىچە ناھىيە، يېزا يوللىرىنى ئاسفالتلاشتۇرۇپ ئۈلگە ناھىيە بولۇپ باھالاندى. تاشيول ترانسپورتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، ۋىلايەتتە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى 1985- يىلدىكى 5100 دىن 1995- يىلى 15 مىڭ 663 كە كۆپىيىپ، % 207 ئاشتى. يەككە ترانسپورت قاتناش ۋاسىتىلىرى يوقلۇقتىن تەرەققىي قىلىپ 1216 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تاكسىي 700 دىن ئارتۇق، يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 24 تىن 162 گە يەتتى. 1995- يىلى، ۋىلايەتتە تاشيولدا توشۇلغان يۈك 866 مىڭ توننا، يولۇچى 2 مىليون 704 مىڭ ئادەم (قېتىم)، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 77 مىليون 40 مىڭ توننا - كىلومېتىر، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 203 مىليون 300 مىڭ ئادەم - كىلومېتىر بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، زور دەرىجىدە ئاشتى. بىراق، دۆلەت ئىلكىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرى بىر قەدەر چوڭ زەربىگە ئۇچرىدى، مال توشۇش مىقدارى 55 مىڭ توننا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 587 مىڭ ئادەم (قېتىم)، يۈك مىقدارى 15 مىليون 10 مىڭ توننا - كىلومېتىر، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 58 مىليون 590 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرلا ئورۇندىلىپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر قەدەر زور دەرىجىدە، تۆۋەنلەپ كەتتى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، تۆمۈريول ترانسپورتىدا، يىللىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 609 مىڭ 800 ئادەمگە، مال يەتكۈزۈش مىقدارى 4 مىليون 567 مىڭ تونناغا، سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى 124 مىليارد 810 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. تۆمۈريول ترانسپورت ئىقتىدارى بىلەن ترانسپورت مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش،

شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1995- يىل 5- ئايدا لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى قوش لىنىيىلەشتۈرۈلۈپ، قاتناش باشلاندى.

(2) پوچتا- تېلېگراف خەۋەرلىشىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت پوچتا- تېلېگراف كەسپىي ئومۇمىي مىقدارى 21 مىليون 140 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2.5 ھەسسە ئاشتى. 25 مىڭ دانە پروگراممىلىق تېلېفون ۋە شىنجاڭ- لەنجۇ- ئۈرۈمچى ئوپتىكىلىق نۇر كابېلى، قۇمۇل- باركۆل 2- دەرىجىلىك ئوپتىكىلىق نۇر كابېلى غول لىنىيىسى ئېچىلىپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شەھەر تېلېفونىنى پروگراممىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ۋىلايەتتىكى تېلېفونلارنىڭ پروگراممىلىشىش نىسبىتى % 92.5 كە يەتتى. پوچتا- تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇمۇلدا تېلېفون نومۇرى 1995- يىل 12- ئاينىڭ 17- كۈنى سائەت نۆلدىن باشلاپ، يەتتە خانىلىققا ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتتە يېڭىدىن كۆپەيگەن شەھەر، يېزا تېلېفونى 4070 بولۇپ، بۇ 44 يىلدا ئورنىتىلغان ئومۇمىي تېلېفون سانىنىڭ % 82 ىگە باراۋەر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇ تېلېفونى 3741، يېزا تۇرالغۇ تېلېفونى 626. ئۇنىڭدىن باشقا، خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى كۆپەيتىلىپ، سىمسىز چاقىرىش سىستېمىسى ۋە 800 مېگالىق كۆچمە خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ئېچىلدى. باركۆل، تارانچىدا ئارقا- ئارقىدىن سىمسىز چاقىرىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتتە بىر سىتېرېئولۇق خەۋەرلىشىش تورى شەكىللەندى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتە سىمسىز چاقىرىش ئابونېنتى 3191 گە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 479 غا، تېلېفون ئابونېنتى 14 مىڭ 788 گە يەتتى. ۋىلايەتتە شەھەر تېلېفونىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى % 4.9 كە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. يېزىلارنىڭ خەۋەرلىشىشى شەھەرلەشتۈرۈلدى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يېزا تېلېفون قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1995- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 23 ئورۇندا يېزا پروگراممىلىق كونترول قىلىش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، يېزا تېلېفونى كوممۇتاتور سىغىمى 5576 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، پروگراممىلىق تېلېفون سىغىمى 1991- يىلدىكى يوقلۇقتىن شىددەت بىلەن ئېشىپ 4992 توچكىغا يېتىپ، يېزا تېلېفونى كوممۇتاتور سىغىمىنىڭ %91 نى ئىگىلەپ، ئەمەلىيەتتە 2454 توچكىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا تېلېفونى 2639 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقان ئائىلىرى ئورناتقان تېلېفون 1556. 1995- يىلى، قۇمۇلدا ئۈزۈن يوللۇق تېلېفوندا ئوپتىكا نۇر كابېللىق رەقەملىك يوللاشنى ئاساس، سۈنئىي ھەمراھ توك يولى، مىكرو دولقۇن، يۇكلىمە دولقۇنلۇق يوللاشنى قوشۇمچە قىلغان، رەقەملىك پروگراممىلىق ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان يەرلىك تور ئاساسەن شەكىللەندى.

(3) شەھەر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، «مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈش، ئاۋۋال رامكا تۇرغۇزۇش ئىقتىدارىنى پەرقلەندۈرۈش، ھەر قايسىسىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆزگەرتىش بىلەن قۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاۋۋال قۇرۇپ، ئاندىن بۇزۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىۋى مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، شەھەر ئىقتىدارى ۋە مۇھىت سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر يولى، سۇ بىلەن تەمىنلەش، يوروقلۇق بىلەن تەمىنلەش، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، باغ- ئورمان كۆكەرتىش، مۇھىت تازىلىقى شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. بولۇپمۇ شەرقىي، غەربىي سىتېرېئولۇق كۆۋرۈكلۈك غول يول قۇرۇلۇشى ۋە «1- ئاۋغۇست يولى» قاتارلىق يوللارنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى نېفىت رايونى، قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى رايونى، تۆمۈريول رايونى بىلەن شەھەر رايونىنى ئۈزگىنىڭ ھالدا باغلاپ، شەھەر سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىپ، مەبلەغ سېلىش قاتتىق مۇھىتىنى ياخشىلىدى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، جەمئىي 14 مىڭ 658 يۈرۈش ئولتۇراق ئۆي سېلىندى، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 923 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، شەھەر- بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 8.8 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

(4) سودا ئوبوروتى مۇقىم تەرەققىي قىلدى 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، پىلانلىق ئىگىلىك

ئۆزگىرىشلەر بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئوبوروت كارخانىلىرى بىر قىلىپتىلا بولۇش، ھەممىنى ئىگىلىۋالىدىغان ئەندىزە بۇزۇپ تاشلىنىپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبتىكى كۆپ يوللۇق، كۆپ خىل تىجارەت شەكلىدىكى ئاز ھالقىلىق، ئېچىۋېتىش شەكلىدىكى ئوبوروت تۈزۈلمىسىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى شەكىللەندى. دۆلەت ئىلكىدىكى سودا ئوبوروت كارخانا ئىشچى- خىزمەتچىلىرى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، «چوڭ بازار قۇرۇش، چوڭ سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، چوڭ ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش» تەك يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، بازارنى يېتەكچى، ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، تاۋارنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 773 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990- يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، % 125.5 ئاشتى. مال بىلعاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە % 12.3 ئاشتى. تاشقى سودا ئىمپورت- ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليون 373 مىڭ دوللار ئورۇندىلىپ، 1990- يىلىغا قارىغاندا، زور دەرىجىدە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىكنىڭ ئىمپورت- ئېكسپورت چېگرا سودىسىدا 7 مىليون 370 مىڭ دوللار ئورۇندالدى.

① **دۆلەت ئىلكىدىكى سودا** 1995- يىلى، ۋىلايەتنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى سودا كارخانىلىرى ئورۇندىغان تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 280 مىليون يۈەن بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 30.8 ئېشىپ، يىلىغا % 5.5 ئېشىپ باردى. ئورۇندالغان تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 350 مىليون يۈەن بولۇپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 44.5 ئېشىپ، يىلىغا % 7.64 تىن ئېشىپ باردى.

② **ئاشلىق سېتىۋېلىش- سېتىش** ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق ساھەسى تىجارەت مېخانىزمىنى پائال ئۆزگەرتىپ، ئاشلىق ماي سېتىۋېلىش- سېتىشنى كۈچەيتتى. 1995- يىلى كىرگۈزگەن ئاشلىق 66 مىليون 480 مىڭ 700 كىلوگرام بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدىكى 1990- يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 6.6 ئېشىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى % 1.3 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يىغىۋېلىنغان ئاشلىق 31 مىليون 611 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق % 29.15 ئېشىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى % 5.25 بولدى. 8- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتە سېتىلغان ئاشلىق 54 مىليون 937 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا % 1.76 ئېشىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى % 0.35 بولدى.

③ **تەمىنات سودا ئىشلىرى** ۋىلايەتتىكى تەمىنات- سودا كوپېراتىپى كارخانىلىرى خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى ئاكتىپ تەشكىللىدى. 1995- يىلى، ۋىلايەت تەمىنات- سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى ئورۇندىغان تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 180 مىليون يۈەن بولۇپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 88.32 ئېشىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى % 13.5 بولدى. تاۋارلارنىڭ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 174 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 71.85 ئېشىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى % 11.4 بولدى. 1995- يىلى، ۋىلايەت ماددىي ئەشيا سىستېمىسى ئورۇندىغان تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 52 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئورۇندىغان تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 64 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولدى. 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا % 41.1 ئېشىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى % 7.13 بولدى.

④ **يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك سودىسى** 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەت يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغان بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ

چىقىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەتتە يەككە، خۇسۇسىي كارخانا 9701 گە يېتىپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 3093 ى كۆپىيىپ، % 46.8 ئاشتى، كەسىپكار 15 مىڭ 15 كە يېتىپ، 7- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 6118 كىشى كۆپىيىپ، 68.8% ئاشتى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار ياراتقان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىلىغا % 21.9 ئاشتى.

(5) ماليە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى

① ماليە كىرىم- چىقىمى 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ماليە تارماقلىرى ئىسلاھات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ماليە مەنبەلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ماليە كىرىمىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى. ماليە كىرىمى 1990- يىلىدىكى 67 مىليون 370 مىڭ يۈەندىن 8- بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرى 92 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە (مەركەز بېجىدىن قايتۇرۇلىدىغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) كۆپىيىپ، يىلىغا % 6.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، سودا- سانائەت بېجى 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 54 مىليون 990 مىڭ يۈەندىن 1995- يىلى 63 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە كۆپىيىپ، يىلىغا % 2.8 ئاشتى. ماليە چىقىمى 1990- يىلىدىكى 130 مىليون يۈەندىن 1995- يىلى 230 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، يىلىغا % 12 ئېشىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر مائاشى ۋە زۆرۈر ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى چىقىملارغا ئاساسەن كاپالەتلىك قىلىندى. چىقىمنىڭ ئېشىشى تېز بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ماليە قىزىل رەقىمى چوڭىيىپ، 1990- يىلىدىكى 15 مىليون 580 مىڭ يۈەندىن 1995- يىلى 80 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

② پۇل- مۇئامىلە خىزمىتى ۋىلايەتتىكى پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى ماكرولۇق تەڭشەش- تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، مەبلەغ جەلپ قىلىش، يۆتكۈشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، مەبلەغنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جانلاندۇرۇپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋىلايەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئاساسەن كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تېز، ئۈنۈملۈك، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1995- يىلى، ۋىلايەتتىكى بانكا تۈرلۈك ئامانەت قالدۇق سوممىسى 2 مىليارد 229 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 2.93 ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا % 31.2 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا- بازار ئامانەت قالدۇق سوممىسى 1 مىليارد 612 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 2.9 ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا % 31.4 كۆپەيدى. ۋىلايەت بانكا ئامانەت قەرز قالدۇق سوممىسى 1 مىليارد 781 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1990- يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 2.2 ھەسسە ئېشىپ، يىلىغا % 25.8 كۆپەيدى.

(6) تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى

① پەن- تېخنىكا خىزمىتى 1991 – 1995- يىلغىچە ۋىلايەت پەن- تېخنىكا خىزمىتىدە، «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا پەن- تېخنىكىغا تايىنىش، پەن- تېخنىكىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندۈرۈش» ئاساسىي فاڭجېنىنى زىچ چۆرىدەپ، «پەن- تېخنىكا ئارقىلىق ۋىلايەتنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ، زور بىر تۈركۈم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش ئارقىلىق ئاشلىق، پاختا، چارۋا مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. بىر يۈرۈش يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر- سەنئەتلەرنى كىرگۈزۈپ، بىر تۈركۈم مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ، ۋىلايەت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پەن- تېخنىكا تەركىبىنى ئاشۇرۇپ، پەن- تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىك رولىنى مۇئەييەن دەرىجىدە جارى قىلدۇردى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەت پەن- تېخنىكا نەتىجىسىدىن 83 تۈرنى تاماملىدى، بۇنىڭ

ئىچىدە سەككىز تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ يەن- تېخىمۇ تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 38 تۈر ۋىلايەتنىڭ يەن- تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ۋىلايىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنى ئاشۇرۇشتىكى تۆھپە سالمىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 28.7 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكىدە % 43.36 ، سانائەتتە % 19.04 كە يەتتى.

② مائارىپ خىزمىتى    مائارىپ خىزمىتىدە، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى، «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسى يەنىمۇ توغرىلىنىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن، بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپ 221 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 59 مىڭ 449 غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى 28 مىڭ 428 گە، بالىلار باغچىسى 7 بولۇپ، باغچىدىكى بالا 5129 غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى 294 كە يەتتى. نوپۇس بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، شەھەر- بازار ۋە ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان يېزىلاردا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى % 65.4 ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى % 89 ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % 99.7 بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. كەسپىي تېخنىكا مائارىپى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ % 46.6 ىنى ئىگىلىدى، يېزىلاردىكى دېھقان- چارۋىچىلار مەدەنىيەت- تېخنىكا مەكتىپى 32 بولۇپ، ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى % 99.2 كە يېتىپ، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغانلارنىڭ ساۋاتسىزلىنىش نىسبىتى % 5 ئىچىدە كونترول قىلىندى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە ۋىلايەتنىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

③ پىلانلىق تۇغۇت، سەھىيە    نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنىپ، سەھىيە، ساقلىق ساقلاش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. 1991- يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەت پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىپ، سىناق قىلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت، سەھىيە، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخنىكا، ئۈسكۈنە، داۋالاش ئۇسۇلىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. يېزا- بازار دوختۇرخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. قىزىل يۇلتۇز دوختۇرخانىسىدىن كېيىنلا ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا 2— A دەرىجىلىك دوختۇرخانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىقتى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، 8- بەش يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەن نىشان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ۋىلايەتتە بەش يىلدا 30 مىڭ ئادەم ئاز تۇغۇلدى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰ 8.69 بولۇپ، 1990- يىلىدىكىدىن 1.82 پروپېرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى. بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ‰ 19.3 بولۇپ، 1990- يىلىدىكىدىن 16.8 پروپېرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى. تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىلمۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. يېزىلاردا دەسلەپكى سەھىيە، ساقلىق ساقلاش ئومۇملاشتۇرۇلدى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاساسەن تىزگىنلەندى.

④ **ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزىيە** ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرى بىر قەدەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە بىر رادىئو ئىستانسىسى بولۇپ، ئاڭلىتىش ۋاقتى 5540 سائەتكە يەتتى. ھەممە لېنتىغا ئېلىپ، قويۇپ بېرىشتەك قالاق ھالەت بىۋاسىتە قويۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، قاپلىنىش نىسبىتى % 67.9 كە يەتتى. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى كۆندىن- كۈنگە كۆپەيدى. سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى، سىپىرلىق قانال ئېچىلىپ، تېلېۋىزىيە كۆرگۈچىلەر بىرلا ۋاقىتتا 17 قانالدىكى پروگراممىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. ۋىلايەت بويىچە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بولۇپ، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى % 79.8 كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە شەھەر، ناھىيىلەردە كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت سارىيى قۇرۇلدى. يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. % 70 تىن ئارتۇق كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى، قىرائەتخانا قۇرۇلدى. يەرلىك كىتاب- مەجمۇئەدىن «قۇمۇل مۇقامى»، «خەلق ئەدەبىياتى توپلىمى» رەتلىنىپ، نەشر قىلىندى. تارىخ - تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتا ئۈچ دەرىجىلىك تور شەكىللىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

⑤ **تەنتەربىيە خىزمىتى** ئاممىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ۋىلايىتىمىز 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق 3- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى ھەم ئومۇمىي نومۇر بويىچە كوللېكتىپ 1- بولۇشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. ۋىلايەتنىڭ ئېلەڭگۈچ كوماندىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا ۋەكىل بولۇپ، كۈنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 5- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، كوللېكتىپ 1- بولۇشتەك ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈردى. ۋىلايەت تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلەردە جەمئىي 44 ئالتۇن مېدال، 32 كۈمۈش مېدال، 40 مىس مېدالغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى 94 قېتىمغا، قاتناشقانلار 45 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. بولۇپمۇ «تەنتەربىيە قانۇنى» ۋە دۆلەت «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پىلانى» نىڭ ئېلان قىلىنىپ، يولغا قويۇلۇشى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يېيىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

⑥ **مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى** 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، ۋىلايەتتە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ئەخلاق، قانۇن- تۈزۈم تەربىيىسى مۇھىم نۇقتا قىلىندى. «قۇمۇل روھى» غا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، رايون ئىچىدە «بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش» ئىستراتېگىيىلىك فاكچىيىنى يولغا قويۇشتىكى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالدى. ۋىلايەتتىكى بەش كان (بازار) دا «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» مۇسابىقە پائالىيىتى ئىزچىل قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتكە قاراشلىق توققۇز ئىنىستىتۇت- مەكتەپتە «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» مۇسابىقە پائالىيىتى، شەھەر رايونىدا «مەدەنىي شەھەر ئاھالىسى بولۇش، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش، مەدەنىي شەھەر قۇرۇش» پائالىيىتى، يېزىلاردا «10 يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە» نى باھالاش پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرى، ۋىلايەت بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن 368 ى بەرپا قىلىنىپ، ئومۇمىي ئورۇننىڭ %67.2 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 28، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 72، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 268.

⑦ **مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە - ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقى** مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە- ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. 8- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ۋىلايەت مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقنى باشتىن- ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىقتەك «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، «باراۋەر بولۇش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاق بولۇش- ھەمكارلىشىش، ئورتاق گۈللىنىش» تەك سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگە ئورۇندىن 442 نى بەرپا قىلدى. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش ۋە ئارمىيە - خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئالدى بىلەن «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش خىزمىتىنى ئېچىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەرنىڭ ئورۇنلىشىش، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق تەرەپلەردە بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، كەڭ كوماندىر- جەڭچىلەرنى غەم- ئەندىشىدىن خالاس قىلدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئۆز قورۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىكنىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئاكتىپ قوللاپ ۋە ئۈنگغا قاتنىشىپ، ۋىلايەتنىڭ تىنچ- ئىتتىپاق بولۇشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە- ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە- خەلق ئىتتىپاقلىقى ھەم رايون ئىچىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، جەمئىيەت ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندىغان، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى، ئورتاق گۈللىنىشىنى كۆزلەيدىغان غايەت زور بىرلەشمە كۈچ شەكىللىنىپ، ۋىلايەتتە ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، سىياسىي جەھەتتىن تىنچ، جەمئىيەت مۇقىم بولغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 1991 – 1995- يىلىغىچە بولغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي ئەھۋالى**

قوشۇمچە جەدۋەل – 1

| يىل / تۈرلەر | بىرلىكى | 1991 | 1992 | 1993 | 1994 | 1995 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا (بازار) | سانى | 42 | 42 | 42 | 37 | 37 |
| نوپۇس | ئادەم | 41.9 | 42.09 | 42.50 | 43.37 | 44.63 |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تۆزگەرمەس باھا، تۈمەن يۈەن | 86623 | 92078 | 99524 | 108353 | 116511 |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تۆزگەرمەس باھا، تۈمەن يۈەن | 36653 | 35270 | 41867 | 79260 | 94364 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئۆزگەرمەس باھا، ئومەن يۈەن | 19126 | 21604 | 23292 | 24946 | 27328 |
| | مىللىي دارامەت | ئۆزگەرمەس باھا، ئومەن يۈەن | 67758 | 76615 | 101896 | 140588 | |
| | مالىيە ئومۇمىي كىرىمى | ئومەن يۈەن | 6661.0 | 6373.0 | 8511.0 | 7033 | 9283 |
| | مالىيە ئومۇمىي چىقىمى | ئومەن يۈەن | 13313.0 | 14615.0 | 16823.0 | 17969.0 | 23003.0 |
| يېزا ئىگىلىكى | ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى | توننا | 93554 | 99702 | 99104 | 90888 | 90049 |
| يېزا ئىگىلىكى | باغلىق دان ئومۇمىي ھوسۇلى | توننا | 2995 | 2998 | 3250 | 3628 | 3391 |
| يېزا ئىگىلىكى | يىڭنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | مو | 4430 | 4620 | 7860 | 9885 | 10953 |
| يېزا ئىگىلىكى | يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى چارۋا | ئومەن ئۇياق | 102.17 | 102.66 | 103.37 | 103.15 | 104.91 |
| يېزا ئىگىلىكى | پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى | توننا | 2100 | 3427 | 3575 | 5468 | 6769 |
| يېزا ئىگىلىكى | ئاۋۇز | توننا | 6909 | 9695 | 8157 | 13710 | 12642 |
| يېزا ئىگىلىكى | قوغۇن | توننا | 13170 | 5539 | 11062 | 22754 | 13229 |
| يېزا ئىگىلىكى | گۆش | توننا | 8870 | 8254 | 8875 | 10523 | 11679 |
| يېزا ئىگىلىكى | يېزا- بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 0.90 | 1.1 | 1.76 | 2.17 | 3.3 |
| يېزا ئىگىلىكى | بېلىق | توننا | 106 | 127 | 150 | 165 | 205 |
| ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى | كۆمۈر | توننا | 11150 | 14050 | 15738 | 25200 | 28343 |
| ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى | تارقىتىلغان توك | ئومەن كىلوۋات سائەت | 24032 | 24312 | 28551 | 31234 | 35089 |
| ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى | كوكس | توننا | 1839 | 877 | 1016 | 1700 | 1800 |
| ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى | تۆمۈر رۇدىسى | توننا | 15237 | 9647 | 40328 | 10000 | 7000 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12400 | 11800 | 96136 | 73268 | 62941 | توننا | سېمونت | |
| 13000 | 20000 | 12866 | 11607 | 10648 | توننا | چويۈن | |
| 1705 | 1610 | 3344 | 877 | 1839 | توننا | تۆمۈر قېزىشمىسى | |
| 48000 | 34000 | 20248 | 25886 | 26604 | توننا | سۇلفات ئىشقارى | |
| 66000 | 62000 | 39894 | 44365 | 60681 | توننا | سىرابلىست پلاشوكى | |
| 3506 | 754 | 574 | 1828 | 1417 | توننا | خىمىيىلىك ئوغۇت (ساپ) | |
| 17 | 19 | 18 | 16 | 19 | توننا | چاكاندا (ئېفېدرىن) | |
| 74000 | 136000 | 168944 | 220499 | 274201 | توننا | تۇز | |
| 6783 | 5529 | | | | توننا | پاختا يىپ | |
| 7.48 | 31.7 | 43 | 45.4 | 52.34 | تۈمەن مېتىر | يۇڭ توقۇلما | |
| 420 | 396.1 | 249.4 | 207.4 | 133.33 | كىلوگرام | ئالتۇن | |
| 35679 | 23782 | 24967 | 10792 | 10400 | تۈمەن يۈەن | تۇراقلىق مۇلۇك ئومۇمىي سېلىنمىسى | |
| 179053 | 168396 | 157402 | 148956 | 140111 | كىلوۋات | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئومۇمىي قۇۋۋىتى | قاتناش، پوچتا، تېلېگراف |
| 7704 | 14368 | 2427 | 2492 | 2538 | تۈمەن توننا ـ كىلومېتىر | تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى | |
| 20330 | 16430 | 8745 | 9791 | 9935 | تۈمەن ئادەم ـ كىلومېتىر | تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | |
| 121720 | 105000 | 955100 | 903300 | 858000 | تۈمەن توننا ـ كىلومېتىر | تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى | |
| 275500 | 283300 | 254500 | 228300 | 215600 | تۈمەن ئادەم ـ كىلومېتىر | تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | پوچتا، تېلېگىراف كەسپى ئومۇمىي مىقدارى | | تۈمەن يۈەن | 596.38 | 725.65 | 930.79 | 1390 | 2114 |
| | ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى | | توچكا | 80 | 95 | 100 | 456 | 424 |
| پۇل مۇئامىلە، سودا | يېزا ئاخىرىدىكى تېلېفون | | دانە | 3089 | 3867 | 4978 | 7982 | 14788 |
| | ئىجتىمائىي ئاۋازلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى | | تۈمەن يۈەن | 47099 | 54480 | 58577 | 61169 | 77398 |
| | يېزىلاردىكى ئوتتۇرىچە كىرىم | | يۈەن | 641 | 708 | 785 | 937 | 1181 |
| | يېزا بازار ئاھالىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى | | تۈمەن يۈەن | 56330 | 69061 | 83648 | 117325 | 161255 |
| | پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى | | ئالدىنقى يىلدىكىسى 100% قىلىندى | 107.7 | 108.2 | 113.7 | 126.8 | 118.9 |
| مائارىپ | ئاساسىي مائارىپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | مەكتەپ | سانى | 176 | 181 | 172 | 173 | 172 |
| | | | ئوقۇغۇچى | نەپەر | 36780 | 36219 | 36491 | 36483 | 37152 |
| | | ئوتتۇرا مەكتەپ | مەكتەپ | سانى | 39 | 38 | 38 | 33 | 35 |
| | | | ئوقۇغۇچى | نەپەر | 22417 | 23369 | 20106 | 18522 | 18331 |
| | ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | | مەكتەپ | سانى | 8 | 8 | 8 | 8 | 8 |
| | | | ئوقۇغۇچى | نەپەر | 1411 | 1439 | 1411 | 2041 | 2083 |
| | چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | | مەكتەپ | سانى | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 |
| | | | ئوقۇغۇچى | نەپەر | 216 | 142 | 142 | 1048 | 730 |
| سەھىيە | سەھىيە ئاپپاراتى | | | سانى | 177 | 177 | 177 | 180 | 180 |
| | كېسەل كارىۋىتى | | | سانى | 2071 | 2221 | 2221 | 2286 | 2298 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سەنئەت تېخنىكا خادىملىرى | نەپەر | 3001 | 3178 | 3178 | 3318 | 3280 |
| مەدەنىيەت | سېتىلغان كىتاب | پارچە | 2370356 | 2516790 | 2725780 | 2815304 | 2943331 |
| | كۇتۇپخانىدا ساقلانغان ئومۇمىي كىتاب | 1000 پارچە | 61 | 64 | 69.4 | 72.4 | 73.1 |
| | ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بويۇمى | دانە | 3400 | 4800 | 6200 | 6700 | 6700 |
| | كىنو قويۇش ئورۇنى | سانى | 85 | 85 | 85 | 85 | 85 |
| | رادىئو ئىستانسىسى | سانى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| | ئىنقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى | سانى | 4 | 4 | 4 | 4 | 4 |
| | رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى | % | 81.1 | 81.1 | 81.1 | 67.9 | 67.9 |
| | تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى | سانى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| | تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى | سانى | 19 | 19 | 19 | 18 | 18 |
| | تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى | % | 76.3 | 77.8 | 79.8 | 79.8 | 79.8 |

# ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 1991 – 1995- يىلىغىچە بولغان رەھبەرلىرى

## ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىدا 1991 – 1995- يىلىغىچە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى بولغانلار

قوشۇمچە جەدۋەل – 2

| ۋەزىپىسى | ئىسىم- فامىلىسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| شۇجى | چېن دېمىن | تيەنجىن | 1991.2 - 1993.10 |
| شۇجى | خۇاڭ چاڭيۈەن | سىچۈەن لېشەن شەھىرى | 1993.10 |
| مۇئاۋىن شۇجى | گۇ جۇڭچېڭ | جېجياڭ نىڭبو شەھىرى | 1994.5 - |
| مۇئاۋىن شۇجى | خې شۈيى | بېيجىڭ دوڭچېڭ رايونى | 1990.1 - 1993.10 |
| مۇئاۋىن شۇجى | ئابدۇراخمان كېرىم | شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرى | 1985.5 |

## ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا 1991 – 1995- يىلىغىچە شۇجى بولغانلار

قوشۇمچە جەدۋەل – 3

| ۋەزىپىسى | ئىسىم- فامىلىسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| شۇجى | شاۋ شيەنخۇا | جياڭسۇ پېيشەن ناھىيىسى | 1983.6 - 1993.10 |
| شۇجى | جاڭ جۈنخۇا | لياۋنىڭ شىفېڭ ناھىيىسى | 1993.10- |

**قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە 1991 - 1995 - يىلىغىچە ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي بولغانلار**

قوشۇمچە جەدۋەل — 4

| ۋەزىپىسى | ئىسىم- فامىلىسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ۋالىي | ئايۇپ قۇربان | شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرى | 1994.2 - 1983.6 |
| | ئابدۇراخمان كېرەم | شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرى | - 1994.2 |
| مۇئاۋىن ۋالىيلار | يەن شۇفەن | شەنشى | 1993.2 - 1985.5 |
| | كامىلجان | شىنجاڭ باركۆل ناھىيىسى | 1993.4 - 1985.5 |
| | توختىخان ئىسمائىل | شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرى | - 1979.2 |
| | زەكەن قەيسا | شىنجاڭ باركۆل ناھىيىسى | - 1992.5 |
| | چەن پىيرۇڭ | شىنجاڭ باركۆل ناھىيىسى | - 1994.6 |
| | لى شۇشەن | تيەنجىن | - 1994.6 |
| | جاۋ جەنگوي | خېبېي | 1994.12 - 1991.8 |

## 4. 1956 – 1990- يىلغىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن زور يارىلىنىش- ئۆلۈش ھادىسىلىرى

1956- يىل 7- ئايدا، تارانچى شىنشىڭ كۆمۈركېنى قۇدۇق ئاستىدا كاربون چالا ئوكسىدتىن زەھەرلىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى.

1957- يىلى، باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈركان قۇدۇق ئاستىدا، خاگنىڭ تورۇسى غۇلاپ چۈشۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى.

1958- يىلى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدا، نەرسىگە سوقۇلۇش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى.

1959- يىلى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتىدا، يانجىش ماشىنىسى بىر ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

1961- يىلى، ۋىلايەتلىك بىنكارلىق شىركىتىدە، نەرسىگە سوقۇلۇش ھادىسىسى، ماشىنا خەتىرى ھادىسىسى، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئۈچ ئادەم ئۆلدى.

1964- يىلى، ۋىلايەتلىك بىنكارلىق شىركىتىدە ھادىسە يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى.

1975- يىل 12- ئاينىڭ 6- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك ياساش- رېمونت زاۋۇتىدا، چاقلاش پىچاق پارچىسى چاچراپ چىقىپ، بىر ئىشچىنىڭ باش قىسمىغا كىرىپ كېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

1976- يىل 2- ئاينىڭ 4- كۈنى، ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتىدە بىر ئىشچى ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى.

1977- يىل 1- ئاينىڭ 5- كۈنى، خېيفېڭشەن كانىدا بىر رېمونتچى ماشىنا ئىسكىلاتىدا، ماشىنا چىقارغان گازدا تۇنجۇقۇپ قېلىپ ئۆلدى. 9- ئاينىڭ 30- كۈنى، قۇمۇل شەھەرلىك سودا ئىدارىسى تۆتكوچا دۇكىنىدىكى بىر ئىشچى ئېگىزدە لوزۇنكا ئېسىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى.

1981- يىل 5- ئاينىڭ 16- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا كۆيۈك ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى. 5- ئاينىڭ 20- كۈنى، يەتتەقۇدۇق خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 4- شۆبە زاۋۇتىدا، بىر ئىشچى توك سوقۇۋېتىپ ئۆلدى. 6- ئاينىڭ 2- كۈنى، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ھويلا تېمىنى بۇزۇشقا تەشكىللىگەندە، تام ئۆرۈلۈپ بىر ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. 8- ئاينىڭ 2- كۈنى، ئۆرۈك سۇ ئامبىرى ئىش مەيدانىدا، ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى.

1982- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈنى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى كرېمنىيلىك تۆمۈر سېخىدا بىر سىلسار ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كوندىنساتور ئۈستىگە كىرىپ، توك سوقۇپ ئۆلدى. 5- ئاينىڭ 17- كۈنى، باركۆل ناھىيىلىك سۇ- ئېلېكتر بۆلۈمى قۇدۇق قېزىش ئەترىتىنىڭ قۇدۇق قېزىش ئىش مەيدانىدا، تويۇقسىز چىققان قويۇن ئۈچ بولۇڭلۇق تۆرۈكنى ئۆرۈۋېتىپ، بىر ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. 6- ئاينىڭ 25- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك كۆمۈركېنىدا، بىر كۆمۈر قېزىش ئىشچىسى 1- نومۇرلۇق قۇدۇق ئاستىدا ئىش ئورنىنى رەتلەۋاتقاندا، تورۇسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئېغىر زەخىملىنىپ ئۆلدى. 6- ئاينىڭ 29- كۈنى، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىدا، بىر رېمونتچى ئاپتوموبىل چاقىغا يەل ئۇرۇۋاتقاندا، بېسىم چەمبىرىكى كونىراپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكتىن، چاچراپ چىقىپ ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. 11- ئاينىڭ 30- كۈنى، قۇمۇل شەھەرلىك شەرقىي ئۆستەڭ رايونلۇق قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ بىر ۋاقىتلىق ئىشچىسى ئىش مەيدانىدا 5.4 مېتىر ئېگىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى.

1984- يىل 1- ئاينىڭ 12- كۈنى، قۇمۇل پولات- تۆمۈر زاۋۇتى كۋارتس قۇم سېخىدا لەيلىمە شەكىللىك ئېتىن پەيدا قىلغۇچ پارتلاپ، بىر رېمونتچى ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلدى. 5- ئاينىڭ 5- كۈنى، ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى خۇمدانىدا بىر ئىشچىنى ئاپتوموبىل سىقىۋېتىپ ئۆلدى. 6- ئاينىڭ 4- كۈنى، ۋىلايەتلىك سۇ- توك ئىدارىسى سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ بىر ئىشچىسى قارىمايدىن زور ھەجىمدە كۆيۈپ يارىلىنىپ ئۆلدى. 6- ئاينىڭ 10- كۈنى، ۋىلايەتلىك گۆش بىرلەشمە زاۋۇتىدا بىر ئىشچى ئاممىياك گازىدا مۇزلاپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلدى. 11- ئاينىڭ 10- كۈنى، قۇمۇل ناھىيىلىك كۆمۈركېنى 2- نومۇرلۇق قۇدۇقتا كۆمۈرلۈگەن قۇدۇق ئاغزىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، كۆمۈرلۈگەن جايدىن كۆپ مىقداردا سۇ ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپ، تۆت ئادەم ئۆلدى. 11- ئاينىڭ 24- كۈنى، ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى قۇمۇل تۆمۈريول ئىدارىسى 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە 16 توننىلىق كران بىلەن قاچىلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، كراندىكى توك قوماندانلىق قىلغۇچىنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

1985- يىلى، كانلاردا ئېگىزدىن يىقىلىپ ئۈچ ئادەم، پارتلىتىشتا بىر ئادەم، ماشىنا زەربىسىگە ئۇچراپ بىر ئادەم ئۆلدى.

1986- يىلى، كانلاردا توك سوقۇپ بىر ئادەم، ماشىنا زەربىسىگە ئۇچراپ بىر ئادەم ئۆلدى.

1987- يىلى، كانلاردا ئۈچ ئادەم ئۆلدى.

1988- يىلى، كانلاردا ئالتە ئادەم ئۆلدى.

1989- يىلى، كانلاردا 27 ئادەم ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆيۈكتە بىر ئادەم، زەھەرلىنىپ بىر ئادەم، كان گۈمۈرۈلۈپ بىر ئادەم، باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈركېنىدا 9- نويابىر پەۋقۇلئاددە كۆمۈر توپىسى پارتلاشتا 17 ئادەم، قۇمۇل شەھىرى تارانچى كانىدا گاز پارتلاپ يەتتە ئادەم ئۆلدى.

شۇ يىلى، سانائەت- قاتناش كارخانىلىرىدا ئېگىزدىن يىقىلىپ بىر ئادەم، مېخانىك ھادىسىدە بىر ئادەم، ماددىي نەرسىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ بىر ئادەم، باشقا ھادىسىدە يەتتە ئادەم ئۆلدى.

1990- يىلى، سانائەت- قاتناش كارخانىلىرىدا، ئېگىزدىن يىقىلىپ بىر ئادەم، مېخانىك ھادىسىدە بىر ئادەم ئۆلدى.

شۇ يىلى، كانلاردا، كان ئۆگزىسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ تۆت ئادەم، ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشۈپ بىر ئادەم، ئاپتوموبىل- ماشىنا زەربىسىگە ئۇچراپ ئۈچ ئادەم، مېخانىك ھادىسىدە بىر ئادەم، توك سوقۇپ بىر ئادەم، ماددىي نەرسىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ بىر ئادەم، كان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئالتە ئادەم ئۆلدى.

1989- يىل 12- ئاينىڭ 9- كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، باركۆل ناھىيىلىك كۆمۈركېنىنىڭ 21- نومۇرلۇق قۇدۇقىدا كۆمۈر توپىسى پارتلاش يۈز بېرىپ، 17 ئادەم ئۆلۈش، ئۈچ ئادەم ئېغىر زەخىملىنىش، ئىقتىسادىي زىيان 740 مىڭ يۈەن بولۇشتەك پەۋقۇلئاددە ئېغىر ھادىسە كېلىپ چىقتى. ھادىسىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دەرھال كۆمۈرچىلىك نازارىتى، ئەمگەك- كادىرلار نازارىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارە رەھبەرلىرىنى نەق مەيدانغا ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە دەرھال مۇئاۋىن ۋالىي كاملجان قوماندانلىقىدىكى ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ھادىسىنى تەكشۈرۈشكە قوماندانلىق قىلدى. بۇ قېتىمقى كۆمۈر توپىسى پارتلاش ھادىسىسى شىيې ئەيرىن 2- نومۇرلۇق كۆمۈر ئېقىتىش تۆشۈكىنى ئېتىپ قويۇپ، پارتلىتىش ئېلىپ بارغانلىقتىن كېلىپ چىققان. تەپتىش ئورگانلىرى بۇ ھادىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلدى.

# خاتمه

# خاتىمە

قەدىمكىلەرنىڭ «دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا تارىخنى ئەينەك قىلماقلىق، ئەل- يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا تەزكىرىنى ئەينەك قىلماقلىق» كېرەك دېگەن سۆزلىرىدىن تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى كىشىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش زور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەزدىكى رەھبەرىي يولداشلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1981- يىل 2- ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن تەزكىرە يېزىشنى تەلەپ قىلدى. ۋىلايەتتە تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ناھىيىلەردىمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. تەھرىر خادىملار يېتىشتۈرۈلۈپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى 3- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن فەن چىڭجۇي، ليۇ شېيى، لى گويۇن، يۇەن پېيبىن، لى كېيوڭ، ۋۇ چىڭگۇڭ، جاڭ شيۇيىڭ قاتارلىق يەتتەيلەننى يۆتكەپ كەلدى. فەن چىڭجۇي «ۋىلايەتنىڭ يېڭى تەزكىرىسى» نى يېزىشقا مەسئۇل قىلىندى. بىر يىلدىن كۆپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق 1982- يىل 6 – ئايدا «قۇمۇل يېڭى تەزكىرىسى» نىڭ 620 مىڭ خەتلىك دەسلەپكى كۆپىيىسى يېزىپ چىقىلدى ھەمدە پىكىر ئېلىشقا تارقىتىپ بېرىلدى. 1984- يىلى ۋىلايەت ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاچقا، تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار يۆتكەپ كېتىلىپ، «قۇمۇل يېڭى تەزكىرىسى» نىڭ كۆپىيىسى قولدىن چىقماي تۇرۇپلا تاشلاپ قويۇلدى.

1984- يىل11- ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەلپىگە ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، يەتتە شتات بېرىلدى. 1991- يىلىنىڭ بېشىدا تەزكىرە ئىشخانىسى بىلەن پارتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش ئىشخانىسى ئايرىپ تەسىس قىلىندى. تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ شتاتى بەش بولۇپ، تۆت ئادەم ئىشلىدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋىلايەت دائىرىسىدە كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي تەزكىرىلەر، ناھىيە تەزكىرىلىرى ۋە ۋىلايەت تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشتە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1985 – 1996- يىلىغىچە 12 يىلدا ۋىلايەت بويىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈندى.

بىرىنچى باسقۇچ، «ۋىلايەت تەزكىرىسى» گە ماتېرىيال توپلاش ۋە ناھىيە تەزكىرىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، نەشر قىلىش. 1985 – 1990- يىلىغىچە ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى خادىملار ئاز، ۋەزىپە ئېغىر بولۇشتەك ئەھۋالدا، ئەتراپلىق پىلانلاش ئارقىلىق تۈرلۈك تەزكىرە تۈزۈش خىزمەتلىرىنى ئۆگۈشلۈق قانات يايدۇردى. تەزكىرە ئىشخانىسى مۇشۇ قېتىملىق تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، خىزمەت پىلانىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىپ،

مۇندەرىجىسى بېكىتىلىش، ماتېرىيال توپلاشتىن تارتىپ دەسلەپكى كۆپەيتىلگەن سىناق تەرىقىسىدە يېزىش قاتارلىقلارغىچە كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. 1985-يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش توغرىسىدىكى پروگراما (لايىھە)» نى ھەمدە قوشۇمچە ھۆججەت «ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ۋىلايەت تەزكىرىسىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش مۇندەرىجىسى» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئەستىقلاپ تارقاتتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋېن جاۋكۈن يىغىن چاقىرىپ، سەپەرۋەر قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. يىغىندىن كېيىن ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ماتېرىياللارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. 1987-يىلىغىچە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كۆپلىگەن ئورۇنلار «ۋىلايەت تەزكىرىسى» ئۈچۈن ئاساسلىق ماتېرىياللارنى توپلىدى. بەزى ئورۇنلار ماتېرىياللارنى كارتوچكىغا تاللاپ كۆچۈرسە، بەزى ئورۇنلار ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپ باستى، يەنە بەزى ئورۇنلار مۇندەرىجە بويىچە دەسلەپكى كۆپەيتىلگەن يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ناھىيىلەرنىڭ تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى چىڭ تۇتۇپ، «قىسقا خەۋەرلەر» ئارقىلىق ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرۇپ، ۋىلايەتنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى «بەش ئۆتكەل (تۈزۈلۈشى، سىياسىي كۆز قاراش، تارىخىي پاكىت، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، يېزىق قاتارلىقلار) نى قاتتىق ئىگىلەپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ناھىيىلەرنىڭ تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىلىرى «ئۇقتۇرۇش» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تەزكىرە تۈزدى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى كوپىيە باھالاش يىغىنلىرىنى ئاچتى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل يېزىلغان كۆپەيتىلگەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇرۇمچىدە ئىككى قېتىم باھالاندى. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جوگېڭنى قۇمۇلغا كېلىپ «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تۇرپان شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋە سانجى ئوبلاستىدىكى تەزكىرىچى كەسپداشلارنى «باركۆل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ كوپىيىسىنى باھالاش يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى. «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ھەر قايسى ئاساسلىق بۆلۈم ۋە بابلىرىنى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاپ بەردى. ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى يەنە ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملىرىنى باشلاپ، سانجى شەھىرى، فۇتۇبى ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، شىخەنزە شەھىرى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرىگە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ۋىلايەت-ناھىيە تەزكىرە خىزمەت ئىشخانىسىغا بېرىپ پىكىر ئالدى. ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرە ئىشخانىلىرى كوپىيە باھالاش ھەمدە ئېلىنغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، تۈزۈلۈشىدىن تارتىپ سىياسىي كۆز قاراش، تارىخىي پاكىت، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، يېزىق قاتارلىق بەش جەھەتتىن تۈزىتىش كىرگۈزدى.

1988-يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ بىڭجيا ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 50 قانچە ئورۇننىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، كەسپىي تەزكىرە يېزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچ يىل ئىچىدە كۆپەيتىلگەن پۈتتۈنلەي قولدىن چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى بۇنى تەشكىللەپ ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى كەسپىي تەزكىرىلەرنى يېزىش، نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا قاراتتى. ئاساسلىقى تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. «بەش ئۆتكەل» نى ئوبدان ئۆتۈش تەلىپىگە ئاساسەن، «ئۈچ قاتلام بويىچە تەكشۈرۈش كۆرۈش» (يەنى يازغۇچى خادىملار ئۆزى تەكشۈرۈش، ئۆز ئورنىنىڭ تەزكىرە كومىتېتى قايتا تەكشۈرۈش كۆرۈش، ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈش كۆرۈش) تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى. ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ھەر قايسى تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاساسلىق تۈزگۈچىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىلىرىغا

بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىپ تارقىتىپ، شۇ ئارقىلىق تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇ مەزگىلدە، ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بەش ئادەم لەنجۇ كۈتۈپخانىسى، نەنجىڭ ئىككىنچى تارىخ ئارخىپخانىسى، بېيجىڭ بىرىنچى ئارخىپخانىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ كۈتۈپخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ، كۆپلىگەن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ كەلدى. ئۇلار يەنە ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۈتۈپخانىسى، شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى كۈتۈپخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارخىپخانىسىغا بېرىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىدىن 50- يىللىرىغىچە بولغان ماتېرىياللارنى تېپىپ كەلدى. ۋىلايەتلىك ئارخىپخانىدىن مىڭغا يېقىن دەۋرىدىكى ماتېرىياللارنى ھەمدە ئازادلىقتىن كېيىنكى مۇھىم ھۆججەتلەرنى تېپىپ چىقتى. ئۇلار يەنە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە خەت ئالاقىسى ئارقىلىق ماتېرىياللارنى ئىزدەپ سۈرۈشتۈردى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر «ۋىلايەت تەزكىرىسى» گە ماتېرىيال توپلاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى ئەمەلىي خىزمەت قىلىش يۈنىلىشىدە باشتىن- ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، توپلىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، «قىسقا، ئاددىي، ئىخچام» كىتابلارنى يېزىپ چىقتى. «يۈكسىلىۋاتقان قۇمۇل» قاتارلىق قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 12 پارچە كىتابنى يېزىپ چىقىپ، ۋىلايەتنىڭ تارىخ- تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈردى.

ئىككىنچى باسقۇچ، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى يېزىش، كەسپىي تەزكىرىلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە نەشر قىلىش. 1990 – 1995- يىلىغىچە ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەرنىڭ ناھىيە تەزكىرىلىرى كەينى- كەينىدىن نەشردىن چىقتى. كۆپ ساندىكى كەسپىي تەزكىرىلەرمۇ تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتۈپ، كىتاب بولۇپ چىقتى. ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نىڭ مۇندەرىجىسىنى تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نى يېزىشنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى. بۇ مەزگىلدە دەم ئېلىشقا چىققان كادىر گۇمىن شىنگۋاڭ ئايرىم باب، پاراگىرافلارنى تۈزىتىپ ئۆزگەرتىشكە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. تۆت يىل يېزىش ئارقىلىق 2 مىليون 500 مىڭ خەت ئەتراپىدىكى «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نىڭ كۆپ قىسمى قولدىن چىقتى. 1994- يىل 12- ئايدا ۋىلايەت «قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يېڭى تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى» نى چاقىرىپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، نەتىجىلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى. تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى داۋاملىق ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ۋىلايەت بويىچە تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى داۋاملىق تۈزۈش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، تەكشۈرۈشكە يوللاش، نەشر قىلىش. 1995- يىلىنىڭ بېشىدا «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان كوپىيىسى ئارقا- ئارقىدىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ بېرىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى خې بىگجىننى تەكلىپ قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتتى. يىل ئاخىرىدا ئۆزگۈچى خادىملار ۋىلايەت تەزكىرىسىگە يەنە بىر قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزدى. ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تەزكىرە كىتابىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەر، مەسىلەن، ۋىلايەتنىڭ يەر مەيدانى، چېگرىسى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ھەمدە تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان شەخسلەر قاتارلىق مەسىلىلەرنى ۋىلايەتلىك پارتكومغا يازما مەلۇم قىلدى. 1996- يىل 10- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى ياڭ خۇيدۇڭ بۇ مەسىلىلەرگە بىر- بىرلەپ جاۋاب بەردى. 1996- يىل 3- ئايدا «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاپ بېرىلدى. ۋىلايەت- ناھىيە تەزكىرە خىزمەت باشقارمىسىدىن گو دېڧۇ، سۇ خاۋفاڭلار تەزكىرە كوپىيىسىگە ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزدى، 1997- يىل 9- ئايدا كوپىيە

بېكىتىلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، تەزكىرە تۈزۈش چوڭ، مۇشكۈل سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرگە چېتىلىدۇ، ھەممە تەرەپلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋەزىپە ئېغىر، دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەممە تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرمىغاندا كىتابنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايتتى. بىز «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نى تۈزۈش جەريانىدا ھەر قايسى تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. ئۇلار ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نى دەسلەپكى كوپىيە ياكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. فەن چىڭچۈي تەشكىللىي تۈزۈلۈش، مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش دېگەن ئىككى پاراگرافنى، لى گويۈن قېزىلما بايلىق ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېگەن ئىككى پاراگرافنى، ليۇ شىيى، چېن شۇمىنلەر قومۇل ئۇيغۇر شۇۋىسىنى، ۋاڭ زومىن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى، ليۇ شىگېن ئۇنىۋېرسال ستاتىستىكا قىسمىنى، ما يۇنشىن چوڭ سىياسىي ئىشلار دېگەن بابتىكى ئايرىم پاراگراف، تارماقلارنى، گۇ جېڭچىڭ ۋىلايەتنىڭ ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ئائالىغۇلىرى قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەر يۈزى تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەن پاراگرافنى، ۋۇ داۋشىيۇ گېئولوگىيە دېگەن پاراگرافنى تۈزۈشكە قاتناشتى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزگۈچى ئورۇنلار «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نى بىر قىسىم دەسلەپكى كوپىيە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلام ماتېرىياللىرى، مەسلەن، قومۇل شەھىرى شۇۋىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىلدى. «ۋىلايەت تەزكىرىسى» دىكى سۈرەتلەرنى نى پېيجى،رېن گۇاڭمىڭ، جاڭ شىڭجۇڭ، تىڭ يوگجيەن، دېڭ شۇچى، گو شياۋدوڭ، ۋۇ جىڭ، ماۋ جاڭشۈي، يۇ جوگفۇ، ليۇ گورۇي، خەن ليەنيۈن، نيۇ پېيرۇڭ، سۈن شۈۋېن، ليۇ جۈەنجۈەن ۋە مالىيە تەزكىرىسى ئىشخانىسى، يېزا- بازار قۇرۇلۇشى تەزكىرە ئىشخانىسى، پەن- تېخنىكا تەزكىرە ئىشخانىسى، «تەقدىرداش» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، «قومۇل تەرەققىيات گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر تەمىنلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز ئامىنى كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرگە تايىنىپ، تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نى ئۇگۇشلۇق تۈزۈپ چىقىپ، نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. «قومۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» كوللېكتىپ جاپالىق ئەمگەكنىڭ سەمەرىسىدۇر.

بىز تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا، ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا، ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى، ئۈرۈمچى، لەنجۇ، نەنجىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى كۇتۇپخانا، ئارخىپخانا، ماتېرىيال بۆلۈمى شۇنىڭدەك ناھىيە- شەھەرلەرنىڭ تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي تەزكىرە تەھرىرلىرىنىڭ ياردىمىگە، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ھەمدە ھەر قايسى ۋىلايەت- ئوبلاستلاردىكى تەزكىرىچى كەسىپداشلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كوپىيىنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىشمىزگە ياردەمدە بولدى.« قومۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى » نىڭ ھەر قايسى بۆلۈم، بابلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ۋاڭ ۋېي، جاڭ چۈن، تيې كېۋېن، جى فۇئېي، جاۋ لۇشىن، ما يەنفېي، ياڭ خۇيدۈن، چېن فېڭ، ھىمىت ئىسمايىل، ۋاڭ يىشەن، يۇ شۈيۇ، فاڭ يوڭ، ياڭ چىڭچى، جاڭ لىشۇ، فېڭ گوجۇ، ۋاڭ ۋېنيۇڭ، گو جۈن، بولىس، ئابدۇرېھىم راخمان، شۇ يۈچىڭ، لى كېجاڭ، جاڭ شىشياۋ، فەن چىڭچۈي، جاڭ شۈشيەن، گۇ جىڭچىڭ، ياڭ خاۋلوڭ، جاڭ كېيى، يۈەن پېيبىڭ، ياڭ گۇاڭشۈن، جۇ شاۋمىڭ، سۈن جىڭكۈەن، ليۇ گورۇي، لى گويۈن، راخمان ئېلى، مايمىن، نيۇ خۇاشۈەن، شيې جېپېي، ۋۇ چىن، جاڭ ۋەنرۇ، شۇ جىگاڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. خەرىتىلەرنى شيې سۇگلەن، زۇلپىيەلەر سىزىپ چىقتى. «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىن چيەن بوچۈەن، ما گورۇڭلارنى چوڭ ئىشلارنى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدىن ما فېڭيەننى دىن قىسمىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن تۇگۈيېنى سوۋېت كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى قومۇلدا دېگەن قىسمىنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 6 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىدىن خۇاڭ ۋېنبىگنى گېئولوگىيە قىسمىنى، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى

ئىشلار ئىشخانىسىدىن شىن گوگۇاڭ، ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىن ما يىمىنلەرنى تاشقى ئىشلار قىسمىنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سابىر ئەلى، تەرجىمە، تەھرىر ئىشخانىسىدىن ئەخمەت ئىمىنلەر قۇمۇل ئۇيغۇر تىلى شېۋىسى ۋە مىللەت، دىن قىسىملىرىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشىمىز بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتتى. بۇ يەردە بىزگە كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان، ئىلھام، مەدەت بەرگەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغان بارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرگە چىن قەلبىمىزدىن سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

1997- يىل 6- ئاينىڭ 3- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋىلايەتلىك پارتكوم «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ كوپىيىسىنى تەكشۈرۈش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا جاڭ يىڭجيا، چېن فېڭ، سەي جىفۇ، ئىسمائىل نەمەتشاھ، جاۋ لۇشىن، ياڭ چىڭچى، لىيۇ شىگېن، ۋاڭ زومىن، قادىر ھوشۇر، جېن چېڭجيا، جاۋ چىڭشېن قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈسۈپ ياقۇپ رىياسەتچىلىك قىلدى. جېن چېڭجيا «ۋىلايەت تەزكىرىسى» نى تۈزۈش خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىردەك تەزكىرە كوپىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئىجتىمائىيىتى، تەبىئىي شارائىتى، جەمئىيەت تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك، تەپسىلىي، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرگەن، نەشر قىلىش تەلىپىگە يېتىپتۇ دەپ قاراپ، تەكشۈرۈشكە يوللاپ، نەشر قىلىشقا قوشۇلدى. 6- ئاينىڭ 6- كۈنى تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان شەخسلەر ھەققىدە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى ياڭ خۇيدۇڭ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن فېڭ، ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جېڭ چېڭجيا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئۇجىسى خۇاڭ چاڭيۈەنگە يوليورۇق سوراش دوكلاتى قىلدى.

سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش بىر تۈرلۈك يېڭى خىزمەت بولۇپ، تەجرىبىمىزنىڭ كەمچىل، بىلىمىمىزنىڭ يېتەرسىز، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تەزكىرىدە چالا قالغان، خاتا كەتكەن جايلاردىن خالىي بولۇش تەس. كېيىن ئۇنى يەنىمۇ تولۇقلاش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى

1997- يىل 7- ئاي

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

قۇمۇلنىڭ تەبىئىتى، فىلولوگىيىسى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتلاردىكى تارىخى ۋە هازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق مۇجەسسەملەنگەن، تۈزگىچە تارىخىي، مەدەنىيەت قىممىتىگە ۋە هازىرقى زامان كىشىلىرى ھەم كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن غايەت زور ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشردىن چىقىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، قۇمۇل خەلقى ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئىش.

«قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ئىشلىنىشى توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بەرمەكچىمىز:

1. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 2002- يىل 8- ئايدا «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش- تەھرىرلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا تەرجىمە- تەھرىرلىك خىزمىتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەرجىمە خىزمىتىدە مول تەجرىبىگە ئىگە تەرجىمانلار تاللاپ چىقىلىپ، تەرجىمە ئىشلىرى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ جەرياندا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بەي جىجې، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى كۈرەش مەخسۇت، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى توختىخان ئىسمائىل، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىبادەتخان ھېمىت قاتارلىق رەھبەرلەر «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا قانداق تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە سۈپىتىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئالاقىدار خادىملارغا مۇھىم كۆرسەتمە بەردى ھەم كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋىلايەتنىڭ مالىيىسى قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، كىتابنى نەشردىن چىقىرىشقا كېرەكلىك مەبلەغنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى. تەرجىمە خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 2003- يىل 8- ئايدا، ئالاقىدار ئورۇنلاردىن يەنە كەسپچانلىقى كۈچلۈك، تەرجىمە تەھرىرلىكى خىزمىتىدە تەجرىبىسى مول تۇققۇز خادىمدىن تەركىب تاپقان تەھرىرات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەر ئىشلەندى:

1. ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تۆت گۇرۇپپا بويىچە بىرىنچى قېتىملىق سېلىشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇنىڭدا تەرجىمىدە تاشلىنىپ قالغان، مەزمۇنى ئېغىپ كەتكەن، ئاتالغۇلاردا خاتا كەتكەن ياكى گۇمانلىق بولغان مەسىلىلەر تۈزىتىلدى.

2. ھەر قايسى گۇرۇپپىلاردىكى بارلىق خادىملار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىلىپ، قىسقارتىشقا، ئېلىۋېتىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئورتاق مۇزاكىرە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلدى.

2004- يىل 2- ئايدىن باشلاپ، تەھرىرلىك خىزمىتى ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سابىر ئەلى قاتارلىق يولداشلار ئالاھىدە قۇمۇلغا كېلىپ، تەھرىرات گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تەزكىرىنىڭ تەرجىمە- تەھرىرلىك خىزمىتىگە مۇھىم تەكلىپ ۋە كۆرسەتمە بەردى. ئابلاجان ئىمىن، توختىخان ئىسمائىل، ئىبادەتخان ھېمىت قاتارلىق ۋىلايەت رەھبەرلىرى تەھرىرات گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تەرجىمە تەھرىرلىكى توغرىسىدا مۇھىم تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ

باسقۇچتا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەر ئىشلەندى.

1. يەر ناملىرى، ئادەم ئىسمى، بىر قىسىم تارىخىي ئاتالغۇلار ۋە ئۆرپ- ئادەت، مەدەنىيەت، دىن، مىللەت قىسىملىرىدىكى كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر ئەسلىسىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە تۈزىتىلدى.

2. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ پىكرى بويىچە، تەزكىرىنىڭ بايان قىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ راۋانلىقى، ماتېرىيال قىممىتىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى، تارىخىي چىنلىق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆتكەن زامان بايانى بويىچە «بولغان»، «قىلغان»، «ئەتكەن» ... دەپ ئېلىنماي، ھازىرقى زامان بايانى بويىچە «بولدى»، «قىلدى»، «ئەتتى» ... دەپ ئېلىندى.

3. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ پىكرى بويىچە، ۋىلايەتلىك پارتىيە تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەزكىرىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 500 مىڭ خەت ئەتراپىدا قىسقارتتى. تەرجىمە- تەھرىرلىك خىزمىتى قىسقارتىلغىنى بويىچە ئىشلەندى.

4. تەرجىمە- تەھرىرلىك جەريانىدا، كىتابتىكى ئادەم ئىسمى، يەر ناملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدا ئۇرغۇن سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، بۇنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابلاجان ئىمىن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قۇربان نىياز، قۇمۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىز، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى نۇرشارىپ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ياسىن سىدىق قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، تەھرىرات گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار ئىككى ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ يېزا- قىشلاقلىرىغا بېرىپ، شۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان 100 دىن ئارتۇق پېشقەدەملەر ۋە يەر ناملىرى ئىشخانىسىدىكى خادىملار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، مۇزاكىرە ئارقىلىق توغرىلاپ بېكىتتۇق. ئاپتونوم رايون تەستىقلىغان يېزا- كەنت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنىڭ ناملىرى ئۆز پېتىچە ئېلىنىپ، تىرناق ئىچىگە قەدىمكى نامى ئەسكەرتىلدى، باشقا جايلارنىڭ نامى بىردەك قەدىمكى نامى بويىچە ئېلىندى.

5. تەزكىرىدىكى جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر مەشھۇر شەخسلەر، قەۋم، قەبىلە، مىللەت، ئۇنۋان، ھەربىي ئۇنۋان- مەنسەپ، يازما يادىكارلىق ناملىرىنى بېكىتىشتە دىن، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت، سەنئەتكە دائىر خەنزۇچە- ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك لۇغەت- ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلدى.

6. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەربىي ئۇنۋان، ئاتالغۇلار بىردەك خەنزۇچە ئاتىلىشى بويىچە ئېلىندى، چەت ئەلگە مۇناسىۋەتلىكلىرى رۇسچە ئاتىلىشى بويىچە ئېلىندى.

7. تارىختا شەكىللەنگەن بەزى ئاتالغۇلار شۇ دەۋردە ئۆزلەشكىنى بويىچە ئېلىندى. مەسىلەن: تۇتۇن (ئائىلە)، گۇڭشې (كوممۇنا) قاتارلىقلار.

8. سان- سىپىرلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدىكى پرىنسىپلار بويىچە يېزىلىپ، بىرلىكلەر خەلقئارا ئۆلچەم بىرلىكلىرى بويىچە ئېلىندى.

2002- يىل 9- ئايدا باشلانغان تەرجىمە- تەھرىرلىك ئىشى 2004- يىل 8- ئايدا ئاخىرلاشتى. تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مەسئۇل بولدى.

«قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ مەزمۇنى كەڭ، ھەجمى چوڭ، تەرجىمان ـ تەھرىرلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغاچقا، تەرجىمە - تەھرىرلىكتە كەمچىلىك، خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش تەس، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش پىكرى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» تەھرىر - تەرجىمە گۇرۇپپىسى

2004- يىل 8- ئاي

# «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش- تەھرىرلەش ئاپپاراتلىرى ۋە تۈزگۈچى خادىملار

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى

1987- يىل 12- ئايدىن 1991- يىل 10- ئايغىچە

مۇدىر: ئايۇپ قۇربان (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىر: جاڭ بىڭجيا (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
تۇردى قۇربان (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)
جاۋ لۇشىن (مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)
ئابدۇراخمان مۇتىللا (مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئەزالار:
ھېمىت ئىسمائىل (ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
ليۇ شىڭيەن (ستاتىستىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
ما شۈرېن (مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
ۋېي گوفۇ (پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)
جېڭ چېڭجيا (تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
ئابلىز يۈسۈپ (ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
ۋاڭ زومىن (رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
جاڭ مىڭجۇي (تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
فەن چېڭچۇي (رادىئو ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
فەن يەنشىن (ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
شيې يۈەنشياڭ (كۇتۇپخانا باشلىقى)
ۋاڭ يىمىن (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ باشلىقى)
جۇي دېمىڭ (مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
گۇ جېڭچىڭ (پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)
جۇ خۇيمىڭ (مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
ئىسھاق نىياز (بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

## 1991- يىل 10- ئايدىن 1995- يىل 5- ئايغىچە

مۇدىر: **ئايۇپ قۇربان** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىر: **خې شۈيى** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

مۇئاۋىن مۇدىرلار: **تۇردى قۇربان** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)
**جاۋ لۇشىن** (مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى)
**ئابدۇراخمان مۇتىللا** (مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)

ئەزالار: **لى يەنرۇڭ** (مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
**ما شۈرېن** (مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
**ليۇ شىگيەن** (ستاتىستىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
**ۋېي گوفۇ** (پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)
**ئابلىز يۈسۈپ** (ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
**ھېمىت ئىسمائىل** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)
**ئىسھاق نىياز** (بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)
**جېن چېڭجيا** (تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)
**جۇ خۇيلىڭ** (مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
**ۋاڭ زومىن** (رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)
**موقان** (پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)
**جاڭ مىڭجۈي** (تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
**پەن يەنشىن** (ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
**شيې بوۋەنشياڭ** (كۇتۇپخانا باشلىقى)
**ۋاڭ يىمىن** (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىنىڭ باشلىقى)

## 1995- يىل 9- ئاي

مۇدىر: **ئابدۇراخمان كېرەم** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

مۇئاۋىن مۇدىرلار: **گو جۇڭچىن** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)
**يۈسۈپ ياقۇپ** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

**جاڭ بىڭجيا** (ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
**خې شۈيى** (ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
**جاۋ لۇشىن** (مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى)
**جىن چېڭجيا** (مەخسۇس، ۋىلايەتلىك تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

ئەزالار:
**ھېمىت ئىسمائىل** (ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)
**جاۋ چېڭبىن** (مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)
**ۋېي گوفۇ** (ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)
**ياڭ چېڭچى** (ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
**سەي جىفۇ** (ۋىلايەتلىك شتات كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
**شىڭ جيەنلى** (ۋىلايەتلىك پارتىيە تارىخى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)
**ئىسمائىل نىمەتشاھ** (ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
**ليۇ شىخيەن** (ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)
**قادىر ھوشۇر** (ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

## « قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى » نى بېكىتكۈچى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇنلار

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى**
**قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە**
**قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى**
**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى**

总　　编：　阿皮孜．塞衣提
副 总 编：　阿不利孜．阿不都拉，玉努斯．尼亚孜，塞买提．艾斯拉
责任编辑：　阿不利孜．阿不都拉
责任校对：　司马衣．那满夏，阿不利孜．阿不都拉
排　　版：　塔依尔江．司拉木（哈族）
打　　字：　依力哈木．玉苏浦，沙代提古丽．牙合浦，阿也提古丽．买买提艾力，帕提古丽．阿尤浦，阿不力米提．阿不利孜
摄　　影：　浦拉提．尼亚孜，艾克帕尔．依沙克
顾　　问：　霍加．沙力，阿不都热合满．把克，玉素浦．塞依德，阿不都热合满．外力，哈斯木．司马衣

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 1997 - يىل 10 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆人民出版社 1997 年 10 月第一版 1997 年 10 月第一次印刷版本翻译出版。

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى (2)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى ۋە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 77.25
2005 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 500

ISBN 7-228-09782-3
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 360.00 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 50 دوللار